شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى جايلار تەزكىرىسى

# قۇمۇل ۋىلايىتى تەزكىرىسى

قۇمۇل ۋىلايەتلىك تەزكىرە كومىتېتى تۈزدى

باش مۇھەررىر : ھاپىز سېيىت

1



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

## «قۇمۇل ۋىلايىتى تەزكىرىسى» نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش- تەھرىرلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى

2002- يىل 8- ئايدىن 2004- يىل 1- ئايغىچە

گۇرۇپپا باشلىقى: **كۈرەش مەخسۇت**

مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقلىرى: **توختىخان ئىسمائىل**

**ئىبادەتخان ھېمىت**

**مۇھەممەت نامان**

**يۈسۈپ ياقۇپ**

**ھېمىت ئىسمائىل**

ئەزالار: **ھەسەن ياسىن، قۇربان نىياز، ئابلىز سوپى، تۇردى ئابلا، يۇنۇس توختىنىياز، ئابلىز نىياز، ئابلىز ئابدۇللا، ھاپىز سېيىت، ئايشەم ۋاھىت، كۈرەش ھېسامىدىن، يۈسۈپ يۇنۇس.**

رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى.

ئىشخانا مەسئۇللىرى: **ھاپىز سېيىت، ئابلىز ئابدۇللا.**

## «قۇمۇل ۋىلايىتى تەزكىرىسى» نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش- تەھرىرلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى

2004- يىل 1- ئايدىن 2004- يىل 12- ئايغىچە

گۇرۇپپا باشلىقى: **ئابلاجان ئىمىن**

مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقلىرى: **توختىخان ئىسمائىل**

**ئىبادەتخان ھېمىت**

**مۇھەممەت نامان**

**يۈسۈپ ياقۇپ**

**ھېمىت ئىسمائىل**

ئەزالار: **ھەسەن نىياز، قۇربان نىياز، ئابلىز سوپى، تۇردى ئابلا، يۇنۇس توختىنىياز، ئابلىز نىياز، ئابلىز ئابدۇللا، ھاپىز سېيىت، ئايشەم ۋاھىت، كۈرەش ھېسامىدىن، يۈسۈپ يۇنۇس.**

رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى.

ئىشخانا مەسئۇللىرى: **ھاپىز سېيىت، ئابلىز ئابدۇللا.**

# «قۇمۇل ۋىلايىتى تەزكىرىسى» نىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىگە كىرىش سۆز

**ئابلاجان ئىمىن**

قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە كونكرېت يېتەكچىلىكىدە، ۋىلايەتلىك پارتكوم تارىخ- تەزكىرە ئىشخانىسى، ۋىلايەت تەزكىرىسىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللىشى، تەرجىمان، تەھرىرلەرنىڭ جاپالىق ئەجرى بەدىلىگە «قۇمۇل ۋىلايىتى تەزكىرىسى» نىڭ ئۇيغۇرچىسى نەشر قىلىنىپ، كەڭ ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە قولغا كەلتۈرگەن يەنە بىر زور نەتىجىسى بولۇپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى كىشىلەر قەلبىنى ئىلھاملاندۇرىدىغان خۇشاللىنارلىق چوڭ ئىش.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى دەپ تەرىپلىنىۋاتقان قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ يەر كۆلىمى 153 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، شەرقىي تەڭرىتاغ تىزمىلىرىنى جەنۇب ۋە شىمالدىن ئوراپ تۇرىدۇ. قۇمۇلنىڭ تارىخى ئۇزۇن، بايلىقى مول، تەبىئىي مۇھىتى گۈزەل، مەدەنىيىتى پارلاق، ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرىلا خەن سۇلالىسى غەربىي رايوننى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن ھونلار بىلەن جىددىي تالاشقان ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم جاي، قەدىمىي «يىپەك يولى» نىڭ شىمالىي يېڭى لىنىيىسىدىكى مۇھىم ئۆتەڭ، چېگرا رايوندىكى قەدىمىي شەھەر بولۇپ، مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارادا داڭقى بار. مىلادىيىدىن مىڭ نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرىلا بىزنىڭ باتۇر، ئەمگەكچان، ئەقىل- پاراسەتلىك ئاتا- بوۋىلىرىمىز ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ، بۇ گۈزەل، باي، مۇنبەت بوستانلىقنى بەرپا قىلغان. سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىن باشلاپ، قۇمۇل قەدىمىي «يىپەك يولى» نىڭ شىمالىي يېڭى لىنىيىسىدە ئۆزىگە خاس روشەن ئالاھىدىلىكى ۋە مىللىي خۇسۇسىيىتى بىلەن مەرۋايىتتەك جۇلالىنىپ كەلدى.

ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، مانا مۇشۇ بوستانلىقتا ياشىغان ھەر مىللەت خەلقى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتلەردە كەڭ دائىرىلىك ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، ئورتاق گۈللىنىپ، چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا، فېئودال مىلىتارىستلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇپ، ۋەتىنىنىڭ بىرلىكىنى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىززەت- ھۆرمىتىنى قوغداش يولىدا قان ۋە تەر بىلەن قەھرىمانلىق داستانلىرىنى يېزىپ چىقتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، قۇمۇلدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. بولۇپمۇ، پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئىقتىساد ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلاردا غايەت زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئۇل مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى تېخىمۇ پۇختىلاندى. سانائەت ئاساس قىلىنىپ، دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلۈپ، سىجىل تەرەققىي قىلدى. مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ساغلام ئىلگىرى سۈرۈلدى، پەن، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى كۈنسېرى راۋاجلاندى. خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى يىلمۇ

يىل ئۆسۈپ، تېنچ-ئىتتىپاق بولغان ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇھىت يارىتىلدى. ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش داغدام يولىنى بويلاپ، قولنى قولغا تۇتۇشۇپ ئىلگىرىلىمەكتە.

تارىخ — بىر ئەينەك دېمەكتۇر. بۇ تەزكىرىدە قۇمۇلنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ئىشلار، مىللەت، دىن، مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن-تېخنىكا، سەھىيە، تەنتەربىيە ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىدىكى ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىياتلار خاتىرىلىنىپ، قۇمۇلنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى بىر قەدەر تەپسىلىي بايان قىلىنىپ، مىللىي خۇسۇسىيىتى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلدى.

ھازىرقى دەۋر — ئۇچۇر دەۋرى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، بىرلىشىپ تەرەققىي قىلىش جەريانىدا قۇمۇل دۇنياغا يۈزلىنىشى، دۇنيانى چۈشىنىشى، دۇنيامۇ قۇمۇلنى چۈشىنىشى تولىمۇ زۆرۈر بولۇپ قالدى. «قۇمۇل ۋىلايىتى تەزكىرىسى» مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارانىڭ قۇمۇلنى چۈشىنىشىدىكى بىر ئالتۇن روجەك بولۇپ قالغۇسى. مەن «قۇمۇل ۋىلايىتى تەزكىرىسى» نىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ روياپقا چىققانلىقىنى چىن قەلبىمدىن تەبرىكلەيمەن!

2004- يىل 8- ئاي. قۇمۇل

---

ئاپتور — قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى

# كىرىش سۆز

خۇاڭ چاڭيۈەن    ئابدۇراخمان كېرەم

شىنجاڭنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى بولغان قۇمۇل ۋىلايىتى شەرقىي تەڭرىتاغ بويلىرىنى جەنۇب ۋە شىمالدىن ئوراپ تۇرىدۇ، ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم، تارىخى ئۇزۇن، مەدەنىيىتى پارلاق. تارىخىي كىتابلاردا قەدىمكى ئىۋىرغول ۋە باركۆل ھەققىدە نۇرغۇن بايانلار بار. قۇمۇلنىڭ نامى بۇرۇندىن تارتىپلا يىراق-يىراقلارغا تارقالغان.

گۈزەل، باي، مۇنبەت بوستانلىقنى ئانا-بوۋىلىرىمىز يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىن تارتىپلا ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراسىتى ۋە ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ ئاچقان. بۇ دىيار سۈيي، تاڭ سۇلالىلىرىدىن بۇيان «يىپەك يولى» نىڭ شىمالىي يېڭى لىنىيىسىدە نۇرلۇق مەرۋايىتتەك چاقناپ كەلدى.

2000 يىلدىن ئارتۇق تەرەققىيات جەريانىدا، بۇ يەردە ياشىغان ھەر مىللەت خەلقى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتلەردە كەڭ دائىرىلىك ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن خەنزۇلارنىڭ ، جۇڭگو بىلەن چەت ئەللەرنىڭ ئۆز ئارا بىرىككەن شانلىق مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىپ، ياتلارنىڭ تاجاۋۇزىغا بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇپ، فېئودال ئاقسۆڭەكلەر ۋە مىللىتارىستلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقنى ئاغدۇرۇپ، ئۇلۇغۋار قەھرىمانلىق تارىخىي داستاننى يېزىپ چىقتى. قۇمۇلنىڭ تارىخى مۇنداق بىر ھەقىقەتنى، يەنى ئىتتىپاقلىق، بىرلىك بولغاندىلا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق گۈللىنىدىغانلىقىنى، بۆلگۈنچىلىك، داۋالغۇشلار بولغاندا ھەر مىللەت خەلقىنى ئەس باسىدىغانلىقىنى، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭمۇ كەينىگە چېكىنىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

موشۇ ئەسىرنىڭ 30- يىللىرىدا، سوۋېت ۋە جۇڭگو كوممۇنىستلىرى قۇمۇل بوستانلىقىدا، باركۆل يايلىقىدا، ئاراتۈرۈك دەرياسى ۋادىسىدا ئىنقىلاب ئۇرۇقلىرىنى چاچتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە قۇمۇلدىكى ھەر مىللەت خەلقى يېپيېڭى تۇرمۇشنى باشلىدى. قۇمۇلدا يەر-جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. دۆلەتنىڭ ياردىمىدە نۇرغۇن چوڭ-ئوتتۇرا زامانىۋى كارخانىلار قۇرۇلۇپ، ھازىرقى زامان سانائىتى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، تېزلىكتە زورايدى. يېزا ئىگىلىكى ئۇچقاندەك راۋاجلاندى. خىمىيە سانائىتى، ئېلېكتر ئېنېرگىيە، توقۇمىچىلىق، كانچىلىق، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ھەم ئاشلىق، پاختا، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، يېزا-بازار كارخانىلىرىدىن ئىبارەت سانائەت، يېزا ئىگىلىكىدىكى «قوش بەش» تۈۋرۈك كەسىپلىرىنىڭ تەرەققىيات ۋەزىيىتى شەكىللەندى. شەھەر قۇرۇلۇشى ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلاردا كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىن قۇمۇل زور قەدەملەر بىلەن ئالغا باستى. ئۇل مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى تېخىمۇ پۇختىلاندى. سانائەت ئاساس قىلىنىپ، دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلۈپ، ھەر خىل كەسىپلەر ماسلاشتۇرۇلۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى. پەن-مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلدى.

ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ۋە تۇرمۇش سۈپىتى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئۆستى. قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ تەرەققىيات ئەمەلىيىتى بىر ۋىلايەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، خەلقنى باياشات، بەختلىك قىلىشتا پارتىيىنىڭ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەننى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىجرا قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى بويلاپ ئالغا بېسىش لازىملىقىنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھالدا ئىسپاتلىدى.

ئۆتكەن ئىشلارنى ئەينەك قىلىپ، قۇمۇلنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، «قۇمۇل ۋىلايىتى تەزكىرىسى» نى تۈزۈش ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بىر ئىش. بۇ تەزكىرىنىڭ نەشردىن چىقىشى قۇمۇلنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىدىكى مۇھىم قۇرۇلۇشنىڭ تاماملىنىشى بولۇپ، تەبرىكلەشكە ئەرزىيدۇ. تەزكىرە مول تارىخىي ماتېرىياللار ھەمدە ئەل ئىچىدىن توپلانغان ماتېرىياللارغا قارىتا ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق كۆز قاراش بويىچە تەھلىل قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ئىشلار، مىللەت، مەدەنىيەت، پەن-تېخنىكا، مائارىپ، تەنتەربىيە ۋە ئۆرپ-ئادەت جەھەتلەردىكى ئۆزگىرىش، تەرەققىياتلىرىنى خاتىرىلەپ، قۇمۇلنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى ئوبيېكتىپ ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ، يەرلىك ئالاھىدىلىكى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكىنى روشەن ئىپادىلەپ، خىزمىتىمىزدىكى نەتىجە ۋە سەۋەنلىكلەرنى ئەينەن بايان قىلدى. تەزكىرە تۈزگۈچى خادىملار «قۇمۇل ۋىلايىتى تەزكىرىسى» نى تۈزۈشكە جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرۈپ، بۇ ئەھمىيەتلىك خىزمەتنى تاماملىدى.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، بىرلىشىپ تەرەققىي قىلىش جەريانىدا، قۇمۇل دۇنياغا يۈزلىنىشى، دۇنيامۇ قۇمۇلنى چۈشىنىشى زۆرۈر. «قۇمۇل ۋىلايىتى تەزكىرىسى» مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەرنىڭ قۇمۇلنى چۈشىنىشىدىكى كۆزنەك، قۇمۇلدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتىكى يەرلىك ماتېرىيال، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ سىياسەت بەلگىلىشى ۋە قۇمۇلنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ. بىز « قۇمۇل ۋىلايىتى تەزكىرىسى » نىڭ پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، ئۇنى ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئوبدان خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. 90-يىللارغا قەدەم قويغان قۇمۇلدا سىياسەت راۋان، كىشىلەر ئىناق بولۇپ، ھەممە ئىشلار روناق تاپماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىللە بىز ئىنتايىن مۇشكۈل قۇرۇلۇش ۋەزىپىلىرىگە دۇچ كەلمەكتىمىز. «قۇمۇل ۋىلايىتى تەزكىرىسى» دە بايان قىلىنغان يەرلىك ماتېرىياللار ۋە تەجرىبە-ساۋاقلار ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا دەۋرلەر ھالقىپ، تارىخىي رول ئوينىغۇسى.

1996- يىل 12- ئاي. قۇمۇل

ئىزاھ: «كىرىش سۆز» نىڭ ئاپتورلىرى: خۇاڭ چاڭيۈەن قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى، ئابدۇراخمان كېرەم قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى

# تەزكىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدە

1. «قۇمۇل ۋىلايىتى تەزكىرىسى» دە ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى يېتەكچى، پارتىيىنىڭ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ئۆلچەم قىلىنىپ، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق كۆز قاراشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، دەۋر ۋە مىللىي ئالاھىدىلىك گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، بوستانلىق ئالاھىدىلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلدى. قۇمۇلنىڭ تەبىئەت، ئىقتىساد، جەمئىيەت، فىلولوگىيە جەھەتلەردىكى تەرەققىيات ئۆزگىرىشلىرى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا خاتىرىلەندى.

2. «قۇمۇل ۋىلايىتى تەزكىرىسى» ئومۇمىي بايان، چوڭ ئىشلار، كەسپىي تەزكىرە، تەرجىمىھال، دىئاگرامما ۋە قوشۇمچىلاردىن تەركىب تاپتى، مەزمۇنلار بويىچە گىرەلەشتۈرۈلۈپ، مۇھىم نۇقتىسى گەۋدىلەندۈرۈلدى. بۆلۈم، باب، پاراگراف، تارماقلارغا بۆلۈندى. كەسپىي تەزكىرە جەمئىي 32 بۆلۈمگە ئايرىلدى.

3. «قۇمۇل ۋىلايىتى تەزكىرىسى» دە ۋىلايەتنىڭ تەبىئىي شارائىتى، جەمئىيەت تارىخى ھەم ھازىرقى ھالىتى، ۋىلايەتكە قاراشلىق ئىككى ناھىيە، بىر شەھەرنىڭ ئەھۋالى ئۇنىۋېرسال ئەكس ئەتتۈرۈلدى.

4. «قۇمۇل ۋىلايىتى تەزكىرىسى» دە "ھازىرقىسى تەپسىلىي، قەدىمكىسى ئىخچام بولۇش" پرىنسىپىغا ئاساسەن، قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان ئەھۋاللار گىرەلەشتۈرۈلدى، بايانلار مۇكەممەل بولسۇن ئۈچۈن بەزى جايلىرىدا ئىشلارنىڭ تېگى- تەكتى سۈرۈشتۈرۈلدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى، بولۇپمۇ پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى ئەھۋاللار نۇقتىلىق بايان قىلىندى، ئايرىم بۆلۈم، پاراگرافلاردا ۋاقىت سەل- پەل ئۇزارتىلدى. 1990- يىلى ئاخىرقى چەك قىلىندى.

5. «قۇمۇل ۋىلايىتى تەزكىرىسى» دە شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالىدا ھايات ۋاقتىدا تەرجىمىھال تۇرغۇزماسلىق پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىندى. مۇشۇ يۇرتلۇق ياكى مۇشۇ يۇرتتا بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە شەخسلەر تاللاپ كىرگۈزۈلۈپ، ۋاپات بولغان يىل تەرتىپى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرى، دۆلەت دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچىلار، ئىنقىلابىي قۇربانلار، دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلار، ئالىي دەرىجىلىك زىيالىيلار ۋە مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ۋەزىپە ئۆتىگەنلەر جەدۋەللەشتۈرۈلۈپ بايان قىلىندى.

6. «قۇمۇل ۋىلايىتى تەزكىرىسى» خەنزۇچە يېزىلىپ، ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىندى. مىقدار بىرلىكلىرى، سان- سىپىرلار دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىرى بەلگىلىگەن ئۆلچەم بويىچە ئېلىندى.

7. «قۇمۇل ۋىلايىتى تەزكىرىسى» دىكى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى قىسمى تارىختا ئۆتكەن سۇلالىلەرنىڭ يىلنامىلىرى بويىچە ئېلىنىپ، تىرناق ئىچىگە مىلادى يىلنامىسى ئىزاھلاپ قويۇلدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى قىسمى مىلادى يىلنامىسى بويىچە ئېلىندى. «ئازادلىقتىن بۇرۇن ۋە كېيىن» دېگەن سۆزلەر 1949- يىلى 9- ئاينىڭ 25- كۈنى (26- كۈنى) نىڭ ئالدى- كەينىنى كۆرسىتىدۇ. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشنىڭ ئالدى- كەينى دېگەن سۆزلەر بىردەك «يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى» ياكى «يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن» دەپ ئېلىندى. ئەرەب رەقىمى بىلەن يېزىلغانلىرى مىلادىيىنى، خەت بىلەن يېزىلغانلىرى دېھقانلار كالېندارىنى كۆرسىتىدۇ.

8. تەزكىرىگە كىرگۈزۈلگەن ماتېرىياللار ھەر خىل ئارخىپلار ۋە تۈرلۈك تارىخ تەزكىرىلەر، گېزىت- ژۇرنال، ساقلانغان كىتاب ھەم ئىسپاتلانغان تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىدىن ئېلىنغان بولۇپ، ئادەتتە كېلىش مەنبەسىگە ئىزاھات بېرىلمىدى.

9. سانلىق مەلۇماتلار ئاساسەن ۋىلايەتلىك ستاتىستىكا باشقارمىسى تەمىنلىگەن سان- سىپىرلار بويىچە ئىشلىتىلدى ھەمدە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىلدى.

10. يەر نامىلىرى ھەر قايسى ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ «يەر- جاي نامىلىرىنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» بويىچە ئېلىندى. قەدىمكى يەر نامىلىرىغا ھازىرقى يەر نامىلىرى قىستۇرۇلۇپ ئىزاھلاندى.

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ...... 1

كىرىش سۆز ...... 2

تەزكىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدە ...... 1

ئومۇمىي بايان ...... 3

چوڭ ئىشلار ...... 21


## بىرىنچى قىسىم مەمۇرىي رايونلار ۋە رايونلارغا ئايرىلىشى


I باب رايونلار، ئورنى ...... 115

1 § . ئورنى ...... 115

2 § . تەۋەلىك دائىرىسى ...... 116

3 § . يەر كۆلىمى ...... 117

II باب تەشكىلىي تۈزۈلۈشى، رايونلارغا ئايرىلىشى ...... 117

1 § . تەشكىلىي تۈزۈلۈشى ...... 117

2 § . مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىلىشى ...... 122

III باب ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ...... 131

1 § . قۇمۇل شەھىرى ...... 131

2 § . ئاراتۈرۈك ناھىيىسى ...... 134

3 § . باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى ...... 136

IV باب قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش – قۇرۇلۇش ئورۇنلىرى ...... 138

1 § . شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش – قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى ...... 139

2 § . ئاراتۈرۈك ھەربىي ئات فېرمىسى ...... 140

3 § . شىنجاڭ گېئولوگىيە قېزىلما بايلىق ئىدارىسى گېئولوگىيە 6 – چوڭ ئەترىتى ...... 141

4 § . ئاپتونوم رايونلۇق رەڭلىك مېتال ئىدارىسى گېئولوگىيە 704 – چوڭ ئەترىتى ...... 142

5 § . باشقىلار ...... 143


## ئىككىنچى قىسىم تەبىئىي مۇھىت


I باب گېئولوگىيىلىك قۇرۇلمىسى، يەر قىياپىتى ...... 147

1 §. گېئولوگىيىلىك قۇرۇلمىسى ...... 147
2 §. يەر شەكلى، يەر قىياپىتى ...... 149
I باب كلىمات ...... 152
1 §. كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى، قۇياش رادىئاتسىيىسى ...... 153
2 §. ھاۋا تېمپېراتۇرىسى ...... 154
3 §. ھۆل – يېغىن ...... 161
4 §. شامال – بوران ...... 165
5 §. نەملىك ۋە ھورغا ئايلىنىش ...... 169
6 §. يەر تېمپېراتۇرىسى، توڭ تۇپراق ...... 171
7 §. فىنولوگىيە (ماددىي كلىمات) ...... 173
III باب سۇ رايى ...... 176
1 §. يەر ئۈستى سۈيى ...... 176
2 §. يەر ئاستى سۈيى ...... 179
IV باب تۇپراق، يىپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ...... 183
1 §. يەر كۆلىمى ...... 183
2 §. تۇپراق ...... 185
3 §. يىپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ...... 190
V باب بىئولوگىيىلىك بايلىقلار ۋە كان مەھسۇلاتلىرى ...... 195
1 §. ئۆسۈملۈك بايلىقى ...... 195
2 §. ياۋايى ھايۋاناتلار ...... 205
3 §. كان بايلىقلىرى ...... 215
VI باب تەبىئىي ئاپەت ...... 221
1 §. قۇرغاقچىلىق ...... 221
2 §. قار ۋە سوغۇق ...... 224
3 §. تۆۋەن تېمپېراتۇرا ۋە ئۈششۈك ...... 228
4 §. كەلكۈن ئاپىتى ...... 230
5 §. قۇم – بوران، چاڭ – توزان، قۇم شتورمى ...... 234
6 §. ئىسسىق ئاپىتى ۋە قۇرغاق ئىسسىق شامال ...... 239
7 §. گۆلدۈرماما ...... 240
8 §. مۆلدۈر ئاپىتى ...... 241
9 §. يەر تەۋرەش ...... 243

## ئۈچىنچى قىسم ئاھالە خەلق تۇرمۇشى

I باب ئاھالىنىڭ كۆپىيىشى ۋە تارقىلىشى ...... 249
1 §. تارىخىي دەۋرلەردىكى ئاھالە ...... 249
[قوشۇمچە] مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قومۇللۇقلار كۇيۇدە پاناھلاندى ...... 252

........ 255
2 § . ئاھالىنىڭ تارقىلىشى ۋە زىچلىقى ........ 259
II باب ئاھالە قۇرۇلمىسى ........ 259
1 § . نوپۇس قۇرۇلمىسى ........ 262
2 § . جىنس قۇرۇلمىسى ........ 264
3 § . ياش قۇرۇلمىسى ........ 269
4 § . مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى ........ 271
5 § . كەسىپ قۇرۇلمىسى ........ 272
6 § . شەھەر – يېزىلارنىڭ ئاھالە قۇرۇلمىسى ........ 273
III باب ئائىلە نىكاھ ........ 273
1 § . ئائىلە كۆلىمى ........ 274
2 § . نىكاھ ئەھۋالى ........ 277
IV باب نوپۇس باشقۇرۇش ........ 278
1 § . پىلانلىق تۇغۇتنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى ........ 279
2 § . پىلانلىق تۇغۇت ........ 284
3 § . نوپۇسنى كونترول قىلىش ........ 287
4 § . ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش ........ 290
5 § . ئاھالىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ........ 291
V باب خەلق تۇرمۇشى ........ 291
1 § . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى خەلق تۇرمۇشى ........ 296
2 § . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى خەلق تۇرمۇشى ........

## تۆتىنچى قىسىم مىللەت دىن

........ 315
I باب مىللەتلەر ........ 315
1 § . ئۇيغۇرلار ........ 332
2 § . خەنزۇلار ........ 335
3 § . قازاقلار ........ 341
4 § . خۇيزۇلار ........ 342
5 § . موڭغۇللار ........ 345
II باب دىن ........ 345
1 § . قەدىمكى زاماندىكى دىنلار ........ 347
2 § . بۇددا دىنى ........ 349
3 § . توپىس دىنى ........ 350
4 § . ئىسلام دىنى ........ 362
5 § . خرىستىئان دىنى ........ 365
III باب مىللەتلەر دىن خىزمىتى ........ 365
1 § . باشقۇرغۇچى ئاپپاراتلار

§ 2 . مىللەتلەر خىزمىتى .......... 366
§ 3 . تەرەققىيات ياردەم پۇلى .......... 376
§ 4 . دىن خىزمىتى .......... 377

## بەشىنچى قىسىم دېھقانچىلىق

I **باب ئاپپاراتلارنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى** .......... 385
§ 1 . مەمۇرىي باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى .......... 385
§ 2 . كارخانا ـ كەسپىي ئاپپاراتلار .......... 386
II **باب ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تۈزۈلمە ئىسلاھاتى** .......... 389
§ 1 . يەرلەرگە بولغان فېئوداللىق خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى .......... 389
§ 2 . ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى .......... 391
§ 3 . ھەمكارلىشىش، كوپېراتىپلىشىش .......... 395
§ 4 . خەلق گوڭشېسى .......... 398
§ 5 . مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈلگەن ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى .......... 403
III **باب يېزا ئىگىلىك رايونلىرى ۋە تۇپراق ياخشىلاشنىڭ رايونلارغا ئايرىلىشى** .......... 405
§ 1 . يېزا ئىگىلىك رايونلىرى .......... 405
§ 2 . تۇپراق ياخشىلاشنىڭ رايونلارغا ئايرىلىشى .......... 406
IV **باب زىرائەت كۆلىمى، تۈرى ۋە ئۇنى يېتىشتۈرۈش** .......... 410
§ 1 . تېرىلغۇ يەر كۆلىمى .......... 410
§ 2 . ئاشلىق زىرائەتلىرى .......... 413
§ 3 . ياغلىقدان زىرائەتلىرى .......... 418
§ 4 . كېۋەز .......... 420
§ 5 . پۇرچاق تېپىدىكى زىرائەتلەر .......... 421
§ 6 . كۆكتات .......... 422
§ 7 . قوغۇن ـ تاۋۇز، مېۋە ـ چېۋە .......... 423
V **باب قۇمۇل قوغۇنى** .......... 432
§ 1 . قوغۇن تېرىشقا ماس كېلىدىغان تەبىئىي شارائىت .......... 433
§ 2 . قۇمۇل قوغۇنىنىڭ تېرىپ ئۆستۈرۈش تارىخى .......... 435
§ 3 . ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىنىڭ جايلىشىشى ۋە مەھسۇلاتى .......... 435
§ 4 . ئاساسلىق سورتلار .......... 438
§ 5 . ساقلاش، توشۇش، پىششىقلاش .......... 440
VI **باب تېرىقچىلىق تۈزۈمى ۋە تېرىقچىلىق تېخنىكىسى** .......... 443
§ 1 . تېرىقچىلىق تۈزۈمى .......... 443
§ 2 تېرىقچىلىق تېخنىكىسىنىڭ ئۆزگىرىشى .......... 444
§ 3 . تۇپراقنى ياخشىلاش .......... 446
§ 4 . سورت ياخشىلاش .......... 452

§ 5 . دېھقانچىلىق تېخنىكىلىرىنى كېڭەيتىش ........ 455

VII باب ئۇسۇملۇك ئاسراش ........ 458

§ 1 . ئاساسلىق كېسەللىكلەر، زىيانداش ھاشاراتلار ۋە زىيانداش ئوت – چۆپلەر ........ 458

§ 2 . كېسەللىك، ھاشارات ۋە ئوت – چۆپ زىيانداشلىقىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئالدىنى ئېلىش – يوقىتىش ........ 463

VIII باب يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش ........ 465

§ 1 . يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ۋە ئومۇمىي كىرىم قۇرۇلمىسى ........ 465

§ 2 . ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى سېلىنمىسى ۋە ھاسىلاتى ........ 470

IX باب دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنا – سايمانلىرى ........ 472

§ 1 . ئاپپاراتلار ........ 472

§ 2 . ئادەم كۈچى بىلەن ئىشلىتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى ........ 474

§ 3 . ھايۋان كۈچى بىلەن ئىشلىتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى ........ 474

§ 4 . يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ........ 476

§ 5 . چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ........ 479

§ 6 . يېزا ئىگىلىك ماشىنا – سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش ۋە ياساش ........ 482

§ 7 . يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پەن تەتقىقاتى ۋە تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇش ........ 483

§ 8 . يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىملىرىنى تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش ........ 483

§ 9 . يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش – باشقۇرۇش ........ 484


## ئالتىنچى قىسىم سۇچىلىق


سۇچىلىق ........ 491

I باب ئاپپاراتلار ........ 492

§ 1 . مەمۇرىي ئاپپاراتلار ........ 492

§ 2 . كەسپىي ئاپپاراتلار ........ 494

§ 3 . كارخانا ئورگانلىرى ........ 495

II باب سۇ ئىنشائاتلىرى ........ 496

§ 1 . سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى ........ 496

§ 2 . سۇ چىقىرىش قۇرۇلۇشى ........ 501

§ 3 . سۇ ساقلاش قۇرۇلۇشى ........ 504

§ 4 . زەي قاچۇرۇش قۇرۇلۇشى ........ 509

§ 5 . كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش قۇرۇلۇشى ........ 510

III باب كارىز ........ 513

§ 1 . كارىزنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش ........ 513

§ 2 . كارىز قېزىش ........ 514

§ 3 . كارىزلارنى ياخشىلاش ........ 516

IV باب قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش ........ 517

§ 1 . قۇرغاقچىلىق ئەھۋالى ........................ 517
§ 2 . قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش تەشكىلاتلىرى ........................ 517
§ 3 . قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرى ........................ 518
V باب سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ........................ 520
§ 1 . سۇ ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش ........................ 520
§ 2 . سۇ ھەققىنى باشقۇرۇش ........................ 523
§ 3 . ماشىنىلاشقان قۇدۇقلارنى باشقۇرۇش ........................ 524
§ 4 . سۇ ئىنشائاتلىرىنىڭ ئۈنۈمى ........................ 525
Ⅳ باب سۇ مەھسۇلاتلىرى ........................ 526
§ 1 . ئامباردا بېلىق بېقىش ........................ 527
§ 2 . يېزا ـ كەنت بېلىقچىلىقى ۋە بېلىقچىلىق كەسپىي ئائىلىلىر ........................ 527
§ 3 . بېلىقچىلىق مەيدانىدا بېلىق بېقىش ........................ 528
§ 4 . كۆلچەكتە بېلىجان يېتىشتۈرۈش ........................ 528

## يەتتىنچى قىسىم چارۋىچىلىق

I باب ئاپپاراتلار ........................ 531
§ 1 . ۋىلايەتتىكى ئاپپاراتلار ........................ 531
§ 2 . ناھىيە، شەھەرلىك ئاپپاراتلار ........................ 532
§ 3 . يېزا دەرىجىلىك مال دوختۇرلۇق ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش ئاپپاراتلىرى ........................ 534
Ⅱ باب چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىش ۋە تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ........................ 534
§ 1 . فېئوداللىق خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ........................ 534
§ 2 . چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى دېموكراتىك ئىسلاھات ........................ 536
§ 3 . چارۋىچىلىقتا كوپېراتسىيىلىشىش ........................ 537
§ 4 . ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى فېرمىلار ........................ 538
§ 5 . چارۋىچىلىق گۇڭشېلىرى ۋە دېھقانچىلىق گۇڭشېلىرىنىڭ چارۋىچىلىق فېرمىلىرى ........................ 539
§ 6 . يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىلىرى ........................ 540
§ 7 . چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ........................ 543
Ⅲ باب ئوتلاق ........................ 544
§ 1 . ئوتلاقلارنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ........................ 544
§ 2 . ئوت ـ چۆپلەر ........................ 551
§ 3 . ئوتلاق قۇرۇلۇشى ۋە ئوتلاقلارنى ياخشىلاش ........................ 554
§ 4 . ئوتلاقلارنى قوغداش ........................ 558
§ 5 . ئوتلاق باشقۇرۇش ........................ 563
Ⅵ باب يەم ـ خەشەك ........................ 564
§ 1 . يەم ـ خەشەك پىششىقلاش ........................ 564

§ 2 . يەم ـ خەشەكتىن پايدىلىنىش ........................................ 565
V باب چارۋا مال، ئۆي قۇشلىرىنىڭ تۈرلىرى.................................... 567
§ 1 . يەرلىك نەسىللەر ................................................ 568
§ 2 . سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن نەسىللەر .......................................... 572
§ 3 . باركۆل ئېتى ۋە ئاراتۇرۇك ئېتى ........................................ 574
VI باب چارۋا مال، ئۆي قۇشلىرىنى كۆپەيتىش ۋە نەسلىنى ياخشىلاش ........ 576
§ 1 . يەرلىك نەسىل يېتىشتۈرۈش .......................................... 576
§ 2 . مېتىسلاشتۇرۇپ نەسىل ياخشىلاش ...................................... 577
§ 3 . چارۋا مال، ئۆي قۇشلىرىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاشتىكى نوقتىلىق ئورۇنلار......... 578
VII باب قوتاندا ساقلانغان چارۋا ۋە چارۋا قورۇلمىسى ............................ 580
§ 1 . قوتاندا ساقلانغان چارۋا .................................................. 580
§ 2 . چارۋا مال، ئۆي قۇشلىرى قورۇلمىسى ............................................ 583
VIII باب چارۋىچىلىق رايونلىرى ۋە دېھقانچىلىق رايونلىرى چارۋىچىلىقى ........... 587
§ 1 . چارۋىچىلىق رايونلىرى چارۋىچىلىقى .......................................... 587
§ 2 . دېھقانچىلىق رايونلىرى ۋە شەھەر ئەتراپى چارۋىچىلىقى.............................. 588
IX باب چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرى .................. 590
§ 1 . چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى................................................... 590
§ 2 . قوتاندىن چىقىرىلىش نىسبىتى ۋە تاۋار نىسبىتى .............................. 594
§ 3 . گۆش ئومۇمىي مەھسۇلاتى ................................................. 595
§ 4 . تىۋىت مەھسۇلاتى ........................................................... 596
X باب چارۋا مال، ئۆي قۇشلىرىدىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر............................ 598
§ 1 . يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش............................ 598
§ 2 . پارازىت قۇرت كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش .................... 603

## سەككىزىنچى قىسىم ئورمانچىلىق

I باب ئاپپاراتلار ............................................................. 609
§ 1 . مەمۇرىي ئاپپاراتلار ........................................................ 609
§ 2 . كەسپىي ئاپپاراتلار ............................................................ 611
§ 3 . ئورمانچىلىق مەيدانلىرى .................................................. 613
II باب ئورمان بايلىقى ............................................................ 615
§ 1 . ئورمان خىللىرى ۋە جايلىشىشى............................................... 615
§ 2 . ئورمانلىق كۆلىمى ۋە زاپىسى .................................................. 621
§ 3 . ئاساسلىق دەرەخ تۈرلىرى......................................................... 623
III باب كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش ............................................... 626
§ 1 . تەرەققىيات ئەھۋالى .......................................................... 626
§ 2 . ھەر خىل ئورمانلارنىڭ بەرپا قىلىنىشى ........................................... 630

3 § . مەجبۇرىي كۆچەت تىكىش ...... 633
4 § . تۈزلەڭلىكتىكى ئورمانچىلىق مەيدانلىرى قۇرۇلۇش ...... 634
5 § . ئۇرۇق يىغىش كۆچەت يېتىشتۈرۈش ...... 636
IV **باب ئورمانچىلىق ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش** ...... 638
1 § . ئورمانچىلىقنىڭ رايونلارغا ئايرىلىشى ...... 638
2 § . ئورمان باشقۇرۇش ۋە قوغداش ...... 639
3 § . تاغلىق رايونلاردىكى دەل ـ دەرەخلەرنى كېسىش ...... 645
4 § . ئورمانلاردىكى دەل ـ دەرەخ كېسەللىكلىرى، ھاشارات زىيانداشلىقى ۋە ئۇلارنىڭ كۆشەندىلىرى ...... 647
V **باب قۇمۇل چىلىنى** ...... 651
1 § . چىلان ئۆستۈرۈش تارىخى ۋە تارقىلىشى ...... 652
2 § . يەرلىك چىلان دەرىخى ...... 652
3 § . ئۆستۈرۈش، يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى ...... 653
4 § . چىلان بازىسى قۇرۇلۇش ...... 653

## توققۇزىنچى قىسىم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش

I **باب ئۆتكەن سۇلالىلەرنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشى** ...... 659
1 § . ئەسكەرلەرنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشى، پۇقرالارنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشى، مەھبۇسلارنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشى ...... 659
2 § . ئۇيغۇرلارنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشى ...... 663
II **باب يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش** ...... 666
1 § . تەشكىلىي ئاپپاراتلار ...... 666
2 § . بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلىرىنىڭ جايلىشىشى ...... 668
3 § . تەرەققىيات ئەھۋالى ...... 668
4 § . دېھقانچىلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈمەن، مەيدانلار ...... 678
5 § . بىڭتۈەن بىلەن يەرلىك ئۆزئارا ياردەم بېرىش ...... 682

## ئونىنچى قىسىم يېزا ـ بازار كارخانىلىرى

I **باب باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى** ...... 689
II **باب كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى** ...... 690
1 § . تەرەققىيات جەريانى ...... 690
2 § . ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قوشۇنى ...... 692
III **باب ئىگىلىك باشقۇرۇش** ...... 693
1 § . باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ...... 693

2 § . ئىقتىسادىي ئۇنۇم ........ 696
3 § . توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىش ........ 697
IV باب كەسىپ قۇرۇلمىسى ........ 698
1 § . يېزا ئىگىلىك كارخانىلىرى ........ 698
2 § . سانائەت كارخانىلىرى ........ 702
3 § . بىناكارلىق ........ 711
4 § . قاتناش ــ ترانسپورت كەسپى ........ 713
5 § . سودا، يېمەك ــ ئىچمەك كەسپى ........ 715
6 § . مۇلازىمەت كەسپى ........ 715
V باب ئاساسلىق مەھسۇلاتلار ........ 716
1 § . ئەنئەنىۋى مەھسۇلاتلار ........ 716
2 § . ئۈستۈنلۈككە مەھسۇلاتلار ........ 716

## ئون بىرىنچى قىسىم سانائەت

I باب ئاپپاراتلار ........ 729
1 § . ۋىلايەتتىكى ئاپپاراتلار ........ 729
2 § . ناھىيە، شەھەرلەردىكى ئاپپاراتلار ........ 730
II باب ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ........ 731
1 § . قول سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ........ 731
2 § . سانائەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ........ 732
3 § . بىناكارلىق ساھەسىدىكى ئىسلاھات ........ 738
III باب كارخانىلارنىڭ مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسى ........ 739
1 § . خۇسۇسىي ئىگىلىك ۋە يەككە قول سانائەت ........ 739
2 § . كوللېكتىپ كارخانىلار ........ 742
3 § . دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ........ 744
IV باب سانائەت تۈرى ........ 757
1 § . ئورمانچىلىق سانائىتى ........ 757
2 § . كانچىلىق ........ 762
3 § . كۆمۈرچىلىك ........ 769
4 § . مېتاللورگىيە ........ 774
5 § . ئېلېكتر كۈچى ........ 778
6 § . رېمونت قىلىش، ياساش ........ 790
7 § . خىمىيە سانائىتى ........ 795
8 § . قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى سانائىتى ........ 802
9 § . يېمەكلىك كەسپى ........ 808
10 § . توقۇمىچىلىق سانائىتى ........ 817

§ 11 . تېرە، كۆن ـ خۇرۇم سانائىتى ...... 821
§ 12 . تىككۈچىلىك كەسپى ...... 824
§ 13 . ئالاھىدە ئېھتىياجلىق مىللىي بۇيۇملار ...... 826
§ 14 . ھۈنەر ـ سەنئەت، گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرى ...... 828
§ 15 . قەغەز ئىشلەش، باسمىچىلىق كەسپى ...... 830
§ 16 . مېتال بۇيۇملىرى كەسپى ...... 831
§ 17 . باشقا سانائەتلەر ...... 834
§ 18 . داڭلىق مەھسۇلاتلار ...... 834

## ئون ئىككىنچى قىسىم قاتناش

I باب يول ...... 839
§ 1 . قەدىمكى يوللار ...... 840
§ 2 . تاشيول ...... 848
§ 3 . كۆۋرۈك ـ سۇڭگۈچلەر ...... 863
§ 4 . تاشيول ئاسراش ...... 865
§ 5 . تاشيول ترانسپورتى ...... 869
§ 6 . تاشيول قاتنىشىنى باشقۇرۇش ...... 885
II باب تۆمۈر يول ...... 889
§ 1 . تۆمۈر يول ...... 889
§ 2 . يولۇچى توشۇش ۋە يۈك ترانسپورتى ...... 894
III باب خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ...... 896

## ئون ئۈچىنچى قىسىم پوچتا ـ تېلېگراف

I باب ئاپپاراتلار ...... 903
§ 1 . قەدىمكى پوچتا ئۆتەڭلىرى ...... 903
§ 2 . پوچتا ئىدارىسى ...... 914
§ 3 . تېلېگراف ئىدارىسى ...... 915
§ 4 . پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى ...... 916
II باب پوچتا ...... 918
§ 1 . پوچتا كەسپى ...... 918
§ 2 . پوچتا يولى ...... 928
III باب تېلېگراف ...... 941
§ 1 . سىم يولى تارتىش ...... 941
§ 2 . تېلېگramma يولى ...... 945

§ 3 . تېلېگراف ئۈسكۈنىلىرى ........ 952
§ 4 . تېلېگراف كەسپى ........ 953
IV باب پوچتا ـ تېلېگراف ئالاقە سۈپىتى ۋە تىجارەت باشقۇرۇش ........ 956
§ 1 . پوچتا ـ تېلېگراف ئالاقە سۈپىتى ........ 956
§ 2 . پوچتا ـ تېلېگراف ئالاقىسىنىڭ مۇلازىمەت سۈپىتى ........ 958
§ 3 . ئىگىلىك باشقۇرۇش ........ 961

## ئون تۆتىنچى قىسىم سودا، ئاشلىق، ماي

I باب سودا ئاپپاراتلىرى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قوشۇنى ........ 965
§ 1 . مەمۇرىي ئاپپاراتلار ........ 965
§ 2 . تىجارەت مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرى ........ 966
§ 3 . ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قوشۇنى ........ 967
II باب سودا ئىگىلىك قۇرۇلمىسى ........ 968
§ 1 . خۇسۇسىي سودا ........ 969
§ 2 . كوللېكتىپ سودا ........ 971
§ 3 . تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى ........ 972
§ 4 . دۆلەت سودىسى ........ 975
III باب ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى تىجارىتى ........ 978
§ 1 . ئاپپاراتلار ........ 979
§ 2 . سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى تىجارىتى ........ 979
§ 3 . دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى تىجارىتى ........ 982
§ 4 . يىغىلغۇ بىلەن تەمىنلەش ........ 987
IV باب تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى سېتىش ـ سېتىۋېلىش ........ 988
§ 1 . گۆش، تۇخۇم، ئۆي قۇشلىرى ........ 988
§ 2 . كۆكتات ........ 990
§ 3 . شېكەر، تاماكا، هاراق ........ 991
§ 4 . شەھەردىكى يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمى ........ 993
§ 5 . كۈندىلىك سانائەت بۇيۇملىرى ........ 994
§ 6 . كۈندىلىك مىلىچماللار ........ 995
§ 7 . ئاز سانلىق مىللەتلەرگە كېرەكلىك تاۋارلار ........ 998
§ 8 . دورا ........ 1002
V باب دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى ۋە كېرەكسىز كونا ماددىي ئەشيالارنى سېتىۋېلىش ........ 1004
§ 1 . دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش ........ 1004
§ 2 . چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش ........ 1006
§ 3 . يەرلىك شۇلتا، شور سېتىۋېلىش ........ 1007

4 § . كىرەكسىز كونا ماددىي بۇيۇملارنى يىغىش ........................ 1007
VI باب ئاشلىق، ماي سېتىۋېلىش ۋە سېتىش ........................ 1010
1 § . ئاپپاراتلار ........................ 1010
2 § . يېزىلاردا ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋە سېتىش ........................ 1011
3 § . شەھەر ـ بازارلاردا ئاشلىق سېتىش ........................ 1015
4 § . ماي سېتىۋېلىش ۋە سېتىش ........................ 1016
5 § . ئاشلىق، ماينى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش، سېتىش ........................ 1018
6 § . ئاشلىق ۋە ماينى ساقلاش، توشۇش ........................ 1020
7 § . ئاشلىق، ماي باھاسى ........................ 1023
VII باب تاشقى سودا ........................ 1027
1 § . ئاپپاراتلار ........................ 1027
2 § . ئېكسپورت تاۋارلىرىنى سېتىۋېلىش ........................ 1028
3 § . ئېكسپورت تاۋارلىرىنى يۆتكەش ........................ 1028


# ئون بەشىنچى قىسىم مالىيە باج


I باب مالىيە ........................ 1037
1 § . ئاپپاراتلار ........................ 1037
2 § . مالىيە كىرىمى ........................ 1039
3 § . مالىيە چىقىمى ........................ 1046
4 § . مالىيە نازارەتچىلىكى ۋە باشقۇرۇش ........................ 1052
II باب باج ئىشلىرى ........................ 1058
1 § . ئاپپاراتلار ........................ 1058
2 § . باج تۈرلىرى ........................ 1060
3 § . باج تۈزۈمى ........................ 1062
4 § . باجنى كېمەيتىش ۋە كەچۈرۈم قىلىش ........................ 1067
5 § . باج يىغىش، باج باشقۇرۇش خىزمىتى ........................ 1071


# ئون ئالتىنچى قىسىم پۇل مۇئامىلە


I باب ئاپپاراتلار ........................ 1075
1 § . گۆرۈخانا ........................ 1075
2 § . ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى پۇل ئىدارىسى ........................ 1076
3 § . شىنجاڭ جۇڭگو ـ روسىيە داۋشېڭ شۆبە بانكىسىنىڭ ياركەنت ۋاكالەتخانىسى ... 1076
4 § . شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنىڭ قومۇل شۆبىسى ........................ 1076
5 § . مەركىزىي بانكىنىڭ قومۇل شۆبىسى ........................ 1077

§ 6 . قۇمۇل پوچتا، ئامانەت، پېرېۋوت شۆبە ئىدارىسى .................. 1078
§ 7 . جۇڭگو خالق بانكىسىنىڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك شۆبىسى .................. 1079
§ 8 . جۇڭگو سودا ـ سانائەت بانكىسىنىڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسى .................. 1080
§ 9 . جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسى .................. 1081
§ 10 . جۇڭگو قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسى .................. 1082
§ 11 . جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق شىركىتى .................. 1083
§ 12 . ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى .................. 1084
I باب پۇل ئوبوروتى .................. 1086
§ 1 . مېتال پۇل .................. 1086
§ 2 . لاتا پۇل .................. 1093
§ 3 . قەغەز پۇل .................. 1093
II باب كرېدىت .................. 1096
§ 1 . سانائەت كرېدىت .................. 1096
§ 2 . سودا كرېدىت .................. 1101
§ 3 . دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كرېدىت .................. 1103
§ 4 . يېزا ـ بازار كارخانىلار قەرز پۇلى .................. 1106
§ 5 . چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى نامراتلارنى يۆلەش ياردەم ئۆسۈملۈك قەرز پۇلى ... 1107
§ 6 . ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلى .................. 1107
§ 7 . مۇقىم مۈلۈك قەرز پۇلى .................. 1110
§ 8 . مەخسۇس تۈر قەرز پۇلى .................. 1111
IV باب پۇقرالار پۇل ئامانىتى .................. 1112
V باب زايوم .................. 1116
§ 1 . منگو دەۋرىدىكى زايوم .................. 1116
§ 2 . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى زايوم .................. 1117
VI باب تاشقى پېرېۋوت .................. 1118
§ 1 . سودا تاشقى پېرېۋوتى .................. 1118
§ 2 . غەيرىي سودا تاشقى پېرېۋوتى .................. 1119
VII باب خەلق سۇغۇرتىسى .................. 1120
§ 1 . مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى .................. 1120
§ 2 . جىسمانىي سۇغۇرتا .................. 1123
§ 3 . ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش ۋە تۆلەم .................. 1125

## ئون يەتتىنچى قىسىم شەھەر، يېزا قۇرۇلۇشى

I باب ئاپپاراتلار ۋە قوشۇن ........................ 1131
§ 1 . مەمۇرىي ئاپپاراتلار ........................ 1131
§ 2 . كەسپىي ئاپپاراتلار ........................ 1132
§ 3 . ئىشچى ــ خىزمەتچىلەر قوشۇنى ........................ 1133
II باب ۋىلايەتلىك شەھەر، بازار ئۆي قۇرۇلۇشى ۋە باشقۇرۇش ........................ 1134
§ 1 . تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى ........................ 1134
§ 2 . ئۆي ــ زېمىن باشقۇرۇش ........................ 1137
§ 3 . قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلار قۇرۇلۇشى ........................ 1137
III باب قۇمۇل شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشى ........................ 1139
§ 1 . كوچا قۇرۇلۇشى ........................ 1139
§ 2 . كۆۋرۈك، كوچا چىراغلىرى ........................ 1143
§ 3 . كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش ........................ 1144
§ 4 . سۇ بىلەن تەمىنلەش، پاسكىنا سۇ چىقىرىش پار بىلەن تەمىنلەش، گاز بىلەن تەمىنلەش ........................ 1145
§ 5 . كۆكەرتىش، باغۋەنچىلىك ........................ 1147
§ 6 . ئاممىۋى قۇرۇلۇشلار ........................ 1149
§ 7 . مۇھىت تازىلىقى ........................ 1152
IV باب ناھىيە بازىرى قۇرۇلۇشى ........................ 1153
§ 1 . باركۆل ناھىيە بازىرى ........................ 1153
§ 2 . ئاراتۈرۈك ناھىيە بازىرى ........................ 1159
V باب يېزا، كەنت قۇرۇلۇشى ........................ 1161
§ 1 . يېزا ــ بازار قۇرۇلۇشى ........................ 1161
§ 2 . «بەش ياخشى» يېڭى يېزا قۇرۇلۇشى ........................ 1164
VI باب بىناكارلىق ........................ 1166
§ 1 . بىناكارلىق قوشۇنى ........................ 1166
§ 2 . بىناكارلىق لايىھىلەش ........................ 1178
§ 3 . بىناكارلىق قىلىش ........................ 1179
§ 4 . بىناكارلىق باشقۇرۇش ........................ 1180
VII باب مۇھىت ئاسراش ........................ 1181
§ 1 . يەر تۈزۈلۈشىنىڭ ئۆزگىرىشى ........................ 1181
§ 2 . مۇھىت سۈپىتى ۋە بۇلغىنىش ........................ 1187
§ 3 . مۇھىت باشقۇرۇش ........................ 1198
§ 4 . ياۋايى ھايۋانات بايلىقىنى قوغداش ........................ 1202

# ئون سەككىزىنچى قىسىم ئىگىلىك باشقۇرۇش


I باب پىلان ـ ستاتىستىكا ........................ 1209
§ 1 . پىلان باشقۇرۇش ........................ 1209
§ 2 . ئۇمۇملاشتۇرۇپ ستاتىستىكىلاش خىزمىتى ........................ 1220
II باب سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ........................ 1222
§ 1 . ئاپپاراتلار ........................ 1222
§ 2 . سودا ـ سانائەت كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش ........................ 1223
§ 3 . خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتچىلەرنى باشقۇرۇش ........................ 1225
§ 4 . سودا بازارلىرىنى باشقۇرۇش ........................ 1227
§ 5 . ئىقتىسادىي توختام، تاۋار ماركىسى، ئېلان باشقۇرۇش ........................ 1232
§ 6 . كارخانىلارنىڭ ئاشقى ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىنى تەكشۈرۈش ........................ 1234
III باب ئۆلچەم باشقۇرۇش ۋە سۈپەت نازارەتچىلىكى ........................ 1236
§ 1 . ئاپپاراتلار ........................ 1236
§ 2 . ئۆلچەم سىستېمىسىنىڭ تەرەققىياتى ........................ 1237
§ 3 . ئۆلچەم باشقۇرۇش ........................ 1239
§ 4 . مەھسۇلات سۈپىتى نازارەتچىلىكى ........................ 1241
IV باب باھا باشقۇرۇش ........................ 1242
§ 1 . ئاپپاراتلار ........................ 1242
§ 2 . باھا تەڭشەش ........................ 1243
§ 3 . سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھا سېلىشتۇرمىسى ........................ 1266
§ 4 . باھا ئۇمۇمىي سەۋىيىسى ۋە تەسىرى ........................ 1277
V باب ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك ........................ 1284
§ 1 . دۆلەت ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىكى ........................ 1285
§ 2 . ئىچكى ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك ........................ 1286
§ 3 . ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك ........................ 1286
§ 4 . مەخسۇس تۈردىكى ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك ........................ 1287
VI باب يەر باشقۇرۇش ........................ 1289
§ 1 . ئاپپارات، خادىم ........................ 1290
§ 2 . يەر باشقۇرۇش خىزمىتى ........................ 1291
§ 3 . يەر مۇپەتتىشلىكى ........................ 1294

## ئون توققۇزىنچى قىسىم پارتىيە

I باب 30 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ قۇمۇلدىكى پائالىيەتلىرى ........ 1299
II باب ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەزالىرىنىڭ قۇمۇلدىكى پائالىيەتلىرى ........ 1303
§ 1 . ھەر مىللەت خالقىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا تەشكىللەش ۋە سەپەرۋەر قىلىش ........ 1304
§ 2 . مائارىپ خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەش ........ 1306
§ 3 . ھۆكۈمەت ئىشلىرىدىكى نۇقسانلارنى تۈگىتىپ، ئىنتىزامنى تەرتىپكە سېلىش ........ 1308
§ 4 . مالىيىنى ئىدارە قىلىپ، ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ........ 1310
§ 5 . شەھەر قىياپىتىنى ياخشىلاپ، شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش ........ 1312
§ 6 . ماۋدۇن، جاڭ جۇڭشى قاتارلىق مەشھۇر ئەدىبلەرنى قوغداپ قېلىش ........ 1312
III باب جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى تەشكىلاتلىرى ........ 1313
§ 1 . ج ك پ قۇمۇل ۋىلايەتلىك كومىتېتى ........ 1313
§ 2 . ناھىيىلىك، شەھەرلىك پارتكوملار ........ 1315
§ 3 . مەمۇرىي مەھكىمە پارتگورۇپپىسى ۋە ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار پارتكومى ........ 1316
IV باب قۇرۇلتاي ........ 1317
§ 1 . ۋىلايەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى ........ 1317
§ 2 . ناھىيىلىك، شەھەرلىك پارتىيە قۇرۇلتايلىرى ........ 1322
V باب پارتىيە خىزمىتى ........ 1325
§ 1 . تەشكىلىي قۇرۇلۇش ........ 1325
§ 2 . تەشۋىقات ـ تەربىيە خىزمىتى ........ 1338
§ 3 . بىرلىكسەپ خىزمىتى ........ 1347
§ 4 . ئىنتىزام تەكشۈرۈش ........ 1353
§ 5 . سىياسىي قانۇن خىزمىتى ........ 1361
§ 6 . ئەرزىيەت خىزمىتى ........ 1363
§ 7 . مەخپىيەتلىكنى ساقلاش خىزمىتى ........ 1364
IV باب جۇڭگو گومىنداڭنىڭ قۇمۇلدىكى تەشكىلاتلىرى ........ 1366
§ 1 . ئاپپاراتلار ........ 1367
§ 2 . ئاساسلىق پائالىيەتلىرى ........ 1369
VII باب زور سىياسىي ۋەقەلەر ........ 1375
§ 1 . ئامېرىكا جاھانگەرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ........ 1375
§ 2 . ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ........ 1376
§ 3 . «ئۈچكە قارشى تۇرۇش»، «بەشكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى ........ 1377

4 § . ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش، كادىرلارنى تەكشۈرۈش ...... 1377
5 § . ئىستىل تۈزىتىش ۋە ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش كۈرىشى ...... 1378
6 § . «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ...... 1379
7 § . «ئوڭچىللىق» قا قارشى تۇرۇش ۋە تەكشۈرۈش پەرقلەندۈرۈش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش ...... 1380
8 § . سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى ...... 1381
9 § . «مەدەنىيەت زو ئىنقىلابى» ...... 1383
10 § . پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش، ئېنىقلاش ...... 1388
11 § . سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ...... 1389
12 § . ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ...... 1394

## يىگىرمىنچى قىسىم ھاكىمىيەت، سىياسىي كېڭەش

**I باب فېئودال خانىدانلىقلار دەۋرىدىكى ھاكىمىيەت ۋە يەرلىك ۋاڭلىق ھاكىمىيىتى** ...... 1401
1 § . مەمۇرىي ئاپپاراتلار ۋە ئەمەلدارلىق تۈزۈلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ...... 1401
2 § . شەرقىي جىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئېۋۈرغول ۋاڭى ...... 1414
3 § . يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى ۋە مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇمۇلنىڭ يەرلىك ۋاڭى ...... 1415
4 § . مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇمۇل ياساۋۇلخانىسى ...... 1421
5 § . چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىرى ...... 1428
**II باب ۋىلايەتلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرى** ...... 1441
1 § . مىنگو دەۋرىدىكى ۋىلايەتلىك ئورگانلار ...... 1441
2 § . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ۋىلايەتلىك ئاپپاراتلار ...... 1445
**III باب ناھىيە دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر** ...... 1453
1 § . چىڭ سۇلالىسى دەۋرى ۋە مىنگو داۋرىدىكى ھۆكۈمەت ...... 1453
2 § . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى خەلق ھۆكۈمەتلىرى ...... 1456
3 § . ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى ...... 1456
**IV باب خەلق قۇرۇلتىيى** ...... 1459
1 § . ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتى ...... 1459
2 § . ناھىيىلىك، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ...... 1463
**V باب خەلق سىياسىي كېڭىشى** ...... 1465
1 § . ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتى ...... 1465
2 § . ناھىيىلىك، شەھەرلىك خەلق سىياسىي كېڭىشى ...... 1468

# يىگىرمە بىرىنچى قىسىم ئاممىۋى تەشكىلاتلار


I باب ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر تەشكىلاتلىرى ...... 1473

§ 1 . ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كېڭىشى، نازارەتچىلىك ھەيئىتى ...... 1473

§ 2 . باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ...... 1473

I باب ياشلار تەشكىلاتى ...... 1479

§ 1 . دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ قۇمۇل پائالىيەت گۇرۇپپىسى ...... 1479

§ 2 . كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ...... 1479

III باب ئاياللار تەشكىلاتلىرى ...... 1488

§ 1 . قۇمۇل ناھىيىلىك دېموكراتىك ئاياللار بىرلەشمىسى ...... 1488

§ 2 . قۇمۇل ناھىيىلىك ئاياللار جەمئىيىتى ...... 1489

§ 3 . باركۆل ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ...... 1489

§ 4 . قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ...... 1490

IV باب دېھقانلار تەشكىلاتلىرى ...... 1496

§ 1 . دېھقانلار ئۇيۇشمىسى ...... 1496

§ 2 . دېھقانلار جەمئىيىتى ...... 1496

§ 3 . كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتى ...... 1497

V باب سودا ـ سانائەتچىلەر تەشكىلاتى ...... 1498

§ 1 . سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى، سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ...... 1498

§ 2 . ۋىلايەتلىك ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى ...... 1499

§ 3 . ۋىلايەتلىك يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتى ...... 1500

VI باب مەدەنىيەت تەشكىلاتلىرى ...... 1501

§ 1 . ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى ...... 1501

§ 2 . قۇمۇل ۋىلايەتلىك پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشمىسى ...... 1503

§ 3 . قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىجتىمائىي پەنلەر ئىلمىي جەمئىيىتى ...... 1503

§ 4 . قۇمۇل ۋىلايەتلىك پەن ـ تەخنىكا جەمئىيىتى ...... 1504

§ 5 . قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ...... 1506

VII باب سىياسىي تەشكىلاتلار ...... 1507

§ 1 . شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ قۇمۇل شۆبىسى ...... 1507

§ 2 . ئاۋانگارتلار جەمئىيىتىنىڭ باركۆل، قۇمۇل ناھىيىلىك ياچېيكىلىرى ...... 1508

§ 3 . شىنجاڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئاممىۋى بىرلەشمىسىنىڭ قۇمۇل بىۋاسىتە قاراشلىق

8 ـ شۆبىسى ...... 1511

VIII باب باشقا ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ...... 1512

§ 1 . يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى ...... 1512

§ 2 . قۇمۇل ئاشلىق توپلاش، قەھەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش كومىتېتى ...... 1513

§ 3 . خۇاگيو ھەربىي مەكتىپى ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇمۇل ئالاقە گۇرۇپپىسى ...1513

4 § . قۇمۇل ۋىلايەتلىك ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى ........ 1513

5 § . قۇمۇل شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى ........ 1514

6 § . قۇمۇل ۋىلايەتلىك مېيىپلار بىرلەشمىسى ........ 1514


## يىگىرمە ئىككىنچى قىسىم خەلق ئىشلىرى ئەمگەك، كادىرلار ئىشلىرى


I باب خەلق ئىشلىرى ........ 1517

1 § . ئاپپاراتلار ........ 1517

2 § . نەپىقە ........ 1518

3 § . ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش ........ 1524

4 § . ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ........ 1526

5 § . ئىجتىمائىي ئورۇنلاشتۇرۇش ........ 1529

6 § . ئىجتىمائىي ياردەم ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ........ 1537

7 § . نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش ........ 1543

8 § . نىكاھلانغانلارنى تىزىملاش ........ 1547

9 § . دەپنە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ........ 1548

II باب ئەمگەك ........ 1549

1 § . ئىشچى، خىزمەتچىلەر قوشۇنى ........ 1549

2 § . ئەمگەك مائاش ........ 1553

3 § . ئەمگەك مۇھاپىزىتى پاراۋانلىق ........ 1560

4 § . دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىقىش ........ 1564

III باب كادىرلار ئىشلىرى ........ 1567

1 § . شتات باشقۇرۇش ........ 1567

2 § . كادىرلار قوشۇنى ........ 1568

3 § . كادىرلارنى باشقۇرۇش ........ 1571

4 § . ئۇنۋان باھالاپ تەكلىپ قىلىش ........ 1573


## يىگىرمە ئۈچىنچى قىسىم تاشقى ئىشلار، مۇھاجىرلار ئىشلىرى، تەيۋەنگە قارىتىلغان خىزمەت


I باب تاشقى ئىشلار ........ 1579

1 § . جۇڭگو - موڭغۇلىيە چېگرىسىنىڭ قۇمۇل بۆلىكى ........ 1579

2 § . پاكىستاننىڭ تاشيول قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش ........ 1582

3 § . تاشقى تاشۇىقات ........ 1583

II باب مۇھاجىرلار خىزمىتى ........ 1583

1 § . قازاق مۇھاجىرلارنىڭ تارقىلىشى ........ 1583

2 § . ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ...... 1585
3 § . مۇھاجىرلار ئەۋەتكەن ئىقتىساد ...... 1586
II باب تەيۋەنگە قارىتىلغان خىزمەت ...... 1587
1 § . تەيۋەنلىك قېرىنداشلار، تەيۋەنلىكلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا قارىتىلغان سىياسەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ...... 1587
2 § . تەيۋەنلىكلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش ...... 1588
3 § . تەيۋەنگە قارىتىلغان تاشۋىقات ...... 1589

## يىگىرمە تۆتىنچى قىسىم جامائەت خەۋپسىزلىكى ۋە ئەدلىيە خىزمىتى

I باب جامائەت خەۋپسىزلىكى ...... 1593
1 § . ئاپپاراتلار ...... 1593
2 § . جەمئىيەت ئامانلىقى ...... 1595
3 § . نوپۇس باشقۇرۇش ...... 1601
4 § . قاتناش باشقۇرۇش ...... 1602
5 § . ئوت ئۆچۈرۈشنى باشقۇرۇش ...... 1603
6 § . تۈرمە خىزمىتى ...... 1604
7 § . چېگرا باشقۇرۇش ...... 1605
8 § . ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەشنى باشقۇرۇش ...... 1606
I باب تەپتىش ...... 1610
1 § . ئاپپاراتلار ...... 1610
2 § . جىنايى ئىشلار تەپتىشلىكى ...... 1611
3 § . ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ...... 1615
4 § . قانۇن ـ ئىنتىزام تەپتىشلىكى ...... 1618
5 § . تۈرمە تەپتىشلىكى ...... 1619
6 § . ئەرز، دەۋا تەپتىشلىكى ...... 1622
III باب سوت ...... 1624
1 § . ئاپپاراتلار ...... 1624
2 § . جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى سوت قىلىش ...... 1625
3 § . ھەق تەلەپ دېلولىرىنى سوتلاش ...... 1627
4 § . ئىقتىسادىي دېلولارنى سوتلاش ...... 1629
5 § . دېلولارنى قايتا تەكشۈرۈش ...... 1630
IV باب ئەدلىيە مەمۇرىيىتى ...... 1631
1 § . ئاپپاراتلار ...... 1631
2 § . قانۇن ـ تۈزۈم تەشۋىقاتى ...... 1632
3 § . ئادۋوكاتلىق ئىشلىرى ...... 1634
4 § . جامائەت گۇۋاھلىقى ...... 1635

§ 5 . ھەق تەلەپ مۇرەسسەلىكى ............ 1636

# يىگىرمە بەشىنچى قىسىم ھەربىي ئىشلار

I **باب ھەربىي ئاپپاراتلار** ............ 1641
§ 1 . چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاپپاراتلار ............ 1641
§ 2 . مىنگو دەۋرىدىكى ئاپپاراتلار ............ 1644
§ 3 . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ھەربىي ئاپپاراتلار ............ 1647
II **باب ئەسكەر تۇرغۇزۇش ئەھۋالى** ............ 1652
§ 1 . چىڭ سۇلالىسىدىن ئىلگىرىكى ئەسكەر تۇرغۇزۇش ............ 1652
§ 2 .چىڭ سۇلالىسى داۋرىدە ئەسكەر تۇرغۇزۇش ............ 1653
§ 3 . مىنگو دەۋرىدە ئەسكەر تۇرغۇزۇش ............ 1655
§ 4 . قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق سوۋېت ئارمىيىسى ............ 1661
§ 5 . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى قوشۇن تۇرغۇزۇش ئەھۋالى ............ 1664
III **باب مۇداپىئە مۇئەسسەسەلىرى** ............ 1666
§ 1 . تۇرالار ............ 1666
§ 2 . ئۆتەڭلەر ............ 1669
§ 3 . ھەربىي رابات، بارگاھ، قاراۋۇلخانىلار ............ 1676
§ 4 . ئۆتكەللەر ۋە داۋان ............ 1677
§ 5 . ھەربىي قەلئە ............ 1682
IV **باب ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش** ............ 1685
§ 1 . ئەسكەرلىككە ئېلىش، ئەسكەرلىككە تونۇش ............ 1685
§ 2 . پىدائىي ئەسكەرلەر، ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەيدىغان ئەسكەرلەر ۋە زاپاس ئەسكەرلەر ............ 1685
V **باب خەلق ئەسكەرلىرى** ............ 1688
§ 1 . تەشكىلىي قۇرۇلۇش ............ 1688
§ 2 . تەلىم – تەربىيە، مەشىق، قورال – ياراغ باشقۇرۇش ............ 1691
§ 3 . مۇھىم پائالىيەتلەر خاتىرىسى ............ 1694
VI **باب خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى، ئارمىيە – خەلق بىرلەشمە مۇداپىئەسى** ............ 1697
§ 1 . ئاپپاراتلار ............ 1697
§ 2 . خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى ............ 1698
§ 3 . ئارمىيە – خەلق بىرلەشمە مۇداپىئەسى ............ 1699
VII **باب مۇھىم ھەربىي ئىشلار خاتىرىسى** ............ 1700
§ 1 . خەن سۇلالىسىدىكى ئۇرۇشلار ............ 1700
§ 2 . ۋېي، جىن، جەنۇب – شىمال سۇلالىلەر دەۋرىدىكى ئۇرۇشلار ............ 1702
§ 3 . سۈي، تاڭ، سۇڭ، يۈەن سۇلالىرى دەۋرىدىكى ئۇرۇشلار ............ 1702
§ 4 . مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇرۇشلار ............ 1703

§ 5. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇرۇشلار ........ 1706
§ 6. مىنگو دەۋرىدىكى ئۇرۇشلار ........ 1715
§ 7. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئۇرۇشلار ........ 1730

## يىگىرمە ئالتىنچى قىسىم مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى

**مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى** ........ 1747
I باب قۇمۇل ۋاڭى ........ 1749

**I باب مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئارمىيە بىلەن خەلق ئىتتىپاقلىقى** ........ 1753
§ 1. مىللەتلەرنىڭ چوڭقۇر دوستلۇقى ........ 1754
§ 2. ئارمىيە بىلەن خەلق بىر ئائىلە ........ 1764
**II باب ئۆزئارا ياردەم بېرىش، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خوشاللىق دەپ بىلىش** ........ 1772
§ 1. باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خوشاللىق دەپ بىلىش ........ 1772
§ 2. پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەش ........ 1776
§ 3. ئاخىرقى ئۆمرىنى خەلققە بېغىشلاش ........ 1779
**IV باب مۇنەۋۋەر ئۆسمۈرلەر، «بەشتە ياخشى» ئائىلىلەر** ........ 1782
§ 1. مۇنەۋۋەر پىشۋالار ........ 1782
§ 2. ئىناق ــ ئىللىق «بەشتە ياخشى» ئائىلىلەر ........ 1786
**V باب ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش ــ خالقنى سۆيۈش، ئارمىيە ــ خەلق ئورتاق بەرپا قىلىش** ........ 1789
§ 1. ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش ــ خەلقنى سۆيۈش ........ 1789
§ 2. ئارمىيە ــ خەلق ئورتاق بەرپا قىلىش ........ 1792
**VI باب ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر** ........ 1794

## يىگىرمە يەتتىنچى قىسىم مائارىپ

**I باب مەمۇرىي ئاپپاراتلار** ........ 1837
§ 1. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاپپاراتلار ........ 1837
§ 2. مىنگو مەزگىلىدىكى ئاپپاراتلار ........ 1837
§ 3. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئاپپاراتلار ........ 1837
**II باب ھەقسىز مەكتەپ، بىلىم يۇرتى، كونىچە مەكتەپ** ........ 1839
§ 1. ھەقسىز مەكتەپ ........ 1839
§ 2. بىلىم يۇرتى ........ 1840
§ 3. كونىچە مەكتەپ ........ 1842

§ 4 . دىنىي مەكتەپلەر ........ 1843

III باب ئادەتتىكى مائارىپ ........ 1845
§ 1 . ئوقۇش يېشىغا توشمىغان بالىلار مائارىپى ........ 1845
§ 2 . باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى ........ 1848
§ 3 . ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى ........ 1859
IV باب مەخسۇس كەسىپ، كەسپىي تېخنىكا مائارىپى ........ 1870
§ 1 . پېداگوگىكا مائارىپى ........ 1870
§ 2 . ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مائارىپ ........ 1873
§ 3 . كەسپىي تېخنىكا مائارىپى ........ 1878
V باب چوڭلار مائارىپى ........ 1881
§ 1 . ئىشچى – خىزمەتچىلەر مەدەنىيەت مائارىپى ........ 1882
§ 2 . دېھقان – چارۋىچىلار مەدەنىيەت مائارىپى ........ 1885
§ 3 . چوڭلار ئالىي، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپى ........ 1889
VI باب ئوقۇتقۇچىلار، خىراجەت، مۇئەسسەسە ........ 1891
§ 1 . ئوقۇتقۇچىلار ........ 1891
§ 2 . مائارىپ خىراجىتى ........ 1895
§ 3 . مەكتەپ ئۆي – ئىمارەتلىرى، مۇئەسسەسەلەر ........ 1899
VII باب ئىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش ........ 1902
VIII باب ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش، يەتكۈزۈپ بېرىش ........ 1904

## يىگىرمە سەككىزىنچى قىسىم پەن – تېخنىكا

I باب ئاپپارات ۋە قوشۇنى ........ 1911
§ 1 . باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى ........ 1911
§ 2 . پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى ........ 1912
§ 3 . پەن – تېخنىكا قوشۇنى ........ 1916
I باب پەن – تېخنىكىنى باشقۇرۇش ........ 1925
§ 1 . پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتى ........ 1925
§ 2 . پەن تەتقىقات خىراجىتى ........ 1926
§ 3 . پەن تەتقىقات پىلانىنى باشقۇرۇش ........ 1927
III باب پەن – تېخنىك نەتىجىلىرى ........ 1928
IV باب پەننى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتى ........ 1969
§ 1 . پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقاتى ........ 1969
§ 2 . ئىلىم ئالماشتۇرۇش ........ 1971
§ 3 . تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش ........ 1972

# يىگىرمە توققۇزىنچى قىسىم مەدەنىيەت


**مەدەنىيەت** ...... 1977

I باب ئاپپارات ۋە مۇئەسسەسە ...... 1978

§ 1 . باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى ...... 1978

§ 2 . ئاممىۋى مادەنىيەت ئاپپاراتلىرى ۋە مۇئەسسەسەلىرى ...... 1979

§ 3 . ئويۇن قويۇش تەشكىلاتلىرى ...... 1985

**I باب ئەنئەنىۋى سەنئەت** ...... 1991

§ 1 . ئۇيغۇر خەلق سەنئىتى — مەشرەپ ...... 1991

§ 2 . قازاقلارنىڭ ئاقىنلار ئېيتىشىشى ۋە ئۇسسۇلى ...... 1995

§ 3 . خەنزۇلارنىڭ چاڭچىلە تىياتىر گۇرۇپپىلىرى، ياڭگېر ئويۇنى، كوچا ئويۇنى، بوتخانا سەيلىسى ...... 1997

§ 4 . شىنجاڭ ناخشا ـ غەزەل ئويۇنى ...... 2002

**I باب خەلق ھۈنەر ـ سەنئىتى** ...... 2003

§ 1 . ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ھۈنەر ـ سەنئىتى ...... 2003

§ 2 . قازاقلارنىڭ ئەل ئارا ھۈنەر ـ سەنئىتى ...... 2006

**IV باب ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويۇنلىرى** ...... 2007

§ 1 . ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەشكىلاتلىرىنىڭ ئويۇنلىرى ...... 2007

§ 2 . كۆرۈك ...... 2013

**V باب كۆرگەزمە، كىنو، كىتابلار** ...... 2015

§ 1 . كۆرگەزمە ...... 2015

§ 2 . كىنو فىلىم قويۇش ...... 2016

§ 3 . كىتاب ...... 2019

**VI باب خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئىتى** ...... 2022

§ 1 . ئېۋىرغول نەغمىسى ...... 2022

§ 2 . قومۇل مۇقاملىرى ...... 2024

§ 3 . قازاق ئەلنەغمىلىرى ۋە چالغۇلىرى ...... 2028

§ 4 . قومۇل خەلق ناخشىلىرى ...... 2029

§ 5 . خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە قەدىمكى ئەسەرلەرنى توپلاش، رەتلەش ...... 2031

**VII باب ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى** ...... 2032

§ 1 . ئەدەبىي ئىجادىيەت ...... 2033

§ 2 . گۈزەل سەنئەت، فوتو ـ سۈرەت، خەتتاتلىق ...... 2038

§ 3 . كۇرس، قەلەمكەشلەر يىغىلىشى، رەسىم كۆرگەزمىسى ...... 2042

**VIII باب ئارخىپ، تەزكىرە** ...... 2044

§ 1 . ئارخىپ ...... 2044

§ 2 . تارىخ، تەزكىرە خىزمىتى ...... 2048

IX باب رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ........................ 2053
§ 1 . باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى ........................ 2053
§ 2 . سىملىق رادىئو ........................ 2054
§ 3 . سىمسىز رادىئو ........................ 2061
§ 4 . تېلېۋىزىيە ........................ 2064
X باب گېزىت ـ ژۇرنال ........................ 2073
§ 1 . گېزىت ........................ 2073
§ 2 . ژۇرناللار ........................ 2079

## ئوتتۇزىنچى قىسىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، مەنزىرىلىك جايلار

I باب مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ........................ 2083
§ 1 . ئاپپاراتلار ........................ 2083
§ 2 . قەدىمكى خارابىلىكلەر ........................ 2085
§ 3 . مازار ۋە قەبرىستانلىقلار ........................ 2090
§ 4 . قەدىمكى مەسچىت ۋە ئىبادەتخانىلار ........................ 2096
§ 5 . ئىبادەتخانا، يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى سارىيى ........................ 2097
§ 6 . قىياتاش رەسىملىرى، بالبال، تاش ئۆيلەر ........................ 2099
§ 7 . مەڭگۈ تاشلار ........................ 2102
§ 8 . مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ........................ 2123
§ 9 . ئوقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرى ........................ 2124
I باب سەيلە ـ ساياھەت، مەنزىرىلىك جايلار ........................ 2130
§ 1 . سەيلە ـ ساياھەتنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى، سەيلە ـ ساياھەت مۇلازىمىتى ........................ 2130
§ 2 . تاغ ـ دەريالار مەنزىرىسى ........................ 2134
§ 3 . قەھرىمانلار قەبرىستانلىقى خاتىرە ئورنى ........................ 2150

## ئوتتۇز بىرىنچى قىسىم سەھىيە، تەنتەربىيە

I باب سەھىيە ........................ 2157
§ 1 . ئاپپاراتلار ........................ 2159
§ 2 . تېببىي داۋالاش قوشۇنى ........................ 2166
§ 3 . داۋالاش تۈزۈمى ........................ 2169
§ 4 . يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش ........................ 2171
§ 5 . يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش ........................ 2176
§ 6 . ئانا ـ بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ........................ 2179
§ 77 . تازىلىق، ساقلىق ساقلاش، يۇقۇمدىن ساقلىنىش ........................ 2187

8 § . ئاممۋى تازىلىق............................................ 2191
9 § . دورىگەرلىك ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ............................................ 2194
10 § . تىببىي ئىشلارنى باشقۇرۇش ............................................ 2196
I باب تەنتەربىيە ............................................ 2197
1 § . ئاپپاراتلار ............................................ 2197
2 § . مەكتەپ تەنتەربىيىسى............................................ 2198
3 § . ئاممۋى تەنتەربىيە............................................ 2201
4 § . ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنتەربىيىسى ............................................ 2209
5 § . تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرى ............................................ 2219
6 § . تەنتەربىيە ئىختىساس ئىگىلىرى ............................................ 2228
7 § . تەنتەربىيە مۇئەسسەسىلىرى ۋە خىراجىتى ............................................ 2232

## ئوتتۇز ئىككىنچى قىسىم شەخسلەر

I باب شەخسلەر تەرجىمھالى ............................................ 2237
I باب شەخسلەر ............................................ 2310

## تەرمىلەر

I شېئىر، مەسنەۋى، تارىختا خاتىرىلەنمىگەن ئىشلار، رىۋايەتلەردىن تاللانمىلار ... 2359
1) نەسىر ............................................ 2359
2) شېئىرلار ............................................ 2368
3) تارىختا خاتىرىلەنمىگەن ئىشلار ............................................ 2382
خاتىمە ............................................ 2429
ئۇيغۇرچە نەشرىگە ئاخىرقى سۆز............................................ 2434
«قۇمۇل ۋىلايىتى تەزكىرىسى» نى تۈزۈش ـ تەھرىرلەش ئاپپاراتلىرى ۋە تۈزگۈچى خادىملار
............................................ 2436

# ئومۇمىي بايان

# ئۇمۇمىي بايان

(1)

قۇمۇل ۋىلايىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان، شەرقىي مېرىدىئان 91°06′33″ — 96°23′00″ ۋە شىمالىي پاراللېل 40°52′47″ — 45°05′33″ ئارىلىقىدا. شەرقىي، شەرقىي جەنۇبى تەرەپلىرى گەنسۇ ئۆلكىسى جيۇچۈەن ۋىلايىتىنىڭ ئەنشى ناھىيىسى ۋە دۇنخۇاڭ ناھىيىسى بىلەن قوشنا، جەنۇبى تەرىپى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ چاقىلىق ناھىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، غەربى ۋە غەربىي جەنۇبى تەرەپلىرى سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مورى ناھىيىسى ۋە تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ پىچان ناھىيىسى بىلەن قوشنا، شىمالى ۋە شەرقىي شىمالى تەرەپلىرى موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، چېگرا ئۇزۇنلۇقى 586.663 كىلومېتىر. شەرقتىن غەربكە 404 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا 440 كىلومېتىر، يەر مەيدانى 153 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، شىنجاڭ ئۇمۇمىي يەر مەيدانىنىڭ 9% نى ئىگىلەيدۇ. يەر مەيدانى شىنجاڭدا بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن خوتەن ۋىلايىتىدىن قالسىلا 3- ئورۇندا تۇرىدۇ. قۇمۇل شەھىرى، باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى، ئاراتۈرۈك ناھىيىسى قۇمۇل ۋىلايىتىگە بىۋاسىتە قارايدۇ. ۋىلايەت تەۋەسىدە بەش بازار، 37 يېزا، 179 كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى بار. مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ۋىلايەت دائىرىسىدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىدىن قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى، تۇرپان- قۇمۇل نېفىت قىدىرىپ تەكشۈرۈش، ئېچىش قوماندانلىق شتابى، قۇمۇل تۆمۈر يول شۆبە ئىدارىسى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى، يامانسۇ تۆمۈر كانى، ئاراتۈرۈك ھەربىي ئاتچىلىق فېرمىسى قاتارلىقلار بار. ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ئورگىنى قۇمۇل شەھىرىگە جايلاشقان. 28 مىللەت ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، 1990- يىلىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 410 مىڭ 508. بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇلار 65.7% نى، ئۇيغۇرلار 20.7% نى، قازاقلار 9.6% نى، خۇيزۇ ۋە موڭغۇل قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر 4% نى ئىگىلەيدۇ. يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 53.96% نى، غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 46.04% نى ئىگىلەيدۇ، ھەر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە 2.87 ئادەم توغرا كېلىدۇ.

قۇمۇل — تەڭرىتېغىنىڭ ئاخىرقى قىسمىغا جايلاشقان، شەرقىي تەڭرىتاغ تىزمىسى ۋىلايەت زېمىنىنى توغرىسىغا كېسىپ، قۇمۇلنى جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئىككى يېپىق ئويمانلىققا ئايرىپ تۇرىدۇ. تاغنىڭ جەنۇبىدىكى قۇمۇل ئويمانلىقىنىڭ شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس بولۇپ، شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا قاراپ يانتۇلىشىپ بارىدۇ. ئويمانلىقنىڭ شىمالىي تەرىپى يەنى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي تاغ بېغىرى كەلكۈن چۆكۈندە يانتۇ تۈزلەڭلىك؛ شەرقى ۋە غەربى ئېدىرلىق ۋە چۆللۈك، جەنۇبى قۇمتاغ. ئوتتۇرا قىسمى تۈز، مۇنبەت چۆكۈندە تۈزلەڭلىك. تاغنىڭ شىمالىدىكى باركۆل ئويمانلىقى شىمالدىن غەربكە سوزۇلغان، ئويمانلىقنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى تاغ ئارىسى تارىيىپ، ئاراتۈرۈك تۇركۆل ۋە باركۆل كۆلىدىن ئىبارەت ئىككى ئويمانلىق شەكىللەنگەن؛ شىمالىي تەرەپتىكى نوم، ئۈچكۆل (سەنتاڭخۇ) ئەترابلىرى غەربتىن شىمالغا سوزۇلغان بولۇپ، تاغ ئارىسىدىكى يېپىق ئويمانلىقنى شەكىللەندۈرگەن. ۋىلايەتنىڭ ئومۇمىي يەر قىياپىتى ئوتتۇرا قىسمى ئېگىز، جەنۇبى، شىمالى پەس بولۇپ، يەر شەكلى پەرقى چوڭ. قارلىق تاغنىڭ ئاساسىي چوققىسى بولغان تۆمۈرتى دېڭىز يۈزىدىن 4886 مېتىر ئېگىز بولۇپ، ۋىلايەت بويىچە ئېگىز چوققا ھېسابلىنىدۇ. سار

كۆلى دېڭىز يۈزىدىن 53 مېتىر ئېگىز بولۇپ، قۇمۇل بويىچە ئەڭ پەس جاي ھېسابلىنىدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى ئىچىدە تاغلار 4.5% نى، ئېدىرلىقلار 65.5% نى، قۇملۇقلار 1.5% نى، تۈزلەڭلىك، چۆللۈكلەر 27.9% نى، سۇ يۈزى 0.1% نى، يېزا ئىگىلىكى تېرىلغۇ يەر مەيدانى 0.5% نى ئىگىلەيدۇ.

قۇمۇل ــــ ئاسىيا-ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ كىندىكىگە جايلاشقان بولۇپ، دېڭىز-ئوكيانلاردىن يىراق. ھاۋا كىلىماتى تىپىك مۆتىدىل چوڭ قۇرۇقلۇق قۇرغاق ھاۋا كىلىماتىغا تەۋە. ھاۋا كىلىماتىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى: كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن، يىللىق ۋە كۈنلۈك تېمپېراتۇرىسىنىڭ پەرقى چوڭ، قۇرغاق بولۇپ، ھۆل-يېغىن ئاز، سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشى كۈچلۈك، ئەتىياز پەسلىدە بوران كۆپ چىقىدۇ، ياز پەسلىدە پىژغىرىم ئىسسىق، كۈز پەسلىدە سالقىن، قىش پەسلىدە قاتتىق سوغۇق بولىدۇ. ۋىلايەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىنىڭ ھاۋا كىلىماتى پەرقى خېلى چوڭ بولۇپ، تاغنىڭ جەنۇبىدىكى قۇمۇل تۈزلەڭ چۆللۈكى ۋە تاغنىڭ شىمالىدىكى نوم ئويمانلىقىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 10°C ئەتراپىدا بولىدۇ، ھۆل-يېغىن مىقدارى 40 مىللىمېتىرغا يەتمەيدۇ، ≥10°C بولغان يىغىندى تېمپېراتۇرىسى 4000°C تىن يۇقىرى بولۇپ، قىراۋسىز مەزگىلى 180 كۈن. نوم ئويمانلىقى مەملىكەت بويىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى ئەڭ ئاز بولغان رايونلارنىڭ بىرى. تەڭرىتاغ تاغلىق رايونىدىكى باركۆل، ئاراتۈرۈك ساي ئويمانلىقىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 4°C تىن تۆۋەن، ھۆل-يېغىن مىقدارى 100 ــــ 200 مىللىمېتىر بولۇپ، ≥10°C بولغان يىغىندى تېمپېراتۇرىسى 1700°C لا بولۇپ، قىراۋسىز مەزگىلى 110 كۈن ئەتراپىدا. قۇمۇل ۋىلايىتىدە بوران كۆپ چىقىدۇ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي قىسمى بورانلىق رايون بولۇپ، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «جىن-ئالۋاستىلىق جەزىرە»، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «كۆھىقاپ» دەپ ئاتالغان. شىنجاڭدا نامى بار «يۈز چاقىرىملىق بورانلىق» سەنجاپاردا بىر يىلدا سەككىز بالدىن يۇقىرى بورانلىق كۈنلەر 149 كۈن بولۇپ، بوراننىڭ تېزلىكى 37 سېكۇنت / مېتىرغا يېتىدۇ. قۇمۇل ۋىلايىتى كۈن نۇرى، ئىسسىقلىق، شامال ئېنېرگىيىسى مەنبەسى مول بولۇشتەك ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە بولۇپ، يىللىق كۈن نۇرى چۈشۈش ۋاقتى 3170 ~ 3380 سائەتكە يېتىدۇ. شىڭشىڭشيادا يىللىق كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى 3500 سائەت بولۇپ، «كۈن نۇرى بوغۇزى» دېگەن نامى بار. قۇمۇل رايونى تەبىئىي ئاپەتلەر كۆپ يۈز بېرىدىغان رايونغا تەۋە بولۇپ، قۇرغاقچىلىق، بوران، قۇرغاق ئىسسىق شامال، قىراۋ چۈشۈشكە ئوخشاش ئاپەت خاراكتېرلىك ھاۋارايى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا پايدىسىز.

قۇمۇل رايونىنىڭ بايلىق مەنبەسى مول، بولۇپمۇ يەر ئاستى بايلىقى، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈشنى ئەۋزەل شارائىتلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

قۇمۇل رايونىدا پايدىلىنىشقا بولىدىغان سۇ بايلىق مەنبەسى بىر مىليارد 696 مىليون كۇب مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە يەر ئۈستى سۈيى 876 مىليون كۇب مېتىر، پايدىلىنىشقا بولىدىغان يەر ئاستى سۇ مىقدارى 820 مىليون كۇب مېتىر. چوڭ-كىچىك تاغ جىلغىلىرىدىن (ئىچكى قۇرۇقلۇق كىچىك ئېقىن) 140 تىن كۆپرەكى بار. پەسىل خاراكتېرلىك ئىچكى قۇرۇقلۇق ئېقىنلىرى تاغلىق رايونلاردىكى ھۆل-يېغىن مىقدارى ۋە قار-مۇزلارنىڭ ئېرىشىدىن ھاسىل بولغان سۇ مەنبەسىنى تولۇقلاپ تۇرىدۇ. 226 مۇزلۇق ئاساسلىقى قارلىق تاغ ۋە باركۆل تاغلىرىغا جايلاشقان، ئۇلارنىڭ كۆلىمى 180.9 كۋادرات كىلومېتىر، سۇغا سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا زاپاس سۇ مىقدارى ئالتە مىليارد 500 مىليون كۇب مېتىر، يىللىق سۇ تەڭشەش مىقدارى 80 مىليون كۇب مېتىر، مۇزلۇقلار ۋىلايەت تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستى سۈيىنى تولۇقلايدۇ، سۇ ئېنېرگىيىسى زاپىسى 116 مىڭ كىلوۋات.

قۇمۇل رايونىنىڭ تۇپرىقىنى 13 تۈرگە، 31 كەنجى تۈرگە، 39 تۇپراق ئۇرۇقدىشىغا ئايرىشقا بولىدۇ. دېھقانچىلىققا باب كېلىدىغان يەر 3 مىليون 190 مىڭ مو، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزلەشتۈرۈلگەن تېرىلغۇ يېرى 1 مىليون 170 مىڭ مو. ئوتلاق كۆلىمى 62 مىليون 904 مىڭ مو، پايدىلىنىۋاتقان ئوتلاق كۆلىمى 58 مىليون 509 مىڭ مو. ئورمان كۆلىمى 4 مىليون 500 مىڭ مو، بۇنىڭ ئىچىدە چاتقاللىق 3 مىليون 59 مىڭ 200 مو، تاغلىق رايوندىكى يىڭنە يوپۇرماقلىق

ئورمان 644 مىڭ 800 مو، باشقا ئورمان كۆلىمى 800 مىڭ مو؛ ئورمان زاپىسى 6 مىليون 960 مىڭ كۇب مېتىر .

قۇمۇلنىڭ يېرى كەڭ، تۇپرىقى مۇنبەت، مەھسۇلاتلىرى مول، ئاساسلىق زىرائەتلەر بۇغداي، ئارپا، يالىڭاچ ئارپا، كۆممىقوناق، قوناق، پاختا، پىياز، ياڭيۇ، ئۈزۈم، ئالما، ئامۇت، ئۆرۈك، شاپتۇل، چىلان، قوغۇن، تاۋۇز قاتارلىقلار ۋە ھەر خىل كۆكتاتلار بار. بولۇپمۇ قوغۇنى ۋە چىلىنى جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە داڭلىق. ئاساسلىق چارۋا تۈرلىرىدىن كالا، قوي، ئۆچكە، ئات، تۆگە قاتارلىقلار بار، بولۇپمۇ باركۆل ئېتى بىلەن ئاراتۈرۈك ئېتى داڭلىق. دەرەخ تۈرلىرىدىن ئاساسلىقى بال قارىغاي، شەمشاد، توغراق، ئاق تېرەك، سۆكسۆك، يۇلغۇن، قارىياغاچ، تال، جىگدە قاتارلىقلار بار. تاغلىق رايون چۆللۈكىدە ماكانلاشقان يىلپىز، ئۆلار، ئاققۇ، بۇغا، قۇلان، جەرەن، ياۋا چوشقا، ياۋا تۆگە قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار. ۋىلايەتنىڭ كۆپ جايلىرىدا سوغىكۆل، قانتېپەر، پەرىۇن، قار لەيلىسى، چاكاندا، چۈچۈكبۇيا قاتارلىق جۇڭگو تىبابىتى ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرى ئۆسىدۇ. بۇلارنىڭ تۈرى تەخمىنەن 150 خىل، بۇنىڭ ئىچىدە چاكاندا ئەڭ كۆپ بولۇپ، كۆلىمى 250 مىڭ موغا، زاپىسى تەخمىنەن 80 مىڭ تونناغا يېتىدۇ. ۋىلايەت تەۋەسىدە 1018 ئورۇندا ھەر خىل قېزىلما بايلىق بارلىقى بايقالدى، بۇنىڭ ئىچىدە كۆمۈر، تۆمۈر، مىس، نىكېل، مانگان، ئالتۇن، كۈمۈش، ۋولفرام، تىتان، بارىي، ھاك تېشى، سۈرمە تاش، كۆل تۇزى، شور، ياقۇت ۋە قاشتېشى ھەم تاش ماتېرىياللىرى، گاز قاتارلىقلار بار بولۇپ، ئېچىش ئىستىقبالى ئىنتايىن كەڭ.

قۇمۇل زېمىنىدا ئالاھىدە تەبىئىي ۋە ئانتروپولوگىيىلىك لاندشافت ھەم ئالاھىدە ساياھەت بايلىقى بار. ئاراتام، باغداش، ئاقتاش، ياداڭلىق ۋە سومۇشتان، باركۆلدىكى سەككىز مەنزىرىلىك جاي قاتارلىق تەبىئىي مەنزىرىلىك جايلار بار؛ قۇمۇل ۋاڭلىرى قەبرىستانلىقى، قەيس غوجام مازىرى، شەنشى مەسچىتى، لاپچۇق قەدىمىي شەھىرى، قارادۆۋەدىكى 3000 يىل ئىلگىرىكى قەدىمىي قەبرىستانلىق، تەيزاڭ بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىلىكى، تاشۆيلۈكتىكى قىيا تاش سىزمىلىرى ۋە نۇر ئاخۇن گۈمبىزى، خۇەنسەيگۇ تاش ئابىدىسى، تەڭرىتاغ بۇتخانا خارابىسى، جاڭ شىگېن ئابىدىسى، نەنۋەن قەدىمىي قەبرىستانلىقى، داخې تاڭ قەلئەسى، تۇرالار، رېن شاڭ ئابىدىسى، پېي لىڭ ئابىدىسى، لەنجۇ ۋەنزى تاش جىلغا خارابىلىكى، نوم كارساڭ ئۇيغۇر خارابىلىكى، تېرىنكىر غەربىي ئەۋلىيا قەبرىسى، باي قەدىمىي شەھىرى، ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى، غەربىي يۈرۈش ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرگەنلىك خاتىرە باغچىسى، قۇمۇل شەھىرى خەلق باغچىسى قاتارلىق ئانتروپولوگىيىلىك ساياھەت جايلىرى بار. بولۇپمۇ ئۇيغۇر، قازاقلارنىڭ مىللىي ئۆرپ- ئادەتلىرى ساياھەتچىلەرنى تۈزىگە كۈچلۈك جەلپ قىلىدۇ.

(2)

قۇمۇلنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. ئۇ، چېگرا قوغداشتا ئىستراتېگىيىلىك جاي بولۇپلا قالماستىن، يەنە شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن ئالاقىلىشىشىدىكى قاتناش تۈگۈنى، «يىپەك يولى» دىكى مۇھىم ئۆتەڭ. «غەربىي يۇرتنىڭ بوغۇزى ـــ جىيا يۈگۈەننىڭ ئاچقۇچى» دېگەن نامىمۇ بار. قۇمۇل يەنە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىكى مۇھىم بازا، كۆپ خىل مەدەنىيەتلەرنى ئالماشتۇرۇش، بىرلەشتۈرۈش، تارقىتىش يولى بولۇپ، قەدىمدە بىر مەزگىل ئەڭ ئېچىۋېتىلگەن رايونلارنىڭ بىرى بولدى. تارىختا نەزەر سالساق، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەر كۈچىيىپ، غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىشتا ئالدى بىلەن قۇمۇل ۋە باركۆل ياپلىقىنى بازا قىلىپ، ئاندىن غەربىي يۇرتقا يۈرۈش قىلدى. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ بىنشى 2- يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 72- يىلى) ئۇيسۇنلار بىلەن بىرلىشىپ ھونلارغا ھۇجۇم قىلغاندىن تارتىپ شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇەنجيا ئۈنجى يىلىغىچە (151- يىلى) باركۆل ياپلىقىدا بەش قېتىم ئۇرۇش بولدى؛ شەرقىي خەن سۇلالىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى يىلىدىن (76- يىلى) شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىلىغىچە قۇمۇل خەن سۇلالىسى بىلەن ھونلار ئوتتۇرىسىدا

يۈز بەرگەن شىددەتلىك ئۆزگىرىشلەردە مۇھىم ھەربىي جاي بولۇپ قالدى، تارىختا ئاتالغان «ئۈچ قېتىم باردى- كەلدى قىلىش، ئۈچ قېتىم ئۈزۈلۈپ قېلىش» ۋەقەسى دەل مۇشۇ جايدا يۈز بەردى؛ غەربىي يۇرت ۋەزىيىتىدىكى ئۆزگىرىش قۇمۇلنىڭ قولغا كىرگۈزۈلۈشى ۋە قولدىن كېتىشىگە باغلىق بولۇپ قالدى. خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرت بىلەن بېرىش- كېلىشى باشلانغاندىن كېيىن، قۇمۇل ئەسكەر تۇرغۇزۇپ تېرىقچىلىق قىلىدىغان مۇھىم جايغا ئايلاندى.

شىمالىي ۋېي سۇلالىسى مەزگىلىدە، ئاۋارلار بىلەن قاڭقىل قەبىلىسى ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇن مەزگىل بارىكۆل يايلىقىنى تالىشىش ئۇرۇشى بولدى. سۈي، تاڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە، قۇمۇل قاتارلىق جايلارنىڭ ۋەزىيىتى مۇقىم بولدى، پۈتكۈل غەربىي يۇرتتىمۇ «ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى، تارتۇق بەگلىرى، سودىگەرلەر، يولۇچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ» غان ئاۋاتچىلىق بارلىققا كەلدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ «ئۆگلۈك- سۆيگۈن توپىلىڭى» دىن كېيىن، يەنى 8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 9 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە تۈبۈتلەر قۇمۇلنى بېسىۋالدى. ئۇيغۇرلارنىڭ سابىق ئاتامانى يۇن گاۋاگېنىڭ قۇمۇلنى قايتۇرۇۋېلىش جېڭىدە ئۇز جېنىنى پىدا قىلدى. كېيىن جاڭ يىچاۋ قۇمۇلنى قايتۇرۇۋالدى. يۇەن سۇلالىسىنىڭ جىيۇەن 9- يىلى (1272- يىلى) دىن كېيىن، غەربىي يۇرتنىڭ موڭغۇل ۋاڭ جەمەتىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىدىن قايدۇ، دۇۋالار تىل بىرىكتۈرۈپ، قۇبلايغا قارشى توپىلاڭ قوزغاپ، قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىغا ئېغىر بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرگەچكە، نۇرغۇن كىشىلەر ئىچكىرىگە قېچىپ كەتتى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ خۇڭۋۇ 24 - يىلى (1391- يىلى) مىڭ سۇلالىسىنىڭ لەشكەرلىرى قۇمۇل شەھىرىنى ئىشغال قىلغان؛ مىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭلې 4- يىلى (1406- يىلى) قۇمۇل ياساۋۇلخانىسى تەسىس قىلىنىپ، قۇمۇل غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ تارتۇق بەگلىرى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەرگە تىجارەتكە ماڭغان سودىگەرلەرنىڭ ئۆتىدىغان بىردىنبىر يولى بولۇپ، ئۇلار مەكتۇپ، خەت- چەكلەرنى قۇمۇلدا خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلدۇراتتى، ئىچكىرىگە كىرىش رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەيتتى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ تيەنشۇن 1- يىلى (1457- يىلى) قۇمۇل ئۇزۇن مەزگىل ۋاڭسىز قالدى، شىمالدىكى ئويرات قەبىلىسىنىڭ باشلىقى جاسىلىن لەشكەر باشلاپ كېلىپ قۇمۇلنى ئىشغال قىلىۋالدى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېڭخۇا 9- يىلىدىن (1473- يىلى) خۇڭجى 9- يىلىغىچە (1496- يىلى) تۇرپاننىڭ باش ھەربىي ۋالىيسى ئېلى ۋە تۇرپان سۇلتانى ئەھمەتلەر لەشكەر تارتىپ قۇمۇل شەھىرىگە 4 قېتىم ھۇجۇم قىلىپ، ئىشغال قىلىۋالدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 35- يىلىدىن چيەنلۇڭ 20- يىلىغىچە (1696 ~ 1755- يىلىغىچە) جۇڭغار قەبىلىلىرىنىڭ قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرى ۋە چوڭ- كىچىك غوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتىش، شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئۇلۇغ سانغۇنلارنى چوڭ قوشۇننى باشلاپ قۇمۇل ۋە بارىكۆلنى ساقلاشقا كۆپ قېتىم ئەۋەتتى، قۇمۇل ۋە بارىكۆل چىڭ ئوردىسىنىڭ ھەربىي قورغانى ۋە ئارقا سەپ بازىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاشلىق تۇپلاش، لەشكەرلەرگە تەمىنات يەتكۈزۈپ بېرىشتە مۇھىم ئورۇن بولدى. تۇڭجى 13- يىلى (1874- يىلى) ھەربىي ۋالىي زو زۇڭتاڭ ياقۇپبەگ تاجاۋۇزچى قوشۇننى يوقىتىشتا بارىكۆلنى يەنىلا ھەربىي پونكىت ۋە ئوزۇق- تۈلۈك پونكىتى قىلدى؛ گۇاڭشۈ 6- يىلى (1880- يىلى) سەنشى، گەنسۇنىڭ باش ۋالىيسى زو زۇڭتاڭ چوڭ بارگاھنى قۇمۇلغا كۆچۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ يەر شىنجاڭنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى سىياسىي، ھەربىي مەركىزى بولۇپ قالدى. تاغنىڭ شىمالىدىكى بارىكۆلدىن «شەرق تەرەپكە ماڭسا كۆكخوت شەھىرىگە، شىمال تەرەپكە ماڭسا ئۇلاستايغا، غەرب تەرەپكە ماڭسا گۇچۇڭ، قوبدۇغا بارغىلى بولاتتى. ھەر تەرەپتىن كەلگەن سودىگەرلەر بۇ يەرگە توپلىشىپ، سودا- سېتىق ئاۋاتلاشتى. ئەگرىتاغنىڭ شىمالىدىكى يولمۇ چوڭ يول» غا ئايلاندى. مىنگو دەۋرىدە، ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەيلەر شىنجاڭدا ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغاندا ۋە گومىنداڭ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، بارىكۆل ۋە قۇمۇلدا زور قوشۇن تۇرغۇزدى ۋە ئۇرۇش ئۈزۈلمىدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا

قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، قۇمۇل سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا ياردەم بەرگەن ھەربىي ئەشيالارنى يۆتكەيدىغان مۇھىم بېكەت بولدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950- يىلى 3- ئايدا ئوسمان، جانىمقان، يولۋاس قاتارلىق باندىت باشلىقلىرى ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق سابىق مۇئاۋىن كونسۇلى ماكنانىنىڭ قۇترىتىشى بىلەن «قۇمۇل بىلەن ئىچكىرىنىڭ ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، كوممۇنىستىك پارتىيە قۇرغان ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلايلى» دەپ غالجىرلارچە چۇقان سېلىپ، بارىكۆل ياylىقىدا ج ك پ ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قارشى قوراللىق توپىلاڭ قوزغىدى. شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تەرتىپىنى مۇقىملاشتۇرۇش، چېگرادىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە مال- مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 6- جۇن 16- شىنىڭ ئاساسىي كۈچى بارىكۆل ۋە ئاراتۇرۇككە بېرىپ، باندىتلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتتى. قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ھەر مىللەت خەلقى تەشكىللىنىپ، بەس- بەس بىلەن يول باشلاپ، ئات- ئۇلاغ ئىئانە قىلىپ، ئاشلىق، يەم- خەشەك بېرىپ، يارىدارلارنى توشۇشۇپ، باندىت تازىلاشقا ياردەم بەردى.

قۇمۇل قاتناش تۈگۈنى. لەنجۇ- شىنجاڭ تاشيولىنى غول لىنىيە قىلغان تاشيول تورى قۇمۇل ئارقىلىق تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىنى تۇتاشتۇرىدۇ. 1959- يىلى تۆمۈر يول قاتنىشى باشلانغاندىن كېيىن، قۇمۇلدا تۆمۈر يول بىلەن تاشيولدىن ئىبارەت قوش لىنىيىلىك قاتناش ئەندىزىسى شەكىللەندى. 1990- يىلى ئاسىيا- ياۋروپا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن، شىنجاڭ قۇمۇل ئارقىلىق شەرق تەرەپتىكى ۋەتىنىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرى بىلەن، غەربى تەرەپتە ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا، ياۋروپادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر بىلەن بېرىش- كېلىش قىلىدىغان بولدى. قۇمۇل خەلقئارا سودا ئوبوروتى، ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونلىرىنىڭ غەربىي ياۋروپا بىلەن بېرىش- كېلىش قىلىشىدىكى ئۆتكۈل يولى بولۇپ قالدى. بارىكۆل تۆمۈرتام سودا پورتىنىڭ ئېچىۋېتىلىشى، موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتى بىلەن بولغان سودا- سېتىق ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى، بارىكۆلنىڭ مۇھىم قاتناش ئورنىنىڭ يېڭىۋاشتىن ئەسلىگە كەلگەنلىكىنى نامايەن قىلدى.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، قۇمۇل شىنجاڭنىڭ ئىچكىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىدىكى «رۇجەك» بولماقتا. مەركەزنىڭ «غەربىي رايونلارغا مىللىلىشىش ئىقتىسادىي ئىستراتېگىيىسى» ۋە شىنجاڭنىڭ «سىرتتىن كىرگۈزۈش، ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىش»، «شەرقتىن كىرگۈزۈش، غەربكە چىقىرىش» تىن ئىبارەت ئېچىۋېتىش سىياسەتلىرىدە قۇمۇلنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە مۇھىم رولى تېخىمۇ روشەن نامايان بولماقتا.

(3)

قۇمۇل يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىن باشلاپلا ئىنسانلار ياشاپ كەلگەن جاي. ئەجدادلىرىمىز ئەمگەكچان قولى ئارقىلىق بۇ گۆھەر زېمىننى ئاچتى ۋە گۈللەندۈردى ھەمدە غەربىي يۇرتنىڭ ھەر قايسى جايلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان زىچ ئالاقىسىنى ساقلاپ، خەن، سۈي، تاڭ، سۇڭ، يۈەن، مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرىنىڭ ھەممىسى قۇمۇلدا مەمۇرىي ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلىپ ئىدارە قىلدى.

تاغنىڭ شىمالىدىكى ئىككى ناھىيە بىلەن قۇمۇل ناھىيىسى تەڭرىتاغ ئارقىلىق ئايرىلىپ، ئوخشاش بولمىغان مۇھىت ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن بولسىمۇ، تارىختا ھەربىي، مەمۇرىي جەھەتتىن بىر تۇتاش باشقۇرۇلۇپ كەلدى. تاغنىڭ جەنۇبىدىكى قۇمۇلنى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2 - ئەسىردە ئۈيسۇنلار ئىشغال قىلىۋېلىپ پايتەخت قىلدى، ئۈيسۇنلار ۋاڭىنىڭ نامى «كونبېگ» (昆莫) بولۇپ، بۇ قۇمۇل بوستانلىقىنىڭ رەسمىي نامى بولۇپ قالدى. بۇ ئىسىم بۇرۇن «كۇنۇۋۇ (昆吾) ياكى ئىۋۇرغول (伊吾卢)» دەپ ئاتىلاتتى. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ شېنجۆ 2- يىلى

(مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 60- يىلى) ھونلار خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغانلىقتىن، قۇمۇل غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭپىڭ 16- يىلى (73- يىلى) جىمكۆل كاھىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، قۇمۇلدا بوز يەر ئۆزلەشتۈردى. سۈي سۇلالىسىنىڭ دايې 4- يىلى (608- يىلى) سۈي سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى شۆ شىشۇڭ قۇمۇلغا لەشكەر تارتىپ كەلدى، ئىككى يىلدىن كېيىن ئىيۋىرغول ئايمىقى ۋە رۇيان (ھازىرقى تاشۋېلىق) قورغىنىنى قۇردى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۈەن 4- يىلى (630- يىلى) غەربىي ئىيۋىرغول ئايمىقىنى تەسىس قىلدى، 2 يىلدىن كېيىن ئىيۋىرغول ئايمىقىغا ئۆزگەرتىلىپ، ئۇنىڭغا ئىيۋىرغول، رويان، لاپچۇق ناھىيىلىرى قارىدى. يۈەن سۇلالىسى ۋاقتىدا، قۇمۇل گەنسۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭلې 2- يىلى (1404- يىلى) خان ئەنىق تېمۇرگە سادىق ۋاڭ دەپ نام بەردى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 35- يىلى (1696- يىلى) قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ باشلىقى ئەبەيدۇللا چىڭ سۇلالىسىغا بەيئەت قىلدى، 2 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ئەبەيدۇللانى 1- دەرىجىلىك جاساق قىلىپ تەيىنلىدى، شۇنىڭ بىلەن 233 يىل ھۆكۈم سۈرگەن قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى باشلاندى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 24- يىلى (1759- يىلى) قۇمۇل مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى. مىنگونىڭ 2- يىلى (1913- يىلى) قۇمۇل مەھكىمىسى قۇمۇل ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن 1961- يىلى گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى بىلەن سابىق قۇمۇل بازىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا قۇمۇل شەھىرى تەسىس قىلىندى، كېيىنكى يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1977- يىلى قۇمۇل شەھىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1983- يىلى قۇمۇل ناھىيىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قۇمۇل شەھىرىگە قوشۇۋېتىلدى. تاغنىڭ شىمالىدىكى بارىكۆل ناھىيىسى بارسكۆل، دەپ ئاتالغان بولۇپ، بۇ يەر ھونلارنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق بازىسى بولغان. خەن سۇلالىسىنىڭ شېنجۆ 2- يىلى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 60- يىلى) ھونلار خەن سۇلالىسىغا تەسلىم بولدى، شۇنىڭ بىلەن بارىكۆل خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. سۈي سۇلالىسىنىڭ دايې 6- يىلى (610- يىلى) باركۆل ئىيۋىرغول ئايمىقىنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتتى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۈەن 14- يىلى (640- يىلى) بارسكۆل ناھىيىسى (باركۆل) تەسىس قىلىنىپ، بەشبالىقنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، ئىيۋىرغول ئايمىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە بەشبالىققا ئايرىپ بېرىلىپ، ئۇيراتلارنىڭ خوشۇت قەبىلىسىگە تەۋە بولدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 54- يىلى (1715- يىلى) چىڭ سۇلالىسىنىڭ لەشكەرلىرى بارسكۆلدە تۇردى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭجېڭنىڭ 13- يىلى (1735- يىلى) باركۆلگە ئۆزگەرتىلدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 38- يىلى (1773- يىلى) باركۆل مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىپ، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى، ئۇنىڭغا جىمكۆل، گۇچۇڭ ئىككى ناھىيە قارىدى. شيەنفېڭ 5- يىلى (1855- يىلى) باركۆل مەھكىمىسى باركۆل بىۋاسىتە قاراشلىق ۋازارىتىگە ئۆزگەرتىلىپ، باركۆل- ئۈرۈمچى ۋىلايىتىگە قارىدى. مىنگونىڭ 2- يىلى (1913- يىلى) بارىكۆل مەھكىمىسى ناھىيىگە ئۆزگەرتىلدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1954- يىلى 1- ئايدا جېنشى ناھىيىسى بارىكۆل ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلى 9- ئاينىڭ 30- كۈنى بارىكۆل قازاق ئاپتونوم رايونى قۇرۇلدى، كېيىنكى يىلى بارىكۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلدى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرى ۋە مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ئاراتۈرۈك ناھىيىسى يەنىلا قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ تەۋەلىكىدە بولدى. مىنگونىڭ 19- يىلى (1930- يىلى) شىنجاڭ دائىرىلىرى «ئەمەل ۋارىسلىقىنى بىكار قىلىپ، ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئەمەلدار قويۇش» نى يولغا قويۇپ، بۇ يەردە تەكشۈرۈش ئىدارىسى تەسىس قىلىپ، يەرلىك ئاھالىلەرنى باشقۇردى. مىنگونىڭ 24- يىلى (1935- يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بۇ يەرنى قۇمۇل ناھىيىسىدىن ئايرىپ چىقىپ، قۇمۇلنىڭ قەدىمكى يەر نامى بويىچە ئىيۋىرغول دەپ ئاتىدى. مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى) ئاراتۈرۈك 3- دەرىجىلىك ناھىيىگە ئۆستۈرۈلۈپ، قۇمۇل مەمۇرىي باشلىقلار مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلمىدى. قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ مەمۇرىي تەشكىلىي تۈزۈلمىسى ئەڭ كېيىن تەسىس قىلىندى، مىنگونىڭ 23- يىلى (1934- يىلى) 5- ئايدا مىنگو ھۆكۈمىتى

قۇمۇل رايونى مەمۇرىي باشلىقلار مەھكىمىسى قۇرۇلۇشنى تەستىقلاپ، قۇمۇل ۋە باركۆلدىن ئىبارەت ئىككى ناھىيىنى ئۇنىڭغا قاراشلىق قىلدى. مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى) قۇمۇل رايونى مەمۇرىي باشلىقلار مەھكىمىسى 9- رايون مەمۇرىي تەپتىش ۋالىي مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلدى؛ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950- يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قۇمۇل رايونى مەمۇرىي تەپتىش ۋالىي مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلدى؛ شۇ يىلى 10- ئايدا قۇمۇل رايونى ۋالىي مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلدى. 1955- يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندىن كېيىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇمۇل ۋالىي مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلدى. 1969- يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى. 1979- يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىگە ئۆزگەرتىلدى.

(4)

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 20 - ئەسىردىن باشلاپلا ساكلار، غەربىي رۇڭلار، ئۇيسۇنلار، توخرىلار، ھونلار، تۇرالار، قاڭقىللار، خەنزۇلار، ئاۋارلار، تۈركلەر، تۈبۈتلەر، ئۇيغۇرلار، موڭغۇللار، مانجۇلار، خۇيزۇلار، قازاقلار بۇ بوستانلىقتا ياشاپ كەلدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشتى.

قۇمۇل ۋە باركۆل شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتىنى ئالماشتۇرۇش تارىخىي جەريانىدىكى «يىپەك يولى» دا خۇددى مەرۋايىتتەك جۇلالاندى. خەن، تاڭ سۇلالىلىرى مەزگىلىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى باي سودىگەرلەر ۋە غۇز سودىگەرلىرى قۇمۇلغا كېلىپ ئولتۇراقلاشتى، بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى لەشكەرلەر ۋە دېھقانلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى ۋە دېھقانچىلىق تېخنىكىلىرىنى قۇمۇلغا ئېلىپ كەلدى، تارىختا ئۆتكەن سۇلالىلەرنىڭ مەركىزىي ھاكىمىيەتلىرى چېگرىنى باشقۇرۇپ تۇرغان ۋاقىتلاردا ئۇستىلار ۋە تېخنىكلارنى ئېلىپ كەلدى. بۇلار قۇمۇلنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىدى. مىللەتلەر ئورتاق تىرىشىپ، قۇمۇل بوستانلىقىنى ۋە جەمئىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇردى.

ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ھەر قايسى تارىخىي باسقۇچىدا نۇرغۇن يۈكسەك ئىرادىلىك ھەققانىيەتچى كىشىلەر بۇ مۇقەددەس زېمىننى جان پىدالىق بىلەن قوغداپ، شانلىق ھەم ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇردى. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭپىڭ 16- يىلى (73- يىلى) 2- ئايدا خەن سۇلالىسى جەنۇبىي ھونلار بىلەن بىرلىشىپ، كاھېگى دۇگونى ۋە كوراگان كاھېگى گىڭ جۇڭنى ئەچچە ئون مىڭ ئاتلىق لەشكەر بىلەن جيۇ چۇەندىن تەڭرىتاغنىڭ شىمالىغا ئەۋەتىپ، ھون تەڭرىقۇتى قۇيانخان بىلەن شىددەتلىك ئۇرۇشتى، بەنچاۋ مۇۋەپپەقىيەت ئەمىرلەشكەر سۈپىتىدە باتۇرانە كۈرەش قىلىپ «يۇدىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئاقتاغ (تەڭرىتاغ) نى ئىشغال قىلىپ، باركۆلنى قورشاۋغا ئېلىپ»، دۈشمەننىڭ 1000 دىن ئارتۇق لەشكىرىنى يوقىتىپ، تۆھپە ياراتقانلىقتىن، بەنچاۋ ئەمىرلەشكەرلىككە تۇستۇرۇلدى، گوشۇننى ئەلچىلىككە تەيىنلەپ، غەربىي يۇرتقا ئەۋەتتى؛ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئېبۇرغولنىڭ ئاتامىقېگى، ۋەتەنپەرۋەر ئەمەلدار يۈەن گۇاڭتىنىڭ شەھەردىكى سەركەردە، لەشكەرلەر ۋە ئاۋامغا تايىنىپ، لەشكەرلەر كەمچىل، ئارقا سەپ تەمىناتى ئۈزۈلۈپ قالغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ بىر قانچە يىل جەڭ قىلىپ، تۈبۈت ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ كۆپ قېتىملىق ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈپ، مەرتلەرچە قۇربان بولدى. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە ۋەتەنپەرۋەر سەركەردە تابىن ئۆلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، قۇمۇل ۋاڭلىرىدىن يۈسۈپ، بېشىرلار چوڭ-كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىغا ۋە ياقۇپبەگنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى كۈرەشلەردە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىدى. ۋەتەنپەرۋەر قەھرىمان لىن زېشۇ قۇمۇلغا 3 قېتىم كېلىپ خەلق مەنپەئىتىنى كۆزلەپ، قۇمۇل ۋاڭى بىلەن يۈزتۇرانە زاكۇنلاشتى. شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە ياقۇپبەگنى قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن، زوزۇڭتاڭ ھەربىي بارگاھنى قۇمۇلغا كۆچۈرۈپ كەلدى؛ فېئودال ھۆكۈمرانلىققا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي 33- يىلى (1907- يىلى) تۆرپاق غوجامنىياز قاتارلىق كىشىلەر قۇمۇل ۋاڭىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى؛

مىنگونىڭ 1- يىلى (1912- يىلى) تۆمۈر خەلپە يەنە بىر قېتىم قۇمۇل ۋاڭىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى؛ مىنگونىڭ 20- يىلى (1931- يىلى) دېھقانلار قوزغىلىڭىغا ئابدۇنىياز مىراپ، غوجىنىياز ھاجى رەھبەرلىك قىلدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە جۇڭگو ئىشچى- دېھقان قىزىل ئارمىيىسىنىڭ غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسى سول تارماق ئەترىتىنىڭ 400 نەچچە جەڭچىسى سەپەر ئۈستىدە قۇمۇلدىن ئۆتتى؛ ج ك پ ئەلگىرى- كېيىن بولۇپ ئالتە نەپەر ئەزاسىنى قۇمۇلغا خىزمەتكە ئەۋەتتى، ئۇلار ھەرمىللەت خەلقىگە ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىپ، ئاممىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلدى، ج ك پ ئەزاسى چې تىيەنمىن قۇمۇل مەمۇرىي مەھكىمە مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇۋاتقان مەزگىلدە خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 6- جۇن 16- شىسىنىڭ كوماندىر- جەڭچىلىرى ئوسمان، بولۋاسنىڭ قوراللىق توپىلىڭىنى باستۇرۇش كۈرىشىدە مۇئاۋىن شىجاڭ لوشاۋۋېي ۋە لىيەنجاڭ جاۋ فۇگۇي، جەڭچى لىۋ يىڭۋا قاتارلىق بىر نەچچە يۈز كىشى قۇمۇلدا يېڭىلا دۇنياغا كەلگەن خەلق ھاكىمىيىتى ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش يولىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى 40 نەچچە يىلدا ھەر ساھە، ھەر كەسىپلەردە قەھرىمانلار كۆپلەپ بارلىققا كەلدى.

قەدىمكى دەۋردە «يىپەك يولى» ئارقىلىق شەرقتىن غەربىي يۇرتقا كەلگەن جۇڭگو ۋە چەت ئەللىكلەر، سانغۇنلار، باش ئەلچىلەر، خانلار، مەشھۇر ئەربابلار، سودىگەرلەر ۋە راھىبلارنىڭ، مەسىلەن: جاڭ چيەن، جۇ مۇۋاڭ، شۈەن زاڭ، جيې يى، ۋاڭ يەندى، يوللىغ چوساي، ماركوپولو، گ.مالىنوف، چىن چىڭ، خوجا غىياسىدىن قاتارلىقلار قۇمۇلدا ئۆز ئىزلىرىنى قالدۇردى. ئۇلار ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئېكىسپېدىتسىيىچىلەر، ھەر خىل ئالاقە، بېرىش- كېلىش قىلغان دوستلۇق ئەلچىلىرى، ئۇلۇغ سەيياھلار شۇنداقلا ئىچكىرى بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ دىن ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى پېشىۋالاردۇر. ئۇلارنىڭ خېيىم- خەتەردىن قورقمايدىغان روھى بوگۈنكى كىشىلەرنى «يىپەك يولى» دا داۋاملىق يول ئېچىپ، ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ.

(5)

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، تارىختا ئۆتكەن سۇلالىلەر ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارنىڭ دەھشەتلىك ئېزىشى، ئالۋاڭ- ياساق سېلىشى، خەلقنىڭ بايلىقىنى شىلىۋېلىشى، باندىتلار پاراكەندىچىلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇرغۇن تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ ۋە يېغىلىقلارنىڭ ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىشى تۈپەيلىدىن، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى تەرەققىي قىلالمىدى. سانائەتتە پەقەت بەزى قول ھۈنەرۋەنچىلىكلەرلا بولۇپ، سودا، قاتناش، پوچتا- تېلېگراف ئىشلىرى تەرەققىي قىلالمىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ج ك پ رەھبەرلىكىدە قۇمۇلدىكى ھەر مىللەت خەلقى قەددىنى رۇسلاپ، دۆلەتنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندى، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، سوتسىيالىستىك ئاكتىپچانلىقىنى زور دەرىجىدە جارى قىلدۇردى. خەلق ئىگىلىكى تېز تەرەققىي قىلدى، خەلق تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى، بولۇپمۇ 1978- يىلى ئېچىلغان ج ك پ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، قۇمۇل ۋىلايىتىدە قالايمىقانچىلىقلار تۈگىشىلىپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ زەھەرلىرى تازىلىنىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسەتلىرى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، يېڭى ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى.

1949 ~ 1952- يىلىغىچە خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەزگىلى بولدى. ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش ۋە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت يېتەكچى فاڭجېندا چىڭ تۇرۇلغانلىقتىن، ۋىلايەتنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى تېز ئەسلىگە كەلدى ۋە تەرەققىي قىلدى. 1952- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە دېھقانچىلىق،

چارۋىچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليون 140 مىڭ يۈەن (يېڭى خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇپ، 1952- يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا) گە يېتىپ، 1949- يىلدىكىدىن 48.5% ئاشتى، ئۈچ يىلدا ئاشلىق مەھسۇلاتى يىلىغا 14.29% ئېشىپ باردى. قوتاندىكى چارۋا 320 مىڭ 300 تۇياق بولۇپ، 1949- يىلدىكىدىن 42 مىڭ تۇياق ئازايدى. ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى زور ھەجىمدە ئېشىپ، ۋىلايەت بويىچە ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1949- يىلدىكى 10 مىليون 676 مىڭ 500 كىلوگىرامدىن 1952- يىلى 21 مىليون 594 مىڭ 500 كىلوگىرامغا يەتتى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى، خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى سودا- سانائەتنى دەسلەپكى قەدەمدە ئۆزگەرتىشكە ئەگىشىپ خەلق ئىگىلىكىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى بىر قەدەر تېز تەرەققىي قىلدى. 1952- يىلى ۋىلايەت بويىچە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 242 مىڭ 600 يۈەنگە يېتىپ، 1949- يىلدىكىدىن 5 ھەسسە ئاشتى. كۆمۈر سانائىتى تەرەققىي قىلدى. سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، سودا ئىشلىرى گۈللىنىپ ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىمۇ مۇناسىپ ھالدا ياخشىلاندى. 3 يىللىق ئىگىلىكنىڭ ئەسلىگە كېلىشى، كېيىنكى چوڭ كۆلەملىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا ئاساس سالدى.

1953- يىلى خەلق ئىگىلىكى پىلانلىق قۇرۇلۇش دەۋرىگە قەدەم قويدى، قۇمۇلنىڭ ئىگىلىكى ۋە تۈرلۈك سوتسىيالىستىك ئىشلىرى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدى. 1957- يىلغا كەلگەندە ۋىلايەت بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 14 مىليون 448 مىڭ 400 يۈەنگە يېتىپ، 1952- يىلدىكىدىن72.3% ئاشتى. 1957- يىلى ئومۇمىي خەلق تۇراقلىق مۈلۈك ئومۇمىي سېلىنمىسى 1 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1952- يىلدىكىدىن 17.8 ھەسسە ئاشتى. قاتناش ترانسپورت، پوچتا- تېلېگراف، سودا قاتارلىقلارمۇ مۇناسىپ ھالدا تەرەققىي قىلدى، ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 16 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1952- يىلدىكىدىن 1.8 ھەسسە ئاشتى. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. «1- بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدىكى (1953 ~1957- يىلى) ئىقتىسادىي خىزمەتنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى، ئومۇمىي سىياسەت- تەدبىرلەر ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكتىن، تەرەققىيات بىر قەدەر ئوڭۇشلۇق، سۈرئەت بىر قەدەر تېز بولدى. 1958 ~ 1962- يىلىغىچە، خەلق ئىگىلىكىنىڭ «2- بەش يىللىق پىلان» ى يولغا قويۇلدى. بۇ مەزگىل ئالدىنقى ئۈچ يىلدا «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»، كېيىنكى ئىككى يىلدا «سولچىل» لۇشيەننى تۈزىتىشتىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتى. بۇ مەزگىلدىكى «سولچىل» خاتالىقلار قۇمۇلنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتىغا ناھايىتى زور زىيانلارنى كەلتۈردى. ئومۇمىي خەلق كەڭ كۆلەمدە پولات تاۋلاپ، «كىچىك دومنا پېچ» لار ھەممىلا يەردە قۇرۇلدى، يېزىلاردا ئىشلەپچىقىرىش كۆرسەتكۈچلىرى چەكسىز كۆپتۈرۈۋېتىلدى، قارىغۇلارچە بوز يەر ئېچىلدى، ۋىلايەت بويىچە تېرىلغۇ كۆلىمى 1957- يىلدىكى 503 مىڭ 300 مودىن، 1960- يىلغا كەلگەندە 1 مىليون 53 مىڭ 800 موغا يېتىپ، 3 يىلدا بىر ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى، سۇ بىلەن يەر ئۆز ئارا ماس كەلمەيدىغان ئېغىر ئەھۋال كېلىپ چىقتى. خەلق گوڭشېلىشىش ھەرىكىتىدە «بىرىنچىدىن چوڭ، ئىككىنچىدىن ئومۇمىي» بولۇشنى قوغلىشىپ، قالدۇرۇق يەر ۋە بازار سودىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. يۇقىرى كۆرسەتكۈچ، قارىغۇلارچە قوماندانلىق قىلىش، مۇبالىغىلەشتۈرۈش شامىلى ۋە مال- مۈلۈكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شامىلىنى ئاساسىي بەلگە قىلغان «سولچىل» خاتالىقنىڭ تەسىرىدە قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي خىزمىتى ناھايىتى چوڭ تەسىرگە ئۇچرىدى. 1961- يىلدىن باشلاپ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، «سولچىل» خاتالىقلارنى تۈزىتىپ، تەبىئىي ئاپەتلەر پەيدا قىلغان قىيىنچىلىقلارنى يەڭگەنلىكتىن، «2- بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە ئىگىلىك سەل تەرەققىي قىلدى. سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى يىلىغا 11.8% ئېشىپ، «1- بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدىكىدىن 1.61% يۇقىرى بولدى؛ يەرلىك مالىيە كىرىمى، ئاساسىي

قۇرۇلۇش سېلىنمىسى، ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتى «1-بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدىكىدىن يۇقىرى بولدى. بۇ مەزگىلدە ئەگەر «سولچىل» خاتالىق يۈز بەرمىگەن بولسا، خەلق ئىگىلىكى تېخىمۇ تېز تەرەققىي قىلغان بولاتتى.

1963 ~ 1965- يىللىرى، «تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ ۋە «يېزا خەلق كومۇنىلىرىنىڭ خىزمەت نىزامى (تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن لايىھىسى)» ھەم سانائەت، سودا، مائارىپ، پەن- تېخنىكا، ئەدەبىيات- سەنئەت جەھەتلەردىكى بىر قاتار خىزمەت نىزامى، لايىھەلىرى ئىجرا قىلىنىپ، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ۋە خەلق كومۇنىسىلاشتۇرۇش ھەرىكىتىدىكى خاتالىقلار تۈزىتىلىپ، يېزا ئىگىلىكى، يېنىك سانائەت، ئېغىر سانائەتنىڭ خەلق ئىگىلىكىدىكى نىسبەت مۇناسىۋىتى تەڭشەلدى. ئالدى بىلەن يېزا ئىگىلىكىدە «ئۈچ دەرىجىلىك ئىگىدارلىق قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنى ئاساس قىلغان» ھېسابات ئۈسۇلى يولغا قويۇلۇپ، «بەشتە ياخشى» (ياخشى ئېرىق، ياخشى يول، ياخشى ئورمان بەلۋېغى، ياخشى سالا ئېتىز، ياخشى ئاھالىلەر تۇرالغۇسى) بويىچە يېڭى يېزا قۇرۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى ياخشىلىنىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. سانائەت جەھەتتە قارىغۇلارچە قۇرۇپ قويغان بەزى كارخانىلارغا قارىتا «تاقاش، توختىتىش، قوشۇۋېتىش، كەسىپ ئۆزگەرتىش» يولغا قويۇلۇپ، ئىچكى قىسىم قۇرۇلمىسى تەڭشىلىپ، ئاساسىي قۇرۇلۇش سېلىنمىسى قىسقارتىلىپ، نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە كاپالەتلىك قىلىندى. 1965- يىلىغىچە خەلق ئىگىلىكىنىڭ ھەرخىل نىسبەت مۇناسىۋىتى تەڭشەلگەندىن كېيىن، ۋىلايەت بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتىنىڭ قۇرۇلمىسىدا روشەن ئۆزگىرىش بولدى. ئېغىر سانائەت بىلەن يېنىك سانائەت نىسبىتىدە ياخشىلىنىش بولدى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى ئېشىپ، سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ نىسبىتى تۆۋەنلىگەنلىكتىن، خەلق ئىگىلىكىدە ماس تەرەققىي قىلىشتەك ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. 1963 ~ 1965- يىلىغىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى يىلىغا 9.46% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى يىلىغا 5.3%، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى11.8% ئاشتى. تەڭشەش ئارقىلىق ۋىلايەت بويىچە ھەر خىل مۇناسىۋەتلەر ئاساسىي جەھەتتىن راۋانلىشىپ، تۈرلۈك ئىشلار ئوخشىمىغان دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ، گۈللەپ ياشناش مەزگىلى بارلىققا كەلدى.

1966 ~ 1976- يىلىغىچە ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا «3 - ۋە 4 - بەش يىللىق پىلان» ئىجرا قىلىنغان مەزگىل، شۇنداقلا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىبارەت 10 يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلى بولدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە «ئاشلىقنى تۇتقا قىلىش» بىر تەرەپلىمە ھالدا تەكىتلىنىپ، كۆپ خىل ئىگىلىك چەكلىنىپ، دېھقانلارنىڭ ئائىلىۋى قوشۇمچە كەسپى ۋە بازار سودىسى «كاپىتالىزمنىڭ قۇيرىقى» قىلىنىپ قىرقىپ تاشلاندى، داجەينىڭ «سولچىل» ئۇسۇلى قارىغۇلارچە يولغا قويۇلۇپ، يېزىلارنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىگە قارىغۇلارچە قوماندانلىق قىلىندى؛ سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق سىستېمىسى كاردىن چىقىپ، باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى، بەزى ياخشى قائىدە- تۈزۈملەر «چۈشەپ قويۇش، قامال قىلىش، بېسىش» رامكىسى دەپ قارىلىپ تەنقىد قىلىندى ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، بەزى ئىشچىلار ئىش ئورنىدىن ئايرىلىپ «ئىنقىلاب قىلدى»، كۆپ قىسىم كارخانىلاردا نورمال ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىلمىغانلىقتىن، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى.

1978- يىلى 12- ئايدا ئېچىلغان ج ك پ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ خاتالىقلىرى ئومۇمىيۈزلۈك تۈزىتىلىپ، پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يۆتكەلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ قۇمۇل يېڭى بىر تارىخىي تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويدى. ئىقتىسادىي خىزمەتتە قالايمىقانچىلىقلار تەدرىجىي ئوڭشىلىپ، خەلق ئىگىلىكىدە ئىچكى

جەمئىيەتتە جانلاندۇرۇش ۋە سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش فاكچىنى يولغا قويۇلدى. ئىقتىسادىي باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدە ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلدى، ئالدى بىلەن يېزىلاردا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىشنى ئاساس قىلغان ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ بىلەسى ئۆستۈرۈلۈپ، ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنىپ، كۆپ خىل ئىگىلىك ۋە تاۋار ئىگىلىكى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، دېھقان- چارۋىچىلارنىڭ ئاكتىپچانلىقى زور دەرىجىدە قوزغىتىلدى. يېزىلارنىڭ قىياپىتى زور دەرىجىدە ئۆزگىرىشكە باشلىدى، بىر خىللا ئىگىلىك قۇرۇلمىسى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىق، سانائەت، سودا، بىناكارلىق، ترانسپورت، مۇلازىمەت ئىشلىرى ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلىشقا يۈزلىنىپ، ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىكى تاۋارلاشقان ئىشلەپچىقىرىشقا ئۆزگەرتىلدى. يېزا ئىسلاھاتى بىلەن بىللە، شەھەر ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتمۇ تەدرىجىي يولغا قويۇلدى، 1979 ~ 1986- يىلىغىچە ۋىلايەت ھوقۇقنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ، پايدىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش چارىلىرىنى تۈزۈپ، كارخانىلارنى مۇستەقىل ئىقتىسادىي گەۋدىگە ئۆزگەرتتى. 1987 ~ 1990- يىلىغىچە مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى بىلەن تىجارەت ھوقۇقىنى ئايرىش ۋە ھەر خىل ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، زاۋۇت باشلىقىنىڭ رەھبەرلىك ئورنى بەلگىلىنىپ، ئەمگەك- كادىر ئىشلىرى تۈزۈمى ۋە تەقسىمات شەكلى ئىسلاھ قىلىندى، كارخانىلارنىڭ باشقۇرۇش مېخانىزمى ياخشىلىنىپ، كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچى ئاشۇرۇلدى. بۇ ئىسلاھاتلار قۇمۇلنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا ھاياتىي كۈچ بېغىشلىدى، كارخانىلارنىڭ ئۆزى جۇغلاش، ئۆزى ھەزىم قىلىش، ئۆز ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى كۈچەيتىلىپ، كارخانىلار ۋە ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقى تولۇق قوزغىتىلدى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئارقىلىق قۇمۇلنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە تۇرلۇك ئىشلىرىدا يۈكسىلىش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش بولدى. 1990- يىلى ۋىلايەت بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 184 مىليون 100 مىڭ يۈەن (1990- يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە، تۆۋەندىكىلەرمۇ ئوخشاش) گە يېتىپ، 1978- يىلدىكىدىن 101% ئېشىپ، 12 يىلدا يىللىغا 5.09% ئېشىپ باردى. سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 358 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1978- يىلدىكىدىن 217.3% ئاشتى. 12 يىلدا ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 10.1% بولدى. سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 542 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1978- يىلدىكىدىن 174.2% ئېشىپ، 12 يىلدا يىللىغا 8.8% ئاشتى. تۇراقلىق مۈلۈك سېلىنمىسىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 96 مىليون 190 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1978- يىلدىكىدىن 6.95 ھەسسە ئېشىپ، 12 يىلدا يىللىغا ئوتتۇرىچە 18.9% ئېشىپ باردى. ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 408 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1978- يىلدىكىدىن 4 ھەسسە ئېشىپ، 12 يىلدا يىللىغا 14.5% ئېشىپ باردى. مالىيە كىرىمى 67 مىليون 366 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1978- يىلدىكىدىن 85.4% ئاشتى، 12 يىلدا يىللىغا 5.3% ئېشىپ باردى. لەنجۇ- شىنجاڭ تۆمۈر يولى، دۆلەت يولى 312- لىنىيىسى، ئاسىيا- ياۋروپا ئوركابېلى قۇمۇلنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتتى، 1990- يىلى 10 مىڭ توچكىلىق پروگراممىلىق تېلېفون ئاپپاراتى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش قۇمۇلنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا ۋە ھەر قايسى كەسىپلەرگە يېڭى ھاياتىي كۈچ قوشۇپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ سىجىل، مۇقىم تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. ۋىلايەت مىقياسىدا سىياسىي جەمئىيەتتە مۇقىم، مىللەتلەر ئىتتىپاق، ئىقتىساد گۈللەپ ياشنىغان، خەلق خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىدىغان گۈللىنىش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى.

(6)

قۇمۇلدىكى ھەر مىللەت خەلقى ناخشا- ئۇسسۇلغا ماھىر، خەلق ئەدەبىياتى ئىنتايىن مول. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىلا ئېيۇرغول نەغمىلىرى ۋە «قۇمۇل مۇقاملىرى» ئەتراپقا كەڭ تارقالدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى قالاق ئىدى. 1949- يىلى ئوقۇغۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ ئوقۇشقا كىرىش نىسبىتى 20% كىمۇ يەتمەيتتى. ساۋاتسىزلار، چالا ساۋاتلىقلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 90% ىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلاتتى. ھەر 10 مىڭ ئادەم ئىچىدە ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەنلەر 13.49، ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر 25.93 ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇمۇلنىڭ مائارىپ ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. 1949- يىلدىكى بىلەن 1990- يىلدىكىنى سېلىشتۇرغاندا، باشلانغۇچ مەكتەپ 30 دىن 184 كە، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 4233 دىن 35 مىڭ 739 غا، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى- خىزمەتچىلەر 225 دىن 3228 گە، ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 97.8% كە يەتتى. ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 2 دىن 43 كە، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 196 نەپەردىن 24 مىڭ 17 نەپەرگە، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى- خىزمەتچىلەر 43 نەپەردىن 2316 گە يەتتى. يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپىدىن 6 سى بار بولۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 1219 غا، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى- خىزمەتچىسى 171 گە يەتتى؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلەر 8 گە يېتىپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 1284 كە، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى- خىزمەتچىسى 477 گە يەتتى؛ چوڭلار ئالىي تېخنىكوملىرى 2 (تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى قۇمۇل شۆبىسى، مائارىپ ئىنستىتۇتى) بولۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 634 كە، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى- خىزمەتچىسى 163 كە يەتتى؛ چوڭلار يېزا ئىگىلىك كەسپىي مەكتىپىدىن 16 سى بولۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 10 مىڭ 946 گە، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 30 غا يەتتى. ۋىلايەت بويىچە باشلانغۇچ دەرىجىلىك مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ۋەزىپىسى ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇندىلىپ، كەنتلەردە باشلانغۇچ مەكتەپلەر ياكى ئوقۇ- ئوقۇتۇش نۇقتىلىرى بار بولۇش، يېزىلاردا مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەر بار بولۇش، نۇقتىلىق تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەر (بەزى رايونلاردا يەنە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپمۇ بار بولۇش) بار بولۇش، ناھىيىلەردە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەر ۋە ئىشچى- خىزمەتچىلەر مەكتىپى بار بولۇش، ۋىلايەتتە نۇقتىلىق تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم، تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى ۋە چوڭلار ئالىي مەكتىپى بار بولۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، باشلانغۇچ دەرىجىلىك مائارىپتىن ئالىي دەرىجىلىك مائارىپقىچە ۋە ئادەتتىكى مائارىپتىن تارتىپ چوڭلار مائارىپىغىچە بولغان مائارىپ سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئاھالىلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، 1990- يىلى ۋىلايەت بويىچە ھەر مىڭ ئادەم ئىچىدە ئالىي مەلۇماتلىقلار 20.21 گە يېتىپ، مەملىكەتنىڭ (14.22 ئادەم) ۋە شىنجاڭنىڭ (18.45 ئادەم) ئوتتۇرىچە سانىدىن يۇقىرى بولدى.

قۇمۇلنىڭ پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، كىچىكلىكتىن زورايدى. 1990- يىلى ۋىلايەت بويىچە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن- تېخنىكا ئاپپاراتى ۋە تېخنىكا تەرەققىيات ئاپپاراتىدىن 10 ى بولۇپ، دەسلەپكى كۆلەمدىكى كەسپىي پەن- تەتقىقات ۋە تېخنىكا تەرەققىيات كېڭەيتىش سىستېمىسى شەكىللەندى. كەسپىي تېخنىك خادىملار 1949- يىلدىكى 2 كىشىدىن 1990- يىلى 21 مىڭ 148 كىشىگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىك ئورۇنلاردىكى تۈزۈمدىكى ئورۇنلاردا تەبىئىي پەن بىلەن شۇغۇللانغۇچى تېخنىكلار 8433 كە يەتتى. 1978 ~ 1990- يىلغىچە قۇمۇل ۋىلايىتى قولغا كەلتۈرگەن پەن- تېخنىكا نەتىجىسى 85 تۈر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 4 تۈر ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتىغا، 29 تۈر ئاپتونوم رايوننىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇ پەن- تېخنىكا نەتىجىلىرى ئىچىدە 70% ى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇلۇپ، قۇمۇل ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشتە ناھايىتى زور رول ئوينىدى.

ئىجتىمائىي پەن- تېخنىكا قوشۇنىمۇ ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىپ، ۋىلايەتلىك ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشمىسى، ئالىي تېخنىكوم مەكتەپلەر، پارتىيە مەكتەپلىرى، پارتىيە- ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە ئىلمىي تەشكىلاتلىرى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن ئىلمىي پائالىيەت تورلىرى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. 1990- يىلى ۋىلايەت بويىچە ئىجتىمائىي

پەللەر ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە تەتقىقات جەمئىيىتىدىن 14 ى بولۇپ، ئۇلار دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، قۇمۇلنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ بىر قىسىم تەتقىقات نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈردى، بىر تۈركۈم تارىخ- تەزكىرە كىتابلىرىنى تۈزۈپ ۋە نەشر قىلىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشتى.

مەدەنىيەت ئىشلىرى كۆنسېرى گۈللەپ ياشنىدى. 1949- يىلىدىكى بىلەن 1990- يىلىدىكىنى سېلىشتۇرغاندا، ۋىلايەت بويىچە سەنئەت ئۆمىكى بىردىن 3 كە، ئاممىۋى مەدەنىيەت تەشكىلاتى 2 دىن 23 كە (ئارتىسلار 147)، كىنو قويۇش ئورنى بىردىن 85 كە (ئىشچى- خىزمەتچىسى 308) گە يەتتى. 1990- يىلىغىچە ۋىلايەت بويىچە 3 كىنو- تىياتىرخانا، بىرئاممىۋى كۇتۇپخانا، 3 ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى، بىر مەدەنىي يادىكارلىقلارنى باشقۇرۇش ئورنى، بىر موزېي قۇرۇلدى.

ئاخبارات، رادىئو- تېلېۋىزىيە كەسىپلىرى تېز تەرەققىي قىلدى. ۋىلايەت بويىچە «قۇمۇل گېزىتى» قاتارلىق 5 خىل گېزىت نەشر قىلىندى. «قۇمۇل گېزىتى» ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە 2 خىل يېزىقتا نەشر قىلىنىپ، 7000 ساندىن ئارتۇق تارقىتىلدى. 1990- يىلىغىچە ۋىلايەت بويىچە بىر رادىئو ئىستانسىسى، 4 قىسقا دولقۇنلۇق تارقىتىش ئىستانسىسى ۋە ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسى قۇرۇلدى. قۇمۇل خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە 2 خىل تىلدا ئاڭلىتىش بەردى. رادىئونىڭ ئاھالىلەرنى قاپلاش نىسبىتى 81.1% كە يەتتى. بىر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، 18 تېلېۋىزىيە تارقىتىش ئىستانسىسى ۋە ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسى، 23 سۈنئىي ھەمراھ يەر يۈزى ئۇلاپ تارقىتىش- قوبۇل قىلىش پونكىتى بار بولۇپ، تېلېۋىزىيىنىڭ ئاھالىلەرنى قاپلاش نىسبىتى 76.3% كە يەتتى.

سەھىيە ئىشلىرى خېلى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. 1949- يىلىدىكى بىلەن 1990- يىلىدىكىنى سېلىشتۇرغاندا، ۋىلايەت بويىچە سەھىيە ئاپپاراتلىرى 6 دىن 180 گە، سەھىيە تېخنىك خادىملىرى 30 دىن 3689 غا، كېسەل كارىۋىتى 35 تىن 2057 گە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە كۆپ يوللۇق، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ خىل شەكىلدىكى دوختۇرخانىلار قۇرۇلۇپ، قۇرۇلمىسى مۇۋاپىقلىشىشقا يۈزلىنىپ، ئالدىنى ئېلىش بىلەن داۋالاش بىرلەشتۈرۈلگەن داۋالاش سەھىيە سىستېمىسى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى. يېزىلارنىڭ ساقلىق ساقلاش، داۋالاش شارائىتىمۇ زور دەرىجىدە ياخشىلىنىپ، ھەر خىل يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ۋە كۆپ قوزغىلىدىغان كېسەللىكلەر ئۈنۈملۈك تىزگىنلەندى. ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى داۋاملىق قانات يايدۇرۇلۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ساغلاملىق سەۋىيىسى كۈنسېرى ئۆستى. كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى تەخمىنەن 30 ياشتىن 71 ياشقا يېتىپ، مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە 70 ياش سەۋىيىسىدىن يۇقىرى بولدى. پىلانلىق تۇغۇت، سۈپەتلىك پەرزەنت كۆرۈش، سۈپەتلىك تەربىيىلەشنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى. 1990- يىلى ۋىلايەت بويىچە ئاھالىنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 11.89‰ بولۇپ، شىنجاڭنىڭ 18.2‰، مەملىكەتنىڭ 14.7‰ لىك سەۋىيىسىدىن تۆۋەن بولدى. قۇمۇل شەھىرى مەملىكەت بويىچە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى ئىلغار شەھەر، مەملىكەت بويىچە ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرلەر ئىچىدە پاكىز شەھەر دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ باشلىنىشى خېلى بالدۇر بولۇپ، ئومۇملىشىشى كەڭ بولدى. ئۇيغۇرلارنىڭ چېلىشىش، ئىلەڭگۈچ، قازاقلارنىڭ ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىشىش، قىز قوغلاش قاتارلىق مىللىي ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى جۇشقۇن قانات يايدۇرۇلدى. چېلىشىش، تېز مۇز تېيىلىش، پۇتبول، تىك- تاك توپ تۈرلىرىدە قۇمۇلنىڭ ئۆزگىچە ئارتۇقچىلىقى بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىلاردا كۆپ قېتىم ئالدىنقى قاتاردا تۇردى، مەملىكەتلىك مۇسابىقىلارغا قاتنىشىپ خېلى ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ۋىلايەت بويىچە 3 ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى بولۇپ، دۆلەتكە 100 نەچچە تەنتەربىيە ئىختىساس ئىگىسىنى يېتىشتۈرۈپ بەردى. ۋىلايەت بويىچە تەنتەربىيە مەيدانىدىن 200 نەچچىسى، تەن ساغلاملاشتۇرۇش ئۆيى ۋە ئېگىز تاغ مۇز تېيىلىش مەيدانى بار. دۆلەت ئىچىدىكى

مۇنەۋۋەر ماھىرلار ئېگىز تاغ مۇز تېيىلىش مەيدانىدا مەشىق قىلىدۇ ھەمدە مۇسابىقە ئۆتكۈزۈپ تۇرىدۇ.

(7)

سوتسىيالىستىك تۈزۈم قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئاچلىق ۋە نامراتلىقتىن قۇتقۇزدى. ج ك پ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ھەر مىللەت خەلقى ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش نىشانىغا قاراپ ئاتلاندى. 1950 ~ 1990- يىلىغىچە بولغان 41 يىلدىن بۇيان قۇمۇل يېزا ئىگىلىكى، سانائەت، پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، شەھەر، يېزا قۇرۇلۇشى جەھەتلەردە خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋاملىق ئىلگىرىلەۋاتقان قۇمۇلغا يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئاتا قىلدى. لېكىن قۇمۇل يەنىلا ئۇچقاندەك تېز تەرەققىي قىلالمىدى. بۈگۈنكى تەرەققىيات سەۋىيىسىنى تارىختىكى قۇمۇلنىڭ غەربىي يۇرتتىكى مەشھۇر ئورنى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئانچە ماس ئەمەس. ئىلغار ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە دېڭىز بويى رايونلاردىكى ئۆلكە، شەھەرلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا پەرق ئىنتايىن چوڭ. ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە ئاسىيا- ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى ئىقتىسادىي بەلۋېغىنى قۇرۇش ئۈچۈن، تارىخىي تەرەققىيات پۇرسىتى (مەركەزنىڭ سىياسەت جەھەتتە غەربكە مايىللىشىشى؛ دۆلەتنىڭ كەسىپلەرنىڭ جايلىشىشىنى تەڭشەشنى يولغا قويۇشى، بايلىقلارنى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە ئەمگەك سىجىللىقى تىپىدىكى كەسىپلەرنى ئوتتۇرا، غەربىي قىسمىدىكى رايونلارغا يۆتكىشى؛ دۆلەتنىڭ شىنجاڭنى يېزا ئىگىلىكىدە نۇقتىلىق ئېچىش رايونى ۋە ساياھەتچىلىك ئېچىش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىشى، شىنجاڭنىڭ بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشى — قۇمۇلنى مەۋقەنى بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇشقا قارىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى) نى چىڭ تۇتۇپ، غەلىبىسېرى ئالغا ئىلگىرىلەپ، تۈرلۈك چارە- ئۇسۇللار بىلەن يېڭى خىرىسنى كۈتۈۋېلىش كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، قۇمۇلنىڭ ئەھۋالى ۋە ئاساسىي ئالاھىدىلىكىنى ئېنىق تونۇپ، ئەۋزەللىكلەرنى جارى قىلدۇرۇپ، يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىپ، ئارتۇقچىلىقلارنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكلەرنى تۈگىتىپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، دادىللىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىپ، ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىي بىرىكمە تەرەققىياتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، قۇمۇلنىڭ تەرەققىياتىنى يەنىمۇ يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈش كېرەك.

قۇمۇل ۋىلايىتى ئاساسلىق مۇنداق بەش ئەۋزەللىككە ئىگە. بىرىنچى، تەبىئىي بايلىقى مول. 1018 ئورۇندا ھەر خىل كان نۇقتىلىرى بارلىقى ئېنىقلاندى. كان رۇدا تۈرلىرى شىنجاڭدىكى كان رۇدا تۈرلىرىنىڭ 60% نى ئىگىلەيدۇ، ئېچىش قىممىتىگە ئىگە بولغانلىرى 130 دىن ئارتۇق. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى تۆمۈر يول، تاشيول بويلىرىغا جايلاشقان بولۇپ، قېزىش، توشۇشقا قولايلىق. بۇنىڭ ئىچىدە كۆمۈر، تۆمۈرنىڭ زاپاس مىقدارى شىنجاڭ كۆمۈر، تۆمۈر زاپاس مىقدارىنىڭ 50% دىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ؛ مىس- نىكېلنىڭ زاپاس مىقدارى نىكېل ماكانى جىنچۇەندىن قالسىلا مەملىكەت بويىچە 2- ئورۇندا تۇرىدۇ؛ قۇمۇل دۆلىتىمىزدىكى كۆك رەڭلىك گىرانىت تاش — تەڭرىتاغ كۆك تېشى، شىڭشىڭشيا كۆك تېشى قاتارلىق قىممەتلىك تاش ماتېرىياللىرى چىقىدىغان بىردىنبىر جاي؛ قۇمۇلنىڭ ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى شىنجاڭ بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. تۇرپان- قۇمۇل نېفىتلىكى ۋە ئۈچ كۆل (سەنتاڭخۇ) ئويمانلىقى نېفىت گازى بايلىق مەنبەسىنى ئېچىش كەڭ ئىستىقبالغا ئىگە؛ سۇ- تۇپراق بايلىق مەنبەسىنىڭ يوشۇرۇن كۈچى خېلى زور، كۈن نۇرى ئىسسىقلىق بايلىق مەنبەسى ئىنتايىن مول بولۇپ، ئېچىش خاراكتېرلىك يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە. ئىككىنچى، قاتناش، خەۋەرلىشىش شارائىتى ياخشى بولۇپ، قۇمۇلدا «تۆت لىنىيە بىرلەشكەن» (لەنجۇ- شىنجاڭ تۆمۈر يولى، دۆلەت يولى 312- لىنىيىسى، ئاسىيا- ياۋروپا ئوپتىك كابېلى، خەلق ئاۋىئاتسىيىسى قۇمۇلنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ) بولۇپ، تۆمۈر يولدىن ئىبارەت بۇ چوڭ تومۇر غەرب تەرەپتە

ياۋروپاغىچە، شەرقتە مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى جايلىرى، دېڭىز بويلىرىغىچە تۇتىشىدۇ؛ خەۋپلىك ئەسلەھەلىرى قۇرۇلۇشى دۆلەت ئىچىدە ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن. ئۈچىنچى، رايون ئورنى ئەۋزەللىككە ئىگە. قۇمۇل ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى جايلىرى بىلەن تۇتاش بولغاچقا، بۇ ھال ئىقتىسادىي تەرەققىيات شەرت. شارائىتىنىڭ شەكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن؛ يەنە 586.663 كىلومېتىر چېگرا لىنىيىسىگە ئىگە بولۇپ، بۇ سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىشتا ياخشى شارائىت يارىتىپ بەردى. تۆتىنچى، يېرىك سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسىغا ئىگە. رايونىمىزدا خېلى مۇكەممەل سانائەت ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسى شەكىللەندى. سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 70% ىنى ئىگىلىدى. بۇ، بۇندىن كېيىنكى تەرەققىياتقا ماددىي، تېخنىكا جەھەتتە ئاساس سالدى. بەشىنچى، «بىرىكمە تەرەققىيات» ئىستراتېگىيىسى رايون ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك يېتەكچى ئىدىيىسى بولۇپ قالدى. يۇقىرىقى ئەۋزەللىكلەر قۇمۇلنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى ناھايىتى ياخشى مۇھىت ۋە شارائىت بىلەن تەمىنلىدى.

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، قۇمۇلنىڭ ئۇزۇنلۇق ئىشلىرىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇزۇن مەزگىل پىلانلىق ئىگىلىك ۋە ناتۇرال ئىگىلىكنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ئومۇمىي جەھەتتىن ئىدىيىدە ئازاد بولۇش يەنىلا يېتەرلىك بولمىدى. بېكىنمىچىلىكنى بۇزۇپ تاشلاش، بىرلىشىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش، ئىجادچانلىق بىلەن ئىشلەش سالمىقى يەنىلا يېتەرسىز. ئىگىلىك تەرەققىياتى يەنىلا ئاستا، ئومۇمىي ئەمەلىي كۈچ بىر قەدەر ئاجىز، سۇ، ئېلېكتر، قاتناش قاتارلىق ئۇل ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتى ئارقىدا، بايلىق تولۇق ئېچىلمىغان ۋە پايدىلىنىلمىغان، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى بىر قەدەر تۆۋەن؛ رايوننىڭ تەرەققىياتى دېگەندەك تەكشى ئەمەس. تەبىئىي شارائىتلار چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، تاغنىڭ شىمالىدىكى ئىككى ناھىيە دۆلەت دەرىجىلىك ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نامرات ناھىيە بولۇپ، مالىيە كۈچى ئاجىز؛ پەن- تېخنىكا، ماائارىپنىڭ تەرەققىياتى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالمىدى. پەن- تېخنىكىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا قوشقان تۆھپىسى چوڭ بولمىدى. ئىختىساس ئىگىلىرى ۋە بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ مۇۋاپىقلىشىشى يېتەرلىك ئەمەس. كارخانىچىلار ۋە يارامىلىق قۇرۇلۇش ئىختىساس ئىگىلىرى كەمچىل. يۇقىرىقى ئامىللار قۇمۇلنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىنى چەكلەپ تۇرماقتا.

90- يىللار سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئىنتايىن ئاچقۇچلۇق مەزگىلى. قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، خىرىسنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، قۇمۇلنىڭ ئەھۋالى ۋە ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلىپ، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ «8- بەش يىللىق پىلان» ى، «9- بەش يىللىق پىلان» ى ۋە 2010- يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پروگراممىسىنى تۈزۈپ، قۇمۇلنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ پىكىر يولىنى مۇنداق ئوتتۇرىغا قويدى: دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، «پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىقنى ساقلاش» نى ئومۇمىيەت قىلىش، ماكرولۇق تەڭشەش- تىزگىنلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇش، ئومۇمىيلىققا ئىگە ئىككى تۈپ ئۆزگىرىشنى كۈچەپ چىڭ تۇتۇش، ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ۋىلايەتنى پەن- تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش، بازار ئىگىلىكىگە يۈزلىنىش، «تاغنىڭ جەنۇبىنى يۈلەنچۈك قىلىش، تاغنىڭ شىمالىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش، تەرتىپلىك قانات يايدۇرۇش» دىن ئىبارەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى نۇقتىلىق يولغا قويۇش، رايون بىرىكمە ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، يېرىك يېزا ئىگىلىكنىڭ ئۇلۇلۇق ئورنىنى مۇستەھكەملەش، «ۋىلايەتنى پەن- تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش»، «چارۋىچىلىق ئارقىلىق ناھىيىنى، چارۋىچىلىق ئارقىلىق خەلقنى بېيىتىش» يولىدا مېڭىش؛ سانائەت ئىقتىسادىنىڭ سۈپىتى ۋە

سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، 3- كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىقتىسادنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسىنى زور كۈچ بىلەن يارىتىش، 2000 ~ 2010- يىللىرىغىچە رايون ئىقتىسادىنىڭ سىجىل، تېز، يۇقىرى ئۈنۈملۈك تەرەققىياتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشىلاش.

ئۆۋەتتە، قومۇلدىكى ھەر مىللەت خەلقى بازار ئىگىلىكى چوڭ دولقۇنىدا يېڭىچە قىياپەت بىلەن گىگانت قەدەم تاشلاپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ئەۋزەللىكىنى بىرلەشتۈرۈپ، بايلىق مەنبەلىرىنى تەقسىملەشنى ئەلالاشتۇرۇپ، ۋىلايەت ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىي سۈپىتىنى زور كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈپ، قومۇلنى ئىقتىسادى گۈللەنگەن، مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلاشقان، يەن- تېخىمۇ تەرەققىي قىلغان، مەدەنىي، چېگرا مۇداپىئەسى مۇستەھكەم ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئاسيا- ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى ئىقتىسادىي بەلۋېغىنىڭ بىر قىسمى قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، ھاياتىي كۈچكە تولۇپ تاشقان، كەڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە، ئىتتىپاقلاشقان، گۈللەنگەن، مەدەنىي قومۇلنى 21- ئەسىرگە ئېلىپ كىرمەكتە.

# چوڭ ئىشلار



# چوڭ ئىشلار

## (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 176- يىلىدىن مىلادىيە 1990- يىلىغىچە)

### خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە

**غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ چىيەن يۈەن 4 – يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 176 – يىلى)**

هونلار توخرىلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئۇيسۇن قاتارلىق 26 دۆلەتنى تىنچلاندۇردى. هونلار غەربىي يۇرتنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىنى كونترول قىلىۋالدى. ئىپۇرغول، بارىسكۆل هونلارنىڭ زېمىنى بولۇپ قالدى.

**غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ بىنشى 2 – يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 72 – يىلى)**

ئەتىيازدا خەن سۇلالىسىنىڭ خانى شۈەندى جاۋ چۇگگونى بارىسكۆلنىڭ سانغۇنلۇققا تەيىنلەپ، ئۇيسۇنلار بىلەن بىرلىشىپ، هونلارغا هۇجۇم قىلىش ئۈچۈن بارىسكۆل ئەتراپىغا ئەۋەتتى.

**غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ شېنجۆ 2- يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60- يىلى)**

هون تەگرىقۇتى باتىسقان شانشات خەن سۇلالىسىغا تەسلىم بولدى. خەن سۇلالىسى ئۇرلىدا غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلدى، خەن سۇلالىسىنىڭ پەرمانى غەربىي يۇرتقا يارىدىغان بولدى. ئىپۇرغول، بارىسكۆل غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرىشىدا بولدى.

**غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ چۇيۈەن 1 - يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 48- يىلى)**

شەرقىي بارىسكۆلدىكى هون خانى زىلىچ 1700 دىن ئارتۇق لەشكەرنى باشلاپ، غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە بەيئەت قىلدى.

**يېڭى ۋاڭ مانىڭ شجيەنگو 5- يىلى (13- يىلى )**

غەربىي يۇرت يەنە بىر قېتىم هونلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئىپۇرغولمۇ هونلارنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتتى.

**شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭپىڭ 16- يىلى (73- يىلى)**

خەن سۇلالىسىنىڭ خانى مىڭدى دۇگۇنى كاھىبەگلىككە، گېڭ بىڭنى كوراگان كاھىبەگلىككە تەيىنلەپ، هونلارنى

جازالاش ئۈچۈن شىمالغا ماڭدۇردى. بەن چاۋ مۇۋەققەت ئەمرلەشكەر سۈپىتىدە دۆگۈنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن لەشكەر باشلاپ، ئېۋۇرغولنى ئالدى. قۇيانخان مەغلۇپ بولۇپ قاچتى. خەن سۇلالىسى «جىمكۆل مەھكىمىسى» نى تەسىس قىلىپ، ئېۋۇرغولدا بوز يەر ئۆزلەشتۈردى.

**شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭپىڭ 17- يىلى (74- يىلى)**

11- ئايدا، دۆگۈ قاتارلىقلار دۈنخۇاڭدىن يولغا چىقىپ، قۇرۇم تاغلىرى چېگرىسىغىچە باردى، هونلارغا هۇجۇم قىلىپ ئۆلارنى ئاقتاغ (تەڭرىتاغ) بارىسكۆل چېگرىسىدىن قوغلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بارىسكۆل يەنە غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قارىدى.

**شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ جيەنچۇ 2- يىلى (77- يىلى)**

خەن سۇلالىسىنىڭ خانى جاڭ دى ئېۋۇرغولدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنى بىكار قىلىپ، ئەمەلدار- لەشكەرلەرنى چېكىندۈرۈپ كەتتى. شىمالى هونلار لەشكەر ئەۋەتىپ، ئېۋۇرغولنى يەنە ئىگىلىۋالدى.

**شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ جيەنچۇەن 7- يىلى (81- يىلى)**

خەن سۇلالىسى ئېۋۇرغولنىڭ يېرى مۇنبەت ۋە غەربىي يۇرتتا ئورنى ئۆزگىچە يېقىن بولۇشىدىن پايدىلىنىپ، «هونلار ئارقىلىق بايلىق يارىتىپ، كۆپ بايلىققا ئىگە بولغىلى بولىدۇ» دەپ قاراپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. يۈگجەن دەۋرىدە، ئېۋۇرغولغا ئەمرلەشكەر ئورۇنلاشتۇردى.

**شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭيۈەن 2- يىلى (90- يىلى)**

خەن سۇلالىسىنىڭ ئۇلۇغ سانغۇنى دۆگۈ يانداش چېرىكچى يەن پەننى 2000 ئاتلىق لەشكەر بىلەن ئېۋۇرغولنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئەۋەتتى.

**شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭيۈەن 3- يىلى (91- يىلى)**

شىمالى هونلاردىكى يۇرتجان ئۆزىنى تەڭرىقۇت دەپ ئېلان قىلىپ، 8 قەبىلىنىڭ 20 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى باشلاپ بارىسكۆلگە كېلىپ كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، خەن سۇلالىسىغا بېقىندىغانلىقىنى بىلدۈردى.

**شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭيۈەن 4- يىلى (92- يىلى)**

خەن سۇلالىسى ئۇلۇغ سانغۇن، سول قانات چېرىكچى گىڭ كۈينى ئەۋەتىپ، يۇرتجانغا مۆھۈر، ئوردىن پۆپۈكى، 4 شاھ شەمشىرى، بىر مامۇق يايقۇچ ئىنئام قىلدى ھەم كەپتاۋۇل رېن شاڭنى ئېۋۇرغولدا تۇرۇپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە ئەۋەتتى.

**شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭيۈەن 5- يىلى (93- يىلى)**

كۈزدە، شىمالىي هونلارنىڭ تەڭرىقۇتى يۇرتجان خەن سۇلالىسىغا ئاسىيلىق قىلىپ قاچتى، خەن سۇلالىسىنىڭ خانى خېدىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن دورغاب ۋاڭ پۇ ۋە كەپتاۋۇل رېن شاڭ لەشكەر باشلاپ قوغلىشىپ بارىسكۆلگە بارغاندا يۇرتجاننى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

**شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇەنچۇ 1 - يىلى (107- يىلى)**

خەن سۇلالىسى شىمالىي ھونلارنىڭ ھۇجۇمى تۈپەيلىدىن، غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى، غەربىي يۇرت دورغاپى، غەربىي يۇرت ئورۇنباسار چېرىكچىسى ۋە ئىۋۇرغول، لۇكچۇندە تورۇشلۇق ئەمەلدار- لەشكەرلەرنى چېكىندۈرۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىۋۇرغول، بارىسكۆل يەنە شىمالىي ھونلارنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى.

**شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇەنچۇ 6- يىلى (119- يىلى)**

غەربىي يۇرت دورغابى سۇبەن 1000 دىن ئارتۇق لەشكەر بىلەن ئىۋۇرغولغا كېلىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنى ئەسلىگە كەلتۈردى ھەمدە غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەرنى ئۆزىگە قاراتتى. بىرقانچە كۈندىن كېيىن، شىمالىي ھونلار ئارقا قاگقىل قەبىلىسى بىلەن بىرلىشىپ ئىۋۇرغولنى ئېلىپ، سۇبەننى ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنى ئۆلتۈردى.

**شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يەنگۇاڭ 2- يىلى (123- يىلى)**

بەنچاۋنىڭ ئوغلى بەنيۇڭ غەربىي يۇرت دورغاپلىقىغا تەيىنلىنىپ، 500 لەشكەر باشلاپ ئىۋۇرغولنى قايتۇرىۋالدى، لۇكچۇندە بوز يەر ئۆزلەشتۈردى.

**شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭجيەن 1 - يىلى (126- يىلى)**

غەربىي يۇرت دورغاپى بەنيۇڭ لەشكەر باشلاپ، ھونلارنىڭ تەگرىقۇتى قۇيانخانغا ھۇجۇم قىلدى، تەگرىقۇت قۇيانخان قېچىپ كەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ ھونلار ئىۋۇرغول تەۋەسىگە ئىككىنچى قېتىم ئاياق باسالمىدى.

**شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭجيەن 6- يىلى (131- يىلى )**

شۇندى خان قايتا پەرمان چۈشۈرۈپ ئىۋۇرغولدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنى ئەسلىگە كەلتۈردى. بىر ئەمىرلەشكەر قويدى. بارىسكۆلمۇ ئىۋۇرغول لەشكەر مەھكىمىسىگە قارىدى.

**شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ياڭجيا 4- يىلى (135- يىلى)**

شىمالىي ھونلارنىڭ تەگرىقۇتى قۇيانخان ئارقاقاگقىل قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلدى. دۇنخۇاڭ ۋالىيسى ھەر قايسى بەگلىكلەردىن لەشكەر چىقىرىپ، قاشقۇۋۇق سۇيۇرغاللىق بېگى، ئىۋۇرغول ئەمىرلەشكىرى بىلەن بىرلىشىپ 6300 دىن ئارتۇق ئاتلىق لەشكەر بىلەن ئارقا قاگقىلنى قۇتقۇزۇۋېلىپ، لىشەندە تەگرىقۇت قۇيانخانغا زەربە بەردى. بىراق، خەن سۇلالىسى لەشكەرلىرى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. كۈزدە، قۇيانخان 2000 لەشكەر توپلاپ، ئارقا قاگقىلى خانلىقىغا قايتا ھۇجۇم قىلدى.

**شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭخې 2- يىلى (137- يىلى)**

كۈزدە، شىمالىي ھونلارنىڭ تەگرىقۇتى قۇيانخان بارىسكۆلگە ھۇجۇم قىلدى. خەن سۇلالىسىنىڭ دۇنخۇاڭ ۋالىيسى پېي لىڭ 3000 لەشكەر بىلەن غەربكە جازا يۈرۈش قىلىپ، بارىسكۆل ئەتراپىدا تەگرىقۇت قۇيانخاننى ئۆلتۈردى.

**شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۈەنجيا 1 - يىلى (151- يىلى)**

شىمالىي ھونلار 3000 ئاتلىق ئەسكەر بىلەن ئىۋۇرغولغا ھۇجۇم قىلدى. ئىۋۇرغولدىكى ئەمىرلەشكەر ماۋدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈۋاتقان 500 لەشكەرنى باشلاپ، بارىسكۆلنىڭ شەرقىدە سوقۇشۇپ پۈتۈنلەي ھالاك بولدى. دۇنخۇاڭ ۋالىيسى

مادا 4000 لەشكەرنى باشلاپ ياردەمكە كەلدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان هونلار غەربكە چېكىندى.

ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرى (220- 265- يىللىرى)

بارىسكۆل ئارقا قاڭقىلىغا قارىدى.

ۋېي سۇلالىسىنىڭ خۇاڭچۇ 3- يىلى (222- يىلى)

غەربىي يۇرت بىلەن بولغان ئالاقە ئەسلىگە كەلدى. قورۇلچى چېرىكچى، جىمكۆل، ئىۋۇرغول كاھىبېگى قويۇلدى.

جىن سۇلالىسىنىڭ يۇڭنىڭ 1 - يىلى (301- يىلى)

غەربىي يۇرت دورغايى قورۇلچى چېرىكچىسى لياڭجۇ ئايماق بېگىنىڭ باشقۇرۇشىغا قارىدى. ئىۋۇرغولمۇ ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى.

جىن سۇلالىسىنىڭ جيەنشىڭ 1 - يىلىدىن تەييۈەن 1 - يىلىغىچە (317 ~ 376- يىلىغىچە)

ئالدىنقى لياڭ ئىۋۇرغولغا كاھبەگ تەيىنلىدى. جاڭ جۈن دەۋرىگە كەلگەندە، سۇفۇ ئىۋۇرغولنىڭ كاھبېگى بولدى. ئىۋۇرغول دۈنخۇاڭ ۋىلايىتىگە قارىدى.

ئالدىنقى چىن سۇلالىسىنىڭ جيەنيۈەن 20- يىلى (384- يىلى)

ئالدىنقى چىننىڭ باش سانغۇنى لۈي گۇاڭ كۇسەننى تىنچلاندۇرغاندىن كېيىن پەرمان بويىچە تەمتەك ئۆتتۈچىلىقىغا، چەۋەنداز مەھرەملىكىگە، قاشتۇۋۇق (يۈمىنگۈەن) نىڭ غەربىدىكى ھەربىي ئىشلار توتۇق بەگلىكىگە، ئەنشى سانغۇنلىقىغا ۋە غەربىي يۇرت چېرىكچىلىكىگە تەيىنلەندى. ئىۋۇرغول ئالدىنقى چىنغا تەۋە بولدى.

ئالدىنقى چىن سۇلالىسىنىڭ تەيئەن 1 - يىلى (385- يىلى)

9- ئايدا، لۈيگۇاڭ زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كەلدى، جىمكۆلدە لەشكەر تۇرغۇزدى، لياڭجۇ ئايمىقىنىڭ ئايماقبېگى لياڭ شى چېگرىنى تاقىۋېلىپ ئۆلارنى كىرگۈزمىدى. لۈيگۇاڭ ئىۋۇرغولنى بېسىۋېلىپ لياڭجۇ ئايمىقىنى ئىشغال قىلدى. لۈي گۇاڭ ئۆزىنى لياڭ جۈننىڭ ئايماقبېگى، چانلار چېرىكچىسى دەپ جاكارلاپ، خېشىنى ئىگىلىۋالدى.

كېيىنكى لياڭ سۇلالىسىنىڭ تەيئەن 1 - يىلى (386- يىلى)

لۈي گۇاڭ كېيىنكى لياڭ سۇلالىسىنى قۇردى. ئىۋۇرغول كېيىنكى لياڭ سۇلالىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى.

كېيىنكى لياڭ سۇلالىسىنىڭ شيەن 2- يىلى (400- يىلى )

لى خاۋ غەربىي لياڭ سۇلالىسىنى قۇردى. ئىۋۇرغول غەربىي لياڭنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتتى.

شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تيەنشىڭ5- يىلى (402- يىلى)

ئاۋارلار غەربتە كېڭىيىتىن، شەرقتە چاۋشيەنگىچە، جەنۇبتا چوڭ چۆلگىچە بولغان زېمىندا قاغانلىق قۇردى.

ئىۋىرغول ، بارسكۆل ئاۋار قاغانلىقىغا تەۋە بولدى.

**شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تەيچاڭ 7- يىلى (422- يىلى)**

شىمالىي لياڭ غەربىي لياڭنى يوقاتقاندىن كېيىن، تاڭ چى، تاڭ خېلار، غەربىي لياڭ خانىنىڭ پۇشتى لى باۋنى ھىمايە قىلىپ ئىۋىرغولغا كەلدى. غەربىي لياڭنىڭ چېچىلىپ يۈرگەن 2000 دىن ئارتۇق تۈتىنى بىلەن ئاۋارلارغا بېقىندى. ئاۋارلار پەرمان چىقىرىپ، تاڭ چىنى ئىۋىرغول خاقانى قىلىپ تىكلىدى.

**شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ شىگۇاڭ 2- يىلى (425- يىلى)**

غەربىي لياڭ خانى لى باۋنىڭ خانىشى جيۇچۈەندىن ئىۋىرغولغا قېچىپ كەلدى.

**شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تەيپىڭ جېنجۈن 1- يىلى (440- يىلى)**

ئاۋارلار لى باۋنى ئىۋىرغولدىن دۇنخۇاڭغا قايتۇرۇپ كېلىپ ۋالىي قىلدى. تاڭ چى، تاڭ خې ئىۋىرغولدا تۇرۇپ قېلىپ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىغا تەسلىم بولدى. ئاۋارلار بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئارۇنى لەشكەر باشلاپ بېرىپ تاڭچى، تاڭخېلارنى يوقىتىشقا ئەۋەتتى. تاڭچى سوقۇشتا ئۆلدى، تاڭ خې قالغان لەشكەرلەرنى يىغىشتۇرۇپ، ئالدى قاڭقىل دۆلىتىگە قوشۇلۇپ كەتتى. ئىۋىرغول، بارسكۆل يەنە ئاۋارلارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

**شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تەيپىڭ جېنجۈن 3- يىلى (442- يىلى)**

لى باۋ شىمالىي لياڭ سۇلالىسىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، 2000 دىن ئارتۇق كىشىنى باشلاپ ئىۋىرغولدىن دۇنخۇاڭغا قايتىپ شىمالىي ۋېيغا بېقىندى.

**شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تەيخې 13- يىلى (489- يىلى)**

12- ئايدا، ئاۋارلارنىڭ ئىلىكىدىكى ئىۋىرغول شەھىرىنىڭ باشلىقى گاۋگوزى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىغا بەيئەت قىلدى.

**شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تەيخې 21- يىلى (497- يىلى)**

قۇچۇ پادىشاھى مارۇ شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ ئەلنى ئىچكىرىگە كۆچۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. پادىشاھ شياۋۋېندى ئاتاقلىق سانغۇن خەن ئەنباۋنى 1000 دىن ئارتۇق ئاتلىق لەشكەر بىلەن خا رۇنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى ھەمدە مارۇنىڭ قول ئاستىدىكى خەلقنىڭ ماكانلىشىشى ئۈچۈن ئىۋىرغول تەۋەلىكىدىن 500 چاقىرىم يەر بەردى. لېكىن ئۇلار ئۆچىرىشالماي قالغانلىقتىن، خەن ئەنباۋ ئىۋىرغولدا تۇرۇپ قالدى.

**شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ جىڭ مىڭ 1 - يىلىدىن يەنچاڭ 4- يىلىغىچە (500 ~ 515- يىلىغىچە)**

قاڭقىللارنىڭ سەردارى مىتۇتۇ ئاۋارلارنىڭ خاقانى فۇتۇ بىلەن بارسكۆلنىڭ شىمالىدا ئۇرۇشقاندا 300 چاقىرىم

چېكىنىپ كەتتى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى مېڭ ۋېينى لياڭجۇدا تۇرۇشلۇق 3000 لەشكەرگە باش قىلىپ ئىۋىرغولغا ئەۋەتتى. قوشۇن ئىۋىرغولغا كەلگەندە ئاۋارلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئاۋار قاغانى فۇتۇ ۋېي سۇلالىسى بىلەن قاڭقىللار بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ، دەپ خاتا چۈشىنىپ، قوشۇنىنى دەرھال چېكىندۈردى. قاڭقىللارنىڭ سەردارى مىشۇتۇ يۈرۈشتىن پايدىلىنىپ زەربە بېرىپ بارىسكۆلنىڭ شىمالىدا ئاۋار قاغانىنى ئۆلتۈردى. مېڭ ۋېي لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئىۋىرغولغا قايتىپ كەلدى.

**شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ شىپىڭ 1 - يىلىدىن جېڭگۇاڭ 1 - يىلىغىچە (516 ~ 520- يىلىغىچە)**

ئاۋارلار بىلەن قاڭقىللار ئىۋىرغول، بارىسكۆلنى داۋاملىق تالىشىپ كۆپ قېتىم ئۇرۇشتى. ئاۋارلار مەغلۇپ بولۇپ لياڭجۇغا كەتتى.

**غەربىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ يۈەنچىن 1 - يىلىدىن گۇڭدى توباكو 2- يىلىغىچە (552 ~ 555- يىلىغىچە)**

تۈرك قاغانى تۇمەن ئاۋارلارنى مەغلۇپ قىلىپ، تۈرك قاغانلىقىنى قۇردى. ئىۋىرغول، بارىسكۆل تۈرك قاغانلىقىغا تەۋە بولدى.

**سۈي سۇلالىسىنىڭ كەيخۇاڭ 1 - يىلى (581- يىلى)**

سۈيۋېندى ياڭ جيەن سۈي سۇلالىسىنى قۇردى. غەربىي تۈرك قاغانى تاردۇش بىلەن ئالاقە باغلاشقا يۈەن خۈينى ئىۋىرغولغا ئەۋەتتى.

**سۈي سۇلالىسىنىڭ كەيخۇاڭ 4- يىلى (584- يىلى)**

سۈي سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى داشىچاگرۇ چوڭ قوشۇننى باشلاپ غەربىي يۇرتقا يۈرۈش قىلىپ، بارىسكۆلگە كەلدى.

تۈرك قاغانى تاردۇش ئىۋىرغولدىن يولغا چىقىپ، سۈي سۇلالىسىغا بېرىپ پادىشاھقا سوۋغا سۇندى.

**سۈي سۇلالىسىنىڭ دايې 1 - يىلى (605- يىلى)**

غەربىي تۈرك چۇلۇق قاغانى تېلى قەبىلىلىرىنى دەھشەتلىك ئېزىپ، ئۇلارغا ئېغىر ئالۋان- سېلىق سالدى، قەبىلە باشلىقلىرىدىن تارتىپ نەچچە ئون مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. تېلى قەبىلىلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، مەي گىلىگىنى ئۆيۈش باغا قاغانلىققا كۆتىرىپ، تېلى قاغانلىقىنى قۇردى. ئىۋىرغول، قۇجۇلار تېلى قاغانلىقىغا قارىدى.

**سۈي سۇلالىسىنىڭ دايې 4- يىلى (608- يىلى)**

سۈي سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى شۆششىيۇڭ ئىۋىرغولغا لەشكەر تارتىپ كەلدى، ئىۋىرغول شەھىرىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە يەنە بىر يېڭى شەھەر بىنا قىلىپ، ئۇنىڭغا يېڭى ئىۋىرغول دەپ نام بەردى. خەزىنە بېگى ۋاڭ ۋېينى 1000 لەشكەر بىلەن شەھەرنى ساقلاشقا قالدۇردى.

سۈي سۇلالىسى ئىۋىرغول قورغىنىنى قۇردى. فېڭ سىمىڭنىڭ ئەملىنى تۆۋەنلىتىپ، ئىۋىرغول قورغىنىنىڭ باشقاۋۇللىقىغا قويدى. پېيى جۈي يازغان «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك خاتىرىلىرى» دە يىپەك يولىنى جەنۇبىي يول، ئوتتۇرا يول، شىمالىي يول دەپ ئۈچ يولغا ئايرىغان بولۇپ، ئوتتۇرا يول بىلەن شىمالىي يول (شىمالىي يېڭى يول) ئايرىم-

ئايرىم ئېۋىرغولدىكى تەگرىتاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىن ئۆتىدۇ، دەپ يېزىلغان.

سۇي سۇلالىسىنىڭ خانى ياڭ دى خېشى كارىدورىنى تەكشۈرۈشكە كەلدى. قۇچۇ خانى، ئېۋىرغول تۇتۇقشانى قاتارلىق غەربىي يۇرتتىكى 27 بەگلىكنىڭ باشلىقلىرى ۋە ئەلچىلىرى جاڭيېگە بېرىپ خان بىلەن كۆرۈشتى.

**سۇي سۇلالىسىنىڭ دايې 5- يىلى (609- يىلى)**

قۇچۇلۇق جۇ بۇيا سۇي سۇلالىسىنىڭ ئوردىسىغا كەلدى، ئېۋىرغول تۇتۇقشانى سۇي سۇلالىسىغا ئەل بولدى. سۇي سۇلالىسىنىڭ خانى ياڭدې ئالايىتى كاتتا بېزەلگەن ئوردا نەزەرگاھىدا قۇچۇ خانى، تۇتۇقشانى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارغا زىياپەت بەردى.

**سۇي سۇلالىسىنىڭ دايې 6- يىلى (610- يىلى)**

سۇي سۇلالىسى ئېۋىرغول ئايمىقى ۋە روياڭ (ھازىرقى تاشۋىلىق) قورغىنىنى قۇردى.

**سۇي سۇلالىسىنىڭ يىنىڭ 2- يىلى (617- يىلى)**

سۇي سۇلالىسى ھالاك بولدى. غەربىي تۈرك خانلىقى گۈللەندى، ئېۋىرغول، بارىسكۆل يەنە تۈرك زېمىنىگە ئايلاندى.

**تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن 3- يىلى (629- يىلى)**

بۇددا راھىبى شۈەنزاڭ ھىندىستانغا بۇددا نومىنى ئالغىلى بېرىش سەپىرىدە ئېۋىرغولدىن ئۆتتى.

**تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن 4- يىلى (630- يىلى)**

ئېۋىرغول شەھىرىنىڭ سەركەردىسى شى ۋەننيەن يەتتە شەھەر بىلەن تاڭ سۇلالىسىغا بېقىندى. تاڭ سۇلالىسى غەربىي ئېۋىرغول ئايمىقىنى تەسىس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئېۋىرغول، لاپچۇق ۋە رويان ناھىيىلىرىنى تەسىس قىلدى.

**تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن 6- يىلى (632- يىلى)**

غەربىي ئېۋىرغول ئايمىقى ئېۋىرغول ئايمىقىغا ئۆزگەرتىلدى. ئۇنىڭغا ئېۋىرغول، رويان، لاپچۇق ناھىيىلىرى، 1332 تۈتۈن، 6778 نوپۇس قارىدى.

**تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن 14- يىلى (640- يىلى)**

تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى قۇچۇغا ھۇجۇم قىلدى. قوشۇننىڭ يانداش باش بۇغى جاڭ شىگېين ئېۋىرغولنىڭ شىلمان تاغلىرى (ھازىرقى نامداۋان) ئەتراپلىرىدا ھۇجۇم قورallىرىنى ياسىدى. بۇ ئىشلارنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن تاغ چوققىسىدا ئابىدە تۇرغۇزدى.

تاڭ سۇلالىسى قۇچۇدا غەربىي ئايماق، ئەنشىدە قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلدى. ئېۋىرغول ئايمىقى ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. تاڭ سۇلالىسى جىمساردا بېشبالىق ئايمىقىنى تەسىس قىلىپ، بارىسكۆل ناھىيىسىنى باشقۇردى. بارىسكۆل 3- دەرىجىلىك ناھىيە قىلىنىپ، ئۇنىڭغا ئىككى يېزا، جۈملىدىن

مورىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرى قارىدى. يىللىق باج ھەققى ئۈچۈن 350 سەر كۆمۈش تاپشۇردى.

**تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن 16- يىلى (642- يىلى)**

ئېۋىرغول ئايىمىقىدا 2467 تۈتۈن، 10 مىڭ 157 نوپۇس بار بولغان.

غەربىي تۈركلەرنىڭ قاغانى ئىل بىلگە تۇغلۇق قاغان ئېۋىرغول ئايىمىقىغا ھۇجۇم قىلدى. ئەنشى قۇرۇقچىبېگى گوشاۋگې 2000 ئاتلىق لەشكەر بىلەن تاقابىل تۇردى. ئىل بىلگە تۇغلۇق قاغان مەغلۇپ بولۇپ قاچتى.

**تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن 21- يىلى (647- يىلى)**

تاڭ سۇلالىسى لەشكەرلىرى كۆسەنگە جازا يۈرۈش قىلدى. ئېۋىرغول ئايماقبېگى خەن ۋېي 1000 ئاتلىق لەشكەرنى باشلاپ ئالدىن يولغا چىقتى.

**تاڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭخۇي 6- يىلى (655- يىلى)**

5- ئاينىڭ ئاخىرى، ئوڭ قانات ياساۋۇللار ئۇلۇغ سانغۇنى چېڭ جىجېي غەربىي يۈرۈش ئالىي باش بوغى بولۇپ، سول قانات ياساۋۇللار سانغۇنى سارىرا زالى، ئوڭ قانات ياساۋۇللار سانغۇنى ۋاڭ ۋىندۇ، ئېۋىرغول ئايىمىقىنىڭ ۋالىيسى سۇ خەيجېڭلەرنى باشلاپ، غەربىي تۈرك خاقانى ئاشناقۇلىغا جازا يۈرۈش قىلىش سەپىرىدە ئېۋىرغولدىن ئۆتتى.

**تاڭ سۇلالىسىنىڭ يىفېڭ 2- يىلى (677-يىلى)**

تاڭ دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ((تۆت مەشھۇر شائىر))نىڭ بىرى لۇبىڭۋاڭ ئەملى تۆۋەنلىتىلىپ، غەربىي يۇرتقا ئەۋەتىلدى، ئۇ ھۆكۈمەت خىزمىتى بىلەن ئېۋىرغولنىڭ شىمالى ئارقىلىق بېشبالىققا بارغاندا، «گۈگۈمدا تەگرىتاغدىن ھالقىپ، پايتەختنى ئەسلىدىم» قاتارلىق شېئىرلارنى يېزىپ قالدۇردى.

**تاڭ سۇلالىسىنىڭ تاڭلۇڭ 1 - يىلى (710- يىلى)**

ئېۋىرغولدا قوشۇن تۇرغۇزۇلدى، ئېۋىرغول ئايماقبېگى ئېۋىرغول قوشۇنىنىڭ ھەربىي باشلىقلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىدى.

ئېۋىرغول قوشۇنى ((گەنلۇچۈەن))دە تۇرۇپ، قورغان قۇرۇش ۋە بوز يەر ئېچىش بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ قوشۇننىڭ 3000 لەشكىرى، 1040 ئېتى، 5000 مو تېرىلغۇ يېرى بار بولدى.

**تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەييۈەن 2- يىلى (714- يىلى)**

شەرقىي تۈركلەر ئېۋىرغولغا ھۇجۇم قىلدى، ئېۋىرغول ئايماقبېگى ئېۋىرغول قوشۇنىنىڭ ھەربىي باشلىقلىقىنى قوشۇمچە ئۆتەۋاتقان گوجيۈن لەشكەر چىقىرىپ دۈشمەنگە قارشى جەڭگە ئاتلاندى، شەرقىي تۈركلەر مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى.

**تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەييۈەن 24- يىلى (736- يىلى)**

بېشبالىقنىڭ ھىراۋۇلى گەي جياۋەن ((ئېۋىرغول كۆيىي)) نى تاڭ سۇلالىسىنىڭ خانى تاڭ شۈەنزوڭ لى لۇڭجىغا

تاپشۇردى ھەممە ئۇنى ‹‹ئېۋىرغول نەغمىسى›› دەپ ئاتىدى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ تيەنباۋ 1 - يىلى (742- يىلى )

ئېۋىرغول ئايمىقى ئېۋىرغول ۋىلايىتىگە ئۆزگەرتىلدى. بېشبالىق ھىراۋۇلى بايقان، تەڭرىتاغ، ئېۋىرغول قوشۇنلىرىغا قوماندانلىق قىلدى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنيۈەن 1 - يىلى (758- يىلى)

ئېۋىرغول ۋىلايىتى يەنە ئېۋىرغول ئايمىقىغا ئۆزگەرتىلدى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭدې 2- يىلىدىن دالى 5- يىلىغىچە (764 ~ 770- يىلىغىچە)

تۈبۈتلەر ئېۋىرغول ئايمىقىغا ھۇجۇم قىلدى. ئېۋىرغول ئايماقبېگى يۈەن گۇاڭتىڭ ئېۋىرغولنى بىرنەچچە يىل ساقلىدى. كېيىن لەشكەرلىرى ھالسىراپ، ئوزۇق- تۈلۈكى تۈگەپ شەھەرنى قولدىن بېرىپ قويدى. يۈەن گۇاڭتىڭ خوتۇن، بالىچاقىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئۆزىنى ئوتقا تاشلاپ ئۆلۈۋالدى. ئېۋىرغول ئايمىقى تۈبۈتلەرنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى. غەربىي يۇرتنىڭ قاتنىشى ئۈزۈلۈپ قالدى. كېيىن تۈبۈتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىختىلاپ يۈز بەردى. ئېۋىرغول ئايمىقى يەنە ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە قالدى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەيچېڭ 5- يىلى (840- يىلى)

چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقى مۇنقەرز بولدى. ئۇنىڭ لەشكەرلىرى ۋە پۇقرالىرى غەربكە كۆچتى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى قوچۇنى مەركەز قىلغان ھالدا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇردى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ داجۇڭ 5- يىلى (851- يىلى)

شاجۇلۇق جاڭ يىچاۋ ئۇيغۇرلارنىڭ ساردارى بۆكۈقۇن قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ، تۈبۈتلەرنى ئارقا- ئارقىدىن مەغلۇپ قىلىپ، ئېۋىرغول ئايمىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 11 ئايماقنى قايتۇرۇۋالدى. 2- يىلى تاڭ سۇلالىسى جاڭ يىچاۋنى قوشۇننىڭ ھىراۋۇل بەگلىكىگە قوشۇمچە 11 ئايماقنىڭ كۆزەتكۈچى ئېكىنبەگلىكىگە تەيىنلىدى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ داجۇڭ 10- يىلى (856- يىلى)

ئوردىنىڭ ياردەمچى تەپتىش ۋەزىرى ۋاڭ رۇيجاڭ خان ئەلچىسى سۈپىتىدە، كىنگىتتە ئەنشى ئۇيغۇر خانلىقىنى قورغان پان تېكىنگە مەكتۇپ ئېلىپ كېتىۋېتىپ ئېۋىرغولغا كەلگەندە، 1000 دىن ئارتۇق يۈز ئۆرۈگەن ئۇيغۇر ئاتلىق لەشكەرلىرى (تۈبۈتلەرگە قاراشلىق ئۇيغۇرلار) تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. جاڭ يىچاۋ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، لەشكەر باشلاپ كېلىپ لاپچۇق شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭچى 1 - يىلى (885- يىلى)

لىڭ جۇنىڭ سىلاۋچى بېگى شاجۇنى زىيارەت قىلدى. جاڭ داچېڭ ‹‹شاجۇ، ئېۋىرغول ئايماقلىرى تەزكىرىسى›› (دۇنخۇاڭ، قۇمۇل تەزكىرىلىرى)›› نى يازدى.

ئەينى چاغدا، ئېۋىرغول ئايمىقىدا 2634 تۈتۈن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئېۋىرغول ناھىيىسىدە 1613 تۈتۈن،

لاپچۇق ناھىيىسىدە 632 تۈتۈن، رۇيلەن ناھىيىسىدە 389 تۈتۈن بار.

ئېۋۇرغول قوشۇنى ماننا بازىرىدا تۇردى، بۇ بازارنىڭ شەرقىي جەنۇبى ئېۋۇرغولغا 300 چاقىرىم، غەربىي جەنۇبى قوجۇ ئايمىقىغا 800 چاقىرىم، غەربى بېشبالىققا 780 چاقىرىم، شەرقىي جەنۇبى چاڭئەنگە 4800 چاقىرىم كېلىدۇ.

**تاڭ سۇلالىسىنىڭ تيەنيۇ 2- يىلى (905- يىلى)**

جاڭ چېڭفېڭ شاجۇ، گۇاجۇ، ئېۋۇرغول، قوچۇ ئايماقلىرىنىڭ ھىراۋۇلى بولدى. جاڭ چېڭفېڭ غەربتىكى خەنزۇلارنىڭ ئالتۇن تاغ بەگلىكىنى قۇردى. ئېۋۇرغول نامدا مۇشۇ بەگلىك ئىلكىدە 10 يىلدىن كۆپرەك تۇردى.

# سۇڭ، يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرى

**سۇڭ سۇلالىسىنىڭ تەيپىڭ شىڭگو 6- يىلى (981- يىلى)**

سۇڭ سۇلالىسى ئەلچىسى ۋاڭيەندى ئىدىقۇتقا ئەلچىلىككە باردى. كېيىنكى يىلى ئېۋۇرغولدىن ئۆتتى. شۇ چاغدا ئايماق بېگى چىن فامىلىلىك خەنزۇ ئىدى.

**شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنخې6- يىلى (1124- يىلى) دىن كېيىن**

ئېۋۇرغول ئايمىقى قىتان خانلىقىغا قارىدى.

**جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ جيادىڭ 2- يىلى (1209- يىلى)**

ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ بېگى قاراقىتاننىڭ ئىدىقۇتتا تۇرۇشلۇق نائىپ بېگىنى ئۆلتۈرۈپ، تېمۇرچىنگە بەيئەت قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئېۋۇرغول – قۇمۇل دەپ ئاتىلىپ، موڭغۇل خانلىقىنىڭ بىر قىسمى بولدى.

**جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ جيادىڭ 11- يىلى (1218- يىلى)**

چىڭگىزخان زور قوشۇننى باشلاپ غەربكە يۈرۈش قىلدى. بۇ قوشۇننىڭ تارماق ئاتلىق قوشۇنى جۇڭغۇيىنىڭ شىمالىدىكى تۆمۈرتام ئارقىلىق بارىسكۆل ياپلاقلىرىغا كىردى. ئۇيغۇر ئىدىقۇتى ئون مىڭدەك ئادىمى بىلەن چىڭگىزخانغا قوشۇلۇپ غەربكە يۈرۈش قىلدى.

**يۈەن سۇلالىسىنىڭ جىيۈەن 9- يىلى (1272- يىلى)**

قۇبلاي موڭغۇل خانلىقىنىڭ خانى بولدى. غەربىي شىمالدىكى موڭغۇل بەگلىرى بۇنىڭغا قايىل بولماي، قايدۇ ۋە دۇۋالار توپىلاڭ قوزغىدى. توپىلاڭچى قوشۇن قۇمۇلنى ئىشغال قىلىۋالغانلىقتىن، قۇمۇلدىكى بىر قىسىم ئائىلە ئىچكىرىگە كۆچۈشكە مەجبۇر بولدى.

**يۈەن سۇلالىسىنىڭ جىيۈەن 9 -، 10 - يىللىرى (1272 -، 1273- يىللىرى)**

ۋېنتسىيىلىك ماركوپولو قۇمۇلدىن ئۆتتى.

يۈەن سۇلالىسىنىڭ جىيۈەن 18- يىلى (1281- يىلى)

گەنسۇ ۋاقىتلىق ۋازارىتى قۇرۇلدى، قۇمۇل گەنسۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. بارىكۆل بېشبالىق قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قاراشلىق بولدى.

يۈەن سۇلالىسىنىڭ جىيۈەن 19- يىلى (1282- يىلى)

قۇمۇلنىڭ شەھەر باشلىقى ئىبلىس ئىبكىن يۈەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشى ئۈچۈن پۇل ئىئانە قىلدى.

يۈەن سۇلالىسىنىڭ جىيۈەن 24- يىلى (1287- يىلى)

بېشبالىقتىكى خەنزۇ قوشۇن ھەم يىگىدىن بەيئەت قىلغان 500 لەشكەر قۇمۇلدا بوز يەر ئۆزلەشتۈردى.

يۈەن سۇلالىسىنىڭ جىيۈەن 25- يىلى (1288- يىلى)

قۇمۇلدا ئۇدا بىر قانچە يىل قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بەردى. قۇبلايخان خېشى ۋالىيسىغا قۇمۇلنىڭ بوز يەرگە تېرىپ ئالغان ئېشىندى ئاشلىقىدىن قۇتقۇزۇش ئاشلىقى ئاجرىتىپ بېرىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى.

يۈەن سۇلالىسىنىڭ جىيۈەن 26- يىلى (1289- يىلى)

قۇمۇلدا ئۇدا بىرنەچچە يىل قۇرغاقچىلىق بولغانلىقتىن، خەلق ئاچارچىلىقتا قالدى. قۇبىلايخان گەنسۇدىن 1000 دادەن قۇتقۇزۇش ئاشلىقى يۆتكەش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى.

يۈەن سۇلالىسىنىڭ دادې 7- يىلى (1303- يىلى)

شەنشى، گەنسۇ ئۆلكىلىرىگە قۇمۇلدىكى ئامراتلارنى قۇتقۇزۇش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى.

يۈەن سۇلالىسىنىڭ جىجېڭ 8- يىلى (1348- يىلى)

قالىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى قالى باشى يەنجىگىنىڭ باش بۇغى بولدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ خۇڭۋۇ 3- يىلى (1370- يىلى)

يۈەن سۇلالىسىنىڭ قۇمۇلنى ساقلاۋاتقان تۆرغاق سانغۇنى ئۇرناشىل تەپرىقىچىلىق قىلىپ مۇستەقىل بولىۋالدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ خۇڭۋۇ 13- يىلى (1380- يىلى)

مىڭ سۇلالىسى خانى تەيزۇنىڭ يارلىقىغا بىنائەن، گەنسۇنىڭ تۇتۇق ۋالىيسى پويىڭ لەشكەر باشلاپ قۇمۇلغان كېلىپ، قۇمۇلنىڭ سودا يوللىرىنى راۋانلاشتۇردى. بۇ يەردىكى يۈەن سۇلالىسى خانىنىڭ ئەۋلادى ئۇرناشىل ئەلچى ئەۋەتىپ بەيئەت قىلدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ خوڭۋۇ 14- يىلى (1381- يىلى)

قۇمۇلنىڭ ئەلچىسى ئالاۋۇدىن مىڭ سۇلالىسى خانىغا ئات تارتۇق قىلدى. پادىشاھ ئۇلارغا شايى ھەدىيە قىلدى.

مىڭ سۇلالىسى خوڭۋۇنىڭ 21- يىلى (1388- يىلى)

جۇڭيۈەنجاڭ مۇيىڭ، قالى باشى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى بەيجۇ قاتارلىقلارنى يۇننەن، گۈيجۇغا جازا يۈرۈشكە ئەۋەتتى. قالى باشى ئۇرۇشتا ئۆلدى. لى ۋېنجۇڭ خانىنىڭ يارلىقىغا بىنائەن، قالى باشىنىڭ جەسىتىنى خۇنەنگە قايتۇرۇپ كەلدى. جەسىتى چاڭدېنىڭ شەرقىي قوۋىقى سىرتىدىكى خۇاڭلوگاڭغا (ھازىرقى چاڭدې شەھەرلىك ھاراق زاۋۇتىنىڭ ئورنى) غا دەپنە قىلىندى. مانا بۇ قۇمۇللۇق ئۇيغۇرلارنىڭ تاۋيۈەندە ئولتۇراقلىششىنىڭ باشلىنىشى ھېسابلىنىدۇ.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ خوڭۋۇ 23- يىلى (1390- يىلى)

قۇمۇل ۋاڭى ئورناشىل ئارسلانشاھ، ماھمۇدشاھ دورغاپلارنى خانغا ئات تارتۇق قىلىشقا ئەۋەتتى. قۇمۇل ۋاڭى ئورناشىل باشقا قەبىلىلەر بىلەن ئۆچەنلىشىپ قىرغىن قىلغانلىقتىن، مىڭ سۇلالىسى ئوردىسى تۇتۇقبەگ سۇڭ شىڭغا قۇمۇلنى ئېلىش توغرىسىدا كۆرسەتمە بەردى. سۇڭ شىڭ لەشكەر باشلاپ چىقىپ قۇمۇلنى ئىشغال قىلدى. ئورناشىل ئۇرۇق- تۇغقانلىرىنى ئېلىپ قېچىپ كەتتى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ خوڭۋۇ 24- يىلى (1391- يىلى)

قۇمۇل ۋاڭى ئورناشىل ئات سودىسى قىلىشقا يەنئەن، سۇي دې، پىڭلياڭ، نىڭشيا قاتارلىق جايلارغا ئەلچى ئەۋەتتى. سەنشى ئۆلكىسىنىڭ باش بۇيۇرغا مەھكىمىسى بۇ ئىشنى ئۇققاندىن كېيىن، «بۇنىڭغا قولاق سالماسلىق كېرەك» دەپ، بۇ ئىشنى خانغا مەلۇم قىلىش ئۈچۈن ئەھۋالنى پىششىق بىلىدىغان ئادەمنى پايتەختكە ئەۋەتتى.

غەربىي يۇرتتىكى ئۇيغۇرلار ئوردىغا تارتۇق قىلىش سەپىرىدە قۇمۇلدىن ئۆتكەندە، قۇمۇلنىڭ ۋاڭى ئورناشىل قاتناشنى كۆپ قېتىم توسۇۋېلىپ ماللارنى تالان- تاراج قىلدى. مىڭ سۇلالىسى خانىنىڭ يارلىقىغا بىنائەن، سول قانات ياندىش تۇتۇقى ليۇجېن ۋە سۇڭ شىڭ لەشكەر باشلاپ، قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلىپ، تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدى. ئورناشىل 300 دىن كۆپرەك ئاتنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كېلىپ، قورشاۋنى بوسۇپ چىقىپ كەتتى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى قۇمۇل شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، ۋاڭ بىلىچ تېمۇر، دۆلەت ئەركانى ئارۇزچى قاتارلىق 1400 كىشىنىڭ كاللىسىنى ئالدى، شاھزادە (بىلىچكە قاراشلىق 1730 كىشى) نى، ئالتۇن مۆھۈر، كۈمۈش مۆھۈر ۋە 630 ئاتنى قولغا چۈشۈردى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ خوڭۋۇ 25- يىلى (1392- يىلى)

ئورناشىل ئات، قېچىر تارتۇق قىلىپ، خاندىن كەچۈرۈم سورىدى. خان ئۇنىڭ ۋاڭلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قوشۇلدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ خوڭۋۇ 26- يىلى (1390- يىلى)

ئورناشىل ئۇيغۇر قاجىل قاتارلىقلارنى ئەۋەتىپ خانغا 40 ئات، 16 قېچىر تارتۇق قىلدى. خان كەلگەن ئەلچىلەرنىڭ دەرىجىسى بويىچە ئاق ئالتۇن ۋە گۈللۈك شايى رەخت ئىنئام قىلدى. ئورناشىل ئۆلۈپ، ئورنىغا ئۇكىسى ئەنىق تېمۇر ۋاڭ بولدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭلې 1 - يىلى (1403- يىلى)

ئەنىق تېمۇرنىڭ «ئات سودىسى» قىلىشىغا ئالاھىدە رۇخسەت قىلىندى. ئۇ خانغا بىرقانچە قېتىمدا جەمئىي 190 ئات تارتۇق قىلدى. ئات سودىسىدا 4740 ئاتنى ساتتى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭلې 2- يىلى (1404- يىلى)

ئەنىق تېمۇر خانغا ئەلچى ئەۋەتىپ، نام ئەمەل بېرىشنى تەلەپ قىلدى. خان ئەنىق تېمۇرگە ئىتائەتمەن ۋاڭ دېگەن نامنى بەردى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭلې 3- يىلى (1405- يىلى)

ئەنىق تېمۇر ئۆلدى. ئۇنىڭ جىيەنى توقتۇ ئىتائەتمەن ۋاڭلىقنى ۋارىسلىق قىلدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭلې 4- يىلى (1406- يىلى)

مىڭ سۇلالىسىغا بەيئەت قىلغان قۇمۇلنىڭ باشلىقى مەيجۇ قاتارلىق 278 تۈتۈن كۆيۈكە قېچىپ بېرىپ پاناھلاندى. خەلقنىڭ ئورزۇق- تۈلۈكى تۈگەپ، ئاچارچىلىقتا قالغانلىقى خانغا مەلۇم قىلىندى. خان گەنسۇنىڭ ئېھتىيات ئاشلىق ئامبىرىدىن قۇتقۇزۇش ئاشلىقى بېرىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى.

قۇمۇل ياساۋۇلخانىسى تەسىس قىلىنىپ، مۆھۈر بېرىلدى. قۇمۇلنىڭ باشلىقى مەھمود خوجا قاتارلىقلار قوماندان، مىڭبېشى، يۈز بېشى، بازار باشلىقى بولدى. گۆسچېڭ، ھاجى مەھمودلار باش كاتىپ بولدى. يەنە خەنزۇ جۇئەن ئىتائەتمەن ۋاڭغا دورغاپ، ليۇشىڭ مەسلىھەتچى بولدى.

قۇمۇلنىڭ ئىتائەتمەن ۋاڭى توقتو ۋاڭلىق ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئۇنىڭ مومىسى سۇغۇرشىل ۋە باشقىلار خانغا ئادەم ئەۋەتىپ گۇناھنى تىلىدى. توقتۇمۇ ئەمەلدار ئەۋەتىپ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى.

قۇمۇلنىڭ ئىتائەتمەن ۋاڭى خانغا قۇمۇلغا ئەمەلدار بەلگىلەپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. خان ئۇلارنىڭ باشلىقلىرى ــ لۇشى، ئالى قاتارلىق 19 كىشىنى باش قوماندان، قوماندان، مىڭبېشى، يۈز بېشى قاتارلىق ئەمەللەرگە تەيىنلەش يارلىقى چۈشۈردى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭلې 7- يىلى (1409- يىلى)

قۇمۇلدا بۇددا ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان راھىب مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭلې 9- يىلى (1411- يىلى)

توقتو تۇيۇقسىز ئۆلدى. ئىنىسى ئۆرتۆمۈرگە ئىتائەتمەن ۋاڭلىق مەنسىپى بېرىلدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭلې 12- يىلى (1414- يىلى)

غەربىي رەسمىي ئامبال چېن چېڭ، نويۇس پىرقىسى ئىچكى ئەمەلدارى لى دالار غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە كەلگەندە ۋە 2- يىلى قايتقاندا قۇمۇلدىن ئۆتتى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ خۇڭشى 1 - يىلى (1425- يىلى)

تۆرى تۆمۈر ئۆلدى. 2- يىلى توقتونىڭ ئوغلى بوداشىرغا ئىستائەتمەن ۋاڭ دەپ نام بېرىلدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەندې 3- يىلى (1428- يىلى)

قۇمۇلنىڭ ئىستائەتمەن ۋاڭى بۇداشىرىنىڭ يېشى كىچىك بولغاچقا، يارلىققا بىنائەن، تۆرتېمۈرنىڭ ئوغلى توغان تېمۈرگە ئىستائەتمەن، ئادىل ۋاڭ دەپ نام بېرىلدى ۋە ئۇلار دۆلەت ئىشلىرىنى بىرلىكتە باشقۇردى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەندې 4- يىلى (1429- يىلى)

مىڭ سۇلالىسى خانىنىڭ يارلىغىغا بىنائەن، قۇمۇل ياساۋۇلخانىسىدىكى راھىب مەھكىمىسى باش راھىب مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ جېڭتۇڭ 2- يىلى (1437- يىلى)

توغان تېمۈر ئۆلدى. ئۇنىڭ ئوغلى توقتو تېمۈرگە يارلىققا بىنائەن ئىستائەتمەن، ئادىل ۋاڭ دەپ نام بېرىلدى، ئۇ ئۇزاق ئۆتمەي ئۆلدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ جېڭتۇڭ 4- يىلى (1439- يىلى)

شاجۇنىڭ قوماندانى ئامبال ئەھمەد بۇقا ئائەي، گارجىبو قاتارلىقلار تەرىپىدىن تالان- تاراج قىلىنغاچقا، غەربكە قېچىپ قۇمۇل ئەتراپىغا كېلىۋالدى. كېيىن ئائەي، گارجىبولار بېسىقتۇرۇلدى. ئەھمەد بۇقا شاجۇغا قايتىپ كەتمەكچى بولدى، ئەمما قۇمۇلنىڭ تۇتۇقبېگى پىيلانا قوشۇلمىدى. ئەھمەد بۇقا خانغا شاجۇغا قايتىپ كېتىش ھەققىدە ئىلتىماس سۇندى. مىڭ سۇلالىسى خانى پىيلاناغا ئەھمەد بۇقانىڭ ئادەملىرىنى شاجۇغا قايتۇرۇپ كېتىشكە رۇخسەت قىلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ جېڭتۇڭ 5- يىلى (1440- يىلى)

ئىستائەتمەن ۋاڭ بوداشىر ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى داۋاداشىرغا ئىستائەتمەن ۋاڭ دەپ نام بېرىلدى. داۋاداشىرنىڭ يەنە بىر ئىسمى قالى ئىدى. ئۇ ئۆزىنى سۇلتان دەپ ئاتاپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ جېڭتۇڭ 8 - يىلى (1443- يىلى)

ئويراتلار قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلىپ ئاتامانلىرىدىن ئۈچ كىشىنى ھەم شەھەر سىرتىدىكى 50 نەچچە ئەر- ئايالنى ئۆلتۈردى. ئىستائەتمەن ۋاڭنىڭ ئانىسىنى ۋە 1000 دىن ئارتۇق كىشىنى تۇتقۇن قىلدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ جىڭتەي 6- يىلى (1455- يىلى)

3000 دىن ئارتۇق خەنزۇ سېتىۋېلىنىپ قۇمۇلغا ئېلىپ كېلىندى. بۇلاردىن 1000 دىن ئارتۇقى يەنە قۇمۇل ۋاڭىنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى تەرىپىدىن سەمەرقەنتكە سېتىۋېتىلدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ تيەنشۇن 1 - يىلى (1457- يىلى)

داۋاداشىر ئۆلدى. ئۇنىڭ ئىنىسى بۇراق ئىتائەتمەن ۋاڭ بولدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ تيەنشۇن 4- يىلى (1460- يىلى)

بۇراق ئۆلدى. ئوغلى بولمىغاچقا، ئانىسى نوۋىل داشىر دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇردى. شىمالدىكى ئويراتلار قۇمۇلنى ئىشغال قىلىۋالدى. ۋاڭنىڭ ئانىسى، ئۇرۇق- تۇققانلىرى، ئوردا ئاتامانلىرى كۇيۇ (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ئەنشى ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا، يۇمېننىڭ غەربىي جەنۇبىدا) گە قېچىپ بېرىپ پاناھلاندى. قۇمۇل خەلقى تۆركۈملەپ ئىچكىرىگە قېچىپ باردى. ئۆلاردىن 200 نەچچە كىشى بېيجىڭغا قېچىپ باردى. مىڭ ئوردىسى ئۆلارنىڭ ھەر بىرىگە ئۈچ كۆرەدىن كۆرۈچ، ئىككى توپتىن رەخت بېرىپ، قۇمۇلغا قايتۇرۇۋەتتى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ تيەنشۇن7- يىلى (1463- يىلى)

مىڭ سۇلالىسى ئوردىسى چاۋيەن تېمۇرنىڭ ئىنىسىنى تۇتۇقبېگى قىلىپ تەيىنلىگەنلىكى توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ تيەنشۇن 8- يىلى (1464- يىلى)

قۇمۇل ئويرات جاسىلەنىنىڭ كۆپ قېتىم تاجاۋۇزىغا ئۇچراپ مالىمانچىلىقتا قالدى، تېرىلغۇ يەرلەر ئاق قالدى. مىڭ سۇلالىسى ئوردىسى قۇمۇلغا 100 دادەن ئاشلىق بەردى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېڭخۇا 2- يىلى (1466-يىلى )

ئويراتلار چېكىندى. ۋاڭنىڭ ئانىسى ئەلنى باشلاپ قۇمۇلغا قايتىپ كەلدى. ئەلنى ئەمىن تاپقۇزۇپ، چېگرىنى قوغدىدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېڭخۇا 3- يىلى (1467- يىلى)

مىڭ سۇلالىسى خانىنىڭ يارلىقىغا بىنائەن، قۇمۇلنىڭ مەرھۇم ئىتائەتمەن ۋاڭى توغان تېمۇرنىڭ نەۋرىسى، تۇتۇقبېگى باتامۇر ئۇلۇغ قول تۇتۇقبېگى سۈپىتىدە نايىپ ۋاڭ بولۇپ، ئەل ئىشلىرىنى بېجىردى ۋە قۇمۇلنى باشقۇردى.

ئاچارچىلىق دەستىدىن 200 نەچچە كىشى سەرگەردان بولۇپ قۇمۇلدىن كەتتى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، باش دىۋان ياندىش ئايماقبېگىگە ئۆلارنىڭ ھەر بىرىگە ئىككى توپتىن رەخت، ئالتە كۆرەدىن ئاشلىق بېرىپ، قۇمۇلغا قايتۇرۇۋېتىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېڭخۇا 5- يىلى (1469- يىلى)

ئويراتلار ئىچىدە مالىمانچىلىق يۈز بەردى. ئۆلارنىڭ باشلىقى بەيىساقا 400 ئادەمنى يالاپ كېلىپ قۇمۇلدا تۇرغۇزدى.

### مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېڭخۇا 8- يىلى (1472- يىلى)

باتامۇر ئۆلدى. ئۇغلى خەنشىن ئاتىسىنىڭ ئەملىنى بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. مىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئۇنىڭغا تۇتۇقبېگى ئەمىلىنىلا بېرىپ، ئۇنىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشىغا رۇخسەت قىلمىدى، قۇمۇل يەنىلا ۋاڭسىز قالدى.

### مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېڭخۇا 9- يىلى (1473- يىلى)

شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى يۇنۇسخان كۆپ قېتىم قۇمۇلغا كېلىپ بۇلاڭچىلىق قىلدى ۋە قۇمۇل شەھىرىنى قورشىۋالدى. قۇمۇلنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ئانىسىنى ۋە ئالتۇن مۆھۈرىنى بۇلاپ كەتتى. قۇمۇللۇق ئۇيغۇر مۇھەممەد موڭغۇل ياساۋۇلخانىسىنىڭ ئاتلىرىنى ئوغرىلاپ، چىجىن موڭغۇل ياساۋۇلخانىسىدىن ئۆچ ئالدى. 2- يىلى قۇمۇلنىڭ ئاتامىسى توقتۇ بوقا قاتارلىقلارغا قوماندان، يانداش قوماندان قاتارلىق ئەمەللەر بېرىلدى. ئۇلار بۇيرۇققا بىنائەن ۋاقىتىنچە كۇيۇدە تۇردى، ئۇلارنى تۇتۇقبېگى خەنشىن باشقۇردى.

### مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېڭخۇا 13- يىلى (1477- يىلى)

كۇيۇنىڭ قوشنىسى چىجىن بىلەن خەندۇڭدىن ئىبارەت ئىككى ياساۋۇلخانا ئۆزئارا ئۆچمەنلىشىپ كۆپ قېتىم قىرغىن قىلىشتى. تۇتۇقبېگى خەنشىن قاتارلىقلار ياردەمچىسىز قالدى. خان ئوردىسى گەنسۇنىڭ يانداش تۇتۇقى ۋاڭ شى قاتارلىقلارغا كۇيۇدە قۇمۇل ياساۋۇلخانىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى ۋە خەنشىننى كۇيۇدە ئولتۇراقلىشىشقا بۇيرىدى ھەم رەخت، ئاشلىق، يەر، دېھقانچىلىق ئۆلاق- سايمانلىرى، ئۇرۇقلۇق بەردى.

### مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېڭخۇا 18- يىلى (1482- يىلى)

قۇمۇلنىڭ تۇتۇقبېگى خەنشىن چىجىن، خەندۇڭ ياساۋۇلخانىلىرى بىلەن بىرلىشىپ 9900 لەشكەر باشلاپ كېلىپ، قۇمۇل قاتارلىق سەككىز شەھەرنى قايتۇرىۋالدى ۋە 1500 دىن كۆپرەك ئادەمنى ئەسىرگە ئالدى.

### مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېڭخۇا 19- يىلى (1483- يىلى)

قۇمۇل ياساۋۇلخانىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. خەنشىن سول قول تۇتۇقبېگى قىلىپ ئۆستۈرۈلدى. ئۇ ئەل ئىشلىرىنى باشقۇردى.

### مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېڭخۇا 23- يىلى (1487- يىلى)

مىڭ سۇلالىسى ئوردىسى خەنشىنگە، چىجىن ۋە كۇيۇدە تۇرۇۋاتقان خەلققە 1000 دادىن قوتقۇزۇش ئاشلىقى تارقىتىپ بېرىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى.

### مىڭ سۇلالىسىنىڭ خۇڭجى 1 - يىلى (1488- يىلى)

قۇمۇلنىڭ تۇتۇقبېگى خەنشىن كونا شەھەرنى ئىشغال قىلدى. يەرلىك ئاۋام ئۇنى تەبرىكلىدى. خەنشىن ۋاڭلىققا تەيىنلەندى. ئۇ، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇمۇلدا ئۆتكەن ۋاڭلار ئىچىدە، بىردىنبىر ئۇيغۇر ۋاڭ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇ يىلى 12- ئاينىڭ 29- كۈنى تۇرپانلىق ئەھمەد قۇمۇلغا لەشكەر باشلاپ كېلىپ، خەنشىن بىلەن قۇدىلىشىمەن دەپ يالغان ئېيتىپ، خەنشىننى ئۆلتۈردى. يارىن يەنە قۇمۇلنى ساقلاشقا تەيىنلەندى. قۇمۇل باش قوماندانى ئابدۇل قول

ئاستىدىكىلەرنى باشلاپ كۆيۈگە بېرىپ پاناھلاندى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ خوڭجى 2- يىلى (1489- يىلى)

قۇمۇل قايتۇرغان ئەلچىلەردىن 258 كىشى، ئوردىغا داۋاملىق كەلگۈچىلەر ھەم پاناھلانغۇچىلاردىن 970 كىشى كۆيۈدە تۇرۇپ قالدى. مىڭ سۇلالىسى ئوردىسى 50 مىڭ سەر كۆمۈش ئاجرىتىپ، كۆيۈدە شەھەر قۇرۇپ، قۇمۇلدىن كەلگەن مۇساپىرلارنى ئورۇنلاشتۇردى. خەنشىننىڭ ئىنىسى يانقىبۇللا يانداش تۇتۇقبەگلىككە ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنىڭغا يېڭى مۆھۈر بېرىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ خوڭجى 4- يىلى (1491- يىلى)

مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ ئارىلىشىشى نەتىجىسىدە، ئەھمەد قۇمۇل ۋاڭنىڭ مۆھۈرىنى، 11 شەھەر ۋە 500 ئاھالىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. قۇمۇل رايونىدا مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار، قاراخۇيلار، ئۇيغۇرلار ياشىدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ خوڭجى 5- يىلى (1492- يىلى)

خان يارلىق چۈشۈرۈپ، مەرھۇم ئىنائەتمەن ۋاڭ توقتونىڭ جىيەن نەۋرىسى شانبانى ئىنائەتمەن ۋاڭ قىلىپ تەيىنلىدى. قۇمۇلنىڭ باش قوماندانى ئامۇلانى ياندىش تۇتۇقبېگى قىلىپ ئۆستۈردى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ خوڭجى 6- يىلى (1493- يىلى)

قۇمۇلنىڭ تۇتۇقى ئامۇلان لەشكەر باشلاپ، تۇرپان شەھىرىنى تالان- تاراج قىلدى. شەرقىي چاغاتاي خانلىقى سۇلتانى ئەھمەدنى لەشكەر باشلاپ، قۇمۇلنى ئىشغال قىلىشقا ئەۋەتتى.

ئەھمەد قۇمۇلدا 100 نەچچە ئادەمنى ئۆلتۈردى. لەشكەرلەرنىڭ يېرىمى قېچىپ كەتتى، يېرىمى تەسلىم بولدى. ئەھمەد ئامۇلاننى ئۆلتۈرۈپ، ئىنائەتمەن ۋاڭ شانبانى تۇرپانغا ئېلىپ كەتتى. يارمى يەنە قۇمۇلنى ساقلاشقا تەيىنلەندى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ خوڭجى 8- يىلى (1495- يىلى)

مىڭ سۇلالىسى ئوردىسى جىايۈگۈەننى قامال قىلىپ، خانغا ئولپان تاپشۇرۇش ئۈچۈن تۇرپاندىن كەلگەنلەرنى ئۆتكۈزمەسلىك توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. ئەھمەد شاجۇغا ھۇجۇم قىلىپ، كۆيۈ شەھىرىدىكى ئۆيلەرنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغانلىقتىن، يۇقرالار تۇرالماي، چىچىن شەھىرىگە كۆچۈپ كەتتى. 11- ئايدىن 12- ئايغىچە، باسقاۋۇل دەرىجىلىك نازارەتچى لۇيەنلۇ، باش ئەمىرلەشكەر دەرىجىلىك ئوڭ قول تۇتۇقبېگى ليۇنىڭ، باش مۇپەتتىش دەرىجىلىك سول قول ئامبال مۇپەتتىش شۈيجىن قاتارلىقلار مىڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ چىقىپ، قۇمۇلنى ئىشغال قىلدى. يارمى غەربكە قاچتى. مىڭ قوشۇنلىرى ئىنائەتمەن ۋاڭنىڭ خوتۇنى، قىزى ۋە 800 يۇقرانى، 2000 تۇياق ئات، كالىنى قايتۇرىۋالدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ خوڭجى 9- يىلى (1496- يىلى)

ئەھمەد قايتىدىن ھۇجۇم قىلىپ قۇمۇل شەھىرىنى قايتۇرۇۋالدى. ئۇ ئۆز قوشۇنىدىكى ئاتارمەن ساتتارنى قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى قۇمۇلنىڭ باشلىقى يانقىبۇللا تۇرىۋاتقان قۇمۇل شەھىرىگە يېقىن بولغان لاپچۇقنى ساقلاشقا باردى. كېيىن يانقىبۇللا ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى ھەر قايسى قەبىلىلەرنى يىغىپ قۇمۇل شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ قايتۇرۇۋالدى.

**مىڭ سۇلالىسىنىڭ خوڭجى 10- يىلى (1497- يىلى)**

قۇمۇل شەھىرىدە كۆپ قېتىم يۈز بەرگەن ئۇرۇش مالىمانچىلىقى تۈپەيلىدىن، ئاۋام نامراتلىشىپ، قۇمۇلدا تۇرۇشقا ئامالسىز قېلىپ، كۇيۇ، شاجۇ، گۇاجۇلارغا كۆچۈپ بېرىپ، تېرىقچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. 11- ئاينىڭ 26- كۈنى ئەھمەد شانىبانى ۋە قۇمۇلنى قايتۇرۇپ بەردى.

**مىڭ سۇلالىسىنىڭ خوڭجى 18- يىلى (1505- يىلى)**

گەنسۇنىڭ قۇمۇلنى قوغداپ تۇرۇۋاتقان ئاتارمىنى يانقىبۇللا ۋە شېيخۇشەن قۇمۇل خەلقىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە كىشىلەر بولغانلىقتىن، مىڭ سۇلالىسى خانى بۇ ئىككىسىنى قۇمۇلغا قايتىپ، شانباغا ياردەملىشىشكە يارلىق چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن شانبا قۇمۇلدا داۋاملىق تۇرۇپ قالدى. 10- ئاينىڭ 30- كۈنى شانبا ئۆلدى. ئوغلى سۇلتان بايياجى ئىتائەتمەن ۋاڭ بولدى ۋە ئىسلام دىنىغا كىردى.

**مىڭ سۇلالىسىنىڭ جېڭدې 3- يىلى (1508- يىلى)**

بايياجى تۇرپاننىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچرىغانلىقتىن، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردىسىدىن ئاشلىق تەلەپ قىلىپ ئەلچى ئەۋەتتى. خان ئوردىسى ئۇنىڭغا 500 دادەن ئاشلىق بەردى.

**مىڭ سۇلالىسىنىڭ جېڭدې 8- يىلى (1513- يىلى)**

بايياجى تۇرپانغا تەسلىم بولدى. مەنسۇرخان تاجىدىننى ئالتۇن مۆھۈرنى ئېلىپ قۇمۇلنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتتى. تۇتۇقبېگى يانقىبۇللا سۇجۇغا قېچىپ بېرىپ خەۋەر يەتكۈزدى.

**مىڭ سۇلالىسىنىڭ جېڭدې 9- يىلى (1514- يىلى)**

12- ئاينىڭ 3- كۈنى ئويراتلار جەنۇبتىن قۇمۇلغا بېسىپ كىردى. مەنسۇرخان ئويراتلارنى مەغلۇپ قىلدى. مىڭ سۇلالىسى ئوردىسى مەنسۇرخان، چىنتۆمۈرلەرنى مۇكاپاتلىدى.

**مىڭ سۇلالىسىنىڭ جېڭدې 10- يىلى (1515- يىلى)**

مىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ماجىنى تاجىدىننى نەسىھەت بىلەن چېكىندۈرۈش ئۈچۈن جىددىي مەكتۇپ بىلەن قۇمۇلغا ئەۋەتتى، تاجىدىن قۇمۇلنىڭ مۆھۈرىنى قايتۇرۇپ بەردى.

**مىڭ سۇلالىسىنىڭ جېڭدې 13- يىلى (1518- يىلى)**

چاغاتاينىڭ پۇشتى قۇمۇل ياساۋۇلخانىسىنىڭ تۇتۇقبېگى يانقىبۇللانىڭ ئورنىنى تارتىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن پۇقرالار يەرسىز، كىيىم- كېچەكسىز قېلىپ، مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىدىن ئىلتىپات تىلىدى.

**مىڭ سۇلالىسىنىڭ جېڭدې 14- يىلى (1519- يىلى)**

خوجا تاجىدىن، يارەنلەر قۇمۇلنى ساقلاپ تۇرۇۋەردى.

**مىڭ سۇلالىسىنىڭ جياجىڭ 3- يىلى (1524- يىلى)**

قۇمۇلدىن 1000 دىن ئارتۇق ئادەم سەرگەردان بولۇپ ئىچكىرىگە كەتتى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ جىاجىڭ 4- يىلى (1525- يىلى)

تۇرپانلىق يارمىن قۇمۇلنى يەنە ئىشغال قىلىۋالدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ جىاجىڭ 6- يىلى (1527- يىلى)

10- ئاينىڭ 31- كۈنى قۇمۇلنىڭ كۇيۇ، چىچىن، سۇجۇدا تۇرۇۋاتقان 1000 تۈتۈندىن ئارتۇق ئادىمىگە تۇرالغۇ ئۆي، تېرىلغۇ يەر كامچىل بولغانلىقتىن، ئۇلار مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا تۇرالغۇ ئۆي، تېرىلغۇ يەر ئاجرىتىپ بېرىش توغرىسىدا ئىلتىماس سۇندى، لېكىن ئوردا قوشۇلمىدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ جىاجىڭ 8- يىلى (1529- يىلى)

مىڭ سۇلالىسى ئوردىسى گەنسۇنىڭ باش مۇپەتتىشى تاڭ زىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قۇمۇلدىن ۋاز كېچىشنى قارار قىلىپ، مۇناسىۋەتنى ئۈزدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ جىاجىڭ 9- يىلى (1530- يىلى)

مەنسۇر قۇمۇلنى مىڭ سۇلالىسىغا قايتۇرۇپ بېرىپ، مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ يارلىقىغا بىنائەن، مەرھۇم تۈتۈقبەگنىڭ ئوغلى مىرمۇھەممەد قۇمۇلنىڭ تۈتۈقبېگى بولۇپ قۇمۇلنى باشقۇردى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ جىاجىڭ 11- يىلى (1532- يىلى)

مىڭ سۇلالىسى ئوردىسى قۇمۇل ياساۋۇلخانىسى ئۇيغۇرلىرى مۇندىن كېيىن خالىغا بەش يىلدا بىر قېتىم تارتۇق قىلىش، ھەر قېتىملىق تارتۇق قىلىشقا بارىدىغان ئادەم سانى 100 كىشىدىن ئاشماسلىق ھەمدە دەسلەپ بارغۇچىلار 30 كىشىدىن ئاشماسلىق توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ جىاجىڭ 24- يىلى (1545- يىلى)

مەنسۇر ئۆلدى، ئوغلى شاھ ئۇنىڭ ئورنىغا سۇلتان بولدى. شاھنىڭ ئۇكىسى مۇھەممەد ئاكىسىنىڭ سۇلتان بولغانلىقىغا قايىل بولماي، ئۆزىنى سۇلتان دەپ ئېلان قىلىپ، قۇمۇلنى بۆلىۋالدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ جىاجىڭ 36- يىلى (1557- يىلى)

قۇمۇل ياساۋۇلخانىسىنىڭ تۈتۈقبېگى مىرمۇھەممەد مىڭ سۇلالىسىغا تارتۇق قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى. مىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ماقۇل بولدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ جىاچىڭ 38- يىلى (1559- يىلى)

تۇرپانلىق سۇلتان شاھنىڭ ئوغلى تۆرە قۇمۇلنى يەنە ئىشغال قىلىۋالدى. يەرلىك خوردىي قاتارلىق 64 كىشى خورلىنىپ، يەرلەر تېرىلماي، ئاچ- يالىڭاچ قالغانلىقتىن، خوتۇن، بالا- چاقىلىرىنى ئېلىپ ئىچكىرىگە كەتتى. كېيىن قۇمۇلنىڭ تارتۇق بېگى ئۇلارنى قۇمۇلغا قايتۇرۇپ كەلدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ لۇڭچىڭ 4- يىلى (1570- يىلى)

مۇھەممەد قۇمۇلدىن تۇرپانغا قايتىپ كېلىپ، ئاكىسىنىڭ سۇلتانلىقىغا ۋارىسلىق قىلدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەنلى 10- يىلى (1582- يىلى)

قۇمۇل ياساۋۇلخانىسىنىڭ ياندىش تۇتۇقبېگى مىرمۇھەممەد قاتارلىقلار مەنسەپكە ۋارىسلىق قىلىشنى تەلەپ قىلدى. خان ئۇلارنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەنلى 22- يىلى (1594- يىلى)

شەرقىي چاغاتاي قاغانلىقىنىڭ خانى مۇھەممەد تۇرپان ۋە چالىشنى ئىنىسى ئىبراھىمغا بۆلۈپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن غەربى قەشقەرگىچە، شەرقى قۇمۇلغىچە بولغان زېمىن بۇ خانلىققا قارىدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەنلى 33- يىلى (1605- يىلى)

قۇمۇللۇق مۇھەممەد شاھ خوجا ئەرەبىستاندىن قايتىپ كېلىپ دىن تارقىتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھېكىم بېگى بولدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەنلى 35- يىلى (1607- يىلى)

قۇمۇل يەكەن خانلىقىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىردى، قۇمۇلغا باباخان سەردار بولدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ چۇڭجېن 11- يىلى (1638- يىلى)

موڭغۇل جۇڭغار قەبىلىسى كۆچىيىپ كەتتى. بارىسكۆل ئۇلارنىڭ چارۋا باقىدىغان جايى بولۇپ قالدى.

## چىڭ سۇلالىسى دەۋرى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى

قۇمۇل يەكەن خانلىقىغا قارىدى. يەكەن خانى تۆتىنچى ئوكىسى باباخاننى قۇمۇلغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ئەۋەتتى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۇنجى 1 - يىلى (1644- يىلى)

قۇمۇلنىڭ ئەلچىسى ئۇيغۇر تۇتۇقبېگى تۆمۈربولا سوجۇغا بېرىپ چىڭ خاندانلىقىنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، خانلىققا قارايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۇنجى 4- يىلى (1647- يىلى)

قۇمۇل ياساۋۇلخانىسىنىڭ تۇتۇقبېگى سوجۇغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئاشلىق تەلەپ قىلىپ، «ئۇلۇغ پادىشاھنىڭ شەپقىتىگە چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتىدىغانلىقى» نى بىلدۈردى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۇنجى 6- يىلى (1649- يىلى)

گەنسۇلۇق خۇيزۇ دىڭ گودۇڭ قۇمۇل، تۇرپان خەلقى بىلەن بىرلىشىپ، چىڭ سۇلالىسىغا قارشى چىقىپ، بلاباخان ۋە تۈلۈنتاينى ۋاڭ قىلىپ، سۇجۇنى ئىشغال قىلىۋالدى. چىڭ سۇلالىسى لەشكەرلىرى توپىلاڭنى تىنچىتقاندىن كېيىن، مۇناسىۋەتنى ئۈزدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۇنجى 8- يىلى (1651- يىلى)

قۇمۇلنىڭ ئەلچىسى كېباي جىيايۇگۈەنگە بېرىپ تارتۇق تۆتكۈزۈشنى ئۆتۈندى. چىڭ سۇلالىسى تۇتقۇن قىلىنغان ئاھالىلارنىڭ قايتۇرۇپ بېرىلىشىنى تارتۇق تۆتكۈزۈشنىڭ شەرتى قىلدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۇنجى 12- يىلى (1655- يىلى)

يەكەن خانلىقى قۇمۇللۇق باباجاننى قامىدى ھەم تۇتقۇن قىلىنغان ئىچكىرىلىك بىر بۆلەك ئاۋامنى قويۇپ بېرىپ، چىڭ سۇلالىسى بىلەن سودا ۋە تارتۇق قىلىشنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئىككىنچى يىلى، قۇمۇل ۋاڭى چىڭ سۇلالىسى خانىغا تارتۇق قىلدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 7- يىلى (1668- يىلى)

قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ باشلىقى مۇھەممەد شاھ خوجا تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى باركۆل، ئاراتۈرۈك قاتارلىق جايلاردىكى موڭغۇل قالدۇق قەبىلىلىرىگە قارشى جازا يۈرۈشى قىلىپ، ئىسلام دىنىنى تارقىتىش جېڭىدە يارىلىنىپ شېھىت بولدى، ئۇنىڭ ئوغلى ئەبەيدۇللا ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلدى.

بۇددا دىنىنىڭ قۇمۇلدىكى تەسىرى تۈگەپ، ئىسلام دىنى قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئېتىقاد قىلىدىغان بىردىنبىر دىنى بولۇپ قالدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 18- يىلى (1679- يىلى)

جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ كۈچلىرى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغىچە ئىچكىرىلەپ كىردى. جۇڭغارخانى غالدان 30 مىڭ لەشكەرنى باشلاپ كېلىپ تۇرپان، قۇمۇلنى بېسىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن قۇمۇل جۇڭغارلارنىڭ زېمىنىگە ئايلاندى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 31- يىلى (1692- يىلى)

ۋاسىللار مەھكىمىسىنىڭ غەيرىي رەسمىي ئامبىلى مادى بۇيرۇققا بىنائەن جۇڭغارلارغا ئەلچىلىككە مېڭىپ قۇمۇلدىن ئۆتكەندە، جۇڭغار قوشۇنى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئەبەيدۇللا ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى يىغىپ، ئادەم قوشۇپ جىيايۇگۈەنگە ئۇزۇتۇپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ چىڭ سۇلالىسىغا بولغان دوستلۇقىنى ئىپادىلىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 35- يىلى (1696- يىلى)

9- ئاينىڭ 28- كۈنى ئەبەيدۇللا جۇڭغارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، ئەلچى ئەۋەتىپ، چىڭ سۇلالىسىغا تەسلىم بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە ئات ۋە پىچاق تارتۇق قىلىپ، چىڭ سۇلالىسىغا بەيئەت قىلدى. چىڭ قوشۇنىنىڭ باش بۇغى ئانەندا لەشكەر باشلاپ باركۆلدىكى زونمود (چىلىك دەرياسى، سۇمۇشتان ئەتراپى) غا كەلدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 36- يىلى (1697- يىلى)

2- ئاينىڭ 9- كۈنى، ئەبەيدۇللا چوڭ ئوغلىنى 300 لەشكەر بىلەن باركۆلگە ئەۋەتىپ ھالدانىنىڭ ئوغلىنى ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنى تۇتۇپ، بېيجىڭغا يالاپ ئاپاردى. 10- ئايدا چىڭ سۇلالىسى خانى ئەبەيدۇللانى قۇمۇلنىڭ جاساق تارخانى قىلىپ تەيىنلىدى. مانا بۇ، قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەبەيدۇللانىڭ ئوغلى گوپابەگ سوجۇدا تۇردى.

ئۇيرات دەنجى ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بولۇپ 79 كىشىنى باشلاپ قۇمۇلغا كېلىپ ئەل بولۇپ، كەچۈرۈم قىلىشنى ئۆتۈندى. ئەبەيدۇللا چوڭ ئوغلىنى ئۇلارنى ئاپىرىپ قويۇشقا ئەۋەتتى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 37- يىلى (1698- يىلى)

چىڭ سۇلالىسى قۇمۇلغا ئەلچى ئەۋەتىپ، خوشۇن تەشكىللەپ، بىر خوشۇن زەڭگىسى، بىر ئۇتۇغات، بىر ياردەمچى، بىر چەۋەنداز چېرىكچى، سوجۇغا ئايرىم ياردەمچى ئەمىر تەيىنلىدى.

قۇمۇل قوغۇنى سوۋغات بۇيۇمى بولۇپ قالدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 38- يىلى (1699- يىلى)

چىڭ سۇلالىسى جوڭغارلارنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن، باركۆلدە لەشكەر تۇرغۇزدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 39- يىلى (1700- يىلى)

سېۋەن ئارۇبدان جوڭغار خانلىقىنى قايتىدىن قۇرۇپ، باركۆلنى قايتا ئىگىلىۋالدى. ئەبەيدۇللا 60 ~ 70 ئادەمنى سودا- سېتىق قىلىش ئۈچۈن سوجۇغا ئەۋەتتى. سېۋەن ئارۇبدان قۇمۇلدىن تۇرپانغا سودا- سېتىق قىلىشقا بارغان سودىگەرلەرنى تالان- تاراج قىلىپ، ئۆچ ئالدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 45- يىلى (1706- يىلى)

ئەبەيدۇللا بېيجىڭغا بېرىپ خاننى تاۋاپ قىلدى ھەمدە خەنزۇ ھۈنەرۋەنلەرنى تەكلىپ قىلىپ، جاساق ئوردىسىنى بېزىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 48- يىلى (1709- يىلى)

ئەبەيدۇللا كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى. 6- ئاينىڭ 5- كۈنى چوڭ ئوغلى گوپابەگ ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 50- يىلى (1711- يىلى)

گوپابەگ ئالەمدىن ئۆتتى. چوڭ ئوغلى ئىمىن ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلدى. ئىمىن بېيجىڭغا بېرىپ خاننى تاۋاپ قىلدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 54- يىلى (1715- يىلى)

5- ئاينىڭ 3- كۈنىدىن 6- ئاينىڭ 1- كۈنىگىچە سېۋەن ئارۇبدان 2000 لەشكەرنى باشلاپ، قۇمۇلنىڭ شىمالىي

چېكرىسىدىكى يېزا- قىشلاقلارغا بەش قېتىم ھۇجۇم قىلدى. قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ھەربىكەتچان سانغۇن پەن جىشەن يېشىل تۇغلۇق قوشۇنىنىڭ 200 لەشكىرىنى باشلاپ، ئىمىنىنىڭ قول ئاستىدىكى ئۇيغۇر لەشكەرلەر بىلەن بىرلىكتە جۇڭغار قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى. جۇڭغار قەبىلىسى كۆپ قېتىم لەشكەر باشلاپ كېلىپ باركۆلگە ھۇجۇم قىلدى. چىڭ ئوردىسى توپىلاڭنى تىنچىتقۇچى سانغۇن فۇنىڭئەننى 30 مىڭدىن ئارتۇق لەشكەرنى باشلاپ، باركۆلدە تۇرۇشقا ئەۋەتتى.

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 55- يىلى (1716- يىلى)**

فۇنىڭئەن ۋاكالىتەن يېشىل تۇغلۇق قوشۇندىكى خەنزۇ لەشكەرلەرنى يۇقىرى ئويتاغ (شاگلوبا)، تۆۋەن ئويتاغ (شيالوبا)، دۇربەجىن، باركۆل قاتارلىق جايلارغا بوز يەر ئېچىشقا ئەۋەتتى. بۇ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدا بوز يەر ئېچىشىنىڭ باشلىنىشى بولدى.

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 57- يىلى (1718- يىلى)**

ئىمىن ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى تارلاچىندا بوز يەر ئېچىشقا تەشكىللىدى.

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 58- يىلى (1719- يىلى)**

تۆڭگۈەننىڭ ياندىش سانغۇنى پەن جىشەن فۇنىڭئەننىڭ سېپىل ئارقىدانى يوقاتقانلىق ئەھۋالىنى تەگرىتاغ باغرىدىكى قورام تاشقا ئويۇپ قويدى.

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 59- يىلى (1720- يىلى)**

فۇنىڭئەن باركۆل (ھازىرقى خەنچىڭدا) دە، گۇەندىمياۋ بۇتخانىسىنى ياساتتى. بۇ، باركۆلدە بۇتخانا ياساشنىڭ باشلىنىشى بولدى.

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 61- يىلى (1722- يىلى)**

باركۆل سانغۇنى 5000 لەشكەر ئاجرىتىپ تۇرپانغا بېرىپ سېپىل ياسىدى، بوز يەر ئېچىپ ئاشلىق تېرىدى، باركۆل قاتارلىق جايلاردا بوز يەر ئېچىپ 15700 دادەن يالىڭاچ ئارپا ئالدى.

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ يوڭجېڭ 1 - يىلى (1723- يىلى)**

قۇمۇلنىڭ 1- دەرىجىلىك جاساق بېگى – تارخانبەگ تۇرپاننىڭ يەر، سۇيىگە كۆنەلمىگەنلىكتىن، 400 ئۇيغۇرنى باشلاپ كېلىپ تارلاچىندا تېرىقچىلىق قىلدى. قۇمۇل ۋاڭى باركۆلدىن 2000 تۆگىنى تاللاپ، يىراقنى تىنچىتقۇچى باش سانغۇن نيەن گېڭياۋغا ياردەم بېرىپ، لوبزاڭدەنجىڭنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتتى.

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ يوڭجېڭ 3- يىلى (1725- يىلى)**

چىڭ سۇلالىسى جۇڭغار خانلىقى بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى تۈزۈپ، قۇمۇلدا 1000 لەشكەر تۇرغۇزدى.
تارلاچىن قاتارلىق جايلاردا بوز يەر ئېچىپ، 8932 دادەن يالىڭاچ ئارپا ئالدى.

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ يوڭجېڭ 4- يىلى (1726- يىلى)**

توپىلاڭنى تىنچىتقۇچى سانغۇن فۇنىڭئەن قۇمۇلدا چوڭ- كىچىك سەككىز چاڭزا قۇردى.

### چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭجېڭ 5- يىلى (1727- يىلى)

قۇمۇل يېڭى شەھىرى (ھازىرقى كونا شەھەر) ياسالدى. ئىمىن ئۇيغۇرلارنى تەشكىللەپ، تارلاچىندا تېرىقچىلىق قىلىپ، ھەربىي تەمىنات ياردەم بەرگەنلىكى ئۈچۈن، 3- ئاينىڭ 1- كۈنى چىڭ سۇلالىسى خانى تەرىپىدىن باسقاقبەگلىككە ئۆستۈرۈلدى. چىڭ سۇلالىسى خانىنىڭ يارلىقىغا بىنائەن، يۈجۇڭچى يىراققا سەپەر قىلغۇچى باش سانغۇن بولۇپ، 25 مىڭ 600 لەشكەردىن تەركىب تاپقان غەربىي يۆلىنىش چوڭ قوشۇنىنى باشلاپ بارىكۆلگە بېرىپ، غالدان سېرىنىڭ توپىلىڭىنى تىنجىتتى.

### چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭجېڭ 7- يىلى (1729- يىلى)

جۇڭغارلار چىڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرا رايونلىرىغا يەنە تاجاۋۇز قىلدى. بوز يەر ئېچىش داۋاملىشىۋەردى. 12- ئاينىڭ بېشىدا قۇمۇل قورغىنىنىڭ باسقاق بېگى ئىمىن خوشۇن بېزىلىكىگە ئۆستۈرۈلدى.

### چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭجېڭ 8- يىلى (1730- يىلى)

غالدان سېرىن 20 مىڭ لەشكەر بىلەن قۇمۇل بارىكۆل ئوتتۇرىسىدىكى كۆشۈتى ئەتراپلىرىدا تالان-تاراج قىلىپ، 10 مىڭدىن ئارتۇق ئات، تۆگىنى بۇلاپ كەتتى. چىڭ سۇلالىسى لەشكەرلىرى يەتتە كېچە- كۈندۈز جان- پىدالىق بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، سۇمۇشتان ۋە ئەينەكبۇلاق (جىگشىرچۈەن) قا قامىلىپ قالغان ئەمەلدار- لەشكەرلەرنى قۇتقۇزىۋالدى ۋە بىر قىسىم ئات، تۆگىنى قايتۇرىۋالدى. قۇمۇل، تارلاچىن قاتارلىق جايلاردا تېرىقچىلىق قىلىپ، 4600 دادەن يالىڭاچ ئارپا، بۇغداي يىغىۋالدى. بارىكۆل، تۇغلۇق قاتارلىق جايلاردا 11 مىڭ 600 دادەن يالىڭاچ ئارپا ئالدى. 1730 ~ 1744- يىلىغىچە ئىمىن ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى باشلاپ تېرىقچىلىق قىلىپ، چىڭ سۇلالىسى لەشكەرلىرىگە ياردەم بەردى. چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى 10 توپ تاۋار- دۇردۇن، 10 مىڭ سەر كۈمۈش بىلەن مۇكاپاتلىدى.

### چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭجېڭ 9- يىلى (1731- يىلى)

ۋالىي يۈي جۇڭچى چىڭ سۇلالىسى لەشكەرلىرىنى باشلاپ بارىكۆلگە بېرىپ، بارىكۆلدە تۇرۇشلۇق لەشكەرلەر بىلەن بىرلىكتە خەنچىڭنى ياساتتى. بارىكۆل، تۇغلۇق قاتارلىق جايلاردا تېرىقچىلىق قىلىپ، 30 مىڭ 680 دادەن يالىڭاچ ئارپا ئالدى. قۇمۇل، تارلاچىن قاتارلىق جايلاردا تېرىقچىلىق قىلىپ يالىڭاچ ئارپا، بۇغدايدىن جەمئىي 5000 دادەن ھوسۇل ئالدى.

چىڭ سۇلالىسى ئەنشىدىكى يانداش بېگىنى بارىكۆلگە يۆتكىدى.

### چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭجېڭ 10- يىلى (1732- يىلى)

غالدان سېرىن 6000 دىن ئارتۇق لەشكەرنى باشلاپ، قۇمۇل ۋە تارلاچىنغا ھۇجۇم قىلدى. باش بۇغ ساۋراڭ، ئورۇنباسار سانغۇن جى چېڭبىنلار ئاستانىنىڭ غەربىدە جۇڭغارلارنى چېكىندۈردى. بارىكۆل، تۇغلۇق قاتارلىق جايلاردا تېرىقچىلىق قىلىپ، يالىڭاچ ئارپىدىن 12 مىڭ 600 دادەن ھوسۇل ئالدى.

### چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭجېڭ 11- يىلى (1733- يىلى)

بارىكۆل، تارلاچىن، تۇغلۇق قاتارلىق جايلاردا تېرىقچىلىق قىلىپ، جەمئىي 46 مىڭ 100 دادەن يالىڭاچ ئارپا ئالدى. قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا تېرىقچىلىق قىلىپ، 4500 دادەن يالىڭاچ ئارپا ئالدى.

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭجېڭ 12- يىلى (1734- يىلى)**

چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى سايىېشى كۆلى ئەتراپلىرىدا تېرىقچىلىق قىلىشقا باشلىدى.

قۇمۇل، تارلاچىن قاتارلىق جايلاردا تېرىقچىلىق قىلىپ، جەمئىي 4500 دادىن يالڭاچ ئارپا ئالدى. تۇغلۇق قاتارلىق جايلاردا تېرىقچىلىق قىلىپ، 1400 دادىن بۇغداي ئالدى.

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭجېڭ 13- يىلى (1735- يىلى)**

قۇمۇلغا ياساۋۇل بەگ تەيىنلەندى. جۇڭغارلار يەنە چىڭ سۇلالىسى بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى تۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى يەنە بىر قېتىم باركۆلدىن چېكىندۈرىدىغان بولدى. بارىسكۆلنىڭ نامى باركۆلگە ئۆزگەرتىلدى. قۇمۇل بىلەن باركۆلدە 2000 دىن لەشكەر قالدۇرۇشنى كېلىشتى. تۇرپان خەلقىنى شەرققە كۆچۈرۈپ، قۇمۇل، تارلاچىن، ئاستانىلەرگە ۋاقىتلىق ئورۇنلاشتۇردى، ئىككىنچى يىلى ئەتىيازدا گۇاجۇغا جەمئىي 8013 كىشىنى كۆچۈردى. جۇڭغارلار بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى تۈزۈشكەندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى قۇمۇلدا تېرىقچىلىق قىلىش ۋە چېگرىنى ساقلاش ئۈچۈن 4000 لەشكەر تۇرغۇزدى.

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 1 - يىلى (1736- يىلى)**

2- ئاينىڭ 2-كۈنى، چىڭ سۇلالىسى باركۆلدىكى لەشكەرلىرىنى چېكىندۈردى. قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق لەشكەر سانى 5000 غا كۆپەيدى.

تەۋۋادار ياڭ كېلۇ كۈمۈش ئىنئام قىلىپ، شىڭشىڭشيا يولىنى ياساتتى. كېيىن كىشىلەر ئۇنىڭ تۆھپىسىنى مەدھىيلەپ، شىڭشىڭشيادىكى يول بويىغا ئابىدە تىكلىدى.

4- ئاينىڭ 27- كۈنى، يەنسۇي قورغىنىنىڭ باش بۇغىمى گوجىڭ قۇمۇلنى قوغدىغۇچى ئەمىرلەشكەرلىككە تەيىنلەندى.

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 4- يىلى (1739- يىلى)**

ئىمىن كېسەل بولۇپ ئالەمدىن ئۆتتى.

سايىبشى كۆلى قاتارلىق جايلاردا 10 مىڭ مو يەرگە يارلىق، كۆزلۈك زىرائەت تېرىلىپ، 3860 دادەن بۇغداي، 1883 دادەن تېرىق، 3510 دادەن جۇزگۈن قوناق ئېلىندى.

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 5- يىلى (1740- يىلى)**

1- ئاينىڭ 24- كۈنى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ياساۋۇل بەگكە 1000 سەر كۈمۈش ئېلىپ بېرىپ، ئىمىنگە تەزىيە بىلدۈرۈش- ھال سوراش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. 3- ئاينىڭ 21- كۈنى چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئىمىننىڭ چوڭ ئوغلى يۇسۇپنى باسقاقبەگلىككە تەيىنلىدى.

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 7- يىلى (1742- يىلى)**

سىچۈەن، سەنشى باش ھەربىي ۋالىيسى يى جىشەن سايىبشى كۆلى ئەتراپىدىكى تېرىلغۇ يەرلەرنى ئۇيغۇرلارغا ئىجارىگە بېرىشنى خانغا ئەستىقلاتتى.

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 13- يىلى (1748- يىلى)**

9- ئاينىڭ 21- كۈنى، قۇمۇلدا قاتتىق قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈزدى، چىڭ ھۆكۈمىتى 2500 دادەن ئاشلىقنى ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلققە قەرز بەردى.

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 15- يىلى (1750- يىلى)**

ئەتىيازدا، يۈسۈپ بېيجىڭغا بېرىپ خاننى تاۋاپ قىلدى. ئۇنىڭ ئىنىسى ئابدۇللا ئۇچتۇرپاننىڭ ھاكىمبېگى بولدى.

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 20- يىلى (1755- يىلى)**

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى غەربكە يۈرۈش قىلىپ، جۇڭغارلارنى دەسلەپكى قەدەمدە تىنجىتتى.

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى تارلاچىندا 3000 مودىن كۆپرەك بوز يەر ئاچتى.

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 21- يىلى (1756- يىلى)**

قۇمۇلنىڭ جاساقبېگى يۈسۈپ 300 ئۇيغۇرلەشكەرنى تورپانلىق ئىمىن خوجىنىڭ مەگلىك توپىلىڭىنى باستۇرۇشقا ياردەملىشىشكە ئەۋەتتى. قۇمۇلدا تۇرۇۋاتقان چىڭ قوشۇنى ئائىلە- تاۋابىئاتلىرىنى ئېلىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا تارلاچىنغا كۆچۈرۈلدى.

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 22- يىلى (1757- يىلى)**

3- ئاينىڭ 24- كۈنى تورپانلىق ئىمىن خوجا ئىككىنچى ئوغلىنى قۇمۇلغا كەتكەن 1600 ئادەمنى لۈكچۈنگە قايتۇرۇپ كېلىشكە ئەۋەتتى.

3- ئاينىڭ 20- كۈنىدىن 4- ئاينىڭ 17- كۈنىگىچە چىڭ قوشۇنلىرى باركۆلگە توپلىشىپ، ئامورسانانى يوقىتىشقا ئاتلاندى.

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 23- يىلى (1758- يىلى)**

چوڭ خوجا بۇرھانىدىن، كىچىك خوجا خوجاجاھان بىرلىشىپ، چىڭ سۇلالىسىغا قارشى ئاشكارا توپىلاڭ كۆتۈردى.

5- ئايدا، يار خاشەن مانجۇ، خەنزۇ لەشكەرلەردىن 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ تۇرپاندىن، كۇچاغا ھۇجۇم قىلىپ، چوڭ- كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىغا قارشى جازا يۈرۈش قىلدى. قۇمۇلنىڭ جاساقى، ئاغلاقچى ئامبال ۋەزىر يۈسۈپ 100 لەشكەرنى باشلاپ كۇچارغا باردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە 150 ئۇيغۇر لەشكەر ۋە 100 يېشىل تۇغلۇق خوشۇن ئۇچتۇرپاندا تۇردى. يارلىققا بىنائەن يار خاشەن توپىلاڭنى باستۇرۇش سانغۇنى، يۈسۈپ قانارلىقلار ئاغلاقچى ئامباللىققا تەيىنلىنىپ، 10 مىڭدىن ئارتۇق لەشكەرنى باشلاپ، ھادى قوشۇننى تۇرشاۋۇل قوشۇن قىلىپ، تەگرىتاغنىڭ جەنۇبىي يولىغا يۈرۈش قىلدى.

قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قوشۇن دەسلەپتە «گازارما مەكتەپ» قۇردى. ئۇلاپلا «يېزا مەكتىپى» قۇردى. بۇلار، قۇمۇلدا ئەڭ بالدۇر قۇرۇلغان مەكتەپلەردۇر.

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 24- يىلى (1759- يىلى)**

باركۆلدىكى ۋەزىر ئالىيۇن قاراسۇنى قورشاۋدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن 600 لەشكەرنى باشلاپ، 300 تۆگە بىلەن يەركەنگە ئاتلاندى.

قۇمۇلدا مەھكىمە تەسىس قىلىندى. ئىككىنچى يىلى خان ئامبىلى ۋە ياردەمچى خان ئامبىلى قويۇلدى.

چىلى سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 25- يىلى (1760- يىلى)

4- ئاينىڭ 29- كۈنى، يۇسۇپكە ئايماق ۋاڭى مەرتىۋىسى بېرىلدى. ئۇنىڭغا 1950 تۈتۈن، 12 مىڭ 163 ئادەم قارىدى.

باركۆلدە بىۋاسىتە قاراشلىق مەھكىمە قۇرۇلدى. ياردەمچى ئاياقبېگى قويۇلۇپ، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ئەنشى ۋىلايىتىگە قارايدىغان بولدى.

باركۆلدە قوي فېرمىسى قۇرۇلۇپ، 14 مىڭ تۇياق قوي بېقىلدى.

چىلى سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 26- يىلى (1761- يىلى)

قۇمۇل بازىرىنىڭ غەربىدىن 120 چاقىرىم يىراقلىقتىكى تاشكەر (تارانچى) دە سودىگەر چاقىرىپ كۆمۈر كانى ئېچىلدى. بۇ، تارانچىدا كۆمۈر قېزىشنىڭ باشلىنىشى ھېسابلىنىدۇ. سۇمۇشتاندا مۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى باركۆل ئات فېرمىسى قۇرۇلۇپ، 1500 ئات ئالتە توپقا بۆلۈپ بېقىلدى. ھەر بىر توپ ئاتنى 15 مىراقۇل باقتى. ئېچىلغاندىن بوز يەر ئېچىشقا 480 مەھبۇس يۆتكەپ كېلىندى. چىڭ ئوردىسى جايلارنىڭ ھاكىمبەگ قويدى.

چىلى سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 27- يىلى (1762- يىلى)

گەنسۇ ئۆلكىسى ئەنشى ۋىلايىتىنىڭ باش بۇغى ۋاڭ فۇ بېشىل تۇغلۇق قوشۇننىڭ 1500 دىن ئارتۇق لەشكىرىنى باشلاپ باركۆلگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. باركۆلدە 3700 مو بوز يەر ئېچىپ، ئۆستەڭ چېپىپ، سۇ باشلاپ كېلىپ يەر ئۆزلەشتۈردى. 1762 ~ 1767- يىلىغىچە ئارىلىقتا، قۇمۇلدىن بىر قىسىم ئۇيغۇرلار بوز يەر ئېچىشقا ئىلىغا كۆچۈرۈلدى.

چىلى سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 28- يىلى (1763- يىلى)

يۇسۇپ مەسلىھەتچى ئامبال بولۇپ يەكەننىڭ ئىشلىرىنى باشقۇردى.

چىلى سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 29- يىلى (1764- يىلى)

قۇمۇلغا ياندىش سانغۇن قويۇلدى. ئۇ بېشىل تۇغلۇق قوشۇنغا يېتەكچىلىك قىلدى. بۇ سانغۇن شەنشى، گەنسۇنىڭ باش ھەربىي ۋالىيسىنىڭ كونترولىقىدا بولدى. باركۆلگە ئەمرلەشكەر ئەۋەتىلدى. دۇنخۇاڭ قاتارلىق ناھىيىلەردىن كەلگەن سودىگەرلەر ۋە نامرات ئاۋام تېرىقچىلىق قىلىشقا داخېغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئۇلارغا ئۆچ يۈرۈش ئۆي سېلىپ بېرىلدى. داخېدا ئۇزۇنلۇقى 2000 غۇلاچلىق بىر ئۆستەڭ چېپىپ، سۇنى غەربكە باشلاپ، ئەنشىدىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەنلەرنىڭ ئىشلىتىشىگە بېرىلدى.

چىلى سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 30- يىلى (1765- يىلى)

3- ئاينىڭ 5- كۈنى، ئۇچتۇرپاندا يۇسۇپنىڭ ئۇكىسى ئابدۇللا ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئەمەلدارى سۇچېڭگە قارشى قوزغىلاڭ پارتلىدى. 8- ئايدا قوزغىلاڭ تىنچىتىلدى. ئابدۇللانى قۇمۇلغا قايتۇرۇپ كەلدى.

چىلى سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 31- يىلى (1766- يىلى)

باركۆلنىڭ تېرىقچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار تېرىقچىلىق يەرلىرىدىن جەمئىي 6765 دادەن

بوغداي، 1980 دادەن يېسى پۇرچاق، 4504 دادەن يالىڭاچ ئارپا ئالدى. قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلاردىن 500 تۈتۈن ئىلىغا تېرىقچىلىق قىلىشقا كۆچۈرۈلدى. يۈسۈپ ۋە چوڭ ئوغلى ئىبراھىم بىرلىكتە بېيجىڭغا خاننى زىيارەت قىلىشقا باردى. يۈسۈپ يول ئۈستىدە كېسەل بولۇپ قېلىپ، سەنشىنىڭ لىڭشى ناھىيىسىگە كەلگەندە ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئوغلى ئىبراھىم ئاتىسىنىڭ جەسىتىنى قايتۇرۇپ كېلىۋېتىپ، گەنسۇنىڭ پىڭلياڭ ناھىيىسىگە كەلگەندە، كېسەل يوقتۇرۇۋېلىپ، ئۇمۇ قازا قىلدى. يۈسۈپنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئىساق ئىنانچىخان مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 32- يىلى (1767- يىلى)

باركۆلدە 7550 مو بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 33- يىلى (1768- يىلى)

باركۆلدە 5280 ئات بولۇپ، شەرقىي ۋە غەربىي دەپ ئىككى فېرمىغا بۆلۈندى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 34- يىلى (1769- يىلى)

باركۆل بازىرىدا ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 35- يىلى (1770- يىلى)

باركۆل بازىرى ئەتىراپىدا 38 مىڭ مودىن ئارتۇق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلدى.

باركۆلنىڭ باش بۇغى بايانبى ئۈرۈمچىنىڭ ياساۋۇل بېگى بولدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 37- يىلى (1772- يىلى)

باركۆل كونشەھەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىي تەرىپىدە خۇينىڭ قورغىنى ياسالدى. ئەنشىدىن كەلگەن 2000 مانجۇ لەشكىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە- تاۋابىئاتلىرى شۇ يەردە ئۇزۇنغىچە تۇردى ھەمدە بىر ئاغلاقچى ئامبال تەيىنلەندى. ئەنشى مەھكىمىسى تېرىقچىلىق، زاپاس ئاشلىق تەييارلاش مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلىپ، باركۆلگە يۆتكەپ كېلىندى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 38- يىلى (1773- يىلى)

باركۆل مەھكىمىسى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا جىمكۆل، گۇچۇڭدىن ئىبارەت ئىككى ناھىيە قارىدى. مەھكىمە مەركىزى جىمكۆل ناھىيىسىدە بولدى. باركۆل بىۋاسىتە قاراشلىق مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. باركۆل مەھكىمىسى باركۆل – ئۈرۈمچى ۋىلايىتىگە قارىدى. لىباچۇەندە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى تۆگە فېرمىسى قۇرۇلۇپ، گەنجۇ، شىنىڭ قاتارلىق جايلاردىن 470 تىن ئارتۇق تۆگە ئېلىپ كېلىندى. باركۆل، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا ئايماق، ناھىيە، باۋچيا تۈزۈمى يۈرگۈزۈلۈشكە باشلىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 39- يىلى (1774- يىلى)

5- ئايدا قېلىن قار ياغدى. بولۇپمۇ باركۆلدە قار بەك قېلىن ياغقانلىقتىن، نۇرغۇن چارۋا توڭلاپ ئۆلدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 40- يىلى (1775- يىلى)

جىمكۆل ناھىيىسى 697 تۈتۈن، 2596 ئادەمنى يۆتكەپ كېلىپ، 5052 مو بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىپ،

3842 دادەن ئاشلىق تاپشۇردى. باركۆل شەرقىي ئات فېرمىسىنى غەربىي ئات فېرمىسىغا قوشۇۋېتىپ، بۇ يەرنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ھازىرقى چوڭ-كىچىك قىزىل بايراق جىلغىسىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى.

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلوڭ 46-يىلى (1781-يىلى)**

خان قومۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ ۋاڭلىقا «ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا ۋارىسلىق قىلىش» نى تەستىقلىدى.

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلوڭ 50-يىلى (1785-يىلى)**

باركۆل مەھكىمىسىدە غەزنە قۇرۇلۇپ، 16 مىڭ 635 سەر كۆمۈش ساقلاندى.

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلوڭ 51-يىلى (1786-يىلى)**

قومۇل غەزنىسىدە 10 مىڭ سەر كۆمۈش ساقلاندى.

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلوڭ 52-يىلى (1787-يىلى)**

جىمىكۆل، گۇچۇڭدىن ئىبارەت ئىككى ناھىيە ئۈششۈك ئاپىتىگە ئۇچراپ، يېزا ئىگىلىكىدە ھوسۇل ئالالمىغانلىقتىن، ئاپەتكە ئۇچرىغان دېھقانلار دۆلەتكە تاپشۇرىدىغان غەللە-پاراق ئاشلىقى ۋە ئۆتنە ئالغان ئۇرۇقلۇق ئاشلىقنى كېچىكتۈرۈپ تاپشۇرىدىغان بولدى.

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلوڭ 56-يىلى (1791-يىلى)**

7-ئاينىڭ 6-كۈنى، جىمىكۆل ناھىيىسى چيەنلوڭنىڭ 48-، 52-يىللىرى ئاپەتكە ئۇچرىغاندا قەرز ئالغان 5790 دادان ئۇرۇقلۇق ۋە ئاشلىق، 220 سەر كۆمۈش قىممىتىدىكى ئات كەچۈرۈم قىلىندى.

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلوڭ 57-يىلى (1792-يىلى)**

قومۇل ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىدىكى زىرائەتلەر قار ئاستىدا قالغانلىقتىن، شۇ يىلى تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك ئۈچ مىڭ دادەن غەللە-پاراق ئاشلىقنى تاپشۇرۇش كەچۈرۈم قىلىندى.

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ جياچىڭ 4-يىلى (1799-يىلى)**

باركۆل ناھىيىسىنىڭ بورجاڭجى كۆمۈر كېنىدا كوكس كۆمۈر قېزىش باشلاندى.

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ جياچىڭ 5-يىلى (1800-يىلى)**

ئەملى تۆۋەنلىتىلىپ ئىلىغا يۆتكىۋېتىلگەن خوڭ لياڭجى سەپەر ئۈستىدە باركۆلدىكى سومۇشتاندىن ئۆتكەندە، «سومۇشتاندىكى قارغايلارغا مەدھىيە» دېگەن شېئىرنى يازدى.

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ جياچىڭ 8-يىلى (1803-يىلى)**

1-ئاينىڭ 14-كۈنى قومۇل ۋاڭى ئەردىشىر قاتارلىق 17 كىشى شۇەنمېن سارىيىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ تاۋاپ قىلدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ جىياچىڭ 9- يىلى (1804- يىلى)

قۇمۇل شەھرىدە خۇسۇسى ئىگىلىكتىكى تۇنجى تۇگمەن تىجارەت باشلىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ جىياچىڭ 10- يىلى (1805- يىلى)

خېنىڭ «ئۈچ ئايماقنىڭ قىسقىچە مەجمۇئەسى» دېگەن كىتابنى يازدى. كىتابتا قۇمۇل، باركۆلنىڭ يەر- زېمىن، تاغ- دەريالىرى، بايلىق، ئۆرپ- ئادەت قاتارلىقلىرى تەپسىلى خاتىرىلەندى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ جىياچىڭ 18- يىلى (1813- يىلى)

ئەدىشىر كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى. 4- ئاينىڭ 24- كۈنى چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنى دەپنە قىلىشقا 300 سەر كۈمۈش ئاجراتتى. ئوغلى بېشىر ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلدى.

جىمكۆلدە ئېغىر قار ئاپىتى بولۇپ 2770 ئات توگلاپ ئۆلدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ جىياچىڭ 19- يىلى (1814- يىلى)

جىمكۆل ناھىيىسىدە سىناق تەرىقىسىدە قوغۇشۇن كېنى ئېچىلدى. يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 40- 50 مىڭ سەر كۈمۈش بولۇپ، ھۆكۈمەتكە 10 مىڭ سەر كۈمۈش باج تاپشۇردى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ جىياچىڭ 23- يىلى (1818- يىلى)

جىمكۆل ناھىيىسىدىكى بىر ئوقۇغۇچى شەنشى ئۆلكىسىدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە بېرىپ ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ قوبۇل قىلىندى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 5- يىلى (1825- يىلى)

جىمكۆل ناھىيىسىنىڭ نوپۇسى 21 مىڭدىن ئاشتى.

2- ئاينىڭ 19- كۈنى، قۇمۇلدىن بىر مىڭبېشى، بىر مۇئاۋىن مىڭبېشى، بىر شتات سىرتىدىكى خادىم ۋە بىر سان سىرتىدىكى خادىم، 100 ئاتلىق لەشكەر، 100 ئات باركۆلگە يۆتكىلىپ بۇيرۇق كۈتتى.

ئۈچكۆلدىكى ساقابۇلاقتا تۆت كارىز چېپىلدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 7- يىلى (1827- يىلى)

بېشىر 100 كالا ھارۋىسى تەييارلاپ، چىڭ سۇلالىسى لەشكەرلىرىنىڭ جاھانگىر خوجا توپىلىڭىنى تىنچىتىشىغا ياردەم بەردى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 12- يىلى (1832- يىلى)

بېشىر دورو ئىنانچىخانلىقتا ئۆستۈرۈلدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 13- يىلى (1838- يىلى)

خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ تاۋيۈەن ناھىيىسىدە ئولتۇراقلاشقان قۇمۇللۇق ئۇيغۇر جەن رۇيەن ئىمتىھان ئارقىلىق خۇنەن. گۇاڭدۇڭ قوشۇنلىرىنىڭ مىڭبېشى بولدى.

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 20- يىلى (1840- يىلى)**

روسىيىلىك داخىماسانى 120 دىن كۆپرەك ئادەمنى باشلاپ قوبدۇ قاراۋۇلخانىسى ئارقىلىق باركۆلگە كىردى، ئىككىنچى يىلى ئەتىيازدا، ئۇلار دۆلىتىگە قايتۇرۇلدى.

جەن روپەن لىن زېشۇ بىلەن گۇاڭجوغا بېرىپ، ئەپيۇننى چەكلىدى. گۇاڭجو خۇمېندىكى زەمبىرەك سوپىسىدە ئەنگلىيە ئەسكەرلىرى بىلەن كەسكىن جەڭ قىلىپ، باتۇرلارچە قۇربان بولدى.

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 22- يىلى (1842- يىلى)**

لىن زېشۇنىڭ مەنسىپى تۆۋەنلىتىلىپ شىنجاڭغا سۈرگۈن قىلىندى. ئۇ «سەپەر خاتىرىسى» نى يازدى، ئۇنىڭدا قۇمۇلنىڭ جەنۇبىي كىچىك يولىنى ئېچىش توغرىسىدىكى ئىشلار تەپسىلىي بايان قىلىندى.

6- ئاينىڭ 11- كۈنى، باركۆلدە 7 ~ 7.9 بال يەر تەۋرىدى. لەشكەر ۋە پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرى ئۆرۈلۈپ، ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىدى. خەنچېڭنىڭ شىمالىي سېپىلى ئۆلتۈرۈشۈپ كەتتى.

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 25- يىلى (1845- يىلى)**

11- ئاينىڭ 23- كۈنى لىن زېشۇ قۇمۇل تارلاچىندىكى دېھقانچىلىق رايونىنى كۆزدىن كۆچۈردى؛ 29- كۈنى تارلاچىندىن قايتقاندا، لەشكەر ۋە ئاۋامنىڭ ئەرزىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، ئىنانچىخان بېشىرنىڭ لەشكەر ۋە خەلقنى قاقتى- سوقتى قىلغانلىق دېلوسىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. 12- ئاينىڭ 9- كۈنى، لىن زېشۇ خاننىڭ ئەمرى بويىچە كەڭچىلىككە ئېرىشىپ، بېيجىڭغا قايتتى.

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 26- يىلى (1846- يىلى)**

قۇمۇلنىڭ خان ئامبىلى جوڭفاڭ 51 جىلدلىق «قۇمۇل تەزكىرىسى» نى تۈزۈپ چىقتى. تۈزۈشكە ماجۇنلياڭ، لى شېڭچېڭ، لى شىڭجيالارمۇ قاتناشتى.

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ شيەنفېڭ 5- يىلى (1855- يىلى)**

باركۆل مەھكىمىسى باركۆل بىۋاستە قاراشلىق مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلدى. باركۆل- ئۈرۈمچى ۋىلايىتى باركۆلگە يۆتكەلدى. جىمكۆل ناھىيىسى مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى. گۇچۇڭ ناھىيىسى ئۈرۈمچىگە قوشۇۋېتىلدى.

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى 3- يىلى (1864- يىلى)**

ئۈرۈمچىدىكى خۇيزۇ ئاخۇن داۋۇت خەلپە لەشكەرلەرنى قوزغىتىپ، ھەربىي ئۆزگىرىش قىلىپ، ئۈرۈمچىنى ئىگىلەپ، ئۆزىنى مۇسۇلمان ۋاڭ دەپ ئېلان قىلدى. باركۆلنىڭ شەھەر- يېزىلىرىدىكى ما تيەنباۋ باشچىلىقىدىكى 3000 دىن ئارتۇق خۇيزۇ ئاۋاز قوشتى، لېكىن چىڭ لەشكەرلىرى تەرىپىدىن باستۇرۇلدى. قۇمۇلدىكى خۇيزۇلاردىن ماجاۋچاڭ، ماخۇمن، ماتيەنسەيلەرمۇ خەلققە باشچىلىق قىلىپ قوزغىلاڭ كۆتەرگەندە، ئۇلارمۇ باستۇرۇلدى.

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى 4- يىلى (1865- يىلى)**

5- ئايدا خۇيزۇ خې لاۋۋا، ئۇيغۇرلاردىن سوپۇرگە بەگ قاتارلىق كىشىلەر ئاممىنى باشلاپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، قۇمۇل خەنزۇ شەھىرى بىلەن شەھەر ئىچىنى ئىگىلىۋالدى. 5- ئاينىڭ 26- كۈنى ئۇلار خان ئامبال جاكاداڭنا، ئۇرۇنباسار سانغۇن ۋاڭ پۇدې، ياندان ئاتاملىقىلىق بىلىن پارىلىق پارىلىق سۈلتۈردى. جىنىڭ قوشۇنىنىڭ شەھەرنى

ساقلىۋاتقان قالدۇق قىسمى ئىچكىرىگە قاچتى. چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى بېشىرنى قۇمۇلنىڭ ياردەمچى نازارەتچى ئامباللىقىغا تەيىنلىدى. 6- ئاينىڭ 22- كۈنى، داۋۇت خەلپىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە سەركەردە ماشىڭ لەشكەر باشلاپ، باركۆلنىڭ خەنچىڭ ۋە مەنچىڭگىغا ھۇجۇم قىلدى. لېكىن باش بۇغ نارجى، ئاغلاقچى ئامبال ئىلدۇن، پاششاپ خېگۇەن قاتارلىقلار تەرىپىدىن چېكىندۈرۈلدى، 524 ئادىمى ئۆلدى ۋە يارىلاندى. 6- ئاينىڭ 4- كۈنى، باش بوغ ماشىڭ باركۆلگە يەنە ھۇجۇم قىلدى. لېكىن شەھەرنىڭ شەرقىدىكى 30 چاقىرىم يىراقلىقتىكى گۇەنزىدە مەغلۇپ بولدى. 8- ئاينىڭ 15- كۈنى، كۇچادىكى راشىدىن لەشكەر ئەۋەتىپ، باركۆل شەھىرىگە يەنە ھۇجۇم قىلدى. لېكىن يەنە مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى. ئۈرۈمچى- باركۆل ۋىلايىتىنىڭ ۋېن لىن قوشۇنى مەغلۇپ بولۇپ، ئۇمۇ ئۈچكۆلگە تىكىۋەتتى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى باركۆل ناھىيە بازىرىنى يەنىلا ساقلاپ تۇرۇۋەردى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى 5- يىلى (1866- يىلى)

5- ئاينىڭ 3- كۈنىدىن 8- كۈنىگىچە ئۈيغۇر، خۇيزۇ بىرلەشمە قوشۇنى باركۆلگە ھۇجۇم قىلىپ مەغلۇپ بولدى. 6- ئايدا، لىن شاڭ 2000 كىشىلىك چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنى باشلاپ باركۆلدىن ياردەمگە كېلىپ قۇمۇلنى تارتىۋالدى. 11- ئايدا دېھقانلار قوشۇنى ماشىڭ، سۇيۇرگىلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ۋە بېشىرنىڭ قول ئاستىدىكىلەر بىلەن توغۇچىدا قاتتىق سوقۇشۇپ، بېشىرنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈپ، قۇمۇلنى يەنە ئىگىلىۋالدى. 12- ئايدا، ماشىڭ 3500 كىشىلىك بىرلەشمە قوشۇننى باشلاپ باركۆلگە يەنە ھۇجۇم قىلدى، لېكىن مەغلۇپ بولدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى 6- يىلى (1867- يىلى)

يىل بېشىدا بېشىر ماشىڭ قوشۇنى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. چىڭ ئوردىسى بېشىر ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا خوشۇت چىنۋاڭ دەپ نام بەردى. 2- ئاينىڭ 25- كۈنى باركۆل باش بۇغى خېگۇەننىڭ بۇيرۇقى بويىچە، پاششاپ نالىن، مىگبېشى جاۋ ۋەنخەي ۋە موريدىكىلەرنىڭ باشلىقى كوگسەي، جاگخېلار قۇمۇلغا ئىككىنچى قېتىم ھۇجۇم قىلىپ ئىشغال قىلدى. جاگخې قۇمۇلنى ساقلىدى، كوگسەي قوشۇنى توغۇچىدا تۇردى. 2- ئاينىڭ 27- كۈنى، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ يارلىقىغا بىنائەن، بېشىرنىڭ ئوغلى مۇھەممەد جاساق خوشۇت چىڭۋاڭلىققا ۋارىسلىق قىلدى. قۇمۇل، باركۆلدە ئۇدا بىر نەچچە يىل ئۇرۇش بولۇپ تېرىقچىلىق قىلىنمىغانلىقتىن، ئاشلىق يېتىشمەي قالدى. چىڭ قوشۇنى قۇمۇلنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، چىڭ ئوردىسىنىڭ يارلىقىغا بىنائەن، دۇنخۇاڭدىن قۇمۇلغا 15 مىڭ دادەن قونتۇرۇش ئاشلىقى يۆتكىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى 7- يىلى (1868- يىلى)

2- ئاينىڭ 24- كۈنى داۋۇت خەلپە قوشۇنى قۇمۇلغا يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلدى، جاڭ خې ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، جاگخېنى ئۆلتۈردى. 8- ئايدىن 9- ئايغىچە قۇمۇل خان ئامبىلى ۋېن لىن ئەنشى، دۇنخۇاڭدىن ئەسكەر ئېلىپ، قۇمۇلغا قايتىپ كېلىپ، يېڭى شەھەرنى سالدۇردى. (شۇنىڭدىن كېيىن، ئەسلىدىكى يېڭى شەھەرنىڭ نامى كونا شەھەر دەپ ئاتالدى).

چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى 8- يىلى (1869- يىلى)

چىڭ ھۆكۈمىتى مېھرىبانۇغا چىڭۋاڭ فوجۇگلۇق مەرتىۋىسى بەردى. 8- ئايدا، قۇمۇلنىڭ ياردەمچى نازارەتچى ئامبىلى جىڭ ليەن قوشۇننى باشلاپ كېلىپ ۋەزىپىگە ئولتۇردى. داۋۇت خەلپە قوشۇنى قۇمۇلغا قايتا ھۇجۇم قىلىپ، يەنە مەغلۇپ بولدى، قۇمۇلنىڭ ۋەزىيىتى كۈندىن- كۈنگە مۇقىملاشتى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى 9- يىلى (1870- يىلى)

داۋۇت خەلپە ياقۇپبەگ تەرىپىدىن يوقۇتۇلدى. قۇمۇل يەنە ياقۇپبەگنىڭ تەھدىتى ئاستىدا قالدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى 10- يىلى (1871- يىلى)

چىڭ ئوردىسى قۇمۇل ۋاڭلىقىغا 20 مىڭ سەر كۈمۈش ۋە قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ مۆھۈرىنى بەردى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى 12- يىلى (1873- يىلى)

6- ئاينىڭ 25- كۈنى شەنشى خۇيزۇ قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ سەردارى بەي يەنخۇ 5 ~ 6 مىڭ كىشىنى باشلاپ قۇمۇل تاشۋىلىققا كەلدى. 7- ئاينىڭ 1- كۈنى بەي يەنخۇ سايىپشى كۆلى ئەتراپىدا چىڭ قوشۇنى بىلەن ئۇرۇشۇپ، چىڭ قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى. 7- ئاينىڭ 5- كۈنى بەي يەنخۇ قۇمۇلنى ئىشغال قىلدى. 8- ئاينىڭ 12- كۈنى شەھەر ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ باشلىقى يۇسۇپ ئىچكى جەھەتتە ماسلىشىپ، قۇمۇل شەھەر ئىچىنى ئىشغال قىلىپ، يېڭى شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە خىل قوراللار بىلەن قوراللانغان 2000 دىن ئارتۇق لەشكەرنى ئەۋەتىپ تەگرىتاغ ئارقىلىق باركۆلگە ئۆتۈپ بىر ئايدىن ئارتۇق قورشاۋغا ئالدى. باركۆلدىكى لەشكەر ۋە ئاۋام قەھرىمانلارچە قارشى تۇرغانلىقتىن، بەي يەنخۇ مەغلۇپ بولۇپ قايتتى. 9- ئاينىڭ 25- كۈنى چىڭ قوشۇنى شەھەر ئىچىگە ھۇجۇم قىلدى. 10- ئايدا بەي يەنخۇ چىڭۋاڭ مۇھەممەد بىلەن ئايالىنى، ئانىسى مېھرىبانۇ ۋە 2000 دىن ئارتۇق ئادەمنى بوغاز ئارقىلىق تۇرپانغا بېرىشقا مەجبۇرلىدى. بەي يەنخۇ كېيىن ياقۇپبەگكە تەسلىم بولدى. چىڭ قوشۇنى شەھەر ئىچىنى قايتۇرۇۋالدى. چىڭ قوشۇنى لياۋدۇنغىچە قوغلاپ بېرىپ، ۋاڭ ۋە ئۇنىڭ ئايالىنى قۇتقۇزۇۋالدى. مۇھەممەد ۋاڭنىڭ ئايالى كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۆلۈپ كەتتى. ۋاڭنىڭ ئانىسىنى بۇگۇرگە ئېلىپ كەتتى. ليۇياڭنىڭ كۆزەتكۈچىسى لى شەن جيايۈگۈەندىن ئەسكەر باشلاپ چىقىپ قۇمۇلنىڭ سەنجايار ئەتراپىغا كەلگەندە قاتتىق بوران چىقىپ كەتتى. بوراندا نۇرغۇن ئادەم، ھارۋا ئات- ئۇلاغلار ئىز- دېرەكسىز يوقاپ كەتتى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى 13- يىلى (1874- يىلى)

3- ئايدا ئاق ئۇغلۇق خەنزۇ قوشۇنىنىڭ باش بوغى جىن شۇن، لياڭجۇنىڭ باش بوغى ئىرچىڭئې ۋە گۈي شيىجېنلار ئاتلىق ۋە پىيادە لەشكەرلەردىن 20 مىڭ ئەسكەرنى ۋە گۋاڭدۇڭ قورۇقلۇق قوشۇنىنىڭ ياساۋۇل بېگى جاڭ ياۋ، خېنەن سۇڭ ۋۇ قوشۇنىنىڭ 14 يىڭ لەشكىرىنى باشلاپ، قۇمۇلغا كېلىپ، كونىشەھەردە تۇردى. ياردەمچى ئامبال مىڭ چۈن تاللانغان قوشۇننى باشلاپ، يېڭى شەھەردە تۇردى. شۇنىڭ بىلەن قۇمۇل ۋاقتىنچە تىنچلاندى. جاڭ ياۋ قوشۇنى قۇمۇلدا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، 19 مىڭ مو بوز يەر ئېچىپ، 10 مىڭ دادەن ئاشلىق ئېلىپ، ھەربىيلەرنىڭ تەمىناتىنى ھەل قىلدى. قۇمۇلدىكى ئالتۇنلۇق ياسالدى.

جاڭ ياۋ تەگرىتاغنىڭ چوققىسىدىكى داۋان يولىنى رېمونت قىلىپ، كۆۋرۈكلەرنى سالدۇرۇپ، يولنىڭ ئىككى قاسنىغا ۋادەك ياسىتىپ، قاتناشنى راۋانلاشتۇردى. زوزۇڭتاڭ بۇ توغرىسىدا «تەگرىتاغدىكى ۋادەك ئابىدىسى» دەپ بېغىشلىما يازدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 1 - يىلى (1875- يىلى)

4- ئايدا چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ يارلىقىغا بىنائەن، زوزۇڭتاڭ خان مۇپەتتىشلىككە تەيىنلىنىپ، شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ، قۇمۇلدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەن چاغلىرىدا، ئۇ قوشۇنغا بۇيرۇق قىلىپ تال تىكتۈردى. كېيىن كىشىلەر بۇ تاللارنى « زوزۇڭتاڭ تاللىرى» دەپ ئاتاشتى. باركۆل، قۇمۇلدا ھەربىي پونكىت ۋە غەربكە

يۇرۇش قىلىش قوشۇنى تەمىنات شۆبە ئىدارىسىنى تەسىس قىلدى، ئاشلىقنى ئېچكىرىدىن تۆگە بىلەن قۇمۇلغا يۆتكىدى. قۇمۇلدا تېرىقچىلىق قىلىپ، 20 مىليون جىڭ ئاشلىق، باركۆلدە تېرىقچىلىق قىلىپ، 12 مىليون جىڭ ئاشلىق ئالدى. روسىيىلىك ئالىم A · IO. سكانوۋسكى شىنجاڭدا گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 2- يىلى (1876- يىلى)

2- ئايدا سىچۇەننىڭ باش بۇغىي شۇي جەنبياۋ ئاتلىق ۋە پىيادە لەشكەرلەر قوشۇنىنىڭ بەش يىگىتى باشلاپ كېلىپ، باركۆلدە تۇردى. ليۇجىن تاڭ خۇنەن ئاتلىق قوشۇنى پىيادە قوشۇنىنىڭ 24 يىڭ ئەسكىرىنى باشلاپ، قۇمۇل، باركۆلدىن ئۆتۈپ، گۇچۇڭغا بېرىپ، جىن شۇن قوشۇنى بىلەن ئۇچراشتى. 6- ئايدا، چىڭ قوشۇنى ياقۇپبەگكە جازا يۇرۇش قىلغاندا، قۇمۇل، باركۆللەر توپىلاڭنى تىنجىتىش چوڭ قوشۇنىنىڭ ئارقا سەپ تەمىنات بازىسى بولدى. جاڭ ياۋ قۇمۇلدا تۇردى. شۇي جەنبياۋ باركۆلنى ساقلىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 3- يىلى (1877- يىلى)

3- ئايدا چىڭ قوشۇنى ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ يۇرۇش قىلىپ ياقۇپبەگكە زەربە بەردى. جاڭ ياۋ، شۇي جەنبياۋ قۇمۇل، باركۆلدىن لەشكەر باشلاپ، تۇرپانغا ھۇجۇم قىلدى. 5- ئايدا ياقۇپبەگ كۆنچى دەرياسى بويىدا ئادەملىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. بەي يەنخۇ روسىيىگە قېچىپ كەتتى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 4- يىلى (1878- يىلى)

جاڭ ياۋ قۇمۇل چىڭۋاڭنىڭ ئانىسى مېھربانۇنى كۇچادىن قۇمۇلغا قايتۇرۇپ كەلدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 5- يىلى (1879- يىلى)

باركۆلدە چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەرگەنلىكتىن، ھۆكۈمەت يەر بېجىنى كەچۈرۈم قىلدى. چارروسسىيە گېنېرالى پىرژېۋالسكى «ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتى» باركۆل ئارقىلىق قۇمۇلغا كېلىپ، قۇمۇلدا بىر ھەپتە تۇردى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 6- يىلى (1880- يىلى)

5- ئاينىڭ 26- كۈنى زوزۇڭتاڭ چوڭ قوشۇننى باشلاپ جيۇچۈەندىن يولغا چىقىپ، 6- ئاينىڭ 15- كۈنى قۇمۇلغا يېتىپ كېلىپ، ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلدى. تاۋدىڭچۈەن، ۋاڭ فۇچۈەن 2000 لەشكەرنى قۇمۇلدىن باشلاپ بېرىپ، ئارقا تەرەپتىن ياردەم بەرمەكچى بولدى. شۇ يىلى كۈزدە، زوزۇڭتاڭ بېيجىڭغا چاقىرتىلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ليۇجىنتاڭ تەيىنلەندى. زوزۇڭتاڭ قۇمۇلنىڭ مىللىي ئىشلىرىنى تۇرپانىڭكىگە ئوخشاش قىلىپ، قۇمۇل ياندىشى ئايماقبېگىنىڭ قوشۇمچە باشقۇرۇشىنى تەستىقلىدى.

قۇمۇل، ئەنشى، باركۆل- ئۈرۈمچى مەھكىمىسىگە قوشۇۋېتىلدى. قۇمۇل سودا شەھىرى قىلىپ ئېچىۋېتىلىپ، روسلارنىڭ قۇمۇلدا سودا قىلىشىغا رۇخسەت قىلىندى. 12- ئاينىڭ 22- كۈنى، مۇھەممەد ۋاڭ ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئىزباسارى يوق بولغاچقا، ئوردا ئىشلىرىنى باشقۇرۇۋاتقان مېھربانۇ شەخسەن ئۆزى ئۈتتۈرىغا چىقىپ، شامەخسۇتقا كىچىك قىزىنى بېرىپ، ئۇلارنىڭ توينى قىلدى. چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا شامەخسۇتنى مۇھەممەدنىڭ ئىزباسارى قىلىپ، قۇمۇلنىڭ چىڭۋاڭلىق مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ تەيىنلەشنى ئىلتىماس قىلدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 8- يىلى (1882- يىلى)

7- ئاينىڭ 14- كۈنى شامەخسۇد ۋاڭلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلدى. 12- ئاينىڭ 24- كۈنى چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى شىنجاڭنى ئۆلكە قىلىپ قۇرۇش توغرىسىدىكى تەكلىپنى تەستىقلىدى. ئۆلكە تۆت ۋىلايەتكە ئايرىلدى. قۇمۇل بارىكۆل- ئۈرۈمچى ۋىلايىتىگە قارىدى، قۇمۇل مەھكىمىسى ساقلىنىپ قالدى. قۇمۇلدا ۋاڭلىق تۈزۈمى داۋاملىشىپ، ئۇيغۇرلارنى ۋە يەر- زېمىننى باشقۇردى. قۇمۇل بىۋاسىتە قاراشلىق مەھكىمە خەزىنە، خويزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان كونا شەھەر ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى جايلارنى باشقۇردى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 9- يىلى (1883- يىلى)

ئالتاي قازاقلىرىنىڭ نايمان قەبىلىسىدىكى دېلداباي، كۆكتارخان قاتارلىق كىشىلەر 30 ئائىلە چارۋىچىنى باشلاپ تۇنجى بولۇپ بارىكۆل يايلىقىغا كېلىپ ماكانلاشتى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 10- يىلى (1884- يىلى)

چىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى ئۆلكە قىلىپ، گەنسۇ ئۆلكىسىدىن ئايرىپ باشقۇرۇش توغرىسىدا رەسمىي بۇيرۇق چۈشۈردى. قۇمۇلنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلۈپ، بىۋاسىتە قاراشلىق مەھكىمە قىلىنىپ، ئۈرۈمچى- بارىكۆل ۋىلايىتىگە قارايدىغان بولدى.

قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسى «شۇبىرغول بىلىم يۇرتى»نى تەسىس قىلدى. تۇڭجى يىللىرىدا بۇزۇۋېتىلگەن كونا شەھەر قايتىدىن ياسالدى.

قۇمۇلدا چېچەك داۋالاش ئورنى قۇرۇلۇپ، چېچەك چەكتى ۋە چېچەكنى داۋالىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 11- يىلى (1885- يىلى)

قۇمۇلنىڭ ياندىش ئاياقبېگى تۇرپاننىڭ ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇردى.

قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇد چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە 40 مىڭ سەر كۈمۈش ئىئانە قىلغانلىقتىن، خان ئۇنىڭغا «ئۈچ كۆزلۈك گۈللۈك يۆپۈك ئىنئام قىلدى ھەمدە چېنچىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ- چىقىشقا رۇخسەت قىلدى».

قۇمۇلدا باج ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، سودا بېجى ئېلىندى. بىر يېتىم - يېسىرلار ئورنى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭدا 28 ئادەم بېقىلدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 12- يىلى (1886- يىلى)

ليۇجىنتاڭ لەشكەر تۈزۈمىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، شەرقىي شىنجاڭدا بارىكۆلنى شەھەر قىلىپ، باش بوغى تەسىس قىلدى. ئۇنىڭغا 5 پىيادىلەر يىگى 1- خوشۇن، 1- قاراۋۇلخانا، ئاتلىق ئەترەتنىڭ 7 خوشۇنى قاراشلىق بولۇپ، ئۇلار بارىكۆل، قۇمۇل، تاشۆيلىق قاتارلىق جايلاردا تۇردى. شامەخسۇد بېيجىڭغا بېرىپ خاننى تاۋاپ قىلدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 13- يىلى (1887- يىلى)

پرىژۋالىسكى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ گەنسۇ بىلەن شىنجاڭ چېگرىلىنىدىغان جايىدا گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

ساۋۇربېك ئالتاي قازاق چارۋىچىلىرىدىن 200 تۈتۈننى باشلاپ بارىكۆلگە كېلىپ ماكانلاشتى. بارىكۆل يايلىقىدا ئېغىر چاشقان ئاپىتى يۈز بەردى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 14- يىلى (1888- يىلى)

چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، باركۆل مەنچېڭدا تۇرۇۋاتقان مانجۇ قوشۇنى گۇچۇڭغا يۆتكەلدى.

1888~ 1890- يىلغىچە، چاررۇسىيىنىڭ گېئولوگىيە مۇتەخەسسىسى بوگنوۋىچ بىلەن ئېفسوف ئىلگىرى-كېيىن شەرقىي شىنجاڭغا كېلىپ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

جەنۇبىي شىنجاڭدىن بىر قىسىم ئۇيغۇرلار باركۆلگە كۆچۈپ كەلدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 15- يىلى (1889- يىلى)

باركۆلدىكى يېشىل تۇغلۇق قوشۇنىنىڭ سول قانات قوشۇنى قۇمۇلغا يۆتكەلدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 16- يىلى (1890- يىلى)

ئالتاي، چۆچەكتىكى قازاقلارنىڭ تاسبېك، ۋاق قەبىلىلىرىدىكى 200 تۈتۈن قازاق باركۆلگە كۆچۈپ كېلىپ ماكانلاشتى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى باركۆلدىن قۇمۇلنىڭ غەربىدىكى شارلار تاغلىرىغا كۆچۈپ كېلىپ ماكانلاشتى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 18- يىلى (1892- يىلى)

5- ئايدا چىنۋاڭ شامەخسۇدنىڭ چوڭ ئوغلى مەخسۇم ئۆلدى. چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ قائىدىسى بويىچە، ئىككىنچى ئوغلى نەزەرگە 4 ياش ۋاقتىدا قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ ئوردا تەيجىسى دېگەن مەنسەپ بېرىلدى. بۇ، كەلگۈسىدە ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىشىنىڭ تەييارلىقى ئىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 20- يىلى (1894- يىلى)

چاررۇسىيە گېئولوگىيە ئالىمى، ئاكادېمىك ئوبرۇچوف غەربتىن شەرققە قاراپ مېڭىپ، يەتتە قۇدۇق، تارانچى، قۇمۇل، شىڭشىڭشيا ئارقىلىق چۆلتاغ رايونلىرىغا بېرىپ، گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 21- يىلى (1895- يىلى)

قۇمۇلدا تېلېگراف ئىدارىسى قۇرۇلدى.

ئالتايدىكى جانتەكەي قەبىلىسى ۋە سارباس قەبىلىسىدىكى 200 نەچچە تۈتۈن قازاق چارۋىچى باركۆلگە كۆچۈپ كېلىپ ماكانلاشتى. باركۆلدە قىشتىن ئۆتكۈزۈش ئورنى قۇرۇلۇپ، ئىگە- چاقىسىز 25 كىشى بېقىلدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 29- يىلى (1903- يىلى)

باركۆل بازىرىنىڭ قەلئەسى ئۆزگەرتىلىپ، ئۇنىڭغا ئاتلىق ئەترەتنىڭ بەش خوشۇنى، ئۈچ پىيادىلەر يىڭى، ئىككى خوشۇن، بىر قاراۋۇلخانا قارىدى. تۇرۇشلۇق ئورنى ئۆزگەرمىدى. شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى فەن شياۋسۇ ئۈرۈمچى — قۇمۇل — سۇجۇ ئارىلىقلىرىدا پوچتا ماڭغۇزدى. بۇ، ئۈچ يىلدىن كېيىن توختىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 30- يىلى (1904- يىلى)

گېرمانىيىلىك گىرۇۋېلى قۇمۇلغا ئىككى قېتىم كەلدى، ئۇ تۇرپان، پىچان قاتارلىق جايلارغىمۇ بېرىپ، 232 ساندۇق مەدەنىي يادىكارلىق بۇيۇملىرىنى ئوغرىلاپ كەتتى.

10- ئاينىڭ 8- كۈنى، شامەخسۇد چىڭۋاڭ بېيجىڭغا بېرىپ ئۆز نۆۋىتى بىلەن خاننى زىيارەت قىلدى.

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 31- يىلى (1905- يىلى)**

قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇد تۇرپاندىن كارىز چېپىش ئۇستىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، ئۇششۇقۇرۇل، ئاستانە، قارادۆۋە ۋە تورىكۆللەردە سىناق تەرىقىسىدە كارىز چاپقۇزدى.

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 32- يىلى (1906- يىلى)**

7- ئاينىڭ 17- كۈنى شامەخسۇد چىڭۋاڭ مەخسۇس مۇلازىملارنى بېيجىڭغا ئەۋەتىپ، قۇمۇلنىڭ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا تارتۇق قىلدى.

مەھكىمە، ئاياقنىڭ ماتارىپ مەمۇرىي ئاپپاراتلىرى «ئوقۇشقا دەۋەت قىلىش ئورنى»غا ئۆزگەرتىلدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ 2- يىلى (1910- يىلى)، «ئوقۇشقا دەۋەت قىلىش ئورنى» يەرلىك ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى ماتارىپ مەمۇرىي ياردەمچى ئورگانغا ئۆزگەرتىلدى.

قۇمۇل شەھىرىدە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەر قۇرۇلدى.

گېرمانىيىلىك گاركىڭ قۇمۇلدا ئورغۇن ئەسكىلىك قىلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئېغىر دەرىجىدە دەخلى- تەرۇز قىلدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ يولىيورۇقى بويىچە، ئۇنىڭ ساياھەت قىلىش پاسپورتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، چۆچەككە يالاپ ئېلىپ بېرىلىپ، گېرمانىيىنىڭ كونسۇلىغا تاپشۇرۇلۇپ، دۆلىتىگە قايتۇرۇۋېتىلدى.

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 33- يىلى (1907- يىلى)**

2- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 5- ئاينىڭ باشلىرىغىچە، قۇمۇل شەھەر ئىچىدە تورپاق غوجامنىياز باشچىلىقىدىكى دېھقانلار يىغىلىق كۆتۈرۈپ، قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ئالۋان- ياسىقىغا قارشى چىقتى. لېكىن بۇ يىغىلىق قۇمۇل ۋاڭى ۋە چىڭ سۇلالىسى لەشكەرلىرى تەرىپىدىن باستۇرۇلدى.

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 34- يىلى (1908- يىلى)**

10- ئاينىڭ 9- كۈنى چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ يارلىقىغا بىنائەن، نەزەرگە ئەركانبەگلىك مەنسىپى بېرىلدى.

قۇمۇل مەھكىمىسىنىڭ يانداش ئاياقبېگى ليۇرۇنتۇڭ ئالتە يەردە يېڭىچە مەكتەپ ئاچتى.

قۇمۇلدا ھۆكۈمەت پۇلى شۆبە ئىدارىسى قۇرۇلدى.

سودا مالاج بېجى بىر تۈتاش ھالدا باجغا ئۆزگەرتىلدى.

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ تۇنجى يىلى (1909- يىلى)**

قۇمۇلدا پوچتا ئىدارىسى قۇرۇلدى، يەتتە قۇدۇقتا تېلېگراف شۆبە ئىدارىسى قۇرۇلدى.

قۇمۇل مەھكىمىسىنىڭ يانداش ئاياقبېگى ليۇرۇيتۇڭ «قۇمۇلغا بىۋاسىتە قاراشلىق مەھكىمىنىڭ يۇرت تەزكىرىسى»نى يازدى. كىتابتا بېشىر ۋاڭ بولغاندىن بۇيانقى قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ تارىخى، ھەربىي ئىشلىرى، نوپۇسى، دىن، سودا ئىشلىرى» قاتارلىقلار بايان قىلىندى.

قۇمۇل مەھكىمىسىگە 1251 تۈتۈن، 4568 نوپۇس قارىدى. قۇمۇل ۋاڭىغا 1400 تۈتۈن، 8447 نوپۇس قارىدى. باركۆل مەھكىمىسىگە 1817 تۈتۈن، 8058 نوپۇس قارىدى.

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ 3- يىلى (1911- يىلى)**

2- ئاينىڭ 20- كۈنىدىن 29- كۈنىگىچە شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى يۈەن داخۇا خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىپ،

شىنجاڭدىن كېتىش ۋاقتىدا، شامەخسۇد ئادەم ئەۋەتىپ، 15 چاقىرىم شاكودىن توغۇچىغىچە ئارىلىقتا زىياپەت تەييارلاپ، ئۇنى داخۋانى كۈتۈۋالدى.

باركۆلدىكى قازاق تۆگكۆسىبېك، نەزەربېگلەر 20 تۈتۈن، 150 دىن ئارتۇق كىشىنى باشلاپ شەرقتە قاشقۇۋۇققا كۆچۈپ بېرىپ، كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى.

## جۇڭخۇا مىنگو دەۋرى

### مىنگونىڭ 1 - يىلى (1912- يىلى)

يىل بېشىدا تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلۈپ، قۇمۇلنىڭ كۆشۈتى ئېغىزىدا باركۆلنىڭ باش بۇغىي يى شىگفۇنى تىرىك تۇتىۋالدى. قوزغىلاڭچى قوشۇن ھەممىلا يەردە چىڭ لەشكەرلىرى بىلەن قۇمۇل ۋاڭىنىڭ لەشكەرلىرىگە زەربە بەردى.

5- ئايدا باركۆلدىكى گېلاۋخۇينىڭ باشلىقى خۇدىڭكې، ۋاڭ جىگيۇەن قاتارلىقلار شىنخەي ئىنقىلابى قوزغىلىڭىغا ئاۋاز قوشۇپ، ياردەمچى ئاليماقبېگى جاڭ زەيرىننى ئۆلتۈرۈپ، ئەسلىدىكى ئارمىيىنى باشقۇرۇۋاتقان جۇفۇنى باشلىق قىلدى. 8- ئاينىڭ 25- كۈنى قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولدى. خۇدىڭكې ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالدى، ۋاڭ جىگيۇەن قاتارلىقلار قېچىپ كەتتى.

بەشىنچى تۈركۈم 1000 تۈتۈنگە يېقىن قازاق چارۋىچى ئالتاي، چۆچەكتىن باركۆل يايلىقىغا كۆچۈپ كېلىپ ماكانلاشتى.

### مىنگونىڭ 2- يىلى (1913- يىلى)

قۇمۇل ۋە باركۆل بىۋاستە قاراشلىق مەھكىمىلىرى ناھىيىگە ئۆزگەرتىلدى. يەتتە قۇدۇق شۆبە ناھىيە قىلىپ ئايرىلىپ، ئامبال ياردەمچىسى قويۇلدى. ھەر قايسى ناھىيىلەر ئۇرۇمچى مەھكىمىسىگە قارىدى. يازدا دېھقانلار ئۆلكە قوشۇنىنى كەينى- كەينىدىن مەغلۇپ قىلدى. لېكىن ئالدىنىپ، قوشۇننى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشنى قوبۇل قىلدى. تۆمۈر خەلپە بۇيرۇققا ئاساسەن، قوشۇننى باشلاپ ئۈرۈمچىگە چىقتى.

باركۆللۇك لى رۇڭ شىمالىي مىللەتلەرستلار ھۆكۈمەت كېڭەش ئەزالىقىغا سايلاندى. باركۆللۇك ليۇ جۇنچۈەن، جاڭ ۋەنلىڭلار ۋە قۇمۇللۇق خې دۇسەي شىمالىي مىللەتلەرستلار ھۆكۈمىتى ئاۋام كېڭەش ئەزالىقىغا سايلاندى.

9- ئاينىڭ 6- كۈنى، تۆمۈر خەلپە شىنجاڭنىڭ تۇتۇقى ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن ئۈرۈمچىدە ئۆلتۈرۈلدى.

### مىنگونىڭ 3- يىلى (1914- يىلى)

5- ئاينىڭ 6- كۈنى يۈەن شىكەي يۇلۇچىنى قۇمۇل ئۇيغۇر قوشۇنىنىڭ نازارەتچى ئامباللىقىغا تەيىنلىدى.

8- ئاينىڭ 5- كۈنى باركۆل شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى تەگرىتاغنىڭ شىمالىي تاغ باغرىدا 7.5 بال يەر تەۋرەپ، خەنچىگنىڭ غەربىي جەنۇبىي شەھەر سېپىلىنىڭ كۆنگۈرەسى ئۆرۈلۈپ كەتتى.

ئەنگلىيىلىك سىتەيىن گەنسۇ ئارقىلىق باركۆلگە بېرىپ، يىپەك يولىنىڭ يەر قىياپىتى، يەر شەكلىنى تەكشۈردى ۋە قەدىمكى ئىبادەتخانىلارنى سۈرەتكە تارتتى.

مىنگونىڭ 4 - يىلى (1915- يىلى)

2- ئاينىڭ 5- كۈنى يۈەن شىكەي ئەزمىرگە بېزىلىك مەنسىپى بەردى.

3- ئايدا، خوشۇت چىڭۋاڭ شامەخسۇد بېيجىڭغا بېرىپ مىنگونىڭ زۇڭتۇڭىنى زىيارەت قىلدى، يۈەن شىكەي شامەخسۇدقا «1- دەرىجىلىك مۇبارەك ئوردېنى» تەقدىم قىلدى.

4- ئاينىڭ 29- كۈنى، شامەخسۇدقا قوش چىڭۋاڭلىق مەنسىپى ۋە قوش تەمىنات بېرىلدى.

مىنگونىڭ 5 - يىلى (1916- يىلى)

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت باركۆل ناھىيىسىنى شىنجاڭدىكى يەتتە چوڭ چارۋىچىلىق رايونىنىڭ بىرى قىلدى.

يەتتە قۇدۇقتا ئامبال ياردەمچى يامۇلى تەسىس قىلىندى.

مىنگونىڭ 6 - يىلى (1917- يىلى)

4- ئايدا باركۆل ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى چىن رۈبىن چاۋجياگو ئۆستىڭىنى چېپىشقا تەشكىللەپ، 2000 مو بوز يەر ئېچىپ، دېھقانلارنى يەرنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىشقا چاقىردى. ئالتە يىلدا، ئۆستەڭ ياساشقا كەتكەن مەبلەغنى قايتۇرۇۋالدى.

مىنگونىڭ 7- يىلى (1918- يىلى)

1-ئاينىڭ 23- كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت باركۆل ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى لى شۇرۇڭنى ئۈچكۆلدىكى ساقا بۇلاقنى تەكشۈرۈپ، كارىز چېپىشقا بۇيرۇق قىلدى. ئۇ، دېھقان چىڭ سەنگە بىر كارىز چاپتۇردى.

شۇ يىلى يەنە جەنۇبىي ساۋتەيزى قاتارلىق جايلاردا كارىز چېپىلدى.

مىنگونىڭ 8- يىلى (1919- يىلى)

ئىچكىرىدىن ئېلىپ چىقىلغان 262 ئائىلە دېھقان باركۆلدە 7030 مو بوز يەر ئاچتى.

مىنگونىڭ 9- يىلى (1920- يىلى)

شائىخەي سودا كۆرگەزمىسى باركۆلدە ئېچىلدى. 7- ئاينىڭ 30- كۈنى بىلورۇس ئارمىيىسىنىڭ قالدۇق قىسمىنىڭ باشلىقى ئالىنكوف قورالسىزلاندۇرۇلۇپ، گۇچۇڭدىن قۇمۇل ئارقىلىق دۆلىتىگە قايتۇرۇلدى. 10- ئاينىڭ ئاخىرىدا باركۆل ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى لى شۇرۇڭ خىزمىتىدىن ئىستىپا بەردى. ئۇ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە ماتارىينى گۈللەندۈرۈپ، سۇ ئىنشائاتىنى يولغا قويۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاممىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى.

مىنگونىڭ 10- يىلى (1921- يىلى)

8- ئايدا تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ لاماسى دەنبىگجياسۇ بىر توپ قوراللىق ئادەملىرىنى باشلاپ باركۆلگە كېلىپ، 20 نەچچە ئائىلە موڭغۇل چارۋىچىغا تەھدىت سالدى ۋە ماجىراغىنگە بېرىپ بۇلاڭچىلىق قىلدى.

تاشقى موڭغۇلىيە باركۆلدىن تاشقى موڭغۇلىيە يايلىقىغا بارىدىغان كارۋان يولىنى توساپ قويغانلىقتىن، باركۆل كارۋانلىرى ئاراتۈرۈك، ماجىراغىن، سۇزۇكسۇ قاتارلىق كىچىك يايلاق يوللىرىدىن مېڭىشقا مەجبۇر بولدى.

مىنگونىڭ 11- يىلى (1922- يىلى)

9- ئايدا باركۆل كارۋانلىرى (500 تۆگىلىك) تاشقى موڭغۇلىيە يايلىقىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، تاشقى موڭغۇلىيە تەرەپ تۇتۇۋېلىپ، بىر ئايدىن كېيىن قويۇپ بەردى.

مىنگونىڭ 12- يىلى (1923- يىلى)

3- ئايدا ئوقۇشقا دەۋەت قىلىش ئورنى مائارىپ ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

شۇ يىلى باركۆلدە ئۇزۇنلۇقى 4.5 كىلومېتىر كېلىدىغان سۆجە ئۆستىڭى چاپىلدى.

مىنگونىڭ 13- يىلى (1924- يىلى)

غەربىي شىمال ئاۋىئاتسىيە شىركىتى كومىتېتى شىئەن — ئىلى ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسىنى ئاچتى، قۇمۇل ئارابېكەت بولدى.

مىنگونىڭ 14- يىلى (1925- يىلى)

قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسى قوغداش يىڭى قۇردى (يولۋاس يىڭجاڭ بولدى). بىر نەچچە ئايدىن كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

تاشقى موڭغۇلىيە قوشۇنى چېگرىدىن ئۆتۈپ، دەنبىگجياسۇ قەبىلىسىنى يوقاتتى، دەنبىگجياسۇ قەبىلىسى ئېلىپ كەتكەن موڭغۇل چارۋىچىلىرى باركۆل يايلىقىغا قايتىپ كەلدى.

مىنگونىڭ 15- يىلى (1926- يىلى)

ئامېرىكىلىق ئوۋىن. لاتمۇر باركۆل، قۇمۇلغا كەلدى. ئۇ يازغان «تۈركىستاننىڭ چۆللۈك يولى» دېگەن ئەسىرىدە، باركۆل ناھىيىسىنىڭ ئۈچكۆلدىكى كارىزلىرى خاتىرىلەنگەن.

مىنگونىڭ 16- يىلى (1927- يىلى)

4- ئاينىڭ 20- كۈنى جۇڭگو ئىلمىي بىرلەشمە جەمئىيىتى بىلەن شىۋېتسىيىلىك دوكتور سىۋېنھېدىن ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالاپ، غەربىي شىمال ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى تەشكىللەپ (ئادەتتە بۇ ئۆمەك جۇڭگو — شىۋېتسىيە تەكشۈرۈش ئۆمىكى دەپ ئاتالدى)، قۇمۇلنىڭ شىمالىدىكى تاغدا گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

شۇ يىلى قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىنىڭ تۇنجى ئاپتوموبىلى بار بولدى. بۇ ماشىنا ئەنگلىيىدە ئىشلەنگەن بولۇپ، ماتورى يوق، قول بىلەن ئوت ئالدۇرۇلىدۇ.

جىمسار، گۈچۈڭ، مورى قاتارلىق ئۈچ ناھىيىدىن يەنە 2000 ئائىلە قازاق چارۋىچى باركۆلگە كېلىپ ئولتۇراقلاشتى.

مىنگونىڭ 17- يىلى (1928- يىلى)

قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق سابىق قوروقلۇق ئارمىيە لۈيى كېڭەيتىلىپ قوروقلۇق ئارمىيە شىسىگە ئۆزگەرتىلدى.

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇمۇل ۋىلايىتىدە 13 مىڭ 416 ئائىلە، 68 مىڭ 474 نوپۇس بارلىقىنى ئېلان قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل ناھىيىسىدە 8861 ئائىلە، 46 مىڭ 179 نوپۇس، باركۆل ناھىيىسىدە 4494 ئائىلە، 21 مىڭ 999 نوپۇس، يەتتە قۇدۇقتا 61 ئائىلە، 296 نوپۇس بار.

مىنگونىڭ 18- يىلى (1929- يىلى)

قۇمۇل ناھىيىلىك ھۆكۈمەت سابىق قۇمۇل ۋاڭىنىڭ سۈيۈرغاللىق يەرلىرى توخۇلۇ (شارتۈپلەر)، باي، تۆركۆل، نوم، شوپۇل، ئازغان بۇلاقلاردا تەكشۈرۈش ئىدارىسى تەسىس قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

قۇمۇلدا قاتتىق سوغۇق بولدى. شوپۇلدا ئۇدا ئىككى كۈن 1.5 مېتىر قېلىن قار ياغدى. چارۋىلارنىڭ 50% دىن كۆپرەكى توڭلاپ ئۆلدى.

ئەنگلىيىلىك سىتەيىن تەكشۈرۈش نامى بىلەن 4- قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ھەمدە نىيە قاتارلىق جايلاردىن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئوغرىلىقچە قازدى. بۇ مەدەنىي يادىكارلىقلىرىنى ئېلىپ قۇمۇلغا كەلگەندە، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئۇلارنى تۇتۇپ قالدى.

مىنگونىڭ 19- يىلى (1930- يىلى )

6- ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا، قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇد كېسەل بىلەن ئۆلدى. ئۇنىڭ ئوغلى نەزەر 55 ئادەم بىلەن ئۈرۈمچىگە چىقىپ، ۋاڭلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۆلكە رەئىسى جىن شۇرېن ئۇنىڭغا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەسلىھەتچىسى دېگەن قۇرۇق مەنسەپنى بەردى.

7- ئاينىڭ 2- كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە ئۆزگەرتىپ باشقۇرۇش ھەيئىتى تەسىس قىلىندى. 11- ئايدا ئەمەل ۋارىسلىقىنى بىكار قىلىپ، ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئەمەلدار قويىدىغانلىقىنى، سابىق قۇمۇل ۋاڭىنىڭ زېمىنىدا بوز يەر ئېچىشقا رۇخسەت قىلىدىغانلىقىنى، ھۆكۈمەت يەر بېجى ئالىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. كېيىن دېھقانلار قوزغىلىڭى سەۋەبىدىن، بۇ ئەمەلگە ئاشمىدى.

يەتتە قۇدۇق ناھىيىلىك ئامبال ياردەمچىسى يامۇلى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

گەنسۇ ئۆلكىسىدىن ئىككى تۈركۈم خەنزۇ كۆچمەنلەر ئاراتۈرۈك نومغا چىقىپ ماكانلاشتى.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت گۇچۇڭدىن يەتتە قۇدۇق، قۇمۇل شىڭشىڭشياغا بارىدىغان ئاددىي تاشيولنى ياساتتى. بۇنىڭغا قۇمۇل 50 مىڭ سەر كۈمۈش ئىئانە قىلدى.

مىنگونىڭ 20- يىلى (1931- يىلى)

1- ئايدا ئەمەل ۋارىسلىقىنى بىكار قىلىپ، ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئەمەلدار قويۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، قۇمۇلنىڭ ۋاڭلىق تۈزۈمى بىكار قىلىندى. قۇمۇل، ئاراتۈرۈك، جىمكۆلدىن ئىبارەت ئۈچ ناھىيە تەسىس قىلىنىپ، ۋاڭلىق ھوقۇقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. بۇنىڭدىن ۋاڭ ئوردىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلار قاتتىق نارازى بولدى.

ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك ئاھالىلەرنى كۆچۈرۈپ، بوز يەر ئېچىشقا تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىنىڭ ئاھالىلەرنى كۆچۈرۈشى نامۇۋاپىق بولغانلىقتىن، يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى، ئۇلار ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە كوللېكتىپ ئەرز قىلدى.

4- ئايدا قۇمۇلدا شوپۇل ۋەقەسى يۈز بەردى. قۇمۇل دېھقانلىرى جىن شۇرېنغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. شوپۇل، نوم، توخۇلۇلاردا دېھقانلار قوزغىلىڭى بىرلا ۋاقىتتا پارتلىدى.

5- ئايدا بىر قىسىم قازاق چارۋىچىلار قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىغا ئاۋاز قوشتى. دېھقانلار قوشۇنى قۇمۇلنىڭ يېڭى ۋە كونا شەھىرىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. ماجۇڭيىڭنىڭ قوشۇنىمۇ گەنسۇدىن شىنجاڭغا كىردى.

7- ئايدا ئۆلكە قوشۇنى ئاراتۈرۈك نېرىنكىرىدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوشۇنىنى يوقىتىشقا كەلدى. دېھقانلار قوشۇنى بىلەن ماجۇڭيىڭ قوشۇنى خې جىنشىڭ تۆەنى بىلەن جاڭ لياڭچىن تۆەنىنى مەغلۇپ قىلدى. ماجۇڭيىڭ قوشۇنى باركۆل

ناھىيىسىنىڭ بازىرىغا كىرىپ ئورۇنلاشتى.

9- ئايدا ئۈلكە ئارمىيىسىنىڭ گوۋمىن دېشىڭ تۇەنى يەتتەقۇدۇقتىن باركۆلگە قاراپ كېتىۋاتقاندا مىنتۇمىن بىلەن بىرلىشىپ، باركۆل ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلدى. ماجۇڭيىڭ قوشۇنى مەغلۇپ بولۇپ قۇمۇلغا قاچتى.

ئۈلكە ئارمىيىسى لياۋدۇندا ماجۇڭيىڭ قوشۇنى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى.

10- ئايدا جاڭ پېيىۋەن ئەسكەر باشلاپ قۇمۇلغا كەلدى. ماجۇڭيىڭ يارىدار بولۇپ چېكىنىپ، گەنسۇنىڭ ئەنشىگە قېچىپ بېرىۋالدى. 19- كۈنى ئۈلكە ئارمىيىسى قۇمۇل شەھىرىنىڭ قورشاۋىنى تارمار قىلدى. قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ئۈلكە ئارمىيىسىنىڭ شيۇڭ فايۇ تۇەنى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شەھەر ئىچىگە ھۇجۇم قىلىپ، ۋاڭ ئوردىسىنى بۇلاڭ- تالاڭ قىلدى ۋە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى.

9 ، 10- ئاي ئارىلىقىدا باركۆل ناھىيىسىنىڭ سابىق ھاكىمى لى خەنچۇەننى ماجۇڭيىڭ قوشۇنىدىكى ما يىڭبياۋ قۇمۇل شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى قۇملۇقتا ئۆلتۈردى.

مىنگونىڭ 21- يىلى (1932- يىلى)

جاڭ پېيىۋەن ئىلىغا قايتتى.

قۇمۇلدا قالدۇق ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ھەيئىتى قۇرۇلدى.

9- ئايدا شېڭ شىسەي «شەرقىي شىنجاڭ باندىت تازىلاش» قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى بولۇپ، دېھقانلار قوشۇنىغا يەنە ھۇجۇم قىلدى. بېشىر قېچىپ تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مىڭخانىغا باردى. يولۋاس گەنسۇغا قاچتى.

ۋاڭ ئوردىسىنىڭ تەيجىسى يۇنۇس قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەندى.

شېڭ شىسەي ئۈلكە ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى بولۇپ، قوشۇننى باشلاپ باركۆلگە يۈرۈش قىلىپ، قۇمۇل دېھقانلار قوشۇنىنى باستۇردى، چېن پېيشۇ تۇەنى باركۆلدە تۇردى. شېڭ شىسەينىڭ بۇيرۇقى بويىچە چېن پېيشۇ قازاق مىللىتىنىڭ مىڭبېشى ئالىپ ۋە ئۇنىڭ قەبىلىسىدىكى ئۇرۇق- تۇققان بولۇپ 108 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈردى.

قۇمۇل، باركۆللەردە ئارقا- ئارقىدىن سىمسىز تېلېگراف ئىستانسىسى قۇرۇلدى.

قۇمۇلدا ياۋروپا — ئاسىيا ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ نۆۋەتچى ئايروپىلانى تۇنجى قېتىم قاتنىدى.

مىنگونىڭ 22- يىلى (1933- يىلى)

5- ئاينىڭ 12- كۈنى ماجۇڭيىڭ ئىككىنچى قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ، قۇمۇلنى ئىشغال قىلىپ، ۋاقىتلىق ئاپپارات تەسىس قىلدى. 16- كۈنى باركۆل ناھىيە بازىرىنى ئىشغال قىلىپ، ھاكىم قويدى. بېشىر تۇرپان شەھىرىنىڭ گارنىزون قوماندانى بولدى. يولۋاس مۇھاپىزەت لۈيىنىڭ لۈيجاڭى بولدى.

9- ئاينىڭ 2- كۈنى مىنگو ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى قوشۇمچە ئەدلىيە مەمۇرىي مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى لو ۋېنگەن سەپەر ئۈستىدە قۇمۇلدىن ئۆتتى.

9- ئايدا قۇمۇل — ئالمۇتا ئاۋىئاتسىيە شىركىتى قۇرۇلۇپ، خەلقئارا ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ئېچىلدى.

جۇڭگو غەربىي شىمال ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكى ياڭ جۇڭجەن تارانچى نەپىس تاش قوراللار خارابىلىكى ۋە يەتتە قۇدۇق تاش قوراللار خارابىلىكىنى بايقىدى.

مىنگونىڭ 23- يىلى (1934- يىلى)

3- ئايدا يولۋاس تۇرپاندىن قۇمۇلغا قايتىپ كېلىپ، شېڭ شىسەينى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ،

تېلېگراممىا ئەۋەتتى. شېڭ شىسەي يولۋاسنى قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىدى. ماجۇڭيىڭنىڭ قۇمۇل ۋە باركۆلدىكى ھاكىمىيىتى ئۆزلىكىدىن يىمىرىلدى.

5- ئايدا مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ 606- نومۇرلۇق تەستىقىغا بىنائەن، قۇمۇل مەمۇرىي رايونى شىنجاڭ 9- مەمۇرىي رايونى بولۇپ ئۆزگەرتىلدى. مەمۇرىي رايون باشلىقىغا بىر ئادەم قويۇلدى. قۇمۇل، باركۆل ناھىيىلىرى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. لىيۇ يىڭلىڭ قۇمۇل مەمۇرىي رايونىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. قۇمۇل - باركول گارنىزۇنى قۇرۇلدى، شۇ يۇشىڭ قۇمۇل - باركۆل گارنىزۇنىنىڭ قوماندانلىقىغا، قوشۇمچە 1- تۇەنىنىڭ تۇەنجاڭلىقىغا تەيىنلەندى. يولۋاس بۇنىڭغا قارشى تۇرغانلىقتىن، شېڭ شىسەي يولۋاسنى قايتىدىن گارنىزۇن قوماندانلىقىغا تەيىنلىدى، ئۇنىڭغا 70 ئوفىتسېر، 350 ئەسكەر قارىدى.

ئالتاي، چۆچەكتىن 550 ئائىلىدىن ئارتۇق قازاق چارۋىچى باركۆلگە كۆچۈپ كېلىپ ماكانلاشتى. باركۆلدىكى قازاق چارۋىچىلاردىن 180 دىن كۆپرەك ئائىلە ئادو باينىڭ باشچىلىقىدا چىلەنشەن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە ۋە چىگخەي ئۆلكىسىنىڭ شىمالىي قىسمىغا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشتى.

مىنگونىڭ 24- يىلى (1935- يىلى)

1- ئايدا قۇمۇل مەمۇرىي رايونلۇق تېرىلغۇ يەرلەرنى ئېنىقلاش ھەيئىتى قۇرۇلۇپ، سابىق قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ قۇمۇل، ئاراتۈرۈكتىكى 60 مىڭ مودىن كۆپرەك يېرىنى ئېنىقلىدى. ئىككىنچى قېتىم «ئەمەل ۋارىسلىقىنى بىكار قىلىپ، ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئەمەلدار قويۇش»نى يولغا قويدى.

1- ئاينىڭ 17- كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىسى باركۆلدە ۋاقىتلىق سودا يەرمەنكىسى ئۆتكۈزدى. بۇنىڭغا 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى.

9- ئاينىڭ 16- كۈنى ئاراتۈرۈكتە مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، سابىق قۇمۇل ۋاڭلىقى ھۆكۈمرانلىقىدىكى تاغنىڭ شىمالىدىكى ئالتە رايون قۇمۇل ناھىيىسىدىن ئايرىلىپ چىقىلىپ، ئاراتۈرۈككە قارايدىغان قىلىندى.

باركۆلدە قۇمۇل مۇئاۋىن مەمۇرىي ئەمەلدار مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىپ، ئاباي مۇئاۋىن مەمۇرىي ئەمەلدار بولدى.

شۇ يىلى باركۆلدە ئېغىر قۇرغاقچىلىق، چاشقان ئاپىتى يۈز بەردى.

شىن سۇي (شىنجاڭ — سۈيۈەن) ئۆزۈن يوللۇق ئاپتوموبىل شىركىتى قۇمۇلدا شۆبە بېكەت قۇردى.

شۇ يىلى ئۈرۈمچى — قۇمۇل تاشيولى قۇرۇلۇشى باشلاندى. 1937 يىل 7- ئاينىڭ 1- كۈنى قاتناش باشلاندى.

1935 - 1942- يىلغىچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گېئولوگىيە ئالىمى شايدوۋ شەرقىي تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدە گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ماسشتابى 1:200000 بويىچە يەرلەرنى خەرىتىگە ئالدى.

مىنگونىڭ 25- يىلى (1936- يىلى)

شىڭشىڭشىيا چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى تەسىس قىلىنىپ، ئۆلكىلىك دۇبەن مەھكىمىسىگە بىۋاسىتە قارىدى. قۇمۇل مەمۇرىي رايون ئامانلىق ساقلاش شۆبە ئىدارىسى كېڭەيتىلىپ، قۇمۇل رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قىلىنىپ، ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىغا قارىدى. ئاچچىقسۇ، شىڭشىڭشىيادا ساقچىخانا، شىڭشىڭشىيادا چېگرا چازا چوڭ ئەترىتى تەسىس قىلىندى. 5- ئاينىڭ 11- كۈنى قۇمۇل رايوندا قىلىن قار يېغىپ، ئاپەت يۈز بەردى.

10- ئاينىڭ 21- كۈنى شۇڭ شاۋيۈەن لىيۇيىڭلىڭنىڭ ئورنىغا قۇمۇل مەمۇرىي رايونىنىڭ باشلىقى بولدى.

شۇ يىلى قۇمۇلدا ئۆلكىلىك قۇمۇل 9 - دوختۇرخانا قۇرۇلدى.

مىنگونىڭ 26- يىلى (1937- يىلى)

قۇمۇل، ئاراتۇرۇكتە ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ ۋە قازاق مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم بەرگەن ئايروپىلانلىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش- ئۆتكۈزۈۋېلىش رەسمىيىتىنى ئۆتەش ۋە جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە ياردەم بېرىلگەن ماددىي ئەشيالارنى توشۇيدىغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاپتوموبىل شوپۇرلىرىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، قۇمۇل ئاۋىئاتسىيە بېكىتى ۋە قۇمۇل ترانسپورت بېكىتى قۇرۇلدى.

4- ئاينىڭ 24- كۈنى جۇڭگو ئىشچى- دېھقان قىزىل ئارمىيىسى غەربىي يۈرۈش سول تارماق ئەترىتىنىڭ 400 دىن ئارتۇق ئادىمى شىڭشىڭشياغا كەلدى. 5- ئاينىڭ 1- كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ۋەكىلى چېن يۈن، تېڭ دەيۈەن ئالاھىدە شىڭشىڭشياغا بېرىپ كۈتۈۋالدى. 5- ئاينىڭ 4- كۈنى سول تارماق ئەترىتىنىڭ ئادەملىرى 40 نەچچە ئاپتوموبىل بىلەن شىڭشىڭشيادىن قۇمۇل ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە باردى. 4- ئاينىڭ 28- كۈنى، ئۆلكە ئارمىيىسىگە تۇرپان، پىچان، توقسۇن گارنىزۇنىنىڭ قوماندانى سۇڭ چىڭلىڭ قوماندانلىق قىلىپ، باركۆل نيۇجىنخەن ئاتلىق تۈمەنى بىلەن بىرلىشىپ، يولۋاسقا ھۇجۇم قىلدى. يولۋاس قوشۇنى باغداشتا مەغلۇب بولدى، يولۋاس نەنجىڭغا قېچىپ كەتتى.

7- ئاينىڭ 20- كۈنى قۇمۇل - باركۆل گارنىزۇنىنىڭ قوماندانى نيۇجىنخەن بىلەن قۇمۇل مەمۇرىي رايونىنىڭ باشلىقى شۇڭ شياۋيۈەن بىرلىشىپ ئورمان ئاسراش توغرىسىدا ئېلان چىقاردى.

7- ئايدا قۇمۇل كۆشۈتى ئېغىزىدىن تارتىپ باركۆلنىڭ سۇمۇشتانىغىچە بولغان 40 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تاشيول قۇرۇلۇشى باشلاندى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك قۇرۇلۇش نازارىتى باركۆلدە چارۋىچىلىق شۆبە ئىدارىسى ۋە سەييارە مال دوختۇرلۇق شۆبە باشقارمىسى تەسىس قىلدى.

شېڭ شىسەينىڭ مەسلىھەتچىسى جۇجىگمىيەن قۇمۇلغا كېلىپ، توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلىغان دېگەن باھانىسى بىلەن ئىمىن ھاجى قاتارلىق 100 دىن ئارتۇق ئادەمنى قولغا ئالدى. يەنە «ئاسىيلارنىڭ مال- مۈلكىنى ئېنىقلاش ھەيئىتى» قۇرۇپ، «ئاسىيلار» نىڭ مال- مۈلكىنى مۇسادىر قىلدى.

شۇ يىلى قۇمۇلدا ئايرودروم ياسالدى.

مىنگونىڭ 27- يىلى (1938- يىلى)

2- ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىنىڭ «قىزىل 8 - تۈمەنى» قۇمۇلغا كېلىپ ئورۇنلىشىپ چوڭ گازارمىنى ياسىدى.

يازدا گومىنداڭ ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى ماۋ باڭچۇ قۇمۇلغا كېلىپ ئايروپىلانلارنى تاپشۇرۇپ ئالدى.

8- ئاينىڭ 14- كۈنى ج ك پ نىڭ ئەزاسى ليۇشىپىڭ، جاڭ دۇگيۇ، لى تاۋ، شىن لىڭ (ئايال) قۇمۇلغا كەلدى. 30- كۈنى بۇيرۇققا بىنائەن، ليۇشىپىڭ، شۇڭ شياۋيۈەننىڭ ئورنىغا قۇمۇل مەمۇرىي رايونىنىڭ مۇۋەققەت باش مەمۇرى باشلىقى بولدى. 1941- يىل 8- ئايدا ليۇشىپىڭ، يىل ئاخىرىدا شىن لىڭ، لى تاۋ، 1942- يىل 1- ئايدا، جاڭ دۇگيۇلەر ئۈرۈمچىگە قايتتى.

9- ئايدا ئۆلكىلىك قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك مۇتەخەسسىسى كولتاشوف باركۆلدە كۈزگى بۇغداينى سىناق قىلىپ تېرىدى.

ئۆلكىلىك قۇرۇلۇش نازارىتى باركۆلدە مال دوختۇرخانىسى ۋە دېھقانچىلىق پونكىتى قۇردى.

11- ئاينىڭ 29- كۈنى قۇمۇل بازىرى گارنىزۇن قوماندانلىق شتابى باركۆلگە كۆچتى.

شۇ يىلى، قۇمۇل – شىڭشىڭشىيا ۋە قۇمۇل – باركۆل تاشيولى قايتا ياسالدى. جۇڭگو قاتناش ترانسپورت كومپانىيىسى قۇمۇل شۆبىسى، يەتتە قۇدۇق، شىڭشىڭشىيا ئاپتوموبىل بېكەتلىرى قۇرۇلۇپ، سوۋېت بىلەن دىڭخۇالاشقان ھەربىي بۇيۇملارنى تاپشۇرۇۋېلىش، يۆتكەش ئىشلىرى بىر تۇتاش بېجىرىلدى.

مىنگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى)

1- ئاينىڭ 1- كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىسىنىڭ قۇمۇل شۆبىسى قۇرۇلدى.

1- ئايدا ج ك پ نىڭ ئەزاسى چى تيەنمىن قۇمۇلغا كېلىپ خىزمەت قىلدى. 2- ئاينىڭ 9- كۈنى قۇمۇل ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى قۇرۇلدى، چى تيەنمىن ئىدارە باشلىقى بولدى. 11- ئاينىڭ 12- كۈنى چى تيەنمىن كېسەل سەۋەبى بىلەن قۇمۇلدا ۋاپات بولدى.

6- ئاينىڭ 3- كۈنى قۇمۇل ۋىلايىتىدە دېھقانچىلىق ئورمانچىلىق مەيدانى قۇرۇلدى. ئۆلكىلىك قۇرۇلۇش نازارىتى باركۆلدە چارۋىچىلىق شۆبە ئىدارىسى تەسىس قىلدى.

7- ئاينىڭ 7- كۈنى ئۆلكىلىك قۇرۇلۇش نازارىتى باركۆل ئىش بېجىرىش باشقارمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. باركۆلدە چېكەتكە يامراپ كەتتى. ئۆلكىلىك قۇرۇلۇش نازارىتى تېخنىك خادىملارنى ئەۋەتىپ دورا چاچتى، 27 كۈندىن كېيىن ئاساسىي جەھەتتىن كونترول قىلىندى.

قۇمۇل تارانچى شىندۇڭ كۆمۈركان پاي چەكلىك شىركىتى قۇرۇلدى.

كۈزدە يازغۇچى شېن يەنبىڭ ئەر- ئايال ئايروپىلان بىلەن قۇمۇلغا كېلىپ، ئالتۇنلۇقنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلى شاۋلىزى قۇمۇلغا كەلدى.

شىڭ شىسەي ئۈچ ئايروپىلان ئەۋەتىپ قازاق چارۋىچىلارنىڭ كەنسۇ، چىڭخەيگە كۆچۈشىنى توستى.

11- ئاينىڭ 22- كۈنىدىن 26- كۈنىگىچە قۇمۇل مەمۇرىي ئەمەلدار مەھكىمىسى خىزمەت يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ليۇشىپىڭ خىزمەت دوكلاتى بەردى، يەنە «سەھەر قوزغىلىڭى» ناملىق گېزىت چىقىرىش قارار قىلىندى.

ليۇشىپىڭ لى تاۋنى شۇ يىلى يىل ئاخىرىدىن 1940- يىلىغىچە تارانچى كۆمۈركانىنىڭ خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىشقا ئەۋەتتى.

مىنگونىڭ 29- يىلى (1940- يىلى)

7- ئايدا قۇمۇل مەمۇرىي مەھكىمە يېزا خىزمىتىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ھەر قايسى يېزىلارغا بېرىپ يېزا ئىگىلىكىدىن ھوسۇل ئېلىنىش ئەھۋالى، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش بىلەن بىرگە، يېڭى تېپىتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ۋە ئۈجمە تىكىپ پىلە قۇرتى بېقىشنى ئومۇملاشتۇرۇشنى، چېكەتكە يوقۇتۇش قاتارلىقلارنى تەشۋىق قىلىشنى قارار قىلدى.

8- ئايدا شىنجاڭ قۇرۇلۇش نازارىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېزا ئىگىلىك مۇتەخەسسىسى بۇ فوشىگزىنى قۇمۇلغا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدا خىزمەت قىلىشقا ئەۋەتتى.

شۇ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا ياردەم بەرگەن ماددىي ئەشيالىرىنى قۇمۇلدا يۆتكەش توغرىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە گېنېرال ئالكسېيېۋ مەسئۇل بولدى. جۇڭگو تەرەپتىن ئۆتكۈزۈۋېلىشقا ھاۋا ئارمىيە قوماندانى ماۋباڭچۇ مەسئۇل بولدى. قۇمۇلدا ئاۋىئاتسىيە پونكىتى قۇرۇلۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ كۈرەشچى ئايروپىلان ئەترىتى (توققۇز ئايروپىلان) ۋە بومباردىمانچى ئايروپىلان ئەترىتى (ئۈچ ئايروپىلان) تۇردى.

سوۋېت – شىنجاڭ سودا شىركىتىنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق سودا ۋاكالەت ئورنىنىڭ قوي تېرىسى باسقان ئىككى ئاپتوموبىلى قۇمۇلدىن ئۈرۈمچىگە كېتىۋېتىپ، سەنجاپارغا بارغاندا قارا بورانغا يولۇقۇپ، ماشىنا ئاغدۇرۇلۇپ كېتىپ، مال

ۋە ئادەملەر ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كەتتى.

مىنگونىڭ 30- يىلى (1941- يىلى)

4- ئاينىڭ 12- كۈنى ليۇشىپىڭنىڭ رىياسەتچىلىكىدە يىغىن ئېچىلىپ، قومۇلدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش پائالىيەتلىرى داغدۇغىلىق قانات يايدۇرۇلدى.

4- ئاينىڭ 22- كۈنى قومۇل رايونىدا قۇرۇلۇش زايومى سېتىش ھەيئىتى قۇرۇلدى. قومۇل رايونى بويىچە 100 مىڭ يۈەنلىك زايوم سېتىلدى.

5- ئاينىڭ 23- كۈنى قومۇل رايونلۇق ئورمانچىلىق ئىدارىسى تەسىس قىلىندى.

6- ئايدا قومۇل رايونلۇق شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، كوچا يوللىرىنى كېڭەيتىش، ئۆزالغۇ رايونلىرىنى پىلانلاش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى.

8- ئاينىڭ 26- كۈنى پەن بونەن (پەنتوڭ) ليۇشىپىڭنىڭ ئورنىغا قومۇل رايونىنىڭ باش مەمۇرى بولدى.

شۇ يىلى غوجانىياز ھاجى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۈرۈمچىدە مەخپىي ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە قومۇللۇق «ئاسىيلار» دىن 37 كىشىمۇ ئۆلتۈرۈلدى. ئېلېكتر چىراق شىركىتى قۇرۇلدى. يېزىلاردا شياڭيۇ تۈزۈمى بىكار قىلىنىپ، رايون، كەنت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. باركۆلدىن كەنسۇ، چىڭخەيلەرگە كۆچۈپ بارغان قازاق چارۋىچىلار داۋاملىق پاكىستان تەرەپكە قاراپ يۆتكەلدى.

مىنگونىڭ 31- يىلى (1942- يىلى)

قومۇل ئېلېكتر چىراغ زاۋۇتى كېڭەيتىپ قۇرۇلۇپ، 10 كىلوۋاتلىق گېنېراتور ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

7- ئايدا پەن بونەن قومۇلدىن كەتتى. كۇڭ چىڭرۇي قومۇل مەمۇرىي رايونىنىڭ باش مەمۇرى بولدى. قومۇل رايونلۇق ماددىي ئەشيا زاۋۇتى قۇرۇلدى.

9- ئايدا قومۇل - باركۆل گارنىزون قوماندانلىق شتابى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

11- ئايدا ئاراتۇرۇكتە كېزىك كېسەللىكى يۇقۇم يېيىپ، نوم كەنتىدە 10 ئادەم ئۆلدى، قومۇلدىكى ئۆلكىلىك دوختۇرخانا دوختۇر ئەۋەتىپ كېسەللىك ئەھۋالىنى تىزگىنلىدى.

مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى)

شېڭ شىسەي ئۆزىنى گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئاتتى، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشقا باشلىدى.

5- ئاينىڭ 24- كۈنى قومۇلنىڭ باش مەمۇر مەھكىمىسى قومۇل مەمۇرىي تەپتىش ۋالىي مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلىپ، ئۇنىڭغا قومۇل، باركۆل، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىرى قارىدى يەتتە قۇدۇقتا مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى تەسىس قىلىندى. قومۇل ئامانلىق ساقلاش قوماندانلىق شتابى قۇرۇلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىنىڭ «قىزىل 8- تۈەن» ى قومۇلدىن كەتتى.

كۇڭ چىڭرۇي «گومىنداڭ قومۇل رايونلۇق پارتىيە ئىشلىرى يېتەكچىسى» دېگەن نام بىلەن قومۇل ۋە باركۆلدە ناھىيىلىك پىرقىنى قۇرۇپ، تۇنجى تۈركۈمدە گومىنداڭغا 100 دىن ئارتۇق ئەزا قوبۇل قىلدى.

8- ئايدا قومۇل 1 - دەرىجىلىك باركۆل 2- دەرىجىلىك ناھىيىگە ئۆستۈرۈلۈپ، ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ دەرىجىسى 3- دەرىجىلىك ناھىيىدىن 5- دەرىجىلىك ناھىيىگە تۆۋەنلىتىلدى.

9- ئايدا گومىنداڭ مەركىزىي دۆلەت ئىشلىرىنى پىلانلاش – تەتقىق قىلىش جەمئىيىتى تەكشۈرۈش ئۆمىكى

قۇمۇل، باركۆلگە كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلىپ، رايون، يېزا، كەنت تەشكىللىي تۈزۈلۈشى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، «يېزا، بازار، باۋ، جيا» تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ۋىلايەت بويىچە بەش بازار، توققۇز يېزا، 116 باۋ تەسىس قىلىندى. جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، ساقچى ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى. شىڭشىڭشيا چېگرا قاراۋۇللۇق چوڭ ئەترىتى، ئامانلىق ساقلاش چوڭ ئەترىتىگە ئۆزگەرتىلىپ، ئۇ ئۈچكۆل (سەنتاڭخۇ) ۋە بايغا يۆتكەلدى. ھەر قايسى ناھىيىلەر قوغدىنىش ئەترىتى تەشكىللىدى.

گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ 18- ئارىلاش لۈيى قۇمۇلغا كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن گومىنداڭ قوشۇنى شىنجاڭغا تۈركۈملەپ كېلىشكە باشلىدى.

10- ئاينىڭ 20- كۈنى مەركىزىي بانكىنىڭ قۇمۇل شۆبە بانكىسى قۇرۇلدى.

12- ئايدا غەربىي شىمال قاتناش ساقچى باش ئەترىتى (كېيىن مەركىزىي ئارمىيە 45- شىسىگە ئۆزگەرتىلدى) شىنجاڭغا كىردى، بۇنىڭ 533- تۇەنى قۇمۇلدا تۇردى.

مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى)

5- ئايدا 29- گۇرۇپپىۋاي ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانلىق شتابى قۇمۇلغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. قوماندانلىق شتابىنىڭ قارمىقىدا 42- جۈن ۋە يېڭى 2- جۈن بولدى.

8- ئاينىڭ 21- كۈنى زىڭ يۈگېيۇ كۇڭ چىڭرۇينىڭ ئورنىغا 9- رايون مەمۇرىي تەپتىش ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى بولدى. قۇمۇلدىكى ھەر مىللەت خەلقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن «بىر ناھىيە بىر ئايروپىلان ئىئانە قىلىش» ھەرىكىتىدە، بىر ئايروپىلان ئىئانە قىلىپ، ئۇنىڭغا «قۇمۇل» دەپ نام بەردى.

10- ئايدا گومىنداڭنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىسى ئۈچ ۋىلايەت (ئىلى، چۆچەك، ئالتاي) ئىنقىلابىنىڭ باركۆلگە بولغان تەسىرىنى توسۇش ئۈچۈن، قازاق چارۋىچىلارنى چوڭ قولۇنلۇق جىلغىسىدا ئولتۇراقلىشىشقا مەجبۇرلىدى.

11- ئاينىڭ 16- كۈنى قۇمۇل يەرلىك سوت مەھكىمىسى قۇرۇلدى.

11- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياپون باسقۇنچىلىرى يۇرتىنى بېسىۋېلىپ ماكانسىز قالغان 300دىن ئارتۇق خېنەن، شەنشىلىك يېتىم بالا قۇمۇلغا كەلدى. 1945- يىلى ئەتىيازدا قۇمۇلدا تۇرۇپ قالغان 220نەچچە يېتىم بالا جۇڭجېڭ باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇتۇلدى.

مىنگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى)

تۆلكىلىك قۇمۇل تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن قۇرۇلدى.

7- ئاينىڭ 13- كۈنى بولۋاس چىڭدۇدىن قۇمۇلغا قايتىپ كەلدى.

9- ئاينىڭ 14- كۈنى ئاتلىق 7- جۈن شىنجاڭغا كىرىپ، قۇمۇلغا كەلدى.

10- ئايدا 42- جۈن جيۇچۈەندىن يۆتكىلىپ قۇمۇلنى مۇداپىئە قىلدى. شەرقىي شىنجاڭ مۇداپىئە قوماندانلىق شتابى قۇرۇلۇپ، جۈنجاڭ ياڭ دېلياڭ مۇداپىئە قوماندانلىقنى قوشۇمچە ئۆتىدى.

10- ئايدا «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» ھۆكۈمىتى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى سادىر تۇردىنى ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ ئالاقىچىسى قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇ بەكرى ئۆمەر قاتارلىق كىشىلەر بىلەن مەخپىي ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ باردى.

گېئولوگىيە ئالىمى گۇمن شىۋۇڭ شەرقىي تەڭرىتاغدا گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، «قۇمۇل تارانچى

كۆمۈر كانىنى دەسلەپكى تەكشۈرۈشنىڭ خاتىرىسى» دېگەن كىتابنى يازدى.

مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى)

4- ئايدا باركۆل ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى لىن يۈيۈ ۋە مۇئاۋىن كېڭەش باشلىقى يى شىگجۇن «باركۆل تەزكىرىسى»نى يازدى؛ گېئولوگىيە ئالىمى گاۋسەنچيۇ تارانچى ۋە بوغازدا ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، «قۇمۇل كۆمۈرلىكى» دېگەن دوكلاتنى يازدى.

6- ئاينىڭ 1- كۈنى لى لياڭشىڭ ۋالىي بولدى، زىڭ يۈگېيۇ ۋەزىپىسىدىن قالدى.

6- ئايدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت باركۆلدىن كېلەن، ئۈقان قاتارلىق سەككىز كىشىنى گەنسۇغا بېرىپ، گەنسۇ ۋە چىڭخەي ئۆلكىلىرىدە ئېقىپ يۈرگەن قازاق چارۋىچىلارنى شىنجاڭغا قايتۇرۇپ كېلىشكە ئەۋەتتى. گومىنداڭ قۇمۇل ناھىيىلىك ياچېيكىسى «قۇمۇل گېزىتى»نى چىقاردى. 10- ئاينىڭ 10- كۈنى قۇمۇل گېزىتخانىسى پاي چېكىگە خېرىدار بولۇپ، ئىككىنچى يىلى 3- ئاينىڭ 7- كۈنى تاش باسمىدا «قۇمۇل گېزىتى»نى چىقىرىشقا باشلىدى.

6- ئايدا جۇڭگو گومىنداڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ۋەكىلى جۇشۇفەن ۋە ج ك پ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ۋەكىلى ليۇنگيى ئايروپىلان بىلەن قۇمۇلغا كېلىپ، قۇمۇل ئالتۇنلۇقنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

يازدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى جاڭ جىجۇڭ قۇمۇلغا كېلىپ، ئىككى كۈن تۇرۇپ، ۋالىي مەھكىمىسىنى كۆزدىن كۆچۈردى.

7- ئاينىڭ 4- كۈنى شىڭشىڭشياغا دەپنە قىلىنغىنىغا تەخمىنەن 1000 يىل بولغان، ئىسلام دىنىنى تارقاتقۇچى قەيس غوجامنىڭ جەسىتى، قۇمۇلغا كۆچۈرۈپ كېلىنىپ، يېشىل گۈمبەز ئىچىگە دەپنە قىلىندى.

8- ئايدا قۇمۇل تەگرىتېغىدىكى تۆمۈرتىنىڭ باۋجاگى سېيىت قۇربان ۋە مۇئاۋىن باۋجاگى ئۇنانباي قاتارلىق كىشىلەر ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە، قوغدىنىش ئەترىتىنىڭ قوراللىق كۈچىدىن پايدىلىنىپ، گومىنداڭنىڭ ئاتلىق تۇەنىگە زەربە بەردى. ۋالىي مەھكىمىسى ئىككى تەرەپنى سۆھبەتكە تەشكىللەپ، كېلىشىم ئىمزالىدى. سېيىت قۇربان بىلەن ئۇنانباي قۇمۇلدىن ئىلىغا كەتتى.

شۇ يىلى ئىلى، چۆچەكتىن چېكىنگەن ھەر قايسى جۇتلەرنىڭ قالدۇق قىسىملىرىدىن تەشكىللەنگەن 178- لۈي قۇمۇلغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. قۇمۇلدا مۇداپىئە شتابى قۇرۇلدى.

قۇمۇلدا ئۆلكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلدى. 1946- يىلى 9- ئايدا قۇرۇلغان باركۆل ئوتتۇرا مەكتىپى قۇمۇل ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ باركۆل شۆبە مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلدى. (1948- يىلى 1- ئايدا باركۆل شۆبە مەكتىپى شىنجاڭ ئۆلكىلىك باركۆل تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى).

مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى)

1- ئايدا مىنگو ھۆكۈمىتى جىنايەتچىلەرنىڭ جىنايىتىنى كەچۈرۈم قىلىش، يەڭگىللىتىش بۇيرۇقىنى تارقاتتى. قۇمۇل يەرلىك سوت مەھكىمىسى قانۇن بويىچە 24 جىنايەتچىنى كەچۈرۈم قىلدى، 59 جىنايەتچىنىڭ جىنايىتىنى يەڭگىللەتتى.

10- ئاينىڭ 16- كۈنى ۋالىي سايلاش سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. قۇمۇل ناھىيىلىك كېڭەش يولۋاسنى ۋالىيلىققا، چىن شۈيىڭنى ۋە ئالتۇنبەكنى مۇئاۋىن ۋالىيلىققا سايلىدى. ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ شتاتى 30 دىن 60 قا يەتتى.

4- ئاينىڭ 13- كۈنى ئاخىرقى ۋاڭنىڭ نەۋرىسى بېشىر، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ كېڭەش ئەزاسى بولدى.

6- ئايدا «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىچىسى بەكرى ئۆمەر ۋە سادىر تۇردىشانى شەرقىي شىنجاڭ گارنىزون قوماندانلىق شتابى قۇمۇلدا قولغا ئالدى. بەكرىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. سادىر تۇردىشانى 10- ئايدا كېپىل بىلەن قويۇپ بەردى.

7- ئاينىڭ 8- كۈنى گەنسۇ، چىڭخەيلەردە ئېقىپ يۈرگەن 760 ئائىلە قازاق چارۋىچىنى مۇقادىل، جانابىل باركۆلگە قايتۇرۇپ كەلدى.

قۇمۇل رايونى گومىنداڭ قورۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرىنى سايلاپ چىقتى، يەنى قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ئىسمايىل تاھىر، باركۆل ناھىيىسىدىن تۆلكەن، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدىن ئەبەيدۇللا، قانۇن تۈرغۇزۇش ھەيئىتىنىڭ ھەيئىتى ئەن ۋىنخۇيلار ۋەكىل بولۇپ سايلاندى.

شۇ يىلى 178- لۈيدىكىلەر قۇمۇل، باركۆل، ئاراتۈرۈكدىن ئىبارەت ئۈچ ناھىيىنىڭ «ئەسكىرىي مۇھىم جايلار تەزكىرىسى»نىڭ ئورگىنالىنى يازدى.

منگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى)

1- ئايدا يولۋاس ئاتالمىش شەرقىي شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ نامىدا «شەرقىي شىنجاڭ بايراق تەقدىم قىلىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈش ئۆمىكى» نى تەشكىللەپ، ئۆزى ئۆمەك باشلىقى بولۇپ نەنجىڭغا بېرىپ، جاڭ جيېشىغا بايراق تەقدىم قىلدى. 10- ئايدا يولۋاس شەرقىي شىنجاڭ بايراق تەقدىم قىلىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈش ئۆمىكى يەنە لەنجۇ، شىنىڭ، يىنچۈەنلەرگە بېرىپ، جاڭ جىجوڭ، مابۇفاڭ، ماخۇڭكۈيلەرگە بايراق تەقدىم قىلدى.

7- ئايدا شىنجاڭ گارنىزون شتابىنىڭ باش قوماندانى سۇڭ شىليەن قۇمۇلغا كېلىپ، شەرقىي شىنجاڭنىڭ مۇداپىئە ئىشلىرىنى كۆزدىن كۆچۈردى.

8- ئايدا ئەنگلىيىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى خې رىنجىيى قۇمۇلغا كېلىپ پائالىيەت ئېلىپ باردى.

شۇ يىلى، گېئولوگىيە خىزمەتچىسى خې مىگيۇ، ۋاڭ جىچيۇ قاتارلىق كىشىلەر شەرقىي شىنجاڭدا گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، تەڭرىتاغنىڭ شەرقى قىسمىنىڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرىشىدىن «خاتىرىلەر» دېگەن تەكشۈرۈش خاتىرىسىنى يازدى.

قۇمۇلدا ئۇيغۇر، قازاق تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن قۇرۇلدى.

منگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى)

4- ئاينىڭ 11- كۈنى يولۋاسنىڭ ئوغلى ياقۇپبەگ (ياۋداۋخۇڭ) قۇمۇل ناھىيىسىگە ھاكىم بولدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 1 مىليون 950 مىڭ ئالتۇن دوللار ۋە 1000 تاختا چاي ئاجرىتىپ، سۆجە ئۆستىڭىنى چاپتۇردى.

7- ئايدا يولۋاس ئاقتاشتا يىغىن ئاچتى. يىغىنغا چارۋىچىلىق رايونىدىكى يۇقىرى قاتلام باشلىقلار قاتنىشىپ، قوراللىق كۈچلەرنى تەشكىللەپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ باركۆل، ئاراتۈرۈككە كىرىشىنى توساشقا ئورۇندى.

9- ئاينىڭ 25- ۋە 26- كۈنلىرى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ئارمىيە، ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ مەسئۇلى تاۋسيۇ، بۇرھان شەھىدىلەر ئايرىم- ئايرىم ھالدا تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتقانلىقى ھەققىدە تېلېگرامما يوللىدى.

9- ئاينىڭ 28- كۈنى گومىنداڭنىڭ توپىلاڭچى ئەسكەرلىرى قۇمۇلدا مەركىزىي بانكا ۋە ئۆلكىلىك بانكىنىڭ قۇمۇل شۆبە بانكىسىنى ھەم 700دىن ئارتۇق ئائىلىنىڭ دۇكان ئۆيلىرىنى بۇلاپ، ئوت يۇقىرانى ئۆلتۈرۈپ، 51 ئائىلىنىڭ 227 ئېغىز ئۆيىنى كۆيدۈرۈپ، 16 مىڭ 991.43 سەر ئالتۇن ۋە بىر مۇنچە مال- مۈلۈكنى بۇلاپ كەتتى.

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دەۋرى

1949- يىلى

10- ئاينىڭ 13- كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت بەشتە، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىدىغان ئالدىن يۈرەر قىسمىنىڭ 1- دالا ئارمىيىسى 2- جۈن 5- شىسىنىڭ 13- تۇەنى قۇمۇل شەھرىگە يېتىپ كەلدى. شۇ كۈنى ئازادلىق ئارمىيە 2- جۈننىڭ رەھبەرلىرىدىن گوپىڭ، ۋاڭ ئېنماۋ باركۆلدە تۇرۇشلۇق سابىق گومىنداڭ ئاتلىق تۇەننىڭ باشلىقى ۋاڭ چۈەندۇ ۋە باركۆل ناھىيىسىنىڭ سابىق ھاكىمى ۋاڭ دۈگياڭغا خەت ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش جەھەتتە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى ماختىدى. 10- ئاينىڭ ئاخىرى باركۆل قازاقلىرىنىڭ باشلىقى سۇلتان چېرىپ ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق سابىق كونسۇلى ماكنانىنى باركۆلدىن چىڭخەي، شىزاڭ ئارقىلىق چەت ئەلگە قاچۇرۇۋېتىشكە ئادەم ئەۋەتتى.

10- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، سابىق گومىنداڭ ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى ئوسمان ۋە ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى جانىمقان قاتارلىقلار 300 دىن ئارتۇق كىگىز ئۆي ۋە بىلورۇس ئەترىتىنىڭ 100 دىن ئارتۇق ئادىمى بىلەن باركۆلگە قېچىپ كەلدى.

11- ئاينىڭ 23- كۈنى ئازادلىق ئارمىيە 2- جۈننىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدىن ھال سوراش ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ۋاجىدى قاتارلىقلار باركۆل چارۋىچىلىق رايونىغا بېرىپ، ئوسمانغا نەسىھەت قىلدى ھەمدە قوماندان ۋاڭ جېننىڭ خېتى ۋە سوۋغاتلىرىنى يەتكۈزدى.

11- ئاينىڭ 24- كۈنى ئازادلىق ئارمىيە بەش يىڭ ئەسكىرىي كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ سابىق گومىنداڭنىڭ 178- لۈي گازارمىسىنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋېلىپ، قوماندان تاۋسيۈننىڭ بۇيرۇقىنى ئوقۇدى، توپىلاڭچى قوشۇن قوراللىرىنى تاپشۇردى.

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قۇمۇل شەھىرى مۇداپىئە قوماندانلىق شتابى قۇرۇلدى. شې جىڭخاۋ قوماندان، قوشۇمچە سىياسىي كومىسسار بولدى. قۇمۇل شەھەر مۇداپىئە قوماندانلىق شتابى قالدۇق ئەسكەرلەر ئۆتكىنىش كۇرسى ئاچتى. جەمئىي 500 ئادەم يىغىۋېلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى ياكى قايتۇرۇلدى، تىزىملانغان گومىنداڭ ژاندارمىسى ۋە ساقچىسى 56 گە يەتتى.

يىل ئاخىرىدا ئوسمان قاتارلىقلار باركۆلنىڭ سەككىزسالادا يىغىن ئېچىپ، توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلىدى.

1950- يىلى

1- ئايدا ئازادلىق ئارمىيە 6- جۈن 16- شىسى قۇمۇلغا ئارقا- ئارقىدىن يېتىپ كەلدى. 16- شىگە قاراشلىق 46- تۇەن باركۆل، ئاراتۈرۈككە، 48- تۇەن قۇمۇلغا ئورۇنلاشتى. شى شتابى دايىگفاڭدا تۇردى.

قۇمۇل مەمۇرىي تەپتىش ۋالىي مەھكىمىسى قۇمۇل مەمۇرىي رايونى تەپتىش ۋالىي مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلىپ، ئۇنىڭغا قۇمۇل، باركۆل، ئاراتۈرۈكتىن ئىبارەت ئۈچ ناھىيە ۋە بىر مەركىزىي رايون (يەتتە قۇدۇق)، بىر بازار (شىڭشىڭشيا) قارىدى. 10- ئايدا قۇمۇل رايونلۇق ۋالىي مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلدى.

1- ئاينىڭ 17- كۈنى جاڭ جياشۇ قۇمۇل رايونىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى بولدى.

2- ئايدا 16- شى قۇمۇل شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتىدى (1953- يىلى 3- ئايدا، شۆبە ھەربىي رايونى رەسمىي قۇرۇلدى).

2- ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇمۇل يەرلىك كومىتېتى قۇرۇلدى. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قۇمۇل شەھىرى مۇداپىئە شتابى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئۇنىڭ خىزمىتىنى ۋىلايەتلىك پارتكوم ئىجتىمائىي بۆلۈمى ئۆتكۈزۈۋالدى.

2- ئاينىڭ 28- كۈنى يەرلىك پارتكوم «قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ يەرلىك خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

3- ئايدا ۋىلايەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە ۋەكىللىرى يىغىنى چاقىرىلدى. باركۆل ۋە قۇمۇلدا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. 3- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تەيۋەنگە قېچىپ بېرىۋالغان جياڭ جيېشى ئوسماننى «شىنجاڭ كوممۇنىستلارنى يوقىتىش باش قوماندانى» قىلىپ تەيىنلىدى.

3- ئاينىڭ 19- كۈنى قۇمۇل ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى يولۋاس قاتارلىق 11 ئادەم خائىنلىق قىلىپ باركۆلگە قېچىپ بېرىپ، باندىتلار توپىغا قوشۇلدى.

3- ئاينىڭ 29- كۈنى ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ شەھەر- يېزىلىرىدا توپىلاڭ يۈز بەردى. باندىتلار ئاراتۈرۈك ناھىيە بازىرىنى قورشىۋالدى. 46 - تۈمەن 1- يىڭ 2- ليەن ناھىيە بازىرىنى قەھرىمانلارچە 40 كۈن قوغدىدى. 5- ئاينىڭ 7- كۈنى ناھىيە بازىرى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدى.

3- ئاينىڭ 30-كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى قۇمۇل ۋىلايەتلىك شۆبە مەھكىمىسى تۇنجى قېتىم ئوچۇق سوت ئېچىپ، باسقۇنچىلىق قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرۈشكە سەۋەبچى بولغان گالىغا ئۆلۈم جازاسى بەردى.

4- ئاينىڭ 1- كۈنى 16- شىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لو شاۋۋېي قاتارلىقلار چاقبۇلاقتا باندىتلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. 6- جۇن باندىت تازىلاشقا ئاتلاندى. 7- ئاينىڭ 4- كۈنى، بۇرالقىتا باندىت باشلىقى جانىمقان تىرىك تۇتۇلدى. 5- ئاينىڭ 1- كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك سوت مەھكىمىسى قۇمۇل شۆبىسى قۇرۇلدى.

7- ئاينىڭ 1- كۈنى جۇڭگو ــ سوۋېت خەلق ئاۋىئاتسىيە پاي چېكى شىركىتى قۇرۇلدى. بېيجىڭ ــ ئالمۇتا ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ئېچىلدى. قۇمۇل بۇ لىنىيىدىكى ئارابېكەت بولدى.

7- ئايدا قۇمۇل شەھەر رايونى، شەھەر ئىچى رايونى، توغۇچى رايونى، ئاقيەر رايونى، تاشبۇلاق رايونى ۋە تەگىرتاغ رايونىدا ئېقىپ يۈرگەن باندىتلار، يوشۇرۇنىۋالغان ئىشپىيونلاردىن 112 كىشى تىزىملاندى. 54 دانە قورال- ياراغ، 17 ئات يىغىۋېلىندى.

8- ئايدا مەركەز ئاز سانلىق مىللەتلەر زىيارەت ئۆمىكى غەربىي شىمال شۆبە ئۆمىكىنىڭ باشلىقى شېن جۈنرۇ قاتارلىقلار قۇمۇلنى زىيارەت قىلدى.

باركۆل قېيىراتىدىكى ئورمانلىقتا ئوت ئاپىتى يۈز بەردى. 100 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق دەل- دەرەخ زىيانغا ئۇچرىدى.

6- جۇن 16- شىنىڭ 1- نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى 10- ئاينىڭ 10- كۈنىدىن 26- كۈنىگىچە قۇمۇل دايىڭفاڭدا ئېچىلدى.

10- ئايدا قۇمۇل ۋە باركۆلدىن ئىبارەت ئىككى ناھىيىدىكى بۇرادەرلەر ئۇيۇشمىسى (يىگۈەنداۋ) تەشكىلاتلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. بۇرادەرلەر ئۇيۇشمىسىدىن چېكىنىپ چىققان 3179 كىشى تىزىملاندى. بۇنىڭ ئىچىدىكى 57 كاتتىۋاش، جىنايىتى قەبىھلەردىن 21 ى جازالاندى.

12- ئايدا ۋىلايەت بويىچە 16 رايونلۇق، 43 يېزىلىق ھاكىمىيەت قۇرۇلدى.

## 1951- يىلى

ئەتىيازدا قۇمۇل رايونلۇق ۋالىي مەھكىمىسى كۆچەت تىكىش ۋاقىتلىق ھەيئىتىنى قۇردى.

3- ئاينىڭ 16- كۈنى «قۇمۇل گېزىتى» نەشر قىلىنىشقا باشلىدى.

4 - ئاينىڭ 1- كۈنى قۇمۇل رايونلۇق تەمىنات ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇلدى ئۇ، ۋالىي مەھكىمىسى بىلەن ئۆلكىلىك ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ قوش رەھبەرلىكىدە بولدى.

4 - ئاينىڭ 10- كۈنى ۋىلايەت بويىچە ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. 385 ئىشپىيون، باندىت، زومىگەر، ئەكسىيەتچى ھەربىي ئەمەلدار قولغا ئېلىندى.

4- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قاۋان باشچىلىقىدىكى ئېقىپ يۈرگەن 40 ئائىلە قازاق چارۋىچى باركۆل ناھىيىسى چارۋىچىلىق رايونىنىڭ سۆجە يېزىسىدا ئولتۇراقلىشىپ، تېرىقچىلىق قىلدى.

6- ئايدا ۋىلايەت بويىچە شەھەر- يېزىلاردا ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش - چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش بويىچە ئىئانە تopلاش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. باركۆل ناھىيىسىدە تۇنجى تۈركۈمدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا قوبۇل قىلىندى.

7- ئايدا قۇمۇل ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى پۈتتى. پۈتۈش ۋە تەزىيە بىلدۈرۈش چوڭ يىغىنى تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلۈپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 6- جۈن 16- شىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئىنقىلابىي قۇربان لو شاۋۋېي موشۇ جايغا دەپنە قىلىندى.

9- ئاينىڭ 1- كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى قۇمۇل ۋىلايەتلىك شۆبە مەھكىمىسى قۇرۇلدى.

شۇ يىلى تارانچىدىكى شەخسىي كۆمۈر كانلىرىدا ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكى يولغا قويۇلدى، «شىنىڭ كۆمۈر كان ھەسسىدارلىق شىركىتى» قۇرۇلدى.

ۋىلايەت بويىچە رايونلارغا ئايرىش، ھاكىمىيەت قۇرۇش خىزمىتى ئورۇندىلىپ، جەمئىي 16 رايونغا ئايرىلىپ، 42 يېزا، 230 مەمۇرىي كەنت قۇرۇلدى.

1952 - يىلى

2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ۋىلايەت بويىچە ئورگان، زاۋۇت، كان - كارخانىلاردا «ئۈچكە قارشى ھەرىكەت (خىيانەتچىلىك، ئىسراپچىلىق ۋە بيۇروكراتلىققا قارشى ھەرىكەت) » قانات يايدۇرۇلۇپ، 6- ئايدا ئاخىرلاشتى. ھەرىكەتتە جەمئىي 6 مىليارد 57 مىليون 330 مىڭ يۈەن (كونا خەلق پۇلى) خىيانەت پۇلى ئېنىقلاندى.

4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى يۇقىرىنىڭ تەستىقى بويىچە 16- شى پارتكومى قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتىمەيدىغان بولدى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم مۇستەقىل ھالدا ج ك پ قۇمۇل ۋىلايەتلىك كومىتېتى بولۇپ قۇرۇلۇپ، جاڭ جياشۇ ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى.

5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ۋىلايەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئىجارە كېمەيتىش - زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىدە 122 كىشى زومىگەر بولۇپ ئايرىلدى، بۇ، دېھقانلار ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 1.06% ىنى ئىگىلىدى.

6 - ئايدا قۇمۇل ناھىيىسى شەھەر ئىچى رايونى 2- يېزىسىدىكى 4 ئۇيغۇر دېھقان كومپارتىيىگە ئەزا بولدى. بۇ، ۋىلايەت بويىچە 1- تۈركۈمدە قوبۇل قىلىنغان ئۇيغۇر پارتىيە ئەزالىرىدۇر.

7- ئاينىڭ 15- كۈنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 16- شىسى ياسىغان 37.5 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى «قىزىلبۇلتۇز — 1» ئۆستىڭى پۈتۈپ، سۇ قويۇپ بېرىلدى.

8 - ئايدا قۇرمان ئېلى باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھال سوراش ئۆمىكى باركۆلگە كېلىپ، ئازادلىق ئارمىيىدىن ھال سورىدى، ھال سورىغۇچىلار قازاق چارۋىچىلارنى ماكانلاشتۇردى.

9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم «باشقا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش سەۋەبىدىن ئەمگەك كۈچى كەمچىل بولۇپ، يېرىنى ئىجارىگە بەرگەن بىر قىسىم كىچىك يەرلىك كادىرلارغا قارىتا سىياسەتنى كەڭرەك قىلىش» توغرىسىدىكى دوكلاتنى ج ك پ شىنجاڭ بيۇروسىغا يوللىدى. دوكلاتتا كىچىك يەرلىرىنى ئىجارىگە بەرگۈچىنىڭ يېرى ئەڭ كۆپ

بولغاندا 50 مو بولۇشى كېرەك، دەپ بەلگىلەندى.

9- ئاينىڭ 24- كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم ج ك پ مەركىزى كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىغا: «يەر ئىسلاھاتىدا شەھەر ئىچى رايون 2- يېزا چوڭ مەسچىتنىڭ 1000 مو تېرىلغۇ يېرىنىڭ ھەممىسى دېھقانلارغا قايتۇرۇپ بېرىلدى. باشقا ھەر قايسى مەسچىتلەرنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى ساقلاپ قېلىندى» دەپ دوكلات يازدى. 10- ئاينىڭ 20- كۈنى تەستىق ئارقىلىق يۇقىرىقى لايىھە يولغا قويۇلدى.

12- ئاينىڭ 3- كۈنى ج ك پ مەركىزى كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى «قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ يەتتە يېزىنىڭ يەر ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى دوكلات» نى تەستىقلاپ تارقاتقاندا «چوقۇم ئېھتىياتچان بولۇش، مۇقىم بولۇش، كېچىكتۈرۈپ قويۇشقا بولىدۇكى، ھەرگىزمۇ قالايمىقانچىلىق چىقىرىپ قويۇشقا بولمايدۇ» دېگەن قائىدىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

شۇ يىلى ۋىلايەت ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىش ھەيئىتىنى قۇردى. ۋىلايەت بويىچە 1564 ئادەم ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىشتىن بەھرىمەن بولدى.

## 1953- يىلى

3- ئاينىڭ 27- كۈنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 16- شىسى «قىزىليۇلتۇز — 2» ئۆستىڭىنى چېپىپ، 4- ئاينىڭ 5- كۈنى سۇ باشلىدى.

شۇ ئايدا ۋىلايەتنىڭ يەر ئىسلاھاتى ئاياغلاشتى. ۋىلايەت بويىچە 26 يېزىدا يەر ئىسلاھاتىدا مۇسادىرە قىلىنغان، يومبىچىلىك، باي دېھقانلاردىن يىغىۋېلىنغان 60 مىڭ 166 مو يەر، 6467 ئائىلىلىك دېھقانغا تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. ۋىلايەت بويىچە 187 ئائىلە يومبىچىلىك قىلىپ ئايرىلدى، بۇ، ئومۇمىي دېھقان ئائىلە سانىنىڭ 2.4% نى ئىگىلىدى.

5- ئاينىڭ 8- كۈنى 16- شى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭ ھەربىي رايونى يېزا ئىگىلىكى 5- شىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

6- ئايدا يېزا ئىگىلىك 5- شىسىنىڭ قىزىليۇلتۇز ئون زاۋۇتى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، قۇمۇلدا ماشىنا بىلەن ئون تارتىش تارىخى باشلاندى.

7- ئايدا قۇمۇل شۆبە ھەربىي رايونى پارتكومى قۇرۇلدى.

8- ئاينىڭ 21- كۈنىدىن 24- كۈنىگىچە باركۆل ناھىيىلىك پارتكوم ئەزالار كېڭەيتىلگەن يىغىنى ئاچتى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جاڭ جاشۇ يىغىندا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى روھىنى يەتكۈزدى.

9- ئايدا 106 تۇياق شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قوچقىرى تۇنجى تۈركۈمدە قۇمۇلغا كىرگۈزۈلدى. شۇنىڭ بىلەن قۇمۇلدا ئىنچىكە يۇڭلۇق قوينىڭ نەسلىنى ياخشىلاش خىزمىتى باشلاندى.

## 1954- يىلى

شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى 108 كادىر ۋە جەڭچىنى ئاجرىتىپ، ھەربىي ئاتچىلىق فېرمىسىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆردى. فېرما ئورگىنى ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ نوم يېزىسىدا بولدى، كېيىن ناھىيە بازىرىغا كۆچۈرۈلدى. 1956- يىلى 4- ئايدا باركۆل ناھىيىسى سومۇشتاندا 807 كۋادرات كىلومېتىر ئوتلاق ئاجرىتىپ، ئاراتۈرۈك ھەربىي ئاتچىلىق فېرمىسى قۇردى.

1- ئاينىڭ 4- كۈنى باركۆل ناھىيىسىنىڭ خەنزۇچە «镇西» دېگەن نامى «巴里坤» دەپ ئۆزگەرتىلدى.

3- ئاينىڭ 15- كۈنى ۋىلايەت بويىچە تىزىملانغان سايلىغۇچى 39 مىڭ 557 بولۇپ، سايلامغا 37 مىڭ 217

ئادەم قاتناشتى. بۇ، ئومۇمىي سايلىغۇچىلار سانىنىڭ 94% نى تەشكىل قىلدى. يېزىلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىغا سايلانغان ۋەكىل 1145، يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا سايلاپ چىققان ۋەكىلى 225 ، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال ۋەكىل 89.

9- ئاينىڭ 30- كۈنى باركۆل ناھىيىسىدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلۇپ، باركۆل قازاق ئاپتونوم رايونى قۇرۇلدى. 1955- يىل 2- ئايدا باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلدى.

10- ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قۇرۇلدى، يېزا ئىگىلىك 5- شى ئۈنىڭغا قارايدىغان بولدى.

شۇ يىلى يەتتە قۇدۇق مەركىزىي رايونى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يەتتە قۇدۇق بازىرى قۇرۇلدى، ئۇ، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى.

## 1955- يىلى

باركۆل ناھىيىسى يايلاقلىرىدا چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەردى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئايروپىلانلىرى چېكەتكە يوقىتىشقا قاتناشتى.

ۋىلايەت بويىچە ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىندى.

## 1956- يىلى

2- ماشىنىسازلىق سانائىتى مىنىستىرلىكى 519- ئەترىتىنىڭ 21- شۆبە ئەترىتى قۇمۇلدا 1:300000 بويىچە ھاۋادىن ئۆلچەش ئېلىپ بېرىپ، يامانسۇ تۆمۈر كانىنى بايقىدى.

5- ئاينىڭ 21- كۈندىن 6- ئاينىڭ 1- كۈنىگىچە ج ك پ قۇمۇل يەرلىك 1- نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.

12- ئايدا يېزا ئىگىلىك 5- شىسىنىڭ كوماندىر- جەڭچىلىرى كوللېكتىپ كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ھەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئىشچى- خىزمەتچىلىرى قىلىندى.

شۇ يىلى قۇمۇل ناھىيىسىگە قاراشلىق قۇمۇل شەھىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قۇمۇل بازىرى قۇرۇلدى.

شۇ يىلى ۋىلايەتتە خۇسۇسىي سودا- سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ئورۇندالدى.

ۋىلايەت بويىچە 149 يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇلدى. كوپېراتىپقا 9845 دېھقان ئائىلىسى ئەزا بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي كوپېراتىپ ئەزالىرى ئومۇمىي دېھقان ئائىلە سانىنىڭ 70.9% نى تەشكىل قىلدى.

## 1957- يىلى

1- ئايدا يېزا ئىگىلىك 5- شىسىنىڭ شتاتى قىسقارتىلىپ قىزىلبۇلتۇز دېھقانچىلىق باش مەيدانى (مۇئاۋىن شى دەرىجىلىك) غا ئۆزگەرتىلدى. 1959- يىل 1- ئايدا ئۇزۇلمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

8- ئايدا ۋىلايەتتە ئاشلىق بىلەن پىلانلىق تەمىنلەش ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى.

9- ئايدا ۋىلايەت بويىچە بيۇروكراتلىققا، مەزھەپچىلىككە، سوبيېكتىپىزمغا قارشى تۇرۇش، خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشنى ئاساسىي تېما قىلغان ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى.

10- ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋۇ كەيجاڭ باركۆلگە كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ، ناھىيىلىك پارتكومدىكى كادىرلارغا ماۋ جۇشىنىڭ ئەڭ ئالىي دۆلەت ئىشلىرى يىغىنىدا سۆزلىگەن «نويۇستا پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش كېرەك» دېگەن سۆزىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى.

11- ئاينىڭ 10- كۈنىدىن 15- كۈنىگىچە ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە بىرلىكتە تۇنجى قېتىملىق ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكىلىرىنى كېڭەيتىش يىغىنى ئېچىپ، قارادۆۋە ۋە ئاستانىنىڭ ئېتىزغا تېرىش تەجرىبىسى ھەم ئاقيەر رايونى 2- يېزا قىزىل بايراق كوپېراتىپىنىڭ قۇر ئارىسىغا كىرىشتۇرۇپ تېرىش تەجرىبىسىنى كېڭەيتتى.

شۇ يىلى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1- شۇجىسى خۇ ياۋباڭ قۇمۇلغا كەلدى. ۋىلايەتلىك پارتكوم ھويلىسىدا كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرىنىڭ ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلدى ھەمدە سۆز قىلدى.

1958- يىلى

3- ئايدا ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى ئوڭچىللىقتا ۋە يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە ئۆزگىرىپ، 1959- يىل 6- ئايدا ئاياغلاشتى.

4- ئاينىڭ 10- كۈنىدىن 11- كۈنىگىچە قاتتىق قار يېغىپ شۇۋرغان چىقىپ، 10 ئادەم توڭلاپ ئۆلدى، ئىككى ئادەم يارىدار بولدى. 7800 تۇياق چارۋا ئۆلدى.

شۇ ئايدا ۋىلايەت بويىچە ناھىيە، يېزىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى بولدى.

8- ئايدا قۇمۇل تۆمۈر يول شۆبە ئىدارىسى ئىش باشقارمىسى قۇرۇلدى.

9- ئايدا ۋىلايەتتە خەلق گۇڭشېسى قۇرۇش ئەمەلگە ئاشتى. ۋىلايەت بويىچە ئۈچ ناھىيىدىكى 16 رايون، 42 يېزىدا 21 خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلدى.

9- ئاينىڭ 10- كۈنىدىن 15- كۈنىگىچە مەمۇرىي مەھكىمە ھەربىي ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، مەجرۇھ ھەربىيلەر، ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان ھەربىيلەر ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى.

9- ئاينىڭ 24- كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جۇدې قۇمۇلغا كېلىپ، خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

9- ئاينىڭ 25- كۈنى شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى گېئولوگىيىلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ باشلىقى ياڭ چىگلۇ (گېنېرال ياڭ خۇچىڭنىڭ قىزى) بىلەن ئەترەت ئەزاسى جاڭ گۋاڭجى باركۆل ناھىيىسىنىڭ ئۆچكۆلدىكى دالا خىزمىتىدە قاتتىق قار - شۇۋرغاندا قېلىپ قازا قىلدى.

10- ئاينىڭ 1- كۈنى «قۇمۇل گېزىتى» قايتىدىن نەشر قىلىندى. 1963- يىلى 6- ئايدا گومۇرو «قۇمۇل گېزىتى» نىڭ خەنزۇچە ئىسمىنى يېزىپ بەردى.

10- ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قۇمۇل كۆمۈر كانىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش باشقارمىسى قۇرۇشنى قارار قىلدى.

10- ئاينىڭ 1- كۈنى، قۇمۇل 700 كىلوۋاتلىق ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتۈپ، توك تارقاتتى. قۇمۇل ۋىلايەتلىك پولات- تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلىنىپ، 1960- يىلى رەسمىي پۈتتى.

قۇمۇل بىناكارلىق شىركىتىنىڭ ئىشچىلىرى ماشىنىسازلىق زاۋۇتىنىڭ ئۇلىنى قازغاندا، روسىيىدە قويۇلغان ئېغىرلىقى 400 سەر بىر پارچە كېسەك ئالتۇن تېپىۋالىندى.

10- ئاينىڭ 17- كۈنى قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ تەگرىتاغ رايونىدا ئېلى قۇربان باشچىلىقىدا ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈلدى.

شۇ ئايدا يامانسۇ تۆمۈر كانىنى ئېچىش قارار قىلىندى.

شۇ يىلى ۋىلايەت بويىچە كەڭ كۆلەمدە پولات تاۋلاش ئېلىپ بېرىلدى. قۇمۇل ناھىيىلىك پولات- تۆمۈر تاۋلاش

ئۆمىكى بوغاز پولات- تۆمۈر ئەترىتىدىكى 1000 دىن ئارتۇق ئادەم بوغاز كۆمۈرلۈكىگە بېرىپ ئورۇنلاشتى. ئۈستى ئوچۇق كاندا خالىغانچە قېزىپ يەرلىك ئوچاق ياساپ، پولات تاۋلىغانلىقتىن، كۆمۈر قاتلىمىغا ئوت كەتتى. 1969- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئوت ئۆچۈرۈش قوماندانلىق شتابى قۇرۇلۇپ، نۇرغۇن ئادەم، ماددىي ۋە مالىيە كۈچى تەشكىللىنىپ، قوم يۆتكەپ ئوت ئازگىلى تىندۇرۇلدى. ئوت ئۆچۈرۈشكە 10 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت كەتتى.

## 1959- يىلى

3- ئايدىن 1965- يىلىغىچە ۋىلايەت جياڭسۇ، خۇبېي ۋە ئەنخۇيدىن ئىبارەت ئۈچ ئۆلكىدىن چېگرا رايون قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن چىققان 16 مىڭ 315 ياشنى ئورۇنلاشتۇردى.

4- ئاينىڭ 3- كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە «ئەتىياز پەسلىدە تۆت زىيانداشنى يوقىتىش، تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش ھەققىدىكى جىددىي يوليورۇق» نى ئېلان قىلدى.

4- ئايدا قۇمۇل ناھىيىسى تەڭرىتاغ رايونى تۆمۈرتى داۋىنىنىڭ ئەزاسى يەھيا رېھىم تۆمۈرتىدە 8~9 ئەسىردە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن بۇددا دىنى سەھنە ئەسىرى «مايترى سىمىت» نى تېپىۋالدى. بۇ، دۇنيا بويىچە شۇ خىلدىكى نۇسخىلار ئىچىدە ئەڭ مۇكەممەل ساقلانغان قوليازمىدۇر.

12- ئاينىڭ 31- كۈنى قۇمۇلدىكى 30 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ئاممىسى لەنجۇ- شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ قۇمۇل بۆلىكىدە پويىز قاتنىغانلىقىنى تەنتەنىلىك تەبرىكلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 1- شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ لېنتا كەستى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى يىغىندا سۆز قىلدى.

## 1960- يىلى

5- ئاينىڭ 29- كۈنى ھاۋا ئارمىيىسى خۇبېيدىن ئايروپىلان بىلەن 500 مىڭ بېلىجان يۆتكەپ كېلىپ، قۇمۇل ناھىيىسىدىكى ھەر قايسى سۇ ئامبارلىرىغا قويۇپ بەردى.

6- ئايدا قۇرغاقچىلىق ئەھۋالىنى پەسەيتىش ئۈچۈن قۇمۇل، باركۆل ناھىيىلىرى ئادەم كۈچى تەشكىللەپ، تاغقا چىقىپ قار- مۇزلارنى ئېرىتتى. ئايروپىلان بىلەن قارلىق تاغقا كۆمۈر توپىسى چېچىپ قار- مۇزلارنى ئېرىتتى.

6- ئاينىڭ 7- كۈنى قۇمۇل ۋىلايىتىدە ئۇدا بىر نەچچە كۈن قاتتىق يامغۇر ياغقانلىقتىن، كەلكۈن كېلىپ، قۇمۇل ئېلېكتر ئىستانسىسىنى بېسىپ كەتتى. قۇمۇل ناھىيىسىدە ئالتە كۈن (جەمئىي 147 سائەت) توك توختاپ قالدى.

8- ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى لى چۈەن قۇمۇلغا كېلىپ، خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

9- ئاينىڭ 30- كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى رەئىسىنىڭ ئېلان قىلغان ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىغا ئاساسەن، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى بىرىنچى تۈركۈمدە 10 جىنايەتچىنى ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىنغانلىقىنى، 11- ئاينىڭ 20- كۈنى ئىككىنچى تۈركۈمدە 10 جىنايەتچىنى كەچۈرۈم قىلىنغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

10- ئايدا قۇمۇل ۋىلايەتلىك پەن- تېخنىكا كومىتېتى قۇرۇلدى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ۋېي خاۋ مۇدىرلىقنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى.

10- ئاينىڭ 31- كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى زىڭ دى قۇمۇل تەييار پولات — تۆمۈر زاۋۇتىنى كۆزدىن كەچۈردى.

ج ك پ قۇمۇل ۋىلايەتلىك كومىتېتى تاغ ئېغىزىدىن يامانسۇغىچە ۋە توغۇچىدىن تارانچى كۆمۈر كانىغىچە مەخسۇس تۆمۈر يول ياساشنى قارار قىلدى.

10- ئاينىڭ 12- كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 1- شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ باشچىلىقىدىكى ئۆمەك قۇمۇلغا

كېلىپ، پولات- تۆمۈر ئىشچى- خىزمەتچىلىرىدىن ھال سورىدى.

11- ئايدا قۇمۇل ناھىيىلىك سودا ئىدارىسى يېمەك- ئىچمەك شىركىتىنىڭ «تەڭرىتاغ» مېھمانخانىسىدا ئۇدا ىىرنەچچە قېتىم كۆمۈر گازى بىلەن زەھەرلىنىش ۋەقەسى يۈز بېرىپ، 11 كىشى ئۆلدى.

12- ئاينىڭ8- كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى جى كو قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتىنى كۆزدىن كەچۈردى.

قىشتا قۇمۇل ناھىيىسىدە قۇمۇل ۋىلايەتلىك تۈنجى نۆۋەتلىك دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق قەھرىمانلار ئۆچرىشىش يىغىنى ۋە كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار (چارۋىچىلار) قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.

ج ك پ قۇمۇل ۋىلايەتلىك كومىتېتى «سوتسىيالىستىك تەربىيىنى قانات يايدۇرۇش ۋە خەلق كۈڭۈشىلىرىنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

1961- يىلى

1- ئاينىڭ 25- كۈنى گوۋۇيۈەن قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ شەھەر بازىرىنى ئاساس قىلىپ، قۇمۇل شەھىرى قۇرۇشنى قارار قىلدى. ئۇنىڭغا پاراۋۇز، تۆمۈر ئەژدىھا، ئۆرۈپ چىقار، پولات- تۆمۈر، قىزىل بايراقتىن ئىبارەت بەش بازار - كوڭشې ۋە راكېتا دېھقانچىلىق مەيدانى قارىدى. ئىككىنچى يىلى 10- ئاينىڭ 20- كۈنى گوۋۇيۈەن بۇرۇنقى قارارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، قۇمۇل بازىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى، قۇمۇل شەھىرىنىڭ مەمۇرىي رايونلىرىنى قۇمۇل ناھىيىسىگە قوشۇۋېتىشنى قارار قىلدى.

2- ئايدا تارانچى كۆمۈر كان رايونىدا مەمۇرىي كومىتېت قۇرۇلۇپ، مەمۇرىي مەھكىمىگە بىۋاستە قارىدى.

4- ئاينىڭ باشلىرىدا قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ توغۇچى، قارادۆۋىدىكى ئەزالار ياۋا ئوت- چۆپ يېگەچكە 160 ئادەم زەھەرلىنىپ، 13 ئادەم ئۆلدى.

4- ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 1- شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ قۇمۇلغا كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

6- ئايدا باركۆل ناھىيىسى سارچوقا رايونى ساردالادا 10 ئارتېزىيان قۇدۇقى چاپتى.

7- ئايدا يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى ۋاڭ جېن يېزا ئىگىلىك 5- شى شتابى تۇرۇشلۇق دايىگفاڭ ۋە قىزىليۇلتۇز دېھقانچىلىق 1- مەيدانىنىڭ 1- لىيەنىگە كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ھەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش جەڭچىلىرىنى «سوتسىيالىزم ياخشى» دېگەن ناخشىنى ئېيتىشقا چاقىردى.

7- ئاينىڭ 21- كۈنى تەڭرىتاغنىڭ غەربىدە قار يامغۇر يېغىپ كەلكۈن كېلىپ تۆمۈر يولنى، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ شەرقىي، غەربىي ئۆستەڭلىرىنىڭ چوڭ كۆۋرۈكلىرىنى بۇزۇۋەتتى. ياشلار سۇ ئامبىرىنىڭ توسمىسى پارتلىتىلىپ، كەلكۈن سۈيى چىقىرىۋېتىلدى.

8- ئايدا ھەر قايسى ناھىيىلەردە «مۈلۈكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شامىلى» نى ئېنىقلاش، قايتۇرۇش ھەيئىتى قۇرۇلدى. ھەر قايسى كوڭشې، مەيدانلار، چوڭ ئەترەتلەردە مۇناسىپ ئاپپاراتلار تەسىس قىلىنىپ، ئېنىقلاش، قايتۇرۇش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى.

8- ئاينىڭ 5- كۈنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لى ۋېيخەن باشچىلىقىدىكى 20 نەچچە كىشى قۇمۇلغا كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

9- ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى لى شۈفېڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىدىن بەش كىشى سەپەر ئۈستىدە قۇمۇلدىن ئۆتتى.

10- ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شاڭجاڭى شاۋخۇا قۇمۇلغا كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

شۇ يىلى قۇمۇل ۋىلايىتى چارۋىچىلىق رايونلىرى خىزمىتىگە دائىر 40 ماددىلىق بەلگىلىمىنى تۈزۈپ چىقتى.

1962- يىلى

خەلق ئىگىلىكىنى تەڭشەشنىڭ «سەككىز خەتلىك» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلدى.

2- ئايدا تارانچى ئۈستى ئۇچۇق كۆمۈر كانىنى ئېچىشقا تەييارلىق كۆرۈش باشقارمىسى قۇرۇلۇپ، ئۈستى ئۇچۇق كانىنى ئېچىش قۇرۇلۇشى باشلاندى.

5- ئايدا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بەنچەن ئەردىنى چۆجىجەنزەن بىلەن مەملىكەتلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بۇرھان شەھىدى ۋە ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرىدىن 50 نەچچە كىشى سەپەر ئۈستىدە قۇمۇلدىن ئۆتتى.

5- ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى غەربىي شىمال بيۇروسىنىڭ شۇجىسى بەي جىمىڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىدىن ئۈچ كىشى سەپەر ئۈستىدە قۇمۇلدىن ئۆتتى.

8- ئايدا يەتتە قۇدۇق تۇز كۆلىدە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى بىناكارلىق- قۇرۇلۇش شىسى 1- تۇەن تۇزچىلىق مەيدانى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تۇزچىلىق مەيدانى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 5- شىسىنىڭ قىزىلىيۇلتۇز تۇزچىلىق مەيدانى قۇرۇلدى.

كۈزدە مارشال يې جيەنيىڭ يېزا ئىگىلىك 5- شىسىنىڭ شتابى تۇرۇشلۇق دايىگفاڭنى كۆزدىن كەچۈردى.

11- ئايدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى باشلاندى.

12- ئايدا ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 37 مىڭ 164 ئىشچى- خىزمەتچى قىسقارتىلىپ تۈۋەنگە چۈشۈرۈلدى.

1963- يىلى

1- ئايدا ج ك پ غەربىي شىمال بيۇروسىنىڭ 1- شۇجىسى لىيۇ لەنتاۋ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 10 كىشى سەپەر ئۈستىدە قۇمۇلدىن ئۆتتى.

3- ئايدا يېزا ئىگىلىك 5- شى شتابى بورتالاغا كۆچتى. قۇمۇلدا دېھقانچىلىق مەيدانلىرى باشقارمىسى تەسىس قىلىندى.

3- ئاينىڭ 6- كۈنى ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى قاتارلىق تارماقلار بىرلىكتە «لېي فېڭدىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

5- ئاينىڭ 20- كۈنى ۋىلايەت قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ شەھەر ئەتراپى، پالۋانتۇر گۇڭشېلىرىدا سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىنى سىناق قىلدى.

5- ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 1- شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ، شۇجى لۈي جيەنرېن، شۇجى زېڭ دى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىقلار قۇمۇلغا كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

6- ئاينىڭ 18- كۈنى مەمۇرىي مەھكىمە «قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ شەھەر، بازارلىرىدىكى يېمەكلىكلەر تازىلىقىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» نى تەستىقلاپ تارقاتتى.

8- ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى لۈي جيەنرېن قۇمۇلغا كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

ئاستانە گۇڭشې 4- چوڭ ئەترىتىدە ناھىيە بويىچە سېكۇنتىغا سەككىز لىتىر سۇ چىقىدىغان تۇنجى ئارتېزىئان قۇدۇقى قېزىلدى.

شۇ يىلى قارلىق تاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى قار- مۇزلار ئېرىپ، ئاراتۇرۇك دەرياسىنىڭ سۈيى ئۆلغىيىپ كېتىپ، ئاراتۇرۇك بازىرىنىڭ يوللىرى ۋە پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىنى سۇ بېسىپ كەتتى.

1964- يىلى

6- ئايدا جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە چېگرىسى رەسمىي ئايرىلدى.

6- ئاينىڭ 25- كۈنى قۇمۇلنىڭ يەر يۈزى تېمپېراتۇرىسى 73.6°C قا يەتتى.

9- ئايدا يامانسۇ تۆمۈر كانى قۇرۇلدى.

قىشتا قۇمۇلدا ئۇدا بىرنەچچە كۈن قېلىن قار يېغىپ، قارنىڭ ئوتتۇرىچە قېلىنلىقى 60 سانتىمېتىرغا يېتىپ، ۋىلايەت بويىچە 56 مىڭ 129 تۇياق چارۋا توڭلاپ ئۆلدى.

شۇ يىلى گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ باش سەنمۇجاڭى لو رۇيچىڭ قۇمۇلغا كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

1965- يىلى

1- ئاينىڭ 5- كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ غەربىي شىمال بيۇروسى غەربىي شىمال يېزا ئىگىلىك سېپىدىكى 40 قىزىل بايراقدار ئورۇننى ئېلان قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇلدىكى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قىزىلىيۇلتۇز 2- دېھقانچىلىق مەيدانىمۇ بار. قىزىلىيۇلتۇز 2- دېھقانچىلىق مەيدانى سۇنى تىزگىنلەپ، تۇپراقنى ياخشىلاپ، يېزا ئىگىلىكتە ئۇدا يۇقىرى ۋە مۇقىم ھوسۇل ئالدى.

9- ئاينىڭ 14- كۈنى قۇمۇل پاراۋۇز ئۇچاستكىسىدىكى ئۇيغۇر يارىمچى شوپۇر بەردى ھەسەن، ھوشۇر قاسىم، ئوسمان يۈسۈپلەر ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ رەسمىي شوپۇرلۇققا ئۆستۈرۈلۈپ، ئۇيغۇرلاردىن چىققان تۇنجى ئەۋلاد پويىز شوپۇرلىرى بولۇپ قالدى.

12- ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى باركۆل ناھىيىسىنى برۇتسېللىيوز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش ناھىيىسى قىلىپ بېكىتىپ، باركۆل ناھىيىسى دائىرىسىدە برۇتسېللىيوز تاياقچە باكتېرىيە كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى.

6- ئايدىن 12- ئايغىچە ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 888 گۇڭشې، بازار دەرىجىلىك خەلق ۋەكىلى، 355 ناھىيە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى سايلاپ چىقىلدى.

1966- يىلى

7- ئاينىڭ بېشىدا ۋىلايەتلىك ۋە ناھىيىلىك پارتكوملار ھەر قايسى ناھىيە بازارلىرىدا ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى يىغىپ تەربىيىلەپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نى نۇقتىدا سىناق قىلدى.

7- ئاينىڭ 26- كۈنى كېچىدە باركۆلنىڭ چوڭ قۇلىنچەرى (چوڭ يۇلغۇنلۇق) يېزىسىدا كەلكۈن كەلدى. باركۆلدە تۇرۇشلۇق ئارمىيە ئاتلىق ئەسكەرلەر 2- تۈەنى 3- لىيەن 3- پەيىنىڭ كوماندىر- جەڭچىلىرى ئاپەتكە ئۇچرىغان چارۋىچىلارنى باتۇرلۇق بىلەن قۇتقۇزدى. 12 ئائىلىلىك چارۋىچى ئاپەتكە ئۇچراپ، ئالتە ئادەم ئۆلدى.

8- ئايدا ھەر قايسى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى «قىزىل قوغدىغۇچى» لارنى تەشكىللەپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نى قانات يايدۇردى.

9- ئاينىڭ 2- كۈنى بىڭتۇەن قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى قىزىلىيۇلتۇز ئوتتۇرا مەكتىپى بېيجىڭدىن كەلگەن قىزىل قوغدىغۇچىلارنىڭ ئالاقە قىلىشى ئارقىسىدا 200 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ۋە بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار ۋىلايەتلىك پارتكوم بىناسىنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ، چوڭ خەتلىك گېزىت چاپلىدى. شۇندىن كېيىن، ۋىلايەتتە ئاتالمىش «بۇرژۇئازىيە ئەكسىيەتچى لۇشيەنى» نى تەنقىد قىلىش باشلاندى.

9- ئايدىن كېيىنكى يىلى 2- ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە «دەرس توختۇتۇپ ئىنقىلاب قىلىش» ئېلىپ بېرىلىپ، كەڭ كۆلەمدە ئالاقە باغلاش باشلاندى.

10- ئايدا ۋىلايەتلىك پارتكوم قومۇل ناھىيىسىنىڭ 1- ئوتتۇرا مەكتەپ، 2- ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە قومۇل گېزىتخانىسى قاتارلىق ئورۇنلارغا خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نى قانات يايدۇردى.

10- ئايدا يامانسۇ تۆمۈر كانىنىڭ 36 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تۆمۈر يول مەخسۇس لىنيىسى پۈتتى.

10- ئاينىڭ ئاخىرىدا، ۋىلايەت بويىچە 170 تىن كۆپرەك قىزىل قوغدىغۇچىلار ۋەكىلى بېيجىڭغا بېرىپ، رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈشىگە مۇيەسسەر بولۇپ، يىل ئاخىرىدا قومۇلغا قايتىپ كەلدى.

11- ئاينىڭ 13- كۈنى باركۆل ناھىيىلىك پارتكوم كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، كان قوزغىلىپ چۈشۈپ خەتەرلىك ئەھۋالنى تۈگىتىپ، نورمال ئىشلەپچىقىرىشقا كاپالەتلىك قىلىپ، خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغان باركۆل ناھىيىلىك كۆمۈر كانىنىڭ ئەمگەكچى ئىشچىسى جاڭ شۈۋېننى رەسمىي كومپارتىيىنىڭ ئەزالىقىغا تەستىقلىدى.

1967- يىلى

1- ئاينىڭ 28- كۈنى ۋىلايەتتىكى ئامما تەشكىلاتلار ھوقۇق تارتىۋېلىش قوماندانلىق شتابى ۋىلايەتنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، مالىيە، مەدەنىيەت، ماتارىپىنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالغانلىقىنى ئېلان قىلدى.شۇنىڭ بىلەن پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى.

3- ئاينىڭ 15- كۈنى قومۇل شۆبە ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسىنى قۇرۇپ، ۋىلايەتنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ماتارىپ قاتارلىق خىزمەتلىرىگە رەھبەرلىك قىلدى.

3- ئاينىڭ 20- كۈنى قومۇل گېزىتى، ناھىيىلىك رادىئو ئۇزىلى، پوچتا- تېلېگراف ئىدارىسى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، تەپتىش مەھكىمىسى، سوت مەھكىمىسى، ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلاردا ھەربىي ئىدارە قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ھەرقايسى ناھىيىلەردە «ئىنقىلابنى تۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش» ئىشخانىلىرى قۇرۇلدى.

3- ئايدا شۆبە ھەربىي رايونى كادىر- جەڭچىلەرنى ئەۋەتىپ، «ئۈچ ياردەم بېرىش، ئىككى ھەربىي» ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلدى. 1973- يىل 4- ئايدا ئارقا- ئارقىدىن قايتۇرۇپ كېلىندى.

6- ئايدا باركۆل ناھىيىسىدىكى سارچوقا گۇڭشېسىدىن قۇلىنچەرى شيالوبا (كۇنگەيسۇ) غىچە بولغان 173 كىلومېتىر ئارىلىققا تېلېفون سىمى تارتىلىشقا باشلىدى.

7- ئايدا ئىككى ئاممۋى تەشكىلات قومۇل بازىرىدا چوڭ كۆلەملىك ئەلەم كۆرىشى قىلدى. كېيىن ئەلەم كۆرىشى پەيدىنپەي كۈچىيىپ، ملتىق، منامىيوتلار ئىشقا سېلىنىپ، ئىككى قەۋەتلىك پوچتا- تېلېگراف بىناسى پارتلىتىۋېتىلدى، تۆمۈر يول ترانسپورتى ئۈزۈپ قويۇلدى.

10- ئاينىڭ 4- كۈنى تۆمۈر يول سىستېمىسىدىكى ئوخشىمىغان كۆز قاراشتىكى ئاممۋى تەشكىلاتلار توقۇنۇشۇپ قالغانلىقتىن، لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ قومۇل بېكىتىدە تۈنجى قېتىم قاتناش ئۈزۈلۈپ قالدى. 10- ئاينىڭ 6- كۈنى جۇ ئېنلەي زۇڭلى گوۋۇيۈەنگە «قومۇل پويىز ئىستانسىسىنى ئېچىۋېتىش توغرىسىدا» جىددىي تېلېگرامما ئېۋەتىش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. 10- ئاينىڭ 14- كۈنى ئىككى تەرەپ ئاممۋى تەشكىلاتلار كېڭىشىپ، قومۇل پويىز ئىستانسىسىنى دەرھال ئېچىۋېتىش توغرىسىدا «تۆت ماددىلىق» كېلىشىم ھاسىل قىلدى. 10- ئاينىڭ 19- كۈنى جۇزۇڭلى «قومۇل ۋىلايىتىدىكى تۆمۈر يول قاتناش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش توغرىسىدا» يوليورۇق بېرىپ، قومۇلدىكى ئىككى تەرەپ ئاممۋى تەشكىلاتنى جەزمەن قەتئىي ئىجرا قىلىشقا بۇيرىدى ھەمدە مەركەزنىڭ نامى بىلەن 8- ئاۋىئاتسىيە مەكتىپىگە قىسىم ئەۋەتىپ، تۆمۈر يول ترانسپورتىنىڭ راۋان قاتنىشىنى نازارەت قىلىشقا ۋە قوغداشقا مەسئۇل بولۇشنى

ماۋاله قىلدى.

10- ئاينىڭ 21- كۈنى ۋىلايەتتىكى ئىككى تەرەپ ئاممىۋى تەشكىلاتنىڭ ۋەكىللىرى تۇرۇشلۇق ئارمىيىنىڭ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ نازارەت قىلىشى ۋە ياردەملىشىشى بىلەن يەنە «تۆت ماددىلىق» ۋاقىتلىق كېلىشىم تۈزۈشتى ھەمدە 10- ئاينىڭ 22- كۈنى سائەت نۆلدە ئىجرا قىلىشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن تۆمۈر يولدا قاتناش باشلاندى.

11- ئاينىڭ 7- كۈنى لەنجۇ- شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ تاغ ئېغىزى (شەنكۇ) پويىز ئىستانسىسىدىن يامانسۇ كانىغا پويىز قاتنىدى.

11- ئاينىڭ 30- كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايونى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيىسىدىن تەشكىللىگەن بىرلەشمە نازارەت قىلىش- تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى قۇمۇلغا كېلىپ، قوراللارنى يىغىپ، ئەلەم كۆرۈشنى توختاتتى.

12- ئايدا ۋىلايەت بىلەن قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش، ئورگانلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قۇمۇل ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتى قۇرۇلدى. 1973- يىل 4- ئايدا بۇ كومىتېت ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش، سوت ئورگانلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

1968- يىلى

2- ئاينىڭ 4- كۈنى گېئولوگىيە 6- چوڭ ئەترىتىنىڭ ئاپتوموبىلى قىزىل نۇر پويىز بېكىتىدە پويىزغا سوقۇلۇپ كېتىپ، ئالتە ئادەم ئۆلدى، تۆت ئادەم ئېغىر يارىلاندى.

2- ئاينىڭ 13- كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 3 تىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە، ۋىلايەتتىكى ئىككى تەرەپ ئاممىۋى تەشكىلات ۋەكىللىرى ۋىلايەتلىك بىرلەشمە نازارەت قىلىش- تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، مەسلىھەتلىشىپ «ئىنقىلابىي چوڭ بىرلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش توغرىسىدا» 10 ماددىلىق كېلىشىم ھاسىل قىلدى.

2- ئاينىڭ 16- كۈنى قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئىككى تەرەپ ئاممىۋى تەشكىلاتلار ئومۇميۈزلۈك بىرلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

5- ئاينىڭ 14- كۈنى، باركۆل ناھىيىلىك كومۇر كانىنىڭ 19- نومۇرلۇق قۇدۇقىدا گاز ۋە كۆمۈر توپىسى پارتلاپ كېتىپ، 11 ئادەم ئۆلدى، تۆت ئادەم ئېغىر يارىلاندى.

7- ئاينىڭ 20- كۈنى جۇزۇگلى بېيجىڭدا شىنجاڭدىكى ئىككى تەرەپ ئاممىۋى تەشكىلات ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلدى. قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ بېيجىڭدىكى يەرلىك ئىككى تەرەپ ۋە ھەربىي قىسىمنىڭ بېيجىڭدىكى ۋەكىللىرى جۇزۇگلىنىڭ يوليورۇقىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، 22- كۈنى بىرلىشىپ ئىمزا قويۇپ، قۇمۇلدىكى ئاممىغا ئوچۇق خەت ئەۋەتىپ، قۇمۇل مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا دائىر «يەتتە نۇقتىلىق » تەكلىپ بەردى. 24- كۈنى ئىككى تەرەپنىڭ بېيجىڭدىكى ۋەكىللىرى يەنە تولۇق كېڭىشىپ، « ئومۇميۈزلۈك بىرلىشىش كومىتېتىنىڭ خىزمىتىنى دەرھال ئەسلىگە كەلتۈرۈش» نى ئوتتۇرىغا قويدى.

10- ئايدا قۇمۇل بازىرىدا يەنە چوڭ كۆلەملىك ئەلەم كۆرۈشى بولۇپ، مەمۇرى مەھكىمە بىناسى پارتلىتىۋېتىلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دا ۋىلايەت بويىچە 14قېتىم ئەلەم كۆرۈشى بولۇپ، 210 ئادەم ئۆلدى، ئىككى بىنا، بىر كىنو- تىياتىرخانا، بىر چوڭ ماگىزىن پارتلىتىۋېتىلدى.

12- ئاينىڭ 4- كۈنى قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئىككى تەرەپ ئاممىۋى تەشكىلاتنىڭ ئاساسلىق مەسئۇل خادىملىرى ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش كۇرسىدا «قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئىنقىلابىي چوڭ بىرلىشىش» نى تېز ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا تولۇق كېڭىشىپ، چوڭ بىرلىشىشكە مۇناسىۋەتلىك ئالتە مەسىلە توغرىسىدا «يىغىن

خاتىرىسى» نى شەكىللەندۈردى.

## 1969- يىلى

1- ئاينىڭ 23- كۈنى سائەت ئىككىدە قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئىككى تەرەپ ئاممىۋى تەشكىلات ۋەكىللىرى (ھەر بىر تەرەپنىڭ ۋەكىلى 10 ) ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن ئۈرۈمچىگە چىقىپ، تولۇق كېڭىشىش ئارقىلىق، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ۋە قۇمۇل ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنى قۇردى. تۇرۇشلۇق ئارمىيە، قۇمۇل شۆبە ھەربىي رايونى، ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ 129- قىسمىنىڭ ۋەكىللىرىمۇ بىللە ئۈرۈمچىگە چىقتى.

3- ئايدا ۋىلايەتتە تۇنجى تۈركۈمدە 2118 نەپەر زىيالىي ياش تاغ- يېزىلارغا بېرىپ، كەمبەغەل- تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ «قايتا تەربىيىسى» نى ئېلىشقا باشلىدى.

3- ئاينىڭ 18- كۈنى قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئىنقىلابىي كومىتېتتا ئىش بېجىرىش، ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق، سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىلىرى تەسىس قىلىندى.

4- ئاينىڭ بېشىدا قۇمۇل، بارىكۆل، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرىدە ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى.

10- ئايدا ئاممىنىڭ قولىدىكى قوراللارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يىغىۋېلىندى.

11- ئاينىڭ 2-، 3- كۈنلىرى ۋىلايەت تۇنجى قېتىملىق ماۋجۇشى ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش بويىچە ئىلغار ئورۇن ۋە ئاكتىپلار ۋەكىللىرى يىغىنى ئاچتى، يىغىنغا 205 ۋەكىل قاتناشتى، يىغىندا 35 ئىلغار كوللېكتىپ، 14 ئاكتىپ تەقدىرلەندى.

11- ئايدا تارانچى كان رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغاچقا، جۇرۇگلى ۋە گوۋۋېيۈەن تېلېگراممىسى ئارقىلىق «تۇرۇشلۇق ئارمىيە زور كۈچ بىلەن ھەمكارلىشىپ، دۆلەتنىڭ مال- مۈلكىنى قوغداپ، نورمال ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تەرتىپنى قوغداش كېرەك» دەپ يوليورۇق بەردى. ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت دەرھال تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ تەكشۈردى.

12- ئاينىڭ 31- كۈنى ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى 500 تىپلىق يۈركۈش ماشىنىسىنى ياساپ چىقتى.

## 1970- يىلى

1- ئايدا يېچان ناھىيىسى قۇمۇل ۋىلايىتىگە قوشۇۋېتىلدى.

2- ئاينىڭ 14- كۈنى ۋىلايەت سىنىپىي قوشۇننى تازىلاش ۋە «بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش (ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا زەربە بېرىش، خىيانەتچىلىككە، ئوغرىلىققا، ھايانكەشلىككە، ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇش) ھەرىكىتى» نى قانات يايدۇردى.

2- ئاينىڭ 21- كۈنى چۈشتىن كېيىن ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت «سىنىپىي قوشۇننى تازىلاش»، «بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىپ، ۋىلايەتلىك تاشقى سودا ئىدارىسى تېرە، يۇڭ زاۋۇتىنىڭ «تەجرىبىسى» نى كېڭەيتتى. ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئارمىيە، ئىشچى، بىگتۇەن، كەمبەغەل- تۆۋەن، ئوتتۇرا دېھقانلار تەشۋىقات ئەترەتلىرىنى ئايرىم- ئايرىم ھالدا 60 ئورگان، زاۋۇت، كان- كارخانا، مەكتەپ ۋە 20 دىن ئارتۇق گۇڭشې، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىغا ئەۋەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ئارمىيە 200 نەچچە كىشىلىك ھەربىي تەشۋىقات ئەترىتى، قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى 300 نەچچە كىشىلىك ئىشچىلار تەشۋىقات

ئەترىتى، بىڭتۈەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرى باشقارمىسى 100 نەچچە كىشىلىك تەشۋىقات ئەترىتى ئەۋەتتى. ئىنتايىن سولچىل لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە تەرەپبازلىقنىڭ تەسىرىدە، قالايمىقان تارتىپ چىقىرىش، قالايمىقان كۈرەش قىلىشلار بولدى. 1971- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ۋىلايەت بويىچە تارتىپ چىقىرىلىپ كۈرەش قىلىنغان، قاماپ قويۇلغان ئىشچى- خىزمەتچى جەمئىي 7812 بولۇپ، بۇ ۋىلايەتتىكى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 2.61% نى تەشكىل قىلدى. 1000 دىن ئارتۇق ئادەم يارىلاندى ۋە مېيىپ بولدى، 170 ئادەم بىنورمال ئۆلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 17 ئادەم ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلدى، 127 ئادەم ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى، 26 ئادەم قاماپ قويۇش سەۋەبىدىن كېسەل بىلەن ئۆلدى، بىر تۈركۈم ناھەق، يالغان، خاتا دېلولار كېلىپ چىقتى.

5- ئاينىڭ 30- كۈنى قۇمۇل تۆمۈر يول سۇ- توك ئۆچاستىكىسىنىڭ تېخنىكى شىن يۈەنخۇاغا خاتا ھالدا نەق ئەكسىلئىنقىلابچى دەپ ھۆكۈم قىلىنىپ، ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى، ئۇ شۇ يىلى 37 ياشتا ئىدى. 1980- يىلى 5- ئاينىڭ 28- كۈنى شىن يۈەنخۇا ئۈزۈل- كېسىل ئاقلاندى. 1981- يىلى 8- ئاينىڭ 19- كۈنى خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق يولداش شىن يۈەنخۇا ئىنقىلابىي قۇربان دەپ ئېتىراپ قىلىندى.

7- ئاينىڭ 23- كۈنى ئاپتونوم رايون باركۆل ناھىيىسىنى يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش- داۋالاش سىناق نۇقتىسى قىلىپ بېكىتتى.

9- ئاينىڭ 17- كۈنىدىن 1971- يىلى 1- ئاينىڭ 9- كۈنىگىچە ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، تەپتىش مەھكىمىسى، سوت مەھكىمىسى ئۆگىنىش كۇرسىدا ئالتە قېتىم سەككىز پارچە ئەكسىيەتچىل شوئار يېزىش دېلوسى يۈز بەردى. «سىنىپىي قوشۇننى تازىلاش» نى كېڭەيتىۋېتىشتەك ئىنتايىن سولچىل لۇشيەنىنىڭ تەسىرىدە، سابىق قۇمۇل ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ساقچىسى لى چىگرۇڭنىڭ باشقىلارغا تۆھمەت قىلىشى بىلەن 100 دىن ئارتۇق ئادەمگە چېتىشلىق بولغان ئاتالمىش «ۋاڭ، ياڭ، جۇ» ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى ئويدۇرۇپ چىقىرىلدى. كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتى كادىرلارنى قوغداش گۇرۇپپىسى تەكشۈرۈش، ئەھۋال ئىگىلەش ئارقىلىق، بۇنى ئۆز ۋاقتىدا تۈزەتتى. لى چىگرۇڭغا مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىندى.

10- ئاينىڭ 14- كۈنىدىن 21- كۈنىگىچە قۇمۇل ۋىلايىتى تۇنجى قېتىملىق يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش يىغىنى ئاچتى.

11- ئاينىڭ 16- كۈنىدىن 19- كۈنىگىچە ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت، شۆبە ھەربىي رايون باركۆلدە خەلق ئەسكەرلىرى يىغىنى ئاچتى.

شۇ يىلى تارانچى ئۈستى ئوچۇق كۆمۈر كانىنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتۈپ، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى. يىلىغا خاشىدىكى يىللىق كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 1 مىليون 500 مىڭ توننا بولۇپ، غەربىي شىمال رايونى بويىچە ئەڭ چوڭ ماشىنىلاشقان ئۈستى ئوچۇق كۆمۈر كانى بولۇپ قالدى.

1971- يىلى

2- ئاينىڭ 23- كۈنى ۋىلايەت بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش ئاساسەن ئەمەلگە ئاشتى. 28- كۈنى ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر تىياتىرخانىسىدا ۋىلايەت بويىچە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش «ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلغانلىقى» نى تەبرىكلەش چوڭ يىغىنى ئاچتى.

7- ئاينىڭ 27- كۈنى يولۋاس كېسەل سەۋەبى بىلەن تەيۈەننىڭ تەيىبىي شەھىرىدە ئۆلدى.

9- ئايدا قۇمۇل قوغۇنى تۇنجى قېتىم شياڭگاڭ بازىرى ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا رايونلىرىدا سېتىلدى.

12- ئاينىڭ 23- كۈنىدىن 31- كۈنىگىچە ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ياشانغانلاردىكى ئاستا خاراكتېرلىك نەپەس يولى ياللۇغىنى داۋالاش خىزمەت يىغىنى ئاچتى. يىغىندىن كېيىن ھەر قايسى ناھىيىلەردە ياشانغانلاردىكى ئاستا

خىراكتېرلىك نەپەس يولى ياللۇغىنى داۋالاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

شۇ يىلى يامانسۇ تۆمۈر كان قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى.

## 1972- يىلى

3- ئاينىڭ 25- كۈنىدىن 4- ئاينىڭ 1- كۈنىگىچە ۋىلايەت ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىش يىغىنى ئاچتى.

4- ئاينىڭ 1- كۈنى بىگتۇمەن قىزىلىيولتۇز كۆمۈر كانى كان قۇدۇقىدا ئوت ئاپىتى يۈز بەردى. قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ قۇتقۇزۇش ئەترىتى نەق مەيدانغا بېرىپ ئاپەتتىن قۇتقۇزدى، تۆت نەپەر ئەترەت ئەزاسى خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولدى.

8- ئاينىڭ 21- كۈنى ج ك پ قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتى پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسى «ھەر قايسى ئورۇن ئىنقىلابىي كومىتېتلارغا ئەۋەتكەن ھەربىي ۋەكىللەرنى قىسمغا قايتۇرۇش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

10- ئاينىڭ 27- كۈنىدىن 11- ئاينىڭ 4- كۈنىگىچە پىچاندا ۋىلايەتلىك 2- قېتىملىق يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش يىغىنى ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 1-شۇجىسى سەيپىدىن ئەزىزى يىغىنغا كېلىپ سۆز قىلدى.

شۇ يىلى قۇمۇل ناھىيىسى ئاستانە گۇڭشې 3- چوڭ ئەترىتىنىڭ 2- ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى شال تېرىپ، مۇۋەپپىقىيەت قازاندى، مو بېشى مەھسۇلاتى 330 كىلوگرامغا يەتتى.

## 1973- يىلى

3- ئاينىڭ 20- كۈنىدىن 26- كۈنىگىچە ج ك پ قۇمۇل ۋىلايەتلىك 2- قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، «لىن بياۋنى پىپەن قىلىش، ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا قارار» ماقۇللاندى.

6- ئايدا ۋىلايەتلىك پارتكوم قايتا تەكشۈرۈش ئىشخانىسى قۇرۇپ، «سىنىپىي قوشۇننى تازىلاش»، «بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىدىكى دېلولارنى قايتا تەكشۈرۈشنى باشلىدى.

7- ئاينىڭ 5- كۈنىدىن 8- كۈنىگىچە جوڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى قۇمۇل ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ تۇنجى قېتىملىق قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.

7- ئاينىڭ 5- كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق كىچىك سېمونت زاۋۇتلىرىنىڭ نەق مەيدان يىغىنى باركۆل ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتىدا ئېچىلدى.

8- ئاينىڭ 9- كۈنىدىن 12- كۈنىگىچە قۇمۇل ۋىلايىتىدە تۇنجى قېتىملىق ئاياللار قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.

12- ئاينىڭ 5- كۈنى باركۆل ناھىيىسىنىڭ شەرق شامىلى گۇڭشې 3- چوڭ ئەترىتىنىڭ 6- ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ، بىر كومبايىن، 35 مىڭ كىلوگرامدىن كۆپرەك بۇغداي كۆيۈپ كېتىپ، 19 مىڭ يۈەنلىك زىيان بولدى.

## 1974- يىلى

3- ئاينىڭ 30- كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم لىن بياۋنى، كۇڭزىنى تەنقىد قىلىش سەپەرۋەرلىك چوڭ يىغىنى ئاچتى.

9- ئايدا ۋىلايەت 15 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قاتناشقان «ئىنقىلابنى تۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش قەسەمياد يىغىنى» نى ئاچتى.

11- ئاينىڭ 6- كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ بۆلۈم، كومىتېت، ئىشخانا ئاپپاراتلىرى قۇرۇلدى.

10- ئاينىڭ 25- كۈنىدىن 30- كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 1- شۇجىسى سەيپىدىن ئەزىزى باركۆلگە ۋە يامانسۇ كانىغا بېرىپ، خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

شۇ يىلى قاتتىق قۇرغاقچىلىق يۈز بەرگەنلىكتىن، ۋىلايەت بويىچە ئاشلىقتىن ئالدىنقى يىلدىكىگە قارىغاندا 25 مىليون كىلوگرام كەم ھوسۇل ئېلىندى. ئاراتۇرۇك ھەربىي ئات فېرمىسى ماشىنا بىلەن تېرىغان ئارپىخاندىن ھوسۇل ئالالمىدى. نامداۋان چوڭ ئەترىتىنىڭ چارۋىلىرىنى تاغنىڭ جەنۇبىدىكى چۆللۈككە ئاپىرىپ بېقىشقا مەجبۇر بولدى. نېرىنكىر چارۋىچىلىق فېرمىسىدا ئوت- چۆپ كەمچىل بولغانلىقتىن 9000 تۇياق چارۋا ئۆلدى.

1975- يىلى

1- ئاينىڭ 30- كۈنى گوۋۇيۈەن پىچان ناھىيىسىنى يېگىدىن قۇرۇلغان تورپان ۋىلايىتىگە قوشۇۋەتتى.

3- ئاينىڭ 25- كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەننى ئەمەلدىن قالدۇردى؛ 5- ئاينىڭ 26- كۈنى بىڭتۇەن قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش باشقارمىسى قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1981- يىلى بىڭتۇەن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 2 - يىلى 4- ئاينىڭ 1- كۈنى قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى (مۇئاۋىن شى دەرىجىلىك) غا ئۆزگەرتىلىپ، يەنىلا شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى رەھبەرلىكىدە بولدى.

3- ئايدا ۋىلايەتلىك كەمبەغەل دېھقان - تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقان (چارۋىچى) لار جەمئىيىتىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى ئېچىلدى.

4- ئاينىڭ 10- كۈنىدىن 15- كۈنىگىچە قاتتىق جۇدۇن چىقىپ، ۋىلايەت بويىچە بەش كۈندە 10 مىڭ 246 تۇياق چارۋا توڭلاپ ئۆلدى.

7- ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى جاڭ شېگوڭ باركۆل ناھىيىسىگە كېلىپ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى كۆزدىن كەچۈردى.

12- ئاينىڭ 20- كۈنى سىغىمچانلىقى 20 مىليون كۇب مېتىر بولغان، 8 مىليون 890 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان تۆرۈك سۇ ئامبىرى ياساش قۇرۇلۇشى باشلاندى، بۇ قۇرۇلۇش 1980- يىلى پۈتۈپ، سۇ قاچىلاندى.

شۇ يىلى ۋىلايەتنىڭ شەھەر- يېزىلىرىدا پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەن تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇش باشلاندى، كېيىن ھەر يىلى خىزمەت ئۆمەكلىرى شەھەر- يېزىلارغا ئەۋەتىلدى. بۇ ئىش 1979- يىلغىچە داۋاملاشتى.

قۇمۇل ناھىيىسى پالۋانتۇر گوڭشې خۇاڭگوڭ چوڭ ئەترىتىنىڭ 5- ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە تېرىقچىلىق تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش سىناق قىلىنىپ، ئاسمىلاپ تېرىش يولغا قويۇلۇپ، بىر يىلدا ئۈچ قېتىم تېرىلىپ، ئۈچ قېتىم ھوسۇل ئېلىنىپ، بىرلىك مەھسۇلاتى 866 كىلوگرامغا يەتكۈزۈلۈپ، رېكورت يارىتىلدى.

ئاپتونوم رايون باركۆل ناھىيىسىنى شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي بازىسى قىلدى.

ۋىلايەت پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇشقا باشلىدى.

1976- يىلى

باركۆل ناھىيىسىنىڭ سۇ سىغىمچانلىقى 15 مىليون كۇب مېتىر، سۇغىرىش ئىقتىدارى 32 مىڭ مو بولغان 2- سۇ ئامبىرىنى ياساش قۇرۇلۇشى باشلىنىپ، 1984- يىلى پۈتتى.

1- ئاينىڭ 8- كۈنى گوۋۇيۈەنىنىڭ زۇڭلىسى جۇئېنلەي ۋاپات بولدى، ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت ئاممىسى قايغۇلۇق تەزىيە بىلدۈردى.

4- ئاينىڭ 10- كۈنىدىن 12- كۈنىگىچە قۇمۇل شەھىرى تاشۋېلىق رايونىدا قاتتىق سوغۇق بولغانلىقتىن، 18 مىڭ تۇل، ئۇچ چارۋىچى توڭلاپ ئۆلدى.

5- ئايدىن 7- ئايغىچە ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، ۋىلايەتلىك پىلان كومىتېتى، پەن- تېخنىكا كومىتېتى زىيالىيلارنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ ستاتىستىكا قىلىش خىزمىتىنى تاماملىدى.

7- ئاينىڭ 23- كۈنى ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى قۇرۇلدى.

5- ئايدا ۋىلايەت مالىيەدىن مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ، «تۆت دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك پەن- تېخنىكا تەجرىبە تورى» قۇرۇلۇشىنى قوللىدى. ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر)، گۇڭشې (يېزا)، كەنت (ئەترەتلەردە) لەردە مۇكەممەل بولغان يېزا ئىگىلىك پەن- تېخنىكا كېڭەيتىش تورى شەكىللەندى.

5- ئايدا قۇمۇل ۋىلايەتلىك تۇزچىلىق مەيدانى، بىناكارلىق- قۇراشتۇرۇش شىركىتى، قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش باشقارمىسى قىزىلبۇلتۇز تۇزچىلىق زاۋۇتى، قىزىلبۇلتۇز خىمىيە- سانائەت زاۋۇتىنىڭ شور زاۋۇتى قاتارلىق تۆت ئورۇن ئاساسىدا بىرلەشتۈرۈلۈپ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك يەتتە قۇدۇق تۇزچىلىق باش مەيدانى قۇرۇلدى، 1983- يىل 10- ئايدا قۇمۇل تۇزچىلىق باش زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلىپ، ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇن قىلىندى.

6- ئاينىڭ 8- كۈنى باركۆل ناھىيىسى تۈنجى قېتىم 37 كالىبىرلىق زەنىت توپ ئېتىپ، يامغۇر ياغدۇرۇش مەشغۇلاتىنى يولغا قويدى.

8- ئاينىڭ 15- كۈنىدىن 20- كۈنىگىچە، ۋىلايەتلىك پەن- تېخنىكا كومىتېتى، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق ئىدارىسى، يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسى بىرلىكتە رىياسەتچىلىك قىلىپ، قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە تۈنجى قېتىملىق مېۋە- چېۋە سۆھبەت يىغىنى ئاچتى.

8- ئايدا ئۈرۈمچى ھەربىي قىسمىنىڭ سىياسىي كومىسسارى گو لىنشاڭ، مۇئاۋىن قوماندانى جېڭ سەنشىڭ باركۆل ناھىيىسىگە كېلىپ، چېگرا مۇداپىئە ۋە خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى.

9- ئاينىڭ 9- كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ماۋ زېدۇڭ ۋاپات بولدى، ۋىلايەت بويىچە شەھەر- يېزىلاردىكى ئامما قايغۇلۇق تەزىيە بىلدۈردى.

10- ئايدا ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ تارمار قىلىنغانلىقىغا قىزغىن تەنتەنە قىلدى.

شۇ يىلى ۋىلايەت بويىچە تەبىئىي بايلىقلارى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلدى. ۋىلايەت بويىچە 200 نەچچە ئاساسىي قاتلام كادىرى داجەيگە بېرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

شۇ يىلى تەگرىتاغدىن كەلكۈن كېلىپ، قۇمۇلدىن باركۆلگىچە بولغان يولدىكى كۆۋرۈكلەرنى بۇزۇۋەتكەنلىكتىن، قاتناش بىر ئايدىن ئارتۇق ئۈزۈلۈپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن ئاپتوموبىللار دىگاۋگو، يەتتە قۇدۇق ئارقىلىق ئايلىنىپ قاتنىدى.

1977- يىلى

1- ئاينىڭ 6- كۈنى گوۋۇيۈەن كۆلىمى 58 كۋادرات كىلومېتىرلىق قۇمۇل شەھىرىنى قۇرۇشنى تەستىقلىدى.

سابىق بىگتۈەن قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىغا قاراشلىق قىزىلبۇلتۇز 4- دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە 2- چارۋىچىلىق فېرمىسى قۇمۇل ناھىيىسىگە ئايرىپ بېرىلدى.

4- ئايدا ۋىلايەت پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش، تەكشۈرۈش ۋە «ئىككىگە زەربە بېرىش» ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى.

6- ئاينىڭ 13- كۈنى ۋىلايەت باركۆل ناھىيىلىك چېكەتكە يوقىتىش پونكىتى سىچۈەن ئۆلكىلىك يېزا ئىگىلىك

پەنلەر ئاكادېمىيىسى دېھقانچىلىق دورىلىرى تەتقىقات پونكىتى بىلەن بىرلىشىپ باركۆل يايلىقىدا ئېلىپ بارغان ئايروپىلان بىلەن چېكەتكە يوقىتىش سىنىقى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. بىر ئاي ۋاقىتتا 340 مىڭ مو يەردىكى چېكەتكىنىڭ ئالدى ئېلىندى ۋە يوقىتىلدى، چېكەتكىنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى 90% تىن يۇقىرى بولدى.

6 ـ ئاينىڭ 14- كۈنى، لەنجۇ- شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ ئۈردەكلىك ئەتراپىدا قاتتىق يامغۇر ۋە مۆلدۈر ياغقانلىقتىن، كەلكۈن تۆمۈر يول ئۇلىنىڭ كۆپ يېرىنى ئېقىتىپ كېتىپ، قاتناش 48 سائەت ئۈزۈلۈپ قالدى.

7- ئاينىڭ 26- كۈنىدىن 31- كۈنىگىچە ۋىلايەتلىك پارتكوم، شۆبە ھەربىي رايون پارتكومى باركۆل ناھىيىسىدە خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتى بويىچە نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى.

8- ئاينىڭ 9- كۈنى ئاپتونوم رايون باركۆلدە بروتسېللىيوز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى.

10- ئاينىڭ 8- كۈنى كەچتە باركۆل ناھىيىسى كۆيىۋ گۇڭشېسىنىڭ ئەزاسى جۇ دىڭسەي خامانغا ئوت قويۇپ، 200 مىڭ كىلوگرام بۇغدايىنى كۆيدۈرۈۋەتتى. 77 مىڭ 900 يۈەن زىيان بولدى. 1978- يىل 3- ئاينىڭ 30- كۈنى جۇدىڭسەيگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ، ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش ھۆكۈم قىلىندى.

11- ئاينىڭ 23- كۈنى قۇمۇل شەھىرىدە ۋىلايەتلىك پەن- تېخنىكا يىغىنى ئېچىلدى.

شۇ يىلى ۋىلايەت تۇنجى قېتىملىق مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلار ۋەكىللىرى يىغىنى ئاچتى، يىغىندا 278 مۇنەۋۋەر مائارىپ خىزمەتچىسىگە شەرەپ گۇۋاھنامىسى، مۇكاپات سومىسى ۋە تەقدىرنامە تارقىتىپ بېرىلدى.

سانائەتنى تەرتىپكە سېلىش باشلىنىپ، كارخانىلارنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى گۇرۇپپىلارغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت باشقۇرۇش شەكلى يولغا قويۇلدى.

## 1978- يىلى

3- ئاينىڭ 18- كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى لى جيايۇ پەن- تېخنىكا خىزمىتىنى قوللىغان ئىنقىلابىي رەھبىرىي كادىر سالاھىيىتى بىلەن مەملىكەتلىك پەن- تېخنىكا يىغىنىغا تەكلىپ بىلەن قاتناشتى.

4- ئاينىڭ 18- كۈنى قۇمۇل ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش ئىنستىتۇتى قۇرۇلۇپ، قۇمۇل دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى بىلەن بىرلىشىپ ئىش بېجىردى. 1984- يىلى مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، نامى قۇمۇل ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىنستىتۇتى قىلىپ بېكىتىلدى. بۇ شەرقىي شىنجاڭ رايونىدىكى بىردىنبىر ئىككى يىللىق تۈزۈمدىكى چوڭلار ئالىي تېخنىكومى.

6- ئاينىڭ 10- كۈنى قۇمۇل ۋىلايىتىدە ئايروپىلان بىلەن دورا چېچىپ، 6 سائەت يامغۇر ياغدۇرۇش مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىلدى.

8- ئاينىڭ 8- كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى تۆمۈر داۋامەت باركۆلگە كېلىپ، ھەر قايسى گۇڭشې (مەيدان) لارنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

10- ئايدا ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات خىزمەت يىغىنى ئېچىپ، ئەمەلىيەت ھەقىقەتنى ئۆلچەشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى، دېگەن مۇھاكىمىنى قانات يايدۇردى.

10- ئاينىڭ 10- كۈنى ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى پۈتتى.

10- ئاينىڭ 10- كۈنىدىن 16- كۈنىگىچە ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت تۇنجى نۆۋەتلىك ئىنقىلابىي قۇربانلار ۋە ھەربىيلەر ئائىلە- تاۋابىئاتلىرى، ھەربىي سەپتىن قايتقان، ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان ھەربىيلەر ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىپ، تۆت ئىلغار كوللېكتىپنى، 43 ئىلغار شەخسنى تەقدىرلىدى.

10- ئايدا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدىكى «زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىش» (زەھەرخەندىلىك

بىلەن ماۋجۇشىغا ھۇجۇم قىلغان) ۋە «ئۇچ خىللار» (ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن، ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىنىدىغانلار، مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلگەن) نىڭ دېلولىرىنى قايتا تەكشۈرۈش باشلىنىپ، 1980- يىل 10- ئايدا ئاياغلاشتى.

12- ئايدا ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى ج ك پ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

شۇ يىلى ۋىلايەت بويىچە تۇنجى ناھىيە- يېزا يولى ـــ شەھەر ئىچىدىن بوغازغىچە بولغان قۇم- شېغىل يېيىتىلغان تاشيول پۈتۈپ ماشىنا قاتنىدى.

قارادۆۋە گۈگۈشىيىدىن 3200 يىللىق قۇرۇق جەسەت قېزىۋېلىندى، ئۇ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەرنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىدى.

ۋىلايەت بويىچە 700 دىن ئارتۇق كادىر سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىگە قاتناشتى. 8647 دېلو قايتا تەكشۈرۈلدى ۋە ئۇنىڭدىن يەكۈن چىقىرىلدى.

1979- يىلى

3- ئايدا ۋىلايەت بويىچە 1130 نەپەر تۆت خىل ئۇنسۇرنىڭ قالپىقى ئېلىپ تاشلاندى.

4- ئايدىن 5- ئايغىچە پەۋقۇلئاددە قاتتىق سوغۇق ئېقىم 20 ~ 30 سائەتكىچە داۋاملاشقانلىقتىن، ۋىلايەت بويىچە 100 مىڭدىن ئارتۇق چارۋا، 13 ئادەم ئۆلدى. 140 تىن ئارتۇق ئادەم ۋە بۇ يەرلەرى ئۈششۈپ قالدى. سىبىرىيىنىڭ سوغۇق ئېقىمى شىنجاڭغا كىرىپ، قۇمۇلدا قاتتىق جۇدۇن پەيدا قىلدى. قۇمۇل تۆمۈر يول 3- باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئۇچ ئوقۇغۇچىسى مەكتەپتىن ئۆيىگە قايتىشىدا يولدىن ئېزىپ قېلىپ، شەھەر ئەتراپىدا توڭلاپ ئۆلدى.

6- ئايدا ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات خىزمەت يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا 125 ۋەكىل قاتنىشىپ، مەركەز نەزەرىيە مەۋھۇم يىغىنىنىڭ روھىنى ۋە ج ك پ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئاخباراتىنى ئۆگەندى.

7- ئاينىڭ 1- كۈنى قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىگە رەسمىي ئۆزگەرتىلدى.

7- ئايدا قۇمۇل ۋىلايىتىگە قاراشلىق بەش دېھقانچىلىق مەيدانى (راكېتا دېھقانچىلىق مەيدانى، ساقا دېھقانچىلىق مەيدانى، قىزىلتاغ دېھقانچىلىق مەيدانى، دۆربەجىن دېھقانچىلىق مەيدانى، نوم دېھقانچىلىق مەيدانى)، يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش سىستېمىسىغا قارايدىغان بولدى ھەمدە يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسى ئەمەلىي گەۋدىگە ئۆزگەرتىلىپ، مۇستەقىل ھېساباتنى يولغا قويۇپ، ھەر قايسى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، چارۋىچىلىق فېرمىلىرىغا ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىك قىلدى.

7 ـ ئاينىڭ 16 ~ 17 ـ كۈنلىرى لەنجۇ- شىنجاڭ تۆمۈر يول قۇمۇل باشقۇرۇش رايونى دائىرىسىدە ئۇدا بىر نەچچە كۈن قاتتىق يامغۇر يېغىپ، كەلكۈن يول لىنىيىسىنىڭ توققۇز يېرىنى بۇزۇۋەتتى، قاتناش 16 سائەت ئۈزۈلۈپ قالدى.

7- ئايدا قۇمۇل ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىنى رېمونتلاش- كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى باشلىنىپ، 1983- يىلى پۈتتى.

10- ئايدا، قۇمۇل ناھىيىسى شەھەر ئىچى گۈگۈشىي ئوردا قوۋۇق چوڭ ئەترىتىدىن 10 ياش لەنجۇ- شىنجاڭ تاشيولىنىڭ لياۋ دۈن ئۆچاستىكىسىدا ئىشلەۋاتقاندا، ئېھتىياتسىزلىقتىن پارتلاش يۈز بېرىپ، بەختكە قارشى قازا قىلدى.

سۇمۇشتاندا شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭيۈەن 4- يىلىغا تەۋە (مىلادى 92- يىلى) رىن شاڭ ئابىدىسى

بايقالدى.

«قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچىسى نەشردىن چىقتى.

ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ بوغاز، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ نوم، باركۆل ناھىيىسىنىڭ ئۈچكۆل توغراقلىق رايونىدا، ئۈچ توغراق باشقۇرۇش، ئاسراش پونكىتى قۇرۇشنى قارار قىلدى.

ۋىلايەتلىك پارتكوم ج ك پ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشقا قاراتتى.

1980- يىلى

1- ئاينىڭ 10- كۈنىدىن 15- كۈنىگىچە ۋىلايەت 1979- يىللىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق سېپىدىكى ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى، ئىلغار كوللېكتىپ ۋەكىللىرى يىغىنى ئاچتى، يىغىندا 14 ئۆلكىگە قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى، 22 ئورۇنغا قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا ئىلغار كوللېكتىپ دېگەن نام بېرىلدى.

3- ئاينىڭ 15- كۈنى ۋىلايەتلىك تېخنىكا ئۇنۋانىنى باھالاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. ۋىلايەتتىكى تېخنىك خادىملارغا تېخنىكا ئۇنۋانى بېرىش، باھالاش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى.

4- ئاينىڭ 28- كۈنى مەركىزىي ئاخبارات. ھۆججەتلىك فىلىم ئىشلەش ستۇدىيىسىدىن كەلگەن تۆت كىشى يەتتە قۇدۇق ھاۋا رايى پونكىتىغا بېرىپ، مەخسۇس تېمىدىكى ھۆججەتلىك فىلىمنى سۈرەتكە ئالدى.

7- ئايدا جۇڭگو. ياپونىيە «يىپەك يولى» تېلېۋىزىيە فىلىمى بىرلەشمە سۈرەتكە ئېلىش گۇرۇپپىسى باركۆل ناھىيىسىگە كەلدى.

قۇمۇل شەھىرىدە تۇنجى يەككە تىجارەتچى ئۈچ چاقلىق ۋېلىسىپىت بىلەن يولۇچى، يۈك توشۇش تىجارىتىنى باشلىدى.

7- ئاينىڭ 10- كۈنى ۋىلايەتلىك پەن. تېخنىكا كومىتېتى تۇنجى قېتىم «ياش. ئۆسمۈرلەر پەن. تېخنىكا ئېيى پائالىيىتى» نى ئۆتكۈزدى. بۇ پائالىيەت پىلانىر ماھارىتى كۆرسىتىش ۋە پەن. تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش كىنو ھەپتىلىكىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈندى.

8- ئايدا شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات پونكىتى قۇمۇل ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى قۇمۇل قارادۆۋەدە شاگىخەي ئىلىم پەن كىنو ستۇدىيىسى بىلەن بىرلىشىپ، «قۇمۇلدىكى قەدىمىي جەسەت» ناملىق تېلېۋىزىيە فىلىمىنى سۈرەتكە ئالدى.

10- ئايدا چارۋىچىلىق رايونىدىكى «ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش» ۋاقتىدا جازا ھۆكۈم قىلىنغان ئالتۇنبەك (قۇمۇل مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن ۋالىيسى) ۋە قۇسمان (باركۆل ناھىيىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن ھاكىمى) باشچىلىقىدىكى تۆت ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭچى گۇرۇھ دېلوسى قايتا تەكشۈرۈلدى. 1982- يىلى قايتا تەكشۈرۈش ئاياغلاشقاندا، خاتا دېلو دەپ قارىلىپ، ھەممىسى ئاقلاندى.

10- ئاينىڭ 8- كۈنى باركۆل ناھىيىسى كۆيسۇ (كىندىك تۆپە) گۇڭشېسى كۆمۈر كېنىدا كۆمۈر تويىسى گازى پارتلاپ كېتىپ، قۇدۇق ئاستىدا 17 ئادەم ئۆلدى.

11- ئاينىڭ 24- كۈنىدىن 30- كۈنىگىچە ۋىلايەتلىك يېزا خىزمەت يىغىنىدا ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىگە دائىر تەجرىبىلەر يەكۈنلەندى ۋە كېڭەيتىلدى.

شۇ يىلى ۋىلايەت ئالدى بىلەن قۇمۇل ناھىيىسىدە خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى بىۋاسىتە سايلاشنى نۇقتىدا سىناق قىلدى. 1981- يىل 8- ئايدا باركۆل، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرى نۇقتىدا سىناق قىلىش ئاساسىدا بىۋاسىتە سايلام ئېلىپ باردى.

1981- يىلى

2- ئاينىڭ 6- كۈنى باركۆل ناھىيىلىك خەلق قوراللىق ساقچى ئوتتۇرا ئەترىتى خوجىلىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋاڭ ئەيگو ۋە تۆت نەپەر يېڭى جەڭچى كىنودىن قايتىپ كېلىۋاتقاندا، بىر توپ لۈكچەكلەر ئۆكتەملىك قىلىپ چاتاق چىقاردى. ۋاڭ ئەيگو سەپداشلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش يولىدا ئېغىر يارىلىنىپ، قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي قۇربان بولدى. 1983- يىل 9- ئايدا جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسىم باش شتابى يولداش ۋاڭ ئەيگونى ئىنقىلابىي قۇربان، دەپ تەستىقلىدى.

2- ئاينىڭ 12- كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە تەزكىرە تۈزۈشنى قارار قىلدى.

3- ئايدا ۋىلايەت سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئېچىپ، 66 مەدەنىي ئورۇننى، 31 ئىلغار كوللېكتىپنى، 99 ئىلغار شەخسنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە 28 ئىلغار كوللېكتىپنى، 97 ئىلغار شەخسنى تەقدىرلىدى.

4- ئاينىڭ 18- كۈنى قۇمۇل تېلېۋىزىيە تارقىتىش ئىستانسىسى پۈتۈپ، 9 — DS قانالنى ئىشلىتىپ، سىناق تەرىقىسىدە كۆرسىتىشنى باشلىدى.

5- ئايدا ۋىلايەتلىك تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەن كەسپىي تېخنىك كادىرلىرىنىڭ ئۇنۋانىنى باھالاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، تېخنىك ئۇنۋانىنى باھالاش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى.

8- ئاينىڭ 18- كۈنىدىن 23- كۈنىگىچە قۇمۇل ۋىلايەتلىك تۇنجى قېتىملىق قوغۇن باھالاش يىغىنى ئېچىلدى.

9- ئاينىڭ 15- كۈنى مەملىكەتلىك تۆۋەتلىك تۆگە نەسلىنى ياخشىلاش يىغىنى باركۆلدە ئېچىلدى.

شۇ كۈنى قۇمۇل ناھىيىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ تۇنجى تۇركۈمدىكى «ئۈچ شىمالىي رايون» ئىھاتە ئورمان سىستېمىسى قۇرۇلۇشىدىكى 14 نۇقتىلىق ناھىيىنىڭ بىرى قىلىپ بېكىتىلدى.

11- ئاينىڭ 10- كۈنى ۋىلايەتلىك ئورمان تەۋەلىك ھوقۇقىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، ئورمانچىلىقتا «ئۈچنى بېكىتىش» (ئورمان تەۋەلىك ھوقۇقىنى بېكىتىش، قالدۇرۇق ئورمان يېرىنى بېكىتىش ۋە ئورمانچىلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى بېكىتىش) خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى.

11- ئاينىڭ 27- كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم «رەھبەرلىك ئىستىلىنى ياخشىلاش توغرىسىدا سەككىز تۈرلۈك قارار» چىقاردى.

12- ئاينىڭ 23- كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى باركۆل ناھىيىسىگە «ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۆلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش بويىچە ئىلغار ناھىيە» دېگەن نامنى بەردى. 2 - يىلى 3- ئاينىڭ 26- كۈنى ئاپتونوم رايون باركۆل ناھىيىسىدە، لەۋھە تەقدىم قىلىش يىغىنى ئاچتى.

شۇ يىلى ئۈچ ناھىيە، بىر شەھەرنىڭ 2- قېتىملىق تۇپراقنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتى ئاياغلىشىپ، بېزا ئىگىلىكىنى رايونلارغا ئايرىش خىزمىتى باشلىنىپ، كېيىنكى يىلى ئاخىرلاشتى. بۇ ھەقتە ئۇنىۋېرسال دوكلات ۋە مەخسۇس دوكلاتلار يېزىپ چىقىلدى.

1982- يىلى

1- ئاينىڭ 1- كۈنى دۆلەت مەبلەغ سېلىپ ياسىغان قۇمۇل 761 ئوتتۇرا دولقۇنلۇق رادىئو ئۆزېلى ئاڭلىتىشنى باشلىدى.

1- ئايدا باركۆل ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ جۇڭمىن بېيجىڭغا بېرىپ، ئازادلىق ئارمىيە باش سىياسىي بۆلۈمى ئاچقان «ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈش، ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۆلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش» نى دوكلات قىلىش يىغىنىغا قاتناشتى. باش سىياسىي بۆ باركۆل ناھىيىسىگە «مىللەتلەر

بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى، ئارمىيە، خەلق بىر ئائىلە كىشىلىرى» دېگەن خەتلەر يېزىلغان لەۋھە تەقدىم قىلدى.

2-ئاينىڭ 6-كۈنى باركۆل ناھىيىسى كۆيسۇ گۇڭشېسىنىڭ نەنۇەن چوڭ ئەترىتىدە بۇندىن 3000 يىل ئىلگىرىكى قەدىمىي قەبرىستانلىق بايقالدى.

2-ئاينىڭ 19-كۈنى قۇمۇل ۋىلايەتلىك كۆكەرتىش كومىتېتى قۇرۇلدى.

3-ئاينىڭ 1-كۈنى قىتمىلىق مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى پائالىيىتى باشلاندى، قۇمۇل شەھىرىدە ئون مىڭلىغان ئادەم كوچىلارغا چىقىپ پاسكىنىچىلىق، قالايمىقانچىلىق، ناچار بولۇش ھالەتلىرىنى ئۆگشىدى.

3-ئاينىڭ 26-كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل ئەھمەد قۇمۇلغا كېلىپ، خىزمەتلەرنى تەكشۈردى.

4-ئاينىڭ 5-كۈنى قۇمۇل تارانچى كۆمۈر كانى ئۈستى ئوچۇق كۆمۈرلۈكىگە ئۆزلۈكىدىن ئوت كېتىپ، 677 مىڭ يۈەن زىيان بولدى.

شۇ ئايدا قۇمۇل ۋىلايەتلىك ج ك پ تارىخ ماتېرىياللىرىنى يىغىش، توپلاش كومىتېتى قۇرۇلدى.

7-ئاينىڭ 12-كۈنى ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدىكى 6 ياشلىق ساۋلىشىنىڭ «ئېشەكلىك بازارغا بېرىش» ناملىق رەسىمى غەربىي شىمال بەش ئۆلكە-رايون باللار رەسىملىرى بىرلەشمە كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇرۇلۇپ، 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

شۇ ئايدا جۇڭگو ئاخبارات ئاگېنتلىقى بىلەن شياگگاڭ بىرلىشىپ ئىشلىمەكچى بولغان باركۆل توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر مەزمۇن قىلىنغان «چۆل-باياۋان» ناملىق فىلىم باركۆلدە سۈرەتكە ئېلىنىپ، 8-ئاينىڭ ئاخىرى ئاياغلاشتى.

8-ئاينىڭ 8-كۈنىدىن 9-كۈنىگىچە قۇمۇل ناھىيىسى تاشۆيلىقىنىڭ ئەينەكبۇلاق (جىگىېرچۈەن) تا دۆلەتلىك 1-دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋاندىن ئۈچ قۇلاننى ئۆلتۈرۈش ۋەقەسى يۈز بەردى.

10-ئاينىڭ 13-كۈنىدىن 16-كۈنىگىچە ۋىلايەت مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، 55 ئىلغار كوللېكتىپ، 126 ئىلغار شەخسنى تەقدىرلىدى.

11-ئاينىڭ 16-كۈنىدىن 19-كۈنىگىچە مەمۇرىي مەھكىمە شۆبە ھەربىي رايون ئارمىيىسىنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈش بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەر قۇرۇلتىيى ئېچىپ، ئارمىيە ۋە يەرلىكتىن بولۇپ 95 ئىلغار كوللېكتىپ، 193 ئىلغار شەخسنى تەقدىرلىدى.

12-ئاينىڭ 1-كۈنى تۆمۈر يول مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، قۇمۇل ئىش باشقارمىسى رەسمىي ھالدا قۇمۇل تۆمۈر يول شۆبە ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

12-ئايدا قۇمۇل تېلېۋىزىيە ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسىنىڭ ئېگىزلىكى 82 مېتىرلىق ئانتېننا مۇنارىسى پۈتۈپ، قاپلىنىش رادىئۇسى 80 كىلومېتىردىن 100 كىلومېتىرغىچە كېڭەيدى. تارانچى، يەتتە قۇدۇق، يامانسۇدا تېلېۋىزىيە ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىلىرى قۇرۇلدى.

شۇ يىلى شىنجاڭ رادىئو-تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى قۇمۇل شۆبە مەكتىپى قۇرۇلدى، ۋىلايەت تەۋەسىدىكى ئوقۇغۇچىلىرى 900 دىن ئاشتى.

ۋىلايەت بويىچە نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 12.82‰ كە، خەنزۇلار نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 9.8‰ كە تۆۋەنلىدى.

ئاپتونوم رايون قۇمۇل ۋىلايىتىنى ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ برۇتسېللىيوز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش بويىچە ئۆلچەمگە يەتكەن ۋىلايەت دەپ ئېلان قىلدى.

1983- يىلى

3- ئاينىڭ 2- كۈنىدىن 8- كۈنىگىچە ۋىلايەت قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنى ئېچىپ، ھەر قايسى سەپلەردىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلىدى.

4- ئايدا قۇمۇل ناھىيىسى تاشۇيلىق كۈكشىبى چېگشى چوڭ ئەترىتىدىكى 98% دېھقان ئائىلىسىنىڭ تېلېۋىزورى بار بولۇپ، «قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى تۇنجى تېلېۋىزور كەنتى» دەپ ئاتالدى.

4- ئاينىڭ 24- كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 1- شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ قۇمۇلغا كېلىپ، پولات- تۆمۈر زاۋۇتىنى كۆزدىن كەچۈردى.

5- ئايدا ۋىلايەت 1- قېتىملىق «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتى» نى قانات يايدۇردى.

5- ئايدا ۋىلايەت «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش»، «كىشىلەرگە ئۈلگە بولۇش»، ئۆسمۈرلەر ئىچىدىكى «قوش ئىلغارلار»، «ئۆچتە ياخشى ئوقۇغۇچى» لارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى.

6- ئايدا ئاپتونوم رايون ۋىلايەتلىك پارتكوم رەھبەرلىك بەنزىسىنى تەڭشەپ، بەنزە ئەزالىرى ئىچىدە ياش كادىرلار، زىيالىيلارنى كۆپەيتتى، پارتىيە، ھۆكۈمەت خىزمەتلىرىنىڭ كىرەلشىپ قېلىش ھادىسىلىرىنى ئازايتىش ئۈچۈن دائىمىي ھەيئەت تەسىس قىلىندى.

8- ئايدا ۋىلايەت بويىچە ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش كۈرىشى قانات يايدۇرۇلدى، 1987- يىل 1- ئايدا ئاخىرلاشتى.

9- ئاينىڭ 9- كۈنى گوۋۇيۈەن قۇمۇل ناھىيىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، مەمۇرىي رايوننى قۇمۇل شەھىرىگە قوشۇۋېتىشنى قارار قىلدى.

12- ئايدا ۋىلايەتتىكى 14 ئاساسىي قاتلام تەمىنات- سودا كوپېراتىپى تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولدى، باركۆل ناھىيىسىدە ناھىيىلىك بىرلەشمە تەمىنات- سودا كوپېراتىپى قۇرۇلدى.

قۇمۇل ۋىلايەتلىك مۇھىت ئاسراش ئىشخانىسى ئادەم كۈچى تەشكىللەپ، «قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1982- يىللىق مۇھىت سۈپىتىنى مەلۇم قىلىش دوكلاتى» نى تۈزۈپ چىقىپ، قۇمۇل شەھىرىنى چوڭ ئاتموسفېرا مۇھىتى ئېغىر بۇلغانغان رايون، شەرقىي، غەربىي ئۆستەڭ سۇلىرى ئوخشىمىغان دەرىجىدە بۇلغانغان، غەربىي ئۆستەڭ سانائەت كېرەكسىز سۈيىنىڭ بۇلغىشىغا ئېغىر دەرىجىدە ئۇچرىغان، دەپ قارىدى.

قۇمۇل شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى «چۈچۈكبۇيا بايلىق مەنبەلىرىنى قوغداش، شەخسلەرنىڭ چۈچۈكبۇيا كولىشىنى ۋە چۈچۈكبۇيا ھايانكەشلىكىنى قاتتىق چەكلەش توغرىسىدا جىددىي ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى.

1984- يىلى

1- ئاينىڭ 1- كۈنى قۇمۇل تېلېۋىزىيە ئۇلاپ سىن تارقىتىش ئىستانسىسىنىڭ DS—3 قانالدا كۆرسىتىشى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ، ئۇيغۇرچە پروگراممىلارنى مەخسۇس كۆرسەتتى، بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرچە تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى كۆرسىتىش قېتىم سانى كۆپەيدى.

1- ئاينىڭ 4- كۈنى ۋىلايەت ئاپپارات ئىسلاھاتى لايىھىسىنى ئېلان قىلىپ، بەزى ئاپپاراتلارنى ئەمەلدىن قالدۇردى، بىر تۈركۈم كادىرلار ئۆستۈرۈلدى، ۋەزىپىگە تەيىنلەندى ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى.

5- ئايدا ۋىلايەت زىيالىيلارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، 100 دىن ئارتۇق زىيالىينى تەقدىرلىدى. قۇمۇل ناھىيىسى قۇمۇل شەھىرىگە رەسمىي قوشۇۋېتىلدى.

5- ئايدىن 11- ئايغىچە ۋىلايەت بويىچە ھاكىمىيەت بىلەن گۇڭشېنى ئايرىۋېتىش يولغا قويۇلۇپ، يېزا دەرىجىلىك ھاكىمىيەت قۇرۇلۇپ، ئەسلىدىكى 22 گۇڭشې، تۆت چارۋىچىلىق فېرما ۋە ئىككى بازار ئاساسىدا 35 يېزىلىق ھۆكۈمەت،

ئىككى بازارلىق ھۆكۈمەت ۋە ئۈچ رايونلۇق مەھكىمە يېڭىدىن قۇرۇلدى.

8- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن 3- كۈنىگىچە باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى تەنتەنىلىك تەبرىكلەندى. مۇسا باشلىقلىقىدىكى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى باركۆلگە كېلىپ تەبرىكلىدى.

9- ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق نازارىتى ئاچقان شىنجاڭ بويىچە تونجى قېتىملىق چىلان سورتىنى كىرگۈزۈش، ئۆستۈرۈش، پەرۋىش قىلىشنى خۇلاسىلەش يىغىنىدا، قۇمۇل چىلىنى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆستۈرۈلىدىغان ۋە كېڭەيتىلىدىغان تۆت سورتنىڭ بىرى قىلىپ تاللاندى.

7- ئايدا ئاراتۇرۇك ھەربىي ئاتچىلىق فېرمىسى يېڭى نەسىللىك ئاراتۇرۇك ئېتىنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى.

7 – ئاينىڭ 3 – كۈنى جۇڭگو قۇياش ئېنېرگىيىسى ئىلمىي جەمئىيىتى تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكى لى ۋېنزى، ۋاڭ جىنتاڭ قاتارلىق مۇتەخەسسىس، ئالىملاردىن تەركىب تاپقان يەتتە كىشى تەكلىپ بىلەن قۇمۇلغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ ۋە قۇياش ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىش ئەسلىھەلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، قۇمۇلنىڭ قۇياش ئېنېرگىيە بايلىق مەنبەلىرىدىن پايدىلىنىش ھەققىدىكى ئىلمىي دوكلاتىنى يېزىپ چىقتى.

8- ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 1- شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ قۇمۇلغا كېلىپ، خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

شۇ يىلى ئەسلىدىكى خەلق كۆڭۈلئېچىش ئىگىدارلىقىدىكى چارۋىلارنىڭ ھەممىسى باھاغا سۇندۇرۇلۇپ ئائىلىلەرگە سېتىپ بېرىلدى.

ۋىلايەتلىك پارتكومدا مەنىۋى بۇلغىنىشنى تازىلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

1985- يىلى

5- ئاينىڭ 12- كۈنى قۇمۇل شەھىرى شەھەر ئەتراپى يېزىسىنىڭ يەككە ترانسپورت كەسپىي ئائىلىسى فاڭ يۈگۈي تۆت چاقلىق تراكتورنى ھەيدەپ قىزىليۇلتۇز دوختۇرخانىسىنىڭ شىمالىدىكى تۆمۈر يول بىلەن تاشيول كېسىشكەن ئاچا يولدا پويىزغا سوقۇلۇپ كېتىپ، بەش ئادەم ئۆلدى.

7- ئاينىڭ 5- كۈنى ۋىلايەتلىك پەن- تېخنىكا كومىتېتى، پەن- تېخنىكا جەمئىيىتى مۇناسىۋەتلىك پەن- تېخنىكا تارماقلىرى، ئىلمىي جەمئىيەت بولۇپ جەمئىي 83 ئورۇننى تەشكىللەپ، پالۋانتۇردا تونجى قېتىملىق يېزىلاردا پەن- تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش بازىرىنى ئېچىپ، مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتى قىلىپ، 6400 ئادەم (قېتىم) مەسلىھەت بەردى.

7- ئايدا باركۆل ناھىيىسى يايلاقتا توخۇ ئارقىلىق چېكەتكە يوقىتىپ، جەمئىي 9900 توخۇنى يايلاققا قويۇپ بېرىپ، 100 مىڭ مو يايلاقتىكى چېكەتكىنىڭ ئالدىنى ئالدى ۋە يوقاتتى.

8- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن 2- كۈنىگىچە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى خۇ ياۋباڭ قۇمۇلغا كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈرگەندە: «قۇمۇلنى شىنجاڭنىڭ قۇمۇل قوغۇنى بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك» دەپ كۆرسەتتى.

8- ئاينىڭ 10- كۈنىدىن 16- كۈنىگىچە قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە قۇمۇلنى ئېچىش مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى. ۋىلايەت رەھبەرلىرى ئىچكى ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن 90 دىن ئارتۇق مۇتەخەسسىس، ئالىم، پروفېسسور ۋە ۋىلايىتىمىزدىكى پەن- تېخنىكا ساھەسىنىڭ 125 ۋەكىلى بىلەن بىرلىكتە قۇمۇلنى ئېچىشنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانىنى مۇھاكىمە قىلدى.

9- ئاينىڭ 1- كۈنى ۋىلايەت تونجى قېتىملىق ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىنى تەنتەنىلىك ئۆتكۈزدى.

9- ئاينىڭ 9- كۈنى ۋىلايەتلىك پەن- تېخنىكا كومىتېتى بېيجىڭدا قۇمۇل قوغۇنىنى تېتىپ كۆرۈش ۋە

مۇخبىرلارنى كۈتتۈۋېلىش يىغىنى ئاچتى.

9- ئاينىڭ 13- كۈنى چوڭ ئالدامچى جىنايەتچى ماشىڭگۈي، ما شۇلەننى قۇمۇل شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى مەجبۇرىي يىغىۋېلىپ تەكشۈردى. 1985- يىلىدىن بۇيان، بۇ ئىككى جىنايەتچى شاڭخەي، گۇاڭجۇ، ۋۇخەن، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، بەش تارماق ۋە ئورۇننىڭ 695 مىڭ 200 يۈەن پۇلىنى ئالداپ ئېلىۋالدى.

9- ئاينىڭ 28- كۈنى قۇمۇل خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قۇمۇل تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى پۈتتى.

10- ئايدا باركۆل ناھىيىلىك يېزىلىك سانائەت ياساش- رېمونت قىلىش زاۋۇتى سىغىمچانلىقى تۆت تونىلىق، بەش تونىلىق كۆڭگۈرتلۈك ئىشقارنى پارغا ئايلاندۇرۇش قازىنىنى ئىشلەپ چىقتى.

12- ئاينىڭ 26- كۈنى ۋىلايەتلىك پەن- تېخنىكا خىزمەت يىغىنى ئېچىلىپ، 1980- يىلىدىن بۇيانقى 29 تۈرلۈك پەن- تېخنىكا نەتىجىسى تەقدىرلەندى.

12- ئاينىڭ 28- كۈنى ج ك پ قۇمۇل ۋىلايەتلىك كومىتېتى «پەن- تېخنىكا خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

12- ئاينىڭ 23- كۈنىدىن 25- كۈنىگىچە ۋىلايەت 120 كىشى قاتناشقان نامراتلارغا يار- يۆلەك بولۇش خىزمىتى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى، يىغىندا 14 ئىلغار كوللېكتىپ، 34 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى.

1986- يىلى

1- ئاينىڭ 3- كۈنىدىن 10- كۈنىگىچە ۋىلايەتتە ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى ۋە ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشقان «رەھبەرلىك ئىلمى» ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلدى.

2- ئاينىڭ 6- كۈنى ۋىلايەتلىك سۈنئىي ھەمراھ يەر يۈزى قوبۇل قىلىش تېلېۋىزىيە پونكىتى قۇرۇلۇشى پۈتۈپ، پروگرامما كۆرسىتىشنى باشلىدى. شۇ يىلى يەنە ئاراتۈرۈك ناھىيىسى، باركۆل ناھىيىسى، سەنتاڭخۇ (ئۈچكۆل) يېزىسى، يەتتەقۇدۇق تۆزچىلىق باش زاۋۇتىنىڭ تېلېۋىزىيە ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسىنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتتى، ۋىلايەتتە تېلېۋىزىيە بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى ۋىلايەتتىكى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 70% دىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلدى.

2- ئايدا قۇمۇل شەھىرىنىڭ يىلىغا 5000 تونىنا پىۋا ئىشلەپچىقىرىدىغان پىۋا زاۋۇتى سىناق تەرىقىسىدە مەھسۇلات ئىشلەپچىقاردى. 7- ئايدا شىنجاڭ بويىچە ھاراق باھالاش يىغىنىدا قۇمۇل پىۋىسى 2- بولۇپ باھالاندى.

3- ئاينىڭ 8- كۈنىدىن 10- كۈنىگىچە ۋىلايەت تۇنجى قېتىملىق يېزىلاردا پەن- تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، 12 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە 45 ئىلغار شەخسنى تەقدىرلىدى.

3- ئاينىڭ 30- كۈنى قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىقتىساد- تېخنىكا مەسلىھەتچىلەر كومىتېتى قۇرۇلدى.

3- ئاينىڭ 10- كۈنىدىن 20- كۈنىگىچە قۇمۇل ۋىلايەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى تۇنجى قېتىملىق ئاز سانلىق مىللەتلەر پىلانلىق تۇغۇت مەخسۇس كادىرلىرى ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، بىرىنچى دەرىجىلىك مەخسۇس ئازسانلىق مىللەتلەر پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى كادىرلىرىنى تەربىيىلىدى.

3- ئاينىڭ 28- كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم «پارتىيە ئىستىلىنى تېزدىن ياخشىلاش توغرىسىدىكى قارار» چىقاردى.

4- ئاينىڭ 14- كۈنىدىن 18- كۈنىگىچە ۋىلايەت مالىيە خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، ۋىلايەتتە «باجنى تولۇق ئېلىش، كىرىم- چىقىمنى بېكىتىش، دەرىجىگە ئايرىپ ھۆددىگە بېرىش» دىن ئىبارەت خام چوت تۈزۈلمىسىنى بەلگىلىدى.

4- ئاينىڭ 19- كۈنى ۋىلايەتلىك مەركىزىي باللار باغچىسىنىڭ قورۇلۇشى پۈتۈپ، ئىشلىتىلىشكە كىرىشتۈرۈلدى.

4- ئاينىڭ 19- كۈنى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىقتىساد- تېخنىكا ئۇچۇرلىرى خىزمەت يىغىنى ئېچىلىپ، ۋىلايەتلىك ئىقتىساد- تېخنىكا، ئاخبارات- ئۇچۇر جەمئىيىتى قۇرۇلدى. جەمئىيەت «قۇمۇل ئىقتىساد- تېخنىكا ئۇچۇرى» ژۇرنىلىنى چىقاردى.

قورۇلۇش كۆلىمى 2674 كۋادرات مېتىر، 1200 كىشىلىك ئورۇندۇقلۇق، بىر مىليون 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ۋىلايەتلىك ئىشچىلار مەدەنىيەت سارىيىنىڭ قورۇلۇشى پۈتتى.

5- ئاينىڭ 19 - 20- كۈنلىرى، قۇمۇل شەھىرىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا تارىختا ئاز كۆرۈلگەن قاتتىق بوران چىقتى. شەھەر رايونىدا ئوتتۇرىچە شامال كۈچى 8 ~ 9 بال، شامال تېزلىكى سېكونتىغا 28 مېتىر، ئەڭ چوڭ شامال تېزلىكى سېكونتىغا 33 مېتىر بولۇپ، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە بولغان قىسقا ۋاقىت ئىچىدە شامال كۈچى 12 بالدىن ئاشتى. قاتتىق بوران مەزگىلىدە ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولماي قالدى، قاتتىق بوران تۈپەيلىدىن، ئوت ئاپىتى كۆپ قېتىم يۈز بەردى. ساقا دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى بىر ئائىلىلەر ئولتۇراق رايونىغا ئوت كەتكەنلىكتىن، 300 ئېغىز ئۆي كۆيۈپ، ئىككى ئادەم ئۆلۈپ، 12 ئادەم يارىلاندى. بۇ قېتىمقى قاتتىق بوراندا كېلىپ چىققان ئىقتىسادىي زىيان 6 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 19- كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم 20 خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان يېزىلارغا بېرىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقتىن ھال سوراپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ياردەملەشتى. قاتتىق بوران ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ۋىلايەت، شەھەردىن 10 مىڭدىن ئارتۇق ئارمىيە، خەلق تەشكىللىنىپ، بۇلاق، ئېرىق- ئۆستەڭلەرنى تازىلاش، قۇرغاقچىلىققا قارشى تۇرۇش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشتىن ئىبارەت «چوڭ بىرلەشمە جەڭ» قىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قۇمۇلغا بىر مىليون 50 مىڭ يۈەن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش پۇلى بەردى.

20- كۈنى قۇمۇل شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىگە يوللاپ تەستىقلىتىش ئارقىلىق، 34 يىل بولغان «ئەكسىلئىنقىلابىي دېلو» نى تۈزىتىپ، لو شۆۋېننى گۇناھسىز، دەپ ئېلان قىلدى.

6- ئاينىڭ 9- كۈنى مەمۇرىي مەھكىمە ۋىلايەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ «ئاقما نوپۇسلار پىلانلىق تۇغۇتنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىشكە دائىر ۋاقىتلىق بەلگىلىمە توغرىسىدا دوكلات» تارقاتتى.

6- ئاينىڭ 18- كۈنىدىن 22- كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خۇاڭ باۋجاڭ قاتارلىق سەككىز كىشى قۇمۇل ۋىلايىتىگە كېلىپ، نەق مەيداندا ئىش بېجىرىپ، قۇمۇل شەھەرلىك يېڭى زاۋۇتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەنلىك مۇناسىۋىتى بىلەن لېنتا كەستى.

6- ئاينىڭ 22- كۈنى قۇمۇل ۋىلايىتى يەرلىك مەھسۇلاتلار يەن- تېخنىكا نەتىجىلىرى يەرمەنكىسى ئۆتكۈزدى. گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ خېشىدىكى تۆت ۋىلايەت، شەھەر ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قېرىنداش ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ 20 نەچچە كۆرگەزمە ئۈمىكىمۇ كۆرگەزمە قىلىپ سېتىشقا قاتناشتى. قۇمۇلدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىدىن 150 مىڭ ئادەم (قېتىم) ئېكسكۇرسىيە قىلدى ۋە نەرسە- كېرەك سېتىۋالدى.

6- ئاينىڭ ئاخىرىدىن 1987- يىلنىڭ بېشىغىچە، ۋىلايەت ھەر مىللەت كادىرلىرىنى ماركسىزم- لېنىنىزم نەزەرىيىسى بىلەن مۇنتىزىم تەربىيىلەشنى قانات يايدۇرۇشنى تەشكىللىدى. ۋىلايەت بويىچە 150 ئورۇننىڭ 6000 دىن ئارتۇق كادىرى ئۆگىنىشكە قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە 3000 كادىر ئىمتىھانغا قاتناشتى، بۇ ئىمتىھانغا قاتنىشىشقا تېگىشلىك ئادەم سانىنىڭ 43% نى تەشكىل قىلىپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 99.8% بولدى.

7- ئاينىڭ 1- كۈنى توختاپ قالغىنىغا 12 يىل بولغان «قۇمۇل گېزىتى» سىناق تەرىقىسىدە قايتا نەشردىن چىقتى.

شۇ ئايدا ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ كېسەلخانا بىناسى پۈتتى.

8- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن 7- كۈنىگىچە قۇمۇل شەھەرلىك قىزلار پۇتبول كوماندىسى ئاپتونوم رايونلۇق 4- نۆۋەتلىك تەنتەربىيە يىغىنىدا چېمپىيون بولدى.

8- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ تۇركۆل چارۋىچىلىق فېرمىسىدا قۇياش ئېنېرگىيە ئېلېكترلىك، كۆلىمى 12 مىڭ مو بولغان قورشاۋ ئوتلاق بەرپا قىلىندى.

8- ئاينىڭ 25- كۈنى ياپونىيە سۇ ئىنشائاتى مۇتەخەسسىسلىرىدىن ئۈچ كىشى قۇمۇلغا كېلىپ، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ كارىز سۈيى بىلەن سۇغىرىش تېخنىكىسىنى تەكشۈردى.

9- ئاينىڭ 5 - ، 6 - كۈنلىرى، جۇڭگو بالىلار تەرەققىيات مەركىزىنىڭ مەسلىھەتچىسى لىن جيامېي باشچىلىقىدىكى يەتتە كىشىدىن تەركىب تاپقان تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ئەزاسى خەلچەم ئىسلامنىڭ ھەمراھلىقىدا، ئاراتۇرۇك ناھىيىسى تۇركۆل چارۋىچىلىق فېرمىسى دوختۇرخانىسى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەركىزىي بالىلار باغچىسى ۋە قۇمۇل شەھەرلىك ئانا- بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتىنى كۆزدىن كەچۈردى.

9- ئاينىڭ 8 -، 9 - كۈنلىرى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى سۈي يۆلى قاتارلىق بەش كىشى قۇمۇلغا كېلىپ، قۇمۇل شەھىرىنىڭ بۇلۇڭتوغراق يېزىلىق دوختۇرخانىسى، ۋىلايەتلىك جۇڭگو تېبابىتى دوختۇرخانىسى، قۇمۇل تېببىي مەكتەپ، ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسى، ۋىلايەتلىك ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش پونكىتى ۋە ۋىلايەتلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىنى كۆزدىن كەچۈردى.

9- ئاينىڭ 15- كۈنى قۇمۇل شەھىرى شەھەر ئىچى باشلانغۇچ مەكتەپ مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئاچتى. بۇ مەكتەپ 1936- يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، 50 يىلدىن بۇيان ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە 5200 ئوقۇغۇچى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ بەردى.

9- ئايدا مۇچىن ئۇلار تېغىنىڭ جەنۇبىي يانباغرىدا ئايروپىلان بىلەن 26 مىڭ 500 مو يەرگە ياۋا ئارپا ئۇتى تېرىلدى.

9- ئاينىڭ 12- كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى ئومۇمىي پىلانى» نى تەستىقلىدى.

10- ئاينىڭ 1- كۈنى 830 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، ئومۇمىي كۆلىمى 12 گېكتار كېلىدىغان قۇمۇل شەھەرلىك خەلق باغچىسى ئۈچ يىلدا پۈتۈپ، ئېچىۋېتىلدى.

10- ئاينىڭ 20- كۈنى مەمۇرىي مەھكىمە «توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىشنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى بىر قانچە ئېتىبار بېرىش چارىسى» نى تۈزۈپ چىقتى.

10- ئاينىڭ 21- كۈنىدىن 23- كۈنىگىچە مەمۇرىي مەھكىمە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى.

10- ئاينىڭ 28- كۈنى قۇمۇل مەمۇرىي مەھكىمە، قۇمۇل شەھەرلىك ھۆكۈمەت شىنجاڭ رەڭلىك مېتال شىركىتى بىلەن قۇمۇل ئالتۇن كانىنى ھەمكارلىشىپ قۇرۇش، ئېچىش كېلىشىمىنى ئىمزالىدى.

10- ئاينىڭ 29- كۈنىدىن 31- كۈنىگىچە مەمۇرىي مەھكىمە شەھەر ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى خىزمەت يىغىنى ئاچتى.

11- ئاينىڭ 2- كۈنىدىن 8- كۈنىگىچە ۋىلايەتلىك پەن- تېخنىكا جەمئىيىتى تۇنجى قېتىملىق «پەن- تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات ھەپتىلىكى» پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.

11- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قۇمۇل ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسى تىزگىنەكلىك ئاپتوماتىك كۆپ ئىقتىدارلىق 25 — 30 تېپلىق 800 مىللىمېتىرلىق چوڭ تېپلىق رېنتگېن ئاپپاراتىنى كىرگۈزۈپ، ئىشلىتىشكە باشلىدى.

11- ئاينىڭ 22- كۈنى قۇمۇل ئورمان رايونى «ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش، پائال تۈچۈرۈش» دىن ئىبارەت ئورمانلارنى قوغداش، ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنى ئورمانلارنى قوغداش، ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە سەپەرۋەر قىلدى.

12- ئاينىڭ 2- كۈنى گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقىغا بىنائەن، قۇمۇل شەھىرى يېڭى ئېچىۋېتىلگەن شەھەر قىلىندى.

12- ئاينىڭ 15- كۈنى قۇمۇل شەھىرىدىكى ئالتە ئۇيغۇر يېزا ئايالى تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماتېماتىكا كەسپىنى پۈتكۈزگەنلىك گۇۋاھنامىسى ئالدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئايشەم ئابلىزنىڭ يېشى ئەڭ چوڭ بولۇپ، 38 ياش.

12- ئاينىڭ 18- كۈنى قۇمۇل شەھىرى شىنجاڭدىكى 16 شەھەرنىڭ «ئۈچىنچى ئەلا، بىردىن ئۆگىنىش» بويىچە مەدەنىي شەھەر بەرپا قىلىش مۇسابىقە پائالىيىتىدە، شىخەنزە شەھىرى بىلەن تەڭ قاتاردا 1- بولدى.

12- ئاينىڭ 25- كۈنىدىن 27- كۈنىگىچە ۋىلايەتنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى قۇمۇل شەھىرىدە ئېچىلدى.

12- ئاينىڭ 28- كۈنى قۇمۇل 2- ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 1- قارارلىق قۇرۇلۇشىنىڭ 12 مىڭ كىلوۋاتلىق گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى قۇراشتۇرۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

شۇ يىلى ۋىلايەتنىڭ سودا- سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى مال باھاسىغا بولغان نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، مال باھا ئىنتىزامىغا خىلاپ بولغان جەمئىي 191 دېلونى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، چوڭ دېلو ئۈچ بولۇپ، 147 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي جازا بېرىلدى.

ۋىلايەت بويىچە ئىش كۈتۈپ تۇرغان 2207 ياش ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

قۇمۇل شەھىرى كۆلىمى 10 مىڭ مو ئۈزۈم بازىسىنى قۇردى. بۇ شەھەر بويىچە ئىلگىرى بەرپا قىلىنغان ئۈزۈم ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ تۆت ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ.

باركۆل ناھىيىسى يېزا ئىگىلىك تېخنىكا كېڭەيتىش پونكىتىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن مولھوسۇللۇق چېرىندى ئوغۇتىنى ئىشلىتىپ، يازغى بۇغداينىڭ قۇرغاق ئىسسىق شامالنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشنىڭ ئالدىنى ئېلىش تېخنىكىسىنى داخې (قاراسۇ) يېزىسى گەنچۈي كەنتى 4- گۇرۇپپىسىنىڭ تۈپرىقى قۇملۇق بولغان 690 مو بۇغداي ئېتىزىدا سىناق قىلىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ، بۇغداينىڭ ئوتتۇرىچە مو بېشى مەھسۇلاتى 46.7 كىلوگرام ئاشتى.

ۋىلايەت تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايوننىڭ تۈرلۈك مۇسابىقىلىرىگە قاتنىشىپ، جەمئىي 30 ئالتۇن مېدال، 26 كۈمۈش مېدال، 19 مىس مېدال ئالدى. تېز مۇز تېيىلىش كوماندىسى ئۇدا بەش قېتىم چېمپىيون بولدى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ تېز مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسىنىڭ 29 ئالتۇن مېدالىنىڭ ھەممىسىنى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرى ئالدى.

قۇمۇل تاشيولىدا 3 يولىرى چاستوتىلىق تېلېفون ئىشلىتىلدى، بۇ، ۋىلايەت بويىچە تۇنجى ئىشلىتىلگەن سىمسىز تېلېفون بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

1987- يىلى

1- ئاينىڭ 14- كۈنى ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىلەن تەنتەربىيە كومىتېتى بىرلىكتە ۋىلايەت، شەھەردىن 10 مىڭ ئىشچى- خىزمەتچى قاتناشقان ئۆزۈنغا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى.

شۇ ئايدا قۇمۇل شەھىرى «مەملىكەتلىك مىليون كىشىلىك ئىشچى- خىزمەتچىلەر ئۆزۈنغا يۈگۈرۈش پائالىيىتىدە ئىلغار شەھەر»، ۋىلايەتلىك پوچتا- تېلېگراف ئىدارىسى، قۇمۇل شەھەرلىك 5- ئوتتۇرا مەكتەپ « مەملىكەتلىك ئۆزۈنغا يۈگۈرۈش پائالىيىتىدە ئىلغار ئاساسىي قاتلام ئورۇن» بولۇپ باھالاندى.

1- ئاينىڭ 19- كۈنىدىن 23- كۈنىگىچە ئالتايدا ئۆتكۈزۈلگەن شىنجاڭ بويىچە ئۆسمۈرلەر تېز مۇز تېيىلىش

مۇسابىقىسىدە باركۆل ناھىيىسىنىڭ تېز مۇز تېيىلىش 2- كوماندىسى 27.2 نىڭ ئومۇمىي نەتىجە بىلەن كوللېكتىپ چېمپىيون بولدى. جېن جەنشىن، ۋاڭ شياۋجۈن ئەرلەرنىڭ 1000 مېتىرلىق تېز مۇز تېيىلىش، 3000 مېتىرلىق ۋە ئومۇمىي ماھارەت كۆرسىتىش تۈرىدە ئاپتونوم رايوننىڭ رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى.

2- ئاينىڭ 3- كۈنى قۇمۇل ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمىتى ئالاقە باشقارمىسى قۇرۇلدى.

3- ئاينىڭ 10- كۈنىدىن 14- كۈنىگىچە ۋىلايەتلىك پارتكوم ئەزالار كېڭەيتىلگەن يىغىنى ئېچىلىپ، «قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 7- بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى پىلانىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى» ماقۇللاندى.

4- ئاينىڭ 4- كۈنىدىن 6- كۈنىگىچە ۋىلايەتلىك پارتكوم تارىخ- تەزكىرە ئىشخانىسى، ۋىلايەتلىك خەلق ئىشلىرى باشقارمىسى ۋە ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى قۇمۇل ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىدا «ئازاتلىقنىڭ 40 كۈنلۈك قوغداش جېڭى توغرىسىدىكى رەسىم، ماتېرىياللار كۆرگەزمىسى» ئاچتى. بىرنەچچە مىڭ ئىشچى- خىزمەتچى، ئوقۇغۇچى، ئازادلىق ئارمىيە ئوفىتسىر- جەڭچىلىرى كۆرگەزمىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

4- ئاينىڭ بېشىدا جۇڭگو- ئامېرىكا يىلپىز بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى باركۆل ناھىيىسى تەۋەسىدىكى كۆككىر، نەنەن تاغلىرى ۋە ئارالتۆرۈك ناھىيىسى تەۋەسىدىكى قارلىق تاغدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

سەھىيە مىنىستىرلىكى باركۆل ناھىيىسىنى ب د ت باللار فوندى جەمئىيىتى شىنجاڭدا ياردەم بېرىپ قۇرغان «ئانا- باللار ساقلىقىنى ساقلاش، تەربىيىلەش مەركىزى ھەمكارلىق تۈرى» نىڭ تەربىيىلەش بازىسىنىڭ بىرى قاتارىغا كىرگۈزدى.

4- ئاينىڭ 30- كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە كارخانىلارنىڭ ئىچكى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش مەركەز قىلىنغان «ھۆددىگەرلىكنى تۇتۇپ، ھايانىي كۈچىنى ئاشۇرۇش، تەڭشەشنى تۇتۇپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتۇپ، ئىقتىدارنى ئاشۇرۇش، قالدۇرۇپ قويغاننى تەكشۈرۈش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش، ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇش، يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىش» ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ ئىقتىساد قىلىش، كىرىمنى ئاشۇرۇپ چىقىمنى تېجەشكە دائىر يولغا قويۇش پىلان، تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقتى.

ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى «1- ماي» خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئېچىپ، «1- ماي» ئەمگەك مېدالى، شىنجاڭنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈش مېدالى (تەقدىرنامە) غا ئېرىشكەن كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرگە مېدال، تەقدىرنامە ۋە شەرەپ گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بەردى.

5- ئاينىڭ 20- كۈنى باركۆل ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ساناەت ئىنستىتۇتىنىڭ خىمىيە ساناەت فاكۇلتېتى بىلەن «تېخنىكا ھەمكارلىق كېلىشىمنامىسى» ئىمزالاپ، باركۆل كۆلىنىڭ شورىنى سۇسىزلاندۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

5- ئاينىڭ 21- كۈنىدىن 27- كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ قۇمۇلغا كېلىپ خىزمەتلەرنى بىر ھەپتە كۆزدىن كەچۈردى.

6- ئاينىڭ 12- كۈنى ۋىلايەت تۇنجى قېتىملىق ئۇنىۋان ئىسلاھاتى خىزمەت يىغىنى ئېچىپ، ئۇنىۋان ئىسلاھاتى خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇردى.

4- ئاينىڭ 14- كۈنىدىن 25- كۈنىگىچە قۇمۇلدىكى دېھقان رەسساملار سىزغان رەسىم بېيجىڭدىكى جۇڭگو گۈزەل- سەنئەت كۆرگەزمىخانىسىدا كۆرگەزمىگە قويۇلدى.

6- ئاينىڭ ئاخىرىدا ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر) دىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن زىچ ماسلىشىپ، 30 يىلدىن بۇيانقى ناھەق، خاتا، يالغان دېلولارنى قايتا تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئورۇنداپ

بولدى.

7- ئاينىڭ 11- كۈنىدىن 16- كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قېيدىرباي باشچىلىقىدىكى ھال سوراش ئۆمىكى قۇمۇلغا كېلىپ، قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىملاردىن ھال سورىدى ھەمدە قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيىسى مەلۇم قىسىم ئۇچقۇچىلار ئىنىستىتۇتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى ۋە 20 يىل بىخەتەر ئۇچقانلىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىغا قاتناشتى.

7- ئاينىڭ 25- كۈنى قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم تارىخ- تەزكىرە ئىشخانىسى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان قۇمۇل بوستانلىقى» ناملىق كىتاب ئاشكارا تارقىتىلدى.

شۇ كۈنى ۋىلايەت ئىگىلىك باشقۇرۇش ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى تۇنجى تۈركۈمدە يولغا قويۇشنى نۇقتىدا سىناق قىلغۇچى — ۋىلايەتلىك دورا ياساش زاۋۇتى، باسما زاۋۇتى، ئۇن زاۋۇتى ۋە شېكەر، تاماكا، ھاراق شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن توختامنامە ئىمزالاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

7- ئاينىڭ 25- كۈنىدىن 8- ئاينىڭ 3- كۈنىگىچە جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى قاتارلىقلار بىلەن قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچى، تەرجىمانلار، قەلەمكەشلەر يىغىنى قۇمۇلدا تەنتەنىلىك ئېچىلدى. مەملىكەتنىڭ 16 ئۆلكە، رايوندىن كەلگەن 20 دىن ئارتۇق ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچى، شائىر، تەرجىمانلاردىن جەمئىي 74 كىشى قاتناشتى.

7- ئاينىڭ 28- كۈنىدىن 8- ئاينىڭ 1- كۈنىگىچە لەنجۇ- شىنجاڭ تۆمۈر يولىنى كەلكۈن بۇزۇۋېتىپ، ترانسپورت ئۈزۈلۈپ قېلىپ، قۇمۇلدا 10 مىڭلىغان يولۇچى تورۇپ قالدى. ۋىلايەت ۋە قۇمۇل شەھىرىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى پويىز ئىستانسىسىغا بېرىپ، تورۇپ قالغان يولۇچىلاردىن ھال سورىدى. ھەر مىللەت ئارمىيە ۋە خەلق 39℃ ئىسسىققا قارىماي، يولۇچىلار ئۈچۈن 60 مىڭ ئادەم (قېتىم) مۇلازىمەت قىلىپ، 6500 يۈەندىن كۆپرەك پۇل ئىئانە قىلىپ، يولۇچىلارنىڭ ھاياتى، مال- مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. قۇمۇل خەلقىنىڭ خالىس ياردەم قىلىش روھىدىن يولۇچىلار چوڭقۇر تەسىرلەندى. بۇنى كىشىلەر «قۇمۇل روھى» دەپ ئاتىدى.

7- ئاينىڭ 29- كۈنى ئاراتۇرۇك قوغداش جېڭىگە ئاساسلىق قوماندانلىق قىلغۇچى خۇ چىڭشەن (ھازىر شۈجۈ شەھىرىنىڭ دەم ئېلىشقا چىققان كادىرى) ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ تەكلىپ قىلىشى بىلەن قۇمۇلغا كېلىپ، «ئاراتۇرۇك قوغداش جېڭى» ناملىق كىتابنىڭ ئورگىنالىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتىگە قاتناشتى.

شۇ ئايدا ئاپتونوم رايوننىڭ «7- بەش يىللىق» پىلانىدا نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرى قىلىنغان سىغىمچانلىقى 224 مىڭ كىلوۋاتلىق ۋىلايەتلىك 2- ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 2- نومۇرلۇق گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى توك تارقاتتى.

8- ئاينىڭ 7- كۈنىدىن 15- كۈنىگىچە قۇمۇل ئىشتىن سىرتقى قىزلار پۇتبول كوماندىسى ئاپتونوم رايونلۇق قىزلار پۇتبول مۇسابىقىسىدە چېمپىيون بولدى.

8- ئاينىڭ 17- كۈنى ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائەت زاۋۇتىنىڭ قاراۋۇلى مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلىقتىن، 2100 كۇب مېتىر كېرەكسىز سېلىترا سۈيى ئېقىپ كېتىش چوڭ ۋەقەسى يۈز بېرىپ، قۇمۇل شەھەر رايونىدىكى بىر قىسىم تېرىلغۇ يەرنى ئېغىر دەرىجىدە بۇلغىدى ۋە ئىقتىسادىي زىيان كەلتۈرۈپ چىقاردى.

8- ئاينىڭ 18- كۈنى قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى چيەن يۇڭچاڭ قاتارلىق كىشىلەر قۇمۇلغا كېلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ تاشيول قۇرۇلۇشىدىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرى بولغان شىڭشىڭشيادىن قۇمۇل شەھىرىگىچە بولغان تاشيولنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ، «7- بەش يىللىق» پىلان مەزگىلىدىكى لەنجۇ- شىنجاڭ تاشيولىنى ئۆزگەرتىپ ياساش پىلانىنى بېكىتتى. قاتناش مىنىستىرلىكى بۇ يولغا ئەسلىدە سالغان مەبلەغ ئاساسىدا يەنە 5 مىليون يۈەن مەبلەغ قوشتى.

8- ئاينىڭ 28- كۈنى ۋىلايەتلىك سودا- سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، باج، مال باھا، جامائەت

خەۋپسىزلىكى ئىدارىلىرى قاتارلىق تارماقلارنىڭ كادىرلىرى ۋىلايەتنىڭ 30 دىن ئارتۇق كارخانىسى ۋە سودا بازارلىرىدىكى بىرنەچچە مىڭ يەككە سودىگەر ۋە يايمىچىنى تەكشۈردى ۋە تەرتىپكە سالدى.

8- ئاينىڭ ئاخىرىدا ۋىلايەت ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىلەن بىرلىشىپ پەن- تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىپ، بەش ئاي ۋاقىت ئىشلەپ، 200 مىڭ مو يەردىكى بۇغدايدىن مول ھوسۇل ئېلىشنىڭ پەرۋىش قىلىش تېخنىكىسى، سورتنى ياخشىلاش، ئوغۇتلاش، ئۆسۈملۈك ئاسراش، خىمىيىلىك ئۇسۇلدا ئوت- چۆپ يوقىتىش، يوپۇرمىقىغا ئوغۇت بېرىش قاتارلىق پەن- تېخنىكا تەتقىقات تېمىسىنى ئورۇنداپ، بىرلىك مەھسۇلاتنى 257.2 كىلوگرامغا يەتكۈزۈپ، مەھسۇلاتنى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 17.2% ئاشۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

شۇ ئايدا قۇمۇل شەھەر رايونىدا تۇنجى يەككە تىجارەتچى تاكسى ترانسپورت تىجارىتىنى باشلىدى.

9- ئاينىڭ 5 -، 6 - كۈنلىرى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ دېيى قاتارلىق ئىككى كىشى شىنجاڭغا كېلىپ، مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى ئاياللار خىزمىتى يىغىنىغا قاتنىشىش سەپىرىدە قۇمۇلدىن ئۆتكەندە، قۇمۇل شەھىرىنىڭ قارادۆۋە يېزىسى، بارىكۆل ناھىيىسىنىڭ كۆلبويى يېزىسى ۋە ۋىلايەتلىك مەركىزىي بالىلار باغچىسى، شەخسلەر ئاچقان بالىلار يەسلىسىگە بېرىپ، ئاياللار خىزمىتى ئەھۋالىنى ئىگىلىدى.

9- ئاينىڭ 8- كۈنى چىڭخەي ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى يى كېشىڭ، مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى بيەن ياۋۋۇ باشچىلىقىدىكى 16 كىشىلىك چىڭخەي ئۆلكىلىك تەكشۈرۈش ئۆمىكى قۇمۇلغا كەلدى.

9- ئاينىڭ 16- كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پەن- تېخنىكا كومىتېتى، ئورمانچىلىق نازارىتى، ئورمانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ 10 نەچچە مۇتەخەسسىسى قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق پەن- تېخنىكا پونكىتىنىڭ «چىلان يۇمران شېخى قەلەمچىسىنى تىكىپ كۆچەت ئۆستۈرۈش تەجرىبىسى» نى باھالاپ بېكىتىپ، كۆچەتلەرنى كۆچۈرۈپ تىككەندە ئەي بولۇش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 95% كە يەتكەنلىكىنى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يەتكەن، دەپ بېكىتتى.

9- ئاينىڭ 23- كۈنى مۇشۇ ئەسىردە ئېلىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق قۇياشنىڭ ھالقىسمان تۇتۇلۇشى توغرىسىدىكى ماتېرىيالغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك پەن- تېخنىكا كومىتېتىنىڭ كونكرېت تەشكىللىشى، قېرىنداش ئۆلكە، رايونلاردىكى ئاسترونومىيە خىزمەتچىلىرىنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن بۇ قېتىمقى «قۇياشنىڭ ھالقىسمان تۇتۇلۇشى» نىڭ پۈتكۈل جەريانىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك كۆزىتىلدى، ئۆلچەندى ۋە سۈرەتكە ئېلىپ قىممەتلىك ماتېرىيالغا ئىگە بولۇندى. ئاپتونوم رايون بويىچە قۇياشنىڭ ھالقىسمان تۇتۇلۇشىنى كۆزىتىش ۋە ئۆلچەشنى باھالاپ سېلىشتۇرۇشتا قۇمۇل ۋىلايىتى ئىلغار ۋىلايەت بولۇپ باھالاندى.

10- ئاينىڭ 25- كۈنى ۋىلايەتلىك دورا زاۋۇتىنىڭ بېيجىڭ قوش كۆۋرۈك دورا زاۋۇتى بىلەن بىرلىكتە قۇراشتۇرغان توغرا يۆنىلىشلىك بىرلەشمە تىجارەتتىكى تابلېتكا دورا سېخى ئىشلەپچىقىرىشقا رەسمىي كىرىشتۈرۈلدى، ئىشلەپچىقىرىلغان توققۇز خىل تابلېتكا دورا ئاپتونوم رايوننىڭ تېبابەت دورا ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇردى.

10- ئاينىڭ 26- كۈنى ۋىلايەتلىك يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قۇرۇلۇشى پۈتۈپ، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەنلىك مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ فابرىكا ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى كەسپىنى ئۆزگەرتىش ئاساسىدا قۇرۇلدى. بۇ فابرىكىغا 20 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان بولۇپ، لايىھەدىكى يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 1120 ئۆرچۈققا يەتتى.

شۇ ئايدا دۆلەت پىلان كومىتېتى، پەن- تېخنىكا ئىدارىسى مەبلەغ سېلىپ قۇرغان ئاراتۇرۇك ناھىيىسى تۇركۆل چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ قۇياش ئېنېرگىيىسىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ، ئىشلىتىشكە

كىرگۈزۈلدى.

شۇ ئايدا ۋىلايەتنىڭ ئۈچقۇن يېزىلىق تۆرى بولغان نەسىللىك گۆش توخۇ فېرمىسى قۇرۇلۇپ، يىلىغا 180 مىڭ توخۇ (تۇخۇم) ئىشلەپچىقارادى.

10- ئاينىڭ 3- كۈنىدىن 5- كۈنىگىچە ئاپتونوم رايوندىكى 16 شەھەر بويىچە «ئۈچتە ئەلا، بىردىن تۈگىتىش» مۇسابىقىسى پائالىيىتىدە جەنۇبىي شىنجاڭ بۆلىكىنى تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكى 10 كىشى قۇمۇلغا كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى. قۇمۇل شەھىرى بىلەن ئاقسۇ شەھىرى جەنۇبىي شىنجاڭ بۆلىكى بويىچە 1- بولدى. ۋىلايەتلىك تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى، ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتى يولۇچىلار بېكىتى ۋە قۇمۇل شەھەرلىك باج ئىدارىسى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

10- ئاينىڭ 11- كۈنى گېرمانىيە فېدېراتىپ جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۇۋ ئۇۋلاش، ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش مۇتەخەسسىسى ئوسۋاردې ئەپەندى قۇمۇلغا كېلىپ، باركۆل، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىرىدە سەككىز كۈن ياۋايى ھايۋاناتلارنى تەكشۈردى.

10- ئاينىڭ 27- كۈنىدىن 1988- يىلى 1- ئاينىڭ 4- كۈنىگىچە ئاپتونوم رايوننىڭ «ئىككى ماتارىپ» نى تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىش ئۆمىكىنىڭ شەرقىي شىنجاڭ شۆبە ئۆمىكى تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىشىدا، قۇمۇل شەھىرى تولۇقسىز ماتارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ۋەزىپىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنداش گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى.

11- ئاينىڭ 15- كۈنى ۋىلايەتلىك پەن- تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزى تەجرىبە زاۋۇتى قۇرۇپ، تۇز خىمىيە سانائىتى سىستېمىسىدا يېڭى مەھسۇلات يارىتىش، تەتقىق قىلىشنى ئاساس قىلىپ، سىناق ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللاندى.

11- ئاينىڭ 30- كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم ئەزالار يىغىنىدا «1990- يىلىدىن ئىلگىرى قۇمۇلنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنە ۋىلايەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش توغرىسىدىكى قارار» ماقۇللاندى.

قۇمۇل شەھىرى شەرقىي، غەربىي چۆللۈكىنى ئېچىپ، تاغلىق رايوندىن 120 ئائىلىلىك دېھقان- چارۋىچىنى كۆچۈرۈپ كەلدى.

شۇ ئايدا ۋىلايەت ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ۋىلايەتتە 15 مىڭ 60 كەسپىي تېخنىك كادىرنىڭ شۇغۇللىنىۋاتقان كەسپى، يېشى، مەلۇماتى ۋە جايلىشىش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى.

شۇ ئايدا دۇنيا بانكىسى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىغا 30 مىليون 260 مىڭ يۈەن (خەلق پۇلى) ياردەم تۈسۈملۈك قەرز پۇلى بېرىپ، 10 مىڭ مولۇق ئۈزۈمزارلىق بەرپا قىلىشنى قوللىدى.

12- ئاينىڭ 14- كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە بىرلىكتە ۋىلايەتلىك ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئىشخانىسىنىڭ «ۋىلايەتنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشتا خەبەردار چاقىرىپ ھۆددىگە (ئىجارىگە) بېرىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق چارىسى» نى تارقاتتى.

12- ئاينىڭ 26- كۈنى ۋىلايەت يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خىزمەت يىغىنى ئېچىپ، يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتىدە ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن 55 تۈرنى تەقدىرلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە 6 تۈر ئاپتونوم رايوننىڭ 2- دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا، 9 تۈر ۋىلايەتنىڭ 2- دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ۋىلايەتلىك ئۇرۇقچىلىق باشقۇرۇش پونكىتى ئىشلەپچىقارغان شالغۇت تاۋۇز «خوگيۇ—2» ئاپتونوم رايوننىڭ باھالاپ سېلىشتۇرۇش، بېكىتىش يىغىنىدا 1- بولدى. گەنسۇ، شەنشى، ئىچكى موڭغۇل قاتارلىق ئۆلكىلەردە سېتىلدى.

قۇمۇل شەھىرى شەھەر ئەتراپى يېزىسى ۋىلايەت، شەھەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ

تاپشۇرۇۋېلىشى ئارقىلىق، ۋىلايەتنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۆلچىمىگە يەتتى. شۇنىڭ بىلەن ھازىرغىچە ۋىلايەت بويىچە بۆلۈڭتوغراق، بوغاز، يەتتە قۇدۇق ۋە شەھەر ئەتراپىدىن ئىبارەت تۆت يېزا نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

## 1988- يىلى

1- ئاينىڭ 5-، 6- كۈنلىرى ۋىلايەتلىك پارتكوم ئىقتىسادىي خىزمەت سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، پەن- تېخنىكىغا دائىر سىياسەتلەرنى يەنىمۇ جانلاندۇرۇش، قويۇۋېتىشنى، پەن- تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئاساسىي قاتلام يېزا- بازار كارخانىلىرىنى يېتەكلىشى ۋە كارخانىلارنى ھۆددىگە ئېلىشقا ئىلھام بېرىش ۋە قوللاشنى تەلەپ قىلدى.

1- ئاينىڭ 7- كۈنى ۋىلايەتلىك موزېي قۇرۇلدى.

2- ئايدا تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا ئۆزدا قېلىن قار يېغىپ، تۆۋەن تېمپېراتۇرا ئۇزاققىچە داۋاملىشىپ، قاتناش توسۇلۇپ قېلىپ، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ قاتنىشى ئۈزۈلۈپ قالغانلىقتىن، بىر مەزگىل يەم- خەشەك بىلەن تەمىنلەنمەي قېلىپ، 6 مىليون 100 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان كېلىپ چىقتى. ئاپەت يۈز بەرگەندىن كېيىن، ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيە رەھبەرلىرى مۇناسىۋەتلىك خادىملارنى باشلاپ چارۋىچىلىق رايونلىرىغا بېرىپ، ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى تەشكىللەپ ۋە قوماندانلىق قىلىپ، 476 توننا يەم- خەشەك ۋە ماددىي بۇيۇملارنى جىددىي يەتكۈزۈپ بەردى.

3- ئاينىڭ 4- كۈنى ۋىلايەتلىك كارخانىلار ئۇنۇۋان ئىسلاھاتى خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، كارخانىلاردا ئۇنۇۋان ئىسلاھاتى خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى.

3- ئاينىڭ 7- كۈنى ۋىلايەتلىك قان پونكىتى خىزمەتنى رەسمىي قانات يايدۇردى. ۋىلايەت رەھبەرلىرى باشلامچى بولۇپ قان پونكىتىغا بېرىپ ھەقسىز قان تەقدىم قىلدى.

3- ئاينىڭ 16- كۈنى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى قۇمۇل شەھىرى ئەچى يېزىسىغا «زامانىمىزدىكى جۇڭگو ئەل ئىچى رەسساملار يۇرتى» دېگەن نامنى بەردى.

4- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن 5- كۈنىگىچە قۇمۇل شەھەرلىك كۆكەرتىش كومىتېتى ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار ۋە شەھەردىكى ئورگانلار، كەسپىي، كارخانا ئورۇنلىرى، مەكتەپلەر، ھەربىي قىسىملاردىن 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى تەشكىللەپ، لەنجۇ- شىنجاڭ تاشيولىنىڭ پالۋانتۇردىن ساقىغىچە بولغان بۆلىكىنىڭ ئىككى ياقىسىغا خالىسانە كۆچەت تىكتى. كۆكەرتىلگەن تاشيول 7.5 كىلومېتىرغا، ئورمان بەلۋېغىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 15 كىلومېتىرغا، تىكىلگەن ھەر خىل كۆچەت 4 مىليون 650 مىڭ تۈپكە يەتتى.

4- ئاينىڭ 21-، 22- كۈنلىرى، ۋىلايەتلىك ۋە شەھەرلىك «بەش بولۇش، تۆتتە گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش» ئىشخانىسى بىرلىشىپ ج ك پ 13- قۇرۇلتىيى روھىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى.

4- ئاينىڭ 25- كۈنى ۋىلايەت بىلەن بىگتۇەن قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى بىرلىشىپ مەبلەغ سالغان، ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىنغان قىزىلبۇلتۇز 1- ئۆستەڭنى ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشى پۈتتى. بۇنىڭغا جەمئىي 3 مىليون 496 مىڭ 250 يۈەن مەبلەغ سېلىنغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت سالغان مەبلەغ 1 مىليون 805 مىڭ 700 يۈەن. بۇنىڭ بىلەن سۇغىرىش كۆلىمى ئەسلىدىكى 90 مىڭ مودىن 159 مىڭ موغا يەتتى.

شۇ ئايدا قاتتىق شۇرغانلىق سوغۇق ئېقىم كىرىپ، ۋىلايەت بويىچە 52 مىڭ تۇياق چارۋا ئۆلدى. ئومۇمىي زىيان 5 مىليون 100 مىڭ يۈەندىن ئاشتى.

5- ئاينىڭ 28- كۈنى قۇمۇل شەھىرى ئاقيەر 1- تەبىئىي كەنت ۋىلايەت بويىچە تۇنجى پەن- تېخنىكا كەنتى بولدى.

5- ئاينىڭ 29- كۈنى ۋىلايەت پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، 1987- يىلى رايون، يېزىلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى 13 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە 6 ئىلغار شەخسنى تەقدىرلىدى.

7- ئاينىڭ 1- كۈنى قۇمۇل رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇرچە ئىستانسىسى سىناق تەرىقىسىدە ئاڭلىتىش بېرىشكە باشلىدى.

7- ئاينىڭ 15- كۈنى ۋىلايەت ۋە قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەھەر قۇرۇلۇش تارماقلىرى ئىككى مىليون 863 مىڭ 230 يۈەن مەبلەغ سالغان، ئۇزۇنلۇقى 11 كىلومېتىر 165 مېتىرلىق پاسكىنا سۇنى چىقىرىۋېتىش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ، قۇمۇل شەھىرىنىڭ كونا شەھەر رايونىنىڭ پاسكىنا سۇنى چىقىرىۋېتىش مەسىلىسى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىندى.

7- ئاينىڭ 20- كۈنى ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت ۋە باركۆل ناھىيىسى بىرلىشىپ، 1 مىليون يۈەن مەبلەغ سالغان سەككىزسالا چارۋىچىلىق فېرمىسى ئايۇۋلى سايىدىكى «سۇ قېچىپ كېتىشنى توسۇش» تۇرۇبا يولى ۋە سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ سۇ باشلاپ كېلىندى. بۇنىڭ بىلەن ھەر يىلى 3 مىليون كۇب مېتىر سۇ سىڭىپ كېتىش ۋە ئېقىپ كېتىشنىڭ ئالدى ئېلىنىپ، 6 مىليون 500 مىڭ كۇب مېتىر سۇ ئۈنۈملۈك باشلاپ كېلىنىپ، پۈركۈتۈپ سۇغىرىش كۆلىمى 20 مىڭ موغا يەتتى.

7- ئاينىڭ 22- كۈنى قارادۆۋە يېزىسىدىكى دېھقان يەككە تىجارەتچى ئاقموللا ئاپتوبۇس بىلەن يولۇچى توشۇش تىجارىتىنى باشلىدى.

7- ئاينىڭ 25- ، 26- كۈنلىرى ئاپتونوم رايوننىڭ تېمىتىپ سۇغىرىش بويىچە نەق مەيداننى كۆزدىن كەچۈرۈش يىغىنى قۇمۇلدا ئېچىلدى.

7- ئايدا قۇمۇل شەھىرى ئىچى يېزىسىدىكى ئانارخاننىڭ «ئەتىيازلىق تېرىلغۇ» ناملىق ئەسىرى مەملىكەتلىك دېھقان رەسساملىرى مۇكاپاتلىق مۇسابىقىسىدە 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

شۇ ئايدا ۋىلايەت بويىچە شەھەر رايونىدىكى تېلېفونلارنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

شۇ ئايدا ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى بىرلىشىپ تەشكىللىگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قېزىش ئەترىتى قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانى، يامانسۇ كانىنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسىنىڭ قۇرۇلۇش مەيدانىدىكى قەبرىستانلىقتا قۇتقۇزۇش خاراكتېرلىك قېزىش ئېلىپ باردى. 1989- يىل 5- ئايغىچە جەمئىي 250 قەدىمىي قەبرە قۇتقۇزۇپ قېلىندى. 274 ساپال قورال، 1200 دىن ئارتۇق مىس قورال، 2000 دىن ئارتۇق باشقا نەرسە- كېرەكلەر قېزىۋېلىندى.

8- ئاينىڭ 1- كۈنى باركۆل ناھىيىسىنىڭ شىخبزلىياڭ (تاسىرقاي) بىلەن ناھىيىلىك كۆمۈر كان ئارىلىقىدىكى تاشيولنى ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشى پۈتتى، ئۆزگەرتىپ ياسالغاندىن كېيىن، ھەر يىلى 300 مىڭ توننا كۆمۈر ۋە كوكس توشۇلدى.

8- ئاينىڭ 13- كۈنىدىن 11- ئاينىڭ 6- كۈنىگىچە ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى تېلېۋىزىيىدە لېكسىيە سۆزلەش ۋە نۇقتىلىق تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق، ۋىلايەت بويىچە كادىرلارنى «ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى» دېگەن كىتابنى ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى.

8- ئاينىڭ 27- كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە «قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ پاك- دىيانەتلىك بولۇشىغا دائىر 10 تۈرلۈك بەلگىلىمە» نى چىقاردى.

8- ئاينىڭ 30- كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسى توغرىسىدا سۆھبەت يىغىنى ئاچتى.

شۇ ئايدا ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن، قۇمۇلدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قۇمۇل پويىز ئىستانسىسىدا تۇرۇپ قالغان 10 مىڭلىغان يولۇچىغا قىزغىن مۇلازىمەت قىلغانلىقىغا دائىر ئىش- ئىزلىرى تەپسىلىي

تونۇشتۇرۇلغان «يىل تېمىپ تۇرغان ئىيۇل ئېيى» ناملىق كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

شۇ ئايدا ئىلى ۋىلايىتىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئاپتونوم رايونلۇق تۇنجى نۆۋەتلىك ياش- ئۆسمۈرلەر تەنتەربىيە مۇسابىقىسىدە ۋىلايىتىمىز تەنھەرىكەتچىلىرىدىن قېيىڭ يۈگىلاڭ، گوبىن ۋە ئاقبەكلەر ئايرىم- ئايرىم ھالدا ئۆسمۈرلەر «ئا» گۇرۇپپىسى بويىچە 5000 مېتىرلىق يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ۋە ئۆسمۈرلەر «ئا» گۇرۇپپىسى بويىچە 3000 مېتىرلىق ئۈزۈندىن يۈگۈرۈشتە ئاپتونوم رايوننىڭ رېكورتىنى يېڭىلىدى.

9- ئايدا ۋىلايەتلىك پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ كۆلىمى 18 مىڭ147 كۇۋادرات مېتىرلىق زاۋۇت ئۆيى قۇرۇلۇشى باشلىنىپ، 1990- يىلى پۈتتى.

10- ئاينىڭ 26- كۈنىدىن 28- كۈنىگىچە ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ۋىلايەتلىك پارتكوم يېزا خىزمەت بۆلۈمى، ۋىلايەتلىك پەن- تېخنىكا كومىتېتى، يېزا- بازار كارخانىلىرى باشقارمىسى، دېھقانچىلىق- ئورمانچىلىق باشقارمىسى، چارۋىچىلىق باشقارمىسى بىلەن بىرلىكتە ۋىلايەتنىڭ دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاياللار قول ھۈنەر بۇيۇملىرى كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزدى.

11- ئاينىڭ 18- كۈنىدىن 20- كۈنىگىچە مەملىكەتلىك تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش بويىچە ئىلغار شەخس توختىخان ئىسمائىل مەملىكەتلىك ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش خىزمىتى تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتنىشىپ، تەجرىبە تونۇشتۇردى.

11 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى ئاپتونوم رايونلۇق ئاخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ ياردىمىدە، ۋىلايەتنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولدى. جەمئىي 217 ئورۇندىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئېنىقلاپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن بايقالغىنى 167.

شۇ ئاينىڭ ئاخىرىدا ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان دېھقانچىلىق ئېتىزلىرى ۋە باغ- ئورمانلاردىكى كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ۋە يوقىتىدىغان يۇقىرى ئۈنۈملۈك100—3ww تىپلىق يۆتكىلىشچان ئاپتونوم رايوندىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىشىدىن ئۆتتى. بۇ، دۆلەت ئىچىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى پەن- تېخنىكا تەتقىقاتىدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، دۆلەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى.

12- ئاينىڭ 1- كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم بىلەن مەمۇرىي مەھكىمە «پەن- تېخنىكا ئاپپاراتلىرى ۋە كەسپىي تېخنىك خادىملارنى جانلاندۇرۇشقا دائىر بىرقانچە بەلگىلىمە توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

12- ئاينىڭ 12- كۈنى مەمۇرىي مەھكىمە ۋىلايەتلىك ئۆي ئىسلاھاتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى قۇردى.

12- ئاينىڭ 21- كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ۋىلايەتلىك ئاشلىق باشقارمىسىغا «دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا 10 يىل مول ھوسۇل ئالغان ئىلغار كوللېكتىپ» دېگەن نامنى بەردى.

يىل ئاخىرىدا شەھەر، ناھىيىلەردە، پەن- تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىم (مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى) تەكلىپ قىلىپ قويۇلدى.

يىل ئاخىرىدا ۋىلايەت 126 كارخانىدا ھۆددىگەرلىكنى يولغا قويدى، بۇنىڭ ئىچىدە خام چوت ئىچىدىكى كارخانا 78 بولۇپ، خام چوت ئىچىدىكى كارخانىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 84.8% نى تەشكىل قىلدى. خېرىدار چاقىرىپ ھۆددىگە بېرىشنى يولغا قويغان كارخانا 76 بولۇپ، بۇ، ھۆددىگە بېرىلگەن كارخانىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 60.3% ىنى تەشكىل قىلدى. ۋىلايەتلىك ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى سىستېمىسى، قاتناش سىستېمىسى قارمىقىدىكى كارخانىلارنىڭ ھەممىسى ھۆددىگەرلىكنى يولغا قويدى.

يىل ئاخىرىدا 950 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلانغان (ئورۇندالغىنى 604 مىڭ يۈەن)، ۋىلايەت بىلەن قۇمۇل شەھەرلىك شەھەر قۇرۇلۇش تارمىقى بىرلىكتە تەشكىللەپ قۇرۇلۇش ئېلىپ بارغان كونا شەھەرنىڭ 2- قارارلىق سۇ بىلەن تەمىنلەش ھول تۇرۇبا يولى ۋە سۇ مەنبەسىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ، سىناق تەرىقىسىدە سۇ قويۇپ بېرىلىپ، شەھەر رايونى ۋە شەھەر ئىچى بېزىسىنىڭ سۇ ئىچىش قىيىن بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى.

شۇ يىلى ۋىلايەت تونجى قېتىملىق كەسپىي ئۇنۋان باھالاشنى تاماملىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك ئۇنۋان ئالغانلار 187.

ئاپتونوم رايون قۇمۇل ۋىلايىتىنى ئاپتونوم رايوننىڭ تۇۋتىلىق ئۆچكە يېتىشتۈرۈش تۈر رايونلىرى قاتارىغا كىرگۈزدى.

1989- يىلى

1- ئايدا ۋىلايەتلىك شىنتۇ مەبلەغ سېلىش شىركىتى ئاچقان خەزىنە چېكىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش بازىرىدا تىجارەت باشلاندى.

1- ئاينىڭ 14- كۈنى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە ۋىلايەتلىك ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش كومىتېتىنىڭ «قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئۇۋچىلىقنى ۋاقىتلىق باشقۇرۇش چارىسى» نى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تارقاتتى.

1- ئاينىڭ 30- كۈنى باركۆل ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى تۆھپىكارلارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، مەملىكەتلىك تېز مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسىدە ئىككى ئالتۇن مېدال، بىر كۈمۈش مېدال ئالغان ئاپتونوم رايونلۇق تېز مۇز تېيىلىش كوماندىسىدىكى باركۆللۇك تەنھەرىكەتچى جاۋ جىخۋانى تەقدىرلىدى.

2- ئاينىڭ 25- كۈنى مەمۇرىي مەھكىمە «قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ قۇرۇلۇش بازارلىرى تەرتىپىنى يەنىمۇ رەتكە سېلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» نى تارقاتتى.

2- ئاينىڭ 28- كۈنىدىن 3- ئاينىڭ 1- كۈنىگىچە ۋىلايەت تونجى قېتىملىق مىللەت- دىن ئىشلىرى خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى.

3- ئاينىڭ 1- كۈنى ئاپتونوم رايون يامانسۇ كانىنىڭ باشلىقى سۈن كېشاگىغا « ئاپتونوم رايون بويىچە تونجى مۇنەۋۋەر كارخانىچى» دېگەن نامنى بەردى.

3- ئاينىڭ 14- كۈنى قۇمۇل شەھىرى داغدۇغىلىق ھالدا «ئۆچتە ئەلا، بىردىن ئۆگىنىش» پائالىيىتىنى خۇلاسىلەش، تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى، يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە قۇمۇل شەھەرلىك پىۋا زاۋۇتى، ۋىلايەتلىك 1- ئاشلىق ئىسكىلاتى، بىگتۇەن قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قىزىليۇلتۇز دوختۇرخانىسى قاتارلىق ئۈچ ئورۇنغا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن دېگەن ۋىۋىسكا تارقىتىپ بېرىلدى.

3- ئاينىڭ 15- كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۆتكۈزۈلگەن سوۋېت، جۇڭگو، پولشا ئۈچ دۆلەت تېز مۇز تېيىلىش تەكلىپ مۇسابىقىسىدە، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ قازاق تەنھەرىكەتچىسى جاقان مەملىكەتنىڭ 3000 مېتىرلىق تېز مۇز تېيىلىش رېكورتىنى يېڭىلىدى.

4- ئاينىڭ 2- كۈنىدىن 5- ئاينىڭ 1- كۈنىگىچە فرانسىيە پەن- تېخنىكا تەتقىقات مەركىزى ئوتتۇرا ئاسىيا گۇرۇپپىسىنىڭ مۇدىرى، پروفېسسور فارەنكوف قاتارلىق ئىككى كىشى قۇمۇلغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

4- ئاينىڭ 29- كۈنى ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى 98% نى تەشكىل قىلىدىغان قۇمۇل شەھىرى تاشبۇلاق رايونىنىڭ خوتۇنتام يېزىسى ۋىلايەت بويىچە كۆپ ھاملىدار بولىدىغان ۋە پىلان سىرتىدا پەرزەنت كۆرۈش بولمىغان ئاز سانلىق مىللەت يېزىسى بولۇپ باھالاندى.

5- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن 3- كۈنىگىچە ۋىلايەتنىڭ شەرقىي تۈزچىلىق مەيدانىنىڭ تۈز كۆلچەكلىرى ئۈدا يەتتە بالدىن يۇقىرى قاتتىق بوراننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانلىقتىن، ئىشلەپچىقىرىش توختاپ قالدى. بۇنىڭ ئىچىدە شەرقىي تۈز كۆلىدىكى 1296 تۈز كۆلچىكى قۇم- شېغىل بىلەن 6 ~ 7 سانتىمېتىر كۆمۈلۈپ كېتىپ، تۈزنىڭ ھەممىسى كىرەكتىن چىقتى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 2 مىليون 600 مىڭ يۈەن بولدى.

5- ئاينىڭ 4- كۈنى قۇمۇل شۆبە ھەربىي رايونى ۋىلايەتتىكى خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ھەربىي ئىشلار مەشقى بويىچە ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسىنى تەشكىللىدى. باركۆل ناھىيىلىك كوماندا كوللېكتىپ ئۇمۇمىي نومۇر بويىچە 1- بولدى.

5- ئاينىڭ 16- كۈنىدىن 18- كۈنىگىچە ۋىلايەت ۋە ناھىيە، شەھەرلەردىكى يېزا سىستېمىلىرى بىرلىشىپ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، سانجى، فۇكاڭغا بېرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلىپ ۋە تەكشۈرۈپ، يېزىلارنىڭ قوش قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ياخشىلاش، يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، يەرلەرنىڭ كۆلەملىك ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ۋە يېزا تاۋار ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش تەجرىبىسىنى ئۆگەندى.

5- ئاينىڭ 19- كۈنى ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر) ۋە قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلار ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىنى لى پېڭ ۋە ياڭ شاڭكۇننىڭ پايتەختتە ئېچىلغان پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە كادىرلىرى يىغىنىدا سۆزلىگەن مۇھىم سۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى توغرىسىدىكى رادىئو، سىنئالغۇسىنى ئاڭلاشقا (كۆرۈشكە) تەشكىللىدى. 20- كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم ناھىيە، شەھەر ۋە ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنى ئېچىپ، لى پېڭنىڭ مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىشكە ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە ۋىلايەتتىكى پارتىيە ئەزالىرى ئارىسىدا تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ۋە بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش قايتا تەربىيىسىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىشنى، ھەر قايسى ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ توغرا جامائەت پىكرى ئارقىلىق يېتەكلەشتە چىڭ تۇرۇشنى، مەركەزنىڭ توغرا تەدبىرلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا تەشۋىق قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ۋىلايەت تۇنجى تۇركۇمدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىغا نام بېرىش، تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى.

شۇ ئايدا جەمئىي 750 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، يىلىغا 10 مىڭ كۋادرات مېتىر تاش تاختا ماتېرىيالى پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىپ لايىھىلەنگەن ۋىلايەتلىك تاش ماتېرىياللىرى زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى.

6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ۋىلايەتلىك قىزىلئۆلتۈز دورا زاۋۇتىنىڭ تۈز كىسلاتاسى دېكستىدوروتارىيە ئېفېدرىننى ئىشلەپچىقىرىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ، ئۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ كوزىر مەھسۇلاتى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە بىرلىشىپ «دېڭ شياۋپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى چىقىرىپ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى پايتەختتە ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگۈچى قىسىملارنىڭ جۈندىن يۇقىرى كادىرلارنى قوبۇل قىلغاندا سۆزلىگەن مۇھىم سۆزىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلدى.

7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ۋىلايەتلىك سەھىيە باشقارمىسى ۋە خەلق ئىشلىرى باشقارمىسى بىرلىشىپ «قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەھەر، بازارلىرىدا نىكاھلىنىشتىن ئىلگىرىكى تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» نى تۈزۈپ چىقتى.

7 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ۋىلايەت شىركەتلەرنى ئىنىقلاش، تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى ئېلىپ باردى.

8 - ئاينىڭ 9- كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە ۋىلايەتلىك پارتكوم، ج ك پ 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ سىياسىي ئىنتىزامىنى، ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك بولۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش توغرىسىدا ھاكىم دەرىجىلىك كادىرلار ئۆگىنىش كۇرسى

ئاچتى.

9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم «ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئەخلاق تەربىيىسى خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

شۇ ئايدا باركۆل ناھىيىسى 1988 - يىلى سەھىيە مىنىستىرلىكى ۋە دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى بىلەن ئىمزالاشقان «ئاساسىي قاتلام ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ھەمكارلىق تۈرى» دىكى ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلىغانلىقتىن، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىنىڭ تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىشىدىن ئۆتتى.

9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە قۇمۇل شەھىرىگە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئارمىيە بىلەن خەلق ئىتتىپاقلىقى بويىچە قوش نەمۇنە شەھەر دېگەن نام بېرىش يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە يەنە قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى، قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى ۋە يامانسۇ كانىغا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار ئىدارە (كان) دېگەن نام بەردى.

9 - ئاينىڭ 12- كۈنىدىن 18 – كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز قاتارلىق 18 كىشى باركۆل، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرى، قۇمۇل شەھىرىگە كېلىپ، تەكشۈرۈپ- تەتقىق قىلىپ، خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلدى.

شۇ ئايدا ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى ئىجاد قىلىپ تەييارلىغان ئۇيغۇرچە ئۇسسۇللۇق دراما «قانلىق ئىز» شىنجاڭ 2 - نۆۋەتلىك سەنئەت بايرىمىدا مۇنەۋۋەر ئىجادىيەت مۇكاپاتى ۋە 1 - دەرىجىلىك ئورۇنلاش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

9- ئايدىن 12- ئايغىچە ۋىلايەت، ناھىيە، شەھەردىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسى «سېرىق مەزمۇندىكى نەرسىلەرنى تۈگىتىش» ۋە «ئالتە زىيانداش» نى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنى قانات يايدۇردى.

10- ئايدا قۇمۇل خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىشنى رەسمىي باشلىدى.

10- ئاينىڭ 6 - كۈنى ئەتىگەندە قۇمۇل شەھەرلىك ياغاچچىلىق زاۋۇتىدا ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ، ياغاچ ماتېرىياللىرى، زاۋۇت ئۆيلىرى ۋە بارلىق ئۈسكۈنىلەر كۆيۈپ كېتىپ، 360 مىڭ يۈەنلىك بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى.

10- ئاينىڭ 22- كۈنىدىن 12- ئاينىڭ 17- كۈنىگىچە ۋىلايەتلىك ئەمگەك- كادىرلار باشقارمىسى «ئاشكارا بولۇش، باراۋەر بولۇش، رىقابەتلىشىش، ئەلالىرىنى تاللاش» پرىنسىپى بويىچە جەمئىيەتتىكى ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلاردىن ئىشچى، كادىر قوبۇل قىلىشقا يۈزلىنىپ، ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق 146 كادىر، 750 ئىشچى قوبۇل قىلدى.

10- ئاينىڭ 25 - كۈنى ۋىلايەتلىك ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى ۋىلايەتلىك ئۆلچەملىك، ئۆلچەم باشقارمىسى، سودا باشقارمىسى، ئاشلىق باشقارمىسى، تەمىنات- سودا كوپېراتىپى، ماددىي ئەشيا ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە «يالغان، ساختا، ناچار تاۋار ئوبوروتىنى چەكلەش توغرىسىدىكى (11 نى ساتماسلىق) بەلگىلىمىسى» نى تۈزۈپ چىقتى.

شۇ ئايدا قۇمۇل ۋىلايىتى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، تۇرپان ۋىلايىتى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن بولغان مەمۇرىي رايون چېگرىسى، ۋىلايىتىمىز قارمىقىدىكى ناھىيە، شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى مەمۇرىي رايون چېگرىسى، يېزا- بازارلار ئارىسىدىكى مەمۇرىي رايون چېگرىسىنىڭ دائىرىسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى باشلىدى.

شۇ ئايدا قۇمۇل جىنۇۋزى ئالتۇن كانى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى.

11- ئاينىڭ 9- كۈنى باركۆل ناھىيىلىك كۆمۈر كانىنىڭ 21- نومۇرلۇق قۇدۇقىدا زور پارتلاش ۋەقەسى يۈز بېرىپ، 17 ئادەم ئۆلدى، 595 مىڭ يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى.

11- ئاينىڭ 10- كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق كومىتېتى قۇمۇل شەھىرىگە شىنجاڭ بويىچە چاشقان زىيانداشلىقىدىن خالىي تۇنجى شەھەر دېگەن نام بەردى.

11- ئاينىڭ 28- كۈنى قۇمۇل مەمۇرىي مەھكىمە ۋىلايەتلىك تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئىشخانىسىنىڭ «كارخانىلارنى مۇددىگە بېرىشتە خېيىم - خەتەر رەنىسىنى يولغا قويۇش سىناق چارىسى» نى تەستىقلاپ تارقاتتى.

12- ئاينىڭ 21- كۈنى سائەت 12 دىن 2 مىنۇت ئۆتكەندە، تۆرۈك سۇ ئامبىرى بىلەن تەگرىتاغ يېزىسىنىڭ ئارىسىدا 4.1 بال يەر تەۋرىدى.

12- ئاينىڭ 4- كۈنى ۋىلايەتنىڭ 200 مىڭ مو يەردىكى يازغى بۇغداي ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش نەتىجىسى، 1989- يىلى مەملىكەتلىك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىش بويىچە 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

12- ئاينىڭ 10- كۈنى قۇمۇل شەھەرلىك كۆمۈركانىنىڭ 3- نومۇرلۇق قۇدۇقىنىڭ كۆمۈر قېزىپ بولغان بوش رايونىدا چوڭ پارتلاش ۋەقەسى يۈز بېرىپ، يەتتە ئادەم ئۆلدى، 690 مىڭ يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى.

شۇ يىلى ۋىلايەتنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايون ئۆتكۈزگەن تېز مۇز تېيىلىش، يېنىك ئاتلېتىكا، قارىغا ئېتىش، بوكس، تىكتاك توپ مۇسابىقىسىدە جەمئىي 15 ئالتۇن مېدال، 21 كۈمۈش مېدال، 16 مىس مېدال ئالدى.

1990- يىلى

1- ئاينىڭ 3- كۈنى قۇمۇل ۋىلايىتى بىلەن قۇمۇل شەھىرى بىرلىشىپ چېرىندى كىسلاتا ئوغۇتىنى ئىشلەپچىقىرىش بويىچە نەق مەيداندا ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىپ، چېرىندى كىسلاتا ئوغۇتىنى تېز ئىشلەپچىقىرىشنى قارار قىلدى. يىل ئاخىرىدا 50 توننا چېرىندى كىسلاتا ئوغۇتى ئىشلەپچىقىرىلدى.

2- ئاينىڭ 12- كۈنىدىن 4- ئاينىڭ 25- كۈنىگىچە ۋىلايەت بويىچە يالغان نەرسىلەر ئارىلاشتۇرۇلغان، ساختا تاۋار ئىشلەپچىقارغان قىلمىشلارغا زەربە بېرىش، ئېنىقلاش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. بىرىنچى تۈركۈمدە ئىككى مىليون 930 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق قىممەتتىكە ئىگە مەسىلە بار تاۋارلارنى ئىشلەپچىقارغان ۋە ساتقان 47 كارخانىنى، مەسىلە بار 212 خىل تاۋارنى ئېنىقلاپ چىقتى.

2- ئاينىڭ 28- كۈنى قۇمۇل ۋىلايىتى، قۇمۇل شەھىرى بىرلىكتە لېي فېڭدىن ئۆگىنىش سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى. 3- ئاينىڭ 4-، 5- كۈنلىرى ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى 20 مىڭدىن ئارتۇق ياش- ئۆسمۈرنى تەشكىللەپ، «لېي فېڭدىن ئۆگىنىش، يېڭى ئىستىل تىكلەش، «قۇمۇل روھى» غا شەرەپ كەلتۈرۈش» نى ئاساسىي تېما قىلغان كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تۆھپە قوشۇش كۈنى پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

2- ئايدا شىنجاڭ دورىگەرلىك خىزمىتى يىغىنى قۇمۇلدا ئېچىلدى. مەمۇرىي مەھكىمە ۋىلايەتلىك دورا باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ «تەگرىتاغ بۇغىلىرىنى قوغداش ۋە بۇغا يۈمران مۈڭگۈزى ۋە باشقا بۇغا مەھسۇلاتلىرى، دورا ماتېرىياللىرىنى سېتىۋېلىش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى دوكلات» نى تەستىقلاپ تارقاتتى.

3- ئاينىڭ 8- كۈنى قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى «8- مارت» خەلقئارا ئاياللار بايرىمىنىڭ 80 يىللىقىنى تەبرىكلەش ۋە «ئىككىنى ئۆگىنىش، ئىككىدە بەسلىشىش» بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىنى ئاچتى. يىغىندا «ئىككىنى ئۆگىنىش، ئىككىدە بەسلىشىش» (مەدەنىيەت ئۆگىنىش، تېخنىكا ئۆگىنىش، نەتىجىدە بەسلىشىش، تۆھپىدە بەسلىشىش) پائالىيىتىدە ياخشى چىققان تۆت ئىلغار كوللېكتىپ ۋە 170 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى.

3- ئاينىڭ 12- كۈنى قۇمۇل ۋىلايەتلىك كۆكەرتىش كومىتېتى ھەيئەتلەر كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى ئاچتى. مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى يەن شۈفەن مەمۇرىي مەھكىمىگە ۋاكالىتەن، ناھىيە، شەھەر رەھبەرلىرى بىلەن مۇددىتى 10 يىللىق «كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش، كۆكەرتىش مەسئۇلىيەتنامىسى» ئىمزالىدى.

3- ئاينىڭ 14- كۈنى ۋىلايەت نېفىت قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش خىزمەت يىغىنى ئېچىپ، ۋىلايەتنىڭ نېفىتلىككە ياردەم بېرىش خىزمىتىنىڭ كونكرېت چارە- تەدبىرلىرىنى مۇزاكىرە قىلىپ تۈزۈپ چىقتى.

3- ئاينىڭ 23- كۈنى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 1- يۆرۈش قانىلىنىڭ «ئاسمان- زېمىن ئارىسىدا»، «رەڭگارەڭ يولتۇز» سەھىپىسىدە قۇمۇل تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئىشلىگەن مەخسۇس فىلىم «باقىت راقان ھەققىدە ھېكايە» نى كۆرسىتىپ، مەملىكەتلىك 10 ياخشى ئۆسمۈر — باركۆل ناھىيە قىزىلتاغ (چاغانسارى) دېھقانچىلىق مەيدانىغا بىۋاسىتە قاراشلىق قىرما مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى باقىت راقاننىڭ باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان ئىش- ئىزلىرىنى تونۇشتۇردى. بۇ مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئىشلەتكەن قۇمۇل تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ تۇنجى مەخسۇس فىلىمى.

4- ئاينىڭ 3- كۈنى قۇمۇل ۋىلايىتى پەن- تېخنىكا خىزمەت يىغىنى ئېچىپ، 23 تۈرلۈك پەن- تېخنىكا نەتىجىسىنى مۇكاپاتلىدى. شىنجاڭ بويىچە سوتسىيالىستىك تۇنجى ناھىيە تەزكىرىسى — «قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى» (خەنزۇچە نۇسخىسى) نىڭ تۇنجى قېتىملىق تارقىتىلىش مۇراسىمى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

4- ئاينىڭ 23- كۈنىدىن 25- كۈنىگىچە قۇمۇل ۋىلايەتلىك پىلانلىق تۇغۇت خىزمەت يىغىنى ئېچىلىپ، ۋىلايەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى قۇمۇل شەھىرى، باركۆل، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرى، قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى، بىڭتۇەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن «1990- يىللىق پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەتنامىسى» ئىمزالىدى.

4- ئاينىڭ 26- كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇمۇل ۋىلايىتىنى قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشتا لاياقەتلىك ۋىلايەت دەپ تەستىقلىدى ھەمدە لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بەردى.

4- ئايدا قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ تارانچى ئىش باشقارمىسى، قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى، خەلق قوراللىق بۆلۈمى، ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتىگۈچى ئەسكەرلەرنىڭ ئاتا- ئانىلىرى، ئەسكەرلەرنى ئۆتكۈزۈپ ئالغۇچى ھەربىي قىسىم «ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتىگۈچى ئەسكەرلەرنى باشقۇرۇش، تەربىيىلەش مەسئۇلىيەتنامىسى» ئىمزالىدى. لەنجۇ ھەربىي رايونى غەربىي شىمالدىكى ھەر قايسى ئۆلكە، رايونلاردا بۇ ئۇسۇلنى كېڭەيتتى.

5- ئاينىڭ 18-، 19- كۈنلىرى قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە ۋىلايەتلىك ئەمگەك، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمەت يىغىنى ئاچتى. سىياسەتكە ئاساسەن، ۋىلايەت بويىچە 760 ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياش ۋە 166 نەپەر ئۆز خىراجىتى بىلەن «بەش خىل ئالىي مەكتەپ» نى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

6- ئاينىڭ 5- كۈنى قارادۆۋە يېزىسى شىنجاڭ بويىچە تۇنجى مېۋە- چېۋىنى تېز توڭلىتىپ، ھۆل پېتى ساقلاش زاۋۇتىنى قۇردى. بۇ زاۋۇتنىڭ يىللىق ساقلاش ئىقتىدارى 250 توننا.

6- ئاينىڭ 16- كۈنى قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە «قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ تەنتەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

6- ئاينىڭ 19- كۈنى قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ۋە شۆبە ھەربىي رايونى «باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىگە ئارمىيە، خەلق ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنە ناھىيە دېگەن نام بېرىش توغرىسىدا قارار» ۋە « ئاراتۈرۈك ناھىيىسىگە ئارمىيە، خەلق ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنە ناھىيە دېگەن نام بېرىش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

شۇ كۈنى قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە «باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىگە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنە ناھىيە دېگەن نام بېرىش توغرىسىدا قارار»، « ئاراتۈرۈك ناھىيىسىگە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنىچى ناھىيە دېگەن نام بېرىش توغرىسىدا قارار» ۋە «بىڭتۇەن قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىغا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنە ئىدارە دېگەن نام بېرىش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

6- ئاينىڭ 25- كۈنى ئۆزلۈكىدىن تەشكىللەنگەن يەتتە نەپەر قۇمۇللۇق كان ئىزدىگۈچى بوغاز چۆللۈكىدە كان ئىزدەپ، ئالتە كۈندىن كېيىن يوقاپ كەتكەنلىكى بايقالدى. گوۋۇيۈەن دوكلاتنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئالغاندىن كېيىن، باش كاتىپ

لوگەن مۇناسىۋەتلىك ئارماقلارنىڭ ئايروپىلان ئەۋەتىپ قۇتقۇزۇش توغرىسىدا تەستىق سالدى. لەنجۇ ھەربىي رايونى ھاۋا ئارمىيىسى دەرھال قۇمۇلغا تىك ئۇچار ئايروپىلان ئەۋەتىپ، قۇتقۇزۇشقا قاتناشتى. ھاۋادىن، يەردىن بولۇپ پۈتۈن كۈچ بىلەن ئىزدىگەن بولسىمۇ، يوقاپ كەتكەنلەر تېپىلمىدى.

7- ئاينىڭ 2- كۈنى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە «دەرھال چارە- تەدبىر قوللىنىپ، ھۆكۈمەت پۇلىغا مېھمان چاقىرىپ، يەپ- ئىچىش شاملىنى توسۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

7- ئاينىڭ 2- كۈنىدىن 8- ئاينىڭ ئوتتۇرىغىچە قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى قۇمۇل تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن بىرلىشىپ «ئۇلار ئىش ئورنىدا» دېگەن مەخسۇس تېلېۋىزىيە پروگراممىسىنى كۆرسىتىپ، قۇمۇلنىڭ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىلغار ئىش- ئىزلىرىنى تەشۋىق قىلدى.

7- ئاينىڭ 14- كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋىلايەتلىك ئۇن زاۋۇتىنى ئاپتونوم رايونلۇق 2- دەرىجىلىك كارخانا قىلىپ تەستىقلىدى ۋە نام بەردى.

7- ئاينىڭ 18- كۈنىدىن 20- كۈنىگىچە قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى دۆلەتلىك 2- دەرىجىلىك كارخانىغا ئۆستۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆمۈرچىلىك سىستېمىسىدىكى تۇنجى دۆلەتلىك 2- دەرىجىلىك كارخانا بولۇپ قالدى.

7- ئاينىڭ 19-، 20- كۈنلىرى ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە ئۇدا قارا يامغۇر ياغقانلىقتىن، ناھىيە بازىرى ۋە توخۇلۇ (شارتۈيلەر) يېزىسى، تۈركۈل يېزىسى كەلكۈننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، 1 مىليون 684 مىڭ 700 يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى.

5 يىل تىرىشىش ئارقىلىق، قۇمۇل ۋىلايىتىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە 284 نەمۇنىچى ئورۇن بەرپا قىلىندى، بۇ، بەرپا قىلىشقا تېگىشلىك ئورۇنلار ئومۇمىي سانىنىڭ 63% نى ئىگىلىدى.

7- ئاينىڭ 29- كۈنى قۇمۇل- باركۆل تاشيولىنىڭ 64 كىلومېتىرلىق جايىدا پەۋقۇلئاددە چوڭ قاتناش ۋەقەسى يۈز بېرىپ، بەش ئادەم ئۆلدى، 15 ئادەم ئېغىر، 20 ئادەم يېنىك يارىلاندى.

8- ئاينىڭ 10- كۈنى جىيا يۈگۈەن شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە، رايوننىڭ «جۇڭگو يىپەك يولى 2100 يىللىقى پائالىيىتىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك جىيا يۈگۈەن قوغۇن بايرىمى» دا قۇمۇل قوغۇنىنىڭ «خانىش»، «فۇرۇڭ»، «كۈلگەش» سورتلىرى ئايرىم- ئايرىم ھالدا ئالتۇن، كۈمۈش، مىس مېدالغا، «خۇگىيۇ — 2» نومۇرلۇق تاۋۇزى مىس مېدالغا ئېرىشتى.

8- ئاينىڭ 11- كۈنى قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە ۋىلايەتلىك تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئىشخانىسىنىڭ «قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ھۆددىگەرلىك خىزمىتى توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇش پىكرى» نى تەستىقلاپ تارقاتتى. يىل ئاخىرىغىچە ۋىلايەت بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى خام چوت ئىچىدىكى كارخانىلاردىن 37 سى ئىككىنچى قېتىملىق ھۆددىگەرلىكنى يولغا قويدى، ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق سەككىز سانائەت كارخانىسىنىڭ ھەممىسى ئىككىنچى قېتىملىق ھۆددىگەرلىك تىجارىتىنى يولغا قويدى.

8- ئاينىڭ 19- كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق قوغۇن مۇسابىقىسىدە، قىزىليۇلتۇز 1- مەيدانىنىڭ «خۇگىيۇ — 2» نومۇرلۇق تاۋۇزى 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

8- ئاينىڭ 24- كۈنى ئاراتۈرۈك 40 كۈنلۈك قوغداش جېڭى غەلىبىسىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش ۋە ئاراتۈرۈك 40 كۈنلۈك قوغداش جېڭى خاتىرە سارىيىنىڭ يوپۇقىنى ئېچىش مۇراسىمى ئاراتۈرۈك ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىدا تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لى جيايۇ ئاراتۈرۈك 40 كۈنلۈك قوغداش جېڭى سارىيىنىڭ يوپۇقىنى ئاچتى.

8- ئايدا قۇمۇل بىلەن تۇرپان ۋىلايىتى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ھەم ۋىلايەتكە قاراشلىق ناھىيە، شەھەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەمۇرىي رايونلارنىڭ چېگرا سىزىقىنى تەكشۈرۈش ۋە چېگرا بەلگىسىنى ئورنىتىش ۋەزىپىسى ئورۇندالدى.

9- ئاينىڭ 2- كۈنى تۆمۈريول مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى لى سېنماۋ قۇمۇلغا كېلىپ قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى پاراۋۇز ئوچاستكىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈردى.

9- ئاينىڭ 14- كۈنى قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، ۋىلايەتلىك پارتكوم چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاك- دىيانەتلىك بولۇش قۇرۇلۇشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ «پارتىيە، ھۆكۈمەت كادىرلىرىنىڭ قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىپ، شەخسىي ئۆي سېلىش ئەھۋالىنى ئېنىقلاش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى دوكلات» نى تەستىقلاپ تارقاتتى.

9- ئاينىڭ 24- كۈنىدىن 26- كۈنىگىچە قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ۋىلايەت چارۋىچىلىقىدا «بەشنى بىر تۇتاشلاشتۇرۇش» نى كېڭەيتىش ۋە يېزىلارنىڭ «بەشتە ياخشى قۇرۇلۇش» نى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا خىزمەت يىغىنى ئاچتى.

10- ئاينىڭ 13- كۈنىدىن 15- كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جىن يۈنخۇي مۇدىرلىقىدىكى دۆلەت يولى 312- لىنىيىسىنىڭ شىڭشىڭشيا — قۇمۇل بۆلىكى تاشيولى قۇرۇلۇشىنىڭ يۆتكەللىكىنى تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىش ھەيئىتى قۇمۇلغا كېلىپ، شىڭشىڭشيا — قۇمۇل بۆلىكى تاشيولىنى ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشىنى ئاخىرقى قېتىم تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋالدى. شىڭشىڭشيا — قۇمۇل بۆلىكى تاشيولىنى ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشى ئۇنىۋېرسال باھالاشتا ئەلا قۇرۇلۇش بولۇپ باھالىنىپ، 16- كۈنى قاتناش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قۇرۇلۇشنى قورallıق ساقچى قىسىم قاتناش 6- تارماق ئەترىتى 1986- يىل 8- ئايدا باشلىغان بولۇپ، يولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 197.81 كىلومېتىر، ئومۇمىي سېلىنغان مەبلەغ 62 مىليون 171 مىڭ 900 يۈەن.

11- ئاينىڭ 10- كۈنىدىن 17- كۈنىگىچە قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرى ئاساسىي قاتلام تەشكىلىي قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، خىزمەتلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇردى.

شۇ يىلى قىزىليۇلتۇز 2- دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ كۆكتات سۇسىزلاندۇرۇش زاۋۇتى يىلىغا 841 تونna سۇسىزلاندۇرۇلغان پىياز، تاتلىق مۇچ ئىشلەپچىقاردى، بۇ، مەملىكەتنىڭ سۇسىزلاندۇرۇلغان كۆكتات ئېكسپورت مىقدارىنىڭ 40% نى ئىگىلىدى.

شۇ يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ھايۋاناتلاردىكى جىددىي تارقىلىشچان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى تەكشۈرۈش ۋە «قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ھايۋاناتلاردىكى جىددىي تارقىلىشچان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر تەزكىرىسى» نى تۈزۈشتىن ئىبارەت دۆلەتلىك تېما ئورۇندالدى.

شۇ يىلى، ئاسىيا- ياۋروپا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى تۇتاشتۇرۇلدى، قۇمۇل ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئۆتۈشتىكى كۆۋرۈك بېشى ئىستىھكامى بولۇپ قالدى.

# مەمۇري رايونلار ۋە
# رايونلارغا ئايرىلىشى

## بىرىنچى قىسىم

# مەمۇرىي رايونلار ۋە رايونلارغا ئايرىلىشى

## I باب

## رايونلار ئورنى

### §1. ئورنى

قۇمۇل ۋىلايىتى شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىغا، تەڭرىتاغنىڭ ئاخىرقى بۆلىكىگە جايلاشقان بولۇپ، شەرقىي، شەرقىي جەنۇبىي تەرەپلىرى گەنسۇ ئۆلكىسى جيۇچۈەن ۋىلايىتىنىڭ سۇبېي ناھىيىسى، ئەنشى ناھىيىسى ۋە دۇنخۇاڭ شەھىرى بىلەن قوشنا، جەنۇبىي بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ چاقىلىق ناھىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، غەربىي، غەربىي جەنۇبىي تەرەپلىرى سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مورى ناھىيىسى ۋە تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ پىچان ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمالىي تەرەپلىرى، شەرقىي شىمالىي تەرەپلىرى موڭغۇلىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ، 586.663 كىلومېتىر دۆلەت چېگرا لىنىيىسى بار. قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ شىمالى بارىكۆل ناھىيىسىنىڭ سەنتاگخۇ (ئۈچكۆل) يېزىسىدىكى چوڭ قاپتىك تاغلىرىنىڭچە بارىدۇ، تەخمىنەن شىمالىي كەڭلىك"45°05'33 قا توغرا كېلىدۇ، جەنۇبىي تەرەپلىرى قۇمۇل شەھىرى بوغاز يېزىسى گاشۇن چۆللۈكىدىكى قۇرۇق تاغقا يېقىن بولۇپ، تەخمىنەن شىمالىي كەڭلىك"40°52'47 قا توغرا كېلىدۇ (جەنۇبتىن شىمالغا تەخمىنەن 440 كىلومېتىر )؛ شەرقىي ئۇچى شىڭشىڭشيا (ئارا يۇلتۇز) نىڭ شەرقىي شىمالىغىچە بارىدۇ، شەرقىي مېرىدىئان"96°23'00 قا توغرا كېلىدۇ، غەربىي ئۇچى يەتتەقۇدۇقنىڭ غەربىگىچە بولۇپ، تەخمىنەن شەرقىي مېرىدىئان"91°06'33 قا توغرا كېلىدۇ (شەرقتىن غەربكە تەخمىنەن 404 كىلومېتىر ). قۇمۇل ئاسىيا- ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان، شەرقىي تەرىپى تىنچ ئوكياندىن، جەنۇبى ھىندى ئوكياندىن تەخمىنەن 2000 كىلومېتىر، شىمالىي تەرىپى مۇز ئوكياندىن 3000 كىلومېتىر، غەربىي تەرىپى ئاتلانتىك ئوكياندىن 7000 كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، ئەڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. قۇمۇل دېڭىز- ئوكيانلاردىن ئەڭ يىراق رايونلارنىڭ بىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سۇ- پار مەنبەسى (ئاتلانتىك ئوكيان) دىن ئەڭ يىراق رايونلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

شىنجاڭنىڭ ئۈچ چوڭ ئەۋزەللىكىنىڭ بىرى بولغان جايلىشىش ئەۋزەللىكى قۇمۇلدا مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ. جايلىشىش ئەۋزەللىكى دېگىنىمىز ــــ رايوننىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىنى كۆرسىتىدۇ. قۇمۇلنىڭ چېگرا بويلاپ جايلىشىشى

ئۇنى شىنجاڭ- موڭغۇلىيە چېگرا سودىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئېچىۋېتىلگەن مۇھىم چېگرا ئېغىزلىرىنىڭ بىرى بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، قۇمۇلنىڭ جايلىشىش ئورنىدىن ئالغاندا «غەربىي يۇرت قوۋۇقى» دېيىشكە بولىدۇ. قۇمۇلنىڭ قاتناش ۋە ئالاقە ئورنىدىن قارىغاندىمۇ، شىنجاڭدا ئۆزگىچە ئۈستۈنلۈككە ئىگە، غەربىي شىمالدىكى لەنجۇ- شىنجاڭ تۆمۈر يولى، دۆلەت يولى 312- لىنىيىسى ۋە ئاسىيا - ياۋروپا نۇركابىل «يۇقىرى سۈرئەتلىك ئۇچۇر يولى» دىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ «مۇھىم ترانسپورت لىنىيىسى» شەھەرنى كېسىپ ئۆتىدۇ. بۇ ئەۋزەللىك شەرقىي شىنجاڭ بويىچە پەقەت قۇمۇلدىلا بار. بۇ ئەۋزەللىك قۇمۇلنى مەملىكىتىمىزنىڭ «لىنىيە بويلاپ ئېچىش» تىكى «لوگخەي، لەنجۇ، شىنجاڭ ئىقتىسادىي بەلۋېغى» دىكى بىر مۇھىم بۆلەككە ئايلاندۇرغان. يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى شىنجاڭدىن چىقىرىش ۋە سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى شىنجاڭغا كىرگۈزۈشتىكى توشۇش مۇساپىسى شىنجاڭدىكى باشقا ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىن كەم دېگەندە 400 ~ 600 كىلومېتىرغىچە قىسقا.

قۇمۇل بوستانلىقى كەڭ كەتكەن چۆل- جەزىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، شەرق تەرىپىدە بىپايان قۇملۇقلار بولۇپ، كەڭلىكى 400 كىلومېتىر كېلىدۇ. جەنۇبىي قىسمى قۇمۇل شەھىرىنىڭ بوغاز يېزىسىدىكى ئېدىرلىقلاردىن جەنۇبقا 100 چاقىرىم كېلىدىغان جاي ئارقىلىق، تارىختا نامى بار قۇرۇق تاغقا تۇتىشىدۇ. ئۇ قۇرۇق تۆپە دەپمۇ ئاتىلىدۇ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شائىرى پېي جىڭفۇ قۇرۇق تاغنى تەسۋىرلەپ مۇنداق نەزمە يازغان :

«كۆيۈپ سېپىلى بولغاچ ئېگىز، زەر نۇرى چۈشىدۇ قىيپاش،
نەرە تارتسا گۈلدۈرماما، قۇملۇقتىن چىقار ئەكس سادا.
ئاق تۆپەنى قاپقارا بۇلۇت ئالسا ئۆز قوينىغا،
ئاڭلىنار ھارۋا ئۈنى بىپايان چۆللەر ئارا»

قۇرۇق تاغنىڭ جەنۇبىدا داڭلىق لوپنور كۆلى ۋە قۇم- بورانلار كۆمۈۋەتكەن كىروران قەدىمىي شەھىرى بار. قۇمۇل — 21- ئەسىردە مەملىكىتىمىز ئىستراتېگىيىسىنىڭ غەربكە يۆتكىلىشى بىلەن شىنجاڭنى ئېچىشتىكى قاتناش تۈگۈنى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كەلگۈسىدە خەلقئارا سودىنىڭ دەۋر قىلىشىدا، ئاسىيا رايونىنى غەربىي ياۋروپا بىلەن باغلايدىغان ئۇدۇل يول — ئىككىنچى «ئاسىيا- ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى» نىڭ شىنجاڭدىكى باش قورغىنى بولۇپ قالغۇسى. شىنجاڭدا «سىرتتىن كىرگۈزۈش، ئىچكى جەھەتتىن بىرلىشىش»، «شەرقتىن كىرگۈزۈش، غەربكە چىقىرىش»، «غەربكە مايىللىشىش» ئىقتىسادىي ئىستراتېگىيىسىدە قۇمۇلنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

## §2. تەۋەلىك دائىرىسى

تەڭرىتاغ تاغ تىزمىسى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئوتتۇرىسىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، تاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ بۆلەككە بۆلۈپ، روشەن پەرق بولغان جەنۇب- شىمال زوناسىنى شەكىللەندۈرگەن. تاغنىڭ جەنۇبىدا قۇمۇل شەھىرى، شىمالىدا باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى ۋە ئاراتۈرۈك ناھىيىسى بار. قۇمۇل ۋىلايىتىدە يەنە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ

قىزىل يۇلتۇز 1-، 2-، 3-، 4- دېھقانچىلىق مەيدانى، راكېتا دېھقانچىلىق مەيدانى، ساقا دېھقانچىلىق مەيدانى، دۆرەبەجىن دېھقانچىلىق مەيدانى، قىزىل يۇلتۇز1- چارۋىچىلىق فېرمىسى، قىزىلتاغ دېھقانچىلىق مەيدانى، نوم دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە قىزىل يۇلتۇز 2- چارۋىچىلىق فېرمىسى قاتارلىق 11دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق تۈمەن- مەيدانى ۋە تارانچى كۆمۈر كانى، يامانسۇ تۆمۈر كانى، گېئولوگىيە 704- ئەترىتى، گېئولوگىيە 6- چوڭ ئەترىتى ھەم شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئاراتۈرۈك ھەربىي ئاتچىلىق فېرمىسى بار.

## §3. يەر كۆلىمى

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ يەر كۆلىمى تەخمىنەن 153 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا 440 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە 404 كىلومېتىر. غەربتىن قارىسا خۇددى لەپىلدەۋاتقان بايراققا ئوخشايدۇ. ئۇ شىنجاڭ ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ 9% ىنى ئىگىلەيدۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە خوتەن ۋىلايىتىدىن قالسىلا ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان چوڭ ۋىلايەت (ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى ھېسابلانمىدى). قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ يەر مەيدانى سەنشى، شەندۇڭ، لياۋنىڭ، جياڭسۇ، ئەنخۇي، جېجياڭ، فۇجيەن، تەيۋەن، خەينەن، نىڭشيا قاتارلىق 10 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ بىرلىك يەر مەيدانىدىنمۇ چوڭ.

# II باب

# تەشكىلىي تۈزۈلۈشى، رايونلارغا ئايرىلىشى

## §1. تەشكىلىي تۈزۈلۈشى

**1. چىڭ سۇلالىسىدىن ئىلگىرىكى تەشكىلىي تۈزۈلۈشى**

خەن سۇلالىسى دەۋرىدە مەركىزىي ھاكىمىيەت قۇمۇلدا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوزيەر ئۆزلەشتۈردى، شەھەر قۇردى، ئەمەلدار تەيىنلىدى، مەمۇرىي باشقۇرۇش ھوقۇقى يۈرگۈزدى. ھازىرقى قۇمۇل ئەينى چاغدا ئىۋۇرغول دەپ ئاتىلىپ، ئاراتۈرۈكتىن باشقا بارىسكۆل ئەتراپلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. خەن سۇلالىسى ئىۋۇرغولدا ئەسكەر تۇرغۇزغاندىن باشقا تەڭرىتاغدىن ھالقىپ بارىسكۆلدىمۇ ئەسكەر تۇرغۇزدى. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ شېنجۆ 2- يىلى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 60- يىلى) ئۇرلىدا ھاكىمىيەت ئاپپاراتى غەربىي يۇرت قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى قۇرۇپ، ئىۋۇرغول ۋە

بارىسكۆل بەگلىكلىرىگە ئەمەلىي هوقۇق يۈرگۈزىدىغان بولدى. قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىگە قارايدىغان بارىسكۆل بەگلىكى شۈيۈگۇدا بولۇپ، خەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەن بىلەن بولغان ئارىلىقى 8360 چاقىرىم كېلىدۇ، ئاھالىسى هونلار بولۇپ، ئۇلار چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭپىڭ 16-يىلى (73- يىلى) خەن سۇلالىسىنىڭ خانى مىڭدى هونلار بىلەن ئىۋىرغولنى تالىشىش ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلىپ، ئىۋىرغول كاھىبەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، ئىۋىرغولدا قەلئە قۇرۇپ بوز يەر ئۆزلەشتۇردى. يۇڭجيەن 6- يىلى (131- يىلى) خەن سۇلالىسىنىڭ خانى شۈندى ئىۋىرغول ئەمىرلەشكەر مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، ئىۋىرغولنىڭ ھەربىي ئىشلار ۋە بوز يەر ئۆزلەشتۇرۇش ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. بارىسكۆل ئىۋىرغولنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە بولدى. ئۈچ پادىشاھلىق ۋېي، جىن دەۋرلىرىدە، ۋېي سۇلالىسى قۇمۇلدا يەنىلا ئىۋىرغول كاھىبەگ چېرىكچى مەھكىمىسى تەسىس قىلدى. شەرقىي جىن پادىشاھلىقى شەنخې 2- يىلى (327- يىلى) خېشى كارىدورىغا جايلاشقان ئالدىنقى لياڭ بەگلىكىدىكى جاڭ جۈن ئىۋىرغولنى ھۇجۇم بىلەن ئالغاندىن كېيىن، ئىۋىرغولنى ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇن قىلىپ دۈنخۇاڭ ئايمىقىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى، جاڭ جۈن ھەربىي مەسلىھەتچىسى سۇڧۇنى ئىۋىرغولغا ئەۋەتىپ، كاھىبەگى قىلدى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئىۋىرغول ئايماق ناھىيە بولۇشقا باشلىدى.

جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە ئاۋارلار تاجاۋۇز قىلىپ ئىۋىرغولغا تەسىر كۆرسەتتى، ئەمما ئىۋىرغولغا يەنىلا شىمالىي ۋېي سۇلالىسى هوقۇق يۈرگۈزدى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تەيچاڭ 7- يىلى (422-يىلى) دۈنخۇاڭدىكى غەربىي لياڭ شىمالىي لياڭ بەگلىكى تەرىپىدىن ھالاك قىلىندى، غەربىي لياڭنىڭ لى باۋ، تاڭ چى، تاڭ خې باشچىلىقىدىكى قالدۇق قىسمى ئىۋىرغولغا كېلىپ ئولتۇراقلاشتى، ئىۋىرغول دەسلەپتە ئاۋارلارغا تەۋە ئىدى، كېيىن شىمالىي ۋېيغا بەيئەت قىلدى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تەيپىڭ جېنجۈن 1 - يىلى (440- يىلى)، لى باۋ ئىۋىرغولدىن ئەسكەر باشلاپ دۈنخۇاڭغا ئۈشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ دۈنخۇاڭنى ئالدى. بۇنىڭ بىلەن ۋېي سۇلالىسىنىڭ خانى لى باۋنى دۈنخۇاڭغا ۋالىي قىلىپ، دۈنخۇاڭنىڭ غەربىنى كونترول قىلىشقا يارلىق چۈشۈردى. كېيىن ئاۋارلار يەنە ئىۋىرغولنى ئىشغال قىلىۋالدى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تەيئەن 2- يىلى (456- يىلى) ۋېي سۇلالىسىنىڭ باسقاق سانغۇنى ۋېي جۈەن ئىۋىرغولنى قايتۇرۇۋالدى، كېيىن يەنە قولدىن بېرىپ قويدى.

سۈي سۇلالىسىنىڭ دايې 4- يىلى (608- يىلى) خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىۋىرغول شەھىرىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە يەنە بىر شەھەر بىنا قىلىپ، ئۇنىڭغا يېڭى ئىۋىرغول دەپ نام بەردى. سۈي سۇلالىسىنىڭ دايې 6- يىلى (610- يىلى) يەنە ئىۋىرغول ئايمىقى تەسىس قىلىپ، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى بارىسكۆلنى ئايماققا قارايدىغان قىلدى. سۈي سۇلالىسىنىڭ دايې 12- يىلى (616- يىلى) ئايماقنىڭ شەرقىدە رويان قورغىنىنى تەسىس قىلدى، كېيىن ئىۋىرغول غەربىي تۈركلەر تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىندى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۈەن 4- يىلى (630- يىلى) 9- ئايدا ئىۋىرغول شەھىرى تاڭ سۇلالىسىگە بېقىندى، تاڭ سۇلالىسى بۇ جاينى غەربىي ئىۋىرغول دەپ ئاتىدى. جېنگۈەن 6- يىلى (632- يىلى) ئىۋىرغول ئايمىقى دەپ ئاتىلدى، ئۇنىڭغا ئىۋىرغول ناھىيىسى (ئايماق بىلەن بىللە تۆت يېزا بىۋاسىتە قارىدى)، لاپچۇق ناھىيىسى (ئايماق بىلەن بولغان ئارىلىقى 120چاقىرىم، يەتتە يېزا قارىدى) ۋە رويان قورغىنى ئاساسىدىكى رويان ناھىيىسى (غەربىي جەنۇبتا بولۇپ، ئايماق بىلەن بولغان ئارىلىقى 240 چاقىرىم) قارىدى، ئايماق ئىۋىرغول ناھىيىسىدە تەسىس قىلىندى.

جېنگۈەن 14 - يىلى (640- يىلى) بارىسكۆل ناھىيىسى قۇرۇلدى، ئۇ بېشبالىقنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ تاڭلۇڭ 1 - يىلى (مىلادى 710- يىلى) 5- ئايدا، ئىۋىرغولدا ئىۋىرغول بارگاھى قۇرۇلدى، كەيۈەن 6- يىلى (718- يىلى) گەنلوغا يۆتكەلدى (هازىرقى باركۆل ناھىيىسىنىڭ داخې يېزىسى ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ).

تاڭ سۇلالىسىنىڭ تيەنباۋ 1 - يىلى (742- يىلى) ئىۋىرغول ئايمىقى ئىۋىرغول ۋىلايىتىگە ئۆزگەرتىلدى، لۇڭ يۇداۋ تەرىپىدىن باشقۇرۇلدى. تيەنباۋ 3- يىلى (مىلادى 744- يىلى) شەرق تەرەپتە ئۇيغۇرلار باش كۆتۈرۈپ بارسكۆلنى بېسىۋالدى. چيەن يۈەن 1 - يىلى (758- يىلى) ئىۋىرغول ۋىلايىتى ئىۋىرغول ئايمىقىغا ئۆزگەرتىلدى، گۇاڭدې 2 - يىلى (764- يىلى) دىن كېيىن، ئىۋىرغولنى تۇبۇتلەر بېسىۋېلىپ، 90 يىل ئەتراپىدا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. تاڭ سۇلالىسى، بەش دەۋر ۋە سۇڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدە قۇمۇل يەنىلا ئىۋىرغول ئايمىقى دەپ ئاتىلىپ، بارسكۆل ناھىيىسىنىمۇ باشقۇردى. شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭشى يىللىرىدىن كېيىن (تەخمىنەن 987- يىلىدىن كېيىن) ئىۋىرغول ئايمىقى ئۇيغۇرلارغا تەۋە بولدى.

شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنخې 6- يىلى (1124- يىلى) دىن كېيىن ئىۋىرغول، بارسكۆل قىتان سۇلالىسىغا تەۋە بولدى.

موڭغۇل خانى (بۆرجىن تېمۇرچىن) نىڭ 4- يىلى قۇچۇ ئۇيغۇر دۆلىتى قىتانلارغا قارشى تۇرۇپ موڭغۇللارغا قارام بولدى. جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ چۇن خۇ 11- يىلى (1251- يىلى) مىڭ شۈەنزۇڭ غەربىي ئۇيغۇر دۆلىتىدە بېشبالىق ۋاقىتلىق ۋازارىتى قۇردى، تىكمۇرنى قۇمۇلنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتتى، ئىۋىرغولنىڭ نامى قۇمۇلغا ئۆزگەرتىلدى.

يۈەن سۇلالىسىنىڭ جىيۈەن 18- يىلى (1281- يىلى) گەنسۇ ئۆلكىسى قۇرۇلدى، قۇمۇل گەنسۇغا قاراشلىق بولدى.

يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا، قۇمۇل چاغاتاي خانلىقىغا قاراشلىق بولۇپ، ئۇرناشىل شەھەرنى ساقلايتتى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭلې 2- يىلى (1404- يىلى) خان ئەنىق تېمۇرگە سادىق ۋاڭ دەپ نام بېرىلدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭلې 4- يىلى (1406- يىلى) 3- ئايدا قۇمۇل ياساۋۇلخانىسى تەسىس قىلىنىپ، قوماندان، مىڭبېشى، يۈزبېشى قاتارلىق ئەمەلدارلار قويۇلدى ھەم خەنزۇ ئەمەلدارلارسادىق ۋاڭ ئوردىسىغا دورغاپ، مەسلىھەتچى قىلىپ ئەۋەتىلدى. بارسكۆل قۇمۇلنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېڭخۇا 8- يىلى (1472- يىلى) دىن جىڭدى، جىياجىڭغىچە بولغان يۈز يىلغا يېقىن ۋاقىتتا، تۇرپان ۋاڭى كۆپ قېتىم قۇمۇلنى ئىگىلىۋالدى. جىياجىڭ 8- يىلى (1529- يىلى) دىن كېيىن قۇمۇل تۇرپانغا قارىدى.

2.چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تەشكىلىي تۈزۈلۈشى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 37- يىلى (1698- يىلى) چىڭ ئوردىسى خادىم ئەۋەتىپ، قۇمۇلدا موڭغۇل خانلىقىنىڭ قائىدىسى بويىچە خوشۇن تەشكىللەپ ئەمەلدار تەيىنلىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 56- يىلى (1717- يىلى) قۇمۇل شەھىرى (ھازىرقى شەھەر ئىچى) ياسالدى، يۇڭجېڭ 5- يىلى (1727- يىلى) قۇمۇل خەنچىڭ شەھىرى ياسالدى (ھازىرقى كونا شەھەر). يۇڭجېڭ 7- يىلى (1729- يىلى) دىن 9- يىلى (1731- يىلى) غىچە باركۆلدە خەنچېڭ شەھىرى ياسالدى. چيەنلۇڭ 37- يىلى (1772- يىلى) باركۆلدە مەنچېڭ شەھىرى ياسىلىپ، خۈينىڭ شەھىرى دەپ نام بېرىلدى. تۇڭجى 8- يىلى (1869- يىلى) قۇمۇل يېڭى شەھىرى ياسالدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭجېڭ 9- يىلى (1731- يىلى) چىڭ ھۆكۈمىتى ئەنشى ئايمىقىنى باركۆلگە يۆتكىدى، شۇنىڭ بىلەن باركۆلدە مەمۇرىي ئورگان بارلىققا كەلدى. ئەنشى ياردەمچى ئاتامانبېگى گەنسۇغا پەرمانبەردار بولدى. چيەنلۇڭ 24- يىلى (1759- يىلى) قۇمۇل مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى. ياندىش ئاتامانبېگى تەسىس قىلىنىپ، قۇمۇل ۋاڭىغا قاراشلىق جايلاردىن باشقا جايلارنىڭ خەلق ئىشلىرىنى باشقۇردى ھەم گەنسۇغا قارىدى. 2 - يىلى، قۇمۇلدا ئاتلاقچى ئامبال، باركۆلدە لەشكەر بېشى ئامبال تەسىس قىلىندى.

چياڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 38- يىلى (1773- يىلى) باركۆل مەھكىمىسى ھەم باركۆل ۋىلايىتى تەسىس قىلىندى، مەھكىمە قارمىقىدا ئىبۇرغول، گۈچېڭدىن ئىبارەت ئىككى ناھىيە بولۇپ، ئىبۇرغول مەھكىمە تۇرۇشلۇق جاي بولدى. باركۆل مەھكىمىسى گەنسۇ ۋازارىتىگە قاراشلىق بولدى. چيەنلۇڭ 41- يىلى (1776- يىلى) باركۆل ۋىلايىتى ئۈرۈمچىگە كۆچۈرۈلدى ۋە جىبەندەداۋ (ئۈرۈمچى- باركۆل ۋىلايىتى) دەپ ئاتالدى. شيەنفېڭ 5- يىلى (1855- يىلى) باركۆل مەھكىمىسى باركۆل بىۋاستە قاراشلىق ۋازارىتىگە ئۆزگەرتىلدى، ئىبۇرغول ناھىيىسى مۇشۇ ۋازارەتكە قارىدى، گۈچېڭ ئۈرۈمچىگە بۆلۈپ بېرىلدى. گۇاڭشۇ 7- يىلى (1881- يىلى) 8- ئاينىڭ 16- كۈنى قۇمۇل ۋازارىتى ئەنشى ۋىلايىتىدىن جىبەندەداۋ (باركۆل- ئۈرۈمچى ۋىلايىتىگە) غا بۆلۈپ بېرىلدى.

گۇاڭشۇ 10- يىلى (1884- يىلى) 11- ئاينىڭ 17- كۈنى شىنجاڭ ئۆلكە بولدى، ئۇ تۆت ۋىلايەتكە بۆلۈنگەن بولۇپ، جىبەندەداۋ (باركۆل- ئۈرۈمچى ۋىلايىتى) شىنجاڭ ئۆلكىسىگە تەۋە بولدى. 2 - يىلى قۇمۇل ۋازارىتى قۇمۇل بىۋاستە قاراشلىق ۋازارىتىگە ئۆستۈرۈلدى. قۇمۇل بىۋاستە قاراشلىق ۋازارىتىگە قۇمۇل، ئاراتۈرۈك ۋە 35 يېزا- قىشلاق قارايدىغان قىلىندى، لېكىن ئەمەلىيەتتە يېڭى، كونا شەھەردىن باشقا پەقەت يەتتە يېزا- قىشلاقلا قارىدى، قالغان جايلارنىڭ كۆپ قىسمى قۇمۇل ۋاڭىنىڭ سۈيۈرغاللىق يەرلىرى ئىدى. باركۆل بىۋاستە قاراشلىق ۋازارىتىنىڭ قارمىقىدا 24 يېزا- قىشلاق بار بولۇپ، شەرقىي، غەربىي، شىمالىي ئۈچ يېزىنى باشقۇردى.

### 3. مىنگو دەۋرىدىكى تەشكىلىي تۈزۈلۈشى

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 2- يىلى ( 1913- يىلى ) قۇمۇل بىۋاستە قاراشلىق ۋازارىتى قۇمۇل ناھىيىسىگە، باركۆل بىۋاستە قاراشلىق ۋازارىتى باركۆل ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلدى. خەلق قۇتادغۇ مەھكىمىسىنىڭ نامى ناھىيە ئامبىلىغا ئۆزگەرتىلىپ، ئۈرۈمچى مەھكىمىسىگە قارايدىغان بولدى. بەي ۋېنچاۋ قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ تۇنجى ئامبىلى، لى شۇرۇڭ باركۆل ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى بولدى. ناھىيە قارمىقىدا بىر قانچە يېزا بار بولۇپ، ھەر بىر يېزىغا بىردىن شاگىيو (ئاساسلىق مەمۇرىي ئىشلارنى باشقۇرىدۇ)، دېھقان بېشى (ئېتىز- ئېرىق ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ) قويۇلدى. شاگىيونىڭ قول ئاستىدا يۈز بېشى، ئون بېشى قويۇلدى. ناھىيە ياموۇلى ئالتەخانا (مەنسەپ تۇتۇقخانىسى، تۇتۇنخانىسى، يوسۇنخانىسى، لەشكەرخانىسى، زىندانخانىسى، كاسىپخانىسى)؛ ئۈچ بۆلۈم (مالايلار، خەۋەرچىلەر، ئات باقارلار) ئۆزگەرتىلىپ، بىر بۆلۈم باشلىقى ، ئىككى بۆلۈم خادىمى، تۆت سۇرۇقچى، ئىشكباقار، ئامبارچى چۆرە، خەۋەرچى، گوندىپاي، كۆنلۈكچى، كورۇچى، مەپىكەش، ئىشلەمچى قاتارلىق 76 كىشى قويۇلدى.

قۇمۇل ۋاڭىنىڭ سۈيۈرغاللىق يەرلىرىدە ھاكىمىيەت سىستېمىسى ئۆزلۈكىدىن شەكىللەنگەن بولۇپ، ناھىيە ياموۇلىنىڭ باشقۇرۇشىغا قارىمايتتى (تەپسىلاتىنى «ھاكىمىيەت، سىياسىي كېڭەش» قىسمىدىن كۆرۈڭ). قۇمۇل ۋاڭىنىڭ سۈيۈرغاللىق يېرى مىنگونىڭ 19- يىلى ( 1930- يىلى ) قۇمۇلدا ۋاڭلىق تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن ئاندىن ھۆكۈمەت تەشكىلىي تۈزۈلمىسىدە بولدى.

مىنگونىڭ 20- يىلى (1931- يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇمۇل ناھىيىسىنى ئۈچكە بۆلۈپ، ئاراتۈرۈك، ئىبۇرغول، قۇمۇل ناھىيىلىرىنى قۇرۇشنى قارار قىلدى. ئاراتۈرۈك ناھىيىسى ئەسلىدىكى قۇمۇل ۋاڭى سۈيۈرغاللىق قىلغان ئاراتۈرۈكتىكى ئالتە رايوننى ئۆز ئىچىگە ئالدى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت نومدا بولدى، ئىبۇرغول ناھىيىسى ئەسلىدىكى قۇمۇل ۋاڭى سۈيۈرغاللىق قىلغان بەش شەھەر رايوننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت توغۇچىدا بولدى، قۇمۇل ناھىيىسى شەھەرنىڭ جەنۇبىي ۋە شەرقىدىكى رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قۇمۇل كونا شەھەردە بولدى. 2- يىلى يىغىلىق سەۋەبىدىن ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىش توختاپ قالدى.

مىنگونىڭ 23- يىلى (1934- يىلى) 5- ئايدا قۇمۇل مەمۇرىي رايونى قۇرۇلدى قارمىقىدا قۇمۇل ناھىيىسى، باركۆل ناھىيىسى ۋە يەتتەقۇدۇق مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى بار بولۇپ، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ 9- مەمۇرىي رايونى قىلىندى، مەمۇرىي باشلىقلار مەھكىمىسى قۇمۇل ناھىيىسىدە بولدى، ليۇيىگلىن تۇنجى باش مەمۇر بولدى.

مىنگونىڭ 24- يىلى (1935- يىلى) 7- ئايدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ توخۇلۇ، باي، تۇزكۆل، نىرىنكىر، ئاداق، نوم يېزىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئاراتۇرۇك مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن قۇمۇل مەمۇرىي رايونىدا ئىككى ناھىيە، ئىككى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلدى.

مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى) 5- ئايدا قۇمۇل مەمۇرىي باشلىقلار مەھكىمىسى مەمۇرىي تەپتىش ۋالىي مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلدى. 8- ئايدا قۇمۇل ناھىيىسى 2- دەرىجىلىك ناھىيىدىن1- دەرىجىلىك ناھىيىگە ئۈستۈرۈلدى. باركۆل ناھىيىسى 2- دەرىجىلىك ناھىيە قىلىندى، ئاراتۇرۇك 3- دەرىجىلىك ناھىيىدىن 5- دەرىجىلىك ناھىيىگە چۈشۈرۈلدى. يەتتە قۇدۇق يەنىلا مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى بولدى. رايون، يېزا، كەنت مەمۇرىي تەشكىلاتلىرى بىكار قىلىنىپ، يېزا، بازار، باۋ، جيا تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

4.يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى تەشكىلىي تۈزۈلۈشى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950- يىلى قۇمۇل رايونىدا مەمۇرىي تەپتىش ۋالىي مەھكىمىسى قۇرۇلۇپ، مەھكىمە قۇمۇل ناھىيىسىدە بولدى. قۇمۇل، باركۆل، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىرى ۋە يەتتە قۇدۇق مەركىزىي رايونى ئۇنىڭ قارمىقىدا بولدى. 1954- يىل 1- ئاينىڭ 4- كۈنى ئەسلى جېنشى دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان باركۆل ناھىيىسىنىڭ نامى رەسمىي ھالدا باركۆل ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلدى، 9- ئاينىڭ 30- كۈنى باركۆلدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلۇپ، باركۆل قازاق ئاپتونوم رايونى قۇرۇلدى. يەتتە قۇدۇق مەركىزىي رايونى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قۇمۇل ناھىيىسىگە قاراشلىق يەتتە قۇدۇق بازىرى (يېزا دەرىجىلىك بازار) قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. 1955- يىلى باركۆل قازاق ئاپتونوم رايونى باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. ئىككى ناھىيە، بىر ئاپتونوم ناھىيە قۇمۇل ۋالىي مەھكىمىسىگە قاراشلىق بولدى.1961- يىلى قۇمۇل ناھىيە بازىرىنى ئاساس قىلغان پاراۋۇز، تۆمۈر ئەجدىھا، پولات- تۆمۈر، ئالدىن يۈرەر، قىزىل بايراقتىن ئىبارەت بەش بازار، كۆكتىپنى ۋە راكېتا دېھقانچىلىق مەيدانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قۇمۇل ۋالىي مەھكىمىسى رەھبەرلىكىدىكى قۇمۇل شەھىرى قۇرۇلدى. 1962- يىلى قۇمۇل شەھىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ قۇمۇل ناھىيىسىگە قوشۇۋېتىلدى.

1971- يىل 1- ئاينىڭ 24-كۈنى ئەسلىدىكى ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق پىچان ناھىيىسى قۇمۇل ۋىلايىتىگە قوشۇۋېتىلدى، بۇنىڭ بىلەن قۇمۇل ۋىلايىتىگە ئۈچ ناھىيە، بىر ئاپتونوم ناھىيە قارايدىغان بولدى.

1975 - يىل 1- ئاينىڭ 30-كۈنى پىچان ناھىيىسى تۇرپان ۋىلايىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.1977- يىل 1- ئاينىڭ 6- كۈنى گوۋۇيۈەن قۇمۇل شەھىرى (ناھىيە دەرىجىلىك) نى قۇرۇپ، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ باشقۇرۇشىنى قارار قىلدى. بۇنىڭ بىلەن قۇمۇل ۋىلايىتىگە بىر شەھەر (قۇمۇل)، ئىككى ناھىيە (قۇمۇل، ئاراتۇرۇك) ۋە بىر ئاپتونوم ناھىيە (باركۆل ) قارايدىغان بولدى. 1969- يىل 3-ئايدىن 1979- يىلى 6- ئايغىچە قۇمۇلدا ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك ۋە كۆكتىپ دەرىجىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتلار قۇرۇلدى. 1979- يىل7- ئاينىڭ1- كۈنى قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىگە ئۆزگەرتىلدى. 1979- يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىگە بىر شەھەر، ئىككى ناھىيە، بىر ئاپتونوم ناھىيە، ئىككى بازار، ئۈچ رايون، 22 خەلق كۆكتىپى ۋە 17 دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانى - چارۋىچىلىق فېرمىسى، 22 ئاھالىلەر كومىتېتى قارىدى. قۇمۇل مەمۇرىي مەھكىمىسى يەنە ئارانچى كان رايونىدا ۋاكالىتەن

ئىش بېجىرىش ئورنى — تارانچى مەمۇرىي كومىتېتى (ناھىيە دەرىجىلىك) تەسىس قىلدى.

1983- يىل 9- ئاينىڭ 9- كۈنى قۇمۇل ناھىيىسى قۇمۇل شەھىرىگە قوشۇۋېتىلدى.

1984- يىلى 6- ئايدا ھاكىمىيەت بىلەن گۇڭشې ئايرىۋېتىلدى، خەلق گۇڭشېسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، يېڭىدىن ئۈچ رايونلۇق مەھكىمە، 35 يېزىلىق ھۆكۈمەت، ئىككى بازارلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلدى.

1985- يىلىنىڭ ئاخىرىدا قۇمۇل ۋىلايىتىگە بىر شەھەر (قۇمۇل)، بىر ناھىيە (ئاراتۈرۈك)، بىر ئاپتونوم ناھىيە (باركۆل) قاراشلىق بولدى.

**قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئۈچ ناھىيە، شەھەرنىڭ تارىخىي ناملىرى**

جەدۋەل 1-1

| ھازىرقى نامى | تارىختىكى ناملىرى | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | خەن سۇلالىسى دەۋرى | ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرى | ۋېي، جىن، جەنۇبىي-شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرى | سۈي، تاڭ سۇلالىسى دەۋرى | سۇڭ سۇلالىسى دەۋرى | يۈەن سۇلالىسى دەۋرى | مىڭ سۇلالىسى دەۋرى | چىڭ سۇلالىسى دەۋرى | مىنگو دەۋرى |
| قۇمۇل شەھىرى | ئىۋىغۇرغول (ئىۋۇرغول) | سىيانپىغا تەۋە سۇيۇرغاللىق يەر | شىمالىي ۋېي دەۋرىدە ئاۋارلار ، قۇمۇل دۆلەتخانلىقى ۋىلايىتىگە تەۋە | سۈي سۇلالىسى دەۋرىدە ئىۋۇرغول ۋىلايىتى، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي ئىۋۇرغول، ئىۋۇرغول ئايمىقى | ئىۋۇرغول | قۇمۇل | قۇمۇل ياساۋۇلخانىسى | قۇمۇل | قۇمۇل |
| باركۆل ناھىيىسى | بارسكۆل ( باركۆل ) | سىيانپىيغا تەۋە | ئاۋارلارغا تەۋە بولغان | سۈي سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي تۈرۈكلەرنىڭ تۈرۈشلۇق ئورنى ،تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بارسكۆلگە تەۋە بولغان | ئىۋۇرغولغا تەۋە بولغان | بېشبالىققا تەۋە بولغان | خوشۇت موڭغۇللىرى بىلەن جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ چارۋىچىلىق ئورنى | باركۆل مەھكىمىسى، ئىۋۇرغول ناھىيىسى | باركۆل ناھىيىسى |
| ئاراتۈرۈك ناھىيىسى | ئەزەلدىن قۇمۇلغا تەۋە بولۇپ، تارىختا قۇمۇل بىلەن ئوخشاش ئۆتۈپ كەلگەن | | | | | | | | ئاراتۈرۈك |

## §2. مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىلىشى

**1 .چىڭ سۇلالىسىدىن ئىلگىرىكى رايونلارغا ئايرىلىشى**

خەن سۇلالىسىدىن ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردىن تارتىپلا، كىشىلەر قۇمۇلدا ئولتۇراقلىشىپ تېرىقچىلىق، چارۋىچىلىق قىلىپ، تەبىئىي يېزا- قىشلاقلارنى شەكىللەندۈردى. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 11 - ئەسىردىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى

13 - ئەسىرگىچە بولغان غەربىي جىۋ سۇلالىسى دەۋرىدە، قۇمۇل ۋىلايىتى " يۈيگۈلۈك توقۇز ئايماق چېگرىسى سىرتىدىكى قەدىمىي رۇڭلارنىڭ زېمىن "ى ئىدى. جۇمۇۋاڭ غەربنى كۆزدىن كۆچۈرگەندە قۇمۇلنى " كۇنبېك " (كۇنۇۋۇ) دەپ ئاتىدى، چېگرىسى ئېنىق ئايرىلمىغان ئىدى.

خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ يەردە كۆپ قېتىم ئەسكەر تۇرغۇزۇلۇپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلدى. شۇ چاغلاردا قۇمۇل ئىۋۇرغول (ئۇيغۇرغول) دەپ ئاتىلىپ، دۇنخۇاڭ ۋىلايىتىگە قارايتتى. بارسكۆل (ھازىرقى باركۆل ) كۆپ ۋاقىتلاردا ئىۋۇرغولغا، بەزى ۋاقىتلاردا يەنە غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى ياكى غەربىي يۇرت دورغاپ مەھكىمىسىگە بىۋاستە قارىدى.

ئۈچ پادىشاھلىق، ئىككى جىن دەۋرىدە، ئىۋۇرغول ناھىيىسى دۇنخۇاڭنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. بارسكۆل ئارقا قاڭقىل دۆلىتىگە تەۋە بولدى.رايونلارنىڭ ئورنى خەن سۇلالىسى ۋاقتىدىكىسى بىلەن ئومۇمەن ئوخشاش ئىدى.جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە ئىۋۇرغول، بارسكۆل ئايرىم باشقۇرۇلدى، بارسكۆل كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ يېرى بولۇپ، ئىۋۇرغول شەھىرىگە ئاساسلىق يەتتە شەھەر قارايتتى.

سۈي سۇلالىسى دەۋرىدە دۆلەت كۈچى ئىۋۇرغول بىلەنلا چەكلەندى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، ئىۋۇرغولدىكى ئاساسلىق يەتتە شەھەر سۇلالە دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى ۋە ئۈچ ناھىيىگە بۆلۈندى. بۇ يەتتە شەھەر ئومۇمەن شەھەرئىچى (ھازىرقى قۇمۇل شەھىرى شەھەرئىچى يېزىسى ۋە ئۇنىڭ جەنۇبىدىكى راھەتباغ، بوغاز يېزىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، سۇمقاغا (ھازىرقى ئاستانە يېزىسىنىڭ سۇمقاغا كەنتى)، ئاستانە (ھازىرقى ئاستانە يېزىسى)، توغۇچى (ھازىرقى دۆربەجىن دېھقانچىلىق مەيدانى)، لاپچۇق (ھازىرقى قارادۆۋە يېزىسىنىڭ لاپچۇق كەنتى)، قارادۆۋە (ھازىرقى قارادۆۋە يېزىسى)، سۇ بېشى (ھازىرقى قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى يېزا - كەنتلەر) ئومۇمەن ھازىرقى قۇمۇل شەھەر رايونىنى كۆرسىتىدۇ.

سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىۋۇرغول شىجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەسىر دائىرىسىدە بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا نىسبىي مۇستەقىللىقى بار ئىدى.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىۋۇرغول قۇمۇل دەپ ئاتىلىپ، بېشبالىق ۋاقىتلىق ۋازارىتىگە قارايتتى. يۈەن سۇلالىسىنىڭ جىيۈەن 18- يىلى (1281- يىلى) يەنە گەنسۇغا قاراشلىق بولدى.

يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى مىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا، قۇمۇلدا بەگلىك قۇرۇلۇپ ۋاڭ دەپ ئاتالدى، مىڭ تەيزۇ ئۇنى ئېتىراپ قىلدى ھەم مەرتىۋە بەردى. قۇمۇل بەگلىكىنىڭ زېمىنى " جەنۇبى شاجۇغىچە، غەربى قاراقوجوغىچە، شىمالى ئۇيراتقىچە، شەرقىي جەنۇبى سۇجو (جيۇچۈەن) غىچە " بولدى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، قۇمۇل بەگلىكى تۇرپان تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى ھەم قوشۇۋېلىندى، بارسكۆل موڭغۇللارنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق زېمىنىغا ئايلىنىپ قالدى.

## 2. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى رايونلارغا ئايرىلىشى

قۇمۇل، بارسكۆللەر چىڭ سۇلالىسىگە قارام بولدى، چىڭ ئوردىسى ئالدى بىلەن قۇمۇلدا قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىقىنى قۇردى، زېمىنى ھازىرقى قۇمۇل شەھىرى ۋە ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. كېيىن تاغنىڭ شىمالىدا مەھكىمىگە قاراشلىق ناھىيە قۇردى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 38- يىلى (1773- يىلى) چىڭ ھۆكۈمىتى باركۆلدە باركۆل مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، گەنسۇ ئۆلكىسىگە قاراشلىق قىلدى. باركۆل مەھكىمىسى قارمىقىدا ئىۋۇرغول ناھىيىسى (ھازىرقى باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى)، ناھىيىنىڭ قارمىقىدا شەرق، غەرب، شىمال ئۈچ يېزا، جەمئىي 25 كەنت بولدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 10- يىلى (1884- يىلى) قۇمۇل بىۋاستە قاراشلىق ۋازارىتى قۇرۇلۇپ، مەھكىمە

قارمىقىدا ئالتە شەھەر، 35 كەنت بولدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، قۇمۇل ۋىلايىتى باركۆل- ئۈرۈمچى ۋىلايىتى قارمىقىدا بولۇپ، ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا قۇمۇل بىۋاسىتە قاراشلىق مەھكىمىسى ۋە باركۆل ۋازارىتى قاراشلىق مەھكىمىسى بولدى.

3. مىنگو دەۋرىدىكى رايونلارغا ئايرىلىشى

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 2- يىلى ۋازارەت ناھىيىگە ئۆزگەرتىلىپ، ئۈرۈمچى ۋىلايىتىگە تەۋە بولدى. ناھىيىنىڭ ئاساسىي قالاق مەمۇرىي ئورۇنلىرى رايون بولدى. مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى، قۇمۇل ۋاڭى كونا تۈزۈمنى ساقلاپ قالدى. قۇمۇل ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى جايلار پەقەت يېڭى شەھەر، كونا شەھەر، سەيپۇەنزە، قىزىل يۇلغۇن، سەيخۇمياۋ، چۆەنشۇي، سايپۇلاق، قۇمتوغراق، لوجاۋەن، پالۋانتۈر، تاشۆيلىق قاتارلىق خەنزۇ- خۇيزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلار بىلەنلا چەكلەندى.

مىنگونىڭ 7- يىلى (1918- يىلى) 2- ئاينىڭ 12- كۈنى يەتتە قۇدۇقتا ناھىيە دەرىجىلىك ئامبال ياردەمچى ياملى تەسىس قىلىندى، ئۈرۈمچى ۋىلايىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

مىنگونىڭ 23- يىلى (1934- يىلى) شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ۋەكىللىرى يىغىنىدىن كېيىن، مىللىي ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقلىشى بىلەن قۇمۇل، باركۆل ناھىيىلىرى قۇمۇل مەمۇرىي رايونى قىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ 9- مەمۇرىي رايونى قىلىندى؛ 5- ئايدا قۇمۇلدا مەمۇرىي باشلىقلار مەھكىمىسى قۇرۇلدى، 2 - يىلى 6- ئايدا باركۆلدە مۇئاۋىن مەمۇرىي باشلىقلار مەھكىمىسى قۇرۇلدى.

مىنگونىڭ 24- يىلى (1935- يىلى) 7- ئايدا ئەسلىدىكى قۇمۇل ناھىيىسىگە قاراشلىق ئاراتۇرۇك قاتارلىق ئالتە رايون بۆلۈنۈپ، ناھىيە دەرىجىلىك بولغان ئاراتۇرۇك مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلدى، قۇمۇل ناھىيىسى بىلەن باركۆل ناھىيىسى 2- دەرىجىلىك ناھىيە قىلىپ بېكىتىلدى.

مىنگونىڭ 31- يىلى (1942- يىلى) 8- ئايدا ئاراتۇرۇك مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى 3- دەرىجىلىك ناھىيىگە رەسمىي ئۆستۈرۈلدى؛ شۇ يىلى يەتتە قۇدۇق مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلدى، شۇ چاغدىكى ناھىيە تەۋەلىكىدە رايون، كەنت (كوچا) قۇرۇلدى، قۇمۇل ناھىيىسىگە شەھەرئىچى رايونى، ئاقيەر رايونى ، توغۇچى رايونى، تاشۆيلىق رايونى، تەگرىتاغ رايونى ۋە شەھەرئىچى كوچا باشلىقلىرى بىرلەشمە ئىش بېجىرىش باشقارمىسى قاراشلىق بولدى؛ باركۆل ناھىيىسىگە شەھەر ئەتراپى رايونى، شەرقىي يېزا رايونى، شىمالىي يېزا رايونى، شەرقىي كۆچمەن چارۋىچىلىق رايونى، غەربىي كۆچمەن چارۋىچىلىق رايونى قارىدى؛ توخۇلۇ رايونى، باي رايونى، نېرىنكىر رايونى، تۇركۆل رايونى، نوم رايونى، ئاداق رايونى ئاراتۇرۇك ناھىيىسىگە قاراشلىق بولدى. رايونلار قارمىقىدىكى بازاردا كوچا، يېزا ئىگىلىك رايونلىرىدا كەنت بولدى، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا يەنىلا ئەنئەنىۋى قەبىلە ئادىتى ساقلاپ قېلىندى، قەبىلە ئاقساقىلى كەنت باشلىقى بىلەن تەڭ بولدى.

مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى) قۇمۇل مەمۇرىي رايونىغا قۇمۇل ناھىيىسى، باركۆل ناھىيىسى، ئاراتۇرۇك ناھىيىسى، يەتتە قۇدۇق مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى قارىدى.

مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى) نىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى ئۆتكۈزۈۋالدى، قۇمۇل مەمۇرىي باشلىقلار مەھكىمىسى قۇمۇل رايونلۇق مەمۇرىي تەپتىش ۋالىي مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلدى، قۇمۇل يەنىلا شىنجاڭنىڭ 9- مەمۇرىي رايونى بولدى.

مىنگونىڭ 32- يىلى (1944- يىلى) رايون، كەنت تۈزۈمى «يېزا، بازار، باۋ، جيا تۈزۈمى» گە ئۆزگەرتىلدى.

قۇمۇل ناھىيىسى ئىككى بازار، بەش يېزا، 66 باۋغا بۆلۈندى، جوڭسەن بازىرى (كونا شەھەر) غا ئالتە باۋ قاراشلىق بولۇپ، بىر باۋدا 10جيا، ھەر بىر جيادا ئادەتتە 10 ئائىلە بولدى. مەركىزىي بازار (يېڭى شەھەر رايونى) غا سەككىز باۋ

قاراشلىق بولدى، شەھەر ئىچى يېزىسى (1- يېزا) قارمىقىدا شەرقىي كۆكتاتلىق، غەربىي كۆكتاتلىق، چارباغ، ئۆچقۇرۇل (جېيەنجيەندۈك)، شەھەر ئىچى، ئالتۇنلۇق، قاراگلا، چاگخۇ، قاراتال، بوغازدىن ئىبارەت ئون باۋ بولدى. ئاقيەر يېزىسى (2- يېزا) قارمىقىدا يۇقىرى ئاقيەر، تۆۋەن ئاقيەر، لەگگەر، غوجامبۇلاق (چۇەنشۈي)، سەيخۇمياۋ، پالۋانتۇر، لوجاۋەن، قىزىل يۇلغۇن، دۆربەجىن، قۇمتوغراق (گاداجىگزى)، بۇلۇڭتوغراقتىن ئىبارەت 11 باۋ بولدى. توغۇچى يېزىسى (3- يېزا) قارمىقىدا قوشتېكەن، كۆكشاك، جىگدە، سۇمقاغا، ئاستانە، توغۇچى، لاپچۇق، قارادۆۋە (لاپچۇق بىلەن قارادۆۋىنىڭ ھەر قايسىسىغا ئىككىدىن باۋ قارايتتى) قاتارلىق ئون باۋ قارىدى. تەگرىتاغ يېزىسى (4- يېزا) قارمىقىدا نېرىن، قوراي، قىزىلىيار، تۆمۈرتى، ئېدىر، توشو، ئاقتاش، قورلۇق، كۆكيار، تاراتى، ئۇلانبۇلاقتىن ئىبارەت 11 باۋ قارىدى. تاشۋىلىق يېزىسى (5- يېزا) قارمىقىدا شەرقىي مەھەللە، غەربىي مەھەللە، خوتۇنتام، شوپۇل قاتارلىقلار بولۇپ، ھەر بىرىدە ئىككى باۋدىن جەمئىي ئون باۋ بولدى.

باركۆل ناھىيىسى قارمىقىدا بىر بازار، تۆت يېزا قۇرۇلدى. تەيپىڭ (تىنچلىق) بازىرى باركۆل بازىرىنىڭ خەنچېڭ بازىرىنى كۆرسىتىدۇ، قارمىقىدا تۆت باۋ تەسىس قىلىندى. يۇگفېڭ يېزىسى (شەرقىي يېزا) قارمىقىدا خۇاجاگزا، نەنيۈەنزە، دا چۇەنتۇەن، شىرىنزا، كويسۇ، سەنشىخۇ، سۇمۇشتان، گاۋجاخۇ قاتارلىق سەككىز باۋ بولدى. كاگلى يېزىسى (شىمالىي يېزا) قارمىقىدا دۇگتۇچۇ، جوخۇ، شىنخۇ، شاگخۇ، شىخۇ، ئۆچكۆل (سەنتاگخۇ)، كۆلياقا، ئەرداۋخېزى قاتارلىق سەككىز باۋ بولدى. بۇلاردىن باشقا يەنە شەرقىي ۋە غەربىي چارۋىچىلىق يېزىسى تەسىس قىلىندى.

ئاراتۇرۇك ناھىيىسى قارمىقىدا بىر بازار، ئالتە باۋ، 53 جيا تەسىس قىلىندى. سەنمىن بازىرى ئەسلىدىكى توخۇلۇ (شارتۆپلەر) رايونىنىڭ بىر قىسمى. نېرىنكىر بىرىنچى باۋ، تۆركۆل ئىككىنچى باۋ، توخۇلۇ ئۈچىنچى باۋ، باي تۆتىنچى باۋ، ئاداق بەشىنچى باۋ، نوم ئالتىنچى باۋ بولدى.

يەتتە قۇدۇق مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىدا 40 نەچچە ئائىللا ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا، بىر باۋ تەسىس قىلىندى.

4. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى رايونلارغا ئايرىلىشى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن 1950- يىلى قۇمۇل رايونلۇق مەمۇرىي تەپتىش ۋالىي مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قۇمۇل ۋالىي مەھكىمىسى قۇرۇلدى. ئورنى قۇمۇل ناھىيىسىدە بولدى. قۇمۇل ۋالىي مەھكىمىسى قارمىقىدا قۇمۇل ناھىيىسى، باركۆل ناھىيىسى، ئاراتۇرۇك ناھىيىسى ۋە يەتتە قۇدۇق مەركىزىي رايونى تەسىس قىلىندى.

ناھىيە قارمىقىدا رايون، يېزا، كەنت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، بۇرۇنقى يېزا- بازارلار رايونغا، باۋلار يېزىغا ئۆزگەرتىلدى. يېزا قارمىقىدا مەمۇرىي كەنت تەسىس قىلىندى. تارقاق يېزا- قىشلاقلاردا يېزا بىلەن كەنتلەر ئوتتۇرىسىدا مەمۇرىي مۇدىر تەسىس قىلىندى. تەبىئىي كەنت باشلىقلىرىدا دەرىجە تۈزۈمى بولمىدى. مەمۇرىي كەنت بىرقانچە تەبىئىي كەنتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

قۇمۇل ناھىيىسى «C» ئىككىنچى دەرىجىلىك ناھىيە بولدى، قارمىقىدا ئالتە رايون، 23 يېزا (كوچا)، 119 تەبىئىي كەنت تەسىس قىلىندى. ئالتە رايون، 23 يېزا (كوچا) ئىچىدە، شەھەردە تۆت كوچا، 13 دېھقانچىلىق يېزىسى، بەش يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق يېزىسى، بىر چارۋىچىلىق يېزىسى تەسىس قىلىندى. ناھىيە ئورگىنى كونا شەھەردە بولدى. شەھەر رايونى 1- رايون قىلىنىپ، قارمىقىدا كونا شەھەر يولى (1- كوچا)، جۇڭگەن يولى (2- كوچا)، ئازادلىق يولى (3- كوچا)، جۇڭخۇا يولى (4- كوچا) بولدى. شەھەر ئەتراپى شەرقىي، غەربىي كۆكتاتچىلىق كەنتى بىرىنچى، ئىككىنچى كوچىغا تەۋە قىلىندى، رايونلۇق مەھكىمىدە تۆت كوچا تەسىس قىلىندى؛ شەھەر ئىچى رايونى (ئىككىنچى رايون) قارمىقىدا ئۆچقۇرۇل يېزىسى، شەھەرئىچى يېزىسى، راھەتباغ يېزىسى، بوغاز يېزىسى تەسىس قىلىندى. رايونلۇق مەھكىمە شەھەرئىچى يېزىسىدىكى قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسى سېرتىدىكى يارباغقا جايلاشتى؛ توغۇچى

رايونى (ئۈچىنچى رايون) قارمىقىدا ئاستانە، توغۇچى، لاپچۇق، قارادۆۋە يېزىلىرى تەسىس قىلىندى. رايونلۇق مەھكىمە توغۇچىدا بولدى. ئاقيەر رايونى (تۆتىنچى رايون) قارمىقىدا ئاقيەر، پالۋانتۇر، ساقا يېزىلىرى تەسىس قىلىندى، رايون مەھكىمە يۇقىرى ئاقيەرگە جايلاشتى. تاشبۇلاق رايونى (بەشىنچى رايون) قارمىقىدا تاشبۇلاق، خوتۇنتام - شوبۇل يېزىسىدىن ئىبارەت ئىككى يېزا بولۇپ، رايونلۇق مەھكىمە تاشبۇلاقتا جايلاشتى. تەگىرتاغ رايونى (ئالتىنچى رايون) قارمىقىدا 1- يېزا ( نېرناسى)، 2- يېزا (قوراي)، 3-، 4- يېزا (قۇرلۇق) تەسىس قىلىندى، بۇندىن باشقا غەربىي قىسمىدىكى ھەرقايسى غوللارغا تارقاقلىشىپ ئولتۇراقلاشقان كۆچمەن چارۋىچىلار 183 ئائىلە، 1007 نوپۇس ئايرىم بىر چارۋىچىلىق يېزىسى بولدى، رايونلۇق مەھكىمە قورايغا جايلاشتى. 1952- يىلى 5- ئايدا تەگىرتاغ رايونى كۆشۈتە ئېغىزى پاسىل قىلىنىپ، ئۇنىڭ غەربىدىكى جايلار غەربىتاغ رايونى (7- رايون ) قىلىپ تەسىس قىلىندى، قارمىقىدا چەچەي، تاراتىدىن ئىبارەت ئىككى يېزا تەسىس قىلىندى، رايونلۇق مەھكىمە ئۆرۈكلۈككە جايلاشتى. 1953- يىلى شەرقىي، غەربىي كۆكتاتچىلىق كەنتلىرى ئايرىپ چىقىلىپ، شەھەر ئەتراپى يېزىسى قۇرۇلدى ۋە ئاۋۋالقىدەكلا شەھەر ئەتراپى رايونىنىڭ قارمىقىدا بولدى، سايبۇلاق يېزىسى ساقا يېزىسىدىن ئايرىپ چىقىلىپ، ئاقيەر رايونىغا قوشۇۋېتىلدى.

باركۆل ناھىيىسى قارمىقىدا بەش رايون، 14يېزا (كوچا)، 41 تەبىئىي كەنت تەسىس قىلىندى. شەھەر ئەتراپى رايونى (1- رايون) قارمىقىدا1- مەھەللە (شەرقىي مەھەللە)، 2- مەھەللە (جەنۇبىي مەھەللە)، 3- مەھەللە (غەربىي مەھەللە)، 4- مەھەللە (شىمالىي مەھەللە)، خۋاجاگىزا يېزىسى، ئەنيۈەنزە يېزىسى تەسىس قىلىندى، رايونلۇق مەھكىمە جەنۇبىي مەھەللىدە بولدى. شەرقىي رايون قارمىقىدا داچۈەنتۈەن يېزىسى، مەنشيەنخۇ يېزىسى، كۇيسۇ يېزىسى تەسىس قىلىندى، رايونلۇق مەھكىمە ھازىرقى شىرىنزىدا بولدى؛ شىمالىي رايون (3- رايون) دۇگنتۇچۇي يېزىسى (1- يېزا)، جوخۇ يېزىسى (2- يېزا)، شياجۋاگزى يېزىسى (3- يېزا)، شىنخۇ يېزىسى (4- يېزا)، شىخۇ يېزىسى (5- يېزا)، سەنتاگخۇ (ئۈچكۆل) يېزىسى (6- يېزا) تەسىس قىلىندى، رايونلۇق مەھكىمە 2- يېزا بىلەن 3- يېزا چېگرىلىنىدىغان جايدا يەنى ھازىرقى داخې (قاراسۇ) يېزىسى تۇرۇشلۇق جايغا ئورۇنلاشتى. شەرقىي، غەربىي چارۋىچىلىق رايونى ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقى، غەربىدە بولۇپ، رايونلۇق مەھكىمە چارۋىچىلارغا ئەگىشىپ كۆچۈپ تۇرغاچقا، يېزىغا ئايرىلمىدى.

ئاراتۈرۈك ناھىيىسى قارمىقىدا بەش رايون، ئالتە يېزا تەسىس قىلىندى. ناھىيە ئورگىنى توخۇلۇدا بولدى. نوم رايونى قارمىقىدا ئاداق يېزىسى، نوم يېزىسى بولۇپ، رايونلۇق مەھكىمە نومدا تەسىس قىلىندى. توخۇلۇ، باي، تۇركۆل، نېرىنكىر قاتارلىق تۆت رايوننىڭ ھەر بىرىدە بىردىنلا يېزا تەسىس قىلىندى.

يەتتە قۇدۇق مەركىزىي رايونى قۇمۇل ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى.

1953- يىلى باركۆل ناھىيىسىنىڭ خەنزۇچە «巴里坤镇西» دېگەن نامى «巴里坤» قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، شەرقىي چارۋىچىلىق رايونى شىرىنزى، كۇيسۇدىن ئىبارەت ئىككى رايونغا بۆلۈندى.

1954- يىل 4- ئاينىڭ 12- كۈنى يەتتە قۇدۇق مەركىزىي رايونى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يېزا دەرىجىلىك بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

1954- يىل 9 - ئاينىڭ 30 -كۈنى باركۆل ناھىيىسىدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلۇپ، باركۆل قازاق ئاپتونوم رايونىغا ئۆزگەرتىلدى.

1954- يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىگە ئىككى ناھىيە، بىرئاپتونوم رايون قاراشلىق بولدى.

1955- يىل باركۆل قازاق ئاپتونوم رايونى باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلدى. قۇمۇل ۋىلايىتىگە ئىككى ناھىيە، بىر ئاپتونوم ناھىيە قاراشلىق بولدى.

1955- يىلىنىڭ ئاخىرى ھەر قايسى ناھىيىلەردىكى رايونلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يېزىلار بىرلەشتۈرۈلدى، رايونلارنىڭ بۆلۈنۈشى تەگشەلدى. قۇمۇل ناھىيىسى باشقۇرۇشىدىكى قۇمۇل شەھىرى (1953- يىلى شەھەر ئەتراپى رايونى ئاساسىدا قۇرۇلغان رايون دەرىجىلىك شەھەر) قۇمۇل بازىرىغا ئۆزگەرتىلىپ، ئىلگىرى قۇمۇل شەھىرىگە قارايدىغان شەھەر

ئەتراپى يېزىسى ناھىيىگە بىۋاسىتە قارايدىغان قىلىندى؛ توغۇچى، ئاقيەر، شەھەر ئىچى رايونلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، شەھەر ئىچى رايونىنىڭ قارمىقىدىكى بۆرۈنقى تۆت يېزىدىن بىرىنچى، ئىككىنچى يېزىلار بىرلەشتۈرۈلۈپ، شەھەر ئىچى يېزىسى قىلىندى، ئۈچىنچى، تۆتىنچى يېزىلار بىرلەشتۈرۈلۈپ راھەتباغ يېزىسى قىلىندى؛ توغۇچى رايونىنىڭ قارمىقىدىكى بۆرۈنقى تۆت يېزا ئۈچ يېزا قىلىندى، ئەسلىدىكى لاپچۇق بىلەن قارادۆۋە بىرلەشتۈرۈلۈپ، قارادۆۋە يېزىسى قىلىندى؛ ئاقيەر رايونىنىڭ قارمىقىدىكى بۆرۈنقى تۆت يېزىدىن بىرىنچى، ئىككىنچى يېزا بىرلەشتۈرۈلۈپ، پالۋانتۇر يېزىسى قىلىندى. ساقا يېزىسى، قۇمتوغراق (گاداجىگزا) يېزىسى ئۆزگەرتىلمىدى.

باركۆل ئاپتونوم ناھىيىسىگە قاراشلىق شەھەر ئەتراپى رايونى بازارغا ئۆزگەرتىلدى، ئىلگىرى بۇ رايونغا قارايدىغان ئەنيۇەنزە يېزىسى بىلەن خۋاجۋاگزا يېزىسى بىرلەشتۈرۈلۈپ بىر يېزا قىلىنىپ، ناھىيىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە بولدى. شىمالىي رايون، كۆيسۇ، شىرىنزىدىن ئىبارەت ئۈچ رايون ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، رايونلار بىرلەشتۈرۈلۈپ بىر يېزا قىلىندى؛ شەرقىي چارۋىچىلىق رايونى، غەربىي چارۋىچىلىق رايونى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، سارچوقا چارۋىچىلىق فېرمىسى قىلىپ بىرلەشتۈرۈلدى.

1954- يىلى ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدىكى بەش رايون بىرلەشتۈرۈلۈپ ئۈچ رايون قىلىندى، يەنى نوم رايونى (2- رايون)، باي، توخۇلۇ بىرلەشتۈرۈلۈپ، توخۇلۇ رايونى (1- رايون) قىلىندى، تۆركۆل بىلەن نېرىنكىر بىرلەشتۈرۈلۈپ تۆركۆل رايونى (3- رايون ) قىلىندى. 1955- يىل 11- ئايدا 1-، 2-، 3- رايونلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، پەقەت ئالتە يېزىلا قالدى.

1956- يىلى قۇمۇل ۋىلايىتى قارمىقىدا ئىككى ناھىيە، بىر ئاپتونوم ناھىيە بولدى.

قۇمۇل ناھىيىسى قارمىقىدا قۇمۇل بازىرى، يەتتە قۇدۇق بازىرى ۋە شەھەر ئەتراپى يېزىسى، شەھەر ئىچى يېزىسى، راھەتباغ يېزىسى، ئاستانە يېزىسى، توغۇچى يېزىسى، قارادۆۋە يېزىسى، پالۋانتۇر يېزىسى، ساقا يېزىسى، قۇمتوغراق يېزىسى، تاشبۇلاق يېزىسى، خوتۇنتام يېزىسى، شوبۇل يېزىسى، تەگرىتاغ 1- يېزىسى، تەگرىتاغ 2- يېزىسى، غەربىتاغ 1- يېزىسى، غەربىتاغ 2- يېزىسى بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەگرىتاغ، تاشبۇلاق ۋە غەربىتاغدىكى رايون دەرىجىلىك تەشكىلىي ئاپپاراتلار ساقلىنىپ قالدى.

باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى قارمىقىدا شەھەر بازىرى، خۋاجۋاگزا يېزىسى، شىمالىي يېزا، شىرىنزى يېزىسى، كۆيسۇ يېزىسى ۋە سارچوقا چارۋىچىلىق رايونى بولدى.

ئاراتۇرۇك ناھىيىسى قارمىقىدا توخۇلۇ يېزىسى، باي يېزىسى، نوم يېزىسى، ئاداق يېزىسى، تۆركۆل يېزىسى، نېرىنكىر يېزىسى بولدى.

1958- يىلى خەلق گوڭشېسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ھاكىمىيەت بىلەن گوڭشېنى بىرلەشتۈرۈش يولغا قويۇلدى.

قۇمۇل ناھىيىسى قارمىقىدا قۇمۇل بازىرى، راكېتا (شەھەرئىچى) گوڭشېسى، شەرق شاملى (پالۋانتۇر) گوڭشېسى، ئالغا (بولۇگتوغراق) گوڭشېسى، قىزىل يۇلتۇز (ئاستانە) گوڭشېسى، ئاۋانگارت (توغۇچى) گوڭشېسى، قىزىللىشىش - مۇتەخەسسىسلىشىش (قارادۆۋە) گوڭشېسى، تاشبۇلاق گوڭشېسى، تەگرىتاغ گوڭشېسى، غەربىتاغ گوڭشېسى، قىزىل بايراق (شەھەر ئەتراپى) گوڭشېسى، يۇقىرى ئۆرلەش (يەتتە قۇدۇق) گوڭشېسى ۋە يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ساقا دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇلدى.

باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى قارمىقىدا شەھەر بازىرى، خۋايۈەن گوڭشېسى، داخې (شىمالىي يېزا) گوڭشېسى، شىرىنزى (كىندىك تۆپە) گوڭشېسى، كۆيسۇ گوڭشېسى، سارچوقا چارۋىچىلىق خەلق گوڭشېسى قۇرۇلدى.

ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدىكى ئالتە يېزا بىرلىك قىلىنىپ، ئالتە خەلق گوڭشېسى قۇرۇلدى. 1959- يىلى نېرىنكىر گوڭشېسى بىلەن تۆركۆل گوڭشېسى قوشۇۋېتىلىپ ھۆكۈمەت بىلەن خوسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىسى قىلىنىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئاراتۇرۇك تۆركۆل چارۋىچىلىق باش فېرمىسى قۇرۇلدى؛ 1961- يىلى ئاداق

گۆڭشېسى بىلەن نوم گۆڭشېسى بىرلەشتۈرۈلۈپ نوم گۆڭشېسى قىلىپ قۇرۇلدى.

1960- يىل لەنجۇ- شىنجاڭ تۆمۈر يولىدا پويىز قاتناپ، ۋېيىا ئىش باشقارمىسى قۇرۇلدى، كېيىن تۆمۈر يول قاتنىشى قۇمۇلغا كەلگەندە، ئىش باشقارمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

1961- يىل 1- ئاينىڭ 25- كۈنى گوۋۇيۈەن بۇرۇنقى قۇمۇل بازىرى ئاساسىدا قۇمۇل شەھىرى قۇرۇشنى قارار قىلدى. قۇمۇل بازىرى ئاۋانگارت، پولات- تۆمۈر، پاراۋۇز، تۆمۈر ئەجدىھا، قىزىل بايراق (شەھەر ئەتراپى كۆكتاتچىلىق گۆڭشېسى) قاتارلىق بەش بازار- گۆڭشېسى ۋە راكېتا دېھقانچىلىق مەيدانىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى، قۇمۇل شەھىرى قۇمۇل ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى.

1962- يىل 10- ئاينىڭ 22- كۈنى گوۋۇيۈەن قۇمۇل شەھىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، قۇمۇل شەھىرىنى قۇمۇل ناھىيىسىگە قوشۇۋېتىشنى، قۇمۇل بازىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلدى.

شۇ يىلى باركۆل ناھىيىسىدە ئۈچكۆل (سەنتاگخۇ) گۆڭشېسى قۇرۇلدى؛ ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە ئاداق گۆڭشېسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، تۇركۆل باش فېرمىسى يەنە نېرىنكىر، تۇركۆلدىن ئىبارەت ئىككى باش فېرما قىلىپ ئايرىلدى.

1964- يىلى ئىلگىرىكى ۋىلايەتلىك ج خ باشقارمىسىنىڭ نوم ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش دېھقانچىلىق مەيدانى كۆچۈرۈلگەندىن كېيىن، يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى نوم دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇلدى. مەيدانغا ۋىلايەتلىك راكېتا دېھقانچىلىق مەيدانىغا قاراشلىق، بوغازنىڭ ئىككى ئەترىتىدىن ئادەم يۆتكەپ كېلىندى، بىر قىسىم تۈرمىدىن يېڭىدىن قويۇپ بېرىلگەنلەرمۇ ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

1965- يىل 10- ئايدا قۇمۇل ۋالىي مەھكىمىسى قۇمۇل ناھىيىلىك توغۇچى گۆڭشېسىنى قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ دۆربەجىن دېھقانچىلىق مەيدانى قىلىپ ئۆزگەرتتى.

1969- يىل 3- ئاينىڭ 18- كۈنى قۇمۇل ۋالىي مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى، پارتىيە- ھۆكۈمەت بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

1970- يىل 1- ئايدا، ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق ئەسلىدىكى پىچان ناھىيىسى قۇمۇل ۋىلايىتىگە قوشۇۋېتىلدى. قۇمۇل ۋىلايىتىگە قۇمۇل ناھىيىسى، پىچان ناھىيىسى، ئاراتۈرۈك ناھىيىسى ۋە باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى قارايدىغان بولدى، ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىسى قۇمۇل ناھىيىسىدە بولدى.

1975- يىل 1- ئاينىڭ 30- كۈنى پىچان ناھىيىسى قۇمۇل ۋىلايىتىدىن ئايرىپ چىقىلىپ، يېڭىدىن قۇرۇلغان تۇرپان ۋىلايىتىگە قوشۇۋېتىلدى.

1976- يىل 12- ئايدا ئاپتونوم رايون ئاراتۈرۈك ناھىيىسى ئاراتۈرۈك بازىرى قۇرۇشنى تەستىقلىدى.

1977- يىل 1- ئاينىڭ 6- كۈنى گوۋۇيۈەن قۇمۇل شەھىرىنى قايتىدىن قۇرۇشنى قارار قىلدى (ناھىيە دەرىجىلىك). قۇمۇل شەھىرى قۇمۇل بازىرى، شەھەر ئەتراپى گۆڭشېسىنى ئاساس قىلدى. شەھەرنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 58 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى. قۇمۇل ۋىلايىتى قارمىقىدا قۇمۇل شەھىرى، قۇمۇل ناھىيىسى، ئاراتۈرۈك ناھىيىسى ۋە باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى بولدى.

1979- يىل 7- ئايدا قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىگە ئۆزگەرتىلدى.

قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە قارمىقىدا بىر شەھەر (قۇمۇل شەھىرى)، ئىككى ناھىيە (قۇمۇل ناھىيىسى، ئاراتۈرۈك ناھىيىسى)، بىر ئاپتونوم ناھىيە (باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى)، جەمئىي ئىككى بازار، ئۈچ رايون، 22 گۆڭشې، 17 دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانى بولۇپ، 127 ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى (دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدىكى لىيەندۈي، شۆبە مەيدانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)، 521 ئىشلەپچىقىرىش

ئەترىتى، 22 ئائىلىلەر كومىتېتىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. قۇمۇل مەمۇرىي مەھكىمە تارانچى كان رايونىدا ۋاكالىتەن ئىش بېجىرىش ئاپپاراتى ــــ تارانچى مەمۇرىي كومىتېتى (ناھىيە دەرىجىلىك) نى تەسىس قىلدى.

قۇمۇل شەھىرى قارمىقىدا يېڭى شەھەر رايونى (پويىز ئىستانسىسى ئەتراپى)، غەربىي ئۆستەڭ رايونى (يېڭى شەھەر، كونا شەھەر)، شەرقىي ئۆستەڭ رايونى ( يۇقىرى ئاقيەر، شەرقىي، غەربىي ئۆستەڭنىڭ يۇقىرى، تۆۋەن تەرەپلىرى) ھەم شەھەر ئەتراپى گوڭشېسى بولدى.

قۇمۇل ناھىيىسى قارمىقىدا پالۋانتۇر گوڭشېسى (پالۋانتۇر)، ئاستانە گوڭشېسى (ئوردا كارىز)، قارادۆۋە گوڭشېسى، شەھەر ئىچى گوڭشېسى، راھەتباغ گوڭشېسى(چاگخو)، بۇلۇڭتوغراق گوڭشېسى، تاشۆيلۇق گوڭشېسى، تەگرىتاغ گوڭشېسى، غەربىتاغ گوڭشېسى، يەتتەقۇدۇق گوڭشېسى بولدى. باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى قارمىقىدا سارچوقا گوڭشېسى (سوجە)، ئۈچكۆل (سەنتاگخو) گوڭشېسى (جوگخو)، شىرىنزى گوڭشېسى (سەنشىلى گوەنزە)، خۇايۇەن گوڭشېسى (ئېردۆڭ)، داخې گوڭشېسى، كويىۇ گوڭشېسى بولدى. ئاراتۈرۈك ناھىيىسى قارمىقىدا شەرق قىزاردى گوڭشېسى، باي گوڭشېسى، ئاداق گوڭشېسى، نوم گوڭشېسى بولدى.

1958- يىلى تارانچى كان رايونى خەلق گوڭشېسى قۇرۇلدى، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. 1961- يىلى تارانچى كان رايونى مەمۇرىي كومىتېتى قۇرۇلۇپ، كان رايونى گوڭشېسى بىلەن بىرلىشىپ ئىش بېجىردى. 1975- يىلى 7- ئايدا تارانچى ئىش باشقارمىسى قۇرۇلدى، ئۇ مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. 1983- يىل 9- ئاينىڭ 9- كۈنى گوۋۇيۈەن قۇمۇل ناھىيىسىنى قۇمۇل شەھىرىگە قوشۇۋېتىشنى، قۇمۇل ناھىيىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەستىقلىدى. 1984- يىلى 5- ئايدا ناھىيە بىلەن شەھەر بىرلەشتۈرۈلدى.

1984- يىل 6- ئايدا قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ھەر قايسى ناھىيە، شەھەردە خەلق گوڭشېلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يېزىلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. ۋىلايەت بويىچە يىگىدىن ئۈچ رايونلۇق مەھكىمە، 35 يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى، ئىككى بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى، 177 كەنت ئائىلىلەر كومىتېتى، 422 كەنت ئائىلىلەر گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

قۇمۇل شەھىرى قارمىقىدا تاشۆيلۇق رايونى (قارمىقىدا تاشۆيلۇق يېزىسى، ماجواڭشەن يېزىسى، خوتۇنتام يېزىسى، شوپۇل يېزىسى، ئۇلاتاي قازاق مىللىي يېزىسىدىن ئىبارەت بەش يېزا بولدى)، تەگرىتاغ رايونى (قارمىقىدا قوراي يېزىسى، تۆمۈرتى يېزىسى، ئاقتاش يېزىسى، ئېدىر يېزىسى قاتارلىق تۆت يېزا بولدى)، غەربىتاغ يېزىسى، پالۋانتۇر يېزىسى، بۇلۇڭتوغراق يېزىسى، شەھەر ئىچى يېزىسى، راھەتباغ يېزىسى، بوغاز يېزىسى، ئاستانە يېزىسى، قارادۆۋە يېزىسى، شەھەر ئەتراپى يېزىسى، يەتتە قۇدۇق يېزىسى (يۇقىرىدىكى ھەر قايسى يېزىلار ئەسلىدىكى گوڭشېلار ئاساسىدا قۇرۇلدى)، قويلۇق يېزىسى (ئەسلىدىكى قويلۇق فېرمىسى) ۋە يەتتە قۇدۇق بازىرى (ئەسلىدىكى يەتتە قۇدۇق تۇز خىمىيە باش مەيدانى)، ياماڭسۇ بازىرى (ياماڭسۇ تۆمۈر كان رايونى) بولدى.

باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى قارمىقىدا سارچوقا رايونى (قارمىقىدا كۆلياقا يېزىسى، سوجە يېزىسى، شالوبا يېزىسىدىن ئىبارەت ئۈچ يېزا بولدى)، داخې يېزىسى، كويىۇ يېزىسى، شىرىنزا يېزىسى، خۇايۇەن يېزىسى، ئۈچكۆل يېزىسى (يۇقىرىقى يېزىلار ئەسلىدىكى گوڭشېلار ئاساسىدا قۇرۇلدى)، چوڭ قۇلىنچەرى يېزىسى (ئەسلىدىكى قۇلىنچەرى فېرمىسى) بولدى.

ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە ئەسلىدىكى گوڭشې، مەيدانلار يېزا قىلىنىپ، نوم يېزىسى، ئاداق يېزىسى، باي يېزىسى، توخۇلۇ يېزىسى، تۆركۆل يېزىسى، نېرىنكىر يېزىسى تەسىس قىلىندى.

1985- يىل 4- ئاينىڭ 8- كۈنى ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ نېرىنكىر يېزىسى نېرىنكىر قازاق مىللىي يېزىسىغا ئۆزگەرتىلدى. كېيىن قۇمۇل شەھىرى غەربىتاغ يېزىسىدىكى ئىككى كەنت ئائىلىلەر كومىتېتى قارمىقىدىكى جايلار (ئەسلىدىكى غەربىتاغ گوڭشېسى 1-، 2- چوڭ ئەترەتلىرى) ئايرىپ چىقىلىپ، دەۋلەدۈرۈك قازاق مىللىي يېزىسى قىلىنىپ

قۇرۇلدى.

1986- يىل 3- ئاينىڭ 8- كۈنى باركۆل ناھىيىلىك باچاگزى يېزىسى ۋە بورچىنجى بازىرى (كۆمۈر كان بازىرى) قۇرۇلدى.

### قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1985- يىلىدىكى مەمۇرىي رايونلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەتلىرى

جەدۋەل: 1 - 2

| نامى | رايون | كوچا | بازار | يېزا | كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى | ئاھالىلەر كومىتېتى | كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قۇمۇل شەھىرى | 2 | 3 | 2 | 21 | 104 | 38 | |
| باركۆل ناھىيىسى | 1 | 1 | 1 | 9 | 43 | 4 | |
| ئاراتۈرۈك ناھىيىسى | | | 1 | 6 | 27 | 2 | |
| تارانچى ئىش باشقارمىسى | | | | | | 4 | |
| جەمئىي | 3 | 4 | 4 | 36 | 174 | 48 | 422 |

### 1990- يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ناھىيە (شەھەر)، يېزا (بازار) لارنىڭ مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىلىشى

جەدۋەل: 1 - 3

| ناھىيە (شەھەر) | قاراشلىق يېزا(بازار) لارنىڭ نامى | رايون | يېزا (بازار) | كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى (باشقۇرۇش رايونى) | ئاھالىلەر كومىتېتى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| قۇمۇل شەھىرى | ياماشسۇ بازىرى، يەتتەقۇدۇق بازىرى، تاشئۆيلۈك رايونى، تەڭرىتاغ رايونى، شەھەر ئىچى يېزىسى، يەتتە قۇدۇق يېزىسى، ئاستانە يېزىسى، قارادۆۋە يېزىسى، ماجۇاڭشەن يېزىسى، قوراي يېزىسى، قوبلۇق يېزىسى، ئۆيدىر يېزىسى، تۆمۈرتى يېزىسى، ئاقتاش يېزىسى، شەھەر ئەتراپى يېزىسى، رامەتباغ يېزىسى، بوغاز يېزىسى، پالۋانتۇر يېزىسى، بۆلۈڭتوغراق يېزىسى، غەربىتاغ يېزىسى، دەۋلەدۈرۈك قازاق مىللىي يېزىسى، تاشئۆيلۈك يېزىسى، شوپۇل يېزىسى، خوتۇنتام يېزىسى، ئۇلاتاي قازاق مىللىي يېزىسى | 2 | 23 | 95 | 3 | 34 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| باركۆل ناھىيىسى | باركۆل بازىرى، بورچىنجى بازىرى (كۆمۈركان بازىرى)، سۇجى يېزىسى، كۆلياقا يېزىسى، شالوپا يېزىسى، داخې يېزىسى، كۆيسۇ يېزىسى، شىرمىزا يېزىسى، خۇابۇمن يېزىسى، چوۋلا قۇلسىجەرى يېزىسى، سەمتاگىخو يېزىسى، باچاگىزى يېزىسى | | 12 | 46 | | 5 |
| ئاراتۈرۈك ناھىيىسى | ئاراتۈرۈك بازىرى، نوم يېزىسى، ئاداق يېزىسى، باي يېزىسى، توغۇلۇ يېزىسى، تۆركۆل يېزىسى، ئىرىشكىر قازاق مىللىي يېزىسى | | 7 | 26 | | 3 |
| نارانجى | | | | | 2 | 9 |
| جەمئىي | | 2 | 42 | 167 | 5 | 51 |

# III باب

# ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1990- يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىگە قاراشلىق ئىككى ناھىيە، بىر شەھەر يەنى باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى، ئاراتۈرۈك ناھىيىسى ۋە قۇمۇل شەھىرى قارىدى.

## §1. قۇمۇل شەھىرى

قۇمۇل شەھىرى شىنجاڭنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى شىمالىدىكى تاغلىق رايونلاردا قويۇق ئورمانلىق، بىپايان ئوتلاقلار بار؛ ئوتتۇرا قىسمىدىكى تۆزلەڭلىكنىڭ تۇپرىقى يۇمشاق، كۆن نۇرىنىڭ چۈشۈشى يېتەرلىك، يەر ئاستى سۈيى مول؛ شەرق- غەرب تەرەپلىرى ئېدىرلىق، جەنۇبىدىكى چۆللۈكلەردە زور مىقداردىكى كان بايلىقلىرى زاپىسى بولۇپ، سانائەت، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى كەڭ.

1. ئورنى

قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ئەنشى، دۇنخۇاڭ ناھىيىلىرى بىلەن، غەربى مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى ۋە پىچان ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمالى باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى ۋە ئاراتۈرۈك ناھىيىسى بىلەن تاغلار ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ، جەنۇبى قۇمتاغ قۇملۇقىدىن ھالقىپ چاقىلىق ناھىيىسى بىلەن، شەرقىي شىمالى موڭغۇلىيە دۆلىتى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، جۇڭگو- موڭغۇلىيە چېگرىسىنىڭ قۇمۇل شەھىرىدىكى بۆلىكى 48.46

كىلومېتىر.

قۇمۇل شەھىرى شەرقتىن غەربكە تەخمىنەن 404 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا تەخمىنەن 322 كىلومېتىر كېلىدۇ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 84 مىڭ 977 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، شىنجاڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 5.2% نى تەشكىل قىلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر رايونىنىڭ يەر كۆلىمى 23 كۋادرات كىلومېتىر.

## 2. تەبىئىي مۇھىتى

قۇمۇل شەھىرىنىڭ يەر شەكلى شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس، شەرقتىن غەربكە قىيسايغان ئويمانلىق بولۇپ، شىمالىي قىسمى شەرقىي تەڭرىتېغىنىڭ ئاخىرقى تاغ تىزمىسى، جەنۇبىي تەرىپى پەس يالاڭغان ئېدىرلىقلار، ئوتتۇرا غەربى بوغاز چۆللۈكى، ئوتتۇرا يۇقىرى بۆلىكى لاتقا تۈزلەڭلىك، ئوتتۇرا تۆۋەن بۆلىكى قۇمتاغ بىياپان قۇملۇقىدىن ئىبارەت.

شەھەر تەۋەسىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە پۈتۈن زېمىننى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان تەڭرىتاغ تىزمىسى بار، جەنۇبىي تەرىپىدە تەڭرىتېغىنىڭ تارماق تىزمىسى قۇرۇق تاغ بار، ئاساسىي تاغ چوققىلىرىدىن قارلىق تاغ (دېڭىز يۈزىدىن 4886 مېتىر ئېگىز)، چوڭ ماجۇاڭشەن (دېڭىز يۈزىدىن 2740 مېتىر ئېگىز)، خوتۇنتام تېغى (دېڭىز يۈزىدىن 2450 مېتىر ئېگىز)، چوڭ قىزىلتاغ ( دېڭىز يۈزىدىن 2328 مېتىر ئېگىز)، بەيجىڭگۇ تېغى (دېڭىز يۈزىدىن 2073 مېتىر ئېگىز) بار.

شەھەر تەۋەلىكىدە 29 چوڭ- كىچىك تاغ سۈيى جىرالىرى بولۇپ، تەڭرىتېغىدىن باشلىنىپ، شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ ئاقىدۇ، تاغ ئېغىزىدىن چىققان ئېقىم مىقدارى يىلىغا تەخمىنەن 450 مىليون كۇب مېتىر، 1000 غا يېقىن چوڭ- كىچىك بۇلاقلار بولۇپ، يەر ئاستى سۇ زاپىسى 316 مىليون كۇب مېتىر، يىللىق چىقىرىلىش مىقدارى 251 مىليون كۇب مېتىر؛ بۇلاق سۈيى شەكىللەندۈرگەن ئىككى غول ئۆستەڭ ئېقىنىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 86 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ.

قۇمۇل شەھىرىنىڭ ئىقلىمى تىپىك مۆتىدىل بەلباغ چوڭ قۇرۇقلۇق ئىقلىمى بولۇپ، يىللىق ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 43°C، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى 32°C–، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 9.8°C، قىراۋسىز مەزگىلى 182 كۈن. قۇياش نۇرىنىڭ يىللىق چۈشۈش ئومۇمىي مىقدارى 635137 جوئۇل/كۋادرات مېتىر، قۇياش نۇرىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە يورۇتۇش ۋاقتى 3553.5 سائەت. شىنجاڭشيا مەملىكەت بويىچە كۈن نۇرى ئەڭ ئۇزۇن چۈشىدىغان رايونلارنىڭ بىرى، قۇياش نۇرىنىڭ يىللىق چۈشۈش ۋاقتى 3500 سائەت بولۇپ، «ئاپتاپ جىلغىسى» دېگەن نامى بار. ئەتىياز پەسلىدە بوران قاتتىق چىقىدىغان يۈز چاقىرىملىق بوران رايونى سەنجاپار قەدىمدە «كۆھىقاب» دەپ ئاتالغان.

تۇپرىقى — مورېنا تۇپرىقى، ئېگىز تاغ چىملىق تۇپراق، ئورمان جىگەررەڭ تۇپرىقى، قوڭۇررەڭ چۆل تۇپرىقى، چىملىق تۇپراق زەي تۇپراق، شورلۇق تۇپراق، كالتسىيلىق قوڭۇر تۇپراق دەپ سەككىز تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

قېزىلما كان بايلىقلىرىدىن ئاساسلىقى كۆمۈر، تۆمۈر، ھاك تېشى، تاشتۇز، گەج (سىگىر تاش)، ئېرىتكۈچى ھاك تېشى، مەرمەر تاش، بېرىل، نېتراتىن، كۋارتس تاش، سىلىتسىي تەركىبىي يۇقىرى تاش، ئالانت (ئورتىت)، ئالتۇن، مىس، ۋولفرام قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋاناتلاردىن ياۋا تۆگە، قۇلان، سولەيسۇن، تاغ ئۆچكىسى، جەرەن، تازقارا، ئاق قۇ قاتارلىقلار بار. جۇڭگىيى دورا ئۆسۈملۈكلىرى 140 خىلدىن ئاشىدۇ.

قۇمۇل شەھىرىدە بىر مىليون 400 مىڭ مودىن ئارتۇق تېرىغىلى بولىدىغان ، بەش مىليون 600 مىڭ مودىن ئارتۇق ئېچىپ پايدىلانغىلى بولىدىغان، 400 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر بار؛ ئوتلاق كۆلىمى 18 مىليون 620 مىڭ مو بولۇپ، ئەمەلىي پايدىلىنىۋاتقىنى 11 مىليون 200 مىڭ مو؛ ئورمان كۆلىمى 3 مىليون 140 مىڭ مو، ھۆل دەرەخ (ئۆسىۋاتقان دەرەخ) ئومۇمىي زاپىسى 3 مىليون 900 مىڭ كۇب مېتىر، شەھەرنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 2.55%.

يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلاردىن قوغۇن، باش پىياز، قارادۆۋە چىلىنى، قارادۆۋە چوڭ قويرۇقلۇق قويى، قۇمۇل

ئارپىسى قانارلىقلار بار.

### 3.ئىقتىسادىي ئەھۋالى

1990- يىلى قۇمۇل شەھىرىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 174 مىليون 210 مىڭ يۈەن، يىللىق ئىجتىمائىي ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 231 مىليون 445 مىڭ يۈەن، مىللىي دارامىتى 124 مىليون 927 مىڭ يۈەن. مالىيە ئومۇمىي كىرىمى 46 مىليون 114 مىڭ يۈەن، ئومۇمىي چىقىمى 44 مىليون 861 مىڭ يۈەن بولدى.

1990- يىلى يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 94 مىليون 165 مىڭ يۈەن بولدى. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 200 مىڭ 700 مو، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 47 مىڭ 518 توننا ( بۇنىڭدا بۇغداي، 30 مىڭ 919 توننا، كۆممىقوناق 8076 توننا، ئاق قوناق 562 توننا، ئارپا 4550 توننا، دادۇر 1015 توننا )، ياغلىق دان 2705 توننا، پاختا 399 توننا، قوغۇن- تاۋۇز 16 مىڭ 994 توننا (بۇنىڭدا قوغۇن 10 مىڭ941 توننا) بولدى. 2633 مو ئورمان بىنا قىلىندى، يىللىق گۆش مەھسۇلاتى 2082 توننا، قوي يۇڭى 337 توننا، كالا - تۆگە سۈتى 594 توننا، كالا- قوي تېرىسى 52 مىڭ 863 پارچە، تۆگە تىۋىتى 15 مىڭ 72 كىلوگرام، ھەسەل 4 توننا، تۇخۇم 289 توننا ، سۇ مەھسۇلاتلىرى 18 توننا، يېزا- بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 47 مىليون 160 مىڭ يۈەن بولدى.

1990- يىلدىكى سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 79 مىليون 319 مىڭ يۈەن، يىللىق ئىشلەپچىقىرىلغان كۆمۈر 18 مىڭ 708 توننا، تۇز 100 مىڭ توننا، سېمونت 15 مىڭ توننا، خىش 14 مىليون 600 مىڭ پارچە، پولات ئىشىك- دېرىزە 47 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر، پىۋا 3088 توننا، كۆن- خۇرۇم 19 مىڭ 760 پارچە، خىمىيىۋى ئوغۇت 1907 توننا، چىرىندى كىسلاتالىق ئوغۇت 276 توننا، سۇلياۋ بۇيۇملار 285 توننا، تاشيول يۈك ئوبوروت مىقدارى 3 مىليون 500 مىڭ توننا- كىلومېتىر، يولۇچى توشۇش ئوبوروت مىقدارى 160 مىليون 932 مىڭ 700 ئادەم- كىلومېتىر. 1 مىليون 210 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان شەھەرلىك كۆمۈركان 3- نومۇرلۇق قۇدۇقنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ۋە 460 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان قۇمۇل شەھەرلىك سۈرمە تاش (گرافىت) زاۋۇتى قۇرۇلۇشى شۇ يىلىلا تاماملىنىپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ يېڭىدىن قۇرۇلغان شەھەرلىك كۆكتاتچىلىق شىركىتى ئۈنۈۋېرسال بىناسىغا 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ مەكتەپلەرنىڭ خەتەرلىك ئۆيلىرىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 890 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

1990- يىلى شەھەر بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 144 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 7 مىليون 450 مىڭ يۈەن؛ يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەر 16 مىڭ 647 بولۇپ، يىللىق مائاش ئومۇمىي سوممىسى 32 مىليون 711 مىڭ 700 يۈەن، دېھقان- چارۋىچىلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 671.3 يۈەن؛ يىل ئاخىرىدا شەھەر، يېزىلارنىڭ پۇل ئامانەت قالدۇقى 604 مىليون 427 مىڭ يۈەن بولدى.

### 4.مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرى

1990- يىلى قۇمۇل شەھىرىدە ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردىكى تەبىئىي پەن- تېخنىكا خادىمى 1375 كە يەتتى.

شەھەردە 16 ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ (بۇنىڭ ئىچىدە سەككىز مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ بار) بولۇپ، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئومۇمىي ئوقۇغۇچى 9886 (بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئوقۇغۇچى 4607 )؛ 79 ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ (بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 04 ) بولۇپ، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئومۇمىي ئوقۇغۇچى 16 مىڭ 911 (بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئوقۇغۇچىسى 9504 )؛ بىر ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بار بولۇپ، ئوقۇۋاتقان

ئوقۇغۇچى 58 (بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئوقۇغۇچى 32 )، شەھەر بويىچە ماتارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 890 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

شەھەردە 42 سەھىيە- داۋالاش ئاپپاراتى، 395 كەسپىي سەھىيە- تېخنىكا خادىمى، 242 كارۋات بار.

مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن يەتتە قۇدۇق تاش قورال خارابىلىكى، قارادۆۋىدىن تېپىلغان قەدىمىي جەسەت، قەدىمكى قىياتاش سىزمىلىرى، خەنسەيكۇ ئابىدىسى، جاڭ شىگىبىن ئابىدىسى، لاپچۇق قەدىمىي شەھىرى، بوگۇر تەيزاڭ خارابىسى قاتارلىقلار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە داڭلىقلىرىدىن ئالتۇنلۇقتىكى قۇمۇل ۋاڭلىرى مەقبەرىسى، قەيس غوجام مازىرى، ئاراتلم، باغداش، يالغۇز تۇيۇم مازىرى، ئاقتاش قاتارلىقلار.

## §2. ئاراتۈرۈك ناھىيىسى

### 1. ئورنى

ئاراتۈرۈك ناھىيىسى شىنجاڭنىڭ شەرقىگە، تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي ئۇچىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. ناھىيە زېمىنىنىڭ شەرقىي ۋە شىمالىي موڭغۇلىيە دۆلىتى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. چېگرا لىنىيىسى 215.767 كىلومېتىر، غەربىي ئاراتۈرۈك ھەربىي ئاتچىلىق فېرمىسى ئارقىلىق باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبىي قۇمۇل شەھىرى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قىزىل يۇلتۇز 2- چارۋىچىلىق فېرمىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ناھىيە زېمىنى شەرقتىن غەربكە 215 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا 175 كىلومېتىر بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 19 مىڭ 735 كۋادرات كىلومېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە ئاراتۈرۈك ھەربىي ئاتچىلىق فېرمىسىنىڭ يەر كۆلىمى 319 كۋادرات كىلومېتىر.

### 2. تەبىئىي مۇھىتى

ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ يەر شەكلى غەربىي ئېگىز، شەرقىي پەس بولۇپ، تەدرىجىي شەرققە سوزۇلغان، جەنۇبىي ئېگىز، شىمالىي پەس بولۇپ، تەدرىجىي يانتۇلىشىپ بارىدۇ. ئېگىز- پەس ئۆزۈلمە تاغ، جىلغا ۋە ئويمانلىقنى شەكىللەندۈرگەن، تەڭرىتاغنىڭ ئۆتىنچى ئاساسىي چوققىسى بولغان قارلىق تاغ ئاراتۈرۈكنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 4886 مېتىر ئېگىز.

ئاراتۈرۈك ناھىيىسى چوڭ قۇرۇقلۇق ئىقلىمىغا تەۋە بولۇپ، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى -40°C، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 43.5°C، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن ئەڭ يۇقىرى بولۇپ 9.8°C، ناھىيە بازىرىنىڭ 3.5°C، نېرىنكىرىنىڭ -2°C ، يىللىق ھاۋا كىلىماتى قۇرغاق، ھۆل- يېغىن مىقدارى ئىنتايىن ئاز بولۇپ، نوم يېزىسىنىڭ يىللىق ھۆل- يېغىن مىقدارى 11.5 مىللىمېتىر، ناھىيە بازىرىنىڭ 90 مىللىمېتىر، نېرىنكىرىنىڭ 200 مىللىمېتىر. يەر يۈزى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 117 مىليون كۇب مېتىر، يەر ئاستى سۇ زاپىسى 50 مىليون كۇب مېتىر، سۇ ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن قۇراشتۇرۇلغان گېنېراتورلارنىڭ سىغىمچانلىقى 18 مىڭ كىلوۋات.

ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ تۇپرىقى ئاساسەن قارا چىلان تۇپراق، زەي تۇپراق ۋە كۆل رەڭ چۆل تۇپراق قاتارلىق ئالتە تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ بايلىقى مول، 60 مىڭ مودىن ئارتۇق تېرىلغۇ يېرى، 370 مىڭ مو ئېچىپ ئۆزلەشتۈرۈشكە بولىدىغان بوز يېرى، 8 مىليون 370 مىڭ مو تۈز يەسللىك يايلىقى بار. نوم ئەتراپىدىكى يەرلەر تۈز، سۇ، تۇپراق، كۈن نۇرى بايلىقى مول، ئاراتۈرۈك ناھىيىسى قوغۇن- تاۋۇز، ئۈزۈم قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى ئاينىتىشتىكى گۆھەر

زېمىن، كۆمۈر، تۆمۈر، مىس، ئالتۇن، ۋولفرام، ئاشتۇزى، شور، ھېقىق، خرۇستال، ھاك تاش، گرافىت (سۈرمە تاش)، مەرمەرتاش، بېنتونىت، زەمچە (سۈمۈق)، گەج (سىگىرتاش)، چىرمىتال (سىلىيۇدا) قاتارلىق كان بايلىقلىرى بار. بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈر، كۆمۈر، ئالتۇن، شور، ھاك تاش قاتارلىقلارنىڭ زاپىسى مول، رۇدىسىنىڭ سۈپىتى يۇقىرى. باركۆل ئېتى، شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويى، قارلىق تاغ قوتىزى قاتارلىق ھايۋاناتلىرى؛ ياۋا تۆگە، ياۋايىشەك، بۇغا، ئۇلار قاتارلىق ياۋايى ھايۋاناتلىرى؛ قاسىي قاتارلىق ئاساسلىق ياۋا ئۆسۈملۈكلىرى، قارلەيلىسى، قانتېپەر قاتارلىق 140 خىلدىن ئارتۇق جۇڭگىيى دورا ئۆسۈملۈكلىرى بار.

3. ئىقتىسادىي ئەھۋالى

1990- يىلى ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 12 مىليون 743 مىڭ يۈەن، يىللىق ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 16 مىليون 957 مىڭ يۈەن، مىللىي دارامىتى 8 مىليون 465 مىڭ يۈەن، مالىيە ئومۇمىي كىرىمى 580 مىڭ يۈەن، مالىيە ئومۇمىي چىقىمى 14 مىليون 490 مىڭ يۈەن بولدى.

1990- يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 14 مىليون 87 مىڭ 600 يۈەن بولدى. ناھىيە بويىچە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 49 مىڭ 200 مو بولۇپ، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 5000 توننا (بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي 3130 توننا، كۆممىقوناق 1137 توننا، قارا ئاشلىق 473 توننا، پۇرچاق تۈرىدىكىلەر 260 توننا)، پاختا ئومۇمىي مەھسۇلاتى 44 توننا، ياغلىق دان 208 توننا، بىنا قىلىنغان ئورمان 1408 مو، يىل ئاخىرىدا قوتاندا ساقلانغان چارۋا 165 مىڭ تۇياق. يىللىق قوي يۇڭى مەھسۇلاتى 206 توننا، تىۋىت 870 كىلوگرام، قوي تېرىسى 12 مىڭ 102 پارچە، ئۆچكە تېرىسى 6908 پارچە، كالا تېرىسى 630 پارچە، كالا سۈتى 420 توننا، ئۆچكە سۈتى 198 توننا، تۇخۇم 49 توننا. شۇ يىلى ئېتىز- ئېرىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 770 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 6992 كىلوۋاتقا يەتتى، 310 توننا خىمىيۋى ئوغۇت ئىشلىتىلدى، يېزا- كەنتلەردە 500 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلىتىلدى، يېزا- بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 3 مىليون 625 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى.

1990- يىلى ناھىيىنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليون 676 مىڭ يۈەن بولدى، 1 مىليون 40 مىڭ كىلوۋات سائەت توك چىقىرىلدى، 13 مىڭ 296 توننا كۆمۈر، 48 مىڭ 400 توننا شور، 7428 توننا سۇسىز ناترىي سۇلفات، 800 مىڭ پارچە خىش، 97 توننا ئۇن، 406 توننا يەم- خەشەك ئىشلەپچىقىرىلدى. ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 6 مىليون 310 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنىڭ 4 مىليون 400 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا 72% شەھەر- بازار ئاھالىسى تۇرۇبا سۈيى ئىچەلەيدىغان بولدى. ناھىيىنىڭ تاشيول ترانسپورتى بويىچە توشۇغان يۈك مىقدارى 32 مىڭ توننا، يولۇچى توشۇش ئوبوروت مىقدارى 2 مىليون 42 مىڭ ئادەم- كىلومېتىر. پوچتا- تېلېگراف كەسپى ئومۇمىي كىرىمى 350 مىڭ يۈەن بولدى.

1990- يىلى ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 9 مىليون 670 مىڭ يۈەن، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يىللىق ساپ كىرىم 502 يۈەن. يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەر 4792، يىللىق مائاش ئومۇمىي سوممىسى 6 مىليون 792 مىڭ 800 يۈەن، شۇ يىلى دۆلەت نامراتلارنى يۆلەش مەخسۇس ياردەم ئۆسۈملۈك قەرز پۇلى ئۈچۈن 1 مىليون 550 مىڭ يۈەن بەردى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە جەمئىي 677 ئائىلە (3334 ئادەم) نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، ئۇلار ناھىيىدىكى نامرات ئائىلىنىڭ 91% نى ئىگىلىدى. يىل ئاخىرىدا شەھەر، يېزىلارنىڭ پۇل ئامانەت قالدۇقى 10 مىليون 761 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

4. مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرى

1990- يىلى ناھىيە بويىچە ئۈچ مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ (بۇنىڭ ئىچىدە ئىككىسى مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ) بار، ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 1666، (بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئوقۇغۇچى 1140 )، تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپ تەسىس قىلىنغان باشلانغۇچ مەكتەپ سەككىز، ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 673 (بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئوقۇغۇچى 370 )؛ 21 باشلانغۇچ مەكتەپ (بۇنىڭ ئىچىدە 17 سى مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ)، ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 2374 (بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئوقۇغۇچى 1659 )؛ بىر ئىشچى- خىزمەتچىلەر مەكتىپى بار بولۇپ، ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 277 (بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئوقۇغۇچىلار 86 )، يىللىق مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 170 مىڭ يۈەن.

داۋالاش-سەھىيە ئاپپاراتى توققۇز، كەسپىي سەھىيە-تېخنىكا خادىمى 86، كارۋات 105.

مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن كارساڭ يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خارابىسى، يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىكى ئاداق قەدىمىي قەبرىستانلىق خارابىسى ۋە بايدىكى قەدىمىي شەھەر قەلئەسى بار. ناھىيە بازىرىدا ئاراتۇرۇكنى قوغداش جېڭىدە قۇربان بولغان قەھرىمانلارنىڭ 1980- يىلى قۇرۇلغان قەبرىستانلىقى بار.

## §3. باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى

1. ئورنى

باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى شىنجاڭنىڭ شەرقىي شىمالىغا، تەڭرىتاغ ۋە ئالتاي تاغ تىزمىلىرىنىڭ شەرقىي ئۇچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، شەرقى ئاراتۇرۇك ناھىيىسى بىلەن، غەربى سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن قوشنا، جەنۇبى قۇمۇل شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمالى ئالتاي تېغى ئارقىلىق موڭغۇلىيە دۆلىتى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، چېگرا لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 322·436 كىلومېتىر. شەرقتىن غەربكە تەخمىنەن 276·4 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا تەخمىنەن 180·6 كىلومېتىر كېلىدۇ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 384 مىليون 453 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، شىنجاڭ يەر كۆلىمىنىڭ 2·2% نى ئىگىلەيدۇ.

2. تەبىئىي مۇھىتى

باركۆل ناھىيىسىنىڭ يەر شەكلى شەرقىي جەنۇبى ئېگىز، غەربىي شىمالى پەس بولۇپ، گېئولوگىيىلىك قۇرۇلمىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. يەر تۈزۈلۈشىنى ئومۇمەن ئېگىز- ئوتتۇرا تاغلىق جايلار، تۆپىلىك (ئېگىزلىك) لەر، ئويمانلىقلار، چۆللۈك ۋە كۆل- سازلىق دەپ بەش چوڭ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

يەر شەكلى جەھەتتە ئۈچ تاغ (باركۆل تېغى، موچىن ئۇلار تېغى، شەرقىي جوڭغار تۈزۈلمە تاغ سىستېمىسى) ئىككى ئويمانلىق (باركۆل ئويمانلىقى، ئۇچكۆل ئويمانلىقى) نى قىسىپ تۇرىدۇ، شەرقى ئېگىز، غەربى پەس، چۆل- باياۋان كۆپ بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. جەنۇبتا باركۆل تېغى، ئوتتۇرا قىسمىدا موچىن ئۇلار تېغى، شىمالىي قىسمىدا شەرقىي جوڭغار تۈزۈلمە تاغ سىستېمىسى بار. باركۆل ئويمانلىقى باركۆل تېغى بىلەن موچىن ئۇلار تېغى ئوتتۇرىسىغا، ئۇچكۆل (سەنتاڭخۇ) ئويمانلىقى موچىن ئۇلار تېغى بىلەن شەرقىي جوڭغار تۈزۈلمە تاغ سىستېمىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان.

تاغ سۇلىرىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 244 مىليون كۇب مېتىر ، يەر ئۈستى سۈيىنىڭ ئېقىم مىقدارى (بۇلاق،

كارىزلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 342 مىليون 280 مىڭ كۇب مېتىر. باركۆل كۆلى قەدىمدە باركۆل دەپ ئاتالغان، ئۇ ئۆزۈلمە ئويمانلىق شەكىللەندۈرگەن كۆل بولۇپ، چوڭقۇرلۇقى 1.5 ~ 3 مېتىر، سۇ يۈزى كۆلىمى 112 كۋادرات كىلومېتىر (موغا سۇندۇرغاندا 16 مىليون 820 مىڭ مو) كېلىدۇ، كۆل يۈزىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1581 مېتىر، ئۇ جەنۇبتا چوڭ كۆل، شىمالدا كىچىك كۆلدىن ئىبارەت ئىككى كۆلدىن ھاسىل بولغان. ئەتراپىنى كەگرى كەتكەن ساسلىق ۋە ئوتلاقلار ئوراپ تۇرىدۇ.

باركۆل ناھىيىسى چوڭ قۇرۇقلۇق ئوتتۇرا مۆتىدىل قۇرغاق ئىقلىم رايونىغا تەۋە بولۇپ، ئەتىياز، كۈز پەسىللىرىدىكى كىلىماتىنىڭ ئۆزگىرىشى تۇراقسىز، سىبىرىيە سوغۇق ئېقىمى ۋە سوغۇق ھاۋانىڭ بۆسۈپ كىرىشى تۈپەيلىدىن كۈچلۈك بوران پەيدا بولۇپ، تېمپېراتۇرىنىڭ شىددەتلىك تۆۋەنلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، تۆت پەسىل روشەن بولمايدۇ، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، قۇرۇق سوغۇق، تېمپېراتۇرىنىڭ تۆۋەنلىشى تېز بولىدۇ. كۈن نۇرى يېتەرلىك بولسىمۇ، ئىسسىتىلىشى يېتەرسىز، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى پەقەت 1℃، يىللىق ھۆل- يېغىن مىقدارى 20 مىللىمېتىردىن 250 مىللىمېتىرغىچە، قىراۋسىز مەزگىلى 98 كۈندىن 104 كۈنگىچە، يىللىق قۇياش ئومۇمىي رادىئاتسىيىسى 611.272 — 611.514 جوئۇل / كۋادرات سانتىمېتىر، كۈن نۇرىنىڭ يورۇتۇش ۋاقتى 3210 سائەت.

تۇپرىقى قارا چىلان تۇپراق، كالتسىيلىق قوڭۇر تۇپراق، قارامتۇل چۆللۈك تۇپرىقى، چىملىق تۇپراق ۋە قالدۇق سازلىق تۇپراقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

باركۆل ناھىيىسىنىڭ بايلىقى مول، ناھىيە بويىچە 504 مىڭ 500 مو تېرىلغۇ يەر بولۇپ، بۇغداي، ياكيۇ تېرىلىدۇ، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئاساسلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش بازىسىدۇر. ناھىيىدىكى ئوتلاقلارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 28 مىليون 664 مىڭ مو، چارۋىچىلىقى قويىنى ئاساس قىلىدۇ، باركۆل ئېتى مەملىكىتىمىزگە داڭلىق، تۆگىسىنىڭ سانى شىنجاڭ بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ، «ئۇنىڭ تۆگىلىك ناھىيە» دېگەن نامى بار. قوتاندىكى چارۋىلار 500 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق. ئورمان رايونىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 4 مىليون 936 مىڭ مو، ھۆل دەرەخنىڭ (ئۆسۈۋاتقان دەرەخ) ئومۇمىي زاپىسى 8 مىليون 960 مىڭ كۋادرات مېتىر، كۆمۈر، تۆمۈر، خروم، نىكېل، ماگنىتلىق تۆمۈر، ئاليۇمىن، مىس، ئالتۇن، كۈمۈش، شور، تاش تۇز، بور، كالىي، لىتىي، ماگنىي قاتارلىق 20 نەچچە خىل كان بايلىقى، 40 نەچچە خىل جۇڭيى دورا ئۆسۈملۈكى بار، يىلىغا 1000 توننا ئەتراپىدا چاكاندا چىقىدۇ. تەڭرىتاغ بۇغىسى، يىلپىز، ئۆلار، قۇلان، تاغ تۆچكىسى، جەرەن، ئارقار، ياۋا چوشقا، ئېيىق، بۆرە، سۈلەيسۈن قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار.

3. ئىقتىسادىي ئەھۋالى

1990- يىلى باركۆل ناھىيىسىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 86 مىليون 620 مىڭ يۈەن، ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 170 مىليون 420 مىڭ يۈەن، مىللىي دارامىتى 83 مىليون 580 مىڭ يۈەن، مالىيە ئومۇمىي كىرىمى 5 مىليون 786 مىڭ يۈەن، مالىيە ئومۇمىي چىقىمى 28 مىليون 24 مىڭ يۈەن بولدى.

1990- يىلى باركۆل ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 66 مىليون 729 مىڭ 100 يۈەن بولدى، يىلىغا 14 مىليون 810 مىڭ كىلوۋات سائەت توك چىقىرىلدى، 194 مىڭ 800 توننا كۆمۈر قېزىلدى، 39 مىڭ 50 توننا كوكس كۆيدۈرۈلدى، 7225 توننا سېمونت ئىشلەپچىقاردى، 30 مىڭ 710 توننا سۇلفات ئىشقارى، 5720 توننا ئۇن، 11 مىڭ 839 كۋادرات مېتىر كۆن- خۇرۇم، 6479 جۈپ خۇرۇم ئاياغ (ئۆتۈك) ئىشلەپچىقىرىلدى،

ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 15 مىليون 110 مىڭ يۈەن سېلىنما سېلىندى، قۇرۇلۇش كۆلىمى 29 مىڭ 746 كۋادرات مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە ئولتۇراق ئۆي 4000 كۋادرات مېتىر. يىللىق تاشيول ترانسپورت يۈك توشۇش مىقدارى 11 مىڭ 663 توننىغا، توشۇلغان يولۇچى 629 مىڭ 500 ئادەم (قېتىم) غا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 91 مىليون 474 مىڭ 100 ئادەم كىلومېتىرغا يەتتى. 1990- يىل 11- ئايدا 1 مىليون 160 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنغان ناھىيىلىك يولۇچىلار مۇلازىمەت بىناسى پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى. پوچتا- تېلېگراف كەسپى ئومۇمىي كىرىمى 802 مىڭ 900 يۈەن بولدى.

1990- يىلى باركۆل ناھىيىسىدە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 48 مىليون 930 مىڭ يۈەن، دۆلەت ئىچى تاۋارلىرىنىڭ ساپ سېتىۋېلىنىش ئومۇمىي قىممىتى 31 مىليون 580 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە سودا سىستېمىسىنىڭ 3 مىليون 830 مىڭ يۈەن، ئاشلىق سىستېمىسىنىڭ 16 مىليون 300 مىڭ يۈەن، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سىستېمىسىنىڭ 2 مىليون 190 مىڭ يۈەن، گېزىت- ژۇرناللارنىڭ تارقىتىلىش قىممىتى 180 مىڭ يۈەن، داۋالاش، دورىگەرلىك قىممىتى 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن، تەمىنات- سودا سىستېمىسىنىڭ 7 مىليون 860 مىڭ يۈەن؛ دۆلەت ئىچى تاۋارلىرىنىڭ ساپ سېتىلىش سوممىسى 43 مىليون 490 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە سودا- سانائەت سىستېمىسىنىڭ 17 مىليون 130 مىڭ يۈەن، ئاشلىق سىستېمىسىنىڭ 6 مىليون 600 مىڭ يۈەن. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سىستېمىسىنىڭ 3 مىليون 800 مىڭ يۈەن، كىتاب، ماتېرىيال 430 مىڭ يۈەن، گېزىت- ژۇرنال تارقىتىش 240 مىڭ يۈەن، سەھىيە، دورىگەرلىك 2 مىليون 250 مىڭ يۈەن، تەمىنات- سودا كوپېراتىپى سىستېمىسىنىڭ 13 مىليون 40 مىڭ يۈەن. ئومۇمىي خەلق مۇلۈكچىلىكىدىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 1850 يۈەن، دېھقان- چارۋىچىلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى461 يۈەن، شەھەر، يېزىلارنىڭ يىل ئاخىرىدىكى پۇل ئامانەت قالدۇقى 54 مىليون 695 يۈەن بولدى.

4. مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرى

1990- يىلى ناھىيىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 9 (بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ) بار، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 5960 (بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئوقۇغۇچى 1157 )؛ 63 باشلانغۇچ مەكتەپ (بۇنىڭ ئىچىدە 19 مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ) بار، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 12 مىڭ 318 (بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئوقۇغۇچى 3866 )؛ بىر ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى، بىر ئىشچى- خىزمەتچىلەر مەكتىپى بار. مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 1392 (بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئوقۇتقۇچى 426 ).

ناھىيە بويىچە چەت دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق رايونلىرىدا، كىچىك تىپتىكى 5 تېلېۋىزىيە يەر يۈزى سۈنئىي ھەمراھى ئارقىلىق قوبۇل قىلىش پونكىتى قۇرۇلدى، ناھىيىنىڭ تېلېۋىزىيە بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 85% كە يەتتى، 22 سەھىيە داۋالاش ئاپپاراتلىرى، 243 كەسپىي سەھىيە- تېخنىكا خادىمى، 204 كارىۋات بار.

ناھىيىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئاسارئەتىقىلەردىن فېيچىن ئابىدىسى، رېنشاڭ ئابىدىسى، جاڭ شىگېبىن ئابىدىسى ۋە بىر تۈركۈم قەدىمىي قەبرىلەر، قەدىمىي شەھەر خارابىلىرى، يەنە تەگرىتاغ قارلىق قارىغايلىقى، لۈگگۈڭ يەنلۇ، جىن چۇەنسىيۇ، يۈتەي لوشىڭ، قاراغول، ئۆچلۈقتاغ شەھىرى قاتارلىقلار بار.

# IV باب

# قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ــ قۇرۇلۇش ئورۇنلىرى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ بىر قىسىم تارماقلىرى قۇمۇل ۋىلايىتىدە ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىنى قۇردى.

## §1. شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى

1950- يىلى 3- ئايدا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 6- جۈن 16- شىسى قۇمۇلغا كىرىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، دەرھال باندىت تازىلاشقا ئاتلاندى، شۇنداقلا يەرلىكنىڭ پارتىيە ۋە ھاكىمىيەت قۇرۇش خىزمەتلىرىگە ياردەملەشتى. 1953- يىل 5- ئايدا 16- شى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭ ھەربىي رايونى يېزا ئىگىلىك قۇرۇلۇش 5- شىسى قىلىنىپ تەشكىللەندى، 16- شىغا قاراشلىق 47- تۇەن 13- تۇەنگە، 48- تۇەن 15- تۇەنگە ئۆزگەرتىلدى ۋە قۇمۇل، باركۆل قاتارلىق جايلاردا دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى قۇردى. 1954- يىل 10- ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قۇرۇلدى، يېزا ئىگىلىك 5- شىسى ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1963- يىل يېزا ئىگىلىك 5- شىسىنىڭ شتابى بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا يۆتكەلگەچكە، قۇمۇلدا دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى قۇرۇلدى. 1975- يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلۈشى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يېزا ئىگىلىك 5- شىسى قۇمۇل باشقارمىسى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتتى ۋە قۇمۇل ۋىلايەتلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. 1982- يىلى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسى بىڭتۇەن قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1990- يىلى ئۇنىڭ قارمىقىدا قىزىل يۇلتۇز 1-، 2-، 3-، 4- مەيدانلىرى، قىزىل يۇلتۇز 1-، 2- چارۋىچىلىق فېرمىسى، راكىتا دېھقانچىلىق مەيدانى، ساقا دېھقانچىلىق مەيدانى، دۆربەجىن دېھقانچىلىق مەيدانى، قىزىلتاغ دېھقانچىلىق مەيدانى، نوم دېھقانچىلىق مەيدانىدىن ئىبارەت 11 دېھقانچىلىق مەيدانى - چارۋىچىلىق فېرمىسى بولدى (تەپسىلاتىنى «بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش بۆلۈمى» دىن كۆرۈڭ).

## §2. ئاراتۈرۈك ھەربىي ئاتچىلىق فېرمىسى

ئاراتۈرۈك ھەربىي ئاتچىلىق فېرمىسى قۇمۇل شەھىرى، ئاراتۈرۈك ناھىيىسى، باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدىغان جايدا، فېرما ئورگىنى سومۇشتاندىكى قۇمۇل- باركۆل تاشيولىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە بولۇپ، قۇمۇل شەھىرىدىن 65 كىلومېتىر يىراقلىقتا.

1990- يىلى ھەربىي ئاتچىلىق فېرمىسىنىڭ ئوتلىقى 770 مىڭ موغا، ئورمىنى 50 مىڭ موغا، تېرىلغۇ يېرى 70 مىڭ موغا يەتتى. فېرمىنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 319 كۋادرات كىلومېتىر، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1800 ~ 3000 مېتىر بولۇپ، جەنۇبى، شىمالى، شەرقى تەرەپلىرى تەڭرىتاغ بىلەن ئورالغان، جۇغراپىيىلىك ئورنى ئېگىز، يانتۇلۇقى چوڭ، غەربى تەرىپى كەڭ كەتكەن تۈزلەڭلىك.

يەر شەكلى شەرقىي جەنۇبتىن غەربىي شىمالغا قىيسايغان بولۇپ، بورچا شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ، تەگرىتېغىنىڭ چوققىسىدا يىل بويى قار- مۇز ئېرىمەيدۇ، تاغ ئېتىكىدە ياۋا ئوت- چۆپلەر قويۇق ئۆسكەن بولۇپ، بۇ يەر ناھايىتى ياخشى تەبىئىي چارۋىچىلىق مەيدانىدۇر. فېرما ئېقىندى تۈزلەڭلىككە جايلاشقان بولۇپ، ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىشقا باپ كېلىدۇ.

تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە مەزكۇر ئورۇندا مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرىدىن بۇيان ھۆكۈمەتنىڭ توققۇز ئات فېرمىسى قۇرۇلغان ھەمدە فېرمىنى باشقۇرىدىغان ئاپپارات قۇرۇلۇپ، مەخسۇس ئادەم قويۇلغان.

ئاراتۈرۈك ھەربىي ئات فېرمىسى تۆمەن دەرىجىلىك ئورگان بولۇپ، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئالتاي ھەربىي ئات فېرمىسى ئاساسىدا قۇرۇلغان، 1954- يىلى قوماندانلىق شتابى ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدىكى نومغا، ئىككىنچى يىلى ناھىيە بازىرىغا كۆچۈرۈلدى ۋە تۇرۇۋاتقان يەر نامى بويىچە ئاراتۈرۈك ھەربىي ئات فېرمىسى دەپ ئاتالدى. 1956- يىل 4- ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى باش ئارقا سەپ بۆلۈمىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، فېرما ئورگىنى باركۆل ناھىيە بازىرىغا كۆچۈرۈلدى، يىل ئاخىرىدا ھازىرقى ئورنىغا يەنى سومۇشتانغا يۆتكەلدى.

1959 – يىلى مەزكۇر فېرما شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېڭى ئىگىلىك 5- شىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، نامى قىزىل يۇلتۇز ئات فېرمىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1960- يىلى، قىزىل يۇلتۇز 1- فېرمىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، يېڭى ئىگىلىك 5- شىسى باركۆل ھەربىي ئات باش فېرمىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. 1961- يىلى، باش ئارقا سەپ بۆلۈمىگە قايتا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئاراتۈرۈك ھەربىي ئات فېرمىسى دېگەن نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئىلگىرى- ئاخىر بولۇپ ئارقا سەپ ھەربىي ئات شتابى، چېگخەي- شىزاڭ ئىش باشقارمىسى، شىنەن ئىش باشقارمىسىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە بولدى.

1976- يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقا سەپ بۆلۈمىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1985- يىلى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقا سەپ بۆلۈمى زاۋۇت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

## §3. شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىق ئىدارىسى گېئولوگىيە 6 - چوڭ ئەترىتى

### 1. تەرەققىيات جەريانى

گېئولوگىيە 6- چوڭ ئەترىتى گېئولوگىيە قېزىلما بايلىق مىنىستىرلىكى شىنجاڭ گېئولوگىيە قېزىلما بايلىقلىرى ئىدارىسىغا قاراشلىق بولۇپ، 1957- يىل 5- ئايدا قۇرۇلدى. ئىلگىرى گېئولوگىيە 714- ئەترەت، قۇمۇل گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتى دېگەن ناملارنى قوللانغان ئىدى، 1963- يىلىدىن باشلاپ هازىرقى نامىنى يەنى گېئولوگىيە 6- ئەترىتى دېگەن نامىنى قوللاندى. ئۇ، كۆپ كەسىپ، كۆپ خىل ئىلىم بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، ئىش تۈرلىرى مۇكەممەل، ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك ئەترەت. ئۇ، 1:50000 رايوندا تەكشۈرۈش، 1:200000 رايوندا قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارالايدۇ، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى مېتال، مىنېرال رۇدا كانلىرىنىڭ ئادەتتىكى تەكشۈرۈش ۋە قېدىرىپ تەكشۈرۈشنى، گىدرو گېئولوگىيىسى ۋە قۇرۇلۇش گېئولوگىيىسى، گېئوفىزىكا ۋە گېئوخىمىيىلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈش تەتقىقات ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئالالايدۇ. كان چارلاش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش، توپوگرافىيە سىزىش، خىمىيىلىك ئانالىز سىنىقى، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى ئىلمىي تەتقىقات ۋەزىپىلىرىنى ئۈستىگە ئالالايدۇ، بىر قەدەر يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ئىقتىدارى ۋە زامانىۋى ئىلمىي نەزەرىيە سەۋىيىسىگە ئىگە.

1957- يىلى ئەترەت قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، ئىشچى- خىزمەتچىسى تەخمىنەن 300 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە باشقۇرغۇچى كادىر 10، گېئولوگىيە تېخنىك خادىمى 12، ئىشچى- خىزمەتچىسى 278. 1960- يىللاردىن 1980- يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە 1300 دىن ئارتۇق ئىشچى- خىزمەتچىسى بار بولدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە 18 ئالىي دەرىجىلىك ئىنژېنېر، 83 ئىنژېنېر، 200 دىن ئارتۇق هەر خىل تېخنىك خادىمى بار ئىدى. تۈرلۈك كان تەكشۈرۈش ئەسۋاب- ئۈسكۈنىلىرى تولۇق هەم ئىلغار بولۇپ، هەر يىلى 10 كېرىن بۇرغا ئىستانوك ماشىنىسىنى ئىشقا سېلىش ئىقتىدارىغا ئىگە، غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە (رايون) ئىچىدە بىرلىياتتىن كىچىك دائىرىدە ئارقاننى ئۆتكۈزۈشتىن ئىبارەت ئىلغار بۇرغىلاش چارلاش تېخنىكىسىنى ئەڭ بالدۇر كىرگۈزگەن ئورۇن. ئايلىق ئۈنۈمى 1400 مېتىرلىق ئەلا سۈپەتلىك يۇقىرى مەھسۇلاتلىق رېكورت ياراتتى هەم يۇقىرىقى ئاساستا 1500 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى سۈپەتلىك بۇرغىلاپ چارلاش تۆشۈكى تېشىپ، غەربىي شىمال بويىچە رېكورت ياراتتى.

### 2. گېئولوگىيىلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈش

1990- يىلى ئەترەت قۇرۇلغان 33 يىلدىن بۇيان، چوڭ- كىچىك 20 دىن ئارتۇق كان ياتقىسىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋە قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق، 1:50000 رايون گېئولوگىيىسى ۋە قېزىلما بايلىق تەكشۈرۈش خەرىتىسىدىن 51 نى سىزدى (بۇنىڭ ئىچىدە 1:50000 لىك ئالتە خەرىتىنىڭ ئاپلىتۇدىسىنى مودۇلياتسىيىلىگەن)، 1:200000 رايون دائىرىسىدىكى ئۈچ گېئوخىمىيىلىك چارلاش يۈزى خەرىتىسىنى سىزدى. تۇرغۇن جايلاردا گىدروگېئولوگىيىلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈپ، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون چۈشۈرگەن تۈرلۈك كان بايلىقلىرىنى چارلاش ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىدى هەم قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش سۇ مەنبەسىنى چارلاش، قۇدۇق قېزىش، قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىنىڭ ئۇلىنى قېدىرىپ تەكشۈرۈش قاتارلىق 10 تۈرنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئۇنىڭ ئورۇندىغان كۆپ قىسىم تۈرلىرى شەرقىي شىنجاڭ رايونىنىڭ سانائەت بازىسىنى ۋە ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا پائال رول ئوينىدى.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولىغا قويۇلغاندىن بۇيان، گېئولوگىيە 6- چوڭ ئەترىتى قىدىرىپ تەكشۈرۈش، ئېچىشنى يېتەكچى، بىر كەسىپنى ئاساس، كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش فاڭجېنىنى ئىجرا قىلىپ، «پەن- تەتقىقات، قىدىرىپ تەكشۈرۈش، ئېچىشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش» نى ئەمەلگە ئاشۇردى، كۆپ خىل ئىگىلىكنى ۋە گېئولوگىيە بازىرىنى ئېچىشنى ئاكتىپ تەرەققىي قىلدۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن بىرلىشىپ ئاچقان خۇگشىجىن ئالتۇن كېنى، سېرىق تاغ جەنۇبىي قارا مۇز چېچەك تاش ماتېرىياللىرى، قۇرۇلۇش ئۇلىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش، قۇدۇق قېزىش، ئۆلچەپ سىزىش، تەجرىبە سىنىقى ئېلىپ بېرىش، ماگنېزىت بۇيۇملىرى ھەرىكەتچان ئۆي، كاناپ چېدىر، كىچىك تىپتىكى ھاۋا بېسىمى بىلەن تاش تېشىش بۇرغىسى تىجارىتى قىلىش، سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز بىلەن تەمىنلەش پونكىتى قاتارلىق تۈرلىرى مەلۇم كۆلەمگە ئىگە بولۇپ، خۇشاللىنارلىق ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

## §4. ئاپتونوم رايونلۇق رەڭلىك مېتال ئىدارىسى گېئولوگىيە 704- چوڭ ئەترىتى

1958- يىل 6- ئاينىڭ 10- كۈنى گېئولوگىيە 704- چوڭ ئەترىتى شىمالىي شىنجاڭدىكى كۆكتوقايدا قۇرۇلغاندا 65 ئىشچى- خىزمەتچىسى بار ئىدى. شۇ يىلى 6- ئاينىڭ 16- كۈنى قۇمۇلغا يۆتكەپ كېلىندى. شىنجاڭ كان چېكىلەش مەكتىپىنىڭ شەرقىي شىنجاڭدا تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇۋاتقان 20 دىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى- ئوقۇغۇچىسىنى قوشقاندا، ئىشچى- خىزمەتچىسى 70 تىن ئاشتى. ئاساسلىقى ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىدىن شىنجاڭ- گەنسۇ چېگرىسىغىچە بولغان تەخمىنەن 200 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر دائىرە ئىچىدە رەڭلىك مېتال، مېتاللورگىيە كان مەھسۇلاتلىرى مەنبەسىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى.

1958 ~ 1964- يىلىغىچە مەزكۇر ئەترەت پۈتكۈل شەرقىي شىنجاڭ دائىرىسىدە 1:200000 ماسشتابلىق دائىرىدە ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ كان ئىزدەش ۋە ئامىمغا كان ئىشلىرى خىزمىتىنى دوكلات قىلىشنى قانات يايدۇردى. ئالتە يىل ئىچىدە شەرقىي شىنجاڭ قارلىق تېغى، باركۆل ۋە بوغدا قاتارلىق كەڭ رايونلاردا بىرنەچچە 100 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر دائىرىلىك كان ئىزدەش ۋەزىپىسىنى تاماملاپ، جەمئىي 330 دىن ئارتۇق ئورۇندا كان نۇقتىسى تاپتى، بۇنىڭ ئىچىدە 13 جاينى چارلاپ، ماسشتابى 1:500000 گېئولوگىيە كان خەرىتىسى ۋە كان ئىزدەش قانۇنىيىتى خەرىتىسىنى سىزدى، زاپىسى 1 مىليون توننىدىن ئارتۇق ۋانادىيلىق تىتان ماگنىت تۆمۈر رۇدىسى ياتىقى، زاپىسى 10 مىليون توننىدىن ئارتۇق ماگنىت تۆمۈر رۇدىسى ياتىقى، زاپىسى 190 مىليون توننا دولومىت ياتىقى توغرىسىدىكى مەلۇماتنى تاپشۇردى. بۇ ئالتە يىل ئىچىدە، مەزكۇر ئەترەتتە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 300~ 350 ئىشچى- خىزمەتچى، 50 ~ 150 نەپەرگىچە ۋاقىتلىق ئىشچى ئىشلىدى.

1964- يىلنىڭ ئاخىرىدىن 1967- يىلىغىچە ئەترەت تەرەققىيات باسقۇچىدا بولدى. 1965- يىلى تيەنخۇ بىرىنچى نومۇرلۇق قۇدۇقىدا نورماللىزلىق كۆرۈلۈپ، بۇرغىلاپ چارلاش ئارقىلىق زور ھەجىمدىكى ماگنىت تۆمۈر رۇدىسى بارلىقى ئىسپاتلانغاندىن كېيىن، شىنجاڭ رەڭلىك مېتال قىدىرىپ تەكشۈرۈش شىركىتى ۋە شىنجاڭ مېتاللورگىيە ئىدارىسىنىڭ تەستىقى بىلەن 702- ئەترەت، 703- ئەترەت بۇ ئەترەتكە قوشۇلغاندىن كېيىن، ئىشچى- خىزمەتچىسى شىددەت بىلەن 860 كىشىگە كۆپەيدى. 1966- يىلى يەنە كۆپىيىپ 1000 كىشىگە يېقىنلاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە گېئولوگىيە قۇرۇلۇش تېخنىكا خادىملىرى 138 گە يەتتى. 1966- يىلى، تيەنخۇ بىرلەشمە جەڭ مەزگىلىدە، مېتاللورگىيە مىنىستىرلىكى شەرقىي شىمالدىكى قېرىنداش ئەترەتلەردىن ۋە گېئو- فىزىكىلىق چارلاش شىركەتلىرىدىن بۇرغىلاپ

چارلاش ۋە گېئو- فىزىكىلىق چارلاش كۈچلىرىنى يۆتكەپ كېلىپ بىرلەشمە جەڭگە قاتناشتۇردى. 1967- يىلى قىشتا تيەنخۇدىكى بىرلەشمە جەڭ غەلىبىلىك ئاياغلاشتى، ئىشچى- خىزمەتچىلەر سىرتقا يۆتكىلىپ كېتىپ، 600 دىن ئوشۇق ئىشچى- خىزمەتچىسى قالدى، 1975- يىلى مەزكۇر ئەترەت جەنۇبىي شىنجاڭ كۇچا دىشۇي مىس كېنى بىرلەشمە جېڭىغا تۆت بۇرغىلاش ماشىنىسى قاتناشتۇرۇپ، ئەترەتنىڭ كۈچىنى نامايان قىلىپ، ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. 1976 - يىلى يەنە توگگۇ بىرلەشمە جېڭىغا قاتنىشىپ، توگگۇ مىس كانى زاپىسىنىڭ مىڭ تونىنغا يېتەلمەسلىك ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىپ، ئون مىڭ تونىنغا يەتكۈزدى.

1978- يىلى مەزكۇر ئەترەت شىنجاڭ رەڭلىك مېتال شىركىتى ۋاكالىتەن باشقۇرىدىغان شىنجاڭ رەڭلىك گېئولوگىيە شىركىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە بولدى. 1981- يىلى «بېكىتىش، كۆتۈرەگە بېرىش، مۇكاپاتلاش» نى مەركىزىي مەزمۇن قىلغان سوتسىيالىستىك ئەمگەك مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇردى. 1985- يىلدىن باشلاپ يەنە «ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى مەركىزىي مەزمۇن قىلغان ئەترەت باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى ۋە بىر قىسىم ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىدا ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى، شۇنداقلا ئۈچ بۆلەككە ئايرىلغان بىر ئەترەتتە ئىككى خىل تۈزۈم بولۇش تۈزۈمى» يولغا قويۇلدى.

گېئولوگىيىلىك ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە، مەزكۇر ئەترەت شىنجاڭ رەڭلىك گېئولوگ چارلاش شىركىتى تەشكىللىگەن دىشۇي، توگگۇ ۋە كۆنەستىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ بىرلەشمە جەڭگە قاتناشتى. 1958 ~ 1990- يىلىغىچە بولغان 33 يىل مابەينىدە، بۇ گېئولوگىيە ئەترىتى شىمالدا تەگرىتېغىدىن ئالتاي تاغلىرىغىچە، جەنۇبتا دەشت- چۆللەرگىچە، غەربتە ئىلى، كۆنەس، شەرقتە ئەنشى، ليۇ يۈەنگىچە بېرىپ، 330 دىن ئارتۇق جايدا كان نۇقتىسى تاپتى، 20 خىلدىن ئارتۇق كان، 105 كان رايونىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ، قېدىرىپ چارلاپ، 198 پارچە گېئو-فىزىكا خىمىيىلىك چارلاش، گىدروگېئولوگىيە، قۇرۇلۇش گېئولوگىيىسى ۋە ئىلمىي تەتقىقات دوكلاتى تاپشۇردى. بۇ مەزگىلدە دۆلەت ۋە قۇمۇل ۋىلايىتىنى ئىككى ئورۇندىكى چوڭ تىپتىكى تۆمۈر كانى (تيەنخۇ تۆمۈر كېنى ۋە گەنسۇ خۇگسەن تۆمۈر كېنى)، ئىككى ئورۇندىكى كىچىك تىپتىكى مانگان كېنى(خۇاپىڭ، ئاچچىقسۇ)، ئىككى ئورۇندىكى كىچىك تىپتىكى ۋولفرام كېنى (بوستان بۇلاق، بۇچۇگلۇق)، چوڭ تىپتىكى دولومىت كېنى ( ۋېيا)، كىچىك تىپتىكى خرومىت كېنى (خېيىەنتۇ)، چوڭ - كىچىك تىپتىكى ۋانادىيلىق تىتان ماگنىت تۆمۈر رۇدا كېنى (ۋېيا ۋە گودىشەن تېغى)، كىچىك تىپتىكى سىرەكيەر ماتېرىياللىرى (جىنشېرچۈەن)، چوڭ- كىچىك تىپتىكى ئالتۇن كانلار (جىگۇوزا، ۋۇتوگوۋزا)، چوڭ- ئوتتۇرا تىپتىكى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى كېنى (ئاقچوقا بۇلاق، شياۋ خوگچۈەن)، چوڭ تىپتىكى ھاك تاش كېنى (تيەنخۇ)، سۇرمە تاش ۋە سېغىز توپا كان نۇقتىسى ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلىدى. بۇندىن باشقا يەنە زور مىقداردىكى گېئو-فىزىكا خىمىيىلىك چارلاشلاردىكى نورمالسىزلىقلار تەكشۈرۈپ بېكىتىشنى كۈتۈپ ياتماقتا. يۇقىرىقىلار ئاساسىدا 1:500000 گېئولوگىيىلىك كان مەھسۇلاتلىرى خەرىتىسى ۋە كان ھاسىل بولۇش قانۇنىيىتى خەرىتىسىنى سىزدى. تەمىن ئەتكەن بارلىق ماتېرىياللاردىكى مېتال ۋە مېتاللوئىد رۇدا زاپىسىنى باھاغا سۇندۇرغاندا قىممىتى 10 مىليارد يۈەنگە يېتىدۇ، تەمىن ئەتكەن كان مەھسۇلاتلىرى مەنبەسى 14 بولۇپ، بۇلار دۆلەت ۋە يەرلىك تەرىپىدىن قېزىلدى.

## §5. باشقىلار

قۇمۇل ۋىلايىتىدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلاردىن يەنە قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى، تارانچى كۆمۈر كېنى، يامانسۇ تۆمۈر كېنى قاتارلىق كارخانىلار بار، قاتناش ۋە سانائەت قىسمىدا بايان قىلىنىپ بولغاچقا، بۇ يەردە قايتا بايان قىلىنمىدى.

# تەبىئىي مۇھىت

# ئىككىنچى قىسىم

# تەبىئىي مۇھىت

## I باب

## گېئولوگىيىلىك قۇرۇلمىسى، يەر قىياپىتى

### §1. گېئولوگىيىلىك قۇرۇلمىسى

قەدىمكى ھايات ئېراسى دەۋرىدە، قۇمۇل ۋىلايىتى «ئىككى قۇرۇقلۇق، بىر دېڭىز» قۇرۇلما ھالىتىدە ئىدى، شىمالىي قىسمىدا سىبىرىيە قۇرۇقلۇق پارچىسى، جەنۇبىي قىسمى (يامانسۇ ۋە خاشۇن چۆللۈكىنىڭ جەنۇبى) دا تارىم قۇرۇقلۇق پارچىسى بولۇپ، ئوتتۇرا قىسمىدىكى تۇرپان- قۇمۇل ئويمانلىقى جۇڭغار- تۇرپان (قازاقىستان) دېڭىز- ئوكيان يەر پارچىسىنىڭ شەرقىي ئۇچىغا يانداش دېڭىز ئويمانلىقىغا تەۋە ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل ئويمانلىقى قۇمۇل رايونىدىكى مۇھىم تۈزۈلمە بۆلەك ئىدى.

تۇرپان- قۇمۇل ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىدىكى چۆلتاغ بىلەن بوغاز چۆللۈكى بەلۋېغى ئوتتۇرا تاشكۆمۈر دەۋرىنىڭ ئاخىرىدىكى جۇڭغار- تۇرپان دېڭىز- ئوكيان يەر پارچىسى بىلەن تارىم قۇرۇقلۇق يەر پارچىسى كاگگۇر چوڭ ئۆزۈلمىسىنى بويلاپ ئۆز ئارا سوقۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن يۇرمە تاغلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۆسۈشى كېيىنكى ئوتتۇرا ھايات ئېراسىدىكى ئويمانلىق چۆكۈندىلىرىنى مۇھىم ماددىي مەنبە بىلەن تەمىنلەپلا قالماستىن، ئويمانلىقنىڭ جەنۇبىي كۆتۈرۈلۈپ چېقىش، شىمالىي ئويمان بولۇشتەك يانتۇ جايلىشىشىنى بەلگىلىگەن. شىمالىي قىسمىدىكى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن رايون كېيىنكى مەزگىلدىكى قۇرۇلما، چۆكۈندىلەرنىڭ ئاستا- ئاستا ئۆزگىرىش پەرقى سەۋەبىدىن، غەربتىن شەرققە قاراپ توقسۇن، تەيىبىي ( يالقۇنتاغ – چىقتىمنىڭ شىمالىي قىسمى) ۋە قۇمۇلدىن ئىبارەت ئۈچ ئولتۇرۇشما رايونغا بۆلۈنگەن. قۇمۇل ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى باركۆل- قارلىق تاغ تاشكۆمۈر دەۋرىنىڭ ئاخىرى (بۇنىڭدىن تەخمىنەن 280 مىليون يىللار ئىلگىرى) شەكىللەنگەن، يەتتە قۇدۇقنىڭ غەربىدىكى تەگرىتاغ (بوغدا تېغى) بالدۇرقى ئىككىلەمچى دەۋر (بۇنىڭدىن تەخمىنەن 260 مىليون يىللار ئىلگىرى) دە يۇرلىشىشتىن يېشىلگەن، بىراق كۆتۈرۈلۈش- پەسىيىش كۆلىمى تۇرپان- قۇمۇل ۋە جۇڭغاردىن ئىبارەت ئىككى ئويمانلىقنىڭ بۆلۈنۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرالمىغان، بوغدا تېغىنىڭ خېلى چوڭ بىر قىسمى ئوتتۇرا يۇرا دەۋرىدىن كېيىن شەكىللەنگەن. شۇڭا، تاشكۆمۈر سىستېمىسى چۆككەندىن كېيىن، دېڭىز سۈيى تۇرپان- قۇمۇل ئويمانلىقىدىن قايتىشقا باشلىغان (بۇنىڭدىن تەخمىنەن 285 مىليون يىللار ئىلگىرى). بالدۇرقى ئىككىلەمچى دەۋردە بۇ ئويمانلىق تېيىز دېڭىز ساھىلى تۈپىدىكى دېڭىز

چۆكۈندىلىرىدىن (كاربونات تاغ جىنسلىرى ۋە يانار تاغ جىنسلىرى) شەكىللەنگەن. كېيىنكى ئىككىلەمچى دەۋردە (بۇنىڭدىن تەخمىنەن 250 مىليون يىلدىن 265 مىليون يىللار ئىلگىرى) دېڭىز سۇيى تۈرپان-قۇمۇلدىن پۈتۈنلەي قايتقان. شۇندىن باشلاپ ئويمانلىق پۈتۈنلەي قۇرۇقلۇق چۆكۈندىلىرىدىن ئىبارەت يېڭى باسقۇچقا كىرىپ، دېڭىزغا چىلىشىپ تۇرۇش تارىخى ئاخىرلاشقان. ئەينى ۋاقىتتا تۈرپان-قۇمۇل ئويمانلىقىنىڭ ئولتۇرۇشما رايونى ئاساسلىق شىمالىي قىسمىدا بولۇپ، قۇمۇل ئويمانلىقىنىڭ غەربىي تاغ، تەڭرىتاغ يېزىلىرىنىڭ تاغ ئالدىلىرى ۋە بوغازدىن ئىبارەت ئىككى جاي ئولتۇرۇشۇپ كېتىشى ئەڭ چوڭقۇر، چۆكۈندىلىرى ئەڭ قېلىن بولغان جايلار ئىدى. ئالدىنقى ئىككىلەمچى قاتلام ئوتتۇرىلىقى (بۇنىڭدىن تەخمىنەن 265 مىليون يىلدىن 250 مىليون يىللار ئىلگىرى) ۋە ئالدىنقى ئۈچلەمچى قاتلام ئوتتۇرىلىقى (بۇنىڭدىن تەخمىنەن 230 مىليون يىلدىن 195 مىليون يىللار ئىلگىرى) قۇمۇل شەھىرىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى سەكرادىن قوشتېكەن، توغۇچى، قارادۆۋە ئەتراپلىرىغا قەدەر، تۈرپان-قۇمۇل ئويمانلىقىدىكى كۆلمى ئەڭ چوڭ بولغان چوڭقۇر كۆل شەكىللەنگەن، بۇ غايەت زور كۆل ئويمىنى مىڭ مېتىردىن ئارتۇق قېلىنلىقتىكى خىرە لاي-لاتقىلىق جىنس چۆكۈندىلىرىنى چۆكتۈرگەن. ئەينى ۋاقىتتا ھاۋا ئىللىق يېغىن-چېچىنى مول، نەم كىلىماتتا بولۇپ، جەنۇبىي قىسمىدىكى تېتىس دېڭىز شامىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرغانلىقتىن، شىنجاڭنىڭ كىلىماتى ئىللىق ۋە نەمخۇش بولغان، كۆلدىكى زور مىقداردىكى لەيلىگۈچى جانلىقلار نېفىت ھاسىل بولۇشنىڭ مول ماددىي شەرتىنى ھازىرلاپ، سەكرادىن ترىئاس سىستېمىسى سانائەت نېفىتى ئېقىمى ۋە قوشتېكەن ئويۇلمىسىدىكى بۇرغىلاپ چارلاشتىكى ئالدىنقى ئىككىلەمچى قاتلام ئوتتۇرىلىقى نېفىت گازى تۈزۈلمىسىنىڭ تېپىلىشىنى ئىمكانىيەتلىك شەرت بىلەن تەمىنلىدى. تەدرىجىي ئۆزگىرىش جەريانى مۇنداق: بالدۇرقى ترىئاسسىك دەۋرىدە كىلىمات قۇرغاق ئىسسىققا ئۆزگەرگەنلىكتىن، كۆل سۈيىنىڭ ئورنى تۆۋەنلەپ، دەريا تىندۇرمىسى فاتسىيىسىنى ئاساس قىلغان قىزىل ئۈۋۈنتىدا جىنسلار بىلەن تىنىپ كەتكەن. ئوتتۇرا ترىئاسسىك دەۋرىدە كىلىمات قايتىدىن ئىللىق نەمخۇشقا ئۆزگەرگەنلىكتىن، جانلىقلار ئاۋۇپ، كۆل توختىماي كېڭىيىپ چوڭقۇرلىغان، تېيىز كۆل ساھىلى تەدرىجىي تېيىز-پاتقاق كۆلگە ئايلىنىپ، سۇ يۈزى ئۆرلىگەن، كۆل ئويمانلىقىنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولغان، چوڭقۇر كۆلنى شەكىللەندۇرۇشتىكى ئەڭ ياخشى دەۋر بارلىققا كەلگەن. كېيىنكى ترىئاسسىك دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، كۆل سۈيى قايتىدىن تەدرىجىي سوغۇلغان، كېيىنكى مەزگىللەردە سۇ تېزلىكتە كېڭىيىپ چوڭقۇرلىغان، يېرىم چوڭقۇر، چوڭقۇر كۆل چۆكۈندىلىرىنىڭ ھاسىل بولۇشى كۆپ قېتىم قايتىلانغان، ترىئاسسىك دەۋرىنىڭ ئاخىرى، ھىندىچىنى ھەرىكىتى يەر قاتلىمىدا كۆچلۈك پۈرمە پەيدا قىلغانلىقتىن، رايونلارنىڭ كۆتۈرۈلۈش كۆلىمى بىرقەدەر چوڭ بولغان.

يۇرا دەۋرى (بۇنىڭدىن تەخمىنەن 195 مىليون يىلدىن 140 مىليون يىللار ئىلگىرى) دە كۆل يۈزى تارايغان، تۆۋەن سۇ ئورنى ۋە كۆل تارىيىش تۈزۈلۈشى تۆۋەنلىشىپ يېتىلىشنى ئالاھىدىلىك قىلغان. شۇندىن كېيىن كۆل ئويمانلىقىنى تېيىز لاتقا، سازلىقلار قاپلىغان، قۇمۇل ئويمانلىقىنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىي قىسمىدا قويۇق ئورمانلىقلار ئۆسكەن. قۇمۇل ئولتۇرۇشۇپ شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس، شىمالى چوڭقۇر، جەنۇبى تېيىز بورچىسمان ھالەتنى شەكىللەندۈرگەن، چۆكۈندىلەر شىمالدا قېلىن، جەنۇبتا تېيىز بولغان، ئاساسلىق چۆكۈندىلەر مەنبەسى كۆككىر تېغى (باركۆل-قارلىق تاغ) دىن كەلگەن. بۇ پېرمىئان، ترىئاسسىك دەۋرىدىكى چۆكۈندىلەر جەنۇبى قېلىن شىمالى تېيىز، تىندۇرمىلارنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى جوڭگىشەنتيەن (چۆلتاغ-گاشۇن چۆللۈكى) دىن كەلگەنلىكى بىلەن دەل قارىمۇقارشى بولغان. يۇرا دەۋرىدە قۇمۇل ئويمانلىقىدا كۆلمى زور ھەم ناھايىتى قېلىن كۆمۈر قاتلىمى يېتىلگەن. تۈرپان ئويمانلىقىنىڭ تەبىئىي ئويۇلمىسىدا بولسا، ئوتتۇرا، كېيىنكى يۇرا دەۋرىدە كۆمۈر گىدرو كاربونلار مەنبەسىگە ئايلىنىپ، جىنس تۈرلىرى تېپىدىكى نېفىت، گاز قاتلىمىنى ھاسىل قىلغان. شۇڭا، يۇرا دەۋرىدىن قارىغاندا، تۈرپان-قۇمۇل ئويمانلىقىنى غەربتىن شەرققە تۈرپان ئولتۇرۇشمىسى، لياۋدۇن كۆتۈرۈلمىسى ۋە قۇمۇل ئولتۇرۇشمىسىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تۈزۈلمە بۆلىكىگە بۆلۈشكە بولىدۇ، تۈرپان ئولتۇرۇشمىسىنى يەنە ئۈچ ئويمان، ئۈچ چوقچايمىغا بۆلۈشكە بولىدۇ. قۇمۇل ئولتۇرۇشمىسى ئىككى ئويمان، بىر

چوقچايما تۈزۈلمە ھالىتىدە، يەنى توغۇچى، قوشتىكەن ئولتۇرۇشمىسى ۋە ساقا چوقچايمىسىدىن ئىبارەت ئۈچ ئىككى دەرىجىلىك تۈزۈلمە ھالىتىدە زاھىر بولىدۇ. بور دەۋرى (بۇنىڭدىن تەخمىنەن 140 مىليون يىلدىن 70 مىليون يىللار ئىلگىرى) دە كۆكقىر تېغى ئومۇمىيۈزلۈك كۆتۈرۈلۈپ چىققان، قۇمۇل ئويمانلىقى زور كۆلەملىك يالىنىشقا ئۇچرىغان، بور سىستېمىسىنىڭ چۆكۈندىلىرىنىڭ كۆلىمى كىچىك، نېپىز بولغانلىقتىن، جەنۇبىي قىلىن، شىمالىي نېپىز بولۇپ قالغان. بالدۇرقى ئۈچىنچى دەۋرنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىگە كەلگەندە (25 مىليون يىللار ئىلگىرى)، ئويمانلىق يەنە بىر قېتىم ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، ئەتراپتىكى تاغ سىستېمىلىرى تۈزلىنىپ كېتىشكە تاسلا قالغان. كېيىنكى ئۈچىنچى دەۋردىكى مىئوتسېن دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدىكى كۈچلۈك ھىمالايا ھەرىكىتى پۈتۈن ئويمانلىقنىڭ ھالىتىنى (ۋەزىيىتىنى) ئۆزگەرتىۋەتكەن. كۆكقىر تېغى «قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ»، يەنە بىر رەت ئۆرلەپ يۇقىرى ئۆرلىگەن، كۆل ئويمانلىقى ھېسابلانغان تۇرپان- قۇمۇل ئويمانلىقى يوقىلىپ، ھازىرقى ھالەتكە يېقىنلىشىپ، تاغ ئارىسىدىكى يېپىق ئويمانلىق تارىخى باشلانغان.

ئومۇمەن، قۇمۇل ئويمانلىقى دېڭىز ئويمانلىقى – كۆل ئويمانلىقى – قۇرۇقلۇق ئويمانلىقىدىن ئىبارەت تەدرىجىي ئۆزگىرىش جەريانىنى باشتىن كۆچۈرگەن.

## §2. يەر شەكلى، يەر قىياپىتى

### 1. يەر شەكلىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

شىنجاڭنى 1700 كىلومېتىردىن ئارتۇق كېسىپ ئۆتىدىغان ھەيۋەتلىك تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي ئۇچى (شەرقىي تەڭرىتېغى) قۇمۇل رايونىدىكى شىڭشىڭشيانىڭ شەرقىدە تەدرىجىي پەسىيىپ غايىپ بولىدۇ. شەرقىي تەڭرىتېغى بىرقانچە پاراللېل تاغ تىزمىسى ۋە تاغ ئارىسىدىكى ئويمانلىقلاردىن تەركىب تاپقان غايەت زور تاغ سىستېمىسى بولۇپ، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم يەر مەيدانىنى ئىگىلەيدۇ. تۆت تاغ ئۈچ ئويمانلىقنى قىسىپ تۇرۇشى، قۇمۇل رايونى يەر شەكلى ئومۇمىي كۆرۈنۈشىنىڭ يىغىنچاقلىنىشى بولۇپ، تەڭرىتېغى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ، تاغ بىلەن ئويمانلىقلار ئارىلىق تاشلىنىپ بولۇپ، شىمالدىن جەنۇبقا رەت تەرتىپى بويىچە: كىچىك قاپتىمك تېغى، چوڭ قاپتىمك تېغى، خوخوندۇرىن تېغى، سوغايتۇ تېغى، ئۈچكۆل – نوم ئويمانلىقى، موچىن ئۇلار تېغى (بېيشەن)، باركۆل ئويمانلىقى، باركۆل تېغى- قارلىق تاغ، قۇمۇل ئويمانلىقى، ئەڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان گاشۇن چۆللۈكىدىن ئىبارەت.

قۇمۇل رايونىنىڭ يەر شەكلى، ئوتتۇرىسى ئېگىز، جەنۇب ۋە شىمالى پەس، يەر شارائىتى پەرقى چوڭ. ئوتتۇرا قىسمىدىكى تەڭرىتېغىنىڭ ئاساسىي تىزمىسى — باركۆل تېغى، قارلىق تاغ ۋە تارماق تاغ تىزمىسى موچىن ئۇلار تېغى قاتارلىق ئېگىز تاغلار شەرقىي شىمال – غەربىي جەنۇب يۆنىلىشتە سوزۇلغان بولۇپ، ئۇلارنى ئېگىز تاغ، ئوتتۇرا ئېگىز تاغ ۋە پەس تاغدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا ئايرىشقا بولىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1600 ~ 2800 مېتىرغىچە بولغانلىرىنى ئوتتۇرا ئېگىز تاغ، 1600 مېتىردىن تۆۋەن بولغانلىرىنى پەس تاغ، 2800 مېتىردىن يۇقىرى بولغانلىرىنى ئېگىز تاغ دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. بەزى تاغ چوققىلىرى دېڭىز يۈزىدىن 4000 مېتىر ئېگىز، ۋىلايەت تەۋەسىدىكى ئەڭ ئېگىز تاغ چوققىسى قارلىق تاغنىڭ ئاساسىي چوققىسى بولغان تۆمۈرتى چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 4886 مېتىر كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ، باركۆل تېغىنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسى بولغان يۈياشەن تېغى دېڭىز يۈزىدىن 4308.3 مېتىر كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. تاغنىڭ ئۈستىگە ھازىرقى زامان مۇزلۇقلىرى كەڭ تارالغان بولۇپ، مۇز چوققىلىرى چوقچىيىپ چىقىپ

تۇرىدۇ، كۆپ خىل مورفولوگىيىلىك تۈرلەر تېپىدىكى مۇزلۇق ۋە مۇز ئېروزىيىسى بار. قار سىزىقىنىڭ ئېگىزلىكى 3900 مېتىر كېلىدۇ، ھازىرقى زامان مۇزلۇقىنىڭ ئاخىرقى ئۇچى دېڭىز يۈزىدىن 3300 ~ 3600 مېتىرغىچە ئېگىز. قاتمۇ-قات دەستىلەنگەن ئېگىز تاغلىقلار (بولۇپمۇ ئوتتۇرا، ئاساسلىق تاغ تىزمىلىرى) رايونىمىز ئىچىدىكى ھاۋا ئېقىمىنىڭ ئايلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ ۋە مۇھىم جۇغراپىيىلىك پاسىل ھاسىل قىلىدۇ.

جەنۇب ۋە شىمال ئىككى تەرەپ ئوتتۇرا، پەس تاغلىق رايونلار بولۇپ، ئۇ جۇڭگو-موڭغۇلىيە چېگرىسىدىكى ئوتتۇرا، پەس تاغلىق رايونلارنى ھەمدە تۇرپان-قۇمۇل ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇزاق يالىنىپ ئېگىز-پەسلىكى تەكشىلەنگەن پەس چۆلتاغنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ جايلارنىڭ تاغلىرى پەس بولۇپلا قالماي تارقاق ھەم قالايمىقان، ئۈستى يۇمىلاق، نىسبىي ئېگىزلىكى ئادەتتە 200 مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، قۇرغاق جىلغىلىرى كەڭ، يەر يۈزىنى قالدۇق دۆۋىلەنمە، يانباغىر جىنىس ئۇۋۇندىلىرى قاپلىمى يېپىۋالغان، ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇپ چۆللۈك دەپ ئاتايمىز (گاشۇن چۆللۈكى).

تاغلىق رايونلار ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ بەشتىن ئۈچ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. تۆت تاغ ئارىسىدا ئۈزۈلۈپ ئولتۇرۇشقان ئۈچ ئويمانلىق توغرىسىغا ياتىدۇ. ئۇزۇن ئوق يۆنىلىشتە تاغقا ئۆز ئارا يېقىن تۇرىدۇ، يەنى غەربىي شىمال-شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشتە. ئويمانلىق شەرق-غەرب يۆنىلىشكە تاغقا يېقىن تۇرىدۇ. قۇمۇل ئويمانلىقى ئەڭ چوڭ ئۈزۈلۈپ ئولتۇرۇشقان ئويمانلىق، ئۇنىڭ غەربى كەڭ، شەرقى تار، ئەڭ كەڭ يېرى 100 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، غەربتە سەنجاپاردىن باشلىنىپ، شەرقتە شەنكۆ، تۆگىچى بۇلاق (لوتوچۇەنزى) ئەتراپىدا ئېتىلىپ قالىدۇ، رايونىمىز ئىچىدە 250 كىلومېتىر ئەتراپىدا سوزۇلىدۇ، يەر شارائىتى شەرقىي شىمالى ئېگىز، غەربىي جەنۇبى پەس، ئەڭ پەس جاي — سار كۆلى دېڭىز يۈزىدىن 53 مېتىر ئېگىز. ئويمانلىقنى چوڭ جەھەتتىن ئۈچ يەر قىياپىتى بەلۋېغىغا ئايرىشقا بولىدۇ: شىمالىي قىسمىدىكى تاغ ئېتىكى ئەتراپىنىڭ يانتۇلۇقى بىر قەدەر چوڭ بولۇپ، ئورغۇنلىغان تاشقىن چۆكمە جىنىسلىرىدىن ھاسىل بولغان، شېغىللىق چۆل بەلۋېغى، جەنۇبقا قاراپ يەر تۈزۈلۈشى تەدرىجىي تەكشىلىنىپ، قۇمساڭغۇ تۇپراقلىق يەلپۈگۈچسىمان تىندۇرما تۈزلەڭلىك يانتۇ بەلۋېغىغا ئايلانغان. بۇ جاي تۇپرىقى مۇنبەت، سۈيى ئەلۋەك، ئاھالىسى زىچ، تېرىقچىلىقى روناق تاپقان، ۋىلايىتىمىزدىكى ئەڭ چوڭ بوستانلىق بولۇپ، قۇمۇل شەھىرى مۇشۇ بوستانلىققا جايلاشقان. ئەڭ جەنۇبىي قىسمى تارقاق بولغان قۇم ئېدىرلىقى ۋە قۇرۇپ كەتكەن تۇزكۆل بەلۋېغى بولۇپ، بۇ، تارىم ئويمانلىقىدىن پەرقلىنىدىغان، سىممېترىلىك بولمىغان يېرىم ھالقا شەكىللىك قۇرۇلمىدۇر.

باركۆل-ئاراتۈرۈك ئويمانلىقى ئەسلىدە ئۆز ئارا تۇتىشىدىغان ئۇزۇن ئويمانلىق بولۇپ، ئېرىنكىرنىڭ غەربىي قىسمى داغلىق باركۆل ئويمانلىقىدۇر. ئۇنى شەرقىي تەگرىتېغى، موچىن ئۇلا تېغى ئوراپ تۇرىدۇ، غەربىي شىمالدىكى تاغلار ئەڭ پەس بولۇپ، سۇ ھورلىرى بۆسۈپ كىرىدىغان تەبىئىي يوچۇق شەكىللەنگەن. ئويمانلىق تېگىنىڭ غەربى كەڭ، شەرقى تار بولۇپ، يولۋاسنىڭ يوتىسىغا ئوخشايدۇ. يەر ئۈستى تۈزۈلۈشى شەرقتىن غەربكە قىيسىيىپ، باركۆل كۆلىگە بارغاندا ئويمانلىقنىڭ ئەڭ پەس جايى (دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1581 مېتىر) بولىدۇ، بۇنى ئۈچ يەر قىياپىتى بۆلىكىگە ئايرىشقا بولىدۇ: جەنۇب شىمالدىكى ئېگىز تاغ بەلۋېغى، غەربىي ئوتتۇرا، پەس تاغلىق رايون ۋە يۇقىرى ئورۇنلۇق ئويمانلىقتىن ئىبارەت. ئاراتۈرۈك تېپىك شەكىلدىكى پاراللېل يۆنىلىشلىك ئۇزۇن ئويمانلىق بولۇپ، غەربتىن شەرققە سوزۇلغان.

ئۈچكۆل ـ نوم ئويمانلىقىنىڭ غەربى قىسمى ئۈچكۆل ئويمانلىقى (كەڭ مەنىدە)، شەرقىي نوم ئويمانلىقى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1000 مېتىردىن تۆۋەن، ئوتتۇرىسىدىكى جايلار ئىككى ئويمانلىقنىڭ ئەڭ پەس جايى (دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 300 مېتىر) نى شەكىللەندۈرگەن. ئۆ قۇمۇل رايونىدىكى تاغنىڭ شىمالىدىكى كەڭلىك

گرادۇسى ئەڭ ئېگىز، يەر شارائىتى ئەڭ پەس، ئىسسىقلىق مىقدارى ئەڭ مول بولغان رايون بولۇپ، كۆپ جايلىرى چۆللۈك ۋە يالاڭ يەر شەكلى قىياپىتىگە كىرىدۇ.

## 2. يەر قىياپىتى

قۇمۇل تۆت تاغ، ئۈچ ئويمانلىقنى قىسىپ تۇرۇشتەك يەر شەكلىگە ئىگە بولۇپ، شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ جەمئىي سەككىز يەر قىياپىتى بۆلىكىگە ئايرىلغان:

(1) شەرقىي جۇڭغار تاغلىرى قۇمۇل رايونىنىڭ شىمالىي قىسمىدا جۇڭگو- موڭغۇلىيە چېگرىسىنى بويلىغان كىچىك قاپتىك تېغى، چوڭ قاپتىك تېغى، خوخوندۇرىن تېغى، سوغايتۇ تېغى، ئېرىن تاغلىرى سوزۇلۇپ ياتىدۇ. شەرقتىكى تۆمۈرتام ئېغىزىغىچە 180 كىلومېتىردىن ئارتۇق بۇ بۆلەك قۇرغاق، سويۇلما تاغلىقتىن ئىبارەت.

(2) ئۈچكۆل – نوم ئويمانلىقى غەربىي قارامول تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي ئۈچى بىلەن تۇتىشىدىغان، شىمالى شەرقىي جۇڭغار تاغلىرىغا ياندىشىپ بولغان، ئەڭ شەرقى بايدىن تارتىپ ئاداقنىڭ غەربىگىچە، يەنى چۆلتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى يۇلدۇم، قېيىن، ئازغانلىق، دۆڭبۇلاق (كاۋچۈەن)، چىپاردۆڭ، خويتاڭ، ئۈچكۆل، 1000مېتىرلىق تەڭ ئېگىزلىك سىزىقىنى بويلاپ تاكى قارا سەركىگىچە بولغان جايلار بۇ دائىرە ئىچىگە كىرىدۇ. شەرقىي شىمالى جۇڭگو- موڭغۇلىيە چېگرىسىدىن ئىبارەت.

(3) غەربىتاغ تۆپىلىكى باركۆل تۆپىلىكى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، شەرقى موچىن ئۇلار تېغى ۋە باركۆل ئويمانلىقى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇبى باركۆل تاغلىرى بىلەن، غەربى گۇچۇڭ تۆپىلىكىدىكى مورى ناھىيىسى بىلەن، شىمالى ئۈچكۆل – نوم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى 1000 مېتىرلىق تەڭ ئېگىزلىك سىزىقىغا تۇتىشىدۇ. جەنۇبتا سۆجىدىن باشلاپ كىچىك دىلدابايى قىزىل تېغى، ئاقارنىڭ تۇمشۇقى، ماۋاگمياۋ ئىبادەتخانىسى، كەزمە قۇم جىلغىسى ئارقىلىق ئۆلكۈن چوڭ قىزىل تېغى، ئۈچكۆلنىڭ غەربىگىچە بارىدۇ. جەنۇب تەرىپى چىغلىق، ئوتۇنلۇق، سۆجىدىن ئىبارەت.

(4) موچىن ئۇلار تاغلىرى چۆلتاغ دەپمۇ ئاتىلىدۇ، غەربتە ماۋاگمياۋ ئىبادەتخانىسى، ئۆلكۈن چوڭ قىزىلتېغىنىڭ شەرقىدىن باشلىنىپ، جەنۇبى ئاقبۇت جىلغىسى، تۆمۈرتى جىلغىسى، تاملىق جىلغىسى، نېرىنكىر، تۇركۆل، توخۇلۇنى بويلاپ ئاداققا تۇتىشىدۇ، شىمالى ئۈچكۆل (سەنتاگخۇ)، تىكەنلىك، چىپاردۆڭ ئارقىلىق ئاداققا تۇتىشىدۇ.

(5) باركۆل ئويمانلىقى غەربتە سۆجىدىن باشلىنىپ، شەرقتە توخۇلۇغا تۇتىشىدۇ، شىمالى تەگرىتېغىنىڭ چۆلتاغقا ياندىشىپ بولۇپ، جەنۇبى شەرقىي تەگرىتاغ تاغلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربى كەڭ شەرقى تار بولۇپ، خۇددى شىرەگە يانتۇ قويۇلغان قوشۇققا ئوخشايدۇ. شەرقى قىسمى چارۋىچىلىق رايونى، غەربى قىسمى دېھقانچىلىق رايونىدۇر.

(6) شەرقىي تەڭرىتاغ تاغلىرى غەربى يەتتە قۇدۇقنىڭ شىمالىدىكى قاراكۆزدىن باشلىنىپ، شەرقتە نوغايغا تۇتىشىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە نامداۋاننىڭ غەربى باركۆل تېغى دەپ نامداۋاننىڭ شەرقى قارلىق تاغ دەپ ئاتىلىدۇ. باركۆل تېغىنىڭ ئاساسىي چوققىسى بولغان يۈياشەن تېغى (پىڭشۈفىڭ چوققىسى) دېڭىز يۈزىدىن 4308.3 مېتىر ئېگىز بولۇپ، بۇ تاغ ئېگىز- پەس، تەرتىپسىز، ئوخشىمىغان يۆنىلىشلەردە زونىلىق جايلاشقان، ئادەتتە دېڭىز يۈزىدىن 2500 مېتىر ئېگىز، شىمالىي يانباغرىغا يايلاق، ئورمانلىق ۋېرتىكال (تىك) بەلۋاغلىق جايلاشقان، جەنۇبىي يانباغرى ئاساسەن قۇرغاق، يالىڭاچ تاش جىنسلىق تاغلار بولۇپ، تاغ چوققىسىدا قار بىر قەدەر ئاز توپلىنىدۇ. شەرقتىكى قارلىق تاغنىڭ ئاساسىي چوققىسى بولغان تۆمۈرتى دېڭىز يۈزىدىن 4886 مېتىر ئېگىز، بۇ تاغلار بەك تىك بولۇپ، جىلغىلار گىرەلىشىپ كەتكەن، ئارىسىغا زونىلىق تاغلار جايلاشقان، دېڭىز يۈزىدىن 4000 مېتىر ئېگىز، يىل بويى قار توپلىنىپ تۇرىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈرتى چوققىسىدا ھازىرقى زامان چاسا مۇزلۇقى بولۇپ، شىمالىي يانباغرىدا يىپىنچا ئۆسۈملۈك تۈپرىقىنىڭ ۋېرتىكال

تارقىلىشى ئالاھىدە گەۋدىلەنگەن، شامال ۋە يامغۇر سۇيىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، تاغ ئېتىكىنىڭ ئىككى تەرىپىگە يەلپۈگۈچسىمان تىندۇرما ۋە لاتقا چۆكۈپ، تۈزلەڭلىكلەرنى ھاسىل قىلغان.

(7) قۇمۇل ئويمانلىقى غەربتە يەتتە قۇدۇقتىن باشلىنىپ، شەرقىي تەڭرىتاغ ئېتىكىنى بويلاپ تاشۋېلىق، خۇاڭشەن، سۈيلىڭ، يامانسۇغا تۇتىشىدۇ، يامانسۇدىن غەربكە قاراپ ئاساسەن تۈز سىزىق بويىچە قۇمتاغ قىرىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى كېسىپ ئۆتۈپ، جىيا بەيشەننىڭ شىمالىي دائىرىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(8) گاشۇن چۆللۈكى شىمالدا بايدىن باشلىنىپ، كۆندۈرۈ تېغىنى بويلاپ جوڭگو- موڭغۇلىيە چېگرىسىدىكى خالشىن بارون ئومىنتوبوغا تۇتىشىپ، يەنە شىنجاڭ- گەنسۇ چېگرىسىنى بويلاپ ئاقتاغقا تۇتىشىدۇ، قۇمۇل بىلەن بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ جەنۇبىدىكى چېگرا ئارقىلىق شىمالدا قۇمۇل ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېگرىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنى قۇمۇل شەھرىنىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىي قىسمىدىن ئىبارەت. بۇ جايلار ئاساسلىق قەدىمكى تەڭرىتاغ بولۇپ، ھازىر قۇرغاق، يالىنىپ كەتكەن تەكشى ئېگىزلىككە ئايلىنىپ كەتكەن ئاساسەن تاشلىق چۆللۈكلەردىن ئىبارەت. قەدىمكى قۇرۇقتاغنىڭ ئېگىز- پەسلىك پەرقى چوڭ ئەمەس، پەقەت ئېگىزلىكنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى قوش قۇدۇق، سۇزۇك سۇ ئەتراپىدىكى ماجۇاڭشەن تېغىلا دېڭىز يۈزىدىن 2740 مېتىر ئېگىز، ئېگىزلىكنىڭ جەنۇبىي قىسمى ۋە بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن چېگرىلىنىدىغان جايلار شىنجاڭنىڭ شىمالىي تېغى ھېسابلىنىدۇ، شەرقىي شىمالى موڭغۇلىيە ئېگىزلىكى بىلەن تۇتاشقانلىقتىن، موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىنىڭ ئاتموسفېرا بېسىمىنىڭ رېئاكتىپ سىكلونىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ يىل بويى ھاۋا كىلىماتى قۇرغاق، بورانلىق كېلىدۇ، يامغۇر ئاز ياغىدۇ.

# باب II

# كىلىمات

قۇمۇل ۋىلايىتى ئاسىيا- ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرا كەڭلىك رايونىنىڭ كىندىكىگە جايلاشقان، تەڭرىتاغ تىزمىسى ۋىلايىتىمىزنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى كېسىپ ئۆتكەنلىكتىن، يەنە كېلىپ تاغ تىزمىسىنىڭ جەنۇب، شىمال ئىككى تەرىپىدە چۆل- باياۋانلىق كۆپ بولغانلىقتىن، قۇمۇل رايونى چوڭ قۇرۇقلۇق خاراكتېرى كۈچلۈك بولغان ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاق كىلىماتىغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، ھەر قايسى جايلارنىڭ كىلىمات پەرقى روشەن. ۋىلايەت تەۋەسىنى بەش كىلىمات بەلۋېغىغا، جەمئىي يەتتە كىلىمات رايونىغا بۆلۈشكە بولىدۇ: ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغلىق قاتتىق قۇرغاق رايون (قۇمۇل ئويمانلىقى، نوم ئويمانلىقى)، مۆتىدىل بەلۋاغلىق قاتتىق قۇرغاق رايون (ئۇچكۆل چۆللۈكى، يەتتە قۇدۇق ئويمانلىقى)، مۆتىدىل بەلۋاغلىق قۇرغاق رايون (ئاراتۇرۇك جىلغىسى، تاشۋېلىق ھەمدە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى دېڭىز يۈزىدىن 1500 ~ 2000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى جايلار)، مۆتىدىل بەلۋاغ سۇب قۇرغاق رايون (باركۆل ئويمانلىقى، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى دېڭىز يۈزىدىن 1500 ~ 2000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى جايلار)، سوغۇق مۆتىدىل بەلۋاغلىق قۇرغاق رايون (تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى دېڭىز يۈزىدىن 2000 ~ 3000 مېتىرغىچە ئېگىز بولغان جايلار)، سۇپ سوغۇق قۇرغاق رايون (تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى دېڭىز يۈزىدىن 2000 ~ 3000 مېتىرغىچە ئېگىز بولغان جايلار)، سوغۇق بەلۋاغلىق سۇپ قۇرغاق رايون (تەڭرىتاغنىڭ دېڭىز يۈزىدىن 3000 مېتىردىن

ئېگىز بولغان تاغلىق رايونلار) لاردىن ئىبارەت.

ھەر قايسى جايلارنىڭ كىلىماتىنى يىغىنچاقلىغاندا ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى: قۇرغاق، مۆل- يېغىن ئاز، ھاۋا تۇچۇق كۈنلەر كۆپ، كۈن نۇرى مول، يىللىق، كۈندىلىك تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، مۆل- يېغىن تەكشى ئەمەس، ئەتىيازدا بوران كۆپ چىقىدۇ، ئىسسىق- سوغۇقنىڭ ئۆزگىرىشى كۆپ، ياز پەسلى ئىنتايىن ئىسسىق بولغاچقا، پارلىنىش كۈچلۈك، كۈز پەسلىدە ھاۋا تۇچۇق بولىدۇ، تېمپېراتۇرا تېز تۆۋەنلەيدۇ، قىش پەسلىدە قاتتىق سوغۇق بولۇپ، تۆۋەن ئاتموسفېرا قاتلىمى مۇقىم بولىدۇ. بىراق، قۇرغاقچىلىق، سوغۇق ئېقىم، بوران، ئىسسىق شامال، قىراۋ تۈشۈشكە ئوخشاش ئاپەت خاراكتېردىكى ھاۋارايى ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشقا دائىم بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

## §1. كۈن نۇرىنىڭ يورۇتۇش ۋاقتى، قۇياش رادىئاتسىيىسى

### 1. كۈن نۇرىنىڭ يورۇتۇش ۋاقتى

قۇمۇل رايونىدا كۈننىڭ يىللىق چۈشۈش ۋاقتى 3170 ~ 3380 سائەتكىچە بولۇپ، مەملىكەت بويىچە كۈن نۇرى چۈشۈش ۋاقتى تولۇق بولغان رايونلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ۋىلايەتنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان شىڭشىڭشيادا كۈننىڭ يىللىق چۈشۈش ۋاقتى 3500 سائەتكە يەتكەچكە، «ئاپتاپ جىلغىسى» دېگەن نامى بار، كەڭلىك گرادۇسى ئوخشايدىغان چاڭچۈن، ئۈرۈمچى، غۇلجا قاتارلىق جايلارغا قارىغاندا كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى 550 ~ 700 سائەتكىچە كۆپ بولىدۇ، قوشنا بولغان جۇچۈەن، تۇرپانلاردىن 310 سائەت كۆپ بولىدۇ، «ئاپتاپ شەھىرى» دەپ ئاتالغان لاسادىن ھەر يىلى 350 سائەت كۆپ بولىدۇ. قۇمۇل، ئۈچكۆل – نوم تۈزلەڭ چۆللۈكىدە كۈن نۇرىنىڭ يىللىق يورۇتۇش ۋاقتى 3350 سائەتتىن ئاشىدۇ. تەڭرىتېغى ئارىسىغا جايلاشقان باركۆل ئويمانلىقى، ئاراتۈرۈكنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئايرىم- ئايرىم 3170 سائەت ۋە 3250 سائەت بولىدۇ.

ھەر قايسى جايلاردا كۈن نۇرىنىڭ يىللىق يورۇتۇش ۋاقتى 5- ئايدا ئەڭ كۆپ بولۇپ، 315 ~ 340 سائەتكىچە، ئۇندىن قالسا 6- ئايدىن 8- ئايغىچە بولۇپ، ھەر قايسى ئايلاردا كۈن نۇرىنىڭ يورۇتۇش ۋاقتى 305 ~ 335 سائەتكىچە، 12- ئايدا ئەڭ ئاز بولسىمۇ، يەنىلا 200 سائەت ئەتراپىدا بولىدۇ.

قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ھەر قايسى جايلاردا كۈن نۇرىنىڭ يىللىق، ئايلىق يورۇتۇش ۋاقتى

جەدۋەل: 2 – 1 بىرلىكى: سائەت

| ئايلار / ئورۇن | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | يىللىق يىغىندا |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قۇمۇل شەھىرى | 213 | 226·9 | 270·6 | 290 | 339·2 | 336·8 | 339·7 | 331·2 | 303·7 | 280·2 | 226·6 | 203·1 | 352·1 |
| باركۆل ناھىيىسى | 209·9 | 225·3 | 267·1 | 277·4 | 317·9 | 302·5 | 308·4 | 314·6 | 284·6 | 265·6 | 204·2 | 192·9 | 3170·4 |

| | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاراتۈرۈك ناھىيىسى | 221·6 | 234·0 | 274·0 | 283·9 | 322·7 | 299·1 | 301·8 | 314·5 | 291·7 | 275·8 | 223·1 | 213·4 | 3256·5 |
| نوم | 211·6· | 227·8 | 278·1 | 298·8 | 344·2 | 300·0 | 334·7 | 328·2 | 301·7 | 276·8 | 221·9 | 202·4 | 3356·4 |

زىرائەتلەرنىڭ بىر پۈتۈن ئۆسۈش پەسلى (4 ~ 9- ئاي) دىن ئېلىپ ئېيتقاندا، كۈن نۇرىنىڭ يورۇتۇش جۇغلانما ۋاقتى 1800 ~ 1900 سائەتكە يېتىدۇ؛ بولۇپمۇ زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈش مەزگىلىدە (5 ~ 8- ئاي)، كۈن نۇرىنىڭ ھەر قايسى ئايلاردىكى يورۇتۇش ۋاقتى 310 ~ 340 سائەتكە يېتىدۇ.

2. قۇياش رادىئاتسىيىسى

قۇمۇلدا بۇلۇت شالاڭ، يامغۇر ئاز، كۈن نۇرى چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن بولۇپ، قۇياشنىڭ يىللىق رادىئاتسىيە مىقدار 6397.35 مېگا جوئۇل كۋادرات مېتىر، ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمال رايونىغا جايلاشقان ئوخشاش كەڭلىك گرادۇسىدىكى چاڭچۈندىن 1350 مېگا جوئۇل كۋادرات مېتىر كۆپ، ئوخشاش بىر ئىچكى قۇرۇقلۇقتا ۋە كەڭلىككە جايلاشقان ئۈرۈمچىدىن 1100 مېگا جوئۇل كۋادرات مېتىر كۆپ، ھەتتا تۇرپاندىنمۇ 477 مېگا جوئۇل كۋادرات مېتىر كۆپ بولۇپ، شىنجاڭدا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ، قۇمۇل مەملىكىتىمىزدىكى قۇياش رادىئاتسىيە مىقدارى بىر قەدەر كۆچلۈك بولغان رايونلارنىڭ بىرى. بۇنداق ئەۋزەل شارائىت قۇمۇل ۋىلايىتىنى ئىنتايىن مول قۇياش ئېنېرگىيە بايلىقى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

قۇمۇل ۋىلايىتىدە قۇياشنىڭ ھەر قايسى جايلاردىكى رادىئاتسىيە ئومۇمىي مىقدارى تۈزلەڭلىك، چۆللۈك رايونلاردا كۆپ، تاغلىق رايونلاردا سەل ئازراق بولىدۇ. يىلبويى 6- ئايدا ئەڭ كۆپ، 12- ئايدا ئەڭ ئاز بولىدۇ. 5- ئايدىن 8- ئايغىچە قۇياشنىڭ ئومۇمىي رادىئاتسىيە مىقدارى 700 مېگا جوئۇل كۋادرات مېتىر دىن يۇقىرى بولىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە 6 - ئايدا 780 مېگا جوئۇل كۋادرات مېتىرغا يېتىدۇ. 11- ئايدىن كېيىنكى يىلى 1- ئايغىچە ھەر قايسى ئايلاردىكى قۇياشنىڭ ئومۇمىي رادىئاتسىيە مىقدارى 300 مېگا جوئۇل كۋادرات مېتىرغىمۇ يەتمەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە 12- ئايدا 239 مېگا جوئۇل كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئەڭ كۆپ بولغان ئايلارنىڭ ئاران 30% ىگە توغرا كېلىدۇ.

## §2. ھاۋا تېمپېراتۇرىسى

1. تارقىلىشى ۋە ئۆزگىرىشى

ۋىلايەتتىكى ھەر قايسى جايلارنىڭ ھاۋا تېمپېراتۇرا پەرقى روشەن، جەنۇبىي قىسىمدىكى قۇمۇل تۈزلەڭلىك چۆللۈكى ۋە شىمالىي قىسىمدىكى ئۈچكۆل – نوم چۆللۈكى (قىسقارتىپ جەنۇب، شىمال تۈزلەڭلىك چۆللۈكى دەپ ئاتىلىدۇ، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش) ئىللىق، ئوتتۇرا قىسىمدىكى تاغلىق رايونلار سوغۇق بولىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى تاغلىق رايونلاردا 4℃ تىن تۆۋەن، جەنۇب، شىمال تۈزلەڭلىك چۆللۈك رايونلاردا 8℃ ~ 11℃ قىچە بولىدۇ، جەنۇب، شىمال تۈزلەڭلىك چۆللۈكىدىن ئوتتۇرا قىسىم تاغلىق رايونغا قاراپ، يەر شارائىتىنىڭ ئېگىزلىشىگە ئەگىشىپ، ھاۋا

تېمپېراتۇرىسىمۇ تەدرىجىي تۆۋەنلەيدۇ، يەر شارائىتى ھەر 100 مېتىر ئېگىزلىسە، يىللىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى تەخمىنەن 0·5℃ تۆۋەنلەيدۇ.

**قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ھەر قايسى جايلارنىڭ يىللىق، ئايلىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى ۋە يىللىق پەرقى**

جەدۋەل: 2 ــ 2 بىرلىكى: ℃

| ئايلار / ئورۇن | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | يىللىق ئوتتۇرىچە | يىللىق سېلىشتۇرما پەرقى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قۇمۇل شەھىرى | -10·6 | -5· | 4·6 | 13·2 | 20·4 | 24·7 | 26·6 | 25·2 | 18·5 | 9·7 | -0·1 | -8·3 | 9·9 | 37·2 |
| بارىكۆل ناھىيىسى | -18·1 | -15·3 | -5·1 | 4·3 | 11·4 | 15·8 | 17·1 | 15·7 | 10·2 | 2·1 | -7·5 | -15 | 1·3 | 35·2 |
| ئاراتۈرۈك ناھىيىسى | -12·2 | -10·3 | -3·1 | 5·1 | 12·5 | 16·9 | 18·2 | 16·9 | 11·3 | 3·4 | -5·1 | -10·2 | 3·8 | 30·4 |
| تۇم | -11·8 | -5·9 | 4 | 13·5 | 21·7 | 26·7 | 28·5 | 26·7 | 19·7 | 9·9 | -1·1 | -10·1 | 10·2 | 40·3 |

يىلدا 1- ئاي ئەڭ سوغۇق، 7- ئاي ئەڭ ئىسسىق بولىدۇ. ئەڭ ئىسسىق ئاي بىلەن ئەڭ سوغۇق ئاينىڭ ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرا پەرقى (ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ يىللىق سېلىشتۇرما پەرقى) بىر قەدەر چوڭ، تاغلىق رايونلاردا 30℃ ~ 35℃ قىچە، تۈزلەڭلىك چۆللۈك رايونلاردا 36℃ ~ 40℃ قىچە بولىدۇ.

3- ئاينىڭ باشلىرىدا ھەر قايسى جايلارنىڭ ھاۋا تېمپېراتۇرىسى ئۆرلەشكە باشلايدۇ. 3- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جەنۇب، شىمال چۆللۈك رايونلىرىنىڭ كۈنلۈك ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى تەدرىجىي ئۆرلەپ 0℃ ئەتراپىغا يېتىدۇ؛ تاغلىق رايونلارنىڭ ئۆللىشى بىر قەدەر كېيىنرەك بولۇپ، 4- ئاينىڭ باشلىرىغا بارىدۇ. ئەتىياز پەسلىدە سوغۇق ئېقىم ئۆزگىرىشى كۆپ بولغانلىقتىن، ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆرلىشى مۇقىم بولمايدۇ، 4- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 5- ئاينىڭ باشلىرىغىچە، ھەر قايسى جايلارنىڭ كۈنلۈك ئەڭ تۆۋەن ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 0℃ تىن يۇقىرى بولىدۇ.

5- ئاينىڭ ئوتتۇرى ۋە ئاخىرلىرى، تۈزلەڭلىك، چۆللۈك رايونلارنىڭ كۈنلۈك ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى ئۆرلەپ 20℃ تىن ئاشىدۇ، كۈنلۈك ئەڭ يۇقىرى ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 30℃ ياكى 35℃ تىن يۇقىرى بولىدۇ. ياز پەسلىدە، تاغلىق رايونلار بىر قەدەر سالقىن بولىدۇ، بەزىدە ھۆل- يېغىنمۇ بولۇپ تۇرىدۇ، ھاۋا تېمپېراتۇرىسى دائىم 0℃ تىن تۆۋەنلەپ كېتىدۇ، 6- ئاينىڭ ئاخىرىدىن 7- ئاينىڭ بېشىدىلا ئاندىن 30℃ تىن يۇقىرى تېمپېراتۇرا بارلىققا كېلىدۇ. 7- ئايدا، تۈزلەڭلىك، چۆللۈك رايونلارنىڭ ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى تاغلىق رايونلارغا قارىغاندا 8℃ تىن ئارتۇق بولىدۇ. تاغلىق رايونلار بىلەن تۈزلەڭلىك رايونلارنى سېلىشتۇرغاندا، تۈزلەڭلىك، چۆللۈك رايونلاردا يازلىقى ئىسسىق، قىشلىقى سوغۇق بولىدۇ، تاغلىق رايونلاردا قىشلىقى سوغۇق، يازلىقى سالقىن بولىدۇ.

8- ئاينىڭ ئاخىرلىرى ھەر قايسى جايلارنىڭ ھاۋا تېمپېراتۇرىسى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەشكە باشلايدۇ. 9- ئاينىڭ باشلىرى، ھەر قايسى جايلاردا ئادەتتە 30℃ تىن ئاشقان يۇقىرى تېمپېراتۇرا كۆرۈلمەيدۇ، ۋەھالەنكى تاغلىق رايونلاردا

كۈنلۈك ئەڭ تۆۋەن ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 0℃ تىن چۈشۈپ كېتىدۇ. 10- ئاينىڭ ئاخىرلىرى ۋە 11- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تاغلىق رايونلار بىلەن تۈزلەڭلىك، جەنۇب- شىمال چۆللۈك رايونلار قىش پەسلىگە قەدەم قويىدۇ. 11- ئاينىڭ ئاخىرىدىن 12- ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، تاغلىق رايونلار بىلەن جەنۇب، شىمال چۆللۈك رايونلىرىنىڭ كۈندىلىك ئەڭ تۆۋەن ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 20℃– ياكى ئۇنىڭدىنمۇ تۆۋەن بولىدۇ.

قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ھەر قايسى جايلارنىڭ يىللىق، ئايلىق ئوتتۇرىچە كۈنلۈك ھاۋا تېمپېراتۇرا پەرقى

جەدۋەل: 2 – 3 · بىرلىكى: ℃

| ئايلار / تۈرلەر | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | يىللىق ئوتتۇرىچە |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قۇمۇل شەھىرى | 12·9 | 14·3 | 14·9 | 16·1 | 16·1 | 15·9 | 15·5 | 16·1 | 16·7 | 15·9 | 12·8 | 11·2 | 14·8 |
| باركۆل ناھىيىسى | 15·9 | 17 | 14·6 | 15·5 | 16·4 | 15·5 | 14·9 | 16·4 | 16·6 | 15·5 | 14·5 | 15 | 15·6 |
| ئاراتۈرۈك ناھىيىسى | 12·5 | 12·7 | 12·7 | 12·7 | 12·6 | 12·4 | 12 | 12·8 | 13 | 12·4 | 11·3 | 11·9 | 12·6 |
| نوم | 12·3 | 14·3 | 15 | 15·7 | 15·7 | 15 | 14·6 | 14·9 | 15·4 | 14·6 | 12·3 | 11·3 | 14·3 |

بىر كۈن ئىچىدە، ئادەتتە تاڭ سەھەر ۋاقتىدىكى ھاۋا تېمپېراتۇرىسى ئەڭ تۆۋەن، چۈشتىن كېيىنكى سائەت 15 ~ 17 ئارىلىقىدا ئەڭ يۇقىرى بولىدۇ. قۇمۇل ئىچكى قۇرۇقلۇقتا ھەمدە چۆل- باياۋانغا جايلاشقانلىقتىن، بىر كۈن ئىچىدىكى ئىسسىق- سوغۇقنىڭ ئۆزگىرىشى كەسكىن بولىدۇ، كۈنلۈك ئەڭ يۇقىرى ھاۋا تېمپېراتۇرا بىلەن ئەڭ تۆۋەن ھاۋا تېمپېراتۇرا پەرقى (ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ كۈنلۈك سېلىشتۇرما پەرقى) ئادەتتە 10℃ نىڭ ئۈستىدە بولىدۇ. ئويمانلىق بىلەن تۈزلەڭلىك، چۆللۈك رايونلار ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ كۈنلۈك سېلىشتۇرما پەرقى سەل چوڭراق، تاغلىق رايونلارنىڭ سەل كىچىكرەك بولىدۇ؛ جەنۇب، شىمال چۆللۈك رايونلىرىدا ئەتىياز، كۈز پەسلىلىك كۈندىلىك سېلىشتۇرما پەرقى سەل چوڭراق، قىش پەسلىدە كىچىكرەك بولىدۇ؛ يەتتە قۇدۇق، باركۆل ئويمانلىقىدا 2- ئاي ۋە 9- ئايلاردا چوڭراق، قىش پەسلىدە كىچىكرەك بولىدۇ. ھەر قايسى جايلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى چەكتىكى كۈندىلىك سېلىشتۇرما پەرقى 25℃ تىن يۇقىرى بولىدۇ. يەتتە قۇدۇقتا 1963- يىل 1- ئاينىڭ 28- كۈنى 29·8℃ قا يەتكەن. ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ كۈنلۈك سېلىشتۇرما پەرقىنىڭ چوڭ بولۇشى زىرائەتلەرنىڭ ئورگانىك ماددىلارنى توپلىشىغا، مەھسۇلات سۈپىتىنىڭ ئېشىشىغا ۋە مېۋە- چېۋىلەرنىڭ تاتلىق بولۇشىغا پايدىلىق.

2. تۆت پەسىل

تۇرمۇشتا تۆت پەسىلنى ئايرىشنىڭ ئوخشىمىغان ئۆلچەملىرى بار. تەبىئىي مەنزىرە، دېھقانچىلىق پائالىيەتلىرى ۋە ئىچكى قۇرۇقلۇق ھاۋا تېمپېراتۇرىسى ئۆزگىرىشىنىڭ كەسكىن بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن، ئوتتۇرىچە ھاۋا

تېمپېراتۇرىسى 0℃ ≥ بولسا، قىش پەسلى، 20℃ < بولسا ياز پەسلى، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا بولسا، ئەتىياز ياكى كۈز پەسلى دەپ ئايرىلىدۇ.

قۇمۇل شەھىرى ۋە نومدىكى تۆت پەسىلنىڭ باشلىنىش كۈنى ۋە كۈن سانى

جەدۋەل: 2 – 4

| تۈرلەر / ئورۇن | ئەتىياز | | ياز | | كۈز | | قىش | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | باشلانغان كۈن (ئاي/كۈن) | كۈن سانى (كۈن) | باشلانغان كۈن (ئاي/كۈن) | كۈن سانى (كۈن) | باشلانغان كۈن (ئاي/كۈن) | كۈن سانى (كۈن) | باشلانغان كۈن (ئاي/كۈن) | كۈن سانى (كۈن) |
| قۇمۇل شەھىرى | 5/3 | 75-7 | 19/5 | 115-3 | 12/9 | 67-8 | 19/11 | 106-8 |
| نوم | 7/3 | 66-6 | 12/5 | 126-4 | 16/9 | 60-6 | 15/11 | 112-4 |

جەنۇبىي قىسمىدىكى قۇمۇل تۈزلەڭلىك چۆللۈكىدە ئادەتتە ئەتىياز 3 - ئاينىڭ باش، ئوتتۇرىلىرىدا باشلىنىدۇ، 75 ~ 80 كۈنگىچە داۋاملىشىدۇ؛ 5- ئاينىڭ ئوتتۇرا، ئاخىرلىرى ياز باشلىنىپ، 110 ~ 115 كۈنگىچە داۋاملىشىدۇ؛ 9- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى كۈز كىرىدۇ، داۋاملىشىش ۋاقتى قىسقا بولۇپ، 65 كۈن ئەتراپىدىلا بولىدۇ؛ 11- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى قىش كىرىدۇ، 110 ~ 120 كۈنگىچە داۋاملىشىدۇ. جەنۇبىي چۆللۈكنىڭ سەل شەرقىدىكى ئېدىرلىق بەلۋاغنىڭ يەر شارائىتى سەل ئېگىز بولۇپ، ھاۋا تېمپېراتۇرىسى ئوتتۇرا قىسىم ياكى غەربىي قىسىملارنىڭكىدىن تۆۋەنرەك بولىدۇ، ياز پەسلى قىسقا، قىش پەسلى بىر قەدەر ئۇزۇن، ئادەتتە ياز 6- ئاينىڭ ئاخىرلىرى كىرىدۇ، 60 كۈن ئەتراپىدا داۋاملىشىدۇ؛ 11- ئاينىڭ باشلىرى قىش كىرىدۇ، 140 كۈن داۋاملىشىدۇ.

شىمالىي قىسمىدىكى ئۈچكۆل (سەنتاگخو)، نوم چۆللۈكىدە ئادەتتە 3- ئاينىڭ باش، ئوتتۇرىلىرى ئەتىياز كىرىدۇ، 65 ~ 80 كۈنگىچە داۋاملىشىدۇ؛ 5- ئاينىڭ ئوتتۇرا، ئاخىرلىرى ياز كىرىدۇ، 100 ~ 120 كۈنگىچە داۋاملىشىدۇ؛ 9- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى كۈز كىرىدۇ، 60 ~ 65 كۈنگىچە داۋاملىشىدۇ؛ 11- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى قىش كىرىدۇ، 110 ~ 120 كۈنگىچە داۋاملىشىدۇ.

ئوتتۇرا قىسمىدىكى تاغلىقلاردا ياز پەسلى بولمايدۇ، پەقەت ئىللىق، سوغۇق پەسىل دەپلا ئايرىلىدۇ: باركۆل، ئاراتۆرۈك جىلغىلىق ئويمانلىقلىرىدا ئادەتتە 4- ئاينىڭ باشلىرى ئىللىق پەسىلگە (ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 0℃< تىن تۆۋەن) كىرىدۇ، تەخمىنەن 200 كۈن داۋاملىشىدۇ؛ 10- ئاينىڭ ئاخىرى سوغۇق پەسىل (ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 0℃ ≥) كىرىدۇ، 160 كۈن ئەتراپىدا داۋاملىشىدۇ.

**باركۆل، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدىكى ئىللىق، سوغۇق پەسىلنىڭ باشلىنىش كۈنى ۋە كۈن سانى**

جەدۋەل 2 - 5

| تۈرلەر / ئورۇن | ئىللىق پەسىل: باشلانغان كۈن (ئاي/كۈن) | ئىللىق پەسىل: كۈن سانى (كۈن) | سوغۇق پەسىل: باشلانغان كۈن (ئاي/كۈن) | سوغۇق پەسىل: كۈن سانى (كۈن) |
|---|---|---|---|---|
| باركۆل ناھىيىسى | 8/4 | 202.8 | 28/10 | 163.9 |
| ئاراتۈرۈك ناھىيىسى | 9/4 | 203 | 29/10 | 161.3 |

3. يۇقىرى ۋە تۆۋەن تېمپېراتۇرا

يۇقىرى تېمپېراتۇرا: جەنۇب، شىمالىي چۆللۈك رايونلىرىدا ياز پەسلى ئىنتايىن قۇرغاق ئىسسىق بولۇپ، 7- ئايدىكى ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 25℃ ~ 29℃ قىچە بولىدۇ، ئوتتۇرىچە ئەڭ يۇقىرى ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 31℃ ~ 35℃ قىچە بولىدۇ، قۇمۇل ۋە نومنىڭ ئەڭ يۇقىرى ھاۋا تېمپېراتۇرىسى ئايرىم- ئايرىم 43.9℃ ۋە 43.5℃ قا يېتىدۇ. 7- ئايدا، تاغلىق رايونلار سالقىن بولۇپ، ئايلىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 16℃ ~ 18℃ قىچە، ئوتتۇرىچە ئەڭ يۇقىرى ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 24℃ ئەتراپىدا بولىدۇ. باركۆل ۋە ئاراتۈرۈكنىڭ ئەڭ يۇقىرى ھاۋا تېمپېراتۇرىسى ئايرىم- ئايرىم 33.5℃ ۋە 32.6℃ بولىدۇ.

ئەڭ يۇقىرى ھاۋا تېمپېراتۇرىسى ≥35℃ بولغان كۈنلەر پىژغىرىم ئىسسىق كۈنلەر دېيىلىدۇ. قۇمۇل، ئۈچكۆل – نوم چۆللۈك رايونلىرىدا 5- ئاينىڭ ئاخىرىدىن 8- ئاينىڭ ئاخىرلىرىغىچە پىژغىرىم ئىسسىق كۈنلەر 30 ~ 40 كۈنگىچە داۋاملىشىدۇ (نومدا بەزى يىللاردا 62 كۈنگە يېتىدۇ)، دۆلىتىمىزدىكى «ئۈچ چوڭ تونۇر» دەپ ئاتالغان نەنجىڭ، ۋۇخەن، چۇڭچىڭلاردىنمۇ كۆپ بولىدۇ. قۇمۇل، ئۈچكۆل – نوم چۆللۈك رايونلىرىدا، گەرچە پىژغىرىم ئىسسىق كۈنلەر كۆپ بولسىمۇ، بىراق ئاتموسفېرانىڭ نەملىكى تۆۋەن بولغانلىقتىن، كىشىلەر تىنجىق ئىسسىق ھېس قىلىپ كەتمەيدۇ.

كۈنلۈك ئەڭ يۇقىرى ھاۋا تېمپېراتۇرىسى ≥35℃ غا مۇناسىپ كەلگەن كۈنلۈك ئوتتۇرىچە نىسپىي نەملىكى ≤30% بولغان يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق قۇرغاق ھاۋانى قۇرغاق ئىسسىق كۈن دەپ ئاتايمىز. قۇمۇل، ئۈچكۆل – نوم چۆللۈك رايونلىرىدا، 5- ئاينىڭ ئاخىرىدىن 8- ئاينىڭ ئاخىرلىرىغىچە، قۇرغاق ئىسسىق كۈن 20 ~ 35 كۈنگىچە داۋاملىشىدۇ، نومدا بەزى يىللىرى 50 كۈندىن ئاشىدۇ. 1973- ، 1974- يىللىرىنىڭ 7- ، 8- ئايلىرىدا، مەلۇم تۈلچەش- سىزىش ئەترىتى نوم، ئاداقلاردا مەشغۇلات قىلىۋاتقاندا، يۇقىرى تېمپېراتۇرا، قۇرغاقلىق تۈپەيلىدىن، كۆپ قىسىم خادىملارنىڭ كالپۇكلىرى يېرىلىپ، بۇرنى قاناپ، تاماق يېيەلمىگەن، ھەر بىر كىشى كۈنىگە 11 كىلوگرام ئەتراپىدا سۇ ئىچكەن.

تۆۋەن تېمپېراتۇرا: تاغلىق رايونلارنىڭ قىش پەسلى ئۇزاق، سوغۇق بولىدۇ، 1- ئايدىكى ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى -18℃ – تىن -13℃ – قىچە بولۇپ، ئوتتۇرىچە ئەڭ تۆۋەن ھاۋا تېمپېراتۇرىسى -26℃ – تىن -18℃ – قىچە بولىدۇ، باركۆل داخې (قاراسۇ) يېزىسى ئەتراپىدا، 1958 - يىل 1 - ئاينىڭ ئاخىرى، ئەڭ تۆۋەن ھاۋا تېمپېراتۇرىسى -43.6℃ – قا چۈشتى. جەنۇب، شىمال چۆللۈك رايونلىرىدا 1 - ئايدىكى ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى -13℃ – تىن

−10℃ قىچە، ئوتتۇرىچە ئەڭ تۆۋەن ھاۋا تېمپېراتۇرىسى −18℃ تىن −15℃ قىچە بولىدۇ. 1954-يىل 1-ئاينىڭ 31-كۈنى قۇمۇل بازىرى ئەتراپىدا ئەڭ تۆۋەن ھاۋا تېمپېراتۇرىسى −31.9℃ قا چۈشتى.

كۈنلۈك ئەڭ تۆۋەن ھاۋا تېمپېراتۇرىسى ≤ −20℃ بولغان كۈنلەر سوغۇق كۈنلەر دېيىلىدۇ. تاغلىق رايونلاردا 11-ئاينىڭ ئاخىرىدىن كېيىنكى يىلى 3-ئېينىڭ باشلىرىغىچە، سوغۇق كۈن 70 كۈن ئەتراپىدا داۋاملىشىدۇ، ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا 91 كۈنگە، ئەڭ قىسقا بولغاندىمۇ 50 كۈنگە يېتىدۇ. باركۆلدە بىر قېتىم سوغۇق كۈن ئۇدا 62 كۈن داۋاملاشتى. جەنۇب، شىمالىي چۆللۈك رايونلاردا 12-ئاينىڭ ئاخىرىدىن كېيىنكى يىلى 2-ئاينىڭ باشلىرىغىچە، سوغۇق كۈن 20 كۈندىن 25 كۈنگىچە داۋاملاشتى. سوغۇق بولغان يىللاردا، قۇمۇل بازىرى ئەتراپلىرى ۋە نوم چۆللۈك رايونلىرىدىمۇ ئايرىم-ئايرىم 40 كۈن ۋە 58 كۈنگە يەتتى.

4. يىغىندا تېمپېراتۇرا

1) يىغىندا تېمپېراتۇرىنىڭ تارقىلىشى: قۇمۇل، نوم بوستانلىقىنىڭ ئىسسىقلىق مىقدارى مول بولۇپ، كۈنلۈك ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى > 0℃ بولغان يىغىندا تېمپېراتۇرا 4450℃ ~ 4650℃ قىچە؛ ≥ 10℃ بولغان يىغىندا تېمپېراتۇرا 4000℃ ~ 4250℃ قىچە بولىدۇ. باركۆل، ئاراتۇرۇك ئويمانلىقلىرىدىكى ئىسسىقلىق مىقدارى قۇمۇل، نوم بوستانلىقلىرىغا يەتمەيدۇ، كۈنلۈك ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى > 0℃ ۋە ≥ 10℃ بولغان يىغىندا تېمپېراتۇرا ئايرىم-ئايرىم 2350℃ ~ 2550℃ قىچە ۋە 1750℃ ~ 2050℃ قىچە بولىدۇ.

باركۆل، ئاراتۇرۇك ئويمانلىقلىرىنىڭ كۈنلۈك ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى > 0℃ ۋە ≥ 10℃ بولغان يىغىندا تېمپېراتۇرىسى قۇمۇل، نوم بوستانلىقلىرىغا قارىغاندا ئايرىم-ئايرىم 2100℃ ~ 2250℃ قىچە ئاز بولىدۇ.

2) ھەر قايسى جايلارنىڭ يىغىندا تېمپېراتۇرىلىرىنىڭ يىللىق ئۆزگىرىشى: يىللىق ئۆزگىرىشى چوڭ، بىر قەدەر مۇقىمسىز بولىدۇ. قۇمۇل، نوم بوستانلىقلىرىدا كۈنلۈك ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى > 0℃ بولغان يىغىندا تېمپېراتۇرىنىڭ ئەڭ چوڭ ئۆزگىرىش دائىرىسى 680℃ ~ 750℃ قا يېتىدۇ، ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 360℃ ~ 480℃ دىن كۆپرەك، ياكى 260℃ ~ 310℃ دىن ئازراق بولىدۇ؛ كۈنلۈك ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى ≥ 10℃ بولغان يىغىندا تېمپېراتۇرىنىڭ ئەڭ چوڭ ئۆزگىرىش دائىرىسى 730℃ ~ 810℃ قا يېتىدۇ، ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 400℃ ~ 490℃ تىن كۆپرەك ياكى 330℃ تىن ئازراق بولىدۇ. باركۆل، ئاراتۇرۇك ئويمانلىقلىرىدا، > 0℃ بولغان يىغىندا تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆزگىرىش دائىرىسى 420℃ ~ 570℃ گىچە بولۇپ، ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا ئايرىم-ئايرىم 190℃ ~ 360℃ دىن كۆپرەك ياكى 210℃ ~ 230℃ دىن ئازراق بولىدۇ؛ ≥ 10℃ بولغان يىغىندا تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆزگىرىش دائىرىسى بەك چوڭ بولۇپ، 700℃ ~ 930℃ قا يېتىدۇ، ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا ئايرىم-ئايرىم 370℃ ~ 440℃ دىن كۆپرەك ياكى 330℃ ~ 480℃ دىن ئازراق بولىدۇ.

ھەر قايسى جايلارنىڭ كۈنلۈك ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى > 0℃ ياكى ≥ 10℃ بولغان، كاپالەت نىسبىتى 80% ياكى 90% بولغان يىغىندا تېمپېراتۇرا ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىدىن 100℃ ~ 200℃ گىچە ئاز بولىدۇ.

5. كۈنلۈك ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرا 0℃، 10℃ تا مۇقىملاشقان كۈنلەرنىڭ باشلىنىش، ئاخىرلىشىش مەزگىلى ۋە داۋاملىشىش كۈن سانى

1) باشلىنىش، ئاخىرلىشىش مەزگىلى: قۇمۇل، نوم بوستانلىقلىرىدا 3-ئاينىڭ باشلىرىدىكى كۈنلۈك ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 0℃ تا مۇقىملىشىدۇ، بالدۇر ئىللىغان يىللاردا 2-ئاينىڭ ئاخىرلىرى، ئايرىم يىللاردا دائىم 3-ئاينىڭ ئاخىرلىرىغا سۈرۈلىدۇ؛ 4-ئاينىڭ باش، ئوتتۇرىلىرى كۈنلۈك ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 10℃ تا مۇقىملىشىدۇ. ئايرىم يىللاردا ئالدىغا سۈرۈلۈپ 3-ئاينىڭ ئاخىرلىرىغىمۇ توغرا كېلىپ قالىدۇ ياكى 4-ئاينىڭ ئاخىرلىرىغا سۈرۈلۈپ كېتىدۇ.

باركۆل، ئاراتۈرۈك ئويمانلىقلىرىدا ھاۋانىڭ ئىللىشى قۇمۇل، نوم بوستانلىقلىرىغا قارىغاندا بىر ئاي ئەتراپىدا كېچىكىدۇ، ئادەتتە 4- ئاينىڭ باشلىرىدىكى كۈنلۈك ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 0℃ تا مۇقىملىشىدۇ (ئەڭ بالدۇر بولغاندا 3- ئاينىڭ ئاخىرلىرى)، كۈنلۈك ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 10℃ تا، ئەڭ بالدۇر بولغاندا 4- ئاينىڭ ئاخىرلىرى، ئەڭ كېچىككەندە 6- ئاينىڭ باشلىرى مۇقىملىشىدۇ.

قۇمۇل، نوم بوستانلىقلىرىدا كۈنلۈك ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ 10℃ تا مۇقىملىشىشىنىڭ ئاخىرلىشىش كۈنى، 10- ئاينىڭ ئوتتۇرلىرى كۆرۈلىدۇ (ئەڭ بالدۇر بولغاندا 9- ئاينىڭ ئاخىرلىرى، ئەڭ كېچىككەندە 10- ئاينىڭ ئاخىرلىرى)؛ كۈنلۈك ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ 0℃ تا مۇقىملىشىشىنىڭ ئاخىرلىشىش كۈنى، 11- ئاينىڭ باش، ئوتتۇرلىرىدا كۆرۈلىدۇ، ئايرىم يىللاردا ئالدىغا سۈرۈلۈپ، 10- ئاينىڭ ئاخىرلىرىغا ياكى كېچىكىپ 11- ئاينىڭ ئاخىرلىرىغا توغرا كېلىدۇ. باركۆل، ئاراتۈرۈك ئويمانلىقلىرى بالدۇر سوۋۇيدۇ، كۈنلۈك ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ 0℃ تا ياكى 10℃ تا مۇقىملىشىشىنىڭ ئاخىرلىشىش كۈنى، قۇمۇل، نوملارغا قارىغاندا بىر ئاي ئىلگىرى بولىدۇ، يەنى كۈنلۈك ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ 10℃ تا مۇقىملىشىشىنىڭ ئاخىرلىشىش كۈنى، 9- ئاينىڭ ئوتتۇرلىرى كۆرۈلىدۇ (ئەڭ بالدۇر بولغاندا 8- ئاينىڭ ئاخىرلىرى، ئەڭ كېچىككەندە 10- ئاينىڭ باشلىرى)؛ كۈنلۈك ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ 0℃ تا مۇقىملىشىشىنىڭ ئاخىرلىشىش كۈنى، ئادەتتە 10- ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا، ئايرىم يىللاردا ئالدىغا سۈرۈلۈپ، 9- ئاينىڭ ئاخىرلىرى ياكى كېچىكىپ 11- ئاينىڭ باشلىرىدا كۆرۈلىدۇ.

2) داۋاملىشىش كۈن سانى: قۇمۇل، نوم بوستانلىقلىرىدا كۈنلۈك ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ 0℃ تا مۇقىملىشىشىنىڭ داۋاملىشىش كۈن سانى 245 ~ 250 كۈنگىچە بولىدۇ، ئايرىم يىللاردا 265 ~ 279 كۈنگىچە بولىدۇ، بەزىدە پەقەت 221 كۈنلا بولۇپ قالىدۇ؛ باركۆل ـ ئاراتۈرۈك ئويمانلىقلىرىدا 192 ~ 199 كۈنگىچە (ئەڭ ئۇزارغاندا 226 كۈن، ئەڭ قىسقارغاندا 170 ~ 175 كۈنگىچە) بولۇپ، قۇمۇل، نوملارغا قارىغاندا 50 ~ 60 كۈنگىچە قىسقا بولىدۇ.

قۇمۇل، نوم بوستانلىقلىرىدا كۈنلۈك ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ 10℃ تا مۇقىملىشىشىنىڭ داۋاملىشىش كۈن سانى 185 كۈن (ئەڭ ئۇزارغاندا 210 كۈن، ئەڭ قىسقارغاندا 176 كۈن) ؛ باركۆل، ئاراتۈرۈك ئويمانلىقلىرىدا 112 ~ 125 كۈنگىچە (ئەڭ ئۇزارغاندا 137 ~ 142 كۈنگىچە، ئەڭ قىسقارغاندا 83 كۈن) بولۇپ، قۇمۇل، نوملارغا قارىغاندا 60 ~ 70 كۈنگىچە قىسقا بولىدۇ.

**6. قىراۋسىز مەزگىلى**

قۇمۇلدىكى ھەر قايسى جايلارنىڭ باش كۈز ۋە ئەتىياز پەسلىدە يەر يۈزى ياكى يەريۈزىگە يېقىن جىسىملاردا بەزىدە ئاق رەڭلىك يۇمشاق، چۈرۈك مۇز كرىستالى (قىراۋ) نى كۆرگىلى بولىدۇ، بىراق ئاتموسفېرانىڭ قۇرغاقلىقىدىن تېمپېراتۇرا گەرچە تۆۋەن بولسىمۇ، سۇ ھورلىرى قېتىشىپ قىراۋغا ئايلىنالمايدۇ، ھاۋا تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنلەپ 0℃ ياكى ئۇنىڭدىن تۆۋەن بولغاندا، گەرچە ئاق رەڭلىك يۇمشاق، چۈرۈك مۇز كرىستالى (قىراۋ) پەيدا بولمىسىمۇ، بىراق كۆپ ساندىكى ئىللىقلىقنى ئامراق (تېرموفىل) زىرائەتلەر، كۆكتاتلار، قوغۇن- تاۋۇز، مېۋىلەر ئۈششۈك ئاپىتىگە ئۇچرايدۇ. شۇڭا كۈنلۈك ئەڭ تۆۋەن ھاۋا تېمپېراتۇرىس ≤0℃ بولسا «قىراۋ ئۈششۈكى» نىڭ ئۆلچىمى قىلىنىدۇ، كۈنلۈك ئەڭ تۆۋەن ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 0℃ < بولغان باشلىنىش، ئاخىرلىشىش ئارىلىقىدىكى ۋاقتى قىراۋسىز ئۈششۈك مەزگىل دەپ ئاتىلىدۇ.

قۇمۇل، نوم بوستانلىقلىرىدا قىراۋسىز مەزگىل 180 ~ 182 كۈنگىچە، ئايرىم يىللاردا 210 كۈنگە يېتىدۇ ياكى 145 ~ 149 كۈنگە چۈشۈپ قالىدۇ؛ ئادەتتە 4- ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدىن باشلىنىپ، 10- ئاينىڭ ئوتتۇرلىرى ئاخىرلىشىدۇ، ئايرىم يىللاردا باشلىنىش مەزگىلى ئالدىغا سۈرۈلۈپ 3- ئاينىڭ ئاخىرلىرىغا ياكى كەينىگە سۈرۈلۈپ 5- ئاينىڭ باش، ئوتتۇرلىرىغا توغرا كېلىدۇ، ئاخىرلىشىش مەزگىلى ئالدىغا سۈرۈلۈپ 9- ئاينىڭ ئاخىرلىرىغا ياكى كېچىكىپ

10- ئاينىڭ ئاخىرىغا توغرا كېلىدۇ.

باركۆل بىلەن ئاراتۈرۈك گەرچە ئوخشاشلا تاغ ئارىسىدىكى ئويمانلىق بولسىمۇ، قىراۋسىز مەزگىلى ئوخشاش بولمايدۇ. ئاراتۈرۈك ئويمانلىقىنىڭ قىراۋسىز مەزگىلى 134 كۈن، باركۆل ئويمانلىقىنىڭ پەقەت 108 كۈن بولىدۇ. بەزىدە ئاراتۈرۈكنىڭ قىراۋسىز مەزگىلى 160 كۈنگە، باركۆلنىڭ 139 كۈنگە ئۇزىراپمۇ قالىدۇ، بىراق ئايرىم يىللاردا ئاراتۈرۈك، باركۆلنىڭ قىراۋسىز مەزگىلى پەقەت ئايرىم- ئايرىم 110 كۈن ۋە 82 كۈن بولۇپ قالىدۇ. ئاراتۈرۈكنىڭ قىراۋسىز مەزگىلىنىڭ باشلىنىشى 5- ئاينىڭ باشلىرى (ئەڭ بالدۇر بولغاندا 4- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، ئەڭ كېچىككەندە 6- ئاينىڭ باشلىرى) بولۇپ، ئاخىرلىشىش مەزگىلى 9- ئاينىڭ ئوتتۇرا، ئاخىرلىرى (ئەڭ بالدۇر بولغاندا 8- ئاينىڭ ئاخىرى، ئەڭ كېچىككەندە 10- ئاينىڭ باشلىرى) غا توغرا كېلىدۇ. باركۆلنىڭ قىراۋسىز مەزگىلى 5- ئاينىڭ ئوتتۇرا، ئاخىرلىرى (ئەڭ بالدۇر بولغاندا 5- ئاينىڭ باشلىرى، ئەڭ كېچىككەندە 6- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى) باشلىنىدۇ، 9- ئاينىڭ باشلىرى (ئەڭ بالدۇر بولغاندا 8- ئاينىڭ ئاخىرى، ئەڭ كېچىككەندە 9- ئاينىڭ ئاخىرلىرى) ئاياغلىشىدۇ.

## §3. ھۆل- يېغىن

قۇمۇل رايونىنىڭ سۇ بايلىقى تەبىئىي ھۆل- يېغىندىن كېلىدۇ. مۇزلۇقلار، يېغىندى قار، دەريا، كۆللەر، سۇ ئامبىرى، بۇلاق، كارىز سۈيى قاتارلىقلار تەبىئىي ھۆل- يېغىننىڭ ئايلىنىشىدىن ھاسىل بولغان. قۇمۇل رايونى ئىچكى قۇرۇقلۇققا جايلاشقان، تەبىئىي ھۆل- يېغىن شارائىتى ۋە ھۆل- يېغىن مىقدارى دېڭىز بويىدىكى رايونلاردەك ئەمەس، قۇمۇل رايونىنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 46% نى ئىگىلىگەن تۈزلەڭلىك، چۆل- باياۋانلىق رايونلارنىڭ يىللىق ھۆل- يېغىن مىقدارى پەقەت 25 ~ 40 مىللىمېتىرگىچە بولىدۇ. رايوننىڭ تەبىئىي ھۆل- يېغىننىڭ تارقىلىش پەرقى ناھايىتى چوڭ، ھۆل- يېغىن قۇمۇل رايونى يەر كۆلىمىنىڭ 42% نى ئىگىلەيدىغان تاغلىق رايونلارغا كۆپرەك مەركەزلەشكەن، دېڭىز يۈزىدىن 2000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تاغلىق رايونلاردا يىللىق ھۆل- يېغىن مىقدارى 200 مىللىمېتىرگە يېتىدۇ ياكى ئۇنىڭدىن ئاشىدۇ.

ھۆل- يېغىن مىقدارى گەرچە دېڭىز بويىدىكى رايونلارغا يەتمىسىمۇ، تاغلىق رايونلارنىڭ تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن بولغانلىقتىن، پارغا ئايلىنىپ خورىشى ئاز بولىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن 3200 ~ 4000 مېتىرغىچە بولغان ئېگىزلىكتە مۇقىم يېغىندى قار بەلۋېغى ياكى ئېگىز تاغ مۇزلۇقلىرى بار، ئۇلار خۇددى قاتتىق ھالەتتىكى سۇ ئامبىرىغىلا ئوخشايدۇ، سوغۇق، ھۆللۈك يىللاردا جۇغلانمىسى ئېرىشتىن كۆپ بولىدۇ، قۇرغاق ئىسسىق يىللاردا ئېرىشى جۇغلانمىسىدىن كۆپ بولىدۇ، مۇزلۇقلار دەريا سۇ ئېقىم مىقدارىنى تەڭشەش رولىنى ئوينايدۇ، بۇنىڭغا ئوتتۇرا ھال، پەس تاغ بەلۋاغلىرى قوشۇلۇپ، كەچ كۈزدىكى ھۆل- يېغىن يېغىندى قار ھالىتىدە تاغ ئارىسىدا ساقلىنىدۇ، باھارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئېرىشكە باشلايدۇ، ياز پەسلىدە بىر قىسىم ھۆل- يېغىن يەر يۈزىدە ئېقىن ھاسىل قىلىدۇ، بىر قىسمى يەرگە سىڭىپ كېتىدۇ، تەبىئىي ھۆل- يېغىندىن ھاسىل بولغان سۇ دېڭىز بويى ياكى چوڭ دەريا- كۆل ۋادىلىرىغا قارىغاندا خورىشى ئاز بولۇپ، تاغلىق رايونلاردا تەبىئىي چوڭ سۇ ئامبارلىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ. شۇڭا، ھۆل- يېغىن مىقدارى ئاز بولسىمۇ، تەبىئىي ھۆل- يېغىن سۇ بايلىقىنىڭ ئىشلىتىلىشى بىر قەدەر مۇقىم بولىدۇ. نەملىكنى ياخشى كۆرىدىغان «سىبىرىيە بال قارىغىيى» نىڭ قۇمۇلنىڭ قۇرغاق تاغلىق رايونىدا باراقسان ئۆسۈپ مىڭ چاقىرىملىق ئورمان بەلۋېغىنى ھاسىل قىلالىشى دەل مۇشۇ سەۋەبتىندۇر.

1. ھۆل- يېغىن مىقدارى ۋە ھۆل- يېغىن كۈن سانى

قۇمۇل ۋىلايىتى ئىچكى قۇرۇقلۇقتا جايلاشقانلىقتىن، ھۆل- يېغىن مىقدارى ئاز. يەر شەكلىنىڭ تەسىرىدىن، ھەر قايسى جايلارنىڭ پەرقىمۇ بىر قەدەر چوڭ. ھۆل- يېغىن مىقدارى بىلەن يېغىن كۈن سانى، ئوتتۇرا قىسمىدىكى تاغلىق رايونلاردا كۆپرەك، جەنۇب، شىمال چۆللۈكلىرىدە ئازراق بولىدۇ؛ تاغلىق رايونلارنىڭ شىماللىق يانباغىرلىرىدا كۆپ، شىمالسىز يانباغىرلىرىدا ئاز؛ ئورمانلىقلاردا كۆپرەك، شورتاڭ چۆللۈكلەردە ئازراق بولىدۇ.

قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ھەر قايسى جايلارنىڭ يىللىق، ئايلىق ھۆل- يېغىن مىقدارى

جەدۋەل: 2 – 6 بىرلىكى: مىللىمېتىر

| ئايلار / ئورۇن | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | يىللىق يىغىندا |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قۇمۇل شەھىرى | 1·2 | 1·4 | 1 | 2 | 3·2 | 6 | 6·7 | 4·7 | 3·2 | 2·5 | 1·4 | 0·8 | 34·9 |
| باركۆل ناھىيىسى | 3·3 | 3·6 | 6·2 | 16·7 | 18·9 | 38·2 | 42·2 | 32·8 | 24 | 13·2 | 7 | 4·9 | 210·9 |
| ئاراتۇرۇك ناھىيىسى | 0·7 | 0·7 | 2·8 | 4·9 | 8·7 | 19·3 | 27·4 | 14·2 | 7·9 | 3·7 | 1·1 | 0·9 | 92·3 |
| نوم | 0·5 | 0·4 | 0·9 | 0·6 | 1·3 | 2·8 | 2·9 | 2·1 | 1·1 | 0·5 | 0·5 | 0·7 | 14·3 |

جەنۇب، شىمال چۆللۈك رايونلاردىكى يىللىق ھۆل- يېغىن مىقدارى 40 مىللىمېتىرغا، ھۆل- يېغىن كۈن سانى 25 كۈنگە يەتمەيدۇ. نوم چۆللۈكىدىكى ھۆل- يېغىن تېخىمۇ ئاز بولۇپ، يىللىق ھۆل- يېغىن مىقدارى 14.3 مىللىمېتىر، ھۆل- يېغىن كۈن سانى 12 كۈن ئەتراپىدا بولۇپ، دۆلىتىمىزدىكى ھۆل- يېغىن مىقدارى ئاز رايونلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

تاغلىق رايونلاردا ھۆل- يېغىن كۆپ، يىللىق ھۆل- يېغىن مىقدارى 100 ~ 250 مىللىمېتىرگىچە، ھۆل- يېغىن كۈن سانى 40 ~ 80 كۈنگىچە بولىدۇ. شىماللىق يانباغىرىدىكى باركۆل قاراغولدىكى سۇ رايى پونكىتىدا يىللىق ھۆل- يېغىن مىقدارى 441.9 مىللىمېتىرگە يېتىدۇ، ھۆل- يېغىن كۈن سانى 80 كۈندىن ئاشىدۇ؛ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى تۆرۈك سۇ رايى پونكىتى (شىمالسىز يانباغرى) ۋە يەر شەكلى بىر قەدەر يېپىق بولغان ئاراتۇرۇك بازىرىنىڭ ئەتراپلىرىدا يىللىق ھۆل- يېغىن مىقدارى پەقەت 90 مىللىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، ھۆل- يېغىن بولىدىغان كۈن 50 كۈنگىمۇ يەتمەيدۇ.

2. ھۆل- يېغىن مىقدارىنىڭ ۋاقىت جەھەتتىن ئۆزگىرىشى

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ھۆل- يېغىن مىقدارى ئاز بولسىمۇ، يىللىق ئۆزگىرىشى ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ، چۆللۈك تۈزلەڭلىك رايونلىرى ياكى ھۆل- يېغىن ئاز بولىدىغان رايونلاردا تېخىمۇ گەۋدىلىك. 1963- يىلى قۇمۇل بازىرى ئەتراپىدىكى يىللىق ھۆل- يېغىن مىقدارى ئاران 9.6 مىللىمېتىر بولۇپ، كۆپ يىللاردىن بۇيانقى ئوتتۇرىچە ھۆل- يېغىن مىقدارىنىڭ ئۈچ ئۆلۈشىگىمۇ يەتمىدى؛ 1988- يىلىدىكى ھۆل- يېغىن مىقدارى بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، 68.3 مىللىمېتىرغا يېتىپ، يېقىنقى يىللاردىكى ئوتتۇرىچە ھۆل- يېغىن مىقدارىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە توغرا كەلدى؛ ھۆل- يېغىن مىقدارى كۆپ بولغان يىللار ھۆل- يېغىن مىقدارى ئاز بولغان يىللارغا قارىغاندا، ئالتە ھەسسىچىلىك پەرق بولدى.

نومىنىڭ 1984- يىلدىكى يىللىق ھۆل- يېغىن مىقدارى 43.9 مىللىمېتىر، 1985- يىلى ئاران 4 مىللىمېتىر بولۇپ، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق 11 ھەسسىگە يېقىنلاشتى.

تاغلىق رايونلاردىكى ھۆل- يېغىن مىقدارىنىڭ يىللىق ئۆزگىرىشى گەرچە تۈزلەڭلىك، چۆللۈك رايونلارنىڭكىدەك چوڭ بولمىسىمۇ، يەنىلا ناھايىتى كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. ھۆل- يېغىن مىقدارى كۆپ بولغان يىللار بىلەن ئاز بولغان يىللاردىكى ھۆل- يېغىن مىقدارىنىڭ پەرقى ئىككى، ئۈچ ھەسسىدىن ئاشىدۇ. كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە نىسبەتتىن ئايرىم- ئايرىم 40% ~ 60% ئەتراپىدا كۆپرەك ياكى ئازراق بولىدۇ.

ھەر قايسى جايلارنىڭ ھۆل- يېغىن مىقدارى بىلەن كۈن سانى، ياز پەسلىدە كۆپ، ئەتىياز، كۈز پەسلىدە ئوتتۇراھال، قىش پەسلىدە ئاز بولىدۇ. ھەر قايسى جايلارنىڭ ياز پەسلىلىك ھۆل- يېغىن مىقدارى يىللىق ھۆل- يېغىن ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 50% تىن ئارتۇقراقىنى ئىگىلەيدۇ، قىش پەسلىدە پەقەت 5% ئەتراپىدا بولىدۇ.

ۋىلايەتتە ئۇدا يامغۇرلۇق كۈن بولمايدۇ، ئۇدا داۋاملاشقان ھۆل- يېغىن كۈن سانى ئادەتتە پەقەت بىر نەچچە كۈنلا بولىدۇ. جەنۇب، شىمال چۆللۈك رايونىدا، ئۇدا داۋاملاشقان ھۆل- يېغىن كۈن سانى 4 ~ 6 كۈنگىچە بولىدۇ، ھۆل- يېغىن مىقدارى بىردەك بولمايدۇ. نومدا 1984- يىل 6- ئاينىڭ 21- كۈنىدىن 24- كۈنىگىچە ئۇدا تۆت كۈن يامغۇر يېغىپ، ھۆل- يېغىن مىقدارى 27.3 مىللىمېتىرغا يەتتى؛ قۇمۇلدا 1987- يىل 1- ئاينىڭ 5- كۈنىدىن 10- كۈنىگىچە ئۇدا ئالتە كۈن قار يېغىپ، مىقدارى ئاران 1.7 مىللىمېتىرلا بولدى. تاغلىق رايونلاردا ئۇدا داۋاملاشقان ھۆل- يېغىن كۈن سانى تۈزلەڭ، چۆللۈك رايونلارنىڭكىدىن سەل ئۇزۇنىراق بولىدۇ، بارىكۆل ۋە ئاراتۈرۈكتە ئۇدا داۋاملاشقان ھۆل- يېغىن كۈن سانى 8 ~ 10 كۈنگىچە داۋاملاشتى، بارىكۆلدە ئۇدا سەككىز كۈن ھۆل- يېغىن بولۇپ، مىقدارى 61.7 مىللىمېتىرغا، ئاراتۈرۈكتە ئۇدا 10 كۈن ھۆل- يېغىن بولۇپ، مىقدارى 44.3 مىللىمېتىرغا يەتتى.

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئۇدا ھۆل- يېغىن كۈن سانى كۆپ ئەمەس، لېكىن ئۇدا ھۆل- يېغىن بولمايدىغان كۈن سانى ئادەمنى ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇرىدۇ. يەتتە قۇدۇقتا 1983- يىل 9- ئاينىڭ 17- كۈنىدىن 1984- يىل 6- ئاينىڭ 5- كۈنىگىچە ئۇدا 263 كۈن ھۆل- يېغىن بولمىغان؛ نوم، قۇمۇلدىمۇ ئايرىم- ئايرىم 253 كۈن ۋە 193 كۈن ھۆل- يېغىن بولمىغان. تاغلىق رايونلارنىڭ ئۇدا ھۆل- يېغىن بولمىغان كۈن سانى تۈزلەڭ، چۆللۈك رايونلارنىڭكىدىن ئاز بولىدۇ، لېكىن بارىكۆل، ئاراتۈرۈكتە ئايرىم- ئايرىم 57 كۈن ۋە 109 كۈن ھۆل- يېغىن بولمىغان كۈنلەرمۇ كۆرۈلدى.

3. ھۆل- يېغىننىڭ سىجىللىقى

جەنۇب، شىمال چۆللۈك رايونلىرىدا، كۈنلۈك ھۆل- يېغىن مىقدارى 5.0 ⩾ مىللىمېتىر بولغان كۈن سانى بىر يىلدا ئادەتتە پەقەت بىر- ئىككى كۈنلا بولىدۇ، يىللىق ئومۇمىي ھۆل- يېغىن كۈن سانىنىڭ تەخمىنەن 6% ~ 7% نى ئىگىلەيدۇ؛ 10 ⩾ مىللىمېتىر بولغان كۈن سانى ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ، تاغلىق رايونلاردىكى ھۆل- يېغىن مىقدارى 5.0⩾ مىللىمېتىر بولغان كۈن سانى 5 ~ 12 كۈنگىچە بولۇپ، يىللىق ھۆل- يېغىن كۈن سانىنىڭ 11%~ 13% نى ئىگىلەيدۇ. 10 ⩾ مىللىمېتىر بولغان كۈن سانى 2 ~ 4 كۈنگىچە بولۇپ، يىللىق ھۆل- يېغىن كۈن سانىنىڭ 5% ~ 7% سىنى ئىگىلەيدۇ. 25.0 مىللىمېتىر بولغان كۈن تېخىمۇ ئاز كۆرۈلىدۇ.

كۈنلۈك ھۆل- يېغىن مىقدارى چوڭ بولمىسىمۇ، بىراق قۇرغاق، يامغۇر ئاز ياغىدىغان رايونلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، 5.0 ⩾ مىللىمېتىرلىق ھۆل- يېغىن ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشقا خېلى زور قولايسىزلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ؛ ئەگەر كۈنلۈك ھۆل- يېغىن مىقدارى 10⩾ مىللىمېتىر بولغاندا، پايدىسىز تەسىرلەرنىمۇ ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. بولۇپمۇ ئاندا-

ساندا ھۆل- يېغىن بولىدىغان جايلاردا بىر قېتىملىق ھۆل- يېغىن مىقدارى ئايلىق، پەسىللىك ھەتتا يىللىق ھۆل- يېغىن مىقدارى بولۇپ قالىدۇ. 1984- يىل 6- ئاينىڭ 24- كۈنى نومدىكى بىر كۈنلۈك 17.9 مىللىمېتىرلىق ھۆل- يېغىن مىقدارى بۇ رايوننىڭ كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە 14.3 مىللىمېتىرلىق ھۆل- يېغىن مىقدارىدىنمۇ كۆپ بولدى.

جەنۇب، شىمال تۈزلەڭلىك، چۆللۈك رايونلاردىكى بىر كۈنلۈك ئەڭ چوڭ ھۆل- يېغىن مىقدارى ئادەتتە 25 مىللىمېتىردىن تۆۋەن، تاغلىق رايونلاردا 30 مىللىمېتىردىن يۇقىرى بولىدۇ. 1988- يىل 7- ئاينىڭ 24- كۈنى باركۆلدىكى ھۆل- يېغىن مىقدارى 46.3 مىللىمېتىرغا يەتتى؛ يامغۇر ئاز ياغىدىغان يەتتە قۇدۇقتا 1990- يىل 7- ئاينىڭ 19- كۈنى ھۆل- يېغىن مىقدارى 42.2 مىللىمېتىرغا يەتتى. ھەر قايسى جايلارنىڭ كۈنلۈك ھۆل- يېغىنى ئەڭ كۆپ بولغان كۈن 5- ئايدىن 7- ئايغىچە بولغان مەزگىلدە كۆرۈلىدۇ، قۇمۇل ۋە تاشۇبلىقتا ئايرىم- ئايرىم 4- ئاي ۋە 8- ئايدىمۇ كۆرۈلىدۇ.

4. قار ۋە توپلانما قار

قار: جەنۇب، شىمال چۆللۈك رايونلىرىدا قار ئادەتتە 11- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يېغىشقا باشلاپ، كېيىنكى يىلى 3- ئاينىڭ ئاخىرلىرى توختايدۇ، ياغىدىغان كۈنلەر 5 ~ 7 كۈنگىچە بولىدۇ. قار مىقدارى 2 ~ 5 مىللىمېتىرغىچە بولۇپ، يىللىق ئومۇمىي قار مىقدارىنىڭ تەخمىنەن 10% نى ئىگىلەيدۇ. ئەڭ قاتتىق ياغقان بىر كۈنلۈك قار مىقدارى 5 ~ 7 مىللىمېتىرغىچە بولىدۇ.

تاغلىق رايونلاردا تۈزلەڭ، چۆللۈك رايونلارغا قارىغاندا قار كۆپ ياغىدۇ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكى ۋە باركۆل ئويمانلىقىدا قار يېغىش مەزگىلى سەككىز ئايغا يېتىدۇ، ياغقان قار مىقدارى 55 مىللىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، يىللىق ئومۇمىي ياغقان قار مىقدارىنىڭ تەخمىنەن 30% ~ 35% نى ئىگىلەيدۇ، دەسلەپكى ياغقان قار ئادەتتە 9- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى باشلىنىپ، ئىككىنچى يىلى 5- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى توختايدۇ، ئايرىم يىللاردا 6- ئايدىكى تومۇز كۈنلىرىدىمۇ قار ياغىدۇ.

تاغلىق رايونلارنىڭ جەنۇبىي ئېتىكى ۋە ئاراتۈرۈك جىلغىلىرىدىكى، قار يېغىش مەزگىلى تاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە قارىغاندا سەل قىسقا بولۇپ، تەخمىنەن 6 ~ 7 ئاي بولىدۇ، ياغقان قار مىقدارىمۇ تاغلىق رايونلارنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىن ئاز بولىدۇ، مىقدارى يىللىق ئومۇمىي ھۆل- يېغىن مىقدارىنىڭ تەخمىنەن 15% ~ 30% نى ئىگىلەيدۇ، دەسلەپتە ياغقان قار ئادەتتە 10- ئاينىڭ باشلىرى باشلىنىپ، كېيىنكى يىلى 4- ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن 5- ئاينىڭ باشلىرىدا توختايدۇ.

توپلانما قار: جەنۇب، شىمال چۆللۈك رايونلىرىدا قارنىڭ توپلىنىشى مۇقىم بولمايدۇ. ئادەتتە 11- ئاينىڭ ئاخىرىدىن كېيىنكى يىلى 2- ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، توپلانما قارنىڭ ساقلىنىش ۋاقتى 15 ~ 20 كۈنگىچە بولىدۇ. بىر قېتىملىق توپلانما قارنىڭ ئەڭ ئۇزۇن تۇرۇش ۋاقتى 30 ~ 45 كۈنگىچە بولغان؛ ئادەتتە قارنىڭ يېپىپ تۇرۇشى قېلىن بولمايدۇ، قارنىڭ قېلىنلىقى 10 سانتىمېتىردىن تۆۋەن بولىدۇ، بىراق 1985- يىل 2- ئاينىڭ 14- كۈنى قۇمۇل بازىرى ئەتراپىدا 17 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا قار ياغدى.

تاغلىق رايونلارنىڭ دېڭىز يۈزىدىن 4000 مېتىر ئېگىز جايلىرىنى يىل بويى قار قاپلاپ تۇرىدۇ، تاغنىڭ شىمالىي يانباغرىدىكى قار بىر قەدەر قېلىن، جەنۇبىي يانباغرىدىكى قار بىر قەدەر نېپىز بولىدۇ، جىلغا ۋە ئويمانلىقلاردىكى قار بىر قەدەر قېلىن، شاماللىق جايلاردىكى قار بىر قەدەر نېپىز بولىدۇ. باركۆل ئويمانلىقى ۋە تاغنىڭ شىمالىي يانباغرىنى ئادەتتە 9- ئاينىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ قار يېپىپ كېتىدۇ، كېيىنكى يىلى 5- ئاينىڭ باشلىرىدا ئېرىيدۇ، قارنىڭ يېپىپ تۇرۇش

ۋاقتى 120 كۈندىن ئاشىدۇ، ئادەتتە قارنىڭ قېلىنلىقى 10 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ، 1- ئايدىن 3- ئايغىچە قار بىر قەدەر قېلىن توپلىنىدۇ، قېلىنلىقى 25 سانتىمېتىر ئەتراپىغا يېتىدۇ. 1963- يىل 10- ئاينىڭ 10- كۈنى سۇمۇشتان ئەتراپىدا قارنىڭ قېلىنلىقى 53 سانتىمېتىرغا يەتتى. تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي يانباغرى ۋە ئاراتۈرۈك جىلغىلىقلىرىدا قارنىڭ يېپىپ تۇرۇش مەزگىلى تاغنىڭ شىمالىي يانباغرىدىن سەل قىسقىراق بولىدۇ، ئادەتتە 10- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە ئاخىرىدىن باشلىنىپ، كېيىنكى يىلى 4- ئاينىڭ ئوتتۇرىسى ۋە ئاخىرىدا ئاياغلىشىدۇ، قارنىڭ يېپىپ تۇرۇش قېلىنلىقى ئادەتتە 10 سانتىمېتىردىن تۆۋەن بولىدۇ، قارنىڭ ئەڭ قېلىن يېپىپ تۇرۇش قېلىنلىقى 20 سانتىمېتىردىن ئاشىدۇ، قارنىڭ ئەڭ ئۇزۇن ساقلىنىشى 110 كۈن ئەتراپىدا بولىدۇ. بىراق، 80- يىللاردا، ئاراتۈرۈك جىلغىلىقىدا قارنىڭ ساقلىنىش ۋاقتى قىسقا ياكى مۇقىم بولماسلىقى تۈپەيلىدىن، قوي پادىلىرى يەيدىغان قار بولمىغانلىقتىن، ماشىنا بىلەن سۇ توشۇپ، ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ ئىچىملىك سۈيى ھەل قىلىندى.

## §4. شامال — بوران

### 1. شامال تېزلىكى ۋە ئاساسلىق شامال يۆنىلىشى

يەر شەكلى تەسىرى بىلەن، ھەر قايسى جايلارنىڭ شامال يۆنىلىشى ۋە شامال تېزلىكىنىڭ پەرقى بىر قەدەر چوڭ بولىدۇ.

ئۈچكۆل – نوم چۆللۈكىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە شامال تېزلىكى سېكونتىغا 4.6 ~ 5.9 مېتىرغىچە، قەرەللىك ئەڭ چوڭ شامال تېزلىكى سېكونتىغا 27 ~ 28 مېتىرغىچە بولۇپ، قىيپاش غەرب شامىلىنى ئاساس قىلىدۇ. شامال ئېنېرگىيە بايلىقى مول رايونلارغا كىرىدۇ.

باركۆل، ئاراتۈرۈك جىلغىلىرىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە شامال تېزلىكى سېكونتىغا 2.5 ~ 3.7 مېتىرغىچە، ئەڭ چوڭ قەرەللىك شامال تېزلىكى سېكونتىغا 20 ~ 34 مېتىرغىچە بولۇپ، «جىلغا شامىلى» نى ئاساس قىلىدۇ؛ باركۆلدە شەرق شامىلى، ئاراتۈرۈكتە غەرب شامىلىنى ئاساس قىلىدۇ. شامال ئېنېرگىيە بايلىقىدىن پايدىلىنىشقا بولىدىغان رايونلارغا كىرىدۇ.

تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى قۇمۇل بازىرىنىڭ شەرقىدىكى رايونلارنىڭ ئاساسلىق شامال يۆنىلىشى قىيپاش شەرق شامىلى بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە شامال تېزلىكى سېكونتىغا 2.3 ~ 4.9 مېتىرغىچە، ئەڭ چوڭ قەرەللىك شامال تېزلىكى سېكونتىغا 34 مېتىر، شامال ئېنېرگىيە بايلىقى مول بولۇش جەھەتتە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان رايونغا كىرىدۇ. قۇمۇل بازىرى ئەتراپىدا شامال كۈچى سەل ئاجىزراق، يىللىق ئوتتۇرىچە شامال تېزلىكى سېكونتىغا 2.3 مېتىر بولۇپ، شامال ئېنېرگىيە بايلىقىدىن پەسىللىك پايدىلىنىدىغان رايونغا كىرىدۇ.

تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى قۇمۇل بازىرىنىڭ غەربىدىكى رايونلارنىڭ (لەنجۇ- شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ سار بېكىتىدىن شياۋساۋخۇغىچە بولغان بۆلىكى ئادەتتە «100 چاقىرىملىق بورانلىق» دەپ ئاتىلىدۇ) شامال كۈچى كۈچلۈك، يىللىق ئوتتۇرىچە شامال تېزلىكى سېكونتىغا 4.8 ~ 8.7 مېتىرغىچە، ئەڭ چوڭ قەرەللىك شامال تېزلىكى سېكونتىغا 30 ~ 37 مېتىرغىچە بولۇپ، شىمال شامىلى ۋە غەربىي شىمال شامىلىنى ئاساس قىلىدۇ. شامال ئېنېرگىيە بايلىقى مول بولۇش جەھەتتە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان رايونغا كىرىدۇ.

قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ھەر قايسى جايلارنىڭ يىللىق، ئايلىق ئوتتۇرىچە شامال تېزلىكى

جەدۋەل 2 ـ 7 — بىرلىكى: سېكونت /مېتىر

| ئايلار / ئورۇن | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | يىللىق يىغىندا |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قۇمۇل شەھىرى | 2 | 2·2 | 2·7 | 3·1 | 2·9 | 2·6 | 2·4 | 2·2 | 2·1 | 2 | 2 | 1·8 | 2·3 |
| باركۆل ناھىيىسى | 1·7 | 2·1 | 2·7 | 3·3 | 3·5 | 2·9 | 2·4 | 2·4 | 2·4 | 2·4 | 2·3 | 1·8 | 2·5 |
| ئاراتۇرۇك ناھىيىسى | 2·6 | 2·9 | 3·7 | 4·6 | 4·9 | 4·6 | 4 | 3·8 | 3·7 | 3·2 | 3·1 | 2·8 | 3·7 |
| نوم | 2·6 | 3·7 | 5 | 6·2 | 6·5 | 5·9 | 5·3 | 4·9 | 4·6 | 4·2 | 3·7 | 2·7 | 4·6 |

### 2. شامال يۆنىلىشى ۋە شامال تېزلىكىنىڭ پەسىللىك، ئايلىق ئۆزگىرىشى

جەنۇب، شىمال چۆللۈك رايونىنىڭ ھەر قايسى ئايلاردىكى ئاساسلىق شامال يۆنىلىشى ئاز ئۆزگىرىدۇ. يىللىق شامال يۆنىلىشى بىلەن ئاساسەن بىردەك بولىدۇ. تاغلىق رايونلاردا سوغۇق ھاۋانىڭ ھەرىكىتى تۈپەيلىدىن، «جىلغا شاملى» نىڭ قانۇنىيىتى دائىم بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، سوغۇق پەسىل ۋە ئىللىق پەسىلدىكى شامال يۆنىلىشىدە ئازراق ئالمىشىش بولىدۇ، باركۆل، ئاراتۇرۇك جىلغا ئويمانلىقىدا، ئىللىق پەسىلدە غەرب شاملى چىقىدۇ (ئاساسەن بورانىنىڭ يۆنىلىشى بىلەن بىردەك)، سوغۇق پەسىلدە قىياش شەرق شاملى چىقىدۇ.

ھەر قايسى جايلارنىڭ ئوتتۇرىچە شامال تېزلىكىنىڭ پەسىللىك، ئايلىق ئۆزگىرىشى: ئەتىياز، ياز پەسىلدە كۈچلۈك، كۈز پەسىلدە ئوتتۇراھال، قىش پەسىلدە ئاجىز بولىدۇ. ئۇچكۆل، نوم چۆللۈك رايونلىرىدا 3- ئايدىن 6- ئايغىچە ئوتتۇرىچە شامال تېزلىكى سېكونتىغا 5 ~ 7·5 مېتىرغىچە، 12- ئايدىن كېيىنكى يىلى 1- ئايغىچە سېكونتىغا 2·6 ~ 4·1 مېتىرغىچە بولىدۇ. جەنۇبىي قىسىمدىكى چۆللۈك رايونلاردا 3- ئايدىن 6- ئايغىچە ئوتتۇرىچە شامال تېزلىكى سېكونتىغا 2·9 ~ 6·0 مېتىرغىچە بولىدۇ. «100 چاقىرىملىق بورانلىق» تىكى سەنجاپاردا، 3- ئايدىن 8- ئايغىچە ئوتتۇرىچە شامال تېزلىكى سېكونتىغا 10 مېتىر ئەتراپىدا، 4- ئايدىكى ئوتتۇرىچە شامال تېزلىكى ھەتتا سېكونتىغا 13·2 مېتىرغا يېتىدۇ. جەنۇبىي قىسىمدىكى چۆللۈكتە كۈز، قىش پەسىللىك شامال تېزلىكى ئاستىراق، 10- ئايدىن كېيىنكى يىلى 1- ئايغىچە ئوتتۇرىچە شامال تېزلىكى سېكونتىغا 1·8 ~ 2·0 مېتىرغىچە بولىدۇ. تاغلىق رايونلاردا شامال كۈچى بىر قەدەر ئاجىز بولىدۇ، 4- ئايدىن 6- ئايغىچە، باركۆل ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرىچە شامال تېزلىكى سېكونتىغا 2·9 ~ 3·5 مېتىرغىچە، ئاراتۇرۇك جىلغا ئويمانلىقىنىڭ سېكونتىغا 4·6 ~ 4·9 مېتىرغىچە بولىدۇ. 12- ئايدىن كېيىنكى يىلى 1- ئايغىچە، باركۆل، ئاراتۇرۇك جىلغا ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرىچە شامال تېزلىكى ئاران سېكونتىغا 1·7 ~ 2·8 مېتىرغىچە بولىدۇ.

3. شامال يۆنىلىشى ۋە تېزلىكىنىڭ سوتكىلىق ئۆزگىرىشى

1) شامال يۆنىلىشى: تاغلىق رايونلاردا جىلغا شامىلى روشەن بولىدۇ، كۈندۈزى شامال جىلغىدىن تاغ ئۈستىگە قاراپ سوقىدۇ، كېچىسى تاغ ئۈستىدىن جىلغىغا قاراپ سوقىدۇ. بارىكۆل ئويمانلىقىدا، يېرىم كېچىدىن چۈشكىچە ئاساسلىق شەرق شامىلى چىقىدۇ، چۈشتىن باشلاپ يېرىم كېچىگىچە ئاساسلىق غەرب شامىلى چىقىدۇ. ئاراتۈرۈك جىلغىلىقىدا ئەتىگەندە غەرب شامىلى، چۈشتىن كېيىن شەرق شامىلى چىقىدۇ. جەنۇب، شىمال چۆللۈك رايونىدا چۈشتىن ئىلگىرى شامالنىڭ يۆنىلىشى قىيپاش شەرققە، چۈشتە قىيپاش جەنۇبقا، كەچقۇرۇندىن كېچىگىچە قىيپاش غەرب شامىلىدىن قىيپاش شىمال شامىلىغا ئۆزگىرىدۇ، تۆگىچىبۇلاق (لوتوچۇەنزى) قاتارلىق جايلاردا چۈشتىن بۇرۇن شەرق شامىلى، چۈشتىن كېيىن غەرب شامىلى چىقىدۇ.

2) شامال تېزلىكى: تاغلىق رايونلاردا ئادەتتە تاغ شامىلى بىرقەدەر كۈچلۈك، جىلغا شامىلى ئاجىزراق بولىدۇ، يەنى تاغلىق رايونلارنىڭ كۈندۈزلۈك شامال كۈچى كېچىلىك شامال كۈچىدىن ئاجىزراق بولىدۇ. ئۈچكۆل، نوم چۆللۈكى ۋە قۇمۇل بازىرىنىڭ غەربىدىكى رايونلاردا، يېرىم كېچىدىن تارتىپ ئەتىسى چۈشكىچە شامال تېزلىكى ئاستا، چۈشتىن تارتىپ يېرىم كېچىگىچە شامال كۈچلۈك بولىدۇ. قۇمۇل بازىرىنىڭ شەرقىدىكى جايلاردا چۈشتىن بۇرۇن كۈچلۈك، چۈشتىن كېيىن ئاجىز بولىدۇ،كېيىنكى يېرىم كېچىدە كۈچلۈك، ئالدىنقى يېرىم كېچىدە ئاجىز بولىدۇ. ھەرقايسى جايلارنىڭ چۈش ۋاقتىدىكى شامال كۈچى ئەڭ ئاجىز بولىدۇ.

4، بوران

1) بورانلىق كۈن سانى: شامال كۈچى 8 بال (سېكونتىغا 17.2مېتىر ) ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرى بولغان شامال بوران دەپ ئاتىلىدۇ.

قۇمۇل رايونىدا شامال كۆپ، كۈچلۈك چىققانلىقتىن «بورانلىق يۇرت» دېگەن نامى بار. بىر يىلنىڭ ئەتىياز، ياز پەسلىدە كۆپ، كۈز پەسلىدە ئازراق، قىش پەسلىدە بىر قەدەر ئاز بولىدۇ، 4- ئايدىن 6- ئايغىچە بولغان مەزگىل بورانلىق پەسىل ھېسابلىنىدۇ.

جەنۇب، شىمال چۆللۈك رايونلىرىدا، بىر يىلدا ئادەتتە بورانلىق كۈنلەر 80 كۈندىن 110 كۈنگىچە بولىدۇ، «100 چاقىرىملىق بورانلىق» تىكى سەنجاپاردا بورانلىق كۈن 149 كۈنگە يېتىدۇ. تاغلىق رايونلاردىكى بوران چۆللۈك رايونلاردىكىگە قارىغاندا ئاز بولىدۇ. بىر يىلدا ئادەتتە بورانلىق كۈن 15 كۈندىن 35 كۈنگىچە بولىدۇ.

«ئۆرۈك چېچەكلىگەندە بوران چىقىدۇ»، «بوران چۈشتىن ئۆتمەيدۇ، چۈشتىن ئۆتسە كېچىچە ھۇۋلايدۇ»، «ئاخشىمى چىققان بوران تاڭ يورىغاندا توختايدۇ، تاڭ يورۇغاندا توختىمىسا ۋاقتىغا يەتكەندە توختايدۇ». بۇ خەلق تەمسىللىرى شامال پەسلىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى يىغىنچاقلاپلا قالماستىن، بەلكى بوراننىڭ چىقىش- توختاش ۋاقىتلىرىنىمۇ يىغىنچاقلىغان. ھەر قايسى جايلاردىكى بوران ئادەتتە 4 ~ 8 سائەتكىچە داۋاملىشىدۇ. بورانلىق كۈن بىر- ئىككى كۈن داۋاملىشىدۇ. بىراق سەنجاپاردا 1958- يىل 4- ئاينىڭ 20- كۈنىدىن 23- كۈنىگىچە 72 سائەت توختىماستىن بوران چىقتى. ھالبۇكى سەنجاپار ۋە نوم چۆللۈكىدە بورانلىق كۈن ئارىلىق- ئارىلىق 11 كۈن داۋاملاشتى.

**قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ھەر قايسى جايلارنىڭ يىللىق، ئايلىق بورانلىق كۈن سانى**

جەدۋەل:2 - 8

بىرلىكى: كۈن

| ئايلار / ئورۇن | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | يىللىق جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قۇمۇل شەھىرى | | 0·2 | 2·4 | 4·1 | 3·5 | 2·4 | 1·9 | 1 | 0·7 | 0·4 | 0·1 | | 16·7 |
| باركۆل ناھىيىسى | 0·2 | 0·2 | 0·5 | 2 | 2·3 | 1·7 | 1·1 | 0·7 | 0·7 | 0·4 | 0·3 | 0·1 | 10·2 |
| ئاراتۈرۈك ناھىيىسى | 1·6 | 1·7 | 3·6 | 5·9 | 5·9 | 4·1 | 2·1 | 1·4 | 1·3 | 1·8 | 3·5 | 2·7 | 35·7 |
| نوم | 1·3 | 0·4 | 9 | 14·1 | 15·9 | 13·4 | 11·3 | 10·4 | 7·5 | 6·9 | 4·8 | 2·2 | 100·5 |

2) **مۇھىم شامال رايونلىرى ئۈچكۆل، نوم شامال رايونى:** بۇ شامال رايونى تەڭرىتاغ، ئالتاي تېغىنىڭ سارقىندى تىزمىلىرى ئارىسىدىكى بىر ئوچۇق چۆللۈك بەلۋاغ بولۇپ، سوغۇق ھاۋا ئېقىمىغا ئۇچراپ تۇرىدۇ، ئاساسلىق قىيپاش غەرب شامىلى چىقىدۇ. شامال رايونىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى نوم، باي قاتارلىق جايلاردا قىش پەسلىدە ئانداـ ساندا قىيپاش شەرق بورىنى چىقىدۇ. قىيپاش غەرب بورىنىنىڭ قەرەللىك ئەڭ چوڭ شامال تېزلىكى سېكۇنتىغا 27 ~ 28 مېتىرغىچە، ۋاقىتلىق ئەڭ چوڭ شامال تېزلىكى سېكۇنتىغا 40 مېتىرغا يېتىدۇ. بىر يىلدا ئادەتتە بورانلىق كۈن 100 ~ 110 كۈنگىچە، ئەڭ كۆپ بولغاندا 115 كۈن ئەتراپىدا بولىدۇ. ئەتىياز، ياز پەسىللىرىدە بوران كۆپ چىقىدۇ، بورانلىق كۈنلەر يىللىق بورانلىق كۈن سانىنىڭ 70% ىنى ئىگىلەيدۇ؛ 4- ئايدىن 6- ئايغىچە بولغان ھەر قايسى ئايلاردىكى بورانلىق كۈن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 13 كۈندىن 16 كۈنگىچە، ئەڭ كۆپ بولغاندا 20 كۈنگىچە بولىدۇ؛ كۈز كىرگەندىن كېيىن بوران تەدرىجىي ئازلايدۇ، 9- ئايدىن 10- ئايغىچە ھەر قايسى ئايلاردىكى ئوتتۇرىچە بورانلىق كۈن 7 ~ 9 كۈنگىچە بولىدۇ؛ قىش پەسلىدە ئەڭ ئاز بولۇپ، ئادەتتە ھەر قايسى ئايلاردا پەقەت 2 ~ 7 كۈنگىچە كۆرۈلىدۇ. تارىختىن بۇيانقى ئەڭ ئۇزۇن، ئۇدا داۋاملاشقان بورانلىق كۈن 9 ~ 11 كۈنگىچە بولدى.

قۇمۇل بازىرىنىڭ شەرقىدىكى شاماللىق رايون: بۇ شامالىق رايونىنىڭ شەرقىي قىسمى بىلەن تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي ئۇچىدىكى ئوچۇق بەلۋاغلىق رايون تۇتىشىدۇ ھەمدە خېشى كارىدورى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، غەربىي تەرىپى قۇمۇل بازىرىنىڭ ئەتراپىدىكى بۇلۇڭتوغراق يېزىسى، ساقا دېھقانچىلىق مەيدانى ئەتراپىدىكى جايلارغا تۇتىشىدۇ، شىمالى تەرىپى تەڭرىتاغ ئېتىكىدىن باشلىنىپ، جەنۇبىي تەرىپى خاشۇن چۆللۈكىگە تۇتىشىدۇ. ئاساسلىق قىيپاش شەرق شامىلى چىقىدۇ، قەرەللىك ئەڭ چوڭ بوران تېزلىكى سېكۇنتىغا 34 مېتىر، ۋاقىتلىق ئەڭ چوڭ بوران تېزلىكى سېكۇنتىغا 40 مېتىردىن ئاشىدۇ، ئەتىياز، ياز پەسىللىرىدە قىسقا مۇددەتلىك قىيپاش غەرب بورىنى چىقىدۇ، ئەڭ چوڭ بوران تېزلىكى سېكۇنتىغا 24 مېتىر بولۇپ، ئادەتتە 4 ~ 6 سائەتكىچە داۋاملىشىدۇ، بەزىدە 11 سائەتكىچىمۇ داۋاملىشىدۇ. يىللىق

بورانلىق كۈن 90 كۈن ئەتراپىدا بولىدۇ، كۆپىنچە يىللاردا 100 كۈندىن ئاشىدۇ. ئەتىياز، يازلىقى ئەڭ كۆپ بولىدۇ، 3- ئايدىن 8- ئايغىچە ھەر ئايدا ئوتتۇرىچە 10 كۈن ئەتراپىدا بوران چىقىدۇ، ئەڭ كۆپ بولغاندا 17 كۈنگە يېتىدۇ. كۈز پەسلىدە بورانلىق كۈنلەر ئازىيىدۇ، قىش پەسلىدە تېخىمۇ ئازىيىپ، ھەر ئايدا پەقەت 2 كۈن داۋاملىشىدۇ. بورانلىق كۈن ئادەتتە بىر- ئىككى كۈن داۋاملىشىدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا 3 كۈندىن ئاشىدۇ. تۆگىچىبۇلاق (لوتوچۆەنزى) تا 1972- يىل 5- ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر قېتىملىق بوران 70 سائەتتىن ئارتۇق داۋاملاشتى.

قۇمۇل بازىرىنىڭ غەربىدىكى بورانلىق رايون: شەرقى تەرىپى قۇمۇل بازىرى ئەتراپىدىن باشلىنىپ، غەربى تەرىپى پىچان ناھىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، شىمالى تەرىپى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىن باشلىنىپ، جەنۇبى چۆللۈكنىڭ ئىچكى قىسمىغا تۇتىشىدۇ. لەنجۇ- شىنجاڭ تۆمۈر يولىدىكى «يۈز چاقىرىملىق بورانلىق» مۇشۇ رايونغا جايلاشقان. ئاساسلىق قىيپاش شىمال بورىنى ياكى غەربىي شىمال بورىنى چىقىدۇ، شامال كۈچى كۈچلۈك. ئادەتتىكى بوران تېزلىكى سېكونتىغا 18 ~ 22 مېتىرغىچە، قەرەللىك ئەڭ چوڭ بوران تېزلىكى سېكونتىغا 37 مېتىر، پەيتلىك ئەڭ چوڭ بوران تېزلىكى سېكونتىغا 40 مېتىردىن ئاشىدۇ. ئادەتتە يىللىق بورانلىق كۈنلەر 80 ~ 100 كۈنگىچە، «يۈز چاقىرىملىق بورانلىق» تىكى سەنجاپاردا 149 كۈنگە يېتىدۇ. ئەتىياز، ياز پەسلىدە ئەڭ كۆپ، كۈز پەسلىدە ئازراق، قىش پەسلىدە ئەڭ ئاز بولىدۇ. 3- ئايدىن 7- ئايغىچە، ھەر ئايدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 13 ~ 15 كۈنگىچە، يۇنىڭ ئىچىدە 4- ئايدىن 6- ئايغىچە ھەر ئايدا 20 كۈن ئەتراپىدا بوران چىقىدۇ. بىر قېتىملىق بوران ئادەتتە 5 ~ 10 سائەتكىچە داۋاملىشىدۇ، ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا 72 سائەتكە يېتىدۇ. بورانلىق كۈن ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا 11 كۈن داۋاملىشىدۇ.

3) مۇھىم بوران ئېغىزلىرى: تاغ جىلغىلىرىنى بويلاپ بوران كۈچى كۈچلۈك بولىدۇ، كىشىلەر ئادەت بويىچە بۇنداق جايلارنى «بوران ئېغىزى» دەپ ئاتايدۇ. رايونىمىزدىكى مۇھىم بوران ئېغىزلىرى تۆۋەندىكىلەر:

قۇمۇل بازىرىنىڭ غەربىدىكى يەتتە قۇدۇق،سەنجاپار بوران ئېغىزى ۋە قۇمۇل شەھىرى دەۋلەدۆۋۈك يېزىسىدىكى كەگەجىن بوران ئېغىزى؛

قۇمۇل بازىرىنىڭ شەرقىي شاماللىق رايونىدىكى قۇمۇل تەڭرىتاغ يېزىسىدىكى نېرىن، ئېدىر بوران ئېغىزى؛

تەڭرىتاغنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان، جەنۇب، شىمال تاغلىرى ئوراپ تۇرىدىغان ئاراتۆرۈك نېرىنكىر، تۆركۆل چارۋىچىلىق فېرمىسى ئەتراپلىرى؛

ھەر قايسى شامال ئېغىزلىرىدىكى بوراننىڭ ئاساسلىق يۆنىلىشى، جىلغىدىكى يۆنىلىش بىلەن ئاساسەن بىردەك، يەنى قىيپاش شىمال بورىنى ياكى قىيپاش غەرب بورىنىدىن ئىبارەت.

## §5. نەملىك ۋە ھورغا ئايلىنىش

### 1. نەملىك

قۇمۇل رايونىدىكى ئاتموسفېرا نەملىكىنىڭ تارقىلىش ئالاھىدىلىكى مۇنداق: تاغلىق رايونلاردا نەملىك يۇقىرىراق، چۆللۈكلەردە نەملىك تۆۋەنرەك؛ قىش پەسلىدە نەملىك يۇقىرىراق، ئەتىياز پەسلىدە نەملىك تۆۋەنرەك؛ سەھەردە نەملىك يۇقىرى، چۈشتىن كېيىن نەملىك تۆۋەن بولىدۇ.

**قۇمۇل رايونىدىكى ھەر قايسى ئايلارنىڭ يىللىق، ئايلىق ئوتتۇرىچە نىسپىي نەملىكى**

جەدۋەل: 2 - 9 بىرلىكى:%

| ئايلار / ئورۇن | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | يىللىق ئوتتۇرىچە |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قۇمۇل شەھىرى | 59 | 45 | 33 | 27 | 30 | 36 | 38 | 38 | 40 | 44 | 52 | 59 | 42 |
| باركۆل ناھىيىسى | 70 | 66 | 60 | 48 | 43 | 49 | 56 | 53 | 52 | 59 | 65 | 69 | 58 |
| ئاراتۈرۈك ناھىيىسى | 47 | 40 | 36 | 34 | 31 | 37 | 45 | 42 | 39 | 43 | 44 | 46 | 41 |
| نوم | 51 | 37 | 27 | 21 | 20 | 24 | 28 | 27 | 27 | 32 | 42 | 52 | 32 |

جەنۇب، شىمال چۆللۈك رايونىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە نىسپىي نەملىكى 30% ~ 40% گىچە، نىسپىي نەملىك 70% ≥ بولغان نەملىك كۈن پەقەت 10 كۈن ئەتراپىدىلا بولىدۇ. بىراق، نىسپىي نەملىك 30% ≤ بولغان قۇرغاق كۈن، جەنۇبىي قىسمىدىكى تۈزلەڭلىك چۆللۈكىدە 100 ~ 160 كۈنگىچە، ئۈچكۆل، نوم چۆللۈكلىرىدە 160 ~ 180 كۈنگىچە بولىدۇ. جەنۇب، شىمال چۆللۈك رايونىدا يىلدا 4- ئايدىن 5- ئايغىچە ئەڭ قۇرغاق بولۇپ، ئايلىق ئوتتۇرىچە نىسپىي نەملىك 30% >، ئەڭ تۆۋەن نىسپىي نەملىك نۆلگە يېقىنلىشىدۇ. 12- ئايدىن كېيىنكى يىلى 1- ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا جەنۇب، شىمال چۆللۈك رايونى بىر قەدەر نەم بولغان ئايلارغا كىرىدۇ، ھەر قايسى ئايلارنىڭ نىسپىي نەملىكى 50% ~ 60% كە يېتىدۇ.

تاغلىق رايونلار نەمرەك كېلىدۇ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكى ۋە باركۆل ئويمانلىقلىرىدا يىللىق ئوتتۇرىچە نىسپىي نەملىك 58% ~ 63% گىچە بولىدۇ، نەملىك كۈنلەر 80 ~ 120 كۈنگىچە، قۇرغاق كۈنلەر پەقەت 10 ~ 20 كۈنگىچە بولىدۇ. 10- ئايدىن تارتىپ كېيىنكى يىلى 3- ئايغىچە، نىسپىي نەملىك 60% دىن يۇقىرى، ھەر ئايدىكى نەملىك كۈنلەر 3 ~ 15 كۈنگىچە بولىدۇ. باركۆلدە 1969- يىل 12- ئاينىڭ 5- كۈنىدىن 1970- يىل 1- ئاينىڭ 3- كۈنىگىچە سىجىل نەملىك كۈن سانى ئۈزۈلمەي 30 كۈنگە يەتتى.

تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي يانباغرى ۋە ئاراتۈرۈك جىلغىلىقى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي يانباغرىغا قارىغاندا قۇرغاقراق، يىللىق ئوتتۇرىچە نىسپىي نەملىكى 40% ئەتراپىدا بولىدۇ. قۇرغاق كۈن سانى تۈزلەڭ، چۆللۈك رايونلىرى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، تەخمىنەن 100 ~ 150 كۈنگىچە؛ نەملىك كۈنلەر پەقەت 10 ~ 20 كۈنگىچە بولىدۇ. 10- ئايدىن تارتىپ كېيىنكى يىلى 2- ئايلارغىچە سەل نەمرەك، ھەر ئايلىق ئوتتۇرىچە نىسپىي نەملىكى 40% تىن ئاشىدۇ؛ 3- ئايدىن 6- ئايغىچە قۇرغاقراق بولۇپ، نىسپىي نەملىكى 40% كىمۇ يەتمەيدۇ.

2. ھورغا ئايلىنىش

قۇمۇل رايونىنىڭ ئاتموسفېراسى قۇرغاق، نەملىكى تۆۋەن، ئەتىياز، يازدا شامال كۆپ، تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى

بولغانلىقتىن، ھورغا ئايلىنىش مىقدارى كۆرۈنەرلىك كۆپ بولىدۇ.

**قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ھەر قايسى جايلارنىڭ يىللىق، ئايلىق ھورغا ئايلىنىش مىقدارى**

جەدۋەل: 2 – 10　　　　　　　　　　　　　　　　　　　　　　بىرلىكى: مىللىمېتىر

| ئايلار / ئورۇن | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | يىللىق جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قۇمۇل شەھىرى | 26 | 56·3 | 176·2 | 321·9 | 421 | 425·3 | 441·1 | 402·7 | 276·7 | 167 | 65·3 | 26·6 | 2799·8 |
| باركۆل ناھىيىسى | 15 | 26 | 71·8 | 160·9 | 264 | 267·8 | 244·7 | 234·8 | 172·5 | 93·8 | 34·3 | 17·1 | 1602·7 |
| ئاراتۇرۇك ناھىيىسى | 37·4 | 53·2 | 119·5 | 235 | 363·7 | 357·7 | 314·1 | 295·1 | 230·8 | 148·4 | 67·6 | 41·7 | 2260·4 |
| نوم | 32·4 | 74·8 | 245·1 | 484·7 | 692·9 | 703 | 712 | 634·4 | 445·5 | 259·8 | 98·5 | 36·2 | 4417·8 |

قۇمۇل بازىرى ئەتراپى ۋە نوم چۆللۈكىدە، يىللىق ھورغا ئايلىنىش ئومۇمىي مىقدارى ئايرىم- ئايرىم 2799·8 مىللىمېتىر ۋە 4417·8 مىللىمېتىر بولۇپ، ھورغا ئايلىنىش مىقدارى ھۆل- يېغىن مىقدارىنىڭ ئايرىم- ئايرىم 80 ۋە 300 ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ. قۇمۇل بازىرى ئەتراپىدا 5- ئايدىن 8- ئايغىچە ھەر ئايدىكى ھورغا ئايلىنىش مىقدارى 400 مىللىمېتىردىن ئاشىدۇ، نوم چۆللۈكىدە تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولۇپ، 5- ئايدىن 8- ئايغىچە ھەر ئايدىكى ھورغا ئايلىنىش مىقدارى 600 مىللىمېتىردىن ئاشىدۇ. 6-، 7- ئايلاردا 700 مىللىمېتىردىنمۇ ئاشىدۇ. يەتتە قۇدۇق، ئۆچكۆل، نوم ئەتراپلىرى شىنجاڭ ھەتتا مەملىكەت بويىچە ھورغا ئايلىنىش مىقدارى ئەڭ چوڭ بولغان رايونلارنىڭ بىرى.

تاغلىق رايونلارنىڭ گەرچە تۆزلەڭلىك، چۆللۈك رايونلارغا قارىغاندا نەملىكى يۇقىرىراق بولسىمۇ، بىراق، ھورغا ئايلىنىش مىقدارى يەنىلا ناھايىتى كۆپ بولىدۇ، باركۆل ئويمانلىقىنىڭ يىللىق ھورغا ئايلىنىش مىقدارى 1602·7 مىللىمېتىر بولۇپ، ھۆل- يېغىن مىقدارىنىڭ تەخمىنەن 7.5 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. 5- ئايدىن 8- ئايغىچە بولغان ھەر قايسى ئايلاردىكى ھورغا ئايلىنىش مىقدارىمۇ 230 ~ 260 مىللىمېتىرغىچە بولىدۇ. ئاراتۇرۇك جىلغىسى ۋە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدە يىللىق ھورغا ئايلىنىش ئومۇمىي مىقدارى 2200 ~ 2600 مىللىمېتىرغىچە بولۇپ، ھۆل- يېغىن مىقدارىنىڭ 20 ~ 25 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ.

## §6. يەر تېمپېراتۇرىسى، توڭ تۇپراق

### 1. يەر يۈزى تېمپېراتۇرىسى

جەنۇب، شىمال چۆللۈك رايونىدا يىللىق ئوتتۇرىچە يەر يۈزى تېمپېراتۇرىسى 10℃ ~ 13℃ قىچە، تاغلىق

رايونلاردا، 4℃ ~ 6℃ ياكى ئۇنىڭدىن تۆۋەن بولىدۇ. يەر يۈزى تېمپېراتۇرىسىنىڭ پەسىللىك، ئايلىق ئۆزگىرىشى ئاساسەن ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيىتى بىلەن بىردەك بولۇپ، ئوخشاشلا 1- ئايدىكى تېمپېراتۇرا ئەڭ تۆۋەن، 7- ئايدا ئەڭ يۇقىرى بولىدۇ. يەر يۈزى تېمپېراتۇرىسىنىڭ پەسىللىك ئۆزگىرىش دەرىجىسى ھاۋا تېمپېراتۇرىسىغا قارىغاندا چوڭ، يەر يۈزى تېمپېراتۇرىسى قىش پەسلىدە ھاۋا تېمپېراتۇرىسىدىن تۆۋەن، ياز پەسلىدە ھاۋا تېمپېراتۇرىسىدىن يۇقىرى بولىدۇ.

1- ئايدا جەنۇب، شىمال چۆللۈك رايوندا يەر يۈزى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى ‎-12℃ ~ -11℃ قىچە، تاغلىق رايونلاردا، 20℃ ~ -13℃ قىچە ياكى ئۇنىڭدىن تۆۋەن بولىدۇ؛ جەنۇب، شىمال چۆللۈك رايوندا، يەر يۈزىنىڭ چېكىنگە يەتكەن ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى ‎-34℃ ~ -30℃ قىچە، تاغلىق رايونلاردا، ‎-44℃ ~ -33℃ قىچە بولىدۇ. باركۆل داخې يېزىسى ئەتراپىدا 1976- يىل 12- ئاينىڭ 25- كۈنى يەر يۈزى تېمپېراتۇرىسى ‎-48℃ غا چۈشتى.

7- ئايدا جەنۇب، شىمال چۆللۈك رايوندا يەر يۈزى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 30℃ ~ 35℃، تاغلىق رايونلاردا 22℃ ~ 26℃ قىچە بولىدۇ؛ جەنۇب، شىمال چۆللۈك رايوندا يەر يۈزىنىڭ چېكىگە يەتكەن ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 70℃ تىن ئاشىدۇ. 1964- يىل 6- ئاينىڭ 25- كۈنى قۇمۇل ناھىيىسى بازىرى ئەتراپىدا يەر يۈزى تېمپېراتۇرىسى ئۆرلەپ، 73.6℃ قا يەتتى.

**قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ھەر قايسى جايلارنىڭ يىللىق، ئايلىق ئوتتۇرىچە يەر يۈزى تېمپېراتۇرىسى**

جەدۋەل: 2 – 11 بىرلىكى: ℃

| ئايلار / ئورۇن | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | يىللىق ئوتتۇرىچە |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قۇمۇل شەھىرى | -11 | -4.7 | 6.1 | 16.8 | 26 | 31.9 | 33.6 | 30.9 | 22.2 | 11 | -0.6 | -8.9 | 12.8 |
| باركۆل ناھىيىسى | -19.6 | -15.5 | -3.2 | 8.4 | 17 | 21.8 | 23 | 21 | 13.6 | 3.7 | -7.9 | -16.3 | 3.9 |
| ئارائۇرۇك ناھىيىسى | -13.2 | -9.8 | -1 | 8.9 | 17.3 | 22.1 | 23.8 | 22.1 | 14.5 | 4.5 | -5.8 | -11.6 | 6.1 |
| نوم | -12 | -5.7 | 5.2 | 16.8 | 26.7 | 33 | 34.6 | 31.3 | 22.1 | 10.4 | -1.6 | -10.5 | 12.5 |

2. يەر قاتلىمى تېمپېراتۇرىسى

ھەر قايسى جايلارنىڭ يەر قاتلىمى تېمپېراتۇرىسى چوڭقۇرلۇقنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ پەرقى چوڭ بولىدۇ. 1- ئايدا يەر يۈزى قاتلىمىنىڭ تېمپېراتۇرىسى چوڭقۇر قاتلام تېمپېراتۇرىسىدىن تۆۋەن، 7- ئايدا يەر يۈزى قاتلىمىنىڭ تېمپېراتۇرىسى چوڭقۇر قاتلام تېمپېراتۇرىسىدىن يۇقىرى بولىدۇ؛ يەر قاتلىمى تېمپېراتۇرىسى چوڭقۇر قاتلامغا يۈزلەنگەنسېرى ئۇنىڭ پەسىللىك، ئايلىق ئۆزگىرىشى تەدرىجىي كىچىكلەشكە ئىنتىلىدۇ؛ يەر قاتلىمى تېمپېراتۇرىسىنىڭ لىمىت قىممىتى كۆرۈلگەن ۋاقتى چوڭقۇرلۇقنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ سۇسلىشىدۇ.

3. تولا تۇپراق

قۇمۇل رايونىدا قىش پەسلىدە قاتتىق سوغۇق بولىدۇ، تۇپراقنىڭ توڭلاق ۋاقتى ئۇزۇن، توڭلاش قېلىنلىقى چوڭقۇر بولىدۇ. جەنۇب، شىمال چۆللۈك رايونىدا ئادەتتە 11- ئاينىڭ ئوتتۇرا، ئاخىرلىرىدا مۇز تۇتىدۇ، كېيىنكى يىلى 3- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 4- ئاينىڭ باشلىرىغىچە ئېرىپ بولىدۇ. تۇپراقنىڭ ئەڭ چوڭ توڭ قېلىنلىقى 120 ~ 150 سانتىمېتىرغىچە بولىدۇ. تاغلىق رايونلاردا 11- ئاينىڭ باشلىرىدا مۇز تۇتۇپ، كېيىنكى يىلى 3- ئاينىڭ ئوتتۇرا، ئاخىرلىرىدا ئېرىشكە باشلايدۇ، 4- ئاينىڭ ئاخىرىدىن 5- ئاينىڭ باشلىرىدا ئاندىن ئېرىپ بولىدۇ، تۇپراقنىڭ ئەڭ چوڭ توڭ قېلىنلىقى 250 سانتىمېتىردىن ئاشىدۇ.

## §7. فىنولوگىيە (ماددىي كىلىمات)

تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ فىنولوگىيە ھادىسىسى ئىقلىم، تۇپراق ۋە جۇغراپىيىلىك مۇھىتنىڭ ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈشى، يېتىلىشى، پائالىيىتىگە بولغان تونۇشلىرى تەسىرىنىڭ ئىنكاسىدۇر. ئەكسىچە بولغاندا، ئۇ ھەم تەبىئەت مەۋسۇملىرىنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىنىڭ بەلگىسىدۇر. خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ يۈرگەن تەمسىللەردىن «ئۆرۈك چېچەكلىسە بوران چىقىدۇ»، «ئاچچىق يۇرچاق ئېچىلسا، سەۋزە تېرىلىدۇ»، «تورنىلار جەنۇبقا كۆچسە ئۈششۈك كېلىدۇ» دېگەنلەر دەل كىشىلەرنىڭ «تەبىئەت فىنولوگىيىسى» بىلەن مەۋسۇملەر، دېھقانچىلىق ۋاقتى ئىشلىرىدىكى سېلىشتۇرمىسىدۇر.

1. قۇمۇل شەھىرىنىڭ تەبىئىي فىنولوگىيىسى

يازلىق بۇغداي: تېرىش (ئاي/ كۈن، باشلىنىش مەزگىلى، ئادەتتىكى مەزگىلى، ئاخىرقى مەزگىلى، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش) 16/3، 23/3، 31/3؛ ئۈنۈش مەزگىلى 4/4، 10/4، 13/4؛ ئۈچ يوپۇرماقلىق مەزگىلى 21/4، 25/4، 29/4؛ تۈپلىنىش مەزگىلى 1/5، 6/5، 11/5؛ غول تارتىش مەزگىلى 13/5، 18/5، 22/5؛ باشاق تۇتۇش مەزگىلى 20/5، 28/5، 31/5؛ باشاق چىقىرىش مەزگىلى 5/6، چېچەك توزۇش مەزگىلى 9/6؛ سۈتلىنىش مەزگىلى 26/6، سارغىيىش مەزگىلى 9/7، پىشىش مەزگىلى 14/7.

كۆممىقوناق: تېرىش مەزگىلى 9/5، ئۈنۈش مەزگىلى 19/5، ئۈچ يوپۇرماقلىق مەزگىلى 22/5، يەتتە يوپۇرماقلىق مەزگىلى 7/6، غول تارتىش مەزگىلى 2/7، سۈتلىنىش مەزگىلى 12/7، باشاق چىقىرىش مەزگىلى 20/7، چېچەكلەش مەزگىلى 26/7، پۆپۈكلەش مەزگىلى 30/7، سۈتلىنىش مەزگىلى 23/8، پىشىش مەزگىلى 16/9.

كېۋەز: تېرىش مەزگىلى 22/4، ئۈنۈش مەزگىلى 8/5، ئۈچ يوپۇرماقلىق مەزگىلى 28/5، بەش يوپۇرماقلىق مەزگىلى 6/6، پورەكلەش (غۇنچە) مەزگىلى 16/6، چېچەكلەش مەزگىلى 8/7، قويۇق چېچەكلەش مەزگىلى 18/7، غوزەك يېرىلىش مەزگىلى 1/9، غوزەك ئېچىلىش مەزگىلى 4/9، قويۇق ئېچىلىش مەزگىلى 12/9، ئۆسۈشتىن توختاش مەزگىلى 17/10.

ئاق تېرەك: بىخلىنىش مەزگىلى 29/3، چېچەكلەش مەزگىلى 8/4، 11/4، يوپۇرماق چىقىرىش مەزگىلى 11/4، 14/4، مېۋىسى پىشىش مەزگىلى 6/5، يوپۇرماق رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىش مەزگىلى 9/10 ~ 27/10، يوپۇرماق تاشلاش مەزگىلى 11/10 ~ 14/10.

كۆك تېرەك: بىخلىنىش مەزگىلى 15/3، چېچەكلەش مەزگىلى 26/3، 28/3، 2/4، يوپۇرماق چىقىرىش

مەزگىلى 4 /10، 4 /13، يوپۇرماق رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىش مەزگىلى11 /2 ~ 10 /13، يوپۇرماق تاشلاش مەزگىلى 11 /9 ~ 10 /21.

مەجنۇنتال: يوپۇرماق چىقىرىش مەزگىلى 3 /21 ~ 3 /29، چېچەكلەش مەزگىلى 4 /4، 4 /7، 14/4، يوپۇرماق رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىش مەزگىلى 10 /13~ 11 /5، يوپۇرماق تاشلاش مەزگىلى 11/ 9 ~ 12 /4.

سېرىق تال: بىخلىنىش مەزگىلى 3 /28، يوپۇرماق چىقىرىش مەزگىلى 4 /3، 4 /8، چېچەكلەش مەزگىلى 13/4، 4 /16، 4 /23، مېۋىسى پىشىش مەزگىلى 5 /2، يوپۇرماق رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىش مەزگىلى 7/10~ 11 /2، يوپۇرماق تاشلاش مەزگىلى 10 /13~ 11 /20.

قارىياغاچ: بىخلىنىش مەزگىلى 3 /17، چېچەكلەش مەزگىلى 3 /28، 4 /1، 4 /4، يوپۇرماق چىقىرىش مەزگىلى 4 /13، 4 /17، مېۋىسى پىشىش مەزگىلى5 /2، يوپۇرماق رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىش مەزگىلى 10 /5 ~ 10 /30، يوپۇرماق تاشلاش مەزگىلى 10 /13~ 11 /16.

ئۈجمە: بىخلىنىش مەزگىلى 4 /10، يوپۇرماق چىقىرىش مەزگىلى 4 /19، 4 /22، چېچەكلەش مەزگىلى 4 /29، 5 /1، 5 /8، مېۋىسى پىشىش مەزگىلى 5 /26، يوپۇرماق رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىش مەزگىلى 10 /31~ 10 /10، يوپۇرماق تاشلاش مەزگىلى 11 /8~ 10 /17.

تىكەنلىك ئاكاتسىيە: بىخلىنىش مەزگىلى 4 /12، يوپۇرماق چىقىرىش مەزگىلى 4 /17، 4 /21، چېچەكلەش مەزگىلى 5 /4، 5 /6، 5 /22، مېۋىسى پىشىش مەزگىلى 8 /10، يوپۇرماق رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىش مەزگىلى7/10~ 1/11، يوپۇرماق تاشلاش مەزگىلى 10 /13~ 12 /5.

ئۆرۈك: بىخلىنىش مەزگىلى 3 /27، چېچەكلەش مەزگىلى 4 /6، 4 /10، 4 /16، يوپۇرماق چىقىرىش مەزگىلى 4 /18، 4 /21، مېۋىسى پىشىش مەزگىلى 6 /23، يوپۇرماق رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىش مەزگىلى 10 /9 ~ 10 /28، يوپۇرماق تاشلاش مەزگىلى 10 /16~ 11 /15.

ئۈزۈم: ئېچىش مەزگىلى 4 /14، بىخلىنىش مەزگىلى 4 /22، يوپۇرماق چىقىرىش مەزگىلى 4 /26، 5 /1، چېچەكلەش مەزگىلى 5 /27، 5 /30، 6 /11، مېۋىسى پىشىش مەزگىلى 8 /25، يوپۇرماق رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىش مەزگىلى 22/9~ 22/10، يوپۇرماق تاشلاش مەزگىلى 10 /10 ~ 11 /6 ، كۆمۈش مەزگىلى 11 /8.

جىگدە: بىخلىنىش مەزگىلى 4 /5، يوپۇرماق چىقىرىش مەزگىلى 4 /15، 4 /19، چېچەكلەش مەزگىلى 5 /14، 5 /18، 5 /31، مېۋىسى پىشىش مەزگىلى 9 /13، يوپۇرماق رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىش مەزگىلى 10 /12~ 11 /1، يوپۇرماق تاشلاش مەزگىلى 10 /18 ~ 12 / 23ز

چىلان: بىخلىنىش مەزگىلى 4 /27، يوپۇرماق چىقىرىش مەزگىلى 5 /2، 5 /5، چېچەكلەش مەزگىلى 5 /27، 5 /31، 6 /5، مېۋىسى پىشىش مەزگىلى 9 /7، يوپۇرماق رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىش مەزگىلى 9 /23 ~ 10 /19 ، يوپۇرماق تاشلاش مەزگىلى 9 /30 ~ 10 / 27.

شاپتۇل: بىخلىنىش مەزگىلى 4 /11، يوپۇرماق چىقىرىش مەزگىلى 4 /17، 4 /20، چېچەكلەش مەزگىلى 4 /18، 21/4، 5 /3، يوپۇرماق رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىش مەزگىلى 10 /1 ~ 10 /24 ، يوپۇرماق تاشلاش مەزگىلى 11 /5~ 10 /8.

ياڭاق: بىخلىنىش مەزگىلى 4 /8، يوپۇرماق چىقىرىش مەزگىلى 4 /15، 4 /19، چېچەكلەش مەزگىلى 4 /22، 4 /24، 5 /4، مېۋىسى پىشىش مەزگىلى 9 /10، يوپۇرماق رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىش مەزگىلى 9 /28~ 10 / 27، يوپۇرماق تاشلاش مەزگىلى 10 /9 ~ 10 /31.

نەشپۈت: بىخلىنىش مەزگىلى 4 /11، يوپۇرماق چىقىرىش مەزگىلى 4 /15، 4 /18، چېچەكلەش مەزگىلى

4 / 20 ~ 5 / 4 ، مېۋىسى پىشىش مەزگىلى 9 /8، يوپۇرماق رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىش مەزگىلى 9 /30 ~ 10 /26، يوپۇرماق چۈشۈش مەزگىلى 10 /12 ~ 11 /9 .

ئالما: بىخلىنىش مەزگىلى 4 /8، يوپۇرماق چىقىرىش مەزگىلى 4 /15، 4 /19، چېچەكلەش مەزگىلى 4 /21، 4 /24، 5 /3، يوپۇرماق رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىش مەزگىلى 10 /24~ 9 /30، يوپۇرماق تاشلاش مەزگىلى 10 /11.

چىغىرتماق: بىخلىنىش مەزگىلى 3 /21، يوپۇرماق چىقىرىش مەزگىلى 4 /1، 4 /5، چېچەكلەش مەزگىلى 4 /25، 5 /4، 6 /2، مېۋىسى پىشىش مەزگىلى 8 /9، ئۇرۇقى چۈشۈش مەزگىلى 9 /20، يوپۇرماق سارغىيىپ چۈشۈش مەزگىلى 4/10 ~ 11 /5.

مامكاپ: بىخلىنىش مەزگىلى 3 /26، يوپۇرماق چىقىرىش مەزگىلى 3 /30، 4 /2، چېچەكلەش مەزگىلى 4 /21، 4 /30، مېۋىسى پىشىش مەزگىلى 5 /20، يوپۇرماق سارغىيىپ چۈشۈش مەزگىلى 9 /28 ~ 10 /23.

كاسىنە: بىخلىنىش مەزگىلى 4 /6، يوپۇرماق چىقىرىش مەزگىلى 4 /10، 4 /13، چېچەكلەش مەزگىلى 6 /4، 6 /12، 7 /31، مېۋىسى پىشىش مەزگىلى 7 /14، يوپۇرماق سارغىيىپ چۈشۈش مەزگىلى 27/9 ~ 10 /20.

قارلىغاچ: كېلىش ۋاقتى 4 /19، كېتىش ۋاقتى 9 /18.

تۇرنا: كېلىش ۋاقتى 4 /19، كېتىش ۋاقتى 10 /21.

كاككۇك: كېلىش ۋاقتى 5 /3، كېتىش ۋاقتى7 /14.

قارا چېكەتكە: كېلىش ۋاقتى 4 /12، كېتىش ۋاقتى 10 /19.

پاقا: كېلىش ۋاقتى 3 /21، كېتىش ۋاقتى 10 /29.

## 2. باركۆل ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي فېنولوگىيىسى

يازغى بۇغداي: تېرىش مەزگىلى 29/4، ئۈنۈش مەزگىلى 10/5، ئۈچ يوپۇرماق مەزگىلى 22/5، تۈپلىنىش مەزگىلى 5 /30، غول تارتىش مەزگىلى 6 /17، باشاق تۈتۈش مەزگىلى 7 /6، باشاق چىقىرىش مەزگىلى 7 /12، چېچەك تۇزۇش مەزگىلى 7 /17، سۈتلىنىش مەزگىلى 8 /17، سارغىيىش مەزگىلى 8 /27، پىشىش مەزگىلى 8 /30.

تاغ ئاق تېرەكى: بىخنىڭ يېرىلىش مەزگىلى 3 /30، چېچەكلەش مەزگىلى 5 /9، 5 /10، 14/5، يوپۇرماق چىقىرىش مەزگىلى 5 /18، 5 /24، مېۋىسى پىشىش مەزگىلى 6 /24 ، يوپۇرماق رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىش مەزگىلى 9 /26~ 9 /15، يوپۇرماق تاشلاش مەزگىلى 9 /24 ~ 10 /12.

قارىياغاچ: بىخنىڭ يېرىلىش مەزگىلى 4 /7، چېچەكلەش مەزگىلى 5 /1، 5 /5، 5 /10، يوپۇرماق چىقىرىش مەزگىلى 5 /2 ~ 5 /27، مېۋىسى پىشىش مەزگىلى 6 /5، يوپۇرماق رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىش مەزگىلى 9 /26 ~ 15/10، يوپۇرماق تاشلاش مەزگىلى 10 /11~11 /14.

چىغىرتماق: بىخلىنىش مەزگىلى 4 /11، يوپۇرماق چىقىرىش مەزگىلى 5 /2، 5 /6، چېچەكلەش مەزگىلى 5 /31، 6 /4، 6 /10، مېۋىسى پىشىش مەزگىلى 8 /17، 8 /24 ، ئۇرۇقى تۆكۈلۈش مەزگىلى 8 /31، قۇرۇش مەزگىلى9 /9، 9 /21، 10 /9.

مامكاپ: بىخلىنىش مەزگىلى 3 /28، يوپۇرماق چىقىرىش مەزگىلى 4 /5، 4 /10، چېچەكلەش مەزگىلى 5 /14، 5 /20، 5 /27، مېۋىسى پىشىش مەزگىلى5 /29، ئۇرۇقى تۆكۈلۈش مەزگىلى 6/6، قۇرۇش مەزگىلى 8 /21، 9 /10، 10 /1.

چىغ: بىخلىنىش مەزگىلى 4 /3، يوپۇرماق چىقىرىش مەزگىلى 4 /15، 4 /21، چېچەكلەش مەزگىلى 7 /3، 7 /9، 7 /15، مېۋىسى پىشىش مەزگىلى 8 /21، 8 /28، ئۇرۇقى تۆكۈلۈش مەزگىلى 9 /3، قۇرۇش مەزگىلى 9 /5، 9 /17،

3/ 10.

پاقىيوپۇرماق: بىخلىنىش مەزگىلى 4 /4، يوپۇرماق چىقىرىش مەزگىلى 4 /15، 4 /20، چېچەكلەش مەزگىلى 6 /6، 6 /10، 6 /18، مېۋىسى پىشىش مەزگىلى 7 /22 ~ 8 /3، مېۋە تۆكۈلۈش مەزگىلى6 /8 ، قۇرۇش مەزگىلى 9 /1 ~ 9 /22 ~ 10 /13.

3. ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي فىنولوگىيىسى

زىغىر: تېرىش مەزگىلى 5 /9، بىخلىنىش مەزگىلى 5 /17، ئومۇمىيۈزلۈك (كۆكلەش) ئۈنۈش مەزگىلى، بىرىنچى يوپۇرماق 5 /26، ئۈسۈشكە باشلاش مەزگىلى 6 /3، گۈل رىتىنىڭ شەكىللىنىش مەزگىلى 7 /6، چېچەكلەش مەزگىلى 7 /17، سۈتلىنىش مەزگىلى 9 /14، سارغىيىپ پىشىش مەزگىلى 9 /30.

باھارلىق بۇغداي: تېرىش مەزگىلى 4 /17، ئۈنۈش مەزگىلى 4 /26، تۈپلىنىش مەزگىلى 5 /10، غول تارتىش مەزگىلى 6 /15، باشاق چىقىرىش مەزگىلى 7 /10، چېچەكلەپ توزۇش مەزگىلى 7 /16، سۈتلىنىش مەزگىلى8 /5، پىشىش مەزگىلى 8/20.

ياڭيۇ (سەبە): تېرىش مەزگىلى 5 /10، ئۈنۈش مەزگىلى 6 /13، گۈل رىتىنىڭ شەكىللىنىش مەزگىلى 7 /14، يىغىۋېلىش مەزگىلى 9 /20.

يازلىق بۇغداي: تېرىش مەزگىلى 4 /24، ئۈنۈش مەزگىلى 5 /9، تۈپلىنىش مەزگىلى 6 /8، غول تارتىش مەزگىلى 6 /19، باشاق چىقىرىش مەزگىلى 7 /13، چېچەكلەپ توزۇش مەزگىلى 7 /18؛ سۈتلىنىش مەزگىلى 8 /9، پىشىش مەزگىلى 8 /23.

# III باب

# سۇ رايى

## §1. يەر ئۈستى سۈيى

تەڭرىتاغ ئاسىيادا ئېگىز تاغ مۇزلۇقى ئەڭ كۆپ تارقالغان تاغ (ھىمالايا تېغىدىن كېيىنكى 32 ھەسسىگە توغرا كېلىدۇ)، تاغ شارائىتىنىڭ ئېگىزلىكى، ھۆل- يېغىن قانۇنىيىتى مۇزلۇقلارنىڭ غەرب تەرەپتە كۆپ، شەرقتە ئاز، شىمال (يانباغرى) دا كۆپ، جەنۇبتا ئاز تارقىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. قومۇلدىكى مۇزلۇقلار ئاساسلىقى تەڭرىتاغنىڭ ئاساسىي تىزمىسى بولغان قارلىق تاغ بىلەن باركۆل تېغىغا مەركەزلەشكەن، جەمئىي 226 تارام بولۇپ، كۆلىمى 180.9 كۋادرات كىلومېتىر، زاپىسى 6 مىليارد 750 مىليون كۇب مېتىر، ئەڭ چوڭ قېلىنلىقى 70 مېتىرغا يېتىدۇ، زاپاس ساقلىنىدىغان سۇ مىقدارىغا سۇندۇرغاندا 6 مىليارد 500 مىليون كۇب مېتىر بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، قارلىق تاغنىڭ تۆمۈرتى چوققىسىدا (دېڭىز يۈزىدىن 4886 مېتىر ئېگىز) ھەر خىل مۇزلۇقلار 160 تارام، كۆلىمى 143.21 كۋادرات كىلومېتىر،

ئەڭ چوڭ قېلىنلىقى 73 مېتىر، بۇنىڭدا ئاز ئۇچرايدىغان يەتتە تارام تەكشى تاغ مۇزلۇقى بار.

قۇمۇل رايونى بويىچە پەيدىلىنىشقا بولىدىغان سۇ مىقدارى 1 مىليارد 696 مىليون كۇب مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە يەر ئۈستى سۈيى 876 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، شىنجاڭدىكى ئومۇمىي سۇ مىقدارىنىڭ 1.1% نى ئىگىلەيدۇ، تۇرپاننىڭكىدىن سەل يۇقىرىراق بولۇپ، شىنجاڭدىكى ئىككىنچى سۈيى ئاز رايوندۇر، ھالبۇكى، ئاراتۇرۇك ناھىيىسى سۇ مىقدارى 100 مىليون كۇب مېتىردىن ئاز بولغان سۈيى ئاز ناھىيىلەرنىڭ بىرى.

قۇمۇل رايونىدا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يەر ئۈستى سۈيى 2000 كۇب مېتىر بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان سۇ مىقدارىنىڭ 25% نى ئىگىلەيدۇ؛ بىرلىك يۈزگە توغرا كېلىدىغان سۇ مىقدارى ئاران 12000 كۇب مېتىر / كۋادرات كىلومېتىر، ئۇنى شىنجاڭنىڭ 52000 كۇب مېتىر/ كۋادرات كىلومېتىر بىلەن سېلىشتۇرغاندا تولىمۇ ئازدۇر. قۇمۇل رايونىدا چوڭ دەريالار يوق، ئېقىنلىرى پەسىل خاراكتېرلىك كىچىك بولغان سۇ ئېقىنلىرىغا مەنسۇپ بولۇپ، كۆپ قىسمى قارلىق تاغ ۋە باركۆل تېغىدىن باشلىنىپ، تاغلىق رايونلاردىكى ھۆل- يېغىن ۋە قار- مۇزلارنىڭ ئېرىشى ئارقىلىق تولۇقلىنىدۇ، چوڭ- كىچىك جەمئىي 140 دىن ئارتۇق ئېقىن (ئېچكى قۇرۇقلۇق ئېقىنى) بولۇپ، يىللىق ئېقىم مىقدارى 847 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ. سۇ رايىنىڭ ئالاھىدىلىكى — ئېقىنلىرى كۆپ، ئېقىن مۇساپىسى قىسقا، سۇ مىقدارى ئاز، سۇ بايلىقىنىڭ تولۇقلىنىشى يامغۇر سۈيى ۋە توپىلانغان قارلارنىڭ ئېرىگەن سۈيىنى ئاساس قىلىدۇ.

1. دەريا- ئېقىنلار

ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدە ئاراتۇرۇك دەرياسى بولۇپ، يىللىق ئېقىم مىقدارى 57 مىليون 600 مىڭ كۇب مېتىر كېلىدۇ. باركۆل ناھىيىسىدە چىلىك دەرياسى بولۇپ، يىللىق ئېقىم مىقدارى 13 مىليون 800 مىڭ كۇب مېتىر كېلىدۇ. قۇمۇل شەھىرىدىكى تۆرۈك غولىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 70 مىليون 600 مىڭ كۇب مېتىر، ئېدىر غولىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 45 مىليون 730 مىڭ كۇب مېتىر، ئۆرۈكلۈك غولىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 46 مىليون 360 مىڭ كۇب مېتىر؛ شەھەر رايونىدىكى شەرقىي، غەربىي ئۆستەڭنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 111 مىليون 530 مىڭ كۇب مېتىر؛ قارلۇق غولىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 16 مىليون 750 مىڭ كۇب مېتىر كېلىدۇ.

2. تاغ جىلغىلىرى

تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە تارقالغان تاغ جىلغىلىرىدىن ئۇزۇن جىلغا، قالغايتى، قويلۇق، غەربىي تاغدىن كەگەجىن، چەچەي، بەكىنغول، سەكرا، ئۆرۈكلۈك، تاراتى، قوتازلىق، قالغايتى، يانسار، قىرىقبۇلاق، قىزىلبۇلاق، ئېرىنغول، قورلۇق، شىرگەتى بۇلاق، لاۋ خۇشىن بۇلاق، كىچىكتال بۇلاق، ئۇلان بۇلاق، چىغلىق، جامسار، كۆشۈتى بۇلاق، تەڭرىتاغ ئېرىنغول، ئاراتام، باموۋۇن، ئەگلەرغول، ياڭنەيگۇ، كېلاگۇ، ئۇلاتاي، چوڭ- كىچىك قوشماق جىلغا، ئېرىن غول جىلغىسى، سۇلۇقسۇ، جيەنگەنگۇ، نوغاي قاتارلىق 39 جىلغا بار.

تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى باركۆل ناھىيىسى تەۋەلىكىدە تارقالغان تاغ جىلغىلىرىدىن كۆكيار، ماگۇ، شۈيگۇ، تىكساي، لىجاگۇ، چاغانسار، شىرنىزادۇڭ، شىگۇ، ئۇزۇن بۇت، كىچىك قاراغول، داسۇگۇ، شەرقىي قاراغول، بەشبۇلاق (ۋۇگېچۈەن)، ساۋسىقاندى، غەربىي قاراغول، جاقاداۋان، بۇغائارال، قوش ئارال، ۋۇچاڭغول قاتارلىقلار بار.

باركۆل ناھىيىسى كۆكقىر تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە تارقالغان تاغ جىلغىلىرىدىن چەڭگىز، ئۈلكۈن ئايۇۋلى، سازلىق، كۆركىباي داراسى، بۇغاباس، تاللىق، ئاقبۇت، قەيراقتى، ياغاچ ھوڭ، ئەلشاي داراسى، داسەيگۇ، كىچىك

ئايۇۋلى، ئۇزۇن ناۋا، بېتراما، ئىت ئارقا، ئىلانلىق، قىزىل باستاۋ، تۇچۇمىزى، كۆكساي قاتارلىقلار بار.

باركۆل ناھىيىسى كۆكقىر تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە تارقالغان تاغ جىلغىلىرىدىن تۇداۋگۇ، ئەرداۋگۇ، سەنداۋگۇ، سىداۋگۇ، موگۈنۇلغول، بۇرالىق، زىندان، قاراغول، قىزىل ساي، ئۆلكۈن ئالا بولىق، ئالابولىق، ئۈچكۆل، ساقا بۇلاق، يۇسۇپ قوراسى قاتارلىقلار بار.

باركۆلنىڭ غەربىي تېغىغا تارقالغان تاغ جىلغىلىرىدىن چوڭ قۇلۇنچەرى (چوڭ يۇلغۇنلۇق)، كىچىك قۇلۇنچەرى (كىچىك يۇلغۇنلۇق)، چەشە، بۇرۇن باستاۋ، چىگىلىۋ، ساۋسقاندى، شىتەندى ساي، باش بۆكۈۋ، تۆلۈمجىر، لىباچۇمن (بەيگە تۆبە باستاۋ)، سارى قاس، شالوبا (كۆنگەي سۇ) قاتارلىقلار بار، تاغ ئارىسىدىكى بۇلاق سۇلىرى 53 جايدا بولۇپ، يىللىق ئېقىم مىقدارى 29 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ.

ئاراتۇرۇك ناھىيىسى تەۋەلىكىدە تارقالغان تاغ جىلغىلىرىدىن بۇرالىق، تۇرگەن غول، كۆلكىرەك غول، قوتوغول (ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 80 كىلومېتىر بولۇپ، ۋىلايىتىمىزدىكى ئەڭ ئۇزۇن غول)، چانغىئېجىرغا غول، بۇرۇل قاتارلىقلار بار، قۇمۇل تەۋەلىكىگە سوزۇلۇپ كىرگەنلىرىدىن توشوغول، قوۋۇقغول، نامداۋاندىن ئىبارەت ئۈچ غول بار.

3. كۆللەر

ئۇزۇلمە ئويمىندىن شەكىللەنگەن نورغۇنلىغان ئىچكى قۇرۇقلۇق تۇزلۇق كۆللىرى ھورغا ئايلىنىپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاللىقاچان قۇرۇپ كېتىپ، تۇز، شور قازىدىغان جايلارغا ئايلىنىپ كەتتى.

1) باركۆل كۆلى: قەدىمدە بارىسكۆل دەپ ئاتىلاتتى، ئۇ باركۆل ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى 18 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئورۇنغا جايلاشقان ئۇزۇلمە كۆل ئويمانلىقىدىن ئىبارەت. بۇندىن 3 مىليون يىللار ئىلگىرى يېڭى ھاياتلىق ئېراسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە كۆلىمى 800 كۋادرات كىلومېتىر كېلەتتى، 1944- يىلىغا كەلگەندە كىچىكلەپ 140 كۋادرات كىلومېتىرغا چۈشۈپ قالدى، 1984- يىلى ئۆلچەش ئارقىلىق كۆلىمىنىڭ 112 كۋادرات كىلومېتىر ئىكەنلىكى، كۆل يۈزىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن 1581 مېتىر ئېگىزلىكى، باركۆل ئويمانلىقىنىڭ ئەڭ پەس يېرىگە جايلاشقانلىقى ئېنىقلاندى. كۆل سۈيىنىڭ ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى 2.5 مېتىر، ئەڭ چوڭقۇر يېرى سەككىز مېتىر بولۇپ، يىللىق ھورغا ئايلىنىش مىقدارى 96 مىليون 710 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. كۆلدە 1 مىليون 610 مىڭ توننا شور، 480 مىڭ توننا ئاش تۇزى، ئۇنىڭدىن باشقا بور، لىتىي، كالىي، بروم، ماگنىي قاتارلىقلار بولغاندىن باشقا ئارتېمىيە قوڭغۇزىمۇ بار. باركۆل كۆلىگە قۇيۇلىدىغان چىلىك دەرياسىنىڭ باش، ئوتتۇرا ئېقىنلىرىدا سۇ ئامبىرى ياسىلىپ، قۇدۇقلار كولانغانلىقتىن، كۆل سۈيىنىڭ ئورنى تۆۋەنلەپ كەتتى، 1944 ~ 1984- يىلىغىچە، كۆلدىكى سۇ يۈزى تۆت مېتىر تۆۋەنلىدى، كۆلنىڭ كۆلىمى 28 كۋادرات كىلومېتىر تارىيىپ كەتتى.

2) تۇركۆل: ئۇ ئاراتۇرۇك ناھىيىسى تۇركۆل يېزىسىنىڭ ئىككى كىلومېتىر شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، 1943- يىلىدىكى كۆلىمى 35 كۋادرات كىلومېتىر، 1977- يىلىغا كەلگەندە تارىيىپ 28.8 كۋادرات كىلومېتىرغا، 1989- يىلىدىكى كۆلىمى 25 كۋادرات كىلومېتىرغا چۈشۈپ قالدى، كۆل يۈزى دېڭىز يۈزىدىن 1896 مېتىر ئېگىز. بۇ كۆلنىڭ تاغ جىلغىسىدىكى ئېقىنلىرى يوق، ئاساسلىق سۇ مەنبەسى قارلىق تاغنىڭ شىمالىي يانباغرى ۋە موچىن ئۇلار تېغىنىڭ جەنۇبىي يانباغرىدىكى بىر قىسىم پەسىللىك سۇ ئېقىنلىرى ۋە يەر ئاستى بۇلاق سۇلىرىنىڭ يىغىلىشىدىن كېلىدۇ. كۆل سۈيىنىڭ رۇدىلىشىش (مىنېراللىشىش) دەرىجىسى ھەر لىتىردا 12~ 67 گىرامغا يېتىدۇ.

3) نوم كۆلى: بۇ كۆل نومنىڭ غەربىدىكى يېڭىكۆل كۆمۈر كېنىنىڭ قىيپاش شەرقىگە جايلاشقان. ئۇنىڭ ئەڭ بالدۇرقى ئورنى ھازىرقى غەربىي تەرەپتىكى چوڭ تۇز كۆلنىڭ غەربىدە ئىدى، كېيىن تەدرىجىي يۆتكىلىپ يېڭىكۆل كۆمۈر

كېيىنىنىڭ غەربىگە يېقىن بولغان كىچىك تۆزلۈكتە كېلىپ قالدى، ئەڭ ئاخىرىدا يەنە يۆتكىلىپ كۆمۈر كانىنىڭ شەرقىدىكى تۆت كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جايغا كېلىپ قالدى، ھازىر يېڭىكۆل دەپ ئاتىلىدۇ. ئۆتمۈشتە، پەقەت كەلكۈن پەسلىدىلا كۆل سۈيى ساقلىنىدۇ، ئۇ، يوقىلىپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان كۆلدىن ئىبارەت.

4) سار كۆلى: قۇمۇل شەھىرى قارادۆۋە يېزىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، ئۇ قۇمۇل ئويمانلىقىنىڭ ئەڭ پەس جايى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 53 مېتىر، ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئاجايىپ-غارايىپ كەلگەن ياردانلىق يەر قىياپىتى تارقالغان.

5) باشقىلار: رايونىمىزدا بىر نەچچە ئېگىز تاغ كۆللىرى بار: ① چاغاننۇر كۆلى، دېڭىز يۈزىدىن 3326 مېتىر ئېگىزلىكتىكى قۇمۇل شەھىرى ئېدىر يېزىسىنىڭ شۆيتى كەنتىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان، يەنى ئېدىرغولىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن ئىبارەت، ئۇزۇنلۇقى 1.1 كىلومېتىر، كەڭلىكى 0.5 كىلومېتىر بولۇپ، كۆلىمى 0.55 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ؛ ئېدىرغولىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا يەنە ئۈچ كىچىك كۆل بار، مۇزلۇق بىلەن بولغان ئارىلىقى بىر كىلومېتىر كېلىدۇ. كۆلىمى چوڭراق بولغان كۆلنىڭ 1/5 چىلىك كېلىدۇ، قالغانلىرى كىچىكرەك؛ ② چاغاننۇر كۆلىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى تاغ ئارىسىدا ئېلىشبېشىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا، مۇزلۇق بىلەن بولغان ئارىلىقى يېرىم كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا ئىككى ئۆز ئارا تۇتىشىپ كەتكەن كۆل بار، بۇ ئىككى كۆلنىڭ كۆلىمىنى قوشقاندا چاغاننۇر كۆلىدىن سەل چوڭراق بولىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3500 مېتىردىن ئاشىدۇ؛ ③ ساقىدىكى باغداش غولىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى قۇمغول دېگەن جايدا ئۆز ئارا تۇتىشىپ كەتكەن بەش كۆل بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3300 مېتىردىن 3900 مېتىرغىچە، كۆلنىڭ ئۇزۇنلۇقى 100 ~ 200 مېتىرغىچە كېلىدۇ؛ ④ سۇجىگغاق كۆل، ئاراتۇرۇك دەرياسىنىڭ غەربىي تارمىقى بولغان چانغىشبجىرغا غولىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا جايلاشقان، ئۇزۇنلۇقى 300 مېتىر، كەڭلىكى 200 مېتىر، كۆلىمى 0.15 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ؛ ⑤ كىچىك بېشىللىق كۆلى، ئاراتۇرۇك دەرياسىنىڭ شەرقىي تارمىقى بولغان بۇرۇل غولىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا جايلاشقان، كۆلىمى 0.032كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ؛ ⑥ باركۆل ناھىيىسى شىرىنزا يېزىسىنىڭ شىرىنزا دۇگگوغولىنىڭ بېشىدىكى دۇگگوخەيزى، دېڭىز يۈزىدىن 3600 مېتىر ئېگىز بولۇپ، باركۆل تېغىنىڭ ئاساسىي چوققىسى بولغان پىگشۈفىگنىڭ قىيپاش غەربىگە جايلاشقان، كۆلىمى 0.5 كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. يەنە بىر جايدىكىسى كۆككونس كۆلى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 3400 مېتىر ئېگىز، كۆلنىڭ كۆلىمى ناھايىتى كىچىك، ئۇ مۇزلۇق تىلىنىڭ تۆگەنچى ئۈچىنىڭ ئېرىشىدىن ھاسىل بولغان مۇزلۇق ئازگاللىق يەر شەكلىنى شەكىللەندۈرگەن قىيپاش ھالەتتىكى تاغ ئارىسى كۆلىدىن ئىبارەت. قىش پەسلىدە قار يېغىلىدۇ، ياز پەسلىدە ئېرىپ كۆلگە ئايلىنىدۇ. باركۆل ناھىيىسى تەۋەسىدىكى ئۇششاق ئېگىز تاغ كۆللىرى ئېگىز تاغ مۇزلۇقى شەكىللەندۈرگەن مورېنلىق كۆللىرى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 3553 مېتىر ئەتراپىدا ئېگىز، مۇزلۇقتىن بىر-ئىككى كىلومېتىرغىچە يىراقلىقتا.

## §2. يەر ئاستى سۈيى

**1. ئېچىشقا بولىدىغان سۇ مىقدارى**

ۋىلايەت يېزا ئىگىلىكىدە سۇغىرىشتا يەر ئۈستى سۈيىگە تايانغاندىن باشقا، كۆپ قىسىم رايونلاردا بولۇپمۇ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى قۇمۇل بوستانلىقىدا يەر ئاستى سۈيىگە تايىنىدۇ، يەر ئاستى سۈيىنىڭ تولۇقلىما مەنبەسى،

بىرىنچىدىن ھۆل-يېغىن، ئىككىنچىدىن تاغلىق رايونلاردىكى سىڭگىمە سۇلار، ئۈچىنچىدىن ئېقىن سۇلارنىڭ ئېرىق، ئۆستەڭ، ئېتىزلارغا سىڭىشىدىن كېلىدۇ، تولۇقلاش سېلىشتۇرمىسىدىن قارىغاندا، ئۈچىنچى خىل تولۇقلاش ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ، تاغ ئالدىدىكى يەلپۈگۈچسىمان چۆكۈندىلىكلەر تۈزلەڭلىكىنىڭ يەر ئاستى سۈيى شەكىللىنىدىغان ئاساسلىق ئورۇنلاردۇر. سىڭگەن سۇلارنى ئۆتكۈزۈشى كۈچلۈك، يىرىك دانچىلىق بوش چۆكۈندە قاتلىمىدا تۇرىدۇ، ئۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئادەتتە 10 مېتىردىن ئاشىدۇ، ئاساسلىق تولۇقلىما مەنبەسى ئۆستەڭ قىنىغا سىڭگەن سۇلاردىن ئىبارەت.

يوشۇرۇن سۇلار تاغنىڭ ئالدىدىكى يەلپۈگۈچسىمان چۆكۈندە قىسمىدىن ئالدىغا قاراپ گورىزونتال ھەرىكەت قىلىپ، بارا-بارا يەلپۈگۈچسىمان چۆكۈندىلىكنىڭ ئاستى قىسمىغا ۋە ئۇنىڭ چېتىگە يېتىپ بارىدۇ، تاشلار ئۇۋۇلىنىش نەتىجىسىدە سۇ ئۆتكۈزۈش ئىقتىدارى بارغانسېرى ئاجىزلىشىدۇ، يوشۇرۇن سۇ ئورنى تەدرىجىي يۇقىرى ئۆرلەيدۇ، يەلپۈگۈچسىمان چۆكۈندە يۈزىنىڭ يانتۇلۇقىدا بىر قەدەر چوڭ چۈشۈش پەرقى كۆرۈلگەندە، يوشۇرۇن سۇلار يەر يۈزىگە ئۆرلەپ چىقىپ، بۇلاقلارنى ھاسىل قىلىدۇ، يەر ئاستى سۈيى تېيىز، ئاسان قېزىشقا بولىدۇ، سۇنىڭ سۈپىتى ياخشى، سۇ مەنبەسى نىسپىي تۇراقلىق، يەر ئاستى سۈيىنىڭ قېزىشقا بولىدىغان مىقدارى 820 مىليون كۇب مېتىر، يىللىق قېزىش مىقدارى 450 مىليون كۇب مېتىر.

ۋىلايەت تەۋەسىدە 1000 دىن ئارتۇق چوڭ-كىچىك بۇلاق بولۇپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب-شىمالىغا شاھمات ئورۇقىدەك تارقالغان، ئۇلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى 247 مىليون كۇب مېتىر؛ 1985-يىلى301 كارىز بولۇپ، ئۇلاردىن 295 نىڭ سۈيى بار ئىدى، يىللىق ئېقىم مىقدارى 120 مىليون كۇب مېتىر، سۇغىرىش كۆلىمى 40 مىڭ مودىن ئاشاتتى. كارىز — قۇمۇل بوستانلىقىنىڭ قەدىمكى سۇغىرىشنىڭ ئاساسلىق سۇ مەنبەسى ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ۋە 50-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كارىز جەمئىي 437 گە يەتكەن ئىدى. 70-يىللاردا كۆپ مىقداردا ماشىنىلاشقان قۇدۇقلار قېزىلغانلىقتىن، كۆپلىگەن كارىزلار قۇرۇپ كاردىن چىقتى.

ۋىلايەت بويىچە 2068 ماشىنىلاشقان قۇدۇق بار (بىكتۈۋەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، بۇنىڭ 1737 سى يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن قۇدۇق، يىللىق سۇ چىقىرىلىش مىقدارى 217 مىليون كۇب مېتىر؛ 30 ئارتېزىيان قۇدۇقى بولۇپ، يىللىق سۇ چىقىرىش مىقدارى 18 مىليون 400 مىڭ كۇب مېتىر.

2. سۇ سۈپىتى

1) لاتقا: ۋىلايىتىمىزدىكى دەريا-ئېقىنلارنىڭ كۆپچىلىكى پەسىل خاراكتېرلىك ئېقىنلار بولۇپ، سۇ مىقدارى ناھايىتى ئاز، بىر قانچە سۇ رايى ئۆلچەش پونكىتى تەسىس قىلىنغان دەريا-ئېقىنلار ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان ئەمەلىي ئۆلچەشكە ئاساسلانغاندا: كەگەچىن پونكىتىدا سۇنىڭ كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە قۇملۇق مىقدارى ھەر كۇب مېتىردا 0.66 كىلوگىرام (1985 ~ 1990-يىلغىچە)، قۇم ئېقىتىش مىقدارى سېكونتىغا 0.79 كىلوگىرام (1985 ~ 1990-يىلغىچە)؛ كۆشياگخي بەيجى پونكىتىدا (1985 ~ 1990-يىلغىچە بولغان ئەمەلىي ئۆلچەش) سۇنىڭ قۇملۇق مىقدارى ھەر كۇب مېتىردا 0.33 كىلوگىرام، قۇم ئېقىتىش مىقدارى (1985 ~ 1990-يىلغىچە) سېكونتىغا 0.67 كىلوگىرام؛ ئېدىر پونكىتىدا (1986 ~ 1990-يىلغىچە) سۇنىڭ قۇملۇق مىقدارى ھەر كۇب مېتىردا 0.22 كىلوگىرام، قۇم ئېقىتىش مىقدارى (1986 ~ 1990-يىلغىچە بولغان ئەمەلىي ئۆلچەش) سېكونتىغا 0.34 كىلوگىرام بولغان.

2) سۇ سۈپىتى: ۋىلايەتنىڭ يەر ئۈستى سۈيى سۇ رايى قېدىرىپ ئۆلچەش چوڭ ئەترىتىگە قاراشلىق بىرنەچچە ئۆلچەش پونكىتلىرىنىڭ كۆپ يىللىق ئەمەلىي ئۆلچەش ئاساسىدا ئىگە بولغان ئوتتۇرىچە سانلىق مەلۇماتلىرى تۆۋەندىكىچە: كەكەچىن پونكىتىدا PH قىممىتى 8.3، مىنېراللىنىش دەرىجىسى 313 مىللىگرام / لېتىر، گۇشاگخي پونكىتىدا PH قىممىتى 8.2، مىنېراللىنىش دەرىجىسى 327 مىللىگرام/لېتىر ؛ ئېدىر پونكىتىدا PH قىممىتى 8.1، مىنېراللىشىش دەرىجىسى 178 مىللىگرام/لېتىر بولغان. ئومۇمەن ئېيتقاندا سۇنىڭ سۈپىتى يەنىلا ياخشى.

(1) قۇمۇل ئويمانلىقى: مىنېراللىشىش دەرىجىسى ئويمانلىقنىڭ شىمالىي قىسمىدىن جەنۇبىي قىسمىغا قاراپ يۇقىرىلاپ بارىدۇ، ئاساسىي جىنسلىق تاغلىق رايونلارنىڭ جىلغىلىرىدىكى يەر ئۈستى دەريا، ئېقىنلىرىنىڭ سۈيى تاتلىق سۇدىن ئىبارەت. ئاساسەن ئېپتىدائىي ھالەتتە بولۇپ، $HCO^{-}_{3}—Ca^{++}$ تىپىنى ئاساس قىلىدۇ. مىنېراللىشىش دەرىجىسى 0.3 گرام/لېتىردىن كىچىك، ئومۇمىي قاتتىقلىق دەرىجىسى 10 گېرمان رازمىرىدىن كىچىك، تاغ ئالدىدىكى قىيسايغان تۈزلەڭلىك رايونلاردىكى يوشۇرۇن سۇلارنىڭ خىمىيىلىك تەركىبى كۆپلىرىنىڭ $HCO^{-}_{3}—Ca^{++}$ تىپلىق؛ غەربىي قىسمىنىڭ بىر قەدەر مۇرەككەپ، قىسمەن يەرلەرنىڭ ئاندا- ساندا $SO^{-}_{4}—Ca^{++}$ تىپلىق، $SO^{-}_{4}—Na^{+}$ تىپلىق بولىدۇ؛ مىنېراللىشىش دەرىجىسى شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ 0.3 گرام /لېتىردىن تەدرىجىي چوڭىيىدۇ، يوشۇرۇن سۇلار ئېقىپ ئۆتىدىغان رايونلاردىن تارتىپ يوشۇرۇن سۇلار تېشىپ چىقىدىغان بەلۋاغلارغىچە مىنېراللىشىش دەرىجىسىنىڭ ئۆزگىرىشى0.15 ~ 0.9 گرام / لېتىر ئارىلىقىدا بولىدۇ؛ يېزا ئىگىلىك سۇغىرىش رايونلىرىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى قاقاسلىقلاردا، يوشۇرۇن سۇلارنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى 10 گرام /لېتىردىن چوڭ بولۇپ، ناترىي خلورد تىپلىق سۇدىن ئىبارەت.

(2) باركۆل ئويمانلىقى: سۇ قاتلىمى جىنسلىرى ئاساسلىق شېغىل، قۇم، شېغىل ئارىلاشما قۇم قاتلىمىدىن ئىبارەت؛ يەر ئاستى سۈيىنىڭ سىرغىش شارائىتى ياخشى، ئايلىنىپ ئۆتۈشچانلىقى كۈچلۈك، مىنېراللىشىش دەرىجىسى 0.5 ~ 1 گرام/لېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. تۆت ئەتراپتىكى تاغلىق رايونلاردىن باشلىنىدىغان سۇ سىستېمىسىنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى 0.5 گرام/لېتىردىن تۆۋەن، PH قىممىتى 7.5 ~ 7 گىچە بولىدۇ؛ سۇنىڭ خىمىيىلىك تەركىبى ئاساسلىق $HCO^{-}_{3}—Ca^{++}$ تىپلىق سۇدىن ئىبارەت. باركۆل كۆلىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا مىنېراللىشىش دەرىجىسى يۇقىرى بولۇپ، 2 گرام / لېتىردىن ئاشىدۇ، باركۆل كۆلىنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى 12.5 گرام /لېتىرغا يېتىدۇ، خىمىيىلىك تەركىبى$SO^{-}_{4}—Na^{+}$ ۋە $Cl^{-}—Na^{+}$ تىپلىقتىن ئىبارەت.

(3) ئاراتۇرۇك ۋادىسى: يەر ئاستى سۈيى يوشۇرۇن تىپلىق سۇ بولۇپ، مىنېراللىشىش دەرىجىسى 0.2-0.5 گرام/ لېتىر ، يەر ئاستى سۈيى $HCO^{-}_{3}—Ca^{+}$ تىپلىق، ئومۇمىي قاتتىقلىق دەرىجىسى 10 گىرمان رازمېرى ئەتراپىدا بولۇپ، تۇرمۇش ۋە سۇغىرىشتا ئىشلىتىلىدىغان ياخشى سۇدىن ئىبارەت.

ئاراتۇرۇك تۇزكۆلىنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى ئوتتۇرىچە 37 گرام /لېتىرغا يېتىدۇ، خىمىيىلىك تەركىبى $Cl^{-}Na^{+}$— تىپلىق.

ئۈچكۆل – نوم ئويمانلىقىدا، ئۈچكۆلنىڭ خەنشۈيچۈەن ئەتراپلىرىنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى 5 ~ 10 گرام / لېتىر بولۇپ، مىنېرال تۇزلۇق سۇغا كىرىدۇ. نومنىڭ يەر ئاستى سۈيى يوشۇرۇن بولۇپ، مىنېراللىشىش دەرىجىسى ئادەتتە 1 گرام/لېتىر ئەتراپىدا، خىمىيىلىك تەركىبى ئېغىر كالتسىي كاربوناتنى ئاساس قىلىدۇ، ئايرىم ئورۇنلارنىڭ ناترىي سولفات تىپلىق.

يەر ئاستى سۈيى شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ بارغانسېرى ناچارلايدۇ، مىنېراللىشىش دەرىجىسى 0.13 گرام /لېتىردىن

تەدرىجىي ئارتىپ 7 گىرام /لىتىرغا يېتىدۇ. قۇمۇل تۆزلەڭلىكىنىڭ شىمالىي قىسمىنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى 1 گىرام /لىتىردىن كىچىك بولۇپ، يەلپۈگۈچسىمان چۆكۈندىلەرنىڭ چېتى ۋە ئۇنىڭ ئاستىدىكى رايونلارنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى 3 ~ 1 گىرام/لىتىرنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ، ئاستاندىن تارتىپ بۆلۈكتوغراقنىڭ جەنۇبىغىچە بەلۋاغسىمان ئورۇنلاشقان بولۇپ، سازلىق، شورلۇق رايونلارنىڭ يەر ئاستى سۈيىنىڭ تۇز مىقدارى بىر قەدەر كۆپ، سۇ سۈپىتى بىر قەدەر ناچار، PH قىممىتى 6 ~ 7.75 نىڭ ئارىسىدا، ئومۇمىي قاتتىقلىق دەرىجىسى 25 گېرمان رازمېرىدىن كىچىك بولىدۇ. فتورىد تەركىبى بوغاز، قارادۆۋىنىڭ ئايرىم جايلىرىدا بىر قەدەر يۇقىرى بولغاندىن سىرت، قالغان جايلاردا 1 مىللىگرام/لىتىردىن تۆۋەن بولىدۇ.

### قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئۈچ چوڭ سۇ سىستېمىسى رايونىنىڭ قۇرۇقلۇق سۈيى ئەھۋالى

جەدۋەل: 2 – 12

| | سۇ رايى / سۇ سىستېمىسى | ئېقىنلار | يىللىق ئېقىم مىقدارى (تۈمەن كۇۋادرات مېتىر) | كەلكۈن پەسلى | تولۇقلاش | ئالاھىدىلىكى | كۆللەر | مۇزلۇق | يەر ئاستى سۈيى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| باركۆل ئويمانلىقى | جەنۇبىي تاغ | قارائول | 2375 | يازلىق كەلكۈن سۈيىنىڭ مول مەزگىلى 6 ~ 8 ئاي | يامغۇر، مۇز، قار سۈيى | پەسىللىك دەريا، قىشلىقى قۇرۇپ كېتىدۇ | باركۆل كۆلى كۆلىمى 112 كۇۋادرات كىلومېتىر، ئىچكى قۇرۇقلۇق كۆلى، تۇز، شور چىقىدۇ | 39 ئارام | سىزدالا ئارتېزىئان قۇدۇق رايونى |
| | | كۆكگىرەك غول | 2283 | | | | | | |
| | كۆكقىر تېغى | موڭغۇلغول | 1482 | ئەتىياز، يازلىق كەلكۈن سۈيىنىڭ مول مەزگىلى 5 ~ 7 ئايلار | يامغۇر، ئېرىگەن قار سۈيى | | | | |
| | | چىڭگىز | 1441 | | | | | | |
| | | چوڭ دەرەخلىق | 1403 | | | | | | |
| | | چىلىك دەرياسى | 1380 | | بۇلاق سۈيى | | | | |
| ئاراتۇرۇك ۋادىسى | تۇزكۆل | تۇزگەن غول | 2901 | يازلىق كەلكۈن سۈيى 7 ~ 8 ئايلار | مۇزلۇق، توپىلانغان قار ۋە قارا يامغۇر، بۇلاق سۈيى | دائىم سۇ ئېقىپ تۇرىدۇ، بىر | تۇزكۆل، 28.8 كۇۋادرات كىلومېتىر، ئىچكى قۇرۇقلۇق كۆلى، تۇز، شور چىقىدۇ | 63 ئارام | ئاراتۇرۇك دەرياسى يەر ئاستى سۈيىنى تولۇقلاپ تۇرىدۇ |
| | ئاراتۇرۇك | چانفىڭچىرغا غول | 2214 | | | | | | |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | دەرياسى | بورۆل ئول | 2210 | | | قەدەر مۇقىم | | | |
| | | قوتو ئول | 2160 | | | | | | |
| | | بۆلەي ئول | 914 | | | | | | |
| قوڭغۇل ئويمانلىقى ئاقىدىغان جەنۇبىدىكى ئوتتۇرقى تاغلار سىستېمىسى | تەڭرىتاغ تاغ تىزمىسى | ۋۇداۋكو | 4636 | يازلىق كەلكۈن | يامغۇر، مۇز، قار سۈيى | كۆپ يەسىلىك دەريا (ئول) | سار كۆلى | 124 ئارام | كارىزلار مەركەزلەشكەن، شەرقىي، غەربىي تۆسەنگلەر بەر ئاستى سۈيىنىڭ سىرغىپ چىقىدىغان جايلىرى ھېسابلىنىدۇ |
| | | ئېبدىر | 4573 | يازلىق، كۆزلۈك كەلكۈن | مۇز سۈيى | | | | |
| | | كۆشاگىخى | 4545 | ئەتىيازلىق، يازلىق كەلكۈن 5-، 7-، 8- ئايلار | قار، يامغۇر سۈيى | | | | |
| | | قىزىلبار | 3027 | | | | | | |
| | | قوبلوق ئول | 2838 | | | | | | |
| | | بامۇدۈن | 2586 | | | | | | |

# IV باب

# تۇپراق، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر

## §1. يەر كۆلىمى

ۋىلايەت بويىچە يەر كۆلىمى 214 مىليون 872 مىڭ مو يەر بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئېگىز تاغلىقلار ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 4.5% نى ئىگىلەيدۇ، ئىگىلىگەن يېرى 9 مىليون 619 مىڭ مو، قۇملۇقلار ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ

%1.5 ىنى ئىگىلەيدۇ، ئىگىلىگەن يېرى 3 مىليون 206 مىڭ مو؛ تۈزلەڭلىكتىكى چۆللۈكلەر ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ %27.9 ىنى ئىگىلەيدۇ، ئىگىلىگەن يېرى59 مىليون 987 مىڭ مو؛ ئېدىرلىقلار ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ %65.5 نى ئىگىلەيدۇ، ئىگىلىگەن يېرى 140 مىليون 675 مىڭ مو؛ سۇ يۈزى ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ %0.1 ىنى ئىگىلەيدۇ، ئىگىلىگەن يېرى 215 مىڭ مو؛ تېرىلغۇ مەيدانى ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ %0.5 ىنى ئىگىلەيدۇ، ئىگىلىگەن يېرى 1 مىليون 170مىڭ مو.

1990- يىلى پايدىلىنىلغان يەر بايلىقى: تېرىلغۇ يېرى 1 مىليون 170 مىڭ مو، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ %0.54 ئىگىلەيدۇ؛ ئوتلاق 58 مىليون 509 مىڭ مو، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ %27.23 نى ئىگىلەيدۇ؛ ئورمانلىق 4 مىليون 500 مىڭ مو، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ %1.48 ىنى ئىگىلەيدۇ؛ سۇ يۈزىنىڭ ئىگىلىگەن كۆلىمى 215 مىڭ مو، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ %0.1 ىنى ئىگىلەيدۇ، يۇقىرىقىلارنى قوشقاندا جەمئىي 63 مىليون 67 مىڭ مو.

تېخى پايدىلىنىلمىغان چۆللۈك، قۇملۇق، ئېگىز تاغلىق يەرلەر 151 مىليون 805 مىڭ مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ %70.65 نى ئىگىلەيدۇ.

بوز يەرلەرنىڭ بىرقىسمىدىن ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر) لەر، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈمەن- مەيدانلىرى ئېچىپ پايدىلاندى، كۆپ قىسمىنىڭ تۇپراق قاتلىمى قېلىن، يەر تۈزلۈمىسى ياخشى بولۇپ، ئۈستى يۇمشاق، ئاستى يېپىشقاق كېلىدۇ، تۇپراقنىڭ ئورگانىك ماددىلىرىنىڭ مىقدارى بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، بىرقەدەر مۇنبەت بولغان بوز يەر تۇپرىقىدىن ئىبارەت. ۋىلايەتتىكى بوز يەرلەر 10 مىليون 570 مىڭ مو، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىرىنچى، ئىككىنچى دەرىجىلىك ئاسان ئۆزلەشتۈرۈلىدىغان بوز يەر 1 مىليون 719 مىڭ 800 مو بولۇپ، ئۆزلەشتۈرۈشكە بولىدىغان بوز يەرنىڭ %16.27 ىنى ئىگىلەيدۇ. ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ نوم يېزىسىدا ئىككىنچى دەرىجىلىك بوز يەر 200 مىڭ مو بولۇپ، سۇ مەنبەسىنىڭ قىسلىقىدىن پەقەت 50 ~ 60 مىڭ مو يەر ئېچىلدى؛ قۇمۇل شەھىرىنىڭ تۆگىچىبۇلاق، ئەلتۈمۈر، خۇيجۇاڭزى، يارىبۇلۇڭنىڭ شەرقى ھەمدە لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈريول (تاشيول) نىڭ بويىدا 200 مىڭ مودىن ئارتۇق بوز يەر بولۇپ، يېرى تۈز، تۇپراق سۈپىتى بىر قەدەر ياخشى، ئورگانىك ماددىلار مىقدارى يۇقىرى، ئاسان ئۆزلەشتۈرگىلى بولىدۇ، تۇپراق سۈپىتى بىرقەدەر ناچار بولغان يەرلەرنىمۇ ئاسانلا ئۆزلەشتۈرگىلى بولىدۇ. ئۇ ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك، ئۈزۈمچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ياخشى جايلاردۇر. باركۆل ناھىيىسىدىكى بىرىنچى، ئىككىنچى دەرىجىلىك بوز يەرلەر 700 مىڭ موغا يېتىدۇ، 1960- يىلىدىن بۇيان، 200، 300 مىڭ مو ياخشىراق بوز يەرلەر ئېچىپ پايدىلىنىلدى. بۇ بوز يەرلەر ئەسلىدە يايلاق بولۇپ، ئېچىلغاندىن كېيىن چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتتى.

ۋىلايەت بويىچە پايدىلىنىشقا باب كېلىدىغان ناچارراق بوز يەرلەردىن (ئۈچىنچى، تۆتىنچى دەرىجىلىك) يەنە 8 مىليون 855 مىڭ مو بار، تۇپراقتىكى تۇز مىقدارى ئادەتتە %5 دىن ئاشىدۇ. يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنى يۇقىرىراق بولۇپ، يەنىلا تۇز يىغىلىپ قېلىش ھالىتىدە تۇرماقتا. ئۇنىڭدىن باشقا، چۆللۈكنىڭ چېتىدىكى شېغىللىق بوز يەرلەرمۇ بار

بولۇپ، تۇپراق قاتلىمى نېپىز، ئوغۇتنى تۇتۇپ تۇرۇشى بەكمۇ ناچار، ئۇنىڭ شارائىتىنى ئۆزگەرتىش قىيىن بولغانلىقتىن ھازىرغىچە پايدىلىنىلماي تۇرۇۋاتىدۇ.

**قۇمۇل رايونىدىكى بوز يەر بايلىقىنىڭ كۆلىمى**

جەدۋەل: 2 – 13

| بوز يەر دەرىجىسى / رايونلار | تېرىپ پايدىلىنىشقا باپ كېلىدىغان يەرلەر (تۈمەن مو) | | | | | بۇنىڭ ئىچىدە بىرىنچى، ئىككىنچى دەرىجىلىك (تۈمەن مو) | ئەلا سۈپەتلىك بوز يەر (%) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | بىرىنچى دەرىجە | ئىككىنچى دەرىجە | ئۈچىنچى دەرىجە | تۆتىنچى دەرىجە | جەمئىي | | |
| قۇمۇل شەھىرى | 83·35 | | 173·70 | 207·90 | 465·15 | 83·55 | 17·97 |
| باركۆل ناھىيىسى | 18·53 | 50·01 | | 485·85 | 554·08 | 68·63 | 12·39 |
| ئاراتۇرۇك ناھىيىسى | | 19·80 | | 18·45 | 32·25 | 19·80 | 51·76 |
| جەمئىي | 102·08 | 69·90 | 173·70 | 711·80 | 1057·48 | 171·98 | 10·26 |

قۇمۇل رايونىدىكى 1 مىليون 170 مىڭ مو بوز يەر ئىچىدە بىنەم يەر 170 مىڭ مو، ھۆل- يېغىنغا تايىنىپ سۇغىرىلىدۇ، قۇرغاقچىلىق يىللىرىدا ھوسۇل ئاز ئېلىنىدۇ ياكى پەقەتلا ئېلىنمايدۇ. سۇ باشلاپ كېلىپ سۇغىرىلىدىغان بەرلەرنىڭ تۇپراق تۈرى ئاساسلىق كۆكۈچ كۈلرەڭ تۇپراق، بوز تۇپراق، كۈلرەڭ سېرىق تۇپراق، سېرىق تۇپراق، قېتىشقان (تېتىراڭ) تۇپراق، يېنىك ئەت تۇپراق ۋە قۇملۇق ئەت تۇپراقتىن ئىبارەت. بىنەم يەرلەر ئاساسلىق شېغىللىق نېپىز تۇپراق ۋە قوڭۇر تۇپراقتىن ئىبارەت.

## §2. تۇپراق

### 1. تۇپراق تۈرلىرى

قۇمۇلنىڭ تۇپرىقىنى جەمئىي 13 تۇپراق تۈرىگە، 31 كەنجى گۇرۇپپىغا، 39 تۇپراق ئۇرۇقدىشىغا ئايرىشقا بولىدۇ.

## قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى تۇپراق تۈرلىرى سىستېمىسى

جەدۋەل: 2 – 14

| تۇپراق تۈرلىرى | كەنجى گۇرۇپپا | تۇپراق تۈرۈندىشى | پاكلەت نومۇرى | تارقىلىش ئەھۋالى |
|---|---|---|---|---|
| قوڭۇر چۆل تۇپرىقى | قوڭۇر چۆل تۇپرىقى | لاتقا چۆكۈندى | 15-1 | قۇمۇل ئويمانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى دۆڭ يەلپۈگۈچسىمان تىندۇرمىسىنىڭ ئوتتۇرىدىكى قىسمى، شەرقىي تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي قىسمى تاغ ئالدىدىكى جايلار |
| | كەجلەك قوڭۇر چۆل تۇپرىقى | لاتقا چۆكۈندى- ئېقىندى | 15-2 | شەرقتە ماجىۋاڭشەندىن قۇمۇل شەھىرىنىڭ شىمالىي قىسمى ئارقىلىق غەربتە پىچان ناھىيىسى ئەتراپلىرىغىچە بارىدۇ. |
| | كەجلەك، شورلۇق قوڭۇر چۆل تۇپرىقى | قالدۇق دۆۋىلەنمە | 15-3 | قۇمۇل شەھىرىنىڭ بوغاز چۆللۈكى ھەمدە شەرقىي قىسىم چۆللۈكىدىكى كەڭ رايونلار |
| | تېرىلغۇ قوڭۇر تۇپرىقى چۆل تۇپرىقى | سېرىق تۇپراق | 15-5-1 | قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى يۇلغۇنتۇغراقتىن باشلىنىپ غەربتىكى قارادۆۋىنىڭ زور كۆپ قىسىم جايلىرىغىچە بارىدۇ |
| | | سازغۇچ چىلان تۇپراق | 15-5-2 | قارادۆۋە يېزىسىنىڭ بىر قىسىم تېرىلغۇ يەرلىرى |
| سۇغىرىپ تېرىلىدىغان تۇپراق | يوشۇرۇن سۇغىرىپ تېرىلىدىغان تۇپراق | بوز قارا تۇپراق | 3-3-1 | قۇمۇل شەھىرىنىڭ پالۋانتۇر، شەھەر ئىچى، ئاستانە، شەھەر ئەتراپى قاتارلىق يېزىلىرىدىكى بىر قىسىم تېرىلغۇ يەرلەر |
| | | بوز سېرىق تۇپراق | 3-3-2 | قۇمۇل شەھىرىنىڭ پالۋانتۇر، راھەتباغ، يۇلغۇنتۇغراق، شەھەر ئەتراپى يېزىلىرىدىكى بىر قىسىم تېرىلغۇ يەرلەر |
| | سۇغىرىپ لاتقىلاشقان بوز تۇپراق | بوز تۇپراق | 3-2-1 | باركۆل ناھىيىسىنىڭ خۇاليۇەن، شىرىنتا يېزىلىرىنىڭ تاشيول بويىدىكى تېرىلغۇ يەرلەر |
| | | پىششىق بوز تۇپراق | 3-2-2 | باركۆل ناھىيىسى داخې يېزىسىنىڭ سەنجوي تېرىلغۇ يېرى |
| نەم تۇپراق | بوز نەم تۇپراق | چۆكمە نەم تۇپراق | 1-2-1 | باركۆل ناھىيىسىنىڭ داخې، شىرىنتا، خۇاليۇەن يېزىلىرى، ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ نوم، تۇخۇلۇ قاتارلىق يېزىلىرىدىكى بىر قىسىم تېرىلغۇ يەرلەر |
| | سېرىق نەم تۇپراق | تاشقىن تۈزلەڭلىكى (سايلىق) | 1-1-1 | قۇمۇل شەھىرىنىڭ بوغاز يېزىسى، ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ تۇخۇلۇ (شارتۇبلەر) يېزىسى قاتارلىق جايلاردىكى بىر قىسىم تېرىلغۇ يەرلەر |
| | شورلاشقان نەم تۇپراق | يەلپۈگۈچسىمان يەر چېتى | 1-4-1 | قۇمۇل شەھىرىنىڭ پالۋانتۇر يېزىسىدىكى يارىيۈلۈك، راھەتباغ يېزىسىدىكى بىر قىسىم تېرىلغۇ يەرلەر |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| كۆلتىبلىق قارا تۇپراق | كۆلتىبلىق قارا تۇپراق | يانباغىر، قىلدىرق دۆۋىلەنمە | 9-1-1 | باركۆل جەنۇبىي تېغىنىڭ جەنۇبىي قىسمى، قۇمۇل تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي قىسمى ھەمدە ئاراتۇرۇك نەھىيىسىدىكى ئاتلىق جىلغا |
| | قارامتۇل چىملان تۇپراق | ئانقا چۆكۈندى يانباغىرى | 10-2-1 | باركۆل ئويمانلىقى، ئاراتۇرۇك جىلغىسىنىڭ يەلپۈگۈچسىمان ئانقا چۆكۈندىسىنىڭ بېشى، ئوتتۇرا قىسمى |
| | سۇس قارا چىملان تۇپراق | ئانقا چۆكۈندى | 10-3-1 | باركۆل ئويمانلىقىدىكى يەلپۈگۈچسىمان ئانقا چۆكۈندىسىنىڭ تۆۋەنكى قىسمى، ئاراتۇرۇك نەھىيىسى تورىكۆل يېزىسىنىڭ شەرقىدىكى جاڭگاللىقلار |
| قارا چىملان تۇپراق | تېرىلىدىغان قارا چىملان تۇپراق | بوز تۇپراق | 10-7-1 | باركۆل نەھىيىسىنىڭ شەرىنزاۋ، كۆيسۇ، سارچوقىغا قاتارلىق جايلىرىدىكى بىر قىسىم تېرىلغۇ يەرلەر |
| | | سېرىق تۇپراق | 10-7-3 | باركۆل داخې، كۆيسۇنىڭ شىمالىي تېغى، سارچوقىغا رايونى، سورتلۇق ئۆرۈق يېتىشتۈرۈش مەيدانى، ئاراتۇرۇكنىڭ تورىكۆل، نېرىنكىر، توخۇلو (ئاراتۈپلەر) قاتارلىق جايلىرىدىكى بىر قىسىم تېرىلغۇ يەرلەر |
| | | يېشىم يەر | 10-7-3 | باركۆل نەھىيىسى داخې، كۆيسۇنىڭ شىمالىي تېغى، ئاراتۇرۇك نەھىيىسىنىڭ نېرىنكىر، تورىكۆل يېزىلىرىدىكى تېرىلغۇ يەرلەر |
| كۆلتىبلىق قوڭۇر تۇپراق | كۆلتىبلىق قارامتۇل قوڭۇر تۇپراق | ئانقا، چۆكۈندى، تىندۇرما | 11-1-1 | قۇمۇل تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى، باركۆل نەھىيىسى سارچوقىغا رايونىنىڭ كۆپ قىسىم جاڭگاللىقلىرى |
| | كۆلتىبلىق سۇس قوڭۇر تۇپراق | ئانقا چۆكۈندى، تىندۇرما | 11-2-1 | قۇمۇل تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن قىسمى، باركۆل سارچوقىغا رايونىنىڭ شىمالىي قىسمى، سەنتاڭخۇ (ئۈچكۆل) يېزىسى ھەمدە ئاراتۇرۇكنىڭ بايى، ئاداق قاتارلىق يېزىلىرىدىكى جاڭگاللىقلار |
| | تېرىلىدىغان كۆلتىبلىق قوڭۇر تۇپراق | يانتۇ يەر | 11-6-1 | قۇمۇل شەھىرىنىڭ ئاشۇبلىق رايونى قاتارلىق جايلاردىكى بىر قىسىم تېرىلغۇ يەرلەر |
| | | يانتۇلۇقى چوڭ ئەمەس يەر | 11-6-2 | قۇمۇل شەھىرىنىڭ تەڭرىتاغ، ئاشۇبلىق رايونى، ئەربىتاغ يېزىسى، قىزىل يۇلتۇز ئىككىنچى چارۋىچىلىق فېرمىسى قاتارلىق تاغلىق رايونلاردىكى تېرىلغۇ يەرلەر |
| | | سېرىق توپا | 11-6-3 | باركۆل نەھىيىسىنىڭ سارچوقىغا رايونى، ئاراتۇرۇك نەھىيىسىنىڭ بايى، ئاداق قاتارلىق يېزىلىرىدىكى تېرىلغۇ يەرلەر |
| بوز قوڭۇر چۆل تۇپرىقى | بوز قوڭۇر چۆل تۇپرىقى | ئانقا چۆكۈندى، تىندۇرما | 14-2-1 | باركۆل نەھىيىسىنىڭ سارچوقىغا رايونى، ئاراتۇرۇك نەھىيىسىنىڭ بايى، ئاداق قاتارلىق يېزىلىرىدىكى تېرىلغۇ يەرلەر |
| | گەجلەشكەن بوز قوڭۇر چۆل تۇپرىقى | ئانقا چۆكۈندى، تىندۇرما | 14-3-1 | باركۆل، ئاراتۇرۇك نەھىيىسىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى نوم چۆللۈكى |
| | تېرىلىدىغان بوز قوڭۇر چۆل تۇپرىقى | سېرىق تۇپراق | 14-4-1 | باركۆل نەھىيىسىنىڭ سەنتاڭخۇ (ئۈچكۆل) يېزىسى، ئاراتۇرۇك نەھىيىسىنىڭ نوم يېزىسىدىكى تېرىلغۇ يەرلەر |
| | | قېتىشقان (قېتىراق) تۇپراق | 14-4-2 | ئاراتۇرۇك نەھىيىسىنىڭ نوم يېزىسى، باركۆل نەھىيىسىنىڭ سەنتاڭخۇ (ئۈچكۆل) يېزىسىدىكى تېرىلغۇ يەرلەر |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| چىملىق تۇپراق | چىملىق تۇپراق | لاتقا چۆكۈندى، تىندۇرما | 5-5-1 | قۇمۇل شەھىرىنىڭ جەنۇبى ۋە باركۆل، ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدىكى چىملىق تۇپراقلىق بەلدىن خىرە چىملىق تۇپراقلىق رايونلار |
| | ئورمان چىملىق تۇپرىقى | لاتقا چۆكۈندى، تىندۇرما | 5-4-1 | ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ نوم، بىساي بېزىسى، باركۆل ناھىيىسىنىڭ سەنتاڭخۇ (ئۈچكۆل) بېزىسى، قۇمۇل شەھىرىنىڭ بوغاز، ئارادۆۋە قاتارلىق سۆكسۆك ۋە يۇلغۇن ئۆسىدىغان چۆكمە تۇپراق |
| | ئۇزلاشقان چىملىق تۇپراق | كۆل چۆكۈندىسى | 5-3-1 | باركۆل ناھىيىسىنىڭ سازلىق كۆلى |
| | تېرىلىدىغان چىملىق تۇپراق | يېلپۈگۈچسىمان يەر چېتى | 5-5-1 | قۇمۇل شەھىرىنىڭ بۇلۇڭتوغراق، ئاستانە قاتارلىق يېزىلىرىدىكى بىر قىسىم تېرىلغۇ يەرلەر |
| شورلۇق تۇپراق | تىپىك شورلۇق تۇپراق | يېلپۈگۈچسىمان يەر چېتى | 7-1-1 | باركۆل ناھىيىسىنىڭ سازلىق كۆلى، ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ نوم بېزىسى، يېلپۈگۈچسىمان لاتقا چۆكۈندىلىكنىڭ چېتى |
| | چىملىق، شورلۇق تۇپراق | يېلپۈگۈچسىمان يەر چېتى | 7-2-1 | قۇمۇل شەھىرىنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىنىڭ جەنۇبى، يېلپۈگۈچسىمان لاتقا چۆكۈندىلىكنىڭ چېتى |
| | پوروڭ شورلۇق تۇپراق | يېلپۈگۈچسىمان يەر چېتى | 7-4-1 | قۇمۇل شەھىرىنىڭ راھەتباغ، بوغاز يېزىسى ئارىلىقىدىكى چۆللۈك |
| سازلىق تۇپرىقى | تورف سازلىق تۇپرىقى | كۆل چۆكۈندىسى | 6-3-1 | باركۆل ناھىيىسىدىكى سازلىق كۆل |
| | چىرىندى ماددىلىق سازلىق تۇپرىقى | كۆل چۆكۈندىسى | 6-2-1 | باركۆل ناھىيىسىدىكى سازلىق كۆل |
| بوز ئورمان تۇپرىقى | بوز ئورمان تۇپرىقى | قالدۇق دۆۋىلەنمە يانباغىر | 23-2-1 | قۇمۇل شەھىرى، باركۆل، ئاراتۇرۇك ناھىيىسى تەۋەسىدىكى تەڭرىتاغنىڭ ئورمانلىق رايونلىرى |
| كەنجى ئېگىز تاغ سازلىق تۇپرىقى | كەنجى ئېگىز تاغ سازلىق تۇپرىقى | قالدۇق دۆۋىلەنمە يانباغىر | 17-1-1 | قۇمۇل شەھىرى، باركۆل، ئاراتۇرۇك ناھىيىسى تەۋەسىدىكى كەنجى ئېگىز تاغ چوققىلىرى ھەمدە تاغ يانباغىرلىرىدىكى جايلار |
| ئېگىز تاغ مۇزلۇق تۇپرىقى | ئېگىز تاغ مۇزلۇق تۇپرىقى | قالدۇق دۆۋىلەنمە يانباغىر | 27-1-1 | قۇمۇل شەھىرى، باركۆل، ئاراتۇرۇك ناھىيىسى تەۋەسىدىكى تەڭرىتاغنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىلىرىدىكى يىل بويى قار يىغىلىپ تۇرىدىغان جايلار |

### 2. تۇپراقنىڭ تارقىلىشى

تۇپراقنىڭ تارقىلىشى تۇپراقنىڭ تەبىئىي شەكىللىنىش ئامىلىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپلا قالماي، يەنە كىشىلەر ئۆزلەشتۈرۈپ پايدىلانغاندىن كېيىنكى سۈنئىي ئامىلنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرايدۇ، چوڭ جەھەتتىن تارقىلىشى تۆۋەندىكىچە:

1) بەلۋاغسىمان تارقىلىش: ئۈچكۆل – نوم ئويمانلىقىدا بوز قوڭۇر چۆل تۇپرىقى، كۆل تۇپرىقى، چىملىق تۇپراق، شورلۇق تۇپراقلار بار. باركۆل ئويمانلىقىدا قارا چىلان تۇپراق، كالتسىيلىق قوڭۇر تۇپراق، نەم تۇپراق، چىملىق تۇپراق، سازلىق تۇپرىقى، شورلۇق تۇپراقلار بار. شەرقىي تەڭرىتاغدا كالتسىيلىق قوڭۇر تۇپراق، قارا چىلان تۇپراق، چىملىق

تۇپراق، كالتسىيلىق قارا ئورمان تۇپرىقى، مۇزلۇق تۇپراقلار بار. قۇمۇل ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىدا كالتسىيلىق قوڭۇر تۇپراق، چىملىق تۇپراق، شورلۇق تۇپراقلار بار. بوستانلىقلاردا نەم تۇپراق، سۇغىرىپ تېرىلىدىغان تۇپراق، تېرىلىدىغان قوڭۇر چۆل تۇپرىقى، تېرىلىدىغان چىملىق تۇپراق، شورلۇق تۇپراقلار بار.

2) ۋېرتىكال تارقىلىش: دېڭىز يۈزى ئېگىزلىكىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن شەكىللەنگەن ھاۋا كىلىماتى، ھۆل-يېغىن، يېپىنچا ئۆسۈملۈك قاتارلىقلارنىڭ پەلەمپەي شەكىللىك (گرادىيېنت) ئۆزگىرىشى، ھەر قايسى پەلەمپەي ئارىسىدا روشەن پەرقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، شۇڭا تۇپراق ئېگىزلىكىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ۋېرتىكال تارقىلىش ئەھۋالى كۆرۈلگەن، ئادەتتىكى ئەھۋالدا: 400 ~ 1200 مېتىرغىچە بوز قوڭۇر چۆل تۇپرىقى، 1200 ~ 1500مېتىرغىچە كالتسىيلىق قوڭۇر تۇپراق، 1700 ~ 2400 مېتىرغىچە قارا چىلان تۇپراق، 2400 ~ 3200 مېتىرغىچە بوز ئورمانلىق تۇپرىقى، 3200 ~ 4000 مېتىرغىچە ئېگىز تاغ چىملىق تۇپرىقى، 4000 ~ 4880 مېتىرغىچە مۇزلۇق تۇپراقتىن ئىبارەت. شەرقىي تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي ئۇچىدىكى تۆمۈرتى چوققىسىنىڭ شىمالىي ئېتىكىنى مىسالغا ئالساق، ئاراتۇرۇك ناھىيىسى تەۋەسىدىكى ئۆلچەنگەن تۇپراقنىڭ ۋېرتىكال تارقىلىشى تۆۋەندىكىچە: 2000 مېتىردىن تۆۋەن جايلارنىڭ تاغلىق بوز قوڭۇر چۆل تۇپرىقى، 2300 مېتىردىن تۆۋەن جايلارنىڭ تاغلىق قوڭۇر چۆل تۇپرىقى، 2500 مېتىردىن تۆۋەن جايلارنىڭ تاغلىق قارا چىلان تۇپراق، 2700 مېتىردىن تۆۋەن جايلارنىڭ كالتسىيلىق قارا تاغ تۇپرىقى، 2900 مېتىردىن تۆۋەن جايلارنىڭ ئېگىز تاغ كىگىزسىمان داغلىق (پورفىدلىق) تۇپرىقى، 2900 مېتىردىن يۇقىرى جايلارنىڭ ئېگىز تاغ ئوتلاق تۇپرىقىدىن ئىبارەت.

### 3. تۇپراقنى باھالاش

تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئورگانىك ماددا تەركىبى بىرىنچىدىن ئۈچىنچى دەرىجىگىچە بولسا مول بولغان بولىدۇ، ۋىلايەت بويىچە بۇنداق يەرلەر 394 مىڭ 928 مو؛ تۆتىنچى دەرىجىلىك بولسا ئوتتۇراھال دەرىجە بولىدۇ، بۇنداق يەرلەر 566 مىڭ 74 مو؛ بەشىنچىدىن ئالتىنچى دەرىجىگىچە بولسا، ئورگانىك ماددا تەركىبى كەمچىل بولغان بولىدۇ، بۇنداق يەرلەر ۋىلايىتىمىزدە 73 مىڭ 124 مو. ئازوتلۇق مىقدارى بىرىنچى دەرىجىدىن ئۈچىنچى دەرىجىگىچە بولسا مول بولغان بولىدۇ، بۇنداق يەرلەر ۋىلايىتىمىزدە 36 مىڭ 869 مو؛ تۆتىنچى دەرىجە بولسا ئوتتۇرا دەرىجىلىك بولىدۇ، بۇنداق يەرلەر 248 مىڭ 178 مو؛ بەشىنچىدىن ئالتىنچى دەرىجىگىچە بولسا، ئازوتلۇق مىقدارى كەمچىل بولغان بولىدۇ، بۇنداق يەرلەر 129 مىڭ 110 مو. تېز ئۈنۈملۈك ئازوت مىقدارى بىرىنچىدىن ئۈچىنچى دەرىجىگىچە بولسا، مول بولغان بولىدۇ، بۇنداق يەرلەر 69 مىڭ 484 مو، تۆتىنچى دەرىجە بولسا ئوتتۇرا دەرىجىلىك بولىدۇ، بۇنداق يەرلەر 111 مىڭ 961 مو، بەشىنچىدىن ئالتىنچى دەرىجىگىچە بولسا كەمچىل بولۇپ، بۇنداق يەرلەر 832 مىڭ 728 مو. تېز ئۈنۈملۈك فوسفور مىقدارى بىرىنچىدىن ئۈچىنچى دەرىجىگىچە بولسا، مول بولغان بولىدۇ، بۇنداق يەرلەر 125 مىڭ 504 مو؛ تۆتىنچى دەرىجە بولسا ئوتتۇرا دەرىجىلىك بولىدۇ، بۇنداق يەرلەر 203 مىڭ 268 مو؛ بەشىنچىدىن ئالتىنچى دەرىجىگىچە بولسا كەمچىل بولغان بولىدۇ، بۇنداق يەرلەر 685 مىڭ 431 مو؛ تېز ئۈنۈملۈك كالىي مىقدارى بىرىنچىدىن ئۈچىنچى دەرىجىگىچە بولسا مول بولغان بولىدۇ، بۇنداق يەرلەر 826 مىڭ 487 مو؛ تۆتىنچى دەرىجە بولسا، ئوتتۇرا دەرىجىلىك بولىدۇ، بۇنداق يەرلەر 164 مىڭ 12 مو؛ بەشىنچىدىن ئالتىنچى دەرىجىگىچە بولسا، كەمچىل بولغان بولىدۇ، بۇنداق يەرلەر 20 مىڭ 967 مو.

1) كۆلىمىنىڭ ئورگانىك ماددىلار مىقدارى ۋە ئۇنىڭ تارقىلىشى: تۇپراقنىڭ ئورگانىك ماددىلار تەركىبى ئادەتتىكىچە (تۆتىنچى دەرىجە) بولغان يەرلەر، تېرىلغۇ يەر مەيدانىنىڭ 55.8% ىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇ ئاساسلىق باركۆل ناھىيىسىنىڭ قارا چىلان تۇپراقلىق رايونى، قۇمۇل شەھىرىنىڭ بوستانلىق، تۈزلەڭلىك رايونلىرىدىكى كۆپ قىسىم

تىرىلغۇ يەرلەر ۋىلايىتىمىزنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونى ھېسابلىنىدۇ. قۇمۇل رايونىنىڭ ئاشلىق مەھسۇلاتىنى بىر قەدەر چوڭ كۆلەمدە ئاشۇرۇشتا تىرىلغۇ يەرلەرنىڭ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇپ، بىرلىك مەھسۇلاتىنى ئۆستۈرۈش، ئومۇمىي مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشنىڭ ئاچقۇچىدۇر.

2) ئازوت مىقدارى مەسىلىسى: كۆپ قىسىم تىرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئازوت مىقدارى ئوتتۇرا دەرىجىدە ياكى ئۇنىڭدىن سەل يۇقىرى سەۋىيىدە، يوشۇرۇن ئوزۇقلۇق ماددىلار ئادەتتىكىدەك. بۇ خىلدىكى تىرىلغۇ يەرلەرنى ياخشىلاشتا، ئېتىز. ئېرىق باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يوشۇرۇن ئوزۇقلۇق ماددىلارنىڭ پارچىلىنىشىنى ۋە يەرنىڭ پىششىقىنى تېزلىتىپ، زىرائەتلەر قوبۇل قىلالايدىغان تېز ئۈنۈملۈك ئوزۇقلۇق ماددىلارغا ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

3) تېز ئۈنۈملۈك ئازوت مىقدارى ۋە ئۇنىڭ تارقىلىشى: قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى تىرىلغۇ يەرلەرنىڭ تۇپرىقىدىكى تېز ئۈنۈملۈك ئازوت مىقدارى ئادەتتە ناھايىتى كەمچىل. ئوتتۇرىچە دەرىجىلىك تىرىلغۇ يەرلەرگە ئورگانىك ئوغۇت ياكى خىمىيىۋى ئوغۇت بېرىلسە، يەرنىڭ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇپ، بىرلىك مەھسۇلاتنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

4) تىرىلغۇ يەرلەرنىڭ تۇپرىقىدىكى تېز ئۈنۈملۈك فوسفور مىقدارى ۋە ئۇنىڭ تارقىلىشى: ۋىلايەت بويىچە تىرىلغۇ يەرلەرنىڭ تېز ئۈنۈملۈك فوسفور مىقدارى ناھايىتى كەمچىل. تېز ئۈنۈملۈك فوسفور مىقدارى كەمچىل بولغان تىرىلغۇ يەرلەر ئومۇمىي تىرىلغۇ مەيداننىڭ 67·6% نى ئىگىلەيدۇ؛ تېز ئۈنۈملۈك فوسفور تەركىبى 5 ~ 10PP m بولغان فوسفورلۇق ئوغۇت بېرىلسە، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىدىغان تىرىلغۇ يەرلەر 19·9% نى ئىگىلەيدۇ. بۇ ئىككى خىل تىرىلغۇ يەرلەر ۋىلايەتتىكى تىرىلغۇ يەرلەرنىڭ 87·5% ىنى ئىگىلەيدۇ، باشقا شارائىتلار ئۆزگەرمىگەن ئەھۋالدا، فوسفورلۇق ئوغۇت بېرىلگەندىن كېيىن، زىرائەتلەرنىڭ مەھسۇلاتىدا كۆرۈنەرلىك ئۆسۈش كۆرۈلدى. خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلىتىشتە، ئازوت، فوسفور نىسبىتى 1979- يىلىدىكى 1 دىن 1 ~ 0·5 :1 گە يېقىن تەڭشەلدى. بۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاشلىق مەھسۇلاتىنىڭ ئۆسۈشىدە قوللىنىلغان مۇھىم تەدبىرلەرنىڭ بىرىدۇر.

5) تېز ئۈنۈملۈك كالىي مىقدارى مەسىلىسى: رايونىمىزدىكى تىرىلغۇ يەرلەر ئىچىدە 82·54 % تىرىلغۇ يەرنىڭ تېز ئۈنۈملۈك كالىي مىقدارى مول ۋە بىر قەدەر مول، ئادەتتە زىرائەتلەرنىڭ بىر پۈتۈن ئۆسۈش مەزگىلىدىكى كالىيغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا 15·38% تىرىلغۇ يەردىكى كالىي مىقدارى ئادەتتىكى سەۋىيىنى ساقلىماقتا، بەلگىلىك مىقداردا كالىي ئوغۇتى بېرىش زۆرۈر بولۇۋاتىدۇ. يەنە 21 مىڭ مو تىرىلغۇ يەرنىڭ تېز ئۈنۈملۈك كالىي مىقدارى يېتىشمەيۋاتىدۇ، كالىي ئوغۇتى بېرىلسە مەھسۇلاتنىڭ ئېشىشى ئالاھىدە كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. كالىي يېتىشمەيدىغان تىرىلغۇ يەرلەر ئاساسلىق تۇپراق سۈپىتى بىر قەدەر يېرىك بولغان، سۈيى، ئوغۇتى ئېغىر دەرىجىدە ئېقىپ كېتىدىغان قۇمۇل شەھىرىنىڭ بوغاز يېزىسى، پالۋانتۇر يېزىسىنىڭ خۋاڭگوڭ كەنتى، تۇپراق ئېغىر دەرىجىدە ئېقىپ كېتىدىغان تاغلىق رايونلارنىڭ تىرىلغۇ يەرلىرى ۋە باركۆل ناھىيىسىدىكى شىرىنزا، خۋايۇەن يېزىلىرىنىڭ تاشيول جەنۇبىدىكى تاشلىق، ھۆررەك تاشلىق جايلارغا تارقالغان.

## §3. يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر

شىنجاڭنىڭ يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى تەبىئىي جۇغراپىيىلىك شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشى سەۋەبلىك، فلورا ۋە يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەردىن ئىبارەت مۇرەككەپلىكنى شەكىللەندۇرگەن. شىمالدىكى تەگرىتېغىنىڭ شەرقىي بۆلىكى قۇمۇل رايونىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەنلىكتىن، بۇ يەردىكى تاغلار ئېگىز. ھەيۋەتلىك بولۇپ، تاغنىڭ

جەنۇبى بىلەن شىمالىدا ئوخشىمىغان ئىقلىم رايونىنى ۋە تەبىئىي مەنزىرىنى شەكىللەندۈرگەن.

1. بەلۋاغلىق رايونلاردىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قۇرغاقچىلىققا چىداملىقلىقى

قۇمۇل رايونىنىڭ ھاۋا كىلىماتى ئومۇمىي جەھەتتىن شىمالىي شىنجاڭنىڭ باشقا رايونلىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ قۇرغاق بولۇپ، بەلۋاغلىق يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى تەركىبلەندۈرگەن بوتانىكىلىق، بىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلەر قۇرغاقچىلىققا چىداملىق بولۇش يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلماقتا. ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئاساسلىق ئاسسىمىلياتسىيە ئەزالىرى بولغان يوپۇرماق ۋە شاخچىلىرى يۈزى كىچىكلەش ۋە ئىنچىكىلەش ھەتتا تار يوپۇرماقلىق، يىڭنە يوپۇرماقلىق شەكلىگە قاراپ ئۆزگەرمەكتە ياكى شاخچىلىرىغا تايىنىپ فوتوسىنتېزلىنىشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە. تۈكچىلىرىنى كۆپەيتىپ، پوستلاق قەۋىتىنى قېلىنلىتىپ، ھاۋا ئۆتكۈزگۈچلىرىنىڭ سانىنى ئازلىتىپ، شۇ ئارقىلىق ھورغا ئايلىنىشنى كېمەيتمەكتە؛ تۇپراقنىڭ شورلىشىشى ۋە ھاكلىشىشىغا ماسلىشىپ تۇز، شور ۋە ھاكقا چىداملىق بولغان ئېكولوگىيىلىك ماسلىشىش يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلماقتا؛ ئۇزۇن مەزگىل قۇرغاقچىلىق ۋە كۈچلۈك شامالنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراپ، شاخچىلىرىنىڭ مېخانىكىلىك توقۇلمىلىرى زور دەرىجىدە كۈچىيىپ، غولىنىڭ تالاسى ئىنچىكىلەپ، ئەۋرىشىملىكى كۈچىيىپ، شامالغا ئەگىشىپ ئىرغاڭلىسىمۇ سۇنۇپ ئۈزۈلۈپ كەتمەيدۇ. ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ياغاچسىمان قىسمى ئىنچىكىرەپ قاتتىقلىشىدۇ؛ نۇرغۇنلىغان قۇرغاقچىلىققا چىداملىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆزۈۋىلىنىش تېنىنىڭ يەر يۈزىگە يېقىن بولغان قىسمىنىڭ پوستى قەۋىتى بوز ئاق رەڭگە ئۆزگىرىپ، نۇرنى قايتۇرۇش رولى كۈچەيگەن ياكى تۈپىنىڭ ئاساسىي قىسمىدا قۇرۇپ قالغان يوپۇرماق ئۇچلىرىنى ساقلايدۇ، ئۇلار «ئىزولياتور» لۇق رولىنى ئويناپ، كۈچلۈك بولغان قۇياش رادىئاتسىيىسىنى ۋە يۇقىرى تېمپېراتۇرىنى ئاجىزلىتىدۇ؛ يەنە بەزى ئۆسۈملۈكلەر ئۆسۈپ يېتىلىش جەھەتتە ئۆزىگە خاس خاراكتېرنى يېتىلدۈرگەن، مەسىلەن، سۆكسۆك ئەتىيازنىڭ ئاخىرى، يازنىڭ بېشىدا بىخ چىقىرىپ، غول تارتىپ ئېچىلىدۇ، ياز پەسلىدە ئۆسۈپ يېتىلىشتىن توختايدۇ، كۈز پەسلىدە گۈل تۈگۈنچىكى يوغىناپ مېۋىلەيدۇ. بەزىلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلى قىسقا بولىدۇ، بەزىلىرىنىڭ كۆپىيىش ئۇسۇلى بىر قەدەر ئالاھىدىرەك بولىدۇ. نۇرغۇنلىغان بوز يەر ئۆسۈملۈكلىرى قەدىمىي ۋە ئىپتىدائىي بولغان تۈپلۈك بۆلۈنۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ كۆپىيىدۇ، بەزى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۇرۇقى، ئۆسۈش نۇقتىسى قۇرغاق مۇھىتتا ناھايىتى ئۇزۇن ئۇخلاش مەزگىلىدە بولىدۇ. چۆللۈكلەردە، تاقىر تاغلاردا يامغۇردىن كېيىن ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەر تېزلىكتە ئۈنىدۇ، چۆللۈك يېشىللىققا ئايلىنىدۇ، قۇرغاقچىلىق ۋاقتى سەل ئۇزارسا، يەر ئۈستىدىكى قىسمى تەدرىجىي قۇرۇپ، ئۇخلاش ھالىتىگە كىرىدۇ. بۇمۇ سۈنئىي ھەمراھدا تارتىلغان ۋە ئايروپىلاندا تارتىلغان سۈرەتلەردە ئوخشىمىغان يىللار، مەۋسۇملاردىكى يەر يۈزى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر كۆلىمىنىڭ پەرقى ناھايىتى چوڭ، ئىپادىلىنىشى بىردەك بولماسلىقىنىڭ مۇھىم سەۋەبىدۇر.

2. قۇمۇلدىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۈرلىرى

جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۈنىۋېرسال تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ماتېرىيالىغا ئاساسەن تۆۋەندىكى تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

1) چۆللۈك: بۇنىڭ ئىچىدە چاتقاللىق بوز يەر (چاكاندا، ئاسمىنا دەرىخى، ئاقتىكەن قاتارلىقلار)؛ ئۇششاق يېرىم قاتتىق غوللۇق ئۆسۈملۈكلەر ئۆسىدىغان چۆللۈك (سۆكسۆك، ئاقسۆكسۆك)؛ يېرىم چاتقاللىق چۆللۈك (فىكوس ئوت، لويىلا، شورتاڭلىق ئوت، چۆپى، قوش باشلىق ئوت)؛ ئۇششاق يېرىم چاتقاللىق چۆللۈك (ئاچچىق ئەمەن گۇرۇپپىدىكىلەر ۋە شورتاڭلىق ئۆسۈملۈك گۇرۇپپىدىكىلەر) قاتارلىقلار.

2) يايلاق: بۇنىڭ ئىچىدە چۆللۈك يايلىقى (قۇملۇق سېلەۋسى، كۆپ يىلتىزلىق سوگېياز، كاۋكاز سېلەۋسى،

سېلەۋ، تۈلكە قىرلىق سېلەۋسى قاتارلىق)؛ ھەقىقىي يايلاق (سېلەۋسى، تۈلكە قىرلىق سېلەۋسى، ياپىلاق باشاقلىق مۆز ئۈتى قاتارلىق) ، چۆل يايلاقلىرى بار.

3) ئورمانلىق: بۇنىڭ ئىچىدە تاغلىق يىڭنە يوپۇرماقلىق ئورمىنى (دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان تاغلىق يىڭنە يوپۇرماقلىق ئورمىنىدىكى قارلىق شەمشادى، يوپۇرماق تاشلايدىغان يىڭنە يوپۇرماقلىق تاغ ئورمىنىدىكى سىبىرىيە بال قارىغىيى)، يوپۇرماق تاشلايدىغان كەڭ يوپۇرماقلىق ئورمان (ئاساسلىقى تاغلاردىكى كىچىك يوپۇرماقلىق تېرەك ۋە دەريا جىلغىلىرىدىكى تېرەك ئورمىنى) بار.

4) چاتقاللىق: كۆپرەك شالاڭ ئۆسىدىغان تۈركۈملەرگە قارىتىلغان، مەسىلەن، ئاقتىكەن، قاراتىكەن قاتارلىقلار.

5) چىملىق: بۇنىڭ ئىچىدە ئېگىز تاغ چىملىقى (ئېگىز تاغ ھەقىقىي چىملىقى، ئېگىز تاغ ئوت- چۆپ تۈزلەڭلىكى)، تاغلىق چىملىقى، پەس يەرلەردىكى سايلىق تۈزلەڭلىك چىملىقى (پەس يەرلەردىكى سايلىق تۈزلەڭلىكى ھەقىقىي چىملىقى، پەس يەرلەردىكى سايلىق تۈزلەڭلىكى شورلاشقان چىملىق، پەس يەرلەردىكى سايلىق تۈزلەڭلىكى سازلىق چىملىقى) بار.

6) ئېگىز تاغ يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى: ئاساسلىقى ئېگىز تاغ سېلىنچىلىق يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرىدىن ئىبارەت.

يۇقىرىقى ئالتە چوڭ تۈردىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى قۇمۇلدىكى ئاساسلىق ئوتلاقلارنىڭ ھەر خىل تۈر تىپلىرىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ ئوتلاقلاردا ئاساسلىقى باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى قىلتىرىقسىز ياۋا سۇلۇ ئۇرۇقدىشى، يەر چىچى ئۇرۇقدىشى، قوڭغۇر باش، شورلۇق دۈپ دەرىخى ئۇرۇقدىشى، مۆز ئۈتى ئۇرۇقدىشى، ئېلىموس ئۈتى ئۇرۇقدىشى، ئارپا ئۇرۇقدىشى، يالغاۋ ئوت ئۇرۇقدىشى، يېڭى بۇغداي ئائىلىسى ئۇرۇقدىشى، پۆپۈكلۈك ئوت. چۆپ ئۇرۇقدىشى، يانلاشقان سۇلۇ بۇغداي ئۇرۇقدىشى، مىڭگەر ئوت ئۇرۇقدىشى، ئاگروستىس ئۈتى ئۇرۇقدىشى، ئالوپېكۇرۇس ئۈتى ئۇرۇقدىشى،بەرغەمۇتىسمان دۈپ ئۇرۇقدىشى، زەۋرەك ئۈتى ئۇرۇقدىشى، چىغ ئۇرۇقدىشى، ئىنچىكە ساپلىق سېلەۋ ئۇرۇقدىشى، سېلەۋ ئۇرۇقدىشى، سۈبرتىيە سېلەۋ ئۈتى ئۇرۇقدىشى، يوشۇرۇن ئۇرۇقلۇق ئوت. چۆپ ئۇرۇقدىشى، قومۇشسىمانلار ئۇرۇقدىشى، قۇملۇق ئۈتى ئائىلىسى تەيزە تارتىدىغان ئوت-چۆپلەر ئۇرۇقدىشى، ئەمەن ئۈتى ئۇرۇقدىشى، ياپىلاق باشاقلىق ئوت. چۆپلەر ئۇرۇقدىشى، رەڭگى ئۆزگىدىغان چۈپۈرشاڭ ئۇرۇقدىشى، تاغ باغرىدىكى ئېدىرلىق ئوت. چۆپلىرى ئۇرۇقدىشى، پۇرچاق ئائىلىسى يانتاق ئۇرۇقدىشى، سېرىق كەتىرا ئۇرۇقدىشى، بېدە ئۇرۇقدىشى، قاشقا بېدە ئۇرۇقدىشى، سىبىرىيە ئونوبرىخىس ئۈتى، يالغاۋ پۇرچاق ئۇرۇقدىشى، ياۋا كۆك پۇرچاق ئۇرۇقدىشى، چۈچۈكبۇيا ئۇرۇقدىشى، مىسكانتۇس ئۈتى ئائىلىسى ئەمەن ئۇرۇقدىشى، كەنجى جۇخار گۈل ئۇرۇقدىشى، سۇ قامچىئۈتى ئائىلىسى سۇ قامچىئۈتى ئۇرۇقدىشى، كۆلساماق ئائىلىسى سۇكېپىز ئۇرۇقدىشى، پىلىكئوت ئائىلىسى پىلىكئوت ئۇرۇقدىشى، ئەترگۈل ئائىلىسى غازتاپان (سۇغۇر ئوت) ئۇرۇقدىشى، توشقانقولاق، تەگرىتېغىنىڭ ئۈنچە ئۈتى، يۇلغۇن ئائىلىسى فىسكوس ئۈتى ئۇرۇقدىشى، يۇلغۇن ئۇرۇقدىشى قاتارلىقلار ئۆسىدۇ.

### 3. قۇمۇلدىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ رايونلارغا بۆلۈنۈش ئەھۋالى

جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۈنۈبىرسال تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ رايونلارغا بۆلۈش لايىھىسى بويىچە، تۆۋەندىكى رايونلارغا بۆلۈنگەن:

شىنجاڭ چۆللۈك رايونى: شەرقىي شىنجاڭ- جەنۇبىي شىنجاڭ ئىككىلەمچى چۆللۈك رايونى، شەرقىي شىنجاڭ چۆللۈك تارقىلىش رايونى، شەرقىي جۇڭغار چۆللۈك كەنجى تارقىلىش رايونى* ، نوم، باركۆل كىچىك تارقىلىش رايونىدىن ئىبارەت.

قۇمۇل- كاشۇن چۆللۈكى تارقىلىش رايونى* ، قۇمۇل چۆلتاغ (كۆكقىر تېغى) كىچىك تارقىلىش رايونى، قۇمۇل كىچىك تارقىلىش رايونى، كاشۇن چۆللۈكى كىچىك تارقىلىش رايونى، شىڭشىڭشيا كىچىك تارقىلىش رايونى، (*: بۇ

ئىككى كەنجى تارقىلىش رايونىدا قۇمۇل رايونىغا تەۋە بولغان پەقەت ئالتە كىچىك تارقىلىش رايونىلا كۆرسىتىلدى).

قۇمۇلنىڭ شىمالىدىن جەنۇبىغا قاراپ ھەر قايسى كىچىك تارقىلىش رايونلىرىنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى مۇنداق:

1) نوم چۆللۈكى كىچىك تارقىلىش رايونى: ئۇ بىر قۇرغاق، يالىڭاچ، ئېگىز- پەس تەكشىسىزرەك تۈزلەڭلىك (پېنىپېلىن) بىلەن تاغ ئېتىكى قىيسايغان تۈزلەڭلىك تۈزۈلمىلىك يەر شەكلىدىن ئىبارەت بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1500m ئەتراپىدا، شىمالىي قىسمىدىكى يالىڭاچ تەكشىسىزرەك تۈزلەڭلىكتە ئالىي دەرىجىلىك ئۆسۈملۈكلەر يوق دېيەرلىك بولۇپ، تاغ ئېتىكىدىكى قىيسايغان تۈزلەڭلىكتە سۆكسۆك، چۆللۈك تۇركۇمىدىكىلەردىن شورتاڭلىق ئوت- چۆپلىرى (دەرىخى)، قوش باشلىق ئوت، بىدە، لويلا، چاكاندا قاتارلىقلار بار. بۇلاق سۇلىرى ئېقىپ چىقىدىغان جايلار ۋە دەريا ئېقىنىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى پەس يەرلەردە شورلاشقان چىملىق ۋە شورلاشقان قومۇشلۇق چىملىقى بار، سەنتاڭخۇ (ئۆچكۆل) دىن تارتىپ نومغىچە بولغان ئارىلىقتا كەڭ- تارلىقى، شالاڭلىقى بىردەك بولمىغان بىر ئۈزۈنچاق توغراقلىق ئورمان بەلۋېغى بار.

2) باركۆل كىچىك تارقىلىش رايونى: ئۇ باركۆل تېغى ھەمدە قارلىق تاغنىڭ سۇ بۆلگۈچ چوققىسىنىڭ شىمالىدىكى تاغلىق ۋە ئويمانلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ جايلار قۇمۇل رايونىدىكى ھاۋا كىلىماتى ئەڭ نەم بولغان جايلار بولۇپ، تاغ ئورمانلىقلىرى كەڭ كۆلەمدە تارقالغان.

دېڭىز يۈزىدىن 3400 مېتىر ئېگىزدە ئېگىز تاغ سېلىنچىلىق يېپىنچا ئۆسۈملۈك تۈرلىرى تارقالغان، ئۇنىڭدىن پەستە ئېگىز تاغ ئەمەن ئوتى چۆلى، بىر قىسىم جايلاردا ئېگىز، سوغۇق چىملىقلىرى ساقلانماقتا، دېڭىز يۈزىدىن 2900 ~ 2100 مېتىر ئارىلىقىدا بەلۋاغسىمان تارقىلىش زاھىر بولغان، بۇ شىنجاڭنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان سىبىرىيە بال قارىغىيى ۋە قارلىق شەمشادلار ئۆسىدىغان ئارىلاشما ئورمانلىقى ھېسابلىنىدۇ. موچىن ئۆلار تېغىنىڭ تەسكەي يانباغرىدا ۋە قارلىق تاغنىڭ شەرقىي ئۇچىدىمۇ پارچە تارقالغان، ئۇنىڭ ئىچىدە تاغ تۈلكە سېلەۋسى، سېلەۋتى ئاساس قىلىنغان ئەلا سورتلۇق ئوتلاق ۋە تاغلىق چىملىق يايلاق ئوتلاقلىرى بار؛ دېڭىز يۈزىدىن 2200 مېتىر ئېگىز بولغان جايلارنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە سېلەۋ، تۈلكە قىرلىق سېلەۋسى ئۆسۈملۈكى ئۈستۈنلۈك ئورۇننى ئىگىلىگەن تاغلىق يايلاق ئوتلىقى، قۇملۇق سېلەۋسى، تۈلكە قىرلىق سېلەۋسى، كۆپ يىللىق سوگېيازنى ئاساس قىلغان ھەمدە يىرىم چاتقاللىق، ئۆتشاق يىرىم چاتقاللىق ئارىلاشقان تاغ چۆللۈكى يايلاق ئوتلىقى تارقالغان؛ دېڭىز يۈزىدىن 1500 ~ 2200 مېتىرغىچە ئېگىز بولغان تاغ ئارىسىدىكى دەريا جىلغىلىرىغا زىچ يوپۇرماقلىق تېرەك، ئاچچىق تېرەك، سۆگەتنى ئاساس قىلغان كەڭ يوپۇرماقلىق ئورمان تارقالغان، باركۆلنىڭ غەربىي قىسمى ۋە ئاراتۈرۈك تۇركۆلنىڭ شىمالىي قىسمىدا ئاساسلىق تاغلىق يايلاقلاشقان چۆللۈك ۋە تۈزلەڭلىك يايلاقلاشقان چۆللۈك ئوتلىقى بار. ئويمانلىق ئىچىدە شورلاشقان چىملىق، چىغ، يالغاۋ ئوتىنى ئاساس قىلغان بوز يەر چاتقاللىق چىملىقى ھەمدە كۆل بويىدىكى چاپىملىق ئوتلاقتىن تەركىبلەنگەن سايلىق تۈزلەڭلىكى، سازلىق چىملىقى ۋە شورلۇق تۇركۇمىدىكى چۆللۈكلەر بار.

3) قۇمۇل چۆلتاغ (كۆكقىر تېغى) كىچىك تارقىلىش رايونى: باركۆل تېغى ۋە قارلىق تاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ھاۋا كىلىماتى شىمالىي يانباغرىغا قارىغاندا ئىسسىق ھەم قۇرغاق، چۆللۈنۈشچانلىقى كۈچلۈك، ئېگىز تاغ بولۇق ئۆسكەن ئوت- چۆپلۈكى بەلۋېغى ئەمەن (شۇۋاق) دىن تەركىبلەنگەن، تاغلىق يايلاق بەلۋېغى سېلەۋ، شۇۋاق قاتارلىقلاردىن تەركىبلەنگەن ھەمدە تەسكەي يانباغرىدا پارچە- پارچە يىڭنە يوپۇرماقلىق ئورمىنى تارقالغان، تۆۋەنگە قاراپ سېلەۋ قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان چۆللۈك يايلاق بەلۋېغى بار، تېخىمۇ تۆۋىنىدە تاغلىق چۆللۈك بەلۋېغى بار. دېڭىز يۈزىدىن 1200 ~ 2200 مېتىر ئارىلىقىدىكى ئېگىزدە جىلغا كەڭ يوپۇرماقلىق ئورمانلىقى، ئارىسىغا چاتقاللىقلار تارقالغان.

4) قۇمۇل كىچىك تارقىلىش رايونى: شەرقىي تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى قۇمۇلنى مەركەز قىلغان ئولتۇرۇشما ئويمانلىقى دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1700 مېتىردىن تۆۋەنلەپ 300 مېتىرغا يېتىدۇ، ئەڭ پەس جايىدىكى

سار كۆلى دېڭىز يۈزىدىن 53 مېتىر ئېگىزدە تۇرىدۇ. تاغ ئېتەكلىرىدىكى يانتۇ تۈزلەڭلىك شورتاڭلىق ئۆسۈملۈكلىرى ئۆسىدىغان چۆللۈك ۋە ئاسمىنا دەرىخى ئۆسىدىغان چۆللۈك بولۇپ، ئويمانلىقنىڭ تېگى قىسمى ۋە يەلپۈگۈچسىمان لاتقا چۆكۈندىسىنىڭ چەتلىرىگە چوڭ كۆلەملىك قومۇشلۇق، شورلاشقان چىملىق، ئۈششاق سۆۋرىتىيە ئوتى ۋە يانتاق تۈركۈمىدىكىلەر تارقالغان، بوغازدىن تارتىپ قارادۆۋىگىچە كىچىك دائىرىلىك توغراق ئورمانلىقى تارقالغان.

5) گاشۇن چۆللۈكى كىچىك تارقىلىش رايونى: ئۇ قۇمۇل – تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى ئېگىز. پەس قالدۇق تۆپىلىك، تەكشىسىزرەك تۈزلەڭلىك، قالدۇق تۆپىلىك ئارىسىدىكى قۇرۇق دەريا قىنى ۋە ئازگاللىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قالدۇق تۆپىلىك ئارىسىدىكى تۈز يەرلەردە شالاڭ ئۆسكەن ئاسمىنا دەرىخى چۆللۈكى ۋە يۇلغۇن، فىسكوس ئوت. چۆپلۈكى تارقالغان، كۆپ قىسىم جايلاردا ئالىي دەرىجىلىك ئۆسۈملۈكلەر يوق بولۇپ، جەنۇبىي تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي بۆلىكىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىدىكى تاغ ئارىسىدىكى جىلغىلاردا چاكاندا ۋە شورتاڭلىق ئۆسۈملۈكلىرى تۈركۈمى تارقالغان.

6) شىڭشىڭشىيا كىچىك تارقىلىش رايونى: ئەينەكبۇلاق، چوڭ. كىچىك ماجۇاڭشەن تېغىدىن تارتىپ شىڭشىڭشىيا، خوڭلىيۇخې (يۇلغۇنلۇق) ئارىسىدىكى تاغلىق ۋە ئازگاللىقلارغا جايلاشقان بولۇپ، كۆپ قىسمى قۇرغاق چۆللۈك، بىر قىسمى چۆللۈك يايلاق ئۆتكۈنچى بەلۋاغدىن ئىبارەت، قوش باشلىق ئوت، چۆل لويلىسى، چاكاندا، فىسكوس، سالسولا ئوتى، تۆگە تىۋىتى لويلىسى، ئىتسىيگەك ئوتى قاتارلىق ئەۋزەل يىپىنچا ئۆسۈملۈكلەر تارقىلىش بىلەن بىرگە، دەريا جىلغىلىرىدا چوڭ دائىرىلىك سۆكسۆك ئورمىنى تارقالغان بولۇپ، بەزى سۆكسۆكلەر 1.5 مېتىردىن ئېگىزرەك ئۆسىدۇ.

**قۇمۇل تەڭرىتاغىنىڭ شىمالىي ياناغرى (باركۆل تېغى) دىكى تەبىئىي بەلۋاغىنىڭ ۋېرتىكال تارقىلىشى**

جەدۋەل: 2 – 15

| تەبىئىي بەلۋاغ | | ئېگىزلىك | كىلىمات تىپى | تىپىك يىپىنچا ئۆسۈملۈكلەر | تىپىك ھايۋاناتلار | تىپىك تۇپراق | پايدىلىنىش ۋە قوغداش |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| بىغىندا قار ـ مۇزلۇق بەلۋاغ (قار ـ مۇز بەلۋېغى) | | 3900 مېتىر ياكى 3800 مېتىردىن يۇقىرى | ئېگىز تاغ سوغۇق بەلۋاغ مۇز قارلىقى (قىش ئۇزۇن) | يوق | شىنتايىن ئاز | تېخى پىشلىمىگەن | مۇزلۇق سۇ ئامبىرى، ئۇخمەس سۇ مەنبەسى، مۇزلۇق رىلىقى، ساياھەت، ئېكسكۇرسىيە قىلىش |
| [illegible] | سوغۇق چۆللۈك بەلۋاغ (ئېگىز تاغ يالىڭاچ جىنسلىرى) | 3600 مېتىر | ئېگىز تاغ سوغۇق بەلۋېغى (قۇرۇق سوغۇق) | قار لەيلىسى | ئۇلار، يىلپىز، تۇرۇق تېكە، تاغ ئۆچكىسى | سوغۇق چۆل تۇپرىقى | |
| | ئېگىز تاغ تىندۇرمىسىز بەلۋاغ | 3300 مېتىر | ئېگىز تاغ سوغۇق بەلۋېغى (قۇرۇق سوغۇق) | موخ، لىشاينىك قاتارلىق قۇرغاق سوغۇق بىلەنچىسىز يىپىنچا ئۆسۈملۈكلەر | تاغ ئۆچكىسى، ئارقار، يىلپىز، بۆركۈت | مۇزلۇق تۇپرىقى | ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋاناتلارنى قوغداش |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئېگىز تاغ، كەنجى ئېگىز تاغ چىملىق بەلۋېغى | 2850 مېتىر | ئېگىز تاغ سوغۇق بەلۋېغى (يېرىم نەملىك ئىپلىق) | ئەمەن، بوزۇق تۇسكەن ئوت، چۈچۈلۈك، بىيىنچا چېچەكسىز جانقالىق چىملىقى (باكار بۆلجىرگەن) | يۇقىرىدىغا ئوخشاش | چىملىق تۇپرىقى | ئەگە يانچىسى يازلىق يايلاق، ئوت، چۆپلەر باكار، سۈيەملىك |
| يىگنە يوپۇرماقلىق ئورمان بەلۋېغى | 2300 مېتىر | تاغلىق سوۋۇپ سوغۇق بەلۋېغى، قىش ئۇزۇن، يوۋۇپ، يار بولىدۇ، ئەتىياز، كۈز ئۆتلىسب كېتىدۇ (نەم سوغۇق) | سىبىرىيە بال قارىغىيى، قارلىق ئەمەنلىكى، شىنجاڭ قارچىسى | بۆغا، سۆلەيسۇن، بالا چوشقا، بۆركۈت، ئوشۇككىيىكلاق، تۆغۇر توشقىنى، قۇشلار | قوڭۇر ئورمان تۇپرىقى (ئورمان ئاستىدا)، كالتسىيلىق قارا تۇپراق (كۆنكەي تونلاقلاردا) | ئەلا سۈيەملىك يىغاچ ماتېرىيالى ئەمرىگى، يوپۇرماق ئاستىلايدىغان قارىغايى كېسىش مىقدارىدىن ئېشىپ كەتكەن، ئاقىنى قىلماي قىلىپ يېڭى ئورمان يېتىشتۈرۈش |
| تاغلىق يايلاق بەلۋېغى | 1900 مېتىر | تاغلىق مىزو موتىدىل بەلۋاغ يېرىم قۇرغاق (قىش ئۇزۇن، يار سالقىن بولىدۇ) | موتىدىل بەلۋاغ قۇرغاق يايلىقى | توشقان، جانشۇل، تۆلكە، بۆرە، چىكەتكە، قۇشلار | قارا چىلان تۇپراق (ماركول كۆلىسىك ئەرتىدە) | يانچىسى ئەتىيازلىق، كۈزلۈك يايلاق، ئالايىمقان يۈز بەر ئېچىشنى قاتتىق مەنئى قىلىش، دېھقانچىلىق ئىرلغۇ يەرلەرگە بوغۇز تاشلىقى ئېرىش |
| چۆللۈك يايلاق بەلۋېغى | 1900 مېتىردىن تۆۋەن | تاغلىق مىزو موتىدىل بەلۋاغ يېرىم چۆللۈك | ئوتلاق جانقالىق | جەرەن، تۆلكە، بۆرە، قۇشلار | كالتسىيلىق قوڭۇر تۇپراق (ماركول كۆلىسىك ئەرىسىدە) | شالاڭدىن دالدا، كۆنكەي(تاغنىڭ شەرقىي باغرى)، سۇيى بار جايلارنى قىشلىق يايلاق قىلسا ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولىدۇ |

# V باب

# بىئولوگىيىلىك بايلىقلار ۋە كان مەھسۇلاتلىرى

## §1. ئۆسۈملۈك بايلىقى

قومۇل ۋىلايىتىدە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ 96 ئائىلە، 473 ئۇرۇقداش، 1490 خىلى بار. بۇنىڭ ئىچىدە پەتېرىدلار 1 ئائىلە، 1 ئۇرۇقداش، 2 تۈرگە، يالىڭاچ ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەر 6 ئائىلە، 11 ئۇرۇقداش، 28 تۈرگە؛ يېپىق ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەر 89 ئائىلە، 445 ئۇرۇقداش، 1460 تۈرگە بۆلۈنىدۇ (قوش پەللىلىك ئۆسۈملۈكلەر 75 ئائىلە، 349 ئۇرۇقداش، 1089 تۈرلۈك؛ بىر پەللىلىك ئۆسۈملۈكلەر 14 ئائىلە، 96 ئۇرۇقداش، 371 تۈرلۈك).

1. پتىھرىدلار

قىرىق بوغۇم ئائىلىسى: ئېتىزلىق قىرىق بوغۇمى، قىرىق بوغۇم.

2. بالىغاچ ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەر:

1) قارىغاي ئائىلىسى: سىبىرىيە بال قارىغىيى، تەڭرىتاغ شەمشادى، قىر يوپۇرماقلىق قارىغاي، موڭغۇلىيە قارىغىيى، قارا قارىغاي، قىزىل قارىغاي، كېدىر.

2) ئارچا ئائىلىسى: قازاق ئارچىسى، جۇڭگو ئارچىسى، قۇملۇق ئارچىسى، ياپىلاق ئارچا، ياپون ئارچىسى، كۇنكەي ئارچىسى، قارا ئارچا، قاتتىق قارا ئارچا.

3) شەمشاد ئائىلىسى: مېتاساكوۋىيە دەرىخى.

4) سىكاس ئائىلىسى: سىكاس دەرىخى، جەنۇبىي جۇڭگو سىكاس دەرىخى، تەيۋەن سىكاس دەرىخى.

5) كىنگو دەرىخى ئائىلىسى: كىنگو دەرىخى.

6) چاكاندا ئائىلىسى: چاكاندا، قىرىق بوغۇمسىمان چاكاندا، قورۇمتاغ چاكاندىسى، كۆك چاكاندا، ئارا چاكاندا، پەردىلىك چاكاندا، كىچىك ئۇرۇقلۇق چاكاندا، چۈپسىمان چاكاندا.

3. يېپىق ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەر ئائىلىسىدىكى قوش پەللىلىك ئۆسۈملۈكلەر

1) تال تېرەك ئائىلىسى: سۆۋادان تېرەك، ئاق تېرەك، كورىيە سۆگىتى، مىرزا تېرەك، كىچىك يوپۇرماقلىق تېرەك، بېيجىڭ تېرىكى — 2، توغراق، ساي تېرىكى، ياۋروپا تاغ تېرىكى، تۈكلۈك تېرەك، كانادا تېرىكى، پاقا تېرەك، ياۋروپا قارا تېرىكى، پىئونېرلار تېرىكى، پولشا تېرىكى، دوبۇس تېرىكى، كىچىك قارا تېرەك، رۇس تېرىكى، ئىتالىيە تېرىكى— 214، شىمال تېرىكى، بېيجىڭ تېرىكى — 800، جىگدە، ياۋروپا قىزىل تېلى، شەرقىي لياۋنىڭ مايلىق دۇب دەرىخى، غۇلجا تېرىكى، مەجنۇنتال، ئاق تېرەك، يۈگمەچ سۆگەت، يۇمىلاق تاجلىق سۆگەت، قۇملۇق سۆگىتى، تاغ سۆگىتى، يۇلغۇن.

2) قارىياغاچ ئائىلىسى: ئاق قارىياغاچ، سېدە، مەجنۇنتال، چوڭ يوپۇرماقلىق قارىياغاچ، كورىيە قارىياغىچى.

3) چاقچاق ئوت ئائىلىسى: چاقچاق ئوت، تار يوپۇرماقلىق چاقچاق ئوت.

4) قامچىئوت ئائىلىسى: تۆگە سىگىرىن، قاتتىق تۆگە سىگىرىن، تىكەنلىك تۆگە سىگىرىن، چۈجگۈن، شەرقىي شىنجاڭ خوۋېنىيە جىگدىسى، باغىرلىغۇچى قامچىئوت، يايلاق قامچىئوتى، قۇشقاچتىل، ئالقانسىمان قامچىئوت، ياۋا غوللۇق قامچىئوت، ئات قۇلاق قامچىئوت، كىچىك قامچىئوت، قىزىل قامچىئوت، يىڭنە يوپۇرماقلىق قامچىئوت، سىبىرىيە قامچىئوتى، تاغ قامچىئوتى، سۇ قامچىئوتى، پاكار تۆگىقۇلاق، تەڭرىتاغ تۆگىقۇلىقى، سۇ ئاتقۇلىقى، پۈرمە يوپۇرماقلىق ئاتقۇلاق، قىزىل غوللۇق ئاتقۇلاق، ئاتقۇلاق، قارا بۇغداي، ياۋا قارا بۇغداي.

5) لويىلا ئائىلىسى: قىزىلچا، پالەك، يۇمىلاق يوپۇرماقلىق پالەك، ئۈچلۈق يوپۇرماقلىق پالەك، يوپۇرماقسىز ئىتسىگەك، قىسقا يوپۇرماقلىق ئىتسىگەك، ئاق بور ئىتسىگەك، ئېگىز شاخلىق ئىتسىگەك، شورلۇق ئىتسىگىكى، يايما شاخلىق ئىتسىگەك، قارىياغاچ يوپۇرماقلىق پالەك، ياۋا شورا، سىبىرىيە شورىسى، تاتار شورىسى، شورا، شالغۇت ئاقسىر، تۇمان شورىسى، ئىلمەك تىكەنلىك تۇمان شورىسى، ئەتلىك تۇمان شورىسى، قارەمەتاۋ، ئۇخشاش چېشلىق قارەمەتاۋ، ئەبلىك، تېرېسكەن، كۆلرەڭ لويىلا، يۇراقلىق لويىلا، يۇمىلاق گۈللۈك لويىلا، بوز يېشىل لويىلا، كىچىك ئاق لويىلا، تىكەنلىك لويىلا، شەھەر لويىلىسى، كىچىك لويىلا، توم نەشتەرلىك كورى ئىسپورى، موڭغۇل كورى ئىسپورى، پوزملن، ئاق شورلۇق ئوتى، سارسازان، شىزاڭ سارسازىنى، كۆرۈك، سۆكسۆك، چۆل لويىلىسى، ئۈچلۈق يوپۇرماقلىق ياۋا كۆرۈك، ياۋا كۆرۈك، يۇمىلاق يوپۇرماقلىق ياۋا كۆرۈك، ئىران ياۋا سۈپۈرگىسى، ياغاچسىمان ياۋا سۈپۈرگە، ياۋا سۈپۈرگە، تەڭرىتاغ ياۋا سۈپۈرگىسى، شورلۇق ياۋا سۈپۈرگىسى، تاشبۇرگۈن، قارىمۇ قارشى يوپۇرماقلىق ئاچىماق قامغاق، ئاچىماق قامغاق، شورا،

ئەمەن يوپۇرماقلىق تۈكە قىرىن، قاناتسىمان سۆسۈن قامغاق، ياغاچ غوللۇق قامغاق، چاچما شاخلىق قامغاق، يوپۇرماقلىق قامغاق، چوڭ قامغاق، قارىغاي يوپۇرماقلىق قامغاق، تىكەنلىك قويانچىن، توم شاخلىق قامغاق، قامغاق، تىكەنلىك شورا، ئېگىز شورا، دەرەخسىمان شورا، شورا، زىغىر يوپۇرماقلىق شورا، قىزىل يۇسۇن مېۋىلىك شورا، قوشباچ ئوت.

6) قامچىگۈل ئائىلىسى: ئالا بۇغداش، ئاقۋاش، ئەگرى قامچىسىمان تاجىگۈل، جەنۇبىي ئاسىيا قىزىل بۇغدىشى، قىزىل بۇغداش، گۈلىيەسمەن، تاجىگۈل.

7) سېمىز ئوت ئائىلىسى: سېمىز ئوت، پورتولاكا ئوتى.

8) چىننىگۈل ئائىلىسى: ئاق پەرمۇق، دالا پەرمۇقى، ئالتە چىشلىق پەرمۇق، ئاچىسىمان پەرمۇق، ئورغاقسىمان پەرمۇق، كەڭ گۈل چىنىلىق پەرمۇق، پۇراقلىق چىننىگۈل، جۇڭگو چىننىگۈلى، ئۇزۇن گۈل چىنىلىق چىننىگۈل، پاخماق كۆرەك چىننىگۈل، گۈل بەرگىسىز قاپاقئوت، يالىڭاچ مېۋىلىك دەرەخ، زىچ گۈللۈك شەپەق ئوتى، تار يوپۇرماقلىق شەپەق ئوتى، نېپىز پوستلۇق ئوت، ئەگىز ئوت يوپۇرماقلىق نېپىز پوستلۇق ئوت، مېلەندىر، قوتۇپ ئېگىزلىك ساگىنى، قوش گۈللۈك مىنور ئوتى، ئۇزۇن تاجلىق مىنور ئوتى، باش باھار مىنور ئوتى، كىچىك گۈللۈك قاپاقئوت، ئۆزۈمدە پارازىتلىنىدىغان قاپاقئوت، قاپاقئوت، قىسقا گۈل بەرگىلىك ئەگىز ئوت، قېلىن يوپۇرماقلىق ئەگىز ئوت، كىچىك يوپۇرماقلىق ئەگىز ئوتى، ئۇزۇن غوللۇق ئەگىز ئوتى، جۇڭغار ئەگىز ئوتى، قارىمۇت، يالغان ساگىنا ئوتى.

9) ئېيىقتاپان ئائىلىسى: گۈلئەنبەر، مودەنگۈل، چۆغلۇق، ئالتاي چۆغلۇقى، يالغان سېرىق بۇۋانە، سىبىرىيە بۇۋانىسى، تاغ بۇۋانىسى، جۇڭغار ئۆششاق بۇۋانىسى، ئورمان جەزبۇزارى، سىبىرىيە قارا قوغۇرى، قېلىن يوپۇرماقلىق رەناگۈل، شارچە يوپۇرماقلىق ماگدار، شەرق ماگدارى، سىبىرىيە ماگدارى، جۇڭغار ماگدارى، گەنسۇ چىگخەي ماگدارى، تەگرىتاغ ماگدارى، تەگرىتاغ گۈلەمبەر گۈلى، سىمبالارىيە ئېيىقتاپىنى، موگغۇل ئاقۋاشئوتى، قوگخوراق گۈللۈك ئاقۋاشئوت، كۆپ بۆلەكلىك ئاقۋاشئوت، چۆل ئېيىقتاپىنى، يېرىق يوپۇرماقلىق ئېيىقتاپان، كۆپ گۈللۈك ئېيىقتاپان، تەگرىتاغ ئېيىقتاپىنى، ئالقانسىمان ئېيىقتاپان، مارال ئوتى، بەز تۈكچىلىك مارال ئوتى، ئاسىيا- ياۋروپا مارال ئوتى، ئۈچلۈق مارال ئوتى، كەڭ بەرگىلىك ئالتۇنگۈل، جۇڭغار ئالتۇنگۈلى.

10) كۆكنار ئائىلىسى: ئالتاي تاغدېنى، تەگرىتاغ تاغدېنى، تىك تاغدېنى، شىنجاڭ مامىسى، ئاپېلسىن رەڭلىك كۆكنار، تەگرىتاغ كۆكنارى، لەيلىقازاق.

11) كرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسى: يوللۇق يوپۇرماقلىق چۈپۈرشاڭ، قۇمۇل چۈپۈرشاگى، زاغۇن، كاللەكبەسەي، قىچا، چامغۇر، يېسۇۋېلەك، گۈل كاللەكبەسەي، ئەتىيازلىق يېسۇۋېلەك، ئاق پوستلۇق ئەتىيازلىق يېسۇۋېلەك، كۆك پوستلۇق ئەتىيازلىق يېسۇۋېلەك، تيەنجىن كۆك پوستلۇق يازلىق يېسۇۋېلىكى، باركۆل قارا قىچىسى، تۆكۈز قولاق ئوت، مېنيۈەن قىچىسى، قۇمۇل يازلىق قىچىسى، ئۈرۈمچى قىچىسى، جۇنفېڭ 1- نومۇرلۇق قىچا، 508- نومۇرلۇق قىچا، چېچەكسەي، ياپونىيە قار ئوتى، شۋېتسارىيە چېچەكسىيى، فرانسىيە چېچەكسىيى، يېرفۇچېچەكسىيى، گوللاندىيە چېچەكسىيى، ئامېرىكى چېچەكسىيى، ئامېرىكا ئاق يوپۇرماقلىق چېچەكسىيى، بىنەپشىرەڭ چېچەكسەي، كۆك پوستلۇق چوڭ چېچەكسەي، كۆزلۈك كاللەكبەسەي، بىنەپشىرەڭ كاللەكبەسەي، شالغۇت 56، چوڭ كاللەكبەسەي، كىچىك كاللەكبەسەي، بېيجىڭ چىلگە كاللەكبەسىيى، تەكشى باش كىچىك كاللەكبەسەي، چەلەڭ، نورۇز گۈللۈك كاللەكبەسەي، باھار 2- نومۇرلۇق كاللەكبەسىيى، جۇڭگو 21- نومۇرلۇق كاللەكبەسىيى، جۇڭگو 8- نومۇرلۇق كاللەكبەسىيى، بېيجىڭ مول ھوسۇل 1، باھار كاللەكبەسىيى، مىڭفېڭ كاللەكبەسىيى، كىچىك مېۋىلىك كاملىنا ئوتى، چۈپۈرشاڭ، ياۋا خەنتەك، غوزەك مېۋىلىك ياۋا خەنتەك، تۈكلۈك مېۋىلىك ياۋا خەنتەك، تاغ نازۇك چېتىرى، كىچىك گۈللۈك نازۇك چېتىرى، سىبىرىيە نازۇك چېتىرى، نازۇك چېتىر، چۆغۇندان، تولغىماچ مېۋىلىك قىچا، ئاق تۈكلۈك بايراقچە قىچا، تۈكلۈك غەبنا كۆك، سوقىچاق مېۋىلىك غەبنا كۆك، فۇدى غەبنا كۆكى، غەبنا كۆك، ھىمالايا تېغى غەبنا كۆكى، تۈكلۈك مېۋىلىك ھىمالايا تېغى غەبنا كۆكى، بوز تۈكلۈك ئاقۋاش قوراي، مارشال ئاقۋاش قوراي، يۇلتۇزسىمان تۈكلۈك ئاقۋاش قوراي،

خوڭشۇ تەشپەرى، غەربىي شىمال تەشپەرى، تۇرۇپ، ئەتىيازلىق تۇرۇپ، قىزىل ئۈزۈنچاق تۇرۇپ، يازلىق تۇرۇپ، لەنجۇ قىزىل تۇرۇپى، كۆك تۇرۇپ، ئاق تۇرۇپ، ئۇچۇق تۇرۇپ، ئىچى قىزىل تۇرۇپ، قىزىل چىلگە تۇرۇپ، ئاق چىلگە تۇرۇپ، قىزىل تۇرۇپ، تۇدارى، كەڭ يوپۇرماقلىق تۇدارى، ئاتلىق تومشۇق تۆكچىلىك تۇدارى، سوقىچاق مېۋىلىك ئۇسما، قىرىق چۈپۈرشاڭ، ياي يوپۇرماقلىق چوكا مېۋىلىك چۈپۈرشاڭ، تۈكسىز سېرىقئۋاش قوراي، ساڭگىلىما مېۋىلىك سېرىقئۋاش قوراي، كۆپ تىپلىق سېرىقئۋاش قوراي، كەرەپشە يوپۇرماقلىق كۆلرەڭ قىچا، يىرىق يوپۇرماقلىق قىچا، چوكا مېۋىلىك بوز قىچا، بېسلغاق، ئىندايى.

12) كۆكمارال ئائىلىسى: سېرىق گۈللۈك قوي كۆز ئوت، بىنەپشە گۈللۈك قوي كۆز ئوت، قىزىل تاغ مارال ئوتى، غەلتە چىشلىق قىزىل مارال ئوتى، قىزىل مارال ئوتى، يۇمىلاق يوپۇرماقلىق كۆكمارال.

13) تاشيارغان ئائىلىسى: رەناگۈل، تىكەنلىك قارىقات، تەگرىتاغ قارىغىتى، يولۋاس قۇيرۇقلۇق تاشيارغان، تۈكلۈك تاشيارغان، شارسىمان غوللۇق تاشيارغان.

14) ئەتىرگۈل ئائىلىسى: تەگرىتاغ ئۈنچە ئوتى، قامار، قومۇلۇقتا ئۆسىدىغان قامار، غەلىتە گۈللۈك ئىرغاي، قارا ئىرغاي، ئاز گۈللۈك ئىرغاي، ئاق گۈللۈك ماچىرا، ئورمان بۆلجۈرگەن، يېشىل بۆلجۈرگىنى، مامۇقسىمان غاز تاپان، ئىككى يېرىقلىق غاز تاپان، سېرىق گۈللۈك غاز تاپان، چوڭ گۈل كاسىلىق غاز تاپان، يايلاق غاز تاپىنى، شالاڭ تۈكلۈك غاز تاپان، يېشىل يوپۇرماقلىق غاز تاپان، كاھىشسىمان غاز تاپان، ئوتتۇرا ئاسىيا غاز تاپىنى، ئاق غاز تاپان، پامىر غاز تاپىنى، ياتما غاز تاپان، يىپسىمان تۈكلۈك غاز تاپان، غۇژمەك غاز تاپان، سوپۇرگىسىمان غاز تاپان، بەز تۆكچىلىك غاز تاپان، ئازغان، ئۆچلۈق ئازغان، گۈل جىنسى تۆكۈلىدىغان ئازغان، بەز تۆكچىلىك ئازغان، شالاڭ گۈللۈك ئازغان، ئاددىي يوپۇرماقلىق ئازغان، كەڭ تىكەنلىك ئازغان، ئەتىرگۈل، سېرىق ئەتىرگۈل، ئاق ئەتىرگۈل، بىنەپشىرەڭ ئەتىرگۈل، قىزىل ئەتىرگۈل، جۇڭگو ئەتىرگۈلى (قومۇلدا 100 خىلدىن ئارتۇق تۈرى بار)، سېرىق بۆلجۈرگەن، تاشلىق مالىنىسى، توشقانئوت، شاپتۇل، ئەنجۈر شاپتۇل، توغاچ، بادام، كۆزلۈك شاپتۇل، ئالۇچا، شۇمۇرت، يالغان شۇمۇرت، ئۆرۈك، ئاچچىق ئۆرۈك، توغاچ ئۆرۈك، بادام، خەشەك ئۆرۈك، ئۇلاق ئۆرۈك، گىلاس، ياپونىيە گىلاسى، پرونۇس گۈل، تەگرىتاغ چىتەنى، توشقانقولاق (ساختا بال شاپتۇل يوپۇرماقلىق تېۋىلغا)، ئالما، قومۇل ئاق ئالمىسى (يازلىق ئالما)، قومۇل قىزىل ئالمىسى (كۆزلۈك ئالما)، غۇلجا ئالمىسى، دۆلەتنور (ئالما)، كۆك بانان، مارشال (ئالما)، خوڭيۇي ئالمىسى، ئالمىسىمان نەشپۈت، قىزىل فۇشى (ئالما)، قىزىل يۇلتۇز (ئالما)، لياۋفۇ ئالمىسى، يەنتەي ئالمىسى، چىنگۇەن (ئالما)، سېرىق مارشال ئالمىسى، تاشئالما گۈلى، ساڭگىلىما تاشئالما، قومئالما، تاشئالما، ياۋا ئامۇت، ئاق نەشپۈت، قومشامۇت، ئۇسسۇرى نەشپۈتى، كۆزلۈك نەشپۈت، سوقىچاق ئامۇت، قوم نەشپۈت، داڭشەن نەشپۈتى، پىيزەك ئامۇتى، كورلا نەشپۈتى.

15) پۇرچاق ئائىلىسى: يانتاق، ئاقسۇ كەتىراسى، تاغ كەتىراسى، بەنگو كەتىراسى، پولۇ كەتىراسى، چىنشى كەتىراسى، جىمۇ كەتىراسى، ۋەنبيەن كەتىراسى، لىپۇ كەتىراسى (تەگرىتاغ كەتىراسى)، كەنسۇ ـ چىڭخەي كەتىراسى، مۇگگۇزسىمان كەتىرا، ئۈچ يوپۇرماقلىق كەتىرا، قىزىل گۈل بەرگىلىك كەتىرا، يۇمشاق تۈكلۈك كەتىرا، سۇگۇت كەتىراسى، گۈل كاسىلىق پەردىسىمان كەتىرا، تىبەت كەتىراسى، ئۆزگىرىشچان كەتىرا، تىكەنلىك قارىغان، ئاق پوستلۇق قارىغان، پاكار قارىغان، چۆل قارىغانى، ئۆششاق يوپۇرماقلىق قارىغان، كەڭ يوپۇرماقلىق چۈچۈكبۇيا، چوڭ مېۋىلىك چۈچۈكبۇيا، چۈچۈكبۇيا، سىلىق مېۋىلىك چۈچۈكبۇيا، قوڭغۇراق تىكەن، تەگرىتاغ مۇنچاق قوراي، ئىنچىكە مۇنچاق قوراي، سېرىق گۈللۈك بېدە، كۆك چېچەك بېدە، بېدە، كىچىك گۈللۈك بېدە، گۈللۈك بېدە، سېرىق قاشقا بېدە، قاشقا بېدە، سىبىرىيە ئونوبرىقس ئوتى، كۆپ تىكەنلىك ئونونىس، تىكەن يوپۇرماقلىق تەلۋە بېدە، ئىككى يېرىقلىق تەلۋە بېدە، سوغۇققا مايىل تەلۋە بېدە، تەلۋە بېدە، كۆپ تىكەنلىك تەلۋە بېدە، كېشى تەلۋە بېدىسى، غۇژمەك تەلۋە بېدە، پائۇگو تەلۋە بېدىسى، بېرلاندىرى تەلۋە بېدىسى، يۇمشاق تۈكلۈك تەلۋە بېدە، ئۈچلۈق تەلۋە بېدە، ئاق بۇيا، تۇخۇمەك دەرىخى، مەجنۇن تۇخۇمەك، شالدىر بۇيا، يىڭنە يوپۇرماقلىق ياۋا ماش، ئىلى ياۋا ماشى، ئەگرى مېۋىلىك شۇمبا،

قوش گۈللۈك شۇمبا، ئوتتۇرا ئاسىيا شۇمبىسى، ئۇزۇن ساپاقلىق شۇمبا، پۇراقلىق ماش، قاراسەي پۇرچىقى، كىچىك يوپۇرماقلىق ياۋا كۆك پۇرچاق، ئاق گۈللۈك ياۋا كۆك پۇرچاق، كەڭ تارقالغان ياۋا پۇرچاق، قەمەتچىلىك ياۋا كۆك پۇرچىقى، باقلە، قۇمۇل باقلىسى، غەربىي شىمال باقلىسى، سوپۇن دەرىخى مېۋىسى، سېرىس دەرىخى، ئۇياتچانئوت، ئاق ئاكاتسىيە، ماش، جۇڭگو 1- نومۇرلۇق مېشى، سەي پۇرچاق، جاگدۇ، لەنجۇ سەي پۇرچىقى، قۇمۇل سەي پۇرچىقى، مول هوسۇل 1- نومۇرلۇق سەي پۇرچىقى، ئاراتۇرۇك دادۇرى، لاۋلەيشاۋ، جىنجۇ قوش هوسۇللۇق پۇرچىقى، 2 ~ 28 لىك جاگدۇ، ئامېرىكا تىرەكسىز پۇرچىقى، قۇمۇل يەرلىك جاگدۇسى، قىزىل ئۇمشۇقلۇق جاگدۇ، قىزىل جاگدۇ، يېپىسمان جاگدۇ، ئاق پۇرچاق، يېپىسى پۇرچاق، قاشقا پۇرچاق، يۇننەن پۇرچىقى، قۇمۇل پۇرچىقى، قۇمۇل كىچىك ئاق پۇرچىقى، قىزىل پۇرچاق، دادۇر، قۇمۇل سېرىق پۇرچىقى، كۆك چىلگە كاۋا، كۆك پۇرچاق، قۇمۇل چىپار پۇرچىقى، كىچىك كۆك پۇرچاق، ئاق باقلە، يېشىل پۇرچاق، يوپۇرماقسىزكۆك پۇرچاق، سەي كۆك پۇرچىقى، خېنەن پۇرچىقى، چېچەككۈل، يەر ياڭىقى، جىرمە.

16) نىۋ ئېرمىياۋ ئائىلىسى: ئېدىرلىق چار ئوتى، چىغىرتماق گۈللۈك چار ئوت، چاشقان پۇت چار ئوت، شىنجاڭ چار ئوتى، سېسىقيار، قالقانسىمان يوپۇرماقلىق سېسىقيار، پۇراقلىق سېسىقيار، ئۇياقسىمان سېسىقيار.

17) زىغىر ئائىلىسى: تەگرىتاغ زىغىرى، ئاق گۈللۈك زىغىرى.

18) كۆنجۈت ئائىلىسى: كۆنجۈت، موگغۇلىيە چوڭ كۆنجۈتى، قۇمۇل كۆنجۈتى.

19) ئوغرىتىكەن ئائىلىسى: سىبىرىيە ئاقتىكىنى (ئۆششاق مېۋىلىك ئاقتىكەن)، چوڭ مېۋىلىك ئاقتىكەن، ئاقتىكەن، ئادىراسمان، سوقچاق ئەمەن، ئوغرىتىكەن، تۆگىتاپان تىلمى، تۆگىتاپىنى، قەشقەر تۆگىتاپىنى، ئۈچلۈق مېۋىلىك تۆگىتاپان، تاشلىق تۆگىتاپىنى، تۆگىتاپان ئوت.

20) كەرمان ئائىلىسى: شىنجاڭ كەرمانى.

21) خېنىگۈل ئائىلىسى: خېنىگۈل، ئاق خېنىگۈل.

22) تۆگمىگۈل ئائىلىسى: كېۋەز ئانا ئۇرۇقى، تۆگمىگۈل، ياۋا تاۋۇز مايسىسى، هىندى پەرەڭ گۈلى، قىزىل پەرەگگۈل، نېلۇپەر، لەيلىگۈل، كېۋەز ئانىسى، قۇرۇقلۇق كېۋىزى، ئەرەب كېۋىزى، kk—1543 نومۇر، ئارمىيە 1- نومۇر، چوڭ قۇرۇقلۇق 1- نومۇر.

23) يۇلغۇن ئائىلىسى: بالغۇن، شىنجاڭ قامىرىقى، قامراق، ئىنچىكە يۇلغۇن، كۆپ شاخلىق يۇلغۇن.

24) بىنەپشە ئائىلىسى: تۈكلۈك بىنەپشە.

25) قاغا جىگدىسى ئائىلىسى: جىگدە، نان جىگدە، جىغان، قاغا جىگدىسى، هالگاي جىگدە، چىلان جىگدە.

26) گۈلقىيار ئائىلىسى: تەگرىتاغ گۈلقىيارى، چايئوت، كەڭ يوپۇرماقلىق چايئوت، پانۇسگۈل، ئاق كاسىلىق پانۇسگۈل.

27) يەر مەدىكى ئائىلىسى: يەر مەدىكى.

28) ئارالىيە ئائىلىسى: شىمالىي ئامېرىكا ئادەمگىياھى.

29) كۆنلۈكسىمان گۈل ئائىلىسى: زىچ گۈللۈك پەربۇن، ئۈچ گۈللۈك پەربۇن، قارا زىرە، قىشقىلداق، سۆكات، غولسىز قېلىنقىر، كىرەش، ياپونىيە تورىلىس ئوتى، ئىنچىكە ئەنجۇدان، كۆسەندە، ئاق گۈللۈك كۆسەندە، شىخۇ قىر ئۇرۇقى، سەۋزە، ياپونىيە سەۋزىسى، جۇڭغار كەرەكى، ياپىلاق مېۋىلىك كەرەك، زىچ گۈللۈك كەرەك، نارگۈل، ئارپىبەدىيان، يۇمغاقسۆت، كەرەپشە، كاۋا غوللۇق كەرەپشە، شىر غوللۇق كەرەپشە.

30) ئاقچېچەك ئائىلىسى: ئېگىز تاغ گۈل بىنەپشىسى، تاق گۈللۈك سېغىنچېچەك، ئاق گۈللۈك سېغىنچېچەك، كەڭ غۇنچىلىق سېغىنچېچەك، تاغ سېغىنچېچىكى، سېغىنچېچەك، يالغان ئاقچېچەك، گىلائوكس، قىزىل گۈللۈك تۇزانىسمان يوپۇرماقلىق ئاقچېچەك.

31) پلۇمباگو ئوتى ئائىلىسى: قوزۇتقا، كۆركەم كېرمەك، بەھمەن، كۆپ گۈللۈك بەھمەن، سىبىنوۋ بەھمەنى، ياغاچسىمان بەھمەن.

32) كېنتىنانا ئائىلىسى: ئورغاقسىمان يوپۇرماقلىق كېنتىنانا، جىياشى كېنتىناناسى، چوڭ يوپۇرماقلىق كېنتىنانا، سىبىرىيە كېنتىناناسى، ئوتتۇرا ئاسىيا يالغان كېنتىناناسى.

33) تالگۈل ئائىلىسى: چوڭ يوپۇرماقلىق ئاق كەندىر، ئاق كەندىر، لوپنور كەندىرى، تالگۈل، ئاق تالگۈل.

34) چىگگىلىك ئائىلىسى: تۆمۈرتىكەن، سىبىرىيە چىگگىلىكى، چىگگىلىك.

35) يۆگىمەچ ئوت ئائىلىسى: كۆمۈش رەڭ يۆگىمەچ ئوت، يۆگىمەچ، گوشى يۆگىمەچ، يىپسىمان يوپۇرماقلىق يۆگىمەچ ئوت، دەرەخ يوپۇرماقلىق يۆگىمەچ ئوت، ھەشقىپىچەك، تاتلىقياگىيۇ، قارا يۆگىمەچ ئوت، ئاينۇر، جۇڭگو سېرىق يۆگىيى، چوڭ سېرىق يۆگەي.

36) قونداق ئوت ئائىلىسى: قونداق ئوت.

37) ئەگلىكئوت ئائىلىسى: چوڭ گۈللۈك يالغان ئەگلىكئوتى، يالغان ئەگلىكئوت، دورىغا ئىشلىتىلىدىغان گازۋان، گازۋان، كىچىك جىبك ئوتى، يىپىشقاقئوت، قىسقا تىكەنلىك يىپىشقاقئوت، تۇخۇمسىمان مېۋىلىك يىپىشقاقئوت، كىچىك مېۋىلىك يىپىشقاقئوت، تىك يىپىشقاقئوت، ئۇزۇن غوللۇق ئىينەك ئوت، بۆرە ئەگلىكئوتى، نەم يەر بوتاكۆزى، ئورمان بوتا كۆزى، تاتلىق بوتا كۆز.

38) كالپۇكسىمان گۈل ئائىلىسى: چوڭ گۈللۈك مەرزەنجۇش، ئاق مەرزەنجۇش، ساگىلىماچ گۈللۈك مەرزەنجۇش، جەمبىل مەرزەنجۇش، ئالقانسىمان يوپۇرماقلىق مەرزەنجۇش، زىچ گۈللۈك لاۋاندا، شىنجاڭ چۆل يالپۇزى، قىزىل يالپۇز، تۈكلۈك توشقانكالپۇك، باشاقلىق تومۇز ئوت، سېرىق گۈللۈك تومۇز ئوت، تولغىما پىننە، دالا يالپۇزى، يالپۇز، تاغ مەرۋەرىكى، يايلاق مەرۋەرىكى، تۈگمەنەك غوللۇق مەرۋەرەك، كىچىك يېرىق يوپۇرماقلىق تېۋىلغا، كۆپ يېرىقلىق تېۋىلغا، چوڭ گۈللۈك قالقانگۈل، سۆزە، تەگرىتاغ سۆزىسى.

39) پېدىگەن ئائىلىسى: مىگدۇانە، ئوتتۇرا ئاسىيا مىگدۇانىسى، ئالقات، نىگشىيا ئالقات، قارا ئالقات، خالتىسىمان ئوت، كاكىنەچ، پاكار ھەشقىپىچەك، ئىتياگىقى، ئىتئۈزۈمى، پېدىگەن، بەش يوپۇرماقلىق پېدىگەن، توققۇز يوپۇرماقلىق پېدىگەن، ئۈزۈنچاق پېدىگەن، يىپسىمان پېدىگەن، كالا تىلسىمان پېدىگەن، يېشىل پېدىگەن، پانۇسسىمان قىزىل پېدىگەن، ياگىيۇ، قىزىل مۇچ، غوژمەك قىزىل مۇچگۈل، چاسا پانۇس شەكىللىك قاپاق مۇچ، كۆك مۇچ، تەكشى باشلىق قىزىل مۇچ، قىزىل مۇچ، ئەگرى قىزىل مۇچ، 8701- نومۇرلۇق ئەگرى مۇچ، پەمىدۇر، بېيجىڭ 10- نومۇرلۇق پەمىدۇر، پىششىقلانغان 8- نومۇرلۇق پېدىگەن، چىلگە پەمىدۇر، شىنجاڭ 2- نومۇرلۇق ھوسۇللۇق پەمىدۇر، شىنجاڭ 4- نومۇرلۇق ھوسۇللۇق پەمىدۇر، رىم 2- نومۇرلۇق پەمىدۇر، چاگلىمشۇ پەمىدۇر، ترويىك پەمىدۇرى، جېجۇاگجىياچىن پەمىدۇرى، زۇگۇي پەمىدۇرى، زاۋفېڭ پەمىدۇرى، لىچۇن پەمىدۇرى، 4-41 پەمىدۇرى، شىنجاڭ پەمىدۇرى – 2 ، قىزىل پاكار بالدۇر پىشار پەمىدۇر، 4- نومۇرلۇق پەمىدۇر، تاماكا.

40) چۇقا ئائىلىسى: رەۋەنگۈل، ياۋا كۈنجۈت، قاغا قامغىقى، تېرىقئوت، شىنجاڭ توشقانقۇلىقى، ئودۇتىتېس سېروتىنا ئوتى، ئالبىرىت غازقانىتى ئوتى، باشاقلىق غازقانىتى ئوتى، ئۇزۇن يىلتىزلىق غازقانىتى ئوتى، ئېرۋىنىيە غازقانىتى ئوتى، خارتۇملۇق غازقانىتى ئوتى، ئايلانما يوپۇرماقلىق غازقانىتى ئوتى، قىزىل گۈللۈك غازقانىتى ئوتى، كۆلرەڭ چۇقا، سېرىق يوپۇرماقلىق چۇقا، ئوتتۇرا ئاسىيا چۇقىسى، شىنجاڭ چۇقىسى، شىمال سۇ يالپۇزى، ئاق سۇ يالپۇزى، باشاق گۈللۈك سۇ يالپۇزى، سۇ يالپۇزى.

41) شۇمبۇيا ئائىلىسى: كۆمان شۇمبۇيىسى، مىسىر شۇمبۇيىسى، سېرىق گۈللۈك شۇمبۇيا، تاۋۇز شۇمبۇيىسى، توشقانزەدىكى.

42) پاقىيوپۇرمىقى ئائىلىسى: تۈكلۈك پاقىيوپۇرماق، چوڭ پاقىيوپۇرماق، كىچىك پاقىيوپۇرماق، موگغۇل

پاقىيوپۇرمىقى، شورلۇق پاقىيوپۇرمىقى، پاقىيوپۇرماق، تومۇز پاقىيوپۇرمىقى.

43) رويان ئائىلىسى: ساپ يوپۇرماقلىق چاكىموخ، يىپىشقاق ئوت، شىمال چاكىموخى، ئامېرىكى چاكىموخى، سېرىق گۈللۈك چاكىموخ، ئوتتۇرا ئاسىيا چاكىموخى، چاكىموخ.

44) ئۆچقات ئائىلىسى: يىرىك تۈكچىلىك ئۆچقات، كىچىك يوپۇرماقلىق ئۆچقات، شىنجاڭ ئۆچقىتى.

45) قوڭغۇراقگۈل ئائىلىسى: شىنجاڭ قانتېپەرى.

46) مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسى: تاغ يۇلتۇزگۈلى، ئالتاي يۇلتۇزگۈلى، قۇملۇق يۇلتۇزگۈلى، قوشۇقسىمان يۇلتۇزگۈل، چۆل سېغىزى، چاتقالسىمان چۆل سېغىزى، قىرغىز تاغ سېغىزى، ئوتتۇرا ئاسىيا سەرىىزى، چاچما يوپۇرماقلىق شېرىنگۈل، شېرىنگۈل، تەڭرىتاغ شېرىنگۈلى، چاتقالسىمان ئالتاي تۈگمىگۈلى، قىياتاش مۇرەككەپ گۈلى، تۈكلۈك مېۋىلىك ئالتۇنشاخ، قارا ئەندىز، كاسنى ئاۋاش ئوتى، پىلىكئوت، بوز سېرىق پىلىكئوت، ئاسىيا مىڭيوپۇرمىقى، مىڭيوپۇرماق، سۈپۈرگىسىمان ئاجانىيە، چاتقالسىمان ئاجانىيە، توبىگو ئاجانىيىسى، ئاجانىيە، سېرىق گۈللۈك ئەمەن، كۆك ئەمەن، ئۆزگىرىشچان ئەمەن، قۇملۇق ئەمىنى، تار يوپۇرماقلىق كۆك ئەمەن، ئاق ئەمەن، قەشقەر ئەمىنى، ئاسىيا چوڭ گۈللۈك ئەمىنى، چوڭ گۈللۈك ئەمەن، مۇخسىمان ئەمەن، موڭغۇل ئەمىنى، ئىككىلەمچى ئەمەن، قىيا ئەمىنى، خۇشبۇي ئەمەن، يىرىق يوپۇرماقلىق ئەمەن، قامغاقسىمان ئەمەن، چوڭ يوپۇرماقلىق ئەمەن، قىل يوپۇرماقلىق ئەمەن، ئاچچىق ئەمەن، كىچىك مايچېچەك، زىچ شاخلىق قەشقەر جۇخار گۈلى، كىشى قەشقەر جۇخار گۈلى، قاتار يوپۇرماقلىق ئەمەن، ئاق تۈكلۈك كىچىك سېرىق جۇخار گۈلى، كىچىك سېرىق جۇخار گۈلى، ئاق گۈللۈك كىچىك سېرىق جۇخار گۈلى، شىنجاڭ دانتونىيە جۇخار گۈلى، ساڭگىلىما جۇخار گۈل، ئالتاي دورانى، يالغۇز گۈللۈك قوقانگۈل، شىنجاڭ قوقانگۈلى، روشەنگۈل، ئىت تىلى ئوتى، چوققا پەيلىك جۇخار گۈل، كورىنگىيە چوڭ خوخا تىكىنى، كەررەك، ئىتىز چوڭ خوخا تىكىنى، تۆتاش چوڭ خوخا تىكىنى، كۆلرەڭ تۈكلۈك چوڭ خوخا تىكىنى، سېرىق جاغجاق، تۈكلۈك جاغجاق، سوغۇقپەرەس سېرىق پەرمۇق جۇخار گۈل، ئاچچىق لەيلە، كۆركەم لەيلە، قار لەيلىسى، ئاق يوپۇرماقلىق لەيلە، قىرلىق لەيلە، يىرىق يوپۇرماقلىق لەيلە، قارا غۇنچىلىق سېرراتۇرا، تۇزان غۇنچىلىق جۇخار گۈل، ھەر خىل يوپۇرماقلىق كىرىپىس، غول پەردىلىك ئوسۇڭ، شىمال ئوسىگى، چىشسىمان ئوسۇڭ، ئوسۇڭ، جۇڭگو بامبۇكى، ئالقان يوپۇرماقلىق بامبۇك، بىيجىك ئالغان يوپۇرماقلىق بامبۇكى، ئۆچلۇق يوپۇرماقلىق بامبۇك، كىچىك ئىشەكقۇمۇشى، پارقىراق ئىشەكقۇمۇشى، دىپساق جۇخار گۈل، بوز تىكەن، ئىككى مۈڭگۈزلۈك ماماكاپ، كۆپ يېرىقلىق ماماكاپ، قىزىل گۈللۈك ماماكاپ، ئاق گۈللۈك ماماكاپ، ماماكاپ، ئۇزۇن غوللۇق تىكساقال، يايلاق تىكساقىلى، جۇڭغار تىكساقىلى، تىكساقال، كىچىك خوخا، چوڭ خوخا، پالچۇق ئوتى، ياتما بوزتىكەن، كۆكبوغۇم، بۇدۇشقاق، ئەركەك ئەمەن، قارا جۇخار گۈل، زاراگزا، تىكەنلىك زاراگزا، تىكەنسىز زاراگزا، ئاپتاپپەرەس لياۋنىڭ 2-، 4- نومۇرلۇق شالغۇتى، يېمەكلىك ئاپتاپپەرەسى، تاتلىق زەنجىۋىل، كۆپ يوپۇرماقلىق دەستارگۈل، تىرناقگۈل، كۆك جۇخار، قوڭغۇراقۋاش، قىزىل روشەنگۈل، ئامېرىكا جۇخارى، پارس جۇخارى، سېرىق ئىرانگۈل، دالى گۈلى، مەخمەلگۈل، رەزنىگۈل، سەبدەگۈل، مىرزىگۈل، زىننىگۈل.

47) ئۆجمە ئائىلىسى: ئاق ئۆجمە، قارا ئۆجمە، چىشسىمان ئۆجمە، كەندىر، ئەنجۈر، كاۋچۇك دەرىخى، قۇلماق.

48) ياگاق ئائىلىسى: ياگاق.

49) ئالقانسىمان كاكتۇس ئائىلىسى: ئالقانسىمان كاكتۇس، نەيزىسىمان كاكتۇس، چايان پۇت كاكتۇسى، ھۆرگۈل، ئۈنجىئوت، چىلگىسىمان كاكتۇس، تاغسىمان كاكتۇس.

50) تاشگۈل ئائىلىسى: يۇلتۇزسىمان تاشگۈل، ئۈزۈمگۈل، چىپار يوپۇرماقلىق كاكتۇس.

51) كاۋا ئائىلىسى: چاقما كاۋا، يۇمىلاق كاۋا، ئۇزۇنچاق كاۋا، ھىندى كاۋىسى،ئامېرىكا كاۋىسى، ئالجىرىيە كاۋىسى (گۈل يوپۇرماقلىق كاۋا)، كۆك چىلگە كاۋا، ئۇزۇن پىلەكلىك سەي كاۋىسى، چىلگە كۆك 1- ئەۋلاد كاۋىسى، تەكىيە كاۋا،

مەگلە كاۋىسى، مانتا كاۋىسى، كۆم كاۋا، سەي قاپىقى، قاپاق، ناسۋال قاپاق، چۈمۈچ قاپاق، غانجۇغا قاپاق، ئاچچىق كاۋا، لەنجۇ كۆك تىلىمچىسى، تيەنجىن 2-، 6-، 7-، 4-، 5-، 10- نومۇرلۇق كاۋلىك، نىگفېڭ 1-، شىيافېڭ 1-، 02 تىكەنلىك تەرخەمەك، قۇمۇل ئاقتىكەنلىك تەرخەمىكى، چاڭچۈن تىكەنلىك تەرخەمىكى، شەندۇڭ تىكەنلىك تەرخەمىكى، قۇمۇل قارا تىكەنلىك تەرخەمىكى، جىلىن بالدۇر پىشارى، قورۇما كاۋىسى، قوغۇن، لىگا، كۆزلۈك قوغۇن، ناشپەر، شېكەر سۈيى، پوستى پىياز، تورلۇق خۇش پۇراق، ئاق چۈرۈك، بېشەكچى، بەگزادە، بايشاڭ، سېرىق ناۋات، قارا جاغدا، سېرىق كۆكچى، ياستۇق قوغۇن، ئاقچى، قىزىل ئەتلىك قوغۇن، قېلىن پوستلۇق كۆزلۈك قوغۇن، نەشپۈت تەملىك سېرىق قوغۇن، ئايسخان كۆكچى، جاغدا، قاراقاش مىجگەن، كىچىك كۆك قوغۇن، چىلگە، نورۇس قوغۇنى، كارل قوغۇنى، ئىت خەمىكى، كۆك چىلگە، خانىش 8501-، 8601- نومۇر، مىخېلىيە، نىلۇپەر، تاۋۇز، چىلگە تاۋۇز، يۇگوسلاۋىيە تاۋۇزى، سوۋېت 3- نومۇرلۇق تاۋۇزى، تايلاند تاۋۇزى، قېلىن پوستلۇق كۆزلۈك تاۋۇز، قۇم تاۋۇز، داگات.

52) ئانار ئائىلىسى: ئانار، قان بەرگىلىك قىزىل ئانار.

53) سۇتلۇكئوت ئائىلىسى: تىكەنگۈل، ئەتلەسگۈل، يالمانقۇلاق گۈل، تىكەنلىك ئېۋخوبىيە، ئابدىمىلىك (ئىنەكپىتى).

54) خوزۇر ئائىلىسى: چىلان، قۇمۇل چىلىنى، جۇغان، كونۇسىمان چىلان، كۆلرەڭ چىلان، زەنخۇاڭ چىلىنى، نەشپۈتسىمان چىلان، ئاچ خوزۇر، شىنجاڭ خوزۇرى.

55) ئۈزۈم ئائىلىسى: ئۈزۈم، سايۋا ئۈزۈم، كىشمىش، مۇناقى ئۈزۈم، قەشقەر ئۈزۈمى، غۇنچە ئۈزۈم، قىزىل ئۈزۈم، جۇيفېڭ، نىكامەت ئۈزۈمى (مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى)، يۇمىلاق قىزىل ئۈزۈم (ئامېرىكا)، مۇناقى (جەنۇبىي شىنجاڭ)، ياۋا ئۈزۈم، قۇنچە ئۈزۈم (ئۈششاق دورا ئۈزۈم).

56) زەرەڭ دەرىخى ئائىلىسى: غاز تاپان ئېرەن.

57) سوبۇن دەرىخى ئائىلىسى: پىندىق ياڭاق.

58) چۈلۈك ئائىلىسى: چۈلۈك.

59) سۇزاپ ئائىلىسى: نارىق دەرىخى، شاپتۇل، كاۋاۋىچىن.

60) ئازادى دەرەخ ئائىلىسى: تونا دەرىخى.

61) ئالتۇنگۈل ئائىلىسى: ئالتۇنگۈل.

62) كەركىدانگۈل ئائىلىسى: ئەرمۇدۇن، مانجۇرىيە ئەرمىدۇنى، سېرىق يەسمەن، يەسمەن گۈلى، ئالتۇن قوڭغۇراق، ئوسمانتۇس گۈلى، سۆسۈن سېرىن، ئاق سېرىنگۈل.

63) بىنونىيە ئائىلىسى: كاتالپا دەرىخى.

64) ھەپىرەگگۈل ئائىلىسى: ھەپىرەگگۈل.

65) قېيىن ئائىلىسى: ئالتاي قېيىنى، تەڭرىتاغ قېيىنى.

66) زىرىق ئائىلىسى: قارا زىرىق.

67) ماگنولىيە ئائىلىسى: ماگنولىيە.

68) چىنارگۈل ئائىلىسى: چىنارگۈل.

69) ئېۋگومىيە ئائىلىسى: ئېۋگومىيە.

70) جىنچانقىلى ئائىلىسى: ئېيلونتوس دەرىخى.

71) سەمشىت دەرىخى ئائىلىسى: قۇشقاچ تىلىسىمان يوپۇرماقلىق سەمشىت دەرىخى، سەمشىت دەرىخى، سېرىق جىيەكلىك سەمشىت دەرىخى.

72) ئىللىكىس ئائىلىسى: ئىللىكىس.

73) چايگۈل ئائىلىسى: چايگۈل.

74) دورىلىق كورنوس ئائىلىسى: مايلىق كورنوس، كورنوس دەرىخى.

75) كاككۇككۈلى ئائىلىسى: كاككۇككۈلى.

76) فىتولاككا ئائىلىسى: فىتولاككا.

**4. يېپىق ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەر تىپى بىر پەللىلىك ئۆسۈملۈكلەر سىنىپى**

1) شاپ ئائىلىسى: ئەجدىھاشاپ.

2) سۇ پايىسى ئائىلىسى: دېڭىز پايىسى، سۇ پايىسى.

3) باشاقلىقلار ئائىلىسى: بوغداي، قىزىل كۆزگى بۇغداي، ئاق كۆزگى بۇغداي، ئاق چوڭ باشاقلىق بۇغداي، قىزىل چوڭ باشاقلىق بۇغداي، قەشقەر ئاق يازغىسى، جىنبويەن، باش باھار — 1، 1- ئاۋغۇست — 85، بايىنغولىن يازغىسى — 2 (ئابىبوندانزا × قەشقەر ئاق يازغىسى)، سىلوس، بوتام، مىكسىپاك — 66، مىكسىپاك — 65، كارجېم، سارىك، جىيۇنوڭ يازغىسى — 1، 359، ئېگىزلىك — 506، چىڭخەي يازغىسى — 5، جىيۇنوڭ يازغىسى — 5، بېيجىڭ يازغىسى — 73، ئابىبوندانزا، گەنسۇ بۇغدىيى — 29، يۈمىن بۇغدىيى — 1، گەنسۇ بۇغدىيى — 8، گەنسۇ بۇغدىيى — 13، سەددىچىن — 102، ئابىبوندانزا قىزىلى، لەنجۇ قىزىلى، گەنسۇ بۇغدىيى — 39، نەنياڭ ئىنچىكە قىلتىرىقلىق بۇغدىيى، 604، جىنخۇا — 1، ئورروفېن، جىيۇنوڭ — 2، 21~652، يۈمىن بۇغدىيى — 4، چېنشۇەن — 5، جاگبېي — 1، 7904، قىزىل يۇلتۇز، 2 — 76، ئازادلىق ئارمىيە — 2، ئالتۇن باشاق — 7، ئالتۇن باشاق — 1، ئالتۇن باشاق — 9، ئالتۇن باشاق — 11، ئالتۇن باشاق — 4، ئالتۇن باشاق — 87، ئالتۇن باشاق — 307 نومۇر، يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى — 1، ئازادلىق ئارمىيە — 34، چىڭخەي يازغىسى — 2، 196 — 59، ئالتۇن باشاق — 303، جىيۇنوڭ — 103، بېيجىڭ قىزىل يازغىسى — 5، يېڭى تاڭ نۇرى، باركۆل قىزىل بۇغدىيى، خېيلۇڭجياڭ قىلتىرىقلىق بۇغدىيى، خارىبىن يازغىسى — 1، شىنجاڭ يازغىسى — 2، شىنجاڭ يازغىسى — 3، 21—C، گەنسۇ بۇغدىيى 11، خارىبىن يازغىسى — 3، ۋۇخەن يازغىسى — 1، بايقال كۆلى 304، 3 — (6)75، شىجاجۇاڭ يازغىسى — 1، SO2 — 81B، 5—75A2، 2 — 39 — 85، 8502؛ ئارپا، يالىڭاچ ئارپا، قوشۇل ئارپىسى، چىڭخەي يالىڭاچ ئارپىسى، سۆسۈن يالىڭاچ ئارپا، كوئېنلون 2- نومۇرلۇق يالىڭاچ ئارپا، ئىلى يالىڭاچ ئارپىسى، مانكېر، B1، بۇدۇن نىجمىسى، ياۋا قارا بۇغداي، ياۋا سۆسۈن قارا بۇغداي، تېرىق، سېرىق پايزا، قوڭۇر پايزا، پايزا، چۈجگۈن قوناق (جىگجىگقوناق)، بىنەم كۆزمەك ئوتى، كۆممىقوناق، ۋېيشېر156، 60 كۈنلۈك قوناق، جېگدەن — 1، بەرلىك قوناق، يېدەن11، يېدەن13، جوگنەن—1، بېيجىڭ چىلكىسى —8، SC704، 9552، دەنيۇ13، ئاق قوناق 632، داۋەنتو، شەنشى شالغۇتى—5، سەنچېسەن، چىگۋاشى، 60 كۈنلۈك ئاق قوناق، سۇپۇرگە قوناق، سۆلى 501 ئاق قونىقى، شال، گۇڭجياۋ 10- نومۇرلۇق شېلى، قومۇش، قىلتىرىقسىز ئارپىخان، ئۆچلۈق ئارپىخان، تارباش، ياۋروپا مەستىكى، مەستەك، قىسقا يوپۇرماقلىق تېپچاق، پاكار تېپچاق، ئۈچ قىرلىق تېپچاق، تېپچاق، باشاقسىمان سوغۇقلۇق تېپچىقى، سۆسۈن تېپچاق، ماۋفۇ تېپچىقى، شۋېتسارىيە تېپچىقى، ئېرىق تېپچىقى، دېلەنجۇ ئوتى، تاغ قوڭۇر بېشى، ئىنچىكە يوپۇرماقلىق قوڭۇر باش، شىمالىي شىنجاڭ قوڭۇر بېشى، پۈشى قوڭۇر بېشى، كىچىك قوڭۇر باش، كېرۋى قوڭۇر بېشى، شۇساۋ قوڭۇر بېشى، كوئېنلون قوڭۇر بېشى، ئورمان قوڭۇر بېشى، سازلىق قوڭۇر بېشى، يايلاق قوڭۇر بېشى، شىنجاڭ قوڭۇر بېشى، قارلىق قوڭۇر بېشى، يەككە گۈللۈك قوڭۇر باش، تەگرىتاغ قوڭۇر بېشى، شىزاڭ قوڭۇر بېشى، تارانباش، جەنۇبىي شىنجاڭ تارانبېشى، ئاق تارانباش، مايمۇنگۈل، شىنجاڭ مۈشۈك قۇيرۇقى، نىجىم، ئۈچلۈق بامبۇكسىمان نىجىم، سالپاڭ ئېكمۇس ئوتى، ئېكمۇس ئوتى، پەرغانە ياۋا توقۇل بۇغدىيى، ياۋا توقۇل

بۇغدىيى، شەرق مۇرتۇقى، مۇرتۇق، ئۈچلۈق بېدەياق، باشاقلىك كۈلرەڭ بېدەياق، جۇڭگو بېدەياقى، كارۋى بېدەياقى، داياۋ بېدەياقى، كۆپ شاخلىق بېدەياق، كەڭ باشاقلىق بېدەياق، تۈكلۈك باشاقلىق بېدەياق، بېدەياق، تەگرىتاغ بېدەياقى، ئاراتورۇك بېدەياقى، خورەج، زىياۋ خورەجى، ئالشا كىرپىۋاش، باشاقسىمان كىرپىۋاش، غۇژمەك كىرپىۋاش، قىسقا قىلتىرىقلىق كىرپىۋاش، تەگرىتاغ كىرپىۋاش، تىبەس كىرپىۋاش، باشاقسىمان ئەگرى قىلتىرىقلىق كىرپىۋاش، يېشىل باشاقلىق كىرپىۋاش، ياۋا سۇلۇ، باشاقلىق چاچما ئوت، ئىنچىكە يوپۇرماقلىق سۇلۇ باش، موڭغۇل سۇلۇ بېشى، سۇلۇ باش، ئالتاي قوغجايى، قوغجايى، يېشىل ئۈزگىرىشچان باشاقلىق بېتەگە، تاغ جوپار بېشى، گۇاڭخۇ تىلقىيارى، تىلقىيار، يۇمران سېبەل، شىمالىي شىنجاڭ سېبەلى، قومۇشسىمان توشقانقۇيرۇق، چوڭ توشقانقۇيرۇق، جۇڭغار توشقانقۇيرۇقى، ئايراۋۇق، يالغان قومۇشسىمان ئايراۋۇق، يالغان زەۋىرەك، زەۋىرەك، قارىغان چىغ، تەلۋە بېدە، چىغ، كۆركەم تارلاپ، تارلاپ، مۇشقەت، قىسقا گۈللۈك سىلوس، سىلوس، ئۇرغاقسىمان قىلتىرىقلىق سىلوس، ئۇرغاقسىمان قىلتىرىقلىق چۆل سىلوسى، قوملۇق سىلوسى، چۆللۈك سىلوسى، ئۇزۇن پەيسىمان سىلوس، غەربىي شىمال سىلوسى، شۆپىتارىيە سىلوسى، شىنجاڭ سىلوسى، تىمورىيە ئوتى، شىمال دەمەسى، زىچ باشاقلىق ئۈششاق ئېجىرىق، ئۈششاق ئېجىرىق، قوتۇر ئاق چېدىر، قىلتىرىقسىز ئاق چېدىر، كىچىك ئىشتارى، يولۋاس قۇيرۇق، ئاق جىدىر، شاكاللىق ئاقسلو، ئاق سىلوس، كوئېنلۇن بوز شېغىلى، كۆرمەك، قاشقا بېدە، تەسۋى قوناق.

4) بامبۇك كەنجى ئائىلىسى: قىسقا باشاقسىمان بامبۇك، قويۇق يوپۇرماقلىق بامبۇك.

5) قىياق ئائىلىسى: بېسىۋاش ئوت، چار بېسىۋاش ئوت، كىچىك گۈللۈك بىجىق، يەككە تەڭگىلىك بىجىق، يىرىك تۈكچىلىك بىجىق، ياپىلاق بوغۇملۇق پىيزەك، يۇمىلاق باشاقلىق پىيزەك، پىيزەك، يازلىق سۆگپىياز، قوڭۇر باشاقلىق قىياق، ئەگرى قوغجاي، سېرىق خالتا يوپۇرماقلىق قوغجاي، يايلاق قوغجايى، قارا گۈللۈك قوغجاي، ئوردوس قوغجايى، يالغان قىياق، سۇ بويى قوغجاي، ئاق شاكاللىق قوغجايى، كەنجى قوغجاي، جۇڭغار قوغجايى، زىچ مېۋىلىك قوغجاي، ساپاقلىق قوغجاي، يىڭنە يوپۇرماقلىق قوغجاي، تار يوپۇرماقلىق ئەمەن، پاكار ئەمەن، ئەمەن، كىچىك مېۋىلىك ئەمەن.

6) چىمئوت ئائىلىسى: پىرىزمىسىمان يوپۇرماقلىق چىمئوت، ياپىلاق چىمئوت، تاق گۈللۈك چىمئوت، ئۈششاق چىمئوت، كاللەك گۈللۈك چىمئوت.

7) گۈلسامساق ئائىلىسى: ئالتاي سۆگپىيىزى، قوش چىشلىق سۆگپىياز (قوملۇق سۆگپىيىزى)، شىنخۇاڭ سۆگپىيىزى، تۆك يىلتىزلىق سۆگپىياز، يايلاق سۆگپىيىزى، موڭغۇل سۆگپىيىزى، تاغ سۆگپىيىزى، كىچىك تۈكلۈك سۆگپىياز، كۆپ يىلتىزلىق سۆگپىياز، ياۋروپا- ئاسىيا سۆگپىيىزى، ھىمالايا تېغى سۆگپىيىزى، قىزىل يوپۇرماقلىق سۆگپىياز، تار يوپۇرماقلىق سۆگپىياز، پىياز، كۆدە (جۇسەي- كۆرتە) كۆدە پىياز، سۆگپىياز، شەندۇڭ سۆگپىيىزى، شىنجاڭ سۆگپىيىزى، ياۋا كۆدە، جۇڭگو بال كۆدىسى، كەڭ يوپۇرماقلىق كۆدە، ئىلمەكسىمان كۆدە، پىچانسىمان كۆدە، قىشلىق كۆدە، جىننەن كۆدىسى، كەڭ يوپۇرماقلىق پىچانسىمان كۆدە، ئاق پىياز، قىزىل پىياز، سېرىق پىياز، سامساق، قىزىل سامساق، ئاق سامساق، تار يوپۇرماقلىق كۆدە پىياز، ئالتاي سىراجى، شىرىش، تەگرىتاغ قاغا تىرنىقى، مۇرچۇبا، قىل يوپۇرماقلىق مۇرچۇبا، مەرۋايىتگۈل، ئاسماگۈل، ئاق گىرۋەكلىك ئاسماگۈل، نەفەزگۈل، چېچەكسەي، خوستاگۈل، گۈلسامساق، چار پوستلۇق گۈلسامساق، تەگرىتاغ سوغىگۈلى، يېكەن، ياپون رودېيىسى، سەبرە.

8) تاشسامساق ئائىلىسى: چۆپ يىغار، نەرگىسگۈل، گۈلبازات.

9) چىغىرتماقگۈل ئائىلىسى: ئەگرى يوپۇرماقلىق چىغىرتماقگۈل، شورلۇق چىغىرتماقگۈلى، سۇس بىنەپشە چىغىرتماقگۈل، ئاق گۈللۈك چىغىرتماق، بىنەپشە گۈللۈك چىغىرتماق، پەردىلىك چىغىرتماقگۈل، تار يوپۇرماقلىق چىغىرتماقگۈل، تەگرىتاغ چىغىرتماقگۈلى، چىغىرتماق، پىيازسىمان چىغىرتماقگۈل، بۇزغات گۈلى، شاھزادىگۈل.

10) كەتىران ئائىلىسى: كەڭ يوپۇرماقلىق تۆلكە مايىقى، قورچاققول.

11) ئامېرىكا ئاكاۋىسى ئائىلىسى: ئامېرىكا ئاكاۋىسى، سېرىق كىرپىكلىك ئامېرىكا ئاكاۋىسى، تالالىق ئاكاۋى، سانىبۇرىيە چىغىرتمىقى، سېرىق كىرپىكلىك سانىبۇرىيە چىغىرتمىقى، يۇككا گۈلى، پولشانتىس ئوتى.

12) قوناقگۈل ئائىلىسى: قوناقگۈل، چوڭ گۈللۈك قوناقگۈل.

13) پالما ئائىلىسى: پالما.

14) تىيەللەنشەك ئائىلىسى: مولستېرا دېلىتسىئوزا بامبۇكى، يۇخېيتوما ئوتى، تۆياقسىمان نىلۇپەر، ئىگىر، جىنياگيۇسى، ياۋا ياگيۇ (ياۋا سەيە)، ئالوكازىيە ئوتى.

## §2. ياۋايى ھايۋاناتلار

قۇمۇل رايونىدىكى ياۋايى ھايۋاناتلار جەمئىي 40 ئەترەت، 174 ئائىلە، 617 تۈرگە بۆلۈنىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ھايۋاناتلار 5 ئەترەت، 21 ئائىلە، 59 تۈرگە، قۇشلار 16 ئەترەت، 43 ئائىلە، 161 تۈرگە، تۆمۈلگۈچىلەر 2 ئەترەت، 7 ئائىلە، 18 تۈرگە، قوش ماكانلىقلار 2 ئەترەت، 2 ئائىلە، 4 تۈرگە، سۇ جانلىقلىرى 2 ئەترەت، 5 ئائىلە، 10 تۈرگە، ھاشاراتلار 13 ئەترەت، 96 ئائىلە، 359 تۈرگە بۆلۈنىدۇ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

### 1. گۆشخورلار ئەترىتى

ئېيىقلار ئائىلىسى: قوڭۇر ئېيىق.

مۈشۈكلەر ئائىلىسى: يىلپىز، سىلەيسۇن، مولۇن، ياۋا مۈشۈك.

ئاغمىخانلار ئائىلىسى: ئاق ئاغمىخان، قارا بۆلغۇن.

ئىتلار ئائىلىسى: بۆرە، تۈلكە، ساي تۈلكىسى، قىزىل تۈلكە.

كىرپىلەر ئائىلىسى: ئۇزۇن قۇلاق كىرپە، كىرپە.

قارىغۇچاشقانلار ئائىلىسى: ئېگىزتاغ چاشقىنى، ئېگىزتاغ چاشقىنى (تەگرىتاغ كەنجى تۈرى).

### 2. توم تۇياقلىقلار ئەترىتى

ئاتلار ئائىلىسى: ياۋا ئېشەك، ياۋا ئات.

چوشقىلار ئائىلىسى: ياۋا توڭگۇز.

بۇغىلار ئائىلىسى: تايغان بۇغا.

كالىلار ئائىلىسى: جەرەن، موڭغۇلىيە جەرىنى، ئارقار، تاغ ئۆچكىسى، كۆكيامان.

تۆگىلەر ئائىلىسى: ياۋا تۆگە.

### 3. قولقاناتلىقلار ئەترىتى

شەپەرەڭلەر ئائىلىسى: توشقانقۇلاق شەپەرەڭ.

### 4. توشقانسىمانلار ئەترىتى

توشقانلار ئائىلىسى: تاۋا توشقان، تاغ توشقىنى، يەكەن توشقىنى، كۆلرەڭ قۇيرۇق توشقان.

موغالار ئائىلىسى: قوڭۇر چېكىتلىك موغا (قۇمۇل كەنجى تۈرى).

## 5. غاجىغۇچىلار

تىيىنلار ئائىلىسى: تىيىن، سۇغۇر.

ئامبار چاشقانلىرى ئائىلىسى: سۇر ئامبار چاشقىنى، سۇر ئامبار چاشقىنى (شىمالىي شىنجاڭ كەنجى تۈرى)، قىسقا قۇيرۇقلۇق ئامبار چاشقىنى، قىسقا قۇيرۇقلۇق ئامبار چاشقىنى (موڭغۇلىيە كەنجى تۈرى).

تۈلۈمچاشقانلار كەنجى ئائىلىسى: قارىغۇچاشقانسىمان تۈلۈمچاشقان، قارىغۇچاشقانسىمان تۈلۈمچاشقان (شىمالىي شىنجاڭ كەنجى تۈرى)، كالتە قۇيرۇقلۇق تۈلۈمچاشقان، كالتە قۇيرۇقلۇق تۈلۈمچاشقان (شىنجاڭ كەنجى تۈرى)، توشقانقۇيرۇق سېرىق چاشقان، ئېتىز تۈلۈمچاشقىنى.

قۇملۇق چاشقانلىرى كەنجە ئائىلىسى: يولغۇنلۇق قۇملۇق چاشقىنى، يولغۇنلۇق قۇملۇق چاشقىنى (شىمالىي شىنجاڭ كەنجى تۈرى)، قىزىل قۇيرۇق قۇملۇق چاشقىنى، قىزىل قۇيرۇق قۇملۇق چاشقىنى (شىمالىي شىنجاڭ كەنجى تۈرى)، چۆل چاشقىنى، چۆل چاشقىنى (كەنجە تۈرى).

چاشقانلار ئائىلىسى: كىچىك ئۆي چاشقىنى، كىچىك ئورمانلىق چاشقىنى، كىچىك ئورمانلىق چاشقىنى (شىمالىي شىنجاڭ كەنجى تۈرى).

يالمانتاقلار ئائىلىسى: بەش پەنجىلىك يالمانتاق، بەش پەنجىلىك يالمانتاق (شىمالىي شىنجاڭ كەنجى تۈرى)، كىچىك بەش پەنجىلىك يالمانتاق، چوڭ قوۋۇزلۇق بەش پەنجىلىك يالمانتاق، چوڭ قوۋۇزلۇق بەش پەنجىلىك يالمانتاق (باركۆل كەنجى تۈرى)، ئۇزۇن قۇلاق يالمانتاق، ئىپار چاشقان، ئۇزۇن قۇلاق يالمانتاق (ئاراتۇرۇك كەنجى تۈرى).

## 6. يىلانلار ئەترىتى

بوغما يىلان ئائىلىسى: ئېرىكس يىلىنى

سۇ يىلىنى ئائىلىسى: سېرىق سۇ يىلىنى.

چار يىلان ئائىلىسى: ئاق يوللۇق رەڭدار يىلان، چار سۇ يىلىنى، ئوق يىلان.

## 7. كەسلەنچۈكلەر ئەترىتى

ئاگامىد كەسلەنچۈكى ئائىلىسى: قۇمۇل ئاگامىد كەسلەنچۈكى.

چۆل كەسلەنچۈكى ئائىلىسى: چۆل كەسلەنچۈكى، قاغىلىق چۆل كەسلەنچۈكى، رەڭگى ئۆزگىرىدىغان چۆل كەسلەنچۈكى.

تام پاتمچۇقى ئائىلىسى: يوشۇرۇن قۇلاق ئورمان يولۋىسى، ئۇزۇن يالىڭاچ پەنجىلىك يولۋاس، غەربىي يۇرت قۇملۇق يولۋىسى، ئىلى قۇملۇق يولۋىسى.

كەسلەنچۈكلەر ئائىلىسى: زىبرەك سالمچۇق، چىپار سالمچۇق، چۆل سالمچۇقى، تېز قەدەملىك سالمچۇق، قۇرت سىزىقلىق سالمچۇق.

## 8. تۆتاش ساقاقلىقلار ئەترىتى

تۆتاش ساقاقلىقلار ئائىلىسى: يىلانبېلىق، يىلانبېلىق (قۇمۇل كەنجە سورتى).

9. كارپ بېلىقسىمانلار ئەترىتى

كارپ بېلىقلىرى كەنجى ئائىلىسى: كارپ بېلىقى، ئاپان بېلىق.

لاققا بېلىق ئائىلىسى: لاققا بېلىق (كەنجى تۈرى).

بايقال لېئوتىسسكۇس بېلىقى ئائىلىسى: ئوتخور بېلىق (كەنجى تۈرى).

لايىپگەك كەنجى ئائىلىسى: لايىپگەك، شىمال ئالا لايىپگىكى، شىنجاڭ تاغ لايىپگىكى، چورتان.

10. قۇيرۇقسىزلار ئەترىتى

چارپاقا ئائىلىسى: جۇڭگخوا چار پاقىسى، تاغلىق چار پاقا.

11. دېڭىز تاشپاقىسى ئەترىتى

تاشپاقىلار ئائىلىسى: تاشپاقا.

يۇمشاق قاپلىق تائىلىق سۇ تاشپاقىسى ئۇرۇقدىشى: دەريا تاشپاقىسى.

12. يىكەن توخۇسى ئەترىتى

يىكەن توخۇسى ئائىلىسى: كىچىك چۈمگەك ئۆردەك، تاجلىق يىكەن توخۇسى.

13. ساقىيقۇشسىمانلار ئەترىتى

قارنا ئائىلىسى: قارنا.

14. لەيلەكسىمانلار ئەترىتى

قاقىرا ئائىلىسى: چوڭ ئاق قاقىرا، كۆك قۇتان.

لەيلەك ئائىلىسى: قارا لەيلەك، ئاق لەيلەك.

15. ياۋاغازسىمانلار ئەترىتى

ئۆردەكلەر ئائىلىسى: ياۋا غاز، قىزىل ئۆردەك، ئىلمەك تۇمشۇقلۇق ئۆردەك، بىگىز قۇيرۇق ئۆردەك، يېشىل قانات سۇقسۇر، ياۋا ئۆردەك، ئاق قاشقىلىق ئۆردەك، ياپىلاق تۇمشۇقلۇق ئۆردەك، قىزىل تۇمشۇقلۇق چۈمگەك ئۆردەك، ئاق كۆزلۈك چۈمگەك ئۆردەك، پۆپۈچەكلىك چۈمگەك ئۆردەك، سېغىزخان قۇيرۇقلۇق ئۆردەك، چۈمگەك چۆل ئۆردىكى.

16. لاچىنسىمانلار ئەترىتى

بۈركۈتسىمانلار ئائىلىسى: سار، قارچىغا، بۆتېلو، قۇرغۇي، بۈركۈت، ئاق مۇرە بۈركۈت، لاچىن.

17. بايقۇشسىمانلار ئەترىتى

بايقۇش ئائىلىسى: بۈركۈتسىمان مۈشۈكياپىلاق، بۈركۈتسىمان مۈشۈكياپىلاق (تەگرىتاغ كەنجى تۈرى)، بۈركۈتسىمان مۈشۈكياپىلاق (شىنجاڭ كەنجى تۈرى)، ئالا قورساق مۈشۈكياپىلاق، ئالا قورساق مۈشۈكياپىلاق (شىنجاڭ كەنجى تۈرى)، ئۇزۇن قۇلاق مۈشۈكياپىلاق، ئۇزۇن قۇلاق مۈشۈكياپىلاق (شىنجاڭدا ئىسمى ئاتىلىدىغان كەنجى تۈر)، قىسقا قۇلاق مۈشۈكياپىلاق، قىسقا قۇلاق مۈشۈكياپىلاق (ئىسمى ئاتىلىدىغان كەنجى تۈر).

لاچىن ئائىلىسى: كۆكۆنەك، قىزىل لاچىن.

18. توخۇسىمانلار ئەترىتى

ئورمان توخۇلىرى ئائىلىسى: بوناسىيە قۇشى.

قىرغاۋۇللار ئائىلىسى: ھىمالايا ئۇلارى، تاغ كەكلىكى.

19. ئۇرنىسىمانلار ئەترىتى

دوغداقلار ئائىلىسى: چوڭ دوغداق، بازغالداق.

يېكەن توخۇلىرى ئائىلىسى: ئاق باش قىزىلئاياغ.

20. پىلوۋىرلار ئەترىتى

پىلوۋىرلار ئائىلىسى: پۈيۈچەكلىك تارغاق، دۈمسۈس پلوۋىرى، ئاق بويۇن پلوۋىر.

لايخورەكلەر ئائىلىسى: قىزىل پاچاق لايخورەك، كۆك پاچاق لايخورەك، ئاق دۈمبە لايخورەك، ترىنگا لايخورىكى، قارا پاچاق لايخورەك.

ئەتۈر تۇمشۇق لايخورەكلەر ئائىلىسى: قارا قانات ئۇزۇن پاچاق لايخورەك.

21. چايكىسىمانلار ئەترىتى

چايكا ئۇرۇقدىشى: ئاق چايكا، قىزىل تۇمشۇق چايكا، قارلىغاچسىمان چايكا، كىچىك چايكا.

22. كەپتەرسىمانلار ئەترىتى

چىللار ئائىلىسى: قارا قورساق چىل، پايپاقلىق چۆل پاختىكى.

كەپتەرلەر ئائىلىسى: كۆك كەپتەر، ياۋا كۆك كەپتەر، ياۋا كۆك كەپتەر (شىنجاڭ كەنجى تۈرى)، تاغ چىپار تۇرۇلغىسى، سۇر چىپار تۇرۇلغا، چايكىسىمان چىپار تۇرۇلغا.

23. كاككۇكلار ئەترىتى

كاككۇكلار ئائىلىسى: چوڭ كاككۇك.

24. چۆغۈندەك ئەترىتى

چۆغۈندەكلەر ئائىلىسى: چايكىسىمان چۆغۈندەك.

25. ھەيران ئەترىتى

ھەيران ئائىلىسى: بىيجىڭ ھەيرانى

26. تاجسىز قوڭغۇر ھۆپۈپ ئەترىتى

ھۆپۈپ ئائىلىسى: ھۆپۈپ.

27. قۇشقاچسىمانلار ئەترىتى

تورغايلار ئائىلىسى: چۆل كىچىك بوز تورغىيى، چۆل بوز تورغىيى، ئىنچىكە تۇمشۇق چۆل بوز تورغىيى، يۆپۈچەك تورغاي، بوزتۇرغاي (شىنجاڭ كەنجى تۈرى).

قارلىغاچلار ئائىلىسى: پايپاقلىق قارلىغاچ، قارلىغاچ، سۇرقارلىغاچ، قىيا قارلىغىچى.

سۇگگۇچلەر ئائىلىسى: سېرىق سۇگگۇچ، ئاق سۇگگۇچ، كۆلرەڭ سۇگگۇچ، سېرىقباش سۇگگۇچ، ئاق سۇگگۇچ (شەرقىي شىمال كەنجى تۈرى)، ئېتىز سۇندۇكى، ئوتلاق ئانتۇس تورغىيى، ئورمان ئانتۇسى، تۈزلەڭلىك سۇندۇكى.

غۇرۇلاي ئائىلىسى: قىزىل قۇيرۇق غۇرۇلاي، كۆلرەڭ غۇرۇلاي.

سوپىسوپىياڭ ئائىلىسى: قارا گەجگە سوپىسوپىياڭ.

قارىغوجا ئائىلىسى: قىزىل قارىغوجا، چىپار قانات قارىغوجا، چىپار قانات قارىغوجا (شىمالىي شىنجاڭ كەنجى تۈرى)، كۆلرەڭ قارىغوجا.

قاغىلار ئائىلىسى: قارا قۇيرۇق قاغا، كىچىك تۇمشۇق قاغا، قىزىل تۇمشۇق تاغ قاغىسى، ئالا قاغا، ئالا قاغا (ئادەتتىكى كەنجى تۈرى)، سېغىزخان.

شاخسانىغۇچ ئائىلىسى: شاخسانىغۇچ.

مېكسىكا شاخسانىغۇچ ئائىلىسى: قوڭۇر شاخسانىغۇچ.

دەريا قاغىسى ئائىلىسى: دەريا قاغىسى.

هاشاراتخورلار قۇشسىمانلار ئائىلىسى: قىزىل بويۇن هاشاراتخور قۇش، كۆك بويۇن بۇلبۇل، قىزىل دۈمبە ۋە قىزىل قۇيرۇقلۇق بۇلبۇل، قىزىل تۆش ۋە قىزىل قۇيرۇقلۇق بۇلبۇل، قارا قولاق قۇش، قارا بوغۇز ۋە قىزىل قۇيرۇقلۇق بۇلبۇل، قارا بوغۇز چېكان قۇشى، ئاسىيا قۇملۇق تورغىيى، ئاسىيا چۆل تورغىيى، ئىسپانىيە ئېنانت تورغىيى، ئېنانتىي قۇشى، تۇردۇس قۇشى، قىزىل بويۇن ئاسىيا تاغ تورغىيى، تۆت قىرلىق بادرا تۇردۇسى.

سۇرمەتقاش كەنجى ئائىلىسى: سۇرمەتقاش، ئاققاش قوڭۇر تورغاي.

تورغايسىمانلار كەنجى ئائىلىسى: سېرىق دۈمبە تاللىق جاغجىقى، شىمال تاللىق جاغجىقى، تۇتۇق يېشىل تاللىق جاغجىقى، كىچىك چېكەتكىخور جاغجاق، ئاق بويۇن بۇلبۇل، بوز تورغاي، ياۋروپا تورغىيى، كۆلرەڭ ئاق بويۇن بۇلبۇل، چۆل تورغىيى، كۆلرەڭ تاللىق جاغجىقى، بوغۇزلۇق تاللىق جاغجىقى، قوڭۇر تاللىق جاغجىقى.

هاشاراتخور قۇشلار كەنجى ئائىلىسى: قىزىل بويۇن تورغاي، چىپار هاشاراتخور قۇش.

سېرىق چۇمچۇقى ئائىلىسى: كۆلرەڭ قۇشقاچ، كۆمۈر قۇشقاچ.

سېرتىيە شاخسانىغۇچى ئائىلىسى: ئادەتتىكى سېرتىيە قۇشقىچى.

مەننىكىنسىمانلار ئائىلىسى: قارا قولاق قۇشقاچ، قارا قولاق قۇشقاچ (شىنجاڭ كەنجى تۈرى)، سېرىق تۆش ئاق قۇشقاچ، قارا بويۇن قۇشقاچ، قارا بويۇن قۇشقاچ (شىنجاڭ كەنجى تۈرى)، قارا تۆش قۇشقاچ، تۆي قۇشقىچى.

قۇشقاچسىمانلار ئائىلىسى: تىبەت يەرلىك قۇشقىچى، قىزىل تورغاي، ئۇزۇن قۇيرۇقلۇق بوز تورغاي، چۆل قۇشقىچى، كانارىيە سېرىق قۇشقىچى، قىزىل دۈمبە كارپوداكۇس قۇشقىچى، ئاققاش چۇمچۇق، قوڭۇر باش چۇمچۇق، سۇرباش چۇمچۇق، ئېتىزلىق سېرىق چۇمچۇقى، قومۇشلۇق سېرىق چۇمچۇقى، قومۇش چۇمچۇقى، سۇر قاپاق قىيالىق چۇمچۇقى.

شاتۇتى ئائىلىسى: تاغىل تۇتى قۇشى.

### 28. تۈز قاناتلىقلار ئەترىتى

چېكەتكىلەر ئائىلىسى: بىنەپشە چىپار تاغىل ئاياغ چېكەتكە، بارىكۆل چار چېكەتكىسى، چۆل چېكەتكىسى، جۇڭغار چېكەتكىسى، موڭغۇلىيە چېكەتكىسى، قىزىل پۇت چېكەتكە، چىپار قاناتلىق چۆل چېكەتكىسى، قارا پۇت چىپار قاناتلىق چېكەتكە، ئىتالىيە چېكەتكىسى، ئاق گىرۋەكلىك چېكەتكە، چوڭ قورساقلىق چېكەتكە، كىچىك غەيرىي چېكەتكە، پامىر غەيرىي تۇسلۇك چېكەتكىسى، يايلاق چېكەتكىسى، تىكەن ئاياغلىق چوڭ چېكەتكە، بوستانلىق چېكەتكىسى، قىزىل قاناتلىق سۆگەللىك چېكەتكە، قىزىل ئاياغ كرائۇس چېكەتكىسى، سېرىق ئاياغلىق كرائۇس چېكەتكىسى، ئىنچىكە كرائۇس چېكەتكىسى، ئۇزۇن ئاياغ ئىنچىكە چېكەتكە، شىنجاڭ ئۇمۇرتقىلىق چېكەتكىسى، قانات‌سىمان قورساقلىق چۆل چېكەتكىسى، كىچىك ئۇچلۇق قاناتلىق چېكەتكە، ئۇزۇن مۇڭگۈز قوزۇق قورساق چېكەتكە، پايپاقلىق چېكەتكە، چۇمۇلىسىمان چېكەتكە، تاشلىق چېكەتكىسى، چېكەتكە، سىبىرىيە چېكەتكىسى، شىنجاڭ سىبىرىيە چېكەتكىسى، چۆگىلمەچ چېكەتكە، قىسقا ئاياغ چېكەتكە، قىسقا ئاياغ كىچىك چېكەتكە، ئاسىيا ئۇچار چېكەتكىسى، سازلىق چېكەتكىسى، كىمشا چېكەتكىسى، كىچىك سەكرىگەك چېكەتكە، چىپار قاناتلىق قارا چېكەتكە، يالغان چىپار قاناتلىق چېكەتكە، كەڭ بۆرتلۈق چېكەتكە، چېكىتلىك تېرىق چېكەتكىسى، قارا يوللۇق كىچىك چېكەتكە، كۆك داغلىق چېكەتكە، قىزىل داغلىق چېكەتكە، ئەگرى سىزىقلىق يايلاق چېكەتكىسى، قىزىل ئاياغلىق يايلاق چېكەتكىسى، موڭغۇلىيە ئۇچلۇقۋاش چېكەتكىسى، تۈركمەن تاز چېكەتكىسى، بېيسۇ چېكەتكىسى، ۋۇلەنجىڭ بوغماق بويۇن چېكەتكىسى، شېغىللىق بوغماق بويۇن چېكەتكە، قىيالىق بوغماق بويۇن چېكەتكە، قارا بوغماق بويۇن چېكەتكە، قارا تۈكلۈك بوغماق بويۇن چېكەتكە، بوغماق بويۇن قىرغاق چېكەتكىسى، سۆگەل غوللۇق بوغماق بويۇن چېكەتكە، يانقىرلىق چېكەتكە، ياۋروپا ـ ئاسىيا ئوتلاق چېكەتكىسى، تار قارا غوللۇق قىرغاق چېكەتكىسى، قىسقا قانات تاغ چېكەتكىسى، تېترىگىد چېكەتكىسى، بىنەم چىپار چېكەتكىسى، ئىنچىكە پۇتلۇق چېكەتكە.

موزايۋېشى ئائىلىسى: شىمالىي جۇڭگو موزايۋېشى.

قارا چېكەتكە ئائىلىسى: يېنچۈەن گرىللۇس چېكەتكىسى.

### 29. يېرىم قاناتلىقلار ئەترىتى

ئۆسۈرغاق قوڭغۇز ئائىلىسى: غەربىي شىمال بۇغداي ئۆسۈرغاق قوڭغۇزى، قېنىق كۆك ئۆسۈرغاق قوڭغۇز، چاۋشيەن مېۋە ئۆسۈرغاق قوڭغۇزى، چىپار بۆرتلۈق ئۆسۈرغاق قوڭغۇز، شىنجاڭ كۆكتات ئۆسۈرغاق قوڭغۇزى، يۇمىلاق مۈڭگۈز ئۆسۈرغاق قوڭغۇز، مارالۋېشى كۆكتات ئۆسۈرغاق قوڭغۇزى، ئوتلاق ئۆسۈرغاق قوڭغۇزى، جىگدە ئۆسۈرغاق قوڭغۇزى، كەڭ باشلىق ئۆسۈرغاق قوڭغۇز، گۇاڭشېرشىڭ ئۆسۈرغاق قوڭغۇزى، ئاراكوستوس تۈكلۈك ئۆسۈرغاق قوڭغۇزى، كۆك قوڭغۇز.

گىرۋەكلىك چېرپاشكا ئائىلىسى: مونچاق گىرۋەكلىك چېرپاشكا.

قارىغۇ چېرپاشكىلار ئائىلىسى: بېدە قارىغۇ چېرپاشكىسى، چاپىملىق چېرپاشكىسى، قارىغۇ چېرپاشكا.

بىلىسۇس چېرپاشكىسى ئائىلىسى: كىچىك بىلىسۇس چېرپاشكىسى، يەر بىلىسۇس چېرپاشكىسى، قىزىل بىلىسۇس چېرپاشكىسى، كۆك پىتخور قارا چېكىتلىك قارىغۇ چېرپاشكا، كۆك پىتخور قارىغۇ چېرپاشكا.

قىزىل چېرپاشكا ئائىلىسى: ئىپتىدائىي قىزىل چېرپاشكا.

قالقانلىق چېرپاشكا ئائىلىسى: يېشىل قارىغۇ چېرپاشكا.

ترىئاتوما چېرپاشكىسى ئائىلىسى: خۇاخېي چېرپاشكىسى، قىسقا تىكەنلىك ترىئاتوما چېرپاشكىسى، ئىپتىدائىي ترىئاتوما چېرپاشكىسى، شال ئىپتىدائىي چېرپاشكىسى (ئاسىيا كەنجى تۈرى)، جۇڭگو ترىئاتوما چېرپاشكىسى.

ئۇۋچى چېرىپاشكىسى ئائىلىسى: شىيەنمەيتۇ ئۇۋچى چېرىپاشكىسى، يوشۇرۇن تىكەنلىك ئۇۋچى چېرىپاشكىسى.

چېپار چېرىپاشكا ئائىلىسى: ئىپتىدائىي چېپار چېرىپاشكا، كىچىك چېپار چېرىپاشكا، مۇرە تۈكچىلىك چېپار چېرىپاشكا، ياندداش كىچىك چېپار چېرىپاشكا.

## 30. قالقان قاناتلىقلار ئەترىتى

ئالتۇن قوڭغۇز ئائىلىسى: لامپرالىمباتا قوڭغۇزى، تېرەك ئۇن داغلىق ئالتۇن قوڭغۇزى.

چاك-چەك قۇرت ئائىلىسى: چاك-چەك قۇرت.

دېرىمېستېس قوڭغۇزى ئائىلىسى: قارا چېپار دېرىمېستېس قوڭغۇزى، ئاق قورساق دېرىمېستېس قوڭغۇزى، غەللە دېرىمېستېس قوڭغۇزى، ئالقان سىزىقلىق دېرىمېستېس قوڭغۇزى، چېپار دېرىمېستېس قوڭغۇزى.

مېلوئىد قوڭغۇزى ئائىلىسى: ئالمىنىڭ چېپار مېلوئىد قوڭغۇزى، ئەگرى مۇڭگۇزلۇك قىسقا تىكەنلىك مېلوئىد قوڭغۇزى، سىبىرىيە مېلوئىد قوڭغۇزى، قىزىلۇاش قارا سىزىقلىق مېلوئىد قوڭغۇزى، ئەگرى مۇڭگۇزلۇك قىسقا قاناتلىق مېلوئىد قوڭغۇزى.

ئېلېتودېس ناي قوڭغۇزى ئائىلىسى: تۇرك تۇرچىيەن قوڭغۇزى.

ماي قوڭغۇزى ئائىلىسى: قىسقا ماڭلايلىق خۇيلىبا ماي قوڭغۇزى، ياڭيۇ ساقاللىق ماي قوڭغۇزى (جىاجوڭ كەنجى تۈرى)، كەڭ ماڭلايلىق ئاشلىق ماي قوڭغۇزى، ئاق ساقاللىق ماي قوڭغۇزى (ئالماشقان كەنجى تۈرى)، چۇچۇبېي لەيلىگۈچى ماي قوڭغۇز.

ئۇزۇن بۇرۇت قوڭغۇز ئائىلىسى: قارا ئۇزۇن بۇرۇت قوڭغۇز، ئۈي ئۇزۇن بۇرۇت قوڭغۇزى.

يوپۇرماق قوڭغۇزى ئائىلىسى: تېرەك يوپۇرماق قوڭغۇزى، چوڭ گىرۋەكلىك يوپۇرماق قوڭغۇزى، لويىنۇر كەندىرى يوپۇرماق قوڭغۇزى، تېرەك قىزىل يوپۇرماق قوڭغۇزى، بۇغداي غولى ئاپوفىلىيە قوڭغۇزى، قىچا يوپۇرماق قوڭغۇزى، سېرىق ساغرىلىق قىسقا يوپۇرماق قوڭغۇزى، بۇغداي لېما قۇرتى، سېرىق تار يوللۇق فىللوترېتا قوڭغۇزى، قىزىل كرېست گۈللۈكلەر كۆكتات بۆرگىسى، چۇچۇكبۇيا بۆرگىسى، ئويمان پاقالچاقلىق كۆكتات بۆرگىسى، ئۇزۇن قورساق كۆكتات بۆرگىسى.

پۇرچاق چېرىپاشكىسى ئائىلىسى: ماش مىتىسى.

خارتۇملۇق قوڭغۇز ئائىلىسى: قىزىلچا چېرىپاشكىسى، قىزىلچا غولى مىتىسى، چېپار ئۇچلۇق كۆز چېرىپاشكا، تار كۆكرەكلىك ئۇتلاق چېرىپاشكىسى، ھال رەڭلىك يۇمران تۇمشۇق چېرىپاشكا، يۇمران خارتۇملۇق قوڭغۇز، بېدە خارتۇملۇق قوڭغۇزى، يىلتىزدا ھۇررەك ھاسىل قىلغۇچى چېرىپاشكا، كەڭ ماڭلايلىق خارتۇملۇق قوڭغۇز، ئاشلىق مىتىسى، كۆمسىقوناق خارتۇملۇق قوڭغۇزى، بېدە ئۇرۇقى خارتۇملۇق قوڭغۇزى.

پوستلاقخور كۈيە ئائىلىسى: قورۇقسمان كىچىك كۈيە.

چېپار بۆرگە ئائىلىسى: كەندىر چېچەكى موردېللىسنىپا بۆرگىسى.

خانقىز ئائىلىسى: ئىككى چېكىتلىك ئادالىيە خانقىزى، ئادونىيە ۋارىيېگاتا خانقىزى، چېپار كالپۇك خانقىز، چېپار خانقىز، يەتتە چېكىتلىك خانقىز، تاغىل خانقىز، 11 چېكىتلىك خانقىز، جۈپ يەتتە چېكىتلىك كوكسىنېللا خانقىزى، 13 چېكىتلىك خانقىز، قارا خانقىز، چاقماق گۈللۈك خانقىز، تۆت چېكىتلىك تۈكلۈك خانقىز، تىك سىزىقلىق كانىخور خانقىز، قوڭۇر چېكىتلىك خانقىز، زەمبۇرۇغخور خانقىز.

چېپار قوڭغۇز ئائىلىسى: گېرمانىيە چېپار قوڭغۇزى، تۆت چېكىتلىك چېپار قوڭغۇز، سىلېنىلكا چېپار قوڭغۇزى.

بوگبوك قوڭغۇز ئائىلىسى: يېشىل چېپار بوگبوك قوڭغۇز، سۇس يېشىل ئۇزۇن بۇرۇتلۇق بوگبوك قوڭغۇز، چۈللۈك

بارىبىت قوڭغۇزى، شىگېۋ بوگبوك قوڭغۇزى، يەندا بوگبوك قوڭغۇزى، ساغۇچ يېشىل بوگبوك قوڭغۇز، تاق ئۈمۈرتقىلىق سىغوگېنىيە فۇنبىتا شۇمەك قوڭغۇزى، خالىن قىزىل تۆش قوڭغۇزى، گۇمبەك بوگبوك قوڭغۇزى، ماۋمبىك بوگبوك قوڭغۇزى، موزايۇبىشىمان بوگبوك قوڭغۇز، تار كۆكرەك بوگبوك قوڭغۇز.

تۇلۇقچى قوڭغۇز ئائىلىسى: قارا يان يالىڭاچ تۇلۇقچى قوڭغۇز.

يوشۇرۇن قاناتلىق قوڭغۇز ئائىلىسى: چۈمۈلىسىمان يېشىل تىكەنلىك يوشۇرۇن قاناتلىق قوڭغۇز.

### 31. يۆگىمە قاناتلىقلار ئەترىتى

ترىپس ئائىلىسى: تاماكا ترىپسى.

نەيچە ترىپس ئائىلىسى: بۇغداي نەيچە ترىپسى.

### 32. ئوخشاش قاناتلىقلار ئەترىتى

غول، يوپۇرماق تومۇزغىسى ئائىلىسى: شال يوپۇرماق تومۇزغىسى.

تومۇزغا ئائىلىسى: چۆل تومۇزغىسى.

كىچىك يوپۇرماق تومۇزغىسى ئائىلىسى: قارىياغاچ يوپۇرماق تومۇزغىسى.

چوڭ يوپۇرماق تومۇزغىسى ئائىلىسى: ئارىيا يوپۇرماق تومۇزغىسى.

ئالېيرودىد قۇرتى ئائىلىسى: پارنىك ئاق توزان پىتى.

دەرەخ پىتى ئائىلىسى: ئالقات پىتى.

كۆكپىت ئائىلىسى: كېۋەز پىتى، بېدە پىتى، كاللەكبەسەي پىتى، شاپتۇل پىتى، كۆكتات پىتى، بۇغداي كۆكپىتى.

قاسىراقلىق قۇرت ئائىلىسى: شارسىمان قاسىراقلىق قۇرت، قالقانلىق قاسىراقلىق تېرەك قۇرتى، قاسىراقلىق كېلون قۇرت.

### 33. پەردە قاناتلىقلار ئەترىتى

كەڭ يەلكىلىك كىچىك ھەرە ئائىلىسى: ئۆرۈك مېغىزى ھەرىسى، كەڭ يەلكىلىك كىچىك ھەرە.

دەرەخ ھەرىسى ئائىلىسى: دەرەخ ھەرىسى.

ئىچنېئۇمون ھەرىسى ئائىلىسى: چۈشىنخور دىپلوزون ھەرىسى، ئۇچلۇق ئىچنېئۇمون ھەرىسى، ئۇلتۇرغۇچ ئىچنېئۇمون ھەرىسى، قارا ئىچنېئۇمون ھەرىسى، زەيكەشلىك ئىچنېئۇمون ھەرىسى، ئۇنكولور نېتېلىيە ھەرىسى، ئوفىئون لۇتېئۇس ھەرىسى، ستېنو براكون ھەرىسى.

غوزا ھەرىسى ئائىلىسى: ئۇزۇن بۇرۇن قوڭغۇز ئافىدىئۇس ھەرىسى، بۇغداي كۆكپىت ئافىدىئۇس ھەرىسى، كۆكتات كۆكپىت ئافىدىئۇس ھەرىسى.

سېلىئون ھەرىسى ئائىلىسى: تۆچار چېكەتكىسىمان قارا تۇخۇملۇق ھەرە.

كىچىك پارازىت ھەرە ئائىلىسى: يوغان پۇت كىچىك ھەرە، سۆر چۈشىنسىمان يوغان پۇت كىچىك ھەرە.

ئىنچىكە بەل ھەرە ئائىلىسى: تىرناقلىق ئۇزۇن قويرۇق كىچىك ھەرە، براخمىيە كىچىك ھەرىسى.

كەڭ تۆش كىچىك ھەرە ئائىلىسى: قارا كەڭ تۆش كىچىك ھەرە، بېشىل كەڭ تۆش كىچىك ھەرە.

سەكرىگەك كىچىك ھەرە ئائىلىسى: شارسىمان قاسراقلىق كۆكۈچ بېشىل سەكرىگەك كىچىك ھەرە.

ياۋا ھەرە ئائىلىسى: گېرمانىيە سېرىق ياۋا ھەرىسى.

پاتقاق ھەرىسى ئائىلىسى: قىزىل بەل پاتقاق ھەرىسى، قارا پاتقاق ھەرىسى.

گۈل ھەرىسى ئائىلىسى: ئاق رەڭلىك گۈل ھەرىسى، قىزغۇچ سېرىق گۈل ھەرىسى.

### 34. جۈپ قاناتلىقلار ئەترىتى

ئاگرومىزا چىۋىنى ئائىلىسى: بۇغداي يوپۇرماق چىۋىنى، پالەك يوپۇرماق چىۋىنى، كۆك پۇرچاق يوپۇرماق چىۋىنى.

غول چىۋىنى ئائىلىسى: بۇغداي غولى چىۋىنى.

چېپار چىۋىن ئائىلىسى: تۇرۇپ چىۋىنى، كۆلرەڭ كىلېمىيە چىۋىنى، سۆڭپىياز چىۋىنى.

پارازىت چىۋىنلار ئائىلىسى: قىزىل قۇيرۇق پارازىت چىۋىن، سۇبلىس ئىكسورىستا چىۋىنى، زەھەرلىك پەرۋانە پارازىت چىۋىنى، قىسقا بۇرۇن پارازىت چىۋىن، چېپار پارازىت چىۋىن، ئۇچقۇر پارازىت چىۋىن، تۈن پەرۋانىسى تۇلەن پارازىت چىۋىنى.

كۆك پىتخور چىۋىن ئائىلىسى: چېپار قانات تار تۇمشۇق كۆك پىتخور چىۋىن، چوڭ چېپار كۆك پىتخور چىۋىن، قارا سىزىقلىق كۆك پىتخور چىۋىن، قىسقا تىكەن پۇتلۇق كۆك پىتخور چىۋىن، قىيسىق چېپار توم پېشانىلىك كۆك پىتخور چىۋىن، ئورغاقسىمان كۆك پىتخور چىۋىن، چوقۇر كىچىل كۆك پىتخور چىۋىن، ئۈچلۈق قۇيرۇقلۇق ئىنچىكە بەللىك كۆك پىتخور چىۋىن، قىسقا تىكەنلىك ئىنچىكە بەللىك كۆك پىتخور چىۋىن.

### 35. توزغاق قاناتلىقلار ئەترىتى

سۈزۈك قانات پەرۋانە ئائىلىسى: تېرەك سۈزۈك قانات پەرۋانىسى.

بۇغداي پەرۋانىسى ئائىلىسى: قىلتىرىقلىق شۇمۇكچى شاپتۇل پەرۋانىسى، بۇغداي پەرۋانىسى.

يوپۇرماق قېتى پەرۋانىسى ئائىلىسى: تېرەك يوپۇرماق پەرۋانىسى.

كۆكتات پەرۋانىسى ئائىلىسى: كىچىك كۆكتات پەرۋانىسى.

يوپۇرماق يۆگىگۈچى كىچىك پەرۋانە ئائىلىسى: نەشپۈت ئۆزەك قۇرتى، ئالما ئۆزەك قۇرتى، كەندىر ئۆزەك قۇرتى.

پەرۋانە ئائىلىسى: كۆزۈچ قارا قۇرتى، ئاپتاپپەرەس پەرۋانىسى، ئوتلاق پەرۋانىسى، خوگېيونسى چېپار پەرۋانىسى، ئاق پەرۋانە.

گېئومېترىد پەرۋانە ئائىلىسى: باھار موچى قۇرتى، ئاق يوللۇق يېشىل موچى قۇرتى، لوكسىمان موچى قۇرتى.

پەرۋانە ئائىلىسى: ئاق قاش پەرۋانە، ئاق قاش جىگدە پەرۋانىسى، تاتلىقياگيۇ پەرۋانىسى، كۆك كۆزلۈك پەرۋانە.

قولۋاقسىمان پەرۋانە ئائىلىسى: تېرەكنىڭ ئاچىماق قۇيرۇقلۇق قولۋاقسىمان پەرۋانىسى.

چىراغ پەرۋانىسى ئائىلىسى: تەڭگە كۆللۈك پەرۋانە.

زەھەرلىك پەرۋانە ئائىلىسى: سېرىق زەھەرلىك پەرۋانە، پورتېترىيە زەھەرلىك پەرۋانىسى، تېرەك زەھەرلىك پەرۋانىسى.

تۈن پەرۋانىسى ئائىلىسى: نەشپۈت پاپايىما پەرۋانىسى، سۆگەت پاپايىما پەرۋانىسى، شاپتۇل پاپايىما پەرۋانىسى، ئۈجمە تۈن پەرۋانىسى، ئاچا سىزىقلىق يەر يولۋىسى، سېرىق يەر يولۋىسى، كىچىك يەر يولۋىسى، ئىگشىيا قىزغۇچ تۈن

پەرۋانىسى، سوغۇققا چىدامىلىق قىزغۇچ تۈن پەرۋانىسى، قىزغۇچ تۈن پەرۋانىسى، بۇيا ئاپوپىيستىس تۈن پەرۋانىسى، چىگىي تۈن پەرۋانىسى، Y سىزىقلىق تۈن پەرۋانىسى، چېچەك تۈن پەرۋانىسى، سۆگەت كاتوكالا تۈن پەرۋانىسى، لېنتسىمان كاتوكالا تۈن پەرۋانىسى، تېرەك يوپكا قانات تۈن پەرۋانىسى، جۇلجۇل يوپكا قانات تۈن پەرۋانە، سېرىق سىزىقلىق قىشلىق تۈن پەرۋانىسى، خەنۋاڭ تۈن پەرۋانىسى، كېۋەز پەرۋانىسى، ئائىلىقياگىۋ تۈن پەرۋانىسى، يوللۇق يەر بولۋىسى، ئاق گىرۋەكلىك يەر بولۋىسى، كېۋەز غوزا قۇرتى، كۆل ئۆزىكى تۈن پەرۋانىسى، يوللۇق تۈن پەرۋانىسى، كىرونۇن پەرۋانىسى، چىرىتكۈچى يىپىشقاق تۈن پەرۋانىسى، يىپىشقاق تۈن پەرۋانىسى، كىچىك ئاق تۈن پەرۋانىسى، كاللەكبەسەي تۈن پەرۋانىسى، ئۈچقۇلاق تۈن پەرۋانىسى، چۇچۇكبۇيا تىكەنلىك يوپكا پەرۋانىسى، ئوخشاش يوللۇق تۈن پەرۋانىسى، ئىنچىكە تۇتاش يوللۇق تۈن پەرۋانىسى، كۆلرەڭ تۈن پەرۋانىسى، ھەر خىل يوللۇق تۈن پەرۋانىسى، ئاق يوللۇق تۈن پەرۋانىسى.

ئوتلاق پەرۋانىسى ئائىلىسى: زىچ يوللۇق ئوتلاق پەرۋانىسى، نەپىس يوللۇق ئوتلاق پەرۋانىسى.

كەندىر پەرۋانىسى ئائىلىسى: ئاق ئىلمەك كەندىر پەرۋانىسى، كىچىك قىزىل كەندىر كېپىنىكى.

سۇر كېپىنەك ئائىلىسى: كۆك كېپىنەك.

ئاق كېپىنەك ئائىلىسى: سېرىق يۇرچاق كېپىنىكى، چوڭ ئاق كېپىنەك، كىچىك ئاق كېپىنەك.

پىلە كېپىنىكى ئائىلىسى: پىلە قۇرتى.

36. تورسىمان قاناتلىقلار ئەترىتى

ئالتۇن كۆز قۇرت ئائىلىسى: ئاددىي ئالتۇن كۆز قۇرت، چوڭ ئوتلاق كۇمۇتىسى، جۇڭگو ئالتۇن كۆز قۇرتى.

يېشىل قۇرت ئۇرۇقدىشى: جۇڭگو چىشلىق يېشىل قۇرتى.

قوڭۇر كۇمۇتا ئائىلىسى: شىمال تەكشى قوڭۇر ئالتۇن كۆز.

چۇمۇلىخور ھەرە قۇرتى ئائىلىسى: چىپار چۇمۇلىخور ھەرە قۇرتى، جۇڭگو شەرق چۇمۇلىخور ھەرە قۇرتى، قوغلاپ زەربە بېرىدىغان چۇمۇلىخور ھەرە قۇرتى.

37. يىڭناغۇچلار ئەترىتى

يىڭناغۇچ ئائىلىسى: كىچىك چىپار يىڭناغۇچ، سېرىق پۇتلۇق قىزىل يىڭناغۇچ، قوڭۇر بەل قىزىل يىڭناغۇچ، قىزىل يىڭناغۇچ.

چوڭ يىڭناغۇچ ئائىلىسى: يىپەك يىڭناغۇچى.

38. ياچىۋەكسىمانلار ئەترىتى

ياچىۋەكلەر ئائىلىسى: نازۇك قانات ياچىۋەك، ئۇزۇن بويۇن ياچىۋەك.

39. ئۆمۈچۈكسىمانلار ئەترىتى

ئارانېيە ئۆمۈچۈكى ئائىلىسى: چوڭ قورساق ئارانېيە ئۆمۈچۈكى، ساغۇچ قوڭۇر ئارانېيە ئۆمۈچۈكى.

ئوكتوپۇس موللىيۇسكى ئائىلىسى: ئالدى چىشى بار ئوكتوپۇس موللىيۇسكى ئۆمۈچۈكى.

لىكوزا تۈمۈچۈكى ئائىلىسى: قارا قورساق لىكوزا تۈمۈچۈكى، يۇلتۇز گۈللۈك لىكوزا تۈمۈچۈكى.

ئالا دۈ ئائىلىسى: ئوتلاق ئالا دۈسى، چۈپلۈك تۈمۈچۈكى ئالا دۈسى.

سۇ تۈمۈچۈكى ئائىلىسى: يوللۇق تۈمۈچۈك.

نەيسىمان ئۇۋىلىق تۈمۈچۈك ئائىلىسى: پىننى نەيسىمان ئۇۋىلىق تۈمۈچۈكى.

40. سالجا- كانىلار لەترىتى

روستراتۇم ئىنترومىبىدىئۇم كانىسى ئائىلىسى: تۈمۈچۈكسىمان قىزىل كانا، قىزىل روستراتۇم ئىنترومىبىدىئۇم كانىسى.

دەرەخ كانىسى ئائىلىسى: تېرەك كانىسى، دولانا يوپۇرماق كانىسى، كانزاۋاي يوپۇرماق كانىسى، تۈركىستان يوپۇرماق كانىسى.

ئارتېمىيە قوڭغۇزى، ئۇسسۇرغاق قوڭغۇز، سۇ قوڭغۇزى، چۈشىن قوڭغۇزى، ئوتلاق سالجىسى، توخۇ سالجىسى، قىرىقئاياغ، چايان، چۈمۈلە، پاشا، پاقا ئېغىز پاشا، سۇۋەرەك، تۇلۇقچى قوڭغۇز.

## §3. كان بايلىقلىرى

قۇمۇلدا رۇدا تۈرى ۋە رۇدا تىپى نىسبەتەن تولۇق، زاپىسى مول. تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان كان مەھسۇلاتلىرى 73 خىل، مېتال رۇداسى 20 خىل، مىنېرال رۇدا 53 خىل. كان مەھسۇلاتلىرى 1018 ئورۇندا بولۇپ، مېتال كان مەھسۇلاتلىرى 661 ئورۇنغا، مىنېرال كان مەھسۇلاتلىرى 357 ئورۇنغا تارقالغان. بەلگىلىك زاپاسقا ئىگە سانائەت كان ياتىقى 130 دىن ئارتۇق بولۇپ، تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان مىس، نىكېل رۇدا زاپىسى مەملىكەت بويىچە 2- ئورۇندا، تۆمۈر رۇدا زاپىسى شىنجاڭ بويىچە 1- ئورۇندا تۇرىدۇ.

### 1. مېتال رۇدا كانلىرى

1) تۆمۈر كانى: ۋىلايەت بويىچە 319 تۆمۈر كانى بار، بۇنىڭ ئىچىدە بەش چوڭ كان ياتىقىنىڭ زاپىسى 730 مىليون تونىنا كېلىدۇ، ئومۇمىي رۇدا زاپىسى شىنجاڭ بويىچە 1- ئورۇندا بولۇپ، شىنجاڭدىكى ئومۇمىي زاپىسىنىڭ 50% نى ئىگىلەيدۇ، رۇدا تۈرى ماگنىتلىق تۆمۈرنى ئاساس، قىزىل تۆمۈر رۇدىسى بىلەن سىدېرىتنى قوشۇمچە قىلىدۇ. رۇدا قۇرۇلمىسى يۇقىرى گۆڭگۈرتلۈق، تۆۋەن فوسفورلۇق بولۇپ، مىس ۋە كوبالتمۇ ئارىلاش چىقىدۇ. ئاساسەن ۋىلايەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى لەنجۇ – شىنجاڭ تۆمۈر يولىنى بويلاپ سىخەي – تيەنخۇ، يامانسۇ، قۇمتاغ، قوشقۇدۇق قاتارلىق كان رايونلىرىغا تارقالغان. يامانسۇ ماگنىتلىق تۆمۈر رۇدىسى تەركىبىدىكى تۆمۈر مىقدارى 53% بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە مول رۇدا بايلىقى ھېسابلىنىدۇ.

2) مانگان كانى: مانگان كانى ۋىلايەت تەۋەسىدە جەمئىي 41 ئورۇندا بولۇپ، ئومۇمىي زاپىسى 235 مىڭ تونىنا كېلىدۇ، ئاساسەن داشۇي ۋە قۇمتاغ قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. رۇدا تۈرى قاتتىق مانگان رۇدىسى شەكلىدە بولۇپ، ئۇنىڭغا ئارىلىشىپ كوبالت، تۆمۈر، نىكېل ئېلېمېنتلىرى بار، مانگان تەركىبى 15.7% ~ 47.16% كىچە كېلىدۇ.

3) تىتان كانى: ۋىلايەت بويىچە تىتان رۇدىسى ئۈچ ئورۇندىن چىقىدۇ، ھەممىسى چوڭ كانلار بولۇپ، زاپىسى 2

مىليون 219 مىڭ توننا كېلىدۇ، ئاساسەن ۋېيىيا ۋە بارىكۆلدىكى گودىشەن تېغى ئەتراپلىرىغا تارقالغان. تەركىبىدىكى تىتان دىئوكسىدنىڭ مىقدارى %2 ~ %36 كە، ئوتتۇرىچە تەركىبى %13.5 كە يېتىدۇ، بۇنىڭغا يەنە ۋانادىي ۋە تۆمۈر رۇدىلىرى ئارىلاشقان.

4) ۋانادىي كانى: ۋانادىي كانى ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 10 ئورۇندا بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇراھال كاندىن بىرى بار، ئومۇمىي زاپىسى 325 مىڭ توننا كېلىدۇ. شىنجاڭدىكى ئومۇمىي زاپىسىنىڭ %95 تىن ئارتۇقراقىنى ئىگىلەيدۇ. ئاساسەن ۋېيىيا، داشۈي ۋە بارىكۆلدىكى گودىشەن تېغى ئەتراپىغا تارقالغان. رۇدا تۈرى ماگما كان ياتىقى ھالىتىدە بولۇپ، ئومۇمەن 2- دەرىجىلىك مەھسۇلات ھېسابلىنىدۇ.

5) خروم كانى: خروم كانى ۋىلايەت بويىچە 11 ئورۇندا چىقىدۇ، ئومۇمىي زاپىسى 2000 توننا كېلىدۇ، ئاساسەن بارىكۆلدىكى قاسانتو ئەتراپىغا تارقالغان، رۇدىدىكى خروم ترىئوكسىدنىڭ تەركىبى %30 ~ % 36 كە يېتىدۇ.

6) مىس - نىكېل كانى: مىس - نىكېل رۇدىسى ۋىلايەت بويىچە 163 ئورۇندا چىقىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى ئورۇندا چوڭ كان ياتىقى بار، ئومۇمىي زاپىسى 8 مىليون توننىدىن ئارتۇق. ئاساسەن شىڭشىڭشيا، قارلىق تاغ، قۇمبۇلاق، قۇمتاغ ئەتراپىغا تارقالغان. بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى مىس- نىكېل كانى كان بەلۋېغى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، شەرقتىن غەربكە 273 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا 20 ~ 35 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ كان بەلۋېغى تۇدۇن، خۇاڭشەن، خۇاڭشەندوڭ، شياڭشەن ۋە ئەينەكبۇلاقتىن ئىبارەت بەش مىس - نىكېل كان ياتىقىدىن تۈزۈلگەن. ئېنىقلانغان زاپىسى 467 مىڭ 500 توننا كېلىدۇ، مىس - نىكېل مىقدارى سانائەت سۈپىتى ئۆلچىمىگە يەتكەن بولۇپ، دۆلىتىمىز بويىچە زاپىسى ئېنىقلانغان كانلار ئىچىدە گەنسۇدىكى جىنچۈەن كانىدىن قالسىلا 2- ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇندىن باشقا يەنە، سەنچاكۇ، ئەرخوڭشەندىمۇ مىس - نىكېل كان رۇدىسى ئىنتايىن مول.

7) قوغۇشۇن كانى: ۋىلايەت بويىچە 17 ئورۇندىن چىقىدۇ، زاپىسى 1600 توننا. ئاساسەن قۇمبۇلاق ۋە شىڭشىڭشيا ئەتراپىغا تارقالغان، رۇدا گالېنىتنى ئاساس قىلىپ، مىس ۋە سىنك بىلەن ئارىلىشىپ كېلىدۇ.

8) سىنك كانى: ئالتە سىنك كان نۇقتىسى بولۇپ، ئومۇمەن مىس ۋە قوغۇشۇن ئارىلاش كېلىدۇ. رۇدا تۈرى سفالېرىت شەكلىدە، تومۇرسىمان كان ياتىقى ھالىتىدە بولۇپ، زاپىسى ئاز.

9) ئالتۇن كانى: ۋىلايەت بويىچە ئالتۇن كان 44 ئورۇندا بار بولۇپ، قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ماجۇاڭشەن، چۆلتاغ (كۆكقىر تېغى)، ئاراتۆرۈك نوم ئەتراپلىرىغا تارقالغان، ئومۇمىي زاپىسى 32.9 توننا. چوڭراق ياتىقىدىن بىرسى، ئوتتۇراھال كان ياتىقىدىن بىرى بار. رۇدا تۈرى تەبىئىي ئالتۇننى ئاساس قىلىدۇ، ئوتتۇرىچە دەرىجىسى 2.16 گرام /توننا بولۇپ، مىس، كوبالت، كۈمۈش قاتارلىقلار ئارىلاش چىقىدۇ.

10) كوبالت كانى: بۇ كان ئۈچ ئورۇندا بولۇپ، ئومۇمىي زاپىسى 178 توننا، ئومۇمەن قۇمۇلنىڭ داشۈي ئەتراپىغا تارقالغان، مانگان رۇدىسى ئارىلاش بولۇپ، كوبالت تەركىبى %0.115 ~ %0.098 گە يېتىدۇ.

11) ۋولفرام كانى: بۇ كان ۋىلايەت بويىچە ئالتە ئورۇنغا تارقالغان، ئوتتۇراھال كان ياتىقىدىن بىرى بار، ئومۇمىي زاپىسى 3400 توننا، ئومۇمەن، غەربىتاغ ۋە شىڭشىڭشيا ئەتراپىغا تارقالغان.

12) مولىبدېن كانى: بو كان ۋىلايەت بويىچە بەش ئورۇندىن چىقىدۇ، ئومۇمىي زاپىسى 25 مىڭ توننا، ئاساسەن شىڭشىڭشياغا تارقالغان.

13) بېرىللىي كانى: بۇ كان ۋىلايەت بويىچە يەتتە ئورۇندىن چىقىدۇ، ئوتتۇراھال كاندىن بىرسى بولۇپ، ئومۇمىي زاپىسى 235.6 توننا، ئاساسەن شىڭشىڭشيا، ئەينەكبۇلاق ۋە شوپۇل ئەتراپىغا تارقالغان.

14) لىتىي كانى (سپودۇمېن): ۋىلايەت بويىچە ئۈچ لىتىي كان رايونى بار، ئەينەكبۇلاقتا ئوتتۇراھال كاندىن بىرسى بولۇپ، زاپىسى 16 مىڭ توننا كېلىدۇ. بېرىللىي رۇدىسى ئارىلاش جايلاشقان، دەرىجىسى 14.3 ~ 55.7 گرام / توننا.

15) ئىنتىرىي كانى: ۋىلايەت بويىچە پەقەت بىر ئورۇندىلا بار، يەنى شىڭشىڭشيادىكى خوڭلىيۇجىڭدىنلا چىقىدۇ، ئۈنۈملۈك زاپىسى 2000 تونىنا، ئىتوبىي رۇدىسى زاپىسى 3055 تونىنا، ئىنتىرىي، گافنىي قاتارلىق ئېلېمېنتلار ئارىلاش جايلاشقان.

16) ئاللانىت كانى: ۋىلايە بويىچە پەقەت بىر ئورۇندىلا بار، يەنى يامانسۇنىڭ جەنۇبىدىكى كۋارتىس ساھىلى ئەتراپىغا جايلاشقان ئوتتۇراھال كان ھېسابلىنىدۇ، تەركىبىدە كۆپ خىل ئېلېمېنت بولۇپ، زاپىسى 4000 تونىنا كېلىدۇ.

17) ئازورىت كانى: يامانسۇنىڭ جەنۇبىدىكى ئاللانىت كانىدا ئارىلاش جايلاشقان، زاپىسى تەخمىنەن 15 تونىنا.

2. مېتاللوئىد كانلىرى

1) كۆمۈر كانى: ۋىلايەت بويىچە 26 ئورۇندا كۆمۈر كانى بولۇپ، ئۈچ چوڭ كان ياتىقى، ئۈچ ئوتتۇراھال كان ياتىقى بولۇپ، ئومۇمىي زاپىسى 570 مىليارد 800 مىليون تونىنا، تاغ ئارىلىرىدىكى ئويمانلىقلارغا جايلاشقان. كاللەك كۆمۈر ۋە ھۆللۈك كۆمۈرنى ئاساس قىلىدۇ، بىر قەدەر داڭلىق كۆمۈرلۈكلەردىن سار كۆمۈرلۈكى، بوغاز كۆمۈرلۈكى، ئارانچى كۆمۈرلۈكى، بارىكۆلدىكى بورچۇنجى كۆمۈر كېنى ۋە ئاراتۇرۇكتىكى يېڭى كۆل كۆمۈر كېنى قاتارلىقلار بار. بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل شەھىرى سار كۆمۈرلۈكى دۇنيا بويىچە 10 چوڭ كۆمۈرلۈك قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن، بۇ كۆمۈر كانلىرىنىڭ كۆمۈر قاتلىمى قېلىن، سۈپىتى ياخشى بولۇپ، ئاساسەن ئۈستى ئوچۇق كانلار ھېسابلىنىدۇ.

2) نېفىت، تەبىئىي گاز: ۋىلايەت بويىچە قۇمۇل ئويمانلىقى ۋە سەنتاڭخۇ (ئۈچكۆل) – نوم ئويمانلىقىدا نېفىت – گازلىق كان رايونى شەكىللەنگەن. شەرقتە يەندۇندىن باشلىنىپ غەربتە خوگتەيگىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 220 كىلومېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 70 كىلومېتىردىن ئارتۇق ئارىلىقتا 13 نېفىت ساقلانغان تۈزۈلمە قاتلىمى بولۇپ، نېفىت زاپىسى بىرقانچە مىليارد توننىدىن، تەبىئىي گاز زاپىسى 960 مىليارد كۇب مېتىردىن ئاشىدىغانلىقى مۆلچەرلەندى. سەنتاڭخۇ (ئۈچكۆل) – نوم ئويمانلىقىدىمۇ نېفىت ساقلانغان تۈزۈلمە قاتلىمى بولۇپ، نېفىت زاپىسى تەخمىنەن 1 مىليارد تونىنا كېلىدۇ.

3) تاشتۇز: تاشتۇز ۋىلايەت بويىچە 53 ئورۇندىن چىقىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇراھال تۇزلۇقتىن بىرى بار. تاشتۇز ئومۇمىي زاپىسى 50 مىليون تونىنا كېلىدۇ، ئاساسەن، ھەر قايسى تاغ ئارىسى ئويمانلىقلىرىغا ۋە جەنۇبىي چۆللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھازىرقى دەۋر تۇزلۇق كۆللىرىگە، شۇنداقلا سازلىق جايلارغا تارقالغان، شور ئارىلاش كېلىدۇ. تۇزلۇق كۆلى تاشتۇز كانى قاتتىق كان بولۇپ، كرىستاللار ئارىلىقىدا شور سۇ بولىدۇ. ساھىلدىكى تۇز كانلىرىنىڭ ئۈستى تەرىپىدە تاشتۇز، ئاستىدا شور بار. شور سۇدا ماگنىي، كالىي، بور، بروم، لىتىي قاتارلىق ئارىلاش ئېلېمېنتلار بار. تاشتۇز كانلىرى ئاساسەن بارىكۆل كۆلى، يەتتە قۇدۇق، شەرقىي تۇزكۆل ۋە تۇزلۇقنىڭ جەنۇبىدىكى كۋارتىس ساھىلى قاتارلىق جايلارغا تارقالغان.

4) شور: شور ۋىلايەت بويىچە 12 ئورۇندىن چىقىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە بىر چوڭ كان ياتىقى بولۇپ، ئومۇمىي زاپىسى 156 مىليون تونىنا كېلىدۇ. تارقىلىشى تاشتۇز كانى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

5) فوسفور كانى: فوسفور كانى ۋىلايەت بويىچە 17 ئورۇندا بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ ئورۇندا ئوتتۇراھال كان ياتىقى بولۇپ، ئومۇمىي زاپىسى 20 مىليون 690 مىڭ تونىنا كېلىدۇ، ئوتتۇرىچە دەرىجىسى12.55%، ئاساسەن قۇمۇلدىكى داشۇي، جىيەنشەنزى ۋە پىگتەيشەننىڭ تاغ ئېغىزى ئەتراپلىرىغا تارقالغان. ۋانادىي، تىتان ۋە تۆمۈر ئارىلاش چىقىدۇ.

6) زەمچە كانى: زەمچە كانى ۋىلايەت بويىچە پەقەت بىر ئورۇندىلا بار. يەنى ئاراتۇرۇك ناھىيىسى نوم يېزىسىنىڭ شىمالىدىكى تاغدىنلا چىقىدۇ. بۇ كىچىك كان ياتىقى بولۇپ، زاپىسى 142 مىڭ تونىنا، دەرىجىسى 40% كە يېتىدۇ.

7) كۆكگۆرتلۈك تۆمۈر رۇدىسى: بۇنداق كان ۋىلايەت بويىچە 11 ئورۇندا بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇراھال كان

ياتمىسىدىن بىرسى بولۇپ، ئومۇمىي زاپىسى 3 مىليون 410 مىڭ توننا كېلىدۇ. ئاساسەن ئاراتۇرۇك ناھىيە نوم يېزىسى ئەتراپىغا تارقالغان.

8) تەبىئىي ئىشقار: ئىككى ئورۇندا كان نۇقتىسى بار، ئاساسەن قوشتىكەن ۋە لاۋۋۇ ئەتراپلىرىدىن چىقىدۇ.

9) ناترىيلىق سېلىترا: ۋىلايەت بويىچە بىرلا كىچىك كان رايونى بار. زاپىسى 128 مىڭ توننا كېلىدۇ. ئورنى قۇمۇل شەھىرىنىڭ سار ئەتراپلىرىدا.

10) ئارسىن كانى: ۋىلايەت بويىچە پەقەت ئالاتاغدىنلا چىقىدۇ.

11) بارىت كانى: ۋىلايەت بويىچە ئىككى جايدىن چىقىدۇ، يەنى جيەنشەن ۋە پىگتەيشەن تېغىغا تارقالغان. رۇدىدا بارىت بىلەن ئېفىر تاش ئارىلاش بولۇپ، زاپىسى 17 مىڭ توننا.

12) مەرمەرتاش، گرانت تاش: تەگرىتاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى ئىككى ئۆزۈلمە ئارىلىقىدىكى شەرقتىن غەربكە 100 كىلومېتىر كېلىدىغان چوقچايما بەلۋاغقا تارقالغان، زاپىسى مول بولۇپ، 200 مىليون كۇب مېتىردىن ئاشىدۇ. مەرمەرتاش زىننەتلەش ئىقتىدارى ۋە رەڭگىگە قاراپ بەش تۈرگە ئايرىلىدۇ: يەككە رەڭلىكلىرىدىن “تەگرىتاغ ئېقى“ مەرمەر تېشى؛ تۇم قارا رەڭلىك مەرمەر تاش؛ يېشىل رەڭلىكلىرىدىن ” تەگرىتاغ يېشىلى“ مەرمەر تېشى؛ قىزىل رەڭلىكلىرىدىن “تەگرىتاغ قىزىلى“ مەرمەر تېشى؛ سېرىق رەڭلىكلىرىدىن “تەگرىتاغ سېرىقى“ مەرمەر تېشى قاتارلىقلار بار. ئۇلار تاش مومسىمان، پارقىراق كېلىدۇ. كۆك گرانت تاش دۆلىتىمىزدە ئاز ئۇچرايدىغان تاش ھېسابلىنىدۇ.

13) ئاق چېرىمتال: ۋىلايەت بويىچە 28 ئورۇندىن چىقىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە تۆت كىچىكرەك كان ياتمىسى بولۇپ، زاپىسى تەخمىنەن 280 توننا كېلىدۇ، ئاساسەن كۋارتس ساھىلى ۋە تۆزلۇق ئەتراپىغا تارقالغان.

14) سۇرمە تاش: ۋىلايەت بويىچە سەككىز ئورۇندىن چىقىدۇ، زاپىسى تەخمىنەن مىليون توننا، تەركىبىدىكى كاربون مىقدارى 25% ~ 30%، ئاساسەن تاشئۆيلىق يېزىسىنىڭ تۆۋەنغول ئەتراپىغا تارقالغان.

15) گەج: ۋىلايەت بويىچە 10 ئورۇندىن چىقىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە بىر چوڭراق كان ياتمىسى، بىر ئوتتۇراھال كان ياتمىسى بولۇپ، ئومۇمىي زاپىسى 33 مىليون 500 مىڭ توننا، ئاساسەن قۇمتاغ ئەتراپىغا تارقالغان.

16) ھاك تاش: ۋىلايەت بويىچە 14 ئورۇندا بارلىقى ئېنىقلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە تۆت چوڭراق كان ياتمىسى، ئۈچ ئوتتۇراھال كان ياتمىسى ۋە ئىككى كىچىكرەك كان ياتمىسى بولۇپ، ئومۇمىي زاپىسى تەخمىنەن 100 مىليون توننا، ئاساسەن يامانسۇ ـ سىتەن ئەتراپلىرىغا تارقالغان.

17) كۋارتس تېشى: ۋىلايەت بويىچە تۆت ئورۇندا بار، بۇنىڭ ئىچىدە بىر ئوتتۇراھال كان ياتمىسى، ئىككى كىچىكرەك كان ياتمىسى بولۇپ، ئومۇمىي زاپىسى تەخمىنەن 2 مىليون 360 مىڭ توننا، ئاساسەن قۇمۇل يەندۈننىڭ خۇگتۇشا ۋە ۋېيىيا- تيەنخۇ ئەتراپلىرىغا تارقالغان.

18) ئوتقا چىدامىلىق سېغىز: ئىككى ئورۇندىن چىقىدۇ، زاپىسى تەخمىنەن 1 مىليون 275 مىڭ توننا، ئاساسەن تارانچى كۆمۈرلۈكىنىڭ توپا قاتلىمىغا تارقالغان.

19) ھېقىق: ۋىلايەت بويىچە 15 كان رايونى بولۇپ، ئاراتۇرۇك نوم يېزىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى جىگدىبۇلاق- سايئۇنىڭ شىمالىغا مەركەزلىك تارقالغان. كان ياتمىسىنىڭ تۈرى گىدرو تېرمال سۇيۇقلۇق تىپىدىكى ۋە مىخانىكىلىق چۆكۈندى تىپىدىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، ئالدىنقىسىنى ئاساس قىلىدۇ. بۇ تۈرنىڭ رەڭگى ئاساسەن كۆلرەڭ، يېرىقچىلىرى ئاز، دانىچىسى چوڭ كېلىدۇ؛ رۇدا نىسبىتى 0.296 كىلوگرام /كۇب مېتىر؛ چۆكۈندى تىپىدىكىنىڭ ھەر خىل رەڭدىكىلىرى تولۇق بولۇپ، رەڭگى پارقىراق، رۇدا نىسبىتى 0.75 كىلوگرام /كۇب مېتىر ، لېكىن دانىچىسى سەل كىچىكرەك كېلىدۇ.

20) قۇمۇل قاشتېشى (دولومىت جىنس رۇدىسى): قۇمۇلدا دولومىت جىنس رۇدىسى ئومۇمەن قۇمۇل قاشتېشى دېيىلىدۇ، قۇمۇل قاشتېشى ئاق مەرمەر ۋە سارغۇچ مەرمەر دەپ ئىككى خىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ۋىلايەت بويىچە 21

ئورۇندىن چىقىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە سەككىز چوڭراق كان ياتىقى بولۇپ، ئومۇمىي زاپىسى 300 مىليون توننا. ئاساسەن جەنۇبىتا قەدىمكى تەڭرىتاغ چوقچايما بەلۋېغىغا، غەربتە ئالاتاغدىن باشلىنىپ شەرقتە شىڭشىڭشياغىچە بولغان 250 كىلومېتىر ئارىلىققا تارقالغان. بۇنىڭ ئىچىدە ۋېييا ـ تىيەنخۇ ئەتراپلىرىدىن چىقىدىغان ئاق مەرمەر بىلەن سارغۇچ مەرمەرنىڭ سۈپىتى ئەڭ ياخشى، بۇ ئورۇنلاردىن قېزىۋېلىنغان 300 توننا ئاق مەرمەر 1977- يىلى ماۋزېدۇڭ خاتىرە سارىيىنى زىننەتلەشكە ئىشلىتىلدى.

21) خرۇستال: ۋىلايەت بويىچە 26 ئورۇندىن چىقىدۇ، لېكىن، ھۈنەر- سەنئەتكە ئىشلەتكىلى بولىدىغان خرۇستالنى پەقەت يامانسۇنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بىرلا كاندىن ئالغىلى بولىدۇ. خرۇستال بىرنەچچە سانتىمېتىردىن بىرقانچە ئون سانتىمېتىرغىچە بولۇپ، ئايرىم خرۇستاللارنىڭ ئېغىرلىقى 62 كىلوگىرامغا يېتىدۇ.

22) ئىسلاندىيە خرۇستالى: ۋىلايەت بويىچە 11 ئورۇندىن چىقىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە بىر ئوتتۇراھال كان ياتىقى بولۇپ، ئاساسەن ۋېييا ئەتراپىغا تارقالغان، بۇ خىل خرۇستال سۈزۈك- يېرىم سۈزۈك ھالەتتە بولۇپ، يەككە ئېغىرلىقى 100 ~ 10 كىلوگىرام كېلىدۇ.

23) بېرىل، سېپىدۇمېن، ئامازون تېشى: ۋىلايەت تەۋەسىدە بېرىل يەتتە ئورۇندىن، ئامازون تېشى تۆت ئورۇندىن، سېپىدۇمېن ئۈچ ئورۇندىن چىقىدۇ، ئۈچى دائىم بىللە جايلىشىدۇ، ئاساسەن شىڭشىڭشياغا تارقالغان.

**قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1990- يىلىدىكى ئاساسلىق كان مەھسۇلاتلىرىنىڭ ساقلىنىش مىقدارى**

جەدۋەل: 2 – 16

| كان تۈرى | كان ئورنى | زاپىسى | كېلگۈسى زاپىسى | ئىزاھ |
|---|---|---|---|---|
| كۆمۈر (100 مىليون توننىلىق) | نارنجى كۆمۈر كېنى | 12 | | |
| | بوغاز كۆمۈر كېنى | 16 | D دىن يۇقىرىسى 144 | E دىن يۇقىرىسى 231 |
| | باركۆل كۆمۈر كېنى | 6 | | كوكس كۆمۈرى |
| | بېيانچۈەن كۆمۈر كېنى | 2 | | كوكس كۆمۈرى |
| | سىر كۆمۈر كېنى | | D دىن يۇقىرىسى 187 | E دىن يۇقىرى |
| تۆمۈر كېنى (10 مىڭ توننىلىق) | تىيەنخۇ تۆمۈر كېنى | 11174 | | ھوسۇللۇق رۇدا 45% نى ئىگىلەيدۇ |
| | سىنخەي تۆمۈر كېنى | 9900 | | ھوسۇللۇق رۇدا 42 مىليون 300 مىڭ توننا |
| | يامانسۇ تۆمۈر كېنى | 3810 | | ھوسۇللۇق رۇدا |
| | تۇمشاغ تۆمۈر كېنى | 2089 | | |
| | شالوڭ تۆمۈر كېنى | 1053 | | |
| | ئالاتاغ تۆمۈر كېنى | 636 | | ھوسۇللۇق رۇدا 3مىليون 820 مىڭ توننا |
| | يۇشىن تۆمۈر كېنى | 350 | | |
| | يۇفىڭ تۆمۈر كېنى | 219 | | |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| | Co: 1.77 | Cu:18.81 | خۇاڭشەندوڭ مىس ـ نىكېل كانى | مىس ـ نىكېل كانى (ئون مىڭ توننىلىق) |
| | Ni:38.26 | | | |
| | Co:2.5 | Cu:26.50 | خۇاڭشەن مىس ـ نىكېل كانى | |
| | Ni:40.70 | | | |
| | Co:0.17 | Cu:1.58 | تۇدۇن مىس ـ نىكېل كانى | |
| | Ni:2.61 | | | |
| | | (Cu+Ni)12.56 | ئەينەكبۇلاق مىس ـ نىكېل كانى | |
| | 150.39 | (Cu+Ni)5 | شىياڭشەن مىس ـ نىكېل كانى | |
| جەمئىي:23 | | 15 | جىنۇۋۇي ئالتۇن كانى | ئالتۇن (توننىلىق) |
| | | 8 | قوش تۇدۇق ئالتۇن كانى | |
| جەمئىي:5524 | | 1848 | شەرقىي تۇزكۆل | تاشتۇز (ئون مىڭ توننىلىق) |
| | | 1500 | جەنۇبىي تۇزكۆل | |
| | | 2070 | يەتتە قۇدۇق تۇزكۆلى | |
| | | 58 | ئارالئۆزەك تۇزكۆلى | |
| | | 48 | باركۆل تۇزكۆلى | |
| جەمئىي: 12261 | | 4034 | يەتتە قۇدۇق تۇزكۆلى | شور (ئون مىڭ توننىلىق) |
| | | 5200 | باركۆل تۇزكۆلى | |
| | | 2757 | ئارالئۆزەك تۇزكۆلى | |

# VI باب

# تەبىئىي ئاپەت

قۇمۇل ۋىلايىتى تەبىئىي ئاپەت كۆپ يۈز بېرىدىغان رايون بولۇپ، قۇرغاقچىلىق، بوران، ئۈششۈك، قۇرغاق ئىسسىق شامال ۋە مۆلدۈر قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەر خەلق ئىگىلىكى، بولۇپمۇ دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا ئوخشاشمىغان دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

## §1. قۇرغاقچىلىق

قۇرغاقچىلىق ئادەتتە تۇپراق قۇرغاقچىلىقى ۋە ئاتموسفېرا قۇرغاقچىلىقى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. خەلق ئارىسىدا " ئاسمان قۇرغاق، يەر قۇرغاق"، " ئاسمان قۇرغاق ئەمەس، يەر قۇرغاق" ياكى " يەر قۇرغاق ئەمەس، ئاسمان قۇرغاق" دېگەندەك قۇرغاقچىلىققا ئائىت تۈرلۈك قاراشلار تارقىلىپ كەلگەن.

قۇمۇل رايونى قۇرغاق، يامغۇر ئاز، ھۆل- يېغىن تەكشىسىز، زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈش پەسلىدە تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرى، بوراننىڭ كۆپ بولۇشى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق قۇرغاقچىلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھەر قايسى جايلاردىكى قۇرغاقچىلىق پەسىل ۋە ئايلارغا بۆلۈنىدۇ، بولۇپمۇ ئەتىياز، ئەتىيازنىڭ ئاخىرى ۋە يازدا قۇرغاقچىلىقنىڭ تەسىرى بىر قەدەر ئېغىر بولىدۇ.

باش ئەتىيازدا يامغۇر ئاز، بوران كۆپ، تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆرلىشى تېز بولغاچقا، يەرنىڭ نەملىكى قېچىپ، نەملىك يېتىشمەسلىك يۈز بېرىپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ۋە مايسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئېغىر دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئەتىيازنىڭ ئاخىرى زىرائەتلەرنىڭ" باش سۈيى" نى سۇغىرىش مەزگىلى ۋە كۈزلۈك زىرائەتلەرنى تېرىش مەزگىلىدە دېھقانچىلىقتا سۇ ئېھتىياجى ئاشىدۇ. بۇ مەزگىللەردە تاغ سۈيى كېچىكىپ ۋە مىقدارى ئازلاپ كەتكەچكە، سۇ جىددىيلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

يازلىق قۇرغاقچىلىق گەرچە ئەتىيازلىق قۇرغاقچىلىق ۋە ئەتىيازنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى قۇرغاقچىلىقتەك گەۋدىلىك بولمىسىمۇ، لېكىن ئېتىز- ئېرىقلار كۆپ مىقداردىكى سۇغا ئېھتىياجلىق بولغانلىقتىن، قۇرغاقچىلىق ئەھۋاللىرى پات- پات يۈز بېرىپ تۇرىدۇ.

قۇرغاقچىلىق " يەر سۇغىرىش" تا ئىپادىلىنىدۇ. بولۇپمۇ قار ۋە يامغۇر سۈيىگە قاراشلىق، سۇ ئامبىرى، قۇدۇق بولمىغان جايلاردا تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

1958 ~ 1990- يىلىغىچە بولغان 30 نەچچە يىل جەريانىدا، 1958-، 1962-، 1968-، 1974-، 1986- ۋە

1989- يىللىرى قىش، ئەتىياز (11 ~ 5 ئايلار) لىق يېغىن مىقدارى بىر قەدەر ئاز بولۇپ، قومۇل ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبىدىكى دېھقانچىلىق رايونلىرى ۋە باركۆل ناھىيىسىدىكى دېھقانچىلىق رايونلىرى ئەتىيازلىق قۇرغاقچىلىقنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. قىشلىق زىرائەتلەرنىڭ ھالقىلىق ئۆسۈش مەزگىلى بولغان 5-، 6-، 7- ئايلاردا، يېغىن مىقدارى 1962-، 1974-، 1975-، 1982- يىللىرى ناھايىتى ئاز؛ 1958-، 1964-، 1980-، 1981-، 1985-، 1989- يىللىرى بىر قەدەر ئاز بولدى. قىسمەن رايونلاردا قۇرغاقچىلىق ناھايىتى ئېغىر بولدى.

30 نەچچە يىل جەريانىدا 1958-، 1962-، 1974-، 1989- يىللىرى قىش، ئەتىيازدا ۋە زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈش مەزگىلىدە يېغىن نىسبەتەن ئاز بولۇپ، قۇرغاقچىلىق ئېغىر بولدى. 1964-، 1975-، 1980-، 1981-، 1982-، 1985- يىللىرى قىشلىق، ئەتىيازلىق يېغىن مىقدارى نورمال بولغان بولسىمۇ، لېكىن زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈش پەسلىدىكى يېغىن نىسبەتەن ئاز بولغاچقا، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى يەنىلا بەلگىلىك تەسىرگە ئۇچرىدى. 1984- يىلى ۋە 1986- يىلى قىشلىق، ئەتىيازلىق يېغىن نورمال ياكى سەل- پەل ئاز بولغان بولسىمۇ، لېكىن زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈش پەسلىدىكى يېغىن مىقدارى كۆرۈنەرلىك كۆپ بولغاچقا، مۇشۇ ئىككى يىللىق دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى كىشىنى خۇشال قىلدى. بۇنىڭدىن تەبىئىي ئاپەتلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىمىزنىڭ يۇقىرى ئەمەس، لېكىن تەبىئەتكە تايىنىپ جان باقىدىغان ئەھۋالدىن تېخىچە قۇتۇلالمىغانلىقىمىزنى، تەبىئىي ھۆل- يېغىن، بولۇپمۇ 5 ~ 7 ئايلاردىكى يېغىن ۋىلايىتىنىڭ شىمالىدىكى دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

تارىخىي خاتىرىلەردە يۇمەن سۇلالىسى دەۋرىدىن بۇيان قومۇلدا قۇرغاقچىلىق ۋە ئېغىر قۇرغاقچىلىق يۈز بەرگەن يىللار تۆۋەندىكىدەك خاتىرىلەنگەن:

يۇەنشىزۇنىڭ جىيۇەن 17 ~ 24- يىلىغىچە (1280 ~ 1287- يىلىغىچە) قومۇلدا ئېغىر قۇرغاقچىلىق يۈز بېرىپ، زىرائەتتىن ھوسۇل ئېلىنمىدى، يۇەنشىزۇ قومۇلنىڭ بوز يەر ئاتامىنى ئاياچقا زاپاس ئاشلىق بىلەن يۇقرالارنى قۇتقۇزۇشقا يارلىق چۈشۈردى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 41- يىلى (1776- يىلى) باركۆلدە قاتتىق قۇرغاقچىلىق بولۇپ، دادوڭ، داچۈەن، كۆيسۇ، ئەرشىلىجۇاڭ، شەرقىي ۋە غەربىي شىرىنزا قاتارلىق جايلاردىكى 26 مىڭ 736 مو يەردىكى زىرائەت قۇرۇپ كەتتى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ جياچىڭ 21- يىلى (1816- يىلى) باركۆلدە قاتتىق قۇرغاقچىلىق بولۇپ، ھوسۇل ئېلىنمىدى، نەتىجىدە ئاشلىق بىجى ۋە سېلىقلار كەچۈرۈم قىلىندى ھەمدە ئۆزۈق- تۈلۈك قەرز بېرىلدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 8- يىلى (1828- يىلى) قاتتىق قۇرغاقچىلىق بولۇپ، ئاشلىق يىغىش ۋە باج- سېلىقلار كەچۈرۈم قىلىندى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى 6- يىلى (1867- يىلى) ئەتىيازدا قۇرغاقچىلىق بولغاچقا، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ 20% ى تېرىلماي، ئادەملەر بىر- بىرىنى يېيىش ئەھۋالى كېلىپ چىقتى.

مىنگونىڭ 21- يىلى (1932- يىلى) قومۇلدا ئەتىياز پەسلىدە قۇرغاقچىلىق يۈز بېرىپ، ئېتىزلار قۇرۇپ يېرىلىپ كەتتى.

مىنگونىڭ 22- يىلى (1934- يىلى) باركۆلدە قاتتىق قۇرغاقچىلىق يۈز بېرىپ، ھوسۇل كەم ئېلىنغاچقا، بەزى كىشىلەر ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتتى.

مىنگونىڭ 30- يىلى (1941- يىلى) ئاراتۇرۇك نومىدا ئېرىقىتىكى مۇزلارنىڭ ئېرىشى كېچىكىپ كەتكەچكە، زىرائەتلەر قۇرۇپ مەھسۇلات كېمىيىپ كەتتى، قۇمۇل ئاستانە ۋە لاپچۇقتا قۇرغاقچىلىق تۈپەيلىدىن، ئەتىيازدا بۇغدايلاردا سېرىق داغ كېسىلى يۈز بەردى.

مىنگونىڭ 33-، 34- يىللىرى (1944-، 1945- يىللىرى) ئۇدا قۇرغاقچىلىق يۈز بېرىپ، تاغ سۈيى ئازىيىپ كېتىپ، كۆپ قىسىم ئېتىزلاردىن ھەتتا ئورۇقلۇقمۇ يىغىۋېلىنمىدى.

1952- يىلى قۇمۇلدا قاتتىق ئىسسىق بولۇپ، 7- ئاينىڭ 15- كۈنى تېمپېراتۇرا 43.9 °C قا يەتتى.

1954- يىل 5- ئايدا تاغ سۈيىنىڭ كېلىشى كېچىكىپ كەتكەچكە، ۋىلايەت ئورگان كادىرلىرى، ھەربىيلەر، ئوقۇغۇچىلار ۋە ئاھالىلەرنى پالۋانتۇر يېزا يېگى مەھەللىگە بېرىپ، چېلەك بىلەن سۇ توشۇپ بۇغداي سۇغىرىشقا سەپەرۋەر قىلدى؛ بارىكۆلنىڭ كۆيسۇ لۇفاگكودا زىرائەتلەردىن ھوسۇل ئېلىنمىدى، ئاھالىلەر 5.5 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جىلغا ئېغىزىدىن سۇ توشۇپ ئىچتى.

1960- يىلى قاتتىق قۇرغاقچىلىق بولغانلىقتىن، ئايروپىلان بىلەن شەرقىي تەڭرىتاغدىكى مۇزلۇقتا كۆمۈر توپىسى چېچىش، مۇزلۇقنى بومباردىمان قىلىش ئارقىلىق، قار، مۇزلار ئېرىتىلدى.

1962- يىلى ۋىلايەت بويىچە قاتتىق قۇرغاقچىلىق بولغانلىقتىن، قۇمۇل ناھىيىسىدىكى 80 مىڭ مو يەردىكى بۇغداينىڭ كۆپ قىسمى قۇرۇپ كەتتى؛ بارىكۆلدە 80 مىڭ مو يەردىكى زىرائەت دان تۇتمىدى؛ ئاراتۇرۇكتە 11 مىڭ 237 مو تېرىلغۇ يەر ئاپەتكە ئۇچرىدى، بۇ ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر مەيدانىنىڭ 34.14% نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ بىلەن مەھسۇلات 30% كېمىيىپ كەتتى، قىسمەن جايلار ھەتتا يەقەتلا ھوسۇل ئالالمىدى، ھوسۇل ئېلىنمىغان يەر 5000 موغا يەتتى. ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىڭ مەھسۇلاتى 80% كېمىيىپ كەتتى، 1118 مو يەردىن ھوسۇل ئېلىنمىدى.

1967-، 1968- يىللىرى قۇرغاقچىلىق تۈپەيلىدىن ھوسۇل كېمىيىپ كەتتى.

1974- يىلى ۋىلايەت بويىچە ئېغىر قۇرغاقچىلىق بولغانلىقتىن ناھىيە تەۋەسىدە 6- ئاينىڭ 25- كۈنىدىن 7- ئاينىڭ 15- كۈنىگىچە ئۇدا ئالتە قېتىم ئىسسىق شامال چىقتى؛ بارىكۆل ناھىيىسىدە ئەتىياز ۋە يازدا ئۇدا قۇرغاقچىلىق يۈز بەرگەنلىكتىن، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 60.6%؛ ياغلىق دان مەھسۇلاتى 47% كېمىيىپ كەتتى.

1974-، 1975- يىل ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدە ئۇدا ئىككى يىل قۇرغاقچىلىق بولغانلىقتىن، نېرىنكىر چارۋىچىلىق فېرمىسىدا 9000 تۇياق چارۋا زىيانغا ئۇچرىدى.

1978- يىلى قۇمۇل ناھىيىسىدىكى قىسمەن بۇلاقلار قۇرۇپ كەتتى، بەزى كارىزلارنىڭ سۈيى ئۈزۈلۈپ قالدى، بۇغدايلار مايسا سۈيىنى ۋاقتىدا ئىچەلمىگەچكە نۇرغۇن مايسا قۇرۇپ كەتتى، تاغلىق كەنتلەردە ئادەم ۋە چارۋىلار سۇدىن قىسىلدى.

1981-، 1982- يىللىرى ئاراتۇرۇك نېرىنكىردا ئېغىر قۇرغاقچىلىق بولۇپ، يايلاقلار قۇرۇپ كەتتى، مايسىلار قۇرۇپ ئاشلىق مەھسۇلاتى كېمىيىپ كەتتى، زىيانغا ئۇچرىغان تۈللەرنىڭ سانى 4000 غا يەتتى.

1983- يىلى يېغىن ئاز بولغانلىقتىن، 4- ئاينىڭ ئاخىرى تۆرۈك غولىنىڭ ئېقىم مىقدارى 0.64 كۇب مېتىر / سېكونتقا چۈشۈپ قېلىپ، ئالدىنقى يىللارنىڭ ئوتتۇرىچە ئېقىم مىقدارىدىن 10% كېمىيىپ كەتتى، سۇ ئامبىرىدىكى سۇ مىقدارى ئالدىنقى يىللارنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 9 مىليون كۇب مېتىر ئازىيىپ، زىرائەتلەردىن كەم ھوسۇل ئېلىندى.

1985- يىلى ۋىلايەت بويىچە ئېغىر قۇرغاقچىلىق بولۇپ، باركۆل ناھىيىسىنىڭ ئاشلىق، يالغۇز دان ئومۇمىي مەھسۇلاتى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 40% كېمىيىپ كەتتى. ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدە ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىر بولۇپ، تېرىلغۇ كۆلىمى 4340 مو ئازىيىپ كەتتى، ئۇزۇق- تۈلۈك ئېغىر دەرىجىدە يېتىشمىدى، تۇركۆل ۋە نىرىنكىر چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنىڭ بىر قىسىم چارۋىسى قۇمۇل شەھىرىنىڭ يېزا، مەيدانلىرىدا بېقىلدى.

1986- يىلى سۇنىڭ كېلىش مىقدارى ئالدىنقى يىلنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 48% ئازىيىپ، ۋىلايەت بويىچە 500 مىڭ مو ئېتىز، 50 مىڭ ئادەم ۋە 200 مىڭ تۇياق چارۋا ئېغىر قۇرغاقچىلىق تەھدىتىگە دۇچ كەلدى، بۇ 30 يىلدىن بۇيانقى ئاپەت ئەڭ ئېغىر بولغان بىر يىل ھېسابلىنىدۇ.

1987- يىلى تۆرۈك سۇ ئامبىرىغا قويۇلىدىغان سۇ مىقدارى ئالدىنقى يىللارنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 20% ~ 60% ئازىيىپ كەتتى.

1989- يىلى قۇمۇل شەھىرى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئەڭ ئېغىر ئەتىيازلىق قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە ئۇچرىدى. تاغ سۈيىنىڭ مىقدارى ئالدىنقى يىللاردىكىدىن 54% ئازىيىپ كەتتى، ئاپەتكە ئۇچرىغان تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 105 مىڭ مو بولۇپ، بۇ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 55.5% ىنى ئىگىلىدى. باركۆل ناھىيىسىدە قۇرغاقچىلىق تېخىمۇ ئېغىر بولۇپ، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1988- يىلدىكى 45 مىليون 370 مىڭ كىلوگرامدىن 22 مىليون 409 مىڭ كىلوگرامغا چۈشۈپ قالدى.

## §2. قار ۋە سوغۇق

قار ۋە سوغۇق قۇمۇلدا ئاساسلىق ئاپەتلەرنىڭ بىرى، قاتتىق شۇررىغان ۋە قاتتىق قار ئاپىتىنىڭ چارۋىچىلىققا بولغان زىيىنى تېخىمۇ گەۋدىلىك.

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭپىڭ 16- يىلى (73- يىلى) قىشتا باركۆلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ئالتە گەز قېلىنلىقتا قار يېغىپ، چارۋىلارنىڭ تەگدىن تولىسى توڭلاپ ئۆلدى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەيچېڭ 5- يىلى (840- يىلى) قۇمۇل رايونىدا ئالاھىدە سوغۇق بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ يىلى ئاشلىقتىن ھوسۇل كەم ئېلىندى، چارۋىلار سوغۇق ئېقىمىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، شۇ يىلى چۇما كېسىلى تارقالغاچقا، كۆپ ساندىكى ئادەم ۋە چارۋىلار ئۆلۈپ كەتتى، قەھەتچىلىك ئىنتايىن ئېغىر بولدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 33- يىلى (1738- يىلى) قىشتا قۇمۇلدا كۆپ قېتىم قار يېغىپ، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان كۆرۈلمىگەن قاتتىق سوغۇق بولدى.

چيەنلۇڭ 38- يىلى (1773- يىلى) قۇمۇلدا 40 نەچچە كۈن قار ياغدى.

چيەنلۇڭ 39- يىلى (1774- يىلى) 5- ئايدا قۇمۇلدا قېلىن قار ياغدى، تاغنىڭ شىمالىدا قار تېخىمۇ قېلىن بولدى؛ شۇ يىلى قىشتا، باركۆلدە قار قېلىن ياغقاچقا، ئادەملەر بېرىش- كېلىش قىلالمىدى.

چيەنلۇڭ 50- يىلى (1785- يىلى) قىشتا قۇمۇلدا ئادەتتىن تاشقىرى قاتتىق سوغۇق بولۇپ، نۇرغۇن چارۋا توڭلاپ ئۆلدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ جياچىڭ 4- يىلى (1799- يىلى) 12- ئاينىڭ 26-، 27- كۈنلىرى باركۆل ناھىيىسىنىڭ كۆيسۇ ۋە سۇمۇشتاندا ئۇدا نەچچە كۈن قېلىن قار ياغدى، 29-، 30- كۈنلىرى باركۆلدە چىدىغۇسىز سوغۇق بولدى.

جىياچىڭ 18- يىلى (1813- يىلى) قىشتا ئېغىر قار ئاپىتى يۈز بېرىپ، باركۆل ناھىيىسى لۈەنشېڭ ئات فېرمىسىنىڭ 2770 ئېتى توڭلاپ ئۆلدى.

جىياچىڭ 21- يىلى (1816- يىلى) 11- ئاينىڭ 17- كۈنى قېلىن قار ياغقانلىقتىن ئاتلار ئوتلىيالماي 95 ئات ئاچلىقتىن ئۆلدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 1 - يىلى (1875- يىلى) 3- ئايدا باركۆل - گۇچۇڭ ئارىلىقىدا قارنىڭ قېلىنلىقى ئۈچ گەزدىن ئېشىپ، تۆگە، ئاتلار يايلاشقا ئامالسىز قالدى.

گۇاڭشۈ 3- يىلى (1877- يىل) 4- ئاينىڭ 13- كۈنى تەگرىتېغىدا ئىككى گەز قېلىنلىقتا قار ياغدى، بىر قانچە كۈندىن كېيىن قەھرىتان سوغۇق بولۇپ، يول بويى، تاغ جىلغىلىرىدا بىر قانچە يۈز چارۋا توڭلاپ ئۆلدى.

مىنگونىڭ 2- يىلى (1913 يىلى) 4- ئايدا بايدا بىر كېچە- كۈندۈز بىر مېتىردىن ئارتۇق قېلىنلىقتا قار يېغىپ، باغلار زىيانغا ئۇچرىدى، شۇ يىلى بۆرە ۋە تۈلكە پەۋقۇلئاددە كۆپىيىپ كېتىپ، ھەر بىر ئائىلە 20 ~ 30 تۈلكە تۇتتى.

مىنگونىڭ 3- يىلى (1914- يىلى) تاغنىڭ شىمالىدا قېلىن قار يېغىپ، ئاراتۈرۈكنىڭ تۈزلەڭلىك رايونلىرىدىكى يېغىندى قارنىڭ قېلىنلىقى بىر مېتىردىن ئاشتى، ئاراتۈرۈكتە 70% ~ 80% چارۋا توڭلاپ ئۆلدى، باركۆل ئات فېرمىسىدىكى 4000 دىن ئارتۇق ئاتتىن ئاران 1800 دىن ئارتۇقراقى قالدى.

مىنگونىڭ 11- يىلى (1922- يىلى) قىشتا ئاراتۈرۈك نومدا قېلىن قار يېغىپ، كىشىلەر سىرتقىمۇ چىقالمىدى.

مىنگونىڭ 13- يىلى (1924- يىلى) ئاراتۈرۈكتە بىر مېتىر قېلىنلىقتا قار ياغقانلىقتىن، نېرىنكىر چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ 80% چارۋىسى توڭلاپ ئۆلدى.

مىنگونىڭ 18- يىلى (1929- يىلى) قىشتا قۇمۇلدا قاتتىق سوغۇق بولۇپ، نۇرغۇن چارۋا توڭلاپ ئۆلدى.

مىنگونىڭ 21- يىلى (1932- يىلى) 5- ئاينىڭ 12- كۈنى ئاراتۈرۈكتە بىر مېتىردىن ئارتۇق قېلىنلىقتا قار ياغدى.

مىنگونىڭ 25- يىلى (1936- يىلى) 6- ئاينىڭ 14- كۈنى تۇيۇقسىز قاتتىق قار يېغىپ، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ تۇركۆل ۋە بۇرۇل غولىدىكى 389 مو يەردىكى يالىڭاچ ئارپا نابۇت بولدى؛ كۈزدە، باركۆلدە زىرائەتلەرگە ئۈششۈك تېگىپ، مەھسۇلات كېمىيىپ كەتتى.

مىنگونىڭ 27- يىلى (1938- يىلى) 4- ئاينىڭ 8- كۈنى ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى ماۋزېمىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ئاراتۈرۈكتە ئۈششۈك ئاپىتى بولغانلىقتىن، ئەسلىدىكى قەرزگە بېرىلىدىغان ئۇرۇقلۇقنى كېچىكىپ تاپشۇرۇش توغرىسىدا دوكلات يوللىدى.

مىنگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى) تاشۋۇلىقتا ئىككى كۈن ياغقان قارنىڭ قېلىنلىقى 1.5 مېتىرغا يەتتى، نۇرغۇن چارۋا ئۆلدى.

مىنگونىڭ 29- يىلى (1940- يىلى) 3- ئايدا ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ نېرىنكىر 1- چارۋىچىلىق فېرمىسىدا قېلىن قار يېغىپ، نۇرغۇن چارۋا توڭلاپ ئۆلدى.

مىنگونىڭ 30- يىلى (1941- يىلى) 8 -، 9- ئايلاردا تۆمۈرتى، تاشۇ، نېرناسى ۋە ئېدىر قاتارلىق جايلاردا قېلىن قار يېغىپ، زىرائەتلەر ئۈششۈپ كەتتى.

مىنگونىڭ 33- يىلى ( 1944- يىلى) 11- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇدا بىرنەچچە كۈن قار ياغدى، قارنىڭ قېلىنلىقى بىر مېتىرغا يەتتى، نۇرغۇن چارۋا ۋە شىنجاڭغا پىيادە كەلگەن نۇرغۇن مۇساپىر يولدا توڭلاپ ئۆلدى.

1950- يىلى ئەتىيازدا ئاجايىپ قاتتىق سوغۇق بولۇپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ باندىت تازىلاش قوشۇنىنىڭ 1000 دىن ئارتۇق ئادىمى ئۈششۈپ زەخىملەندى، شارلار تېغىنىڭ سەكرادىكى چارۋىلارنىڭ ھەممىسى توڭلاپ ئۆلدى.

1951-يىلى قىشتا باركۆلدە قاتتىق سوغۇق بولۇپ، 28 ئادەم ئۈششۈپ زەخىملەندى، 16 ئات، 25 كالا، 14 تۆگە، 246 تۇياق قوي ۋە بەش ئېشەك توڭلاپ ئۆلدى.

1952-يىلى 3-ئايدا باركۆلدە بىر گەزدىن ئارتۇق قېلىنلىقتا قار يېغىپ، كۆلياقىدا ئىككى ئۈسسۈر سىرتتا قېلىپ توڭلاپ ئۆلدى.

1954-يىلى قىشتا باركۆلنىڭ ئۈچكۆل رايونىدا تېمپېراتۇرا 30°C-قا چۈشۈپ، شاپتۇل، ئۆرۈك دەرەخلىرىنىڭ ھەممىسى نابۇت بولدى.

1958-يىل 1-ئاينىڭ 29 ~ 30-كۈنلىرى باركۆل ناھىيىسىنىڭ داخې (قاراسۇ) يېزىسىدا ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 43.6°C-قا چۈشتى؛ 9-ئاينىڭ 25-كۈنى ئۈچكۆل ئويمانلىقىغا سوغۇق ھاۋا ئېقىمى تەسىر قىلىپ، شۇۋرغان چىقىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىككى نەپەر گېئولوگى دالىدا توڭلاپ ئۆلدى.

1959-يىل 5-ئايدا باركۆل ناھىيىسىگە تۇيۇقسىز سوغۇق ئېقىم تەسىر قىلىپ، تېمپېراتۇرا بىردىنلا تۆۋەنلەپ، مايسىلارغا پۈتۈنلەي ئۈششۈك تەگدى. قۇمۇل ناھىيىسىدىمۇ قاتتىق سوغۇق بولۇپ، شاپتۇل دەرەخلىرىگە ئۈششۈك تەگدى، ئېچكىرىدىن شىنجاڭغا پىيادە كېلىۋاتقان نۇرغۇن ئاققۇن دالىدا توڭلاپ ئۆلدى.

1960-يىلى ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ توخۇلۇ (شارئۆيلەر)، تۇركۆل ۋە نېرىنكىر يېزىلىرىدا بىر مېتىردىن ئارتۇق قېلىنلىقتا قار ياغدى، پەقەت تۇركۆلدىلا 5000 نەچچە تۇياق قوي توڭلاپ ئۆلدى.

1961-يىلى 11-ئاينىڭ 19-كۈنى باركۆل ناھىيىسىنىڭ غەربىتاغ قىشلىق چارۋىچىلىق مەيدانىدا ئۇدا يېرىم ئاي قار يېغىپ، تېمپېراتۇرا 40°C-قا چۈشۈپ، قىشلاقتىكى چارۋىلار ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى، پەقەت چوڭ قولۇنچەرى چارۋىچىلىق فېرمىسىدا 29 مىڭ تۇياق چارۋا توڭلاپ ئۆلدى؛ ئاراتۇرۇكتە ناھىيە بويىچە تۆت ئايدىن ئارتۇق تاغ يولى توسۇلۇپ قالدى.

ئەتىيازدا سوغۇقنىڭ تەكرارلىنىشى باركۆل ناھىيىسىدىكى بىر خىل ئاگرومېتېئورولوگىيىلىك ئاپەت بولۇپ، كۆپىنچە تۇپراقنىڭ قايتىدىن توڭلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، مايسىلارنى زور دەرىجىدە تەسىرگە ئۇچرىتىدۇ، باركۆلدە بۇنداق ئەھۋال ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئەتىيازدا سوغۇقنىڭ تەكرارلىنىشى باركۆلدە 1961-، 1962-، 1963-، 1964-، 1970-، 1975-، 1977-، 1979-، 1983-يىللىرى نىسبەتەن ئېغىر بولدى.

1962-يىلى قىشتا قۇمۇل ناھىيىسىدە قاتتىق سوغۇق بولۇپ، 4500 مو يەردىكى كۈزگى بۇغدايغا ئۈششۈك تەگدى.

1963-يىل 10-ئاينىڭ 10-كۈنى تەگرىتاغدا بالدۇر قار يېغىپ، باركۆلنىڭ سۇمۇشتان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا يېغىندى قارنىڭ قېلىنلىقى 58 سانتىمېتىرغا يەتتى.

1964-يىل 3-ئاينىڭ 18-كۈنى قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ شارلار تېغىدا 1.4 مېتىر قېلىنلىقتا قار يېغىپ، 28 مىڭ تۇياق چارۋا توڭلاپ ئۆلدى.

1969-يىل 8-ئاينىڭ 9-كۈنى باركۆل ناھىيىسىنىڭ سۇمۇشتاندا قار ئارىلاش يامغۇر يېغىپ، ھۆل-يېغىن مىقدارى 43.5 مىللىمېتىرغا يەتتى؛ 11-ئاينىڭ 13-كۈنىدىن ئىككىنچى يىلى 3-ئاينىڭ 25-كۈنىگىچە ئۇدا 133 كۈن تېمپېراتۇرا 0°C تىن تۆۋەن بولۇش ئەھۋالى كۆرۈلدى. ئاراتۇرۇكنىڭ نېرىنكىردا قېلىن قار يېغىپ، بۆرە ئاپتى كۆچىيىپ كېتىپ، 5000 تۇياق چارۋا زىيانغا ئۇچرىدى.

1972-يىل 3-ئاينىڭ باشلىرىدا باركۆلنىڭ قولۇنلۇق ئەتراپىدا ئۇدا بىر نەچچە كۈن قار يېغىپ، 200 ئات توڭلاپ ئۆلدى.

1974-يىل 10-ئاينىڭ 5-كۈنى ئاراتۇرۇكتە قار يېغىپ، 9-جىلغا ئەتراپىدا ئۈچ كىشى توڭلاپ ئۆلدى.

1975-يىل 4-ئاينىڭ 5 ~ 22-كۈنىگىچە ئاراتۇرۇكتە قاتتىق قار يېغىپ، بىرزا-قىشلاقلار ئاپەتكە ئۇچرىدى،

ناھىيە بويىچە زىيانغا ئۇچرىغان چارۋا 11 مىڭ 624 تۇياققا يەتتى.

1976- يىل 4- ئاينىڭ 10 ~ 12- كۈنلىرى تاشقۇرغان ناھىيىسىدە كۈچلۈك سوغۇق ھاۋا ئېقىمىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، شىۋىرغان چىقىپ، 1800 دىن ئارتۇق تۆل، ئۈچ چارۋىچى توڭلاپ ئۆلدى؛ 5- ئاينىڭ 14- كۈنى تۈزلەڭلىكتىكى رايونلاردا ئېغىر قىراۋ چۈشۈشكە كۆرۈلۈپ، 80% تىن ئارتۇق كۆممىقوناق بوپۇرمىقىغا ئۈششۈك تەگدى، ئاتلىقياڭيۇ يوپۇرمىقىغا پۈتۈنلەي ئۈششۈك تەگدى، 80% ئۈزۈم تېلى، 35% ئالما دەرىخى، 50% قوغۇن ۋە 60% تاۋۇز پىلىكى، 80% ~ 90% كۆكتات مايسىسى ئۈششۈپ نابۇت بولدى؛ 11- ئاينىڭ 6- كۈنى قار يېغىپ يېسىۋىلەككە ئۈششۈك تېگىپ، 10 مىليون كىلوگرام يېسىۋىلەك ئېتىزدىلا نابۇت بولدى. باركۆل ناھىيىسىدە قار بالدۇر ياغقاچقا، بۇغداينى يىغىپ ئېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى، ئېتىزلار مۇز تۇتۇپ، ناھىيە بويىچە 5 مىليون كىلوگرامدىن ئارتۇق مەھسۇلات كېمىيىپ كەتتى.

1979- يىل 4- ئاينىڭ 10 ~ 12- كۈنلىرى باركۆل ناھىيىسى بىلەن ئاراتۈرۈك ناھىيىسى نېرىنكىر يېزىسىدا ئىككى كېچە ئۈچ كۈندۈز قار- شىۋىرغان چىقتى. داخې (قاراسۇ) دا تېمپېراتۇرا 18°C- قا چۈشۈپ، تۆت ئادەم توڭلاپ ئۆلدى، 278 ئادەم سوغۇق تېگىپ يارىلاندى، 18 مىڭ 38 تۇياق چارۋا توڭلاپ ئۆلدى؛ نېرىنكىردا 480 تۇياق چوڭ چارۋا ۋە 875 تۇياق تۆل ئۆلدى.

1980- يىل 4 - ئاينىڭ 11 – كۈنى تاشقۇرغاندا قار يېغىپ، 1000 دىن ئارتۇق تۆل توڭلاپ ئۆلدى.

1984- يىل 4- ئاينىڭ 9 ~ 13- كۈنلىرى ئاراتۈرۈك ناھىيىسى تۇركۆل چارۋىچىلىق فېرمىسىدا بەش كېچە- كۈندۈز قار ياغدى، قارنىڭ قېلىنلىقى 50 سانتىمېتىردىن ئېشىپ، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 39.3°C- قا چۈشۈپ، % 60 تىن ئارتۇق چارۋا ئاپەتكە ئۇچرىدى.

1986- يىل 4- ئاينىڭ 24- كۈنى تېمپېراتۇرا تۇيۇقسىز تۆۋەنلەپ قار يېغىپ، 5 ~ 10 بال بوران چىقىپ، يەر يۈزى تېمپېراتۇرىسى 5°C- قا چۈشۈپ، قوغۇن ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 36% ىنى تەشكىل قىلىدىغان 7700 مو يەردىكى بالدۇر تېرىلغان قوغۇن مايسىسى توڭلاپ كېتىپ، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 70 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى؛ 5500 مو يەردىكى ئۈزۈم تېلىغا ئۈششۈك تېگىپ، 750 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي زىيان بولدى؛ 3200 مو يەردىكى كۆكتاتقا ئۈششۈك تېگىپ، 300 مىڭ يۈەن زىيان بولدى؛ 6300 مو يەردىكى ئۆرۈكلۈك ۋە ئالمىلىققا ئۈششۈك تەگدى.

1987- يىل 1- ئايدا باركۆل ۋە ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرىدە ئۇدا 4 ~ 5 قېتىم قاتتىق قار يېغىپ، ۋىلايەت بويىچە 161 مىڭ 500 تۇياق چارۋا چىقىمغا ئۇچرىدى.

4- ئاينىڭ 17 ~ 18- كۈنلىرى يامغۇر، قار يېغىپ، قۇمۇل – باركۆل تاشيولىنىڭ تەڭرىتاغ بۇتخانىسى بۆلىكىنى قار توسۇۋېلىپ قاتناشنى ئۈزۈپ قويدى.

4- ئاينىڭ 23 ~ 24- كۈنلىرى تەڭرىتاغ، نېرىنكىر چارۋىچىلىق فېرمىسى يول بۆلىكىدە قار شىۋىرغان چىقىپ قاتناش توسۇلۇپ قالدى.

10- ئاينىڭ 15 ~ 16- كۈنلىرى قۇمۇل شەھىرىدە ئۇدا 28 سائەت يامغۇر، قار ياغدى، يامغۇر ۋە قارنىڭ يېغىن مىقدارى 18.3 مىللىمېتىرغا يەتتى، شۇ يىلى قۇمۇلدا قار نىسبەتەن بالدۇر ياغدى، شۇنداقلا يېغىن مىقدارى ئالدىنقى يىللاردىن ئەڭ كۆپ بولغان بىر يىل بولدى.

11- ئاينىڭ 25 ~ 26- كۈنلىرى، سوغۇق ئېقىم كىرىپ، تېمپېراتۇرا بىردىنلا تۆۋەنلەپ، ھەر قايسى جايلاردا ئۇدا قار ياغقاچقا، قۇمۇلدىن باركۆل ۋە ئاراتۈرۈككىچە بولغان تاشيول، تەڭرىتاغ يول بۆلىكى، نامداۋاننىڭ شەرقىي ۋە غەربىدىكى يول بۆلەكلىرىنىڭ ھەممىسىنى 60 سانتىمېتىردىن ئارتۇق قېلىن قار قاپلاپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قار شىۋىرغان چىقىپ ئورغۇن يول بۆلەكلىرىدە قارنىڭ ئەڭ قېلىن بولغان جايلىرى نەچچە مېتىرغا يەتتى. قۇمۇل — باركۆل قاتنىشى ئىككى كۈن، قۇمۇل — ئاراتۈرۈك قاتنىشى ئۈچ كۈن ئۈزۈلۈپ قالدى. شىۋىرغان كۈچلۈك بولۇپ، تۆمۈريول

قاتنىشىنىڭ نورمال يۈرۈشىشگە تەسىر كۆرسەتتى، "يۈز چاقىرىملىق بورانلىق" تىن ئۆتكەن 54- قېتىملىق يولۇچىلار پويىزى ۋاگونىنىڭ 20 نەچچە پارچە ئەينىكىنى چېقىۋەتتى، ئاچالنى قار كۆمۈۋەتكەچكە تۆمۈريول قاتنىشى تەسىرگە ئۇچرىدى. 11- ئاينىڭ 25- كۈنى باركۆلدە قار يېغىپ، 210 مىڭ چارۋا قىشلاقتا قاپسىلىپ قېلىپ، 40 مىڭ تۇياق چارۋىغا ئۈششۈك تەگدى، بۇنىڭ ئىچىدە 6320 تۇياق چارۋا قىشتىن ئۆتۈشكە ئامالسىز قالدى.

1988- يىل 2- ئايدا قۇمۇل ۋىلايىتىدە ئاز كۆرۈلىدىغان قار- يامغۇرلۇق كىلىمات يۈز بېرىپ، قارنىڭ قېلىنلىقى 40 ~ 80 سانتىمېتىرغا يېتىپ، تېمپېراتۇرا بىردىنلا $30^{\circ}C$- قا چۈشۈپ، 52 مىڭ تۇياق چارۋا ئۆلدى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 6 مىليون 100 مىڭ يۈەندىن ئاشتى، ئىككى نەپەر چارۋىچى توڭلاپ ئۆلدى، 62 ئادەم ئۈششۈپ يارىلاندى. 2- ئاينىڭ 11- كۈنى قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى قارمىقىدىكى ۋېيا پويىز بېكىتىدىن سار پويىز بېكىتىگىچە بولغان ئارىلىقتا ئومۇمىيۈزلۈك قار يېغىپ، قارنىڭ قېلىنلىقى 5 ~ 7 سانتىمېتىرغا يەتتى. 2- ئاينىڭ 12- كۈنى تۈن يېرىمىدىن باشلاپ ئۇدا 13 سائەت 5 ~ 9 بالغىچە بوران چىقتى. ۋېيادىن قىزىل بايراق كەنتىگىچە بولغان 86 كىلومېتىر تۆمۈريول لىنىيىسىدىكى يەتتە پويىز بېكىتىدە قارنىڭ قېلىنلىقى سەككىز سانتىمېتىرغا يېتىپ، قاتناشقا تەسىر يەتكۈزدى، ۋوگزال سۇپىسىدىكى قارنىڭ قېلىنلىقى بىر مېتىرغا يېقىنلاشتى، شۇ كۈنى سەھەر سائەت 1 دىن 10 مىنۇت ئۆتكەندىن باشلاپ چۈشتىن كېيىن سائەت 14:30 ئۆتكەنگە قەدەر قاتناش ئۈزۈلۈپ قالدى. 10- ئاينىڭ 9- كۈنى، سەھەردىن تاكى كەچقۇرۇن سائەت 17:00 گىچە بولغان ئارىلىقتا باركۆلدە ئومۇمىيۈزلۈك قار يېغىپ، ناھىيە بازىرى ئەتراپىدىكى جايلاردا قارنىڭ قېلىنلىقى 45 سانتىمېتىرغا يېتىپ، قاتناش توسۇلۇپ قالدى، چوڭلۇقى بىلەكتەك كېلىدىغان دەرەخ شاخلىرىمۇ قاردا قايرىلىپ سۇنۇپ كەتتى. دېمەك، 10- ئاينىڭ باشلىرىدا مانا شۇنداق ئاز كۆرۈلىدىغان قار ئاپىتى يۈز بەردى.

1990- يىلى 2- ئاينىڭ 19- كۈنى، 3- ئاينىڭ 12-، 26- كۈنلىرى، 4- ئاينىڭ 20-، 29- كۈنلىرى ۋە 5- ئاينىڭ 10- كۈنى قار يېغىپ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى، تاشۆيلىقتا قارنىڭ قېلىنلىقى 70 سانتىمېتىرغا يەتتى، تەگرىتاغ رايونىدا قاتناش توسۇلۇپ قالدى، 4000 دىن ئارتۇق چارۋا زىيانغا ئۇچرىدى؛ باركۆلدە 2008 تۇياق چارۋا ئۆلدى.

## §3. تۆۋەن تېمپېراتۇرا ۋە ئۈششۈك

قۇمۇل ۋىلايىتىدە تۆۋەن تېمپېراتۇرا ئاپىتىنىڭ يۈز بېرىش ئەھۋالىنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئەتىياز ۋە كۈز پەسىللىك تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق ئۈششۈك ئاپىتى (ھەرقايسى جايلاردا كۆرۈلىدۇ) ۋە زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈش مەزگىلىدىكى تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق سوغۇق ئاپىتى (كۆپىنچە ئىسسىقپەرەس زىرائەتلەرگە ياكى تاغلىق رايونلارنىڭ دېھقانچىلىقىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ) گە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. كۈزدە تېمپېراتۇرا تېزدىن تۆۋەنلەپ، سوغۇق ھاۋا ئېقىمىنىڭ كۈچلۈك ھۇجۇمىغا ئۇچرايدىغانلىقتىن، دالىدا پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان خادىملار دائىم ئۈششۈك ئاپىتىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ.

يەر يۈزىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى $0^{\circ}C$ ياكى ئۇنىڭدىن تۆۋەن بولغاندا يېنىك ئۈششۈك، ئەڭ تۆۋەن ھاۋا تېمپېراتۇرىسى $0^{\circ}C$ ياكى ئۇنىڭدىن تۆۋەن بولغاندا ئېغىر ئۈششۈك يۈز بېرىدۇ.

جەنۇب ۋە شىمالدىكى بوستانلىق دېھقانچىلىق رايونلىرىدا، ئەتىيازدا ئېغىر ئۈششۈك ئادەتتە 4- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، يېنىك ئۈششۈك 4- ئاينىڭ ئاخىرىدا ئاخىرلىشىدۇ؛ كۈزدە يېنىك ئۈششۈك ئادەتتە 10- ئاينىڭ

باشلىرىدا، ئېغىر ئۈششۈك 10- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا باشلىنىدۇ.

ئەتىيازدا تېمپېراتۇرا تۇراقسىز بولغانلىقتىن، "ئەتىياز سوغۇقى"، "ئەتىيازلىق سوغۇقنىڭ تەكرارلىنىشى" ئومۇمىيۈزلۈك يۈز بېرىدۇ، ئەتىيازلىق ئۈششۈكنىڭ ئاخىرلىشىش ۋاقتىنىڭ بالدۇر- كېيىنلىكى مۇقىم بولمىغانلىقتىن (بالدۇر- كېيىنلىك پەرقى بىر ئاي ئۆپچۆرىسىدە بولىدۇ)، زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشى ياكى ئەتىيازلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئورۇنلاشتۇرۇش تەسىرگە ئۇچرايدۇ. كۈزلۈك ئۈششۈك كۆپىنچە ئىللىقلىقنى ياقتۇرىدىغان زىرائەتلەرگە، كۈزلۈك زىرائەتلەرنىڭ پىشىشىغا ۋە كۆكتاتلارنى يىغىۋېلىشقا تەسىر يەتكۈزىدۇ، قار- يامغۇرلۇق تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق ھاۋارايى كۆرۈلسە، ئۈششۈكنىڭ زىيىنى ئىنتايىن ئېغىر بولىدۇ.

تاغلىق رايونلاردىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ئەتىيازلىق ئېغىر ئۈششۈكنىڭ ئاخىرلىشىش ۋاقتى جەنۇب ۋە شىمالدىكى بوستانلىق دېھقانچىلىق رايونلىرىغا قارىغاندا بىر ئاي ئەتراپىدا كېيىن بولىدۇ، ئېغىر ئۈششۈك ئادەتتە 5- ئاينىڭ باشلىرى ۋە ئوتتۇرىلىرىدا ئاخىرلىشىدۇ؛ يېنىك ئۈششۈك 5- ئاينىڭ ئاخىرى ياكى 6- ئاينىڭ باشلىرىدا ئاخىرلىشىدۇ. كۈزلۈك يېنىك ئۈششۈك 8- ئاينىڭ ئاخىرى ياكى 9- ئاينىڭ باشلىرىدا، ئېغىر ئۈششۈك 9- ئاينىڭ باشلىرى ياكى ئوتتۇرىلىرىدا كۆرۈلىدۇ. ئېغىر ئۈششۈك ياكى يېنىك ئۈششۈكنىڭ ئەڭ بالدۇر ۋە ئەڭ كېيىن يۈز بېرىش ۋاقىت پەرقى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر ئاي ئۆپچۆرىسىدە بولىدۇ. تاغدىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىدا قىسمەن يىللاردا قىراۋسىز مەزگىل 100 كۈندىن ئارتۇق بولىدۇ. ئەتىيازلىق ئۈششۈك ئېتىزدىكى زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشىنى چەكلەيدۇ، بالدۇر تېرىلغان قىچىنى ئۈششۈتۈپ نابۇت قىلىدۇ؛ كۈزلۈك ئۈششۈك كۆپىنچە زىرائەتلەرنىڭ پىشىشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ.

**قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ھەر قايسى جايلارنىڭ يەر يۈزى تېمپېراتۇرىسىنىڭ $0^{\circ}C$ ياكى ئۇنىڭدىن تۆۋەن كۈن سانى ھەمدە يېنىك ئۈششۈكنىڭ باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش ۋاقتى**

جەدۋەل: 2 – 17

| ئايلار / تۈرى | كۈن سانى (كۈن) | | | | | | | | | | | | | باشلىنىش ۋاقتى (ئاي/كۈن) | ئاخىرلىشىش ۋاقتى (ئاي/كۈن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | يىللىق | | |
| قۇمۇل شەھىرى | | | 0.8 | 17.4 | 28.8 | 29.9 | 31 | 28.2 | 28.4 | 10.1 | 0.7 | | 175.4 | 2/10 | 27/4 |
| باركۆل ناھىيىسى | | 1.1 | 14.5 | 29.6 | 30 | 31 | 28.2 | 30.9 | 25.2 | 12.5 | 1.6 | | 236.1 | 29/8 | 7/6 |
| ئاراتۈرۈك ناھىيىسى | | 0.3 | 10.5 | 28.9 | 30 | 31 | 31 | 28.2 | 30.9 | 34.7 | 8.2 | 0.7 | 224.1 | 7/9 | 20/5 |
| نوم | | | 1.3 | 16.3 | 29.2 | 31 | 31 | 28.2 | 27.5 | 9.7 | 0.5 | | 174.7 | 7/10 | 25/4 |

**قومۇل ۋىلايىتىدىكى ھەر قايسى جايلارنىڭ ئەڭ تۆۋەن ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ $0^{\circ}C$ ياكى ئۇنىڭدىن تۆۋەن كۈن سانى ھەمدە ئېغىر ئۈششۈكنىڭ باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش ۋاقتى**

جەدۋەل: 2 – 18

| ئاي / تۈرلەر | كۈن سانى (كۈن) | | | | | | | | | | | | | باشلىنىش ۋاقتى (ئاي/كۈن) | ئاخىرلىشىش ۋاقتى (ئاي/كۈن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | يىللىق | | |
| قومۇل شەھىرى | | | 0.1 | 7.4 | 28.2 | 31 | 31 | 28.2 | 22.7 | 4.4 | | | 153 | 15/10 | 15/4 |
| باركۆل ناھىيىسى | | 0.3 | 7.9 | 27.4 | 29.9 | 31 | 31 | 28.2 | 30.6 | 22.4 | 7.1 | 0.2 | 216 | 8/9 | 22/5 |
| ئارا تۈرۈك ناھىيىسى | | | 2.7 | 20.4 | 29.7 | 31 | 31 | 28.2 | 30.2 | 16.7 | 2.7 | | 192.6 | 21/9 | 8/5 |
| نوم | | | 0.2 | 8 | 27.3 | 31 | 31 | 28.2 | 21.7 | 4.3 | | | 151.7 | 12/10 | 13/4 |

## §4. كەلكۈن ئاپىتى

قومۇل ئىنتايىن قۇرغاق رايون بولسىمۇ، لېكىن كەلكۈن ئاپىتى يىلدا دېگۈدەك يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، بولۇپمۇ ئەتىيازلىق كەلكۈن، يازلىق كەلكۈن ھەمدە قارا يامغۇرلارنىڭ زىيىنى نىسبەتەن ئېغىر بولىدۇ. كەلكۈن بىلەن قۇرغاقچىلىق ئۆزئارا ئالمىشىپ ياكى بىرلا ۋاقىتتا يۈز بېرىدۇ، شۇڭا، قۇرغاقچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش بىلەن كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇشنى تەڭ ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

1731 ~ 1990- يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا 1731-، 1733-، 1754-، 1772-، 1773-، 1774-، 1816-، 1842-، 1912-، 1920-، 1937-، 1938-، 1939-، 1950-، 1952-، 1955-، 1959-، 1961-، 1962-، 1964-، 1966-، 1968-، 1973-، 1979-، 1987-، 1988- يىللىرى جەمئىي 26 قېتىم ئېغىر كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەردى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان 1949 ~ 1990- يىلغىچە 13 قېتىم بىر قەدەر ئېغىر كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەردى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭجېڭ 12- يىلى (1734- يىلى) شىڭشىڭشياغا چوڭ كەلكۈن كېلىپ، ئۆيلەرنى ئېقىتىپ كەتتى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 17- يىلى (1891- يىلى) باركۆلدە قارا يامغۇر يېغىپ، ناھىيە بازىرىنى سۇ بېسىپ كەتتى.

مىنگونىڭ 4- يىلى (1915- يىلى) مىنگونىڭ 5- يىلى (1916- يىلى)، مىنگونىڭ 8- يىلى (1919-يىلى)، مىنگونىڭ 9- يىلى (1920- يىلى)، مىنگونىڭ 19- يىلى (1930- يىلى)، مىنگونىڭ 22- يىلى (1933- يىلى)، مىنگونىڭ 24- يىلى (1935- يىلى)، مىنگونىڭ 29- يىلى (1940- يىلى)، مىنگونىڭ 31- يىلى (1942-يىلى)، 1959- يىلى، 1960- يىلى ۋە 1961- يىلى تۈرۈككە كەلكۈن كېلىپ، ئېتىز- ئېرىقلارنى بېسىپ، تۈگمەنلەرنى ئېقىتىپ كەتتى.

مىنگونىڭ 6- يىلى (1917- يىلى) ئاراتۇرۈكتىكى ئاداققا زور كەلكۈن كېلىپ، 3000 مو ئېتىزنى سۇ بېسىپ، 100 مو يەردىكى تۈرۈك دەرىخىنى قومۇرۇۋەتتى.

مىنگونىڭ 10- يىلى (1921- يىلى) 6- ئايدا ئاراتۇرۈك ئاداقتا قارا يامغۇر يېغىپ، كەلكۈن كېلىپ تۈيلەرنى ئۆرۈۋەتتى، زىرائەتلەرنى ئېقىتىپ كەتتى.

مىنگونىڭ 12- يىلى (1923- يىلى) بازدا ئاراتۇرۈك بايغا كەلكۈن كېلىپ، بۇغدايلارنى كەلكۈن بېسىپ، نەچچە ئون ئېغىز ئۆينى ئۆرۈۋەتتى.

مىنگونىڭ 24- يىلى (1935- يىلى) شەرقىي، غەربىي ئۆستەڭلەرگە كەلكۈن كېلىپ، دەرەخلەرنى قومۇرۇپ، كۆۋرۈكلەرنى بۇزۇۋەتتى.

مىنگونىڭ 26- يىلى (1937- يىلى) 8- ئايدا تاغلىق رايونلاردا قارا يامغۇر يېغىپ، تاشۋىلىقنىڭ تۈگۈك، ئېركۆك، سەنگۈك، خوتۇنتام، شوپۇل؛ تەگرىتاغ يېزىسىنىڭ ئېدىر، تۆمۈرتى، نېرناسى ھەمدە بوغاز، باغداش، جىگدە قاتارلىق جايلار ئاپەتكە ئۇچرىدى.

مىنگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى) 9- ئاينىڭ 25- كۈنى، ئاراتۈرۈكنىڭ توخۇلۇ (شارئۆيلەر)، ئاداق يېزىلىرىنىڭ دەريا بويلىرىدىكى تۇپراقنى كەلكۈن ئېقىتىپ كەتكەنلىكتىن، ئېتىزلار تېرىغىلى بولمايدىغان تاشلىققا ئايلىنىپ، ئېغىر ئاپەت پەيدا قىلدى.

مىنگونىڭ 29- يىلى (1940- يىلى) 8- ئايدا، شىددەتلىك كەلكۈن كېلىپ، ئاراتۈرۈكنىڭ بەچىر كەنتىدىكى 30 قانچە ئائىلىلىك دېھقاننىڭ ئۆي ۋە ئېتىزىنى كەلكۈن بېسىپ كەتتى، دەريا بويىدىكى 500 مو يەردىكى زىرائەتنى ئېقىتىپ كەتتى، تېرىلغۇ يەرلەر كەلكۈندىن كېيىن تاشلىققا ئايلاندى.

مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) 8- ئاينىڭ 5- كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچلەردە شىددەتلىك كەلكۈن كېلىپ، ئۆلچەش ئۈسكۈنىلىرى ۋە رادىئو ئىستانسىسى قاتارلىقلارنى ئېقىتىپ كەتكەچكە، خوگلىيۇگۇ ئۆستىڭىنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتۈنلەي ۋەيران بولدى.

1950- يىل 8- ئاينىڭ باشلىرىدا تۈيۈقسىز كەلكۈن كېلىپ، قارلۇقغول، لاپچۇق، قارادۆۋىلەردىكى توسمىلارنى بۇزۇۋەتتى.

1959- يىل 5- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە 6- ئاينىڭ باشلىرىدا ناھىيە بازىرى ۋە پالۋانتۇر، ئاستانە يېزىلىرى ئىككى قېتىم كەلكۈننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، ئىككى كۆۋرۈك، 52 ئېرىق- ئۆستەڭ، 229 ئېغىز ئۆي، 37 كارىز، 3000 مودىن ئارتۇق تېرىلغۇ يەرنى كەلكۈن بۇزۇۋەتتى؛ 6- ئاينىڭ 7- كۈنى توغۇچى گۈگشىسىغا كەلكۈن كېلىپ، 170 ئېغىز ئۆينى ئۆرۈۋەتتى، 1400 مو يەردىكى تېخى پىشمىغان بۇغداي، ئاق قوناق، كۆممىقوناقنى ۋەيران قىلىۋەتتى، 29 كارىز، 20 نەچچە كۆلنى بۇزۇۋەتتى، 1 مىليون يۈەندىن ئارتۇق زىيان بولدى.

8- ئايدا تەگرىتاغ بويلىرىدا قارا يامغۇر يېغىپ كەلكۈنگە ئايلىنىپ، لەنجۇ- شىنجاڭ تۆمۈر يولىدىكى 230 تونىل - سۇگگۈچىنى بۇزۇۋەتتى، 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى.

1961- يىل 7- ئاينىڭ 21- كۈنى قۇمۇلدا ئۇدا 20 سائەت يامغۇر يېغىپ، ئاز كۆرۈلىدىغان شىددەتلىك كەلكۈننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. شۇ كۈنى تاغلىق رايونلاردا ئومۇميۈزلۈك قارا يامغۇر ياغدى، يېغىن مىقدارى 93.4

مىللىمېتىرغا يەتتى. تۆرۈك غولىدا كەلكۈننىڭ ئېقىم مىقدارى 290 كۇب مېتىر / سېكۇنتقا، ئېدىر غولىدىكى كەلكۈننىڭ ئېقىم مىقدارى 45.5 كۇب مېتىر / سېكۇنتقا يەتتى، باشقا غول ئېقىنلىرىدىكى كەلكۈن سۈيىمۇ شىددەت بىلەن كۆپەيدى، بۇنداق ئاپەت 100 يىلدا پەقەت بىرلا قېتىم كۆرۈلەتتى. 5284 مو ئېتىزلىق، ئۈچ ئېرىق- ئۆستەڭ (ئاراتام، قىزىلىيار، قوشماق قاتارلىق جايلاردا)، 45 كۆۋرۈك ۋەيران بولدى، كەلكۈن لەنجۇ- شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ نۇرغۇن جايلىرىنى، شەرقىي، غەربىي ئۆستەڭلەردىكى بارلىق كۆۋرۈكنى بۇزۇپ تاشلىدى، كەلكۈن قۇمۇل ۋوكزالى مەيدانىنىمۇ بېسىپ كىردى. 1958- يىلى ياسالغان ئاقىيەردىكى ياشلار سۇ ئامبىرىنىڭ توسمىسى پارتلىتىلىپ كەلكۈن سۈيى ئېقىتىۋېتىلدى.

1962- يىل 7- ئاينىڭ 7- كۈنى تەڭرىتاغنىڭ تاغلىق رايونلىرىدا 20 سائەت يامغۇر يېغىپ كەلكۈن كېلىپ، سەكرا، بەكىنغول ئۆستىڭى، ئېدىرغول ئۆستەڭلىرىنىڭ تۆت كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى قىسمىنى بۇزۇۋەتتى، 1830 مو ئېتىزلىقنى كەلكۈن بېسىپ كەتتى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 930 مو يەرنىڭ زىرائەتلىرىنى قۇتقۇزۇۋېلىشقا ئامال بولمىدى.

1964- يىل 7- ئاينىڭ 7- كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتلەردە، تۇيۇقسىز قارا يامغۇر يېغىپ ئاراتۇرۈكنىڭ توخۇلۇ (شارتۆپىلەر) غا كەلكۈن كەلدى. كەلكۈننىڭ ئېقىن مىقدارى 50 كۇب مېتىر / سېكۇنتقا يەتتى. بۇ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى بۇ يەردە يۈز بەرگەن ئەڭ زور كەلكۈن ئاپىتى بولۇپ، توققۇز چوڭ- كىچىك توسما، 2685 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئېرىق، بىر نور، بەش سۇ ئامبىرى ۋە بىر سۇ قاڭقىغۇچنى بۇزۇۋەتتى. 544 مو ئېتىزلىقنى كەلكۈن بېسىپ، 46 مىڭ 500 كىلوگرام مەھسۇلات كېمەيدى، 72 مىڭ 150 يۈەن ئىقتىسادىي زىيان بولدى.

1964- يىلى 7- ئاينىڭ 26- كۈنى باركۆل قۇلۇنلۇقتا قارا يامغۇر يېغىپ كەلكۈنگە ئايلاندى، بەش جىرادىن كەلگەن كەلكۈن 80 دىن ئارتۇق كىگىز ئۆينى ئېقىتىپ كەتتى، 1300 مو ئېتىزلىقنى، 10 ئېغىزدىن ئارتۇق كېسەك ئۆينى ۋەيران قىلىۋەتتى، ئالتە ئادەم ئۆلدى. 7- ئاينىڭ 27 ~ 29- كۈنىگىچە قۇمۇلنىڭ تۆزلەڭ رايونلىرىغا كەلكۈن كېلىپ نۇرغۇن سۇ ئىنشائاتىنى بۇزۇۋەتتى، بەش كارىز، 83 ئېغىز ئۆي ۋەيران بولدى، ئالتە ئادەم ئۆلدى، 1900 مو يەردىكى زىرائەت نابۇت بولدى، تۆمۈر يول قاتنىشى ۋە ئالاقە ئىشلىرى توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى.

1972- يىلى ئاراتام ئۆستىڭىگە 120 كۇب مېتىر / سېكۇنتلۇق كەلكۈن كېلىپ، ئەسلىدە 68 كۇب مېتىر / سېكۇنتلۇق قىلىپ لايىھىلەنگەن ئەڭ يۇقىرى كەلكۈن ئورنىدىن ئېشىپ كەتتى.

1973- يىل 8- ئاينىڭ 14- كۈنى كۆشۈتى ئېغىزى ئەتراپىدا قارا يامغۇر، مۆلدۈر يېغىپ، كۆشۈتى غولىدىكى كەلكۈننىڭ ئېقىم مىقدارى 100 كۇب مېتىر / سېكۇنتقا يەتتى، كەلكۈن كۆشۈتى ئېغىزى تەۋەسىدىكى تاشيولدىكى كۆۋرۈكلەرنىڭ ھەممىسىنى بۇزۇۋەتتى، قاتناش بىر ئاي توسۇلۇپ قالدى، 1500 مېتىر ئاسفالت يول بۇزۇلۇپ كەتتى.

1976- يىل 7- ئاينىڭ 1- كۈنى كۆشۈتى غولىغا كەلكۈن كېلىپ ئېقىم مىقدارى 55 كۇب مېتىر / سېكۇنتقا يەتتى. كەلكۈن لاتقا- شېغىللىق ئېقىن ھاسىل قىلىپ 18 كۆۋرۈكنى بۇزۇۋەتتى، قاتناش توسۇلۇپ، ستولبىلار ئۆرۈلۈپ، پوچتا- تېلېگراف ئىشلىرى بىر قانچە كۈن ئۈزۈلۈپ قالدى. 8- ئاينىڭ 20- كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 1:40 ئۆتكەندە ئاراتۇرۈكتە قارا يامغۇر يېغىپ، دەريا سۈيى تېشىپ، ئاراتۇرۈك – باي تاشيولىنىڭ 10 كىلومېتىر، ئاراتۇرۈك – قۇمۇل تاشيولىنىڭ 14 كىلومېتىر بۆلىكى بۇزۇلۇپ كەتتى.

1979- يىل 6- ئاينىڭ 21- كۈنى قۇمۇلغا كەلكۈن كېلىپ 6000 مو بۇغدايلىق، 23 ئېغىز ئۆي ۋەيران بولۇپ، 730 تۇياق قوي ئۆلدى. 6- ئاينىڭ 23- كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە، ئاراتۇرۈك تۇركۆل چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغدا قارا يامغۇر يېغىپ، كەلكۈن تۇركۆلگە ھۇجۇم قىلىپ، تۆت توسمىنى بۇزۇۋەتتى، 1643 مو ئېتىزلىق، 153 ئېغىز ئۆي ۋەيران بولدى. 7- ئاينىڭ 13- كۈنى ئاداققا 50 كۇب مېتىر / سېكۇنتلۇق كەلكۈن كېلىپ، 10 ئېغىز ئۆينى ئۆرۈۋەتتى، سۇ- ئېلېكتر ئىستانسىسىنى ئېقىتىپ كەتتى، 945 مو ئېتىزلىقنى ۋەيران قىلىۋەتتى، 1.5 كىلومېتىر تاشيولنى بۇزۇۋەتتى، نوم ئۆستىڭىنىڭ سەككىز كىلومېتىر بۆلىكىنى بۇزۇۋەتتى، سەككىز كىلومېتىر بۆلىكىنى

تىنىدۇرۇۋەتتى.

1984- يىلى 6- ئاينىڭ 23- كۈنى ۋىلايەت بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك قارا يامغۇر يېغىپ، كەلكۈن ئۈچ ناھىيە ۋە بىر شەھەرنىڭ 5718 مو ئېتىزىنى ۋەيران قىلىۋەتتى، 117 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 15.5 كىلومېتىر تاشيول، 5380 مېتىر غول ئۆستەڭ، 33 مىڭ مېتىر تارماق ئۆستەڭ، 45 كۆل ۋە تۆت كارىز بۇزۇلۇپ كەتتى.

1987- يىلى 5- ئاينىڭ 26- كۈنىدىن 6- ئاينىڭ 13- كۈنىگىچە قۇمۇل شەھىرىنىڭ تەڭرىتاغ بويلىرىدا قارا يامغۇر يېغىپ كەلكۈنگە ئايلاندى.

1988- يىلى 2- ئايدا قار سۈيى ئاپەتكە ئايلىنىپ تەڭرىتاغ بۆتخانىسى، كۆشۈتى غولى ئەتراپىدا قاتناش توسۇلۇپ قالدى؛ 5- ئاينىڭ 2- كۈنى، تۆرۈك غولدا كەلكۈننىڭ ئېقىم مىقدارى 144 كۇب مېتىر / سېكونتقا يەتتى؛ 7- ئاينىڭ 24- كۈنى باركۆلدىكى كۆيسۇ ئۆستىڭىدە كەلكۈننىڭ ئېقىم مىقدارى 70 كۇب مېتىر / سېكونتقا، كۆڭگىرەك ئېغىزىنىڭ ئېقىم مىقدارى 201 كۇب مېتىر / سېكونتقا، ۋۇداۋگو جىلغىسىدىكى ئېقىم مىقدارى 135 كۇب مېتىر / سېكونتقا يەتتى. 9.57 كىلومېتىر كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش قىشى، 13.38 كىلومېتىر ئۈزۈنلۈقتىكى ئېرىق- ئۆستەڭ بۇزۇلدى، 6200 مو ئېتىزنى سۇ بېسىپ، 300 موسى ۋەيران بولدى، 47 كۆۋرۈك، 400 ئېغىز ئۆي ۋەيران بولدى، 3 مىليون 331 مىڭ 900 يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى (سۇ قۇرۇلۇشىدا 1 مىليون 443 مىڭ 600 يۈەن زىيان بولدى).

7- ئاينىڭ 24 ~ 25- كۈنلىرى ۋىلايەت بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك يامغۇر ياغدى، شەھەرنىڭ يېغىن مىقدارى 21.3 مىللىمېتىر، باركۆلنىڭ 45.8 مىللىمېتىر، ئاراتۈرۈكنىڭ 0.3 مىللىمېتىر، يەتتە قۇدۇقنىڭ 9 مىللىمېتىر، تارانچىنىڭ 10.4 مىللىمېتىر، دۆربەجىننىڭ 28.7 مىللىمېتىر، قىزىل يۇلتۇز 2- مەيدانىنىڭ 23 مىللىمېتىرغا يەتتى. قۇمۇل شەھىرى كەلكۈننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، 919 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي زىيان بولدى (بۇنىڭ ئىچىدە تارانچىنىڭ 80 مىڭ يۈەن)، قارادۆۋە، ئاستانە، شارلار تېغى رايونلىرىدا ئاپەت بىر قەدەر ئېغىر بولدى. كەلكۈن قىزىل يۇلتۇز 2- ئۆستىڭى ۋە تۆمۈريولنىڭ 1341 ~ 1343 يول بۆلىكىنى بۇزۇۋەتتى؛ قىزىل يۇلتۇز 2- ئۆستىڭىنىڭ شەرقىدىكى تۆمۈريولنىڭ 1339 ~ 1341 يول بۆلىكىدىكى ئالتە كارىز كەلكۈننىڭ ئېقىش يولىغا ئايلىنىپ قالدى. تۆمۈريول ئۇلىغا سۇ بەك كۆپ يىغىلىۋالغانلىقتىن، كارىزلار گۇمۇرۇلۇپ، تۆمۈريول ئۇلىنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەسىر يەتتى، تۆمۈريول قاتنىشى توققۇز سائەت توختاشقا مەجبۇر بولدى.

8- ئاينىڭ 9 ~ 10- كۈنلىرى ئاراتۈرۈك ناھىيە بازىرى ئەتراپىدا يامغۇر يېغىپ، يېغىن مىقدارى 6.7 مىللىمېتىرغا يەتتى، 9- كۈنى يەنە تەڭرىتېغىدا قارا يامغۇر يېغىپ، ئاراتۈرۈك دەرياسىغا كەلكۈن كەلدى.

1989- يىلى 7- ئاينىڭ 10- كۈنى سائەت 17:00 لەر ئەتراپىدا قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە يامغۇر يېغىپ سۇ ئاپىتى يۈز بەردى، لياۋدۇن پويىز بېكىتىدىن سار پويىز بېكىتىگىچە بولغان ئارىلىقتا تۆمۈريول قاتنىشى سەككىز سائەت 44 مىنۇت ئۈزۈلۈپ قالدى. 8- ئاينىڭ 2- كۈنى ۋىلايەتلىك يولۇچى توشۇش بېكىتى قاتناشنى بىر كۈن توختاتتى.

1990- يىلى 7- ئاينىڭ 11- كۈنى شارلار تېغىنىڭ ئۆرۈكلۈك ئەتراپىدىكى قىسمەن جايلاردا قارا يامغۇر كەلكۈنگە ئايلىنىپ، 400 مىڭ يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى. 7- ئاينىڭ 19 ~ 20- كۈنلىرى ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە يامغۇر يېغىپ، يېغىن مىقدارى 21 مىللىمېتىرغا يەتتى. قىسمەن تاغلىق رايونلاردا قارا يامغۇر كەلكۈنگە ئايلاندى. كەلكۈن 403 ئائىلىنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ كەتتى، 2795 مېتىر ئېرىق، 133 مېتىر كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش قېشىنى بۇزۇۋەتتى، تۇركۆل چارۋىچىلىق فېرمىسىدا ئاپەت ئەڭ ئېغىر بولدى. شۇ كۈنى، قۇمۇل يەتتە قۇدۇقتىكى يېغىن مىقدارى 42 مىللىمېتىرغا يېتىپ، ۋىلايەتلىك تۇز خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ 1 مىليون 90 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى 10 مىڭ توننا قايتا ئىشلەنگەن تۇزى زىيانغا ئۇچرىدى. 7- ئاينىڭ 11- كۈنى ۋە 19- كۈنى باركۆل ناھىيىسى شىرىنزا يېزىسى قارا

يامغۇرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. 7- ئاينىڭ 20- كۈنى سائەت 11 دە تاشقۇرغاندا قارا يامغۇر كەلكۈنگە ئايلاندى.

## §5. قۇم- بوران، چاڭ- توزان، قۇم شتورمى

### 1. قۇم- بوران

قۇم- بوران — چاڭ- توزانلىق ھاۋارايىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىدۇر. جەنۇب ۋە شىمالدىكى چۆللۈك رايونلاردا پۈتۈن يىللىق كۆرۈش دەرىجىسى 10 كىلومېتىرغا يەتمەيدىغان قۇم- بورانلىق كۈنلەر 30 ~ 35 كۈنگە يېتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە كۆرۈش دەرىجىسى بىر كىلومېتىرغىمۇ يەتمەيدىغان قۇم- بورانلىق كۈن 20 ~ 25 كۈنگە يېتىدۇ. ئادەتتە 3- ئايدىن 7- ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا بوران كۆپ چىقىدۇ، بولۇپمۇ 4- ئايدا ئەڭ كۆپ بولۇپ، 3 ~ 5 كۈنگە يېتىدۇ. شامال كۈچى 5 ~ 6 بال بولغاندا ئوچۇقچىلىق رايونلاردا قۇم- بوران كۆرۈلىدۇ، كۆرۈش ئارىلىقى بىر قانچە ئون مېتىرلا بولىدۇ، يەرلىك كىشىلەر بۇ خىل بوراننى «قارا بوران» دېيىشىدۇ. كۆپ يىللاردىن بۇيان بوراندا ئېزىپ قېلىپ ئۆلۈم- يېتىم بولىدىغان ئەھۋاللار دائىم يۈز بېرىپ تۇردى. بولۇپمۇ بۇ خىل ئەھۋال نوم چۆللۈكى ۋە قۇمۇل بازىرىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىدىكى بورانلىق رايونلاردا ئېغىر بولدى. تاغلىق رايونلاردا بورانلىق ھاۋارايى بىر قەدەر ئاز كۆرۈلىدۇ، ئومۇمەن يىللىق بورانلىق كۈن 12 كۈن ئەتراپىدا بولىدۇ.

قۇمۇل بوران كۆپ چىقىدىغان رايون بولغاچقا، قەدىمدىنلا «كۇمقاپ» دەپ ئاتىلىپ كەلدى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر شياۋ شيوڭ قۇمۇلنى سۈپەتلەپ: «بوران تىنىمسىز چىقىپ، ئاسماندا توپا- چاڭ توختاۋسىز توزاتتى. يەر- جاھاننى زۇلمەت بېسىپ، نۇرغۇن يولۇچىنى ئازدۇراتتى» دەپ يازغان. كىشىلەر يەتتە قۇدۇقتىكى سەنجاپار ئەتراپىنى بۆگۈنكى كۈندە يەنىلا «يۈز چاقىرىملىق بورانلىق» دەپ ئاتاپ كەلمەكتە. قىش ۋە ئەتىياز پەسلىدە تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى بارىكۆل ناھىيىسىدە دائىم بوران- چاپقۇنلۇق ھاۋارايى كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. چارۋىچىلار بۇ خىل كىلىماتنى شۇرغان دېيىشىدۇ، شۇرغاننىڭ چارۋىچىلىققا كەلتۈرىدىغان زىيىنى ئىنتايىن ئېغىر بولىدۇ.

سۇ ئىنشائاتى ئەسلىھەلىرىمۇ دائىم بوراننىڭ تەھدىتىگە ئۇچراپ، غايەت زور بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولۇپ تۇرىدۇ. بوران — قۇمۇلنىڭ دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىكى مۇھىم كۈشەندە.

سۇڭ سۇلالىسىنىڭ تەيپىڭ شىڭگو 6- يىلى (981- يىلى) ۋاڭ يەندې ئىدىقۇتقا ئەلچىلىككە كېتىۋېتىپ، جىن- شەيتانلارنىڭ قارغىشى تەككەن جايدا (ھازىرقى سەنجاپاردا) كۈچلۈك بورانغا يولۇقتى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 26- يىلى (1761- يىلى) 2- ئايدا كۈچلۈك بوران چىقىپ، توپا يېغىپ، يەر- جاھان قاراڭغۇلىشىپ كەتتى.

چيەنلۇڭ 35- يىلى (1770- يىلى) 4- ئاينىڭ 1- كۈنى كۈچلۈك شەرقىي شىمال بورىنى چىقىپ، لاۋچىگىنىڭ جەنۇبىي قاراۋۇللۇق دەرۋازىسى سىرتىدىكى ئابىدە خاتىرە تېشىنى ئۆرۈپ ئۈچ پارچە قىلىۋەتتى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى 12- يىلى (1873- يىلى) قىشتا ليۇياگدىن كەلگەن كۆزەتكۈچى لى شيەن (تۇڭ يۈن) ئەسكەر باشلاپ جيايۈگۈەندىن چىقىپ سەنجاپار ئەتراپىغا كەلگەندە كۈچلۈك بورانغا ئۇچراپ، نۇرغۇن ئادىمىنى بوران ئۇچۇرۇپ كەتتى. ئات، ھارۋا مۇلازىملىرى يوقاپ كەتتى. شۇ كۈنى تاشقىرىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىنى بوران ئېچىۋەتتى، باش دىۋان مەھكىمىسىنىڭ ئالدىدىكى دالىدا تامنى بوران ئۆرۈۋەتتى. 4- ئاينىڭ 4- كۈنىدىكى كۈچلۈك بوراندا

توغۇچى، قارادۆۋە، پالۋانتۇر ۋە شەھەر ئىچى يېزىلىرىنىڭ 14 مىڭ 160 مو ئېتىزى ئاپەتكە ئۇچرىدى. 54 كارىز ئاشمىسى، 71 كۆل كۆمۈلۈپ كەتتى، 22 مىڭ 500 كىلوگرام ئوت- چۆپنى ئۇچۇرۇپ كەتتى، 46 تۇياق قوي ئۆلدى. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى 15% ئۆپچۆرىسىدە كېمىيىپ كەتتى.

1961- يىل 5- ئاينىڭ 31- كۈنى قۇمۇل ۋىلايىتى بوران ۋە ئۇششۇك ئاپىتىگە ئۇچرىدى، 10 ~ 12 بال بوران ئۈدا 8 ~ 14 سائەت داۋاملاشتى. قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ توغۇچى، قارادۆۋە يېزىلىرى ۋە ئاراتۈرۈكنىڭ نوم، باي يېزىلىرىدا بوران كۈچى ئەڭ كۈچلۈك، داۋاملىشىش ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن بولدى. بارىكۆل ۋە ئاراتۈرۈكنىڭ قاتتىق سوغۇق بولىدىغان جايلىرىدا قار يېغىپ، تېمپېراتۇرا -2°C ~ -1°C قا چۈشتى. 30 مىڭ 727 مو يەردىكى زىرائەت نابۇت بولدى، تۆت ئات، 16 قوي توڭلاپ ئۆلدى، بەش كالا قۇدۇققا چۈشۈپ ئۆلدى، 46 ئېغىز ئۆينىڭ ئۆگزىسىنى ئېچىۋەتتى. قۇمۇل ناھىيىسىدە 40 كارىز قۇم- بوراندا كۆمۈلۈپ كەتتى. تۆت كارىز كەلكۈندە گۇمۇرۇلۇپ چۈشتى. قۇمۇل، ئاراتۈرۈك ۋە راكېتا دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا 36 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئېرىق كۆمۈلۈپ كەتتى، نۇرغۇن دالىدا خىزمەت قىلىدىغان خادىملار يولدىن ئېزىپ هايات‌دىن ئايرىلدى. لياۋدۇن پويىز بېكىتى ئەتراپىدا رېلىسلار بىر مېتىردىن ئارتۇقراق قۇمنىڭ ئاستىدا قالغانلىقتىن، پويىزلار رېلىستىن چىقىپ كەتتى، تاشلار ۋاگونلارنىڭ ئەينىكىنى چېقىۋەتتى.

1963- يىل 4- ئاينىڭ 3- كۈنى قۇمۇل شەھىرى بۇلۇڭتوغراق يېزىسى قۇمتوغراق (گېداجىڭ) كەنتىدە سەككىز بال بوران چىقىپ، كارىز ۋە ئاشمىلارنى تىندۇرۇۋەتتى.

1966- يىل 4- ئاينىڭ 3 ~ 4- كۈنلىرى قۇمۇل شەھىرى بۇلۇڭتوغراق يېزىسىدا ئۈدا ئىككى كۈن بوران چىقىپ، 1500 مو يەردىكى بۇغداي مايسىلىرىنى ئۇچۇرۇپ كەتتى، 41 كارىز ۋە 34 كارىز ئاشمىسى كۆمۈلۈپ كەتتى.

1973- يىل 4- ئاينىڭ 25- كۈنى قۇمۇلدا كۈچلۈك بوران چىقىپ، لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ تاغ ئېغىزى پويىز بېكىتىدە توختىغان پويىزنىڭ بىر قانچە ۋاگونلىرىنى ئۆرۈۋەتتى.

1979- يىل 4- ئاينىڭ 9 ~ 12- كۈنلىكچە قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا ئومۇميۈزلۈك سەككىز بالدىن يۇقىرى بوران چىقتى. 4- ئاينىڭ 10- كۈنى قۇمۇلدا ئاز كۆرۈلىدىغان كۈچلۈك بوران چىقىپ، 38 سائەت داۋاملاشتى، سانائەت، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى، 17 ئادەم ئۆلۈپ، 141 ئادەم يارىلاندى، 107 مىڭ 71 تۇياق چارۋا ئۆلدى، 54 ماشىنىلاشقان قۇدۇق، توققۇز كارىز ۋە 16 ئاشما كۆمۈلۈپ كەتتى، 66 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 21 كېگىز ئۆينىڭ ئۆگزىسى بۇزۇۋېتىلدى، 70 لاپاسلىق قوتان بۇزۇلۇپ كەتتى، 100 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق چارۋا ئۆلدى، 40 سىم تاناپ تۈۋرۈكى، 20 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق دەرەخ بوراندا نابۇت بولدى، 8500 مو بۇغداي ئېتىزى قۇمدا كۆمۈلۈپ كەتتى. لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈر يولىدا پويىز قاتنىشى توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى، ئايرىم ۋاگونلار بوراندا ئۆرۈلۈپ كەتتى، 100 مىليون يۈەنگە يېقىن ئىقتىسادىي زىيان بولدى.

1983- يىل 5- ئاينىڭ 17- كۈنى نوم ۋە باي يېزىلىرىدا 12 بال بوران ئۈدا ئىككى سائەت داۋاملىشىپ، 1800 مو بۇغدايلىق ۋە كۆكتاتلىق زىيانغا ئۇچرىدى، ئالتە ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، چوڭ ئۆستەڭنىڭ ئىككى كىلومېتىر، غول ئۆستەڭنىڭ 10 كىلومېتىر قىسمى كۆمۈلۈپ كەتتى، 1200 تۈپ دەل- دەرەخ سۇنۇپ كەتتى.

1984- يىل 4- ئاينىڭ 20- كۈنى سائەت 20 لەر ئەتراپىدا، نومدا ئۈدا 12 سائەت 12 بال بوران چىقتى، سەھەردە تېمپېراتۇرا -2.5°C قا چۈشۈپ، 4644 مو يەردىكى زىرائەت نابۇت بولۇپ، 15 مىڭ يۈەن زىيان بولدى؛ بوران 166 تۈپ دەرەخنى سۇندۇرۇۋەتتى، 10 لاپاسلىق قوتان ئۆرۈلۈپ، 45 تۇياق قوي ئۆلدى، 57 مېتىر هويلا تېمى، چېگرا مۇداپىئە پونكىتىنىڭ 10 مېتىر قورشاۋ تېمى ۋە بىر پارىنىكى ئۆرۈلۈپ چۈشتى.

1986- يىل 5- ئاينىڭ 19 ~ 20- كۈنلىرى قۇمۇلدا تارىختا ئاز كۆرۈلگەن قاتتىق بوران چىقتى، بۇ قېتىمقى

بوران شەھەر رايونى دائىرىسىدە ئومۇمىيۈزلۈك 8 ~ 9 بال ئەتراپىدا بولۇپ، سېكۇنتلۇق تېزلىكى 28 مېتىرغا يەتتى، پەيتلىك شامال كۈچى 12 بالدىن ئاشتى، بوران مەزگىلىدىكى نىسپىي نەملىك ئاران 5% بولدى، كۆرۈش دەرىجىسى ئىنتايىن ناچارلىشىپ، بىر قانچە قېتىم ئوت ئاپىتى پەيدا بولدى (ئوت ئاپىتىدە 14 ئادەم ئۆلدى ۋە يارىلاندى)، 143 مىڭ مو يەردىكى زىرائەت نابۇت بولدى، 1150 تۇياق چارۋا ئۆلدى ۋە يوقاپ كەتتى، قىسمەن سۇ ئىنشائاتى ئەسلىھەلىرى بۇزۇلدى، يۇقىرى بېسىملىق توك لىنىيىسىنى ئۈزۈۋەتتى، زاۋۇتلارنىڭ ئۆسكۈنە ۋە مەھسۇلاتلىرى قىسمەن زىيانغا ئۇچرىدى، ئومۇمىي ئىقتىسادىي زىيان 17 مىليون 373 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى. شەھەر تەۋەسىدە 70% ئېتىز ئاپەتكە ئۇچرىدى، تاغنىڭ شىمالىدىكى ئاپەت ئەھۋالى ستاتىستىكا قىلىنمىغان، تاغنىڭ جەنۇبىدا 48 مىڭ 700 مو بۇغدايلىقنىڭ بىر قەۋەت تۇپرىقىنى بوران ئۇچۇرۇپ كەتتى، ئادەتتىكى ئېتىزلارنىڭ ئۇچۇرۇپ كېتىلگەن تۇپراق قاتلىمى ئىككى سانتىمېتىرغا يەتتى، قىسمەن ئېتىزلارنى 20 ~ 30 سانتىمېتىر قۇم بېسىپ كەتتى. قوغۇن- تاۋۇز ۋە كۆكتاتلارنىڭ 50% ~ 80% ى زىيانغا ئۇچرىدى. تۆمۈريول قاتنىشى 33 سائەت توختاپ قالدى.

5- ئاينىڭ 18 ~ 20- كۈنلىرى قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى باشقۇرۇشىدىكى جايلار 20 نەچچە يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان پەۋقۇلئاددە بوران ئاپىتىگە ئۇچرىدى، رېلىس قۇمدا كۆمۈلۈپ قېلىپ قاتناش ئۈزۈلۈپ، ئىشلەپچىقىرىش توختاپ، ترانسپورت ۋە تۆمۈريول ئەسلىھەلىرى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى. تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى بويىچە 16 پويىز بېكىتى ۋە 20 بېكەت ئارىلىقىدىكى 263 كىلومېتىرلىق تۆمۈريول لىنىيىسىدە زىيان ئېغىر بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە لىيۇيۈەن ئۇچاستكىسىدىن خېدۇڭ، چاۋۇەن، بۇلۇڭجى، ليۇگۇ، ليۇدۇڭ، بۇت، جاۋدوڭ، شياگياگخوڭ ۋە خۇڭلىيۇخې (يۇلغۇنلۇق) پويىز بېكىتى قاتارلىق توققۇز بېكەت، خېدۇڭدىن بۇلۇڭجىغىچە، داچۈەندىن خۇڭلىيۇخېغىچە بولغان جەمئىي ئالتە بۆلەك ئارىلىقتا؛ قۇمۇل ئۇچاستكىسىدىن تۇدۇڭ، خۇڭچياۋ، يەنچۈەن، خۇاگلۇگاڭ، خۇڭچىسۇڭ، يەندۇڭ ۋە ئاستانە پويىز بېكىتىدىن ئىبارەت يەتتە بېكەت ھەمدە خۇڭلىيۇخېدىن خۇڭچىسۇڭغىچە، قوشتىكەندىن دۆربەجىنگىچە بولغان جەمئىي 14 بۆلەك ئارىلىقتا ئاپەت ئەھۋالى بىر قەدەر ئېغىر بولدى. تۆمۈريولنىڭ 50.75 كىلومېتىر كېلىدىغان 64 ئورنىدا قېلىن قۇم دۆۋىلىنىپ، يىغىندى قۇم 96 مىڭ 996 كۇب مېتىرغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل ئۇچاستكىسى تەۋەلىكىدە 40.975 كىلومېتىر كېلىدىغان 53 ئورۇندا دۆۋىلەنگەن يىغىندى قۇم 76 مىڭ 916 كۇب مېتىرغا؛ لىيۇيۈەن ئۇچاستكىسى تەۋەلىكىدە 9.75 كىلومېتىر كېلىدىغان 8 ئورۇندىكى يىغىندى قۇم 20 مىڭ 80 كۇب مېتىرغا يەتتى. قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى باشقۇرۇشىدىكى 80% تىن ئارتۇق كۆۋرۈك، سۇگۇچلەرگە قۇم يىغىلىپ، قىسمەنلىرى توسۇلۇپ قېلىپ، سۇنىڭ ئۆتۈشىگە ئېغىر تەسىر كۆرسەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل ئۇچاستكىسىدىكى 27 ئورۇندا يىغىلغان قۇم 450 كۇب مېتىرغا، قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى باشقا سۇگۇچلەرگە يىغىلغان قۇم 500 كۇب مېتىرغا، جەمئىي يىغىلغان قۇم 1950 كۇب مېتىرغا؛ لىيۇيۈەن ئۇچاستكىسىدىكى 55 ئورۇندا يىغىلغان قۇم 966 كۇب مېتىرغا؛ ئىككى ئۇچاستكىدا يىغىلغان قۇم جەمئىي 2916 كۇب مېتىرغا يەتتى. بەش ئۇچاستكىنىڭ 43.88 كىلومېتىر كېلىدىغان تۆمۈريول بۆلىكىگە ۋە تۆمۈريول ئۈلىغا بىر قەدەر كۆپ مىقداردا قۇم يىغىلغان بولۇپ، ئومۇمىي يىغىلغان قۇم 125 مىڭ كۇب مېتىرغا، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل ئۇچاستكىسىنىڭ تۆت ئورنىدا، يەنى 35 كىلومېتىر تۆمۈريول بۆلىكىدە يىغىلغان قۇم 100 مىڭ كۇب مېتىرغا؛ لىيۇيۈەن ئۇچاستكىسىنىڭ 8.88 كىلومېتىرلىق بۆلىكىدە يىغىلغان قۇم 25 مىڭ كۇب مېتىرغا يەتتى. بۇ يىغىندى قۇم ئەگەر 4 بالدىن يۇقىرى بوران چىقسىلا، تۆمۈريول قاتنىشىنىڭ راۋانلىقىغا ۋە بىخەتەرلىكىگە تەھدىت ئېلىپ كېلىدۇ.

1988- يىل 4- ئاينىڭ 15-، 18- كۈنلىرى، نومدا شامالنىڭ پەيتلىك تېزلىكى 32 مېتىر/سېكونتقا يەتتى. 4- ئاينىڭ 16- كۈنى كەچتە، قارادۆۋە يېزىسى مېۋە كونسېرۋا زاۋۇتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېخى 10 بالدىن يۇقىرى

بوراننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى.

1989- يىل 5- ئاينىڭ 1- كۈنى سائەت 20 دىن ئەتىسى ئەتىگەن سائەت توققۇزغىچە بولغان ئارىلىقتا، قۇمۇلنىڭ شەرقىدىكى جىگشيا ۋە تۇدۇنلاردا رىلىس قۇمدا كۆمۈلۈپ قېلىپ، تۆمۈريول قاتنىشى سەككىز سائەت تەسىرگە ئۇچرىدى. 5- ئاينىڭ 1- كۈنى چۈشتىن كېيىندىن باشلاپ ئەتىسى چۈشكىچە قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەرقىي تۇز كۆلى يەتتە بالدىن يۇقىرى بوراننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، ئىشلەپچىقىرىش توختاپ، ترانسپورت ئۈزۈلۈپ قالدى. شەرقىي تۇزكۆل ۋە جەنۇبىي تۇزكۆل قاتارلىق بەش تۇز رايونى ئوخشىمىغان دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىدى، تۇزلۇقلار 1~ 3 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا قۇم-شېغىلدا كۆمۈلۈپ، 2 مىليون 600 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق زىيان بولدى.

1990- يىل 4- ئاينىڭ 5 ~ 6- كۈنلىرى كۈچلۈك بوران چىقىپ، قۇمۇلدا پەيتلىك تېزلىكى 21 مېتىر /سېكونتقا، ئاشۇۋېلىقتا 25 مېتىر /سېكونتقا ، يەتتە قۇدۇقتا 39 مېتىر /سېكونتقا يەتتى. شەھەر بويىچە ھەر قايسى يېزىلارنىڭ 5809 مو ئېتىزى ئاپەتكە ئۇچرىدى، 74 كىلومېتىر ئېرىق- ئۆستەڭ كۆمۈلۈپ كەتتى، بوراندا بەش ئائىلىگە ئوت كەتتى، 360 مېتىر قورۇق تېمى ئۆرۈلۈپ چۈشتى، قارادۆۋىدە 25 كارىز، 26 كۆل كۆمۈلۈپ كەتتى، بوران شەھەر ئەتراپى يېزىسىدا چوڭ- كىچىك 670 پارنىكنىڭ يوپۇقىنى ئېچىۋەتتى. لياۋدۇڭ پويىز بېكىتىدە تۆمۈريول قۇمدا كۆمۈلۈپ كەتتى، دۆربەجىن دېھقانچىلىق مەيدانىدا 343 مو يەردىكى بۇغداي ئاپەتكە ئۇچرىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 241مو يەردىكى بۇغداي ئېتىزى قۇمدا كۆمۈلۈپ قالدى.

2. چاڭ- توزان، قۇم شىتورمى

قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى قۇم- بوران ئاساسەن تۆگىچىبۇلاقنىڭ شەرقىدىكى چۆللۈكتىن كېلىدۇ. بۇ دەل تاڭ سۇلالىسىنىڭ راھىب كالانى شۈەنزاڭ ھىندىستانغا نوم ئالغىلى بارغاندا ئۆتكەن ليۇشاخې دەرياسى (قۇم دەرياسى) بولۇپ، قۇملۇقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 400 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. چۆللۈك قىش ۋە ئەتىياز پەسىللىرىدە موڭغۇلىيەدىن كېلىدىغان يۇقىرى بېسىملىق ھاۋا ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىغان بولغاچقا، شامال كۈچى ئىنتايىن كۈچلۈك بولىدۇ، بولۇپمۇ باھار پەسلى ئاخىرلىشىش، ياز پەسلى باشلىنىش مەزگىللىرىدە سوغۇق ئېقىم بىلەن ئىسسىق ئېقىمنىڭ ئۇچرىشىشىدىن شەكىللىنىدىغان كۈچلۈك قۇم- بوران قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ شەرقىدىكى رايونلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ. 1958- يىل 5- ئاينىڭ 10- كۈنى بۇلۇڭتوغراقنىڭ قۇمتوغراق كەنتىدىكى ئون نەچچە كارىز ۋە ئاچىلىرىنى قۇم- بوران كۆمۈۋەتتى، بۇغداي ئېتىزلىرى توپا- قۇم ئاستىدا قالدى. 1961- يىلى 5- ئاينىڭ 31- كۈندىكى بوران يەندۈڭ پويىز بېكىتىنىڭ رېلىسنى تەكشۈرۈپ رېمونت قىلغۇچى بىر نەپەر خادىمنى ئۇچۇرۇپ نەچچە ئون چاقىرىم يىراقلىقتىكى قوم دۆۋىسىگە كۆمۈۋەتتى، 70- يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا 704- ئەترەتتىكىلەر سىتيەن پويىز بېكىتىنىڭ جەنۇبىدىكى بارىخانلىقتىن ئۇنىڭ مۇمىياغا ئايلىنىپ قالغان جەسىتىنى تاپتى.

قۇمۇل ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدىمۇ قۇم شىتورمى يۈز بېرىدۇ، بۇ رايونغا بوران ئاساسەن يەتتە قۇدۇق شامال ئېغىزىدىن كېلىدۇ. غەربىي قىسمىدىكى رايونلار تۇرپان ئويمانلىقى ۋە سەيپىكۈننىڭ شىمالىدىكى جۇڭغار ئويمانلىقىدىن كېلىدىغان ھاۋا ئېقىمىدىن پەيدا بولىدىغان غەرب شامىلى ۋە شىمال شامىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، غەربىي چۆللۈكنىڭ قۇم- توپىسىنى دۆربەجىن، قارادۆۋە، ئاستانە، شەھەر ئىچى، پالۋانتۇر قاتارلىق جايلارغىچە ئۇچۇرۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: 1958 - يىل 4- ئاينىڭ 4- كۈندىكى قۇم شىتورمى 10 سائەتتىن ئارتۇق داۋاملىشىپ، 14 مىڭ 100 مو كۆلەمدىكى ئېتىز ئاپەتكە ئۇچرىدى. بوران غەربىي رايونلاردىكى ئېتىزلارنىڭ يۈزىنى 2 ~ 3 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا يالاپ كەتتى، پالۋانتۇر يېزىسىدىكى ئايرىم ئېتىزلاردىكى زىرائەتلەر 22 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا قۇم بىلەن كۆمۈلۈپ كەتتى، بەزى

ئېتىزلاردىكى بۇغداي مايسىلىرىنى ئۈچۈرۈپ كەتتى. 760 مو يەرنى تولۇقلاپ تېرىشقا، 1200 مو يەرنى قايتىدىن تېرىشقا توغرا كەلدى. 51 كارىز، 16 كارىز ئاچىسىنى كۆمۈۋەتتى، 46 تۇياق قوي ئۆلدى، 40 تۈپ دەرەخ ئۆلاپ چۈشتى، 45 مىڭ جىڭ ئوت- سامانني ئۇچۇرۇپ كەتتى. 1961- يىل 5- ئاينىڭ 31- كۈنى كۈچلۈك بوران چىقىپ، لياۋدۇن پويىز بېكىتىدە رېلىس بىر مېتىردىن ئارتۇق قۇم ئاستىدا قالدى، تاشلار پويىزنىڭ ئەينەكلىرىنى چېقىپ سىرىنى يۇتۇنلەي چۈشۈرۈۋەتتى. قۇمۇلنىڭ جەنۇبىدىكى گاشۇن چۆللۈكىدە يىللىق قۇم شىتورملىق كۈن 30 ~ 35 كۈن ئەتراپىدا بولىدۇ، كۆرۈش دەرىجىسى ئىنتايىن ناچار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە كۆرۈش دەرىجىسى بىر كىلومېتىرغىمۇ يەتمەيدىغان قۇم شىتورملىق كۈن 20 كۈن ئۆپچۆرىسىدە بولىدى، قۇم شىتورملىق كۈنلەر ئاساسەن 4- ئاي بىلەن 5- ئاي ئارىلىقىغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، قۇمتاغنىڭ شىمالىغا يۆتكىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، شىمالدىكى ھىلال ئايسىمان بارخانلارنى ئېھرام شەكىللىك بارخانلارغا ئايلاندۇرۇپ قويغان. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب بۇ ئورۇندا يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر يوق. كىشىلەر بۇ رايوننى «كۆھقاپ» دېيىشىدۇ. 1964-، 1974- يىللىرى قۇمۇل شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى بۇ چۆلدە 6-، 7-، 8- ئايلاردا پىژغىرىم ئىسسىق بولدى، بولۇپمۇ 1964- يىل 6 - ئاينىڭ 25- كۈنى تېمپېراتۇرا 43.6°C تىن ئاشتى، 7- ئاينىڭ 26- كۈنىدىن 8- ئاينىڭ 2- كۈنىگىچە ئۇدا يەتتە كۈن شەرقىي جەنۇب بورىنى چىقىپ، چۈشتىن كېيىنكى ھاۋا تېمپېراتۇرىسى ئومۇميۈزلۈك 40°C تىن ئېشىپ كەتتى. 1974- يىل 6- ئاينىڭ 25- كۈنىدىن 7- ئاينىڭ 15- كۈنىگىچە ئىسسىق شامال چىقىپ قۇمنىڭ چۈش ۋاقتىدىكى تېمپېراتۇرىسى 70°C تىن يۇقىرى بولدى، موشۇ سەۋەبتىن جەنۇبىي چۆلدىكى چاتقاللار قۇرۇپ، چۆللۈكنىڭ شىمالغا سىلجىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

چاڭ- توزانمۇ قۇمۇلنىڭ ھاۋارايىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان بىر خىل ئاپەت. ئادەتتە قۇمۇلدا چاڭ- توزانلىق كۈنلەر يىلدا 12 ~ 41 كۈنگىچە بولىدۇ. چاڭ- توزانلىق كۈنلەر ئۈچكۆل – توم ئويمانلىقى ۋە جەنۇبتىكى چۆلدە باھارنىڭ ئاخىرى، يازنىڭ باشلىرىدا يۈز بېرىدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 3000 ~ 4000 مېتىر، كۆرۈش دەرىجىسى ئەڭ چوڭ بولغاندىمۇ ئوتتۇز كىلومېتىر بولۇپ، دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولغانلىقتىن، ئادەم ۋە چارۋىلار ئومۇميۈزلۈك زىيانغا ئۇچرايدۇ. 1979- يىل 4 - ئاينىڭ 10- كۈنى ۋە 1986- يىل 5 - ئاينىڭ 19- كۈنى بوراندىن كېيىنكى چاڭ- توزان 2 ~ 3 كۈندىمۇ تاراپ كەتمىدى.

**قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ھەر قايسى جايلارنىڭ يىللىق، ئايلىق قۇم شىتورملىق كۈن سانى**

جەدۋەل: 2 – 19

بىرلىكى: كۈن

| ئاي / ئورۇن | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | يىللىق |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قۇمۇل شەھىرى | | 0.3 | 1.7 | 2.5 | 1.2 | 0.6 | 0.6 | 0.3 | 0.25 | 0.1 | 0.1 | | 7.9 |
| باركۆل ناھىيىسى | | | | 0.2 | 0.1 | | | | | | | 0.1 | 0.5 |
| ئاراتۇرۇك ناھىيىسى | | 0.1 | 0.1 | 0.2 | 0.1 | | | | | | | | 0.4 |
| توم | 0.5 | 1.8 | 4 | 4.8 | 3.5 | 1.6 | 0.9 | 0.9 | 1.7 | 1.9 | 1.6 | 0.6 | 23.9 |

## §6. ئىسسىق ئاپىتى ۋە قۇرغاق ئىسسىق شامال

ئىسسىق ئاپىتى — زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشى ئەڭ يۇقىرى كىرىتىك تېمپېراتۇرىسىدىن يۇقىرى شارائىتتا ئۆسۈشىنىڭ ئاستىلىشى ياكى ئۆسۈشتىن توختاپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاپەتنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ زىيان سېلىش دەرىجىسى سوغۇق ئاپىتىدىن قېلىشمايدۇ.

يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق ئىسسىق ئاپىتى كۆپىنچە جەنۇب ۋە شىمالدىكى بوستانلىق دېھقانچىلىق رايونلىرىدا كۆپ يۈز بېرىدۇ، تاغلىق رايونلاردا ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ. جەنۇب ۋە شىمالدىكى بوستانلىق دېھقانچىلىق رايونلىرى ئادەتتە 5- ئاينىڭ باشلىرى ۋە ئوتتۇرىلىرىدا يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق باسقۇچقا كىرىدۇ، بولۇپمۇ 6 ~ 8- ئايلاردا ئالاھىدە گەۋدىلىك بولىدۇ.

قۇرغاق ئىسسىق شامال ئادەتتە «ئىسسىق شامال» مۇ دېيىلىدۇ. ئومۇمەن 5- ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن 8- ئاينىڭ باشلىرىغىچە، بولۇپمۇ 7- ئايدا جەنۇب ۋە شىمالدىكى بوستانلىق دېھقانچىلىق رايونلىرى ئىسسىق شامال ئاپىتىگە ئوڭاي ئۇچرايدۇ. يۇقىرى تېمپېراتۇرا «ئىسسىق شامال» نى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاكتىپ ئامىل. تېمپېراتۇرىنىڭ تۇساتتىن ئۆزگىرىشى ۋە سىجىل داۋاملىشىشى «قۇرغاق ئىسسىق شامال» نىڭ پەيدا بولۇش شەرتىدۇر. تۆۋەن نەملىك ۋە شامال «ئىسسىق شامال» ئاپىتىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

ۋىلايەت بويىچە قۇرغاق ئىسسىق شامالنى چوڭ جەھەتتىن تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: تېمپېراتۇرا، نەملىك جىددىي ئۆزگىرىپ، زىرائەتلەرنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئىقتىدارى قۇرۇق ئىسسىققا تېزدىن ماسلىشىپ كېتەلمەي، ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا سۇسىزلىنىپ، نورمال فىزىئولوگىيىلىك پائالىيىتى توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، قورۇلۇپ كېتىدۇ، ھەتتا نابۇت بولىدۇ؛ نورمال تېمپېراتۇرا ۋە نەملىك بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، يۇقىرى تېمپېراتۇرا ۋە تۆۋەن نەملىك كېچە- كۈندۈز داۋاملىشىپ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ فىزىئولوگىيىلىك پائالىيىتى چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ، ھەتتا كېچىدىمۇ سۇسىزلىنىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. كونىلاردا: «قۇرغاق ئىسسىق شامال كۆرۈلگەندە كۈندۈزى تۇرماق، كېچىسىمۇ ئىسسىپ كېتىدۇ» دەيدىغان گەپ بار.

قۇرغاق ئىسسىق شامال ئاپىتى يۇقىرى تېمپېراتۇرا، تۆۋەن نەملىك ۋە بوران قاتارلىق غەيرىي نورمال ئەھۋاللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، زىرائەت ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلۇق ئۆسۈش ھالىتى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئەگەر زىرائەتلەرنىڭ دەسلەپكى ئۆسۈش مەزگىلىدە سۇ كەمچىل، قۇرغاق، نەملىك ئەھۋالى ناچار بولسا، يېنىك دەرىجىدىكى ئىسسىق شامالمۇ ئېغىر ئاپەت كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.

باركۆل ناھىيىسى ئۈچكۆل ئويمانلىقى قۇرغاق ئىسسىق شامال ئاپىتى ئېغىر يۈز بېرىدىغان رايون. قۇمۇل ئويمانلىقى بولسا قۇرغاق ئىسسىق شامال ئاپىتى يېنىك يۈز بېرىدىغان رايون. قۇرغاق ئىسسىق شامال ئاساسەن، 7- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە 8- ئايغا مەركەزلەشكەن. ئۈچكۆل ئويمانلىقىدا 1962-، 1964-، 1968-، 1970-، 1973-، 1974-، 1978-، 1980- يىللىرى قۇرغاق ئىسسىق شامال نىسبەتەن ئېغىرراق يۈز بەردى، كۈچلۈك قۇرغاق ئىسسىق شامال

ئومۇمەن ھەر بەش يىلدا بىر قېتىم يۈز بېرىپ تۇردى، 1986- يىل 7- ئاينىڭ 14- كۈنىدىن 8- ئاينىڭ 9- كۈنىگىچە قۇمۇل بىلەن نومدا يۇقىرى تېمپېراتۇرا سىجىل داۋاملىشىش ئەھۋالى كۆرۈلدى. 7- ئاينىڭ 14 ~ 31- كۈنىگىچە قۇمۇل بىلەن نومدا تېمپېراتۇرا ئۇدا $36^{\circ}C$ تىن يۇقىرى بولدى. 7- ئاينىڭ 23- كۈنى، قۇمۇل ۋە نومدا يۇقىرى تېمپېراتۇرا ئايرىم- ئايرىم $43.2^{\circ}C$ ۋە $43.4^{\circ}C$ قا يەتتى. 7- ئاينىڭ 25-، 26- كۈنلىرى، 8- ئاينىڭ 7-، 8-، 9- كۈنلىرى تېمپېراتۇرا ئۇدا $40^{\circ}C$ تىن يۇقىرى بولۇش ئەھۋالى كۆرۈلدى. تاشۇبلىقتا قوغۇن- تاۋۇز پېلەكلىرى قۇرۇپ، بۇغداينىڭ پىشىش ۋاقتى ئىلگىرى سۈرۈلدى، باركۆلدە بۇغداي تولۇق دان تۇتالمىدى. قۇمۇل ۋوگزالىدىكى تامغا ئېسىپ قويۇلغان قۇرۇق پاراشوكلۇق ئوت ئۆچۈرگۈچ يۇقىرى تېمپېراتۇرا تۈپەيلىدىن پارتلاپ كەتتى. 7- ئاينىڭ 24- كۈنى 243- قېتىملىق يولۇچىلار پويىزى قۇمۇل شۆبە ئىدارىسى باشقۇرۇش دائىرىسىگە كەلگەندە پويىزدىكى بىر نەپەر ياشانغان يولۇچىغا ۋە بىر بالىغا ئىسسىق ئۆتۈپ، قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي ئۆلۈپ كەتتى.

## §7. گۈلدۈرماما

تاغلىق رايونلاردا يىللىق گۈلدۈرمامىلىق كۈن سانى ئاساسەن 20 كۈن ئۆپچۆرىسىدە بولىدۇ، جەنۇب ۋە شىمالدىكى چۆللۈك رايونلاردا 4 ~ 10 كۈنگىچىلا بولىدۇ. ھەر قايسى جايلاردا گۈلدۈرمامىلىق ھاۋارايى 5 ~ 9- ئايلار ئارىلىقىدا، بولۇپمۇ 6 ~ 7- ئايلاردا كۆپ كۆرۈلىدۇ. باركۆل، ئاراتۇرۇك ئويمانلىقىدا 6-، 7- ئايلاردىكى ئايلىق گۈلدۈرمامىلىق كۈن سانى 5 ~ 7 كۈنگە يېتىدۇ، گۈلدۈرماما چۈشتىن تارتىپ كەچقۇرۇن سائەت 14:00 ~ 18:00 لەر ئارىلىقىدا كۆپ يۈز بېرىدۇ، ھەر قايسى جايلارنىڭ كېچىلىك گۈلدۈرماما قېتىم سانى ئومۇمىي گۈلدۈرماما قېتىم سانىنىڭ 30% ى ئۆپچۆرىسىدە بولىدۇ. قۇمۇلدا گۈلدۈرمامىنىڭ داۋاملىشىش ۋاقتى بىر سائەت ئەتراپىدا بولىدۇ، بىراق تاغلىق رايونلاردا گۈلدۈرمامىنىڭ داۋاملىشىش ۋاقتى ئالتە سائەتتىن ئېشىپ كېتىدۇ.

قۇمۇل ۋىلايىتىدە گۈلدۈرماما كۆپىنچە تاغنى بويلاپ غەربتىن شەرققە يۆتكىلىدۇ. جۇڭگو- موڭغۇلىيە چېگرىسىدىكى كىچىك قاپتىك تېغى، چوڭ قاپتىك تېغى، تەڭرىتاغ تىزمىسىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالدىكى يانباغىرلىرى، باركۆل ۋە ئاراتۇرۇك ئويمانلىقى قۇمۇل رايونىدىكى ئاساسلىق گۈلدۈرمامىلىق بەلۋاغلار ھېسابلىنىدۇ. شاماللىق يانتۇلۇقلار بىلەن گۈلدۈرمامىلىق بەلۋاغلار تۇتىشىدىغان جايلار، يەنى سارچوقا، نامداۋان، نىرىنكىر چارۋىچىلىق فېرمىسى ۋە تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىدىكى ئېدىرلىق رايونلار قۇمۇل رايونىدىكى ئاساسلىق گۈلدۈرمامىلىق رايونلاردۇر.

قۇمۇل ۋىلايىتىدە گۈلدۈرماما ئاز يۈز بەرسىمۇ، لېكىن دېڭىز يۈزىدىن 2000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تاغلىق رايونلاردا ئادەم ۋە چارۋىلار چاقماق زەربىسىگە ئۇچراپ يارىلىنىدىغان، ئۆلىدىغان ئەھۋاللار دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. نەم تۇپراقلىق ئوتلاق ساھىلى ۋە كەڭرى كەتكەن چۆللۈكلەردە، يەنى باركۆل سازلىقى، سارچوقا، شارلار تېغى، تەڭرىتاغ يېزىسى قاتارلىق جايلاردا ئادەم ۋە چارۋىلار چاقماق زەربىسىگە ئۇچرايدىغان ئەھۋاللار يىلمۇ يىل يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. باركۆل ۋە ئاراتۇرۇك قاتارلىق جايلاردا توك لىنىيىسى، خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرى داۋاملىق چاقماق زەربىسىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ.

**قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ھەر قايسى جايلارنىڭ يىللىق، ئايلىق گۆلدۈرمامىلىق كۈن سانى ھەمدە گۆلدۈرمامىنىڭ باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش ۋاقتى**

جەدۋەل: 2 – 20

| ئايلار / ئورۇن | كۈن سانى (كۈن) | | | | | | | | | | | | | باشلىنىش ۋاقتى (ئاي/كۈن) | ئاخىرلىشىش ۋاقتى (ئاي/كۈن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | يىللىق | | |
| قۇمۇل شەھىرى | | | | 0.2 | 0.5 | 1.8 | 1.9 | 1.6 | 0.6 | 0.1 | | | 6.7 | 27/5 | 22/8 |
| باركۆل ناھىيىسى | | | | 0.3 | 1.8 | 6.4 | 5.8 | 3.2 | 0.8 | | | | 18.3 | 29/5 | 8/9 |
| قاراتۇرۇك ناھىيىسى | | | | 0.1 | 1.8 | 6.1 | 6.5 | 3.8 | 1.0 | 0.1 | | | 19.4 | 19/5 | 4/9 |
| نوم | | | 0.1 | 0.4 | 1.6 | 1.5 | 1.1 | 0.1 | | | | | 4.8 | 11/6 | 10/8 |
| تۆچكۆل | | | | 0.1 | 1 | 4 | 4.4 | 1.2 | 0.2 | | | | 10.9 | 23/5 | 16/8 |

## §8. مۆلدۈر ئاپىتى

مۆلدۈرنىڭ يۇز بېرىش ۋە يېتىلىش جەريانى گۆلدۈرماما ھەرىكىتى بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. مۆلدۈر كۆپىنچە ياز پەسلىدە ياكى ئىسسىق بىلەن سوغۇق ئالمىشىدىغان ئەتىياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە يۈز بېرىدۇ. تاغلىق رايونلاردا يىللىق مۆلدۈرلۈك كۈن سانى ئىككى كۈن ئۆپچۆرىسىدە بولىدۇ، تۈزلەڭلىك ۋە چۆللۈكلەردە يوق دېيەرلىك بولىدۇ.

### قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ھەر قايسى جايلارنىڭ يىللىق، ئايلىق مۆلدۈرلۈك كۈن سانى

جەدۋەل: 2 – 21 بىرلىكى: كۈن

| ئايلار / ئورۇن | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | يىللىق |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قۇمۇل شەھىرى | | | | 0.1 | | | | | 0.1 | | | | 0.2 |
| تاشئۆيلىق | | | | 0.2 | 0.3 | 0.2 | 0.3 | 0.1 | 0.2 | 0.1 | | | 1.4 |
| ئاراتۈرۈك ناھىيىسى | | | | 0.1 | 0.5 | 0.6 | 0.4 | 0.2 | 0.2 | | | | 2.1 |
| باركۆل ناھىيىسى | | | | 0.1 | 0.4 | 0.5 | 0.4 | 0.2 | 0.2 | | | | 1.8 |
| تۆچكۆل | | | | | 0.2 | 0.1 | 0.1 | | 0.1 | 0.1 | | | 0.5 |

مۆلدۈرلۈك بۇلۇت سارغۇچ ياكى كۈلرەڭ بولىدۇ. بۇلۇت ئارىسىدىن چىققان كۈچلۈك گۈلدۈرماما ئاۋازى شىمال يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ، يەر يۈزىدىكى چاڭ-توزانلارنى ئۇچۇرۇپ، ئېگىزلىكى بىرقانچە ئون كىلومېتىردىن 100 كىلومېتىرغىچە كېلىدىغان بەلۋاغنى ھاسىل قىلىدۇ. مۆلدۈرنىڭ چوڭى ياڭاقچىلىك، كىچىكى پۇرچاق ۋە گۈرۈچچىلىك بولىدۇ. ئادەتتە مۆلدۈر بىر قانچە مىنۇتلا داۋاملىشىدۇ، ئۇزۇن داۋاملاشقاندىمۇ ئون قانچە مىنۇتتىن ئاشمايدۇ. مۆلدۈرنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا بولغان تەسىرى ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ.

مۆلدۈر رايونىمىزدا قىسمەن خاراكتېرلىك ئاپەت بولۇپ، ئارىلاپ يۈز بېرىدۇ، بولۇپمۇ تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى باركۆل ۋە ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرىدە نىسبەتەن كۆپ ياغىدۇ. تارىخىي ماتېرىياللاردا باركۆلدە مۆلدۈر ئاپىتىنىڭ 4 ~ 9- ئايلاردا، بولۇپمۇ 6 ~ 8- ئايلاردا، يەنە كېلىپ ئاساسەن چۈشتىن كېيىن سائەت 14:00 ~ 18:00 گىچە بولغان ئارىلىقتا ياغىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 28- يىلى (1902- يىلى) 8- ئايدا باركۆلدە مۆلدۈر ئاپىتى يۈز بەردى.

مىنگونىڭ 14- يىلى (1925- يىلى) ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ توپئۆيلەر، چوگتاش ۋە بەچىر كەنتلىرىدە مۆلدۈر ئاپىتى يۈز بېرىپ، بۇغداي باشاقلىرىنى پۈتۈنلەي چۈشۈرۈۋەتتى.

مىنگونىڭ 29- يىلى (1940- يىلى) 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى كېچىدە باركۆل ناھىيىسى داخې (قاراسۇ) يېزىسى شىخۇ كەنتى مۆلدۈر ئاپىتىگە ئۇچراپ، 482 مو يەردىكى زىرائەتتىن ھوسۇل ئالالمىدى.

1968- يىل 7- ئايدا، باركۆلنىڭ قولۇنچەرى رايونى تۇيۇقسىز سوغۇق ھاۋا ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى، يامغۇر ئارىلاش مۆلدۈر يېغىپ، تېمپېراتۇرا بىردىنلا تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكتىن، ئىككى كىشى توڭلاپ ئۆلدى.

1971- يىل 8- ئايدا ئاراتۈرۈكنىڭ تۇركۆل يېزىسىدا ئالتە سانتىمېتىر قېلىنلىقتا مۆلدۈر ياغدى، كەينىدىن ياغقان يامغۇر كەلكۈنگە ئايلىنىپ، 15 ئېغىز ئۆينى ۋەيران قىلىۋەتتى.

1973- يىل 8- ئاينىڭ 14- كۈنى كۆشۈتى تاغ ئېغىزىدا تۇيۇقسىز مۆلدۈر يېغىپ، بۇغداي باشاقلىرى زەربىگە

ئۇچىرىدى، كەلكۈن ئاپىتى يۈز بېرىپ، قاتناش بىر ئاي توختاپ قالدى.

1978- يىلى 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى كېچىدە باركۆل ناھىيىسى داخې (قاراسۇ) يېزىسىنىڭ شىنخۇ 4-، 5- ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ 1000 مو يەردىكى پىشقان بۇغدىيى مۆلدۈر زەربىسىگە ئۇچرىدى، ئاپەت ئەھۋالى ئىنتايىن ئېغىر بولغانلىقتىن، 500 مو يەردىن ھوسۇل ئالالمىدى.

1981- يىلى 8- ئاينىڭ 20- كۈنى باركۆل ناھىيىسى داخې (قاراسۇ) يېزىسىنىڭ باشئېرىق 4-، 5-، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىدە ئالتە مىنۇت مۆلدۈر ياغدى، مۆلدۈرنىڭ دىئامېتىرى 1 ~ 1.5 سانتىمېتىرغىچە بولۇپ، يىغىندى مۆلدۈرنىڭ قېلىنلىقى 4 ~ 5 سانتىمېتىرغا يەتتى.

1985- يىلى 7- ئاينىڭ 4 - كۈنى باركۆل ناھىيىسى خۇايۇەن يېزىسى خۇاجاگزا كەنتىنىڭ 6- ئەترىتىدە مۆلدۈر ئاپىتى يۈز بېرىپ، 1076 مو ئېتىزدىكى زىرائەتلەر نابۇت بولدى. 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 13:00 دە ئاراتۈرۈك ناھىيە بازىرىدا ئۈچ مىنۇت مۆلدۈر ياغدى.

1986- يىلى 6- ئاينىڭ 23- كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 17:35 ئۆتكەندە، غەربىتاغ يېزىسى ۋە دەۋلەدۈرۈك قازاق ئاپتونوم يېزىسىدا مۆلدۈر ياغدى، مۆلدۈرنىڭ دىئامېتىرى ئىككى سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، يېرىم سائەتتە ياغقان مۆلدۈرنىڭ قېلىنلىقى 10 سانتىمېتىردىن ئاشتى. 3000 مودىن ئارتۇق ئېتىز ئاپەتكە ئۇچرىدى، 10 تۆگە، بىر ئات، بىر كالا ئۆلدى. مۆلدۈر ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىر سىنىپىنى بۇزۇۋەتتى. 8- ئاينىڭ 30- كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10:45 ئۆتكەندىن باشلاپ سائەت 11:10 ئۆتكەنگە قەدەر، ئاستانە يېزىسى گۈلدۈرماملىق يامغۇر ۋە مۆلدۈرنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىدى، مۆلدۈرنىڭ قېلىنلىقى 5 ~ 10 سانتىمېتىرغا يەتتى، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي، قوشتىكەتنىڭ غەربىدىكى بىر قانچە كەنتلەردە زىيان ئېغىر بولدى.

1989- يىلى 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى سائەت 19:30 ئۆتكەندىن باشلاپ 19:49 ئۆتكەنگە قەدەر باركۆل ناھىيىسىنىڭ خۇايۇەن يېزىسىدا يامغۇر ئارىلاش مۆلدۈر ياغدى، ئەڭ چوڭىنىڭ دىئامېتىرى ئۈچ سانتىمېتىر، ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى ئۈچ گىرام بولۇپ، ئومۇمىي يېغىن مىقدارى 11 مىللىمېتىرغا يەتتى. 7733 مو كۆلەمدىكى بۇغداي ئاپەتكە ئۇچراپ، تەخمىنەن 325 مىڭ كىلوگرام ئەتراپىدىكى داننى قېقىۋەتتى. بۇنىڭدىن باشقا قىسمەن كۆكتاتلارنىڭ يوپۇرماقلىرىنى چۈشۈرۈۋەتتى.

## §9. يەر تەۋرەش

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 2- يىلى (1737- يىلى) 12- ئاينىڭ 28- كۈنى قۇمۇل، توغۇچى ۋە تاشۋىلىقتا 5 ~ 6 بال يەر تەۋرىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 25- يىلى (1760- يىلى) 7- ئايدا، قۇمۇلدا يەر تەۋرىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 60- يىلى (1795- يىلى) 2- ئاينىڭ 18- كۈنى قۇمۇلدا يەر تەۋرىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 22- يىلى (1842- يىلى) 5- ئاينىڭ 3 ~ 5- كۈنلىرى باركۆلدە 7 ~ 7.9 بال يەر تەۋرىدى، بۇنىڭغا قوشۇلۇپ قاتتىق يامغۇر ياغدى، سېپىل، راۋاقلار قىيسىيىپ كەتتى، بازار ئىچى ۋە يېزىلاردا 5463 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ، 41 ئادەم ئۆلدى، 68 ئادەم يارىلاندى. 6- ئايدا باركۆلدىكى يەر تەۋرەش قۇمۇلغىمۇ تەسىر كۆرسەتتى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 23- يىلى (1843- يىلى) 1- ئاينىڭ 3- كۈنى بامدات ۋاقتىدا قۇمۇلدا يەر تەۋرەپ،

ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ، نۇرغۇن كىشى يارىلاندى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 22 ~ 26- يىلىغىچە (1842 ~ 1846- يىلىغىچە) بولغان مەزگىلدە، قۇمۇلدا سەككىز قېتىم 4.3 ~ 7.5 بال يەر تەۋرىدى. داۋگۇاڭ 22- يىلى (1842- يىل) 5- ئاينىڭ 3- كۈنى سائەت 6:41 ئۆتكەندە باركۆلنىڭ جىغاڭ دېگەن يېرىدە 7.5 بال يەر تەۋرىدى. تەۋرەش مەركىزىدىن 135 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى باركۆل ناھىيىسى خەنچىڭ ۋە مەنچىڭ سېپىل تاملىرىنىڭ تەگدىن تولىسى ئۆرۈلۈپ چۈشتى، ناھىيە بازىرىدا 5463 ئېغىز ئۆي گۆمۈرۈلۈپ، ئالتە ئادەم مېيىپ بولۇپ، 68 ئادەم يارىلاندى (يېزا- قىشلاقلارنىڭ ستاتىستىكا قىلىنمىغان)، يەر تەۋرىگەندە تۇيۇقسىز قارا يامغۇر ياغدى، بۇنىڭغا قوشۇلۇپ يەنە ئۈچ كۈنگىچە قالدۇق يەر تەۋرىدى، كىشىلەر ئىنتايىن قورقۇنچ ئىچىدە قالدى. شۇ قېتىمقى يەر تەۋرەشتە قۇمۇلدىكى سېپىل تاملىرىمۇ ئۆرۈلۈپ، نۇرغۇن كىشى يارىلاندى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 1- يىلى (1875- يىلى) باركۆل ناھىيىسىدە ئوتتۇراھال يەر تەۋرىدى.

مىنگونىڭ 3- يىلى (1914- يىلى) 8- ئاينىڭ 5- كۈنى، باركۆل ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى تەگرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدە 7.5 بال يەر تەۋرىدى، شارلار تېغى، بەكنىغول قاتارلىق جايلاردا تاغلار يېرىلىپ، تاشلار گۆمۈرۈلۈپ چۈشتى؛ تارانچى، دۆربەجىن، لياۋدۇن قاتارلىق جايلاردا ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ، ئادەم ۋە مال- چارۋىلار خېيىم- خەتەرگە ئۇچرىدى؛ قۇمۇل بازىرى، قوشتىكەن، ئاستانە، توغۇچى قاتارلىق جايلاردا كونا ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ، يېڭى ئۆيلەرگە دەز كەتتى.

مىنگونىڭ 13- يىلى (1924- يىلى) 7- ئاينىڭ 2- كۈنى ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدا 5.5 بال يەر تەۋرىدى.

مىنگونىڭ 14- يىلى (1925- يىلى) 9- ئاينىڭ 12- كۈنى ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدا بەش بال يەر تەۋرىدى.

مىنگونىڭ 24- يىلى (1935- يىلى) 7- ئاينىڭ 12- كۈنى سائەت "9:41':23 ئۆتكەندە باركۆل كۆلىنىڭ شىمالىدا 5.7 بال يەر تەۋرىدى.

مىنگونىڭ 25- يىلى (1936- يىلى) 1- ئاينىڭ 28- كۈنى سائەت "3:41':23 ئۆتكەندە باركۆلنىڭ غەربىي شىمالىدىكى كىچىك قاپتىق تېغىدا ئالتە بال يەر تەۋرىدى.

مىنگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى) 6- ئاينىڭ 30- كۈنى سائەت "5:05':45 ئۆتكەندە باركۆل ناھىيىسىنىڭ ساقا بۇلاق ئەتراپىدا 5.5 بال يەر تەۋرىدى.

مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) 5- ئايدا ئاراتۈرۈك ناھىيىسى نوم يېزىسىدا يامغۇر يېغىپ، يامغۇردىن كېيىن 2 ~ 3 بال يەر تەۋرىدى. 7- ئاينىڭ 27- كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت "1:41':30 ئۆتكەندە باركۆلنىڭ غەربىدە 5.2 بال يەر تەۋرىدى.

1950- يىل 4- ئاينىڭ 11- كۈنى ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى شىمالىي كەڭلىك °42، شەرقىي ئۇزۇنلۇق °93 كېلىدىغان جايدا 5.5 بال يەر تەۋرىدى.

1955- يىل 8- ئاي بىلەن 9- ئاي ئارىلىقىدا موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدە يەر تەۋرەپ، قۇمۇلغىمۇ تەسىر كۆرسەتتى.

1956- يىلى ئاراتۈرۈكنىڭ نوم رايونىدا 3 ~ 4 بال يەر تەۋرىدى.

1958- يىل 11- ئاينىڭ 7- كۈنى سائەت 2:54 ئۆتكەندە، ئاراتۈرۈكنىڭ توخۇلۇ (شارئۆيلەر) دا 3 ~ 4 بال يەر تەۋرىدى.

1963- يىلى ئاراتۈرۈكنىڭ نوم رايونىدا تۆت بال يەر تەۋرىدى.

1964- يىل 10- ئاينىڭ 26- كۈنى قارلىق تاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئاراتۈرۈككە يېقىن جايدا 4.3 بال يەر تەۋرىدى.

1974- يىل 7- ئاينىڭ 5- كۈنى سائەت 3:35 ئۆتكەندە ئاراتۈرۈكنىڭ توخۇلۇ (شارئۆيلەر) دا ۋە باركۆلنىڭ

شەرقىي شىمالىدىكى چېكرا رايونىدا 7.1 بال يەر تەۋرىدى، شۇ كۈنى سائەت 03:44'27" ئۆتكەندە يۇقىرىقى رايونلاردا يەنە 4 ~ 4.7 بالغىچە يەر تەۋرىدى.

1978- يىل 10- ئاينىڭ 17- كۈنى كېچە سائەت 00:30'26" ئۆتكەندە باركۆل ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى چېكرا رايونىدا 5.2 بال يەر تەۋرىدى.

1979- يىل 2- ئاينىڭ 13- كۈنى كېچە سائەت 03:14'41" ئۆتكەندە باركۆل ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى چېكرا رايونىدا 4.7 بال يەر تەۋرىدى.

1989- يىل 12- ئاينىڭ 21- كۈنى سائەت 12:02 ئۆتكەندە قۇمۇل شەھرىدە 4.1 بال يەر تەۋرىدى، تەۋرەش مەركىزى تۆرۈك سۇ ئامبىرى بىلەن تەگرىتاغ يېزىسى ئارىلىقىدا بولدى.

# نوپۇس، خەلق تۇرمۇشى

ئۈچىنچى قىسىم

# نوپۇس، خەلق تۇرمۇشى

## I باب

## ئاھالىنىڭ كۆپىيىشى ۋە تارقىلىشى

### 1§. تارىخىي دەۋرلەردىكى ئاھالە

**1. ئومۇمىي ئەھۋال**

قېزىلما يادىكارلىقلاردىن ئىسپاتلىنىشىچە، بۇنىڭدىن 7000 ~ 8000 يىللار ئىلگىرىلا قۇمۇل رايونىدا ئىنسانلار ياشاپ، چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىلا باركۆلدە ئىنسانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. ئەمىنىيە ۋە يېغىلىق دەۋرلىرىدە خاكاسلار، ساكلار باركۆلدە كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىپ ياشىغان.

خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە باركۆل 10 مىڭ ئاھالىسى بار دۆلەت بولۇپ، كېيىن شىمالىي ھونلارنىڭ بېسىپ كىرىشى بىلەن 6000 دىن ئارتۇق ئادەم كۆلنىڭ شىمالىدىكى ئاۋۇ دېگەن جايغا كۆچۈپ كېتىپ، 325 تۈتۈن، 2032 ئادەملا قېلىپ قالغان. بۇ ۋاقىتتا باركۆل دۆلىتىنىڭ شىمالىدا شەكىللەنگەن كېيىنكى باركۆل دۆلىتىدە 100 تۈتۈن، 1070 ئادەم بولغان. غەربىي خەن سۇلالىسىدىن شەرقىي خەن سۇلالىسىغىچە بولغان 100 نەچچە يىل ئارىلىقتا باركۆل دۆلىتىنىڭ ئاھالىسى 800 تۈتۈن، 3000 نوپۇسقا، لەشكەرلىرى 1000 كىشىگە يەتتى.

شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تەيچاڭ 7- يىلى (422- يىلى) ئىۋىرغول (ھازىرقى قۇمۇل) نىڭ ئاھالىسى ئۇرۇش مالىمانچىلىقى تۈپەيلىدىن دۈنخۇاڭدىن كۆچۈپ كەلگەن نۇرغۇن خەنزۇلار قوشۇلۇپ، ئاھالىسى 2000 تۈتۈندىن ئاشتى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن 4- يىلى (630- يىلى) ئىۋىرغولدا 1332 تۈتۈن، 6788 ئادەم بار بولدى. كەيۈەن يىللىرىدا (713 ~ 741- يىللىرى) ئىۋىرغولنىڭ تۈتۈن سانى 1729 غا يەتتى. تيەنباۋ 14 - يىلى (755- يىلى) تۈتۈن سانى 2467 گە، ئاھالىسى 10 مىڭ 157 گە يەتتى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ تاڭلوڭ يىلى (710- يىلى) دىن باشلاپ باركۆلنى ساقلاۋاتقان 3000 خەنزۇ لەشكەر باركۆلدە ئۇزۇن مۇددەت بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلدى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ داجۇڭ 4- يىلى (850- يىلى) دىن ئىلگىرى ئىۋىرغولدىكى نۇرغۇن قېتىملىق

ئۇرۇش مالىمانچىلىقى، ئاچارچىلىق، قاچ-قاچلار تۈپەيلىدىن ئاھالە كۆرۈنەرلىك ئازلاپ كەتتى. جاڭ يىچاۋ ئېۋۇرغولنى قايتۇرۇۋالغاندا، شاجۇدىن 40 تۈتۈن خەنزۇنى كۆچۈرۈپ كەلدى. بۇ چاغدا ئېۋۇرغولنىڭ ئاھالىسى تەخمىنەن 1300 گە يەتتى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭچى 1 - يىلى (885- يىلى) 30 يىلدىن ئارتۇق خاتىرجەم تۇرمۇشنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئېۋۇرغول (ئاراتۇرۇك ناھىيىسى، لاپچۇق ناھىيىسى، رويان ناھىيىسى) نىڭ ئاھالىسى 2639 تۈتۈن، 11مىڭ كىشىگە يەتتى.

9 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ئۇيغۇرلار كۆپلەپ كۆچۈپ كېلىپ، ئېۋۇرغولدىكى ئاساسلىق مىللەتكە ئايلاندى، بۇ چاغدىكى ئاھالىسى 20 مىڭ ئەتراپىغا يەتتى. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، خانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدا 40 نەچچە يىل ھوقۇق تالىشىش ئۇرۇشى بولۇپ، قۇمۇل ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ئىچىدە قالدى، خەلق يۇرت-ماكانىنى تاشلاپ كەتتى، موڭغۇللار قۇمۇل، باركۆللەرگە كۆچۈپ كىردى.

مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇمۇل كۆپ قېتىم تۇرپاننىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچرىدى. قۇمۇلنىڭ خان ئانىسى نۇۋۇن داشىرى خەلقنى باشلاپ، كۆيۈگە قېچىپ كەتتى. تۇرپان قۇمۇلنى ئىگىلىۋالغاندا، قۇمۇلدا ئاران 400 ~ 500 تۈتۈن، 2000 غا يەتمەيدىغان ئاھالە قالدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە چىڭ خاندانلىقىغا بەيئەت قىلىپ، تۇغلۇق خوشۇن بولدى. بۇ ۋاقىتتا ئاھالىسى 12 مىڭ 985 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 8417 كىشى قۇمۇل ۋاڭىنىڭ تەۋەلىكىدە بولدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 24- يىلى (1759- يىلى)، قۇمۇلدا 1950 تۈتۈن، 12 مىڭ 963 ئاھالە بار ئىدى. چيەنلۇڭنىڭ 26 ~ 42- يىلىغىچە (1761 ~ 1777- يىلىغىچە) ئىچكىرىدىن سۈرگۈن قىلىنغان 868 تۈتۈن مەھبۇس ئۈچ تۈركۈمگە بۆلۈپ باركۆلگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. چيەنلۇڭ 31- يىلى (1766- يىلى) باركۆل 697 تۈتۈن، 2596 كىشىنى قوبۇل قىلىپ، بوز يەر ئېچىشقا قاتناشتۇردى. قۇمۇل ۋاڭىنىڭ تەۋەلىكىدىكى ئۇيغۇرلار 1950 تۈتۈن، 12 مىڭ 163 كىشىگە يەتتى. چيەنلۇڭ 37- يىلى (1770- يىلى) 2000 مانجۇ چېرىك بالا - چاقىسىنى ئەگەشتۈرۈپ باركۆلگە كېلىپ، تاكى چيەنلۇڭ 60- يىلى (1795- يىلى) غىچە تۇردى. ناھىيىدىكى مانجۇلارنىڭ ئاھالىسى 7234 كە يەتتى. جياچىڭ يىللىرىدا قۇمۇلدا ئۇيغۇرلار 13 مىڭ 293 كە يەتتى. جياچىڭ 11- يىلى (1806- يىلى) باركۆلنىڭ ئاھالىسى 15مىڭ 298 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ، خۇيزۇلار 8064. داۋگۇاڭ 5- يىلى (1825- يىلى) باركۆلنىڭ ئاھالىسى 21 مىڭغا يەتتى. داۋگۇاڭ 26 ~ 30- يىلىغىچە (1846 ~ 1850- يىللىرى) باركۆل ناھىيىسىنىڭ ئاھالىسى 30 مىڭغا يەتتى. تۇڭجى يىللىرىدا، ئۇرۇش مالىمانچىلىقى توختىماي بولۇپ تۇرغاچقا، ئاھالە ئازىيىپ كەتتى. تۇڭجىنىڭ 13- يىلى (1874- يىلى) دىكى زوزۇڭتاڭنىڭ تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، قۇمۇلدا ئارانلا 2000 ~ 3000 ئادەم قالغان (قۇمۇل ۋاڭىنىڭ تەۋەلىكىدىكى ئاھالە ستاتىستىكا قىلىنمىغان). گۇاڭشۈ 9- يىلى (1883- يىلى) 200 نەچچە تۈتۈن قازاق ئالتايدىن باركۆلگە كۆچۈپ كەلدى. گۇاڭشۈ 14- يىلى (1888- يىلى) جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يەكەن ناھىيىسىدىن بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار باركۆلگە كۆچۈپ كەلدى. شۇ يىلى مانجۇ گازارمىسىدىكى لەشكەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى گۇچۇڭ ناھىيىسىگە كۆچۈپ كەتتى. گۇاڭشۈ 17- يىلى (1891- يىلى) قۇمۇلنىڭ ئاھالىسى 6200 گە يەتتى. گۇاڭشۈ 31- يىلى (1905- يىلى) باركۆلنىڭ ئاھالىسى 1541 تۈتۈن، 7579 كىشىگە يەتتى. شۈەنتۇڭ 3- يىلى(1911- يىلى) قۇمۇلنىڭ ئاھالىسى 9553 تۈتۈن، 46 مىڭ 351 كىشىگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل مەھكىمىسى تەۋەسىدە1251 تۈتۈن، 4568 كىشى، قۇمۇل ۋاڭىنىڭ تەۋەلىكىدە 6485 تۈتۈن، 33 مىڭ 725 كىشى، باركۆل مەھكىمىسى تەۋەسىدە 1817 تۈتۈن، 8085 كىشى؛ شەھەر بازارلىرىدا ئولتۇراقلاشقانلاردىن 1817 تۈتۈن، 8058 كىشى، يېزا- قىشلاقلاردا ئولتۇراقلاشقانلاردىن 375 تۈتۈن، 1544 كىشى، بازاردا

ئولتۇراقلاشقانلاردىن 401 تۈتۈن، 1535 كىشى. مىللەتلەر بويىچە ئايرىغاندا، خەنزۇلار 549 تۈتۈن، 2873 كىشى، خۇيزۇلار 620 تۈتۈن، 1349 كىشى، باشقا مىللەتلەر 82 تۈتۈن، 346 كىشى، مۇھاجىرلار ئىككى تۈتۈن، 13 كىشى.

مىنگونىڭ 1- يىلى (1912- يىلى) باركۆلنىڭ ئومۇمىي ئاھالىسى 1832 تۈتۈن، 8737 كىشىگە يەتتى. مىنگونىڭ 2- يىلى (1913- يىلى) ئالتاي، تارباغاتاي قاتارلىق جايلاردىن مىڭدىن ئارتۇق قازاق چارۋىچى باركۆل يايلاقلىرىغا كۆچۈپ كەلدى. مىنگونىڭ 15- يىلى (1926- يىلى) قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ئاھالىسى 18 مىڭ 330 گە، باركۆل ناھىيىسىنىڭ 18 مىڭ 378 كىشىگە يەتتى. مىنگونىڭ 17- يىلى (1928- يىلى) باركۆل ناھىيىسىنىڭ ئاھالىسى 4494 تۈتۈن، 21 مىڭ 999 كىشىگە، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ 8861 تۈتۈن، 46 مىڭ 179 كىشىگە، يەتتە قۇدۇق مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ 61 تۈتۈن، 296 كىشىگە يەتتى. مىنگونىڭ 20- يىلى (1931- يىلى) ماجۇڭيىڭ توپىلىڭى سەۋەبىدىن، ئاھالە ئازلاپ كەتتى. مىنگونىڭ 22- يىلى (1933- يىلى)، ئالتاي قاتارلىق جايلاردىن قازاق چارۋىچىلارنىڭ كۆچۈپ كېلىشى بىلەن باركۆلنىڭ ئاھالىسى 30 مىڭ كىشىگە يەتتى. گۇاڭشۈ 9- يىلى (1883- يىلى) دىن جۇڭخۇا مىنگونىڭ 24- يىلى (1935- يىلى) غىچە جەمئىي 4600 ئائىلە، 20 مىڭ قازاق ئالتاي، تارباغاتايلاردىن قۇمۇلغا كۆچۈپ كەلدى. مىنگونىڭ 24- يىلى (1935- يىلى) دىن كېيىن باركۆلدىكى قازاق چارۋىچىلار شەرققە يەنى گەنسۇ، چىڭخەيلەرگە كۆچكەنلىكتىن، ناھىيىنىڭ ئاھالىسى ئازلاپ كەتتى. مىنگونىڭ 29- يىلى (1940- يىلى) غا كەلگەندە، باركۆلدە ئارانلا 2602 ئائىلە، 13 مىڭ 449 كىشى قالدى، بۇنىڭ ئىچىدە قازاقلار 750 ئائىلە، 3454 كىشى. مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى)، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ئاھالىسى 7000 ئائىلە، 18 مىڭ كىشىگە يەتتى. مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى)، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تىنچلاندۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويغانلىقتىن، قۇمۇلنىڭ ۋەزىيىتى مۇقىملىشىپ، ۋىلايەت ئاھالىسى 57 مىڭ 933 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 28 مىڭ 80 كىشى، خەنزۇلار 20 مىڭ 251 كىشى، قازاقلار 6741 كىشى، خۇيزۇلار 2742 كىشى. مىنگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى) قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ئاھالىسى 6836 ئائىلە، 36 مىڭ 400 كىشىگە يەتتى. مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) باركۆلنىڭ ئاھالىسى ئەسلىگە كېلىپ، 18 مىڭ 494 كىشىگە يەتتى، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ئاھالىسى 7409 ئائىلە، 39 مىڭ 100 كىشىگە يەتتى. مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) دىكى ستاتىستىكىدا، ۋىلايەت ئاھالىسى 64 مىڭ 201 كىشىگە يەتتى. مىنگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى)، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئاھالىسى 75 مىڭ 760 قا يەتتى. قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ئاھالىسى 10 مىڭ 35 ئائىلە، 49 مىڭ 128 كىشىگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 28 مىڭ 244 كىشى، خەنزۇلار 14 مىڭ 274 كىشى، خۇيزۇلار 3183 كىشى، قازاقلار 3397 كىشى، باشقا مىللەتلەر 30 كىشى. باركۆل ناھىيىسىنىڭ ئاھالىسى 4516 ئائىلە، 22 مىڭ 582 كىشىگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇلار 14 مىڭ 640 كىشى، قازاقلار 7429 كىشى، ئۇيغۇرلار 203 كىشى، موڭغۇللار 221 كىشى، باشقا مىللەتلەر يەتتە كىشى. ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ ئاھالىسى 810 ئائىلە، 4050 كىشىگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 3143 كىشى، خەنزۇلار 313 كىشى، قازاقلار 526 كىشى، خۇيزۇلار 65 كىشى، باشقا مىللەتلەر ئۈچ كىشى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ۋىلايەتنىڭ ئاھالىسى ناھايىتى تېز كۆپەيدى، ئاھالىنىڭ كۆپىيىشىنى چوڭ جەھەتتىن تۆت باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ: 1950 ~ 1958- يىلىغىچە خەلقنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلىنىپ، ئاھالە 76 مىڭ 600 دىن 129 مىڭ 600 گە يېتىپ، ئاھالىنىڭ كۆپىيىشىنىڭ بىرىنچى يۇقىرى پەللىسىنى شەكىللەندۈردى. 1959 ~ 1961- يىلىغىچە بولغان ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق مەزگىلىدە، ئاھالە 202 مىڭدىن 195 مىڭ 300 كىشىگە ئازلاپ، ئاھالىنىڭ كۆپىيىشى پەسكويغا چۈشۈپ قالدى. 1962 ~ 1975- يىلىغىچە ئاھالە 186 مىڭ 700 دىن 328 مىڭ 200 كىشىگە يېتىپ، ئاھالە كۆپىيىشىنىڭ ئىككىنچى يۇقىرى پەللىسىنى شەكىللەندۈردى. 1976 ~ 1990- يىلىغىچە پىلانلىق تۇغۇت

قانات يايدۇرۇلۇپ، ئاھالىسىنىڭ كۆپىيىشى تەدرىجىي كونترول قىلىندى، ئائىلە 343 مىڭ 300 كىشىدىن 408 مىڭ 900 كىشىگە كۆپەيدى، دېمەك، بۇ نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى كونترول قىلىنغان مەزگىل بولدى.

[قوشۇمچە] مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇمۇللۇقلارنىڭ كۆيۇدە پاناھلىنىشى

مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بىرلىك يوق بولغاچقا، كۈچلۈك ياۋ ئالدىدا ئۇرۇشمايلا مەغلۇپ بولۇپ، ئەمەلدار ۋە پۇقرالار خېشىدىكى كۆيۇ شەھىرىگە قېچىپ كەتتى. كۆيۇ شەھىرى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ئەنشى ناھىيىسى بازىرىنىڭ 40 كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدىغان بولۇپ، شۇلېخې دەرياسىنىڭ سۈيىدىن پايدىلىنىدۇ.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ دەسلەپكى يىللىرى قايتىدىن تۈزۈلگەن «سۇجۇ تەزكىرىسى» دە: كۆيۇ شەھىرىدە پەقەت قورۇق سېپىللا قالغان، سېپىل ئىچىنى ياۋا ئوت- چۆپلەر بېسىپ، ھەممە جاي خارابىلىككە ئايلانغان بولۇپ، بىر مەيدان زور قىرغىنچىلىقنىڭ ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. ئاللىبۇرۇن قورۇپ كەتكەن ئۈستەڭ ياقىلىرىدىكى دەل- دەرەخلەر يەنىلا يېشىلداپ تۇرغان بولۇپ، ئازراق بولسىمۇ ھاياتلىق ئىزناسى قالغان ئىدى. سېپىلنىڭ ئىچىدىكى بوت تەكچىسى ئۈستىدىكى بۇتنى خىرە ئىلغا قىلغىلى بولاتتى، بۇ ئەيتى يىللاردىكى قۇمۇل ئاھالىلىرىنىڭ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنىڭ تارىخىي ئىزناسى، دەپ خاتىرىلەنگەن.

قۇمۇل ۋاڭى ھۆكۈم سۈرگەن 110 يىلدا قۇمۇلنىڭ ئەمەلدار- پۇقرالىرى كۆيۇگە ئۈچ قېتىم پاناھلانغىلى قېچىپ باردى.

بىرىنچى قېتىملىق قاچ- قاچ مىڭ سۇلالىسىنىڭ تيەنشۇن 4- يىلى (1460- يىلى) بولدى. ئەينى چاغدا دۆلەت ئىشلىرىنى خان ئانىسى نوۋىن داشىرى باشقۇرىدىغان بولۇپ، قۇمۇلنى شىمالدىكى كۈچلۈك قوشنىسى ئۆيراتلار بېسىۋالغانلىقتىن، خان ئانىسى خەلقنى باشلاپ كۆيۇگە قېچىپ باردى. پۇقرالار كۆيۇ ئەسكى شەھىرىدە گەملەردە يېتىپ، ئۇردىنىڭ قۇتقۇزۇش ئاشلىقىنى يەپ، شۇ تۇرغانچە ئالتە يىل تۇرۇپ قالدى، ئۆيراتلار چېكىنگەندىن كېيىنلا، خان ئانىسى پۇقرالارنى باشلاپ قۇمۇلغا قايتىپ كەلدى.

ئىككىنچى قېتىملىق قاچ- قاچ مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېڭخۇا 8- يىلى (1472- يىلى) بولدى. تۇرپاننىڭ "سۇلتانى" ئەلى قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلىپ خان ئانىسى بىلەن ئالتۇن مۆھۈرنى بۇلاپ كەتتى، ئۇيغۇر تۇتۇقبېگى خەنشىن پۇقرالىرىنى باشلاپ كۆيۇگە يەنە قېچىپ بېرىۋالدى. مىڭ خانىدانلىقى ئۇنى خەلقنى شەھەر قورۇلۇشىغا يېتەكلەشكە يارلىق چۈشۈرۈپ، كالا، ئۇرۇقلۇق ۋە ئاشلىق بېرىپ، چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق قىلىشىغا قولايلىق يارىتىپ بەردى. خەنشىن باتۇر، تەدبىرلىك سەركەردە بولۇپ، خان ئانىسى ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان، خانلىق تەخت قۇلدىن كەتكەن ئەھۋال ئاستىدىمۇ، ئۆز نام- شۆھرىتىنىڭ تابۇت قىلىنغانلىقىغا پەرۋا قىلماي، خەلققە باشلامچىلىق قىلىپ، جاپالىق تىرىشچانلىق قىلىش بىلەن بىللە، مەشىقىنى توختاتماي، قۇمۇلنى قايتۇرۇۋېلىشقا ھەر ۋاقىت تەييارلىق قىلىپ، 10 نەچچە يىللىق ئۇرۇش تەييارلىقى ئارقىلىق تاجاۋۇزچىلارنى بىرىيولىلا قوغلاپ چىقىرىپ، قۇمۇلنى قايتۇرۇۋالدى.

ئۈچىنچى قېتىملىق قاچ- قاچ مىڭ سۇلالىسىنىڭ خۇڭجى 6- يىلى (1493- يىلى) بولدى. تۇرپان خانى ئەھمەت تەختتە ئولتۇرغىنىغا بىر يىل بولمىغان شەنبانى تۇتۇۋېلىپ، قۇمۇلنى يەنە ئىگىلىۋالدى. قۇمۇل خەلقى ئاماللىسىزلىقتىن ئۆي- ماكانلىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىپ، بالا- چاقىلىرىنى ئېلىپ سۇجۇغا قېچىپ كەتتى. مىڭ خانىدانلىقى ئۇلارنى ۋە ئىلگىرى قېچىپ كەلگەنلەرنى ئايرىم- ئايرىم كۆيۇ، گۇاجۇ (ھازىرقى ئەنشى)، شاجۇ (ھازىرقى دۈنخۇاڭ) لارغا ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە ئۇلارغا كالا، دېھقانچىلىق سايمانلىرى، ئۇرۇقلۇق ئىنئام

بېرىپ، ئۆز جېنىنى قامداشقا بۇيرىدى.

**قۇمۇل ۋىلايىتى نوپۇسىنىڭ 1949 ~ 1990- يىللىغىچە بولغان ئۆزگىرىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 3 — 1

| يىل | ئومۇمىي نوپۇس (ئادەم) | تەبىئىي كۆپەيگەن نوپۇس (ئادەم) | تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى (‰) | يىل | ئومۇمىي نوپۇس (ئادەم) | تەبىئىي كۆپەيگەن نوپۇس (ئادەم) | تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى (‰) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1949 | 75660 | | | 1970 | 275909 | 8771 | 32.21 |
| 1950 | 76644 | | | 1971 | 281463 | 8809 | 31.61 |
| 1951 | 76217 | | | 1972 | 296755 | 10397 | 35.96 |
| 1952 | 76443 | | | 1973 | 316450 | 11072 | 36.11 |
| 1953 | 81016 | | | 1974 | 319545 | 10323 | 32.46 |
| 1954 | 78921 | 2237 | 27.97 | 1975 | 328237 | 9365 | 28.91 |
| 1955 | 81892 | 2042 | 25.39 | 1976 | 343266 | 8149 | 24.24 |
| 1956 | 99311 | 1767 | 19.50 | 1977 | 355413 | 7437 | 21.29 |
| 1957 | 102930 | 1788 | 17.68 | 1978 | 362719 | 5739 | 15.85 |
| 1958 | 129562 | 1466 | 12.61 | 1979 | 368417 | 5900 | 16.05 |
| 1959 | 201876 | 3695 | 22.29 | 1980 | 373825 | 4854 | 13.15 |
| 1960 | 216430 | 3905 | 18.67 | 1981 | 377337 | 4875 | 13.05 |
| 1961 | 195336 | 3354 | 16.29 | 1982 | 379267 | 4839 | 12.75 |
| 1962 | 186740 | 5319 | 27.84 | 1983 | 380572 | 4045 | 10.65 |
| 1963 | 181611 | 7216 | 39.18 | 1984 | 382480 | 4418 | 11.58 |
| 1964 | 184897 | 7720 | 41.75 | 1985 | 387127 | 4404 | 11.44 |
| 1965 | 212597 | 9031 | 44.72 | 1986 | 392891 | 4647 | 11.91 |
| 1966 | 230448 | 8739 | 39.45 | 1987 | 395651 | 3957 | 10.04 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1967 | 236161 | 8475 | 36.33 | 1988 | 400447 | 4665 | 11.72 |
| 1968 | 240798 | 9262 | 38.84 | 1989 | 404404 | 5362 | 13.33 |
| 1969 | 268637 | 9274 | 38.89 | 1990 | 408945 | 4847 | 11.85 |

ئىزاھ: جەدۋەلدىكى 1953-، 1964-، 1990-يىللىرىدىكى سان شۇ يىلى 7-ئاينىڭ 1-كۈنى ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرگەندىكى سان، قالغان يىللاردىكىسى يىل ئاخىرىدىكى سان.

**2. نوپۇسنىڭ ئۆزگىرىش ئالاھىدىلىكى**

1) ۋەزىيەتنىڭ مۇقىم بولۇش-بولماسلىقى نوپۇسنىڭ ئازىيىش-كۆپىيىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن 4 ~ 16-يىلىغىچە (630 ~ 642-يىلىغىچە) بولغان 12 يىلدا قۇمۇلدا ئىقتىساد تەرەققىي قىلدى، جەمئىيەت مۇقىم بولدى، نوپۇس 6778 كىشىدىن 10 مىڭ 157 كىشىگە يېتىپ، 3379 كىشى كۆپەيدى، يىلىغا 282 كىشى كۆپىيىپ، يىللىق ئوتتۇرىچە كۆپىيىشى 3.43% بولدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن 16-يىلى (642-يىلى) دىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 24-يىلى (1759-يىلى) غىچە بولغان 1117 يىلدا، ئۇرۇش مالىمانچىلىقى، ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى ناھايىتى ئاستا بولدى، قۇمۇلنىڭ نوپۇسى 19 مىڭ 487 كىشىگە يېتىپ، 9330 كىشى كۆپەيدى، يىلىغا سەككىز كىشى كۆپىيىپ، يىللىق ئوتتۇرىچە كۆپىيىشى 0.06% بولدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 24-يىلى (1759-يىلى) دىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ 1-يىلىغىچە بولغان 150 يىلدا، ئومۇمىي نوپۇس 46 مىڭ 351 كىشىگە يېتىپ، 26 مىڭ 864 كىشى كۆپەيدى، يىلىغا 179 كىشى كۆپىيىپ، يىللىق ئوتتۇرىچە كۆپىيىشى 0.58% بولدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ 1-يىلى (1909-يىلى) دىن مىنگونىڭ 7-يىلى (1928-يىلى) غىچە بولغان 19 يىلدا ئومۇمىي نوپۇس 68 مىڭ 474 كىشىگە يېتىپ، 22 مىڭ 123 كىشى كۆپەيدى، يىلىغا 1164 كىشى كۆپىيىپ، يىللىق ئوتتۇرىچە كۆپىيىشى 2.07% بولدى. مىنگونىڭ7-يىلى (1928-يىلى) دىن 1949-يىلىغىچە بولغان 21 يىلدا ئومۇمىي نوپۇس 75 مىڭ 660 كىشىگە يېتىپ، 7186 كىشى كۆپەيدى، يىلىغا 342 كىشى كۆپىيىپ، يىللىق ئوتتۇرىچە كۆپىيىشى 0.48% بولدى. قۇمۇل ئاھالىسىنىڭ كۆپىيىشىنىڭ ئاستا بولۇشى تۇغۇلۇش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى، ئۆلۈش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى ۋە تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتىنىڭ تۆۋەنلىكىدە ئىپادىلەنگەن بولۇپ، پەقەت مىنگونىڭ 23-يىلى (1934-يىلىدىن) دىن 1949-يىلىغىچە بولغان 15 يىلدا ئوتتۇرىچە تۇغۇلۇش نىسبىتى 38.9‰، ئوتتۇرىچە ئۆلۈش نىسبىتى 27.6‰ بولۇپ، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ئىنتايىن تۆۋەن بولدى؛ قۇمۇلدا دوختۇر ۋە دورا كەمچىل بولغانلىقتىن، ئاھالىنىڭ كۆپىنچىسى ئۇرۇش مالىمانچىلىقى، ئاپەت ۋە ۋابا سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتتى، كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى 30 ياشقىمۇ يەتمىدى، بۇ، مەملىكىتىمىز يېزىلىرىنىڭ 35 ياش، شەھەرلەرنىڭ 40 ياش بولۇش سەۋىيىسىدىن تۆۋەن بولدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن جەمئىيەت تىنچ بولۇپ، ئىقتىساد مۇقىم تەرەققىي قىلدى، قۇمۇل ئاھالىسىنىڭ كۆپىيىشىمۇ يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويدى، 1957-يىلى ئومۇمىي نوپۇس 102 مىڭ 900 گە يەتتى، 1973-يىلى 316 مىڭ 400 گە يېتىپ، 16 يىلدا 200 مىڭ ئادەم كۆپەيدى، 1988-يىلى ئومۇمىي نوپۇس 400 مىڭ 400 گە يەتتى.

2) يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىدە ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش بولدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئاھالىنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى يەنىلا كونا جەمئىيەتتىكى يۇقىرى سەۋىيىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، 40‰ ئەتراپىدا بولدى، تۇرمۇشنىڭ ياخشىلىنىشى ۋە داۋالاش، سەھىيە-ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئاھالىنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى تېز تۆۋەنلەپ، 1954- يىلى 13.06‰، 1965- يىلى 6.55‰، 1974- يىلى 4.83‰ بولدى.

ئۆلۈش نىسبىتىنىڭ تۆۋەنلىشى نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىشىنى تېزلەتتى، نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 1957- يىلدىكى 32.46‰ تىن 1965- يىلى 44.72‰ كە ئۆرلەپ، تۇغۇلۇش نىسبىتى يۇقىرى، ئۆلۈش نىسبىتى تۆۋەن، كۆپىيىش نىسبىتى يۇقىرى بولۇش باسقۇچىغا كىردى.

3) 1975- يىلى پىلانلىق تۇغۇت يولغا قويۇلغاندىن كېيىنكى ئەھۋالى 1975- يىلدىن كېيىن ئاھالىنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ، 1974- يىلدىكى 37.29‰ تىن 1990- يىلى 15.69‰ كە تۆۋەنلىدى. 1977- يىلدىن كېيىن ئاھالىنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى ئۈزچىل بىر قەدەر تۆۋەن سەۋىيىدە (4‰ تىن تۆۋەن) بولۇپ، نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 1974- يىلدىكى 32.46‰ تىن 1990- يىلى 11.85‰ كە تۆۋەنلىدى. بۇ، تۇغۇلۇش نىسبىتى يۇقىرى، ئۆلۈش نىسبىتى تۆۋەن، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى يۇقىرى بولۇشتىن تۇغۇلۇش نىسبىتى تۆۋەن، ئۆلۈش نىسبىتى تۆۋەن، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى تۆۋەن بولۇشقا قاراپ يۈزلىنىشتەك ياخشى ئالامەتنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

## §2. ئاھالىنىڭ تارقىلىشى ۋە زىچلىقى

**1. ئاھالىنىڭ رايونلارغا تارقىلىشى**

شەرقىي تەڭرىتاغ قۇمۇل ۋىلايىتىنى تاغنىڭ شىمالى ۋە تاغنىڭ جەنۇبىدىن ئىبارەت ئىككى يېپىق ئويمانلىقا ئايرىيدۇ، تاغنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىنىڭ پەرقى ناھايىتى چوڭ. ۋىلايەت ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 59.64% ىنى ئىگىلەيدىغان تاغنىڭ جەنۇبىدىكى قۇمۇل شەھىرىنىڭ 1990- يىلدىكى ئاھالىسى ۋىلايەت ئاھالىسىنىڭ 70.95% ىنى ئىگىلىدى. ھالبۇكى، تاغنىڭ شىمالىدىكى ۋىلايەت ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 40% كە يېقىن زېمىندىكى ئاھالە 30% كىمۇ يەتمەيدۇ، قۇمۇل شەھىرىدىكى ئاھالىنىڭ زىچلىقى يىلمۇ يىل ئېشىپ، 1990- يىلى ھەر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3.4 ئادەم توغرا كەلدى. ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە 1953- يىلى ھەر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 0.22 ئادەم توغرا كېلەتتى. 1990- يىلى ھەر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە توغرا كېلىدىغان ئادەم سانى 0.90 گە يەتتى، باركۆل ناھىيىسىدە ھەر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە 2.69 ئادەم توغرا كەلدى، ۋىلايەت بويىچە ھەر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە 2.87 ئادەم توغرا كەلدى. تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئاھالىنىڭ رايونلارغا تارقىلىشى جەھەتتىكى تەكشىسىزلىك تېخىمۇ گەۋدىلىك بولدى. 1953- يىلى، 1964- يىلى، 1982- يىلى ۋە 1990- يىللىرىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، قۇمۇل شەھىرى، باركۆل ناھىيىسى ۋە ئاراتۈرۈك ناھىيىسى نوپۇسىنىڭ ۋىلايەت ئومۇمىي نوپۇسىدىكى نىسبىتى ئايرىم ھالدا قۇمۇل شەھىرىنىڭ 64.8 %، 67.79%، 69.5%، 70.95%؛ باركۆل ناھىيىسىنىڭ 29.85%،

28.08%، 26.12%، 24.84%؛ ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ 5.35%، 4.13%، 4.38%، 4.22% بولدى.

**قۇمۇل ۋىلايىتى ئاھالىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى زىچلىقىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 3 – 2 بىرلىكى: كۋادرات كىلومېتىر / ئادەم

| يىللار / ئورۇن | 1953 | 1964 | 1982 | 1990 |
|---|---|---|---|---|
| ۋىلايەت | 0.57 | 1.29 | 2.74 | 2.87 |
| قۇمۇل ناھىيىسى (شەھىرى) | 0.61 | 1.47 | 3.07 | 3.4 |
| باركۆل ناھىيىسى | 0.63 | 1.35 | 2.57 | 2.69 |
| ئاراتۈرۈك ناھىيىسى | 0.22 | 0.39 | 0.85 | 0.90 |

ئىزاھ: ئاھالە سانى شۇ يىلى 7- ئاينىڭ 1- كۈنىدىكى مەملىكەتلىك ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتىكى سانىنى كۆرسىتىدۇ.

2. ئاھالىنىڭ زىچلىقى ۋە ئاھالىنىڭ ئىقتىسادىي سىڭىشتۇرمىسى

ئاھالىنىڭ ئىقتىسادىي سىڭىشتۇرمىسى مىللىي دارامەت بويىچە ھېسابلىنىدۇ. 1985- يىلى شاڭخەي شەھىرىدە ھەر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە توغرا كېلىدىغان ئادەم سانى 1967 كىشىدىن ئېشىپ كەتتى، ئاشلىق زىرائەت كۆلىمىنىڭ 1857 ئادەمگە بىر مودىن توغرا كەلدى، ئەمما ھەر 10 مىڭ يۈەن مىللىي دارامەت پەقەتلا 3.5 ئادەمنى باقتى. قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئاھالىنىڭ زىچلىقى تۆۋەن بولۇپ، 1990- يىلىغا كەلگەندە 10 مىڭ يۈەن مىللىي دارامەت بىلەن 10.46 ئادەمنى باققىلى بولىدى، ئىقتىسادنىڭ ئەمەلىي كۆتۈرۈش ئىقتىدارىدىن ئېيتقاندا قۇمۇل ئاھالىسىنىڭ زىچلىقىنى تۆۋەن دېگىلى بولمايدۇ.

3. ئاھالىنىڭ شەھەر- يېزىلارغا تارقىلىشى

1949 ~ 1957- يىلىغىچە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، شەھەر- بازار ئاھالىسى زور كۆلەمدە كۆپەيدى، 1949- يىلىدىكى 10 مىڭ 252 كىشىدىن 1957- يىلىغا كەلگەندە، 26 مىڭ 193 كىشىگە يەتتى، سەككىز يىلدا 155.49% كۆپىيىپ، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 12.44% بولدى، 1957- يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، شەھەر- بازار ئاھالىسى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 25.48 % نى ئىگىلىدى.

1958 ~ 1960- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شەھەر- بازار ئاھالىسى 106 مىڭ 799 كىشىگە يېتىپ، يىلىغا ئوتتۇرىچە ھېساب بىلەن 59.76% كۆپىيىپ، ئالدىنقى مەزگىلدىكى 12.44% لىك سۈرئەتتىن ئېشىپ كەتتى. 1958- يىلى ۋىلايەت بويىچە پولات تاۋلاش ئېلىپ بېرىلدى، 1959- يىلى لەنجۇ-شىنجاڭ تۆمۈر يولىدا قاتناش باشلاندى، ئاقما نوپۇسلار ۋە چېگرا رايونغا ياردەمگە كەلگەن ياشلار ئورۇنلاشتۇرۇلدى، دېھقانلار شەھەرگە كىرىپ ياكى تاغقا چىقىپ پولات تاۋلاشقا قاتناشتى، بۇنىڭ بىلەن شەھەر- بازار ئاھالىسى تېز سۈرئەتتە كۆپىيىپ، يېزا ئاھالىسى ئازلىدى. 1960- يىلىنىڭ ئاخىرى ۋىلايەتتىكى يېزا ئاھالىسى 1957- يىلدىكى 74.55% تىن 50.65% كە چۈشۈپ قالدى.

1961 ~ 1964- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شەھەر- بازار ئاھالىسى 106 مىڭ 779 كىشىدىن 50 مىڭ 338 كىشىگە ئازىيىپ، يىللىق ئوتتۇرىچە مەنپىي ئېشىش نىسبىتى 17.14% بولدى. 1962- يىلى ۋىلايەت مەركەزنىڭ «تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇردى، قۇرغاقچىلىق بولۇپ، ئاشلىق مەھسۇلاتى زور دەرىجىدە كېمىيىپ كەتكەنلىكتىن، خەلق تۇرمۇشى قىيىنچىلىقتا قالدى. ۋىلايەت قىسمەن كارخانىلارنى تەڭشىدى ۋە ئەمەلدىن قالدۇردى، 90% تىن ئارتۇق ئىشچى- خىزمەتچى يېزا ئىگىلىكىنىڭ بىرىنچى سېپىگە قايتۇرۇلدى. قۇرۇلمىنى تەڭشەش ۋە ئاددىيلاشتۇرۇش، خادىملارنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش نەتىجىسىدە يېزا ئاھالىسى 1960- يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى 101 مىڭ 95 كىشىدىن 1964- يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، 123 مىڭ 919 كىشىگە يېتىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5.22% ئاشتى.

1965 ~ 1975- يىلىغىچە شەھەر- بازارلاردىكى ئاھالىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كۆپىيىش نىسبىتى 6.29% بولۇپ، يەنىلا كۆپىيىش ھالىتىدە تۇردى، ئەمما، ئومۇمىي نوپۇستا ئىگىلىگەن نىسبىتى 1964- يىلدىكى 49.33% تىن 1975- يىلى 32.53% كە چۈشتى.

1976 ~ 1990- يىلىغىچە شەھەر- بازار ئاھالىسى 1975- يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى 106 مىڭ 800 كىشىدىن 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، 181 مىڭ 500 كىشىگە كۆپىيىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3.86% ئاشتى.

چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قازاقلار ئاساسەن باركۆل ناھىيىسىنىڭ غەربىدىكى پەس تاغلىقلارغا جايلاشقان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى قازاقلار ئاساسلىقچە شەھەرگە كىرمەيتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن قازاقلار تەدرىجىي باركۆل ناھىيە بازىرىغا كىرىپ ئولتۇراقلاشتى ۋە دېھقانچىلىق رايونلىرىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. 1954- يىلى ناھىيە بازىرىدا 1701 قازاق بار ئىدى، 1985- يىلى باركۆل ناھىيە بازىرىدا ئولتۇراقلاشقان قازاق 2405 كە يەتتى؛ ناھىيىدىكى ئالتە دېھقانچىلىق يېزىسى، يېزا- كەنتلەرنىڭ ھەممىسىدە قازاقلار بار بولۇپ، نوپۇسى 3576 كىشىگە يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھەر قايسى دېھقانچىلىق يېزىلىرىدىن 600 دىن ئارتۇق خەنزۇ دېھقان بەش چارۋىچىلىق يېزىسى ۋە ئىككى چارۋىچىلىق فېرمىسىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى.

1990- يىلى ۋىلايەت ئومۇمىي نوپۇسى 410 مىڭ 500 كىشىگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر- بازار نوپۇسى181 مىڭ 500 كىشى، يېزا نوپۇسى 229 مىڭ كىشى بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ ئايرىم- ئايرىم 44.21% ى ۋە 55.79% نى ئىگىلىدى.

## قومۇل ۋىلايىتىنىڭ 1978 ~ 1990- يىلىغىچە بولغان نوپۇس ستاتىستىكىسى
(يىل ئاخىرىدىكى سان)

جەدۋەل: 3 – 3

| يىللار | ئومۇمىي ئائىلە | ئومۇمىي نوپۇس (ئون مىڭ) | جىنسى (تۈمەن) | | رايونلارغا تارقىلىشى (تۈمەن) | | نوپۇس ئايرىمىسى بويىچە تارقىلىشى (تۈمەن) | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | ئەر | ئايال | شەھەر- بازار ئائىلىسى | يېزا ئائىلىسى | يېزا نوپۇس | شەھەر نوپۇس |
| 1978 | 76276 | 36.27 | 18.61 | 17.66 | 12.36 | 23.91 | 22.51 | 13.76 |
| 1979 | 79657 | 36.84 | 18.94 | 17.90 | 12.33 | 24.51 | 22.63 | 14.21 |
| 1980 | 78869 | 37.38 | 19.28 | 18.10 | 13.07 | 24.31 | 22.16 | 15.22 |
| 1981 | 83372 | 37.73 | 19.36 | 18.37 | 13.40 | 24.33 | 22.09 | 15.64 |
| 1982 | 83752 | 37.93 | 19.48 | 18.45 | 12.93 | 25 | 22.02 | 15.91 |
| 1983 | 86217 | 38.06 | 19.47 | 18.59 | 15.73 | 22.33 | 21.87 | 16.19 |
| 1984 | 89381 | 38.25 | 19.48 | 18.77 | 15.66 | 22.59 | 21.82 | 16.43 |
| 1985 | 91227 | 38.71 | 19.72 | 18.99 | 16.34 | 22.37 | 21.55 | 17.16 |
| 1986 | 93971 | 39.29 | 19.92 | 19.37 | 17.10 | 22.19 | 21.71 | 17.58 |
| 1987 | 97783 | 39.56 | 20.18 | 19.38 | 17.45 | 22.11 | 21.59 | 17.97 |
| 1988 | 101541 | 40.04 | 20.36 | 19.68 | 17.91 | 22.13 | 21.64 | 18.40 |
| 1989 | 106050 | 40.44 | 20.58 | 19.86 | 18.20 | 22.24 | 21.78 | 18.66 |
| 1990 | 107845 | 41.05 | 20.90 | 20.15 | 18.15 | 22.90 | 22.15 | 18.90 |

# II باب

# نوپۇس قۇرۇلمىسى

## §1. مىللەت قۇرۇلمىسى

مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى) قۇمۇل ۋىلايىتىدە 57 مىڭ 933 نوپۇس بار بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر 37 مىڭ 682 (ئۇيغۇرلار 28 مىڭ 80 ، قازاقلار 6741 ، خۇيزۇلار 2742 ، باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر 19 ) ئىدى. مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) غا كەلگەندە ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى كۆپىيىپ 39 مىڭ 547 (ئۇيغۇرلار 27 مىڭ 25 ، قازاقلار 9174 ، خۇيزۇلار 3142 ، موڭغۇللار 172، باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر 34 ) گە يەتتى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى سەككىز يىلدا 17 مىڭ 615 كىشى كۆپىيىپ، 80.32% ئېشىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2201 كىشى كۆپەيدى. 1949- يىلىنىڭ ئاخىرى ۋىلايەتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى 46 مىڭ 38 كىشىگە يەتتى، 1984- يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، 127 مىڭ 495 كىشىگە يېتىپ، 35 يىلدا 81 مىڭ 457 كىشى كۆپىيىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2327 كىشى كۆپەيدى؛ 176.93% كۆپىيىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2.95% كۆپەيدى.

1985 ~ 1990- يىلىغىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇت قانات يايدۇرۇلدى، نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشى ئالدىنقى مەزگىللەرنىڭكىدىن ئاستا بولدى، ئازسانلىق مىللەتلەر ئومۇمىي نوپۇسى 1985- يىلدىكى 130 مىڭ 325 كىشىدىن 1990- يىلى 138 مىڭ 197 كىشىگە يەتتى، بەش يىلدا 7872 كىشى كۆپىيىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1574 كىشى كۆپەيدى؛ 6.04% تىن، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1.18% كۆپەيدى، يىللىق ئوتتۇرىچە كۆپىيىش سۈرئىتى ئالدىنقى مەزگىللەر (1949 ~ 1984- يىلىغىچە) دىكىدىن 1.77 پونكىت تۆۋەن بولدى. 4- قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشى بىر قەدەر مۇقىم بولۇپ، 1982- يىلدىن ئىلگىرىكى مۇقىم ئېشىش ۋەزىيىتى كۆرۈلدى.

### قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ قىسمەن يىللاردىكى نوپۇس سانى ۋە نوپۇس نىسبىتىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 3 – 4

| تۈر | يىللار / مىللىتى | خەنزۇ | ئۇيغۇر | خۇيزۇ | قازاق | موڭغۇل | مانجۇ | باشقا مىللەتلەر | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| بىر نەچچە قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشتىكى سان (ئادەم) | 1953 | 31721 | 33312 | 3604 | 12034 | 304 | 9 | 32 | 81016 |
| | 1964 | 119760 | 42435 | 6126 | 15797 | 510 | 102 | 167 | 184897 |
| | 1982 | 257047 | 75557 | 11530 | 30877 | 1142 | 874 | 550 | 377577 |
| | 1990 | 268518 | 84790 | 12740 | 39030 | 1714 | 1312 | 782 | 408945 |
| ۋىلايەت نوپۇسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) | 1953 | 39.15 | 41.12 | 4.41 | 14.85 | 0.38 | 0.01 | 0.04 | 100 |
| | 1964 | 64.77 | 22.95 | 3.31 | 8.54 | 0.28 | 0.23 | 0.09 | 100 |
| | 1982 | 68.08 | 20.01 | 3.05 | 8.18 | 0.30 | 0.23 | 0.15 | 100 |
| | 1990 | 65.66 | 20.70 | 3.16 | 9.53 | 0.43 | 0.32 | 0.19 | 100 |
| نوپۇسنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتى (%) | 1964~1953 | 277.54 | 27.39 | 69.98 | 31.27 | 67.76 | 1033.33 | 421.88 | 128.22 |
| | 1982~1964 | 114.64 | 78.05 | 88.21 | 95.46 | 123.92 | 756.86 | 229.34 | 104.21 |
| | 1990~1982 | 4.46 | 12.06 | 11.98 | 26.34 | 52.28 | 50.80 | 42.18 | 8.31 |
| | 1990~1953 | 746.50 | 154.17 | 258.24 | 224.16 | 472.04 | 145.4 | 2343.75 | 404.77 |

## 1990 - يىلى 4 - قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتىكى قۇمۇل ۋىلايىتى ئاھالىسىنىڭ مىللەت تەركىبى

جەدۋەل: 3 - 5

| تۈرى / مىللەت | قۇمۇل ۋىلايىتى | | قۇمۇل شەھىرى | | باركۆل ناھىيىسى | | ئاراتۈرۈك ناھىيىسى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | نوپۇسى | نىسبىتى % | نوپۇسى | نىسبىتى % | نوپۇسى | نىسبىتى % | نوپۇسى | نىسبىتى % |
| جەمئىي | 408926 | | 290125 | — | 101556 | — | 17245 | — |
| خەنزۇ | 268518 | 65.7 | 191829 | 66.11 | 71019 | 69.93 | 5693 | 33.01 |
| ئۇيغۇر | 84790 | 20.73 | 75426 | 25.99 | 1294 | 1.27 | 8079 | 46.84 |
| قازاق | 39030 | 9.6 | 8541 | 2.94 | 27473 | 27.05 | 3016 | 17.48 |
| خۇيزۇ | 12749 | 3.10 | 11949 | 4.11 | 384 | 0.3 | 416 | 2.4 |
| موڭغۇل | 1714 | 0.41 | 431 | 0.14 | 1283 | 1.26 | | |
| مانجۇ | 1312 | 0.3 | 1263 | 0.43 | 39 | 0.03 | 10 | 0.05 |
| زاڭزۇ | 59 | | 50 | | 9 | | | |
| مياۋزۇ | 33 | | 33 | | | | | |
| يىزۇ | 6 | | 6 | | | | | |
| جۇاڭزۇ | 187 | | 137 | | 29 | | 21 | |
| بۇيىزۇ | 1 | | 1 | | | | | |
| چاۋشيەنزۇ | 31 | | 31 | | | | | |
| دۇڭزۇ | 12 | | 12 | | | | | |
| ياۋزۇ | 1 | | 1 | | | | | |
| بەيزۇ | 3 | | 3 | | | | | |
| تۇجيازۇ | 22 | | 14 | | 4 | | 4 | |
| دەيزۇ | 2 | | 2 | | | | | |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شىبزۇ | 2 | | 2 | | | | | |
| دۇڭشياڭزۇ | 109 | | 100 | | 9 | | | |
| قىرغىز | 15 | | 14 | | 1 | | | |
| تۇزۇ | 24 | | 24 | | | | | |
| داغۇر | 4 | | 4 | | | | | |
| گېلاۋزۇ | 1 | | 1 | | | | | |
| شىبە | 93 | | 86 | | 7 | | | |
| ئۆزبېك | 29 | | 23 | | | | 6 | |
| رۇس | 65 | | 61 | | 4 | | | |
| يۇغۇر | 78 | | 77 | | 1 | | | |
| تاتار | 4 | | 4 | | | | | |

## §2. جىنس قۇرۇلمىسى

**1. ئومۇمى ئاھالىنىڭ جىنس ئايرىمىسى**

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى فېئودال ئىدىيىنىڭ تەسىرىدە ئەرلەر ئېزىز، ئاياللار خار دەيدىغان قاراش ناھايىتى ئېغىر ئىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 31- يىلى (1905- يىلى)، باركۆلدە ئەرلەر 4732، ئاياللار 2847 ئىدى. مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى) باركۆلدىكى ئەرلەر 9502، ئاياللار 8362 يەتتى. مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) ۋىلايەت ئاھالىسىنىڭ جىنس نىسبىتى 112:100 (ئاياللارنى 100 دېسەك) بولدى. مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948) باركۆلدىكى ئەرلەرنىڭ نوپۇسى 10 مىڭ 328، ئاياللارنىڭ نوپۇسى 9983 بولۇپ، جىنس نىسبىتى 103.45:100 بولدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن 1953- يىلى، 1964- يىلى، 1982- يىلى، 1990- يىلدىكى تۆت قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتە، ۋىلايەت نوپۇسىدىكى ئەر- ئاياللارنىڭ نىسبىتى ئايرىم- ئايرىم ھالدا 111:100، 115:100، 105:100 ۋە 104:100 بولدى. 1959- يىلى جىنس نىسبىتى 147:100 گە يەتتى، بۇنىڭدىكى سەۋەب، 1950- يىللارنىڭ ئوتتۇرا، ئاخىرلىرى ۋە 1960- يىللارنىڭ باشلىرىدا قومۇل ئاھالە كۆچۈرۈپ كېلىندىغان رايون بولۇپ، كۆچۈپ كەلگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئەرلەر بولغاچقا جىنس نىسبىتىنىڭ ئېشىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 1972- يىلغا كەلگەندىلا ئەر- ئاياللارنىڭ نىسبىتى 110:100 گە چۈشۈپ، تەڭپۇڭلىششقا يۈزلەندى.

**قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئاھالىنىڭ 1949 ~ 1990- يىلىغىچە بولغان جىنس نىسبىتى**

جەدۋەل: 3 – 6

| يىللار | جىنس نىسبىتى (ئاياللار = 100) | يىللار | جىنس نىسبىتى (ئاياللار = 100) | يىللار | جىنس نىسبىتى (ئاياللار = 100) |
|---|---|---|---|---|---|
| 1949 | 111.55 | 1963 | 116.02 | 1977 | 105.57 |
| 1950 | 111.55 | 1964 | 114.61 | 1978 | 105.40 |
| 1951 | 110.54 | 1965 | 114 | 1979 | 105.83 |
| 1952 | 118.59 | 1966 | 114 | 1980 | 106.41 |
| 1953 | 111.55 | 1967 | 115 | 1981 | 105.39 |
| 1954 | 103.88 | 1968 | 113.55 | 1982 | 105.56 |
| 1955 | 104.79 | 1969 | 111.45 | 1983 | 104.69 |
| 1956 | 123.94 | 1970 | 110.15 | 1984 | 103.73 |
| 1957 | 119.17 | 1971 | 110.15 | 1985 | 103.82 |
| 1958 | 120.78 | 1972 | 108.61 | 1986 | 102.86 |
| 1959 | 147.55 | 1973 | 107.78 | 1987 | 104.14 |
| 1960 | 140.55 | 1974 | 107.11 | 1988 | 103.42 |
| 1961 | 109.81 | 1975 | 106.47 | 1989 | 103.61 |
| 1962 | 117.56 | 1976 | 106.79 | 1990 | 103.67 |

2. بوۋاقلارنىڭ جىنس نىسبىتى

بوۋاقلارنىڭ جىنس نىسبىتى پۈتكۈل نوپۇسنىڭ جىنس نىسبىتىنى بېكىتىشنىڭ ئاساسى. پىلانلىق تۇغۇلۇت يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئاياللار ۋە بالىلارنى قوغداش قانۇنلىق تۈرلۈك

سىياسەت، قانۇن- بەلگىلىمىلەرنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلدى ھەمدە مەيلى ئوغۇل ياكى قىز تۇغۇلسۇن، ئوخشاشلا باراۋەر ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇش توغرىسىدا ئىدىيىۋى تەربىيە ئېلىپ بېرىلدى. 1989 ~ 1994- يىلىغىچە بولغان ئالتە يىلدا ۋىلايەت بويىچە تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ جىنس نىسبىتى ئاساسەن تەڭپۇڭ بولۇپ، ئالتە يىلدا ئوغۇل- قىزلارنىڭ ئوتتۇرىچە نىسبىتى 108.16:100 بولدى. يېقىنقى ئالتە يىلدىكى خەنزۇ بوۋاقلارنىڭ جىنس نىسبىتىدە ئالدىنقى ئۈچ يىلدا ئوغۇللارنىڭ نىسبىتى يۇقىرى بولدى، كېيىنكى ئۈچ يىلدا تەڭپۇڭلىشىشقا يۈزلەندى؛ ئاز سانلىق مىللەت بوۋاقلىرىنىڭ جىنس نىسبىتىدە 1994- يىلى ئوغۇللارنىڭ نىسبىتى يۇقىرى (109.29:100) بولغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا قالغان يىللارنىڭ نورمال بولدى.

## §3. ياش قۇرۇلمىسى

### 1. ھەر قايسى ياشتىكى ئاھالىنىڭ سېلىشتۇرمىسى

1950- يىللارنىڭ باشلىرى (1956- يىلدىن بۇرۇن) ۋە 60- يىللارنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىللىرى (1963 ~ 1969- يىلىغىچە) دىكى ئىككى قېتىملىق تۇغۇت يۇقىرى پەللىسىنىڭ تەسىرىدە ئۆسمۈر بالىلار ۋە ياشلارنىڭ ۋىلايەت نوپۇسىدا ئىگىلىگەن سالمىقى بىر قەدەر چوڭ بولدى. 1964- يىلدىكى ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتە نۆل ياشتىن توققۇز ياشقىچە بولغانلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇستا ئىگىلىگەن سالمىقى 32.49% بولدى، 14 ياشتىن تۆۋەنلەرنىڭ ئومۇمىي نوپۇستا ئىگىلىگەن سالمىقى 43.44% كە يەتكەن بولۇپ، مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 2.74 پوئېنت يۇقىرى بولدى. 70- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى پىلانلىق تۇغۇت قانات يايدۇرۇلۇپ، ئاھالىنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى تۆۋەنلىدى، 1990- يىلغا كەلگەندە 14 ياشتىن تۆۋەنلەرنىڭ ئومۇمىي نوپۇستا ئىگىلىگەن سالمىقى 27.24% كە تۆۋەنلىدى، نۆل ياشتىن 10 ياشقىچە بولغانلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇستا ئىگىلىگەن سالمىقى 17.11% كە تۆۋەنلىدى، 65 ياشتىن يۇقىرىلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇستا ئىگىلىگەن سالمىقى 1964- يىلدىكى 2.14% تىن 1990- يىلى 3.37% كە ئۆرلەپ، 1.23 پوئېنت ئۆرلىدى، ئاھالىنىڭ ياش قۇرۇلمىسىدا روشەن ئۆزگىرىش بولدى.

### 2. ئوتتۇرىچە يېشى

ئاھالىنىڭ يېشى ياشلىقتىن قېرىلىققا يۈزلەندى.

1964- يىلى ۋىلايەت ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 18 ياش، نۆل ياشتىن 14 ياشقىچە بولغان نوپۇس كوئېففىتسىيېنتى 43.44% بولدى؛ 1990- يىلى ئوتتۇرىچە يېشى 22.9 ياش، نۆل ياشتىن 14 ياشقىچە بولغان نوپۇس كوئېففىتسىيېنتى 27.24%، 65 ياشتىن يۇقىرى نوپۇس كوئېففىتسىيېنتى 3.37% بولۇپ، ئاھالە ياشلىقتىن قېرىلىققا يۈزلەندى.

### 3. نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى

نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى ئېشىشتىن مۇقىملىشىشقا قاراپ ئۆزگەردى. 1982- يىلى 3- قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرگەن چاغدىكى ۋىلايەت نوپۇسى تېپىك ئېشىش تىپىدىكى نوپۇس بولۇپ،

پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قانات يېيىشى بىلەن 1990- يىلى مۇقىملىشىشقا يۈزلەندى، بولۇپمۇ 14 ياشتىن تۆۋەن نوپۇس تېز تۆۋەنلەپ، مۇقىم تىپتىكى نوپۇس ئۆلچىمىگە پەقەت 0.8 پوئىنتلا قالدى؛ ھالبۇكى، 15 ياشتىن 49 ياش ئارىلىقىدىكى نوپۇس 1964 ~ 1990- يىلىغىچە ئۇدا ئېشىپ، 1990- يىلى 58.64% كە يەتتى.

4. ئەمگەك يېشىدىكى نوپۇس

ئەمگەك يېشىدىكى نوپۇس تېز كۆپىيىپ، بېقىلىدىغانلارنىڭ نىسبىتى تۆۋەنلىدى. دۆلىتىمىزدە ئەرلەرنىڭ ئەمگەك يېشى 16 ~ 59 ياشقىچە، ئاياللارنىڭ 16 ~ 54 ياشقىچە دەپ بەلگىلەنگەن. مۇشۇ ئۆلچەم بويىچە 1982- يىلىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتە ۋىلايەت بويىچە ئەمگەك يېشىدىكى نوپۇس 200 مىڭ 588 كىشى (ئەرلەر 103 مىڭ 291 كىشى، ئاياللار 96 مىڭ 297 كىشى) بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇستىكى سالمىقى 53.13% بولدى؛ 1990- يىلىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتە ۋىلايەت بويىچە ئەمگەك يېشىدىكى نوپۇس كۆپىيىپ، 256 مىڭ701 كىشى (ئەرلەر 133 مىڭ 994 كىشى، ئاياللار 122 مىڭ 707 كىشى) گە يېتىپ، سەككىز يىلدا 56 مىڭ 113 كىشى، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7014 كىشى كۆپەيدى. يىللىق كۆپىيىش نىسبىتى 31.31% بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇستىكى سالمىقى 62.77% كە يېتىپ، 9.64 پوئىنت ئۆرلىدى. مۇشۇ مەزگىلدە ئەمگەك يېشىدىن چېكىنگەن نوپۇس 18 مىڭ 747 كىشى (ئەرلەر 9122 كىشى، ئاياللار 9625 كىشى) بولۇپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن چېكىنگەنلەر 2343 كىشى چېكىندى، يىلىغا ساپ كۆپەيگەن ئەمگەك يېشىدىكى نوپۇس 4671 كىشى بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى 1963 ~ 1974- يىلىغىچە تۇغۇلغانلاردۇر. ئەمگەك يېشىدىكى نوپۇسنىڭ ئومۇمىي نوپۇستىكى سالمىقىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، بېقىلىدىغان (كۆتۈلىدىغان) نوپۇس (14 ياشتىن تۆۋەن، 65 ياشتىن يۇقىرى) نىڭ سالمىقى تۆۋەنلەپ (1964- يىلى45.58%، 1982- يىلى 41.76%، 1990- يىلى 30.16% بولدى)، بېقىلىدىغان (كۆتۈلىدىغان) لارنىڭ ئومۇمىي نىسبىتى 1982- يىلىدىكى 71.72% تىن 1990- يىلى 44.12% كە چۈشۈپ، 27.6 پوئىنت تۆۋەنلەپ، مەملىكىتىمىزنىڭ شۇ مەزگىلدىكى 49.88% لىك سەۋىيىسىدىن تۆۋەن بولدى.

5. تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللار

تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللار تېز كۆپەيگەنلىكتىن، تۇغۇش يوشۇرۇن كۈچى زور بولدى. 1982- يىلى ۋىلايەتتىكى تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللار 95 مىڭ 818 كىشى بولۇپ، ئاياللار نوپۇسىنىڭ 52.10% نى تەشكىل قىلدى. تۇغۇش ۋايىغا يەتكەن (20 ~ 29 ياشلىق) ئاياللار 29 مىڭ 14 بولۇپ، تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارنىڭ 30.28% نى ئىگىلىدى. 1990- يىلى تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللار 118 مىڭ 695 كە يېتىپ، سەككىز يىلدا 22 مىڭ 877 كىشى كۆپىيىپ، 23.88% ئاشتى؛ تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارنىڭ ئاياللار نوپۇسىدا ئىگىلىگەن سالمىقى 59.61% كە يېتىپ، 7.51 پوئىنت ئاشتى؛ تۇغۇش ۋايىغا يەتكەن ئاياللار 43 مىڭ 335 كىشىگە يېتىپ، تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللار ئارىسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى 36.51% كە يېتىپ، 49.39% كۆپەيدى. ئوخشاش مەزگىلدىكى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى 8.31% بولۇپ، تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارنىڭ كۆپىيىشى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ ئېشىشىدىن تېز بولدى، تۇغۇش ۋايىغا يەتكەن ئاياللار تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللاردىنمۇ تېز كۆپەيدى.

**قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئاھالىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى ياش قۇرۇلمىسىنىڭ سېلىشتۇرمىسى**

جەدۋەل: 3 – 7

| تۈر / يىل / بېشى | قۇمۇل ۋىلايىتى | | | مەملىكەت | خەلقئارا ئۆلچىمى | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1964- يىلى | 1982- يىلى | 1990- يىلى | 1990- يىلى | ياشلار | چوڭلار | قېرىلار |
| 10~ 14 ياشتىكىلەر(%) | 43.44 | 39.14 | 27.24 | 27.70 | 40% تىن يۇقىرى | 40%~30% | 30% تىن تۆۋەن |
| 15~ 64 ياشتىكىلەر(%) | 54.42 | 58.24 | 69.39 | 66.72 | | | |
| 65 ياشتىن يۇقىرىلار(%) | 2.14 | 2.62 | 3.37 | 5.58 | 5% تىن تۆۋەن | 10%~5% | 10% تىن يۇقىرى |
| ئوتتۇرىچە يېشى (ياش) | 18 | 18.1 | 22.9 | 25.25 | 20 ياشتىن تۆۋەن | 20~30 ياش | 30 ياشتىن يۇقىرى |
| ياش، ئۆسمۈرلەرنىڭ بېقىلىش نىسبىتى | 79.82 | 67.21 | 39.26 | 41.42 | | | |
| ياشانغانلارنىڭ كۆتۈنۈش نىسبىتى | 3.95 | 4.50 | 4.86 | 8.36 | | | |
| ئومۇمىي بېقىلىش (كۆتۈنۈش) نىسبىتى | 83.77 | 71.72 | 44.12 | 49.88 | | | |

**قۇمۇل ۋىلايىتى ئاھالىسىنىڭ 1990- يىلىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتىكى يېشى، جىنسى**

جەدۋەل: 3 - 8

| ياش گۇرۇپپىسى | نوپۇس (ئادەم) | | | ئومۇمىي نوپۇستىكى نىسبىتى% |
|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | ئەر | ئايال | |
| 0~4 | 35267 | 17966 | 17301 | 8.62 |
| 5~9 | 34706 | 17701 | 17005 | 8.49 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 10~14 | 41419 | 21293 | 20126 | 10.13 |
| 15~19 | 54973 | 28302 | 26671 | 13.44 |
| 20~24 | 48913 | 25013 | 23900 | 11.96 |
| 25~29 | 40191 | 20756 | 19435 | 9.83 |
| 30~34 | 29425 | 15212 | 14213 | 7.2 |
| 35~39 | 24975 | 12056 | 12919 | 6.12 |
| 40~44 | 20561 | 9756 | 10805 | 5.03 |
| 45~49 | 20773 | 10021 | 10752 | 5.08 |
| 50~54 | 19934 | 10551 | 9383 | 4.87 |
| 55~59 | 14297 | 7984 | 6313 | 3.50 |
| 60~64 | 9715 | 5655 | 4060 | 2.38 |
| 65~69 | 6204 | 3602 | 2602 | 1.52 |
| 70~74 | 3902 | 2113 | 1788 | 0.95 |
| 75~89 | 2159 | 1091 | 1068 | 0.53 |
| 80~84 | 1026 | 490 | 536 | 0.25 |
| 85~89 | 401 | 196 | 205 | 0.10 |
| 90~94 | 82 | 42 | 40 | 0.02 |
| 95~99 | 18 | 8 | 10 | 0.004 |
| 100 ياشتىن يۇقىرى | 5 | 2 | 3 | 0.0012 |
| جەمئىي | 408945 | 209800 | 199145 | 100 |

[قوشۇمچە — 1] ئوتتۇرىچە ئۆمرى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ۋىلايەتتە كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى 30 ياشقىمۇ يەتمەيتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن خەلق دۆلەتنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندى. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشى، خەلق تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى، داۋالاش- سەھىيە ئىشلىرىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ساغلاملىق سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. 1990- يىلى ۋىلايەتتىكى ئاھالىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى 65.75 ياش بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەرلەرنىڭ 64.30 ياش، ئاياللارنىڭ 67.53 ياش.

[قوشۇمچە — 2] 1982- يىلى 1990- يىلىدىكى 100 ياشقا كىرگۈچىلەرنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

1982- يىلى قومۇل ۋىلايىتىدە 100 ياشتىن ئاشقانلار يەتتە بولۇپ، ئاپتونوم رايوندىكى 100 ياشتىن ئاشقانلارنىڭ 0.81% ىنى تەشكىل قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەرلەر ئۈچ كىشى، ئاياللار تۆت كىشى، قومۇل شەھىرىدىن بىر كىشى، قومۇل ناھىيىسىدىن بەش كىشى ۋە ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدىن بىر كىشى ئىدى.

1990- يىلى قومۇل ۋىلايىتىدە 100 ياشتىن ئاشقانلار بەش كىشى.

1982- يىلى قومۇل ۋىلايىتىدىكى 100 ياشتىن ئاشقانلار

جەدۋەل: 3 — 9

| ئىسىم فامىلىسى | تۇغۇلغان ۋاقتى | يېشى | جىنسى | مىللىتى | مەلۇماتى | كەسپى | ئولتۇرۇشلۇق جايى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شۇ يۈ شى | 1881.3.11 | 101 | ئايال | خەنزۇ | ساۋاتسىز | ئائىلىدە | قومۇل ناھىيىسى تارانچى كەن رايونى |
| سىنىز ئېلى | 1881.3.15 | 101 | ئايال | ئۇيغۇر | ساۋاتسىز | ئائىلىدە | قومۇل ناھىيىسى تارانچى كەن رايونى |
| ئېزىز ئىمىن | 1881.5.18 | 101 | ئەر | ئۇيغۇر | ساۋاتسىز | دېھقان | قومۇل ناھىيىسى ئاستانە گۇڭشېسى |
| يارى خوجەمەت | 1880.3 | 102 | ئەر | ئۇيغۇر | ساۋاتسىز | چارۋىچى | ئاراتۇرۇك ناھىيىسى توركۆل چارۋىچىلىق فېرمىسى |
| نامخان توختىنىياز | 1877.3 | 105 | ئايال | ئۇيغۇر | چالا ساۋاتلىق | ئائىلىدە | قومۇل ناھىيىسى بولۇڭتوغراق گۇڭشېسى |
| شەمشىدىن | 1874.10.5 | 108 | ئەر | ئۇيغۇر | ساۋاتسىز | ئائىلىدە | قومۇل شەھىرى يېڭى شەھەر رايونى |
| خۇشخان يارى | 1874.3.18 | 108 | ئايال | ئۇيغۇر | ساۋاتسىز | ئائىلىدە | قومۇل ناھىيىسى تەگرىتاغ گۇڭشېسى |

### 1990- يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى 100 ياشلىقلار

جەدۋەل: 3 – 10

| ئىسمى، فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | يېشى | ئولتۇرۇشلۇق جايى |
|---|---|---|---|---|
| زورىخان | ئايال | ئۇيغۇر | 100 | قۇمۇل شەھىرى شەھەر ئىچى بېزىسى مەگىش كەنتى |
| نۇرشاخان | ئەر | قازاق | 100 | ئاراتۇرۇك نەھىيىسى نېرىنكىر بېزىسى |

## §4. مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى

1990- يىلى7- ئاينىڭ 1- كۈنىدىكى ئۇمۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش ماتېرىيالىغا ئاساسلانغاندا قۇمۇل ۋىلايىتىدە 8274 كىشى ئالىي مەكتەپ مەلۇماتى (تولۇق كۇرس سەۋىيىسىدىكىلەر 1923 كىشى، مەخسۇس كۇرس سەۋىيىسىدىكىلەر 6351 ) غا ئىگە بولۇپ، ۋىلايەت ئۇمۇمىي نوپۇسىنىڭ 2.02% نى ئىگىلىدى. بۇ، 1982- يىلدىكى 0.53% تىن 1.49 پىرسەنت پونكىت يۇقىرى بولدى، ھەر 100 مىڭ نوپۇس ئىچىدە 2021 كىشى ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە بولغان بولۇپ، بۇ 1982- يىلدىكىنىڭ 3.8 ھەسسىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ 1422 كىشى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ 1845 كىشىلىك سەۋىيىسىدىن يۇقىرى تۇرىدۇ؛ ساۋاتسىز ۋە چالا ساۋاتلار 50 مىڭ 278 (ئەرلەر 18 مىڭ 191 ، ئاياللار 32 مىڭ 87 ) بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 15 ياشتىن يۇقىرى ساۋاتسىز، چالاساۋاتلار 43 مىڭ 340 (ئەرلەر 14 مىڭ 629 ، ئاياللار 28 مىڭ711 ) بولۇپ، ساۋاتسىز، چالاساۋاتلار ئۇمۇمىي نوپۇسنىڭ 10.60% نى ئىگىلەپ، 1982- يىلدىكى 16.74% تىن 6.14 پىرسەنت پونكىت تۆۋەن بولدى. بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 12.75% لىك ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن تۆۋەن؛ 68 مىڭ 103 كىشى تولۇق ئوتتۇرا (ئوتتۇرا تېخنىكوملارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) مەلۇماتىغا ئىگە، بۇ ئۇمۇمىي نوپۇسنىڭ 16.65% نى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، 1982- يىلدىكى 10.03% تىن 6.62 پىرسەنت پونكىت يۇقىرى بولدى؛ 108 مىڭ 210 كىشى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەلۇماتىغا ئىگە، بۇ ئۇمۇمىي نوپۇسنىڭ 26.46% نى ئىگىلەپ، 1982- يىلدىكى 21.77% تىن 4.69 پىرسەنت پونكىت يۇقىرى بولدى؛ 131 مىڭ 546 كىشى باشلانغۇچ مەلۇماتىغا ئىگە بولدى، بۇ، ئۇمۇمىي نوپۇسنىڭ 32.17% نى ئىگىلەپ، 1982- يىلدىكىدىن 2.26 پىرسەنت پونكىت تۆۋەن بولدى. تولۇق ئوتتۇرا مەلۇماتلىقلارنىڭ ئۇمۇمىي نوپۇستا ئىگىلىگەن سالمىقىنىڭ ئېشىشى ئەڭ تېز بولۇپ، ساۋاتسىز، چالا ساۋات ۋە باشلانغۇچ مەلۇماتلىقلار ئازايدى.

1964- يىلدىكى نوپۇسنى ئۇمۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە، ۋىلايەتتىكى 12 ياش ۋە 12 ياشتىن يۇقىرىلار ئارىسىدىكى ساۋاتسىز، چالا ساۋاتلارنىڭ ئۇمۇمىي نوپۇستا ئىگىلىگەن سالمىقى 28.76% (53 مىڭ 168 )

بولۇپ، 1982- يىلى 16.74% (63 مىڭ 217 ) كە ئازايدى. 1990- يىلى 15 ياشتىن يۇقىرى ساۋاتسىز، چالا ساۋاتلارنىڭ نىسبىتى 10.60% (43 مىڭ 340 كىشى) كە ئازايدى. 1990- يىلى ۋىلايەتتىكى ساۋاتسىز، چالا ساۋاتلار 1982- يىلىدىكىدىن 19 مىڭ 877 كىشى ئازىيىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2485 كىشى ئازلىدى.

ناھىيە، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى، 1990- يىلى باركۆل ناھىيىسى ئاھالىسىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى تۆۋەنرەك بولۇپ، ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە كىشىلەر ئالتە ياشتىن يۇقىرى ئاھالىنىڭ 3.12% ىنى تەشكىل قىلدى، بۇ، قۇمۇل شەھىرى ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ يېرىمىغىمۇ توغرا كەلمەيدۇ، ھالبۇكى، باشلانغۇچ ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن مەلۇماتلىقلار 62.96 % بولۇپ، قۇمۇل شەھىرىنىڭكىدىن 18.29 پوئىنت، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭكىدىن 4.62 پىرسەنت پوئىنت يۇقىرى بولدى.

**قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى شەھەر، ناھىيىلەرنىڭ 1990- يىلىدىكى ئالتە ياش ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى ياشتىكى ئاھالىسىنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى**

جەدۋەل: 3 – 11 بىرلىكى: %

| شەھەر، ناھىيىلەر | ئالىي مەكتەپ | ئوتتۇرا تېخنىكوم | تولۇق ئوتتۇرا | تولۇقسىز ئوتتۇرا | باشلانغۇچ | ساۋاتسىز، چالا ساۋات |
|---|---|---|---|---|---|---|
| قۇمۇل شەھىرى | 2.73 | 4.76 | 14.57 | 31.26 | 32.63 | 12.04 |
| باركۆل ناھىيىسى | 0.86 | 2.26 | 8.44 | 25.47 | 44.07 | 18.89 |
| ئاراتۈرۈك ناھىيىسى | 2.01 | 5.21 | 11.37 | 23.08 | 45.34 | 13 |

**قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى شەھەر، ناھىيىلەرنىڭ 1990- يىلىدىكى ئالتە ياش ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى ياشتىكى ئاھالىسىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى**

جەدۋەل: 3 – 12 بىرلىكى: ئادەم

| شەھەر، ناھىيىلەر | ئالىي مەكتەپ | ئوتتۇرا مەكتەپ | باشلانغۇچ مەكتەپ | ساۋاتسىز، چالا ساۋات |
|---|---|---|---|---|
| قۇمۇل شەھىرى | 7196 | 178427 | 85993 | 28057 |
| باركۆل ناھىيىسى | 158 | 31734 | 38745 | 13229 |
| ئاراتۈرۈك ناھىيىسى | 304 | 6014 | 6865 | 1610 |

## §5. كەسىپ قۇرۇلمىسى

7000 ~ 8000 يىل ئىلگىرىلا بارىكۆل ۋە قۇمۇلدا ئىنسانلار چارۋىچىلىق ۋە تېرىقچىلىق پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇمۇل ۋاڭنىڭ تەۋەلىكىدىكى ئاھالىلەر ئاساسلىقى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سودا ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكى بىلەن شۇغۇللاندى. مىنگو دەۋرلىرىدە بارىكۆلدە دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئاھالىسىنىڭ سانى تەڭ دېگۈدەك بولۇپ، كۆپىنچىسى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللاندى؛ سانائەتتە پەقەت قول ھۈنەرۋەنچىلىك كارخانىلىرىلا بولۇپ، 200نەچچە ئادەم كەسىپ بىلەن شۇغۇللاندى؛سودا بەزىدە جانلىنىپ،بەزىدە كاساتلىشىپ تۇرغاچقا، مىنگونىڭ38- يىلى(1949- يىلى)يىلىغا كەلگەندە،كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار100 كىشىگىمۇ يەتمىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن قۇمۇلدىكى كەسىپكارلار نوپۇسىدا زور ئۆزگىرىش بولدى. 1990- يىلدىكى 4- قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتە، قۇمۇل ۋىلايىتىدە 205 مىڭ 669 كەسىپكار بار بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 50.29% ىنى ئىگىلىدى، بۇنى 1982- يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 22.7% ئاشتى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق، سۇچىلىق كەسىپلىرىدە 110 مىڭ 486 كىشى بولۇپ، كەسىپكارلار ئومۇمىي سانىنىڭ 53.72% ىنى ئىگىلىدى، 1982- يىلدىكىدىن 4.82 پىرسەنت پوئىنت تۆۋەنلىدى؛ سانائەت كەسىپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 36 مىڭ 271 كىشى بولۇپ، 32.83% نى ئىگىلىدى، 1982- يىلدىكىدىن 2.03 ھەسسىگە توغرا كەلدى؛ قاتناش ترانسپورت، پوچتا- تېلېگراف، خەۋەرلىشىش كەسىپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 12 مىڭ 990 كىشى بولۇپ، 6.32% نى ئىگىلىدى، 1982- يىلدىكىدىن 2.11 پىرسەنت پوئىنت تۆۋەنلىدى؛ مەدەنىيەت- سەنئەت ۋە رادىئو- تېلېۋىزىيە، ماتارىپ كەسىپلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 10 مىڭ 455 كىشى بولۇپ، 5.08% نى ئىگىلىدى، 1982- يىلدىكىدىن 1.79 پىرسەنت پوئىنت ئۆرلىدى؛ سودا، يېمەك- ئىچمەك مۇلازىمىتى، ماددىي ئەشيا تەمىناتى ۋە ساقلاش كەسىپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 10 مىڭ 259 كىشى بولۇپ، 4.99% نى ئىگىلىدى، 1982- يىلدىكىدىن 1.39 پىرسەنت پوئىنت ئۆرلىدى؛ دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلاردىكىلەر 8211 كىشى بولۇپ، 4% نى ئىگىلىدى، 1982- يىلدىكىدىن 1.32 پىرسەنت پوئىنت ئۆرلىدى؛ بىناكارلىق كەسپىدىكىلەر 8199 كىشى بولۇپ، 4% نى ئىگىلىدى، 1982- يىلدىكىدىن 0.31 پىرسەنت پوئىنت تۆۋەنلىدى؛ سەھىيە، تەنتەربىيە ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 37 مىڭ 121 كىشى بولۇپ، 1.81% نى ئىگىلىدى، 1982- يىلدىكىدىن 0.86 پىرسەنت پوئىنت ئۆرلىدى؛ پۇل مۇئامىلە، سۇغۇرتا، پەن تەتقىقات، ئوي-جاي- مۈلۈك، گېئولوگىيە قېدىرىپ چارلاش كەسپىدىكىلەر 5083 كىشى بولۇپ، كەسىپكارلار ئومۇمىي سانىنىڭ 2.47% نى ئىگىلىدى.

1990- يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى كەسىپكارلار ئارىسىدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 21 مىڭ 148 بولۇپ، كەسىپكارلار سانىنىڭ 10.28 % ىنى ئىگىلىدى، 1982- يىلدىكىدىن 0.42 پىرسەنت پوئىنت ئۆرلىدى؛ دۆلەت ئورگانلىرى، پارتىيە- ئاممىۋى تەشكىلاتلار ۋە كەسپىي، كارخانا ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرى 5796 بولۇپ، 2.82% نى ئىگىلىدى، 1982- يىلدىكىدىن 0.15 پىرسەنت پوئىنت

تۆۋەنلىدى؛ خىزمەتچى خادىملار ۋە ئالاقىدار خادىملار 8699 بولۇپ، %4.23 نى ئىگىلىدى، 1982- يىلدىكىدىن 1.21 پىرسەنت پوئىنت يۇقىرى بولدى؛ سودا كەسپىدىكى خىزمەتچى خادىملار 6878 بولۇپ، %3.34 نى ئىگىلىدى، 1982- يىلدىكىدىن 1.06 پىرسەنت پوئىنت يۇقىرى بولدى؛ يېزىلاردىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار 106 مىڭ 273 بولۇپ ، %51.67 نى ئىگىلىدى، 1982- يىلدىكىدىن 0.53 پىرسەنت پوئىنت يۇقىرى بولدى؛ ئىشلەپچىقىرىش، ترانسپورت ئىشچىلىرى ۋە ئالاقىدار خادىملار 48 مىڭ 701 بولۇپ، %23.68 نى ئىگىلىدى، 1982- يىلدىكىدىن 3.37 پىرسەنت پوئىنت تۆۋەن بولدى؛ مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى خىزمەتچىلەر ۋە باشقا ئەمگەكچىلەر 8174 بولۇپ، %3.93 نى ئىگىلىدى، 1982- يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا چوڭ ئۆزگىرىش بولمىدى.

## §6. شەھەر- يېزىلارنىڭ ئاھالە قۇرۇلمىسى

1953- يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى شەھەر- بازار ئاھالىسى 11 مىڭ 354 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %14.04 سىنى ئىگىلىدى؛ يېزا ئاھالىسى 69 مىڭ 662 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %85.96 سىنى ئىگىلىدى. 1962- يىلى شەھەر- بازار نوپۇسى قىسقارتىلغانلىقتىن ۋىلايەتتىكى شەھەر- بازار ئاھالىسى 74 مىڭ 135 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %39.7 نى ئىگىلىدى؛ يېزا ئاھالىسى 112 مىڭ 605 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %60.3 نى ئىگىلىدى. 70- يىللاردىن كېيىن تۆۋەنگە چۈشكەن كادىرلار ۋە يېزىلارغا چۈشكەن زىيالىي ياشلار ئارقا- ئارقىدىن شەھەرگە قايتتى. 1976- يىلغا كەلگەندە شەھەر- بازار ئاھالىسى 116 مىڭ 764 كۆپىيىپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %34.02 نى ئىگىلىدى، 1966- يىلدىكىدىن 57 مىڭ 789 كۆپەيدى. 1980- يىلى شەھەر- بازار ئاھالىسى 102 مىڭ 924 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %27.64 نى ئىگىلىدى؛ يېزا ئاھالىسى 269 مىڭ 386 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %72.36 نى ئىگىلىدى. 1985- يىلى شەھەر- بازار ئاھالىسى 163 مىڭ 372 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %42.20 نى ئىگىلىدى؛ يېزا ئاھالىسى 223 مىڭ 755 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %57.80 نى ئىگىلىدى، 1953- يىلدىكىدىن 28.16 پىرسەنت پوئىنت تۆۋەن بولدى. 1990- يىلدىكى شەھەر- بازار ئاھالىسى 181 مىڭ 500 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %44.21 نى ئىگىلىدى.

**قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى شەھەر- يېزا ئاھالىسى ۋە يېزا ئىگىلىك، غەيرىي يېزا ئىگىلىك ئاھالىسى**

جەدۋەل: 3 – 13

بىرلىكى: ئون مىڭ كىشى

| تۈر / يىل | شەھەر- بازار ئاھالىسى | | يېزا- كەنت ئاھالىسى | | يېزا ئىگىلىك ئاھالىسى | | غەيرىي يېزا ئىگىلىك ئاھالىسى | | ئىزاھ |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئاھالە سانى(ئادەم) | سالمىقى (%) | ئاھالە سانى(ئادەم) | سالمىقى(%) | ئاھالە سانى(ئادەم) | سالمىقى(%) | ئاھالە سانى(ئادەم) | سالمىقى(%) | |
| 1953 | 1.13 | 14.04 | 69662 | 85.96 | | | | | |
| 1957 | 2.61 | 25.45 | 76737 | 74.55 | | | | | |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1962 | 7.41 | 39.70 | 112605 | 60.30 | 100531 | 53.83 | 86209 | 46.17 | |
| 1966 | 5.99 | 26.63 | 170473 | 73.97 | 149307 | 64.79 | 81141 | 35.21 | |
| 1976 | 11.67 | 34.02 | 226506 | 65.98 | 216274 | 63 | 126992 | 37 | |
| 1980 | 13.07 | 34.97 | 24.31 | 65.03 | 22.16 | 59.28 | 15.22 | 40.72 | |
| 1985 | 16.34 | 42.21 | 22.37 | 57.79 | 21.55 | 55.67 | 17.16 | 44.33 | |
| 1990 | 18.15 | 44.21 | 22.90 | 55.79 | 22.15 | 53.96 | 18.90 | 46.04 | |

# III باب

# ئائىلە، نىكاھ

## §1. ئائىلە كۆلىمى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتوڭ 1- يىلى (1909- يىلى) ۋىلايەتتە 9553 ئائىلە بار بولۇپ، ئوتتۇرىچە جان سانى 4.85؛ مىنگونىڭ 17- يىلى (1928- يىلى) 13 مىڭ 416 ئائىلە بولۇپ، ئوتتۇرىچە جان سانى 5.10؛ مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) 15 مىڭ 684 ئائىلە بولۇپ، ئوتتۇرىچە جان سانى 5.31 ئىدى.

1990- يىلى ۋىلايەتتە 95 مىڭ 843 ئائىلە، 408 مىڭ 945 كىشى بولۇپ، ئائىلە بېشىغا 4.19 كىشى (1982- يىلدىكى 4.54 كىشىدىن تۆۋەن) دىن توغرا كەلدى. 3 ~ 4 جان سانى بار ئائىلىلەر ۋىلايەتتە ئەڭ چوڭ نىسبەتنى ئىگىلىدى. جان سانى ئالتىدىن كۆپ ئائىلىلەر ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ 20.52% نى ئىگىلىدى. ھالبۇكى، 4 ~ 5 جان سانى بار ئاز سانلىق مىللەت ئائىلىلىرى ئەڭ چوڭ نىسبەتنى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، ئالتىدىن كۆپ جان سانى بار ئائىلىلەر ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ 37.06% نى ئىگىلىدى. ئاز سانلىق مىللەت ئائىلىلىرىنىڭ جان سانى ۋىلايەتنىڭ ئوتتۇرىچە ئائىلە جان سانىدىن كۆپ بولدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ۋىلايەتتىكى ئائىلىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە جان سانى تەدرىجىي ئازلىدى.

1953- يىلى ھەر بىر ئائىلىدە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5.01 جان بار ئىدى. 1990- يىلى ئوتتۇرىچە جان سانى 4.19 كىشىگە تۆۋەنلەپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر ئائىلىدىن 1.12 كىشى ئازلىدى. 1 ~ 4 جان سانى بار ئائىلىلەر 62.25% نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە 3 ~ 4 جان سانى بار ئائىلىلەر 46.87% نى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولدى. ئائىلىنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتىنىڭ نوپۇسنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتىدىن تېز بولۇشى ئائىلىدىكى جان سانىنىڭ ئازىيىشىدىكى بىر مۇھىم ئامىلدۇر. 1990- يىلى 1982- يىلدىكىدىن ئائىلە 18.14%، نوپۇس 8.31% كۆپەيدى.

قومۇل ۋىلايىتىدىكى ئائىلىلەرنىڭ 1990- يىلدىكى جان سانى

جەدۋەل 3 - 14

| تۈرى | بىر جانلىق ئائىلە | ئىككى جانلىق ئائىلە | ئۈچ جانلىق ئائىلە | تۆت جانلىق ئائىلە | بەش جانلىق ئائىلە | جان سانى ئالتىدىن كۆپ ئائىلە | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئائىلە سانى (ئائىلە) | 4804 | 9856 | 22614 | 22049 | 16420 | 19553 | 107845 |
| ئومۇمىي نوپۇستىكى سالمىقى % | 5.04 | 10.34 | 23.73 | 23.14 | 17.23 | 20.52 | 100 |

## §2. نىكاھ ئەھۋالى

1990- يىلى قومۇل ۋىلايىتىدىكى 15 ياش ۋە 15 ياشتىن يۇقىرى ئاھالە ئىچىدە نىكاھلانمىغانلار 33.56% نى ئىگىلەپ، 1982- يىلدىكىدىن 1.08 پىرسەنت پويىنت يۇقىرى بولدى؛ جۆرىسى بارلار 61.78% نى ئىگىلەپ، 1982- يىلدىكىدىن 0.71 پىرسەنت پويىنت تۆۋەن بولدى.

1990- يىلى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىكى 15 ياش ۋە 15 ياشتىن يۇقىرىلار 89 مىڭ 149 بولۇپ، ئەرلەر 45 مىڭ 705 ، ئاياللار 43 مىڭ 444 . نىكاھلانمىغان ئەرلەر 38.72% نى، ئاياللار 31.78% نى ئىگىلىدى. نىكاھلانغانلار 57 مىڭ 643 ، بۇنىڭ ئىچىدە جۆرىسى بارلار 52 مىڭ بولۇپ، 90.21% نى ئىگىلىدى. جورىسى ئۆلۈپ كەتكەنلەر 4101 بولۇپ، 7.11% نى؛ ئاجرىشىپ كەتكەنلەر 1542 بولۇپ، 2.68% نى ئىگىلىدى. جۆرىسى بارلارنىڭ نىسبىتى بىلەن جورىسى ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ نىسبىتى ئايرىم- ئايرىم ھالدا ۋىلايەت ئوتتۇرىچە سەۋىيەسىدىن 2.77 ۋە 3.32 پىرسەنت پويىنت تۆۋەن بولدى. ئاجرىشىپ كەتكەنلەرنىڭ نىسبىتى ۋىلايەت ئوتتۇرىچە سەۋىيەسىدىن 1.17 پىرسەنت پويىنت يۇقىرى بولدى.

قۇمۇل ۋىلايىتى ئاھالىسىنىڭ 1990- يىلدىكى ياش، جىنس قۇرۇلمىلىرى ۋە نىكاھلىنىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 3 – 15

بىرلىكى: %

| تۈرى / ياش | نىكاھلانمىغانلار | | جورىسى بارلار | | جورىسى ئۆلۈپ كەتكەنلەر | | ئاجرىشىپ كەتكەنلەر | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئەر | ئايال | ئەر | ئايال | ئەر | ئايال | ئەر | ئايال |
| 15~19 | 99.78 | 98.97 | 0.22 | 0.97 | | | | |
| 20~24 | 83.92 | 64.10 | 15.82 | 35.05 | 0.05 | 0.08 | 0.20 | 0.73 |
| 25~29 | 26.37 | 10.94 | 72.58 | 87.33 | 0.19 | 0.25 | 1.26 | 1.49 |
| 30~34 | 4.20 | 0.77 | 93.65 | 96.64 | 0.35 | 0.46 | 2 | 2.13 |
| 35~39 | 1.73 | 0.26 | 96.11 | 97.10 | 0.56 | 1.10 | 1.60 | 1.55 |
| 40~44 | 1.21 | 1.25 | 96.17 | 96.10 | 1.03 | 2.45 | 1.44 | 1.28 |
| 45~49 | 0.78 | 0.13 | 95.95 | 94.49 | 2.11 | 4.51 | 1.56 | 0.86 |
| 50~59 | 0.59 | 0.06 | 94.70 | 87.65 | 3.26 | 11.62 | 1.46 | 0.67 |
| 60~79 | 0.59 | 0.04 | 83.27 | 55.72 | 3.45 | 43.29 | 1.69 | 0.05 |

1. نىكاھلانمىغانلار سانى ۋە ياش قۇرۇلمىسى

1990- يىلدىكى نوپۇسنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە ۋىلايەتتىكى نىكاھلانمىغانلارنىڭ 98.61%ى 29 ياشتىن تۆۋەن ياشلار بولۇپ، 30 ياشتىن يۇقىرى ياشلار ۋە 40 ~ 49 ياشقىچە بولغان نىكاھلانمىغان ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ سانى 1982- يىلدىكى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتىكى سانغا سېلىشتۇرغاندا ئاشتى.

30 ~ 49 ياشقىچە بولغان نىكاھلانمىغانلار ئىچىدە ئەرلەر 1013 بولۇپ، ئوخشاش ياشتىكى نىكاھلانمىغانلار ئومۇمىي سانىنىڭ 85.2% نى ئىگىلىدى، ئاياللار پەقەت 176 بولۇپ، 14.8% نى ئىگىلىدى، 50 ياش ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى ياشتىكى ئۆمۈر بويى توي قىلمىغانلار 204 بولۇپ، نىكاھلانمىغانلار ئومۇمىي سانىنىڭ 0.2% نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەرلەر 0.19% نى، ئاياللار پەقەت 0.01% نى ئىگىلىدى.

مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە نىكاھلانمىغانلارنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، نىكاھلانمىغان ساۋاتسىز ۋە چala ساۋات ئەرلەرنىڭ سانى موشۇ يىلدىكى نوپۇسنىڭ 7.96% نى، ئاياللار 2.07% نى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئەرلەر ئاياللارنىڭ 3.8 ھەسسىگە باراۋەر كېلىدۇ. نىكاھلانمىغان باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەلۇماتلىقلارنىڭ ئىچىدە ئەرلەرنىڭ سانى ئاياللارنىڭكىگە قارىغاندا سەل يۇقىرى؛ نىكاھلانمىغان ئوتتۇرا تېخنىكوم ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى مەلۇماتلىقلار ئىچىدە ئاياللارنىڭ سانى ئەرلەرنىڭكىدىن كۆرۈنەرلىك يۇقىرى بولۇپ، ئەڭ گەۋدىلىك بولغىنى، نىكاھلانمىغان ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتلىق ئاياللار مۇشۇ يىلدىكى

نوپۇسىنىڭ 44.65% ىنى، ئەرلەر 23.46% ىنى ئىگىلىدى (ئاياللارنىڭكىدىن 21.19 پىرسەنت پوئېنت تۆۋەن). شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، ئوتتۇرا تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتلىق ئاياللارنىڭ ۋىلايىتىمىزدە ئوخشاش سەۋىيىلىكلەر ئارىسىدىن لايىق تاپىمىقى بىر قەدەر تەسرەك. 30 ياش ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى ياشتىكى نىكاھلانمىغانلار ئىچىدە ئاياللار 0.43% نى، ئەرلەر 2.15% نى ئىگىلەيدۇ.

2. نىكاھلىنىش ئەھۋالى

1990- يىلدىكى ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتە نىكاھلانغان 197 مىڭ 696 كىشى ئىچىدە جورىسى بارلار 92.98% نى، جورىسى ئۆلۈپ كەتكەنلەر 5.51% نى، ئاجرىشىپ كەتكەنلەر 1.51% نى ئىگىلىدى. جورىسى بارلارنىڭ نىسبىتى يۇقىرى، جورىسى ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ نىسبىتى تۆۋەن، ئاجرىشىپ كەتكەنلەرنىڭ سالمىقى ئەڭ كىچىك بولۇپ، نىكاھ مۇناسىۋىتى بىر قەدەر مۇقىم بولدى. 1990- يىلى 15 ~ 19 ياشقىچە، 20 ~ 24 ياشقىچە، 25 ~ 29 ياشقىچە بولغان ئۈچ خىل ياش گۇرۇپپىسىدىكى جورىسى بارلارنىڭ سانى 1982- يىلدىكىدىن كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەپ، 15 ~ 19 ياشقىچە بولغانلار 1982- يىلدىكى 1.92% تىن 1990- يىلى 0.97% كە تۆۋەنلەپ، يېرىمىغا يېقىن ئازايدى؛ 20 ~ 24 ياشقىچە بولغانلار 41.84% تىن 35.08% كە تۆۋەنلەپ، 6.16 پىرسەنت پوئېنت تۆۋەنلىدى؛ 25 ~ 29 ياشلىقلار 92.36 % تىن 87.33% كە تۆۋەنلەپ، 5.03 پىرسەنت پوئېنت تۆۋەنلىدى.

ئاياللار ئەرلەرگە قارىغاندا بالدۇر نىكاھلاندى. 1990- يىلى 20 ~ 24 ياشقىچە بولغان ئاياللار ئىچىدە نىكاھلانغانلار 35.08% نى ئىگىلىدى، ھالبۇكى، ئوخشاش ياشتىكى ئەرلەرنىڭ نىكاھلىنىش نىسبىتى 15.82% بولدى؛ 25~29 ياشقىچە بولغان ئاياللارنىڭ نىكاھلىنىش نىسبىتى 87.33% كە يەتتى، ئوخشاش ياشتىكى ئەرلەرنىڭ 72.58% بولدى. ئاياللار 30 ياشقا كەلگەندە ئاساسىي جەھەتتىن نىكاھلىنىپ بولدى.

نىكاھتىن ئاجراشقانلارنىڭ سالمىقى نىكاھ مۇناسىۋىتىنىڭ مۇقىملىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مۇھىم كۆرسەتكۈچ. 1990- يىلدىكى ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، ۋىلايەتتىكى نىكاھتىن ئاجراشقانلار 2988 (ئەرلەر 1607 ، ئاياللار 1381 ) بولۇپ، نىكاھلانغانلارنىڭ 1.51 % ىنى ئىگىلەپ، 1982- يىلدىكى 1.55% تىن 0.04 پىرسەنت پوئېنت تۆۋەنلىدى؛ نىكاھتىن ئاجراشقان تولۇقسىز ئوتتۇرا ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن مەلۇماتلىقلار 2401 بولۇپ، نىكاھتىن ئاجراشقانلار ئومۇمىي سانىنىڭ 80.35% ىنى ئىگىلىدى. 1990- يىلى 30 ~ 34 ياشلىقلارنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، ئەرلەر 2% نى، ئاياللار 2.13% نى ئىگىلەپ، 1982- يىلدىكى ئوخشاش ياشتىكىلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئەرلەرنىڭ ئاجرىشىش نىسبىتى 0.1%، ئاياللارنىڭ 0.63% يۇقىرى بولدى.

3. جۆرىسى ئۆلۈپ كېتىش، نىكاھتىن ئاجرىشىش ئەھۋالى

1990- يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى جۆرىسى ئۆلۈپ كەتكەنلەر 10 مىڭ 891 بولۇپ، نىكاھلانغانلار سانىنىڭ 5.51% نى ئىگىلىدى. 1982- يىلى، 1990- يىلى 35 ~ 39 ياشتىكى ئاياللارنىڭ جۆرىسىنىڭ ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتى 1% تىن ئېشىپ، ئايرىم- ئايرىم ھالدا 1.58% ۋە 1.10% بولدى، ھالبۇكى ئەرلەرنىڭ 40 ~ 44 ياشتا ئاندىن 1% تىن ئېشىپ، ئايرىم- ئايرىم ھالدا 1.04% ۋە 1.03% بولدى. 50 ياشتىن ئاشقاندىن كېيىن جۆرىسى ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ سانى زور دەرىجىدە ئېشىپ، 60 ~ 79 ياشتىكىلەرنىڭ ئىچىدە، ئەرلەرنىڭ جۆرىسىنىڭ ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتى 14.45% نى، ئاياللارنىڭ

جۈرىسىنىڭ ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتى 43.29%نى ئىگىلىدى، 80 ياشتىن ئاشقانلارنىڭ ئىچىدە ئەرلەرنىڭ جۈرىسىنىڭ ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتى 47.15% بولدى، ھالبۇكى ئاياللارنىڭ 89.80% بولدى.

قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئاھالىسى 1000 دىن ئاشىدىغان مىللەتلەرنىڭ 1990 - يىلىدىكى نىكاھ ئەھۋالى

(15 ياشتىن يۇقىرى ئاھالە ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى %)

جەدۋەل: 3 – 16

| نىكاھلىنىش / جىنسى / مىللىتى | نىكاھلانمىغانلار | | جورىسى بارلار | | جورىسى ئۆلۈپ كەتكەنلەر | | نىكاھتىن ئاجراشقانلار | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئەر | ئايال | ئەر | ئايال | ئەر | ئايال | ئەر | ئايال |
| خەنزۇ | 35.58 | 29.89 | 61.82 | 64.76 | 2.98 | 7.60 | 0.83 | 0.59 |
| ئۇيغۇر | 38.74 | 31.43 | 56.13 | 59.89 | 2.83 | 6.10 | 2.29 | 2.59 |
| خۇيزۇ | 34.39 | 28.68 | 62.84 | 64.33 | 1.79 | 5.82 | 1.02 | 1.17 |
| قازاق | 40.53 | 33.80 | 55.96 | 57.85 | 3.08 | 8.16 | 0.43 | 0.19 |
| موڭغۇل | 42.47 | 37.12 | 54.65 | 58.33 | 2.37 | 4.35 | 0.51 | 0.19 |
| مانجۇ | 29.92 | 25.85 | 67.36 | 68.05 | 2.51 | 4.88 | 0.21 | 1.22 |

# IV باب

# نوپۇس باشقۇرۇش

1950-، 1960- يىللاردا ۋىلايەتتە پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقاتىغا دائىر بەزىبىر خىزمەتلەر ئىشلەندى، لېكىن كونكرېت تەدبىرلەر بولمىغاچقا، ئۈنۈمى ئانچە زور بولمىدى. 1974- يىلى ۋىلايەتتە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى ئاپپاراتى قۇرۇلۇپ، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى خەنزۇلار ئارىسىدا تەشكىللىك قانات يايدۇرۇلدى. 1985- يىلى پىلانلىق تۇغۇت ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا يولغا قويۇلدى. 1990- يىلى ۋىلايەتتىكى پىلانلىق تۇغۇت كادىرى 170 يەتتى. 1982 ~ 1990- يىلىغىچە، ۋىلايەت بويىچە پىلانلىق تۇغۇتقا

ئاجرىتىلغان خىراجەت جەمئىي 5 مىليون 500 مىڭ يۈەن بولدى.

## §1. پىلانلىق تۇغۇتنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى

1. ۋىلايەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى

1974- يىل 4- ئايدا ۋىلايەتلىك پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، دەرىجىسى مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىك ئورۇن قىلىپ بېكىتىلدى، ۋىلايەتلىك سەھىيە ئىدارىسىغا قارىدى. 1984- يىل 1- ئايدىكى ئاپپارات ئىسلاھاتىدا پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى مۇستەقىل ئاپپارات قىلىپ ئايرىلدى، نامى پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلىپ، باشقارما دەرىجىلىك ئورۇن قىلىپ بېكىتىلدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئاپتونوم رايون چۈشۈرگەن نوپۇس كۆرسەتكۈچكە ئاساسەن، ۋىلايەتلىك پىلان كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە ۋىلايەت نوپۇسى تەرەققىياتىنىڭ ئوتتۇرا، ئۇزۇن مەزگىللىك پىلانى، يىللىق پىلان ۋە يىللىق پىلانلىق تۇغۇتنى نىشانلىق باشقۇرۇشتىكى تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلەرنى تۈزۈپ چىقىش، شۇنداقلا تەشكىللىك بولغا قويۇش، تەكشۈرۈپ ھەيدەكچىلىك قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

2. ناھىيىلىك، شەھەرلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى

1976- يىلى ۋە 1977- يىل 6- ئايدا ياركۆل ناھىيىلىك، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك ۋە قۇمۇل شەھەرلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتلىرى قۇرۇلدى، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسىمۇ ۋىلايەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى بىلەن ئوخشاش بولدى.

3. رايون (بازار) لىق، يېزىلىق ۋە مەھەللە ئىش باشقارمىسى پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى

1990- يىلى ئىككى ناھىيە، بىر شەھەر قارمىقىدىكى بەش بازار، 37 يېزىدا پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى تەسىس قىلىنىپ، 2 ~ 4 كىچە سەپلەندى؛ 26 ئائىلىلەر كومىتېتى ۋە 181 كەنت ئائىلىلەر كومىتېتىدا پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقات خادىمى قويۇلۇپ، پىلانلىق تۇغۇتنى تەشۋىق قىلىش، پىلانلىق تۇغۇتنىڭ كونكرېت سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە ئۆز ۋاقتىدا دورا- ئەسۋابلارنى تارقىتىش قاتارلىق خىزمەتلەرگە مەسئۇل قىلىندى.

4. قۇمۇل ۋىلايەتلىك پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقات ـ تېخنىكا يېتەكچىلىك ئورنى

1986- يىلى قۇرۇلدى، سەككىز شتات بېرىلدى، رايون دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇن بولۇپ، ۋىلايەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىغا قارىدى. بىر ئالىي دەرىجىلىك تېخنىكا خادىم، ئۈچ ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىك خادىم قويۇلدى. ئاساسلىق ۋەزىپىسى: پىلانلىق تۇغۇت سىياسەتلىرىنى، سۈپەتلىك تۇغۇش ۋە تەربىيىلەش بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىش، تېخنىكلىق مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇرۇش، ئاساسىي قاتلام پىلانلىق تۇغۇت خادىملىرىنى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت. 1988- يىلى بۇ ئورۇن ئامبولاتورىيە ئاچتى ۋە

«تۆت تۈرلۈك ئوپېراتسىيە» (بوغۇش ئوپېراتسىيىسى، ئۈزۈك سېلىش قاتارلىق) نى ئىشلەيدىغان بولدى.

**5. قۇمۇل ۋىلايەتلىك پىلانلىق تۇغۇت دورا- ئەسۋابلىرىنى باشقۇرۇش پونكىتى**

1988- يىل 11- ئايدا قۇمۇل ۋىلايەتلىك پىلانلىق تۇغۇت ھاملىدارلىقتىن ساقلىنىش دورا- ئەسۋابلىرى بىلەن تەمىنلەش پونكىتى قۇرۇلدى، ئۇ قۇمۇل ۋىلايەتلىك پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقات - تېخنىكا يېتەكچىلىك ئورنىنىڭ قارمىقىدا بولدى. كېيىن، ۋىلايەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ قارمىقىدىكى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان رايون دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇن قىلىنىپ، نامى قۇمۇل ۋىلايەتلىك پىلانلىق تۇغۇت دورا- ئەسۋابلىرى بىلەن تەمىنلەش پونكىتى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، ئۈچ شتات بېرىلدى. ئاساسلىقى، ۋىلايەتنى دورا- ئەسۋابلار بىلەن تەمىنلەش، باشقۇرۇش، دورا- ئەسۋابلارنىڭ ئۈنۈمىنى تەكشۈرۈش، ئاساسىي قاتلامدىكى دورا- ئەسۋاب خادىملىرىنى تەربىيىلەش، يېتەكلەش قاتارلىقلارغا مەسئۇل بولدى.

**6. قۇمۇل ۋىلايەتلىك پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيىتى**

1988- يىل 1- ئاينىڭ 14- كۈنى قۇمۇل ۋىلايەتلىك پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيىتى قۇرۇلدى، سايلام ئارقىلىق جەمئىيەت باشلىقى سايلىنىپ، جەمئىيەت نىزامنامىسى ماقۇللاندى.

1988- يىل 11- ئاينىڭ 14- كۈنىدىن 1990- يىلغىچە ۋىلايەتتىكى ئۈچ ناھىيە، شەھەردە ناھىيە، شەھەر دەرىجىلىك جەمئىيەتلەر قۇرۇلدى. قۇمۇل شەھىرى شەھەر ئىچى، ئاستانە يېزىسى ۋە باركۆل ناھىيىسىنىڭ كۆيسۇ يېزىلىرىدا يېزا دەرىجىلىك پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيەتلىرى قۇرۇلدى. شەھەر ئىچى يېزىلىق پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى ئۆزىنىڭ 3 ~ 5 كىچە قوشنىسىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ھۆددىگە ئالدى، ھاملىدارلىقتىن ئىلگىرىكى تەشۋىقاتنى ياخشى ئىشلەپ، تۇغۇتقا چەك قويۇش تەدبىرىنى تەكشۈرۈش- ئەمەلىيلەشتۈرۈش گۇرۇپپىسىنى قۇردى، نىكاھلانغان 87 تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارغا تۇغۇتقا چەك قويۇش تەدبىرى قوللاندى، 1990- يىلى مەملىكەتلىك يېزا دەرىجىلىك پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيەتلىرى بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. ئاستانە يېزىلىق پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيىتى ئەزالىرى تەشۋىقات بىلەن مۇلازىمەتنى بىرلەشتۈرۈپ، ھەممىلا جايدا ئامىمىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلىدى، 1984- يىلى مەملىكەتلىك يېزا دەرىجىلىك پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيەتلىرى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى.

## §2. پىلانلىق تۇغۇت

**1. خەنزۇلار ئارىسىدىكى پىلانلىق تۇغۇت**

1) **تۇغۇتقا چەك قويۇش:** 1957- يىل 10- ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋۇ كەيجاڭ باركۆل ناھىيىسىگە كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈرگەندە، ناھىيىلىك پارتكوم ئاچقان پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار يىغىنىدا رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ ئەڭ ئالىي دۆلەت مەجلىسىدە ئوتتۇرىغا قويغان نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى پىلانلىق كونترول قىلىش توغرىسىدىكى يوليورۇقىنى يەتكۈزدى.

1962- يىلى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى پىلانلىق تۇغۇتنى ئەستايىدىل تەشەببۇس قىلىش

توغرىسىدىكى يولىيورۇقىنى تارقاتتى، لېكىن قۇمۇل ۋىلايىتىدە ئۇنى ئىزچىللاشتۇرۇش كۈچلۈك بولمىغاچقا، شەھەر- يېزىلاردىكى بىرمۇ كىشى كېچىكىپ توي قىلىشنى ۋە پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويمىغاچقا، ئاھالىنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى خېلى چاغلارغىچە ناھايىتى يۇقىرى بولدى. 1962 ~ 1965- يىلىغىچە تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ئايرىم- ئايرىم ھالدا 27.84‰، 39.18‰، 41.4‰، 44.72‰ بولدى.

1966- يىل 1- ئايدا ۋىلايەتنىڭ قۇمۇل بازىرىدىكى خەنزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا 1- قارارلىق پىلانلىق تۇغۇت، يېڭىچە تۇغدۇرۇش، تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىپ، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەشۋىقات كۆرگەزمىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى، پىلانلىق تۇغۇت، مەركەزنىڭ يولىيورۇقىنى تەشۋىق قىلىش، پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە پايدىسى، فىزىئولوگىيىلىك ساقلىقنى ساقلاش بىلىملىرى، تۇغۇتقا چەك قويۇش بىلىملىرى ۋە ئۇسۇللىرىنى تونۇشتۇرۇش، جۇڭگو نوپۇسىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇش قاتارلىقلار كۆرگەزمىنىڭ بىرىنچى مەزمۇنى قىلىندى، ئىشلەنگەن دىئاگراممىلار 62 پارچىگە، كۆرگەزمىگە قاتناشقانلار 3000 ئادەم (قېتىم) غا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە كىنوخانىلاردا تۇغۇتقا چەك قويۇش ئۇسۇللىرى تونۇشتۇرۇلغان پروپىكسىيە پلېونكىسى قويۇلۇپ، كىشىلەرنىڭ تۇغۇت قارىشى ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلى باركۆل ناھىيىسىدىن ئىككى ئەر، ئالتە ئايال تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇردى، 77 ئايال ئۈزۈك سالدۇردى، 98 كىشى باشقا خىلدىكى تۇغۇت چەكلەش تەدبىرلىرىنى قوللاندى؛ ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدە ئەر، ئاياللاردىن بولۇپ 15 ى تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇردى، 60 ئايال (قېتىم) ئۈزۈك سالدۇردى، 67 كىشى باشقا تەدبىرلەرنى قوللاندى. پىلانلىق تۇغۇتتا يېڭى باشلىنىش بولدى. 1966- يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، نوپۇس ھۆكۈمەتسىزلىك ھالىتىدە ئۇدا ھەددىدىن ئارتۇق كۆپەيدى. 1967 ~ 1970- يىلىغىچە ئاھالىنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ئايرىم- ئايرىم 36.33‰، 38.89‰، 38.84‰، 32.21‰ بولدى. ۋىلايەت نوپۇسىنىڭ سىجىل ئېشىش ئەھۋالى 1974- يىلىغىچە داۋاملاشتى، ۋىلايەت ئومۇمىي نوپۇسى 319 مىڭ 545 كە يېتىپ، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 32.46‰ بولدى.

1974- يىلى مەركەزنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن ۋىلايەتلىك پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى (مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىك) قۇرۇلۇپ، ئىككى كەسپىي كادىر سەپلەندى، ستاتىستىكا خىزمىتى ئىشلەندى. 1975- يىلى، قۇمۇل ۋىلايىتى شەھەر- بازارلىرىدىكى خەنزۇ ئاھالىلىرى بويىچە شىنجاڭنىڭ پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇشتىكى نۇقتىلىق رايونلارنىڭ بىرى قىلىندى. ھەر دەرىجىلىك پىلانلىق تۇغۇت رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى. 1976- يىلى ۋىلايەتتىكى 95% تىن ئارتۇق ئورۇندا پىلانلىق تۇغۇت ئاپپاراتلىرى قۇرۇلۇپ، كەسپىي خادىملار سەپلەندى؛ ۋىلايەتتىكى بىرىنچى دوختۇرخانا ۋە قۇمۇل ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا ئايرىم- ئايرىم ھالدا ئوپېراتسىيە ئەترەتلىرى قۇرۇلدى، شۇ يىلى تۇغۇت توختىتىش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرغانلار 742 گە، باشقا تەدبىرلەرنى قوللانغانلار 697 گە يەتتى. 1977- يىلىغا كەلگەندە، تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيىسى يېزىلاردىكى خەنزۇ ئاھالىلىرى ئارىسىدىمۇ ئارقا- ئارقىدىن ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى.

2) پىلانلىق تۇغۇت 1975- يىلى قۇمۇل ۋىلايىتى تەشۋىق- تەربىيىنى ئاساس قىلىش، ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىپ، تۇغۇتقا چەك قويۇشنى ئاساس قىلىش، نورمال خىزمەتنى ئاساس قىلىشتىن ئىبارەت «ئۈچنى ئاساس قىلىش» فاڭجېنىنى قەتئىي ئىجرا قىلدى، مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە «ئىشلەپچىقىرىش بىلەن تۇغۇتنى بىرلەشتۈرۈش توختامى تۈزۈمى» ئورنىتىپ، ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى، پىلانلىق تۇغۇت كادىرلىرى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە نوپۇسنى نىشانلىق باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈردى، قاتلاممۇ- قاتلام «ۋەدىنامە» ئىمزالاپ، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ئىلگىرى

سۇردى. 1990- يىلىدىكى ۋىلايەت ئومۇمىي نوپۇسى 410 مىڭ 508، تۇغۇلغانلار 6395، تۇغۇلۇش نىسبىتى 15.69‰، ئۆلگەنلەر 1548، ئۆلۈش نىسبىتى 3.8‰ بولدى. شۇ يىلى قۇمۇل شەھىرى مەملىكەت بويىچە پىلانلىق تۇغۇتتىكى ئىلغار ناھىيە دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

2. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىكى پىلانلىق تۇغۇت

1950- يىللارنىڭ باشلىرىدا ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا تۇغۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش سىياسىتى يۈرگۈزۈلدى.

1980- يىللارنىڭ باشلىرىدا خەنزۇلار ئارىسىدا يولغا قويۇلغان پىلانلىق تۇغۇت ئاز سانلىق مىللەتلەرگىمۇ تەسىر كۆرسەتتى. 1983- يىلى بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە ئامما پىلانلىق تۇغۇشنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن تەلەپ قىلدى، «ئوپېراتسىيە ئېيى» دا ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرىدىن 113 ى تۇغۇت توختىتىش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇردى. شۇ يىلى قۇمۇل شەھىرى ئاستانە گۆڭشېسىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرىدىن 34 ى تۇغۇت توختىتىش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇردى، 214 ى ئۈزۈك سالدۇردى، 393 ى ئوكۇل سالدۇردى ۋە دورا ئىچتى. 1985- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مۇھجەت تارقىتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەلىپى بويىچە «ئاز سانلىق مىللەتلەرئارىسىدىمۇ پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش» فاكچېيىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت پىلانلىق تۇغۇت كەسپىي خادىملىرىنى سەپلىدى. تەشۋىق-تەربىيە ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەت ئەر-ئاياللىرىدىن بوغدۇرۇش تەدبىرى قوللانغانلار 22 گە، ئۈزۈك سالدۇرغانلار 549 غا، باشقا تەدبىر قوللانغانلار 618 گە يەتتى. 1985- يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ شەھەر-بازارلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇت يولغا قويۇلدى؛ يېزا-قىشلاقلاردا 1986- يىلىدىن باشلاپ ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى.

1985- يىلى قۇمۇل شەھىرى ئاستانە يېزىسى پىلانلىق تۇغۇت سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. ۋىلايەتتىكى ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورا-ئەسۋابلىرىنىڭ 45% ىنى ئاز سانلىق مىللەت كادىر-ئاممىسى ئىشلەتتى، 1284 ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرى تۇغۇت توختىتىش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇردى، 2245 ى ئۈزۈك سالدۇردى، 89 ى شەرەپ گۇۋاھنامىسى ئالدى. قۇمۇل شەھىرىنىڭ شۇ يىللىق تۇغۇت چەكلەش نىسبىتى 68.87% بولدى. 1986- يىلى، ۋىلايەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى قۇمۇل شەھىرىنىڭ تەگىرتاغ رايونىدىكى ئاز سانلىق مىللەت نامرات ئائىلىلىرىنىڭ تۇغۇت ئەھۋالىنى مەخسۇس تەكشۈردى، تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن چوقۇم نوپۇسنى تىزگىنلەش لازىملىقى ئىسپاتلاندى. شۇ يىلى، بۇ رايوندىكى كادىرلار نوپۇس ۋەزىيىتىنىڭ ئېغىرلىقىنى، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىشنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى، يەتتە كادىر ئائىلىسى باشلامچى بولۇپ، ئۆز ئىختىيارى بىلەن تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇردى، بۇ، 51 كىشىنىڭ نەيچە بوغدۇرۇش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرۇشىغا، 69 كىشىنىڭ ئۈزۈك سالدۇرۇش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرۇشىغا تۈرتكە بولدى، تۇغۇت قارشىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئۆزگەرتتى. 1975 ~ 1988- يىلىغىچە، ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن تۇغۇت چەكلەش تەدبىرلىرىنى قوللاندى، 13 يىلدا ۋىلايەت بويىچە 22 مىڭ 330 كىشى ئاز تۇغۇلدى. 1988- يىلى قۇمۇل شەھىرى خوتۇنتام يېزىسى بەش دەپتەر، بىر كارتا (نوپۇس دەپتىرى، ئۆلگەنلەرنى تىزىملاش دەپتىرى، نىكاھلانمىغانلارنى تىزىملاش دەپتىرى، نىكاھلانغانلارنى تىزىملاش دەپتىرى، دورا-ئەسۋابلارنى تارقىتىش دەپتىرى ۋە تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارنى تىزىملاش كارتىسى) تۈزۈمىنى ئورناتتى،

تۇغۇشتا كۆرسەتكۈچ بولۇش، تۇغۇتقا تەدبىر قوللىنىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، پىلان سىرتىدا ھامىلدار بولغانلارنى ۋاقتىدا بايقاپ، ۋاقتىدا تەدبىر قوللاندى. 1989- يىلى بۇ يېزا نوپۇسىنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى 12.7‰ تۆۋەنلەپ، پىلانلىق تۇغۇت نىسبىتى 100%، ئۆلۈش نىسبىتى 10.67‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 2.03‰، كېچىكىپ نىكاھلىنىش نىسبىتى 83.33%، تۇغۇت چەكلەش نىسبىتى 98.26% بولدى.

1986 ~ 1990- يىللىرىچە باركۆل ناھىيىسىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 25‰ تىن 17.71‰ كە تۆۋەنلىدى، پىلانلىق تۇغۇت نىسبىتى 69.95% تىن 91.43% كە ئۆرلىدى، تۇغۇت چەكلەش نىسبىتى 23.88% تىن 81.79% كە ئۆرلىدى. بۇ ناھىيىدىكى قازاقلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان كۆلياقا يېزىسىدا كادىرلار پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇشتا باشلامچى بولغاچقا، تۆرلۈك پىلان- كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ ئورۇندىلىشى ناھىيىنىڭ سەۋىيىسىدىن يۇقىرى بولدى. 1989- يىلى بۇ يېزىدىكىلەرنىڭ كېچىكىپ نىكاھلىنىش نىسبىتى 100% كە يەتتى، 713 تۇغۇت يېشىدىكى ئايالدىن 401 ى تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇردى، توققۇز جۈپ ئەر- خوتۇن شەرەپ گۇۋاھنامىسى ئالدى.

قۇمۇل ۋىلايىتى ئاھالىسىنىڭ 1978 ~ 1990- يىللىرىچە بولغان تۇغۇلۇش، ئۆلۈش نىسبىتى

جەدۋەل: 3 – 17

| يىل | تۇغۇلۇش نىسبىتى ( ‰ ) | | | ئۆلۈش نىسبىتى ( ‰ ) | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئوتتۇرىچە | ئاز سانلىق مىللەتلەر | خەنزۇلار | ئوتتۇرىچە | ئاز سانلىق مىللەتلەر | خەنزۇلار |
| 1978 | 18.98 | 27.95 | 15.13 | 3.21 | 5.03 | 2.43 |
| 1979 | 19.38 | 27.59 | 15.80 | 3.24 | 4.65 | 2.62 |
| 1980 | 16.91 | 26.08 | 12.85 | 3.64 | 5.28 | 2.91 |
| 1981 | 16.13 | 24.59 | 12.33 | 3.15 | 4.48 | 2.55 |
| 1982 | 15.96 | 23.69 | 12.41 | 3.17 | 4.31 | 2.65 |
| 1983 | 14.12 | 23.03 | 9.92 | 3.47 | 5.14 | 2.68 |
| 1984 | 14.54 | 22.94 | 10.52 | 2.96 | 4.14 | 2.40 |
| 1985 | 15.03 | 25.15 | 10.11 | 3.59 | 5.18 | 2.82 |
| 1986 | 15.60 | 24.46 | 11.23 | 3.69 | 5.52 | 2.78 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1987 | 13.39 | 19.75 | 10.21 | 3.35 | 4.40 | 2.83 |
| 1988 | 15.45 | 20.69 | 12.79 | 3.73 | 4.82 | 3.17 |
| 1989 | 17.14 | 22.91 | 14.17 | 3.81 | 4.90 | 3.25 |
| 1990 | 15.69 | 17.34 | 14.84 | 3.8 | 4.43 | 3.47 |

### قۇمۇل ۋىلايىتى نوپۇسنىڭ 1978 ~ 1990- يىللىغىچە بولغان تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ۋە نوپۇسنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 3 – 18

| يىل | نوپۇسنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى (‰) | | | نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى (‰) | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئوتتۇرىچە | ئاز سانلىق مىللەتلەر | خەنزۇلار | تۇغۇلۇش نىسبىتى | ئۆلۈش نىسبىتى | تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى |
| 1978 | 15.77 | 22.92 | 12.70 | | | |
| 1979 | 16.14 | 22.94 | 13.18 | 0.4 | 0.03 | 0.37 |
| 1980 | 13.27 | 20.80 | 9.94 | -2.07 | 0.43 | -2.5 |
| 1981 | 12.98 | 20.11 | 9.78 | -2.85 | -0.06 | -2.79 |
| 1982 | 12.79 | 19.33 | 9.76 | -3.02 | -0.04 | -2.98 |
| 1983 | 10.65 | 17.89 | 7.24 | -4.86 | 0.26 | -5.12 |
| 1984 | 11.58 | 18.80 | 8.12 | -4.44 | -0.25 | -4.19 |
| 1985 | 11.44 | 19.97 | 7.29 | -3.98 | 0.38 | -4.33 |
| 1986 | 11.91 | 18.94 | 8.45 | -3.38 | 0.48 | -3.86 |
| 1987 | 10.04 | 15.35 | 7.38 | -5.59 | 0.14 | -5.73 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1988 | 11.72 | 15.87 | 9.62 | -3.53 | 0.52 | -4.05 |
| 1989 | 13.33 | 18.01 | 10.92 | -1.84 | 0.6 | -2.44 |
| 1990 | 11.89 | 12.91 | 11.37 | -3.29 | 0.59 | -3.88 |

# §3. نوپۇسنى كونترول قىلىش

## 1. كېچىكىپ نىكاھلىنىشنى تەشەببۇس قىلىش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى قۇمۇلدا بالدۇر نىكاھلىنىش، بالدۇر پەرزەنتلىك بولۇش ئەھۋالى ئىنتايىن ئېغىر ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن 1950- يىلى ئېلان قىلىنغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنى» دا ئەڭ بالدۇر نىكاھلىنىش يېشى ئەرلەرنىڭ 20 ياش، ئاياللارنىڭ 18 ياش دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەندىن كېيىن، قۇمۇل ۋىلايىتىدە بالدۇر نىكاھلىنىش ئادىتى ئىسلاھ قىلىنىشقا باشلىدى. 1981- يىل 1- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ يېڭىدىن يولغا قويۇلغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنى» دا نىكاھلىنىش يېشى ئەرلەرنىڭ 22 ياش، ئاياللارنىڭ 20 ياش قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. ۋىلايەت قۇمۇلنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسىنى تۈزۈپ چىقتى، خەنزۇلارنىڭ كېچىكىپ نىكاھلىنىش يېشىنى يېزىلاردا ئاياللار 23 ياشتىن يۇقىرى، ئەرلەر 25 ياشتىن يۇقىرى، شەھەردە ئاياللار 24 ياشتىن يۇقىرى، ئەرلەر 26 ياشتىن يۇقىرى (ئىككىسىلا 25 ياش بولسىمۇ بولىدۇ) دەپ بېكىتتى. قۇمۇل يامانسۇ كانىنىڭ بەلگىلىمىسىدە، كېچىكىپ نىكاھلىنىش يېشى چوقۇم ئەرلەرنىڭ 26 ياش، ئاياللارنىڭ 24 ياش بولۇشى شەرت، دەپ بېكىتىلدى. كۆپ يىللىق جاپالىق خىزمەتلەر نەتىجىسىدە، خەنزۇلارنىڭ كېچىكىپ نىكاھلىنىش نىسبىتى 1975- يىلى پىلانلىق تۇغۇت يولغا قويۇلغان چاغدىكى 59.15% تىن تەدرىجىي ئۆرلەپ 1985- يىلغا كەلگەندە شەھەردىكىلەرنىڭ كېچىكىپ نىكاھلىنىش نىسبىتى 85.51% كە، ناھىيە- بازاردىكىلەرنىڭ 82.28% كە، يېزىلاردىكىلەرنىڭ 59.41% كە يەتتى. 1985- يىلى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇت يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، كېچىكىپ نىكاھلىنىش نىسبىتى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. 1988- يىلى، ۋىلايەت بويىچە كېچىكىپ نىكاھلىنىش نىسبىتى 81.6% كە يېتىپ، بەزى ئىلغار ئورۇنلار مەيدانغا كەلدى، قۇمۇل شەھىرى شەھەر ئەتراپى يېزىسى شەرقىي كوكتاتچىلىق كەنتى 1985 ~ 1990- يىلغىچە كېچىكىپ نىكاھلىنىش نىسبىتىنى ئۇدا بەش يىل 100% كە يەتكۈزدى.

1988- يىلى ئاپتونوم رايون ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرى 21 ياشتا، ئەرلەر 23 ياشتا نىكاھلانسا، كېچىكىپ نىكاھلانغان بولىدۇ، دەپ بەلگىلىدى.

1990- يىلى ۋىلايەت بويىچە كېچىكىپ نىكاھلىنىش نىسبىتى 84.3% كە يەتتى.

2. كېچىكىپ پەرزەنت كۆرۈش، تۇغۇت چەكلەشنى تەشەببۇس قىلىش

1979- يىلى ھۆكۈمەت كېچىكىپ پەرزەنت كۆرۈش يېشىنى خەنزۇ ئاياللار 24 ياش، ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرى 22 ياش دەپ بەلگىلىدى.

1950- يىللاردا ۋىلايەتتە تۇغۇت چەكلەشتە ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش قاپچۇقى ئىشلىتىش ئاساس قىلىناتتى. 1960- يىللاردىن باشلاپ ئۈزۈك سېلىش ۋە بوغدۇرۇش ئوپېراتسىيىسى قىلىش يولغا قويۇلدى.

1972- يىلى ۋىلايەت بويىچە پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىق- تەربىيىسى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇلۇپ، «كېچىكىپرەك نىكاھلىنىش، شالاڭراق تۇغۇش، ئازراق تۇغۇش، ياخشىراق تەربىيىلەش» تەلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 1973- يىلى «كېچىكىپ نىكاھلىنىش، شالاڭ تۇغۇش، ئاز تۇغۇش» تەلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، كېيىن «بىر جۈپ ئەر- خوتۇن ئىككى پەرزەنتلىك بولۇش» قا ئۆزگەرتىلدى. 1976- يىلى ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت بىر جۈپ ئەر- خوتۇندىن بولغان ئىككى بالىنىڭ ياش پەرقىنىڭ 3 ~ 4 ياش بولۇشىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1977- يىل 6- ئايدا قۇمۇل شەھىرى «بىر جۈپ خەنزۇ ئەر- خوتۇندىن بولغان ئىككى بالىنىڭ ياش پەرقىنىڭ 4 ~ 5 ياش (شەھەردە بەش ياش، يېزىلاردا تۆت ياش)» بولۇشىنى ئوتتۇرىغا قويدى شۇنداقلا 7- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ شەھەر بويىچە تۇغۇت كۆرسەتكۈچىگە قاراپ نوپۇسقا ئېلىش يولغا قويۇلدى. ۋىلايەتتىن تارتىپ ناھىيە (شەھەر)، يېزا (بازار) لارغىچە ئىككىنچى پەرزەنتنى تۇغۇشنى بەلگىلىمىسىنى ئېجرا قىلىشتا جەرىمانە ئۇسۇلى قوللىنىلدى، بەلگىلىمىنى ئىجرا قىلمىغانلارغا ئىقتىسادىي ۋە مەمۇرىي چارە كۆرۈلدى. 1982- يىلى قۇمۇل مەمۇرىي مەھكىمە يالغۇز پەرزەنتلىك كىنىشكىسى ئالغان ئائىلىلەرگە بىر قېتىمدىلا 40 يۈەن (ئاراتۇرۇك ھەربىي ئات فېرمىسى 50 يۈەن) مۇكاپات بېرىلىدۇ، يېزىلاردا ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەتنامىسى تۈزۈمىنى يولغا قويغاندا، يالغۇز پەرزەنتلىك ئائىلىلەرگە مەسئۇلىيەت ئېتىزى كۆپرەك بېرىلىدۇ ياكى ھەر ئايدا بەش يۈەن (ھەربىي ئات فېرمىسى ئالتە يۈەن) ساقلىق ساقلاش ھەققى بېرىلىدۇ، يالغۇز پەرزەنتلەرنىڭ ئوقۇش ھەققى، يەسلى ھەققى، داۋالىنىش ھەققىنى تالون بويىچە ئىدارىلار 14 ياشقىچە ئاتچوت قىلىدۇ، يالغۇز پەرزەنتلىك بولغانلار ئۇچ ئايلىق تۇغۇت ھاردۇقى ۋە ئىككى ئايلىق ئېمىتىش ھاردۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، دەپ بەلگىلىمە چىقاردى. ئورغۇنلىغان ئىدارىلار خىزمەتكە قوبۇل قىلىش، ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىش، تۇرالغۇ ئۆي، ئۆي ئورنى تەقسىماتى قاتارلىق جەھەتلەردە يالغۇز پەرزەنتلىك بولغانلارغا ئالدىن ئېتىبار بەردى. 1980- يىلى قۇمۇل ناھىيىسى شەھەر ئەتراپى كۆكچىپى يالغۇز پەرزەنتلىك بولغانلارنى بىر كىيىم تىكىش ماشىنىسى بىلەن تەقدىرلىدى، پىلانلىق تۇغۇتنى ئىجرا قىلمىغانلارغا ئىقتىسادىي چەكلىمىنى يولغا قويدى. 1982- يىلى مەمۇرىي مەھكىمە پىلاندىن سىرت بىر بالا تۇغۇلسا، ئەر- ئايال ئىككىلا تەرەپنىڭ بىر ئايلىق مائاشىنىڭ 20%ى تۇتۇپ قېلىنىدۇ، بىر تەرەپ ئىشسىز بولسا، يەنە بىرىدىن 40% تۇتۇپ قېلىنىدۇ؛ نىكاھسىز ھامىلدار بولغانلارغا چۈشۈرۈۋېتىش توغرىلىق تەسىھەت قىلىنىدۇ، تۇغۇشتا چىڭ تۇرغانلارغا 200 يۈەن جەرىمانە قويۇلۇپ، تۇغۇت مەزگىلىدىكى مائاشى بېرىلمەيدۇ، ھامىلدارلىق ۋە تۇغۇت مەزگىلىدىكى بارلىق خىراجەتلەرگە ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ، دەپ بەلگىلىمە چىقاردى. 1988- يىلى باركۆل ناھىيىسى پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسىنى تۈزۈپ چىقتى. قۇمۇل شەھىرى ۋە ئاراتۇرۇك ناھىيىسى مۇناسىپ بەلگىلىمىلەرنى تۈزدى. 1986 ~ 1989- يىلىغىچە ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 723 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلدى.

تۇغۇت چەكلەشتە، ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىشتا چىڭ تۇرۇش ئاساس قىلىندى، تۈرلۈك ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش تەدبىرلىرى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ھامىلدارلىقتىن بالدۇرقى باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، «ئۈچ ئۆتكەل» (كېچىكىپ نىكاھلىنىش ئۆتكىلى، تۇغۇت چەكلەش ئۆتكىلى، پەرزەنتلەرنىڭ

ياش پەرقى ئۆتكىلى) چوڭ تۇتۇلدى، نىكاھلانغاندىن باشلاپلا دورا ئىچىش، ھامىلدارلىقنىڭ ساقلىنىش ئەسۋابلىرىنى ئىشلىتىش ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ئەگەر ھامىلدار بولۇپ قالسا، جىددىي تەدبىر قوللىنىلدى. بىر پەرزەنتلىك بولغان ئاياللارنىڭ ئىككىنچى پەرزەنت كۆرۈش ياش پەرقى چوڭ تۇتۇلۇپ، ئۈزۈك سالدۇرۇش، بوغدۇرۇش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرۇش ۋە باشقا تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا سەپەرۋەر قىلىندى. 1979- يىلى، قىزىل يۇلتۇز دوختۇرخانىسى 438 قېتىم ئۈزۈك سالدى، 818 ئايالغا بوغۇش ئوپېراتسىيىسى قىلدى، باشقا تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيىلىرىدىن 157 نى قىلدى. شۇ يىلى ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىنىڭ تۇغۇت بۆلۈمى تۇغۇت يېشىدىكى 503 ئايالغا ئۈزۈك سالدى، 191 ئايالغا بوغۇش ئوپېراتسىيىسى قىلدى، باشقا تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيىلىرىدىن 642 نى قىلدى، 579 ئايالنى يېڭى ئۇسۇلدا تۇغدۇردى. 1980- يىلى ۋىلايەت بويىچە 2110 ئۈزۈك سالدۇردى، 2078 ئەر، ئايال بوغدۇرۇش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇردى، 5057 كىشى باشقا تەدبىرلەرنى قوللاندى. 1514 ئائىلە يالغۇز پەرزەنتلىك بولۇش كىنىشكىسى ئالدى. 1983- يىلى ۋىلايەت 1 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ ئوپېراتسىيە ئېيى پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، 8581 ئەر، ئايال (ئەرلەر 50 ) تۇغۇت توختىتىش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇردى، 3187 ئۈزۈك سالدۇردى، 990 كىشى باشقا تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇردى. يۇقىرىدىكى تۆرلۈك ئوپېراتسىيىلەر جەمئىي 12 مىڭ 758 قېتىمغا يەتكەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەردىن 113 تەشەببۇسكارلىق بىلەن تۇغۇت توختىتىش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇردى. شۇ يىلى ئاراتۈرۈك ھەربىي ئات فېرمىسى، تۈز ساناتىتى باش زاۋۇتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇت نىسبىتى، تۇغۇت چەكلەش نىسبىتى، يالغۇز پەرزەنتلىك بولۇش نىسبىتى 100% كە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە خەنزۇلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇت نىسبىتى 96.21% بولدى، ئاز سانلىق مىللەتلەر تويلىشىپ ئولتۇراقلاشقان 18 يېزىدا كۆپ پەرزەنتلىك بولماسلىق ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

پىلانلىق تۇغۇتنىڭ يولغا قويۇلۇشى نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلىدى، خەنزۇلار نوپۇسىنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 1974- يىلىدىكى 32.46‰ تىن 1980- يىلى 10‰ تىن تۆۋەن بولدى. 1990- يىلى ۋىلايەتتىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 10‰ كە تۆۋەنلىدى. 1974 ~ 1990- يىلىغىچە بولغان 17 يىلدا ۋىلايەت بويىچە 157 مىڭ 215 ئادەم ئاز تۇغۇلدى.

### 1975 ~ 1990- يىلىغىچە قومۇل ۋىلايىتىدە ئاز تۇغۇلغان نوپۇس ۋە تېجەپ قېلىنغان بېقىلىش خىراجىتى

جەدۋەل: 3 - 19

| يىل | ئاز تۇغۇلغان نوپۇس | تېجەپ قېلىنغان خىراجەت | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | تۇرمۇش پۇلى (تۈمەن يۈەن): تاماق | تۇرمۇش پۇلى (تۈمەن يۈەن): كىيىم | ئوقۇش خىراجىتى (تۈمەن يۈەن) | داۋالىنىش خىراجىتى (تۈمەن يۈەن) | مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش ۋە تۇغۇت مەزگىلىدىكى ساقلىق ساقلاش خىراجىتى (تۈمەن يۈەن) | جەمئىي (تۈمەن يۈەن) |
| 1975 | 1123 | 685.17 | 153.47 | 159.60 | 71.60 | 53.16 | 1123 |
| 1976 | 3148 | 1824.62 | 408.70 | 425.02 | 190.68 | 141.58 | 2990.6 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 3777.3 | 178.82 | 240.84 | 536.83 | 516.21 | 2304.61 | 4197 | 1977 |
| 5626.15 | 266.34 | 358.72 | 799.59 | 768.87 | 3432.63 | 6619 | 1978 |
| 5311.2 | 251.43 | 338.64 | 754.83 | 725.83 | 3240.47 | 6639 | 1979 |
| 5745 | 271.97 | 366.30 | 816.48 | 785.11 | 3525.14 | 7660 | 1980 |
| 5565 | 263.45 | 354.82 | 790.90 | 760.51 | 3395.32 | 7950 | 1981 |
| 5243.55 | 248.23 | 334.33 | 745.21 | 716.58 | 3199.19 | 8067 | 1982 |
| 5290.8 | 250.47 | 337.34 | 751.93 | 723.04 | 3228.02 | 8818 | 1983 |
| 4790.5 | 226.78 | 305.44 | 685.83 | 654.67 | 2927.8 | 8710 | 1984 |
| 4308.5 | 203.96 | 274.71 | 612.32 | 588.80 | 2628.70 | 8617 | 1985 |
| 3834.9 | 181.54 | 244.51 | 545.02 | 524.08 | 2339.75 | 8522 | 1986 |
| 3778.4 | 179.06 | 241.17 | 537.55 | 516.90 | 2307.72 | 9456 | 1987 |
| 3241.1 | 144.91 | 195.18 | 435.04 | 418.33 | 1867.64 | 8746 | 1988 |
| 3341.1 | 144.91 | 195.18 | 435.04 | 418.33 | 1491.04 | 8149 | 1989 |
| 2216.75 | 104.94 | 141.34 | 315.04 | 302.94 | 1352.48 | 8867 | 1990 |

## §4. ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش

1953-، 1964-، 1982- ۋە 1990- يىللىرى مەملىكەت بويىچە تۆت قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. بۇ تۆت قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش جەريانىدا قومۇل ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت، ئالاقىدار ئورۇنلار ۋە بىر قىسىم ئىدارىلاردا نوپۇس تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى ۋە ئىشخانىلىرى قۇرۇلدى.

1. تەكشۈرۈشنىڭ مەقسىتى، ئۆلچەملىك ۋاقتى ۋە نوپۇس كاتېگورىيىسى

1953- يىلدىكى ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ سايلامغا تەييارلىق قىلىپ، سايلىغۇچىلارنى تىزىملاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، شۇنداقلا دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئەمەلىي نوپۇس سانى بىلەن تەمىن ئېتىشنى مەقسەت قىلدى. 1964- يىلدىكى ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش خەلق ئىگىلىكى قۇرۇلۇشىنىڭ 3- بەش يىللىق پىلانى ۋە كەلگۈسى پىلاننى تۈزۈشنى ئاساس بىلەن تەمىنلەشنى مەقسەت قىلدى. 1982- يىلدىكى ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى، خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇشنى، نوپۇس سىياسىتى ۋە پىلانى تۈزۈشنى نوپۇس ماتېرىيالى بىلەن تەمىن ئېتىشنى مەقسەت قىلدى. 1990- يىلدىكى ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش دۆلىتىمىزنىڭ هازىرقى نوپۇسى، تارقىلىشى ۋە قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئېنىقلاپ، خەلق ئىگىلىكى پىلانى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ سىياسىتىنى ئىلمىي بېكىتىش، خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇش، نوپۇس سىياسىتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش قاتارلىقلارنى ئىشەنچلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەشنى مەقسەت قىلدى.

تۆت قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشنىڭ ھەممىسىدىلا 6- ئاينىڭ 30- كۈنى سائەت 24 ( يەنى 7- ئاينىڭ 1- كۈنى سائەت نۆل) مەملىكەت بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈپ تىزىملاشنىڭ ئۆلچەملىك ۋاقتى قىلىپ بېكىتىلدى. تۆت قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشتە دائىم تۇرۇشلۇق نوپۇس تەكشۈرۈپ تىزىملاندى.

2. تەكشۈرۈش تۈرلىرى ۋە ئۇسۇلى

1953- يىلدىكى تەكشۈرۈشتە ئائىلە باشلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئىسىم- فامىلىسى، جىنسى، يېشى، مىللىتى ۋە تۇرۇشلۇق ئورنى قاتارلىق ئالتە تۈر بويىچە تەكشۈرۈلدى. 1964- يىلدىكى تەكشۈرۈشتە شۇ كىشىنىڭ تەركىبى، مەلۇماتى ۋە كەسپى قاتارلىق ئۈچ تۈر (تەركىبى ۋە كەسپى تىزىمغا ئېلىنىپ، ستاتىستىكا قىلىنمىدى) قوشۇلدى. 1982- يىلى نوپۇس تەكشۈرۈش تۈرلىرى 19 غا كۆپەيتىلدى، دائىم تۇرۇشلۇق نوپۇسىنىڭ تىزىملىنىش ئەھۋالى، خىزمەتچىلەرنىڭ كەسپى، ۋەزىپىسى ۋە خىزمىتى يوقلارنىڭ ئەھۋالى، نىكاھلىنىش ئەھۋالى، تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ ئومۇمىي سانى، ئەي بولغان بوۋاقلارنىڭ سانى ۋە تۇغۇش قېتىم سانى قاتارلىق تۈرلەر كۆپەيتىلدى. 1990- يىلدىكى 4- قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتە تەكشۈرۈش تۈرلىرى 21 گە كۆپەيتىلدى، شەخسلەر بويىچە تولدۇرىدىغىنى 15 تۈر، ئائىلىلەر بويىچە تولدۇرىدىغىنى ئالتە تۈر بولدى. 4- قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشنىڭ تۈرلىرى كۆپ، كۆلىمى چوڭ بولدى.

4- قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتە قاتتىق تەربىيىلەنگەن تەكشۈرگۈچى خادىملار ھەر بىر ئادەمگىچە، ئائىلىمۇ- ئائىلە يۈرۈپ تەكشۈردى. نوپۇس تەكشۈرۈش رايونىدا ئادەمگە قولايلىق بولۇش پرىنسىپى بويىچە دائىرىلەرگە بۆلۈپ نوپۇس تەكشۈرۈش ئورۇنلىرى تەسىس قىلىندى، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ئائىلە باشلىقلىرى ياكى ئائىلە ئەزالىرى تەكشۈرۈش ئورنىغا كېلىپ مەلۇم قىلدى ياكى تەكشۈرگۈچى خادىملار ئائىلىلەرگە بېرىپ تىزىملىدى.

3. سانلىق مەلۇماتلارنى رەتلەش ۋە جەملەش خىزمىتى

1953- يىلى ۋە 1964- يىلدىكى ئىككى قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشتە قول بىلەن جەملەش ئۇسۇلى قوللىنىلدى، 1982- يىلدىكى نوپۇس تەكشۈرۈشتە قول ۋە ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىدا جەملەشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇل قوللىنىلدى. 1990- يىلدىكى نوپۇس تەكشۈرۈشتە، تەكشۈرۈلدىغان ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلەر قول بىلەن جەملەندى، پۈتكۈل تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ۋىلايىتىمىز تۇنجى قېتىم ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىدىن پايدىلىنىپ جەملەپ چىقتى.

1953- يىلدىكى ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش نەتىجىسىنىڭ ئاساسلىق سانلىق مەلۇماتلىرى تۆۋەندىكىچە: 1953- يىل 6- ئاينىڭ 30- كۈنى سائەت 24 تىكى قومۇل ۋىلايىتىنىڭ نوپۇسى 81 مىڭ 16 ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەرلەر 42 مىڭ 720 كىشى بولۇپ، %52.7 نى تەشكىل قىلدى؛ ئاياللار 38 مىڭ 296 بولۇپ، %47.3 نى تەشكىل قىلدى. مىللەت تەركىبى بويىچە ئايرىغاندا، خەنزۇلار 31 مىڭ 721 بولۇپ، %39.15 نى تەشكىل قىلدى؛ مىللىيلار 49 مىڭ 295 بولۇپ، %60.85 نى تەشكىل قىلدى.

1964- يىلدىكى ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش نەتىجىسىنىڭ ئاساسلىق سانلىق مەلۇماتلىرى تۆۋەندىكىچە: 1964- يىل 6- ئاينىڭ 30- كۈنى سائەت 24 تىكى قومۇل ۋىلايىتىنىڭ نوپۇسى 184 مىڭ 897 ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەرلەر 99 مىڭ 99 بولۇپ، %53.6 نى تەشكىل قىلدى؛ ئاياللار 85 مىڭ 798 بولۇپ، %46.4 نى تەشكىل قىلدى. خەنزۇلار 119 مىڭ 760 بولۇپ، % 64.77 نى تەشكىل قىلدى؛ مىللىيلار 65 مىڭ 137 بولۇپ، %35.23 نى تەشكىل قىلىدۇ. ۋىلايەت بويىچە ئالىي مەكتەپ مەلۇماتلىقلار 964 بولۇپ، ھەر مىڭ ئادەملكە 5.2 دىن توغرا كەلدى؛ تولۇق ئوتتۇرا مەلۇماتلىقلار 4308 بولۇپ، 23.3 ھەر مىڭ ئادەمگە؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەلۇماتلىقلار 14 مىڭ 189 بولۇپ، ھەر مىڭ ئادەمگە 76.7 دىن توغرا كەلدى؛ باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتلىقلار 56 مىڭ 897 بولۇپ، ھەر مىڭ ئادەمگە 307.7 دىن توغرا كەلدى ئىگىلىدى. 12 ياشتىن يۇقىرى ساۋاتسىزلار 53 مىڭ 168 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %28.8 ىنى ئىگىلىدى.

1982- يىلدىكى ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش نەتىجىسىنىڭ ئاساسلىق سانلىق مەلۇماتلىرى تۆۋەندىكىچە: 1982- يىل7- ئاينىڭ1- كۈنى سائەت نۆلدىكى قومۇل ۋىلايىتىنىڭ نوپۇسى 377 مىڭ 577، بۇنىڭ ئىچىدە ئەرلەر 193 مىڭ 670 بولۇپ، %51.29 نى تەشكىل قىلدى، ئاياللار 183 مىڭ 907 بولۇپ، %48.71 نى تەشكىل قىلدى. خەنزۇلار 257 مىڭ 47 بولۇپ، %68.08 نى تەشكىل قىلدى، مىللىيلار 120 مىڭ 530 بولۇپ، %31.92 نى تەشكىل قىلدى. ۋىلايەت بويىچە ھەر خىل مەلۇماتتىكىلەرنى 1964- يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا تۆۋەندىكىدەك ئۆزگىرىشلەر بولدى: ئالىي مەكتەپ مەلۇماتلىقلار 964 تىن 1953 كە كۆپەيدى؛ تولۇق ئوتتۇرا مەلۇماتلىقلار 4308 تىن 37 مىڭ 845 كە كۆپەيدى؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەلۇماتلىقلار 14 مىڭ 189 تىن 82 مىڭ 266 غا كۆپەيدى؛ باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتلىقلار 56 مىڭ 897 دىن 130 مىڭ 36 غا كۆپەيدى، ساۋاتسىز ۋە چالا ساۋاتلار 62 مىڭ 732 بولۇپ، 1964- يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ساۋاتسىز ۋە چالاساۋاتلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇستا ئىگىلىگەن نىسبىتى %28.8 تىن %16.6 كە تۆۋەنلىدى.

1990- يىلدىكى ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش نەتىجىسىنىڭ ئاساسلىق سانلىق مەلۇماتلىرى تۆۋەندىكىچە: 1990- يىل 7- ئاينىڭ 1- كۈنى سائەت نۆلدىكى ۋىلايەتنىڭ نوپۇسى 408 مىڭ 945 ،

بۇنىڭ ئىچىدە ئەرلەر 209 مىڭ 810 بولۇپ، 51.31% نى تەشكىل قىلدى، ئاياللار 199 مىڭ 135 بولۇپ، 48.69 % نى تەشكىل قىلدى. خەنزۇلار 268 مىڭ 518 بولۇپ، 65.66 % نى تەشكىل قىلدى، مىللىيلار 140 مىڭ 427 بولۇپ، 34.34% نى تەشكىل قىلدى. ھەر خىل مەلۇماتىتكىلەرنى 1982- يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا زور ئۆزگىرىشلەر بولدى، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتلىقلار 1953 تىن 8274 كە كۆپىيىپ، 5.2% تىن 20.2% كە ئۆرلىدى؛ تولۇق ئوتتۇرا، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتلىقلار 37 مىڭ 845 تىن 68 مىڭ 103 كە كۆپەيدى؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەلۇماتلىقلار 82 مىڭ 266 دىن 108 مىڭ 210 غا كۆپەيدى؛ باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتلىقلار 130 مىڭ 36 دىن 131 مىڭ 546 غا كۆپەيدى. ساۋاتسىز ۋە چالا ساۋاتلار 62 مىڭ 732 دىن 43 مىڭ 619 غا تۆۋەنلىدى، ساۋاتسىز ۋە چالا ساۋاتلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇستا ئىگىلىگەن نىسبىتى 16.6% تىن 10.66% كە تۆۋەنلىدى.

## §5. ئاھالىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش

### 1. سۈپەتلىك تۇغۇش

سۈپەتلىك تۇغۇش ئاھالە ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. يېقىن تۇغقانلار ئارا نىكاھلىنىشنى چەكلەش، ئىرسىيەت كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر)، يېزىلاردا نىكاھتىن ئىلگىرىكى تەكشۈرۈش تۈزۈمى ئورنىتىلدى، تۇوي قىلىشقا ياكى تويدىن كېيىن پەرزەنتلىك بولۇشقا بولمايدىغانلارغا پەرقلىق مۇئامىلە قىلىنىپ، ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى قوللىنىلدى، توي قىلىشقا بولمايدىغان بىمارلارنى قەتئىي تىزىملاتقۇزمىدى، شۇنداقلا ھامىلدار ئاياللارنىڭ ئىچىشى چەكلەنگەن ۋە ئېھتىيات قىلىدىغان دورىلار توغرىسىدىكى تەشۋىقات قانات يايدۇرۇلدى. تۇغۇت مەركىزىدىكى كۆزىتىش ۋە بوۋاقلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش خىزمىتى كۈچەيتىلدى.

1950- يىللارنىڭ باشلىرىدا ۋىلايەتتە تۇغۇت ئانىلىرىنى تەربىيىلەش باشلىنىپ، ھامىلدارلىق مەزگىلىدىكى تەكشۈرۈش ۋە يېڭى ئۇسۇلدا تۇغدۇرۇش يولغا قويۇلدى. 1960- يىللارنىڭ ئاخىرلىرى داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش تارماقلىرى تۇغۇتتىن ئىلگىرىكى تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ھامىلدارلىق مەزگىلىدە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار توغرىسىدا تەشۋىق ئېلىپ باردى ۋە ھامىلىنىڭ ئورنىنى ۋاقتىدا توغرىلىدى. ھامىلدارلىق مەزگىلىدە نورمالسىزلىق كۆرۈلگەنلەرنى داۋالاپ، ھامىلىنىڭ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى؛ ئەھۋالى ئېغىر بولغانلارنى ھامىلىنى چۈشۈرۈۋېتىشكە سەپەرۋەر قىلدى.

1988- يىلى ۋىلايەتلىك تەشۋىقات، تېخنىكا يېتەكچىلىك ئورنى سۈپەتلىك تۇغۇشقا مەسلىھەت بېرىش ئامبۇلاتورىيىسى قۇرۇپ، مەسلىھەت سورىغۇچىلارغا ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش ۋە ھامىلىنى چۈشۈرۈۋېتىش ھەققىدە تەكلىپلەرنى بېرىپ، ئاھالىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلدى.

### 2. سۈپەتلىك تەربىيىلەش

1951- يىلدىن كېيىن ۋىلايەتتىكى شەھەر- يېزىلاردا يېڭىچە تۇغدۇرۇش ئومۇمىيۈزلۈك كېڭەيتىلىپ،

بوۋاقلارنىڭ يوقۇملىنىشىنى كونترول قىلىندى. 1958- يىلىدىن كېيىن يەسلى تەشكىلاتلىرى قۇرۇلدى، 1975- يىلىدىن باشلاپ باللارغا پىلانلىق ۋاكسىنا ئەملەش قانات يايدۇرۇلدى. 1978- يىلى ۋىلايەت، شەھەردىكى 11 نەپەر تېببىي خادىم سۈپەتلىك تەربىيلەش بىلىملىرى توغرىسىدا 311 ئادەم (قېتىم) مەسلىھەت بەردى. 1980- يىلى تېببىي خادىملار شەھەر رايونىدىكى ئالتە ئايلىقتىن يەتتە ياشقىچە بولغان يالغۇز پەرزەنتلەرنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈردى.

سۈپەتلىك تۇغۇش، سۈپەتلىك تەربىيلەشنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە يېقىن تۇغقانلار ئارا نىكاھلىنىشنى توسۇش ئارقىلىق تۇغما مېيىپ كېسەللىكلىرى ئازايتىلدى.

# V باب

# خەلق تۇرمۇشى

## §1. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى خەلق تۇرمۇشى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى قۇمۇلدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۇرۇش مالىمانچىلىقىنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتتى ۋە ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسى، ئېزىشىگە ئۇچرىغان بولۇپ، تۇرمۇشى ئىنتايىن قىيىنچىلىقتا ئۆتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى 3- يىلىدىن 6- يىلى (1864 ~ 1867- يىلىغىچە) غىچە قۇمۇل، بارىكۆللەردە يۈز بەرگەن ئۇرۇش مالىمانچىلىقى تۈپەيلىدىن يەرلەر چۆلدەرەپ، ئازراقمۇ ھوسۇل ئېلىنمىدى، بارىكۆل ناھىيىسىنىڭ شەھەر ئەتراپىدىلا 300 دىن ئارتۇق ئادەم ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەن. مىنگونىڭ 20- يىلىدىن 23- يىلى (1931 ~ 1934- يىلىغىچە) غىچە مىلىتارىست ماجۇڭيىڭ قۇمۇل، بارىكۆللەرگە ئىككى قېتىم كىرىپ، بۇ جايلارنى زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى. مىنگونىڭ 24- يىلى (1935- يىلى) بارىكۆلدە قۇرغاقچىلىق، چاشقان ئاپىتى بولۇپ، 200 دىن ئارتۇق ئادەم سوغۇق ۋە ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتتى. بارىكۆلدىكى قازاق چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ ئېچىنىشلىق بولۇپ، چارۋا ئىگىلىرى ۋە خوجايىنلارنىڭ بۇلاڭ- تالاڭ ۋە ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمەتنىڭ ئالۋان- ياساقلىرىنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقاندىن سىرت، شىنجاڭدىكى مىلىتارىست شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قىرغىنچىلىقىغا ئۇچرىدى. زور بىر تۈركۈم چارۋىچىلار گەنسۇ، چىڭخەيلەرگە كۆچۈپ كېتىشكە، سەرسان- سەرگەردان بولۇشقا مەجبۇر بولدى. قۇمۇل ناھىيىسى ۋە ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇرلار ۋاڭنىڭ ئېزىشى ۋە زۇلۇمىغا ئۇچرىدى. مىنگو دەۋرىدە، يومبىشچىك، دىنىي تۆرىلەرنىڭ ئېزىشى، ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئۇچرىغاندىن سىرت يەنە ھۆكۈمەتكە غەللە- پاراق تاپشۇردى. مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) 6- ئايدا قۇمۇلدا ئۇن، گۈرۈچ، رەختنىڭ باھاسى 320% ~ 650% كىچە ئۆرلىدى؛ كېيىنكى بىرىم يىلدا قۇمۇل شەھىرىدە يېرىم ئاي ۋاقىت ئىچىدە مال باھاسى ئىككى ھەسسىدىن ئارتۇق ئۆرلىدى.

**مىنگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى) 6- ئاي ۋە 12- ئايلاردىكى قومۇلنىڭ مال باھا ئەھۋالى**

جەدۋەل 3 – 20

| مال باھاسى / تۈرى | باھاسى (يۈەن) | | باھانىڭ ئۆرلىشى (%) |
|---|---|---|---|
| | 6- ئاي | 12- ئاي | |
| گۆرۈچ ( ھەر دادەن ) | 40000 | 140000 | 250 |
| قارا ئاشلىق ( ھەر يۈز جىڭ ) | 15000 | 30000 | 100 |
| كىرسىن ( ھەر يۈز جىڭ ) | 24000 | 28000 | 16 |
| كۆمۈر ( ھەر يۈز جىڭ ) | 9700 | 165000 | 70 |
| پاختا ( ھەر يۈز جىڭ ) | 50000 | 13000 | 160 |
| ماتا ( ھەر چى ) | 1200 | 2000 | 69 |
| چوشقا مېيى ( ھەر جىڭ ) | 800 | 2000 | 150 |
| تۇز ( ھەر جىڭ ) | 20 | 30 | 50 |
| شېكەر ( ھەر جىڭ ) | 1400 | 3000 | 114 |

مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى) 12- ئايدا 6- ئايدىكىگە قارىغاندا ھەر دادەن گۆرۈچنىڭ باھاسى 106.89%، ھەر جىڭ ئۇننىڭ باھاسى 80.80% ئۆرلىدى، قارا ئاشلىقنىڭ باھاسى، كۆمۈرنىڭ باھاسى ئۆرلىمىدى، كىرسىننىڭ باھاسى 15.38%، پاختىنىڭ باھاسى 144.4%، ماتانىڭ باھاسى 340%، چوشقا يېغىنىڭ باھاسى 15.79%، تۇزنىڭ باھاسى 11.19%، ئاق شېكەرنىڭ باھاسى 26.31% ئۆرلىدى.

مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) 6- ئايدىكى مال باھاسى يىل بېشىدىكى مال باھاسىغا قارىغاندا گۆرۈچنىڭ باھاسى 283.33%، ئۇننىڭ باھاسى 105.88%، كىرسىننىڭ باھاسى 190.5% ئۆرلىدى، كۆمۈرنىڭ باھاسى ئۆرلىمىدى، پاختىنىڭ باھاسى 309.09%، ماتانىڭ باھاسى 127.27 %، چوشقا يېغىنىڭ باھاسى 36.36%، تۇزنىڭ باھاسى 100%، ئاق شېكەرنىڭ باھاسى 25% ئۆرلىدى.

مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) 6- ئايدىكى مال باھاسى يىل بېشىدىكىگە قارىغاندا گۆرۈچنىڭ باھاسى 600%، ئۇننىڭ باھاسى 650%، كىرسىننىڭ باھاسى 700% ئۆرلىدى، كۆمۈرنىڭ باھاسى

2428.57%، پاختىنىڭ باھاسى 220 %، ماتانىڭ باھاسى 320 %، چوشقا يېغىنىڭ باھاسى 1100%، ئاق شېكەرنىڭ باھاسى 1900% ئۆرلىدى، تۇزنىڭ باھاسى ئۆرلىمىدى.

[قوشۇمچە] قۇمۇل ۋاڭىنىڭ دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىسى

قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسى ئىنتايىن دەھشەتلىك، ئېكسپىلاتاتسىيە ئۇسۇلى ۋە ۋاسىتىسىمۇ خىلمۇ خىل بولدى. قۇمۇل ۋاڭى ئېكسپىلاتاتسىيە ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق بايلىق توپلاپ، ئەيش- ئىشرەتلىك تۇرمۇش كەچۈردى، خەلق ئارىسىدا «ۋاڭنىڭ تامچە شارابى بىزنىڭ تامچە قېنىمىز، ۋاڭنىڭ كىيىم- كېچەكى بىزنىڭ تېرىمىز، ۋاڭنى سەمرىتكەن بىزنىڭ قان تەرىمىز، ۋاڭنىڭ قەسرى بىزنىڭ سۆڭەكلىرىمىز» دېگەن قوشاق تارقالدى.

1. ھەقسىز، مەجبۇرىي ھاشارغا چىقىرىش

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 26- يىلى (1761) «يۈسۈپ باشچىلىقىدىكى قەبىلە 13 جەمەتكە ئايرىلدى، ھەر بىر جەمەت بىردىن ئاقساقال تەيىنلىدى، ئەللىكتىن يۈزگىچە ئەسكەرلىككە يارايدىغان يىگىتنى باشقۇردى. ھەر قېتىملىق زۆرۈر ئەسكىرىي ۋە ئەمگەك كۈچى تەلىپىنى قاندۇردى». ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئائىلىلەرنىڭ ئەمگەككە ھەق بېرىلمىدى، مەجبۇرىي ئەمگەك ئۇسۇلى قوللىنىلدى.

تارىختىكى قۇمۇل ۋاڭلىرى ھاشار ئارقىلىق پۇقرالارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلدى، «ھەر بىر ئائىلىدىن ھەر ئايدا بىر ئادەم 4 ~ 5 كۈن ھاشارغا چىقتى»، ئوردىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ھەر بىر ئائىلە ھەر ئايدا ۋاڭغا ئۈچ كۈن ھەقسىز ئىشلىشى، مالايلىق قىلىشى شەرت ئىدى.

قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ئېتىز- ئېرىق، باغ- ۋاران، مال- چارۋىلىرى، سۇ ئىنشائاتى، كۆمۈر كان، تۈگمەنلىرى ھەتتا ئوردىنىڭ مالايلىق ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى چاكارلار قىلدى، ھەق بېرىلمىدى. بۇ خىل ئېكسپىلاتاتسىيە 9- ئەۋلاد قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇت دەۋرىگە كەلگەندە تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. ھاشارغا چىقىشنى بەش كۈنگە، كېيىن يەتتە كۈنگە ئۆزگەرتتى. بۇنى مۇقىم داۋاملاشتۇردى. بۇندىن باشقا يەنە ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان باشقا ئىشلارغىمۇ سالدى، بۇنداق ئىشلار ھاشارغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ بولدى، بىر يىلى قۇمۇل ۋاڭى سېپىلنى رېمونت قىلدۇرۇش ئۈچۈن ھەر بىر ئائىلىدىن بىردىن ئادەم چىقارتقۇزۇپ، جەمئىي تۆت ئاي ئەتراپىدا ئىشلەتتى. ۋاڭ ئوردىسى يەنە دىنىي ئۆلىمالار ۋە ئەمەلدارلارنىڭ يەر، چارۋىلىرىنى ھەقسىز تېرىتتى ۋە باقتۇردى، ھەتتا دېھقان قۇللارنىڭ خوتۇنلىرىنى دىنىي ئۆلىمالارنىڭ ئۆيى ئىشلىرىغا سالدى، ھېچقانداق ھەق بەرمىدى. مەسچىتلەرنىڭ ئىقتىسادىنى ئاساسەن ئوردا خادىملىرى باشقۇردى، كىرىمى مەسچىتكە تەۋە بولدى، لېكىن كۆپ قىسمى ئاخۇنۇملارنىڭ ھەققى قىلىندى. پۇقرالار يەتتە كۈنلۈك ھاشاردىن سىرت يەنە قانلامىمۇ قاتلام قوشۇلغان ئەمگەكلەرنى ئورۇندىدى، بىر ئايدا دېھقانلارنىڭ ئۆز ئىشىنى قىلىشقا ھېچقانچە ۋاقىت قالمىدى. شۇ چاغلاردا «مۇزدۇزغا ئۆتۈك تەگمەيدۇ» دېگەن گەپلەر تارقالدى، چۈنكى ياخشى ھۈنەرۋەنلەر ۋاڭ، تەيجى ۋە بەگلەرنىڭ خىزمىتىنى قىلدى، ئوردىنىڭ بارلىق يۇگۇر- يېتىم ئىشلىرىنى پۇقرالار نۆۋەت بىلەن بېرىپ قىلدى، ئالتە كۈندە بىر ئالماشتى، دېھقانچىلىقتىن باشقا، ۋاڭنىڭ مالايلىقىنى يىل بويى قىلىپمۇ تۈگەتكىلى بولمايتتى.

ئۇردىدىكىلەر پۇقرالار ئىچىدىكى ھۈنەرۋەنلەرنى تاللاپ تىككۈچىلىك، كۆنچىلىك، زەرگەرچىلىك قىلدۇردى، ھەق بەرمىدى.

قۇمۇل ۋاڭى ھەر يىلى قارادۆۋە خەلقىگە ئۆزى ئۈچۈن مەجبۇرىي قوغۇن تېرىتتى، كىمنىڭ يېرى ياخشى بولسا، زورلۇق بىلەن ۋاڭ ئۇردىسىنىڭ قوغۇنلۇق يېرى قىلىۋالدى، كىمكى بەرمىسە قامچىلىدى، ھەتتا باغلاپ ئۇردىغا ئاپاردى. پۇقرالارنىڭ يېرىنى زورلۇق- زومىگەرلىك بىلەن تارتىۋېلىشتىن باشقا زورلۇق بىلەن ۋاڭ ئۈچۈن قوغۇن تېرىتتى، ئازراقلا قارشىلىق كۆرسەتسە، تاياق يەيدىغان بولغاچقا، خەلق ئىنتايىن يۇرەكزادە ئىچىدە ياشىدى. جاڭ ئاۋازى بىلەن تەڭ پۇقرالار قولىدىكى ئىشلىرىنى قويۇپ، قوغۇن ئېتىزىغا يىغىلىپ، ۋاڭ ئۈچۈن قوغۇن تېرىدى. پۇقرالار ۋاڭنىڭ يەرلىرىنى تېرىپلا قالماستىن، يەنە قويلىرىنى باقتى، كۆمۈرىنى قازدى. قارادۆۋە ئاھالىلىرى ئارىسىدىكى ياش، كۈچتۈڭگۈرلەر ياكى بويۇنتاۋلىق قىلغانلار تارانچىغا كۆمۈر قېزىشقا ئەۋەتىلدى، بىر ئەۋەتىلىشتە نەچچە ئون كۈن ھەتتا بىر ئىككى يىلغا سوزۇلدى. پۇقرالار يەنە ۋاڭغا مەپىچى (تەختىراۋانكەش)، ئاشپەز بولدى، ھەر يىلى يازدا ۋاڭ ئائىلىسىدىكىلەر باغداشقا سالقىنداشقا، يازنى ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ چىققاندا، ئۇلارنى پۇقرالار ھەقسىز كۆتۈرۈپ ئاپاردى.

«ۋاڭ ئۇردىسىغا كىرگەن گادايىنىڭ چىقمىقى تەس». ئىشقىلىپ ۋاڭ ئۇردىسىغا يۇگۈر- يېتىم ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن كىرگەن پۇقرالار ۋاڭنىڭ دىتىغا ئازراقلا يافماي قالسا، يېنىكرەكلىرى قامچا، تاياق يېدى، ئېغىرلىرى قىزدۇرۇلغان مايدا داغلاندى، قانچىلىغان ئادەملەر بىگۇناھ جېنىدىن ئايرىلدى.

ۋاڭنىڭ يەرلىرىنى تېرىيدىغانلار يانچى دېيىلەتتى، ھەر ئىككى نەپەر يانچى ۋاڭنىڭ 20 ~ 40 مو يېرىنى تېرىدى، ھەر مو يەردىن يىلىغا بىر دادەن ئاشلىق تاپشۇردى. ئۇردىنىڭ ھەر بىر يانچىغا بۆلۈپ بەرگەن 3 ~ 5 مو شورلۇق يەردىن چىققان ئاشلىقى يېمەككىمۇ يەتمىدى، لېكىن ئۇردىغا تاپشۇرىدىغان ئاشلىقى يەتمىگەندە ئۆزىنىڭ يېمەك ئاشلىقىدىن تولۇقلاپ تاپشۇردى، يانچىلارنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ئىچىدە ئۆتتى.

2. زورلۇق بىلەن ئالۋان- ياساق سېلىش، يۇقىرى ئۆسۈم بىلەن شىلىۋېلىش

«قۇللاردىن قانچىلىك ئۇۋالچىلىق ۋە ئۆچمەنلىكىڭ بار؟ دېسە، قۇللار ئۇۋالچىلىق ۋە ئۆچمەنلىكىم دېڭىزچە بار، شامەخسۇتنىڭ ئالۋان- ياسىقى قانچىلىك؟ دېسە، ئۇنىڭ ئالۋان- ياسىقى تاغدىنمۇ ئېغىر» دەيدۇ. چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى يۇقىرى قاتلام فېئوداللىرىنى ئۆزىگە قارىتىش ئۈچۈن مەرتىۋە بېرىش، ئىنئام بېرىش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق فېئوداللارنىڭ ھوقۇقىنى ئېنىق قىلىپ بېكىتىپ ھەمدە قانۇنلاشتۇرۇپ، فېئوداللارنىڭ ئېزىشى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. فېئوداللار بىر تەرەپتىن چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قول- چومىقى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن چىڭ ھۆكۈمىتىگە تايىنىپ خەلقنى ئەزدى. قۇمۇل ۋاڭى ئۆزىگە قاراشلىق جايلاردا خەلقنى مۇكەممەل باشقۇرۇش ھوقۇقى يۈرگۈزدى، خەلق جاساققا، ئۇردىغا ۋە بەگلەرگە كۆنلۈك ئىشلەش، ئۇششۇقچە ئىشلەش، ۋاڭنىڭ يەرلىرىنى مەجبۇرىي تېرىش قاتارلىق قۇللۇقچىلىقلارنى قىلىشتىن باشقا سېلىقلارنىمۇ تاپشۇردى.

تارىختىن بۇيانقى قۇمۇل ۋاڭلىرى سىياسىي جەھەتتىن ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ ئالاھىدە ھوقۇقنى ئىزچىل ساقلاپ كەلدى، ئۇلارنىڭ باج- سېلىق ئارقىلىق خەلقنى

ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئۇسۇللىرى كۆپ خىل ئىدى:

1) دېھقانچىلىق باج. سېلىقى ۋاڭ ئوردىسىنىڭ بەلگىلىمىسىدە، بولاق سۇيىدىن سۇغىرىلىدىغان ئىجارە يەرلەرنىڭ ھەر موسىغا يىلىغا ئۈچ كۈرە (بىر كۈرە 45 جىڭ)، تاغ سۈيىدە سۇغىرىلىدىغان ئىجارە يەرلەرنىڭ ھەر موسىغا يىلىغا ئىككى كۈرە ئىجارە ھەققى تاپشۇرۇلىدۇ، مەھسۇلاتى ياخشى ياكى يامان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئىجارە ھەققى ئازراقمۇ كېمەيتىلمەيدۇ، دەپ بەلگىلەندى. بەگ، تەيجى، قازى، ئاخۇنۇملارنىڭ يەرلىرىنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىغانلار چىققان ئاشلىقنىڭ 30% ~ 40% ىنى ئىجارىگە، 30% ىنى ھۆكۈمەتنىڭ غەللە- پارىقىغا تاپشۇرىدىغان بولغاچقا، 50% ~ 60% دېھقان سەرسان بولۇپ كەتتى ياكى يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرزگىلا تايىنىپ جان باقتى.

2) چارۋىچىلىق باج. سېلىقى «ساناق بېجى» دا ھەر 100 قويدىن ئۈچى باجغا تۇتۇلدى. «ئوقۇر بېجى» دا ھەر 100 قوي ئۈچۈن بىر قوي، باشقا چارۋىلار بولسا، قويغا سۇندۇرۇپ ھېسابلىنىپ باج تۇتۇلدى. «سېرىق ماي بېجى» دا ھەر بىر سېغىن كالا ئۈچۈن 15 جىڭ سېرىق ماي تاپشۇردى. «تۆل بېجى» دا چارۋىچى يانچىلارنىڭ (ۋاڭنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئائىلىلەر) ھەر بىر ساغلىقى يىلدا بىرنى قوزىلىشى، بىر سىيىر ئۈچ يىلدا ئىككىنى موزايلىشى، ھەر بىر بايتال يىلدا بىر قۇلانلىشى شەرت ئىدى، ئەگەر بەلگىلىمىگە يەتمىسە ھەسسىلەندى. «تېرە بېجى» دا ھەر 100 قوي ئۈچۈن يىلىغا 10 پارچە تېرە (ئەل تېرە) تاپشۇردى، ھەر 100 تۇياق چارۋا كۆپەيسە بەش پارچە ئەل تېرە قوشۇلۇپ ماڭدى. ھەر بىر ئائىلە دېھقان ئوردا ئۈچۈن بەشتىن توخۇ- ئۆردەك باقتى، ھەر بىر توخۇ- ئۆردەكنىڭ تۇخۇم تۇغۇش ۋاقتى 10 ئاي ھېسابلىنىپ، جەمئىي 300 تۇخۇم تاپشۇردى.

3) سۇ بېجى دېھقانلار ئۆزلىرىنىڭ يەرلىرىنى سۇغىرىش ئۈچۈن ئوردىغا چوقۇم سۇ بېجى تاپشۇرۇشى شەرت ئىدى. سۇ بېجى ئىككىگە بۆلۈندى، بىرى يەرنىڭ مو سانىغا قاراپ باج تاپشۇرۇش بولۇپ، ھەر مو يەر ئۈچۈن يېرىم كۈرە بۇغداي، بىر كۈرە قارا ئاشلىق تۆلەندى، بۇ «ئۆلۈك باج» دېيىلدى؛ يەنە بىر خىلى كەنتلەرگە سېلىق سېلىش بولۇپ، كەنتلەر يەنە ئائىلىلەرگە سېلىق سالاتتى، كىچىكرەك كەنتلەر نەچچە دادەن، چوڭراق كەنتلەر نەچچە ئون دادەندىن تاپشۇردى، بۇ «ئالتۇن ساڭ» دېيىلدى. دېھقانلار يەر سۇغىرىشتا ئەگرىتاغدىن چۈشكەن سۇغا قاراشلىق ئىدى.

4) باشقا سېلىقلار يۇقىرى ئۆسۈم بىلەن شىلىۋېلىش. شامەخسۇت دەۋرىدە ئاشلىق ۋە پۇلنىڭ قەرز ئۆسۈمى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئۆسكەن بولۇپ، يىللىق ئۆسۈمى بەش ئۆلۈش ئىدى. دىرى بىلەن ئۆسۈمى قوشۇلۇپ ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، ئايلانغانسېرى كۆپىيىدىغان بولغاچقا، قايتۇرۇشقا ئىمكانىيەت قالمايتتى، ئاخىرىدا قەرز ئالغۇچى ۋەيران بولاتتى ياكى قۇل بولاتتى.

ھەر يىلى قىشتا ھەر بىر ئوۋچى قومۇل ۋاڭىغا بىردىن بۆرە كۆچۈكى سوۋغا قىلاتتى، ئوردا ھەر يىلى ھەر قايسى جايلاردىكى دورغىلارغا 200 پايدىن ئوق تارقىتىپ بېرىپ، مەخسۇس ياۋايى ھايۋاناتلارنى ئۆۋلىتاتتى. ئوق ئالغانلىكى ئوۋچىلار ھەر يىلى ئوردىغا بىردىن قۇلان، بىردىن ياۋا تۆگە، بىردىن ئارقار ياكى تاغ تېكىسى تاپشۇراتتى. ھەر قايسى تاغلار يىلدا جەمئىي 50 بوغا مۆڭگۈزى تاپشۇرغاندىن باشقا يەنە ھەر خىل ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تېرىسىنى تاپشۇراتتى. ھەر يىلى 9-، 10- ئايلاردا ئوۋچىلار ئوۋ بۈركۈتلىرىنى ئېلىپ تاغ ئىچىگە كىرىپ، كۈنىگە ئىككى تۈلكە ياكى باشقا ياۋايى ھايۋانلاردىن ئىككىنى، ئىككى ئايدا 40 پارچە تۈلكە

تېرىسى تاپشۇراتتى.

تارىختا تۈتكەن قۇمۇل ۋاڭلىرى پايتەختكە سالامغا بارغاندا، دائىم پۇقرالارغا ئېغىر سېلىق سالاتتى. 1885- يىلدىن 1904- يىلغىچە شامەخسۇت چىڭۋاڭ ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم پايتەختكە سالامغا باردى، ھەر قېتىمدا سوۋغات بۇيۇملار 30 نەچچە خىل بولغاچقا 30 نەچچە ئات هارۋىسىدا توشۇلدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى قۇمۇل ۋاڭنىڭ پۇقرالىرىدىن ئېلىندى.

3. دىندىن پايدىلىنىپ خەلقنى تالان- تاراج قىلىش

ھۆكۈمەت بىلەن دىننى بىرلەشتۈرۈۋالغان قۇمۇل ۋاڭى سەدىقە نامىدا دىندىن پايدىلىنىپ خەلقنى تالان- تاراج قىلدى. سەدىقەنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، ستاتىستىكا قىلىنىشىچە قۇمۇلدىكى دىنىي زاتلارنىڭ كىرىمىنىڭ 60% ~ 70% ى مۇسۇلمانلارنىڭ سەدىقىسىدىن كەلگەن. سەدىقەنىڭ 20 نەچچە تۈرى بار ئىدى.

## §2. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى خەلق تۇرمۇشى

1. دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن دېھقان- چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشى تەدرىجىي ياخشىلاندى، 1953 ~ 1957- يىلغىچە، كۆپ ساندىكى دېھقانلارنىڭ يىللىق كىرىمى 20% ئەتراپىدا ئاشتى. قۇمۇل ناھىيىسى يېزىلىرىنىڭ كىشى بېشى ئوتتۇرىچە كىرىمى 85 يۈەندىن 104 يۈەنگە كۆپەيدى.

1959 ~ 1962- يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا تەبىئىي ئاپەتلەر سەۋەبىدىن يېزا ئىگىلىكىدە مەھسۇلات كېمىيىپ، كىشى بېشى ئوتتۇرىچە كىرىم 104 يۈەندىن 82 يۈەنگە، يېزا پۇل ئامانىتى 600 مىڭ يۈەندىن 510 مىڭ يۈەنگە چۈشۈپ قالدى.

1963 ~ 1966- يىلغىچە، «تەكشۈرۈش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنى ۋە مەركەزنىڭ «يېزا خەلق كوممۇنىلىرى خىزمەت نىزامى» ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، كوممۇنا ئەزالىرىغا قالدۇرۇق يەر بېرىلىپ، كوممۇنا ئەزالىرىنىڭ كىرىمى ئاشتۇرۇلدى، يېزا پۇل ئامانىتى 490 مىڭ يۈەندىن 620 مىڭ يۈەنگە كۆپەيدى.

1967 ~ 1972- يىلغىچە داۋاملاشقان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئىشلەپچىقىرىش ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق ئومۇمىي كىرىمدە ئېشىش بولغان بولسىمۇ، لېكىن دېھقانلارنىڭ قوشۇمچە كەسىپلەرنى راۋاجلاندۇرۇشى چەكلەنگەنلىكتىن، كوممۇنا ئەزالىرىنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇش سەۋىيىسى تۆۋەنلەپ كەتتى.

1978- يىلى ج ك پ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان ئىقتىسادىي سىياسىتى تەدرىجىي ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت

تۇرۇمى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، دېھقان- چارۋىچىلارنىڭ كىرىمى تېز ئېشىپ، تۇرمۇش سەۋىيىسى ناھايىتى تېز ئۆستى.

باركۆل ناھىيىسىدە 1949- يىلى كىشى بېشىغا 126 كىلوگرام ئاشلىق، 11 كىلوگرام ياغلىق دان، 8.1 تۇياق چارۋا توغرا كەلدى، 1957- يىلى كىشى بېشىغا 269 كىلوگرام ئاشلىق، 12 كىلوگرام ياغلىق دان، 10.4 تۇياق چارۋا، 79 يۈەن نەق پۇل توغرا كەلدى، 1964 - يىلى كىشى بېشىغا 367 كىلوگرام ئاشلىق، تۆت كىلوگرام ياغلىق دان، 10.3 تۇياق چارۋا، 94 يۈەن نەق پۇل توغرا كەلدى، 1979- يىلى كىشى بېشىغا 399 كىلوگرام ئاشلىق، 13.5 كىلوگرام ياغلىق دان، 6.7 تۇياق چارۋا، 216 يۈەن نەق پۇل توغرا كەلدى، 1983- يىلى كىشى بېشىغا 500.5 كىلوگرام ئاشلىق، يەتتە كىلوگرام ياغلىق دان، 7.4 تۇياق چارۋا، 326 يۈەن نەق پۇل توغرا كەلدى، 1985- يىلى كىشى بېشىغا 326 كىلوگرام ئاشلىق، 1.3 كىلوگرام ياغلىق دان، 6.9 تۇياق چارۋا، 310 يۈەن نەق پۇل توغرا كەلدى.

قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ 1949- يىلدىكى كىشى بېشى كىرىمى 62 يۈەن ئىدى، 1963 ~ 1966- يىللىقچە يېزىلارنىڭ كىشى بېشى ئوتتۇرىچە كىرىمى 82 يۈەندىن 100 يۈەنگە كۆپەيدى، 1983- يىلى كىشى بېشى ئوتتۇرىچە كىرىمى 220 يۈەنگە يەتتى.

1979- يىلى مەملىكەت بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاشلىق 342.05 كىلوگرام بولۇپ، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە كىشى بېشىغا 215.1 كىلوگرام ئاشلىق توغرا كېلىپ، مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 127 كىلوگرام تۆۋەن بولدى؛ مەملىكەت بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ياغلىق دان 6.6 كىلوگرام، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ 9.6 كىلوگرام بولۇپ، مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن ئۈچ كىلوگرام يۇقىرى؛ مەملىكەت بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان چارۋا 0.61 تۇياق، شىنجاڭ ۋە ئىچكى موڭغۇلدا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان چارۋا 2.1 تۇياق، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان چارۋا 8.3 تۇياق بولۇپ، مەملىكەتنىڭكىدىن 7.7 تۇياق، ئاپتونوم رايوننىڭكىدىن 6.2 تۇياق كۆپ بولدى.

ۋىلايەت بويىچە دېھقانلارنىڭ پۇل كىرىمى ئومۇمىي سوممىسى 1957- يىلى 11 مىليون 311 مىڭ 700 يۈەن بولۇپ، كىشى بېشى كىرىمى 151.67 يۈەن بولدى. 1985- يىلى كىرىم ئومۇمىي سوممىسى 71 مىليون 858 مىڭ 300 يۈەن بولۇپ، 1957- يىلدىكىدىن 60 مىليون 546 مىڭ 600 يۈەن ئېشىپ، 1957- يىلدىكىنىڭ 6.35 ھەسسىگە توغرا كېلىپ، يىلىغا %5.5 ئاشتى؛ كىشى بېشى كىرىمى 333.48 يۈەن بولۇپ، 1957- يىلدىكىدىن 1.1 ھەسسە كۆپىيىپ، يىلىغا %2.3 ئاشتى. مال باھاسىنىڭ ئۆرلەش ئامىللىرىنى چىقىرىۋەتكەندە، 1985- يىلدىكى ئەمەلىي كىرىم 34 مىليون 7700 يۈەن بولۇپ، 1957- يىلدىكىدىن ئىككى ھەسسە كۆپەيدى، يىلىغا %3.3 ئېشىپ، كىشى بېشى ئەمەلىي كىرىمى 306.22 يۈەن بولۇپ، 1957- يىلدىكىدىن ئىككى ھەسسە كۆپەيدى. 1990- يىلى ۋىلايەت بويىچە دېھقانلارنىڭ ئومۇمىي كىرىم سوممىسى 128 مىليون 691 مىڭ 500 يۈەن بولۇپ، 1957- يىلدىكىدىن 10.37 ھەسسە كۆپىيىپ، يىلىغا %7.4 ئاشتى. 1990- يىلى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئەمەلىي كىرىم 563.53 يۈەن بولۇپ، 1957- يىلدىكىدىن تۆت ھەسسىدىن ئارتۇق كۆپەيدى.

## قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ 1985 ~ 1990- يىللىقچە بولغان نەق پۇل كىرىم- چىقىمىنى ئۆلگە ئېلىپ تەكشۈرۈش ئەھۋالى (1)

جەدۋەل 3 – 22 – 1

| تۈرى / پۇل / تىپى | | ئادەتتىكى دېھقان ئائىلىلىرى 1985 | 1986 | 1987 | 1988 | 1989 | 1990 | مەخسۇس تىرىشچانلىق ئائىلىلىرى 1985 | 1986 | 1987 | 1988 | 1989 | 1990 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تەكشۈرۈلگەن ئائىلە (ئائىلە) | | 40 | 40 | 10 | 13 | 20 | 15 | 1 | 1 | 3 | 4 | 5 | 4 |
| تەكشۈرۈلگەن ئائىلىدىكى جان سانى (ئادەم) | | 215 | 275 | 50 | 63 | 98 | 70 | 7 | 7 | 13 | 18 | 27 | 20 |
| يىللىق پۇل ئومۇمىي كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | كوللېكتىپ كىرىمىدىن كەلگىنى | 0.04 | 0.02 | 0.15 | 0.16 | 0.5 | 0.23 | | | | | | |
| | يىراق شەكىللىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش كىرىمى | 4.92 | 2.99 | 2 | 2.23 | 3.9 | 2.4 | 0.65 | 0.65 | 2.21 | 2.25 | 2.1 | 2.32 |
| | ئائىلە تونۇشۇپچە كەسىپى كىرىمى | 1.8 | 2.62 | 0.15 | 0.52 | 1.5 | 0.59 | 0.05 | 0.06 | 1.20 | 0.15 | 0.9 | 0.22 |
| | باشقا كىرىملەر | 1.31 | 1.16 | 0.05 | 0.07 | 0.3 | 0.14 | 0.03 | | | | 0.1 | |
| | ئائىلەت پۇلىنى ئېلىش، قەرز | 0.6 | 0.73 | 1.5 | 1.96 | 0.63 | 2.03 | | | | 0.9 | | 0.97 |
| يىللىق ئومۇمىي چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | ئىشلەپچىقىرىش تىجارەت چىقىمى | 2.23 | 2.31 | 0.75 | 1.41 | 3.25 | 1.48 | 0.07 | 0.06 | 0.63 | 0.51 | 0.9 | 0.58 |
| | تۇرمۇش چىقىمى | 4.3 | 4.41 | 1.57 | 1.7 | 3.35 | 1.77 | 0.29 | 0.3 | 0.83 | 1.39 | 1.6 | 1.46 |
| | مەدەنىيەت تۇرمۇش چىقىمى | 0.09 | 0.26 | 0.10 | 0.20 | 0.5 | 0.27 | 0.01 | 0.02 | 0.04 | 0.07 | 0.1 | 0.14 |
| | باشقا چىقىملار | 0.56 | 0.37 | 0.08 | 0.10 | 0.4 | 0.17 | 0.01 | 0.01 | 0.03 | 0.06 | | 0.13 |
| | پۇل ئائىلەت قويۇش، قەرز بېرىش | 0.31 | 0.63 | 1.3 | 1.49 | 0.6 | 1.56 | 0.34 | 0.35 | 1.69 | 1.02 | 0.2 | 1.09 |
| يىل ئاخىرىدا قالغان ئومۇمىي پۇل | تۇرمۇشتا ئىشلىتىلگىنى (تۈمەن يۈەن) | | | | 0.14 | 0.6 | 0.21 | 0.5 | | | 0.19 | 0.2 | 0.26 |
| | ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلىتىلگىنى (تۈمەن يۈەن) | | | | 0.29 | 1.1 | 0.36 | | | | 0.29 | 1 | 0.31 |
| | ھەر بىر ئائىلىدە قالغان ئوتتۇرىچە پۇل (يۈەن) | 815 | 1121 | 350 | 208 | 800 | 307 | 500 | 500 | 834 | 1075 | 2400 | 1575 |
| | ھەر بىر كىشىدە قالغان ئوتتۇرىچە پۇل (يۈەن) | 151 | 163 | 70 | 64 | 163 | 66 | 71 | 71 | 192 | 239 | 444 | 315 |

## قومۇل ۋىلايىتىدىكى دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ 1985 ~ 1990- يىللىرىچە بولغان نەق پۇل كىرىم- چىقىمىنى ئۆلگە ئېلىپ تەكشۈرۈش ئەھۋالى (2)

جەدۋەل: 3 – 22 – 2

| تىپى / يىل / تۈر | | كەسپىي باشقۇرۇش ئائىلىلىرى | | | | | | قول ھۈنەرۋەنچىلىك، پىششىقلاپ ئىشلەش ئائىلىلىرى | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | 1985 | 1986 | 1987 | 1988 | 1989 | 1990 | 1985 | 1986 | 1987 | 1988 | 1989 | 1990 |
| تەكشۈرۈلگەن ئائىلە سانى(ئائىلە) | | 1 | 1 | 3 | 4 | 4 | 4 | 2 | 2 | 2 | 4 | 3 | 6 |
| تەكشۈرۈلگەن ئائىلىدىكى جان سانى (ئادەم) | | 3 | 3 | 13 | 25 | 16 | 25 | 11 | 11 | 11 | 20 | 21 | 23 |
| يىللىق پۇل ئومۇمىي كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | جەمئىي | 0.22 | 0.34 | 2.86 | 4.68 | 3.4 | 4.75 | 1.48 | 1.65 | 0.39 | 2.31 | 2 | 2.38 |
| | كوللېكتىپ كىرىمىدىن ئالغىنى | | | | | | | | | | | | |
| | بىۋاسىتە ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش كىرىمى | 0.03 | 0.04 | 1.56 | 1.86 | 3 | 1.93 | 0.06 | 0.05 | | 0.58 | 0.9 | 0.65 |
| | ئائىلە ئوتتۇرىچە كەسپىي كىرىمى | 0.18 | 0.28 | 0.51 | 0.40 | 2.1 | 0.47 | 0.56 | 0.6 | 0.26 | 0.95 | 0.7 | 1.02 |
| | باشقا كىرىملەر | 0.01 | 0.02 | 0.40 | 0.64 | 0.7 | 0.71 | 0.86 | 0.9 | | 0.04 | 0.4 | 0.11 |
| | ئامانەت پۇلنى ئېلىش، قەرز | | | 0.39 | 1.78 | 0.2 | 1.85 | | 0.11 | 0.13 | 0.74 | | 0.81 |
| يىللىق پۇل ئومۇمىي چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | جەمئىي | 0.21 | 0.33 | 2.38 | 4.04 | 3.1 | 4.11 | 1.48 | 1.50 | 0.42 | 2.37 | 2.43 | 2.44 |
| | ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت چىقىمى | 0.12 | 0.14 | 0.64 | 1.05 | 1.7 | 1.12 | 0.86 | 0.98 | 1.10 | 0.35 | 0.6 | 0.42 |
| | تۇرمۇش چىقىمى | 0.03 | 0.06 | 0.85 | 0.81 | 0.9 | 0.88 | 0.13 | 0.14 | 0.13 | 1.1 | 0.9 | 1.17 |
| | مەدەنىي تۇرمۇش چىقىمى | 0.02 | 0.02 | 0.04 | 0.18 | 0.1 | 0.25 | 0.13 | 0.15 | 0.02 | 0.16 | 0.1 | 0.23 |
| | باشقا چىقىملار | | 0.04 | | 0.08 | 0.1 | 0.15 | 0.01 | 0.03 | | | | |
| | پۇل ئامانەت قويۇش، قەرز بېرىش | 0.05 | 0.07 | 0.85 | 1.92 | 0.3 | 1.99 | 0.35 | 0.19 | 0.17 | 0.76 | 0.83 | 0.83 |
| يىل ئاخىرىدا قالغان ئومۇمىي پۇل | جەمئىي | 0.12 | 0.05 | 0.74 | 0.85 | 1 | 0.92 | 0.02 | 0.18 | 0.03 | 0.10 | 0.47 | 0.17 |
| | تۇرمۇشقا ئىشلىتىلگىنى (تۈمەن يۈەن) | 0.03 | | | 0.10 | 0.3 | 0.17 | | | | 0.07 | 0.44 | 0.14 |
| | ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلگىنى (تۈمەن يۈەن) | 0.09 | | | 0.75 | 0.8 | 0.82 | | | | 0.03 | 0.03 | 0.10 |
| | ھەر بىر ئائىلىدە قالغان ئوتتۇرىچە پۇل (يۈەن) | 120 | 500 | 2466 | 2125 | 2500 | 2300 | 125 | 960 | 126 | 250 | 1566 | 283 |
| | ھەر بىر كىشىدە قالغان ئوتتۇرىچە پۇل (يۈەن) | 40 | 167 | 493 | 340 | 625 | 368 | 23 | 164 | 23 | 50 | 223 | 74 |

## قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ 1985 ~ 1990- يىللىغىچە بولغان نەق پۇل كىرىم- چىقىمىنى ئۆلگە ئېلىپ تەكشۈرۈش ئەھۋالى (3)

جەدۋەل: 3 – 22 – 3

| يەككە سودا- سانائەتچى ئائىلىلەر | | | | | | كەسپىي ترانسپورت ئائىلىلىرى | | | | | | تۈرى / يىللار / تۈر | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1990 | 1989 | 1988 | 1987 | 1986 | 1985 | 1990 | 1989 | 1988 | 1987 | 1986 | 1985 | | |
| 6 | 5 | 4 | 2 | 3 | 3 | 5 | 3 | 4 | 2 | 4 | 4 | تەكشۈرۈلگەن ئائىلە (ئائىلە) | |
| 20 | 18 | 18 | 11 | 16 | 16 | 29 | 17 | 28 | 9 | 17 | 17 | تەكشۈرۈلگەن ئائىلىدىكى جان سانى (ئادەم) | |
| 4.37 | 2.4 | 4.3 | 0.45 | 9.47 | 8.37 | 7.51 | 6.1 | 7.49 | 3.15 | 9.36 | 8.26 | جەمئىي | يىللىق پۇل ئومۇمىي كىرىمى (تۈمەن يۈەن) |
| | | | | | | 0.22 | 0.2 | 0.15 | 0.75 | | | كوللېكتىپ كىرىمىدىن كەلگىنى | |
| 0.25 | 0.5 | 0.18 | 0.06 | 0.08 | 0.07 | 1.2 | 0.6 | 1.13 | 0.20 | 0.25 | 0.21 | يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش كىرىمى | |
| 1.42 | 1.7 | 1.35 | 0.35 | 7.98 | 7.85 | 3.58 | 4.2 | 3.51 | 1.8 | 7.04 | 6.26 | ئائىلە قوشۇمچە كەسپى كىرىمى | |
| | 0.2 | | 0.05 | 0.69 | | 0.23 | | 0.16 | 0.10 | 0.27 | | باشقا كىرىملەر | |
| 2.84 | | 2.77 | | 0.72 | 0.45 | 2.56 | 1.1 | 2.49 | 0.3 | 1.8 | 1.17 | ئامانەت پۇلنى ئېلىش،قەرز | |
| 3.91 | 2.4 | 3.84 | 0.45 | 8.99 | 8.32 | 6.21 | 5.6 | 6.19 | 3.12 | 9.94 | 98.3 | جەمئىي | يىللىق پۇل ئومۇمىي چىقىمى (تۈمەن يۈەن) |
| 2.74 | 0.7 | 2.67 | 0.14 | 6.12 | 5.3 | 1.35 | 2.85 | 1.28 | 0.38 | 7.2 | 6.5 | ئىشلەپچىقىرىش،تىجارەت چىقىمى | |
| 0.81 | 1.2 | 0.74 | 0.22 | 2.4 | 1.93 | 1.84 | 1.7 | 1.77 | 0.42 | 0.79 | 0.58 | تۇرمۇش چىقىمى | |
| 0.11 | 0.1 | 0.04 | 0.02 | 0.18 | 0.12 | 0.14 | 0.1 | 0.07 | 0.02 | 0.14 | 0.13 | مەدەنىيەت تۇرمۇش چىقىمى | |
| | | | 0.02 | 0.10 | 0.105 | 0.09 | 0.1 | 0.01 | 0.01 | 0.05 | 0.06 | باشقا چىقىملار | |
| 0.46 | 0.4 | 0.39 | 0.03 | 0.19 | 0.87 | 3.08 | 0.85 | 3.01 | 2.29 | 1.78 | 2.52 | پۇل ئامانەت قويۇش،قەرز | |
| 0.69 | 0.8 | 0.62 | 0.01 | 0.63 | 0.10 | 1.83 | 1.3 | 1.76 | 0.33 | 1.22 | 0.75 | جەمئىي | يىل ئاخىرىدا قالغان ئومۇمىي پۇل |
| 0.3 | 0.1 | 0.23 | | | 0.14 | 0.60 | 0.4 | 0.53 | | | 1.5 | تۇرمۇشقا ئىشلىتىلگىنى (تۈمەن يۈەن) | |
| 0.46 | 0.7 | 0.39 | | | | 1.3 | 0.9 | 1.23 | | | | ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلگىنى (تۈمەن يۈەن) | |
| 1150 | 1600 | 1550 | 88 | 2100 | 733 | 3660 | 4333 | 4900 | 1651 | 3050 | 1875 | ھەر بىر ئائىلىدە قالغان ئوتتۇرىچە پۇل(يۈەن) | |
| 345 | 296 | 86 | 16 | 394 | 137 | 631 | 764 | 620 | 367 | 718 | 441 | ھەر بىر كىشىدە قالغان ئوتتۇرىچە پۇل(يۈەن) | |

1970- يىللاردىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ۋىلايەت بويىچە 39 مىڭ ئادەم، 650 مىڭ تۇياق چارۋىنىڭ ئىچىملىك سۈيىنى ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل شەھىرىنىڭ 9200 ئادەم، 255 مىڭ تۇياق چارۋا، باركۆل ناھىيىسىنىڭ 25 مىڭ ئادەم، 240 مىڭ تۇياق چارۋا، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ 4500 ئادەم، 155 مىڭ تۇياق چارۋا. 1990- يىلغا كەلگەندە ۋىلايەت بويىچە 24 مىڭ 900 ئادەم، 372 مىڭ 700 تۇياق چارۋىنىڭ ئىچىملىك سۇ مەسىلىسى ھەل قىلىندى؛ باركۆل ناھىيىسى 14 مىڭ 100 ئادەم، 177 مىڭ تۇياق چارۋىنىڭ ئىچىملىك سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ۋىلايەت بويىچە 5193 نامرات ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، بۇ نامرات ئائىلىلەرنىڭ 81% ىنى ئىگىلىدى؛ قۇمۇل شەھىرىنىڭ بۇلۇڭتوغراق، يەتتە قۇدۇق ۋە بوغاز يېزىلىرى نامراتلىقتىن پۈتۈنلەي قۇتۇلدى.

### 1. ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ۋىلايەتتە ئىشچى- خىزمەتچىلەرگە قارىتا تەمىنلەش تۈزۈمى ۋە مائاش تۈزۈمىدىن ئىبارەت ئىككى خىل تۈزۈم يولغا قويۇلدى. 1953- يىلدىن باشلاپ، ئۇ پۈتۈنلەي دەرىجە مائاش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. يېڭى مائاش تۈزۈمىدە ئىشچىلاردا سەككىز دەرىجە مائاش تۈزۈمى، دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خىزمەتچىلەر ۋە كارخانىلاردىكى باشقۇرغۇچى خادىملار ئارىسىدا ۋەزىپە دەرىجە مائاشى يولغا قويۇلدى. 1954 ~ 1990- يىلغىچە دۆلەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ مائاشى ئۈچ قېتىم ئىسلاھ قىلىنىپ، توققۇز قېتىم تەڭشەلدى، بولۇپمۇ 1978- يىلدىكى ج ك پ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن مائاش ئالتە قېتىم تەڭشەلدى ۋە بىر قېتىم ئىسلاھ قىلىندى، شۇنداقلا مۇكاپات ۋە ئىشقا قاراپ بېرىلىدىغان مائاش تۈزۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، قوشۇمچە يېمەكلىك باھا تولۇقلىما پۇلى كۆپەيتىلىپ، ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلدى.

قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ مائاش كىرىمى، ئىجتىمائىي سېتىۋېلىش كۈچى ۋە ئىستېمال قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسكەنلىكىنى نامايان قىلدى.

1) ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ مائاش كىرىمى ۋىلايەت بويىچە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلار (كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، ئورگان، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 1960- يىلى 562.96 يۈەن، 1979- يىلى 497.12 يۈەن (يېڭى خىزمەتكە قاتناشقان ئىشچى- خىزمەتچىلەر كۆپ، مائاشى تۆۋەن بولغاچقا ئوتتۇرىچە مائاش چۈشۈپ كەتكەن)، 1980- يىلى 800.87 يۈەن، 1985- يىلى 1315.73 يۈەن، 1990- يىلى 2120 يۈەن بولدى.

شەھەر- بازارلاردىكى كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلار (خەلق كومۇنىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەيدانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 1982- يىلى 765.64 يۈەن، 1985- يىلى 984.46 يۈەن، 1990- يىلى 1699 يۈەن بولدى.

1990- يىلى ۋىلايەتتىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ مائاش ئومۇمىي سوممىسى 90 مىليون 793 مىڭ 900 يۈەن بولدى.

**قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلارنىڭ قىسمەن يىللاردىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەر سانى ۋە مائاشى**

جەدۋەل 3 – 23

| يىل | يىل ئاخىرىدىكى خىزمەتچىلەر سانى (ئادەم) | ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئوتتۇرىچە سانى (ئادەم) | يىللىق مائاش ئومۇمىي سوممىسى(تۈمەن يۈەن) | يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى (ئادەم/ يۈەن) | يىللىق كوللېكتىپ پاراۋانلىق ئومۇمىي سوممىسى (تۈمەن يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|
| 1960 | 31046 | 28051 | 1604.43 | 562.96 | 98.8 |
| 1963 | 15054 | 15246 | 859.9 | 564.02 | 46.1 |
| 1967 | 6352 | 6351 | 418.5 | 658.95 | |
| 1971 | 8824 | 8824 | | 653.74 | |
| 1975 | 42936 | 40075 | | 622.88 | |
| 1979 | 19941 | | | 497.12 | |
| 1980 | 54733 | 53301 | 4268.7 | 800.87 | |
| 1982 | 58944 | 57885 | 4934.3 | 854.23 | |
| 1984 | 34250 | 34262 | 3831.84 | 1118.39 | |
| 1985 | 35396 | 35075 | 4614.91 | 1315.73 | |
| 1990 | 44017 | 42820 | 9079.39 | -2120 | |

ئىزاھ: كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، ئورگان، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1990- يىلى ۋىلايەت بويىچە مائاشنىڭ تارقىتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 1978- يىلىدىكىدىن 3.96 ھەسسە كۆپەيدى؛ 1990- يىلى ۋىلايەت بويىچە ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ كىشى بېشى مائاش كىرىمى 1978- يىلىدىكىدىن 1.74 ھەسسە ئاشتى.

باھا ئىسلاھاتى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلغان، بولۇپمۇ تۈۋەن دەرىجىلىك مەھسۇلاتلارنىڭ تەۋرەنمە باھا قۇرۇلمىسى تەڭشەلگەندىن كېيىن، تاۋارلارنىڭ باھا قۇرۇلمىسىدا تۈپ ئۆزگىرىش بولدى. 1978- يىلىدىن باشلاپ، بازاردىكى تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى پەيدىنپەي ئۆرلىدى، بولۇپمۇ 1986- يىلى باھا ئىسلاھاتى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلغاندىن كېيىن، پۇلنىڭ پاخاللىشىشى يىلمۇ يىل كېڭەيدى. ۋىلايەت بويىچە ئوتتۇرىچە مائاش 1978- يىلى 100 يۈەن بولدى دېسەك، مال باھاسىنىڭ ئۆرلەش ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئەمەلىي مائاش 1990- يىلى 1978- يىلىدىكىدىن پەقەت 38.2% لا ئۆرلەپ، يىلىغا 1.93% ئۆرلىدى. ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش خىراجىتى باھا كۆرسەتكۈچىنى 1978- يىلىنىڭكىنى 100 دېسەك، 1979- يىلى 101.2، 1980- يىلى 105.7، 1985- يىلى 126.2، 1986- يىلى 136.3، 1990- يىلى 202.3 بولدى.

## قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەر ئائىلىلىرىنىڭ 1985 ~ 1990- يىلىغىچە بولغان نەق پۇل كىرىم- چىقىمىنى ئۈلگە ئېلىپ تەكشۈرۈش ئەھۋالى

جەدۋەل: 3 – 24

بىرلىكى: يۈەن

| يىل / تۈرلەر | 1985 | | 1968 | | 1987 | | 1988 | | 1989 | | 1990 | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | يىللىق جەمئىي | ئېلىق كىشى بېشى ئوتتۇرىچە | يىللىق جەمئىي | ئېلىق كىشى بېشى ئوتتۇرىچە | يىللىق جەمئىي | ئېلىق كىشى بېشى ئوتتۇرىچە | يىللىق جەمئىي | ئېلىق كىشى بېشى ئوتتۇرىچە | يىللىق جەمئىي | ئېلىق كىشى بېشى ئوتتۇرىچە | يىللىق جەمئىي | ئېلىق كىشى بېشى ئوتتۇرىچە |
| 1. ئالدىنقى يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان نەق پۇل | | | 15280 | | 23000 | | | | 27900 | | 16100 | |
| 2. شۇ يىللىق پۇل كىرىمى | 58406 | 101 | 113400 | 157 | 77300 | 170 | 146800 | 306 | 369000 | 496 | 327300 | 496 |
| 1) مائاش كىرىمى | 54767 | 95 | 111200 | 154 | 67000 | 147 | 115300 | 240 | 298200 | 401 | 273900 | 415 |
| ئۇنىڭ ئىچىدىكى تۈرلۈك مۇكاپاتلار | 2225 | 4 | | | 6200 | 13 | 12000 | 25 | 30300 | 41 | 69200 | 106 |
| 2) ۋاقىتلىق كىرىم | 300 | | 500 | | 3600 | 8 | 4000 | 8 | 11000 | 15 | 3700 | 6 |
| 3) باشقا كىرىملەر | 960 | 1 | | | 1600 | 3 | 2000 | 4 | 5800 | 8 | 34200 | 52 |
| 4) ئالغان پۇل ئامانىتى | 2320 | 4 | 1500 | | 4600 | 10 | 25500 | 53 | 54000 | 73 | 15500 | 23 |
| 5) قەرز كىرىمى | 60 | | 200 | | 600 | 1 | | | | | | |
| 3. شۇ يىللىقى پۇل چىقىمى، جەمئىي | 50404 | 1050 | 107400 | 632 | 75400 | 92 | 144200 | 128 | 349200 | 469 | 310800 | 418 |
| 1) تاۋار سېتىۋالغان چىقىم | 34780 | 725 | 98181 | 578 | 57300 | 70 | 109900 | 97 | 275000 | 369 | 208100 | 315 |
| يېمەكلىك سېتىۋالغان | 16025 | 334 | 70000 | 412 | 35300 | 43 | 61400 | 54 | 167500 | 225 | 83300 | 126 |
| كىيىم سېتىۋالغان | 6460 | 135 | 1000 | 59 | 9600 | 12 | 15200 | 14 | 39500 | 53 | 41600 | 63 |
| كېرەكلىك نەرسە سېتىۋالغان | 7260 | 151 | 10830 | 69 | 9700 | 12 | 23700 | 29 | 43200 | 58 | 69400 | 105 |
| يېقىلغۇ سېتىۋالغان | 1846 | 39 | 1000 | 29 | 1500 | 2 | 3200 | 3 | 8000 | 11 | 3900 | 6 |
| تۇرالغۇ چىقىمى | | | | | 700 | 1 | 2700 | 2 | 6800 | 9 | 2200 | 3 |
| تېببىي دورا چىقىمى | 919 | 19 | 2350 | 14 | 500 | 1 | 3700 | 3 | 10000 | 13 | 7700 | 12 |

| | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 2) مەدەنىيەت تۇرمۇش چىقىمى | 1064 | 22 | 8600 | 22 | 1300 | 2 | 4900 | 4 | 14000 | 19 | 4600 | 7 |
| 3) باشقا چىقىملار | 2040 | 42 | | | 1400 | 2 | 11000 | 10 | 29000 | 39 | 16500 | 25 |
| 4) ئامانەت قويۇلغىنى | 11166 | 233 | 5419 | 32 | 15500 | 19 | 15800 | 14 | 31200 | 42 | 11600 | 18 |
| 5) قەرز چىقىمى | 106 | 2 | | | | | 2600 | 3 | | | | |
| 4. شۇ يىلى قولدا قالغان پۇل | 4285 | 89 | 21280 | 125 | 4000 | 5 | 11300 | 10 | 29400 | 40 | 32600 | 49 |

ئىزاھ: تەكشۈرۈلگەن ئائىلىلەردىكى جان سانى ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىشقا ئورۇنلاشقانلارنىڭ سانى ئايرىم-ئايرىم تۆۋەندىكىچە: 1985-يىلى 48، 33؛ 1986-يىلى 60، 47؛ 1987-يىلى 38، 38؛ 1988-يىلى 40، 31؛ 1989-يىلى 62، 51؛ 1990-يىلى 55، 42.

**قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى شەھەر يەككە سودا-سانائەتچىلەر، يېمەك-ئىچمەك مۇلازىمەتچىلىك ئائىلىلىرىنىڭ 1985 ~ 1990-يىلىغىچە بولغان نەق پۇل كىرىم-چىقىمىنى ئۆلگە ئېلىپ تەكشۈرۈش**

جەدۋەل 3 – 25

| ئىگىلىك تۈرى / يىل / تۈرلەر | يەككە سانائەتچى ئائىلىلەر | | | | | | يەككە سودىگەر ئائىلىلەر | | | | | | يېمەك-ئىچمەك مۇلازىمىتى ئائىلىلىرى | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1985 | 1986 | 1987 | 1988 | 1989 | 1990 | 1985 | 1986 | 1987 | 1988 | 1989 | 1990 | 1985 | 1986 | 1987 | 1988 | 1989 | 1990 |
| تەكشۈرۈلگەن ئائىلە سانى (ئائىلە) | 10 | 10 | 10 | 20 | 7 | 9 | 11 | 11 | 10 | 25 | 11 | 9 | 10 | 10 | 10 | 20 | 9 | 9 |
| تەكشۈرۈلگەن ئائىلىدىكى جان سانى (ئادەم) | 18 | 18 | 42 | 68 | 40 | 22 | 27 | 28 | 47 | 76 | 40 | 37 | 44 | 44 | 44 | 69 | 33 | 23 |
| شۇ يىللىق ئومۇمىي پۇل كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | 15.8 | 18 | 21 | 17 | 16 | 40 | 19 | 24 | 25 | 79 | 53 | 36 | 8 | 8 | 9 | 68 | 20 | 15 |
| شۇ يىللىق ئومۇمىي پۇل چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | 12.3 | 14 | 20 | 16 | 15 | 37 | 17 | 19 | 23 | 78 | 40 | 30 | 6 | 6 | 8 | 76 | 17 | 13 |
| يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي پۇل: جەمئىي | 3.5 | 3.9 | 2.5 | 1.8 | 4.5 | 3.3 | 2.5 | 2.7 | 3.2 | 6.5 | 6.2 | 8 | 1.7 | 1.7 | 2.4 | 1.8 | 2.9 | 1.8 |
| يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي پۇل: تۇرمۇشتا ئىشلىتىلگىنى (تۈمەن يۈەن) | 0.7 | 0.8 | 0.8 | 0.7 | 1.1 | 0.07 | | 0.8 | 0.9 | 1.9 | 2.7 | 3.3 | | 0.7 | 0.6 | 0.7 | 0.9 | 0.1 |

| | | | | | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلگىنى (تۈمەن يۈەن) | 2.8 | 3.1 | 1.7 | 1.1 | 3.4 | 3.3 | | 1.9 | 2.3 | 4.6 | 3.5 | 4.8 | | 1 | 1.8 | 1.1 | 2 | 1.7 |
| | ھەر بىر ئائىلىدىكى ئوتتۇرىچە پۇل (يۈەن) | 3500 | 3900 | 2500 | 1800 | 6428 | 3666 | 2272 | 2454 | 3200 | 2826 | 5686 | 6888 | 1700 | 1700 | 2400 | 900 | 3200 | 2000 |
| | كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان پۇل (يۈەن) | 1922 | 2166 | 595 | 264 | 1125 | 1500 | 926 | 964 | 680 | 605 | 1550 | 2162 | 386 | 386 | 545 | 260 | 878 | 762 |

**قومۇل ۋىلايىتى بويىچە كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىك ئورۇنلىرىدىكى بارلىق ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ 1978 ~ 1990- يىللاردىكى سانى ۋە مائاشى**

جەدۋەل 3 – 26

| يىل | ئىشچى-خىزمەتچىلەر سانى (ئادەم) | | مائاشى | |
|---|---|---|---|---|
| | يىل ئاخىرىدىكى سانى | يىللىق ئوتتۇرىچە سانى | ئوتتۇرىچە مائاشى (يۈەن) | ئىشچى-خىزمەتچىلەر مائاش ئومۇمىي سوممىسى (تۈمەن يۈەن) |
| 1978 | 4196 | 4196 | 306 | 254.36 |
| 1979 | 4247 | 4223 | 743 | 313.66 |
| 1980 | 5081 | 4617 | 758 | 350.04 |
| 1981 | 5652 | 5509 | 763 | 420.51 |
| 1982 | 6787 | 6151 | 803 | 493.76 |
| 1983 | 6933 | 6808 | 781 | 531.99 |
| 1984 | 6676 | 6443 | 923 | 594.48 |
| 1985 | 10812 | 10453 | 984 | 1029.06 |
| 1986 | 12226 | 11624 | 1018 | 1183.53 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 1987 | 10935 | 10416 | 1119 | 1165.32 |
| 1988 | 9632 | 10479 | 1119 | 1173.00 |
| 1989 | 10146 | 9818 | 1450 | 1423.6 |
| 1990 | 12393 | 11983 | 1699 | 2035.42 |

1950- يىللاردا بىر ئائىلىدىكى ئەر- ئاياللاردىن ئادەتتە پەقەت ئەرنىڭلا خىزمىتى بار ئىدى، 1980- يىللاردا كۆپىنچە ئائىلىلەردە ئەر- خوتۇن ئىككىسىنىڭلا خىزمىتى بار بولدى. پەرزەنتلەر خىزمەت يېشىغا يەتكەندە ئۇلارنىڭمۇ خىزمىتى بار بولدى، ئىشچى- خىزمەتچىلەر ئائىلىلىرىنىڭ كىرىمىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، كىشى بېشى ئوتتۇرىچە تۇرمۇش خىراجىتىمۇ ئاشتى.

### قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى يېزا- بازار ئاھالىلىرىنىڭ 1987 ~ 1990- يىللىقىچە بولغان پۇل ئامانەت قويۇش ئەھۋالىنى ئۆلگە ئېلىپ تەكشۈرۈش

جەدۋەل: 3 - 27

| تۈرلەر \ يىل | | 1987 | | | | 1988 | | | | 1989 | | | | 1990 | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | تەكشۈرۈلگەن ئائىلە سانى (ئائىلە) | ئامانەت پۇل قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | قولىدىكى نەق پۇل (تۈمەن يۈەن) | نەق پۇلنىڭ ئامانەت پۇلدىكى نىسبىتى % | تەكشۈرۈلگەن ئائىلە سانى (ئائىلە) | ئامانەت پۇل قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | قولىدىكى نەق پۇل (تۈمەن يۈەن) | نەق پۇلنىڭ ئامانەت پۇلدىكى نىسبىتى % | تەكشۈرۈلگەن ئائىلە سانى (ئائىلە) | ئامانەت پۇل قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | قولىدىكى نەق پۇل (تۈمەن يۈەن) | نەق پۇلنىڭ ئامانەت پۇلدىكى نىسبىتى % | تەكشۈرۈلگەن ئائىلە سانى (ئائىلە) | ئامانەت پۇل قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | قولىدىكى نەق پۇل (تۈمەن يۈەن) | نەق پۇلنىڭ ئامانەت پۇلدىكى نىسبىتى % |
| شەھەر- بازار ئائىلىسى | جەمئىي | 60 | 31.6 | 2.9 | 9.2 | 60 | 35 | 3.2 | 0.91 | 7 | 32 | 16.1 | 50.3 | 45 | 46 | 19.26 | 41.37 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە يەككە سودا- سانائەتچىلەر | 60 | 31.6 | 2.9 | 9.2 | 60 | 35 | 3.2 | 0.91 | 4 | 22 | 12.6 | 57.27 | 20 | 21 | 17.12 | 81.52 |
| دېھقانلار | جەمئىي | 13 | 8.7 | 1.3 | 14.9 | 13 | 10.5 | 2.6 | 24.76 | 12 | 14.5 | 2.3 | 15.86 | 20 | 1.8 | 2.7 | 15.17 |

| | | | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | بۇنىڭ ئىچىدە | كەسپىي ئائىلىلەر | 8 | 3.3 | 1.2 | 22.6 | 8 | 7.7 | 2.1 | 27.21 | 8 | 7.5 | 0.5 | 6.68 | 7 | 8.7 | 0.6 | 6.89 |
| | | يەككە سودا- سانائەتچىلەر | 2 | 0.07 | 0.05 | 71.4 | 2 | 0.06 | 0.04 | 66.6 | 2 | 7 | 1.8 | 25.7 | 13 | 9.1 | 2.1 | 23.06 |

2) ئىجتىمائىي تاۋارلارنى سېتىۋېلىش ئىقتىدارى 1963- يىلى ۋىلايەتتىكى دائىملىق ئولتۇراقلىشىپ ئاھالىنىڭ ئىستېمال بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىش ئومۇمىي چىقىمى 21 مىليون 971 مىڭ 600 يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ 16 مىليون 71 مىڭ 600 يۈەن. ۋىلايەتتە دائىملىق ئولتۇراقلىشىپ ئاھالىنىڭ ئوتتۇرىچە سانى 180 مىڭ بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە غەيرىي يېزا ئىگىلىك ئاھالىسى 89 مىڭ. ۋىلايەتتىكى دائىملىق ئولتۇراقلىشىپ ئاھالىدىن ھەر بىر كىشىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئىستېمال بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىش كۈچى 122 يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە غەيرىي يېزا ئىگىلىك ئاھالىسىنىڭ 181 يۈەن بولدى. پۇل ئامانەت قالدۇقى 4 مىليون 10 مىڭ يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ 1 مىليون 885 مىڭ يۈەن بولدى؛ قولدىكى نەق پۇل 2 مىليون 376 مىڭ 100 يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ 647 مىڭ 500 يۈەن بولدى. دائىملىق ئولتۇراقلىشىپ ئاھالىنىڭ يىللىق سېتىۋېلىش ئىقتىدارىدىن ئېشىنغان ئومۇمىي سوما 6 مىليون 386 مىڭ 100 يۈەن، ھەر بىر ئاھالىنىڭ ئېشىنغان سوممىسى 35.18 يۈەن بولدى.

1980- يىلى ۋىلايەتتىكى دائىملىق ئولتۇراقلىشىپ ئاھالىنىڭ ئىستېمال بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىش ئومۇمىي چىقىمى 88 مىليون 830 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ 75 مىليون 500 مىڭ يۈەن بولدى؛ ۋىلايەتتە دائىملىق ئولتۇراقلىشىپ ئاھالىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر كىشىنىڭ يىللىق ئىستېمال بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىش ئىقتىدارى 233.24 يۈەن بولغان بولۇپ، 1963- يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر ئادەمنىڭ ئىستېمال بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىش ئىقتىدارى 115.05 يۈەن كۆپىيىپ، 97.98% ئاشتى. 1980- يىلى ۋىلايەتتىكى ئاھالىنىڭ پۇل ئامانەت قالدۇقى 57 مىليون 600 مىڭ يۈەن، قولدىكى نەق پۇل 3 مىليون 70 مىڭ يۈەن بولدى. شۇ يىلدىكى ئاھالىنىڭ يىللىق سېتىۋېلىش ئىقتىدارىدىن ئېشىنغان ئومۇمىي سوما 60 مىليون 130 مىڭ يۈەن، ھەر بىر ئاھالىنىڭ ئېشىنغان سوممىسى 159.24 يۈەن بولغان بولۇپ، 1963- يىلدىكىدىن 35.18 يۈەن كۆپىيىپ، 3.50 ھەسسە ئاشتى.

1985- يىلى ۋىلايەتتىكى دائىملىق ئولتۇراقلىشىپ ئاھالىنىڭ ئىستېمال بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىش ئومۇمىي چىقىمى 173 مىليون 620 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ 131 مىليون 660 مىڭ يۈەن بولدى. شۇ يىلى ۋىلايەتتە دائىملىق ئولتۇراقلىشىپ ئاھالىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر كىشىنىڭ يىللىق ئىستېمال بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىش ئىقتىدارى 434.05 يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ 598.45 يۈەن بولدى. 1980- يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 1987 | 10935 | 10416 | 1119 | 1165.32 |
| 1988 | 9632 | 10479 | 1119 | 1173.00 |
| 1989 | 10146 | 9818 | 1450 | 1423.6 |
| 1990 | 12393 | 11983 | 1699 | 2035.42 |

1950- يىللاردا بىر ئائىلىدىكى ئەر- ئاياللاردىن ئادەتتە پەقەت ئەرنىڭلا خىزمىتى بار ئىدى. 1980- يىللاردا كۆپىنچە ئائىلىلەردە ئەر- خوتۇن ئىككىسىنىڭلا خىزمىتى بار بولدى. پەرزەنتلەر خىزمەت يېشىغا يەتكەندە ئۇلارنىڭمۇ خىزمىتى بار بولدى، ئىشچى- خىزمەتچىلەر ئائىلىلىرىنىڭ كىرىمىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، كىشى بېشى ئوتتۇرىچە تۇرمۇش خىراجىتىمۇ ئاشتى.

**قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى يېزا- بازار ئاھالىلىرىنىڭ 1987 ~ 1990- يىللىغىچە بولغان پۇل ئامانەت قويۇش ئەھۋالىنى ئۈلگە ئېلىپ تەكشۈرۈش**

جەدۋەل: 3 - 27

| تۈرلەر \ يىل | | 1987: تەكشۈرۈلگەن ئائىلە سانى (ئائىلە) | 1987: ئامانەت پۇل قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | 1987: كاسسىدىكى نەق پۇل (تۈمەن يۈەن) | 1987: نەق پۇلنىڭ ئامانەت پۇلدىكى نىسبىتى % | 1988: تەكشۈرۈلگەن ئائىلە سانى (ئائىلە) | 1988: ئامانەت پۇل قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | 1988: كاسسىدىكى نەق پۇل (تۈمەن يۈەن) | 1988: نەق پۇلنىڭ ئامانەت پۇلدىكى نىسبىتى % | 1989: تەكشۈرۈلگەن ئائىلە سانى (ئائىلە) | 1989: ئامانەت پۇل قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | 1989: كاسسىدىكى نەق پۇل (تۈمەن يۈەن) | 1989: نەق پۇلنىڭ ئامانەت پۇلدىكى نىسبىتى % | 1990: تەكشۈرۈلگەن ئائىلە سانى (ئائىلە) | 1990: ئامانەت پۇل قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | 1990: كاسسىدىكى نەق پۇل (تۈمەن يۈەن) | 1990: نەق پۇلنىڭ ئامانەت پۇلدىكى نىسبىتى % |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شەھەر- بازار ئاھالىسى | جەمئىي | 60 | 31.6 | 2.9 | 9.2 | 60 | 35 | 3.2 | 0.91 | 7 | 32 | 16.1 | 50.3 | 45 | 46 | 19.26 | 41.37 |
| | يۈزنىڭ ئىچىدە يەككە سودا- سانائەتچىلەر | 60 | 31.6 | 2.9 | 9.2 | 60 | 35 | 3.2 | 0.91 | 4 | 22 | 12.6 | 57.27 | 20 | 21 | 17.12 | 81.52 |
| دېھقانلار | جەمئىي | 13 | 8.7 | 1.3 | 14.9 | 13 | 10.5 | 2.6 | 24.76 | 12 | 14.5 | 2.3 | 15.86 | 20 | 1.8 | 2.7 | 15.17 |

| | | | | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | بۇنىڭ ئىچىدە | كىيىم - كېچەكلەر | 8 | 5.3 | 1.2 | 22.6 | 8 | 7.7 | 2.1 | 27.27 | 8 | 7.5 | 0.5 | 6.68 | 7 | 8.7 | 0.6 | 6.89 |
| | | يېمەك - ئىچمەكلەر | 2 | 0.07 | 0.05 | 71.4 | 2 | 0.06 | 0.04 | 66.6 | 2 | 7 | 1.8 | 25.7 | 13 | 9.1 | 2.1 | 23.06 |

2) ئىجتىمائىي تاۋارلارنى سېتىۋېلىش ئىقتىدارى 1963- يىلى ۋىلايەتتىكى دائىملىق ئولتۇرۇشلۇق ئاھالىنىڭ ئىستېمال بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىش ئومۇمىي چىقىمى 21 مىليون 971 مىڭ 600 يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ 16 مىليون 71 مىڭ 600 يۈەن. ۋىلايەتتە دائىملىق ئولتۇرۇشلۇق ئاھالىنىڭ ئوتتۇرىچە سانى 180 مىڭ بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە غەيرىي يېزا ئىگىلىك ئاھالىسى 89 مىڭ. ۋىلايەتتىكى دائىملىق ئولتۇرۇشلۇق ئاھالىدىن ھەر بىر كىشىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئىستېمال بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىش كۈچى 122 يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە غەيرىي يېزا ئىگىلىك ئاھالىسىنىڭ 181 يۈەن بولدى. پۇل ئامانەت قالدۇقى 4 مىليون 10 مىڭ يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ 1 مىليون 885 مىڭ يۈەن بولدى؛ قولدىكى نەق پۇل 2 مىليون 376 مىڭ 100 يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ 647 مىڭ 500 يۈەن بولدى. دائىملىق ئولتۇرۇشلۇق ئاھالىنىڭ يىللىق سېتىۋېلىش ئىقتىدارىدىن ئېشىنغان ئومۇمىي سوما 6 مىليون 386 مىڭ 100 يۈەن، ھەر بىر ئاھالىنىڭ ئېشىنغان سوممىسى 35.18 يۈەن بولدى.

1980- يىلى ۋىلايەتتىكى دائىملىق ئولتۇرۇشلۇق ئاھالىنىڭ ئىستېمال بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىش ئومۇمىي چىقىمى 88 مىليون 830 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ 75 مىليون 500 مىڭ يۈەن بولدى؛ ۋىلايەتتە دائىملىق ئولتۇرۇشلۇق ئاھالىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر كىشىنىڭ يىللىق ئىستېمال بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىش ئىقتىدارى 233.24 يۈەن بولغان بولۇپ، 1963- يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر ئادەمنىڭ ئىستېمال بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىش ئىقتىدارى 115.05 يۈەن كۆپىيىپ، 97.98% ئاشتى. 1980- يىلى ۋىلايەتتىكى ئاھالىنىڭ پۇل ئامانەت قالدۇقى 57 مىليون 600 مىڭ يۈەن، قولدىكى نەق پۇل 3 مىليون 70 مىڭ يۈەن بولدى. شۇ يىلدىكى ئاھالىنىڭ يىللىق سېتىۋېلىش ئىقتىدارىدىن ئېشىنغان ئومۇمىي سوما 60 مىليون 130 مىڭ يۈەن، ھەر بىر ئاھالىنىڭ ئېشىنغان سوممىسى 159.24 يۈەن بولغان بولۇپ، 1963- يىلدىكىدىن 35.18 يۈەن كۆپىيىپ، 3.50 ھەسسە ئاشتى.

1985- يىلى ۋىلايەتتىكى دائىملىق ئولتۇرۇشلۇق ئاھالىنىڭ ئىستېمال بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىش ئومۇمىي چىقىمى 173 مىليون 620 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ 131 مىليون 660 مىڭ يۈەن بولدى. شۇ يىلى ۋىلايەتتە دائىملىق ئولتۇرۇشلۇق ئاھالىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر كىشىنىڭ يىللىق ئىستېمال بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىش ئىقتىدارى 434.05 يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ 598.45 يۈەن بولدى. 1980- يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن

ھەر بىر ئادەمنىڭ ئىستېمال بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىش ئىقتىدارى 200.81 يۈەن كۆپىيىپ، 85.68% ئاشتى. بەش يىلدىكى ئېشىش نىسبىتى 1980- يىلدىن ئىلگىرىكى 17 يىلدىكىنىڭ يىغىندىسىغا تەڭ بولدى. 1985- يىلى ۋىلايەتتىكى ئاھالىنىڭ پۇل ئامانەت قالدۇقى 140 مىليون 730 مىڭ يۈەن، قولىدىكى نەق پۇل 28 مىليون 680 مىڭ يۈەن بولدى. يىل ئاخىرىدا ئاھالىنىڭ سېتىۋېلىش ئىقتىدارىدىن ئېشىنغان سومما 169 مىليون 410 مىڭ يۈەن، ھەر بىر ئاھالىنىڭ ئېشىنغان سوممىسى 423.53 يۈەن بولدى، 1980- يىلدىكىدىن 265.29 يۈەن كۆپىيىپ، 167.65% ئاشتى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاھالىلەر پۇل ئامانىتى 454 مىليون 990 مىڭ يۈەن، قولىدىكى نەق پۇل 100 مىليون 50 مىڭ يۈەن بولدى.

تۆۋەن كىرىملىك ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش خىراجىتىدىكى چىقىم ئاساسەن تۇرمۇشقا زۆرۈر بولغان يېمەكلىك ۋە قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى سېتىۋېلىشقا ئاجرىتىلدى. بۇ چىقىملار ئومۇمىي چىقىمنىڭ تەخمىنەن 70% ىنى ئىگىلىدى. ھالبۇكى 1985 ~ 1990- يىلغىچە، يېمەكلىك ۋە قوشۇمچە يېمەكلىك تۈرىدىكى تاۋارلارنىڭ باھاسى كۆپرەك ئۆرلىدى. 1978- يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا 1990- يىلى يېمەكلىك تۈرىدىكى تاۋارلار 138.6% ئۆرلىگەن بولۇپ، 9.6 پىرسەنت پويىنتلىق ئومۇمىي كۆرسەتكۈچنىڭ 70.5% نى ئىگىلىدى يەنى 1978- يىلدىكى كىشى بېشى تۇرمۇش خىراجىتى چىقىمىدىن 1.4 ھەسسە ئاشتى. شۇڭا، پۇلنىڭ پاخاللىشىشىنىڭ تۆۋەن كىرىملىك ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش خىراجىتى چىقىمىغا بولغان تەسىرى ئەڭ چوڭ بولدى.

3) **ئاھالە ئىستېمال قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى** ئىستېمال بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىش چىقىمىنىڭ ئاھالىلەرنىڭ پۇل چىقىمى ئومۇمىي سوممىسىدىكى سالمىقى تەدرىجىي ئاشتى. 1963- يىلى ئاھالىلەرنىڭ پۇل چىقىمى ئومۇمىي سوممىسى 37 مىليون 807 مىڭ 200 يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىستېمال بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىش چىقىمى 30 مىليون 265 مىڭ يۈەن بولۇپ، 80.05% نى ئىگىلىدى، غەيرىي تاۋار بۇيۇملىرى ۋە باشقا چىقىملار 20% كە يەتمىدى. 1980- يىلى ئاھالىلەرنىڭ پۇل چىقىمى ئومۇمىي سوممىسى 128 مىليون 690 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىستېمال بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىش چىقىمى 88 مىليون 850 مىڭ يۈەن بولۇپ، 69.04% نى ئىگىلەپ، 1963- يىلدىكىدىن 11.01% تۆۋەنلىدى. 1985- يىلى ئاھالىلەرنىڭ پۇل چىقىمى ئومۇمىي سوممىسى 271 مىليون 890 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىستېمال بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىش چىقىمى 173 مىليون 620 مىڭ يۈەن بولۇپ،% 63.86 نى ئىگىلەپ، 1980- يىلدىكىدىن 5.18% تۆۋەنلىدى. 1986- يىلى ئاھالىلەرنىڭ پۇل چىقىمى ئومۇمىي سوممىسى 304 مىليون 450 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىستېمال بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىش چىقىمى 231 مىليون 470 مىڭ يۈەن بولۇپ، 76% نى؛ مەدەنىيەت- تۇرمۇش مۇلازىمىتى چىقىمى 18 مىليون 480 مىڭ يۈەن بولۇپ، 6.1% نى ئىگىلىدى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسىدىكى 216 مىليون 880 مىڭ يۈەننىڭ ئىچىدە يېمەكلىك تۈرىدىكىلەر 45.3% نى، كىيىم- كېچەك تۈرىدىكىلەر 19.2% نى، كۈندىلىك بۇيۇملار 21.4% نى، مەدەنىيەت- كۆڭۈل ئېچىش بۇيۇملىرى 3.2% نى، كىتاب، گېزىت- ژۇرنال تۈرىدىكىلەر 1.7% نى ئىگىلىدى. 1990- يىلى پۇل چىقىمى ئومۇمىي سوممىسى 6 مىليارد 146 مىليون 670 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىستېمال بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىش چىقىمى 408 مىليون 30 مىڭ يۈەن بولۇپ، 6.63% نى ئىگىلىدى؛ مەدەنىيەت تۇرمۇش مۇلازىمىتى چىقىمى 64 مىليون 20 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1.04% نى ئىگىلىدى. ئىجتىمائىي ئىستېمال

بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسىدىكى 369 مىليون 340 مىڭ يۈەننىڭ ئىچىدە يېمەكلىك تۈرىدىكىلەر 43.2% نى، كىيىم- كېچەك تۈرىدىكىلەر 18.3 % نى، كۈندىلىك بۇيۇملار 21.8% نى، مەدەنىيەت- كۆڭۈل ئېچىش بۇيۇملىرى 4.5% نى، كىتاب، گېزىت- ژۇرنال تۈرىدىكىلەر 1.3% نى ئىگىلىدى. بۇ، ئاھالىلەرنىڭ ئاساسىي ماددىي تۇرمۇش ئىستېمالىنىڭ كاپالەتكە ئېرىشكەنلىكىنى، تېخىمۇ يۇقىرى ئىستېمالغا ئىنتىلىش بىلەن بىر قىسىم كىرىمنىڭ مەدەنىيەت- كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى غەيرىي ماۋار خاراكتېرلىك ئىستېمالغا بارغانسىرى كۆپلەپ سەرپ قىلىنىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ۋىلايەتتىكى ئاھالىلەرنىڭ تاۋار ئىستېمال قۇرۇلمىسىمۇ تەرەققىي قىلىپ، كىشىلەرنىڭ يېمەك- ئىچمىكى، كىيىم- كېچىكى ۋە تاۋارلارنى ئىشلىتىشى كۈندىن- كۈنگە ئېسىللاشتى ۋە زامانىۋىلاشتى. ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق سودا سېتىمىنىڭ 1976 ~ 1990- يىلغىچە بولغان ئاساسلىق ئىستېمال بۇيۇملىرىنى سېتىش ئەھۋالىنى مىسال ئالساق:

يېمەكلىك: 1976- يىلى 1187 توننا گۆش (قوي، كالا ۋە چوشقا گۆشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، 2547 دانە توڭلىتىلغان (تىرىك) توخۇ، 487 توننا شېكەر، 1110 توننا يېگى كۆكتات، 27 توننا تۇخۇم سېتىلدى. 1985- يىلى 2428 توننا گۆش سېتىلىپ، 1976- يىلدىكىدىن 1.03 ھەسسە ئاشتى؛ 2491 توننا كۆكتات سېتىلىپ، 1976- يىلدىكىدىن 1.24 ھەسسە ئاشتى؛ 66 توننا تۇخۇم سېتىلىپ، 1979- يىلدىكىدىن 1.44 ھەسسە ئاشتى؛ 12 مىڭ 543 دانە توڭلىتىلغان (تىرىك) توخۇ سېتىلىپ، 1976- يىلدىكىدىن 3.53 ھەسسە ئاشتى. ئوخشاش مەزگىلدە ۋىلايەت نوپۇسى 1976- يىلدىكى 343 مىڭ 200 دىن 1985- يىلى 383 مىڭ 500 گە كۆپىيىپ، 11.74% ئاشتى. بۇنىڭدىن قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسىنىڭ ناھايىتى تېز ئۆسكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئىشچى- خىزمەتچىلەر تۇرمۇشىدىكى ئاساسىي يېمەكلىك بولغان ئاشلىق- مايىنىڭ تەمىنلىنىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، 1980- يىلدىن ئىلگىرىكى بەزى يىللاردا ئاشلىق- ماي نورمىلىق تەمىنلەندى، بۇ، زور كۆپ ساندىكى ئائىلىلەرنىڭ ئىستېمال ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىدى. 1980- يىلدىن كېيىنكى بىر نەچچە يىلدا ئاشلىق- ماي يەنىلا نورمىلىق بولسىمۇ، ھەممە ئائىلىلەردە دېگۈدەك مەلۇم مىقداردا ئېشىنچا ئاشلىق بار بولدى. 1990- يىلى سېتىلغان چوشقا 150، 7509 كىلوگرام، يېڭى (توڭلىتىلغان) چوشقا گۆشى 8920، 446 مىڭ 179 كىلوگرام، يېڭى (توڭلىتىلغان) كالا گۆشى 2769 ، 181 مىڭ 885 كىلوگرام، قوي 2712 تۇياق، 90 مىڭ 560 كىلوگرام، يېڭى (توڭلىتىلغان) قوي گۆشى 303 مىڭ 620 تۇياق، 699 مىڭ 143 كىلوگرام، ئۆي قۇشلىرى 30 مىڭ 59 دانە، 44 مىڭ 643 كىلوگرام، سۇ مەھسۇلاتلىرى 552 مىڭ 575 كىلوگرام، يېمەكلىك 1 مىليون 166 مىڭ 179 كىلوگرام، ئاق ھاراق 570 مىڭ 992 كىلوگرام، پىۋا 729 مىڭ 500 كىلوگرام، ئاق شېكەر 774 مىڭ 462 كىلوگرام، قەنت- گېزەك 71 مىڭ 658 كىلوگرام، پېچىنە- پىرەنىك 12 مىڭ 5 كىلوگرام، سۈت پاراشوكى 1981 كىلوگرام، كونسېرۋا 33 مىڭ 643 قۇتا، مەملىكەتلىك داڭلىق ھاراقلار 2571 كىلوگرام، يەرلىك داڭلىق ھاراقلار 18 مىڭ 406 كىلوگرام، ئۈزۈم ھارىقى 38 مىڭ 936 كىلوگرام بولدى. كىشىلەرنىڭ يېمەك- ئىچمەك ئىستېمالى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

كىيىم- كېچەك: 1976- يىلى 3 مىليون 220 مىڭ مېتىر پاختا رەخت، 33 مىڭ مېتىر يۇڭ توقۇلما، 300 مىڭ مېتىر تاۋار- دۇردۇن، 49 مىڭ 995 قۇر توقۇلما كۆڭلەك- ئىشتان، 18 مىڭ 989 جۈپ خۇرۇم ئاياغ، 103 مىڭ 876 جۈپ رېزىنكە ئاياغ سېتىلدى. 1985- يىلى 2 مىليون 280 مىڭ مېتىر پاختا رەخت

سېتىلدى، يۇڭ رەخت ۋە خىمىيىۋى تالالىق رەختلەرنىڭ سېتىلىش مىقدارى ئاشقانلىقتىن، پاختا رەختنىڭ سېتىلىشى 1976- يىلدىكىدىن 29% تۆۋەنلىدى؛ 60 مىڭ مېتىر يۇڭ توقۇلما سېتىلىپ، 1976- يىلدىكىدىن 0.82 ھەسسە ئاشتى؛ 690 مىڭ مېتىر تاۋار- دۇردۇن سېتىلىپ، 1976- يىلدىكىدىن 1.3 ھەسسە ئاشتى؛ 210 مىڭ قۇر توقۇلما كۆڭلەك- ئىشتان سېتىلىپ، 1976- يىلدىكىدىن 3.2 ھەسسە ئاشتى؛ 35 مىڭ 844 جۈپ خۇرۇم ئاياغ سېتىلىپ، 1.88 ھەسسە ئاشتى؛ 163 مىڭ 871 جۈپ رېزىنكە ئاياغ سېتىلىپ، 0.57 ھەسسە ئاشتى. 1990- يىلى 913 مىڭ 72 مېتىر پاختا رەخت، 242 مىڭ 342 مېتىر پاختا- خىمىيىۋى تالا ئارىلاشتۇرۇلۇپ توقۇلغان رەخت، 185 مىڭ 566 مېتىر خىمىيىۋى تالالىق رەخت، 81 مىڭ 453 مېتىر يۇڭ توقۇلما، 279 مىڭ 475 مېتىر تاۋار- دۇردۇن، 243 مىڭ 202 پارچە لۆڭگە، 164 مىڭ 485 قۇر ئاسما مايكا، 115 مىڭ 901 قۇر توقۇلما ئىچ كىيىم، 23 مىڭ 514 قۇر تازىلىق ئىچ كىيىمى، 159 مىڭ 668 قۇر تۈرلۈك كىيىم- كېچەكلەر، 16 مىڭ 342 پارچە كارىۋات كىرلىكى، 36 مىڭ 452 كىلوگرام يۇڭ يىپ، 42 مىڭ 266 جۈپ سۇلياۋ ئاياغ، 152 مىڭ 336 جۈپ رېزىنكە ئاياغ سېتىلدى. تاۋارلارنىڭ سېتىلىش مىقدارى زور دەرىجىدە ئېشىپلا قالماي، كىشىلەر كىيىملىرىنىڭ رەڭگى ۋە پاسونلىرىمۇ 50-، 60- يىللاردىكىدىن كۆپخىللاشتى، كىيىنىشتە كىشىلەر بارغانسېرى پاسونى ۋە رەڭگىگە ئەھمىيەت بېرىدىغان، ئاراملىق ۋە مودا بولۇشقا ئىنتىلىدىغان بولدى.

بۇيۇملارنى ئىشلىتىش: ئىشلىتىدىغان تاۋارلاردىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئىلگىرىكى «تۆت چوڭ تاۋار» (يەنى ۋېلىسىپىت، كىيىم تىكىش ماشىنىسى، رادىئو، قول سائەت) نىڭ ئورنىغا يېڭى «تۆت چوڭ تاۋار» (تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇ، كىرئالغۇ، توڭلاتقۇ) ئالماشتى. 1976- يىلى 4774 دانە ۋېلىسىپىت، 2718 دانە رادىئو، 1934 دانە كىيىم تىكىش ماشىنىسى، 8336 دانە قول سائەت سېتىلدى. 1985- يىلى 18 مىڭ 301 ۋېلىسىپىت سېتىلىپ، 1976- يىلدىكىدىن 2.77 ھەسسە ئاشتى؛ 3793 كىيىم تىكىش ماشىنىسى سېتىلىپ، 1976- يىلدىكىدىن 96.1% ئاشتى. 1981- يىلى قومۇل تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شۇ يىلىلا 1378 دانە تېلېۋىزور سېتىلغان بولۇپ، 1985- يىلغىچە بولغان بەش يىلدا جەمئىي 23 مىڭ 598 دانە تېلېۋىزور سېتىلدى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 4718 تېلېۋىزور سېتىلدى؛ بۇنىڭ ئىچىدە، رەڭلىك تېلېۋىزوردىن 8336 سى بولۇپ، 35.3% نى ئىگىلىدى. 1985- يىلى 8638 تېلېۋىزور سېتىلغان بولۇپ، 1981- يىلدىكىدىن 5.26 ھەسسە ئاشتى؛ 5391 دانە رادىئو سېتىلغان بولۇپ، 1981- يىلدىكىدىن 1.85 ھەسسە ئاشتى؛ 10 مىڭ 441 دانە كىرئالغۇ سېتىلغان بولۇپ، 1981- يىلدىكىدىن 13.1 ھەسسە ئاشتى؛ 1000 دانە توڭلاتقۇ سېتىلدى. 1990- يىلى 3759 دانە تېلېۋىزور (بۇنىڭ ئىچىدە، رەڭلىك تېلېۋىزور 3152 دانە)، 2848 يېرىم ئۆتكۈزگۈچلۈك رادىئو قوبۇللىغۇچ، 3243 ئۈنئالغۇ، 168 سىن قويغۇ، 2477 ئېلېكتر شامالدۇرغۇچ، 1834 كىرئالغۇ، 1921 توڭلاتقۇ، 419 فوتو ئاپپارات، 1124 كىيىم تىكىش ماشىنىسى، 10 مىڭ 397 قول سائەت، 10 مىڭ 38 دانە ۋېلىسىپىت، 114 دانە موتسىكلىت سېتىلدى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ۋىلايەتتىكى تېلېۋىزور 90 مىڭغا يەتتى.

تۇرالغۇ ئۆي: 1990- يىلىنىڭ ئاخىرى 60% تىن ئارتۇق شەھەر- بازار ئاھالىسى سۇ ۋە ئىسسىنىش ئەسلىھەلىرى يۈرۈشلەشكەن يېڭى ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىردى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تۇرالغۇ ئۆي 8.08 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 1979- يىلدىكى 2.77 كۋادرات مېتىردىن 5.31 كۋادرات مېتىر ئاشتى. ئىشچى- خىزمەتچىلەر ھۆكۈمەتنىڭ ئۆيىدە تۇرىدىغان بولۇپ، ئايدا ئىجارە تاپشۇرىدۇ، ئىجارە ھەققى ئادەتتە كىرىمىنىڭ

%1 ~ 2 نى ئىگىلىدى.

**قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ 1985 ~ 1990- يىللىغىچە بولغان پارچە سېتىلىش سوممىسى ۋە تەركىبلىرى**

جەدۋەل 3 – 28

| | تۈرلەر / يىل | ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى | يېمەكلىك تۈرىدىكىلەر | كىيىم-كېچەك تۈرىدىكىلەر | كۈندىلىك بۇيۇملار | مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش بۇيۇملىرى | كىتاب-گېزىت-ژۇرنال تۈرىدىكىلەر | دورا ۋە تېببىي داۋالاش بۇيۇملىرى | يېقىلغۇ تۈرىدىكىلەر |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| مۇتلەق سان (ئون مىڭ يۈەن) | 1985 | 19545 | 8898 | 3801 | 4467 | 884 | 215 | 449 | 831 |
| | 1986 | 21688 | 9824 | 4173 | 4642 | 686 | 377 | 794 | 1193 |
| | 1987 | 23717 | 10823 | 4507 | 4420 | 4061 | 305 | 732 | 1968 |
| | 1988 | 31486 | 14141 | 6509 | 6448 | 1192 | 363 | 1043 | 1790 |
| | 1989 | 33647 | 14123 | 6613 | 8151 | 1327 | 453 | 1051 | 1929 |
| | 1990 | 36934 | 15973 | 6743 | 8058 | 1644 | 485 | 1573 | 2458 |
| تەركىبى (%) | 1985 | 100 | 45.5 | 19.4 | 22.9 | 4.5 | 1.1 | 2.3 | 4.3 |
| | 1986 | 100 | 45.3 | 19.2 | 21.4 | 3.2 | 1.7 | 3.7 | 5.5 |
| | 1987 | 100 | 45.6 | 19.0 | 18.6 | 4.5 | 1.3 | 3.1 | 7.9 |
| | 1988 | 100 | 44.9 | 20.7 | 20.5 | 3.8 | 1.1 | 3.3 | 5.7 |
| | 1989 | 100 | 42.0 | 19.7 | 24.2 | 3.9 | 1.4 | 3.1 | 5.7 |
| | 1990 | 100 | 43.2 | 18.3 | 21.8 | 4.5 | 1.3 | 4.3 | 6.6 |

**4) ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىمگەك سۇغۇرتا پاراۋانلىقى تەدرىجىي كۆپەيدى.** ئەمگەك سۇغۇرتىسى نىزامىدا ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەر ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىشتىن بەھرىمەن بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىشتىن يېرىم بەھرىمەن بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. 1979- يىلىدىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ

تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىشچى- خىزمەتچىلەر بەھرىمەن بولىدىغان ئەمگەك سۇغۇرتا پاراۋانلىقىمۇ كۈندىن- كۈنگە كېڭىيىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىقىش تەمىنات ئۆلچىمى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، پىلانلىق تۇغۇت ۋە يالغۇز پەرزەنتلەرنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش خىراجىتى ئۆستۈرۈلۈپ، ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ ئىسسىنىش پۇلى، تۇغقان يوقلاش كوماندىروپكا ھەققى ۋە تازىلىق پۇلى ئۆستۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە دۆلەت مالىيىسى ئاشلىق، ماي، گۆش، كۆكتات، كۆمۈرگە ئوخشاش بىر قىسىم خەلق تۇرمۇشىدىكى زۆرۈر بۇيۇملارنىڭ باھاسىنى چۈشۈرۈپ، زىيىنىغا سېتىشنى بولغا قويۇپ، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئارىلىقتىكى زىيىنىنى تولۇقلاپ بەردى. قىيىنچىلىقى بار ئىشچى- خىزمەتچىلەرگە دۆلەت مۇددەت ۋە نورما بەلگىلەپ ياردەم بەردى.

1979- يىلى ۋىلايەت دۆلەت ئورگانلىرى، تەشكىلاتلار، كەسپىي ئورۇنلاردىن 2.5% بويىچە 64 مىڭ 190 يۈەن كادىرلار پاراۋانلىق پۇلىنى ئاجرىتىۋېلىپ، 431 ئادەم (قېتىم) ياردەم بەردى، ياردەم قىلىنغان پۇل 38 مىڭ 842 يۈەن بولدى؛ كوللېكتىپ پاراۋانلىق ياردىمى 12 مىڭ 580 يۈەن بولۇپ، يەسلى، ئاشخانا ۋە پىلانلىق تۇغۇت قاتارلىق ئۈچ تۈرگە 1077 يۈەن ياردەم بېرىلدى.

1980- يىلى قۇمۇلدىكى ۋىلايەت دەرىجىلىك ئورگان، كەسپىي ئورۇنلار 2.5% بويىچە 64 مىڭ 190 يۈەن كادىرلار پاراۋانلىق پۇلى ئاجرىتىپ، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار 502 كادىرغا 36 مىڭ 646 يۈەن ياردەم پۇلى بەردى، كوللېكتىپ پاراۋانلىق ئىشلىرىغا 29 مىڭ 106 يۈەن ئىشلىتىلىپ، 4357 يۈەن چىقىم تېجەپ قىلىندى.

1981- يىلى ۋىلايەت بويىچە ئورگان، كەسپىي ئورۇنلاردىكى 629 كادىر تۇرمۇش قىيىنچىلىقى ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولدى، 33 مىڭ 272 يۈەن ياردەم بېرىلدى؛ كوللېكتىپ پاراۋانلىق ئىشلىرىغا 30 مىڭ 830 يۈەن پاراۋانلىق پۇلى، ئۆسمۈر باللارغا 4802 يۈەن پاراۋانلىق پۇلى ئاجرىتىلدى.

1982- يىلى ۋىلايەت بويىچە ئورگان، كەسپىي ئورۇنلار، كارخانىلار تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار ئىشچى- خىزمەتچىلەرگە 294 مىڭ يۈەن پاراۋانلىق پۇلى ئاجراتتى. ئۇندىن باشقا ھەر قايسى ئىدارىلار ئىشچى- خىزمەتچىلەرگە مۇنچا، ساتىراشخانا، ئاشخانا، كۇلۇپ قاتارلىق كوللېكتىپ پاراۋانلىق ئەسلىھەلىرىنى قۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ئۆزلىرى 517 مىڭ 800 يۈەن خىراجەت توپلىدى.

1983- يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى ئورۇنلارنىڭ كوللېكتىپ پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ئىشلەتكەن ياردەم پۇلى 240 مىڭ يۈەن بولدى. كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە ئورگانلارنىڭ ئىشچى- خىزمەتچىلەر كوللېكتىپ پاراۋانلىق ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىغا ئۆزلىرى تەييارلاپ سالغان مەبلىغى 385 مىڭ يۈەن بولدى.

1986 ~ 1990- يىلىغىچە ۋىلايەتتىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەرگە 81 مىليون 358 مىڭ يۈەن باھا قوشۇمچە ياردىمى، 7 مىليون 856 مىڭ يۈەن نەپىقە ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق قۇتقۇزۇش پۇلى ئاجرىتىلدى.

# مىللەت، دىن

## تۆتىنچى قىسىم

# مىللەت، دىن

## I باب

## مىللەتلەر

تارىختا قۇمۇل بوستانلىقىدا نۇرغۇن مىللەتلەر ياشاپ كەلدى. بۇ يەردىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۆزىنىڭ شانلىق تارىخى ۋە پارلاق مەدەنىيىتىنى ياراتتى، ئۇلار قۇمۇلنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن شانلىق تۆھپىلەرنى قوشتى. 1990- يىلىدىكى مەلۇماتتىن قارىغاندا قۇمۇل ۋىلايىتىدە ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، قازاق، موڭغۇل، زاڭزۇ، مياۋزۇ، يىزۇ، جۇاڭزۇ، بۇيىزۇ، چاۋشيەنزۇ، تۇڭزۇ، بەيزۇ، تۇزۇ، تۇجيازۇ، شىبە، ئۆزبېك، رۇس، باۋئەن، يۇغۇر، داغۇر، قىرغىز، مانجۇ، دۇڭشياڭدىن ئىبارەت 24 مىللەت بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، ئۇيغۇرلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 20.7% ىنى، خەنزۇلار 65.7% ىنى، قازاقلار 9.6% ىنى، خۇيزۇلار 3.1% ىنى، موڭغۇللار 0.4% ىنى، باشقا مىللەتلەر 0.5% ىنى تەشكىل قىلدى. خەنزۇلار قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ شەھەر- يېزىلىرىغا، ئۇيغۇرلار ئاساسلىقى قۇمۇل شەھىرى ۋە ئاراتۈرۈك ناھىيىسىگە، قازاقلار ئاساسلىقى بارىكۆل ناھىيىسى ۋە قۇمۇل شەھىرىنىڭ تاغلىق رايونلىرى ھەم ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ تۆركۆل، نېرىنكىر چارۋىچىلىق فېرمىلىرىغا، خۇيزۇلار ئاساسلىقى قۇمۇل شەھىرىگە، موڭغۇللار ئاساسلىقى بارىكۆل ناھىيىسىنىڭ خۇايۇەن، شىرىنزى (بالبال) يېزىلىرى ھەم ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ قىسمەن جايلىرىغا مەركەزلەشتى.

### §1. ئۇيغۇرلار

**1. تەرەققىيات جەريانى**

ئۇيغۇرلارنىڭ قۇمۇل بوستانلىقىدا ياشىغان تارىخى ئۇزۇن. تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەيچېڭ 5- يىلى(840- يىلى) ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچتى، ئۇلارنىڭ بىر بۆلىكى ئىدىقۇت ئەتراپىغا كۆچۈپ كېلىپ، قۇمۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇردى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ داجۇڭ يىللىرى (847 ~ 860- يىلىغىچە)، ئىۋۇرغول (ئۇيغۇرغول) دا ئۇيغۇرلار كۆپلەپ ئولتۇراقلاشتى. بۇنى لاپچۇق ناھىيىسىنىڭ بىر قېتىمدا 1000 دىن ئارتۇق ئەسكەر چىقىرالىغانلىقىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. قۇمۇل بوستانلىقىنىڭ يېرى مۇنبەت،

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قىلىشقا باب كەلگەچكە، بۇ يەردە ماكانلاشقان ئۇيغۇرلار تەدرىجىي كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئۆتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قۇمۇل يىپەك يولىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولغاچقا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى رايونلار بىلەن بولغان سودىسى كۈندىن- كۈنگە قويۇقلاشتى. تىنچ مۇھىتتا ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى تېز كۆپەيدى. 13 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلار موڭغۇل خانلىقىغا بەيئەت قىلدى. ئۇلارنىڭ باشلىقى تېلىن تېكىن ئىنانە توپلاپ ئەسكەرلەرگە ياردەم قىلىپ، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، تېرىقچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇۋاتقان ئارجىننىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. يۈەن سۇلالىسىنىڭ جيۈەن19- يىلى (1282- يىلى) ئازجى تېلىن تېكىننى قۇمۇلنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تەيىنلەپ، ھەربىي ۋە ماشار ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلدى. يۈەن سۇلالىسىنىڭ جيۈەن 24- يىلى (1287- يىلى) غەربىي شىمالدىكى موڭغۇل ۋاڭلىرى توپىلاڭ كۆتەردى، ئىدىقۇت، قۇمۇل ئۇرۇش ئاپىتىگە ئۇچرىدى، خەلقنىڭ كۆنى ئېغىرلاشتى، قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلار ئۆي- ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ، ئارقا- ئارقىدىن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە قېچىپ بېرىپ، خەنزۇ ۋە باشقا مىللەتلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشتى. بۇ چاغدا قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى بەك ئازىيىپ كەتتى.

يۈەن سۇلالىسى يىمىرىلگەندىن كېيىن، موڭغۇل ئەۋلادىدىن بولغان ئۇناشىرى بۇلۇنۇپ چىقىپ مۇستەقىل بولۇۋالدى، قۇمۇل يەنىلا موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولدى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ خۇڭۋۇ 13- يىلى (1380- يىلى) قۇمۇلدىكى موڭغۇل ھۆكۈمرانلار تەسلىم بولدى. مىڭ سۇلالىسى ئەسلىدىكى موڭغۇل ھۆكۈمرانىنى قۇمۇلغا سادىق ۋاڭ قىلىپ تەيىنلىدى. لېكىن بۇ چاغدا قۇمۇلنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقى مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار، ئۇيغۇرلار، قاراخۇيدىن ئىبارەت ئۈچ قەبىلىنىڭ قولىغا ئۆتتى. كېيىنچە ئۇيغۇرلارنىڭ كۈچى تەدرىجىي زورايغانلىقتىن، ئۇتتۇق خەن شىن مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن سادىق ۋاڭلىققا تەيىنلىنىپ، قۇمۇلنىڭ ھۆكۈمرانى بولدى. شۇ چاغدا، تۇرپان خانلىقى مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن قارشىلىشىپ، ھەمىشە قۇمۇلغا تاجاۋۇز قىلدى ۋە پاراكەندىچىلىك سالدى. خەن شىن سادىق ۋاڭ بولغىنىغا ئىككى يىل بولغاندا، تۇرپان ھۆكۈمرانلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. قۇمۇل خەلقى مالىمانچىلىق تۈپەيلىدىن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كۆچتى، ئەنشى ئەتراپىدىكى كۇيۇ شەھىرى قۇمۇل ۋاڭ جەمەتلىرى ۋە خەلقنىڭ پاناھ جايى بولۇپ قالدى. 15 - ئەسىردە 2000 دىن ئارتۇق ئادەم ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كۆچۈپ كېتىپ، قۇمۇلدا بىرقانچە يۈز تۈتۈن قالدى. 16 - ئەسىرنىڭ باشلىرى قۇمۇلدىكى سادىق ۋاڭ بەيياجى باۋۇزلىشىپ خەلقنى شەپقەتسىز تۈردە تالان- تالاج قىلدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن خارابلاشتى، نوپۇسى ئازىيىپ كەتتى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 36- يىلى (1697- يىلى) چىڭ ھۆكۈمىتى قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ باشلىقى ئەبەيدۇللانى 1- دەرىجىلىك جاساق تارخانلىققا تەيىنلىدى. قۇمۇل ۋاڭى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ كۈچلۈك ھىمايىسىگە ئىگە بولغاچقا، قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشى شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىنىڭكىگە قارىغاندا بىر قەدەر خاتىرجەم ئۆتتى. شۇ مەزگىلدە، ئاندا- ساندا يۈز بەرگەن ئۇرۇش تۈپەيلىدىن كىشىلەر كۆچۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئومۇمەن نوپۇسى بارغانسېرى ئېشىپ ماڭدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ مىنگونىڭ 19- يىلى (1930- يىلى) غىچە بولغان 233 يىل جەريانىدا، قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلار ئىزچىل تۈردە ئۇيغۇر ۋاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ياشىدى. مىنگونىڭ 24- يىلى (1935- يىلى) 2- قېتىملىق «ئەمەل ۋارىسلىقى بىكار قىلىنىپ، ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئەمەلدار قويۇش» يولغا قويۇلغاندىن كېيىنلا، يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى.

2. ئۆرپ- ئادىتى

ئۇيغۇر ئاياللار دائىم كۆڭلەك كىيىدۇ، ئۈچىسىغا كوپتا كىيىدۇ، چىرايلىق، ئېسىل رەختلەردىن كىيىم كىيىدۇ. يېقىنقى بىر قانچە 10 يىلدىن بېرى، كىيىم- كېچەكلىرىنىڭ پاسونىدا كۆپ ئۆزگىرىش بولدى. قىزلار مودا كىيىملەرنى

كىيىدىغان بولدى، ئەرلەر تون، پەلتو ياكى چاپچا كىيىدۇ. بېلىگە پوتا باغلايدۇ، پوتىغا پىچاق قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرىنى ئېسىۋالىدۇ. ئەر- ئاياللار ھەممىشە ھەر خىل گۈللۈك دوپپا كىيىدۇ، ئۆتۈك كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بېرى، مودا كىيىم كۈنسايىن كۆپىيىپ، ئەنئەنىۋى كىيىم- كېچەكلەر ئازىيىپ كەتتى. قىزلار چېچىنى ئۆرۈۋالىدۇ، تۇرمۇش قۇرغان ئاياللار چېچىنى ئىككى ئۆرۈم قىلىپ ئۆرىدۇ. ئاياللار ئالتۇن ئىگنە (ھالقا)، بىلەيزۈك، ئۈزۈك سېلىشنى ياقتۇرىدۇ.

ئاساسلىق تائاملىرىدىن نان، پولۇ، كاۋاپ، چۆچۈرە، ياپما، شوچا، ئۇندۇرمە، كۆچە، قاتلىما، پۆرە، سۇيۇقئاش، مانتا، لەغمەن قاتارلىقلار بار. قوشۇمچە يېمەكلىكى ئاساسلىقى قوي، كالا گۆشى ۋە ھەر خىل كۆكتاتلار بولۇپ، دائىم يەيدىغان كۆكتاتلىرىدىن پىياز، سەۋزە، چامغۇر قاتارلىقلار بار. ئەتكەنچاي ئىچىشنى ياقتۇرىدۇ، ئۇنى ئازراق تۇز سېلىپ سۈت ھەم چاي بىلەن دەملەيدۇ، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى دېھقان، چارۋىچىلار ئازراق سېرىقماي سېلىپ ئىچىشنى ياخشى كۆرىدۇ. چوشقا، ئېشەك گۆشلىرىنى ھارام دەپ، بوغۇزلانماي ئۆلۈپ قالغان چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىنىڭ گۆشلىرىنى مەھرو دەپ يېمەيدۇ.

كونىچە ئۆيلەر كېسەك، ياغاچ بىلەن سېلىنىدۇ، ئۆگزىسى سامانلىق لاي بىلەن سۇۋىلىدۇ، تۈگلۈك ئېچىلىدۇ. قازان بېشىغا تۇتاشتۇرۇلۇپ كاڭ سېلىنىدۇ، ئۆينىڭ بىر تېمىدا يوتقان- كۆرپە يىغىپ قويىدىغان ئويۇق بولىدۇ. يېڭىچە ئۆيلەر بىر قەدەر كەڭ ھەم يورۇق، قۇياش نۇرى ياخشى چۈشىدۇ، ھاۋا ياخشى ئۆتۈشىدۇ، كاڭغا گىلەم سالىدۇ، تاملىرىغا گىلەم ئاسىدۇ. 1980- يىلدىن كېيىن نۇرغۇن ئائىلىلەردە تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇ، توڭلاتقۇ قاتارلىق ئېلېكتر سايمانلىرى بار بولدى. ئۇيغۇرلار ئومۇمىيۈزلۈك دېگۈدەك ئۆيىنىڭ ئالدى- كەينىدە مېۋىلىك دەرەخ، ئۈزۈم ھەم ھەر خىل گۈل- گىياھلارنى ئۆستۈرىدۇ، ئۆتمۈشتە سەپەرگە چىققاندا ئات، ئېشەك مىنەتتى. 20 - ئەسىرنىڭ 60- يىللىرىدىن كېيىن ئېشەك ھارۋىسى كۈندىن- كۈنگە كۆپىيىپ، يېزىلاردىكى ئاساسلىق قاتناش قورالى بولۇپ قالدى. 1980- يىللارغا قەدەم قويغاندىن كېيىن شەھەر- يېزىلاردىكى ھەممە ئائىلىلەردە دېگۈدەك ۋېلىسىپىت، بىر قىسىم ئائىلىلەردە موتسىكلىت بار بولدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ئۇيغۇر ئوغۇل- قىزلارنىڭ نىكاھ ئىشلىرى ئاتا- ئانىسىنىڭ مەيلىچە بولاتتى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، نىكاھ قانۇنىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش ئارقىلىق ئوغۇل- قىزلار ئەركىن مۇھەببەت باغلايدىغان، نىكاھ ئىشلىرىغا ئۆزى خوجا بولىدىغان بولدى، شۇنداقتىمۇ ئاتا- ئانىلارنىڭ ماقۇللۇقى ئېلىنىدۇ. توي مۇراسىمى ئادەتتە ئۈچ كۈن بولىدۇ، 1- كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى قىزنىڭ ئاتا- ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلۈپ، شۇ مەھەللىدىكى دىنىي ئۆلىما نىكاھقا كەلگەن جامائەتكە ئالدى بىلەن نىكاھ خېتىنى ئالغانلىقىنى جاكارلايدۇ، ئاخۇنۇملار نىكاھ ئوقۇيدۇ، ئاندىن شاكىراپ ناننى ئىككىگە بۆلۈپ، ئۇنى تۇز سۈيى (شېكەر سۈيى) گە چىلاپ يىگىت بىلەن قىزغا يېگۈزىدۇ، ئاندىن كېيىن قىزنىڭ ئاتا- ئانىسى تەييارلىغان بىر يۈرۈش يېڭى كىيىم- كېچەك، دوپپا، قول ياغلىقى قاتارلىقلارنى كۈيئوغۇللۇق قىلىدۇ، مېھمانلار قىز- يىگىتكە بەخت تىلەيدۇ. مۇراسىم تۈگىگەندىن كېيىن مېھمانلارغا غىزا تارتىلىدۇ، چۈشتىن ئىلگىرى ئەر مېھمانلار، چۈشتىن كېيىن ئايال مېھمانلار كۈتۈۋېلىنىدۇ. قىز كۆچۈرۈش ۋاقتىدا، يىگىت تەرەپ ئىناۋەتلىك چوڭلاردىن بىر نەچچەيلەننى قىز تەرەپكە ئەۋەتىدۇ. قىز كۆچۈرۈشتىن ئىلگىرى ئاتا- ئانىسى قىزىغا «دۇئا» بېرىدۇ، قىز كۆچۈرگىلى كەلگەنلەر ئۇزاتقۇچىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا يىگىتنىڭ ئۆيى ئالدىغا كەلگەندە، سازەندە- ھاپىزلار نەغمە- ناۋا قىلىدۇ، ئىشىك ئالدىدا كۈتۈپ تۇرغان ئۇرۇق- تۇغقان، ئەل- ئاغىنىلىرى كېلىننى ھوجرا ئۆيگە ئەكىرىپ قويىدۇ. شۇ كېچىسى يىگىتنىڭكىدىمۇ، قىزنىڭكىدىمۇ مەشرەپ بولىدۇ. مەشرەپ تاڭ ئاتقىچە داۋام قىلىنىدۇ. 2- كۈنى چۈشتىن كېيىن يىگىت تەرەپتە تەنتەنىلىك يۈز ئاچقۇ مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ، كېلىن يەڭگىلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا مېھمانخانىغا كىرىدۇ، بېشى بورتۇمشال بىلەن يۆركۈلۈپ، ئوتتۇرىدا كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇلىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپ بىر قانچىدىن بېيىتچى ئاياللىنى تاللايدۇ، بۇ ئاياللار بىر- بىرىگە بېيىت

تاشلىشىپ، كېلىن بىلەن يىگىتنىڭ گۈزەل روخسارىنى ۋە ئېسىل پەزىلىتىنى ماختىشىدۇ. خۇشال كۈلكە ساداسى ئىچىدە قىزنىڭ يۈزى ئېچىۋېتىلىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ كېلىن يۈزىنى ئېچىپ يۈرىدۇ. توينىڭ 3- كۈنى چىللاشقۇ بولىدۇ. بۇ كۈنى قىز تەرەپ بىلەن يىگىت تەرەپنىڭ تۇغقانلىرى، خولۇم- قوشنىلىرى ۋە ئەل- ئاغىنىلىرى مېھمان قىلىنىدۇ. چىللاشقۇغا ھەر ئىككى تەرەپ ئاددىي داستىخان تەييارلاپ سوۋغا تۇتۇشىدۇ. بۇ قېتىمقى مېھماندارچىلىقتا ئۇرۇق- تۇغقان، قولۇم- قوشنىلارنىڭ تونۇشۇشى، شۇنىڭدىن كېيىن باردى- كەلدى قىلىپ تۇرۇشقا ئوڭايلىق يارىتىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلۈم- يېتىم ئىشلىرى ئىسلام دىنىنىڭ قائىدە- يوسۇنلىرى بويىچە بولىدۇ. ئادەم سەكراتقا چۈشۈپ قالغاندا، ئۇنىڭ بېشىدا ئايەت ئوقۇشقا ئادەم قويۇلىدۇ. ئادەم جان ئۈزگەندىن كېيىن، دەرھال ئۇرۇق- تۇغقان، ئەل- ئاغىنىلىرىغا، ئاخۇن- موللىلارغا خەۋەر يەتكۈزىدۇ، ئەر ھازىدارلار سەللە تاڭىدۇ. تەزىيە بىلدۈرۈپ كەلگەن ئەر تۇغقانلارغا بىردىن ئاق قولياغلىق، ئايال تۇغقانلارغا بىردىن داكا لېچەك سالىدۇ، يېقىن ھازىدارلىرى ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ كۆڭۈل سوراپ كەلگەنلەر بىلەن كۆرۈشىدۇ. مېيىت ئومۇمەن شۇ كۈنى يەرلىككە قويۇلىدۇ، ئالاھىدە ئەھۋالدا يەرلىككە ئەتىسى قويۇلسىمۇ بولىدۇ. مېيىتنى چوڭ ياشلىقلار سۇغا ئالدۇرغاندىن كېيىن ئاق رەخت بىلەن كېپەنلەيدۇ. مېيىتنى ئېلىپ مېڭىشتىن ئىلگىرى ئۇرۇق- تۇغقانلىرى ۋاپات بولغۇچىغا دۇئا قىلىپ ۋىدالىشىدۇ، ئاندىن مېيىت تاۋۇتقا سېلىنىپ قەبرىستانلىققا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئاياللار مېيىتنى ئۇزىتىپ قەبرىستانلىققا بارمايدۇ، تاۋۇتنىڭ ئالدىدا ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئۇرۇق- تۇغقانلىرى ماڭىدۇ، قالغان جامائەت تاۋۇتنىڭ كەينىدىن ماڭىدۇ. ئاخۇنۇم دەپنە قىلىش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ. يەرلىك (گۆر) ئادەتتە چوڭقۇرلۇقى تەخمىنەن ئىككى مېتىر، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن ئىككى مېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن بىر مېتىر قىلىپ قېزىلىدۇ. ئاندىن كېيىن يەرلىكنىڭ ئىچىدە قىبلە تەرىپىدىن ئىچ ئۆي قېزىلىدۇ، مېيىت ئىچ ئۆيگە قويۇلىدۇ ھەمدە بېشى شىمالغا، پۇتى جەنۇبقا، يۈزى قىبلىگە قىلىپ ياتقۇزۇلىدۇ. ئاندىن كېيىن ئىچ ئۆينىڭ ئاغزى كېسەك بىلەن ئېتىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئالدى بىلەن ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئۇرۇق- تۇغقانلىرى گۆرگە يەتتە كەتمەن توپا تاشلايدۇ، ئاندىن باشقىلار توپا تاشلايدۇ. گۆرگە تىندۇرۇلغان توپا يەر يۈزىدىن سەل كۆتۈرۈلگەندە توپا تاشلاشنى توختىتىدۇ. بۇ چاغدا ئاخۇنۇم قىرائەت قىلىدۇ. ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئۇرۇق- تۇغقانلىرى يەر بېشىدا جامائەتكە چاچقۇ تارقىتىپ بېرىدۇ ھەم ئازراق پۇل تارقىتىدۇ، ئاخىرىدا ئاخۇنۇم قالدى ئىشلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى ئېلان قىلىدۇ. مېيىتنى ئۇزىتىش شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، دۆلەت خىزمەتچىلىرى ۋاپات بولغاندا، دىنىي قائىدە بويىچە ئۇزىتىلغاندىن باشقا، يەنە ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى. مېيىت نامىزىنى ئوقۇش ۋاقتىدا، ۋاپات بولغۇچى ئىشلىگەن ئورۇننىڭ رەھبىرى ئالدى بىلەن جامائەت ئالدىدا تەزىيە سۆزى قىلىدۇ.

مېيىت يەرلىككە قويۇلغاندىن كېيىن، ئىككىنچى كۈنىدىن باشلاپ، ۋاپات بولغۇچى تەۋە مەسچىتنىڭ ئەل- جامائىتى بامدات نامىزىدىن يېنىپ قەبرە بېشىغا چىقىپ ئايەت ئوقۇيدۇ، بۇنداق قىلىش يەتتە نەزىرىدىن كېيىن توختايدۇ. شۇ ئارىلىقتا ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئۇرۇق- تۇغقانلىرى قەبرە بېشىنى كۆتۈرىدۇ. قەبرە ئادەتتە ئۇزۇنچاق چاسا قىلىپ قوپۇرۇلىدۇ. ئەرلەرنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە تولۇق شەكلى، ئاياللارنىڭكىگە نوغۇچ شەكلى چىقىرىلىدۇ. ۋاپات بولغۇچىنىڭ تۇغقانلىرى ئۈچى، يەتتىسى، قىرقى، يۈزى، يىل نەزىرلىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. ھەر قېتىملىق نەزىرگە مېھمان چىللايدۇ، ئەرلەر ئەتىگەندە، ئاياللار چۈشتىن كېيىن مېھمان قىلىنىدۇ، ئاياللار داستىخان كۆتۈرۈپ بارىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق بايرىمى روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيتتۇر. روزا ھېيت بىر ئاي روزا تۇتقاندىن كېيىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. روزا تۇتقۇچىلار روزا تۇتقاندىن باشلاپ تاكى كۈن پاتقىچە ھېچ نەرسە يېمەيدۇ ۋە ئىچمەيدۇ، بىر ئاي توشقاندا ئېغىز ئېچىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن روزى ھېيت بولۇپ كۈندۈزى تاماق يېيىش ئەسلىگە كېلىدۇ. ھېيتتىن ئىلگىرى، ھەممە ئۆيلەردە ساڭزا، پوشكال سېلىنىدۇ، نۇرغۇن ھېيتلىق يېمەكلىكلەر تەييارلىنىدۇ. ھېيت مەزگىلىدە ئۆز ئارا ھېيتلىشىدۇ، خەنزۇ يولداشلارمۇ تونۇشىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ھېيتلايدۇ. قۇربان ھېيتتا، مال سويۇپ

قۇربانلىق قىلىنىدۇ. قۇربان ھېيت روزا ھېيتتىن 70 كۈن كېيىن بولىدۇ. شارائىتى بارلار قۇربانلىق دەپ قوي سويۇپ، نەزىر ئېشى قىلىپ، ئەل-ئاغىنىلىرى ۋە قوشنىلىرىنى چىللاپ مېھمان قىلىدۇ. ھېيت مەزگىلىدە مەشرەپ، چېلىش قاتارلىق ھەر خىل مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى دائىم ئۆتكۈزۈلىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئۆز ئارا مۇئامىلىدە ئەدەپ-يوسۇنغا ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ. يۈز كۆرۈشكەندە ئۆز ئارا سالام بېرىپ (ئامان-ئېسەنلىك سوراپ)، قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدۇ، بىر-بىرىنىڭ ئۆيىدىكى ئادەملەرنىڭ سالامەتلىكىنى سورىشىدۇ. باشقىلارنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ بارسا، ئورۇن ئېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ساھىبخان بىلەن دۇئا قىلىدۇ. ئاندىن تىنچلىق-ئامانلىق سورىشىدۇ. بۇ چاغدا ساھىبخان داستىخان سېلىپ نان-چاي كەلتۈرۈپ كۈتىدۇ. مېھمان ئولتۇرغاندا پۇتىنى سوزۇپ ئولتۇرمايدۇ، چوقۇم يۈكۈنۈپ ۋە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرىدۇ. كىچىكلەرنىڭ مېھمانلار ۋە چوڭلار ئالدىدا ئەپشۈش، ئۇسۇرۇش، تاماكا چېكىش، ھاراق ئىچىش قاتارلىق قىلمىشلىرى ئەدەبسىزلىك ھېسابلىنىدۇ.

ھامىلىدار ئاياللار ئادەتتە ئانىسىنىڭ ئۆيىدە يەڭگىيدۇ. بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئاخۇنۇمنى چىللاپ كېلىپ، بالىغا ئات قويىدۇ. بالىلارغا كۆپىنچە قۇرئان كەرىم ئىچىدىكى ئاتلار قويۇلاتتى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەلۇم مەنىگە ئىگە ئاتلار، مەسىلەن، ئەركىن، بەختىيار، باھارگۈل دېگەنگە ئوخشاش ئاتلار قويۇلىدىغان بولدى. بالا تۇغۇلۇپ 40 كۈن توشقاندا ئىدىر چىقىرىدۇ. بوۋاقنىڭ يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بوۋاق ئۈچۈن كىيىم-كېچەك ۋە باشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنى تەييارلايدۇ. ئوغۇل بالا 6 ~ 7 ياشلارغا كىرگەندە سۈننەت (خەتنە) قىلدۇرۇلىدۇ. سۈننەت قىلىشتىن ئىلگىرى بالىغا يېڭى كىيىم-كېچەك، يوتقان-كۆرپە تەييارلىنىدۇ، نەزىر ئۆتكۈزۈلىدۇ. قىز بالىلارنىڭ ئۇسما قويىدىغان ئادىتى بار. ئەتىيازدا كىشىلەر ئۆيىنىڭ ئالدى-كەينىگە ئۇسما تېرىپ قويىدۇ، ئۇسما ئۆسكەندىن كېيىن، يوپۇرمىقىنى سىقىپ، سۈيىنى چىقىرىپ قېشىغا سۈرىدۇ. ئۇسما قويغاندا ئىككى قاشنى تۇتاشتۇرۇۋېتىدۇ. بۇ پۈتۈن قاش دېيىلىدۇ. قىز بالىلارلا ئۇسما قويۇپ قالماستىن، ياش قۇرامىغا يەتكەن ئاياللارمۇ ئۇسما قويىدۇ. قىز بالىلار 2 ~ 3 ياشقا كىرگەندە، قۇلىقى تېشىلىپ، ھالقا سېلىپ قويۇلىدۇ.

### 3. شېۋىسى

قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ شېۋىسى تارىختىكى «شىناگىنىڭ شەرقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ» شېۋىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان شېۋىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەدىمىي، ساپ ۋە باي بىر تارمىقى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. قۇمۇل شېۋىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن فونېتىكا، گرامماتىكا ۋە لېكسىكا جەھەتلەردە بەزىبىر پەرقلەرگە ئىگە. قۇمۇل شېۋىسى ئۆزىنىڭ بىرمۇنچە پايدىلىق تەركىبلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى بېيىتىپ كەلمەكتە ۋە ئۆز تەرەققىياتى جەريانىدا ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا تەدرىجىي سىڭىپ كىرمەكتە.

10 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا شىنجاڭغا ئىسلامىيەتنىڭ كىرىشى بىلەن، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى لېكسىكىسى تەركىبىگە نۇرغۇن ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەر سىڭىپ كىردى، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن، بىر قىسىم ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرى ئىستېمالدىن قېلىپ قالدى. قۇمۇل شېۋىسىمۇ بۇ خىل تەسىردىن خالىي ئەمەس، ئەلۋەتتە. لېكىن ئىسلام دىنى قۇمۇلغا مىلادى 14 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا كىردى، ئەرەب-پارس تىلى سۆزلىرىنىڭ قۇمۇلغا كىرىش باشقا جايلارغا قارىغاندا بىر نەچچە يۈز يىل كېيىن، تەسىر كۆرسەتكەن ۋاقتى قىسقىراق. شۇڭا شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدا چەت تىللار تەرىپىدىن سىقىپ چىقىرىۋېتىلگەن بىر مۇنچە ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرى قۇمۇل شېۋىسىدە ساقلىنىپ قالدى، ئۇنىڭدا تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتلەر شەكىللەندى:

1) جاراڭسىز تاۋۇش پەرقى جاراڭسىز تاۋۇش فونېمىدا ئەدەبىي تىلدىكى «ف» ئەرەب تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، قۇمۇل شېۋىسىدە ئىشلىتىلمەيدۇ. ئەدەبىي تىل فونېمىسىدىكى «ژ» ھەرپى پارس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، بۇ قۇمۇل شېۋىسىدە ناھايىتى ئاز ئىشلىتىلىدۇ.

2) جاراڭلىق تاۋۇشنىڭ ماسلىشىشى

(1) ئەدەبىي تىلدىكى تىل كەينى جاراڭلىق تاۋۇش «ئا» قۇمۇل شېۋىسىدىكى بەزى سۆزلەردە تىل ئالدى جاراڭلىق تاۋۇش «ئە» گە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىل | قۇمۇل شېۋىسى |
|---|---|
| داڭگال | دەڭگەل |
| چاڭگال | چەڭگەل |
| ساڭگىلاتماق | سەڭگىلەتمەك |

(2) ئەدەبىي تىلدىكى جاراڭلىق تاۋۇش «ئە» قۇمۇل شېۋىسىدىكى بەزى سۆزلەردە «ئا» غا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىل | قۇمۇل شېۋىسى |
|---|---|
| دەرەخ | داراخ |

(3) ئەدەبىي تىلدىكى جاراڭلىق تاۋۇش«ئا» قۇمۇل شېۋىسىدىكى بەزى سۆزلەردە «ئى» غا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىل | قۇمۇل شېۋىسى |
|---|---|
| ئاجرىماق | ئىجرىماق |

(4) ئەدەبىي تىلدىكى جاراڭلىق تاۋۇش «ئە» قۇمۇل شېۋىسىدىكى بەزى سۆزلەردە «ئې» غا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىل | قۇمۇل شېۋىسى |
|---|---|
| يەتتە | يېتتى |

(5) ئەدەبىي تىلدىكى جاراڭلىق تاۋۇش «ئا» قۇمۇل شېۋىسىدىكى بەزى سۆزلەردە «ئى» غا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىل | قۇمۇل شېۋىسى |
|---|---|
| قازناق | قىزناق |

(6) ئەدەبىي تىلدىكى جاراڭلىق تاۋۇش «ئې» قۇمۇل شېۋىسىدىكى بەزى سۆزلەردە «ئى» غا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىل | قۇمۇل شېۋىسى |
|---|---|
| كېنىزەك | كىنىزەك |

(7) ئەدەبىي تىلدىكى «ن» قۇمۇل شېۋىسىدە چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىل | قۇمۇل شېۋىسى |
|---|---|
| خوتۇن | خوتو |
| ئوتۇن | ئوتو |
| بويۇن | بويو |

(8) جاراڭلىق تاۋۇش «ئە» بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلەرگە ئۇلانمىلار ئۇلانغاندا، ئەدەبىي تىلدىكى «ئە» «ئې» غا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. قۇمۇل شېۋىسىدە بولسا، كۆپىنچە ھاللاردا «ئى» غا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىل | قۇمۇل شېۋىسى |
|---|---|
| بەل+ئى= بېلى | بېلى |
| كەپ+ئىم= كېپىم | كېپىم |
| ئەپ+ئى= ئېپى | ئېپى |
| كەل+ىنىڭ= كېلىنىڭ | كېلىنىڭ |

3) جاراڭسىز تاۋۇشنىڭ ماسلىشىشى

(1) ئەدەبىي تىلدا بوغۇمنىڭ كەينىدە كەلگەن تىل ئۇتتۇرىسى تىترەك تاۋۇش «ر» قۇمۇل شېۋىسىدە بەزىدە تاۋۇشى ئېغىرراق چىقىدۇ، مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىل | قۇمۇل شېۋىسى |
|---|---|
| سىر | (تاۋۇشى ئېغىر چىقىدۇ) |
| زىرە | |
| پىر | |

(2) ئەدەبىي تىلدىكى جاراڭسىز تاۋۇش «ۋ» قۇمۇل شېۋىسىدىكى بەزى سۆزلەردە «گ» غا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىل | قۇمۇل شېۋىسى |
|---|---|
| ھاۋانچا | ھاگانچا |
| ۋاپا | گۆپا |
| ۋاقىت | گەخت |

(3) ئەدەبىي تىلدىكى يەنە بىر قىسىم جاراڭسىز تاۋۇشلار قۇمۇل شېۋىسىدىكى بەزى سۆزلەردە باشقا جاراڭسىز تاۋۇشلار بىلەن ئورۇن ئالمىشىدۇ، مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىل | قۇمۇل شېۋىسى |
|---|---|
| خورجۇن | غورجۇن |
| خىش | قىش |
| چۈش | تۈش |
| قاپارماق | قاۋارماق |
| بېھىش | بىيىش |
| ھاڭگا | ھاڭغا |
| قۇدۇق | غۇدۇق |
| قاق | قاخ |
| چاچ | چاش |
| باغلام | ۋالام |
| سانچىماق | چاشماق |
| قانچۇق | قانچۇق |
| چايقىماق | ياقىماق |
| يەنە | ھەنە، ھىنە |
| پاتماق | باتماق |

| | |
|---|---|
| ئاقلىماق (سەكرىمەك) | تەكلىمەك |
| ماڭقا | ماڭكا |
| كاۋاك | قوۋاخ |
| تىرناق | تىرماق |

4) فونېمىنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە بولۇشى  بۇ قۇمۇل شېۋىسىدە بىر قەدەر ئالاھىدە بولغان فونېتىكىلىق ئەھۋال، ئاساسلىقى ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. بىر خىلى ئوڭ ئاسسىمىلياتسىيە، يەنە بىر خىلى تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيە. مەسىلەن:

(1) ئوڭ ئاسسىمىلياتسىيە ئەھۋالى:

| ئەدەبىي تىل | قۇمۇل شېۋىسى |
|---|---|
| مەزھەپ | مەززەپ |
| ئاتلىق | ئاتتىق |

(2) تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيە ئەھۋالى: مەسىلەن: ن ← ل

| ئەدەبىي تىل | قۇمۇل شېۋىسى |
|---|---|
| ئون+لۇق= ئونلۇق | ئوللۇق |
| ئاران+لا = ئارانلا | ئاراللا |
| جان+لىق = جانلىق | جارلىق (خ) |

مەسىلەن: ن ← م

| ئەدەبىي تىل | قۇمۇل شېۋىسى |
|---|---|
| سەن+مۇ= سەنمۇ | سەممۇ |
| قان+مۇ= قانمۇ | قاممۇ |
| مەن بىلەن | مەممەنە |

مەسىلەن: ن ← ت

| ئەدەبىي تىل | قۇمۇل شېۋىسى |
|---|---|
| تۆۋەن+دىن= تۆۋەندىن | تۆۋەتتى |
| بويان+دىن= بويان‌دىن | بوياتتىن |

مەسىلەن: ت ← س

| ئەدەبىي تىل | قۇمۇل شېۋىسى |
|---|---|
| كۆت+سەڭ= كۆتسەڭ | كۆسسەڭ |
| يات+ساڭ= ياتساڭ | ياسساڭ |
| كەت+سەم= كەتسەم | كەسسەڭ |

مەسىلەن: ز ← س

| ئەدەبىي تىل | قۇمۇل شېۋىسى |
|---|---|
| ياز+سا= يازسا | ياسسا |
| قاز+سا= قازسا | قاسسا |
| بوز+سام= بوزسام | بوسسام |

مەسىلەن: چ ← س

| ئەدەبىي تىل | قۇمۇل شېۋىسى |
|---|---|

| | |
|---|---|
| كەچ+سەك= كەچسەك | كەسسەك |
| كۆچ+سىز= كۆچسىز | كۆسسىز |
| ئۆچ+سام= ئۆچسام | ئۆسسام |

مەسىلەن: ش ← س

| ئەدەبىي تىل | قۇمۇل شېۋىسى |
|---|---|
| تاش+سا= تاشسا | تاسسا |
| ئاش+سام= ئاشسام | ئاسسام |
| يەش+سەك= يەشسەك | يەسسەك |

مەسىلەن: ت ← چ

| ئەدەبىي تىل | قۇمۇل شېۋىسى |
|---|---|
| سەنئەت+چى= سەنئەتچى | سەنئەچچى |
| سائەت+چى= سائەتچى | سائەچچى |
| كاسات+چىلىق= كاساتچىلىق | كاساچچىلىق |

(3) ئۆز فونېمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى. مەسىلەن: ن ← م، ڭ

| ئەدەبىي تىل | قۇمۇل شېۋىسى |
|---|---|
| ئونبىر | ئومبىر |
| شەنبە | شەمبە |
| قان+غا= قانغا | قاڭغا |
| قەن+گە= قەنگە | قەڭگە |

5) جاراڭسىز تاۋۇش چۈشۈپ قالىدىغان ئەھۋال. مەسىلەن: « غ »

| ئەدەبىي تىل | قۇمۇل شېۋىسى |
|---|---|
| ياغلىق | يالىخ |
| ئوغلاق | ئۇلاخ |
| زاغرا | زارا |

ئەدەبىي تىلدىكى جاراڭسىز تاۋۇش فونېمىسى « ي »، « ن »، « د »، « ھ »، « ر » قاتارلىقلار قۇمۇل شېۋىسىدىكى بەزى سۆزلەردە چۈشۈپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار.

6) جاراڭسىز تاۋۇش قوشۇلىدىغان ئەھۋال. مەسىلەن: ھ

| ئەدەبىي تىل | قۇمۇل شېۋىسى |
|---|---|
| ئاشىق | ھاشىق |
| ئاجايىپ | ھاجايىپ |
| ئەقىل | ھېقىل |

جاراڭسىز تاۋۇش فونېمىلىرى « ن »، « ت »، « س » لارنىڭمۇ قۇمۇل شېۋىسىدا يۇقىرىقىدەك قوشۇلىدىغان ئەھۋاللىرى بار.

7) جاراڭسىز تاۋۇشلار ئورنىنى ئالمىشىدىغان ئەھۋال. مەسىلەن: ر ← ۋ

| ئەدەبىي تىل | قۇمۇل شېۋىسى |
|---|---|
| نەۋرە | نەرۋە |

| | |
|---|---|
| ئەۋرە | ئەرۋە |

مەسىلەن: ر ←→ غ

| | |
|---|---|
| ئەدەبىي تىل | قۇمۇل شېۋىسى |
| سارغىيىش | ساغىرىش |
| يارغۇنچاق | ياغۇرچاق |

مەسىلەن: ل ←→ (ب) ۋ

| | |
|---|---|
| ئەدەبىي تىل | قۇمۇل شېۋىسى |
| قىبلە | قىلۋە |

4) قۇمۇل شېۋىسىنىڭ هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن بولغان گراماتىكىلىق پەرقى

قۇمۇل شېۋىسى بىلەن ئەدەبىي تىلنىڭ گراماتىكا جەھەتتىكى پەرقى چوڭ ئەمەس. پەرقلىندىغان گراماتىكا قىسمى كۆپىنچە هاللاردا قۇمۇل شېۋىسىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى، جاراڭلىق تاۋۇشنىڭ ئاھاڭداشلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇنىڭ ئىپادىسى:

1. كېلىش پەرق بىر قەدەر كۆرۈنەرلىك بولغىنى تەۋەلىك كېلىش

(1) ئەدەبىي تىلدىكى تەۋەلىك كېلىش قوشۇمچىسى « نىڭ » بىلەن چۈشۈم كېلىش « نى » قۇمۇل شېۋىسىدىكى تەۋەلىك كېلىشتە ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| ئەدەبىي تىل | قۇمۇل شېۋىسى |
| مېنىڭ قولۇم | مېنى قولۇم |
| قەلەمنىڭ ئۇچى | قەلەمنى ئۇچى |
| دەريانىڭ سۈيى | دەريانى سۈيى |

(2) ئەمما قۇمۇل شېۋىسىدە تەۋەلىك مۇناسىۋىتى ئۆزلۈك سۆزگە ئۆزگەرگەن چاغدا « نىڭ » قوشۇمچىسىنىلا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. مەسىلەن:

بۇ قەلەم مېنىڭ

ئاۋۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۆي بىزنىڭ

(3) جاراڭلىق تاۋۇشنىڭ ئاھاڭداشلىق تەلىپى بولغاچقا، قۇمۇل شېۋىسىدىكى ئورۇن كېلىشتە «نۇڭ»، « نۈڭ » قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كېلىدۇ، مەسىلەن:

قول+نۇڭ= قولنۇڭ

يول+نۇڭ= يولنۇڭ

كۆز+نۈڭ= كۆزنۈڭ

كۆل+نۈڭ= كۆلنۈڭ

2. شەخس قوشۇمچىسى جاراڭلىق تاۋۇشنىڭ ئاھاڭداشلىقى

| شەخس | بىرلىك | كۆپلۈك |
|---|---|---|
| 1. شەخس | م // ىم // ۇم // ۈم | ىمىز // ۇز // ۈز<br>مىز // ۇمۇز |

| | | |
|---|---|---|
| 2- ش شەخس | ڭ// سىڭ// ۋڭ// ۋڭ | ڭلا (ر)// ڭلە (ر)<br>سىڭلا (ر)// سىڭلە (ر)<br>// ۋڭلا (ر) // ۋڭلە (ر) |
| ھۆرمەت | ڭىز//<br>ڭىزلا (ر) // ڭىزلە (ر)<br>ڭۇز // ۋڭۇز // ڭىز //ۋڭۇز<br>ڭىز // ۋڭۇز<br>ۋڭۇز // لىرى //<br>لۇرى // لۇرى // | ڭىزلا(ر)ڭىزلە (ر)<br>ڭۇزلا (ر)// ڭۇزلە (ر)<br>ىڭىزلا (ر)// ىڭىزلەر<br>ۋڭۇزلا (ر)// ۋڭۇزلە (ر)<br>لىرلا// لىرلە<br>ـلۇرلا// لۇرلە |

3- شەخسنى بىلدۈرىدىغان ئەدەبىي تىل بىلەن قۇمۇل شىۋىسىنىڭ قوشۇمچىسى ئوخشاپ كېتىدۇ.

**3) سۈپەتنىڭ دەرىجىسى**

(1) ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە پەرقلىنىدىغان يېرى بار. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىل | قۇمۇل شىۋىسى |
|---|---|
| ئىنتايىن ئاز | بىزىككىتەڭ |
| ئىنتايىن جىق | جىققىتەڭ |

(2) كىچىكلىك دەرىجىسىنى ئىپادىلەشتە، قۇمۇل شىۋىسىدە «غىنە»، «قىنە»، «گىنە»، «كىنە» لەر قوشۇلغاندىن باشقا يەنە بەزى سۆزلەرگە

بىتەڭ // قىتەڭ // گىتەڭ // كىتەڭ

غىنەڭ // قىنەڭ // گىنەڭ // كىنەڭ لەر قوشۇلىدۇ.

مەسىلەن: جىققىتەڭ، كىچىككىتەڭ، بىزىرگىنەڭ، ئىگىزگىنەڭ، تۈزۈككىنەڭ.

**4). ئالماش**

**1) ئۆزلۈك ئالماش**

بىرلىك: ئۆزلە، ئۆزلىرى، ئۆزىرى

كۆپلۈك: ئۆزلەلە (ر)، ئۆزىرلە (ر)

2) **كۆرسىتىش ئالماش** ئەۋۇ، ئاشۇ ۋە ئەدەبىي تىلدىكى ئۇ، ئۇما، ئۇماۋۇ، دې، دېبۇ، دېماۋۇ، دېشۇ قۇمۇل شىۋىسىدە ئورتاق قوللىنىلىدۇ.

قۇمۇل شىۋىسىدىكى ئىناق، ئىشناق، دېشناق، دېناق، دېماناق، دېبۇناق ئەدەبىي تىلدىكى ئاشۇنداق، مۇشۇنداق بىلەن ئورتاق قوللىنىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قۇمۇل شىۋىسىدىكى ئۇت، بۇت، بۇشۇت ئەدەبىي تىلدىكى ئۇ يەر، بۇ يەر، شۇ يەر، ئاشۇ يەر بىلەن ئورتاق قوللىنىلىدۇ؛ قۇمۇل شىۋىسىدىكى مايزى، مۇيزى، مايىنى، بۇيىنى، بۇيزى، دېبۇيزى ئەدەبىي تىلدىكى بۇياق بىلەن ئورتاق قوللىنىلىدۇ؛ قۇمۇل شىۋىسىدىكى ئۇيزى، ئۇيىنى، دېيىنى ئەدەبىي تىلدىكى ئۇياق بىلەن ئورتاق قوللىنىلىدۇ.

3) **سوراق ئالماش** قۇمۇل شىۋىسىدىكى سوراق ئالماش قاناق، قايداق، قايناق، نوچۇك ئەدەبىي تىلدىكى قانداق بىلەن ئورتاق قوللىنىلىدۇ؛ مىم نىمە بىلەن ئورتاق قوللىنىلىدۇ.

سوراق جۈملىنىڭ كەينىگە « دۇ » قوشۇلۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: بۇ كىمدۇ؟ سېنى ئۆيۈڭ نەدىدۇ؟

5) سان

دەرىجە سان: قۇمۇل شېۋىسىدىكى دەرىجە سان تۈپ ساننىڭ كەينىگە ئايرىم ھالدا - نىچ // - ئىنچى // - ئۈنچى // - ئۈنچى // - نەنچى // - ئىنەنچى // - ئۈنەنچى لارنى قوشۇش بىلەن ياسىلىدۇ.

2) تۈپ سان ساناق ساننىڭ كەينىگە ئۈلەن قوشۇش ئارقىلىق تۈپ سان ياسىلىدۇ.

6. پېئىل

1) ئۇنۇملۇك پېئىل. پېئىلنىڭ تۈپ سۆز يىلتىزىنىڭ كەينىگە - دۇر// -ئار// -ئۇر// -ئۈر// -دۈر// -تۇر// -تۈر// -ت قاتارلىق قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىل | قۇمۇل شېۋىسى |
| --- | --- |
| - تېيمەت | تېيمىز |
| - ئېيمەت | ئېيمىز |
| - تەگكۈز | تۆگۈز |
| - كەتكۈز | كەتكۈر |
| - باققۇز | باققۇر |
| - قۇتقۇز | قۇتقۇر |

2) پېئىلنىڭ كەلگۈسى زامان ھالىتى. قۇمۇل شېۋىسىدىكى پېئىل كەلگۈسى زامان 1- شەخسنىڭ بىرلىك، كۆپلۈك بىلەن ياسىلىشىغا دائىر مىسال:

| ئەدەبىي تىل | قۇمۇل شېۋىسى |
| --- | --- |
| - بارىمەن | بارىدىمەن |
| - بارىمىز | بارىدىمىز |
| - كېلىمەن | كېلىدىمەن |
| - كېتىمىز | كېتىدىمىز |

بۇ خىل ئەھۋال 1- شەخسنىڭ بىرلىك، كۆپلۈك شەكلى بىلەنلا چەكلىنىدۇ. ئۇنىڭ قانۇنىيىتى سۆز يىلتىزىغا « دى » ھەم 1- شەخسنىڭ بىرلىك (كۆپلۈك) ى قوشۇلغان بولىدۇ.

3) پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان قورۇلمىسى (1-، 2- شەخسنىڭ بىرلىك، كۆپلۈكى)

| ئەدەبىي تىل | قۇمۇل شېۋىسى |
| --- | --- |
| ئوقۇۋاتىمەن | ئوقۇيتىمە (ن) |
| ئوقۇۋاتىسەن | ئوقۇيتىسە (ن) |
| بىلمەيۋاتىمىز | بىلمىيتىمىز |
| بىلمەيۋاتىسىلەر | بىلمىيتىسىلەر |

2- شەختە يۇقىرىقىدەك « ت » ساقلىنىپ قالىدىغان ئەھۋال ئومۇميۈزلۈك ئەمەس.

4) پېئىلنىڭ ھازىرقى ھالىتىدە قوشۇمچە پېئىلنىڭ كەينىگە « يتتۇ » قوشۇلىدۇ.

مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىل | قۇمۇل شېۋىسى |
| --- | --- |
| ئوقۇۋاتاقتا | ئوقۇيتتۇ |
| كېلىۋاتاقتا | كېيتتۇ |

سوراۋاتماقتىمەن سوراپتتىمە

5) پېئىللىڭ بۇيرۇق شەكلى. قۇمۇل شىۋىسىدە پېئىلنىڭ بۇيرۇق شەكلىنىڭ 1- شەخس بىرلىكى پېئىلنىڭ سۆز يىلتىزىنىڭ كەينىگە ي، ئاي، ئىي، ئايغا، يغا، يكىنا// ئايكىنا// ئايكى// يكى// يكى// يغا// يا// ئايا// ئىيا// ئىيكىدا لارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ.

مەسىلەن: ياتايكى، كۆرىيكىنا، يىميا باراي، كىتىيغا

6) 1- شەخس كۆپلۈك بۇيرۇق شەكلى. پېئىل سۆز يىلتىزىنىڭ كەينىگە -ئىينىڭ // -ئاينىڭ// -يىنىڭ// -ئىينى// -ئاينى// -يىنى// -يىنغا// -ئاينغا// - يىنغا// -ئاينكى// -يىنكى// -ئىينىڭكىنا// -ئاينىڭكىغا// -ئىيكىڭا// -ئاينىڭا// -يىنىڭا لارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ.

مەسىلەن: كۆرىينغا، يىمىينى، كىتىينىڭ، كىينىڭغا، يازاينكى، ئۇخلاينىڭكى، ئوتىراينىڭغا، چۆرىينىڭغا، سۆزلىينىڭكىنا

پېئىل بۇيرۇق شەكلىنىڭ 2- شەخس بىرلىكى. پېئىل سۆز يىلتىزىنىڭ كەينىگە -سەڭگە// -ساڭغا// -سەڭكى// -ساڭكى (بۇلار ئادەتتىكى شەكىل) -سىنا// -ساڭكىنا// -سەڭكىنا// -سىگىزغىنا// -سىگىزكىنا// -سىگىزغا// -سىلا// -سىگىزا// -سىتاكى// -سىتىرە// -سىتىرا// -سىتاكىنا// -سىتە// -سىتا// -سىگىزكى// -سىلاغا// -سىتەغا// -سىتاغا// -سىلەغا// -سىتەكىنا// -سىلىرا// -سىلە// سىلەكىنا// -سىتەكى// -سىلاكى// -سىلاكىنا// -سىلىرىدە (بۇلار ھۆرمەتلەش) نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ.

مەسىلەن: ئاساڭكىنا، ياساڭغا، كەسەڭكى، دىسىگىزكىنا، كۆسىگىزغا، يىسىگىزا، قاسلاكى، قارىسىلىرا، كەستە، باستىرا، كەسلاغا، ئىسلەكىنا.

پېئىل بۇيرۇق شەكلىنىڭ 2- شەخس كۆپلۈكى. پېئىل سۆز يىلتىزىنىڭ كەينىگە // -ساڭلاغا// -سەڭلەكى// -ساڭلاكى// -سەڭلاكىنا// -ساڭلاكىنا// -سەڭلاغا// -سىگىزلىرا// -سىگىزلەكى// -سىگىزلاكى// -سىگىزلاغىنا// -سىگىزلەغا// -سىگىزلاغا// -سىگىزلەغىنا نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ.

مەسىلەن: ياساڭلاكى، بەسىگىزلەكى، كەسەڭلەكىنا، كۆسىگىزلەكىنا، يىسەڭلاغا، قاسىگىزلاغا، ياسىگىزلىرا.

پېئىل بۇيرۇق شەكلىنىڭ 3- شەخس بىرلىك، كۆپلۈكى پېئىل سۆز يىلتىزىنىڭ كەينىگە // -قايكى// -غايغا// -غاي //-قاي// -گىي// -كىي// -گىيكىنە// -كىيكىنا// -گىيغا// -كىيغا// -قايكىنا// -غايكىنا// -قايغا لارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ.

مەسىلەن: ياتقايغا، كەتكىيكى، بەگىيكىنا، كەتكىي، كەگىي، بارغاي، ياتقاي، كەلگىي، باغاي.

ئەدەبىي تىلدىكى سۇن، سۇن قوشۇمچىلىرى قۇمۇل شىۋىسىدە ناھايىتى ئاز قوللىنىلىدۇ.

7. رەۋىش

قۇمۇل شىۋىسىدە بەزى رەۋىش پېئىلنىڭ كەينىگە « قوي » قوشۇلۇپ كەلگەندە، رەۋىش پېئىلنىڭ كەينىدىكى // -پ// -ىپ// -ئۇپ// -ئۈپ چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىل | قۇمۇل شىۋىسى |
|---|---|
| يەپ قوي | يە قوي |
| قويۇپ قوي | قوي قوي |
| تاشلاپ قوي | تاشلا قوي |
| سوراپ قوي | سورا قوي |
| قاراپ قوي | قارا قوي |
| قالاپ قوي | قالا قوي |

| | |
|---|---|
| تۇساپ قوي | تۇسا قوي |
| دەپ قوي | دە قوي |

قۇمۇل شېۋىسىدىكى رەۋىش ئېكىن، ئېكى، ئېكىنى، زەك، ئېكىزىزەك، ئەدەبىي تىلدىكى ۋاقىت رەۋىش كېيىن، ئاندىن كېيىن بىلەن ئوخشاش.

**8. ياردەمچى سۆزلەر**

ئەدەبىي تىلدىكى سۆز كەينى ياردەمچى سۆز « بىلەن » قۇمۇل شېۋىسىدە مە، مىنە، مىنەن بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**9. باغلىغۇچى**

قۇمۇل شېۋىسىدە ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان باغلىغۇچى سۆز «ئاڭۋالا» ئەدەبىي تىلدىكى شۇڭا، شۇڭلاشقا بىلەن ئوخشاش.

**10. ئىنتوناتسىيىلىك ئۈلانما**

1) جۇمۇ. تەكىتلەش ئىنتوناتسىيىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: مەن بۈگۈ كەمىيمە جۇمۇ، ئۇ كەگىيغا جۇمۇ.

2) ئاس، چېغىۋا. ئەدەبىي تىلدىكى ئېھتىمال بىلەن ئوخشاش. مەسىلەن: ئۇ ناخشا ئېيتامايدىغا چېغىۋا ئاس. مە ئاس بۈگۈ كىتامايدىغا چېغىمبا.

چېغىۋا جۈملىنىڭ كەينىدىلا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: بۈگۈ ئۈيو قويمايدىغا چېغىۋا.

**5) قۇمۇل شېۋىسىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى لېكسىكىسى بىلەن بولغان قىسمەن پەرقى.** قۇمۇل شېۋىسى لېكسىكىسىنى ئەدەبىي تىل ۋە باشقا شېۋىلەرنىڭ لېكسىكىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا پۈتۈنلەي ئوخشاپ كېتىدۇ، ئاز بىر قىسمى ئوخشاشمايدۇ. ئوخشاشمايدىغان لېكسىكىلارنىڭ كۆپىنچىسى تاۋۇش جەھەتتىن پەرق قىلىدۇ. پۈتۈنلەي ئوخشاشمايدىغان سۆزلەر پەقەت قۇمۇل شېۋىسىدىكى مۇستەقىل سۆزلەر بولۇپ، ناھايىتى ئاز سانني ئىگىلەيدۇ.

سۆزلەرنىڭ ياسىلىشى ئەدەبىي تىل بىلەن ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ. پەرق بار دېگەندىمۇ ئاساسلىقى تاۋۇش جەھەتتە ھەم ئاز ساندىكى ئوخشاشمايدىغان سۆزلەردىن ئوخشاشمايدىغان يېڭى سۆزلەرنىڭ ياسىلىپ چىقىلىدىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. لېكسىكا جەھەتتىن ئېيتقاندا، تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتە كۆرۈنەرلىك ئىپادىلىنىدۇ.

1. قۇمۇل شېۋىسىدىكى ئۆزگىچە سۆزلەر، مەسىلەن:

ئارۋاق — سېھىر، ئالۋۇن — ئېزىتقۇ، قارنىيورۇق — خاجو، ئاغۋاقار — ئاپتاپپەرەس، چاقچىلقاي — ئالدىراشچىلىق، ياش — چامغۇر، يوچۇن — غەلىتە، لالو — زەمبىل، سۇمال — تاغار، شۇمچى — كۆز- كۆزچى، مۇكۇرۇ — ئاۋاق- جىۋەك، كۆسمە — غەيۋەت، ماگدا تاپپا — پەگا، لايلىماق — خۇيلانماق، ئۇيلىماق — قاچماق، جورۇگقاي — نەسەپنامە، ياداي- چۇداي — ناتلاج، گىلاش — سېغىنىش، ئىنلىماق — پۇرىماق، سوتۇق — ئاماڭ - كۆي، گارا — كىر، قىقو- ماچو — ئۇلاش- چولاش، يامداق — سۇپۇرگە، شاخيارىي — داۋراڭچى.

**2. قۇمۇل شېۋىسىدە ئۆزگىچە قەدىمىي تۈركىي تىللار لېكسىكىسى ساقلانماقتا.** قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىسلام دىنىنى ئومۇميۈزلۈك قوبۇل قىلغان ھەم ئەرەب يېزىقىنى قوللانغان ۋاقتى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى جايلارغا سېلىشتۇرغاندا 500 ~ 700 يىلغىچە كېيىن. قۇمۇل يەنە كېلىپ، قەدىمىي ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن بۇيان ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى بىلەن گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي. شۇڭا قۇمۇل شېۋىسىدە خېلى كۆپ تۈركىي تىللار لېكسىكىسى ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن:

ئوق - ئۇلۇش — ھەسسە، ئۆز - شورپىنىڭ يۈزى، ئەرن — لەۋ - كالپۇك، شاپ — تېز — چاپسان، بۆك — باراقسان، كۆشۈك، كۆشكە — پەردە، سىرتىق — خەۋەر - دەرەك، كۆندۈك — لاي ساندۇق، پاچىق — پاتقاق - لاي، كۆكسۇ — يۆتەلگەك (قىبرىلارنى)، مۇرەن — دەريا، توپچا — تۈگمە، ئەلكۈن — جامائەت - خالايىق، كۆكشكەن — كەپتەر، كۆجە — شاڭ، يىگنە — زىرە، ئىنجىمارۇق — ئۈرۈق - ئاجىز، ئىگىن — كىيىم.

3. قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر. ھازىرقى زامان قۇمۇل ئۇيغۇر تىلىدا ئەرەب تىلى، پارس تىلى، خەنزۇ تىلى، موڭغۇل تىلى، مانجۇ تىلى قاتارلىقلاردىن قوبۇل قىلىنغان بىر مۇنچە سۆزلەر بار. بۇنىڭ ئىچىدە، خەنزۇ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ. بۇنداق بولۇشى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئالاھىدە بولغان جۇغراپىيىلىك ئورنى سەۋەبلىك خەنزۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ھەم ئىجتىمائىي تورمۇشىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدىكى بېرىش- كېلىشىنىڭ شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىغا قارىغاندا ۋاقتى ئۇزاق، مۇناسىۋىتى قويۇق بولغانلىقىدىندۇر.

مەسىلەن: جۇنۇاڭ، چىڭۋاڭ، ماخولا (ئاتخانا)، بەلدەڭ (ئەپكەش)، يابا (گاچا)، ساخو (گومۇش، كالۋا)، خولىخۇتۇ (ئىبلىشاگخۇ)، خەيۇەن (ئاشقۇر)، ماشىڭ (چىكە ئارغامچا).

قوبۇل قىلىنغان بەزى خەنزۇ تىلى پېئىللىرى ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىلنىڭ گىرامماتىكىلىق قۇرۇلمىسىغا بويسۇنۇپ كەتكەن. مەسىلەن:

سىخولىماق – كۆتمەك (سىخو+لا)، جاللىماق – قوشماق (جا+لا)، زوتاللىماق – دېپسەندە قىلماق (زوتا+لا)، سولىماق – تاقىماق، قۇلۇپلىماق (سو+لا)، سولا+ق= سولاق، تۈرمە، كامېر، سولاق+لىق= سولاقلىق، ئىشتىكلىك، تاقاقلىق.

6) قۇمۇل شېۋىسىنىڭ تىپىك جۈملە شەكلى

(1) بۇ نىمىدىگە يە شۇدۇ؟

(2) ئۇ نىم دىيىكى دەپ تۇتۇرەپلا قالدى.

(3) بوغۇم مۇرجۇققا يۇتلۇشۇپ، مۇڭقۇيىنى خەنتىيىگە يۇقۇرۇۋالدى.

(4) ئىمىن ئانچىۋالا گىلماپتۇ.

(5) ئۇ توپ ئۇيناشقا ياما دىگە.

(6) جە – جە بالام، ھېلىغىچە نەۋادىڭ.

(7) A. ئۇزۇڭگۇ نىم قىلغىلى كەمىدىڭ؟

B. يانتاخ چاپقىلى ۋارمە دەپ.

(8) بۇگۇ ۋارامسە، ئۇيو كۆگلى؛

(9) يىمىت بىر دەملىققا بارىمە دىگە.

(10) ئۇنى ئۇلى خېلى يىتىنچا ئەدەم بوغا چىغىۋا ئاس.

(11) پىگىلونى بىزنى قوققا چاقەۋرىپتو ما ئەرنىڭ.

(12) ھىي، ئەرىي، سۇرە سامىسترا.

(13) ئۇلار كەتكىي، بۇگۇللا!

(14) كىچىنەم بۇگۇ كەمىمە دىدۇ جۇمۇ.

(15) شەربالام، ئامدا قىپسە، ئۇتكە ۋاماي.

(16) بوزو نەگە ئۇي كەتتىكى؟

(17) ھىي ساپاق، نىمگە موتو خەيدەك ھاگۇيقىپ تۇرىسە، چاغا ماگماي؟

4. ماقال- تەمسىللەر

جاپا تارتمىغىچە ھالاۋەت يوق.

ئىشلىسەڭ ئالسەن تاغاردا ئاش، ئىشلىمسەڭ قالسەن چايناپ تاش.

يامان ئىش تاشنى يارار،
ئۇيلانمىساڭ باشنى (يارار).
بىلمىسىز ئادەم يوپۇرماقسىز دەرەخ.
پۇل تاپقىچە ئىقىل تاپ.
ئەر بىلەن يەر كۆكىرەر.
ئۇغۇت يەرنىڭ يېغى.
مېھنەتنىڭ تېگى راھەت.
سەن يەرنى باقساڭ، يەر سېنى باقار.
قازاڭغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار، يامانغا يولۇقساڭ يارىسى (يۇقار).
ياخشى ئاتقا بىر قامچا، يامان ئاتقا مىڭ قامچا.
ئادەم ئۆلىدۇ، دۇنيا قالىدۇ.
ھۈنەر تۈگىمەس گۆھەر.
يىگىتلىك تاجى دۆلەتتۇر، قېرىلىق قاغۇ- مىننەتتۇر.
تام تۈۋىدىن ئۆپىرار، ھايۋان تۇياقتىن (ئۆپىرار).
قازان ئالساڭ چېكىپ ئال، خوتۇن ئالساڭ بېقىپ (ئال).
كىشىنىڭ كۆڭلىنى كىشى بىلمەس.
كۆڭۈلگە ياقمىسا كۆزۈڭگە ياقماس.
ئادەمنىڭ چاپىنىغا باقما، كۆڭلىگە باق. ئادەمنىڭ يۈزىگە باقما، سۆزىگە باق.
قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرماس.
تاغ زور، كۈننى توسالماس.
قازاندا نىم بولسا، چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ.

[قوشۇمچە 1]

**يۈەن، مىڭ، چىڭ دەۋرلىرىدىكى قۇمۇلنىڭ تەرجىمە ئاپپاراتى**

يۈەن سۇلالىسى قۇمۇلدا ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ۋە ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ تىل- يېزىقىنى ئۆگىنىدىغان، تەرجىمە قىلىدىغان تەرجىمە ئاپپاراتىنى قۇردى. بۇ ئاپپارات ئىچكىرىدىن ئەۋەتىلگەن خاننىڭ پەرمانى ۋە ھەر خىل خەت- ئالاقىلارنى تەرجىمە قىلدى ھەمدە غەربىي تەرەپتىكى قوشنا دۆلەتلەردىن كەلگەن دۆلەت مەكتۇپى ۋە خەت- چەكلەرنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ، ئىچكىرىگە ئەۋەتىپ بەردى. ئەينى ۋاقىتتا، قۇمۇلدا سانسكرىت يېزىقى، زاڭزۇ يېزىقى، خەنزۇ يېزىقى قاتارلىق بەش، ئالتە خىل يېزىقنى پىششىق بىلىدىغان براداراشرى ئىسىملىك ئاتاقلىق بۇددا دىنى ئالىمى، تەرجىمىشۇناس بولۇپ، ئۇ سانسكرىت يېزىقى، زاڭزۇ يېزىقىدا يېزىلغان نۇرغۇن بۇددا نومىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلدى.

قۇمۇلدا يەنە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل- يېزىقى ۋە قوشنا دۆلەتلەرنىڭ تىل- يېزىقىنى تەرجىمە قىلىدىغان خادىملارنى مەخسۇس تەربىيىلەيدىغان ئورۇن قۇرۇلدى. ئەينى ۋاقىتتا، قۇمۇلدىكى تەرجىمە ئاپپاراتىنىڭ خېلى نامى بار ئىدى. قۇمۇلدا قۇرۇلغان تەرجىمە ئاپپاراتى مەركىزىي تەرجىمە ئاپپاراتىدىن قالسىلا 2- ئورۇندىكى ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالدى. بېيجىڭ ئارخىپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ «ئىدىقۇت خەت- چەكلىرى» ئىچىدە قۇمۇلدا تەرجىمە قىلىپ ئەۋەتىلگەن سەككىز پارچە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە يېزىقتىكى ئالاقە بار. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تۇرغۇزۇلغان قۇمۇل ۋە تۇرپاندىكى ئابىدىلەر، شۇنىڭدەك باشقا خەت-

ئالاقىلارنىڭ ھەممىسى خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ئىككى خىل يېزىقتا يېزىلغان.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە بۇ ئاپپارات يەنىمۇ كېڭەيتىلدى. قۇمۇل ۋاڭى تۇڭجىبەگ (تەرجىمان) تەسىس قىلىپ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە چوڭ- كىچىك تىلماچلارنى سەپلىدى. ۋاڭ ئوردىسىدىكى تىلماچلارنىڭ ئورنى ئالاھىدە يۇقىرى بولۇپ، بىر نەچچە ئەۋلاد قۇمۇل ۋاڭى بېيجىڭگە خانغا سالامغا بارغاندا تىلماچنى بىللە ئېلىپ باردى. قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىدا ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىككى خىل يېزىقتىكى ئالاقە، خەت- چەك ۋە خاننىڭ پەرمانى ساقلاندى. ھەتتا «قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ھېسابات دەپتىرى» مۇ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىككى خىل يېزىقتا يېزىلدى.

## [قوشۇمچە 2] تاۋيۈەن ناھىيىسىگە كۆچۈپ ئورۇنلاشقان قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى

### 1. تارىخى

خۇنەن تاۋيۈەن جيەن جەمەتىنىڭ نەسەبنامىسىدە ھەم قەبرە تېشىدا خاتىرىلىنىشىچە، تاۋيۈەن ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇرلار يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىدىقۇتلۇق قوماندان خەلىلنىڭ ئەۋلادى ئىكەن. خەلىل قۇمۇللۇق بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتا بوۋىلىرى ئىدىقۇت دۆلىتى تەۋەلىكىدە ياشىغان مەرتىۋىلىك ئائىلىدىن كېلىپ چىققان ئىكەن.

ھازىرغا قەدەر 20 نەچچە ئەۋلاد ئۇيغۇر، خۇيزۇ، خەنزۇلارنىڭ ئۆز ئارا ئاسسىمىلياتسىيىسى نەتىجىسىدە، تاۋيۈەن ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بەزىلىرى يەنىلا شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ چىراي ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، كۆپىنچىسىنىڭ چىراي ئالاھىدىلىكى روشەن ئەمەس. تاۋيۈەنگە بېرىپ ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار ھازىرغىچە 26 ئەۋلادقا يەتتى. نوپۇسى 6000 دىن ئېشىپ، تاۋيۈەن ئۇيغۇرلىرىنى شەكىللەندۈردى.

### 2. جايلىشىشى

تاۋيۈەن ناھىيىسى خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ غەربىي شىمالى، چاڭدې رايونىنىڭ غەربىي جەنۇبى، يۈەنجياڭ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا- تۆۋەن ئېقىمىغا جايلاشقان. ئۇيغۇرلار ناھىيىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى تۈزلەڭلىككە ئولتۇراقلاشقان، قاتناش قولايلىق. تاۋيۈەن ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇرلاردىن چېڭگۇەن، زۇشى بازارلىرىدىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى سودا- سېتىق بىلەن شۇغۇللانغاندىن باشقا، مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، سىرتقا چىقىپ سودىگەرلىك ۋە ئىشلەمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىرىمۇ بار. بۇ يەردىن گۈرۈچ، پاختا، قىچا، ياغاچ ماتېرىياللىرى، بېلىق، ئاپېلسىن قاتارلىقلار چىقىدۇ.

تاۋيۈەن ئۇيغۇرلىرى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن مەملىكەت خەلقىگە ئوخشاش ئازاد ۋە مۇستەقىللىك كۈنلەردىن قۇتۇلۇپ، دۆلەتنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندى. 1956- يىل 8- ئايدا تاۋيۈەن فېڭشۇ ئۇيغۇر- خۇيزۇ يېزىسى ۋە چىڭلىن خۇيزۇ- ئۇيغۇر يېزىسى قۇرۇلۇپ، ئۇيغۇر خەلقى سىياسىي جەھەتتە مىللەتلەر باراۋەرلىكى ھوقۇقى ۋە ئورنىدىن بەھرىمەن بولدى؛ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ھەر قايسى تارىخىي مەزگىللىرىدە، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى بەخش ئەتكەن غەمخورلۇق ھەم ئېتىبارلاردىن تولۇق بەھرىمەن بولدى؛ دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە تولۇق ئەركىنلىككە ئىگە بولدى؛ ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى ۋە ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش جەھەتلەردە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئۇلارغا يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى.

1990- يىلى ئېلىپ بېرىلغان مەملىكەتلىك 4- قېتىملىق نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋاقتىدىكى مەلۇماتتىن قارىغاندا، خۇنەن ئۆلكىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 7739 غا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، چاڭدې شەھىرى، تاۋيۈەن ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇرلار 5477 كىشى بولۇپ، ئۆلكىدىكى ئۇيغۇرلار ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 70.8% ىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە تاۋيۈەن ناھىيىسىدە ئولتۇراقلاشقىنى 5113 كىشى. بۇلار ئاساسلىقى فېڭشۇ ئۇيغۇر- خۇيزۇ يېزىسى (نوپۇسى 3767) ۋە چىڭلىن خۇيزۇ- ئۇيغۇر يېزىسى (نوپۇسى 1346) دا بولۇپ، بۇ ئىككى يېزىدىكى

ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى ئايرىم- ئايرىم ھالدا تاۋيۈەن ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇرلار ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 61.67% ىنى ۋە 24.33% ىنى ئىگىلىدى. ۋۇلىن، چاڭشا، ۋېيياڭ، شياڭتەن، يۆياڭ قاتارلىق ناھىيە، شەھەرلەردىمۇ ئۇيغۇرلار بار.

تارىختىن بۇيان جيەن جەمەتىدىن تارىخشۇناس جيەن بوزەن، بىناكارلىق ئالىمى جيەن تيەنمىن، ئىسسىقلىق ئېنېرگىيە مۇتەخەسسىسى جيەن تيەنسۇڭ، ئىنقىلابىي قۇربان جيەن دۇنبى قاتارلىق مەشھۇر كىشىلەر چىقتى.

ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى، سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى ئىچىدە 58 ئۇيغۇر بار.

3. دىنىي ئېتىقادى ۋە ئۆرپ- ئادىتى

تاۋيۈەن ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، باشقا دىنغا ئېتىقاد قىلمايدۇ.

تاۋيۈەن مەسچىتى ئەڭ دەسلەپتە خەلىل قوشۇنىنىڭ تەپسىر ئېيتىدىغان سارىيى ئىدى، يەنى جىگىنەن تەپسىر سارىيى دەپ ئاتىلاتتى. جيەن جەمەتىنىڭ ئاساس سالغۇچىسى خەلىل، 2- ئەۋلاد بەيجۇلار مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، جۇ يۈەنجاڭ پەرمان چۈشۈرۈپ، تاۋ يۈەندە تۇنجى مەسچىتنى سالدۇردى (شۇ چاغدا جىگىنەن تەپسىر سارىيى دەپ ئاتالدى). شۇنىڭدىن كېيىن، چاڭدې، تاۋيۈەنلەردە ئارقا- ئارقىدىن بىر قانچە مەسچىت سېلىندى.

تاۋيۈەندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قۇمۇلدىن كۆچۈپ كەتكىنىگە ئۇزاق يىللار بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆز مىللىتىنىڭ بەزى قەدىمىي، ئەنئەنىۋى ئۆرپ- ئادەتلىرىگە يەنىلا ۋارىسلىق قىلدى ۋە ئۇنى ساقلاپ كەلدى. ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئولتۇراقلىشىش ئادىتى ۋە بىناكارلىق ھۈنەر- سەنئىتى، شۇنىڭدەك كىيىم- كېچەك، يېمەك- ئىچمەك، قائىدە- يوسۇن، توي- تۆكۈن، ئۆلۈم- يىتىم، دىنىي ئېتىقاد، ھېيت- بايرام قاتارلىق جەھەتلەردە قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن ئوخشاپ كېتىدىغان تەرەپلىرى بار.

## §2. خەنزۇلار

1. تەرەققىيات جەريانى

خەنزۇلارنىڭ قۇمۇل بوستانلىقىدا ماكانلاشقان تارىخى ناھايىتى ئۇزاق. تارىخىي خاتىرىلەردە يېزىلىشىچە، شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭپىڭ 16- يىلى (مىلادى 73- يىلى) ئۇلۇغ سانغۇن دۇگۇ، كېڭ جۇڭلار ھونلارنى تارمار قىلىپ ئېۋۇرغولنى ئالغاندىن كېيىن، قۇمۇلدا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئاچتى، قەلئە- سېپىل سالدى، ئېۋۇرغول تۇتۇقبېگى تەسىس قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، خەنزۇلار بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشتى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تەيچاڭ 7- يىلى (مىلادى 422- يىلى)، غەربىي لياڭنىڭ قالدۇق قىسىملىرىدىكى لى باۋ ۋە ئۇنىڭ جىيەنى تاڭ خې، تاڭ چىلار 2000 ئۆيلۈكتىن ئارتۇق سەرگەردان پۇقرانى يىغىپ، جۇرجانلارغا تەسلىم بولدى. جۇرجان ھاكىمىيىتى بارلىق چۈشۈرۈپ، تاڭ چىنى ئېۋۇرغولنىڭ ۋاڭلىقىغا تەيىنلىدى. سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە، قۇمۇلدا ئايماق- ناھىيە رەسمىي تەسىس قىلىندى. ئېۋۇرغول ئەسكەرلىرى قۇمۇل ۋە بارىكۆلدە تېرىقچىلىق قىلدى. ئەمەلدار، ئەسكەر، سودىگەر، پۇقرالار قۇمۇلغا كېلىپ ماكانلاشتى. مىلادى 8- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، شاجۇلۇق خەنزۇ جاڭ يىچاۋ خەلقنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە يېتەكلەپ، تۇبۇتلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، ئېۋۇرغول ئايمىقىنى قايتۇرۇۋالدى، ئېۋۇرغول قايتىدىن تاڭ سۇلالىسىغا قارام بولدى. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، قۇمۇل ئايمىقى ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ كونتروللۇقىدا بولسىمۇ، بۇ يەردە يەنىلا چىن فامىلىلىك خەنزۇ ئايماق لەشكەربېشى بولدى، ئۇنىڭ جەمەتىدىكىلەر 10 نەچچە ئەۋلادقىچە قۇمۇل ئايمىقىدا ياشاپ

كەلدى. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە قۇمۇل گەنسۇ ئۆلكىسىگە قارايدىغان بولدى. يەنىلا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، تېرىقچىلىق قىلىدىغان جايغا ئايلىنىپ قالدى. خەنزۇ ئەسكەرلەر ۋە تەسلىم بولغان ئەسكەرلەردىن 500 ئادەم قۇمۇلغا كېلىپ تېرىقچىلىق قىلدى. مىڭ سۇلالىسىغا كەلگەندە، قۇمۇلغا موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىق قىلدى. چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، يەنە قۇمۇل ياساۋۇلخانىسى تەسىس قىلدى، ئەسكەر ئەۋەتىپ، بۇ يەرنى ئۇزاققىچە ساقلىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭجېڭ، چيەنلۇڭ يىللىرىدا قۇمۇل چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنىڭ تېرىقچىلىق قىلىدىغان مۇھىم بازىسى بولۇپ قالدى. ئەسكەرلەر، مەھبۇسلار، پۇقرالار تېرىقچىلىق قىلىدىغان تۈرلۈك تېرىقچىلىق شەكىللىرى بارلىققا كەلگەچكە، خەنزۇلار كۆپىيىپ كەلدى. داۋگۇاڭ يىللىرى قۇمۇلدىكى خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى 4800 گە يەتتى. گۇاڭشۈنىڭ دەسلەپكى يىللىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەسكەرلىرى ھەر خىل يوللار بىلەن كەڭ كۆلەمدە ئىچكىرىدىن چىقتى. كېيىنچە لەشكەرلەر ۋە ھەربىي قىسىمغا ئەگىشىپ چىققان سودىگەر، پۇقرالار قۇمۇلدا كۆپلەپ ماكانلاشتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن خەنزۇلار ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن زور تۈركۈمدە قۇمۇلغا كېلىپ، قۇرۇلۇشقا ياردەم بەردى. ئۇلار ئاساسەن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، كۆمۈرچىلىك، تۆمۈريول قاتارلىق ساھەلەرگە ئورۇنلاشتى. 1950- يىللارنىڭ ئاخىرلىرى 1960- يىللارنىڭ باشلىرىدا يەنە چېگرا رايوننىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەرگۈچى زور تۈركۈمدىكى جياڭسۇلۇق، خۇبېيلىق، شەندۇڭلۇق ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار، شاڭخەيلىك، تيەنجىنلىك زىيالىي ياشلار قۇمۇلغا كەلدى. 1960- يىللاردىن كېيىن ئىچكىرىدىن يەنە خېلى كۆپ ساندىكى دېھقانلار قۇمۇلغا كېلىپ ماكانلاشتى.

2. ئۆرپ- ئادەت

1) **كىيىم- كېچەك** چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى مىنگو يىللىرى پۇقرالار رەختتىن كىيىم كىيەتتى. ھېيت- بايرام، توي- تۆكۈن كۈنلىرىدىلا يېڭى كىيىملەرنى كىيەتتى. ئەرلەر ئالدى ئوچۇق چاپان، ئاياللار يېنى ئوچۇق چاپان كىيەتتى. شەھەر- بازارلاردىمۇ ئۇزۇن چاپان كىيىدىغانلار بار ئىدى. قىشتا، شەھەر- يېزىلاردا تېرە جۇۋا، پىما كىيىدىغانلار ناھايىتى جىق ئىدى. تاغنىڭ شىمالىدا ھاۋا سوغۇق بولغاچقا، تېرە ئىشتان كىيىدىغانلارمۇ بار ئىدى. ئۆتمۈشتە خەنزۇلار ئارىسىدا پۇتتى يۆگەش، تېرە پەشمەت ۋە ئۆتۈك كىيىش ئومۇملاشقانىدى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى تەدرىجىي ياخشىلىنىپ، كىيىم- كېچەككە ئېتىبار بېرىدىغان بولدى. قۇمۇل قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى يېڭى پاسوندىكى كىيىم- كېچەكلەر قۇمۇلدا ناھايىتى تېز ئومۇملاشتى.

2) **يېمەك- ئىچمەك** خەنزۇلار بۇغداي ئۇنىنى ئاساسلىق ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. گۈرۈچ، تېرىق، چۈجگۈن قوناق ئۇنىنىمۇ يەيدۇ. ئادەتتە لەگمەن، ئۈزۈپ تاشلىغان سۇيۇقئاش، كەسمە ئاش، گاڭپەن، جىڭموما، خۇاجۇەر، تاۋا نېنى، جوۋاۋا، مانتا، شىفەن، ئوماچ قاتارلىقلارنى ئاساسىي ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. كالا گۆشى، قوي گۆشى، چوشقا گۆشى، تۈرلۈك كۆكتاتلارنى يېيىشنى ياقتۇرىدۇ، تەمدە چۈچۈمەل، ئاچچىق، تۇزلۇق بولۇشنى ئاساس قىلىدۇ. قاراچاي شۇنداقلا گۈللۈك چاي ئىچىشنى ياخشى كۆرىدۇ. چاغاندا ھەممە ئۆيدە چەلپەك، يۇگوزى (ياغ بىلەن پىشۇرۇلغان تۈرلۈك يېمەكلىكلەر) سالىدۇ، بۇ بىر ئاي يېيىشكە يېتىدۇ. خەنزۇلارنىڭ كېلىش مەنبەسى ئوخشاش بولمىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مىللىيلار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، يەرلىك خەنزۇلار چوشقا گۆشى ۋە گۈرۈچنى دائىم يېمەيدۇ. يۇرت- ماكانى جەنۇبىي جۇڭگودىن بولغان خەنزۇلارمۇ بۇ يەرنىڭ يېمەك- ئىچمەك ئادىتىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا لەگمەن، ئۈزۈپ تاشلىغان سۇيۇقئاشنى يەيدىغان، ئىچىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇيغۇرلار ئىستېمال قىلىپ كەلگەن پولۇ، گۆش، ساڭزا، نان، كاۋاپ قاتارلىقلار خەنزۇلار ئارزۇلاپ يەيدىغان تائاملاردىن بولۇپ قالدى.

3) **ئولتۇراق ئۆي** ئائىلىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرى كۆپىنچە ياغاچ- كېسەكتىن سېلىنىدۇ. ئادەتتە ئۆينىڭ ئالدى جەنۇبقا قارىتىلىپ سېلىنىدۇ ياكى بىرى تاشقىرى، بىرى ئىچكىرى ياكى بىرى تاشقىرى، ئىككىسى ئىچكىرى قىلىپ سېلىنىدۇ، ھويلىسى تۆت بۇلۇڭ قىلىپ سېلىنىدىغانلىرىمۇ بار. ئۆينىڭ ئىچى- سىرتى سامانلىق لاي بىلەن سۇۋىلىدۇ.

ھاك بىلەن ئاقارتىلىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بېرى، شەھەر- يېزىلاردىكى بىر قىسىم ئائىلىلەرنىڭ ئۆيى خىش- سېمونت بىلەن سېلىندى، قىسمەنلەر ئىسسىتىش ئۈسكۈنىسى بار قەۋەتلىك بىنالارغا كۆچۈپ كىردى. 1980- يىللاردىن بېرى ئۆي ئىچىنى بېزەشتىمۇ خېلى چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئاۋۋال چوڭ ئىشكاپ، تومپۇچكا قويۇش ئەۋج ئالدى، كېيىنچە قۇراشما جابدۇق، پاكار ئىشكاپ، قوش كىشىلىك كارىۋات قويىدىغان بولدى. نۇرغۇن ئائىلىلەردە تېلېۋىزور، توڭلاتقۇ، كىر ئالغۇ بار بولدى. بىر قىسىم دېھقانلارنىڭ موتسىكلىت، تراكتورى، ئاز ساندىكى دېھقانلارنىڭ ئاپتوموبىلى بار بولدى.

4) توي- تۆكۈن يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى خەنزۇ ئوغۇل- قىزلارنىڭ توي قىلىش يېشى ئومۇمىيۈزلۈك بىر قەدەر كىچىك بولۇپ، ئوغۇللار 17 ~ 18 يېشىدا، قىزلار 15 ~ 16 يېشىدىلا توي قىلاتتى. توي كۆپىنچە ئاتا- ئانىسىنىڭ دېگىنى بويىچە بولىدۇ، ئەلچى كېلىشتۈرىدۇ، قىز تەرەپ رازى بولسا، ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپكە تويلۇق، يەنى كىيىم، رەخت قاتارلىق نەرسىلەرنى بېرىدۇ. بۇ، «چاي ئىچكۈزۈش» دېيىلىپ، پۈتۈشكەنلىك بولىدۇ. توي بولغاندا ئۇرۇق- تۇغقانلار، ئەل- ئاغىنىلەرنىڭ ھەممىسى كېلىپ مۇبارەكلەيدۇ. يىگىت تەرەپ بىلەن قىز تەرەپ ئايرىم- ئايرىم مېھمان كۈتىدۇ. كەچقۇرۇنلۇقى ياشلار ھوجرىدا تاماشا قىلىدۇ. كۈندۈزدىكى مېھمان كۈتۈشتە قېيناتا بىلەن قېينانا مېھمانلارنىڭ قىزىقچىلىق قىلىدىغان ئوبيېكتى بولىدۇ. كەچتە قىزنىڭ تۇغقانلىرى ھوجرىدىكى كارىۋاتقا (كاڭغا) چىلان، ياڭاق چېچىپ قويىدۇ. چىلان «بالدۇر باللىق بولۇڭ»، ياڭاق «كۆپرەك پەرزەنت كۆرۈڭ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. توي بولۇپ ئۈچ كۈندىن كېيىن، كېلىن ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ، بۇ كۈنى قىز تەرەپ چىللاشقا قىلىدۇ. قىزنىڭ ئانىسى لەگمەن ئېتىپ، قىزنى ۋە كۈيئوغۇلنى كۈتۈۋالىدۇ، تاماقنى يېگۈزۈپ بولۇپلا قىزنى قېيناتىسىنىڭكىگە ئۇزىتىپ قويىدۇ، قوندۇرۇپ قالمايدۇ. لەگمەن يېدۈرۈش — تويى بولغان قىز بىلەن يىگىتنىڭ ئۆمۈرۋايەت ئىناق ئۆتۈش، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنى ئۈمىد قىلغانلىق بولىدۇ. بۇ ئادەت يېزىلاردا ناھايىتى ئەۋج ئالغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن «نىكاھ قانۇنى»نى تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش ئارقىلىق، ياشلار ئىچىدە ئەركىن مۇھەببەت باغلايدىغانلار كۈنسايىن كۆپەيدى، توي قىلىش يېشى تەدرىجىي كەينىگە سۈرۈلدى. توي كۈنى ئادەتتە ھېيت- بايراملارغا توغرىلىنىدىغان بولدى. شەھەر ياشلىرى ئىچىدە ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ سەپەر ئۈستىدە توي قىلىدىغانلارمۇ پەيدىنپەي كۆپەيدى. 1981- يىلى، مەدەنىيەتلىك، ئەدەبلىك بولۇش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، كىشىلەر يېڭىچە توي قىلىشنى بارا- بارا قوبۇل قىلماقتا.

5) دەپنە ئىشلىرى 60 ياشتىن ئاشقانلار ۋاپات بولسا، بۇنى خۇشاللىق دەپ ھېسابلايدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، ياشانغانلار ۋاپات بولسا، ئۇنىڭ تۇغقىنى ياكى ئاغىنىلىرىدىن بىرەيلەن ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئوغلىنى باشلاپ ئۇرۇق- تۇغقان، ئەل- ئاغىنىلىرىنىڭ ئىشىكىگە بېرىپ ئۆلۈم خەۋىرىنى يەتكۈزەتتى. خەۋەر تاپقانلار تەزىيە بىلدۈرگىلى كېلەتتى. مېيىت قويۇلغان ئۆينىڭ ئالدىغا بىر لېگەن جىگموما بىلەن مېۋە- چېۋە، ھاراق، سەيلەر قويۇلاتتى، بايلار ئۆلسە ماتەم بېغىشلىمىسى، ماتەم تاۋۇرى تەقدىم قىلىناتتى، ئادەتتىكى ئادەملەر ئۆلسە سېرىق قەغەز، ئاق قەغەز، لېگەن تەقدىم قىلىناتتى. قول ئىلكىدە بارلار يېقىن- يىراق تۇغقانلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئاق رەختتىن قارلىق تارقىتاتتى، كەمبەغەللەرنىڭ ئايالى ۋە ئوغۇل- قىزلىرى بېلىگە قارلىق تاقايتتى. قول ئىلكىدە بارلار قەغەزدىن ئوغۇل، قىز بالا، ئات، كالا، قوي، ئۆي- ئىمارەتلەرنىڭ ھەيكىلىنى ياساپ، بىللە دەپنە قىلاتتى. ئادەتتە جەسەتنى گۆرنەسىدە ئۈچ كۈن ساقلاپ، ئاندىن يەرگە كۆمەتتى. جەمەتلىك بەزى چوڭ ئائىلىلەر جەسەتنى 10 ~ 15 كۈن ساقلاپ، تويىنلارنى تەكلىپ قىلىپ، دىنىي رەسمىيەتلەرنى ئۆتەيتتى. دەپنە قىلىدىغان كۈنى گۆرنەي ئالدىغا تەزىيە بويۇملىرىنى تىزاتتى، ئۇرۇق- تۇغقانلىرى مېيىتكە تەزىيە بىلدۈرەتتى. بۇ مۇراسىملار تۈگىگەندىن كېيىن، ھەممەيلەن گۆرنەينى كۆتۈرىدىغان ئارغامچىنى تۇتۇپ ماڭاتتى. چوڭ ئوغۇل ئارغامچىنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ ئالدىدا ماڭاتتى، ئاندىن جەسەت دەپنە قىلىناتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۆلۈك ئۇزىتىش ئۆرپ- ئادەتلىرى كۆپ ئاددىيلاشتى، تەزىيە يىغىنى ئېچىش، گۈلچەمبىرەك تەقدىم قىلىش، ئىككى مىسرالىق تەزىيەنامە سۇنۇش ئارقىلىق ئۆلگۈچىگە تەزىيە بىلدۈرۈلىدىغان بولدى. دۆلەت ئىشچى-

خىزمەتچىلىرى ئۆلكەندىن كېيىن، جەمەت كۆيدۈرۈلىدىغان بولدى.

6) ھېيت- بايرام  خەنزۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى بايراملىرى تۆۋەندىكىچە: كونىچە 1- ئاينىڭ 1- كۈنى باھار بايرىمى، 1- ئاينىڭ 7- كۈنى «ئادەم بايرىمى» (بۇددا دىنى 1- ئاينىڭ 7- كۈننى ئادەملەر تۇغۇلغان ئورتاق كۈن قىلىپ بېكىتكەن ــ ت)، 1- ئاينىڭ 15- كۈنى يۈەنشاۋ بايرىمى، 2- ئاينىڭ 2- كۈنى لۇڭتەيتۇ (ياشانغان كىشىلەرنىڭ تولىسى موشۇ كۈندىن باشلاپ ساقال قويۇپ، شۇنىڭ بىلەن ئەجدىھانىڭ ساقىلىنى ئېلىپ ئۆزىگە قويغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ)، 3- ئاينىڭ 18- كۈنى مەبۇدە بۇتخانىسىغا بېرىپ ئايال بۇتتىن پەرزەنت تەلەپ قىلىدۇ، 3- ئاي چوكانتال (قەبرە يوقلاش) بايرىمى، 4- ئاينىڭ 4- كۈنى سۇ ئىلاھىغا باش قويۇش بايرىمى، 5- ئاينىڭ 5- كۈنى تاگزۇگزا بايرىمى، 6- ئاينىڭ 6- كۈنى بۇتخانا سەيلىسى، 7- ئاينىڭ 7- كۈنى ھۈنەر تىلەش كېچىلىكى، 7- ئاينىڭ 15- كۈنى قەبرە يوقلاش كۈنى، 8- ئاينىڭ 15- كۈنى تاۋۇز چاغىنى، 9- ئاينىڭ 9- كۈنى چۇڭياڭ بايرىمى،10- ئاينىڭ 1- كۈنى قەبرە يوقلاش كۈنى، 12- ئاينىڭ 23- كۈنى ئوچاق پىرىغا ياغ يۈرىتىش بايرىمى، 12- ئاينىڭ 30- كۈنى باھار بايرىمى ھارپىسى بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە باھار بايرىمى بىلەن يۈەنشياۋ بايرىمى ئەڭ قىزىق بولۇپ، ھەر خىل پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلىدۇ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن خوراپاتلىق تۈسىنى ئالغان بەزى بايراملار ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. باھار بايرىمى، چوكانتال بايرىمى، تاگزۇگزا بايرىمى، تاۋۇز چاغىنى قاتارلىق بايراملار ساقلىنىپ قالدى. بايراملارنىڭ مەزمۇنىدىمۇ چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولدى. مەسىلەن، چوكانتال بايرىمى كۈنى ھەر قايسى ئورۇنلار، ئوقۇغۇچىلار، كادىرلار، ئىشچى- خىزمەتچىلەرنى ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ قەبرىسىنى يوقلاشقا ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيىسى ئېلىپ بارىدۇ. باھار بايرىمىدا كۆپىنچە تويلىشىپ ھېيتلىشىپ، يېڭى بىر يىلدا ئۆز ئارا تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشنى تىلەيدۇ.

## §3. قازاقلار

**1. قازاقلارنىڭ كۆچۈش تارىخى**

**1) قازاقلارنىڭ باركۆلگە كۆچۈپ كېلىشى.** قازاقلارنىڭ باركۆلگە زور تۈركۈمدە كۆچۈپ كېلىشى، يېقىنقى بىر- ئىككى يۈز يىلدىكى ئىش. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، تولىسى ئالتايدىن پارچە- پۇرات كۆچۈپ كەلدى. بۇنىڭدىن 200 قانچە يىل ئىلگىرى يېزىلغان داستان «ئارخالىق» تا قازاق چارۋىچىلارنىڭ باركۆل يايلىقىغا كېلىپ كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانلىقى بايان قىلىندى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 21- يىلى (1756- يىلى) دىن ئېتىبارەن، ھەر يىلى قىشتا بىر قىسىم قازاق چارۋىچىلار باركۆلنىڭ سارتۇمشۇق ۋە قايتىق ئەتراپلىرىغا كېلىپ مال بېقىپ، يازدا كۆچۈپ كېتىپ تۇردى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 9- يىلى (1883- يىلى) دېلتىباي قاتارلىق ئاقساقاللار 90 قانچە ئائىلىلىك چارۋىچىنى باشلاپ 1- تۈركۈمدە ئالتايدىن باركۆل يايلىقىغا كۆچۈپ كېلىپ، يازدا كۆكقىر تېغى ۋە سارچوقا ئەتراپىدا مال باقسا، قىشتا ئاشباسى، تاشباستاۋ، سەككىزسالا ئاشقارادا قىشلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، كەرەي قەبىلىسىدىكى قاسىمقان، جامۇسباي ئاكا- ئۇكىلارمۇ چارۋىچىلارنى باشلاپ بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 15- يىلى (1889- يىلى) شايىنەخمەت، ئىسمايىل (ۋاق قەبىلىسى) قاتارلىق ئاقساقاللار 200 قانچە ئائىلە چارۋىچىنى باشلاپ، ئالتايدىن باركۆلگە كۆچۈپ، كۆكقىر تېغىدىكى كۆركىباي قورۇقى ئەتراپىغا كەلدى. گۇاڭشۈ 16- يىلى (1890- يىلى)، ئالتاي، تارغاباتاي رايونلىرىدىكى تاسبېكە، ۋاق قاتارلىق قەبىلىلەردىكى 200 قانچە ئائىلىلىك قازاق چارۋىچى باركۆلگە كۆچۈپ كەلدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 21- يىلى (1895- يىلى) ئاناتباي، قايىرباي (جەدىك قەبىلىسى)،

چۆلنىباي (سارسىق قەبىلىسى) قاتارلىقلار 200 قانچە ئائىلىلىك چارۋىچىنى باشلاپ ئالتايدىن باركۆلگە كۆچۈپ كەلدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 29- يىلى (1903- يىلى) قابى موللا زالىڭ باشچىلىقىدا 10 ئائىلىلىك قازاق چارۋىچى قۇمۇلنىڭ يەتتە قۇدۇق بىلەن قويلۇق ئارىسىدىكى تاغ ئارىسىغا كۆچۈپ كېلىپ مال باقتى. قابى موللىنىڭ ئۇرۇق جەمەتى قۇمۇل ۋاڭى شاھمەخسۇتقا كۈمۈش يالىتىلغان ئېگەر، ئالتۇن يالىتىلغان قامچا، ئىككى داڭلىق ئات سوۋغا قىلىپ، شارلار تېغىنىڭ كۆكيارغا ئۇلىشىدىغان جايلارنى ئىگىلىۋالغانىدى، مال بېقىش ئىجازىتىگە ئېرىشتى. ئاراتۇرۇك ناھىيىسىگە كۆچۈپ كەلگەن قازاق چارۋىچىلار نېرىنكىر، تۇزكۆل ئەتراپىدا مال باقتى.

مىنگونىڭ 1 - يىلى (1912- يىلى) تاشقى موڭغۇلىيە ئەسكەر چىقىرىپ، غەربكە يۈرۈش قىلىپ ئالتايغا بېسىپ كىردى. ئالتاي، تارباغاتايدىكى 1000 ئۆيلۈككە يېقىن قازاق چارۋىچى سارباسى قەبىلىسىدىكى تەيجى بۇلاتاي، تارچاقبەگ، نايمان قەبىلىسىدىكى نوغايباي قاتارلىقلارنىڭ باشچىلىقىدا باركۆلگە كۆچۈپ كەلدى. ياڭ زېڭشىڭ ئۇلارغا يەر بېرىپ ئورۇنلاشتۇردى.

مىنگونىڭ 1-، 2- يىللىرى (1912-، 1913- يىللىرى) نوغايباي، شىرتەي، تارىن قاتارلىقلارنىڭ باشچىلىقىدا 1000 ئۆيلۈككە يېقىن قازاق چارۋىچى باركۆل يايلىقىغا كۆچۈپ كەلدى.

مىنگونىڭ 5- يىلى (1916- يىلى) ياڭ زېڭشىڭ «قازاق چارۋىچىلارنىڭ باج تاپشۇرۇش قائىدىسى» نى ئېلان قىلىپ، قازاق چارۋىچىلارنىڭ قائىدە بويىچە باج تاپشۇرۇشى توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. باج تاپشۇرۇشتىن باشقا ئىش بولمىغانلىقتىن، قازاق چارۋىچىلار ئالتاي، تارباغاتايلارغا قايتىپ كېتىشنى خالىمىدى. مىنگونىڭ 6- يىلى (1917- يىلى) 7- ئايدا، ئالتايدىكى ئاياغبەك ئاقساقال (ۋاق قەبىلىسىدىن)، نۇرغالى (جەنتەكەي قەبىلىسىدىن) قاتارلىقلارنىڭ باشچىلىقىدا 300 ئائىلىلىك قازاق چارۋىچى ئالتايدىن كۆچۈپ چىقىپ، كۆپىنچىسى باركۆلگە ئورۇنلاشتى، كېيىنچە باركۆلدىكى بىر قىسىم قازاق چارۋىچىلار قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ شارلار تېغى، تاشبۇلاق ئەتراپلىرىغا كېلىپ مال باقتى.

مىنگونىڭ 16- يىلى (1927- يىلى) ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىي ۋە شىمالىي تەرىپىدىكى جىمسار، مورى، گۇچۇڭ قاتارلىق جايلاردىكى 2000 ئۆيلۈكتىن ئارتۇق قازاق چارۋىچى زۇقا (ئىتتىبلى قەبىلىسىدىن)، ئەلىپ (تاسبىكە قەبىلىسىدىن) قاتارلىق ئاقساقاللارنىڭ باشچىلىقىدا باركۆلگە كۆچۈپ كەلدى.

مىنگونىڭ 21- يىلى (1932- يىلى) شېڭ شىسەي باركۆلدە ئەلىپ قاتارلىق 108 كىشىنى ئۆلتۈردى. ئەلىپ ئاۋۇلى ئەتراپىدىكى چارۋىچىلار قاتتىق چۆچۈپ كېتىپ، كېچىلەپ قابدۇراق تېغىغا كۆچتى. يەنە قايىر باي شاگىۋ باشچىلىقىدىكى جەدىك قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرى ۋە سىدىق شاگىۋ باشچىلىقىدىكى قەبىلىنىڭ ئادەملىرىمۇ ئەلىپنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قەبىلىدىكىلەرنى باشلاپ باركۆلدىن مورىنىڭ شىمالىدىكى قۇملۇققا كۆچتى.

مىنگونىڭ 22- يىلى (1933- يىلى) 4- ئايدا ماجۇڭيىڭنىڭ 2- قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ پەيدا قىلغان ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، نۇرغازى قاتارلىق ئاقساقاللار قازاق چارۋىچىلارنى باشلاپ، مورىدىكى دۆڭچېڭ ئەتراپىغا كەلگەندە ئۆلكە ئەسكەرلىرى قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى بولمىغان 600 دىن ئوشۇق قازاق چارۋىچىنى شۇ يەردىلا قىرىۋەتتى، ئامان قالغانلىرى باركۆلگە قېچىپ باردى. ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئەسلىدە مورىدا ماكانلاشقان تۇراباي، قەسباي، ساۋباي، ئالتۇنبەك، ئىساقباي قاتارلىق ئاقساقاللارمۇ 600 ئۆيلۈك تەخمىنەن 2000 ئادەمنى باشلاپ باركۆلگە قېچىپ كەلدى.

مىنگونىڭ 21-، 24- يىللىرى (1932-، 1935- يىللىرى) قابدۇللا تەيجى (سارباس قەبىلىسىدىن)، قلېتارباي (مولقى قەبىلىسىدىن) لار 1000 ئائىلىنى، ماجان (جەنتەكەي قەبىلىسىدىن)، ساراختان (جەدىك قەبىلىسىدىن) لار 300 ئائىلىنى، نۇرغازى (ۋاق قەبىلىسىدىن)، ئېرگېباي (ئىتەلى قەبىلىسىدىن)، قاسان (كۇنساداق قەبىلىسىدىن) لار 250 ئائىلىنى، ئادىباي، تۇراباي ۋە قەسباي (جەنتەكەي قەبىلىسىدىن) لار 600 دىن ئوشۇق ئائىلىنى، قۇسەيىن تەيجى (نايمان قەبىلىسىدىن) بىر بۆلەك ئائىلىنى، سۇلتان شېرىپ تەيجى، كۆكەي قاتارلىقلار 300 دىن ئوشۇق ئائىلىنى باشلاپ

تارباغاتاي، ئالتاي، جىمسار، گۇچۇڭ، مورىلاردىن باركۆلگە كۆچۈپ كەلدى.

مىنگونىڭ 24- يىلى (1935- يىلى) باركۆل ياپلىقىغا كېلىپ ماكانلاشقان قازاق چارۋىچىلار ئەمەلىيەتتە 4000 قاپچە ئائىلە 20 مىڭدىن ئوشۇق ئادەم بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە كەرەي قەبىلىسىدە 12 تارماق قەبىلىدە 4100 نەچچە ئائىلە 18 مىڭدىن ئوشۇق ئادەم، نايمان قەبىلىسىدە 300 نەچچە ئائىلە 1200 نەچچە ئادەم، ۋاق قەبىلىسىدە 140 نەچچە ئائىلە 560 نەچچە ئادەم بار.

«باركۆل ناھىيە تەزكىرىسى» دە: مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى) كۆگجىيەك يېزىسىدا 975 كىگىز ئۆي بار بولۇپ، ھەر بىر كىگىز ئۆيىنى بىر ئائىلە ھېسابلىغاندا 975 ئائىلە، 2388 ئەر، 2393 ئايال بار. مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947- يىلى) شىنىمىڭ يېزىسىدا گەنسۇدىن شىنجاڭغا قايتىپ، باركۆلگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان قازاق چارۋىچىلار ئىچىدە ئەرلەر 1242، ئاياللار 1486؛ مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) گەنسۇدىن شىنجاڭغا قايتىپ باركۆلگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان قازاق چارۋىچىلار ئەر- ئايال، چوڭ- كىچىك بولۇپ 416. باركۆل ناھىيىسىدە جەمئىي 7916 قازاق چارۋىچى بار، دەپ خاتىرىلەنگەن.

2) قازاقلارنىڭ گەنسۇ، چىڭخەيلەرگە كۆچۈشى مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىن ئېتىبارەن، ئاز ساندىكى قازاق چارۋىچىلار گەنسۇغا كۆچۈشكە باشلىدى. مىنگونىڭ 25 ~ 28- يىلىغىچە (1936 ~ 1939- يىلىغىچە) بولغان ئارىلىقتا، شېڭ شىسەينىڭ ئېكسپلاتاتسىيىسىگە قارشىلىق بىلدۈرۈش ۋە يېڭى يايلاق ئىزدەش ئۈچۈن، قازاقلار تۆت تۈركۈمدە جەمئىي 3000 نەچچە ئائىلە 18 مىڭدىن ئوشۇق ئادەم گەنسۇ ئۆلكىسىگە كۆچتى، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىملار گەنسۇدىن يەنە چىڭخەيگە كۆچتى. بۇ ئىككى ئۆلكىگە كۆچۈپ بارغان قازاق چارۋىچىلار كېيىنچە يەرلىك مىلتارىست مايۇفاڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى ھەم شۇ جايلاردىكى موڭغۇل، زاڭزۇ مىللەتلىرى بىلەن توقۇنۇش يۈز بېرىش نەتىجىسىدە، سانى زور دەرىجىدە كېمەيدى. بىر قىسمى شىنجاڭغا قايتىپ كېلىشكە، بىر قىسمى چەت ئەلگە قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. پەقەت ئاز بىر قىسىملا گەنسۇ، چىڭخەي ئۆلكىلىرىدە قېپقالدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن يەنە بىر قىسىم قازاقلار گەنسۇ، چىڭخەي ئۆلكىلىرىدىن شىنجاڭغا قايتىپ چىقتى، بۇنىڭ ئىچىدە بىر قىسمى قۇمۇل ۋىلايىتىگە كېلىپ ماكانلاشتى.

2. باركۆلدىكى قازاق قەبىلىلىرى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى باركۆلدىكى قازاقلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ئادەت جەھەتتە «ئېل» نى بىرلىك قىلغان ھالدا ئېلىپ بېرىلاتتى. «ئېل» قازاق قەبىلىلىرى جەمەت تۈزۈمىنىڭ قالدۇقى، شۇنداقلا ئائىلىدىن چوڭراق بولغان قان قېرىنداشلىق گورۇھىنىڭ ئورتاق نامى، بۇنى چوڭ قەبىلە ئىچىدىكى كىچىك قەبىلە دەپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ.

باركۆلدىكى قازاقلار كەرەي، نايمان، ۋاقتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ قەبىلىگە تەۋە. 1951- يىلىدىكى تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، بۇ ئۈچ چوڭ قەبىلە يەنە 18 چوڭ جەمەت ۋە 59 كىچىك جەمەتكە بۆلۈنگەن بولۇپ، جەمئىي 1923 كىگىز ئۆي بار.

1) كەرەي قەبىلىسى كەرەي قەبىلىسى قارمىقىدا جەنتەكەي، جەدىك، مۇلقى، ئىتەلى، سارباس، چەروچى، قاراقاش، جاستابان، مېيىرقىت، كۆنادداق، چىپار ئايغىر، چىموين 12 چوڭ جەمەت بار. 1951- يىلىدىكى تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، باركۆل دائىرىسىدە ئەينى ۋاقىتتا كەرەي قەبىلىسى قارمىقىدىكى جەنتەكەي چوڭ جەمەتىدە 11 كىچىك جەمەت، 344 كىگىز ئۆي؛ جەدىك چوڭ جەمەتىدە ئالتە كىچىك جەمەت، 403 كىگىز ئۆي؛ جاستابان چوڭ جەمەتىدە ئىككى كىچىك جەمەتىدە 38 كىگىز ئۆي؛ سارباس چوڭ جەمەتىدە تۆت كىچىك جەمەت، 172 كىگىز ئۆي؛ ئىتەلى چوڭ جەمەتىدە ئۈچ كىچىك جەمەت، 287 كىگىز ئۆي؛ چەروچى چوڭ جەمەتىدە تۆت كىچىك جەمەت،

292 كىگىز ئۆي؛ قاراقاش چوڭ جەمەتىدە تۆت كىچىك جەمەت، 75 كىگىز ئۆي؛ مۇلقى چوڭ جەمەتىدە تۆت كىچىك جەمەت، 108 كىگىز ئۆي؛ چىپار ئايغىر چوڭ جەمەتىدە تۆت كىچىك جەمەت، 23 كىگىز ئۆي؛ كۆنساداق چوڭ جەمەتىدە تۆت كىچىك جەمەت، 26 كىگىز ئۆي؛ چىمويىن چوڭ جەمەتىدە ئۈچ كىچىك جەمەت، 13 كىگىز ئۆي؛ سىيىرقىت چوڭ جەمەتىدە سەككىز كىگىز ئۆي بار.

2) **نايمان قەبىلىسى.** نايمان قەبىلىسى قارمىقىدا تۆلۈكەيتاي، كۆك مەرىل، تەيمۇستان، بۇرا، قالايكەش بەش چوڭ جەمەت، 59 كىگىز ئۆي بار.

3) **ۋاق قەبىلىسى.** ۋاق قەبىلىسى قارمىقىدا بىرلا چوقا چوڭ جەمەتى بولۇپ، بۇنىڭدا بەش كىچىك جەمەت، 75 كىگىز ئۆي بار.

بۇ ئۈچ چوڭ قەبىلە ۋە ھەر بىر جەمەت ئۆزىنىڭ ئاتا- بوۋىلىرى ياكى شۇ قەبىلىدىن چىققان قەھرىمانلارنىڭ نامىنى ئۆز قەبىلىسىنىڭ ياكى ئۆز جەمەتىنىڭ شوئارى قىلىپ، ئۇنى شۇ قەبىلە، شۇ جەمەتنىڭ كۈچ- قۇدرىتىنىڭ ئالامىتى ھېسابلايدۇ. كىچىك جەمەتلەر ئۆز چوڭ جەمەتىنىڭ شوئارىنى ئىشلىتىدۇ، ئۆزىنىڭ شوئارى يوق. ئۇرۇش، چېلىش، ئات بەيگىسى قاتارلىق كوللېكتىپ پائالىيەتلەردە ھەر قايسى قەبىلە ۋە جەمەتلەر كۈرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىپ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ھەممىسى ئۆز قەبىلىسى، ئۆز جەمەتىنىڭ شوئارىنى توۋلايدۇ. كەرەي قەبىلىسىنىڭ باش شوئارى «جانبەك»، ئۇنىڭ قارمىقىدىكى چوڭ جەمەت جەنتەكەيىنىڭ شوئارى «چاقاباي»، جەدىكنىڭ شوئارى «جانات»، چىمروچىنىڭ شوئارى «بايتايلاق»، ئىتەلىنىڭ شوئارى «بۇقارباي»، سارباسىنىڭ شوئارى «سارتوغاي»، مۇلقىنىڭ شوئارى «ماشان»، قاراقاشنىڭ شوئارى «قاپتاغاي»، سىيىرقىتنىڭ شوئارى «قولاس»، كۆنساداقنىڭ شوئارى «جاباي»، چىمويىننىڭ شوئارى « ئالمانباي»، نايمان قەبىلىسىنىڭ باش شوئارى «قابانباي»، ۋاق قەبىلىسىنىڭ باش شوئارى «ئەركۆكچى».

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن دېموكراتىك ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى خىزمىتى ئېلىپ بېرىلىپ، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ۋارىسلىق تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، خەلق دېموكراتىك ھاكىمىيىتى ئورنىتىلدى، ئەمگەكچى چارۋىچىلار سىياسىي جەھەتتە ئازادلىققا ئېرىشتى. پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، قازاق چارۋىچىلاردىكى خۇراپاتلىق كۆز قاراشلار كۈندىن- كۈنگە سۇسلاشتى.

### 3. ئۆرپ- ئادىتى

1) **كىيىم- كېچەك ۋە يېمەك- ئىچمىكى.** قازاق چارۋىچىلار يازدا كۆينەكچە تېشىغا قارا چىپەرقۇتتىن تىكىلگەن ئۇزۇن چاپان، ئىشتان، ئىچىگە ئاق كۆڭلەك كىيىدۇ؛ قىشتا كۆينەكچە تېشىغا چوڭ جۇۋا، تېرە ئىشتان، بېشىغا تۈلكە تۇماق ياكى كۆرپە تۇماق كىيىدۇ. ئاياللار پەشمەتلىك ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىشكە ئامراق، مەيدىسىگە تەڭگە، قولۇلە قېپى، رەڭدار تۈگمىلەرنى تاقىۋېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. قىزلار گۈل تىكىلگەن يۇمىلاق دوپپا كىيىشنى، ئۇنى ئۈنچە- مەرۋايىت بىلەن زىننەتلەشنى ياخشى كۆرىدۇ. چوكانلار سوگىغا تېگىپ تۇرىدىغان ئۇزۇن ئاق ياغلىق سالىدۇ. ئەر- ئاياللار كۆينەكچە ئۇزۇن قونجلۇق ئۆتۈك، ئىچىگە يۇپقا كىگىزدىن ئىشلەنگەن ئۇزۇن قونجلۇق پايپاق كىيىدۇ؛ ئىچكى- تاشقى كىيىملىرىنىڭ ياقىسىغا، يېڭىگە، مەيدىسىگە، ئىشتان پۇشقىقىغا گۈل نۇسخىلىرىنى كەشتىلىۋالىدۇ. كەمەر، غىلاپ، ئېگەر، يۈگەنلەرنى كۈمۈش بىلەن زىننەتلەيدۇ. يازدا ئادەتتە بېشىغا ئاق ياغلىق چىگىۋالىدۇ. قىزلار توي قىلغاندا قىزىل ياغلىق سالىدۇ، بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئاق ياغلىققا ئالماشتۇرىۋېتىدۇ. ماددىي تۇرمۇشنىڭ كۈنسايىن باياشاتلىشىشىغا ئەگىشىپ، قازاقلارنىڭ كىيىم- كېچەكلىرىمۇ تەدرىجىي ئۆزگەردى، بولۇپمۇ ياشلار ئومۇميۈزلۈك مودا كىيىملەرنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ قالدى.

قازاقلارنىڭ يېمەك- ئىچمىكىگە چارۋىچىلىق رايونى ئالاھىدىلىكى سىڭگەن بولۇپ، گۆش، ئۇن، سۈتتىن يېمەكلىك ئىشلەيدۇ، چاي ئىچىدۇ، كۆكتاتنى ئاز يەيدۇ. چارۋىچىلار ھەر كۈنى چايدىن ئايرىلالمايدۇ. «يېمەكلىك بولمىسا مەيلىكى، چاي بولمىسا بولمايدۇ» دەيدىغان گەپ بار. ھەر كۈنى بىر ۋاقلىق (تەخمىنەن كەچ سائەت 12 ئەتراپىدا) تاماق يەيدۇ، كۈندۈزى نان بىلەن چاي ئىچىدۇ ياكى تالقان، قوماچ يەيدۇ.

قازاقلار ئەتكەنچاينى كۆپ ئىچىدۇ، ئەتكەنچايغا دەملەنگەندىن كېيىن تۇز سېلىنىدۇ، ئىچىدىغان چاغدا ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئادىتى بويىچە تۇز تەمىنى تەڭشىۋالسا بولىدۇ. ئەتكەنچايغا قايماق ياكى سېرىقماي سېلىپ ئىچىسمۇ ياكى قايماق بىلەن سېرىقماينى تەڭ سېلىپ ئىچىسمۇ بولىدۇ. قازاقلار چاي ۋە ئەتكەنچاينى ئىسسىق ئىچىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

چارۋىچىلىق رايونلىرىدا كىگىز ئۆيگە كەلگەن مېھمانلارغا ئەتكەنچاي تەييارلايدۇ. ئەگەر ئىچمىسىڭىز ساھىبخان ئېغىر ئالىدۇ. ئىچىپ قانغاندا، قاچىنىڭ ئاغزىنى بەش بارمىقىڭىز بىلەن يېپىپ قويسىڭىز ساھىبخان سىزگە چاي قۇيمايدۇ.

«سۈت قازاقلارنىڭ يېمىكى». قازاقلار سۈتتىن قۇرۇت، قايماق، سېرىقماي، ئەجىگى، ئېرىمچىك، قېتىق، قىمىز قاتارلىق ھەر خىل مىللىي تەملىك يېمەكلىكلەرنى ياسايدۇ.

قازاقلارنىڭ ئۇن يېمەكلىكى: تاۋا نان، بوغۇرساق، پوشكال، سۈيۇقئاش، پولۇ، «بەش بارماق» (گۆش ۋە ماينى كەسمە ئۇن بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يەيدىغان تاماق)، بۇغداي تامىقى.

قازاقلارنىڭ گۆش يېمەكلىكى: ئاساسلىقى ئۆي چارۋىلىرىنىڭ گۆشىنى يەيدۇ، ياۋايى ھايۋاناتلار ۋە قۇشلارنىڭ گۆشىنىمۇ يەيدۇ، ھارام گۆشنى يېقىن ياندۇرمايدۇ. يېڭى گۆش ۋە سۈرلەنگەن گۆشنى ياخشى كۆرىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە قېزا، چۇجۇقلارنىڭ تەمى ئالاھىدە بولۇپ، ئۇزاق ساقلىغىلى بولىدۇ.

يەنە جەننەت، «نارىن» دېگەن يېمەكلىكلىرىمۇ بار. جەننەتنى شېكەر، قۇرۇق ئۈزۈم، تالقان، سۆك، سېرىقماي (ئات مېيى، قويرۇق ماي)، ئېرىمچىك قاتارلىق يەتتە خىل يېمەكلىكنى ئارىلاشتۇرۇپ ياسايدۇ. «نارىن» گۆشنى توغراپ، ئۇنىڭغا پىياز، كەسمە ئۇن ۋە تېتىتقۇ ئارىلاشتۇرۇپ موردا پىشۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

قازاقلار كۆچمەن چارۋىچى مىللەت، شۇڭا كۆچۈشكە ئەپلىك بولغان كىگىز ئۆيلەردە ئولتۇرىدۇ. كىگىز ئۆيدىكى نەرسىلەرنىڭ تىزىلىشى ۋە سەرەمجانلاشتۇرۇلۇشىدا مەلۇم قائىدە بولىدۇ. ئىشىكتىن كىرگەن جاينىڭ ئوڭ، سول تەرەپلىرىدە ئۆشەك قويۇلىدۇ. ئوتتۇرىغا ئۆي ئىگىسىنىڭ كارىۋىتى ۋە ساندۇقلىرى قويۇلىدۇ، ئۇنىڭ ئالدى مېھمان كۈتىدىغان جايدۇر. ئىشىكتىن كىرىپ ئوڭ تەرەپكە يېمەكلىك ۋە قازان، قاچا- قوموچ قويۇلىدۇ، سول تەرەپكە ئېگەر، جابدۇق ۋە باشقا نەرسىلەر قويۇلىدۇ، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا ئوچاق ئېسىلىدۇ. تۆت تەرىپىگە شىرداق سېلىنغان بولىدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن قىشلاقلاردا تەدرىجىي ھالدا تام ئۆيلەر سېلىنىپ، چارۋىچىلار مۇقىم ئولتۇرىدىغان بولدى.

ئات قازاقلارنىڭ ئاساسلىق قاتناش قورالى. يەتتە- سەككىز ياشلىق بالىلارمۇ ئات مىنىپ مال باقالايدۇ، يايلاقتىن يايلاققا كۆچكەندە ئۆي بىساتلىرىنى ئات، كالا، تۆگە بىلەن توشۇيدۇ.

2) تۇي- تۆكۈن قازاقلار باشقا قەبىلىدىكىلەر بىلەن نىكاھلىنىدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى نىكاھ سودىسى ئېغىر بولۇپ، كېلىشلىگەندىن كېيىن خالىغانچە ئۆزگەرتىشكە بولمايتتى، توي بېكىتىش كۆپىنچە قىز تەرەپتە ئېلىپ بېرىلىدۇ. قىزنىڭ ئاتا- ئانىسى ماقۇل بولغاندىن كېيىن، قىزنىڭ ئاتا- ئانىسى ياكى ئاكىسى ئەر تەرەپتىن كەلگەن مېھمانلار بىلەن بىرلىكتە سىرتتا سۇ كېچىش مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ، يەنى ھەممەيلەن بىرلىكتە بىر جىرادىن سەكرەپ ئۆتۈپ، ھەر ئىككى تەرەپ بۇ ئىشتىن يېنىۋالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. توي كۈنى يىگىت ئۇرۇق- تۇغقان ۋە دوستلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا قىز كۆچۈرۈشكە بارىدۇ. قىز قىزىل ياغلىق بىلەن بېشىنى يۆركەپ ئىشىكتىن چىقىپ ئاتا- ئانىسى بىلەن سۆيۈشۈپ خوشلىشىپ، يىگىت بىلەن بىللە ئاتلىق يولغا چىقىدۇ ۋە يىگىت تەرەپتە ئۆتكۈزۈلىدىغان ماي

چېچىش مۇراسىمىغا قاتنىشىدۇ (قېيىنانا بولغۇچى بىر چۆمۈچ ماينى ئوتقا چاچقاندىن كېيىن، توي مۇراسىمىغا كەلگەن ئاياللار دەرھال كېلىننى مۇبارەكلەيدۇ). مۇراسىم تۈگىگەندىن كېيىن، بىر ئەر ناخشىچى قولىغا رەڭلىك شايى باغلانغان قامچىنى كۆتۈرۈپ، قىزنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، يۈز ئاچقۇ ناخشىسىنى ئېيتىدۇ، ناخشا توختىغاندىن كېيىن، يىگىت ئاندىن قىزنىڭ يۈزىنى ئاچىدۇ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن قازاقلارنىڭ توي ئادىتى ئادەتتە قىز كۆچۈرۈش، چاچقۇ چېچىش، توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش تەرتىپى بويىچە بولدى.

ئۆتمۈشتە، قازاقلاردا ئاكىسى ئۆلۈپ كەتسە ئايالىنى ئۇكىسى ئالىدىغان ئادەت بولۇپ، ئاياللارغا تاۋار قاتارىدا مۇئامىلە قىلىناتتى. تۇل خوتۇنلار ياتلىق قىلىنىشقا بولمايدىغان ئۆرپ- ئادەتمۇ بار ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ياشلار نىكاھىدا تەدرىجىي ئەركىنلىككە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن تويلۇق يەنىلا بىر قەدەر ئېغىر بولۇپ كەلدى. ئۆتمۈشتە تولىسى چارۋا مال تويلۇق قىلىناتتى، ئەمدىلىكتە تويلۇقنىڭ تولىسى كىيىملىك رەخت بولۇپ قالدى. تويىنى توختاتقاندىن كېيىن، قىز تەرەپكە نەق پۇل، كىيىملىك رەخت بەرگەننىڭ سىرتىدا، يەنە قىز تەرەپنىڭ ئاساسلىق تۇغقانلىرىنىڭ ھەر بىرىگە بىر كىيىملىكتىن رەخت قويۇلىدۇ.

3) دەپنە ئىشلىرى قازاقلارنىڭ دەپنە مۇراسىمى ئىسلام دىنى قائىدىسى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن، يۈزى قىبلىگە قارىتىپ سىندۇرۇلۇپ، ئۇرۇق- تۇغقانلىرى كېلىپ تەزىيە بىلدۈرۈش ئۈچۈن بىر كۈندىن ئۈچ كۈنگىچە ساقلىنىدۇ. دەپنە قىلىش ۋاقتىدا مېيىت سۇغا ئېلىنىپ، كېپەنلىنىدۇ، جىنازا نامىزى چۈشۈرۈلىدۇ، مېيىت دەپنە قىلىنىپ، يەتتىنچى كۈنى، قىرقىنچى كۈنى ۋە يىللىق توشقاندا نەزىر بېرىلىدۇ، ئۆلگۈچى ھايات ۋاقتىدا مىنگەن ئاتنىڭ قۇيرۇقى، ياللىنى كېسىۋېتىپ ئاتنى قايتا ئىشلەتمەيدۇ، ئۆي كۆچۈرگەندە، ئۆلگۈچىنىڭ كىيىم- كېچەكلىرىنى ئاتقا ئارتىپ يېتىلەپ ماڭىدۇ، ھەر بىر ئاۋۇلدىن ئۆتكەندە ئاياللار ماتەم ئۆلەڭلىرىنى ئېيتىپ ئۆلگۈچىگە تەزىيە بىلدۈرىدۇ، بىر يىلدىن كېيىن ئۆلگۈچىنىڭ روھىغا ئاتاپ ئاتنى سويۇۋېتىدۇ، ئەگەر ئۆلگۈچى ئۆيلۈك ئەر بولسا، ئۇنىڭ ئايالى بىر يىلغىچە ئاق لېچەك سېلىپ قارا كىيىم كىيىپ، ماتەم ئۆلىڭى ئېيتىپ، تەزىيە بىلدۈرىدۇ.

4) ھېيت- ئايەم قازاقلارنىڭ ئاساسلىق بايرىمى قۇربان ھېيت، روزى ھېيتتىن باشقا، يەنە قەمەرىيە 3- ئاينىڭ 21- كۈنىدىكى نورۇز بايرىمى بار. بۇ كۈنى ھەممە ئائىلىدە گۆش، قۇرۇت، بۇغداي، سۆكتىن تەييارلانغان بايرام تامىقى يەيدۇ. بايراملاردا چارۋىچىلار بەيگە سېلىش، چېلىشىش، ئۆلەڭ ئېيتىشىش، ئوغلاق تارتىشىش، قىز قوۋلاش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزىدۇ. بوۋاق تۇغۇلغاندا تۇغۇلۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ، 40 كۈن بولغاندا بۆشۈك تويى ئۆتكۈزىدۇ. ئوغۇل بالا بەش- ئالتە ياشقا كىرگەندە خەتنە قىلىدۇ، كىچىك بالا تۇنجى قېتىم ئات مىنگەندە ئات مىنىش مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ، ئۇرۇق- تۇغقانلىرى بالىنى تەبرىكلەپ ھەر خىل ئات جابدۇقى ئەكىلىدۇ.

5) باشقا ئۆرپ- ئادەتلىرى قازاقلار ئۆزىنىڭ قىزغىن، مېھماندوستلۇقى بىلەن داڭلىق. ئۇلاردا «ئاتقا بوغۇز بېرىشكە كۆزى قىيمىغان ئادەم، ھامان پىيادە قالىدۇ، سېخىلىق بىلەن مېھمان كۈتۈشكە كۆزى قىيمىغان ئادەم، ھامان ئاچ قالىدۇ» دەيدىغان سۆز بار. قازاقلار تولىمۇ مېھماندوست، ئۇلار مېھماننى «خۇدا» ئەۋەتكەن، «ئاتا- ئانىدىن قالغان مۈلۈكنىڭ يېرىمى مېھماننىڭ»، «كاتتا مېھمان كەلسە، قوي قوشكېزەك تۇغىدۇ» دەپ قارايدۇ. مېھمان مەيلى قايسى مىللەتتىن بولسۇن، تونۇش- تونۇمىسۇن قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ، ئۇنداق قىلمىسا باشقىلار مەسخىرە قىلىدۇ.

ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق، ئۆز ئارا ياردەم بېرىش، قىيىنچىلىقنى ئورتاق ھەل قىلىش — قازاقلاردىكى ياخشى كەيپىيات. ناۋادا بىرەر ئائىلە تاسادىپىي ئاپەتكە ئۇچراپ، تۇرمۇشتا قىينىلىپ قالغاندا، ئۆز قەبىلىسىدىن ياردەم تەلەپ قىلىشقا بولىدۇ.

ئوتلاقتا كۆچۈش ۋاقتىدا ئاۋۋال كۆچۈپ بارغانلار، كېيىن كۆچكەنلەرنىڭ ئالدىغا چىقىدۇ ھەم ھال- ئەھۋال سورايدۇ، ئۇلارنىڭ نەرسە- كېرەكلىرىنى چۈشۈرۈشىدۇ، كىگىز ئۆينى قۇراشتۇرۇشىدۇ ھەم تاماق ئېتىپ ھال سورايدۇ،

كۆڭۈل بۆلىدۇ.

ئەدەپ- قائىدە، قازاقلارنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقى. قەبىلىنىڭ ھەر بىر ئەزاسى كىچىكىدىن تارتىپلا چوڭ ياشلىقلارغا ھۆرمەت قىلىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرگەن، ياشلار ھەر قانداق سورۇندا چوڭ ياشلىقلارنىڭ ئالدىدىن كېسىپ ئۆتمەيدۇ، داستىخان كەلتۈرگەندە، ئاۋۋال چوڭ ياشلىقلارغا چاي تۇتىدۇ. چارۋىچىلار ئارىسىدا «ياش كېلەر ئىشقا، قېرى كېلەر ئاشقا» دەيدىغان سۆز بار. ياشلار يول ئۈستىدە چوڭ ياشلىقلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا، ئاتتىن چۈشۈپ سالام بېرىدۇ.

## §4. خۇيزۇلار

1. تەرەققىيات جەريانى

خۇيزۇلار تەخمىنەن يۈەن سۇلالىسى دەۋرلىرىدە قۇمۇلغا كەلدى. شۇ چاغلاردا قۇمۇلدا ماكانلاشقان ئۈچ مىللەت ئىچىدە خۇيزۇلار بار. بىراق شۇ چاغدىكى خۇيزۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەرەب ئىسلام دۆلەتلىرى ۋە رايونلىرىدىن كەلدى. ئۇلىما ۋىنشىڭ خۇيزۇلار بىلەن ئۇيغۇرلارنى تەڭ ئورۇنغا قويىدى. بۇ خۇيزۇلار يەرلىك ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇزاق مۇددەت باردى- كەلدى قىلىش جەريانىدا، بولۇپمۇ قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تولىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار تەدرىجىي قوشۇلۇپ بىر گەۋدىگە ئايلاندى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، «خەنزۇ تۇڭگانلىرى» ياكى «خەنزۇچە كىيىنگەن تۇڭگانلار» دەپ ئاتالغان خۇيزۇلار غەربىي شىمالدىكى ھەر قايسى ئۆلكىلەردىن قۇمۇلغا كېلىپ ماكانلاشتى. تۇڭجىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى شىنجاڭغا كېڭەيگەن خۇيزۇلار قوزغىلاڭلىرى دولقۇنىدا قۇمۇلدىكى خۇيزۇ ما جاۋچياڭ، ما خۇەنلەر ئامىنى باشلاپ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ دەھشەتلىك باستۇرۇشىغا ئۇچراپ، بىر قېتىمدىلا 1000 دىن ئارتۇق ئادىمى ئۆلدى. قالغانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى قېچىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن قۇمۇلدىكى خۇيزۇلارنىڭ سانى يوق دېيەرلىك ھالغا چۈشۈپ قالدى. گۇاڭشۇ يىللىرى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ زور قوشۇنى غەربكە يۈرۈش قىلغاندا بىر قىسىم خۇيزۇ قوشۇنلىرىمۇ چوڭ قوشۇن بىلەن بىللە قۇمۇلغا كەلدى. شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلار قۇمۇلدا قېپقالدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن بولۇپمۇ 1960- يىللاردىن كېيىن گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشيا قاتارلىق ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىن يەنە بىر قىسىم خۇيزۇلار قۇمۇلغا كېلىپ ماكانلاشتى.

2. ئۆرۈپ- ئادىتى

قۇمۇلدىكى خۇيزۇ ئەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى بېشىغا ئاق رەختتىن تىكىلگەن شاپاق بۆك ياكى قارا دۇخاۋا بۆك ۋە ئۇزۇن قارا چاپان كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئاياللار چېچىنى تورغا يۆگەپ، بېشىغا ئاق داكا لېچەك سالىدۇ ياكى دوختۇرخانىدىكى سېسترانىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئاق بۆك كىيىدۇ. ئاياللار ئالتۇن- كۈمۈشتىن ئىشلەنگەن زىننەت بۇيۇملىرى سېلىشقا ئامراق.

يېمەك- ئىچمەكتە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش چوشقا، ئېشەك، ئىت گۆشلىرىنى يېمىگەنىنىڭ سىرتىدا ھارام ئۆلگەن ۋە مۇسۇلمان بولمىغان ئادەملەر سويغان مالنىڭ گۆشىنى يېمەيدۇ، ئات گۆشىنىمۇ ئىستېمال قىلمايدۇ. كۈندىلىك ئوزۇقلۇقلىرىدىن ھورنان، تاۋا نېنى، مانتا، جۇۋاۋا، سۇيۇقئاش، لەڭمەن قاتارلىقلار بار. مېھمان چىللىغاندا مايدا قورۇلغان، قاسقاندا پىشۇرۇلغان، ياغدا پىشۇرۇلغان تاماقلارنىڭ ھەممىسىنى تەييارلايدۇ. ئۈستەلگە قورۇمىنى بىر- بىرلەپ ئېلىپ چىقىدۇ، يېڭى قورۇمىنى ئېلىپ چىققاندا، بۇرۇنقىسىنى ئېلىۋېتىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا تاتلىق

گۆرۈچ تاماق ئېلىپ چىقىپ، قورۇمىنىڭ تۆگكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ھېيت- ئايەملەردە ھەممە ئۆيلەردە ساڭزا، پوشكال، بوغۇرساق قاتارلىقلارنى سالىدۇ. خۇيزۇلار چاي ئىچىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلار كۆرەك چاي، پەملچاي، گۈلپۇراق چايلارنىڭ ھەممىسىنى ئىچىدۇ ۋە چايغا چاقماق قەنت سېلىپ ئىچىشنى ياقتۇرىدۇ.

خۇيزۇلارنىڭ ئائىلىسىدە ئىككى ئەۋلاد، ئۈچ ئەۋلاد ھەتتا تۆت ئەۋلاد بىللە ئۆتىدىغانلار كۆپرەك بولىدۇ. ئائىلە ئىشلىرىنى چوڭلار باشقۇرىدۇ، ئائىلە ئەزالىرى چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرگە كۆيۈنىدۇ ۋە ئىناق ئۆتىدۇ. ئاتا- ئانىلار بالىلىرىنى تەربىيىلەشتە ئوقۇتۇشقا، ئوغۇللىرىنى خەتنە قىلدۇرۇشقا، بالاغەتكە يەتكەن بالىلىرىنىڭ توينى قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. پەرزەنتلەرنىڭ مال- مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ئوغۇلغا پۈتۈن، قىزغا بۆلۈك مىراس ئايرىيتتى.

ئۆتمۈشتە خۇيزۇلاردا يېقىن تۇغقانلار ئارا توي قىلىدىغانلار كۆپ، بولۇپمۇ نەۋرە بىلەن نەۋرىنى چاتىدىغان ئەھۋاللار خېلى ئومۇميۈزلۈك ئىدى. 1980- يىلى يېڭى «نىكاھ قانۇنى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، يېقىن تۇغقانلار ئارا تويلىشىدىغان ئەھۋاللار ئازىيىشقا باشلىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى قىز- ئوغۇللارنىڭ توي ئىشى ئومۇمەن ئاتا- ئانىلارنىڭ دېگىنى بويىچە بولاتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن تەدرىجىي ئۆزگىرىش بولغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئارىدا ئەلچى مېڭىپ كېلىشتۈرىدىغان، ئاتا- ئانىلىرى رازى بولىدىغان شەكىل ئارقىلىق بولىدى. توي قىلغاندا ئۇرۇق- تۇغقان، ئەل- ئاغىنىلىرىنى چاللايدۇ، مېھمانلار سوۋغا ئېلىپ كېلىپ توينى مۇبارەكلەيدۇ. توي مۇراسىمىدا ئاخۇنۇم جامائەت ئالدىدا نىكاھ ئوقۇيدۇ. بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئانىسىنىڭ فامىلىسى بويىچە ئىسىم قويغاندىن باشقا، دىنىي ئادەت بويىچە ئەرەبچە ئىسىممۇ قويىدۇ.

خۇيزۇلارنىڭ ئۆلۈم- يېتىم ئىشلىرى ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىسى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن سۇغا ئالدۇرۇلىدۇ، ئاق رەخت بىلەن كېپەنلىنىدۇ، ئاندىن نامىزى چۈشۈرۈلىدۇ، شۇ كۈنى يەرلىككە قويۇلىدۇ. بىر پۈتۈن دەپنە ئىشلىرىنى ئاخۇنۇم باشقۇرىدۇ. قەبرە بېشىغا تاختاي ئورنىتىلىدۇ. ئادەم ئۆلۈپ ئۈچ كۈن، يەتتە كۈن، قىرىق كۈن، يۈز كۈن، بىر يىل بولغاندا، ئۇرۇق- تۇغقانلىرى نەزىر ئۆتكۈزۈپ، دۇئا- تىلاۋەت قىلىدۇ.

خۇيزۇلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش، ئاساسلىقى روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت ئۆتكۈزىدۇ، خۇيزۇلار روزا ھېيتنى چوڭ ھېيت دەپ قارايدۇ. روزا ھېيتتىن ئىلگىرى ھەممە ئائىلىلەر ساڭزا سالىدۇ، پېچىنە- پىرەنىك قىلىدۇ. چوڭ- كىچىك ھەممەيلەن ھېيتلىق يېڭى كىيىملەرنى كىيىدۇ، بالىلارغا ھېيتلىق پۇل بېرىدۇ. چوڭلار ھېيت نامىزىنى ئۆتەپ بولغاندىن كېيىن، ئۇرۇق- تۇغقان، ئەل- ئاغىنىلىرىنىڭكىگە بېرىپ ھېيتلايدۇ. قۇربان ھېيتتا شەرت- شارائىتى بار ئائىلىلەر مال (كالا، قوي، تۆگە) سويۇپ قۇربانلىق قىلىدۇ، ئۆز ئارا نەزىرگە چاللايدۇ، ئاخۇنۇمنى قىرائەت قىلدۇرىدۇ.

## §5. موڭغۇللار

### 1. تەرەققىيات جەريانى

13 - ئەسىرنىڭ باشلىرى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىگە بەيئەت قىلغاندىن كېيىن، قۇمۇل ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى. يۈەن سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇمۇل گەنسۇ ئۆلكىسىگە قارىدى. زور تۈركۈمدىكى موڭغۇل قوشۇنلىرى قۇمۇلغا كېلىپ ئورۇنلاشتى، قۇمۇلغا موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىق قىلدى. كېيىنچە

موڭغۇل چارۋىچىلار قۇمۇلغا كېلىپ ماكانلىشىپ، تەدرىجىي ھالدا يەرلىك ئاساسلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ئىسلام دىنى قۇمۇلغا تارقالغاندىن كېيىن، بىر قىسىم موڭغۇللار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان بىر قىسىم موڭغۇللار كېيىن تەدرىجىي ھالدا يەرلىك ئۇيغۇرلار ئارىسىغا سىڭىپ كەتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 17- يىلى (1678- يىلى) جۇڭغار خانلىقى يەكەن خانلىقىنى مەغلۇپ قىلدى. قۇمۇل جۇڭغار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتتى. موڭغۇللار قۇمۇلغا 400 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. قۇمۇلدىكى ھازىرقى بەزى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە يەر ناملىرى موڭغۇللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

كېيىنچە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى جۇڭغارلارغا جازا يۈرۈشى قىلدى. ئەسلىدە قۇمۇلدا ماكانلاشقان موڭغۇللار تەدرىجىي ھالدا شىمالغا كۆچتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 16- يىلى (1890- يىلى) قۇمۇلدىكى تەڭرىتېغى ۋە ئاراتۈرۈك توخۇلۇ ئەتراپىدا مال بېقىۋاتقان 200 نەچچە ئۆيلۈك موڭغۇل چارۋىچى قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ئېزىش، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىغا قارشىلىق كۆرسەتكەندە، قۇمۇل ۋاڭى تەرىپىدىن دەھشەتلىك باستۇرۇلدى. شارلار تېغىدىكى 80 نەچچە ئۆيلۈك چارۋىچى تاشقى موڭغۇلىيىگە، تەڭرىتاغدىكى 100 نەچچە ئۆيلۈك موڭغۇل چارۋىچى گەنسۇ ۋە چىڭخەيلەرگە قېچىپ كەتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى، بىر قىسىم موڭغۇل چارۋىچىلار كارۋانلارغا ئەگىشىپ قۇمۇلغا كەلدى. مىنگونىڭ 2- يىلى (1913- يىلى) ۋە مىنگونىڭ 20- يىلى (1931- يىلى) ئىككى تۈركۈم موڭغۇل چارۋىچىلار قۇمۇلغا كەلدى.

2. ئۆرپ- ئادىتى

قۇمۇلدىكى موڭغۇللار خەنزۇلار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، كىيىنىشى خەنزۇلاردىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ. پەقەت ئاز ساندىكى ياشانغان كىشىلەرلا موڭغۇللارنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىملىرىنى كىيىدۇ. ئۇزۇقلۇق جەھەتتە گۆش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. سېرىقماي، ئەتكەنچاينى ياخشى كۆرىدۇ، جوشقا گۆشىنىمۇ يەيدۇ. ئەزىز مېھمانلارنى قىمىز بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. كۆپىنچە موڭغۇللار چېدىردا ئولتۇرىدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن چارۋىچىلار قوشۇمچە دېھقانچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى كېسەك- ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەردە ھەم ئەنئەنىۋى موڭغۇل چېدىرىدا ئولتۇرىدىغان بولدى. ئات — موڭغۇل چارۋىچىلارنىڭ ئاساسلىق قاتناش قورالى ھېسابلىنىدۇ. دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ئولتۇرىدىغان موڭغۇللار ئات، ئېشەك ھارۋىلىرىنىمۇ ئىشلىتىدۇ.

موڭغۇللار بىلەن خەنزۇلار توي قىلىشىدىغان ئەھۋال كۆپەيمەك، شۇڭا توي- تۆكۈن ئادىتى خەنزۇلارنىڭكى بىلەن ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۆلگەن ئادەمنى ئۇچار قۇشلارغا يېگۈزۈش، يەرگە كۆمۈش، كۆيدۈرۈشتەك ئۈچ خىل ئۇسۇل بىلەن بىر تەرەپ قىلىدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن يەرگە كۆمۈش ئۇسۇلىنىلا قوللىنىدىغان بولدى. ئۆلۈكنى كۆمۈشتە خەنزۇلارغا ئوخشاش ساندۇققا سېلىپ كۆمىدۇ ياكى كۆك رەختكە ئوراپ كۆمىدۇ. ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن لامانى تەكلىپ قىلىپ دۇئا قىلدۇرىدۇ.

موڭغۇللارنىڭ ئاساسلىق بايرىمى — باھار بايرىمى. ئۇلار باھار بايرىمىنى چوڭ بايرام ھېسابلايدۇ. كالېندار ھېسابىدا 12- ئاينىڭ 23- كۈنى كىچىك بايرام قىلىدۇ. دېھقانلار كالېندارى ھېسابىدا 5- ئاينىڭ 13 - كۈنى ئوبا بايرىمى، ئوبا تەزىيىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئالدى بىلەن لاما كۆجە يېقىپ دۇرۇت ئوقۇيدۇ، ئاندىن كىشىلەر ئوبانى چۆرىدەپ سولدىن ئوڭغا ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ، ئىلاھتىن بەخت تىلەيدۇ. تەزىيە مۇراسىمى ئاساسلىقى ئوت تەزىيىسى، ھاراق تەزىيىسى ۋە قان تەزىيىسى دەپ ئۈچ خىل بولىدۇ. ئوبا تەزىيىسى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، دەرھال ئات بەيگىسى، چېلىش، ناخشا ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلىدۇ.

موڭغۇللار ئۈچۈن ئېيتقاندا، بالا تۇغۇلغان كۈندىكى چاچ يۇيۇش مۇراسىمى، ئۈچ ياش ۋاقتىدىكى چاچ چۈشۈرۈش مۇراسىمى، بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىنكى توي مۇراسىمى خۇشاللىق كۈنلەر ھېسابلىنىدۇ.

قۇمۇلدىكى موڭغۇللارنىڭ كۆپىنچىسى خەنزۇلارنىڭ فامىلىسىنى قوللىنىدۇ. بارىكۆل ناھىيىسىدىكى 200 قانچە ئۆيلۈك موڭغۇل ئىچىدە لى، يۈ، شاۋ، ۋۇ، چېن فامىلىلىكلەر 80% تىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ.

موڭغۇللار مېھماندوست، سەممىي، سادىق، ئەدەپ، قائىدىلىك مىللەت. مېھماننى قارشى ئېلىش، مېھمانغا بولغان ھۆرمىتى ۋە تىلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، مېھمانغا ھاراق تۇتىدۇ، دوستلۇقنى مەدھىيلەپ ناخشا ئېيتىپ، ھاراققا تەكلىپ قىلىدۇ. مېھمانغا چاي، ھاراق تۇتقاندىن باشقا، يەنە قوي سويۇپ مېھمان قىلىدۇ. ساھىبخان ئالدى بىلەن پىچاقنى ئىككى قوللاپ مېھمانغا بېرىدۇ، مېھمان پىشۇرۇلغان قوي بېشىدىن بىر قۇلىقىنى كېسىپ ئېلىپ توغراپ ئۆزى بىر پارچىنى يەيدۇ ھەم پىچاقنى ساھىبخانغا قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ساھىبخان گۆشنى پارچىلاپ مېھمانلارنى گۆش يېيىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. ئىشىكتىن كىرىش، ئورۇن ئېلىش، چاي ئىچىش، تاماق يېيىش، ھاراق ئىچىشلەرنىڭ ھەممىسىدە ئىش چوڭ ياشلىقلاردىن باشلىنىدۇ. چوڭلار بار يەردە كىچىكلەر تاماكا چەكمەيدۇ، ھاراق ئىچمەيدۇ.

موڭغۇللار كۆپىنچە يۇمىلاق شەكىلدىكى كىگىز ئۆيدە ئولتۇرىدۇ، شۇڭا «موڭغۇل چېدىرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن نۇرغۇن كىشىلەر كېسەك ياكى خىش بىلەن سېلىنغان ئۆيلەردە ئولتۇرىدىغان بولدى.

كىيىم-كېچەكنى مەرىكە كىيىمى ۋە ئادەتتىكى كىيىم دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. ئەر-ئاياللار جىيەك تۇتۇلغان موڭغۇل تونى كىيىشنى ياقتۇرىدۇ. قىزىل، سېرىق، يېشىل تاۋاردىن پوتا باغلايدۇ، ئۆتۈك ياكى پىيما كىيىدۇ. ھازىر چوڭ ياشلىقلاردىن باشقىلار ئادەتتە تىكىكلىك كىيىم كىيىدىغان بولدى. ئەرلەر كەپكە كىيىشكە ئامراق. چارۋىچىلار ئادەتتە رەختتىن تاشلانغان كالتە جۇۋا، قارا جىيەكلىك تېرە ئىشتان كىيىدۇ. سۈت مەھسۇلاتلىرى ۋە كالا، قوي گۆشىنى ئىستېمال قىلىدۇ.

توي قىلغاندا، ئادەتتە ئايال ئەرنىڭ ئۆيىگە كېلىدۇ، ئەر ئايالنىڭ ئۆيىگە بارىدىغان ئەھۋالمۇ بار. توي ئىشى ئاتا-ئانىنىڭ دېگىنى بويىچە بولىدۇ. ئەنئەنىۋى توي شەكلى ئەلچى قويۇش، توي توختىتىش، تويلۇق ئۆتكۈزۈش، توي قىلىش قاتارلىق تەرتىپلەر بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ، قائىدە-يوسۇنى چىگىش، كېتىدىغان خىراجەتمۇ كۆپرەك. ئەلچى ئەۋەتكەندە ھاراق ئىچىلمەيدۇ، توي توختاتقاندا ھاراق، پۇشكال، كەمپۇت قاتارلىق نەرسىلەر ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئوغۇل بالا توي قىلىش يېشىغا توشقاندا، ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى كىمنىڭ قىزىنى ياقتۇرۇپ قالغان بولسا، ئالدى بىلەن ئىككى جىڭ ھاراق، بەش پۇشكال، بىر قولياغلىق قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ، قىز تەرەپكە قۇدىلىشىشقا بارىدۇ. ئەگەر قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى ماقۇل كۆرسە، ئەكەلگەن سوۋغىلارنى ئېلىپ قالىدۇ، ماقۇل كۆرمىسە، ئەكەلگەن سوۋغىلارنى ئەكىتىدۇ. قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى ماقۇل كۆرگەندىن كېيىن، بىر قوينىڭ بېشىنى ۋە ئومۇرتقا، قۇيرۇق قىسمىنى ھەم بىر نەچچە تال گۆرۈچنى سوۋغا قاتارىدا تەييارلاپ، رازىلىق بىلدۈرىدۇ. ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتكەندە، يىگىت تەرەپ قىز تەرەپكە ئىككى قوي (بىرسى ئوتتۇرىدىن ئىككى پارچە قىلىنغان، يەنە بىرسى قۇيرۇقى بىلەنلا پىشۇرۇلغان بولىدۇ)، ھاراق، پۇشكال قاتارلىق نەرسىلەرنى ئاپىرىدۇ. قىز تەرەپ يىراق-يېقىن تۇغقانلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، يىگىت تەرەپتىن كەلگەنلەر بىلەن بىرلىكتە گۆش يەيدۇ. شۇ سورۇندا تۇغقانلارغا قۇدىلاشقانلىق ھەققىدە خەۋەر يەتكۈزىدۇ. يىگىت تەرەپ قىز تەرەپكە تويدا لازىملىق كىيىم-كېچەك، ئاياغ قاتارلىق نەرسىلەرنى ئاپىرىش ۋاقتىدا، بىرسى خام ئىككى قوينىڭ گۆشىنى ھەم بىر نەچچە جىڭ ھاراق ئاپىرىدۇ. خام گۆشنى قىز تەرەپ ئېلىپ قالىدۇ، پىششىق گۆشنى يىگىت تەرەپ قىز تەرەپتە مېھمان كۈتكەندە ئىشلىتىدۇ. توي بولغاندا، يىگىت تەرەپ قىز تەرەپكە تۆت قوي، بىر نەچچە جىڭ ھاراق ئېلىپ، قىزنى ئالغىلى بارىدۇ. قىزنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى قىزنىڭ تويىغا تەييارلانغان نەرسىلەرنى ئېلىپ، قىزنى يىگىت تەرەپكە

ئاپىرىپ، توي مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ. يېڭى جۈگگو قۇرۇلغاندىن كېيىن توي ئىشىغا ئۆزى خوجا بولىدىغان بولدى. لېكىن، يىگىت تەرەپنىڭ قىزنىڭ ئاتا- ئانىسىغا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، يوقىرىقىدەك قائىدە- يوسۇنلار يەنىلا ساقلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ. توي مۇراسىمىدا ھاراق ئىچكەن، گۆش يېگەندىن باشقا، موڭغۇللارغا خاس ئوغلاق تارتىشىش قاتارلىق ئويۇنلار ئوينىلىپ، ناخشا- ئۇسسۇل بېرىم كېچىگىچە داۋاملىشىدۇ. توي بولۇپ ئۈچ كۈندىن كېيىن، يىگىت تەرەپ قىزنىڭ ئانىسىغا قىز چوڭ قىلغانلىق ئەجرىسى ئۈچۈن بىر قوي بېرىدۇ.

موڭغۇللار لاما دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ.

# II باب

# دىن

## §1. قەدىمكى زاماندىكى دىنلار

قۇمۇل ۋىلايىتى قەدىمدىن تارتىپلا كۆپ خىل دىن مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن رايونلارنىڭ بىرى. مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە قۇمۇلدا شامان دىنى، مانى دىنى، ئاتەشپەرەسلىك دىنى، بۇددا دىنى، تويىن دىنى، ئىستورىيان دىنى، ئىسلام دىنى ۋە خرىستىئان دىنلىرى مەۋجۇت بولغان. بۇ دىنلار ئىچىدە شامان دىنى، مانىي دىنى، ئاتەشپەرەسلىك، نىستورىيان دىنى يوقاپ كەتكەن، بۇددا دىنى، تويىن دىنى، ئىسلام دىنى، خرىستىئان دىنى ھازىرغىچە مەۋخۇت.

### 1. ئىپتىدائىي دىنلار

**تەبىئەتكە چوقۇنۇش** ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە كىشىلەر تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئاسمان- زېمىن، ئاي، كۈن، يۇلتۇز، تاغ، دەريا، چاقماق، بوران، يامغۇر قاتارلىقلارنىڭ سىرىنى ئېنىق چۈشەنمىگەنلىكتىن، تەبىئەتكە چوقۇندى. «يۇەنخې يىللىرىدىكى ۋىلايەت- ناھىيە تەزكىرىسى» 40- جىلدتىكى ئېۋۇرغولغا دائىر قىسمىدا مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «تەڭرىتاغ، يەنە بىر ئاتىلىشى قارلىق تاغ، ھازىرقى ئاتىلىشى شىرمان تېغى ئېۋۇرغولنىڭ 120 چاقىرىم شىمالىدا ..... ھونلار تەڭرىتاغ دەپ ئاتايدىكەن، بۇ يەردىن ئۆتكەندە ئاتتىن چۈشۈپ تاۋاپ قىلىدىكەن» مانا بۇ قەدىمكى دەۋردىكى ھونلارنىڭ تەبىئەتكە چوقۇنۇشىدۇر.

باركۆل ناھىيىسىدىكى قازاق چارۋىچىلار ئارىسىدا ھازىرغىچە ئاسمان- زېمىن، ئاي، كۈن، يۇلتۇزلارغا چوقۇنىدىغان ئادەت بار. ھەر قېتىم ئاي كۆرۈلگەندە، ئۇلار دۇئا- تىلاۋەت قىلىپ، يېڭى ئاينىڭ بەخت ئاتا قىلىشىنى، مال- ۋارانلىرىنىڭ ئامان بولۇشىنى تىلەيدۇ.

**ئاتا- بوۋىلىرىغا چوقۇنۇش** قەدىمكى دەۋردە قۇمۇلدا ياشىغان ھەر قايسى مىللەتلەر ئۆزىنىڭ ئاتا- بوۋىلىرىغا چوقۇنغان، ھازىرمۇ خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق ھەم موڭغۇللار ئارىسىدا ئاتا- بوۋىلىرىغا چوقۇنىدىغان ئادەت بار.

**توتېمغا چوقۇنۇش** قەدىمكى دەۋردە قومۇلدا ياشىغان ئۇيسۇن، تۈرك، قاڭقىل، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەر ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ بۆرە بىلەن تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بار دەپ قارىدى، شۇڭا ئۇلار كۆپ ھاللاردا بۆرىنى توتېم قىلدى.

**شامان دىنى** شامان دىنى كېيىنكى دەۋردىكى ئىپتىدائىي دىن. قەدىمكى دەۋردىكى ھون، جۇرجان، تۈرك، ئۇيغۇر، موڭغۇل، مانجۇ، قازاق قاتارلىق مىللەتلەر بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلدى. «شامان» تۇڭگۇس تىلىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، «باخشى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئالەم ئۈچ قەۋەت كېلىدۇ، ئۈستۈن قەۋىتى «جەننەت»، ئۇ يەردە ئىلاھلار ياشايدۇ؛ يەر يۈزى ئوتتۇرا قەۋەت، ئۇ يەردە ئىنسانلار ياشايدۇ؛ ئاستىن قەۋىتى «دوزاخ»، ئۇ يەردە جىن- شايatonلار ياشايدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئىسلام دىنى تارقالغاندىن كېيىن، شامان دىنى زاۋاللىققا يۈز تۇتتى. لېكىن ئۇنىڭ بەزى ساقىندىلىرى ھەر قايسى مىللەتلەر ئارىسىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە.

قومۇل ۋىلايىتىدىكى ئۇيغۇرلار شامان دىنىدىكى «شامان» نى «باخشى» (پېرىخون) دەپ ئاتايدۇ. باخشى ئوينايدىغان «جىن- شايتونلارنى قوغلاش ئۇسسۇلى» نى «پېرە ئۇسسۇلى» دەپ ئاتايدۇ.

2. ئاتەشپەرەسلىك دىنى

ئاتەشپەرەسلىك دىنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 4 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا زوروئاستېر تەرىپىدىن پېرسىيىنىڭ شەرقىي قىسمىدا ئىجاد قىلىندى. ئاتەشپەرەسلىك دىنى مۇخلىسلىرى كۈن، ئاي، يۇلتۇزلارغا چوقۇنۇپلا قالماستىن، ئوتقىمۇ چوقۇنىدۇ. شۇڭا «ئوتپەرەسلەر دىنى»، «ئوتقا چوقۇنغۇچىلار دىنى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئاتەشپەرەسلىك دىنى تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 4 - ئەسىردە غەربىي يۇرتقا كىردى. قومۇلغا كىرگەن ۋاقتى ئېنىق ئەمەس.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭچى يىللىرىدىكى «شاجۇ (دۇنخۇاڭ)، ئىۋۇرغول يەرلىك تەزكىرىسى» نىڭ قالدۇق جىلدىدا خاتىرىلىنىشىچە، ئىۋۇرغول ناھىيىسىدىكى «ئاتەشپەرەسلەر ئىبادەتخانىسىدا سانسىز رەڭسىز سىزىلغان ئوبرازلار بار» ئىكەن، بۇ ئىۋۇرغولدىكى ئاتەشپەرەسلىك دىنىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئىسلام دىنى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقالغاندىن كېيىن، ئاتەشپەرەسلىك دىنى تەدرىجىي يوقالدى. لېكىن، ئۇيغۇر، قازاق ھەم موڭغۇل مىللەتلىرى ئارىسىدا ئۇنىڭ بەزى ساقىندىلىرى ساقلاپ قېلىندى. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بىمارنى قومۇش بىلەن ئۇچۇغدايدىغان ئادەت بار. مىنگو دەۋرىدە ئۇيغۇرلار قىز كۆچۈرگەندە، قىزنى ئاۋۋال كۆرپىگە ئولتۇرغۇزۇپ، كۆتۈرۈپ ئىشىكنىڭ سىرتىغا يېقىلغان گۈلخان ئۈستىدە ئايلاندۇرۇپ، ئاندىن ھارۋىغا چىقىراتتى. باشقىلارنىڭ بىمار بالىسىنى يوقلاپ بارغاندا، ئاۋۋال سىرتتىكى ئارچا ئىسىدا ئىسرىقدىنىپ، ئاندىن ئۆيگە كىرىدۇ، بۆشۈكتىكى بوۋاق كېچىسى يىغلاپ ئارام بەرمىگەندە، ئارچا بىلەن ئىسرىقدايدۇ. كىشىلەر مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق جىن- شەيتانلاردىن پەرھىز قىلىپ، بالىنى ساغلام چوڭ قىلغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

باركۆل ناھىيىسىدىكى قازاق چارۋىچىلار ئوتلاققا كۆچكەندە، قىشلىق ئوتلاقتىكى ئۆي تىكىدىغان يەرگە ئوت يېقىپ ئىسرىق سالىدۇ. يول ئۈستىدە ئىككى دۆۋە ئوت يېقىپ، قوي، كالىلارنى ئوتتۇرىسىدىن ھەيدەپ ئۆتىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندا جىن- شەيتانلارنى قوغلىۋەتكىلى، چارۋىلارنى تىمەن ساقلىغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇلار يەنە ئوت — يورۇقلۇقنىڭ سىمۋولى، ئوچاق ئىلاھى دەپ ھېسابلاپ، چارۋا كېسەل بولۇپ قالسا ئوت يېقىپ ئىسرىقدايدۇ. كۆچۈرۈپ كەلگەن يېڭى كېلىن ئىشىكتىن كىرىپ ئاۋۋال ئوتقا تەزىم قىلىدۇ، مەشتىكى ئوتقا سېرىقماي چاچىدۇ، كىچىك بالىلار ئۇخلىيالمىسا ئوت ئۇچۇقى قىلىدۇ. موڭغۇللار دېھقانلار كالېندارى ھېسابىدا 7-، 8-، 9- ئايلاردا مەخسۇس

ئوتقا تاۋاپ قىلىش بايرىمى ئۆتكۈزىدۇ.

### 3. مانى دىنى

مانى دىنى تەخمىنەن مىلادى 6 - ئەسىردە غەربىي يۇرتقا تارقالغان. قۇمۇلغا تارقالغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. ئەمما، ئەڭ كېيىن دېگەندىمۇ مىلادى 9 - ئەسىردە غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار قۇمۇلغا كەلگەن ۋاقىت بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرى مانى دىنى ئۇلارنىڭ دۆلەت دىنى بولۇپ، ئۇلار مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى.

ئىسلام دىنى تارقالغاندىن كېيىن، مانى دىنى زاۋاللىققا يۈزلەندى. ھازىرغىچە ئۇيغۇر ۋە قازاقلار ئارىسىدا كۈن، ئاي كۆيگەندە ئايەت ئوقۇپ، دۇئا تىلاۋەت قىلىپ، ئامانلىق تىلەش ئادىتى مانى دىنىدىن قالغان ئادەت.

### 4. نېستورىيان دىنى

نېستورىيان دىنى — خرىستىيان دىنىنىڭ بىر مەزھىپى بولۇپ، مىلادى 6 - ئەسىردە غەربىي يۇرتقا تارقالدى. قۇمۇلغا تارقالغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە نېستورىيان دىنى ئەۋج ئالدى. قۇمۇل ۋىلايىتىدىمۇ نېستورىيان دىنى مۇرىتلىرى پائالىيەت ئېلىپ باردى. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە سەپەر ئۈستىدە قۇمۇلدىن ئۆتكەن ئىتالىيىلىك ساياھەتچى ماركو. پولونىڭ ھازىرقى تاشۋېلىقتا كۆرگەنلىرىدىن قارىغاندا، بۇ يەردە بۇددا دىنى ۋە ئىسلام دىنى مۇرىتلىرىدىن باشقا، نېستورىيان دىنى مۇرىتلىرىمۇ بار ئىكەن.

مىڭ سۇلالىسىدىن كېيىن، نېستورىيان دىنى تەدرىجىي زاۋاللىققا يۈزلەندى.

## §2. بۇددا دىنى

### 1. تەرەققىيات جەريانى

بۇددا دىنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1 - ئەسىردە شىنجاڭغا تارقالدى، تەخمىنەن مىلادى1 - ئەسىردە قۇمۇلغا تارقالدى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۈەن 3- يىلى (629- يىلى) تاڭ سۇلالىسىنىڭ راھىبى شۈەنزاڭ ھىندىستانغا بېرىش سەپىرىدە قۇمۇلدىن ئۆتكەندە بىر ئىبادەتخانىنى ئۇچراتتى، بۇ ئىبادەتخانىدا ئىككى خەنزۇ راھىب، يەنە غوز راھىبلىرىمۇ بار.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ خۈيچاڭ 1 - يىلى (841- يىلى) چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى غەربكە كۆچۈپ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىغا كېلىپ، ئىدىقۇتنى مەركەز قىلغان ھالدا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇردى. تۇرپان، جىمسار، پىچان، قاراشەھەر، كۇچا، باي، قۇمۇل ھەم دۇنخۇاڭنىڭ غەربىدىكى كەڭ رايونلار ئۇنىڭ قارمىقىدا بولدى. ئۇيغۇرلار كەلگەن دەسلەپكى چاغلاردا يەنىلا مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلدى، ئەمما ناھايىتى تېزلا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلدى. مىلادى 9 - ئەسىردىن كېيىن، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇددا دىنى ئۇيغۇر خانلىقىدا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان دىنغا ئايلاندى. شۇ چاغدا، ئېۋىرغول ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا قارايدىغان بولغاچقا، ئېۋىرغول خەلقىمۇ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلدى.

تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى ئاساسەن بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن غەربىي يۇرتتا ئەنشى قورۇقچىبەگ

مەھكىمىسىنى تەسىس قىلدى. بۇ مەزگىلدە جەمئىيەت تىنچ، ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىي قىلدى، بۇددا دىنى گۈللەندى، ھەر قېتىمقى بۇددا دىنى بايرىمىدا راھىبلار ۋەز ئېيتقاندىن باشقا، ئويۇن قويۇپ، ساز چېلىپ ئۇسسۇل ئوينايتتى. 1959- يىلى، قۇمۇل ناھىيىسى تەگرىتاغ تۆمۈرتىدىن تېپىلغان 27 پەردىلىك بۇددا دىنى درامىسىنىڭ قوليازما نۇسخىسى «مايترى سىمىت» قەدىمىي ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقىدا يېزىلغان بۇددا دىنى درامىسىدۇر.

ھازىرقى توغۇچىدىكى بۇگۇرنىڭ سۇبېشىدىكى بۇددا غارلىرى، بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىلىكى، ئاراتامدىكى بۇددا گەمە ئۆيى خارابىلىكى، يالغۇز تۇيۇندىكى تاش بىلەن قوپۇرۇلغان بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىلىكى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ مەزگىلدىكى بۇددا دىنى قۇرۇلۇشلىرىدۇر.

13 - ئەسىرنىڭ 70- يىللىرى ئىتالىيىلىك مەشھۇر ساياھەتچى ماركو. پولو قۇمۇلدىن ئۆتكەندە، قۇمۇللۇقلارنىڭ بۇتقا تېۋىنىدىغانلىقىنى، كۆپىنچىسى بۇددا دىنى مۇرىتلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرگەن.

يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە، ئۇيغۇرلاردىن بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىدىغان نۇرغۇن تەرجىمانلار مەيدانغا كەلدى. برادىراشرى دېگەن ئۇيغۇر كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپ بۇددا نوملىرىنى پىششىق ئۆگەندى، ياش قورامغا يەتكەندىن كېيىن بۇددا دىنىنى ۋە بىر نەچچە خىل يېزىقنى پىششىق بىلىۋالدى، ئەينى ۋاقىتتا داڭلىق تەرجىمان بولۇپ قالدى. يۈەن سۇلالىسىنىڭ دادې 6- يىلى (1302- يىلى) برادىراشرى يارلىققا بىنائەن يۈەن سۇلالىسىنىڭ خانى بۆرە تېكىن تېمۇرنىڭ ئورنىدا گۇاڭخېن ئوردىسىدا راھىب بولدى، بۇيرۇق بويىچە خۇاگچېڭ يىللىرى بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭلې 10- يىلى (1412- يىلى) مىڭ سۇلالىسى ئوردىسى قۇمۇل قوغدىنىش مەھكىمىسىدە بۇددا دىنى ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان مەخسۇس ئاپپارات — راھىبلار مەھكىمىسى تەسىس قىلدى ھەم مۆھۈر تارقىتىپ بەردى. شۇ چاغدا مىڭ سۇلالىسى ئوردىسى قۇمۇلدا تۆرى تېمۈرنى دۆلەت ئۇستازى مەنسىپىگە قويدى. 15 - ئەسىرنىڭ باشلىرى، بۇددا دىنى قۇمۇلدا يەنىلا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇردى. 14 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئىسلام دىنى قۇمۇلغا كىرىشكە باشلىدى. 15 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى تۇرپان سۇلتانى قۇمۇلنى تۆت قېتىم ئىشغال قىلىپ، ئىسلام دىنىنى قۇمۇلغا قورال كۈچى بىلەن تارقاتتى. بۇنىڭ بىلەن بۇددا دىنى تەدرىجىي زاۋاللىققا يۈزلەندى.

16 - ئەسىرنىڭ باشلىرى مىڭ سۇلالىسىنىڭ جېڭدې 8- يىلى (1513- يىلى) قۇمۇلدىكى ئەڭ ئاخىرقى موڭغۇل ۋاڭى بەيياچى ئۆزىنى تۇرپان ۋاڭى مەنسۇرنىڭ قوينىغا ئاتتى. مەنسۇر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمىغان ئۇيغۇر ۋە موڭغۇللارنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇرلىدى.

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئىچكىرىنىڭ بۇددا دىنى چىڭ قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە قۇمۇل ۋە باركۆلگە كىردى. چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى قۇمۇل ۋە باركۆلدە بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنى كۆپلەپ سالدۇردى. بۇددا دىنى يەنە گۈللەندى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى مىنگونىڭ باشلىرى قۇمۇلدا بۇددا دىنى تەشكىلاتى بەيلاخۇي (ئاق شام ئۇيۇشمىسى) قۇرۇلدى. ئۇلار ئىلاھقا چوقۇنغاندا، قوي يېغىدىن ياسالغان ئاق شام ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن بەيلاخۇي دەپ نام قويۇلدى. مىنگونىڭ 24- يىلى (1935- يىلى)،دۇنخۇاڭدىكى يوخۇاتاڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ ئاچارىياسى ۋاڭ شۇېن قۇمۇلغا كېلىپ دىن تارقاتقاندا، بەيلاخۇينى يوخۇاتاڭغا ئۆزگەرتىپ، بەيلاخۇينىڭ باشلىقى ۋەن دېگباڭنى ئاچارىيالىككە قويدى، ئۆزى قۇمۇلنىڭ بۇددا دىنى ئىشلىرىنى باشقۇردى. مىنگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى) ۋاڭ شۇېن كېسەل بىلەن ئۆلدى. شۇ يىلى 10- ئايدا جۇڭگو بۇددا دىنى جەمئىيىتىنىڭ ئاچارىياسى شىن داۋ جيۇچۇەندىن قۇمۇلغا كېلىپ، قۇمۇل بۇددا دىنى جەمئىيىتىنى قۇرۇپ، قۇمۇلدىكى بۇددا دىنى مۇرىتلىرىنى يىغىپ، بۇددا دىنىغا كىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى، ئۇنىڭغا 300 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. ئاچارىيا شىن داۋ ئۈرۈمچىگە كەتكەندىن كېيىن، قۇمۇلدىكى بۇددا دىنى جەمئىيىتى لاۋچېگدىكى شۇنچېڭ كوچىسىدا ئىش بېجىردى. شۇ چاغدا بۇ جەمئىيەتنىڭ باشلىقى ۋاڭ رۇڭ،

مۇئاۋىن باشلىقى ليۇ پېيشياۋ ئىدى، جەمئىيەت قارمىقىدا ئالتە ئىبادەتخانا بار.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن باركۆل ناھىيىسىدىكى ئىككى بۇددىست راھىب كېيىنى. كېيىندىن ئۆلۈپ كەتتى. قۇمۇل ناھىيىسىدىكى بۇددا دىنى جەمئىيىتى ئۆزلۈكىدىن تارقىلىپ، بۇددا دىنى پائالىيىتى توختىدى.

### 2. زاڭزۇ بۇددىزمى ــ لاما دىنى

يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى مىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرى تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا بۇددا دىنى زاۋاللىققا يۈز تۇتقان چاغدا، زاڭزۇ بۇددىزمىغا ئېتىقاد قىلىدىغان غەربتىكى موڭغۇللار شەرقتىكى موڭغۇللار ئاجىزلاشقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىغا كىرىپ، ئالتاي تېغى، قۇمۇلنىڭ شىمالىي قاتارلىق جايلاردا ھەرىكەت قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، شىنجاڭدا بۇددا دىنى ئاساسەن غەربتىكى موڭغۇل (ئۇيرات) لار ئارىسىدا تارقالدى.

مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇمۇلدىكى موڭغۇللارنىڭ ھەممىسى زاڭزۇ بۇددىزمى ــ لاما دىنىغا ئېتىقاد قىلدى ھەم راھىبلار مەھكىمىسىنى قۇرۇپ، دىنىي ئىشلارنى باشقۇردى.

غەربتىكى موڭغۇللار ھازىرقى باركۆل ناھىيىسىدە لاما ئىبادەتخانىسى سالدى، ئۇنىڭ خارابىسى ھازىرمۇ بار. ھەر يىلى دېھقانلار كالېندارى بويىچە 5- ئاينىڭ 13- كۈنى موڭغۇل دېھقان، چارۋىچىلار بۇ يەرگە يىغىلىپ «ئوباغا ئىززەت- ئىكرام بىلدۈرىدۇ» ھەم بەيگە، چېلىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارىدۇ.

مىنگو دەۋرىدە باركۆلدە بىر نەچچە لاما بار ئىدى. كېيىنچە بۇ لامىلاردىن بەزىلىرى ئۆلدى، بەزىلىرى سىرتقا كەتتى.

1989- يىلى باركۆل ناھىيىسى ئۈچ موڭغۇل ياشنى بۇددا نومى ئۆگىنىش ئۈچۈن بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ خوشۇت ناھىيىسىدىكى لاما ئىبادەتخانىسىغا ئەۋەتتى.

قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى موڭغۇللار زاڭزۇ بۇددىزمى ــ لاما دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. 1990- يىلى ۋىلايەت بويىچە موڭغۇللارنىڭ نوپۇسى 1714 بولۇپ، مۇتلەق كۆپ قىسمى (1283 كىشى) باركۆل ناھىيىسىدە، ئاساسلىقى شىرىنزى يېزىسىنىڭ چارۋىچىلىق فېرمىسىدا ئولتۇراقلاشتى. 1978- يىلىدىن كېيىن، بۇ چارۋىچىلىق فېرمىسى، مۇرىتلارنىڭ دىنىي پائالىيەت ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن 10 كىۋادرات مېتىرلىق بىر ئېغىز ئۆي ئاجرىتىپ بەردى ھەم دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش ئۈچۈن بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىن ئىككى لامانى ۋاقىتلىق تەكلىپ قىلدى.

## §3. توبىن دىنى

توبىن (تەرىقەتچىلىك) دىنى مىلادى5 - ئەسىردە ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا تارقالدى. قۇمۇل شىنجاڭ بويىچە توبىن دىنى ئەڭ بالدۇر كىرگەن رايونلارنىڭ بىرى.

جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تەيچاڭ 7- يىلى (422- يىلى) شىمالىي لياڭ سۇلالىسى غەربىي لياڭ سۇلالىسىنى مەغلۇپ قىلدى. غەربىي لياڭ سۇلالىسىدىن تاڭ خې، تاڭ چى ۋە لى باۋلار 2000 نەچچە ئائىلىلىك خەنزۇنى يىغىپ ئىبۇرغول (ھازىرقى قۇمۇل) غا قېچىپ كېلىپ پاناھلاندى. غەربىي يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئاۋار خانلىقى تاڭ چىنى ئىبۇرغول ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى. ئىبۇرغولدا خەنزۇلارنىڭ نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، توبىن دىنىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە كىردى.

سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىگە كەلگەندە ئىبۇرغولدا ئايماق تەسىس قىلىندى، خەنزۇ ئاھالىسى يەنىمۇ كۆپەيدى. توبىن دىنى گۈللەندى. ئىبۇرغول ناھىيىسى، لاپچۇق ناھىيىسى ۋە روياڭ ناھىيىلىرىدە توبىن ساگراملىرى بارلىققا كەلدى،

بۇلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى تويىن دىنى ئېۋرغولغا كىرگەندىن كېيىن، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلىدىغان خەنزۇ ئەسكەرلەر ۋە پۇقرالار تەرىپىدىن سېلىنىدى.

چىڭ سۇلالىسى شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا نۇرغۇن بۇتخانىلارنى سالدى. يۇگچېڭ، چيەنلۇڭ، جياچىڭ، داۋگۇاڭ يىللىرى قۇمۇل ۋە باركۆللەردە نۇرغۇن بۇتخانا سېلىنىدى.، بولۇپمۇ باركۆلدە سېلىنغان بۇتخانىنىڭ سانى شىنجاڭ بويىچە ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇردى.

تۇڭجى يىللىرىغا كەلگەندە، شىنجاڭدا زور مالىمانچىلىق يۈز بەردى. قۇمۇل ۋە باركۆلنىڭ شەھەر- يېزىلىرىدىكى بۇتخانىلارنىڭ تولىسى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، تويىن دىنىمۇ زاۋاللىققا يۈزلەندى.

گۇاڭشۈنىڭ دەسلەپكى يىللىرى شىنجاڭ تىنچلاندى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قۇمۇل ھەم باركۆلدە كۆپلەپ بۇتخانا سالدۇردى، تويىن دىنى يەنە گۈللەندى.

مىنگونىڭ 20- يىلى (1931- يىلى) قۇمۇل ناھىيىسىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىدا، قۇمۇل ۋە باركۆل ناھىيىسىنىڭ ھەر قايسى يېزىلىرى، ھەر قايسى ئۆتەڭلەردىكى بۇتخانىلارنىڭ تولىسى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، تويىن دىنى يەنە زاۋاللىققا يۈزلەندى. شېڭ شىسەي شىنجاڭدا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، تويىن دىنى پائالىيەتلىرى ئەسلىگە كەلدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى بۇتخانىلار كېيىن- كەينىدىن باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىلدى، تويىن دىنى تەدرىجىي يوقىدى.

## §4. ئىسلام دىنى

**1. تەرەققىيات جەريانى**

ئىسلام دىنى تەخمىنەن مىلادى 14 - ئەسىردە قۇمۇلغا كىردى. «مىڭ سۇلالىسىنىڭ تەزىۋۇك خاتىرىسى» دە مىڭ سۇلالىسىنىڭ خۇڭۋۇ 14- يىلى (1381- يىلى) ئالاۋۇددىن ئىسىملىك قۇمۇللۇق بىر « ئۇيغۇر» مىڭ سۇلالىسى خانىغا ئات تارتۇق قىلدى، دەپ خاتىرىلەنگەن.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېڭخۇا 23- يىلى (1487- يىلى) شەرقىي چاغاتاي خاقانى مۇھەممەت تاشكەنتتە تەختكە ۋارىسلىق قىلدى، ئىنىسى ئەھمەت تۇرپاننىڭ باش ۋالىيسى بولدى. 10 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆزىنى تۇرپان خانى دەپ ئاتىدى، كېيىن شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ تۇرپاندىكى سۇلتانى قۇمۇلغا تۆت قېتىم ھۇجۇم قىلىپ بېسىۋالدى. قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن قاراخويلار گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى ئەنشىنىڭ كۇيۇ شەھىرىگە ئۈچ قېتىم قېچىپ باردى. ئەھمەت قۇمۇلدا ئىسلام دىنىنى قورال كۈچى بىلەن ئومۇملاشتۇردى، ئىسلام دىنى مۇرىتلىرى تەدرىجىي كۆپەيدى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ خۇڭجى 3- يىلى (1490- يىلى) شەھەر ئىچىدە تۇنجى مەسچىت — جۈمە مەسچىت سېلىنىدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ جېڭدى 8 - يىلى (1513- يىلى) قۇمۇلدىكى ئەڭ ئاخىرقى موڭغۇل ۋاڭى بەيياچى تۇرپان سۇلتانى مەنسۇرغا بېقىندى. شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ تۇرپان سۇلتانى قۇمۇلغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمىغان ئۇيغۇرلار ۋە موڭغۇللار ئارىسىدا ئىسلام دىنىنى زورلۇق بىلەن ئومۇملاشتۇردى.

ئىسلام دىنى مۇرىتلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، 16 - ئەسىرگە كەلگەندە، ئىسلام دىنى تەدرىجىي ھالدا قۇمۇل رايونىدا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان دىنغا ئايلاندى. ئىسلام دىنى يۇقىرى قاتلام كۈچلىرى قۇمۇلنى تىزگىنلەشكە باشلىدى. 17 - ئەسىرنىڭ باشلىرى ئىسلام دىنى سەردارى ھەم فېئودال خوجا مۇھەممەتشاھ جەمەتىنىڭ

كۆچى قۇمۇلدا تەدرىجىي كۆچەيدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 17- يىلى (1678- يىلى) جۇڭغارلار يەركەن خانلىقىنى يوقاتتى. تۇرپان، قۇمۇل رايونى جۇڭغار خانلىقىغا قارىدى، جۇڭغار خانلىقى مۇھەممەتشاھ بەگنىڭ ئوغلى ئەبەيدۇللانى تارخان بەگلىككە تەيىنلىدى. كاڭشى 35- يىلى (1696- يىلى) ئەبەيدۇللا چىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتىگە بەيئەت قىلدى.

كاڭشى 36- يىلى (1697- يىلى) ئەبەيدۇللا 1- دەرىجىلىك جاساقلىققا تەيىنلەندى. شۇندىن ئېتىبارەن قۇمۇلدىكى ئۇيغۇر خەلقى قۇمۇل ۋاڭىنىڭ «ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن» ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ياشىدى. ئىسلام دىنى ئۇيغۇر خەلقى ئېتىقاد قىلىدىغان بىردىنبىر دىن بولۇپلا قالماستىن، ئۇنىڭ ئورغۇن ئەقىدىلىرىمۇ تەدرىجىي ھالدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆرپ- ئادىتىگە سىڭىپ كىردى.

## 2. دىنىي مەزھەپلەر

قۇمۇل رايونىدىكى ئىسلام دىنى مەزھەپلىرى: سۈننىي مەزھىپى، ئىشان مەزھىپى، ئىخۋانى، لىگمىڭتاڭ.

1) سۈننىي مەزھىپى  سۈننىي مەزھىپى ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى،قۇمۇل رايونىدىكى ئىسلام دىنىنىڭمۇ ئاساسلىق مەزھىپى. قۇمۇل رايونىدىكى سۈننىي مەزھىپىدىكى بىر قىسىم مۇسۇلمانلار ئىشان مەزھىپىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، مازارغا تاۋاپ قىلىدۇ. خۇيزۇلار ئارىسىدىكى سۈننىي مەزھىپىدىكى مۇسۇلمانلار بىر يىلدا بەش دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزىدۇ: روزا ھېيت، قۇربان ھېيت، مەۋلۇت ئاي، ئاشۇرا ئاي ۋە بۈۋى پەتىمە خاتىرە كۈنى.

2) ئىشان مەزھىپى  ئىشان مەزھىپى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئىسلام دىنىدىكى سوپىزم مەزھىپىنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى. سوپىزم مەزھىپى ئىسلام دىنىدىكى مىستىكىزم مەزھىپى. ئۇلار نامرات ئۆتەشنى، دەرۋىشلىكنى، پەرھىز تۇتۇشنى، تەركىدۇنيالىقنى تەشەببۇس قىلىپ، ئاددىي يەپ- ئىچىش بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدۇ، يىرىك قوي يۇڭى بىلەن توقۇلغان كىيىم كىيىدۇ. ئەرەب تىلىدا قوي يۇڭىنى «سوفى» دەپ ئاتايدىغان بولغاچقا، ئۇلار سوپىزم دەپ ئاتالغان. سوپىزم ئۇزاق مۇددەت دەرۋىشلىك قىلغاندىلا، ئاندىن ئاللاغا يېقىنلىشىپ «ئىنسان بىلەن ئاللاھ بىرلەشكەن» ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئىشان مەزھىپىنىڭ مۇرىت قوبۇل قىلىش شەكلى مەخپىي بولىدۇ. زىكىر ئوقۇيالايدىغان، ئىشانغا مۇتلەق بويسۇنۇشنى خالايدىغانلار خەلىپىنىڭ كۆرسىتىشى، ئىشاننىڭ ئىجازەت بېرىشى بىلەن ئاندىن مۇرىت بولالايدۇ. ئەرلەر سوپا ياكى مۇرىت، ئاياللار بۇۋە دەپ ئاتىلىدۇ. ئىشان ئىجازەت بەرگەن مۇرىت خەلىپە دەپ ئاتىلىدۇ. مازار— ئىشان مەزھىپىدىكىلەر دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزىدىغان مۇھىم سورۇندۇر.

1990- يىلى قۇمۇل شەھىرىنىڭ قارادۆۋە، ئاستانە، شەھەرئىچى، راھەتباغ، بوغاز قاتارلىق يېزىلىرىدا جەمئىي 200 نەچچە  ئىشان مەزھىپى مۇرىت بار ئىدى.

3) ئىخۋانى مەزھىپى  خۇيزۇلار ئارىسىدا كونا دىن (گېدىرىيە، خۇپىيە)، يېڭى دىن (جېخرىيە) دەپ پەرقلەندۈرىدىغان ئەمۋال بار. كونا، يېڭى دىنلاردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئىخۋانى مەزھىپىدىكىلەر ئۆزىنى «يېڭى يېڭى دىن» ياكى «يېڭى گۈللەنگەن دىن» دەپ ئاتىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 14- يىلى (1888- يىلى) گەنسۇ ئۆلكىسى دۇڭشياڭ يېزىسىنىڭ گويۈەن كەنتىدىكى ماۋەنفۇ (ئادەتتە ماگويۈەن دەپ ئاتايدۇ) ھەج تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن مەككىگە بارغان، ئۇ ھەج تاۋاپ قىلىش مەزگىلىدە ئىسلام دىنىدىكى ۋاھابى تەلىماتىنى ھەم قوشۇمچە باشقا ئېقىملارنىڭ تەشەببۇسىنى ئۆگەنگەن. مىنگونىڭ 3- يىلى (1914- يىلى) ماگويۈەن قۇمۇلغا كېلىپ دىن تارقاتتى.

مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) قۇمۇلدىكى ئىخۋانى مەزھىپى ئېتىقادچىلىرى جۇڭشىن كوچىسىدىكى جېڭلۇڭشىن دۇكىنىنىڭ خوجايىنى مارۈلىننىڭ قورۇسىدا بىر كىچىك مەسچىت سېلىپ، غەربىي ئۆستەڭ مەسچىتى

دەپ ئاتىدى. 1951- يىلى بۇ مەسچىتتىكى ئىككى مەزھەپ ئوتتۇرىسىدا جېدەل- ماجىرا چىقىپ، ئادەم يارىلاندۇرۇش ئىشى يۈز بەردى، شۇنىڭ بىلەن بۇ مەسچىت جامائىتى تارقىتىۋېتىلدى.

4) **لىگمىنتاڭ** لىگمىنتاڭنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ شيەنفېڭ يىللىرىدا ياشىغان مايىلۇڭ (لىگمىڭ) لەنجۇدا قۇردى.

مىنگونىڭ 5- يىلى (1916- يىلى) مالىگمىڭ ئۆزىنىڭ شاگىرتى كاۋ فۇتاڭنى دىن تارقىتىش ئۈچۈن قۇمۇلغا ئەۋەتتى، ئۇ 30 نەچچە ئائىلە مۇرىت توپلىدى. مىنگونىڭ 11- يىلى (1922- يىلى) كاۋفۇتاڭ قۇمۇلدا كېسەل بولۇپ ئالەمدىن ئۆتتى. مىنگونىڭ 12- يىلى (1923- يىلى) مالىگمىڭ شاگىرتى سا باۋچىڭنى قۇمۇلدا داۋاملىق دىن تارقىتىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ئۇ قۇمۇلنىڭ ناھىيە بازىرىدا ھەم ساۋۇلاق، بۇلۇڭتوغراق قاتارلىق جايلاردا 100 نەچچە ئائىلە مۇرىت توپلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، مەبلەغ توپلاپ كاۋفۇتاڭنى خاتىرىلەيدىغان گۈمبەز سېلىپ، مۇرىتلار توپلىشىپ پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان سورۇن تەييارلاشقا كىرىشتى. ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن 1953- يىلى ئىش باشلاپ 1956- يىلى پۈتكۈزدى ھەمدە كاۋفۇتاڭنىڭ جەسەت ئۈستىخىنىنى گۈمبەز ئاستىغا كۆمدى. 1990- يىلدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، لىگمىنتاڭ مۇرىتلىرى 40 ئائىلە، 200 نەچچە كىشى بولۇپ، ئاساسلىقى شەھەر رايونى، بۇلۇڭتوغراق يېزىسىنىڭ ساۋۇلاق، بۇلۇڭتوغراق كەنتلىرى، تارانچى كان رايونى قاتارلىق جايلارغا تارقالغان.

**3. مەسچىت ۋە مازارلار**

1) **مەسچىتلەر** قۇمۇل رايونىدىكى مەسچىتلەر ھېيتكاھ مەسچىت، جۈمە مەسچىت، ئادەتتىكى مەسچىت دەپ ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ۋە مىنگو يىللىرى ئارىلىقىدا قۇمۇل رايونىدا 309 مەسچىت (قۇمۇل ناھىيىسىدە 279، بارىكۆلدە بىر، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە 29) بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر، قازاق،مەسچىتلىرى303، خۇيزۇ مەسچىتى ئالتە، ئىمام، مۇئەززىن، قارى، خاتىپ قاتارلىق دىنىي كەسپتىكى خادىملار ۋە باشقۇرغۇچى خادىملار 880 نەچچە ئىدى.

**ئاساسلىق مەسچىتلەر:**

(1) **ھېيتكاھ مەسچىت** بۇ مەسچىت چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى يىللىرى 1- ئەۋلاد ئۇيغۇر ۋاڭ ئەبەيدۇللا دەۋرىدە سېلىندى، كېيىن كېڭەيتىلىپ ھازىرقى ھالەتكە كەلتۈرۈلدى. ئورنى قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەھەرئىچى ئالتۇنلۇقتا.

مەسچىت ئىچىدە نەقىشلەنگەن 104 يۇمىلاق تۈۋرۈك، تورۇسقا پەنجىرىسىمان نۇسخا ئويۇلغان، تۆت تېمىغا ئايەت يېزىلغان، تەكتىگە كۆك خىش ياتقۇزۇلغان، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 60 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 38 مېتىر كېلىدۇ، بىنا كۆلىمى 2280 كۋادرات مېتىر. روزا ھېيت، قۇربان ھېيتلاردا يىراق- يېقىندىكى مۇسۇلمانلار بۇ يەرگە كېلىپ ناماز ئوقۇيدۇ، ئىچىگە 5000 دىن ئوشۇق ئادەم سىغىدۇ.

(2) **جۈمە مەسچىت** مەسچىت ئورنى شەھەرئىچى يېزىسىدىكى ئازنا بازاردا بولۇپ، قۇمۇل شەھىرىدىكى ئەڭ قەدىمىي مەسچىت.

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇ مەسچىتنى مىڭ سۇلالىسىنىڭ خوڭجى 3- يىلى (1490- يىلى) ئىلىدىن دىن تارقىتىش ئۈچۈن قۇمۇلغا كەلگەن خوجا مۇھەممەت ئەلى سالدۇرغان. ئەسلىدىكى مەسچىت چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 40- يىلى (1775- يىلى) ۋەيران قىلىۋېتىلدى، كېيىن ماھمۇر ئاپپاق دېگەن ئايال مەبلەغ چىقىرىپ قايتا سالدۇردى.

جۈمە مەسچىتنىڭ بىناكارلىق ئۇسلۇبى ئۆزگىچە بولۇپ، كېسەك- ياغاچ قۇرۇلمىلىق. ئالدى دەرۋازىسى قەدىمىي قەلئە شەكلىدىكى مۇنار، ئۆگزىسىنىڭ تۆت بۇرجىكىدە ئۈچلۈق مۇنار، ئالدىدا ئەزان ئېيتىدىغان پەشتاق بار.

جۈمە مەسچىتنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 38 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 24 مېتىر، كۆلىمى 912 كۋادرات مېتىر، تېمىنىڭ قېلىنلىقى 1.5 مېتىر، قەدىمكى قەلئە شەكلىدىكى مۇنارنىڭ تېگىنىڭ كەڭلىكى تۆت مېتىر،

ئېگىزلىكى 12 مېتىر.

ئۇزاق يىللار رېمونت قىلىنمىغانلىقتىن، ئالدىدىكى مۇنار قىسمى چاك كېتىپ قىڭغىيىپ قالغانلىقتىن 1987-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق دىنىي ئىشلار ئىدارىسى 40 مىڭ يۈەن، يەرلىك ھۆكۈمەت 50 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، ئاما 30 مىڭ يۈەن يىغىش قىلىپ، ئەسلى شەكلى بويىچە خىش- ياغاچ قۇرۇلمىلىق قىلىپ سالدى.

(3) كونا مەدرىسە  ئۇرنى قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەھەرئىچى يېزىسىدا. بۇنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرى 4- ئەۋلاد يۈسۈپ ۋاڭ مەبلەغ، دىنىي مۇرىتلار ئەمگەك كۈچى چىقىرىپ سالدى. قۇمۇل ۋاڭى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە بۇ مەسچىت قۇمۇلدىكى ھەر قايسى مەسچىتلەر ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇراتتى، 2700 مودىن ئوشۇق يېرى، 2000 دىن ئوشۇق قويى، ئىككى ئورۇندا باغچىسى، تۆت تۈگمىنى بار ئىدى.

(4) يېڭى مەدرىسە  ئۇرنى قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەھەرئىچى يېزىسىدا، كونا مەدرىسىدىن كېيىن سېلىنغاچقا يېڭى مەدرىسە دەپ ئاتالدى. بۇنى شاھمەخسۇت ۋاڭ مەبلەغ، دىنىي مۇرىتلار ئەمگەك كۈچى چىقىرىپ سالدى. بۇ مەسچىتنىڭ 15 مو باغچىسى، 10 مىڭدەك قويى بار ئىدى. مەسچىت قارمىقىدا بىر دىنىي دارىلفۇنۇن بولۇپ، 100 نەپەردىن ئوشۇق تالىپ ئوقۇيتتى.

(5) شەنشى مەسچىتى  ئۇرنى قۇمۇل شەھىرىنىڭ دېموكراتىيە كوچىسىدا. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 7- يىلى (1881- يىلى) چىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق جيەنرۈي قوشۇنى چېكىنگەندە، بۇ قوشۇندىكى شەنشىلىك خۇيزۇلارنىڭ كۆپىنچىسى قۇمۇلدا ماكانلىشىپ قالدى، ئۇلار گۇاڭخۇا كوچىسىدا ۋاقىتلىق بىر مەسچىت سالدى. گۇاڭشۈنىڭ 19- يىلى (1893- يىلى) خۇيزۇ تۆرە ماجۇسەن، لى كەيزۇڭ، ليۇۋەنيىڭ قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ مەبلەغ توپلاپ يېڭى مەسچىت سالدى، بۇ مەسچىت گۇاڭشۈنىڭ 24- يىلى (1898- يىلى) پۈتتى. مەسچىتكە بەش ئېغىز ئىبادەتخانا، بەش ئېغىز يان ئۆي، بەش ئېغىز سەرىپ، بەش ئېغىز ئاشخانا، ئىشخانا، بىر دەرۋازا، بىر يان ئىشىك سېلىندى. كېيىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمى بىلەن يەنە سەككىز بۇرجەكلىك بىنا سېلىنىپ، ئۇ يەرگە چىڭ سۇلالىسى خانىنىڭ نامى يېزىلغان تاختاي ئورنىتىلدى. بۇ مەسچىت 1983- يىلى رېمونت قىلىندى، يېڭىدىن بىر پەشتاق سېلىندى.

بۇ مەسچىت ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك فەسىرلىرى شەكلىدە سېلىنغان بولۇپ، كۆلىمى 2500 كۋادرات مېتىر، نامازخانىسى 450 كۋادرات مېتىر. 1989- يىلى مەسچىت ئۆزى تەييارلىغان مەبلەغ ۋە مۇرىتلار توپلىغان مەبلەغ بىلەن ئىككى قەۋەتلىك ئىمارەت ھەم ئەر- ئاياللار مۇنچىسى سالدى. 100 نەچچە ئېغىز ئۆيى بار.

(6) سۇجۇ مەسچىتى  ئۇرنى قۇمۇل شەھىرى يېڭى شەھىرىنىڭ شىمالىي بازار مەھەللىسىدە بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈ يىللىرىدا گەنسۇ جيۇچۈەندىن قۇمۇلغا كۆچۈپ كەلگەن خۇيزۇلاردىن شاگيۇ ماجېن، مۇتىۋەللى لى شېگيۇلارنىڭ سەپەرۋەر قىلىشى بىلەن سېلىندى. مىنگونىڭ 20- يىلى (1931- يىلى) ماجۇڭيىڭ شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغاندا، قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ئۆلكە قوشۇنى بۇ مەسچىتنى تۈزلىۋەتتى. شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، قۇمۇلدىكى ماجۇڭدې، شەن جىدې، ماسىڭ قاتارلىقلارنىڭ سەپەرۋەر قىلىشى بىلەن ئىئانە توپلاپ، بۇ مەسچىت قايتا سېلىندى، مەبلەغ يېتىشمەي قېلىپ، قۇرۇلۇشنىڭ بىر قىسمىلا پۈتتى. يەنى بەش ئېغىز نامازخانا، ئۈچ ئېغىز يان ئۆي، ئۈچ ئېغىز سەرىپ، تۆت ئېغىز ئارقا ئۆي، بىر دەرۋازا سېلىندى. مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) «شەرقىي شىنجاڭ بايراق تەقدىم قىلىش ئۇيۇشمىسى» نىڭ ئەزاسى ماجۇنجې قاتارلىقلار مابۇفاڭدىن 20 مىڭ يۈەن ئىئانە ئېلىپ، مەسچىتنىڭ قالدۇق قۇرۇلۇشىغا ئىشلەتتى، قۇرۇلۇش يىل ئاخىرى تولۇق پۈتتى. بۇ مەسچىتنىڭ بىر قانچە 10 ئېغىز ئۆيى بار.

2) مازارلار

قۇمۇل رايونىدا 50 نەچچە مازار بار، بۇ مازارلارنىڭ يىل دەۋرى ئېنىق ئەمەس.

(1) قەيس غوجام مازىرى  («مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى – مەشھۇر جايلار» بۆلۈمىگە قارالسۇن).

(2) ئەزىزىم ئاغىچا مازىرى ئۈرۈمچى قۇمۇل شەھەرئەتراپى يېزىسى چارباغ كەنتىنىڭ شىمالىدا.

ئېيتىلىشىچە، بۇ ئىشان مەزھىپىنىڭ مۇرىتى بۇۋە رابىيە ئەدەۋىيە ۋەلىيۇللانىڭ قەبرىسىكەن.

مازارنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككى پارچە تاش ئابىدە ئورنىتىلغان، ئۇنىڭغا ھىجرىيىنىڭ 1304- يىلى دەپ ئويۇلغان (ئېنىقلاشقا تېگىشلىك).

ھەر يىلى قۇربان ھېيتىنىڭ ھارپا كۈنى يىراق- يېقىنىدىكى ئۇيغۇر ئاياللار پوشكال ۋە نان ئېلىپ كېلىپ تاۋاپ قىلىدۇ.

(3) سۇلتان سەئىد مازىرى ئۈرۈمچى قۇمۇل شەھەرئىچى يېزىسىنىڭ غوجامخىي كەنتىدە بولۇپ، يېشىل گۈمبەز دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئېيتىلىشىچە، بۇ ئافغانىستانلىق سۇلتان سەئىد ئەخمەت بەلخىنىڭ قەبرىسىكەن.

سۇلتان سەئىد قۇمۇلغا دىن تارقىتىشقا كەلگەندە ئىككى تالىپنى ئەگەشتۇرۇپ كەلگەن. سۇلتان ئۆلگەندىن كېيىن بۇ مازارغا دەپنە قىلىنغان، ئىككى تالىپ ئۆلگەندىن كېيىن شەھەرئىچىنىڭ غەربىي تەرىپىدە بىر سوقما تاملىق ھويلىغا دەپنە قىلىنغان.

(4) ئايلىق مازار ئۈرۈمچى قۇمۇل شەھەرئىچى يېزىسىنىڭ توققۇز ئەجدىھاتال كەنتىدە.

ئېيتىلىشىچە بۇ ئوتتۇرا ئاسىيا بۇخارالىق كۆك تونلۇق كۈمۈش كۆزلۈك ئاتانىڭ قەبرىسىكەن. بۇ كىشى قۇمۇلغا كېلىپ كۆپ يىللار دىن تارقاتقان. جان ئۈزۈش ئالدىدا ئۆزى ئۈچۈن قەبرە تۇرغۇزماسلىقنى ۋەسىيەت قىلغان. كېيىن كىشىلەر كۆپ قېتىم قەبرە تۇرغۇزماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن تۇرغۇزالمىغان. مازىرغىچە تۈپتۈز بولۇپ، پەقەت بىر نەچچە تۈپ چوڭ دەرەخلا بەلگە بولۇپ تۇرماقتا.

(5) غايىب مازار ئۈرۈمچى شەھەرئىچى يېزىسىنىڭ توققۇز ئەجدىھا تال كەنتىدە.

ئېيتىلىشىچە بۇ ئوتتۇرا ئاسىيا بۇخارالىق مەۋلان ھەسەن ئاتانىڭ قەبرىسىكەن.

توققۇز ئەجدىھاتال چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇمۇلدىكى مەشھۇر ئاسار- ئەتىقىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ توغرۇلۇق ناھايىتى كۆپ ئاجايىپ رىۋايەتلەر تارقالغان. مازار توققۇز ئەجدىھا تالنىڭ شىمالىي تەرىپىگە سېلىنغان.

مىنگونىڭ 29- يىلى (1940- يىلى) مازارغا يېقىن سېپىل تۈۋىدە دەپنە قىلىنغۇچىنىڭ ساۋۇتى تېپىلدى، ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا.

(6) پەنجىنىياز مازىرى ئۈرۈمچى قۇمۇل شەھەرئىچى يېزىسىدا.

پەنجىنىياز مازىرى بەش نىياز قەبرىسى بولۇپ، ئۆلار شەھەرئىچى، قاراسۇ، ۋاگلار قەبرىسىنىڭ شىمالىي، خوتۇنتام ۋە راھەتباغدا.

قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا بىر خىل ئادەت شەكىللەنگەن بولۇپ، يالغۇز ئوغۇل ياكى كېيەلمەن باللارنى ئاتا- ئانىسى پوشكال ۋە نان ئېلىپ پەنجىنىياز مازىرىغا بېرىپ، شەيخقا دۇئا قىلدۇرىدۇ، ئوغۇل بالىغا بىر ئۆرۈم چاچ قويۇپ ئىسمىنى نىيازغا ئۆزگەرتىدۇ. نىياز دېگەن ئىسمىنىڭ ئالدىغا سۇيۇرگە، بوسۇق، كۆسۈ، تۆمۈر دېگەن ئاتلارنى قوشۇپ ئاتايدۇ. بالا يەتتە ياشقا كىرگەندە، پەنجىنىياز مازىرىغا بالىنى يەنە ئېلىپ بېرىپ، شەيخقا بالىنىڭ ئۆرۈم چېچىنى چۇشۇرتتۇرىدۇ.

(7) ساراي مازار ئۈرۈمچى قۇمۇل شەھەرئىچى يېزىسىنىڭ ئورداخېي كەنتىدە.

بۇ يەردە قەبرە ئىزناسى يوق، رىۋايەتكە قارىغاندا، بۇ يەردە قەشقەردىكى نامى چىققان ئاق تاغلىق مەزھەپنىڭ كاتتىۋېشى ئاپپاق خوجا (ھىدايىتۇللا) تۇغۇلغان جايكەن، ئىشان مۇرىتلىرى ھەمىشە بۇ يەردە مۇراسىم ئۆتكۈزىدىكەن.

(8) لەڭگەر مازار ئۈرۈمچى قۇمۇل شەھىرى پالۋانتۇر يېزىسىنىڭ لەڭگەر كەنتىدە.

بۇ يەرگە ئىككى ئادەم دەپنە قىلىنغان، بىرسى قىيامىدىن ئاتا، يەنە بىرسى غىياسىدىن.

رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە بۇ ئىككىيلەن دىن تارقىتىش جەريانىدا دىنسىزلار ئۇلارنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان، قوغلاپ يېتىشۋالاي دېگەندە، بۇ ئىككىيلەن ئايەت ئوقىغان، مىنگەن ئۆگىسى تاشقا ئايلىنىپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئامان قالغان. ھازىر بۇ ئىككى تاش ئۆگە شەھەرنىڭ يېزىسىنىڭ مەگەش كەنتىدىكى ئۆگە تاش باغچىسىدا.

مازار ئىچىدە ئىككى تاش ئابىدە بار (ئېنىقلاشقا تېگىشلىك). بىرى ساق، بىرى سۇنۇق.

(9) بوغاز مازىرى ئورنى قۇمۇل شەھىرىنىڭ بوغاز يېزىسىدا.

ئېيتىلىشىچە بۇ سۇلتان بۇرھاندىن ئاتانىڭ قەبرىسىكەن.

مازار بوغاز يېزىسىدىكى توغراقلىقتا بولغاچقا، بېشىل تۇغلۇق غايىب ئاتا دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ھەر جۈمە كۈنى مۇسۇلمانلار مازار يېنىدىكى مەسچىتكە كېلىپ ناماز ئوقۇيدۇ.

(10) ئاستانە مازىرى ئورنى قۇمۇل شەھىرى ئاستانە يېزىسىنىڭ شار كەنتىدە.

ئېيتىلىشىچە بۇ ئوتتۇرا ئاسىيا بۇخارادىن دىن تارقىتىش ئۈچۈن كەلگەن سۇلتان ئابدۇل ئەلەم تۈركىستانىنىڭ قەبرىسىكەن، ئۇ قۇمۇلغا ئەڭ بالدۇر دىن تارقاتقىلى كەلگەن كىشى ئىكەن.

(11) لىگىمگىتاڭ گۈمبىزى لىگىمگىتاڭ گۈمبىزى 1953- يىلى سېلىنىشقا باشلاپ 1956- يىلى پۈتتى.

گۈمبەزنىڭ ئالدى ئىشىكىنىڭ ئوڭ، سول تەرىپىتىكى ياغاچ تۈۋرۈككە مەسنەۋى ئويۇلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە گەنسۇنىڭ ھەر قايسى جايلىرى ھەم قۇمۇل شەنشى مەسچىتىدىكى مۆرىتلار تەقدىم قىلغان تەبرىك بېغىشلىمىسى يېزىلغان تاختىلار ئېسىلدى. گۈمبەزنىڭ شەرقىي تەرىپىدە ساباۋچىگىنىڭ قەبرىسى بار.

مالىگىمگىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ۋە مۇسىبەت كۈنى، كاۋفۇتاڭ ۋە ساباۋچىگلارنىڭ مۇسىبەت كۈنىدە لىگىمگىتاڭ مۆرىتلىرى بۇ يەرگە كېلىپ نەزىر ئۆتكۈزىدۇ.

قۇمۇل رايونىدىكى چوقراق مازارلارنىڭ جايلىشىشى

جەدۋەل 4 – 2

| تەرتىپى | مازار نامى | ئورنى | تەرتىپى | مازار نامى | ئورنى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | تۇغلۇق مازار | قۇمۇل شەھىرى شەھەر ئىچى | 12 | ئەلى مازار | قۇمۇل شەھىرى لاپچۇق |
| 2 | غوجا مەسچىت مازار | قۇمۇل شەھىرى شەھەر ئىچى | 13 | يارى مازار | قۇمۇل شەھىرى لاپچۇق |
| 3 | ئەللىك مازار | قۇمۇل شەھىرى قارادۆۋە | 14 | ئاقىچام مازار | قۇمۇل شەھىرى توغۇچى |
| 4 | ئۇلۇغ يول مازار | قۇمۇل شەھىرى قارادۆۋە | 15 | ئەرىن مازار | قۇمۇل شەھىرى توغۇچى |
| 5 | سايباغچا مازار | قۇمۇل شەھىرى قارادۆۋە | 16 | چاقماق مازار | قۇمۇل شەھىرى جىگدە |
| 6 | قارىياغاچلىق مازار | قۇمۇل شەھىرى قارادۆۋە | 17 | ئولانبۇلاق مازار | قۇمۇل شەھىرى جىگدە |
| 7 | تال مازار | قۇمۇل شەھىرى قارادۆۋە | 18 | يالغۇز تۈيۈن مازىرى | قۇمۇل شەھىرى يالغۇز تۈيۈن |
| 8 | شەيخ سۇلتان مازار | قۇمۇل شەھىرى قارادۆۋە | 19 | گەيتۇ غوجام مازىرى | قۇمۇل شەھىرى غەربىي ئۆستەڭ سۇ بېشى |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 9 | توغراق مازار | قۇمۇل شەھىرى قارادۆۋە | 20 | ئاپپاق غوجام مازىرى | قۇمۇل شەھىرى |
| 10 | چاقاغا مازار | قۇمۇل شەھىرى لاپچۇق | 21 | شىرىنزى غوجام مازىرى | باركۆل ناھىيىسى |
| 11 | تۇرپان يولى مازار | قۇمۇل شەھىرى لاپچۇق | 22 | دەرەخلىق مازىرى | ئاراتۈرۈك ناھىيىسى ئېرىنكىر |

ئىزاھ: جەدۋەلدىن سىرت بايان قىلىنغان 11 چوڭ مازار بۇ جەدۋەلگە كىرگۈزۈلمىدى.

قۇمۇلدىكى چوڭراق مازارلارنىڭ يېنىدا كىچىك مەسچىت بار. مازارنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى، نەزىر- چىراغ ئىشلىرىنى شەيخ مەسئۇل بولۇپ باشقۇرىدۇ ھەم مازار ئەھۋالىنى تونۇشتۇرىدۇ. بىر قىسىم مازارلارنىڭ خىراجەت مەنبەسى بار. مۇرىتلار مازارغا كېلىپ نەزىر- چىراغ ئۆتكۈزگەندە ياكى دۇئا- تەكبىر قىلغاندا مازارغا ئازراق ئىئانە قىلىدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، مازارلارنىڭ شەيخلىرىنى شەھەر ئىچىدىكى چوڭ مەسچىتنىڭ ئاخۇنۇمى باشقۇراتتى.

4. ھەج تاۋاپ

مىنگونىڭ 9 ~ 38- يىلىغىچە (1920 ~ 1949- يىلىغىچە) ئارىلىقتا قۇمۇل رايونىدىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلار ئىچىدە مەككىگە بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلغانلار جەمئىي 117، بۇنىڭ ئىچىدە دىنىي خادىملار 18، ئادەتتىكى مۇرىتلار 99 ، ئەرلەر 107، ئاياللار 10. مىنگونىڭ 9- يىلى (1920- يىلى) 42، مىنگونىڭ 9 ~ 19- يىلىغىچە (1920 ~ 1930- يىلىغىچە) ئارىلىقتا 26، مىنگونىڭ 19 ~ 29- يىلىغىچە (1930 ~ 1940- يىلىغىچە) ئارىلىقتا 42، مىنگونىڭ 29 ~ 38- يىلىغىچە (1940 ~ 1949- يىلىغىچە) ئارىلىقتا يەتتە. مىنگو يىللىرىدا خوتۇنلاردىن ھەج تاۋاپقا بارغانلار جەمئىي 28.

1950 ~ 1990- يىلىغىچە ئارىلىقتا مەككىگە ھەج تاۋاپقا بارغان ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى 118.

[قوشۇمچە] قۇمۇل ۋاڭى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدىكى ئىسلام دىنى

1) دىنىي ئاپپاراتلار ۋاڭ ئوردىسىدىكى مەمۇرىي ئاپپاراتلار بىلەن دىنىي ئاپپاراتلار بىر- بىرىدىن ئايرىلمايدۇ. دىنىي زاتلارمۇ ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئەمەلدارى ئىدى. ئۇلار ئاساسلىق دىن ئىشلىرىنى باشقۇرغاننىڭ سىرتىدا، باشقا مەمۇرىي ئىشلارغىمۇ ئارىلىشاتتى. جايلاردىكى مەسچىتلەرنىڭ ئاخۇنلىرىمۇ شۇ جايلارنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قاتناشتى ھەم شۇ جايلارنىڭ دىنىي ئىشلىرىنى باشقۇردى. ئەگەر قاتتىق پەرقلەندۈرۈشكە توغرا كەلسە، بىرسى ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئاپپاراتلىرى ئىچىدىكى دىنىي ئاپپاراتلار، يەنە بىرى ھەر قايسى چوڭ- كىچىك مەسچىتلەردىكى دىنىي ئاپپاراتلار دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئاپپاراتلىرىدا تۆۋەندىكىدەك دىنىي ئەمەللەر بار:

قازى ئىككى نەپەر، ئۇلار ھەر قايسى رايونلاردىكى شەرىئەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ.

شەرىئەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغانلار ئۈچ، ئۇلار دىنىي قانۇن- قائىدە بويىچە مىراس بۆلۈشتۈرىدۇ.

سېدىر ئىككى، ئۇلار ۋارىسسىز مۈلۈكلەرنى باشقۇرىدۇ.

خاتىپ ئىككى، ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ توي- تۆكۈن ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ.

مۇپتى ئىككى، ئۇلار شەرىئەت قانۇنلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، شەرىئەتكە ئاساسەن پەتىۋا (ھۆكۈم) چىقىرىدۇ ۋە مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىدۇ.

ۋاڭ ئوردىسى يەنە ھەق- تەلەپ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا توققۇز ئاخۇنۇمنى ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى

مەلۇم دائىرىدىكى ھەق- تەلەپ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى. مەسىلەن، توي- تۆكۈن، ئۆلۈم- يېتىم، ھەق- تەلەپ ۋە جىنايى ئىشلار دېلوسى ھەم دىنىي ئەقىدىلەرنى تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ.

يەرلىك ھۆكۈمەت ئاپپاراتى ئىچىدە دىنىي ئەمەل تەسىس قىلىنغان بولۇپ، مۇپتى دىنىي ئىشلارنى باشقۇرىدۇ. بەزى رايونلاردا خاتىپلەر توي- تۆكۈن، ھەق- تەلەپ، دەپنە ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ.

دىنىي ئىشلار ۋاڭ ئوردىسى ئاپپاراتلىرى باشقۇرىدىغان ئىشلارنىڭ بىر قىسمى، دىنىي ئىشلارنى باشقۇرىدىغان زاتلار ۋاڭ ئوردىسى ئاپپاراتلىرىدىكى باشقا ئەمەلدارلار بىلەن بىرلىكتە قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرىنى شەكىللەندۈرگەن.

مەسچىتنى سىستېما قىلغان دىنىي ئاپپاراتتا، ئەلەم ئاخۇنۇم بارلىق دىنىي ئىشلارنى بىر تۇتاش باشقۇرىدۇ. ئۇ ۋاڭ ئوردىسىدىكى يادرو گۇرۇھنىڭ بىر ئەزاسى بولغاچقا، ھەر قانداق ئىشنى جەزمەن شەرىئەت ھۆكۈمى ۋە ۋاڭنىڭ ئىرادىسى بويىچە بىر تەرەپ قىلىدۇ. قۇمۇل ۋاڭى ئەلەم ئاخۇنۇم ئارقىلىق پۈتكۈل مەسچىتلەردىكى دىنىي ئاپپاراتلارنى كونترول قىلىپ تۇرىدۇ.

قۇمۇل شەھەر ئىچىدىكى كونا- بېگى مەدرىسىلەردە ناھايىتى مۇكەممەل باشقۇرۇش ئاپپاراتى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇنى ئەلەم ئاخۇنۇم باشقۇرىدۇ. بۇ ئىككى مەسچىتنىڭ ئەلەم ئاخۇنلۇقىنى قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىدىكى چوڭ ئەلەم ئاخۇنۇم بىۋاستە قوشۇمچە ئۆتەيدۇ. مەدرىسىدە ئوقۇتۇش ئىشلىرى ھەم دىنىي تەشۋىقات، دىنىي سوت، مىراس تەقسىم قىلىش، مەسچىت خوجىلىقى، مەسچىت ھىساباتى قاتارلىقلار تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارغا ئايرىم ھالدا چوڭ ئاخۇنۇم، 2- ئاخۇنۇم، 3- ئاخۇنۇم، 4- ئاخۇنۇم، 5- ئاخۇنۇم، 6- ئاخۇنۇملار رىياسەتچىلىك قىلىدۇ.

ئوتتۇراھال مەسچىتلەردە ئىمام، مەزىن، باش باشقۇرغۇچى ئەمەللىرى تەسىس قىلىنغان. ئىمام بىلەن مەزىن ئاساسلىقى دىنىي پائالىيەت ھەم دىنىي مەكتەپنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل؛ باش باشقۇرغۇچى ئاساسلىقى مال- مۈلۈكنى باشقۇرىدۇ. ئۇنىڭ قارمىقىدا مالىيە باشقۇرۇش، يەر- زېمىن باشقۇرۇش، پارچە- پۇرات ئىشلارنى باشقۇرۇش قاتارلىق ئىشلار بار.

كىچىك مەسچىتلەردە بىردىن ئىمام مەزىن بار. مەزىن مالىيە ئىشى ۋە پارچە- پۇرات ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قوشۇمچە باشقۇرىدۇ.

2) مەسچىتلەر تەكشۈرۈشكە قارىغاندا قۇمۇل رايونىدا مىنگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى) دىن ئىلگىرى 300 دىن ئارتۇق ئۇيغۇرلار مەسچىتى بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ 3- يىلى (1911- يىلى) دىن ئىلگىرى سېلىنغىنى 150، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ 3- يىلىدىن مىنگونىڭ 20- يىلى (1911 ~ 1931- يىلغىچە) ئارىلىقتا سېلىنغىنى 90، مىنگونىڭ 23 ~ 33- يىلغىچە (1934 ~ 1944- يىلغىچە) ئارىلىقتا سېلىنغىنى 50، مىنگونىڭ 34 ~ 38- يىلغىچە (1945 ~ 1949- يىلغىچە) 13. بۇ مەسچىتلەر ئىچىدە نامى ۋە ئادرېسى ئېنىقلار 201.

**قۇمۇل ۋاڭى مەزگىلىدىكى مەسچىتلەرنىڭ جايلىشىشى**

جەدۋەل 4 – 3

| مەسچىت نامى | ئورنى | مەسچىت نامى | ئورنى |
|---|---|---|---|
| كونا مەدرىسە | شەھەر ئىچى | توكۇزگۆشۇر مەسچىت | توكۇزگۆشۇر مەھەللە |
| بېگى مەدرىسە | ئورداخېي | ئەلشا مەسچىت | ۋاڭ ئوردىسى |

| | | | |
|---|---|---|---|
| جۈمە مەسچىت | ئازنا بازار مەھەللە | ئوردا مەسچىت | ۋالا ئوردىسى |
| غالىپ بۇزرۇگگاھ مەسچىت | جۇلۇكىشۇ مەھەللە | ئورداقوق مەسچىت | ئورداقوق مەھەللە |
| ئايلىق بۇزرۇگگاھ مەسچىت | ئايلىق مەھەللە | جالالىدىن مەسچىتى | جالالىدىن مەھەللە |
| خەلپە مەسچىتى | خەلپە مەھەللە | سۆگدار مەسچىت | ئەسكى بۆلۈڭ مەھەللە |
| ئابدال مەسچىت | ئابدال مەھەللە | تۆۋەن ئوردا مەسچىت | تۆۋەن ئوردا مەھەللە |
| سۇقوق مەسچىت | سۇقوق مەھەللە | تىكەن ئاۋات مەسچىت | تىكەن ئاۋات مەھەللە |
| دۆش مەسچىت | دۆش مەھەللە | جىگدەكۆل مەسچىت | جىگدەكۆل مەھەللە |
| قاراكۆل مەسچىت | قاراكۆل مەھەللە | يوقىرى ئاقىيەر مەسچىت (كونا) | يوقىرى ئاقىيەر ئېرىق |
| چوقايتۇر مەسچىت | چوقايتۇر مەھەللە | كىچىك بەگ مەسچىتى | كىچىك بەگ مەھەللىسى |
| پاراش مەسچىت | پاراش مەھەللە | توغلۇق بۇزرۇگگاھ مەسچىت | توغلۇق بۇزرۇگگاھ مەھەللە |
| غوجابۇزرۇگگاھ مەسچىت | غوجابۇزرۇگگاھ مەھەللە | قازابەگ مەسچىتى | قازابەگ مەھەللە |
| ساڭخى مەسچىت | ساڭخى مەھەللە | سوكچولۇك مەسچىت | سوكچولۇك مەھەللە |
| بارباغ مەسچىت | ئورداباغ | راھەتباغ مەسچىت | بورو ئېرىق |
| يېڭى مۇنار مەسچىت | قاغوم ئېرىق | قوش توگمەن مەسچىت | چاڭغۇ ئېرىق |
| ھېيتكاھ مەسچىت | ئالتۇنلۇق | جىگىلىق تور مەسچىت | چاڭغۇ ئېرىق |
| ئىساق ئاخۇن مەسچىتى | قاغوم ئېرىق | ئارامەھەللە مەسچىت | چاڭغۇ ئېرىق |
| يارتوگمەن مەسچىت | قاغوم ئېرىق | موللامتور مەسچىت | چاڭغۇ ئېرىق |
| چىنەگۈمبەز مەسچىت | قاغوم ئېرىق | تارىشتور مەسچىت | چاڭغۇ ئېرىق |
| مەگەش ئوردا مەسچىت | مەگەش ئوردا | يېڭى تور مەسچىت | چاڭغۇ ئېرىق |
| يونۇس تەيجى مەسچىتى | مەگەش ئېرىق | بويافتور مەسچىت | قاراگلا ئېرىق |
| ئاق مەسچىت | دۆش ئېرىق | قاراگلا مەسچىت | قاراگلا ئېرىق |
| چارباغ مەسچىت | دۆش ئېرىق | چۆلتور مەسچىت | قاراگلا ئېرىق |
| يېڭى مەھەللە مەسچىتى | دۆش ئېرىق | ئاپپاقتور مەسچىت | ئاپپاقتور مەھەللە |
| ھېزىزىم مەسچىت | ئىنچىكە ئېرىق | مەرۇپ ئاخۇن مەسچىتى | شومشۇق ئېرىق |
| بورچىتور مەسچىت | بورو ئېرىق | چاشقانتور مەسچىت | شومشۇق ئېرىق |
| جىرانتور مەسچىت | بورو ئېرىق | شومشۇق مەسچىت | شومشۇق ئېرىق |

| | | | |
|---|---|---|---|
| تۆتباچاتۇر مەسچىت | بۇرو ئېرىق | جورۇغداي مەسچىت | جورۇغداي ئېرىق |
| دۆشتۇر مەسچىت | بۇرو ئېرىق | چوگتۇر مەسچىت | جورۇغداي ئېرىق |
| چىلانتۇر مەسچىت | بۇرو ئېرىق | قۇشقاچتۇر مەسچىت | قۇشقاچتۇر مەھەللە |
| تازتۇر مەسچىت | تازتۇر مەھەللە | قۇمتۇر مەسچىت | قۇمتۇر |
| سايتۇر مەسچىت | سايتۇر مەھەللە | جۇمە مەسچىت | چوگتۇر |
| جوجوگتۇر مەسچىت | شامالچارباغ | تۆۋەن مەھەللە مەسچىت | چوگتۇر |
| ئۇلانتۇر مەسچىت | شامالچارباغ | چۆلتۇر مەسچىت | چولاق چۆلتۇر |
| تۆپلەگتۇر مەسچىت | شامالچارباغ | تازتۇر مەسچىت | تازتۇر |
| سالامتۇر مەسچىت | شامالچارباغ | قاراتال مەسچىت | قاراتال |
| قىبقىرتۇر مەسچىت | قىبقىرتۇر | ئاققۇم مەسچىت | قاراتال |
| ئويۇپ ھاجى مەسچىتى | شامالچارباغ | بوغازخانىقا مەسچىت | بوغاز ئۆتلۈق |
| سوپاتۇر مەسچىت | شامالچارباغ | تۆۋەن شار مەسچىت | بوغاز ئۆتلۈق |
| پادىچى تۇر مەسچىت | ئەلكى | ئوردا مەھەللە مەسچىت | بوغاز ئۆتلۈق |
| داشمانتۇر مەسچىت | ئەلكى | يۇقىرى شار مەسچىت | بوغاز ئۆتلۈق |
| كېۋەكتۇر مەسچىت | ئەلكى | تۆۋەن مەھەللە مەسچىت | تۆۋەن ئاقيەر |
| بىلەتۇر مەسچىت | شامالچارباغ | ئارامەھەللە مەسچىت | تۆۋەن ئاقيەر |
| چولاق گۈمبەز مەسچىت | دۆش مەھەللە | سېيىت ھاجى مەسچىتى | تۆۋەن ئاقيەر |
| دۆشتۇر مەسچىت | دۆش مەھەللە | قاراسۇ مەسچىت | ئۇلۇغ قاراسۇ ئېرىق |
| ئويمانتۇر مەسچىت | قورام ئېرىق | خانىقا مەسچىت | لەڭگەر |
| لەڭگەر مەسچىت | لەڭگەر | ئاراتام مەسچىت | ئاراتام |
| يۈسۈپ مىراب مەسچىتى | تۇمۇرچى مەھەللە | تاشار مەسچىت | تاشار |
| تۇمۇرچى مەسچىتى | تۇمۇرچى مەھەللە | توگمەن بويى مەسچىت | قارادۆۋە |
| يۇقىرى ئاقيەر مەسچىت (بېگى) | يۇقىرى ئاقيەر | چىمىرتماق مەسچىت | قارادۆۋە |
| پالۋانتۇر مەسچىت | پالۋانتۇر | ساي كىچىك مەسچىت | قارادۆۋە |
| يۇقىرى مەھەللە مەسچىت | يۇقىرى مەھەللە | دۆش مەسچىت | قارادۆۋە |
| چىتلىق كارىز مەسچىت | چىتلىق كارىز | مەدرىسە | قارادۆۋە |

| | | | |
|---|---|---|---|
| چوڭ تۈز مەسچىت | چوڭ تۈز | ھېيتكاھ مەسچىت | قارادۆۋە |
| جىگدەبۇلاق مەسچىت | جىگدەبۇلاق | يامانتوغان مەسچىت | قارادۆۋە |
| غولشىرىق مەسچىت | غولشىرىق | كىچىك بېدىلىك مەسچىت | قارادۆۋە |
| سايتۈز مەسچىت | سايتۈز | چوڭ بېدىلىك مەسچىت | قارادۆۋە |
| لوجاۋىن مەسچىت | لوجاۋىن | ئۆلۈقبول مەسچىت | قارادۆۋە |
| داتۇ ئىسمايىل مەسچىتى | لوجاۋىن | يار مەسچىت | قارادۆۋە |
| تۆۋىن مەمەللە مەسچىتى | لوجاۋىن | يالمان مەسچىت | قارادۆۋە |
| ساقا مەسچىت | ساقا | ساياگنو مەسچىت | قارادۆۋە |
| قاراموقچا مەسچىت | قاراموقچا | قوش مەسچىت | قارادۆۋە |
| ئاقتۈز مەسچىت | قارادۆۋە | چوڭ كارىز مەسچىت | ئاستانە |
| خانىقا مەسچىت | قارادۆۋە | سوپا ھاجى كارىزى مەسچىتى | ئاستانە |
| ئالىك بۇزۇرگاھ | قارادۆۋە | شوجا كارىز مەسچىتى | ئاستانە |
| توغراق مەسچىت | لايجوق | قوشتىكەن مەسچىتى | ئاستانە |
| مەمودىن ھاجى مەسچىتى | لايجوق | سۇمقاغا مەسچىت | سۇمقاغا |
| ئاقتىرەك مەسچىت | ئاقتىرەك | ئۆدۈك مەمەللە مەسچىت | سۇمقاغا |
| بۇزۇرگاھ چوڭ مەسچىتى | توغۇچى | تارانچى مەسچىت | تارانچى |
| توغۇچى باداي مەسچىتى | توغۇچى | شىجىڭخاۋ مەسچىتى | بازار ئىچى |
| ئېلى قوش مەسچىتى | توغۇچى | قاراگنو بازار مەسچىتى | جوڭگىسن كوچىسى |
| توققۇز بۇلاق مەسچىت | توققۇز بۇلاق | ھەسەنبالاھاجى مەسچىتى | ئۆتكوچا |
| دۆربىلجىن مەسچىت | دۆربىلجىن | داۋانغول مەسچىتى | داۋانغول |
| چاقاغا مەسچىت | چاقاغا | كېپكەجىن مەسچىتى | چەچەي |
| ئالتىزاق مەسچىت | ئالتىزاق | سەكرا مەسچىت | سەكرا |
| جىگدە مەسچىت | جىگدە | ئۈرۈكلۈك مەسچىت | ئۈرۈكلۈك |
| جىگدە قاغا مەسچىت | جىگدە | تاراتى مەسچىت | تاراتى |
| غوجام مەسچىت | ئاستانە | قالغايتى مەسچىت | قالغايتى |
| كىچىك مەسچىت | ئاستانە | ئۇلانبۇلاق مەسچىت | ئۇلانبۇلاق |

| | | | |
|---|---|---|---|
| كۆشئۈنە مەسچىت | كۆشئۈنە | باغداش مەسچىت | باغداش |
| ئىبرىن مەسچىت | ئىبرىن | تاشار مەسچىت | تاشار |
| ئۆرۈك مەسچىت | ئۆرۈك | خوتۇنتىلم چوڭ مەسچىتى | خوتۇنتىلم |
| قىزىلىيار چوڭ مەسچىت | قىزىلىيار | خوتۇنتىلم كىچىك مەسچىتى | خوتۇنتىلم |
| قىزىلىيار كىچىك مەسچىت | قىزىلىيار | تاللىق مەسچىت | شوپۇل |
| قوراي مەسچىت | قوراي | يۇقىرى مەھەللە مەسچىتى | بارىكۆل بازىرىنىڭ شىمالى |
| يۇقىرى ئىرغايتى مەسچىت | يۇقىرى ئىرغايتى | ئاداق مەسچىت | ئارائۆرۈك ئاداق |
| توشو چوڭ مەسچىتى | توشو | توپ ئۆيلەر مەسچىتى | ئارائۆرۈك توخۇلۇ |
| توشو كىچىك مەسچىتى | توشو | باي مەسچىتى | ئارائۆرۈك باي |
| ئىبرناسى مەسچىت | ئىبرناسى | نوم مەسچىتى | ئارائۆرۈك نوم |
| ئۆمۈرتى مەسچىت | ئۆمۈرتى | ئوركۆل مەسچىتى | ئارائۆرۈك ئوركۆل |
| ئىبدىر شۆيتى مەسچىت | ئىبدىر | توخۇلۇ مەسچىتى | ئارائۆرۈك توخۇلۇ |
| باش ئۆتەك مەسچىت | ئىبدىر | ئىبرىنكىر مەسچىتى | ئارائۆرۈك ئىبرىنكىر |
| ئىبدىر دۆشتۈر مەسچىت | ئىبدىر | ئىگەرتاش مەسچىتى | ئارائۆرۈك ئىبرىنكىر |
| قاراقايچىن مەسچىت | ئىبدىر | تاربۇلاق مەسچىتى | ئارائۆرۈك تاربۇلاق |
| بوستان مەسچىت | باغداش | يارىبۇلاق كەنت مەسچىتى | ئارائۆرۈك يارىبۇلاق |
| باغداش ئۆۋەن مەسچىت | باغداش | يانبۇلاق مەسچىت | ئارائۆرۈك ئۇنبۇلاق |
| | | ئۇغۇ بۇلاق مەسچىت | ئارائۆرۈك ئۇغۇبۇلاق |

قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى ئۆز مەھەللىسىدىكى مەسچىتتە ناماز ئۆتەيدۇ، بىر-بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق، مەسچىت سېلىشقا ئىشلىتىلگەن ئىقتىسادنىڭ كېلىش مەنبەسىمۇ ئوخشاشمايدۇ. ئادەتتە تۆۋەندىكى بىر نەچچە خىلغا ئايرىلىدۇ: بىر خىلى، ۋاڭ ئوردىسى بىۋاسىتە بەرگەن مەبلەغ بىلەن سېلىنغىنى؛ بىر خىلى دىنىي ساھەدىكىلەر ياكى ھەر قايسى ساھەدىكى مۆتىۋەرلەر بەرگەن ئىئانە بىلەن ياكى بىۋاسىتە بەرگەن مەبلەغ بىلەن سېلىنغىنى؛ بىر خىلى، دىنىي مۇرىتلار پۇل يىغىش قىلىپ سالغىنى؛ ۋاڭ ئوردىسى ياكى جەمئىيەتتىكى مۆتىۋەرلەر ماتېرىيال چىقىرىپ، دىنىي مۇرىتلار ئىشلەپ پۈتتۈرگىنىمۇ بار. بۇ مەسچىتلەر ئىچىدە مۆتىۋەرلەر بەرگەن ئىئانە بىلەن ۋە دىنىي مۇرىتلارنىڭ يىغىش قىلىشى بىلەن سېلىنغانلىرى كۆپ ساننى ئىگىلەيدۇ، مەسچىتلەرنى رېمونت قىلىش ۋە كېڭەيتىشمۇ كۆپىنچە يۇقىرىقى شەكىللەر بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ.

3) **مەسچىتلەر ئىقتىسادى** يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى قۇمۇلدىكى كۆپىنچە ئۇيغۇر مەسچىتلىرىنىڭ تېرىلغۇ يەر، باغچا، چارۋا، تۈگمەن، ئۆي قاتارلىق مۈلۈكلىرى بار بولۇپ، چوڭ مەسچىتلەرنىڭ مۈلكى كۆپرەك، كىچىك

مەسچىتلەرنىڭ ئازراق. مەسىلەن، قۇمۇل شەھەر ئىچىدىكى ئىككى چوڭ مەسچىتنىڭ سۇمقاغىدىن تارتىپ قارادۆۋىگىچە ئارىلىقتا تەخمىنەن 2000 مو تېرىلغۇ يېرى بولۇپ، ھەر يىلى 300 دادەن ئىجارە يىغاتتى، 2000 دىن ئوشۇق قويى بولۇپ، يىلىغا 2000 ~ 2500 كىلوگىرامغىچە قوي يۇڭى، 900 پارچە تېرە يىغىۋالاتتى، تۆت جايدا بېغى بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئالغان مېۋىنىڭ بىر قىسمى ئىستېمال قىلىنغاندىن باشقا، يىلىغا 500 يۈەن كىرىم قىلاتتى، تۆت سۇ تۈگمىنى بولۇپ، ھەر يىلى ئاشلىق ھېسابىدا 35 دادەن ئىجارە يىغاتتى، كۆلىمى كىچىكرەك مەسچىتلەرنىڭ بىر نەچچە مو تېرىلغۇ يېرىلا بار ئىدى.

مەسچىت مۈلكى كۆپ خىل مەنبەلەردىن كېلەتتى، ئۇلار ۋاڭلىقنىڭ ئىئانىسى، مۇسۇلمانلار ئالەمدىن ئۆتكەندە قالدۇرۇپ كەتكەن ۋارىسسىز مۈلۈكلەر، مۇسۇلمانلار «گۇناھىغا توۋا قىلىش» يۈزىسىدىن ئۆزىنىڭ مۈلكىدىن ئاجرىتىپ بەرگەن بەزى مۈلۈكلەر، گۇناھكارلارنىڭ مەسچىتكە ئۆتكۈزۈۋېلىنغان مۈلكى ياكى يىغىلىقلاردا قۇمۇلدىن كەتكەنلەرنىڭ مەسچىتكە ئۆتكۈزۈۋېلىنغان ئىگىسىز تېرىلغۇ يەر قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپاتتى.

مەسچىتلەرنىڭ تېرىلغۇ يەر، باغ، چارۋا، تۈگمەنلىرى دېھقانلارغا ئىجارىگە بېرىلەتتى،كىرىمىنىڭ %80 ~ %90 ى مەسچىتكە تەئەللۇق بولاتتى. بۇنىڭدىن باشقا، ۋاڭ ئوردىسى ۋە دىنىي مۆرىتلار تەقدىم قىلغان مال- مۈلۈك ۋە ھېيت- ئايەملەردە، جۈمە كۈنلىرى مۆرىتلار بەرگەن سەدىقىلەرمۇ مەسچىت ئىقتىسادىنىڭ مۇھىم مەنبەسى ئىدى.

مەسچىتلەرنىڭ كىرىملىرى ئادەتتە مەسچىتنى رېمونت قىلىش، يېڭىلاش، مەسچىتكە لازىملىق نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش، ئىمامغا قوشۇپ بېرىلىدىغان ھەق، مەسچىتتە ئۆتكۈزۈلىدىغان نەزىر- چىراغ، چوڭ مەسچىتلەر كىچىك مەسچىتلەرگە بېرىدىغان ياردەم قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلەتتى.

4) مەدرىسەلەر قۇمۇل ۋاڭى تەۋەلىكىدە بىر مۇنچە مەدرىسەلەر بولۇپ، بۇلار مۇسۇلمانلارغا دىنىي بىلىم، قائىدە- يوسۇنلارنى ھەم ئاساسىي ساۋاتلارنى ئۆگىتەتتى. شۇنىڭدەك ئوردىغا ھەر دەرىجىلىك دىنىي زاتلارنى يېتىشتۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق ھەر دەرىجىلىك دىنىي ئاپپاراتلاردىكى ۋە مەسچىتلەردىكى كەم خادىملارنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ۋەزىپىسىمۇ بار ئىدى.

قۇمۇلدا ئالىي، ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ دەرىجىلىك مەدرىسەلەر بار ئىدى. كىچىك مەسچىتلەرنىڭ موللاملىرىمۇ ئۆز ئالدىغا تالىپ تەربىيىلەيتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇش ھارپىسىدا، قۇمۇلدىكى 88 مەدرىسىنىڭ 2590 ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ سەۋىيىسىدىكى تالىپلىرى بار ئىدى.

## §5. خرىستىئان دىنى

**1. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى خرىستىئان دىنى جەمئىيەتلىرى**

خرىستىئان دىنىنىڭ قۇمۇلغا تارقالغان ۋاقتى كېيىنرەك بولۇپ، تەخمىنەن مىنگو يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ، ئاساسلىقى قۇمۇل ناھىيىسىدە.

1) قۇمۇل ناھىيىسى جۇڭخۇا خرىستىئان دىنى جەمئىيىتى مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى) خېنەن ئۆلكىسىدىن بىر تۈركۈم مۇساپىرلار گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ ئاپتوموبىللىرى بىلەن قۇمۇل ناھىيىسىگە كەلدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى خرىستىئان دىنى مۇخلىسلىرى ئىدى. بۇ مۇساپىرلار كونا شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى سېپىل ئەتراپىدا بىر بۆلەك يەرنى تۈزلەپ، ئاددىي ئۆيلەرنى سېلىپ تاماكا، توخۇ سېتىپ، يايمىكەشلىك قىلىپ جاھاندارچىلىق قىلدى. كىشىلەر ئۇ جاينى خېنەنلىكلەر كوچىسى دەپ ئاتىدى، خرىستىئان دىنى مۇخلىسلىرى مەبلەغ توپلاپ خېنەن كوچىسىدا بىر چېركاۋ

سالدى. شۇ چاغدا جاۋ مىگيۇ يوپ، خۇچاۋشيەن، جۇتەيجى، چېن شۇچىلەك ئۈچەيلەن موناخ بولدى.

مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) ئۈرۈمچىدىكى شىنجاڭ خرىستىئان دىنى جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇلى لى كەيخۇەن قۇمۇل ناھىيىسىدە خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ پائالىيىتى بارلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، خرىستىئان مۇخلىسلىرىغا «جۇڭخۇا خرىستىئان دىنى جەمئىيىتىنىڭ تەشكىلىي نىزامنامىسى» نى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن ۋاڭ جىنمىڭ، شاۋشيۇفېڭ، دۇ جۇيۈەنلەرنى قۇمۇلغا ئەۋەتتى. مۇخلىسلار بۇ نىزامنامىنى پرىنسىپ قىلىپ، ۋاڭ جىنمىڭنىڭ رىياسەتچىلىكىدە قۇمۇل ناھىيىسى جۇڭخۇا خرىستىئان دىنى جەمئىيىتىنى قۇردى. جاۋ مىگيۇ يوپ، جاۋتەيجى ۋە خۇ چاۋشيەنلەر موناخ بولدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن 1951- يىلى كۆپ ساندىكى مۇخلىسلار ماناس، ساۋەن، شىخەنزە، سانجى قاتارلىق جايلارغا كۆچۈپ كەتتى. 1961- يىلى خۇ چاۋشيەن ئۆلدى، چېركاۋدا ئۇنىڭ خوتۇنى يالغۇز قالدى. بۇ چاغدا چېركاۋغا بېرىپ ئىبادەت قىلىدىغانلار ناھايىتى ئازىيىپ كەتتى.

2) غەربىي شىمال مۇناستىرى بۇ 20 - ئەسىرنىڭ 40- يىللىرى قۇمۇل رايونىدا قۇرۇلغان خرىستىئان دىنىنىڭ بىر ئىجتىمائىي تەشكىلاتى، ئۇنى جاڭ گۇچۇەن قۇردى.

مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) جاڭ گۇچۇەن، لى شىگلار شەندۇڭنىڭ ۋېيشيەن ناھىيىسىدىكى خرىستىئان دىنى مۇناستىرى ۋە جىنەن مۇناستىرىنىڭ 10 نەچچە مۇخلىسىنى باشلاپ قۇمۇلغا كېلىپ دىن تارقاتتى ھەم 103 نەپەر مۇخلىسنى يېتىشتۈردى. ئۇلار قۇمۇلنى بازا قىلىپ، ئادەملىرىنى تورپان، قاراشەھەر، ئاقسۇ، جىمسار، قەشقەر قاتارلىق جايلارغا ئەۋەتىپ دىن تارقاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە لى داۋشىڭ ۋە جاڭ جۈن ئىككىيلەننى باركۆل ناھىيىسىگە دىن تارقىتىشقا ئەۋەتتى ۋە باركۆل بازىرىنىڭ شەرقىي كوچىسىدا خرىستىئان دىنى چېركاۋىنى قۇرۇپ، 100 دىن ئوشۇق مۇخلىس يېتىشتۈردى.

مىنگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى) جاڭ گۇچۇەن مەسئۇل بولۇپ قۇمۇل ناھىيە بازىرىنىڭ شىنچېڭ (يېڭى شەھەر) دا، بىر چېركاۋ سالدى ۋە ئۇنىڭ نامىنى «خرىستىئان دىنى غەربىي شىمال مۇناستىرى» دەپ ئاتىدى. جاڭ گۇچۇەن باشلىق، لى شىيىڭ مۇئاۋىن باشلىق بولدى، ئېرۇسالىمغا كۆچۈشنى قارار قىلدى. قەشقەر قاتارلىق جايلارغا ئادەم ئەۋەتىپ چەت ئەلگە چىققاندا كۆتۈۋالىدىغان پونكىت قۇردى.

غەربىي شىمال مۇناستىرى قارمىقىدا خوجىلىق، ۋەز ئېيتىش، مۇناستىر، يېزىقچىلىق، دورىگەرلىك، ئانا باللار، خىزمەت قاتارلىق يەتتە بۆلۈم تەسىس قىلىندى. «غەربىي شىمال مۇناستىرى»، «مۇناستىر خەۋەرلىرى» دېگەن ناملاردا ژۇرنال چىقىرىپ جايلارغا تارقاتتى. ئۇلار ئۆز تەشكىلىنى خرىستىئان دىنىنىڭ ئەڭ يۇقىرى باسقۇچىغا يەتكەن بىر خىل تەشكىلىي شەكىل دەپ ھېسابلىدى. ئۇلار مۇناستىر ئىچىدە كوللېكتىپ تۇرمۇش كەچۈردى، سىرتنىڭ ئادىمى بىلەن نىكاھلانمىدى، خۇسۇسىي مال- مۈلۈك تۇپلىمىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، مۇناستىرنىڭ قىسمەن مۇخلىسلىرى ئۆز ئىچىدىكى ھۆكۈمدارلارغا نارازى بولۇپ بۆلۈنۈپ كەتتى. 1951- يىلى مۇناستىر پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى، خەلق ھۆكۈمىتىگە ھۇجۇم قىلغانلىقى ۋە مۇخلىسلارنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتناشقانلىقىغا ئارىلاشقانلىقى تۈپەيلىدىن، خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. مەسئۇلى جاڭ گۇچۇەن، لى شىيىڭ، دۇڭ شۇجېنلار قانۇن بويىچە قولغا ئېلىندى.

3) ئەيسا ئائىلىسى بۇ 20 - ئەسىرنىڭ 20- يىللىرى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ تەيئەندە قۇرۇلغان خرىستىئان دىنىنىڭ بىر ئىجتىمائىي تەشكىلاتى.

مىنگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى) 9- ئاينىڭ 27- كۈنى گەنسۇ تيەنشۇيدىكى «ئەيسا ئائىلىسى» نىڭ باشلىقى گۇڭ شۇرېن 10 نەچچە مۇخلىسىنى باشلاپ، ئامېرىكا قۇتقۇزۇش باش مەھكىمىسى تارقاتقان دورىلارنى ئېلىپ قۇمۇل ناھىيىسىگە كەلدى. 1950- يىلى يېڭى شەھەردە بىر كىچىك قورۇنى ئىجارىگە ئېلىپ «مېھىر يەتكۈزۈش

دوختۇرخانىسى» ئاچتى. كېيىن يۇقىرى ئاقىيەرنىڭ شىمالىي كوچىسىدا بىر قورۇنى سېتىۋېلىپ مۇخلىسلارنى ئورۇنلاشتۇردى. «ئەيسا ئائىلىسى» ھەم بىر دىنىي تەشكىلات، ھەم قاتتىق تۈزۈملۈك فېئودال تەشكىلات. بارلىق ئەزالىرى كوللېكتىپ تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، بىللە ئەمگەك قىلىدۇ، بىر خىل ئىنتايىن نامرات، ئارزۇ، ھەۋەسلەردىن خالىي ئاتالمىش «مۇخلىس مەزگىلى» تۇرمۇشنى ئۆتكۈزىدۇ. دىنىي جەھەتتە ئەسەبىي پائالىيەتلەرگە ئىنتىلىدۇ.

1951- يىلى گۇڭ شۇبىن قاتارلىقلار قولغا ئېلىندى. دوختۇرخانىنىڭ نامى «قۇمۇل خەلق شىپاخانىسى» غا ئۆزگەرتىلدى. 1953- يىلى بۇ شىپاخانا قۇمۇل ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا قوشۇۋېتىلدى.

1956- يىلى 9- ئاينىڭ 30- كۈنى جاڭ گۈچۈەن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەزگىلىدە ئۆلدى. لى شىيىڭ، چېن شاۋچىڭ، دۇڭ شۇجېن، گۇڭ شۇبىن ئۆتەيلەن گۇناھسىز دەپ ئېلان قىلىنىپ قويۇپ بېرىلدى.

1978- يىلى ج ك پ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئىگىلىۋېلىنغان چېركاۋ ۋە ئۆيلەر قايتۇرۇپ بېرىلدى. 1980- يىلى ھۆكۈمەت خرىستىئان دىنىنىڭ شىنجاڭدا ئاشكارا پائالىيەت قىلىشىغا قوشۇلدى. قۇمۇلدىكى خرىستىئان دىنىنىڭ مۇخلىسلىرى ليۇ چاۋلىن، جاڭ دېجېڭ، ليۇ دېشېڭ، ليۇ گۈيخۇا، دۇڭ شۇجېن قاتارلىقلار ليۇ چاۋلىننىڭ ئۆيىدە يىغىلىش قىلدى. كېيىن ئۇلار ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش تارماقلىرىغا ئىلتىماس سۇنۇپ، 1980- يىلدىن ئېتىبارەن قۇمۇل شەھىرىدە خرىستىئان دىنىنىڭ پائالىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

2. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى دىنىي جەمئىيەتلەر

1) قۇمۇل شەھىرىدىكى خرىستىئان دىنى جەمئىيىتى بۇ جەمئىيەت 1980- يىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئىككى موناخ چېركاۋنىڭ دىنىي ئىشلىرى ۋە پاكلىنىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدى. ئىككى مىسسىئونېر «ئىنجىل» نى چۈشەندۈرۈشكە مەسئۇل، يەتتە دىياكون بوغالتىرلىق، كاسسىرلىقتا مەسئۇل بولۇپ، ئىش تەقسىماتى بويىچە يېتىم-يېسىر، تۇل، قېرى- ئاجىز، كېسەل، مېيىپ، دىنداشلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى.

2) تارانچى كان رايونى خرىستىئان دىنى جەمئىيىتى 1980- يىلى قۇرۇلدى، ئۈچ دىياكون دىن ئىشلىرىنى باشقۇردى.

3. چېركاۋ ۋە يىغىلىش نۇقتىلىرى

1) چېركاۋلار

(1) قۇمۇل شەھەر ئەتراپى يېزىسىنىڭ چارباغ كەنتىدىكى چېركاۋ بۇ چېركاۋ 1989- يىلى سېلىندى. ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 1.5 مو، بۇنىڭ ئىچىدە چېركاۋنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 360 كۋادرات مېتىر، ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 105 كۋادرات مېتىر. بۇ قۇرۇلۇش ئەسلىدىكى خرىستىئان دىنى ئۆيى. مۈلكىگە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ بېرىلگەن پۇل ۋە مۇخلىسلار ياردەم قىلغان پۇل بىلەن سېلىندى.

(2) تارانچى كان رايونىدىكى چېركاۋ بۇ چېركاۋ 1988- يىلى مۇخلىسلار يىغىش قىلغان پۇل بىلەن سېلىندى. قۇرۇلۇش كۆلىمى 200 كۋادرات مېتىر.

2) يىغىلىش نۇقتىلىرى

(1) قۇمۇل شەھىرىدە يەتتە ئورۇندا يىغىلىش نۇقتىسى بار: ئۇلار كىچىك جىلغا يىغىلىش نۇقتىسى (پويىز ئىستانسىسى يېنىدىكى كىچىك جىلغا)، 3- ئوتتۇرا مەكتەپ ئەتراپىدىكى يىغىلىش نۇقتىسى، خېنەن كوچىسىدىكى يىغىلىش نۇقتىسى (ئەسلىدىكى خېنەن كوچىسى چېركاۋى)، گېئولوگىيە 6- چوڭ ئەترەت ئائىلىلىكلەر قورۇسىدىكى يىغىلىش نۇقتىسى، ۋىلايەتلىك باسما زاۋۇتى ئائىلىلىكلەر قورۇسىدىكى يىغىلىش نۇقتىسى، بۇلۇڭتوغراق يېزىسى

قۇمتوغراق كەنتىدىكى يىغىلىش نۇقتىسى، تاشۋىلىق يېزىسى ئاردىم كەنتىدىكى يىغىلىش نۇقتىلىرىدىن ئىبارەت. ھەر بىر يىغىلىش نۇقتىسىدا بىردىن ئۈچكىچە ئاساسلىق باشقۇرغۇچى خادىم بار.

(2) باركۆل ناھىيىسىدە بىر يىغىلىش نۇقتىسى بار، بۇ نۇقتا كۆيسۇ يېزىسىنىڭ نەنۇمن كەنتىدە بولۇپ، ئىككى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى خادىم بار.

(3) ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدە ئىككى يىغىلىش نۇقتىسى بار، بۇ نۇقتىلار ناھىيە بازىرىدا ۋە تۇركۆل يېزىسىدا بولۇپ، ھەر بىرىدە بىردىن ئاساسلىق باشقۇرغۇچى خادىم بار.

4. مۇخلىسلارنىڭ تارقىلىشى

1990- يىلى قۇمۇل رايونىدا 881 مۇخلىس بار بولدى.

1) قۇمۇل شەھىرىدىكى 24 مۇخلىس 1990- يىلىغا كەلگەندە 640 قا يەتتى. ئۇلار ئاساسلىقى شەھەر رايونى، تۆمۈريول، شەھەر ئەتراپى يېزىسى، بۇلۇڭتوغراق يېزىسىنىڭ قۇمتوغراق كەنتى، تاشۋىلىق يېزىسىنىڭ ئاردىم كەنتى قاتارلىق جايلارغا تارقالدى.

2) باركۆل ناھىيىسىدە 1983- يىلىدىن ئېتىبارەن مۇخلىس يېتىشتۈرۈلۈپ، 1990- يىلىغا كەلگەندە 27 گە يەتتى. ئۇلار ئاساسلىقى كۆيسۇ يېزىسىنىڭ نەنۇمن كەنتى، يەنجياچۇي، ليۇگۇ (چاگگىزلىق)، ساخېيەن قاتارلىق جايلارغا تارقالدى.

3) ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدە 1985- يىلىدىن ئېتىبارەن مۇخلىس يېتىشتۈرۈلۈپ، 1990- يىلىغا كەلگەندە 23 كە يەتتى. ئۇلار ئاساسلىقى ئاراتۇرۇك ناھىيە بازىرى ۋە تۇركۆل يېزىسىغا تارقالدى.

4) تارانچى كان رايونىدا 1980 ~ 1990- يىلىغىچە 191 مۇخلىس يېتىشتۈرۈلدى. ئۇلار ئاساسلىقى كان رايونىغا تارقالدى.

# III باب

# مىللەت، دىن خىزمىتى

## §1. باشقۇرغۇچى ئاپپاراتلار

1950-، 1970- يىللاردا قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ مىللەت، دىن خىزمىتىگە ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ بىرلىكسەپ بۆلۈمى مەسئۇل بولدى.

1980- يىلى 12- ئايدا قۇمۇل ۋىلايەتلىك مىللەت، دىن ئىشلىرى باشقارمىسى قۇرۇلۇپ، بۇ خىزمەتكە مەسئۇل بولدى.

1984- يىل 1- ئايدا، مىللەت، دىن ئىشلىرى باشقارمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، مىللەت، دىن خىزمىتى مەمۇرىي مەھكىمە ئىشخانىسىغا قوشۇۋېتىلدى. 1985- يىل 2- ئايدا مىللەت، دىن ئىشلىرى باشقارمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

1990- يىل 12- ئايدا بۇ باشقارمىغا يەتتە شتات سەپلەندى.

## §2. مىللەتلەر خىزمىتى

### 1. پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ھەم مىللەت نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش

1950- يىلى ج ك پ قۇمۇل يەرلىك كومىتېتىنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمى ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئىشچى- خىزمەتچىلەرنى «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئورتاق پروگراممىسى» نىڭ مىللەت سىياسىتى قىسمىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى.

قۇمۇل ۋىلايىتىدە 1950- يىل 3- ئايدىن 1951- يىل 3- ئايغىچە ئارىلىقتا، يولۋاس، ئوسمانلار قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، كومپارتىيىگە ئوچۇق- ئاشكارا قارشى چىقتى، ھەر مىللەت ئاممىسى ئارىسىدا مىللىي بۆلگۈنچىلىك، مىللىي ئۆچمەنلىكنى قوزغايدىغان ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ئېلىپ باردى.7- ئايدا قۇمۇل ۋىلايىتى چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى قازاق، ئۇيغۇر ۋەكىللەر يىغىنىنى چاقىرىپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە دىن سىياسىتىنى نۇقتىلىق تەشۋىق قىلدى. بۇ تارىختا ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلار پەيدا قىلغان مىللىي ئېكسپلاتاتسىيە ۋە مىللىي ئۆچمەنلىكنى تۈگىتىشتە ئىجابىي رول ئوينىدى.

1951 ~ 1953- يىللىرىغىچە ۋىلايەت مىقياسىدا ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ۋە يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى. ھەرىكەت باشلىنىشتىن بۇرۇن، كادىرلار ئاۋۋال مىللىي سىياسەتنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەندى. ھەرىكەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، كادىرلار يەنە ھەرىكەت داۋامىدا مىللىي سىياسەتنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، مىللىي سىياسەتكە خىلاپلىق قىلغان خاتا خاھىشلار پىپەن قىلىنىپ، ھەر مىللەت كادىرلارنىڭ سىياسىي سەۋىيىسى يەنىمۇ ئۆستۈرۈلدى.

1953 ~ 1956- يىللىرىغىچە ھەمكارلىشىش، كوپېراتسىيىلىشىش ھەرىكىتى جەريانىدا، ھەر مىللەت دېھقانلىرىغا مەركىزىي خىزمەتلەرگە بىرلەشتۈرگەن ھالدا پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى يەنە بىر قېتىم تەشۋىق قىلىندى. مىللەتلەر ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان جايلاردا مىللىي سىياسەتنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى.

1957- يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىدە مىللىي سىياسەتنى ئىجرا قىلىش جەريانىدىكى خاتالىقلار تۈزىتىلىپ، قۇمۇلغا يېڭى كەلگەن كادىرلارغا مىللىي سىياسەت تەربىيىسى كۈچەيتىلدى. خەنزۇ كادىرلار ئارىسىدىكى چوڭ خەنزۇچىلىق ئىدىيىسى تەنقىد قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئارىسىدىكى يەرلىك مىللەتچىلىك ئىدىيىسىمۇ تەنقىد قىلىندى. ئىدارە- جەمئىيەتلەرنىڭ ھەممىسى مىللىي سىياسەتنى ئىجرا قىلىشقا دائىر تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ، ئۇيغۇر كادىرلار خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىش، خەنزۇ كادىرلار ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىش بويىچە قىزغىن دولقۇن قوزغىدى.

1980- يىلى ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمى «يولداش جۇ ئېنلەينىڭ دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتىگە دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى سۆزىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. ۋىلايەت ۋە ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) لەر ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنى پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە مىللەت نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىدىكى بەزى تونۇش مەسىلىلىرىنى ھەل قىلدى.

1983 ~ 1990- يىللىرىغىچە ۋىلايەت ۋە ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) لەر ئايرىم ھالدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى. ھەر يىلى 5- ئايدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

ئىدارە- جەمئىيەت، زاۋۇت- كانلار، ھەربىي قىسىملار، مەكتەپلەر كوچىلارغا چىقىپ ياكى يېزىلارغا بېرىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش بويىچە كۆپلەپ ياخشى ئىش قىلدى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە زور بىر تۈركۈم ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر بارلىققا كەلدى. پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى كەڭ تەشۋىق قىلىنغاچقا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى، «خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالماسلىق، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالماسلىق» تەك ئىككى ئايرىلالماسلىق ئىدىيىسى كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر سىڭىپ، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ھەمكارلىشىش، ئورتاق گۈللىنىشتەك سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتى شەكىللەندى.

قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ناھىيە (شەھەر) لەر گوۋۇيۈەن تەشكىللىگەن نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، 1981 ~ 1988- يىلىغىچە ئارىلىقتا بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاھالىسىنىڭ مىللەت تەركىبىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە تۈزەتتى. باركۆل ناھىيىسىدە 43 ئائىلە، 243 كىشى تۈزىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، موڭغۇل 37 ئائىلە 214 كىشى، خۇيزۇ بەش ئائىلە 18 كىشى، مانجۇ بىر ئائىلە 11 كىشى؛ قۇمۇل شەھىرىدە 59 ئائىلە تۈزىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، مانجۇ 29 ئائىلە، رۇس ئۈچ ئائىلە، جۇاڭزۇ ئۈچ ئائىلە، ئۇيغۇر تۆت ئائىلە، موڭغۇل 11 ئائىلە، شىبە ئىككى ئائىلە، مياۋزۇ ئىككى ئائىلە، تۇجيازۇ ئۈچ ئائىلە، داغۇر بىر ئائىلە، زاڭزۇ بىر ئائىلە.

1986- يىلى ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ھەر مىللەت كادىرلارنى «ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى»، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نى ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى. ۋىلايەتلىك لېكتورلار ئۆمىكى 40 سوئال- جاۋاب تېكىستى، 11 پارچە مەخسۇس ماقالا تەييارلاپ، ئۆگىنىشتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرگە جاۋاب بەردى.

ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى 1987- يىل 5- ئايدىن 1988- يىل 6- ئايغىچە تۆت قارار نەزەرىيە تايانچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، 200 يېتەكچى تەربىيىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەت يېتەكچىلىرى 56 كىشى. ئاپتونوم رايونلۇق لېكتورلار ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ۋە مۇئاۋىن باشلىقى قۇمۇلغا كېلىپ، تۆت مەيدان يېتەكچىلىك دوكلاتى بەردى.

باركۆل ناھىيىلىك پارتىيە مەكتىپى قازاق كادىرلار ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، ئۇلارنىڭ مىللەت نەزەرىيىسى سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى.

ھەرقايسى ئورۇنلار «قوش تىل» ئۆگىنىش پائالىيىتىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇردى. ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇ كادىرلار ئۆز ئارا تىل- يېزىق ئۆگەندى.

1990- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى قاتارلىق تۆت ئورۇن بىرلىكتە «مىللەت نەزەرىيىسى، مىللىي سىياسەت ساۋاتلىرى بويىچە زېھىن سىناش مۇسابىقىسى» ئۆتكۈزدى. قۇمۇل ۋىلايىتىدىن بىر كىشى 2- دەرىجىلىك، ئالتە كىشى 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن «قۇمۇل گېزىتى» ئىدارىسىمۇ بىرلىكتە «مىللەت نەزەرىيىسى، مىللىي سىياسەت ساۋاتلىرى بويىچە زېھىن سىناش مۇسابىقىسى» ئۆتكۈزدى، بۇنىڭغا 200 نەچچە كىشى قاتناشتى. شۇ يىلى 12- ئايدا قۇمۇل ۋىلايەتلىك مىللەت، دىن ئىشلىرى باشقارمىسى، ۋىلايەتلىك رادىئو- تېلېۋىزىيە ئىدارىسى بىرلىكتە «مىللەت ھەققىدە ساۋات» مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇردى. بۇنىڭغا خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ قاتارلىق تۆت مىللەتتىن تەركىب تاپقان ئالتە كوماندا (قۇمۇل شەھىرى، شۆبە ھەربىي رايون، سودا سىستېمىسى، سەھىيە سىستېمىسى، ئېلېكتر سىستېمىسى ۋە مائارىپ سىستېمىسى) قاتناشتى. قۇمۇل شەھىرى كوماندىسىدىكى شۇەي جىنچىڭ 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، ۋەكىل كوماندىلاردىن تاللانغان شۇەي جىنچىڭ، لى جۈنجۇ، پاتىگۈل قاتارلىق ئۈچ كىشىدىن تەركىب تاپقان كوماندا، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان مىللەت ھەققىدە ساۋات بويىچە زېھىن سىناش مۇسابىقىسىغا قاتناشتۇرۇلۇپ، خېلى ياخشى

نەتىجىگە ئېرىشتى.

**2. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ- ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش**

قۇمۇل ۋىلايىتى 1950- يىللاردىن باشلاپلا مىللىي سىياسەت تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرگە، خەنزۇ كادىرلارغا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ- ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ باردى. خەنزۇ كادىرلار كۈندىلىك خىزمەتتە ۋە تۇرمۇشتا مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئۆرپ- ئادىتىگە ئىنتايىن ھۆرمەت قىلدى.

ئىدارە- جەمئىيەتلەردىكى ئاشخانىلار خەنزۇ، مۇسۇلمانچە دەپ ئايرىۋېتىلدى. يېمەكلىك ماگىزىنلىرىدا «مۇسۇلمانچە پېچىنە- پىرەنىك»، «مۇسۇلمانچە كەمپۈت» باشقا نەرسىلەردىن ئايرىم قويۇلدى. قوي، كالا گۆشىنى ساقلاش، توشۇش، سېتىشمۇ ئايرىم ئېلىپ بېرىلدى.

مىللەتلەر ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان يېزىلاردا خەنزۇ دېھقانلارغا چوشقىنى سولاپ بېقىش، ھەتتا ئاز سانلىق مىللەت ئامما ئولتۇرغان ھويلا- ئارامدىن يىراق بولۇش توغرىسىدا تەربىيە بېرىلدى. كارىز ۋە بۇلاق سۈيى ئىچىدىغان جايلاردا، خەنزۇ دېھقانلارغا سۇ مەنبەسىنى قوغداش، ئېرىقتا كىيىم يۇماسلىق، يۇيۇنماسلىق ۋە ئېرىققا پاسكىنا سۇ تۆكمەسلىك توغرىسىدا تەربىيە بېرىلدى.

ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ نېرىنكىر چارۋىچىلىق فېرمىسى قازاق، خەنزۇ چارۋىچىلارغا سۇ ئىچىدىغان قۇدۇقنى ئايرىم قېزىپ بەردى.

ج ك پ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە بۆلۈمى «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ- ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا» دېگەن كىتابچىدىن 3000 نۇسخا بېسىپ تارقاتتى. ئۇنىڭدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ يېمەك- ئىچمىكى، كىشىلىك مۇناسىۋىتى، دىنىي پائالىيەتلىرى، دەپنە ئىشلىرى، ھېيت- بايرام، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى، كىيىم- كېچەك ۋە باشقا تۇرمۇش ئادىتى قاتارلىق مەزمۇنلار تونۇشتۇرۇلۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ- ئادىتىگە قانداق ھۆرمەت قىلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى.

**3. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش**

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئىشلىتىشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. قۇمۇل ۋىلايىتىدە 1950- يىلى 800 دۆلەت مەمۇرىي كادىرى بار ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار 214 بولۇپ، 26.75% نى ئىگىلىدى. 1952- يىلىغا كەلگەندە، ۋىلايەت بويىچە دۆلەت كادىرى كۆپىيىپ 1235 كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار 400 بولۇپ، كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 32.38% نى ئىگىلىدى.

1955 ~ 1957- يىللىرىچە ۋىلايەتتە ۋالىي، مۇئاۋىن ۋالىي دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىر ئالتە بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر بىر (ھامۇتخان)، قازاق بىر (ئالتۇنبەك) ئىدى. 1954 ~ 1956- يىللىرىچە ئۈچ ناھىيىدە ھاكىم ۋە مۇئاۋىن ھاكىم دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىر 16 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر بەش ، قازاق ئۈچ ، خۇيزۇ بىر.

1959- يىلى ۋىلايەت بويىچە كادىرلار 4377 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 1054 بولۇپ، 1955- يىلدىكىدىن 412 كۆپەيدى.

مەركەزنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە 1960 ~ 1962- يىللىرىچە ئارىلىقتا بىر قىسىم كادىرلار، ئىشچى- خىزمەتچىلەر قىسقارتىلىپ، تۆۋەنگە چۈشۈرۈلدى. 1962- يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ۋىلايەت بويىچە كادىرلار ئومۇمىي سانى ئازىيىپ 2805 كە، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 557 چۈشۈپ قالدى.

1964- يىلى كادىرلار ئومۇمىي سانى يەنە كۆپىيىپ 3215، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 664 يەتتى.

ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى دادىل ئىشقا قويۇلۇش بىلەن بىرگە، ئۇلارنى تەربىيىلەشكىمۇ ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىلدى، بىرى، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى، غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى؛ يەنە بىرى، ناھىيىلىك پارتىيە مەكتىپى، ۋىلايەتلىك پارتىيە مەكتىپى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپى ۋە مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى؛ ئۈچىنچىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، 1- ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى، مائارىپ ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتى، سىياسىي- قانۇن ئىنستىتۇتى، مالىيە ئىنستىتۇتى ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ھەر قايسى ئۇنىۋېرسىتېتلارغا بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىلىپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي، مەدەنىيەت ۋە ئىلىم- پەن سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا پارتىيىنىڭ مىللىي كادىرلار سىياسىتى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. 1976- يىلى ۋىلايەت بويىچە كادىرلار ئومۇمىي سانى 9334 بولۇپ بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 1960.

ج ك پ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىنىڭ مىللىي كادىرلار سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش ۋە ئىشقا قويۇشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىلدى. 1980- يىلى دۆلەت كادىرى 11 مىڭ 951 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 3032 گە يېتىپ، كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 25.37% نى ئىگىلىدى.

1988- يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىدە خەنزۇ ئاھالىسى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 70% نى ئىگىلىدى. لېكىن، ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت رەھبىرىي كادىرلىرى ئۈچتىن بىر قىسمىدىن كۆپرەكنى ئىگىلىدى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ 12 ئەزاسى ۋە مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىي، مۇئاۋىن ۋالىيلىرى ئىچىدە ئۇيغۇر، قازاق مىللىتىدىن ئالتە بولۇپ، 50% نى ئىگىلىدى. ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەشنىڭ 1- قول باشلىقلىرى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىدىن تەيىنلەندى. ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان يېزىلاردا پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگىنىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىكىنى شۇ يېزىدىكى ئاساسلىق مىللەت كادىرلىرى ئۈستىگە ئالدى. ئاز سانلىق مىللەت كەسپىي خادىملىرى تېخنىك كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 37.06% نى ئىگىلىدى.

1989- يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىدە ۋىلايەت دەرىجىلىك كادىر توققۇز بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر تۆت، خەنزۇ تۆت، قازاق بىر؛ ھاكىم ۋە مۇئاۋىن ھاكىم (باشقارما) دەرىجىلىك كادىر 367 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 84، خەنزۇ 252، قازاق 21، خۇيزۇ سەككىز، موڭغۇل بىر، شىبە بىر؛ ئادەتتىكى كادىر 16 مىڭ 386 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 3970، خەنزۇلار 10 مىڭ 898، قازاق 1096، خۇيزۇ 347، موڭغۇل 37، باشقا مىللەت كادىرلىرى 38.

1990- يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ۋالىي، مۇئاۋىن ۋالىيسى تۆت بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر ئىككى، قازاق بىر، خەنزۇ بىر؛ ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى 15 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر تۆت، خەنزۇ بەش، قازاق ئۈچ، خۇيزۇ ئىككى، موڭغۇل بىر؛ ھاكىم (شەھەر باشلىقى)، مۇئاۋىن ھاكىم (مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى) 18 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر تۆت، خەنزۇ 11، قازاق ئىككى، شىبە بىر؛ ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى 15 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر يەتتە، خەنزۇ تۆت، قازاق ئۈچ، خۇيزۇ بىر. ۋىلايەت بويىچە دۆلەت كادىرى 19 مىڭ 37 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 6734 گە يېتىپ، كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 35.37% نى ئىگىلىدى. ھەر مىللەت كادىرلىرى ئوخشاشمىغان خىزمەت ئورنىدا ئۆز ئارا ئىشىنىپ، بىر- بىرىنى ھۆرمەت قىلىپ، ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئۆز ئارا قوللىشىپ، بىر- بىرىنى ئەپۇ قىلىپ، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى بىرلىكتە ياخشى ئىشلىدى.

4. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش

1954- يىلى 3- ئايدا مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشىنىڭ «ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كەمسىتىش ۋە ھاقارەتلەش خاراكتېرىنى ئالغان ئاتالغۇ، يەر نامى، ئابىدە، بېغىشلىمىلارنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى يوليورۇقى» غا ئاساسەن، باركۆل ناھىيىسىنىڭ خەنزۇچە 镇西 دېگەن يېزىلىشى 巴里坤 قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

1) ئاپتونوم ناھىيە 1954- يىلى 9- ئاينىڭ 30- كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن باركۆل قازاق ئاپتونوم رايونى رەسمىي قۇرۇلدى (1955- يىلى 2- ئايدا ئاپتونوم ناھىيىگە ئۆزگەرتىلدى).

ئاپتونوم ناھىيە قۇرۇلغاندىن كېيىن، قازاق مىللىتىدىن ئەخلاقلىق ۋە قابىلىيەتلىك كادىرلار ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا قويۇلدى. 1957- يىلى ئاپتونوم ناھىيىنىڭ تۆت ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىمى ئىچىدە ئۈچى قازاق. خېلى كۆپ بۆلۈم، ئىشخانىلارنىڭ بۆلۈم باشلىقى ۋە مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقلىقىغا قازاق كادىرلىرى سەپلەندى، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا كادىرلارنىڭ 90% نى قازاق كادىرلار ئىگىلىدى.

شۇ يىلى ئاپتونوم ناھىيىنىڭ 75 خەلق ۋەكىلى ئىچىدە خەنزۇلار 61.3% نى، قازاقلار 36.1% نى، موڭغۇللار 1.3% نى، ئۇيغۇرلار 1.3% نى ئىگىلىدى؛ 19 خەلق كومىتېتى ئەزاسى ئىچىدە قازاقلار توققۇز بولۇپ، 47.37% نى، خەنزۇلار سەككىز بولۇپ، 42.11% نى، ئۇيغۇر، موڭغۇل بىردىن بولۇپ، ھەر بىرى 5.26% نى ئىگىلىدى.

ئاپتونوم ناھىيە قۇرۇلغاندىن كېيىن، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى» نى توغرا ئىزچىللاشتۇرغانلىقتىن، بۇ ناھىيىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە سەھىيە ئىشلىرى ناھايىتى زور تەرەققىي قىلدى.

1990- يىلى باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ نوپۇسى 101 مىڭ 556، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇلار 71 مىڭ 19 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 69.93% نى؛ قازاقلار 27 مىڭ 473 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 27.05% نى؛ ئۇيغۇرلار 1294 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 1.27% نى؛ خۇيزۇلار 384 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 0.38% نى؛ موڭغۇللار 1283 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 1.26% نى؛ مانجۇلار 39 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 0.04% نى؛ باشقا مىللەتلەر 64 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 0.06% نى ئىگىلىدى. قازاق قاتارلىق مىللىي كادىرلار 862 بولۇپ، كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 24.3% نى ئىگىلىدى؛ ئالتە ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىم ئىچىدە قازاق ئىككى، شىبە بىر، خەنزۇ ئۈچ. ناھىيىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ بۆلۈم، ئىدارىلىرىغا قازاق قاتارلىق مىللىي رەھبىرىي كادىرلار سەپلەندى. ناھىيە بويىچە ھەر خىل كەسپىتىكى مىللىي تېخنىكا خادىملىرى 599 بولۇپ، شۇ خىل كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 25.7% نى ئىگىلىدى.

2) مىللىي يېزىلار دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى 1982- يىلى چاقىرغان مىللىي يېزىلار مەسىلىسى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى ۋە گوۋۇيۈەن 1983- يىلى چىقارغان «مىللىي يېزا قۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» قا ئاساسەن، قۇمۇل ۋىلايىتى 1984- ۋە 1985- يىلى ئۈچ قازاق مىللىي يېزا قۇردى.

(1) قۇمۇل شەھىرى ئۇلاتاي قازاق مىللىي يېزىسى بۇ يېزا 1984- يىل 7- ئاينىڭ 6- كۈنى قۇرۇلدى. ئۇ قۇمۇل شەھىرى تاشۋېلىق رايونىنىڭ ئۇلاتاي غول ئېغىزىغا جايلاشقان بولۇپ، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 120 كىلومېتىر كېلىدۇ، كۆلىمى 90.23 كۋادرات كىلومېتىر، 80 ئائىلە، 422 كىشى، قارمىقىدا بىر كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى بار، يېزا باشلىقى سەرپ. 1990- يىلىغا كەلگەندە بۇ يېزىنىڭ ئاھالىسى كۆپىيىپ 117 ئائىلە 662 كىشىگە يەتتى.

(2) قۇمۇل شەھىرى دەۋەلدۇرۇك قازاق مىللىي يېزىسى بۇ يېزا 1985- يىل 7- ئاينىڭ 8- كۈنى قۇرۇلدى، ئورنى قۇمۇل شەھىرىدىكى غەربىتاغنىڭ دەۋەلدۇرۇك غول ئېغىزىغا جايلاشقان بولۇپ، شەھەر بىلەن ئارىلىقى تەخمىنەن 110 كىلومېتىر كېلىدۇ. كۆلىمى 124 مىڭ 926 كۋادرات كىلومېتىر. بۇ يېزىدا 374 ئائىلە، 1925 كىشى بار، بۇنىڭ

ئىچىدە قازاقلار 1646 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 85.5% نى ئىگىلەيدۇ، بەش كەنت ئاھالە كومىتېتى بار.

1990- يىلىغا كەلگەندە بۇ يېزىنىڭ ئاھالىسى كۆپىيىپ 472 ئائىلە، 2405 كىشىگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە قازاقلار 2094 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 87.06% نى ئىگىلىدى.

(3) ئاراتۇرۇك ناھىيە نېرىنكىر قازاق مىللىي يېزىسى بۇ يېزا 1984- يىل 10- ئاينىڭ 27- كۈنى قۇرۇلدى، ئورنى ئاراتۇرۇك ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ناھىيە بازىرى بىلەن ئارىلىقى 75 كىلومېتىر، كۆلىمى 231.7 كۋادرات كىلومېتىر، يېزا باشلىقى ئىساقان، يېزىغا قاراشلىق ئۈچ كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى بار. بۇ يېزا نېرىنكىر دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىسى ئاساسىدا قۇرۇلدى. 1984- يىلى يېزا ئاھالىسى 543 ئائىلە، 2944 كىشى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قازاقلار 1964، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 66.71% نى ئىگىلىدى.

1990- يىلىغا كەلگەندە بۇ يېزىنىڭ ئاھالىسى 2959 يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە قازاقلار 2077 ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 70.19% نى ئىگىلىدى.

5. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش

1) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىق تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتى قۇمۇل ۋىلايىتى 1983- يىل 5- ئايدىن 1990- يىل 5- ئايغىچە جەمئىي سەككىز قېتىم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىق تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتى ئېلىپ باردى.

ھەر قېتىمقى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىق تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتى داۋامىدا، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشكە تەشكىللەندى. ھەر قايسى ئورۇنلار ئايرىم ھالدا مىللەت نەزەرىيىسى ئۆگىنىش كۇرسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى دوكلات بېرىش يىغىنى ئېچىپ، مىللەت نەزەرىيىسى ھەققىدە مەخسۇس يېتەكچىلىك قىلىش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللاندى. ۋىلايەتلىك پارتىيە مەكتىپى مىللەت نەزەرىيىسى، مىللىي سىياسەتنى مەزمۇن قىلغان مۇسابىقە سوئالى تۈزۈپ چىقىپ، مىللەتكە دائىر بىلىملەر مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇردى. ۋىلايەت نەزەرىيە خىزمەتچىلىرىنى يېزىلارغا بېرىپ، سىياسەت تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىشقا تەشكىللەپ، ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئاممىنى توغرا ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنى تۇرغۇزۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

1984- يىلى 5- ئايدا ئېلىپ بېرىلغان 2- قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىق تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتى جەريانىدا، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش، جۇڭگودا مىللەت مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ سىياسەت ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تونۇۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى.

ئورگان، ئىدارە، مەكتەپلەر كوچىلارغا چىقىپ، يېزىلارغا بېرىپ، ئاممىغا ۋە دېھقانلارغا مۇلازىمەت قىلدى. بەزى ئورۇنلار ئۇدا بىرنەچچە يىل دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئاز سانلىق مىللەت نامرات ئائىلىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشى، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا ياردەم بەردى.

1988- يىل 5- ئايدا ۋىلايەتلىك پارتكوم بىلەن مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ «1990- يىلىدىن ئىلگىرى ۋىلايەتنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ۋىلايەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ھەققىدىكى قارارى» بويىچە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنىچى ئورۇنلارنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ۋىلايەتكە قاراشلىق ئورۇنلارنى ئۈچ تۈركۈمگە بۆلۈپ تەكشۈرۈپ، 64 لاياقەتلىك ئورۇنغا «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ئورۇن» تاختىسى تارقىتىپ بەردى.

1990- يىلى 4- ئاينىڭ بېشىدا، قەشقەر ۋىلايىتى ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىدا ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ يۈز بەردى. قۇمۇل ۋىلايىتى، ناھىيە (شەھەر) لەر ھەر مىللەت كادىرلار، ئىشچىلار، دېھقان- چارۋىچىلار، مىللىي، دىنىي

زاتلارنى ۋاڭ ئېنماۋ، سۇڭ خەنلياڭلارنىڭ سۆزىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى. ھەر مىللەت خەلقى بايرىقى روشەن ھالدا توپىلاڭغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، ۋىلايەتنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

5- ئايدا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنە ئورۇن بەرپا قىلىش پائالىيىتى داۋاملىق چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى. ناھىيە ( شەھەر) لەر شەرتكە سېلىشتۇرۇپ ئۆزىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ، قۇمۇل ۋىلايىتىنى مەدەنىي ۋىلايەت ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنە ۋىلايەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا تىرىشىپ، «قۇمۇل روھى» نى جارى قىلدۇردى.

**2) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش**

**(1) مەملىكەت بويىچە چاقىرىلغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتنىشىش** 1988- يىل 4- ئايدا بېيجىڭدا مەملىكەت بويىچە تۇنجى قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلدى. بۇ يىغىندا قۇمۇل ۋىلايەتلىك تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى ئىلغار كوللېكتىپ، ئوسمانشاھ ھاجى، ياڭ جوڭشەن ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى.

1990- يىلى قۇمۇل ۋىلايىتى دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى باھالاش ئېلىپ بېرىپ، ۋىلايەتلىك تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىسمايىل ئوسمان (قۇمۇل شەھرى شەھەر ئەتراپى يېزىسىنىڭ باشلىقى)، قادىر (بارىكۆل ناھىيىلىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى)، لى بىڭفېڭ (ئاراتۇرۇك ناھىيە نوم يېزىسىنىڭ شۇجىسى) نى ئىلغار شەخس قىلىپ باھالىدى.

**(2) ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتنىشىش** ئاپتونوم رايون 1987- يىلى 11- ئايدا 2- قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا قۇمۇل ۋىلايىتىدىن ۋىلايەتلىك تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى، قۇمۇل شەھرى ئاستانە يېزىسى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ، خەن پىڭتۇ، نىياز ئەمەت، ئوسمانشاھ ھاجى، ياڭ جوڭشەن، زەينەپ قابدۇل (قازاق)، ما مىڭفۇ (خۇيزۇ)، ئىساق ئىسمايىللار ئىلغار شەخس بولۇپ قاتناشتى.

**(3) ۋىلايەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى** قۇمۇل ۋىلايىتى 1982- يىل 10- ئايدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، قازاق قاتارلىق ئالتە مىللەتتىن تەركىب تاپقان 181 ۋەكىل قاتناشتى. يىغىندا 55 ئىلغار كوللېكتىپ، 126 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى.

قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە 1987- يىل 3- ئايدا «سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى» ئاچتى. يىغىنغا 321 ۋەكىل قاتناشتى. بۇ قېتىمقى يىغىندا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە 28 ئىلغار كوللېكتىپ، 97 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى.

قۇمۇل ۋىلايىتى 1989- يىل 9- ئايدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئارمىيە- خەلق ئىتتىپاقلىقى بويىچە قوش نەمۇنە ئورۇنلارغا نام بېرىش يىغىنى ئاچتى. يىغىندا قۇمۇل شەھىرىگە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى، ئارمىيە- خەلق ئىتتىپاقلىقى بويىچە قوش نەمۇنە شەھەر، دەپ نام بېرىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ ئېنماۋ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى تەبرىك خەت ئەۋەتتى. يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامدىن نىياز، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى ئۆلاتايوپ قاتارلىق رەھبەرلەر قاتناشتى. يىغىندا يەنە قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى، قۇمۇل تارانچى كۆمۈر كانى، قۇمۇل يامانسۇ تۆمۈر كانىغا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنە ئورۇن، دەپ نام بېرىلدى.

ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە 1990- يىل 8- ئاينىڭ 22- كۈنى نام بېرىش يىغىنى ئېچىپ، بىڭتۇەن قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىغا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنە ئىدارە، دەپ نام بەردى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لى جىايۇ ئاپتونوم رايونلۇق

پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن يىغىنغا قاتنىشىپ تەبرىكلىدى. يىغىنغا ئىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى ئىسمايىل مەخسۇتمۇ قاتناشتى.

ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە، شۆبە ھەربىي رايون 8- ئاينىڭ 23- كۈنى باركۆل ناھىيىسىدە 8- ئاينىڭ 24- كۈنى ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدە نام بېرىش يىغىنى ئېچىپ، باركۆل، ئاراتۇرۇك ناھىيىسىگە ئايرىم-ئايرىم ھالدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى، ئارمىيە-خەلق ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنە ناھىيە، دەپ نام بەردى.

(4) ناھىيە، شەھەرلەر ئاچقان تەقدىرلەش يىغىنى ناھىيە، شەھەرلەر 1982 ~ 1990- يىلغىچە كۆپ قېتىم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى، ئارمىيە-خەلق ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنە ئورۇنلارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى.

### 6. ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنى تۈزىتىش

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىلگىرى ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، «سولچىل» خاتالىق تۈپەيلىدىن مىللىي يۇقىرى قاتلام زاتلار ۋە دىنىي زاتلار ئارىسىدا كۆپ قېتىم ناھەق، يالغان، خاتا دېلولار سادىر قىلىندى. ج ك پ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن پۈتۈنلەي تۈزىتىلدى.

1) ئىستىل تۈزىتىش جەريانىدىكى خاتا دېلولارنى تۈزىتىش 1980 ~ 1982- يىلغىچە، 1958-، 1959- يىللىرى ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكىلەر ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى جەريانىدا شەكىللەنگەن باركۆل ناھىيىسىدىكى بىر نەچچە خاتا دېلو تۈزىتىلدى. بۇلار: ئالتۇنبەك، قۇسمان باشچىلىقىدىكى «ئەكسىلئىنقىلابىي چەتكە قېچىش گۇرۇھى» دېلوسى؛ ئەرباي، ئاقاتان باشچىلىقىدىكى «ئەكسىلئىنقىلابىي چەتكە قېچىش گۇرۇھى» دېلوسى؛ كابىس، ئوكان باشچىلىقىدىكى «ئاقاي چەتكە قېچىش گۇرۇھى» دېلوسى؛ قابۇشتاي، بەجىن باشچىلىقىدىكى «قاراغول سۇ ئامبىرى ياشلار چەتكە قېچىش گۇرۇھى» دېلوسى. بۇ تۆت دېلو بىلەن چېتىشلىق 173 كىشى ئۈستىدە قايتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ، تۆت كىشىنىڭ دېلوسى ئايرىم بېكىتىلگەندىن باشقا، قالغان 169 كىشىنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

2) بىر يالغان دېلو تۈزىتىلدى 1984-، 1986- يىللىرى، 1967- يىلدىكى «شەرقىي تۈركىستان قوزغىلاڭ ئىشچى-دېھقانلار بىرلەشمىسى» دېگەن بىر يالغان دېلو قايتا تەكشۈرۈش ئارقىلىق تۈزىتىلدى. بۇ دېلو بىلەن چارە كۆرۈلگەن سېيىت قۇربان (سابىق ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى)، ئابدۇۋاھىت (سابىق خەلق بانكىسى قومۇل مەركىزىي تارماق بانكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى) نىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

3) چەتكە قېچىش دېلولىرىنى تۈزىتىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا، ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ چارۋىچىلىق رايونىدا بەش «ئەكسىلئىنقىلابىي چەتكە قېچىش» دېلوسى بىر تەرەپ قىلىندى. قايتا تەكشۈرۈش ئارقىلىق، پۈتۈنلەي خاتا دېلو بولۇپ چىقتى. بۇ بەش دېلودىكى 56 قازاق زات ئۆزۈل-كېسىل ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

4) «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدىكى خاتا دېلولارنى تۈزىتىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا، باركۆل ناھىيىسىنىڭ شياگياڭ چارۋىچىلىق فېرمىسىدىكى 44 ئائىلە قازاق يۇقىرى قاتلام زاتقا «ئەكسىيەتچى چارۋا ئىگىسى» دېگەن قالپاق كىيدۈرۈلۈپ، ئۆي تەئەللۇقاتى مۇسادىرە قىلىندى، سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، مۇسادىرە قىلىنغان ھەممە مۈلكى قايتۇرۇپ بېرىلدى.

### 7. ئاز سانلىق مىللەت زاتلىرىنى سىياسىي جەھەتتە تەربىيىلەش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش

1) سىياسىي جەھەتتە تەربىيىلەش يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمى، ناھىيىلىك بىرلىكسەپ بۆلۈملىرى ئايرىم ھالدا ئاز سانلىق مىللەت زاتلىرىنى ۋە دىنىي زاتلارنى «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ ئورتاق پروگراممىسى» نى ئۆگىنىشكە، ئاساسلىق مىللەتلەر سىياسىتى ھەم دىنىي ئېتىقاد

ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى، ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش، ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇش، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ۋە خەلق گوڭشېسى قۇرۇش ھەرىكەتلىرىدە مىللىي، دىنىي زاتلار پارتىيىنىڭ ئالاقىدار سىياسەتلىرىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى.

1961- يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك سىياسىي مەكتەپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، مىللىي، دىنىي زاتلار ئاساسلىقى شۇ مەكتەپتە ئۆگىنىش قىلدى. سىياسىي مەكتەپ 1961- يىل 7- ئايدىن 1966- يىل 3- ئايغىچە جەمئىي توققۇز قارار ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى، ئۆگىنىشكە جەمئىي 412 كىشى قاتناشتى. 1975- يىلى جەمئىي ئۈچ قارار كۇرس ئاچتى، بۇنىڭغا 79 كىشى قاتناشتى، ئۇلار ئاساسلىقى ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى، دائىمىي ھەيئەتلىرى ۋە ئەزالىرى قاتارلىقلار بولدى. 1977 ~ 1978- يىللىغىچە جەمئىي ئالتە قارار كۇرس ئاچتى، 161 كىشى قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي يۇقىرى قاتلام زاتلىرى 56، جەمئىيەتتىكى دېموكراتىك زاتلار ئالتە. 1979 ~ 1990- يىللىغىچە جەمئىي 24 قارار كۇرس ئاچتى، 928 كىشى قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي يۇقىرى قاتلام زاتلىرى 121، جەمئىيەتتىكى دېموكراتىك زاتلار ئۈچ.

سىياسىي مەكتەپ ئۆگىنىش كۇرسى ئاچقاندىن باشقا، ناھىيە (شەھەر) لەرگە بىرىپ مىللىي، دىنىي زاتلار بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. مەسىلەن، قۇمۇل شەھىرىنىڭ قارادۆۋە يېزىسى، باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ كۆلبويى يېزىسى، شىياگىياڭ چارۋىچىلىق فېرمىسى، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ نوم، باي، تۈركۆل، نېرىنكىر يېزىلىرىغا بېرىپ سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرىنى زىيارەت قىلىپ، شۇ جايدا يۈز بەرگەن بەزى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەملەشتى.

سىياسىي مەكتەپ يەنە ھەر بىر قارار كۇرس ئاچقاندا، كۇرسانتلارنى شۇ جايدىكى مەكتەپ، زاۋۇت، يېزا ۋە تۆمۈريولنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا ئۇيۇشتۇردى.

قۇمۇل شەھەرلىك، باركۆل ئاپتونوم ناھىيىلىك سىياسىي مەكتەپلەرمۇ مىللىي، دىنىي زاتلارنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى.

ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمى، ۋىلايەتلىك مىللەت، دىن ئىشلىرى باشقارمىسى، شۇنىڭدەك ناھىيىلىك، شەھەرلىك بىرلىكسەپ بۆلۈملىرى ۋە مىللەت، دىن ئىشلىرى ئىدارىلىرى يەنە ھەر قايسى مەزگىلدىكى ئوخشاشمىغان ئەھۋاللارغا ئاساسەن، مىللىي، دىنىي زاتلارنى پارتىيىنىڭ سىياسەت، پەرمانلىرىنى ئۆگىنىشكە، مەركەز، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ سۆزىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى. رايونلۇق، يېزىلىق ھۆكۈمەتلەرمۇ مىللىي، دىنىي زاتلارنى دائىم ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى.

ھەر يىلى دۆلەت بايرىمىدا، ئاپتونوم رايونلۇق بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، مىللىي، دىنىي زاتلار ۋەكىللىرى بېيجىڭ قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا ئەۋەتىلدى.

2) سىياسىي جەھەتتىن ئورۇنلاشتۇرۇش

(1) خەلق قۇرۇلتىيىغا ئورۇنلاشتۇرۇش 1954- يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىدىن ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان مىللىي زاتلار: ئۇرگاندا ئىشلەيدىغان دېموكراتىك زات مۇئاۋىن ۋالىي ھامۇتخان، باركۆل ناھىيىسىنىڭ چارۋىچىلىق رايونىدىكى يۇقىرى قاتلام زات سابۇرباي (قازاق)، قۇمۇل ناھىيىسىدىن نامان قارى ئاخۇنۇم، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدىن ئابدۇۋاھىت ئاخۇنۇملار بار.

1958- يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىدىن سايلانغان ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىينىڭ ۋەكىلى توققۇز بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە دېموكراتىك زات ئۈچ.

1958- يىلى ھەر قايسى ناھىيىلەر سايلاپ چىققان ناھىيىلىك خەلق ۋەكىلى 233 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە دىنىي زاتلار ۋە مىللىي يۇقىرى قاتلام زاتلار 49.

1959- يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرىدە 123 دىنىي زات بار بولۇپ (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 8، قازاق 31، خۇيزۇ تۆت )، سىياسىي جەمئىيەتتىن ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 39.

1962- يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىدىن تۆت دېموكراتىك زات ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلاندى.

1963- يىلى قۇمۇل ناھىيىسىدىكى دىنىي زات ئابدۇۋاھىت ھاجى ئاپتونوم رايونلۇق 3- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلاندى.

1979- يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىدىن بىر مىللىي يۇقىرى قاتلام زات ئاپتونوم رايونلۇق 5- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلاندى. 1983- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق 6- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى، 1988- يىلى 7- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە قۇمۇلدىكى يۇقىرى قاتلام زاتتىن بىردىن كىشى سايلاندى.

(2) ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشكە ئورۇنلاشتۇرۇش 1950- يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ھەر قايسى ناھىيىلەردە سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتى قۇرۇلغاندا (دائىمىي ئاپپارات ئەمەس)، مىللىي، دىنىي زاتلارنى قاتناشتۇردى.

1953- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ قۇمۇلدىكى ئالتە ئەزاسى ئىچىدە ئىككى دىنىي زات بار بولدى.

1954- يىل، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسى بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، قۇمۇل ۋىلايىتىدىن ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا قاتناشقانلار ئۈچ بولۇپ، ئۇلار: قۇمۇل ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ كاتىپى ئابدۇلھەمىت ھاجى، باركۆل ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ماجان (قازاق)، قۇمۇل ناھىيىسىدىن نامان قارى ئاخۇنۇم.

1955- يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىدىن ئۆلكىلىك 2- نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىقىغا قويۇلغانلار: مۇئاۋىن ۋالىي ھامۇتخان، باركۆل ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ماجان (قازاق)، سابىق ئاقساي ئاپتونوم ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قۇسمان (قازاق).

1962- يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىدىن ئىككى دىنىي زات ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىقىغا قويۇلدى. 1986- يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىدىن ئاپتونوم رايونلۇق 5- نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىقىغا قويۇلغان 10 كىشى ئىچىدە ئۈچى دىنىي زات بار.

(3) ناھىيىلەردە ئورۇنلاشتۇرۇش 1958- يىلى ئۈچ ناھىيىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىكىگە سايلانغان 233 كىشى ئىچىدە 49 مىللىي، دىنىي زات بار. باركۆل ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان (1955- يىلى 9- ئايدىن 1961- يىلى 9- ئايغىچە) 58 ئەزا ئىچىدە مىللىي يۇقىرى قاتلام زات 13 ؛ 1981- يىل 8- ئايدىن 1984- يىل 7- ئايغىچە 57 ئەزا ئىچىدە مىللىي يۇقىرى قاتلام زات 14؛ 1990- يىل 3- ئايدىكى 8- نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 64 ئەزاسى ئىچىدە مىللىي يۇقىرى قاتلام زات 11.

1990- يىلى ۋىلايەت بويىچە 389 دىنىي زات ئىچىدە سىياسىي جەمئىيەتتىن ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 100؛ 1980 ~ 1990- يىلغىچە بىرلىكسەپ بۆلۈملىرى باشقۇرۇپ كەلگەن ئوبيېكت 1775 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە سىياسىي جەمئىيەتتىن ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 187، خەلق قۇرۇلتىيىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 41، سىياسىي كېڭەش ئەزاسى 145، سودا-سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىدە بىر .

1988- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ 4- نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا قۇمۇل ۋىلايىتىدىن بەش كىشى ئەزالىققا، بۇلاردىن ئىككىسى دائىمىي ئەزالىققا سايلاندى.

## §3. تەرەققىيات ياردەم پۇلى

**1. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا بېرىلگەن ياردەم پۇلى**

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا بېرىلگەن ياردەم پۇل — ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇش، مەدەنىيەت، مائارىپ، داۋالاش- سەھىيە جەھەتلەردىكى بەزى ئالاھىدە قىيىنچىلىقلىرىنى نۆۋەتلىك ھەل قىلىش ئۈچۈن، قۇمۇل ۋىلايىتىگە بەرگەن ياردەم پۇل، شۇنداقلا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش ۋە باشقا بەزى ئالاھىدە قىيىنچىلىقلىرىغا بېرىلگەن ياردەم پۇلدۇر.

1960 ~ 1965- يىللىرىچە ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى قۇمۇلغا 459 مىڭ يۈەن ياردەم پۇل بەردى. بۇ پۇلنى ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمى كونكرېت باشقۇرۇپ، ئاساسلىق نامرات كۆكشى، دۆيلەرنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشقا، يەنى كىچىك سۇ ئىنشائاتى ياساش، كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇش، يېڭىچە دېھقانچىلىق ماشىنا- سايمانلىرى ۋە تېرىلغۇ ئۇرۇقى سېتىۋېلىش قاتارلىقلارغا ۋە باركۆل سارچوقا كۆكشى شىپاخانىسىنى، چوڭ ئەترەت سەھىيە پونكىتىنى ۋە باشلانغۇچ مەكتەپنى سېلىشقا ئىشلەتتى.

ج ك پ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ياردەم پۇلنى ئىشلىتىشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىلدى. 1981- يىلى 100 مىڭ يۈەن، 1982- يىلى 45 مىڭ يۈەن، 1983- يىلى 120 مىڭ يۈەن، 1984- يىلى 140 مىڭ يۈەن، 1985- يىلى 160 مىڭ يۈەن، 1986 ~ 1990- يىللىرىچە ھەر يىلى 170 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بېرىلدى. 1981 ~ 1990- يىللىرىچە جەمئىي 1 مىليون 410 مىڭ يۈەن پۇلنى قۇمۇل ۋىلايەتلىك مىللەت، دىن ئىشلىرى باشقارمىسى مەسئۇل بولۇپ، تۆۋەندىكى ئىشلارغا ئىشلەتتى:

**1) ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت- مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىشلىتىلدى** قۇمۇل ۋىلايىتى، قۇمۇل ناھىيىسى (شەھىرى)، باركۆل، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرىدىكى ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، موڭغۇل ئوتتۇرا- باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنى، ياتاقلىق مەكتەپلەرنى يېڭىلاپ سېلىش، كېڭەيتىش، رېمونتلاش ئىشلىرىغا ۋە ئاز سانلىق مىللەت ئوتتۇرا- باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇتۇش قوراللىرى، ئىشىك- دېرىزە، ئۈستەل- ئورۇندۇق، ماشىنا، پارقازىنى، ئىسسىنىش ئەسۋابلىرى، ئېلېكتر ئەسۋابلىرى، ئاشخانا جابدۇقلىرى، مەكتەپ باشقۇرۇشىدىكى زاۋۇتقا لازىملىق ئۈسكۈنە ۋە باشقىلارنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن جەمئىي 814 مىڭ 500 يۈەن ياردەم بېرىلدى.

**2) ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ داۋالىنىش، سەھىيە ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىشلىتىلدى.** قۇمۇل شەھىرى دەۋلەتدۆۋەك قازاق مىللىي يېزىسىنىڭ ئادەم، چارۋىلارنىڭ ئىچىملىك سۈيى، قارادۆۋە يېزا لاپچۇق كەنت، شەھەر ئىچى يېزا، شوبۇل يېزا شىپاخانىلىرى ۋە باركۆل ناھىيىسىنىڭ قوش ئارال ئىچىملىك سۈيى قۇرۇلۇشى، كۆنگەيسۇ يېزا شىپاخانىسى، كۆلبويى يېزا شىپاخانىسى قاتارلىقلارنى يېڭىدىن سېلىش ۋە كېڭەيتىپ سېلىشقا، قۇمۇل شەھەرلىك ئانا- باللار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتىنىڭ تەكشۈرۈش ئىشلىرىغا جەمئىي 112 مىڭ 500 يۈەن ياردەم بېرىلدى.

**3) ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەنتەربىيە ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىشلىتىلدى** قۇمۇل شەھەرلىك مىللىي تەنتەربىيە مەيدانىنىڭ ئورنىنى سېتىۋېلىش، ۋىلايەت ئۆتكۈزگەن ئات بەيگىسى پائالىيىتى، قۇربان ھېيت، روزا ھېيت مەدەنىي تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە جەمئىي 45 مىڭ يۈەن ياردەم بېرىلدى.

**4) ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىشلىتىلدى** قۇمۇل ناھىيە تەگرىتاغ كۆكشىبېسىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارغا تۇرمۇش ياردەم پۇلى، دېھقان- چارۋىچىلارنى كۆچۈرۈش خىراجىتى، نامراتلارنى

يۈلەش ئۈچۈن قوي سېتىۋېلىش پۇلى، قۇمۇل شەھىرى قارادۆۋە يېزىسىدىكى ئەللىكتە توك ئىشلىتىشكە لازىملىق ئۈسكۈنە خىراجىتى، ئولاتاي قازاق مىللىي يېزىسىدىكى كۆچكۈچىلەرنىڭ بوز يەر ئېچىش پۇلى، ئاستانە يېزا 7- چوڭ ئەترىتىنىڭ قۇدۇق قېزىش پۇلى، شەھەر ئىچى يېزىسىنىڭ نامراتلارنى يەم- تېخنىكا ئارقىلىق يۆلەش پۇلى، شوپۇل يېزىسى باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ قوي بېقىشقا كېرەكلىك ئۆسۈمسىز قەرز پۇل، قۇمۇل شەھىرىنىڭ ئولاتاي، دەۋلەدۇرۇڭ قازاق مىللىي يېزىلىرى، ھەربىتاغ يېزىسىنىڭ سەكرا كەنتى، پالۋانتۇر يېزىسى لەڭگەر كەنتىنىڭ ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى خىراجىتى، باركۆل ناھىيىسىنىڭ قاراغول سۇ قۇرۇلۇشىغا كېرەكلىك پۇل، سارچوقا يېزىسىنىڭ مىللىي لازىمەتلىكلەر زاۋۇتىنى قۇرۇشقا كېرەكلىك پۇل، خۇايۇەن يېزىسىنىڭ ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى خىراجىتى، ئاراتۇرۇك ناھىيىسى نوم يېزىسىنىڭ ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى خىراجىتى قاتارلىقلار ئۈچۈن جەمئىي 246 مىڭ يۈەن ياردەم بېرىلدى.

5) باشقا ئىشلارغا بېرىلگەن ياردەم قۇمۇل شەھىرىدە ۋاڭلار قەبرىسى، ھېيتكاھ مەسچىت، جۇمە مەسچىت، شەنشى مەسچىتىنى رېمونت قىلىش؛ باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى خىراجىتى، سارچوقا يېزا مىللىي لازىمەتلىكلەر زاۋۇتىنىڭ كەشتە تىكىشنى راۋاجلاندۇرۇشىغا جەمئىي 152 مىڭ يۈەن بېرىلدى.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا ياردەم بېرىلىدىغان پۇلنىڭ تارقىتىلىشى قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشىدا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ تاغلىق رايونلاردىكى خەلقنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، تەنتەربىيە، سەھىيە ئىشلىرىغا يار- يۆلەك بولۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

2. مىللەت، دىن خىزمىتى پائالىيەتلىرىگە بېرىلگەن ياردەم پۇل

1985 ~ 1990- يىلىغىچە يەرلىك مالىيە ھەر يىلى مىللەت، دىن ئىشلىرى باشقارمىسىغا پائالىيەت خىراجىتى ئاجرىتىپ بەردى.

ۋىلايەت، ناھىيە، شەھەر ھەر يىلى دىنىي زاتلارغا ئۆگىنىش كۇرسى، سۆھبەت يىغىنى ئاچقاندا ياكى ئۇلارنى ئېكسكۇرسىيىگە ئۇيۇشتۇرغان ۋە ئۇلاردىن ھال سورىغاندا، بۇ پائالىيەتلەرگە كېتىدىغان خىراجەتنى يەرلىك مالىيە ھەل قىلىپ بەردى.

## §4. دىن خىزمىتى

1. دىنىي فېئوداللىق ئىمتىياز بىكار قىلىندى

1) دىنىڭ دۆلەت مەمۇرىيىتى، ئەدلىيە، مەدەنىيەت، مائارىپ، نىكاھ ۋە پىلانلىق تۇغۇتقا ئارىلىشىشىغا يول قويۇلمىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن قۇمۇل ۋاڭى دەۋرىدىكى «ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن» تۈزۈم بىكار قىلىنىپ، «ھاكىمىيەت بىلەن دىننى بىر- بىرىدىن ئايرىۋېتىش» يولىغا قويۇلۇپ، دىنىڭ مەمۇرىي ئىشلارغا ئارىلىشىشىغا يول قويۇلمىدى. ئۇيغۇر ئاما ئىچىدىكى ھەق- تەلەپ، جىنايى ئىشلار دېلولىرى ھۆكۈمەتنىڭ ئەدلىيە ئارماقلىرى تەرىپىدىن بىر تەرەپ قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە دىنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپقا ئارىلىشىشىغا، شەخسلەرنىڭ دىنىي مەكتەپ ئېچىشىغا، دىنىي شاگىرتلارنى ئۆز ئالدىغا تەربىيىلەشكە، 18 ياشتىن تۆۋەن ئۆسمۈر باللارغا دىنىي ئەقىدىنى سىڭدۈرۈشكە يول قويۇلمىدى.

ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى نىكاھلانغاندا، ئاۋۋال يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بېرىپ توي خېتى ئالغاندىن كېيىن، ئاندىن نىكاھ ئوقۇلدى. نىكاھدىن ئاجراشقاندا ئاجرىشىش رەسمىيىتى ئۆتەش تەلەپ قىلىنىپ، «ئۈچ تالاق» بىلەنلا نىكاھدىن ئاجرىشىدىغان كونا ئادەت چەكلەندى.

1989- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم تەدبىر. قۇمۇل ۋىلايىتى، ھەر قايسى ناھىيە، شەھەرلەر بۇ تەدبىرنى ئەمەلىيلەشتۈردى ھەمدە دىنىنىڭ پىلانلىق تۇغۇتقا ئارىلاشماسلىقىنى تەلەپ قىلدى.

**2) دىنىي باج- سېلىق بىكار قىلىندى** 1958- يىلى كەڭ ئېتىقادچى ئاممىنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭىنىڭ ئۆسۈشى ئاساسىدا، مۇسۇلمانلار ئاممىسى ۋە دىنىي زاتلارنىڭ قوللىشى بىلەن دىنىي تۈزۈم ئۈستىدە دېموكراتىك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، دىنىي فېئوداللىق ئىمتىياز ۋە ئېزىش، ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى بىكار قىلىندى.

ئىسلام شەرىئىتىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە، دېھقانلار ھەر يىلى ئالغان ھوسۇلىنىڭ ئوندىن بىرىنى مەسچىتكە ئۆشرە ئاشلىق قىلىپ تاپشۇراتتى، سودىگەرلەر ۋە چارۋىچىلار ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 40 دىن بىرىنى مەسچىتكە زاكات قىلاتتى.

1956- يىلى خۇسۇسىي سودا- سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەن ۋە 1958- يىلى خەلق گۇڭشېسى قۇرۇش ئەمەلگە ئاشۇرۇلغاندىن كېيىن، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يەر- زېمىن، چارۋىلىرى گۇڭشېغا تەۋە بولدى. خۇسۇسىي سودا- سانائەتچى ۋە قول سانائەتچى ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىگە قاتناشتى. شۇنىڭ بىلەن دىنىي باج- سېلىق بىكار قىلىندى. كىشىلەرنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قىلغان ئىئانىسى بۇنىڭ سىرتىدا.

**3) ۋەخپە يەر بىكار قىلىندى** ئەينى ۋاقىتتا، ھەر قايسى مەسچىتلەرنىڭ ئازدۇر- كۆپتۇر «ۋەخپە» يېرى بار ئىدى. مەسچىتلەر «ۋەخپە» يەرنى دېھقانلارغا ئىجارىگە بېرىپ، يىغىلغان يەر ئىجارىسىنى مەسچىتكە خىراجەت قىلاتتى. بەزى مەسچىتلەر مەلۇم بىر قىسىم يەرنى ئىماملارغا بەرسە، ئىمام ئۆزى تېرىپ ياكى دېھقانلارغا ئىجارىگە بېرىپ، تۇرمۇش كىرىمى قىلاتتى. شەھەر ئىچىدىكى يېڭى، كونا مەدرىسىنىڭ يېرى ئەڭ كۆپ بولۇپ، جەمئىي 2700 مودىن ئاشاتتى. باشقا چوڭ مەسچىتلەرنىڭ 100 نەچچە مو ياكى بىر قانچە 10 مودىن يېرى، كىچىك مەسچىتلەرنىڭمۇ 20 ~ 30 مودىن يېرى بار ئىدى. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، ۋىلايەت بويىچە مەسچىتلەرنىڭ يېرى جەمئىي 6000 مودىن ئاشىدىكەن.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن يەر ئىسلاھاتى ۋاقتىدا يېڭى، كونا مەدرىسلەرنىڭ بىر قەدەر يىراقتىكى 1000 مو يېرىدىن باشقىسى ئۇيغۇر دېھقانلارنىڭ تەلەپ قىلىشى بىلەن دىنىي زاتلار بىلەن كېڭىشىش ئارقىلىق، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى ھەم غەربىي شىمال بيۇروسى تەستىقلىغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر دېھقانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەندىن باشقا، قالغان مەسچىتلەرنىڭ يېرى، ئۆيى ھەم دۇكانلىرىغا بىردەك تېگىلمىدى. مەسچىت ۋە ئىمام دېھقانلارغا ۋە باشقىلارغا ئىجارىگە بېرىپ، يەر ئىجارىسى ۋە ئۆي ئىجارىسى يىغىپ تۇردى. يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش جەريانىدا يەرنى كوپېراتىپ تېرىپ، مەسچىتكە ئىجارە ھەققى تاپشۇردى. گۇڭشېلاشقاندىن كېيىن بۇ يەرلەر گۇڭشى تەرىپىدىن يىغىۋېلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ تېرىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، يەر ئىجارىسى ئەمەلدىن قالدى. دىنىي زاتلار ئەمگەككە قاتنىشىپ، ھالال ئەمگەك بىلەن ياشاشقا رىغبەتلەندۈرۈلدى. تەسىرى كۈچلۈك دىنىي زاتلارغا ھۆكۈمەت تۇرمۇش ياردەم پۇلى تارقىتىپ بەردى، بەزىلىرىنى سىياسىي جەھەتتىن ئورۇنلاشتۇردى.

**4) شەخسلەرنىڭ دىنىي مەكتەپ ئېچىشى مەنئى قىلىندى** مىنگو دەۋرىدە، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە دىنىي دەرس تەسىس قىلىنغان بولۇپ، تەكلىپ قىلىنغان ئىمام ھەر ھەپتىدە ئوقۇغۇچىلارغا ئىككى سائەت دىنىي دەرس ئۆتەتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن 1950- يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا دىنىي دەرس توختىتىلدى ھەمدە شەخسلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا دىنىي مەكتەپ ئېچىشىغا يول قويۇلمايدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلدى. ياش ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەشكە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلار مەسئۇل بولۇپ، تەشكىللىك، پىلانلىق، رەھبەرلىكى بولغان ھالدا ئېلىپ بېرىلدى.

2. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى ئومۇمىيۈزلۈك، توغرا ئىجرا قىلىندى

دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش — پارتىيىنىڭ دىنىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك ئاساسىي سىياسىتى.

دىندىن پايدىلىنىپ پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش قاتتىق مەنئى قىلىندى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن قۇمۇل ۋىلايىتى پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى توغرا ئىزچىللاشتۇردى، ئىسلام دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەزھەپلەر ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىشىدىغان، ئوخشاش پىكىرلەردە بىرلىككە كېلىپ، ئوخشاشمىغان پىكىرلەردە ئۆز قارىشىنى ساقلاپ قېلىپ، ئۆز ئارا ئىناق ئۆتتى، چوڭ ماجىرا يۈز بەرمىدى.

1957- يىلدىن كېيىن دىنىي خىزمەتتىكى «سولچىل» خاتالىق تەدرىجىي ئەۋج ئالدى، بولۇپمۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا ئېتىقادچى ئامىمىنىڭ نورمال دىنىي پائالىيىتى مەجبۇرىي توختىتىلدى، دىنىي زاتلار خاتا ھالدا «دىكتاتورا ئوبيېكتى» بولۇپ كۆرەش قىلىندى، دىنىي ساھەدە بىر تۈركۈم ناھەق، يالغان، خاتا دېلولار سادىر بولدى.

1978- يىلى ج ك پ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن بىر مەزگىل ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان خرىستىئان دىنى نورمال پائالىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. موڭغۇللار ئېتىقاد قىلىدىغان لاما دىنىمۇ نورمال پائالىيەت ئېلىپ باردى.

بولۇپمۇ 1982- يىلى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى دىنىي مەسىلە توغرىسىدىكى ئۇل قاراش ۋە ئۇل سىياسەت» ى بېسىپ تارقىتىلغاندىن كېيىن، پارتىيىنىڭ دىن توغرىسىدىكى توغرا فاڭجېن ۋە سىياسىتى قۇمۇل ۋىلايىتىدە تەدرىجىي ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلدى.

1980 ~ 1986- يىلىغىچە قۇمۇل ۋىلايىتى پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى يەنىمۇ ئىزچىللاشتۇردى ھەمدە ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنى تۈزەتتى. ئىگىلىۋېلىنغان مەسچىت ۋە چېركاۋلارنى قايتۇرۇپ بەردى. بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان مەسچىت ۋە چېركاۋلار يېڭىدىن سېلىندى ياكى رېمونت قىلىندى، لېكىن تەشۋىقات، تەشكىلات تارماقلىرى ئاساسىي قاتلام كادىرلار ۋە يېزىلاردىكى پارتىيە ئەزالىرىغا بولغان سىياسىي- ئىدىيىۋى تەربىيىنى بوشاشتۇرۇپ قويغانلىقتىن، ئاز سانلىق مىللەت پارتىيە ئەزالىرى پارتىيىدىن چېكىنىشنى تەلەپ قىلىدىغان، دىنىي پائالىيەتكە قاتنىشىدىغان، بىر قىسىم ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى روزا تۇتىدىغان، ناماز ئۆتەيدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلدى.

1986- يىلى ئاپتونوم رايون شىنجاڭ بويىچە دىن خىزمىتى يىغىنى چاقىردى. يىغىندا دىن خىزمىتى كادىرلىرى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھۆججىتىنى ۋە گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى تارقاتقان «پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ھەم ئالاقىدار مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى دوكلات» نى يەنىمۇ ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى. يىغىندىن كېيىن، قۇمۇل ۋىلايىتى مەركەزنىڭ ھۆججىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈردى، ئاساسىي قاتلام كادىرلار ۋە پارتىيە ئەزالىرىغا بولغان ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتتى، پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەشۋىق قىلدى ۋە توغرا ئىزچىللاشتۇردى.

1990- يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىدە 408 مىڭ 926 نوپۇس بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار 87 مىڭ 500، ئىسلام دىنى ئېتىقادچىلىرى 85 مىڭ 849، خرىستىئان دىنى مۇرىتى 881، لاما دىنى مۇرىتى 770.

3. سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش

1) ئىسلام دىنى 1965- يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىدە 255 مەسچىت بار بولۇپ، بۇنىڭدىن «مەدەنىيەت زور

ئىنقىلابى» دا 32 مەسچىت چېقىۋېتىلدى، 25 مەسچىت ئىگىلىۋېلىندى، 17 مەسچىت يېچەتلەندى، سەككىز مەسچىت ئۆز رولىنى يوقاتتى. 1978-يىلى ج ك پ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، چېقىۋېتىلگەن، ئىگىلىۋېلىنغان مەسچىتلەر مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىندى، ئىگىلىۋېلىنغان مەسچىتلەر قايتۇرۇلدى؛ 1985 ~ 1987-يىللىرىچە ھۆكۈمەت 275 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ، چېقىۋېتىلگەن مەسچىتلەرنى يېڭىدىن سالدى ۋە رېمونت قىلدى. 1982 ~ 1989-يىللىرىچە ھۆكۈمەت 130 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ، قۇمۇل شەھىرى بويىچە تارىخى ئەڭ ئۇزۇن شەھەر ئىچى جۈمە مەسچىتى ۋە ھېيتگاھ مەسچىتىنى رېمونت قىلدى؛ سۇجۇ مەسچىتىگە تەۋە 28 ئېغىز ئۆي، 38 تۈپ دەرەخنى ھۆكۈمەت ۋە شەخسلەر ئىگىلىۋالغانلىقتىن، ئۇنىڭغا 9160 يۈەن تۆلەم بېرىلدى. 1965-يىلى ئەنشى مەسچىتىنىڭ 169 ئېغىز ئۆيى ۋە دۇكىنى مۇسادىرە قىلىنغان ئىدى، سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرگەندە 115 ئېغىز ئۆي قايتۇرۇپ بېرىلدى، چېقىۋېتىلگەن 54 ئېغىز ئۆيگە 9775 يۈەن تۆلەم بېرىلدى؛ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا، قۇمۇل شەھىرىدىكى لىنمىڭتاڭنىڭ «سەككىز بۇرجەكلىك راۋاق» ى بۇزۇۋېتىلگەن، ئۆيلىرى مۇسادىرە قىلىنغان ئىدى، 1982-يىلى قايتۇرۇپ بېرىلدى، 1987-يىلى 25 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىلىپ، «سەككىز بۇرجەكلىك راۋاق» قايتا ياسالدى.

1958 ~ 1959-يىللىرىچە ۋىلايەت بويىچە 24 دىنىي زات خاتا بىر تەرەپ قىلىندى (قۇمۇل ناھىيىسىدىكى ئابدۇۋاھىت ھاجى، باركۆل ناھىيىسىدىكى سۇلايمان داموللامۇ بۇنىڭ ئىچىدە). «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا تارتىپ چىقىرىپ كۆرەش قىلىنغان دىنىي زات 35 (قۇمۇل ناھىيىسىدە 12، باركۆل ئاپتونوم ناھىيىسىدە 22، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە بىر). 1978-يىلدىن كېيىنكى سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەريانىدا ئۇلار ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، مۇسادىرە قىلىنغان مال-مۈلكى پۈتۈنلەي قايتۇرۇپ بېرىلدى.

2) خرىستىئان دىنى قۇمۇل ناھىيىسىدە ئەسلىدە ئىككى ئورۇندا خرىستىئان دىنى چېركاۋى، ئۈچ ئورۇندا ئۆي-جايى (39 ئېغىز ئۆيى) بولۇپ، بۇلار ھۆكۈمەت ۋە شەخسلەر تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنغان ئىدى. سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋاقتىدا بىر قىسمى قايتۇرۇپ بېرىلدى، قالغىنىغا ھۆكۈمەت 15 مىڭ يۈەن پۇل، زېمىن ھەققىگە 6000 يۈەن تۆلەم بەردى، بىر چېركاۋ سېلىپ بەردى.

4. ياش ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت شەخسلەرنىڭ دىنىي مەكتەپ ئېچىشىنى چەكلىدى. لېكىن، ئەمەلىيەتتە شەخسلەرنىڭ دىنىي مەكتەپ ئېچىشى توختىمىدى، بەزىلەر دېھقانچىلىقنىڭ بوش ۋاقىتلىرىدا ئېچىپ، ئالدىراش ۋاقتىدا توختىتىپ قويدى، بەزىلەر قىشلىق، يازلىق تەتىلدە ئېچىپ، ئوقۇش باشلىنىشىدا توختىتىپ قويدى، يەنە بەزىلەر مەكتەپ باللىرىنى يىغىپ، مولاملىدا ئوقۇتتى، بۇلار مەكتەپ ئوقۇتۇش خىزمىتىنىڭ نورمال تەرتىپىگە زور دەرىجىدە توسالغۇ بولدى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت يۇقىرىقىدەك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ياش ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ياش ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش پارتىيىنىڭ مۇھىم بىر دىنىي سىياسىتى. 1980-يىلدىن بۇيان مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مىللەت، دىن ئىشلىرى باشقارمىسى 60 نەچچە ئىمامنى ئۈرۈمچى، سانجى، قەشقەر ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلاردىكى ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرى ئاچقان كۇرسلاردا ئوقۇشقا ئەۋەتتى. 1983-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ قارار قىلىشى بىلەن، دائىمىي ھەيئەتتىن يۇقىرى ۋەزىپىدىكى دىنىي زاتلار ئىككىدىن ئوچكىچە تالىپ تەربىيىلەيدىغان بولدى. قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ ئىككى دائىمىي ھەيئىتى سەدۇللا ھاجى، جاپپار موللا ئالتە تالىپ تەربىيىلىدى.

1984-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەكتەپ ياش ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى ئاچتى،

قۇمۇلدىن ئىككى ئۇيغۇر، بىر خۇيزۇ دىنىي زات ئۆگىنىشكە قاتناشتى.

1988- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغاندا، قۇمۇل ۋىلايىتىدىن 80 نەچچە كىشى تىزىمغا ئالدۇردى، 22 كىشى ئۇرۇمچىدە يۇزتۇرانە ئىمتىھان بېرىپ، 10 ى قوبۇل قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە، قۇمۇل شەھىرىدىن ئالتە (ئۇيغۇر)، باركۆلدىن ئىككى (قازاق)، بىگتۇمن قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىن ئىككى. ئوقۇش مۇددىتى بەش يىل. شۇ يىلى بەش ئىمام ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىدا بىلىم ئاشۇرۇشقا چىقىرىلدى.

1990- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ھۆججىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، قۇمۇل شەھىرىدە ئۇيغۇر، خۇيزۇلار ئۈچۈن ئىككى دىن ئۆگىتىش نۇقتىسى، باركۆل ناھىيىسىدە قازاقلار ئۈچۈن بىر ئۆگىتىش نۇقتىسى ئېچىپ بېرىلدى. بۇ ئۈچ نۇقتىدا 1991- يىلى ئوقۇش باشلىنىپ، 46 تالىپ تەربىيىلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 24، خۇيزۇ سەككىز، قازاق 14، ئوقۇش مۇددىتى ئىككى يىل. ئوقۇتۇش مەزمۇنى دىنىي دەرس ۋە سىياسەت، قانۇن دەرسى بولۇپ، دىنىي دەرس ئاساس قىلىندى.

5. دىن ئىشلىرىغا بولغان رەھبەرلىك ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش

1988- يىلى 11- ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق قائىدىسى» نى ئېلان قىلدى. ۋىلايەتلىك بىرلىكتە، دىن خىزمىتى تارماقلىرى ھەم ناھىيە، شەھەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ دىن خىزمىتى تارماقلىرى دىنىي پائالىيەتكە بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، قانۇنغا خىلاپ پائالىيەتلەرنى چەكلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنى، خرىستىئان دىنى، لاما دىنى پائالىيەتلىرى ئاساسىي قانۇن، قانۇن- پەرمان ۋە سىياسەت يول قويغان دائىرىدە ئېلىپ بېرىلدى.

1990- يىلى 8- ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق 7- نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 96- قېتىملىق دائىمىي يىغىنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىنىي پائالىيەتلەرنى باشقۇرۇش ھەققىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىنىي كەسپدارلارنى باشقۇرۇش ھەققىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» نى ماقۇللىدى. قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ناھىيە، شەھەرلەر خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ھەر قايسى رايون، يېزىلارغا بېرىپ، تەشۋىقات ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، 335 دىنىي زاتنى ئىككى «ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» نى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى. ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە يېزىقلاردا بېسىلغان ئىككى «ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» دىن 650 نۇسخىنى تۆۋەنگە تارقاتتى، 450 پارچىنى چاپلىدى. باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى ئىككى «ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» نى قازاق يېزىقىدا بېسىپ تارقاتتى. بەزى مەسچىتلەردە نامازدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ، «ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» لەر ئۆگىنىلدى ۋە تەشۋىق قىلىندى.

1) دىنىي پائالىيەتلەرنى باشقۇرۇش «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىنىي پائالىيەتلەرنى باشقۇرۇش ھەققىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» دە، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ دىنىي ئادەت بويىچە، دىنىي پائالىيەت سورۇنى ئىچىدە ھەمدە ئۆز ئۆيلىرىدە ئېلىپ بارغان بارلىق نورمال دىنىي پائالىيەتلىرى، مەسىلەن، قۇرئان ئوقۇش، تەپسىر ئېيتىش، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، دۇئا قىلىش، ئىسرىق سېلىش، بۇتقا باش قويۇش، مىسا قىلىش، دىنىي ھېيت- بايرام ئۆتكۈزۈش قاتارلىق پائالىيەتلىرى قانۇن بويىچە قوغدىلىدۇ، ھەر قانداق كىشىنىڭ ئۇنىڭغا ئارىلىشىشىغا يول قويۇلمايدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

«ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» لەرنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما قايسىلارنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەت، قايسىلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ پائالىيەت ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدى. شەخسلەر ئاچقان 15 ئورۇندىكى دىنىي كۇرس ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، 322 تالىپ تارقىتىۋېتىلدى. ئىشان مەزھىپىدىكىلەرنىڭ «زىكىر» ئوقۇش پائالىيىتى چەكلەندى. چەت ئەلدىن كىرگۈزۈلگەن بىر تۈركۈم قانۇنسىز نەشر ۋە ئۈنئالغۇ بۇيۇملىرى ئېنىقلاپ چىقىلدى.

پىنسىيىگە چىققان پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ دىنىي پائالىيەتكە قاتنىشىش مەسىلىسى تۈزىتىلدى، رايون ئالاپ دىن تارقىتىدىغان قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەر چەكلەندى. مەسچىتلەرگە ئورنىتىلغان يۇقىرى ئاۋازلىق كانايلار ئېلىپ تاشلاندى.

**2) دىنىي كەسپدارلارنى باشقۇرۇش** «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىنىي كەسپدارلارنى باشقۇرۇش ھەققىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» دە، دىنىي كەسپدارلار ئىمام (ئاخۇنۇم)، خەتىپلەر، بۇددا دىنى (لاما دىنى) دىكى راھىب، لاما، گىگەنلەر؛ خرىستىئان دىنىدىكى دىياكون، پىرىس بىپىتروس، مىسسىئونىرلار؛ كاتولىك دىنىدىكى دىياكون، پوپلار شۇنىڭدەك يۇقىرىدا دېيىلگەن دىنلاردىكى دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئاساسىي كەسىپ قىلغان باشقا خادىملار، دەپ بەلگىلەندى.

«ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» نى تۈگىنىش ئارقىلىق، دىنىي كەسپدارلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىا، دىنىي كەسپدارلار ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلەر، ئۆتەيدىغان رەسمىيەتلەرنى، مەسئۇلىيىتىنى، ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك قائىدىلەرنى ۋە مۇكاپاتلاش، جازالاش قائىدىلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدى.

**3) باشقۇرغۇچى ئاپپاراتلار** ئىككى «ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» نى تەشۋىق قىلغان ۋە ئىزچىللاشتۇرغاندىن كېيىن، قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ناھىيە ۋە شەھەرلەر دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئامما توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان يېزىلاردا دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش كومىتېتى، كەنتلەردە باشقۇرۇش گۇرۇپپىلىرىنى قۇردى، مەسچىت ۋە چېركاۋلاردا مەسچىت (چېركاۋلار) لارنى باشقۇرۇش كومىتېتى تەسىس قىلىندى. بەزى يېزىلار مەخسۇس بىرلىكسەپ خىزمىتى ۋە دىن خىزمەتلىرىنى باشقۇرىدىغان مەخسۇس كادىر سەپلىدى.

ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 256 دىنىي پائالىيەت سورۇنىنى باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىسلام دىنىنىڭ 242، خرىستىئان دىنىنىڭ 13، لاما دىنىنىڭ بىر؛ كومىتېت ئەزالىرى 698 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىسلام دىنىنىڭ 664، خرىستىئان دىنىنىڭ 31، لاما دىنىنىڭ ئۈچ.

**4) دىنىي كەسپدارلارنى تەكشۈرۈش ۋە باھالاش** 1990- يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئىمامدىن يۇقىرى دىنىي زاتلارنىڭ ھەممىسى تەكشۈرۈپ چىقىلدى ھەم ئارخىپى تۇرغۇزۇلدى.

تەكشۈرۈش ئاغزاكى ۋە يېزىق ئىمتىھان شەكلى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلدى. ۋىلايەت بويىچە ئىمتىھانغا قاتنىشىشقا تېگىشلىك 410 خادىمدىن 311 ى ئىمتىھانغا قاتناشتى. بۇلاردىن 254 ى لاياقەتلىك بولدى، 57 سى لاياقەتسىز بولدى. ناھىيە، شەھەرلىك مىللەت، دىن ئىشلىرى ئىدارىلىرى لاياقەتلىك بولغانلارغا «لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى» تارقاتتى.

1990- يىلىنىڭ ئاخىرى «بەشتە ياخشى» (پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىگە بويسۇنۇش، پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، خىزمەتتە، مالىيىلىشتا ياخشى؛ سىياسەت، قانۇنلارغا رىئايە قىلىش، باشلامچىلىق بىلەن ئىجرا قىلىشتا ياخشى؛ دىنىي پائالىيەت سورۇنىنىڭ تىنچلىقىنى قوغداش، چەتنىڭ سىڭىپ كىرىشىنى چەكلەش، ئۆزى نەمۇنە بولۇشتا ياخشى؛ دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىغا ھۆرمەت قىلىش، ھەر قايسى دىنلار، مەزھەپلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتە ياخشى؛ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا ئاكتىپ قاتنىشىش، جامائەت پاراۋانلىقى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش، ئۆزىنى بېقىش ئىشىنى قوللاشتا ياخشى) دىنىي زاتلارنى، «بەشتە ياخشى» (ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ياخشى؛ قانۇنغا بويسۇنۇش، سىياسەتنى ئىجرا قىلىشتا ياخشى؛ قائىدە- تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دېموكراتىك باشقۇرۇشتا ياخشى؛ كۆچەت تىكىپ، گۈل تېرىپ، مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈشتە ياخشى؛ جامائەت پاراۋانلىق ئىشلىرىنى يولغا قويۇپ، ئۆزىنى بېقىشتا ياخشى) مەسچىت، چېركاۋلار باھالاپ سىلىشتۇرۇلۇپ، 36 «بەشتە ياخشى» دىنىي زات، 13 «بەشتە ياخشى» دىنىي پائالىيەت سورۇنى باھالاپ چىقىلدى، بىر كىشى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن تەقدىرلەندى.

# دیهقانهچیلیق

## بەشىنچى قىسىم

# دېھقانچىلىق

## I باب

## ئاپپاراتلارنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى

### §1. مەمۇرىي باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى

مىنگو دەۋرىنىڭ باشلىرىدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۈزۈمى داۋاملاشتى، ناھىيىلەردە كاتىبات- پۈتۈكچىلىك، مۇلازىم، قول- چۆرىلىكتىن ئىبارەت ئۈچ بەنزە، ئەمەلدار، نوپۇس، قائىدە- يوسۇن، ھەربىي ئىشلار، تۈرمە، ھۈنەر- كەسىپتىن ئىبارەت ئالتە بۆلۈم تەسىس قىلىندى. يېزا ئىگىلىكى نوپۇس بۆلۈمىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. ھەر قايسى كەنتلەرگە بىردىن دېھقان بېشى سەپلەندى، شاگيومۇ قويۇلدى.

مىنگونىڭ 24- يىلى (1935- يىلى) ناھىيىلەردە قۇرۇلۇش بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ، دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق، سۇچىلىق، سانائەت- قاتناش، قاتناش- ترانسپورت ئىشلىرىنى باشقۇردى. دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق كەسپىنىڭ قارمىقىدا دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق مەيدانى، مال دوختۇرخانا، ئورمانچىلىق پونكىتى، چارۋىلارنى ئۆزۈقلاندۇرۇش پونكىتى قاتارلىق ئورگانلار بولدى. ناھىيىلەردە يېزا ئىگىلىك ئورنى تەسىس قىلىندى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇش ھارپىسىدا قومۇل شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ 9- رايون مەمۇرىي تەپتىش ۋالىي مەھكىمىسى بولۇپ، قۇرۇلۇش باشقارمىسى يېزا ئىگىلىكىنى باشقۇردى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن 1950- يىل 6- ئايدا قومۇل ۋالىي مەھكىمىسىدە قۇرۇلۇش بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، چارۋىچىلىق، سانائەت- قاتناش، پوچتا- تېلېگراف، ھاۋارايى، شەھەر قۇرۇلۇشى قاتارلىق ساھەلەرنى باشقۇردى.

1956- يىل 12- ئاينىڭ 20- كۈنى قۇرۇلۇش بۆلۈمى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق ۋە سۇچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇردى.

1960- يىل 2- ئايدا دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق بۆلۈمى ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق ئىدارىسى، ئورمانچىلىق ئىدارىسى ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن ئىبارەت ئۈچ ئىدارىگە ئايرىلدى.

دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق ئىدارىسى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى مەخسۇس باشقۇردى، قارمىقىدا ئىشخانا، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمى، ئۇرۇقچىلىق بۆلۈمى، ماشىنا- سايمانلار بۆلۈمى، مەيدانلارنى باشقۇرۇش بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى، ئالاھىدە مەھسۇلاتلار بۆلۈمى، چارۋا - مال دوختۇرلۇق بۆلۈمى قاتارلىق يەتتە بۆلۈم، بىر ئىشخانا تەسىس قىلىندى.

1962- يىلى ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاشتا، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى بىلەن ئورمانچىلىق ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق ئىدارىسى دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى، يېزا ئىگىلىك ماشىنا- سايمانلىرىنى ۋە ئورمانچىلىق ئىشلىرىنى دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق ئىدارىسى قوشۇمچە باشقۇردى، ئىدارە قارمىقىدىكى بۆلۈم، ئىشخانىلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى، قارمىقىدا دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىنىپ، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، سۇچىلىق خىزمەتلىرىنى باشقۇردى.

1974- يىلى ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ ھەر قايسى گۇرۇپپىلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق ئىدارىسى قۇرۇلدى.

1979- يىل 10- ئاينىڭ 6- كۈنى دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق ئىدارىسى دېھقانچىلىق- ئورمانچىلىق ئىدارىسى بىلەن چارۋىچىلىق ئىدارىسىگە ئايرىلدى.

1984- يىل 1- ئايدا دېھقانچىلىق- ئورمانچىلىق ئىدارىسى دېھقانچىلىق- ئورمانچىلىق باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

1984- يىل 1- ئايدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى، يېزا- بازار كارخانىلىرى ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، كەسپىي ئىشلىرى دېھقانچىلىق- ئورمانچىلىق باشقارمىسىغا قوشۇۋېتىلدى. قارمىقىدا يېزا ئىگىلىك بۆلۈمى، ئورمانچىلىق بۆلۈمى، يەر باشقۇرۇش بۆلۈمى، تىجارەت بۆلۈمى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بۆلۈمى، يېزا- بازار كارخانىلىرى بۆلۈمى ۋە ئىشخانا تەسىس قىلىندى.

1986- يىلى يېزا- بازار كارخانىلىرى بۆلۈمى ئايرىپ چىقىلىپ، يېزا- بازار كارخانىلىرى باشقارمىسى قۇرۇلدى.

1990- يىل 5- ئايدا ئورمانچىلىق ئايرىۋېتىلىپ، ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق باشقارمىسى قۇرۇلدى.

## §2. كارخانا- كەسپىي ئاپپاراتلىرى

مىنگو دەۋرىدە قۇمۇل مەمۇرىي رايونىدا بىر دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق مەيدانى بىلەن ئورمانچىلىق پونكىتى تەسىس قىلىندى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، بىر قىسىم يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش، پەن تەتقىقات، ئومۇملاشتۇرۇش، ئوقۇتۇش قاتارلىق مۇناسىپ ئاپپاراتلار قۇرۇلدى.

1. ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى

1955- يىلى ۋىلايەتتىكى ئۈچ ناھىيىدە دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى قۇرۇلدى. 1978- يىلى، ھەر قايسى گۇڭشېلاردا دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتلىرى ياكى دېھقانچىلىق پەن- تېخنىكا پونكىتلىرى قۇرۇلدى.

**2. قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقات ئورنى**

1958- يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ئىلمىي تەتقىقات ئورنى قۇرۇلدى. 1962- يىلى يېزا ئىگىلىك ئىلمىي تەتقىقات ئورنى مال دوختۇرخانا بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، نامى يەنىلا يېزا ئىگىلىك ئىلمىي تەتقىقات ئورنى دەپ ئاتالدى. 1975- يىلى يېزا ئىگىلىك ئىلمىي تەتقىقات ئورنى بىلەن مال دوختۇرخانا يەنە ئايرىلدى. 1979- يىلى يېزا ئىگىلىك ئىلمىي تەتقىقات ئورنىدىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەر 33 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە پەن- تېخنىكا كادىرى 19، ئىشچى توققۇز، مەمۇرىي ئارقا سەپ خادىمى بەش بولۇپ، 92 مو تەجرىبە يېرى بار ئىدى. 1984- يىل 11- ئايدا ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكىلىرىنى كېڭەيتىش مەركىزىگە قوشۇۋېتىلدى.

**3. قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئۇرۇقچىلىق پونكىتى، ۋىلايەتلىك ئۇرۇقچىلىق شىركىتى**

1958- يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئۇرۇقچىلىق پونكىتى قۇرۇلدى، ئاساسىي ۋەزىپىسى تۈرلۈك دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى كىرگۈزۈش، يېتىشتۈرۈش، كۆپەيتىش ۋە يېڭى سورتلارنى تەكشۈرۈش بولدى. ئۇرۇقچىلىق پونكىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بولمىغاچقا، سورت يېتىشتۈرۈش توختاپ ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگە ھاۋالە قىلىندى. ئۇرۇقچىلىق پونكىتى بىر مەزگىل ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، 1973- يىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، 1979- يىل 9- ئايدا نامى ۋىلايەتلىك ئۇرۇقچىلىق شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى. بۇ شىركەتتىكى ئالتە كادىرنىڭ ھەممىسى تېخنىكا كادىرىدىن تەركىب تاپتى.

**4. قۇمۇل يېزا ئىگىلىك مەكتىپى**

1959- يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قۇمۇل يېزا ئىگىلىك تېخنىكا مەكتىپى قۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايون بىلەن قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ قوش رەھبەرلىكىدە بولدى. پراكتىكا مەيدانى ئۈچۈن 300 مو بوز يەر ئاجرىتىلدى، 44 ئوقۇتقۇچى، ئىشچى- خىزمەتچى يۆتكەپ كېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي ئوقۇتقۇچى 24 (مىللىي ئوقۇتقۇچى 10). 1962- يىل 6- ئايدا قۇمۇل يېزا ئىگىلىك مەكتىپى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1978- يىل 9- ئاينىڭ 1- كۈنى قۇمۇل يېزا ئىگىلىك مەكتىپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، پراكتىكا مەيدانىنىڭ تەجرىبە ئېتىزى ئۈچۈن ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق مەيدانىدىن 200 مو يەر ئاجرىتىپ بېرىلدى. 1979- يىل 11- ئاينىڭ 15- كۈنى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ رەسمىي دەرس باشلىندى.

**5. قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئۆسۈملۈك ئاسراش پونكىتى**

1978- يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئۆسۈملۈك ئاسراش پونكىتى قۇرۇلدى. سەككىز ئىشچى - خىزمەتچى سەپلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالتىسى تېخنىكا خادىم. 1984- يىل 11- ئايدا قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىگە قوشۇۋېتىلدى.

**6. تۇپراق- ئوغۇتچىلىق پونكىتى**

1980- يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك تۇپراق- ئوغۇتچىلىق پونكىتى قۇرۇلدى. 1984- يىل 11- ئايدا ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىگە قوشۇۋېتىلدى.

**7. ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكىلىرىنى كېڭەيتىش مەركىزى**

1984- يىل 11- ئايدا ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ئىلمىي تەتقىقات ئورنى، ئۆسۈملۈك ئاسراش پونكىتى ۋە تۇپراق-

ئوغۇتچىلىق پونكىتىدىن ئىبارەت ئۈچ ئورۇن بىرلەشتۈرۈلگەن ئاساستا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزى قۇرۇلۇپ، ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇن بولدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا ئىشخانا، ئۇسۇملۇك ئاسراش بۆلۈمى، تۇپراق- ئوغۇتچىلىق بۆلۈمى، زىرائەتچىلىك بۆلۈمى ۋە باغۇەنچىلىك بۆلۈمى قاتارلىق ئىشخانا، بۆلۈملەر تەسىس قىلىنىپ، يېزا ئىگىلىك تېخنىكىلىرىنى كېڭەيتىش، قوللىنىش ۋە يېڭى تېخنىكىلارنى ئېچىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى.

**8. قۇمۇل ۋىلايەتلىك قوغۇن- تاۋۇز ئىشلەپچىقىرىش، سېتىشنى ماسلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گورۇپپىسى**

1984- يىلى يەرلىك بىلەن شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئورتاق تەشكىللىشى ئارقىلىق قۇمۇل ۋىلايەتلىك قوغۇن- تاۋۇز ئىشلەپچىقىرىش، سېتىشنى ماسلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گورۇپپىسى قۇرۇلدى، رەھبەرلىك گورۇپپىسىنىڭ قارمىقىدا ئىشخانا (قىسقارتىلىپ قوغۇنچىلىق ئىشخانىسى دەپ ئاتالدى) تەسىس قىلىندى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ دېھقانچىلىق- ئورمانچىلىق باشقارمىسىغا چېتىپ قويۇلدى، تۆت مەخسۇس كادىر سەپلىنىپ، تاۋۇز- قوغۇن ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش ۋە سۈپىتىنى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولدى.

**9. قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئۈزۈم سورتىنىڭ ئانا تىپ باغچىسى**

1984- يىل 4- ئايدا قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئۈزۈم سورتىنىڭ ئانا تىپ باغچىسى قۇرۇلدى. يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتىنىڭ 260 مو قوشۇمچە كەسىپ يېرى ئاجرىتىپ بېرىلدى. ئىككى كادىر، ئۈچ ئىشچى سەپلەپ بېرىلىپ، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ دېھقانچىلىق- ئورمانچىلىق باشقارمىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە قاراشلىق ئورۇن قىلىندى.

**10. ۋىلايەتلىك ساپ سورت يېتىشتۈرۈش مەيدانى**

1982- يىل 10- ئايدا مەمۇرىي مەھكىمە دېھقانچىلىق- ئورمانچىلىق باشقارمىسىغا قاراشلىق قۇمۇل ۋىلايەتلىك ساپ سورت يېتىشتۈرۈش مەيدانى قۇرۇلدى. بۇ مەيدان ئەسلىدىكى يېزا ئىگىلىك ئىلمىي تەتقىقات ئورنى بىلەن سۇچىلىق ئىدارىسىنىڭ تەجرىبە مەيدانى ئاساسىدا قۇرۇلغان بولۇپ، 480 مو تېرىلغۇ يېرى بار ئىدى.

1990- يىلى ئىشچى - خىزمەتچىسى يەتتىگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تېخنىك خادىم ئىككى (ياردەمچى ئاگرونوم بىر، تېخنىك بىر ).

**11. قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى**

1976- يىل 5- ئاينىڭ 13- كۈنى قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى قۇرۇلدى. تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلدى. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش مۇددىتى ئۈچ يىل، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش مۇددىتى ئىككى يىل بولدى. 1978- يىل 9- ئايدا تورپان يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى بۇ مەكتەپكە قوشۇۋېتىلىپ، نامى قۇمۇل يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلدى.

**12. قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش شىركىتى**

1964- يىل 1- ئاينىڭ 30- كۈنى قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش شىركىتى قۇرۇلدى. 1990- يىلى ئىشچى- خىزمەتچىسى 76 گە يەتتى.

13. قۇمۇل ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق ماشىنا- سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش، سەپلەش زاۋۇتى

1958- يىل 3- ئايدا قۇمۇل ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق ماشىنا- سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش، سەپلەش زاۋۇتى قۇرۇلدى. 1960- يىل 5- ئاينىڭ 3- كۈنى نامى ئۈچ دەرىجىلىك ئاممىباب ماشىنسازلىق زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1964- يىل، قۇمۇل ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق سايمانلىرى- تراكتور رېمونت قىلىش- سەپلەش زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1975- يىل 3- ئاينىڭ 4- كۈنى قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1984- يىل 3- ئاينىڭ 28- كۈنى قۇمۇل ۋىلايەتلىك يۈك توقۇمىچىلىق زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى.

14. قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ئورنى

1983- يىل 9- ئاينىڭ 14- كۈنى قۇرۇلدى يەتتە كادىرى بولۇپ، مەمۇرىي مەھكىمە دېھقانچىلىق- ئورمانچىلىق باشقارمىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى.

15. قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا ھەمكارلىق ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش مەركىزىي پونكىتى

1985- يىلى قۇرۇلدى، ئەسلىدىكى دېھقانچىلىق- ئورمانچىلىق باشقارمىسى يېزا ئىقتىسادىي بۆلۈمىنىڭ ئالتە خادىمىنىڭ ھەممىسى بۇ ئورۇنغا ئايرىپ بېرىلدى، يەنىلا دېھقانچىلىق- ئورمانچىلىق باشقارمىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى.

16. مەركىزىي يېزا ئىگىلىك رادىئو مەكتىپىنىڭ قۇمۇل شۆبىسى

1984- يىلى قۇرۇلدى بىر مەخسۇس خادىم سەپلىنىپ، مەمۇرىي مەھكىمە دېھقانچىلىق- ئورمانچىلىق باشقارمىسىغا چېتىپ قويۇلدى.

17. قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئېنېرگىيە ئىشخانىسى

1984- يىلى قۇرۇلدى، بىر مەخسۇس خادىم سەپلەندى، مەمۇرىي مەھكىمە دېھقانچىلىق- ئورمانچىلىق باشقارمىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى.

# II باب

# ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تۈزۈلمە ئىسلاھاتى

## §1. يەرلەرگە بولغان فېئوداللىق خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ۋىلايەت يېزىلىرىدا يەرلەرگە خۇسۇسىيلار ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان

فېئوداللىق تۈزۈم يۈرگۈزۈلدى، يېزا نوپۇسىنىڭ 7% ~ 8% نى ئىگىلەيدىغان پومېشچىك، باي دېھقانلار ۋىلايەتنىڭ 40% ئەتراپىدىكى سۇيى مول، مۇنبەت يەرلەرنى ئىگىلىۋالدى. پومېشچىك، باي دېھقانلار قول ئىلكىدىكى يەر ۋە باشقا ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ، يېرى يوق ۋە يېرى ئاز نامرات دېھقانلارنى دەھشەتلىك ئېكسپلاتاتسىيە قىلدى.

1. يەرنى ئىجارىگە بېرىش ئېكسپلاتاتسىيىسى

1) ئورتاقچىلىق ئورتاقچىلىق ۋىلايەتنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئومۇميۈزلۈك يۈرگۈزۈلدى. ئورتاقچىلىقنىڭ شەكلى كۆپ خىل، نامى ھەر خىل بولۇپ، جايلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى ۋە مەھسۇلات ئەھۋالىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ پەرقلەندى.

يېرى كۆپرەك، ئېرىق سۇيى ئارقىلىق سۇغىرىلىدىغان، ئەمگەك كۈچى ئاز ۋە ئاھالىسى شالاڭ جايلاردا، ئىجارىگە بەرگۈچى يەردىن باشقا ئۇرۇق، ئات- ئۇلاغ، دېھقانچىلىق سايمانلىرى قاتارلىقلارنىمۇ بېرىدۇ. ئىجارىگە ئالغۇچى يەرگە سەرپ قىلىنىدىغان بارلىق ئەمگەكلەرگە ۋە ئورتاق يەرگە چىچىلىدىغان ھەممە ئالۋان- ياساقنى ئۈستىگە ئالىدۇ. يەردىن چىققان ھوسۇلدىن يەر بېجى تۇتۇپ قېلىنىپ، ئەتىيازدا بەرگەن ئۇرۇقنى قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن، قالغان ھوسۇلنى ئىجارىگە بەرگۈچى بىلەن ئىجارىگە ئالغۇچى تەڭ بۆلۈشىدۇ، مەھسۇلاتنىڭ 7:3 ئۈلۈشى ياكى 6:4 ئۈلۈشى بويىچە بۆلۈشۈۋالىدىغانلارمۇ بار. بۇ خىل ئۇسۇل كۆپىنچە باركۆل ناھىيىسىنىڭ شىرنزا، كۆيسۇ، خۇايۇەن يېزىلىرىدا ۋە ئاھالىسى زىچ، يېرى ئازراق بولغان قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ تاشۋېلىق، شۇنداقلا كارىز سۇيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان شەھەر ئىچى، شەھەر ئەتراپى، ئاستانە قاتارلىق جايلاردا قوللىنىلدى.

ئىجارىگە بەرگۈچى يەرنى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرىنىڭ يېرىمىنى چىقىرىپ، مەھسۇلاتنى تەڭ بۆلۈشىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدى. ئىجارىكەشلەرنىڭ كۆپىنچىسى يىللىق تاپاۋىتى بىلەن جېنىنى بېقىپ كېتەلمىگەچكە، دېھقانچىلىقنىڭ بوش ۋاقىتلىرىدا قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش، پارچە- پۇرات ئىش تېپىپ قىلىش ئارقىلىق تۇرمۇشىنى قامدىدى. قۇمۇل ناھىيىسى شەھەر ئىچى يېزىسىدىكى ئىجارىكەش ياچى دېھقان ما جۇگېنىڭ 21 مو بۇغداي يېرىنى ئورتاق تېرىپ، 13.5 دادەن بۇغداي ئالغان، 2.1 دادەن ئۇرۇقنى چىقىرىۋېتىپ ئىككى تەرەپ 5.7 دادەندىن بۇغداي بۆلۈشكەن؛ تۆت مو يۇرچاقنى ئورتاق تېرىپ، 2.15 دادەندىن يۇرچاق بۆلۈشكەن، ئۈچ مو قوناقنى ئورتاق تېرىپ، سەككىز كۈردىن قوناق بۆلۈشكەن، سەككىز جانلىق بۇ ئائىلىگە يىلىغا يېمەكلىك ئۈچۈنلا 12.2 دادەن ئاشلىق كېتىدىغان بولغاچقا، يېتىشمىگەن قىسمىنى ئۇتۇنچىلىق قىلىش، پارچە- پۇرات ئىش قىلىش ئارقىلىق تولۇقلىغان.

ئورتاقچىلىق كۆپىنچە پومېشچىك، باي دېھقان، ئاز يېرىنى ئىجارىگە بەرگۈچى، ئاز يېرىنى تىجارەت قىلغۇچىلار بىلەن كەمبەغەل دېھقان، ياللانما دېھقان، ئىجارىكەش ئوتتۇرا دېھقان ۋە ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرى كەمچىل، يېرى ئاز ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا بولىدى. ئايرىم ھاللاردا كەمبەغەل دېھقانلار بىلەن ئوتتۇرا دېھقانلار ئارا ۋە ئاتا- بالا، ئاكا- ئۇكىلار ئوتتۇرىسىدىمۇ بولدى. ئەمما بۇنداق ئورتاقچىلىق ھەمكارلىق خاراكتېرىنى ئالدى.

2) مۇقىم ئىجارە (ئۆلۈك ئىجارە) بۇ ۋىلايەت بويىچە ئومۇملاشقان ئېكسپلاتاتسىيە شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى، يەر ئىجارىسى مۇقىم بولىدۇ، مەھسۇلاتنىڭ ئاز- كۆپلۈكى سەۋەبىدىن ئۆزگەرتىلمەيدۇ، ئىجارىگە بەرگۈچى پەقەت يەرنىلا بېرىدۇ (كارىز يەرلىرىدە سۇيى بىلەن قوشۇپ ئىجارىگە بېرىلىدۇ)، ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ۋە ئادەم كۈچى، سەرپىيات، يەر بېجى، ئالۋان- ياساق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئىجارىگە ئالغۇچى ئۈستىگە ئالىدۇ، ئىجارە ھەققى تۇپراقنىڭ سۈپىتى، سۇ مەنبەسىگە قاراپ بېكىتىلىدۇ. ئىجارە ھەققى ئەڭ كۆپ بولغاندا

ھەر مو يەر ئۈچۈن 7 ~ 8 كۈرە ئەتراپىدا بولىدۇ، ھەتتا بىر دادەندىن توغرا كەلتۈرىدىغانلىرىمۇ بولىدۇ. ئادەتتە كۆكتاتچىلىق، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان يەرلەرنىڭ ھەر موسىغا ئىككى كۈرە ئەتراپىدا، يۇقىرى بولغاندا 3 ~ 4 كۈرە، ئاز بولغاندا بىر كۈرە ئەتراپىدا بولىدۇ، ئەچچە شىگدىن توغرا كەلتۈرىدىغانلىرىمۇ بولىدۇ، ئەمما ئادەتتە ھەر مو يەردىن پەقەت 6 ~ 7 كۈرە ئاشلىق چىقىدۇ، مەھسۇلات ناچار بولغان يىللىرى ئاران 3 ~ 4 كۈرە ئاشلىق ئالغىلى بولىدۇ، مەھسۇلاتى ئەڭ ياخشى بولغان يىللىرىمۇ ئاران توققۇز كۈرىدىن بىر دادەنگىچە مەھسۇلات ئالغىلى بولىدۇ. 1950- يىلى 63 ياشلىق ئەسەت نىيازنىڭ ئائىلىسىدە بەش جان بولۇپ، داگۇاگبەننىڭ بەش مو يېرىنى ئىجارىگە ئالغان، يىلىغا ئىجارە ھەققى ئۈچۈن ئىككى دادەن ئاشلىق تۆلەيدىغانغا كېلىشكەن، نەتىجىدە ئەسەت نىياز بۇ يەردىن تۆت دادەن بۇغداي ئالغان، پۈتۈن ئائىلىسىنىڭ يېمەكلىكى ئۈچۈن 3.5 دادەن ئاشلىق كېتىدىغان بولغاچقا، ئۆزۈق بىلەن ئىجارە ھەققىنى چىقىرىۋەتكەندە يىللىق يېمەكلىكى ئۈچۈن ھېچقانچە بىر نەرسە قالمىغان. تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، ئادەتتە ئىجارىگە بەرگۈچى ئومۇمىي مەھسۇلاتنىڭ 50% ~ 80% ىگە، ئىجارىكەش پەقەت ئومۇمىي مەھسۇلاتنىڭ 20% ~ 50% ىگە ئىگە بولالايدىكەن.

يەنە بىر خىل جانلىق ئىجارىمۇ بار (ئۈلۈشلۈك ئىجارە دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، ئىجارىگە بەرگۈچى پەقەت يەرنىلا بېرىدۇ، يەرگە لازىمەتلىك بارلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى ئىجارىكەش تەييارلايدۇ. شۇ يىللىق مەھسۇلات مىقدارىغا ئاساسەن ئىككى تەرەپ ئۈلۈشلەپ بۆلۈشىدۇ. بۇ خىل شەكىل كۆپىنچە ئومۇمنىڭ يەرلىرى ياكى مەسچىت، ئىبادەتخانىلارنىڭ يەرلىرىدە قوللىنىلىدۇ، خۇسۇسىيلار ئوتتۇرىسىدا قوللىنىلىدىغانلىرىمۇ بار.

**3) تېرىلغۇ ئۇلاغلىرىنى ۋە سۈنى ئىجارىگە بېرىش** يېزىلاردىكى بەزى كەمبەغەل دېھقان ۋە ئوتتۇرا دېھقانلار ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ يېتىشمەسلىكى، سۇ شارائىتىنىڭ ناچارلىقى تۈپەيلىدىن ياخشى ھوسۇل ئالالمىغان. تۇپرىقى ئۇنۇمسىز، سۇيى قىس، ئالۋان- ياسىقى ئېغىر بولغان رايونلاردا، بىر قىسىم يېرى كۆپ، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى ياخشى بولغانلار، ئۆزلىرىنىڭ بىر قىسىم تېرىلغۇ يەرلىرىنى ھاردۇق ئالدۇرۇپ، سۇ ۋە تېرىلغۇ ئۇلاغلىرىنى باشقىلارغا ئىجارىگە بېرىش ئارقىلىق ئالۋان- ياساقتىن قۇتۇلۇپ، پايدا ئېلىش مەقسىتىگە يەتكەن.

**4) ئىجارە مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ باشقىچە نەپ ئۈندۈرۈۋېلىش** ئىجارىكەشلەر ئىجارە ھوقۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئىجارىگە بەرگۈچىلەرگە دائىم ھەقسىز ئىشلەپ بېرىدۇ، ئوتۇن ئەكىلىپ بېرىدۇ، ئۆيلىرىنى رېمونت قىلىپ بېرىدۇ. كۈچى بار چوڭ پومېشچىكلار ھىيلە ئىشلىتىپ ئۆز مەيلىچە ئىجارە ھەققىنى كۆپەيتىدۇ ياكى ياخشى يەرلەرنى ناچار يەرلەرگە ئالماشتۇرۇۋېتىدۇ، ئىجارە ھەققىنى چوڭ كۈرىدە تۆلىتىپ ئالىدۇ.

**2. ياللاپ ئىشلىتىش ئېكسپلاتاتسىيىسى**

**1) يىللىقچى** ئاھالىسى زىچ جايلاردا يىللىقچىنىڭ يىللىق ئىش ھەققى ئادەتتە ئالتە دادەن بۇغداي بولىدۇ. كۆپ جايلاردا خوجايىن يىللىقچىنىڭ يېمەكلىكى، تۇرالغۇ جايى ۋە بىر قىسىم كىيىم- كېچەكلىرىنى (يىلدا بىر يۈرۈش يالاڭ كىيىم، بىر جۈپ ئۆتۈك، ئۈچ يىلدا بىر تېرە جۇۋا) تەمىنلىگەندىن باشقا، يىللىق ئىش ھەققى ئۈچۈن پەقەت تۆت دادەنلا بۇغداي بېرىدۇ. يىللىقچى سايمانلارنى بۇزۇپ قويسا ياكى كېسەل سەۋەبىدىن ئىشقا تەسىر يەتكۈزسە، ئىش ھەققىدىن تۇتۇپ قېلىنىدۇ. يىللىقچىلار يىل بويى جاپالىق ئىشلىسىمۇ، ئائىلىسىنى باقالمايدۇ، ئاپەتكە ئۇچراپ قالسا، تېخى قەرزدار بولۇپ قالىدۇ.

**2) قۇللار** قۇللار ئادەتتە «بېقىۋالغان بالا» دېيىلىدۇ (ئوغۇللارمۇ، قىزلارمۇ بولىدۇ). ئۇلارنى پومېشچىكلار سېتىۋالغان ياكى بۇلاپ كەلگەن بولۇپ، بۇنداق ئەھۋال قۇمۇل شەھەر ئىچى، راھەتباغ يېزىلىرىدا كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇلار ئەمەلىيەتتە كىشىلىك ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولغان قۇللار بولۇپ، ئۆمرىنىڭ تەگدىن تولىسىدا ياكى ئۆمۈر بويى

خوجايىنغا ھەقسىز ئىشلەپ بېرىدۇ، بەزىلىرى كۆپ يىل ھەقسىز ئىشلىگەندىن كېيىن، خوجايىن ئۇنىڭغا ئايال قۇلنى چېتىپ قويىدۇ ياكى بىر نەچچە مو كۆچمەس يەرنى بېرىپ، ئۆي ئايرىپ قويىدۇ. 1951- يىلدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، شەھەر ئىچى يېزىسىدىكى 30 ئائىلە يومبىچىك، باي دېھقان گەنسۇدىن سېتىۋېلىپ ئەپكەلگەنلەردىن 36 ھايات قالغان.

3) ئىچ كۈيئوغۇل قىلىۋېلىش بۇنداق ئەھۋال ۋىلايەت بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ، ئۆي ئىگىسى (خوجايىن) ئىچ كۈيئوغۇلنى كۆپ يىل ھەقسىز ئىشلەتكەندىن كېيىن، توي قىلىپ قويىدۇ. ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا سېتىۋالغان ئايال قۇللىرىغا چېتىپ ئىچ كۈيئوغۇل قىلىۋالىدىغان، خەنزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا بولسا، ئۆز قىزىغا چېتىپ ئىچ كۈيئوغۇل قىلىۋالىدىغان ئەھۋاللار كۆپرەك.

### 3. جازانە ئېكسپلاتاتسىيىسى

پۇل ياكى ماددىي بۇيۇم جازانىسىدە، يىللىق ئۆسۈم ئادەتتە 50% بولىدۇ. باركۆلدە 1 ~ 1.5 ھەسسە جازانە قوشۇپ ئالغانلارمۇ بار. جازانىنىڭ نام- شەكلى بەك كۆپ، ئەگەر شۇ يىلى جازانىنىڭ (يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرز) دېرى بىلەن ئۆسۈمنى تۆلەپ كېتەلمىسە، ئۆسۈم دېرىگە قوشۇلۇپ، ئۆسۈمگە ئۆسۈم قوشۇلىدۇ، ئاۋام بۇنى «تۇكسمەس قەرز» دېيىشىدۇ. باركۆل داخې يېزىسىدىكى شۇ چىگرۇ گاۋ ئائىلىسىنىڭ يەتتە دادەن ئاشلىقنى قەرز ئالغان بولۇپ، نەچچە يىل ئىچىدە 50 دادەندىن ئارتۇق ئاشلىقنى قايتۇرغان بولسىمۇ، نەتىجىدە يەنە نەچچە ئون دادەن ئاشلىققا قەرزدار بولۇپ قالغان. يەنە بىر دېھقان مىنگونىڭ 5- يىلى (1916- يىلى) يومبىچىكتىن تۆت دادەن ئاشلىق قەرز ئالغان بولۇپ، 80 دادەن ئاشلىق ۋە بىر كالىنى قايتۇرغان بولسىمۇ، 1951- يىلغا كەلگەندە يەنە 24 دادەن ئاشلىققا قەرزدار بولۇپ قالغان. 1950- يىلى داخې يېزىسىدىكى 101 نامرات ياللانما دېھقان ئائىلىسىنىڭ قەرز ئاشلىقى 238 دادەن، قايتۇرغىنى 429 دادەن، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىگە كەلگەندە، يەنە 367 دادەن ئاشلىققا قەرزدار بولغان.

### 4. ھاشار

دېھقانلار يەر بېجى تاپشۇرغاندىن باشقا، ھۆكۈمەتنىڭ ھاشىرىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئاساسلىقى ئائىلە بېشىغا كەلتۈرۈپ ئوتۇن- سامان تاپشۇرىدۇ، ئەمگەك كۈچى، ئات- ھارۋا چىقىرىدۇ، غەللە- پاراق تاپشۇرىدۇ، كۆتۈرۈچىلىك قىلىدۇ ۋە باۋجاڭ، جياجاڭلارنىڭ ھەققىنى تۆلەيدۇ. غەللە- پاراق ئادەتتە ئاشلىق ئومۇمىي ھوسۇلىنىڭ 30% نى ئىگىلەيدۇ، ھۆكۈمەت مەسئۇل بولۇپ ناھايىتى ئاز ھەق تۆلەپ يىغىۋالىدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇمۇ بىر خىل دېھقانلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش ھېسابلىنىدۇ.

### 5. چەكتىن ئاشقان قاقتى- سوقتى قىلىش

ئىجارىگە بېرىش، ئىجارە ھەققى يىغىۋېلىش جەريانىدا، يومبىچىكلار يەنە قاقتى- سوقتىلىق قىلىپ، ئىجارىكەشلەرنى ئۆزلىرىگە ھەقسىز ئىشلەپ بېرىشكە مەجبۇر قىلىدۇ. يومبىچىكلار دائىم ئىجارە يېرىمنى تارتىۋالىمەن، دەپ ھەيۋە قىلىدۇ. ئىجارە ھەققىنى يىغىۋېلىشتىن باشقا يەنە دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى قاقتى- سوقتى قىلىپ ئېلىۋالىدۇ.

باركۆل ناھىيىسىدە يەنە سازلىق ئىجارىسى بار، سازلىقلارنى ئىگىلىۋالغۇچىلار باشقىلارغا سازلىقلارنى ئىجارىگە بېرىدۇ. ئىجارىكەشلەردىن ئومۇمىي ئوت- چۆپ مەھسۇلاتىنىڭ 30% نى يىغىۋالىدۇ.

# §2. ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ۋىلايەت بويىچە يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى، يەرلەرگە بولغان خۇسۇسىلار ئىگىدارچىلىقىدىكى فېئوداللىق تۈزۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

**1. ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش**

1950- يىلى كۈز، قىشتا قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ شەھەر ئىچى رايونى چاڭگۇ يېزىسى، ئاراتۇرۇكنىڭ توخۇلۇ (شارتۆپەر) يېزىسى ۋە بارىكۆلنىڭ شەھەر ئەتراپى رايونى خۇايۇەن يېزىسى، 2- رايون 1- يېزىسى، 3- رايون 4- يېزىسىدا ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى سىناق قىلىندى. 1951- يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 1952- يىل 5- ئاينىڭ 20- كۈنىگىچە «شىنجاڭ يېزىلىرىدا ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىشكە دائىر ۋاقىتلىق نىزام» غا ئاساسەن، دېھقانلارنىڭ خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى پومېشچىكلاردىن ئالغان قەرزلىرى بىكار قىلىندى، زومىگەرلەرنىڭ زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋالغان مال- مۈلۈكلىرىدىن ھېساب ئېلىندى. جازانە ئېكسپلاتاتسىيىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ۋىلايەتنىڭ يېزا ئىگىلىك رايونلىرىدىكى 37 يېزىسىدا ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرنى كۈرەش قىلىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى. ئۈچ ناھىيىدە 1951- يىل 6- ئايدا ۋە 9- ئايدا ئىككى باسقۇچقا بۆلۈپ ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى.

ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش خىزمىتىدە، يېزىلارغا خىزمەت ئەترىتى ئەۋەتىلىپ، كەڭ دېھقانلارغا سىنىپىي تەربىيە ئېلىپ بېرىلدى، پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرى تەشۋىق قىلىندى ھەمدە كەمبەغەللەرنى يوقلاش، ھال سوراش پائالىيەتلىرى قانات يايدۇرۇلۇپ، دەرد تۆكۈشكە، شىكايەت قىلىشقا، «نامراتلىقنىڭ يىلتىزىنى قېزىش» قا سەپەرۋەر قىلىندى. ئاممىنىڭ سىنىپىي ئېڭى ئۆسۈپ، كەمبەغەل، نامرات دېھقانلاردا ساقلانغان تەقدىرچىلىك ئىدىيىسى تۈگىتىلدى. پومېشچىكلارنى كۈرەش قىلىشتا، كەمبەغەل، يالانما دېھقانلارغا يېقىندىن تايىنىلىپ، ئوتتۇرا دېھقانلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىلدى، باي دېھقانلار بىتەرەپ قالدۇرۇلۇپ، پومېشچىك ۋە جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان زومىگەرلەرگە زەربە بېرىلدى. زومىگەر، پومېشچىكلارغا قائىدە سۆزلەش كۈرىشى ئېلىپ بېرىشتىن باشقا، ئۇلاردىن ئىقتىسادىي تۆلەم تۆلىتىۋېلىندى. جىنايى قىلمىشى ئېغىرلار قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى.

ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىشنىڭ نىسبىتى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق نىزامى» بويىچە ئىجرا قىلىندى، مۇقىم ئىجارە، جانلىق ئىجارىگە قارىتا «25% نى كېمەيتىش»، «37.5% بويىچە ئۆلچەش»، يەنى ئەسلىدىكى ئىجارە ھەققىدىن 25% نى كېمەيتىش، ئىجارە ھەققى كېمەيتىلگەندىن كېيىن، ئىجارىگە بەرگۈچىنىڭ ئالىدىغىنى ئومۇمىي مەھسۇلاتنىڭ 37.5% تىن ئېشىپ كەتمەسلىك يولغا قويۇلدى. ئورتاقچىلىقنىڭ ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىشتە، ئىجارىگە بەرگۈچىنىڭ ئالىدىغىنى ئومۇمىي مەھسۇلاتنىڭ 40% تىن ئېشىپ كەتمەسلىك يولغا قويۇلدى.

ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ۋىلايەت بويىچە ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە، 122 زومىگەر پومېشچىك كۈرەش قىلىندى، قان قەرزى بولمىسىمۇ زومىگەرلىك قىلمىشى بولغان 62 پومېشچىك، باي دېھقان ئۈستىدىن قائىدە سۆزلەش كۈرىشى ئېلىپ بېرىلدى.

ۋىلايەت بويىچە كېمەيتىلگەن ئىجارە ئاشلىقى جەمئىي 16 مىڭ 600 دادەن بولۇپ، 3322 دېھقان ئائىلىسى

نەپكە ئېرىشتى. قومۇل ناھىيىسىدە ھەر بىر ئائىلىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4.68 دادەندىن توغرا كەلدى. قومۇل ناھىيىسى يەنە 2801 دادەن ئاشلىقنى كەمبەغەل، يالانما دېھقانلارغا، ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ئوتتۇرا دېھقانلارغا تارقىتىپ بەردى، ھەر بىر ئائىلىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 0.97 دادەندىن توغرا كەلدى. باركۆل ناھىيىسىدە ھەر بىر ئائىلىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن تۆت دادەندىن توغرا كەلدى، 332 كەمبەغەل، نامرات دېھقان ئائىلىسى 999 دادەن ئاشلىق قەرزىدىن قۇتۇلدى. ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش جەريانىدا، كونا يەر خەتلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يېڭى يەر خەتلىرى تارقىتىلىپ، دېھقانلارنىڭ ئىجارە ھوقۇقى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى.

ۋىلايەت بويىچە ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش خىزمىتىدە، سىياسەتلەر بىر قەدەر سالماق ئىجرا قىلىندى، مەسىلىلەر ئېھتىياتچانلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىندى. ئەمما ئايرىم جايلاردا ھەرىكەتنىڭ دەسلىپىدە، زەربە بېرىش دائىرىسىنى كېڭەيتىۋېتىش، ھېسابات يەك ئېغىر بولۇپ كېتىشتەك «سول» چىللىق خاتالىقلىرىمۇ يۈز بەردى.

## 2. يەر ئىسلاھاتى

ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ئاساسىدا، 1952- يىل 3- ئايدىن 1953- يىل 2- ئاينىڭ 20- كۈنىگىچە ۋىلايەتنىڭ 26 دېھقانچىلىق يېزىسىدا يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلدى، جەمئىي 60 مىڭ 166 مو يەر مۇسادىرە قىلىنىپ، 6467 دېھقان ئائىلىسىگە تەقسىم قىلىپ بېرىلدى.

قومۇل ناھىيىسى 1952- يىل 5- ئايدىن باشلاپ، باركۆل ناھىيىسى 1952- يىل 11- ئاينىڭ 25- كۈنىدىن باشلاپ ، ئاراتۈرۈك ناھىيىسى 1952- يىل 3- ئايدىن باشلاپ يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىنى ئېلىپ باردى.

قومۇل ناھىيىسى يەر ئىسلاھاتىدا، 136 ئائىلىلىك پومېشچىك، 42 ئائىلىلىك باي دېھقان، 14 ئائىلىلىك يېرىم پومېشچىك شەكلىدىكى باي دېھقان، 141 ئائىلىلىك ئاز يېرىنى ئىجارىگە بەرگۈچى ۋە ئاز يەر تىجارەتچىلىكى بىلەن شۇغۇللانغۇچى قىلىپ تەركىب ئايرىلدى، جەمئىي 34 مىڭ 679 مو يەر مۇسادىرە قىلىندى ۋە يىغىۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 136 ئائىلىلىك پومېشچىكتىن 24 مىڭ 15 مو يەر مۇسادىرە قىلىندى، يېرىم پومېشچىك شەكلىدىكى 14 ئائىلىلىك باي دېھقان، 99 ئاز يېرىنى ئىجارىگە بەرگۈچى ۋە سودا- سانائەتچى ئائىلىسى، شۇنىڭدەك شىنجاڭ دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ يېرى، مەسچىت- ئىبادەتخانا يەرلىرىدىن جەمئىي 10 مىڭ 664 مو، 1416 ئېغىز ئۆي، 446 تېرىلغۇ ئۆلىغى، 4857 دانە دېھقانچىلىق سايمىنى، 48 مىڭ 56 كىلوگرام ئاشلىق يىغىۋېلىندى؛ 4302 ئائىلە، 16 مىڭ 483 ئادەمگە 31 مىڭ 504 مو يەر تەقسىم قىلىپ بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يالانما دېھقان 1251 ئائىلە، 3729 ئادەم بولۇپ، 8025 مو يەر بۆلۈپ بېرىلدى، 1574 ئائىلە، 6122 كەمبەغەل دېھقانغا 10 مىڭ 907 مو يەر تەقسىم قىلىندى، 894 ئائىلە، 4546 ئوتتۇرا دېھقانغا 9148 مو يەر تەقسىم قىلىندى، 583 ئائىلە، 2086 ئۇششاق تىجارەتچى، شەھەر كەمبەغەللىرىگە 3424 مو يەر تەقسىم قىلىندى.

باركۆل ناھىيىسىدە 2760 ئائىلە، 15 مىڭ 200 ئادەم يەر ئىسلاھاتىغا قاتناشتۇرۇلدى، پومېشچىك، باي دېھقان قاتارلىقلارنىڭ 21 مىڭ 270 مو يېرى، 286 تېرىلغۇ ئۆلىغى، 39 مىڭ 879 كىلوگرام ئاشلىقى، 70 ھارۋىسى، 86 ساپىنى، ئىككى ئوت- چۆپ ئورۇش ماشىنىسى، 1959 دانە تۈرلۈك تېرىقچىلىق سايمانلىرى، 263 ئېغىز ئۆيى مۇسادىرە قىلىنىپ يىغىۋېلىندى ھەم ناھىيە نوپۇسىنىڭ 60% تىن ئارتۇقىنى تەشكىل قىلىدىغان كەمبەغەل، نامرات دېھقانلار (1556 ئائىلە، 8010 ئادەم) غا تەقسىم قىلىپ بېرىلدى، يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن، پومېشچىك، باي دېھقانلارغىمۇ (62 ئائىلە، 600 ئادەم) دېھقانلارغا ئوخشاش 5533.1 مو يەر تەقسىم قىلىپ بېرىلدى.

يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن يېزىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان ئىگىدارچىلىقىدا غايەت زور ئۆزگىرىش بولدى، قومۇل ناھىيىسىدە ناھىيە ئاھالىسىنىڭ 40% نى ئىگىلەيدىغان يەرسىز، يېرى ئاز كەمبەغەل، يالانما دېھقانلار ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 30.8% نى ئىگىلەيدىغان يەرگە ئىگە بولدى، ھەر بىر ئادەمگە ئوتتۇرا ھېساب

بىلەن 2.3 مودىن، ئەڭ كۆپ بولغاندا ئۈچ مودىن، ئەڭ ئاز بولغاندا 0.8 مودىن يەر توغرا كەلدى.

باركۆل ناھىيىسىدە يەر ئىسلاھاتىدىن ئىلگىرى 508 ياللانما دېھقان ئائىلىسىنىڭ 3673.9 مو يېرى بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 3.6% نى ئىگىلەپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1.83 مودىن توغرا كېلەتتى؛ يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن، 511 ئائىلىلىك ياللانما دېھقان 13 مىڭ 773.9 مو يەرگە ئىگە بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 13.55% نى ئىگىلىدى، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن6.7 مودىن توغرا كەلدى. يەر ئىسلاھاتىدىن ئىلگىرى، 557 ئائىلە كەمبەغەل دېھقاننىڭ 19 مىڭ 517.1 مو يېرى بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 19.1% نى ئىگىلەيتتى. كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6.02 مودىن توغرا كېلەتتى؛ يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن، كەمبەغەل دېھقانلار 29 مىڭ 616.4 مو يەرگە ئىگە بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 28.9% نى ئىگىلىدى، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 9.16 مو يەر توغرا كەلدى. يەر ئىسلاھاتىدىن ئىلگىرى، 742 ئوتتۇرا دېھقان ئائىلىسىنىڭ 52 مىڭ 319.8 مو يېرى بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 51.1% نى ئىگىلەيتتى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا 9.57 مودىن توغرا كېلەتتى؛ يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن، ئوتتۇرا دېھقانلار 53 مىڭ 409.8 مو يەرگە ئىگە بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 52.2% نى ئىگىلىدى، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 9.8 مودىن يەر توغرا كەلدى.

يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن، ۋىلايەت بويىچە باي دېھقانلارنىڭ يەر ئىسلاھاتىدىن ئىلگىرىكى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن 38.42 مو يېرى 14.25 موغا چۈشۈرۈلدى، پومېشچىكلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن 49.64 مودىن يېرى 3.8 موغا چۈشۈرۈلدى. باركۆل ناھىيىسىنىڭ ۋىلايەتنىڭ باشقا جايلىرى بىلەن ئوخشىمايدىغان يېرى، يەر ئىسلاھاتىدىن ئىلگىرى كەمبەغەل، ياللانما دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنىڭ ھەممىسى قۇرغاق، سۇيى كاپالەتكە ئىگە بولمايدىغان يەرلەر بولغان، پومېشچىك، باي دېھقانلار ئىگىلىۋالغان يەرلەر سۇلۇق، قۇرغاقچىلىق، ھۆلچىلىكتىمۇ ئوخشاشلا ھوسۇل ئالالايدىغان يەرلەر بولغان.

يەر ئىسلاھاتىدىن ئىلگىرى، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە 11 پومېشچىك ئائىلىسى 2135 مو سۇيى بار يەرنى ئىگىلىۋالغان، يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن 158 مو سۇيى بار يەرگە ئىگە قىلىندى، يەر ئىسلاھاتىدىن ئىلگىرى يەتتە ئائىلىلىك باي دېھقاننىڭ 481 مو سۇيى بار يېرى بولغان، يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن، ئۆزگىرىش بولمىدى. يەر ئىسلاھاتىدىن ئىلگىرى ئاز يېرىنى ئىجارىگە بەرگۈچى ئىككى ئائىلە بولۇپ، سۇيى بار يەردىن 151 مو يەرنى ئىگىلەيتتى، يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن، 76 مو سۇيى بار يەرگە ئىگە بولدى.

يەر ئىسلاھاتى نەچچە مىڭ يىل ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەن فېئودال ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى ئۈزۈل- كېسىل بىتچىت قىلىپ، كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنى يەرنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندۇردى.

## §3. ھەمكارلىشىش، كوپېراتسىيىلىشىش

### 1. ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى

ھەر مىللەت خەلقى يەرگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئۆزلۈكىدىن ئۆزئارا ئۆتنە، يېرىم قىلىش (ئۇرۇق، ئۇرۇق جەمەتلىرىدە)، ئۆزئارا ھەمكارلىشىش (تېرىلغۇ ئۆلگىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى جەھەتتە ) پائالىيەتلىرىنى ئۆزلۈكىدىن قانات يايدۇردى، كۆپ خىل شەكىلدىكى 400 دىن ئارتۇق لايىقۇتلىشىش گۇرۇپپىلىرىنى تەشكىللەپ، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى بەزىبىر ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقلارنى دەسلەپكى قەدەمدە ھەل قىلدى.

1952- يىلىدىكى «ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇش، ئىقتىسادچانلىقنى قاتتىق يولغا قويۇش، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى قوللاش» تىن ئىبارەت ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىدە، «ھەمكارلىق تەشكىلاتلىرىدا ئۆزى ئىختىيار قىلىش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش، دېموكراتىك باشقۇرۇش» پرىنسىپى تەشۋىق قىلىندى ۋە ئىجرا قىلىندى. ئۆزئارا ياردەملىشىش، ھەمكارلىشىش ھەرىكىتى قۇمۇل يېزىلىرىدا ناھايىتى تېز راۋاجلاندى، 1953- يىلى ۋىلايەت بويىچە 1530 ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. گۇرۇپپىغا كىرگەن دېھقان ئائىلىلىرى ئومۇمىي دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ 41.4% ىنى ئىگىلىدى. 1952- يىلى قۇمۇل ناھىيىسى ئاقيەر رايونى 1- يېزا يۇقىرى ئاقيەردىكى ھامۇت ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى غەربىي شىمال رايونىدىكى 800 دىن ئارتۇق ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىغا ۋەتەننى سۆيۈش، مول ھوسۇلنى قولغا كەلتۈرۈش جەڭنامىسى ئېلان قىلدى. قۇمۇل ناھىيىسى توغۇچى رايونى سۇمقاغا يېزىسى كۆكشاڭ كەنتىدىكى ياڭ ماۋيۈەن ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى، توغۇچى يېزىسى دۇبەجىن كەنتىدىكى تېيىپ تاھىر ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى ۋە باركۆل ناھىيىسى خۇايۈەنشياڭ يېزىسى خۇا يۈەندىكى ماجىچىڭ ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى ئەينى چاغدا ۋىلايەت بويىچە داڭلىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرى ئىدى. ياڭ ماۋيۈەن گۇرۇپپىسى شۇ يىلى بۇغداينىڭ يۇقىرى ھوسۇللۇق ئېتىزىدا مو بېشىغا 520 كىلوگرامدىن بۇغداي ئالدى. ياڭ ماۋيۈەن تەكلىپكە بىنائەن تيەنشەنپىن مۇنبىرىگە چىقىپ، دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەش مۇراسىمىغا قاتنىشىپ، ماۋ جۇشىنى كۆردى، دۆلەت مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشىنىڭ مۇكاپاتىغا سازاۋەر بولدى، يېزا ئىگىلىك ساھەسىدىكى ئەمگەك نەمۇنىچىسى، دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

2. دېھقانچىلىق كوپېراتىپى

ھەر مىللەت دېھقانلىرى ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرىنىڭ تەمىتى تېتىدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ «پائال رەھبەرلىك قىلىش، پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەش» فاڭجېنىغا ئاساسەن، ج ك پ قۇمۇل ۋىلايەتلىك كومىتېتى 1954- يىل 1- ئاينىڭ 22- كۈنى «دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپلىرىنى سىناق تەرىقىسىدە قۇرۇش پىلانى» نى تۈزۈپ، قۇمۇل ناھىيىسى ئاقيەر رايونى 2- يېزا قىزىلييۇلغۇن كەنتىدە، شەھەر ئىچى رايونىنىڭ 1- يېزا ئۈچقۇرۇلدا ۋە باركۆل ناھىيىسىنىڭ شىمالىي رايون 2- يېزىسىدا سىناق تەرىقىسىدە دېھقانچىلىق كوپېراتىپى قۇرۇشنى پىلانلىدى ھەمدە ھەر دەرىجىلىك پارتكوملاردىن دېھقانچىلىق كوپېراتىپى قۇرۇشنى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان مەركىزىي خىزمەت سۈپىتىدە ياخشى تۇتۇشنى، «قۇرغاندىمۇ ياخشى قۇرۇش، قۇرۇلغانلىرىنى بىرمۇ بىر مۇستەھكەملەش» نى تەلەپ قىلدى.

ۋىلايەتلىك پارتكومدىن تارتىپ ناھىيىلىك پارتكوم، رايونلۇق پارتكوملارغىچە ئاسلىق كۈچ ئاجرىتىلىپ نۇقتىدا سىناق قىلىندى، شۇ يىلى 3- ئاينىڭ 15- كۈنىدىن ئىلگىرى، بىر نەچچە كوپېراتىپ ئارقا- ئارقىدىن قۇرۇلدى، قۇمۇل ناھىيىسى ئاقيەر رايونى 2- يېزىسىدا «قىزىل بايراق» دېھقانچىلىق كوپېراتىپى قۇرۇلدى (ۋۇشيوگيې مۇدىر بولدى)، بۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم سىناق تەرىقىسىدە تۇتقان نۇقتىلىق كوپېراتىپ بولۇپ، كوپېراتىپقا 14 ئائىلە، 51 ئادەم ئەزا بولدى. قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ شەھەر ئىچى 1- يېزىسىدا جيەنشىن دېھقانچىلىق كوپېراتىپى قۇرۇلدى (شاھىدىن مۇدىر بولدى)، بۇ قۇمۇل ناھىيىلىك پارتكوم تۇتقان نۇقتىلىق كوپېراتىپ بولۇپ، كوپېراتىپقا توققۇز ئائىلە، 53 ئادەم ئەزا بولدى. باركۆل ناھىيىسىنىڭ شىمالىي رايون 2- يېزىسىدا ليۇگوڭ دېھقانچىلىق كوپېراتىپى قۇرۇلدى (ئاۋانگارت دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى)، بۇ باركۆل ناھىيىلىك پارتكومنىڭ سىناق نۇقتىسى بولۇپ، كوپېراتىپقا 12 ئائىلە، 79 ئادەم ئەزا بولدى؛ ئۇزۇن ئۆتمەي شۇ يېزىدىكى ماۋېنكۈەن «جەڭ تۇغى» دېھقانچىلىق كوپېراتىپىنى قۇردى. يۇقىرىقى تۆت كوپېراتىپ شۇ يىلى ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنلاپ، ئومۇميۈزلۈك مول ھوسۇل ئالدى،

ئەزالارنىڭ كىرىمى ئاشتى، جيەنشىن كوپېراتىپىنىڭ ئاشلىق مەھسۇلاتى ئادەتتىكى ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە مو بېشى مەھسۇلاتىدىن 19 كىلوگرام ئارتۇق بولدى، ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانلارنىڭكىدىن 25 كىلوگرام ئاشتى.

كوپېراتىپقا كىرمىگەن دېھقانلار دېھقانچىلىق كوپېراتىپلىرىنىڭ مەھسۇلاتى ۋە كىرىمىنىڭ ئاشقانلىقىنى كۆرۈپ، كوپېراتىپقا كىرىشنى بەس- بەستە تەلەپ قىلىشتى ياكى ئۆزلىرى تەشكىللىنىپ كوپېراتىپ قۇردى. 1956- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ۋىلايەت بويىچە 149 دېھقانچىلىق كوپېراتىپى قۇرۇلۇپ، كوپېراتىپقا ئەزا بولغان دېھقانلار 9845 ئائىلىگە يەتتى، بۇ ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ 87.35% نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي كوپېراتىپ 85، ئەزاسى 8005 ئائىلە بولۇپ، ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ 70.9% نى ئىگىلىدى. ئالىي كوپېراتىپ بىلەن باشلانغۇچ كوپېراتىپنىڭ پەرقى: باشلانغۇچ كوپېراتىپتا يەر پاي قىلىپ قوشۇلىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىمۇ باھاغا سۇندۇرۇلۇپ پاي قىلىپ قوشۇلىدۇ. تەقسىماتتا قوشقان پاي يېرى ۋە ئەمگەك كۈچىگە ئاساسەن نىسبەت بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ. شۇچاغدا ئەمگەك كۈچىگە قاراپ قىلىنغان تەقسىمات 55% نى، قوشقان يېرىگە قىلىنغان تەقسىمات 45% نى ئىگىلىدى ياكى ئەمگەك كۈچى 60% نى، يەر 40% نى ئىگىلىدى. ئايرىم كوپېراتىپلاردا ھەر قايسى يېرىمىدىن ئىگىلىگەنلىرىمۇ بار. ئالىي كوپېراتىپلاردا يەرگە قاراپ تەقسىم قىلىش نىسبىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، پۈتۈنلەي ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش يولغا قويۇلدى. ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى باھاغا سۇندۇرۇلۇپ كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن، كوللېكتىپ مۇددەتكە بۆلۈپ قايتۇرىدىغان قىلىندى، كىچىك تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىغا كوپېراتىپ ئەزالىرى ئۆزى ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان بولدى.كوپېراتىپ ئەزالارغا بىر ئۈلۈشتىن قالدۇرۇق يەر ۋە قالدۇرۇق چارۋا قالدۇرۇپ، ئائىلىۋى قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا يول قويدى.

كوپېراتىپلارنى كېڭەيتىش، قوشۇۋېتىش ۋە ئۆزگەرتىش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق، 1957- يىلىغا قەدەر ۋىلايەت بويىچە 115 دېھقانچىلىق كوپېراتىپى قۇرۇلۇپ، 9923 ئائىلە كوپېراتىپقا ئەزا بولدى، بۇ ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ 95.38% نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي كوپېراتىپ 109، باشلانغۇچ كوپېراتىپ ئاران ئالتە بولۇپ، ۋىلايەت بويىچە دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ئالىي كوپېراتىپلىشىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

دېھقانچىلىق كوپېراتىپلىرىنىڭ ھەر يىلى 5% لىك جامائەت فوندى ۋە 2% لىك پاراۋانلىق فوندى بولۇپ، جۇغلانمىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىشىغا ئەگىشىپ، بىر قىسىم چوڭ- چوڭ دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى سېتىۋالدى، سۇغىرىش ئەسلىھەلىرىنى كۆپەيتتى، دېھقانچىلىق دورىلىرىنى سېتىۋالدى، سۈپەتلىك سورت نەسىللىرىنى كىرگۈزدى، تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتتى، تەبىئىي ئاپەتلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ئېشىپ، يەككە ئىگىلىككە قارىغاندا روشەن ئەۋزەللىكنى نامايان قىلدى. ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ، مەھسۇلات يىلمۇ يىل ئاشتى.

يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتىپلاشتۇرۇش خىزمىتى جەريانىدا، بىر قىسىم خىزمەتلەر ئىنچىكە ئىشلەنمەي قالغانلىقى، قالدۇرۇق يەر ۋە نورمال ئائىلە قوشۇمچە كەسىپلەرگە قارىتا تىزگىنلەش بەك قاتتىق، باشقۇرۇلۇشى ئۆلۈك، چەكلەش تولىمۇ كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكى، بىر قىسىم چارۋىلارنى كوپېراتىپقا ئۆتكۈزگەندە باھاسى تولىمۇ تۆۋەن قىلىپ قويۇلغانلىقى سەۋەبلىك، بىر قىسىم ھاللىق ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ كوپېراتىپتىن چېكىنىپ چىقىش ئەھۋاللىرىمۇ كۆرۈلدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپلىرىدا ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئىگىلىكنىڭ باشقۇرۇلۇشى ياخشى بولماسلىق، مالىيە ھېساباتلىرى مۇكەممەل بولماسلىق، ئىش ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇشتەك مەسىلەرمۇ ساقلاندى.

كېيىن، ۋىلايەتلىك پارتكوم يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، باشلانغۇچ كوپېراتىپتىن ئالىي كوپېراتىپقا ئۆتۈش

جەريانىدا ساقلانغان مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. ئارقىدىنلا يەنە كوپېراتىپلارغا كادىر ئەۋەتىپ، كوپېراتىپلارنى تەرتىپكە سېلىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇشتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى.

## §4. خەلق گوڭشېسى

1. قۇرۇلۇش جەريانى

خەلق گوڭشېسى 1958- يىلى قۇرۇلدى. 9- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، باركۆل ناھىيىسى 16 ئالىي كوپېراتىپنى ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى 25 باشلانغۇچ كوپېراتىپنى بىرلەشتۈرۈپ «جەڭ تۇغى»، «شەرق شامىلى»، «سۈنشى ھەمراھ»، «راكېتا»، «ئاۋانگارت» تىن ئىبارەت بەش خەلق گوڭشېسىنى قۇردى، خەلق گوڭشېلىرىغا 3891 ئائىلە، 21 مىڭ 186 ئادەم ئەزا بولدى. 229 مىڭ 148 تۇياق چارۋا، 359 مىڭ 912.7 مو يەر گوڭشې تەۋەلىكىگە ئۆتكۈزۈلدى. ناھىيە بويىچە خەلق گوڭشېلىرىغا كىرمىگەن پەقەت ئۈچلا دېھقان ئائىلىسى قالدى.

قۇمۇل ناھىيىسىدە 9- ئاينىڭ 6- كۈنىدىن 11- كۈنىگىچە بولغان ئالتە كۈن ئىچىدە «شەرق شامىلى» (پالۋانتۇر)، «راكېتا» (راھەتباغ، شەھەر ئىچى، بوغاز)، «قىزىل يۇلتۇز» (ئاستانە)، «قىزىل بايراق» (شەھەر ئەتراپى)، «قىزىللىشىش- مۇتەخەسسىسلىشىش» (قارادۆۋە)، «ئاۋانگارت» (توغۇچى)، «ئالغا» (بۇلۇڭتوغراق) قاتارلىق يەتتە خەلق گوڭشېسى قۇرۇلدى. خەلق گوڭشېلىرىغا 6368 ئائىلە، 30 مىڭ 623 ئادەم ئەزا بولدى. بۇ، مۇشۇ جايلاردىكى ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ 98.3% نى ئىگىلىدى. 1959- يىلىنىڭ باشلىرىدا تاشۆيلۈك، غەربىي تاغ، تەڭرىتاغ، يەتتە قۇدۇق قاتارلىق جايلارمۇ خەلق گوڭشېسىغا ئۆزگەرتىلىپ، ناھىيە بويىچە گوڭشې قۇرۇش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

ئاراتۈرۈك ناھىيىسى 9- ئايدىلا ناھىيە بويىچە گوڭشې قۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇردى. بەش يېزا ئايرىم- ئايرىم ھالدا «شەرق شامىلى» (نوم)، «سۈنشى ھەمراھ» (توخۇلۇ)، «ئاۋانگارت» (باي)، «ئىنتىپاق» (ئۇركۆل)، «شەرق قىزاردى» (نېرىنكىر) دىن ئىبارەت بەش گوڭشېغا ئۆزگەرتىلدى.

ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 21 خەلق گوڭشېسى قۇرۇلدى (بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى چارۋىچىلىق گوڭشېسى بار). كۆلىمى ھەر خىل بولۇپ، چوڭ گوڭشېلار 2000 دىن ئارتۇق ئائىلىدىن، كىچىك گوڭشېلار 100 دىن تۆۋەن ئائىلىدىن تەركىب تاپتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۈچ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانى، بىر دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىسى، تۆت ھۆكۈمەت بىلەن خوسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىسى قۇرۇلدى؛ جەمئىي 93 ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى، 323 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى بار بولدى.

خەلق گوڭشېسىدا «ھاكىمىيەت بىلەن گوڭشېنى بىرلەشتۈرۈش»، «سانائەت، يېزا ئىگىلىك، سودا، مائارىپ، ھەربىينى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىقنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش» يولغا قويۇلدى. ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ ھەممىسى كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىدا بولدى. گوڭشېنىڭ قارمىقىدا چوڭ ئەترەت، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى تەسىس قىلىندى، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى يەنە بىر قانچە مەشغۇلات گۇرۇپپىلىرىغا ئايرىلدى. بىر قىسىم چوڭراق گوڭشېلار باشقۇرۇش رايونى تەسىس قىلىپ، چوڭ ئەترەتلەرنى ئۇنىڭغا قارايدىغان قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، باشقۇرۇش رايونلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۈچ دەرىجىلىك مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ گوڭشېلىرى كىچىكرەك بولغاچقا، گوڭشې ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، گۇڭشېلارنىڭ تەقسىمات تۈزۈمى بىردەك بولمىغاچقا، تەقسىمات شەكلى خىلمۇخىل بولدى، نۇرغۇن جايلاردا رېئال ئىمكانىيەتتىن ھالقىپ كېتىش ئەھۋالى كۆرۈلدى. 1958- يىل 11- ئاينىڭ 16- كۈنى قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ «شەرق شامىلى» (پالۋانتۇر) گۇڭشېسىدا تاماق بىلەن تەمىنلەش، ئاساسىي ماتاشقا مۇكاپات قوشۇپ بېرىش تۈزۈمى ئالدى بىلەن يولغا قويۇلدى. 11- ئاينىڭ 26- كۈنىگە كەلگەندە «شەرق شامىلى» گۇڭشېسى تەمىنلەش دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، «توققۇزنى ھۆددىگە ئېلىش» نى يولغا قويدى. يەنى: تاماقنى ھۆددىگە ئېلىش (ئۆز ئەترىتىدە تاماقنى نورمىسىز، بىلەتسىز يېيىش)، كىيىم- كېچەك تىككۈزۈشنى ھۆددىگە ئېلىش (كىيىم- كېچەكنى ھەقسىز تىكىپ بېرىش)، توي- تۆكۈننى ھۆددىگە ئېلىش (ئەزالار توي قىلسا ئاشخانا ئۇلارغا بەش كىلوگرام گۆش، 1.5 كىلوگرام ماينى ھەقسىز بېرىش)، تۇغۇتلۇق ئاياللارنى بېقىشنى ھۆددىگە ئېلىش (تۇغۇتلۇق ئايالغا 45 كۈن ھاردۇق بېرىش ھەمدە ئىككى توخۇ، 30 دانە توخۇم، بىر جىڭ شېكەر، بىر باغلام قەغەز بېرىش)، يەسلىدە بالا بېقىشنى ھۆددىگە ئېلىش (باللارنى يەسلىگە ھەقسىز قوبۇل قىلىش)، ئوقۇتۇشنى ھۆددىگە ئېلىش (مەكتەپكە كىرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن ئوقۇش پۇلى ئالماسلىق)، چاچ ئېلىشنى ھۆددىگە ئېلىش (ھەقسىز چاچ ئېلىش)، ياشانغانلارنى بېقىشنى ھۆددىگە ئېلىش (تۇل خوتۇن، يېتىم- يېسىرلارنى، 60 ياشتىن ئاشقان جورىسىز ئەرلەرنى، 55 ياشتىن ئاشقان ئاياللارنى گۇڭشېنىڭ بەخت باغچىسىغا قوبۇل قىلىش، ئۇلارنىڭ يېمەك- ئىچمەك، كىيىم- كېچەك ۋە تۇرالغۇ جايىنىڭ ھەممىسىنى گۇڭشې ھۆددىگە ئېلىش)، مېيىت ئۇزىتىشنى ھۆددىگە ئېلىش (ئەزالار قازا قىلسا، ئۆرپ- ئادىتى بويىچە مېيىت ساندۇقى ياكى كېپەنلىك رەخت بىلەن تەمىنلەش).

1958- يىل 11- ئايدا قۇمۇل ناھىيىلىك پارتكوم ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ناھىيە بويىچە ھەر قايسى گۇڭشېلاردا 1959- يىلى 1- ئايدىن باشلاپ يېرىم تەمىنلەش، يېرىم ئىش ھەققى تۈزۈمى ( دەرىجە بويىچە مائاش تارقىتىش) نى يولغا قويۇشنى، تاماققا پۇل ئالماسلىقنى ھەم بۇ خىل ئۇسۇلنى كوممۇنىزمچە ئېھتىياجىغا قاراپ تەقسىم قىلىشنىڭ باشلىنىشى دەپ تونۇشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما كۆپىنچە گۇڭشېلار بىر ئاي ياكى بىر نەچچە ئايلا مائاش تارقىتالىدى. گۇڭشې جۇغلانمىسى قۇرۇقدىلىپ، مالىيە مەنبەسى ئۈزۈلۈپ قالغاچقا، مائاش تارقىتىش توختىتىپ قويۇلدى.

ۋىلايەت بويىچە خەلق گۇڭشېلىرىدا جەمئىي 428 ئاممىۋى ئاشخانا قۇرۇلدى. ئاشخانىدا غىزالىنىدىغانلار 64 مىڭ 274 ئادەمگە يېتىپ، گۇڭشې ئەزالىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 93.64% نى ئىگىلىدى؛ 329 يەسلى (يەسلىگە كىرگەن بالا 5640 )، 259 باللار باغچىسى، ئۈچ ياشانغانلار سانائورىيە (سانائورىيىگە كىرگەنلەر 34 )، 154 تىككۈچىلىك گۇرۇپپىسى، 21 تۇغۇت دوختۇرخانىسى، 15 شىپاخانا قۇرۇلدى.

ھەر قايسى گۇڭشېلار خەلق گۇڭشېسىنىڭ «بىرىنچىدىن چوڭ، ئىككىنچىدىن ئومۇمىي بولۇش» تەك ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ مال- مۈلكىنى ھەقسىز تەگشەپ يۆتكىدى، ھەربىيلەشتۈرۈشنىڭ تەلىپى بويىچە «چوڭ قوشۇن ھەمكارلىقى» نى بىر مەھەل كەڭ كۆلەمدە يولغا قويدى. ئىش ھەققى بىلەن ھېسابلاشمىدى، ئىشلىگەنلەرگە ھەق بېرىلمىدى، مال- مۈلۈك ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنىڭ چەك- چېگرىسى بۇزۇپ تاشلاندى، ئەزالارنىڭ كىچىك تىپتىكى سايمان- جابدۇق، قازان- قومۇچلىرىمۇ ئومۇمنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىنىپ، «مۈلۈكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شامىلى» كېلىپ چىقتى.

قۇمۇل ناھىيىسىدە تەگشەپ يۆتكەپ ئىشلىتىلگەن كوللېكتىپ، شەخسلەرنىڭ ماددىي بويۇملىرىنى باھاغا سۇندۇرغاندا، 1 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ھەر بىر ئائىلىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 106.5 يۈەندىن توغرا كەلدى.

1959- يىلى مەركىزىي كومىتېتنىڭ «بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش، ئەترەتنى ئاساس قىلىش؛ دەرىجە بويىچە باشقۇرۇپ، ھوقۇقنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش؛ ئۈچ دەرىجە بويىچە ھېسابات قىلىپ، ھەر قايسى تۈزىنىڭ پايدا- زىيىنىنى ئۆزى ھېسابلاش؛ تەقسىمات پىلانىنى گۇڭشېلار بېكىتىش؛ مۇۋاپىق تۈردە جۇغلانما توپلاپ، مۇۋاپىق تەگشەش؛ ماددىي

بۇيۇم بىلەن ئەمگەكنى تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش، ئەمگەككە قاراپ ھەق بېرىش، پەرقلەرنى ئېتىراپ قىلىش» قائىدىسى ئىزچىللاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، گۇڭشېلارنىڭ مال- مۈلۈككە بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى دەسلەپكى قەدەمدە بېكىتىلدى، دۆلەت ئورگانلىرى ۋە كارخانىلار گۇڭشې ئەمگەك كۈچلىرىنى ھەقسىز ئىشلىتىدىغان ئەھۋاللار چەكلەندى. گۇڭشېلار، ئەترەتلەر ئارا ئەمگەك كۈچلىرى ھەمكارلىقىدا تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش يولغا قويۇلدى. گۇڭشې ئىگىلىۋالغان ئەزالارنىڭ ئۆيلىرى ئارىيەتكە ئېلىپ ئىشلىتىشكە ئۆزگەرتىلدى ياكى ئەزالارغا قايتۇرۇپ بېرىلدى. ئومۇمغا ئۆتكەن قازان- قومۇچلار، ئۆي جاھازلىرى، قورال- سايمان، ماددىي نەرسە- كېرەكلەر مۇددەتكە بۆلۈپ قايتۇرۇلدى ياكى باھاغا سۇندۇرۇلۇپ نەق پۇل قايتۇرۇلدى، ئەزالارغا زۆرۈر بولغان قالدۇرۇق چارۋىلار ئۆزلىرىگە قايتۇرۇلدى، يىغىپ بېقىلىۋاتقان ئۆي قۇشلىرى، ئۆي ھايۋانلىرىمۇ ئەزالارغا قايتۇرۇلدى، ئەزالارنىڭ ئوغۇتلىرى باھاغا سۇندۇرۇلۇپ ئەترەتكە سېتىۋېلىندى. بەلگىلىمە بويىچە ئەزالارغا قالدۇرۇق يەر، قالدۇرۇق چارۋا قالدۇرۇلدى، بەزى جايلاردا يەنە قالدۇرۇق باغمۇ قالدۇرۇلدى، تورالغۇ ئۆي- جايلارنىڭ كەينىدىكى پارچە- پۇرات دەل- دەرەخلەر ئەزالارنىڭ خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈلۈپ، ئەزالارنىڭ ئائىلە قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويۇلدى.

ۋىلايەتلىك پارتكوم مەركىزىي كومىتېت جىڭجو يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن «تەڭ تەقسىماتچىلىق» خاتالىقىنى قەتئىي تۈزەتتى، «كىم تەگشەپ يۆتكىۋەتكەن بولسا شۇ تۆلەش، نەدىن تەگشەپ يۆتكەلگەن بولسا، شۇ يەرگە قايتۇرۇپ تۆلەپ بېرىش» پرىنسىپىغا ئاساسەن، ناھىيىلەر بويىچە تۆلەش، قايتۇرۇش ئېلىپ بېرىلدى. قۇمۇل ناھىيىسى 1 مىليون 460 مىڭ يۈەننى، باركۆل ناھىيىسى 857 مىڭ 600 يۈەننى، ئاراتۈرۈك ناھىيىسى 101 مىڭ 300 يۈەننى تۆلەپ قايتۇردى، ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 2 مىليون 418 مىڭ 900 يۈەن قايتۇرۇلدى.

1961- يىلى مەركىزىي كومىتېت «يېزا خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ خىزمەت نىزامى» ۋە «يېزا خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ ئاساسىي ھېسابات بىرلىكىنى ئۆزگەرتىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى يوليورۇق» قاتارلىق خەلق گۇڭشېلىرىنى مۇستەھكەملەشكە دائىر ھۆججەتلەرنى تارقىتىپ، ئاممىۋى ئاشخانىلارنى ۋە ئاشلىق تەقسىماتىدىكى تەمىنات تۈزۈمىنى توختاتتى، قالدۇرۇق يەر، قالدۇرۇق چارۋا، قالدۇرۇق باغ ۋە ئائىلە قوشۇمچە ئىگىلىكى قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا ئېنىق بەلگىلىمە چىقاردى. ئەزالارنىڭ ئائىلە قوشۇمچە ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىشىنىڭ سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ تولۇقلىما قىسمى ئىكەنلىكىنى قايتا تەكىتلىدى.

1962- يىل 9- ئايدا ج ك پ 8- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 10- ئومۇمىي يىغىنى «يېزا خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ خىزمەت نىزامى» (قىسقارتىپ «60 ماددا» دېيىلىدۇ) غا مۇھىم تۈزىتىش كىرگۈزدى. ھەر قايسى ناھىيىلەر «60 ماددا » (تۈزىتىلگەن نۇسخىسى) دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، «ئەترەتنى ئاساس قىلىش» تىن ئىبارەت تۈپ ھېسابات بىرلىكى تۈزۈلمىسىنى ئورناتتى، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ ھوقۇق دائىرىسى ھەققىدىمۇ ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلدى. ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى دائىرىسىدە تېرىقچىلىق پىلانىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىگە بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىش، ئەمگەك كۈچلىرىنى بىر تۇتاش تەگشەش، دارامەتنى يىل ئاخىرىدا بىر تۇتاش ھېسابات قىلىش، شۇنداقلا گۇڭ باھالاپ نومۇر خاتىرىلەش، ئەمگەككە يارىشا تەقسىم قىلىش، كۆپ ئىشلىگەنلەر كۆپ ئېلىش پرىنسىپى يولغا قويۇلدى.

1966- يىل، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، «سولچىل» لىق خاتالىقى قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ، بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقتى. «نامرات ئۆتۈش» تەرغىب قىلىنىپ، ئەمگەككە يارىشا تەقسىم قىلىش پرىنسىپى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، تەڭ تەقسىماتچىلىق يولغا قويۇلدى، داجەينىڭ سىياسىي گۇڭ خاتىرىلەش ئۇسۇلى كېڭەيتىلدى، «كاپىتالىزمنىڭ قۇيرۇقىنى كېسىمىز» دەپ، ئەزالارنىڭ ھەققانىي ئائىلە قوشۇمچە ئىگىلىكى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقى زەربىگە ئۇچرىدى.

2. ئىگىلىك باشقۇرۇش

1) ئىگىلىك باشقۇرۇش  خەلق كوممۇنىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ئالىي كوپېراتىپنىڭ بەزىبىر ئۇسۇللىرى داۋاملىق قوللىنىلدى، نورما بېكىتىپ باشقۇرۇش ئاساسىدا تەرەققىي قىلغان ئۇششاق ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، دەسلەپتە ۋاقىتلىق ھۆددىلەش، كېيىنچە يۆلەكلەرگە بۆلۈپ ھۆددىلەش، پەسىللىك ھۆددىلەشكە ئۆتۈپ، مەخسۇس تۈر بويىچە ھۆددىلەشتىن ئومۇميۈزلۈك ھۆددىلەشكە قاراپ تەرەققىي قىلدى. ھۆددىلەشتە پەقەت ئىشلا ھۆددىگە بېرىلىپ، مەھسۇلات ھۆددىگە بېرىلمىدى. ۋىلايەت دائىرىسىدە نۇقتىدىن ئومۇمىي دائىرىگە يۈزلىنىپ «ئۈچنى ھۆددىلەش» ۋە «ئۈچنى ھۆددىلەپ، بىرنى مۇكاپاتلاش» (ئىشنى، مەھسۇلاتنى، مالىيىنى ھۆددىگە بېرىپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرغانلارنى مۇكاپاتلاش) تۈزۈمى يۈرگۈزۈلدى. ئەمەلىيەتتە بۇ، ئىشنى، مەھسۇلاتنى، ۋەزىپىنى، سۈپەتنى، تەدبىرنى بېكىتىپ بېرىشتىن ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىگە قاراپ يۈزلىنىشنىڭ داۋامى ئىدى. خەلق كوممۇنىلىرىنىڭ تەقسىماتى دەسلەپكى مەزگىللەردە ئالىي كوپېراتىپنى (ئەترەتنى) بىرلىك قىلدى، ئەترەتلەر ئارا تەقسىمات پەرقىنىڭ بەك چوڭ بولۇپ كېتىشىدىن ياكى تارمەكمەچىلىك خاھىشلىرىنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، كوممۇنىلار ھەر قايسى ئەترەتلەرنىڭ تەقسىمات لايىھىلىرىنى تەكشۈردى ۋە بالانس قىلىپ تۇردى.

1960- يىلى، قالدۇرۇق قىسمى 44% تىن ئېشىپ كەتمەسلىك (ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخى، باشقۇرۇش ھەققى قاتارلىقلار)، ئەزالارغا بېرىلىدىغان تەقسىمات قىسمى 56% بولۇش كېرەكلىكى پرىنسىپ جەھەتتىن بېكىتىلدى. يەر، ئەمگەك كۈچى، تېرىلغۇ ئۆلاغلىرى، دېھقانچىلىق سايمانلىرى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولۇپ، ئەمگەك باشقۇرۇشتا ئەزالارنىڭ ئىشلىگەن ئەمگەك كۈنى بويىچە كۆڭ باھالاپ، نومۇر خاتىرىلەش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ئاز بىر قىسىم ئەترەتلەر يەنە بىر تەمىنلەش، يېرىم مائاش بېرىش ئۇسۇلى بويىچە «ئۈلۈك نومۇرنى جانلىق باھالاش، ئۆزى مەلۇم قىلىپ كۆپچىلىك باھالاش، يۇقىرى- تۆۋەنلىكىنى تەڭشەش» چارىسىنى قوللاندى. كېيىن كۆپ قىسىم كوممۇنىلار يەنىلا «ئۈچنى ھۆددىلەپ، بىرنى مۇكاپاتلاش» نى يولغا قويدى.

1962- يىلدىن كېيىن ئاشلىق تەقسىماتىدا ئاساسىي ئاشلىقتا ئەمگەك ئاشلىقىنى قوشۇش ئۇسۇلى قوللىنىلدى، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى بىر تۇتاش باشقۇرۇپ، ئايمۇ ئاي تارقاتتى، ئۆلچىمى ھەر قايسى جايلارنىڭ بىردەك بولمىدى. باركۆل ناھىيىسىنىڭ بەلگىلىمىسىدە ئاساسىي ئاشلىق 70% نى، ئەمگەك ئاشلىقى 30% نى ئىگىلەپ، ھەر بىر كىشىنىڭ يىللىق ئاساسىي ئاشلىقى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن132.5 كىلوگرامدىن توغرا كەلدى. چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئادەملەرنىڭ دەرىجىگە ئايرىلىپ بېكىتىلگەن نورمىسى بويىچە ئايمۇ ئاي تارقىتىلدى، ئەمگەك قوشۇمچە ياردەم ئاشلىقى يۇقىلارغا كىشى بېشىغا تەخمىنەن 100 كىلوگرام ئەتراپىدا ئېرىمچىك تولۇقلاپ بېرىلدى.

2) مالىيە باشقۇرۇش  1960- يىلى ۋىلايەتلىك مالىيە ئىدارىسى «قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ يېزا خەلق كوممۇنىلىرى مالىيىسىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى (لايىھە)» نى تارقىتىپ، 1961- يىل 1- ئايدىن باشلاپ سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويدى. ۋىلايەتنىڭ كۆپ ساندىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى دېبىت- كرېدىت بويىچە ھېسابقا تەكرار چۈشۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللاندى، ئاز ساندىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى نەق پۇل كىرىم- چىقىمى بويىچە ھېسابقا چۈشۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللاندى. بوغالتىر ھېساباتىدا، ئاپتونوم رايون بويىچە بىر تۇتاش بولغان 26 ھېساب تۈرى قوللىنىلدى. قوشۇمچە «ئەزالار مۇئامىلە ھېساب دەپتىرى» تۇرغۇزۇلۇپ، تېرىلغۇ ئۆلاغ، دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە ئۇلارنى ساقلاش- باشقۇرۇش تۈزۈمى ئورنىتىلدى. ھەر قايسى ھېسابات ئورۇنلىرى نەق پۇل كاسسا دەپتىرى (كۈندىلىك ھېسابات دەپتىرى)، تۈرگە ئايرىلغان باش دەپتەر ۋە مۇقىم مۈلۈك، ئاشلىق- ماددىي نەشيا، ئاشلىق مۇئامىلىسى، ئەزالار مۇئامىلىسى، باشقا مۇئامىلىلەر، تېرىلغۇ ئۆلچىمى، ئەمگەك كۈنى خاتىرىسى قاتارلىق سەككىز تۈرلۈك تەپسىلىي ھېسابات دەپتىرى تۇرغۇزدى. كېيىنچە، ھەر قايسى كوممۇنىلار ئەزالار ئەمگەك كۈنى خاتىرە قوللانمىسىنى تۇرغۇزۇپ، كىرىم- چىقىم ۋە مەبلەغ تەڭپۇڭلۇقى

مۇناسىۋىتىنى راۋانلاشتۇردى، مالىيە باشقۇرۇش قائىدە- تۈزۈملىرىنى ئورناتتى، ھېساباتلارنى كۆندە ئېنىقلاپ، ئايدا يوغۇپ، ھەر ئايدا بىر قېتىم ئېلان قىلدى. كېيىن، پەسىلدە بىر قېتىم، يېرىم يىلدا بىر قېتىم ئېلان قىلىپ تۇردى. كېيىنچە يۇقىرىقى بېكىتىلگەن تۈزۈملەرنى داۋاملاشتۇرالماي، پەقەت نومۇر ھېساباتلىرىنى كۆندە ئېنىقلاپ، ئايدا يوغۇشنىلا ئورۇنلىيالىدى. نەق پۇل، ماددىي بۇيۇملارنى مەخسۇس ئادەم باشقۇردى، مال- مۈلۈكلەر دەرىجىگە ئايرىلىپ باھاغا سۇندۇرۇلۇپ، مەخسۇس كىشىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈلدى. چوڭ تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئەترەتلەر بىر تۇتاش باشقۇردى، كىچىك تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئەزالار ئۆزى باشقۇرۇپ ئىشلەتتى، ئەزالار تېرىلغۇ ئۇلاغ، ھارۋىلارنى ئىشلەتسە، ئىشلەتكەن ۋاقتىغا قاراپ بەلگىلىمە بويىچە ئىجارە ھەققى تاپشۇردى.

3) پايدا تەقسىماتى 1959- يىلى ھەر قايسى گۇڭشېلارنىڭ قالدۇرۇق قىسمى 45% ئەتراپىدا بولدى. بەزى گۇڭشېلارنىڭ 48% كە يەتتى. جامائەت فوندى، پاراۋانلىق فوندى 22% كە يەتتى، بەزى گۇڭشېلارنىڭ ئايرىۋالغان پىرسەنت قىسمى 55% كە يېتىپ، تەقسىمات قىسمى ئاران 45% نى ئىگىلىدى. كېيىنچە مەھسۇلات زور دەرىجىدە كېمىيىپ كەتكەچكە، ئاز تۇتۇپ قېلىپ، كۆپ تەقسىم قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش خىراجەتلىرىنى ئومۇمىي كىرىمنىڭ 22% ىگە قىسقارتىش، جامائەت فوندى بىلەن پاراۋانلىق فوندىنىڭ يىغىندىسىنى 5% تىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك، كىرىمى ئېغىر دەرىجىدە كېمىيىپ كەتكەن گۇڭشېلار جامائەت فوندى ۋە پاراۋانلىق فوندىنى تۇتۇپ قالماسلىق، شۇ ئارقىلىق ئەزالارنىڭ تەقسىمات قىسمىنى ئۆستۈرۈش قاتتىق تەكىتلەندى. تەقسىمات قىسمىدا، مائاش تۈزۈمى ئاساس قىلىنغان، مائاش تۈزۈمى بىلەن تەمىنلەش تۈزۈمى بىرلەشتۈرۈلگەن تەقسىمات تۈزۈمى داۋاملاشتۇرۇلدى. 1959- يىلى تەمىنلەش نىسبىتى 42% ~ 49% كىچە بولدى. مۇتلەق كۆپ ساندىكى گۇڭشېلار ئەزالارنى تاماق بىلەن تەمىنلەشنى يولغا قويدى، تەمىنلەش قىسمى زىيادە بولۇپ كەتكەچكە، ئەزالارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقىغا تەسىر يەتتى.

1960- يىلى قۇمۇل ۋىلايىتى ئېغىر قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە ئۇچرىدى، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 30 مىليون 130 مىڭ كىلوگىرامغا چۈشۈپ، 1959- يىلدىكىگە قارىغاندا 25% ئازىيىپ كەتتى، 18 خەلق گۇڭشېسىنىڭ 90 چوڭ ئەترىتىدە مەھسۇلات ئاشقىنى پەقەت 25 چوڭ ئەترەتلا بولۇپ، چوڭ ئەترەتلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 27.7% نى ئىگىلىدى، 65 دادۈينىڭ كىرىمى ئۇخشىمىغان دەرىجىدە كېمىيىپ كەتتى، كېمىيىش دەرىجىسى 20% ئەتراپىدا بولدى. شۇ يىللىق پايدا تەقسىماتى «ئۈچ- يەتتە ئۆلۈش» بويىچە يەنى تەمىنات قىسمى 30% نى، مائاش قىسمى 70 % نى ئىگىلىدى. قىيىنچىلىقى بار چوڭ ئەترەتلەر «تۆت- ئالتە ئۆلۈش» بويىچە تارقاتتى. 1962- يىلى 412 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ئىچىدە، ئومۇمىي كىرىمى 1960- يىلدىكىدىن ئاشقانلار 24.7% نى، تەڭلەشكەنلەر 7.10% نى، كېمەيگەنلەر 68.2% نى ئىگىلىدى. 303 ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلەر ئوتتۇرىچە كىشى بېشى كىرىمى 51 يۈەندىن ياكى ئۇنىڭدىن سەل كۆپرەكتىن توغرا كەلدى.

1961- يىلدىن باشلاپ تەمىنلەش تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، كىرىم تەقسىماتىدا ئۈچ خىل شەكىل قوللىنىلدى: (1) ئالدى بىلەن چوڭ ئەترەتلەر دۆلەت بېجى ۋە چوڭ ئەترەت جۇغلانمىسىنى بىر تۇتاش تۇتۇۋېلىش، ئاندىن ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى نىسبەت بويىچە خىراجەت ۋە جامائەت فوندى، پاراۋانلىق فوندى قاتارلىقلارنى تۇتۇپ قېلىش، ئاشقان قىسمىنى ئەزالارغا تەقسىم قىلىپ بېرىش؛ (2) تەقسىماتتا چوڭ ئەترەتنىڭ ھېسابات بىرلىكى قىلىش؛ (3) ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرىنى ھېسابات بىرلىكى قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرى چوڭ ئەترەتكە كوللېكتىپ جۇغلانمىسىنى تاپشۇرۇش. يېمەك نورمىسى تەقسىماتىدا ئەمگەك كۈچى ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئاساسىي يېمەك نورمىسىغا نومۇر مۇكاپات ئاشلىقى قوشۇپ بەرگەن ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلەر 90% نى، ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىشقا ئېتىبار ئاشلىقى قوشۇپ بەرگەنلەر 10% نى ئىگىلىدى.

1963- يىلدىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىگە كەلدى ۋە راۋاجلاندى، دېھقان- چارۋىچىلارنىڭ كىرىمى ئاشتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، دېھقانلارنىڭ كىرىم سەۋىيىسى تۆۋەنلەپ كەتتى. يېزا كوللېكتىپ ئىگىلىكىنىڭ خىراجىتى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرىلاپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم تۆۋەنلەپ كەتتى، تۇتۇپ قېلىنىدىغان قىسمى كۆپىيىپ، 1977-يىلغا كەلگەندە تەقسىمات قىسمى 57.69% نى، قالدۇرۇق قىسمى 42.31% نى ئىگىلىدى.

1978-يىلى چاقىرىلغان ج ك پ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلۇپ، يېزىلارغا قارىتىلغان تۈرلۈك ئىقتىسادىي سىياسەتلەر ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى تېز راۋاجلاندى.

1984-يىلدىكى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا ھاكىمىيەت بىلەن گوڭشې ئايرىۋېتىلىپ، خەلق گوڭشېسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يېزا قۇرۇلدى.

## §5. مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈلگەن ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى

1978-يىلدىكى ج ك پ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى ئورنىتىلىشقا باشلىدى، دەسلەپتە ئاز ساندىكى ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا «تەنقىد» قىلىنغان نورمىلىق باشقۇرۇش ۋە ئۇششاق بۆلەكلەر بويىچە ھۆددىلەش تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ۋىلايەت بويىچە ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى مەھسۇلاتنى گۇرۇپپىلارغىچە ھۆددىلەش، مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگىچە ھۆددىلەش ۋە چوڭ ھۆددىگەرلىك قاتارلىق باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتتى. 1980-يىلى ۋىلايەتنىڭ كۆپلىگەن ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرى «بەشنى بېكىتىپ، بىرنى مۇكاپاتلاش» (ئەمگەك كۈچىنى، يەرنى، تەننەرخنى، مەھسۇلاتنى، ئومۇرنى بېكىتىش، مەھسۇلاتنى ئاشۇرغانلارنى مۇكاپاتلاش، كېمەيتكەنلەرنى جازالاش) ۋە باشقا شەكىلدىكى ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويدى، ئاز ساندىكى ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرى مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگە ھۆددىلىدى. قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ راھەتباغ گوڭشېسى 8-چوڭ ئەترەت 3-ئەترەت ئەزاسى كىچىك ئاخۇن سۇ مەنبەسى خېلى يىراق بولغان بىر پارچە يەرنى ھۆددىگە ئالدى، شۇ يىلىلا ئۇنىڭ كىرىمى ئالدىنقى يىلدىكىدىن بىر قاتلاندى، بۇ ھال ۋىلايەت بويىچە خېلىلا زور تەسىر قوزغىدى. ئىككىنچى يىلى، بىر قەدەر نامرات بولغان قارادۆۋە گوڭشېسىنىڭ 40% دېھقان ئائىلىسى، راھەتباغ گوڭشېسىنىڭ 33.4% دېھقان ئائىلىسى مەھسۇلاتنى ھۆددىگە ئالدى. شۇ يىلى بۇ ئىككى گوڭشېنىڭ مەھسۇلاتى ئاشتى، قارادۆۋە گوڭشېسىنىڭ يازلىق ئاشلىقىلا 18.7% ئېشىپ، ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكى تولۇق نامايان بولدى.

1981-يىلى ۋىلايەت مىقياسىدا ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ شەكىللىرى بارغانسېرى كۆپەيدى، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدىلا ئالتە خىل شەكىل قوللىنىلدى: مەھسۇلاتنى ئەمگەك كۈچىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاشۇرغىنىنىڭ ھەممىسىنى مۇكاپاتلاش، كېمەيتكىنىنىڭ ھەممىسىنى تۆلىتىش تۈزۈمىنى يولغا قويغانلار 649 ئائىلە بولۇپ، ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ 62% نى ئىگىلىدى؛ يېمەك ئاشلىق ئېتىزىغا مەسئۇلىيەت ئېتىزىنى بىرلەشتۈرگەنلەر، مەھسۇلاتنى گۇرۇپپىلارغا ھۆددىگە بەرگەنلەر، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھەق ھېسابلىغانلار، كەسپىي ھۆددىگەرلىك ۋە باشقا شەكىللەرنى قوللانغان ئائىلىلەر ئايرىم- ئايرىم ھالدا 2.3% نى، 2% نى، 6% نى، 9% نى ۋە 18.7% نى ئىگىلىدى.

توخۇلۇ بېزىسى چوگتاش 1- ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى مەھسۇلات ئەمگەك كۈچىگە بىرلەشتۈرۈلگەن مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويغاندىن كېيىن، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 60 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 461 كىلوگرامدىن ئاشلىق توغرا كېلىپ، ئىلگىرىكىدەك ھەر يىلى دۆلەتتىن ئاشلىق سېتىۋېلىپ يەيدىغان ئەھۋال ئۆزگەردى. ئاراتۈرۈك بازىرى 2- بەي جياجېن ئائىلىسىدىكى سەككىز ئەمگەك كۈچىنىڭ ھۆددىگە ئالغان مەھسۇلات ۋەزىپىسى 6000 كىلوگرام بولۇپ، ئەمەلىيەتتە 13 مىڭ 500 كىلوگرام ئاشلىق ئالدى، ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشتىن ئاشقىرى، دۆلەتكە ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن 6500 كىلوگرام تاۋار ئاشلىق سېتىپ بەردى.

1983- يىلى يېڭى ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ شەكىللىرى ئاساسەن مۇقىملىشىپ، تەدرىجىي مۇكەممەللىشىشكە قاراپ يۈزلەندى. ۋىلايەتتىكى 486 دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە، مەھسۇلاتنى ئەمگەك كۈچىگە قاراپ ھۆددىلىگەن ئەترەتلەر 28 بولۇپ، 5.76% نى ئىگىلىدى؛ مەھسۇلاتنى گۇرۇپپىلارغىچە ھۆددىلىگەن ئەترەتلەر 29 بولۇپ، 5.97% نى؛ ئائىلىلەرگىچە ھۆددىلىگەن ئەترەتلەر 424 بولۇپ، 87.24% نى؛ نورما بەلگىلەپ باشقۇرغان ئەترەتلەر تۆت بولۇپ، 0.82% نى؛ يېمەك ئېتىزىغا مەسئۇلىيەت ئېتىزىنى بىرلەشتۈرگەن ئەترەت بىر بولۇپ، ئومۇمىي ئەترەت سانىنىڭ 0.2% نى ئىگىلىدى. يۇقىرىقى مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىدە ئائىلىنى بىرلىك قىلىپ ھۆددىلەشنى يولغا قويغان ئەترەتلەر 453 بولۇپ، ئومۇمىي ئەترەت سانىنىڭ 93.2% نى ئىگىلىدى. مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى مەسئۇلىيەت، ھوقۇق، مەنپەئەت مەسىلىسىنى خېلىلا ياخشى ھەل قىلىپ، داش قازاننىڭ تامىقىنى يەيدىغان تەڭ تەقسىماتچىلىق نۇقسانى ئوخشىمىغان دەرىجىدە تۈگىتىلدى، كەڭ دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقى ئۇرغۇتۇلۇپ، يېڭى ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە تۈرلۈك ئىشلارنىڭ راۋاجلىنىشى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى.

مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگىچە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ۋە كۆپ خىل ئىگىلىكنىڭ ئومۇميۈزلۈك راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، بىر تۈركۈم كەسپىي ئائىلىلەر ۋە ئىقتىسادىي بىرلەشمە گەۋدىلەر بارلىققا كەلدى. مەسىلەن، چوشقىچىلىق، توخۇچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، كارخانا، ياساش، تېرىقچىلىق قاتارلىق جەھەتلەردىكى كەسپىي ئائىلىلەر. 1983- يىلى ۋىلايەت بويىچە كەسپىي ۋە نۇقتىلىق ئائىلىلەر جەمئىي 274 بولۇپ، قۇمۇل شەھىرىنىڭ 99 ئائىلە، باركۆل ناھىيىسىنىڭ 85 ئائىلە، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ 90 ئائىلە، سېتىپ چىقارغان مەھسۇلات كىرىمى 2 مىليون 672 مىڭ 200 يۈەن.

1984- يىلى ۋىلايەت بويىچە كەسپىي، نۇقتىلىق ئائىلىلەر 1808 گە، ئىقتىسادىي بىرلەشمە گەۋدىلەر 29 غا يېتىپ، ۋىلايەتتىكى 29 مىڭ 841 دېھقان ئائىلىسىنىڭ 7% نى ئىگىلىدى. بۇ كەسپىي ئائىلىلەر ئىچىدە كىرىمى 10 مىڭ يۈەندىن ئاشقانلار 77 ئائىلە بولۇپ، قۇمۇل شەھىرىدە 68 ئائىلە، باركۆل ناھىيىسىدە بەش ئائىلە، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە تۆت ئائىلە. ئاشلىق ھۆددىگەرلىك ئائىلىلىرى ئىچىدە مەھسۇلاتى 5000 كىلوگرامدىن ئاشقانلار 3505 ئائىلە (قۇمۇل شەھىرىدە 949 ئائىلە، باركۆل ناھىيىسىدە 2397 ئائىلە، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە 159 ئائىلە) بولۇپ، ۋىلايەت بويىچە ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ 11.7% نى ئىگىلىدى. شۇ يىلى، ۋىلايەت بويىچە يېزا ھەمكارلىق ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 58 مىليون 201 مىڭ 700 يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي ئائىلىلەرنىڭ كىرىمى 1 مىليون 592 مىڭ 300 يۈەن بولۇپ، يېزا ھەمكارلىق ئىگىلىكى ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 6.1% نى ئىگىلىدى. قۇمۇل شەھىرىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى چوڭراق بولۇپ، شەھەر بويىچە يېزا ھەمكارلىق ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 31 مىليون 351مىڭ 300 يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي ئائىلىلەرنىڭ 3 مىليون 320 مىڭ 400 يۈەن بولۇپ، يېزا ھەمكارلىق ئىگىلىكى ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 10.55% نى ئىگىلىدى، باركۆلنىڭ 1.1% نى، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ

0.95% نى ئىگىلىدى.

1984- يىلى ۋىلايەت بويىچە بىر قىسىم دېھقانلار ئۆزلۈكىدىن بىرلىشىپ، ئىقتىسادىي بىرلەشمە گەۋدىگە قاراپ تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى.

1985- يىلدىن كېيىن يېزىلاردا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگىچە ھۆددىگە بېرىش ئاساس قىلىنغان مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە قوش قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، كونا تۈزۈلمىنىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە دېھقانلارغا بولغان چەكلىمىسى تۈپتىن بۇزۇپ تاشلاندى، يېزىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى تەڭشىلىپ، دېھقان- چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقى زور دەرىجىدە قوزغىتىلدى. ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1985- يىلدىكى 65 مىڭ 766 توننىدىن 1990- يىلى 93 مىڭ 974 توننىغا يەتكۈزۈلدى، كىشى بېشى كىرىمى 1978- يىلدىكى 129.73 يۈەندىن 1990- يىلى 581 يۈەنگە يەتتى.

# III باب

# يېزا ئىگىلىك رايونلىرى ۋە تۇپراقنى ياخشىلاشنىڭ رايونلارغا ئايرىلىشى

## §1. يېزا ئىگىلىك رايونلىرى

تەبئىي شارائىتقا ئاساسەن، ۋىلايەتتە 10 يېزا ئىگىلىك رايونى شەكىللەندى.

**1. ئاشلىق، ياغلىقدان، قوغۇن- تاۋۇز، كۆكتات ئىشلەپچىقىرىدىغان ئاساسلىق رايونلار**

قۇمۇل بوستانلىقى تۆزلەڭلىكىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى يەنى شەرقتىن غەربكە بولۇڭتوغراقتىن ئاستانىغىچە، باركۆل ناھىيىسىنىڭ شەرقىي قىسمى ۋە باركۆل ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسى، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدىكى توخۇلۇ، ئاداق، باي، نوملار ئاشلىق، ياغلىقدان، قوغۇن- تاۋۇز، كۆكتات ئىشلەپچىقىرىدىغان ئاساسلىق رايونلار بولۇپ، ئاشلىق، ياغلىقدان ئىشلەپچىقىرىشتا مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئىگە.

**2. ئاشلىق، ئۈزۈم، مېۋە- چېۋە رايونلىرى**

قۇمۇل شەھىرىنىڭ قارادۆۋە، باركۆل ناھىيىسىنىڭ ئۈچكۆل (سەنتاڭخۇ)، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ نوم ئويمانلىقى ئاشلىق، ئۈزۈم، مېۋە- چېۋە ئىشلەپچىقىرىش رايونى بولۇپ، قارادۆۋىنىڭ ئۈزۈمى بىلەن چىلىنى ئەڭ مەشھۇر.

**3. قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرى**

قۇمۇل شەھىرىنىڭ بوغاز، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ باي يېزىسى قوغۇن- تاۋۇز، مېۋە- چېۋە، ئاشلىق

ئىشلەپچىقىرىش رايونى بولۇپ، بوغازنىڭ قوغۇنى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا داڭلىق.

**4. بۇغداي، ياغلىقدان، ياڭيۇ ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرى**

قۇمۇل شەھىرىنىڭ تاشۋېلىق، باركۆل ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي تاغ ئېتىكى بەلۋېغى يازغى بۇغداي، ياغلىقدان، دادۇر، ياڭيۇ (سەبە) ئىشلەپچىقىرىش رايونى بولۇپ، باركۆل ناھىيىسىنىڭ ياڭيۇسى ئەڭ داڭلىق.

**5. يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق رايونلىرى**

ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ نېرىنكىر، تۇركۆل، باركۆل ناھىيىسىنىڭ غەربىدىكى سۆجە، قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدىكى تاشۋېلىق، غەربىتاغ، تەڭرىتاغ قاتارلىق جايلار چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق رايونى.

**6. يازغى بۇغداي، دادۇر ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرى**

قۇمۇل شەھىرىنىڭ تەڭرىتاغ جەنۇبىي تاغ ئېتەكلىرى ۋە تاغ ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تەڭرىتاغ رايونى، قوراي، قىزىلىيار، ئېدىر ۋە غەربىي تاغدىكى قويلۇق يازغى بۇغداي، دادۇر ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىدۇر.

**7. ئورمانچىلىق رايونلىرى**

تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي بۆلەك تەسكەي قىسمى ۋە باركۆل ناھىيىسىنىڭ كۆكقىر تېغى ئورمانچىلىق رايونى.

**8. بېلىقچىلىق رايونلىرى**

قۇمۇل بوستانلىقى ئويمانلىقى بىلەن باركۆل چىلغىلىرىدىكى سۇ ئامبارلىرى بېلىقچىلىق رايونى ھېسابلىنىدۇ.

**9. كۆكتاتچىلىق رايونلىرى**

قۇمۇل شەھىرى، باركۆل ناھىيىسىنىڭ شەھەر- بازار ئەتراپلىرى كۆكتاتچىلىق رايونى ھېسابلىنىدۇ.

**10. بىنەم رايونلار**

باركۆل ناھىيىسى كۆكقىر تېغىنىڭ جەنۇبىي قىسمى بىنەم (ھۆل- يېغىنغا تايىنىپ تېرىقچىلىق قىلىدىغان) رايونلار بولۇپ، تېرىلىش دائىرىسى كەڭ، مەھسۇلاتى تۆۋەن، قۇرغاقچىلىق يىللىرى ھېچقانداق مەھسۇلات ئالغىلى بولمايدۇ.

## §2. تۇپراق باخشىلاشنىڭ رايونلارغا ئايرىلىشى

تۇپراق تۈرى، تۇپراقنىڭ تەبىئىي شەكىللىنىش ئامىللىرى، تۇپراقنىڭ شەكىللىنىش جەريانى، تۈرلۈك تەبىئىي ئاپەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش شارائىتلىرى ۋە تۇپراقنىڭ قۇۋۋىتى قاتارلىق ئەھۋاللارغا ئاساسەن، قۇمۇل

رايونىنىڭ تۇپراق ياخشىلاشنىڭ رايونلارغا ئايرىلىشى رايون، كەنجى رايون، بۆلەك، كەنجى بۆلەك دەپ تۆت دەرىجىگە ئايرىلىدۇ.

**1. دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا تۇپراقنى ياخشىلاش، لوغۇتلاش، پايدىلىنىش رايونى**

بۇ رايون ئالتە كەنجى رايون، 10 تۇپراقنى ياخشىلاپ پايدىلىنىش بۆلىكى، 16 تۇپراقنى ياخشىلاپ پايدىلىنىش كەنجى بۆلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۈچ ناھىيە. شەھەرنىڭ ھەممە تېرىلغۇ يەرلىرىگە ۋە بىر قىسىم ئېچىشقا بولىدىغان بوز يەرلەرگە تارقالغان. ئاساسلىق تۇپراق تۈرى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا پايدىلىنىۋاتقان بارلىق تۇپراقلارنى ۋە يېقىندا ئېچىپ پايدىلىنىشقا بولىدىغان 1 -، 2 - دەرىجىلىك بوز يەر تۇپراقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**1) ئاشلىق، ياغلىقدان ئىشلەپچىقىرىشىدا تۇپراقنى ياخشىلاش ۋە ئۈنۈمدىن پايدىلىنىش كەنجى رايونى** بۇ رايون قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئاساسلىق ئاشلىق، ياغلىقدان ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ رايوندىكى تۇپراق تىپلىرىدىن ئاساسلىقى سۇغىرىلىدىغان تېرىلغۇ تۇپراق، نەم تۇپراق، جىگەررەڭ تېرىلغۇ چۆل تۇپراق، كالتەسىلىق كاشتان تېرىلغۇ تۇپراق، كالتەسىلىق جىگەررەڭ تېرىلغۇ تۇپراق، كۆلرەڭ جىگەررەڭ تېرىلغۇ چۆل تۇپراق، چىملىق تېرىلغۇ تۇپراق قاتارلىق دېھقانچىلىق تۇپراقلىرى بولۇپ، تەكشۈرۈلگەن ئومۇمىي كۆلىمى 466 مىڭ مو كېلىدۇ.

**(1) يۇقىرى مەھسۇلاتلىق تۇپراقلارنى ياخشىلاپ پايدىلىنىش بۆلىكى**

ئاساسلىقى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ قەدىمىي تېرىقچىلىق جايلىرىغا تارقالغان بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمى 130 مىڭ مودىن ئارتۇقراق.

**① قۇمۇل شەھىرىنىڭ يۇقىرى مەھسۇلاتلىق تۇپراقنى ياخشىلاپ پايدىلىنىش كەنجى بۆلىكى** ئاساسلىقى قۇمۇل شەھىرىنى مەركەز قىلغان توزلەڭلىك جايلاردىكى قەدىمىي تېرىقچىلىق يەرلىرىگە تارقالغان بولۇپ، سۇغىرىلىدىغان تېرىلغۇ تۇپراقنى ئاساس قىلىدۇ. تەكشۈرۈلگەن كۆلەم 91 مىڭ مو، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يېرى 50 مىڭ مودىن ئارتۇق بولۇپ، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ يۇقىرى، مۇقىم ھوسۇللۇق يەرلىرى ھېسابلىنىدۇ.

**② باركۆل ئويمانلىقىنىڭ يۇقىرى ھوسۇللۇق ئوغۇتلىنىدىغان كەنجى بۆلىكى** ئاساسلىقى باركۆل ئويمانلىقىغا تارقالغان، ئۇنىڭ ئاساسىي تۇپراق تىپى سۇغىرىلىدىغان تېرىلغۇ تۇپراق، نەم تۇپراق. تەكشۈرۈلگەن كۆلەم جەمئىي 97 مىڭ مو (سۇغىرىلىدىغان تېرىلغۇ تۇپراق 66 مىڭ 300 مو، نەم تۇپراق 30 مىڭ 700 مو)، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يېرى 81 مىڭ مو بولۇپ، باركۆل ناھىيىسىنىڭ يۇقىرى، مۇقىم ھوسۇللۇق يەرلىرى ھېسابلىنىدۇ.

**(2) ئاشلىق، ياغلىقدان ئىشلەپچىقىرىدىغان تۇپراقلارنى ياخشىلاش بۆلىكى** بۇ بۆلەك ئاساسلىقى قۇمۇل شەھىرىنىڭ توزلەڭلىك جايلىرىدىكى ھەر قايسى رايون، يېزىلىرىغا، باركۆل ئويمانلىقىنىڭ كۆپ قىسىم تېرىلغۇ يەرلىرىگە ۋە ئاراتۆرۈك ناھىيىسى نوم يېزىسىنىڭ بىر قىسىم تېرىلغۇ يەرلىرىگە تارقالغان بولۇپ، تېرىلغۇ يېرى جەمئىي 366 مىڭ مو.

**① قۇمۇل ئويمانلىقىنىڭ ئاشلىق، ياغلىقدان ئىشلەپچىقىرىش كەنجى بۆلىكى** ئاساسلىقى قۇمۇل شەھىرىنىڭ بولۇڭتوغراق، پالۋانتۈر، شەھەرئىچى، راھەتباغ، ئاستانە، قارادۆۋە ۋە شەھەر ئەتراپى يېزىسىنىڭ كۆپ قىسىم تېرىلغۇ يەرلىرىگە تارقالغان بولۇپ، تۇپراق تىپى جىگەررەڭ چۆل تېرىلغۇ تۇپراق، چىملىق تېرىلغۇ تۇپراق. تەكشۈرۈلۈش دائىرىسى 100 مىڭ مودىن ئارتۇقراق بولدى. بۇ قۇمۇل شەھىرىنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان ئاساسلىق بازىلىرى ھېسابلىنىدۇ.

**② باركۆل ئويمانلىقى ئاشلىق، ياغلىقدان ئىشلەپچىقىرىدىغان تۇپراقلارنى ياخشىلاش كەنجى بۆلىكى** ئاساسلىقى باركۆل ئويمانلىقىدىكى داخې يېزىسى، خۇايۇەنزى يېزىسى، شىرىنزا يېزىسى، ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانى، كۈيسۇ

يېزىسى، چىلىك دەرياسى (ليۇتياۋخې) نىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى تېرىلغۇ يەرلەرگە تارقالغان بولۇپ، تۇپراق تېپى كالتسىيلىق كاشتان تېرىلغۇ تۇپراق كەنجى تۈرى بولۇپ، يەر تۈزۈلۈشى ئادەتتە ئېگىز. پەس كېلىدۇ، يانتۇلۇق دەرىجىسى يۇقىرى بولغاچقا، تېرىلغۇ يەرلىرى پەلەمپەي ئېتىز شەكلىدە. ئورگانىك ماددا تەركىبى ئادەتتە 1% تىن تۆۋەن بولۇپ، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزلىرى ھېسابلىنىدۇ.

③ **ئاراتۇرۇك ئاشلىق، ياغلىقدان ئىشلەپچىقىرىدىغان تۇپراقلارنى ياخشىلاش كەنجى بۆلىكى** ئاساسلىقى ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ نوم يېزىسىغا تارقالغان. تېرىلغۇ كۆلىمى 10 مىڭ مودىن ئارتۇق، تۇپراق تېپى كۆلرەڭ جىگەررەڭ تېرىلغۇ چۆل تۇپراق كەنجى تېپى ۋە نەم تۇپراق.

④ **شورلۇق تۇپراقلارنى ياخشىلاش كەنجى بۆلىكى** ئاساسلىقى قۇمۇل شەھىرىنىڭ ئاستانە يېزىسى، پالۋانتۇرنىڭ ياربۇلۇڭ چوڭ ئەترىتى، شەھەر ئىچى يېزىسى، بۇلۇڭتوغراق يېزىسى، بوغاز يېزىسى قاتارلىق جايلارنىڭ بىر قىسىم تېرىلغۇ يەرلىرىگە تارقالغان. باركۆل ناھىيىسىنىڭ باركۆل كۆلى ئەتراپى، سارچوقىدىكى ساردالا، ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ نوم يېزىسىنىڭ ئاز بىر قىسىم تېرىلغۇ يەرلىرىگە تارقالغان. تەكشۈرۈلگەن كۆلەم 100 مىڭ مودىن ئارتۇق.

⑤ **بوراندىن مۇداپىئەلىنىش، قۇمنى تىزگىنلەش تۇپراقنى ياخشىلاش كەنجى بۆلىكى** ئاساسلىقى قۇمۇل شەھىرىنىڭ پالۋانتۇر يېزا ئالغا داۋىنى، قىزىل بايراق داۋىنى، ياربۇلۇڭ داۋىنى، راھەتباغ يېزا 11 - داۋىي، بۇلۇڭتوغراقنىڭ قۇمتوغراق (گاداجىگزا) داۋىنى، ئاستانىنىڭ تۆگىقارنى، چاشقانچە داۋىلىرى، ئاراتۇرۇكنىڭ نوم يېزىسى، باركۆلنىڭ تاشيول جەنۇبىدىكى كۆپ قىسىم تېرىلغۇ يەرلىرى ۋە ئۈچكۆل (سەنتاگخۇ) قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. ئومۇمىي كۆلىمى 100 مىڭ مودىن ئارتۇق.

**2) تاغلىق رايونلاردىكى دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق بىرلەشتۈرۈلگەن تۇپراقلارنى ياخشىلاش كەنجى رايونى**

**(1) تاغلىق رايونلاردىكى ئاشلىق، ياغلىقدان ئىشلەپچىقىرىدىغان تۇپراقنى ياخشىلاش بۆلىكى**

① **قۇمۇل شەھىرى تاشۆيلىق تۇپراقنى ياخشىلاش، ئوغۇتلاش كەنجى بۆلىكى** ئاساسلىقى تاشۆيلىق رايونىنىڭ ئەتراپى ۋە تاغلىق رايونلارنىڭ ئاز قىسىم كونا تېرىلغۇ رايونلىرىغا تارقالغان. تۇپرىقى كالتسىيلىق جىگەررەڭ تېرىلغۇ تۇپراق بولۇپ، قۇمۇل شەھىرىنىڭ ئاساسلىق ئاشلىق، ياغلىقدان ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

② **باركۆل ناھىيىسىنىڭ كۆيسۇ تۇپراقنى ياخشىلاش، ئوغۇتلاش كەنجى بۆلىكى** ئاساسلىقى كۆيسۇنىڭ چىلىك دەرياسى (ليۇتياۋخې) سۇغىرىش رايونى قاتارلىق تېرىلغۇ يەرلىرىگە تارقالغان، تۇپرىقى قارا چىلان تۇپراقنىڭ كەنجى تۈرى.

**2. دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق بىرلەشتۈرۈلگەن تۇپراقلارنى ياخشىلاش بۆلىكى**

① **دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلغان، سۇ. تۇپراقنى ساقلاش كەنجى بۆلىكى** ئاساسلىقى قۇمۇل شەھىرىنىڭ تاشۆيلىق رايونى ئەرگۇڭ داۋىنى، سۆجى كارىز داۋىنى ۋە ئاراتۇرۇكنىڭ توخۇلۇ، باي، ئاداق قاتارلىق تېرىقچىلىق قىلغىلى بولىدىغان يەرلىرىگە تارقالغان، تۇپرىقى كالتسىيلىق قارامتۇل جىگەررەڭ تۇپراق كەنجى تېپىغا كىرىدۇ.

② **چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان، سۇ - تۇپراقنى ساقلاش كەنجى بۆلىكى** ئاساسلىقى ۋىلايەتنىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئېگىز بولغان تاغ جىلغىلىرىغا تارقالغان. تۇپرىقى كالتسىيلىق جىگەررەڭ تېرىلغۇ تۇپراق كەنجى تېپىغا كىرىدۇ.

③ **تېرىقچىلىقتىن بوشىغان يەرلەرگە ئوت - چۆپ تېرىش، سۇ - تۇپراقنى ساقلاش كەنجى بۆلىكى** ئاساسلىقى دېڭىز يۈزىدىن يۇقىرىراق بولغان باركۆل ئويمانلىقى، ئاراتۇرۇك جىلغىلىرىغا تارقالغان. غەربتە كۆيسۇ يېزىسىدىن ئارتىپ، شەرقتە ئاراتۇرۇكنىڭ توخۇلۇ يېزىسىغىچە ۋە باركۆل سارچوقا رايونىنىڭ ھەممە تېرىقچىلىق يەرلىرى، باركۆلنىڭ كۆكقىر تېغىدىكى قورغاق جايلار، قۇمۇل شەھىرىنىڭ تەگرىتاغ، غەربىتاغ رايونى، تاشۆيلىق رايونىنىڭ تاغ ئارىسىدىكى

سايلىقلاردىكى كۆپ قىسىم تېرىلغۇ يەرلىرىگە تارقالغان. ئومۇمىي كۆلىمى 300 مىڭ مودىن ئاشىدۇ.

**3. باغۇەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىكى تۇپراقلارنى ياخشىلاش كەنجى رايونى**

**1) قۇمۇل شەھىرى باغۇەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىكى تۇپراقلارنى ياخشىلاش بۆلىكى**

① **بوغاز قۇمۇل قوغۇنى ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ئوغۇتلاش، ياخشىلاش كەنجى بۆلىكى** بوغاز يېزىسىنىڭ ھەممە جايى بۇ بۆلەككە كىرىدۇ. كۆلىمى 14 مىڭ مو، تۇپرىقىنىڭ كۆپىنچىسى نەم تۇپراق.

② **قارادۆۋە چىلان ـ ئۈزۈم ـ قوغۇن ئىشلەپچىقىرىدىكى تۇپراقنى ياخشىلاش كەنجى بۆلىكى** بۇ بۆلەكنىڭ تۇپرىقى جىگەررەڭ چۆل تۇپرىقى كەنجى تۈرىنى ئاساس قىلىدۇ، ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 20 مىڭ مو.

③ **بۇلۇڭتوغراق قوغۇن ـ باغۇەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىش تۇپراقنى ياخشىلاش كەنجى بۆلىكى** تۇپرىقى جىگەررەڭ چۆل تۇپرىقى كەنجى تۈرى، چىملىق تۇپراق كەنجى تۈرى بولۇپ، ئاساسلىقى بۇلۇڭتوغراقنىڭ قۇمتوغراق دادۆي ۋە بۇ يېزىدىكى قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى ئۈزۈن تار بەلۋاغ ئەتراپىدىكى ئاچقىلى بولىدىغان بوز يەرلەرگە تارقالغان، كۆلىمى تەخمىنەن 20 مىڭ مو.

④ **يېڭىدىن ئېچىلغان ئۈزۈم، باغ ـ ئورمانلىق تۇپراقنى ياخشىلاش كەنجى بۆلىكى** شەرقتە تۆگىچبۇلاق (لوتوچۈەنزە) دىن تارتىپ پالۋانتۇردىن ئۆتۈپ، غەربتە ئاستانە يېزىسىغىچە بولغان لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈر يولى ۋە تاشيول ياقىسىغا تارقالغان، كۆلىمى 200 مىڭ مو، بۇ يەرلەردە 100 مىڭ مو ئۈزۈمزارلىق، 100 مىڭ مو ئورمانلىق بەرپا قىلغىلى بولىدۇ.

**2) باركۆل ئۈچكۆل ئاشلىق، باغۇەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا تۇپراقنى ياخشىلاش بۆلىكى**

**3) ئاراتۈرۈك نوم قوغۇن، باغۇەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىكى تۇپراقنى ياخشىلاش بۆلىكى**

**4) هويلا ـ ئارام ئۈزۈمچىلىك ئوغۇتلاش، ياخشىلاش بۆلىكى** ئاساسلىقى قۇمۇل شەھرىنىڭ تۆزلەڭلىك رايونلىرىغا، ئاراتۈرۈكنىڭ نوم يېزىسى، باركۆلنىڭ سەنتاڭخۇ يېزىسىغا تارقالغان. ھەر بىر ئائىلىنىڭ هويلا ـ ئاراملىرىدا 0.5 ~ 1 مو ئۈزۈم ئۆستۈرۈلسە، ۋىلايەت بويىچە 20 ~ 30 مىڭ مو ئۈزۈملۈك بەرپا قىلغىلى بولىدۇ.

**4. بوز يەر ئېچىپ تۇپراقنى ياخشىلاش كەنجى تۈرى**

**1) قۇمۇل شەھرىنىڭ بوز يەر ئېچىپ تۇپراقنى ياخشىلاش بۆلىكى** ئاساسلىقى قۇمۇل شەھرىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى تۆگىچبۇلاق، ئەلتۆمۈر، تارلاڭ، پالۋانتۇر ۋە ياربۇلۇڭنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى بوز يەرلەرگە تارقالغان. كۆلىمى تەخمىنەن 200 مىڭ مودىن ئارتۇق.

**2) ئاراتۈرۈكنىڭ نوم بوز يەر ئېچىش بۆلىكى** ئاساسلىقى نوم يېزىسىنىڭ ئۇيمانلىقىدىكى بوز يەرلەرگە تارقالغان. 1-، 2- دەرىجىلىك بوز يەرلەر تەخمىنەن 200 مىڭ مو ئەتراپىدا.

**5. كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش، بوراندىن مۇداپىئەلىنىپ، قۇمنى تىزگىنلەش كەنجى بۆلىكى**

ئاساسلىقى دېھقانچىلىق رايونلىرىغا، ئىھاتە ئورمان بەلۋاغلىرىغا تارقالغان. بۇ بۆلەك ئېتىز ـ ئېرىقلارنى بوراندىن قوغدايدۇ، مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرىدۇ، ھاۋا كىلىماتىنى تەڭشەيدۇ، ئوتۇن مەسىلىسىنى ھەل قىلىدۇ.

**2. تاغلىق رايونلارنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىكى سۇ ـ تۇپراقنى ساقلاش رايونى**

ھەر قايسى ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ تەڭرىتاغ رايونلىرىغا تارقالغان. بۇ جايلار دېڭىز يۈزىدىن 1600 مېتىر ئېگىز

بولۇپ، تۇپرىقى ئىككىلەمچى ئېگىز تاغ چىملىق تۇپراق، كۆلرەڭ ئورمان تۇپراق ۋە قارا تۇپراقنى ئاساس قىلىدۇ.

**3. كالتسىيلىق كاشتان تۇپراق، كالتسىيلىق جىگەررەڭ تۇپراق، جىگەررەڭ چۆل تۇپراق بەلۋاغلىرىدىكى چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونى**

1) **كالتسىيلىق كاشتان تۇپراق بەلۋاغلىرىدىكى چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش كەنجى رايونى** ئاساسلىقى دېڭىز يۈزىدىن 1600 ~ 2200 مېتىر ئېگىزلىكتىكى جايلارغا تارقالغان.

2) **كالتسىيلىق جىگەررەڭ تۇپراق بەلۋاغلىرىدىكى چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش كەنجى رايونى** ئاساسلىقى باركۆل سارچوقا رايونىدىكى كەڭ ئوتلاقلارغا، ئۈچكۆل (سەنتاڭخۇ) نىڭ جەنۇبى، ئاراتۈرۈكنىڭ ئاداق، باي يېزىلىرى، قۇمۇل شەھىرىنىڭ تاشبۇلاق، تەڭرىتاغ رايونى، غەربىتاغ يېزىسىنىڭ تاغ ئارىسى بەلۋاغلىرىغا تارقالغان.

3) **جىگەررەڭ چۆل تۇپراق بەلۋاغلىرىدىكى چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش كەنجى رايونى** ئاساسلىقى قۇمۇل شەھىرىنىڭ تەڭرىتاغ جەنۇبىي تاغ ئېتەكلىرىدىكى يانتۇ تۈزلەڭلىكلەرگە تارقالغان.

**4. جىگەررەڭ چۆل تۇپراق، كۆلرەڭ جىگەررەڭ تۇپراقلىق چۆللۈكلەرنى قوغداش رايونى**

1) **جىگەررەڭ چۆل تۇپراقلىق چۆللۈكنى قوغداش كەنجى رايونى** ئاساسلىقى قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى گەنسۇ بىلەن چېگرىلىنىدىغان ۋە غەربىي پىچان بىلەن چېگرىلىنىدىغان كەڭ بوغاز چۆللۈككە تارقالغان.

2) **كۆلرەڭ جىگەررەڭ چۆل تۇپراقلىق چۆللۈكنى قوغداش كەنجى رايونى** ئاساسلىقى ئاراتۈرۈك ۋە باركۆلنىڭ ئۈچكۆل چۆللۈككە تارقالغان.

# IV باب

# زىرائەت كۆلىمى، تۈرى ۋە ئۈنۈمى يېتىشتۈرۈش

## §1. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى

قۇمۇلدا كىشىلەر 4000 يىل ئىلگىرىلا تېرىقچىلىق قىلغان. ئاساسلىقى بۇغداي، ئارپا، تېرىق قاتارلىقلارنى تېرىغان.

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭپىڭ 16- يىلى (73- يىلى) خەن سۇلالىسىنىڭ خانى مىڭ دى شىمالىي ھونلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، بۇ جايدا ئىبۇرغول كامېنگى تەسىس قىلىپ بوز يەر ئۆزلەشتۈردى. كېيىن يەنە ئىبۇرغول ئەمرلەشكىرىنى قويۇپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى يەنىمۇ كېڭەيتتى. تاڭ سۇلالىسىدىن چىڭ سۇلالىسىغىچە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش كۆلىمى داۋاملىق كېڭەيتىلدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ جىنگۇەن يىللىرى (627 ~ 649- يىللىرىغىچە) تېرىلغۇ يەر كۆلىمى «30 مىڭ مودىن ئاشتى»؛ تاڭ سۇلالىسىنىڭ جىڭلۇڭ 1 - يىلى (710- يىلى) ئىبۇرغول قوشۇنى تۇرغان گەنلۇچۇەندىلا 5000 مو يەر تېرىلدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا تارلاچىدا 7300 مو، سايىپشى كۆلىدە 4165 مو، باركۆل مەھكىمىسىگە قاراشلىق جايلاردا 18 مىڭ 700 مو تېرىلغۇ يەر بولغان. چىڭ

سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 27- يىلى (1762- يىلى) دىكى ستاتىستىكىدا، باركۆلدە جەمئىي 69 مىڭ 221 مو تېرىلغۇ يېرى بولغان. داۋگۇاڭ يىللىرى (1821 ~ 1850- يىللىرى) تارلاچىن، سايبېشى كۆلى، نيۇماۋخۇدىن ئىبارەت ئۈچ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدا جەمئىي 13 مىڭ مو تېرىلغۇ يېرى بولغان. تۇڭجىنىڭ 13- يىلى (1874- يىلى) جاڭ ياۋ قۇمۇلدا 20 مىڭ مو بوز يەر ئاچتى. گۇاڭشۈ 31- يىلى (1905- يىلى) دىكى ستاتىستىكىدا، قۇمۇلدا ئۆزلەشتۈرۈلۈپ پىشىلدۇرۇلغان يەر جەمئىي 22 مىڭ 644 مو بولغان.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ تېرىلغۇ يېرى 110 مىڭ مودىن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى بوستانلىقتا تەخمىنەن 50 مىڭ مو، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا تەخمىنەن 60 ~ 70 مىڭ مو يەر تېرىلدى.

مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى) دىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 152 مىڭ 214 مو تېرىلغۇ يەر بولغان. مىنگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى) جەمئىي 327 مىڭ 100 مو تېرىلغۇ يېرى بولغان، بۇنىڭ ئىچىدە سۇلۇق يەر 305 مىڭ 600 مو، بىنەم يەر 21 مىڭ 500 مو.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندا ۋىلايەت بويىچە 355 مىڭ 500 مو تېرىلغۇ يېرى بار ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە سۇغىرىلىدىغان يەر 34 مىڭ 300 مو، بىنەم يەر 13 مىڭ 200 مو. 1958- يىلى تېرىلغۇ يېرى 551 مىڭ 500 موغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سۇغىرىلىدىغان يەر 496 مىڭ مو. 1963- يىلى تېرىلغۇ يېرى 860 مىڭ 400 موغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سۇغىرىلىدىغان يەر 595 مىڭ 400 مو، تېرىلغۇ يېرى كېڭەيتىلدى، ئەمما بوز يەر ئېچىش يايلاقلارنى نابۇت قىلدى. 1966- يىلى تېرىلغۇ يېرى 866 مىڭ 820 موغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سۇغىرىلىدىغان يەر 698 مىڭ 100 مو. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، بوز يەرلەر داۋاملىق ئېچىلىپ، قۇرۇق يەرلەرگە ئۇرۇق چېچىلدى، 1976- يىلىغا كەلگەندە، تېرىلغۇ يېرى 901 مىڭ موغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سۇغىرىلىدىغان يەر 688 مىڭ 600 مو. 1978- يىلىدىن كېيىن، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 813 مىڭ موغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سۇغىرىلىدىغان يەر 569 مىڭ 900 مو. 1985- يىلىدىكى تېرىلغۇ يەر 684 مىڭ 200 مو، بۇنىڭ ئىچىدە سۇغىرىلىدىغان يەر 546 مىڭ مو، بىنەم يەر 138 مىڭ 200 مو. 1990- يىلىدىكى تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 690 مىڭ 200 مو، بۇنىڭ ئىچىدە سۇغىرىلىدىغان يەر 498 مىڭ 800 مو، بىنەم يەر 191 مىڭ 400 مو.

**قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1978 ~ 1984- يىللىرىغىچە بولغان تېرىلغۇ يەر كۆلىمى**

جەدۋەل: 5 – 1

بىرلىكى: 10 مىڭ مو

| تۈرلەر \ يىل | | | 1978 | 1979 | 1980 | 1981 | 1982 | 1983 | 1984 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| يىل ئاخىرىدىكى تېرىلغۇ | جەمئىي | | 81.3 | 78.52 | 77.20 | 78.16 | 77.64 | 75.74 | 74.31 |
| | ئىچىدە | قۇرغاق يەر | 24.31 | 21.39 | 21.44 | 22.23 | 20.63 | 23.74 | 21.33 |
| | | سۇغىرىلىدىغان يەر | 56.99 | 57.13 | 55.76 | 55.93 | 57.01 | 52 | 52.98 |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى | دۆلەت ئىگىلىكى | 9.08 | 5.00 | 4.72 | 5.01 | 4.37 | 4.16 | 4.07 |
| | | كوللېكتىپ، دېھقانلار ھۆددىگەرلىكى | 69.77 | 68.83 | 68.33 | 67.30 | 66.64 | 65.29 | 64.15 |
| | | دېھقانلار قالدۇرۇق يېرى | 2.06 | 2.94 | 2.89 | 3.23 | 5.02 | 5.01 | 5.08 |
| | | باشقا يەرلەر | 0.39 | 1.85 | 1.26 | 2.62 | 1.61 | 1.28 | 1.01 |
| شۇ يىللىق كۆپەيتىلگەن تېرىلغۇ يېرى | جەمئىي | | 0.25 | 2.08 | 1.17 | 1.54 | 1.03 | 0.21 | 0.77 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە | يېڭىدىن ئېچىلغان بوز يەر | 0.19 | 0.56 | 0.81 | 0.50 | 0.17 | 0.19 | 0.16 |
| | | دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يەر | | 0.02 | | 0.30 | | 0.01 | 0.03 |
| شۇ يىللىق كېمەيگەن تېرىلغۇ يېرى | جەمئىي | | 0.95 | 0.89 | 1.62 | 0.58 | 1.50 | 2.11 | 2.20 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە | دۆلەت ئاساسىي قۇرۇلۇش يېرى | | | | 0.14 | 0.06 | 0.04 | |
| | | يېزا- كەنت، كوللېكتىپ ئاساسىي قۇرۇلۇش يېرى | | | | | | | |
| | | دېھقانلار ئۆي- جايى قۇرۇلۇش يېرى | | | | | | | |
| | | ئورمانچىلىققا قايتۇرۇلغان يەر | | | | | | | |
| | | چارۋىچىلىققا قايتۇرۇلغان يەر | | | | | | | |

**قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1985 ~ 1990- يىللىقىچە بولغان تېرىلغۇ يەر كۆلىمى**

جەدۋەل: 5 – 2

بىرلىكى: تۈمەن مو

| تۈرلەر \ يىل | | | 1985 | 1986 | 1987 | 1988 | 1989 | 1990 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| يىل ئاخىرىدىكى تېرىلغۇ يېرى | جەمئىي | | 68.42 | 64.93 | 68.64 | 68.63 | 69.71 | 69.02 |
| | تىپى | بىنەم يەر | 13.82 | 13.81 | 15.63 | 11.91 | 17.27 | 19.14 |
| | | سۇغۇرۇلىدىغان يەر | 54.60 | 51.12 | 53.01 | 56.72 | 52.44 | 49.88 |
| | | دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يەر | 5.16 | 3.23 | 3.97 | 2.41 | 3.85 | 3.79 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | مۇلۇكچىلىك تۈزۈمى | كوللېكتىپ، دېھقان ئائىلىلىرى مۆدە بىلىگەن يەر | 57.22 | 47.66 | 49.26 | 50.46 | 49.71 | 49.82 |
| | | دېھقانلارنىڭ قالدۇق يېرى | 4.95 | 5.26 | 5.05 | 4.81 | 4.72 | 4.77 |
| | | باشقا يەرلەر | 1.09 | 8.78 | 10.36 | 10.96 | 11.43 | 10.64 |
| بۇ يىللىق كۆپەيگەن يەر | جەمئىي | | 0.75 | 0.32 | 0.51 | 0.77 | 1.91 | 0.60 |
| | يۇنىڭ ئىچىدە | يېڭىدىن ئېچىلغان بوز يەر | 0.24 | 0.22 | 0.58 | 0.77 | 1.75 | 0.59 |
| | | دۆلەت ئىلكىدىكى يەر | | | 0.05 | 0.02 | 0.10 | |
| بۇ يىللىق كېمەيگەن تېرىلغۇ يەر | جەمئىي | | 7.67 | 3.81 | 0.80 | 0.78 | 0.83 | |
| | يۇنىڭ ئىچىدە | دۆلەت ئاساسىي قۇرۇلۇش يېرى | 0.76 | 0.04 | 0.01 | 0.01 | | |
| | | يېزا- كەنت كوللېكتىپىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش يېرى | 0.04 | 0.13 | 0.04 | | | |
| | | دېھقانلار ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشى ئىگىلىگەن يەر | 0.20 | 0.56 | 0.05 | 0.01 | | 0.01 |
| | | ئورمانچىلىققا قايتۇرۇلغان يەر | 0.32 | 0.19 | 0.16 | 0.03 | 0.01 | 0.08 |
| | | چارۋىچىلىققا قايتۇرۇلغان يەر | 6.35 | 2.33 | 0.54 | 0.73 | 0.82 | 1.20 |

## §2. ئاشلىق زىرائەتلىرى

قۇمۇلدا ئاشلىق زىرائەتلىرى تېرىقچىلىقى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى بوستانلىق ئۈزلەڭلىكى ۋە شىمالدىكى ئۇچكۆل، نوم رايونلىرى بۇغداي، ئارپا، يالىڭاچ ئارپا، كۆممىقوناق، ئاق قوناق، تېرىق، چۈجگۈن قوناق، قارا بۇغداي، سېرىق پۇرچاق قاتارلىق ئاشلىق زىرائەتلىرىنى تېرىشقا باب كېلىدۇ. يازلىق يىغىمدىن كېيىن، كۆپىنچە يەرلەرگە قات تېرىلغىلى بولىدۇ. تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى بارىكۆل، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرى بۇغداي، ئارپا، يالىڭاچ ئارپا قاتارلىق ئاشلىق زىرائەتلىرىنى تېرىشقا باب كېلىدۇ. قۇمۇل شەھىرى قارادۆۋە يېزىسىدىكى قەدىمىي قەبرىستانلىقتىن 3000 يىل ئىلگىرىكى تېرىق توقچىسى تېپىلدى. تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىبۇرغولدا دانلىق زىرائەتلەر ۋە ئۈجمە، كەندىر تېرىلغان؛ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بۇغداي، پۇرچاق، شال، تېرىق ۋە بېدە؛ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە تېرىق، كۆك پۇرچاق، ئارپا ۋە بۇغداي قاتارلىقلار تېرىلغان.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، ئىبۇرغول لەشكەرلىرى تاپشۇرغان زاپاس ئاشلىق 3800 دادەندىن ئاشتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ يىللىرى (1821 ~ 1850- يىللىرى) ئاشلىق، پۇرچاق مەھسۇلاتى 7600 دادەندىن ئاشتى. مىنگونىڭ 2- يىلى (1913- يىلى) قۇمۇل ناھىيىسى 12 مىڭ 159 دادەن ئاشلىق ئالدى. مىنگونىڭ 33- يىلى

(1944- يىلى) 26 مىڭ 266 دادەن بۇغداي، 1748 دادەن تېرىق، 3300 دادەن چۈجگۈن قوناق، 1855 دادەن ئاق قوناق، 8033 دادەن كۆممىقوناق ھوسۇل ئالدى.

يېڭى ئېگىلىك تەرەققىياتىدا، قۇمۇل باشتىن- ئاخىر ئاشلىقنى ئاساس قىلىپ كەلدى، ئاشلىق زىرائەتلىرى ئادەتتە ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 85% ئەتراپىنى ئىگىلىدى. بارىكۆل ناھىيىسىنىڭ 1949- يىلىدىكى ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 82 مىڭ مو، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق زىرائەتلىرى 73 مىڭ 900 مو بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 90.12% نىنى ئىگىلىدى؛ 1956- يىلىدىكى ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 200 مىڭ مو، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق 182 مىڭ 300 مو بولۇپ 91% نى ئىگىلىدى؛ 1966- يىلىدىكى ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 357 مىڭ مو، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق 305 مىڭ 900 مو بولۇپ 85.5% نى ئىگىلىدى، قۇمۇل شەھىرىنىڭ 1985- يىلىدىكى ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 169 مىڭ 600 مو بولۇپ، ئاشلىق زىرائەتلىرى ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 78.6% نىنى ئىگىلىدى.

ئاشلىق زىرائەتلىرىدىن بۇغداي، كۆممىقوناق، ئاق قوناق، ئارپا، چۈجگۈن قوناق، تېرىق، قارا بۇغداي، كۆك پۇرچاق، يالىڭاچ ئارپا، شال قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە بۇغداي، كۆممىقوناق، ئاق قوناقلار ئاساس قىلىندى.

1. بۇغداي

بۇغداي قۇمۇلنىڭ ئاساسلىق ئاشلىق زىرائىتى بولۇپ، بۇنىڭدىن 2800 ~ 3200 يىل ئىلگىرىلا تېرىلغان. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭدا بۇغداي تېرىش قۇمۇل قاتارلىق جايلارنى ئاساس قىلغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن قۇمۇل ۋىلايىتىدە بۇغداينىڭ يەرلىك سورتلىرىدىن «جىڭباۋيىن»، «داتۇلاڭ» (ئاق باشلىق داتۇلاڭ، قىزىل باشلىق داتۇلاڭ)، بارىكۆلنىڭ قىزىل يازغى بۇغدىيى قاتارلىقلار تېرىلدى. 1950- يىللاردا يەرلىك ياخشى سورتلارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، كېڭەيتىش ئاساس قىلىندى، 1960- يىللاردا كىرگۈزۈلگەن سورتلارنى كېڭەيتىش ئاساس قىلىندى، 60- يىللاردىن كېيىن، سىرتتىن كىرگۈزۈش بىلەن ئۆزى يېتىشتۈرۈشنى تەڭ تۇتۇشنى يولغا قويدى.

60 ~ 70- يىللاردا سىرتتىن ئەلا سورتلار پاتال كىرگۈزۈلدى. يازغى بۇغدايلاردىن قەشقەر ئاق يازغىسى، گەنسۇ- 29 ۋە مېكسىكا بۇغداي سورتلىرىدىن سېلوس، موبا – 66، موبا – 65 قاتارلىق سورتلارنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى كېڭەيتىلدى. 1981- يىلغا كەلگەندە، كىرگۈزۈلگەن سورتلار بىلەن ئەسلىدىكى كونا سورتلارنى قوشقاندا، يازغى بۇغداينىڭ جەمئىي 62 خىل سورتى بار بولدى. قىزىل يۇلتۇز 2- مەيدانىنىڭ دېھقانچىلىق ئىلمىي تەتقىقات ئورنى يېتىشتۈرگەن «خۇڭچۈن – 1» ۋە قىزىل يۇلتۇز 1- مەيدانىنىڭ تەجرىبە پونكىتى يېتىشتۈرگەن «قۇمۇل بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش – 1»، «قۇمۇل بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش – 2 » قاتارلىقلار ئۆز جايىدا يېتىشتۈرۈلگەن يازغى بۇغداينىڭ ئەلا سورتلىرى ھېسابلىنىدۇ.

1970 ~ 1980- يىللارنىڭ باشلىرىغىچە، ھەرقايسى جايلار بۇغدايدىن يۇقىرى مەھسۇلات ئېلىش تەتقىقاتى ۋە كەڭ كۆلەمدە يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش تەجرىبىسىنى قانات يايدۇردى. شارائىت ھازىرلانغان جايلار كېڭەيتكەندىن كېيىن، ئۆزلەشكىلىك رايونلاردا بۇغداينىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 400 ~ 500 كىلوگرامغا يەتتى، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا بولسا 500 ~ 600 كىلوگرامغا يەتتى. 1980- يىللارغا كەلگەندە، كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىلغان تۆۋەن ھوسۇللۇقنى ئوتتۇرا ھوسۇللۇققا، ئوتتۇرا ھوسۇللۇقنى يۇقىرى ھوسۇللۇققا ئۆزگەرتىش ئەندىزىسى تەتقىقاتى مۇۋاپىقىيەتكە ئېرىشتى. بۇخىل ئۆستۈرۈش ئەندىزىسىدە تېرىپ ئۆستۈرۈلگەن بۇغداينىڭ ھەر 100 يۈەن سېلىنمىسى ياراتقان مەھسۇلات قىممىتى 250 يۈەندىن ئېشىپ كەتتى.

1980- يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا رېتسىپلىق ئوغۇتلاش، يىلتىز ئۈستىدىن ئوغۇتلاش ۋە ئارپىخاننى خىمىيىلىك يوقىتىش- ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق تېخنىكىلارمۇ كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم بەردى.

1949- يىلى ۋىلايەت بويىچە 123 مىڭ 700 مو بۇغداي تېرىلىپ، مو بېشى مەھسۇلاتى 55.5 كىلوگرامدىن

توغرا كەلگەن ئىدى. 1985- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 355 مىڭ 400 مو بۇغداي تېرىلىپ، مو بېشى مەھسۇلاتى 146.9 كىلوگرام بولدى. 1990- يىلى 345 مىڭ 600 مو بۇغداي تېرىلىپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 71 مىڭ 854 توننىغا يەتتى.

بىرلىك مەھسۇلات ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈلۈش بىلەن بىللە، تاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدا بىر قىسىم يۇقىرى ھوسۇل ئالغان تىپلار بارلىققا كەلدى. قۇمۇل شەھىرىنىڭ بۇلۇڭتوغراق يېزىسى 1977 ~ 1983- يىلىغىچە بۇغدايدىن يىلمۇ يىل مول ھوسۇل ئالدى، بىرلىك مەھسۇلاتنى ئۆزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈردى، 1983- يىلى تېرىغان 9148 مو بۇغداينىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 356.5 كىلوگرام بولدى. باركۆل داخې يېزىسى 55 مو يەردىكى بۇغداينىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى 530.2 كىلوگرامغا يەتكۈزدى.

2. كۆممىقوناق

قۇمۇلنىڭ كۆممىقوناق تېرىش تارىخى 2000 يىلدىن ئاشىدۇ. كۆممىقوناق ئېچكىرىدىن ئالدى بىلەن قۇمۇلغا تارقىلىپ كېلىپ، ئاندىن شىمالىي شىنجاڭغا تارقالدى. قۇمۇلنىڭ تۈزلەڭلىك جايلىرىنىڭ ھەممىسىدە كۆممىقوناق تېرىغىلى بولىدۇ، ئۇنىڭدىن قالسا ئاراتۈرۈكنىڭ نوم، باي يېزىلىرى ۋە باركۆلنىڭ سەنتاغخۇ (ئۈچكۆل) يېزىسىدا كۆممىقوناق تېرىشقا بولىدۇ. كۆممىقوناق قۇمۇلنىڭ ئاشلىق زىرائەتلىرى ئىچىدە ئادەتتە 4.2% ~ 5.5% نى ئىگىلەيدۇ، 1949- يىلى 8800 مو، 1952- يىلى 10مىڭ 300 مو، 1956- يىلى 13 مىڭ 400 مو، 1959- يىلى 13 مىڭ 500 مو، 1962- يىلى 20 مىڭ 100 مو، 1964- يىلى 20 مىڭ 700 مو، 1966- يىلى 29 مىڭ 900 مو، 1967- يىلى 40 مىڭ 100 موغا يەتكۈزۈلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، تېرىلىش كۆلىمى باشتىن- ئاخىر 15~ 20 مىڭ مو ئارىلىقىدا بولۇپ كەلدى. 1985- يىلى 15 مىڭ 800 مو تېرىلىپ، ئاشلىق زىرائەتلىرى ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 3.4% نى ئىگىلىدى، 1990 يىلى، ۋىلايەت بويىچە 28 مىڭ 700 مو تېرىلىپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 9213 توننىغا يەتتى.

قۇمۇلدا كۆممىقوناقنىڭ «سېرىق كۆممىقوناق»، «ئالتۇن خانىش»، «ئاق ئاتچىشى»، «يەرلىك سېرىق قوناق» (60 كۈنلۈك قوناق)، «ۋېر – 156»، «جېيندەن – 1»، «دۇنيۇ – 1» قاتارلىق سورتلىرى بار.

3. ئاق قوناق

قۇمۇلدا ئاق قوناقنىڭ تېرىلىشى 2000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئاساسلىقى قۇمۇل ئويمانلىقىغا مەركەزلەشكەن. قۇمۇلدا ئاق قوناقنىڭ قۇمۇل ئېگىز بويلۇق ئاق قونىقى، ئوتتۇرا بويلۇق ئاق قونىقى، كىچىك ئاق قوناق، قىزىل قوناق، كۆپ باشاقلىق ئاق قوناق قاتارلىق يەرلىك سورتلىرى بار. يۇقىرىقى كونا سورتلار تاكى 1960- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە تېرىلىپ كەلدى. پەن- تېخنىكا خادىملىرى كۆپلىگەن مەھەللىۋى سورتلار ئىچىدىن ئېپادىسى ياخشىراق بولغان «301» ئاق قوناقنى يېتىشتۈرۈپ چىققاندىن كېيىنلا، ئىلگىرىكى يەرلىك سورتلار تەدرىجىي ئەمەلدىن قالدى. كېيىنچە ئامېرىكىدىن كىرگۈزۈلگەن «كىرمىسترا» دىن تېخىمۇ ياخشى سورت «632» يېتىشتۈرۈپ چىقىلىپ، ئاساسلىق تېرىلىدىغان سورتقا ئايلاندۇرۇلدى.

1950 ~ 1960- يىلىغىچە، تېرىلىش كۆلىمى 10 مىڭ ~ 18 مىڭ مو ئارىلىقىدا بولۇپ، بىرلىك مەھسۇلاتى 100 كىلوگرام ئەتراپىدا بولدى. 1953- يىلى بىرلىك مەھسۇلاتى 192 كىلوگرام (كۆلىمى 11 مىڭ 300 مو) بولدى، 1978- يىلى بىرلىك مەھسۇلاتى 228 كىلوگرام، تېرىلىش كۆلىمى 60 مىڭ 600 مو ( بىڭتۇەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرى تېرىغان كۆلەمنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بولدى. تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشىگە ئەگىشىپ، 1985- يىلدىن كېيىن ئاق قوناقنىڭ تېرىلىش كۆلىمى تەخمىنەن 10 مىڭ مو بولدى، 1990- يىلى كۆلىمى 3800 مو بولۇپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 562 توننا بولدى.

ئاق قوناقنىڭ ئۈچ خىل تىپى بار، يەنى: بالدۇر پىشار سورتلىرىدىن كېپشۇاش ئاق قوناق، ئاراپىشار سورتلىرىدىن

«301»، «632»، چوكۋاش ئاق قوناق، كېچىكىپ پىشار سورتلىرىدىن چوڭ ئەگرى باش (داۋەنتۇ) قاتارلىقلار.

1981- يىلىدىن كېيىن، «632»، «301»، كېپىشۋاش ۋە سۇيۇرگە قوناق قاتارلىق سورتلار ئاساسلىق كېڭەيتىلدى.

## 4. شال

قۇمۇل تۆزلەڭلىكىدە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىلا شال تېرىلغان. ئەمما سۇ كەمچىل بولغانلىقتىن تەرەققىي قىلالمىغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ 1950- يىللاردا ھەر يىلى تەخمىنەن بىر- ئىككى يۈز مو ئەتراپىدا تېرىلدى، تېرىلىشى ئەڭ كۆپ بولغان يىلى 1959- يىلى بولۇپ، تەخمىنەن 1000 مو تېرىلىپ، جەمئىي 66 مىڭ 500 كىلوگرام ھوسۇل ئېلىندى. 1980- يىللارغا كەلگەندە شال ئاندا- ساندا تېرىلغاندىن باشقا، ئاساسەن تېرىلمىدى.

## 5. قارائاشلىق

ئاساسلىقى ئارپا، چۈجگۈن قوناق، تېرىق، قارا بۇغداي قاتارلىقلار بار.

1) **قۇمۇل ئارپىسى** قۇمۇلنىڭ ئارپا تېرىش تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن، 3000 يىللىق تارىخقا ئىگە قارادۆۋە قەدىمىي قەبرىستانلىقتىن ئارپا دېنى پوستى بايقالدى. ئۇزاق يىللار داۋامىدا، قۇمۇلدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارپىنىڭ ئورغۇنلىغان ئەلا سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى، مەسىلەن، تۆت قىرلىق، ئالتە قىرلىق ئارپىنىڭ بالدۇر پىشىش، يۇقىرى مەھسۇلات بېرىش، قۇرغاقچىلىققا، شورغا چىداملىق بولۇشتەك ئارتۇقچىلىقلىرى بار. قۇمۇل ئارپىسىنىڭ دانىسى چوڭ ھەم تەكشى، مىگدان ئېغىرلىقى يۇقىرى، سۇ تەركىبى تۆۋەن، رەڭگى سارغۇچ، قاسىرىقى نېپىز بولىدۇ، رەڭ، پۇراق جەھەتتە ئۆزگىچە بولۇپ، دۆلەت ئىچىدە خېلى تونۇلغان ئىگە. مۇتەخەسسىسلەر قۇمۇل ئارپىسىنىڭ سۇيۇقلۇق پىۋا ئىشلەشنىڭ ياخشى خام ماتېرىيالى ئىكەنلىكىنى بېكىتتى. شىنجاڭ پىۋا زاۋۇتى قۇمۇل ئارپىسىنى خام ئەشيا قىلىپ ئىشلەپچىقارغان ئەلا سۇيۇقلۇق، رەڭگى سۈس پىۋا 1984- يىلى يېنىك سانائەت مىنىستىرلىكى ئۇيۇشتۇرغان مەملىكەتلىك ھاراق تۈرلىرى مۇسابىقىسىدە كۈمۈش لوڭقا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

1985- يىلى ئامېرىكىنىڭ پىۋا ئىشلەپچىقىرىدىغان ئارپا سورتى «مونكىر» كېڭەيتىلدى. تېرىلىش كۆلىمى ئادەتتە 15 مىڭ مودىن 20 مىڭ موغىچە بولدى. 1976- يىلى 39 مىڭ 700 مو تېرىلىپ، مو بېشى مەھسۇلاتى 93.3 كىلوگرام بولدى؛ 1978- يىلى 35 مىڭ 400 مو تېرىلىپ، مو بېشى مەھسۇلاتى 94.7 كىلوگرام بولدى؛ 1983- يىلى 17 مىڭ 600 مو تېرىلىپ، مو بېشى مەھسۇلاتى 153.6 كىلوگرام بولدى؛ 1990- يىلى 23 مىڭ 500 مو تېرىلىپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 4852 توننا بولدى.

باركۆل، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرىدىمۇ ئارپا تېرىلدى، تېرىقچىلىق مەشغۇلاتى ئىنچىكە بولمىغاچقا، مو بېشى مەھسۇلاتى تۆۋەن بولدى. 1985 ~ 1990- يىلغىچە قۇمۇل شەھىرىدە تېرىلغان ئارپىنىڭ ئوتتۇرىچە مو بېشى مەھسۇلاتى تەخمىنەن 300 كىلوگرام بولدى.

2) **قۇمۇل چۈجگۈن قونىقى** چوڭ چۈجگۈن قوناق ۋە كىچىك چۈجگۈن قوناق دەپ ئىككى خىلى بار. 1949- يىلى 6300 مو 272 مىڭ كىلوگرام، 1957- يىلى 3300 مو 154 مىڭ كىلوگرام، 1966-يىلى 1000 مو85 مىڭ كىلوگرام، 1979- يىلى 700 مو 215.5 توننا ، 1985- يىلى 300 مو 82 توننا، 1990- يىلى 300 مو 33 توننا بولدى.

3) **باشقا قارائاشلىقلار** باشقا قارائاشلىقتىن تېرىق، قارا بۇغداي قاتارلىقلار بار. 1949- يىلى 11 مىڭ 500 مو، 540 مىڭ كىلوگرام، 1957- يىلى 39 مىڭ 200 مو، ئىككى مىليون 151 مىڭ 500 كىلوگرام، 1966- يىلى 89 مىڭ 100 مو، ئالتە مىليون 259 مىڭ كىلوگرام، 1979- يىلى 80 مىڭ 100 مو، 5386 توننا،1985- يىلى 59 مىڭ

300 مو، 3938 توننا، 1990- يىلى 63 مىڭ 500 مو 3938 توننا بولدى.

4) يالىڭاچ ئارپا    مىنگونىڭ 30- يىلى (1941- يىلى) قۇمۇل ناھىيىسى 5018.36 مو يالىڭاچ ئارپا تېرىلدى، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 2143.7 دادەن بولۇپ، مو بېشى مەھسۇلاتى 96.1 كىلوگرام بولدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن يالىڭاچ ئارپا ئاساسلىقى يەم-خەشەككە ئىشلىتىلىپ، ھەر يىلى تەخمىنەن 15 مىڭ مو ئەتراپىدا تېرىلىپ كەلدى.

تېرىق، قارا بۇغداي، چۈجگۈن قوناقلار ئاساسلىقى ئىگىزغا تېرىلىدۇ. 1976- يىلى ئىگىزغا 18 مىڭ 874 مو تېرىق، 8027 مو قارا بۇغداي، 1284 مو چۈجگۈن قوناق تېرىلدى، ئۈچىسىنى قوشقاندا جەمئىي 28 مىڭ 185 مو، بۇ ئىگىزغا تېرىلغان (قات تېرىلغان) ئومۇمىي ئاشلىق كۆلىمىنىڭ 51.25% نى ئىگىلىدى. 1977- يىلى ئىگىزغا 16 مىڭ 148 مو تېرىق، 15 مىڭ 628 مو قارا بۇغداي، 1823 مو چۈجگۈن قوناق تېرىلدى، ئۈچىسىنى قوشقاندا جەمئىي 33 مىڭ 599 مو بولۇپ، ئىگىزغا تېرىلغان ئاشلىق كۆلىمىنىڭ 59.89% نى ئىگىلىدى. 1978- يىلى ئىگىزغا 16 مىڭ 631 مو تېرىق، 12 مىڭ 870 مو قارا بۇغداي، 4431 مو چۈجگۈن قوناق تېرىلدى، ئۈچىسىنى قوشقاندا جەمئىي 33 مىڭ 932 مو بولۇپ، ئىگىزغا تېرىلغان ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ 58.91% نى ئىگىلىدى. 1980- يىللاردا ئىگىزغا تېرىش كۆلىمى يىلمۇ يىل ئازايدى.

**قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1949 ~ 1990- يىللىرىغىچە بولغان ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى ۋە ئومۇمىي مەھسۇلاتى**

جەدۋەل: 5 — 3

| يىل | كۆلىمى (تۈمەن مو) | ئومۇمىي مەھسۇلاتى (تۈمەن كىلوگرام) | يىل | كۆلىمى (تۈمەن مو) | ئومۇمىي مەھسۇلاتى (تۈمەن كىلوگرام) |
|---|---|---|---|---|---|
| 1949 | 18.57 | 1067.65 | 1970 | 65.54 | 5729.65 |
| 1950 | 17.88 | 1081.35 | 1971 | 63.36 | 6157.60 |
| 1951 | 19.51 | 1295.90 | 1972 | 63.16 | 4858.45 |
| 1952 | 23.00 | 2159.45 | 1973 | 64.86 | 6075.65 |
| 1953 | 25.38 | 2652.40 | 1974 | 61.85 | 3730.05 |
| 1954 | 22.64 | 2551.75 | 1975 | 77.02 | 7535.55 |
| 1955 | 24.51 | 2998.25 | 1976 | 74.76 | 7984.70 |
| 1956 | 33.96 | 332.085 | 1977 | 77.28 | 8429.60 |
| 1957 | 33.87 | 2780.40 | 1978 | 57.2 | 5626.40 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 1958 | 37.03 | 3789.70 | 1979 | 59.18 | 6334.90 |
| 1959 | 41.51 | 3678.26 | 1980 | 54.33 | 5876.50 |
| 1960 | 77.05 | 2948.50 | 1981 | 58.53 | 6235.43 |
| 1961 | 70.73 | 3075.90 | 1982 | 56.56 | 6476.55 |
| 1962 | 55.27 | 2402.45 | 1983 | 47.72 | 7936.90 |
| 1963 | 52.00 | 3441.85 | 1984 | 49.83 | 8516.85 |
| 1964 | 54.49 | 4548.80 | 1985 | 46.33 | 6576.60 |
| 1965 | 56.97 | 4843.00 | 1986 | 40.83 | 7184.50 |
| 1966 | 62.33 | 5514.00 | 1987 | 45.53 | 8568.10 |
| 1967 | 67.39 | 4911.15 | 1988 | 47.00 | 9357.00 |
| 1968 | 60.38 | 4258.50 | 1989 | 45.67 | 7251.10 |
| 1969 | 61.09 | 5483.45 | 1990 | 48.15 | 9397.40 |

ئىزاھ: جەدۋەلدىكى 1975 ~ 1977- يىلىغىچە بولغان سانلار قۇمۇل تەۋەسىدىكى ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ تۇەن- مەيدانلىرىنىڭ سانلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## §3. باغلىقدان زىرائەتلىرى

1949- يىلى ۋىلايەت بويىچە باغلىقدان زىرائەتلىرىنىڭ تېرىلىش كۆلىمى 21 مىڭ 600 مو ئىدى. 1958- يىلى 57 مىڭ 600 موغا، 1960- يىلى 102 مىڭ 700 موغا يەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇزۇن مۇددەتكىچە 40 مىڭ ~ 60 مىڭ مو ئارىلىقىدا بولۇپ، 1977- يىلى 103 مىڭ 500 موغا يەتتى. بىرلىك مەھسۇلاتى ئۇزۇنغىچە 50 كىلوگرامدىن تۆۋەن سەۋىيىنى ساقلاپ كەلدى. 1949- يىلى 44.5 كىلوگرام، 1958- يىلى 30.2 كىلوگرام، بىرلىك مەھسۇلاتى يۇقىرىراق بولغان 1978- يىلىمۇ ئاران 47.8 كىلوگرام بولدى. 1990- يىلى ۋىلايەت بويىچە باغلىقدانىنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 28 مىڭ 500 مو، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 2989 توننا بولدى.

ياغلىقدان زىرائەتلىرىدىن ئاساسلىقى قىچا، زىغىر، مايلىق ئاپتاپپەرەس ۋە زاراڭزا قاتارلىقلار بار.

1.قىچا

شىنجاڭ قىچا ئۆستۈرۈش تارىخى ئۇزۇنراق رايونلارنىڭ بىرى، باركۆل ناھىيىسى قىچا ئىشلەپچىقىرىلىپ كېلىۋاتقان كونا رايون، شۇنداقلا قومۇل ۋىلايىتىنىڭ ئاساسلىق ياغلىقدان ئىشلەپچىقىرىش رايونى.

باركۆل ناھىيىسىدە 1950- يىلى 10 مىڭ 300 مو قىچا تېرىلدى (ۋىلايەت بويىچە ياغلىقدان ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 45% نى ئىگىلەيدۇ)، 1958- يىلى 37 مىڭ 200 مو قىچا تېرىلدى (ۋىلايەت بويىچە ياغلىقدان ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 70.3% نى ئىگىلەيدۇ). 1977- يىلى 61 مىڭ 500 مو ياغلىقدان تېرىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تېرىلغۇ كۆلىمى يىلمۇ يىل كېمەيدى. ئەمما بىرلىك مەھسۇلاتى ئاشۇرۇلدى ھەمدە بىر قىسىم يۇقىرى مەھسۇلاتلىق تىپلارمۇ بارلىققا كەلدى. 1979- يىلى باركۆل ناھىيىسىنىڭ سۇپەتلىك ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش مەيدانى 2.96 مو «جۇنفېڭ – 1» نى تېرىپ مو بېشىدىن 224.28 كىلوگرام ھوسۇل ئالدى. بەش مو يەرگە «كالا قۇلىقى قىچىسى» تېرىپ، مو بېشىدىن 198.8 كىلوگرام مەھسۇلات ئالدى، داخې يېزىسى 85 مو يەرگە قىچا تېرىپ، مو بېشىدىن 153 كىلوگرام ھوسۇل ئالدى.

ۋىلايەتتە تېرىلىۋاتقان قىچىنىڭ ئەلا سورتلىرىدىن باركۆلنىڭ قاراقىچىسى، قومۇلدا ئېگىزغا تېرىلىدىغان قىچا، «كالا قۇلىقى قىچىسى»، مېنيۈەن قىچىسى ۋە جۇنفېڭ 1- نومۇرلۇقلار بار.

ۋىلايەت بويىچە قىچىنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 1978- يىلى 49 مىڭ 300 مو، 1990- يىلى 3800 مو؛ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1978- يىلى 520 توننا، 1990- يىلى 135 توننا بولدى.

2. زىغىر

1949- يىلى 2300 مو، 1960- يىلى 12 مىڭ 500 مو، 1978- يىلى 7500 مو تېرىلدى. 80- يىللاردا تەدرىجىي ئازلاپ، 1985- يىلى 4500 مو، 1990- يىلى 4300 مو تېرىلدى. 1978- يىلى ئومۇمىي مەھسۇلاتى 431 توننا، 1985- يىلى 364 توننا، 1990- يىلى 541 توننا بولدى.

زىغىر سالقىن مۇھىتتا ياخشى ئۆسىدۇ، ئۆسۈش دەۋرى قىسقا، قۇرغاقچىلىققا، ناچار تۇپراق شارائىتىغا چىداملىق. ئۇزاقتىن بۇيان شەكىللەنگەن تېرىم رايونلىرى قومۇل شەھىرىنىڭ تاشۆيلىق، تەڭرىتاغ، غەربىيتاغ قاتارلىق تاغلىق رايونلىرى ۋە ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ توخۇلۇ يېزىسى قاتارلىق رايونلار بولۇپ، تۈزلەڭلىكتە ئاز مىقداردا ئېگىزغا تېرىلىدۇ.

زىغىرنىڭ ئاساسەن يەرلىك زىغىر ۋە چوڭ باش زىغىر دەپ ئىككى سورتى بار.

3. مايلىق ئاپتاپپەرەس

1976- يىلى مايلىق ئاپتاپپەرەسنىڭ ئەلا سورتى «ئىلغار خىزمەتچى» جىلىن ئۆلكىسىنىڭ بەيچېڭ ۋىلايىتىدىن شىنجاڭغا كىرگۈزۈلۈپ، 1979- يىلى قومۇلغا كىرگۈزۈلدى. بۇ سورتنىڭ قومۇلدىكى ئىپادىسى خېلى ياخشى بولۇپ، مو بېشى مەھسۇلاتى 60 كىلوگرامدىن ئاشىدۇ. قومۇلنىڭ تۈزلەڭلىكلىرىدە ئەتىيازدا تېرىسىمۇ، ئېگىزغا تېرىسىمۇ بولىدۇ. 1984- يىلى ماي چىقىش نىسبىتىنى تەكشۈرگەندە، مايلىق ئاپتاپپەرەسنىڭ 35.6% بولدى.

مايلىق ئاپتاپپەرەسنى ئېگىزغا تېرىش 1984- يىلدىن باشلاپ زور كۆلەمدە كېڭەيتىلىشكە باشلىدى. شۇ يىلى ئېگىزغا 5400 مو تېرىلىپ، شۇ يىللىق مايلىق ئاپتاپپەرەس كۆلىمىنىڭ 69.3% نى ئىگىلىدى؛ 1985- يىلى ئېگىزغا 5500 مو تېرىلىپ، شۇ يىللىق مايلىق ئاپتاپپەرەس كۆلىمىنىڭ 64.7% نى ئىگىلىدى.

1983- يىلى ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك پەن- تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزى لياۋنىڭ ئۆلكىسىدىن «لياۋكۇيزا – 2» نى كىرگۈزدى. بۇ سورتنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 150 ~ 170 كىلوگرام بولۇپ، «ئىلغار خىزمەتچى» گە قارىغاندا

مەھسۇلاتى %33.9 ~ %40 ئاشتۇق بولدى. «لياۋكۇيزا – 2» ۋىلايەتنىڭ ئاساسلىق تېرىلىدىغان مايلىق ئاپتاپپەرەس سورتىغا ئايلاندى.

**قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە بىر قىسىم يىللاردىكى باغلىقتان زىرائەتلىرىنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى ۋە مەھسۇلاتى**

جەدۋەل: 5 – 4

| يىللار | كۆلىمى (تۈمەن مو) | ئومۇمىي مەھسۇلاتى (تۈمەن كىلوگرام) | مو بېشى مەھسۇلاتى (كىلوگرام) | يىللار | كۆلىمى (تۈمەن مو) | ئومۇمىي مەھسۇلاتى (تۈمەن كىلوگرام) | مو بېشى مەھسۇلاتى (كىلوگرام) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1960 | 102.7 | 620 | 6 | 1978 | 64.9 | 1736 | 26.7 |
| 1965 | 49.1 | 1536.5 | 31.5 | 1985 | 37.1 | 2468 | 66.5 |
| 1970 | 59.9 | 1692 | 28 | 1990 | 28.5 | 2989 | 104.9 |
| 1975 | 72.8 | 2451.5 | 33.5 | | | | |

## §4. كېۋەز

كېۋەز قۇمۇلنىڭ ئەنئەنىۋى ئىقتىسادىي زىرائەتلىرىنىڭ بىرى، ئەمما سۇ - تۇپراق بايلىقىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ كەلگەنلىكتىن، تېرىلغۇ كۆلىمى ناھايىتى ئاز بولۇپ كەلدى.

مىنگونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى) ئاراتۇرۇكتە مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، نوم، باي ئىككى جايدا جەمئىي 5.7 مو كېۋەز تېرىلدى. مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) قۇمۇل ناھىيىسىدە 160 مو كېۋەز تېرىلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن 1952 - يىلى 400 مو تېرىلىپ، بىرلىك مەھسۇلاتى 13.8 كىلوگرام بولدى؛ 1956 - يىلى 1100 مو تېرىلىپ، بىرلىك مەھسۇلاتى 24.42 كىلوگرام بولدى؛ 1959 - يىلى 1504 مو تېرىلىپ، بىرلىك مەھسۇلاتى 26 كىلوگرام بولدى؛ 1968 - يىلى3100 مو تېرىلىپ، بىرلىك مەھسۇلاتى 26 كىلوگرام بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، كېۋەزنىڭ تېرىلىش كۆلىمى نەچچە يۈز مو ئەتراپىدا بولدى. 1978 - يىلىغا كەلگەندە، پەقەت 100 مو تېرىلىپ (قۇمۇل ناھىيىسىدىلا تېرىلدى)، بىرلىك مەھسۇلاتى 37 كىلوگرام بولدى. 1981 ~ 1985 - يىلىغىچە بولغان بەش يىلدا ئايرىم ھالدا 100 مو، 200 مو، 100 مو، 100 مو ۋە 200 مو تېرىلىپ، بىرلىك مەھسۇلاتى 50 كىلوگرام، 44.2 كىلوگرام، 48 كىلوگرام، 70 كىلوگرام ۋە 73 كىلوگرام بولدى. 1990 - يىلى 6000 مو تېرىلىپ، بىرلىك مەھسۇلاتى 73.6 كىلوگرام بولدى.

1950- يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يېڭى سورتلار كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، كونا سورتلار تېرىلىشتىن توختىدى، ئەينى چاغدا كىرگۈزۈپ كېڭەيتىلگەن سورتلاردىن «س – 3178»، «108 – يوف»، «611 – پو» ۋە «كېكى – 1543» قاتارلىقلار بار ئىدى.

1982- يىلى سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، كېۋەزنىڭ مەھسۇلاتى خېلى زور دەرىجىدە ئاشتى، بىر مۇنچە يۇقىرى مەھسۇلات ئالغان تىپلارمۇ بارلىققا كەلدى. 1983- يىلى، پالۋانتۇر يېزىسىنىڭ جۇەنشۈي 2- ئەترىتىدە تېرىلغان 4.3 مو كېۋەزنىڭ مو بېشى ساپ پاختا مەھسۇلاتى 82.5 كىلوگرام بولدى. ئاستانە يېزىسى قوشتىكەن 5- ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە تېرىلغان بەش مو كېۋەزنىڭ مو بېشى ساپ پاختا مەھسۇلاتى 101.5 كىلوگرام بولدى. 1990- يىلى ۋىلايەتنىڭ پاختا مەھسۇلاتى 442 توننا بولدى.

## §5. پۇرچاق تىپىدىكى زىرائەتلەر

چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە، قۇمۇلدا پۇرچاق تىپىدىكى زىرائەتلەرنى تېرىش خېلى ئومۇملاشتى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 29- يىلى (1764- يىلى) قۇمۇلدا كۆك پۇرچاق سىناق تەرىقىسىدە تېرىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى.

قۇمۇلدا پۇرچاق تىپىدىكى زىرائەتلەردىن دادۇر، سېرىق پۇرچاق، كۆك پۇرچاق، ماش، يېسسى پۇرچاق، ئاق پۇرچاق قاتارلىقلار تېرىلىدۇ. ئاساسلىقى سېرىق پۇرچاق، دادۇر، غەربىي شىمال دادۇرى، يەرلىك كۆك پۇرچاق، ئۇششاق كۆك پۇرچاق، ماش، يېسسى پۇرچاق ۋە ئۇششاق ئاق پۇرچاق قاتارلىقلار بار.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر پۇرچاق تىپىدىكى زىرائەتلەرنى تېرىشنى پىلانغا كىرگۈزۈپ، دېھقانلارنى كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىشقا رىغبەتلەندۈردى. 1953- يىلى قۇمۇل ناھىيىسىدە 470 مو سېرىق پۇرچاق، 7698 مو كۆك پۇرچاق، 39 مو ماش، 1100 مو دادۇر، 1233 مو يېسسى پۇرچاق تېرىلدى. باركۆل ناھىيىسىنىڭ ھاۋا كىلىماتى سالقىن، كۆك پۇرچاق تېرىشقا ناھايىتى ماس كەلگەنلىكتىن، 1949- يىلى 6300 مو، 1950- يىلى 16 مىڭ 700 مو، 1953- يىلى 20 مىڭ 300 مو، 1960- يىلى 35 مىڭ 300 مو، 1962- يىلى 25 مىڭ 400 مو تېرىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى نەچچە يىلدا 20 مىڭ مودىن ئارتۇق تېرىدى. 1967- يىلى 35 مىڭ 900 مو تېرىدى، 1975- يىلى 65 مىڭ 700 موغا يەتكۈزدى.

پۇرچاق تۈرىدىكى زىرائەتلەرنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى ئادەتتە 70 ~ 100 كىلوگرامغىچە بولۇپ كەلدى. ئايرىم جايلاردا 150 كىلوگرامدىن ئاشتى.

1949- يىلى ۋىلايەت بويىچە 600 مو سۇيا پۇرچاق (دادۇر) تېرىلدى، 1966- يىلى 800 مو، 1978- يىلى 900 مو، 1990- يىلى 16 مىڭ 100 مو تېرىلدى.

1978 ~ 1990- يىلىغىچە ۋىلايەت بويىچە 900 مودىن 16 مىڭ 100 موغىچە پۇرچاق تېرىلدى، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 449 تونندىن 1275 تونىغىچە بولدى.

# §6. كۆكتات

### 1. كۆكتات ئۆستۈرۈش ۋە كۆكتات سورتلىرى

تارىختا قۇمۇلدا كۆكتات تۈرلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى، ئەنئەنىۋى كۆكتاتلاردىن پەقەت چامغۇر، سەۋزە، يۇمغاقسۈت، باش پىياز، غولپىياز، سامساق قاتارلىقلارلا بار ئىدى. ئاھالىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئىچكىرىدىن نۇرغۇن كۆكتات سورتلىرى قۇمۇلغا كىردى.

مىنگونىڭ 29- يىلى (1940- يىلى) يېزىلغان «شىنجاڭغا ساياھەت» دېگەن ساياھەت خاتىرىسىدە: «قۇمۇلنىڭ مېۋە- چېۋە ۋە كۆكتاتلىرىنى خەنزۇلار تېرىسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ دۇكان- يايمىلىرىدا سېتىلىدىكەن، ئۇلارنىڭ يوپۇرماقلىرى سەۋزە، پىدىگەن ۋە ھەر خىل پۇرچاقلار بىلەن تولغان، كۆك پۇرچاقنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر چى كېلىدىكەن شەكلى يۇمىلاق ئىكەن، ھەممىدىن كۆپى تاۋۇز بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا، باش پىيازنىڭ چوڭلۇقى ئاپېلسىندەك كېلىدىكەن، كۆك لازا، چىگىدەي، ئوسۇڭ ۋە تاۋۇزلارمۇ ناھايىتى مول ئىكەن. ئەمما كۆك پۇرچاق ۋە دادۇر بۇ جايدا كۆكتات ئورنىدا ئىستېمال قىلىنماي، بوغۇز ئورنىدا ھايۋانلارغا بېرىلىدىكەن» دەپ خاتىرىلەنگەن.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، كۆكتاتقا بولغان ئېھتىياج ئەدرىجىي ئاشقاچقا، كۆكتات كۆلىمى يىلمۇ يىل كېڭەيدى. ئىلگىرى پەقەت قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەھەر ئەتراپى دائىرىسىدىلا كۆكتات تېرىلاتتى، كېيىنچە ئەدرىجىي ھالدا پالۋانتۇر، شەھەر ئىچى، راھەتباغ، بوغاز، ئاستانە، بۇلۇڭتوغراق ۋە پۈتۈن بوستانلىقنىڭ ھەممە يېرىگىچە كېڭەيدى.

1990- يىلى قۇمۇل رايونىدا تۇرۇپ، يېسىۋىلەك (بەسەي)، كاللەكبەسەي، پالەك، كەرەپشە (چىگىسەي)، كۆدە (جۇسەي)، سامساق، پەمىدۇر، كاۋا، تەرخەمەك، يېسى پۇرچاق، مەككاۋا، جياگدۇ، ئوسۇڭ، ياڭيۇ، قىزىلمۇچ، باشپىياز، سەۋزە، جىبەي (قىچا)، مايلىق يېسىۋىلەك، بايچېچەك (تۇگخاۋ)، بەدىيان، يۇمغاقسۈت، شياگدۇزا، قىزىل بۇغداش، سەي كاۋىسى، تەكىيە كاۋا، ئاچچىق كاۋا، ئاغىچە، تەرخەمەك كاۋا، چېچەكسەي، سېرىق چېچەكسەي، دادۇر، سەي پۇرچىقى قاتارلىق كۆكتات تۈرلىرى تېرىلدى.

1950- يىلى ۋىلايەتنىڭ كۆكتات كۆلىمى 300 مو، بىرلىك مەھسۇلاتى 4615 كىلوگرام ئىدى. 1952- يىلى 700 مو، 1955- يىلى 1300 مو، 1958- يىلى 3000 مو، 1961- يىلى 6000 مو، 1964- يىلى 2500 مو، 1967- يىلى 4000 مو، 1970- يىلى 4000 مو، 1973- يىلى 5000 مو، 1976- يىلى 11 مىڭ مو، 1979- يىلى 12 مىڭ 700 مو، 1981- يىلى 18 مىڭ 400 مو، 1985- يىلى 15 مىڭ 900 مو، 1990- يىلى 18 مىڭ مو تېرىلدى. كۆكتات ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1949- يىلىدىكى 1 مىليون 250 مىڭ كىلوگرامدىن 1990- يىلى 38 مىڭ 840 توننىغا يەتتى.

قۇمۇل ۋىلايىتىدە قىش پەسلىدە ئىستېمال قىلىنىدىغان كۆكتاتلاردىن ئاساسلىقى يېسىۋىلەك (بەسەي)، ياڭيۇ، تۇرۇپ، چامغۇر، سەۋزە قاتارلىق نەچچە خىلىلا بولۇپ، تۈرى بەك ئاز ئىدى. يېسىۋىلەك قۇمۇلدىكى ھەر مىللەت خەلقى قىشلىقى يەيدىغان ئاساسلىق كۆكتات ئىدى. 1980- يىلىدىن بۇيان، قۇمۇل شەھەر ئەتراپىدا يېسىۋىلەك ھوسۇلى يىلمۇ يىل ئارتىپ كەتكەچكە، يېسىۋىلەك ئىشلەپچىقىرىش رايونى شەرق ۋە غەربتىكى ئاشلىق رايونى بۇلۇڭتوغراق ۋە ئاستانىغا يۆتكەلدى.

1985- يىلىدىن كېيىن قۇمۇل شەھىرى پارنىك، لاپاس ۋە سۇلياۋ يوپۇق ئارقىلىق كۆكتات ئۆستۈرۈشكە باشلىدى. كۆكتات تۈرلىرى زور دەرىجىدە كۆپىيىپ، بازارغا سېلىنىش ۋاقتىمۇ ئالدىغا سۈرۈلدى، قىشلىقى بىر قىسىم

يېڭى كۆكتاتلار بازارغا سېلىنىپ، ئىلگىرىكىدەك قىشلىقى يېڭى كۆكتات يېيەلمەسلىكتەك ۋەزىيەت ئۆزگەردى.

1990- يىلى ۋىلايەت بويىچە كۆكتات مەھسۇلاتى 38 مىڭ 840 توننىغا يەتتى.

2. داڭلىق كۆكتاتلار

1) پىياز قۇمۇلدىن چىقىدىغان پىيازنىڭ ئېتى يۇمشاق، تەمى تاتلىقراق، سۈپىتى ئالاھىدە ياخشى، پوستى قىزىل، سېرىق ۋە ئاق كېلىدۇ، سوغۇققا، كېسەللىككە چىداملىق، توشۇپ- يۆتكەشكە قولايلىق، ساقلاش ئاسان. پىيازنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى بولۇپ، تەركىبىدە ئاقسىل، ماي، قەنت، كاروتىن، ۋىتامىن $B_1$، ۋىتامىن $B_2$، ۋىتامىن C، كالتسىي، ماگنىي ۋە تۆمۈر قاتارلىق كۆپ خىل تەركىبلەر بار. پىيازنىڭ قاندىكى خولېستېرىننى تۆۋەنلىتىش رولى بولغاچقا، دورىلىق قىممىتى يۇقىرى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، قۇمۇلدا نۇرغۇن پىياز سۇسىزلاندۇرۇش زاۋۇتلىرى قۇرۇلۇپ، مەھسۇلاتى چەت ئەللەرگە سېتىپ چىقىرىلىپ، خەلقئارادا بازار تاپتى. بوغاز يېزىسى پىياز ئىشلەپچىقىرىدىغان ئاساسلىق بازا بولۇپ، پىيازنىڭ ئەڭ يۇقىرى مو بېشى مەھسۇلاتى توققۇز توننىغا، ئادەتتە مو بېشى مەھسۇلاتى 4 ~ 5 توننىغا يېتىدۇ. بوغازنىڭ پىيىزى شەرقىي شىمال ۋە گۇاڭجۇ قاتارلىق 10 نەچچە ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونغا سېتىلىدۇ، يەنە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرگە چىقىرىلىدۇ.

2) ياڭيۇ (سەيە) تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى سالقىن رايونلارنىڭ ھەممىسىدە ئىشلەپچىقىرىلىدۇ، ئاساسلىق باركۆل ناھىيىسىدە ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. بولۇپمۇ شايۇلۇڭ (لەنجۇۋەن)، لىجياگۇدا ئىشلەپچىقىرىلغان ياڭيۇنىڭ سۈپىتى ھەممىدىن ئەلا بولۇپ، يىلىغا تەخمىنەن 3 ~ 4 مىڭ توننا ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. بۇ جايدا چىقىدىغان ياڭيۇنىڭ دانىسى چوڭ، مەھسۇلاتى ۋە كراخمال تەركىبى يۇقىرى، ساقلاشقا، يۆتكەشكە چىداملىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بولغاچقا، گۇاڭجۇ يەرمەنكىسىدە ياخشى باھاغا ئېرىشتى.

3) ئاق پوستلۇق ساماق باركۆلدە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ئاق پوستلۇق ساماق چىشىنىڭ چوڭ ھەم تەكشى بولۇشى، تەم- پۇرىقىنىڭ ئۆزگىچە، ساقلاشقا، توشۇشقا چىداملىق، ئۇزۇنغىچە تەم- پۇرىقى كەتمەسلىكتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن مەشھۇر. ھەر يىلى نەچچە ئون توننا ساماق تاشقى سودا ئورۇنلىرى ئارقىلىق دۆلەت ئىچى- سىرتىدىكى بازارلارغا يۆتكەپ سېتىلىدۇ.

## §7. قوغۇن- تاۋۇز، مېۋە- چېۋە

1990- يىلى ۋىلايەت بويىچە قوغۇن- تاۋۇز مەھسۇلاتى 17 مىڭ 416 توننىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل قوغۇنىنىڭ مەھسۇلاتى 11 مىڭ 289 توننا.

1. تاۋۇز

تاۋۇزنىڭ تېرىلىشى قۇمۇلدا ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان «چاڭچۇن ھەقزادىنىڭ غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» دىمۇ تاۋۇزغا ئائىت خاتىرىلەر بار، شۇ چاغدىكى تاۋۇزلارنىڭ ھەر دانىسى 10 نەچچە جىڭ كېلەر ئىكەن.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن تاۋۇزنىڭ كۆپ خىل سورتلىرى كىرگۈزۈلدى، تېرىلغۇ كۆلىمىمۇ يىلمۇ يىل ئاشتى. 1980- يىلى كىرگۈزۈلگەن «خۇڭيۇ – 2» نىڭ سۈپىتى ياخشى، ساقلاشقا، يۆتكەشكە چىداملىق، مەھسۇلاتى يۇقىرى

بولغاچقا، تېرىلىش كۆلىمى چوڭ بولۇپ، تاۋۇز تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 2/3 قىسمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى.

1985- يىلى ۋىلايەت بويىچە تاۋۇزنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 2700 مو ئىدى، 1990- يىلى 7950 موغا يەتتى.

تاۋۇزنىڭ سورتلىرى كۆپ بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە «زاۋخۇا» ۋە « خۇگيۇ – 2 » ھەممىدىن ياخشى.

1) «زاۋخۇا» (ئەسلى نامى شۇدۇاڭ) 1976- يىلى خېبېي ئۆلكىسى جاڭجياكۇ بېيشاڭ دېھقانچىلىق ئىلمىي تەتقىقات ئورنى ۋە پىچان باغۇەنچىلىك مەيدانىدىن كىرگۈزۈلگەن بالدۇر پىشار سورت بولۇپ، قەنت تەركىبى 9.2% ~ 11.2%.

2) « خۇگيۇ – 2 » 1980- يىلى كىرگۈزۈلدى، قەنت تەركىبى 11% ~ 12%، مو بېشى مەھسۇلاتى 4 ~ 5 توننا، مەھسۇلاتى يۇقىرى، كېسەلگە تاقابىلچانلىقى كۈچلۈك، ساقلاشقا، يۆتكەشكە چىدامل‍ىق.

3) مىمبې (خېخېي، مىباۋ) ئەسلى تەيۋەن سورتى، 1976- يىلى خېبېيدىن كەلتۈرۈلدى، قەنت تەركىبى 6% ~ 10%.

4) سىلاۋيانكا (ئۇششاق قىزىل ئۇرۇقلۇق تاۋۇز دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئەسلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا يېتىشتۈرۈلگەن، 1950- يىللاردا شىنجاڭغا كىرگۈزۈلدى، 1970- يىلى قۇمۇلغا كەلتۈرۈلدى. قەنت تەركىبى 10.2% بولۇپ، 1970 ~ 1980- يىللاردىكى ئاساسلىق سورت ھېسابلىنىدۇ.

5) «سوۋېت – 3» 1960- يىللاردا قۇمۇلدا ئازراق تېرىلدى، ئارا پىشار سورت بولۇپ، قەنت تەركىبى 10.5% ~ 11%.

6) مىلتوۋسكى (قىزىل ئۇرۇقلۇق تاۋۇز دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئەسلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا يېتىشتۈرۈلگەن، 1977- يىلى سانجىدىن كىرگۈزۈلدى، كېيىن پىشار سورت بولۇپ، قەنت تەركىبى 9.5% ~ 10%.

7) تايلاند تاۋۇزى (دۇڭگۇا دۇئەن دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئەسلى تايلاندتا يېتىشتۈرۈلگەن، 1976- يىلى سانجىدىن كەلتۈرۈلدى، قەنت تەركىبى 8% ئەتراپىدا.

8) «بەنيې – 1» 1976- يىلى ئۈرۈمچى «1- ماي» دېھقانچىلىق مەيدانىدىن كىرگۈزۈلدى. قەنت تەركىبى 11% ~ 12%.

9) داخې ماروۋنىسى ئەسلى ياپونىيىدە يېتىشتۈرۈلگەن، 1979- يىلى ئۈرۈمچى «1- ماي» دېھقانچىلىق مەيدانىدىن كىرگۈزۈلدى، قەنت تەركىبى 11.2% ~ 12.5% بولۇپ، بىر مەزگىل كەڭ كۆلەمدە تېرىلدى.

10) «724» (چاڭمىخۇاڭ دەپمۇ ئاتىلىدۇ) 1980- يىلى سانجىدىن كەلتۈرۈلدى، قەنت تەركىبى 12.5%، توشۇش- يۆتكەشكە چىدامسىز.

11) «قېلىن شاپاقلىق كۆزلۈك تاۋۇز» بۇ يەرلىك سورت بولۇپ، قەنت تەركىبى 7.8%.

12) «تەيلىخۇاڭ» 1979- يىلى ئۈرۈمچى «1- ماي» دېھقانچىلىق مەيدانىدىن كىرگۈزۈلدى، بالدۇر پىشار سورت بولۇپ، قەنت تەركىبى 8% ~ 9%.

13) «سىبېيتى – 1» 1976- يىلى ئۈرۈمچى «1- ماي» دېھقانچىلىق مەيدانىدىن كىرگۈزۈلدى، قەنت تەركىبى 10% ~ 10.5%، ئۇرۇقى ئاز بولغاچقا، «ئۇرۇقى ئاز تاۋۇز» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

14) «ئۇرۇقسىز شېرىن» قۇمۇل ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىلمىي تەتقىقات ئورنى يېتىشتۈردى. شەھەر ئەتراپىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا مۇۋاپىق كۆلەمدە تېرىلىدۇ، قەنت تەركىبى 12.5%، بىرلىك مەھسۇلاتى تۆۋەنرەك بولۇپ، مو بېشى مەھسۇلاتى ئىككى توننا ئەتراپىدا.

2. قوغۇن

قۇمۇل قوغۇن ماكانى، قۇمۇلدا قوغۇننىڭ تېرىپ ئۆستۈرۈلۈش تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن، قۇمۇل قوغۇنىنىڭ دۆلەت ئىچى- سىرتىدا داڭقى بار (تەپسىلاتى مۇشۇ بۆلۈمنىڭ 5- بابى «قۇمۇل قوغۇنى» غا قارالسۇن).

3. مېۋىلەر

1) مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۆستۈرۈش قۇمۇل بوستانلىقىدا مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئۆستۈرۈلگەنلىكىگە دائىر خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا يازما خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. مېۋىلىك دەرەخلەر ئاساسلىق قۇمۇل بوستانلىقىغا تارقالغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە ئۈزۈم، ئالما، شاپتۇل، نەشپۈت، ئۆرۈك قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەر ھەممىلا جايدا ئۆستۈرۈلگەن. ئېۋىرغول، قۇجۇ ئىككى ئاياق ۋە بەشبالىق، ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىلىرىنىڭ تاڭ سۇلالىسى خانلىقىغا ھەدىيە قىلىدىغان سوۋغىلىرى ئىچىدە يېپەك، يۇڭ توقۇلما بۇيۇملىرى ۋە دورا ماتېرىياللىرىدىن باشقا يەنە يەرلىك ئۈزۈم ھارىقىمۇ بولغان.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنگەن مېۋىلەر شاپتۇل، ئۆرۈك، ئەينۇلا، نەشپۈت، چىلان، جىگدە، ئانار، ئۈزۈم، ياڭاق، ئالما، گىلاس، قارا كاناپا، ئۈجمە قاتارلىق 10 نەچچە خىلدىن ئاشىدۇ.

مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ 14 جايدا بېغى بولغان. باركۆل ناھىيىسىنىڭ ئۈچكۆل (سەنتاڭخۇ) رايونىدا ۋە چوڭ قۇلىنچەرىدە ئاز ساندا مېۋىلىك دەرەخلەر بولغان. مىنگونىڭ 29- يىلى (1940- يىلى) باركۆل ناھىيىسىنىڭ ئۈچكۆل رايونىدا مېۋىلىك دەرەخ ئۆستۈرۈلۈشكە باشلىدى، 1964- يىلىدىن باشلاپ ئالما سورتى كىرگۈزۈلدى.

مىنگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى) قۇمۇل ناھىيىسىدە 1276 مو باغ بولۇپ، 27 مىڭ 100 تۈپ شاپتۇل، 43 مىڭ 420 تۈپ ئۆرۈك، 9545 تۈپ ئۈزۈم، 24 مىڭ 137 تۈپ ئۈجمە، 3544 تۈپ ياڭاق، 15 مىڭ 237 تۈپ ئالما بار بولدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ۋىلايەتنىڭ باغ كۆلىمى ۋە مېۋىچىلىك ئىشلەپچىقىرىشى چوڭ جەھەتتىن يەتتە باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتى:

(1) 1949 ~ 1958- يىلىغىچە مېۋىلىك باغلارنىڭ كۆلىمى كېڭەيمەي، باشتىن- ئاخىر 3000 مو ئەتراپىدىكى كۆلەمنى ساقلاپ كەلدى، مېۋە مەھسۇلاتى 4 مىليون 440 مىڭ كىلوگرامدىن يىلمۇ يىل ئېشىپ، 8 مىليون كىلوگرامغا يەتتى؛

(2) 1958 ~ 1961- يىلىغىچە، باغ كۆلىمى 5000 موغا كۆپەيتىلدى، ئەمما مېۋە مەھسۇلاتى 325 مىڭ كىلوگرامغا چۈشۈپ قالدى؛

(3) 1962 ~ 1964- يىلىغىچە، باغ كۆلىمى 2900 موغا چۈشۈرۈلدى، مېۋە مەھسۇلاتى ئازراق ئېشىپ 420 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى؛

(4) 1965 ~ 1970- يىلىغىچە، باغ كۆلىمى 5000 موغا كۆپەيتىلدى، مېۋە مەھسۇلاتى 640 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى؛

(5) 1971 ~ 1974- يىلىغىچە، باغ كۆلىمى يەنىلا 5000 مو بولۇپ، مېۋە مەھسۇلاتى 415 مىڭ كىلوگرامغا چۈشۈپ قالدى؛

(6) 1975 ~ 1977- يىلىغىچە، باغ كۆلىمى 8000 موغا كۆپەيدى، مېۋە مەھسۇلاتى 485 مىڭ كىلوگرام بولدى؛

(7) 1978 ~ 1990- يىلىغىچە، باغ كۆلىمى 16 مىڭ 6 موغا كۆپەيتىلىپ، مېۋە مەھسۇلاتى 12 مىڭ 862 توننىغا يەتكۈزۈلدى. چىلاننىڭ بىر قىسمى سىرتقا ئېكسپورت قىلىنغاندىن باشقا، باشقا مېۋىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز جايىدا ئىشلەپچىقىرىلىپ، ئۆز جايىدا سېتىلغان بولسىمۇ، بازار ئېھتىياجىنى قاندۇرالماي، ھەر يىلى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن زور تۈركۈمدە مېۋە كىرگۈزۈلدى.

2) ئۈزۈم    خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا ئۆستۈرۈلدى. مېۋىلەر ئىچىدە، ئۈزۈم قۇمۇل قوغۇنىدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان كوزىر مەھسۇلات. ئۇيغۇر خەلقى مېۋىلىك دەرەخ ۋە ئۈزۈم ئۆستۈرۈش ئەنئەنىسىگە ئىگە، ھاللىقراق دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك ئۈزۈملۈك بېغى بار. مىنگو دەۋرىدە كۆلەملەشكەن ئۈزۈمزارلىق يوق ئىدى، 10 مىڭ تۈپتەك پارچە- پۇرات ئۈزۈمزارلىق بولۇپ، ئاساسلىقى قارادۆۋە، لاپچۇققا مەركەزلەشكەن ئىدى، بۇ جايلارنىڭ مېۋە ماكانى، دېگەن نامى بولۇپ، ئۈزۈمى تورپان ئۈزۈمىدىن قېلىشمايدۇ، بولۇپمۇ ئەللىكنىڭ ئۈزۈمى تورپان بۆيلۇقنىڭ ئۈزۈمىدىن قېلىشمايدۇ، مۇتەخەسسىسلەر بۇ جاينىڭ ئۈزۈمىنىڭ قەنت تەركىبىنىڭ ئادەتتە 27% ئىكەنلىكىنى، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 32% كە يېتىدىغانلىقىنى ئۆلچەپ چىقتى. تارىختا قۇرۇق ئۈزۈممۇ خانغا ھەدىيە قىلىنىدىغان بۇيۇملارنىڭ بىرى قىلىندى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۈزۈمچىلىك يەنىلا تارقاق ھويلا- ئارام ۋە كىچىك تىپتىكى ئۈزۈملۈك باغچىلار بىلەنلا چەكلەندى. 1950- يىللاردا، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 5- شىسى قۇمۇل شەھىرىنىڭ شىمالىدىن يەتتە چاقىرىم يىراقلىقتىكى جايدا بىر باغۋەنچىلىك مەيدانى قۇردى، بۇ مەيدان ئۈزۈمچىلىك مەيدانى دەپمۇ ئاتالدى. كېيىن نامى «ياشلار دېھقانچىلىق مەيدانى» غا ئۆزگەرتىلدى (ھازىرقى قىزىل يۇلتۇز 3- مەيدانى). مەيدان يېڭى قۇرۇلغاندا ئۈزۈمچىلىكنى ئاساس قىلدى. 1980- يىللاردا ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق- ئورمانچىلىق باشقارمىسى كۆلىمى 100 مودىن ئاشىدىغان ئۈزۈمنىڭ ئانىلىق باغچىسىنى بەرپا قىلدى؛ ۋىلايەت بويىچە ھەر يىلى 200 مىڭ كىلوگرامدىن ئارتۇق ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قارادۆۋىنىڭ ئۈزۈمى تەخمىنەن 150 مىڭ كىلوگرام ئەتراپىدا بولۇپ، 70% نى ئىگىلىدى.

1985- يىلغا كەلگەندە ۋىلايەت بويىچە ئۈزۈم كۆلىمى (بىڭتۇەننى قوشقاندا) 3270 مو، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1310 توننىغا يەتتى. 1990- يىلى ئۈزۈم كۆلىمى 8044 موغا، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 2033 توننىغا يەتتى.

ئەنئەنىۋى سورتلاردىن ئەسلىدىكى كىشمىش، ئاق سايىۋا، قىزىل سايىۋا، قەشقەرى قاتارلىقلاردىن باشقا، چوڭ كىشمىش، ئۈزۈن كىشمىش، چوڭ قىزىل سايىۋا، خەندۈك قىزىل ئۈزۈمى ۋە ئۆرۈۋقى ئاز قەشقەرى قاتارلىق سورتلار كىرگۈزۈلدى.

قۇمۇلنىڭ ئۈزۈمى ھۆل ئىستېمال قىلىنىشتىن باشقا، كۆپ قىسمى قۇرۇتۇلىدۇ. قۇمۇلدىن چىقىدىغان تورلۇك قۇرۇق ئۈزۈمنىڭ ئاقسىل تەركىبى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3.37%، ئومۇمىي قەنت تەركىبى 75.7%، ئورگانىك كىسلاتا تەركىبى 2.9%، ۋىتامىن C 6.04 مىللىگرام/ 100 گىرام، ئېرىشچان قاتتىق ماددىلار 88.275. قۇمۇل قۇرۇق ئۈزۈمىنىڭ تازىلىقى دۆلەتنىڭ تازىلىق ئۆلچىمىگە يەتتى.

3) قۇمۇل چىلىنى    قۇمۇل چىلىنىنىڭ دانىسى چوڭ، ئېتى قېلىن ھەم چۈرۈك، تەمى تاتلىق بولغاچقا، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى ياقتۇرۇپ ئىستېمال قىلىدىغان مېۋە بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە تەمى بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ ئاتاقلىق زەنچۈەن چىلىنى، سېرىق چىلان، كولەڭ چىلانلاردىن ئېشىپ چۈشۈپ، «قىزىل ھېقىق» دەپ ئاتالدى. قۇمۇل چىلىنى بالدۇر مېۋىگە كىرىدۇ، ھۆل چىلاننىڭ قەنت تەركىبى 37%، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 42%، ۋىتامىن C تەركىبى 2345 مىللىگرام/ 100 گىرام، قۇرۇش نىسبىتى 52%، ھۆل ۋە قۇرۇق چىلاندا يېرىلىش، كېپەكلىنىش ئەھۋالى بولمايدۇ، شۇڭا ئۇ ھۆل پېتى ۋە قۇرۇتۇپ ئىستېمال قىلغىلى بولىدىغان سۈپەتلىك مېۋە

ھېسابلىنىدۇ.

قۇمۇلدا چىلان ئۆستۈرۈش 250 ~ 300 يىللىق تارىخقا ئىگە. قۇمۇل چىلىنى قارادۆۋە چىلىنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئاساسلىق قۇمۇلنىڭ قارادۆۋە يېزىسىغا تارقالغان. 1990- يىلى قارادۆۋىنىڭ چىلان دەرىخى 16 مىڭ تۈپتىن ئاشتى. 1980- يىلى ئەللىكتە 120 مو كۆلەمدىكى بىر چىلانباغ بەرپا قىلىندى. قارادۆۋە چىلىنىنىڭ ۋىتامىن C ۋە قەنت تەركىبى يۇقىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئالىملار ئۇنى ئوزۇقلۇق تەركىبى مول بولغان بىر خىل قۇۋۋەت مېۋىسى دەپ بېكىتتى. گۇاڭدۇڭ يەرمەنكىسىدە يۇقىرى باھاغا ئېرىشىپ، داڭقى دۆلەت ئىچى- سىرتىغا تارالدى.

1990- يىلى ۋىلايەت بويىچە چىلان كۆلىمى 1880 موغا، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 25 توننىغا يەتتى.

4. ئۈزۈك

ئۈزۈك قۇمۇلنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئۆستۈرۈلۈشى كەڭرەك بولغان مېۋىلەرنىڭ بىرى. ئۈزۈك تاتلىق ھەم شىرنىلىك، ئوزۇقلۇقى مول، ۋىتامىن C تەركىبى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ھۆل ئىستېمال قىلىشتىن باشقا ئۈزۈك قېقى، شېكەرلەنگەن ئۈزۈك، ئۈزۈك شىرنىسى، ئۈزۈك ھارىقى، ئۈزۈك مۇرابباسى، ئۈزۈك كونسېرۋاسى قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ. قۇمۇل شەھىرى راھەتباغ، شەھەر ئىچى يېزىلىرى ئىشلەپچىقارغان كىشمىش ئۈزۈك قېقى دۆلەت ئىچى- سىرتىدا خېلى داڭقى بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى — كۆچا ئۈزۈك قېقىدىن قېلىشمايدۇ.

ئۈزۈكنىڭ ئادەتتىكى ئۈزۈك، سىبىرىيە ئۈزۈكى ۋە لياۋنىڭ ئۈزۈكى دەپ ئۈچ خىل ئاساسلىق تۈرى بار. قۇمۇل ئۈزۈكنىڭ كۆپىنچىسى ئادەتتىكى ئۈزۈك بىلەن سىبىرىيە ئۈزۈكىگە مەنسۇپ. ھۆل ئىستېمال قىلىنىدىغىنى ۋە قۇرۇتۇلىدىغىنى ئاساسلىقى كىشمىش ۋە تويۇن ئۈزۈكتۇر.

تۈكلۈك ئۈزۈك قۇمۇلدا ناھايىتى كەڭ تارقالغان، تاغ رايونلىرىدىن تارتىپ تۈزلەڭلىككىچە ھەممىلا جايدا بار، ئادەتتە ھەممىسى دىگۇدەك ئۆلانىمىغىنى ئۈچۈن، سورتى شالغۇتلىشىپ كەتكەن، كۆپىنچىسىنىڭ سۈپىتى ناچار.

1990- يىلى ۋىلايەت بويىچە 3114 مو يەردە ئۈزۈك بولۇپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 521 توننىغا يەتتى.

قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە بولغان 1978 ~ 1990- يىللىقچە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ تېرىلىش كۆلىمى

جەدۋەل: 5 — 5

بىرلىكى: تۈمەن مو

| تۈرلەر \ يىللار | | | 1978 | 1979 | 1980 | 1981 | 1982 | 1983 | 1984 | 1985 | 1986 | 1987 | 1988 | 1989 | 1990 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تېرىلغۇ ئومۇمىي كۆلىمى | | | 68.17 | 70.66 | 65.81 | 70.14 | 67.88 | 54.95 | 56.56 | 54.38 | 48.75 | 55.76 | 59.52 | 57.88 | 58.83 |
| ئاشلىق زىرائەتلىرى | جەمئىي | | 57.20 | 59.18 | 54.33 | 58.53 | 56.55 | 47.42 | 49.08 | 46.33 | 40.83 | 45.52 | 47.00 | 45.67 | 48.15 |
| | شال | | 0.02 | 0.02 | 0.02 | 0.01 | | | | | | | | | |
| | بۇغداي | | 40.51 | 43.52 | 41.10 | 45.05 | 42.70 | 36.41 | 38.91 | 35.54 | 31.25 | 33.57 | 33.97 | 31.76 | 34.56 |
| | قىرا ئاشلىق | جەمئىي | 16.58 | 15.47 | 13.12 | 13.32 | 13.63 | 10.71 | 9.78 | 10.52 | 8.95 | 10.98 | 11.72 | 12.48 | 11.98 |
| | | كۆممىقوناق | 1.31 | 0.80 | 0.88 | 0.59 | 0.78 | 0.85 | 1.44 | 1.58 | 2.25 | 1.52 | 1.80 | 2.39 | 2.87 |

| | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 0.38 | 0.52 | 0.61 | 0.57 | 0.69 | 1.00 | 1.30 | 1.96 | 2.81 | 2.83 | 2.94 | 3.29 | 3.09 | ئاق قوناق | | |
| 2.35 | 2.69 | 3.38 | 3.87 | 1.44 | 1.98 | 2.40 | 1.76 | 2.80 | 3.42 | 3.11 | 3.30 | 3.54 | ئارپا | | |
| 0.03 | | | 0.02 | 0.19 | 0.03 | 0.08 | 0.02 | 0.03 | 0.06 | 0.07 | 0.07 | 0.06 | چۈجىگۈن قوناق | | |
| 6.35 | | | 5.00 | 4.38 | 5.93 | 4.56 | 6.12 | 7.21 | 6.42 | 6.12 | 8.01 | 8.78 | باشقا قىرا ئاشلىق | | |
| 1.61 | 1.43 | 1.31 | 0.97 | 0.63 | 0.27 | 0.39 | 0.30 | 0.22 | 0.15 | 0.09 | 0.17 | 0.09 | دادۇر | | |
| 3.46 | 3.02 | 3.86 | 3.95 | 2.74 | 3.80 | 3.86 | 4.20 | 6.84 | 6.80 | 7.14 | | 6.52 | جەمئىي | | ئىقتىسادىي زىرائەتلەر |
| 0.60 | 0.11 | 0.06 | 0.04 | 0.01 | 0.02 | 0.01 | 0.01 | 0.02 | 0.01 | | 0.01 | 0.01 | كېۋەز | | ئىقتىسادىي زىرائەتلەر |
| 2.85 | 2.90 | 3.68 | 3.89 | 2.70 | 3.71 | 3.84 | 4.14 | 6.76 | 6.75 | 7.03 | 7.03 | 6.49 | جەمئىي | ياغلىقدان زىرائەتلىرى | ئىقتىسادىي زىرائەتلەر |
| 0.38 | 0.28 | 1.43 | 1.43 | 0.61 | 1.60 | 2.00 | 2.18 | 4.81 | 5.00 | 5.43 | 5.43 | 4.93 | قىچا | ياغلىقدان زىرائەتلىرى | ئىقتىسادىي زىرائەتلەر |
| 0.43 | 0.45 | 0.42 | 0.49 | 0.47 | 0.45 | 0.42 | 0.54 | 0.52 | 0.50 | 0.47 | 0.47 | 0.75 | زىغىر | ياغلىقدان زىرائەتلىرى | ئىقتىسادىي زىرائەتلەر |
| | | | | | 0.01 | 0.02 | | | | | | 0.05 | كۈنجۈت | ياغلىقدان زىرائەتلىرى | ئىقتىسادىي زىرائەتلەر |
| 1.78 | 1.67 | 1.44 | 1.35 | 0.97 | 0.85 | 0.79 | 0.31 | 0.25 | 0.28 | 0.06 | 0.06 | 0.10 | ئاپتاپپەرەس | ياغلىقدان زىرائەتلىرى | ئىقتىسادىي زىرائەتلەر |
| | | | | | | | | 0.53 | 0.57 | 0.70 | 0.70 | 0.38 | زاراڭزا | ياغلىقدان زىرائەتلىرى | ئىقتىسادىي زىرائەتلەر |
| 0.26 | | | 0.62 | 0.65 | 0.80 | 0.61 | 1.11 | 0.65 | 0.40 | 0.37 | 0.37 | 0.28 | باشقا ياغلىقدانلار | ياغلىقدان زىرائەتلىرى | ئىقتىسادىي زىرائەتلەر |
| 0.01 | | 0.10 | 0.01 | | | | | | | | | | قىزىلچا | | ئىقتىسادىي زىرائەتلەر |
| | | | | | | | 0.01 | 0.01 | 0.01 | 0.01 | 0.01 | 0.02 | كەندىر تۈرىدىكىلەر | | ئىقتىسادىي زىرائەتلەر |
| | | 0.02 | 0.01 | 0.02 | 0.01 | 0.01 | | | | | | | تاماكا | | ئىقتىسادىي زىرائەتلەر |
| | 0.01 | | | 0.01 | 0.06 | | 0.04 | 0.05 | 0.03 | | | | جەمئىي | ياڭغاقلار | ئىقتىسادىي زىرائەتلەر |
| | | | | | | | 0.04 | 0.05 | 0.03 | | | | قۇلماق | ياڭغاقلار | ئىقتىسادىي زىرائەتلەر |
| | | | | 0.01 | 0.06 | | | | | | | | گازىر ناۋۇز | ياڭغاقلار | ئىقتىسادىي زىرائەتلەر |
| 7.22 | 9.19 | 8.66 | 6.29 | 5.18 | 4.25 | 3.62 | 3.33 | 4.49 | 4.81 | 4.34 | 4.43 | 4.45 | جەمئىي | | باشقا زىرائەتلەر |
| 1.80 | 1.94 | 2.09 | 1.93 | 1.98 | 1.59 | 1.48 | 1.27 | 1.62 | 1.84 | 1.22 | 1.27 | 1.46 | كۆكتات | | باشقا زىرائەتلەر |
| 0.76 | 1.01 | 1.23 | 1.63 | 1.14 | 1.28 | 0.83 | 0.63 | 0.59 | 0.85 | 0.72 | 0.71 | 0.63 | قوغۇن تۈرىدىكىلەر | | باشقا زىرائەتلەر |
| 0.68 | 0.58 | 0.60 | 0.57 | 0.57 | 0.48 | 0.26 | 0.56 | 0.84 | 0.70 | 1.50 | 1.79 | 1.67 | ياڭيۇ تۈرىدىكىلەر | | باشقا زىرائەتلەر |
| 2.94 | 4.68 | 0.43 | 1.57 | 0.21 | 0.28 | 0.17 | 0.20 | 0.38 | 0.50 | 0.35 | 0.18 | 0.11 | بېدە | | باشقا زىرائەتلەر |
| 1.04 | | | 0.59 | 0.28 | 0.62 | 0.88 | 0.67 | 1.06 | 0.92 | 0.55 | 0.48 | 0.58 | باشقىلار | | باشقا زىرائەتلەر |

## قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە 1978 ~ 1990- يىلىغىچە بولغان دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى

جەدۋەل: 5 – 6 بىرلىكى: توننا

| تۈرلەر | | يىل | 1978 | 1979 | 1980 | 1981 | 1982 | 1983 | 1984 | 1985 | 1986 | 1987 | 1988 | 1989 | 1990 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاشلىق زىرائەتلىرى | | جەمئىي | 56264 | 63349 | 58767.5 | 62354.3 | 64715.5 | 79369 | 85168.5 | 63766.5 | 71844.9 | 85681 | 93370 | 72531 | 93974 |
| | | شال | 46 | | 32.5 | 26 | 22.5 | 4 | 3 | | | | | | |
| | | بۇغداي | 41303 | 47977 | 45720 | 47911 | 51200.5 | 65081 | 70654 | 51952.5 | 58291.2 | 67628 | 72027 | 54124 | 71854 |
| | قارا ئاشلىق | جەمئىي | 14466 | 15054.5 | 12861 | 14133.5 | 12944 | 13473 | 13758 | 13353 | 12775.7 | 17130 | 20266 | 17118 | 20845 |
| | | كۆممىقوناق | 1537 | 1335 | 1199 | 991 | 1068 | 1706.5 | 2598 | 3598.5 | 4431.9 | 3395 | 4667 | 6696 | 9213 |
| | | ئاق قوناق | 5306 | 5707.5 | 5367.5 | 5571 | 4836 | 3638 | 2422 | 1793.5 | 1196.3 | 1122 | 1323 | 737 | 562 |
| | | ئارپا | 3018 | 2410.5 | 2348.5 | 2710 | 2492 | 2733.5 | 4546.5 | 4011 | 2354.1 | 6483 | 7067 | 4989 | 4852 |
| | | چۈجگۈن قوناق | 309 | 215.5 | 171.5 | 223.5 | 138 | 32.5 | 94.5 | 12 | 180 | 34 | | | 33 |
| | | باشقا قارا ئاشلىق | 4296 | 5386 | 3774.5 | 4638 | 4410 | 5342.5 | 4097 | 3938 | 4613-1 | 6096 | | | 6185 |
| | | دادۇر | 449 | 285 | 160.5 | 287.5 | 567 | 812 | | 461 | 778 | 923 | 1277 | 1289 | 1275 |
| پاختا | | | 5.1 | 1.5 | | 1.5 | 4.5 | 5 | | 14.5 | 5.1 | 23 | 58 | 61 | 442 |
| ياغلىق دان زىرائەتلىرى | | جەمئىي | 1736 | 2245.5 | 1907.5 | 2136.5 | 2539 | 3020 | 2831 | 2468 | 2428.1 | 3358 | 2815 | 2897 | 2989 |
| | | قىچا | 520 | 1157 | 690 | 872 | 6830.5 | 798 | 668.5 | 194.5 | 156.7 | 420 | 151 | 88 | 135 |
| | | زىغىر | 431 | 341 | 303.5 | 76 | 375.5 | 528.5 | 288.5 | 364 | 398.6 | 555 | 459 | 436 | 541 |
| | | كۈنجۈت | 23 | | | | | | 10.5 | 2.5 | 2.7 | | | | |
| | | ئاپتاپپەرەس | 19 | 60.5 | 243 | 258.5 | 278 | 417.5 | 754 | 824.5 | 914 | 1464 | 1734 | 1748 | 1953 |
| | | خۇاسىڭ | 240 | | | | | | | | | | | | |
| | | باشقا ياغلىقدانلار | 503 | 687 | 671 | 930 | 1205 | 1276 | 1109.5 | 1082.5 | 955.8 | 919 | | | 360 |

| 1990 | 1989 | 1988 | 1987 | 1986 | 1985 | 1984 | 1983 | 1982 | 1981 | 1980 | 1979 | 1978 | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 235 | | 3207 | 273 | | | | | | | | | | قىزىلچا | |
| | | | | | | | 5.5 | 3.5 | 6 | 5.5 | 1 | 12 | كەندىر تېرىدىكلەر | |
| | | 15 | 15 | 37.5 | | 12 | 1 | | 4.5 | | | 2 | تاماكا تېرىدىكلەر | |
| | | | | | | | 17.5 | 16 | 1 | | | | قولماق | |
| 13700 | 5353 | 8957 | 6032 | 5318.6 | 1364.5 | 1618 | 6804.5 | 7450 | 6003 | 9827 | 14537.5 | 3459 | جەمئىي | باگيۇ تېرىدىكلەر |
| 2740 | 1071 | 1791 | 2011 | 1063.7 | 272.9 | 323.6 | 1360.9 | 1490 | 1200.6 | 1965.4 | 2907.5 | | ئاشلىققا سۇندۇرۇلغان باگيۇ | |
| 38840 | 43811 | 55678 | 48738 | 48613.7 | 33835 | 20023 | 17092 | 19650 | 13381 | 14134 | 15009 | 25198 | كۆكتات | |
| 17416 | 21944 | 34690 | 45565 | 39846 | 30634 | 10565 | 5897.5 | 5750 | 6073 | 4166 | 1028.5 | 4867 | جەمئىي | قوغۇن تېرىدىكلەر |
| 11289 | 12368 | 10200 | 11532 | 10331.1 | 11827 | | | | | | | | قوغۇن | |
| 6127 | 5976 | 24490 | 34033 | 34653.5 | 18807 | | | | | | | | تاۋۇز | |
| 3717 | | | 5447 | | | | | | | | | 555 | بېدە | |

## قومۇل ۋىلايىتى بويىچە 1978 ~ 1990- يىللىغىچە بولغان مېۋىچىلىك، يىلچىلىك، يىلقىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 5 – 7

| 1990 | 1989 | 1988 | 1987 | 1986 | 1985 | 1984 | 1983 | 1982 | 1981 | 1980 | 1979 | 1978 | بىرلىك | يىل / تۈرلەر | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 16006 | 15056 | 14568 | 15351 | 15779 | 16769.1 | 6113.2 | 6481 | 5905 | 5004.7 | 4766.7 | 5460.5 | 6398 | مو | جەمئىي | يىل ئاخىرىدىكى ئەمەلىي مېۋىلىك دەرەخ كۆلىمى |
| 1238 | 1206 | 1241 | 1225 | 1222 | 4626.9 | 996 | 928 | 1058 | 685.1 | 684.7 | 2130.0 | 470 | مو | ئالما | |
| 718 | 629 | 438 | 360 | 143 | 1815 | 142 | 55 | 42 | 12 | 12 | 27.5 | 4 | مو | ئەشپۈت | |

| | | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 8044 | 7875 | 8052 | 9882 | 10096 | 2372 | 1580.9 | 1750 | 1302 | 1003 | 763 | 1785 | 2717 | مو | جەمئىي | ئۈزۈم | |
| 2588 | 2588 | 944 | 2852 | 831 | 574.5 | 140 | 201 | | | | | | مو | بۇنىڭ ئىچىدە كىشمىش ئۈزۈم | | |
| 1 | 1 | | | 203 | 1566 | 186.4 | 177 | 141 | 207 | 151 | 21 | 27 | مو | شاپتۇل | | |
| 8714 | 3618 | 3420 | 2971 | 2667 | 4763.7 | 2745.3 | 2587 | 2916 | 2710 | 2454 | 1287 | | مو | ئۈرۈك | | |
| 1880 | 1216 | 1017 | 450 | 571 | 139 | | | | | | | | مو | چىلان | | |
| 411 | 411 | 400 | 463 | 877 | 586.5 | 462.6 | 983 | 446 | 387.3 | 650 | 210 | 180 | مو | باشقىلار | | |
| 7096 | 5768 | 4970 | 4933 | 3058 | 4603.9 | 3830.5 | 4408 | 4711 | 3936.5 | 3266.9 | 4015 | 4260 | مو | جەمئىي | | مېۋىگە كىرگەن مېۋىلىك دەرەخ كۆلىمى |
| 434 | 472 | 484 | 632 | 325 | 750.3 | 507.7 | 652 | 781 | 303 | 374.9 | 1548 | 911 | مو | ئالما | | |
| 136 | 98 | 82 | 79 | 32 | 78.9 | 70.4 | 31 | 36 | 7 | 7 | 15 | 45 | مو | ئەشپۇت | | |
| 3646 | 2657 | 1947 | 1678 | 875 | 1404.7 | 975.5 | 1286 | 1159 | 935 | 750 | 1324 | 1709 | مو | جەمئىي | ئۈزۈم | |
| 1449 | 1128 | 219 | 498 | 170 | | 88 | 136 | | | | | | مو | بۇنىڭ ئىچىدە كىشمىش ئۈزۈم | | |
| | | | | | 126.4 | 173.4 | 80 | 119 | 168 | 81 | 14 | 12 | مو | شاپتۇل | | |
| 2465 | 2223 | 2051 | 2114 | 1318 | 2041 | 1991.6 | 1981 | 2258 | 2302.5 | 1748 | 979 | 1458 | مو | ئۈرۈك | | |
| 294 | 256 | 293 | 274 | 429 | | | | | | | | | مو | چىلان | | |
| 121 | 62 | 113 | 156 | 79 | 201.9 | 111.9 | 378 | 358 | 221 | 306 | 135 | 125 | مو | باشقىلار | | |
| 2862 | 6507 | 2400 | 2570 | 934 | 1720 | 2148 | 1396 | 1398.5 | 2277.5 | 989 | 457.5 | 427 | توننا | جەمئىي | | مېۋە مەھسۇلاتى |
| 229 | 189 | 90 | 216 | 65 | 120 | 89.5 | 114.5 | 141 | 113.5 | 48.3 | 183.6 | 95 | توننا | ئالما | | |
| 43 | 30 | 48 | 45 | 38 | 56 | 21.5 | 9.5 | 11 | 3 | 5.1 | 8.9 | 50 | توننا | ئەشپۇت | | |
| 2033 | 5440 | 1646 | 1524 | 387 | 873.5 | 573 | 662.5 | 57 | 337 | 581 | 133.5 | 190 | توننا | جەمئىي | ئۈزۈم | |
| 234 | 1094 | 597 | 339 | 17 | 162 | 60.5 | 81.5 | | | | | | توننا | بۇنىڭ ئىچىدە كىشمىش ئۈزۈم | | |
| | | | | | 12 | 26.5 | 26.5 | 28 | 28 | 13 | 7.3 | 2 | توننا | شاپتۇل | | |

| | | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئۆرۈك | تونا | 80 | 83.4 | 325.5 | 1687.5 | 612.5 | 401.5 | 1422.5 | 635.5 | 389 | 739 | 568 | 818 | 521 |
| | | چىلان | تونا | | | | | | | | | 10 | 27 | 28 | 20 | 25 |
| | | باشقىلار | تونا | 10 | 40.8 | 16.2 | 108.5 | 36 | 181.5 | 15 | 23 | 45 | 19 | 20 | 10 | 11 |
| پارچە مېۋە | | پارچە يۇرات ئالما | تۈپ | | | | | | 2000 | | | | | | 300 | 3490 |
| | | پارچە يۇرات نەشپۈت | تۈپ | | | | | | 1465 | | | | | | | 2304 |
| يىپەكچىلىك | | پىلە مەھسۇلاتى | كىلوگرام | | 70 | 53 | | | 1.4 | 0.05 | | 10 | | | | |
| | | ئۈجمە كۆلىمى | مو | | 1.6 | 307 | | 15 | 29 | 5 | 50 | 5 | 25 | 2 | 2 | |
| | | پارچە يۇرات ئۈجمە دەرىخى | مىڭ تۈپ | | 18.5 | 8.37 | 4.4 | 3.85 | 13.2 | 7.34 | 6.4 | 62 | 11 | 5 | 27 | 1 |
| بېلىقچىلىق | ئۆستۈرۈلگەن بېلىق مەھسۇلاتى | جەمئىي | تونا | 4.5 | 3.21 | 5.85 | 8.7 | 21 | 12.2 | 15.2 | 33 | 37 | 33 | 31 | 25 | 28 |
| | | بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى | تونا | 4.5 | 3.21 | 3.85 | | 9 | 9 | 12.5 | 32 | 37 | 29 | 13 | 13 | 14 |
| | بېلىق كۆلى | جەمئىي | مو | 1500 | 2000 | 2440 | 2447 | 3741 | 4403 | 4839 | 7535 | 7486 | 7510 | 7460 | 7748 | 7748 |
| | | دۆلەت ئىلكىدىكى | مو | 1500 | 2000 | 2440 | 2440 | 3000 | 3000 | 4456 | 7240 | 7336 | 7360 | 3850 | 3700 | 3700 |

ئىزاھ: جەدۋەلدىكى سانلار شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قومۇل يېزا ئۆزلەشتۈرۈش تۈمەن- مەيدانلىرىنىڭكىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

# V باب

# قومۇل قوغۇنى

شىنجاڭ قوغۇنلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى قومۇل قوغۇنى دەپ ئاتىلىدۇ. قومۇل – قوغۇن ماكانى بولۇپ، 2000 يىللىق قوغۇن تېرىش تارىخىغا ئىگە. تارىختىن بۇيان داڭق چىقىرىپ كەلگەن قومۇل قوغۇنى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا

سېتىلىش بىلەن دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا تېخىمۇ شۆھرەت قازانماقتا. چەك سۆلاسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرىدا ئۆتكەن جى شياۋلەن «ۋېي، ساۋ، تاڭ خانىدانلىرىنى كۆرگەندە» دېگەن ئەسىرىدە: «غەربىي يۇرتنىڭ مېۋىلىرى ئىچىدە تورپاننىڭ ئۈزۈمى بىلەن قۇمۇلنىڭ قوغۇنىدىن ئۆتەرى يوق» دەپ يازغان.

1985- يىلى 7- ئاينىڭ 1- كۈنى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى خۇ ياۋباڭ قۇمۇلدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈرگەندە، «قۇمۇلنى قۇمۇل قوغۇنىنىڭ بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىڭلار» دەپ يوليورۇق بەردى. كېيىن دۆلەتلىك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن قۇمۇلدا قۇمۇل قوغۇنى بازىسى قۇرۇلۇپ، قۇمۇل قوغۇنى (تاۋۇزنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نىڭ يىللىق ئېكسپورت مىقدارى ۋە سىرتقى ئۆلكىلەرگە سېتىلىشى 10 مىڭ توننا ئەتراپىغا، تاۋار نىسبىتى %70 ~ %80 كە يەتتى.

1985- يىلى 9- ئاينىڭ باشلىرى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ۋەن جاۋكۈن باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى بېيجىڭغا بېرىپ، قۇمۇل قوغۇنىنى تېتىتىش يىغىنى ئۇيۇشتۇردى. يىغىنغا ھەر قايسى ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ بېيجىڭدىكى ئىش باشقارمىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى، پايتەختتىكى ھەر قايسى مۇناسىۋەتلىك ئاخبارات ئورۇنلىرى ۋە سودا ئورۇنلىرىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بولۇپ 200 نەچچە كىشىنى تەكلىپ قىلدى، ئۇلارغا 10 نەچچە خىل ئەلا سورتلۇق قوغۇننىڭ ئالاھىدىلىكىنى تونۇشتۇرۇپ، تېتىپ بېقىشقا تەكلىپ قىلدى. كۆپچىلىك قۇمۇل قوغۇنىنى تېتىپ كۆرگەندىن كېيىن، ئاغزى- ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كېتىشتى. نۇرغۇن ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ ۋەكىللىرى نەق مەيداندىلا مال زاكاز قىلدى. يىغىندىن كېيىن «دېھقانلار گېزىتى»، «ئىقتىساد گېزىتى»، «جۇڭگو ياشلىرى گېزىتى» قاتارلىق گېزىتلەر خەۋەر بەردى، بولۇپمۇ شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ «ئىقتىساد پايدىلىنىش» گېزىتى «قۇمۇل قوغۇنى ھەققىدە مەخسۇس بەت» ئېچىپ خەۋەر بەردى.

شۇنىڭدىن كېيىن، قۇمۇل قوغۇنىنىڭ بازىرى ئېچىلىپ، دۆلەت ئىچى- سىرتىدىكى نام- شۆھرىتى تېخىمۇ ئاشتى. شۇ يىلى سىرتقا 19 مىڭ توننىدىن ئارتۇق قوغۇن سېتىلىپ، تاۋار نىسبىتى %84 تىن ئاشتى.

## §1. قوغۇن ئېرىشقا ماس كېلىدىغان تەبىئىي شارائىت

قۇمۇل قوغۇنىنىڭ قۇمۇلنىڭ داڭلىق ئالاھىدە مەھسۇلاتى بولۇپ قېلىشىنى ۋىلايەتنىڭ ئالاھىدە تەبىئىي شارائىتى بەلگىلىگەن.

قۇمۇل بوستانلىقىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرى شىمالىي تاغ ئېتىكىدىكى يەلپۈگۈچسىمان كەلكۈن چۆكۈندىسىگە جايلاشقان. يەر ئاستى سۇ ئورنى ئادەتتە 5 ~ 10 مېتىر ئارىلىقىدا بولۇپ، يەر ئۈستى سۈيى ئاز. يەلپۈگۈچسىمان كەلكۈن چۆكۈندىسىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە قەدىمىي ئاقما چۆكۈندە تۇزلەڭلىكى ياتىدۇ، يەر يۈزى تەكشى، يانتۇلۇق دەرىجىسى %0.5 دىن كىچىك بولۇپ، يەر ئاستى سۈيى مۇشۇ جايلاردىن سىرغىپ چىقىدۇ. تۇپرىقى يېنىك دەرىجىدە قۇمغاق ياكى قۇمغاق، بىر قىسىم جايلىرى ئوتتۇرا دەرىجىدە قۇمغاق، بۇ جايلارنىڭ يەر ئاستى سۇ ئورنى شىمالدىن جەنۇبقا 1 ~ 3 مېتىر كېلىدۇ. ئويمانلىقنىڭ تۆۋەن قىسمىدا (بوغاز ئەتراپىدا) ئىلگىرى پەسىل خاراكتېرلىك يىغلما سازلىق بولغان. قۇمۇل قوغۇنىنىڭ كۆپىنچىسى مانا مۇشۇ جايلاردا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ. قۇمۇلنىڭ قۇرغاق، ھۆل- يېغىن ئاز بولۇشىدەك تەبىئىي شارائىتى قوغۇن سۈپىتىنىڭ ياخشى بولۇشىنى پايدىلىق ئامىللار بىلەن تەمىنلىدى.

ھاۋا كىلىماتى جەھەتتىكى شارائىت قۇمۇل قوغۇنىنىڭ ياخشى ئۆسۈشىدىكى مۇھىم ئامىل. بوستانلىق ئويمانلىقى

دېڭىز- ئوكيانلاردىن يىراق بولغانلىقى ئۈچۈن، تېپىك چوڭ قۇرۇقلۇق ئىقلىمىغا كىرىدۇ، ئۇنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى: قۇياش نۇرىنىڭ چۈشۈشى كۈچلۈك ھەم ئۇزۇن، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، ئەتىيازلىق تېمپېراتۇرا ئۆزگىرىشچان، ياز پەسلى پېژغىرىم ئىسسىق، كۈزلۈكى ھاۋانىڭ سوۋۇشى تېز، قىراۋسىز مەزگىلى ئۇزۇن، ھۆل- يېغىن ئاز، پارلىنىشى كۆپ، ھاۋاسى قۇرغاق بولىدۇ. بۇ خىل كىلىمات شارائىتى قوغۇن- تاۋۇزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە شېكەر ماددىسىنى يىغىشى ئۈچۈن تولىمۇ پايدىلىق.

ئويمانلىقتا كۆپىنچى ھاللاردا ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، بۇلۇتلۇق كۈنلەر ئاز بولىدۇ. ھاۋاسىنىڭ نەملىكى تۆۋەن، قۇياش نۇرى بايلىقى تولىمۇ مول بولىدۇ. قۇياشنىڭ پۈتۈن يىللىق نۇرلىنىش مىقدارى 6397.35 مېگاجوئۇل/ كۋادرات مېتىر بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە قۇياشنىڭ نۇرلىنىش مىقدارى ئەڭ يۇقىرى جاي ھېسابلىنىدۇ. مەملىكەت بويىچە ئوخشاش پاراللېل سىزىقىدىكى جايلارنىڭكىدىنمۇ يۇقىرى.قۇمۇل قوغۇنى ئاپتاپنى ياخشى كۆرىدىغان زىرائەت، قۇياشنىڭ يورۇتۇش مىقدارىنىڭ كۆپ بولۇشى قوغۇننىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئەڭ ياخشى شارائىتقا ئىگە قىلغان.

قۇمۇل يەنە كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى شىنجاڭ بويىچە ئەڭ كۆپ بولغان رايون، يىل بويى كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى 3170 ~ 3380 سائەت بولۇپ، 1- ئايدا 213 سائەت، 7- ئايدا339.7 سائەت، 4 ~ 9- ئايدا 290 ~ 303.7 سائەت، 5 ~ 10 - ئايدا 339.2 ~ 280.2 سائەت، كۈن نۇرىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە چۈشۈش ۋاقتى «قۇياش نۇرى شەھىرى» دەپ ئاتالغان لاسادىن 350 سائەت ئارتۇق. يىل بويى كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن بولغان يىل 1957- يىلى بولۇپ، 3521 سائەتكە يەتتى. 6- ئاي بىلەن 7- ئاي بىر يىل ئىچىدىكى كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئەڭ كۆپ ئايلار بولۇپ، كۈن نۇرىنىڭ كۈنلۈك چۈشۈش ۋاقتى 16 سائەتكە يېتىدۇ، مانا بۇ، قوغۇن، تاۋۇزنىڭ سۈپەتلىك ھەم تاتلىق بولۇشىدىكى مۇھىم ئېكولوگىيىلىك شارائىتلارنىڭ بىرى. قوغۇننىڭ نورمال ئۆسۈشى ئۈچۈن كۈن نۇرىنىڭ كۈنلۈك چۈشۈش ۋاقتى 10 ~ 12 سائەت بولۇشى كېرەك، سەككىز سائەتكە يەتمىسە، قوغۇننىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىسىز. پۈتكۈل ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە، بالدۇر پىشار سورتلار 1100 ~ 1300 سائەت، ئارا پىشار سورتلار 1300 ~ 1500 سائەت، كېيىن پىشار سورتلار 1500 سائەتتىن ئارتۇق كۈن نۇرى چۈشۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى قانچىكى ئۇزۇن بولسا، قۇمۇل قوغۇنىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە ھەر قايسى يېتىلىش باسقۇچلىرىدىكى فوتوسىنتېزلىنىشى، شۇنداقلا قەنتنىڭ جۇغلىنىشى ئۈچۈن شۇنچە پايدىلىق بولىدۇ.

ئويمانلىقتا كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى ئادەتتە 15°C ئەتراپىدا بولىدۇ. قوغۇننىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئەڭ تېز بولغان 6-، 7- ئاي ۋە پىشىدىغان 8-، 9- ئايلاردا كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى 18°C ئەتراپىدا بولىدۇ. ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا پەرقى 25°C بولىدۇ. كۈندۈزى ھاۋا ئوچۇق، تېمپېراتۇرا يۇقىرى بولسا ياخشى فوتوسىنتېزلىنالايدۇ؛ كېچىلىك تېمپېراتۇرا تۆۋەن بولسا، ئۆسۈملۈكنىڭ نەپەسلىنىش رولى ئاجىزلاپ، سەرپىيات ئازلايدۇ، بۇمۇ ئۆسۈملۈك ياپرىقىنىڭ فوتوسىنتېزلىنىشى ۋە قەنتنىڭ جۇغلىنىشى ئۈچۈن پايدىلىق بولىدۇ. بىر يىلدىكى تۆت ئاينىڭ يەنى 5-، 6-، 7-، 8- ئايلارنىڭ ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 20°C قا يېتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە 7- ئاينىڭ ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 27.3°C قا يېتىدۇ. پۈتۈن بىر يىلدا كۈنلۈك ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى مۇقىم 10°C ≥ بولغان كۈنلەرنىڭ يىغىندى تېمپېراتۇرىسى 4038.3°C قا يېتىدۇ. بۇنداق كۈنلەر 4- ئاينىڭ 12- كۈنىدىن باشلىنىپ، 10- ئاينىڭ 11- كۈنى ئاخىرلىشىدۇ، جەمئىي 138 كۈن. يىغىندى تېمپېراتۇرىنىڭ بۇنچىلىك كۆپ بولۇشى قۇمۇل قوغۇنىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش تەلىپىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كېتىدۇ.

ئويمانلىقنىڭ قىراۋسىز مەزگىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 182 كۈن. قوغۇن ئىسسىقلىقنى ياقتۇرىدىغان زىرائەت، ئۆسۈپ يېتىلىشكە ئەڭ مۇۋاپىق تېمپېراتۇرا 25°C ~ 30°C، 10°C ≤ بولغان يىغىندى تېمپېراتۇرىغا بولغان تەلىپى

بالدۇر پىشار سورتلارنىڭ $1500^{\circ}C \sim 2200^{\circ}C$، ئارا پىشار سورتلارنىڭ $2200^{\circ}C \sim 2900^{\circ}C$، كېچىكىپ پىشار سورتلارنىڭ $2900^{\circ}C$ تىن ئارتۇق بولىدۇ.

## §2. قومۇل قوغۇنىنىڭ تېرىپ ئۆستۈرۈلۈش تارىخى

قومۇل قوغۇنىنىڭ تېرىپ ئۆستۈرۈلۈشى تەخمىنەن 2000 يىللىق تارىخقا ئىگە. شەرقىي خەن سۇلالىسىدىن تارتىپ تاڭ سۇلالىسىغىچە بولغان 800 يىلدا، قومۇل قوغۇنى خېلى كەڭ دائىرىدە تېرىلدى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭچى 1 - يىلى (885 - يىلى) يېزىلغان «شاجۇ، ئىۋىرغول تەزكىرىسى» ( دۇنخۇاڭ، قومۇل تەزكىرىسى) نىڭ كەمتۈك كىتابىدا خاتىرىلىنىشىچە، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتنىڭ باغۋەنچىلىك ئىشلىرى تەرەققىي قىلغان، ئۈزۈم، قوغۇن، شاپتۇل، ئەينۇلا، نەشپۈت، ئۆرۈك قاتارلىق مېۋىلەر ھەممىلا جايدا مول بولغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، قومۇل قوغۇنىنىڭ تېرىلىشى خېلىلا كۆلەملەشكەن.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 36- يىلى (1697- يىلى) دىن كېيىن، قومۇل ۋاڭى ئەبەيدۇللا قومۇلدا ئىشلەپچىقىرىلغان قوغۇن قاتارلىق بۇيۇملارنى ھەر يىلى بېيجىڭ خانىغا سوۋغات قىلدى، قومۇل قوغۇنى شۇندىن كېيىن نام چىقاردى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، ۋېن جىيىڭ ئۆزىنىڭ «كونىيىلون سەيرى خاتىرىسى» دە مۇنداق دەپ يازغان: «ھەر يىللىق خانغا سوۋغا تەقدىم قىلىش مۇراسىمى يېڭى يىل كۈنى ئېلىپ بېرىلىدىكەن، خان ئەتىگەنلىك غىزادىن كېيىن جەزمەن قومۇل قوغۇنىنى يەيدىكەن، بولۇپمۇ خان ئانىسى بەك ياقتۇرۇپ يەيدىكەن».

مىنگو دەۋرىدە، قومۇل قوغۇنى ناھايىتى داڭق چىقارغانىدى. مىنگونىڭ 7- يىلى (1918- يىلى) نەشر قىلىنغان «شىنجاڭ شياۋجىڭ يۈلتۈزى» دېگەن كىتابتا: «تەمى بالدەك تاتلىق بولغانلىكى قوغۇنلارنىڭ ھەممىسى قومۇلدىن كەلتۈرۈلگەن» دەپ يېزىلغان. مىنگونىڭ 19- يىلى (1930- يىلى) ليۇ ۋېنخەي «غەرب ساياھىتىدە كۆرگەن- ئاڭلىغانلىرىم» دېگەن ئەسىرىدە: « قومۇل قوغۇنى جاھاندا تەڭداشسىز ئىكەن،..... مەن جاھاننى ئىككى قېتىم ئايلاندىم، پۈتۈن جۇڭگونى نەچچە رەت كەزدىم، يېگەن قوغۇنلىرىم ئىچىدە قومۇل قوغۇنىغا يېتىدىغىنىنى ئۇچراتمىدىم»، دەپ يازغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن قومۇل قوغۇنىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى، مەيلى كۆلەم ياكى سورت ۋە مەھسۇلات مىقدارى جەھەتتە بولسۇن، ئىلگىرىكى ھەر قانداق دەۋردىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى.

## §3. ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىنىڭ جايلىشىشى ۋە مەھسۇلاتى

قومۇل قوغۇنى، بولۇپمۇ سۈپەتلىك قومۇل قوغۇنى ئاساسلىقى قومۇل، تۇرپان ئويمانلىقىدا ئۆستۈرۈلىدۇ. قومۇلدا ئاساسلىقى قومۇل ئويمانلىقىنىڭ كەلكۈن تىنمىسىنىڭ ئاياغ ئېتىكىگە، كۆپىنچىسى قومۇشلۇق، شورلۇق، چىملىقلار، ئاجرىق ئوتى باسقان شورلۇق، چىملىقلار ياكى شالاڭ ياپراقلىق يانتاقلىق رايونلارغا تارقالغان، بۇ رايونلارنىڭ بەزى جايلىرىدا كىچىك دائىرىدىكى توغراقلىقلارنى چېلىقتۇرغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، قومۇل شەھىرىنىڭ بوغاز قوغۇن

ئىشلەپچىقىرىش رايونى، باركۆل ناھىيىسىنىڭ سەنتاگخۇ (ئۈچكۆل) يېزىسى ۋە ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ نوم يېزىسىدىمۇ قوغۇن تېرىلىدۇ، ئەمما كۆلىمى چوڭ ئەمەس.

قۇمۇل ئويمانلىقىنىڭ شەرقىدىكى يۇلۇڭتوغراقتىن تارتىپ غەربىي لاپچۇق، قارادۆۋىگىچە، جەنۇبىي بوغازغىچە بولغان جايلار قوغۇن ئىشلەپچىقىرىدىغان ئاساسلىق رايونلار ھېسابلىنىدۇ. قۇمۇلدىكى قوغۇنچىلار قوغۇن ئۆستۈرۈشكە دائىر مول تەجرىبىلەرنى توپلىغان، چىلگ سۇلالىسى دەۋرىدە كۆلىمى غەربىي يۇرتتىكى ھەر قانداق رايونلاردىن چوڭ بولغان.

1949- يىلى قوغۇن كۆلىمى 4100 مو، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1 مىليون 220 مىڭ كىلوگرام، مو بېشى مەھسۇلاتى 300 كىلوگرام ئىدى. 1958- يىلدىن كېيىن، قۇمۇل قوغۇنىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى بەزىدە ئۆرلەپ، بەزىدە چۈشۈپ تۇردى، سۈپەت ۋە مەھسۇلاتىمۇ بەزىدە يۇقىرىلاپ، بەزىدە تۆۋەنلەپ تۇردى. 1978- يىلدىن كېيىن، قۇمۇل قوغۇنىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى مىسلىسىز تەرەققىي قىلدى.

1985- يىلى، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ قوغۇن كۆلىمى 7100 موغا، مەھسۇلاتى 11 مىڭ 832 تونىنغا يەتتى. شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش بىگتۇەنى دېھقانچىلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۇەن - مەيدانلىرىنىڭ مەھسۇلاتىنى قوشقاندا، ۋىلايەت بويىچە سىرتقا چىقىرىلغان تاۋار قوغۇن 48 مىڭ 962 تونىنغا، تاۋار نىسبىتى 84.4% كە يېتىپ، تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى رېكورت يارىتىلدى. 1983-، 1984-، 1985- يىللىرى قۇمۇلنىڭ سىرتقا چىقارغان قوغۇنى ئايرىم- ئايرىم ھالدا ئاپتونوم رايوننىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەر ۋە شياڭگاڭ بازارلىرىغا يۆتكىگەن تاۋار قوغۇنىنىڭ 28.5%، 30.4%، 40% ىنى ئىگىلىدى، ئەمما قۇمۇلنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى ئاپتونوم رايون ئومۇمىي كۆلىمى (تەخمىنەن 800 مىڭ مو) نىڭ ئاران 4% ~ 5% ىنى ئىگىلىدى، مەھسۇلاتى ئاپتونوم رايون ئومۇمىي مەھسۇلاتىنىڭ 8% ~ 10% ىنى، تاۋار قوغۇنلارنىڭ سىرتقا يۆتكىلىشى 30% ~ 40% ىنى ئىگىلىدى.

1990 - يىلى ۋىلايەت بويىچە قۇمۇل قوغۇنىنىڭ كۆلىمى 5600 موغا، مەھسۇلاتى 11 مىڭ 289 تونىنغا يەتتى.

**قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئاساسلىق قوغۇنچىلىق رايونلىرىنىڭ 1949 ~ 1990- يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى قوغۇن كۆلىمى ۋە مەھسۇلاتى**

جەدۋەل 5 – 8

| يىل | كۆلىمى (10 مىڭ مو) | ئوتتۇرىچە مەھسۇلاتى (توننا) | يىل | كۆلىمى (10 مىڭ مو) | ئوتتۇرىچە مەھسۇلاتى (توننا) |
|---|---|---|---|---|---|
| 1945 | 0.41 | 1220 | 1980 | 0.54 | 4385 |
| 1950 | 0.41 | 1225 | 1985 | 0.71 | 118327 |
| 1955 | 0.36 | 1170 | 1986 | 0.67 | 10331 |
| 1960 | 1.24 | 2695 | 1987 | 0.47 | 11532 |
| 1965 | 0.38 | 1040 | 1988 | 0.65 | 10200 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 1970 | 0.52 | 3165 | 1989 | 0.55 | 12368 |
| 1975 | 0.69 | 2890 | 1990 | 0.56 | 11289 |

## §4. ئاساسلىق سورتلار

قومۇل قوغۇنىنىڭ سورت بايلىقى ناھايىتى مول بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە 10 نەچچە خىل سورتى بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن قومۇل قوغۇنىنىڭ ئەنئەنىۋى يەرلىك سورتلىرىنى، يېڭىدىن يېتىشتۈرۈلگەن سورتلىرىنى ۋە سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن سورتلىرىنى بار بولدى.

1. 1958- يىلىدىكى تەكشۈرۈشتە ئېنىقلانغان سورتلار

1958- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك يەن تەتقىقات ئورنى قومۇل ناھىيىسىدە قومۇل قوغۇنىنىڭ سورت بايلىقىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈردى، ئەينى چاغدا، قومۇل قوغۇنى تورلاشىدىغان ۋە تورلاشمايدىغان دەپ ئىككى چوڭ سىستېمىغا ئايرىلدى، يەرلىكتە ئاساسلىق تېرىلىۋاتقىنى تورلىشىدىغان سىستېما بولۇپ، ئۇ ئۆز ئىچىدىن يازلىق ۋە كۈزلۈك قوغۇنغا ئايرىلدى.

1) يازلىق قوغۇنلار: ئۇنىڭ ئالتە سىستېمىسى، 11 سورتى بار.

(1) سېرىق كۆكچى سىستېمىسى: بۇ سىستېمىنىڭ قىزىل، ئاق ۋە كۆك ئەتلىك ئۈچ خىل سورتى بار.

(2) ئاق كۆكچى سىستېمىسى: بىرلا سورتى بولۇپ، پوستى بىلەن ئېتى ئاق بولىدۇ.

(3) قاراكۆكچى سىستېمىسى: قىزىل، ئاق ۋە كۆك ئەتلىك ئۈچ خىل سورتى بار.

(4) چارقوغۇن سىستېمىسى: بۇنىڭ قىزىل ۋە ئاق ئەتلىك ئىككى سورتى بار.

(5) چەرچەنچى قوغۇن سىستېمىسى: ئېيتىلىشىچە، بۇ قوغۇن چەرچەن ناھىيىسىدە يېتىشتۈرۈلگەن بولۇپ، پوستى كۆك يوللۇق بولىدۇ. ئېتى ئاق كۆك، سۈپىتى ناچار بولغاچقا، ئاز تېرىلىدۇ.

(6) ئامانشا سىستېمىسى: يەرلىك سورت بولۇپ، ئەزەلدىن تېرىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

2) كۈزلۈك قوغۇنلار: ئىككى سىستېمىسى، بەش سورتى بار.

(1) جاغدا. بۇنىڭ تۆت خىل سورتى بار: ئاق جاغدا، قومۇل كۈزلۈك قوغۇنلارنىڭ ئاساسلىق سورتى بولۇپ، كەڭ دائىرىدە تېرىلىدۇ؛ يېشىل جاغدا؛ تولۇق تورلاشقان جاغدا، مەمۇلاتى يۇقىرى، يۈتكەشكە چىدامىلىق؛ يېرىم تورلاشقان جاغدا.

(2) قاراقاش. كەڭ دائىرىدە تېرىلىدۇ، ساقلاشقا، يۆتكەشكە چىدامىلىق سورت بولۇپ، ساقلانغاندىن كېيىن شاپىقى نېپىزلەپ ئېتىنىڭ تەمى تېخىمۇ تاتلىقلىشىدۇ.

3) يازلىق بالدۇر پىشار قوغۇنلار: بۇلارنىڭ تۆت خىل سورتى بار.

(1) لىگا. دانىسى كىچىك شەكلى نەشپۈتكە ئوخشايدۇ، بالدۇر پىشىدۇ، 7- ئاينىڭ باشلىرى بازارغا سېلىنىدۇ.

(2) چىلىگە. دانىسى كىچىك، پوستىنىڭ يۈزىدە يولى بولىدۇ، بۇراقلىق.

(3) پوستىپىياز. دانىسى كىچىك، ھەر بىرىنىڭ ئېغىرلىقى ئادەتتە 1 ~ 2 كىلوگرام كېلىدۇ، شەكلى

سوزۇنچاق، پوستى سىلىق، رەڭگى يېشىل، شاپىقى نېپىز، ئېتى قىزىل، چۇرۇك، سۇلۇق كېلىدۇ، بالدۇر پىشىدۇ، شېكەر تەركىبى 11% دىن يۇقىرى بولىدۇ، سۈپىتى ياخشى، ئەمما مەھسۇلاتى تۆۋەن، ساقلاشقا، يۆتكەشكە چىدامسىز كېلىدۇ، يەرلىك بالدۇر پىشار سۈپەتلىك سورت ھېسابلىنىدۇ.

(4) ئورۇس قوغۇنى. ئېيتىلىشىچە، بۇ قوغۇن 1935- يىللىرى ئەتراپىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگۈزۈلگەن. بۇ قوغۇننىڭ ئېتى قىزىل، چۇرۇك، سۇ تەركىبى ئوتتۇراھال بولىدۇ، شېكەر تەركىبى 9% ~ 10%، سۈپىتى ياخشى، مەھسۇلاتى تۆۋەن، ساقلاشقا، يۆتكەشكە چىدامسىز، ئۆز جايىدىكى بالدۇر پىشار سورتلارنى ئەگىشەپ پايدىلىنىشقىلا بولىدۇ.

4) بازلىق ئارا پىشار قوغۇنلار: بۇنىڭ ئىككى سورتى بار.

(1) ئاق پوستلۇق قوغۇن: شەكلى ئۇزۇن سوقىچاق كېلىدۇ، پوستى ئاق، ئېتىمۇ ئاق، بەتتەمرەك، يۇمشاق، سۈپىتى ناچارراق، ناھايىتى ئاز تېرىلىدۇ.

(2) بەششەكچى (ئۈزۈقى بەش پارچە بولغاچقا بەش شەكچى دەپ ئاتالغان): شەكلى چاقماق كاۋىغا ئوخشايدۇ، سىرتقى يۈزىدە دوم يولى بولىدۇ، پوستىنىڭ رەڭگى سېرىق، يېشىل داغچىلىرى بولىدۇ، ئېتى كۆك، سۇلۇق، يۇمشاق، پۇراقلىق كېلىدۇ، قەنت تەركىبى يۇقىرى، ياشانغانلار ياقتۇرۇپ يەيدۇ، كەڭ تېرىلىدۇ.

2. 1980- يىلىدىكى تەكشۈرۈشتە ئېنىقلانغان سورتلار

1980- يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق ئىدارىسى قۇمۇل شەھىرىدە قۇمۇل قوغۇنى ۋە تاۋۇزنىڭ سورت بايلىقىنى يەنە بىر قېتىم تەكشۈرۈپ چىقتى. ئەينى چاغدا، قۇمۇلدا تېرىلغان قوغۇن سورتى (تىپى) جەمئىي 23 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يېكىتىش خاتىرىسى قالدۇرۇلغىنى 18 سورت (بۇنىڭ ئىچىدە بالدۇر پىشار سورت يەتتە، كېچىكىپ پىشار سورت 11) بولۇپ، ئاساسلىق سورتلاردىن يەتتىسى بار.

1) ئاق لىگا: بالدۇر پىشىدۇ، 7- ئايدا پىشىدۇ.

2) چىلىكە: بالدۇر پىشار سورت، 7- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى پىشىدۇ.

3) سوۋېت سېرىق قوغۇنى: بالدۇر پىشار سورت، 7 ~ 8- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى پىشىدۇ.

4) چوڭ چىلىكە: يەرلىك بالدۇر پىشار سورت، 8- ئايدا پىشىدۇ.

5) ناشىگەن: يەرلىكتە يېتىشتۈرۈلگەن، ئارا پىشار سورت بولۇپ، 8- ئاينىڭ باشلىرىدىن ئوتتۇرىلىرىغىچە پىشىدۇ.

6) سېرىق كۆكچى: يەرلىك ئارا پىشار سورت، 8- ئاينىڭ باشلىرى پىشىدۇ.

7) جاغدا: يەرلىك ئارا، كېچىكىپ پىشار سورت، 8- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، 9- ئاينىڭ باشلىرى پىشىدۇ.

3. 1990- يىلى تېرىلغان ئاساسلىق سورتلار

1990- يىلى قۇمۇل قوغۇننىڭ ئاساسلىق ئەلا سورتلىرىدىن جەمئىي 32 خىلى تېرىلدى:

1) لىگا: ئەسلى قۇمۇلدا يېتىشتۈرۈلگەن.

2) چىلىكە (ئوينىغۇچ).

3) سوۋېت سېرىق قوغۇنى: ئەسلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا يېتىشتۈرۈلگەن، 1979- يىلى پىچاندىن كىرگۈزۈلگەن.

4) شىخەنزە قوغۇنى (ئورۇس قوغۇنى): ئەسلى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى دېھقانچىلىق 8- شىسى 145- تۇەن مەيدانى يېتىشتۈرگەن.

5) ناشىگەر: قۇمۇلدا يېتىشتۈرۈلگەن.

6) شېكەر سۈيى: قۇمۇلدا يېتىشتۈرۈلگەن.

7) تورلۇق خوش پۇراق (ۋاڭۋېنشياڭ): ئەسلى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 6- شى 102- مەيدانى يېتىشتۈرگەن.

8) ئاق پىشماق: ئەسلى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى 222 - تۈەن مەيدانى يېتىشتۈرگەن.

9) ئاق ناۋات: ئەسلى شىنجاڭدا يېتىشتۈرۈلگەن، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن قۇمۇلدا تېرىلغان. 1979- يىلى پىچاندىن كىرگۈزۈلگەن.

10) بەششەكچى: ئەسلى قۇمۇلدا يېتىشتۈرۈلگەن.

11) بەگزادە: ئەسلى پىچاندا يېتىشتۈرۈلگەن.

12) بايشياڭ (1- ئاۋغۇست شېرىن): ئەسلى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 6- شى 102 - تۈەن مەيدانى يېتىشتۈرگەن.

13) سېرىق ناۋات: ئەسلى پىچاندا يېتىشتۈرۈلگەن.

14) قارا چاغدا: ئەسلى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە يېتىشتۈرۈلگەن.

15)سېرىق كۆكچى: ئەسلى قۇمۇلدا يېتىشتۈرۈلگەن، قاق ۋە شىرنا ياساشتىكى ئەڭ ياخشى سورت.

16) ئاقچى: ئەسلى پىچاندا يېتىشتۈرۈلگەن.

17) ياستۇق قوغۇن (يودەنگوا): شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى 101 - تۈەن مەيدانى يېتىشتۈرگەن.

18) قىشلىق قىزىل كۆكچى: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى 121 - تۈەن مەيدانى يېتىشتۈرگەن، ئېكسپورت قوغۇنلىرىنىڭ بىرى.

19) قېلىن پوستلۇق كۆزلۈك قوغۇن: ئەسلى ئاقسۇدا يېتىشتۈرۈلگەن، كەچ كۈزدە بازارغا سېلىنىدۇ.

20) توقسۇن سېرىق قوغۇنى (شياڭلىخۇاڭ): ئەسلى پىچاندا يېتىشتۈرۈلگەن.

21) ئايسخان كۆكچى (تاران كۆكچى): ئەسلى پىچان لۈكچۈندە يېتىشتۈرۈلگەن، سۈپىتى بەك ياخشى، ئاساسلىق ئېكسپورت قىلىنىۋاتقان قوغۇن، ئىستىقبالى زور.

22) چاغدا: ئەسلى قۇمۇلدا يېتىشتۈرۈلگەن، ئىچكىرى ئۆلكە ۋە چەت ئەل بازارلىرىغا چىقىرىلىۋاتقان ئاساسلىق تاۋار قوغۇن. 8- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى بازارغا سېلىنىدۇ، ئىنچىكىلىك بىلەن ساقلانسا، باھار بايرىمىغىچە ساقلىغىلى بولىدۇ.

23) قاراقاش مىجىگەن: ئەسلى تورپان، پىچاندا يېتىشتۈرۈلگەن. بۇ قوغۇن قۇمۇل شەھىرىنىڭ بوغاز يېزىسىدا تېرىلىدۇ، ساقلاش ۋە سىرتقا توشۇشقا چىداملىق، سۈپەتلىك قوغۇن.

24) قارامىجىگەن: ئەسلى قۇمۇلدا يېتىشتۈرۈلگەن.

25) كۆلگەچ: ئەسلى تورپاندا يېتىشتۈرۈلگەن، ئېتى سۇلۇق، خۇش پۇراق، تومۇز ئاپتاپتا ئىستېمال قىلىشقا باب كېلىدۇ.

26) قاراكۆكچى: 1950- يىللارنىڭ باشلىرىدا قۇمۇلدا تېرىلغان، كېيىن پىچاندىن كىرگۈزۈلگەن. ساقلاشقا، توشۇشقا چىداملىق.

27) چىلگە (چىڭپىڧاڭ): ئەسلى قۇمۇلدا يېتىشتۈرۈلگەن.

28) ئۇرۇس قوغۇنى: ئەسلى سوۋېتتە يېتىشتۈرۈلگەن، مىنگو دەۋرىدىلا قۇمۇلدا تېرىلغان.

29) قارا قوغۇن: ئەسلى جەنۇبىي شىنجاڭدا يېتىشتۈرۈلگەن.

30) كىچىك چاغدا: ئەسلى قۇمۇلدا يېتىشتۈرۈلگەن.

31) « 24— S »: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېتىشتۈرگەن سىنتېما.

32) «82562» (سىستېما): شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېتىشتۈرگەن سىستېما.

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى تەۋەسىدىكى تۈەن- مەيدانلار ئاساسلىقى قارامچىگەن، قىشلىق قىزىل كۆكچىلەرنى تېرىيدۇ.

## §5. ساقلاش، توشۇش، پىششىقلاش

**1. ساقلاش**

قۇمۇل قوغۇنىنىڭ تولۇق پىشقان ۋاقتى شېكەر تەركىبىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان ۋاقتى ھېسابلىنىدۇ. ھەددىدىن زىيادە پىشىپ كەتسە، ئەكسىچە تەم- پۇرىقى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. شۇڭا، قوغۇننى مۇۋاپىق پەيتىدە ئۈزۈش كېرەك. قىسقا مۇساپىغا يۆتكىلىدىغان ياكى شۇ جايدا سېتىلىدىغان قوغۇنلارنى تولۇق پىشقاندا ئۈزۈشكە بولىدۇ؛ ئۇزۇن مۇساپىغا توشۇلىدىغان قوغۇنلارنى 80% ~ 90% پىشقاندا ئۈزۈش كېرەك. ھۆل ئىستېمال قىلىنىدىغان قوغۇنلار تاڭ سەھەردە، ئۇزۇن مۇساپىغا يۆتكىلىدىغان ۋە ساقلىنىدىغان قوغۇنلار ئەتىگەن سائەت 10 غىچە ئۈزۈلۈپ بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ؛ قاق سالىدىغان قوغۇنلارمۇ يۇقىرىقى ۋاقىتتا ئۈزۈلسە مۇۋاپىق بولىدۇ.

قوغۇن ساقلاشتا، قوغۇننىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىش خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن، گەمىدە ساقلاش ۋە كۆمۈپ ساقلاشتىن ئىبارەت ئىككى خىل يەرلىك ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ. ساقلاشقا كېچىكىپ پىشار سورتلار تاللىنىلىدۇ، يۆتكەشتە ئۈزۈلۈپ- سوقۇلۇش، بېسىلىش، سىقىلىپ زەدە بولۇشتىن قاتتىق ساقلىنىلىدۇ. گەمىگە كىرگۈزۈشتىن ئىلگىرى قوغۇننىڭ كۈن كۆرگەن- كۆرمىگەن تەرىپىنى ئىلغاپ ئوچۇقچىلىقتا 3 ~ 7 كۈن رەتلىك ئايرىم تېزىپ قويۇلىدۇ، كېيىن ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم 90 گرادۇس ئۆرۈلۈپ بىر ئاي ئاپتاپقا سېلىنغاندىن كېيىن، گەمىگە سېلىنىدۇ.

**1) گەمىدە ساقلاش ئۇسۇلى (ئېسىپ ساقلاش، جازىغا تىزىپ ساقلاش):**

ئەل ئارىسىدا ئادەتتە كۆكتات ئورىلىرى ئىشلىتىلىدۇ، چوڭقۇرلۇقى تەخمىنەن 1.8 ~ 2 مېتىر بولىدۇ، ئورا ئىچىدىكى ئىسسىقلىق، كاربون IV ئوكسىدى ۋە نەم ھاۋانى چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن ھاۋا ئالماشتۇرۇش تۆشۈكى قويۇلىدۇ؛ ئورىنىڭ تېگىگە 13 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا قۇم ياكى شېغىل يېيىتىلىدۇ. قوغۇن يۈزىگە مېۋە مومى، شېللاك (قۇرت يېلىمى) سۈرۈلۈپ، سۈيى قاچمايدىغان قىلىنىدۇ. ئورىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 2°C ~ 5°C تا مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ.

قىش كىرگەندە، ئورىنىڭ ئىشىك تۈۋىگە بىر چىنە سۇ قويۇپ قويۇلىدۇ، سۇ يۈزىگە مۇز قاتقان ھامان (يەنى 0°C بولغاندا) تۆۋە تۈگلۈك، ھاۋا ئالمىشىش تۆشۈكچىلىرى ئېتىۋېتىلىدۇ، كېيىن ھەر ئايدا بىر قېتىم ئىشىكنى ئېچىپ تەكشۈرۈپ، تېمپېراتۇرىسى تەڭشەپ تۇرۇلىدۇ. يېرىم يەر ئاستى گەمىلەردە ئېسىپ ساقلاشنىڭ دەسلەپكى ۋە ئاخىرقى باسقۇچلىرىدا ھاۋا ئالمىشىش تۆشۈكچىلىرىنى ئېچىش- يېپىش ۋاقتىنى ئۇزارتىش- قىسقارتىش ئارقىلىق گەمىنىڭ تېمپېراتۇرىسى تەڭشىلىدۇ.

**2) كۆمۈپ ساقلاش ئۇسۇلى:** بۇ خىل ساقلاش كۈنجۈرە، ئوت- چۆپ، پاختا ئارىسىغا كۆمۈپ ساقلاشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلدا قوغۇننى باھار بايرىمىغىچە ساقلىغىلى بولىدۇ. قۇمغا كۆمۈپ ساقلىغاندا، قوغۇننى تېخىمۇ يېڭى پېتى ھەم تېجەشلىك ساقلىغىلى بولىدۇ.

**3) باشقا ساقلاش ئۇسۇللىرى:** ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، قوغۇن ساقلاشنىڭ تېخنىكا تەلىپى بارغانسېرى يۇقىرىلىدى. پەن تەتقىقات، سودا ئورۇنلىرى ۋە بىر قىسىم شارائىتى بار ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى قوغۇننى يېڭى پېتى ساقلاشنىڭ كۆپ خىل ئىلغار ئۇسۇللىرىنى تېپىپ چىقتى. كەسپىي

ئائىلىلەرنى قوللاش يۈزىسىدىن، دۆلەت بەش تونىلىق قوغۇن ساقلاش ئۆرىسى تەتقىقاتىغا مەبلەغ ئاجراتتى. بوغاز يېزىسى توپتال كەنتى 3- ئەترەت ئەزاسى جىياڭ جىمىڭ ۋىلايەتتىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ياردىمىدە، ئۆز قوغۇنلۇقىنىڭ يېنىدىكى تەبىئىي قۇم دۆڭلۈكىدىن پايدىلىنىپ، 24 كۋادرات مېتىرلىق بەش تونىنا قوغۇن سىغىدىغان يېرىم يەر ئۈستى گەمىسى ياسىدى. گەمىنىڭ ئۈستىگە 60 ~ 70 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا سامان يېپىلغان بولۇپ، ئىسسىق- سوغۇقتىن ساقلىنالايدۇ؛ بىر كۋادرات مېتىر چوڭلۇقتىكى ئۈچ دانە ھاۋا ئالماشتۇرۇش تۆشۈكى ئېچىلغان، گەمە ئىچىگە مەش قويۇلغان بولۇپ، ھاۋا سوغۇق كۈنلەردە گەمە ئىچىنىڭ تېمپېراتۇرىسى $2^{\circ}C$ ئەتراپىدا، نەملىكى 80% ئەتراپىدا كونترول قىلىندى.

2. توشۇش

توشۇشتىن ئىلگىرى «بەش ئۆتكەل» ياخشى ئۆتۈلىدۇ:

1) ئۈزۈش ئالدىدىكى سۇنى توختىتىش ئۆتكىلى     قوغۇن ئۈزۈشتىن ئىلگىرى سۇ ۋاقتىدا توختىتىلىشى كېرەك.

2) سۈپەت ئۆتكىلى     ئاپتونوم رايون بېكىتكەن ئۆلچەم بويىچە تاۋار قوغۇننىڭ شېكەر تەركىبى 11% تىن تۆۋەن بولماسلىقى كېرەك.

3) بۆتكەش، توشۇش ئۆتكىلى     قوغۇنلارنى ئۈزۈپ يۆتكىگەندە، ئاۋايلاپ قويۇش، تېگىپ زەخىملىنىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن تېگىگە يۇمشاق نەرسە يېيىش كېرەك.

4) ساندۇققا قاچىلاش ئۆتكىلى     ئېكسپورت قىلىنىدىغان قوغۇنلار ساندۇققا قاچىلىنىشى، ساندۇقنىڭ سىغىم ئۆلچىمى 20 ~ 25 كىلوگرام بولۇشى، ھەر بىر ساندۇققا تۆت دانە قوغۇن قاچىلىنىشى، ئەڭ ياخشىسى سەمەردە سالقىندا ياكى لەمپە ئاستىدا قاچىلىنىشى كېرەك.

5) تېمپېراتۇرا ئۆتكىلى     توشۇشتىكى ئەڭ مۇۋاپىق تېمپېراتۇرا 0 ~ $10^{\circ}C$، ۋاگون ئىچى تېمپېراتۇرىسى 1 ~ $3^{\circ}C$ بولۇشى، قوغۇن ساندۇقلىرىنى دەستىلەپ تىزغاندا، ئارىسىغا ھاۋا ئۆتۈشىدىغان ئارىلىق قالدۇرۇلۇشى كېرەك.

3. پىششىقلاش

كاڭشى يىللىرىدىن باشلاپ، قۇمۇل ۋاڭلىرى چىڭ سۇلالىسى خانىغا ھەر يىلى قوغۇندىن باشقا قوغۇن قېقى سوۋغا قىلىپ كەلگەن، پادىشاھ چيەنلۇڭغا سوۋغا قىلىنغان بىر قېتىملىق ئالاھىدە پىششىقلانغان قوغۇن قېقى 1500 كىلوگرام بولغان.

1949- يىلىدىن ئىلگىرى، قوغۇن قېقى ئاساسلىقى لاپچۇق، قارادۆۋە رايونلىرىدىن چىقاتتى، بەششەكچى يەنى «قېرىلار قوغۇنى» دەپ ئاتالغان قوغۇننىڭ پوستى نېپىز، ئېتى يۇمشاق بولغاچقا قوغۇن قېقىنىڭ ياخشى ماتېرىيالى قىلىناتتى. قوغۇن پىشقان چاغ ھاۋا قۇرغاق ئىسسىق، ھۆل- يېغىن ئاز بولغاچقا، تەبىئىي قۇرۇتۇش ئۇسۇلى ۋە ۋاسىتىلىك قۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.

تەبىئىي قۇرۇتۇشنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى: پىشقان قوغۇننىڭ شاپىقى 0.5 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا سويۇپ ئېلىۋېتىلىپ، ئېتىنى ئۇزۇنچىسىغا تىلىملاپ كېسىپ، ئۇرۇقىنى قىرىپ تازىلىۋەتكەندىن كېيىن ئېسىپ ياكى بورا ئۈستىگە يېيىپ قۇرۇتۇلىدۇ.

كۆلەڭگىدە قۇرۇتۇش ئۇسۇلى: قوغۇن تىلىملىرىنى ھاۋا ئۆتۈشىدىغان لەمپىنىڭ ئاستىغا ئېسىپ، كۆن نۇرى بىۋاستە تەگمەيدىغان شاماللىق شارائىتتا تەبىئىي قۇرۇتۇلىدۇ. بۇنداق قوغۇن قېقىنىڭ سۈپىتى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

قوغۇن قېقىنى مېۋە ئورنىدا ئىستېمال قىلغىلى بولۇپلا قالماي، مەززىلىك تاماق ئورنىدا ئىستېمال قىلغىلىمۇ بولىدۇ. ئۇيغۇرلار قوغۇن قېقى بىلەن مانتا ئېتىپ يېيىشكە ياكى پولۇغا قوغۇن قېقى بېسىپ يېيىشكە ئامراق. قۇمۇل

تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىنىڭ ئاشپەزچىلىك سىنىپى قوغۇن قېقى بىلەن ئەتكەن مەززىلىك تائاملىرى 30 خىلدىن ئاشىدۇ.

[قوشۇمچە] قۇمۇل قوغۇنىنىڭ ماددا تەركىبى ۋە ئوزۇقلۇق قىممىتى

جۇڭگو تېببىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى سەھىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ ئانالىز قىلىشىغا ئاساسلانغاندا، قۇمۇل قوغۇنىنىڭ قۇرۇق ماددا تەركىبى 6% ~ 18.5% بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي شېكەر تەركىبى 4.6% ~ 15.8% (بۇ 2% ~ 3.6% گلۇكوزىنى، 0.5% ~ 3.6% مېۋە شېكىرىنى، 1.0% ~ 11.2% ساخاروزىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ھەر 100 گرام ھۆل مېۋە تەركىبىدىكى ۋىتامىن C نىڭ تەركىبى 29 ~ 39.1 مىللىگرام، ئالما كىسلاتاسى 0.054% ~ 0.128%، مېۋە كىسلاتا ماددىلىرى 0.8% ~ 4.5%، سېللۇلوزا (تالالىق ماددا) ۋە يېرىم سېللۇلوزا 2.6% ~ 6.7% بولغان.

قۇمۇل قوغۇنىنىڭ تەركىبىدە ئادەم تېنى ئاسان شۈمۈرەلەيدىغان شېكەر، ۋىتامىن A، ۋىتامىن C قاتارلىقلار بولۇپ، ئادەمنىڭ يۈرەك، جىگىرىگە پايدىلىق. خەلق تېبابەتچىلىكىدە قوغۇن ئارقىلىق بۆرەك، ئاشقازان، كەم قانلىق قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالىغىلى، قوغۇن ئارقىلىق غالجىرلىق كېسىلىگە شىپا بولىدىغان دورا ياسىغىلى بولىدۇ. قوغۇن ئۇرۇقىنىڭ تاش چۈشۈرۈش، قەۋزىيەت، يىرىڭلىق جاراھەت ۋە يۆتەلگە شىپالىق رولىرى بار.

قۇمۇل قوغۇنى ئۇرۇقىنىڭ ماي تەركىبى 35% بولۇپ، رەڭگى سېرىق سۈزۈك، تەمى مەززىلىك بولىدۇ.

قۇمۇل قوغۇنىنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبى

بىرلىكى: ھەر 100 گرام قوغۇن ئىستېمالىكى تەركىب

| ئوزۇقلۇق تەركىبى / قوغۇن نامى | سۇ (گرام) | كاربون سۇ بىرىكمىلىرى (گرام) | ئىسسىقلىق مىقدارى (كىلوكالورىيە) | فوسفور (مىللىگرام) | كالتسىي (مىللىگرام) | تۆمۈر (مىللىگرام) | كاروتىن (مىللىگرام) | ئاقسىل (گرام) | ماي (گرام) | سېللۇلوزا (گرام) | ۋىتامىن $B_1$ (مىللىگرام) | نىكوتىن كىسلاتاسى (مىللىگرام) | ۋىتامىن $B_2$ (مىللىگرام) | ۋىتامىن C (مىللىگرام) | كۈل ماددىسى (گرام) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاق ئەتلىك قوغۇن | 89.0 | 9.5 | 43 | 13 | 9 | 0.4 | ئاز مىقدار | 0.5 | 0.3 | 0.2 | 0.09 | 0.3 | 0.01 | 13 | 0.2 |
| قىزىل ئەتلىك قوغۇن | 90.0 | 8.8 | 40 | 10 | 14 | 1 | 0.22 | 0.4 | 0.3 | 0.1 | 0.08 | 0.3 | 0.01 | 13 | 0.1 |
| سېرىق قوغۇن(ئاق ئەتلىك) | 87.0 | 11.1 | 19 | 9 | 13 | 0.7 | ئاز مىقدار | 0.7 | 0.2 | 0.3 | 0.08 | 0.6 | 0.01 | 25 | 0.7 |

قۇمۇل قوغۇنىنىڭ تۆمۈر تەركىبى توخۇ گۆشىدىن ئىككى ھەسسە، بېلىق گۆشىدىن ئۈچ ھەسسە، كالا سۈتىدىن 17 ھەسسە ئارتۇق.

# VI باب

# تېرىقچىلىق تۈزۈمى ۋە تېرىقچىلىق تېخنىكىسى

## §1. تېرىقچىلىق تۈزۈمى

### 1. يەرنى نۆۋەت بىلەن دەم ئالدۇرۇش، ئاق قالدۇرۇش

قۇمۇل ۋىلايىتىدە يەرلەرنى نۆۋەت بىلەن ئاق قالدۇرۇپ دەم ئالدۇرۇش ئارقىلىق يەرنىڭ قۇۋۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۇسۇلى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانغا قەدەر داۋاملىشىپ كەلدى. ئادەتتە «بىر يىل دەم ئالدۇرۇپ ئىككى يىل تېرىش» ياكى «بىر يىل دەم ئالدۇرۇپ بىر يىل تېرىش» تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. يېرى كۆپ، ئادىمى شالاڭ بارىكۆل ناھىيىسىدە «ئۈچ يىل دەم ئالدۇرۇپ بىر يىل تېرىش» تۈزۈمىمۇ بار. قۇمۇل شەھەر ئەتراپىنىڭ يېرى ئاز، ئادىمى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن يەرلەر دەم ئالدۇرۇلماي ئۇدا تېرىلىپ كەلدى.

1950- يىللاردا، بىر مەزگىل زور كۈچ بىلەن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تەكىتلىنىپ، تېرىقچىلىق كۆلىمى كېڭەيتىلدى، ئەمەلىيەتتە كۆپ تېرىلىپ ئاز مەھسۇلات ئېلىندى. كۆپ قىسىم رايونلاردا قۇرغاقچىلىق ئېغىر، ھۆل- يېغىن بولمىغان يىللىرىدىن باشقا، يەرلەر ئاساسەن دەم ئالدۇرۇلمىدى، يەرنىڭ تەبىئىي كۈچى ياكى ئورگانىك ئوغۇت ئارقىلىق يەرنىڭ قۇۋۋىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە ئاشۇرۇلدى.

### 2. قات تېرىش سانىنى كۆپەيتىپ، بىر يىلدا ئىككى قېتىم مەھسۇلات ئېلىشنى كېڭەيتىش

1958- يىلدىن ئىلگىرى ئاساسلىقى بىر يىلدا بىر مەھسۇلات ئېلىش تۈزۈمى يۈرگۈزۈلدى. ھاۋا تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى، ئۆسۈش پەسلى بىلەن قىراۋسىز مەزگىلى ئۇزۇن بولغان قۇمۇل تۈزلەڭلىكى ۋە بارىكۆلنىڭ ئۈچكۆل، ئاراتۈرۈكنىڭ نوم، باي قاتارلىق جايلىرىدا، 1958- يىلدىن باشلاپ قات تېرىش كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىلىشكە باشلاپ، 1975- يىلغا كەلگەندە، يىللىق قات تېرىش كۆلىمى 20 مىڭ ~ 30 مىڭ موغا يەتكۈزۈلدى. 1976- يىلدىن كېيىن يىللىق قات تېرىش كۆلىمى 50 مىڭ ~ 60 مىڭ مو ئەتراپىدا بولدى.

### 3. قۇر ئارىسىغا كىرىشتۈرۈپ تېرىش

1960- يىللاردا قۇر ئارىسىغا كىرىشتۈرۈپ تېرىش زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىلدى. 1975- يىلدىن كېيىن ئاشلىق زىرائەتلىرىگە پۇرچاق زىرائەتلىرىنى كىرىشتۈرۈپ تېرىش يولغا قويۇلدى. ئاساسلىق شەكىللەر: يازغى بۇغداي + كۆممىقوناق + سېرىق پۇرچاق، يازغى بۇغداي + ئاق قوناق + تېرىق، يازغى بۇغداي + ئاق قوناق + يېشىل ئوغۇت قاتارلىقلار بولۇپ، يەنە كۆممىقوناقنىڭ كەڭ- تار قۇر ئارىسىغا تاسمىلاپ تېرىش، بۇغدايغا قىزىلچىنى، بۇغدايغا كېۋەزنى كىرىشتۈرۈپ تېرىش ئۇسۇللىرىمۇ مەيدانغا كەلدى. 1985- يىلدىن بۇيان بالدۇر پىشار بۇغداي بىلەن بالدۇر پىشار كۆممىقوناقنى كىرىشتۈرۈپ تېرىپ، يىلدا ئىككى قېتىم ھوسۇل ئېلىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. قۇمۇل بۆلۈكتوغراق يېزىسى

ئارپا $B_1$ نىڭ ئېگىزىگە «جىڭزاۋ 8 - نومۇر» نى تېرىپ، ئوتتۇرىچە مو بېشى مەھسۇلاتىنى بىر توننىدىن ئاشۇردى.

بىڭتۇەن قىزىل يۇلتۇز 2- مەيدانى يولغا قويغان يۇرۇشلەشتۈرۈپ تېرىشقا قات تېرىشنى بىرلەشتۈرۈش تېخنىكىسى ئاشلىق مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇپلا قالماي، بىر يىللىق ئوغۇت مەسىلىسىنىمۇ ھەل قىلدى. ئۇنىڭ ئۇسۇللىرى تۆۋەندىكىچە: بۇغداي ئېتىزىغا كۆممىقوناقنى كىرىشتۈرۈپ تېرىپ، بۇغداينى يىغىپ بولغاندىن كېيىن ئېگىزىگە يېشىل ئوغۇت زىرائەتلىرى (ماۋتياۋزى ياكى كۆك پۇرچاق) تېرىش؛ بۇغدايغا ئاق قوناقنى كىرىشتۈرۈپ تېرىپ، ئېگىزىگە تېرىق تېرىش؛ بۇغدايغا كەندىر، ئاپتاپپەرەسنى كىرىشتۈرۈپ تېرىپ، ئېگىزىگە بېدە تېرىش. ماۋتياۋزى ھەر مو يەرگە 2.5 ~ 3 كىلوگرامدىن، كۆك پۇرچاق ھەر مو يەرگە 5 ~ 6 كىلوگرامدىن تېرىلىدۇ. تېرىلىش ۋاقتى بۇغداي يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن 7- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئاخىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ. كۆممىقوناق يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن (قومۇلدا 10- ئاينىڭ باشلىرى) ئېغىر تېپىلىق دېسكىلىق تىرنا ياكى كەمتۈك دېسكىلىق تىرنا ئارقىلىق ئۇلۇك يۆنىلىشكە بىر قېتىم، قىيپاش يۆنىلىشكە بىر قېتىم تىرنىلىپ يېشىل ئوغۇت چانىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئارقىدىنلا ساپان ئارقىلىق چوڭقۇر ئاغدۇرۇلۇپ كۆمۈۋېتىلىدۇ، قىشلىقى يەر ئاستىدا چىرىگەن يېشىل ئوغۇت ھەر موسىغا 6 ~ 7 كۆپ مېتىرلىق ئېغىل ئوغۇتىنىڭ كۈچىنى بېرىدۇ.

4. تۆۋەت بىلەن ئالماشتۇرۇپ تېرىش

باركۆل ناھىيىسىنىڭ ئالماشتۇرۇپ تېرىش ئۇسۇلى تۆۋەندىكى بىر قانچە خىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1) ئالتە يىللىق ئالماشتۇرۇپ تېرىش تۈزۈمى: يازغى بۇغداي ← كۆك پۇرچاق ← يازغى بۇغداي ← كۆك پۇرچاق (قىچا) ← يازغى بۇغداي ← يەرنى دەم ئالدۇرۇش.

2) ئۈچ يىللىق ئالماشتۇرۇپ تېرىش تۈزۈمى: بۇنىڭ تۆت خىل شەكلى بار: يازغى بۇغداي ← يالىڭاچ ئارپا ← يازغى بۇغداي، يازغى بۇغداي ← يازغى بۇغداي ← قىچا، يازغى بۇغداي ← يازغى بۇغداي ← كۆك پۇرچاق، يازغى بۇغداي ← يازغى بۇغداي ← يالىڭاچ ئارپا (ياكى قىچا) ← كۆك پۇرچاق.

بۇغداي بىلەن پۇرچاق تۈرىدىكىلەرنى ئالماشتۇرۇپ تېرىش كۆپرەك قوللىنىلىدۇ. بېدە ۋە قاشقا بېدە قاتارلىقلار بۇغداينىڭ ئەڭ ياخشى ئالدىنقى ئېگىزى ھېسابلىنىدۇ.

## §2. تېرىقچىلىق تېخنىكىسىنىڭ ئۆزگىرىشى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، قومۇلنىڭ يېزا ئىقتىسادى بەكمۇ قالاق، زىرائەت تۈرى ئاز، تېرىقچىلىق تېخنىكىسى يىرىك ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پەن- تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، تېرىقچىلىق تېخنىكىسى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى.

1. يەر ھەيدەش

قومۇلنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى خېلى ئۆزاق مەزگىللەرگىچە كۆتەك ساپان بىلەن ئاغدۇرۇلۇپ، چوڭقۇر ھەيدەلمىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بەش سۈگلۈق يالاڭ سوقا، يەتتە سۈگلۈق يالاڭ سوقا، قوش چاقلىق قوش چىشلىق سوقا، چانما سوقا، سۆرەم قاتارلىق يېڭى تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىلدى، تېرىقچىلىق تېخنىكىسىدا زور ياخشىلىنىش بولدى.

**1) يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇش:** 1958- يىلدىن باشلاپ قوش چاقلىق قوش چىشلىق سوقا، 28- نومۇرلۇق قوش چاقلىق قوش چىشلىق سوقا، 23- نومۇرلۇق يالاڭ چىشلىق سوقا قانارلىق يېڭى تىپتىكى سوقىلار ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. يەرنىڭ ئاغدۇرۇلۇش چوڭقۇرلۇقى ئەسلىدىكى 6 ~ 10 سانتىمېتىردىن 15 سانتىمېتىرغا، تراكتور بىلەن ئاغدۇرۇلغانلىرى 20 ~ 28 سانتىمېتىرغا يەتكۈزۈلدى. چەت- ياقا ۋە قۇرغاق رايونلاردا، شۇنداقلا دېھقانچىلىق سايمانلىرى كەمچىل رايونلاردا يەنىلا يەرلىك سايمانلار ئىشلىتىلدى، دېھقانلار يەرنى كۆپ قېتىم ئاغدۇرۇش ئارقىلىق يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇش مەقسىتىگە يەتتى.

**2) تومۇزدا ئاغدۇرۇش:** يەرنى تومۇزدا ھەيدەپ ئاپتاپقا سېلىش قومۇل بوستانلىقى خەلقىنىڭ يەر كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە قوللىنىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى تېرىقچىلىق تېخنىكىلىرىنىڭ بىرى. تاغنىڭ شىمالىدىكى باركۆل ناھىيىسى ھاۋارايى سەۋەبىدىن كېچىكىپ تېرىقچىلىق قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، تومۇزدا يەرلەرنى ئاساسەن ئاغدۇرمايتتى. 1958- يىلدىن باشلاپ، تومۇزدا يەر ئاغدۇرۇش كەڭ دېھقانلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى.

ئاراتۈرۈك ناھىيىسىمۇ تومۇزدا يەرلەرنى كۆپرەك ئاغدۇرۇشقا تىرىشىدىغان بولدى.

**3) كۈزلۈك ئاغدۇرۇش:** تۈزلەڭلىكتىكى جايلار يەرنى كۈزدە ئىككى قېتىم ئاغدۇرىدۇ، بىرىنچى قېتىمى تېيىزرەك، ئىككىنچى قېتىم چوڭقۇرراق ئاغدۇرۇلىدۇ. يەرلەرنى كۈزدە چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ توڭ ياتقۇزۇش قومۇل دېھقانچىلىق سۇغىرىش رايونى تېرىقچىلىقىدىكى ۋە مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم تەدبىر ھېسابلىنىدۇ.

**4) شورلۇق يەرلەرنى ئېچىش خاراكتېرلىك ئاغدۇرۇش:** بۇ كۆپ ئەجىرلىك جاپالىق ئەمگەك بولۇپ، شورلۇقتىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى تازىلاش ← يەرنى تۈزلەش ← قىر چېپىپ ئېرىق ئېچىش ← سۇغىرىپ شورنى ئېقىتىش (كۆپ قېتىم ئېلىپ بېرىلىدۇ) ← يەرنى ئاغدۇرۇش ← تىرنىلاپ سۆرەم سېلىش ← ئەتىيازلىق ئاغدۇرۇش ← ئۇرۇق سېلىش قاتارلىق باسقۇچلارنى ئورۇنلاشنى تەلەپ قىلىدۇ.

**5) يەرنى ئاز ئاغدۇرۇش:** باركۆل ناھىيىسى كۆكقىر تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكى ۋە تاغلىق رايونلارنىڭ قۇرغاق، يانتۇ يەرلىرىدە يەرلەر ئاز ئاغدۇرۇلىدۇ، بۇنداق يەرلەر ۋىلايەت بويىچە تەخمىنەن 100 مىڭ مو ئەتراپىدا.

## 2. تىرنىلاپ سۆرەم سېلىش

تىرنىلاپ سۆرەم سېلىش تۇپراق نەملىكىنىڭ پارغا ئايلىنىشىنى ئازايتىدۇ، شورنىڭ ئۆرلىشىنى توسىدۇ. مەشغۇلات سايمانلىرى ئىلگىرىكى چۆپ سۆرەم، تاختا سۆرەمدىن تۆمۈر چىشلىق ئۇلاغ تىرنىسى، «Z» شەكىللىك چاتما تىرنا، دېسكىلىق تىرنا ۋە ئېغىر تىپلىق كەمتۈك دېسكىلىق تىرنا قاتارلىقلارغا تەرەققىي قىلدى.

**1) تېرىشتىن ئىلگىرىكى تىرنىلاش:** كۈزلۈك ئاغدۇرۇلغانلىكى يەرلەر ئەتىياز توڭ ئېرىگەندىن كېيىن نەملىكنى ساقلاش ئۈچۈن تىرنا سېلىپ، تېرىپ بولغاندىن كېيىن ۋاقتىدا تولۇق سېلىنىدۇ.

**2) ھۆل- يېغىندىن كېيىن ياكى سۇغىرىلغاندىن كېيىنكى تىرنىلاپ سۆرەم سېلىش:** بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق تۇپراقنىڭ قاتقىلىقى يوقىتىلىدۇ.

**3) مايسا مەزگىلىدىكى تىرنىلاش:** يەرنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئۆرلىتىپ، مايسىنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

## 3. سۇغىرىش

**1) باستۇرۇپ سۇغىرىش:** ئىپتىدائىي سۇغىرىش ئۇسۇلى بولۇپ، ۋاقىت، سۇ كۆپ كېتىدۇ، ئېتىزغا قىر سېلىنمايدۇ، بۇنداق سۇغىرىشتا تەكشى سۇغىرىلمايلا قالماي، زىرائەتلەرنى كۆپ ھاللاردا سۇ ئېلىپ كېتىدۇ ياكى زىرائەتلەر تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ قالىدۇ، تۇپراقتا قاتقىلىق ۋە قايتا شورلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ خىل سۇغىرىش

ئۆسۈلنى ناھايىتى ئاز قىسىم جايلار 1987- يىلىغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى.

2) **تاختىلاپ سۇغىرىش:** باستۇرۇپ سۇغىرىشنى تاختىلاپ سۇغىرىشقا ئۆزگەرتىش ئىلغار سۇغىرىش ئۇسۇلىغا قاراپ ئىلگىرىلىگەن بىر بۇرۇلۇش ھېسابلىنىدۇ. ئادەتتە تاختىلىغان يەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30 ~ 120 مېتىر، كەڭلىكى 0.9 ~ 3.6 مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ، تاختا قىرىنىڭ ئېگىزلىكى 20 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ، تاختىلاپ سۇغىرىش بۇغداي، قىچا، بېدە قاتارلىق زىرائەتلەرنى سۇغىرىشقا ماس كېلىدۇ، باستۇرۇپ سۇغىرىشقا قارىغاندا 20% ~ 30% سۇنى تېجىگىلى بولىدۇ.

3) **چۆنەكلەپ سۇغىرىش:** تاختىلاپ سۇغىرىشتىن ئىلغارراق بولۇپ، تۇپراقنىڭ قايتا شورلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، كېۋەز، كۆممىقوناق، ئاق قوناق قاتارلىق ئارىسى يۇمشىتىلىدىغان زىرائەت ئېتىزلىرىغا قوللىنىلىدۇ. ئادەتتە يەر شەكلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ چۆنەك ئۇزۇنلۇقى 30 ~ 150 مېتىر، چۆنەك چوڭقۇرلۇقى 10 ~ 40 سانتىمېتىر، چۆنەك ئارىلىقى 60 ~ 120 سانتىمېتىر بولىدۇ، سۇغىرىش چوڭقۇرلۇقى چۆنەك چوڭقۇرلۇقىنىڭ 1/3 ~ 1/2 گە توغرا كېلىدۇ. 1960- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ۋە بىر قىسىم گوڭشې- ئەترەتلەر چۆنەكلەپ، تاختىلاپ سۇغىرىشنى ئومۇميۈزلۈك قوللاندى.

4) **تەدرىجىي سىڭدۈرۈپ سۇغىرىش:** ئالدى بىلەن ئۇزۇنلۇقى 80 ~ 100 مېتىر، چۆنەك ئارىلىقى 50 ~ 60 سانتىمېتىرلىق چۆنەك ئېچىۋېلىنىدۇ، ئاندىن چۆنەكلەرنى بويلىتىپ ناھايىتى ئاستا سۈرئەتتە سىڭدۈرۈپ سۇ ئاققۇزۇلىدۇ. بۇنداق سۇغىرىلغان يەرلەردە قاتقىلىق پەيدا بولمايدۇ، سۇنى كۆپ تېجىگىلى بولىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل قىسمەن گوڭشې- ئەترەتلەردە يولغا قويۇلدى.

5) **پۈركۈپ سۇغىرىش:** 1981- يىلى ۋىلايەتلىك سۇ - ئېلېكتر باشقارمىسى بىر دانە چوڭ تىپتىكى سائەت ئىستىرېلكىسى شەكلىدىكى دېسكىلىق پۈركۈپ سۇغىرىش ماشىنىسىنى سېتىۋېلىپ، بۇلۇڭتوغراق يېزىسىنىڭ باغۋەنچىلىك مەيدانى ۋە ئەرداۋچىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە پۈركۈپ سۇغىرىشنى سىناق قىلدى. بۇ ماشىنا كۈنىگە 300 ~ 400 مو يەرنى سۇغارىدۇ، ئەمما تەننەرخى يۇقىرى بولغانلىقتىن توختىتىپ قويۇلدى.

6) **تۇڭ سېلىش:** قۇمۇلنىڭ تۇزلەكلىك رايونلىرىدا ئەتىيازلىق سۇ جىددىيلىكىنى پەسەيتىش ئۈچۈن، تېرىلغۇ يەرلىرىگە ئومۇميۈزلۈك تۇڭ ياتقۇزۇلىدۇ. تۇڭ ياتقۇزغاندا، يەرنىڭ نەملىكىنى ساقلاپلا قالماي، ئەتىيازلىق ئەمگەك كۈچى ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ جىددىيلىكىنى پەسەيتكىلى، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ۋاقتىنىڭ دەل بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

## §3. تۇپراقنى ياخشىلاش

**1. تۇپراق ئۇزۇقلۇقىنىڭ تارقىلىشى**

مەملىكەتلىك 2- قېتىملىق تۇپراقنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش «قائىدىسى» دىكى ئۇزۇقلۇق تەركىبلەرنى دەرىجىگە ئايرىش ئۆلچىمى ئاساسىدا، قۇمۇل تۇپرىقىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، دەرىجىگە ئايرىشنىڭ ئىككى ئۆلچىمى ئوتتۇرىغا قويۇلدى: 1- دىن 6- گىچە بولغان ئالتە دەرىجىلىك ئۆلچەم مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ دەرىجىگە ئايرىش ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن ئايرىلغان، مول، نورمال، كەمچىل دەپ ئايرىلغان ئۈچ دەرىجە ئۆز رايونىمىزنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئايرىلدى.

## قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى تېرىلغۇ يەر تۇپرىقىنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبىنى دەرىجىگە ئايرىش

جەدۋەل 5 – 10

| تۈرلەر / دەرىجىسى / تەركىبى | | ئورگانىك ماددا (%) | ئازوت (%) | تېز ئۈنۈملۈك ئازوت (ppm) | تېز ئۈنۈملۈك فوسفور (ppm) | تېز ئۈنۈملۈك كالىي (ppm) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1- دەرىجە | مول | >4 | >0.20 | >150 | >40 | >200 |
| 2- دەرىجە | | 3 ~ 4 | 0.15 ~ 0.20 | 120 ~ 150 | 20 ~ 40 | 150 ~ 200 |
| 3- دەرىجە | | 2 ~ 3 | 0.10 ~ 0.15 | 90 ~ 120 | 10 ~ 20 | 100 ~ 150 |
| 4- دەرىجە | نورمال | 1 ~ 2 | 0.075 ~ 0.1 | 60 ~ 90 | 5 ~ 10 | 50 ~ 100 |
| 5- دەرىجە | كەمچىل | 0.6 ~ 1 | 0.05 ~ 0.075 | 30 ~ 60 | 3 ~ 5 | 30 ~ 50 |
| 6- دەرىجە | | 0.6 > | 0.05 > | 30 > | 3> | 30 > |

ئىزاھ: ئوخشىمىغان تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئايرىلغان دەرىجىسىدە پەرق بار. مەسىلەن، ئورگانىك ماددا تەركىبى جەمەنتە قوڭغۇر چۆل تۇپرىقى ئۈچۈن ئېيتقاندا ئورگانىك ماددا تەركىبى %1 ~ %2 بولسا نورمال دەرىجە بولغان بولىدۇ؛ قارا چىلان تۇپراق ئۈچۈن ئېيتقاندا ئورگانىك تەركىبى %2 ~ %3 بولسا نورمال، سۇغىرىلىدىغان يەرلەر ئۈچۈن %2 ~ %3 بولسا ئادەتتىكىچە بولغان بولىدۇ، %1 ~ %2 بولسا ئورگانىك ماددا تەركىبى ناھايىتى كەمچىل بولغان ھېسابلىنىدۇ. تۇپراق قۇۋۋىتىنىڭ ئوخشىمىسلىقىغا ئەگىشىپ، مول، نورمال، كەمچىل ئۈچ دەرىجىنىڭ ئۆلچىمىمۇ ئوخشىمايدۇ.

1) تېرىلغۇ يەرلەر تۇپرىقىنىڭ ئورگانىك ماددا تەركىبى: 1-، 3- دەرىجىلىك (مول دەرىجىلىك) يەرلەر 374 مىڭ 978 مو بولۇپ، تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ %37 ىنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل شەھىرىنىڭ 147 مىڭ 295 مو، باركۆل ناھىيىسىنىڭ 193 مىڭ 56 مو، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ 34624 مو.

4- دەرىجىلىك (نورمال دەرىجىلىك) تۇپراق 566 مىڭ 74 مو بولۇپ، تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ %55.8 نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل شەھىرىنىڭ 168 مىڭ 622 مو، باركۆل ناھىيىسىنىڭ 379 مىڭ 741 مو، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ 17 مىڭ 711 مو. بۇ دەرىجىگە تەۋە يەرلەر ئاساسلىقى باركۆل ناھىيىسىنىڭ قارا چىلان تۇپراق رايونى بىلەن قۇمۇل بوستانلىقىنىڭ كۆپ قىسىم تېرىلغۇ يەرلىرىگە مەركەزلەشكەن بولۇپ، تېرىلغۇ قاتلىمىدىكى ئورگانىك ماددا تەركىبى تۆۋەن، ئەمما كۆلىمى زور، بۇ يەرلەرنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبىنى كۆپەيتىش ۋىلايەتنىڭ تېرىقچىلىق مەھسۇلاتىنى ئۆستۈرۈشتە تولىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

5-، 6- دەرىجىلىك (كەمچىل دەرىجىلىك) يەر 73 مىڭ 124 مو بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ %7.2 ىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل شەھىرىنىڭ 53 مىڭ 249 مو، باركۆل ناھىيىسىنىڭ 16 مىڭ 871 مو، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ 3004 مو.

2) تېرىلغۇ يەر تۇپرىقىنىڭ ئازوت تەركىبى: ئازوت تەركىبى ئوتتۇراھالدىن ياخشىراق سەۋىيىدە بولۇپ، بەك كەمچىللىرى ئازراق، يوشۇرۇن ئوزۇقلۇقى ئادەتتىكىچە:

1-، 3- دەرىجىلىك (مول دەرىجىلىك) يەرلەر 636 مىڭ 889 مو بولۇپ، تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ %62.8 ىنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل شەھىرىنىڭ 233 مىڭ 321 مو، باركۆل ناھىيىسىنىڭ 360 مىڭ 16 مو، ئاراتۈرۈك

ناھىيىسىنىڭ 43 مىڭ 552 مو.

4- دەرىجىلىك (نورمال دەرىجىلىك) يەرلەر 248 مىڭ 178 مو بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ %24.5 نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل شەھىرىنىڭ 70 مىڭ 244 مو، باركۆل ناھىيىسىنىڭ 171 مىڭ 782 مو، ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ 5852 مو.

5-، 6- دەرىجىلىك (كەمچىل دەرىجىلىك) يەرلەر 129 مىڭ 110 مو بولۇپ، تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ %12.7 نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل شەھىرىنىڭ 65 مىڭ 301 مو، باركۆل ناھىيىسىنىڭ 57 مىڭ 873 مو، ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ 5935 مو.

3) **تېرىلغۇ يەر تۇپرىقىنىڭ تېز ئۈنۈملۈك ئازوت تەركىبى:** تېرىلغۇ يەر تۇپراقلىرىنىڭ تېز ئۈنۈملۈك ئازوت تەركىبى ئادەتتە ناھايىتى كەمچىل، تېز ئۈنۈملۈك ئازوت تەركىبى 60ppm دىن تۆۋەن بولغان تېرىلغۇ يەرلەر ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ %82.1 نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە تېز ئۈنۈملۈك ئازوت كەمچىل (30 ppm دىن تۆۋەن) بولغان تېرىلغۇ يەرلەر تېرىلغۇ ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ %30.9 نى ئىگىلەيدۇ، تەركىبى ئادەتتىكىچە (4- دەرىجىلىك، 60ppm~90ppm) بولغان يەرلەر %11 نى ئىگىلەيدۇ. تېز ئۈنۈملۈك ئازوت تەركىبى مول بولغان تۇپراقلار ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ ئاران %6.9 نى ئىگىلەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق تۇپراقلارنىڭ كۆپىنچىسى غول- جىلغىلارغا تارقالغان.

1-، 3- دەرىجىلىك (مول دەرىجىلىك) يەرلەر 69 مىڭ 484 مو بولۇپ، تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ %6.9 نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل شەھىرىنىڭ 52 مىڭ 49 مو، باركۆل ناھىيىسىنىڭ 7769 مو، ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ 9666 مو.

4- دەرىجىلىك (نورمال دەرىجىلىك) يەرلەر 111 مىڭ 961 مو بولۇپ، تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ %11 نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل شەھىرىنىڭ 47 مىڭ 373 مو، باركۆل ناھىيىسىنىڭ 58 مىڭ 645 مو، ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ 5945 مو.

5-، 6- دەرىجىلىك (كەمچىل دەرىجىلىك) يەرلەر 832 مىڭ 728 مو بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ %82.1 نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل شەھىرىنىڭ 269 مىڭ 743 مو، باركۆل ناھىيىسىنىڭ 523 مىڭ 302 مو، ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ 39 مىڭ 728 مو.

4) **تېرىلغۇ يەر تۇپرىقىنىڭ تېز ئۈنۈملۈك فوسفور تەركىبى:** ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ تېز ئۈنۈملۈك فوسفور تەركىبى ناھايىتى كەمچىل، ۋىلايەت بويىچە تېز ئۈنۈملۈك فوسفور كەمچىل بولغان تېرىلغۇ يەرلەر ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ %81.72 نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئىنتايىن كەمچىل (3ppm<) بولغان يەرلەر %63.24 نى ئىگىلەيدۇ. ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىدە فوسفور كەمچىل بولۇش ئەھۋالى تېخىمۇ ئېغىر.

1-، 3- دەرىجىلىك (مول دەرىجىلىك) كە ياتىدىغان يەرلەر 125 مىڭ 504 مو بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ %12.4 نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل شەھىرىنىڭ 86 مىڭ 221 مو، باركۆل ناھىيىسىنىڭ 28 مىڭ 471 مو، ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ 10 مىڭ 812 مو.

4- دەرىجىلىك (نورمال دەرىجىلىك) يەرلەر 203 مىڭ 268 مو بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ %20 نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل شەھىرىنىڭ 107 مىڭ 111 مو، باركۆل ناھىيىسىنىڭ 80 مىڭ 94 مو، ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ 16 مىڭ 63 مو.

5-، 6- دەرىجىلىك (كەمچىل دەرىجىلىك) يەرلەر 685 مىڭ 431 مو بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ %67.6 نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل شەھىرىنىڭ 175 مىڭ 834 مو، باركۆل ناھىيىسىنىڭ 480 مىڭ 806 مو، ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ 28 مىڭ 464 مو.

5) تېرىلغۇ يەر تۇپرىقىنىڭ تېز ئۈنۈملۈك كالىي تەركىبى: 1-، 3- دەرىجىلىك (مول دەرىجىلىك) يەرلەر 826 مىڭ 487 مو بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 81.7% نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل شەھىرىنىڭ 285 مىڭ 232 مو، باركۆل ناھىيىسىنىڭ 492 مىڭ 467 مو، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ 48 مىڭ 778 مو.

4- دەرىجىلىك (نورمال دەرىجىلىك) يەرلەر 164 مىڭ 12 مو بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 16.2% نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل شەھىرىنىڭ 69 مىڭ 552 مو، باركۆل ناھىيىسىنىڭ 88 مىڭ 289 مو، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ 6171 مو.

5-، 6- دەرىجىلىك (كەمچىل دەرىجىلىك) يەرلەر 20 مىڭ 967 مو بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 2.1% نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل شەھىرىنىڭ 14 مىڭ 13 مو، باركۆل ناھىيىسىنىڭ 6585 مو، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ 390 مو.

6) تېرىلغۇ يەر تۇپرىقىنىڭ مىكرو ئېلېمېنت تەركىبى: قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ تۇپراق تەكشۈرۈشىدىكى 27 تۇپراق ئەۋرىشكىسى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان ئانالىزدىن ئېنىقلىنىشىچە:

بور: 77% ئەۋرىشكىدە بور ئېلېمېنتى مول ھالەتتە، 23% تۇپراق ئەۋرىشكىسىدە بور تەركىبى ئادەتتىچە بولغان. بۇ يەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق يەرلەر.

مانگان: تېرىلغۇ يەرلىرىدە مانگان ئادەتتە مول بولغان، پەقەت ئاز ساندىكى تېرىلغۇ يەرلىرىدە تەركىبى ئادەتتىكىچە بولغان. بۇ يەرلەرنىڭ تۇپراق قۇۋۋىتى ئادەتتىكىچە.

مىس: تېرىلغۇ يەرلىرىنىڭ مىس تەركىبى ئادەتتە خېلى مول بولغان. ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق يەرلەردە ئادەتتىكىچە ھالەتنى ساقلىغان.

تۆمۈر: تېرىلغۇ يەرلىرىنىڭ تۆمۈر تەركىبى ئومۇمىيۈزلۈك مول بولۇپ، زىرائەت ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ.

سىنك: تېرىلغۇ تۇپراقلىرىنىڭ سىنك تەركىبى مول بولغانلىرى تولىمۇ ئاز ساندا، سىنك تەركىبى ئادەتتىكىچە بولغان تېرىلغۇ يەرلەر 37% نى ئىگىلىگەن. كەمچىل بولغانلىرى 51% نى ئىگىلىگەن. بۇنىڭ ئىچىدە 22% تېرىلغۇ يەرلىرىنىڭ سىنك تەركىبى ئېغىر دەرىجىدە كەمچىل بولغان.

2. شورلۇق يەرلەرنى ياخشىلاش

قۇمۇل ۋىلايىتىدە شورنىڭ زىيىنىغا ئۇچرايدىغان تېرىلغۇ يەرلەر 100 مىڭ مودىن ئاشىدۇ. بەزى تېرىلغۇ يەرلەردە بىر مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى تۇپراقنىڭ شور تەركىبى 0.5% ~ 1% كە يېتىدۇ. ئاز ساندىكى يەرلەرنىڭ 1% ~ 2% ئىچىدە بولۇپ، زىرائەتلەرنىڭ مايسا ئۇتۇش نىسبىتى ئاران 50% ~ 60% ئەتراپىدا. قۇمۇل شەھىرى راھەتباغ يېزىسىنىڭ 60% تېرىلغۇ يېرى سودا ياكى شورنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. باركۆل، ئاراتۈرۈكنىڭ بىر قىسىم زەي يەرلىرى ۋە تېرىلىۋاتقان كۆلرەڭ قوڭۇر چۆل تۇپراقلىرى شورنىڭ زىيىنىغا ئۇچرايدۇ.

1949- يىلىدىن ئىلگىرى، شورلۇق يەرلەرنى ياخشىلاشتا كۆپىنچە يەر تۈزلەشكە ئاساسەن باستۇرۇپ سۇغىرىش، شورنى ئويمان يەرلەرگە ئېقىتىش ۋە تۇپراقنىڭ تۆۋەن قاتلىمىغا چۆكتۈرۈۋېتىش، قىش پەسلىدە شورلۇق يەرگە قۇم تۆكۈش، ئەتىيازدا ئۆرلەپ چىققان شورنى تازىلاش، ئەتىيازلىق تىرنىلاش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر قايسى جايلار ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، زەيكەش چېپىش، مۇۋاپىق سۇغىرىش، يەر تۈزلەش، ئېگىز ئالماشتۇرۇپ تېرىش، ئورگانىك ئوغۇتلارنى كۆپلەپ بېرىش، يېشىل ئوغۇت ۋە ئوت- چۆپ تېرىش، كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش قاتارلىق سۇچىلىق، دېھقانچىلىق، بىئولوگىيىلىك ئۈنۈمۈرسال تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق شور يەرلەرنى ياخشىلاشتا ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

قىزىل يۇلتۇز 2- مەيدانى 1953- يىلى مەيدان قۇرۇلغاندا ئاچقان يەرلىرىنىڭ تۇز قاتلىمى 30 ~ 60 سانتىمېتىر

بولۇپ، ئومۇمىي تۇز تەركىبى %8 ~ %12 كە، يۇقىرى جايلىرى %30 ~ %40 كە يېتەتتى، تۇز قاتلىمىنىڭ ئاستىدا يەنە 15 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا كرىستاللاشقان گلائۇبېر تۇزى بار ئىدى، بەزى يەرلەردە شورنىڭ كۆپلۈكىدىن قومۇشمۇ ئۆسمەيتتى. بۇ مەيدان يەر تۈزلەش، شورنى ئېقىتىش، ئورگانىك ئوغۇت سالمىقىنى ئاشۇرۇش، قوم تۆكۈش، شاخ-شۇمبىلارنى ئېتىزغا قايتۇرۇش، تومۇزدا يەر ئاغدۇرۇش، قىشلىق توڭ ياتقۇزۇش قاتارلىق كۆپ خىل تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئۇدا مۇقىم يۇقىرى مەھسۇلات ئېلىپ، 1960- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى «شىنجاڭدىكى داجەي» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

### 3. ئوغۇتلاش

1) ئورگانىك ئوغۇت: يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، ئاساسلىقى ئادەم، ھايۋان ئوغۇتى، كونا تام، كاڭ توپىسى، كەپتەر مايىقى، كۆل قاتارلىق مەھەللىۋى ئوغۇتلار ئىشلىتىلدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئوغۇت ئازگاللىرىنى كولاش، ھاجەتخانا ۋە ئېغىل- قوتان ياساش قاتارلىق ئامسۇۋى ئوغۇت توپلاش ھەرىكىتى كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىلىپ، 1958- يىلغا كەلگەندە، 456 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام ئوغۇت توپلاندى.

1983- يىلى، ۋىلايەت بويىچە بىر مىليارد 816 مىليون 340 مىڭ كىلوگرام ئوغۇت توپلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئورگانىك ئوغۇت 670 مىليون 330 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، 210 مىڭ مو يەر ئوغۇتلاندى، بۇ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ %37 نى ئىگىلەيدۇ. 1985- يىلى، بەش مىليارد 500 مىليون كىلوگرام ئوغۇت توپلىنىپ، 308 مىڭ مو يەر ئوغۇتلاندى، بۇ ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ %56.6 نى ئىگىلەپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن مو بېشىغا 1623 كىلوگرامدىن توغرا كەلدى. ئىلگىرى، ئوغۇت ئەتىيازدا يەر يۈزىگە چېچىلىپ، يېنىك ئاغدۇرۇۋېتىلگەندىن كېيىن تېرىلاتتى، ھازىر نۇرغۇن دېھقان ئاتلىرى كۈزلۈك ئاغدۇرۇشتىلا ئوغۇتنى يەرگە ئاغدۇرۇپ كۆمۈۋېتىدىغان بولدى.

بېدە، يېشىل ئوغۇتنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولدى. 1970- يىللاردىن ئىلگىرى، يىللىق تېرىلىش كۆلىمى 2000 ~ 3000 مو ئەتراپىدا بولدى. 1960- يىلى، 1000 مو بېدە تېرىلىپ، شۇ يىللىق تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ %0.11 نى ئىگىلىدى. كېيىن تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ، 1981-، 1982- يىلغا كەلگەندە، بېدە بىلەن يېشىل ئوغۇتنىڭ تېرىلىش كۆلىمى ئايرىم- ئايرىم ھالدا 10 مىڭ 600 مو ۋە 8200 موغا يەتتى.

1950- يىللاردا، دېھقانلار كۆنجۈرىنى قوغۇنلۇقلارنىڭ ئاساسىي ۋە قوشۇمچە ئوغۇتى قىلغان ئىدى.

2) خىمىيىۋى ئوغۇت: 1950- يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلىتىلدى، ئەمما ئىشلىتىلىشى ناھايىتى ئاز بولدى. 1960- يىلى ۋىلايەت بويىچە يېزىلاردا 260 تونندىن ئارتۇق ئىشلىتىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يىلمۇ يىل ئېشىپ، ئازوت تەركىبى كۆپرەك بولغان ئاموني نىتراتنى ئىشلىتىش ئاساس قىلىندى، ئورىيانىڭ ئىشلىتىلىشى ناھايىتى ئاز بولدى. 1962- يىلى 427 ئۆلچەملىك توننا، 1963- يىلى 857 ئۆلچەملىك توننا، 1964- يىلى 976 ئۆلچەملىك توننا، 1965- يىلى 1503 ئۆلچەملىك توننا ئىشلىتىلدى. 1980- يىلدىن كېيىن خىمىيىۋى ئوغۇت ئېھتىياجى ھەسسىلەپ ئېشىپ، ۋىلايەت نورما كۆرسەتكۈچى بەلگىلەپ تەقسىم قىلىدىغان بولدى. قومۇل (ناھىيىسى) شەھىرى تەقسىمات كۆرسەتكۈچىنىڭ %53 ىنى، بارىكۆل ناھىيىسى %38 ىنى، ئاراتۇرۇك ناھىيىسى %9 نى ئىگىلىدى. 1984- يىلى، يىلبويى ئىشلىتىلگەن خىمىيىۋى ئوغۇت 4116.2 توننا بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئازوتلۇق ئوغۇت 2404 توننا، فوسفورلۇق ئوغۇت 577.5 توننا، كالىيلىق ئوغۇت 85.7 توننا، بىرىكمە ئوغۇت 1049 توننا. 1985- يىلى، 5480.42 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلىتىلىپ، مو بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 11 كىلوگرامدىن، ساپ ئوغۇت مىقدارى بويىچە ھېسابلىغاندا، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4.3 كىلوگرامدىن توغرا كەلدى.

1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 32 مىڭ 109 ئۆلچەملىك توننا خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلىتىلدى.

3) چىرىندى كىسلاتا تۈرىدىكى ئوغۇتلار: قومۇلنىڭ بوغاز كۆمۈرلۈكىدە ناھايىتى مول يىمىرىلگەن كۆمۈر زاپىسى

بار. ئۇ چىرىندى كىسلاتا تۈركۈمىدىكى ئوغۇتلارنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئاساسىي خام ئەشياسى. 1975 ~ 1983-يىلىغىچە جەمئىي 763 مىڭ 885 تونا چىرىندى كىسلاتا ئوغۇتى ئىشلەپچىقىرىلدى ۋە ئىشلىتىلدى.

### قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ بىر قىسىم يىللاردىكى خىمىيۋى ئوغۇت بىلەن تەمىنلەش ئەھۋالى

جەدۋەل: 5 – 11 بىرلىكى: ئۆلچەملىك تونا

| يىل | جەمئىي | ئۇنىڭ ئىچىدە | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئۇرىيا | ئاممونىي نىترات | فوسفورلۇق ئوغۇت | بىرىكمە ئوغۇت | ئاممونىي گىدرو كاربونات |
| 1962 | 427 | | 424 | 3 | | |
| 1963 | 857 | | 857 | | | |
| 1964 | 976 | 0.7 | 975.3 | | | |
| 1965 | 1503 | 1050 | 453 | | | |
| 1977 | 3386 | 2970 | 273 | | 141 | |
| 1978 | 8776 | 6889 | 710 | | 835 | 342 |
| 1979 | 7150 | 4590 | 2019 | 20 | 487 | 36 |
| 1980 | 10400 | 8637 | 1712 | 112 | 3 | 48 |
| 1981 | 9180 | 6885 | 384 | 1037 | 840 | 38 |
| 1982 | 8875 | 7890 | 18 | 620 | 303 | 8 |
| 1983 | 8810 | 4168 | 389.5 | 1036 | 3162 | 57 |
| 1984 | 13423 | 7818 | 228 | 2938 | 2439 | |
| 1985 | 12587 | 7076 | 144 | 324 | 4992 | |
| 1986 | 16562 | 10624 | 516 | 1862 | 3288 | |
| 1987 | 17958 | 10720 | 389 | 1572 | 3345 | |
| 1988 | 25516 | 15448 | 249 | 2646 | 7173 | |
| 1989 | 32527 | 20558 | 393 | 3210 | 8061 | |
| 1990 | 32109 | 20356 | 843 | 1226 | 9684 | |

# §4. سورت ياخشىلاش

**1. ئەلا سورتلارنى كېڭەيتىش**

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇمۇلنىڭ سۈپەتلىك ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش ۋە كېڭەيتىش خىزمىتى ئۈچ باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتى.

1950- يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئارقىلىق تۈرلۈك زىرائەتلەرنىڭ يەرلىك سۈپەتلىك ئۇرۇقلىرى تاللاپ چىقىلدى، ئەينى چاغلاردا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بېكىتىشىدىن ئۆتۈپ، ۋىلايەت بويىچە كەڭ دائىرىدە تېرىلغان يەرلىك سۈپەتلىك سورتلاردىن بۇغدايىنىڭ «قىزىل جىنباۋيىن»، «قىزىل يارغى»، «داتۇلاڭ» قاتارلىق سورتلىرى، ئاق قوناقنىڭ «قۇمۇل كېپىشۋاش» ۋە قىچىنىڭ ئېگىزغا تېرىلىدىغان سورتلىرى بار ئىدى. بۇ باسقۇچتا ئاپتونوم رايوننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگۈزۈپ قۇمۇلدا كېڭەيتكەن سۈپەتلىك سورتلاردىن كۈزگى بۇغداي «ئۇكرائىنا – 0246» ۋە «ئۇكرائىنا – 83»، كۆممىقوناقنىڭ «ئاق ئات چىشى»، «جۇپ ئالغۇت 156»، كېۋەزنىڭ «س – 3173»، «ف – 108»، «كېكى – 1543» قاتارلىق سورتلىرى بار ئىدى.

1960- يىللاردا، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگۈزۈلگەن سورتلارنى كېڭەيتىش ئاساس قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىچكىرىدىن كىرگۈزۈلگەن ئەلا سورتلار كېڭەيتىلدى. سۈپەتلىك سورتلار زور كۆلەمدە كېڭەيتىلىش بىلەن بىللە، يەرلىك سورتلارنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىمۇ ئىشلەندى.

1970- يىللىرى كىرگۈزۈلگەن سورتلار داۋاملىق كېڭەيتىلىش بىلەن بىللە، يەرلىك سورتلارمۇ پائال يېتىشتۈرۈلدى. 1974- يىلى، قۇمۇلدا تۇنجى بولۇپ يازغى بۇغداي سورتى «خوگكې – 1» يېتىشتۈرۈلدى ۋە كېڭەيتىلدى. 1977- يىلى، «قۇمۇل بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش – 1» يېتىشتۈرۈلۈپ كېڭەيتىلدى.

1980- يىللاردىن بۇيان، ئۆزىمىزدە ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدا يېتىشتۈرۈلگەن سورتلارنىڭ كېڭەيتىلىشىگە ئەگىشىپ، چەت ئەلدىن كىرگۈزۈلگەن بەزىبىر سورتلار تەدرىجىي ئەمەلدىن قالدى.

سۈپەتلىك ئۇرۇقلارنى كېڭەيتىش خىزمىتىدە، ئاكتىپ بولۇش، ئېھتىياتچان بولۇش فاڭجېنى قوللىنىلدى. 1950- يىللارنىڭ دەسلەپىدە، ئاساسلىقى ئاممىنىڭ ئۇرۇق تاللىشى، قالدۇرۇشى، ئالماشتۇرۇشى ۋە دېھقانچىلىق كوپېراتىپلىرى، ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرىنىڭ كۈچىگە تايىنىلىپ، تەدرىجىي ئومۇملاشتۇرۇلغان ئىدى. 1958- يىلى، سۈپەتلىك ئۇرۇقلارنى كېڭەيتىش خىزمىتىدە كۆپرەك ئۈلگە كۆرسىتىش،تەدرىجىي كېڭەيتىش، ئۆز جايىدا كۆپەيتىپ، ئۆز جايىدا كېڭەيتىش فاڭجېنى يولغا قويۇلدى. 1960- يىللارنىڭ دەسلەپىدە «تۆت ئۆز، بىر قوشۇمچە قىلىش» (ئۆزى كۆپەيتىش، ئۆزى تاللاش، ئۆزى قالدۇرۇش، ئۆزى ئىشلىتىش، تەڭشەشنى قوشۇمچە قىلىش) فاڭجېنى قوللىنىلدى. 1963- يىلى، سۈپەتلىك ئۇرۇقلارنى كېڭەيتىشتە «يەرلىك سۈپەتلىك ئۇرۇقلارنى تاللاپ يېتىشتۈرۈپلا قالماي، سىرتتىن كەلتۈرۈلگەن سورتلارنىمۇ سىناق قىلىش، نۆۋەتلىك يېتىشتۈرۈپلا قالماي، كېڭەيتىپ ئومۇملاشتۇرۇشنى تېزلىتىشتىن ئىبارەت ئىككى پۇتلاپ مېڭىش» ئۇسۇلى قوللىنىلدى.

بارىكۆلنىڭ ھاۋا كىلىماتى سوغۇق، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ تۈرى ئاز، يازغى بۇغدايىنىڭ تېرىلىش كۆلىمى ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 80% ئەتراپىنى ئىگىلەيدۇ. 1959- يىلى، بۇ ناھىيە بۇغداي ئۇرۇقىنىڭ سۈپەتلىك بولۇشىنى ئاساسەن ئىشقا ئاشۇردى. 1976- يىلى، ناھىيە بويىچە بۇغداي سورتىنى يېڭىلاپ بولدى. «گەنمەي – 29»، «ئابو»، «سېلۇس»، «موبا – 66» قاتارلىقلار ئاساسلىق تېرىلىدىغان سورتقا ئايلاندى.

1978- يىلى، ئۇرۇقنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، سورتىنى ساپلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ھەر قايسى ناھىيىلەر ئۇرۇقلۇق ئېتىزلىرىنى بەرپا قىلىشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بەردى.

1980- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 27 مىڭ 822 مو ئۇرۇقلۇق ئېتىزى، 2758 مو تەجرىبە ئېتىزى تېرىلىپ، باشاق قوزى بويىچە ساپلاشتۇرۇلغان كۆلەم 62.3 موغا يەتتى. بۇغداينىڭ سۈپەتلىك ئۇرۇق بىلەن تېرىلغان كۆلىمى 338 مىڭ 307 موغا يېتىپ، بۇغداي تېرىلغۇ ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 87.67% نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە باركۆلنىڭ سۈپەتلىك بۇغداي تېرىلغۇ كۆلىمى 222 مىڭ 43 مو بولۇپ، بۇغداي كۆلىمىنىڭ 90.6% نى ئىگىلىدى. «گەنمەي – 29»، «سېلۇس»، «ئابو» قاتارلىق سورتلار ئاساسلىق تېرىلىدىغان سورتلارغا ئايلاندى. قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ سۈپەتلىك بۇغداي سورت كۆلىمى 98 مىڭ 930 مو بولۇپ، بۇغداي كۆلىمىنىڭ 84.2% نى ئىگىلىدى. بىر قىسىم كۆكتات-دۆلەرنىڭ يىلدا ئىككى قېتىم ھوسۇل ئېلىش تۈزۈمىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، ئاساسلىق ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ بالدۇر، ئارا ۋە كېچىكىپ پىشار سورتلىرى تېرىلدى. بۇغداينىڭ چىلگە سورتلىرىدىن «جىڭخۇڭ – 5»، «جيۇنوڭ – 5»، «سېلۇس»، «خۇگشىڭ» قاتارلىقلار، ئارا، كېچىكىپ پىشار سورتلىرىدىن «داتۇلاڭ»، «قەشقەر ئاق پوست»، «خوگچۈن – 1»، «نوگدا – 85»، «باچۈن – 2»، «چىگچۈن – 5» قاتارلىق سورتلار، ئاق قوناقنىڭ كېچىكىپ پىشار سورتلىرىدىن «632- نومۇر»، «داۋەنتۇ» قاتارلىقلار، چىلگە سورتىدىن «كىچىك ئاق قوناق»؛ كۆممىقوناقنىڭ ئارا، كېچىكىپ پىشار سورتلىرىدىن «ۋېر – 156»، «ئاق ئات چىشى»، بالدۇر پىشار «60 كۈنلۈك قوناق» قاتارلىقلار تېرىلدى.

1985- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 355 مىڭ 400 مو بۇغداي تېرىلدى (بۇنىڭ ئىچىدە سورت ئالماشتۇرۇلغىنى 322 مىڭ 100 مو، يېڭىلانغىنى 20 مىڭ 100 مو)، سۈپەتلىك ئۇرۇقنىڭ كېڭەيتىلىش كۆلىمى 242 مىڭ 500 مو بولۇپ، بۇغداي كۆلىمىنىڭ 68.64% نى ئىگىلىدى. «يېڭى باھار – 2»، 28 مىڭ 809 مو، «سېلۇس» 48 مىڭ 690 مو، «قۇمۇل بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش – 1» 8121 مو، «گەنمەي – 29» 122 مىڭ 662 مو، « قۇمۇل بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش – 2» 2100 مو، «نوگدا – 85» 8312 مو يەردە تېرىلىپ كېڭەيتىلدى. بۇ سورتلارنىڭ مەھسۇلاتى يەرلىك سورتلارغا سېلىشتۇرغاندا 10% ~ 20% ئاشتى.

1984- يىلى، ۋىلايەتلىك ساپ ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش مەيدانى (يۈەنجۇڭچاڭ)، باركۆل سۈپەتلىك ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش مەيدانى (لياڭجوڭچاڭ) ۋە ھەر قايسى جايلارنىڭ ئۇرۇقچىلىق كەسپىي ئائىلىلىرى (219 ئائىلە) قاتارلىق ئۈچ جايدا جەمئىي 67.7 مو بۇغداي تېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە باشاق ئېتىزلىقى 9.7 مو، باشاق سىتېپمىسى ئېتىزلىقى 48.8 مو، ساپ ئۇرۇق ئېتىزلىقى 14.2 مو بولۇپ، 4352 كىلوگرام ساپ ئۇرۇق ئىشلەپچىقىرىلدى؛ 195.5 مو ئاددىي ساپ ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش ئېتىزى تېرىلىپ، 51 مىڭ كىلوگرام ساپ ئۇرۇق ئىشلەپچىقىرىلدى؛ 1826.7 مو بۇغداينىڭ سۈپەتلىك ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش ئېتىزى تېرىلىپ، 297 مىڭ 104 كىلوگرام ساپ ئۇرۇق ئىشلەپچىقىرىلدى. ۋىلايەت 859 مىڭ 750 كىلوگرام ھەر خىل زىرائەت ئۇرۇقى كىرگۈزدى، 407 مىڭ 939.5 كىلوگرام ئۇرۇق سېتىپ چىقاردى. 556 مىڭ 590 كىلوگرام ئەلا سورتلۇق ئۇرۇقنى تەكشۈرۈپ ئالماشتۇردى. 15 مىڭ 700 مو ئېتىزدىكى ئۇرۇق تەكشۈرۈلدى، 469 مىڭ 157.5 كىلوگرام ئۇرۇق تەجرىبىخانىدا تەكشۈرۈلدى. يۆتكەپ چىقىرىلغان ئۇرۇقلارغا تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەنلىك گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى، تەكشۈرۈپ كىرگۈزگەن ئۇرۇقلار 15 كۈن ئىچىدە قايتا تەكشۈرۈلدى.

1985- يىلى، ۋىلايەتلىك ساپ ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش مەيدانى، باركۆل سۈپەتلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانى ۋە ھەر قايسى يېزىلارنىڭ ئۇرۇقچىلىق كەسپىي ئائىلىلىرىنىڭ ئۇرۇق ئىشلەپچىقىرىش ئېتىزى جەمئىي 1966.5 مو بولۇپ، 451 مىڭ 350 كىلوگرام ئۇرۇق ئىشلەپچىقاردى. بۇنىڭ ئىچىدە ساپ ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش مەيدانى بىلەن سۈپەتلىك ئۇرۇق مەيدانىنىڭ كۆلىمى 884 مو بولۇپ، 202 مىڭ 500 كىلوگرام ئۇرۇق ئىشلەپچىقاردى؛ ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان

ئۈرۈقچىلىق بازىسىنىڭ كۆلىمى 1083 مو بولۇپ، 248 مىڭ 824.5 كىلوگرام ئۇرۇق ئىشلەپچىقاردى؛ ئۈچ تەجرىبە بوغداي ئېتىزىنىڭ كۆلىمى 371.56 مو، بۇنىڭ ئىچىدە باشاق ئېتىزى 7.21 مو، باشاق سىستېمىسى ئېتىزى 17.1 مو، ساپ ئۇرۇق ئېتىزى 347.3 مو بولۇپ، جەمئىي 65 مىڭ كىلوگرامدىن ئارتۇق ساپ ئۇرۇق ئىشلەپچىقىرىلدى. ۋىلايەت بويىچە بوغداي ئۈرۈقچىلىق كەسپىي ئائىلىلىرى 39 ئائىلە بولۇپ، 1592 مو يەردىن 374 مىڭ 891 كىلوگرام سۈپەتلىك ئۇرۇق ئىشلەپچىقاردى. 15 قوغۇن ئۇرۇقى كەسپىي ئائىلىسى 90.5 مو كۆلەمدە ئۇرۇقلۇق قوغۇن تېرىپ، 435.7 كىلوگرام قوغۇن ئۇرۇقى ئىشلەپچىقاردى. تاۋۇزنىڭ «خۇگېۋ – 2» سورتىنى شالغۇتلاشتۇرۇپ ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش كۆلىمى 45 مو بولۇپ، 1257 كىلوگرام ئۇرۇق ئىشلەپچىقاردى. ئارپا ئۈرۈقچىلىق كەسپىي ئائىلىسى 32 بولۇپ، 460 مو كۆلەمدە 101 مىڭ 200 كىلوگرام ئۇرۇق ئىشلەپچىقاردى. ئالدىن كېلىشىم ھاسىل قىلىنغان تۇرلۇك كۆكتات ئۇرۇقلىرىنى يېتىشتۈرىدىغان بەش كەسپىي ئائىلە بولۇپ، 7.5 مو يەردىن، 394.5 كىلوگرام ئۇرۇق يىغىۋېلىندى.

2. سۈپەتلىك ئۇرۇقلارنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قومۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى قىزىل يۇلتۇز 2- مەيدانىنىڭ تەجرىبە پونكىتى 1964- يىلى يازغى بوغداي سورتى «قىزىل يازغى – 1» نى تاللاپ يېتىشتۈرۈشكە كىرىشىپ، 1974- يىلى يېتىشتۈرۈپ چىقتى ھەم كېڭەيتتى.

يازغى بوغداي «قومۇل بوز يەر تۈزلەشتۈرۈش – 1» نى قومۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى قىزىل يۇلتۇز 1- مەيدانىنىڭ تەجرىبە پونكىتى 1972- يىلى تاللاپ يېتىشتۈرۈشكە كىرىشكەن ئىدى. جەنۇبتا كۆپەيتىپ شىمالدا يېتىشتۈرۈش، تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئارقىلىق قومۇلدا كەڭ كۆلەمدە كېڭەيتىلدى.

يازغى بوغداي «قومۇل يازغى – 1» قومۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى دۆربەجىن دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ تەجرىبە پونكىتىدا 1987- يىلى يېتىشتۈرۈلۈپ بېكىتىلگەندىن كېيىن كېڭەيتىلىشكە باشلىدى.

يازغى بوغداي «قومۇل يازغى – 3» ۋە « قومۇل يازغى – 4» نى 1979 ~ 1987- يىل ئارىلىقىدا قومۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ئىلمىي تەتقىقات ئورنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى ھەم كېڭەيتتى.

كۆممىقوناقنىڭ «قومۇل تاق شالغۇت – 1» سورتىنى 1972 ~ 1983- يىل ئارىلىقىدا، قومۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ئىلمىي تەتقىقات ئورنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى ھەم كېڭەيتتى.

ئاق قوناقنىڭ «301 » سورتىنى 1963 ~ 1965- يىلىغىچە قومۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ئىلمىي تەتقىقات ئورنى ئىپتىدائىي سورت «301 » دىن تاللاپ يېتىشتۈرۈپ چىقتى.

ئاق قوناقنىڭ «632 » سورتىنى 1963 ~ 1981- يىلىغىچە قومۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ئىلمىي تەتقىقات ئورنى ئەسلىدىكى «كىمىنىسترا» دىن تاللاپ يېتىشتۈردى.

يېڭىلمەس سىستېما «قومۇل 1- نومۇرلۇق ئاق قوناقA» نى قومۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ئىلمىي تەتقىقات ئورنى 1980 ~ 1986- يىلىغىچە 3193A نىڭ يېڭىلمەس سىستېمىسىدىن ئايرىپ يېتىشتۈرۈپ چىقتى.

1972- يىلىدىن باشلاپ، قومۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ئىلمىي تەتقىقات ئورنى ئاپتونوم رايوننىڭ بىر تۈتاش تەلىپىگە ئاساسەن، خەينەنداۋغا ئادەم ئەۋەتىپ، كۆممىقوناقنىڭ ئۆز گۈلىدىن چاڭلىنىش سىستېمىسى بويىچە يېتىشتۈرۈش ۋە يازغى بوغداينىڭ شالغۇت ئەۋلادىنىڭ دەۋرلىنىشىنى تېزلىتىپ يېتىلدۈرۈش بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇنىڭدىن كېيىن قومۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى قىزىل يۇلتۇز 1- مەيدانى، باركۆل ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىمۇ ئادەم ئەۋەتىپ جەنۇبتا سورت يېتىشتۈرۈش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇلار ئاساسلىقى كۆممىقوناق، ئاق قوناق ۋە يازغى بوغداي قاتارلىق زىرائەتلەرنىڭ ئۆز گۈلىدىن چاڭلىنىش سىستېمىسى بويىچە يېتىشتۈرۈش ياكى شالغۇت ئەۋلادلىرىنىڭ دەۋرلىنىشىنى تېزلىتىش، كۆپىيىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش ۋە ئۇرۇق ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىلىرىنى

ئورۇنلىدى، كېيىن ۋىلايەتلىك ساپ ئۇرۇق ئىشلەپچىقىرىش مەيدانى ۋە ۋىلايەتلىك ئۇرۇقچىلىق شىركىتىمۇ خەينەنداۋغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئاۋۋاز شالغۇت ئۇرۇقىنىڭ ساپلىقىنى باھالاش خىزمىتىنى ئىشلىدى.

خەينەنداۋدىكى سۇپەتلىك ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش خىزمىتىدە، قۇمۇل «قۇمۇل بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش – 1»، «قۇمۇل بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش – 2» قاتارلىق يازغى بۇغداي سورتىنى ۋە «قۇمۇل تاق شالغۇت – 1» ناملىق كۆممىقوناق سورتىنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى.

## §5. دېھقانچىلىق تېخنىكىلىرىنى كېڭەيتىش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن يېڭى تىپتىكى سوقا - ساپانلار كېڭەيتىلدى، ئاغدۇرۇش چوڭقۇرلۇقى ئاشۇرۇلدى، تومۇزدا يەر ئاغدۇرۇش، كۈزلۈك ئاغدۇرۇش ۋە تېرىنلاپ سۈرەم سېلىشلار مۇناسىپ دەرىجىدە قانات يايدۇرۇلدى. ئۇنىڭغا ئۇلاپ سۇغىرىش تېخنىكىلىرى كېڭەيتىلىپ، ئەسلىدىكى ئۈلۈغ سۇ بىلەن باستۇرۇپ سۇغىرىش ئۇسۇلى تاختىلاپ سۇغىرىش، چۆنەكلەپ سۇغىرىش، تەدرىجىي سىڭدۈرۈپ سۇغىرىش، تامچىلىتىپ سۇغىرىش، پۈركۈتۈپ سۇغىرىش ئۇسۇلىغا ئۆزگەرتىلدى؛ يەنە ئاشلىق بىلەن پۇرچاق تىپىدىكىلەرنى كىرىشتۈرۈپ تېرىش، ئاسمىلاپ تېرىش، يىلدا ئىككى قېتىم ھوسۇل ئېلىش قاتارلىق تېرىلغۇ تۈزۈملىرى كېڭەيتىلدى.

1959- يىلىدىن كېيىن، قۇمۇلنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىلمىي تەتقىقاتى ۋە تېخنىكا كېڭەيتىش خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

1960- يىلى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ئىلمىي تەتقىقات ئورنى جەنۇبىي شىنجاڭدىن «قەشقەر ئاق يازغىسى» نى كىرگۈزۈپ سېلىشتۇرما سىناق قىلغاندىن كېيىن كەڭ كۆلەمدە كېڭەيتتى، كېيىن بۇ سورت ئاساسلىق تېرىلىدىغان سورتقا ئايلاندى.

1970- يىلى، ئاپتونوم رايون مېكسىكىنىڭ يازغى بۇغداي سورتلىرىدىن سېلۇس، پاتام، كاگيوم قاتارلىق يەتتە سورتنى كىرگۈزدى، سىناق قىلىپ تېرىلغاندىن كېيىن «سېلۇس» نىڭ كېڭەيتىلىش كۆلىمى ھەممىدىن زور بولۇپ، يىللىق تېرىلىش كۆلىمى 40 ~ 70 مىڭ مودىن ئېشىپ كەتتى.

1960- يىللارنىڭ دەسلىپىدە، قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ئىلمىي تەتقىقات ئورنىدىكى مافاجىننىڭ رىياسەتچىلىكىدە كىرگۈزۈلگەن ئاق قوناق سورتىدىن تاللاپ يېتىشتۈرۈلگەن «632» قۇمۇلدا ئومۇملاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ئاق قوناق تېرىش رايونلىرىغا كېڭەيتىلدى.

1960- يىللارنىڭ باشلىرىدا، ئاپتونوم رايوندىن كەلتۈرۈلگەن كۆممىقوناقنىڭ «ۋېر 156 قوش شالغۇت» كېڭەيتىلگەندىن كېيىن، قۇمۇلنىڭ ئاساسلىق تېرىلىدىغان سورتى بولۇپ قالدى.

1970- يىللارنىڭ دەسلىپىدە، قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ئىلمىي تەتقىقات ئورنىدىكى چېن بېنفا رىياسەتچىلىك قىلىپ يېتىشتۈرگەن كۆممىقوناقنىڭ «قۇمۇل تاق شالغۇت – 1» سورتى تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەندىن كېيىن قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ كۆممىقوناق تېرىش رايونلىرىغا كېڭەيتىلدى.

قۇمۇل ناھىيىسىدە پەيدا بولغان بۇغداينىڭ سېرىق قارا كۈيە كېسىلىنىڭ پەيدا بولۇش قانۇنىيىتى گۇەن يۇنخۇانىڭ رىياسەتچىلىكىدە تەتقىق قىلىندى، 1980- يىللارنىڭ باشلىرىدا، بىئولوگىيىلىك دورا «تۇڭكاڭ – 769» كىرگۈزۈلۈپ، سېرىق قارا كۈيە كېسىلىگە قارىتا كەڭ دائىرىدە ئالدىنى ئېلىش، يوقىتىش ئېلىپ بېرىلدى، ئۇنۇمى

90% تىن يۇقىرى بولدى.

باركۆل ناھىيىسى بۇغدايىنىڭ سېرىق قارا كۈيە كېسىلى ئېغىر يۈز بەرگەن رايون بولۇپ، 1970- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى، باركۆل ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىكى چېن گۇيفاڭنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، بۇ كېسەلنىڭ ئۇرۇق ۋە تۇپراق ئارقىلىق تارقىلىش قانۇنىيىتىگە ئاساسەن، ئۇنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى قوللىنىلىپ، زىيىنى ئاساسىي جەھەتتىن كونترول قىلىندى. بۇ نەتىجە ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ 1- دەرىجىلىك تېخنىكا كېڭەيتىش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

1980- يىللاردا، ۋىلايەتلىك ئۇسۇملۈك كارانتىن پونكىتىدىكى ۋاڭ جيۈ تەتقىق قىلىپ ياسىغان شۇمبۇيىنى يوقىتىش بىئولوگىيىلىك دورىسى F798 (ئورغاقسىمان زەمبۇرۇغ) نىڭ يوقىتىش ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولغانلىقتىن، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

1970- يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 1980- يىللارنىڭ باشلىرىغىچە، ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ئىلمىي تەتقىقات ئورنىدىكى مۇھەممەت بىلەن جاڭ شاڭلياڭ تاسىملاپ تېرىش بىلەن كىرىشتۈرۈپ تېرىش ئۈستىدە چوڭقۇر تەتقىقات يۈرگۈزۈپ، ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق تېخنىكىلىرى بىلەن زامانىۋى يېڭى تېخنىكىلارنى بىرلەشتۈرۈپ، ئاشلىق زىرائەتلىرىدىن يىلىغا 800 ~ 1000 كىلوگرام موسۇل ئېلىش تېخنىكا ئۆلگىسىنى تەتقىق قىلىپ چىقتى.

1980- يىللارنىڭ باشلىرى، ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ئىلمىي تەتقىقات ئورنىدىكى دىڭ جىنرۇي ناھىيىلىك (شەھەرلىك) دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى بىلەن بىرلىشىپ، سۇلياۋ يوپۇق تېخنىكىسىنى كۆكتات، قوغۇن- تاۋۇز ئىشلەپچىقىرىشقا قوللىنىش سىنىقىنى ئېلىپ باردى، سىناقتىن كېيىن كەڭ كۆلەمدە كېڭەيتىلدى.

1981 ~ 1984- يىلى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ئىلمىي تەتقىقات ئورنىدىكى جاڭ جۈگېن ۋە مىي يۈشياڭ رىياسەتچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇقتا كالىي دى گىدرو فوسفات ئارىلاشتۇرۇش سىنىقىنىڭ ئۈنۈمى كالتىسىي خلورىد ئارىلاشتۇرغاننىڭكىدىن ياخشى بولدى. بۇ تېخنىكا يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش سىستېمىسى بويىچە 70 مىڭ مو كۆلەمدە كېڭەيتىلدى.

1980- يىلى، ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ئىلمىي تەتقىقات ئورنىدىن ئىزامىدىننىڭ رىياسەتچىلىكىدە كىرگۈزۈلگەن مايلىق ئاپتاپپەرەسنىڭ «شىلغار خىزمەتچى» ناملىق سورتى تېرىش سىنىقىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتتى ھەم كېڭەيتىلدى؛ يەنە 1983- يىلى كىرگۈزگەن «لياۋنىڭ ئالغۇت ـ 2» 1987- يىلىغا كەلگەندە كېڭەيتىلىش كۆلىمى 13 مىڭ موغا يەتتى.

1981 ~ 1983- يىلىغىچە، «قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىكى كېسەللىك ھاشارات، كۆشەندە ھاشارات ۋە ياۋا ئوت- چۆپلەرنى تەكشۈرۈش» نىڭ دالا تەكشۈرۈش تۈرى ئاپتونوم رايونلۇق رايونلارغا ئايرىش ئىشخانىسىنىڭ 2- دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

1983 ~ 1985- يىلىغىچە، شى جەيچېڭنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، ۋىلايەت بويىچە يېڭى دېھقانچىلىق دورىلىرى زور كۆلەمدە كېڭەيتىلىپ، ۋىلايەتلىك پەن- تېخنىكا نەتىجىلىرى بويىچە 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ 1978 ~ 1980- يىلىغىچە رىياسەتچىلىك قىلغان ئارپىخانىنى يوقىتىش تەتقىقاتى ۋىلايەتلىك 2- دەرىجىلىك پەن- تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

دېھقانچىلىقنىڭ ئۇنىۋېرسال تېخنىكا تەدبىرلىرى كېڭەيتىلدى. 1980- يىلى، بۇغداي ئېتىزلىرىغا خىمىيىۋى ئوغۇتنى چوڭقۇر بېرىش، ئۇرۇققا ئوغۇت ئارىلاشتۇرۇش، كالتسىي خلورىد بىلەن ئۇرۇقنى دۇملەش قاتارلىق تېخنىكىلار پائال كېڭەيتىلدى.

1982- يىلى، ۋىلايەت بويىچە بۇغداي مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇشنىڭ تۆۋەندىكىدەك 10 تۈرلۈك تەدبىرى كېڭەيتىلدى: ① زىرائەتلەرنىڭ جايلىشىشى تەڭشىلىپ، ئاشلىق كۆلىمى مۇقىملاشتۇرۇلدى، ئاساسىي ھۇجۇم بىرلىك مەھسۇلاتقا قارىتىلدى؛ ② يەر كۈچىنى ئاشۇرۇش، تۇپراقنى ياخشىلاشنىڭ تۈرلۈك ئۈنىۋېرسال تەدبىرلىرى قەتئىي قوللىنىلىپ، ئورگانىك ئوغۇت كۆپەيتىپ بېرىلدى، ۋىلايەت بويىچە ئاساسىي ئوغۇت بېرىلگەن ئاشلىق زىرائەتلىرى كۆلىمى 235 مىڭ موغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 12.6% ئاشۇرۇلدى، خىمىيىۋى ئوغۇت چوڭقۇر بېرىلگەن يەر كۆلىمى 145 مىڭ 100 موغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 22.6% ئاشۇرۇلدى؛ ③ سۈپەتلىك ئۇرۇق بىلەن تېرىلغان بۇغداي كۆلىمى 450 مىڭ موغا يېتىپ، بۇغداي كۆلىمىنىڭ 90% نى ئىگىلىدى؛ ④ ئۇرۇققا دورا ئارىلاشتۇرۇپ تېرىلغان يەر 334 مىڭ مو، ئۇرۇقنى كالتسىي خلورىد ۋە كالىي دى گىدرو فوسفات بىلەن دۇملىنىپ تېرىلغان يەر 146 مىڭ 700 موغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 24.5% ئاشۇرۇلدى؛ ⑤ مۇۋاپىق تېرىش زىچلىقى ساقلىنىپ، تېرىش كۆلىمى مۇۋاپىق كۆپەيتىلدى؛ ⑥ مۇۋاپىق مەزگىلدە بالدۇر تېرىلدى؛ ⑦ ئىلمىي سۇغىرىلدى، بالدۇر پىشىدىغان، پاكار غوللۇق سورتلار ئىككى ياپراقلىق بولغاندا سۇغىرىلدى؛ ⑧ خىمىيىلىك ئوت- چۆپ يوقىتىش ۋاقتىدا ئېلىپ بېرىلدى، «DJ—24» بىلەن 76 مىڭ مو يەرنىڭ ئوت- چۆپى يوقىتىلدى؛ ⑨ «ئۈچ ئېتىز» كۆلىمى 71 مىڭ موغا يەتكۈزۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئۇرۇقچىلىق ئېتىزى 37 مىڭ 709 مو، تەجرىبە ئېتىزى 2728 مو، مول ھوسۇللۇق ئېتىز 30 مىڭ 511 مو؛ ⑩ مەشغۇلاتنى ئۆلچەملەشتۈرۈش، پەرۋىشنى كۈچەيتىشتە چىڭ تۇرۇلدى.

1985 ~ 1990- يىلىغىچە، پەن- تېخنىكا نەتىجىلىرى ۋىلايەت بويىچە ئىشلەپچىقىرىشتا ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىلىپ ۋە قوللىنىلىپ، كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىلدى. ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك پەن- تېخنىكىسىنى ئېچىش مەركىزى ۋىلايەت بويىچە 100 خىلدىن ئارتۇق يېڭى تېخنىكا، يېڭى مەھسۇلاتلارنى كېڭەيتتى، يېزىلاردا پەن- تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسىتىشتىكى 6662 نۇقتىلىق ئائىلىنى تەربىيىلىدى ۋە يۆلىدى. تېخنىكا مۇلازىمەت كۆلىمى جەمئىي 50 مىليون مو- قېتىمدىن ئاشتى، ئاشلىق مەھسۇلاتى جەمئىي 157 مىڭ توننا ئاشۇرۇلدى؛ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشدا تېخنىكا تەدبىرلىرىنىڭ ئۈنىۋېرسال ئۈنۈمى جارى قىلدۇرۇلدى. ۋىلايەت بويىچە بۇغداينىڭ ئوتتۇرىچە مو بېشى مەھسۇلاتى 1985- يىلدىكى 146.9 كىلوگرامدىن 1994- يىلى 303.4 كىلوگرامغا يەتكۈزۈلۈپ، 106.5% ئاشۇرۇلدى. بۇ ئورۇن يەنە ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتنىڭ 368 ئىلمىي تەتقىقات كېڭەيتىش تۈرىنى زىممىسىگە ئېلىپ، كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. مەمۇرىي مەھكىمە بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقات مەكتەپلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، جەمئىي 46 تۈرنى تەتقىق قىلىپ، ئۈلگە كۆرسىتىپ كېڭەيتتى، مۇلازىمەت قىلىش كۆلىمى جەمئىي 700 مىڭ موغا يەتتى، ئاشلىق مەھسۇلاتىنى 13 مىليون 700 مىڭ كىلوگرام، ساپ پاختىنى ئۈچ مىليون 100 مىڭ كىلوگرام، قوغۇن- تاۋۇزنى 36 مىليون كىلوگرام، ياغلىقدانىنى 150 مىڭ كىلوگرام ئاشۇردى، ئاشۇرۇلغان مەھسۇلات قىممىتى جەمئىي 192 مىليون يۈەنگە يېتىپ، پەن- تېخنىكىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈشتىكى تۆھپە سالمىقى 40% تىن ئېشىپ كەتتى. قۇمۇل شەھىرى بۇلۇڭتوغراق يېزىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە ئۈنىۋېرسال پەن- تېخنىكا بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قۇرۇلۇش تۈرى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ پەن- تېخنىكا ھەمكارلىقىدىكى بىر ئۈلگە بولدى. ھازىر قۇرۇلغان قۇمۇل شەھەر ئەتراپى يېزىسى، بارىكۆل خۇايۈەنزى يېزىسى ۋە ئاراتۈرۈك باي يېزىسىدىن ئىبارەت ئۈچ يېزا ۋىلايەتنى پەن- تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش يېزىسى بولۇپ قالدى. ئاراتۈرۈك ناھىيىسى توخۇلۇ يېزىسىدىكى ۋاڭ جىشاڭ ئۆز خىراجىتى بىلەن داشۆدە ئوقۇپ، ئىلمىي تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۇغداينىڭ مو بېشى مەھسۇلاتىنى 600 كىلوگرامغا يەتكۈزدى.

# VII باب

# ئۆسۈملۈك ئاسراش

كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش خىزمىتىدە، قۇمۇل ۋىلايىتى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، ھەر قايسى دەۋرلەردە ئوخشىمىغان تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

1950 ~ 1955- يىلىغىچە، ئالدىنى ئېلىش ئاساس قىلىندى.

1956 ~ 1957- يىلىغىچە، كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىشنىڭ دائىرىسى كېڭەيتىلدى، دورا - سايمانلارنىڭ رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى، دېھقانچىلىق تەدبىرلىرىنى بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش خىزمىتى بالدۇر، ئۈزۈل- كېسىل ئىشلەندى.

1958- يىلى، ئومۇميۈزلۈك ئالدى ئېلىنىپ، نۇقتىلىق يوقىتىلدى.

1959 ~ 1962- يىلىغىچە، ئومۇميۈزلۈك ئالدى ئېلىنىپ، يەرلىك ئۇسۇل بىلەن چەت ئەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئومۇميۈزلۈك دېزىنفېكسىيە قىلىنىپ، نۇقتىلىق يوقىتىش ئېلىپ بېرىلدى.

1963 ~ 1973- يىلىغىچە، ئالدىنى ئېلىش بىلەن يوقىتىش تەڭ تۇتۇلۇپ، ئالدىنى ئېلىش ئاساس قىلىندى، يەرلىك ئۇسۇل بىلەن چەت ئەلنىڭ ئۇسۇلى بىرلەشتۈرۈلۈپ، رەھبىرىي كادىرلار، مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئامما ئۈچ تەرەپ بىرلەشكەنلىكتىن، ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك، بىخەتەر، ئۈنۈملۈك ئىشلەندى.

1975 ~ 1990- يىلىغىچە، ئالدىنى ئېلىش ئاساس قىلىنىپ، ئۈنۈۋېرسال ئالدىنى ئېلىش- يوقىتىش تەدبىرلىرى قوللىنىلدى.

ۋىلايەتلىك ئۆسۈملۈك ئاسراش پونكىتىنىڭ 1980 ~ 1982- يىلىغىچە ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى دېھقانچىلىق زىرائەت كېسەللىكلىرى 80 خىل، زىيانداش ھاشاراتلار 235 خىل، ئېتىز - ئېرىقلاردىكى ياۋا ئوت- چۆپلەر 99 خىل بولغان.

## §1. ئاساسلىق كېسەللىكلەر، زىيانداش ھاشاراتلار ۋە زىيانداش ئوت- چۆپلەر

### 1. ئاساسلىق كېسەللىكلەر

دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىكى تارقىلىشى كەڭ، كېسەللەندۈرۈش نىسبىتى يۇقىرى ۋە كەلتۈرىدىغان زىيىنى چوڭ

بولغان ئاساسلىق كېسەللىكلەر تۆۋەندىكىچە:

**1) بۇغداينىڭ سېرىق قارا كۈيە كېسىلى:** بۇ كېسەللىك قومۇل بوستانلىقىدا 1957- يىلى ئاساسىي جەھەتتىن كونترول قىلىنىپ، 1966- يىلى ۋىلايەت مىقياسىدا ئاساسەن يوقىتىلغان ئىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە يەنە قايتا يامراپ، قومۇل شەھىرىنىڭ پالۋانتۆر، تەگىرتاغ، غەربىتاغ، بۆلۈڭتوغراق، شەھەر ئىچى، راھەتباغ قاتارلىق گۇڭشېلاردىكى 36 ئىشلەپچىقىرىش دۈيىدە ئوخشىمىغان دەرىجىدە پەيدا بولدى. قومۇل شەھىرىنىڭ غەربىتاغ گۇڭشېدا ۋە پالۋانتۆر غولىبېرىق، يۇقىرى مەھەللە دادۈيلىرىدە ئەڭ ئېغىر بولۇپ، كېسەللىنىش نىسبىتى 15% ~ 25% كە يەتتى. تاشۋىلىق گۇڭشېدا 1976- يىلىدىكى ئەڭ يۇقىرى كېسەللىنىش نىسبىتى 49.2% كە يەتتى، ئۈزلۈكسىز دورا ئارىلاشتۇرۇش قەتئىي داۋاملاشتۇرۇلۇپ، ئالدىنى ئېلىش، يوقىتىش خىزمىتى ئىنچىكە ئىشلەنگەچكە، 20 مىڭ مو بۇغدايلىقتىكى كېسەللىكنىڭ زىيىنى ئاساسەن تىزگىنلىنىپ، كېسەللىنىش نىسبىتى 0.01% كە چۈشتى. بۇ كېسەللىكنىڭ تەسىرىگە يىلمۇ يىل ئېغىر دەرىجىدە ئۇچراپ كېلىۋاتقان بارىكۆل ناھىيىسىنىڭ بۇغدايلىقلىرىنى تەكشۈرگەندە كېسەللەنگەن تۈپلەرنىڭ ئازلىقى ئېنىقلاندى.

بۇغداينىڭ سېرىق قارا كۈيە كېسىلى ئۇرۇق ئارقىلىق يۇقۇملىنىشتىن باشقا، تۇپراق ئارقىلىقمۇ يۇقۇملىنىدۇ، بۇ كېسەلنىڭ كېسەل قوزغاتقۇچى مىكروبى سىلىق ۋە تورسىمان ئىككى خىل بولۇپ، تورسىمان سېرىق قارا كۈيە مىكروبىنىڭ تارقىلىشى كەڭ، بۇ مىكروب تەگىرتاغ، غەربىتاغ، بۆلۈڭتوغراق، پالۋانتۆر، قارادۆۋە يېزىلىرىغا تارقالغان. سىلىق سېرىق قارا كۈيە كېسىلىنىڭ مىكروبى نۆۋەتتە پەقەت تاشۋىلىق يېزىسىدىلا بايقالدى.

**2) بۇغداينىڭ توزغاق قارا كۈيە كېسىلى:** كۆپىنچە قومۇل شەھىرىنىڭ پالۋانتۆر، راھەتباغ، تەگىرتاغ، غەربىتاغ، بارىكۆل ناھىيىسىنىڭ داخې، كۈيسۇ، شىرىنزا، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ توخۇلۇ، تۇركۆل چارۋىچىلىق مەيدانى قاتارلىق جايلاردا ئوخشىمىغان دەرىجىدە پەيدا بولدى. پالۋانتۆرنىڭ غولىبېرىق، جىگدىبۇلاق كەنتلىرىنىڭ بىر قىسىم ئېتىزلىقلىرىدا كېسەللىنىش نىسبىتى 3.5% كە يەتتى؛ بارىكۆل داخې يېزىسى 3- دۈينىڭ 72 مولۇق بۇغدايلىقىدا كېسەللىنىش نىسبىتى 4.7% كە يەتتى. ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ توخۇلۇ يېزىسىدىكى بىر پارچە 60 مولۇق بۇغداي ئېتىزىدىكى بۇغداينىڭ كېسەللىنىش نىسبىتى 5.2% كە يەتتى.

تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، بۇغدايلىق بىلەن خامانىنىڭ ئارىلىقى قانچىكى يېقىن بولسا، كېسەللىنىش شۇنچە يۇقىرى بولىدىكەن.

**3) بۇغداينىڭ پوتونلەي چىرىش كېسىلى:** تەگىرتاغنىڭ جەنۇب- شىمالىدىكى بۇغدايلىقلاردا ئاندا- ساندا ئۇچرايدۇ. 1976- يىلىدىكى تەكشۈرۈشتە، قومۇلنىڭ تاشۋىلىق، ئاراتۈرۈكنىڭ تۇركۆل، بارىكۆلنىڭ سەنتاگخۇ، داخې، كۈيسۇ، شىرىنزا، خۇايۇەن، ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانى قاتارلىق جايلاردا تىپىك كېسەللىك تۈپلىرى كۆرۈلدى. تاشۋىلىقنىڭ كۆككىر تېغى (بېيىبەن) دادۈي 1- ئىشلەپچىقىرىش دۈينىڭ 100 مولۇق بۇغدايلىقىدا بۆلەكلەر بويىچە كېسەللىك پەيدا بولدى، ئەڭ چوڭ كېسەللىك مەركىزىنىڭ كېسەللىنىش نىسبىتى 0.5% بولدى. بارىكۆل كۈيسۇ دادۈي 2- ئىشلەپچىقىرىش دۈينىڭ 40 مولۇق بىر بۇغدايلىقىدا كېسەللىنىش نىسبىتى 53.4% كە يەتتى. قومۇل ناھىيىسى تاشۋىلىق چېگىشى 4- دۈينىڭ بىر تەجرىبە ئېتىزلىقىدا ئايرىم سورتلارنىڭ كېسەللىنىش نىسبىتى 40% كە يەتتى.

4) بوغدا ئېنىڭ ئاق توزان كېسەللىكى: بوغداي رايونلىرىدا كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىك بولۇپ، قۇمۇل شەھىرىنىڭ ئاستانە، راھەتباغ ۋە ئاراتۈرۈكنىڭ نوم يېزىلىرىدا ئېغىرراق يۈز بېرىدۇ، كېسەللىنىش نىسبىتى ئادەتتە 40% ~ 60% ئەتراپىدا بولىدۇ. باركۆل سەنتاگخۇ يېزىسىنىڭ كېسەللىنىش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 70% كە يېتىدۇ.

5) بوغداي دات كېسىلى: تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب- شىمالىنىڭ ھەممىسىگە تارقالغان، ئاساسلىقى ئاراتۈرۈكنىڭ نوم دېھقانچىلىق مەيدانى، توخۇلۇ يېزىسى، باركۆلنىڭ شىرىنزا، داخې، كۆيسۇ قاتارلىق يېزىلىرىغا تارقالغان. بۇنىڭ ئىچىدە نومدا كېسەللىنىش ئېغىرراق بولۇپ، ئايرىم ئېتىزلارنىڭ كېسەللىنىشى 70% كە يېتىدۇ. «جىنمەي – 1»، «ئاق داتۇلاڭ» لار ئاسان يۇقۇملىنىدۇ.

6) ئارپا قارا كۈيە كېسەللىكى: ۋىلايەتنىڭ ئارپا ئىشلەپچىقىرىش دۇيلىرىدە ئانداـ ساندا پەيدا بولىدۇ، كېسەللىنىش نىسبىتى ئادەتتە 1% ~ 5% كىچە بولىدۇ. كېسەللىنىش نىسبىتى يۇقىرىلارنىڭ 4.7% ~ 5.6% كە يېتىدۇ. ئاساسلىقى قۇمۇل شەھىرىنىڭ تەڭرىتاغ، غەربىتاغ يېزىلىرى، ئاراتۈرۈكنىڭ تۇركۆل چارۋىچىلىق فېرمىسىغا تارقالغان.

7) كۆممىقوناق قارا توزان كېسىلى: ۋىلايەت دائىرىسىدە ئوخشىمىغان دەرىجىدە پەيدا بولىدۇ، قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەھەر ئىچى يېزىسى جىگدىقۇدۇق 3- دۈينىڭ 15 مولۇق بىر پارچە قوناقلىقىدا كېسەللىنىش نىسبىتى 1.7% بولدى. پالۋانتۈرنىڭ دۆربەجىن 3- دۈيىدىكى 80 مولۇق قوناقلىقنىڭ كېسەللىنىش نىسبىتى 2% بولدى.

8) ئاق قوناق قارا كۈيە كېسەللىكى: تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب- شىمالىدىكى ئاق قوناق رايونلىرىنىڭ ھەممىسىدە پەيدا بولىدۇ. قۇمۇل شەھىرىنىڭ قارادۆۋە يېزىسىدا ئېغىرراق بولۇپ، بەش ئىشلەپچىقىرىش دۈيىدىكى 385 مو ئاق قوناقلىقنىڭ ئوتتۇرىچە كېسەللىنىش نىسبىتى 24.9% بولدى. ئايرىم يەرلەرنىڭ 29.4% كە يەتتى. بىئولوگىيىلىك دېھقانچىلىق دورىسى «نۇڭكاڭ – 769» نى ئۇرۇققا ئارىلاشتۇرۇپ تېرىغاندىن كېيىن كېسەللىنىش نىسبىتى كۆرۈنەرلىك ئازايدى.

9) يېسىۋىلەك ۋىرۇس كېسەللىكى، يۇمشاق چىرىش كېسەللىكى ۋە قىزاۋسىمان پاختىلىشىش كېسەللىكى: بۇ كېسەللىكلەر يېسىۋىلەك ئىشلەپچىقىرىشقا ئېغىر تەھدىت ئېلىپ كەلدى. 1981- يىلى، قۇمۇل شەھىرى شەھەر ئەتراپى يېزىسى ئۈچ دادۈينىڭ 13 ئىشلەپچىقىرىش دۈيىدىكى 24 پارچە 150 مو كۆلەمدىكى يېسىۋىلەكلىكتە ۋىرۇس كېسەللىكى بىلەن كېسەللىنىش نىسبىتى 13% ~ 74% كە، قىزاۋسىمان پاختىلىشىش كېسەللىكى بىلەن كېسەللىنىش نىسبىتى 37% ~ 98% كە، يۇمشاق چىرىش كېسەللىكى بىلەن كېسەللىنىش نىسبىتى 15% ~ 59.8% كە يەتتى. ئاستانە، قارادۆۋىدە كېسەللىنىش نىسبىتى 5% ~ 7% كە يەتتى، باشقا يېزىلاردىمۇ ئانداـ ساندا پەيدا بولدى.

10) تەرخەمەكنىڭ سولىشىپ قورۇش كېسىلى: قۇمۇل شەھىرى شەھەر ئەتراپى رايونىدا تەرخەمەكنىڭ سولىشىپ قورۇش كېسەللىكى بىلەن كېسەللىنىش نىسبىتى يىلدىن- يىلغا ئېشىپ، كېسەللىنىش نىسبىتى يۇقىرىلىرىنىڭ 60% ~ 80% كە يېتىپ، مەھسۇلات كېمىيىپ كېتىش، ھەتتا مەھسۇلات ئالالماسلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

11) قوغۇن، تاۋۇزنىڭ ئاق توزان كېسىلى: بۇ كېسەللىكنىڭ تارقىلىشى ناھايىتى كەڭ، ۋىلايەتنىڭ ئاساسلىق قوغۇن- تاۋۇز رايونلىرىنىڭ ھەممىسىدە يۈز بېرىۋاتىدۇ، بوغازدا كېسەللىنىش نىسبىتى 90% ~ 100%، بولۇڭتوغراقتا

85% ~ 90%، پالۋانتۇر، ئاستانە، قارادۆۋىدە كېسەللىنىش نىسبىتى 90% ئەتراپىدا بولدى، كېسەللىنىش ۋاقتى دېل خەمەك سېلىش مەزگىلىگە توغرا كەلگەچكە، ئىقتىسادىي زىيىنى ئېغىر بولماقتا.

12) ياڭيۇ (سەيە) ئىلاڭ ھالقىسىمان چىرىش كېسىلى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ كېسەللىكنىڭ يامرىشى تېز، زىيىنى چوڭ بولدى. ئاساسلىقى باركۆل ناھىيىسىنىڭ داخې، شىرىنزا، كۆيسۇ، خوايۇەن قاتارلىق يېزىلىرىغا تارقالغان، قۇمۇل شەھىرىنىڭ تاشۋېلىق، غەربىستاغ، تەڭرىتاغ، ئاراتۈرۈكنىڭ توخولۇ، تۆركۆل چارۋىچىلىق فېرمىسى قاتارلىق جايلاردىمۇ بار. باركۆلدە بۇ كېسەللىك سەۋەبىدىن، ياڭيۇ تېرىش كۆلىمى 1980- يىلىدىكى 5000 مودىن 1982- يىلى 597 موغا چۈشۈپ، يىللىق زىيان ئىككى مىليون 500 مىڭ كىلوگرام بولدى.

2. ئاساسلىق ھاشارات زىيانداشلىقى

1) كۆكپىت: ھەر قايسى دېھقانچىلىق رايونلىرىدا زىرائەتلەرگە ئوخشىمىغان دەرىجىدە زىيان سېلىۋاتقان كۆكپىتنىڭ تۈرى بىر قەدەر كۆپ، ھازىرغىچە ئېنىقلانغان كۆكپىت تۈرلىرىدىن كۆكتات بوغمىلىق كۆكپىتى، كاللەكبەسەي كۆكپىتى، بۇغداينىڭ ئىككى ئاچماقلىق كۆكپىتى، بېدە كۆكپىتى، شاپتۇل كۆكپىتى قاتارلىقلار بار. بۇنىڭ ئىچىدىن كۆكتات بوغمىلىق كۆكپىتى، شاپتۇل كۆكپىتى ۋە ئاق قوناقتىكى بۇغداي ئىككى ئاچماقلىق كۆكپىتنىڭ زىيىنى ئېغىر.

2) ئاق توزان پىتى: قۇمۇل رايونىنىڭ پارنىكلىرىدىكى ئاق توزان پىتى 1976-، 1977- يىللىرى پويىز خىزمەتچىلىرى ياكى يولۇچىلارنىڭ ئېچكىرى ئۆلكىلەردىن گۈل- گىياھ ۋە كۆكتات ئېلىپ كىرىشى ئارقىلىق كىرىپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا تارقىلىپ، ئېغىر زىيان كەلتۈردى، باركۆلگىمۇ تارقالدى.

3) يەر يولۋىسى: قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئاساسلىق زىيانداش ھاشارات بولۇپ، كۆپىنچە ئارىلاپ پەيدا بولىدۇ، ئوزۇق تاللىمايدۇ. تۈزلەڭلىك ۋە تاغلىق رايونلارنىڭ ھەممىسىگە تارالغان. ئاساسلىق كۆممىقوناق، ئاق قوناق، بۇغداي، ياڭيۇ، قوغۇن، تاۋۇز، كۆكتات ۋە ئوت- چۆپلەرگە زىيان سالىدۇ. ھازىرغىچە ئېنىقلانغان يەر يولۋىسىنىڭ سېرىق يەر يولۋىسى، ئىدىرىم يەر يولۋىسى، ئاچا شەكىللىك يەر يولۋىسى، كىچىك يەر يولۋىسى ۋە ئاق بىقىنلىق يەر يولۋىسى قاتارلىق بەش خىلى بار.

سېرىق يەر يولۋىسى بىلەن ئىدىرىم يەر يولۋىسىنىڭ تارقىلىشى كەڭ، سانىمۇ كۆپ. ئاچا شەكىللىك يەر يولۋىسى بىلەن كىچىك يەر يولۋىسى تاغنىڭ جەنۇبىدا ئاندا- ساندا پەيدا بولىدۇ. ئاق بىقىنلىق يەر يولۋىسى ئاساسلىقى قۇمۇل شەھىرىنىڭ تەڭرىتاغ، ئاراتۈرۈكنىڭ ئېرىنكىر ۋە باركۆلنىڭ داخې قاتارلىق چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئوت- چۆپلەرگە زىيان سالىدۇ.

4) چېكەتكە: قۇمۇل ۋىلايىتى چېكەتكە ئاپىتى ئېغىر يۈز بېرىدىغان، ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق چېكەتكە رايونى ھېسابلىنىدۇ. قۇمۇلدا چېكەتكە ئاساسلىقى شەرقىي تەڭرىتاغ (باركۆلنىڭ جەنۇبىي، شىمالىي تاغلىرى) ئېتەكلىرى ۋە ئىككى تاغ ئوتتۇرىسىدىكى تۈزلەڭلىك، ئېدىرلىقلارغا، تاغ ئارىسىدىكى قارىغايلىقلارنىڭ يۇقىرىسىدىكى چارۋىچىلىق مەيدانلىرىغا تارقالغان. 1968- يىلىدىن كېيىن، چېكەتكە يوقىتىش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئېتىز- ئېرىقلارنى قوغداشتىن چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئوت- چۆپنى قوغداشقا يۆتكەلدى. زور كۆلەمدىكى دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىدا ۋە

بىر قىسىم يايلاقلاردا چېكەتكىنىڭ زىيىنى ئاساسەن كونترول قىلىندى، ئەسلىدىكى زىچلىق دەرىجىسى يۇقىرى، زىيىنى ئېغىر سىبىرىيە چېكەتكىسىمۇ كونترول قىلىندى. ئەمما ئەسلىدىكى زىچلىقى تۆۋەن بولغان ئىتالىيە چېكەتكىسى، يالغان قاناتلىق چېكەتكە، چوڭمۇلە چېكەتكىسى ۋە قارا يوللۇق چېكەتكە قاتارلىقلار يەنە كۆپىيىپ، زىيان سالدى.

5) كۆكتات بۈرگىسى: قىچا بۈرگىسىنىڭ سېرىق ۋە كۆك دەپ ئىككى خىلى بولۇپ، ۋىلايەت بويىچە ھەر يىلى نەچچە مىڭ مو قىچىغا زىيان سالىدۇ. سېرىق بۈرگىنىڭ زىيان سېلىش دائىرىسى كۆك بۈرگىدىن كەڭ. ئاساسلىقى بارىكۆلنىڭ كۈيسۇ، شىرىنزا، داخې يېزىلىرى ۋە ئاراتۇرۇكنىڭ توخۇلۇ، تۇركۆل قاتارلىق جايلارغا تارقالغان، قۇمۇل شەھىرىنىڭ تاشۋىلىقىمۇ ئاندا- ساندا بار.

6) كېۋەز غوزا قۇرتى: ئاساسلىقى تەگرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارغا تارقالغان بولۇپ، كېۋەز، قوناق، ئاق قوناق، ئاپتاپپەرەس، پۇرچاق تۈرىدىكىلەر، پەمىدۇر، قىزىل مۇچ (لازا) قاتارلىقلارغا زىيان سالىدۇ. قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەھەر ئەتراپى يېزىسىدىكى پەمىدۇرغا زىيان سېلىش نىسبىتى ھەر يىلى 15% ئەتراپىغا يەتتى.

7) بۇغداي تىرپىسى: ئىككى ناھىيە، بىر شەھەردىكى ھەر قايسى بۇغداي ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىغا ئوخشىمىغان دەرىجىدە تارقالغان بولۇپ، ئاساسلىقى قۇمۇل شەھىرىنىڭ پالۋانتۇر، بۇلۇڭتوغراق، بارىكۆلنىڭ داخې، كۈيسۇ ۋە ئاراتۇرۇكنىڭ باي، توخۇلۇ يېزىلىرىغا تارقالغان.

8) مايقوتغۇز: ۋىلايەت دائىرىسىدە ئاساسلىقى ئاق ساقاللىق مايقوتغۇز، كەڭ پېشانىلىك مايقوتغۇز، ياگيۇنىڭ قوش بۆرۈتلۈق مايقوتغۇزى قاتارلىقلار بار. ئاق ساقاللىق مايقوتغۇز تاغنىڭ جەنۇبىغا تارقالغان بولۇپ، ئاشلىق، كۆكتاتقا كەلتۈرىدىغان زىيىنى ئېغىر. كەڭ پېشانىلىك مايقوتغۇز ئاساسلىق ئاراتۇرۇكنىڭ توخۇلۇ، باي، قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەھەر ئەتراپى، قارادۆۋە، پالۋانتۇر، بۇلۇڭتوغراق، بوغاز، ئاستانە قاتارلىق يېزىلىرىغا تارقالغان. ياگيۇنىڭ قوش بۆرۈتلۈق مايقوتغۇزى قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەھەر ئەتراپى، ئاستانە، قارادۆۋە ۋە بارىكۆلنىڭ خوايۇەنزى، داخې يېزىلىرىغا تارقالغان.

9) باھار گىمز قۇرتى: قۇمۇل ئويمانلىقى، ئاراتۇرۇكنىڭ باي ۋە بارىكۆلنىڭ سەنتاگخۇ يېزىلىرىدا كۆپ ئۇچرايدۇ، بۇ قۇرت باغ- ئورمانلارغا زىيان سالىدۇ.

10) ئالما كۈيە پەرۋانىسى: قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ مېۋىلىك باغلىرىنىڭ ھەممىسىدە پەيدا بولىدۇ، ئالما، قۇم ئالما، نەشپۈت، شاپتۇل، ئۆرۈك قاتارلىقلارغا زىيان سېلىپ، كۆيىنچە مېۋىسىنى تۆكۈۋېتىدۇ.

11) ئۆرۈك مېغىز ھەرىسى: تەگرىتاغنىڭ جەنۇب- شىمالىدىكى ئۆرۈكلۈك باغلارنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك ئوخشىمىغان دەرىجىدە زىيان سالىدۇ.

3. ئاساسلىق ياۋا ئوت- چۆپ زىيىنى

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ياۋا ئوت- چۆپلىرى ئىچىدە باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى ئوت- چۆپلەر كۆپ، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىگە زىيىنى چوڭراق بولۇۋاتقىنى ئاساسلىقى ئارپىخان بىلەن شومبۇيا. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ۋىلايەت بويىچە ئارپىخاننىڭ پەيدا بولۇش كۆلىمى 200 مىڭ مودىن ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل شەھىرىدە 150 مىڭ مو، بارىكۆلدە 40 مىڭ مو، ئاراتۇرۇكتە 10 مىڭ مو ئەتراپىدا. بارىكۆل شىرىنزا، كۈيسۇ يېزىلىرىدا ھەر مو يەردە 300 ~ 400 مىڭ تۈپكە، قۇمۇل تاشۋىلىق يېزىسىدا ھەر مو يەردە 400 ~ 450 مىڭ تۈپكە يېتىدۇ.

## §2. كېسەللىك، ھاشارات ۋە ئوت-چۆپ زىيانداشلىقىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش-يوقىتىش

قومۇل ۋىلايىتىنىڭ ئۆسۈملۈك ئاسراش خىزمىتى ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىشتىن، ئۇنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش-يوقىتىشقا تەرەققىي قىلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ دېھقانچىلىق، خىمىيىلىك، بىئولوگىيىلىك، فىزىكىلىق ئۇنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش-يوقىتىش تەدبىرلىرى قوللىنىلغاندىن كېيىن، كېسەللىك، ھاشارات، ياۋا ئوت-چۆپ زىيانداشلىقىنىڭ زىيىنى زور دەرىجىدە ئازايدى.

**1. كېسەللىك، ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش-يوقىتىش**

1) **كارانتىننى كۈچەيتىش:** ئېچكى كارانتىن كۈچەيتىلىپ، كېسەللىكلەرنىڭ يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلەن بىللە، سىرتقا قارىتا كارانتىن كۈچەيتىلىپ، خەتەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ تارقىلىپ كىرىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى.

2) **كېسەللىككە قارشىچانلىقى كۈچلۈك بولغان سورتلارنى تاللاپ ئىشلىتىش:** بۇ بەزىبىر كېسەللىكلەر زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ تۈپ تەدبىرى. مەسىلەن، «جىنمەي — 1»، «ئاق داتۇلاڭ» دات كېسىلىگە ئاسان گىرىپتار بولىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئورنىغا باشقا سورتلار تاللاپ ئىشلىتىلدى.

3) **ئۇرۇقنى بىر تەرەپ قىلىشتا چىڭ تۇرۇش:** كېسەل رايونلىرىدىن ئۇرۇق كىرگۈزۈشنى چەكلەشتىن تاشقىرى، مىكروب (كېسەللىك) ئېلىپ يۈرگۈچى ئۇرۇقلار ئەستايىدىل مىكروبسىز (كېسەلسىز) لاندۇرۇلدى.

4) **نۆۋەت بىلەن ئېتىز ئالماشتۇرۇش:** تېرىقچىلىقتا كېسەللىكلەرنىڭ زىيىنىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، ئېتىز ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، زىرائەت ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى ۋە سۇغىرىش ئۇسۇلى ياخشىلاندى.

5) **بىئولوگىيىلىك ئالدىنى ئېلىش-يوقىتىش:** قومۇل ۋىلايىتىنىڭ بىئولوگىيىلىك ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش تەدبىرى ئاق قوناقنىڭ قارا كۈيە كېسىلىگە قارىتا ئېلىپ بېرىلدى، بىئولوگىيىلىك دورا «كاڭنۇڭ — 769» ئىشلىتىلىپ، كېسەللىك نىسبىتى كۆرۈنەرلىك ئازايتىلدى.

6) **دېھقانچىلىق دورىلىرى ئارقىلىق خىمىيىلىك ئالدىنى ئېلىپ يوقىتىش:** بۇ، كېسەللىك، ھاشارات ۋە ياۋا ئوت-چۆپ زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش-يوقىتىشتا ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلغان ئاساسلىق تەدبىر.

7) **دېھقانچىلىق تېخنىكا تەدبىرلىرى:**

① زىرائەتلەرنىڭ جايلىشىشىنى مۇۋاپىق تەڭشەش: مەسىلەن، كۆكپىتىنىڭ خەۋپى بىر قەدەر ئېغىر بولغان جايلاردا بالدۇر پىشار سورتلار تېرىلدى.

② مۇۋاپىق پەرۋىش تەدبىرى قوللىنىش: كۆزلۈك ئاغدۇرۇش، توڭ سېلىش يەر يولۋىسىنىڭ يازغى بوغدايغا بولغان تەھدىتىنى ئازايتىدۇ. بوغداينى مۇۋاپىق بالدۇر تېرىغاندا، كۆكپىتىنىڭ زىيىنىنى ئازايتىپلا قالماي، يەر يولۋىسى ۋە بوغداي غول چىۋىنى قاتارلىقلارنىڭ زىيىنىنى يېنىكلەتكىلى بولىدۇ. ئوغۇتنى كۆپەيتكەندە، بولۇپمۇ فوسفورلۇق ئوغۇتنى

كۆپەيتكەندە، مايسا تېمەن ئۆسۈپ، كېيىنلىككە قارشىچانلىقى ئاشىدۇ. يىغىمدىن كېيىن ئېگىزنى ۋاقتىدا چوڭقۇر ئاغدۇرۇۋېتىش يەر ئاستىدىكى ياز ياكى قىشتىن ئۆتىدىغان بۇغداي تىرىپسى، ئاق قاناتلىق چىۋىن، يىپىشقاق قۇرت، قارا مۈڭگۈزلۈك پاتقاق قۇرتى ۋە باشاق مايقوڭغۇزى قاتارلىقلارنى يوقىتىشنىڭ شۇنداقلا بۇغداي كۆكپىتىنى ئازايتىشنىڭ ئۈنۈملۈك تەدبىرى ھېسابلىنىدۇ ھەمدە تۇخۇمدىن چىقىۋاتقان بۇغداي پىتلىرىنى قىسمەن يوقىتىش رولى بار.

③ ھاشاراتقا قارشىچانلىقى يۇقىرى، بالدۇر پىشار سورتلارنى تاللاپ ئىشلىتىش: بالدۇر پىشار سورتلارنىڭ كۆكپىت ۋە بۇغداي تىرىپسىنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىشى يېنىك بولىدۇ.

8) فىزىكىلىق تەدبىرلەر ۋە ئادەم كۈچى ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش- يوقىتىش: بۇنىڭ ئېتىز قىرلىرىنى چاغلاپ قۇرت قوچاقلىرىنى ئۆلتۈرۈش، شىرنا، تېرەك شېخى (ياكى چۈچۈكبۇيا ياكى قارا نۇر لامپىسى) ئارقىلىق ئالداپ يوقىتىش، ئادەم كۈچى ئارقىلىق تۇتۇپ ئۆلتۈرۈش ۋە خامانلارنى تازىلاش قاتارلىق ئۇسۇللىرى بار.

9) كۆشەندە بايلىقىدىن پايدىلىنىش: قومۇل ۋىلايىتىدە كۆشەندە بايلىقى ناھايىتى مول بولۇپ، جەمئىي 143 خىلى بار. كۆشەندە ھاشاراتلارنىڭ ئاساسلىق تۈرلىرىدىن يېشىل يىگىناغۇچ، ئىنچىكە بەل ھەرە، خانقىز، كۆكپىت چىۋىنى قاتارلىقلار بار، بۇنىڭ ئىچىدە كۆكپىتنىڭ كۆشەندىلىرى ھەممىدىن كۆپ. كۆشەندە ھاشاراتلارنىڭ تارقىلىشى ناھايىتى كەڭ، زىيانداش ھاشارات بارلىكى جايلارنىڭ ھەممىسىدە كۆشەندە ھاشاراتلار مەۋجۇت. كۆشەندە ھاشاراتلار چوڭ جەھەتتىن ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ، يەنى ئاشلىق، ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىدا تۇتۇپ يېگۈچى كۆشەندىلەر ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. مەسىلەن: خانقىز، كۆكپىت چىۋىنى، يېشىل يىگىناغۇچ، دېھقانچىلىق ئۆمۈچۈكى قاتارلىقلار؛ كۆكتات ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىدا پارازىت خاراكتېرلىك كۆشەندىلەر ئاساسىي رولنى ئوينايدۇ، مەسىلەن، پارازىت ھەرە، پارازىت چىۋىن قاتارلىقلار. كۆشەندىلەرنىڭ سانى يېقىن جايلارغا قارىغاندا چەت- ياقا جايلاردا كۆپ بولىدۇ. دېھقانچىلىق رايونلىرى بىلەن چارۋىچىلىق رايونلىرى ئۆتۈشىدىغان جايلاردا تۈزلەڭلىكلەرنىڭكىگە قارىغاندا كۆپ بولىدۇ. بۇ خىل پەرقنىڭ بولۇشى خىمىيىلىك ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنىڭ قوللىنىلىشى ۋە ھاۋارايى كىلىماتى قاتارلىق ئامىللار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. تەبىئەت دۇنياسىدىكى تۈرلۈك كۆشەندىلەر زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش جەھەتلەردە مۆلچەرلىگۈسىز رول ئوينايدۇ.

**2. زىيانداش ياۋا ئوت- چۆپلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش- يوقىتىش**

زىيانداش ئوت- چۆپلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش- يوقىتىشتا، ئاساسلىقى تېرىلغۇ تېخنىكىسىنى ياخشىلاپ، خىمىيىلىك دورىلارنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش ئاساس قىلىندى. 1980- يىللاردا، قومۇل ئۆسۈملۈك كارانتىن پونكىتى بىئولوگىيىلىك دورا F798 (ئورغاقسىمان باكتېرىيە) ئارقىلىق شومبۇينىڭ ئالدىنى ئېلىش- يوقىتىشتا بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلدى.

ئاراتۆرۈك توخولۇ يېزىسى ئارپىخان يوقىتىشنىڭ تەجرىبىسىنى يەكۈنلەپ چىقتى: ① ئۈندۈرۈپ ئاغدۇرۇش. باش باھاردا يەرنى ۋاقتىدا سۇغىرىپ، ۋاقتىدا ئاغدۇرۇپ سۈرەم سېلىنىدۇ، ئارپىخان ئۇرۇقى بىخلىنىپ مايسى بەش سانتىمېتىر بولغاندا ئاغدۇرۇلىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ ئارپىخان ئۆلتۈرۈش ئۈنۈمى 80% كە يېتىدۇ؛ ② ئۇرۇق ئارقىلىق تارقىلىش يولىنى ئۈزۈۋېتىپ، ئوت- چۆپ ئۇرۇقى ئارىلاشمىغان ئۇرۇقنى تېرىش. ئېرىقنىڭ يۇقىرى قىسمىدىكى ئارپىخانلار باشاق چىقىرىشتىن ئىلگىرى پۈتۈنلەي يۇلۇۋېتىلىدۇ، باستۇرۇپ سۇغىرىش ئۇسۇلى ئۆزگەرتىلىپ، ئارپىخان ئۇرۇقىنىڭ سۇ ئارقىلىق تارقىلىش يولى ئۈزۈۋېتىلىدۇ؛ ③ نۆۋەت بىلەن ئېكىش ئالماشتۇرۇش، ئادەتتە يازغى بۇغداي →

يازغى بۇغداي ← يالغاچ ئارپا ← ياغىز تېرىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى؛ ④ يەرنى دەم ئالدۇرۇپ تومۇزدا ئاغدۇرۇش، تومۇزدا كۆپ قېتىم ئاغدۇرغاندا، ئارپىخانىنىڭ ئوخشىمىغان تۇپراق قاتلىمىدىكى ئۇرۇقىنى ئۈنتۈرۈۋەتكىلى بولىدۇ، ئادەتتە 3 ~ 4 قېتىم ئاغدۇرۇلسا ئۈنۈمى ياخشىراق بولۇپ، 90% تىن ئارتۇق ئارپىخانىنى يوقاتقىلى بولىدۇ؛ ⑤ ئارىسىنى يۇمشىتىش، ئوتاشقا قولايلىق بولۇش ئۈچۈن چېچىپ تېرىش قۇرلاپ تېرىشقا ئۆزگەرتىلدى.

1982- يىلى، باركۆل ناھىيىسى يەرنى ئاق قالدۇرۇپ بىخلاندۇرۇش، نۆۋەت بىلەن ئېگىز ئالماشتۇرۇش، كەڭ- تار قۇرلاپ تېرىش، خىمىيىلىك ئالدىنى ئېلىش- يوقىتىش، ئادەم كۈچى بىلەن ئوتاش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئارپىخانىنىڭ ئالدىنى ئېلىش- يوقىتىشتا نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون بويىچە ئارپىخانىنىڭ ئالدىنى ئېلىش- يوقىتىش خىزمىتىدە 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

# VIII باب

# يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش

## §1. يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ۋە ئومۇمىي كىرىم قۇرۇلمىسى

1985- يىلى، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى(شۇ يىللىق باھا بويىچە ھېسابلىغاندا) 94 مىليون 90 مىڭ يۈەن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە تېرىقچىلىقنىڭ 53 مىليون 590 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 33 مىليون 900 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ بىر مىليون 690 مىڭ يۈەن، قوشۇمچە كەسىپنىڭ تۆت مىليون 840 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 70 مىڭ يۈەن بولۇپ، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى ئايرىم- ئايرىم ھالدا 56.96%، 36.03%، 1.8%، 5.14%، 0.07% بولدى. ۋىلايەتنىڭ 1990- يىلى يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 177 مىليون 320 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىقچىلىقنىڭ 102 مىليون 660 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ بىر مىليون 720 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 66 مىليون 20 مىڭ يۈەن، قوشۇمچە كەسىپنىڭ ئالتە مىليون 800 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 120 مىڭ يۈەن بولۇپ، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى ئايرىم- ئايرىم ھالدا 58.08%، 0.97%، 37.03%، 3.85%، 0.07% بولدى. تېرىقچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق ۋىلايەتنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىدى، بولۇپمۇ تېرىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئورنى تېخىمۇ گەۋدىلىك بولدى.

## قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1978 ~ 1990- يىللىرىدىكى يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ۋە تەرەققىيات سۈرئىتى

جەدۋەل :5 – 12

| | تۈرلەر / يىل | جەمئىي | تېرىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى | ئورمانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى | چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى | قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلات قىممىتى | بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| مۇتلەق سان (10 مىڭ يۈەن) (1980- يىلدىكى تۇراقلىق باھا بويىچە) | 1978 | 4088 | 2435 | 75 | 1452 | 123 | 3 |
| | 1979 | 4346 | 2687 | 68 | 1465 | 126 | |
| | 1980 | 4308 | 2616 | 67 | 1495 | 130 | |
| | 1981 | 4844 | 2794 | 91 | 1757 | 201 | 1 |
| | 1982 | 5379.96 | 2979.21 | 76.87 | 1877.91 | 442.64 | 3.33 |
| | 1983 | 6228.61 | 3784.97 | 107.04 | 1863.58 | 471.11 | 1.91 |
| | 1984 | 6802.45 | 4048.48 | 154.87 | 2027.02 | 569.70 | 2.38 |
| | 1985 | 6487.87 | 3547.45 | 151.84 | 2348.94 | 436.04 | 3.60 |
| | 1986 | 6791.92 | 4146.86 | 146.93 | 2058.38 | 435.73 | 4.60 |
| | 1987 | 7641.54 | 4792.45 | 112.47 | 2354.62 | 378.47 | 3.53 |
| | 1988 | 8031.71 | 5043.75 | 109.79 | 2381.83 | 493.40 | 2.94 |
| | 1989 | 7010.20 | 4032.71 | 106.96 | 2493.81 | 372.96 | 3.76 |
| | 1990 | 8217.53 | 4894.65 | 95.69 | 2649.40 | 574.89 | 2.90 |
| تەرەققىيات سۈرئىتى (%) | 1979 | 106.31 | 110.35 | 90.64 | 100.90 | 102.44 | |
| | 1980 | 105.38 | 107.43 | 89.33 | 102.96 | 105.69 | |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1981 | 118.49 | 114.74 | 121.33 | 121.01 | 163.41 | 33.33 |
| | 1982 | 131.60 | 122.35 | 102.49 | 129.33 | 359.87 | 111.00 |
| | 1983 | 152.36 | 155.44 | 142.72 | 128.35 | 383.02 | 63.67 |
| | 1984 | 166.40 | 166.26 | 206.49 | 138.60 | 463.17 | 79.33 |
| | 1985 | 158.71 | 145.69 | 202.45 | 161.77 | 354.50 | 120.00 |
| | 1986 | 166.14 | 170.30 | 195.91 | 141.76 | 354.25 | 134.00 |
| | 1987 | 186.93 | 196.82 | 149.96 | 162.16 | 307.70 | 117.67 |
| | 1988 | 196.47 | 207.14 | 146.39 | 164.04 | 401.14 | 98.00 |
| | 1989 | 171.48 | 165.61 | 142.61 | 171.75 | 303.22 | 125.33 |
| | 1990 | 201.02 | 201.01 | 127.59 | 182.47 | 467.39 | 96.67 |

## قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1978 ~ 1990- يىللىرىدىكى يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ۋە قۇرۇلمىسى

(شۇ يىلقى باھا بويىچە ھېسابلاندى)

جەدۋەل: 5 - 13

| | تۈرلەر / يىل | جەمئىي | تېرىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى | ئورمانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى | چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى | قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلات قىممىتى | بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| مۇتلەق سان (10 مىڭ يۈەن) | 1978 | 45620 | 27350 | 900 | 17110 | 230 | 30 |
| | 1979 | 45520 | 28800 | 730 | 15710 | 280 | |
| | 1980 | 46790 | 28050 | 720 | 17710 | 310 | |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1981 | 50850 | 29940 | 970 | 18840 | 1090 | 10 |
| | 1982 | 57650 | 31920 | 810 | 20130 | 4750 | 40 |
| | 1983 | 70720 | 40410 | 1000 | 20640 | 8620 | 10 |
| | 1984 | 87330 | 50600 | 1480 | 22130 | 13090 | 30 |
| | 1985 | 94090 | 53590 | 1690 | 33900 | 4840 | 70 |
| | 1986 | 92060 | 55510 | 1620 | 29960 | 4880 | 90 |
| | 1987 | 124540 | 71210 | 1470 | 47560 | 4200 | 100 |
| | 1988 | 157950 | 86050 | 1440 | 62670 | 7680 | 110 |
| | 1989 | 149320 | 78920 | 1780 | 64140 | 4380 | 110 |
| | 1990 | 177320 | 102660 | 1720 | 66020 | 6800 | 120 |
| تۈزۈلمىسى (%) | 1978 | 100 | 59.95 | 1.97 | 37.51 | 0.50 | 0.07 |
| | 1979 | 100 | 63.27 | 1.60 | 34.51 | 0.62 | |
| | 1980 | 100 | 59.95 | 1.54 | 37.85 | 0.66 | |
| | 1981 | 100 | 58.88 | 1.91 | 37.05 | 2.14 | 0.02 |
| | 1982 | 100 | 55.37 | 1.40 | 34.92 | 8.24 | 0.07 |
| | 1983 | 100 | 57.14 | 1.41 | 29.24 | 12.19 | 0.02 |
| | 1984 | 100 | 57.94 | 1.69 | 25.34 | 14.99 | 0.03 |
| | 1985 | 100 | 56.96 | 1.80 | 36.03 | 5.14 | 0.07 |
| | 1986 | 100 | 60.30 | 1.76 | 32.54 | 5.30 | 1.00 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1987 | 100 | 57.18 | 1.18 | 38.19 | 3.37 | 0.08 |
| | 1988 | 100 | 54.48 | 1.91 | 39.68 | 4.86 | 0.07 |
| | 1989 | 100 | 52.85 | 1.19 | 42.95 | 2.93 | 0.08 |
| | 1990 | 100 | 58.08 | 0.97 | 37.03 | 3.85 | 0.07 |

1985- يىلى، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي كىرىمى 72 مىليون 125 مىڭ 200 يۈەن بولۇپ، يېزا ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ئومۇمىي كىرىمى 94 مىليون 501 مىڭ 200 يۈەننىڭ 76.32% ىنى ئىگىلىدى. يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي كىرىمىنىڭ كىرىم مەنبەسىدىن قارىغاندا، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىقتىن ئىبارەت بەش ئىگىلىكتىن كىرگەن كىرىم 56 مىليون 739 مىڭ 200 يۈەن، باشقا ئىگىلىكلەردىن كىرگەن كىرىم 15 مىليون 386 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئايرىم- ئايرىم ھالدا ئومۇمىي كىرىمنىڭ 78.67% ىنى ۋە 21.33% ىنى ئىگىلىدى؛ تىجارەت شەكلىدىن قارىغاندا، ئائىلە تىجارىتىدىن كىرگەن كىرىم 64 مىليون 372 مىڭ 700 يۈەن، كوللېكتىپنىڭ بىر تۇتاش ئىگىلىكىدىن كىرگەن كىرىم بەش مىليون 516 مىڭ 200 يۈەن، يېڭىدىن قۇرۇلغان ئىقتىسادىي گەۋدىلەردىن كىرگەن كىرىم ئىككى مىليون 236 مىڭ 300 يۈەن بولۇپ، ئايرىم- ئايرىم ھالدا ئومۇمىي كىرىمنىڭ 89.25%، 7.65% ۋە 3.1% ىنى ئىگىلىدى. يېزا ئىگىلىك كىرىمى ۋىلايەتنىڭ ئومۇمىي كىرىمىدە ناھايىتى چوڭ نىسبەتنى ئىگىلىدى. ۋىلايەتنىڭ 1985- يىللىق يېزا ئىگىلىك ساپ كىرىمى 54 مىليون 411 مىڭ 100 يۈەن، دۆلەتكە تاپشۇرغان باج بىر مىليون 303 مىڭ 800 يۈەن، كوللېكتىپ قالدۇرۇقى بىر مىليون 151 مىڭ 300 يۈەن، دېھقانلار تاپاۋىتى 51 مىليون 956 مىڭ يۈەن بولدى.

1981 ~ 1985- يىلىغىچە بولغان بەش يىل ئىچىدە، ۋىلايەتنىڭ يېرىك يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي كىرىمى ۋە ساپ كىرىمى جەھەتتە بىر قانالاندى، كىشى بېشى كىرىمىدىمۇ بەش يىلدا يۈسۈش خاراكتېرلىك ئېشىش بولدى، يەنى 1981- يىلدىكى 131.69 يۈەندىن 1985- يىلى 335.87 يۈەنگە كۆپەيدى. يېرىك يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئۈزلۈكسىز ئاشتى، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىدىمۇ مۇناسىپ ياخشىلىنىش بولدى.

**قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ بىر قىسىم يىللاردىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى ۋە كىرىمى**

جەدۋەل: 5 – 14

| كۆرسەتكۈچ / يىل | 1983 | 1984 | 1985 | 1990 |
|---|---|---|---|---|
| يېزا ئىگىلىك نوپۇسى (ئادەم) | 157317 | 156248 | 161999 | 164300 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| يېزا ئىگىلىك ئەمگەك كۈچى (ئادەم) | 61828 | 61128 | 63640 | 70500 |
| يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (10 مىڭ يۈەن) | 4957.20 | 5679.16 | 5673.92 | 17732 |
| يېزا ئىگىلىك ساپ كىرىمى (10 مىڭ يۈەن) | 4034.09 | 4759.72 | 5441.11 | 10527.1 |
| كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن مەھسۇلات قىممىتى (يۈەن) | 315.1 | 363.47 | 350.24 | 1079.2 |
| ئەمگەك كۈچى بېشىغا توغرا كەلگەن مەھسۇلات قىممىتى (يۈەن) | 801.77 | 929.06 | 891.57 | 2515 |
| كىشى بېشى كىرىمى (يۈەن) | 256.43 | 304.63 | 335.87 | 640.72 |
| ئەمگەك كۈچى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم (يۈەن) | 652.47 | 778.65 | 854.98 | 1493 |

ئىزاھات: دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى ۋە يېزا- بازارلاردىكى غەيرىي يېزا ئىگىلىك ئاھالىسى ستاتىستىكىغا كىرگۈزۈلمىدى.

## §2. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى سېلىنمىسى ۋە ھاسىلاتى

ۋىلايەت بويىچە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى سېلىنمىسى، ھاسىلاتى ۋە پايدا ھېساباتى 1980- يىللاردىن باشلاپ ئىشلەندى. 1983- يىلى بۇغداينىڭ سېلىنما، ھاسىلات ھېساباتى ئىشلىنىپ، مەلۇم ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

**قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ بىر قىسىم يىللاردىكى بۇغداينىڭ ئوتتۇرىچە سېلىنمىسى ۋە ھاسىلاتى**

جەدۋەل: 5 – 15

| يىللار | مو بېشى سېلىنمىسى (يۈەن) | مو بېشى خىراجىتى (يۈەن) | | مو بېشى مەھسۇلاتى (كىلوگرام) |
|---|---|---|---|---|
| | | ئەمگەك خىراجىتى | ماددىي خىراجەت | |
| 1983 | 59 | 36 | 23 | 213 |
| 1984 | 65 | 40 | 25 | 222 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 1985 | 82 | 39 | 43 | 246 |
| 1990 | 97.2 | 49.53 | 47.67 | 251.1 |

## قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1990 - يىلىدىكى ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ مەھسۇلاتى، تەننەرخى ۋە پايدىسى سېلىشتۇرمىسى

جەدۋەل: 5 – 16

| كۆرسەتكۈچ / زىرائەتلەر | مو بېشى مەھسۇلاتى (كىلوگرام) | مو بېشى كىرىمى (يۈەن) | مو بېشى تەننەرخى (يۈەن) | | مو بېشى پايدىسى (يۈەن) | پايدا نىسبىتى % | سېلىنمىنىڭ كىرىمدە ئىگىلىگەن نىسبىتى % |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | ماددىي خىراجەت | ئەمگەك كۈچى خىراجىتى | | | |
| بۇغداي | 251.11 | 131.91 | 47.67 | 49.53 | 32.75 | 33.59 | 73.94 |
| كۆممىقوناق | 478.58 | 194.98 | 39.17 | 43.47 | 110.51 | 133.72 | 42.38 |
| قىچا | 118.68 | 130.76 | 27.17 | 37.06 | 62.22 | 96.87 | 49.12 |
| قوغۇن | 2000.00 | 722.88 | 115.24 | 98.28 | 501.07 | 240.30 | 28.85 |
| تاۋۇز | 3396.70 | 706.53 | 156.66 | 170.50 | 369.55 | 112.96 | 46.31 |
| يېسىۋىلەك | 3383.00 | 461.00 | 155.74 | 156.32 | 357.87 | 131.54 | 59.02 |
| پەمدۇر | 2626.70 | 2344.00 | 363.44 | 645.56 | 691.77 | 68.56 | 43.05 |
| كېۋەز | 98.54 | 657.21 | 84.66 | 105.53 | 464.38 | 244.17 | 28.94 |

# IX باب

# دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنا- سايمانلىرى

## §1. ئاپپاراتلار

**1. مەمۇرىي ئاپپاراتلار**

**1) ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باشقارمىسى** 1958- يىلىنىڭ ئالدى- كەينىدە، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خىزمىتىگە ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق ئىدارىسى مەسئۇل بولدى. 1960- يىلى 12- ئايدا، ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1962- يىلى 5- ئايدا، ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1974- يىلى 11- ئايدا، ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1980- يىلى 12- ئايدا، ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1984- يىلى 1- ئايدا، ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باشقارمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، كەسپىي ئىشلىرى دېھقانچىلىق- ئورمانچىلىق باشقارمىسىغا قوشۇۋېتىلدى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرى، ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق باشقارمىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بۆلۈمىگە ئالتە نەپەر كەسپىي خادىم قويۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە پەن- تېخنىكا خادىمى بەش نەپەر.

**2) ناھىيە، شەھەرلىك ئاپپاراتلار** 1958 ~ 1976- يىلىغىچە، ۋىلايەتتىكى ھەر قايسى ناھىيىلەرنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خىزمىتىگە ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ ناھىيىلىك دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق ئىدارىسى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىشخانىسى ۋە دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى مەسئۇل بولدى.

**باركۆل ناھىيىسى** 1973- يىلى دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق ئىدارىسى قارمىقىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىشخانىسى تەسىس قىلىنىپ، مەخسۇس كادىر سەپلەندى. 1974- يىلى، دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق ئىدارىسى قارمىقىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. 1976- يىلى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى قۇرۇلدى، 1982- يىلى ئىدارە بۆلۈمگە ئۆزگەرتىلدى، 1984- يىلى دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى.

**ئاراتۇرۇك ناھىيىسى** 1960- يىلى دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ قارمىقىدا ماشىنىلاشتۇرۇش بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىندى، 1976- يىلى ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى قۇرۇلدى، 1980- يىلى نامى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بۆلۈمىگە، 1985- يىلى دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلىپ، قارمىقىدا ماشىنا ئىشلىرى ئىشخانىسى، ماشىنا شوپۇرلىرىنى دائىملىق تەربىيىلەش سىنىپى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ئورنى ۋە خوجىلىق ئىشخانىسى قاتارلىق بەش بۆلۈمچە تەسىس قىلىندى.

**قۇمۇل ناھىيىسى، قۇمۇل شەھىرى** 1960- يىلى دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق ئىدارىسىدا ماشىنىلاشتۇرۇش

بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىندى، 1963- يىلى نامى تراكتور پونكىتىغا ئۆزگەرتىلدى، 1975- يىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى قۇرۇلدى، 1980- يىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بۆلۈمىدە ياساش- رېمونت قىلىش پەن- تېخنىكىلىق تەربىيىلەش، باشقۇرۇش- تەمىنلەش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، مالىيە ئىشلىرى قاتارلىق ئالتە گۇرۇپپا تەسىس قىلىندى. 1984- يىلى 5- ئايدا، قۇمۇل ناھىيىسى بىلەن قۇمۇل شەھىرى بىرلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، 1985- يىلى نامى قۇمۇل شەھەرلىك دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى.

1990- يىلى، ۋىلايەتتىكى ئۈچ ناھىيە، شەھەردىكى دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىلىرىغا جەمئىي 17 نەپەر خادىم قويۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە پەن- تېخنىكا خادىمى 13 نەپەر.

## 2. مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرى ۋە خادىملار

1959- يىلى، ھەر قايسى ناھىيىلەردە مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرى قۇرۇلدى.

1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە ناھىيىدىن تۆۋەن تۆت يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىشلەپچىقىرىش مۇلازىمەت ئورنى، 46 ئادىمى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بىر يېزىلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتى، خادىمى 25، ئۈچ كەنت يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئەترىتى، خادىمى 21، ۋىلايەت بويىچە يېزا- كەنتلەردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىمى 5964 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 102 باشقۇرۇش خادىمى، 5004 تراكتور شوپۇرى، 533 ئىچىدىن يانىدىغان دىۋىگاتېل شوپۇرى، ئالتە رېمونتچى، 319 ئاپتوموبىل شوپۇرى بار.

ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنىدىن بىرى، 32 ئادىمى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 19 پەن- تېخنىكا خادىمى بار.

ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەكتىپىدىن بىرى، 78 ئادىمى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 31 ئوقۇتقۇچى، 200 ئوقۇغۇچى بار.

ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ئورنىدىن بىرى، 15 خادىمى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 12 پەن- تېخنىكا خادىمى بار.

ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەكتىپى (دائىملىق سىنىپ) دىن ئىككىسى، 24 خادىمى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە سەككىز ئوقۇتقۇچى بار.

ئۈچ ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ئورنى، 36 خادىمى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 29 پەن- تېخنىكا خادىمى بار.

ئۈچ ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش پونكىتى، 37 خادىمى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 25 پەن- تېخنىكا خادىمى بار.

ئىككى رايونلۇق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتى، بەش خادىمى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بىر باشقۇرۇش پونكىتى، بىر خادىمى بار. 24 يېزىلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتى بولۇپ، 106 خادىمى (بۇنىڭ ئىچىدە ئالتە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش پونكىتى، 22 خادىمى) گە يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە 4478 يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىي ئائىلىسى بولۇپ، ئادىمى 5482 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 138 يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇلازىمەت ئائىلىسى بار.

يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىمى 116 گە يەتتى.

ئۈچ ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونتلاش- ياساش سانائىتى كارخانىسى بولۇپ، ئادىمى 368 گە، ياراتقان پۈتۈن يىللىق سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (ھازىرقى باھا) تۆت مىليون 807 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ

ئىچىدە سانائەت ساپ مەھسۇلات قىممىتى بىر مىليون 425 مىڭ يۈەن.

ۋىلايەت بويىچە 28 ناھىيىدىن تۆۋەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش تور نۇقتىسى بولۇپ، ئادىمى 67 نەپەر، بۇنىڭ ئىچىدە 25 رېمونتچىلىق ئائىلىسى، 57 ئادىمى، ئۈچ بېزىلىق رېمونتچىلىق تور نۇقتىسى بولۇپ، ئادىمى 10 نەپەر، پۈتۈن يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 316 مىڭ يۈەن.

1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە يېزا، كەنت كوللېكتىپ پونكىت (دۈي) لارنىڭ پۈتۈن يىلدا ماشىنا بىلەن ھەيدىگەن يەر كۆلىمى 114 مىڭ مو، ماشىنا بىلەن تېرىلغان يەر 50 مىڭ 200 مو، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئائىلىلىرىنىڭ مەشغۇلات كۆلىمى 387 مىڭ 300 موغا، ماشىنا بىلەن تېرىلغان يەر كۆلىمى 324 مىڭ 100 موغا يەتتى.

## §2. ئادەم كۈچى بىلەن ئىشلىتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى

قۇمۇلدىن تېپىلغان تاش تۈگمەن، تاش ئوتىغۇچ، تاش پالتا قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قۇمۇلنىڭ دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ 7000 ~ 8000 يىل ئىلگىرىلا تاشتىن ياسالغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. تەخمىنەن 3000 يىل ئىلگىرى، قۇمۇلنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ياغاچ سايمانلار خېلى سالماقنى ئىگىلىگەن. مەسىلەن، ياغاچتىن ياسالغان ئۈچ بۇرجەكلىك جوتۇ، ياغاچ گۈرجەك قاتارلىقلار. خەن سۇلالىسىدىن كېيىن، غەربىي يۇرت قاتنىشىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بولۇپمۇ ئەسكىرىي قوشۇنلارنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، تۆمۈر، چويۇندىن ياسالغان سايمانلار قۇمۇلغا كىردى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، كەتمەن، چاغلىغۇچ تىرنا، تۆت چىشلىق تىرنا، گۈرجەك، سۆرەم، ئورغاق، تۆمۈر چاپچا، ياغاچ چاپچا، زەمبىل، توكاك، تاش تۈگمەن قاتارلىق ئادەم كۈچى ئارقىلىق ئىشلىتىلىدىغان سايمانلار بار ئىدى.

## §3. ھايۋان كۈچى بىلەن ئىشلىتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى

**1. ئۇلاغ كۈچى بىلەن ئىشلىتىلىدىغان كونا دېھقانچىلىق سايمانلىرى**

قۇمۇل ۋىلايىتىدە كونىچە دېھقانچىلىق سايمانلىرىدىن ساپان، تىرنا، سۆرەم، تاش تولۇق، هارۋا قاتارلىقلار بار.

كونىچە ساپان، بۇقۇسا دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ساپاننىڭ چوڭ- كىچىك ئىككى خىلى بولۇپ، چوڭ ساپانغا ئىككى كالا قوشۇلىدۇ، ئاغدۇرۇش كەڭلىكى 18 ~ 22 سانتىمېتىر بولىدۇ، كۈنىگە 4 ~ 5 مو يەرنى ھەيدىگىلى بولىدۇ؛ كىچىك ساپانغا ئىككى ئېشەك قوشۇلىدۇ، ئاغدۇرۇش كەڭلىكى 15 ~ 18 سانتىمېتىر بولىدۇ، كۈنىگە ئۈچ مو يەر ئاغدۇرغىلى بولىدۇ. ئاغدۇرۇش چوڭقۇرلۇقى 12 ~ 15 سانتىمېتىر بولىدۇ. يەرلىك ساپان قۇمۇلنىڭ ئۇزاق زامانلاردىن بۇيانقى ئاساسلىق دېھقانچىلىق سايمىنى بولۇپ كەلدى. 1962- يىلى تىيەنشۈيىنىڭ تاغلىق سوقىسى ئومۇملاشتۇرۇلغاندىن كېيىن ، يەرلىك ساپانلار تېزلا ئازىيىپ كەتتى. 1980- يىلدىن كېيىن، يېزىلاردا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈلگەن ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، يەرگە بولغان ئىگىدارلىق كۆلىمى كىچىكلىگەچكە، كونىچە ساپانلارنى ئىشلىتىدىغانلار يەنە كۆپەيدى.

2. ھارۋا

ھارۋىنىڭ كۆتەك ھارۋا، تۆمۈر چاقلىق ھارۋا، رېزىنكە چاقلىق ھارۋا، ئېشەك ھارۋىسى قاتارلىق بىرقانچە خىلى بار. كۆتەك ھارۋا، تۆمۈر چاقلىق ھارۋىنىڭ ھارۋا گەۋدىسى كىچىك، چاقى چوڭ بولىدۇ، ياغاچ چاقىنىڭ يەرگە تېگىشىدىغان قىسمىغا تۆمۈر قاپلىنىدۇ. مىنگو دەۋرىدە ھاللىق دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك چوڭ چاقلىق ھارۋىسى بولغان، چاقىنىڭ دىئامېتىرى 1.3 مېتىر بولسا ئات، كالا سۆرەيدۇ، دىئامېتىرى 0.7 مېتىر بولسا، ئېشەك سۆرەيدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، رېزىنكە چاقلىق ھارۋىلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، كۆتەك ھارۋىلار، تۆمۈر چاقلىق ھارۋىلار يىلدىن- يىلغا ئازايدى. 1958- يىلدىن كېيىن، ئېشەك ھارۋىلىرى تېز كۆپەيدى. 1990- يىلغا كەلگەندە، ھەممە ئائىلىدە دېگۈدەك بىردىن ئېشەك ھارۋىسى بار بولدى.

3. يېڭى تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرى

مىنگونىڭ 26- يىلى (1937- يىلى)، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بىر تۈركۈم يېڭى تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى كىرگۈزۈپ، ھەر قايسى جايلارنىڭ ئومۇملاشتۇرۇپ ئىشلىتىشىگە تەقسىم قىلىپ بەردى. شۇ قاتاردا باركۆلنىڭ يېزىلىرىدا ئات تارتىدىغان سېيالكا (دېسكىلىق، سەككىز قۇرلۇق)، 10 قۇرلۇق ئىككى خىلى بار)، ئادەم كۈچى بىلەن ئىشلىتىلىدىغان ئۇرۇق تاللاش ماشىنىسى، ئوت توغراش ماشىنىسى (ئىككى ئادەم ئايلاندۇرىدۇ) قاتارلىقلار كېڭەيتىلدى. مىنگونىڭ 29- يىلى (1940 -يىلى)، باركۆل ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئورنى 12 دانە ئات تارتىدىغان ئوت ئورۇش ماشىنىسىنى سېتىۋېلىپ، دېھقانلارغا ئىجارىگە بېرىپ، ئىجارە ھەققىنى كەچۈرۈم قىلدى. ئەينى چاغدا ئاراتۇرۇك ناھىيىسى بىر تېرىش ماشىنىسى، ئىككى بۇغداي ئورۇش ماشىنىسى، 26 تاق گەۋدىلىك سوقا، 16 تىرنىلاش ماشىنىسى، ئىككى ئېرىق ئېچىش ماشىنىسى، ئىككى بىلەي ماشىنىسى سېتىۋالدى؛ قۇمۇل ناھىيىسى 50 ساپان (سوقا)، 160 3- نومۇرلۇق Z شەكىللىك تىرنا، بەش چاقپەلەك، ئۈچ ئۇرۇق ئايرىش ماشىنىسى، ئالتە نۇگفۇ ناملىق چاقپەلەك، بەش قۇم چاق دىگۇارلىشىپ سېتىۋالدى. مىنگونىڭ 29- يىلى (1940- يىلى)، قۇمۇل ۋىلايىتىدە يېڭى تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمىنىدىن 312 دانىسى بار بولدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇمۇل ۋىلايىتى يېڭى تىپتىكى ئۇلاغ سايمانلىرىنى پائال كېڭەيتتى. 1955- يىلى ئالدىنقى يېرىم يىلدا، ۋىلايەت بويىچە يېڭى تىپتىكى چوڭ- كىچىك دېھقانچىلىق سايمانلىرىدىن 376 نى ئومۇملاشتۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە 28 سېيالكا، 78 28- نومۇرلۇق سوقا، 77 5- نومۇرلۇق سوقا، 95 23- نومۇرلۇق سوقا، 98 Z شەكىللىك تىرنا بار. بۇلاردىن باشقا چوڭ رېزىنكە چاقلىق ھارۋا، سۇ توشۇش ھارۋىسى قاتارلىقلارنىمۇ ئومۇملاشتۇردى.

1956- يىلى، ۋىلايەت بويىچە يېڭى تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرى 1615 (بىگتۈەننى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 987 5- نومۇرلۇق قوش چاقلىق تاق چىشلىق سوقا، 122 قوش چاقلىق قوش چىشلىق سوقا، 103 23- نومۇرلۇق سوقا، توققۇز 28- نومۇرلۇق سوقا،170 10 قۇرلۇق سېيالكا ،220 Z شەكىللىك تىرنا، ئۈچ بۇغداي ئورۇش ماشىنىسى، ئۈچ پىچاق بىلەش ماشىنىسى، ئىككى ئارىسىنى چاغلاش ماشىنىسى بار. ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ يېڭى تىپتىكى سوقا بىلەن ئاغدۇرۇلغان تېرىلغۇ يېرى ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 67% كە، سېيالكا بىلەن تېرىلىش كۆلىمى 77% كە يەتكۈزۈلدى. باركۆل ناھىيىسىدە سېيالكا بىلەن تېرىلىش كۆلىمى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 20% ئاشۇرۇلدى. 1958- يىلى قۇمۇل، باركۆل ناھىيىلىرىدە دېھقانچىلىق سايمانلىرى ئىسلاھاتى كومىتېتى قۇرۇلۇپ، شۇ يىلى تەقلىد قىلىپ ياسالغان ۋە ياخشىلانغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى 100 خىلغا، 2000 دانىگە يەتتى. 1959- يىلى، ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 7300 دىن ئارتۇق دېھقانچىلىق سايمىنى ئۆزگەرتىلدى ۋە تەقلىد قىلىپ ياسالدى. 1965- يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ۋىلايەت بويىچە قوش چاقلىق قوش چىشلىق سوقا، تاق گەۋدىلىك سوقا، يېڭى تىپتىكى

تېرنا، سېيالكا، كومبايىن، ئارىسىنى چاغلاش ماشىنىسى، رېزىنكە چاقلىق چوڭ ھارۋا، ئېشەك ھارۋىسى قاتارلىقلار 11 مىڭ 739 غا يەتتى.

1980- يىلدىن كېيىن، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، يەرگە بولغان ئىگىدارلىق كۆلىمى كىچىكلىكەچكە، بىر قىسىم دېھقانلار تراكتور ئىشلەتمەي، كالا، ئېشەك ساپانلىرىنى قايتا ئىشلىتىشكە باشلىدى، ھەتتا ئۇرۇقنى چېچىپ تېرىيدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلدى، يېرىم ماشىنىلاشقان سايمانلار كۆپەيگەنلىكتىن، ئاغدۇرۇش، تېرىش، تىرنىلاش ۋە ترانسپورت قاتارلىق مەشغۇلاتلار يېرىم ماشىنىلاشقان سايمانلار ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلدى.

## §4. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى

مىنگونىڭ 29- يىلى (1940- يىلى)، باركۆل ناھىيىسىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپى بويىچە تەربىيلەش كۇرسى ئېچىلدى. بۇ كۇرسقا قازاق، خەنزۇ بولۇپ 20 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. مىنگونىڭ 30- يىلى (1941- يىلى) 2- ئايدا، قۇمۇلدىكى دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدىكى مەمۇرلار ھەمكارلىق كوپىراتىپلىرى تۈرلۈك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى خېلى كۆپ سېتىۋالدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ۋىلايەت يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ياخشىلاپ، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى مۇھىم ئورۇنغا قويدى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ سانىنى كۆپەيتىپ، ماشىنىلاشقان مەشغۇلات دەرىجىسىنى ئۆستۈردى.

### 1. تېرىقچىلىق ماشىنىلىرى

1952- يىلى، قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ئىشلەپچىقىرىش قىسمىنىڭ 16- شىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كۆپ ئىقتىدارلىق (BT3–Y–2) 2 تىپلىق تۆمۈر چاقلىق تراكتوردىن بىرنى كىرگۈزدى، ئىككىنچى يىلى يەنە يەتتىنى كىرگۈزدى، ھەمدە سوۋېتتا ئىشلەنگەن DT–54 زەنجىر تاپانلىق تراكتور بىلەن ئېرداۋخۇدا يەر ئاغدۇرۇشقا باشلىدى.

1953- يىلى 3- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايىتى تۇنجى تۈركۈمدە 12 تراكتور كىرگۈزدى، بۇنىڭ ئىچىدە DT–28 تىپلىق تراكتوردىن توققۇز، KDP35 تىپلىق تراكتوردىن ئۈچى كىرگۈزۈلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ تراكتورلىرى قەرز ھېسابىدا خەلق گوڭشېلىرى، دېھقانچىلىق ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرىغا تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك نازارەت، ئىدارىلىرى ۋىلايەتكە قاراشلىق ھەر قايسى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا ۋە ھەر قايسى ناھىيىلەرگە بىر تۈركۈم تراكتورلارنى، مەسىلەن، قۇمۇل ناھىيىسى ساقا دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئىسپانىيىدە ياسالغان DT–413 تىپلىق تراكتوردىن بىرنى، رومىنىيىدە ئىشلەنگەن YT–Z–45 تىپلىق تراكتوردىن بىرنى، دۆربەجىن دېھقانچىلىق مەيدانىغا KDP35 تىپلىق زەنجىر تاپانلىق تراكتوردىن ئىككىنى، باركۆل كۆيسۇ باش مەيدانىغا DT–54 تىپلىق تراكتوردىن تۆتنى، پولشادا ئىشلەنگەن D–50 تىپلىق تراكتوردىن ئۈچىنى، «ھەمكارلىق 25» تىپلىق تراكتوردىن ئۈچىنى تەقسىم قىلىپ بەردى. 1985- يىلى ۋىلايەت بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ مۇقىم مۈلۈك ئومۇمىي قىممىتى 40 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 133 مىڭ 500 ئات كۈچىگە، ھەر خىل تراكتورلار 2402 گە، چاتما دېھقانچىلىق سايمانلىرى 2119 غا، چارۋىچىلىق

ماشىنىلىرى 119 غا، سۇغىرىش ماشىنىلىرى 1126 غا يەتتى. 1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇقىم مۈلۈك ئومۇمىي قىممىتى 56 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 167 مىڭ ئات كۈچىگە، تۆرلۈك تراكتورلار 4553 كە، تۆرلۈك چانما سايمانلار 5408 گە، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى 361 گە، سۇغىرىش ماشىنىلىرى 1068 گە يەتتى.

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەرەققىياتى ئاساسەن ئۈچ باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتى:

**1) دۆلەت مەبلەغ سېلىش باسقۇچى (1958 ~ 1969- يىللىرى)**

1958- يىلىدىن باشلاپ، دۆلەت مۇقىم مۈلۈك سېلىنمىسى شەكلى بىلەن ھەر قايسى ناھىيىلەرگە تراكتور، كومبايىن، ئاپتوموبىل قاتارلىق تۆرلۈك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى، رېمونتچىلىق ئۈسكۈنىلىرىنى ۋە زاۋۇت ئۆزي قۇرۇلۇشى ئەسلىھەلىرى قاتارلىقلارنى چۈشۈرۈپ بەردى. ۋىلايەت ۋە قۇمۇل، بارىكۆل ناھىيىلىرىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرى قۇرۇلدى. تراكتور پونكىتى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش، خادىملارنى تەربىيىلەش، يېزا ئىگىلىك ماشىنا- سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى. 1966- يىلى، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرىدا ھەر خىل تراكتوردىن 73 ى بار بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل ناھىيىسىدە 31، بارىكۆل ناھىيىسىدە 33، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە توققۇز بار. قۇمۇل ناھىيىسىدە جەمئىي 202 يەر ئاغدۇرۇش، تىرىش، يىغىۋېلىش، دان ئايرىش، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش، قاتناش، ماي ساقلاش قاتارلىق تۆرلۈك يېزا ئىگىلىك ماشىنا- سايمانلىرى، بارىكۆل ناھىيىسىدە 180 ى بار بولدى.

**2) كوللېكتىپ مەبلەغ سېلىش باسقۇچى (1970 ~ 1979- يىللىرى)**

1970- يىلى، دۆلەت ئىلكىدىكى تراكتور پونكىتلىرىنىڭ تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنىپ، تراكتور پونكىتلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، خادىملىرى تۆۋەنگە چۈشۈرۈلدى. تراكتور ۋە چوڭ- ئوتتۇرا تىپلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنا- سايمانلىرى قاتارلىق مۇقىم مۈلۈكلەر باھاغا سۇندۇرۇلۇپ خەلق كومۇنىسى، داداۋي ۋە ئىشلەپچىقىرىش دۈيلىرىگە چۈشۈرۈپ بېرىلدى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تىجارىتى شەكلىدە كوللېكتىپ ئىگىلىكنى ئاساس قىلغان، گۇڭشې، داداۋي، ئىشلەپچىقىرىش دۈيلىرى باشقۇرىدىغان ئەندىزە شەكىللەندى. 1970- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، گۇڭشې مۈلۈكچىلىكىدە بولۇش، گۇڭشې باشقۇرۇشنىڭ ئورنىغا دۈي مۈلۈكچىلىكىدە بولۇش، دۈي باشقۇرۇش ئالماشتى. بۇ خىل «ئۈچ دەرىجىلىك مۈلۈكچىلىك، دۈينى ئاساس قىلىش» تىن ئىبارەت يېزا ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەندىزىسىنىڭ ماسلىشىشچانلىقى تېخىمۇ كۈچلۈك بولغاچقا، يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈردى.

1979- يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ۋىلايەت بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 60 مىڭ 189 ئات كۈچىگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 832 تراكتور، 26 مىڭ 214 ئات كۈچى، 2704 يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ئېنېرگىيە ماشىنىلىرى، 40 مىڭ 619 ئات كۈچى، 46 كومبايىن، 2440 ئات كۈچى، 38 يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىل، 3171 ئات كۈچى، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى 1480 ئات كۈچى. يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان جەمئىي 832 تراكتور بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 153 خەلق گۇڭشېلىرى ئىگىدارچىلىقىدىكى، 269 داداۋيلەر ئىگىدارچىلىقىدىكى، 108 ئىشلەپچىقىرىش دۈيلىرى ئىگىدارچىلىقىدىكى، 225 بىرگىتۈەن تۈەن- مەيدانلىرىنىڭ، باشقىلارنىڭ 12 سى بار. يەر ئاغدۇرۇش ماشىنا- سايمانلىرى 1426، (بۇنىڭ ئىچىدە 1362 چوڭ، ئوتتۇرا تىپلىق تراكتور، 63 كىچىك تىپتىكى تراكتور- سايمانلار بار)، 252 ئېتىز- ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇش ماشىنىلىرى؛ 257 يىغىم ماشىنىلىرى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 38 ماتورلۇق ئورۇپ يېيىتىش ماشىنىسى، 87 ماتورلۇق دان ئايرىش ماشىنىسى، 126 سورۇش ماشىنىسى، تۆت ساپلاشتۇرۇش ماشىنىسى،

ئىككى ئۆرۈق تاللاش ماشىنىسى؛ 10 ئۆسۈملۈك ئاسراش ماشىنىسى، 544 يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش ماشىنىسى، بۇنىڭ ئىچىدە 135 ئۇن تارتىش ماشىنىسى، 13 شال ئاقلاش ماشىنىسى، 69 ماي بېسىش ماشىنىسى، 13 چىغىرىق، 14 تاش ئايرىش ماشىنىسى، 1324 سۇ پومپىسى، 1323 ماشىنىلاشقان قۇدۇق بولۇپ، 1306 يۇرۇشلەشكەن، 651 ترانسپورت ماشىنىلىرى بولۇپ، ماي ساقلاش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ سىغىمچانلىقى 1246؛ 23 مىڭ 681 يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرى بار.

1990- يىلى، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ مۇقىم مۈلۈك ئومۇمىي قىممىتى 13 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئەسلى قىممىتى 11 مىليون 160 مىڭ يۈەن، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ساپ قىممىتى 9 مىليون 650 مىڭ يۈەن؛ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 28 مىڭ 99 كىلوۋات؛ 128 چوڭ، ئوتتۇرا تىپلىق تراكتور، 5372 كىلوۋات، بۇنىڭ ئىچىدە 71 چاقلىق تراكتور، 2510 كىلوۋات؛ 37 كىچىك تىپتىكى تراكتور، 401 كىلوۋات؛ 56 دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان يۈك ئاپتوموبىلى، 4461 كىلوۋات؛ 997 ماتورلۇق سۇغىرىش ماشىنىلىرى، 15 مىڭ 605 كىلوۋات، بۇنىڭ ئىچىدە 73 دىزېل ماتور، 1843 كىلوۋات، 924 ئېلېكتر ماتور، 13 مىڭ 762 كىلوۋات، 929 دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇ پومپىسى بار.

3) **دېھقانلار مەبلەغ سېلىش باسقۇچى:** 1978- يىلى، ج ك پ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يېزىلاردا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگىچە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى، كوللېكتىپ ئىلكىدىكى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ھۆددىگە بېرىش ياكى باھاغا سۇندۇرۇش شەكلى ئارقىلىق دېھقان ئائىلىلىرىگە ھۆددىگە بېرىلدى ياكى سېتىپ بېرىلدى. 1983- يىلى، دېھقانلارنىڭ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى سېتىۋېلىش قىزغىنلىقى ئاشقانلىقتىن، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ سانى تېز كۆپەيدى.

1990- يىلى، دېھقانلار ئىگىدارچىلىقىدىكى دېھقانچىلىق مۇقىم مۈلۈك ئومۇمىي قىممىتى 41 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئەسلى قىممىتى 39 مىليون 800 مىڭ يۈەن، ساپ قىممىتى 33 مىليون 160 مىڭ يۈەن؛ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 100 مىڭ 817 كىلوۋات؛ 1107 چوڭ، ئوتتۇرا تىپلىق تراكتور، 36 مىڭ 205 كىلوۋات، بۇنىڭ ئىچىدە 913 چاقلىق تراكتور، 26 مىڭ 563 كىلوۋات؛ 3262 كىچىك تىپتىكى تراكتور، 34 مىڭ 643 كىلوۋات؛ 253 دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان يۈك ئاپتوموبىلى، 20 مىڭ 771 كىلوۋات؛ 45 دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇغىرىش قۇۋۋەت ماشىنىسى، 229 كىلوۋات، بۇنىڭ ئىچىدە ئالتە دىزېل ماتور، 66 كىلوۋات، 39 ئېلېكتر ماتور، 163 كىلوۋات، 39 سۇ پومپىسى بار.

1990- يىلى، قومۇل ۋىلايىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇقىم مۈلۈك ئومۇمىي قىممىتى 56 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئەسلى قىممىتى 51 مىليون 890 مىڭ يۈەن، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ساپ قىممىتى 43 مىليون 140 مىڭ يۈەن؛ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 131 مىڭ 245 كىلوۋات؛ 1248 چوڭ، ئوتتۇرا تىپلىق تراكتور، 43 مىڭ 113 كىلوۋات؛ بۇنىڭ ئىچىدە 991 تراكتور، قۇۋۋىتى 29 مىڭ 357 كىلوۋات، 3305 كىچىك تراكتور، قۇۋۋىتى 35 مىڭ 104 كىلوۋات، 319 يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان يۈك ئاپتوموبىل، قۇۋۋىتى 26 مىڭ 245 كىلوۋات؛ 1068 ماتورلۇق سۇغىرىش ماشىنىسى، قۇۋۋىتى 16 مىڭ 376 كىلوۋات؛ 789 يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان سۇ پومپىسى بار.

چوڭ، ئوتتۇرا تىپلىق چاتما دېھقانچىلىق سايمانلىرى 1251 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 558 چاتما سوقا، 10 ئايلانما سوقا، 208 چاتما تىرنا، 373 چاتما سېپىلكا، ئىككى چاتما كۆلتىۋاتور؛ 4197 كىچىك تىپلىق چاتما يېزا ئىگىلىك

ماشىنىسى بار، 1068 ماتورلۇق سۇغىرىش ماشىنىسى، قۇۋۋىتى 1637 كىلوۋات؛ ئۆسۈملۈك ئاسراش ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 258 كىلوۋات، 754 يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش ماشىنىسى بولۇپ، قۇۋۋىتى 8364 كىلوۋات.

2. سۇغىرىش ماشىنىلىرى

1954- يىلى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك سۇچىلىق نازارىتى قومۇلنىڭ قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش ئىشلىرىغا ياردەم بېرىش يۈزىسىدىن، راكېتا كونۇس ئۈشكىسى، لوكوموبىل قاتارلىق قۇدۇق قېزىش ماشىنىلىرىنى ئەۋەتتى، راكېتا كونۇس ئۈشكىسى ئارقىلىق ئاقيېر 2- يېزىسىنىڭ قىزىل بايراق دېھقانچىلىق كوپىراتىپىدا قۇدۇق قېزىلدى، سۇ چىقىرىش ماشىنىسى ئارقىلىق بۇغدايلار سۇغىرىلدى. 1960- يىلى، ئىككى سۇغىرىش ماشىنىسى بار ئىدى. 1970- يىللاردا، ۋىلايەتنىڭ دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق رايونلىرىدا قۇدۇق قېزىش ھەرىكىتى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇلۇپ، ماشىنا قۇدۇقلىرى كۆپەيدى. 1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 1068 سۇغىرىش ماشىنىسى بار بولدى.

3. ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك مەشغۇلات تۈرلىرىنىڭ ماشىنىلىشىش دەرىجىسى

قومۇل ۋىلايىتى 1958- يىلى تۇنجى تۈركۈمدە 12 تراكتورنى كىرگۈزگەندىن تارتىپ، 1985- يىلغىچە بولغان 27 يىلدا يېزا ئىگىلىك مەشغۇلاتىنىڭ ماشىنىلىشىش دەرىجىسى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1985- يىلى، ۋىلايەت بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى قۇۋۋىتى ھەر بىر ئەمگەك كۈچىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2.099 ئات كۈچىدىن، ھەر بىر ئائىلىگە 1.459 ئات كۈچىدىن، ھەر مو تېرىلغۇ مەيدانىغا 0.169 ئات كۈچىدىن توغرا كەلدى. 1990- يىلى ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمى 690 مىڭ 200 مو، ماشىنا بىلەن ئاغدۇرۇلغان يەر كۆلىمى 510 مىڭ 900 مو بولۇپ، ماشىنا بىلەن ئاغدۇرۇلغان يەر كۆلىمى ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 74.29% نى ئىگىلىدى؛ دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمى 588 مىڭ 300 موغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ماشىنا بىلەن تېرىلغان يەر 401 مىڭ 900 مو بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 68% نى ئىگىلىدى؛ ماشىنا يىغىم كۆلىمى 17 مىڭ 100 موغا يەتتى.

## §5. چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى

1. ئوت- چۆپ، يەم- خەشەك پىششىقلاش ماشىنىلىرى

مىنگونىڭ 26- يىلى (1937- يىلى)، باركۆل ناھىيىسى بىر تۈركۈم ئوت- چۆپ توغراش قول ماشىنىسى كىرگۈزدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەڭ تەرەققىي قىلغىنى كىچىك تىپتىكى ئوت- چۆپ، يەم- خەشەك ئۇۋۇتۇش ماشىنىسى بولدى. 1979- يىلدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ۋىلايەت بويىچە 222 ئۇۋۇتۇش ماشىنىسى بار بولۇپ، بۇلار ئاساسلىقى خەنزۇلار ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق رايونلىرىدا چوشقا يەم- خەشىكىنى پىششىقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلدى. 1988- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 249 كىچىك تىپتىكى ئوت- چۆپ، يەم- خەشەك ئۇۋۇتۇش ماشىنىسى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 94.8% ى خۇسۇسىيلار ئىگىدارچىلىقىدا بولدى.

**ۋىلايەت بويىچە 1977 ~ 1988- يىللىرىدىكى كىچىك تىپتىكى ئوت- چۆپ، يەم- خەشەك ئۇۋۇتۇش ماشىنىلىرى ستاتىستىكىسى**

جەدۋەل: 5 – 17

| يىل | مىقدارى (دانە) | يىل | مىقدارى (دانە) |
|---|---|---|---|
| 1977 | 190 | 1983 | 165 |
| 1978 | 195 | 1984 | 149 |
| 1979 | 222 | 1985 | 165 |
| 1980 | 234 | 1986 | 219 |
| 1981 | 215 | 1987 | 236 |
| 1982 | 194 | 1988 | 249 |

1980- يىللاردا ۋىلايەتتە بىر قانچە ئوت- چۆپ، يەم- خەشەك پىششىقلاپ ئىشلەش سېخلىرى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. 1984- يىلى 9- ئايدا، ۋىلايەتلىك يەم- خەشەك شىركىتى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرگەن يەككە ئىسمىنالىق يەم- خەشەك پىششىقلاش سېخى يىلىغا 4 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام توخۇ يېمى ئىشلەپچىقاردى، 1988- يىلى 10 مىليون كىلوگرامغا يەتكۈزۈلدى. بارىكۆل ناھىيىلىك ئارىلاشما يەم- خەشەك ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتى 1986- يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، يىلىغا 24 مىليون كىلوگرام ئانا مال يەم- خەشىكى ۋە چوشقا يەم- خەشىكى ئىشلەپچىقاردى. تۆركۆل چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ يىلىغا بەش مىليون كىلوگرام دانچە يەم- خەشەك ئىشلەپچىقىرالايدىغان يەككە ئىسمىنالىق زاۋۇتى 1985- يىلى ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، 60% چارۋىنىڭ قوشۇمچە يەم- خەشىكىنى ھەل قىلدى. 1985- يىلى 9- ئايدا ۋە 1986- يىلى 11- ئايدا قۇرۇلۇپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن پالۋانتۇر چوڭنشۈي يەككە ئىسمىنالىق يىلىغا ئىككى مىليون كىلوگرام يەم- خەشەك ئىشلەپچىقىرالايدىغان زاۋۇت ۋە ۋىلايەتلىك ئاقتاش چارۋىچىلىق فېرمىسى يەككە ئىسمىنالىق يىلىغا ئىككى مىليون كىلوگرام يەم- خەشەك ئىشلەپچىقىرالايدىغان زاۋۇت ئاساسلىقى توخۇ يېمى ئىشلەپچىقاردى. پالۋانتۇر چوڭنشۈي كەنتىدە قۇرۇلغان زاۋۇت ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ بىر يىللا ئىشلىتىلدى.

2. مېخانىكىلىق يۇڭ قىرقىش (ماشىنا ئارقىلىق يۇڭ قىرقىش)

چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى قىرقىم ئۇزاق يىللاردىن بۇيان قول قايچىسى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان ئىدى. بۇ خىل قىرقىم قايچىسى نۆۋەتتە يەنىلا چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئاساسلىق قىرقىم سايمىنى بولماقتا. 1960- يىللاردا

چارۋىچىلىق رايونلىرىدا پۈرۈشتۈرلۈق قايچا ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ كۆپ ئەمەس ئىدى.

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ مېخانىكىلىق يۇڭ قىرقىشى 1960- يىللاردا باشلاندى. ئەڭ دەسلەپ مېخانىكىلىق يۇڭ قىرقىشنى باشلىغان ئۈرۈن تۆركۆل فېرمىسى بىلەن نەرىنكىر فېرمىسى بولۇپ، ئۇلار 1964- يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن «بوران- چاپقۇن» ماركىلىق 12 باشلىق ئەۋرىشىم ئوقلۇق ئىككى يۆرۈش يۇڭ قىرقىش ماشىنا گۇرۇپپىسىنى كىرگۈزدى. شۇندىن كېيىن يۇڭ قىرقىش ماشىنىسى ۋىلايەتتە كۆپىيىشكە باشلىدى. 1979- يىلغا كەلگەندە، ۋىلايەت بويىچە يۇڭ قىرقىش ماشىنا گۇرۇپپىسى 32 دانە / 380 قايچىلىققا يەتتى، شۇ يىلى 82 مىڭ 600 تۇياقتىن ئارتۇق قوي ماشىنا بىلەن قىرقىلدى، بۇ، قىرقىمغا قاتناشقان ئومۇمىي قوي سانىنىڭ 14.1% نى ئىگىلىدى. 1980- يىللاردا، ۋىلايەت يەنە 16 – 9M22 تىپلىق 16 باشلىق ئارا چاستوتىلىق بىر تۈركۈم يۇڭ قىرقىش ماشىنىسى كىرگۈزدى. 1984- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 94 مىڭ 392 تۇياق قوي ماشىنا بىلەن قىرقىلىپ، قىرقىمغا قاتناشقان ئومۇمىي قوي سانىنىڭ 32.8% نى ئىگىلىدى. 1982- يىلى % 26 نى ئىگىلىدى.

3. چۈجە چىقىرىش ماشىنىلىرى

1950- يىللاردا، ۋىلايەتتە كاڭدا چۈجە چىقىرىش، ئىدىشتا چۈجە چىقىرىش، كىرسىن چىراغ ئارقىلىق چۈجە چىقىرىش قاتارلىق چۈجە چىقىرىش تېخنىكىلىرى بارلىققا كەلگەن ئىدى، ئەمما بۇ خىل چۈجە چىقىرىش ئۇسكۇنىلىرى بەكمۇ ئاددىي ئىدى.

1960- يىللارنىڭ باشلىرىدا، پارنىكتا چۈجە چىقىرىش ئەسلىھەلىرى بارلىققا كەلدى. ۋىلايەت بويىچە تۇخۇم باستۇرۇش سىغىمى 1960- يىللاردا 10 دانە، 1970- يىللاردا نەچچە 10 مىڭ دانە، 1980- يىللاردا 100 مىڭ دانىدىن ئاشتى.

1982- يىلى، ماشىنا بىلەن چۈجە چىقىرىش ئەسلىھەسى بارلىققا كەلدى. شەھەر ئەتراپى يېزىسى 500 تۇخۇم باستۇرالايدىغان ئىنكۇباتوردىن ئىككىنى كىرگۈزدى، باركۆل ناھىيىسى 1983-، 1984- يىلى ئومۇمىي سىغىمى 700 دانە تۇخۇم باستۇرالايدىغان ئىنكۇباتوردىن ئىككىنى كىرگۈزدى. 1986- يىلى ۋىلايەتلىك يەم- خەشەك شىركىتى 18 مىڭ دانە تۇخۇم سىغدۇرالايدىغان ئىنكۇباتوردىن تۆتنى ئورناتتى، ۋىلايەتلىك ئاقتاش چارۋىچىلىق فېرمىسى 9800 تۇخۇم سىغدۇرالايدىغان ئىنكۇباتوردىن بىرنى كىرگۈزدى، ۋىلايەتلىك گۆش پىششىقلاش زاۋۇتى بىلەن پالۋانتۇر يېزىسى ئايرىم- ئايرىم ھالدا 9800 ۋە 4000 تۇخۇم سىغدۇرالايدىغان ئىنكۇباتوردىن ئىككىنى كىرگۈزدى. 1989- يىلى، يېمەكلىكلەر شىركىتى بورداقچىلىق مەيدانى 5000 تۇخۇم سىغدۇرالايدىغان ئىنكۇباتوردىن بىرنى كىرگۈزدى.

سىغىمى چوڭ ئىنكۇباتورلارنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن 1986-، 1987- يىلى ئىككى يىلدا 500 مىڭ دانىدىن ئارتۇق تۇخۇم باستۇرۇلۇپ، تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتتى.

4. باشقا چاۋىچىلىق ماشىنىلىرى

ئۆلاغ سۆرەيدىغان ئوت يىغىش ماشىنىسى، ئوت ئورۇش ماشىنىسى، ئوت- چۆپ باغلاش ماشىنىسى ۋە ماتورلۇق سۈت سېغىش ماشىنىسى قاتارلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى 1970-، 1980- يىللاردا بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلاغ تارتىدىغان ئوت يىغىش ماشىنىسى 1979- يىلى 40 قا يەتتى.

## §6. يېزا ئىگىلىك ماشىنا- سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش ۋە ياساش

مىنگونىڭ 29- يىلى (1940- يىلى)، دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنىڭ سايمانلىرى ئاساسلىق ياغاچچى، تۆمۈرچىلەرگە تايىنىپ ياسالاتتى ۋە رېمونت قىلىناتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇمۇل ۋىلايىتى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ رېمونت خىزمىتىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بەردى. 1957- يىلدىن ئىلگىرى، ھەر قايسى ناھىيىلەرنىڭ قول سانائەت يەككە ئەمگەكچىلىرى ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك كوپېراتىپلىرى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش، ياساش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالدى. 1958- يىلى 3- ئاينىڭ 15- كۈنى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنا- سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش زاۋۇتى قۇرۇلدى. 1960- يىلى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنا- سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش زاۋۇتىنىڭ نامى ۋىلايەتلىك ئۈچ دەرىجىلىك ئۈنۈۋېرسال ماشىنىسازلىق زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى. ھەر قايسى ناھىيىلەرمۇ دېھقانچىلىق سايمانلىرى زاۋۇتى قۇردى. بەزى گۇڭشېلارمۇ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش زاۋۇتلىرىنى قۇردى، دادۈيلەردە ئاسراش ئورۇنلىرى قۇرۇلدى.

1958- يىلى 9- ئاينىڭ 10- كۈنى، تۆمۈرچىلىك، قاڭالتىرچىلىق، ياغاچچىلىقتىن ئىبارەت ئۈچ قول ھۈنەرۋەنچىلىك كوپېراتىپى بىرلىشىپ تىجارەت قىلىدىغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قۇمۇل ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنا- سايمانلىرى زاۋۇتى بولۇپ قۇرۇلدى. 1984- يىلى 6-ئاينىڭ 12- كۈنى، قۇمۇل شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش- ياساش زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى. تۆمۈرچىلىك، قۇيمىچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ، باركۆل ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش- ياساش زاۋۇتى قىلىپ قۇرۇلدى، 1983 - يىلى 5- ئايدا، رېمونت قىلىش- ياساش زاۋۇتى يېنىك سانائەت زاۋۇتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، باركۆل ناھىيىلىك يېنىك سانائەت، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش- ياساش زاۋۇتى قىلىپ قۇرۇلدى.

### 2. ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەھسۇلاتلىرى

ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەھسۇلاتلىرىدىن قوش چىشلىق سوقا، ئات قوشۇلىدىغان سېيالكا، ئات قوشۇلىدىغان ئورۇش ماشىنىسى، پرىتسېپ (چانما ماشىنا)، تورمۇزلىغۇچ، تاغ سوقىسى، سۇ پومپىسى، ئۆشكە، ئۇۋۇتۇش ماشىنىسى، تۇز چايقاش ماشىنىسى، چانما دېھقانچىلىق سايمانلىرى، ماي ساقلاش ۋە ماي يۆتكەش تۇڭى، تىراكتور زاپچاسلىرى، ئۇلاغ ھارۋىلىرىنىڭ تەگلىكى، تىرنا، كۇلتىۋاتور، پۈركۈگۈچ، G61– 6V تىپلىق تراكتور گېنېراتورى، SFF—45 تىپلىق قول تراكتورىنىڭ ئۇچقۇر چاقى، JF12–V تىپلىق تراكتور گېنېراتورى، 3WCD–250 تىپلىق كىچىك سىغىملىق چانما پۈركۈگۈچ قاتارلىقلار بار.

## §7. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پەن تەتقىقاتى ۋە تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇش

1973- يىلى 7- ئايدا، ئەسلىدىكى تراكتور باش پونكىتى ئاساسىدا قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى قۇرۇلدى. ئىشچى- خىزمەتچىسى ئەسلىدىكى 15 ئادەمدىن 34 ئادەمگە كۆپەيتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 20 پەن- تېخنىكا خادىمى بار. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنىدا ئىشخانا، تېخنىكا ئاخبارات ئىشخانىسى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشخانىسى، تۇسۇملۇك ئاسراش تەتقىقات ئىشخانىسى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رايونلاشتۇرۇش ئىشخانىسى ۋە يېڭى تېخنىكا مۇلازىمەت ئىشخانىسى قاتارلىقلار تەسىس قىلىندى. بۇ ئورۇن كىچىك تىپتىكى شال، بۇغداي ئورۇش، قورۇتۇش ماشىنىسى، دان ئايرىش ۋە سورۇش سايمانلىرىنى تەجرىبە قىلىش- ياخشىلاش، تۇسۇملۇك ئاسراش ماشىنىلىرى تەتقىقاتى، پۈركۈتۈش ماشىنىلىرىنى تەجرىبە قىلىش، ماشىنىلاشقان توخۇ فېرمىلىرىنى لايىھىلەش، ئاراتۇرۇك تۇركۆل يەم- خەشەك زاۋۇتىنى لايىھىلەش، بۇغداي ئورۇش، دان ئايرىش، سورۇش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ سەرپىياتىنى تېجەش تېخنىكىلىرىنى كېڭەيتىش، تۇجۇپىلەپ، يېرىم تۇجۇپىلەپ تېرىش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە 3WCD–250 تىپلىق تۇۋەن سىغىملىق پۈركۈتۈش ماشىنىسىنى تەتقىق قىلىش، لايىھىلەش، ئىشلەپچىقىرىش، كېڭەيتىش قاتارلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پەن تەتقىقاتى ۋە ئومۇملاشتۇرۇش خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى.

## §8. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىملىرىنى تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش

1955- يىلى، ھەر قايسى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش پونكىتلىرى ئۈچ قېتىم كۇرس ئېچىپ، 508 نەپەر يېڭى تىپتىكى يېزا ئىگىلىك سايمانلىرى ماھىرلىرىنى تەربىيىلىدى.

1958 ~ 1964- يىلىغىچە، ۋىلايەت بويىچە 205 تراكتورچى، 150 كومبايىنچى، 100 دېھقانچىلىق سايمانلىرى ماھىرى تەربىيىلەندى.

1976- يىلى 7- ئاينىڭ 23- كۈنى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى قۇرۇلدى. ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ، يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ۋە ئېلېكتر ئەسۋابلىرى قاتارلىق كەسپلەر تەسىس قىلىندى. 1976 ~ 1985- يىلىغىچە جەمئىي 21 سىنىپ، 844 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 364 نەپەر، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى جەمئىي 635 نەپەر، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 239 نەپەر.

## §9. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش- باشقۇرۇش

1983- يىلى 9- ئاينىڭ 14- كۈنى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش- باشقۇرۇش ئورنى قۇرۇلدى، شتاتى 12 بولدى. بۇ ئورۇن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ تېخنىكا ھالىتىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش ۋە شوپۇر، مەشغۇلاتچىلاردىن ئىمتىھان ئېلىش، پەسىللىك تەكشۈرۈش، نومۇر تاختىسى، كىنىشكىلارنى تەكشۈرۈپ تارقىتىش، بىخەتەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ھادىسىلىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولدى. ئىككى ناھىيە، بىر شەھەردە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش- باشقۇرۇش پونكىتلىرى قۇرۇلدى، يېزا- مەيدانلاردا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش- باشقۇرۇش خادىمى سەپلەندى. 1990- يىلغىچە، ۋىلايەت بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش- باشقۇرۇش ئورۇن، پونكىتلىرىدىكى مەخسۇس نازارەتچىلەر 55 كە، بىخەتەرلىكنى تەكشۈرگۈچىلەر 35 كە يەتتى. كەنتلەرنى بىرلىك قىلغان 28 بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، 4000 دىن ئارتۇق تراكتورنىڭ ئىشلىتىلىشى، رېمونت قىلىنىشى ۋە ئاسرىلىنىشىغا قارىتا ئومۇميۈزلۈك بىخەتەرلىك نازارەتچىلىكىنى يولغا قويدى.

1984- يىلدىن كېيىن، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان تراكتورلار شىددەت بىلەن كۆپەيدى، 1990- يىلغا كەلگەندە، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور 1296 غا، كىچىك تىپتىكى تراكتور 4106 غا، تراكتور شوپۇرلىرى 4972 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 4237 رەسمىي شوپۇر، 342 پراكتىكانت شوپۇر، 393 ئۆگەنگۈچى شوپۇر بار. 1990- يىلى، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان تراكتور قۇمۇل شەھىرىدە 2780 گە، باركۆلدە 1145 كە، ئاراتۈرۈكتە 222 گە، ۋىلايەت دائىرىسىدىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈەن- مەيدانلىرىدا 432 گە يەتتى.

**قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1985 ~ 1990- يىللىرىدىكى يېزا ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى**

(شۇ يىلقى باھا بويىچە ھېسابلاندى)

جەدۋەل: 5 – 18 بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| تۈرلەر \ يىل | | 1985 | 1986 | 1987 | 1988 | 1989 | 1990 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ھازىرقى باھادىكى يېزا ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | | 13551 | 15210 | 18182 | 21967 | 21694 | 27826 |
| يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | | 9409 | 9206 | 12454 | 15795 | 14932 | 13732 |
| يېزا سانائىتى | ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | 2177 | 3583 | 2928 | 3488 | 3969 | 6508 |
| | يېزا باشقۇرۇشىدىكى سانائەت مەھسۇلات قىممىتى | 736 | 797 | 807 | 1140 | 2003 | 1963 |
| | كەنت باشقۇرۇشىدىكى سانائەت مەھسۇلات قىممىتى | 879 | 802 | 467 | 485 | 1069 | 2016 |
| | كەنتتىن تۆۋەن سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى | 562 | 1984 | 1654 | 1863 | 897 | 2529 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1352 | 982 | 730 | 976 | 981 | 742 | ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | | يېزا بىناكارلىق كەسپى |
| 990 | 791 | 704 | 933 | 926 | 742 | جەمئىي | بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇشى | |
| 833 | 713 | 629 | 138 | 562 | 717 | ئۆي، ئىمارەت قۇرۇلۇشىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى | | |
| 125 | 61 | 70 | 87 | 364 | 25 | ئېتىز، ئېرىق سۇ ئىنشائاتلىق قۇرۇلۇشى مەھسۇلات قىممىتى | | |
| 32 | 17 | 5 | 108 | | | باشقا بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇشلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى | | |
| 362 | 191 | 26 | 43 | 55 | | مەھسۇلات قىممىتى | باشقا ئاساسىي قۇرۇلۇشلار | |
| 71 | 191 | 26 | 43 | 55 | | بۇنىڭ ئىچىدە: يۆز بەر قۇراشتۇرۇش مەھسۇلات قىممىتى | | |
| 1808 | 1304 | 1230 | 829 | 597 | 641 | ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | | ترانسپورت كەسپى |
| 18 | 7 | 9 | 83 | 133 | 100 | يېزا باشقۇرۇشىدىكى كارخانىلارنىڭ يۈك توشۇش مەھسۇلات قىممىتى | | |
| 30 | 25 | 14 | 9 | 47 | | كەنت باشقۇرۇشىدىكى كارخانىلارنىڭ يۈك توشۇش مەھسۇلات قىممىتى | | |
| 1760 | 1272 | 1207 | 737 | 417 | 541 | يېزىدىن تۆۋەن كارخانىلارنىڭ يۈك توشۇش مەھسۇلات قىممىتى | | |
| 482 | 507 | 724 | 995 | 843 | 582 | ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | | سودا، يېمەكلىك كەسپى |
| 252 | 391 | 554 | 791 | 803 | 469 | مەھسۇلات قىممىتى | سودا كەسپى | |
| 163 | 156 | 289 | 721 | 738 | 184 | بۇنىڭ ئىچىدە: يېزا تەمىنات، سوداكوپېراتىپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى | | |
| 230 | 116 | 170 | 204 | 40 | 113 | مەھسۇلات قىممىتى | يېمەكلىك كەسپى | |
| | | | 4 | 1 | 3 | بۇنىڭ ئىچىدە: يېزا تەمىنات، سوداكوپېراتىپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى | | |

## قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1978 ~ 1990 - يىللىرىدىكى يېزا ئىقتىسادىي كىرىمىنىڭ تەقسىملىنىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 5 – 19

| | | يىل | 1978 | 1979 | 1980 | 1981 | 1982 | 1983 | 1984 | 1985 | 1986 | 1987 | 1988 | 1989 | 1990 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| يېزا ئىقتىسادىي ئومۇمىي كىرىمى (10 مىڭ يۈەن) | | جەمئىي | 3252 | 3663 | 3669 | 3336 | 3520 | 5105 | 6009 | 7213 | 10753 | 141 | 15151 | 15949 | 18030 |
| | يېزا ئىگىلىكى | جەمئىي | 3153 | 3564 | 3530 | 3219 | 3410 | 4957 | 5680 | 5675 | 6730 | 8272 | 9934 | 9849 | 10925 |
| | | تېرىقچىلىق | 1682 | 1956 | 1812 | 1857 | 1956 | 3353 | 3664 | 3783 | 4795 | 6046 | 6969 | 6854 | 8287 |
| | | ئورمانچىلىق | 21 | 27 | 28 | 26 | 22 | 29 | 47 | 36 | 55 | 60 | 63 | 66 | 204 |
| | | چارۋىچىلىق | 283 | 344 | 429 | 441 | 467 | 613 | 674 | 1190 | 1437 | 1942 | 2589 | 2634 | 2195 |
| | | قوشۇمچە كەسىپ | 1167 | 1237 | 1261 | 895 | 965 | 962 | 1295 | 665 | 441 | 224 | 311 | 292 | 236 |
| | | بېلىقچىلىق | | | | | | | | 1 | 2 | | 2 | 3 | 3 |
| | سانائەت | جەمئىي | | | | | | | | 379 | 1963 | 1595 | 2088 | 3248 | 3558 |
| | | بىناكارلىق | | | | | | | | 226 | 632 | 771 | 1081 | 919 | 1141 |
| | | قاتناش-ترانسپورت | | | | | | | | 733 | 753 | 797 | 902 | 931 | 1012 |
| | | سودا، يېمەكلىك كەسپى | | | | | | | | 41 | 281 | 285 | 528 | 231 | 547 |
| | | مۇلازىمەت كەسپى | | | | | | | | 48 | 158 | 206 | 390 | 248 | 454 |
| | | باشقىلار | 99 | 99 | 139 | 117 | 110 | 148 | 141 | 93 | 246 | 215 | 228 | 523 | 393 |
| يېزا ئىقتىسادىي ئومۇمىي خىراجىتى (10 مىڭ يۈەن) | | جەمئىي | 988 | 1092 | 1153 | 1111 | 1048 | 1071 | 1299 | 1772 | 3608 | 3772 | 5419 | 6536 | 7503 |
| | | ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى | 934 | 1035 | 1099 | 1054 | 983 | 1001 | 1224 | 621 | 3196 | 3519 | 4659 | 5870 | 7057 |
| | | باشقۇرۇش خىراجىتى | 12 | 12 | 11 | 11 | 22 | 29 | 38 | 64 | | | | | 298 |
| | | باشقا خىراجەتلەر | 42 | 45 | 43 | 46 | 43 | 41 | 37 | 87 | | | | | 148 |

| | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 10827 | 9413 | 9732 | 8369 | 7145 | 5441 | 4710 | 4034 | 2472 | 2225 | 2515 | 2571 | 2264 | يېزا ئىقتىسادى ساپ كىرىمى (10 مىڭ يۈەن): جەمئىي |
| 477 | 339 | 277 | 180 | 231 | 128 | 79 | 75 | 71 | 67 | 71 | 84 | 78 | دۆلەت بېجى |
| 17 | | | | | | | | | | | | | مۇناسىۋەتلىك تۈرۈملەرگە تاپشۇرغىنى |
| 166 | | | | | | | | | | | | | كارخانىنىڭ تۇرلۇك فوندى |
| 328 | 323 | 307 | 171 | 243 | 115 | 146 | 144 | 223 | 225 | 301 | 333 | 254 | يېزا، كەنت بىر تۇتاش يىغىمى: جەمئىي |
| 222 | 323 | 307 | 171 | 243 | 115 | 146 | 144 | 223 | 225 | 301 | 333 | 254 | كەنت قالدۇرۇش: جەمئىي |
| 88 | | | | | 56 | 91 | 66 | 119 | 133 | 190 | 210 | 176 | ئۇنىڭ ئىچىدە: جامائەت فوندى |
| 38 | | | | | 3 | 36 | 36 | 46 | 43 | 51 | 60 | 29 | پاراۋانلىق فوندى |
| 106 | | | | | | | | | | | | | يېزا (بازار) بىرتۇتاش يىغىمى |
| 9539 | 8731 | 9148 | 8018 | 6671 | 5198 | 4485 | 3815 | 2178 | 1933 | 2144 | 2154 | 1932 | يېزا ئاھالىسىنىڭ ساپ كىرىمى |
| 581 | 539 | 564 | 488 | 412 | 333 | 295 | 270 | 146 | 132 | 144 | 148 | 129 | دېھقانلارنىڭ كىشى بېشى ساپ كىرىمى (يۈەن) |

# سۇچلق

## ئالتىنچى قىسىم

# سۇچىلىق

خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا، قۇمۇلدا ئېچىلغان تېرىلغۇ يەرلەرگە سۇ باشلاپ كېلىنىپ سۇغىرىلدى. قۇمۇل ئاھالىسى ئەينى چاغلاردا قىسقا، ئاددىي ئېرىقلارنى ئېچىپ، بۇلاق ۋە قار سۇلىرىنى باشلاپ زىرائەت سۇغاردى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، قۇمۇل رايونىدا ئېرىق- ئۆستەڭ ئارقىلىق يەر سۇغىرىش ئومۇملاشتى. ئېۋىرغولدا لەشكەرلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەنگە دائىر كەمتۈك كىتابتا «ئۈچ مو يەرگە پۇرچاق، 10 مو يەرگە بۇغداي تېرىلدى»، ئېرىق سۈيى بىلەن سۇغىرىلدى، دېگەن خاتىرىلەر بار. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، قۇمۇلدا ئۆزلەشتۈرۈلگەن بوز يەرلەرنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، كىچىك ئېرىقلاردا باشلاپ كېلىنگەن سۇ ئېھتىياجنى قامدىيالماي قالغاچقا، تاغ سۇلىرىنى بىۋاسىتە باشلاپ كېلىدىغان ئوتتۇرا تىپلىق ئۆستەڭلەر چېپىلىشقا باشلاندى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭجېڭ 12- يىلى (1734- يىلى) چىڭ سۇلالىسىنىڭ لەشكەرلىرى سايىپىشى كۆلىدە 50 مىڭ مو بوز يەر ئېچىپ، ئېدىردىن ئۆستەڭ چېپىپ سۇ باشلاپ كەلدى، بۇنىڭغا 320 مىڭ كۆك سەرپ قىلىندى. داۋگۇاڭ يىللىرىدا، تۆرۈك ئۆستىڭى چېپىلدى، كېيىن ئېرىق- ئۆستەڭلەر رېمونت قىلىنىپ تۇرمىغاچقا، يار ئۆپلىپ كاردىن چىقتى. شيەنفىڭ يىللىرى، شەھەرنىڭ شەرقىدىكى سايىپىشى كۆلى، قىزىلىيۈلغۇن، دۆربەجىن مەھەللىلىرىگە تەگرىتاغدىن قار سۈيىنى باشلاپ كېلىپ، ئېرىق- ئۆستەڭلەرنى راۋانلاشتۇرۇپ، شۇ جايدىكى دېھقانلارنى بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا جەلپ قىلدى. تۇڭجىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى، قۇمۇل ۋاڭى بېشىر ئەمگەك كۈچى يىغىپ، ئۈرغۇن مەبلەغ سېلىپ، كۆكيار ئۆستىڭىنى چاپتۇردى، كېيىن مۇسۇلمانلار قوزغىلىڭى سەۋەبىدىن يېرىم يولدا توختىتىلدى. تۇڭجىنىڭ 13- يىلى (1874- يىلى) زوزۇڭتاڭ شىنجاڭغا قوشۇن باشلاپ كەلگەندە، جاڭياۋ قۇمۇلغا ئورۇنلىشىپ، بوز يەر ئېچىش بىلەن شۇغۇللاندى، ئۇ تۆرۈك كونا ئۆستىڭىنىڭ تېگى قۇم شېغىللىق، سۇنىڭ ئاسان سىڭىپ كېتىدىغانلىقىنى بايقاپ، 100 مىڭ پارچە كىگىزنى ئۆستەڭ تېگىگە باستۇرۇپ، سۇنىڭ سىڭىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. جاڭياۋ يەنە ئېدىر ئۆستىڭى بىلەن كۆكيار ئۆستىڭىنىڭ لاي- لاتقىلىرىنى تازىلاپ، ئېقىن سۈيىنى راۋانلاشتۇردى. جاڭياۋ قۇمۇلنىڭ ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك شارائىتىغا ئاساسەن، نور بىلەن سۇ باشلاش ئۇسۇلىنى ئىجاد قىلدى، «نور ياغاچتىن ياسىلىدۇ، سۇنىڭ يېرىقلاردىن ئېقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن يۇڭ تىقىلىدۇ ياكى نور تېگىگە كىگىز سېلىنىدۇ، نور تاغ باغرىدىن باشلانغان بولۇپ، سۇ نور ئارقىلىق ئۇزۇن قۇملۇقلاردىن ئۆتكۈزۈلۈپ، ئىشلىتىلىدىغان جايغا يەتكۈزۈلىدۇ»، بۇ خىل ئۇسۇلدا 20 مىڭ مو يەرنى سۇغىرىپ، يىلىغا 10 مىڭ دەن ئاشلىق ئالدى. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، زوزۇڭتاڭنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن قۇمۇلدا «مۇداپىئە لاگېرلىرى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولۇش، پۇقرالار بىلەن لەشكەرلەر بىرلىكتە كۈچ چىقىرىش» ۋە «ھۆكۈمەت قەرز بېرىش، خەلق ئۆز كۈچىگە تايىنىش» شەكىللىرىنى قوللىنىپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 60 چاقىرىمدىن ئارتۇق، كەڭلىكى تەخمىنەن 7 ~ 8 چى، چوڭقۇرلۇقى بىر غۇلاچ (جاڭ) تىن ئارتۇقراق ئىككى ئۆستەڭ چاپتى. شۈەنتۇڭ 3- يىلى (1911- يىلى) يېزىلغان «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»

دە خاتىرىلىنىشىچە، ئەينى زاماندا قۇمۇلدا 21 غول ئۆستەڭ، 22 تارماق ئۆستەڭ بولۇپ، ئومۇمىي سۇغىرىلىش كۆلىمى 70 مىڭ مودىن ئاشقان. مىنگونىڭ 29- يىلى (1940- يىلى) ئىلى ئالدى- كەينىدە، قۇمۇلدىكى ئېرىق- ئۆستەڭ 46 غا، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 666 كىلومېتىرغا يېتىپ، سۇغىرىش ئومۇمىي كۆلىمى 92 مىڭ 375 موغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، تاغ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان يەر 27 مىڭ 975 مو، بۇلاق سۈيى بىلەن سۇغىرىلىش كۆلىمى 42 مىڭ مو، كارىز سۈيى بىلەن سۇغىرىلىش كۆلىمى 22 مىڭ 370 مو بولدى. مىنگونىڭ 27 ~ 31- يىللىرى (1938 ~ 1942- يىللىرى) شېڭ شىسەي قۇمۇل تۆرۈك ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىغا 120 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجراتتى (ئۆلكە پۇلى ئاجراتتى، يەرلىك ھۆكۈمەت بىلەن خەلق بىرلىشىپ چاپتى)، يەنە كىچىك تىپتىكى ئېتىز- ئېرىق قۇرۇلۇشىغا خىراجەت ئاجرىتىپ، ئالدى بىلەن ئۈرۈمچى، قۇمۇل ۋە قاراشەھەر ئۈچ رايوندىكى كونا ئېرىق- ئۆستەڭلەرنى رېمونت قىلدۇردى، بۇنىڭغا جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى 6 مىليون يۈەن ئالتۇن دوللار قەرز پۇل ياردەم بەردى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن دۆلەت كۈچى ۋە ئاممىنىڭ مەبلەغ توپلىشىغا تايىنىپ زور كۆلەملىك سۇچىلىق قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلدى. 1990- يىلغا قەدەر سۇچىلىق، سۇ- ئېلېكتر قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئاجرىتىلغان ئومۇمىي مەبلەغ 148 مىليون 786 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئاجراتقىنى 92 مىليون 88 مىڭ يۈەن (قۇمۇل شەھىرى 56 مىليون يۈەن، باركۆل ناھىيىسى 31 مىليون يۈەن، ئاراتۈرۈك ناھىيىسى 8 مىليون 88 مىڭ يۈەن).

# I باب

# ئاپپاراتلار

## §1. مەمۇرىي ئاپپاراتلار

### 1. مىنگو دەۋرىدىكى ئاپپاراتلار

مىنگونىڭ 24- يىلى (1935- يىلى) شىنجاڭدا يېڭى سىياسەت يۈرگۈزۈلدى، ۋىلايەت، ناھىيىلەردە قۇرۇلۇش بۆلۈملىرى تەسىس قىلىنىپ، ئاساسلىقى سۇ ئىشلىرى قاتارلىق ئىشلارنى باشقۇردى، ناھىيىدە سۇچىلىق ھەيئىتى تەسىس قىلىندى، ئاز بىر قىسىم جايلاردا دېھقان بېشى كۆك بېشلىق ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆتىدى.

مىنگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى) 6- ~ 8 - ئايلاردا، ۋىلايەت، ناھىيىدە قۇرۇلۇش باشقارمىسى (بۆلۈمى) تەسىس قىلىنىپ، ئاساسلىقى سۇچىلىق قۇرۇلۇشى ۋە سۇغىرىش ئىشلىرىنى باشقۇردى.

### 2. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئاپپاراتلار

1) ۋىلايەتتىكى ئاپپاراتلار 1950- يىل 6- ئايدا ۋالىي مەھكىمىسىدە قۇرۇلۇش بۆلۈمى تەسىس قىلىندى،

1956- يىل 12- ئايدا بۇ بۆلۈم دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلىپ، سۇچىلىق ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇردى.

1958- يىل 10- ئايدا ۋالىي مەھكىمىسىدە سۇچىلىق بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. 1962- يىل 2- ئايدىن 1966- يىل 5- ئايغىچە ۋىلايەتلىك سۇچىلىق ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1969- يىل 3- ئاينىڭ 18- كۈنى قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى، قارمىقىدا دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىنىپ، سۇچىلىق ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇردى.

1974- يىلى ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق گۇرۇپپىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ۋىلايەتلىك سۇ - ئېلېكتىر ئىدارىسى قۇرۇلدى، قارمىقىدا ئىككى بۆلۈم، بىر ئىشخانا (ئېتىز- ئېرىق سۇ ئىنشائاتى بۆلۈمى، سۇ- ئېلېكتىر قۇرۇلۇشى بۆلۈمى ۋە ئىشخانا) تەسىس قىلىندى. 1984- يىل 1- ئاينىڭ 5- كۈنى ۋىلايەتلىك سۇ - ئېلېكتىر ئىدارىسى ۋىلايەتلىك سۇچىلىق باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

2) ناھىيە، شەھەرلىك سۇچىلىق ئىدارىلىرى 1959- يىل 12- ئايدا قۇمۇل ناھىيىسىدە سۇچىلىق بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1983- يىلى سۇ ئىنشائاتى ئېلېكتىر قۇۋۋىتى بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1984- يىلى قۇمۇل ناھىيىسى بىلەن قۇمۇل شەھىرى بىرلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، قۇمۇل شەھەرلىك سۇ- ئېلېكتىر ئىدارىسى قۇرۇلدى.

1959- يىلى باركۆل ناھىيىسىدە سۇچىلىق بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، 1985- يىلى سۇ- ئېلېكتىر ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

1959- يىلى ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە سۇچىلىق بۆلۈمى، 1979- يىلى سۇ- ئېلېكتىر بۆلۈمى قۇرۇلدى، 1984- يىلى سۇ- ئېلېكتىر ئىدارىسى قۇرۇلدى.

3. ۋاقىتلىق ئاپپاراتلار

**(1) ۋىلايەت، ناھىيەلەرنىڭ ئېتىز- ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا قوماندانلىق قىلىش ئاپپاراتى.** 1975- يىلى ۋىلايەت، ناھىيەلەردە ئېتىز- ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى قوماندانلىق باش شتابى قۇرۇلۇپ، قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى، ئېتىز- ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى بىر تۇتاش باشقۇردى.

**(2) «بەشتە ياخشى» قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى.** 1986- يىلى ۋىلايەتتە «بەشتە ياخشى» قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىنىپ، ۋىلايەتنىڭ «ياخشى سالا ئېتىز بولۇش، ياخشى ئېرىق- ئۆستەڭ بولۇش، ياخشى ئورمان بەلۋېغى بولۇش، ياخشى يول بولۇش، ئاھالىنىڭ ياخشى ئولتۇراق ئۆيى بولۇش» قۇرۇلۇشىنىڭ پىلان لايىھىسىگە مەسئۇل بولدى.

**(3) ۋىلايەتلىك كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش قوماندانلىق شتابى.** 1974- يىلى ۋىلايەتلىك كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش، قۇدۇق قېزىشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىنىپ، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش ۋە قۇدۇق قېزىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى.

**(4) ئۆتۈكتىلىق قۇرۇلۇشلارغا قوماندانلىق قىلىش ئاپپاراتى.** 1975- يىل 3- ئايدا تۆرۈك سۇ ئامبىرىنى تەكشۈرۈپ لايىھەلەشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. ئىش باشلانغاندا، تۆرۈك سۇ ئامبار قۇرۇلۇشىغا قوماندانلىق قىلىش باش شتابى تەشكىللەندى.

(5) باشقىلار. 1962- يىلى قۇمۇل سەكرادىن سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى كومىتېتى قۇرۇلدى، قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى.

## §2. كەسپىي ئاپپاراتلار

1- ۋىلايەتنىڭ سۇ باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى

1951- يىلى ۋىلايەت، ناھىيە، رايون، يېزا، كەنتلەردە سۇ باشقۇرۇش، سۇ ئىنشائاتى كومىتېتلىرى قۇرۇلدى ياكى مەلۇم ئېرىق- ئۆستەڭ سىستېمىسىنى باشقۇرۇش كومىتېتلىرى قۇرۇلدى. كېيىن، باشلانغۇچ كوپېراتىپ قارمىقىدا سۇ ئىنشائاتى ھەيئىتى تەسىس قىلىندى؛ گۇڭشېلاردا سۇ باشقۇرۇش كومىتېتى تەسىس قىلىنىپ، بىر مۇئاۋىن مۇدىر سۇچىلىق خىزمىتىنى مەخسۇس باشقۇردى؛ ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىدە باشقۇرۇش خادىمى سەپلەندى. 1960- يىللارنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرلىرىدا سۇ باشقۇرۇش پونكىتلىرى، 1970- يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 1980- يىللارنىڭ باشلىرىغىچە چوڭراق سۇ سىستېمىلىرىدا سۇ باشقۇرۇش ئورنى قۇرۇلۇپ، مەمۇرىي سۇ نازارەتچىسى قويۇلدى.

1) تۇرۇك ئېقىن ۋادىسى باشقارمىسى

1979- يىل 11- ئايدا قۇرۇلدى، مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىك ئورۇن قىلىپ بېكىتىلىپ، 83 شتات بېرىلدى. 1990- يىلىدىكى ئىشچى- خىزمەتچىسى 92 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 32 كادىر (تېخنىك كادىر 31)، 60 ئىشچى (ئوچ ئالىي دەرىجىلىك تېخنىك ئىشچى) بار.

2) ۋىلايەتلىك يەر ئاستى سۈيى خىزمەت ئەترىتى

1986- يىل 12- ئايدا قۇرۇلدى، رايون دەرىجىلىك. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىشچى- خىزمەتچى سەككىز بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بىر ئىنژېنېر بار.

3) ۋىلايەتلىك سۇغىرىش تەجرىبە پونكىتى

1981- يىلى قۇمۇل شەھەر رايونىدىن 10 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى سېمونت زاۋۇتىنىڭ غەربىدىن 1300 مو بوز يەر ئاجرىتىلىپ، ۋىلايەتلىك سۇغىرىش تەجرىبە پونكىتى ۋە بېلىقچىلىق مەيدانى قۇرۇلدى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرى، ئىشچى- خىزمەتچى 25 كە يەتتى (رايون دەرىجىلىك).

4) سۇچىلىق، سۇ- ئېلېكتر ئۆلچەش- لايىھىلەش ئورنى

1977- يىل 7- ئايدا ۋىلايەتلىك سۇچىلىق، سۇ- ئېلېكتر ئىشلىرىنى پىلانلاش، چارلاش، لايىھىلەش ئەترىتى قۇرۇلدى (رايون دەرىجىلىك). 1987- يىلىدىكى ئىشچى- خىزمەتچى 64 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بىر ئالىي ئىنژېنېر، توققۇز ئىنژېنېر بار. بۇ ئورۇن ۋىلايەتنىڭ سۇچىلىق، سۇ- ئېلېكتر قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمەتلىرىگە يەنى سۇ ئىشلىرى، سۇ- ئېلېكتر قۇرۇلۇشلىرىنى پىلانلاش، ئۆلچەش، چارلاش ۋە قۇرۇلۇشنى لايىھىلەش قاتارلىق خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولدى. 1990- يىلى لايىھىلىگەن باركۆل ناھىيىسى سەككىزسالا چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ ئىچىملىك سۈيىنى باشلاش قۇرۇلۇشى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن 3- دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر قۇرۇلۇش لايىھىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

5) سۇ مەمۇرىيىتى، سۇ بايلىقى ئىشخانىسى

1990- يىلى 2- ئايدا قۇرۇلدى (رايون دەرىجىلىك)، 15 شتات بېرىلدى.

6) ئارمىيە- خەلق سۇ باشقۇرۇش پونكىتى

1955- يىلى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ 5- شىسى بىلەن يەرلىك بىرلىكتە ئارمىيە- خەلق سۇ باشقۇرۇش پونكىتى قۇردى، كېلىشىم بويىچە نىسبەتلىك سۇ تەقسىم قىلىپ ئىشلەتتى.

2. ناھىيە، شەھەرنىڭ سۇ باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى

ناھىيەلەرنىڭ سۇ باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى 1950- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى قۇرۇلدى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرى ۋىلايەت بويىچە ئاساسىي قاتلام سۇ باشقۇرۇش ئورۇنلىرى 36 غا، ئىشچى- خىزمەتچىسى 388 گە يەتتى. شۇ يىلى، ۋىلايەتنىڭ ئېرىق- ئۆستەڭ، سۇ ئامبارلىرى قاتارلىق قۇرۇلۇشلار سۇ باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئىشلىتىلگەن سۇغا قاراپ ھەق ئېلىش يولغا قويۇلدى.

**قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1990- يىلىدىكى ئاساسىي قاتلام سۇ باشقۇرۇش ئورۇنلىرىغا دائىر مەلۇمات**

جەدۋەل: 6 – 1

| نامى | ئاساسىي قاتلام سۇ باشقۇرۇش ئورۇنلىرى | ئىشچى- خىزمەتچىلەر سانى (ئادەم) | | | | يىللىق ئومۇمىي كىرىم (تۈمەن يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە | | | |
| | | | ئىشچى | مەمۇرىي كادىر | تېخنىك كادىر | |
| قۇمۇل شەھىرى | 15 | 205 | 156 | 46 | 3 | 18.82 |
| باركۆل ناھىيىسى | 12 | 65 | 37 | 23 | 5 | 9.29 |
| ئاراتۈرۈك ناھىيىسى | 7 | 22 | 18 | 2 | 2 | 1.51 |
| ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار | 2 | 96 | 72 | 16 | 8 | 8.53 |
| جەمئىي | 36 | 388 | 283 | 87 | 18 | 38.15 |

## §3. كارخانا ئاپپاراتلىرى

1. ۋىلايەتلىك سۇ ئىشلىرى، سۇ- ئېلېكتر ماددىي ئەشيالىرى بىلەن تەمىنلەش پونكىتى

1975- يىلى 7- ئايدا قۇرۇلدى (رايون دەرىجىلىك). 1990- يىلى ئىشچى- خىزمەتچىسى 19 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۆت كادىر بار، يىللىق ئايلانما مەبلىغى 170 مىڭ ~ 210 مىڭ يۈەن، يىللىق ئوتتۇرىچە سېتىپ چىقىرىش سوممىسى 2 مىليون يۈەن ئەتراپىدا، يىللىق يۇقىرىغا تاپشۇرىدىغان پايدىسى 40 مىڭ ~ 50 مىڭ يۈەن.

2. قۇمۇل ۋىلايەتلىك سۇچىلىق قۇرۇلۇش ئەترىتى

1985- يىلى قۇرۇلدى، 1990- يىلنىڭ ئاخىرىسىدىكى ئىشچى- خىزمەتچىسى 42 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تولۇقلۇق كادىر بار، قۇرۇلۇش تۈرى ئاز، قەرزى كۆپ بولغانلىقتىن، زىيان تارتقان كارخانىلار قاتارىدا.

# باب II

# سۇ ئىنشائاتلىرى

## §1. سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى

### 1. ئېرىق- ئۆستەڭلەر

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭپىڭ 16- يىلى (مىلادى 73- يىلى) ئىۋۇرغولنى ئىچىش ئۈچۈن ئىۋۇرغول كاھىيگى تەيىنلەپ، بوز يەر ئېچىلدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ جىنگۇەن 4- يىلى (630- يىلى) مۇ تاڭ خانىدانلىقى ئىۋۇرغولدا بوز يەر ئاچتى. ئىۋۇرغول تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىكى سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىدىكى نۇقتىلىق رايون بولدى، ئېچىلغان بوز يەرلەر ئېرىق- ئۆستەڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلدى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، بوز يەر ئېچىش كۆلىمى كېڭەيتىلىپ، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىلدى. يۇڭجېڭ يىللىرى (1723 ~ 1735- يىلىغىچە)، قۇمۇل شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى تۆمۈرتىدىن چۈشكەن سۇ ئىككىگە بۆلۈندى، شەرققە ئاققان سۇ بىلەن سايىپشى كۆلىدىكى ئېتىزلىقلار سۇغىرىلدى. چيەنلۇڭ 29- يىلى (1764- يىلى) باركۆلدە 2000 غۇلاچ ئۆستەڭ چېپىلدى، بۇنىڭ بىلەن كارۋانلار ئارقا- ئارقىدىن بوز يەر ئېچىشقا كېلىشكە باشلىدى. چيەنلۇڭ 32- يىلى (1767- يىلى) چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىشتىن توختىتىلغان ئەمەلدارى چېن ۋېنشۇ، شەن جىياڭ، چېن چيۇەنجۇن قاتارلىقلار ئۆز ئال قىلىنغان دېلو بىلەن باركۆلگە چۈشۈرۈۋېتىلگەندە، دېھقانلارغا باشلامچىلىق قىلىپ بوز يەر ئاچتى، 3000 گەز ئېرىق چاپتى، ئىككى چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتا تاش توسما ياسىدى. داۋگۇاڭنىڭ 27- يىلى (1847- يىلى) قىزىلىيۇلغۇننىڭ كونا ئېرىقى رېمونت قىلىندى، يېڭىدىن ئۇزۇنلۇقى 28 گەز، ئېگىزلىكى بەش چى، قېلىنلىقى سەككىز چى كېلىدىغان توغان ياساپ، ئىككى جايدا توما ئورۇنلاشتۇردى. تۇڭجى يىللىرىنىڭ دەسلىپىدە، قۇمۇل مەھكىمىسىدە تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەر ئېرىق چېپىپ، شەھەرنىڭ شىمالىدىكى سايىپشى كۆلى، دۇربەجىن، قىزىلىيۇلغۇنغا سۇ باشلىدى؛ جاڭ ياۋ تۆرۈك ئۆستىڭىنى چاپتۇردى، ياساۋۇل بەگ شۇ جەنبياۋ باركۆلدىكى داجۇڭ ئۆستىڭىنى چاپتۇردى. گۇاڭشۈ 3- يىلى (1877- يىلى) قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق لەشكەرلەر شەرقتىن شىمالغا سوزۇلغان تۆرۈك ئۆستىڭىنى چاپتى، كۆشۈتىدىن سۇ باشلاپ كەلدى، نەچچە 10 چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتىكى ئېرىققا كىگىز ياتقۇزۇپ زور چىقىم قىلدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ يىللىرى باركۆل بىۋاستە قاراشلىق مەھكىمىدە 36 غول ئۆستەڭ، 20 تارماق ئۆستەڭ بولۇپ، سۇغىرىش كۆلىمى 41 مىڭ 100 مو بولدى.

قۇمۇل بىۋاستە قاراشلىق مەھكىمىدە 21 غول ئۆستەڭ، 23 تارماق ئۆستەڭ بولۇپ، سۇغىرىش كۆلىمى 22

مىڭ 500 مو بولدى.

مىنگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى) باركۆل ناھىيىسىدە 34 غول ئۆستەڭ، 24 تارماق ئۆستەڭ بولۇپ، سۇغىرىش كۆلىمى 41 مىڭ 100 مو بولدى؛ قۇمۇل ناھىيىسىدە 21 غول ئۆستەڭ، 23 تارماق ئۆستەڭ بولۇپ، سۇغىرىش كۆلىمى 19 مىڭ 200 مو بولدى.

مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى) تۆرۈك ئۆستىڭى يېڭىدىن چېپىلىپ، باشلاپ كېلىنگەن سۇنىڭ مىقدارى ئۈچ سېكۇنت/كۇب مېتىر، سۇغىرىش كۆلىمى 30 مىڭ مو بولۇپ، قۇرۇلۇش ئۈچۈن 30 مىڭ يۈەن ( تۆلكە پۇلى) خەجلەندى. مىنگونىڭ 30- يىلى (1941- يىلى) قۇرۇلۇش تاماملاندى.

مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى) قۇمۇل رايونى (9- رايون) دىكى تۆت ناھىيە، ئىدارىنىڭ 46 ئۆستىڭى بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 666 كىلومېتىر، سۇغىرىش كۆلىمى 174 مىڭ 800 مو بولدى.

مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) ھەر قايسى ناھىيىلەرگە قوشۇمچە ياردەم پۇلى بىلەن قەرز تارقىتىپ بېرىلدى. ئاراتۈرۈك ناھىيىسى كارىز ۋە ئېرىق- ئۆستەڭلەرنى رېمونتلاش ئۈچۈن 3 مىليون يۈەن (تۆلكە پۇلى)، قۇمۇل ناھىيىسى كارىزلارنى رېمونتلاش ئۈچۈن 3 مىليون 500 مىڭ يۈەن (تۆلكە پۇلى) قەرز ئالدى.

**مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) دىكى قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئېرىق- ئۆستەڭلەرنىڭ سانى، ئۇزۇنلۇقى، كەڭلىكى**

جەدۋەل: 6 – 2

| ناھىيە نامى | ئېرىق- ئۆستەڭ سانى | ئۇزۇنلۇقى (كىلومېتىر) | ئوتتۇرىچە كەڭلىكى (مېتىر) | ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى (مېتىر) |
|---|---|---|---|---|
| قۇمۇل ناھىيىسى | 6 | 144 | 3.4 | 1.9 |
| باركۆل ناھىيىسى | 32 | 319 | 1.9 | 1.3 |
| ئاراتۈرۈك ناھىيىسى | 8 | 233 | 0.6 | 3.0 |
| جەمئىي | 46 | 696 | | |

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن 1951- يىلى يەرلىك بىلەن ھەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش جەڭچىلىرى قۇمۇل قىزىلىيۇلتۇز 1-، 2- تاش ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىنى باشلىدى. 1952- يىلى بىڭتۇەن ھەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش جەڭچىلىرى چېپچەك ئاۋات ۋە قوشتىكەننى ئېچىش ئۈچۈن سېمونت بىلەن ئاتاقلىق قىزىلىيۇلتۇز 1-، 2- تاش ئۆستەڭلىرىنى ياسىدى. 1959- يىلىدىن باشلاپ ھەر خىل ئۆستەڭلەردىن 6039 كىلومېتىر ياسىدى، بۇنىڭ ئىچىدە، سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ 1285 كىلومېتىر بولۇپ، 21% نى ئىگىلەيدۇ؛ تۆۋەن بېسىملىق سۇ باشلاش تۇرۇبا لىنىيىسى 23.56 كىلومېتىر، تېزگىنلىنىدىغان ئومۇمىي سۇغىرىش كۆلىمى 4200 مو.

1965- يىلى باركۆل ناھىيىسىنىڭ سېمونت تاختاي ياتقۇزۇلغان 4.4 كىلومېتىرلىق پىيازلىق غول ئۆستىڭى پۈتتى.

1966- يىلى قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ بوغاز ئۆستىڭى (سېمونت تاختايلىق) ۋە باركۆل ناھىيىسىنىڭ شەرقىي قاراغول غول ئۆستىڭى، شياۋكۇ ئۆستىڭى پۈتتى، ھەممىسىگە تاش تىزىلىپ سېمونت لاي بېرىلدى. ئۈچ ئۆستەڭنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 27.7 كىلومېتىر.

1968- يىلى باركۆل ناھىيىسىنىڭ قاراغول باش ئۆستىڭى، بۇغىشارال غول ئۆستىڭى، چوڭ ئاياۋلى غول ئۆستىڭى، كىچىك ئاياۋلى غول ئۆستىڭى (يۇقىرىقىلارغا تاش تىزىلىپ، سېمونت لاي بېرىلدى)، باركۆل بۇغاباس غول ئۆستىڭى؛ كۆركىباي داراسى غول ئۆستىڭى، سازلىق غول ئۆستىڭى (يۇقىرىقىلارغا سېمونت تاختاي ياتقۇزۇلدى) پۈتتى. يۇقىرىقى يەتتە ئۆستەڭنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 64.73 كىلومېتىر. 1969- يىلى 15 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى باركۆل قايراقتى غول ئۆستىڭى پۈتتى.

1970- يىللارنىڭ دەسلىپىدە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ تەسىرى بىلەن، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى بىر مەھەل توختاپ قالدى. 1972- يىلى، 30 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى نوم غول ئۆستىڭى پۈتتى.

1974- يىلى ئۇزۇنلۇقى 7.5 كىلومېتىر كېلىدىغان باركۆل ناھىيىسىنىڭ لىجاگۇ (لى ئائىلىسى) تاش ئۆستىڭى پۈتتى.

1975- يىلى قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ قالغايتى غول ئۆستىڭى (سېمونت تاختايلىق)، باركۆلنىڭ چىلىك دەرياسى سېمونت تاختايلىق ئۆستىڭى، كۆيىۇ (كىندىك تۆپە) ئۆستىڭى، قوش ئارال غول ئۆستىڭى ۋە ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ ئۆركەي غول ئۆستىڭى پۈتتى، يۇقىرىقى ئۆستەڭلەرنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 46.1 كىلومېتىر.

1976 ~ 1977- يىلىغىچە باركۆل شىتيەندى ساي غول ئۆستىڭى، كۆكيار غول ئۆستىڭى، ياغداۋان غول ئۆستىڭى، ئاراتۈرۈك بۇرۇسۇن غول ئۆستىڭى، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ئۇلاناي غول ئۆستىڭى قاتارلىق تاش ئۆستەڭلەر پۈتكۈزۈلدى. يۇقىرىقى ئالتە ئۆستەڭنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 31.7 كىلومېتىر. يەنە ئاراتۈرۈكنىڭ قوتو غول ئۆستىڭىگە 9.4 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا تاش تىزىلدى. 1980- يىلى ئاراتۈرۈكنىڭ باي سېمونت تاختايلىق غول ئۆستىڭى ۋە باركۆل ناھىيىسىنىڭ ئۈچكۆل تاش ئۆستىڭى پۈتتى. ئىككى ئۆستەڭنىڭ ئۇزۇنلۇقى 7.5 كىلومېتىر.

قۇمۇل ۋىلايىتىدە 1990- يىلىغىچە جەمئىي 122 ئۆستەڭ پۈتكۈزۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل شەھىرىدە 29، باركۆل ناھىيىسىدە 70، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە 23 ئۆستەڭ ياسالدى؛ پايدىلىنىش كوئېففىتسېنتى ئايرىم- ئايرىم ھالدا 60%، 30%، 45% بولدى. ۋىلايەت بويىچە 10 مىڭ مودىن ئارتۇق يەرنى سۇغىرالايدىغان غول ئۆستەڭ 26 بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 517.03 كىلومېتىر، ئەمەلىي سۇ ئاقتۇرۇش ئىقتىدارى 81.6m³/s ، ئەمەلىي سۇغىرىش كۆلىمى 660 مىڭ 300 مو.

1. قۇمۇل شەھىرىدىكى غول ئۆستەڭلەر

قۇمۇل شەھىرىدە 10 مىڭ مودىن ئارتۇق يەرنى سۇغىرالايدىغان غول ئۆستەڭدىن 10 ى بار. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 263.5 كىلومېتىر، ئەمەلىي سۇ ئاقتۇرۇش ئىقتىدارى 42.4 m³/s ، ئەمەلىي سۇغىرىش كۆلىمى 322 مىڭ 400 مو.

(1) قىزىلبۇلتۇز 1- ئۆستىڭى. سۇيى نېرىن غولدىن كېلىدىغان قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بۇ ئۆستەڭ 1952- يىلى پۈتتى، ئۇنى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 6- جۇن 16- شىسى ياسىدى. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 32 كىلومېتىر، ئەمەلىي سۇ ئاقتۇرۇش ئىقتىدارى 7 m³/s. 1959- يىلى قىزىلبۇلتۇز 1- ئۆستىڭىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا تۇتىشىدىغان ياشلار تارماق ئۆستىڭى ياسالدى. كېيىن يەنە سەككىز كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا غەربىي ئۆستەڭ ياسالدى. 1980- يىللارنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، قىزىلبۇلتۇز 1- ئۆستىڭى ئۇزۇن يىل رېمونت قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈن، سۇنىڭ سىڭىپ كېتىش ئەھۋالى ئېغىرلاشتى. 1985- يىلى 19 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى قىسمى ئۆزگەرتىپ ياسالدى، ئومۇمىي سۇغىرىش كۆلىمى 152 مىڭ 400 مو ئىچىدە تىزگىنلەندى.

(2) **ئېدىر ئۆستىڭى.** سۈيى تەگۇرتاغ ئېدىر غولىدىن كېلىدىغان قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بۇ ئۆستەڭنىڭ ئۇزۇنلۇقى 20.5 كىلومېتىر، ئەمەلىي سۇ ئاقتۇرۇش ئىقتىدارى $4.5\ m^3/s$ بولۇپ، سۈيى قىزىلبۇلتۇز 1- ئۆستەڭگە قويۇلىدۇ. 1985- يىلى، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئەسلىھەلىرى ياسالدى.

(3) **بامۇدۇن ئۆستىڭى (قىزىلبۇلتۇز 4- ئۆستىڭى).** قۇمۇل شەھىرى بۇلۇڭتوغراق يېزىسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. ئۆستەڭنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 28 كىلومېتىر، ئەمەلىي سۇ ئاقتۇرۇش ئىقتىدارى $3.5\ m^3/s$، سۇغىرىش كۆلىمى 10 مىڭ مودىن ئارتۇق. 1961- يىلى دېھقانچىلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى قىسىملار ياساپ پۈتتۈردى.

(4) **چولاق قوشماق ئۆستىڭى، كىچىك قوشماق ئۆستىڭى.** قۇمۇل شەھىرىنىڭ تاشبۇلاق رايونىدا بولۇپ، تاشبۇلاقنىڭ تاغ سۇلىرىنى باشلاپ كېلىش ئۈچۈن 1977- يىلى ياسىلىپ پۈتكۈزۈلدى. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 16 كىلومېتىر، ئەمەلىي سۇ ئاقتۇرۇش ئىقتىدارى $4\ m^3/s$، ئەمەلىي سۇغىرىش كۆلىمى 15 مىڭ مو.

(5) **ئۇلاتاي ئۆستىڭى.** تاشبۇلاق تاغ سۈيىنى باشلاش ئۈچۈن ياسىغان بۇ ئۆستەڭنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 15 كىلومېتىر، ئەمەلىي سۇ ئاقتۇرۇش ئىقتىدارى $3\ m^3/s$، ئەمەلىي سۇغىرىش كۆلىمى 12 مىڭ مو. 1968- يىلى پۈتتى.

(6) **قىزىلبۇلتۇز 2- ئۆستىڭى (كۆكيار ئۆستىڭى).** قۇمۇل شەھىرى غەربىتاغ كۆكيار غولىنىڭ سۈيىنى باشلاش ئۈچۈن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 6- جۇن 16- شىسى ياسىدى. 1953- يىل 3- ئايدا پۈتتى. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 37.4 كىلومېتىر، ئەمەلىي سۇ ئاقتۇرۇش ئىقتىدارى $4.8\ m^3/s$، ئەمەلىي سۇغىرىش كۆلىمى 27 مىڭ مو، بۇ قىزىلبۇلتۇز 2- مەيدانى مەخسۇس پايدىلىنىدىغان ئۆستەڭ.

(7) **بوگۇر 2- ئۆستىڭى.** قۇمۇل شەھىرىنىڭ توغۇچى بىلەن قارادۆۋە ئارىلىقىدىكى بۇ ئۆستەڭ قارادۆۋە يېزىسىنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان ئاساسلىق ئۆستەڭ ھېسابلىنىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 27 كىلومېتىر، ئەمەلىي سۇ ئاقتۇرۇش ئىقتىدارى $0.6\ m^3/s$، ئەمەلىي سۇغىرىش كۆلىمى 12 مىڭ مو، 1959- يىلى ياسالدى، 1975- يىلى قايتىدىن ياسالدى.

(8) **ئارىتام ئۆستىڭى.** ساقا دېھقانچىلىق مەيدانىدا بولۇپ، ئارىتام غولىنىڭ سۈيىنى باشلاش ئۈچۈن ياسالدى، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 32 كىلومېتىر، ئەمەلىي سۇ ئاقتۇرۇش ئىقتىدارى $5\ m^3/s$، ئەمەلىي سۇغىرىش كۆلىمى 32 مىڭ مو، ساقا دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ مەخسۇس ئۆستىڭى. 1964- يىلى پۈتتى.

(9) **بەكىنغول ــ سەكرا ئۆستىڭى.** دۆبەجىن دېھقانچىلىق مەيدانىدا بولۇپ، بەكىنغول، سەكرانىڭ سۈيىنى باشلاش ئۈچۈن 1966- يىلى ياسالدى. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 38 كىلومېتىر، ئەمەلىي سۇ ئاقتۇرۇش ئىقتىدارى $4\ m^3/s$، ئەمەلىي سۇغىرىش كۆلىمى 24 مىڭ مو.

(10) **خارتا ئۆستىڭى.** قىزىلبۇلتۇز 2- چارۋىچىلىق فېرمىسىدا بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 12 كىلومېتىر، لايىھەدىكى سۇ ئاقتۇرۇش ئىقتىدارى $1\ m^3/s$، ئەمەلىي سۇغىرىش كۆلىمى 10 مىڭ مو، 1981- يىلى پۈتتى.

2) **باركۆلدىكى ئۆستەڭلەر.** باركۆل تەۋەسىدە 10 مىڭ مودىن ئارتۇق يەرنى سۇغىرالايدىغان 14 ئۆستەڭ بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 211.53 كىلومېتىر، ئەمەلىي سۇ ئاقتۇرۇش ئىقتىدارى $38.7\ m^3/s$، ئەمەلىي سۇغىرىش كۆلىمى 304 مىڭ 900 مو.

(1) **كۆيسۇ ئۆستىڭى.** كۆيسۇغولىدىكى سۇنى باشلاش ئۈچۈن 1958- يىلى ئىش باشلىنىپ، 1967- يىلى ئۆزگەرتىلىپ، 1975- يىلى پۈتتى. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 7.1 كىلومېتىر، ئەمەلىي سۇ ئاقتۇرۇش ئىقتىدارى $4\ m^3/s$، ئەمەلىي سۇغىرىش كۆلىمى 16 مىڭ مو.

(2) **كۆكيار ئۆستىڭى، ماگۇ ئۆستىڭى.** ئورنى باركۆلنىڭ جەنۇبىي تېغىدا. كۆكيار ۋە ماگۇنىڭ سۈيىنى باشلاش ئۈچۈن 1960- يىلى ياسىلىپ، قىزىلبۇلتۇز چارۋىچىلىق فېرمىسى مەشغۇلات پونكىتى بىلەن كۆيسۇ گۇڭشېسى ئورتاق پايدىلاندى. شەرق تەرەپتىكى ماگۇ ئۆستىڭىنى قىزىلبۇلتۇز چارۋىچىلىق فېرمىسى مەشغۇلات پونكىتى ياسىدى،

ئۇزۇنلۇقى 8.8 كىلومېتىر، سۇ ئاقتۇرۇش ئىقتىدارى 3.5 $m^3/s$، سۇغىرىش كۆلىمى 12 مىڭ 300 مو، غەربتىكى كۆكيار ئۆستىڭىنى كوۋسۇ كۆكشىپىسى ياسىدى، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 7.1 كىلومېتىر، ئەمەلىي سۇ ئاقتۇرۇش ئىقتىدارى 1.2 $m^3/s$، ئەمەلىي سۇغىرىش كۆلىمى 13 مىڭ مو، 1977- يىلى پۈتتى.

(3) **شىرىنزا (بالبال) ئۆستىڭى.** شىرىنزىنىڭ غول سۇيى باشلاپ كېلىنگەن بۇ ئۆستەڭنىڭ ئۇزۇنلۇقى 7.5 كىلومېتىر، ئەمەلىي سۇ ئاقتۇرۇش ئىقتىدارى 2.5 $m^3/s$، ئەمەلىي سۇغىرىش كۆلىمى 16 مىڭ مو، 1964- يىلى پۈتكەن.

(4) **غەربىي قاراغول ئۆستىڭى.** ئورنى باركۆل ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدە بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 15 كىلومېتىر، 1968- يىلى پۈتتى، ئەمەلىي سۇ ئاقتۇرۇش ئىقتىدارى 8 $m^3/s$، ئەمەلىي سۇغىرىش كۆلىمى 32 مىڭ مو. 1986- يىلى، ئۆستەڭنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى 4.5 كىلومېتىر جايدا بىر غەربىي غول ئۆستەڭ ياسىلىپ، كۆلياقا يېزىسىنىڭ 7000 مولۇق يېرىنى سۇغىرىشقا ئاپىرىپ بېرىلدى.

(5) **شەرقىي قاراغول ئۆستىڭى.** باركۆل ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي تېغىغا جايلاشقان، ئۇزۇنلۇقى 12.7 كىلومېتىر، ئەمەلىي سۇ ئاقتۇرۇش ئىقتىدارى 3 $m^3/s$، ئەمەلىي سۇغىرىش كۆلىمى 22 مىڭ مو، 1966- يىلى پۈتتى.

(6) **سازلىق غول ئۆستىڭى.** باركۆل ناھىيىسى كۆكقىر تېغىنىڭ جەنۇبىي باغرىدا. ئۇزۇنلۇقى ئالتە كىلومېتىر، ئەمەلىي سۇ ئاقتۇرۇش ئىقتىدارى 1.4 $m^3/s$، ئەمەلىي سۇغىرىش كۆلىمى 15 مىڭ 100 مو، 1968- يىلى پۈتتى.

(7) **كىچىك چاڭگىزلىق غول ئۆستىڭى.** ئورنى باركۆل ناھىيىسى كۆكقىر تېغىنىڭ جەنۇبىي باغرىدا، چاڭگىزلىق غولىنىڭ سۇيى باشلاندى. ئۇزۇنلۇقى 7.3 كىلومېتىر، ئەمەلىي سۇ ئاقتۇرۇش ئىقتىدارى 1.5$m^3/s$، ئەمەلىي سۇغىرىش كۆلىمى 17 مىڭ 500 مو، 1968- يىلى پۈتتى.

(8) **چىلىك ئۆستىڭى.** ئورنى كوۋسۇ يېزىسىدا، 1975- يىلى 5.7 كىلومېتىر قىسمى ياسالدى، 1984- يىلى يەنە 20 كىلومېتىر ئۇزارتىپ ياسالدى. باش، ئوتتۇرا، ئاياغ قىسىملىرىغا بۆلۈپ سۇ ئاقتۇرۇلدى. ئەمەلىي سۇغىرىش كۆلىمى 45 مىڭ مو.

(9) **داخې (قarasu) باش ئۆستىڭى.** ئورنى داخې يېزىسىدا، «ئىنتىپاق» سۇ ئامبىرىنىڭ سۇيىنى باشلاش ئۈچۈن ياسالدى. ئۇزۇنلۇقى 24 كىلومېتىر، ئەمەلىي سۇ ئاقتۇرۇش ئىقتىدارى 2 $m^3/s$، ئەمەلىي سۇغىرىش كۆلىمى 25 مىڭ مو، 1959- يىلى پۈتتى.

(10) **داخې 2- ئۆستىڭى.** ئورنى داخې يېزىسىدا، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 25 كىلومېتىر، 1979- يىلى 2- ئۆستەڭ سۇ ئامبىرى بىلەن بىللە يۇرۇشلەشتۇرۇلۇپ ياسالدى، سۇ ئاقتۇرۇش ئىقتىدارى 3.5 $m^3/s$، ئەمەلىي سۇغىرىش كۆلىمى 35 مىڭ مو.

(11) **داخې 3- ئۆستىڭى.** ئۇزۇنلۇقى 23 كىلومېتىر، سۇ ئاقتۇرۇش ئىقتىدارى 0.6 $m^3/s$، ئەمەلىي سۇغىرىش كۆلىمى 11 مىڭ مو.

(12) **داخې 4- ئۆستىڭى.** ئۇزۇنلۇقى 21.2 كىلومېتىر، سۇ ئاقتۇرۇش ئىقتىدارى 0.5$m^3/s$، سۇغىرىش كۆلىمى 10 مىڭ مو.

(13) **خۇڭشەن (چاغانسارى) غول ئۆستىڭى.** ئورنى خۇڭشەن دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ جەنۇبىدا، چاغانسارى غولىنىڭ سۇيى باشلاندى. ئۇزۇنلۇقى 21 كىلومېتىر، ئەمەلىي سۇ ئاقتۇرۇش ئىقتىدارى 4 $m^3/s$، ئەمەلىي سۇغىرىش كۆلىمى 35 مىڭ مو، 1962- يىلى پۈتتى.

**3) ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدىكى غول ئۆستەڭلەر**

ئاراتۈرۈكتە 10 مىڭ مودىن ئارتۇق يەرنى سۇغىرالايدىغان غول ئۆستەڭدىن ئىككىسى بار. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 42 كىلومېتىر، ئەمەلىي سۇ ئاقتۇرۇش ئىقتىدارى 5 $m^3/s$، ئەمەلىي سۇغىرىش كۆلىمى 33 مىڭ مو.

(1) تۈرگەن غول ئۆستىڭى. ئۇزۇنلۇقى 12 كىلومېتىر، سۇ ئاقتۇرۇش ئىقتىدارى $2.5\ m^3/s$، ئەمەلىي سۇغىرىش كۆلىمى 20 مىڭ مو. 1966- يىلى پۈتتى، 1981- يىلى يەنە 11 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى قىسمى ئۆزگەرتىپ ياسالدى.

(2) نوم ئۆستىڭى. ئورنى ئاداقنىڭ ئېغىزىدا، ئاراتۇرۇك دەرياسىنىڭ سۈيىنى ۋە ئاداقنىڭ بۇلاق سۇلىرىنى باشلاش ئۈچۈن ياسالدى، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 30 كىلومېتىر، ئەمەلىي سۇ ئاقتۇرۇش ئىقتىدارى $4.5\ m^3/s$، ئەمەلىي سۇغىرىش كۆلىمى 10 مىڭ ~ 20 مىڭ مو. 1960- يىلى ئىش باشلىنىپ، 1972- يىلى پۈتتى، 1979- يىلى يەنە تۆت كىلومېتىرلىق غەربىي غول ئۆستەڭ، ئۈچ كىلومېتىرلىق شەرقىي غول ئۆستەڭ ياسالدى، ئەمەلىي سۇغىرىش كۆلىمى 12 مىڭ مو، نوم يېزىسى بىلەن نوم دېھقانچىلىق مەيدانى ئورتاق پايدىلىنىدۇ.

2. ئۆستەڭ بېشى ۋە تومىلار

1952 ~ 1972- يىلىغىچە جەمئىي 21 جايدا ئۆستەڭ بېشى قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلدى، ئاساسلىقى ئىككى خىل شەكىلدە بولۇپ، بىرىنچى خىلى ھىندىچە شەكىلدە تۆت جايدا ياسالدى؛ ئىككىنچى خىلى پاكار توسۇق شەكىلدە 16 جايدا ياسالدى.

1964 ~ 1969- يىلىغىچە جەمئىي 13 جايدا ياسالدى، بۇنىڭ ئىچىدە ھىندىچە شەكىلدە ئىككى جايدا ( باركۆل سازلىق ئۆستەڭ بېشى ۋە كىچىك چاڭگىزلىق ئۆستەڭ بېشى)، پاكار توسۇق شەكىلدە 11 جايدا ( باركۆل شىرىنزا ئۆستەڭ بېشى، كۆيسۇ ئۆستەڭ بېشى، كۆكيار ئۆستەڭ بېشى، چىلىك ئۆستەڭ بېشى، شەرقىي قاراغول ئۆستەڭ بېشى، غەربىي قاراغول ئۆستەڭ بېشى، قايراقتى ئۆستەڭ بېشى، قۇمۇل شەھىرىنىڭ ئېدىر ئۆستەڭ بېشى، بەكىنغول ئۆستەڭ بېشى، ئاراتۇرۇك نوم ئۆستەڭ بېشى، تۈرگەن ئۆستەڭ بېشى) ياسالدى.

1970- يىللاردا يەتتە جايدا ئۆستەڭ بېشى ياسالدى، 1971-، 1972- يىللىرى ياسالغان قۇمۇل ناھىيىسى كىچىك قوشماق ئۆستەڭ بېشى ۋە ئاراتۇرۇك دەرياسى ئۆستەڭ بېشى ھىندىچە شەكىلدە ياسالدى، قالغان بەش جايدا، يەنى قۇمۇل چوڭ قوشماق ۋە باركۆل قوش ئارال، شىتيەندى ساي، داخې 3-، 4- ئۆستەڭلىرىنىڭ ئۆستەڭ بېشى پاكار توسۇق شەكىلدە ياسالدى. يۇقىرىقىلارنىڭ تاقاقلىرى مەيلى سۇ كىرىش، كەلكۈن چۈشۈرۈش، قۇم ئېقىتىش تاقاقلىرى بولسۇن ھەممىسى ياغاچ تاختايدىن ياسالدى، سۇ ئۆتكۈزۈش ئىقتىدارى سۇ كىرىش تاقىقىنىڭ $106.2m^3/s$، كەلكۈن چۈشۈرۈش، قۇم ئېقىتىش تاقىقىنىڭ $197m^3/s$، سۇغىرىش كۆلىمى 425 مىڭ 500 مو. ئۆستەڭ بېشى تومىلىرى قۇرۇلۇشىغا دۆلەت جەمئىي 1 مىليون 335 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى.

1990- يىلىغا قەدەر، كىچىك تومىدىن جەمئىي يەتتىسى ياسالدى، بۇنىڭ ئىككىسى قۇمۇل شەھىرىدە، بەشى باركۆل ناھىيىسىدە، توغان- تومىلارنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 17.19 كىلومېتىرغا يېتىپ، 41 مىڭ 400 مو تېرىلغۇ يېرى، 120 مىڭ ئاھالە قوغدالدى، كۆكەرتىلگەن توغان- تومىلار 1.05 كىلومېتىرغا يەتتى.

## §2. سۇ چىقىرىش قۇرۇلۇشى

1. ئاساسىي ئەھۋال

1) ماشىنىلاشقان قۇدۇقلار 1990- يىلى ۋىلايەت بويىچە ماشىنىلاشقان قۇدۇق 1525 ( يۇرۇشلەشكىنى 1242) كە، قۇدۇق سۈيى بىلەن سۇغىرىش كۆلىمى 149 مىڭ موغا يېتىپ، ۋىلايەت تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنى ئىگىلىدى.

قۇمۇلدىكى تۇنجى قۇدۇق 1951- يىلى قېزىلدى. ئەينى چاغدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك سۇچىلىق ئىدارىسى غەربىي شىمال سۇچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ ياردىمىدە شىئەندىن ئۈچ ئەپەر تېخنىكنى تەكلىپ قىلىپ، بىر قىسىم ياش ئىشچىلاردىن بۇرغىلاش ئەترىتى تەشكىللەپ، سۇن شۇرېننىڭ يېتەكچىلىكىدە، لۈگۈاگمياۋ رايونىنى سىناق نۇقتىسى قىلىپ، ئىككى ئايدا 26 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا بىر قۇدۇق قازدى. بۇ قۇدۇقتىن بىر سوتكىدا 77 كۇب مېتىر سۇ چىقتى، بۇ، شىنجاڭدا ئىچكىرىنىڭ تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىپ يەرلىك ئۇسۇلدا قېزىلغان تۇنجى قۇدۇق بولۇپ قالدى.

1955- يىلى قۇمۇل ناھىيىسى ئاقيەر ئىككىنچى رايونى قىزىل بايراق دېھقانچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپى (يېڭى مەھەللە كەنتى) دە، دېھقانچىلىق نازارىتى ئەۋەتكەن تېخنىكلار لوكوموبىل ئارقىلىق قۇدۇق قېزىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

1957- يىلدىن كېيىن، ۋىلايەت دائىرىسىدە لوكوموبىل ئارقىلىق ئومۇميۈزلۈك قۇدۇق قېزىلدى. چوڭقۇرلۇقى 40 ~ 60 مېتىرغا يەتتى.

1961- يىلى، ئاپتونوم رايون قۇمۇلدا يەر ئاستى سۈيىدىن پايدىلىنىش بويىچە نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى، بۇنىڭ بىلەن قۇمۇلدا يەر ئاستى سۈيىنى ئېچىش دولقۇنى قوزغالدى.

70- يىللاردىن كېيىن، ماشىنىلاشقان قۇدۇقتىن پايدىلىنىش تەرەققىياتى تېز بولدى. 1973- يىلى ۋىلايەت، ناھىيە، گۇڭشېلاردا قۇدۇق قېزىش، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. 1975- يىلدىن كېيىن مەركەز چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قۇدۇقلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەخسۇس مەبلىغى چۈشۈردى. 1978- يىلى ، ئاپتونوم رايون قۇمۇلغا 500 قۇدۇق قېزىش ۋەزىپىسى چۈشۈرۈپ بەردى، بۇنىڭ 302 سى ئورۇنلاندى. باركۆل ناھىيىسىنىڭ خۇايۇەنزى كەنتىدىكى دېھقانلار 186 مىڭ 400 يۈەن مەبلەغ تەييارلاپ 5 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قازدى، بۇنىڭ بىلەن يازغى بۇغداي تېرىلغۇ كۆلىمى 1530 مۇ كېڭەيدى. 1989- يىلى باركۆل داخې يېزىسىدىكى بېيىغان دېھقانلار ئۆزلىرى مەبلەغ سېلىپ سەككىز قۇدۇق قېزىپ، 2000 مو تاشلاندۇق تېرىلغۇ يېرىنى قايتا ئاچتى؛ كۆيسۇ يېزىسىنىڭ دېھقانلىرى شامال كۈچىدىن پايدىلىنىپ بەش يەردىن سۇ چىقىرىپ، ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ ئىچىملىك سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

بۈگۈن قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى سىستېمىسىنىڭ 660 ماشىنىلاشقان قۇدۇقى بولۇپ، يۈرۈشلەشكىنى495، 660 قۇدۇقنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىدەك: قىزىليۇلتۇز 2- چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ ئىككى، دۆرەبەجىن دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ 40، ساقا دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ 86، راكېتا دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ 155، قىزىليۇلتۇز 2- مەيدانىنىڭ 116، قىزىليۇلتۇز 1- مەيدانىنىڭ 100، قىزىليۇلتۇز 3- مەيدانىنىڭ 20، قىزىليۇلتۇز 4- مەيدانىنىڭ 23، قىزىليۇلتۇز 1- فېرمىسىنىڭ 16، قىزىلتاغ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ 87، نوم دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ 15 قۇدۇقى بار.

2) ئارتېزىيان (فونتان) قۇدۇقلار ۋىلايەت تەۋەسىدە 30 ئارتېزىيان قۇدۇقى بار، 1990- يىلغىچە 28 قۇدۇق نورمال سۇ چىقاردى. ۋىلايەتلىك قۇدۇق قېزىش ئەترىتى 1966 ~ 1970- يىلغىچە، باركۆل سارچوقىدا 11 ئارتېزىيان قۇدۇقى قازدى، 1990- يىلغىچە توققۇز قۇدۇقتىن نورمال سۇ چىقىپ تۇردى، ئومۇمىي سۇ چىقىرىش مىقدارى كۇب مېتىر /سائەت 273.75؛ 1981 ~ 1986- يىلغىچە ئاپتونوم رايونلۇق گىدروگېئولوگىيە چوڭ ئەترىتى يەتتە ئارتېزىيان قۇدۇقى قازدى، سۇ چىقىرىش مىقدارى كۇب مېتىر / سائەت 1173. خەنشۈيچۈەندە 1979- يىلى بىر ئارتېزىيان بۇلاق قېزىلدى، سۇ چىقىرىش مىقدارى كۇب مېتىر / سائەت 144، سۇنىڭ سۈپىتى ناچار بولغانلىقى ئۈچۈن يەر سۇغىرىشقىلا ئىشلىتىلدى.

تارانچى شوتابۇلاقتا ئۈچ ئارتېزىيان قۇدۇقى بولۇپ، ئۇلار سادۇگزى، خوجىنكا، نەنجۇاگزى قاتارلىق جايلاردا؛ يەتتەقۇدۇق تۈز. خىمىيە مەيدانىدا 15 ئارتېزىيان قۇدۇقى بولۇپ، ئومۇمىي سۇ چىقىرىش مىقدارى

كۇب مېتىر /سائەت 0.2.

2. يەر ئاستى سۈيى ھالىتىنى كۆزىتىش

1977- يىلى ۋىلايەت بويىچە 49 كۆزىتىش، ئۆلچەش قۇدۇقى قېزىلدى. 1990- يىلى دائىملىق كۆزىتىش قۇدۇقىدىن 54 سى ساقلىنىپ قالدى، قاپلىنىش دائىرىسى بىر ناھىيە، بىر شەھەرنىڭ 15 يېزا- مەيدانلىرىغىچە كېڭەيدى. 1981 ~ 1990- يىلىغىچە پالۋانتۇر يېزىسىنىڭ توققۇز كۆزىتىپ تەكشۈرۈش قۇدۇقىدىن ئېنىقلىنىشىچە، 10 يىلدا يەر ئاستى سۈيى 3.21 مېتىر تۆۋەنلىگەن بولۇپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 0.32 مېتىردىن تۆۋەنلىدى. 20 قۇدۇقنىڭ 10 يىلدا 4.47 مېتىر تۆۋەنلىگەن بولۇپ، يىلىغا 0.45 مېتىر تۆۋەنلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە 1985 ~ 1987- يىلىغىچە بولغان ئۈچ يىلدا 2.13 مېتىر تۆۋەنلىگەن بولۇپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 0.71 مېتىردىن تۆۋەنلىدى. 20 قۇدۇق سۈيى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1.36 مېتىردىن تۆۋەنلىدى.

بۆلۈڭتوغراقتىكى سەككىز كۆزىتىپ تەكشۈرۈش قۇدۇقىدىن ئېنىقلىنىشىچە، توققۇز يىلدا يەر ئاستى سۈيى 3.16 مېتىر تۆۋەنلىگەن بولۇپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 0.35 مېتىردىن تۆۋەنلىدى. 1989- يىلى 1988- يىلدىكىدىن ئەڭ كۆپ بولغاندا 1.02 مېتىر تۆۋەنلىدى.

1979 ~ 1990- يىلىغىچە قۇمۇل شەھەر رايونىدىكى 27- نومۇرلۇق كۆزىتىپ تەكشۈرۈش قۇدۇقىنىڭ سۇ ئورنى 12 يىلدا 0.06 مېتىردىن تۆۋەنلىدى. 1989- يىلى 1988- يىلدىكىدىن 0.14 مېتىر تۆۋەنلەپ، ئىلگىرىكى يىللاردىكى ئوتتۇرىچە تۆۋەنلەش سانىنىڭ 2.3 ھەسسىگە توغرا كەلدى.

راكېتا دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى تۆت كۆزىتىپ تەكشۈرۈش قۇدۇقىدا 1989- يىلى 1979- يىلىغا قارىغاندا سۇ ئورنى 3.72 مېتىر تۆۋەنلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1989- يىلى 1.49 مېتىر تۆۋەنلىدى.

ئاستانە يېزىسىدىكى يەتتە كۆزىتىپ تەكشۈرۈش قۇدۇقىدا سۇ ئورنى 1989- يىلى 1980- يىلدىكىدىن 3.19 مېتىر تۆۋەنلىدى، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 0.35 مېتىردىن توغرا كەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 46- نومۇرلۇق قۇدۇق توققۇز يىلدا 5.63 مېتىر، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 0.62 مېتىردىن تۆۋەنلىدى.

3. ماشىنىلاشقان قۇدۇقلارنىڭ ئۈنۈمى

ماشىنىلاشقان قۇدۇقلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يىلدىن يىلغا كۆرۈنەرلىك بولدى، بولۇپمۇ ئېغىر قۇرغاقچىلىق بولغان يىللىرى ئوينىغان رولى تېخىمۇ گەۋدىلىك بولدى. 1989- يىلى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان قۇرغاقچىلىق ئاپىتى ئەڭ ئېغىر يۈز بەرگەن يىل بولۇپ، كېلىدىغان سۇ مىقدارى ئالدىنقى يىللارغا قارىغاندا 54% ئازىيىپ كەتتى، ئەمما، ماشىنىلاشقان ھەر بىر قۇدۇق ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 200 مىڭ كۇب مېتىر سۇ چىقىرالايدىغان بولۇپ، قۇمۇل شەھىرىدە سۇ چىقىرىش مىقدارى 150 مىليون كۇب مېتىرغا يەتكەچكە، قۇرغاقچىلىق ئېغىر بولسىمۇ، مەھسۇلات 1988- يىلىغا قارىغاندا 3.58% ئاشتى.

1985- يىلى قۇمۇل شەھىرى بۆلۈڭتوغراق يېزىسى قۇدۇق بىلەن سۇغىرىش رايونىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى تەكشۈرۈشتىن ئېنىقلىنىشىچە، يېزا بويىچە ئەمەلىي سۇغىرىش كۆلىمى 20 مىڭ مو بولۇپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3.04 مودىن، ئەمگەكچى بېشىغا 6.17 مودىن توغرا كەلدى. 1984- يىلى ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى 17 مىڭ 410 مو ، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 5 مىليون 640 مىڭ كىلوگرام، بىرلىك مەھسۇلاتى 324 كىلوگرام بولدى؛ باغۋەنچىلىك، ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى 2761 مو بولۇپ، قوغۇن- تاۋۇزنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 8278.7 توننا، مايلىق دان مەھسۇلاتى 243 مىڭ 500 كىلوگرام بولدى. ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1979- يىلدىكىگە قارىغاندا بىر ھەسسە ئاشقان، كىشى بېشىغا 845.5 كىلوگرامدىن، ئائىلە بېشىغا 3904 كىلوگرامدىن ئاشلىق توغرا

كەلدى. كىشى بېشى كىرىمى 638.5 يۈەن بولدى، بۇ يەر ئاستى سۇيىدىن پايدىلىنىپ قۇرغاقچىلىق بولغان يىللىرىمۇ ئوخشاشلا مۇقىم يۇقىرى هوسۇل ئالالايدىغان ئېتىزلارنى بارلىققا كەلتۈرگەنلىكتىن بولدى. 1984- يىلى بۇ يېزىنىڭ ئومۇمىي سۇ مىقدارى 30 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قۇدۇقتىن چىقىرىلغان سۇ 21 مىليون 490 مىڭ كۇب مېتىر، بۇ ئومۇمىي سۇ مىقدارىنىڭ 2/3 قىسمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى. مۇ بېشى كىرىمى 177 يۈەن بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇرۇق، دېهقانچىلىق دورىسى، خىمىيىۋى ئوغۇت، سۇ، توك پۇلىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىي ئۆنۈمى 112.08 يۈەن بولدى.

1985- يىلى قۇمۇل شەھىرى راھەتباغ يېزىسى 35 مىڭ مو يەر تېرىغان بولۇپ، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 2 مىليون 450 مىڭ كىلوگرام بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇدۇق بىلەن سۇغىرىش رايونىنىڭ ئاشلىق مەھسۇلاتى 1 مىليون 303 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتنىڭ 53% ىنى ئىگىلىدى. قۇدۇق بىلەن سۇغىرىش رايونىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى ئەڭ يۇقىرىلىرىنىڭ 400 كىلوگرامغا يېتىپ، ئېغىر قۇرغاقچىلىق بولغان يىلىمۇ ئاشلىقتىن مول هوسۇل ئېلىندى.

## §3. سۇ ساقلاش قۇرۇلۇشى

### 1. ئاساسىي ئەھۋالى

قۇمۇل ۋىلايىتىدە 1958- يىلدىن ئىلگىرى سۇ ئامبىرى يوق ئىدى. 1958- يىلدىن باشلاپ قۇمۇلنىڭ ئانا دەرياسى يۇقىرى ئاقىيەر غولى بىلەن چاھارباغ غولىنىڭ بۇلاق، كەلكۈن سۇلىرىنى ساقلاش ئۈچۈن يۇقىرى ئاقىيەردە پاشلار سۇ ئامبىرى، راھەتباغدا راھەتباغ سۇ ئامبىرى ياسالدى. 1961- يىل 7- ئاينىڭ 21- كۈنىدىكى كەلكۈن ئاپىتىدە، كەلكۈننى ئېقىتىۋېتىش ئۈچۈن يۇقىرى ئاقىيەر ئامبار توسمىسى پارتلىتىۋېتىلدى، راھەتباغ سۇ ئامبىرى قۇمۇلدا ئەڭ بالدۇر ياسالغان سۇ ئامبارلىرىنىڭ بىرى.

1961- يىلدىن هازىرغىچە قۇمۇل ۋىلايىتىدە جەمئىي 29 سۇ ئامبىرى ياسالغان بولۇپ، ئومۇمىي سۇ سىغىمى 81 مىليون 250 مىڭ كۇب مېتىر. بۇنىڭ ئىچىدە، ئوتتۇرا تىپلىق سۇ ئامبىرىدىن ( 10 مىليون كۇب مېتىردىن ئارتۇق) ئۈچىسى بولۇپ، ئومۇمىي سىغىمى 57 مىليون 600 مىڭ كۇب مېتىر. ئۈنۈملۈك سۇغىرىش كۆلىمى 233 مىڭ مو؛ كىچىك I تىپلىق سۇ ئامبىرىدىن (سىغىمى بىر مىليون كۇب مېتىردىن ئارتۇق) ئالتىسى، كىچىك II تىپلىق (سىغىمى 100 مىڭ كۇب مېتىردىن بىر مىليون كۇب مېتىرغىچە) سۇ ئامبىرىدىن 20 سى بار.

70- يىللاردىن ئىلگىرى ياسالغان سۇ ئامبارلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئاساسىي قۇرۇلۇش تەرتىپى بويىچە ياسالمىغاچقا، پۇختا بولمىغان ۋە خەتەرلىك ئامبارلارغا ئايلىنىپ قالغان، كۆپ يىللاردىن بۇيان، خەتەرلىك ئامىللار تۈگىتىلىپ، خەتەرلىك قالپىقى ئېلىۋېتىلگەن بولسىمۇ، يەنىلا بىر قىسىم خەتەرلىك سۇ ئامبارلىرى ئىشلىتىلمەكتە.

### 2. ئوتتۇرا هال سۇ ئامبارلىرى

1) بوغاز سۇ ئامبىرى. بوغاز ئامبىرى قۇمۇلدا ئەڭ بالدۇر ياسالغان ئامبار بولۇپ، قۇمۇل شەھىرىنىڭ راھەتباغ بىلەن بوغاز يېزىسىنىڭ ئارلىقىغا جايلاشقان. بۇ ئامبارغا ئاقىيەر غول بىلەن چاھارباغ غول بۇلاقلىرىنىڭ سۈيى توپلىنىدۇ. 1959- يىل 7- ئايدا دۆلەتنىڭ مەبلەغ سېلىشى بىلەن ئىش باشلىنىپ، 1961- يىلى پۈتتى، توسمىسىنىڭ ئېگىزلىكى

سەككىز مېتىر، ئەڭ چوڭ كەلكۈن چۈشۈرۈش مىقدارى $6m^3/s$، سۇغىرىش كۆلىمى 11 مىڭ مو. 1970- يىللاردىن ئىلگىرى، بۇ جاي قۇمۇلنىڭ بېلىق ئىشلەپچىقىرىش ئورنى بولۇپ، يېنىدا بېلىجان يېتىشتۈرۈش كۆلچىكى بار ئىدى. باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، باشقۇرۇش باشقارمىسى تەسىس قىلىندى.

2) تۆرۈك سۇ ئامبىرى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى يىللاردىلا تۆرۈك سۇ ئامبىرىنى چارلاپ تەكشۈرۈش باشلاندى. ئەينى چاغدا چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرى تۆرۈك سۇ ئامبىرىنى ياساش چۈشتىن ئىبارەت دېگەن ئىدى. كېيىن شارائىتنىڭ چەكلىمىسى بىلەن تاشلاپ قويۇلدى. 1975- يىل 12- ئاينىڭ 7- كۈنى ئامبار قۇرۇلۇشى باشلىنىپ، 1979- يىل 10- ئايدا ئاساسىي گەۋدىسى پۈتتى، ئىككىنچى يىلى ئىشلىتىشكە كىرىشتۈرۈلدى.

تۆرۈك سۇ ئامبىرى قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى تاغ جىلغىسىنىڭ ئىچىدە بولۇپ، لايىھىدىكى سىغىمى 20 مىليون 600 مىڭ كۇب مېتىر، توسمىنىڭ ئېگىزلىكى 78 مېتىر، شىنجاڭدىكى تاشتا قوپۇرۇلغان تۇنجى ئەگمە توغان. بۇ سۇ ئامبىرىغا تۆرۈك غولىنىڭ سۈيى قاچىلىنىدۇ، بۇ غولنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 69 مىليون 400 مىڭ كۇب مېتىر، ئەڭ چوڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 117 مىليون 400 مىڭ كۇب مېتىر.

1982 ~ 1985- يىلىغىچە توسما 35 جايدىن 1571.27 مېتىرلىق ئۇزۇنلۇقتا بۇرغىلاپ تۆشۈك تېشىپ بېتون قويۇپ مۇستەھكەملەندى.

ئامبارنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش سىغىمى 2 مىليون 642 مىڭ 100 كۇب مېتىر، توختام سۇ ھەجمى 522 مىڭ 400 كۇب مېتىر، ئۈنۈملۈك ھەجمى 15 مىليون 440 مىڭ 500 كۇب مېتىر.

مەنپەئەتلىنىدىغان يەتتە كۆكشى، مەيدان ئامبار قۇرۇلۇشىغا 1200 ئەمگەك كۈچى ئاجراتتى، جەمئىي 10 مىليون 420 مىڭ 300 يۈەن مەبلەغ سالدى.

تۆرۈك سۇ ئامبىرى بېتون بىلەن تاشتا قوپۇرۇلغان ئېغىرلىق سىلىنجىسى، بېتونلۇق تاشتا قوپۇرۇلغان ئەگمە توغان، ئېقىم باشلاش ئۆتكۈزى ۋە سۇ قويۇپ بېرىش تۆشۈكى قاتارلىق بۆلەكلەردىن تۈزۈلگەن، ئەگمە توغاننىڭ ئېگىزلىكى 32 مېتىردىن ئارتۇق. شەرقىي قىرغاق توغىنىنىڭ ئۇق سىزىقى بىلەن تاغ تېنى ئىزوگىپس كېسىشمە بۇلۇڭى 30° تىن كىچىك، شەرقىي قىرغاقنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئىتتىرىش كۈندىسىنى بىۋاسىتە ئاساسىي قىرغاققا تېگىدىغان قىلىپ لايىھەلەنگەن. توغاننىڭ تۆپىسىگە ئوچۇق شەكىللىك كەلكۈن چۈشۈرگۈچى لايىھەلەنگەن. توغاننىڭ كەينىگە ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلغان بولۇپ، گېنېراتورلار قۇرۇلمىسىنىڭ سىغىمى 75×1 كىلوۋات.

تۆرۈك سۇ ئامبىرىغا جەمئىي 249 مىڭ كۇب مېتىر توپا، تاش، 2416 كۇب مېتىر پولات چىۋىقلىق بېتون، 32 مىڭ 918 كۇب مېتىر تاش، 6822 كۇب مېتىر بېتون، 26 مىڭ 622 كۇب مېتىر تاش، 42 مىڭ كۇب مېتىر قۇم، شېغىل ئىشلىتىلدى، توساققا 1571.27 مېتىر بېتون قويۇلدى. جەمئىي 644 مىڭ ئەمگەك كۈنى سەرپ قىلىندى.

ئامبار قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، تۆرۈكنىڭ سۈيى بىلەن دۆلەت ئىلكىدىكى ئىككى دېھقانچىلىق مەيدانى، بىر خەلق گۇڭشېسىنىڭ جەمئىي 89 مىڭ 900 مو تېرىلغۇ يېرى (بۇنىڭ ئىچىدە قۇدۇق بىلەن سۇغىرىش رايونى 39 مىڭ 900 مو) ۋە ئاچقىلى بولىدىغان 254 مىڭ مو بوز يېرى سۇغىرىلىپ كەلگەن ئىدى.

ئامبار پۈتكەندىن كېيىن، سۇدىن پايدىلىنىدىغان ئورۇنلار ئۈچ دېھقانچىلىق مەيدانىغا، تۆت خەلق گۇڭشى (يېزا) غا كېڭەيدى. 90 مىڭ مولۇق سۇغىرىش كۆلىمى ياخشىلاندى. 40 مىڭ ~ 60 مىڭ مو تېرىلغۇ كۆلىمى كۆپەيدى. 1981- يىلى ئۈنۈملۈك سۇغىرىش كۆلىمى 154 مىڭ موغا، ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى 124 مىڭ موغا يەتتى. 1981- يىلى، پۈتۈن سۇغىرىش رايونىدا ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 24 مىليون 950 مىڭ كىلوگىرامغا يېتىپ، ۋىلايەت ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتىنىڭ 25.73% نى ئىگىلىدى. ئامبار قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى 1978- يىلدىكى

ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 19 مىليون 680 مىڭ كىلوگرامدىن 5 مىليون 270 مىڭ كىلوگرام ئاشۇرۇلدى.

ئامبار قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، ھەر يىلى ئەتىياز، كۈزدە كەلكۈن كېلىپ، ئېقىن ئايىقىدىكى ئاممىنىڭ ۋە دۆلەتنىڭ مال- مۈلكى ئېغىر زىيانغا ئۇچرايتتى، ھەر يىللىق كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈشكە ئاجرىتىلغان مەبلەغ 70 ~ 80 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئامبار پۈتكەندىن كېيىن، كەلكۈن ئاپىتى تۈگىتىلىپ، چىقىم تېجىلىپ، دېھقانلارنىڭ سېلىقى يېنىكلىدى.

3) باركۆل ئىككىنچى ئۆستەڭ سۇ ئامبىرى. ئورنى باركۆل داخې ئىككىنچى ئۆستەڭ بېشىدا، ئىككىنچى ئۆستەڭنىڭ بۇلاق سۇلىرى قويۇلىدۇ، توسمىنىڭ ئېگىزلىكى 13.5 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى بەش كىلومېتىر بولۇپ، ۋىلايەت بويىچە توسمىسى ئەڭ ئۇزۇن ئامبار ھېسابلىنىدۇ، ئامبارنىڭ لايىھىلەنگەن سىغىمى بىلەن ئەمەلىي سىغىمى 15 مىليون كۇب مېتىر، سۇغىرىش كۆلىمى 32 مىڭ مو. 1976- يىلى ئىش باشلىنىپ، 1981- يىلى پۈتتى، ئەڭ چوڭ كەلكۈن چۈشۈرۈش مىقدارى $3\ m^3/s$. ئامبارنىڭ قېشى بىلەن كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش توسمىسى كېيىن يەنە مۇستەھكەملەندى. بۇ ئامبار پۈتكەندىن كېيىن، سۇغىرىش كۆلىمى كېڭىيىپلا قالماي، شىرىنتۇزدىن داخېغا بارىدىغان يول توسمىنىڭ ئۈستىدە بولغاچقا، مۇساپە زور دەرىجىدە قىسقاردى. بۇ ئامبار باركۆلنىڭ سۇ مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان مۇھىم بازىسى بولغاچقا، بازارنى ئاۋاتلاشتۇرۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلىدى.

### 3. كىچىك سۇ ئامبارلىرى

1) **قارادۆۋە سۇ ئامبىرى** ئورنى قارادۆۋە يېزىسى كۆچەتلىك كەنتىنىڭ غەربىدە، قارلۇق غولىنىڭ قىشلىق سۈيى قويۇلىدۇ. ئامبار قۇرۇلۇشىغا دۆلەت مەبلەغ سالدى، ۋىلايەت، ناھىيىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەترىتى ئۈستىگە ئېلىپ ياسىدى. 1959- يىلى ئىش باشلىنىپ، 1962- يىلى پۈتتى. توسمىنىڭ ئېگىزلىكى 11 مېتىر، ئامبار سىغىمى يەتتە مىليون كۇب مېتىر، ئاساسلىقى ئاياغ تەرىپىدىكى قارادۆۋە، چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە ئامبار دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ 5000 مو تېرىلغۇ يېرى سۇغىرىلىدۇ. ئەڭ چوڭ كەلكۈن چۈشۈرۈش مىقدارى $1m^3/s$. ئامبار پۈتكەندىن كېيىن، كۆپ يىللىق رېمونت قىلىش، مۇستەھكەملەش ئارقىلىق ھازىر پۈتۈنلەي يۇرۇشلەشتى، ئامباردا بېلىق بېقىلدى. ئامبارنىڭ پۈتۈشى باغۋەنچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى.

2) **ئىتتىپاق سۇ ئامبىرى** ئورنى باركۆل داخې كۆكشىبەنىنىڭ باش ئۆستەڭ بېشىدا، باش ئۆستەڭنىڭ بۇلاق سۇلىرى يىغىلىدۇ. 1959- يىلى، ناھىيىدىكى ئاممىسەپەرۋەر قىلىنىپ ياسالدى، شۇ يىلى ئىش باشلىنىپ، شۇ يىلى پايدىلىنىلدى. شۇڭا « ئىتتىپاق سۇ ئامبىرى » دەپ نام بېرىلدى. توپا توسمىنىڭ ئېگىزلىكى 14 مېتىر، ئامبارنىڭ لايىھىدىكى ھەجمى 5 مىليون 200 مىڭ كۇب مېتىر، ئەمەلىي ھەجمى 6 مىليون كۇب مېتىر، سۇغىرىش كۆلىمى 25 مىڭ مو. ئەڭ چوڭ كەلكۈن چۈشۈرۈش مىقدارى $1.5\ m^3/s$. ئىتتىپاق سۇ ئامبىرى باركۆلدە ياسالغان تۇنجى سۇ ئامبىرى بولۇپ، ئامباردا بېلىق باققىلى بولىدۇ، ئەمما ئامبارنىڭ يوشۇرۇن ئاپىتى چوڭراق بولۇپ، كۆپ يىللاردىن بۇيان خەتەرلىك ئامبارلار قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ رېمونت قىلىنىۋاتىدۇ ۋە مۇستەھكەملەش تەدبىرلىرى قوللىنىلىۋاتىدۇ.

3) **راھەتباغ سۇ ئامبىرى** ئورنى راھەتباغ يېزىسىنىڭ چاگىنۇ كەنتىنىڭ شەرقىدە، غەربىي ئۆستەڭنىڭ بۇلاق سۇلىرى قاچىلىنىدۇ. 1957- يىلى، راھەتباغ كۆكشىبەنى بىلەن قۇمۇل شەھەر- بازار ئاھالىسى، ئورگانلار، قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قىسىملار، ئوقۇغۇچىلارنىڭ خالىسانە ئەمگىكى ئارقىلىق، 1958- يىلى پۈتتى. ئامبار سىغىمى 1 مىليون 200 مىڭ كۇب مېتىر، توسما ئېگىزلىكى 9.5 مېتىر، ئەمەلىي سۇغىرىش كۆلىمى 2400 مو، ئەڭ چوڭ كەلكۈن چۈشۈرۈش مىقدارى $2\ m^3/s$، ئامبار رايونى ھازىر ئارامگاھقا ئايلاندى.

4) **ئۈچكۆل سۇ ئامبىرى** ئورنى باركۆل ناھىيىسىنىڭ سەنتاڭخۇ يېزىسىدا، بۇ ئامبارغا ئۈچكۆلنىڭ بۇلاق سۇلىرى يىغىلىدۇ، توسمىنىڭ ئېگىزلىكى 11.5 مېتىر، ئەمەلىي سىغىمى 1 مىليون 200 مىڭ كۇب مېتىر، 1980- يىلى پۈتتى، ئەمەلىي سۇغىرىش كۆلىمى 2000 مو.

5) **چىلىڭ دەرياسى (لىۋتياۋخې) سۇ ئامبىرى** ئورنى باركۆل كۆيسۇ يېزىسىدا، بۇ ئامبارغا چىلىڭ دەرياسىنىڭ بۇلاق سۇلىرى يىغىلىدۇ، توسمىنىڭ ئېگىزلىكى سەككىز مېتىر، ئامبارنىڭ لايىھەلەنگەن سىغىمى 10 مىليون كۇب مېتىر، ئەمەلىي سىغىمى ئۈچ مىليون 400 مىڭ كۇب مېتىر، ئەڭ چوڭ كەلكۈن چۈشۈرۈش مىقدارى 16 $m^3/s$، ئامبار ئورنىنىڭ چارلاپ تەكشۈرۈلۈشى ياخشى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئامبار تەكتىدىن سۇ ئېقىپ كېتىش ھادىسى كۆرۈلگەچكە، 1976- يىلى پۈتۈشى بىلەنلا كىرەكسىز ئامبار قاتارىغا كىرگۈزۈۋېتىلدى.

6) **قىزىلتاغ سۇ ئامبىرى** ئورنى ئاراتۈرۈك غەربىي ئات فېرمىسىدا، شۇ جايدىكى غول ئېقىنلارنىڭ سۇلىرى يىغىلىدۇ، توسمىنىڭ ئېگىزلىكى يەتتە مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 1051 مېتىر، ئامبار سىغىمى ئۈچ مىليون كۇب مېتىر، 1970- يىلى ئىش باشلاپ، 1973- يىلى پۈتتى، سۇغىرىش كۆلىمى 8000 مو، غەربىي ئات فېرمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا.

7) **بوغاز بىرىنچى ئەترەت سۇ ئامبىرى** ئورنى قۇمۇل شەھىرى بوغاز يېزىسىدا. توسما ئېگىزلىكى بەش مېتىر، غەربىي ئۆستەڭنىڭ ئېشىندا سۇيى يىغىلىدۇ، 1979- يىلى ياسالدى، ئامبار سىغىمى 400 مىڭ كۇب مېتىر، سۇغىرىش كۆلىمى 700 مو، ئەڭ چوڭ كەلكۈن چۈشۈرۈش مىقدارى 1$m^3/s$.

8) **راھەتباغ بىرىنچى كەنت سۇ ئامبىرى** ئورنى قۇمۇل شەھىرىدىن سەككىز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى شەھەر ئەتراپى رايونىدا. توسما ئېگىزلىكى تۆت مېتىر، غەربىي ئۆستەڭنىڭ ئېشىندا سۇيى يىغىلىدۇ، لايىھەلەنگەن سىغىمى 400 مىڭ كۇب مېتىر، ئەمەلىي سىغىمى 330 مىڭ كۇب مېتىر، 1978- يىلى پۈتتى، سۇغىرىش كۆلىمى 500 مو، ئەڭ چوڭ كەلكۈن چۈشۈرۈش مىقدارى 1$m^3/s$.

9) **ئەللىك سۇ ئامبىرى** ئورنى قۇمۇل شەھىرى قارادۆۋە يېزىسى ئەللىك غوجام كەنتىدە، توسما ئېگىزلىكى سەككىز مېتىر، شۇ جاينىڭ بۇلاق سۇلىرى يىغىلىدۇ، ئامبار سىغىمى 400 مىڭ كۇب مېتىر، لايىھەلەنگەن سۇغىرىش كۆلىمى 1000 مو، ئەمەلىي سۇغىرىش كۆلىمى 400 مو، 1977- يىلى 12- ئايدا پۈتتى. 1985- يىلى خەتەرلىك جايلىرى مۇستەھكەملەندى، توسما كېڭەيتىلىپ يەنە بىر مېتىر ئېگىزلىتىلدى، ئەڭ چوڭ كەلكۈن چۈشۈرۈش مىقدارى 0.5 $m^3/s$.

10) **ئەللىك كىچىك سۇ ئامبىرى** ئورنى ئەللىك سۇ ئامبىرىنىڭ يېنىدا، توسما ئېگىزلىكى ئالتە مېتىر، 1977- يىلى پۈتتى، سۇغىرىش كۆلىمى 150 مو، ئامبار سىغىمى 100 مىڭ كۇب مېتىر، ئەڭ چوڭ كەلكۈن چۈشۈرۈش مىقدارى 0.2 $m^3/s$.

11) **ئەرگۈل سۇ ئامبىرى** ئورنى قۇمۇل شەھىرىنىڭ تاشۆيلۈق يېزىسىنىڭ ئەرگۈك چوڭ ئەترىتىدە، تۈگۈگىنىڭ بۇلاق سۇلىرى يىغىلىدۇ، توسما ئېگىزلىكى 12 مېتىر، ئامبار سىغىمى 400 مىڭ كۇب مېتىر، 1960- يىلى پۈتتى، سۇغىرىش كۆلىمى 900 مو، ئەڭ چوڭ كەلكۈن چۈشۈرۈش مىقدارى 1.5 $m^3/s$.

12) **ئەرگۈل سۇ ئامبىرىنىڭ ئىككىنچى ئامبىرى (قىزىلتاغ سۇ ئامبىرى)** ئورنى ئەرگۈك سۇ ئامبىرىنىڭ يېنىدا، توسما ئېگىزلىكى سەككىز مېتىر، تۈگۈگىنىڭ بۇلاق سۇلىرى يىغىلىدۇ، ئامبار سىغىمى 300 مىڭ كۇب مېتىر، سۇغىرىش كۆلىمى 600 مو، 1977- يىلى پۈتتى. ئەڭ چوڭ كەلكۈن چۈشۈرۈش مىقدارى 2 $m^3/s$.

13) **لافشيا سۇ ئامبىرى** ئورنى قۇمۇل شەھىرىنىڭ تاشۆيلۈق يېزىسىدا، بۇلاق سۇلىرى يىغىلىدۇ، توسما

ئېگىزلىكى سەككىز مېتىر، ئامبار سىغىمى 100 مىڭ كۇب مېتىر، سۇغىرىش كۆلىمى 600 مو، 1977- يىلى پۈتتى، ئەڭ چوڭ كەلكۈن چۈشۈرۈش مىقدارى $1m^3/s$.

14) چىكىشى سۇ ئامبىرى. ئۈرۈمچى تاشۆيلىق يېزىسىنىڭ چىكىشى 4- چوڭ ئەترىتىدە، ئاساسلىقى شۇ جايلاردىكى كارىزلارنىڭ سۈيى يىغىلىدۇ، ئامبار سىغىمى 100 مىڭ كۇب مېتىر، 1977- يىلى پۈتتى، سۇغىرىش كۆلىمى 200 مو.

15) چىلىك كىچىك سۇ ئامبىرى. ئۈرۈمچى باركۆل نەيىسىنىڭ كۆيسۇ يېزىسىدا، چىلىك غولىنىڭ سۈيى يىغىلىدۇ، توسمىنىڭ ئېگىزلىكى 3.7 مېتىر، ئامبار سىغىمى 600 مىڭ كۇب مېتىر، سۇغىرىش كۆلىمى 10 مىڭ مو، 1972- يىلى قۇرۇلدى. ئەڭ چوڭ كەلكۈن چۈشۈرۈش مىقدارى $1m^3/s$.

16) سازلىق سۇ ئامبىرى ئۈرۈمچى باركۆل كۆيسۇ يېزىسى كۆكقىر تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدە، سازلىق ئېرىقىدىكى بۇلاق سۇلىرى يىغىلىدۇ، توسمىنىڭ ئېگىزلىكى يەتتە مېتىر، ئامبار سىغىمى 300 مىڭ كۇب مېتىر، ئەمەلىي سىغىمى 150 مىڭ كۇب مېتىر، 1974- يىلى پۈتتى. سۇغىرىش كۆلىمى 3000 مو.

17) كۆركىباي داراسى سۇ ئامبىرى. ئۈرۈمچى باركۆل كۆيسۇ يېزىسى كۆكقىر تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدە، كۆركىباي داراسى غولىنىڭ ئېقىندا سۈيى يىغىلىدۇ، توسمىنىڭ ئېگىزلىكى ئالتە مېتىر، لايىھەلەنگەن سىغىمى 300 مىڭ كۇب مېتىر، ئەمەلىي سىغىمى 150 مىڭ كۇب مېتىر، 1971- يىلى پۈتتى. سۇغىرىش كۆلىمى 4500 مو.

18) شىيالوبا (كۈنگەيسۇ) سۇ ئامبىرى ئۈرۈمچى باركۆل غەربىيتېغىنىڭ سارچوقا 1- چوڭ ئەترىتىدە، كىچىك بۇلاقلارنىڭ سۈيى يىغىلىدۇ، توسما ئېگىزلىكى 7.5 مېتىر، سۇغىرىش كۆلىمى 1500 مو، ئەڭ چوڭ كەلكۈن چۈشۈرۈش مىقدارى $2\ m^3/s$.

19) چوڭ قۇلۇنچەرى سۇ ئامبىرى ئۈرۈمچى باركۆل غەربىيتېغىنىڭ شىياگىياڭ چارۋىچىلىق فېرمىسىدا، چوڭ قۇلۇنچەرى بۇلاقلىرىنىڭ سۈيى يىغىلىدۇ، توسما ئېگىزلىكى 8.5 مېتىر، لايىھىدىكى سىغىمى 1 مىليون 200 مىڭ كۇب مېتىر، ئەمەلىي سىغىمى 1 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ، 1973- يىلى پۈتتى. سۇغىرىش كۆلىمى 2000 مو، ئەڭ چوڭ كەلكۈن چۈشۈرۈش مىقدارى $2.5\ m^3/s$.

20) ئاتيولى سۇ ئامبىرى ئۈرۈمچى باركۆل شىيالوبا يېزىسىدا، ئاتيولى غولىنىڭ سۈيى يىغىلىدۇ، توسما ئېگىزلىكى بەش مېتىر، لايىھىدىكى سىغىمى 500 مىڭ كۇب مېتىر، ئەمەلىي سىغىمى 150 مىڭ كۇب مېتىر، سۇغىرىش كۆلىمى 1000 مو، 1973- يىلى پۈتتى، ئەڭ چوڭ كەلكۈن چۈشۈرۈش مىقدارى $2.5\ m^3/s$.

21) كىچىك ئاياۋلى سۇ ئامبىرى ئۈرۈمچى باركۆل شىياگىياڭ چارۋىچىلىق فېرمىسىدا، كىچىك ئاياۋلى غولىنىڭ سۈيى يىغىلىدۇ، توسما ئېگىزلىكى 10 مېتىر، لايىھىدىكى سىغىمى 120 مىڭ كۇب مېتىر، ئەمەلىي سىغىمى 60 مىڭ كۇب مېتىر، 1975- يىلى پۈتتى، 1000 مو يەرنى سۇغارغىلى بولىدۇ.

22) يىلمانسۇ سۇ ئامبىرى ئۈرۈمچى باركۆل شىيالوبا يېزىسىدا. توپا توغاننىڭ ئېگىزلىكى 4.5 مېتىر، لايىھىدىكى سىغىمى 800 مىڭ كۇب مېتىر، ئەمەلىي سىغىمى 100 مىڭ كۇب مېتىر، 300 مو يەرنى سۇغارغىلى بولىدۇ، 1974- يىلدىن باشلاپ سۇ قاچىلاندى. كەلكۈن چىقىرىش قۇرۇلمىسى ياخشى لايىھەلەنمىگەنلىكى ئۈچۈن، 1977- يىلى توسمىنى كەلكۈن ئېلىپ كەتتى. 1983- يىلى رېمونت قىلىندى، 1986- يىلى يەنە كەلكۈن ئېلىپ كېتىپ قايتا رېمونت قىلىنمىدى.

23) چەشمە سۇ ئامبىرى ئۈرۈمچى باركۆل غەربىيتاغدا، توسما ئېگىزلىكى بەش مېتىر، ئامبار سىغىمى 70 مىڭ كۇب مېتىر، سۇغىرىش كۆلىمى 600 مو، 1964- يىلى پۈتتى.

24) **باي سۇ ئامبىرى** ئۈرۈمچى ئاراتۇرۇك باي يېزىسىدا، بۇلاق سۇلىرى يىغىلىدۇ، توسما ئېگىزلىكى بەش مېتىر، ئامبار سىغىمى 400 مىڭ كۇب مېتىر، 3000 مو يەرنى سۇغارغىلى بولىدۇ، 1964- يىلى پۈتتى، ئەڭ چوڭ كەلگۈن چۈشۈرۈش مىقدارى 0.5$m^3$/s.

25) **نېرىنكىر چارۋىچىلىق مەيدانىدىكى ئىككى ئامبار** داشمىنكو سۇ ئامبىرى بىلەن تاملىق سۇ ئامبىرىنىڭ سىغىمى 100 مىڭ كۇب مېتىر، ئالدىنقىسى 1979- يىلى، كېيىنكىسى 1986- يىلى پۈتتى، 2000 مو ئوتلاق بازىسى سۇغىرىلىدۇ.

**4. چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى سۇ قاچىلاش ئورىسى، قوشئېرىق ۋە ئارتېزىيان قۇدۇقلىرى**

1) **ئاراتۇرۇك تۇركۆل چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ سۇ قاچىلاش ئورىسى** تۇركۆل چارۋىچىلىق مەيدانى ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ مۇھىم چارۋىچىلىق رايونى، جايلاشقان ئورنى دېڭىز يۈزىدىن 1800 مېتىر ئېگىز، قىشلاق كۆلىمى كەڭ، ئوت- چۆپ تۈرى كۆپ، سۈپىتى ياخشى، ئەمما سۇنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ئادەم، ھايۋانلارنىڭ ئىچىملىك سۇ مەسىلىسى تولىمۇ قىيىن بولۇپ كەلگەن ئىدى. 1979- يىلى، سۇ قاچىلاش ئورىسىدىن ئىككىسى ياسالدى، بىرىنىڭ سىغىمى 50 كۇب مېتىر، يەنە بىرىنىڭ سىغىمى 800 كۇب مېتىر. 1985- يىلغىچە، بەش يەردە سۇ قاچىلاش ئورىسى، بىر يەردە سۇ قاچىلاش كۆلچىكى ياسالدى، ئومۇمىي سىغىمى 2200 كۇب مېتىر بولۇپ، 83 قورۇ چارۋىنىڭ (تەخمىنەن 30 مىڭ تۇياق چارۋىنىڭ ئىچىملىك سۈيى ھەل قىلىنغان بولۇپ، مەيداندىكى ئومۇمىي چارۋا سانىنىڭ 80% نى ئىگىلەيدۇ) ۋە 1000 ئادەمنىڭ ئىچىملىك سۈيى ھەل قىلىندى.

2) **باركۆل سارچوقا رايونى سۆجى قوشئېرىقى** سارچوقا رايونى سۆجى يايلىقىنىڭ ئوت- چۆپى مول، سۈيى ئەلۋەك بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى ۋە مىنگو دەۋرىدىلا بىر قىسىم كىشىلەر بۇ جايدا قوشئېرىق ياساشنى پىلانلىغان بولسىمۇ لېكىن ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى. 1958- يىلى قازاق چارۋىچىلار تەڭرىتاغ مۇزلۇقىدىن قىسقا مۇددەت ئىچىدىلا ئۇزۇنلۇقى بىر كىلومېتىر كېلىدىغان قوشئېرىق ياساپ، يايلاققا سۇ باشلاپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن چارۋىچىلارنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى مۇقىم ئولتۇراقلىشىش ئارزۇسى ئەمەلگە ئېشىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئۈچ چوڭ تېپىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

3) **باركۆل سارچوقا ساردالا ئارتېزىيان قۇدۇقى** 1960- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئوتلاق بازىسى بەرپا قىلىش ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك قۇدۇق قېزىش ئەترىتى ساردالانىڭ يەر ئاستى سۈيى مول بولۇشتەك ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، 13 يەردە ئارتېزىيان قۇدۇقى قازدى، سۇ چىقىرىش مىقدارى ھازىرغىچە سائىتىگە 273.75 كۇب مېتىر بولۇپ، 2000 مو ئوتلاق بازىسى سۇغىرىلىپ، چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ياخشى شارائىتقا ئىگە قىلدى.

## §4. زەي قاچۇرۇش قۇرۇلۇشى

20- ئەسىرنىڭ 50- يىللىرىدىكى تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، ۋىلايەت بويىچە 664 مىڭ مو شورلۇق تېرىلغۇ يېرى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل شەھىرىدە 31 مىڭ مو، باركۆلدە 25 مىڭ 400 مو، ئاراتۇرۇكتە 10 مىڭ مو ئىدى. 40 يىللىق ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، 1990- يىلغا كەلگەندە، ۋىلايەت بويىچە 30 مىڭ 600 مو تېرىلغۇ يېرى

ياخشىلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل شەھرىنىڭ 15 مىڭ مو، باركۆلنىڭ 10 مىڭ 600 مو، ئاراتۈرۈكنىڭ 5000 مو، تۇپراقنىڭ شورلىشىشى سەۋەبلىك تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشى ئېغىر بولدى. 1990- يىلىغا قەدەر ۋىلايەت بويىچە سۇنىڭ تۇپراقنى ئېقىتىپ كېتىش كۆلىمى 58 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل شەھرىنىڭ 20 كۋادرات كىلومېتىر، باركۆل ناھىيىسىنىڭ بەش كۋادرات كىلومېتىر، ئاراتۈرۈكنىڭ 33 كۋادرات كىلومېتىر، تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشى كونترول قىلىنغان كۆلىمى 14.33 كۋادرات كىلومېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل شەھرىنىڭ 3.33 كۋادرات كىلومېتىر، باركۆل ناھىيىسىنىڭ بىر كۋادرات كىلومېتىر، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ 10 كۋادرات كىلومېتىر، موغا سۈندۈرگەندا ، 21 مىڭ 500 مو، بۇنىڭ ئىچىدە گورىزونتال پەلەمپەي ئېتىزلار 18 مىڭ 500 مو، كۆتۈرمە يەرلىرى 3000 مو.

قىزىلىيۈلتۈز 2- مەيدانى قۇمۇلنىڭ شورلۇق يەرلىرىنى ياخشىلاشنىڭ نەمۇنىسى. 1953- يىلى مەيدان قۇرۇلغاندا، مەيداننىڭ شور قاتلىمى ئادەتتە 30 ~ 60 سانتىمېتىر كېلەتتى، ئومۇمىي تۇز تەركىبى 8% ~ 12%، يۇقىرى جايلىرىنىڭ 30% ~ 40% ئىدى، تۇز قەۋىتىنىڭ تېگىدە يەنە بىر قەۋەت گلائۇبېر تۇز كرىستالى بار ئىدى. مەزكۇر مەيداندىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەر ۋە پەن- تېخنىكا خادىملىرى يەر ئاستى سۇ گورىزونتىنى تۆۋەنلىتىپ، يەر يۈزىدىكى پارلىنىشنى ئازايتىش ئۈچۈن، ئاساسلىق زەيكەش كولاپ، شورلۇق سۇنى چىقىرىۋېتىش ئۇسۇلىنى قوللاندى. مەيدان بويىچە 37.8 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا بىر زەي قاچۇرۇش غول ئۆستىڭى، ئالتە تارماق ئۆستەڭ چاپتى. ئۇلار تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، نىشاننى ۋېرتىكال قۇدۇقلۇق شور تازىلاشقا قاراتتى، 1964 ~ 1982- يىللىرىچە، تۇرۇبىلىق قۇدۇقتىن 136 نى قازدى، ئومۇمىي سۇ چىقىرىش مىقدارى $1.806m^3/s$. قۇدۇقلارنىڭ ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى 38.9 مېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە سۇ چىقىرىش ۋاقتى 2432 سائەت بولدى، يەر ئاستى سۈيى كۆپلەپ تارتىلغاچقا، يەر ئاستى سۇ ئورنى تۆۋەنلەپ، ئېرىقلارنىڭ كۆپىنچىسى قۇرۇپ كەتتى.

قىزىلىيۈلتۈز 2- مەيداننىڭ تەجرىبىلىرى ۋىلايەت بويىچە كېڭەيتىلگەندىن كېيىن، شەرقتە بۇلۇڭتوغراقتىن غەربتە ئاستانىغىچە، ۋېرتىكال قۇدۇقلۇق شور تازىلاش ۋە ئېرىق چېپىش قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلىپ، شورنى تىزگىنلەشتە ئۈنۈم كۆرۈلۈپ، ئاشلىق مەھسۇلاتى ئۈزلۈكسىز ئاشتى.

## §5. كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش قۇرۇلۇشى

تارىختا قۇمۇل ۋىلايىتى كەلكۈننىڭ زىيىنىغا كۆپ ئۇچرىدى. 1931 ~ 1990- يىللىرىچە، 26 قېتىملىق كەلكۈن ئاپىتىنىڭ زىيىنى بىر قەدەر ئېغىر بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1950 ~ 1990- يىللىرىچە، چوڭراق كەلكۈن ئاپىتىدىن 13 قېتىم يۈز بەردى. 1988- يىل 5- ئايدىكى كەلكۈن ئاپىتىدە، قۇمۇل تۆرۈك غولىدىكى كەلكۈن چوققىسىنىڭ ئېقىم مىقدارى $144m^3/s$ قا يېتىپ، بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان 3 مىليون 331 مىڭ 900 يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە سۇ ئىنشائاتىغا كەلتۈرگەن زىيان 1 مىليون 443 مىڭ 600 يۈەن بولدى.

1. سۇ ئامبارلىرىنىڭ خەتىرىنى تۈگىتىش

ۋىلايەتتىكى سۇ ئامبارلىرىنىڭ كۆپىنچىسى 1950- يىللاردىن 1960- يىللارغىچە ياسالغان بولۇپ، قۇرۇلۇش

سۇپىتى ناچار، باشقۇرۇش ياخشى بولماي، خەتىرى بولسىمۇ ئىشلىتىلگەچكە، كەلكۈن كەلگەن ھامان كىشىلەر دەككە-دۈككە ئىچىدە قالاتتى. 1961- يىلىدىكى كەلكۈن ئاپىتىدە، 1958- يىلى ياسالغان شەرقىي ئۆستەڭ باشلار سۇ ئامبىرىغا يىغىلغان كەلكۈن سۈيى ئېھتىيات سىزىقىدىن ئېشىپ كېتىپ، ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋال كۆرۈلگەچكە، توسما پارتلىتىۋېتىلىپ، سۇ ئامبىرى ئىشلىتىشتىن قالدى. 1958- يىلى ياسالغان راھەتباغ سۇ ئامبىرى، 1966- يىل 3- ئاينىڭ 11- كۈنى توسمىسى يېڭىدىن ياسىلىپ، توڭ توپا تىندۇرۇلغانلىقتىن، ئامبارغا سۇ قاچىلىغاندا سۇ سىرغىپ چىقىپ يار ئېلىپ كەتكەندە، دەرھال تەدبىر قوللىنىلىپ رېمونت قىلىندى.

1986- يىلى 6- ئاينىڭ 27-، 28- كۈنلىرى، ئۇدا ئىككى كۈن ياغقان قاتتىق يامغۇردا، كەلكۈن چۈشۈرۈش ئىقتىدارى پەقەت 8m³/s بولغان باركۆل غەربىتاغ يامانسۇ سۇ ئامبىرىنىڭ سۈيى تېشىپ كېتىپ، 30 مېتىر كەڭلىكتە يار ئېلىپ كەتتى، قاشتىكى 7000 كۇب مېتىر توپىنى سۇ ئېقىتىپ كەتتى. شۇ كۈنى، باركۆل كۆيسۇ سازلىق سۇ ئامبىرىنى 20 مېتىر كەڭلىكتە يار ئېلىپ كېتىپ، 3000 كۇب مېتىر توپىنى ئېقىتىپ كەتتى. 1988- يىل 3- ئاينىڭ 7- كۈنى، قۇمۇل تاشئۆيلىق ئېرگۈك كەنتىنىڭ قىزىلتاغ سۇ ئامبىرى 40 مېتىر كەڭلىكتە يار ئېلىپ كېتىپ، قاشتىكى 4900 كۇب مېتىر توپىنى ئېقىتىپ كەتتى.

قۇمۇلنىڭ بېشىدىكى بىر داس سۇ دەپ ئاتىلىدىغان تۆرۈك سۇ ئامبىرى ياسىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، توسما گەۋدىسىدە ئېغىر دەرىجىدە سۇ سىرغىپ كېتىش ھادىسىسى كۆرۈلۈپ، توسمىنىڭ بىخەتەرلىكىگە بىۋاسىتە خەۋپ يەتكەن ئىدى. گېئولوگ 6- ئەترەتتىكى توسمىنىڭ بېشىدىن تۆشۈك ئېچىپ، يۇقىرى بېسىم بىلەن بېتون قۇيۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ توغاننى مۇستەھكەملىدى. تۆت يىل تىرىشىش ئارقىلىق، سۇ سىرغىش مىقدارى بۇرۇنقىدىن 90% ئازايتىلىپ، خەۋپ تۈگىتىلدى.

بوغاز سۇ ئامبىرىنىڭ سىغىمى 22 مىليون كۇب مېتىر، بېلىق بېقىش سۇ يۈزى 9000 مو بولۇپ، بۇ ئامبارنىڭ توسمىسىنى پۇختىلاش ئۈچۈن، 144 مىڭ كۇب مېتىر توپا، 9815 كۇب مېتىر تاش، 4500 كۇب مېتىر بېتون ئىشلىتىلدى، 216 مىڭ 500 يۈەن سەرپ قىلىندى. ئاساسلىقى تاقاق، سۈزگۈچلۈك توغان ئۇلى قاتارلىق جايلىرى رېمونت قىلىنىپ، 1982- يىلى تاماملاندى.

قارادۆۋە سۇ ئامبىرىنىڭ سىغىمى ئەسلىدىكى بەش مىليون كۇب مېتىردىن ئالتە مىليون كۇب مېتىرغا كېڭەيتىلدى، بېلىق بېقىش سۇ يۈزى 1500 موغا يەتتى. توسمىنى پۇختىلاشقا 22 مىڭ كۇب مېتىر توپا، 120 كۇب مېتىر تاش، 1050 كۇب مېتىر بېتون، 150 مىڭ يۈەن مەبلەغ سەرپ قىلىندى. ئاساسلىقى تاقاق، سۈزگۈچلۈك توغان ئۇلى رېمونت قىلىنىپ، توسمىسى پۇختىلاندى.

راھەتباغ سۇ ئامبىرىنىڭ سىغىمى بىر مىليون 200 مىڭ كۇب مېتىر، بېلىق بېقىش سۇ يۈزى 400 مو، توسمىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن 8000 كۇب مېتىر توپا، 560 كۇب مېتىر تاش، 24 كۇب مېتىر بېتون ئىشلىتىلىپ، 150 مىڭ يۈەن مەبلەغ سەرپ قىلىندى. ئاساسلىقى سۈزگۈچلۈك توغان ئۇلى، كەلكۈن چۈشۈرگۈچ رېمونتلىنىپ، توسمىسى مۇستەھكەملەندى، رېمونت ئىشلىرى 1980- يىلى تاماملاندى.

ئەرگۈك سۇ ئامبىرىنىڭ سىغىمى 800 مىڭ كۇب مېتىر، بېلىق بېقىش سۇ يۈزى 50 مو بولۇپ، توسمىسىنى پۇختىلاش ۋە سۈزگۈچلۈك توغان ئۇلىنى رېمونتلاش ئۈچۈن 5000 كۇب مېتىر توپا، 300 كۇب مېتىر تاش، 20 كۇب مېتىر بېتون ئىشلىتىلىپ، 50 مىڭ يۈەن مەبلەغ سەرپ قىلىنىپ، سۈزگۈچلۈك توغان ئۇلى، توسما قېشى مۇستەھكەملىنىپ، 1979- يىلى تاماملاندى.

ئىتتىپاق سۇ ئامبىرىنىڭ سىغىمى بەش مىليون 200 مىڭ كۇب مېتىر، بىلىق بېقىش سۇ يۈزى 204 مو بولۇپ، توسما ۋە سۇزگۇچلۇك توغان ئۇلىنى مۇستەھكەملەشكە 20 مىڭ كۇب مېتىر توپا، 8000 كۇب مېتىر تاش، 2000 كۇب مېتىر بېتون ئىشلىتىلىپ، 140 مىڭ يۈەن مەبلەغ سەرپ قىلىنىپ، سۇزگۇچلۇك توغان ئۇلى، توسما قېشى مۇستەھكەملىنىپ، 1980- يىلى تاماملاندى.

ئۆچكۆل سۇ ئامبىرىنىڭ سىغىمى بىر مىليون 200 مىڭ كۇب مېتىر، بېلىق بېقىش سۇ يۈزى 432 مو، مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 25 مىڭ كۇب مېتىر توپا، 2400 كۇب مېتىر تاش، 1600 كۇب مېتىر بېتون، 70 مىڭ يۈەن مەبلەغ سەرپ قىلىنىپ، توسما قېشى، چۈشۈرگە، سۇزگۇچلۇك توغان ئۇلى مۇستەھكەملىنىپ، 1982- يىلى تاماملاندى.

چوڭ قۇلۇنچەرى سۇ ئامبىرىنىڭ سىغىمى بىر مىليون 200 مىڭ كۇب مېتىر، ھازىرقى سىغىمى 450 مىڭ كۇب مېتىر ، مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 20 مىڭ كۇب مېتىر توپا، 1200 كۇب مېتىر تاش، 800 كۇب مېتىر بېتون، 50 مىڭ يۈەن مەبلەغ سەرپ قىلىنىپ، ئاساسلىقى كەلكۈن چۈشۈرگىسى، سۇزگۇچلۇك توغان ئۇلى، ئامبار توسمىسى رېمونت قىلىنىپ، 1980- يىلى تاماملاندى.

چاشا سۇ ئامبىرىنىڭ سىغىمى 290 مىڭ كۇب مېتىر، پۇختىلاش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 30 مىڭ كۇب مېتىر توپا، 1200 كۇب مېتىر تاش، 800 كۇب مېتىر بېتون، 60 مىڭ يۈەن خىراجەت سەرپ قىلىندى. ئاساسلىقى كەلكۈن چۈشۈرگىسى، سۇزگۇچلۇك توغان ئۇلى مۇستەھكەملەندى، يار ئۈلۈپ كەتكەن توسمىسى ۋاقتىدا رېمونت قىلىندى.

ئاتيولى سۇ ئامبىرىنىڭ لايىھەدىكى سىغىمى 500 مىڭ كۇب مېتىر، پۇختىلاش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 15 مىڭ كۇب مېتىر توپا، 1000 كۇب مېتىر تاش، 400 كۇب مېتىر بېتون، 60 مىڭ يۈەن خىراجەت سەرپ قىلىنىپ، ئاساسلىقى كەلكۈن چۈشۈرگىسى، سۇزگۇچلۇك توغان ئۇلى مۇستەھكەملىنىپ، 1982- يىلى تاماملاندى.

يامانسۇ سۇ ئامبىرىنىڭ سىغىمى 800 مىڭ كۇب مېتىر، ھازىرقى سىغىمى 100 مىڭ كۇب مېتىر ، مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 40 مىڭ كۇب مېتىر توپا، 2400 كۇب مېتىر تاش، 1600 كۇب مېتىر بېتون، 100 مىڭ يۈەن پۇل سەرپ قىلىنىپ، ئاساسلىقى توسما قېشى، كەلكۈن چۈشۈرگىسى، سۇزگۇچلۇك توغان ئۇلى، ۋە بۇزۇلغان توسمىسى مۇستەھكەملىنىپ، 1983- يىلى تاماملاندى.

پىيازلىق سۇ ئامبىرىنىڭ سىغىمى 300 مىڭ كۇب مېتىر، ھازىرقى سىغىمى 150 مىڭ كۇب مېتىر ، مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 5000 كۇب مېتىر توپا، 1000 كۇب مېتىر تاش، 200 كۇب مېتىر بېتون، 20 مىڭ يۈەن خىراجەت سەرپ قىلىنىپ، ئاساسلىقى توسما قېشى، كەلكۈن چۈشۈرگىسى، سۇزگۇچلۇك توغان ئۇلى مۇستەھكەملىنىپ، 1984- يىلى تاماملاندى.

ۋىلايەتتىكى سۇ ئامبارلىرىنىڭ خەتىرى تۈگىتىلگەندىن كېيىن، ئامبارلارنىڭ ئەھۋالى ياخشىلىنىپ، تېرىلغۇ يەرلىرىنى كېڭەيتىش ۋە كەلكۈن سۇلىرىنى توپلاش جەھەتتە ياخشى رول ئوينىدى.

2. كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توسمىسى، ئېقىمنى يۆلەندۈرگۈچى دامبا

قۇمۇل شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان تەگرىتېغىدىن ھەر يىلى كۈز، ئەتىيازدا كەلكۈن كېلىپ تۇرىدۇ. 1959- يىلى شىمالىي چۆللۈكتە ئۇزۇنلۇقى سەككىز كىلومېتىر كېلىدىغان بىركەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش دامبىسى ياسالدى، كېيىن بۇ دامبا يەنە 12 كىلومېتىرغا ئۇزارتىلدى، بۇ قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن،

50 مىڭ مو تېرىلغۇ يەرنى ۋە 200 مىڭ ئاھالىسىنى قوغداپ كەلدى. 1961- يىل 4- ئاينىڭ 18- كۈندىكى $32m^3/s$ لىق كەلكۈن سۈيى شىمالىي چۆللۈكتىكى تۇرۇكنىڭ كەلكۈن باشلاش تۇستىگىگە ئېقىپ چۈشتى، 10 مىڭ مو تېرىلغۇ ئېتىزى سۇغىرىلغاندىن سىرت، بوغاز ئامبىرىغا 200 مىڭ كۇب مېتىر سۇ قوشۇلدى.

كەلكۈن دائىم كېلىدىغان ئېقىنلارنىڭ يەر تۈزۈلۈشىگە ئاساسەن، ئوخشىمىغان تىپتىكى ئېقىمنى يۆلەندۈرگۈچى دامبىلار ياسالدى، ۋىلايەت بويىچە دامبىلارنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 10 كىلومېتىردىن ئاشتى. لەنجۇ- شىنجاڭ تاشيولى بىلەن تۆمۈريول ياقىسىنى بويلاپ ياسالغان ئېقىمنى يۆلەندۈرگۈچى دامبا ۋە كەلكۈن سۈيىنى باشلىغۇچى جىرالاردىن ئېقىپ چۈشكەن كەلكۈن سۈيى نۇرغۇن ئۇششاق ئېرىقلار بىلەن ئەڭ ئاخىرى ئېتىز- ئېرىقلارغا ئېقىپ چۈشىدۇ. 1982 ~ 1990- يىلىغىچە ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت ئاراتۈرۈك دەريا ئېقىمىدىكى كەلكۈن ئاپىتىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن، ھەر مىللەت خەلقىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئۇزۇنلۇقى ئۈچ كىلومېتىر، تاشتا قوپۇرۇلغان كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش دامبىسى ياسىدى.

1949 ~ 1990- يىلىغىچە قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، دەريا- ئېقىنلارنىڭ سۈيىنى يىغىش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن، دۆلەت 33 مىليون 490 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجراتتى. 1980 ~ 1990- يىلىغىچە بولغان ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ئەمگەك كۈچىنى ھېسابلىمىغاندا، جەمئىي 70 مىڭ دانە كۆشۈك (پاخالدا ئېشىپ توقۇلغان تاغار)، 50 توننا سىم تور، 900 توننا سېمونت ئىشلىتىلدى. 1986 ~ 1990- يىلىغىچە كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش دامبا قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 440 مىڭ يۈەن مەبلەغ سەرپ قىلىندى.

# III باب

# كارىز

## §1. كارىزنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

كارىز — شىنجاڭدىكى قۇرغاق رايونلاردا ياشاپ كەلگەن ئەمگەكچى خەلق ئۇزۇن مۇددەت قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش ۋە تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىش جەريانىدا ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن بىر خىل ئىجادىيەت، شۇنداقلا يەر ئاستى سۈيىدىن پايدىلىنىپ دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىنى سۇغىرىدىغان بىر تۈرلۈك ئۆزگىچە سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇلاق كولاش تەجرىبىلىرىنىڭ ۋە ئەقىل- پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 22- يىلى (1842- يىلى) لىن زېشۈ قۇمۇل، تۇرپانلاردىكى كارىزنى تەرىپلەپ: «كارىز جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ چېپىلىپ، يەر ئاستى سۈيى يەر يۈزىگە باشلاپ چىقىلىدىكەن، بۇ جاينىڭ تۇپرىقى تولىمۇ مۇنبەت بولۇپ، يىلمۇ- يىل مول ھوسۇل ئالىدىكەن، بۇ، كارىزنىڭ كارامىتى ئىكەن» دېگەن.

كارىز قۇرغاق رايونلاردىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزگىچە سۇ باشلاش مۇئەسسەسەسى بولۇپ، ئۇ ۋېرتىكال قۇدۇق، تەشمە ۋە ئاشمىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تۈزۈلگەن. ۋېرتىكال قۇدۇق كارىز تەشمىسىنىڭ توپىسىنى چىقىرىش، تەشمىگە يورۇق چۈشۈرۈش، ھاۋا ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن قېزىلىدۇ، بىر كارىزدا ئون نەچچىدىن يۈز نەچچىگىچە ۋېرتىكال قۇدۇق بولىدۇ، يەر يۈزى يانتۇلۇق دەرىجىسىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە ئەگىشىپ، ۋېرتىكال قۇدۇقمۇ چوڭقۇرلاپ بارىدۇ. ئادەتتە چوڭقۇرلۇقى 20 ~ 60 مېتىر ئارىلىقىدا بولىدۇ، ۋېرتىكال قۇدۇقنىڭ كەسمە يۈزى تىك تۆت بۇلۇڭ شەكلىدە بولۇپ، تەرەپلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئادەتتە 0.6 ~ 0.8 مېتىر بولىدۇ. سوقچاق شەكلىدە بولىدىغانلىرىمۇ بار، دىئامېتىرى 0.7 ~ 0.8 مېتىر كېلىدۇ؛ تەشمە، يەنى سۇ يولىنىڭ ئېگىزلىكى 1.2 مېتىر، كەڭلىكى 0.6 ~ 0.7 مېتىر كېلىدۇ، تەشمە ئېرىقى سۇ باشلاشتىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش بولۇپ، تەشمە ئېرىقىنىڭ ئېڭىشمە يانتۇلۇقى ئادەتتە 1/300 ~ 1/500 بولىدۇ؛ ئاشما ئادەتتىكى ئېرىققا ئوخشاش بولىدۇ، ئېڭىشمە يانتۇلۇقى كىچىك بولۇپ، سۇنىڭ ئېقىشى ئاستا بولىدۇ. سۇ يىغىلىپ ئاقىدىغان يەر ئاستى ئېرىقى بىلەن ئاشما تۇتاشقان جاي — ئېغىز دېيىلىدۇ. بۇ كارىز قېزىش باشلىنىدىغان نۇقتىدۇر. كارىز قېزىشتا، ئالدى بىلەن كارىز قېزىلىدىغان جاي تاللىۋېلىنىدۇ، ئاندىن ئېغىزدىن سۇ يولىنى بويلاپ ئىچكىرىلەپ قېزىلىدۇ، ھەر 20 مېتىر ئارىلىقتا بىر ۋېرتىكال قۇدۇق قېزىلىدۇ. قۇرۇلۇش مۇرەككەپ بولغانلىقى ئۈچۈن، قېزىش ئىشى ئادەم كۈچىگە تايىنىپ ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئادەتتە ئۈچ ئادەم بىر گۇرۇپپا بولۇپ قازىدۇ. بىر ئادەم توپا قازىدۇ، بىر ئادەم توپا توشۇيدۇ، بىر ئادەم قۇدۇق ئۈستىدە تۇرۇپ توپا تارتىدۇ؛ بىر مېتىن (جوتۇ)، بىر گۈرجەك، بىر تال ئارغامچا، بىر چىغرىق، ئىككى سېۋەت، بىر قارا چىراغ ئىشلىتىلىدۇ، ۋېرتىكال قۇدۇق قېزىشتىن باشقا ئىشلارنىڭ ھەممىسى سۇ ئىچىدە بولىدۇ، سېۋەتنى كارىزچىلار توپا قاچىلاشتىن باشقا ۋاتىرپاس (شەيتان) ئورنىدا ئىشلىتىدۇ، سېۋەتنىڭ شەكلى يۇمىلاق، دىئامېتىرى تەخمىنەن 30 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 25 سانتىمېتىر كېلىدۇ، قېزىلغان سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى سېۋەتنىڭ قىرغىقىچىلىك كەلگەندە، سۇ يۈزىنى بويلاپ داۋاملىق ئىچكىرىلەپ قېزىلىدۇ. قارا چىراغ تەشمىنى يورۇتۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىپلا قالماي، يەنە تەشمىنىڭ يۆنىلىشىنى كونترول قىلىش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ، كەينىدىن يورۇتۇلغان چىراغ نۇرى ئادەمنىڭ شولىسىنى ئالدى تامغا چۈشۈرىدۇ، ئادەم ئۆزىنىڭ ئالدىغا چۈشكەن شولىسىغا قاراپ يۆنىلىشنى پەرق ئېتىپ ئىلگىرىلەپ قازىدۇ. ئادەم تەشمە ئىچىدە ئېگىشىپ مەشغۇلات قىلىدۇ، بىر ئىسمېنىدا سەككىز سائەت ئىشلىگەندە، ھەر بىر سىمېنىدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1.5 ~ 2 مېتىرغىچە قازغىلى بولىدۇ، شۇڭا، بىر كارىزنى قېزىشقا ئادەتتە بىر نەچچە يىل ۋاقىت كېتىدۇ.

## §2. كارىز قېزىش

چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 5- يىلى (1825- يىلى) ئەتراپىدا باركۆل ناھىيىسى ئۈچكۆلنىڭ ساقابۇلاق كەنتىدىن جەنۇبقا 1.5 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا، ئۇرپاندىن يۆتكەپ كېلىنگەن بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ھەربىيلەر تۇنجى كارىزنى چاپتى، بۇ جەنۇبىي كارىز، دەپ ئاتالدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 25- يىلى (1845- يىلى) مۇشۇ كەنتنىڭ جەنۇبىغا 0.6 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا يەنە بىر كارىز قېزىلدى؛ تۇڭجىنىڭ 2- يىلى (1863- يىلى) مۇشۇ

كەنتنىڭ شەرقىگە 20 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى يۈسۈپ قورۇسىدا بىر كارىز قېزىلدى. تۇڭجىنىڭ 4- يىلى (1865- يىلى) يۈسۈپ قورۇسىدا يەنە بىر كارىز قېزىلدى. گۇاڭشۇ يىللىرى شۇ كەنتنىڭ غەربىي شىمالىدىكى 1.3 كىلومېتىر جايدا غەربىي كارىز قېزىلدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 30- يىلى (1904- يىلى) پىچان ئامبىلى يەتتە قۇدۇقتا تۆت كارىز چاپتۇردى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ 3- يىلى (1911- يىلى) لياۋدۇندىكى ۋاڭ گويۇڭ 40 غولاچ ئۇزۇنلۇقتا بىر كارىز چاپتى. بۇ كارىزنىڭ ھەر ئىككى غولاچ جايىدا بىر ۋېرتىكال قۇدۇق قېزىلدى، قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىر غولاچتىن ئارتۇق، تەشمىسىنىڭ ئېگىزلىكى تۆت چى، كەڭلىكى سەككىز سۇڭ بولۇپ، سۈيى ئۇلۇغ چىقتى. مىنگونىڭ 19- يىلى (1930- يىلى) نومدىكى كىشىلەر ساقا بۇلاقتىن كارىزچى تەكلىپ قىلىپ، ئۈچ كارىز قازدى. مىنگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى)، ئاراتۇرۇك ناھىيىسى 20 مىڭ يۈەن مەبلەغ بىلەن نومدا بىر كارىز قېزىپ، 500 مو كۆكتاتلىقنى سۇغاردى. مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى)، قۇمۇلدا يەندۇگدىن لياۋدۇڭغىچە بولغان 170 كىلومېتىر ئارىلىقتا 495 كارىز چېپىلىپ، 22 مىڭ 370 مو يەر سۇغىرىلدى. بۇ، ناھىيە ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنى ئىگىلىدى. بۇ كارىزلار ئىچىدە، سۈيى ئەڭ ئۇلۇغ ئىككى كارىز بولۇپ، بىرسى ئاستانە قوشتىكەن كەنتىدىكى «مەمۇرلار» كوپىراتىپىنىڭ كارىزى، ئىشلىتىلىۋاتقىلى 70 يىل بولغان بۇ كارىزنىڭ 150 ۋېرتىكال قۇدۇقى بولۇپ، تەشمىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2.5 كىلومېتىر كېلىدۇ، بىر كېچە- كۈندۈزدە 80 مو يەرنى، يىلىغا 800 مودىن ئارتۇق يەرنى سۇغارغىلى بولىدۇ؛ يەنە بىرى ئوردا كارىزى ( ئورنى ئاستانىدا )، ھازىرقى ئىسمى شەرقىي كارىز. باش قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلۇقى 39 مېتىر، 140 تىن ئارتۇق ۋېرتىكال قۇدۇقى بولۇپ، تەشمىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2.4 كىلومېتىر، بىر كېچە- كۈندۈزدە 340 مو يەرنى سۇغارغىلى بولىدۇ.

ئىلگىرىكى كارىزلار «ھۆكۈمەت كارىزى» ( ھۆكۈمەت مەبلەغ ئاجرىتىپ قېزىلغان كارىزلا )، «ھەربىي كارىزى» (چېگرا مۇداپىئە ئەسكەرلىرى قازغان كارىزلار)، « ئوردا كارىزى» ( قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ قازدۇرغان كارىزلىرى) ۋە « پۇقرالار كارىزى» دەپ بىر نەچچە خىلغا ئايرىلاتتى. مىنگونىڭ 19- يىلى (1930- يىلى) قۇمۇل ۋاڭى ئاستانە خەلقىنىڭ 17 كارىزىنى تارتىۋالدى. بۇ كارىزلار ئىچىدىكى رابى موما، كۆسۇ نىياز، زوردۇن مۇھەممەت ۋە سىدىقنىڭ كارىزلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ «كەپتەرلىك كارىزى»، دەپ ئاتىدى ۋە بۇ كارىز بىلەن 1000 مو يەرنى سۇغىرىپ كەلدى.

1949- يىلىدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 455 كارىز بولۇپ، سۇ مىقدارى 6.42 كۇب مېتىر/ سېكونت ، سۇغىرىش كۆلىمى 41 مىڭ 600 مو.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ 1950- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، يەرلىك قۇدۇق، ماشىنىلاشقان قۇدۇقلارنىڭ قېزىلىشىغا ئەگىشىپ، كارىزلار ئازىيىپ 437 غا چۈشۈپ قالدى. يىللىق ئېقىم مىقدارى 120 مىليون كۇب مېتىر بولدى؛ 1960- يىللارنىڭ ئاخىرى، بولۇپمۇ 1970- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، ماشىنىلاشقان قۇدۇقلار ۋىلايەت بويىچە ئومۇملىشىپ، نۇرغۇن كارىزلار يەر ئاستى سۇ ئورنىنىڭ تۆۋەنلىشى سەۋەبىدىن قۇرۇپ كەتتى. مەسىلەن، « راكېتا » دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئەسلىدىكى 29 كارىزنىڭ ھەممىسى قۇرۇپ كەتتى.

1985- يىلىغىچە ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 301 كارىز قالدى، بۇنىڭ ئىچىدە 295 نىڭ سۈيى بار. 1990- يىلىغا كەلگەندە، 234 كارىز قېلىپ، ئومۇمىي ئېقىم مىقدارى 3.3 كۇب مېتىر / سېكونتقا چۈشۈپ قالدى. قۇمۇل بوستانلىقىغا تارقالغان كارىزلار ئىچىدە: توغۇچى دېھقانچىلىق مەيدانىدا 70 ى بولۇپ، ئومۇمىي ئېقىم مىقدارى

0.9279 كۇب مېتىر/سېكونت ، قارادۆۋەدە 53 ى بولۇپ، ئومۇمىي ئېقىم مىقدارى 0.168 كۇب مېتىر/سېكونت ، ئاستانىدا 52 سى بولۇپ، ئومۇمىي ئېقىم مىقدارى 1.41 كۇب مېتىر/سېكونت ؛ يەتتە قۇدۇقتا ئىككىسى، ساقا دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئىككىسى، تاشبۇلاقتا 46 سى بولۇپ، ئومۇمىي ئېقىم مىقدارى 0.386 كۇب مېتىر/سېكونت ؛ يامانسۇ دېھقانچىلىق مەيدانىدا 13 ى بولۇپ، بىر كېچە- كۈندۈزدە چىقىدىغان سۇ مىقدارى 4000 كۇب مېتىر، 530 مو يەرنى سۇغارغىلى بولىدۇ؛ بۇلۇڭتوغراقتا 10 ى بولۇپ، ئومۇمىي ئېقىم مىقدارى 0.309 كۇب مېتىر/سېكونت.

باركۆل ناھىيىسىدىكى كارىزلار: ئۈچكۆلدىكى ساقا بۇلاقتا بەش كارىز بولۇپ، ئومۇمىي ئېقىم مىقدارى 0.069 كۇب مېتىر/سېكونت ، 170 مو يەرنى سۇغارغىلى بولىدۇ؛ ئۈچكۆل يۇسۇپ قورۇسىدىكى ھەربىيلەر تۇرۇشلۇق جايدا بىر كارىز بولۇپ، 36 مو يەرنى سۇغارغىلى بولىدۇ؛ ئاراتۇرۇكتە بەش كارىز بار.

## §3. كارىزلارنى ياخشىلاش

كارىزنىڭ قۇرغاق رايونلاردا ئۆزىگە خاس ئالاھىدە رولى بار، ئۇنىڭ مەبلەغ سەرپىياتى ئاز، ئۈنۈمى تېز، ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى، بولۇپمۇ پېزغىرىم ئىسسىق پەسىللەردە، يەر يۈزى سۈيىگە قارىغاندا پارلىنىشى ئاز، ماشىنىلاشقان قۇدۇقلارغا قارىغاندا تېجەشلىك.

1952- يىلى پارتىيە، ھۆكۈمەت سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى بىلەن كەڭ كۆلەمدە شۇغۇللىنىشنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلغاچقا، شۇ يىلىلا 16 كارىز يېڭىدىن قېزىلدى، 72 كارىز رېمونت قىلىندى، 93 ئاشما كولاندى، كارىزلارنىڭ تەشمىسى ھەر يىلى ئۇزارتىلىپ، لېيى ئېلىندى.

1963- يىلى يەر قاتلىمى ئەھۋالى ۋە گىدروگېئولوگىيىلىك شارائىتلارغا ئاساسەن، سۇچىلىق تارماقلىرى گېئولوگ تارماقلىرى بىلەن بىرلىكتە راكېتا دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە ئاستانە گۆكشىبىسىدىكى كارىزلارنىڭ يۇقىرى، ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىملىرىدا كارىز ئىچىدە قۇدۇق قېزىش سىنىقى ئېلىپ باردى. نەتىجىدە، يۇقىرى ئېقىمدا قېزىلغان قۇدۇقنىڭ ئومۇمىي سۇ چىقىرىش مىقدارى 30 لېتىر /سېكونت بولدى؛ ئوتتۇرا ئېقىمدا قېزىلغان قۇدۇقتىن سۇ چىقىش مىقدارى 2 لېتىر /سېكونت بولدى. ئاستانە 4- ئەترەتتە قېزىلغان قۇدۇقتىن كۈنىگە بەش مو يەرنى سۇغارغىلى بولىدىغان سۇ چىقتى. بۇلۇڭتوغراقنىڭ قۇمتوغراق 7- ئەترىتى كارىز ئورنىدا ئارتېزىيان قۇدۇق كولاپ، كۈنىگە 2623.2 كۇب مېتىر سۇ كۆپەيتتى. ئەگەر توك بىلەن شۇنچىلىك سۇ چىقىرىلغان بولسا، 26.35 يۈەن كەتكەن بولاتتى، مەزكۇر ئەترەت ئارتېزىيان قۇدۇق قېزىش ئارقىلىق سۇنى كۆپەيتىپ، يىلىغا 9617.75 يۈەن توك پۇلىنى تېجەپ قالدى.

1980- يىلىدىن كېيىن، قۇمۇل شەھىرى قارادۆۋە يېزىسى كارىزلارنى تېرىلغۇ يېرىگە قوشۇپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بەرگەندىن كېيىن، كارىزلار ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. يېزا بويىچە تىقىلىپ كەتكەن 13 كارىز رېمونت قىلىنىپ، قايتا ئىشلىتىلىشكە باشلىدى، ئۈچ يىلدا يېڭىدىن 33 ۋېرتىكال قۇدۇق قېزىلدى.

1989- يىلى قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە جەمئىي 292 كارىز بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل شەھىرىنىڭ 280، يىللىق ئېقىم مىقدارى 70 مىليون كۇب مېتىر، ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ بەش، يىللىق ئېقىم مىقدارى 10 مىليون

كۇب مېتىر، باركۆل ناھىيىسىنىڭ يەتتە، يىللىق ئېقىم مىقدارى توققۇز مىليون كۇب مېتىر.

# IV باب

# قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش

## §1. قۇرغاقچىلىق ئەھۋالى

قۇمۇل ۋىلايىتى قۇرغاق رايونلار قاتارىغا كىرىدۇ، قۇمۇل شەھىرى ۋە تاغنىڭ شىمالىدىكى ئاراتۈرۈك ناھىيىسى، باركۆل ناھىيىسىنىڭ سەنتاڭخۇ بىزىسى قۇرغاقچىلىق ئەڭ ئېغىر يۈز بېرىدىغان رايونلار بولۇپ، ھەر يىلى قىسمەن دائىرىدە قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، بولۇپمۇ تاغ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان رايونلاردا ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىر، شۇڭا، ئەل ئىچىدە «ئون يىلنىڭ توققۇزىدا قۇرغاقچىلىق بولىدۇ» دېگەن سۆز تارقالدى.

1954- يىلى، قۇمۇل ناھىيىسى پالۋانتۈر قىزىل يۇلغۇندا بۇغداي مايسىلىرى قۇرغاقچىلىق دەستىدىن قۇرۇپ كەتكىلى ئاز قالدى. شۇ يىلى باركۆل ناھىيىسى كۆيسۇ پىيازلىقتا ئېغىر قۇرغاقچىلىق بولۇپ، يەردىن ھېچقانداق مەھسۇلات چىقمىدى.

1983- يىل 4- ئايدا باركۆلنىڭ ھۆل- يېغىن مىقدارى 23 مىللىمېتىر بولۇپ، ئىلگىرىكى يىللارنىڭ ئوتتۇرىچە مىقدارىدىن 51% چۈشۈپ كەتتى، سۇنىڭ پارلىنىشى ئەكسىچە 33% ئاشتى؛ ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە قۇرغاقچىلىق دەستىدىن تېرىقچىلىق 15 ~ 20 كۈن كېچىكتى، سۇ ئامبارلىرىدىكى سۇنىڭ يىغىلىش مىقدارى ئالدىنقى يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن توققۇز مىليون كۇب مېتىر ئازىيىپ كەتتى؛ يەر ئاستى سۇ ئورنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىدى، قۇمۇل ئاستانىدىكى يەر ئاستى سۇ ئورنى 1.86 مېتىر تۆۋەنلىدى، ئەڭ چوڭ بىر قۇدۇقنىڭ سۇ ئورنى 2.9 مېتىر تۆۋەنلىدى.

1989- يىلى، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە 50 يىلدا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئېغىر قۇرغاقچىلىق يۈز بەردى، چۆلتاغدىكى قىشلاقلاردا ئازراقمۇ قار ياغمىدى، ناھىيە بويىچە 95 مىڭ تۇياق قوي، 321 ئائىلە، 2508 ئادەمنىڭ ئىچىملىك سۈيى قىيىن ئەھۋالدا قالدى.

## §2. قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش تەشكىلاتلىرى

ۋىلايەت، ناھىيىلەردە كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش قوماندانلىق شتابى تەسىس قىلىندى، قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىنىپ، قوماندانلىق، باش قوماندانلىقنى يېزا ئىگىلىك سىستېمىسىغا مەسئۇل

شۇجى ياكى ۋالىي ئۇستىگە ئالدى، ئىشخانا مۇدىرلىقىنى سۇچىلىق تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى قوشۇمچە ئۆتىدى، ئىش بېجىرىش ئورنى ئادەتتە سۇچىلىق باشقارما (بۆلۈم) لىرىدە تەسىس قىلىندى؛ يېزا، كەنتلەردە كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش كومىتېتلىرى ياكى گۇرۇپپىلىرى تەسىس قىلىندى، قۇرغاقچىلىق ئېغىر بولغان يىللىرى، پارتكوم قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئىشىنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزدى، پارتكوم شۇجىسى بىر بەنزە ئادەمگە ئۆزى باش بولۇپ ئالدىنقى سەپكە ئاتلاندى. ھەر يىلى كىچىك تېپتىكى ئېتىز- ئېرىق سۇ ئىنشائاتى خىراجىتىدىن خېلى كۆپ پۇل ئاجرىتىلىپ، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇشقا ئىشلىتىلدى. قۇرغاقچىلىق ئېغىر بولغان يىللىرى، زاپاس خىراجەتتىن باشقا، دۆلەت مالىيىسى ۋە يەرلىك مالىيەلەر مەبلەغ جۇغلاپ قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇردى. 1983- يىلى يۈز بەرگەن ئېغىر قۇرغاقچىلىق ئاپىتىدە، كىچىك تېپتىكى سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇش خىراجىتىدىن 400 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلغاندىن سىرت، يەرلىك مالىيە 270 مىڭ يۈەن ئاجراتتى، ھەر قايسى ناھىيەلەر 110 مىڭ يۈەن مەبلەغ جۇغلىدى، ئاپتونوم رايون يەنە قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش مەخسۇس مەبلىغىدىن 200 مىڭ يۈەن ئاجراتتى. شۇ يىلى جەمئىي 1 مىليون 80 مىڭ يۈەن پۇل قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇشقا ئىشلىتىلدى. 1986- يىلى قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن مەخسۇس خىراجەت 950 مىڭ يۈەنگە، 1988- يىلى 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## §3. قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرى

1. سۇ مەنبەلىرىنى كۆپەيتىپ، سۇ تېجەش

سۇغىرىشقا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، سۇغىرىش كۆلىمىنى كېڭەيتىش ۋە ياخشىلاش:

1) سۇ تېجەش ياخشى يولغا قويۇلۇپ، يەر ئاستى سۈيىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، پۇرۇشلەشتۈرۈلگەن ماشىنا قۇدۇقلار ياخشى باشقۇرۇلدى ۋە ئۈنۈمدىن ياخشى پايدىلىنىلدى، يېڭىدىن كۆپەيتىپ قېزىلغان قۇدۇقلار ۋاقتىدا پۇرۇشلەشتۈرۈلدى؛

2) ھەر قايسى تەرەپتىكى كۈچلەر سەپەرۋەر قىلىنىپ، بۇلاق ۋە كارىزلارنى چېپىش ئارقىلىق سۇ كۆپەيتىلدى؛

3) چارۋىچىلىق رايونلىرىدا بار بولغان 500 بۇلاقتىن تولۇق پايدىلىنىلدى، ئادەم تەشكىللىنىپ، يېڭى سۇ مەنبەلىرى تېپىلدى.

4) تېجەشلىك سۇغىرىش قاتتىق تەكىتلىنىپ، سۇ ئىشلىتىش تۈزۈمى چىڭىتىلدى، تاغنىڭ جەنۇبىدىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىدا مو بېشى سۇ سەرپىياتى 1000 كۇب مېتىردىن، تاغنىڭ شىمالىدا 600 كۇب مېتىردىن ئاشۇرۇۋېتىلمىدى.

5) پىلانلىق سۇ ئىشلىتىش ھەقىقىي كۈچەيتىلىپ، ئىشلىتىلگەن سۇنىڭ كۇب سانى بويىچە ھەق يىغىلدى، مۇكاپاتلاش، جازالاش قاتتىق بولدى. باركۆل ناھىيىسى شىرىنزا سۇ باشقۇرۇش پونكىتىدىكى سۇ باشقۇرغۇچى خادىملار 31.5 مو يەرنى ئوغرىلىقچە سۇغارغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا 100 يۈەن جەرىمانە قويۇلدى.

6) يوشۇرۇن كۈچلەر قېزىلىپ، سۇغىرىش كۆلىمى كۆپەيتىلدى. قۇمۇل شەھىرى قارادۆۋە يېزىسى سۇ ئىنشائاتى

مۇئەسسەسەلىرىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى تولۇق قازغانلىقى ئۈچۈن، قۇرغاقچىلىق يىللىرىمۇ زىيان كۆرۈلمىدى.

7) قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش بىلەن بىللە، كەلگۈن ئەھۋالى يېقىندىن كۆزىتىلىپ، كەلكۈن سۈيى ئارقىلىق يەر سۇغىرىلىپ، قۇرغاقچىلىق ئەھۋالى يەڭگىللىتىلدى.

8) ئومۇمىيەت كۆز قارىشى تۇرغۇزۇلۇپ، ئېلېكتىر قۇۋۋىتى، تەمىنات- سودا، ماددىي ئەشيا ئورۇنلىرى زىچ ماسلىشىپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە قۇرغاقچىلىققا ئورتاق تاقابىل تۇرۇلدى.

2. سۈنئىي ئۇسۇلدا مۇز ئېرىتىش

1960- يىلى 6-، 7- ئايلاردا ھاۋانىڭ تۇتۇق، تېمپېراتۇرىنىڭ تۆۋەن بولۇشى ئېگىز تاغلاردىكى قار- مۇزنىڭ ئېرىشىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىپ، قۇرغاقچىلىق ئەھۋالى ئېغىر بولدى، بۇغدايلار دان تۇتۇۋاتقان، كۆزلۈك تېرىقچىلىق باشلىنىش ئالدىدا تۇرغان ھالقىلىق پەيتتە، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى جۇغراپىيە ئورنى غەربىي شىمال مۇزلۇق تەتقىقات 1- ئەترىتىدىكى خادىملار بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ قۇمۇلغا كەلدى، ئۇلار تاغقا چىقىپ نەق مەيداننى چارلىغاندىن كېيىن، مۇزلۇققا كۆمۈر توپىسى چېچىپ قار- مۇزنى ئېرىتىش تەكلىپىنى بەردى. قۇمۇل خەلق ئاۋىئاتسىيە پونكىتى مەخسۇس بىر ئايروپىلان ئاجرىتىپ، مۇزلۇققا كۆمۈر توپىسى چاچتى. تېخنىكا جەھەتتىكى مەسىلەر سەۋەبىدىن ئۈنۈمى ياخشى بولمىغاچقا، كېيىن بۇ ئۇسۇل مۇزلۇققا پارتلاتقۇچ بومبا تاشلاش ئۇسۇلىغا ئۆزگەرتىلدى.

3. يامغۇر ياغدۇرۇش

(تەپسىلاتى «پەن- تېخنىكا» قىسمىغا قارالسۇن).

4. ئومۇمىيۈزلۈك ھەرىكەتكە كېلىپ قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بەرگەن ھامان، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت تۈرلۈك چارە- ئامالارنى قوللىنىپ، قۇرغاقچىلىقنى پەسەيتتى، ئاممىنى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇپ، ئۆز- ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىپ، قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بەردى. 1954- يىلى باركۆل ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى كۆيسۇ يېيازلىقىنىڭ قۇرغاقچىلىق ئەھۋالىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش ئۈچۈن 35 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ، ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، تۆت كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا تاش ئۆستەڭ ياساپ، يېيازلىقنىڭ تاغ، بۇلاق سۇلىرىنى باشلاپ كېلىپ، تېرىلغۇ يەرلىرىنى سۇغاردى. قىشلىق سۇلارنى يىغىۋېلىش ئۈچۈن، بىر كىچىك سۇ ئامبىرى ياسىدى. سۇ باشلاش بىلەن سۇ تۇپلاشنى بىرلەشتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ جاينىڭ ئاشلىق مەھسۇلاتى يىلمۇ يىل مۇقىم ئېشىپ، ئەسلىدىكى نامرات جىلغا بېيىشقا قاراپ يۈزلەندى.

1983- يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىدە يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان ئېغىر قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بەردى. ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ يېگىدىن قۇرۇلغان ئاساسلىق رەھبەرلەر باشچىلىقىدىكى قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش ۋاقىتلىق رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدىكىلەر ھەر قايسى ئاپەت رايونلىرىنىڭ بىرىنچى سېپىگە ئاتلاندى، ئامما بىلەن جاپا- مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈردى. 1989- يىلى ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە ئېغىر قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىپ، ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ ئىچىملىك سۇ مەسىلىسى ئىنتايىن قىيىنلاشقاندا، ناھىيىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت ناھىيە خەلقىنى قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇشقا تەشكىللەپ، ۋاقىتدا

ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللاندى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ئاراتۇرۇك ناھىيە خەلقىنىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش روھىغا يۈكسەك باھا بېرىپ، بۇنى «ئاراتۇرۇك روھى»، دەپ تەرىپلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق كەلكۈننىڭ ئالدىنى ئېلىش، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش قوماندانلىق شتابى ئۇمۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، شىنجاڭ خەلقىنى «ئاراتۇرۇك روھى» دىن ئۆگىنىشكە ۋە «ئاراتۇرۇك روھى» نى جارى قىلدۇرۇشقا چاقىردى.

# V باب

# سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش

## §1. سۇ ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش

1. نىسبەت بويىچە سۇ تەقسىملەش تۈزۈمى

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ تۆرۈك سۇغىرىش رايونى 1950- يىللاردىلا سۇنى تەقسىملەش نىسبىتىنى بېكىتتى. 1962- يىل 4- ئايدا مەمۇرىي مەھكىمە بىلەن شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 5- شىسى ھەر قايسى سۇ ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار يىغىن چاقىرىپ، «يىغىن خاتىرىسى» شەكىللەندۈرۈپ، مەسئۇلىيەتلەرنى ئايدىڭلاشتۇردى ۋە باشقۇرۇش ئاپپاراتى قۇردى.

تۆرۈك سۇ ئامبىرى پۈتكەندىن كېيىن، سۇ ئىشلىتىدىغان ئورۇنلار سەككىزگە يەتتى. دۆلەت تۆرۈك سۇ سىستېمىسى ئىچىدە باشقارما قۇرۇپ، سۇنى بىر تۇتاش باشقۇردى. ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ ئامبار قۇرۇلۇشىغا سالغان سېلىنمىسى، تارىخىي سۇغىرىش ئادىتى، سۇ مەنبە ئىگىدارچىلىقى، بوز يېرى ۋە تېرىلغۇ كۆلىمىگە ئاساسەن، تولۇق كېڭىشىش ئارقىلىق سۇ تەقسىمات نىسبىتى بېكىتىلدى. سۇدىن مۇۋاپىق، تېجەشلىك پايدىلىنىش ۋە سۇغىرىش كۆلىمىنى كېڭەيتىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، بىر تۇتاش پىلانلاپ، تەڭ ئېتىبار بېرىش ئاساسىدا، بېكىتىلگەن نىسبەتنى ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق تەڭشەشكە ئىمكانىيەت قالدۇرۇلدى.

قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ يەكەنغول، سەكرا سۇلىرىدىن ئىلگىرى پەقەت دۆربەجىن دېھقانچىلىق مەيدانىلا پايدىلىناتتى، كېيىن شەھەر ئەتراپى كۆڭشېسى قوشۇلۇپ، ئىككى ئورۇن بىرلىكتە پايدىلىنىدىغان بولدى، ۋىلايەت ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ناھىيە بىلەن ئىككى گوڭشې، مەيدان ئارىلىقىدا نەق مەيداننى ئەمەلىي چارلاش، كېڭىشىش ئارقىلىق شەھەر ئەتراپى يېزىسىغا شەھەرنى كۆكتات بىلەن تەمىنلەش تۈپەيلىدىن يېمەكلىك ئاشلىق تېرىلغۇ يېرى يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىۋېلىشى ئۈچۈن دۆربەجىن دېھقانچىلىق مەيدانى 3- چوڭ ئەترىتىنىڭ غەربىدىن 3000 ~ 5000 مو بوز يەر ئاجرىتىپ بەردى. گوڭشې- مەيدان ئارىسىدىكى سۇ ئىشلىتىش زىددىيىتىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، سۇ تەقسىمات نىسبىتى بەلگىلەندى. سۇ تەقسىمات نىسبىتىنىڭ ئاز- كۆپلۈكى قۇرۇلۇشقا سالغان مەبلەغ نىسبىتى بىلەن چىرىشلاشتۇرۇلۇپ، سۇ ئىشلىتىش ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى.

1960- يىلدىن كېيىن، ۋىلايەت بويىچە سۇ تېجەش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلۇپ، «بىر تامچە سۇنىمۇ ئېتىزغا

ئىشلىتىش» شوئارى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئېرىق- ئۆستەڭلەرنى سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈش، سۇنىڭ پارلىنىشىنى ئازايتىش، يەرئاستى سۈيىنى ئېچىش قاتارلىق قۇرۇلۇشلار كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىلدى، ئۆستەڭلەردىن پايدىلىنىش كوئېففىتسېنتى ئاشۇرۇلدى، سۇغىرىش ئۇسۇلى ئۆزگەرتىلىپ، سۇغىرىش نورمىسى ئازايتىلدى. قۇمۇل تۈزلەڭلىك رايونلىرىنىڭ مو بېشىغا بېكىتىلگەن نورمىسى 1950- يىللارنىڭ دەسلەپىدىكى 1500 كۇب مېتىر/ مودىن 1000 كۇب مېتىر/ مو ئەتراپىغا چۈشۈرۈلدى. باركۆل ناھىيىسىدە 496 كۇب مېتىر/ موغا چۈشۈرۈلدى. 1960- يىللاردا، ھەر قايسى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى سۇ تېجەش ئۈچۈن «بەشنى بېكىتىش» (ئادەمنى، ۋەزىپىنى، ۋاقىتنى، سۈپەتنى، ئىش نومۇرىنى بېكىتىش) تۈزۈمىنى يولغا قويدى. 1980- يىللاردا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، «بەشنى بېكىتىش» ئاساسىدا ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، سۇ مىقدارى ۋە سۇغىرىش كۆلىمى بېكىتىلىپ، پايدا- زىيىنىغا ئۆزى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلغاچقا، سۇ ئۈنۈملۈك تېجىلىپ، سۇغىرىش كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىلدى، ئاشلىق مەھسۇلاتى يىلمۇ يىل ئاشۇرۇلدى. باركۆل ناھىيىسى 1990- يىل 5- ئاينىڭ 14- كۈنى يەتتە ماددىلىق «تېجەپ سۇغىرىشنى ئەستايىدىل يولغا قويۇشقا دائىر ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» نى چىقىرىپ، سۇغىرىشتا كۇب سانى بويىچە ھەق ئېلىشنى يولغا قويغانلىقتىن، سۇ تېجەش خىزمىتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

قىزىلىيۇلتۇز 2- مەيدانى 1960- يىلى يىللىق مو بېشى سۇغىرىش نورمىسىنى 380 كۇب مېتىر، بىر قېتىملىق سۇغىرىش نورمىسىنى 60 كۇب مېتىر قىلىپ بېكىتتى. 1963- يىلى بۇ مەيدان ھەر كۇب مېتىر سۇ ئارقىلىق 0.5 كىلوگرام ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش تەلىپىنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

1990- يىلىغا كەلگەندە، ۋىلايەت بويىچە سۇغىرىش كۆلىمى 904 مىڭ 400 موغا، ئۈنۈملۈك سۇغىرىش كۆلىمى 628 مىڭ 300 موغا يەتتى، سۇغىرىش كۆلىمى ئىچىدە ئورمانلىق 75 مىڭ 100 مو، ئوتلاق (تەبىئىي ئوتلاق ۋە يەم- خەشەك بازىسى) 201 مىڭ مو.

### 2. سۇغىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى

1958- يىلى قۇمۇل ناھىيىسى قارادۆۋە گوڭشېسى ھۆددىلەپ سۇغىرىش ئەترەتلىرىنى تەشكىللەشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويدى. 1960- يىلىغا كەلگەندە، تەدرىجىي مۇكەممەللىشىپ، سۇغىرىشنى ھۆددىگە ئالغۇچى ئەترەتلەر «بەشنى قىلماسلىق» (كېچىكمەسلىك، بالدۇر قايتماسلىق، سەۋەبسىز ئىشتىن قالماسلىق، سۇ ئىسراپ قىلماسلىق، زىرائەتكە زىيان يەتكۈزمەسلىك)، «ئالتىنى بېكىتىپ بېرىش» (ئادەمنى، سۇنى، ۋەزىپىنى، مو سانىنى، سۇغىرىش سۈپىتىنى، ئىش ھەققىنى بېكىتىپ بېرىش)، «ئۈچتە تېز بولۇش» (قولى، كۆزى، پۇتى تېز بولۇش) تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، سۇ نەدە بولسا سۇغىرىش ئەترىتىدىكىلەر شۇ جايدا ھازىر بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. 1961- يىلى، ۋىلايەت دائىرىسىدە يىل بويى ئىشلەيدىغان سۇغىرىش ئەترىتى تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك يۈرگۈزۈلۈپ، «بەشنى ھۆددىلەش» (خادىملارنى، سۇ مىقدارىنى، مو سانىنى، سۇغىرىش سۈپىتىنى، باشقۇرۇشنى ھۆددىلەش) يولغا قويۇلۇپ، سۇ ئىشلىتىشكە ئىلتىماس قىلىش، سۇ بېلىتىگە قاراپ سۇ تەمىنلەش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. شۇ يىلى ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 31 ھۆددىگەر سۇغىرىش ئەترىتى، 125 سۇغىرىش ھۆددىگەر گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، كەسپىي سۇغىرىش خادىملىرى 1567 گە يەتتى، بىر كېچە- كۈندۈزدە سۇغىرىش كۆلىمى ئىلگىرىكى 300 مودىن 500 ~ 700 موغا يەتكۈزۈلدى.

1963- يىلى سۇغىرىش ئەترىتى ئاساسىدا ۋىلايەتنىڭ كۆپىنچە جايلىرى «سۇغا قاراپ يەر بېكىتىش، يەرگە قاراپ سۇ تەقسىملەش، ئىشلەتكەن سۈيىگە ئاساسەن مەھسۇلات بېكىتىش» ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، سۇغىرىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، سۇغىرىش كۆلىمىنى كېڭەيتتى.

1982- يىلى ۋىلايەتنىڭ سۇچىلىق سىستېمىسىدا سۇ ئىنشائاتلىرىنى باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى: بىرىنچى، ئېرىق- ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش. ئىلگىرى، قۇرۇلۇشلارنىڭ رېمونت ئىشلىرىدا تەڭ تەقسىماتچىلىق يۈرگۈزۈلگەچكە، رېمونت ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش قالايمىقان ئىدى، كېيىن، كىم مەنپەئەتلەنسە شۇ مەسئۇل بولۇش پرىنسىپى يولغا قويۇلۇپ، مەسئۇلىيەت ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. قۇمۇل شەھىرى پالۋانتۇر يېزىسى ھۆددىگەر ئائىلىلەر ھەر مو يەر ئۈچۈن ئىككى ئىش كۈنىلىك مەجبۇرىيەت ئەمگىكى چىقىرىشنى، بۇنىڭ بىر ئىش كۈنلۈكىنى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى ئۆزى باشقۇرۇپ، تارماق ئۆستەڭ، يان ئېرىقلارنى رېمونت قىلىش ئۈچۈن ئاجرىتىشنى يولغا قويدى. ھۆددىگەر ئائىلە ۋە گۇرۇپپىلار ئۆزىگە تەۋە سۇغىرىش ئېرىقلىرىنىڭ رېمونت ئىشلىرىغا ئۆزلىرى مەسئۇل بولىدىغان، سۇغىرىش ئىشلىرىغا يەنىلا كەسپىي گۇرۇپپىلار ياكى ھۆددىگەر ئائىلىلەر مەسئۇل بولىدىغان، يىللىق سۇ ھەققىنى ھەر قايسى ئورۇنلار ئىشلەتكەن كۇب سانى بويىچە تۆلەيدىغان بولدى. ئىككىنچى، كارىزلارنى باشقۇرۇش. كەسپىي گۇرۇپپىلار كارىزلارنى باشقۇرۇش، رېمونتلاش ۋە ئۆزارتىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى، ئۇلارنىڭ ئىش ھەققى ئىش تۈرى بويىچە ھۆددىلەپ بېرىلىپ، تېجەۋالسا ئۆزىگە تەئەللۇق قىلىندى، سۇغىرىش كۆلىمىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، كارىزلارنىڭ نورمال سۇ چىقىرىش مىقدارى بەلگىلىنىپ، سۇغىرىش كۆلىمى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. ئۈچىنچى، ماشىنىلاشقان قۇدۇقلاردىمۇ ھۆددىلەپ باشقۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. باشقۇرۇش ئۇسۇلى كارىزلارنى باشقۇرۇشقا ئوخشاش بولدى. قۇمۇل شەھىرى بولۇڭتوغراق يېزىسى قۇمتوغراق چوڭ ئەترىتى 7- ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى سۇ ئىنشائاتلىرىنى باشقۇرۇشتا ئومۇمىيۈزلۈك ھۆددىلەش تۈزۈمىنى يولغا قويغاندىن كېيىن، سۇغىرىش كۆلىمى 13% ئاشتى. 1990- يىلى ۋىلايەتنىڭ ئاساسلىق دېھقانچىلىق رايونلىرىدا، سۇ ئىنشائاتلاشتۇرۇش ئاساسەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ، ھەر بىر سۇ ئېغىزىدا تاقاق بولۇش، ئېرىق- ئۆستەڭلەرگە سۇ مىقدارىنى ئۆلچەش ئەسۋابى ئورنىتىش خىزمىتى ئورۇندالدى، بىر يۈرۈش باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى ۋە سۇغىرىش تۈزۈملىرى تۇرغۇزۇلۇپ، مەسئۇلىيەت ئادەم، ئېتىزلارغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.

### 3. سۇ ماجىرالىرىنى مۇرەسسە قىلىش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى سۇ ماجىرالىرى دائىم يۈز بېرىپ تۇراتتى. مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) ئاراتۇرۇك، باركۆل ئىككى ناھىيە ئوتتۇرىسىدا سۇ ماجىراسى يۈز بەردى. ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ نېرىنكىر، يىگىپەن، كۆڭگىرەك ئېغىزى قاتارلىق ئۈچ ئورۇن بىلەن باركۆل ناھىيىسى كۆڭگىرەك ئەتراپىدىكى سۇ مەنبەلىرىدىن ئورتاق پايدىلىنىپ كەلدى، سۇ تەقسىماتىدا تەكشىسىزلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ماجىرا كېلىپ چىقتى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقى بويىچە قۇمۇل ۋالىي مەھكىمىسى ئادەم ئەۋەتىپ نەق مەيداننى تەكشۈرگەندىن كېيىن، قەرەللىك نۆۋەتلىشىپ سۇغىرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشنى بېكىتتى. باركۆل ناھىيىسى ھەر قايسى گۇڭشې، كەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى سۇ ماجىرالىرىنى پەسەيتىش ئۈچۈن، ئالاھىدە «جاننى قۇتقۇزۇش سۈيى» تەسىس قىلدى: ئىككى تەرەپ سۇ تالىشىپ قاتتىق ئۇر- تۇرغا چۈشكەندە، مەغلۇپ بولغان تەرەپ «جاننى قۇتقۇزۇش سۈيى» غا چىقىۋالسا، قارشى تەرەپ قوغلاپ ئۇرۇشنى توختاتتى، ئەمما مەغلۇپ بولغان تەرەپ سۇ ئىشلىتىش ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىشى كېرەكلىكى شەرت قىلىندى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن سۇ ماجىرالىرى يەنىلا ئانda- ساندا يۈز بېرىپ تۇردى. 1961- يىل 3- ئاينىڭ 12- كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ۋېي خاۋ بىلەن بىگتۇمەن يېزا ئىگىلىك 5- شىسىنىڭ باشلىقى جەي جېنخۇا باشچىلىقىدا باركۆل كۆيسۇدىكى يەرلىك بىلەن بىگتۇمەن كۆكيار، ماگۇ ئۆستەڭلىرىنىڭ سۈيىنى ئورتاق ئىشلىتىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. كۆيسۇ سۈيىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى، ھەربىي ئات فېرمىسى ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئىشلىتىدىغان بولدى، ئىككى تەرەپ سۇ باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنى ئورتاق تەسىس قىلىپ، سۇ باشقۇرۇشنىڭ

كونكرېت چارىسىنى تۈزۈپ چىقتى. بىر نەچچە يىلدىن كېيىن ئىككى تەرەپ ئۆز ئالدىغا بىردىن تۆستەڭ چاپتى، ماجىرا شۇنىڭ بىلەن بېسىقتى.

1962- يىل 5- ئايدا قۇمۇل ناھىيىسى ئاستانە گۇڭشېسى بىلەن قىزىلىيۈلتۈز 2- مەيدانى ئارىسىدا سۇ ماجىراسى بولدى. ئاستانە گۇڭشېسى بوز يەر شورىنى ئاققۇزۇش ئۈچۈن ئىككى تەرەپنىڭ چېگرىسىدا زەيكەش چاپقان ئىدى، قىزىلىيۈلتۈز 2- مەيدانى بۇنىڭغا يول قويمىدى، كېيىن ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، ئۆزئارا يول قويۇش، ئورتاق تەرەققىي قىلىش پرىنسىپى بويىچە ماجىرا مۇۋاپىق ھەل قىلىندى.

1980- يىللارنىڭ باشلىرى، قىزىلىيۈلتۈز 2- مەيدانى يەر سۆزگۈرۈش جەريانىدا ئاستانە قوشتىكەندىكى كارىزلارغا سۇ كىرگۈزۈۋېتىپ، كارىزلارنى تىندۇرۇۋەتكەنلىك سەۋەبلىك ماجىرا تۇغۇلدى، ئىككى تەرەپ ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، ئۆزئارا يول قويۇش ئاساسىدا يىغىن خاتىرىسى شەكىللەندۈرۈپ، ماجىرانى ھەل قىلدى.

## §2. سۇ ھەققىنى باشقۇرۇش

سۇ ھەققى يىغىش — سۇ ئىنشائاتلىرىنى باشقۇرۇشنىڭ، شۇنداقلا سۇ تېجەشنىڭ مۇھىم تەدبىرى. 1954- يىلدىن باشلاپ، بۇغداينىڭ مو بېشى مەھسۇلاتىنىڭ 2.5% ى بويىچە سۇ ھەققى يىغىلدى. يىغىلغان سۇ ھەققى سۇ ئىنشائاتلىرى ئارقىلىق سۇچىلىقنى بېقىش پرىنسىپى بويىچە، مەخسۇس خىراجەت مەخسۇس جايغا ئىشلىتىلدى. 1959- يىلدىن باشلاپ سۇ ھەققىنى مالىيە ئورۇنلىرى ۋاكالىتەن يىغدى، دەپ بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، سۇ ھەققىنىڭ يىغىلىشى ئۈزاققىچە پەقەت تۆرۈك قىزىلىيۈلتۈز 1- تۆستەڭ سۇ باشقۇرۇش ئورنىنىڭ سۇ ھەققىنى ۋاكالىتەن يىغىشى بىلەنلا چەكلەندى، سۇ ھەققىمۇ بەك تۆۋەن بولۇپ، پەقەت ئايرىم ئورۇنلار رەسمىيەت ئۈچۈنلا ئازراقتىن ھەق تاپشۇرۇپ كەلدى، تاپشۇرۇشنى كەينىگە سوزىدىغان ۋە تاپشۇرمايدىغان ئەھۋاللار ئېغىر دەرىجىدە ساقلاندى. 1959 ~ 1961- يىلىغىچە بولغان ئۈچ يىلدا 56 مىڭ يۈەن سۇ ھەققى يىغىۋېلىنمىغانلىقتىن، سۇ باشقۇرۇش ئورۇنلىرىنىڭ مالىيە ئىشلىرىغا ۋە ئېرىق- ئۆستەڭلەرنىڭ ئاسرىلىش- رېمونتلىنىش خىزمىتىگە بىۋاسىتە تەسىر يەتتى. بۇ ئۈچ يىلدا 154 مىليون 400 مىڭ كۇب مېتىر سۇ تەمىنلەندى. 1980- يىلدىن ئىلگىرى، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ پالۋانتۇر گۇڭشېسىدىن باشقا گۇڭشې- ئەترەتلەر سۇ ھەققى يىغىش تۈزۈمىنى ئىجرا قىلمىدى. 1978- يىلدىن كېيىن، سۇ ھەققى تەڭشىلىپ، سۇنىڭ كۇب سانى بويىچە ھەق يىغىش يولغا قويۇلدى.

1984- يىلى ئاراتۇرۇك ناھىيىسى ھەر مو بېشىدىن يىغىلىدىغان سۇ ھەققىنى ئەسلىدىكى 0.9 يۈەندىن بىر يۈەنگە ئۆستۈردى؛ بارىكۆل ناھىيىسى ئۈچ خىل ھەق ئۆلچىمىنى بېكىتتى: بىرىنچى خىلى، داخې سۆزگۈرۈش رايونىدا ھەر كۇب مېتىر سۇ ئۈچۈن بەش لىدىن، ئىككىنچى خىلى، شەرقىي قاراغول قاتارلىق يەتتە سۆزگۈرۈش رايونىدا ھەر كۇب مېتىر سۇ ئۈچۈن تۆت لىدىن، ئۈچىنچى خىلى، سازلىق قاتارلىق بەش سۆزگۈرۈش رايونىدا ھەر كۇب مېتىر سۇ ئۈچۈن ئۈچ لىدىن ھەق يىغىلىدىغان بولدى؛ قۇمۇل شەھىرى تەۋەسى ئىچىدە ھەر كۇب مېتىر سۇ ئۈچۈن سەككىز لىدىن، مو بېشى بويىچە ھېسابلىغاندا، ھەر مو يەر ئۈچۈن ئىككى يۈەندىن يىغىلىدىغان بولدى. كۇب مېتىر بويىچە ھەق يىغىش كۆلىمى 123 مىڭ 400 موغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەمەلىي يىغىۋېلىنغىنى 77 مىڭ 400 مو. 1984- يىلدىن كېيىن كۆپىنچە جايلار ئىشلەتكەن سۇيىنىڭ كۇب سانى بويىچە ھەق تاپشۇردى. 1980- يىلى تۆرۈك سۆزگۈرۈش رايونىنىڭ مو بېشى سۇ- توك ھەققى 5.9 يۈەن بولدى. كۇب سانى بويىچە ھەق ئېلىش ئاساسىدا، «سۇنى

تەڭ تەقسىم قىلىش، سۇ ھەققىنى ئالدىن يىغىۋېلىش، مەسئۇلىيەتنى ھۆددىگە بېرىش، توختام بويىچە سۇ تەمىنلەش، نىسبەتتىن ئاشۇرۇۋەتسە، سۇ ھەققىنى ھەسسىلەپ يىغىش» قاتارلىق بىر قاتار ئىسلاھاتلار ئارقىلىق، سۇغىرىش نورمىسى تەدرىجىي تۆۋەنلىتىلدى. 1985- يىلى «سۈيى كېمەيتىلسىمۇ مەھسۇلاتى كېمەيمەسلىك، مەھسۇلات كېمەيسىمۇ كىرىمى كېمەيمەسلىك» ئاساسەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. تەڭشەلگەندىن كېيىنكى سۇ ھەققى مو بېشى مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 2.4% نى ئىگىلەپ، دېھقانلار سېلىقى يېنىكلىدى.

1988- يىلى ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «سۇ ئىنشائاتى بويىچە سۇ ھەققىنى يىغىش، ئىشلىتىش ۋە باشقۇرۇش چارىسىغا قايتا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدا بەلگىلىمە» چىقىرىپ، مو بېشى بويىچە ھەق يىغىش ئۆلچىمىنى بېكىتتى: نوم يېزىسىدا ھەر مو يەر ئۈچۈن 2.5 يۈەندىن، باي يېزىسىدا ئىككى يۈەندىن، توخۇلۇ يېزىسىدا 1.5 يۈەندىن، تۆركۆل يېزىسىدا بىر يۈەندىن، نېرىنكىر يېزىسىدا 0.8 يۈەندىن، ئاراتۈرۈك بازىرىدا 1.5 يۈەندىن يىغىشنى؛ كۇب مېتىر سانى بويىچە يىغقاندا نوم، باي يېزىلىرىدا ھەر كۇب مېتىر سۇ ئۈچۈن ئالتە لىدىن، ئاداقتا بەش لىدىن، توخۇلۇدا تۆت لىدىن، تۆركۆل، نېرىنكىردە ئۈچ لىدىن يىغىشنى بەلگىلىدى. شۇ يىلى، بارىكۆل ناھىيىسى داخې يېزىسىدا ھەر كۇب مېتىر ئۈچۈن يەتتە لىدىن، جەنۇبىي تاغ ئەتراپىدا ئالتە لىدىن، كۆيسۇنىڭ كۆكقىر تېغى ئەتراپىدا بەش لىدىن يىغىشنى بەلگىلىدى.

1990- يىلى ۋىلايەت بويىچە سۇ ھەققى كىرىمى 700 مىڭ يۈەن بولدى، ئاسراش، رېمونتلاش قۇرۇلۇشىغا قايتۇرۇلۇپ ئىشلىتىلگىنى 300 مىڭ يۈەن بولدى. شۇ يىلى، ۋىلايەت ھەر كۇب مېتىر يەر ئۈستى سۈيى ئۈچۈن 0.7 پۇڭدىن (ئۆپراش ۋە چوڭ رېمونتتىن پىرسەنت ئايرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)، ماشىنىلاشقان قۇدۇقتىن تارتىلغان ھەر كۇب مېتىر سۇ ئۈچۈن 1.45 پۇڭدىن سۇ ھەققى يىغىش ھەققىدە بىر تۇتاش بەلگىلىمە چىقاردى.

## §3. ماشىنىلاشقان قۇدۇقلارنى باشقۇرۇش

1962- يىلى قۇمۇل ناھىيىسى قۇدۇق قېزىش توغرىسىدا ۋاقىتلىق بەلگىلىمە چىقىرىپ، قۇدۇق قازماقچى بولغانلىكى ئورۇن ياكى شەخسلەر قۇدۇق قېزىش كومىتېتىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنۇشى كېرەكلىكىنى بەلگىلىدى. بەلگىلىمىدە قۇدۇق قازماقچى بولغان ئورۇن بىلەن قۇدۇق قېزىشنى ھۆددىلىگۈچى ئورۇن ئۆزئارا چوقۇم توختام ئىمزالىشىشى، قۇدۇقنىڭ قۇرۇلمىسى، ماتېرىيالى، چوڭقۇرلۇقى، سۇ چىقىرىش مىقدارى، تاماملاش ۋاقتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئېنىق بەلگىلىنىشى؛ قۇدۇق پۈتكەندىن كېيىن ئىككى تەرەپ چوقۇم تاپشۇرۇپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى، ماشىنىلاشقان قۇدۇقلارنىڭ قۇدۇق ئارىلىقى 250 ~ 400 مېتىر ئارىقىدا بولۇشى كېرەكلىكى؛ قۇدۇق پۈتكەندىن كېيىن يەنە سۇ پومپىسى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچ ئۈسكۈنىلىرىنى يۈرۈشى بىلەن ياخشى قۇراشتۇرۇپ، ئۈستىگە مەخسۇس ئۆي سېلىپ، مەخسۇس ئادەمنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇلۇشى كېرەكلىكى بەلگىلەندى. ئەمما ئىجراسى پۈتۈنلەي بەلگىلىمە بويىچە بولالمىدى. كېيىن مەركەزدىن تارتىپ ئاپتونوم رايونغىچە قېلىپلاشقان سەككىز تۈرلۈك تەلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ھەر قايسى جايلار بۇ پرىنسىپقا ئەمەل قىلدى: (1) ئومۇميۈزلۈك پىلانلاپ، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش؛ (2) قۇدۇقلارنى ئىقتىسادچانلىق بىلەن قېزىش، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش؛ (3) يەرنى تەكشىلەپ، چوڭقۇر ئاغدۇرۇش، تۇپراقنى ياخشىلاش؛ (4) تاختىلاپ سۇغىرىش، ئېرىق- ئۆستەڭلەرنى سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈش؛ (5) قۇدۇق تۈۋلىرىنى سېلىش، ماشىنىغا قارايدىغان خادىملارنى مۇقىملاشتۇرۇش؛ (6) ئەسۋاب- ئۈسكۈنىلەرنى

رېمونتلاپ، ساقلىغىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش؛ (7) باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، مۇۋاپىق يۇرۇشلەشتۈرۈش، سۇ، توك، مايىنى تېجەش؛ (8) يۈز مودىن ئارتۇق يەرنى سۇغىرىدىغان قۇدۇقلاردا ئىلمىي تىرىشچانلىقنى يولغا قويۇپ، مۇقىم، يۇقىرى مەھسۇلات ئېلىشنى قولغا كەلتۈرۈش، زاپچاس ئىشلەپچىقىرىش. تەمىنلەشنى ئەستايىدىل تۇتۇش، ناھىيە، گۇڭشې (يېزا)، ئەترەتلەرنىڭ رېمونتچىلىق، باشقۇرۇش تەشكىلاتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ماشىنىلاشقان قۇدۇق ۋە سۇ چىقىرىش، سۇغىرىش پونكىتلىرىنى باشقۇرۇش نىزامنامىسىنى تۈزۈپ چىقىش، ھەر بىر قۇدۇقنىڭ ئارخىپىنى تۇرغۇزۇش.

1980- يىللارنىڭ باشلىرىدا يېزىلاردا تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرى يولغا قويۇلدى. كۆپ جايلاردا «بەشنى بىكىتىپ، بىرنى مۇكاپاتلاش» (سۇنى، ۋەزىپىنى، ئادەمنى، سەرپىياتنى، ئىش ھەققىنى بېكىتىپ، مۇكاپاتلاش- جازالاشنى بولغا قويۇش) تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. پالۋانتۇر ئاۋانگارت 2- ئەترىتى باشقۇرۇشنى كۈچەيتكەنلىكى ئۈچۈن، 131- نومۇرلۇق قۇدۇقتىن سائىتىگە 95 توننا سۇ چىقىرىلىپ، 400 مو يەر سۇغىرىلدى؛ ئەمما ئالغا 4- ئەترىتىنىڭ 60- نومۇرلۇق قۇدۇقىدىن سائىتىگە 150 توننا سۇ چىقىرىلغان بولسىمۇ، ئاران 240 مو يەرنىلا سۇغىرالىدى. دېمەك، باشقۇرۇشنىڭ ياخشى- يامان بولۇشى مۇشۇنداق چوڭ پەرقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

قۇمۇل شەھىرى راھەتباغ يېزىسى سۇغىرىشنى ھۆددىگە بېرىشنى يولغا قويۇپ، ماشىنىلاشقان قۇدۇقلارنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، سۇغىرىش رايونىنىڭ ئاشلىق بىرلىك مەھسۇلاتىنى 400 كىلوگرامغا يەتكۈزدى.

ماشىنىلاشقان قۇدۇقلارنى باشقۇرۇش خىزمىتىدە، كونا قۇدۇقلارنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىش مۇھىم نۇقتا قىلىندى. 1975- يىلى قىزىليۇلتۇز 3- مەيداندىكى تۆت كونا قۇدۇقنىڭ سۇيى ئەسلىدىكى 878 كۇب مېتىر / سائەتتىن 1620 كۇب مېتىر /سائەتكە يېتىپ، 95% ئاشۇرۇلدى؛ ھەر كىلوۋات سائەت توكنىڭ سۇ چىقىرىش مىقدارى ئەسلىدىكى 5.7 كۇب مېتىردىن يەتتە كۇب مېتىرغا يەتكۈزۈلدى، سۇغىرىش كۆلىمى 1800 مودىن 3600 موغا كېڭەيتىلدى.

## §4. سۇ ئىنشائاتلىرىنىڭ ئۈنۈمى

سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئاجرىتىلغان مەبلەغ غايەت زور رولىنى جارى قىلدۇردى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى قۇمۇل ئويمانلىقىنىڭ ھاۋا كىلىماتى تولىمۇ ئىسسىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەر مو يەرنى سۇغىرىش ئۈچۈن يىلىغا ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 1500 كۇب مېتىر، ئادەتتە 1200 كۇب مېتىر سەرپ قىلىناتتى. 1980- يىللارنىڭ ئاخىرىدىكى تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، قۇمۇل تۇزلەڭلىكىنىڭ قۇملۇق تېرىلغۇ يەرلىرىنىڭ سۇغىرىش نورمىسى 800 ~ 550 كۇب مېتىرغا چۈشكەن. قىزىليۇلتۇز 2- مەيدانىنىڭ سۇغىرىش كۆلىمى 20 مىڭ مو بولۇپ، باشلاپ كەلگەن ئومۇمىي سۇيى مو بېشىغا 800 كۇب مېتىردىن، ھەر مو يەرنى سۇغىرىشقا بەلگىلەنگەن يىللىق تەخمىنىي نورمىسى 380 كۇب مېتىردىن، ھەر مۇسىنىڭ ھەر قېتىملىق سۇغىرىش نورمىسى 60 كۇب مېتىردىن توغرا كەلدى. 1963- يىلى بۇ مەيدان ھەر كۇب مېتىر سۇ ئارقىلىق 0.5 كىلوگرام ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش تەلىپىنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

1990- يىلىغا قەدەر، ۋىلايەت شورلۇق يەرلەرنى ياخشىلاش ۋە سۇ- تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشىنى ئازايتىش قۇرۇلۇشىغا جەمئىي 800 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ ئاجرىتىپ، تەخمىنەن 36 مىڭ مو شورلۇق يەرنى ۋە سۇ-

تۇپرىقى ئېقىپ كېتىدىغان يەرنى قوغداقچىلىقتىمۇ، مۆلچىلىكتىمۇ ئوخشاش ھوسۇل ئالغىلى بولىدىغان تېرىلغۇ يەرلىرىگە ئۆزگەرتتى.

باركۆل غەربىي قاراغول سۇغىرىش رايونىنىڭ كۆلىمى 1950- يىللاردىكى 3000 مودىن 1990- يىلى 37 مىڭ 500 موغا كېڭەيتىلدى. باشلاپ كېلىنگەن ئومۇمىي سۇ مىقدارى مو بېشىغا 1838 كۇب مېتىردىن، مو بېشى يىللىق سۇغىرىش نورمىسى 490 كۇب مېتىردىن توغرا كەلدى؛ چوڭ سۇغىرىش رايونلىرىنىڭ ئېرىق- ئۆستەڭ، ئامبارلىرى يۈرۈشلەشتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن، سۇغىرىش ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولىدى. تۆرۈك سۇغىرىش رايونى ۋىلايەتنىڭ ئىلغار سۇغىرىش رايونى ھېسابلىنىدۇ، سۇغىرىش كۆلىمى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى 25 مىڭ مودىن 154 مىڭ 200 موغا كېڭەيتىلدى، ئامبار، ئېرىق- ئۆستەڭ، قۇدۇقلاردىن ئەتراپلىق پايدىلىنىلغانلىقى ئۈچۈن قوغداقچىلىقتىمۇ، كەلكۈنگىمۇ ئوخشاش تاقابىل تۇرالايدىغان ھالەت شەكىللىنىپ، ئاشلىق مەھسۇلاتى 6 مىليون كىلوگرامدىن 23 مىليون 887 مىڭ 400 كىلوگرامغا يەتتى.

قومۇل شەھىرى بۆلۈكتوغراق سۇغىرىش رايونى 18 مىڭ مو سۇغىرىش كۆلىمىنىڭ ئاشلىق مو بېشى مەھسۇلاتىنى 297.5 كىلوگرامغا يەتكۈزۈپ، ۋىلايەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتتى.

# VI باب

# سۇ مەھسۇلاتلىرى

قومۇلدا بېلىق بېقىش ئىشلىرى گۇاڭشۈنىڭ 2- يىلى (1876- يىلى) باشلاندى، زوزوڭتاڭ شىنجاڭغا ھەربىي يۈرۈش قىلغاندا، جاڭ ياۋنى قومۇلغا ئەسكەر باشلاپ بېرىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە، ئېرىق چېپىپ سۇ باشلاپ، كۆل چېپىشقا ئەۋەتتى ۋە ئاشلىق يۆتكىگۈچى ئەسكەرلەرگە بۇيرۇق قىلىپ، خۇنەندىن سېرىق يىلانبېلىقى ئەكىلىپ قومۇلدا سىناق تەرىقىسىدە باقتۇردى.

باركۆل داخې (قاراسۇ) دەريا ئېقىنىدا تاپانبېلىقى بار، باركۆلنىڭ باش بۇغىي بى شىڭفۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ 2- يىلى قومۇلدىن تاپانبېلىقىنى ئەكەلدۈرۈپ، شۈيمۇگۇ ئۆستىڭىدە كۆپەيتتى.

مىنگونىڭ 6- يىلى (1917- يىلى) «شىنجاڭ ساياھەت خاتىرىسى» نىڭ ئاپتورى شې بىن قومۇلدىن ئۆتكەندە، سايباش كۆلىنىڭ شەكلى ئۈزۈن ياي شەكلىدە ئىكەنلىكىنى، سۈيىنىڭ سۈزۈكلۈكىدىن تېگىدىكى بېلىقلارنىڭ ئۈزۈپ يۈرگەنلىكىنى ئېنىق كۆردى. مىنگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى) دىن كېيىن، سايباش كۆلى قۇرۇپ كەتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن 1962- يىلى ئىچكىرىدىن بېلىق سورتى كىرگۈزۈلۈپ، بوغاز، قارادۆۋە ئامبارلىرىغا سېلىندى. قومۇل ناھىيىسىنىڭ راھەتباغ گۇڭشېسىدا قومۇل ناھىيىلىك بېلىقچىلىق مەيدانى قۇرۇلدى. 1964- يىلى سۇنئىي ئۇسۇلدا يېتىشتۈرۈلگەن لاتقا بېلىقىنىڭ بەش سۇڭ چوڭلۇقتىكى 50 مىڭ بېلىجانى بوغاز ئامبىرىغا سېلىنغان ئىدى، 5 ~ 6 يىلدىن كېيىن، بېلىقنىڭ ھەر دانىسى 20 كىلوگرامدىن ئېشىپ كەتتى.

1975- يىلدىن باشلاپ، ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى سۇ ئامبارلىرىغا بېلىجان سېلىنىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10 توننا بېلىق تۇتۇلدى.

1990- يىلى ۋىلايەت بويىچە بىر سۇ مەھسۇلاتلىرى كارخانىسى بولۇپ، 48 ئىشچى- خىزمەتچى، تۆت سۇ مەھسۇلاتلىرى كەسپىي ئورنى بولۇپ، 12 خادىمى؛ بىر بېلىقچىلىق، بېلىق نەسلى يېتىشتۈرۈش مەيدانى، بەش خادىمى، يەتتە كەسپىي تېخنىكا خادىمى، بىر بېلىق تۇتۇش كېمىسى، 24 ئات كۈچىگە ئىگە بىر ماتورلۇق كېمە، 103 بېلىق تورى (ئۇزۇنلۇقى 6195 مېتىر) بار بولدى.

## §1. ئامباردا بېلىق بېقىش

1960- يىلى خۇبېينىڭ ۋۇخەن، چاڭجياڭ دەرياسىدىن 15 مىڭ بېلىقچان كىرگۈزۈلۈپ، غۇلجا ناھىيىسىنىڭ بوغاز، قارادۆۋە ۋە تاشۆيلىقىنىڭ ئەركۆك سۇ ئامبارلىرىغا سېلىندى. 1968- يىلى ھاۋاسى سوغۇق بولغان باركۆلدىكى ئىتتىپاق سۇ ئامبىرىدا بېلىق بېقىلدى. 1977- يىلىدىن كېيىن، ۋىلايەتتىكى سۇ ئامبارلىرىغا بېلىقچان سېلىندى. 1990- يىلى ۋىلايەت بويىچە سەككىز سۇ ئامبىرىنىڭ بېلىق بېقىش سۇ يۈزى 8275 مو (قۇمۇل شەھىرىنىڭ 3975 مو، باركۆلنىڭ 3800 مو، ۋىلايەتنىڭ 500 مو) غا يەتتى. شۇ يىلى 32.1 توننا بېلىق تۇتۇلدى. 1979 ~ 1985- يىللىرىغىچە بولغان ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا بازارلار جەمئىي 110 توننىدىن ئارتۇق بېلىق بىلەن تەمىنلەندى.

1988- يىلى ئامباردا بېلىق بېقىش تور قاشادا بېلىق بېقىشقا تەرەققىي قىلدى. بوغاز سۇ ئامبىرىدا 10 دانە تور قاشا بولۇپ، ھەر مو سۇ يۈزىدە 1.7 توننا بېلىق بېقىلدى؛ بوغاز ئامبىرى بىلەن تۆرۈك ئامبىرىدا يەنە ئېقىن سۇدا بېلىق بېقىش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، 550 كىلوگرام بېلىقچان سېلىندى.

## §2. يېزا- كەنت بېلىقچىلىقى ۋە بېلىقچىلىق كەسپىي ئائىلىلىرى

1978- يىلىدىن كېيىن قۇمۇل شەھىرى بوغاز يېزىسىنىڭ دېھقانلىرى تەبىئىي كۆلچەك ۋە ئۆزى ياسىۋالغان كۆلچەكلەردە بېلىق بېقىشنى يولغا قويدى. 1981- يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدىلا 30 دىن ئارتۇق كۆلچەك ياسىلىپ، بېلىقچان سېلىندى. بۈلۈڭتوغراق، راھەتباغ، ئاستانە يېزىلىرىدىكى بىر قىسىم دېھقانلار ئۆيلىرىنىڭ ئالدى- كەينىدىكى كۆلچەكلەردىن پايدىلىنىپ بېلىقچىلىقنى راۋاجلاندۇردى. 1985- يىلىغا قەدەر ۋىلايەت بويىچە يېزا- كەنتلەردىكى بېلىق كۆلچەكلىرىنىڭ كۆلىمى 1000 موغا يەتتى. بېلىق سورتلىرىدىن چىپارلاتقىبېلىق، ئاق لاتقىبېلىق، كۆك بېلىق، چۆپخور بېلىق، كاراپ بېلىق، ئاپانبېلىق، ئاق بېلىق، بەشىيوللۇق قارا بېلىقلار بولۇپ، ھەر يىلى تەخمىنەن 30 توننا يېڭى بېلىق بازارغا سېلىندى؛ بۈلۈڭتوغراق، ئاستانە يېزىسىدىكى دېھقانلار يەنە كارىز، كۆلچەكلەرگە 11 مىڭ دانىدىن ئارتۇق بېلىقچان سالدى.

1988- يىلى 7- ئايدا قۇمۇل شەھەرى ئەتراپى يېزىسى چاھارباغ كەنتىدىكى بېلىقچىلىق كەسپىي ئائىلىسى ۋاڭ يۈلىن 21.6 مو كۆلچەككىنى ھۆددىگە ئېلىپ، 150 مىڭ دانە بېلىقچان سالغان ئىدى، شۇ يىلى 100 مىڭدىن ئارتۇق بېلىقچان سېتىپ چىقاردى، بازارغا 1.6 توننا يېڭى بېلىق سېلىپ، 9716 يۈەن ساپ كىرىم قىلدى.

## §3. بېلىقچىلىق مەيدانىدا بېلىق بېقىش

1980- يىلى قۇمۇل شەھىرىنىڭ 10 كىلومېتىر غەربىي شىمالىدىكى چۆللۈكتە ۋىلايەتلىك بېلىجان يېتىشتۈرۈش مەيدانى قۇرۇلدى، بۇ مەيداننىڭ كۆلىمى 900 مو بولۇپ، سۇ يۈزى كۆلىمى 60 مودىن ئاشتى. 1983- يىلى، سەككىز بېلىق كۆلچىكى ياسالدى، ئىنكۇباتسىيە ئۈسكۈنىسىدىن بىر يۈرۈش سەپلەندى، مۇقىم ئىشچى- خىزمەتچىسى 30 غا يەتتى. كۆلچەكلەرگە 45 مىڭ دانە بېلىجان سېلىندى. 1985- يىلى ئۈرۈمچى خۇگېيەنچى كۆلىدىن روفى بېلىقىنىڭ بېلىجانى كىرگۈزۈلدى. 1986 ~ 1989- يىلىغىچە بېلىقتىن 144 مىڭ 100 يۈەن كىرىم قىلىندى.

ئەسلىدىكى قۇمۇل ناھىيىلىك بېلىقچىلىق مەيدانى 1960- يىلى قۇرۇلغان ئىدى، 50 مو سۇ يۈزى كۆلىمى، تۆت نەپەر ئىشچى- خىزمەتچى، تۆت دانە بېلىق تۇتاش ئۈسكۈنىسى (ئۇزۇنلۇقى 20 مېتىر) بولۇپ، مەھسۇلات مىقدارى 20 توننىغا يەتتى، 1978- يىلىدىن كېيىن بوغاز ئامبار باشقارمىسىغا قوشۇۋېتىلدى.

1987- يىلى ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنىنىڭ ماشىنىلاشقان كۆلچەكتە بېلىق بېقىش ئۈستىدە ئېلىپ بارغان سەككىز ئايلىق تەجرىبە سىنىقى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، بېقىلىش دەۋرلىكى ئەسلىدىكى ئۈچ يىلدىن بىر يىلغا قىسقاردى، مو بېشى مەھسۇلاتى ئەسلىدىكى يەتتە كىلوگرامدىن 700 كىلوگرامغا يەتتى.

## §4. كۆلچەكتە بېلىجان يېتىشتۈرۈش

1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ۋىلايەت بويىچە 167 بېلىجان يېتىشتۈرۈش كۆلچىكى، 700 مو تور توساق، يەتتە جايدا (63 كۇب مېتىر) بېلىجان يېتىشتۈرۈش ئەسلىھەسى بار بولدى. 1986 ~ 1990- يىلىغىچە، 20 مىليون دانە بېلىجان يېتىشتۈرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 1986- يىلىلا 10 مىليون 600 مىڭ دانە بېلىجان يېتىشتۈرۈلدى، جەمئىي 355 مىڭ كىلوگرام بېلىق ئىشلەپچىقىرىلدى، سېلىنغان بېلىجان 1 مىليون 120 مىڭ دانە، 10 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، يىللىق مەھسۇلاتى 170 توننا، 1989- يىلىدىكى مەھسۇلات قىممىتى 171 مىڭ يۈەن بولدى.

# چارۋىچىلىق

## يەتتىنچى قىسىم

# چارۋىچىلىق

## I باب

# ئاپپاراتلار

## §1. ۋىلايەتتىكى ئاپپاراتلار

1. مەمۇرىي ئاپپاراتلار

مىنگونىڭ 26- يىلى (1937- يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىلىك قۇرۇلۇش نازارىتىدە چارۋىچىلىق ئاپپاراتى تەسىس قىلىندى، باركۆلدە شۆبە چارۋىچىلىق ئىدارىسى ۋە سەييارە مال دوختۇرلۇق ئورنى تەسىس قىلىندى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن 1950- يىل 5- ئايدا ۋالىي مەھكىمىسىدە قۇرۇلۇش بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ، ئاساسلىقى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ ۋە سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنى باشقۇردى. 1956- يىل 12- ئايدا ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ قۇرۇلۇش بۆلۈمى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. 1960- يىل 2- ئايدا ۋالىي مەھكىمىسى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بۆلۈمى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى. 1962- يىل 5- ئايدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بۆلۈمى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1974- يىل 11- ئايدا ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى. 1979- يىل 10- ئايدا ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق ئىدارىسى بىلەن ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسى ئايرىم-ئايرىم تەسىس قىلىندى.

2. كەسپىي ئاپپاراتلار، كارخانا ئاپپاراتلىرى

ۋىلايەتلىك مال دوختۇرلۇق خىزمىتى پونكىتى مىنگونىڭ 27- يىلى (1938- يىلى) 12- ئايدا قۇمۇل ۋىلايەتلىك مال دوختۇرخانىسى قۇرۇلدى، ئۇ شىنجاڭ ئۆلكىلىك قۇرۇلۇش نازارىتىگە قارىدى، جەمئىي ئالتە ئىشچى-خىزمەتچى قويۇلدى، ئاساسلىق كەسپىي خىزمىتى ئۈچ ناھىيىدىكى چارۋىچىلىق رايونلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، سەييارە داۋالاشنى قانات يايدۇرۇش، قۇمۇل بازىرىدىكى گۆش يېمەكلىكلىرىنى كارانتىن قىلىش ۋە يېقىن ئەتراپتىكى چارۋا، ئۆي قۇشلىرى كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش بولدى. كېيىن بۇ ئاپپارات نەچچە رەت يەڭگۈشلەندى. 1953-يىلى، ۋىلايەتلىك مال دوختۇرخانىسىنىڭ نامى ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق، مال دوختۇرلۇق پونكىتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1959-

يىلى ۋىلايەتلىك مال دوختۇرلۇق دىئاگنوز تەجرىبىخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1962- يىلى ۋىلايەتلىك مال دوختۇرلۇق دىئاگنوز تەجرىبىخانىسى ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ئىلمىي تەتقىقات ئورنىغا قوشۇۋېتىلدى، يېزا ئىگىلىك ئىلمىي تەتقىقات ئورنىدا چارۋىچىلىق گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى.

1975- يىل 10- ئايدا چارۋىچىلىق گۇرۇپپىسى ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ئىلمىي تەتقىقات ئورنىدىن ئايرىۋېتىلىپ، ۋىلايەتلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتى قۇرۇلدى. 1990- يىلى ۋىلايەت بويىچە مال دوختۇرلۇق پونكىتى 37 غا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە بىر ۋىلايەتلىك پونكىت، ئۈچ ناھىيە (شەھەر) لىك پونكىت، 25 يېزىلىق پونكىت، ئۈچ رايونلۇق پونكىت، بەش دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىلىرىغا قاراشلىق پونكىت بار.

**ۋىلايەتلىك ئوتلاقچىلىق پونكىتى**، ۋىلايەتلىك ئوتلاق نازارەتچىلىكى ئورنى 1976- يىل 12- ئايدا ۋىلايەتلىك ئوتلاقچىلىق پونكىتى قۇرۇلدى. 1987- يىلىغا قەدەر ئەمەلىي بار بولغان ئىشچى- خىزمەتچىسى 22 نەپەرگە يەتتى.

1990- يىلى ۋىلايەت بويىچە تۆت ئوتلاقچىلىق پونكىتى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بىر ۋىلايەتلىك پونكىت، ئۈچ ناھىيە (شەھەر) لىك پونكىت بار.

يايلاقلارنى قوغداش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، 1988- يىل 4- ئايدا ۋىلايەتلىك ئوتلاق نازارەتچىلىكى ئورنى قۇرۇلۇپ، ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق باشقارمىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى، ۋىلايەتلىك ئوتلاق پونكىتى بىلەن بىر يۈرۈش بەنزە، ئىككى ۋىۋىسكا تۈزۈمىنى يولغا قويدى.

**ۋىلايەتلىك ئۆي ھايۋانلىرى نەسلەندۈرۈش پونكىتى** 1987- يىل 2- ئايدا قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئۆي ھايۋانلىرىنى نەسىللەندۈرۈش پونكىتى قۇرۇلدى، 1990- يىلى ئىشچى- خىزمەتچىسى 24 نەپەرگە يەتتى.

**ۋىلايەتلىك باركۆل چېكەتكە، چاشقان ئاپىتىنى ئالدىن مۆلچەرلەش، مەلۇمات بېرىش، مۇداپىئە كۆرۈش، يوقىتىش پونكىتى** 1988- يىل 1- ئايدا قۇرۇلدى، شتاتى سەككىز بولۇپ، باركۆل ناھىيىلىك چېكەتكە يوقىتىش پونكىتى بىلەن ئىككى ۋىۋىسكا، بىر بەنزە تۈزۈمىنى يولغا قويدى. بۇ پونكىت ئاساسلىقى قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئىككى ناھىيە، بىر شەھەرنىڭ يېيىنچا ئوتلاقلىرىنىڭ چېكەتكە، چاشقان ئاپىتىگە ئۇچراش ئەھۋالىنى مۆلچەرلەش، ئالدىن مەلۇمات بېرىش ۋە مۇداپىئە كۆرۈش، يوقىتىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى.

**3. كارخانا ئاپپاراتلىرى**

1984- يىل 6- ئايدا ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق، سودا- سانائەتچىلەر بىرلەشمە شىركىتى قۇرۇلدى، شتاتى ئالتە؛ 1989- يىلىنىڭ بېشىدا، ۋىلايەتتىكى دۆلەت ئىلكىدىكى ئالتە چارۋىچىلىق فېرمىسى بىلەن بىرلىشىپ تىجارەت قىلىدىغان ئىقتىسادىي بىرلەشمە گەۋدىگە ئايلاندى. 1987- يىل 9- ئايدا ئاقتاش چارۋىچىلىق فېرمىسى قۇرۇلدى. 1988- يىلى 5- ئايدا، ۋىلايەتلىك نەسىللىك چوشقا فېرمىسى قۇرۇلدى.

## §2. ناھىيە، شەھەرلىك ئاپپاراتلار

**1. مەمۇرىي ئاپپاراتلار**

1) **قۇمۇل شەھىرى** 1950- يىلى قۇمۇل ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە قۇرۇلۇش بۆلۈمى تەسىس قىلىندى، 1960- يىلى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى. 1984- يىل 5- ئايدا ناھىيە شەھەرگە قوشۇۋېتىلگەندىن كېيىن، قۇمۇل شەھەرلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسى قۇرۇلدى.

2) **باركۆل ناھىيىسى** 1950- يىلى باركۆل ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە قۇرۇلۇش بۆلۈمى تەسىس قىلىندى، 1955- يىل 5- ئايدا چارۋىچىلىق بۆلۈمى قۇرۇلدى، 1979- يىلى چارۋىچىلىق ئىدارىسى قۇرۇلدى.

3) **ئاراتۈرۈك ناھىيىسى** 1956- يىلى ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە قۇرۇلۇش بۆلۈمى تەسىس قىلىندى، 1959- يىلى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى، 1979- يىل 5- ئايدا چارۋىچىلىق بۆلۈمى قۇرۇلدى.

2. كەسپىي ئاپپاراتلار

**قۇمۇل شەھەرلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتى** 1957- يىل 6- ئايدا قۇمۇل ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتى قۇرۇلدى. 1984- يىل 5- ئايدا ناھىيە شەھەرگە قوشۇۋېتىلگەندىن كېيىن، ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ نامى قۇمۇل شەھەرلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1987- يىلى شەھەرلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتىدىكى ئىشچى- خىزمەتچى 30 غا يەتتى.

**قۇمۇل شەھەرلىك چوڭ چارۋىلارنى ئۆزۈقلاندۇرۇش پونكىتى** 1954- يىلى قۇمۇل ناھىيىسى غەربىتاغ رايونىنى ئاساس قىلغان ئۆششاق چارۋىلارنى ئۆزۈقلاندۇرۇش پونكىتى قۇرۇلۇپ، قوي نەسلىنى ياخشىلاش سىنىقى قانات يايدۇرۇلدى. 1956- يىلى چوڭ چارۋىلارنى ئۆزۈقلاندۇرۇش پونكىتى قۇرۇلدى. 1959- يىلى چوڭ چارۋىلارنى ئۆزۈقلاندۇرۇش پونكىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1986- يىلى قۇمۇل چوڭ چارۋىلارنى ئۆزۈقلاندۇرۇش پونكىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، 1990- يىلغا قەدەر ئىشچى- خىزمەتچىسى 15 كە يەتتى.

**قۇمۇل شەھەرلىك ئوتلاقچىلىق پونكىتى، ئوتلاقلارنى نازارەت قىلىش- باشقۇرۇش ئورنى** 1976- يىل 11-ئايدا شەھەرلىك ئوتلاقچىلىق پونكىتى قۇرۇلۇپ، شەھەرلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى. 1990- يىلغا قەدەر ئىشچى- خىزمەتچىسى 26 گە يەتتى.

1988- يىل 5- ئاينىڭ 16- كۈنى قۇمۇل شەھەرلىك ئوتلاقلارنى نازارەت قىلىش- باشقۇرۇش پونكىتى قۇرۇلدى، شەھەرلىك ئوتلاقچىلىق پونكىتى بىلەن ئىككى ۋىۋىسكا، بىر بەنزە تۈزۈمىنى يولغا قويدى.

**باركۆل ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتى** مىنگونىڭ 29- يىلى (1940- يىلى) ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە قۇرۇلۇش بۆلۈمى تەسىس قىلىندى، ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتى بىلەن چارۋىلارنى ئۆزۈقلاندۇرۇش پونكىتى بۇ بۆلۈمگە قاراشلىق بولدى. بىر خىزمەتچى قويۇلدى. 1953- يىل، چارۋىچىلىق، مال دوختۇرلۇق پونكىتىغا ئۆزگەرتىلدى، ئىشچى- خىزمەتچىسى 12 گە يەتتى.

**باركۆل ناھىيىلىك چېكەتكە يوقىتىش پونكىتى** 1974- يىلى ئەتىيازدا باركۆل ناھىيىلىك چېكەتكە يوقىتىش خىزمىتى پونكىتى قۇرۇلدى. 1979- يىلىنىڭ بېشىدا، ئوتلاق چېكەتكىسىنى يوقىتىش پونكىتى ئوتلاقچىلىق پونكىتى ۋە چېكەتكە يوقىتىش پونكىتى دەپ ئىككى پونكىتقا ئايرىلدى.

**باركۆل ناھىيىلىك ئوتلاقچىلىق پونكىتى، ئوتلاق نازارەتچىلىك پونكىتى** 1979- يىلىنىڭ بېشىدا ئەسلىدىكى ئوتلاق چېكەتكىسىنى يوقىتىش پونكىتىنىڭ ئوتلاق باشقۇرۇش خىزمىتى ئايرىۋېتىلىپ، باركۆل ناھىيىلىك ئوتلاقچىلىق پونكىتى بولۇپ قۇرۇلدى. 1988- يىل 8- ئايدا باركۆل ناھىيىلىك ئوتلاق نازارەتچىلىك ئورنى قۇرۇلۇپ، ناھىيىلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى، ناھىيىلىك ئوتلاقچىلىق پونكىتى بىلەن بىر بەنزە، ئىككى ۋىۋىسكا تۈزۈمىنى يولغا قويدى.

**ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتى.** 1949- يىلى ئاراتۈرۈك مال دوختۇرلۇق ئالدىنى ئېلىش- داۋالاش ئورنىدا بىر ئادەم بار ئىدى، 1957- يىل 6 - ئايدا ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتى قۇرۇلدى. 1982- يىلى 10 ئىشچى- خىزمەتچى سەپلەندى، 1985- يىل 7- ئايدا نومىنىڭ سابىق كادىرى سۇڭ جاۋ مىڭ شتاتىنى ساقلاپ مائاشىنى توختىتىپ، خۇسۇسىي مال دوختۇرخانا ئاچتى، قوشۇمچە چارۋىلارنى ئۆزۈقلاندۇرۇش بىلەن

شۇغۇللاندى، ئۇنىڭ بىر نەسىللىك ئايغىرى، بىر نەسىللىك ھاڭگا ئېشىكى، بىر نەسىللىك قاۋىنى، 350 نەسىللىك خورىزى بار بولۇپ، بۇ، ئاراتۇرۇك تارىخىدىكى يۇقىرىلار باشقۇرغان تۇنجى مال دوختۇرخانا بولۇپ قالدى.

ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك ئوتلاقچىلىق پونكىتى، ئوتلاق ئازارەتچىلىك ئورنى 1976- يىلى 6- ئايدا ئاراتۇرۇك ئوتلاقچىلىق پونكىتى قۇرۇلدى. 1990- يىلى ئوتلاقلارنى ياخشىلاش ۋە سۇيەتلىك ئوت- چۆپ ئۇرۇقى يېتىشتۈرۈشتە پايدىلىنىلىدىغان 100 مولۇق ئوت- چۆپ تەجرىبە ئېتىزى بەرپا قىلىندى. 1988- يىلى 8- ئايدا ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك ئوتلاق ئازارەتچىلىك ئورنى قۇرۇلۇپ، ئوتلاقچىلىق پونكىتى بىلەن بىر بەنزە، ئىككى ۋىۋىسكا تۈزۈمىنى يولغا قويدى.

## §3. يېزا دەرىجىلىك مال دوختۇرلۇق ئالدىنى ئېلىش- داۋالاش ئاپپاراتلىرى

1960- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ۋىلايەت بويىچە 21 گۇڭشې، مەيدان دەرىجىلىك مال دوختۇرلۇق ئاپپاراتى، 29 چوڭ ئەترەت مال دوختۇرلۇق ساقلىقنى ساقلاش پونكىتى، 126 مال دوختۇرلۇق كەسپىي خادىم بار ئىدى. 1964- يىلى ۋىلايەت بويىچە نۇقتا ئارقىلىق دائىرىنى يېتەكلەش خاراكتېرلىك مۇداپىئە. داۋالاش قانات يايدۇرۇلۇپ، جەمئىي دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ۋە گۇڭشې ئىگىدارچىلىقىدىكى 20 مال دوختۇرخانىسى قۇرۇلدى، 73 تېخنىك خادىم تەربىيىلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە قوي باھالاش (بانتىرووكا)، سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش خادىمى 61 ، خەلق ئارىسىدىكى مال دوختۇرلار 12.

1990- يىلىغىچە ۋىلايەت بويىچە 40 يېزا دەرىجىلىك مال دوختۇرلۇق مۇداپىئە. داۋالاش ئاپپاراتى تەسىس قىلىندى، 60 مال دوختۇرى ۋە تېخنىك سەپلەندى.

# باب II

# چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تۈزۈلمە ئىسلاھاتى

## §1. فېئوداللىق خوسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى

**1. چارۋا، ئوتلاقلارغا بولغان ئىگىدارچىلىق ئەھۋالى**

قازاق مىللىتى ئاساسلىقى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كۆچمەن مىللەت. مال- چارۋا ھەم ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىسى، ھەم تۇرمۇش ۋاستىسى، مال- چارۋىغا بولغان ئىگىدارچىلىق ئەھۋالى ئۇلارنىڭ باي- كەمبەغەللىكىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان مۇھىم ئامىل. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، باركۆل چارۋىچىلىق رايونلىرىدا، ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 5% ىنى ئىگىلەيدىغان چارۋا ئىگىلىرى ئومۇمىي

چارۋىنىڭ 30% ىنى ئىگىلىۋالغان، ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 90% ىنى ئىگىلەيدىغان چارۋىچىلار چارۋا ئومۇمىي سانىنىڭ 70% ىگە ئىگىدارچىلىق قىلغان. چارۋا ئىگىلىرى چارۋىدىن تاشقىرى ئەڭ مۇھىم ئوتلاقلارنى ئىگىلىۋالغانلىقى، يەنە كېلىپ سىياسىي جەھەتتىكى ئىمتىيازى سەۋەبلىك، كەڭ نامرات چارۋىچىلارنى ئۆز قەبىلىلىرى ئىچىدە چەكلەپ، خالىغانچە قۇل قىلدى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلدى.

2. ئېكسپىلاتاتسىيە شەكلى

**ياللاپ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش.** پادىچى ياللاش قازاق چارۋىدارلارنىڭ ئاساسلىق ئىگىلىك شەكلى. چارۋىدارلارنىڭ ياللانما پادىچىلارغا بېرىدىغان ئىش ھەققى ناھايىتىمۇ تۆۋەن، 200 ~ 500 تۇياق چارۋا باقسا پادىچىنىڭ يىللىق ئىش ھەققى ئۈچۈن ئاران 30 ~ 40 تۇياق قوي- ئۆچكىنىڭ سۈتى، يۇڭى ۋە بىر نەچچە تۇياق قوزا- ئوغلاق بېرىدۇ. سېغىن بولمىغان ئالتە ئايدا ئاناقتا ئېيىغا بىر تۇياق قوزا- ئوغلاق بېرىلىدۇ دېيىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، چارۋىدار ئار- تولا يۇڭ، چاي، كونا كېيىم- كېچەك دېگەندەك نەرسىلەرنى بېرىپلا بولدى قىلىدۇ. چارۋىدار يىل ئاخىرىدا ھېساب- كىتاب قىلغاندا «مال- چارۋىنى يىتتۈردۇڭ» دېگەندەك بەدناملار بىلەن پادىچىغا تۆلىتىدۇ. پادىچى بىر يىللىق ئىش ھەققى ئۈچۈن ئۆزى يارانقان بايلىق قىممىتىنىڭ ئاران 5% ئەتراپىغا ئېرىشەلەيدۇ، ھەتتا ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆپ يۈز بېرىدۇ. پادىچى قوي بېقىشتىن باشقا، چارۋىدارنىڭ ئوتۇن ئەكىلىش، سېغىن، سېرىقماي ئايرىش قاتارلىق ئېغىر ئىشلىرىنى قىلىدۇ. پادىچىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرمۇ چارۋىدارنىڭ پارچە- پۇرات ئىشلىرىنى ھەقسىز قىلىپ بېرىدۇ. پادىچىلار سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتلەردە ئۇزۇن مۇددەت قۇل ئورنىدا ئىشلەپ، ھاقارەتلىنىشكە، ئۇرۇلۇش- سوقۇلۇشلارغا ئۇچرايدۇ.

**تۇغقاندارچىلىق ياردىمى ئاستىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيە.** چارۋىدارلار، قەبىلە باشلىقلىرى «ئاۋۇل» شەكلى ئارقىلىق تۇغقاندارچىلىق نامى بىلەن بىر ئاۋۇلدىكى چارۋىچىلارغا مال باقتۇرىدۇ، تۆل ئالغۇزىدۇ، ئوت- چۆپ ئورۇدۇرىدۇ، كىگىز- شىرداق ياسىتىدۇ، ئەمما ھېچقانداق ھەق بەرمەيدۇ.

**قۇللارنى ھەقسىز ئىشلىتىش.** چارۋىدارلار قۇللارغا ھاياتىنى قامداش ئۈچۈن، يېمەكلىكتىن باشقا ھېچقانداق ئىش ھەققى بەرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىنسانىي ئەركىنلىكى بولمايدۇ، چارۋىدارلار ئۇلارنى باشقىلارغا سوۋغا ئورنىدا بېرىۋېتەلەيدۇ. قەبىلە باشلىقلىرى، چارۋىدارلار يۇقىرىقىدەك ھەقسىز ئەمگەك كۈچىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ۋەھشىي ئۇسۇللارنى قوللىنىپ باشقا مىللەت ياكى باشقا قەبىلىلەرنىڭ بالىلىرىنى بۇلاپ ئەكىلىپ قۇل قىلىدۇ.

**جازانە ئېكسپىلاتاتسىيىسى.** چارۋىچىلار تەبىئىي ئاپەت، توغرى بالا- قازاغا يولۇقۇپ ، يۇقىرى تەبىقىدىكى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئالۋان- ياسىقى ياكى جەرىمانىسىنى تۆلىيەلمىگەندە، يۇرت -قەبىلە باشلىرىدىن، چارۋا ئىگىلىرىدىن قەرز ئېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ، ئۇسۇمنى قەرز بەرگۈچى خالىغانچە بېكىتىدۇ. قەرز ئالغان ھەر بىر قوي ئۈچۈن، ئادەتتە بىر يىلدىن كېيىن ئۈچ يېرىم قوي (ئۈچ چوڭ قوي، بىر قوزا) قايتۇرىدۇ. ئەگەر ۋاقتىدا قايتۇرالمىسا، ئۇسۇمى يىلمۇ يىل ئۆسۈۋېرىدۇ. قەرزدار چارۋىچىلار كۆپىنچە ھاللاردا قەرز قايتۇرالماي خانىۋەيران بولۇپ كېتىدۇ، بىر قىسىملىرى ئۆمۈر بويى قۇل بولۇپ ئىشلەيدۇ.

**باج- سېلىق ئېكسپىلاتاتسىيىسى.** چارۋىچىلار يەنە ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمەتلەرنىڭ تۈرلۈك باج- سېلىقلىرىنى تارىختىن بۇيان زىممىسىگە ئېلىپ كەلگەن. باجلار ئىچىدە يەر بېجى، چارۋا بېجى، نوپۇس بېجى، ئادەمگەرچىلىك بېجى، ئوتلاق بېجى قاتارلىق باجلار بار. مىنگو دەۋرىدە تۈرلۈك باجلاردىن 20 نەچچە خىلى بار ئىدى، چارۋا بېجىلا چارۋىچىلار ئومۇمىي چارۋىسىنىڭ 5% ىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، چارۋىچىلارنىڭ سېلىقى تولىمۇ ئېغىر بولدى. ئېخىمۇ قەبىھ يېرى، ھۆكۈمەتنىڭ باجگىرلىرى باج يىغىشنى باھانە قىلىپ، ئاجىز چارۋىچىلارنى خالىغانچە بۇلاپ- تالىدى. چارۋىچىلار يەنە چارۋىدار، قەبىلە باشلىقلىرىغا قىشلىق سوقۇم مال تاپشۇردى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدارلىرى مىگبېشى ۋە

يۈزبېشى مەنسەپلىرىنى سېتىش ئارقىلىق نۇرغۇن مال- دۇنياغا ئىگە بولدى. قەبىلە باشلىقلىرى مىڭبېشى، يۈزبېشى مەنسىپىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن كەتكەن مال- دۇنيانى چارۋىچىلار بېشىغا چېچىپ يىغىۋالدى. پارىخور ئەمەلدارلار يۈز بېشى، مىڭبېشىلارنىڭ خىزمىتىدىن قۇسۇر چىقىرىپ، يۇرت- قەبىلە باشلىقلىرىنى خالىغانچە ئالماشتۇرۇپ، ئارىدىن پارە ئالدى. قەبىلە باشلىقلىرى ئۆز مەنسەپلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئەمەللىرىنى پۇل بېرىپ سېتىۋالدى، نەتىجىدە زىيان تارتىدىغىنى يەنىلا كەڭ چارۋىچىلار بولدى.

## §2. چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى دېموكراتىك ئىسلاھات

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە قومۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە ۋالىي مەھكىمىسى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ «ئىجتىمائىي تەرتىپنى تىنچلاندۇرۇش، چارۋىچىلىقنى قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، ئىمكانىيەت يار بەرگەندە، پادىچى ۋە نامرات چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى مۇۋاپىق ياخشىلاش» فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، چارۋىدار ۋە چارۋىچىلارنىڭ ئەندىشىسىنى تۈگىتىپ، ۋىلايەتنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرىدىكى چارۋىدارلارنىڭ ئىگىلىكىگە قارىتا دېموكراتىك ئىسلاھاتنى سالماقلىق بىلەن ئېلىپ باردى.

ۋىلايەت 1951- يىلى قازاق ۋەكىللىرى يىغىنى چاقىرىپ، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇردى. شۇ يىلى 4- ئاينىڭ 4- كۈنى باركۆل ناھىيىسىدە تۇنجى نۆۋەتلىك قازاق چارۋىچىلىق رايونلىرى ئىشلەپچىقىرىش يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندا «چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى قارار لايىھىسى» ماقۇللاندى. يىغىن يەنە پاي قوشۇپ كوپېراتىپ قۇرۇش، تېرە- يۇڭلارنى يىغىپ چاي- رەختلەرگە تېگىشىش، كارۋان تەشكىللەپ مال توشۇش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا قارار ماقۇللىدى. يىغىندىن كېيىن، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قارارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، چارۋىلارنىڭ زور تۈركۈمدە ئۆلتۈرۈلۈشى ۋە سېتىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى، يەنە شەھەر ئەتراپىدىكى 40 ئائىلىلىك قازاق چارۋىچىنى سۈجىگە بېرىپ ئولتۇراقلىشىشقا تەشكىللەپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇردى. ۋىلايەت ھەر قايسى ناھىيىلەرنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا «دۆلەتنى سۆيۈپ، چارۋىنى كۆپەيتىش» ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن خاتىرجەم شۇغۇللىنىشىغا ئىلھام بەردى. چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئەسلىدە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان «پادىلارنى بىرلەشتۈرۈپ، نۆۋەتلەشتۈرۈپ بېقىش، پادىلارنى بىرلەشتۈرۈپ، مەخسۇس پادىچى بېقىش» تەك ئۆزئارا ياردەم خاراكتېرىنى ئالغان ئەنئەنىۋى پادا بېقىش شەكىللىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇنى قوللىدى ۋە قوغدىدى.

1952- يىلى ۋىلايەتتىكى ئۈچ ناھىيىدە پارتىيىنىڭ چارۋىدارلار ئىگىلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلدى، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا «كۈرەش قىلماسلىق، مال- چارۋىسىنى تەقسىم قىلماسلىق، سىنىپىي تەركىب ئايرىماسلىق» ۋە «چارۋىچى، چارۋىدارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى مەنپەئەتلەندۈرۈش» سىياسىتى يۈرگۈزۈلدى. ئىككىسىنى مەنپەئەتلەندۈرۈش پرىنسىپى بويىچە، چارۋىدارلار بىلەن چارۋىچىلار ئۆزئارا كېڭىشىپ، ھەر ئىككى تەرەپكە مەنپەئەتلىك بولغان توختامنامە تۈزۈشتى. توختامنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا، ناھىيىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر بىر قىسىم چارۋىدارلارنىڭ تەڭ مەنپەئەتلىنىش توختامىغا خىلاپ قىلمىشلىرىنى تەنقىدلىدى ۋە تۈزەتتى. شۇنىڭ بىلەن چارۋا ئىگىلىرىنىڭ چارۋىچىلارغا قاراتقان ئىقتىسادىي ئېكسپىلاتاتسىيىسى يېنىكلەپ، چارۋىچىلارنىڭ ئىش ھەققى ئاشتى. مەسىلەن، باركۆلدە چارۋىچىلارنىڭ ئىش ھەققى

1953 - يىلى 1950- يىلدىكىگە قارىغاندا 2 ~ 3 ھەسسە ئېشىپ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى.

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى خەلق ھاكىمىيىتى چارۋىدار، قەبىلە كاتتىۋاشلىرى ۋە موللا- ئاخۇنلارنىڭ چارۋىچىلارنى خالىغانچە ئۇرۇپ- تىللاش، جەرىمانە قويۇش، قاماش ۋە ھاقارەتلەشتەك فېئودال دىنىي ئىمتىيازلىرىنى تەدرىجىي ئەمەلدىن قالدۇردى، زاكاتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، چارۋىچىلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللەتتى. يەنە چارۋىچىلارغا تۈرلۈك قەرزلەرنى تارقىتىپ، چارۋىچىلارنىڭ قەددىنى كۆتەردى. دۆلەت چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا يېنىك باج سىياسىتىنى يولغا قويدى. چارۋا مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى مۇۋاپىق تەڭشىدى ۋە ئۆستۈردى. باركۆل ناھىيىلىك پارتكوم يەنە «چارۋىنىڭ سان- سۈپىتىنى تەڭ ئۆستۈرۈش» فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش تەدبىرلىرىنى ۋاقتىدا يولغا قويغاچقا، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى تېز راۋاجلاندى. 1953- يىلىنىڭ ئاخىرىدا ۋىلايەت بويىچە تۈرلۈك چارۋىلارنىڭ قوتاندا ساقلانغان سانى 1950- يىلدىكى 334 مىڭ 400 تۇياقتىن 342 مىڭ 600 تۇياققا يەتتى.

## §3. چارۋىچىلىقتا كوپېراتسىيىلىشىش

چارۋىچىلارنىڭ خۇسۇسىي چارۋىسى، چوڭ تىپتىكى قورال- سايمانلىرى قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ھەقلىق، بەدەللىك ھالدا كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىگىلىككە ئۆتكۈزۈش — چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنىڭ ئاساسلىق شەكلى ئىدى. چارۋىچىلارنىڭ ئەسلىدىلا ئۆزئارا ياردەملىشىش ئادىتى بولۇپ، ئادەتتە ئۇرۇق- تۇغقان بىر نەچچە ئائىلە بىرلىشىپ ئىشلەپچىقىرىشتىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلاتتى. 1955- يىلى چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ۋاقىتلىق، پەسىللىك ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرى سىناق تەرىقىسىدە قۇرۇلدى. 1956- يىلى، دائىملىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرى ۋە باشلانغۇچ كوپېراتىپلار سىناق تەرىقىسىدە قۇرۇلۇشقا باشلىدى. ئەتراپلىق ئىدىيىۋى تەربىيە ۋە ئىختىيارىي بولۇش پرىنسىپى ئاستىدا، كوپېراتىپقا كىرىشنى ئىلتىماس قىلغۇچى چارۋىچىنىڭ تۈرلۈك چارۋىسى ئىككى چىشلىق قوي بىرلىك قىلىنىپ كوپېراتىپقا ئۆتكۈزۈلدى. بىر ئائىلىنىڭ چارۋا سانى 800 تۇياققا يەتمىسە، كوپېراتىپقا قوبۇل قىلىندى، 800 تۇياقتىن ئېشىپ كەتسە، ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىسىغا قوبۇل قىلىندى. شۇ يىلى ۋىلايەت بويىچە 11 باشلانغۇچ كوپېراتىپ قۇرۇلدى، كوپېراتىپقا 255 ئائىلە ئەزا بولۇپ، چارۋىچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 15.06% نى ئىگىلىدى؛ 95 ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، 847 ئائىلە ئەزا بولۇپ، چارۋىچىلىق ئائىلىلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 50% نى ئىگىلىدى. 1958- يىلى ئەتىيازدا ۋىلايەت بويىچە 54 ئالىي كوپېراتىپ قۇرۇلدى، 1670 ئائىلە كوپېراتىپقا ئەزا بولۇپ، چارۋىچى ئائىلىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 94.4% نى ئىگىلىدى، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا كوپېراتسىيىلىشىش ئاساسەن ئەمەلگە ئاشتى.

كوپېراتسىيىلىشىشتە كوپېراتىپ ئەزالارغا مۇۋاپىق ساندا مىنىدىغان ئات، سېغىن چارۋا ۋە يېمەكلىك قوي قالدۇرۇشقا يول قويۇلدى. قالدۇرۇق چارۋا چارۋا ئومۇمىي سانىنىڭ 15% نى ئىگىلىدى، ئەزالارنىڭ قالدۇرۇق چارۋىنى ئىختىيارىي بىر تەرەپ قىلىشىغا يول قويۇلدى.

ھەمكارلىق كوپېراتىپى چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى بىر تۇتاش تەشكىللەشتىن سىرت، ئەزالارغا مۇئەييەن ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى بېرىپ، سىرتلارغا چىقىپ قوشۇمچە كەسىپ قىلىشقا، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىشقا يول قويدى.

كوپىراتسىيىلىشىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلغاندىن كېيىن، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى نالھايىتى تېز راۋاجلاندى، ۋىلايەتنىڭ چارۋا ئومۇمىي سانى 1954- يىلىدىكى 406 مىڭ 700 تۇياقتىن 1959- يىلى 640 مىڭ 400 تۇياققا يەتتى.

باركۆل ناھىيىسى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئاساسلىق چارۋىچىلىق رايونى، چارۋا سانى ۋىلايەت ئومۇمىي چارۋا سانىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلەيدۇ. چارۋىچىلىق رايونلىرىدا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىشتىن ئىلگىرى، باركۆلدە سىناق نۇقتىسى قۇرۇلدى. 1955- يىلى ئەتىيازدا ناھىيە بويىچە چارۋىچىلىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرى تەرەققىي قىلىپ 24 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 11 دائىملىق گۇرۇپپا، گۇرۇپپىغا قاتناشقان چارۋىچى 140 ئائىلە بولۇپ، چارۋىچىلىق ئائىلىلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 9.5% نى ئىگىلىدى. 1956- يىلى ناھىيە بويىچە ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرى 67 گە يەتتى، 567 ئائىلە گۇرۇپپىغا ئەزا بولۇپ، چارۋىچىلار ئائىلىسى ئومۇمىي سانىنىڭ 45% نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە، 48 دائىملىق گۇرۇپپا بولۇپ، گۇرۇپپىغا كىرگەن چارۋىچىلار چارۋىچىلىق ئائىلىلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 34.3% نى ئىگىلىدى.

1956- يىل 5- ئايدا باركۆل ناھىيىسى «ئاۋانگارت»، «ئالغا» باشلانغۇچ كوپىراتىپلىرىنى سىناق تەرىقىسىدە قۇردى، 69 ئائىلە ئەزا بولدى. يىل ئاخىرىغا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە چارۋىچىلىق باشلانغۇچ كوپىراتىپى بەشكە يەتتى، بۇنىڭغا 183 ئائىلە ئەزا بولۇپ، چارۋىچىلار ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ 10.85% نى ئىگىلىدى؛ 56 دائىملىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، 529 ئائىلە ئەزا بولدى، ۋاقىتلىق گۇرۇپپىدىن 18 ى قۇرۇلۇپ، 138 ئائىلە ئەزا بولدى. كوپىراتىپ، گۇرۇپپىلارغا جەمئىي 850 ئائىلە ئەزا بولۇپ، چارۋىچىلار ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ 66.84% نى ئىگىلىدى. چارۋىچىلىق رايونلىرىدا كوپىراتىپقا، فىرمىلارغا (ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى چارۋىچىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) جەمئىي 1121 ئائىلە ئەزا بولۇپ، چارۋىچىلار ئائىلىلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 92.95% نى ئىگىلىدى.

## §4. ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى فىرمىلار

1957- يىلى چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى كوپىراتسىيىلەشتۈرۈشكە بىرلەشتۈرۈپ، چارۋىدارلار ئىگىلىكىگە قارىتا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلدى، تىنچ يول بىلەن ئۆزگەرتىش، تەربىيە بىلەن قايىل قىلىش پرىنسىپى بويىچە، ئۆز ئىختىيارلىقى ئاساسىدا، ئۇلارنىڭ چارۋىسىنى ھەقلىق ئۆتكۈزۈۋېلىپ، مۇددەتلىك ئۆسۈمنى قايتۇرۇش شەكلىنى قوللىنىش ئارقىلىق، ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فىرمىلىرى قۇرۇلدى. چارۋا ئىگىلىرىنىڭ چارۋىلىرى پايغا سۇندۇرۇلۇپ، ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى فىرمىغا ئۆتكۈزۈشنىڭ دەسلىپىدە، قوشقان چارۋا پېيى بويىچە پاي ئۆسۈمى تارقىتىلدى، فىرما تىجارەت تاپاۋىتىنىڭ 60% ى پاي ئۆسۈمى تەقسىماتىغا، 30% ى كارخانا جۇغلانمىسى ۋە تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىشكە، 10% ى كارخانا ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ مۇكاپات سوممىسىغا ئاجرىتىلدى. كېيىن 3% ~ 4% قەرەللىك ئۆسۈم قايتۇرۇش ئۇسۇلىغا ئۆزگەرتىلدى. چارۋا ئىگىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە كىشىلىرىگە ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ فىرمىدىن مۇۋاپىق خىزمەت بېرىلىپ، مەلۇم سىياسىي مۇئامىلىدىن بەھرىمەن قىلىندى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلەپ كەتمەسلىكى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. دەسلەپتە، ئىلغارراق چارۋىچىلارغا خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى فىرما قۇرۇلدى، كېيىن ۋىلايەت بويىچە دۆلەت كاپىتالىزم خاراكتېرىنى ئالغان ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى فىرمىلار قۇرۇلدى. باركۆل ناھىيىسىدىكى ئىدىيىسى ئىلغار چارۋا ئىگىسى قوقانباي

ئۆزىنىڭ 6000 غا يېقىن چارۋىسى (بۇنىڭ ئىچىدە 500 ئات بار) نى پايغا سۇندۇرۇپ فېرمىغا كىردى، ئۆزىگە بەلگىلىمە بويىچە قالدۇرۇق چارۋا قالدۇردى. ئۇنىڭ باشلامچىلىقىدا، باشقا فېرمىلار ئارقا-ئارقىدىن قۇرۇلدى.

1958- يىلى ئەتىيازدا ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ تۆت ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىسى قۇرۇلدى، فېرمىغا كىرگىنى توققۇز ئائىلە چارۋىدار بولۇپ، فېرمىغا كىرىشكە تېگىشلىك ئائىلە سانىنىڭ 90% نى ئىگىلىدى، فېرمىغا كىرگۈزۈلگەن چارۋا 48 مىڭ 66 تۇياق بولۇپ، ناھىيىدىكى ئومۇمىي چارۋا سانى (77 مىڭ 657) نىڭ 61.9% نى ئىگىلىدى. 1959- يىل 5- ئايغا كەلگەندە ۋىلايەت بويىچە ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى 11 فېرما قۇرۇلدى، چارۋىسى 140 مىڭ تۇياققا يېتىپ، ۋىلايەت ئومۇمىي چارۋا سانىنىڭ 22% نى ئىگىلىدى، چارۋىدارلار ئىگىلىكىگە قارىتا ئېلىپ بېرىلغان سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش شۇنىڭ بىلەن تاماملاندى.

دېھقانچىلىق ۋە يېرىم دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى چارۋىچىلىققا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلۈپ، ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى فېرمىلار قۇرۇلدى.

قۇمۇل ۋىلايىتىدە كۆپ قىسىم دېھقانلار (بىر قىسىم پومېشچىك، باي دېھقانلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نىڭ باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش ئادىتى بولغاچقا، بەزى جايلاردا ئائىلىۋى باقمىچىلىق زور سالماقنى ئىگىلىگەچكە، يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق رايونلىرىنى شەكىللەندۇرگەن. بۇ خىل چارۋىچىلىقنى ئۆزگەرتىشتە، ئاساسلىقى دېھقانلارنىڭ چارۋىسىنى كوپېراتىپقا ئۆتكۈزۈش ئۇسۇلى قوللىنىلدى، ئىككى چىشلىق قوي بىرلىكى بويىچە ھېسابلىغاندا، چارۋا سانى 600 تۇياقتىن ئاشسا، ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى فېرمىغا ئۆتكۈزۈلدى، 600 تۇياققا يەتمىسە، كوپېراتىپقا كىرگۈزۈلدى. كونكرېت ئۇسۇلى: بىرىنچىدىن، چارۋىسى باھاغا سۇندۇرۇلۇپ كوپېراتىپقا كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، كوپېراتىپ ئۇسۇمىنى تۆلەپ، دىرىنى قايتۇرۇشقا مەسئۇل بولدى؛ ئىككىنچىدىن، چارۋا كوپېراتىپقا ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن، كوپېراتىپ بىلەن چارۋا ئىگىسى كېلىشىپ بېكىتكەن ئەمگەك-چارۋا نىسبىتى بويىچە دارامەت تەقسىم قىلىندى. پومېشچىك، باي دېھقان، كاپىتالىستلارنىڭ چارۋىسى كوپېراتىپ، فېرمىلارغا ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن، كوپېراتىپ، فېرمىلار بىر تۇتاش باشقۇرۇپ تىجارەت قىلدى.

1980- يىلى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا ئەگىشىپ، ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىلىرى تەدرىجىي ھالدا يەرلىك دۆلەت ئىلكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىلىرىغا ئۆزگەرتىلدى.

## §5. چارۋىچىلىق گۇڭشېلىرى ۋە دېھقانچىلىق گۇڭشېلىرىنىڭ چارۋىچىلىق فېرمىلىرى

1958- يىل 9- ئايدا ۋىلايەت بويىچە دېھقانچىلىق رايونلىرىدا خەلق گۇڭشېسى قۇرۇش ئەمەلگە ئاشۇرۇلغاندىن كېيىن، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئەمدىلا قۇرۇلغان چارۋىچىلىق كوپېراتىپلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ، چارۋىچىلىق خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، دېھقانچىلىق رايونلىرى ۋە يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى چارۋىچىلىق كوپېراتىپلىرى دېھقانچىلىق رايونلىرى خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ چارۋىچىلىق مەيدانى قىلىپ قۇرۇلدى.

خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، دېھقانچىلىق رايونلىرى ۋە يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى چارۋىچىلىق كوپېراتىپلىرىنىڭ كۆپىنچىسى گۇڭشې قارمىقىدىكى چارۋىچىلىق مەيدانلىرىغا ئۆزگەرتىلىپ، چوڭ ئەترەت دەرىجىلىك تەشكىلىي تۈزۈلۈش بويىچە مەخسۇس خادىم باشقۇرىدىغان، مەخسۇس چارۋىچىلىق

ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولدى. گۆشچى باشقۇرۇشىدىكى چارۋىچىلىق مەيدانلىرى گۆشچى ئىقتىسادىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى.

1958- يىلى 9- ئايدا باركۆل ناھىيىسىنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى 25 باشلانغۇچ كوپىراتىپ بىرلەشتۈرۈلۈپ، «ئاۋانگارت» خەلق گۆشچىسى قۇرۇلدى، گۆشچىغا 1121 ئائىلە، 7693 ئادەم ئەزا بولدى، تۇرلۇك چارۋىسى 229 مىڭ 148 تۇياققا يەتتى.

باركۆل ناھىيىسىدە سەنتاگخۇ (ئۈچكۆل) گۆشچىسىدىن باشقا گۆشچىلارنىڭ ھەممىسىدە گۆشچى باشقۇرۇشىدىكى چارۋىچىلىق مەيدانى قۇرۇلدى؛ قۇمۇل، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىرىنىڭ بەزى گۆشچىلىرىدا چارۋىچىلىق ئەترىتى قۇرۇلدى.

چارۋىچىلىق رايونلىرىدا خەلق گۆشچىلىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن، «ئۈچ دەرىجىلىك مۈلۈكچىلىك، ئەترەتنى ئاساس قىلىش» تىن ئىبارەت ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويدى. باركۆل ناھىيىسى ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، چارۋىچىلىق گۆشچىلىرى ۋە دېھقانچىلىق گۆشچىلىرىنىڭ چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدا «گۆشچى، چوڭ ئەترەت ئىگىدارچىلىقىدا بولۇش، گۆشچى، چوڭ ئەترەت، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنى باشقۇرۇش، چوڭ ئەترەتلەرنى ھېسابات بىرلىكى قىلىش» تىن ئىبارەت ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، چارۋىچىلارنىڭ ئاز ساندا قالدۇرۇق چارۋا بېقىشىغا، پادىچىلىق قىلىپ، تۇخشىمىغان شەكىلدە ئىش ھەققى ئېلىشىغا يول قويدى. 1960 ~ 1967- يىللىرىچە، ۋىلايەت «چارۋىچىلىق رايونلىرى خىزمىتى نىزامى» نى تۈزۈپ، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا «بېكىتىش، ھۆددىلەش، مۇكاپاتلاش» نى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويدى. ئادەتتە گۆشچى چارۋىچىلىرىغا باققان چارۋىسىغا قاراپ نومۇر خاتىرىلەش، نومۇرغا قاراپ ھەق بېرىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. ئىش ھەققىنىڭ ئاز- كۆپلۈكى گۆشچىنىڭ ساپ كىرىمىگە قاراپ بېرىلدى. بەزى گۆشچىلار «بەشنى بېكىتىش، بىرنى مۇكاپاتلاش» تۈزۈمىنىمۇ يولغا قويدى، كىرىممۇ ھەر خىل بولدى. مەسىلەن، 1961- يىلى قۇمۇل ناھىيىسى تەگرىتاغ گۆشچىسى «ئۈچنى ھۆددىلەپ، بىرنى مۇكاپاتلاش» (چارۋىلارنىڭ كۆپىيىپ ئەي بولۇش نىسبىتىنى، چارۋا مەھسۇلاتىنى، ئىشنى ھۆددىگە بېرىپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرسا مۇكاپاتلاش، كېمەيتسە جازالاش) مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، تەڭ تەقسىماتچىلىقنى مەلۇم دەرىجىدە تۈگىتىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈردى.

1967 ~ 1976- يىللىرىچە ئېلىپ بېرىلغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە «بېكىتىش، ھۆددىلەش، مۇكاپاتلاش» مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرى بىكار قىلىنىپ، «داش قازاننىڭ تامىقى» ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقىغا زەربە بېرىلگەچكە، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى ئاستا بولدى. باركۆل ناھىيىسىدىكى چارۋىلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كۆپىيىشى ئاران 9000 تۇياق بولدى. 1976- يىلىنىڭ ئاخىرى، ۋىلايەت بويىچە تۇرلۇك چارۋىلارنىڭ قوتاندا ساقلانغان سانى 1967- يىلىدىكى 920 مىڭ 100 تۇياقتىن 915 مىڭ 900 تۇياققا چۈشۈپ قالدى.

## §6. بەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىلىرى

1990- يىلى ۋىلايەت بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئالتە چارۋىچىلىق فېرمىسى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىككىسى باركۆل ناھىيىسىدە، ئىككىسى ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدە، بىرى قۇمۇل شەھىرىدە، بىرى ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئىدى. ئاراتۇرۇك تۇركۆل، نېرىنكىر چارۋىچىلىق فېرمىسى 1955- يىلى قۇرۇلدى. باركۆل چوڭ قۇلۇنچەرى

(چوڭ يۇلغۇنلۇق) چارۋىچىلىق فېرمىسى بىلەن قۇمۇل شەھىرى قوبلۇق چارۋىچىلىق فېرمىسى 1980- يىلى ھۆكۈمەت بىلەن خوسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىسىدىن يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىسىغا ئۆزگەرتىلدى، باركۆل باچاگزا (سەككىزسالا) چارۋىچىلىق فېرمىسى بىلەن ۋىلايەتلىك ئاقتاش چارۋىچىلىق فېرمىسى ئايرىم- ئايرىم ھالدا 1985- يىلى ۋە 1987- يىلى باركۆل ناھىيىلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسى بىلەن ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق باشقارمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1990- يىلغا كەلگەندە ئالتە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىسى جەمئىي 2469 ئائىلە (بۇنىڭ ئىچىدە چارۋىچىلىق ئائىلىسى 2435) بار بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسى 13 مىڭ 333 كە يەتتى (بۇنىڭ ئىچىدە چارۋىچىلىق ئاھالىسى 13 مىڭ 155)، ئىشچى- خىزمەتچىسى 5779 نەپەر (بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى- خىزمەتچىسى 4293 نەپەر) گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە چارۋىچىلىق ئىشچىسى 2234. مۇقىم مۈلۈك ئومۇمىي قىممىتى 8 مىليون 930 مىڭ يۈەن. چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي كۆلىمى 26 مىليون 968 مىڭ 200 مو، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتلاق كۆلىمى 8 مىليون 924 مىڭ 900 مو بولۇپ، چارۋىچىلىق فېرمىسى ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 31% ىنى ئىگىلىدى، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 37 مىڭ 500 مو. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى تۈرلۈك چارۋىلارنىڭ قوتاندا ساقلانغان سانى 270 مىڭ تۇياق.

1978- يىلىدىن ئىلگىرى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىلىرىدا دەرىجە ئىش ھەققى تۈزۈمى، مال پادا ھۆددىگەرلىك ئىش ھەققى تۈزۈمى ياكى مەھسۇلاتقا قاراپ ئىش ھەققىنى بېكىتىپ، ئاشۇرسا مۇكاپاتلاش تۈزۈمى قاتارلىق ئىش ھەققى تۈزۈملىرى يولغا قويۇلدى. 1978- يىلىدىن كېيىن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىلىرى ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا «بېكىتىش، ھۆددىلەش، مۇكاپاتلاش»، «بالاغا سۇندۇرۇپ ھۆددىگە بېرىش»، «تۆمۈر چارۋا تۈزۈمى» ۋە «دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدا بولۇش، ئائىلىلەر كۆتۈرە ئېلىش، ئائىلىلەر بىرلىشىپ باشقۇرۇش، نورما بېكىتىپ يۇقىرىغا تاپشۇرۇش» قاتارلىق كۆپ خىل شەكىلدىكى مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى يولغا قويدى؛ 1984 ~ 1990- يىلىغىچە، «دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدا بولۇش، ئائىلىلەر كۆتۈرە ئېلىش، ئائىلىلەر بىرلىشىپ باشقۇرۇش، نورما بېكىتىپ يۇقىرىغا تاپشۇرۇش» نى ئاساس قىلغان چوڭ ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

### 1. ئاراتۇرۇك تۇركۆل چارۋىچىلىق فېرمىسى

1955- يىلىدىن ئىلگىرى تۇركۆل باش فېرمىسى ئىدى، ئۇ 1961- يىلى تۇركۆل چارۋىچىلىق فېرمىسى ۋە نېرىنكىر چارۋىچىلىق فېرمىسىغا ئايرىلدى، تۇركۆل چارۋىچىلىق فېرمىسى ھۆكۈمەت بىلەن خوسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىسى بىلەن تۇركۆل گۇڭشېسىدىن تەركىب تاپتى. باش فېرما ئايرىلغاندا 48 مىڭ تۇياق چارۋىسى بارئىدى، ئوتلاق كۆلىمى 2 مىليون 554 مىڭ 400 مو بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يازلىق ئوتلىقى 285 مىڭ 700 مو، كۆكلەم- كۈزلەك 747 مىڭ 100 مو، قىشلاق 1 مىليون 521 مىڭ 600 مو ئىدى. 1990- يىلىدىكى سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (1980- يىلىدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) 2 مىليون 230 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 20 مىڭ يۈەن، مەيدانىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 3643، چارۋا ئومۇمىي سانى 51 مىڭ تۇياق، تېرىلغۇ كۆلىمى 11 مىڭ 500 مو.

### 2. ئاراتۇرۇك نېرىنكىر چارۋىچىلىق فېرمىسى

1961- يىلى تۇركۆل باش فېرمىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، نېرىنكىر چارۋىچىلىق فېرمىسى بولۇپ قۇرۇلدى،

ئومۇمىي چارۋىسى 52 مىڭ تۇياق. مەزكۇر فېرمىنىڭ تۆت شۆبە فېرمىسى بولۇپ، ئوتلاق ئومۇمىي كۆلىمى 1 مىليون 760 مىڭ 200 مو، بۇنىڭ ئىچىدە يازلىق يايلىقى 158 مىڭ 800 مو، كۆكلەم- كۈزلەك يايلىقى 543 مىڭ 900 مو، قىشلاق 1 مىليون 57 مىڭ 500 مو. 1990- يىلىدىكى فېرمىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 3012، بۇنىڭ ئىچىدە چارۋىچىلىق نوپۇسى 3012، چارۋا ئومۇمىي سانى 51 مىڭ تۇياق، تېرىلغۇ كۆلىمى 4500 مو. سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 590 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە چارۋىچىلىقنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 430 مىڭ يۈەن (1980- يىلىدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى).

3. باركۆل چوڭ قۇلۇنچەرى (چوڭ يۇلغۇنلۇق) چارۋىچىلىق فېرمىسى

1956- يىلى كۈزدە باركۆل چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان چارۋىچىلىق ئىسلاھاتىدا، دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى پومېشچىك، باي دېھقان، كاپىتالىستلاردىن يىغىۋېلىنغان 1000 دىن ئارتۇق چارۋا ئاساسىدا، ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى تۇنجى چارۋىچىلىق فېرمىسى قۇرۇلدى. 1957- يىل 10- ئايدا ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى ئىككىنچى چارۋىچىلىق فېرمىسى قۇرۇلدى، چارۋىسى 8000 دىن ئېشىپ، پاي تۈزۈمى قوللىنىلدى، قوشقان ھەر ئىككى تۇياق ئىككى چىشلىق قويىنى بىر پاي ھېسابلاپ، مۇقىم ئۆسۈم بېرىلدى. 1957- يىلى قىشتىن 1958- يىلى ئەتىيازغىچە ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى ئۈچىنچى، تۆتىنچى چارۋىچىلىق فېرمىلىرى قۇرۇلدى. 1958- يىلى يۇقىرىقى تۆت چارۋىچىلىق فېرمىسى بىرلەشتۈرۈلۈپ، ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى بىر چارۋىچىلىق فېرمىسىغا ئۆزگەرتىلدى، ئومۇمىي چارۋىسى تەخمىنەن 48 مىڭ تۇياققا يەتتى. شۇ يىلى مەيدان قارمىقىدا تۆت چوڭ ئەترەت تەسىس قىلىندى. 1959- يىلى ئوتلاقلار ئايرىپ بېرىلدى، چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ باش مەيدان ئورنى چوڭ قۇلۇنچەرى ئەترابىدا مۇقىملاشتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ نامى «شياگياڭ چارۋىچىلىق فېرمىسىغا» ئۆزگەرتىلدى. 1990- يىلى، ئومۇمىي نوپۇسى 3585 كە، ئومۇمىي چارۋىسى 60 مىڭ 300 تۇياققا، تېرىلغۇ كۆلىمى 4113 موغا؛ سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 320 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 604 مىڭ يۈەن (1980- يىلىدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى).

4. قۇمۇل شەھىرى قويلۇق چارۋىچىلىق فېرمىسى

چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ كۆلىمى 1196 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، قۇمۇل شەھىرى ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 1.4% نى ئىگىلەيدۇ، ئوتلاق كۆلىمى 1 مىليون 276 مىڭ مو، بۇنىڭ ئىچىدە ئىللىق پەسىلدىكى ئوتلاق كۆلىمى 119 مىڭ مو، سوغۇق پەسىلدىكى ئوتلاق كۆلىمى 1 مىليون 157 مىڭ مو. مەزكۇر چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ تەكتى ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى غەربىتاغ قىزىل يۇلتۇز چارۋىچىلىق فېرمىسى بولۇپ، 11 ئائىلە چارۋا ئىگىسىنىڭ 9057 تۇياق چارۋىسى ئاساسىدا 1958- يىلى قۇرۇلدى. 1966- يىلى تاشۆبلىق، شوپۇل ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىسىدىكى توققۇز ئائىلە چارۋا ئىگىسىنىڭ 6118 تۇياق چارۋىسى بۇ فېرمىغا قوشۇلدى. جەمئىي 20 ئائىلە چارۋا ئىگىسىنىڭ 15 مىڭ 175 تۇياق چارۋىسىدىن قۇرۇلغان بۇ چارۋىچىلىق فېرمىسىنى غەربىتاغ گوڭشېسى ۋاكالىتەن باشقۇردى. مەزكۇر فېرمىغا قاراشلىق ئۈچ ئەترەت (ئىككى چارۋىچىلىق ئەترىتى، بىر دېھقانچىلىق ئەترىتى)، بىر ۋولفرام كانى بولۇپ، ئىككى دەرىجىلىك باشقۇرۇش، بىر دەرىجىلىك ھېسابات تۈزۈمىنى يولغا قويدى. 1981- يىل 1- ئايدا بۇ فېرمىنىڭ نامى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قويلۇق چارۋىچىلىق فېرمىسىغا

رەسمىي ئۆزگەرتىلدى. 1990- يىلى ئومۇمىي نوپۇسى 1030 غا، ئومۇمىي چارۋىسى 18 مىڭ 900 تۇياقىقا، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1288 موغا، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 408 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 364 مىڭ يۈەن (1980- يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى).

**5. باركۆل باچاڭزا (سەككىزسالا) چارۋىچىلىق فېرمىسى**

1954- يىلى سودا شىركىتىنىڭ چارۋىچىلىق فېرمىسى قۇرۇلدى، 2000 دىن ئارتۇق چارۋىسى بار ئىدى. 1957- يىلى يېمەكلىكلەر شىركىتىنىڭ چارۋىچىلىق فېرمىسى قۇرۇلدى، بۇ فېرمىنىڭ 6000 ~ 7000 دەك قويى بولۇپ، 1958- يىلى ناھىيىلىك يېمەكلىكلەر شىركىتى چارۋىچىلىق فېرمىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1980- يىللارغا كەلگەندە، باچاڭزا چارۋىچىلىق فېرمىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1958 ~ 1959- يىلغىچە، 20 مىڭدىن ئارتۇق چارۋىسى، قارمىقىدا تۆت ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى بار بولدى. ئوتلاق كۆلىمى 1 مىليون 700 مىڭ موغا يەتتى. 1985- يىلى باركۆل ناھىيىلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1990- يىلى ئومۇمىي نوپۇسى 1596 گە، چارۋىسى 32 مىڭ 500 تۇياقىقا، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 3040 موغا، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 773 مىڭ يۈەن(1980- يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يەتتى.

**6. ۋىلايەتلىك ئاقتاش چارۋىچىلىق فېرمىسى**

ئەسلىدە بۇ فېرما ۋىلايەتلىك يېمەكلىكلەر شىركىتىنىڭ چارۋىچىلىق فېرمىسى بولۇپ، 1987- يىل 9- ئايدا ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق باشقارمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرى نوپۇسى 487 كىشى (بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى- خىزمەتچى 110) گە، يىل ئاخىرىدا قوتانداساقلانغان چارۋىسى 4807 تۇياقىقا، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1500 موغا، ئەمەلىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 400 موغا، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 190 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 140 مىڭ يۈەن (1980- يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى).

## §7. چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى

1979 ~ 1990- يىلغىچە چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى قايتىدىن تەڭشىلىپ، قالدۇرۇق چارۋىنىڭ چەكلىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئەمگەككە قاراپ ھەق بېرىش پرىنسىپى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، پادىنى ئائىلىلەر (گۇرۇپپا) گە كۆتۈرە بېرىش، بەشنى بېكىتىش، بىرنى مۇكاپاتلاش (مال قورۇلىرىدا ئەمگەك كۈچىنى، بېشىغا تۇرغان چارۋىلارنىڭ ئامانلىقىنى، تۆللەرنىڭ كۆپىيىپ ئەي بولۇش نىسبىتىنى، چارۋا مەھسۇلاتىنى، ئىش ھەققىنى بېكىتىش) ياكى «ئاشۇرغىنىنىڭ ھەممىسىنى مۇكاپاتلاش، كېمەيتكىنىنىڭ ھەممىسىنى تۆلىتىش» تىن ئىبارەت ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1982- يىلى ۋىلايەت بويىچە 3127 چوڭ- كىچىك مال قورۇلىرىدا «تۆتنى بېكىتىش، تۆتنى كۆتۈرە بېرىش، ئاشۇرغىنىنى مۇكاپاتلاش، كېمەيتكىنىنى تۆلىتىش» مەسئۇلىيەت

تۈزۈمىنى يولغا قويغان مال قورۇلىرى 1792 بولۇپ، ۋىلايەت بويىچە ئومۇمىي مال قورۇسىنىڭ 58.7% نى ئىگىلىدى، باركۆل ناھىيىسىنىڭ چارۋىچىلىقىدا «بەشنى بېكىتىپ، بىرنى مۇكاپاتلاش» مەسئۇلىيەت تۈزۈمى 1978- يىلىدىن باشلاپ يولغا قويۇلدى. شۇ يىلى بۇ تۈزۈم 780 قورۇدا، ئىككىنچى يىلى 1004 قورۇدا، 1980- يىلى 1110 قورۇدا يولغا قويۇلدى (ناھىيە بويىچە ئومۇمىي قورۇنىڭ 75.2% نى ئىگىلىدى). باركۆل ناھىيىسى 1981- يىلىدىكى چارۋىچىلىقتا يولغا قويۇلغان مەسئۇلىيەت تۈزۈمىدە ساقلانغان مەسىلىلەرنى خۇلاسىلەپ، بەزىبىر كۆرسەتكۈچلەرگە قايتىدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى.

1984 ~ 1990- يىللىرىچە ۋىلايەتنىڭ چارۋىچىلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمىدە ئاساسلىق ئىككى خىل شەكىل، يەنى: بىر خىلى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىلىرىدا «دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدا بولۇش، ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش، ئائىلىلەر بىرلىشىپ باشقۇرۇش، نورما بېكىتىپ يۇقىرىغا تاپشۇرۇش» نى ئاساس قىلغان ئومۇمىيۈزلۈك ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى؛ يەنە بىر خىلى، يېزا- كەنتلەردە «باھاغا سۇندۇرۇپ، ئائىلىلەرگە سېتىپ بېرىش» نى ئاساس قىلغان مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. «باھاغا سۇندۇرۇپ، ئائىلىلەرگە سېتىپ بېرىش» دېگەندە، چارۋىلارنى 1980- يىلىدىكى باھا بويىچە چارۋىچىلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، «بەشنى بىر تۇتاش قىلىش» نى يولغا قويۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى ساپ ئېشىش نىسبىتى ۋە يىغما ــ قالدۇرۇقنى بىر تۇتاش يىغىش، بىر تۇتاش ئوتلاققا كۆچۈش، بىر تۇتاش ئورۇقلاندۇرۇش، بىر تۇتاش كېسەللىكتىن مۇداپىئە كۆرۈش ــ ۋاقتىدا سېلىش، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى بىر تۇتاش سېتىپ چىقىرىش قاتارلىقلار. بۇ ئىككى خىل مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغان ئالتە يىلدىن بۇيان، مەجبۇرىيەت، ھوقۇق- مەنپەئەت تۈزۈتارا زىچ بىرلەشتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئايرىم ئورۇنلار يەنىلا «بېكىتىش، ھۆددىلەش، مۇكاپاتلاش» مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئىجرا قىلدى.

# III باب

# ئوتلاق

## §1. ئوتلاقلارنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ تەبىئىي ئوتلاق كۆلىمى 62 مىليون 904 مىڭ مو بولۇپ، ۋىلايەت ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 29.4% نى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە پايدىلانغىلى بولىدىغان تەبىئىي ئوتلاق 58 مىليون 509 مىڭ مو بولۇپ، تەبىئىي ئوتلاق كۆلىمىنىڭ 93% نى ئىگىلەيدۇ؛ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلار پايدىلىنىۋاتقانلىرىدىن سىرت، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئەمەلىي پايدىلانغىلى بولىدىغان تەبىئىي ئوتلاق كۆلىمى 53 مىليون 733 مىڭ مو، بۇنىڭ ئىچىدە پايدىلىنىۋاتقىنى 50 مىليون 198 مىڭ مو.

**1. ئوتلاقلارنىڭ تۈرگە ئايرىلىشى**

تەبىئىي ئوتلاقلار ئاساسلىقى شەرقىي تەڭرىتاغ (باركۆل تاغلىرى، قارلىق تاغ)، موچىن ئۇلار تاغلىق رايونلىرى ۋە تاغ ئارىسىدىكى جىلغا، ئويمانلىقلارغا، شەرقتىكى ماجۇاڭشەن (چىلىيەنشەن قالدۇق تاغ تىزمىلىرى)، قۇمۇل بوستانلىقى، شۇنداقلا شىمالدىكى چوڭ-كىچىك قاپتىك تاغلىرى، ئالتاي قالدۇق تاغ تىزمىلىرى، جوڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇب قىرغاقلىرىدىكى پەس تاغلىق ئېدىرلىقلارغا، تاغ ئالدى چۆل-باياۋانلارغا تارقالغان.

تەبىئىي ئوتلاقلار يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ۋېرتىكال بەلۋاغلاردىكى پەرقى بويىچە ئايرىلىدۇ.

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ تەبىئىي ئوتلاقلىرى ئوتلاق تۈر سىستېمىسىغا ئاساسەن، بەلگىلەنگەن تۈرگە ئايرىش پرىنسىپى بويىچە 12 ئوتلاق تۈرىگە ئايرىلدى.

1) **تۈزلەڭلىك چۆللۈك ئوتلاقلىرى:** تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى يەتتە قۇدۇقتىن تارتىپ ماجۇاڭشەن تېغىغىچە بولغان تاغ ئالدى كەڭ كەتكەن كەلكۈن چۆكۈندە يانتۇ تۈزلەڭلىكلەرگە ۋە قۇرغاق يىمىرىلگەن تۈزلەڭلىكلەرگە، باركۆلنىڭ شىمالىي قىسمى، غەربىي شىمال قىسمىدىكى پەس تاغلىق ئېدىرلىقلارنىڭ چېتى ۋە شەرقىي جەنۇب تەرەپتىكى تاغ ئالدى كەلكۈن چۆكۈندە تۈزلەڭلىكلىرىگە تارقالغان. دېڭىز يۈزىدىن 1000 ~ 1600 مېتىر ئېگىز بولۇپ، كۆلىمى 11 مىليون 731 مىڭ مو، تەبىئىي ئوتلاق كۆلىمىنىڭ %18.65 نى ئىگىلەيدۇ، پايدىلانغىلى بولىدىغان كۆلىمى 10 مىليون 683 مىڭ مو. بۇ جايلاردا ئاقتىكەن، ئىتسىگەك، ئىنچىكە غوللۇق يۇلغۇن، ياۋا جىگدە، سۆكسۆك، تۆگىقۇيرۇق، قارىغان، قامىراق، تەسكەن، قارغىن قاتارلىقلار ئۆسىدۇ.

2) **تاغلىق چۆللۈك ئوتلاقلىرى:** ئاساسلىقى قۇمۇلنىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمىدىكى ماجۇاڭشەن تېغى رايونىدىكى پەس تاغلىق ئېدىرلىقلارغا، ئاراتۈرۈك چۆل تاغنىڭ شىمالىدىكى جىلغىلىقلارغا ۋە تاشلىق پەس تاغلىق ئېدىرلىقلارغا تارقالغان، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1400 ~ 1800 مېتىر، كۆلىمى 2 مىليون 815 مىڭ مو بولۇپ، تەبىئىي ئوتلاق ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ %4.47 نى ئىگىلەيدۇ، پايدىلىنىشقا بولىدىغان كۆلىمى 2 مىليون 421 مىڭ مو.

3) **تۈزلەڭلىكتىكى بايلاقلاشقان چۆللۈك ئوتلاقلىرى:** تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى ھەر قايسى تاغ ئېغىزلىرىدىكى يەلپۈگۈچسىمان كەلكۈن چۆكۈندىلىكلىرى ۋە باركۆلنىڭ غەربىي، شىمالىي تاغلىرىنىڭ چېتىدىكى چۆكۈندە تۈزلەڭلىك چۆللۈكىنىڭ يۇقىرى قىسمىغا تارقالغان. بۇ جايلار چۆللۈك ئوتلىقى بىلەن چۆللۈك تۈزلەڭلىكلىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى ئۆتكۈنچى تىپقا تەۋە بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1400 ~ 1600 مېتىر، كۆلىمى 4 مىليون 805 مىڭ مو بولۇپ، تەبىئىي ئوتلاق ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ %7.64 نى ئىگىلەيدۇ، پايدىلانغىلى بولىدىغان كۆلىمى 4 مىليون 126 مىڭ مو.

4) **تاغلىقلاردىكى بايلاقلاشقان چۆللۈك ئوتلاقلىرى:** قارلىق تاغنىڭ جەنۇبىي يانباغرى، باركۆل تاغلىرىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى پەس تاغلىق ئېدىرلىقلارغا، باركۆلنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئېدىرلىقلار، ئېدىرلىقلار ئارىلىقىدىكى ئويمانلىقلار ۋە ئاراتۈرۈكنىڭ تۈركۆل — توخولۇ (شارتۈيلەر) جىلغىسى، شۇنداقلا ئۆمۈر تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى تاغ ئارىسى جىلغىلىرىغا، پەس تاغلىق، ئېدىرلىقلارغا تارقالغان. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1500 ~ 1900 مېتىر، كۆلىمى 12 مىليون 302 مىڭ مو بولۇپ، تەبىئىي ئوتلاق ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ %19.56 نى ئىگىلەيدۇ، پايدىلىنىشقا بولىدىغان كۆلىمى 10 مىليون 879 مىڭ مو.

5) **تاغلىقلاردىكى چۆللۈك يايلاق ئوتلاقلىرى:** تەڭرىتاغ ۋە موچىن ئۇلار تاغلىرىنىڭ بىر قىسىم تاغ ئېتەكلىرىدىكى يەلپۈگۈچسىمان چۆكۈندىلىكلەر ۋە تاش تۇپراقلىق ئوتتۇرا تاغ بەلۋېغى، كۈنگەي يانتۇلۇقلارغا، تاغ

ئارىلىقىدىكى جىلغا، ئويمانلىقلارغا، شۇنداقلا بارىكۆلنىڭ غەربىدىكى كەڭ كەتكەن پەس تاغلىق ئېدىرلىقلارغا تارقالغان. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1800 ~ 2400 مېتىر ئارىلىقىدا. كۆلىمى 17 مىليون 743 مىڭ مو، تەبىئىي ئوتلاق ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 28.21% ىنى ئىگىلەيدۇ، پايدىلىنىشقا بولىدىغان كۆلىمى 17 مىليون 90 مىڭ مو.

6) **تاغلىقلاردىكى يايلاق ئوتلاقلىرى:** تەڭرىتاغ ۋە موچىن ئۇلار تاغلىرىدىكى بەلۋاغسىمان ئورالغان ئوتتۇرا تاغ بەلۋاغلىرى، بىر قىسىم سۇبتروپىك بەلۋاغلىرى، تاغ ئارىلىقىدىكى كەڭ جىلغا- ئويمانلىقلارنىڭ ئوتتۇرا- يۇقىرى قىسىملىرىغا تارقالغان. تەڭرىتېغى جەنۇبىي ئېتىكىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2200 ~ 2500 مېتىر، شىمالىي يانباغرىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2000 ~ 2300 مېتىر. موچىن ئۇلار تېغىنىڭ جەنۇبىي يانباغرىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2200 ~ 2600 مېتىر، شىمالىي يانباغرىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2300 ~ 2800 مېتىر، كۆلىمى 5 مىليون 258 مىڭ مو بولۇپ، تەبىئىي ئوتلاق ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 8.36% نى ئىگىلەيدۇ، پايدىلانغىلى بولىدىغان كۆلىمى 5 مىليون 157 مىڭ مو.

7) **ئېگىز، سوغۇق جايلاردىكى يايلاق ئوتلاقلىرى:** ئاساسلىق تەڭرىتاغ، موچىن ئۇلار تاغلىرىنىڭ ئېگىز، سۇبتروپىك تاغ بەلۋاغلىرىنىڭ كۈنگەي يانباغرىدىكى دەپەكلەرگە ۋە ئايرىم يېرىم كۈنگەي، يېرىم تەسكەي يانتۇلۇقلارغا تارقالغان، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2800 ~ 3400 مېتىر، ھاۋا كېلىماتى سوغۇق، قۇرغاق بولۇپ، ياز پەسلىدىكى كۆڭۈلدىكىدەك ياخشى تەبىئىي ئوتلاق ھېسابلىنىدۇ. كۆلىمى 836 مىڭ مو بولۇپ، تەبىئىي ئوتلاق ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 1.33% نى ئىگىلەيدۇ، پايدىلىنىشقا بولىدىغان كۆلىمى 814 مىڭ مو.

8) **تاغلىقلاردىكى چىملىق يايلاق ئوتلاقلىرى:** ئاساسلىقى تەڭرىتاغ ۋە موچىن ئۇلار تېغىنىڭ ئوتتۇرا تاغ بەلۋېغى ۋە سۇبتروپىك بەلۋېغى قاتارلىق ئورمانلىقلار بىلەن گىرەلەشكەن جايلارغا تارقالغان. دېڭىز يۈزىدىن 2300 ~ 2900 مېتىر ئېگىز، ئەمەلىي بەلۋاغلىرى نىسبەتەن تار، كۆلىمى 750مىڭ مو بولۇپ، تەبىئىي ئوتلاق ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 1.19% نى ئىگىلەيدۇ، پايدىلىنىشقا بولىدىغان كۆلىمى 735مىڭ مو.

9) **تۆۋەن تۈزلەڭلىكلەردىكى چىملىق ئوتلاقلار:** قۇمۇل بوستانلىقى تۈزلەڭلىكىنىڭ يەلپۈگۈچسىمان كەلكۈن چۆكۈندىلىكىنىڭ چېتىگە، بارىكۆلنىڭ تاغ ئارىسىدىكى جىلغا ئويمانلىقلىرىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە، بارىكۆل كۆلى ئەتراپلىرىغا، سەنتاگخۇ (ئۈچكۆل) ئويمانلىقى، ئاراتۇرۇك تۇركۆل كۆل ياقىلىرى، نوم ئويمانلىقى قاتارلىق يەر ئاستى سۈيى ئۆرلەپ تەپچىپ تۇرىدىغان جايلارغا، چىلىك (ليۇتياۋخې) دەريا ئېقىن ۋادىسىدىكى ساھىللارغا تارقالغان. ئۇ چېكىنگەن ئوتلاق تۈرىگە كىرىدۇ. ئوتلاق كۆلىمى 4 مىليون 556 مىڭ مو بولۇپ، تەبىئىي ئوتلاق ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 7.24% نى ئىگىلەيدۇ، پايدىلانغىلى بولىدىغان كۆلىمى 4 مىليون 539 مىڭ مو.

10) **تاغلىق جايلاردىكى چىملىق ئوتلاقلار:** تەڭرىتېغىنىڭ بارىكۆل تاغلىرى ۋە قارلىق تاغ ئۆزئارا تۇتاشقان جايلىرىنىڭ شىمالىي يانباغرىدىكى ماجۇەنگۇ، خەنجىگۇ ئەتراپلىرىدىكى ئوتتۇرا تاغ ئارىلىق بەلۋاغلىرى ۋە تاغ چوققىلىرىدىكى ئورمانلار ئارىسىدىكى بوشلۇقلار، ئورمان ياقىلىرى، قارلىق تاغنىڭ جەنۇبىي يانباغرىدىكى تاشبۇلاق رايونىدىكى ئورمانلىقلارنىڭ يۇقىرى چېتىدىكى كۈنگەيلىكلەر ۋە يۇقىرى دەپىلەرگە مەركەزلىك تارقالغان. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى نامداۋان ئەتراپلىرىنىڭ 2100 ~ 2400 مېتىر، خەنجىگۇ ئەتراپلىرىنىڭ 2200 ~ 2700 مېتىر، تاشبۇلاق ئەتراپلىرىنىڭ 2700 ~ 2900 مېتىر كېلىدۇ. ئوتلاق كۆلىمى 350 مىڭ مو بولۇپ، تەبىئىي ئوتلاق ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 0.56% نى ئىگىلەيدۇ، ھەممىسىلا پايدىلانغىلى بولىدىغان تەبىئىي ئوتلاقلاردۇر.

11) **قاتتىق سوغۇق جايلاردىكى چىملىق ئوتلاقلار:** ئاساسلىقى تەڭرىتاغ ۋە موچىن ئۇلار تاغلىرىنىڭ تەسكەي

تەرىپىدىكى دېڭىز يۈزىدىن 2800 مېتىردىن ئېگىز، كۆنگەي يانباغىرلىرىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن 3000 مېتىردىن ئېگىز بولغان ئېگىز تاغلارغا ۋە سۇبتروپىك بەلۋاغلىرىنىڭ يۇقىرى قىسمىغا تارقالغان. كىلىمات شارائىتىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، بۇ ئوتلاقلاردىن پەقەت ئىككى ئاي ئەتراپىدىلا پايدىلانغىلى بولىدۇ. كۆلىمى 1 مىليون 682 مىڭ مو بولۇپ، تەبىئىي ئوتلاق ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 2.67%نى ئىگىلەيدۇ، پايدىلانغىلى بولىدىغان كۆلىمى 1 مىليون 652 مىڭ مو.

12) ئېگىز تاغ چىملىقلىرىدىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈك ئوتلاقلار: موچىن ئۇلار تاغ چوققىسىدىكى قەدىمىي تۇزلەڭلىككە مەركەزلەشكەن. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3400 مېتىر ئەتراپىدا، كۆلىمى 76 مىڭ مو بولۇپ، تەبىئىي ئوتلاق ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 0.12% نى ئىگىلەيدۇ، پايدىلىنىشقا بولىدىغان كۆلىمى 63 مىڭ مو، ئاساسلىقى شۇ جايدىكى پەسىللىك ئوتلاق كۆچۈرۈشتە ئۆتكۈنچى پايدىلىنىلىدىغان تەبىئىي ئوتلاقلاردۇر.

قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى شەھەر، ناھىيە تەبىئىي ئوتلاقلىرىنىڭ تۈرى ۋە كۆلىمى ستاتىستىكىسى

جەدۋەل: 7 – 1

| شەھەر، ناھىيىلەر / رايونغا ئايرىلىشى | جەمئىي: ئومۇمىي كۆلىمى: تۈمەن مو | جەمئىي: ئومۇمىي كۆلىمى: ئومۇمىي كۆلەمدە ئىگىلىگەن نىسبىتى % | جەمئىي: پايدىلىنىشقا بولىدىغان كۆلەم (تۈمەن مو) | يۇنىلىك ئىچىدە (تۈمەنن مو): قۇمۇل شەھىرى: ئومۇمىي كۆلىمى | قۇمۇل شەھىرى: پايدىلىنىشقا بولىدىغان كۆلىمى | باركۆل ناھىيىسى: ئومۇمىي كۆلىمى | باركۆل ناھىيىسى: پايدىلىنىشقا بولىدىغان كۆلىمى | ئاراتۈرۈك ناھىيىسى: ئومۇمىي كۆلىمى | ئاراتۈرۈك ناھىيىسى: پايدىلىنىشقا بولىدىغان كۆلىمى | ئاراتۈرۈك ھەربىي ئات فېرمىسى: ئومۇمىي كۆلىمى | ئاراتۈرۈك ھەربىي ئات فېرمىسى: پايدىلىنىشقا بولىدىغان كۆلىمى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 6290.4 | 100 | 5850.9 | 2583.1 | 2418.9 | 2782.0 | 2545.1 | 837.5 | 801.8 | 87.8 | 85.1 |
| تۈزلەڭلىكتىكى چۆللۈك ئوتلاقلار | 117.31 | 18.65 | 1068.3 | 654.6 | 605.4 | 394.1 | 355.5 | 124.4 | 107.4 | | |
| تاغلىقلاردىكى چۆللۈك ئوتلاقلار | 281.5 | 4.47 | 242.1 | 226.7 | 191.8 | | | 54.8 | 50.3 | | |
| تۈزلەڭلىكتىكى يايلاقلاشقان چۆللۈك ئوتلاقلار | 480.5 | 7.64 | 412.6 | 171.0 | 158.3 | 309.5 | 254.3 | | | | |
| تاغلىقلاردىكى يايلاقلاشقان چۆللۈك ئوتلاقلار | 1230.2 | 19.56 | 1087.9 | 619.8 | 573.8 | 452.9 | 363.1 | 157.5 | 151.0 | | |
| تاغلىقلاردىكى يايلاقلاشقان چۆللۈك ئوتلاقلار | 1774.3 | 28.21 | 1709 | 337 | 320.2 | 1184.4 | 1141 | 239.0 | 233.7 | 13.9 | 13.5 |

| | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تاغلىقلاردىكى يايلاق ئوتلاقلىرى | 525.8 | 8.36 | 515.7 | 101.6 | 100.1 | 245.8 | 240.1 | 137.7 | 136 | 40.7 | 39.5 |
| قاتتىق سوغۇق يايلاق ئوتلاقلىرى | 83.6 | 1.33 | 81.4 | 35.8 | 34.6 | 18.4 | 17.9 | 24.8 | 24.5 | 4.6 | 4.6 |
| تاغلىقلاردىكى چىملىق يايلاق ئوتلاقلىرى | 75 | 1.19 | 73.5 | 31.3 | 30.5 | 34.6 | 34.0 | 2.4 | 2.4 | 6.7 | 6.6 |
| پەس تۈزلەڭدىكى چىملىق ئوتلاقلار | 455.6 | 7.24 | 453.9 | 286.6 | 286.6 | 104.2 | 102.5 | 57.2 | 57.2 | 7.6 | 7.6 |
| تاغلىقلاردىكى چىملىق ئوتلاقلار | 35 | 0.56 | 35 | 30.5 | 30.5 | | | | | 4.5 | 4.5 |
| قاتتىق سوغۇق چىملىق ئوتلاقلىرى | 168.2 | 2.67 | 165.2 | 88.2 | 87.1 | 32.2 | 30.8 | 39.7 | 39.3 | 8.1 | 8 |
| ئىگىز تاغلاردىكى چىملىق يېپىنچا ئۆسۈملۈك ئوتلاقلىرى | 7.6 | 0.12 | 6.3 | | | 5.9 | 5.3 | | | 1.7 | 1 |

ئىزاھ: بۇ جەدۋەلدە بايلىق تەكشۈرۈشتە ئايرىلغان رايونلار بىرلىك قىلىنىدى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قوشۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە باشقا ۋىلايەت، ئوبلاستلار پايدىلىنىۋاتقان ئوتلاقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2. پەسىللىك ئوتلاقلار

1) **يازلىق تەبىئىي ئوتلاقلار** باركۆل تاغلىرى، قارلىق تاغ ۋە موچىن ئۆلار تىغىنىڭ ئوتتۇرا بەلۋېغىنىڭ يۇقىرى جايلىرىغا تارقالغان. تەبىئىي ئوتلىقىنىڭ تۈر تەۋەلىكى قاتتىق سوغۇق چىملىقى، قاتتىق سوغۇق يايلىقى، تاغلىق چىملىقى ھەمدە تاغلاردىكى چىملىق يايلاقلار، بىر قىسىم تاغلىق يايلاقلار بولۇپ، كۆلىمى 4 مىليون 29 مىڭ مو، تەبىئىي ئوتلاق ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 6.4% ىنى ئىگىلەيدۇ، پايدىلىنىش ۋاقتى 6- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 9- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە تەخمىنەن 80 ~ 100 كۈن، ياز پەسلىدىكى مال سىغىمچانلىقى 1 مىليون 446 مىڭ تۇياق (قوي بىرلىكى).

2) **كۆكلەم ۋە كۈزلەك** تەگرىتېغىنىڭ شىمالىي تاغ ئارىلىقىدىكى كەڭ جىلغا، ئويمانلىقلارغا، تاغ ئالدى

يەلپۈگۈچسىمان چۆكۈندىلىكلەر ۋە يانتۇ تۈزلەڭلىك رايونلارغا تارقالغان. تەبىئىي ئوتلاقنىڭ تۈر تەۋەلىكى تاغلىق يايلاق، تاغلىق چۆللۈك يايلاق ۋە بىر قىسىم يايلاقلاشقان چۆللۈكتىن ئىبارەت، كۆلىمى 11 مىليون 168 مىڭ مو بولۇپ، تەبىئىي ئوتلاق ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 17.8% ىنى ئىگىلەيدۇ، پايدىلىنىش ۋاقتى 3- ئايدىن 6- ئايغىچە ۋە كۈز 9- ئايدىن 11- ئايغىچە تەخمىنەن 150 ~ 175 كۈن. ئەتىياز، كۈز پەسىللىرىدە جەمئىي 599 مىڭ تۇياق (قوي بىرلىكى) چارۋا باققىلى بولىدۇ، ئاساسلىقى ئەتىيازلىق تۆل ئېلىش ۋە كۈزلۈك ئورۇقلاندۇرۇش مەزگىللىرىدە پايدىلىنىلىدۇ.

3) **قىشلاقلار** باركۆلنىڭ غەربى، موچىن ئۇلار تېغىنىڭ غەربىدىكى شىمالىي يانباغىرلىرى ۋە شەرقىدىكى تاغلىقلارغا ھەمدە قارلىق تاغنىڭ شەرقىدىكى ئوتتۇرا، پەس تاغ بەلۋاغلىرى، ئېدىرلىقلار، شۇنداقلا چۆللۈك تۈزلەڭلىكلەرگە تارقالغان. تەبىئىي ئوتلاقنىڭ تۈر تەۋەلىكى ئاساسلىقى چۆللۈك ۋە بىر قىسىم تاغلىق چۆللۈك ئوتلاقلار، تەتۈر ئىقلىم رايونلىرىدىكى تاغلىق يايلاق ئوتلاقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، كۆلىمى 22 مىليون 218 مىڭ مو، تەبىئىي ئوتلاق ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 35.3% ىنى ئىگىلەيدۇ، يايلىتىش ۋاقتى تەخمىنەن 100 ~ 115 كۈن، چارۋا سىغىمچانلىقى 1 مىليون 788 مىڭ تۇياق (قوي بىرلىكى). بۇ جايلاردا ئومۇميۈزلۈك سۇ كەمچىل بولۇپ، ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ئىچىملىك سۈيى ئاساسەن قار ئارقىلىق ھەل قىلىنىدۇ.

4) **كۈز، قىش، ئەتىياز پىسىللىك (سوغۇق پەسىللىك) تەبىئىي ئوتلاقلار** تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي يانباغىرىدىكى ئوتتۇرا تاغ بەلۋېغىدىن تۆۋەن ئېدىرلىقلارغا، چۆل- باياۋانلارغا ۋە تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي يانتۇلۇقىدىكى ئاراتۇرۇك ھەربىي ئات فېرمىسىنىڭ سۇمۇشتان ئەتراپلىرىغا تارقالغان. ئالدىنقىسى تاغلىق رايونلار، تاغلىق چۆللۈك يايلاقلار ۋە تۈزلۈك چۆللۈك يايلاق تىپىغا كىرىدۇ، كېيىنكىسى تاغلىق چىملىقى، تاغلىق چىملىق يايلىقى ۋە تاغلىق يايلاقلار، شۇنداقلا تۈزلەڭلىك چىملىق يايلاقلار تىپىغا كىرىدۇ. سوغۇق پەسىللىك ئوتلاقنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 14 مىليون 851 مىڭ مو بولۇپ، تەبىئىي ئوتلاق ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 23.6% ىنى ئىگىلەيدۇ، چارۋا مال سىغىمچانلىقى 516 مىڭ تۇياق (قوي بىرلىكى)، يايلىتىش مۇددىتى 10- ئايدىن ئىككىنچى يىلى 6- ئايغىچە تەخمىنەن 275 ~ 285 كۈن.

5) **تۆت پەسىللىك (پۈتۈن يىللىق) تەبىئىي ئوتلاقلار** دېھقانچىلىق رايونلىرىغا يېقىن بولغان چارۋىچىلىق ئولتۇراق نۇقتىلىرىنىڭ ئەتراپلىرىدىكى باركۆل كۆل ئەتراپى ۋە بىر قىسىم دەريا- ئېقىن ساھىللىرى، زەيلىك- سازلىقلارغا تارقالغان، ئوتلاق تۈر تەۋەلىكى پەس تۈزلەڭلىك چىملىق ئوتلاقلارغا كىرىدۇ، ئومۇمىي كۆلىمى 10 مىليون 460 مىڭ مو بولۇپ، تەبىئىي ئوتلاق ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 16.6% ىنى ئىگىلەيدۇ، پايدىلىنىش مۇددىتى 365 كۈن، بىر يىلدا 396 مىڭ تۇياق (قوي بىرلىكى) چارۋا يايلاتقىلى بولىدۇ. تۆت پەسىللىك ئوتلاقلار دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى قالدۇرۇق چارۋا، ئىش ئۇلاغلىرىنى بېقىشقا، تۈرلۈك چارۋىلارنى پەسىللىك كۆچۈرۈشتە تولۇقلىما ئوتلاق قاتارىدا پايدىلىنىلىدۇ، بۇ خىل ئوتلاقلارنىڭ يىللىق پايدىلىنىش مۇددىتى ئۇزۇن بولغاچقا، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەسلىگە كېلىۋېلىش پۇرسىتى بولمايدۇ.

6) **تەبىئىي چاپىملىقلار** ئاساسلىقى باركۆل جىلغىسىنىڭ پەس جايلىرىغا ۋە چىلىك (ليۇتياۋخې) دەريا بويلىرىغا، شۇنداقلا تاغلاردىكى پارچە- پۇرات ئوتلاقلارغا تارقالغان. تۈر تەۋەلىكى پەس تۈزلەڭلىك چىملىق ئوتلاقلارغا كىرىدۇ. بىر- بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن كۆلىمى چوڭراق باركۆل كۆلى ئەتراپى بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 176 مىڭ مو.

### 3. تەبىئىي ئوتلاقلاردىن پايدىلىنىش

قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئاراتۇرۇك ھەربىي ئات فېرمىسى ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسىغا تەۋە قىزىل يۇلتۇز 1-، 2- فېرمىسى، قىزىل يۇلتۇز 1-، 2-، 3-، 4- دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، قىزىلتاغ دېھقانچىلىق مەيدانى، نوم دېھقانچىلىق مەيدانى، راكېتا دېھقانچىلىق مەيدانى، ساقا دېھقانچىلىق مەيدانى، دۆربەجىن دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە سانجى ئوبلاستىغا ئايرىپ بېرىلگەن تەبىئىي ئوتلاقلارنى چىقىرىۋەتكەندە، قۇمۇل

ۋىلايىتىدىكى يەرلىكنىڭ ئەمەلىي پايدىلىنىدىغان تەبىئىي ئوتلاق كۆلىمى 53 مىليون 733 مىڭ مو، پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاق كۆلىمى 50 مىليون 198 مىڭ مو.

**قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ تەبىئىي ئوتلاقلاردىن پايدىلىنىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 7 – 2

بىرلىكى: تۈمەن مو

| سىستېمىلار / كۆلىمى / پەسىل | رايون ئىچىدىكى تەبىئىي ئوتلاق كۆلىمى | | قۇمۇل ۋىلايىتى پايدىلىنىۋاتقان تەبىئىي ئوتلاق كۆلىمى | | سىرتتىكى ئورۇنلارنىڭ تەبىئىي ئوتلاقلاردىن پايدىلىنىش كۆلىمى | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئومۇمىي كۆلىمى | پايدىلانغىلى بولىدىغان كۆلىمى | ئومۇمىي كۆلىمى | پايدىلانغىلى بولىدىغان كۆلىمى | ئومۇمىي كۆلىمى | پايدىلانغىلى بولىدىغان كۆلىمى |
| يازلىق (ئىللىق) پەسىللىك ئوتلاقلار | 402.9 | 395.5 | 351.2 | 345.2 | 51.7 | 50.3 |
| كۆكلەم، كۈزلەك | 1116.8 | 1043.4 | 1050.9 | 979.2 | 85.9 | 64.1 |
| قىشلاق | 2221.8 | 2025.8 | 1642.9 | 1521.5 | 579.5 | 504.3 |
| قىشلاق، كۈزلەك (سوغۇق پەسىللىك ئوتلاقلار) | 1485.1 | 1391.3 | 1297.1 | 1211.3 | 188 | 180 |
| ئوت پەسىللىك ئوتلاق | 1046.2 | 977.4 | 1014.1 | 945.3 | 32.1 | 32.1 |
| چاپىلىق | 17.6 | 17.6 | 17.2 | 17.2 | 0.4 | 0.4 |
| جەمئىي | 6290.4 | 585.1 | 5373.3 | 5019.8 | 917.1 | 831·2 |

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ سۈيى كەمچىل بولغان تەبىئىي ئوتلاق كۆلىمى 25 مىليون 370 مىڭ مو بولۇپ، تەبىئىي ئوتلاق ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ %40 نى ئىگىلەيدۇ، سۈيى يوق ئوتلاق كۆلىمى 13 مىليون 20 مىڭ مو بولۇپ، تەبىئىي ئوتلاق ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ %21 نى ئىگىلەيدۇ، يۇقىرىقى ئىككى تۈرنى قوشقاندا 38 مىليون 390 مىڭ مو بولۇپ، تەبىئىي ئوتلاق ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ %61 نى ئىگىلەيدۇ.

قۇمۇلنىڭ شەرقىدىكى ئەلتۈمۈردىن تۆگىچىبۇلاقچە بولغان جايلار، ماجۇاگشەن تېغىنىڭ شىمالىي قىسمى، ئاراتۇرۇكنىڭ باي ئەتراپلىرى، باركۆلنىڭ غەربىي تېغى قاتارلىق ئوتلاقلاردا ئېغىر دەرىجىدە سۇ كەمچىل بولغانلىقى ئۈچۈن، كۆپ يىللاردىن بېرى تولۇق پايدىلانغىلى بولمىدى.

# §2. ئوت- چۆپلەر

### 1. ئوت- چۆپ مەھسۇلاتى

تەبىئىي ئوتلاقلاردىن يىلىغا 2 مىليون 410 مىڭ توننا ئوت- چۆپ يىغىۋالغىلى بولىدۇ. (قوي بىرلىكىدە) ھەر بىر چارۋىغا كۈنىگە ئىككى كىلوگرامدىن ئوت- چۆپ توغرا كەلتۈرگەندە، بىر يىلدا 1 مىليون 999 مىڭ تۇياق (قوي بىرلىكى) چارۋىنى باققىلى بولىدۇ، ھەر بىر (قوي بىرلىكى) چارۋىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 31.5 مو تەبىئىي ئوتلاق توغرا كېلىدۇ.

1990- يىلىنىڭ ئاخىرىدا ۋىلايەتتىكى ھەر قايسى شەھەر، ناھىيە ۋە بىڭتۇەننىڭ قوتاندا ساقلانغان ئومۇمىي چارۋىسى 1 مىليون 200 مىڭ تۇياق، بۇنى ئۆلچەملىك قوي بىرلىكىگە سۇندۇرغاندا 1 مىليون 900 مىڭ تۇياق. تەبىئىي ئوتلاق ئومۇمىي كۆلىمىدىن ئەگەر سانجى ئوبلاستى پايدىلىنىۋاتقان 3 مىليون 170 مىڭ مو (نەزەرىيىۋى مال سىغىمچانلىقى 100 مىڭ تۇياق) نى چىقىرىۋەتسەك، نەزەرىيىۋى مال سىغىمچانلىقى بىلەن ھازىر قولدا بار بولغان يىل ئاخىرىدىكى ئەمەلىي سان ئاساسەن تەڭلىشىدۇ. ئەمما، جۇغراپىيىۋىلىك مۇھىت، كىلىمات، سۇ مەنبەسى قاتارلىق تەبىئىي شارائىت ۋە باشقا ئامىللارنىڭ چەكلىمىسىدە بىر قىسىم تەبىئىي ئوتلاقلاردىن تولۇق پايدىلانغىلى بولمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە چارۋىلارنىڭ ئوتلاقلاردا بېقىلىشى يۇقىرى پەللىگە چىققاندا، چارۋىنىڭ ئومۇمىي سانى تەخمىنەن 35% ئەتراپىدا كۆپىيىپ كەتتى. شۇڭا، ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، تەبىئىي ئوتلاقلاردا يەنىلا ھەددىدىن زىيادە مال بېقىلدى. بولۇپمۇ كۆكلەم، كۈزلەكلەردە ھەددىدىن زىيادە مال بېقىش ئەھۋالى ئېغىر بولدى. ئوت- چۆپ بىلەن مال- چارۋا ئوتتۇرىسىدا «تەمىنلەش»، «تەلەپ» نى قاندۇرالىسلىقتەك تەڭپۇڭسىزلىق ھالەت مەۋجۇت.

**قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى شەھەر- ناھىيىلەر ۋە ئاراتۇرۇك ھەربىي ئات فېرمىسىنىڭ 1990- يىلىدىكى تەبىئىي ئوتلاق ئوت- چۆپ مەھسۇلاتلىرى**

جەدۋەل: 7 – 3 بىرلىكى: كىلوگرام/ مو (بىرلىك مەھسۇلات) تۈمەن كىلوگرام (ئومۇمىي مەھسۇلات)

| ناھىيە، شەھەر / ئوتلاق | ۋىلايەتنىڭ جەمئىي | | قۇمۇل شەھىرى | | باركۆل ناھىيىسى | | ئاراتۇرۇك ناھىيىسى | | ئاراتۇرۇك ھەربىي ئات فېرمىسى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | بىرلىك مەھسۇلات | ئومۇمىي مەھسۇلات | بىرلىك مەھسۇلات | ئومۇمىي مەھسۇلات | بىرلىك مەھسۇلات | ئومۇمىي مەھسۇلات | بىرلىك مەھسۇلات | ئومۇمىي مەھسۇلات | بىرلىك مەھسۇلات | ئومۇمىي مەھسۇلات |
| جەمئىي | 41.2 | 241077.6 | 40 | 96657 | 40.9 | 104184.2 | 42.4 | 33988.7 | 73.4 | 6247.7 |
| تۈزلەڭلىك چۆللۈك ئوتلاقلىرى | 30.8 | 32917.7 | 33.5 | 20280.9 | 28.9 | 10274 | 22 | 2362.8 | | |
| تاغلىق چۆللۈك ئوتلاقلىرى | 25.2 | 6110 | 25.3 | 4852.5 | | | 25 | 1257.5 | | |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تۈزلەڭلىكتىكى يايلاقلاشقان چۆللۈك ئوتلاقلىرى | 24.2 | 10055 | 24 | 3799.2 | 24.6 | 6255.8 | | | | |
| تاغلىقلاردىكى يايلاقلاشقان چۆللۈك ئوتلاقلىرى | 27.3 | 29679.3 | 26.2 | 15033.6 | 28.4 | 10312 | 28.7 | 4333.7 | | |
| تاغلىقلاردىكى چۆللۈك يايلاق ئوتلاقلىرى | 31.3 | 53531.4 | 44.9 | 14377 | 27.7 | 31622.3 | 30 | 7011 | 38.6 | 521.1 |
| تاغلىقلاردىكى يايلاق ئوتلاقلىرى | 56.8 | 29290.7 | 48.1 | 4814.8 | 63.2 | 15174.3 | 52.1 | 7085.6 | 56.1 | 2216 |
| ئېگىزلىكلەردىكى يايلاق ئوتلاقلىرى | 73.6 | 5988.5 | 34.3 | 1186.8 | 158.1 | 2830 | 68.3 | 1673.4 | 67.8 | 298.3 |
| تاغلاردىكى چىملىق يايلاق ئوتلاقلىرى | 95.3 | 7003 | 69.4 | 2116.7 | 122.5 | 4165 | 102 | 244.8 | 72.5 | 478.5 |
| پەس تۈزلەڭلىكتىكى چىملىق ئوتلاقلار | 103.1 | 46792.4 | 72.9 | 20893.1 | 184.6 | 18921.5 | 104.2 | 5960.2 | 133.9 | 1017.6 |
| تاغلاردىكى چىملىق ئوتلاقلىرى | 135.1 | 4728.9 | 124.8 | 3806.4 | | | | | 205 | 922.5 |
| قاتتىق سوغۇق جايلاردىكى چىملىق ئوتلاقلار | 88.9 | 14685.7 | 63.1 | 5496 | 142.3 | 4382.8 | 103.3 | 4059.7 | 93.4 | 747.2 |
| ئېگىز تاغلاردىكى چىملىقلاردىكى يېپىنچا تۇسمۇلۇك ئوتلاق | 46.5 | 293 | | | 46.5 | 246.5 | | | 46.5 | 46.5 |

## قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1990 - يىلىدىكى پەسىللىك تەبىئىي ئوتلاقلىرى بىلەن چارۋا مال سىغىمچانلىقى

جەدۋەل: 7 – 4

| شەھەر، ناھىيە / تۈرلەر / پەسىللىك ئوتلاقلار | جەمئىي | | | بۇنىڭ ئىچىدە | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | قۇمۇل شەھىرى | | | باركۆل ناھىيىسى | | | ئاراتۈرۈك ناھىيىسى | | | ئاراتۈرۈك مەربىي ئات فېرمىسى | | |
| | ئومۇمىي مەيدانى (تۈمەن مو) | پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاق كۆلىمى (تۈمەن مو) | نەزەرىيىۋى جارۋا مال سىغىمچانلىقى (تۈمەن قوي) | ئومۇمىي مەيدانى (تۈمەن مو) | پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاق كۆلىمى (تۈمەن مو) | نەزەرىيىۋى جارۋا مال سىغىمچانلىقى (تۈمەن قوي) | ئومۇمىي كۆلىمى (تۈمەن مو) | پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاق كۆلىمى (تۈمەن مو) | نەزەرىيىۋى جارۋا مال سىغىمچانلىقى (تۈمەن قوي) | ئومۇمىي كۆلىمى (تۈمەن مو) | پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاق كۆلىمى (تۈمەن مو) | نەزەرىيىۋى جارۋا مال سىغىمچانلىقى (تۈمەن قوي) | ئومۇمىي كۆلىمى (تۈمەن مو) | پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاق كۆلىمى (تۈمەن مو) | نەزەرىيىۋى جارۋا مال سىغىمچانلىقى (تۈمەن قوي) |
| يازلىق | 402.9 | 395.5 | 144.6 | 177.5 | 174.5 | 51.5 | 147.4 | 144.1 | 66.2 | 63.6 | 63.2 | 21.3 | 14.4 | 13.7 | 5.6 |
| كۈزلۈك، كۆكلەم | 1116.8 | 1043.4 | 59.9 | | | | 814.6 | 753.2 | 39.2 | 282.5 | 271.2 | 18.9 | 19.7 | 19.0 | 1.8 |

| | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قىشلاق | 2221.6 | 2025.8 | 178.8 | | | | 1746.8 | 1575.8 | 141.6 | 475.0 | 433.0 | 34.7 | 18.0 | 17.0 | 2.5 |
| قىشلاق، كۆكلەم | 1485.1 | 1391.2 | 51.6 | 1449.4 | 1355.8 | 48.2 | | | | | | | 34.4 | 34.4 | 3.4 |
| ئوت پەسىللىك | 1046.2 | 977.4 | 39.6 | 956.2 | 888.6 | 30.7 | 55.6 | 54.4 | 5.9 | 34.4 | 34.4 | 3.0 | | | |
| يىللىق | 17.6 | 17.6 | 7.4 | | | | 17.6 | 17.6 | 7.4 | | | | | | |
| جەمئىي | 6290.4 | 5850.9 | 199.9 | 2583.1 | 2418.9 | 79.6 | 2782.0 | 2545.1 | 87.3 | 837.5 | 801.8 | 27.5 | 87.8 | 85.1 | 5.5 |

2. ئاساسلىق ئوت- چۆپ تۈرلىرى

قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئۆسۈملۈك تۈرلىرىنىڭ 96 ئائىلىسى، 473 ئۇرۇقدىشى، 1490 تۈرى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە پاپورتنىكلار (سارچى ئائىلىسىگە كىرىدىغان ئۆسۈملۈك) تىپىنىڭ بىر ئائىلىسى، بىر ئۇرۇقدىشى، ئىككى تۈرى، يالىڭاچ ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈك تىپىنىڭ ئالتە ئائىلىسى، 11 ئۇرۇقدىشى، 28 تۈرى، يېپىق ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەر تىپىنىڭ 89 ئائىلىسى، 445 ئۇرۇقدىشى، 1460 تۈرى بار.

تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلەر ئىچىدە، ھايۋانات ئوزۇقلۇقى قىلىنىدىغان ئۆسۈملۈكلەردىن 749 خىلى بار، بۇنىڭ ئىچىدە باشاقلىقلار ئائىلىسىگە تەۋە 125 تۈر بولۇپ، 16.7% نى ئىگىلەيدۇ؛ پۇرچاق ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ 56 تۈرى بولۇپ، 7.5% نى ئىگىلەيدۇ؛ قىياق ئائىلىسىنىڭ 27 تۈرى بولۇپ، 3.6% نى ئىگىلەيدۇ؛ مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىنىڭ 95 تۈرى بولۇپ، 12.7% نى ئىگىلەيدۇ؛ لويلا ئائىلىسىنىڭ 60 تۈرى بولۇپ، 8% نى ئىگىلەيدۇ؛ گۈلساماق ئائىلىسىنىڭ 20 تۈرى بولۇپ، 2.7% نى ئىگىلەيدۇ، باشقا ئائىلىدىكىلەرنىڭ 366 تۈرى بولۇپ، 48.8% نى ئىگىلەيدۇ.

ھايۋانات ئوزۇقى بولىدىغان ئۆسۈملۈكلەر كۆپ ئۇچرايدىغان ئالىي دەرىجىلىك ئۆسۈملۈك تۈرىنىڭ 96.5% نى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە، باشاقلىقلار ئائىلىسى بىلەن مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ تۈرى ھەممىدىن كۆپ، تارقىلىشى كەڭ، ئىگىلىگەن دائىرىسى ئەڭ كەڭ. چۆل ئوتلاقلىرىدا لويلا ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەر ئاساس قىلىنىدۇ، شۇنداقلا سوغۇق پەسىللىك تەبىئىي ئوتلاقلارنىڭ ئەڭ تىپىك ئوت- چۆپى ھېسابلىنىدۇ.

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ تەبىئىي ئوتلاقلىرىدا ئەگرى تىللىق كەتىرا، قىزىل تىللىق كەتىرا، شىنجاڭ چۇقىسى ۋە ئاراتۇرۇك كونۇر بېشىدىن ئىبارەت تۆت خىل يېڭى ئۆسۈملۈك بار؛ باشقا ئورۇنلار ۋە شىنجاڭ 1- ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى 1980- يىللاردا بايقىغان يېڭى تۈردىن ئالتە خىلى بار. ئۇلار: دورا ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان كونۇرباش، ئاددىي گۈللۈك قوڭۇر باش، توپىئۆيلەر ئاجانىيسى، ئاجانىيە، شىنجاڭ قوقانگۈلى ۋە ئاددىي گۈللۈك قوقانگۈلدىن ئىبارەت.

مەملىكىتىمىزنىڭ ئالاھىدە ئۆسۈملۈكى، شىنجاڭدا نوقتىلىق قوغدىلىدىغان قۇمۇلغا تارقالغان ئوت- چۆپلەردىن ئالاكشان كىرىباپىش، قوڭۇر باشتىن ئىبارەت ئىككى تۈرى بار، يەنە تاق باشاقلىق ئەگرى قىلتىرىقلىق كىرىباپىشنىڭ يېڭىدىن بايقالغان كەنجى تۈرى بار.

(ئوت- چۆپلەرنىڭ تەپسىلاتى «تەبىئىي مۇھىت» بۆلۈمىنىڭ «بىئولوگىيىلىك بايلىقلار» بابىغا قارالسۇن)

**3. زەھەرلىك ئوت- چۆپلەر، زىيانلىق ئوت- چۆپلەر**

ئاساسلىق زەھەرلىك ئوت- چۆپلەردىن چىتىر، ئۈششاق گۈللۈك تەلۋە بىدە، شۈمشا، بۈيا، يات كەتىرا، سۆكات، بۆۋانە، يىلتىزسىز ئىتسىيگەك، چاكاندا، بۆدۈشقاق، ئىتتىز قىرىقبوغۇمى، دىگىز كۈدىسى قاتارلىقلار بار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تەگرىتاغ گۈلتەنبىرى، ئالتاي چوغلۇقى، كۆپ خىل ماگدار، كۆپ خىل ئىيىقتاپان، شەھدان، جەزبۇزار، چاناغان، سىبىرىيە قارا قوغۇزى، ئەپيۇنگۈل ئائىلىسىدىكى ياۋا ئەپيۇنگۈل، تۆگىتاپان ئائىلىسىدىكى ئادراسمان، كۆپ خىل تۆگىتاپان، پىدىگەن ئائىلىسىدىكى مىگدىۋانە، چوقا ئائىلىسىدىكى كۆپ خىل غازقانات قاتارلىق ئاز- تولا زەھەرى بار ئوت- چۆپلەر بار.

## §3. ئوتلاق قۇرۇلۇشى ۋە ئوتلاقلارنى باخشىلاش

**1. ئوتلاق قۇرۇلۇشى**

ۋىلايەتنىڭ ئوتلاق قۇرۇلۇشى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن تەدرىجىي ئېلىپ بېرىلدى، ئىلگىرى ئوت- چۆپ، سۇ قوغلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ، پايدىلىنىشنىلا بىلىپ، ئوتلاق قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىلمىگەن ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ئادەم، چارۋا شالاڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، تەبىئىي ئوتلاقلارنىڭ ئوت- چۆپى ۋە سۈيى ئەلۋەك ئىدى، ئاھالىنىڭ كۆپىيىشى، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتى، چارۋا سانىنىڭ كۆپىيىشى ۋە تەبىئىي ئوتلاقلاردىن پايدىلىنىشنىڭ قالايمىقان بولۇشى تۈپەيلىدىن، زور كۆلەمدىكى ئوتلاقلار چېكىنىشكە باشلاپ، ئوت- چۆپ يېتىشمەسلىك زىددىيىتى يىلدىن- يىلغا ئۆتكۈرلەشتى.

1970- يىللاردىن ئىلگىرى چارۋىچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىدا قورۇ- قوتان سېلىش، چارۋا يولى، كۆۋرۈك ياساش، ئولتۇراق ئۆي سېلىش ۋە قۇدۇق، بۇلاق قېزىش قاتارلىقلار ئاساس قىلىندى.

1970- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئوتلاق قۇرۇلۇشىدا «قورشالما ئوتلاق» مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، ھەر قايسى ناھىيلەرنىڭ تەگرىتاغ ئېتەكلىرىدىكى ئېدىرغانلىقلار، چۆل- سايلار ۋە كەڭ كۆلەمدىكى چۆللۈك ئوتلاقلار تاش تام ئارقىلىق قورشالدى.

1980- يىللاردىكى سۈنئىي ئوتلاق قۇرۇلۇشىنى «6- بەش يىللىق پىلان» (1981 ~ 1985- يىلىغىچە) ۋە «7- بەش يىللىق پىلان» (1986 ~ 1990- يىلىغىچە) دەپ ئىككى باسقۇچقا ئايرىشقا بولىدۇ. «6- بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە، «ئوتلاق قۇرۇلۇشىنى ئاساس قىلىش» كۆز قارىشى تېخى بىخ ھالىتىدە بولۇپ، يىگىدىن پەقەت 53 مىڭ مو سۈنئىي ئوتلاق بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە سۈنئىي ئوت- چۆپ، يەم- خەشەك يېرى 34 مىڭ مو (ئايروپىلان ئارقىلىق سىناق تەرىقىسىدە تېرىلغان 10 مىڭ مونىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ياخشىلانغان ئوتلاق 9000 مو، قورشالغان ئوتلاق 11 مىڭ مو. «6- بەش يىللىق پىلان» نىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە (1985- يىلىنىڭ ئاخىرى)، تۈرلۈك سۈنئىي ئوتلاق قۇرۇلۇشى ئارقىلىق ساقلاپ قېلىنغان ئوتلاق كۆلىمى 130 مىڭ مو («6- بەش يىللىق پىلان» دىن ئىلگىرىكى ساقلانغان كۆلەمنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، بۇنىڭ ئىچىدە سۈنئىي ئوتلاق 29 مىڭ مو (ئايروپىلان بىلەن سىناپ تېرىلغىنى 10 مىڭ مو)، ياخشىلانغان ئوتلاق 88 مىڭ مو، قورشالغان ئوتلاق 13 مىڭ مو. بۇ مەزگىلدە، بولۇپمۇ 1985-

يىلىنىڭ ئاخىرى، باركۆلنىڭ كۆكقىر تېغى ئېتىكىدە ئېلىپ بېرىلغان سىناق قىلىنغان ئايروپىلان بىلەن تېرىش تەجرىبىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ «7- بەش يىللىق پىلان» دا سۈنئىي ئوتلاقنى كېڭەيتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن يېڭى يول ئېچىپ بەردى.

«7- بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە، «ئوتلاق قانۇنى» نىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ھەر قايسى ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا سۈنئىي ئوت- چۆپ تېرىش خىزمىتى كەڭ كۆلەمدە باشلاندى، بېدە، ئورمۇزىيە ئوتى، قۇم سىڭگىرلىك، قىلتىرىقلىق ئارپىخان قاتارلىق بىر تۈركۈم ئەلا سۈپەتلىك ئوت- چۆپ سورتلىرى كىرگۈزۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە بېدىنىڭ تېرىلىش كۆلىمى ھەممىدىن كەڭ بولۇپ، ھاۋاسى ئەڭ ئىسسىق قۇمۇل بوستانلىقىدىن تارتىپ، ھاۋاسى سالقىن باركۆل، ئاراتۈرۈك تاغلىق رايونلىرىغىچە تېرىلدى. باركۆل كۆيىۋ يېزىسى 1986- يىلى 10 مىڭ 850 مو كۆلەمدە بېدىنى كىرىشتۈرۈپ تېرىدى. 1987- يىلى 13 مىڭ 410 موغا يەتكۈزدى.

ئايروپىلان ئارقىلىق ئوت- چۆپ تېرىش يېڭى تېخنىكىسىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ سۈنئىي ئوتلاق قۇرۇلۇشى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. باركۆلنىڭ كۆلياقا يېزىسى 1988- يىلى ئايروپىلان بىلەن تېرىغان بېدىلىكتىن شۇ يىلى سۇغىرىلمىغان شارائىتتا 67.3 كىلوگرام/ مو قۇرۇق بېدە ئالدى، مەھسۇلاتى ئايروپىلان بىلەن تېرىشتىن ئىلگىرىكى 11.4 كىلوگرام/ مودىن 4.9 ھەسسە ئاشتى.

ئاراتۈرۈك نېرىنكىر چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ 10 مىڭ موغا يېقىن تاشلاندۇق يېرى بولۇپ، ئوت- چۆپ مەھسۇلاتى 7.7 كىلوگرام/ مو ئىدى. 1990- يىلى، بۇ جاي قورشىلىپ، ئايروپىلان ئارقىلىق قىلتىرىقلىق ئارپىخان تېرىلدى. بىر يىلدىن كېيىن، سۇغىرىلمىغان شارائىتتا 91.9 كىلوگرام/ مو قۇرۇق ئوت- چۆپ يىغىۋېلىنىپ، ئەسلىدىكى مەھسۇلات مىقدارىدىن 10.9 ھەسسە ئاشۇرۇلدى. ئوتلاقنىڭ يېپىنچا ئۆسۈملۈك تەركىبى ئەللىشىپ، ئوتلاقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى ئېشىپلا قالماي، ئوتلاقلارنىڭ يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى ئاشتى، ئوتلاق ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ياخشىلاندى.

«7- بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە، سۈنئىي ئوتلاق قۇرۇلۇش كۆلىمى 364 مىڭ موغا يەتكۈزۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە سۈنئىي يەم- خەشەك تېرىلغۇ كۆلىمى 192 مىڭ مو (ئايروپىلان بىلەن تېرىلغان 90 مىڭ مونى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ياخشىلانغان ئوتلاق 68 مىڭ مو، قورشالغان ئوتلاق 104 مىڭ مو.

1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، سۈنئىي ئوتلاق ئومۇمىي كۆلىمى 236 مىڭ موغا يېتىپ، 167 مىڭ موسى ساقلىنىپ قالدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئايروپىلان بىلەن تېرىلغان ئوتلاق 100 مىڭ مو بولۇپ، 80 مىڭ موسى ساقلىنىپ قالدى؛ ئامسۇي تېرىلغان ئوتلاق 136 مىڭ مو بولۇپ، 87 مىڭ موسى ساقلىنىپ قالدى. ياخشىلانغان تەبىئىي ئوتلاق (سۇغىرىشنى ئاساس قىلىدۇ) ئومۇمىي كۆلىمى 157 مىڭ مو بولۇپ، 134 مىڭ موسى ساقلىنىپ قالدى، قورشالغان تەبىئىي ئوتلاق ئومۇمىي كۆلىمى 120 مىڭ مو بولۇپ، 112 مىڭ موسى ساقلىنىپ قالدى.

1990- يىلى 2836 لاپاسلىق قورۇ- قوتان ياسالدى (بۇنىڭ ئىچىدە پۇختا سېلىنغان قورۇ- قوتان 1421)، ساقلىنىپ قالغىنى 2479 (بۇنىڭ ئىچىدە پۇختا سېلىنغان قورۇ- قوتان 1421)؛ 9402 ئېغىز چارۋىچىلار ئۆيى، ساقلىنىپ قالغىنى 9402 ئېغىز، قۇرۇلۇش كۆلىمى تەخمىنەن 230 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، 3134 ئائىلە چارۋىچى مۇقىم ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى؛ 2602 كىلومېتىر چارۋا يولى ياسالدى، ساقلىنىپ قالغىنى 1513 كىلومېتىر؛ 162 كۆۋرۈك ياسالدى، ساقلىنىپ قالغىنى 156؛ 838 قۇدۇق قېزىلدى (بۇنىڭ ئىچىدە ماشىنىلاشقان قۇدۇق 156)، ساقلىنىپ قالغىنى 523 (بۇنىڭ ئىچىدە ماشىنىلاشقان قۇدۇق 77)؛ جەمئىي 209 كىلومېتىر كېلىدىغان 24 سۇ باشلاش ئېرىق-

ئۆستەڭگى ياسالدى، 344 بۇلاق كولاندى، ساقلىنىپ قالغىنى 244، 18 كىچىك سۇ ئامبىرى، جەمئىي 49 كۆل، سۇ كۆلچىكى ياسالدى، ساقلىنىپ قالغىنى 47؛ 12 ئادەم. ھايۋانلار ئىچىملىك سۇ تورۇبىسى ياسالدى، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 80 كىلومېتىر؛ يەتتە كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇلدى.

**قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ سۈنئىي ئوتلاق قۇرۇلۇشى ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ئەھۋالى**

جەدۋەل: 7 – 5

| قۇرۇلۇش مەزگىلى / قۇرۇلۇش تۈرى | | | 1981- يىلىدىن ئىلگىرى | | 1981 ~ 1985- يىلىغىچە | | 1986 ~ 1990- يىلىغىچە | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | يېڭىدىن كۆپەيگىنى | ساقلاپ قېلىنغىنى | يېڭىدىن كۆپەيگىنى | ساقلاپ قېلىنغىنى | يېڭىدىن كۆپەيگىنى | ساقلاپ قېلىنغىنى |
| سۈنئىي ئوتلاق قۇرۇلۇشى (تۈمەن مو) | سۈنئىي ئوتلاق | ئايروپىلان ئارقىلىق تېرىلغىنى | | | 1 | 1 | 9 | 8 |
| | | ئاما تېرىلغىنى | 0.1 | 0.9 | 3.4 | 2.9 | 19.2 | 8.7 |
| | | جەمئىي | 0.1 | 0.9 | 3.4 | 2.9 | 19.2 | 16.7 |
| | ياخشىلانغان ئوتلاق | | | 8 | 9 | 8.8 | 6.8 | 13.4 |
| | قورشالغان ئوتلاق | | | 0.5 | 1.1 | 1.3 | 10.4 | 11.2 |
| | جەمئىي | | 0.1 | 99.1 | 5.3 | 13 | 36.4 | 39.3 |
| چارۋىچىلىق رايونلىرى ئاساسىي قۇرۇلۇشى | لاپاسلىق قوتان (دانە) | جەمئىي | 394 | 1849 | 438 | 2060 | 549 | 2479 |
| | | يۇنىڭ ئىچىدە يوختا سېلىنغىنى | 105 | 839 | 265 | 1104 | 338 | 1421 |
| | ئولتۇراقلاشقان چارۋىچى ئائىلىلەر (ئائىلە) | | 198 | 15091 | 714 | 2265 | 911 | 3134 |
| | چارۋىچىلارنىڭ ئۆيى (كۋادرات مېتىر/ ئېغىز) | | 579/14280 | 4773/116844 | 2142/50940 | 6795/164664 | 2738/78540 | 9402/239928 |
| | چارۋا يولى (كىلومېتىر) | | 30 | 1010 | 1288 | 1348 | 304 | 1513 |
| | كۆۋرۈك (دانە) | | 5 | 129 | 18 | 145 | 15 | 156 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| چارۋىچىلىق رايونلىرى سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى | قۇدۇق (دانە) | جەمئىي | 10 | 351 | 143 | 404 | 341 | 323 |
| | | ماشىنىلاشقان قۇدۇق | 5 | 60 | 31 | 46 | 65 | 77 |
| | ياسالغان ئېرىق- ئۆستەڭ كىلومېتىر/ دانە | | 3 | 3/14 | 6/43 | 9/57 | 13/152 | 24/209 |
| | كولانغان بۇلاق (دانە) | | 20 | 138 | 77 | 180 | 129 | 244 |
| | كىچىك تىپتىكى سۇ ئامبىرى (دانە ) | | 2 | 9 | 1 | 10 | 8 | 18 |
| | توسما، سۇ كۆلچىكى (دانە) | | 1 | 25 | 10 | 35 | 14 | 47 |
| | ئادەم، ماللارنىڭ ئىچىملىك سۇ تورۇبىسى كىلومېتىر/ دانە | | 1/2 | 1/2 | 3/13 | 4/15 | 8/65 | 12/80 |
| | كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى (دانە) | | | | 1 | 1 | 6 | 7 |

2. ئوتلاقلارنى ياخشىلاش

ۋىلايەتنىڭ ئوتلاق ياخشىلاش خىزمىتى 1970- يىللاردىن باشلاندى. ئوتلاق ياخشىلاشتا سۇغىرىش تەدبىرى ئاساس قىلىندى، ساھەللارنى قامال قىلىپ ئوت- چۆپ ئۆستۈرۈش، تولۇقلاپ تېرىش، ئوغۇتلاش، چىملىقلارنى تىرنىلاپ بوشىتىش قاتارلىق تەدبىرلەرمۇ قوللىنىلدى.

1) سۇغىرىش 1976- يىلى ۋىلايەت بويىچە 60 مىڭ مو ئوتلاق سۇغىرىلدى، 1980- يىلى 205 مىڭ مو، 1982- يىلى 180 مىڭ مو، 1990- يىلى 150 مىڭ مو ئوتلاق سۇغىرىلدى.

2) ساھەللارنى قاشالاپ ئوت- چۆپ ئۆستۈرۈش زور كۆلەمدىكى ئوتلاق قورشاش 1970- يىللارنىڭ ئاخىرى باشلاندى. 1976- يىلدىن كېيىن، «قورشالغان يايلاق» قۇرۇلۇشىنى مەركەز قىلغان ئوتلاق ياخشىلاش دولقۇنى قوزغىلىپ، ھەر قايسى ناھىيىلەر ئۆز كۆچىگە تايىنىشنى ئاساس قىلىپ، تەبىئىي ئوتلاقلارنى تاش تام بىلەن قورشىدى. 1976- يىلى 24 مىڭ مو قورشالدى، 1977- يىلى 150 مىڭ مو، 1978- يىلى 100 مىڭ مو، 1980- يىلى 77 مىڭ مو ئوتلاق قورشالدى.

«6- بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە (1981 ~ 1985- يىللىقچە)، ۋىلايەت بويىچە قاشالانغان ئوتلاق 25 مىڭ مو (ئايروپىلان بىلەن تېرىلىپ قورشالغان 10 مىڭ مو ئوتلاقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

«7- بەش يىللىق پىلان » مەزگىلىدە (1986 ~ 1990- يىللىقچە)، تۈرلۈك شەكىلدىكى قورشالغان ئوتلاق كۆلىمى 273 مىڭ موغا يەتتى (ئايروپىلان بىلەن تېرىلىپ قورشالغان 90 مىڭ مو ئوتلاقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، بۇنىڭ ئىچىدە 1986- يىلى 20 مىڭ مو، 1987- يىلى 54 مىڭ مو، 1988- يىلى 71 مىڭ مو، 1989- يىلى 51 مىڭ مو، 1990- يىلى 77 مىڭ مو قورشالدى.

قورشالغان ئوتلاقلاردا ئوت- چۆپ ياخشى ئۆستى، قورشاۋ تېشىدىكى ئوت- چۆپ پاكار، ئاجىز ئۆستى. ئۆسۈشى يۇقىرى پەللىگە چىققان مەزگىللەردە قورشاۋ ئىچى- سىرتىنىڭ پەرقى 30 سانتىمېتىردىن ئېشىپ كەتتى، ئوت- چۆپ مەھسۇلاتى قورشالمىغان ۋاقىتتىكىگە قارىغاندا نەچچە ھەسسىدىن نەچچە ئون ھەسسىگىچە ئاشتى.

3) تولۇقلاپ تېرىش  1977- يىلى، بارىكۆل ئوتلاقچىلىق پونكىتى ئېرداۋخېزا تەجرىبە نۇقتىسىدىكى 1000 مو تەبىئىي ئوتلاقتا تولۇقلاپ تېرىش سىنىقى ئېلىپ باردى.

1984 ~ 1988- يىللىرى قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئوتلاقچىلىق پونكىتى ئاراتۇرۇك تۇركۆل چارۋىچىلىق فېرمىسىدا ۋىلايەتلىك پەن- تېخنىكا كومىتېتى رىياسەتچىلىك قىلغان «قۇياش ئېنېرگىيىسىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىش قۇرۇلۇشى» غا بىرلەشتۈرۈپ، توك ماگدۇرۇلغان سىملىق قورشاۋ ئىچىگە ۋە چۆل ئوتلاققا شۇ يىلى يىغىۋېلىنغان غىشە ئۇرۇقىنى ۋە سېرتتىن كىرگۈزۈلگەن قۇم سىگىرلىك، قىلتىرىقسىز ياۋا سۇلۇ قاتارلىق ئوت- چۆپ سورتلىرىنى تولۇقلاپ تېرىدى. تولۇقلاپ تېرىلغان يەر كۆلىمى 5000 مودىن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە غىشە 1000 مو، قۇم سىگىرلىك 3800 مو، بېدە 200 مو بولۇپ، ئەسلىدىكى چۆللىشىپ كەتكەن تاشلاندۇق يەر سۈپەتلىك چاپىلىققا ئايلاندى.

ئايروپىلان ئارقىلىق تېرىش يېڭى تېخنىكىسى ئارقىلىق چېكىنگەن ياپلاقلار ياخشىلاندى، 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ۋىلايەتتە ئايروپىلان ئارقىلىق تېرىلغان ئوتلاق كۆلىمى 100 مىڭ موغا يەتكۈزۈلۈپ، ئوتلاقلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئاشۇرۇلۇپ، يېپىنچا تۈسۈملۈكلەرنىڭ سۈپىتى ياخشىلاندى.

4) ئوغۇتلاش  1977- يىلى، باركۆل ئوتلاقچىلىق پونكىتى ئەرداۋخېزىدا «60 ~ 80 مو ئوتلاقتا ئوخشاشمايدىغان ئوغۇت، ئوغۇت مىقدارى ۋە ئوغۇت ئۈنۈمىنى كۆزىتىش» سىنىقى ئېلىپ باردى.

1987 ~ 1988- يىللىرى چارۋىچىلىق نازارىتى ئوتلاق باشقارمىسىنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن 20 مىڭ 500 مو كۆلەمدە بېدە يىلتىز ھۆررەك باكتېرىيە ئوغۇتىنى بېدە ئۇرۇقى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تېرىش تېخنىكىسى كېڭەيتىلدى. ئوغۇت ئارىلاشتۇرۇلۇپ تېرىلغان بېدىنىڭ مەھسۇلاتى ئوغۇت ئارىلاشتۇرۇلمىغان بېدىگە قارىغاندا 30% ئەتراپىدا ئاشتى.

1989 ~ 1990- يىللىرى ئاپتونوم رايونلۇق ئوتلاقچىلىق باش پونكىتىنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن 25 مىڭ مو كۆلەمدە ئوت- چۆپ ئۇرۇقىغا سېرەك ئارىلاشتۇرۇپ تېرىش سىنىقى ئېلىپ بېرىلدى. باركۆل ئوتلاقچىلىق پونكىتى ئېرداۋخېزىدىكى 300 مو تەبىئىي چاپىلىققا ئايروپىلان بىلەن سېرەك چاچقان ئىدى، ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن مو بېشىدىن 40.01 كىلوگرام قۇرۇق ئوت- چۆپ ئارتۇق ئىشلەپچىقىرىلدى، سېلىشتۇرما رايونغا قارىغاندا 28.52% ئاشتى؛ 3000 مو بېدىلىككە سېرەك چېچىلغاندىن كېيىن، مو بېشى قۇرۇق ئوت- چۆپ مەھسۇلاتى 45.8 كىلوگرام بولۇپ، سېلىشتۇرما رايونغا قارىغاندا 32.18% ئاشتى.

5) چىملىقلارنى تىرنىلاپ يۇمشىتىش  1977- يىلى باركۆل ئوتلاقچىلىق پونكىتى ئېرداۋخېزىدا 22 مو چىملىقنى تىرنىلاش سىنىقى ئېلىپ باردى.

ئايروپىلان بىلەن تېرىلىپ تىرنىلانغان ئوتلاق بۆلىكىنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالى ۋە مەھسۇلاتى تىرنىلانمىغان بۆلەككە قارىغاندا خېلى بولۇق ئۆستى.

## §4. ئوتلاقلارنى قوغداش

**1. چېكەتكە ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش**

قۇمۇل ۋىلايىتىدە چېكەتكىنىڭ زىيىنى ناھايىتى ئېغىر بولىدۇ، بولۇپمۇ باركۆل ئويمانلىقىدىكى چېكەتكە ئاپىتىنىڭ كۆلىمى چوڭ، خەۋپى ئېغىر.

1967 ~ 1968- يىللىرى باركۆلنىڭ سارچوقا يايلىقىدىكى ئوت- چۆپنى چېكەتكە قۇرۇتۇۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، 60 مىڭدىن ئارتۇق چارۋا ئۆلدى.

1975- يىلى باركۆل چېگرىسى ئىچىدىكى ھەربىي ئات فېرمىسىدا چېكەتكە يامراپ، تاشيول ئۈستىگە خۇددى بىر قەۋەت شېغىل تۆكۈۋەتكەندەك بولۇپ كەتتى، ئوتلاقلاردا چېكەتكىدىن باشقا بىرەر تۈپ ئوت- چۆپنىمۇ كۆرگىلى بولمىدى. ئاراتۈرۈكنىڭ بىر جىلغىسىدا چېكەتكىلەر خۇددى بىر قەۋەت ماياق تۆكۈۋەتكەندەك مىغىلداپ، ئوت- چۆپنى پۈتۈنلەي يەپ قۇرۇتۇۋەتكەچكە، مال بېقىش ئىمكانىيىتى بولمىدى.

**قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1951 ~ 1990- يىلىغىچە بولغان چېكەتكە يوقىتىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 7 – 6

| يىل | يوقىتىش كۆلىمى | ئالدىنى ئېلىش، يوقىتىش ئۇسۇللىرى |
| --- | --- | --- |
| 1951 | 100 مىڭ مو | ئادەم كۈچى بىلەن، پالاق بىلەن ئۇرۇپ- ساۋاپ، كۆيدۈرۈپ، كۆمۈپ يوقىتىلدى |
| 1952 | 105 مىڭ مو | |
| 1953 | 394.9 مىڭ مو | ئادەم كۈچى ئارقىلىق ئۇرۇپ- ساۋاپ، كۆيدۈرۈپ، ئايروپىلان ئارقىلىق زەھەرلىك يەمچۈك چېچىپ يوقىتىلدى |
| 1954 | 189 مىڭ مو | |
| 1955 | 233 مىڭ مو | |
| 1956 | 245 مىڭ مو | ئادەم كۈچى ئارقىلىق ئۇرۇش، كۆيدۈرۈش، ئايروپىلان ئارقىلىق 666 چېچىلدى |
| 1957 | 74.85 مىڭ مو | ئادەم كۈچى بىلەن ئۇرۇپ يوقىتىش ئېلىپ بېرىلدى |
| 1958 | 206.8 مىڭ مو | ئايروپىلاندا دورا چېچىش، ئادەم كۈچى بىلەن ئۇرۇش قوللىنىلدى |
| 1959 | 220 مىڭ مو | |
| 1960 | 55.72 مىڭ مو | ئادەم كۈچى بىلەن ئۇرۇپ- ساۋاپ يوقىتىلدى |
| 1961 | 68.03 مىڭ مو | ئادەم كۈچى بىلەن 666 پاراشوكى چېچىلدى |
| 1962 | 156.6 مىڭ مو | |
| 1963 | 53.5 مىڭ مو | |
| 1964 | 56.28 مىڭ مو | ئادەم كۈچى بىلەن ئۇرۇپ- سوقۇپ، ئايروپىلاندا 666 پاراشوكى چېچىلدى |
| 1965 | 155.39 مىڭ مو | ئادەم كۈچى بىلەن ئايروپىلان كۈچى بىرلەشتۈرۈلۈپ يوقىتىلدى |
| 1966 | 484.97 مىڭ مو | |
| 1967 | 982 مىڭ مو | ئايروپىلان+ ئادەم كۈچى، ئايروپىلاندا يوقىتىش كۆلىمى 575 مىڭ مو |
| 1968 | 737.6 مىڭ مو | ئايروپىلان+ ئادەم كۈچى، ئايروپىلان ئارقىلىق يوقىتىش كۆلىمى 310 مىڭ مو |
| 1969 | 679 مىڭ مو | ئايروپىلان+ ئادەم كۈچى، ئايروپىلان ئارقىلىق يوقىتىش كۆلىمى 350 مىڭ مو |

| | | |
|---|---|---|
| 1970 | 474 مىڭ مو | ئايروپىلان+ ئادەم كۈچى، ئايروپىلاندا يوقىتىش كۆلىمى 180 مىڭ مو |
| 1971 | 630.6 مىڭ مو | ئايروپىلان+ ئادەم كۈچى، ئايروپىلان ئارقىلىق يوقىتىش كۆلىمى 395.6 مىڭ مو |
| 1972 | 600 مىڭ مو | ئايروپىلان+ ئادەم كۈچى، ئايروپىلان ئارقىلىق يوقىتىش كۆلىمى 330مىڭ مو |
| 1973 | 730 مىڭ مو | ئايروپىلان+ ئادەم كۈچى، ئايروپىلان ئارقىلىق يوقىتىش كۆلىمى 320 مىڭ مو |
| 1974 | 277 مىڭ مو | ئايروپىلان+ ئادەم كۈچى، ئايروپىلان ئارقىلىق يوقىتىش كۆلىمى 147 مىڭ 400 مو |
| 1975 | 297 مىڭ مو | ئايروپىلان+ ئادەم كۈچى، ئايروپىلان ئارقىلىق يوقىتىش كۆلىمى 68 مىڭ مو |
| 1976 | 660 مىڭ مو | ئايروپىلان+ ئادەم كۈچى، ئايروپىلان ئارقىلىق يوقىتىش كۆلىمى 270 مىڭ مو (ئايروپىلان ئارقىلىق ئەڭ تۆۋەن مىقدارلىق سىناق قىلىندى) |
| 1977 | 415 مىڭ مو | ماشىنا ئارقىلىق 666 پاراشوكى چېچىلدى، ئايروپىلاندا ئەڭ تۆۋەن مىقداردا 232 مىڭ مو چېچىلدى |
| 1978 | 424 مىڭ مو | ئايروپىلان+ ئادەم كۈچى، ئايروپىلان بىلەن يوقىتىلغان كۆلەم 140 مىڭ مو |
| 1979 | 521 مىڭ مو | ئايروپىلان+ ئادەم كۈچى، ئايروپىلاندا يوقىتىلغان كۆلەم 361.5 مىڭ مو |
| 1980 | 578.5 مىڭ مو | ئايروپىلان+ ئادەم كۈچى، ئايروپىلاندا يوقىتىلغان كۆلەم 300 مىڭ مو |
| 1981 | 480 مىڭ مو | ئايروپىلان+ ئادەم كۈچى، ئايروپىلان 310 مىڭ مو (باركۆل پونكىتى توخۇ ئارقىلىق يوقىتىش سىنىقى قىلدى) |
| 1982 | 610 مىڭ مو | ئايروپىلان+ ئادەم كۈچى، ئايروپىلان ئارقىلىق يوقىتىلغان كۆلەم 515 مىڭ مو |
| 1983 | 875.8 مىڭ مو | ئايروپىلان+ ئادەم كۈچى، ئايروپىلاندا يوقىتىلغان كۆلەم 630 مىڭ مو |
| 1984 | 237 مىڭ مو | ئادەم كۈچى+ تراكتور بىلەن سۇيۇق دورا چېچىش كۆلىمى 88 مىڭ مو |
| 1985 | 247.5 مىڭ مو | تراكتور ئارقىلىق يوقىتىلغان كۆلەم 94 مىڭ مو، توخۇ بابلىتىش ئارقىلىق يوقىتىش كۆلىمى 153.5 مىڭ مو |
| 1986 | 400 مىڭ مو | تراكتور بىلەن يوقىتىش كۆلىمى 150 مىڭ مو، توخۇ بابلىتىش ئارقىلىق يوقىتىلغان كۆلەم 250 مىڭ مو |
| 1987 | 370 مىڭ مو | تراكتور بىلەن يوقىتىش كۆلىمى 120 مىڭ مو، توخۇ بابلىتىش ئارقىلىق يوقىتىلغان كۆلەم 250 مىڭ مو |
| 1988 | 500 مىڭ مو | ئايروپىلان بىلەن يوقىتىش كۆلىمى 370 مىڭ مو، توخۇ بابلىتىش ئارقىلىق يوقىتىلغان كۆلەم 70 مىڭ مو |
| 1989 | 1335 مىڭ مو | ئايروپىلان بىلەن يوقىتىش كۆلىمى 1013.2 مىڭ مو، توخۇ بابلىتىش ئارقىلىق يوقىتىلغان كۆلەم 60 مىڭ مو |
| 1990 | 1020 مىڭ مو | ئايروپىلان ئارقىلىق توقىتىلغان كۆلەم 870 مىڭ مو، توخۇ بابلىتىش ئارقىلىق يوقىتىلغان كۆلەم 70 مىڭ مو |

2. چاشقان ئاپىتى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش- يوقىتىش

قۇمۇل ئوتلاقلىرىدا چاشقاننىڭ تارقىلىشى ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، شەرق بىلەن غەرب ئىككى چەتتە كۆپ، ئوتتۇرا قىسمىدا ئاز، تاغنىڭ شىمالىدا كۆپ، جەنۇبىدا ئاز، تۆمۈريول، تاشيول ياقىلىرىدا كۆپ، باشقا جايلاردا ئاز، ئېتىز-ئېرىق ئەتراپلىرىدا كۆپ، چۆللۈكلەردە ئاز.

باركۆل كۆكقىر تاغلىرىنىڭ غەربىي شىمالى قىسمى، ئاراتۇرۇكنىڭ باي، موغاي، قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى شوپۇل يېزىسىنىڭ قىشلاقلىرى، ئارغۇلاڭتا (ئالتە چوققا، قاپتوغاي، جىگدە، خوراز قۇدۇق ئەتراپلىرى) قاتارلىق جايلاردا، بەزى يىللىرى چوڭ بۆغرۇل چاشقان توپىنىڭ زىچلىقى ئېشىپ، يېيىنچا تۇسۇملۇكلەرگە ئېغىر زىيان سالىدۇ.

باركۆل كۆكقىر تېغى ئەتراپلىرىدا بەزى يىللىرى سوكال چاشقان، قارىغۇ چاشقان كۆپىيىپ، ئوتلاقلارنى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىپ كەلدى.

قۇمۇلنىڭ لەنجۇ- شىنجاڭ تۆمۈريول بويلىرى، تاشيولنىڭ ئىككى ياقىسىدا تاشلاندۇق يېمەكلىك كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، چوڭ بۆرغۇل چاشقان توتاش بەلۋاغ شەكىللەندۈردى.

بەزى يىللىرى كىچىك ئۆي چاشقىنى، كۈلرەڭ ئامبار چاشقىنى يامراپ كېتىپ، بۇغداي باغلىرىغا زىيان سالدى.

1986- يىلى كۈزدە باركۆل چوڭ قۇلۇنچەرى (يۇلغۇنلۇق) ئەتراپلىرىدا سېرىق سوكال چاشقان يامراپ كېتىپ، ئوتلاق ۋە يېيىنچا ئۆسۈملۈكلەرگە ئېغىر زىيان سالدى.

1970- يىللارنىڭ باشلىرىدا ئاراتۇرۇكنىڭ باي، موغاي، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ شوپۇل قىشلاقلىرىدا سوكال چاشقان يامراپ كېتىپ، يەر يۈزى توپا دۆۋىلىرىگە، يەر ئاستى ئۆتمە ئۆشۈككە ئايلىنىپ، ئادەم ماڭسا پۇتى كىرىپ كېتىدىغان، ئات ماڭسا پۇتى سۇنىدىغان ھالەت شەكىللەندى، ئۇدا نەچچە يىللىق يوقىتىشتىن كېيىن، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

باركۆلنىڭ غەربىي ئېتىدا 1970- يىللارنىڭ دەسلىپىدە چاشقاننىڭ زىچلىقى ئېشىپ، زور زىيان كەلتۈردى. كېيىن چاشقانلاردا غالجىر كېسىلى پەيدا بولۇپ، تۈركۈملەپ ئۆلدى. غالجىر كېسىلى تۈلكە، ئىتلارغىمۇ يۇقۇپ، ئادەملەرگە خەۋپ يەتكەن ئەھۋاللارمۇ بولدى.

1983-، 1984- يىللىرى باركۆلنىڭ شىمالىي چۆللۈكىدە سوكال چاشقان يامراپ كېتىپ، يېيىنچا ئۆسۈملۈك ۋە ئاشلىققا ئېغىر زىيان سالدى.

1985- يىلى كۈزدە ئېتىز- ئېرىقلاردا چاشقان يامراپ كەتكەندە، يېزىلار ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئاممىۋى چاشقان يوقىتىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلىپ، خېلى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

3. چاشقان يوقىتىش ئەھۋالى:

1977- يىل 4- ئاينىڭ 2- كۈنىدىن 25- كۈنىگىچە باركۆل ناھىيىسىنىڭ غەربىي ئېتىدىكى چوڭ قۇلۇنچەرى، چاشا، بۇلۇڭباستاۋ، چوشقابۇلاق، بۇلاق، بەشقۇدۇق، قىزىل بۇلاق، خەمىنتۇ، خوڭبۇلاق، چوڭ كۆلۈن، كىچىك كۆلۈن، چوڭ قومبۇلاق، كىچىك قومبۇلاق، تاقىربۇلاق، تام بۇلاق قاتارلىق جايلاردا كەڭ كۆلەملىك چاشقان يوقىتىش ھەرىكىتى

ئېلىپ بېرىلدى. چاشقان يوقىتىش دائىرىسى شەرقتىن غەربكىچە 70 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغىچە 40 كىلومېتىر بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 1 مىليون 800 مىڭ موغا يەتتى، يوقىتىشتا تۆشۈكلەرنى ئېتىش، كولاش ئۇسۇلى قوللىنىلدى، ئۈنۈمى 85% ~ 90% كە يەتتى.

1978- يىل 4- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن 20- كۈنىگىچە باركۆلنىڭ كۆكقىر تاغلىرىنىڭ كۈنگەي يانباغرىدىكى چۆللۈكتە (كۆكلەم، كۈزلەك) چاشقان يوقىتىش ئېلىپ بېرىلدى. غەربتە ئۈچكۆل (سەنتاگخۇ) تاشيولدىن تارتىپ شەرقتە پىيازلىققىچە، ئۇزۇنلۇقى 30 كىلومېتىر، كەڭلىكى 10 نەچچە كىلومېتىر بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 1 مىليون 200 مىڭ موغا يەتتى، چاشقان يوقىتىش ئۈنۈمى 85% بولدى.

1980- يىل 3- ئاينىڭ 25- كۈنىدىن 4- ئاينىڭ 15- كۈنىگىچە باركۆلنىڭ كۆكقىر تاغلىرىنىڭ تەسكەي يانباغرىدىكى چۆللۈكتە 30 كىلومېتىر دائىرىدە چاشقان يوقىتىلدى. قىشلاقلاردا يوقىتىلغان چاشقان تۈرلىرى: يايلاق سوكال چاشقىنى، چوڭ بۇرغۇل چاشقان، كىچىك ئۆي چاشقىنى، يالمانتاقتاق، ئامبار چاشقىنى، قارىغۇ چاشقان قاتارلىقلار بولۇپ، چاشقان يوقىتىش كۆلىمى 1 مىليون 100 مىڭ موغا يەتتى، چاشقان يوقىتىش ئۈنۈمى 80% بولدى، قارىغۇ چاشقاننى يوقىتىشنىڭ ئۈنۈمى ئانچە ياخشى بولمىدى.

1981- يىل 4- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن 20- كۈنىگىچە باركۆل ناھىيىسىنىڭ غەربتىكى چوڭ قۇلۇنچەرى، چاشا، چوشقابۇلاق، بۇلاق، خىسەنتۇ، خۇگبۇلاق قاتارلىق جايلاردا چوڭ كۆلەملىك چاشقان يوقىتىش ئېلىپ بېرىلدى. يوقىتىلغان چاشقان تۈرلىرى سېرىق سوكال چاشقان، چوڭ بۇرغۇل چاشقان، يالمانتاقتاق، ئامبار چاشقىنى قاتارلىقلار. چاشقان يوقىتىش كۆلىمى 650 مىڭ مو بولۇپ، يوقىتىش ئۈنۈمى 85% بولدى.

1983- يىل 4- ئاينىڭ 3- كۈنىدىن 21- كۈنىگىچە قۇمۇل شەھىرى شوپۇل چوڭ ئەترىتى قىشلىقىنىڭ ئارغۇلاگتا، قاپتوغاي، جىگدە، خورازقۇدۇق قاتارلىق جايلاردا زور كۆلەملىك چاشقان يوقىتىش ئېلىپ بېرىلدى. يوقىتىلغىنى نەچچە خىل قۇملۇق چاشقىنى، ئۆي چاشقىنى قاتارلىقلار بولۇپ، يوقىتىش كۆلىمى 400 مىڭ مو، يوقىتىش ئۈنۈمى 80% بولدى.

1984- يىل 4- ئاينىڭ باشلىرىدىن 5- ئاينىڭ 13- كۈنىگىچە ۋىلايەت بويىچە چاشقان يوقىتىش كۆلىمى 1 مىليون 320 مىڭ مو، يوقىتىش ئۈنۈمى 90% بولدى. قۇمۇل ناھىيىسى تاشۆيلىق شوپۇل چوڭ ئەترىتى قىشلاقلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان چاشقان يوقىتىش كۆلىمى 810 مىڭ مو بولۇپ، يوقىتىش ئۈنۈمى 90% كە يەتتى. ئارانۇرۇك ناھىيىسىنىڭ چاشقان يوقىتىش كۆلىمى 315 مىڭ مو (بۇنىڭ ئىچىدە باينىڭ 55 مىڭ مو، توخۇلۇ (شارتۆبلەر) نىڭ 60 مىڭ مو، نېرىنكىرنىڭ 80 مىڭ مو، تۆركۆل چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ 120 مىڭ مو) بولۇپ، يوقىتىش ئۈنۈمى 90% بولدى.

1985- يىل 4- ئايدا قۇمۇل شەھىرى شوپۇل چوڭ ئەترىتىنىڭ قىشلىقىدا 600 مىڭ مو كۆلەمدە چاشقان يوقىتىش ئېلىپ بېرىلىپ، يوقىتىش ئۈنۈمى 90% بولدى.

1986- يىل 4-، 10- ئايلاردا باركۆل ناھىيىسى كۆكقىر تاغلىرىنىڭ تەسكەي يانباغرىدىكى تاغلىق رايونلاردا ۋە شالوبا (كۈنگەيسۇ)، گەنگۇ، شاگۇ (قۇمبۇلاق)، گاشۇنگۇ ئەتراپلىرىدا چوڭ كۆلەملىك چاشقان يوقىتىش ئېلىپ بېرىلدى، كۆلىمى 1 مىليون 180 مىڭ مو، ئۈنۈمى 90% بولدى.

## §5. ئوتلاق باشقۇرۇش

1963- يىلى باركۆل ناھىيىسىدە ئوتلاق باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلدى، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى «ئوتلاق، سازلىقلارنى قالايمىقان ئېچىشنى قاتتىق چەكلەش توغرىسىدا بۇيرۇق» چىقاردى. بۇ بۇيرۇق ئەينى چاغدىكى «ئاشلىقنى تۇتقا قىلىپ، چارۋىچىلىقنى بېسىش» خاھىشلىرىغا قارىتا ئۈنۈملۈك تىزگىنلەش رولىنى ئوينىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە يەنە «چارۋىچىلار ئىزا ئاشلىقنى يېمەسلىك» ئىدىيىسىنىڭ تۈرتكىسىدە، زور كۆلەمدىكى سۈپەتلىك تەبىئىي ئوتلاقلار قارىغۇلارچە ئېچىلىپ ئاشلىق تېرىلدى، بوزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان تەبىئىي ئوتلاق كۆلىمى 600 مىڭ مودىن ئاشتى، نەتىجىدە ئاشلىق، ئوت- چۆپتىن ھېچقانداق ھوسۇل ئېلىنمايلا قالماستىن، ئوتلاق ئېكولوگىيىسى بوزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى.

كۆپ يىللاردىن بۇيان تەبىئىي ئوتلاقلاردا تاغ توپىسى، چىم قازىدىغان، يېقىلغۇ ئوتۇن ئۈچۈن چاتقاللىقلارنى چېپىپ نابۇت قىلىدىغان، جۇڭيى دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى قالايمىقان كولايدىغان ئەھۋاللار ناھايىتى ئېغىر بولدى.

ج ك پ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن قۇمۇل ۋىلايىتى ئوتلاق باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتتى. 1984- يىل 11- ئايدىن باشلاپ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئوتلاق باشقۇرۇش ۋاقىتلىق نىزامى» يولغا قويۇلدى. 1985- يىل 10- ئايدا، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئوتلاق قانۇنى» يولغا قويۇلدى. 1989- يىل 9- ئايدا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹ئوتلاق قانۇنى› نى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى تەپسىلىي پرىنسىپى» يولغا قويۇلدى. 1988- يىلى، ۋىلايەت ئاپتونوم رايونىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، قۇمۇل ۋىلايىتىدە ۋە ئىككى ناھىيە، بىر شەھەردە ئوتلاق نازارەتچىلىك ئورنى قۇردى، بىڭتۇەن قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسىدىمۇ ئوتلاق باشقۇرۇش ئورنى قۇرۇلدى، ۋىلايەت، ناھىيىلەردە ئوتلاق نازارەتچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 20 نەچچە مەخسۇس، قوشۇمچە خادىم سەپلىنىپ، ئوتلاق قانۇن- نىزاملىرىنى تەشۋىق قىلىش، ئىجرا قىلىش خىزمىتى كەڭ قانات يايدۇرۇلدى، ئوتلاقلارغا بولغان قوغداش- باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، ئوتلاقلارنى قالايمىقان ئاچىدىغان، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى بوزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىدىغان قىلمىشلار چەكلەندى.

ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ ئوتلاق نازارەتچىلىك ئورۇنلىرى ۋىلايەت دائىرىسى ئىچىدە يۈز بەرگەن قانۇن- نىزاملارغا خىلاپلىق قىلىپ، ئوتلاقلارنى بوزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىش دېلوسىدىن جەمئىي 50 نەچچىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. بولۇپمۇ باركۆل ناھىيىلىك ئوتلاق نازارەتچىلىك ئورنى 40 نەچچە دېلونى بىر تەرەپ قىلىپ، ئوتلاقلارنى بوزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىش ئەھۋاللىرىنى كۆرۈنەرلىك ئازايتتى.

ۋىلايەت بويىچە ئوتلاقتىن پايدىلىنىش كىنىشكىسى تارقىتىش خىزمىتى 1988- يىلى باشلاندى، ئوتلاقلاردىن پايدىلىنىش ھوقۇقى ھەر بىر چارۋىچى ئائىلىگە ياكى بىرلەشمە ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ئوتلاقتىن پايدىلىنىشتىكى مەسئۇلىيەت، ھوقۇق ۋە مەنپەئەت ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئوتلاقلاردىن پايدىلىنىش ھوقۇقىنىڭ قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدىغانلىقى ۋە ئۇزۇن مۇددەتكىچە ئۆزگەرتىلمەيدىغانلىقى جاكارلاندى.

1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ۋىلايەت بويىچە ئوتلاقتىن پايدىلىنىش كىنىشكىسى تارقىتىلغان ئوتلاق
كۆلىمى 39 مىليون 500 مىڭ موغا يېتىپ، كىنىشكا تارقىتىشقا تېگىشلىك ئوتلاق كۆلىمىنىڭ 87% نى ئىگىلىدى؛
كىنىشكا ئالغان ئائىلىلەر 7518 بولۇپ، كىنىشكا ئېلىشقا تېگىشلىك ئائىلىلەرنىڭ 88% نى ئىگىلىدى؛ كىنىشكا
تارقىتىلغان يېزا- مەيدانلار 27 بولۇپ، تارقىتىشقا تېگىشلىك يېزا- مەيدانلارنىڭ 79% نى ئىگىلىدى.

# VI باب

# يەم- خەشەك

## §1. يەم- خەشەك پىششىقلاش

3000 يىل ئىلگىرى، قومۇل ئاھالىسى مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ، دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق بىرلەشتۈرۈلگەن
تېرىقچىلىق جەمئىيىتىگە قەدەم قويدى، كىشىلەر دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ يېرىك قىسمى ۋە شاخ- شۇمبىلىرى
ئارقىلىق چارۋا باقتى، ئوت- چۆپ، يەم- بوغۇزنىڭ كۆپىنچىسى ئىش ئۇلاغلىرى، ئائىلىق مال ۋە تۈللەرنى بېقىش ئۈچۈن
ئىشلىتىلدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى
ئىش ئۇلاغلىرى، سۈت، تۇخۇم قاتارلىق كەسىپلەرگە ئايرىلىپ، يەم- خەشەك ئېھتىياجىغا قارىتا تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپلەر
ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ خىل ئەھۋال يەم- خەشەك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى. ئەڭ دەسلەپكى يەم-
خەشەك ئىشلەپچىقىرىشى كېپەك، كۆنجۈرە ۋە ئارپا، قوناق، پۇرچاق قاتارلىق قارا ئاشلىقلارنى ئاساس قىلدى.
پىششىقلاش ئۇسكۈنىلىرى ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن، كۆپىنچىسى دان پېتى يەم- خەشەك قىلىندى. 1960-، 1970-
يىللىرى، توك بار جايلاردا قارا ئاشلىقلار يارما قىلىنىپ، بوغۇز ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان بولدى. ج ك پ 11- نۆۋەتلىك
مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يەم- خەشەك ئىشلەپچىقىرىشى سان ۋە سۈپەت جەھەتتە
كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. 1981- يىلى قومۇل ۋىلايەتلىك يەم- خەشەك شىركىتى قۇرۇلۇپ، دەسلەپتە يەم- خەشەك
ئاشلىقلىرىنى يارما قىلدى، كېيىنچە، بىرىكمە يەم- خەشەك ئىشلەپچىقىرىدىغان بولدى. 1983- يىلى بۇ شىركەت يىلىغا
3000 توننا يەم- خەشەك ئىشلەپچىقىرالايدىغان پىششىقلاش سېخىدىن بىرنى قۇردى، يەم- خەشەك مەھسۇلاتىنىڭ
سان- سۈپىتى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىپ، تۈرى كۆپەيدى، مەھسۇلاتى تاۋار تۇخۇم توخۇسى ۋە تاۋار گۆش توخۇسىنىڭ تولۇق
تەركىبلىك يەم- خەشىكى، تۇخۇم توخۇسى ۋە چۈجىلەرنىڭ تولۇق تەركىبلىك يەم- خەشىكى، ئادەتتىكى تۇخۇم
توخۇسىنىڭ يەم- خەشىكى ۋە چوشقىنىڭ ئارىلاشما يەم- خەشىكى قاتارلىقلارنى ئاساس قىلدى. 1988- يىلى 13 مىڭ
توننا تۈرلۈك يەم- خەشەك ئىشلەپچىقاردى، بۇنىڭ ئىچىدە بىرىكمە يەم- خەشەك 10 مىڭ 400 توننا بولۇپ، يەم-
خەشەك ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 80% نى ئىگىلىدى.

1984- يىلى ئاراتۈرۈك تۆركۆل چارۋىچىلىق فېرمىسىدا يىلىغا 1 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام دانچە يەم- خەشەك
ئىشلەپچىقىرالايدىغان بىر پىششىقلاش زاۋۇتى قۇرۇلدى.

1981- يىلىدىن بۇيان قۇمۇل شەھەرلىك يەم- خەشەك شىركىتى، باركۆل ناھىيىلىك يەم- خەشەك شىركىتى، ئاقتاش چارۋىچىلىق فېرمىسى يەم- خەشەك پىششىقلاش سېخى، قۇمۇل شەھىرى پالۋانتۇر، بۇلۇڭتوغراق يېزىلىرىدا يەم- خەشەك پىششىقلاش سېخلىرى ئىلگىرى- كېيىن قۇرۇلدى. باركۆل ناھىيىسى داخې (قاراسۇ) يېزىسى كىچىك تىپتىكى دانچە يەم- خەشەك ئىشلەپچىقىرىش ماشىنىسى كىرگۈزدى، ئاراتۇرۇك نوم يېزىسى يەم- خەشەك پىششىقلاش ماشىنىسىدىن بىرنى ئورناتتى، باشقا بەزى كەنتلەرمۇ كىچىك تىپتىكى يەم- خەشەك ئۇۋۇتىش ماشىنىسى سەپلىدى. 1988- يىلىغىچە ۋىلايەت بويىچە 249 چوڭ، كىچىك يەم- خەشەك ئۇۋۇتىش ماشىنىسى بار بولدى.

## §2. يەم- خەشەكتىن پايدىلىنىش

قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 26 مىليون 860 مىڭ كىلوگرام دانلىق زىرائەت يەم- خەشىكى، 2 مىليون 986 مىڭ 250 كىلوگرام كۆنجۈرە خىلىدىكى يەم- خەشەك، 8 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام كېپەك ئىشلىتىلدى. 1986- يىلىدىن بۇيانقى باقمىچىلىقنىڭ تەرەققىياتى يەم- خەشەك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. 1979 ~ 1988- يىلىغىچە بولغان 10 يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 22 مىليون 810 مىڭ كىلوگرام دانلىق زىرائەت يەم- خەشىكى ئىشلىتىلىپ، ئالدىنقى 10 يىلدىكىدىن 15 مىليون كىلوگرام ئاشتى؛ كۆنجۈرە تۈرىدىكى يەم- خەشەكلەر ئالدىنقى 10 يىلدىكىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 2 مىليون 516 مىڭ 250 كىلوگرام ئاشتى؛ كېپەك 3 مىليون 203 مىڭ 500 كىلوگرام ئاشتى.

ۋىلايەتتە ئىشلىتىلىۋاتقان يەم- خەشەكلەر يېزىلاردىكى ئۆز قالدۇرۇق يەم- خەشەك، تاۋار يەم- خەشەك ۋە يەم- خەشەك زاۋۇتلىرى سىرتتىن كىرگۈزگەن يەم- خەشەكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

### 1. يېزىلاردىكى ئۆز قالدۇرۇق يەم- خەشەك

ۋىلايەت يېزىلىرىدىكى ئۆز قالدۇرۇق يەم- خەشەك يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 18 مىليون 379 مىڭ كىلوگرام ئەتراپىدا بولۇپ، ۋىلايەت بويىچە دانلىق زىرائەت ئومۇمىي يەم- خەشىكىنىڭ 68% نى ئىگىلەيدۇ. 1986- يىلىدىن بۇيان، يېزىلاردىكى ئۆز قالدۇرۇق يەم- خەشەك يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 25 مىليون 923 مىڭ كىلوگرامدىن ئېشىپ، ئىلگىرىكى 10 يىلغا سېلىشتۇرغاندا، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7 مىليون 540 مىڭ كىلوگرام كۆپىيىپ، 41% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، يېزىلارنىڭ ئۆز قالدۇرۇق يەم- خەشىكىنىڭ ئۆلچىمىمۇ مۇناسىپ ئۆستۈرۈلدى. مەسىلەن، بىر ئاتنىڭ يىللىق يەم- خەشىكى 150 ~ 200 كىلوگرام، كالىنىڭ 100 ~ 150 كىلوگرام، ئېشەكنىڭ 25 ~ 50 كىلوگرام، چوشقىنىڭ 100 ~ 150 كىلوگرام، قوينىڭ 2.5 ~ 5.5 كىلوگرام بولدى.

### 2. تاۋار يەم- خەشەك سەرپىياتى

ۋىلايەتنىڭ يىللىق تاۋار يەم- خەشەك سەرپىياتى 4 مىليون 428 مىڭ 200 كىلوگرام، بۇنىڭ ئىچىدە دانلىق زىرائەت يەم- خەشىكى 4 مىليون 382 مىڭ 200 كىلوگرام بولۇپ، يەم- خەشەك ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 98.5% نى ئىگىلەيدۇ؛ پۇرچاق تىپىدىكى يەم- خەشەك 66 مىڭ 500 كىلوگرام بولۇپ، يەم- خەشەك ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 1.5%

نى ئىگىلەيدۇ. دانلىق زىرائەت يەم- خەشكىنىڭ ئاساسلىق تۈرلىرىدىن كۆممىقوناق، بۇغداي، ئاق قوناق، ئارپا ۋە قارا ئاشلىقلار بار.

يىللىق يەم- خەشەك ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدىغان كېپەك 5 مىليون 296 مىڭ 600 كىلوگرام بولۇپ، 1986- يىلىدىن بۇيان 7 مىليون 500 مىڭ كىلوگرامغا يەتكۈزۈلۈپ، 10 يىل ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 41.6% ئاشتى.

ھەر يىللىق يەم- خەشەك ئۈچۈن 6725 توننا كۆنجۈرە سەرپ قىلىندى.

3. سىرتتىن كىرگۈزۈلىدىغان يەم- خەشەك

ۋىلايەتلىك يەم- خەشەك شىركىتى سىرتتىن ھەر يىلى بىر قىسىم يەم- خەشەك كىرگۈزدى، بۇنىڭ ئىچىدە كۆممىقوناق 3 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام، سىرىق پۇرچاق 500 مىڭ كىلوگرام، كۆنجۈرە 2 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام، كېپەك 1 مىليون كىلوگرامدىن ئاشىدۇ.

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1979 ~ 1988- يىلىغىچە بولغان يەم- خەشەك تۈرلىرى

جەدۋەل: 7 – 7     بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| تۈرگە ئايرىلىشى / يىل | يېزىلاردىكى ئۈچ قالدۇرۇق يەم- خەشەك | تاۋار يەم- خەشەك ئاشلىقى: جەمئىي | تاۋار يەم- خەشەك ئاشلىقى: دانلىق زىرائەت تىپى | تاۋار يەم- خەشەك ئاشلىقى: پۇرچاق تىپىدىكىلەر | كۆنجۈرە تىپىدىكىلەر | كېپەك |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1979 | 377.951 | 177.10 | 3174.03 | 3.07 | 25.03 | 346.31 |
| 1980 | 1034.94 | 246.68 | 240.57 | 6.10 | 18.19 | 391.33 |
| 1981 | 1149.50 | 247.22 | 230.70 | 16.53 | 53.55 | 395.12 |
| 1982 | 1667.35 | 358.73 | 258.73 | | 50.01 | 495.85 |
| 1983 | 2030.62 | 515.74 | 514.38 | 1.36 | 47.53 | 444.28 |
| 1984 | 1715 | 274.32 | 271.72 | 2.61 | 60.90 | 419.36 |
| 1985 | 2131.62 | 357.03 | 354.68 | 2.35 | 79.05 | 557.33 |
| 1986 | 2461.40 | 835.85 | 826.50 | 9.35 | 53.19 | 755.68 |
| 1987 | 2508.10 | 811.07 | 788.18 | 22.89 | 12.88 | 704.66 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1988 | 2807.33 | 704.50 | 702.71 | 1.79 | 34.62 | 786.16 |
| جەمئىي | 18383.82 | 4428.24 | 4362.20 | 66.05 | 434.95 | 5296.53 |
| يىللىق ئوتتۇرىچە سەرپىيات | 1838.38 | 413.72 | 436.22 | 6.61 | 48.63 | 529.66 |

# V باب

# چارۋا مال، ئۆي قۇشلىرىنىڭ تۈرلىرى

ۋىلايىتىمىزدە چارۋا مال تۈرلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئۇ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ كەلدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 9- يىلى (1883- يىلى) دىن مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) غىچە بولغان كۆچۈش جەريانىدا بىر قىسىم قازاق چارۋىچىلار ئالتاي، چۆچەكتىن شىمالىي شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك چارۋىلىرىنى قومۇلغا ئېلىپ كەلدى، بىر قىسىم ئۇيغۇرلار باي ناھىيىسىدىن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم چارۋا تۈرلىرىنى ئېلىپ كەلدى، بىر قىسىم قازاق چارۋىچىلار يەنە گەنسۇ، چىڭخەيدىن بىر قىسىم چارۋا تۈرلىرىنى قومۇلغا ئېلىپ كېلىپ باقتى. ھەر قايسى جايلاردىن ئېلىپ كېلىنگەن چارۋا تۈرلىرى قومۇلنىڭ تەبىئىي شارائىتىدا ئۇزۇن يىللاردىن بۇيانقى ئۆزلىشىش، كۆپىيىش، شالغۇتلىشىش ۋە ئۆگىنىش جەريانىدا بۈگۈنكى قومۇل چارۋا تۈرلىرىنى شەكىللەندۈردى.

قومۇل ۋىلايىتىنىڭ يىلقا باقمىچىلىقى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا مەشھۇر ئىدى. ھازىرقى باركۆلنىڭ كۆل ئەتراپلىرى داڭلىق ئات رايونىدۇر. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە باركۆلدە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى تۈرلۈك فېرمىلار قۇرۇلدى. چيەنلۇڭ 23- يىلى (1758- يىلى) ئىلگىرى- كېيىن باركۆلگە يۆتكەلگەن ئات 30 مىڭ تۇياققا يەتتى. گۇاڭشۈ 34- يىلى (1908- يىلى)، شەرقىي فېرمىنىڭ 4528 تۇياق ئېتىنىڭ كۆپىنچىسى قار ئاپىتىدە ئۆلۈپ كەتتى، ئامان قالغان 1800 تۇياق ئات جىمسار قاتارلىق جايلارغا يۆتكىۋېتىلدى. مىنگونىڭ 19- يىلى (1930- يىلى)، باركۆلگە 200 دىن ئارتۇق يىلقا يۆتكىلىپ، ئات فېرمىسى قايتا قۇرۇلدى. ئەمما 3- يىلى ماجۇڭيىڭ تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ۋىلايىتىمىزنىڭ يىلقىچىلىقى تېز ئەسلىگە كەلدى ۋە راۋاجلاندى. 1949- يىلىنىڭ ئاخىرى قوتاندا ساقلانغان يىلقا 28 مىڭ 600 تۇياق ئىدى، 1990 يىلىغا كەلگەندە 31 مىڭ 700 تۇياققا يېتىپ، 10.8% ئاشتى.

ۋىلايەتنىڭ تۆگە بېقىش تارىخمۇ ناھايىتى ئۇزۇن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 23- يىلى (1758- يىلى) باركۆل، قومۇل قاتارلىق جايلاردا 5000 ~ 6000 تۆگە بېقىلدى. چيەنلۇڭ 25- يىلى ئەمەلدار، لەشكەرلەرنىڭ 400 دانە قاتناش تۆگىسى قومۇلدىن باركۆلگە يۆتكەپ باقتۇرۇلدى. مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى باركۆل ناھىيىسىدە 60 ئائىلىدىن ئارتۇق سودا كارۋىنى بولۇپ، 12 مىڭدىن ئارتۇق تۆگىسى بولدى. ئەينى چاغدا باركۆلدە يەنە «تۆگە ئىبادەتخانىسى» قۇرۇلدى.

1949- يىلى ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 10 مىڭ تۆگە بار ئىدى، 1990- يىلىغا كەلگەندە 18 مىڭغا يېتىپ، 80% ئاشتى.

ۋىلايەتتە ئەڭ دەسلەپ موڭغۇل كالىسى ئاساس قىلىندى، كېيىن قازاق چارۋىچىلارنىڭ تۈركۈملەپ كۆچۈپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، قازاق كالىسى بېقىلىشقا باشلىدى. 100 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان قازاق كالىسى بىلەن موڭغۇل كالىسىنىڭ مېتىسلىشىپ كۆپىيىشى نەتىجىسىدە بۈگۈنكى قۇمۇل يەرلىك كالىسى بارلىققا كەلدى.

قۇمۇلدا قوتازنىڭ بېقىلىشى 100 يىلدىن ئارتۇقراق تارىخقا ئىگە، قۇمۇل قوتازلىرى موڭغۇل ياپلىقى بىلەن چېگرىدىن كەلتۈرۈلدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 31- يىلى (1905- يىلى) زىلۇڭ ئىسىملىك بىر موڭغۇل سودىگەر موڭغۇل ياپلىقىدىن 20 دانە قوتاز ھەيداپ كېلىپ، ئاراتۇرۈكنىڭ نومدا باقتى، 2 ~ 3 ئايدىن كېيىن بۇ جاينىڭ ئىقلىمى ياراشمىغانلىقى سەۋەبىدىن بۇ قوتازلارنى قۇمۇل ناھىيىسىدىكى ما فامىلىلىك خۇيزۇ سودىگەرگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. كېيىن بۇ كىشى بۇ قوتازلارنى تۆمۈرتىدىكى 8 ~ 9 ئائىلە چارۋىچىغا سېتىپ بەردى، شۇندىن باشلاپ قۇمۇلدا قوتاز بېقىلىشقا باشلىدى. مىنگونىڭ 24- يىلى (1935- يىلى) قۇمۇل ناھىيىسى ئەرناسلىق خۇدابەردى موللا چېگرىدىن يەتتە دانە قوتاز ئەكىلىپ باقتى، كېيىن قوتاز ئاراتۇرۈك، باركۆللەردە بېقىلدى. 1990- يىلى ۋىلايەت بويىچە قوتازنىڭ ئومۇمىي سانى 3500 گە يەتتى.

ئېشەك قۇمۇل ۋىلايىتىدە چىڭ سۇلالىسى ۋە مىنگو دەۋرلىرىدە جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ۋە گەنسۇ ئەتراپلىرىدىكى كۆچمەنلەرنىڭ ئېلىپ كېلىشى بىلەن 20- ئەسىرنىڭ 60- يىللىرى سەنشى، تۇرپاندىن بىر قىسىم نەسىللىك ئېشەك كەلتۈرۈلۈپ بېقىلىشى، ئۇزاق مۇددەت مېتىسلىشىپ كۆپىيىشى بىلەن پەيدا بولدى.

## §1. يەرلىك نەسىللەر

1. باركۆل ئېتى ۋە ئاراتۇرۈك ئېتى

(تەپسىلاتى «باركۆل ئېتى ۋە ئاراتۇرۈك ئېتى» غا قاراڭ)

2. كالا

1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە تۇرلۇك كالا سانى 54 مىڭ 100 بولۇپ، ۋىلايەتتىكى ئومۇمىي چارۋا سانى 1 مىليون 49 مىڭ تۇياقنىڭ 5.15% نى ئىگىلىدى.

قۇمۇل يەرلىك كالىسى. قۇمۇل يەرلىك كالىسىنىڭ ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك، سوغۇققا، يېرىك ئوزۇقلاندۇرۇشقا چىدامىلىق، ئەت- ماي قوندۇرۇشى تېز بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بار.

ۋىلايەت بويىچە 1990- يىلىدىكى يەرلىك كالىنىڭ ئومۇمىي سانى 48 مىڭ، بۇنىڭ ئىچىدە باركۆلنىڭ 44% نى، قۇمۇل شەھىرىنىڭ 41% نى، ئاراتۇرۈك ناھىيىسىنىڭ 15% نى ئىگىلەيدۇ.

تەبىئىي يايلىتىش شارائىتىدا، قۇمۇل يەرلىك كالىسىنىڭ سۈت بېرىش مۇددىتى 200 كۈندىن ئارتۇق، 5- ئايدىن 10- ئايغىچە سۈت بېرىشى يۇقىرىراق. ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، بىرىنچىدىن ئۈچىنچى تۇغۇتقىچە يەرلىك سىيىرلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە سۈت بېرىش مىقدارى 1266.9 كىلوگرام، كۈنلۈك ئوتتۇرىچە سۈت بېرىش مىقدارى 5.13 كىلوگرام، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 8.41 كىلوگرامغا يېتىدۇ.

قۇمۇل يەرلىك كالىلىرى يىل بويى يايلىتىپ بېقىلىدۇ، ئەت- ماي قوندۇرۇشى تېز بولىدۇ. ئادەتتە 5- ئايدىن باشلاپ سەمرىپ، 10- ئايغا بارغاندا يۇقىرى پەللىگە چىقىدۇ. سويۇپ ئۆلچىگەندە، ئادەتتە 5 ~ 10 كىلوگرام ماي چىقىدۇ، يۇقىرى بولغاندا 20 كىلوگرامغا يېتىدۇ، گۆش نىسبىتى 50%، ساپ گۆش بېرىش نىسبىتى 38%، سۆڭەك-

گۆش نىسبىتى 3.6:1 بولىدۇ.

قۇمۇل يەرلىك كالىسىنى ئىش ئۈلىغى قىلىپ ئىشلەتكەندە، ياۋاش، چىداملىق، باشقۇرۇش ئاسان. ئادەتتە ئۈچ ياش ۋاقتىدىن باشلاپ ئىشلەتكەندە، 10 يىل ئەتراپىدا ئىشلەتكىلى بولىدۇ. بىر ئۆكۈز 530 كىلوگرام ئېغىرلىقتىكى رېزىنكە چاقلىق هارۋىنى تارتىپ تۈز تۇپا يولدا بەش سائەتتە 24 كىلومېتىر مۇساپىنى باسالايدۇ. قاتتىق تۈز يولدا 30 ~ 40 كىلومېتىر مۇساپىنى باسالايدۇ. قوش كالىسى سۆرىمىدىغان تاق چىشلىق ساپان بىلەن كۈنىگە 4 ~ 5 مو يەرنى ئاغدۇرالايدۇ، تارتىش كۈچى 437 كىلوگرامغا يېتىدۇ.

3. قوتاز

1990- يىلى قوتازنىڭ سانى ئەسلىدىكى 5000 تۇياقتىن 3500 تۇياققا چۈشۈپ قالدى.

قوتازنىڭ ئوتلاش ئىقتىدارى ياخشى، يىرىك ئوزۇقلارنى هەزىم قىلىش ئىقتىدارى كۈچلۈك، گۆش بېرىش نىسبىتى يۇقىرى، ئوتتۇرىچە 53%، ئادەتتە 50% ~ 56% ئارىلىقىدا بولىدۇ، ساپ گۆش بېرىش نىسبىتى 39% ~ 41%، گۆشىنىڭ سۈپىتى ياخشى.

قوتاز يىل بويى يايلىتىپ بېقىلىۋاتقان شارائىت ئاستىدا، سۈت بېرىش مۇددىتى سەككىز ئاي، سۈتنىنى تۆت ئاي ساغقىلى بولىدۇ (6- ئايدىن 9- ئايغىچە)، كۈنلۈك ئوتتۇرىچە سۈت بېرىش مىقدارى 2.6 كىلوگرام. قوتاز سۈتى قويۇق، ئۇنىڭ ماي تەركىبى يۇقىرى، سۈپىتى ياخشى.

قوتازنىڭ تېنى كۈچلۈك بولىدۇ، ئۆگىتىلگەن قوتاز 70 ~ 80 كىلوگراملىق يۈكنى كۆتۈرۈپ، كۈنىگە 30 ~ 40 كىلومېتىر يول يۈرەلەيدۇ، ئەمما قۇمۇلدا قوتاز ئۇلاغ ئورنىدا ئاز ئىشلىتىلىدۇ.

هەر يىلى 6- ئايدا قوتازنىڭ يۇڭى قىرقىلىدۇ، هەر بىر قوتازدىن 1 ~ 3.5 كىلوگرام يۇڭ ئالغىلى، 300 گرام ئەتراپىدا قوتاز تىۋىتى يىغىۋالغىلى بولىدۇ.

4. غايىنۇق

غايىنۇق يەرلىك كالا بىلەن قوتازنى مېتىسلاشتۇرۇش ئارقىلىق كېلىپ چىققان ئارىلاش قانلىق چارۋا تۈرى. 1960 ~ 1970- يىللاردا، قاتناش- ترانسپورت، يەر هەيداش ۋە ئورمانچىلىق مەيدانلىرىدىن ياغاچ تارتىش ئېھتىياجى ئۈچۈن غايىنۇق كۆپەيتىلىپ، سانى 500 ئاشۇرۇلدى. كېيىن ماشىنىلاشقان ترانسپورت ۋە تېرىقچىلىقنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، غايىنۇقنى كۆپەيتىش توختىتىلدى، سانىمۇ يىلدىن- يىلغا ئازىيىپ كەتتى.

غايىنۇقنىڭ تارتىش كۈچى ئىككى يەرلىك كالا ياكى ئۈچ ئاتنىڭ تارتىش كۈچىگە باراۋەر كېلىدۇ، تاغ- داۋانلىق جايلاردا ئىشلىتىشكە ماس كېلىدۇ.

5. تۆگە

قۇمۇل ۋىلايىتى تارىختا مەشھۇر «يىپەك يولى» دىكى مۇھىم ئۆتەڭ بولۇپ، ئەينى دەۋردە چاي، يىپەك قاتارلىق تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى ئاساسلىق تۆگە بىلەن توشۇلاتتى. شۇڭا تارىختا تۆگىچىلىك راۋاج تاپقانىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 38- يىلى (1773- يىلى) تۆگىچىلىك مەيدانى قۇرۇلۇپ، گەنسۇ، لياڭجۇ، شىنىڭ قاتارلىق جايلاردىن 470 تىن ئارتۇق تۆگە يۆتكەپ كېلىندى. قۇمۇلدا جەمئىي 1088 تۆگە بار ئىدى. مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، تۆگىچىلىك يەنە زور كۆلەمدە تەرەققىي قىلدى، بولۇپمۇ باركۆلدىكى 60 ئائىلىلىكتىن ئارتۇق سودا كارۋىنىنىڭ 12 مىڭدىن ئارتۇق تۆگىسى بار ئىدى. ئەينى چاغلاردا باركۆلدە تۆگە ئىبادەتخانىسى سېلىنىپ، تۆگىچىلىك جەمئىيىتى قۇرۇلدى. كېيىن تۆگىنىڭ سانى يىلمۇ يىل ئازايدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن تۆگىنىڭ

سانى تەدرىجىي ئەسلىگە كېلىپ 10 مىڭ ئەتراپىغا يەتتى. 1971- يىلى 11 مىڭ 200، 1981- يىلى 17 مىڭ 700 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە باركۆلدىلا 10 مىڭدىن ئاشتى. 1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە تۆگە 18 مىڭغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل شەھىرىدە 7000، باركۆل ناھىيىسىدە 8800، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە 2200 بار.

يېشىغا تۇرغان بۇغرىدىن يىلىغا 6.1 كىلوگرام، يېشىغا تۇرغان ئاناندىن 4.5 كىلوگرام، يېشىغا تۇرغان ھىڭگاندىن 3.5 كىلوگرام، بوتىلاقتىن ئىككى كىلوگرام يۇڭ- تىۋىت چىقىدۇ. ھىڭگان ئادەتتە كۈنىگە 0.5 ~ 1.5 كىلوگرام سۈت بېرىدۇ. تۆگىنىڭ ئېغىرلىقى ئادەتتە 400 ~ 500 كىلوگرام بولۇپ، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 800 كىلوگرامدىن ئاشىدۇ، گۆش نىسبىتى 50% بولۇپ، ساپ گۆش نىسبىتى 30%.

### 6. ئېشەك

1990- يىلى ۋىلايەت بويىچە ئېشەكنىڭ ئومۇمىي سانى 32 مىڭ 100 بولۇپ، ۋىلايەت بويىچە ئومۇمىي چارۋا سانىنىڭ 3% ىنى ئىگىلىدى. ئېشەك ئاساسلىق مىنىش، رېزىنكە چاقلىق ھارۋىغا قوشۇش، ئاز ساندا يۈك ئارتىش، بەزىدە ساپان سۆرىتىپ تېرىقچىلىق قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

### 7. قېچىر

1964- يىلىدىن باشلاپ ئاساسلىقى ئات قېچىرى يېتىشتۈرۈلدى. ئاز ساندا ئېشەك قېچىرىمۇ يېتىشتۈرۈلدى.

قېچىرنى بېقىپ- باشقۇرۇش ئاسان، چىداملىق، كېسەلگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك، ئۆمرى ئۇزۇن بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئاساسلىقى ھارۋا ئۇلىغى قىلىنىدۇ. قېچىر ئاساسلىقى دېھقانچىلىق رايونلىرى بىلەن شەھەر ئەتراپى رايونلىرىغا تارقالغان. 1990- يىلى ۋىلايەت بويىچە 2300 تۇياق قېچىر بار بولدى.

### 8. قوي

موڭغۇل قويى. موڭغۇل قويى قۇمۇل قويىنىڭ نەسەب ئاتىسى بولۇپ، نۆۋەتتە ئايرىم قويلاردا موڭغۇل قويىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ساقلىنىپ قالغاندىن تاشقىرى، قۇمۇلدا موڭغۇل قويى ئاساسەن مەۋجۇت ئەمەس.

تىبەت قويى (شىفەن قويى). تىبەت قويىنىڭ بويى موڭغۇل قويى بىلەن قازاق قويىنىڭ ئارىلىقىدا بولۇپ، مۈڭگۈزى ياپىلاق، تۈز كېلىدۇ، بەزىسىنىڭ مۈڭگۈزى بولمايدۇ، يۈزى كۆپىنچە ئاق، باش قىسمى كۆپىنچە قارا كېلىدۇ، تېرە- يۇڭىنىڭ سۈپىتى ياخشى بولۇپ، تېرە جۇۋىنىڭ ياخشى خام ئەشياسى ھېسابلىنىدۇ.

قازاق قويى. قازاق قويى تېز يېتىلىدىغان، ئىسسىق- سوغۇققا چىداملىق، كېسەلگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك، ناچار شارائىتتا تاغلىق رايونلاردا يايلىتىپ بېقىشقا ماس كېلىدۇ، تۆللىرىنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى يۇقىرى. 1991- يىلى ۋىلايەت بويىچە قازاق قويىنىڭ ئومۇمىي سانى 410 مىڭ 513 تۇياق بولۇپ، ۋىلايەتتىكى ئومۇمىي چارۋىنىڭ 40% ىنى، 620 مىڭ 75 تۇياق ئومۇمىي قويىنىڭ 66% ىنى ئىگىلىدى.

يېشىغا تۇرغان قوچقارلارنىڭ ئوتتۇرىچە يەككە تەن ئېغىرلىقى 65.48 كىلوگرام، يېشىغا تۇرغان ساغلىقلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى 44.45 كىلوگرام كېلىدۇ. يايلىتىش شارائىتىدا يېشىغا تۇرغان ئىرىك قويىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۇستىخانلىق گۆش ئېغىرلىقى 22.62 كىلوگرام، گۆش بېرىش نىسبىتى 47.63%. شۇ يىللىق قوزىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئۇستىخانلىق گۆش ئېغىرلىقى 11.73 كىلوگرام كېلىدۇ، گۆش نىسبىتى 44.36% بولىدۇ؛ بوراققا چىقىرىلغان قوزىنىڭ ئىككى ئاي بېقىلغاندىن كېيىنكى ئۇستىخانلىق گۆش ئېغىرلىقى 17.08كىلوگرام، گۆش نىسبىتى 51.16% بولىدۇ. يېشىغا تۇرغان قويلارنىڭ يۇڭ ئۇزۇنلۇقى ئادەتتە 12 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ، ھەر يىلى ئەتىياز، كۈز پەسلىدە يۇڭى قىرقىلىدۇ، يېشىغا تۇرغان قوچقارلارنىڭ ئوتتۇرىچە يۇڭ مەھسۇلاتى 2.76 كىلوگرام، يېشىغا تۇرغان ساغلىقلارنىڭ 1.98

كىلوگرام، ئېرىكلەرنىڭ 2.58 كىلوگرام كېلىدۇ.

نەسلى ياخشىلانغان ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي، سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي قوچقىرىنى يەرلىك ساغلىقلار بىلەن مېتىسلاشتۇرۇش ئارقىلىق يېتىشىپ چىققان قوي نەسلى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرى ۋىلايەت بويىچە نەسلى ياخشىلانغان ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي 209 مىڭ 600 تۇياق، بۇنىڭ ئىچىدە ساپ نەسىللىك قوي 1400 تۇياق، نەسلى ياخشىلىنىۋاتقان قوي 208 مىڭ 200 تۇياق (بۇنىڭ ئىچىدە، ئوخشاش سۈپەتلىك قويلار 59 مىڭ تۇياق). نەسلى ياخشىلانغان قوي ئومۇمىي قوي سانى 568 مىڭ 800 تۇياقنىڭ 37% نى ئىگىلەيدۇ.

نەسلى ياخشىلانغان يېتىلگەن ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي (14 ~ 15 ئايلىق) قوچقارلىرىنىڭ تىرىك ئېغىرلىقى 31.4 كىلوگرام، ساغلىقلىرىنىڭ 30.9 كىلوگرام كېلىدۇ؛ يېشىغا تولغان قوچقارلارنىڭ تەن ئېغىرلىقى 49.53 كىلوگرام، ساغلىقلىرىنىڭ 40.56 كىلوگرام كېلىدۇ. ساپ نەسىللىك ئىنچىكە يۇڭلۇق قويلىرىدىن سەل كىچىكرەك كېلىدۇ. يېتىلگەن قوچقارلار 2.82 كىلوگرامدىن، يېتىلگەن ساغلىقلار 2.64 كىلوگرامدىن يۇڭ بېرىدۇ؛ يېشىغا تولغان قوچقارلار 4.36 كىلوگرامدىن، يېشىغا تولغان ساغلىقلار 3.74 كىلوگرامدىن يۇڭ بېرىدۇ. ساپ يۇڭ نىسبىتى 49.74% ~ 54.95%. يېشىغا تولغان قوچقارلارنىڭ يۇڭ ئۇزۇنلۇقى 8.4 سانتىمېتىر، ساغلىقلارنىڭ 7.64 سانتىمېتىر، يېتىلگەن قوچقارلارنىڭ 7.7 سانتىمېتىر، يېتىلگەن ساغلىقلارنىڭ 7.65 سانتىمېتىر كېلىدۇ.

ئىككى ياشلىق ئېرىكلەرنىڭ تىرىك ئېغىرلىقى 45 كىلوگرام، ئۇستىخانلىق گۆش ئېغىرلىقى 19.35 كىلوگرام، گۆش بېرىش نىسبىتى 43.5% بولىدۇ. ئۈچ ياشلىق ئېرىكنىڭ تىرىك ئېغىرلىقى 52.16 كىلوگرام، ئۇستىخانلىق گۆش ئېغىرلىقى 24.91 كىلوگرام، گۆش بېرىش نىسبىتى 47.8% بولىدۇ.

ۋىلايەتنىڭ نەسلى ياخشىلانغان ئىنچىكە يۇڭلۇق قويلىرىنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى يۇقىرى بولغاندا 120% كە يېتىدۇ، ئادەتتە 90% ئەتراپىدا بولىدۇ، ئىرسىيەتچانلىقى مۇقىم، ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك، ئەمما تاغلىق رايونلاردا يايلىتىپ بېقىش شارائىتىدا تۆللىرىنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى تۆۋەنرەك بولۇپ، 80% ئەتراپىدا بولىدۇ.

### 9. قومۇل ئۆچكىسى

ۋىلايەت بويىچە 1990- يىلىدىكى ئۆچكە ئومۇمىي سانى 305 مىڭ 700 تۇياق بولۇپ، ۋىلايەت ئومۇمىي چارۋا سانىنىڭ 29.1% نى ئىگىلەيدۇ. ساغلىقلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مۈڭگۈزلۈك كېلىدۇ، تېنى مەزمۇت، تۈكى كۆپىنچىسىنىڭ ئاق، بىر قىسمىنىڭ قارا، ئاز ساندا ئالچىپار كېلىدۇ. تېكىسىنىڭ ئېغىرلىقى 30.40 كىلوگرام، ساغلىقلىرىنىڭ 36.88 كىلوگرام كېلىدۇ. ئوتتۇرىچە تىۋىت مەھسۇلاتى 220 گرام، تىۋىت ئۇزۇنلۇقى 4.5 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئۆچكىنىڭ چۇپۇر (قىل) مەھسۇلاتى تېكە، سەركىلىرىنىڭ 0.59 كىلوگرام، ساغلىقلىرىنىڭ 0.39 كىلوگرام، ئۆچكە قىلى (چۇپۇر) نىڭ ئوتتۇرىچە ئۇزۇنلۇقى 14.29 سانتىمېتىر كېلىدۇ. يېشىغا تولغان ئۆچكىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى 36.62 كىلوگرام، سويۇلغاندىن كېيىنكى ئۇستىخانلىق گۆشىنىڭ ئېغىرلىقى 13.38 كىلوگرام، گۆش نىسبىتى 41.4% بولىدۇ. سۈت بېرىش مۇددىتى 115 كۈن، يىللىق سۈت بېرىش مىقدارى 107.18 كىلوگرام، كۈنلۈك ئوتتۇرىچە سۈت مىقدارى 0.93 كىلوگرام بولىدۇ.

### 10. چوشقا

قومۇلدا چوشقا نەسىللىرىدىن سوۋېت ئاق چوشقىسى، لاندراس چوشقىسى، يۇكشا چوشقىسى، خۇنەن چوشقىسى، گەنسۇ قارا چوشقىسى ۋە تارىخى ئۇزۇن بولغان بارىكۆل قارا چوشقىسى قاتارلىقلار بار. 1990- يىلىدىكى چوشقىنىڭ قوتاندا ساقلانغان سانى 34 مىڭ 500 تۇياق بولۇپ، دېھقانچىلىق رايونلىرى ۋە شەھەر ئەتراپى رايونلىرىدىكى چوشقا بېقىش چەكلەنمەيدىغان جايلارغا تارقالغان.

# §2. سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن نەسىللەر

### 1. قوي

**شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويى.** شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويى يۇڭ، گۆشىدىن تەڭ پايدىلىنىلىدىغان ئەلا نەسىل. شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي نەسلىنى كىرگۈزۈپ، ئۆزىمىزنىڭ يەرلىك قويلىرى بىلەن مىتسىلاشتۇرۇپ (چېتىشتۇرۇپ) نەسىل ياخشىلاش خىزمىتى 1953- يىلى باشلاندى. 1990- يىلغىچە، ۋىلايەت بويىچە شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويىنىڭ 2233 تۇياق قوچقىرى بار بولدى.

**ئوخان ئىنچىكە يۇڭلۇق قويى.** 1986- يىلى ئىچكى موڭغۇل شاۋمىڭ نەسىللىك قوي فېرمىسىدىن ئوخان ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي قوچقىرىدىن 45 تۇياق كىرگۈزۈلۈپ، ئاراتۇرۇك نېرىنكىر چارۋىچىلىق فېرمىسى، قۇمۇل شەھىرى تاشۆيلىق يېزىسى قاتارلىق ئورۇنلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلىپ، ئاخىرقى ئەۋلادلىق ئىنچىكە يۇڭلۇق قويلارغا قان قويۇشلۇق مىتسىلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلدى. ئوخان قويىنىڭ يۇڭى ئۇزۇن (سەككىز سانتىمېتىردىن ئارتۇق) ۋە يۇڭى توم (58 سۇپەت) بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرىدىن پايدىلىنىپ، قۇمۇل ئاخىرقى ئەۋلادلىق ئىنچىكە يۇڭلۇق قويىنىڭ يۇڭى قىسقا (يەتتە سانتىمېتىردىن تۆۋەن)، يۇڭى يەك ئىنچىكە ( 64 سۇپەتتىن ئارتۇق) بولۇشتەك كەمچىلىكىنى تۈزىتىش مەقسەت قىلىندى، مىتسىلاشتۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى.

مەكىت گۆش قويى (دولان قويى). ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق باشقارمىسى 1990- يىلى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مەكىت ناھىيىسىدىن مەكىت قويى كىرگۈزدى. مەكىت قويىنىڭ بەدىنى چوڭ، ئۆسۈشى تېز، گۆش مەھسۇلاتى يۇقىرى، دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ئېغىل- قوتاندا بېقىشقا باب كېلىشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بار.

ئالتاي چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى. بۇ قوي گۆش- ماي بېرىدىغان يىرىك يۇڭلۇق قوي نەسلى بولۇپ، ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك، گۆش- ماي ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى يۇقىرى، بالدۇر يېتىلىدۇ، قۇيرۇق قىسمى ئالاھىدە چوڭ بولىدۇ. قوچقارلىرىنىڭ ئادەتتە ئېغىرلىقى 100 كىلوگرام ئەتراپىدا بولىدۇ، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 138 كىلوگرامغا يېتىدۇ؛ ساغلىقلىرىنىڭ تىرىك ئېغىرلىقى 65 ~ 70 كىلوگرام، ئەڭ چوڭلىرىنىڭ 105 كىلوگرام كېلىدۇ. يېشىغا توشقان ئىركەكلىرىنىڭ گۆش نىسبىتى 55% ~ 60% بولىدۇ، بەش ئايلىق بولغان قوزىلارنىڭ ئېغىرلىقى 35 ~ 45 كىلوگرامغا يېتىدۇ، ئەڭ ئېغىرلىرىنىڭ 60 كىلوگرامغا يېتىدۇ، گۆش بېرىش نىسبىتى 51%. ئەمما بۇ قوي نەسلىنىڭ يۇڭ مەھسۇلاتى تۆۋەن، يۇڭىنىڭ سۈپىتى ناچار. قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ قازاق قويلىرىنىڭ ئېغىرلىقى، گۆش نىسبىتى ۋە بالدۇر يېتىلىشچانلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك چارۋىچىلىق تارماقلىرى ۋە ھەر قايسى يېزا- مەيدانلار نەچچە يىللاردىن بۇيان، ئالتاي رايونىدىن ئالتاي چوڭ قۇيرۇقلۇق قويىنى كىرگۈزۈپ كەلدى.

### 2. ئۆچكە

تىۋىتلىك ئۆچكە (لياۋنىڭ تىۋىتلىك ئۆچكىسى). ۋىلايەتنىڭ تاشقى سودا ئورۇنلىرى 1980- يىلى لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ گەيشيەن ناھىيىسىدىن 183 تۇياق تىۋىتلىك ئۆچكە كىرگۈزدى. 1987- يىلى ئاراتۇرۇك ناھىيىسى لياۋنىڭنىڭ گەيشيەن ناھىيىسىدىن يەنە 35 تۇياق تىۋىتلىك تېكە كىرگۈزدى. 1988- يىلى قۇمۇل شەھىرى لياۋنىڭ گەيشيەن ناھىيىسىدىن يەنە 98 تۇياق تېكە كىرگۈزدى. 1990- يىلى قۇمۇل شەھىرى ئىچكى موڭغۇلدىن ئىككىنچى قېتىم 87 تۇياق تىۋىتلىك ئۆچكە كىرگۈزۈپ، قان قويۇشلۇق مىتسىلاشتۇردى.

1990- يىلى ۋىلايەت 8000 تۇياق ئۆچكىنى مېتىسلاشتۇرۇپ، نەسلىنى ياخشىلىدى.

**سۈت ئۆچكىسى (سانىن ئۆچكىسى).** سۈتلۈك ئۆچكىنى كىرگۈزۈشتىكى مەقسەت، شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئىچىملىك سۈت مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىدى. 1964- يىلى ئاپتونوم رايون قۇمۇل شەھىرىگە بەش تۇياق سەنئىي سۈت ئۆچكىسىنى تەقسىم قىلىپ بەردى. 1966- يىلى قۇمۇل شەھىرى سانجىدىن 50 تۇياق جۇڭگو سۈت ئۆچكىسى كىرگۈزدى، 1984- يىلى ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق باشقارمىسى سەنشىنىڭ فۇپىڭ ناھىيىسىدىن 94 تۇياق سانىن سۈت ئۆچكىسى كىرگۈزدى. 1985- يىلى قۇمۇل شەھىرى شەنشىدىن 100 تۇياق سۈت ئۆچكىسى كىرگۈزدى. بېقىپ باشقۇرۇش ياخشى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ياخشى تەرەققىي قىلالمىدى. 1990- يىلىغا كەلگەندە ئاران 400 تۇياقتىن ئارتۇقراقى قالدى.

3. كالا

**ئالا سۈت كالىسى.** قۇمۇل ۋىلايىتى شىنجاڭ ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كۆپ قېتىم ئالا سۈت كالىسىنى كىرگۈزدى، ئەڭ بالدۇر كىرگۈزۈلگەن ۋاقىت 1965- يىلى بولۇپ، بېيجىڭ ئالا كالىسى ئاساس قىلىندى. قۇمۇل ۋىلايىتىدە 1990- يىلى ئالا كالا 516 غا يەتتى.

**شىنجاڭ قوڭغۇر كالىسى.** 1980- يىللارنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ شىنجاڭ قوڭغۇر كالىسى كىرگۈزۈلۈپ، يەرلىك كالىلارنىڭ نەسلى ياخشىلاندى. 1991- يىلى ۋىلايەت بويىچە شىنجاڭ قوڭغۇر كالىسىنىڭ سانى 1196 (بۇنىڭ ئىچىدە بۇقا 44) غا يەتتى.

4. ئات

**ئىلى ئېتى.** 1966- يىلىغىچە، ئىلى ئېتىدىن سەككىزى كىرگۈزۈلدى. مېتىسلاشتۇرۇشتىن كېيىنكى ئەۋلادلىرىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، بويى ئېگىزلىگەن، چېپىش سۈرئىتى ئاشقان بولسىمۇ، چىداملىقى، يېرىك ئوزۇققا ماسلىشىشى، كېسەللىككە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى يەرلىك بارىكۆل ئېتىغا يەتمىگەنلىكى ئۈچۈن، نەسل ياخشىلاش خىزمىتى توختىتىلدى.

5. ئېشەك

**گۇەنجوڭ ئېشىكى.** 1955- يىلىدىن باشلاپ ئۈچ ناھىيە گۇەنجوڭ ئېشىكىدىن بەشنى كىرگۈزدى. ئاساسلىقى گۇەنجوڭ ئېشىكىنىڭ بويى ئېگىز بولۇشتەك ئارتۇقچىلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئات قېچىرى يېتىشتۈرۈلدى ۋە يەرلىك ئېشەكلەرنىڭ بويى كىچىك بولۇشتەك كەمچىلىكىگە قارىتا نەسل ياخشىلاش قىلىندى، ئۈنۈمى خېلى ياخشى بولدى. 1950- ۋە 1960- يىللاردا قۇمۇل ۋىلايىتىدە ئات قېچىرى ئەڭ كۆپ يېتىشتۈرۈلگەن ئىدى. 1990- يىلىغا كەلگەندىمۇ ئەينى چاغدا يېتىشتۈرۈلگەن ئات قېچىرلىرى ساقلىنىپ كەلمەكتە.

**جەنۇبىي شىنجاڭ ئېشىكى.** 1963 ~ 1968- يىلىغىچە جەمئىي توققۇز جەنۇبىي شىنجاڭ ئېشىكى كىرگۈزۈلدى.

6. باشقا چارۋىلار ۋە ئۆي قۇشلىرى

**چوشقا.** يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن كۆلىمى چوڭراق نەسىللىك چوشقا كىرگۈزۈش خىزمىتى ئۈچ قېتىم ئېلىپ بېرىلدى. 1957- يىلى گەنسۇ ئۆلكىسىدىن گەنسۇ چوشقا قاۋىنىدىن 300 ى كىرگۈزۈلدى. 1983- يىلى شىخەنزە 145- تۇەن مەيدانىدىن سوۋېت چوڭ ئاق چوشقىسىدىن 40 تۇياق، غەربىي شىمال ئۇزۇن ئاق چوشقىسىدىن 40 تۇياق

كىرگۈزۈلدى. 1988- يىلى ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىن ئالتە خىل نەسىلدىكى 215 تۇياق قارا كۆشلۈك چوشقا كىرگۈزۈلدى.

**توخۇ**

**تۇخۇم توخۇسى.** 1988- يىلدىن بۇيان 288 جىگبەي، كېبەي، رۇسسى توخۇسى، 577 سايىخ قاتارلىقلار كىرگۈزۈلدى.

**گۆش توخۇسى.** 1985- يىلدىن بۇيان سىمبورو، باۋشىڭ قاتارلىق گۆش توخۇ نەسىللىرى كىرگۈزۈلدى.

**توشقان**

**غەربىي گېرمانىيە ئۇزۇن يۇڭلۇق توشقىنى.** 1988- يىلى ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق باشقارمىسى بىگتۇەن 5-شىدىن 40 جۈپ غەربىي گېرمانىيە يۇڭلۇق توشقىنى كىرگۈزۈپ، ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق، سودا- سانائەت شىركىتىدە بېقىپ كۆپەيتتى.

**چوڭ تېرە گۆش توشقىنى.** ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسى تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئىقتىسادچىلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش ئىشخانىسى 1989- يىلى بېيجىڭ، جاڭجياكۇدىن چوڭ تېرە گۆش توشقىنىدىن بەش گۇررۇپپا، 915 نى كىرگۈزدى، بۇنىڭ ئىچىدە بېلگىيە چوڭ توشقىنى، فرانسىيە توشقىنى، ئامېرىكا كالىفورنىيە سەككىز چېكىتلىك توشقىنى ۋە مەملىكىتىمىزدە يېتىشتۈرۈلگەن خابەيتۇ، سابەيتۇ توشقانلىرى بار، 1990- يىلى ئائىلىلىق توشقان 70 نەچچىگە يەتكۈزۈلدى.

## §3. باركۆل ئېتى ۋە ئاراتۈرۈك ئېتى

### 1. باركۆل ئېتى

باركۆل ئېتى يەرلىك ئەلا ئات نەسلى بولۇپ، ئاساسلىقى موڭغۇل ئېتى بىلەن قازاق ئېتى ئارىلاشمىسىدىن يېتىشتۈرۈلگەن. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇرۇشلاردا، باركۆل ئېتى لياۋنىڭ، جىڭخەي، سەنشى، گەنسۇ ئاتلىرى (سىرتقى قانلارنىڭ) تەسىرىگە ئۇچرىغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن باركۆل ئېتىغا قارىتا ئۆز نەسلى ئىچىدە تاللاپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. تاللاپ يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق تۇرلۇك ئىقتىدار، خۇسۇسىيەتلىرى زور دەرىجىدە ئۈستۈرۈلۈپ، دۆلەت ئىچىدە داڭق چىقاردى. كۆپ يىللاردىن بۇيان، قىسىملار ۋە شەرقىي شىمال، جەنۇبىي جۇڭگو، ئوتتۇرا جۇڭگو قاتارلىق 15 ئۆلكە، رايوننى نەچچە ئونمىڭ ھەربىي ئات ۋە دېھقانچىلىق ئېتى بىلەن تەمىنلىدى. باركۆل ئېتى ئوتتۇرا بويلۇق ئات تىپىغا كىرىدۇ، چىداملىق، كۈچلۈك بولۇشتەك ئارتۇقچىلىقلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، دۆلەت ئوخشاش دەرىجىدىكى ئاتلارغا قارىغاندا بوي ئېگىزلىكىنىڭ ئىككى سانتىمېتىر پاكار بولۇشىغا يول قويىدى. باركۆل ئېتى ئاساسلىقى باركۆل ناھىيىسى بىلەن ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ غەربىدىكى تاغ رايونىدىن چىقىدۇ، يۇقىرىقى جايلاردا 22 مىڭ تۇياق ئات بولۇپ، 1990- يىلدىكى ۋىلايەت ئومۇمىي ئات سانى 31 مىڭ 700 تۇياقنىڭ 69.4% نى ئىگىلەيدۇ.

باركۆل ئېتى مىنىشكىمۇ، ھارۋىغا قوشۇشقىمۇ بولىدىغان ئوتتۇرا كىچىك تىپلىق ئات تۈرىگە كىرىدۇ، تېنى مەزمۇت، باش، بويىنى يوغان، كۆزى ئۆتكۈر، قۇلىقى تىك ۋە سەزگۈر، كۆكرىكى كەڭ، پۇتلىرى كۈچلۈك، تۇكى قويۇق ھەم

پارقىراق، رەڭگى كۆپىنچە تورۇق، جەدە ۋە كۆك كېلىدۇ، چىپار رەڭدىمۇ بولىدۇ.

تۇغۇلۇپ بىر ياشقىچە بولغان ئارىلىقتا، بويىنىڭ ئېگىزلىكى، ئۇزۇنلۇقى، كۆكرەك ئايلانمىسى ۋە شىراق ئايلانمىسى تېز تەرەققىي قىلىدۇ، ئۈچ ياشتىن كېيىن ئۆسۈشى ئاستىلايدۇ. شۇڭا، چارۋىچىلار قۇلۇن تۇغۇلۇپ ئىككى ياشقىچە بولغان ئارىلىقتىكى بېقىپ باشقۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

چېپىش سۈرئىتى ۋە ئەمگەك ئىقتىدارى: 1980- يىل 10- ئايدا ئاراتۇرۇك نېرىنكىر چارۋىچىلىق فېرمىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئاتنىڭ سۈرئىتىنى ئۆلچەش مۇسابىقىسىدە 30 ئات بەيگىگە سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 1600 مېتىرلىق مۇساپىنى بېسىش سۈرئىتى "2'43، 3200 مېتىرلىق مۇساپىنى بېسىش سۈرئىتى "5'12 بولدى، 1974- يىلى باركۆلدە ئۆتكۈزۈلگەن ئات بەيگىسىدە، 5000 مېتىرلىق مۇساپىنى بېسىش سۈرئىتى "7'41، 15 مىڭ مېتىرلىق مۇساپىنى بېسىش سۈرئىتى "20'54 بولدى، 1965- يىلى ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن ئات بەيگىسىدە، باركۆل ئېتى 10 كىلومېتىرلىقلار ئىچىدە بىرىنچىلىككە ئېرىشتى.

ئات تارتىدىغان 12 قۇرلۇق سىيالكىنى سۆرەپ مەشغۇلات قىلغاندا (سۆرەممۇ چېپىلغان)، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كۈنىگە 10 سائەتتە 60 ~ 70 مو يەرنى تېرىغىلى بولىدۇ، ئەڭ چوڭ تارتىش كۈچى 200 ~ 280 كىلوگرام، مىنىپ يول يۈرگەندە كۈنىگە 70 ~ 100 كىلومېتىر مۇساپىنى باسالايدۇ، 50 كىلوگراملىق يۈكنى كۆتۈرۈپ كۈنىگە 60 ~ 80 كىلومېتىر يول يۈرەلەيدۇ. ئىككى تونىنا يۈك قاچىلانغان تۆت ئاتلىق ھارۋىنى سۆرىگەندە، تۈز يولدا سەككىز سائەتتە 45 ~ 60 كىلومېتىر مۇساپىنى باسالايدۇ.

بىر بايتال ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 1300 كىلوگرام (سۈت بېرىش مۇددىتىنى 180 كۈن ھېسابلىغاندا) سۈت بېرىدۇ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كۈنىگە 6.48 كىلوگرام سۈت بېرىدۇ. يېشىغا تولغان ئاتنىڭ سويۇلۇش نىسبىتى 52% ئەتراپىدا، ساپ گۆش نىسبىتى 35%، سۆڭەك- گۆش نىسبىتى 2.13 : 1.

1960 ~ 1980- يىلىغىچە بولغان 21 يىللىق ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ئوتتۇرىچە كۆپىيىپ ئەي بولۇش نىسبىتى 52.2%، كۆپىيىپ ئەي بولۇش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولغان يىل 1970- يىلى بولۇپ، 71.2% بولدى، ئەڭ تۆۋەن بولغان يىل 1960- يىلى بولۇپ، 28% بولدى.

باركۆل ئېتى تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە يايلىتىپ بېقىلىدۇ، ئىشلىتىلىۋاتقان ئاتلارغا قوشۇمچە يەم- خەشەك بېرىلىدۇ، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاتلار تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە يايلاقلاردا بېقىلىدۇ. ئادەتتە 100 ئات بىر قورۇ (يىلقا) قىلىنىپ، بىر چارۋىچى باقىدۇ، ھەر 10~15 بايتالغا بىردىن ئايغىر سەپلەپ بېرىلىدۇ، كۈندۈزى ئاتلارغا ئايغىر قارايدۇ، كېچىسى پادىچى قارايدۇ. ئايغىر بايتاللارنى ئۇرۇقلاندۇرۇشتىن باشقا بايتال، قۇلۇنلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدايدۇ.

2. ئاراتۇرۇك ئېتى

ئاراتۇرۇك ئېتىنى شىنجاڭ ھەربىي رايوننىڭ ئاراتۇرۇك ھەربىي ئات فېرمىسى قازاق ئېتى ئاساسىدا، ئۆلى ئېتىنىڭ 1/4 ~ 1/8 ئۈلۈش قېنىنى قوبۇل قىلىپ، 20 يىلدىن ئارتۇق جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن يېتىشتۈرۈپ چىقتى.

ئاراتۇرۇك ئېتى تۆت پەسىلدە يايلىتىش، قىش، ئەتىيازدا قوشۇمچە بوغۇز بېرىش شارائىتىدا يېتىشتۈرۈلگەن. ئاراتۇرۇك ئېتىنىڭ تېنى مەزمۇت، تاغ يوللىرىدا يۈرۈشكە ماھىر، يىرىك ئۇرۇقلاندۇرۇشقا چىدامىلىق، ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بار. ئاراتۇرۇك ئېتىنىڭ بېشى ئوتتۇراھال، كۆزى يوغان، قۇلىقى قىسقا، سەزگۈر،

كۆكرىكى كەڭ، تۆت پۇتى توم، تۇيىقى چىڭ، تەن قۇرۇلمىسى ماسلاشقان، كۆركەم، چىرايلىق، چىچەن، ياۋاش، مۇلايىم كېلىدۇ. تۈكىنىڭ رەڭگى كۆپىنچە تورۇق كېلىدۇ، ئۇنىڭدىن قالسا قارا رەڭدە بولىدۇ. تاغلىق رايونلاردا 120 كىلوگرام يۈكنى كۆتۈرۈپ كۈنىگە 60 كىلومېتىر يول يۈرەلەيدۇ. 1000 مېتىرلىق مۇساپىدىكى مېڭىش تېزلىكى 1'32"6، 1600 مېتىرنىڭ 2'32"3، 3200 مېتىرنىڭ 4'53"6. 1969- يىلى مەملىكەتلىك ھەربىي ئات بەيگىسىدە، ئاراتۈرۈك ئېتى ئىككىنچىلىككە ئېرىشتى.

ئاراتۈرۈك ئېتى يۈك ئارتىش، ھاۋا سوۋۇش، مىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۈپەتلىك ھەربىي ئات نەسلى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى، ئۇزۇنلۇقى، ئېغىرلىقى ۋە چېپىش سۈرئىتى، يۈك ئارتىش ئىقتىدارى تارىختا «تۇلپار» ئاتالغان ئىلى ئېتىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ. ھازىرغىچە 21 مىڭ تۇياق ئاراتۈرۈك ئېتى مەملىكەتنىڭ 18 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلىرىغا تارقىتىلىپ، ھەربىي قىسىم ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ياردەم بېرىلدى. ئاراتۈرۈك ئېتى 1984- يىلى دۆلەتنىڭ باھالىشى، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ تەستىقى بىلەن دۆلەتنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

# VI باب

# چارۋا مال، ئۆي قۇشلىرىنى كۆپەيتىش ۋە نەسلىنى ياخشىلاش

## § 1. يەرلىك نەسىل يېتىشتۈرۈش

نەسىل يېتىشتۈرۈش دېگەندە، چارۋا مال، ئۆي قۇشلىرىنىڭ ئوخشاش نەسىل دائىرىسى ئىچىدە ئەللىرىنى تاللاش، تاللاپ جۈپلەش، ناچارلىرىنى ئۈزلۈكسىز شاللاپ، ئۆز نەسلىنى ساپلاشتۇرۇش ئارقىلىق، شۇ نەسلىنىڭ سۈپىتىنى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش ئۇسۇلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. قۇمۇل رايونىنىڭ ئاساسلىق چارۋا تۈرلىرىدىن ئات، تۆگە، قوتاز، قوي، ئۆچكە قاتارلىقلار بار.

### 1. باركۆل ئېتى يېتىشتۈرۈش

باركۆل ئېتى دۆلەت، ئاپتونوم رايوننىڭ ئەلا ئات نەسلى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئات نەسلىنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتى 1960- يىللارنىڭ باشلىرىدا باشلاندى. قېلىپقا چۈشۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق 1000 دىن ئارتۇق ئات تاللاپ يېتىشتۈرۈلگەن بولۇپ، باركۆل نامىدا 932 تۇياق ئات يېتىشتۈرۈلگەندى. 1966- يىلىغا كەلگەندە، جەمئىي 13 ئات پادىسى، 1200 تۇياق باركۆل ئېتى يېتىشتۈرۈلدى.

### 2. قۇمۇل تىۋىتلىق ئۆچكىسىنى يېتىشتۈرۈش

قۇمۇل تىۋىتلىق ئۆچكىسىنى يېتىشتۈرۈشتە ئاساسلىقى ئۆز نەسلىدىن تاللاپ يېتىشتۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلدى،

مۇۋاپىق دەرىجىدە سىرتتىن يۇقىرى مەھسۇلاتلىق تىۋىتلىق نەسىللىك تېكە كىرگۈزۈلۈپ، قان قويۇشلۇق مېتىسلاشتۇرۇش ئارقىلىق قوموۇل ئۆچكىسىنىڭ ئەلا خۇسۇسىيىتى ساقلاپ قىلىندى، تىۋىت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئاشۇرۇلدى.

1988- يىلى ئاپتونوم رايون قوموۇل ۋىلايىتىنى شىنجاڭنىڭ «تىۋىتلىق ئۆچكە كۆپەيتىش» ئۇر رايونى قاتارىغا كىرگۈزۈپ، 1992- يىلغا بارغاندا يۇقىرى مەھسۇلاتلىق تىۋىتلىق ئۆچكىدىن 100 مىڭ تۇياق يېتىشتۈرۈپ چىقىشنى ۋە نەسلىنى ياخشىلاشنى، تىۋىتنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى 300 گرامغا يەتكۈزۈشنى بېكىتتى. ئۈچ يىل تىرىشىش ئارقىلىق 80 مىڭ تۇياق تىۋىتلىق ئۆچكە تاللاپ يېتىشتۈرۈلدى ۋە نەسلى ياخشىلاندى. 1990- يىلى تىۋىتنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 250 گرامغا يەتكۈزۈلدى، ۋىلايەت بويىچە چوڭ پادىلار بويىچە ئۆلچىگەندە ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 220 گرامدىن ئاشتى.

## §2. مېتىسلاشتۇرۇپ نەسىل ياخشىلاش

سۇپەتلىك ئانىلىق چارۋىلارنى پائال كىرگۈزۈپ، قوموۇل رايونىدىكى ئوخشاش تۈردىكى ئانىلىق چارۋىلار بىلەن چېتىشتۇرۇش ئارقىلىق چارۋىلارنىڭ نەسلى ياخشىلاندى، نۆۋەتتىكى ھالدا يەرلىك قوي، يەرلىك كالا نەسلى، ئۇنىڭدىن قالسا ئۆچكە، ئات، ئېشەكلەرنىڭ نەسلى ياخشىلاندى. كۆلىمى ئەڭ كەڭ، ئۈنۈمى ئەڭ ياخشى بولغىنى قوي ۋە يەرلىك كالىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش بولدى.

1. قويلارنى مېتىسلاشتۇرۇپ نەسلىنى ياخشىلاش

1953 - يىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ قۇرۇلۇش بۆلۈمى كونەس قوي نەسىلچىلىك مەيدانىدىن 106 تۇياق ( 1954- يىلى 3- ئاينىڭ 20- كۈنى «شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويى» غا ئۆزگەرتىلگەن) رامبۇل قوچقىرى كىرگۈزۈپ، ھەر قايسى ناھىيەلەرنىڭ نۇقتا قىلىنغان رايون، يېزىلىرىغا نەسىل ياخشىلاش سىنىقى قىلىشقا تارقىتىپ بەردى.

1953 ~ 1962- يىلىغىچە بولغان 10 يىلدا، ۋىلايەت بويىچە قوينى سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش پونكىتىدىن 46 سى قۇرۇلدى. شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويىنىڭ قوچقىرى 500 تۇياقتىن ئاشتى، ھەر قايسى ئەۋلاد مېتىس قويلاردىن 81 مىڭ 531 تۇياق كۆپەيتىلدى، بۇ، قوي ئومۇمىي سانىنىڭ 21.20% نى ئىگىلىدى.

1965- يىلى، ۋىلايەت بويىچە ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي ۋە مېتىسلاشتۇرۇلۇپ نەسلى ياخشىلانغان قوي 114 مىڭ 956 تۇياق (بۇنىڭ ئىچىدە ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي 9339 تۇياق) قا يېتىپ، كۆپىيىپ ئەي بولۇش نىسبىتى 81.2% كە يەتتى، نەسلى ياخشىلانغان قوي سانى قوي ئومۇمىي سانى 489 مىڭ 100 تۇياقنىڭ 23.5% ىنى ئىگىلىدى. ئاراتۈرۈك نېرىنكىر چارۋىچىلىق فېرمىسى 4- شۆبە مەيدانىنىڭ نەسىل ياخشىلاش خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمى ئەڭ ياخشى بولدى، مەزكۇر فېرما قوي نەسلىنى پۈتۈنلەي ياخشىلاشنى ئەمەلگە ئاشۇردى، نەسلى ياخشىلانغان ئومۇمىي قوي سانى 7979 تۇياق، بۇنىڭ ئىچىدە باھالاشتىن ئۆتكىنى 1781 تۇياق بولۇپ، نەسلى ياخشىلانغان قوينىڭ 22.32% ىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1- دەرىجىلىك قوي 360 تۇياق، 2- دەرىجىلىك قوي 260 تۇياق، 3- دەرىجىلىك قوي 401 تۇياق، 4- دەرىجىلىك قوي 760 تۇياق.

1980- يىللارنىڭ ئاخىرى، ئىنچىكە يۇڭنىڭ باھاسى چۈشۈپ، گۆش باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرغاقچىلىق ئاپىتىدىن ئوت- چۆپ ئەھۋالىنىڭ ياخشى بولماسلىقى سەۋەبىدىن، ئىنچىكە يۇڭلۇق قوينىڭ

سانى كېمىيىپ كەتتى. 1990- يىلىغا كەلگەندە ۋىلايەت بويىچە ئىنچىكە يۇڭلۇق قوينىڭ قوتاندا ساقلانغان سانى 209 مىڭ 500 تۇياق (بۇنىڭ ئىچىدە ساپ قانلىق ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي 1400 تۇياق، نەسلى ياخشىلانغان قوي 208 مىڭ 162 تۇياق)، بىر خىل ئوخشاش سۇپەتتىكى قويلار 59 مىڭ تۇياق بولدى. نەسلى ياخشىلانغان ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي ۋىلايەت ئومۇمىي قوي سانى 568 مىڭ 800 تۇياقنىڭ 36.99% نى ئىگىلىدى.

2. يەرلىك كالىلارنى مېتىسلاشتۇرۇپ نەسلىنى ياخشىلاش

ئالا كالا بىلەن سىمېنتال كالىسىنىڭ تۇغۇلتىلغان ئىسپېرمىسى ئارقىلىق يەرلىك كالا نەسلىنى ياخشىلاش خىزمىتى 1980- يىلى باشلاندى. تۇڭلىتىلغان ئىسپېرما ئارقىلىق ئۇرۇقلاندۇرۇش خىزمىتى ئاساسلىقى يەرلىك كالىلار زىچراق تارقالغان دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ئېلىپ بېرىلدى، بوغازلىنىش نىسبىتى 50% تىن يۇقىرى بولدى. 1990-يىلى نەسلى ياخشىلانغان ھەرقايسى ئەۋلاد كالىلار 7000 تۇياقتىن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ساپ قانلىق ۋە ئاخىرقى ئەۋلاد كالا 2000 تۇياق.

## §3. چارۋا مال، ئۆي قۇشلىرىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاشتىكى نۇقتىلىق ئورۇنلار

1. ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ قوي نەسلىنى ياخشىلاش خىزمىتى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئاراتۇرۇك ناھىيىسى قوي نەسلىنى ياخشىلاشنى ئاساس قىلغان چارۋىچىلىق ئىقتىسادىي يۆنىلىشىدە چىڭ تۇردى.

1953- يىلى كۆنەس نەسىللىك قوي فېرمىسىدىن 20 تۇياق رامبول قوچقىرى (شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويى) نى كىرگۈزۈپ، يەرلىك قوي ئۆستىدە مېتىسلاشتۇرۇپ نەسىل ياخشىلاش سىنىقىنى ئېلىپ باردى. كېيىن شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي نەسلىنى داۋاملىق كىرگۈزۈپ، ئۈزلۈكسىز نەسىل ياخشىلاپ، ئۈنۈم ۋە نىسبەت جەھەتتە قومۇل ۋىلايىتىنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتتى. 1990- يىلىغىچە، ناھىيە بويىچە ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي ۋە نەسلى ياخشىلانغان مېتىس قوينىڭ سانى 62 مىڭ 500 تۇياققا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇغۇت يېشىدىكى ساغلىق 35 مىڭ 800 تۇياققا يېتىپ، ئانا مال نىسبىتى 57.28% كە يەتتى. ناھىيە بويىچە چارۋا ئومۇمىي سانى 165 مىڭ تۇياق، بۇنىڭ ئىچىدە قوي 115 مىڭ تۇياق بولۇپ، ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي ۋە نەسلى ياخشىلانغان مېتىس قوي ئومۇمىي قوي سانىنىڭ 54% نى ئىگىلىدى؛ چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليون 170 مىڭ يۈەن بولدى، ئىنچىكە يۇڭلۇق ۋە نەسلى ياخشىلانغان مېتىس قوينىڭ مەھسۇلات قىممىتى 70% نى ئىگىلەپ، ئاراتۇرۇك ناھىيىسى چارۋىچىلىق ئىقتىسادىنىڭ ئاساسلىق تۈۋرۈكىگە ئايلاندى.

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى نىرىنكىر، تۇركۆل چارۋىچىلىق فېرمىلىرى ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بولۇپ، 1970- يىللارنىڭ ئاخىرىدا بۇ فېرمىلار 13 مىڭ مو ئاشلىق، ياغلىق دان تېرىلغۇ يېرىنىڭ ھەممىسىنى ئوت- چۆپ، يەم- خەشەك تېرىشقا ئۆزگەرتتى. ھەمدە دانىچە يەم- خەشەك زاۋۇتى قۇرۇپ، قوي نەسلىنى ياخشىلاش خىزمىتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى.

2. ئاراتۇرۇك قوي فېرمىسى

ئاراتۇرۇك قوي فېرمىسى (ھازىرقى نىرىنكىر چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ 4- شۆبە فېرمىسى) 1954- يىلى قۇرۇلدى.

فېرما قۇرۇلغاندا ئۈچ قورۇ قوي (1000 تۇياقتىن ئارتۇق) ۋە 50 ئات، بىر قورۇ تۆگە يۆتكەپ كېلىندى، چارۋىچىلىق نازارىتى يەنە شىخۇ ناھىيىسىدىن 6000 تۇياقتىن ئارتۇق قوي، 40 نەچچە ئات، تۆگە يۆتكەپ كەلدى.

1956- يىلى بازدا ئاراتۈرۈك ناھىيىسى ئۈرۈمچى نەسىللىك قوي فېرمىسىدىن 30 تۇياق شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قوينىڭ قوچقىرىنى سېتىۋالدى، كېيىن ھەر يىلى كۆنەس ۋە ئۈرۈمچى نەسىللىك قوي فېرمىسىدىن نەسىللىك قوي كىرگۈزۈپ تۇردى. 1957- يىلى 200 نەسىللىك ساغلىق قوي سېتىۋېلىپ، ساپ نەسلى بويىچە كۆپەيتىش خىزمىتىنى ئېلىپ باردى.

1957- يىلى ئاراتۈرۈك قوي فېرمىسى تۇغۇت يېشىدىكى ھەممە ساغلىقلارنى شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويى بىلەن ئۇرۇقلاندۇردى. 1960- يىلى 1- ئايدا ئاراتۈرۈك قوي فېرمىسى يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تۆركۆل چارۋىچىلىق باش فېرمىسىغا قاراشلىق 4- شۆبە فېرمىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1962- يىلى ئەتىيازدا باش فېرما ئىككى فېرمىغا ئايرىلىپ، ئاراتۈرۈك قوي فېرمىسى نېرىنكىر فېرمىسىغا قاراشلىق 4- شۆبە فېرمىسى قىلىندى، بۇ فېرمىنىڭ قوي نەسلىنى ياخشىلاش ئاساسى ياخشى بولغاچقا، ۋىلايەتتىكى ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي بازىلىرىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇپ كەلدى.

3. قۇمۇل ۋىلايەتلىك نەسىللىك چوشقا فېرمىسى

بۇ فېرما 1988- يىل 4- ئايدا قۇرۇلدى، ئورنى قوشتېكەندە بولۇپ، ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق باشقارمىسىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدە بولدى. ئەينى چاغدا شىخەنزىدىن ئالتە خىل 215 تۇياق قارا گۆش تىپلىق نەسىللىك چوشقا ئاۋۇنى كىرگۈزۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە خامپشىر چوشقىسىدىن 14 تۇياق، دۇروك چوشقىسىدىن 86 تۇياق، دانىيە ئاق چوشقىسىدىن 15 تۇياق، چوڭ يوكشا چوشقىسىدىن 25 تۇياق، سەنجياڭ ئاق چوشقىسىدىن 35 تۇياق، شاڭخەي ئاق چوشقىسىدىن 40 تۇياق بولۇپ، چوشقا فېرمىسى ئۆزىگە 45 تۇياقىنىلا قالدۇرۇپ، قالغىنىنىڭ ھەممىسىنى شەھەر- يېزا ۋە قىسىملارنىڭ كۆپرەك چوشقا باقىدىغان ئورۇنلىرىغا ۋە خۇسۇسىي باقمىچىلىق ئائىلىلىرىگە چوشقا نەسلىنى ياخشىلىشى ئۈچۈن تەقسىم قىلىپ بەردى.

نەسىللىك چوشقا فېرمىسى جەمئىيەتنى قارا گۆشلۈك ساپ نەسىللىك چوشقا بىلەن تەمىن ئېتىشنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش يۆنىلىشى قىلدى، يىلىغا 300 دىن ئارتۇق چوشقا كۆپەيتىپ، 150 تىن ئارتۇق نەسىللىك چوشقا ئىشلەپچىقاردى.

4. ۋىلايەتلىك يەم- خەشەك شىركىتىنىڭ نەسىللىك توخۇ فېرمىسى

بۇ فېرما 1986- يىل 7- ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، ئورنى ۋىلايەتلىك يەم- خەشەك شىركىتىدە، بۇ فېرما ۋىلايەتلىك پەن- تېخنىكا كومىتېتىنىڭ «ئۈچقۇن پىلانى» تۈرى بولۇپ، ئىساخ تۇخۇم توخۇسىنىڭ ئاتىلىق، ئانىلىقلىرىنى بېقىشنى ئاساس قىلىدۇ. 3500 توخۇسى بولۇپ، يىلىغا 400 مىڭ دانە تۆرەلمىلىك تۇخۇم، 200 مىڭ دانە تاۋار چۈجە، تۆت تونىنا تاۋار تۇخۇم ئىشلەپچىقىرالايدۇ، تۆرەلمىلىك تۇخۇم، چۈجە ئىشلەپچىقىرىشتىن تارتىپ تېخنىكىلىق مۇلازىمەتكىچە بىر گەۋدىلەشتۈرۈلدى. فېرمىنىڭ كۆلىمى سەككىز مو بولۇپ، نەسىللىك توخۇ كاتىكى، چۈجە چىقىرىش ئۆيى ۋە چۈجە يېتىشتۈرۈش ئۆيى قاتارلىق ئالتە يۈرۈش 1440 كۋادرات مېتىرلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىھەسى بار، نەسىللىك توخۇلارنىڭ ھەممىسى پەلەمپەيلىك قەپەزلەردە بېقىلىدۇ، سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇلىدۇ.

1987 ~ 1991- يىلىغىچە بۇ فېرما جەمئىيەتنى 750 مىڭ دانە چۈجە، 2 مىليون دانە تۆرەلمىلىك تۇخۇم، 20 تونىنا تاۋار تۇخۇم بىلەن تەمىن ئەتتى، 12 مىڭ 500 دانە بىراك توخۇ سېتىپ چىقاردى.

5. ۋىلايەتلىك يېمەكلىكلەر شىركىتىنىڭ باقمىچىلىق مەيدانى

1988- يىلى 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، قۇمۇل شەھەر رايونىنىڭ 12 كىلومېتىر شەرقىگە جايلاشقان لوجاۋىندە مەزكۇر باقمىچىلىق مەيدانى قۇرۇلدى، بەش كورپۇس توخۇ كاتىكى، 10 قوي قوتىنى سېلىندى، ئىنكۇباتور قاتارلىق يۈرۈشلەشكەن باقمىچىلىق ئۈسكۈنىلىرى سېتىۋېلىندى، 50 مو بوز يەر ئېچىلدى، 10 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى.

1989- يىلى سىناق قىلىنىپ، 1990- يىلى رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، ئاساسلىقى گۆش توخۇسى بېقىلىپ، قوي بورداپ، ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش، سېتىش بىر گەۋدىلەشتۈرۈلدى. قوي چارۋىچىلىق رايونلىرىدىن، چۈجە، تۆرەلمىلىك تۇخۇم شاگىخەي، ئۈرۈمچى، چىڭدۇ قاتارلىق جايلاردىن كىرگۈزۈلدى، كىرگۈزۈلگەن بۇ توخۇ نەسىللىرى سىمبورو، باۋشىڭ قاتارلىق گۆش توخۇ نەسىللىرىدىن ئىبارەت. 1990- يىلى 26 مىڭ 819 گۆش توخۇسى، 1019 تۇياق بورداق قوي سېتىپ چىقىرىلدى.

# VII باب

# قوتاندا ساقلانغان چارۋا ۋە چارۋا قورۇلمىسى

## §1. قوتاندا ساقلانغان چارۋا

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ چارۋىچىلىقى ئۇزاق تارىخقا ئىگە، تاش قوراللار دەۋرىدىلا يەتتە قۇدۇق، تارانچى قاتارلىق جايلاردا كىشىلەر ئوۋچىلىق، باقمىچىلىق ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 10- ئەسىرلەردە، ئۈيسۈن قەبىلىلىرى قۇمۇلدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، سۈپەتلىك ئۈيسۈن ئاتلىرىنى باقتى. بۇ ئاتلار خەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە مەملىكەت ئىچىدە «تۇلپار» ياكى «غەرب ئېتى» دەپ ئاتالدى. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە باركۆلدە 800 تۈتۈن، 2000 دىن ئارتۇق ئائىلە ياشىغان بولۇپ، ئۇلار كىگىز ئۆيلەردە ئولتۇرۇپ، سۇ- ئوتقا ئەگىشىپ كالا، ئات، تۆگە، قوي باقتى، ياخشى ئاتلارنى يېتىشتۈردى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، بەشبالىق (باركۆل ئەينى چاغدا بەشبالىق قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى) ئاتلارنى رەڭگى بويىچە پادىغا ئايرىدى. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، ئۆي ھايۋانلىرى يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم بايلىقى بولۇپ قالدى. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇمۇلنىڭ خانىدانلىققا يوللىغان سوۋغىلىرىدىنلا قۇمۇلنىڭ ئەينى چاغدىكى چارۋىچىلىقىنىڭ خېلى تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. يۇڭلې 1 - يىلى (1403- يىلى) 11- ئايدا قۇمۇل ۋاڭى ئەنق تېمۇر ۋەزىرى مەھمۇد شاھ قاتارلىقلار ئارقىلىق خانىدانلىققا بىر قېتىمدىلا 190 ئاتنى سوۋغات قىلدى، 4790 ئاتنى سودىلاشتى.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە باركۆل، ئاراتۈرۈك، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا چارۋىچىلىق تېخىمۇ تەرەققىي تاپتى.

چيەنلوڭ 25- يىلى (1760- يىلى) 4- ئايدا گەنسۇنىڭ باش مۇپەتتىشى ۋۇداشەننىڭ خانلىققا يوللىغان مەكتۇبىدا: «قۇمۇلدا 43 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق تۇغۇت يېشىدىكى ساغلىق ۋاڭ ئامباللىقىنىڭ تەكشۈرۈشى بىلەن ئاجىز- ئورۇق ساغلىقلار تاللاپ چىقىرىۋېتىلىپ، 40 مىڭدىن ئارتۇق ساغلىق باھاغا سۇندۇرۇلۇپ، ئىچكىرىگە سېتىپ بېرىلدى»

دېيىلگەن.

چيەنلوڭ 33- يىلى (1768- يىلى) باركۆلدە 5280 تۇياق ئات بار ئىدى. سۇ، ئوت- چۆپكە ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن، شەرق، غەرب دەپ ئىككى مەيدانغا ئايرىلغان بولۇپ، ھەر بىر مەيداندا بەش قورادىن ئات بار ئىدى. گۇاڭشۈ 32- يىلى (1906- يىلى) دىكى تەكشۈرۈشتە، شەرقىي مەيداندا جەمئىي 4528 تۇياق ئات بارلىقى ئېنىقلاندى. شۈەنتۇڭ 3- يىلى (1911- يىلى) غا كەلگەندە بۇ مەيداننىڭ نامى باركۆل يىلقىچىلىق مەمۇرىيىتى ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلىپ، سىڭ كۈن باشقۇردى. مىنگونىڭ 3- يىلى ( 1914- يىلى) دىكى قاتتىق قار ئاپىتىدە، نۇرغۇن ئات ئۆلۈپ، ئاران 1800 دىن ئارتۇق ئات قالغاندا، ئاتلارنىڭ ھەممىسى جىمسار قاتارلىق جايلارغا يۆتكىۋېتىلدى. مىنگونىڭ 19- يىلى (1930- يىلى) باركۆل ئات فېرمىسى قايتىدىن قۇرۇلۇپ، 200 ئات يۆتكەپ كېلىندى. مىنگونىڭ 20 ~ 22- يىلىغىچە (1931 ~ 1933- يىلىغىچە) ماجۇڭيىڭ توپىلىڭى سەۋەبىدىن باركۆل ناھىيىسىنىڭ ئاتلىرى چىقىمغا ئۇچرىدى. مىنگونىڭ 29- يىلى (1940- يىلى) باركۆل چارۋىچىلىق فېرمىسى قايتا تەسىس قىلىنىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مالىيىسىدىن پۇل ئاجرىتىلىپ، 12 مىڭ تۇياق قوي، 250 كالا، 30 دىن ئارتۇق ئات سېتىۋېلىپ بېرىلدى. كېيىن ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى) پۈتۈنلەي سوبۇۋېتىلدى.

باركۆلنىڭ چارۋىچىلىقى قازاق چارۋىچىلار زور كۆلەمدە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن راۋاجلاندى. مىنگونىڭ 19- يىلى (1930- يىلى) دىن ئىلگىرى، باركۆلدە 300 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق قوي، 12 مىڭدىن ئارتۇق ئات، تۆگە بار ئىدى.

چيەنلوڭ 40- يىلى (1783- يىلى) ئاراتۇرۇك قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ گۇناھكارلارنى سۈرگۈن قىلىدىغان جايى بولۇپ قالدى، چارۋىلار ۋاڭلىقنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولۇپ، چارۋىچىلارنىڭ قولىدا ئازراقلا يېمەكلىك چارۋىسى بار ئىدى. ئەينى زاماندا ئاراتۇرۇكتە 14 مىڭ 200 تۇياق قوي بولۇپ، كۆپىيىپ ئەي بولۇش نىسبىتى ئاران 25% ئىدى. مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى) ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ دەرىجىسى 3- دەرىجىگە ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن، ئومۇمىي چارۋىسى 26 مىڭ 500 تۇياققا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كالا 2542، ئات 2066، تۆگە 702، ئېشەك 1466، قوي 19 مىڭ 700 تۇياق.

مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ 20 مىڭ قورا (ھەر بىر قورۇدا 500 ~ 1000 تۇياق قوي بار)، جەمئىي 150 مىڭدىن ئارتۇق قويى، 5500 دىن ئارتۇق يىلقىسى، 7200 دىن ئارتۇق كالىسى، 800 تارتىم ( ھەر بىر تارتىمدا 8 ~ 10 تۆگە بار) دىن ئارتۇق تۆگىسى، 330 ئېشىكى بار ئىدى. مىنگونىڭ 30- يىلى (1941- يىلى)غا كەلگەندە، قۇمۇل ناھىيىسىدە 6974 تۇياق يىلقا، 7735 كالا، 85 مىڭ 400 تۇياق قوي، 40 مىڭ 500 تۇياق ئۆچكە، 1636 تۆگە، 322 قېچىر، 5459 ئېشەك بار بولدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى تېز ئەسلىگە كەلدى ۋە تەرەققىي قىلدى. 1990- يىلى ۋىلايەتنىڭ قوتاندا ساقلانغان تۇرلۇك چارۋىسى 1 مىليون 49 مىڭ تۇياققا يېتىپ، 1949- يىلىدىكى 362 مىڭ 300 تۇياققا سېلىشتۇرغاندا 1.9 ھەسسە ئاشتى؛ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 26 مىليون 490 مىڭ يۈەن (1980- يىلىدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يېتىپ، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 32.23% نى ئىگىلەپ، 1949- يىلىدىكى 1 مىليون 536 مىڭ يۈەندىن 16.2 ھەسسە ئاشتى.

1950 ~ 1990- يىلىغىچە بولغان 41 يىلدا، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى مۇقىم ئېشىش، بىر ئىزدا توختاپ قېلىش چۆشۈش ۋە يەنە ئېشىشتەك ئۈچ باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتى. 1950 ~ 1967- يىلىغىچە، چارۋىلارنىڭ قوتاندا ساقلانغان سانى 334 مىڭ 400 تۇياقتىن 920 مىڭ تۇياققا يېتىپ، 1.75 ھەسسە ئاشتى. 1960- يىلىنىڭ ئالدى- كەينىدىكى تەبىئىي ئاپەت ۋە خىزمەتلەردىكى سەۋەنلىكلەر تۈپەيلىدىن، مەھسۇلات كېمىيىپ كەتكەندىن سىرت، 18 يىلدا ئاساسەن مۇقىم ئاشتى. 1967 ~ 1976- يىلىغىچە بولغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، چارۋا ئومۇمىي سانى 1966- يىلىدىكى 966 مىڭ 500 تۇياقتىن 1976- يىلى 915 مىڭ 900 تۇياققا

چۈشۈپ قالدى.

1978- يىلى ئېچىلغان ج ك پ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن پارتىيىنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىغا قارىتىلغان بىر قاتار سىياسەتلىرى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، قالدۇرۇق چارۋىغا قارىتىلغان چەكلىمە ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى ئۆستۈرۈلدى، چارۋا مەھسۇلاتلىرى بازىرى قويۇۋېتىلىپ، كېلىشىم سودا يولغا قويۇلدى، چارۋىچىلىق سېلىنمىسى كۆپەيتىلدى. 1982- يىلى ۋىلايەت بويىچە 3127 چارۋا قوراسىنىڭ ھەممىسىدە «بېكىتىش، ھۆددىلەش، مۇكاپاتلاش» مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە «تۆتنى بېكىتىش، تۆتنى ھۆددىلەش (ئوتلاقنى، ئەمگەك كۈچىنى، مەھسۇلاتنى، قوروني بېكىتىش، كۆپىيىشىنى، ئەي بولۇشىنى، چىقىمىنى، سەمرىشىنى ھۆددىلەش)، ئاشۇرغىنىنىڭ ھەممىسىنى مۇكاپات بېرىش، كېمەيتكىنىنىڭ ھەممىسىنى تۆلىتىش» تۈزۈمىنى يولغا قويغىنى 1792 قورۇ بولۇپ، ۋىلايەت ئومۇمىي چارۋىسىنىڭ 58.7% نى ئىگىلىدى. قۇمۇل ناھىيىسى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويغاندىن كېيىن، 1980- يىلىدىكى تۇرلۇك چارۋىلارنىڭ كۆپىيىپ ئەي بولۇش نىسبىتى 1977- يىلىغا قارىغاندا 12 پويىنت، يېشىغا تولغان چارۋىلارنىڭ ئامانلىق نىسبىتى 2.2 پويىنت ئاشتى. 1982- يىلى ۋىلايەت چارۋىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى بېقىلىش مىقدارى 1 مىليون 445 مىڭ تۇياققا يېتىپ، تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىدىن ئېشىپ كەتتى. 1984- يىلى ۋىلايەت مىقياسىدا يەنە «باھاغا سۇندۇرۇپ، ئائىلىلەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش» مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، چارۋىچىلىقتىكى مەسئۇلىيەت، ھوقۇق، مەنپەئەت مۇناسىۋىتى يەنىمۇ بىرلەشتۈرۈلۈپ، كەڭ چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقى قوزغىتىلدى. 1985- يىلى پەۋقۇلئاددە زور تەبىئىي ئاپەت بولغان ئەھۋالدىمۇ، 100 مىڭ تۇياق چارۋا يىلانلىق چارە كۆرۈلگەندىن سىرت، ئۆششاق چارۋىلارنىڭ شۇ يىللىق كۆپىيىپ ئەي بولۇش نىسبىتى 76.1% كە، يېشىغا تولغان چارۋىلارنىڭ ئامانلىق نىسبىتى 95.5% كە يەتتى. چارۋىچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 22 مىليون 489 مىڭ يۈەن (1980- يىلىدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يېتىپ، 6 مىليون يۈەن ئاشتى. چارۋىچىلىق رايونلىرىدا كىشى بېشى كىرىمى 263.8 يۈەنگە يېتىپ، 1978- يىلىدىكىگە قارىغاندا 30% تىن كۆپرەك ئاشتى.

1986- يىلى ئاپتونوم رايون «تېرىغان ھەر مو ئوت- چۆپ ئۈچۈن بەش يۈەندىن، نەسىل ياخشىلانغان ھەر كالىغا ئىككى يۈەندىن، نەسلى ياخشىلانغان ھەر تۇياق قوي ئۈچۈن ئىككى مودىن قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىش» توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقىرىپ، چارۋىچىلارنىڭ كۆپرەك ئوت- چۆپ تېرىشىغا، چارۋا نەسلىنى كۆپرەك ياخشىلىشىغا مەدەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقىنى تېخىمۇ قوزغىدى. 1990- يىلىغا كەلگەندە، ۋىلايەت بويىچە چارۋىچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 26 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1978- يىلىدىكى 15 مىليون 590 مىڭ يۈەندىن 10 مىليون يۈەندىن ئارتۇق ئېشىپ، 65% كۆپەيدى.

**قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى تۈرلۈك چارۋىلارنىڭ 1949 ~ 1990- يىلىدىكى قوتاندا ساقلانغان سانى**

جەدۋەل: 7 – 8

بىرلىكى: تۈمەن تۇياق

| يىل | جەمئىي | ئات | كالا | ئېشەك | قېچىر | تۆگە | قوي | ئۆچكە | چوشقا |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1949 | 36.23 | 2.86 | 3 | 0.65 | 0.05 | 1 | 20.13 | 8.28 | 0.36 |
| 1950 | 33.44 | 2.51 | 2.76 | 0.66 | 0.05 | 1 | 17.68 | 8.54 | 0.24 |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1955 | 48.64 | 2.34 | 3.55 | 1.20 | 0.07 | 0.95 | 25.21 | 14.85 | 0.38 |
| 1960 | 63.23 | 2.52 | 3.58 | 0.71 | 0.03 | 0.91 | 33.60 | 21.28 | 0.60 |
| 1965 | 95.01 | 2.13 | 4.35 | 1.37 | 0.03 | 1.0 | 48.91 | 34.96 | 1.26 |
| 1970 | 88.77 | 3.42 | 3.60 | 2.30 | 0.06 | 1.06 | 50.36 | 25.44 | 1.53 |
| 1975 | 88.47 | 3.60 | 3.86 | 3.01 | 0.12 | 1.36 | 52.80 | 21.86 | 1.86 |
| 1980 | 109.83 | 3.38 | 4.98 | 3.61 | 0.13 | 1.71 | 68.66 | 23.93 | 3.40 |
| 1985 | 94.88 | 3.43 | 5.07 | 3.06 | 0.16 | 1.81 | 57.51 | 22.44 | 1.40 |
| 1990 | 104.90 | 3.17 | 5.41 | 3.21 | 0.16 | 1.71 | 56.88 | 30.57 | 3.45 |

## §2. چارۋامال، ئۆي قۇشلىرى قۇرۇلمىسى

**1. چوڭ، ئۇششاق چارۋا قۇرۇلمىسى**

1949- يىلىنىڭ ئاخىرى ۋىلايەت بويىچە قوتاندا ساقلانغان ئومۇمىي چارۋا 362 مىڭ 300 تۇياق، بۇنىڭ ئىچىدە ئات، كالا، ئېشەك، قېچىر، تۆگە قاتارلىق چوڭ چارۋىنىڭ ئومۇمىي سانى 75 مىڭ 600 تۇياق بولۇپ، چارۋا ئومۇمىي سانىنىڭ 20.87%نى ئىگىلىدى؛ قوي، ئۆچكە، چوشقا قاتارلىق ئۇششاق چارۋىنىڭ سانى 286 مىڭ 700 تۇياق بولۇپ، چارۋا ئومۇمىي سانىنىڭ 79.13%نى ئىگىلىدى. 1- بەش يىللىق پىلان ئورۇنلانغان 1957- يىلىنىڭ ئاخىرى، ۋىلايەت بويىچە ئومۇمىي چارۋا سانى 595 مىڭ 100 تۇياققا كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ چارۋا 85 مىڭ 400 تۇياق بولۇپ، چارۋا ئومۇمىي سانىنىڭ 14.35% نى ئىگىلىدى؛ ئۇششاق چارۋا 509 مىڭ 700 تۇياققا يېتىپ، چارۋا ئومۇمىي سانىنىڭ 85.65% نى ئىگىلىدى. 1965- يىلى، قوتاندا ساقلانغان چارۋىلارنىڭ ئومۇمىي سانى 950 مىڭ 100 تۇياققا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ چارۋا 88 مىڭ 800 تۇياق بولۇپ، قوتاندا ساقلانغان ئومۇمىي چارۋىنىڭ 9.35% نى ئىگىلىدى؛ ئۇششاق چارۋا 861 مىڭ 300 تۇياق بولۇپ، قوتاندا ساقلانغان ئومۇمىي چارۋىنىڭ 90.65% نى ئىگىلىدى. 1977- يىلىنىڭ ئاخىرى، قوتاندا ساقلانغان ئومۇمىي چارۋا سانى 955 مىڭ 800 تۇياق، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ چارۋا 123 مىڭ 500 تۇياق بولۇپ، چارۋا ئومۇمىي سانىنىڭ 12.9% نى ئىگىلىدى؛ ئۇششاق چارۋا 832 مىڭ 300 تۇياق بولۇپ، چارۋا ئومۇمىي سانىنىڭ 87.1%نى ئىگىلىدى؛ 10 يىل ئىچىدە چوڭ چارۋا 45 مىڭ 700 تۇياق كۆپەيدى، ئۇششاق چارۋا 29 مىڭ تۇياق كېمەيدى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرى، ۋىلايەت بويىچە چارۋا ئومۇمىي سانى 1 مىليون 49 مىڭ تۇياققا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ چارۋا سانى 121 مىڭ 600 تۇياقتا مۇقىملىشىپ، ئومۇمىي چارۋا

سانىنىڭ 11.6% ىنى ئىگىلىدى؛ ئۆشتاق چارۋا 927 مىڭ 400 تۇياققا كۆپىيىپ، چارۋا ئومۇمىي سانىنىڭ 88.4% ىنى ئىگىلىدى.

كونكرېت چارۋا تۈرى بويىچە ئايرىغاندا، 1949 ~ 1990- يىلىغىچە بولغان 41 يىلدا، يىلقا 28 مىڭ 600 تۇياقتىن 31 مىڭ 700 تۇياققا كۆپىيىپ، 10.8% ئاشتى؛ كالا 30 مىڭ تۇياقتىن 54 مىڭ 100 تۇياققا كۆپىيىپ، 80.3% ئاشتى؛ ئېشەك 6500 دىن 32 مىڭ 100 گە كۆپىيىپ، 3.9 ھەسسە ئاشتى؛ تۆگە 10 مىڭدىن 17 مىڭ 100 گە كۆپىيىپ، 71% ئاشتى؛ قوي 201 مىڭ 300 تۇياقتىن 568 مىڭ 800 تۇياققا كۆپىيىپ، 1.82 ھەسسە ئاشتى؛ ئۆچكە 82 مىڭ 800 تۇياقتىن 305 مىڭ 700 تۇياققا كۆپىيىپ، 2.69 ھەسسە ئاشتى؛ چوشقا 3600 تۇياقتىن 34 مىڭ 500 تۇياققا كۆپىيىپ، 8.58 ھەسسە ئاشتى.

2. نەسىل قۇرۇلمىسى

1) قوي 1949- يىلىدىكى 201 مىڭ 300 تۇياقتىن 1990- يىلى 568 مىڭ 800 تۇياققا يەتتى. 1955- يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويى (رامبۇل قوي) كىرگۈزۈلۈپ، يەرلىك قازاق قويىنىڭ نەسلى ياخشىلاندى. 1960- يىلى، نەسلى ياخشىلانغان ئىنچىكە يۇڭلۇق قوينىڭ سانى 51 مىڭ تۇياققا يېتىپ، قوي ئومۇمىي سانىنىڭ 15.1% ىنى ئىگىلىدى. 1990- يىلى نەسلى ياخشىلانغان قوي 220 مىڭ تۇياققا يېتىپ، قوي ئومۇمىي سانىنىڭ 38.67% ىنى ئىگىلىدى؛ قالغان 61.23% ىنى قازاق قويى قاتارلىقلار ئىگىلىدى.

2) ئۆچكە 1949- يىلىدىكى 82 مىڭ 800 تۇياقتىن 1990- يىلى 305 مىڭ 700 تۇياققا يەتتى. يەرلىك ئۆچكە نەسلى ئاساس قىلىندى. 1970 ~ 1985- يىلىغىچە، لياۋنىڭ تۈلكىسى گەيشيەن تىۋىتلىك ئۆچكىسى ئاز ساندا كىرگۈزۈلۈپ، نەسىل ياخشىلاش ئېلىپ بېرىلدى. 1990- يىلىغا كەلگەندە، نەسلى ياخشىلانغان مېتىس ئۆچكە 8000 تۇياققا يېتىپ، ئۆچكە ئومۇمىي سانىنىڭ 2.6% ىنى ئىگىلىدى. 1964- يىلى كىرگۈزۈلگەن ئاز ساندىكى سۈت ئۆچكىسىنىڭ 400 تۇيىقى ساقلىنىپ قالدى.

3) كالا 1949- يىلىدىكى 30 مىڭ تۇياقتىن 1990- يىلى 54 مىڭ 100 تۇياققا يەتتى. يەرلىك كالا ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، ئاز ساندا قارا ئالا سۈت كالىسى كىرگۈزۈلۈپ، نەسىل ياخشىلاش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى. 1990- يىلىغا كەلگەندە، ۋىلايەت بويىچە قارا ئالا كالىنىڭ سانى 516 غا يەتتى. ئۇنىڭدىن قالسا شىنجاڭ قوڭۇر كالىسى بولۇپ، 1990- يىلىغا كەلگەندە، شىنجاڭ قوڭۇر كالىسى ۋە نەسلى ياخشىلانغان كالىنىڭ سانى 1196 غا يەتتى. كالا نەسلى ئىچىدە ئاز ساندا قوتاز ۋە غاينۇق قاتارلىقلار بار. 1990- يىلى نەسلى ياخشىلانغان كالىنىڭ ئومۇمىي سانى 4001 گە يېتىپ، ئومۇمىي كالا سانىنىڭ 7.4% ىنى ئىگىلىدى.

4) ئات 1949- يىلىدىكى 28 مىڭ 600 دىن 1990- يىلى 31 مىڭ 700 گە يەتتى. باركۆل ئېتى ۋە ئاراتۇرۇك ئېتى ئاساس قىلىندى، ئاساسلىقى باركۆل بىلەن ئاراتۇرۇككە تارقالدى.

5) تۆگە 1949- يىلىدىكى 10 مىڭدىن 1990- يىلى 17 مىڭ 100 گە يەتتى. نەسىل جەھەتتە شىمالىي شىنجاڭنىڭ قوش لوكىلىق تۆگىسى ئاساس قىلىندى، 1980- يىلىدىن كېيىن، ئاز ساندا گەنسۇ تۆگىسى كىرگۈزۈلدى.

6) چوشقا 1949- يىلىدىكى 3600 تۇياقتىن 1990- يىلى 34 مىڭ 500 تۇياققا يەتتى. 1983- يىلى سوۋېت ئاق چوشقىسىدىن 40 تۇياق، شەرقىي شىمال ئۇزۇن ئاق چوشقىسىدىن 40 تۇياق كىرگۈزۈلۈپ، نەسىل ياخشىلاش ئېلىپ بېرىلدى. 1988- يىلى يەنە دۇروك، خامپشىر، دانىيە ئاق چوشقىسى، سەنجياڭ ئاق چوشقىسى، چوڭ يوكشا

قاتارلىق قارا كۆشلۈك چوشقىدىن 215 ى كىرگۈزۈلۈپ، نەسىل ياخشىلاندى. 1990- يىلغا كەلگەندە، تۆرلۈك نەسلى ياخشىلانغان چوشقىنىڭ ئومۇمىي سانى 15 مىڭ تۇياققا يېتىپ، چوشقا ئومۇمىي سانىنىڭ 43.4% نى ئىگىلىدى.

7) ئۆي قۇشلىرى ۋىلايەت بويىچە 200 مىڭدىن ئارتۇق توخۇ بولۇپ، ئەلا نەسىللىكى 80% تىن ئاشىدۇ.

3. ئانا مال نىسبىتى

ئىلگىرى قۇمۇل ۋىلايىتىدە، ئانا ماللارنىڭ نىسبىتى قوتاندا ساقلانغان ئومۇمىي چارۋىنىڭ 40% ~ 50% نى ئىگىلەيتتى. 1960- يىلى 51.87% كە يەتتى، باشقا يىللاردا 40% ئەتراپىدا بولۇپ كەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1983 ~ 1989- يىللىرىچە ئوتتۇرىچە نىسبىتى 44.5% بولدى، 1990- يىلى 42.1% بولدى. ئانا مال نىسبىتى تۆۋەن بولغاچقا، چارۋا ئومۇمىي سانىنىڭ ئېشىشىغا ۋە قوتاندىن چىقىرىلىش نىسبىتىگە تەسىر يەتتى. 1960- يىلى چارۋىنىڭ ئومۇمىي كۆپىيىش نىسبىتى 5%، قوتاندىن چىقىرىلىش نىسبىتى 10.1% بولدى؛ 1976- يىلى ئومۇمىي كۆپىيىش نىسبىتى 21%، قوتاندىن چىقىرىلىش نىسبىتى 21.40% بولدى؛ 1980 ~ 1990- يىللىرىچە بولغان 11 يىلدا يىللىق قوتاندىن چىقىرىلىش نىسبىتى باشتىن- ئاخىر 26% ئەتراپىدا بولدى. 1985- يىلىدىكى زور تەبىئىي ئاپەت سەۋەبىدىن 100 مىڭ تۇياق چارۋا بىر تەرەپ قىلىنغاچقا، قوتاندىن چىقىرىلىش نىسبىتى 36.4% كە يەتتى.

**قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ بىر قىسىم يىللاردىكى ئانا مال سانى ۋە نەسىل ياخشىلاش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 7 – 9

| يىللار | يىل ئاخىرىدىكى قوتاندا ساقلانغان ئومۇمىي چارۋا (تۈمەن تۇياق) | ئانا چارۋا | | نەسلى ياخشىلانغان چارۋا سانى | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | نەسلى ياخشىلانغان قوي | | نەسلى ياخشىلانغان كالا | |
| | | تۇياق سانى (تۈمەن تۇياق) | ئومۇمىي چارۋا سانىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى % | تۈمەن تۇياق | قوي ئومۇمىي سانىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى % | تۈمەن تۇياق | كالا ئومۇمىي سانىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى % |
| 1960 | 63.23 | 32.8 | 51.87 | 5.10 | 15.10 | | |
| 1965 | 95.01 | 41.38 | 43.55 | 10.05 | 20.54 | 0.02 | 0.4 |
| 1976 | 91.59 | 40.67 | 44.40 | 20.28 | 37.19 | 0.02 | 0.5 |
| 1980 | 109.83 | 43.54 | 39.64 | 31.76 | 46.25 | 0.03 | 0.6 |
| 1985 | 94.88 | 44.77 | 47.18 | 22.83 | 39.70 | 0.04 | 0.7 |
| 1990 | 104.90 | 47.17 | 42.10 | 22.00 | 38.67 | 0.15 | 2.77 |

### قومۇل ۋىلايىتىنىڭ 1960 ~ 1990- يىلىغىچە بولغان چارۋىلارنىڭ كۆپىيىپ ئەي بولۇشى، بېشىغا تۇرغان چارۋا، تۆللەرنىڭ چىقىم ئەھۋالى ۋە ئومۇمىي كۆپىيىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 7 – 10

| يىل | يىل بېشىدىكى قوتاندا ساقلانغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | كۆپىيىپ ئەي بولۇشى: تۈمەن تۇياق (باش) | كۆپىيىپ ئەي بولۇشى: كۆپىيىپ ئەي بولۇش نىسبىتى % | بېشىغا تۇرغان چارۋا ۋە تۆللەرنىڭ ئۆلگىنى: تۈمەن تۇياق (باش) | بېشىغا تۇرغان چارۋا ۋە تۆللەرنىڭ ئۆلگىنى: ئۆلۈش نىسبىتى % | ئومۇمىي كۆپەيگەن چارۋا: تۈمەن | ئومۇمىي كۆپەيگەن چارۋا: ئومۇمىي كۆپىيىش نىسبىتى % |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1960 | 64.04 | 15.55 | 47.4 | 2-72 | 4.24 | 5.63 | 8-8 |
| 1965 | 85.44 | 33.84 | 81.77 | 6.55 | 7.7 | 17.72 | 20.73 |
| 1970 | 87.17 | 27.33 | 68.17 | 8 | 9.2 | 17.73 | 20.33 |
| 1975 | 93.98 | 20.58 | 54-51 | 11-31 | 12.7 | 14.42 | 15.34 |
| 1980 | 103.99 | 36.28 | 84-54 | 6.91 | 6.64 | 23.74 | 22.83 |
| 1985 | 105 | 33-36 | 74-51 | 3.53 | 3.36 | 38.42 | 36.56 |
| 1990 | 102.40 | 32.95 | 69.85 | 6.20 | 6.05 | 27.15 | 26.51 |

# VIII باب

# چارۋىچىلىق رايونلىرى ۋە دېھقانچىلىق رايونلىرى چارۋىچىلىقى

## §1. چارۋىچىلىق رايونلىرى چارۋىچىلىقى

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ چارۋىچىلىقى تارىختىن بۇيان ئوتلاق چارۋىچىلىقىنى ئاساس قىلىپ كەلدى. 1949- يىلى ۋىلايەت بويىچە 362 مىڭ 300 تۇياق چارۋىنىڭ 95%ى تاغلىق رايونلاردا بېقىلدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت تاغلىق رايونلار چارۋىچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا دائىر بىر قاتار قائىدە، سىياسەتلەرنى قوللىنىپ، ئوتلاق چارۋىچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇردى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرى ئوتلاقتا بېقىلغان چارۋا 614 مىڭ 700 تۇياققا يېتىپ، ۋىلايەت ئومۇمىي چارۋا سانىنىڭ 60.02% ىنى ئىگىلىدى؛ ۋىلايەت بويىچە چارۋىچىلىق رايونلىرىدا كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 15.17 تۇياقتىن چارۋا توغرا كەلدى.

**قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1990- يىلىدىكى چارۋىچىلىق رايونلىرى چارۋىچىلىقىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

جەدۋەل: 7 – 11

| ئورۇنلار | مەزمۇنى | نوپۇسى (ئادەم) | چارۋا سانى (تۈمەن) | كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن چارۋا سانى (تۇياق) | ئوتلاق كۆلىمى (تۈمەن مو) | چارۋا بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتلاق كۆلىمى (مو) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| قۇمۇل شەھىرى | جەمئىي | 16180 | 21.151 | 13.06 | 1245.8 | 58.9 |
| | ئەرىستاغ يېزىسى | 8145 | 3.774 | 12 | 283 | 74.98 |
| | دەۋلەندۇرۇك يېزىسى | 2093 | 3.265 | 15.6 | | |
| | قوبلۇق يېزىسى | 915 | 1.610 | 17.6 | 128 | 79.5 |
| | ئەگرىتاغ يېزىسى | 7600 | 7.752 | 10.2 | 237.305 | |
| | شوپۇل يېزىسى | 1998 | 40.30 | 20.2 | 588 | 123.9 |
| | تۆلاتاي يېزىسى | 438 | 0.714 | 16.3 | | 123.9 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | ماجۇاگىسەن يېزىسى | | | | 9.8 | |
| ئاراتۈرۈك ناھىيىسى | جەمئىي | 6655 | 10.30 | 13.06 | 431.6 | 41.8 |
| | نېرىنكىر يېزىسى | 3012 | 5.2 | 17.2 | 176.2 | 33.8 |
| | تۇركۆل يېزىسى | 3643 | 5.1 | 13.9 | 255.4 | 50 |
| باركۆل ناھىيىسى | جەمئىي | 17675 | 30.025 | 16.9 | 1629 | 54.2 |
| | سارچوقا يېزىسى | 3456 | 4.7 | 13.6 | 1020 | 51 |
| | شالوبا (كۆنگەيسۇ) يېزىسى | 4128 | 8.008 | 19.4 | 1020 | 51 |
| | كۆلباغا يېزىسى | 5268 | 8.270 | 15.7 | 1020 | 51 |
| | چوڭ قۇلۇنچەرى يېزىسى | 3433 | 5.904 | 17.2 | 439 | 74.3 |
| | باجاگزا يېزىسى | 1390 | 3.141 | 22.6 | 170 | 54 |
| ۋىلايەت بويىچە چارۋىچىلىق رايونلىرىدا جەمئىي | | 40159 | 61.47 | 15.17 | 3306.4 | 53.78 |

## §2. دېھقانچىلىق رايونلىرى ۋە شەھەر ئەتراپى چارۋىچىلىقى

قۇمۇلنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرى چارۋىچىلىقى بىلەن شەھەر ئەتراپى چارۋىچىلىقى ۋىلايەتنىڭ دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق ئىقتىسادىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، چارۋا، ئۆي قۇشلىرى مۇئەييەن سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئىلگىرىكى دېھقانچىلىق رايونلىرى چارۋىچىلىقى بىلەن شەھەر ئەتراپى چارۋىچىلىقىنىڭ ئاساسىي مەقستى ئىش ئۆلىغى ۋە گۆش، تۇخۇم، سۈت بىلەن ئۆزىنى قامداش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش بولغانلىقتىن، كۆلەم ھاسىل قىلالماي، ئائىلىلەردە پارچە-پۇرات ئىشلەپچىقىرىش ئاساس قىلىنغاچقا، تاۋارلىشالمىغان ئىدى. 1980-يىللارغا كەلگەندە قۇمۇل ۋىلايىتى «ئوتلاق چارۋىچىلىقى، دېھقانچىلىق رايونلىرى چارۋىچىلىقى ۋە شەھەر ئەتراپى چارۋىچىلىقىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇش» فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، دېھقانچىلىق رايونلىرى چارۋىچىلىقى بىلەن شەھەر ئەتراپى چارۋىچىلىقى تەدرىجىي تەرەققىي قىلدى.

1987-يىلدىكى دېھقانچىلىق رايونلىرى چارۋىچىلىقىنى تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، ۋىلايەتتىكى 17 دېھقانچىلىق يېزىسىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى تۇرلۇك چارۋىسى 315 مىڭ 200 تۇياققا يېتىپ، ۋىلايەت ئومۇمىي چارۋا

سانىنىڭ 32.47% ىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە يىلقا 9209 بولۇپ، ۋىلايەتتىكى ئومۇمىي يىلقا سانىنىڭ 27.8% ىنى ئىگىلىدى؛ كالا 20 مىڭ بولۇپ، ۋىلايەتتىكى ئومۇمىي كالا سانىنىڭ 38.2% ىنى ئىگىلىدى؛ تۆگە 2706 بولۇپ، ۋىلايەتتىكى تۆگە سانىنىڭ 15.6% ىنى ئىگىلىدى؛ ئېشەك 22 مىڭ 600 بولۇپ، ۋىلايەتتىكى ئومۇمىي ئېشەك سانىنىڭ 75.5% ىنى ئىگىلىدى؛ قېچىر 1503 بولۇپ، ۋىلايەتتىكى ئومۇمىي قېچىر سانىنىڭ 93.9% ىنى ئىگىلىدى؛ قوي 183 مىڭ 100 تۇياق بولۇپ، ۋىلايەتتىكى ئومۇمىي قوي سانىنىڭ 31.1% ىنى ئىگىلىدى؛ ئۆچكە 51 مىڭ 400 تۇياق بولۇپ ۋىلايەتتىكى ئومۇمىي ئۆچكە سانىنىڭ 20.6% ىنى ئىگىلىدى؛ چوشقا 24 مىڭ 500 بولۇپ، ۋىلايەتتىكى ئومۇمىي چوشقا سانىنىڭ 93.5% ىنى ئىگىلىدى؛ توخۇ 133 مىڭ 700 بولۇپ، ۋىلايەتتىكى ئومۇمىي توخۇ سانىنىڭ 77.4% ىنى ئىگىلىدى. چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليون 334 مىڭ يۈەن بولۇپ، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 12.6% ىنى ئىگىلىدى، كىشى بېشىغا 69.3 يۈەندىن توغرا كەلدى.

1987- يىلى دېھقانچىلىق رايونلىرىدا 3150 مۇئەييەن كۆلەمگە ئىگە باقمىچىلىق كەسپىي ئائىلىسى بارلىققا كەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە سۈت كالىسى كەسپىي ئائىلىسى 150 (1200 دىن ئارتۇق سۈت كالىسى بار)، توخۇچىلىق كەسپىي ئائىلىسى 1500 (بېقىلىش ئوبوروت مىقدارى 200 مىڭ).

1990- يىلى ۋىلايەت بويىچە 17 دېھقانچىلىق بېزىسى (دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) نىڭ يىل ئاخىرىدىكى قوتاندا ساقلانغان چارۋىسى 372 مىڭ 100 تۇياق بولۇپ، ۋىلايەت ئومۇمىي چارۋا سانىنىڭ 35.5% ىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ چارۋا 67 مىڭ 300 تۇياق، قوي 251 مىڭ 400 تۇياق، چوشقا 33 مىڭ 400 تۇياق.

ۋىلايەت، ناھىيىلەر (شەھەر) دىكى ھەر دەرىجىلىك چارۋىچىلىق تارماقلىرى مەبلەغ، تېخنىكا ۋە نەسىللىك چارۋا، نەسىللىك ئۆي قۇشلىرى بىلەن تەمىنلەش جەھەتلەردە بېزىلاردىكى باقمىچىلىق ئائىلىلىرىگە مەدەت بەردى، چارۋىچىلىق باشقارمىسى ۋە مال دوختۇرلۇق پونكىتىدىن ئىككى كىشىنى ئاجرىتىپ، ئۇلارنى كەسپىي ئائىلىلەرنىڭ تېخنىكا مەسلىھەتچىلىكى ۋە كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلدى. 1984- يىلى 4600 يۈەن پۇل ئاجرىتىپ، سۈت كالىسى باقمىچىلىق ئائىلىلىرى ۋە توخۇچىلىق كەسپىي ئائىلىلىرىنى يۆلىدى. 1983 ~ 1990- يىلىغىچە، ۋىلايەت، ناھىيىلەر (شەھەر) باشقا جايلاردىن 50 شىنجاڭ قوڭۇر كالىسى، 45 قارا ئالا كالا، 150 ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي، 80 سۈت ئۆچكىسى، 130 نەسىللىك چوشقا، 15 مىڭ نەسىللىك توخۇ كىرگۈزۈپ، ھەقسىز ياكى پۇلنى مۇددەتكە بۆلۈپ قايتۇرۇش شەكلى ئارقىلىق باقمىچىلىق ئائىلىلىرىگە تارقىتىپ بەردى.

1983- يىلى ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق باشقارمىسى سىرتتىن 66 تۇياق نەسىللىك چوشقا كىرگۈزۈپ ۋە 30 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، قۇمۇل شەھىرىنىڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش كەنتىدە نەسىللىك چوشقا فېرمىسى قۇردى.

1984- يىلى ۋىلايەت بويىچە توخۇ باقمىچىلىق ئائىلىسى 640 قا يېتىپ، 35 مىڭدىن ئارتۇق توخۇ بېقىلدى؛ سۈت كالىسى، سۈت ئۆچكىسى كەسپىي ئائىلىسى 40 تىن ئېشىپ، 20 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق سۈت كالىسى، سۈت ئۆچكىسى بېقىلدى؛ چوشقىچىلىق ئائىلىسى 65 كە يېتىپ، 3000 دىن ئارتۇق چوشقا بېقىلدى. 1990- يىلى ئۆي قۇشلىرى باقمىچىلىق كەسپىي ئائىلىسى 120 گە يېتىپ 300 مىڭدىن ئارتۇق ئۆي قۇشى بېقىلدى.

دېھقانچىلىق رايونلىرى چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، باركۆل، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىرى ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىش ئاساستا، بېزىلارنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشىدى. باركۆل ناھىيىسى «دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنى تەڭ تۇتۇش، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىقنى بىرلەشتۈرۈش، كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش، ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇش» فاڭجېنىنى «چارۋىچىلىقنى گەۋدىلەندۈرۈش، ئاشلىقنى چىڭ تۇتۇش، سانائەتنى كۈچەيتىش، ئومۇميۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇش» فاڭجېنىغا ئۆزگەرتتى. ناھىيىنىڭ بايلىق شارائىتىغا ئاساسەن، چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشنى يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئالدىنقى ئورنىغا قويدى. كۆيسۇ يېزىسى بۇغدايىنى ئاساس قىلغان

دېھقانچىلىق يېزىسىدىن ئوت- چۆپ تېرىشنى ئاساس قىلغان چارۋىچىلىق يېزىسىغا ئۆزگەرتىلدى. بۇ يېزىنىڭ 160 مىڭ مو تېرىلغۇ يېرى بولۇپ، تاغ باغرىدىكى 60 مىڭ مو يېرى چارۋىچىلىققا قايتۇرۇلۇپ، 40 مىڭ مو ئاشلىق يېرى، 10 مىڭ مو ئىقتىسادىي زىرائەت يېرىدىن باشقا ھەممە يېرىگە ئوت- چۆپ، يەم- خەشەك تېرىلدى؛ ئۇلار 1986- يىلىدىن باشلاپ ئۈچ يىلدا 30 مىڭ مو بېدە تېرىدى. 1987- يىلى، قوتاندا ساقلانغان تۇرلۇك چارۋىسى 61 مىڭ 800 تۇياققا يېتىپ، 1981- يىلىدىكىدىن 11.78% ئېشىپ، كىشى بېشىغا 4.17 تۇياقتىن چارۋا توغرا كەلدى؛ چارۋىچىلىق كىرىمى يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 23.45% نى ئىگىلەپ، 1981- يىلىدىكىدىن 9.35% ئاشتى. 1987- يىلى باركۆل ناھىيىسى 85 مىڭ مو تېرىلغۇ يېرىنى بوشىتىپ، ئوت- چۆپ تېرىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 30 مىڭ مو يەرنىڭ يېپىنچا ئۆسۈملۈكى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 31 مىڭ 600 مو يەرگە سۇنئىي ئۆسۈلدا ئوت- چۆپ تېرىدى. يەنە 170 مىڭ مو چاپىملىققا قارىتا باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، 11 مىليون 600 مىڭ كىلوگرام ئوت- چۆپ يىغىۋېلىندى، ئوت- چۆپلەرنىڭ 70% ى دېھقانچىلىق رايونلىرى چارۋىچىلىقى ئۈچۈن ئىشلىتىلدى.

1985- يىلىدىن بۇيان، قۇمۇل ۋىلايىتى دېھقانچىلىق رايونلىرى چارۋىچىلىقىغا 170 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 12 يېزىلىق مال دوختۇرلۇق پونكىتى، ئۈچ ئۇرۇقلاندۇرۇش پونكىتى قۇردى. 1985 ~ 1987- يىلىغىچە ئاراتۇرۇك ناھىيىسى دېھقانچىلىق رايونلىرىغا 96 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئىككى مال دوختۇرلۇق پونكىتى، 15 لاپاس قوتان، ئىككى ۋانىنا سالدى، ئىككى يامغۇر سۈيىنى يىغىش كۆلچىكى كولىدى، دېھقانچىلىق رايونلىرىنى يەنە ئۈچ نەسىللىك قوڭۇر كالا، 17 تۇياق شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قوچقىرى، 25 تۇياق لياۋنىڭ تىۋىتلىك ئۆچكىسى بىلەن تەمىنلىدى. 1989- يىلىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايون ھەر يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرى چارۋىچىلىقىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ياردەم ئۆسۈملۈك قەرز پۇل بېرىپ، دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ چارۋىچىلىقىنى قوللىدى، 1990- يىلىغىچە جەمئىي 750 مىڭ يۈەن تارقىتىپ بەردى.

ۋىلايەت بويىچە دېھقانچىلىق يېزىلىرىغا مال دوختۇرلۇق خادىملىرى سەپلەندى. 1980- يىلى ۋىلايەت ھەر قايسى دېھقانچىلىق يېزىلىرىدىكى 61 مال دوختۇرىنى رەسمىيلەشتۈردى. 1988- يىلى شەرتى توشقان مال دوختۇرلىرىغا مۇناسىپ كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى بېرىلدى.

# IX باب

# چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرى

## §1. چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى

1980- يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا ۋىلايەتنىڭ 1949- يىلىدىكى چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 536 مىڭ يۈەن ئىدى، 1957- يىلى 3 مىليون 118 مىڭ يۈەنگە يەتتى، سەككىز يىلدا بىر ھەسسە ئېشىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 9.2% ئاشتى. 1965- يىلىغا كەلگەندە، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليون 274 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇ سەككىز يىلدا يەنە بىر ھەسسە ئېشىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 9.1% دىن

ئېشىپ باردى، 1977- يىلىغا كەلگەندە، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 14 مىليون 238 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1965- يىلدىكىدىن %126.9 ئاشتى، 12 يىلدا يىلىغا %7.03 دىن ئېشىپ باردى. 1985- يىلىغا كەلگەندە، 23 مىليون 489 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1977- يىلىغا سېلىشتۇرغاندا %58 ئاشتى، يىلىغا %3.8 دىن ئېشىپ باردى. 1990- يىلى 26 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1985- يىلدىكىدىن %14.6 ئېشىپ، يىلىغا %2.78 دىن ئېشىپ باردى. چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتىگە قارىغاندا، 1949- يىلى ۋىلايەتنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليون 820 مىڭ يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 536 مىڭ يۈەن، بۇ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %31.9 نى ئىگىلىدى. كېيىنكى يىللاردا تۆۋەنلەشكە قاراپ يۈزلىنىپ، 1958- يىلىغا كەلگەندە، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى %21.13 كە چۈشۈپ قالدى. 1962- يىلدىن باشلاپ ئۆرلەپ، %30.59 كە يەتتى. 1975- يىلى %31.22 كە، 1977-، 1978- يىللىرى چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى تېز ئۆرلەپ، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى %42.11 ۋە %41.44 كە يېتىپ، تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. 1978- يىلدىن كېيىن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئېشىشى تېز بولۇپ، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى نىسپىي ھالدا تۆۋەنلىدى. 1990- يىلى چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 26 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 82 مىليون 180 مىڭ يۈەننىڭ %32.23 نى ئىگىلىدى.

**قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1949 ~ 1990- يىللىقىچە بولغان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئەھۋالى**

جەدۋەل: 7 – 12

| يىل | دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | بۇنىڭ ئىچىدە | |
|---|---|---|---|
| | | چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | چارۋىچىلىقنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى % |
| 1949 | 482 | 153.6 | 31.87 |
| 1950 | 459 | 119.5 | 26.03 |
| 1951 | 503 | 113.6 | 22.58 |
| 1952 | 714 | 144 | 20.17 |
| 1953 | 849 | 172.3 | 20.29 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 19.75 | 202.3 | 1025 | 1954 |
| 24.38 | 255.5 | 1048 | 1955 |
| 24.26 | 275.1 | 1134 | 1956 |
| 26.13 | 311.8 | 1193 | 1957 |
| 21.13 | 308.5 | 1460 | 1958 |
| 22.88 | 410.0 | 1792 | 1959 |
| 26.68 | 416.1 | 1559 | 1960 |
| 26.54 | 436.9 | 1646 | 1961 |
| 30.59 | 480.6 | 1571 | 1962 |
| 29.33 | 533.5 | 1819 | 1963 |
| 27.14 | 560.2 | 2064 | 1964 |
| 28.54 | 627.4 | 2198 | 1965 |
| 28.19 | 645.1 | 2288 | 1966 |
| 29.40 | 632.2 | 2150 | 1967 |
| 29.81 | 600.6 | 2015 | 1968 |
| 27.08 | 570.6 | 2107 | 1969 |
| 26.52 | 581.5 | 2194 | 1970 |
| 23.26 | 593.6 | 2551 | 1971 |
| 29.43 | 629.0 | 2137 | 1972 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 1973 | 2180 | 662.1 | 30.37 |
| 1974 | 2306 | 710.7 | 30.82 |
| 1975 | 2442 | 762.4 | 31.22 |
| 1976 | 2852 | 1003.3 | 35.18 |
| 1977 | 3381 | 1423.8 | 42.11 |
| 1978 | 4088 | 1452 | 35.51 |
| 1979 | 4346 | 1465 | 33.70 |
| 1980 | 4308 | 1495 | 34.70 |
| 1981 | 4844 | 1757 | 36.27 |
| 1982 | 5679 | 1877.91 | 33.10 |
| 1983 | 6228 | 1863.58 | 29.92 |
| 1984 | 6802 | 2027.02 | 29.80 |
| 1985 | 6488 | 2348.94 | 34.65 |
| 1986 | 6792 | 2058.38 | 30.30 |
| 1987 | 7642 | 2354.7 | 30.81 |
| 1988 | 8032 | 2381.8 | 29.65 |
| 1989 | 7010 | 2493.8 | 35.57 |
| 1990 | 8218 | 2649 | 32.23 |

ئىزاھ: 1949 ~ 1957- يىلىغىچە 1949- يىلىدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى؛ 1958 ~ 1970- يىلىغىچە 1957- يىلىدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى؛ 1971 ~ 1980- يىلىغىچە 1970- يىلىدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى؛ 1981 ~ 1990- يىلىغىچە 1980- يىلىدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى.

## §2. قوتاندىن چىقىرىلىش نىسبىتى ۋە تاۋار نىسبىتى

ۋىلايەت چارۋىلىرىنىڭ قوتاندىن چىقىرىلىش نىسبىتى بىلەن تاۋار نىسبىتى 1960- يىلىدىن بۇيان تۆرلەشكە قاراپ يۈزلەندى. چارۋىلارنىڭ قوتاندىن چىقىرىلىش سانى 1960- يىلىدىكى 64 مىڭ 400 تۇياقتىن 1990- يىلى 290 مىڭ تۇياققا كۆپەيدى؛ چارۋىلارنىڭ قوتاندىن چىقىرىلىش نىسبىتى 1960- يىلىدىكى 10.1% تىن 1990- يىلى 28.3% كە يەتتى؛ تاۋار نىسبىتى 1960 – يىلىدىكى 8.34% تىن 1990- يىلى 15.6% كە يەتتى.

**قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى چارۋىلارنىڭ بىر قىسىم يىللاردىكى قوتاندىن چىقىرىلىش نىسبىتى ۋە تاۋار نىسبىتى**

جەدۋەل: 7 – 13

| يىل | يىل بېشىدىكى قوتاندا ساقلانغان چارۋا سانى (تۈمەن تۇياق) | قوتاندىن چىقىرىلىشى | | تاۋار ئەھۋالى | |
|---|---|---|---|---|---|
| | | تۇياق سانى (تۈمەن تۇياق) | قوتاندىن چىقىرىلىش نىسبىتى (%) | تۇياق سانى (تۈمەن تۇياق) | تاۋار نىسبىتى % |
| 1960 | 64.04 | 6.44 | 10.1 | 5.34 | 8.34 |
| 1965 | 85.44 | 28.27 | 33.10 | 17.51 | 20.5 |
| 1976 | 88.47 | 18.92 | 21.40 | 4.48 | 5.1 |
| 1980 | 103.99 | 24.56 | 23.62 | 13.58 | 13.1 |
| 1981 | 109.83 | 27.35 | 24.9 | 15.57 | 14.2 |
| 1982 | 113.94 | 26.93 | 23.6 | 16.32 | 14.3 |
| 1983 | 102.50 | 24.85 | 24.2 | 13.22 | 12.9 |
| 1984 | 103.87 | 26.61 | 25.6 | 14.33 | 13.8 |
| 1985 | 105.00 | 38.22 | 36.4 | 19.88 | 18.9 |
| 1986 | 94.88 | 21.23 | 22.4 | 11.00 | 11.6 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 1987 | 97.06 | 25.82 | 26.5 | 13.50 | 14.2 |
| 1988 | 100.57 | 20.80 | 20.7 | 14.20 | 14.1 |
| 1989 | 101.20 | 28.98 | 28.6 | 14.00 | 13.8 |
| 1990 | 102.40 | 29.00 | 28.3 | 16.00 | 15.6 |

## §3. گۆش ئومۇمىي مەھسۇلاتى

1979- يىلدىن ئىلگىرى قوي گۆشى بىلەن تەمىنلەش ئاساس قىلىنىپ، ئومۇمىي گۆش مىقدارىنىڭ 70% ~ 90% ىنى ئىگىلەيتتى. 1980- يىلدىن كېيىن كالا ۋە چوشقا گۆش مەھسۇلاتى يىلمۇ يىل ئېشىپ، قوي گۆشىنىڭ سالمىقى نىسبىي ھالدا تۆۋەنلىدى، مەسىلەن، 1980- يىلى قوي گۆشى مەھسۇلاتى گۆش يېمەكلىكلىرى ئومۇمىي مەھسۇلاتىنىڭ 78.2% ىنى ئىگىلەپ، 1960- يىلىغا سېلىشتۇرغاندا 22.9 پوئېنت تۆۋەنلىدى. 1990- يىلىغا كەلگەندە قوي گۆشى مەھسۇلاتى گۆش تۈرىدىكى مەھسۇلاتلارنىڭ 51% ىنى ئىگىلىدى، كالا گۆشى مەھسۇلاتى گۆش مەھسۇلاتلىرى ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 11.2% ىنى ئىگىلىدى، چوشقا گۆشى مەھسۇلاتى ئومۇمىي گۆش مەھسۇلاتىنىڭ 25.8% ىنى ئىگىلىدى، كالا، چوشقا گۆشى ئومۇمىي مەھسۇلاتى ۋىلايەت ئومۇمىي گۆش مەھسۇلاتىنىڭ 1/3 دىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە چوشقا گۆشى مەھسۇلاتى ئايرىم يىللاردا ئومۇمىي گۆش مەھسۇلاتىنىڭ 1/5 ىنى ئىگىلىدى.

**قومۇل ۋىلايىتىنىڭ 1978 ~ 1990- يىللىغىچە بولغان گۆش مەھسۇلاتى**

جەدۋەل: 7 – 14 — بىرلىكى: توننا

| تۈرى \ يىل | 1978 | 1979 | 1980 | 1981 | 1982 | 1983 | 1984 | 1985 | 1986 | 1987 | 1988 | 1989 | 1990 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 2922 | 3017.5 | 3918 | 4859 | 4526 | 4945 | 4965 | 6333 | 4630 | 5835 | 5846 | 6488 | 6038 |
| كالا | 164 | 182 | 225 | 485 | 587 | 753 | 720 | 723 | 565 | 756 | 801 | 739 | 679 |
| ئات | 200 | 112 | 137 | 287 | 247 | 339 | 130 | 115 | 319 | 196 | 328 | 253 | 292 |
| ئېشەك | 70 | 24 | 91 | 100 | 227 | 225 | 200 | 98 | 93 | 96 | 79 | 66 | 96 |

| | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قېچىر | | | | 16 | 21 | 20 | 20 | | | 10 | 8 | 5 | 4 |
| تۆگە | 80 | | 64 | 88 | 69 | 93 | 95 | 113 | 182 | 176 | 252 | 187 | 227 |
| گۆش چوشقىسى | 299 | 396 | 337 | 610 | 446 | 480 | 485 | 801 | 638 | 1425 | 1320 | 1393 | 1563 |
| ئۆچكە | 655 | 684.5 | 671 | 928 | 657 | 696 | 780 | 823 | 581 | 759 | 624 | 875 | 711 |
| قوي | 1454 | 1619 | 2393 | 2344 | 2272 | 2339 | 2535 | 3615 | 2252 | 2399 | 2410 | 2923 | 2419 |
| ئۆي قۇشلىرى | | | | | | | | 44 | | 17 | 24 | 17 | 47 |
| توشقان | | | | | | | | 1 | | | | | |

## §4. تىۋىت مەھسۇلاتى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ قوي يۇڭى، ئۆچكە تىۋىتى ۋە تۆگە يۇڭ مەھسۇلاتى چارۋىلارنىڭ سان- سۈپىتىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، خېلى زور دەرىجىدە ئاشتى.

### 1. قوي يۇڭى

1949- يىلى، ۋىلايەت بويىچە قوي يۇڭى ئومۇمىي مەھسۇلاتى 300 تونىنا ئەتراپىدا ئىدى. 1990- يىلىغا كەلگەندە، 1300 تونىنىغا يېتىپ، 1949- يىلدىكىگە قارىغاندا 3.3 ھەسسە ئاشتى. 1949- يىلى قوي يۇڭىنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 1.4 كىلوگرام ئىدى، 1990- يىلى 2.32 كىلوگرامغا يېتىپ، %65.7 ئاشتى. قوي يۇڭى مەھسۇلاتىنىڭ ئېشىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب، ئىنچىكە يۇڭلۇق قوينى ئاساس قىلغان قوي نەسلىنى ياخشىلاش خىزمىتىنىڭ يۈكسەلدۈرۈلگەنلىكىدىن بولدى.

### 2. ئۆچكە تىۋىتى

1949- يىلى ئۆچكە تىۋىتىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 4.6 تونىنا ئىدى (مۆلچەر سان)؛ 1990- يىلى ئومۇمىي مەھسۇلاتى 56.80 تونىنىغا يېتىپ، 1949- يىلدىكىگە قارىغاندا 11.3 ھەسسە ئاشتى.1949- يىلى ئۆچكە تىۋىتىنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 0.06 كىلوگرام ئىدى، 1990- يىلىغا كەلگەندە 0.26 كىلوگرامغا يېتىپ، 3.3 ھەسسە ئاشتى.

ئۆچكە تىۋىتى مەھسۇلاتىنىڭ ئۆستۈرۈلۈشى ئەگرى- توقاي جەريانىنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى.1980- يىلدىن ئىلگىرى ئۆچكە تىۋىتىنىڭ باھاسى بەكمۇ تۆۋەن بولۇپ، بىر ئۆچكىنىڭ تىۋىت كىرىمى بىر مېكىيانىنىڭ كىرىمىگە يەتمەيتتى، شۇڭا ئۆچكىنىڭ سانى زور ھەجىمدە قىسقارتىلدى. 1965- يىلى قوتاندا ساقلانغان ئۆچكىنىڭ سانى 350 مىڭ تۇياققا

يەتكەن ئىدى، 1975- يىلىغا كەلگەندە 210 مىڭ تۇياققا چۈشۈپ قالدى، 1990- يىلى 300 مىڭ تۇياققا يەتتى. 1980- يىلىدىن كېيىن دۆلەت ئۆچكە تىۋىتىنىڭ باھاسىنى تەڭشىدى، قۇمۇل ۋىلايىتى ئۆچكە نەسلىنى ياخشىلاش خىزمىتىنى چىڭ تۇتقاچقا، ئۆچكىنىڭ قوتاندىكى سانى ۋە تىۋىت مەھسۇلاتى زور دەرىجىدە ئاشتى. بولۇپمۇ 1988- يىلىدىكى «تىۋىت جېڭى» دىن كېيىن، ئۆچكە تىۋىت مەھسۇلاتى زور دەرىجىدە ئاشتى.

### 3. تۆگە يۇڭى

1949- يىلى تۆگە يۇڭى مەھسۇلاتى 30 توننا ئىدى؛ 1990- يىلى 78 تونىنىغا يېتىپ، 1949- يىلىدىكىگە قارىغاندا 1.6 ھەسسە ئاشتى، ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 3 ~ 4.5 كىلوگرام بولدى.

**قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1978 ~ 1990- يىلىغىچە بولغان چارۋا مەھسۇلات مىقدارى**

جەدۋەل: 7 – 15

| يىل | قوي يۇڭى (توننا) | ئۆچكە تىۋىتى (كىلوگرام) | تۆگە يۇڭى (توننا) | كالا تېرىسى (پارچە) | قوي تېرىسى (پارچە) | ئۆچكە تېرىسى (پارچە) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1978 | 857 | 14250 | 34 | 2952 | 42047 | 17279 |
| 1979 | 505 | 12150 | 17 | 2823 | 33348 | 14541 |
| 1980 | 743 | 20356 | 31 | 3376 | 45235 | 20437 |
| 1981 | 855 | 22815 | 41 | 1457 | 47703 | 23538 |
| 1982 | 1236 | 35750 | 47 | 2471 | 100568 | 44065 |
| 1983 | 1267 | 36934 | 58 | 3131 | 132821 | 56978 |
| 1984 | 1282.0 | 36557 | 70 | 3893 | 132494 | 58691 |
| 1985 | 1272 | 36324 | 54 | 4743 | 156533 | 58430 |
| 1986 | 1017 | 34217 | 67 | 5165 | 147072 | 59160 |
| 1987 | 1122 | 40095 | 78 | 7184 | 153908 | 53444 |
| 1988 | 1082 | 44126 | 77 | 6859 | 130692 | 42289 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1989 | 1019 | 46532 | 81 | 8607 | 142844 | 57717 |
| 1990 | 993 | 56804 | 78 | 6355 | 111372 | 48801 |

# X باب

# چارۋا مال، ئۆي قۇشلىرىدىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر

## §1. يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش

1950- يىللاردا قومۇل ۋىلايىتىدە كۆيدۈرگە، قوي چېچەكى، ئۆچكە كېپىنەك كېسىلى، كالا ئالا ئۆپكە (پاۋالكا) كېسىلى، قوي پاستېرېللىيوز كېسىلى، تېتانۇس قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر تارقالدى. 1960- يىللاردا كالا ئالا ئۆپكە، برۇتسېللىيوز كېسىلى، ئات ماڭقا كېسىلى، چوشقا ۋاباسى، چوشقا گېموسى، چوشقا تىلمىسى، قوي يۇقۇملۇق ئېغىز ياللۇغى، قوي موكسىمان باكتېرىيە كېسىلى قاتارلىق كېسەللىكلەر تارقالدى. 1970- يىللاردا ئات يۇقۇملۇق كۆكرەك پەردە- ئۆپكە ياللۇغى، قاراسان كېسىلى، چوشقا ۋاباسى، چوشقا تىلمىسى، چوشقا گېموسى، توخۇ ۋاباسى قاتارلىق كېسەللىكلەر تارقالدى. 1980- يىللاردا چوشقا ئاقسىل كېسىلى، قاراسان كېسىلى، ئات يۇقۇملۇق كۆكرەك پەردە- ئۆپكە ياللۇغى قاتارلىق كېسەللىكلەر تارقالدى. كالا ئاق قان كېسىلى، قوي خلامىدىيە كېسىلى، توكسوپلازموز كېسىلى، قوي چاقسىمان ۋىرۇسى كېسىلى قاتارلىق كېسەللىكلەر يېڭىدىن بايقالدى.

1950- يىللارنىڭ باشلىرىدا مال دوختۇرلۇق مۇداپىئە- داۋالاش ئاپپاراتلىرى مۇكەممەل ئەمەس، خادىمى كەمچىل، دورا- سايمانلىرى ئاز ھەم قالاق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قاتناش قولايسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر تارقىلىپ كەتسە، ئۇنى ۋاقتىدا تىزگىنلىگىلى بولماي، يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرەتتى؛ 1950- يىللارنىڭ ئاخىرى، ۋىلايەت، ناھىيىلەردە ۋە بىر قىسىم يېزىلاردا مال دوختۇرلۇق مۇداپىئە- داۋالاش ئاپپاراتلىرى تەدرىجىي قۇرۇلدى، ئاپتونوم رايون دورا- سايمان بىلەن تەمىنلەشنى باشلىدى، ۋىلايەت، ناھىيىلىك مال دوختۇرخانىلارغا كەسپىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار سەپلىنىشكە باشلىدى؛ ھەر قايسى ناھىيە، يېزىلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، مال دوختۇرلۇق تېخنىكا تەربىيىلەشنى قانات يايدۇرۇپ، مال دوختۇرلۇق مۇداپىئە- داۋالاش قوشۇنىنى تەدرىجىي كېڭەيتتى. 1990- يىلغا كەلگەندە، تەربىيىلەنگەن مال دوختۇرلۇق مۇداپىئە- داۋالاش خادىملىرى ۋىلايەتتىكى مال دوختۇرلار ئومۇمىي سانىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلىدى.

تۈرلۈك ۋاكسىنلارنى ئىشلىتىش ۋە مۇداپىئەنى ئاساس قىلىش، ئالدىنى ئېلىش، تەكشۈرۈش، ئۆلتۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق، ئۇزۇندىن بۇيان تارقىلىپ كېلىۋاتقان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر تەدرىجىي تىزگىنلەندى ۋە يوقىتىلدى.

1. كۆيدۈرگە كېسىلى

1949 ~ 1989- يىلىغىچە بولغان 41 يىلدا، قۇمۇل شەھىرىدە 17 ئورۇندا كۆيدۈرگە كېسىلى پەيدا بولۇپ، 1426 تۇياق چارۋا ئۆلدى. باركۆل ناھىيىسىدە 16 ئورۇندا پەيدا بولۇپ، 18 تۇياق چارۋا ئۆلدى. ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە بىر ئورۇندا پەيدا بولۇپ، 11 ئات ئۆلدى. ۋىلايەت بويىچە كۆيدۈرگە كېسىلى بىلەن يۇقۇملانغان چارۋا جەمئىي 1674 تۇياق (باش) بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلگىنى 1446، ئۆلۈش نىسبىتى 86.38% بولدى.

2. قوي چېچىكى

1949 ~ 1959- يىلىغىچە قۇمۇلدا قوي چېچىكى تارقىلىپ، نۇرغۇن چارۋا ئۆلدى. 1951 ~ 1959- يىلىغىچە، ۋىلايەت بويىچە 16 مىڭ تۇياق قوي بۇ كېسەل بىلەن يۇقۇملىنىپ، 4371 تۇياق قوي ئۆلدى. 1960 ~ 1983- يىلىغىچە قوي چېچىكى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەندى. 20 يىلدىن بۇيان بۇ كېسەل قايتا كۆرۈلمىدى.

1984- يىلى 4- ئايدا يەككە باقمىچى ئائىلىلەر گەنسۇ ئۆلكىسىدىن تىرىك مال يۆتكىگەندە، بىر تۈركۈم قوينى يۇقۇم رايونىدىن كىرگۈزگەچكە، قۇمۇل شەھىرى ئەتراپىدىكى چارۋىلارغا يۇقتى. بۇ كېسەل بىلەن يۇقۇملانغان 31 قورۇدىكى 619 قويدىن 140 تۇيىقى ئۆلدى. ئالدىنى ئېلىش- داۋالاش تەدبىرى ۋاقتىدا قوللىنىلغاچقا، ناھايىتى تېزلا كونترول قىلىندى.

3. برۇتسېللىيوز كېسىلى

قۇمۇل ۋىلايىتىدە برۇتسېللىيوز كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئادەم 1954- يىلى بايقالدى. 1964- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر تەتقىقات ئورنى باركۆل ناھىيىسىدە يىغىۋېلىنغان 1092 دانە ئىچ تاشلاش ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، قوي پادىلىرىدا برۇتسېللىيوز كېسىلى بارلىقىنى بايقىدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ۋىلايەتنىڭ بىر ناھىيە، بەش گوڭشې، بىر چارۋىچىلىق مەيدانىدا تارقىلىشچان كېسەللىكلەر ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

1967- يىلى برۇتسېللىيوز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى ئۈچ ناھىيىنىڭ ھەممىسىدە قانات يايدۇرۇلدى. 1967 ~ 1969- يىلىغىچە مال قورۇلىرىدا S19 نومۇرلۇق ۋاكسىنىسىنى ئەملەپ ئىممۇنىتېتلاش ئېلىپ بېرىلدى. 1970- يىلى M5 نومۇرلۇق ۋاكسىنىنى تومانلىتىپ ئىممۇنىتېتلاشقا ئۆزگەرتىلدى. ئىممۇنىتېتلاش زىچلىقى 80% ~ 100% كە يەتتى.

ئۇدا نەچچە يىللىق مۇداپىئە- داۋالاشتىن كېيىن، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. 1977- يىلى باركۆل ناھىيىسىدە ئادەم، ھايۋانلار ئارىسىدىكى برۇتسېللىيوز كېسىلى كونترول ئۆلچىمىگە يەتتى. 1982- يىلى قۇمۇل شەھىرى، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ ئادەم، ھايۋانلار ئوخشاش يۇقۇملىنىدىغان برۇتسېللىيوز كېسىلى كونترول ئۆلچىمىگە يەتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، بۇ كېسەللىك ۋىلايەت بويىچە مۇقىم كونترول قىلىنىپ كەلمەكتە.

4. كالىلاردىكى ئالا تۆپكە (پاۋالكا) كېسىلى

كالىلاردىكى ئالا تۆپكە كېسىلى ۋىلايەتتە 1957- يىلى پەيدا بولدى، بۇ، كېسەل سودا نازارىتىنىڭ چۆچەكتىن قۇمۇلغا يۆتكىگەن كالىلىرى ئارقىلىق كىرىپ، 10 گوڭشې، مەيداندا 927 كالا ئۆلدى. 1960- يىلى جەمئىي 8958 باش

كالا ئالا ئۆپكە كېسىلى بىلەن يۇقۇملىنىپ 1351 ى ئۆلدى، 840 كالا جىددىي تەدبىر قوللىنىپ ئۆلتۈرۈۋېتىلدى.

ئالا ئۆپكە كېسىلىنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىش ۋە يوقىتىش ئۈچۈن، 1959- يىلى ۋىلايەتلىك مال دوختۇرخانىسىنىڭ دىئاگنوزخانىسى نەق مەيداندا ئالا ئۆپكە كېسىلىنىڭ ئاجرىلاشتۇرۇلغان ۋاكسىنىسىنى ياساپ كالىلارغا ئەملەش، يۇقۇم رايونلىرىنى ئايرىۋېتىش، كېسەللەنگەن كالىلارنى ئۆلتۈرۈپ يوقىتىش قاتارلىق ئۈنۈملۈك تەدبىرلەر ئارقىلىق، كالىلاردىكى ئالا ئۆپكە كېسىلى كونترول قىلىندى. 1962 ~ 1990- يىللىرىچە، بۇ كېسەل قايتا كۆرۈلمىدى.

5. ئاتلاردىكى ماڭقا كېسىلى

ۋىلايەتتىكى ئىككى ناھىيە، بىر شەھەردە ئات ماڭقا كېسىلى كۆرۈلدى. بولۇپمۇ 1950-، 1960- يىللاردا، بۇ كېسەل ئات تېپىغا تەۋە ھايۋانلاردىكى ئاساسلىق يۇقۇملۇق كېسەللىك بىرىگە ئايلانغان ئىدى. مىنگونىڭ 31- يىلى (1942- يىلى) سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قىزىل 8- تۇەنىدە بۇ كېسەل تۇنجى قېتىم بايقالدى. 1960- يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرى، ئاراتۇرۇك ھەربىي ئات فېرمىسى ئاللېرگىيىلىك رېئاكسىيىسى مۇسبەت بولغان ئات ماڭقا كېسىلىنى تەكشۈرۈپ چىقىپ، بىگتۇمن قىزىل يۇلتۇز مەيدانىغا ئايرىپ بەردى. ئاراتۇرۇك ناھىيىسى مۇسبەت رېئاكسىيىلىك ماڭقا ئاتلارنى نومدا، ئاز بىر قىسمىنى ۋىلايەتلىك راكېتا دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئايرىپ ئىشلەتتى. باركۆل ناھىيىسى كېسەل ئاتلارنى قىزىلتاغ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ 1-، 4-، 5- ئەترەتلىرى ۋە داخې (قاراسۇ) يېزىسىنىڭ گۇاگمىڭ ئەترىتىدە ئايرىپ ئىشلەتتى. يۇقۇم ئەھۋالىنى تەھلىل قىلغاندا، ماڭقا ئاتلار كۆپىنچە مىنىش ئاتلىرىدا، دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى ئۇلاغ ئاتلىرىدا كۆپرەك كۆرۈلگەنلىكى ئېنىقلاندى.

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئات ماڭقا كېسىلىدىن ئۈنۈملۈك مۇداپىئەلىنىش، داۋالاش خىزمىتى 1963- يىلى باشلاندى. ئالدى بىلەن باركۆل قىزىلتاغ دېھقانچىلىق مەيدانىدا سىناق قىلىنىپ تەجرىبە ھاسىل قىلىنغاندىن كېيىن ۋىلايەت بويىچە كېڭەيتىلدى.

1986- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەردىن مۇداپىئەلىنىش باش پونكىتى تەشكىللىگەن مۇتەخەسسىسلەرگۇرۇپپىسى قۇمۇل ۋىلايىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالغاندا، باركۆل ناھىيىسى بىلەن ئاراتۇرۇك ناھىيىسى ئات ماڭقا كېسىلى مۇقىم كونترول قىلىنغان ناھىيە، قۇمۇل شەھىرى ئاساسەن كونترول قىلىنغان شەھەر بولۇپ بېكىتىلدى.

1963 ~ 1989- يىللىرىچە ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 261 مىڭ 183 ئات (قېتىم) يۇقۇم ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى، تەكشۈرۈشتە 2872 ئات مۇسبەت بولۇپ چىقتى.

6. كالىلاردىكى قاراسان كېسىلى

قۇمۇل ۋىلايىتىدە قاراسان كېسىلى ئەڭ دەسلەپ 1951- يىلى بايقالدى. باركۆل ناھىيە بازىرىدىكى 1500 كالا ئىچىدە 48 كالا يۇقۇملىنىپ، ھەممىسى ئۆلدى. 1953- يىلى قۇمۇل ناھىيىسى تەگرىتاغ رايونى ئاقتاش يېزىسىدا 80 كالا يۇقۇملىنىپ، ھەممىسى ئۆلدى. 1954- يىلى ئاراتۇرۇك نېرىنكىر، توركۆلدە 123 كالا يۇقۇملىنىپ، 49 ى ئۆلدى. ئۆلۈش نىسبىتى 39.84% بولدى. 1988- يىللىرىچە ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 1600 كالا قاراسان كېسىلى بىلەن يۇقۇملىنىپ 891 ى ئۆلدى، ئۆلۈش نىسبىتى 55.68% بولدى.

قىراسان كېسەللىكىنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى: ھەر يىللىق ئىممۇنىتېت زىچلىقىنىڭ تولىمۇ تۆۋەن بولۇش سەۋەبىدىن، ئىممۇنىتېتلاشتىن چۈشۈپ قالغان كالىلاردا كېسەللىك پەيدا بولغان؛ ئاساسىي قاتلام مال دوختۇرخانىلىرىنىڭ ۋاكسىنىلارنى باشقۇرۇشى ياخشى بولمىغانلىقتىن، ۋاكسىنىنىڭ ئۈنۈمى يوقىغان؛ كالىلار تارقاق بېقىلغانلىقتىن، ۋاكسىنا ئەملەش ۋاقتى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلماي، ئەملەشتىن چۈشۈپ قېلىش ئەھۋاللىرى كۆپ بولغان.

7. چوشقا ۋاباسى

1950- يىللارنىڭ باشلىرىدا، چوشقا ۋاباسى تارقالدى، بۇ كېسەللىك 1990- يىلىغىچىمۇ كونترول قىلىنمىدى. 1950-، 1960- يىللاردا چوشقا ۋاباسى باھار بايرىمىنىڭ ئالدى- كەينىدە كۆپرەك تارقالدى. 1970- يىللاردىن 1980- يىللارغىچە، تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە پەيدا بولدى. 1989- يىلى ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 12 مىڭ 587 چوشقا يۇقۇملىنىپ، 12 مىڭ 56 تۇياق چوشقا ئۆلدى.

8. ئاتلاردىكى يۇقۇملۇق كۆكرەك پەردە- ئۆپكە ياللۇغى

بۇ كېسەللىك قومۇل ئاتچىلىقىدىكى ئاساسلىق يۇقۇملۇق كېسەللىك. ئەڭ دەسلەپ ئاراتۇرۇك ھەربىي ئات فېرمىسىدا پەيدا بولۇپ، كېيىن تەدرىجىي تارقالدى. 1967 ~ 1981- يىلىغىچە قومۇل شەھرىدە 337 ئات بۇ كېسەل بىلەن ئۆلدى.

باركۆلدە بۇ كېسەل ئەڭ دەسلەپ 1972- يىلى بايقالدى، كۆلياقا يېزىسىنىڭ كۆكلىمىدىكى ئاقيال، سەنگىلاۋپا (ئۈچ توسما)، يامانسۇ ئەتراپلىرىدا 321 ئات يۇقۇملىنىپ، 50 ئات ئۆلدى. 1972 ~ 1977- يىلىغىچە ناھىيە بويىچە 223 ئات يۇقۇملۇق كۆكرەك پەردە- ئۆپكە ياللۇغى بىلەن ئۆلدى.

1965 ~ 1983- يىلىغىچە ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدە 680 ئات بۇ كېسەل بىلەن يۇقۇملىنىپ، 269 ى ئۆلدى.

1965 ~ 1989- يىلىغىچە ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 13 مىڭ 768 ئات بۇ كېسەل بىلەن يۇقۇملىنىپ، 1441 ى ئۆلدى، ئۆلۈش نىسبىتى 10.46% بولدى.

بۇ كېسەلنى داۋالاشتا 1965- يىلىدىن ئىلگىرى تەجرىبە بولمىغاچقا، ئۆلۈش نىسبىتى يۇقىرى ئىدى، كېيىن «914» ئارقىلىق داۋالاش نەتىجىسىدە، ئۈنۈمى 100% كە يەتتى. ئاراتۇرۇك ھەربىي ئات فېرمىسىنىڭ بۇ كېسەلنى بېرىنىل ئارقىلىق داۋالاشتا ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ۋىلايەت بويىچە كەڭ دائىرىدە قوللىنىلدى.

9. ئاتلاردىكى يۇقۇملۇق مېڭە- يۇلۇن ياللۇغى (تەلۋە كېسىلى)

بۇ كېسەل 1962- يىلى پەيدا بولدى. باركۆل ناھىيىسى بىردىنبىر كېسەل رايونى بولۇپ، چوڭ قۇلۇنچەرى (يۇلغۇنلۇق) چارۋىچىلىق مەيدانىدا 107 ئات يۇقۇملىنىپ، 91 ى ئۆلدى. 1964- يىلى شىرىنزا چارۋىچىلىق فېرمىسىدىكى 214 ئاتنىڭ 14 ى يۇقۇملىنىپ، 12 سى ئۆلدى. بۇ كېسەلنىڭ پەيدا بولۇشى مەركەزلىك بولماي، ئاتلىما خاراكتېرلىك يۈز بەردى. 1965- يىلىدىن كېيىن، بۇ كېسەل قايتا يۈز بەرمىدى.

10. ئاقسىل كېسىلى

1979- يىل 10- ئايدا چوشقا «O» تىپلىق ئاقسىل كېسىلى پەيدا بولدى، يۇقۇم ئەھۋالى ناھايىتى تېزلا كونترول

قىلىندى.

1983- يىلى قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەھەر ئەتراپىدىكى چوشقا باققۇچى ئائىلىلەرنىڭ چوشقىلىرىدا بۇ كېسەل پەيدا بولدى، ۋاقتىدا چارە كۆرۈلگەنلىكتىن، يۇقۇم ئەھۋالى كېڭىيىپ كەتمىدى، شۇ يىلى 1- ئايدىن 4- ئايغىچە باركۆل ناھىيىسىنىڭ ناھىيە بازىرى ئەتراپىدا بىر قېتىم ئاقسىل كېسىلى تارقالدى، تۆت يېزا، بىر مەيداننىڭ 11 يۇقۇم نۇقتىسىدا ئاقسىل كېسىلى بىلەن يۇقۇملانغان 756 چوشقا تەكشۈرۈپ چىقىلدى، 137 سى ئۆلدى، 609 ى ئۆلتۈرۈلدى.

## 11. كالىلاردىكى ئاق قان كېسىلى

1989- يىلى ۋىلايەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى تەكشۈرۈشتە، ئۇنجى سېرولوگىيىلىك دىئاگنوزدا 139 كالا مۇسبەت چىقتى، تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىش نىسبىتى 5.9% بولۇپ، ئىككى ناھىيە، بىر شەھەرنىڭ 15 يېزىسىغا تارقالغانلىقى ئېنىقلاندى.

## 12. كالا، قويلاردىكى كۆك تىل ۋىرۇس كېسىلى

1989- يىلى ۋىلايەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى تەكشۈرۈشتە، 2178 كالا، 3341 قوينىڭ سىۋوروتكىسى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان كۆك تىل ۋىرۇس كېسىلىنىڭ ئاگاردا كېڭىيىش دىئاگنوزىدا 240 كالىنىڭ سېرولوگىيىلىك رېئاكسىيىسى مۇسبەت چىقتى، تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىش نىسبىتى 11.02% بولدى؛ باركۆلنىڭ شالوبا يېزىسىدا كۆك تىل ۋىرۇسىنىڭ ئېنىقلىنىپ چىقىش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولدى.

## 13. قويلاردىكى خلامىدىيە كېسىلى

قويلاردىكى خلامىدىيە كېسىلىنىڭ كلىنىك ئىپادىسى برۇتسېللىيوز كېسىلىگە ئوخشاپ كەتكەچكە، ئىلگىرى دىئاگنوز قويۇشتا برۇتسېللىيوز كېسىلى كۆپىرەك كۆزدە تۇتۇلدى. برۇتسېللىيوز كېسىلى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىنغاندىن كېيىنمۇ، بولۇپمۇ ئۆچكىلەردە ئىچ تاشلاش داۋاملىق كۆرۈلۈپ تۇردى، ئەمما بۇ كېسەل مىكروبىنى تەكشۈرگەندە، برۇتسېللىيوز تاياقچە باكتېرىيىسىنى تەكشۈرۈپ چىققىلى بولمىدى. 1989- يىلىدىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتە، 3723 تۇياق قوي، ئۆچكىنىڭ قان سىۋوروتكىسى (قان زەردابى) ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان خلامىدىيىنىڭ كومپلېمېنت باغلاش رېئاكسىيە دىئاگنوزىدا مۇسبەتلىك نىسبىتى 6.13% بولۇپ چىقتى، بۇنىڭ ئىچىدە نوم يېزىسىنىڭ مۇسبەتلىك نىسبىتى 20% كە يەتتى.

## 14. توخۇ مارىك كېسىلى

توخۇ مارىك كېسىلى ھەققىدە ئىلگىرى قۇمۇل ۋىلايىتىدە يازما ماتېرىيال قالدۇرۇلمىغان. 1980- يىلىدىن كېيىن باقمىچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتى، توخۇچىلىق سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، بۇ كېسەل كۆرۈلۈشكە باشلىدى، بولۇپمۇ توخۇ فېرمىلىرى ۋە بىر قىسىم چوڭ توخۇچىلىق كەسپىي ئائىلىلىرىدە كۆپ كۆرۈلدى. قۇمۇل شەھىرى، باركۆل ناھىيىلىرىدىمۇ بۇ كېسەل كۆرۈلدى.

بۇ كېسەللىكنىڭ ئىممۇنىتېتلاش خىزمىتى ئاساسلىق چۈجە چىقىرىش ئورۇنلىرىدا ئېلىپ بېرىلدى.

15. توخۇلاردىكى فابرىتسىي خالتىسى ياللۇغى

1985- يىلى ئەتىياز، يازدا ئۈچ توخۇچىلىق كەسپىي ئائىلىسىنىڭ 12 ~ 28 كۈنلۈك بولغان چۈجىلىرىدە (لىكورىن توخۇسى) ئۆلۈش ئەھۋالى كۆرۈلگەندە، ۋىلايەتلىك مال دوختۇرخانىسى بۇ كېسەلنىڭ فابرىتسىي خالتىسى ياللۇغى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى.

## §2. يارازىت قۇرت كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش- داۋالاش

1. جىگەر شورىغۇچ قۇرت كېسىلى (فاسسىئولوز)

كالا، قويلاردىكى جىگەر شورىغۇچ قۇرت كېسىلىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋە مۇداپىئە كۆرۈش- داۋالاش خىزمىتى 1976- يىلى باشلاندى. 1989- يىلى قۇمۇل شەھىرىنىڭ قوتاندا ساقلانغان كالا، قويى 311 مىڭ 700 تۇياق بولۇپ، جىگەر شورىغۇچ قۇرت كېسىلى بىلەن يۇقۇملانغان چارۋا 7.69% نى ئىگىلىدى؛ ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ قوتاندا ساقلانغان كالا، قويى 120 مىڭ تۇياق بولۇپ، جىگەر شورىغۇچ قۇرت كېسىلى بىلەن يۇقۇملىنىش نىسبىتى 2.5% ~ 3% بولدى.

1977- يىلى ۋىلايەتلىك مال دوختۇرخانىسى باركۆل شىرىنزا يېزىسىدا ئۈنۈم‌پەرسال خاراكتېرلىك مۇداپىئە- داۋالاش ئېلىپ باردى ھەمدە جىگەر شورىغۇچ قۇرتنىڭ پەسىللىك ھالىتىنى ئەتراپلىق ئېنىقلاپ، نىترو- خلوروفېنول بىلەن داۋالاشنى ئومۇمىيۈزلۈك كېڭەيتتى. 1980- يىللاردا گالبېندازول ۋە كلونورخىس چىنى بىلەن داۋالاش قوشۇلدى، كلونورخىس چىنى ئۆۋەتتىكى ئۈنۈملۈكرەك قۇرت چۈشۈرۈش دورىسى ھېسابلىنىدۇ.

2. قويلاردىكى تاسما قۇرت كېسىلى (لېنتىسمان قۇرت كېسىلى)

ۋىلايەتتىكى قويلارنىڭ 20% ى تاسما قۇرت كېسىلى بىلەن يۇقۇملاندى. 1962 ~ 1983- يىلغىچە، ئاراتۈرۈكنىڭ تۇركۆل، نېرىنكىرفېرمىلىرى ۋە توخۇلۇ (شارئۆيلەر) يېزىسىنىڭ 80 مىڭ 719 تۇياق قويىنىڭ 16 مىڭ 120 تۇيىقى تاسما قۇرت كېسىلى بىلەن يۇقۇملىنىپ، يۇقۇملىنىش نىسبىتى 22.4% كە يەتتى.

1951 ~ 1982- يىلغىچە باركۆل ناھىيىسىدىكى جەمئىي 15 مىڭ 195 تۇياق قوي تاسما قۇرت كېسىلى بىلەن كېسەللىنىپ، 1303 تۇيىقى ئۆلدى، ئۆلۈش نىسبىتى 8.58% بولدى. 1970- يىلى ئۆلۈش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، 13% كە يەتتى.

ۋىلايەتلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتى 1982- يىل 4- ئايدىن 12- ئايغىچە تۇركۆل چارۋىچىلىق فېرمىسىدا يارازىت قۇرتلارنىڭ پەسىللىك ھەرىكەت ھالىتى ئۈستىدە تەكشۈرۈشتىن ئېنىقلىنىشىچە، يۇقۇملىنىشنىڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان مەزگىلى 4-، 6- ۋە 11- ئايلار بولۇپ، 4- ئايدىكى يۇقۇم دەرىجىسى 79% كە يەتكەن، 6-، 11- ئايلاردىكى يۇقىرى پەللىسى 50% تىن ئېشىپ كەتكەن.

3. ئىت تاسما قۇرت كېسىلى

ۋىلايەتلىك مال دوختۇرخانىسى 1985- يىلى باركۆلنىڭ كۆلياقا، شىرىنزا يېزىلىرىدا 32 ئىتنى ئاناتومىيىلىك تەكشۈردى، نەتىجىدە بۇ ئىتلارنىڭ ئېخىنوكوك گرانولوز لېنتىسمان قۇرتى بىلەن يۇقۇملىنىشى 34.38% كە يەتتى،

يۇقۇملىنىش دەرىجىسى ئۈچ تالدىن 67 مىڭ تالغىچە بولدى؛ كۆپ باشلىق تاسما قۇرت (مولتىتسېپس) بىلەن يۇقۇملىنىشى %37.50 بولدى، يۇقۇملىنىش دەرىجىسى ئىككى تالدىن 255 تالغىچە بولدى؛ يۇۋىكسمان تېنىيە قۇرتى بىلەن يۇقۇملىنىشى %21.88 بولدى، يۇقۇملىنىش دەرىجىسى ئىككى تالدىن 18 تالغىچە بولدى.

تاسما قۇرت كېسەللىكىنىڭ ئاساسلىق كېسەل مەنبەسى ئىتتىن ئىبارەت.

4. ئېخىنوكوككوز كېسىلى (قاپلىق قۇرت كېسىلى)

ئېخىنوكوككوز كېسىلى قاپلىق قۇرت كېسىلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قوي، ئۆچكە، كالىلار بۇ كېسەل بىلەن ئاسان يۇقۇملىنىدۇ، ئادەمگىمۇ يۇقىدۇ، بولۇپمۇ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا كۆپ بولىدۇ. ئېخىنوكوككى لىچىنكىسى ئاساسلىق جىگەر، ئۆپكىدە پارازىتلىنىدۇ. قۇمۇل شەھىرىدىكى 4429 تۇياق قوينى سويۇپ تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، ئېخىنوكوككوز كېسىلى بىلەن يۇقۇملانغان قوي 2704 تۇياق بولۇپ، يۇقۇملىنىش نىسبىتى %61.05 بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە جىگىرىدە پارازىتلانغىنى 1842 تۇياق بولۇپ، يۇقۇملىنىش نىسبىتى %41.58 بولدى؛ ئۆپكىدە يۇقۇملانغىنى 110 تۇياق، يۇقۇملىنىش نىسبىتى %2.48 بولدى؛ جىگەر، ئۆپكىسى تەڭ يۇقۇملانغىنى 752 تۇياق بولۇپ، يۇقۇملىنىش نىسبىتى %16.9 بولدى.

1986- يىلى باركۆل ناھىيىلىك يېمەكلىكلەر شىركىتى قۇشخانىسىدا سويۇلغان 11 مىڭ 136 تۇياق قوينىڭ جىگەر ئېخىنوكوككوز كېسىلى بىلەن يۇقۇملانغىنى %84.99 بولدى، ئۆپكە ئېخىنوكوككوز بىلەن يۇقۇملانغىنى %79.8 نى ئىگىلىدى.

1980 ~ 1986- يىلىغىچە، ۋىلايەتنىڭ ھەر قايسى دوختۇرخانىلىرىدا ئېخىنوكوككوز كېسىلى بىلەن ئاغرىغان 112 كىشى داۋالاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەرلەر 53، ئاياللار 59، بىر ياشتىن 14 ياشقىچە بولغان بالىلار ئوپېراتسىيە قىلىنغان كېسەللەرنىڭ %42 نى ئىگىلىدى.

5. چوشقا فىننوز (سىستىسېركوز) كېسىلى

چوشقا فىننوز كېسىلى ئادەتتە «چوشقا خالتىلىق قۇرت كېسىلى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى بازاردىكى يۇقۇم تەكشۈرۈشتە، فىننوز كېسىلى بىلەن يۇقۇملانغان گۆشتىن 23 پارچە (قېتىم) بايقالدى. 1989- يىلىدىكى يۇقۇم تەكشۈرۈشتە، 289 چوشقىنىڭ قان سېۋورۇتكىسى ئىچىدە 102 سېۋورۇتكا مۇسبەت چىقتى، مۇسبەتلىك نىسبىتى %35.2 بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە باركۆل داخې (قاراسۇ) يېزىسىنىڭ %66.7، قۇمۇل شەھىرى پالۋانتۇر يېزىسىنىڭ %51.67 بولدى. قۇمۇل شەھىرىنىڭ تۆت يېزىسىدا، باركۆل ناھىيىسىنىڭ ئۈچ يېزىسىدا فىننوز كېسىلى بارلىقى ئېنىقلاندى.

6. ئايلانما كېسەل (سېنوروز)

ئايلانما كېسەل كۆپ باشلىق گۆدەك تاسما مەددە كېسىلى، مېڭە قاپلىق قۇرت كېسىلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئايلانما كېسەل بارغانسېرى كۆپىيىشكە قاراپ يۈزلەنمەكتە. بۇ كېسەل بىر ياشتىن ئىككى ياشقىچە بولغان قوي، ئۆچكىلەردە كۆپ كۆرۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن قالسا كالا، تۆگىلەردە كۆرۈلىدۇ. قۇمۇل شەھىرىنىڭ چارۋىلىرىدا ئايلانما كېسەلنىڭ يۇقۇملىنىش نىسبىتى %9.62، يۇقۇم لىچىنكىسى 1 ~ 7 دانە. 1984- يىلىدىن ئىلگىرى، قۇمۇل شەھىرىدە ھەر يىلى ئايلانما كېسىلى بىلەن 2000 دىن ئارتۇق چارۋا ئۆلۈپ تۇردى. بۇ كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش- داۋالاشنىڭ مۇھىم ھالقىسى ئىتلارنى باشقۇرۇشتا.

7. توكسوپلازموز

توكسوپلازموز ئادەم ۋە ھايۋانلار ئورتاق يۇقۇملىنىدىغان پارازىت قۇرت كېسەللىكى، 1990- يىلى ۋىلايەتتىكى ئادەم، ھايۋاناتلاردا سېروكېسەللىك دىئاگنوزدا مۇسبەت رېئاكسىيلەنگەن كېسەللەر بايقالدى. 1989- يىلدىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە، 1595 قان سېۋورۇتكىدا مۇسبەت رېئاكسىيە يۈز بەرگەن 22 سېۋورۇتكا بايقىلىپ، تەكشۈرۈلگەن قان سېۋورۇتكىسىنىڭ 1.37% ىنى ئىگىلىدى. بۇ كېسەل قۇمۇل شەھىرىنىڭ ئالتە يېزىسىغا، بارىكۆل ناھىيىسىنىڭ ئۈچ يېزىسىغا، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ ئۈچ يېزىسىغا تارقالغان بولۇپ، چوشقا، قوي، توخۇلارنىڭ ھەممىسىدە مۇسبەت رېئاكسىيە يۈز بەرگەن كېسەللەر بايقالدى.

8. گۆش سېرىقا قۇرت كېسىلى

گۆش سېرىقا قۇرت كېسىلى ئادەم ۋە ھايۋانلاردائورتاق پەيدا بولىدىغان پارازىت قۇرت كېسەللىكى، 1987- يىل 5- ئايدىن 8- ئايغىچە ۋىلايەتلىك مال دوختۇرخانىسىنىڭ خادىمى يىڭ چۈەنجېن قۇمۇل شەھىرىنىڭ دېھقانچىلىق سودا بازارلىرىدىكى چوشقا گۆشلىرىنى تەكشۈرگەندە، 1000 پارچە چوشقا گۆشىنىڭ ئىچىدىن 31 دانە (پارچە) چوشقا گۆشىدە سېرىقا قۇرت بارلىقىنى بايقىدى، بۇ چوشقا گۆشلىرى شەھەر ئەتراپى يېزىسى، پالۋانتۇر يېزىسى ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى تەۋەسىدىكى ساقا دېھقانچىلىق مەيدانى، قىزىل يۇلتۇز 1-، 3- مەيدانلىرىدىن كەلتۈرۈلگەن.

# ئورمانچىلىق

## سەككىزىنچى قىسىم

# ئورمانچىلىق

## I باب

# ئاپپاراتلار

## §1. مەمۇرىي ئاپپاراتلار

1. ۋىلايەتتىكى مەمۇرىي ئاپپاراتلار

1) قۇمۇل ئورمانچىلىق ئىدارىسى مىنگونىڭ 30- يىلى (1941- يىلى) 5- ئاينىڭ 23 - كۈنى قۇمۇل ئورمان باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلدى. شۇ يىلى 6- ئاينىڭ 2- كۈنى قۇمۇل ئورمان باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ نامى قۇمۇل ئورمانچىلىق ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلىپ، ئادەم، مالىيە، مۈلۈكلەرنى ئۆلكىلىك قۇرۇلۇش نازارىتى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان، قۇمۇل ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىدىغان بولدى. ئورمانچىلىق ئىدارىسىغا ئىدارە باشلىقى، كۆزەتچى، نازارەتچى، بوغالتىر، ھەق يىغقۇچى قاتارلىقلار سەپلەندى.

قۇمۇل ئورمانچىلىق ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ ئىدارىنىڭ ئەينى چاغدىكى ئاساسلىق خىزمىتى قۇمۇل تەۋەسىدىكى ئۆلكىگە قاراشلىق تاغلىق رايون ئورمانلىرىنى باشقۇرۇش بولدى. كەسپىي جەھەتتە ئورمانچىلىق نىزاملىرىنى تەشۋىق قىلىش، ئورمان ھەققى يىغىش، كېسىشنى تەكشۈرۈش ۋە كېسىشكە يېتەكچىلىك قىلىش بولدى. قۇمۇل رايونى تەۋەسىدە ئورمان ھەققى يىغىش باشقارمىسى قۇرۇپ، بىر ئادەمنى ھەق يىغىشقا، بىر ئادەمنى نازارەتچىلىككە بەلگىلەپ، ئىككى ئادەمنى ئورمانچىلىق نىزامى بويىچە ھەق يىغىشقا مەسئۇل قىلدى ھەم ئورمانچىلىق ئىدارىسىغا بىر بوغالتىر سەپلەپ بەردى.

مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى) 8- ئايدا قۇمۇل ئورمانچىلىق ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدى. چاۋا خادىملىرىنى، ئات- ئۇلاغ، جابدۇق- ياراغلىرىنى، يېپىنچا- سېلىنچىلارنى قۇمۇل رايونلۇق باج- مالىيە ئىدارىسى ئۆتكۈزۈۋالدى.

مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى) ئەتىيازدا قۇمۇل رايونىدا قۇرۇلۇش ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، چارۋىچىلىق، مال دوختۇرلۇق، كانچىلىق، سودا قاتارلىقلارنى ئايرىپ باشقۇردى. ئەينى چاغدىكى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق تەجرىبە مەيدانىنىڭ كەسپىي خىزمىتى ئورمان قوغداش ۋە ئورمان بەرپا قىلىش تەتقىقات تەجرىبىسى ئېلىپ بېرىش ئىدى. مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى) نىڭ ئاخىرىدا قۇرۇلۇش ئىدارىسى

تارقىتىۋېتىلىپ، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق تەجرىبە مەيدانىغا ئۆزگەرتىلدى، شۇ ئۆلكىلىك قورۇلۇش نازارىتىگە قارايدىغان بولدى.

**2) قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق باشقارمىسى.** يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن 1950- يىل 5- ئايدا قۇمۇل ۋالىي مەھكىمىسى قارمىقىدا قۇرۇلۇش بۆلۈمى تەسىس قىلىندى، بۇ ۋىلايەتتىكى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ ۋە سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى قاتارلىق كەسىپلەرنى ئاساسلىق باشقۇرىدىغان مەمۇرىي ئورگان بولدى. 1956- يىل 12- ئايدا قۇرۇلۇش بۆلۈمى ۋالىي مەھكىمىسى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى.

1960- يىلى ۋىلايەتلىك ئورمان باشقۇرۇش پونكىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى ھەم شۇ يىلى 2- ئاينىڭ 13- كۈنى قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، تۈزلەڭدە ئورمان بەرپا قىلىش، قۇمنى تىزگىنلەپ، ئورمان بەرپا قىلىش پىلانىنى تۈزۈش، ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە تەكشۈرۈپ يېتەكچىلىك قىلىش، شۇنداقلا قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ نامداۋان، باركۆل ناھىيە تاغلىق رايونىدىكى ئىككى ئورمانچىلىق مەيدانىنى بىۋاسىتە باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولدى. 25 شتات بولۇپ، 10 مەمۇرىي خادىم، 15 تېخنىك قويۇلدى. 1960- يىلى 28 گە يەتتى.

1962- يىل 6- ئايدا ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ۋىلايەتلىك ئورمان باشقۇرۇش پونكىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، 1967- يىل 3- ئايدا شۆبە ھەربىي رايون ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى ئورمانچىلىق خىزمىتىنى باشقۇردى. 1969- يىل 3- ئايدا ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسى ئورمانچىلىق خىزمىتىنى باشقۇردى. 1974- يىل 11- ئايدا ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1979- يىل 10- ئايدا ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق ئىدارىسى قۇرۇلدى.

1984- يىل 1- ئايدا ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق ئىدارىسى قۇمۇل ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلىپ، باشقارما قارمىقىدا ئورمانچىلىق بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ، تۆت شتات بېرىلدى.

1990- يىل 5- ئاينىڭ 12- كۈنى قۇمۇل ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق باشقارمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق باشقارمىسى (ۋىلايەتلىك كۆكەرتىش كومىتېتى ئورمانچىلىق باشقارمىسىدا تەسىس قىلىندى) قۇرۇلۇپ، 11 شتات بېرىلدى.

**2. ناھىيە، شەھەردىكى مەمۇرىي ئاپپاراتلار**

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ ئورمانچىلىق خىزمىتىنى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەمۇرىي ئورگانلىرى باشقۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، مەخسۇس ئورمانچىلىق كادىرلىرى يوق ئىدى. 1980- يىللارغا كەلگەندىلا قۇمۇل ناھىيە (شەھەر)، باركۆل ناھىيىسىنىڭ ئورمانچىلىقى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئاپپاراتىدىن ئايرىپ چىقىلىپ، مۇستەقىل ئورگان قۇرۇلۇپ، كەسپىي خىزمەتلەر قانات يايدۇرۇلدى.

**1) قۇمۇل شەھىرى (ناھىيىسى)** 1980- يىلى ئورمانچىلىق ناھىيىلىك دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق بۆلۈمىدىن ئايرىپ چىقىلىپ، ئورمانچىلىق بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1984- يىل 10- ئايدا ناھىيە بىلەن شەھەر بىرلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن ئورمانچىلىق بۆلۈمى قۇرۇلدى. شۇ يىلى 10- ئايدا قۇمۇل شەھەرلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، ئالتە شتات بېرىلدى.

2) باركۆل ناھىيىسى 1984- يىل 12- ئاينىڭ ئاخىرى ناھىيىلىك دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق ئىدارىسى، ئورمانچىلىق ئىدارىسى ۋە دېھقانچىلىق ئىدارىسىدىن ئىبارەت ئىككىگە ئايرىلدى، ئورمانچىلىق ئىدارىسىغا سەككىز شتات بېرىلدى.

3) ئاراتۈرۈك ناھىيىسى 1990- يىلى ئورمانچىلىق ۋە دېھقانچىلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرى ئوخشاشلا ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق ئىدارىسى بولدى.

## §2. كەسپىي ئاپپاراتلار

1. ۋىلايەتتىكى كەسپىي ئاپپاراتلار

1) ۋىلايەتلىك ئورمان باشقۇرۇش پونكىتى، ئورمانچىلىق ئىلمىي تەتقىقات ئورنى، ئورمان كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش- تەكشۈرۈش پونكىتى مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) 1- ئايدا قۇمۇلدا ئورمان باشقۇرۇش پونكىتى تەسىس قىلىندى، 11 شتات بېرىلدى، ئۇ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلۇش نازارىتىگە بىۋاسىتە قارايدىغان بولدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن 1949- يىل 12- ئايدا ئورمان باشقۇرۇش پونكىتى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق نازارىتىگە قارايدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، ئۆلكىلىك دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق نازارىتىنىڭ قۇمۇلدىكى ئورگىنى بولدى.

1950- يىل 1- ئايدا ئورمان باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى تەگرىتاغنىڭ قۇمۇل بۆلىكىدىكى ئورمانلارنى باشقۇرۇش ئىدى، ئاساسلىق كەسپى — كۆچەت يېتىشتۈرۈش، ئورمانلارنى قوغداش، كېسىپ پايدىلىنىش بولدى، 17 ئادەم ئىشلىدى.

1952- يىلى ئورمان باشقۇرۇش پونكىتى ئاساسىدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق مەيدانى قۇرۇلدى.

1953- يىلىنىڭ ئاخىرى قۇمۇل دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق مەيدانى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، قۇمۇل ئورمان باشقۇرۇش پونكىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئۆلكىلىك دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق نازارىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى، بۇ پونكىت قارمىقىدا ئورمان قوغداش ئەترىتى، كۆچەتزارلىق، باركۆل تارماق پونكىتى بار بولدى.

1954- يىل 3- ئاينىڭ 13- كۈنى قۇمۇل ئورمان باشقۇرۇش پونكىتى (ئەسلىدىكى كۆچەتزارلىقمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) قۇمۇل ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

1960- يىل 2- ئايدا ۋىلايەتلىك ئورمان باشقۇرۇش پونكىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى قۇرۇلدى، 1962- يىل 6- ئايدا يەنە ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ۋىلايەتلىك ئورمان باشقۇرۇش پونكىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

1978- يىلى «ئۈچ شىمالىي رايون» ئىھاتە ئورمان سىستېما قۇرۇلۇشى باشلانغاندىن كېيىن، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى كۈنسېرى قېلىپلاشتى. ۋىلايەتلىك ئورمان باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ ئىلگىرىكى قاتمال تېخنىكا باشقۇرۇشى ئىلمىي تەتقىقات مۇلازىمىتى خاراكتېرىگە ئىگە بولدى. 1980- يىل 4- ئايدا قۇمۇل ۋىلايەتلىك

ئورمانچىلىق تەتقىقات ئورنى قۇرۇلۇپ، كەسپىي ئورۇن سۈپىتىدە ۋىلايەتلىك ئورمان باشقۇرۇش پونكىتى بىلەن بىرلىكتە ئىش بېجىردى.

1985- يىلى ۋىلايەتلىك ئورمان باشقۇرۇش پونكىتى ۋىلايەتنىڭ ئورمانچىلىق ئىچىدىكى كەسپىي ھەم دەل- دەرەخ ئۇرۇقلىرىنى يۆتكەشكە بېتەكچىلىك قىلىش، ئورمان كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولدى؛ ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق تەتقىقات ئورنى ۋىلايەتنىڭ ئورمانچىلىق ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتى ۋە ئىچىدىكى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى؛ ۋىلايەتلىك كۆچەت يېتىشتۈرۈش ئورنى دەل- دەرەخ ئۇرۇقى ۋە كۆچەت يېتىشتۈرۈشكە، يېڭى تۈرلەرنى كېڭەيتىشكە مەسئۇل بولدى.

1990- يىل 5- ئايدا ۋىلايەتلىك ئورمان كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كارانتىن پونكىتى قۇرۇلۇپ، ۋىلايەتلىك ئورمان باشقۇرۇش پونكىتى، ئورمانچىلىق تەتقىقات ئورنى بىلەن بىرلىكتە ئىش بېجىردى، بۇ ئۈچ كەسپىي ئورۇنغا بىر رەھبەرلىك بەنزىنى سەپلەندى.

2) قۇمۇل تاغ ئورمىنى تىجارەت ئورنى    1954- يىل 5- ئايدا ۋىلايەتلىك تۇنجى تاغ ئورمىنى تىجارەت ئورگىنى — قۇمۇل ئاقتاش ئورمانچىلىق پونكىتى قۇرۇلدى، بۇ ئورۇنغا ۋىلايەتلىك ئورمان باشقۇرۇش پونكىتى رەھبەرلىك قىلدى. بۇ پونكىت ئورمان ئارىسىدا كۆچەت يېتىشتۈرۈش، پەرۋىش قىلىش، يېڭىلاش، ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللاندى. 1956- يىل 4- ئايدا باركۆل ناھىيىسى تەۋەلىكىدە قاراغول ئورمانچىلىق تىجارەت ئورنى قۇرۇلدى. بۇ ئورۇن باركۆل ناھىيىسىدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورمانلارنى باشقۇرۇش، يېڭىلاش، تولۇقلاش ۋە قوغداش خىزمەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ ئىككى ئورمانچىلىق پونكىتى ئايرىم 30 مىڭ گېكتارلىق دائىرىنى باشقۇردى.

1958- يىل 4- ئايدا قۇمۇل ئاقتاش ئورمانچىلىق تىجارەت ئورنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قۇمۇل نامداۋان ياغاچ كېسىش مەيدانى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانى قىلىپ قۇرۇلدى (ئورنى نامداۋان بولدى). باركۆل ناھىيە قاراغول ئورمانچىلىق تىجارەت ئورنى باركۆل ناھىيىلىك ئورمانچىلىق مەيدانىغا ئۆزگەرتىلدى.

3) ۋىلايەتلىك ئورمان مۇھاپىزەت قىلىش، ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش قوماندانلىق شتابى ئىشخانىسى    1976- يىل 5- ئايدا قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئورمان مۇھاپىزەت قىلىش، ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش قوماندانلىق شتابى قۇرۇلدى، ئورنى ۋىلايەتلىك ئورمان باشقۇرۇش ئىدارىسىدا بولدى. 1979- يىلى شتاب ئىشخانىسى بىر دائىملىق ئىش بېجىرىش ئورگىنى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق ئىدارىسىدا تەسىس قىلىندى. 1986- يىل 5- ئايدا ۋىلايەتلىك ئورمان مۇھاپىزەت قىلىش، ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش ئىشخانىسى ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق ئىدارىسىدىن ئايرىپ چىقىلىپ، رەسمىي بىر مۇستەقىل ئىش بېجىرىش ئورنى بولدى.

4) ۋىلايەتلىك ياۋايى ھايۋاناتلار بايلىقىنى قوغداش كومىتېتى    1983- يىل 4- ئايدا ۋىلايەتلىك ياۋايى ھايۋاناتلار بايلىقىنى قوغداش كومىتېتى قۇرۇلدى، ئىشخانىسى ۋىلايەتلىك ئورمان مۇھاپىزەت قىلىش، ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش ئىشخانىسىدا بولدى، بىر ئورگانغا ئىككى ۋەزىپە ئېلىندى.

### 2. ناھىيە، يېزىلاردىكى كەسپىي ئورۇنلار

1) ناھىيىلىك (شەھەرلىك) ئورمان باشقۇرۇش پونكىتلىرى    1976- يىلى قۇمۇل، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرىدە ناھىيىلىك ئورمان باشقۇرۇش پونكىتلىرى قۇرۇلدى. باركۆل ناھىيىسىدە 1980- يىل 3- ئايدا ناھىيىلىك ئورمان باشقۇرۇش پونكىتى رەسمىي قۇرۇلدى.

1984- يىلى قۇمۇل ناھىيىسى بىلەن قۇمۇل شەھىرى بىرلەشتۈرۈلدى. ئەسلىدىكى ناھىيىلىك ئورمان باشقۇرۇش پونكىتى قۇمۇل شەھەرلىك ئورمان باشقۇرۇش پونكىتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرى قۇمۇل شەھەرلىك ئورمان باشقۇرۇش پونكىتىدا 19 كىشى، باركۆل ناھىيىلىك ئورمان باشقۇرۇش پونكىتىدا 10 كىشى، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك ئورمان باشقۇرۇش پونكىتىدا 10 كىشى ئىشلىدى.

2) يېزا دەرىجىلىك ئورمانچىلىق پونكىتلىرى 1984- يىلى ۋىلايىتىمىزدە پائۋانتۇر يېزا ۋە باركۆل ناھىيىلىك داخې (قاراسۇ) يېزىلىق ئورمانچىلىق پونكىتىدىن ئىبارەت ئىككى يېزا دەرىجىلىك ئورمانچىلىق پونكىتى قۇرۇلدى. 1990- يىلغىچە ۋىلايەت بويىچە 17 رايون، يېزىلىق ئورمان باشقۇرۇش پونكىتى قۇرۇلدى، بۇنىڭ 11 ى قۇمۇل شەھىرىدە، ئالتىسى باركۆل ناھىيىسىدە بولۇپ، خادىم 55 كە يەتتى.

## §3. ئورمانچىلىق مەيدانلىرى

1. قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانى

1950- يىل 12- ئايدا قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئورمان باشقۇرۇش پونكىتى ياغاچ كېسىش ئورنى قۇرۇش تەييارلىقىنى باشلاپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە 140 ياغاچ كېسىش ئىشچىسىنى تەشكىللەپ، قۇمۇل ئورمان باشقۇرۇش پونكىتى ياغاچ كېسىش مەيدانىنى قۇردى.

1954- يىل 3- ئايدا ياغاچ كېسىش مەيدانى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قۇمۇل ياغاچ كېسىش شىركىتى قىلىپ ئۆزگەرتىپ قۇرۇلدى، بۇ شىركەتكە ئۆلكىلىك دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق نازارىتى بىلەن قۇمۇل ۋالىي مەھكىمىسى قوش رەھبەرلىك قىلدى.

1957- يىل 2- ئايدا ياغاچ كېسىش شىركىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ياغاچ كېسىش مەيدانىغا ئۆزگەرتىلدى.

1958- يىل 4- ئايدا ياغاچ كېسىش مەيدانى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قۇمۇل ئاقتاش ئورمان تىجارەت پونكىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، قۇمۇل نامداۋان ئورمانچىلىق مەيدانى قۇرۇلدى، ئۇ، ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق نازارىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق بولدى، مەيدان كارخانا تۈزۈمىنى يولغا قويدى.

1964- يىل 4- ئايدا ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك تىرىتكىر ئورمانچىلىق مەيدانى بىلەن قۇمۇل نامداۋان ئورمانچىلىق مەيدانى بىرلەشتۈرۈلدى. شۇ يىلى قۇمۇل ناھىيىلىك شوپۇل ئورمانچىلىق مەيدانىمۇ قۇمۇل نامداۋان ئورمانچىلىق مەيدانىغا قوشۇۋېتىلدى.

1966- يىلىنىڭ بېشىدا باركۆل ناھىيىلىك كۆيسۇ قاراغول ئورمانچىلىق مەيدانىمۇ قۇمۇل نامداۋان ئورمانچىلىق مەيدانىغا قوشۇۋېتىلدى. شۇنىدىن ئېتىبارەن، قۇمۇل تاغلىق رايون ئورمانچىلىق سانائەت كارخانىلىرى ئىچىدە پەقەت قۇمۇل نامداۋان ئورمانچىلىق مەيدانىلا تىجارەت، ياغاچ كېسىشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق نازارىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىغا ئايلاندى. قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشىغا ئېھتىياجلىق ياغاچ ماتېرىياللىرىنى قۇمۇل نامداۋان ئورمانچىلىق مەيدانى بىر تۇتاش تەمىنلىدى.

1982- يىلى قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدان شتابى نامداۋاندىن قۇمۇل شەھەر رايونىغا يۆتكەپ كېلىندى.

1990- يىلى قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ جەمئىي ئىشچى- خىزمەتچىسى 315 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە

ئايال ئىشچى- خىزمەتچى 91 بولۇپ، 29% نى، ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى- خىزمەتچىسى 37 بولۇپ، 12% نى ئىگىلىدى. قاراشلىق ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرى: ماشىنا- ترانسپورت ئەترىتى، ئورمان ئىشچىلىرى ئەترىتى، ياغاچ تىجارىتى ئەترىتى، ياغاچ ساقلاش مەيدانى، ھەرىدەش سېخى، ئورمان چارلاش ئەترىتى، ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى، زىيالىي ياشلار ئورمانچىلىق مەيدانى، ياغاچچىلىق سېخى قاتارلىقلار.

2. يەرلىكتىكى ناھىيىلەر باشقۇرغان ئورمانچىلىق مەيدانلىرى

1958- يىل 4- ئايدا باركۆل ناھىيىلىك قاراغول ئورمان تىجارەت پونكىتى باركۆل ناھىيىلىك ئورمانچىلىق مەيدانىغا ئۆزگەرتىلدى. 1960- يىلى 7-، 8- ئايلاردا قۇمۇل ناھىيىسى شوپۇل ئورمانچىلىق مەيدانى، ئاراتۈرۈك ناھىيىسى (نېرىنكىر) ئورمانچىلىق مەيدانى قۇرۇلدى. 1960- يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىدە ناھىيىلەر باشقۇرغان ئورمانچىلىق مەيدانى ئۈچ بولۇپ، ئىشچىلار سانى1957- يىلىدىكى 20 دىن كۆپىيىپ، 530 غا يەتتى.

1961- يىل 8- ئايدا دۆلەتنىڭ «خادىملارنى قىسقارتىش، ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاش» سىياسىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن، قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ناھىيە باشقۇرغان ئۈچ ئورمانچىلىق مەيدانىدىكى خادىملار 92 گە قىسقارتىلدى.

1964- يىل 8- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ بۇ ئۈچ ناھىيىدىكى ئورمانچىلىق مەيدانلىرى ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق نازارىتىگە بىۋاستە قاراشلىق قىلىندى.

1964- يىل 4- ئايدا ئاراتۈرۈك (نېرىنكىر) ئورمانچىلىق مەيدانى بىلەن قۇمۇل ناھىيىلىك شوپۇل ئورمانچىلىق مەيدانى نامداۋان ئورمانچىلىق مەيدانىغا قوشۇۋېتىلدى.

1964- يىل باركۆل ناھىيىلىك ماجوەنگۇ ئورمانچىلىق مەيدانى كۆيسۈنىڭ قاراغول دېگەن يېرىدە قايتىدىن مەيدان شتابى قۇردى، خادىمى 42 ئىدى. 1966- يىلىنىڭ بېشىدا بۇ مەيدانلارمۇ نامداۋان ئورمانچىلىق مەيدانىغا قوشۇۋېتىلدى.

[قوشۇمچە]

قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى قوشتىكەن ئورمانچىلىق مەيدانى

بۇ مەيدان 1980- يىل 1- ئايدا قۇرۇلدى. 1969- يىلىدىن ئىلگىرى، بۇ مەيدان غەربىي شىمال تۆمۈريول قۇرۇلۇش ئىدارىسى 1- باشقارمىسىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانى بولۇپ، 1969- يىل 9- ئايدىن كېيىن، غەربىي شىمال تۆمۈريول قۇرۇلۇش ئىدارىسى «7- ماي» دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئۆزگەرتىلدى. 1971- يىل 6- ئايدا «7- ماي» دېھقانچىلىق مەيدانى ئاساسىدا «7- ماي» كادىرلار مەكتىپى قۇرۇلدى. 1976- يىل 5- ئايدا يەنە ئىدارە ئىشچى- خىزمەتچىلەر مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلدى. 1980- يىل 1- ئايدا ئىشچى- خىزمەتچىلەر مەكتىپىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمى قوشتىكەن ئورمانچىلىق مەيدانىغا ئۆزگەرتىلىپ، تۆمۈريول ئىدارىسىغا بىۋاستە قارايدىغان بولدى. 1983- يىل 11- ئايدا بۇ ئورمانچىلىق مەيدانى قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

قوشتىكەن ئورمانچىلىق مەيدانى قۇمۇل شەھرىنىڭ 13 كىلومېتىر غەربىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، شىمالدىن جەنۇبقا 2800 مېتىر، شەرقتىن غەربكە 1500 مېتىر كېلىدۇ. ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر مەيدانى 9859 مو بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قوشتىكەندە 6523.03 مو، چۆەنشى (يوپۇرماقبۇلاق) دە 3335.87 مو. 1990- يىلىدىكى تېرىلغۇ مەيدانى 2400 مو.

ئورمانچىلىق مەيدانىدا 254 مو ئىھاتە ئورمىنى، 387 مو پارچە ئورمانلىق، 200 مو كۆچەتزارلىق، 50 مو باغ،

167 مو ئۈرۈملۈك، 130 مو نەشپۈتزارلىق، 80 مو جىگدىلىك، 150 مو تۈرۈكلۈك، بەش مو چىلانلىق باغ بار، قوشۇمچە كەسىپ يېرى 1000 مو. بۇ ئورمانچىلىق مەيدانى يەنە قۇمۇلدا توققۇز ئولتۇراق رايون، بىر خەلق باغچىسىنىڭ جەمئىي 160 مو يېرىنى كۆكەرتىشكە مەسئۇل بولدى، مەيدان بويىچە 89 ئىشچى- خىزمەتچى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە كادىر 13.

# II باب

# ئورمان بايلىقى

1980- يىلى قۇمۇل ۋىلايىتى تاغلىرىدىكى باراقسان يىگنە يوپۇرماقلىق ئورمان كۆلىمى 640 مىڭ 800 مو، جىلغا ئورمان كۆلىمى 41 مىڭ 400 مو، تۈزلەڭلىكتىكى سۇنئىي ئورمان كۆلىمى 106 مىڭ مو، توغراقلىق كۆلىمى 251 مىڭ 500 مو، ئومۇمىي ئورمان كۆلىمى 1 مىليون 397 مىڭ مو. چاتقاللىقلارنىڭ جايلىشىشى تارقاق بولۇپ، قاپلىنىش دائىرىسى 40% > ، مەركەزلىك جايلاشقان چاتقاللىق ئاساسەن يوق. چاتقاللىقنى ھېسابلىمىغاندا، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 0.48%، قۇمۇل شەھىرىنىڭ 0.35%، باركۆل ناھىيىسىنىڭ 0.68%، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ 0.5%.

## §1. ئورمان خىللىرى ۋە جايلىشىشى

قۇمۇل ۋىلايىتى ياۋروپا- ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ كىندىك رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، ئىقلىمى تىپىك چوڭ قۇرۇقلۇق ئىقلىمىغا مەنسۇپ. ۋىلايەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىن توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن تەڭرىتېغىنىڭ تەسكەي يانباغرىنىڭ مەلۇم ۋېرتىكال ئېگىزلىكتىكى مۇھىتى بىر قەدەر نەمخۇش. لېكىن، تۈزلەڭلىك بىلەن ئېدىرلىق جايلار قۇرغاق بولۇپ، چۆل- جەزىرە تۈسىنى ئالغان. تاغلىق رايونلار، چۆل- جەزىرىلەر ۋە تۈزلەڭلىكلەردە تارقاق جايلاشقان زور كۆلەملىك قاتتىق غوللۇق دەرەخ، چاتقالدىن ئىبارەت يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بار. ئورمانلىقلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ھەر خىل، مەنبەسى بىر- بىرىگە ئوخشىمايدىغان بولغاچقا، ئاساسلىقى تۆت خىلغا بۆلۈنىدۇ. ئۇلار: تاغلاردىكى يىگنە يوپۇرماقلىق ئورمان، جىلغىلاردىكى كەڭ يوپۇرمانلىق ئورمان، چۆل- جەزىرىلەردىكى چۆل ئورمىنى ۋە تۈزلەڭلىكتىكى سۇنئىي ئورماندىن ئىبارەت.

### 1. تاغلاردىكى يىگنە يوپۇرماقلىق ئورمانلار

تەڭرىتاغنىڭ قۇمۇل ۋىلايىتى تەۋەسىگە جايلاشقان شەرقىي قىسمىنىڭ ئوتاش تاغ تىزمىسى ئادەتتە دېڭىز يۈزىدىن 3000 ~ 4000 مېتىر ئېگىز، تۈزۈلۈشى تىك، جىلغىلىرى گىرەلەشكەن، يانتۇلۇقى كۆپىنچە 20° ~ 30° كېلىدۇ.

يۆنىلىشى شەرقتىن غەربكە قاراپ سوزۇلۇپ، ۋىلايەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ. ئەڭ ئېگىز چوققىسى قۇمۇل شەھىرى تەۋەسىدىكى قارلىق تاغ بولۇپ، ئۇ، دېڭىز يۈزىدىن 4886 مېتىر ئېگىز. ۋىلايەت تەۋەسىدىكى شەرقىي تەگرىتېغىنىڭ ئاساسلىق چوققىلىرى ئارىسىدا تاغ ئېغىزلىرى بار. تاغ تىزمىلىرىنىڭ جەنۇبىي يانباغرى كۆپرەك يالىڭاچ تاغ جىنسلىرىدىن تۈزۈلگەن. بىراق، شىمالىي يانباغرى نەمخۇش بولغاچقا، يىللىق ھۆل- يېغىن مىقدارى 300 ~ 500 مىللىمېتىر بولىدۇ. نامداۋان رايونىدا يىللىق ھۆل- يېغىن مىقدارى 470 ~ 535 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل- يېغىن مىقدارى 500 مىللىمېتىر. باركۆلنىڭ نەنسەن تېغىنىڭ قاراغول ئورمان رايونىدا يىللىق ھۆل- يېغىن مىقدارى 441 ~ 500 مىللىمېتىرغىچە، تەگرىتېغىنىڭ شىمالىي يانباغرىدا يىللىق نەملىك كوئېففىتسېنتى 0.3 ~ 0.6 غىچە بولىدۇ. شۇڭا، تاغلارنىڭ شىمالىي يانباغرىدا دېڭىز يۈزىدىن 2100 ~ 2900 مېتىر ئېگىز تاغ قاپتاللىرى ۋە سۇبئالپ رايونلىرىدا ۋېرتىكال يۆنىلىش بويىچە تاغ قاپتاللىرىنى بويلاپ ئۆسكەن يىڭنە يوپۇرماقلىق ئۆزۈنچاق ئورمان بەلۋاغلىرى شەكىللەنگەن. ئەمما، تىك يار ۋە قىسمەن كۆنگەي قاپتاللارنىڭ ئايرىپ تۇرۇشى سەۋەبلىك، ئۇ پارچە- پارچە بولۇپ تەسكەي قاپتاللارغا، يېرىم تەسكەي قاپتاللارغا ياكى جىلغىلارنىڭ بېشىغا جايلاشقان. پەقەت تەگرىتېغىنىڭ شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان يۆنىلىشى ۋە بىر قاتار ئۆزئارا تۇتىشىپ كەتكەن قاپتاللار سەۋەبىدىن، بۇ ئۈزۈك- ئۈزۈك داۋاملاشقان ئورمان بەلۋاغلىرى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

1956- يىلىدىكى قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى تەڭرىتاغ يىڭنە يوپۇرماقلىق ئورمىنىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 8 – 1

| تارقالغان جايلىرى / تۈرلىرى | باركۆل ناھىيىسى | | قۇمۇل شەھىرى | | | ئارانۇرۇك ناھىيىسى | | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | نەنسەن تېغى | كۆكقىر تېغى | تەگرىتاغ | شارلار تېغى | ئاتۇيلۇق | تۆركۆل | تەگرىتاغ | |
| ئورمانلىق كۆلىمى (مو) | 198390 | 77070 | 231660 | 45337 | 17400 | 3000 | 29100 | 601957 |
| ھۆل دەرەخ زاپىسى (كۇب مېتىر) | 3561080 | 187430 | 2778800 | 686600 | 241860 | 40000 | 428000 | 7923770 |

قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ 1980- يىلىدىكى ئورمان بۆلەكلىرىنىڭ كۆلىمى، ھۆل دەرەخ زاپىسىنىڭ يېش گۇرۇپپىسى بويىچە بۆلۈنۈشى

جەدۋەل: 8 – 2 بىرلىكى: مو (كۆلىمى)، كۇب مېتىر (زاپىسى)

| جەمئىي | | ياش ئورمان | | ئوتتۇرا ياشلىق ئورمان | | يېتىلىشكە يېقىنلاشقان ئورمان | | يېتىلگەن ئورمان | | يېتىلىشتىن ئۆتكەن ئورمان | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| كۆلىمى | زاپىسى | كۆلىمى | زاپىسى | كۆلىمى | زاپىسى | كۆلىمى | زاپىسى | كۆلىمى | زاپىسى | كۆلىمى | زاپىسى |
| 594300 | 5693230 | 13140 | 22320 | 94560 | 850740 | 116805 | 1152550 | 302850 | 3021660 | 66945 | 645960 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 100% | 2.2% | 0.5% | 15.9% | 14.9% | 19.6% | 20.2% | 51.0% | 53.1% | 11.3% | 11.3% |
| ياش ئورمانتى 1 قىلغان نىسبەت | 1 | 1 | 7 | 30 | 9 | 40 | 23 | 106 | 5 | 19 |

ئىزاھ: قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ 1989- يىلىدىكى ئورمان بايلىقىنى ئىككىنچى قېتىم بويىچە تەكشۈرۈشىنىڭ سان- سىپرلىرى مۇنداق بولدى: مەيدان بويىچە ئورمان بۆلەكلىرىنىڭ ياش، ئوتتۇرا ياش، يېتىلىشكە يېقىنلاشقان، يېتىلگەن، يېتىلىپ ئۆتكەن ئورمان بۆلەكلىرى كۆلىمىنىڭ نىسبىتى 1:7:9:23:5، ھۆل دەرەخ زاپىسىنىڭ نىسبىتى 1:30:40:106:19، يېتىلگەن، يېتىلىپ ئۆتكەن ئورمان كۆپ، ياش ئورمان ئاز، ئورماننىڭ زاپاس بايلىق مىقدارى يېتەرسىز بولۇپ چىقتى.

جىلغا يىڭنە يوپۇرماقلىق ئورمىنى قاتتىق غوللۇق دەرەخ ۋە چاتقالدىن ئىبارەت ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. قاتتىق غوللۇق يىڭنە يوپۇرماقلىق ئورمان، شىنجاڭ بال قارىغىيى سوغۇق نەمخۇش ئىقلىم يىڭنە يوپۇرماقلىق ئورمىنىغا، تەگرىتاغ شەمشادى سوغۇق ئىقلىم يىڭنە يوپۇرماقلىق ئورمىنىغا مەنسۇپ بولۇپ، چاتقال يىڭنە يوپۇرماقلىق ئورمىنى شىنجاڭ ئارچىسى ھېسابلىنىدۇ.

1956- يىلى قۇمۇلدا ئورمان تىجارىتى تەكشۈرۈلدى. قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ پىلانلىق پايدىلىنىدىغان كەسپىي رايونلىرىدىكى سۇ، تۇپراقنى قوغدايدىغان دائىرىلەردىكى بال قارىغىيىنىڭ يېشى 152 يىل، شەمشادنىڭ يېشى 107 يىل، باشقۇرۇپ پايدىلىنىۋاتقان دائىرىلەردىكى بال قارىغاينىڭ يېشى 139 يىل، شەمشادنىڭ يېشى 89 يىل، يول ئاسراش دائىرىلىرىدىكى بال قارىغاينىڭ يېشى 68 يىل، شەمشادنىڭ يېشى 122 يىل ئىكەن. باركۆلنىڭ پىلانلىق پايدىلىنىدىغان كەسپىي رايونلىرىدىكى سۇيى، تۇپرىقى قوغدىلىدىغان دائىرىلەردىكى بال قارىغاينىڭ يېشى 143 يىل، شەمشادنىڭ يېشى 97 يىل، باشقۇرۇپ پايدىلىنىۋاتقان دائىرىلەردىكى بال قارىغاينىڭ يېشى 115 يىل، شەمشادنىڭ يېشى 104 يىل ئىكەن.

2. جىلغا كەڭ يوپۇرماقلىق ئورمىنى

قۇمۇل تاغلىرىدىكى جىلغا كەڭ يوپۇرماقلىق ئورمىنى قاتتىق غوللۇق دەرەخ ۋە چاتقالدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولۇپ، جىلغا، جىلغا ئېغىزلىرى ۋە ئېقىن قىرغاقلىرىغا تارقالغان. جىلغا ئورمىنى جىلغىلارنىڭ بېشىدىن ئېغىزىغىچە بولغان دائىرە بىلەن چەكلىنىپ، جىلغا ئېقىنلىرىنىڭ ئىككى قىرغىقى ۋە تاشقىن ساھىللىرىدا ئۆسكەن. بەزى چوڭراق ئېقىنلار جىلغىلاردىن چىقىپ خېلى يىراق جايلارغىچە داۋاملىشىدۇ. مەسىلەن، ئاراتۇرۇك دەرياسىنىڭ ئاداق جىلغىسىدا خېلى نۇرغۇن جىلغا ئورمىنى بار. ۋىلايەت تەۋەلىكىدىكى جىلغا كەڭ يوپۇرماقلىق ئورمىنى ۋېرتىكال جايلاشقان بولۇپ، ئادەتتە دېڭىز يۈزىدىن 1000 ~ 2200 مېتىر ئېگىزلىكتە بولىدۇ. قۇمۇل شەھىرى تەۋەلىكىدە جىلغا ئورمىنىنىڭ ۋېرتىكال تارقىلىشى 1200 ~ 2160 مېتىر ئېگىزلىكتە بولىدۇ. باركۆل تەۋەلىكىدە جىلغا ئورمىنىنىڭ ۋېرتىكال تارقىلىشى1000 ~ 2200 مېتىر ئېگىزلىكتە بولىدۇ. ئاراتۇرۇك ناھىيىسى تەۋەلىكىدە جىلغا ئورمىنىنىڭ ۋېرتىكال تارقىلىشى 1500 ~ 2200 مېتىر ئېگىزلىكتە بولىدۇ. دەرەخ تۈرلىرى قاپاق تېرەك، ساي تېرىكى، سۆگەتتىن ئىبارەت.

قۇمۇل تاغلىرىدىكى جىلغا ئورمىنى (دەرەخ) نىڭ 1982- يىلىدىكى تارقىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 8 - 3

| تارقالغان رايونلار / تۈرلىرى | قۇمۇل شەھىرى | | | باركۆل ناھىيىسى | | ئاراتۇرۇك ناھىيىسى | | | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | تاشۆپىلىق | ئەگرىتاغ | شىلار تېغى | ئەسىن تېغى | كۆكقىر تېغى | نوخۇلۇ | ئاداق | باي | |
| ئورمانلىق كۆلىمى (مو) | 12000 | 3280 | 8480 | 3683 | 4026 | 6200 | 2500 | 1300 | 41469 |
| ھۆل دەرەخ زاپىسى (كۇب مېتىر) | 42000 | 20100 | 34500 | 12082 | 4677 | 20000 | | | 133359 |

چاتقال تۈرىدىكىلەردىن كالوتىيە ھاسىل قىلالايدىغانلاردىن ئاساسلىقى چىرغىناق، ياۋا ئازغان قاتارلىقلار بار. ئومۇمەن ئالغاندا، قۇمۇل دىيارىدىكى ئەگرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى كۆنگەي قاپتاللىرىنىڭ ياكار تاغ جىلغىلىرىغا، تاشقىن ساھىللىرىنىڭ ئەتراپىغا ۋە تاغ ئالدىدىكى يەلپۈگۈچسىمان چۆكۈندە ئېقىندىلىرىنىڭ ئىككى قىرغىقىغا بەلۋاغسىمان جايلاشقان.

قۇمۇل شەھىرىنىڭ 1986- يىلىدىكى جىلغا چىرغىناق ئورمىنىنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 8 – 4

| تۈرلىرى / يەر ناملىرى | | تاشۆپىلىق رايونى | ئەگرىتاغ رايونى | | | | شىلار رايونى | | | | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئەگلار | قوراي | قىزىلبلار | ئېدىر | بامداش | قورلۇق | قىلغىلىتى | ئاراتى | قوناتلىق | |
| ئورمانلىق كۆلىمى مو | بارانسالىق دەرىجىسى ≥ 0·1 | 67.5 | 65 | 213 | 27 | 45 | 15 | 50 | 34 | 12 | 533.5 |
| | بارانسالىق دەرىجىسى ≥ 0.1 | 232 | 161 | 532 | 103 | 375 | 280 | 110 | 156 | 78 | 2027 |

ياۋا ئازغان تاغ جىلغىلىرىنىڭ يانتۇ جايلىرىغا جايلاشقان، كۆپىنچە باشقا چاتقاللىقلار ئارىسىدا ئۆسىدۇ. ياۋا ئازغاننىڭ قۇرغاقلىقى ۋە چاتقالسىمانلىقى ئوتتۇراھال تاغ بەلۋېغى ياۋا ئازغان چاتقاللىقىغا تەۋە بولۇپ، ئاساسلىقى باركۆل ناھىيىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن 1800 ~ 2200 مېتىر ئېگىز بولغان جىلغىلارنىڭ يانباغىرلىرىغا ۋە تاغ ئارىسىدىكى ئوتلاق، ئورمانلارنىڭ چېتىگە جايلاشقان. بۇ جايلاردا ھاۋا سوغۇق بولغاچقا، كەڭ يېيىلالمايدۇ، كۆپرەك پارچە- پۇرات بولۇپ، ئومۇمىي قاپلاش نىسبىتى 30% ~ 40% كىچىلا بولۇپ، ئېگىزلىكى بىر مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. باشقا ھەمراھ چاتقاللار ناھايىتى ئاز بولىدۇ. قۇرغاقچىلىققا چىداملىق چاتقال — شالاڭ گۈللۈك ئازغان، ئاساسلىقى ئاراتۇرۇكنىڭ تاغ

باغرىلىرىغا، ئېرىق ياقىلىرىغا جايلاشقان، قاپلاش نىسبىتى ئادەتتە 20%.

### 3. چۆللۈك ئورمىنى

تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئېتەكلىرىدىكى يەلپۈگۈچسىمان چۆكۈندە تۈزلەڭلىكلەردە، يەر تۈزۈلۈشى ئويمان قۇملۇق ۋادىلاردا، قۇملۇقلارنىڭ ئوتتۇرا رايونلىرىدىكى ئېقىنلاردا روشەن چۆل- جەزىرە بەلۋېغى خاراكتېرىگە ئىگە كەڭرى كەتكەن قاتتىق غوللۇق دەرەخ ۋە چاتقاللار بار، جۈملىدىن چۆل توغرىقى ۋە چۆل چاتقاللىقلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قۇمۇل شەھىرى تاشۇبلىق يېزىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى گەنسۇ ئۆلكىسى بىلەن چېگرىداش ماجۇاڭشەن ئەتراپلىرىدا يۇلغۇن ۋە سۆكسۆكنى ئاساس قىلغان 2 مىليون 40 مىڭ مو چۆل ئورمىنى بار، بۇنىڭ ئىچىدە سۆكسۆك 2 مىليون 10 مىڭ مو، يۇلغۇن 34 مىڭ مو. غەربىي قىسمىدىكى يەنتە قۇدۇق رايونىدا 100 مىڭ مو چاكاندا، 25 مىڭ مو يۇلغۇن بار. شەرقىي جەنۇبتىكى خۇڭلىيۇخې ئەتراپىدا 180 مىڭ مو يۇلغۇن بار. غەربىتاغ رايونىنىڭ تاغ ئېتىكىدىكى چۆللۈكتە 100 مىڭ مو ياش سۆكسۆكلۈك بار. شەھەر بويىچە ئومۇمىي توغراقلىق ۋە چاتقاللىق كۆلىمى 2 مىليون 772 مىڭ 500 مو كېلىدۇ.

تاغنىڭ شىمالدىكى باركۆلنىڭ چۆل ئورمىنى ئاساسەن، باركۆل، ئۈچكۆلدىن ئىبارەت ئىككى ئويمانلىقنىڭ چېتىدىكى غەربىي، غەربىي شىمال ۋە شەرقىي شىمال تەرەپلەرگە تارقالغان.

ئاراتۈرۈك ناھىيىسى تەۋەلىكىدىكى چۆل ئورمىنى ئاساسەن، كىچىك نوم ۋە باي ئەتراپىدىكى جۇڭگو- موڭغۇلىيە چېگرىسىغا شەرقتىن غەربكە قاراپ بەلۋاغسىمان تارقالغان. چۆل ئورمىنى ناھىيىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدىكى كىچىك نومدىن غەربكە قاراپ داۋاملىشىپ، باركۆلنىڭ يۇسۇپ قوراسى (تيۈچۈەنخۇ) دېگەن يېرىدىكى توغراقلىق ۋە چاتقاللىق بىلەن تۇتىشىدۇ. نومدىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ سوزۇلۇپ، باينىڭ شەرقىي قىسمى بىلەن تۇتىشىدۇ. توغراق ئاساسەن، شىمالىي قىسمىدىكى كىچىك نوم ئەتراپىغا، سۆكسۆك ئاساسەن، شەرقىي جەنۇب قىسمىدىكى باي ۋە نوم ئەتراپىغا تارقالغان.

### 4. تۈزلەڭلىكتىكى سۈنئىي ئورمانلار

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ھەر مىللەت خەلقى قۇم ۋە بوران زىيىنىغا تاقابىل تۇرۇش ۋە ياغاچ ماتېرىيالى، مېۋە- چېۋىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، تورغۇن ئىھاتە ئورمىنى، ياغاچ ماتېرىيال ئورمىنى، ئىقتىسادىي ئورمان، ئوتۇن ئورمىنى بەرپا قىلدى. تۈزلەڭلىكلەردىكى بوستانلىق ئورمانچىلىقى ئىسسىق، قۇرغاق، سۇغىرىلىدىغان سۈنئىي ئورمان ئىقلىمىغا مەنسۇپ. قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ تۈزلەڭلىكتىكى سۈنئىي ئورمىنى ئاساسەن، قۇمۇل شەھىرىنىڭ تۈزلەڭلىكتىكى سەككىز يېزىسىغا ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ قۇمۇل شەھىرى تەۋەلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ئاساسلىق بوستانلىقلىرىدىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىغا ۋە دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ ئەتراپىغا مەركەزلىك تارقالغان. قۇمۇل شەھىرىنىڭ تۈزلەڭلىكتىكى سۈنئىي ئورمانلىرى ۋىلايەتتىكى تۈزلەڭلىك سۈنئىي ئورمىنىنىڭ 90% تىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ. باركۆلنىڭ داخې، كۈيسۇ، شىرىنزا يېزىلىرىدا ۋە ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ نوم تۈزلەڭلىكىدىكى دېھقانچىلىق رايونىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ۋە تۆت ئەتراپىدا سانى ئاز، لېكىن تارقىلىشى بىر قەدەر مەركەزلىك بولغان سۈنئىي ئورمانلار بار.

ۋىلايىتىمىزنىڭ تۈزلەڭلىكتىكى سۈنئىي ئورمىنىنىڭ دەرەخ سورتى كۆپ ئەمەس. قۇمۇل شەھىرىدە سۇۋادان تېرەك ئاساسلىق سورت ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە شىنجاڭ تېرىكى، جىگدە قاتارلىق سورتلار بار. لېكىن، ئارىلاش ئورمان ئاز بولۇپ، زور كۆپچىلىكى ساپ ئورمان. باركۆل ناھىيىسىدە ساي تېرىكى، كىچىك يوپۇرماقلىق تېرەك ئاساس قىلىنىدۇ. ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە تال ئاساس قىلىنىدۇ. سۇ بايلىقىنىڭ چەكلىمىسى ۋە دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ

ياغاچ ماتېرىيالىغا بولغان ئېھتىياجى سەۋەبلىك، سۈنئىي ئورمانلىقلاردىكى دەرەخ تۈرلىرىدە سالمىقى بىر قەدەر زور بولىدىغىنى ئېتىز ئىھاتە ئورمىنى بولۇپ، ئاساسەن ئېرىق، يول ياقىسىغا تىكىلىدۇ، كىچىك دائىرىلىك ماتېرىيال ياغاچ ئورمىنىمۇ بار، ئوتتۇن ئورمىنىنىڭ نىسبىتى ناھايىتى ئاز.

[قوشۇمچە]

**شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قۇمۇل بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىنىڭ ئورمانچىلىقى**

1949- يىل 9- ئايدا شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 6- جۇن 16- شىسىنىڭ ئىككى تۇەنى قۇمۇلغا كېلىپ تۇردى. 1953- يىلىنىڭ بېشىدا، بۇيرۇققا بىنائەن قۇمۇلدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، شۇ يىلى 699 تۈپ دەرەخ تىكتى. شورنى تىزگىنلەش، يەرنى تەكشىلەش، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ ئېتىز بەرپا قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىڭتۇەن دېھقانچىلىق 5- شىسىنىڭ قىزىل يۇلتۇز 1- ۋە 2- دېھقانچىلىق مەيدانلىرى 1954- يىلدىن باشلاپ ئېتىز ئىھاتە ئورمىنى بەرپا قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ھەر قايسى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى سالا ئېتىز، مەھەللە قۇرۇلۇشى پىلانىنى تۈزگەندە ئورمان بەلۋاغلىرىنىڭ ئورنى ۋە كۆلىمىنى پىلانغا كىرگۈزۈپ تەڭ لايىھىلىدى. دېھقانچىلىق، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تېرىلغۇ يەر كۆلىمى پەيدىنپەي كېڭەيدى، ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ راۋاج تاپتى.

بىڭتۇەننىڭ قۇمۇلدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ تۈزلەڭلىك سۈنئىي ئورمىنى 1975- يىلىنىڭ ئاخىرىدا 5106 موغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مېۋىلىك باغ كۆلىمى 1800 مو. 213- تۇەن (ھازىرقى قىزىل يۇلتۇز 1- دېھقانچىلىق مەيدانى) نىڭ ئورمانلىق كۆلىمى 1352 مو (مېۋىلىك بېغى 150 مو)، 214- تۇەن (ھازىرقى قىزىل يۇلتۇز 2- دېھقانچىلىق مەيدانى) نىڭ ئورمانلىق كۆلىمى 2172 مو (مېۋىلىك بېغى 675 مو)، 1- يىڭ (ھازىرقى قىزىل يۇلتۇز 3- دېھقانچىلىق مەيدانى ) نىڭ ئورمانلىق كۆلىمى 169 مو، 2- يىڭ (ھازىرقى قىزىل يۇلتۇز 4- دېھقانچىلىق مەيدانى ) نىڭ ئورمانلىق كۆلىمى 1413 مو (مېۋىلىك بېغى 975 مو) بولدى.

1977- يىلى ۋە 1979- يىللىرى ۋىلايەتنىڭ راكېتا دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ دۆربەجىن دېھقانچىلىق مەيدانى، ساقا دېھقانچىلىق مەيدانى ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ قۇمۇل ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىغا ئايرىپ بېرىلدى. 1979- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىدارە بويىچە ئورمانلىق كۆلىمى 15 مىڭ 842 مو بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە پارچە- پارچە تىكىلگەن ئورمان 8442 مو، مېۋىلىك باغ 7400 مو بولۇپ، ئورماننىڭ قاپلاش نىسبىتى 7.6% كە يەتتى. پەقەت ساقا دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئورمانلىق، مېۋىلىك باغ كۆلىمىلا 6200 موغا يەتتى ( پارچە- پارچە تىكىلگەن ئورمان 2800 مو، مېۋىلىك باغ 3400 مو)، بۇ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىنىڭ ئومۇمىي ئورمانلىق، مېۋىلىك باغ كۆلىمىنىڭ 39.1% نى ئىگىلىدى، ئورماننىڭ قاپلاش نىسبىتى 25.8% كە يەتتى.

1985- يىلى بىڭتۇەن قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىغا قاراشلىق دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ۋە چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ تۈزلەڭلىكتىكى سۈنئىي ئورمانلىق كۆلىمى جەمئىي 40 مىڭ 157 موغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىھاتە ئورمىنى ۋە باشقا ئورمانلىق 23 مىڭ 339 مو، مېۋىلىك باغ 16 مىڭ 398 مو، كۆچەتزارلىق 420 مو.

1987- يىلى بىڭتۇەن قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى «ھازىر بېيىشتا قوغۇن، كېيىنرەك تاپىنىش، كەلگۈسىدە بېيىشتا ئورمانچىلىق، باغۇەنچىلىككە تايىنىش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تۈزلەڭلىك ئورمانچىلىقىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردى. 1990- يىلغىچە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىغا قاراشلىق دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ۋە چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنىڭ تۈزلەڭلىكتىكى سۈنئىي ئورمانلىق كۆلىمى 54 مىڭ 754 موغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىھاتە ئورمىنى 28 مىڭ 538 مو، ئىقتىسادىي ئورمان (مېۋىلىك باغ) 26 مىڭ 216

مو، ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 300 ~ 400 مو يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى.

## §2. ئورمانلىق كۆلىمى ۋە زاپىسى

1989- يىللىق تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئومۇمىي ئورمانلىق كۆلىمى 4 مىليون 500 مىڭ مو، ھۆل دەرەخنىڭ ئومۇمىي زاپىسى 6 مىليون 960 مىڭ كۇب مېتىر بولغان.

1. تاغلاردىكى يىڭنە يوپۇرماقلىق ئورمانلار

قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ 1989- يىللىق ئورمان بايلىقى توغرىسىدىكى 2- خىل تەكشۈرۈشىدىن قارىغاندا:

1) ئورمانچىلىق ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن يەرلەر    قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ ئورمانچىلىق ئۈچۈن ئىشلەتكەن يېرى 753 مىڭ 700 مو بولۇپ، ئورمانچىلىق ئۈچۈن ئىشلەتكەن يېرى ئىچىدە 594 مىڭ 300 مو ئورمانلىق بار. بۇ ئورمانچىلىق ئۈچۈن ئىشلەتكەن يېرىنىڭ 78.85% سىنى ئىگىلىدى. شالاڭ ئورمانلىق79 مىڭ 400 مو بولۇپ، 10.54% نى ئىگىلىدى. چاتقاللىق 59 مىڭ 800 مو بولۇپ، 7.93% نى ئىگىلىدى. كۆچەتلىك 6000 مو بولۇپ، 0.79% نى ئىگىلىدى. بىنا قىلىنغان يېتىلمىگەن ئورمانلىق 480 مو بولۇپ، 0.06% نى ئىگىلىدى. ئورمانسىز يەر 19 مىڭ 500 مو بولۇپ، 2.59% نى ئىگىلىدى.

2) ئورمان خىللىرى    ئورمان بار يەرلەر ئىچىدىكى ئىھاتە ئورمانلىق 455 مىڭ 400 مو بولۇپ، ئورمانلىقنىڭ 76.63% سىنى ئىگىلىدى. ماتېرىيال ياغاچ ئورمانلىقى 138 مىڭ 100 مو بولۇپ، ئورمانلىقنىڭ 23.24% سىنى ئىگىلىدى. ئالاھىدە ئىشلىتىلىدىغان ئورمان 800 مو بولۇپ، ئورمانلىقنىڭ 0.13% نىنى ئىگىلىدى. ئورمانسىز يەرلەر ئىچىدە ئورمان بىنا قىلىشقا باب كېلىدىغان قاقاس تاغ 19 مىڭ مو بولۇپ، ئورمانسىز يەرنىڭ 97.44% نىنى ئىگىلىدى. ئوت كەتكەن يالىڭاچ يەر 500 مو بولۇپ، ئورمانسىز يەرنىڭ 2.56% سىنى ئىگىلىدى. ئورمان بۆلەكلىرىدىكى دەرەخ تۈرلىرى ئىچىدە 439 مىڭ 300 مو بال قارىغاي بولۇپ، 73.92% نى، 148 مىڭ 200 مو شەمشاد بولۇپ، 24.94% نى، 6800 مو تېرەك بولۇپ، 1.14% نى ئىگىلىدى.

3) ھۆل دەرەخ زاپىسى    قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ جەمئىي 5 مىليون 896 مىڭ 100 كۇب مېتىر ھۆل دەرەخ زاپىسى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئورمان بۆلەكلىرىنىڭ زاپاس مىقدارى 5 مىليون 693 مىڭ 200 كۇب مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي زاپىسىنىڭ 96.56% سىنى ئىگىلىدى. شالاڭ ئورمانلىق زاپىسى 200 مىڭ 700 كۇب مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي زاپىسىنىڭ 3.40% سىنى ئىگىلىدى، تارقاق ئۆسكەن دەرەخلەر زاپىسى 2200 كۇب مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي زاپىسىنىڭ 0.04% سىنى ئىگىلىدى.

ئورمان بۆلەكلىرىنىڭ زاپىسىنى ئورمان تۈرلىرى بويىچە ئايرىساق: ئىھاتە ئورمىنى 4 مىليون 205 مىڭ 900 كۇب مېتىر بولۇپ، ئورمان بۆلەكلىرى زاپىسىنىڭ 73.88% سىنى ئىگىلىدى. ماتېرىيال ياغاچ ئورمىنى 1 مىليون 487 مىڭ 300 كۇب مېتىر بولۇپ، ئورمان بۆلەكلىرى زاپىسىنىڭ 26.12% سىنى ئىگىلىدى. مەيدان بويىچە ئورمان بۆلەكلىرىنىڭ زاپىسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن مو بېشىغا 9.62 كۇب مېتىردىن توغرا كەلدى. ماتېرىيال ياغاچ ئورمىنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن مو بېشىغا 10.97 كۇب مېتىردىن توغرا كەلدى. ئىھاتە ئورمىنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن مو بېشىغا 9.24 كۇب

مېتىردىن توغرا كەلدى.

ئورمان بۆلەكلىرى زاپىسىدا ئوستۇنلۇككە ئىگە دەرەخ تۈرلىرىنىڭ زاپىسى ئايرىم- ئايرىم ھالدا تۆۋەندىكىدەك، يەنى بال قارىغايى 4 مىليون 368 مىڭ 200 كۇب مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي زاپىسىنىڭ 76.73% ىنى ئىگىلىدى. شەمشاد 1 مىليون 306 مىڭ 900 كۇب مېتىر بولۇپ، 22.95% ىنى ئىگىلىدى. تېرەك 18 مىڭ 100 كۇب مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي زاپىسىنىڭ 0.32% ىنى ئىگىلىدى.

بۇنىڭدىن سىرت، ئاراتۇرۇك ئات فېرمىسى باشقۇرۇشىدىكى تاغلاردا 46 مىڭ 500 مو يىڭنە يوپۇرماقلىق ئورمان بار. ئومۇمىي زاپىسى 447 مىڭ 300 كۇب مېتىر. ئومۇمەن، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ تاغ يىڭنە يوپۇرماقلىق ئورمانلىق كۆلىمى 640 مىڭ 800 مو بولۇپ، ئورمان زاپىسى 6 مىليون 343 مىڭ 400 كۇب مېتىر كېلىدۇ.

2. جىلغا كەڭ يوپۇرماقلىق ئورمىنى

1982- يىللىق تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، جىلغا كەڭ يوپۇرماقلىق ئورمىنى (قاتتىق غوللۇق دەرەخ) كۆلىمى 41 مىڭ 400 مو بولۇپ، ھۆل دەرەخ زاپىسى 133 مىڭ 400 كۇب مېتىر.

چىرغىناق كۆپرەك تارقاق، كىچىك دائىرىلىك ھالەتتە جايلاشقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە تولىمۇ شالاڭ بولۇپ، باراقسانلىق دەرىجىسى 0.4 كىمۇ يەتمەيدۇ. شۇڭا، قويۇق- شالاڭلىق دەرىجىسى 0.1 ⩾ ياكى 0.1 > دىن ئىبارەت ئىككى خىل باراقسانلىق دەرىجىسى بويىچە شالاڭ ئورمانلىق ۋە تارقاق ئۆسكەن ئورمانلىق دەپ ئىككىگە بۆلۈندى. 1986- يىللىق تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا ئورمانلىق كۆلىمى 2560.5 مو.

3. چۆل ئورمىنى

1982- يىللىق تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ چۆل ئورمىنى كۆلىمى 3 مىليون 516 مىڭ 100 مو بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە توغراقلىق 251 مىڭ 500 مو، ھۆل دەرەخ زاپىسى 387 مىڭ 600 كۇب مېتىر، چاتقاللىق 3 مىليون 264 مىڭ 600 مو.

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1982- يىلىدىكى چۆل ئورمىنى كۆلىمى

جەدۋەل: 8 - 5

| ناھىيە (شەھەر) / ئورمان خىلى / تۈرى | | قۇمۇل شەھىرى | | باركۆل ناھىيىسى | | ئاراتۇرۇك ناھىيىسى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | توغراقلىق | چاتقاللىق | توغراقلىق | چاتقاللىق | توغراقلىق | چاتقاللىق |
| ئورمانلىق (تۈمەن مو) | كۆلىمى | 6.75 | | 30.5 | 425 | 17.20 | 51.7 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە باراقسانلىقى 0.25 < | 3.85 | 273.4 | 11.0 | 33.06 | 10.30 | 20.0 |
| ھۆل دەرەخ زاپىسى (تۈمەن كۇب مېتىر) | | 5.58 | | 17.7 | | 15.48 | |

4. تۈزلەڭلىكتىكى سۇنئىي ئورمانلار

1989- يىللىق تەكشۈرۈشتە، قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى 106 مىڭ مو تۈزلەڭلىك سۇنئىي ئورمىنىنىڭ دېھقانچىلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش سىستېمىسى ئىگىلىگەن سۇنئىي ئورمان نىسبىتى 51.7% بولدى.

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئىككى ناھىيە، بىر شەھىرىدە 51 مىڭ مو تۈزلەڭلىك سۇنئىي ئورمىنى بار. پارچە- پۇرات تىكىلگەن دەرىخى 2 مىليون 365 مىڭ تۈپ، ھۆل دەرەخ زاپىسى 102 مىڭ 100 كۇب مېتىر. قۇمۇل شەھىرىنىڭ تۈزلەڭلىكتىكى سۇنئىي ئورمىنى 46 مىڭ مو، بۇنىڭ ئىچىدە ئېتىز ئىھاتە ئورمىنى 10 مىڭ 900 مو، ماتېرىيال ياغاچ ئورمىنى 11 مىڭ مو، ئىقتىسادىي ئورمىنى (مېۋىلىك بېغى) 16 مىڭ مو، مۇھىت ئاسراش ئورمىنى 8000 مو بولۇپ، ئوتتۇن ئورمىنى ناھايىتى ئاز. باركۆل ناھىيىسىنىڭ تۈزلەڭلىكتىكى سۇنئىي ئورمىنى 849.5 مو، بۇنىڭ كۆپى ئىھاتە ئورمىنى بولۇپ، سۇنئىي ئورمانىنىڭ 83.2% نى ئىگىلەيدۇ. ئىقتىسادىي ئورمىنى 98.5 مو، ماتېرىيال ياغاچ ئورمىنى 44.1 مو بولۇپ، جەمئىي 408 مىڭ 531 تۈپ ھەر خىل دەرىخى بار. ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ تۈزلەڭلىكتىكى سۇنئىي ئورمىنى 1062 مو، بۇنىڭ ئىچىدە ماتېرىيال ياغاچ ئورمىنى 358.4 مو، ئىھاتە ئورمىنى 333.6 مو، ئىقتىسادىي ئورمىنى 370 مو. بۇنىڭدىن سىرت، ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار بىلەن مەركەز، ئاپتونوم رايوننىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىنىڭمۇ ئاز- تولا تۈزلەڭلىك سۇنئىي ئورمىنى بار.

قۇمۇل رايونىدىكى بىڭتۈەن قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىغا قاراشلىق دېھقانچىلىق مەيدانلىرى بىلەن چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدا 54 مىڭ 700 مو تۈزلەڭلىك سۇنئىي ئورمىنى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئىھاتە ئورمىنى 52.1% نى، ئىقتىسادىي ئورمان (مېۋىلىك باغ) 47.9% نى ئىگىلەيدۇ.

## §3. ئاساسلىق دەرەخ تۈرلىرى

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ دەرەخ تۈرلىرى 45 ئائىلە، 154 تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

تاغلىق رايونلاردا ئاساسلىق دەرەخ تۈرلىرىدىن شىنجاڭ بال قارىغىيى، تەڭرىتاغ شەمشادى، شىنجاڭ ئارچىسى، قاپاق تېرەك، ساي تېرىكى، تەڭرىتاغ قېيىنى، تاغ سۆگىتى، ياۋا ئازغان، چىرغاناق، ئۈچقات، قارىقات، چېتەن، ئالقات بار.

تۈزلەڭلىكلەردە ئاساسلىق دەرەخ تۈرلىرىدىن سۇۋادان تېرەك، شىنجاڭ تېرىكى، كۆمۈشتېرەك، كانادا تېرىكى، توغراق، ئاق سۆگەت، مەجنۇنتال، بۆگىمەچ سۆگەت، قارىياغاچ، سېدە، چوڭ يوپۇرماقلىق قارىياغاچ، جىگدە، جۇڭگو ياسىن دەرىخى، ئۈجمە، چۈلۈك، سويۇن دەرىخى (گىلېدىتسىيە دەرىخى)، چوكا دەرىخى (كاتالىيا)، ئاق ئاكاتسىيە (تىكەنلىك ئاكاتسىيە)، كىچىك يوپۇرماقلىق تېرەك، ئاموريا بار. ئىقتىسادىي دەرەخ تۈرلىرىدىن چىلان، ياڭاق، پىندۇق ياڭاق، ئالما، ئۆرۈك، شاپتۇل، نەشپۈت، ئالۇچا بار.

سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن دەرەخ تۈرلىرىدىن ياپىلاق ئارچا، كۆپ باشلىق ئارچا، ئاددىي قارىغاي (موڭغۇلىيە قارىغىيى) قاتارلىقلار بولۇپ، تۈزلەڭلىك ۋە شەھەرنى كۆكەرتىش ئۈچۈن تىكىلىدۇ.

چۆل چاتقىلىدىن ئاساسلىقى سۆكسۆك، يۇلغۇن، ئاق تىكەن، قوڭغۇراقتىكەن، چاكاندا قاتارلىقلار بار. (دەرەخ

تۈرلىرىنىڭ تەپسىلاتى «تەبىئىي مۇھىت» بۆلۈمىنىڭ «جانلىقلار بايلىقى» بابىغا قارالسۇن)

**[قوشۇمچە]**

**قەدىمى دەرەخ، گىياتلار**

قۇمۇلنىڭ ئىككى ناھىيە، بىر شەھەر تەۋەلىكىدىكى كۆپ جايلىرىدا ئۇزۇن زامانلارنى بېشىدىن كۆچۈرگەن، غولى يوغان، شاخ، يوپۇرماقلىرى بۈك- باراقسان دەرەخلەر بار، بۇلار ھەققىدە بەزى رىۋايەتلەر بار، مەشھۇرلىرى قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەھەر ئىچى يېزىسىدىكى توققۇز ئەجدىھاتال ۋە باركۆل ناھىيىسىنىڭ داخې (قاراسۇ) يېزىسىدىكى توققۇز شاخلىق تېرەكتۇر.

1) **قۇمۇلدىكى توققۇز ئەجدىھاتال.** توققۇز ئەجدىھاتال قۇمۇل شەھىرى شەھەر ئىچى يېزىسىدىكى كونا سېپىلنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى بىر ئويمانلىقتا، يەنى ھازىرقى جۇلۇگشى كەنتىدە بولۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ يىللىرى يېزىلغان «قۇمۇل تەزكىرىسى» دە توققۇز ئەجدىھاتال توغرىسىدا مۇنداق خاتىرە بار: « توققۇز ئەجدىھاتال ئۇزۇن يىللىق قەدىمىي تال، شەھەر ئىچىدە، بىر تۈپتىن توققۇز تال ئۈنگەن، ياپيېشىل، بۈك- باراقسان». ئەمەلىيەتتە توققۇز ئەجدىھاتال ئۇزۇن يىللىق قەدىمىي تال ئەمەس، رىۋايەتتىكىدەك توققۇز ئەجدىھادىن ئۆزگەرگەنمۇ ئەمەس. ئۇ قۇمۇلنىڭ ئادەتتىكى تاللىرىدىن بولۇپ، كىشىلەرنىڭ شاخ- يۆتاقلىرىنى باستۇرۇپ، يۆتاپ- چاتىشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن. 20- ئەسىرنىڭ 40- يىللىرىدا، توققۇز ئەجدىھا تالنىڭ ئۈچ- تۆت شېخى بار ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندا بىرلا شېخى قالغان، 1960- يىللاردىن كېيىن كېسۋېتىلدى.

2) **باركۆلدىكى توققۇز شاخلىق تېرەك.** باركۆل ناھىيىسىنىڭ داخې (قاراسۇ) يېزىسى جيۇخۇ كەنتىدىكى دېھقان گاۋيەنلىننىڭ ھويلىسىدا ئېگىزلىكى تەخمىنەن 23 مېتىر، دىئامېتىرى تەخمىنەن ئىككى مېتىر كېلىدىغان بىر تۈپ تېرەك بار، غولىنىڭ يەر يۈزىدىن ئۈچ مېتىر ئېگىز قىسمىدىن توققۇز شاخقا بۆلۈنگەن، ھەر بىر شېخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئايرىم- ئايرىم ھالدا 18 ~ 19.5 مېتىر كېلىدۇ، ھەر بىر شېخىنىڭ تۈۋىنىڭ دىئامېتىرى 30 ~ 50 سانتىمېتىر كېلىدۇ. مەزكۇر تېرەكنىڭ يېشى 180 يىل بولۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ جياچىڭ 11- يىلى (مىلادى 1806- يىلى) تىكىلگەن.

**قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى قەدىمىي دەرەخلەر**

جەدۋەل: 8 - 6

| تۈرى / ناھىيە، شەھەر | ئورنى | دەرەخ تۈرى | دەرەخنىڭ يېشى (يىل) | دەرەخنىڭ ئېگىزلىكى (مېتىر) | غولىنىڭ ئايلانمىسى (مېتىر) | ھەجمى (كۇب مېتىر) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| قۇمۇل شەھىرى | سەيخۇمياۋ | قارىياغاچ | 500 | 18 | 5.15 | 19 |
| | ئاراتام | سېدە | 400 | 30 | 4.4 | 23.1 |
| | ئاراتام | كۆمۈشتېرەك | 400 | 28 | 3.5 | 13.3 |
| | ئاراتام | ياڭاق | 400 | 15 | 2.1 | 3.4 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | شەھەر ئىچى (جۇلۇگىش كەنتى) | تال | 250 | 3 | 1.0 | 0.03 |
| | | ئۈجمە | 800 | 17 | 5.1 | 17.5 |
| | | كۈمۈشتېرەك | 550 | 20 | 4.7 | 17.6 |
| | | قارىياغاچ | 550 | 20 | 4.7 | 13.3 |
| ئاراتۇرۇك ناھىيىسى | نېرىنكىر (تومازدۇك) | ساي تېرىكى | 600 | 14 | 4.1 | 9.23 |
| | نوم (يەل) | توغراق | 800 | 15 | 4.6 | 12.6 |
| باركۆل ناھىيىسى | ساقا بۇلاق (شىشاگۇ) | تال | 300 | 20 | 4.9 | 19.1 |
| | دىزاگۇگىس (ئۈچ پونكىت) | قارىياغاچ | 400 | 20 | 2.1 | 4.5 |

3) گىياتاش

قۇمۇل شەھىرىنىڭ بوغاز چۆللۈكىدە ۋە ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ نوم چۆللۈكىدە خېلى چوڭ كۆلەملىك تاشقا ئايلانغان سىلىتسىيلاشقان ياغاچ توپى بار، كۆلىمى ھەر قايسىسىنىڭ تەخمىنەن 50 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. دەسلەپكى تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىنىشىچە، بۇ سىلىتسىيلاشقان ياغاچ قالدۇقلىرى بۇندىن 150 مىليون يىل بالدۇرقى تاشقا ئايلانغان دەرەخلەر ئىكەن.

ئۇلارنىڭ تارقىلىشىنىڭ ئۆزلىرىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار. قۇمۇل شەھىرىدىكى سىلىتسىيلاشقان ياغاچ توپى قۇمۇل بوغاز كۆمۈر كېنىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى كۆمۈر كېنىغا 20 كىلومېتىر كېلىدىغان چۆلدە، سىلىتسىيلاشقان ياغاچلارنىڭ كۆپ ساندىكىسى قۇملۇقتا توغرىسىغا ياتقان بولۇپ، دەرەخ غولى بىر قەدەر مۇكەممەل ساقلانغان. نوم چۆللۈكىدىكى سىلىتسىيلاشقان ياغاچلار يەر يۈزىدە ئۆرە پېتى تاشقا ئايلانغان بولۇپ، شامالدا يىمىرىلىشى ئېغىر بولغاچقا، پەقەت يىلتىزى مۇكەممەل بولغاندىن تاشقىرى غولى پۈتۈنلەي شامالدا يىمىرىلىپ بولغان. يەر يۈزىدە بېشى تۈۋەن سانجىلىپ تۇرغان بىر نەچچە شاخ- پۇتىقىلا قالغان، ھەتتا ئايرىم دەرەخ غوللىرىنىڭ كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۈچى تېخى تولۇق يالاپ كېتىلمىگەن.

قۇمۇلدىكى گىياتاش توپى شىنجاڭدا ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ تېپىلغان بۈگۈنكى دۇنيادا كەم ئۇچرايدىغان تاشقا ئايلانغان سىلىتسىيلاشقان ياغاچ توپى ھېسابلىنىدۇ.

بۇ تاشقا ئايلانغان دەرەخلەر مىليون يىللارنىڭ بوران- چاپقۇنلىرىنى بېشىدىن كۆچۈرگەن بولۇپ، مۇھىم ئىلمىي تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە، لېكىن، نۆۋەتتە كىشىلەر خالىغانچە قېزىپ ئېلىپ، كۆپ زىيانغا ئۇچراتماقتا.

# III باب

# كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش

## 1§. تەرەققىيات ئەھۋالى

قۇمۇل خەلقى قەدىمدىن تارتىپلا قۇم- بوراندىن مۇداپىئەلىنىش، ئېرىق- ئۆستەڭلەرنى مۇقىمداش، ئېتىزلارنى قوغداش ئۈچۈن، كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىشتەك ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرگەن، بولۇپمۇ قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى مېۋىلىك دەرەخ تىكىشكە ھېرىسمەن، باغ بارپا قىلىشقا ماھىر.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭلې 12 - يىلى (1414- يىلى) مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى چېن چېڭ غەربىي دىياردىكى 17 دۆلەتكە سەپەر قىلىپ قۇمۇلدىن ئۆتكەندە:

يېزىلار جايلاشقان قويۇق ھەم زىچ،
يېشىللىق ئۇيۇق تامان سوزۇلغان.
بۇندىكى ئورمانلار شۇنچە باراقسان،
ھەممىسى قۇياشقا قاراپ يۈز تۇتقان.

دەپ يېزىپ، شۇ چاغدىكى قۇمۇل شەھىرى ئەتراپىنىڭ ئاۋات بوستانلىق مەنزىرىسىنى تەسۋىرلىگەن. بىراق ئەينى چاغدا نوپۇس، يېزا- كەنتلەر ئاز بولغاچقا شېئىردا تەسۋىرلەنگىنى مەلۇم جايلاردىكى ئورمانلارنىڭ باراقسانلىق ئەھۋالى بولۇپ، پۈتكۈل قۇمۇل رايونىدىكى ئورمانلارنىڭ كۆلىمى ئۈنچىلىك زور ئەمەس ئىدى. 18- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 19- ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە، قۇمۇل ۋادىلىقىغا قاراشلىق جايلارنىڭ ئىقتىسادى 70 يىل ئەتراپىدا تەرەققىيات دەۋرىنى باشتىن كۆچۈردى، نوپۇسى 10 ھەسسىدىن ئېشىپ، زېمىنى، يېزا- كەنتلىرىمۇ ھەسسىلەپ كۆپەيدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 22- يىلى (1842- يىلى) لىن زېشۇ ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنىپ، قۇمۇلدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا «بۇ يەرنىڭ تۇپراقلىرى نەمخۇش، بۇلاق سۇلىرى تاتلىق، ئېتىزلىرى بىپايان، ئورمانلىرى باراقسان ئىكەن»، دېگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 26- يىلى (1846- يىلى) دىكى «قۇمۇل تەزكىرىسى» دە: «بېگىدىن ئۆستەڭ ئېلىشتا، دەرەخ تىكمىسەڭ ئۆستەڭ قېشى مۇستەھكەم بولمايدۇ، كونا ئۆستەڭلەرنىمۇ مۇشۇنداق قىلىش كېرەك»، دەپ خاتىرىلەنگەن.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى 13- يىلى (1874- يىلى) زوزۇڭتاڭ غەربكە يۈرۈش قىلغاندا، جاڭ ياۋنى ئەسكەر باشلاپ قۇمۇلدا 19 مىڭ مودىن ئارتۇق يەردە تېرىقچىلىق قىلىشقا ئەۋەتكەن ھەمدە يول ياقىلىرى، ئېتىز بويلىرىغا، سازلىق، ئاق يەرلەرگە نۇرغۇن كۆچەت تىككەن. گۇاڭشۇ 2- يىلى (1876- يىلى) شۇي جيەنبياۋ باركۆلدە ئەسكەر تۇرغۇزۇپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغاندا، چوڭ ئېرىق ياقىلىرىغا، ئېرىق بويلىرىغا سۇۋادان، سۆگەت تىكىپ،

كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان.

گۇاڭشۇ 10 - يىلى (1884- يىلى) شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدى- كەينىدە، لەنجۇدىن قۇمۇلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى چۆل- جەزىرىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئادەم ئولتۇراقلاشقانلىكى جايلاردا «خۇنەنلىك ئەسكەرلەر تىككەن رەت- رەت سۆگەتلەر ئاسمان- پەلەك بوي تارتقان».

گۇاڭشۇ 17- يىلى (1891- يىلى) «شىن ماۋنىڭ سەپەر خاتىرىسى» نىڭ ئاپتورى تاۋ باۋلىيەن قۇمۇل يۇقىرى ئاقيەر كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەندە: «يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئەمەلدارلار تىككەن سۆگەتلەرنىڭ باراقسان ئۆسكەنلىكى» نى كۆرگەن. شۈەنتۇڭ 3- يىلى (1911- يىلى) شىنجاڭنىڭ مۇپەتتىشى يۈەن داخۇا قۇمۇلدىن ئۆتكەندە «ئون چاقىرىمغا سوزۇلغان، سەيخۇمياۋ مەھەللىسىدە ئۆيلەر بىر- بىرىگە ئۆتۈشۈپ كەتكەن، ياپيېشىل دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرغان» لىقىنى ھەمدە «شەھەر ئىچىنىڭ مەنزىرىسى ئىنتايىن گۈزەل بولۇپ، كوچىلارغا دەل- دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرىدۇ، شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا سۈپسۈزۈك سۇ شارقىراپ ئېقىپ تۇرىدۇ، ھەممىلا يەر گۈل- گىياھلار بىلەن پۈركەلگەن» لىكىنى كۆرگەن.

مىنگونىڭ 4- يىلى (1915- يىلى) گومىنداڭ ھۆكۈمىتى 7- ئاينىڭ 31- كۈنىنى قانۇنلۇق كۆچەت تىكىش بايرىمى قىلغانلىقىنى جاكارلىدى. مىنگونىڭ 16- يىلى (1927- يىلى) قۇمۇلدا 3850 تۈپ سۆۋادان، تېرەك، سۆگەت كۆچىتى تىكىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە سۆگەت زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

مىنگونىڭ 23- يىلى (1934- يىلى) دىن كېيىن شىنجاڭ ۋەزىيىتى مۇقىملىششقا قاراپ يۈزلەندى، قۇمۇل مەمۇرىي رايونى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا قۇمۇل ناھىيىسى بىلەن باركۆل ناھىيىسى قارىدى. ھۆكۈمەت كۆچەت تىكىش، ئورمانلارنى قوغداشنى مۇھىم خىزمەتلەرنىڭ بىرى قىلىپ، ھەر يىلقى «كۆچەت تىكىش بايرىمى» دا ھۆكۈمەت باشلامچى بولۇپ، ئاممىنى كۆچەت تىكىشكە سەپەرۋەر قىلدى.

مىنگونىڭ 25- يىلى (1936- يىلى)، ئاراتۇرۇك ناھىيىسى ئاممىنى كۆچەت تىكىشكە تەشكىللەپ، جەمئىي 8800 تۈپ كۆچەت تىكتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئورگاندىكىلەر تىككەن كۆچەت 2800 تۈپ، ئامما تىككەن كۆچەت 6000 تۈپ، جەمئىي ئەي بولغان كۆچەت 4700 تۈپ. كۆچەت تىكىشكە سەپەرۋەر قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، ھەر قايسى ناھىيىلەر بەزى چارە- تەدبىرلەرنى تۈزدى. مىنگونىڭ 26- يىلى (1937- يىلى) قۇمۇل ناھىيىلىك ھۆكۈمەت نوپۇس سانىغا قاراپ كۆچەت تىكىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. «مەيلى ئەر-ئايال، ياش- قېرى بولۇشىن كىشى بېشىغا 10 تۈپتىن كۆچەت تىكىش، كۆچەت تىكىش بايرىمى (4- ئاينىڭ 8- كۈنى) كۆچەت تىكىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش، ئورگان، كوللېكتىپ ئورۇنلاردىكى ئاممىا غەربىي تۆستەڭ، شەرقىي تۆستەڭ ۋە لۇگۇاڭمياۋ قاتارلىق جايلاردا ئادەم بېشىغا بەش تۈپتىن كۆچەت تىكىش ۋە تىكىلگەن كۆچەتلەرنى قوغداشنى كۆچەيتىپ، ئورمان بەرپا قىلىش» نى تەلەپ قىلدى. مىنگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى) كۆچەت تىكىش بايرىمىدا، قۇمۇل ناھىيىسى جەمئىي 70 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكتى. ھۆكۈمەتنىڭ ئۇدا ئېلىپ بارغان تەشەببۇسلىرى ۋە ھەيدەكچىلىكلىرى ھەر ساھە سودىگەرلەرنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى نەتىجىسىدە، نەچچە يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، قۇمۇل شەھىرىنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى ئۇرۇش تالاپىتىدىن تۈگەشكە باشلىغان ئورمانلارنىڭ ئورنىغا يېڭىدىن دەرەخ- تال بەرپا قىلىندى. شۇ يىلى باركۆل ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى شىمالىي يېزا دېھقانلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ 450 تۈپ كۆچەت تىككەن بولۇپ، 180 تۈپى ئەي بولغان.

مىنگونىڭ 29- يىلى (1940- يىلى) باركۆل خەلقى كۆچەت تىكىش پائالىيىتىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرغان. يېزا- بازارلاردا تىكىلگەن ئومۇمىي كۆچەت سانى 3500 تۈپكە يەتكەن. باشقۇرۇشنىڭ ئەتراپلىق بولماسلىقى، ئات- ئۇلاغلارنىڭ غاجاپ ۋەيران قىلىشى، سۇ مەنبەسىنىڭ قىسلىقى سەۋەبلىك، 1949- يىلىغا كەلگەندە پەقەت داخىي يېزىسىنىڭ ئېرىق بويلىرىغا تىككەن ئاز ساندىكى كۆچەتلىرىلا قېپقالغان. شۇ يىلى قۇمۇل ناھىيىسىدە تىكىلگەن ھەر خىل كۆچەتلەر 151 مىڭ 100 تۈپكە يەتكەن بولۇپ، 43 مىڭ تۈپ كۆچەت قۇرۇپ كەتكەن.

مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى) قۇمۇل ناھىيىسىدە 71 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلگەن، شۇ يىلى ئەتىيازدا

ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدە 14 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلگەن.

مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى) دىن باشلاپ ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش يۈز بەرگەنلىكتىن، كۆچەت تىكىش پائالىيىتىدە ئانچە ئىلگىرىلەش بولمىغان، بەزى چاغلاردا توختاپ قالغان. 1949- يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، قۇمۇل ناھىيىسىدىكى تۈزلەڭلىكلەردە بەرپا قىلىنغان سۈنئىي ئورمان كۆلىمى 3060 موغا يەتكەن، ئاساسلىقى كەنت-يېزىلاردىكى ئېرىق بويلىرىغا تىكىلگەن.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىشقا يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىلدى. شەھەر، ناھىيىلەرنىڭ ۋەكىللەر يىغىنلىرىدا كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش توغرىسىدا قارار چىقىرىلدى، مەمۇرىي مەھكىمىدىمۇ مەخسۇس تارماقلار تەسىس قىلىندى.

1955- يىلى قۇمۇل ۋىلايىتى يېزىلاردا كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئاممىنى ئورمان بەرپا قىلىش خىزمىتىگە سەپەرۋەر قىلدى. ئەينى چاغدا ۋىلايەت قارمىقىدىكى 150 ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ 10 ى ئورمان بەرپا قىلىش پائالىيىتى ئېلىپ باردى (قۇمۇل ناھىيىسىدە يەتتە، باركۆل ناھىيىسىدە ئۈچ). ئورمان بارپا قىلىش ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ مۇستەقىل بەرپا قىلىشى، بىر قانچە ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىنىڭ بىرلىشىپ بەرپا قىلىشى، كەنت ياكى يېزىلارنى بىرلىك قىلىپ كوللېكتىپ بەرپا قىلىش بولسۇن، ئورمان ھوقۇقى بەرپا قىلغۇچىلارغا تەۋە بولدى.

1958- يىلى ۋىلايەت بويىچە خەلق كۆكلىتىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى، ئەينى چاغدا كۆكلىتىش ئەزالىرىنىڭ ھويلىلىرىدىكى، تۇرالغۇسىنىڭ ئەتراپىدىكى دەل- دەرەخلەر شۇ شەخسنىڭ ئۆزىگە تەۋە، ئورتاق كەتكەن دەرەخلىق، يول بويىدىكى دەل- دەرەخلەر بلاغا سۇندۇرۇلۇپ، كۆكلىتىشكە تەۋە قىلىندى. شۇ يىلى، ۋىلايەت بويىچە ئاممىۋى خاراكتېرلىك كۆكەرتىش دولقۇنى قوزغالدى. بىر تەرەپلىمە ھالدا سانغىلا ئېتىبار بېرىلگەنلىكتىن، كۆپتۈرۈپ مەلۇم قىلىش ئەھۋالى كۆرۈلدى، ئەمەلىي بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى 1958- يىلى 2133 مو، 1959- يىلى 1060 مو، 1960- يىلى 2644 مو بولدى، 1951 ~ 1961- يىلىغىچە بولغان ۋاقىت قۇمۇل تۈزلەڭلىكىدە ئورمان بەرپا قىلىشنىڭ دەسلەپكى راۋاجلىنىش باسقۇچى بولدى.

1962- يىلى ۋىلايەتتىكى تۈزلەڭ رايونلار دائىرىسىدىكى ئورمانچىلىق قىلىپلاشقان تەرەققىيات باسقۇچىغا كىردى. 1963- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سوتسىيالىستىك «بەشتە ياخشى» (ياخشى سالا ئېتىز، ياخشى ئېرىق- ئۆستەڭ، ياخشى ئورمان بەلۋېغى، ياخشى يول، ياخشى ئاھالىلەر ئولتۇراق نۇقتىسى) يېڭى يېزا قۇرۇش چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «كوللېكتىپ ئورمان بەرپا قىلىشتا ئىھاتە ئورمىنىنى ئاساس قىلىش، شەخسلەر ئورمان بەرپا قىلىشتا ئەتراپىنى كۆكەرتىشنى ئاساس قىلىش» نى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە «دۆلەت بەرپا قىلغىنى دۆلەتكە تەۋە بولۇش، كوللېكتىپ بەرپا قىلغىنى كوللېكتىپقا تەۋە بولۇش، شەخسلەرنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئالدى- كەينىلىرىگە تىككەن كۆچەتلىرى شۇ شەخسنىڭ ئۆزىگە تەۋە بولۇش» تىن ئىبارەت فاكچىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇردى.

1963 ~ 1966- يىلىغىچە بولغان تۆت يىل ئىچىدە، قۇمۇل ناھىيىسى بويىچە دېھقانچىلىق ئېتىزلىرى ئەتراپىغا 420 ئورمان بەلۋېغى ھاسىل قىلىنىپ، 387 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئىھاتە ئورمىنى بەرپا قىلىنىپ، دەسلەپكى قەدەمدە ئېرىلغۇ ئېتىزلىرى ئەتراپىدا يېشىل توساقلار شەكىللەندۈرۈلدى.

1967- يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، يېزىلاردا يولغا قويۇلغان «بەشتە ياخشى» قۇرۇلۇشى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، ئورمان بەرپا قىلىش كۆلىمى يىلدىن- يىلغا ئازىيىشقا باشلىدى. بىنا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى 1967- يىلىدىكى 2261 مودىن 1970- يىلىغا كەلگەندە 600 موغا ئازايدى. 1974- يىلىغا كەلگەندە، ۋىلايەت بويىچە بىنا قىلىنغان ئورمان ئەمەلىي كۆلىمى 157 موغا چۈشۈپ قالدى.

1976- يىلىدىن باشلاپ، ئورمانچىلىق ئىشلىرى قايتىدىن تەرەققىي قىلىش باسقۇچىغا كىردى. 1977- يىلى، ۋىلايەت يېزىلىرىدا زور كۈچ بىلەن ئېتىز- ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش بىلەن تۇپراقنى ياخشىلاپ، سۇنى

تىزگىنلەش مەركەز قىلىنغان تاغ سۈيى ئېرىقلىرىنى ئۇنىۋېرسال تەرتىپكە سېلىش ئاساسىي ھەرىكىتى قوزغىلىپ، ئورمان بەرپا قىلىش دولقۇنى قايتىدىن راۋاجلىنىشقا قاراپ يۈزلەندى. بولۇپمۇ 1978- يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن «ئۈچ شىمالىي رايون» مۇداپىئە ئورمىنى سىستېمىسى بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىنى ماقۇللىغاندىن كېيىن، ۋىلايەت تەۋەسىدىكى تۈزلەڭ رايونلارنىڭ ئورمانچىلىق خىزمىتى تەرتىپلىك، مۇقىم تەرەققىي قىلىش ئىزىغا چۈشتى. 1981- يىلى ۋىلايەت يېزىلىرىدا ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، قۇمۇل ناھىيىسى كوللېكتىپ ئورمانلارنى ھۆددىگە بېرىپ، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھەق ھېسابلاش ئۇسۇللىرىنى يولغا قويدى. 1983- يىلى ۋىلايەت مىقياسىدا «ئورمان ھوقۇقىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، قالدۇرۇق يەر ئايرىپ بېرىش» تىن ئىبارەت ئورمانچىلىقتىكى «ئۈچنى بېكىتىش» خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى، بىراق نۇرغۇن جايلاردا پەقەت ئورمان ھوقۇقىلا ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئورمان قالدۇرۇق يېرى ئايرىپ بېرىش، ئورمان ئىشلەپچىقىرىشىنى ھۆددىگە بېرىش تۈزۈملىرى ئەمەلىيلەشمىدى، ناھايىتى ئاز بىر قىسىم ئورۇنلاردىلا يولغا قويۇلدى. ئەينى چاغدا، ئورمان بەرپا قىلىشتا ئاۋۋالقىدەكلا، كوللېكتىپ ئورمان بەرپا قىلىش ئاساسىي نىسبەتنى ئىگىلىدى.

1984- يىلى، ۋىلايەت يېزىلىرىدا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە كۆتۈرە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، دېھقانچىلىق يەرلىرى ئىھاتە ئورمىنى ۋە كەڭ كۆلەمدىكى ئورمانلىقلارنى بەرپا قىلىشتا كوللېكتىپ بىر تۇتاش بەرپا قىلىش، بۆلەكلەرگە ئايرىپ ھۆددىگە بېرىش يولغا قويۇلدى. باشقۇرۇشنىڭ ئوڭاي- قىيىنلىق دەرىجىسىگە ئاساسەن شەخسلەرگە ھۆددىگە بېرىلىپ، سۇ، توك پۇللىرىنى كوللېكتىپ كۆتۈرىدىغان، تەربىيىلەپ ئۆستۈرۈشنى ھۆددىگە ئالغۇچى ئۈستىگە ئالىدىغان قىلىپ بېكىتىلدى. قاقاس جايلاردا «ئىككى ئائىلە بىر گەۋدە بولۇپ ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئېلىپ بېرىش» تىن ئىبارەت ئېچىش خاراكتېرلىك ئورمان بەرپا قىلىش ئېلىپ بېرىلدى. يەر ئىشلىتىش ھوقۇقى، تىجارەت ھوقۇقى ۋە ئورمانلارنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى كۆتۈرە ئالغۇچىغا تەۋە قىلىندى. 1984- يىلى، قۇمۇل شەھىرىدە «ئىككى ئائىلە بىر گەۋدە» بولۇپ بەرپا قىلغان ئورمان كۆلىمى پۈتۈن شەھەر ئورمان كۆلىمىنىڭ 20% نى ئىگىلىدى. 1978- يىلدىن كېيىن، ۋىلايەت تۈزلەڭلىكلەردە ئورمان بەرپا قىلىشتا ئىھاتە ئورمىنى بەرپا قىلىشنى مۇھىم ۋەزىپە قاتارىدا چىڭ تۇتۇپ، يەرلەرنى ئورمان بىلەن قورشاشنى نىشان قىلدى. ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىلار قاتلاممۇ قاتلام نىشانلىق مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالاپ، ئۇنى يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلار خىزمىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ بېكىتتى. قۇمۇل شەھىرىنىڭ تېرىلغۇ يەرلەرنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز بولدى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە قۇمۇل شەھىرىنىڭ تۈزلەڭ رايونلىرىدىكى سەككىز يېزىدا بەرپا قىلىنغان سالا ئېتىز 786 گە، بەرپا قىلىنغان ئىھاتە ئورمان بەلۋىغى 1223 كە، ئومۇمىي كۆلىمى 7496 موغا يېتىپ، ئورمان بەلۋىغى تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 4.8% نى ئىگىلىدى.

**قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1951 ~ 1990- يىللىدىكى كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 8 – 7

| تۈرى / يىل | پارچە- پۇرات ئورمان (تۈمەن تۈپ) | بەرپا قىلىنغان ئورمان (مو) |
| --- | --- | --- |
| 1951 | 32.9 | — |
| 1955 | 33.5 | 174 |

| | | |
|---|---|---|
| 1960 | 12.8 | 11102 |
| 1965 | 74 | 2137 |
| 1970 | 15 | 600 |
| 1975 | 150 | 1550 |
| 1980 | 100 | 4777 |
| 1985 | 80.2 | 4582 |
| 1990 | 20.7 | 3630 |

ئىزاھ: بۇ سانلار ۋىلايىتىمىزدىكى ئورمانچىلىق ئورۇنلىرىنىڭ ستاتىستىكا ماتېرىياللىرىدىن ئېلىندى.
1968 ـ، 1973 ـ يىللىق ماتېرىياللار كەم.

## §2. ھەر خىل ئورمانلارنىڭ بەرپا قىلىنىشى

**1. ئىھاتە ئورمىنى**

ئۇزاق يىللاردىن بۇيان، يەرگە بولغان خوسۇسىي ئىگىدارچىلىق تۈزۈمىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، دېھقانلار تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، پەقەت ئۆزلىرىنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى ئەتراپىغا، ئېرىق بويلىرىغا دەرەخ، تال، قارىياغاچ، چىلان قاتارلىق كۆچەتلەرنى تىكىپ، كىچىك ئورمان بەلۋېغى شەكىللەندۈرگەن. قۇمۇل ۋىلايىتىدە رەسمىي كەڭ كۆلەملىك ئىھاتە ئورمىنى بەلۋېغى بەرپا قىلىش، بىڭتۇەننىڭ تۇەن- مەيدانلىرىدىن باشلانغان. 1954- يىلى، قۇمۇل قىزىل يۇلتۇز 1- ، 2- مەيدانلىرى تېرىلغۇ يەرلەر ئەتراپىغا ئىھاتە ئورمىنى تىكىشنى باشلىغان بولۇپ، ئاساسلىقى تايانچ ئىھاتە ئورمان بەلۋېغى ۋە ئاساسىي ئورمان بەلۋېغى بەرپا قىلدى.

1956- يىلى شەھەر ئىچى رايونىدىكى ئۈچ بېزا، ئىككى كوپېراتىپ تاشيول ياقىسىغا سۇۋادانني ئاساس قىلىپ ئورمان قويدى، بۇ ئورمان بەلۋېغىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 170 مېتىر بولۇپ، بىۋاستە قەلەمچە قىلىپ تىكىلدى.

1958- يىلىغىچە قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ قارادۆۋە ۋە پالۋانتۇر قاتارلىق ئۈچ ئورۇندىكى ئىھاتە ئورمىنىنىڭ كۆلىمى 500 موغا يەتتى.

1950 ~ 1960- يىلىغىچە، ۋىلايەت تەۋەسىدىكى ئىھاتە ئورمان كۆلىمى 269 مو بولۇپ، ئەمەلىيلەشكەن ياش ئورمان كۆلىمىنىڭ 3.6% نى ئىگىلىدى.

1961- يىلى ۋىلايەتتىكى ئورمان كۆلىمى 614 مو بولۇپ، ئىھاتە ئورمىنى 12.9% نى ئىگىلىدى.

1963- يىلى بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى ئىچىدە ئىقتىسادىي ئورمان 57.7% نى، ماتېرىيال ئورمىنى 35.3%

نى، ئىھاتە ئورمىنى 7% نى ئىگىلىدى.

1964- يىلى يېزىلارنىڭ «بەشتە ياخشى» قۇرۇلۇشى ۋە يەرلەرنى پىلانلاشقا بىرلەشتۈرۈپ، ئېتىز- ئېرىق ئىھاتە ئورمىنىنى ئاساس قىلغان ئورمان بەرپا قىلىش يۇقىرى دولقۇنى كۆتۈرۈلدى، 75 ئورمان بەلۋېغى، 478 مو ئىھاتە ئورمىنى بەرپا قىلىندى، بۇ، ئومۇمىي ئورمان كۆلىمىنىڭ 36.4% نى ئىگىلىدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئېتىز- ئېرىق ئىھاتە ئورمىنى قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتى بىر قەدەر ئاستا بولدى. 1976- يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئىھاتە ئورمىنىنىڭ ساقلىنىش كۆلىمى 4981 مو (قۇمۇل ناھىيىسىدىكى ساقلانغان ئورمان كۆلىمى 78% نى ئىگىلەيدۇ) ئېتىز- ئېرىق ئىھاتە ئورمان بەلۋېغىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 465 كىلومېتىر بولدى.

باركۆل، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرى گەرچە «ئۈچ شىمالىي رايون» ئىھاتە ئورمىنى سىستېمىسىنىڭ بىرىنچى باسقۇچلۇق قۇرۇلۇشى دائىرىسى ئىچىدە بولمىسىمۇ، لېكىن 1980- يىلدىن باشلاپلا ئېتىز- ئېرىق ئىھاتە ئورمىنىنى ئاساس قىلغان ئورمان بەرپا قىلىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. 1985- يىلغا قەدەر، باركۆل ناھىيىسىنىڭ ئورمان بەلۋېغى 1981- يىلدىكى 177 ئورمان بەلۋېغى، 175.1 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى، 1722.3 مو كۆلەمدىن تەرەققىي قىلىپ، 232 ئورمان بەلۋېغىغا، ئۇزۇنلۇقى 229 كىلومېتىرغا يەتتى. ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ پەقەت نوم يېزىسىدا بىر قەدەر ئۆلچەملىك ئىھاتە ئورمىنىدىن 71 (نوم دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ 36 ئىھاتە ئورمىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بار، ئورمان بەلۋېغى ئۇزۇنلۇقى 27.7 كىلومېتىر (12.5 كىلومېتىر دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى ئورمان بەلۋېغىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

2. ئىقتىسادىي ئورمان

قۇمۇلدا خېلى بۇرۇنلا ئالما، شاپتۇل، ئۆرۈك قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەر تىكىلگەن. قۇمۇل ناھىيىسىدە دەسلەپتە لاپچۇق، قارادۆۋە قاتارلىق جايلاردا مېۋىلىك دەرەخ تىكىلگەن بولسا، كېيىن ئاراتام، باغداش قاتارلىق تاغلىق رايونلارغا كېڭەيگەن، تەدرىجىي ھالدا شەھەر- بازارلارغا، شەھەر ئەتراپى رايونلىرىغا تارقالغان.

مىنگونىڭ 20- يىلى (1931- يىلى) دىن ئىلگىرى، قۇمۇل ۋاڭلىقى قۇمۇل ناھىيىسىدىكى 15 ئورۇندا 560 مو كۆلەمدە مېۋىلىك باغ قىلغان. مېۋىلىك دەرەخ تۈرلىرىدىن شاپتۇل، ئۆرۈك، ئالما، چىلان، جىگدە، ياڭاق، نەشپۈت، گىلاس، ئۈزۈم قاتارلىقلار بار.

مىنگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى)، قۇمۇل ناھىيىسىدىكى مېۋىلىك باغ كۆلىمى 1276 مو، بۇنىڭ ئىچىدە شاپتۇل 27 مىڭ 100 تۈپ، ئۆرۈك 43 مىڭ 420 تۈپ، ئۈزۈم 9545 تۈپ، ئالما 15 مىڭ 237 تۈپ، ياڭاق 3544 تۈپ. ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدىكى مېۋىلىك باغ كۆلىمى 82 مو، بۇنىڭ ئىچىدە شاپتۇللۇق باغ 77 مو، ئۆرۈكلۈك باغ بەش مو. 1951- يىلدىكى كۆچەت تىكىش ھەرىكىتىدە، قۇمۇل ئاممىنى مېۋىلىك كۆچەت تىكىشكە سەپەرۋەر قىلىپ، ئۆز رايونىدا بولمىغان مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ كۆچەتلىرىنى تىكىشنى تەشەببۇس قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەرلىك مېۋىلىك دەرەخ سورتلىرىنى ياخشىلاشقىمۇ ئەھمىيەت بەردى. شۇ يىللاردا قۇمۇل ناھىيىسىدە ئالما 12 مىڭ 796 تۈپ، ئۆرۈك 45 مىڭ 462 تۈپ، شاپتۇل 28 مىڭ بىر تۈپ، چىلان 6262 تۈپ ئىدى.

1959- يىلى قۇمۇل ناھىيىسىدىكى ھەر خىل مېۋىلىك دەرەخلەر 317 مىڭ 864 تۈپ، مېۋىلىك باغ كۆلىمى 2749.15 مو، شۇ يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ياڭاق 2759 تۈپ.

1960- يىلى ۋىلايەت شەنشىنىڭ ۋۇگۇڭ، شەندۇڭنىڭ يەنتەي قاتارلىق جايلىرىدىن 20 خىل ئالما سورتىنى

كىرگۈزۈپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا تىكتى.

1961- يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئىقتىسادىي ئورمان كۆلىمى 4352 موغا يېتىپ، سۇنئىي ئورمان كۆلىمىنىڭ 58.9% نىنى ئىگىلىدى.

1963- يىلى ۋىلايەتتىكى بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى 312 مو بولۇپ، ئىقتىسادىي ئورمان 58% نى ئىگىلىدى. 1964- يىلى ئىقتىسادىي ئورمان ئومۇمىي ئورمان كۆلىمىنىڭ 63.6% نىنى ئىگىلىدى.

1976- يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئىقتىسادىي ئورمان ئومۇمىي كۆلىمى 9853 موغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ 9555 مو، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ 152 مو، باركۆل ناھىيىسىنىڭ 146 مو.

1982- يىلى قۇمۇل ناھىيىسىدىكى ساقلانغان ئورمان كۆلىمى ئىچىدە ئىقتىسادىي ئورمان 15% نى ئىگىلىدى. 1983- يىلى قۇمۇل ناھىيىسى چىلان كۆچىتى تىكىشنى ئاساس قىلغان ئىقتىسادىي ئورمان قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىپ، 214 مو يەرگە چىلان كۆچىتى تىكتى.

1985- يىلىغىچە ۋىلايەت تەۋەسىدە بار بولغان ئومۇمىي ئىقتىسادىي ئورمان كۆلىمى 9247.7 مو (بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل شەھىرىنىڭ 8889 مو، باركۆل ناھىيىسىنىڭ 181.7 مو، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ 204 مو) بولۇپ، سۇنئىي ئورمان كۆلىمىنىڭ 28.5% نىنى ئىگىلىدى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرى ۋىلايەتتىكى ئىقتىسادىي ئورمان كۆلىمى 169 مىڭ مو بولۇپ، تۈزلەڭلىك سۇنئىي ئورمان كۆلىمىنىڭ 32.4% نىنى ئىگىلىدى.

3. ماتېرىيال ئورمىنى

1961- يىلى ۋىلايەت تەۋەسىدىكى ماتېرىيال ئورمان كۆلىمى 2771 مو بولۇپ، ئومۇمىي ئورمان كۆلىمىنىڭ 37.5% نىنى ئىگىلىدى. 1985- يىلى قۇمۇل شەھىرىدىكى ماتېرىيال ئورمان كۆلىمى تۈزلەڭلىك سۇنئىي ئورمان كۆلىمىنىڭ 30% نىنى ئىگىلىدى. ماتېرىيال ئورمىنى ھەر قايسى رايون، يېزىلارغا تارقالغان بولۇپ، بەزى جايلاردا نەچچە يۈز مو، بەزىلىرىدە نەچچە مو كۆلەمدە. 1990- يىلى، ۋىلايەتتىكى سۇنئىي ماتېرىيال ئورمان كۆلىمى 11 مىڭ 400 موغا يېتىپ، تۈزلەڭلىكتىكى سۇنئىي ئورمان كۆلىمىنىڭ 22.3% نىنى ئىگىلىدى.

4. تۈنجى قارارلىق «ئۈچ شىمالىي رايون» ئىھاتە ئورمىنى قۇرۇلۇشى

1978- يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالى، شىمالىي جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسمى، شەرقىي شىمالنىڭ غەربىي قىسمىدىكى قۇم- بوران ئاپىتى ۋە سۇ- تۇپراق ئېقىپ كېتىش ھادىسىسى ئېغىر بولىدىغان رايونلاردا ئىھاتە ئورمىنى سىستېمىسى قۇرۇشنى قارار قىلدى، بۇ قىسقارتىلىپ «ئۈچ شىمالىي رايون» ئىھاتە ئورمان قۇرۇلۇشى دەپ ئاتالدى. 1979- يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ قۇمۇل ناھىيىسى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن شىنجاڭنىڭ «ئۈچ شىمالىي رايون» ئىھاتە ئورمىنى قۇرۇلۇشىنىڭ تۈنجى قارارلىق قۇرۇلۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى. 1986- يىلى باركۆل، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرىمۇ 2- قارارلىق قۇرۇلۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى.

1980 ~ 1985- يىلىغىچە قۇمۇل ناھىيىسى ئالتە يىللىق «ئۈچ شىمالىي رايون» تۈنجى قارارلىق قۇرۇلۇشى جەريانىدا «ئامما مەبلەغ سېلىش، ئەمگەك كۈچى چىقىرىشنى ئاساس قىلىش، دۆلەت قوشۇمچە ياردەم بېرىش؛ شەخس، كوللېكتىپ، دۆلەت بىرلىكتە ئاتلىنىش ۋە كىم بەرپا قىلسا شۇنىڭغا تەۋە بولۇش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، جەمئىي 13 مىڭ 700 مو كۆلەمدە (بۇنىڭ ئىچىدە ئىھاتە ئورمىنى بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمىنىڭ 51% نى ئىگىلەيدۇ) بەرپا قىلىپ، تۈنجى قارارلىق قۇرۇلۇش پىلان ۋەزىپىسىنىڭ 60% نىنى ئورۇندىدى.

2- قارارلىق قۇرۇلۇشتا قۇمۇل ۋىلايىتىگە تەقسىملەنگەن ۋەزىپە 15 مىڭ مو ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل

شەھىرىگە 10 مىڭ مو، ئاراتۇرۇك، باركۆل ناھىيىلىرىنىڭ ھەر بىرىگە 2500 مودىن تەقسىم قىلىندى. 1986 ~ 1990 - يىللىغىچە، ۋىلايەتنىڭ 2- قارارلىق قورۇلۇشىدا قۇمۇل شەھىرى بەش يىلدا 19 مىڭ 800 مو ئورمان بەرپا قىلىپ، ئورمان بەرپا قىلىش ۋەزىپىسىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى؛ باركۆل، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىرى ئورمان بەرپا قىلىش پىلان ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالمىدى.

## §3. مەجبۇرىي كۆچەت تىكىش

1980 - يىلدىن باشلاپ كۆچەت تىكىش پەسلى يېتىپ كەلسىلا، ۋىلايەت، ھەر قايسى ناھىيىلىك (شەھەرلىك) پارتكوم، ھۆكۈمەت، ئارمىيىدىكى رەھبىرىي كادىرلار كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بىللە مەجبۇرىي كۆچەت تىكىش پائالىيىتىگە قاتنىشىپ كەلدى.

1982 - يىلى ئەتىيازدا قۇمۇل شەھەرلىك كۆكەرتىش ئىشخانىسى شەھەر تەۋەسىدىكى 147 ئورۇننى مەجبۇرىي كۆچەت تىكىش پائالىيىتىگە تەشكىللىدى.

1987 - يىلدىن ئىلگىرى مەجبۇرىي كۆچەت تىكىش پائالىيىتىنىڭ دائىملىق مۇقىم بازىسى بولۇپ، ئەمگەك ۋەزىپىسى ھەر قايسى ئورۇن، ئىدارە، جەمئىيەتلەرگە تەقسىم قىلىنىپ، كۆچەت تىكىشنى ھەرقايسى ئورۇنلار ئۆز ئالدىغا ئورۇنلاشتۇردى. بەزىلەر ئاممىۋى ئورۇنلارنى كۆكەرتىشكە قاتناشسا، بەزى ئورۇنلار ھويلا- ئاراملار ئىچىنى كۆكەرتىشكە قاتناشتى، يەنە بەزى ئورۇنلار ئۆزلىرى قۇرغان دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ياكى ئورمانچىلىق مەيدانلىرىغا كۆچەت تىكتى. 1988 - يىلى قۇمۇل شەھىرى لەنجۇ- شىنجاڭ تاشيولىنىڭ پالۋانتۇر — بۇلۇڭتوغراق بۆلىكىنىڭ ئىككى ئەتراپىنى كۆكەرتىشنى شەھەرنىڭ مەجبۇرىي كۆچەت تىكىش بازىسى قىلىپ قۇرۇشنى، قۇرۇلۇشنى ئىككى يىلدا تاماملاشنى قارار قىلدى، شۇ يىلى 55 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. 1989 - يىلى شەھەر تەۋەسىدە خىزمەت قىلىۋاتقان 80% ئىشچى- خىزمەتچىنىڭ ھەر بىرى ئۈچ يۈەندىن ئەمگەك پۇلى تاپشۇرۇشقا، قالغان 20% ئىشچى- خىزمەتچى كۆچەت تىكىش ئەمگىكىگە قاتنىشىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئەمگەككە قاتناشقانلار ئىچىدە ئوقۇغۇچىلار ۋە ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى ئاساسلىق سانني ئىگىلىدى. ۋىلايەت، شەھەردىكى مالىيە تارماقلىرى ئايرىم- ئايرىم 20 مىڭ يۈەن ۋە 50 مىڭ يۈەن مەبلەغنى شەھەر مەجبۇرىي كۆچەت تىكىش بازىسى قۇرۇلۇشىغا ئاجراتتى، شۇ يىل ئىچىدە 54 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلىپ، 5.5 كىلومېتىر تاشيول ياقىسى كۆكەرتىلدى.

1989 - يىلى قۇمۇل شەھىرى شەھەرلىك پاسكىنا سۇنى بىر تەرەپ قىلىش مەيدانىنى شەھەرنىڭ مەجبۇرىي كۆچەت تىكىش بازىسى قىلىپ، شۇ يىلىلا 15 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكتى. بۇ كۆچەتلەر 160 مو يەرگە تىكىلگەن بولۇپ، ئۈتۈش نىسبىتى 80% تىن يۇقىرى بولدى. ئاراتۇرۇك ناھىيىسىمۇ مەجبۇرىي كۆچەت تىكىش بازىسى بېكىتىپ كۆكەرتىش ئېلىپ باردى.

1990 - يىلى ۋىلايەت بويىچە 80 مىڭ ئادەم مەجبۇرىي كۆچەت تىكىش پائالىيىتىگە قاتناشتى، بۇ، ياش قورامىغا يەتكەن پۇقرالار سانىنىڭ 50% نىنى ئىگىلىدى. يېزىلاردا «بەشتە ياخشى» قۇرۇلۇشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئېتىز- ئېرىق ئىھاتە ئورمىنىنى ئاساس قىلىپ، خەلق مەجبۇرىي كۆچەت تىكىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىندى.

1986 ~ 1990 - يىلغىچە مەجبۇرىي كۆچەت تىكىش پائالىيىتى ئارقىلىق جەمئىي 3 مىليون 364 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى.

## §4. تۈزلەڭلىكتىكى ئورمانچىلىق مەيدانلىرى قۇرۇلۇشى

1983- يىلى قۇمۇل ناھىيىسىدە ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى ئاساس قىلغان كەسپىي ئائىلە، نۇقتىلىق ئائىلىلەردىن ئالتىسى بارلىققا كەلدى. 1984- يىلى قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ تۈزلەڭ رايونلىرىدىكى يەتتە گوڭشېدا ئېچىش خاراكتېرلىك ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئىلتىماس قىلغان كەسپىي ئائىلىلەر 59 غا، كۆتۈرىگە ئېلىنغان ئومۇمىي يەر مەيدانى 5900 موغا يېتىپ، بەزىلىرى نەچچە ئون مو، بەزىلىرى نەچچە يۈز مو كۆتۈرە ئېلىپ ئىشلىدى، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ پالۋانتۇر گوڭشېسىدىكى 10 ئائىلە كۆتۈرە ئالغان يەر 3629 مو، بولۇڭتوغراق گوڭشېسىدىكى بەش ئائىلە كۆتۈرە ئالغان يەر 250 مو، ئاستانە يېزىسىدىكى ئۈچ ئائىلە كۆتۈرە ئالغان يەر 600 مو، شەھەر ئىچى يېزىسىدىكى ئۈچ ئائىلە كۆتۈرە ئالغان يەر 200 مو، راھەتباغ يېزىسىدىكى ئۈچ ئائىلە كۆتۈرە ئالغان يەر 150 مو بولۇپ، يەر كۆتۈرە ئېلىش مۇددىتى 15 يىلدىن 30 يىلغىچە بەلگىلەندى.

ئورمانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بۇ كەسپىي ئائىلىلەر ئىچىدە پېنسىيىگە چىققان ئىشچىلار، شەھەر- بازار ئاھالىلىرى، ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلار، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىكى شتاتنى ساقلاپ ۋاقىتلىق چېكىنىۋالغانلار ۋە دېھقانلار بار ئىدى. ئۇلار خىلمۇخىل شەكىلدىكى ئائىلىۋى ئورمانچىلىق مەيدانلىرىنى قۇردى، ئەينى چاغدا، بىر قەدەر داڭلىق بولغانلىرى تاشۋېلىق يېزىسىدىكى ۋاڭ جىيرۇڭ ئائىلىسى قۇرغان «12- مارت» ئورمانچىلىق مەيدانى، دېھقان خۇي جىنيۇ ھەمكارلىشىپ قۇرغان بوستان ئورمانچىلىق مەيدانى، ساقا دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ چىڭۋېن خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ قۇرغان ئائىلىۋى ئورمانچىلىق مەيدانى، شتاتنى ساقلاپ قېلىپ ۋاقىتلىق چېكىنىۋالغان گۇ ۋېنجاڭ قۇرغان ۋېنجاڭ ئۇنىۋېرسال ئورمانچىلىق مەيدانى، شياۋ سىنجاڭ قاتارلىقلار قۇرغان شىنشېن ئورمانچىلىق مەيدانى، نامداۋان ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ پېنسىيىگە چىققان ئىشچىسى جاڭ جىلياڭ قۇرغان چاگچىڭ ئورمانچىلىق مەيدانى قاتارلىقلار.

1984- يىلى ئورمانچىلىقتىكى «ئىككى ئائىلە بىر گەۋدە بولۇش» تەرەققىي قىلىپ 60 تەك ئائىلىگە يەتتى. شۇ يىلى 1200 مو ئورماننىڭ ئاساسىي قىسمىنى كەسپىي ئائىلىلەر بەرپا قىلدى. بۇ ۋىلايەتتە بەرپا قىلىنغان ئورماننىڭ 31% ىنى ئىگىلىدى. تىكىلگەن كۆچەتلەرنىڭ 50% تىن كۆپرەكىنى ئورمانچىلىق كەسپىي ئائىلىلىرى ۋە نۇقتىلىق ئائىلىلەر تەمىنلىدى. خۇيجىنيۇ بىرلەشمە ئورمانچىلىق مەيدانى 1984- يىلى باھاردا ئورمان بەلۋېغىدىن 20 نى بەرپا قىلدى، 23 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكتى. شۇ يىلى كۆچەتلەرنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى 95% تىن يۇقىرى بولدى. ئەتراپلىق پەرۋىش قىلىنغاچقا، دەل- دەرەخلەر تېز ئۆسۈپ، ئەتىيازدا تىكىلگەن كۆچەتلەر كۈزگىچە كەتمەن سېپىدەك بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. 1984- يىلى ۋە 1985- يىلى ئىككى يىلدا 400 مو يەرگە 60 مىڭ تۈپ دەرەخ تىكىلدى.

1985- يىلى ۋىلايەت ئورمانچىلىقىدا «ئىككى ئائىلە بىر گەۋدە» بولۇپ ئورمان بەرپا قىلىش 111 ئائىلىگە كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل شەھىرىدە 95 ئائىلە، باركۆل ناھىيىسىدە 16 ئائىلە. قۇمۇل شەھىرىنىڭ «ئىككى ئائىلە بىر گەۋدە» بولۇپ ئېچىشقا ئاجراتقان بوز يېرى 25 مىڭ مو، بۇنىڭ ئىچىدە ئېچىش خاراكتېرلىك ئورمانچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كەسپىي ئائىلە 55 بولۇپ، ئورمان بەرپا قىلىش كۆلىمى جەمئىي 3800 موغا يەتتى. ئېچىش خاراكتېرلىك ئورمان بەرپا قىلىشقا ماس كېلىدىغان كەسپىي ئائىلە 31، كۆچەتلىك كەسپىي ئائىلىسى ئالتە، پەرۋىش قىلىش خاراكتېرىدىكى نۇقتىلىق ئائىلە 58، باركۆل ناھىيىسىدىكى ئورمانچىلىق كەسپىي ئائىلىسى ۋە نۇقتىلىق ئائىلىلىرى ئاساسىي جەھەتتىن پەرۋىش قىلىش خاراكتېرىدىكى كەسپىي ئائىلىلەر بولۇپ، ئورمانچىلىق ئېچىش كەسپىي

ئائىلىلىرى يوق.

1985- يىلى قۇمۇل مەمۇرىي مەھكىمە، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ۋە ئورمانچىلىق تارماقلىرىدىن « ئىككى ئائىلە بىر گەۋدە » بولۇپ ئورمانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشنى قوللاپ، ئورمانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئائىلىلەرگە بېرىلگەن ئېچىش خاراكتېرىدىكى يەرلەردىن بەش يىلغىچە يەر ئىشلىتىش ھەققى ئالماسلىقنى تەلەپ قىلدى. بىراق شۇ يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، ئورمانچىلىق كەسپىي ئائىلىلىرىنىڭ تەرەققىياتى چېكىنىشكە قاراپ يۈزلەندى. بۇنىڭدا قۇدۇق قېزىش، يەر سۈغىرىش، تۈزلەش، ئەمگەك ھەققى قاتارلىقلارنىڭ يۇقىرى بولۇشى بىلەن مەبلەغ يېتىشمەسلىك ئاساسىي سەۋەب بولدى. ئائىلانىڭ مەبلەغنىڭ قىس بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بۇ تۈرگە ۋىلايەت 50 مىڭ يۈەن، ئاپتونوم رايون 19 مىڭ يۈەن ئاجراتتى. بۇ مەبلەغ ئۆسۈمسىز قەرز ھېسابىدا 30 غا يېقىن ئورمانچىلىق كەسپىي ئائىلىسىگە تارقىتىلدى. ئورمانچىلىق تارماقلىرىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن كەسپىي ئائىلىلەر بىر خىللا ئىش قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، قۇر ئارىلاپ پاكار غوللۇق ئۆسۈملۈكلەر ۋە ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى كىرىشتۈرۈپ تېرىشقا باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەم- خەشەك زىرائىتى تېرىپ، قۇشچىلىق، باقمىچىلىق قاتارلىق قوشۇمچە كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بۇ ئارقىلىق ئورمانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كېتىدىغان مەبلەغ قىس بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

**قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1978 ~ 1990- يىلىغىچە بولغان ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 8 – 8

| تۈرى / يىل | شۇ يىلى بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى (مو): جەمئىي | ئورمان تۈرى بويىچە ئايرىغاندا: مەبىرىيال ئورمىنى | ئورمان تۈرى بويىچە ئايرىغاندا: ئىقتىسادىي ئورمان | ئورمان تۈرى بويىچە ئايرىغاندا: [illegible] ئورمىنى | ئورمان تۈرى بويىچە ئايرىغاندا: يېقىلغۇ ئورمىنى | ئورمان تۈرى بويىچە ئايرىغاندا: باشقىلار | ئىگىدارلىق ھوقوقى بويىچە ئايرىغاندا: دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى ئورمان | ئىگىدارلىق ھوقوقى بويىچە ئايرىغاندا: كوللېكتىپ بەرپا قىلغان ئورمان | ئىگىدارلىق ھوقوقى بويىچە ئايرىغاندا: شەخسلەر بەرپا قىلغان ئورمان | يېڭىلانغان ئورمان كۆلىمى (مو) | شۇ يىلى پارچە تىككەن كۆچەت (تۈمەن تۈپ) | كۆچەت يېتىشتۈرۈش كۆلىمى (مو): يىل ئاخىرىدا ئەمەلىي بار بولغىنى | كۆچەت يېتىشتۈرۈش كۆلىمى (مو): شۇ يىللىق يېڭىدىن يېتىشتۈرگەن كۆلىمى | ياش ئورمان كۆلىمى (مو) | يېتىلگەن ئورمان كۆلىمى (مو) | كەشتە، كۆچەت، تۈۋەن دەرىجىلىك دەرەخلەر ۋە ئاغىلار كەسكەن ياغاچ (كۇب مېتىر) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1978 | 3267 | | | | | | 54 | 3213 | | 268 | 331 | 1571 | 634 | 3511 | | 1784 |
| 1979 | 4030 | | | | | | | 4030 | | 39 | 264 | 3960 | 1059 | 4720 | | 547 |
| 1980 | 1782 | 381 | 192 | 925 | | 284 | 26 | 1756 | | 70 | 126 | 1326 | 504 | 7300 | | 1443 |

| | | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 769 | | 8501 | 426 | 1614 | 199 | 247 | | 2148 | 60 | 483 | | 1027 | 105 | 593 | 2208 | 1981 |
| 385 | | 8351 | 461 | 865 | 148 | 37 | | 2708 | 248 | 305 | | 1588 | 579 | 484 | 2956 | 1982 |
| | 20871 | 7486 | 595 | 826 | 151 | 62 | | 2336 | | 117 | 61 | 1126 | 227 | 805 | 2336 | 1983 |
| 475 | 21287 | 10630 | 1020 | 1633 | 235 | 96 | | 2227 | 779 | 747 | | 1449 | 119 | 691 | 3006 | 1984 |
| 1361 | 15011 | 6818 | 1008 | 1371 | 202 | | 2715 | 1526 | 154 | 429 | 30 | 3180 | 2 | 754 | 4395 | 1985 |
| 260 | 12146 | 1625 | 557 | 1280 | 113 | | 1288 | 2943 | 119 | | 60 | 1523 | 217 | 2550 | 4350 | 1986 |
| 1442 | 11929 | 17949 | 246 | 758 | 47 | 237 | 2283 | 2354 | 136 | | 25 | 2336 | 702 | 1710 | 4773 | 1987 |
| 672 | 22264 | 10712 | 120 | 214 | 124 | 27 | 977 | 1570 | 40 | 65 | 109 | 1576 | 1 | 836 | 2587 | 1988 |
| 1818 | 30406 | 11171 | 179 | 881 | 76 | 112 | 1568 | 1359 | 69 | 42 | 19 | 2140 | | 795 | 2996 | 1989 |
| 2062 | 21285 | 9678 | 260 | 794 | 67 | | 1305 | 1367 | 174 | | 20 | 2050 | 60 | 716 | 2846 | 1990 |

## §5. ئورۇق يىغىش، كۆچەت يېتىشتۈرۈش

### 1. تۈزلەڭلىك ئورمانچىلىقىدىكى كۆچەتچىلىك

مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى) 4- ئايدا قۇمۇل رايونىدا 20 مو كۆلەمگە ئىگە كۆچەتزارلىق بەرپا قىلىندى. مىنگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى) قۇمۇل ئورمانچىلىق پونكىتى كۆچەتخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1985- يىلغىچە ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق پونكىتى ۋىلايەت تەۋەسىدە دەل- دەرەخ ئۇرۇقلىرىنى يۆتكەش، سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق نازارىتى ۋە ھەر قايسى جايلاردىن ئېھتىياجلىق ئۆسۈملۈك ئۇرۇقىنى كىرگۈزۈش، ئەلا سورتلارنى يېتىشتۈرۈش، يېڭى مەھسۇلاتلارنى كېڭەيتىش قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇل بولدى.

1965- يىلى ۋىلايەت كۆچەتچىلىكى 1000 مولۇق چوڭ ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، جەمئىي 1645 مو يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى.

1976 ~ 1980- يىلغىچە، ۋىلايەتنىڭ كۆچەت يېتىشتۈرۈش كۆلىمى ھەر يىلى 1000 مودىن ئېشىپ باردى. 1982- يىلغا كەلگەندە، ۋىلايەتنىڭ ئورمان بەرپا قىلىش مۇھىم نۇقتىسى «ئۈچ شىمالىي رايون» ئىھاتە ئورمىنى ناھىيىسى — قۇمۇل ناھىيىسىدە بىر ناھىيە كۆچەتخانىسى، بىر گۇڭشې كۆچەتخانىسى، ئالتە كۆچەتخانىسى، ئىككى

زاۋۇت كۆچەتخانىسى قۇرۇلدى، بۇ كۆچەتخانىلارنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 400 مو. 1980- يىلى قۇمۇل ناھىيىسى ئۆز-ئۆزىنى كۆچەت بىلەن تەمىنلەپ، ئاشقان قىسمىنى سىرتقى ئورۇنلارغا ياردەم قىلدى.

1990- يىلى ۋىلايەتتە 1250 مو يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل شەھىرىنىڭ 88% نى ئىگىلىدى. 1982- يىلىدىن باشلاپ، قۇمۇل شەھىرى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 800 مو يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈپ، يىللىق ئىشلەپچىقىرىشىنى 4 مىليون 800 مىڭ تۈپكە يەتكۈزدى. يېتىشتۈرۈلگەن كۆچەتلەر ئۆز رايونىمىزنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرغاندىن سىرت، يەنە ئاز قىسمى گەنسۇ ئۆلكىسى ۋە تۇرپان ۋىلايىتىگە سېتىلدى.

2. ئانىلىق دەرەخ ئۇرۇقلۇق بېغى

1973- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق ئىدارىسى قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانىنى ئاپتونوم رايوننىڭ سىبىرىيە بال قارىغىيى ئەلا سورتىنى يېتىشتۈرۈش بازىسى قىلىپ بېكىتتى. 6- ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق ئىدارىسى «1- ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى، ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئورمانچىلىق ئىلمىي تەتقىقات پونكىتى ھەمدە ئالتە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورمانچىلىق مەيدانىدىكى تېخنىكا خادىملىرىدىن ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق ئىدارىسى قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانى، دەل-دەرەخ سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈش تاللىق رايون گۇرۇپپىسى تەشكىللىدى. قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانى كونكرېت ئىشلارغا مەسئۇل بولىدىغان، ئاۋۋال دەل- دەرەخلەرنىڭ ياخشى سورتلىرىنى تاللاپ چىقىدىغان بولدى.

دەسلەپكى پىلاندا سىبىرىيە بال قارىغىيى ئۇرۇقىنىڭ تېرىلىش كۆلىمى 100 مو بولۇپ، قۇرۇلۇش مەيدانى ئەينى چاغدىكى قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانى كۆچەتخانىسىنىڭ شەرق تەرىپىدە ئىدى. بۇ جاي تەبىئىي قارىغايزارلىقتىن 300 مېتىر يۇقىرى جايدىكى كەڭ تۈزلەڭلىك بولۇپ، كۆپ يىل تېرىقچىلىق قىلىنغان پىششىق يەر ئىدى. شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 376 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 208 مېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 117.3 مو، ئۇرۇقچىلىق بازىسىنىڭ كۆلىمى 100 مو. ئادەم ۋە ئات- ئۇلاغلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، تۆت ئەتراپىغا 16 قاتار ئېگىزلىكى 2.4 مېتىرلىق تىكەنلىك سىم تارتىلدى.

1974- يىلى ئەتىيازدا تراكتور بىلەن يەر ئاغدۇرۇپ تۈزلەندى. ئېرىقلار رېمونت قىلىندى. تەلەپ بويىچە ئۇرۇقچىلىق رايونى سەككىز كىچىك بۆلەككە بۆلۈندى، ھەر بىر بۆلەكنىڭ كۆلىمى 12.5 مودىن بولدى. شۇ يىلى سىبىرىيە بال قارىغىيى 100 مو يەرگە كۆچۈرۈلۈپ تىكىلدى، كۆچۈرۈلۈپ تىكىلگەن كۆچەتلەرنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى 90% تىن ئاشتى.

1976- يىلى ئەتىيازدا تۇنجى قېتىملىق ئۇلاقچىلىق تەجرىبىسى ئېلىپ بېرىلىپ، كۆچەتلەرنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى 83% بولدى.

1977- يىلى ئەتىيازدا، سىبىرىيە بال قارىغىيىنى يېتىشتۈرۈش ئۇرۇقچىلىق مەيدانىدىكى 100 مولۇق كۆچەتنى ئۇلاش ۋەزىپىسى ئورۇندالدى، كۆچەتلەرنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى 88% كە يەتتى.

1977- يىلى سىبىرىيە بال قارىغىيى يېتىشتۈرۈش مەيدانىدىكى 100 مو يەردە جەمئىي 7400 تال نوتىنى ئۇلاش ۋەزىپىسى ئورۇندالدى.

1978- يىلىدىن باشلاپ ھەر يىلى بال قارىغىيى ئۇرۇقزارلىقىدىكى كۆچەتلەرنىڭ بەزىلىرى چېچەكلەپ، مېۋە تۇتۇشقا باشلىدى. 1979- يىلى بەزى تۈپلەر ئىككى مېتىردىن ئېگىزرەك ئۆستى. ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىش ئارقىلىق، 1982 - يىلىغا كەلگەندە، قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانى سىبىرىيە بال قارىغىيىنى يېتىشتۈرۈش ئۇرۇقچىلىق بازىسىنىڭ كۆلىمى كېڭىيىپ، 507 موغا يەتتى. شۇ يىلى 150 مو كۆلەمدىكى كۆچەت نوتا قىلىندى ۋە تولۇقلاپ ئۇلاندى.

1985- يىلى قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانى دەسلەپكى قەدەمدە 510 مو كۆلەمدىكى ئۇرۇقچىلىق مەيدانى بەرپا

قىلىش پىلانىنى ئورۇنداپ، شىنجاڭ بويىچە تۇنجى قەدەمدە كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ بولغان سىبىرىيە بال قارىغىيى ئۇرۇقچىلىق بازىسى قۇرۇپ چىقتى، بۇنىڭ ئىچىدە دەسلەپكى ئۇرۇقچىلىق بازىسى 250 مو، جىنسىز سىستېمىلارنىڭ سەپلىنىشى 40، ئۇلاق 6000 تۇپ، ئۆسۈشى تېز، غولى تۈز، تار تاجلىق، ئىنچىكە شاخلىق، ساغلام، چىڭ، سۈپەتلىك دەرەخ 171 تۇپ.

1985- يىلى بىر قىسىم جىنسىز سىستېمىلارنىڭ چېچەكلىگەن تۇپلىرى %43.4 كە يەتتى. 1986- يىلى ئۇرۇقچىلىق بازىسىدا كۈزدە ئېلىنغان پىششىق ئەلا سۈپەتلىك ئۇرۇق مەھسۇلاتى 60 كىلوگرامغا يەتتى. 1990- يىلى قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانى ئۇرۇقچىلىق بازىسى باشقۇرۇشىدىكى يەر كۆلىمى 510 موغا يەتتى.

# IV باب

# ئورمانچىلىق ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش

## 1§. ئورمانچىلىقنىڭ رايونلارغا ئايرىلىشى

1. قۇمۇل شەھىرى بەش رايونغا ئايرىلدى

1) تەڭرىتاغنىڭ سۇ مەنبەسىنى ساقلاش ئورمان رايونى. بۇ رايونلار تاشبۇلاق، تەڭرىتاغ، شارلار تېغى قاتارلىق ئۈچ يېزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تاغ قاپتىلىدىكى يىگانە يوپۇرماقلىق ئورمانلىق ۋە دەريا ۋادىسى كەڭ يوپۇرماقلىق ئورمانلىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئېكولوگىيە سىستېمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ رايون ئۆز ئىچىدىن يەنە ئىككى 2- دەرىجىلىك رايونغا ئايرىلىدۇ.

(1) تاشبۇلاق، شارلار تېغى سۇ مەنبەسىنى ساقلاش ئورمان رايونى

(2) تەڭرىتاغ سۇ مەنبەسىنى ساقلاش ماتېرىيال ئورمىنى رايونى

2) تاغ ئالدى چۆل ئورمانلىقى قوغداش رايونى. بۇ يەنە ئۈچ 2- دەرىجىلىك رايونغا ئايرىلىدۇ.

(1) ماجۇاڭشەن تېغى سۆكسۆك قوغداش رايونى

(2) خۇڭلىيۇخې (يۇلغۇنلۇق) قوغداش رايونى

(3) يەتتە قۇدۇق چاتقاللىق قوغداش رايونى

3) تۈزلەڭلىك ئىھاتە ــ ماتېرىيال ئورمىنى رايونى

(1) تۈزلەڭلىك ئىھاتە ــ ماتېرىيال ئورمىنى رايونى. بۇ بۇلۇڭتوغراق، پالۋانتۇر، شەھەر ئىچى، راھەتباغ، بوغاز، ئاستانە، قارادۆۋە قاتارلىق تۈزلەڭلىكتىكى يېزىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(2) قۇم تىزگىنلەش ئورمانلىق مەيدانى. بۇ ئاساسلىقى قۇم- بوران ئاپىتى بىر قەدەر ئېغىر بولىدىغان بۇلۇڭتوغراق، بوغاز، يەتتە قۇدۇق قاتارلىق ئۈچ يېزا ۋە ئاستانە يېزىسىنىڭ 6-، 7-، 9- ئەترەتلىرى، پالۋانتۇر يېزىسىنىڭ شىنجەن ۋە ياۋۇلۇڭ قاتارلىق ئىككى كەنتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

4) جىلغا ۋە تۈزلەڭلىكتىكى ئىقتىسادىي ئورمان رايونى. جىلغا رايونلار ــ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى

تاشۋېلىق يېزىسى قاراگىنۇ كېچىكتىن شارلار تېغىدىكى قويلۇققىچە، شەرقتىن غەربكە 200 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تاغ ئالدىدىكى جىلغىلارنى كۆرسىتىدۇ، تۈزلەڭ رايون قارادۆۋە يېزىسىنى كۆرسىتىدۇ.

5) دەريا ساھىلى ۋە ئۆستەڭ بويلىرىدىكى ماتېرىيال ئورمان رايونى.

(1) دەريا ساھىلى ماتېرىيال ئورمىنى رايونى. بۇ تاغ ئېتىكىدىكى تاشۋېلىق، تەگرىتاغ، شارلار تېغى جىلغا رايونىنى كۆرسىتىدۇ، كېرەكلىك ئورمان كۆلىمى 33 مىڭ 500 مو.

(2) ئۆستەڭ بويلىرىدىكى ماتېرىيال ئورمىنى رايونى. بۇ قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەرقىي، غەربىي ئۆستەڭ رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 30 كىلومېتىر، كەڭلىكى 300 ~ 500 مېتىرغىچە ئورمان بار بولغان ۋە ئورمان بولمىغان جايلارنى قوشقاندا جەمئىي 14 مىڭ مو كۆلەمگە ئىگە.

**2. باركۆل ناھىيىسى تۆت [- دەرىجىلىك ئورمانچىلىق رايونىغا بۆلۈنىدۇ**

1) تەگرىتاغنىڭ شىمالىي يانباغرى، كۆكقىر تېغىنىڭ ئوتتۇرا، پاكار تاغلىقلىرىدىكى سۇ مەنبەسىنى ساقلاش ماتېرىيال ئورمىنى رايونى

2) شىمالىي، غەربىي شىمال تاغلىق رايون ئېدىر- چۆل ئورمان قوغداش رايونى

3) باركۆل ئويمانلىقى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئېھاتە — ماتېرىيال ئورمىنى رايونى

4) ئۈچكۆل ئويمانلىق جىلغا تېرىلغۇ يەر ئېھاتە — ئىقتىسادىي ئورمىنى رايونى

**3. ئاراتۈرۈك ناھىيىسى تۆت [- دەرىجىلىك ئورمانچىلىق رايونىغا بۆلۈنىدۇ**

1) غەربىي تەگرىتاغ تىزمىلىرى سۇ مەنبەسىنى ساقلاش ئورمانچىلىق رايونى

2) ئوتتۇرا قىسىم دەريا ساھىلى ئىككىلەمچى كەڭ يوپۇرماقلىق قوغدىلىدىغان ئورمان رايونى

3) نوم ئويمانلىقى ئېھاتە — ماتېرىيال ئورمان رايونى

4) شىمالىي چۆل ئورمىنى قوغداش رايونى

## §2. ئورمان باشقۇرۇش ۋە قوغداش

**1. تۈزلەڭلىكتىكى سۇنئىي ئورمانلارنى باشقۇرۇش ۋە قوغداش**

مىنگونىڭ 26- يىلى (1937- يىلى) 7- ئاينىڭ 20- كۈنى قۇمۇل بازارلىق گارنىزون قوماندانى (نىۇ فامىلىلىك) بىلەن قۇمۇل رايونىنىڭ باش مەمۇرى (شيۇڭ فامىلىلىك) بىرلىكتە ئورمانلارنى قوغداش ھەققىدە چىقارغان ئۇقتۇرۇشىدا «يېڭى تىكىلگەن دەل- دەرەخلەر يېشىللاشقا باشلىدى، ھەممىمىز بىرلىكتە ئاسرايلى. ئات- ئۇلاغلارنى قويۇپ بېرىپ غاجىتىشقا بولمايدۇ. خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا جەرىمانە قويۇلىدۇ. پۇقرالار ۋە ئەسكەرلەر ھەممىسى بۇنىڭغا ئەمەل قىلىشى كېرەك» دېيىلگەن.

مىنگونىڭ 30- يىلى (1941- يىلى) قۇمۇل شەھىرىنىڭ مەمۇرىي ھەيئەتلىرى يىغىنىدا ئورمانلارنى قوغداش چارىسى ماقۇللاندى. چارىدە مۇنداق دەپ بەلگىلەندى: ① ناھىيە ئەتراپىدىكى ۋە ناھىيىگە قاراشلىق بارلىق يېزىلارنىڭ ئورمانچىلىق مەيدانلىرى، باغچا، شەخسلەر ياكى ئاممىا تىككەن دەل- دەرەخلەر، مەيلى ئورمان شەكىللەندۈرگەن ياكى يېڭىدىن تىكىلگەن بولسۇن ھەممىگە ئەتراپلىق يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ئاممىنىڭ ئورمانلارنى قوغداش ئاكتىپچانلىقىنى

قوزغاش كېرەك. ② ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ھەر قايسى كوچىلارغا ئۇقتۇرۇش چاپلاش، كۆچەت تىكىشنىڭ يېڭى شىنجاڭ قۇرۇشتىكى مۇھىم ئەھمىيىتىنى تەشۋىق قىلىشى، رايون، يېزا- بازار باشلىقلىرى شەھەر ئەتراپى يېزىلىرى ۋە يېزا- بازارلاردا ئورمانلارنى قوغداش مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ③ بۇندىن كېيىن، مەيلى كوللېكتىپ ياكى شەخسلەر كۆچەت تىكسۇن، ئاۋۋال قوغداش پىلانى تۈزۈشى، چوقۇم بىرنى تىكسە، بىرنى ئەي قىلىدىغان دەرىجىگە يېتىشى كېرەك. ④ ئاممىنى ئۆزئارا ھەيدەكچىلىك قىلىش، ئۆزئارا نازارەت قىلىشقا يېتەكلەپ، ئاممىۋى ۋە خۇسۇسىي ئورمانلارنى ئات- ئۇلاغلار ۋەيران قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ⑤ ناھىيىگە قاراشلىق رايونلاردىكى شەخسىي ياكى كوللېكتىپ تىككەن ئورمانلار بولسۇن، ئىشلىتىش دەرىجىسىگە يەتمىگەنلىرىنى ھەر قانداق ئادەمنىڭ خالىغانچە كېسىشىگە يول قويۇلمايدۇ. خىلاپلىق قىلغۇچىلار تەكشۈرۈپ ئېنىقلانسا ياكى باشقىلار تەرىپىدىن پاش قىلىنسا، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىدۇ. ⑥ ئات- ئۇلاغلىرى بار ئائىلىلەر قىشلىق ئوت- چۆپلەرنى كۆپرەك تەييارلىۋېلىشى كېرەك. دېھقانلار كالېندارى بويىچە 10- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن بۇرۇن بارلىق مال- چارۋىلارنى قوتانغا سولاپ بېقىشى كېرەك. كەنت ئەتراپلىرىغا قويۇۋېتىپ بېقىشقا بولمايدۇ، ئۇنداق قىلمىسا ئىگىسىز مال- چارۋا ئورنىدا تۇتۇپ تۇرۇلىدۇ. ⑦ كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ دەل- دەرەخلىرىنى زىيانغا ئۇچراتقان مال- چارۋىلار تۇتۇلسا ياكى ئېنىقلانسا، تۇتۇلغان مال- چارۋىلارنىڭ ئەسلى باھاسىنىڭ 30%ى بويىچە جەرىمانە ئېلىنىدۇ. ئېلىنغان جەرىمانە شەھەرلىك مەمۇرىي ھەيئەتلەر يىغىنى بەلگىلىگەن ئىشچىلارنىڭ ئورمان ئاسراش ھەققىگە ياكى باشقا پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ. ⑧ شەھەر ئەتراپى رايونلىرى، يېزا- كەنتلەر، ج خ ئىدارىلىرى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن تاختاي ئېلىپ، كەنت ئېغىزلىرى ياكى ئورمانلىقلارغا ئېسىشى كېرەك. ⑨ شەھەر ئەتراپى رايونلىرى ۋە ساقچى ئورگانلىرى بىرلىكتە چارلاش ساقچىلىرىنى ئەۋەتىپ، ئەتراپتا چارلاش ئېلىپ بېرىشى كېرەك ھەمدە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ساقچى ئىدارىسى ئادەم ئەۋەتىپ، تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشى كېرەك (ھەر ئايدا بىر قېتىم). يېزا، رايون رەھبەرلىرىمۇ دائىم تەكشۈرۈپ تۇرۇشى كېرەك. ⑩ ھەر يىلى كۆچەت تىكىش باھارىمىنىڭ ئالدىدا، ھاكىم ياكى ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بىر يىللىق ئورمانلارنى ئاسراش، باشقۇرۇشتىكى قولغا كەلگەن نەتىجىلەر ۋە ئۈنۈمنى دوكلات قىلىشى كېرەك.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ 1951- يىلى قۇمۇل ۋىلايىتى تاغلىق رايونلاردىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورمانلارغا بولغان باشقۇرۇشنى تەدرىجىي كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۈزلەڭلىك رايونلاردىكى خۇسۇسىيلار ئىگىدارچىلىقىدىكى دەل- دەرەخلەرنى كېسىشنىمۇ تىزگىنلەپ باشقۇردى. ئەينى ۋاقىتتا، قۇمۇل ناھىيىسى شەھەر ئىچى رايونىنىڭ بۇ خىزمەتنى قانات يايدۇرۇشى بىر قەدەر ياخشى بولۇپ، باي- پومېشچىكلارنىڭ قالايمىقان كېسىپ بۇزغۇنچىلىق قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. قۇمۇل ناھىيە بازارلىرىنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسىدە «شەھەر ئەتراپى رايونلىرىدىكى دەل- دەرەخلەرنى تام ۋە چېگرا سىملار بىلەن قورشاۋغا ئېلىش كېرەك، غەربىي ئۆستەڭ رايونىدىكى دەل- دەرەخلەرنى ھەر قايسى كوچا ئىش باشقۇرۇش ئورۇنلىرى 26 ئورمان باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇرۇشى كېرەك» دەپ بەلگىلەندى.

1955- يىلى ۋىلايەت ئورمانچىلىق ئىشلىرىدا تەبىئىي ئورمانلارنى ئاسراشنى ئاساس قىلىپ، شەھەر ئەتراپى، يېزا- قىشلاقلار ۋە يول بويلىرىدىكى دەل- دەرەخلەرنى قوغداشنى كۈچەيتتى. يېڭىدىن بەرپا قىلىنغان ئورمان بەلۋاغلىرىنى ئادەتتە كەنت ۋە يېزىلار ئورمان ئاسراش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، مەخسۇس ئادەم ئاجرىتىپ باشقۇردى ھەم ئەتراپىغا قوغداش ئەسلىھەلىرىنى ئورنىتىپ، ئادەم ۋە مال- چارۋىلارنىڭ زىيان سېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى.

1958- يىلى كۆلەملەشكەن ئورمانلار ۋە مېۋىلىك باغلارنى كۆكلىتىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى مەخسۇس خادىم بەلگىلەپ ۋە ئورمان باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ باشقۇردى ۋە ئورمان ئاسراش قائىدە- تۈزۈملىرىنى بېكىتتى.

1963- يىلى تۈزلەڭ رايونلاردا ئاۋۋالقىدەكلا كوللېكتىپ ئورمان بەرپا قىلىش، ئورمانلارنى مەخسۇس ئادەم باشقۇرۇش تەدبىرلىرى يولغا قويۇلدى. ھەر بىر ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى بىردىن ئىككىگىچە ئادەمنى مۇقىم ئاجرىتىپ، مۇقىم ھەق بېرىپ، ئورمانلارنى بۆلەكلەرگە بۆلۈپ باشقۇردى.

1976- يىل 4- ئايدا قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت «ئورمان باشقۇرۇش ئۇقتۇرۇشى» تۈزۈپ ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا: «ھەر دەرىجىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتلار، ئىنقىلابىي رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى ھەر قايسى كان- كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، ئورگان، مەكتەپ ۋە ھەر قايسى خەلق كوممۇنىلىرى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدان (فېرمىلىرى) ئورمان باشقۇرۇش گۇرۇپپىلىرىنى تولۇقلاپ قۇرۇپ، ئورمان باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى تۈزۈش كېرەك، ئەتراپلىق، ئەستايىدىل پەرۋىش قىلىپ، ئورمانلارغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش قىلمىشلىرىنى ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ تەربىيە بېرىپ ئۆزگەرتىش ياكى جازالاش كېرەك. قىلمىشى ئېغىر بولغانلار جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ» دەپ بەلگىلىدى.

1981- يىل 3- ئاينىڭ 8- كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن «ئورمانلارنى باشقۇرۇش، ئورمانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى قارار» نى ئېلان قىلدى. 1981-، 1982- يىللىرى قۇمۇل ۋىلايىتىگە قاراشلىق ئۈچ ناھىيە مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ھەر قايسى ناھىيەلەرنىڭ «ئورمانلارنى باشقۇرۇش، ئورمانچىلىق ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك قارار» نى تۈزۈپ چىقتى.

2. تاغلىق رايونلاردىكى ئورمانلارنى ئاسراش ۋە ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش

1) كەسپىي ئورمان ئاسراش تەشكىللىرى. ئەڭ دەسلەپكى تاغلىق رايونلاردىكى ئورمانلىقلارنى قوغداش، تەشكىللىك باشقۇرۇش مىنگونىڭ 30- يىلى (1941- يىلى) قۇمۇل ئورمانچىلىق ئىدارىسى قۇرۇلغاندا باشلانغان بولۇپ، ئەينى چاغدا ئورمانچىلىق ئىدارىسى قارمىقىدا تەكشۈرۈش، كۆزەتچىلىك قىلىش ئاپپاراتلىرى تەسىس قىلىنغان ئىدى. مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى) قۇمۇل ئورمانچىلىق ئىدارىسى ئەمەلدىن قالغاندىن كېيىن، ھەر قايسى ناھىيەلەرنىڭ ئەسلىدە بار بولغان ئورمان چارلاش ئورۇنلىرى ئاۋۋالقىدەك ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە تەۋە بولىۋەردى. مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) 11- ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مىنگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى) 1- ئايدا قۇمۇل قاتارلىق رايونلاردا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تەبىئىي ئورمانلارنى باشقۇرۇشنى قارار قىلدى. ئورمان باشقۇرۇش پونكىتى قۇرۇپ، ئىككى يەردە چازا تەسىس قىلىنىپ، بىر ئادەم تەكشۈرۈشكە، ئۈچ ئادەم كۆزەتچىلىك قىلىشقا، ئىككى ئادەم چازا خادىملىقىغا سەپلەندى. ئورمان قوغدىغۇچىلار پۈتۈن تاغلىق رايوندىكى ئورمانلىقلارغا قارىتا ئۈنۈملۈك قوغداش ئېلىپ بېرىشقا ئامالسىز بولغاچقا، دەل- دەرەخلەرنى قالايمىقان كېسىش، ئورمانلارغا ئوت كېتىش ھادىسىلىرى بەزىدە يۈز بېرىپ تۇردى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن 1951- يىلى قۇمۇل تەگرىتاغ ئورمانلىقىنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق نازارىتىنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ئورمانچىلىق باشقۇرۇش پونكىتى مەسئۇل بولۇپ بىر تۇتاش باشقۇردى. ئۇلار چارلاشنى پىيادە ئېلىپ باراتتى، بىر قېتىم چىقىپ كەتسە تۆت، بەش كۈنگىچە نەچچە ئون كىلومېتىر يول ماڭاتتى، نەگىچە چارلاش ئېلىپ بارسا، شۇ جايدا تۈنەيتتى. ئات قوتىنى (ماجۇەنگۇ) جىلغىسىدىن ئاقتاشقىچە بولغان ئارىلىقتا 30 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئورمان رايونىنى ئىككى چارلىغۇچى ئادەم بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئىككى يەردىن قارىمۇ- قارشى يۆنىلىشتە يولغا چىقىپ، ئۇچراشقاندىن كېيىن تاختاي ئالماشتۇرۇپ قايتاتتى. ئەينى يىللاردا قۇمۇل ئورمان باشقۇرۇش پونكىتىدا تۆت چارلىغۇچى، بىر چازا خادىمى بار ئىدى. شۇ چاغدا ياغاچ كېسىش مەيدانى نامداۋاندا بىر كېچە- كۈندۈز چارلاش تۈزۈمىنى يولغا قويغان ئىدى.

1953- يىلى قۇمۇل دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قۇمۇل ئورمان باشقۇرۇش پونكىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندە، تارمىقىدا ئورمان قوغداش ئەترىتى قۇرۇلدى. 1954- يىل 7- ئايدا قۇمۇل ئورمان باشقۇرۇش پونكىتى، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ئاقتاش رايونىدا ئورمان باشقۇرۇش پونكىتى قۇردى. 1956- يىل 6- ئايدا باركۆل ناھىيىسىدىكى قاراغولدا ئورمان تىجارەت ئورنى قۇردى. ئىككى پونكىت ئۆزلىرىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەسىدىكى

رايونلارنى قوغداش، ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى.

1958- يىل 4- ئايدا قۇمۇل ئاقتاش ئورمان تىجارەت ئورنى بىلەن نامداۋان ياغاچ كېسىش مەيدانى قوشۇۋېتىلىپ، نامداۋان ئورمانچىلىق مەيدانىغا ئۆزگەرتىلدى. باركۆل قاراغول ئورمان تىجارەت ئورنى ناھىيىلىك ئورمانچىلىق مەيدانىغا ئۆزگەرتىلدى. ئورمان رايونىنىڭ قوغداش، ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش ئىشلىرىغا ھەر قايسى ئورمانچىلىق مەيدانلىرى ئۆزلىرى مەسئۇل بولدى.

1966- يىلى قۇمۇلنىڭ تاغلىق رايونلىرىدىكى ئورمانلار ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق نازارىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق بولىدۇ، قۇمۇل نامداۋان ئورمانچىلىق مەيدانى تىجارەتنى مۇستەقىل باشقۇرىدۇ، دەپ بېكىتىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، تاغلىق رايوندىكى ئورمانلارنى قوغداش، ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش ئىشلىرىنى ئورمانچىلىق مەيدانى ئۈستىگە ئېلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ كەلدى.

1974- يىلى نامداۋان ئورمانچىلىق مەيدانى ئورمانچىلىق رايونلىرىدىكى ئورمانلىقلارنى 11 چوڭ قوغداش رايونىغا بۆلدى. ھەر بىر قوغداش رايونىغا ئىككىدىن ئۈچكىچە كەسپىي قوغدىغۇچى خادىم ۋە بىر نەچچە خالىس قوغدىغۇچى تەيىنلىدى، پۈتۈن ئورمانچىلىق مەيدانىدا كەسپىي قوغدىغۇچىلار جەمئىي 22 ئادەم بولدى. 1977- يىلى قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانى ئۈچ قوغداش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئورمانچىلىق مەيدانلىرىنى 10 چوڭ مەسئۇلىيەت رايونى ۋە بىرلەشمە مۇداپىئە رايونىغا بۆلدى. يەتتە ئورمان تەكشۈرۈش پونكىتى قۇردى. ئورمان قوغدىغۇچى خادىملار تاغلىق رايونغا كىرگەن خادىملارغا يېتەكچىلىك قىلدى ۋە نازارەت قىلدى. ئورمان تەكشۈرۈش پونكىتى تاغقا كىرىش تىزىملىكى تەسىس قىلىپ، كىرىپ- چىققان ماشىنىلار ۋە ئادەملەرنى تىزىملاپ تەكشۈردى، پۈتۈن مەيداندا كەسپىي قوغدىغۇچى ۋە تەكشۈرۈش پونكىتى خادىملىرى جەمئىي 30 غا يەتتى.

1979- يىل 2- ئايدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئورمان قانۇنى» (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغان) ئېلان قىلىندى. 1980- يىلى قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانى قوغداش، ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش ئەترىتىگە قارىتا، رەتلەش، تەرتىپكە سېلىش ئېلىپ بېرىپ، 25 كەسپىي قوغدىغۇچى خادىم، ئىككى كادىردىن تەشكىللەنگەن قوغداش- ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش چوڭ ئەترىتى قۇردى. پۈتۈن ئورمانلىقنى جۇغراپىيىلىك ئورۇنلىشىشى بويىچە 11 قوغداش، ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش مەسئۇلىيەت رايونىغا ئايرىدى، ھەر بىر مەسئۇلىيەت رايونىدا بىر قانچە ئورمان كۋارتالى، بىردىن قوغداش گۇرۇپپىسى تەشكىللىدى، ئۇلار يىل بويى ئۆز ئورنىدا قاراۋۇللۇق قىلىپ، شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە تۇردى.

2) يەرلىك ئورمانلارنى قوغداش بىرلەشمە مۇداپىئە تەشكىلاتلىرى. 1951- يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق نازارىتىنىڭ قۇمۇل رايوندىكى ئورمان باشقۇرۇش پونكىتى «ئورمانلارنى قوغداشنى ئاساس، ئورمان بەرپا قىلىشنى قوشۇمچە قىلىش» فاڭجېنىغا ئاساسەن، تەگرىتاغ رايونىدىكى ئاھالىلەر ئىچىدىن 17 ۋەكىلنى سايلاپ چىقىپ، دەسلەپكى قەدەمدە قوغداش، ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش تەشكىلاتىنى قۇرۇپ، ئورمانچىلىق تارماقلىرى ۋە يەرلىك بىرلەشمە مۇداپىئە كۆرۈش ھالىتىنى شەكىللەندۈردى. شۇ يىلىنىڭ بېشىدا ئاممىۋى ئورمان قوغداش ئەترىتى تەشكىللەندى. 1951- يىل 11- ئايدا باركۆل ناھىيىسى باشلامچىلىق قىلىپ، ناھىيىلىك ئورمان قوغداش كومىتېتى قۇردى. ھەر قايسى رايون ۋە يېزىلاردا تارماق كومىتېتلار قۇرۇلدى. 1952- يىلى باركۆل ناھىيىسى كەنت دەرىجىلىك ئورۇنلاردا ئورمان قوغداش، ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش گۇرۇپپىلىرىنى قۇرۇپ، رايونلار چېگرىسىنى ئايرىپ، ئورمانلاردا قەرەللىك چارلاش ئېلىپ باردى. ناھىيىدە 21 ئاممىۋى ئورمان قوغداش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. يىل ئاخىرىدا، ۋىلايەتتىكى ئورمان رايونى ئەتراپىغا جايلاشقان يېزا- كەنتلەرمۇ ئاممىۋى ئاساسىي قاتلام ئورمان قوغداش گۇرۇپپىلىرىنى قۇردى. 1957- يىلى ۋىلايەت ئورمان رايونلىرىدىكى يېزا- كەنتلەرنىڭ ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونلىرىدا قۇرۇلغان بىر قەدەر سىستېمىلىق ئورمان قوغداش گۇرۇپپىلىرىنى تەرتىپكە سالدى. بۇنىڭ بىلەن، ۋىلايەتتە ئاممىدىن تەشكىللەنگەن 145 قوغداش خادىمىغا ئىگە 45 ئورمان قوغداش گۇرۇپپىسى بارلىققا كەلدى.

1958- يىلى 4- ئايدا تاغلىق رايونلارنىڭ ئورمان قوغداش، ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش ئىشلىرىنى ھەر قايسى مەيدانلار مەسئۇل بولغان ھالدا، يەرلىك بىلەن بىرلىكتە ئېلىپ بارىدىغان بولدى. 1959- يىلى باركۆل ناھىيىسىنىڭ ئورمانچىلىق رايونى ئەتراپىدىكى تۆت گۆڭشېدا ئورمان قوغداش كومىتېتى قۇرۇلدى، بۇ كومىتېتلارنىڭ جەمئىي ھەيئىتى 24، ئورمان قوغداش كىچىك ئەترىتى ناھىيە بويىچە 24، خالىس ئورمان قوغدىغۇچى 113 بولدى.

1963- يىلى ۋىلايەتنىڭ ئورمان قوغداش، ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش خىزمىتىدە يەنىلا ئامما ئاساس قىلىندى. 1974- يىلى، قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئورمان رايونلىرىغا يېقىن جايلاشقان توققۇز ئورمان رايونى خەلق گۆڭشېسى ۋە ئالتە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانى بىلەن قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانى بىرلىشىپ مۇداپىئە كۆرۈش مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىپ، ئامما ئارىسىدىن 36 خالىس ئورمان قوغدىغۇچى خادىم بەلگىلەپ چىقتى.

ئورمانچىلىق رايونىدىكى گۆڭشې، مەيدانلار ئورمان قوغداش، ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىلىرىنى قۇردى.

1980- يىل 1- ئايدا قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە «ھەر دەرىجىلىك ئورمان قوغداش، ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» ئېلان قىلىپ، ئۈچ ناھىيىدىن تېز سۈرئەتتە ناھىيىلىك ئورمان قوغداش، ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش قوماندانلىق شتابى قۇرۇشنى، ئورمان قوغداش، ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش ئىشلىرىغا بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ۋىلايەت، ناھىيە، گۆڭشې، ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرىدە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە تۆت دەرىجىلىك ئورمان باشقۇرۇش، ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈشكە قوماندانلىق قىلىش ئاپپاراتى قۇرۇلدى. قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانى بىر قىسىم خالىس قوغداش خادىملىرىنى قىسقارتىپ، خىزمەت ئىپادىسى بىر قەدەر ياخشى بولغان 25 خالىس قوغدىغۇچى خادىمنى ئېلىپ قالدى.

1986- يىلدىن باشلاپ قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ ئورمان رايونى بىلەن چارۋىچىلىق رايونلىرى ئۆزئارا گىرەلەشتۈرۈلدى. بۇ چاغدا 300 مىڭدىن كۆپرەك مال- چارۋىسى بار ئىدى. قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانى شۇ جاينىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، چارۋىچىلار ئولتۇراق رايونى ۋە پادا بېقىش ئەھۋالىغا ئاساسەن ئورمان رايونىنىڭ دائىرىسىنى ئايرىپ چىقتى. ئورمان رايونىدىكى 44 ئائىلىلىك چارۋىچى بىلەن ئورمانلارنى خالىس قوغداش مەزمۇنلىرى بويىچە ھۆددىگەرلىك توختامى ئىمزالىدى. ھەر يىلى چارۋىچىلارنى مەلۇم مىقداردا ياغاچ بىلەن تەمىنلەپ، ئۆيلارنىڭ يېقىلغۇ ۋە ئۆي ياساشقا ئىشلىتىدىغان ياغاچ ماتېرىياللىرىنى ھەل قىلىپ بەردى. خالىس ئورمان قوغداش توختامنامىسى ئىمزالانغاندىن كېيىن، چارۋىچى ئاممىنىڭ خالىس ئورمان قوغداش ئاكتىپچانلىقى قوزغىلىپ، ئورمانلارغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، قالايمىقان كېسىش ئەھۋاللىرى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا 60% ئەتراپىدا ئازايدى، ئۈچ قېتىملىق ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدى ئېلىندى.

1981- يىلى قۇمۇل تامداۋان ئورمان ساقچىخانىسى قۇرۇلدى، ئەينى چاغدا 12 ئورمانچىلىق ساقچىسى سەپلەندى. ساقچىخانا ئاساسلىق قۇمۇلنىڭ تاغلىق رايونلىرىدىكى ئورمانلارنى چارلاش، ئوت ئاپىتىدىن ساقلىنىش، ئوت ئۆچۈرۈش، قالايمىقان ئورمان كېسىشنى، ئورمانلارغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى توسۇش، قانۇن ۋاسىتىسىدىن پايدىلىنىپ ئورمانلارنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىش، ئوغرىلىقچە كېسىش قاتارلىق جىنايى قىلمىشلارغا زەربە بېرىش، ئورمان بايلىقىنى قوغداش قاتارلىق مەسئۇلىيەتلەرنى ئۈستىگە ئالدى.

1990- يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئورمان قوغداش، ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش تەشكىلاتلىرى ئاساسەن مۇكەممەللەشتى. قۇمۇل ۋىلايىتى ۋە ناھىيىلەر (شەھەر) دە جەمئىي تۆت ئورمان قوغداش، ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش قوماندانلىق شتابى، 17 رايون (يېزا) لىق ئورمان قوغداش كومىتېتى، 80 كەنت دەرىجىلىك يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، يەرلىك بىلەن ئورمانچىلىق مەيدانى بىرلىشىپ مۇداپىئە كۆرىدىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا

كەلدى. دۆلەت ئورمىنى بىخەتەرلىكىنى قوغدايدىغان گورۇپپا سىستېمىلىرى 34 قېتىم يۈز بەرگەن ئوت ئاپىتىنى ۋاقتىدا ئۆچۈرۈۋالدى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ تاغلىق رايونلىرىدىكى ئورمانلىقلاردا ئۇدا 39 يىل ئوت ئاپىتى يۈز بەرمىدى.

3. دەل- دەرەخلەرنى ئوغرىلىقچە كېسىش دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىش

1982- يىل 2- ئايدا قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانى ساقچىخانىسى قۇمۇل ناھىيىسى پالۋانتۇر كۆكشېيىدا قارىگەي بازاردا ياغاچ ماتېرىيالى سېتىلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، قۇمۇل ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن گەنسۇ ئۆلكىلىك دۇنخۇاڭ ئامانەت قەرز كوپېراتىپىنىڭ دۆگەيلىك كۆكشېيىدىن يۇقىرى باھادا سېتىۋالغان بىر ماشىنا (ئالتە كۇب مېتىر) ياغاچ ماتېرىيالىنى مۇسادىرە قىلدى. ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق، تەگرىتاغ كۆكشى تۆمۈرتى چوڭ ئەترەتلىرىدىكى ئەزالارنىڭ دۆلەت ئورمىنىنى ئوغرىلاپ سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتى، ساقچىخانا ئوغرىلانغان بارلىق ياغاچ ماتېرىياللىرىنى مۇسادىرە قىلدى ۋە ئوغرىلىق قىلمىشى بىلەن شۇغۇللانغانلارنى بىر تەرەپ قىلدى.

1983 ~ 1984- يىللىرى، 46 قېتىملىق قالايمىقان ئورمان كېسىپ سېتىش دېلوسى بىر تەرەپ قىلىنىپ، 70 نەچچە كۇب مېتىر ياغاچ مۇسادىرە قىلىندى، 75 (ئادەم) قېتىم جەرىمانە قويۇلۇپ، 1683 يۈەن جەرىمانە پۇل يىغىۋېلىندى؛ 82 ئادەمدىن 6511 يۈەن زىيان تۆلىتىۋېلىندى.

1982 ~ 1984- يىلىغىچە بولغان ئۈچ يىل ئىچىدە 364 قېتىملىق ياغاچ ئوغرىلاش دېلوسى ئېنىقلىنىپ، 316.5 كۇب مېتىر ياغاچ ماتېرىيالى مۇسادىرە قىلىندى، يىغىۋېلىنغان جەرىمانە سوممىسى 13 مىڭ 886 يۈەنگە يەتتى.

1983- يىلى 23 قېتىملىق ياغاچ ماتېرىيالى ئوغرىلاش دېلوسى ئېنىقلىنىپ، ھايىنىغا سېتىۋېتىلگەن 58 كۇب مېتىر ياغاچنىڭ 8110 يۈەن پۇلى يىغىۋېلىندى.

ئوغرىلىق قىلىپ دېلو تۇغدۇرۇش جىنايى قىلمىشلىرى ئىچىدە 1983 ~ 1984- يىللىرى، توققۇز ئادەمگە مەمۇرىي جەھەتتىن تۇتۇپ تۇرۇش، تۆت ئادەمگە تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلدى، جىنايى قىلمىشى ئېغىر بىر ئادەمگە خەلق سوت مەھكىمىسى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلدى. نامداۋان، شىرىنزا قاتارلىق جايلاردىكى قالايمىقان ئورمان كېسىش قىلمىشى سادىر قىلغان 16 ئادەمگە شۇ جايدىكى دەل- دەرەخلەرنى تولۇقلاپ تىكىش جازاسى بېرىلدى.

1985- يىلى قۇمۇل ئورمانچىلىق رايونىدا 11 قېتىم دېلو يۈز بەردى، 143 دېلو سادىر قىلغۇچى ئېنىقلاندى، ئوغرىلىقچە كېسىلگەن ياغاچ 41.73 كۇب مېتىر، تۆلىتىلگەن زىيان 7096 يۈەن، مەمۇرىي جەھەتتىن تۇتۇپ تۇرۇلغان ئادەم ئىككى، قويۇلغان جەرىمانە 5211.77 يۈەن، قايتۇرۇۋېلىنغان ياغاچ 25.5 كۇب مېتىر. 1984- يىلى قالايمىقان ياغاچ كەسكەن 12 ئادەمگە 3000 تۈپ تولۇقلاپ كۆچەت تىكىش جازاسى بېرىلدى.

1990- يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئورمان خەۋپسىزلىكى ئورۇنلىرى مۇداپىئە كۈرۈش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، مۇداپىئە كۆرۈش، زەربە بېرىشنى بىرلەشتۈرۈپ، دېلو سادىر بولۇش نىسبىتىنى كۆرۈنەرلىك ئازايتتى. شۇ يىلى ئۈچ قېتىم ئورمانچىلىق جىنايى قىلمىشى دېلوسى يۈز بېرىپ، ئىككى قېتىملىقى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى. دېلو پاش قىلىش نىسبىتى 67% بولدى. يۈز بەرگەن 17 قېتىملىقى ئورمانچىلىق ئامانلىق دېلوسى ئېنىقلىنىپ، دېلو پاش قىلىش نىسبىتى 94% بولدى. يۈز بەرگەن تۆت قېتىملىق ئورمان مەمۇرىي دېلوسىنىڭ ھەممىسى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى. يۇقىرىقى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان دېلولاردىكى جىنايەتچىلەرنىڭ 13 نىگە ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى، بەشىگە مەمۇرىي جەھەتتىن تۇتۇپ تۇرۇش جازاسى، تۆتىگە جەرىمانە قويۇش جازاسى، 30 نىغا مەمۇرىي جەرىمانە جازاسى بېرىلىپ، جەمئىي 12 مىڭ 437 يۈەن جەرىمانە يىغىۋېلىندى.

قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانى ۋە ئورمانچىلىق ئىشخانىسى تۆرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، قالايمىقان ئورمان كېسىش دېلولىرىنى پائال بىر تەرەپ قىلدى. تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا 1968 ~ 1974- يىلىغىچە قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانىغا قاراشلىق رايونلاردا 2698 كۇب مېتىر دۆلەت ئورمىنى ئوغرىلىقچە كېسىلگەن، دۆلەت ئامبىرىدىكى 1205 كۇب مېتىر ياغاچ ماتېرىيالى ئوغرىلاپ كېتىلگەن. 1978- يىلى قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانى قالايمىقان كېسىلگەن 230 كۇب مېتىر ئىشلىتىش قىممىتىگە ئىگە ياغاچ ماتېرىياللىرىنىڭ ھەممىسىنى مۇسادىرە قىلىپ قايتۇرۇۋالدى. 1979- يىلى 2- ئايدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئورمان قانۇنى» (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغان) ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ۋىلايەت ۋە ئورمانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ھەممىسى ئورمانلارغا بولغان قوغداشنى كۈچەيتتى. شۇ يىلىلا قۇمۇل ناھىيىسىگە قاراشلىق غەربىتاغ كوڭشېسى 3- ئەترىتىدىكى 40 نەچچە ئادەمنىڭ ئورمان ئوغرىلاپ سېتىش دېلوسى بىر تەرەپ قىلىندى. 1981- يىلى باركۆل ناھىيىسىنىڭ شىرىنزا يېزىسىدىكى ئوغرىلىقچە كېسىلگەن 45 كۇب مېتىر ياغاچ مۇسادىرە قىلىندى، 1300 تۈپتىن ئارتۇق ياغاچ ماتېرىيالى يىغىۋېلىندى ھەمدە ئەھۋالىنىڭ ئېغىر- يېنىكلىكىگە قاراپ بىر تەرەپ قىلىندى. 1981 ~ 1982- يىللىرى، قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانىدا ئوغرىلىقچە ياغاچ كېسىش، يۆتكەپ سېتىش دېلوسىدىن 342 سى بىر تەرەپ قىلىنىپ، 287 كۇب مېتىر ياغاچ ماتېرىيالى تەكشۈرۈپ يىغىۋېلىندى، 14 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلدى. 1986- يىلى ۋىلايەتتە 137 (ئادەم) قېتىملىق ياغاچ ئوغرىلاش دېلوسى پاش قىلىنىپ، 138 كۇب مېتىر ياغاچ ماتېرىيالى يىغىۋېلىندى. 1990- يىلى 57 (ئادەم) قېتىملىق ئورمان ئوغرىلاش دېلوسى پاش قىلىنىپ، 23 كۇب مېتىر ئوغرىلانغان ياغاچ ماتېرىيالى قايتۇرۇۋېلىندى.

## §3. تاغلىق رايونلاردىكى دەل- دەرەخلەرنى كېسىش

19- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تەڭرىتاغنىڭ قۇمۇل بۆلىكىدىكى ئورمانلار تولىمۇ بۈك- باراقسان، باركۆل ئەتراپىدىكى ئورمان رايونلىرى تېخى ئېچىلمىغان ئىپتىدائىي ئورمانلىق ئىدى.

گۇاڭشۈ 9- يىلى (1883- يىلى) ئەسلىدە باركۆل ئوتلاقلىرىدا باھاردا كېلىپ، كۈزدە كېتىپ قويۇ باقىدىغان ئالتاينىڭ قازاق چارۋىچىلىرى تۈركۈملەپ باركۆلگە كۆچۈپ كېلىشكە باشلىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، باركۆل ئورمان رايونلىرىدا يىل بويى ئادەم ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئورمان رايونىغا يېقىن ئەتراپتىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى كىشلەرنىڭ كۆندىن- كۈنگە كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئورمان رايونلىرىغا كىرىپ ياغاچ كېسىدىغانلارمۇ بارا- بارا كۆپىيىشكە باشلىدى.

مىنگونىڭ 19- يىلى (1930- يىلى) دىن كېيىن «ئەمەل ۋارىسلىقىنى بىكار قىلىپ، ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئەمەلدار قويۇش تۈزۈمى» يولغا قويۇلۇپ، قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ ئىمتىيازى بىكار قىلىندى. قۇمۇل ناھىيىسى تەۋەسىدىكى تەڭرىتاغ ئورمانلىقى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىندى. لېكىن، ئەينى چاغدا باشقۇرۇش ئاپپاراتى بولمىغانلىقتىن، ئورمانلارنى كىشلەر خالىغانچە كېسىۋەرەتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1950- يىل 12- ئايغىچە قۇمۇل تەڭرىتاغ ئورمانلىقىنىڭ ئورمانلارنى كېسىش، پىششىقلاپ ئىشلەش، يۆتكەش، سېتىش قاتارلىقلارنى شەخسلەر قىلاتتى. 1951- يىلىغا كەلگەندىلا ۋىلايەت تەڭرىتاغ ئورمانلىقلىرىدىكى شەخسىي ياغاچچىلىق زاۋۇتلىرىنى بىكار قىلىپ، بىر تۇتاش كېسىش، بىر تۇتاش تەمىنلەش ئىشلىرىنى ئورمانچىلىق ئورۇنلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. 1959- يىلدىن باشلاپ ئورمانچىلىق رايونلىرىنىڭ كېسىشكە رۇخسەت قىلىش ھوقۇقىنى ئاپتونوم رايون بىر تۇتاش ئۆتكۈزۈۋالدى. كېيىن تەستىقلاش ھوقۇقى

ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە چۈشۈرۈپ بېرىلدى. قۇمۇل ۋىلايىتى 1960- يىل 7-، 8- ئايلاردا قۇمۇل ناھىيىسى شوپۇل ئورمانچىلىق مەيدانى، ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدە نېرىنكىر ئورمانچىلىق مەيدانلىرىنى قۇردى. شۇ يىلى، ۋىلايەتنىڭ ئۈچ ناھىيىسىگە قاراشلىق ئورمانچىلىق مەيدانلىرىدا 46 مىڭ 461 كۇب مېتىر ياغاچ ماتېرىيالى ئىشلەپچىقىرىلدى. 1960- يىلى جەمئىي 110 مىڭ 85 كۇب مېتىر ياغاچ ماتېرىيالى ئىشلەپچىقىرىلدى.

1951- يىلى قۇمۇلنىڭ تاغلىق رايونلىرىدىكى ئورمانلىقلارنى كەڭ كۆلەمدە كېسىشكە باشلىغاندىن تارتىپ 1980- يىلغىچە 70% جايدىكى ئورمانلار كېسىلىپ بولدى. بەزى ئورمانچىلىق رايونلىرىدا ئۇدا ئۈچ- تۆت قېتىم كېسىلدى. كېسىلمەي قالغانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئېگىز جايلاردىكى ئوڭاي كەسكىلى بولمايدىغان ئورمانلار ئىدى. 30 يىل ئىچىدە قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانى جەمئىي 773 مىڭ كۇب مېتىر تاۋار ياغاچ ماتېرىيالى ئىشلەپچىقىرىپ، سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشىنى زور مىقداردىكى سۈپەتلىك ياغاچ ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلىدى.

**1951 ~ 1990- يىلغىچە قۇمۇل تاغلىق رايون ئورمانلىرىدىكى ياغاچ ماتېرىيالى ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى**

جەدۋەل: 8 – 9

| تۈرى / يىل | كېسىلگەن ياغاچ ماتېرىيالى (كۇب مېتىر) | | | |
|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | تاللاپ كېسىلگىنى | پەرۋىش قىلىنىپ كېسىلگىنى | تازىلاپ كېسىلگىنى |
| 1951 | 17509 | 17509 | | |
| 1955 | 14845 | 14845 | | |
| 1960 | 110085 | 110085 | | |
| 1965 | 47370 | 47370 | | |
| 1970 | 5763 | 5763 | | |
| 1975 | 17904 | 17904 | | |
| 1980 | 23150 | 15063 | 8089 | |
| 1985 | 8027 | | 7378 | 649 |
| 1990 | 6110 | | | |

## §4. ئورمانلاردىكى كېسەللىك ۋە، ھاشارات زىيانداشلىقى ۋە ئۇلارنىڭ كۆشەندىلىرى

### 1. دەل- دەرەخ كېسەللىكى

دەل- دەرەخ كېسەللىكى 37 خىلغا ئايرىلىدۇ.

تاغ يىڭنە يوپۇرماقلىق دەرەخلىرىدىكى كېسەللىكلەر 10 تۈرلۈك: يوپۇرماق قىسمىنىڭ كېسەللىكلىرىدىن قېيىن دەرىخى يوپۇرمىقىنىڭ يوللۇق قوڭۇر كېسىلى، تەڭرىتاغ شەمشاد دەرىخىنىڭ يوپۇرماق سارغىيىش كېسىلى، تەڭرىتاغ شەمشاد دەرىخىنىڭ يوپۇرماق دات كېسىلى، شىنجاڭ ئارچا دەرىخى يوپۇرماق يوللۇق قوڭۇر كېسىلى؛ شاخ قىسىم كېسەللىكلىرىدىن بال قارىغىيى قوڭۇر چىرىش كېسىلى، بال قارىغىيى ئاق چىرىش كېسىلى، تەڭرىتاغ شەمشاد دەرىخى چىرىش كېسىلى، يىلتىز چىرىش كېسىلى. ياش دەرەخ ۋە كۆچەتلەردە بولىدىغان كېسەللىكلەردىن دەرەخ غول قوڭۇر كېسىلى، يۇمران كۆچەتلەرنىڭ يىقىلىش كېسىلى.

تاغلىق رايونلاردىكى كەڭ يوپۇرماقلىق دەرەخلەر كېسەللىكلىرى. بۇخىل كېسەللىكنىڭ تۈرى 10 خىل: يوپۇرماق قىسمىنىڭ كېسەللىكلىرىدىن: سۆگەت دەرىخى دات كېسىلى، ئۈچقات يوپۇرماق دات كېسىلى، چىتەننىڭ يوپۇرماق دات كېسىلى، ئازغاننىڭ يوپۇرماق دات كېسىلى، ئۈچقات قوڭۇر داغ كېسىلى؛ شاخ قىسىم كېسەللىكلىرىدىن: سۆگەتنىڭ غول قوڭۇر كېسىلى، قېيىننىڭ غول قوڭۇر كېسىلى، قېيىن دەرىخىنىڭ چىرىش كېسىلى، چىتەننىڭ غول قوڭۇر كېسىلى، تېرەك (ساي تېرىكى) شاخ ئۆسمىسى كېسىلى.

چۆل- باياۋانلاردىكى دەرەخ، چاتقاللاردا بولىدىغان كېسەللىكلەردىن ئاساسلىقى، ئاق توزان كېسىلى، جۈزغۇن ئاق توزان كېسىلى، توغراق ئاق توزان كېسىلى، توغراق يوپۇرماق داغ كېسىلىدىن ئىبارەت تۆت خىلى بار.

ئوتلاقلاردىكى سۇنئىي ئورمانلاردا بولىدىغان كېسەللىكلەر. بۇ خىل كېسەللىك 13 خىل: يوپۇرماق قىسمىدا بولىدىغان كېسەللىكلەردىن، تېرەك قوڭۇر داغ كېسىلى، سۆگەتنىڭ داغلىنىپ قوڭۇر كېسىلى، تېرەك دات كېسىلى، سۆگەت تۈۋتلىق قاپارتمىسى، قارىياغاچنىڭ قاراداغ كېسىلى. غول قىسىم كېسەللىكلىرىدىن، ئال- تېرەكنىڭ چىرىش كېسىلى، جىگدىنىڭ چىرىش كېسىلى، ئۈجمىنىڭ چىرىش كېسىلى، تېرەك مەركىزىنىڭ چىرىش كېسىلى، تېرەك غولىنىڭ يېرىلىش كېسىلى، سۆگەتنىڭ غۇژمەك شاخ كېسىلى، پىندىق ياڭاقنىڭ يىلتىز بوغۇزى چىرىش كېسىلى؛ مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ مېۋىسىدە بولىدىغان كېسەللىكلەردىن، جىگدىنىڭ قاراداغ كېسىلى (ئۇرۇق پوستىدا قارا داغ بولىدۇ) قاتارلىقلار بار.

### 2. دەل- دەرەخلەردىكى زىيانداش ھاشاراتلار

دەل- دەرەخلەردىكى زىيانداش ھاشاراتلار 100 خىلدىن ئارتۇق.

#### 1) تاغ ئورمانلىقلىرىدىكى زىيانداش ھاشاراتلار

جەمئىي 11 تۈرلۈك ئورمان ھاشارىتى بار: بال قارىغىيى يوپۇرماق ئورىغۇچى كېپىنىكى، بال قارىغىيى موچى قۇرتى، بال قارىغىيى تۈكلۈك قۇرتى، شەمشاد سەككىز چىشلىق پوستلاقخورى، شەمشاد چوڭ دەرەخ كېپىنىكى، شەمشاد كىچىك دەرەخ كېپىنىكى، شەمشاد ئۇيمان كۆكرەكلىك ئۇزۇن بۇرۇتلۇق قارا قوڭغۇزى، قېيىن يوپۇرماق قۇرتى، تاغ سۆگىتى يوپۇرماق كېپىنىكى، يىڭنە يوپۇرماقلىق دەرەخ مېۋىلىرىنى چىرىتكۈچى قۇرت.

**2) چۆل دەل- دەرەخ زىيانداش ھاشاراتلىرى**

چۆل دەل- دەرەخ زىيانداش ھاشاراتلىرى ئالتە ئەترەت، 32 ئائىلە، 99 خىل بولۇپ، ئاساسلىق زىيانداش ھاشاراتلاردىن، تېرەك ئۇن داغلىق ئالتۇن قوڭغۇزى، يۇلغۇن قوڭغۇزى، سۆكسۆك قوڭغۇزى، تېرەك قوش قۇيرۇقلۇق قولۋاقسىمان كېپىنىكى، يۇلغۇن كانايسىمان ئاق قۇرتى، يۇلغۇن يوپۇرماق قوڭغۇزى، توغراق دەرەخ پىتى.

**تېرەك قوش قۇيرۇقلۇق قولۋاقسىمان كېپىنىكى:** تېرەكلەرگە كەڭ تارقالغان بولۇپ، بۇ خىل كېپىنەكنىڭ دەرەخ تۈپلىرىگە زىيان يەتكۈزۈشى 60%، بوغاز يېزىسىدىكى توغراقلىقنىڭ بەزى جايلىرىدا ھەتتا زىيان يەتكۈزۈش نىسبىتى 90% كە يەتكەن بولۇپ، يىلدا بىر ئەۋلاد كۆپىيىدۇ. زىيان كۆلىمى 100 مىڭ مو.

**يۇلغۇن يوپۇرماق قوڭغۇزى:** ئاساسەن، يۇلغۇن، قامغاق، ئاقتىكەنلەرگە زىيان يەتكۈزىدۇ. قاقاس جايلاردا ئۆسىدىغان دەل- دەرەخلەرگە كەڭ تارقالغان بولۇپ، زىيان نىسبىتى 80% كە يېتىدۇ. قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ غەربىي چۆللۈكىدىكى ئاقتىكەنلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى 6- ، 7- ئايلاردا پۈتۈنلەي يوپۇرماق قوڭغۇزلىرى تەرىپىدىن يېيىلىپ تۈگەيدۇ. ئۇلار يىلدا بىر ئەۋلاد كۆپىيىدۇ. زىيان كۆلىمى 500 مىڭ مو، ۋەيران قىلىش كۆلىمى 200 مىڭ مو بولىدۇ.

**يۇلغۇن كانايسىمان ئاق قۇرتى:** قاقاسلىقلاردىكى توپلىشىپ ئۆسكەن يۇلغۇنلۇقلارغا تارقالغان. زىيان نىسبىتى 80% كە يېتىدۇ. ھەر بىر كۋادرات مېتىر جايدا 75 دانىدىن قۇرت تارقالغان، 400 مىڭ مو كۆلەمدىكى يەرگە زىيان يەتكۈزمەيدۇ.

**توغراق پىتى:** ئومۇمەن توغراقلىقلارغا كەڭ تارقالغان. ئۇ توغراقنىڭ ئەڭ چوڭ زىيانداش ھاشارىتى. زىيان نىسبىتى 90% كە يېتىدۇ. زىيان سېلىش كۆلىمى 90 مىڭ مو، ئاپەت كۆلىمى 50 مىڭ مو، كۆزىتىش ئارقىلىق بۇ خىل قۇرت ئىككى تۈرگە ئايرىلغان. بىرى، يوپۇرماق ئورىغۇچى شەكلىدە بولۇپ، شاخلاردىكى يوپۇرماقلارنى ئۆزىنىسىغا ئورىۋالىدۇ. بۇ خىل قۇرت توپلاشقان جايلاردا ھەتتا شاخلارنى قۇرىتىۋېتىدۇ (7- ئايدا ئەڭ ئېغىر). يەنە بىر خىلى، شاخ سۆگىلى شەكلىدە. پۈتۈن دەرەخ شاخلىرى مونەك- مونەك بولۇپ كېتىدۇ، بۇنىڭ تەسىرىدە توغراق ناھايىتى ئۇگايلا سۇنۇپ كېتىدۇ.

**تېرەك كىرىسىمان ئالتۇن قوڭغۇزى:** بارىكۆل ناھىيىسىنىڭ سەنتاگخو (ئۈچكۆل) ۋە ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ نوم يېزىلىرىدىكى توغراقلىقلارغا كەڭ تارقالغان. دەل- دەرەخلەرنى قۇرۇتۇپ قويىدۇ ياكى قۇرۇشقا يۈزلەندۈرىدۇ.

**يۇلغۇن ئالتۇن قوڭغۇزى:** قۇمۇلدىكى بوغاز ۋە ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ باي ئەتراپىدىكى يۇلغۇنلۇقلارغا كەڭ تارقالغان بولۇپ، زىيان سېلىش نىسبىتى 60% .

**سۆكسۆك ئالتۇن قوڭغۇزى:** قۇمۇل شەھىرىنىڭ غەربىي چۆللۈكلىرىگە، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ باي ئەتراپىدىكى قاقاسلىقلارغا كەڭ تارقالغان بولۇپ، زىيان سېلىش نىسبىتى 50%.

**جوزغۇن ئالتۇن قوڭغۇزى:** قۇمۇلنىڭ شەرقىي، غەربىي باياۋانلىقلىرىغا كەڭ تارقالغان بولۇپ، زىيان سېلىش نىسبىتى 60%.

ئۇنىڭدىن باشقا يۇلغۇن خەنجەرسىمان تۇنپەرۋانىسى، تاختاي تورلۇق ئوسۇرغاق قوڭغۇزى، زەھەرلىك كېپىنەك (توغراق، ئاقتىكەنلەرگە زىيان يەتكۈزىدۇ) ۋە ھەر خىل خارتۇملۇق قوڭغۇزلار، زەھەرلىك كېپىنەك (يۇلغۇن، ئاقتىكەنلەرگە زىيان يەتكۈزىدۇ). بىراق قۇرت بولغان بىلەن ئاپەت كەلتۈرمەيدۇ، دەل- دەرەخلەرگە ئاز- تولا زىيان يەتكۈزىدۇ.

**3) تۈزلەڭلىك سۇئىشى ئورمانلاردىكى زىيانداش ھاشاراتلار**

تۈزلەڭلىك سۇئىشى ئورمانلاردىكى زىيانداش ھاشاراتلار توققۇز ئەترەت، 48 ئائىلە بولۇپ، جەمئىي 100 تۈردىن ئاشىدۇ. زىيانداش ھاشاراتلاردىن ئاساسلىقى زەھەرلىك تېرەك كېپىنىكى، قالقانلىق قاسىراقلىق تېرەك قۇرتى، يوپۇرماق قوڭغۇزى، زەھەرلىك كېپىنەك، باھار موچى قۇرتى، قىلتىرىقلىق شۇمۇكچى شاپتۇل كېپىنىكى، تاختاي تورلۇق ئوسۇرغاق

قوڭغۇز، تېرەك يوپۇرماق قېتى كېپىنىكى، كۆكپەت، يوپۇرماق كېپىنىكى، يوپۇرماق تومۇزغىسى، جوزغۇن دەرەخ پىتى، چېكىدە يېكۈچى پەرۋانە قاتارلىقلار.

**زەھەرلىك تېرەك كېپىنىكى.** قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ھەر قايسى ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىگە كەڭ تارقالغان، زىيان يەتكۈزۈش كۆلىمى 2000 مو. باركۆل ناھىيىسىدە زەھەرلىك تېرەك كېپىنىكى ئاپىتى ئەڭ ئېغىر، بۇ خىل كېپىنەك باركۆل ناھىيىسىدە يىلدا ئىككى ئەۋلاد كۆپىيىدۇ. قۇمۇل شەھىرىدە يىلدا ئۈچ ئەۋلاد كۆپىيىدىغان بولۇپ، تارقىلىشى تېز، زىيىنى ئېغىر.

**قالقانلىق قاسىراقلىق تېرەك قۇرتى.** قۇمۇلنىڭ ناھىيە (شەھەر) لىرىگە كەڭ تارقالغان. ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ ئاپەتكە ئۇچراش كۆلىمى 30 مىڭ مو. قۇمۇل شەھىرىدە بۇلۇڭتوغراق، بوغاز يېزىلىرىدا ئاپەت ئەھۋالى ئېغىر (ئاساسلىقى سۆۋادان تېرەككە خەۋپ يەتكۈزىدۇ). بەزى دەرەخلەرنىڭ پوستىنى پۈتۈنلەي قاپلىۋالغاچقا، دەرەخلەر ياخشى ئۆسەلمەيدۇ.

**يوپۇرماق قوڭغۇزى.** بۇ خىل قوڭغۇز ئاپىتى ئاراتۈرۈك، قۇمۇل شەھىرىدە كۆرۈلگەن. بولۇپمۇ قۇمۇلنىڭ تۈزلەڭلىكلىرىدە ئېغىر. 6- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى قۇمۇل شەھەر ئىچى، ئاستانە يېزىلىرىدا يوپۇرماق قوڭغۇزى ئاپىتى يۈز بەرگەندە، تېرەك دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقى پۈتۈنلەي يېيىلىپ، پەقەت يوپۇرماق تومۇرىلا قالغان، شۇ چاغدىكى ئاپەت كۆلىمى 20 مىڭ موغا يەتكەن.

**زەھەرلىك كېپىنەك.** قۇمۇل شەھىرىنىڭ تاغلىق رايونلىرىغا كەڭ تارقالغان. ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ ئاداق يېزىسىدا كۆرۈلگەن. تېرەك، قارىياغاچ دەرەخلىرىگە خەۋپ يەتكۈزىدۇ، ئاپەت كۆلىمى 20 مىڭ مو.

**باھار موچى قۇرتى.** ۋىلايەتنىڭ ھەر قايسى ناھىيە، شەھەرلىرىنىڭ ھەممىسىگە تارقالغان. ئاپەت كۆلىمى تەخمىنەن 10 مىڭ مو. ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ باي، باركۆل ناھىيىسىنىڭ سەنتاڭخۇ (ئۈچكۆل) دىكى قارىياغاچ دەرەخلىرىنىڭ، قۇمۇل شەھىرىنىڭ غەربىي ئۆستەڭ رايونىدىكى تېرەك دەرەخلىرىنىڭ 4- ئاينىڭ ئاخىرلىرى، 5- ئاينىڭ باشلىرىدا يېڭى چىقارغان يوپۇرماقلىرىنىڭ ھەممىسىنى يەۋېتىدۇ.

**قىلتىرىقلىق شۇمۇكچى شاپتۇل كېپىنىكى.** قۇمۇل شەھىرىگە كەڭ تارقالغان. تارقىلىش كۆلىمى 5000 مو ئەتراپىدا. پالۋانتۇر يېزىسىدىكى جىگدە كۆچەتلىرىنىڭ خەۋپكە ئۇچراش نىسبىتى 100% كە يەتكەن.

**تاختاي تورلۇق ئۇسۇرغاق قوڭغۇز.** قۇمۇل شەھىرىگە تارقالغان (تۈزلەڭلىكلەرگە)، كۆپىيىشى تېز، ئاساسلىقى سۆۋادان تېرەككە خەۋپ يەتكۈزىدۇ، خەۋپ يەتكۈزۈش كۆلىمى 10 مىڭ مو.

**تېرەك يوپۇرماق قېتى كېپىنىكى.** قۇمۇل شەھىرىگە كەڭ تارقالغان. بولۇپمۇ قۇمۇلنىڭ شەھەر ئەتراپىغا بولغان تەھدىتى ئەڭ زور. يوپۇرماقلار خۇددى ئوتتا كۆيدۈرگەندەكلا بولۇپ قالىدۇ، زىيان كۆلىمى 10 مىڭ مو.

**كۆكپەت.** كېۋەز پىتى، قارىياغاچ پىتى، پۇرچاق پىتى قاتارلىقلار. قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا كەڭ تارقالغان.

**يوپۇرماق كېپىنىكى.** جىگدە يوپۇرماق كېپىنىكى، تال تېرەك يوپۇرمىقى كېپىنىكى ھەر قايسى ناھىيە، شەھەرلەرگە كەڭ تارقالغان. زىيان كۆلىمى 15 مىڭ مو.

**قارىياغاچ يوپۇرماق تومۇزغىسى.** ۋىلايەتنىڭ تاغلىق رايونلىرى، تۈزلەڭلىكلىرىگە كەڭ تارقالغان. زىيان كۆلىمى 10 مىڭ مو. 7-، 8- ئايلارنىڭ ئاخىرلىرى تۈزلەڭدىكى كۆچەتخانىلاردا قارىياغاچ تومۇزغىسى ئاپىتى كۆرۈلۈپ، شىنجاڭ تېرىكىنىڭ كۆچەت يوپۇرماقلىرىنى قۇرىتىۋېتىدۇ.

**قىزىل يوپۇرماق قوڭغۇزى.** باركۆل ناھىيىسىنىڭ داخې (قاراسۇ) يېزىسىدا بايقالغان بولۇپ، كۆپىنچە قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1800 مېتىردىن 2100 مېتىرغىچە بولغان تاغلىق رايونلىرىغا تارقالغان. زىيان كۆلىمى 15 مىڭ مو.

**جوزغۇن دەرەخ پىتى.** قۇمۇل شەھىرىگە ۋە ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ تۆزلەڭ رايونلىرىغا تارقالغان. كۆپىنچە ماللاردا جىگدە يوپۇرماق كېپىنىكى بىلەن بىللە كۆرۈلىدۇ، يوپۇرماقنىڭ قېتىغا زىيان يەتكۈزىدۇ. زىيان كۆلىمى 5000 مو.

**جىگدىخور پەرۋانە.** قۇمۇل شەھىرى ۋە ئاراتۇرۇك ناھىيىسىگە كەڭ تارقالغان. زىيان كۆلىمى 10 مىڭ مو. قۇمۇل تۆزلەڭلىكلىرىدىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى جىگدە دەرەخلىرى %100 زىيانغا ئۇچرىغان.

**3. ئورمان زىيانداش ھاشاراتلىرىنىڭ كۈشەندىلىرى**

كۈشەندىلەر توققۇز ئەترەت، 40 تۈر بولۇپ، تۈرلىرى كۆپ، تارقىلىش دائىرىسى كەڭ، دائىم ئۇچرايدىغانلىرىدىن تۆۋەندىكى بىر قانچە خىلى بار.

1) **ھاشارات ئوتتۇپ يەيدىغانلار.** ياچۇەك، يىگنانۇچ، ئالتۇنكۆز قۇرت، خانقىز، يولۋاس قوڭغۇز، ئۆۋچى ئۇسسۇرغاق قوڭغۇزى، كۆكپىت يەيدىغان چۈمۈن، ھاشاراتخور كۆكۈيۈن، سېرىق ھەرە قاتارلىقلار.

2) **پارازىت خاراكتېرلىك ھاشاراتلار.** پەردە قاناتلىقلار ئەترىتىگە كىرىدىغان، پارازىت كېپىنەكلەردىن كىچىك كېپىنەك ئائىلىسىدىكىلەر، سەكرىگۈچى كىچىك كېپىنەك ئائىلىسىدىكىلەر، كىچىك پىلە كېپىنىكى ئائىلىسىدىكىلەر، ئىنچىكە بەللىك ھەرە ئائىلىسىدىكىلەر يەنە قوش قاناتلىق پارازىت چۈمۈن ئائىلىسىدىكىلەرمۇ بار.

3) **ھاشاراتخور قوش تۈردىكىلەر.** سېغىزخان، سېرىققۇچقاچ، قارلىغاچ، قاغا، قۇشقاچ قاتارلىقلار كىرىدۇ.

**4. كېسەللىك، ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش**

قۇمۇلنىڭ ئورمان رايونلىرىنىڭ يەر شەكلى مۇرەككەپ، قاتناش قولايسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە دەل- دەرەخلىرى ئېگىز بولغاچقا دورا چېچىش ئەپسىز، تاغلىق رايونلاردىكى كېسەللىك، ھاشارات زىيانداشلىقىغا قارىتا ئەزەلدىن خىمىيىلىك دورىلار ئارقىلىق ئالدى ئېلىنمىدى. خىمىيىلىك ئالدىنى ئېلىش پەقەت تاغلىق رايوننىڭ كۆچەتخانىسى بىلەنلا چەكلەندى. تۆزلەڭلىكلەردىكى ئورمانلاردا كېسەللىك، ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش 1950- يىللارنىڭ ئاخىرى ياكى 1960- يىللارنىڭ باشلىرىدا باشلاندى.

1981- يىلى ۋىلايەت ئورمان زىيانداش ھاشاراتلىرىغا قارىتا ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ھەمدە ئالدىنى ئېلىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى تۆزلەڭ رايونلاردىكى سۈنئىي ئورمانلارغا ئېغىر دەرىجىدە خەۋپ يەتكۈزۈۋاتقان زىيانداش ھاشاراتلارغا قاراتتى. 1983- يىلى قۇمۇل ناھىيە تەۋەسىدىكى 2000 مو كۆلەمدىكى تۆزلەڭلىك سۈنئىي ئورمانلىقلىرىدا زىيانداش ھاشارات ئاپىتى كۆرۈلگەندە، مەخسۇس خادىملار تەشكىللىنىپ، ماشىنا بىلەن دېھقانچىلىق دورىسى چېچىلىپ، 1000 مو كۆلەمدىكى ئورمانلار مۇداپىئە قىلىندى.

ئاپەت ئەھۋالى ئېغىرراق بولغىنى 1984- يىلى بولۇپ، 35 مىڭ مو كۆلەمدىكى تۆزلەڭلىك سۈنئىي ئورمانلىقىدا كېسەللىنىش، ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئاپىتى كۆرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 20 مىڭ موسىدا ھاشارات ئاپىتى، 15 مىڭ موسىدا كېسەللىك ئاپىتى كۆرۈلدى، بۇقېتىملىق ئاپەتتە 1.1 تونىنا خىمىيىلىك دورا، 10 پۈركۈش ماشىنىسى ئىشلىتىلىپ، ئاپەت ئەھۋالى مۇئەييەن دەرىجىدە يېنىكلىتىلدى.

**5. چاشقان ئاپىتى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش**

1985- يىل 8- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قۇمۇل شەھىرى پالۋانتۇر يېزىسىغا قاراشلىق قاراسۇ كەنتىدىكى ئورمانچىلىق

كەسپىي ئائىلىسى ئابدۇرېھىم ھۆددىگە ئالغان بېلىقچىلىق كۆلچىكى ئەتراپىغا تىكىلگەن بىر، ئىككى يىل بولغان تېرەك، سۆگەت، جىگدە دەرەخلىرىدىن 280 ماڭ تۈپ دەرەخنىڭ 95% تىن كۆپرەكىنىڭ يىلتىزىنى چاشقانلار قىيشەتكەنلىكتىن قۇرۇپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىنلا بۇ جايدىن 20 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى راھەتباغ يېزىسى 9- كەنتىدە، پالۋانتۇر يېزىسى ياۋۇلۇك كەنتىدىكى خۇي جىنيۈي جاڭ جىلياڭ قاتارلىق ئىككى ئورمانچىلىق كەسپىي ئائىلىسىنىڭ ئورمانچىلىق مەيدانلىرىدا چاشقان ئاپىتى يۈز بەردى. بۇ ئۈچ ئورۇندا 2300 مو كۆلەمدىكى دەل- دەرەخلەردىن 20% ى ئاپەتكە ئۇچرىدى. شەھەرلىك ئورمانچىلىق پونكىتىدىكى تېخنىك خادىملار تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بۇ خىل چاشقاننىڭ ئېتىز چاشقىنى ئىكەنلىكىنى، ھەر كۋادرات مېتىر جايدا 8.5 چاشقان تۆشۈكى بارلىقىنى، بۇ خىل چاشقان دەرەخنىڭ غول قىسمىنىڭ تاشقى پوستىنى غاجىلاش ۋە كاۋاك ئېچىپ، يىلتىز قىسمىنى غاجىلاش ئارقىلىق دەرەخلەرنى قۇرۇتىۋېتىدىغانلىقىنى بايقىدى. بۇ خىل ئاپەت قۇمۇل رايونىدا ئىلگىرى زادىلا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىدى.

مەمۇرىي مەھكىمە، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ ئاپەتكە قارىتا، ئاۋۋال چاشقان يوقىتىشقا يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، ھەر قايسى يېزا- بازارلاردىكى ھەر مىللەت ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ھەر خىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ چاشقان يوقاتتى.

# V باب

## قۇمۇل چىلىنى

قۇمۇل چىلىنى يەنە «قارادۆۋە چىلىنى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

قۇمۇل چىلىنىنىڭ دانىسى چوڭ، ئۇرۇقى كىچىك، پوستى نېپىز، ئېتى قېلىن، تەمى تاتلىق بولىدۇ. 100 دانە چىلان مېۋىسىنىڭ ئېغىرلىقى 1450 گرام ئەتراپىدا بولىدۇ، دانىسى چوڭراقلىرىنىڭ ئېغىرلىقى 24.2 گرامغا يېتىدۇ. يېڭى پىشقان چىلاننىڭ شېكەر مىقدارى 37.2% بولۇپ، تاتلىق، كۆڭۈلگە ئۇرمايدۇ، ناھايىتى يېيىشلىك. تەركىبىدە ۋىتامىن C مول، ئالمىنىڭ تەركىبىدىكى ۋىتامىن C نىڭ 70 ~ 80 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. ھۆل ۋاقتىدا، قۇرۇق ۋاقتىدا ئوخشاشلا ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ، قۇرۇتۇلسىمۇ قورۇلۇپ قالمايدۇ. ساقلاشقا چىدامىلىق، ئېزىلىپ كەتمەيدۇ. ياخشىراق چىلان سورتلىرىنى قۇرۇتقاندا، قۇرۇش نىسبىتى 52% كە يېتىدۇ. چىلان مېۋىسىدە قۇرت يوق، ئۇ، قۇمۇل مېۋىلىرى ئىچىدىكى ئېسىل مەھسۇلات، نامى پۈتۈن شىنجاڭغا تارقالغان، تارىختا قۇمۇل ۋاڭلىرى چىلاننى ئەتىۋارلىق بۇيۇم قاتارىدا چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا سوۋغات قىلاتتى.

1980- يىللارنىڭ باشلىرىدا قارادۆۋە چىلىنى گۇاڭجۇ سودا يەرمەنكىسىدە ناھايىتى يۇقىرى باھاغا ئېرىشتى. 1984- يىلى 9- ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق نازارىتىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك چىلان سورتى كىرگۈزۈش، يېتىشتۈرۈش يىغىنىدا قۇمۇل چوڭ چىلىنى ۋە كۆلرەڭ چىلىنى، پارقىراق كىچىك چىلىنى، زەنخۇاڭ قاتارلىق تۆت خىل چىلان تۈرى ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا كېڭەيتىلىدىغان نۇقتىلىق تۈرلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. 1985- يىلى مەملىكەتلىك مېۋە- چېۋە يەرمەنكىسىدە قۇمۇل چىلىنى «ئەلا مەھسۇلات» دەپ باھالاندى.

## §1. چىلان ئۆستۈرۈش تارىخى ۋە تارقىلىشى

چىلان ئۆستۈرۈش ئۇزۇن يىللىق تارىخقا ئىگە.

قومۇل چىلىنى ئاساسلىقى قارادۆۋە يېزىسىغا كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، ئۇ قومۇلدىكى ئەڭ چوڭ چىلان ئىشلەپچىقىرىش بازىسى ھېسابلىنىدۇ. 1990- يىلى پالۋانتۇر، شەھەر ئىچى يېزىسى، ساقا دېھقانچىلىق مەيدانى، بۇلۇڭتوغراق، بوغاز قاتارلىق جايلارغا تىكىلىشكە باشلىدى.

1990- يىلى قومۇل شەھىرىنىڭ قارادۆۋە يېزىسىدا جەمئىي 16 مىڭ تۈپ چىلان كۆچىتى تىكىلدى.

## §2. يەرلىك چىلان دەرىخى

قومۇل چىلىنى روشەن يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە، مېۋىلەش مەزگىلى 90 كۈن ئەتراپىدا، چىلان مېۋىسى يۇمىلاقراق كېلىدۇ. ۋىلايەتنىڭ سەنشى، شەنشى قاتارلىق جايلىرىدىن كىرگۈزۈلگەن سورتلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، سىرتقى شەكلى، سۈپىتى، پىشىش ۋاقتى قاتارلىق جەھەتلەردىن ئوخشاشمايدۇ. چىلاننىڭ يىللىق ئۆسۈش مىقدارى تۆۋەندىكىدەك: چىلان ئۈستى قىسمى 29 سانتىمېتىر، مېۋە شاخچىسى 12.27 سانتىمېتىر، 2- قېتىملىق شېخى 33.5 سانتىمېتىر، شاخلىنىشى 2 / تۈپ، شاخ بېشى 3.3 / تۈپ.

چىلان دەرىخى 5- ئاينىڭ بېشىدىن 6- ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئۆسۈپ شاخلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆسۈشى ئاستىلايدۇ. 7- ئاينىڭ بېشىدا ئۆسۈشتىن توختايدۇ، 5- ئاينىڭ ئاخىرىدىن 9- ئاينىڭ ئوتتۇرىغىچە چېچەكلەپ مېۋە بېرىدۇ، 6- ئاينىڭ ئاخىرىدىن 7- ئاينىڭ ئاخىرىغىچە بولغان مەزگىلدە مېۋىسىنىڭ يوغىنىشى بىر قەدەر تېز بولىدۇ، 8- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىمۇ دەرەخ تاجىسى ئۆسۈۋېرىدۇ. چىلان دەرىخىنىڭ يىلتىزى تەرەققىي قىلغان، يوپۇرماقلىرى زىچ، چېچەكلەش ۋاقتى ئۇزاق، يوپۇرماق تاشلىشى بالدۇر، ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك، قۇرغاققا، سوغۇققا چىداملىق، زىيانداش ھاشاراتلارغا بولغان قارشىلىقى كۈچلۈك، ئايرىم شاخلاردا قاسىراقلىق قۇرت، قىزىل ئۆمۈچۈك قاتارلىق زىيانداش ھاشاراتلار بولغاندىن باشقا ھېچقانداق زىيانداش ھاشاراتلار يولۇقمايدۇ. بەزى يىللىرى نۆلدىن تۆۋەن 28 °C سوغۇقلاردىمۇ چىلان دەرىخى يەنىلا قىشتىن ئۆتەلەيدۇ. قارادۆۋە يېزىسىنى مىسالغا ئالساق، تۇپرىقى ئۇنۇمسىز، قۇملۇق، ھاۋا كىلىماتى قۇرغاق، يامغۇر ناھايىتى ئاز ياغىدۇ، يىللىق ھۆل- يېغىن مىقدارى 33 مىللىمېتىردىن ئاز، سۇنىڭ ھورغا ئايلىنىش مىقدارى 3222 مىللىمېتىر.

## §3. ئۆستۈرۈش، يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى

قۇمۇل رايونى قۇرغاق، قۇم- بوران كۆپ، چىلانلىق باغ بەرپا قىلىشتا ئورەك كولاپ كۆچەت تىكىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. ئورەكنىڭ چوڭقۇرلۇقى 60 ~ 80 سانتىمېتىر، ئورەكنىڭ دىئامېتىرى يىلتىز سىستېمىسى كەڭتاشا ئورۇنلىشالايدىغان بولۇشى كېرەك. تۈپلەرنىڭ قۇر ئارىلىقى 3 مېتىر × 4 مېتىر، 3 مېتىر × 6 مېتىر، 3 مېتىر × 8 مېتىر. چىلان كۆچىتى 4- ئاينىڭ ئاخىرلىرى تىكىلىدۇ. يىلمۇ يىل مول- ھوسۇل ئېلىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مېۋىلىك باغقا بولغان پەرۋىشنى كۈچەيتىش كېرەك، بولۇپمۇ ئۆسۈش مەزگىلىدىكى پەرۋىشكە ئېتىبار بېرىش، مۇۋاپىق سۇغارغاندىن سىرت 4- ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا تېز ئۈنۈملۈك ئازوتلۇق ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاش كېرەك، 6- ئاينىڭ ئوتتۇرا، ئاخىرلىرىدا فوسفورلۇق، كالىيلىق ئوغۇتلار بىلەن ئوغۇتلىسا ئەڭ ياخشى بولىدۇ. چىلان دەرىخى چېچەكلەش مەزگىلىدە قۇرغاق، ئىسسىق شامالغا ئۇچرىسا، چېچەك ئۈچى قۇرۇپ قېلىپ، چېچەك تۆكۈلۈشى ۋە مېۋە تۆكۈلۈش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ. شۇڭا چىلانلىق باغ بىنا قىلىشتا ئەتراپىغا مۇداپىئە ئورمىنى تىكىش كېرەك.

كۆچەت يېتىشتۈرۈشنىڭ ئۈچ خىل ئۇسۇلى بار:

1) چىلان يىلتىزىدىن كۆچەت يېتىشتۈرۈش. چىلان دەرىخىنىڭ يىلتىز چاتاقلىشى كۈچلۈك بولۇش ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، چىلان دەرىخىنىڭ يېنىغا ئورەك كولاپ يىلتىزى ئۈزۈۋېتىلگەندىن كېيىن، تەبىئىيلا يىلتىزىدىن كۆچەت چاتاقلاپ چىقىدۇ. چىلان دەرىخىنىڭ يان يىلتىزىنى كولاپ چىقىرىش، چىقىرىلغان يىلتىزنى باستۇرۇش ئارقىلىق كۆچەت يېتىشتۈرۈلىدۇ.

2) ئۇلاش ئارقىلىق كۆچەت يېتىشتۈرۈش. قۇمۇل شەھىرى ئېلىكىرى جەنۇبىي شىنجاڭدىن شىنجاڭ چۈغىنى (ئۆرۈۋقى 93% نى ئىگىلەيدۇ) كىرگۈزگەن، ئۇلاق تېگىگە قۇمۇل چىلىنىنىڭ نوتىسىنى ئۇلاش ئارقىلىق يېڭى كۆچەت يېتىشتۈرۈلىدۇ.

3) يۇمران نوتىسىنى قەلەمچە قىلىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش. قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئورمان تەتقىقات ئورنى 1983- يىلىدىن باشلاپ، چىلان دەرىخىنى نوتا قىلىپ كۆپەيتىشنى سىناق قىلدى، ئەينى چاغدا سىناق قىلىنغان نوتا ئىندول بۇتىرىن كىسلاتاسى ياكى ABT يىلتىز تارتقۇزۇش سۈيۇقلۇقىغا چىلانغاندىن كېيىن ئەي بولۇش نىسبىتى 90% بولدى.

## §4. چىلان بازىسى قۇرۇلۇشى

1980- يىلى، ئاپتونوم رايون مەبلەغ ئاجرىتىپ، ۋىلايەتلىك ئورمان باشقۇرۇش پونكىتى كۆچەتخانىسى، ناھىيىلىك پالۋانتۇر گۈڭشې ئالغا چوڭ ئەترەت 4- ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى، قارادۆۋە گۈڭشې قاتارلىق جايلاردا كۆلىمى تەخمىنەن

100 مو ئەتراپىدىكى ئۈجمە چىلان بازىسى قۇردى. 1986- يىلىغا كەلگەندە قۇمۇل شەھىرىدە جەمئىي 280 مو كۆلەمگە ئىگە پارچە- پۇرات چىلانزارلىقلار بارلىققا كېلىپ، 15 مىڭ تۈپ چىلان كۆچىتى تىكىلىپ، يىلىغا 15 توننا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلىدىغان بولدى.

1987- يىلى قۇمۇل شەھىرىدە «قۇمۇل چىلىنى» بەرپا قىلىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى.

1988- يىلىنىڭ بېشىدا قۇمۇل شەھەرلىك پەن- تېخنىكا كومىتېتى، ئورمانچىلىق ئىدارىسى، دېھقانچىلىق ئىدارىسى، شەھەرلىك دېھقانچىلىق پەن- تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش مەركىزى قاتارلىق ئورۇنلاردىن تەركىب تاپقان قۇمۇل شەھەرلىك چىلانچىلىق تەرەققىياتى بويىچە ھەمكارلىشىپ ئۈتكەلگە ھۇجۇم قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، بۇ گۇرۇپپا چىلان كۆچىتى يېتىشتۈرۈش، باغ بەرپا قىلىش جەھەتلەردە ھەمكارلىشىپ تېخنىكىلىق قىيىن ئۆتكەللەرگە ھۇجۇم قىلىشنى تەشكىللىدى. 1988- يىلى چىلانلىق باغ بەرپا قىلىشتا 1000 مولۇق چوڭ ئۆتكەلنى بېسىپ ئۆتۈپ، چىلانلىق باغ كۆلىمى 1390 موغا يەتتى، جەمئىي 80 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مېۋىلىك باغ ۋە پارچە- پۇرات تىكىلگەن كۆچەت ھەر قايسى يېزىنى ئىگىلەيدۇ. ھەر بىر بۆلەك چىلانلىق باغ كۆلىمى 100 مودىن ئاشىدۇ. كۆپىنچىسى ئورمانچىلىقتا «ئىككى ئائىلە بىر گەۋدە بولۇپ» ئورمان بەرپا قىلىش ئاساسىدا بەرپا قىلىندى.

1987 ~ 1990- يىلىغىچە شەھەر تەۋەسىدە چىلان ئىقتىسادىي ئورمىنى 3232 موغا يەتتى. چىلانزارلىقلار كۆلەملەشكەن مېۋىلىك باغ، چىلان بىلەن ئاشلىقنى كىرىشتۈرۈپ تېرىش، تارقاقلاشتۇرۇپ تىكىش قاتارلىق شەكىللەردە بىنا قىلىندى (شەھەر تەۋەسىدە پارچە- پۇرات تىكىلگەن كۆچەت يىلىغا 10 مىڭ تۈپتىن ئاشتى).

1990- يىلىغىچە قۇمۇلدا چىلانلىق كۆلىمى 1880 موغا، يىللىق مەھسۇلاتى 25 توننىغا يەتتى.

**قوشۇمچە:**

**پىلە ئۈجمىسى:** پىلە ئۈجمىسى تىكىپ ئۆستۈرۈش — ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ- ئادىتى بولۇپ، ھەر بىر ئۆينىڭ ئالدى- كەينىدە دېگۈدەك ئۈجمە دەرىخى بار. قۇمۇل شەھىرىنىڭ توغۇچى، لاپچۇق قاتارلىق جايلىرى ئەسلىدە قۇمۇلنىڭ پىلە بېقىش مەركىزى بولۇپ، 100 يىللىق تارىخقا ئىگە قەدىمىي ئۈجمە دەرەخلىرىنى ئۇ يەرلەرنىڭ ھەممىلا جايىدىن ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ يىللىرىدا (1875 ~ 1908- يىلىغىچە) زو زوڭتاڭ شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا ئۈجمە دەرىخىنىڭ كۆپلۈكىنى، قوشنا دۆلەتلەرگە ئېھتىياجلىق يىپەك ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن توشۇلسا، مۇساپىنىڭ بەك يىراقلىقىنى ھېس قىلىپ، شىنجاڭدا پىلە ئۈجمىسى ئۆستۈرۈشنى قارار قىلدى. گۇاڭشۈ 6 - يىلى (1880- يىلى) كوز پەسلىدە، قۇمۇل، تۇرپان، كۇچار، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ پىلىچىلىك ئىدارىلىرى تەسىس قىلىندى. خۇجېۇ قاتارلىق جايلاردىن كۆپلىگەن يىپەك رەخت توقۇش ئىشچىلىرى يۆتكەپ كېلىندى. بۇ ئىشچىلار بىلەن بىللە 394 تاختا پىلە غوزىكى ئېلىپ كېلىندى. ئۇلار شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، ئۈجمە كۆچىتى تىكىش، نوتا باستۇرۇش، پىلە بېقىش، يىپەك ئايرىش، توقۇش تېخنىكىلىرىنى تارقاتتى. قۇمۇلنىڭ ھاۋاسى 4- ، 5- ئايلاردا بەك ئىسسىپ كەتكەچكە، پىلە قۇرتلىرىدا كېسەللىك كۆرۈلۈپ، يىپەك رەخت ئىشلەپچىقىرىش ئۈزۈلۈپ قالدى.

مىنگونىڭ 30- يىلى (1941- يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئورمانچىلىق يىغىنىدا قارار چىقىرىلىپ، «ئۈرۈمچى، چۆچەك، قۇمۇل قاتارلىق جايلارنى ئۈجمە دەرىخى تىكىپ سىناق قىلىش رايونلىرى» قىلىپ بېكىتتى. مىنگونىڭ 31- يىلى (1942- يىلى) دىكى ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، قۇمۇل ۋىلايىتىدە جەمئىي 238 تۈپ ئۈجمە دەرىخى بولۇپ، قۇمۇل ناھىيە چېگرىسى ئىچىگە، ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ ئاداق، نوم قاتارلىق جايلىرىغىمۇ ئاز- تولا تىكىلگەن. مىنگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى) 5- ئايغا كەلگەندە قۇمۇل ناھىيىسىدە 24 مىڭ 137 تۈپ ئۈجمە

دەرىخى بار بولغان، 1956- يىلى قۇمۇل ناھىيىسىدىكى توغۇچى، ئاقيەر، شەھەر ئىچى يېزىسى، تاشۆيلىق قاتارلىق رايونلاردا چوڭ- كىچىك بولۇپ جەمئىي 7431 تۈپ ئۈجمە دەرىخى بار ئىدى. كېيىنچە يەرلەرنى تۇتاشتۇرۇش، ئېتىزلارنى سالالاشتۇرۇش، ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونلىرىنى بەرپا قىلىش سەۋەبىدىن، كۆپلىگەن ئۈجمە دەرەخلىرى ۋەيران قىلىندى. ۋىلايىتىمىزدە 1973- يىلى 6400 تۈپ، 1978- يىلى 8700 تۈپ، 1983- يىلى 13 مىڭ 160 تۈپ، 1990 - يىلىغا كەلگەندە 10 مىڭ تۈپ ئەتراپىدا ئۈجمە دەرىخى بار بولدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن 1950- يىللارنىڭ ئاخىرى، 1960- يىللارنىڭ باشلىرىدا، قۇمۇل ناھىيىسى تەۋەسىدىكى توغۇچى، لاپچۇق، قارادۆۋە، راھەتباغ يېزىلىرىدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرى قايتىدىن پىلە بېقىشقا باشلىدى. 1959- يىلى 260 قۇتا، 1960- يىلى 250 قۇتا، 1961- يىلى 500 قۇتا، ئۈچ يىلدا جەمئىي 100 جىڭدىن ئارتۇق پىلە غوزىسى يىغىۋېلىندى. 1971- يىلدىن باشلاپ، ئەزالار ئۆزلۈكىدىن پىلە بېقىشقا باشلىدى، ۋىلايەت، ناھىيىدىكى دېھقانچىلىق تارماقلىرى پىلە باققۇچى ئائىلىلەرنىڭ خوتەن قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، پىلە غوزىكى كىرگۈزۈشكە يېقىندىن ياردەمدە بولدى، 1972 ~ 1976- يىلىغىچە خوتەن قاتارلىق جايلاردىن جەمئىي 2000 قۇتا پىلە غوزىكى كىرگۈزۈلدى.

# بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش

## توققۇزىنچى قىسىم

# بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش

## I باب

## ئۆتكەن سۇلالىلەرنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشى

### 1§. ئەسكەرلەرنىڭ ، پۇقرالارنىڭ ، مەھبۇسلارنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشى

ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، چېگرىنى قوغداش — جۇڭگو تارىخىدا ئىزچىل تۈردە چېگرا رايونىنى ئېچىش، دۆلەت مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم تەدبىرى بولۇپ كەلدى. قومۇلدا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ ئۆتمۈشكە نەزەر سالساق، ئۇ 2000 يىلنىڭ ئالدىدىكى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە باشلاندى. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭپىڭ 16- يىلى (مىلادى 73- يىلى) دوۋگو، گىڭ جۇڭ 12 مىڭ چەۋاندازنى باشلاپ جيۇچۈەندىن چىقىپ، تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىغا كېلىپ، هونلارنىڭ تەڭرىقۇتى قويانخانىنى مەغلۇپ قىلىپ، باركۆل كۆلىگىچە قوغلىشىپ باردى. «ئىۋۇرغولدا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەن»، «بۇ جاينى ئىگىلەپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن، كاھىبەگ تەسىس قىلغان» («كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»). قومۇل غەربىي يۇرتنىڭ دەرۋازىسى، غەربىي ئىشلاردا مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك جاي. «كېيىنكى خەننامە» دە «ئىۋۇرغول دانلىق زىرائەتلەرنى تېرىشقا، ئۈجمە، كەندىر، ئۈزۈم ئۆستۈرۈشكە باب جاي» دەپ خاتىرىلەنگەن. دېمەك، ئىۋۇرغول دېھقانچىلىققا باب جاي بولۇپ، شۇ ۋاقىتلاردا بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەن ئەسكەرلەر مىگدىن ئاشمىغان.

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭچۇ 1- يىلى (107- يىلى) خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ئەندىي يەنە بىر قېتىم غەربىي يۇرتتىن ۋاز كېچىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈۋاتقان ئەمەلدارلار بىلەن ئەسكەرلەرنى قايتۇرۇپ ئېلىپ كەتتى. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭچۇ 6- يىلى (119- يىلى) خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ئەندىي دۇرغاپ سوبەننى مىڭ ئادەمنى باشلاپ ئىۋۇرغولغا بېرىپ قايتىدىن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە ئەۋەتتى. خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭجيەن 6- يىلى (131- يىلى) خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شۈندىي ئىۋۇرغول دېھقانچىلىققا باب جاي ئىكەن، دەپ قاراپ، ئىۋۇرغولدا بىر ئەمىرلەشكەر تەسىس قىلىپ، مەخسۇس بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرىنى باشقۇرغۇزدى.

شەرقىي، غەربىي خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئاساسىي جەھەتتىن ئەسكەرلەرنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشى بولۇپ، ئۇ هونلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئەسكەرلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشتە ۋە غەربىي يۇرتنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى.

سۈي سۇلالىسىنىڭ دايەن 5- يىلى (609- يىلى) سۈي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ياڭدى سۈرگۈن قىلىنغان بارلىق مەھبۇسلارغا ئەسكەرلەرنىڭ نازارىتىدە غەربىي يۇرتنىڭ بالقاش كۆلى، پىشامشان، چەرچەن، ئېۋىرغول دېگەن جايلىرىدا كەڭ كۆلەمدە بوز يەر ئاچتۇردى. بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش يەنىمۇ راۋاجلاندى. سۈي سۇلالىسىنىڭ دايەن 6- يىلى (610- يىلى) ھازىرقى قۇمۇلنىڭ تاشۇيلىقتا رويان قورغىنىنى تەسىس قىلىپ، قەلئە بىنا قىلىپ، ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئۆزلەشتۈردى.

قۇمۇلنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تارىخىدا، تاڭ سۇلالىسى دەۋرى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەڭ راۋاج تاپقان 1 مەزگىل بولدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن يىللىرى (627 ~ 649- يىللىرىغىچە) دا، خۇجۇنجى ئىدىقۇتنى ئىگىلەپ، تۆت قورغان تەسىس قىلدى. شۇ يىلى شەندۇگەدىن (خۇاشەن تېغىنىڭ شەرقىدىكى جايلاردىن) ئەرلەرنى ئەسكەرلىككە تۇتۇپ يۆتكەپ كەلدى. «ئېۋىرغولدا ئۆزلەشتۈرۈلگەن تېرىلغۇ يەرلەردە بولۇق ئۆسكەن زىرائەتلەر كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان» مول ھوسۇل مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. ئېۋىرغولدا تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەرنىڭ يېرىمى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللاندى. ھەر بىر كىشىگە توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر 20 مو بولۇپ، جەمئىي 30 مىڭ مودىن ئارتۇق تېرىلغۇ يەر بىنا قىلىندى. تۇرپاندىن تېپىلغان بىر پارچە ھۆججەتتە ئېۋىرغول ئەسكەرلىرى بەشبالىق ھەربىي ئاشلىق ئىسكىلاتىغا بىر قېتىمدا 4000 دادەندىن ئارتۇق ئاشلىق، ئېۋىرغول ئايمىقى ئاشلىق ئىسكىلاتىغا 197 دادەن ئاشلىق تاپشۇردى، دەپ خاتىرىلەنگەن.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭلۇڭ 1 - يىلى (710- يىلى) ئېۋىرغول قوشۇنى گەنلۇچۇەن دېگەن جايدا (ھازىرقى بارىكۆل ناھىيىسى داخې يېزىسىنىڭ دۆڭتوچۇ كەنتى) بوز يەر ئۆزلەشتۈردى. بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەن ئەسكەرلەر 3000، ئىشلەتكەن ئات 1040 بولۇپ، 5000 مو يەر ئۆزلەشتۈرۈلدى. تاڭ تەيزۇڭ بۇ جاينى بازا قىلىپ، تەدرىجىي ھالدا غەربكە كېڭىيىپ، غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈردى.

يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئەسكەرلەرنىڭ ئوزۇق- تۈلۈكىنى تۇرغان جايىدىن تەمىنلەش ئۈچۈن، غەربىي يۇرتتا تۇرۇۋاتقان بارلىق ئەسكەرلەرگە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. يۈەن سۇلالىسىنىڭ جىيۈەن 12- يىلى (1275- يىلى) قوچقار تېكىن قاراقوجودا مۇداپىئەدە تۇردى ھەم قاراقوجونىڭ جەنۇبىدىكى قۇمۇلدا بوز يەر ئۆزلەشتۈردى. يۈەن سۇلالىسىنىڭ جىيۈەن 19- يىلى (1282- يىلى) قۇمۇلنىڭ باشلىقى ئۇيغۇر تېلىن تېكىن يۈەن سۇلالىسىغا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش خىراجىتى قىلىش ئۈچۈن پۇل ئىئانە قىلىپ، ئازىجىنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشتى.

يۈەن سۇلالىسىنىڭ جىيۈەن 24- يىلى (1287- يىلى) بەشبالىقتىن 500 خەنزۇ ئەسكەر ۋە يېڭىدىن بېقىنغان ئەسكەر كېلىپ، قۇمۇلدا بوز يەر ئۆزلەشتۈردى. يۈەن سۇلالىسىنىڭ جىيۈەن 25 ~ 26- يىلىغىچە(1288 ~ 1289- يىلىغىچە) قۇمۇل يەنە ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ئىچىدە قالدى. خەلق ئاچارچىلىققا دۇچار بولۇپ، تېرىلغۇ يەرلەر ئاق قالدى. يۈەن سۇلالىسى قۇمۇلدىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش چېرىكچىسى ئەيياچىغا ئېشىندى بوز يەر ئاشلىقىدىن يەرلىك پۇقرالارغا ئارىيەت ئاشلىقى بېرىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشى كاڭشى 55- يىلى (1716- يىلى) باشلاندى. قۇمۇل ۋە بارىكۆلدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلۈپ، دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى جەھەتتە تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىگە يېتىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشتە يېڭى تەرەققىيات بارلىققا كەلدى. كاڭشى 54- يىلى (1715- يىلى) شېڭزۇخان فۇنىڭگەنگە ئېچىپ تېرىش ئۈچۈن قۇمۇل قاتارلىق جايلارنىڭ تېرىغىلى بولىدىغان يەرلىرىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، يۇقىرىغا مەلۇم قىلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. كېيىنكى يىلى (1716- يىلى) فۇنىڭگەن قۇمۇلغا قاراشلىق بۇلۇق، تۇغلۇق، بارىكۆل، دۇربەجىن دېگەن جايلاردا تېرىقچىلىق قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدى. كاڭشى 57- يىلى (1718- يىلى) فۇنىڭگەن دۇربەجىن، تۇغلۇق دېگەن جايلاردا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلدۇردى. بۇرۇن قۇمۇل ۋاڭى تارلاچىسىدا تېرىقچىلىق قىلغاندا ئېشىپ قالغان ئۇرۇقلۇق ئارپىنى يىغىۋېلىپ ساقلىدى ھەم كۈزدە ئىشلىتىش ئۈچۈن ئاشلىق ئامبارلىرىنى رېمونت قىلىپ تەييارلاپ قويۇش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈردى.

كاڭشى 55- يىلى (1716- يىلى) باركۆل ئويتاغنىڭ شاڭلاۋبا، شيالاۋبا، بولۇمجى دېگەن جايلىرىغا ئەسكەر ئەۋەتىپ بوز يەر ئۆزلەشتۈردى. ھەم ئۇلارغا ئۇرۇقلۇق ئاشلىق، ئۆي، ئۇرۇقلۇق تارقىتىپ بەردى. كاڭشى 57- يىلى(1718- يىلى) بوز يەر ئۆزلەشتۈرىدىغان ئەسكەرلەر 5500 دادەن (بىر دادەن 60 كىلوگرام) ئارپا ئالدى. كاڭشى 61- يىلى 15 مىڭ 70 دادەن ئارپا ئالدى.

يۇڭجېڭ 1 - يىلى (1723- يىلى) باركۆلدە بوز يەردىن 21 مىڭ 60 دادەن ئارپا ئېلىندى. يۇڭجېڭ 8- يىلى (1730- يىلى) 38 مىڭ 60 دادەن ئارپا ئېلىندى.

يۇڭجېڭ 2- يىلى (1724- يىلى) قۇمۇل تارلاچىندا 8932 دادەن ئارپا ئېلىندى. يۇڭجېڭ 4- يىلى(1726- يىلى) 2100 دادەن ئارپا ئېلىندى. يۇڭجېڭ 8- يىلى (1730-يىلى) 4600 دادەن ئارپا، بۇغداي ئېلىندى. يۇڭجېڭ 9 - يىلى (1731- يىلى) جەمئىي 5000 دادەن ئارپا، بۇغداي ھوسۇل ئېلىنغان.

يۇڭجېڭ 7- يىلى (1729- يىلى) يۆجوڭچى 40 مىڭ ئەسكەرنى باشلاپ يەنە باركۆلگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. ئۇ خانغا يوللىغان مەلۇماتنامىسىدە «باركۆل، تۇغلۇق قاتارلىق يەتتە جايدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلۈپ، 30 مىڭ 680 دادەن ئارپا ئېلىندى» دەپ يازغان.

يۇڭجېڭ 11- يىلى (1733- يىلى) قۇمۇلنىڭ تارلاچىن، سايىپىشى، نيۇماۋخۇ دېگەن جايلىرىدا 4500 دادەن ئارپا ئېلىندى. باركۆل، تۇغلۇقتا 46 مىڭ 100 دادەن ئارپا ئېلىندى. بۇ يۇڭجېڭ دەۋرىدىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ ئالغان ھوسۇلنىڭ ئەڭ يۇقىرى رېكورتى بولدى. يۇڭجېڭ 12- يىلى (1734- يىلى) تارلاچىندا 4500 دادەن ئارپا ئېلىندى. تۇغلۇقتا 1400 دادەن بۇغداي ئېلىندى.

چيەنلۇڭ 19- يىلى (1754- يىلى) شەنشى، گەنسۇنىڭ باش ۋالىيسى خۇاڭ يەنگۈي باركۆلگە كېلىپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرىنى تەكشۈردى. ئۇ ئوردىغا مەلۇم قىلىپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن، يېشىل تۇغلۇق قوشۇن ئەسكەرلىرىنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش دائىرىسىنى كېڭەيتتى. چيەنلۇڭ 23- يىلى (1758- يىلى) غا كەلگەندە تېرىلغۇ يەر 18 مىڭ 700 مو بولدى. ھەر مو يەردىن ئەڭ كۆپ بولغاندا توققۇز كۈرە، ئەڭ ئاز بولغاندا بەش كۈرە يەتتە شىڭ ئاشلىق ئېلىندى.

چيەنلۇڭ 29- يىلى (1764- يىلى) شەنشى- گەنسۇنىڭ باش ۋالىيسى ياڭ يىڭجۈ باركۆلدە خېرىدار چاقىرىپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنى كېڭەيتتى. ھازىرقى داخې يېزىسى تەۋەلىكىدە 2000 غۇلاچ ئۆستەڭ چاپقۇزۇپ، ئۆستەڭدىن چىققان توپا بىلەن دۆڭتۆپچۈ كەنتى، جۇخۇ كەنتى ۋە شىخۇ كەنتىدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچىلەر تۇرىدىغان ئۈچ قورغان سالدۇردى. چيەنلۇڭ 30- يىلى (1765- يىلى) ئۆزلەشتۈرۈلگەن بوز يەر 50 مىڭ مودىن ئېشىپ كەتتى. زىرائەتلەردىن پۇرچاق، بۇغداي بار بولۇپ، ئارپا ئازراق تېرىلدى. چيەنلۇڭ 31- يىلى (1766- يىلى) جىمكۆل ناھىيىسىدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى 497 تۈتۈن، 2596 كىشى بار بولۇپ،50 مىڭ 521 مو يەر تېرىپ، يىلىغا 3942 دادەن باج ئاشلىقى تاپشۇردى. باركۆلنىڭ خۇاجۇاگزى، قاراچيەنزى دېگەن جايلىرىدا بىر ئۆستەڭ چېپىلىپ، قاراغولنىڭ سۈيى ئېلىپ كېلىنىپ، تېرىلغۇ يەرلەر سۇغىرىلدى. چيەنلۇڭ 38- يىلى (1772- يىلى) غا كەلگەندە، باركۆلدە جەمئىي 88 مىڭ 890 مو تېرىلغۇ يەر بار بولدى. چيەنلۇڭ 24 ~ 42 - يىلىغىچە (1759 ~ 1777- يىلىغىچە) بولغان ستاتىستىكىدا، قۇمۇلنىڭ تارلاچىندا بوز يەر ئۆزلەشتۈرىدىغان ئەسكەر ھەر يىلى 170 تىن 200 گىچە، بوز يەر ئۆزلەشتۈرىدىغان مەھبۇس 130 بولۇپ، ئۆزلەشتۈرگەن بوز يەر كۆلىمى 5760 مودىن 7030 موغىچە، مو بېشى ئاشلىق مەھسۇلاتى 0.7 دادەندىن 1.06 دادەنگىچە بولدى. بوز يەر رايونىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنى باشقۇرىدىغان بىر ياندىش بارگاھبېگى، بىر يۈزبېشى، بىر پەرشاتتىن سىرت ھاسلاتبېگى، بىر نەپەر پەرشاتتىن سىرت خادىم قويۇلدى.

چيەنلۇڭ 27 ~ 42- يىلىغىچە بولغان 16 يىلدا، قۇمۇل سايىپىشىدا ھەر يىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرىدىغان ئەسكەردىن 100 كىشى، بوز يەر ئۆزلەشتۈرىدىغان مەھبۇستىن 50 كىشى تۇردى. ئۇلار ئۆزلەشتۈرگەن بوز يەر 3000 مودىن 4065

موغىچە، مو بېشى مەھسۇلاتى 0.6 دادەندىن 0.98 دادەنگىچە بولدى. بوز يەر رايونىدا بىر ياندىش بارگاھېيگى، بىر يۈزبېشى قويۇلدى.

چيەنلۇڭ 32 ~ 42- يىلىغىچە (1767 ~ 1777- يىلىغىچە) قۇمۇل نيۇماۋخۇدا ھەر يىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرىدىغان ئەسكەردىن 10 كىشى تۇردى. ئۇلار ئۆزلەشتۈرگەن بوز يەر كۆلىمى 205 مو، مو بېشى مەھسۇلاتى 0.61 دادەندىن 0.98 دادەنگىچە بولدى. بۇ بوز يەر رايونى سايىپشى ياندىش بارگاھېيگىگە قاراشلىق بولدى.

شيەنفىڭ، تۇڭجى يىللىرىدا ئۇرۇش ئۈزۈلمەي، ئاھالە بەكلا ئازىيىپ كەتكەچكە، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشمۇ خارابىلاشتى.

داۋگۇاڭ 24- يىلى (1844- يىلى) قۇمۇلنىڭ تارلاچىن، سايىپشى، نيۇماۋخۇدىن ئىبارەت ئۈچ بوز يەر رايونىدا جەمئىي 11 مىڭ 300 مو تېرىلغۇ يەر، 268 بوز يەر ئۆزلەشتۈرىدىغان ئەسكەر، 160 سۈرگۈن قىلىنغان مەھبۇس بولدى. 7895 مو بۇغداي، 500 مو ئارپا، 1205 مو پۇرچاق، 1600 مو چۈجگۈن قوناق، 100 مو زىغىر تېرىلىپ، 6916 دادەن ئاشلىق، 692 دادەن پۇرچاق، 51 دادەن زىغىر ئېلىندى. تارلاچىن بوز يەر رايونى چيەنيىڭ جۇاگزى، بەيىەنزى، داميياۋۋەن، شياۋمياۋۋەن، شياخې، شاگخې، شوپۇل، چېگشى، تۇداۋگۇ، جاۋيىگۇ، ئاتۇگگۇ، خۇيجۇاگزى، تۇگگۇڭ، ئەرگۇڭ، سەنگۇڭ، تۇمىنزى، خۇگمەنزى، جۇگيىگساۋ، مياۋچيەن، داخىيەن ئەترابلىرىدىن ئورۇن ئالغان بولۇپ، ھازىرقى قۇمۇل شەھىرى تاشۋېلىق يېزىسىنىڭ تېرىقچىلىق قىلىدىغان دائىرىسى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش.

گۇاڭشۈنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۇرۇشىدا زو زوڭتاڭ بىر تەرەپتىن ھەربىي يۈرۈش قىلىپ، بىر تەرەپتىن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلىشنى ئورۇنلاشتۇردى. شۇ ۋاقىتتا ئۆزلەشتۈرۈلگەن تۇنجى پارچە يەر قۇمۇلدا بولدى. تۇڭجى 13- يىلى (1874- يىلى) گۇاڭدۇڭ قورۇقلۇق يولى ياساۋۇل بېگى جاڭ ياۋ 14 يىڭ ئاتلىق، پىيادە ئەسكەرنى باشلاپ، قۇمۇلغا كېلىپ بوز يەر ئۆزلەشتۈردى. ئۇلار جەمئىي 19 مىڭ مودىن ئارتۇق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، 10 مىڭ دادەن ئاشلىق ھوسۇل ئېلىپ، ئەسكەرلەرنىڭ تەمىناتى ئۈچۈن ئىشلەتتى. ياقۇپبەگنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى تىنچىتىلغاندىن كېيىن، باركۆلدە تۇرۇشلۇق سىچۈەن قوشۇنىنىڭ ياساۋۇل بېگى شۇ جيەنبياۋ ھازىرقى شىرىنزا يېزىسىدا چۈەنئۈەن شەرقىي ئۆستىڭىنى چاپتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشتە يەنە قاينام- تاشقىنلىق مەنزىرە بارلىققا كەلدى. گۇاڭشۈ 6- يىلى (1880- يىلى) زو زوڭتاڭ «ھۆرمەت بىلەن يوللانغان شىنجاڭنىڭ قېپقالغان ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى پۈكلىمە مەلۇمات» تا: باركۆلگە قاراشلىق ئەسكەرلەر 50 مىڭ مو بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلدى، دەپ مەلۇم قىلدى، دەپ يازغان.

گۇاڭشۈ 13- يىلى (1887- يىلى) قۇمۇلدا يېڭىدىن بوز يەر ئۆزلەشتۈرىدىغان 45 تۈتۈن كۆپەيدى.

بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلدى: ئەسكەرلەر (يېشىل تۇغلۇق قوشۇننىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرىدىغان ئەسكەرلىرى) بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشتە، ھەر بىر ئادەم 20 مو بوز يەر ئۆزلەشتۈرسە، ئۇنىڭغا ئۇرۇقلۇق، تېرىلغۇ ئۇلاغ- جابدۇقلىرى مۇكاپات بېرىلدى. ئۇلار شۇ يىلى 12 دادەندىن 18 دادەنگىچە ئاشلىق تاپشۇردى، بۇ يەر بېجى دەپ قارالدى. باركۆلدىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەسكەرلىرى ئائىلە- تاۋابىئاتلىرى بىلەن بىرلىكتە ئەبەدىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچىلەر بولدى. داخې تەۋەلىكىدىكىلەرنىڭ كۆپچىلىكى گەنجۇلۇق، لياڭجۇلۇقلار بولۇپ، ھەر ئۈچ كىشىگە بىر يۈرۈش دېھقانچىلىق سايمانلىرى، ھەر يۈز كىشىگە 100 ئات، كالا تارقىتىپ بېرىلدى. بوز يەر ئۆزلەشتۈرىدىغان ئەسكەرلەر ئالغان ھوسۇلنىڭ بىر قىسمى ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇقلۇقى ئۈچۈن ئىشلىتىلدى، بىر قىسمى زاپاس ساقلاش ئۈچۈن خەزىنىگە تاپشۇرۇلدى. بوز يەر ئۆزلەشتۈرىدىغان ئەسكەرلەرگە دۆلەت مائاش تارقاتتى ۋە تۇز، كۆكتات ياردەم پۇلى بەردى. ئۇلار بەش يىلدا بىر ئالمىشىپ تۇردى. چيەنلۇڭنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە دائىم «ئاشلىق ئامبىرىدىكى زاپاس ئاشلىق ئېشىپ قېلىش» ئەھۋالى يۈز بېرىپ تۇردى. بۇ ئاساسلىقى بوز يەر ئۆزلەشتۈرىدىغان ئەسكەرلەرگە نىسبەتەن ئېتىبار بېرىش، مۇكاپاتلاش ۋە قاتتىق جازالاش تۈزۈمىنى يولغا قويغانلىقنىڭ نەتىجىسى ھېسابلىنىدۇ.

چيەنلۇڭ 27- يىلى (1762- يىلى)، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش پاششاپى ۋاڭ شاۋ، بوقالى لى جىجۇڭ ۋە سۇڭ تيەنفۇ، جياۋجىلىڭ قاتارلىقلار بوز يەر ئۆزلەشتۈرىدىغان ئەسكەرلەرنى باشلاپ باركۆلدە تۆنجى قېتىم سىناق تەرىقىسىدە بۇغداي، پۇرچاق تېرىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، باركۆلنىڭ پەقەت ئارپىلا تېرىيدىغان تارىخىنى ئۆزگەرتىپ، ئوردىنىڭ مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتى.

مەھبۇسلارنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشى — ئىچكى ئۆلكىلەردىكى مەھبۇسلارنى شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئالغان ھوسۇلىدىن ئاز بىر قىسمى ئۆزلىرىگە ئوزۇقلۇق قىلىپ قالدۇرۇلغاندىن تاشقىرى، باشقا ھېچقانداق قوشۇمچە ياردەم بولمىدى. مەھبۇسلار ئەسكەرلەرنىڭ نازارىتىدە ئەمگەك قىلدى، جىنايىتى ئېغىر مەھبۇسلار ئەسكەرلەرگە قۇل قىلىپ بېرىلدى، يۇرتىغا قايتىشىغا مەڭگۈ رۇخسەت قىلىنمىدى. ئەگەر قاچسا شۇ جايدىلا جازالاندى. ھەر بىر مەھبۇس 12 مو يەر تېرىدى، ھۆكۈمەت ئۇرۇق، دېھقانچىلىق سايمانلىرى تارقىتىپ بەردى، ھەر يىلى ئالتە دادەن ئاشلىق تاپشۇردى، دەرىجىگە ئايرىلمىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، شىنجاڭغا سۈرگۈن قىلىنغان مەھبۇسلارنىڭ بالا- چاقىسى بارلار بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەن جايدا يەر بېجى ئېلىنمىدىغان بولغانلىقتىن جىنايىتى كەچۈرۈلۈپ، يۇقراغا ئۆزگەرتىلدى. شۇڭا، باركۆلنىڭ نوپۇسى ۋە تېرىلغۇ يېرى مۇناسىپ ھالدا كۆپەيدى. بوز يەر ئۆزلەشتۈرىدىغان مەھبۇسلاردىن ھەر ئالتە كىشىگە بىر يۇرۇش دېھقانچىلىق سايمانلىرى، ھەر 100 كىشىگە 100 ئات، كالا تارقىتىپ بېرىلدى.

يۇقرالارنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشى — جۈملىدىن ئىچكى ئۆلكىلەردىن كۆچۈپ كەلگەن دېھقانلارنى، سودىگەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. ئۇلار ئاق قالغان يەرلەرنى تېرىدى، قائىدە بويىچە يەر بېجى تاپشۇردى، نوپۇسقا ئېلىندى. بىر ئۆيلۈك 30 مودىن يەر تېرىدى. يېڭىدىن ئۆزلەشتۈرگەن بوز يەرلەردە ئۈچ يىل ياكى بەش يىلدىن كېيىن يەر بېجى ئېلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. يەر پىشلىغاندىن كېيىن، ھەر مو يەر ئۈچۈن سەككىز شىڭ ئاشلىق ياكى بەش مىسقال كۈمۈش تەڭگە باج تاپشۇردى.

باركۆل خۇتەن، گۇاڭدۇڭ ۋە گەنسۇنىڭ دۇنخۇاڭ، ۋۇۋېي، يۇڭچاڭ، گۇيۈەن دېگەن جايلىرىدىن كەلگەن بىر تۈركۈم خۇيزۇلارنى قوبۇل قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى. چيەنلۇڭ 31- يىلى (1766- يىلى) غا كەلگەندە بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى يۇقرالار 697 تۈتۈن، 2596 ئادەمگە يەتتى. ھازىرقى باركۆل ناھىيىسىنىڭ داخې، شىرىنزا، كۈيسۇ قاتارلىق جايلىرىدىكى تېرىلغۇ يەرلەرمۇ شۇ مەزگىلدە ئۆزلەشتۈرۈلدى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن، چيەنلۇڭ 37- يىلى (1772- يىلى) گەنسۇدىكى ئەنشى مەھكىمىسىنى باركۆلگە كۆچۈردى ۋە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، ئاشلىق ئىشلىرى، ئەسكەر تەمىناتى مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتتى. بۇ مەھكىمە يەنە قۇمۇل، پىچان، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇردى.

## §2. ئۇيغۇرلارنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشى

ئۇيغۇرلارنىڭ قۇمۇلدىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە قاتناشقانلىقى توغرىسىدىكى ئەڭ بالدۇرقى يازما خاتىرە «چىڭ ئوردىسى خاتىرىلىرى» دە كۆرۈلىدۇ. كاڭشى 57- يىلى (1718- يىلى) 9- ئايدىكى خاتىرىدە «ياندىاش ئامبال خەي شۇنىڭ بايانىامىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: كەمىنىلىرى سانتوڭ فۇنىڭگەن بىلەن ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ دۇرىبەجىن، تۇغلۇق دېگەن جايلاردا ۋە ئۇيغۇر جاساق ئېمىن تېرىقچىلىق قىلغان تارلاچىن دېگەن جايدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ

تېرىقچىلىق قىلدۇق. تېرىپ ئېشىپ قالغان ئاشلىقنى ھەر قايسى جايلارنىڭ كونا ئاشلىق ئىسكىلاتلىرىنى رېمونت قىلىپ ئوبدان ساقلىشقا تاپشۇردۇق، بۇنى باش مۇپەتتىش خاشتوچۇجىغا يازما مەلۇمات ئارقىلىق مەلۇم قىلغان ئىدۇق، ئەسكەرلەرنىڭ تەمىناتىغا ئىشلىتىشنى بۇيرىدى» دەپ يېزىلغان. «ئۇيغۇر جاساق ئېمىن» دېگىنى قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ باشلىقى تارخانبەگ ئەبەيدۇللانىڭ نەۋرىسى، گوبابەگنىڭ ئوغلىدۇر. تارلاچىن قۇمۇلنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدا بولۇپ، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ مۇنبەت جايلىرىنىڭ بىرى. بۇ بايانىدىن شۇنى بىلىش مۇمكىنكى: ① تارلاچىندا تېرىقچىلىق قىلغان تارخانبەگ ئېمىننىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئۇيغۇرلار چىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇمۇلدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەن قوشۇنىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. ② تارلاچىندا ئاشلىق ئىسكىلاتى بار بولۇپ، ئېمىن تېرىقچىلىق قىلىپ باج ئۈچۈن تاپشۇرغان ئارپا ساقلانغان. بۇ ئارپا «ئەسكەرلەرنىڭ تەمىناتى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن». كېيىن، ئېمىن تاپشۇرغان ئارپا ئاۋۋال تارلاچىندىن قۇمۇلغا توشۇلغان. قۇمۇلغا توشۇلغان ئارپىنىڭ كىرا ھەققىدىن ھەر بىر دادەنگە ئۈچ مىسقال تەڭگە تۆلەپ بېرىلىپ، بىر سەر يەتتە مىسقال تەڭگە بېرىلدى. ئاندىن قۇمۇلدىن ھەربىي گازارمىسىغا توشۇلدى. بۇنىڭمۇ ھەر دادەنگە بەش مىسقال تەڭگە تۆلەپ قېلىنىپ، ئۈچ سەر بەش مىسقال تەڭگە بېرىلدى. قۇمۇلدا ساقلىنىۋاتقان تاغارلىق 7950 دادەن ئاشلىق ۋە ئېمىن تارلاچىندا تېرىغان 680 دادەن ئارپا كىرا بېرىلىپ گازارمىغا توشۇلدى. كاڭشى 59- يىلى (1720- يىلى) چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى تۇرپاننى ئالغاندىن كېيىن، تۇرپاندىمۇ ئۇيغۇرلارغا كەڭ كۆلەمدە بوز يەر ئاچتۇردى. كاڭشى 61- يىلى (1722- يىلى) 2- ئايدا قۇمۇللۇق ئۇيغۇرلارنى بىرگە تېرىقچىلىق قىلىشقا بۇيرىدى، تارخانبەگ ئېمىن 400 ئادەمنى باشلاپ تۇرپانغا بېرىپ بوز يەر ئۆزلەشتۈردى. يۇڭجېڭ 1 - يىلى (1723- يىلى) تارخانبەگ ئېمىن تۇرپاندا يەر- سۇغا كۆنەلمىگەچكە، 400 ئادەم قۇمۇلغا قايتىپ كېلىپ، تارلاچىندا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلدى.

يۇڭجېڭ 7- يىلى (1729- يىلى) قۇمۇلنىڭ بېلىسى ئېمىن ئۇيغۇرلاردىن 500 ئادەمنى تارلاچىنغا ئەۋەتىپ تېرىقچىلىق قىلدۇرۇپ، شۇ يىلى 3000 ~ 4000 دادەن ئاشلىق ھوسۇل ئالدى. يۇڭجېڭ 8- يىلى (1730- يىلى) 6400 دادەن بۇغداي، ئارپا ئالدى. كېيىنكى يىلى 500 دادەن ئۇرۇق بېرىپ، كۈزدە 4000 دادەن ئاشلىق يىغىۋالدى.

ئېمىن ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر تېرىقچىلىقتا تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئىزچىل تۈردە چىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مەنسىپى ئۆستۈرۈلدى ۋە مۇكاپاتلاندى. يۇڭجېڭ 5- يىلى (1727- يىلى) چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئېمىنگە دۆلەتنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن خىزمەت كۆرسەتكەن بەگ، دېگەن ئۇنۋاننى بەردى ھەم 1000 سەر تەڭگە بىلەن مۇكاپاتلىدى. تېرىقچىلىق قىلىشقا قاتناشقان 400 دېھقانغىمۇ تەڭگە، رەخت بەردى. ئېمىنگە يەنە «خوشۇن بېيزى» دەپ نام بەردى. ئېمىننىڭ تېرىقچىلىق قىلىپ غەللە- پاراق تاپشۇرۇشى چيەنلۇڭنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغىچە داۋاملاشتى. چيەنلۇڭ 1 - يىلى (1736- يىلى) ئېمىن خانغا يوللىغان مەلۇماتىدا، ئۇرۇش بولغاندىن بۇيان، قۇمۇل يىلىغا 27 مىڭ 500 دادەن ئاشلىق تاپشۇردى، دەپ يازدى. بۇ بەلكىم يۇڭجېڭنىڭ 8- يىلىدىن بۇيان تاپشۇرغان ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي سانى بولسا كېرەك. ئەينى ۋاقىتتا چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭغارلار بىلەن بولغان سۈلھى سۆھبىتى ئۈنۈم بېرىپ، ئىككى تەرەپ قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا قاتتىق تىركىشىدىغان ئەھۋال پەسىيىشكە باشلىدى. شۇڭا، چىڭ ھۆكۈمىتى ئېمىننىڭ مەلۇماتىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن «قۇمۇل ئۇيغۇر دېھقانلىرىدىن ئېلىنىدىغان ئاشلىق بېجى ئەمەلدىن قالدۇرۇلسۇن ھەم بېيزى قاتارلىقلارغا تەڭگە ئىنئام قىلىنسۇن» دەپ يارلىق چۈشۈردى. «قۇمۇلدىكى ۋاڭ، گۇڭ، تەيجى، بەگ قاتارلىق ئۇنۋانغا ئېرىشكەنلەرنىڭ ئىسمىلىكى» دە يەنە مۇنداق دەپ خاتىرىلەنگەن: «30 يىلدىن بۇيان ئۇيغۇرلارنى باشلاپ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلىپ، ھەر يىلى ئەسكەرلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلىگەنلەرگە ئىلتىپات قىلىشنى ئىلتىماس قىلمىقى لازىم. چىڭ ھۆكۈمىتى 10 توپ تاۋار، ھەر بىر دادەن ئاشلىققا بىر سەر تەڭگە ئىنئام بەردى. ئۇيغۇر پۇقرالارغا 10 مىڭ سەر تەڭگە بەردى». ئېمىننىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلىشنى

تەشكىللىشىنىڭ رولى، پەقەت چىڭ ئەسكەرلىرىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەپ، يىراقتىن ئاشلىق توشۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش بولۇپلا قالماي، بەلكى قۇمۇل بوستانلىقىدا ئەسكەرلەرنىڭ، پۇقرانىڭ كەڭ كۆلەمدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىشتىمۇ كۆرۈلىدۇ. خوشۇن بېيزى ئىمىن «سادىقلىق بىلەن ئالاھىدە كۈچ چىقارغان» لىقى ئۈچۈن، چيەنلۇڭ 5- يىلى (1740- يىلى)12- ئاينىڭ 10- كۈنى ئۇ كېسەل بىلەن ۋاپات بولغاندا، پادىشاھ چيەنلۇڭ قاتتىق ئېچىنىپ، ياساۋۇل بېگى لىي شىگۈۋنى 1000 سەر تەڭگە ئاجرىتىپ، ئۆيىگە بېرىپ تەزىيە بىلدۈرۈشكە بۇيرىغان ھەم يارلىق ئارقىلىق ئىمىننىڭ ئائىلى بىرجىسىدىن، ئوغلى يۇسۇپتىن ھال سورىدى.

چيەنلۇڭنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا قۇمۇل سايىپىشىدىكى بۇرۇنقى ئەسكەرلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش پۇقرالارنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە ئۆزگەرتىلدى. چيەنلۇڭ 4- يىلى (1739- يىلى) قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق چىڭ ئەسكەرلىرى تەدرىجىي چېكىنىشكە باشلىدى. چيەنلۇڭ 7- يىلى (1742- يىلى) قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ئەسكەردىن 3000 ئادەم قىسقارتىلدى. قالغان ئەسكەرلەرنىڭ بۇرۇنقى بار تېرىلغۇ يەرلەرنى تېرىپ كېتىشكە قۇربى يەتمىگەچكە، سىچۈەن، شەنشى ۋالىيسى يىن جىشەن ئوردىغا مەلۇم قىلىپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن، ھۆكۈمەتتىن دېھقانچىلىق سايمانلىرى، ئۇرۇق بېرىپ، سايىپىشىدىكى ئەسكەرلەر ئۆزلەشتۈرگەن 10 مىڭ مو تېرىلغۇ يەرنى يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ تېرىشىغا ئىجارىگە بەردى ھەم ئۆتتە ئالتە ئۆلۈش بويىچە پىرسەنتلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىجارىگە بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ماددىي ئەشيا بىلەن بېرىلىدىغان يەر ئىجارىسىنى بىۋاستە يىغىۋالدى.

سايىپىشىدا ئۇيغۇرلار بىر نەچچە يىللا تېرىقچىلىق قىلالىدى. باشقۇرۇش ئوبدان بولمىغاچقا، سۇ كەلمەي قەھەتچىلىك يۈز بېرىپ، زىرائەتلەر قۇرۇپ كېتىپ، ھوسۇلى ئىجارىگە يېتىشمەيدىغان بولۇپ قالدى. چيەنلۇڭ 13- يىلى (1748- يىلى) قەھەتچىلىك تۈپەيلىدىن ھوسۇل كېمىيىپ كەتكەچكە، چىڭ ئوردىسى ئارىيەتكە 2500 دادەن ئاشلىق بېرىپ، نامرات ئۇيغۇر پۇقرالارغا تارقىتىپ بەردى. چيەنلۇڭ 18- يىلى (1753- يىلى) تېرىلغۇ يەرلەرنى شور بېسىپ ھوسۇل ئالغىلى بولمايدىغان بولۇپ قالغاچقا، پادىشاھ چيەنلۇڭ ئىجارە ھەققىنى كەچۈرۈم قىلىشنى تەستىقلىدى. ۋالىي يىن جىشەن «بۇرۇن ئۆستەڭ چېپىش ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل خەجلەنگەن، تاشلىۋەتسەك بىكارغا كېتىدۇ» دەپ قاراپ، «ئەنشى ئەسكەرلىرىنىڭ بالا- چاقىسى ياكى ھەر قايسى قورۇللارنىڭ پۇقراسى تېرىسا» دەپ تەكلىپ بەردى. كېيىن، يەنىلا ئۇيغۇرلارنىڭ تېرىشى قارار قىلىندى. «ھەر يىلى ئالغان ھوسۇلنى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرمايدىغان، ھەممىسى خانىڭ ئىنئامى سۈپىتىدە ئۆزلىرىگە قالدۇرۇلىدىغان بولدى».

داۋگۇاڭ 25- يىلى (1845- يىلى) قىشتا لىن زېشۈ تارلاچىننى كۆزدىن كەچۈردى ۋە ئاخىرىدا بۇ جايدىكى تېرىلغۇ يەرلەرنى «ئەھۋالغا قاراپ ئۇيغۇرلارنىڭ تېرىشىغا بېرىش» نى ئىلتىماس قىلدى. بۇ ئىلتىماسنى قارادىۋان نوپۇس پىرقىسى بىلەن مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن، چىڭ ھۆكۈمىتى داۋگۇاڭ 26- يىلى (1846- يىلى) 6- ئايدا «ئۇيغۇرلارنىڭ تېرىشىغا رۇخسەت» دەپ تەستىق چۈشۈردى. بۇ ئەمەلىيەتتە ئېچىلغان بوز يەرنى دۆلەت ئىگىلىكىدىن خۇسۇسىي ئىگىلىككە ئۆزگەرتكەنلىك بولۇپ، شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ تېرىقچىلىقنى تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە يولغا قويۇشىنى تەجرىبە بىلەن تەمىنلىدى.

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ئەبەدىي ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئىلىدا ئەسكەر تۇرغۇزۇش قارار قىلىندى ھەم ئەسكەرلەر بىلەن پۇقرالارنىڭ ئاشلىق تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، دېھقانچىلىقنى تەشەببۇس قىلىش توغرىسىدىكى ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى يولغا قويۇلۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنى ئىلىغا بېرىپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، تېرىقچىلىق قىلىشقا تەشكىللەشكە رىغبەتلەندۈرۈلدى. چيەنلۇڭ 31- يىلى (1766- يىلى) قۇمۇلدىن 500 ئۆيلۈك ئۇيغۇر ئىلىغا كۆچۈرۈلدى. ئۇلار ھاكىمبەگ موسانىڭ قوشۇمچە باشقۇرۇشىدا بولدى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئىساق ئاپىرىپ قويدى. چيەنلۇڭ 38- يىلى (1773- يىلى) ئىساق

خاننىڭ يارلىقىغا بىنائەن ئاغلاقچى ئامبال سوپىتىدە ئىلىغا بېرىپ، تېرىقچىلىق قىلىۋاتقان پۇقرالارنى باشقۇرۇپ ئۈچ يىل تۇرۇپ، چيەنلۇڭنىڭ 41- يىلى (1776- يىلى) قۇمۇلغا قايتىپ كەلدى.

# II باب

# يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش

## 1§. تەشكىلىي ئاپپاراتلار

1949- يىلى 9- ئايدا شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدى.

1949- يىلى 11- ئايدىن 1950- يىلى 3- ئايغىچە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 1- بىڭتۇەن 6- جۈن 16- شىسى شىنجاڭغا كىرىش سەپىرىدە قۇمۇلغا كېلىپ ئورۇنلاشتى.

16- شى قۇمۇلغا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، شەرقىي شىنجاڭدا باندىت تازىلاش بىلەن بىرگە يەرلىك خەلق ھاكىمىيىتىنى قۇرۇش بىلەن ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا قاتناشتى. 1952- يىلى 2- ئايدا جۇڭگو خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى يولداش ماۋ زېدۇڭ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، 6- جۈن 16- شىسىنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭ ھەربىي رايونى يېزا ئىگىلىك قۇرۇلۇش 5- شىسى قىلىپ ئۆزگەرتتى. 1954- يىل 10- ئاينىڭ 7- كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قۇرۇلۇپ، 5- شى بىڭتۇەن قارمىقىغا كىرگۈزۈلدى. 1956- يىل 12- ئايدا شىدىكى كوماندىر- جەڭچىلەر دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ھەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئىشچى- خىزمەتچىلىكىگە كوللېكتىپ كەسىپ ئالماشتۇردى. 1957- يىل 1- ئايدا دېھقانچىلىق 5- شىسىنى قىزىل يۇلتۇز باش مەيدانىغا قىسقارتتى (مۇئاۋىن شى دەرىجىلىك). 1959- يىلى 1- ئايدا 5- شىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلمىسىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈش بىلەن بىرگە، قىزىل يۇلتۇز باش مەيدانى دېگەن نامى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1963- يىل 2- ئايدا دېھقانچىلىق 5- شىسى قىسمىنى قۇمۇلدىن بورتالاغا يۆتكەپ كەتتى، شۇ يىلى 5- ئايدا، دېھقانچىلىق 5- شىسى قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرى باشقارمىسى قۇرۇلدى. 1969- يىلى 4- ئايدىن 1972- يىلىغىچە، قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرى باشقارمىسى بىڭتۇەننىڭ ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى. 1973- يىلى 1- ئايدىن 1975- يىلى 5- ئايغىچە بۇ باشقارما شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدە بولدى. 1975- يىلى 5- ئايدا، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلمىسىنى بىكار قىلىپ، قۇمۇل باشقارمىسى قۇمۇل ۋىلايىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1981- يىلى 12- ئاينىڭ 3- كۈنى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسى قايتىدىن شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش

بىگتۈەنىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1982- يىلى 4- ئاينىڭ 1- كۈنى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىگتۈەنى قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قىلىپ ئۆزگەرتتى (مۇئاۋىن شى دەرىجىلىك).

1975- يىلدىن ئىلگىرى ئاپپارات تەسىس قىلىشتا، قىسىملارنىڭ شەكلى قوللىنىلىپ، شى، ئىدارە (باشقارما)، قوماندانلىق شتاب، سىياسىي ئىشلار بۆلۈمى، ئارقا سەپ ئىشلىرى بۆلۈملىرى تەسىس قىلىنىپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى پارتكوم رەھبەرلىكىدە بولدى. ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، باشقۇرۇشقا پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن، قوماندانلىق شتابىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق (باغۋەنچىلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان)، ئاساسىي قۇرۇلۇش، سانائەت- قاتناش، ئەمگەك ئىش ھەققى قاتارلىق باشقارما، بۆلۈملەر تەسىس قىلىندى. سىياسىي بۆلۈمدە تەشكىلات، كادىرلار ئىشلىرى، تەشۋىقات، مائارىپ قاتارلىق بۆلۈم، ئىشخانىلار تەسىس قىلىندى. ئارقا سەپ ئىشلىرى بۆلۈمىدە پىلان، مالىيە ئىشلىرى، تەمىنلەش مۇلازىمەت قىلىش قاتارلىق بۆلۈم، ئىشخانىلار تەسىس قىلىندى. 1975 ~ 1981- يىلغىچە، قوشۇۋېتىش، تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق قۇمۇل دېھقانچىلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسىنىڭ دائىرىسى كىچىكلىتىلدى. 1982- يىلى 4- ئايدا، بىگتۈەن قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئىشخانىدا (پارتكوم بىلەن مەمۇرىي ئىشلار بىرلەشتۈرۈلگەن) ئىشلەپچىقىرىش، سانائەت- قاتناش، ئاساسىي قۇرۇلۇش، پىلان- مالىيە، ئىقتىسادىي تەپتىش، سەھىيە، مائارىپ، تەشۋىقات، تەشكىلات، ئاممىۋى خىزمەت، يەر باشقۇرۇش باشقارمىلىرى، پەن- تېخنىكا كومىتېتى سىياسىي تەتقىقات ئىشخانىسى، ئىتتىپاق كومىتېتى قاتارلىق باشقارما (ئىشخانا) لار تەسىس قىلىندى؛ سودا، ماددىي ئەشيا باشقارمىسى، تاشقى سودا شىركىتى قاتارلىق ئىقتىسادىي گەۋدىلەر قۇرۇلدى. 1983- يىلى 11- ئاينىڭ 5- كۈنى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، تەپتىش مەھكىمىسى، خەلق سوت مەھكىمىسى، ئەدلىيە ئىدارىسى تەسىس قىلىندى. 1985- يىلى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، قوراللىق بۆلۈم كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى.

قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى — قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ھەم خىزمەت ئەترىتى ۋە جەڭگىۋار ئەترەتلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، قۇمۇلنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش جەھەتلەردە گەۋدىلىك تۆھپىلەرنى قوشتى؛ ئۇ پۈتكۈل قۇمۇل ۋىلايىتى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم كۈچى، شۇنداقلا ۋىلايىتىمىز خەلق ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، بولۇپمۇ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ۋىلايەتنىڭ پۈتكۈل دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقىنى راۋاجلاندۇرۇش يۆنىلىشىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئەۋزەللىكىدىكى مۇھىملىقنى گەۋدىلەندۈردى. قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ تەرەققىياتى قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن ئايرىلالمايدۇ.

يېرىك يېزا ئىگىلىكى جەھەتتە قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى ئاشلىق، پاختا، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىقتىن ئىبارەت تۆت چوڭ تۈۋرۈك كەسىپنى شەكىللەندۈرۈپ، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئەڭ چوڭ ئۈزۈمچىلىك بازىسىنى بەرپا قىلدى؛ قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى يەنە خىمىيە سانائىتى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، قۇرۇلۇش ئىشلىرى، يېمەكلىك بۇيۇملىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەشتىن ئىبارەت تۆت چوڭ بازا كەسىپنى قۇرۇپ چىقتى. شۇنداقلا، مەملىكەت بويىچە چوڭ سۇسىزلاندۇرۇلغان كۆكتات ئىشلەپچىقىرىش بازىسى ۋە شىنجاڭ بويىچە چوڭراق بولغان سۇلفات ئىشقارى ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنى قۇرۇپ چىقتى.

## §2. بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلىرىنىڭ جايلىشىشى

بىڭتۈەن قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ ئىدارە قارمىقىدا 11 دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق (بوز يەر ئېچىش) مەيدانى بولۇپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىدىن ئىبارەت ئىككى بۆلىكىگە جايلاشقان. شەرقىي تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي بۆلىكىدىكى قۇمۇل شەھىرى تەۋەلىكىدە قىزىل يۇلتۇز 1- مەيدانى، قىزىل يۇلتۇز 2- مەيدانى، قىزىل يۇلتۇز 3- مەيدانى، قىزىل يۇلتۇز 4- مەيدانى، قىزىل يۇلتۇز 2- چارۋىچىلىق فېرمىسى، ساقا دېھقانچىلىق مەيدانى، راكېتا دېھقانچىلىق مەيدانى، توغۇچى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى بار. تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي بۆلىكىدىكى باركۆل ناھىيىسى تەۋەلىكىدە خۇڭسەن دېھقانچىلىق مەيدانى بىلەن قىزىل يۇلتۇز 1- فېرمىسى بار؛ ئاراتۇرۇك ناھىيىسى تەۋەلىكىدە نوم دېھقانچىلىق مەيدانى بار. پۈتۈن ئىدارىنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلىرى جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 270 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 297 كىلومېتىر جايغىچە بولۇپ، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 14 مىليون 978 مىڭ 200 مو، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 6.97% نى ئىگىلەيدۇ.

1990- يىلى ئىدارىنىڭ 11 دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانى، تۆت سانائەت كارخانىسىدا 59 مىڭ 500 ئادەم بولۇپ، ۋىلايەت ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 14.34% نى ئىگىلىدى.

ھەر قايسى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ھەر قايسى مەزگىللەردىكى تەۋەلىك ئۆزگىرىشى: قىزىل يۇلتۇز 1- مەيدانى، قىزىل يۇلتۇز 2- مەيدانى، قىزىل يۇلتۇز 3- مەيدانى، قىزىل يۇلتۇز 4- مەيدانى، قىزىل يۇلتۇز 2- فېرمىسى، قىزىل يۇلتۇز 1- فېرمىسى قاتارلىق ئورۇنلار دېھقانچىلىق 5- شىسى قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانى باشقارمىسىغا تەۋە ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە قىزىل يۇلتۇز 1- فېرمىسى 1959 ~ 1964- يىلغىچە ۋە 1970 ~ 1974- يىلغىچە ھەربىي ئات فېرمىسىغا قاراشلىق ئىدى. ساقا دېھقانچىلىق مەيدانى، راكېتا دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە دۆربەجىن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى 1975- يىلى قۇمۇل ناھىيىسى قۇمۇل ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسىغا ئايرىپ بەردى. 1978- يىلى خۇڭسەن دېھقانچىلىق مەيدانىنى باركۆل ناھىيىسى ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسىغا ئايرىپ بەردى. قىزىل يۇلتۇز 1- فېرمىسىنى، ئاراتۇرۇك ھەربىي ئات فېرمىسى دېھقانچىلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسىغا ئايرىپ بەردى.1975- يىل 1- ئايدا نوم دېھقانچىلىق مەيدانىنى ئاراتۇرۇك ناھىيىسى قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىغا ئايرىپ بەردى. 1982- يىل 4- ئايدا يۇقىرىقى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ھەممىسى قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىغا ئايرىپ بېرىلدى.

## §3. تەرەققىيات ئەھۋالى

1950- يىل 3- ئايدا 16- شى قۇمۇلغا كېلىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، بىر قولىدا قورال، يەنە بىر قولىدا جوتۇ تۇتۇپ، باندىت تازىلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا نەتىجىنىڭ جاپا- مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىشتەك شەرەپلىك

ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، بوز يەر ئېچىپ ئېتىز بەرپا قىلىش، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى كۆرىشىگە ئاتلاندى. ئۇنىڭدىن كېيىن كوللېكتىپ كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشىغا ئاتلىنىپ، نەچچە ئونمىڭ يىللار قاقاس تۇرغان، كىشىلەرنىڭ ئايىغى باسمىغان چۆللەرنى بولۇق ئۆسكەن ئورمانلىقلارغا، تۈپتۈز كەتكەن سالا ئېتىزلارغا ئايلاندۇردى. پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە بىر گەۋدە قىلىنغان ھەمدە يېزا ئىگىلىك، سانائەت، سودا بىرلەشكەن يېڭى تىپتىكى ئىجتىمائىي گەۋدە بەرپا قىلىندى. 1985- يىلى ئىدارىنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى، ۋىلايەتتىكى سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 33% نى ئىگىلىدى. 1990- يىلى سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى، ۋىلايەتتىكى سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 35.61% نى ئىگىلىدى.

1. بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىنىڭ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى

بوز يەر ئېچىپ چېگرىنى قوغداش، بوز يەر ئېچىپ ئېتىز بەرپا قىلىش، قۇمۇلنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن 16- شى پارتكومى ئالدى بىلەن كەڭ كۆلەمدە سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلدى. 1951- يىلى قىزىل يۇلتۇز 1- ئۆستەڭنى ياسىغان ۋاقىتتا، كۆپچىلىك ئىككى مېتىر كەڭلىكتىكى، 30 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى گەمىدە يېتىپ ئىشلىدى؛ كۈندىلىك تۇرمۇشقا كېرەكلىك سۇنى ھەر كۈنى نەچچە ئون چاقىرىم كېلىدىغان جايدىن توشىدى. بىر مۇنچىلىغان ئادەم ھەمىشە بىر تەلەڭگە سۇ ئىشلىتەتتى. كۆكتات يېتىشمىگەنلىكتىن، ئەسكەرلەر دائىم قىرتاق سۇدا تاماق ئېتەتتى. ئۇلار تومۇز ئىسسىقلاردا ھېرىپ- چارچاش، ئۇسسۇزلۇق، ئاچلىققا بەرداشلىق بېرىپ، ئەنئەنىنىڭ روھىنى جارى قىلدۇردى. ئۇلار جاپا- مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك تىكلەش ئۈچۈن، ئىش ئورۇنلىرىدا تاغۇ تاشلارنى يېرىپ، قەيسەرلىك بىلەن كۆرەش قىلدى. ئۇلار شەرقىي تەڭرىتېغىنىڭ كۆككە تاقاشقان، بۇلۇتلار ئوراپ تۇرىدىغان ئېگىز چوققىلىرىغا چىقىپ، ئۈشكە- مېتىن ئارقىلىق خەتەرلىك چوققىلىق تاغلارنى تېشىپ پارتلاتتى. ئۇلار ئۆستەڭنى تاش بىلەن قاتۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، يۈز نەچچە مىڭ كۇب مېتىردەك تاش ماتېرىيالنى تۆۋەنگە يۆتكىدى. ئۇلار تەڭرىتاغ باغرىدىكى تاشلارنى ئىش ئورنىغا بىر- بىردىن يۆدۈپ توشۇدى. قەھرىمان ۋاڭ دې قىزىل يۇلتۇز 1- ئۆستەڭنى بالدۇرراق پۈتكۈزۈش ئۈچۈن، خەتەرلىك چوققىدا تاش چېپىۋاتقان ۋاقىتتا، يېرىلىپ غۇلاپ چۈشكەن تاش بىلەن تەڭ چوڭقۇرلۇققا چۈشۈپ كېتىپ، قۇمۇلنى ئېچىش يولىدا بەختكە قارشى قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى.

1990- يىلىغا قەدەر ئىدارىدىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدا 76 كارىز بار بولۇپ، يىللىق سۇغىرىش مىقدارى 14 مىليون 700 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. يەتتە سۇ باشلاش ئۆستىڭى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 253 كىلومېتىر كېلىدۇ، يىللىق سۇغىرىش مىقدارى 168 مىليون 688 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. قېزىلغان ماشىنىلاشقان قۇدۇق 660 بولۇپ، يىللىق سۇ چىقىرىش مىقدارى 103 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ھەر قايسى ئورۇنلار تارماق ئېرىقلارنىڭ ھەممىسىنى سۇ سىڭمەس قىلىپ ياساپ چىقتى، قىسمەن غول ئېرىقلارنىمۇ سۇ سىڭمەس قىلىپ ياساپ چىقتى.

مۇھىم سۇغىرىش ئۆستەڭلىرىدىن قىزىل يۇلتۇز 1- ئۆستىڭى، قىزىل يۇلتۇز 2- ئۆستىڭى، قىزىل يۇلتۇز 4- ئۆستىڭى، خارتاي ئۆستىڭى، خۇڭسەن ئۆستىڭى، نوم چوڭ ئۆستىڭى قاتارلىق ئۆستەڭلەر بار.

سۇ چىقىرىش قۇرۇلۇشى

1) كارىز: ئىدارە بويىچە 76 كارىز بولۇپ، يىللىق سۇغىرىش مىقدارى 14 مىليون 700 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدۇ.

2) ماشىنىلاشقان قۇدۇق: ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى

ئۆزلۈكسىز كېڭىيىپ، يەر ئۈستى سۈيى يېتىشمىدى. قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ قىسمەن كارىزلىرى قۇرۇپ كېتىپ، ھەر يىلقى ئەتىيازلىق بوغدايىنىڭ بىرىنچى سۈيى دائىم ئۈلگۈرمىدى. قۇرغاقچىلىق ھادىسىسى ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ، ئاشلىق مەھسۇلاتى كېمىيىپ كەتتى.

1970- يىللارنىڭ باشلىرىدا قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ تۈەن. مەيدانلىرىدا ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ، قۇدۇق قېزىش ئەترەتلىرى قۇرۇلۇپ، يەر ئاستى سۈيىنى ئېچىشقا كىرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقى ماشىنىلاشقان قۇدۇقلار بولۇپ، دېھقانچىلىققا، قىسمەنلىرى ساناەتكە ئىشلىتىلدى.

1990- يىلغا كەلگەندە ئىدارە بويىچە ماشىنىلاشقان قۇدۇق 660 قا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 495 قۇدۇق يۈرۈشلەشتۈرۈلدى.

## 2. بوز يەر ئېچىپ ئېتىز بەرپا قىلىش

سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىغا ئىشلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر قايسى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، بوز يەر ئېچىپ ئېتىز بەرپا قىلىشقا يۈزلەندى. 1951- يىلىنىڭ بېشىدا ئاراتۇرۇكنى قوغداش 40 كۈنلۈك ئۇرۇشىغا قاتناشقان پولات 2- لېيەنى تۇرۇشلۇق گازارمىدىكى كوماندىر- جەڭچىلەر بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ 5000 مودىن كۆپ بوز يەر ئۆزلەشتۈردى. 1953- يىل 6- ئايدا 16- شىنىڭ نامى يېزا ئىگىلىك 5- شىگە ئۆزگەرتىلىپ، كەڭ كۆلەمدە بوزيەر ئېچىپ ئېتىز بەرپا قىلىش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. 1960- يىلغا قەدەر تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 940 مىڭ موغا يېتىپ، يىلغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 710 مىڭ مو يەر تېرىلدى. 1966- يىلغا كەلگەندە، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 200 مىڭ موغا يەتتى. 1966 ~ 1976- يىللىغىچە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ئېغىر بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىغانلىقتىن، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى ئازىيىپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە تەدرىجىي كۆپىيىپ، 1985- يىلغا كەلگەندە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 272 مىڭ موغا يەتتى. 1990- يىلى تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 280 مىڭ موغا يېتىپ، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 23.25% نى ئىگىلىدى.

## 3. يېزا ئىگىلىكى

1966- يىلى ئىدارىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 8 مىليون 198 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ (1952- يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 68.3 ھەسسە ئاشقان)، قۇمۇل ۋىلايىتى يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 20% نى ئىگىلىدى؛ 1985- يىلى يېزا ئىگىلىكىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 25 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، قۇمۇل ۋىلايىتى يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 35.4% نى ئىگىلىدى، 1990- يىلى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 93 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، قۇمۇل ۋىلايىتى يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 52.11% نى ئىگىلىدى.

1) تېرىقچىلىق: 1952- يىلى بوز يەر ئاچقان دەسلەپكى مەزگىلدە، تېرىلغۇ يەر پەقەت 15 مىڭ مو بولۇپ، مەھسۇلات قىممىتى 125 مىڭ يۈەن ئىدى. 1956 ~ 1965- يىللىغىچە، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 33 مىڭ 900 مودىن 206 مىڭ 400 موغا يېتىپ، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1 مىليون 245 مىڭ 300 كىلوگرامدىن 12 مىليون 147 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى. ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 49.4 كىلوگرامدىن 89.9 كىلوگرامغا يەتتى. 1966 ~ 1976- يىللىغىچە بولغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، قىسمىنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، بىر تەرەپلىمە ھالدا ئاشلىقنى تۇتقا قىلىش تەكىتلەنگەنلىكى، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسى نامۇۋاپىق بولغانلىقتىن، ئىقتىسادىي ئۈنۈم تۆۋەنلەپ، يىلمۇ يىل زىيان بولدى. 1979 ~ 1990- يىللىغىچە، قىسمىنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرى تېزدىن ئەسلىگە كېلىپ تەرەققىي قىلىپ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى مۇقىم راۋاجلاندى. 1983- يىلى،

ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 35 مىليون 6500 مىڭ كىلوگىرامغا يېتىپ، 1970- يىللاردىكىدىن مەھسۇلات ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1.8 ھەسسە ئاشتى. 1984- يىلدىن كېيىن، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى، ئىقتىسادىي ھۆددىگەرلىك بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى بىلەن ئائىلىۋى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 33 مىليون 68 مىڭ 500 كىلوگىرامغا، تاۋار ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش 14 مىليون 375 مىڭ كىلوگىرامغا يېتىپ، ئايرىم- ئايرىم ھالدا قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 38.75% ۋە 44.2% ىنى ئىگىلىدى. 1983- يىلى، پاختا ئومۇمىي مەھسۇلاتى 214 مىڭ كىلوگىرام بولۇپ، بۇ، 1970- يىللاردىكىنىڭ 2.6 ھەسسىسىگە تەڭ بولدى. مايلىق دان ئومۇمىي مەھسۇلاتى 940 مىڭ 700 كىلوگىرامغا يەتتى. 1990- يىلىنى 1953- يىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 20 ھەسسە، دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 400 ھەسسە، ئاشلىق 60 ھەسسىدىن ئاشتى. 1990- يىلى دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 93 مىليون يۈەنگە، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 37 مىڭ 600 توننىغا، ئەمگەكچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 1370 يۈەنگە يەتتى.

1980- يىلى ئائىلىۋى دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇش، ئائىلىۋى ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، 1985- يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئىدارە بويىچە تۈرلۈك تىپتىكى ئائىلىۋى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى 1282 گە، ئىگىلىگەن تېرىلغۇ يېرى 32 مىڭ 845 موغا يېتىپ، مەيدان بويىچە ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 12% ىنى ئىگىلىدى. ئىگىلىگەن ئورمان يېرى 6.9% كە يەتتى. چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى 8.6% نى ئىگىلىدى، ھۆددىگەر ئىشچىلار 9085 كە يەتتى. 1985- يىلى ئائىلىۋى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 666 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، مەيداندىكى دېھقانچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 7.5% ىنى ئىگىلىدى. 1984- يىلى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى 9130 ئائىلە دېھقان ئىشچىغا ئولتۇراق ئۆي ئورنى، قالدۇرۇق يېرى ئۈچۈن 13 مىڭ 392 مو يەر ئايرىپ بەردى. بۇ ئايرىم- ئايرىم ھالدا ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ 97.2% ىنى، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 5.8% ىنى ئىگىلەپ، ئائىلىلەرگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1.47 مودىن توغرا كەلدى. «ھويلا- ئارام ئىگىلىكى» ياراتقان مەھسۇلات قىممىتى 1990- يىلى 18 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىم 14 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 119 يۈەندىن توغرا كەلدى.

2) چارۋىچىلىق: ئىدارە بويىچە ئىككى فېرما، توققۇز چارۋىچىلىق چوڭ ئەترىتى، 12 مىليون 659 مىڭ 400 مو تۈرلۈك ئوتلاقلىرى بولۇپ، چارۋىچىلىق ئەمگەك كۈچى ئىدارىدىكى ئىشچى- خىزمەتچىنىڭ 5.7% ىنى ئىگىلەيدۇ. 1983- يىلى يىل ئاخىرىدا قوتاندىكى چارۋا 155 مىڭ 200 تۇياق بولۇپ، 1960- يىلىدىكىدىن 1.5 ھەسسە، 1970- يىلىدىكىدىن 1.3 ھەسسە كۆپىيىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا 2.2 تۇياقتىن توغرا كېلىپ، يىللىق كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان گۆش 13.3 كىلوگىرامغا يەتتى؛ يىللىق گۆش مەھسۇلاتى 886 مىڭ 600 كىلوگىرام بولۇپ، بۇ 1960- يىلىدىكىدىن 1.9 ھەسسە، 1970- يىلىدىكىدىن 2.2 ھەسسە، 1980- يىلىدىكىدىن 1.3 ھەسسە كۆپ بولدى؛ چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 414 مىڭ 600 يۈەن بولۇپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 7.3% ىنى ئىگىلىدى. 1990- يىل ئاخىرى ئىدارە بويىچە قوتاندىكى چارۋا 206 مىڭ 645 تۇياققا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ چارۋا 8.13% نى، قوي 86.7% نى، باشقا چارۋىلار 5.17% نى ئىگىلەيدۇ. ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرىدىن يۇڭ 387.6 توننا، گۆش 1331 توننا، تۇخۇم 362 توننا بولۇپ، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 16 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

3) ئورمانچىلىق: 1950- يىللاردا، ئاساسلىق دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىنى مۇداپىئە قىلىش ئورمىنى يوللىرىنى كۆكەرتىش ئورمىنى بەرپا قىلىندى ھەمدە لىيەندۇيلەردىكى ئولتۇراق ئۆي رايونلىرىمۇ كۆكەرتىلدى. 1982- يىلى 2441 مو ئورمان بەرپا قىلىندى، 160 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. 1983- يىلى مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئائىلىۋى ئورمانچىلىق مەيدانلىرى قۇرۇلدى. دېھقان ئىشچىلىرى

ئورمان بەلۋېغى، مېۋىلىك باغچىلىرىنى «يېشىل بانكا» دەپ ئاتاشتى. شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىشتىكى ئىلغار ئورۇن ساقا دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ كىشى بېشىغا تىكىلگەن كۆچىتى 400 تۈپتىن ئاشتى. ئىدارە بويىچە كەسكەن ياغاچ ماتېرىياللىرى ئاساسلىقى ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆي قۇرۇلۇشلىرىغا، ئائىلە جابدۇقلىرى ياساشقا ئىشلىتىلدى. قىسمەن ياغاچ ماتېرىياللىرى ئورپان قاتارلىق جايلارغا سېتىلدى. ئىدارىدىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ ئۆزلەشتۈرۈلگەندىن بۇيانقى يىللاردا بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى 16 مىڭ 146 مو، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 5.8% نى ئىگىلەيدۇ. 1990- يىلى بەرپاقىلىنغان ئورمان كۆلىمى 30 مىڭ 144 مو بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا 470 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، 144 مو كۆچەتلىك، 27 مىڭ 17 مو ئورمانلىق بەرپا قىلىندى.

4) باغۋەنچىلىك. قۇمۇل دېھقانچىلىق رايونلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى مېۋە- چېۋە بازىسى بولۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىلمەكتە. دۇنيا بانكا قەرزىدىن پايدىلىنىپ 10 مىڭ مولۇق ئۈزۈمچىلىك بەرپا قىلىنىپ، 1990- يىلى خۇشاللىنارلىق ھوسۇل ئېلىنىپ، كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. 1986- يىلى ئىدارە بويىچە 30 مىڭ مو يەرگە قوغۇن تېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە سىرتقا سېتىلغىنى 27 مىڭ 570 توننا، قىممىتى 4 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى. سودا باشقارمىسىنىڭ دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىپ چىقىرىش پونكىتى سېتىپ چىقارغىنى 6.74 توننا بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئېلىنغان پايدا 70 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

4. سانائەت

1950- يىللارنىڭ دەسلىپىدە قوشۇمچە تۇرمۇش ماتېرىياللىرى كېلىش مەنبەسىنىڭ يېتىشمەسلىكى تۈپەيلىدىن لىيەندۈيلەردە قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئورۇنلىرى قۇرۇلدى. يەنە ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ كىيىم- كېچەك كارخانىسى، كىچىك تىپتىكى كۆمۈر كانى، ئۇن زاۋۇتى (قىزىل يۇلتۇز ئۇن زاۋۇتى) لىرى قۇرۇلدى، شور ئىشلەپچىقىرىلدى. 1960- يىللاردىكى بىۋاسىتە قاراشلىق سانائەت كارخانىسى ئۈچتىن يەتتىگە يەتتى. بىر قەدەر چوڭلىرىدىن قىزىل يۇلتۇز خىمىيە زاۋۇتى، قىزىل يۇلتۇز كۆن- خۇرۇم زاۋۇتى ۋە قىزىل يۇلتۇز دورا زاۋۇتى قاتارلىق كارخانا، زاۋۇتلار بولۇپ، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1960- يىلدىكى 390 مىڭ يۈەندىن 1970- يىلغا بارغاندا 2 مىليون 644 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، قۇمۇل ۋىلايىتى سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 13.13% نى ئىگىلىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى بىر ئىزدا توختاپ قېلىپ ئىلگىرىلىمىدى. 1985- يىلى يىل ئاخىرىدا، تۈمەن- مەيدانلاردا كىچىك زاۋۇت، كان، كارخانىلاردىن 39 بار بولۇپ، بۇ ئىدارىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئۈچ سانائەت ئورنى (قىزىل يۇلتۇز خىمىيە زاۋۇتى، قىزىل يۇلتۇز سېمونت زاۋۇتى، قىزىل يۇلتۇز كالتسىي پلاتسماتسا (سۇلياۋ) زاۋۇتى) بىۋاسىتە قاراشلىق بولۇپ، ئۇنىڭدا 3600 دىن كۆپرەك كەسپكار بار. ئىدارىنىڭ سانائەت ئومۇمىي قىممىتى 27 مىليون 910 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1980- يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 124.4% ئاشتى. بۇ، قۇمۇل ۋىلايىتى سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 17.9% نى ئىگىلەيدۇ، مەھسۇلاتى 30 خىلدىن ئاشىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە سۇلفات ئىشقارى، چوڭ سودا، سۇسىزلاندۇرۇلغان كۆكتاتلار خەلقئارا بازارلارغا كىرگۈزۈلدى. مەرمەر تاش توققۇز ئۆلكە، رايوندا كەڭ كۆلەمدە سېتىلدى. راكېتا دېھقانچىلىق مەيدانى ئىشلەپچىقارغان قەغەز، ساقا دېھقانچىلىق مەيدانى بىلەن قىزىل يۇلتۇز 3- مەيدانى ئىشلەپچىقارغان ھاراق، خىش ۋىلايەت دائىرىسىدە مەلۇم دەرىجىدە شۆھرەت قازاندى. 1990- يىلىدا، سانائەت كارخانىلىرى 55 كە (بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى تۈزۈلمىسىدىكى كارخانا 49) غا يېتىپ، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 115 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يەتتى، قۇمۇل ۋىلايىتى سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 33.2% نى ئىگىلەپ، 1980- يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 2.3 ھەسسە ئاشتى، ئاساسلىق مەھسۇلاتلار: تەبىئىي كۆمۈر، سۇلفات ئىشقارى، چوڭ سودا، سېمونت، قەغەز، ھاراق، كۆن- خۇرۇم، يېمەكلىك، قۇرۇلۇش

ماتېرىياللىرى، كونسېرۋا، تۇز، مەرمەر تاش، دولومىت تېشى، سۇسىزلاندۇرۇلغان پىياز قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئېلېكتر ئىستانسىسىدىن ئىككىسى بولۇپ، 1990- يىلى 860 مىڭ كىلوۋات سائەت توك چىقاردى.

1990- يىلى ترانسپورت كارخانىسىدىن 14 ى، يولۇچىلار ۋە مال توشۇش ئاپتوموبىلىدىن 213 ى بولۇپ، 8 مىليون 890 مىڭ كىلومېتىر يول يۈردى. يۈك توشۇش مىقدارى 630 مىڭ توننىغا يېتىپ، مال توشۇش ئوبوروت قىلىش مىقدارى 31 مىليون 460 مىڭ توننا كىلومېتىرغا يەتتى.

1990- يىلى بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش كارخانىسىدىن 10 ى بولۇپ، ئۇنىڭدا 1538 ئىشچى- خىزمەتچى ئىشلەيدۇ. سېلىنغان مۇقىم مەبلەغ 17 مىليون 790 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 8 مىليون 580 مىڭ يۈەن، ئۆزگەرتىپ يېڭىلاش مەبلىغى 8 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ؛ قۇرۇلۇش قىلىش كۆلىمى 30 مىڭ 228 كۋادرات مېتىر بولۇپ، سېلىنغان ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى مەبلەغ 15 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە، غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى مەبلەغ 2 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ. پۈتۈن ئىدارىنىڭ قۇرۇلۇش ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 25 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ.

5. دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى

1985- يىلىدىكى ئىدارىنىڭ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 3274.4 كىلوۋات، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور 285، ئۇنىۋېرسال كومباين 32، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ماشىنا 125، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇ پومپىسى 675، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى چاتما سايمانلار 625، دېھقانچىلىقتا قوللىنىلىدىغان سۇغىرىش ماشىنىلىرى 651، ھەر 10 مىڭ مو تېرىلغۇ يەرگە توغرا كەلگەن چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور 7.61 دانە، ھەر كىلوۋاتقا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 24 مو يەر توغرا كېلىدۇ. تراكتور بىلەن دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ يۈرۈشتۈرۈلۈشى 1:2.9، دېھقانچىلىق ماشىنا سايمانلىرىنىڭ مۇقىم مۈلكى دېھقانچىلىق مەيدانى مۇقىم مۈلكىنىڭ 45% نى ئىگىلەيدۇ، ماشىنا بىلەن تېرىش كۆلىمى 182 مىڭ 100 مو. بۇ، ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 67% نى ئىگىلەپ، ھەر مو ماشىنا ئارقىلىق تېرىلىدىغان يەرگە 50 يۈەن مەبلەغ كېتىدۇ. 1990- يىلى، ئىدارىنىڭ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 34 مىڭ 339 كىلوۋات، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور 178، قول تراكتورى 301، كومباين 28، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان يۈك ئاپتوموبىلى 62، ماشىنا ئارقىلىق تېرىلىدىغان يەركۆلىمى 194 مىڭ مو.

6. سودا

1950- يىلى قۇمۇل، باركۆللەردە قىسىمنىڭ نامى بىلەن ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ قىزىل يۇلتۇز بىرلەشمە كوپېراتىپلىرى قۇرۇلۇپ، قىسىمدىكى كوماندىر- ئەسكەرلەرنى پاي قوشۇپ مەبلەغ يىغىشقا سەپەرۋەر قىلدى. 1952- يىلى، شىمدىكى قىسىملاردا بىرلەشمە كوپېراتىپ تەسىس قىلدى. 1958 ~ 1965- يىلغىچە، ئىدارىنىڭ سودىسى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىپ، ئىشچى- خىزمەتچىسى 110 غا، ئومۇمىي كىرىمى 900 مىڭ يۈەندىن 1 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يىللىق ياراتقان پايدا 100 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا بولدى. 1980- يىلىدىن كېيىن، يېزا ئىگىلىكى، سودا- سانائەت بىرلەشتۈرۈلگەن يېڭى تىپتىكى سودا تۈزۈلمىسى يەنىمۇ راۋاجلاندى. ئومۇمىي خەلق، كوللېكتىپ، خۇسۇسىي قاتارلىق كۆپ خىل ئىگىلىك شەكىللىرى ۋە تىجارەت سودا تۈرلىرى زور مىقداردا بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ بىلەن دېھقانچىلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەيدانلىرىنىڭ سودىسى تېخىمۇ گۈللەندى. 1985- يىلى ئىدارە بويىچە تۈرلۈك سانائەت كارخانىلىرى 175 كە، ئىشچى- خىزمەتچىسى 428 گە يەتتى. تاۋار كىرگۈزۈش ئومۇمىي سوممىسى 18 مىليون 520 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئىجتىمائىي تاۋار ئوبوروت سوممىسى 24 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1954- يىلغا سېلىشتۇرغاندا ئايرىم- ئايرىم ھالدا 10.5 ھەسسە ۋە 6.8 ھەسسە كۆپەيدى. 1990- يىلى، ئىدارە بويىچە سودا ئاپپاراتى

193 كە، ئىشچى- خىزمەتچىسى 489 غا، يىللىق ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 38 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى سودىنىڭ تاۋار كىرگۈزۈش سوممىسى 9 مىليون 858 مىڭ يۈەن، سېتىپ چىقىرىش سوممىسى 28 مىليون 318 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

7. پەن- مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە ئىشلىرى

1990- يىلى ئىدارىدىكى پەن- تېخنىكا خادىملىرى 607 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئونۋانغا ئېرىشكەنلەر 39، پەن تەتقىقات ئاپپاراتىدىن توققۇزى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشچى- خىزمەتچىسى 203 گە يەتتى؛ پەن تەتقىقات تۈرىدە ئىدارە بويىچە پەن- تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلەر 83 .

1990- يىلى ئىدارە بويىچە 17 ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار 7287 گە، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى- خىزمەتچىلەر 335 گە يەتتى؛ 33 باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى- خىزمەتچىسى 559 غا، ئوقۇغۇچىلار 7593 كە يەتتى.

1990- يىلى ئىدارە بويىچە سەككىز دوختۇرخانا، 14 ئامبۇلاتورىيە، بىر كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى بار بولۇپ، ئۇنىڭدا 656 كارىۋات بار. سەھىيە تېخنىكا خادىملىرى 642 گە يەتتى.

1990- يىلى ئىدارىدا كىنو قويۇش ئورنىدىن 13، قىرائەتخانا، كۈلۈپ ئېچىش ئورنى ۋە سىملىق رادىئو ئۆزېلى بولۇپ، ئۇ ھەر قايسى تۇەن (مەيدان)، ليەنلەرگىچە ئومۇملاشتى، ئىدارىنىڭ تېلېۋىزور بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 90% تىن ئاشىدۇ.

## §4. دېھقانچىلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۇەن، مەيدانلار

سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، بوز يەر ئېچىپ ئېتىز بەرپا قىلىپ تۇپراق ياخشىلاندى. 1953- يىل 6- ئايدا يېزا ئىگىلىك 5- شىسى: «قىزىل يۇلتۇز 1-، 2-، 3- دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى ئېچىش ۋە قۇرۇشنى ئاساس قىلغان ھالدا شارائىت يارىتىپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، تۇپراقنى ياخشىلاشقا بىرلەشتۈرۈپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى كېڭەيتىش» فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويدى. قۇمۇل بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەيدانى چەكسىز كەتكەن شورتاڭلىق يەر بولۇپ، بوز يەر ئېچىپ ئېتىز بەرپا قىلىشتا مۇھىمى شورلۇق تۇپراقنى ياخشىلاشتىن ئىبارەت. تەكشۈرۈشكە قارىغاندا 60 سانتىمېتىر قېلىنلىقتىكى تۇپراق قاتلىمىنىڭ شور مىقدارى 8% تىن 12% كىچە، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 30% ~ 40% كىچە بارلىقى، يەنە 15 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا كرىستال شور قاتلىمى بارلىقى ئېنىقلاندى. قىزىل يۇلتۇز 2- مەيدانىنىڭ تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، ھەر مو شورلۇق يەردە 40 تونىنا نىترات ۋە شور، ئالتە تونىنا تۇز چىقىپلا قالماي، بەلكى يەر ئاستى سۇ ئورنىمۇ يەر يۈزىدىن پەقەت 1.5 مېتىردىن ئېگىزكى مېتىرغىچىلا بولۇپ، شورلىشىش نىسبىتىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، بۇنداق يەردە تېرىقچىلىق قىلىشقا مۇمكىن بولمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ قىزىل يۇلتۇز 1-، 2-، 3- دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا بوز يەر ئېچىش-قۇرۇشنى ئاساس قىلىپ، شور تاڭلىق بىلەن كۆرەش قىلىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. جەڭچىلەر شورلۇقتا ئىشلەپ پۇتلىرى يېرىلىپ، قاناپ كەتكىنىگە قارىماي، ئاز- تولا ماي سۈرتۈپ ئىشلەشنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى؛ ياز كۈنلىرى قۇمۇشلۇقلار ئارىسىدا پاشىلار چېقىپ تۇرسىمۇ، بوران- يامغۇرلۇق كۈنلەردىمۇ ئىشنى توختاتمىدى. يەر سۇغىرىۋاتقان بەزى چاغلاردا توساتتىن يەر ئۆيۈلۈپ كىرىپ كېتىپ، «تېگى يوق ئۆڭكۈر» لەر پايقىلىپ،

چەكچىلەر ئارغامچا بىلەن بىلىنى باغلاپ تارتقۇزۇپ، ئۆڭكۈرنى دەسسەپ تىندۇراتتى. بىر مو يەرنىڭ شورىنى سۇ ئارقىلىق چىقىرىش ئۈچۈن ئادەتتە كۆپ قېتىم سۇغارغاندىلا ئاندىن شورنى يوقاتقىلى بولىدۇ. بەزى رايونلاردىكى شورنى يوقىتىش ئۈچۈن بۇ يەرلەرگە ھەتتا ئىككى، ئۈچ يىل سۇ كۆللەپ قويۇلاتتى. قىسمىدىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش چەكچىلىرى ئەنئەنىۋىدىكى جاپا- مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، تۇپراقنى ياخشىلاپ بوز يەر ئېچىپ، ئېتىز بەرپا قىلىشنى ھەر يىلى 30 ~ 40 مىڭ مو يەر ئېچىش سۈرئىتى بىلەن داۋاملاشتۇرۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنى بىر- بىرلەپ قۇرۇپ چىقتى.

1. قۇمۇل ئويمانلىقىدىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلىرى

1) قىزىل يۇلتۇز 1- مەيدانى. قۇمۇل شەھەر رايونىنىڭ شەرقىدىكى سەككىز كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى ئېردوخو دېگەن رايونغا جايلاشقان بولۇپ، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 15.04 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 15.68 كىلومېتىر كېلىدۇ. پىلانلانغان ئومۇمىي يەر كۆلىمى 237 مىڭ مو بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئېچىشقا بولىدىغان بوز يەر كۆلىمى 50 ~ 60 مىڭ مو، ئېچىلغان بوز يەر 23 مىڭ مو، پايدىلانغىلى بولىدىغان ئوتلاق 100 ~ 110 مىڭ موغا يېتىدۇ. 1952- يىلى مەيدان قۇرۇلۇپ، 1957- يىلى ھازىرقى نامى قويۇلدى. ئىككى ئەۋلاد كىشىلىرىنىڭ ئېچىپ قۇرۇشى ئارقىلىق، نەچچە 10 مىڭ يىللار قاقاس تۇرغان شورتاڭلىقلار 10 مىڭ مولۇق ياخشى ئېتىز ۋە بوستانلىقلارغا ئايلاندى.

1990- يىلى مەيداننىڭ 4694 ئادىمى، 28 مىڭ 500 مو تېرىلغۇ يېرى، 8340 مو يەردە باغ ئورمىنى (بۇنىڭ ئىچىدە مېۋىلىك بېغى 3900 مو، ئۈزۈملۈكى 3075 مو) بولۇپ، دېھقانچىلىقنىڭ ماشىنىلىشىش دەرىجىسى 85% كە يېتىپ، 10 دىن كۆپرەك سانائەت ئورنى ۋە يېزا- بازار كارخانىسى قۇرۇلدى. 1990- يىلدىكى سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 25 مىليون 60 مىڭ يۈەن بولۇپ، يىللىق يارىتىلغان پايدا 2 مىليون 122 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دېھقانچىلىق جەھەتتە، مەزكۇر مەيدان قۇرغاقچىلىق ۋە ھۆلچىلىك ۋاقىتلاردىمۇ مول ھوسۇلغا كاپالەتلىك قىلىدىغان، مۇقىم يۇقىرى مەھسۇلاتلىق 10 مىڭ مولۇق كېۋەز بازىسى ۋە 1000 مولۇق ئۈزۈمچىلىك بازىسى قۇردى. «خۇگيۇ 2- نومۇرلۇق» تاۋۇزى ئاپتونوم رايونلۇق 2- قېتىملىق قوغۇن مۇسابىقىسىدا 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 15 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 2672 توننىغا، پاختا ئومۇمىي مەھسۇلاتى 621 توننىغا، ئۈزۈم ئومۇمىي مەھسۇلاتى 2317 توننىغا، تاۋۇز ئومۇمىي مەھسۇلاتى 2000 توننىغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈزۈم تۈرىدىلا ئېلىنغان پايدا 568 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سانائەت جەھەتتە مۇقىم مەبلەغ 3 مىليون 20 مىڭ يۈەن بولۇپ، مەھسۇلات تۈرى 40 خىلدىن ئاشتى. سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليون 650 مىڭ يۈەن. ئاشلىق، ياغ پىششىقلاش زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان ئۇن 8000 تونىنا، ئۆسۈملۈك مېيى 70 تونىنا، چىگىت 1000 توننىغا يەتتى. كۆكتات سۇسىزلاندۇرۇش زاۋۇتىدا ھەر يىللىق سۇسىزلاندۇرۇلغان ھەر خىل كۆكتاتلار 700 توننىغا يەتتى. مېۋە پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقارغان كونسېرۋاسى 1 مىليون قۇتىغا يېتىدۇ. تيەنخۇ كانىدىن يىللىق ئىشلەپچىقىرىلغان دولومىت مىنېرالى 100 مىڭ توننىغا يەتتى. قۇرۇلۇش شىركىتى دۆنخۇاڭ چىڭخەي نېفىتلىكىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى ئۇدا سەككىز يىل ھۆددىگە ئېلىپ ئىشلەپ، قۇرۇلۇشنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتىنى % 100 كە، سۈپەتلىك بولۇش نىسبىتىنى 90% كە يەتكۈزدى. مەيدان بويىچە دەسلەپكى قەدەمدە دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلارنى پىششىقلاپ ئىشلەشنى باشلامچى قىلىش، كان مەھسۇلاتلىرى، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، قۇيمىچىلىق قاتارلىقلار ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان سانائەت سىستېمىسى شەكىللەندۈرۈلدى.

1990- يىلى مەيداندا بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، بىر باشلانغۇچ مەكتەپ، بىر ئىشچى- خىزمەتچىلەر دوختۇرخانىسى، بەش شىپاخانا بولۇپ، كارخۇتى 50 كە يەتكۈزۈلدى. ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق كىرىمى 2014 يۈەنگە يەتتى.

2) قىزىل يۇلتۇز 2- مەيدانى: تەڭرىتاغ تىزمىلىرىنىڭ شەرقىي قىسمىغا، باركۆل تاغلىرىنىڭ جەنۇبىغا، قۇمۇل شەھىرى تەۋەسىدىكى قوشتىكەن رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، شەرق قۇمۇل شەھىرى رايونىغا 30 كىلومېتىر كېلىدۇ. قاتناش قولايلىق. پۈتۈن مەيدان شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 15 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 21 كىلومېتىر بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 126.7 كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىدۇ. مەزكۇر مەيدان 1953- يىل 7- ئايدا قۇرۇلدى، 1957- يىلى ھازىرقى نامى قويۇلدى.

1990- يىلى دېھقانچىلىق مەيدانى قارمىقىدا 24 لىيەن دەرىجىلىك ئورۇن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق ئورنىدىن 10 ى بار. مەيداننىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 5867 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى- خىزمەتچىسى2715، تېرىلغۇ مەيدانى 31 مىڭ 300 مو، ئورمان يېرى 4952 مو (بۇنىڭ ئىچىدە باغ يېرى 1664 مو)، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 15.8%. دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئىشلىتىلىۋاتقان ماشىنىلارنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 4404.8 كىلوۋاتقا، ماشىنىلىشىش سەۋىيىسى 90% كە يەتتى. مەيداندا غول ئۆستەڭدىن بىرى بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 37.4 كىلومېتىر، ئۇنىڭ سۇ ئاقتۇرۇش ئىقتىدارى 4.75 كۇب مېتىر /سېكونتقا يەتتى. چېپىلغان زىيەكەش 135 تارام. 108 ماشىنىلاشقان قۇدۇق بولۇپ، بۇنىڭدىن يۇرۇشلەشكىنى 100. ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 4320 تونناا بولۇپ، پاختىنىڭ يىللىق مەھسۇلاتى 1000 تونىنىغا يەتتى. مەيدان قارمىقىدىكى بىرلەشمە يېمەكلىك زاۋۇتى فۇجيەن، تەيۋەنجىنلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ تىجارەت قىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭدا ئاساسلىق سۇسىزلاندۇرۇلغان كۆكتات پىششىقلاپ ئىشلىنىدىغان بولۇپ، يىللىق مەھسۇلاتى 800 ~ 1000 تونىنىغا يېتىپ، غەربىي شىمال بويىچە ئەڭ چوڭ سۇسىزلاندۇرۇلغان كۆكتات ئىشلەش زاۋۇتى بولۇپ قالدى. ئىشلەپچىقىرىلغان سۇسىزلاندۇرۇلغان پىياز، تاتلىق مۇچ قاتارلىق كۆكتاتلار ياپونىيە، كورىيە، گېرمانىيە، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە سېتىلدى. مەيدان قارمىقىدىكى خىمىيە سانائەت زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان سۇلفات ئىشقارى، كۆيدۈرگۈچى ئىشقار، مىرابىلىت پاراشوكى ئىچكىرىدىكى 10 دىن ئارتۇق ئۆلكىلەردە سېتىلدى. 1990- يىلى مەيداننىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 28 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە، مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 12 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە، يېزا- بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 845 مىڭ يۈەنگە، ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 4 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە، مۇقىم مۈلكى 8 مىليون 628 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 33 مىليون 600 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 17 مىليون 530 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، دۆلەتكە تاپشۇرغان باج پايدىسى 1 مىليون 780 مىڭ يۈەن بولۇپ، پايدا 1 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق كىرىمى 2014 يۈەنگە يېتىپ، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم 1074 يۈەنگە يەتتى. مەيدان بويىچە پەن- تېخنىكا خادىملىرىدىن 193 ئادەم بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك ئۇنۋان ئالغانلار ئۈچ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋان ئالغانلار 25، پەن- تېخنىكا تۈرلىرىدىن ئۈچ تۈر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. دېھقانچىلىق مەيدانىدا پەرزەنتلەر مەكتىپى، كىنوخانا، باللار باغچىسى، ئىشچى- خىزمەتچىلەر كۇلۇبى قاتارلىقلار تەسىس قىلىندى. ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار 1100 گە، مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 99.9% كە يېتىپ، تولۇقسىز مائارىپ ئومۇملاشتى. دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئىشچى- خىزمەتچىلەر دوختۇرخانىسى، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى، لىيەندۈيلەردە شىپاخانا تەسىس قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭدا تېببىي خادىملار 41 گە، كارىۋات 50 كە يېتىپ، ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ ھۆكۈمەت خىراجىتىگە داۋالىنىش، باللارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش- داۋالاش يولغا قويۇلدى. 1990- يىلى، پۈتكۈل پارتكومى تەرىپىدىن پۈتكۈل روھىنى جارى قىلدۇرغان قىزىل بايراقدار ئورۇن دەپ نام بېرىلدى.

3) قىزىل يۇلتۇز 3- مەيدانى: قۇمۇل شەھىرىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، شەھەر رايونىغا تۆت كىلومېتىر كېلىدۇ، پۈتۈن مەيداننىڭ ئۇزۇنلۇقى 5.5 كىلومېتىر، كەڭلىكى 4.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1954- يىلى قۇرۇلدى،

1975- يىلى ھازىرقى نامغا ئۆزگەرتىلدى. بۇ بىڭتۈەن دېھقانچىلىق مەيدانى قارمىقىدىكى يىڭ دەرىجىلىك ئورۇن، بۇنىڭ قارمىقىدا 18 لىيەن دەرىجىلىك ئورۇن تەسىس قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سەككىز لىيەن بار.

1990- يىلى ھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 2271 بولۇپ، ئىشچى- خىزمەتچىسى 1049. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 18 مىڭ 300 مو، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 4400 مو. بۇ يەرلەردە ئاساسلىقى ئۈزۈم، قوغۇن، ئۆرۈك، نەشپۈت قاتارلىق مېۋىلەر ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. بۇنىڭ 2000 مودىن ئارتۇق يېرىدە ئۈزۈمچىلىك بازىسى، 1000 مودىن ئارتۇق يېرىدە چىلان، نەشپۈت، ئۆرۈك، ئالما قاتارلىق مېۋىلەر بار. 1990- يىلى ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 8 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە، مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 3 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە، مىللىي دارامەت 3 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە، مۇقىم مۈلۈك 2 مىليون 124 مىڭ يۈەنگە يەتتى، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 8 مىليون 70 مىڭ يۈەن بولۇپ، بۇنىڭدا ئىشلەپچىقىرىلغان پاختا 91 توننا، ئاشلىق 464 توننا، مېۋە- چېۋىلەر 3101 توننا، گۆش 4.3 توننا. ئورمانىنىڭ قاپلىنىش نىسبىتى 7.7%، ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىمى 1671 يۈەنگە يېتىپ، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم 818 يۈەنگە يەتتى. مەيدانىنىڭ قاتنىشى قولايلىق، ئالاقىلىشىش ئۈسكۈنىلىرى بىر قەدەر ياخشى. مەيداندىكى 18 ئورۇن بىلەن مەيدان قوماندانلىق ئورگانلىرىنىڭ ھەممىسىدە شەھەر ئىچىدىكى پروگراممىلىق تېلېفونلار ئىشلىتىلىدۇ. دېھقانچىلىق مەيدانىدا كىنو قويۇش ئەترىتى ۋە قىرائەتخانا بار بولۇپ، رادىئو ئوزېلى، ئالاقىلىشىش پونكىتى تەسىس قىلىنغان. ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپتىن ھەر بىرىدىن بىردىن بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار 580 گە، ئوقۇتقۇچىلار 30 غا يەتتى، يەنە يېزا ئىگىلىك رادىئو مەكتىپى بولۇپ، ئوقۇغۇچىسى 45 كە يەتتى. پەن- تېخنىكا خادىملىرى 62 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 11 ئىنژېنېر، بەش تۈردە ۋىلايەتنىڭ پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. مەيداندا بىر دوختۇرخانا، 20 كارىۋات بولۇپ، تىببىي خادىملىرى 23.

4) قىزىل يۇلتۇز 4- مەيدانى: قۇمۇل شەھەر رايونىغا 49 كىلومېتىر كېلىدۇ. قۇمۇل شەھىرىنىڭ بۆلۈكتوغراق يېزىسى بۇ مەيداننى جەنۇب ــ شىمالدىن ئىبارەت ئىككى بۆلەككە ئايرىپ تۇرىدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 481 مىڭ مو بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش يەر كۆلىمى 220 مىڭ مو، ئوتلاق 99 مىڭ. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 20 مىڭ 80 مو بولۇپ، كىشى بېشىغا 5.94 مودىن توغرا كېلىدۇ.

1990- يىلى بۇ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ نوپۇسى 3500 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى- خىزمەتچىلەر 1540. مۇقىم مۈلۈكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 1 مىليون 830 مىڭ يۈەن، ماشىنىلارنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 3130 كىلوۋات بولۇپ، ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە، مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 2 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە، ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىمى 1649 يۈەنگە يېتىپ، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم 865 يۈەنگە يەتتى. 3000 مو يەرگە تېرىلغان قوغۇننىڭ مەھسۇلات مىقدارى 8000 تونندىن كۆپرەككە يېتىپ، قوغۇن يۇرتىغا ھەقىقىي ۋارىسلىق قىلىش چىرايلىق نامى بىلەن، ئاپتونوم رايوننىڭ 2- نۆۋەتلىك قوغۇن مۇسابىقىسىدە 2- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 3140 مو باغۋاران بار. 28 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا تاش بىلەن قوپۇرۇلغان غول سۇغىرىش ئۆستىڭى، تۆت ئارتېزىيان قۇدۇقى بار. دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 126.677 كىلوۋات بولۇپ، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى ماشىنىلاشتۇرۇش دەرىجىسى 77% كە يەتتى. سانائەت قوشۇمچە كەسىپ ئورنىدىن تۆتى بولۇپ، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 739 مىڭ يۈەن، ئۇنىڭدا ئىشلەيدىغان ئىشچى- خىزمەتچىلەر 158. بىر مائارىپ مەركىزى، ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى 38، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار 430. ئىشچى- خىزمەتچىلەر دوختۇرخانىسىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا 30 كارىۋات بار. لىيەندۈيلەردە شىپاخانا بولۇپ، تىببىي خادىملىرىدىن 27 بار.

5) ساقا دېھقانچىلىق مەيدانى: قۇمۇل شەھەر رايونىنىڭ شەرقىگە 20 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا بولۇپ، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 10 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 78 كىلومېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 650 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. دۆلەت يولى 312- لىنىيىسى مەزكۇر مەيدانىنى جەنۇب ۋە شىمالدىن ئىبارەت ئىككى بۆلەككە ئايرىپ تۇرىدۇ. بۇ يەر ئەسلى «قاقاس ئېتىزلىق» نامى بىلەن ئاتىلاتتى. 1958- يىلىدىن كېيىن «قاقاس ئېتىزلىق» ئېچىلىپ، «بوستانلىق» قا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن ھازىرقى ئىسمىغا ئۆزگەرتىلدى. 1983- يىلى دۆلەتلىك كۆكەرتىش كومىتېتى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە كۆكەرتىشتە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 50% كە يېتىپ، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى بويىچە ئالدىنقى قاتاردا بولۇپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان دەل- دەرەخ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 400 تۈپتىن توغرا كېلىدۇ. 1985- يىلىدىن بۇيان، كان ئېچىش، ھاراق ئىشلەش، چىگىت چىقىرىش، سۇ- سىزلاندۇرۇلغان كۆكتاتلارنى پىششىقلاپ ئىشلەش، سانائەت بۇيۇملىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق كەسىپلەر جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. سانائەت قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئىشچى- خىزمەتچىلەر، ئىشچى- خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 27% ىنى ئىگىلەيدۇ. ئىشلەپچىقىرىلغان مەرمەر تاش، ئۇششاقلىتىلغان مەرمەر تاش ۋە قوغۇشۇن- سىنك كان تاشلىرى شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدا سېتىلدى. دۇنيا بانكا قەرزىدىن پايدىلىنىپ ئۆزۈمچىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە، قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ 1000 مولۇق، 1000 توننا ئۆزۈم ئىشلەپچىقىرىدىغان دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

1990- يىلى بۇ دېھقانچىلىق مەيدانىدا 8000 دىن كۆپرەك ئادەم بولۇپ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 35 مىڭ موغا يېتىپ، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 3408 تونىنغا، پاختا ئومۇمىي مەھسۇلاتى 416 تونىنغا، دېھقانچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 18 مىليون 610 يۈەنگە، چارۋا ماللارنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قوتاندا ساقلىنىشى 44 مىڭ تۇياققا، بېلىق 100 مىڭغا، ئورمان يېرى 13 مىڭ 80 موغا يەتكۈزۈلدى. قاتنىشى قولايلىق بولۇپ، 37 چوڭ ئاپتوموبىلى، ئىككى پىكاپى بار. پۈتۈن كۈنلۈك بىر مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ بار. بۇ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى 40 قا، ئوقۇغۇچىلىرى 800 گە يېتىدۇ؛ باشلانغۇچ مەكتەپتىن توققۇزى بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلىرى 60، ئوقۇغۇچىلىرى 975، ئوقۇش يېشىغا يەتكەن ئۆسمۈرلەرنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 100% كە يەتتى. ئىشچى- خىزمەتچىلەر دوختۇرخانىسىدىن بىرى، شىپاخانىدىن 10 ى بار بولۇپ، تېببىي خادىملىرى 50 كە يېتىدۇ. 1985- يىلى دېھقانچىلىق مەيدانىدا دېھقانچىلىق پەن- تېخنىكا پونكىتى قۇرۇلدى. 1990- يىلى زىرائەتلەردىكى كېسەللىك ھاشاراتلارنى تەكشۈرۈپ مەلۇم قىلىش پونكىتى قۇرۇلدى.

6) راكېتا دېقانچىلىق مەيدانى: ئۇ قۇمۇل ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالى چېتىگىرەك جايلاشقان، دېھقانچىلىق مەيدان شتابى قۇمۇل پويىز ئىستانسىسىغا يەتتە كىلومېتىر كېلىدۇ، قاتنىشى قولايلىق. 1959- يىل 1 - ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك راكېتا دېھقانچىلىق مەيدانى دەپ ئاتالدى. 1982- يىلى قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسىغا قاراشلىق بولدى. 1990- يىلى بۇ مەيداندا 7674 ئادەم بار، 1985- يىلى بۇ مەيدان شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى بويىچە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە ئىلغار ئورۇن دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

1989 ~ 1990- يىللىقچە بىڭتۈەن بويىچە ئۇدا ئىككى يىل بۇغدايدىن مول ھوسۇل ئېلىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

1990- يىلى، بۇ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 960 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 440 مىڭ موغا، ئورمان 3466 موغا، باغ 4700 موغا يېتىپ، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 19% كە، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن تېرىلغۇ يەر 5.7 موغا يەتتى. دېھقانچىلىقى قۇدۇق سۈيىگە تايىنىدۇ. ئاساسلىقى قۇرۇق ئۈزۈم، قوغۇن ۋە گىلەم ئىشلەپچىقىرىدۇ.

1990- يىلى بۇ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 23 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە (بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 13 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە) يەتتى. بۇنىڭدىكى ساپ پايدا 1 مىليون 586 يۈەنگە ئەمگەك كۈچلىرىگە توغرا كەلگەن كىرىم ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1853.42 يۈەندىن، كىشى بېشىغا 841 يۈەندىن توغرا كەلدى. 1988- يىلى، بۇ دېھقانچىلىق مەيدانى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن يېزا ئىگىلىكىدىن 10 يىل مول ھوسۇل ئالغان ئىلغار ئورۇن، دېگەن نامغا ئېرىشتى. چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى 92 گە، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى مۇقىم مۈلكى 1 مىليون 812 مىڭ يۈەن، 306 ماشىنىلاشقان قۇدۇق بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغىنى 197، ھەر بىر قۇدۇقنىڭ ئەڭ چوڭ سۇ چىقىرىش مىقدارى 0.045. كۇب مېتىر / سېكونتقا يېتىدۇ. 1987 ~ 1989- يىللىرىچە دۇنيا بانكىسىنىڭ 4 مىليون 300 مىڭ يۈەن قەرز پۇلىدىن پايدىلىنىپ، 2974 مو يەرگە ئۈزۈم كۆچىتى تىكتى. 1990- يىلى بۇنىڭدىن ئېلىنغان ھۆل ئۈزۈم جەمئىي 2130 تونىنا، قۇرۇتۇلغان سۇپەتلىك قۇرۇق ئۈزۈم 340 تونىنا، مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 120 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن يارىتىلغان پايدا 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى. چارۋا ماللارنىڭ قوتاندا ساقلىنىشى 7503 تۇياققا يەتتى. باغ- ۋاران كۆلىمى 7739 مو بولۇپ، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 19% كە يەتتى. مەلۇم كۆلەمگە ۋە تېخنىكا ئۇسكۈنىلىرىگە ئىگە مەيدان باشقۇرۇشىدىكى بەش سانائەت كارخانىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا قەغەز ياساش، چاق يېگىلاش، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق 10 دىن ئارتۇق ئىشلەپچىقىرىش تۈرلىرى بولۇپ، بۇنىڭدىكى قىسمەن مەھسۇلاتلار خەلقئارا بازارلارغا كىرگۈزۈلدى. سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە، ياراتقان پايدا 600 مىڭ يۈەندىن كۆپرەككە، يېزا- بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 420 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مەيدان بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ 423 ئىشچى- خىزمەتچىسى بولۇپ، مۇقىم مۈلكى 870 مىڭ يۈەن، ئايلانما مەبلەغ 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن. بۇ دېھقانچىلىق مەيدانىدا 12 سودا ماگىزىنى ۋە ۋاكالىتەن سېتىش ئورنى بولۇپ، يىللىق ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە، ئىككى بازارنىڭ سودىدا كېلىشىش سوممىسى 60 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇ مەيداندا بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، تۆت باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ، 172 ئوقۇتقۇچى، ئىشچى- خىزمەتچىسى بار، ئوقۇغۇچىلار 1537، مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 98%، ئومۇملاشتۇرۇش نىسبىتى 95% بولدى. يەنە بىر يېزا ئىگىلىك رادىئو مەكتىپى بولۇپ، بۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقانلار 105. تۈرلۈك پەن- تېخنىكا خادىملىرى 242 . بۇ مەيداندا بىر ئىشچى- خىزمەتچىلەر دوختۇرخانىسى، بىر كېسەللىكتىن مۇداپىئە كۆرۈش پونكىتى بار، لىيەندۈيلەردە يەتتە شىپاخانا، 59 تىببىي خادىم، 50 كارىۋىتى بار. ئىككى كىنو- تىياتىرخانا، بىر كىنو قويۇش ئەترىتى بار. 70% ئىشچى- خىزمەتچىنىڭ تېلېۋىزورى، 26 مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش ئورنى ۋە قىرائەتخانا بار. رادىئو 42 ئائىلىلەر نۇقتىسىغا تارقالدى.

7) **توغۇچى دېھقانچىلىق مەيدانى:** 1960- يىل 5- ئايدا توغۇچى يېزىسى ئاۋانگارت خەلق گۇڭشېسىدىن يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئۆزگەرتىلدى. 1975- يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسىغا تەۋە بولدى. 1982- يىل 4- ئايدا پۈتۈن قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قارمىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. بۇ مەيدان قۇمۇل بوستانلىقىنىڭ ئەڭ غەربىي قىسمىدا بولۇپ، قۇمۇل شەھىرىگە غەربىي شىمالدىن 65 كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا جايلاشقان. بۇ مەيدان جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 39 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 23 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ مەيداننىڭ يەر كۆلىمى 1 مىليون 800 مىڭ مو، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 40 مىڭ مو، ئوتلىقى 130 مىڭ مو، ئورمانلىقى 6000 مو بولۇپ، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 25% نى ئىگىلەپ، كىشى بېشىغا 2.4 مودىن تېرىلغۇ يەر توغرا كېلىدۇ. كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى مول، قۇياش ئېنېرگىيە رادىئاتسىيىسىنىڭ يىللىق ئومۇمىي مىقدارى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 633.88 كىلو جوئۇل / كۇۋادرات مېتىر، چىڭخەي- شىزاڭ ئېگىزلىكىدىن قالسىلا مەملىكەت بويىچە قۇياش ئېنېرگىيە بايلىقى ئەۋزەللىككە ئىگە رايونلارنىڭ بىرى. بۇ

دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ 34 كىلومېتىر كېلىدىغان كۆكيار ئۆستەڭى سۈيىنىڭ يىللىق سۇغىرىش مىقدارى 13 مىليون 44 مىڭ كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ يىللىق سۇغىرىش مىقدارى 6 مىليون 720 مىڭ كۇب مېتىرغا، كارىز، بۇلاق سۇلىرىنىڭ يىللىق سۇ ئاقتۇرۇش مىقدارى 234.9 كۇب مېتىرغا، تۇلۇك قۇدۇقلىرىنىڭ سۇ چىقىرىش مىقدارى 2 مىليون 520 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. تەبىئىي كۆمۈر، قىزىل توپا قاتارلىق كان مەھسۇلاتلىرى بار.

1990- يىلى بۇ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ 9367 ئادىمى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئىشچى- خىزمەتچى 4210، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىرى 3448، بۇ ئىشچى- خىزمەتچىلەر سانىنىڭ 81.9% نى ئىگىلەيدۇ. 1990- يىلى ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 4 مىليون 700 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، يۇقىرىغا تاپشۇرىدىغان ئاشلىق 300 مىڭ كىلوگرامغا يېتىدۇ. قورۇتۇلىدىغان مېۋىلەردىن 1638 مو يەردىكى ئۈزۈملۈك، 120 مو يەردىكى چىلانلىق ئاساس قىلىنىدۇ. چارۋا ماللارنىڭ قوتاندا ساقلىنىشى 31 مىڭ تۇياققا يەتتى. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە، سانائەت قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سودا تور نۇقتىسىدىن 11 ى بولۇپ، ئۇنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە، پايدا كىرىمى 45 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 2969 كىلوۋات، ھەر خىل تىپتىكى تراكتورلار 117، جەمئىي قۇۋۋىتى 1467.8 كىلوۋات. بۇ مەيداندا ئوتتۇرا- باشلانغۇچ مەكتەپتىن توققۇزى بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار 2118، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى- خىزمەتچىلەر 183، مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇش نىسبىتى 95% ئۆمۈملىشىش نىسبىتى 84% كە يەتتى. مەيدان بويىچە تېخنىك ئۇنۋانىدىن يۇقىرى ئۇنۋان ئالغانلار 210 . بۇ مەيداندا يەنە بىر دېھقانچىلىق پەن- تېخنىكا پونكىتى بار.

بۇ مەيداندا بىر ئىشچى- خىزمەتچىلەر دوختۇرخانىسى، بەش ئاساسىي قاتلام شىپاخانىسى، بىر كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى، 25 كارىۋات بار، تىببىي خادىملىرى 37 گە يەتتى.

دېھقانچىلىق مەيداندا 3- دەرىجىلىك تاشيولدىن 10 كىلومېتىر، دەرىجىگە توشمايدىغان تاشيوللاردىن 85 كىلومېتىر بولۇپ، تاشيوللارنىڭ كۆكەرتىلىش مۇساپىسى 3.5 كىلومېتىرغا يەتتى.

1990- يىلى بۇ دېھقانچىلىق مەيداندا 14 ئاپتوموبىل، 3000 دىن ئارتۇق ھارۋا، 114 كىچىك تىپتىكى تراكتور بولۇپ، يۈك يۆتكەش مىقدارى 800 مىڭ توننا كىلومېتىرغا يېتىپ، ترانسپورت كىرىمى 200 مىڭ 50 يۈەنگە يەتكۈزۈلدى.

8) قىزىل يۇلتۇز 2- فېرمىسى: قۇمۇل شەھىرىنىڭ ئەڭ شەرقىدىكى شوپۇل يېزىسى تەۋەسىدە بولۇپ، مەيدان قوماندانلىق شتابى قۇمۇل شەھەر رايونىغا 130 كىلومېتىر، جۇڭگو - موڭغۇلىيە چېگرىسىغا 100 كىلومېتىرغىچە كېلىدۇ. بۇ مەيدان ئاساسلىقى ناغلىق رايوندىكى چارۋىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىقتىن تەركىب تاپقان. شەرقتىن غەربكە 37 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 14 كىلومېتىر كېلىدۇ؛ دېھقانچىلىق رايونى شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 12 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى توققۇز كىلومېتىر كېلىدۇ. تۆگىچىبۇلاق مەزكۇر فېرمىنىڭ ئوت- بوغۇز بازىسى بىلەن پاختا بازىسىغا ئايلىنىپ قالدى. بۇ مەيدان 1959- يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، مەيدانىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 590 مىڭ مو كېلىدۇ (ماجۇاڭشەن بۇنىڭ سىرتىدا)، فېرمىنىڭ تەبىئىي شارائىتى ناچار، قوي بېقىشنى ئاساس قىلغان، دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن ئورۇن. دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق ئەترىتىدىن ھەر قايسىسىدىن بىرسى، بوز يەر ئېچىش ئەترىتى بىلەن تراكتور ئارقىلىق يەر ئاغدۇرۇش ئەترىتىدىن ھەر قايسىسىدىن بىردىن بار. ئومۇمىي نوپۇسى 1498 (بۇنىڭ ئىچىدە قازاق مىللىتى 54% نى ئىگىلەيدۇ)، ئىشچى- خىزمەتچىلەر 449، بۇنىڭ ئىچىدە فېرما ئىشچىسى 185، دېھقان ئىشچىلار 208، تۈرلۈك كەسپىي خادىملار 56. 1990- يىلى بۇ فېرمىدىكى چارۋا مال 19 مىڭ 300 تۇياق، تېرىلغۇ يەر 4500 مو بولۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 360 مىڭ يۈەن، بۇنىڭدىكى زىيان 163 مىڭ يۈەن، ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 1150.9 يۈەنگە، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىم 397 يۈەنگە يەتتى. دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىنى مۇداپىئە

قىلىش ئورمىنى 215 مو، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 9.8% كە يېتىدۇ. يىللىق ئىشلىتىلىدىغان توك مىقدارى 220 كىلوۋات سائەتكە يېتىدۇ. تۈرلۈك ماشىنىلاردىن 47 يۈرۈش بولۇپ، ئومۇمىي قۇۋۋىتى 723.9 كىلوۋاتقا يېتىدۇ. بۇ مەيداندا ئۈچ مەكتەپ بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بىر قازاق ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتىپى ۋە بىر خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتىپى. بىر دوختۇرخانا، بىر مال دوختۇرلۇق پونكىتى بار.

2. شەرقىي تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى

1) خۇڭقىمەن دېھقانچىلىق مەيدانى: تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى باركۆل ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىغراق جايلاشقان. بۇ مەيدان 1959- يىلى قۇرۇلدى، 1978- يىلى قۇمۇل دېھقانچىلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسى قارمىقىغا كىردى. 1982- يىل 4- ئايدا قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. بۇ مەيداننىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 805 مىڭ مو، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 94 مىڭ مو، ئوتلىقى 430 مىڭ موغا يېتىدۇ. 68 ماشىنىلاشقان قۇدۇقى بولۇپ، يىللىق سۇ چىقىرىش مىقدارى 5 مىليون 500 مىڭ كۇب مېترغا يېتىدۇ. بۇ مەيداندا 7938 نوپۇس بولۇپ، ئىشچى- خىزمەتچىلەر 2915 كە، ھەمكارلىق تۈزۈمىدىكى ئىشچىلار 221 گە يېتىپ، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىشچى- خىزمەتچىلەر 1100، سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىشچى- خىزمەتچىلەر 1140، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 147. مۇقىم مۈلۈكنىڭ ئەسلىدىكى قىممىتى 4 مىليون 565 مىڭ يۈەن، بۇنىڭدىكى ساپ قىممىتى 2 مىليون 320 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئايلانما مەبلەغ 2 مىليون 110 مىڭ يۈەن، 27 ئۆز ئالدىغا ھېسابات قىلىدىغان ئورۇن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 11 دېھقانچىلىق ليەندۈي، بەش سانائەت ئورنى، بىر چارۋىچىلىق مەيدانى بار. بۇ مەيداننىڭ 1990- يىلدىكى سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 20 مىليون 970 مىڭ يۈەن، ئىشلەپچىقىرىلغان ئاشلىق 7650 توننا، يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغىنى 3920 توننا، ئىشچى- خىزمەتچىلەرگە 1314 يۈەندىن توغرا كېلىپ، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم 519 يۈەنگە يەتتى. بۇ مەيداندا ئىككى ئوتتۇرا مەكتەپ (بۇنىڭ ئىچىدە بىر مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ)، ئوقۇغۇچىلار 849؛ بەش باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار 1734. بىر ئىشچى- خىزمەتچىلەر دوختۇرخانىسى، بەش شىپاخانا بار.

بۇ مەيداننىڭ دۆلەتكە تاپشۇرىدىغان تاۋار ئاشلىقى ئىدارىدىكى يۇقىرىغا تاپشۇرىدىغان ئاشلىقنىڭ 1/3 نى ئىگىلىگەن بولۇپ، بۇ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى بويىچە مۇھىم ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونى. بۇغداينىڭ ئەڭ يۇقىرى بىرلىك مەھسۇلاتى 500 ~ 600 كىلوگرامدىن توغرا كېلىدۇ. سانائەتتە ئاساسلىقى خىمىيە سانائىتى، كۆمۈرچىلىك ۋە باشقا كىچىك تىپتىكى سانائەت كارخانىلىرى بار.

2) قىزىل يۇلتۇز 1- فېرمىسى. باركۆل ناھىيىسى تەۋەسىگە جايلاشقان بولۇپ، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 150 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 55 كىلومېتىر كېلىدۇ. مەيدان ئورگىنى باركۆل بازىرىغا ئورۇنلاشقان. بۇ فېرمىنىڭ ئىگىلىگەن يەرلىرى تارقاق بولۇپ، پۈتۈنرەك بولغىنى چوڭ جەمەتتىن ماۋاڭ بۇتخانىسى ۋە بولغاستاي تاغلىرى ئەتراپىغا قىشلىق، ئەتىيازلىق يايلاق، موچىن ئۆلار تېغىنىڭ چوڭ ليۇگو، كىچىك ليۇگو ئەتراپلىرىغا يازلىق يايلاقلار، كۆيسۇغا 20 چاقىرىم كېلىدىغان شەرقىي قىسىم ئەتراپىغا ۋە ناھىيە بازىرى ئەتراپىغا دېھقانچىلىق رايونلىرى ئورۇنلاشقان. بۇ مەيداننىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 1.5°C. فېرما قارمىقىدا بىر تارماق مەيدان، سەككىز دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ليەندۈي ۋە بەش سانائەت، قاتناش، سودا، قۇرۇلۇش قاتارلىق ئورۇنلار بار، ئومۇمىي نوپۇسى 3349، ئىشچى- خىزمەتچىلىرى 1256. بۇ مەيدان چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىپ، دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرگەن كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

1990- يىلى بۇ فېرمىنىڭ قورشاۋ ئوتلىقى 24.65 گېكتار، تۆل ئېلىش قوتىنى 3400 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئىككى قوي بورداش بازىسى بار. بۇ فېرمىنىڭ مال- چارۋىسى 58 مىڭ 100 تۇياق بولۇپ، ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي

يۈگىنىڭ يىللىق مەھسۇلاتى130 توننىغا يېتىدۇ. فېرمىنىڭ 124 تارام ئول ۋە تارماق ئۆستەڭلىرى بار (ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 136 كىلومېتىر كېلىدۇ)، بەش يۇرۇشلەشكەن قودۇقى، 54 تۈرلۈك دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى بولۇپ، تېرىش، يىغىۋېلىشنىڭ ھەممىسى ماشىنىلاشقان. فېرمىنىڭ تېرىلغۇ يېرى 26 مىڭ مو بولۇپ، يىللىق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ئاشلىق 7000 توننا، قىچا 850 توننا، پۇرچاق 600 توننىغا يېتىدۇ، ئىشلەپچىقىرىلىدىغان تەبىئىي كۆمۈر 10 مىڭ 795 توننا، كوكس 878 توننا، خورۇم كىيىم- كېچەك 720 يۈرۈش، تېرە جۇۋا 152 يۈرۈش، گىلەم 260 كۋادرات مېتىرغا يېتىدۇ. بۇ فېرمىدا 132 پەن- تېخنىكا خادىمى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 18 دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق پەن- تېخنىكا خادىمى بار. بىر مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ (خەنزۇ، قازاق بىرىكتۈرۈلگەن مەكتەپ)، ئۈچ مۇكەممەل باشلانغۇچ مەكتەپ (بۇنىڭ ئىچىدە بىرى قازاق باشلانغۇچ مەكتىپى) بار. فېرما رايونىدا تۆت ئوقۇتۇش ئورنى بولۇپ، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى- خىزمەتچىلەر 86 گە، ئوقۇغۇچىلار 985. فېرمىدا بىر ئىشچى- خىزمەتچىلەر دوختۇرخانىسى ۋە بىر شىپاخانا بار، تېببىي خادىملىرى 44، كارىۋىتى 60 . تورلاشقان توققۇز سودا ئورنى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىشلەۋاتقان ئىشچى- خىزمەتچىلەر 37 گە يېتىپ، يىللىق تىجارەت ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ.

3) نوم دېھقانچىلىق مەيدانى. ئاراتۇرۇك ناھىيە بازىرىنىڭ 72 كىلومېتىر شىمالىدا بولۇپ، بۇ دېھقانچىلىق مەيدانى قۇمۇل بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مەيدان. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 110 مىڭ موغا يېتىدۇ. بۇ مەيدان 1965- يىلى قۇرۇلدى.

بۇ مەيداننىڭ 1990- يىلىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 1168 بولۇپ، ئاساسلىقى خەنزۇلار. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 7000 مو، ئېچىشقا بولىدىغان يەر كۆلىمى 84 مىڭ 500 مو بولۇپ، ئېچىلىۋاتقان دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ بىرى. مەيدان بويىچە بەش دېھقانچىلىق ليەندۈيى بولۇپ، بىردىن سانائەت قوشۇمچە كەسىپ ئەترىتى، تەجرىبە مەيدانى ۋە تراكتور ئارقىلىق يەر ئاغدۇرۇش ئەترىتى بار. بۇ مەيداننىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي قىممىتى 2 مىليون 570 مىڭ يۈەن بولۇپ، تىجارەت پايدىسى 105 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ. دېھقانچىلىقتا بۇغداي، قوناق، كېۋەز تېرىشنى ئاساس قىلىدۇ. بۇ مەيدان 1987- يىلىدىن بۇيان ئورۇنلىغان تاۋار پاختا 14 مىڭ تاي، يۇقىرىغا تاپشۇرىدىغان تاۋار ئاشلىق 750 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى. يەرلىك مەھسۇلاتلىرى قوغۇن- تاۋۇز. بۇ دېھقانچىلىق مەيدانى كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئېتىز- ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇشنى ئاساسەن ئىشقا ئاشۇردى.

## §5. بىڭتۇەن بىلەن يەرلىك ئۆزئارا ياردەم بېرىش

### 1. بىڭتۇەننىڭ يەرلىككە ياردەم بېرىشى

1954- يىلى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ يېزا ئىگىلىك 5- شىسى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى ھەمدە شىنجاڭ ھەربىي رايونى پارتكومى بىرلىكتە «شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش قىسمىنىڭ يەرلىككە زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىش، ھەر مىللەت دېھقانلىرىنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىشىشىنى مەركەز قىلغان يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ياردەم بېرىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى» نى ھەمدە بىڭتۇەن پارتكومى ھەر مىللەت دېھقانلىرىغا ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش ئۈچۈن تۈزگەن 20 ماددىلىق «پروگرامما» نى چۈشۈرۈپ، ئۇنى قەتئىي ئىجرا قىلىشنى بۇيرىدى. 30 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە بىڭتۇەن بىلەن يەرلىكنى بىرلىكتە قۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ئەگىشىپ، قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتكومى 1987- يىل 6- ئايدا «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، يەرلىكنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت

رەھبەرلىرىگە ھۆرمەت قىلىش قارارى» نى قايتا چىقىرىپ، قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ياردەم بېرىشنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈردى.

قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى باشقۇرۇش قارمىقىدىكى 11 دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى ۋە ئۈچ زاۋۇت، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئىككى ناھىيە، بىر شەھەردىكى 21 يېزا، 90 دىن ئارتۇق تەبىئىي كەنتى، ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق 21 ئورۇن بىلەن يېقىن قوشنا بولۇپ، ئۇلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى، يەر- زېمىنى، ئوتلاق، سۇ ئۆستەڭلىرى ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەنلىكتىن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىلغان. 30 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان، قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى ھەر قايسى تۈەن، مەيدانلارنىڭ ھەر يىلى دېگۈدەك يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش پىلانىنى تۈزۈش، بۆلەكلەر بويىچە ھۆددىگە ئېلىش «ئۈچنى بېكىتىش» (ئۇقتىنى، ئادەمنى، ۋاقىتنى بېكىتىش) ھەمدە پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشنى يولغا قويدى. ئۇلار يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ياردەم بېرىش جەھەتتە ھەر قايسى تۈەن، مەيدانلارسىياسىي ۋە ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىدىن خەلق ترانسپورتى ياردەمچى خادىملىرى ۋە تېخنىك خادىملىرىنى بېكىتتى، ئۇلار ئېتىز- ئېرىقلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئېتىز بېشىدا تۇرۇپ كونكرېت يېتەكچىلىك قىلدى. ئەتىيازلىق تېرىلغۇدىن تارتىپ تا كۈزلۈك يىغىۋېلىش، ئىسكىلاتقا كىرگۈزۈپ بولغىچە، تۈزلەڭلىكتىن ئېتىز- ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشلىرى قاتارلىق خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسىدە، يېزا ئەترىتى (كەنت) نىڭ ئىشلەپچىقىرىش، مالىيە، تېخنىكا مەشغۇلاتى، ئەمگەك كۈچلىرىنى تەشكىللەش، ئىگىلىك باشقۇرۇش پىلانىنى تۈزۈش ھەمدە ھۆددىگە ئالغان ئەترىتى (كەنت) لەرنىڭ يەرلىرىنى پىلانلاش، سالا ئېتىزلارنىڭ يوللىرى، ئورمان بەلۋاغلىرىنى تەكشۈرۈپ لايىھەلەش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇش، ئەترەت (كەنت) نىڭ تۈرلۈك تېخنىك ئىقتىدارلىق خادىملارنى، مەسىلەن، مالىيە بوغالتىر، ستاتىستىكا خادىملىرى، دېھقانچىلىق تېخنىك خادىملار، مال دوختۇرلۇق، دېھقانچىلىق ماشىنا شوپۇرلىرى، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش خادىملىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ئىشلىرىغا ياردەملەشتى؛ يەنە قەرەللىك ھالدا ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنلىرىنى ئېچىپ تۇردى. 1950- يىللاردا قىزىل يۇلتۇز دېھقانچىلىق 2- مەيدانى ئاستانە گۇڭشېسىنىڭ 5-، 6-، 7- ئەترەتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا ياردەم بېرىش جەريانىدا، ئېتىز- ئېرىقلارنى باشقۇرۇش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، ئىلگىرىكىدەك يىرىك ئىشلەش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇجۇپىلەپ ئىشلەشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەتتى. ئەزالارنىڭ كېۋەز تېرىش تېخنىكىسى كەمچىللىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كېۋەز تېرىمىغان ۋاقىتتا، قىزىل يۇلتۇز دېھقانچىلىق 2- مەيدانى 1225 كىلوگرام سۈپەتلىك كېۋەز ئۇرۇقىنى ياردەم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۇرۇقىنى بىر تەرەپ قىلىش، تېرىش، ئېتىز- ئېرىق باشقۇرۇشتىن تارتىپ تا ھوسۇل ئالغىچە بولغان تېخنىكىلىق مەسىلىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. بىگتۈەن شۇ جايدىكى ئاممىنىڭ دېھقانچىلىقتا سۇ ئىشلىتىش جەھەتتە ئۆزئارا بىر- بىرىگە ئىزچىل تۈردە يول قويۇشۇپ كەلدى. بولۇپمۇ ئېغىر قۇرغاقچىلىق يۈز بەرگەن يىللىرى، مەيلى ئېرىق سۈيىنىڭ بالدۇر- كېچىكىپ كېلىشى، سۇ مىقدارىنىڭ ئاز ۋە كۆپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، دېھقانچىلىق مەيدانى ئالدى بىلەن ئەترەتلىرىنىڭ سۇ ئىشلىتىش ئارزۇسىنى قاندۇرۇپ كەلدى. 1954- يىل 5- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى تەگرىتېغىدىكى قار تېخى زور مىقداردا ئېرىمىگەن مەزگىلدە شۇ جايدىكى ئېرىقلاردا سۇ بولمىغاچقا، ئەزالارنىڭ زىرائەت مايسىلىرى قۇرۇشقا باشلىغاندا، قىزىل يۇلتۇز مەيدانىنىڭ ئېرىقىدا يېرىم ئېقىۋاتقان سۇ بىلەن مەيدانىنىڭ 500 مو يەردىكى شالىنى سۇغىرىشنى ئۈچ كۈن كېچىكتۈرۈپ، ئېقىۋاتقان يېرىم سۇنى ئەترەتلىرىنىڭ زىرائەتلىرىنى ئۈچ كېچە- كۈندۈز سۇغىرىۋېلىشىغا ئۆتۈنۈپ بېرىپ، ئەزالارنىڭ 1200 مو يەردىكى قۇرغاقچىلىققا ئۇچرىغان يازلىق بۇغدىيىنى قۇتقۇزۇپ قالدى. قىزىل يۇلتۇز دېھقانچىلىق 4- مەيدانى يەرلىكنى ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 30 ~ 40 مىڭ كۇب مېتىر سۇ بىلەن تەمىنلەپ تۇردى. بىگتۈەننىڭ ھەر قايسى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى يەنە بىر

قىسىم ماشىنا، ئەمگەك كۈچلىرىنى ئاجرىتىپ، شۇ جايدىكى ئەترەتلەرنىڭ يەرلىرىنى ئاغدۇرۇپ تېرىپ بېرىش ئىشلىرىغا ھەقسىز ياردەم قىلدى. 1965- يىلى ھەر قايسى تۈمەن، مەيدانلارنىڭ ئەترەتلەرگە ياردەم قىلىپ، ماشىنا بىلەن ئاغدۇرۇپ، تىرنىلاپ تېرىپ بەرگەن يەر 28 مىڭ موغا يېتىدۇ. 1959- يىلى دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئەترەتلەرگە ياردەم قىلىپ ئۆرۈپ بەرگەن بۇغدايلىق 1200 مودىن كۆپرەككە، ئايرىغان دېنى 1 مىليون 400 مىڭ كىلوگرامدىن كۆپرەككە، كۆزلۈك ئاغدۇرغان يېرى 570 مودىن كۆپرەككە يېتىدۇ. دېھقانچىلىق مەيدانلىرى يېڭى سورت كىرگۈزگەن بولسىلا ئەترەتلەرنىڭ تەلىپى بويىچە يېڭى سورتلارنى ئۆز ۋاقتىدا تېگىشىپ بېرىدۇ. 1962- يىلى ئاستانە كۆكشېسىنىڭ بۇغداي ئۇرۇقى شالغۇتلىشىپ كەتكەندە قىزىل يۇلتۇز 2- دېھقانچىلىق مەيدانى ئۇلارغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن قەشقەر ئاق پوستلۇق ئۇرۇق بىلەن داتۇلاڭ بۇغداي ئۇرۇقىدىن 2700 كىلوگرامدىن كۆپرەكنى، قوناق ئۇرۇقىدىن 1000 كىلوگرامدىن كۆپرەكنى ئالماشتۇرۇپ بېرىدۇ. 1950 ~ 1960- يىلىغىچە بولغان مەزگىلدە، دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ يەرلىككە ياردەم قىلىپ سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇپ بەرگەن تورلۇق چارۋىلار 590 تۇياققا، ياردەم قىلغان تورلۇك كۆچەتلەر 177 مىڭ تۈپتىن كۆپرەككە يېتىدۇ. 1958- يىلىلا ھەقسىز ياردەم قىلغان قارىغاي كۆچىتى 2000 تۈپكە، ئۈرۈك كۆچىتى 600 تۈپتىن كۆپرەككە، جىگدە كۆچىتى 3500 تۈپتىن كۆپرەككە يېتىدۇ. 1980- يىللارغا كەلگەندە بىگتۇەن يەرلىككە ياردەم بېرىشتە يېڭى مەزمۇنلارنى قوشتى. دېھقانچىلىق پەن- تېخنىكىسى ــ بىگتۇەن قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ بىر ئۈستۈنلۈكى ھېسابلىنىدۇ. يەرلىكنىڭ دېھقانچىلىق ئېھتىياجلىرىدا كېسەللىك ھاشارات ئاپىتى يۈز بەرگەندە، قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ دېھقانچىلىق تېخنىك خادىملىرى دورا پۈركۈتۈش سايمانلىرىنى يۆدۈپ، كېسەللىك ھاشارات ئاپىتىدىن مۇداپىئە كۆرۈش بىلەن ئوت- چۆپ بېسىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىشقا ياردەملەشتى. كېۋەز تېرىشتا ماشىنا، تېخنىك، ئۇرۇق، سۇلياۋ يوپۇق يېتىشمىگەندە، دېھقانچىلىق مەيدانى ئۇلارغا ياردەملىشىپ ھەل قىلىشىپ بەردى. نوم دېھقانچىلىق مەيدانى بىلەن قىزىل يۇلتۇز 1-، 2- مەيدانلىرى ھەر يىلى يەرلىكنىڭ 30 ~ 40 مىڭ مو يەردىكى كېۋەزنى تېرىشقا ياردەملەشتى. قىزىل يۇلتۇز دېھقانچىلىق 2- مەيدانى ئاستانە يېزىسىنىڭ دېھقانلىرىغا «تۈتكە» مۇلازىمەت قىلىش، يەنى ماشىنا بىلەن تېرىش، كېسەل كۆرسىتىش، ئوت تارتىش، ئۇرۇق بىلەن تەمىنلەشتىن ئىبارەت تۈتكە مۇلازىمەت قىلىش بىلەن تەمىن ئەتتى.

سانائەت جەھەتتە، ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە قۇمۇلدا بىرمۇ زاۋۇت يوق ئىدى. پەقەت بىرلا ماشىنا دۇڭگاتېل ماتورى ئارقىلىق ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان گېنېراتور بار ئىدى. 1953- يىلى 16- شى كوماندىرى- جەڭچىلىرى تۆزلىرىنىڭ بىر جۈپ قولىغا تايىنىپ ئۇسكۈنىلەرنى قوراشتۇرۇپ، قۇمۇلنىڭ تارىختىن بۇيانقى بىرىنچى زاۋۇتىنى، يەنى قىزىل يۇلتۇز ئۇن زاۋۇتىنى قۇرۇپ چىقتى. شۇندىن تارتىپ قۇمۇلنىڭ ماشىنا ئارقىلىق ئۇن تارتماسلىقتەك تارىخقا خاتىمە بېرىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، يەنە ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ قىزىل يۇلتۇز تۆز مەيدانى، قىزىل يۇلتۇز كۆمۈر كانى ۋە قىزىل يۇلتۇز خىمىيە زاۋۇتلىرى قۇرۇلۇپ، قۇمۇل سانائىتىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش تەرەققىياتىغا شارائىت يارىتىلىپ، ئاساس سېلىندى.

داۋالاش- سەھىيە جەھەتتە، بىگتۇەن يەرلىكتىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ كېسەلنى داۋالىتىشقا ياردەملەشتى، مەيلى قايسى جاي، قايسى ۋاقىتتا بولسۇن، شۇ ۋاقىتتا تەييار بولىدى ياكى داۋالاش ئەترىتىنى ئەۋەتىپ، يەرلىكنىڭ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كېسەل داۋالىتىشقا ياردەملەشتى. جىددىي كېسەللەرنى ئۆز ۋاقتىدا قۇتقۇزۇپ، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى. قىزىل يۇلتۇز دېھقانچىلىق 2- مەيدانىنىڭ داۋالاش ئەترىتى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلىنىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، 90 نەچچە ياشلىق ئۇيغۇر بوۋاينىڭ پۈتۈن بەدىنى ئىششىپ كېتىش كېسەللىكىنى داۋالاپ ساقايتتى. 60 نەچچە ياشلىق خەنزۇ ئەزانىڭ پۈتۈن بەدىنى يانپاش ئۆگە تۇبېركۇليوز كېسىلىنى داۋالاپ ساقايتتى. ئاستانە گۇڭشې 3- چوڭ ئەترىتىنىڭ ئۇيغۇر ئەزانىڭ ئوغلى ئېھتىياتسىزلىقتىن تونۇرغا چۈشۈپ كېتىپ، پۈتۈن بەدىنىنىڭ يېرىمى كۆيۈپ كەتكەن ئىدى، قىزىل يۇلتۇز دېھقانچىلىق 2- مەيدانى ئاساسىي قۇرۇلۇش لېيەنىنىڭ داۋالاش

خادىمى سۇڭ لىگيىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئائىلىسىدە ياتقۇزۇپ داۋالاشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆزى خەۋەر ئېلىشنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇ ھەر كۈنى بالىنىڭ يارىسىنى يۇيۇپ، قان- يىرىڭنى تازىلىدى. كۆيۈكتىن كېيىنكى تېرىنى يۆتكەشكە توغرا كەلگەندە، سۇڭ لىگيىڭ داۋالاش ئەترىتىدىكى لى دوختۇر بىلەن مۇزاكىرىلىشىپ، توخوم ئىچىدىكى ئۆرلىمىنى تېرە ئورنىدا ئىشلەتتى. ئۇھەر قېتىم 10 دىن ئارتۇق توخۇمنى چېقىپ، توخۇم قاسىرىقى ئىچكى پەردىسىنى ئاز- ئازدىن سويۇپ ئېلىپ چاپلىدى، بىر قېتىملىق تېرە يۆتكەش ئۈچۈن تۆت سائەت ۋاقىت كېتەتتى. ئۇنىڭ كۆڭۈل قويۇپ خەۋەر ئېلىشى ئارقىسىدا، بالىنىڭ تېرىسى ئاخىرى ئەسلىگە كېلىپ، بەدىنىنىڭ ئازراق يېرىمۇ تارتۇق بولماي ساقايدى. بىگتۇەندىكى داۋالاش خادىملىرى قىيىنچىلىقى بار ئاممىغا قارىتا ھەقسىز داۋالاشنى يولغا قويدى. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1959- يىلى، قىزىل يۇلتۇز دېھقانچىلىق 1- مەيدانى 220 دىن كۆپرەك ئاممىنىڭ كېسىلىنى ھەقسىز داۋالىغان. قىزىل يۇلتۇز دېھقانچىلىق 4- مەيدانىنىڭ داۋالاش ئورنى بۇ مەيدان قۇرۇلۇپ 1966- يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، بۇلۇڭتوغراق گۇڭشېسىدىكى ئېغىر كېسەللەردىن 196 ئادەمنى قۇتقۇزغان. 1979- يىلى قىزىل يۇلتۇز دېھقانچىلىق 4- مەيدانىنىڭ داۋالاش ئورنى بۇلۇڭتوغراق گۇڭشېسىدىكى كېسەللەردىن 108 ئادەمنى قوبۇل قىلىپ داۋالىغان. 1980- يىلدىن كېيىن يېزىلاردا داۋالاش ئىشلىرىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، بىگتۇەندىكى ھەر قايسى تۇەن، مەيدانلار ئىشچى- خىزمەتچىلەر دوختۇرخانىسى ۋە داۋالاش ئورۇنلىرى ھەر مىللەتتىن بولغان تېخىمۇ كۆپ ئاممىنىڭ كېسىلىنى داۋالىدى. ئورغۇنلىغان داۋالاش قىيىن كېسەللىكلەر شىپا تاپتى. قىزىل يۇلتۇز دوختۇرخانىسى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى چۆرىدەپ، يەسلىگە قاراپ مۇلازىمەت قىلىش تۈرىنى 12 يەككە تۈرگە ئايرىپ، شەھەر- يېزا ئاممىسىنىڭ كېسەل كۆرسىتىشكە قولايلىق يارىتىپ، ئاممىنىڭ داۋالىنىشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. قىزىل يۇلتۇز دوختۇرخانىسى كۆپ قېتىم چەت- يىراق ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىغا سەييارە داۋالاش كىچىك گۇرۇپپىلىرىنى ئەۋەتىپ، بىمارلارنىڭ كېسىلىنى داۋالىدى. تۇغۇت بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى تيەن شۆيىڭ ئاز سانلىق مىللەت كېسەللىرىنى خەۋپتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، كېسەللەرگە كېچە- كۈندۈز قارىدى. بىر قېتىم تۇغۇتلۇق بىر ئايالنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگۈچە سىرتلاردا غىزالىنىپ، دالىدا تۈنىگەن. بالا ئوڭۇشلۇق تۇغۇلۇشى ئۈچۈن ئاتقا مىنىپ يولدا كېتىۋاتقاندا ئېھتىياتسىزلىقتىن ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ، ئېغىر يارىلانغان.

1987- يىلدىن بۇيان، بىگتۇەن قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدىكى ھەر قايسى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى يەرلىكتىكى قوشنا يېزا- كەنتلەر بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، نامرات، قىيىنچىلىقى بارلارنى يۆلەش مەزمۇن قىلىنغان تۇەن، يېزىلارنى بىرلىكتە قۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشتا مۇلازىمەتنى ئۇزۇن مۇددەت ئۇبدان قىلىش (ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن يىلمۇ يىل داۋالاش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىن ئېتىش)، ئۈچ ماجىرا (تېرىلغۇ يەر، ئوتلاق، سۇ ماجىراسى) نى ئەستايىدىل ياخشى ھەل قىلىش، تۆتكە ئالدىن ئېتىبار بېرىش (تېخنىكا كۈچى ئارقىلىق ياردەم بېرىشكە ئالدىن ئېتىبار بېرىش، ماددىي جەھەتتىن تەمىنلەشكە ئالدىن ئېتىبار بېرىش، ئۇرۇق بىلەن تەمىنلەشكە ئالدىن ئېتىبار بېرىش، يەر ئاغدۇرۇش مۇلازىمىتىگە ئالدىن ئېتىبار بېرىش) قاتارلىق ئورتاق تەرەققىي قىلىشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان نامراتلارنى يۆلەش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ۋە ئۇنى يۈرگۈزۈپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى تېزلەتتى.

2. يەرلىكنىڭ بىگتۇەنگە ياردەم بېرىشى

1950- يىلدىن بۇيان قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش قىسمى قىزىل يۇلتۇز ئۈستەڭنى ياساپ، تەڭرىتاغنىڭ قار سۈيى ئارقىلىق شورلۇق، قاقاسلىقلارنى بوي سۇندۇرۇش، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانى ۋە زاۋۇت، كان- كارخانىلار قۇرۇش ۋاقىتلىرىدا، قۇمۇلدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوللىشى ۋە خالىس ياردەم بېرىشىگە ئېرىشتى. قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ھەر مىللەت دېھقان، چارۋىچىلىرىنى

ئوتلاق ۋە يەر- زېمىنلەرنى ئۆتۈنۈپ بېرىشكە سەپەرۋەر قىلىپ ۋە ئۇلارنى قايىل قىلىپ، دېھقانچىلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش قىسمىغا ياردەم بېرىپ، قومۇل بوستانلىقىنى ئورتاق گۈللەندۈردى. قومۇلدىكى ھەر مىللەت دېھقان، چارۋىچىلار بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش قىسمىنىڭ سۇ مەنبەلىرىنى تېپىشىغا يول باشلىدى ۋە شورلۇق، قاقاسلىقلارنى بويسۇندۇرۇش «يەرلىك» تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، بىڭتۇەننىڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى قۇرۇش قەدىمىنى تېزلەتتى. يەرلىك قومۇل بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۇەن، مەيدانلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئائىلىلەر، شەھەرنىڭ ھەر قايسى يېزىلىرىدىكى دېھقان، چارۋىچىلار بىڭتۇەنگە قىزغىنلىق بىلەن ياردەم قىلدى. 1959- يىلى راكېتا گۇڭشېسى قىزىل يۇلتۇز 1- مەيدانىغا 20 مىڭ تۇپ ئۆزۈم كۆچىتىنى ھەقسىز بەردى. قارادۆۋە گۇڭشېسى ئىككى ئەزانى قىزىل يۇلتۇز 2- مەيدانىغا ئۆزۈم يېتىشتۈرۈش تېخنىكا يېتەكچىلىك قىلىشقا ئەۋەتتى. 1958- يىلى بىڭتۇەن قىزىل يۇلتۇز 1- مەيدانىنىڭ ئەمگەك كۈچى يېتىشمىگەندە، قومۇل ۋىلايىتىدىكى ناھىيىلىك پارتىيە ، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ئەتىيازلىق تېرىلغۇدىن ئىلگىرى ئادەم كۈچى ۋە ئات- ئۇلاغ كۈچى تەشكىللەپ، مەزكۇر مەيدانغا ئوغۇت توشۇپ بەردى. يەرلىك سۈپەتلىك ئۇرۇقلارنى بىڭتۇەنگە ياردەم قىلدى. 1950- يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى، ئاستانە گۇڭشې ئىتتىپاق چوڭ ئەترىتى 1- ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ماشىنى ئاشلىق دۆۋىسىگە توشۇۋاتقاندا، ئەترەت باشلىقى دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئۇرۇقى كەملىكىنى بايقاپ، دەرھال ماشىنى ئاشلىق دۆۋىسىدىن قايتۇرۇپ كېلىپ، دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئۇرۇقلۇق قىلىشىغا ئايرىپ بەردى. ھەر يىلقى يازلىق ئورما مەزگىلىدە، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ئەمگەك كۈچى ئاز، ھوسۇل يىغىش كۆلىمى كەڭ بولغاچقا، ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، مەكتەپلەر ئۆز ۋاقتىدا ئەمگەك كۈچلىرىنى تەشكىللەپ، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ بۇغدىيىنى ئورۇش، توشۇش ئىشلىرىغا ۋە كۆزلۈك يىغىم ئىشلىرىغا ھەقسىز ياردەملەشتى.

1990- يىللارنىڭ دەسلىپىگە كەلگەندە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ دولقۇنىدا، يەرلىك بىڭتۇەنگە ياردەم بېرىشتە يېڭى مەزمۇنلارنى قوشتى. يەرلىك بىڭتۇەنگە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئېلىپ بارغان ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى يولغا قويۇشتىكى تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇردى، رايون ئىقتىسادىنى بىرلەشتۈرۈپ ئورتاق تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئەۋزەللىكلەرنى ئۆزئارا تولۇقلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يەرلىك بىڭتۇەن ئۈچۈن كەڭ تاۋار بازارلىرى بىلەن تەمىن ئەتتى. ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمە يەنە بىڭتۇەن تەرەققىياتىغا كاشىلا بولۇۋاتقان يەرلىك سىياسەتلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، 15 ماددىلىق ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى تۈزۈپ چىقىپ، بىڭتۇەننىڭ قومۇلدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلارغا مەبلەغ، تېخنىكا، ئىختىساسلىقلار ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، كان مەھسۇلاتلىرى، سۇ، تۇپراق قاتارلىق بايلىقلارنى ئېچىشقا ئورتاق مەبلەغ سېلىش، بايلىقنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، بازار رىقابىتى جەريانىدا بىڭتۇەن بىلەن يەرلىك ئۆزلىرىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئورتاق تەرەققىي قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى.

# يېزا ـــ بازار كارخانىلىرى

[illegible]

ئونىنچى قىسىم

# يېزا- بازار كارخانىلىرى

## I باب

## باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى

1. ۋىلايەتلىك يېزا- بازار كارخانىلىرى باشقارمىسى

1978- يىل 12- ئايدا ۋىلايەتلىك گۆڭشې- ئەترەت كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1980- يىل 12- ئايدا ۋىلايەتلىك گۆڭشې- ئەترەت كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى گۆڭشې- ئەترەت كارخانىلىرى باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلىپ، ۋىلايەت دائىرىسىدىكى يېزا گۆڭشې- ئەترەت كارخانىلىرى (بىڭتۈەنىنىڭ گۆڭشې- ئەترەت كارخانىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) نىڭ كەسپىي خىزمەتلىرىنى باشقۇردى. 1984- يىل 1- ئايدا گۆڭشې- ئەترەت كارخانىلىرى يېزا- بازار كارخانىلىرى دەپ ئاتالدى. 1986- يىل 5- ئايدا گۆڭشې- ئەترەت كارخانىلىرى باشقارمىسى يېزا- بازار كارخانىلىرى باشقارمىسى دەپ ئاتىلىپ، ۋىلايەتتىكى يېزا- بازار كارخانىلىرىنىڭ كەسپىي خىزمەتلىرىنى باشقۇردى. 10 مەمۇرىي شتات بېرىلدى.

2. ناھىيىلىك، شەھەرلىك يېزا- بازار كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى (بۆلۈمى)

1978- يىل 12- ئايدا قۇمۇل ناھىيىسىدە گۆڭشې - ئەترەت كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1984- يىلى 5- ئايدا، قۇمۇل ناھىيىسى بىلەن قۇمۇل شەھىرى بىرلەشتۈرۈلدى. ناھىيىلىك گۆڭشې- ئەترەت كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قۇمۇل شەھىرىدە يېزا- بازار كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلدى. 12 مەمۇرىي شتات بېرىلدى.

1978- يىلى باركۆل ناھىيىسىدە گۆڭشې- ئەترەت كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش بۆلۈمى قۇرۇلدى، ئالتە مەمۇرىي شتات بېرىلدى. 1980- يىل 12- ئايدا باركۆل ناھىيىسى گۆڭشې- ئەترەت كارخانىلىرى بۆلۈمىنى گۆڭشې- ئەترەت كارخانىلىرى ئىدارىسىغا ئۆزگەرتتى. 1984- يىل 1- ئايدا باركۆل ناھىيىلىك گۆڭشې- ئەترەت كارخانىلىرى ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1986- يىل 12- ئايدا باركۆل ناھىيىسىدە يېزا- بازار كارخانىلىرى ئىدارىسى قۇرۇلدى، توققۇز شتات بېرىلدى.

1979- يىلى ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە گۆڭشې- ئەترەت كارخانىلىرى بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1985- يىل 5- ئايدا ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك گۆڭشې- ئەترەت كارخانىلىرى بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يېزا- بازار كارخانىلىرى ئىدارىسى

قۇرۇلدى.

# II باب

# كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

## §1. تەرەققىيات جەريانى

1956- يىلىدىن كېيىن يېزىلاردىكى يېزا ئىگىلىك كوپىراتىپلىرى، خەلق گۇڭشېلىرى بىر قىسىم قوشۇمچە كەسىپلەرنى يولغا قويدى. قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى يېزا- بازار كارخانىلىرى دەل موشۇ ئىشلەپچىقىرىش كوپىراتىپلىرى، خەلق گۇڭشېلىرى يولغا قويغان قوشۇمچە كەسىپلەر ئاساسىدا تەرەققىي قىلدى.

1979- يىل 7- ئايدا گوۋۇيۈەن «گۇڭشې- ئەترەت كارخانىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى قارار» نى ئېلان قىلدى. شۇ يىلى، ۋىلايەت بويىچە گۇڭشې- ئەترەت كارخانىسى 212 گە، كەسىپكارلىرى 5332، ئومۇمىي كىرىمى 10 مىليون 338 مىڭ 800 يۈەنگە، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليون 316 مىڭ 400 يۈەنگە، ساپ پايدىسى 1 مىليون 373 مىڭ 500 يۈەنگە، دۆلەتكە تاپشۇرغان باج سوممىسى 206 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق كەسىپلىرىدىن تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق، ترانسپورت كەسپى، بىناكارلىق، ماشىنا ئارقىلىق تېرىش كەسپى قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرىدىن كۆمۈر، تۇز، يېزا ئىگىلىك ماشىنا زاپچاسلىرى، تۆمۈر دېھقانچىلىق سايمانلىرى، ياغاچ دېھقانچىلىق سايمانلىرى، سېمونت، خىش، ئاشلىق پىششىقلاش، ساپال بۇيۇملار، چويۇن مەش، سۇلفىد ئىشقارى، 95 لىك سىلىترا، قاتتىق شور، مېۋە- چېۋە، چوشقا، بېلىق قاتارلىقلار بار بولدى.

1980 ~ 1983- يىلىغىچە خەلق ئىگىلىكىدە «تەڭشەش، ئىسلاھ قىلىش، تەرتىپكە سېلىش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنى يولغا قويۇلۇپ، بىرقىسىم زىيان تارتىپ كېلىۋاتقان كارخانىلار، خام ئەشيا مەنبەسى يوق كارخانىلار ۋە مەھسۇلات سۈپىتى ئۆتكەلدىن ئۆتەلمىگەن كارخانىلار تاقىۋېتىلدى ۋە توختىتىپ قويۇلدى. 1983- يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ۋىلايەت بويىچە گۇڭشې- ئەترەت كارخانىسى جەمئىي 134 كە، كەسىپكارلىرى 5502 گە، ئومۇمىي كىرىمى 11 مىليون 375 مىڭ 500 يۈەنگە (بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت كىرىمى 5 مىليون 781 مىڭ 300 يۈەنگە، گۇڭشې- ئەترەت كارخانىلىرىنىڭ ساپ پايدىسى 1 مىليون 257 مىڭ يۈەنگە، دۆلەتكە تاپشۇرغان باج سوممىسى 291 مىڭ 700 يۈەنگە) يەتتى. مەھسۇلات تۈرى ئېلېكتر، كۆمۈر، يېزا ئىگىلىك ماشىنا زاپچاسلىرى، تۆمۈر دېھقانچىلىق سايمانلىرى، ھاك، مەرمەرتاش، يىرىك تۇز، ئۆسۈملۈك مېيى، ئاشلىق پىششىقلاش، قۇلماق، ۋولفراملىق قۇم، گىپس، جىياگېۋ، ئاچچىقسۇ، ئاق ھاراق، شور كۋارتس تاش، كۋارتس قۇم، 95 لىك سىلىترا، قاتتىق سىلىترا، پولات ئىشىك- دېرىزە، چويۇن قۇيما سۇ تۇرۇبىسى، باسما بۇيۇملار، چويۇن مەش قاتارلىق 30 خىلغا يەتتى. بۇ مەزگىلدە كانچىلىق كەسپى نىسبەتەن گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرۇپ، كان مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۈرى 1979- يىلىدىكىگە قارىغاندا كۆرۈنەرلىك كۆپەيدى.

1984- يىلى ۋىلايەت مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان يېزا- بازار كارخانىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى «ئاكتىپ يۆلەش، مۇۋاپىق پىلانلاش، توغرا يېتەكلەش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش» فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزا، كەنت كوللېكتىپى، ئائىلىلەرنىڭ ھەمكارلىقى ۋە شەخسلەرنىڭ كارخانا قۇرۇشىنى قوللاپ ۋە تەشەببۇس قىلىپ، ئىلگىرىكى كارخانىلارنى نوقۇل كوللېكتىپلا باشقۇرىدىغان ئەندىزىنى بۇزۇپ تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، رىقابەت مېخانىزمى يېزا- بازار كارخانىلىرىغا كىرگۈزۈلۈپ، «بىرنى ھۆددىگە بېرىش، ئۈچنى ئۆزگەرتىش» (يەنى تىجارەتنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى بويىچە ھۆددىلەش، كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش تۈزۈمىنى تەكلىپلىك ۋەزىپىگە قويۇش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىش، مۇقىم ئىشچىنى توختاملىق ئىشچىغا ئۆزگەرتىش، مۇقىم مائاشنى لەيلىمە مائاشقا ئۆزگەرتىش) نى ئومۇمييۈزلۈك يولغا قويۇپ، توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، تېخنىكا، ئىختىساسلىق خادىم، مەبلەغنى كىرگۈزۈپ، يېزا- بازار كارخانىلىرىدا بۆسۈش خاراكتېرلىك تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى. 1984- يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ۋىلايەت بويىچە يېزا- بازار كارخانىلىرى 1297 گە، كەسىپكارلىرى 6505 كە، ئومۇمىي كىرىمى 21 مىليون 588 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 22 مىليون 68 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 16 مىليون 717 مىڭ 600 يۈەنگە، ساپ پايدا 2 مىليون 233 مىڭ 900 يۈەنگە، دۆلەتكە تاپشۇرغان ئەمەلىي باج سوممىسى 966 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى.

1985- يىلى ۋىلايەت يېزا، كەنت، ئەترەت، ئائىلە، شەخستىن ئىبارەت بەش قاتلام بىرلىكتە كارخانا قۇرۇش فاڭجېنىدا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، يېزا كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىقتىن ئىبارەت كونا بەش كەسىپنى مۇقىم تەرەققىي قىلدۇرۇپ، سانائەت، سودا، ترانسپورت، قۇرۇلۇش، مۇلازىمەتتىن ئىبارەت يېڭى بەش كەسىپنى بىرلىكتە تەرەققىي قىلدۇردى. شۇ يىلى، ۋىلايەت بويىچە يېزا- بازار كارخانىلىرى 2919 غا، كەسىپكارلىرى 11 مىڭ 740 قا، ئومۇمىي كىرىمى 36 مىليون 906 مىڭ 800 يۈەنگە، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 38 مىليون 934 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 21 مىليون 771 مىڭ 500 يۈەنگە، ساپ پايدا 3 مىليون 983 مىڭ 500 يۈەنگە، دۆلەتكە تاپشۇرغان ئەمەلىي باج سوممىسى 1 مىليون 916 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى. 1986 ~ 1990- يىلغىچە ۋىلايەتتىكى يېزا- بازار كارخانىلىرى سېجىل مۇقىم تەرەققىي قىلدى. لېكىن پۇل پاخاللىقى، تۈزىتىش- تەرتىپكە سېلىش، بۆلەكلەر بويىچە ئايرىۋېلىش، تارماقلار ئارا پايدا تالىشىش، ئوبوروت راۋان بولماسلىق، شۇنىڭدەك يېزا- بازار كارخانىلىرىغا بولغان ھەر خىل بىر تەرەپلىمە قاراش ۋە ئادىل بولمىغان قاراشلارنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرىدى. 1988- يىلىنىڭ ئاخىرىدا ۋىلايەت بويىچە يېزا- بازار كارخانىلىرى 4018 گە، كەسىپكارلىرى 14 مىڭ 108 گە، ئومۇمىي كىرىمى 60 مىليون 650 مىڭ 500 يۈەنگە، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 55 مىليون 725 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 15 مىليون 862 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدا 5 مىليون 869 مىڭ 600 يۈەنگە، دۆلەتكە تاپشۇرغان ئەمەلىي بېجى 2 مىليون 594 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى. يېزا- بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات تۈرى 206 خىلغا يېتىپ، بىر تۈركۈم تايانچ كارخانىلار قۇرۇلدى. يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 500 مىڭ يۈەندىن 1 مىليون يۈەنگىچە بولغان كارخانىلار 18 گە، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون يۈەندىن يۇقىرى كارخانىلار بەشكە يەتتى. 1990- يىلى ۋىلايەت بويىچە يېزا- بازار كارخانىلىرى 4495 كە، كەسىپكارلىرى 16 مىڭ 15 كە، ئومۇمىي كىرىمى 90 مىليون 829 مىڭ 800 يۈەنگە، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 93 مىليون 551 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 41 مىليون 201 مىڭ 100 يۈەنگە، ساپ پايدا 5 مىليون 905 مىڭ 900 يۈەنگە، دۆلەتكە

تاپشۇرغان ئەمەلىي باج سوممىسى 4 مىليون 138 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، بىر تۈركۈم كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ كارخانىلار بارلىققا كەلدى. ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون يۈەندىن 5 مىليون يۈەنگىچە بولغان كارخانىلار 16 گە، 5 مىليون يۈەندىن يۇقىرى كارخانىلار ئىككىگە يەتتى.

## §2. ئىشچى- خىزمەتچىلەر قوشۇنى

1979- يىلى ۋىلايەت بويىچە كۆڭشى- ئەترەت كارخانىلىرىدىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەر 5332، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىدىن كەلگەنلەر 5016، ئەترەتلەرگە قايتىپ تەقسىماتقا قاتناشقانلار 2580. 1981- يىلى ئىشچى- خىزمەتچىلەر 4859، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىدىن كەلگەنلەر 4635، ئەترەتلەرگە قايتىپ تەقسىماتقا قاتناشقانلار 465. 1982- يىلى ئىشچى- خىزمەتچىلەر 5079، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىدىن كەلگەنلەر 4477، ئەترەتلەرگە قايتىپ، تەقسىماتقا قاتناشقانلار 629. 1983- يىلى ئىشچى- خىزمەتچىلەر 5502، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىدىن كەلگەنلەر 3233، ئەترەتلەرگە قايتىپ تەقسىماتقا قاتناشقانلار 227.

1984- يىلى ۋىلايەت بويىچە يېزا- بازار كارخانىلىرىدىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانى 6505، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا، كەنت ئىككى دەرىجىلىك كارخانىلاردىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەر سانى 4330، ھەمكارلىق كارخانىسىدىكى ۋە خۇسۇسىي كارخانىلاردىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانى 2175.

1985- يىلى ۋىلايەت بويىچە يېزا- بازار كارخانىلىرىدىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانى 11 مىڭ 740، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا، كەنت ئىككى دەرىجىلىك كوللېكتىپ كارخانىلىرىدىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەر سانى 6248، ھەمكارلىق كارخانىلىرى، خۇسۇسىي كارخانىلاردىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەر 5492. قۇمۇل شەھەردىكى يېزا- بازار كارخانىلىرىدىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانى 6021، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا، كەنت ئىككى دەرىجىلىك كارخانىلاردىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەر 2706، ھەمكارلىق كارخانىلىرى، خۇسۇسىي كارخانىلاردىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەر 3315. باركۆل ناھىيىلىك يېزا- بازار كارخانىلىرىدىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانى 4315، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا، كەنت ئىككى دەرىجىلىك كوللېكتىپ كارخانىلىرىدىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەر 2662، ھەمكارلىق كارخانىلىرى، خۇسۇسىي كارخانىلاردىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەر سانى 2053. ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدىكى يېزا، كەنت ئىككى دەرىجىلىك كارخانىلاردىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانى 127.

1990- يىلى ۋىلايەت بويىچە يېزا- بازار كارخانىلىرىدىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەر 15 مىڭ 112 (خۇسۇسىي كارخانىلاردىكى 8083 ئىشچى- خىزمەتچىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل شەھىرىدىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەر 8791 (خۇسۇسىي كارخانىلاردىكى 5551 ئىشچى- خىزمەتچىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، باركۆل ناھىيىسىدىكى ئىشچى- خىزمەتچى 5599 (خۇسۇسىي كارخانىلاردىكى 2042 ئىشچى- خىزمەتچىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدىكى ئىشچى- خىزمەتچى 722 (خۇسۇسىي كارخانىلاردىكى 490 ئىشچى- خىزمەتچىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

# III باب

# ئىگىلىك باشقۇرۇش

## §1. باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى

ۋىلايەتتىكى يېزا- بازار كارخانىلىرى ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق يېزا- بازار كارخانىلىرى، ناھىيە ۋە شەھەرگە قاراشلىق يېزا- بازار كارخانىلىرى، يېزا قورغان كارخانا، كەنت قورغان كارخانا، ئائىلىلەر ھەمكارلىقىدىكى كارخانا، يەككە خۇسۇسىي كارخانىلارغا ئايرىلىدى.

**1. ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق يېزا- بازار كارخانىلىرى**

1980- يىلى قۇرۇلغان قۇمۇل ۋىلايەتلىك گۇڭشې- ئەترەت كارخانىلىرى ئىدارىسىنىڭ تەمىنات- سودا شىركىتى ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق تۇنجى يېزا- بازار كارخانىسى ئىدى. كېيىن ئۇنىڭ نامى ۋىلايەتلىك يېزا- بازار كارخانىسى تەمىنات- سودا شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى. 1987- يىلىغا قەدەر ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق يېزا- بازار كارخانىلىرىدىن ۋىلايەتلىك يېزا- بازار كارخانىسى تەمىنات- سودا شىركىتى، ۋىلايەتلىك يېزا- بازار كارخانىسى ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى، ۋىلايەتلىك يېزا- بازار كارخانىسى سانائەت- سودا شىركىتى، شاڭخەي «لوڭخۇا» قۇمۇل يەرلىك مەھسۇلاتلىرى سودا سارىيى قۇمۇل تىجارەت ئورنى، ۋىلايەتلىك ئىقتىساد، تېخنىكا، ئاخبارات، ئۇچۇر مەسلىھەتچىلىك مۇلازىمەت شىركىتى قاتارلىق شىركەتلەر بار.

**2. ناھىيە، شەھەرگە قاراشلىق يېزا- بازار كارخانىلىرى**

1980- يىللارنىڭ باشلىرىدا ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) لەر ئۆزىنىڭ تەمىنات- سودا شىركەتلىرىنى قۇردى. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ھەر قايسى ناھىيىلەرگە ۋە شەھەرگە بىۋاسىتە قاراشلىق يېزا- بازار كارخانىلىرىنىڭ سانى ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ، كۆلىمى تەدرىجىي كېڭەيدى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ھەر قايسى ناھىيىلەرگە ۋە شەھەرگە بىۋاسىتە قاراشلىق يېزا- بازار كارخانىسى ئونغا، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل شەھىرىدىكى يېزا- بازار كارخانىسى ئالتىگە، باركۆل ناھىيىسىدىكى يېزا- بازار كارخانىسى ئىككىگە، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدىكى يېزا- بازار كارخانىسى ئىككىگە يەتتى. قۇمۇل شەھىرىگە بىۋاسىتە قاراشلىق يېزا- بازار كارخانىلىرىدىن قۇمۇل شەھەرلىك يېزا- بازار كارخانىسى تەمىنات- سودا شىركىتى، تۆمۈر قېتىشمىسى زاۋۇتى، شاچۇەنزى رودا ئايرىش زاۋۇتى، غەربىستاغ ھاك تېشى كانى، بىرلەشمە ياسالما بويۇم زاۋۇتى، ئىككىنچى قۇرۇلۇش باش شىركىتى قاتارلىقلار بار. باركۆل ناھىيىسىگە بىۋاسىتە قاراشلىق يېزا- بازار كارخانىلىرىدىن باركۆل ناھىيىلىك يېزا- بازار كارخانىسى تەمىنات- سودا شىركىتى، ناھىيىلىك مىرابلىت پاراشوكى زاۋۇتى قاتارلىقلار بار. ئاراتۈرۈك ناھىيىسىگە بىۋاسىتە قاراشلىق يېزا- بازار كارخانىسىدىن ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك يېزا- بازار كارخانىسى تەمىنات- سودا شىركىتى، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك خۇرۇم

زاۋۇتى بار.

3. يېزىلار قۇرغان كارخانىلار

يېزىلار قۇرغان كارخانىلار 1950- يىللاردىلا بار ئىدى، ئەمما سانى ئاز، مەھسۇلات قىممىتى تۆۋەن ئىدى. 1978- يىلىدىن كېيىن، يېزىلار قۇرغان كارخانىلار زورىيىشقا باشلىدى. 1979- يىلى ۋىلايەت بويىچە يېزىلار قۇرغان كارخانىلار 83 كە، ئىشچى- خىزمەتچىسى 3640، ئومۇمىي كىرىمى 5 مىليون 790 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى.

1990- يىلى ۋىلايەت بويىچە يېزىلار قۇرغان كارخانىلار 100 گە، ئىشچى- خىزمەتچىسى 4751، ئومۇمىي كىرىمى 32 مىليون 740 مىڭ 400 يۈەنگە، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 31 مىليون 973 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 19 مىليون 491 مىڭ 900 يۈەن.

1979 ~ 1990- يىلىغىچە قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى يېزا- بازار كارخانىلىرىنىڭ دۆلەتكە تاپشۇرغان باج سوممىسى جەمئىي 13 مىليون 885 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى. لېكىن ئىگىلىك باشقۇرۇش ياخشى بولماسلىق، بازار كاساتلىشىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، يېزىلار قۇرغان كارخانىلاردا ھەر يىلى زىيان تارتىش ئەھۋالى كۆرۈلۈپ تۇردى.

قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى يېزىلار قۇرغان كارخانىلارنىڭ 1979 ~ 1990- يىلىغىچە بولغان ئەھۋالى

جەدۋەل: 10 – 1

| تۈرلەر / يىل | كارخانا سانى | ئىشچى- خىزمەتچى سانى | مۇقىم مۈلۈك (تۈمەن يۈەن) | ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | سانائەت مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | ئومۇمىي كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | پايدىسى (تۈمەن يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1979 | 83 | 3640 | | | 185.67 | 579.02 | 98.99 |
| 1980 | 76 | 3489 | 715.91 | | | 472.04 | 70.90 |
| 1981 | 66 | 3589 | 584.42 | | 181.28 | 524.92 | 61.74 |
| 1982 | 81 | 3662 | 639.64 | | 179.11 | 673.40 | 75.21 |
| 1983 | 82 | 3810 | 675.64 | | 198.93 | 683.04 | 77.37 |
| 1984 | 82 | 2798 | 627.81 | 936.45 | 410.19 | 897.08 | 94.52 |
| 1985 | 98 | 4485 | 716.06 | 1524.62 | 735.91 | 1454.70 | 123.90 |
| 1986 | 100 | 4616 | 1015.71 | 1655.73 | 828 | 1556.83 | 163.93 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1987 | 87 | 4351 | 1399.79 | 1361.34 | 856.21 | 1730.12 | 155.27 |
| 1988 | 92 | 4643 | 1582.17 | 2289.39 | 1104.82 | 2385.19 | 174.12 |
| 1989 | 92 | 4590 | 1832.07 | 3104.19 | 1975.58 | 2982.86 | 150.39 |
| 1990 | 100 | 4751 | 2472.29 | 3197.35 | 1949.19 | 3274.04 | 143.53 |

**4. كەنتلەر قۇرغان كارخانىلار**

1979- يىلى ۋىلايەت بويىچە كەنتلەر قۇرغان كارخانا 83 كە يەتتى، 1986- يىلى 100 گە، 1990- يىلى 175 كە كۆپەيدى. كەنتلەر قۇرغان كارخانىلاردىكى كەسىپكارلارمۇ 1979- يىلىدىكى 3640 دىن 1990- يىلىدىكى 7274 كە كۆپەيدى.

1979- يىلى ۋىلايەت بويىچە كەنتلەر قۇرغان كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 5 مىليون 790 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى. 1980- يىلى 4 مىليون 720 مىڭ 400 يۈەنگە تۆۋەنلىدى. 1981- يىلىدىن كېيىن، يىلدىن- يىلغا ئېشىپ، 1990- يىلغا كەلگەندە، ئومۇمىي كىرىمى 86 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1984- يىلى، كەنتلەر قۇرغان كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليون 364 مىڭ 500 يۈەنگە، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليون 101 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى. 1990- يىلى، كەنتلەر قۇرغان كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 96 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 55 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1979 ~ 1990- يىلىغىچە، كەنتلەر قۇرغان كارخانىلار ياراتقان پايدا جەمئىي 18 مىليون 890 مىڭ 800 يۈەنگە، دۆلەتكە تاپشۇرغان باج سوممىسى جەمئىي 13 مىليون 880 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى.

كەنتلەر قۇرغان كارخانىلار ئاشلىق، ماي بېرەكلىككلىرىنى پىششىقلاش، يېزا ئىگىلىك ماشىنا- سايمانلىرىنى رېمونتلاش، شور قېزىش قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللانغاندىن سىرت، خىمىيە سانائىتىمۇ ئۇلارنىڭ تۈۋرۈك كەسىپىگە ئايلاندى. باركۆل ناھىيىسى شىرىنزا1-، 2-، 3-، 4-، 5- خىمىيە سانائەت زاۋۇتى ۋە قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەرقىي كۆكتاتلىق كەنتى ناترىي سىلىكات زاۋۇتى بەلگىلىك كۆلەمنى شەكىللەندۈردى. ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلىرىدىن سۇلفىد ئىشقارى، ناترىي سىلىكات مەملىكەتنىڭ كۆپلىگەن ئۆلكە، رايونلىرىغا سېتىلدى.

**5. ئائىلىلەر ھەمكارلىقىدىكى كارخانىلار**

1981- يىلى قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە ھەمكارلىق تۈزۈمىدىكى كارخانا 15، ئىشچى- خىزمەتچىسى 657، ئومۇمىي كىرىمى 2 مىليون 147 مىڭ 100 يۈەن بولدى. 1984- يىلى يېزىلاردىكى بىر قىسىم ئەزالار بىرلىشىپ قۇرغان ھەمكارلىق كارخانىلىرى يېزا- بازار كارخانىلىرىنىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزۈلۈپ، ھەمكارلىق كارخانىلىرى 37 گە، ئىشچى- خىزمەتچىسى 749 غا، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 375 مىڭ 400 يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىمى 2 مىليون 362

مىڭ 700 يۈەنگە، دۆلەتكە تاپشۇرغان بېجى 86 مىڭ 700 يۈەنگە، ساپ پايدىسى 304 مىڭ 200 يۈەنگە، مائاش سوممىسى 791 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى. باشقا شەكىلدىكى ھەمكارلىق كارخانىلىرى بەشكە، ئىشچى- خىزمەتچىسى 140 قا، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 172 مىڭ 600 يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىمى 125 مىڭ 600 يۈەنگە، دۆلەتكە تاپشۇرغان بېجى 13 مىڭ 500 يۈەنگە، ساپ پايدىسى 9500 يۈەنگە، مائاش سوممىسى 44 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى.

1986 ~ 1990- يىلىغىچە باشقۇرۇش ياخشى بولماسلىق، ھەمكارلاشقان ھەر قايسى تەرەپلەر ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا بولۇش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ھەمكارلىق كارخانىلىرى ئازىيىپ كەتتى. 1990- يىلى ھەمكارلىق كارخانىلىرى 28 گە، ئىشچى- خىزمەتچىسى 394 كە، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىمى 1 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە، ساپ كىرىمى 74 مىڭ 800 يۈەنگە، باج سوممىسى 89 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى.

6. يەككە، خۇسۇسىي كارخانىلار

1984- يىلىنىڭ ئاخىرىدا قومۇل ۋىلايىتى بويىچە يېزىلاردىكى يەككە سانائەت كارخانىلىرى 1136 گە، كەسپكارلىرى 1286 گە، ئومۇمىي كىرىمى 3 مىليون 329 مىڭ 900 يۈەنگە، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 449 مىڭ 500 يۈەنگە،دۆلەتكە تاپشۇرغان بېجى 70 مىڭ 500 يۈەنگە، ساپ پايدىسى 190 مىڭ 400 يۈەنگە، مائاش سوممىسى 1 مىليون 72 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1990 – يىلى يەككە، خۇسۇسىيلار كارخانىسى 4109 غا، كەسپكارى 8083 كە، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 36 مىليون 83 مىڭ 500 يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىمى 35 مىليون 310 مىڭ 600 يۈەنگە، ساپ پايدىسى 4 مىليون 384 مىڭ 600 يۈەنگە، دۆلەتكە تاپشۇرغان باج سوممىسى 2 مىليون 84 مىڭ 600 يۈەنگە، مائاش سوممىسى 7 مىليون 103 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى.

## §2. ئىقتىسادىي ئۈنۈم

1979- يىلى ۋىلايەت بويىچە كۆكتاش- ئەترەت كوللېكتىپ كارخانىلىرى ئىشقا ئاشۇرغان ساپ پايدا 1 مىليون 373 مىڭ 500 يۈەنگە، ئالدىنقى يىللىق پايدا قالدۇقى جەمئىي 1 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، ئەمەلىي ئىشلىتىلگىنى 2 مىليون 67 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى. ئەمەلىي ئىشلىتىلگەن پايدا ئىچىدە، كارخانىلارنىڭ تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىشكە ئىشلىتىلگىنى 1 مىليون 655 مىڭ 200 يۈەنگە، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى سېتىۋېلىشقا ئىشلىتىلگىنى 322 مىڭ 200 يۈەنگە، ئېتىز- ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلگىنى 20 مىڭ 400 يۈەنگە، كۆكتاش- ئەترەتلەرگە ياردەم بېرىلگىنى 22 مىڭ يۈەنگە، كوللېكتىپ پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ئىشلىتىلگىنى 47 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى.

1981 ~ 1990- يىللىرى ئوبلاست بويىچە يېزا- بازار (گۇڭشې- ئەترەت) كوللېكتىپ كارخانىلىرى ئىشقا ئاشۇرغان ساپ پايدا 15 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1990- يىلى ۋىلايەتتىكى يېزا – كەنت كوللېكتىپ كارخانىلىرى ئىشقا ئاشۇرغان ساپ پايدا 1 مىليون 771 مىڭ 300 يۈەنگە، مەسئۇل تارماقلارغا تاپشۇرغىنى 730 مىڭ 400 يۈەنگە، كارخانىنىڭ تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىشكە ئىشلەتكىنى 597 مىڭ 400 يۈەنگە، كوللېكتىپ پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ئىشلەتكىنى 292 مىڭ 100 يۈەنگە، ماتارىيقا ئىشلەتكىنى 151 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى. قۇمۇل شەھىرى ئىشقا ئاشۇرغان ساپ پايدا 1 مىليون 262 مىڭ 200 يۈەنگە، مەسئۇل تارماقلارغا تاپشۇرغىنى 504 مىڭ 900 يۈەنگە، كارخانىنىڭ تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىشكە ئىشلەتكىنى 378 مىڭ 700 يۈەنگە، كوللېكتىپ پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ئىشلەتكىنى 227 مىڭ 200 يۈەنگە، ماتارىيقا ئىشلەتكىنى 151 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى. باركۆل ناھىيىسى ئىشقا ئاشۇرغان ساپ پايدا 455 مىڭ 900 يۈەنگە، مەسئۇل تارماقلارغا تاپشۇرغىنى 217 مىڭ 900 يۈەنگە، كارخانىنىڭ تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىشكە ئىشلەتكىنى 179 مىڭ 300 يۈەنگە، كوللېكتىپ پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ئىشلەتكىنى 58 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى. ئاراتۈرۈك ناھىيىسى ئىشقا ئاشۇرغان ساپ پايدا 53 مىڭ 200 يۈەنگە، مەسئۇل تارماقلارغا تاپشۇرغىنى 7600 يۈەنگە، كارخانىنىڭ تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىشكە ئىشلەتكىنى 41 مىڭ يۈەنگە، كوللېكتىپ پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ئىشلەتكىنى 4600 يۈەنگە يەتتى.

باركۆل ناھىيىسى شىرىنزا يېزىلىق يېزا- بازار كارخانىسى بىر قەدەر بالدۇر قۇرۇلدى، ئاساسى خېلى ياخشى بولۇپ، ۋىلايەت بويىچە سانائەت ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى تولۇقلاشتىكى ئۈلگە ھېسابلىنىدۇ. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا 1969- يىلدىن بۇيان، شىرىنزا يېزا، كەنت كارخانىلىرىنىڭ سانائەت ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى تولۇقلىغان مەبلىغى 3 مىليون يۈەندىن ئاشتى. بۇ مەبلەغ ئاساسلىقى يېزا يوللىرى قۇرۇلۇشى، قۇدۇق قېزىش، چوڭ تىپتىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنا سايمانلىرىنى سېتىۋېلىش، كەنت، گۇرۇپپا كادىرلىرىنىڭ مائاش ياردەم پۇلى ۋە كەنت، گۇرۇپپىلارنىڭ باشقۇرۇش ھەققى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلدى.

## §3. توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىش

يېزا- بازار كارخانىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، بولۇپمۇ يېزا- بازار سانائەت كارخانىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مەبلەغ، ئىختىساسلىق خادىم ۋە تېخنىكا كەمچىل بولغان ئەھۋالدا، ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك، شەھەرلىك يېزا- بازار كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش تارماقلىرى توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىقى ۋە تېخنىكا تەرەققىياتىنى پائال، تەشەببۇسكارلىق بىلەن قانات يايدۇرۇپ، كۆپ خىل يول، كۆپ خىل شەكىلدە بىرلىشىشنى ئەستايىدىل يولغا قويۇپ، «ئۆز كەمچىل بولۇش» نى ھەل قىلىش ئۈچۈن يېڭى يول ئېچىپ، دۆلەت بىلەن كوللېكتىپ، كوللېكتىپ بىلەن ئائىلىلەر، رايون ئىچى بىلەن رايون سىرتى، يەرلىك بىلەن بىنگتۇەن كەڭ دائىرىدە بىرلىشىش، ھەمكارلىشىش

ئەندىزىسىنى بارلىققا كەلتۈردى. 1986- يىلى، ۋىلايەتنىڭ رايون ئىچى ۋە سىرتى بىلەن ھاسىل قىلغان ئىقتىساد- تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرى 16 غا، كىرگۈزگەن مەبلىغى 1 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە، كىرگۈزگەن تۈرلۈك تېخنىك خادىملار 137 كىشىگە، يېڭى مەھسۇلات 18 خىلغا، ھەر يىللىق يېڭىدىن ئاشقان مەھسۇلات قىممىتى 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1988- يىلى كىرگۈزگەن مەبلەغ 1 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە، كىرگۈزگەن تۈرلۈك تېخنىك خادىملار 232 ئادەم (قېتىم) غا يەتتى.

# IV باب

# كەسىپ قۇرۇلمىسى

## §1. يېزا ئىگىلىك كارخانىلىرى

ۋىلايەت يېزا- بازار كارخانىسىنىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزگەن يېزا ئىگىلىك كارخانىسى تېرىقچىلىق ۋە باقمىچىلىقتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىلدى. تېرىقچىلىق تۈرلىرىدىن ئاساسلىقى موگۇ (يەر قالپىقى)، قۇلماق، مېۋىلىك دەرەخ، ئادەمگىياھ قاتارلىقلار بار. باقمىچىلىق تۈرلىرىدىن بېلىق، توخۇ، چوشقا، قوي، توشقان، ھەسەل ھەرىسى، بۇلغۇن، ئات، بۇغا، پىلە قۇرتى قاتارلىقلار بار.

1979- يىلى ۋىلايەتنىڭ يېزا- بازار كارخانىلىرى ئىچىدىكى يېزا، كەنت كوللېكتىپىنىڭ يېزا ئىگىلىك كارخانىسى 43 كە، كەسىپكارلىرى 1944 كە، ئومۇمىي كىرىمى 1 مىليون 179 مىڭ 500 يۈەنگە يەتكەن ئىدى. 1990- يىلى يېزا، كەنت كوللېكتىپىنىڭ يېزا ئىگىلىك كارخانىسى 36 گە، كەسىپكارلىرى 148 گە، ئومۇمىي كىرىمى 230 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 230 مىڭ يۈەنگە چۈشۈپ قالدى. بۇنىڭدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدە بولدى.

**قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى يېزا، كەنت كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىدىكى يېزا ئىگىلىك كارخانىلىرىنىڭ 1979 ~ 1990- يىلىغىچە بولغان ئاساسىي ئەھۋالى**

جەدۋەل: 10 – 2

| يىل | كارخانا سانى | ئىشچى- خىزمەتچى سانى | ئومۇمىي كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) |
|---|---|---|---|---|
| 1979 | 43 | 1944 | 117.95 | |
| 1981 | 43 | 2473 | 178.27 | |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 1982 | 38 | 2523 | 186.8 | |
| 1983 | 39 | 2615 | 174.59 | |
| 1984 | 9 | 276 | 39.13 | 39.11 |
| 1985 | 8 | 281 | 69.55 | 73 |
| 1986 | 90 | 164 | 85.49 | 126.62 |
| 1987 | 1 | 11 | | 10.3 |
| 1989 | 36 | 148 | 20.2 | 20.2 |
| 1990 | 36 | 148 | 23 | 23 |

1. تېرىقچىلىق

1) يەر قالپىقى. 1980- يىللارنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىن باشلاپ، قۇمۇلدا سۇنئىي ئۇسۇلدا يەر قالپىقى تېرىلىشقا باشلىدى. 1981- يىلى ۋىلايەتلىك يېزا- بازار كارخانىلىرى باشقارمىسى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن كېلىشىپ، قۇمۇل شەھىرى شەھەر ئەتراپى يېزىسى 3- چوڭ ئەترىتىنى 30 مىڭ يۈەن ھەقسىز مەبلەغ بىلەن تەمىنلەپ، يەر قالپىقى مەيدانى قۇردى. شۇ يىلى ئىككى كىشى يەر قالپىقى مەيدانىدا يەر قالپىقى تېرىپ، يەر قالپىقى مەھسۇلاتىنى 700 كىلوگرامغا، مەھسۇلات قىممىتىنى 800 يۈەنگە يەتكۈزدى. كېيىن، يەر قالپىقى تېرىش تېخنىكىسى كېڭەيتىلدى ۋە قوللىنىلدى. بىر قىسىم دېھقانلار يەر قالپىقى تېرىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

2) قۇلماق. 1980- يىلى قۇمۇل شەھىرى قارادۆۋە گۇڭشېسى چېكرا رايونغا ياردەم بېرىش دېھقانچىلىق مەيدانى 130 مو يەردە قۇلماق تېرىدى. قۇلماقنىڭ ئۈنۈش نىسبىتى يۇقىرى، ئۆسۈشى ياخشى بولۇپ، مو بېشى مەھسۇلاتى 200 كىلوگرام ئەتراپىدا، مو بېشى مەھسۇلات قىممىتى 1600 يۈەن ئەتراپىدا بولدى.

3) مېۋىلىك دەرەخ. قۇمۇل شەھىرى بۇلۇڭتوغراق باغۋەنچىلىك مەيدانى 1976- يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئىشچى- خىزمەتچىسى 180 دىن ئاشتى. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1220 موغا، ئېچىشقا بولىدىغان بوز يەر كۆلىمى 2500 موغا يەتتى. 1981- يىلى مېۋىلىك دەرەخ كۆلىمى 600 موغا، مېۋىلىك دەرەخ 800 نەچچە مىڭ تۈپكە يەتتى، ئاساسلىقى ئالما ۋە ئۈزۈم تىكىلدى.

1990- يىلى باركۆل ناھىيىسىدىكى جۇ ئائىلىسى كۆمۈر كېنى قۇمۇل شەھىرى بۇلۇڭتوغراق يېزىسىدا 200 مو يەرنى سېتىۋېلىپ، ئۈزۈم، چىلان، ئۆرۈك قاتارلىق مېۋىلىك كۆچەتلەرنى تىكتى.

4) ئادەمگىياھ. 1977- يىلى باركۆل ناھىيىسى شىرىنزا گۇڭشې 1- چوڭ ئەترىتى 2000 يۈەن مەبلەغ سېلىپ، توققۇز كۋادرات مېتىر يەرگە 2300 تۈپ ئادەمگىياھ تىكتى، بۇنىڭ 1800 تۈپى ئۈنتى. 1979- يىلى ئەڭ چوڭ ئادەمگىياھنىڭ ئېغىرلىقى ئۈچ سەرگە يەتتى.

2. باقمىچىلىق

1) بېلىق باقمىچىلىقى. 1962- يىلىدىن باشلاپ ئامبارلاردا بېلىق بېقىلدى.

1981- يىلى بوغاز كۈڭشى 1- چوڭ ئەترىتىدىكى 11 ئائىلە سەككىز بېلىق كۆلى ياسىدى. بېلىق بېقىش كۆلىمىنى 16 موغا يەتكۈزۈپ، كۆلگە 30 مىڭ بېلىجان قويۇپ بەردى. 8- ئاينىڭ ئاخىرىدا ئادەتتىكى بېلىجاننىڭ ئېغىرلىقى 200 دىن 300 گىرامغىچە، چوڭ بېلىجانلارنىڭ ئېغىرلىقى 400 گىرامغا يەتتى.

1981- يىلى قۇمۇل شەھىرىدە ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى سۇ ئامبىرى 10 غا، كۆلچەك 500 گە، سۇ يۈزى كۆلىمى 4694 موغا يەتتى.

شەھەر ئەتراپى گۇڭشى چاھارباغ 5- ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى بېلىق باقمىچىلىق مەيدانى 1979- يىلى قۇرۇلۇپ مۇقىم مۈلۈككە 57 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالغان ئىدى. 1981- يىلى 1.2 توننا بېلىق تۇتۇلۇپ، 2000 يۈەن زىيان كۆرۈلدى.

بوغاز، راھەتباغ يېزىلىرى ئادەم كۈچىگە تايىنىپ 40 تىن ئارتۇق بېلىق كۆلى ياساپ، 1981- يىلى 2 مىليون 110 مىڭ دانە بېلىق باقتى.

باركۆل ناھىيىسى سۇ ئامبارلىرىدىن پايدىلىنىپ بېلىق بېقىپ، بېقىلىش كۆلىمىنى 3000 موغا يەتكۈزدى.1977 - يىلىدىن بۇيان ھەر خىل بېلىجاندىن جەمئىي 1 مىليون 596 مىڭ دانىنى سۇغا قويۇپ بەردى. 1981- يىلى كاراپ بېلىقى بېلىجانىدىن 188 مىڭ دانىنى سۇغا قويۇپ بەردى. ئاساسلىق بېلىق تۈرلىرىدىن كاراپ بېلىقى، كاراس بېلىقى، لاققا بېلىقى، كۆك بېلىق بېقىلدى.

ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە بېلىق بېقىش 1976- يىلى باشلاندى. شۇ يىلى ناھىيە بازىرىدىكى كۆلچەكلەرگە ۋە باي سۇ ئامبىرىغا 50 مىڭ دانە بېلىجان قويۇپ بېرىلدى. 1979- يىلىدىن كېيىن دۆلەت 28 مىڭ 500 يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 300 مىڭ دانە بېلىجان قويۇپ بەردى. لېكىن بېلىجانلارنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى تۆۋەن، پايدىسى ناھايىتى ئاز بولدى. 1985- يىلى يېڭىدىن تۆت كۆلچەك ياسىدى. كۆلچەكلەرنىڭ سۇ يۈزى كۆلىمى 160 موغا يېتىپ، لاتقىبېلىقى، كاراس بېلىقى ۋە ئاز مىقداردا كاراپ بېلىقى بېقىلدى. بېلىقنىڭ يوغىنىشى ناھايىتى ياخشى بولدى.

2) توخۇ باقمىچىلىقى. 1958- يىلىدىن كېيىن گۇڭشى- ئەترەتلەر كوللېكتىپ توخۇ باقمىچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. ئادەتتىكى توخۇ فېرمىلىرىدا 200 ~ 300 توخۇ، چوڭ توخۇ فېرمىلىرىدا نەچچە مىڭ توخۇ بېقىلدى.

تاشۋېلىق، لاپچۇق، قارادۆۋە دېھقانلىرى توخۇلارغا كاتەك سالمايتتى، توخۇلار كېچىلىرى دەرەخ شاخلىرىنى قونداق قىلاتتى، كۆپ تۇخۇم تۇغاتتى، لېكىن پىت باسمايتتى.

1978- يىلى ج ك پ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، توخۇ باقمىچىلىقى كەسپىي ئائىلىلىرى بارلىققا كەلدى. 1983- يىلىنىڭ ئاخىرى قۇمۇل ناھىيىسىدە 100 دىن ئارتۇق توخۇسى بار ئائىلە 75 كە يەتتى.

1979- يىلى شەھەر ئەتراپى گۇڭشىسى دۆلەتنىڭ ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا 290 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ماشىنىلاشقان توخۇ فېرمىسىدىن بىرنى قۇردى. 1981- يىلى بۇ توخۇ فېرمىسى 21 مىڭ 500 دانە چۈجە ساتتى. تۇخۇم مەھسۇلاتى يەتتە توننىغا، يىل ئاخىرىدىكى تۇخۇملايدىغان توخۇ سانى 500 گە يەتتى.

1985- يىلىنىڭ ئالدى- كەينىدە، باركۆل ناھىيىسىنىڭ توخۇچىلىق ئائىلىسى 30 دىن ئېشىپ، توخۇ سانى 7000 غا يەتتى.

3) چوشقا باقمىچىلىقى. 1978- يىلىدىن ئىلگىرى قۇمۇلدىكى خەنزۇ دېھقان ئائىلىلىرى كىچىك كۆلەمدىكى ئائىلە باقمىچىلىقى بىلەن شۇغۇللىناتتى. بىر ئائىلە يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىردىن ئۈچكىچە چوشقا باقاتتى. 1985-

يىلىنىڭ ئالدى. كەينىدە، قۇمۇلدا بىر قىسىم چوشقىچىلىق كەسپىي ئائىلىلىرى بارلىققا كېلىپ، يىلىغا ئادەتتە نەچچە ئون چوشقا باقتى. بۇنىڭدىن باشقا، كۆلىمى چوڭراق چوشقا فېرمىسىدىن بىر قانچىسى بارلىققا كەلدى.قۇمۇل شەھىرى شەھەر ئەتراپى يېزىسى ئاقار چوشقا فېرمىسىنىڭ يىللىق باققان گۆش چوشقا سانى نەچچە يۈزگە يەتتى. بوغاز يېزىسىدىكى بىر چوشقا باقمىچىلىق ئائىلىسىنىڭ يىلدا باققان چوشقىسى 100 دىن ئاشتى.

4) قوي بورداقچىلىقى. قۇمۇل شەھىرى شەھەر ئەتراپى يېزىسى، باركۆل ناھىيىسى كۆيسۇ يېزىسى «1- ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىدىن بورداش تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈپ، قوي بورداقچىلىق مەيدانى قۇردى.

5) توشقان باقمىچىلىقى. 1960- ۋە 1970- يىللاردا ئاز بىر قىسىم دېھقان ئائىلىلىرى كىچىك كۆلەمدە توشقان باقمىچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى، لېكىن نەسلى بىر خىل بولۇپ، يېمەكلىك ئۈچۈنلا بېقىلدى. 1980- يىللاردىن كېيىن، يېزىلاردا توشقان بېقىش بىر قەدەر ئومۇملىشىپ، توشقان باقمىچىلىقى كەسپىي ئائىلىلىرى بارلىققا كەلدى. توشقان نەسىللىرىمۇ كۆپەيدى. سىرتتىن سالۋار يۇڭلۇق توشقان قاتارلىق سورتلار كىرگۈزۈلدى. 1983- يىلى ئاراتۈرۈك ناھىيىسى شىئەن، جياڭسۇ قاتارلىق جايلاردىن سالۋار يۇڭلۇق توشقان كىرگۈزدى. 1985- يىلى باركۆل ناھىيىسىدە توشقان باقمىچىلىقى كەسپىي ئائىلىسى 12 گە يېتىپ، ئۆي توشقىنى جەمئىي 800 دىن ئاشتى.

6) ھەسەل ھەرىسى باقمىچىلىقى. ۋىلايەتتە ھەسەل مەنبەسى بولىدىغان ئۆسۈملۈكلەر بىر قەدەر مول، ھەر يىلى 55 مىڭ مودىن 60 مىڭ موغىچە قىچا تېرىلىدىغان بولۇپ، ئاساسلىقى شەرقىي تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالى ئەتراپلىرىغا تارقالغان. باركۆل ناھىيىسى كۆيسۇ يېزىسى ۋە ھەربىي ئات فېرمىسى شۇنىڭدەك قۇمۇل شەھىرىنىڭ تاشۋىلىق، بۇلۇڭتوغراق ئەتراپلىرى ئاساسلىق قىچا ئىشلەپچىقىرىدىغان جايلار ھېسابلىنىدۇ. قۇمۇل بوستانلىقى ئويمانلىقىدا ھەر يىلى 12 مىڭ مودىن 15 مىڭ موغىچە يەردە قارا بۇغداي قات تېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا جىگدە، مېۋە چېچەكلىرى قاتارلىقلار ھەسەل ھەرىسى باقمىچىلىقىنى بىر قەدەر ياخشى ماددىي ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

1958- يىلى ۋىلايەت قۇمۇل ناھىيىسىدە ھەسەل ھەرىسى بېقىش ئورنى قۇرۇشنى پىلانلاپ، ئىلىدىن ئايروپىلان بىلەن 10 ساندۇق كاۋكاز نەسىللىك ھەسەل ھەرىسى يۆتكەپ كېلىپ، سىناق تەرىقىسىدە بېقىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

1960- يىلى قۇمۇل ناھىيىلىك باغۋەنچىلىك مەيدانى خۇبېي ئۆلكىسىدىن 150 ساندۇق ئىتالىيە ھەرىسىنى سېتىۋېلىپ، دۆلەت ئىلكىدىكى ھەسەل ھەرىسى باقمىچىلىق مەيدانى قۇردى.

1976- يىلى ھەسەل ھەرىسى باقمىچىلىق مەيدانى نەسىللىك ھەرە باقمىچىلىق مەيدانىغا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، شۇ يىلى ھەرە توپى 512 ساندۇققا كۆپەيدى. 1977- يىلى يەنە 651 ساندۇققا كۆپەيدى. شۇ يىلى 11 مىڭ 58 كىلوگرام ھەسەل ئىشلەپچىقىرىلىپ، تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. 1980- يىلىدىن كېيىن ھەسەل بازىرى كاساتلاشقانلىقتىن، ھەرە توپى زور دەرىجىدە ئازىيىپ، 100 ساندۇققا چۈشۈپ قالدى. 1982- يىلى پەقەت 46 ساندۇقلا ھەرە قېلىپ، يىلىغا 4000 كىلوگرامدىن 5000 كىلوگرامغىچە ھەسەل ئىشلەپچىقىرىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە سېرىق موم ئىشلەپچىقىرىلىپ، مەھسۇلات قىممىتى 10 مىڭ يۈەندىن ئاشتى.

ھەر يىلى سىرتقى ئۆلكىلەردىن ھەرە باققۇچىلار كېلىپ، ھەرىلىرىنى باركۆل ناھىيىسىنىڭ قىچىزارلىقلىرىغا قويۇپ بەردى. 1977- يىلى ۋىلايەت بويىچە ھەرە توپى 1259 غا، ئىشلەپچىقىرىلغان ھەسەل 71.5 توننىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، سىرتقى رايونلارنىڭ ھەرە توپى ئىشلەپچىقارغان ھەسەل 38 توننىغا، ۋىلايىتىمىز ئۆزى ئىشلەپچىقارغان ھەسەل 33.5 توننىغا، سېتىۋېلىنغان ھەسەل 54 توننىغا، ئانا ھەرە شىرنىسى 12.5 كىلوگرامغا يەتتى.

7) بۇلغۇن باقمىچىلىقى. 1983- يىلى، ئاراتۈرۈك ناھىيىسى ئىچكى موڭغۇلدىن 20 نەسىللىك بۇلغۇن كىرگۈزدى. 1985- يىلى بۇلغۇن جەمئىي 274 كە، بۇلغۇن كۆچىكى ۋە بۇلغۇن تېرىسىدىن قىلىنغان كىرىم 16 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1985- يىلى باركۆل ناھىيىسىدىكى بۇلغۇن باقىدىغان ئائىلە يەتتىگە، بۇلغۇن سانى جەمئىي 130 غا يەتتى.

8) بۇغا باقمىچىلىق. 1979- يىلى قۇمۇل ناھىيىسى تەڭرىتاغ كۆكتېپىسى 10 نەچچە ياۋا بۇغىنى تۇتۇپ، تاغ ئېچىنى قورشاپ بېقىشقا كۆندۈردى. 1980- يىلى بۇغا سانى 59 غا يەتتى. شۇ يىللىق كىرىم 63 مىڭ يۈەنگە، چىقىم 40 مىڭ يۈەنگە، پايدا 23 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1981- يىلى بۇغا سانى 93 كە، بۇغا يۈمران مۈڭگۈزى 16.6 كىلوگرامغا يەتتى. 1982- يىلى بېقىش قىيىن بولغانلىقتىن، تاشقى سودا تارماقلىرى ئالاقىلىشىپ، بىر قىسىم بۇغىنى سېتىپ، 22 لا بۇغىنى ساقلاپ قالدى. شۇ يىللىق ئىشلەپچىقىرىلغان بۇغا يۈمران مۈڭگۈزى 11.2 كىلوگرام بولدى. 1983- يىلىنىڭ ئاخىرىدا پەقەت 12 لا بۇغا قېلىپ، بۇغا يۈمران مۈڭگۈزى مەھسۇلاتى 8.6 كىلوگرامغا چۈشۈپ قالدى.

1981- يىلى باركۆل ناھىيىسىنىڭ سارچوقا رايونىدا 20 بۇغا قوتاندا بېقىلدى. 1983- يىلى پەقەت توققۇز بۇغىلا قالدى.

## §2. سانائەت كارخانىلىرى

1960- يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە يېزا- بازار كارخانىلىرى كۆمۈر، بىناكارلىق، كانچىلىق، خىمىيە سانائىتى قاتارلىق ساھەلەرگە كېڭەيدى. 1980- يىللاردا ۋىلايەتنىڭ يېزا- بازار سانائىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ساھەسى ئومۇميۈزلۈك كېڭىيىپ، كۆمۈر قېزىش، قارا مېتال رۇدىلىرىنى قېزىش، ئايرىش، رەڭلىك مېتال رۇدىلىرىنى قېزىش ۋە ئايرىش، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە باشقا مېناللوئىد كانلىرى، تۇز قېزىش، يېمەكلىك، ئىچىملىك، پاختا پىششىقلاش، خۇرۇم ۋە تېرە- يۇڭ مەھسۇلاتلىرى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، قارا مېتال تاۋلاش، رەڭلىك مېتال تاۋلاش، مېتال بۇيۇملار كەسپى قاتارلىق 20 دىن ئارتۇق ساھەنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

**قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى يېزا- بازار سانائەت كارخانىلىرىنىڭ 1979 ~ 1990- يىلغىچە بولغان ئاساسىي ئەھۋالى**

جەدۋەل: 10 – 3

| يىللار | كارخانا سانى | ئىشچى- خىزمەتچى سانى | ئومۇمىي كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) |
|---|---|---|---|---|
| 1979 | 58 | 1491 | 431.64 | |
| 1980 | | | | |
| 1981 | 44 | 1278 | 897.61 | |
| 1982 | 56 | 1423 | 474.02 | |
| 1983 | 54 | 1703 | 578.13 | |
| 1984 | 64 | 2502 | 1061.41 | 1071.51 |
| 1985 | 70 | 3682 | 1478.82 | 1614.80 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 1986 | 810 | 6111 | 2335.06 | 2604.55 |
| 1987 | 1192 | 6208 | | 2193.54 |
| 1988 | 905 | 5851 | 2049.32 | 2327.27 |
| 1989 | 970 | 6597 | 3440.97 | 3934.72 |
| 1990 | 1015 | 6160 | 4107.37 | 5230.5 |

**1. كۆمۈر قېزىش**

1964- يىلى قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ گۇڭشې- ئەترەت كارخانىسى كۆمۈرچىلىك كەسپىنى يولغا قويغان ئىدى، 1968- يىلى توختىتىۋېتىلدى. كېيىن ۋىلايەت بويىچە باركۆل ناھىيىسى قىزىلتاغ دېھقانچىلىق مەيدانى كۆمۈر كېنى، كۆيسۇ ۋە شىرىنزا يېزىسى كۆمۈر كېنى، داخې يېزىسى شەرقىي ئۆستەڭ كۆمۈر كېنى، داخې يېزىسى شىنخۇ كۆمۈر كېنى، شىرىنزا سەنشىلىگوۋەنزى كۆمۈر كېنى، سەنتاڭخۇ يېزىسى كۆمۈر كېنى، جۇجيا كۆمۈر كېنى، ئۈچكۆل لۇجيا كۆمۈر كېنى قاتارلىق كۆمۈر كانلار قۇرۇلدى. 1988- يىلى ۋىلايەت بويىچە يېزا، كەنت ۋە خۇسۇسىيلار ئاچقان كۆمۈر كان 198 گە يەتتى.

1990- يىلى يېزا- بازار كۆمۈر كانلىرىدىن پەقەت كۆيسۇ يېزىسى قۇرغان كۆمۈر كانلا كۆمۈر ئىشلەپچىقاردى، ئىشچى- خىزمەتچىسى 80، مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1990- يىلى ۋىلايەتلىك يېزا- بازار كارخانىسىنىڭ كۆمۈر كانلىرى ئاساسلىقى بۆرچۈنچى كۆمۈر كان رايونىغا جايلاشتى.

**2. قارا مېتال رۇدىلىرىنى قېزىش ۋە ئايرىش كەسپى**

ۋىلايەتلىك يېزا- بازار كارخانىسىنىڭ قارا مېتال كانلىرىدىن تۆمۈر ۋە مانگان كانى بار. 1985- يىلى قۇمۇل شەھىرىدىكى ئۈچ يېزا- بازار كارخانىسى مانگان قازمىچىلىقى بىلەن شۇغۇللاندى. كەسپكارلىرى 197 گە، ئىشلەپچىقارغان مانگان رۇدىسى 6880 توننىغا، ئىشقا ئاشۇرغان مەھسۇلات قىممىتى 441 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى.

1989- يىلى قارا مېتال كانچىلىقى بىلەن شۇغۇللانغان كارخانا بەشكە يەتتى. بۇ كارخانىلارنىڭ ھەممىسىنى يېزىلار قۇرغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر كارخانا تۆمۈر رۇدىسى قېزىش بىلەن، قالغان تۆت كارخانا مانگان رۇدىسى قېزىش بىلەن شۇغۇللاندى. كەسپكارلىرى 98 گە (تۆمۈر رۇدىسى قېزىش كانىنىڭ 10، مانگان رۇدىسى قېزىش كانىنىڭ 88)، ئىشلەپچىقارغان تۆمۈر رۇدىسى 3000 توننىغا، مانگان رۇدىسى 3100 توننىغا، مەھسۇلات قىممىتى 412 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى.

**3. رەڭلىك مېتال رۇدىسى قېزىش، ئايرىش كەسپى**

ۋىلايەتلىك يېزا- بازار كارخانىسىنىڭ رەڭلىك مېتال رۇدىسى قېزىش، ئايرىش كانىدىن ئاساسلىقى مىس ۋە ۋولفرام كانى بار.

1985- يىلى قۇمۇل شەھىرى شاچۈەنزى رۇدا ئايرىش زاۋۇتى ۋولفرام رۇدىسى ئايرىدى. ئىشچى- خىزمەتچىسى 30 غا، ۋولفرام قۇمى مەھسۇلاتى 20 توننىغا، مەھسۇلات قىممىتى 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇ زاۋۇت 1989- يىلى قۇرۇلدى. پىلاندىكى يىللىق ۋولفرام قۇم ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 150 ~ 180 توننىچە بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىلغان ۋولفرام

رۇدىلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئېكسپورت قىلىنىدى.

1990- يىلى رەڭلىك مېتال رۇدىسىنى قېزىش، ئايرىش كارخانىسى ئالتىكە، كەسىپكارلىرى 306 گە، مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 308 مىڭ يۈەنگە، ۋولفرام قوْمى مەھسۇلاتى 95 تونىنغا يەتتى.

4. قىممەتلىك مېتال رۇدىلىرىنى قېزىش، ئايرىش كەسپى

1971- يىلى كۈزگىچە- ئەترەت كارخانىلىرى ئالتۇن قېزىشنى باشلىدى. كېيىن مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن توختاپ قالدى. 1989- يىلى تاشۆيلىق يېزىسىدا 80 كىشى ئالتۇن قېزىپ، 12 مىڭ 100 تونىنا ئالتۇن رۇدىسى ساتتى، مەھسۇلات قىممىتى 851 مىڭ 600 يۈەن بولدى.

1990- يىلى قۇمۇل شەھىرىدىكى ئىككى ئالتۇن كانىنىڭ كەسىپكارلىرى 38 گە، قازغان ئالتۇن رۇدىسى 12 مىڭ 500 تونىنغا، ئالتۇن مەھسۇلاتى 2460 گرامغا، مەھسۇلات قىممىتى 582 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى.

5. مېتاللوئىد كانلىرىنى قېزىش، ئايرىش كەسپى

1) تاش قېزىش كەسپى. ۋىلايەتنىڭ يېزا- بازار كارخانىلىرىدىن تاش قېزىش كارخانىلىرى ئاساسلىقى قۇمۇل شەھىرىگە تارقالغان بولۇپ، قورۇلۇشتا ئىشلىتىلىدىغان قۇم- شېغىل ۋە ياپىلاق تاش قېزىشنى ئاساس قىلدى، ئۇنىڭدىن باشقا ئۇششاق تاش، گۈل قاتارلىقلارنى قازدى.

1990- يىلى تاش قېزىش كارخانىسى سەككىزگە، كەسىپكارلىرى 67 گە، مەھسۇلات قىممىتى 170 مىڭ 200 يۈەنگە، ئىشلەپچىقارغان ياپىلاق تاش 15 مىڭ كۇب مېترغا، قۇم-شېغىل 15 مىڭ كۇب مېترغا يەتتى.

2) تەبىئىي شۆلتا ۋە شور قېزىش كەسپى. 1967- يىلى باركۆل ناھىيىسى خۋاجىۋاگزى چوڭ ئەترەت 2- ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى ۋاڭ جىنلۇڭ 10 نەپەر كۈچكە ئەزاسىنى باشلاپ، كۆلياقىسىدا شور كولىدى. ئەينى چاغدا شورنى جوتۇ بىلەن قازغان بولۇپ، كېيىن شىنا قېقىش ئارقىلىق قازدى. بىر ئايدىن كېيىن 200 كۇب مېتىر شور قېزىلدى. 1968- يىلى شور قېزىش ئەترىتى ئىشتىن توختىدى. 1969- يىلى 1970- يىلى شىرىنزا كۈزگىچە1- چوڭ ئەترەت 2- ئەترىتى، داخې يېزىسى 5- چوڭ ئەترەت 3- ئەترىتىمۇ شور قېزىشقا باشلىدى. قېزىلغان شور تەمىنات- سودا كوپېراتىپىنىڭ بىرلەشمە پونكىتىغا سېتىپ بېرىلدى. 1979- يىلى كۆيسۇ، خۋايۈەنشياڭ يېزىسىنىڭ خۋاجىۋاگزى، تەنيۈەنزى قاتارلىق كۈزگىچە ئەترەتلىرىدە كەينى- كەينىدىن سېلىترا «95 لىك» سېلىترا زاۋۇتى قۇردى. شۇ يىلى 9604 تونىنا «95 لىك» سېلىترا، 2400 تونىنا قاتتىق شور ئىشلەپچىقىرىلدى. 1985- يىلغا كەلگەندە باركۆل ناھىيىسىدە «95 لىك» سېلىترا زاۋۇتىدىن تۆتى قۇرۇلۇپ، يىللىق شور ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 1150 تونىنغا، مەھسۇلات قىممىتى 99 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى. 1990- يىلى باركۆل ناھىيىسىدىكى شور زاۋۇتلىرى جەمئىي 6101 تونىنا سۇسىزلاشتۇرۇلغان سېلىترا، 1121 تونىنا شور ئىشلەپچىقاردى.

قۇمۇل تەۋەسىدە تەبىئىي شۆلتا ۋە شور بايلىقى مول. 1958- يىلىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، خەلق كۈزگىچىلىرى ئادەم كۈچى تەشكىللەپ، كۆپ مىقداردا قازغان ئىدى، كېيىن سۈپىتى تۇراقسىز بولۇش ۋە سېتىش يوللىرى راۋان بولماسلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بەزىدە قېزىلىپ، بەزىدە توختىتىپ قويۇلدى. 1983- يىلىدىن بۇيان شورنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى بىر قەدەر مۇقىم بولۇپ، ئاستانە، قارادۆۋە، يەتتە قۇدۇق كۈزگىچىلىرىدا ھەر يىلى قېزىلدى.

3) پېرلىت قېزىش، ئايرىش كەسپى. ۋىلايەتلىك يېزا- بازار كارخانىسى تەمىنات- سودا شىركىتىنىڭ پېرلىت زاۋۇتى ۋىلايەت بويىچە بىردىنبىر كۆپىمە پېرلىت ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانا بولۇپ، 1983- يىلى قۇرۇلدى. كەسىپكارلىرى 20 دىن ئاشتى. ئاساسلىقى پېرلىت پاراشوكى ئىشلەپچىقاردى. 1985- يىلى ئىشلەپچىقارغان پېرلىت پاراشوكى 6085.96 كۇب مېترغا يەتتى.

4) باشقا مېتاللوئىد رۇدىلارنى قېزىش، ئايرىش كەسپى. يېزا- بازار كارخانىلىرى قازغان مېتاللوئىد ماددىلاردىن گىپس، گرانىت تاش، كۋارتس تاش، كۋارتس قۇم، چىرمىتال، كاۋلىك توپىسى، قاشتېشى قاتارلىقلار بار. بۇ كانلارنىڭ كۆلىمى كىچىك، يېزا- كەنتلەر ئەمگەك كۈچلىرىنى ۋاقىتلىق تەشكىللەپ قازىدىغان بولغانلىقتىن، بەزىدە قېزىلىپ، بەزىدە توختاپ، ئىشلەپچىقىرىشى تۇراقسىز بولدى.

1990- يىلى يېزا- بازار كارخانىلىرى قازغان گىپس 3500 توننىغا، كۋارتس تاش 5600 توننىغا، كۋارتس قۇم 1200 توننىغا، ساپال توپىسى 120 توننىغا يەتتى.

5) تۇز قېزىش كەسپى. 1979- يىلى قۇمۇل ناھىيىسىدە ئۈچ گۈڭشې- ئەترەت كارخانىسى تۇز قېزىش بىلەن شۇغۇللاندى. شۇ يىلى كەسپكارلىرى 156 گە، قازغان تۇز 9280 توننىغا، مەھسۇلات قىممىتى 585 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى. 1981- يىلى باركۆل ناھىيىسى كۆيسۇ يېزىسىنىڭ قوشۇمچە كەسىپ ئەترىتى كۆلدىن تۇز قېزىپ، تۇز مەھسۇلاتىنى 3300 توننىغا، مەھسۇلات قىممىتىنى 359 مىڭ 700 يۈەنگە يەتكۈزدى. شۇ يىلى قۇمۇل ناھىيىسىدىكى گۈڭشې- ئەترەت كارخانىلىرى 2000 توننا تۇز قازدى. 1982- يىلى ۋىلايەتلىك گۈڭشې- ئەترەت كارخانىلىرى 20 مىڭ توننا يېرىك تۇز قازدى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل ناھىيىسى 16 مىڭ توننا، باركۆل ناھىيىسى 4000 توننا قازدى.

1990- يىلى ۋىلايەت بويىچە يېزا- كەنت تۇز قېزىش كارخانىسى ئالتىگە (بۇنىڭ ئىچىدە يېزا قۇرغان كارخانا بەش، كەنت قۇرغان كارخانا بىر)، كەسپكارلىرى 74 كە (يېزا قۇرغان كارخانىنىڭ 64، كەنت قۇرغان كارخانىنىڭ 10 )، مەھسۇلات قىممىتى 268 مىڭ 600 يۈەنگە (يېزا قۇرغان كارخانىنىڭ 247 مىڭ 400 يۈەن، كەنت قۇرغان كارخانىنىڭ 21 مىڭ 200 يۈەن)، يېرىك تۇز مەھسۇلاتى 14 مىڭ توننىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل شەھىرىنىڭ 12 مىڭ 500 توننىغا، باركۆل ناھىيىسىنىڭ 1500 توننىغا يەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا قۇمۇل شەھىرى يەنە 150 توننا يودلۇق تۇز پىششىقلاپ ئىشلىدى.

6) يېمەكلىك پىششىقلاش كەسپى. ئاساسلىقى ئاشلىق پىششىقلاش، سۈت مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، ئاچچىقسۇ، جياڭيۇ ئىشلەپچىقىرىش، ماي تارتىش، مېۋە- چېۋە كونسېرۋاسى ياساش قاتارلىق كەسىپلەر بار.

(1) ئاشلىق پىششىقلاش. 1970- يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، يېزىلاردا كىچىك تىپتىكى تۈك تۈگمىنى ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. 1977- يىلى ۋىلايەت بويىچە يېزىلاردىكى تۈك تۈگمىنى 401 گە يېتىپ، بۇ تۈگمەنلەر ھەر قايسى گۈڭشې، ئەترەت ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى كوللېكتىپىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولدى. 1980- يىللاردىن بۇيان يېزىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئۇن تارتىش ماشىنىلىرى تەدرىجىي ھالدا دېھقان ئائىلىلىرىگە كىردى. 1980- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يېزىلاردا ئۇن تارتىش خۇسۇسىي ئىگىلىكى تېز تەرەققىي قىلىپ، تۈك تۈگمىنى بار دېھقان ئائىلىلىرى ۋىلايەتنىڭ ھەرقايسى يېزىلىرىغا تارقالدى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى MF–65 تىپلىق تۈك تۈگمىنىنى ئىشلەتتى.

خۇسۇسىي ئۇن تارتىش كەسپى تەرەققىي قىلغاندىن سىرت، بىر تۈركۈم مەلۇم كۆلەمگە ئىگە كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىدىكى ئۇن تارتىش كارخانىلىرىمۇ بارلىققا كەلدى. 1982- يىلى بۇلۇڭتوغراق گۈڭشېسى بىر ئۇن زاۋۇتى قۇردى. 1983- يىلى 650 توننا ئۇن تارتتى. 1988- يىلى ۋىلايەت بويىچە كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىدىكى ئۇن زاۋۇتى تۆتكە، كەسپكارلىرى 26 گە، يىللىق كىرىمى 133 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

(2) سۈت مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش. 1959- يىلى قۇمۇل ناھىيىسىدە بىر سۈت پاراشوكى زاۋۇتى قۇرۇلدى. 1962- يىلى مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن توختىتىلدى. 1990- يىلى باركۆل ناھىيىسىنىڭ كۆلبويى يېزىسىدا بىر سۈت مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، كەسپكارلىرى 13 كە، سۈت مەھسۇلاتى 7.2 توننىغا، ئىشقا ئاشۇرغان مەھسۇلات قىممىتى 31 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى.

(3) مېۋە كونسېرۋاسى ئىشلەش. ۋىلايەت بويىچە ۋىلايەتلىك يېزا- بازار كارخانىسى ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى

ياشلار مېۋە مەھسۇلاتلىرى زاۋۇتى ۋە قۇمۇل شەھەرلىك «جېنشىن» كونسېرۋا يېمەكلىكلىرى زاۋۇتىدىن ئىبارەت ئىككى مېۋە كونسېرۋاسى ئىشلەش كارخانىسى بار ئىدى.

ۋىلايەتلىك يېزا- بازار كارخانىسى ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ ياشلار مېۋە زاۋۇتى 1988- يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئاساسلىقى ئۈزۈم، قۇمۇل چىلىنى كونسېرۋالىرىنى ئىشلىدى. يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 50 ~ 100 توننىغىچە.

قۇمۇل شەھەرلىك «جېنشىن» كونسېرۋا زاۋۇتى 1986- يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، كەسپكارلىرى 600 دىن ئاشتى. يىلىغا 1 مىليون قۇتا تۈرلۈك مېۋە كونسېرۋاسى ئىشلەپچىقاردى.

(4) ماي تارتىش. 1980- يىللارنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا قۇمۇل شەھىرى پالۋانتۇر، بۇلۇڭتوغراق كۆكشىلىرى قۇرغان زاۋۇتلار ماي تارتىش سېخى تەسىس قىلىپ، يېزا كارخانىلىرىنىڭ مېخانىك ماشىنا بىلەن ماي تارتىش تارىخىنى ياراتتى، لېكىن خام ئەشيا بىلەن تەمىنلەش كاپالەتكە ئىگە بولمىغانلىقتىن، مەھسۇلات مىقدارى مۇقىم بولمىدى.

1981 ~ 1990- يىلىغىچە ۋىلايەتلىك يېزا- بازار كارخانىسى جەمئىي 1456 توننا يېمەكلىك ئۆسۈملۈك مېيى ئىشلەپچىقاردى.

(5) ئاچچىقسۇ، جياڭيۇ ئىشلەپچىقىرىش. 1950- يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا كۆكشى- ئەترەتلەر قۇرغان ئۈنۈۋېرسال پىششىقلاش زاۋۇتىنىڭ ئاچچىقسۇ، جياڭيۇ ئىشلەش سېخلىرى بار ئىدى. ھەر قايسى كۆكشى- ئەترەتلەر قۇرغان ئاچچىقسۇ، جياڭيۇ ئىچىتىش سېخلىرى ئاساسلىقى شۇ ئەتراپتىكى دېھقانلارنى ئاچچىقسۇ، جياڭيۇ بىلەن تەمىنلەيتتى.

1981 ~ 1990- يىلىغىچە كۆكشى- ئەترەتلەر جەمئىي 342 توننا جياڭيۇ، ئاچچىقسۇ ئىشلەپچىقاردى.

(6) پېچىنە- پىرەنىك پىشۇرۇش. قۇمۇل شەھىرى شەھەر ئەتراپى غەربىي دىيار يېمەكلىك زاۋۇتى ۋىلايەتلىك يېزا- بازار كارخانىسىنىڭ بىردىنبىر بەلگىلىك كۆلەمگە ئىگە پېچىنە- پىرەنىك پىشۇرۇش كارخانىسى بولۇپ، ئاساسلىقى پېچىنە، تورت، بولكا قاتارلىق تۈرلۈك پېچىنە- پىرەنىك پىشۇرۇپ، قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەھەر- يېزا ئاھالىلىرىنى تەمىنلىدى.

(8) سۇسىزلاندۇرۇلغان كۆكتات پىششىقلاش. قۇمۇل شەھەرلىك يېزا- بازار كارخانىسى ۋىلايەت بويىچە بەلگىلىك كۆلەمگە ئىگە سۇسىزلاندۇرۇلغان كۆكتات پىششىقلاش كارخانىسى ھېسابلىنىدۇ. قۇمۇل شەھىرىنىڭ بۇلۇڭتوغراق سۇسىزلاندۇرۇلغان كۆكتات پىششىقلاش زاۋۇتى بىلەن قۇمۇل شەھىرى باغۋەنچىلىك مەيدانىنىڭ سۇسىزلاندۇرۇلغان كۆكتات پىششىقلاش زاۋۇتى تىجارەت ئەھۋالى بىر قەدەر ياخشى كارخانىلار ھېسابلىنىدۇ. 1986- يىلى قۇمۇل شەھىرىدىكى يېزا- بازار كارخانىلىرى 34 توننا سۇسىزلاندۇرۇلغان پىياز ئىشلەپچىقاردى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا قۇرغان كارخانىلار 30 توننا ئىشلەپچىقاردى، كەنت قۇرغان كارخانىلارنىڭ تۆت توننىغا يەتتى. 1987- يىلى سۇسىزلاندۇرۇلغان پىياز 30 توننا، 1988- يىلى، 57 توننا، 1989- يىلى 86 توننا ئىشلەپچىقىرىلدى. 1990- يىلى ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىدى.

8. ھاراق ۋە ئىچىملىك ئىشلەپچىقىرىش كەسپى

ۋىلايەتلىك يېزا- بازار كارخانىسىنىڭ ھەر خىل ئىچىملىك ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسىدىن ئاساسلىقى قۇمۇل شەھىرى بۇلۇڭتوغراق ئاراتام ھاراق زاۋۇتى، قۇمۇل شەھىرى شەھەر ئەتراپى «جېنشىن» كونسېرۋا زاۋۇتى، قۇمۇل «تيەنلۇڭ» مېۋە ئىچىملىكلىرى شىركىتى ۋە «باچى» مىنېرال سۇ ئىچىملىكلىرى چەكلىك شىركىتى، «ياخشى» يېمەكلىكلەر چەكلىك شىركىتى بار.

قۇمۇل شەھىرى بۇلۇڭتوغراق ئاراتام ھاراق زاۋۇتى 1989- يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، يىلىغا 30 ~ 50 توننا ئاق ھاراق ئىشلەپچىقاردى. ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرىدىن ئاراتام ھارىقى ۋە ئاراتام ئالاھىدە ھارىقى بار.

قۇمۇل شەھىرى شەھەر ئەتراپى «جېنشىن» كونسېرۋا زاۋۇتى تۈرلۈك مېۋە كونسېرۋالىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان

كارخانا بولۇپ، 1990- يىلى بېيجىڭدىن تېخنىكا كىرگۈزۈپ، قۇمۇل قوغۇنى چىپسى، ئۈجمە شىرنىسى قاتارلىق بىر يۈرۈش ئۈچىملىكلەرنى ئىشلەپچىقارىدى.

9. پاختا پىششىقلاش كەسپى. قۇمۇل شەھەرلىك باغۋەنچىلىك مەيدانى پاختا پىششىقلاش زاۋۇتى پاختا پىششىقلايدىغان بىردىنبىر يېزا- بازار كارخانىسى. بۇ كارخانا 1980- يىللاردا قۇرۇلغان بولۇپ، مۇقىم مۈلكى 1 مىليون يۈەنگە، كەسپكارلىرى 35 كە يەتتى، ئاساسلىقى پاختا ۋە چىگىت ئىشلەپچىقارىدى.

10. كىيىم- كېچەك كەسپى. قۇمۇل ناھىيىسى شەھەر ئىچى گۈزۈشىدا 1982- يىلى توققۇز ئەجدىھالىق يوتقان، كىيىم- كېچەك زاۋۇتى قۇرۇلدى، بۇ ئاساسلىق مىللىي كىيىم- كېچەكلەرنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانا بولۇپ، ئىككىلا كەسپكارى بار ئىدى. شۇ يىلى، بۇ زاۋۇتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 2000 يۈەندىن ئاشتى. 1983- يىلى كەسپكارلىرى 15 كە يەتتى. 1990- يىلى كەسپكارلىرى بەشكە، مەھسۇلات قىممىتى 4000 يۈەنگە چۈشۈپ قالدى.

1985- يىلى ۋىلايەت بويىچە يېزىلار قۇرغان كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كىيىم- كېچەك كارخانىسى ئىككىگە، ئىشچى- خىزمەتچىسى 35 كە، مەھسۇلات قىممىتى 39 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى. 1990- يىلى پەقەت بىرسىلا قالدى.

1960 — 1970- يىللاردا يېزىلاردا شەخسىي تىككۈچىلىك ئائىلىلىرى بار ئىدى. 1980- يىللاردىن بۇيان، يېزىلاردىكى شەخسىي تىككۈچىلەر قوشۇنى تېز زورايدى. بۇ كىشىلەرنىڭ كۆپ قىسمى يېزىلاردا كىيىم تىكتى، بىر قىسمى شەھەردە دۇكان ئاچتى. 1990- يىلى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاممىنىڭ بىر قىسمى بازاردىكى تەييار كىيىملەرنى سېتىۋالغاندىن سىرت، ئاز بىر قىسمى يەنىلا شەخسىي تىككۈچىلىك دۇكانلىرىدا كىيىم تىككۈزدى.

11. كۆن- خۇرۇم مەھسۇلاتلىرى كەسپى

1983- يىلى قۇمۇل ناھىيىلىك گۈڭشې- ئەترەت كارخانىسى خۇرۇم زاۋۇتى قۇردى. كەسپكارلىرى توققۇزغا، ئىشلەپچىقارغان خۇرۇم مەھسۇلاتلىرى 300 گە، مەھسۇلات قىممىتى 3200 يۈەنگە يەتتى. 1985- يىلى بۇ زاۋۇت ئىشتىن توختىدى.

1987- يىلى باركۆل ناھىيىسىنىڭ خۇايۇەن يېزىسىدا خۇرۇم زاۋۇتى قۇرۇلدى. ئىشچى- خىزمەتچىسى 36 گە، مەھسۇلات قىممىتى 132 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى. 1982- يىلى، باركۆل ناھىيىسىدە يېزا، كەنت قۇرغان خۇرۇم پىششىقلاش كارخانىسى ئىككىگە، كەسپكارلىرى 51 گە (يېزا كارخانىسىنىڭ 36، كەنت كارخانىسىنىڭ 15 )، مەھسۇلات قىممىتى 440 مىڭ 300 يۈەنگە (يېزا كارخانىسىنىڭ 306 مىڭ 800 يۈەن، كەنت كارخانىسىنىڭ 133 مىڭ 500 يۈەن)، ئىشلەپچىقارغان خۇرۇم بۇيۇملار 4000 يۈرۈشكە (يېزا، كەنت كارخانىسىنىڭ ھەر بىرىنىڭ 200) يەتتى. 1989- يىلى، كەنت قۇرغان خۇرۇم زاۋۇتى ئىشتىن توختىدى. يېزا قۇرغان خۇرۇم زاۋۇتىنىڭ كەسپكارلىرى 10 غا قىسقاردى، ئىشلەپچىقارغان خۇرۇم بۇيۇملىرى 140 قا، مەھسۇلات قىممىتى 46 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1990 يىلى، باركۆل ناھىيىسى خۇايۇەن يېزىلىق خۇرۇم زاۋۇتىنىڭ ئىشچى- خىزمەتچىسى 16 گە، ئىشلەپچىقارغان خۇرۇم بۇيۇملىرى 400 گە، مەھسۇلات قىممىتى 179 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى.

ئاراتۇرۇك خۇرۇم زاۋۇتى 1990- يىلى قۇرۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۇرۇلدى. تېخنىكا ۋە بىرقىسىم مەبلەغنى شاڭخەي «خۇگۇاڭ» خۇرۇم زاۋۇتى تەمىنلەپ، ئىككى تەرەپ بىرلىشىپ تىجارەت قىلدى. ئىشچى- خىزمەتچىسى 43 كە، مەھسۇلات قىممىتى 657 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

12. قەغەز ياساش ۋە قەغەز مەھسۇلاتلىرى كەسپى

قۇمۇل شەھەرلىك «خۇاگېبەن» قەغەز زاۋۇتى ۋىلايەتلىك يېزا- بازار كارخانىسىنىڭ بىردىنبىر قەغەز ئىشلەش كارخانىسى بولۇپ، 1990- يىلى قۇرۇلدى. بۇ كارخانىغا 5 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇ زاۋۇت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىشتىن توختاش ياكى يېرىم توختىغان ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ.

13. ھۈنەر- سەنئەت بۇيۇملىرى كەسپى

قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا- بازار كارخانىسىنىڭ ھۈنەر- سەنئەت بۇيۇملىرى كارخانىسىدىن پەقەت قۇمۇل شەھىرى شەھەر ئەتراپى يېزىسىدا بىر كارخانا بولۇپ، 1984- يىلى قۇرۇلدى. بەش ئىشچى- خىزمەتچىسى بار. مەھسۇلات قىممىتى 10 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىقى پەدەز ئۈستەللى ۋە ھەيكەلتىراشلىق ھۈنەر- سەنئەت بۇيۇملىرى ئىشلەپچىقاردى.

14. سۇ ئېلېكتر كەسپى

ۋىلايەتىنىڭ يېزىلىرىدىكى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرى ئاساسلىقى باركۆل ۋە ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرىگە جايلاشقان. 1977- يىلى باركۆل ناھىيىسىنىڭ سەنتاگخۇ گۇڭشېسىدا تۇنجى كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇپ، 40 كىلوۋاتلىق گېنېراتور ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ كېيىن شىرىنزا سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى ۋە قاراغول سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلدى. 1981- يىلى ئومۇمىي ئېلېكتر سىغىمى 1880 كىلوۋاتلىق گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. لېكىن باشقۇرۇش سەۋىيىسى تۆۋەن، توك لىنىيىسى قىسقا بولغانلىقتىن، يىللىق توك تارقىتىش مىقدارى 177 مىڭ كىلوۋات سائەت بولدى. ئاراتۈرۈك ناھىيىسى 1970- يىللاردىن باشلاپ سۇ ئېلېكتر بايلىقىنى ئېچىپ، 1980- يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، بەش كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىنى قۇردى، ئورنىتىلغان گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىنىڭ ئومۇمىي سىغىمى 304 كىلوۋاتقا يەتتى. 1980- يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئىككى ناھىيىدە بىر قىسىم كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرى قۇرۇلۇپ، توك تارقىتىشقا كىرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن بىر يىلدا توكنى ئەسلى بەلگىلەنگەن نورمىسىغا يەتكۈزۈپ تارقىتالمىدى. ھەر يىلى پەقەت ئاز بىر قىسىم سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرى پەسىل خاراكتېرلىك ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

1990- يىلى باركۆل ناھىيىسى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرى 685 مىڭ كىلوۋات سائەت، ئاراتۈرۈك ناھىيىسى 30 مىڭ كىلوۋات سائەت توك تارقاتتى.

15. خىمىيە سانائىتى

قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا- بازار كارخانىسىنىڭ خىمىيە سانائەت مەھسۇلاتلىرىدىن ئاساسلىقى سۇلفات ئىشقارى، ئۇنىڭدىن قالسا مىرابىلىت پاراشوكى بار. سۇلفىد ئىشقارى — ۋىلايەتلىك يېزا- بازار كارخانىسىنىڭ ئەنئەنىۋى مەھسۇلاتى، شۇنداقلا ئۈستۈنلۈككە ئىگە مەھسۇلاتى بولۇپ، ئاساسلىق باركۆل ناھىيىسىدە ئىشلەپچىقىرىلدى.

1970- يىلى قىشتا، باركۆل ناھىيىسى شىرىنزا گۇڭشېسى 1- چوڭ ئەترەت سۇلفىد ئىشقارى زاۋۇتى قۇرۇشقا باشلىدى.

1978- يىلى شىرىنزا گۇڭشېسى 2- چوڭ ئەترىتى، شىرىنزا 2- خىمىيە سانائەت زاۋۇتىنى قۇردى. كېيىن يەنە بىر قىسىم خىمىيە سانائەت زاۋۇتلىرىمۇ ئاقا- ئارقىدىن قۇرۇلدى. 1985- يىلىغا كەلگەندە، باركۆل ناھىيىلىك يېزا- بازار كارخانىسىنىڭ شىرىنزا 1-، 2-، 3- خىمىيە سانائەت زاۋۇتلىرى ۋە كۆيسۇ، داخې «گۇاڭمىڭ»، داخې 5- چوڭ ئەترەت خىمىيە سانائەت زاۋۇتىدىن ئىبارەت ئالتە يېزا- كەنت كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىدىكى خىمىيە سانائەت زاۋۇتى بارلىققا كەلدى. كەسپكارلىرى 1121 گە، سۇلفىد ئىشقارىنىڭ يىللىق مەھسۇلاتى 18 مىڭ 258 توننىغا، مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليون 129 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1986- يىلدىن بۇيان، باركۆل ناھىيىسىدە شىرىنزا 4-، 5- خىمىيە سانائەت زاۋۇتى قاتارلىق ئالتە خىمىيە سانائەت زاۋۇتى قۇرۇلدى. 1990- يىلى باركۆل ناھىيىلىك يېزا- بازار كارخانىسىنىڭ مەخسۇس سۇلفىد ئىشلەپچىقىرىدىغان خىمىيە سانائەت زاۋۇتى 12 گە يەتتى. كەسپكارلىرى 1500 دىن ئېشىپ، يىلىغا 25 مىڭ توننا سۇلفىد ئىشقارى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى شەكىللەندۈردى.

قۇمۇل شەھىرىنىڭ يېزا- بازار خىمىيە سانائەت كارخانىسىدىن ئاساسلىق ئاستانە، يەتتە قۇدۇق بازىرى، سۇمقاغا «شىنلىن»، شەھەر ئەتراپى يېزىسى شەرقىي كۆكتاتچىلىق كەنتى خىمىيە سانائەت زاۋۇتلىرى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئاستانە

بىلەن يەتتە قۇدۇق بازىرى خىمىيە سانائەت زاۋۇتىنىڭ قورۇلغان ۋاقتى ئۇزۇنراق بولۇپ، 1970- يىللارنىڭ باشلىرىدا قۇرۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ئاساسلىقى سۈلفىد ئىشقارى ئىشلەپچىقاردى.

**قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى يېزا- بازار خىمىيە سانائەت كارخانىلىرىنىڭ 1979 ~ 1990- يىلىغىچە بولغان ئاساسىي ئەھۋالى**

جەدۋەل: 10 – 4

| يىللار | ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسىنىڭ سانى | ئىشچى- خىزمەتچى سانى | مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | سۈلفىد ئىشقارىنىڭ مەھسۇلاتى (توننا) |
|---|---|---|---|---|
| 1979 | 3 | 84 | 28·38 | 1316 |
| 1981 | | | | 2834 |
| 1982 | | | | 4636 |
| 1983 | | | | 5724 |
| 1984 | 18 | 1157 | 702.62 | 12546 |
| 1985 | 15 | 1530 | 979.78 | 19058 |
| 1986 | 14 | 1497 | 1051.75 | 18228 |
| 1987 | 13 | 1038 | 558.09 | 9353 |
| 1988 | 15 | 1354 | 729.82 | 9970.00 |
| 1989 | 13 | 1612 | 1929.53 | 18322 |
| 1990 | 19 | 1717 | 2847.05 | 22673.35 |

16. بىناكارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى كەسپى

1) سېمونت ئىشلەپچىقىرىش كەسپى. قۇمۇل شەھىرى ئاستانە سېمونت زاۋۇتى – ۋىلايەتتىكى يېزا- بازار كارخانىلىرى ئىچىدە سېمونت ئىشلەپچىقىرىدىغان ئاساسلىق كارخانا ھېسابلىنىدۇ. 1980- يىللارنىڭ بېشىدا، بۇ زاۋۇتنىڭ سېمونتلىرى قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا كەڭ كۆلەمدە سېتىلدى. 1980- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، سېمونت مەھسۇلاتى 3000 ~ 5000 توننا بولدى. 1988- يىلى 10 مىڭ 200 تونىنىغا يەتتى.

1978- يىلى پالۋانتۇر گۆڭشېسىدا سېمونت زاۋۇتى قۇرۇلدى. 1983- يىلى سېمونت مەھسۇلاتى 430 تونىنغا يەتتى. 1985- يىلى بۇ زاۋۇت ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىدى.

2) خىش ئىشلەپچىقىرىش كەسپى. گۆڭشې- ئەترەتلەر 1950- يىللاردىن باشلاپلا خىش زاۋۇتلىرىنى قۇرغان بولۇپ، كۆلىمى كىچىك، مەھسۇلات مىقدارى ئاز ئىدى. 1960- يىللاردىن 1970- يىللارغىچە، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ پالۋانتۇر، شەھەر ئىچى، بۇلۇڭتوغراق، ئاستانە، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ نوم، توخۇلۇ گۆڭشېلىرىدىمۇ خىش زاۋۇتى قۇرۇلدى. 1978- يىلدىن كېيىن يېزا- بازار كارخانىلىرىنىڭ خىش زاۋۇتلىرى تېز تەرەققىي قىلىپ، قىزىل خىش تەدرىجىي ھالدا يېزا- بازار كارخانىلىرىنىڭ ئۈستۈنلۈككە ئىگە مەھسۇلاتىغا ئايلاندى. ئاستانە يېزىسىنىڭ 3- كەنت 2- ئەترىتى بىلەن تېغستىلىك بىرلىشىپ قۇرغان «جىڭپۇ» خىش زاۋۇتىغا 2 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنغان بولۇپ، قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە كۆلىمى ئەڭ چوڭ قىزىل خىش زاۋۇتى ھېسابلىنىدۇ. بۇ زاۋۇت يىلىغا 30 مىليون پارچە خىش ئىشلەپچىقارادى.

1979- يىلى ۋىلايەت بويىچە ئۈچ گۆڭشېدا خىش زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، ئىشچى- خىزمەتچىسى 86 كە، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 246 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى گۆڭشې- ئەترەت كارخانىلىرى ئىشلەپچىقارغان خىش 10 مىليون 790 مىڭ پارچىگە (گۆڭشېلار قۇرغان خىش زاۋۇتلىرىنىڭ 4 مىليون 720 مىڭ پارچە، چوڭ ئەترەتلەر قۇرغان خىش زاۋۇتلىرىنىڭ 6 مىليون 70 مىڭ پارچە) يەتتى.

1985- يىلى ۋىلايەت بويىچە يېزىلار قۇرغان خىش زاۋۇتى 11 گە، كەسپكارلىرى 505 كە، ئىشلەپچىقارغان خىش 7 مىليون 650 مىڭ پارچىگە، مەھسۇلات قىممىتى 873 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى.

1990- يىلى يېزا- بازار كارخانىسىنىڭ خىش زاۋۇتى 13 (بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلار قۇرغان خىش زاۋۇتلىرى بەش، كەنتلەر قۇرغان خىش زاۋۇتلىرى سەككىز) گە، كەسپكارلىرى 547 (يېزىلار قۇرغان خىش زاۋۇتلىرىنىڭ117، كەنتلەر قۇرغان خىش زاۋۇتلىرىنىڭ 376 ) گە، ئىشلەپچىقارغان خىش 35 مىليون 210 مىڭ پارچە (بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلار قۇرغان خىش زاۋۇتلىرىنىڭ 11 مىليون 600 مىڭ پارچە، كەنتلەر قۇرغان خىش زاۋۇتلىرىنىڭ 23 مىليون 610 مىڭ پارچە) گە، ئېشقا ئاشۇرغان مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 730 مىڭ 200 يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلار قۇرغان خىش زاۋۇتلىرىنىڭ 528 مىڭ 600 يۈەن، كەنتلەر قۇرغان خىش زاۋۇتلىرىنىڭ 1 مىليون 201 مىڭ 600 يۈەن) گە يەتتى. قۇمۇل شەھىرىدىكى يېزىلار قۇرغان ئۈچ خىش زاۋۇتىنىڭ كەسپكارلىرى 129 غا، ئىشلەپچىقارغان خىشى 10 مىليون 900 مىڭ پارچىگە، مەھسۇلات قىممىتى 488 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى. كەنتلەر قۇرغان ئالتە خىش زاۋۇتىنىڭ كەسپكارلىرى 336 گە، ئىشلەپچىقارغان خىشى 21 مىليون 640 مىڭ پارچىگە، مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 42 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى. باركۆل ناھىيىسىدىكى كەنت قۇرغان بىر خىش زاۋۇتىنىڭ كەسپكارلىرى 40 قا، ئىشلەپچىقارغان خىشى 11 مىليون 770 مىڭ پارچىگە، مەھسۇلات قىممىتى 124 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدىكى يېزىلار قۇرغان ئىككى خىش زاۋۇتىنىڭ كەسپكارلىرى 42 گە، ئىشلەپچىقارغان خىشى 700 مىڭ پارچىگە، مەھسۇلات قىممىتى 62 مىڭ يۈەنگە يەتتى. كەنت قۇرغان بىر خىش زاۋۇتىنىڭ ئىشلەپچىقارغان خىشى 200 مىڭ پارچىگە يەتتى.

3) باشقا قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كەسپى. يېزا- بازار كارخانىسىنىڭ يەنە سۇۋۇلغۇ، ماگنىي سىلىكات ئىسسىقلىق ساقلاش ماتېرىيالى، گىپس تاختا، ۋانىنا قاتارلىق بىناكارلىق ماتېرىياللىرىنى ئىشلەش كارخانىسى بار. لېكىن ئىشقا كىرىشتۈرگەن ۋاقتى قىسقا، كۆلىمى كىچىك بولدى.

## 18. قارا مېتال تاۋلاش ۋە پىششىقلاش كەسپى

ۋىلايەتلىك يېزا- بازار كارخانىسىنىڭ قارا مېتال تاۋلاش ۋە پىششىقلاش كەسپى 1980- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا راۋاج تاپقان ئىدى. لېكىن زاۋۇت سانى ئاز، كۆلىمى كىچىك، ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى تۇراقسىز بولدى. 1989- يىلىغا كەلگەندە، ھەممىسى ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىدى. ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرىدىن سىلىتسىيلىق تۆمۈر، سىلىتسىي- مانگان

قېتىشمىسى، پولات ئىشىك- دېرىزە، چويۇن مىخ، پولات ئوڭچە، پولات ماتېرىياللىرى، كلاپان، چويۇن مەش قاتارلىقلار بار.

قۇمۇل شەھەرلىك تۆمۈر قېتىشمىسى زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان سىلىتسىيلىق تۆمۈرنىڭ سۈپىتى 1990- يىل 10- ئايدا دۆلەت ئېلان قىلغان ئۆلچەمگە يېتىپ، سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىلدى، لېكىن زىيان ئېغىر بولدى.

19. دېھقانچىلىق ماشىنا- سايمانلىرىنى رېمونتلاش، ياساش كەسپى

1960- يىللاردىن 1970- يىللارغىچە ھەر قايسى گوڭشې- ئەترەتلەرنىڭ ھەممىسىدىلا دېھقانچىلىق ماشىنا- سايمانلىرىنى رېمونتلاش، ياساش زاۋۇتى ياكى ئۈنىۋېرسال پىششىقلاش زاۋۇتلىرى قۇرۇلۇپ، گوڭشې- ئەترەتلەر دېھقانچىلىق ماشىنا- سايمانلىرىنى رېمونتلاش، سەپلەش ۋە ئاسراش بىلەن شۇغۇللاندى ھەم ئاددىي دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە دېھقانچىلىق ماشىنا زاپچاسلىرىنى ئىشلەپچىقاردى. ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرىدىن تاقا، ئورغاق، كەتمەن، گۈرجەك، تراكتور زاپچاسلىرى قاتارلىقلار بار. 1985- يىلىدىكى ۋىلايەت بويىچە يېزا- كەنت دېھقانچىلىق ماشىنا- سايمانلىرىنى رېمونتلاش، ياساش كارخانىسى 4 كە، كەسپكارلىرى 15 كە يەتتى.

1986- يىلى، دېھقانچىلىق ماشىنا- سايمانلىرىنى رېمونتلاش، ياساش تىجارىتىنى يېزا- كەنت كوللېكتىپى باشقۇرۇش ئەندىزىسى بۇزۇلۇپ تاشلاندى. يېزىلاردىكى بىر قىسىم يەككە تىجارەتچىلەر دېھقانچىلىق ماشىنا- سايمانلىرىنى رېمونتلاش، ياساش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. شۇ يىلى، ۋىلايەتلىك يېزا- بازار كارخانىسى ئىشلەپچىقارغان تۆمۈردىن ئىشلەنگەن دېھقانچىلىق سايمانلىرى 8000 غا، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا كارخانىلىرى ئىشلەپچىقارغان سايمانلار 3000 گە، كەنت كارخانىلىرى ئىشلەپچىقارغان سايمانلار 1000 غا، يەككە تىجارەتچىلەر ئىشلەپچىقارغان سايمانلار 4000 غا يەتتى. 1987- يىلىدىن كېيىن دېھقانچىلىق ماشىنا- سايمانلىرىنى ياسايدىغان يېزا كوللېكتىپ كارخانىلىرى ئاساسىي جەھەتتىن يوقىلىپ، يېزىلاردا پەقەت بىر قىسىم يەككە تىجارەتچىلەرلا كىچىك كۆلەمدە تۆمۈردىن ئىشلەنگەن دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە رېمونتلاش بىلەن شۇغۇللاندى.

## §3. بىناكارلىق

### 1. ئومۇمىي ئەھۋال

1960- يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، يېزىلاردىكى يەرلىك ئۇسۇلدا قۇرۇلۇش قىلالايدىغان بىر قىسىم دېھقانلار سىرتلارغا چىقىپ كىچىك قۇرۇلمىلىق قۇرۇلۇشلارنى ھۆددىلەپ ئىشلىدى. ئاساسلىقى يېزا ئاممىسىنىڭ ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. 1965- يىلى قۇمۇل ناھىيىسىدە بىر گوڭشې قۇرۇلۇش ئەترىتى تەشكىللىنىپ، كىچىك قۇرۇلمىلىق قۇرۇلۇشلارنى قىلدى. باركۆل ناھىيىسى، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدىمۇ بىر تۈركۈم گوڭشې، ئەترەت كوللېكتىپلىرى قۇرغان قۇرۇلۇش ئەترەتلىرى بارلىققا كەلدى، بۇ قۇرۇلۇش ئەترەتلىرى دېھقانچىلىقنىڭ بوش مەزگىللىرىدىن پايدىلىنىپ، ئادەتتىكى كىچىك قۇرۇلمىلىق قۇرۇلۇشلارنى ھۆددىگە ئالدى. 1977- يىلى، يېزىلاردىكى بىر قىسىم گوڭشېلار قۇرغان قۇرۇلۇش ئەترەتلىرى يېڭى قىياپەت بىلەن شەھەر- بازارلارغا كىرىپ، بېتون قۇرۇلمىلىق قۇرۇلۇشلارنى ھۆددىگە ئالدى. مەسىلەن، قۇمۇل ناھىيىسى پالۋانتۇر، تاشۆيلۈك گوڭشې قۇرۇلۇش ئەترەتلىرى ۋە باركۆل ناھىيىسى كۆيسۇ گوڭشې قۇرۇلۇش ئەترىتى قاتارلىقلار.

1990- يىلى باركۆل ناھىيىلىك 3- ۋە قۇمۇل شەھەرلىك 2- قۇرۇلۇش شىركىتى، «شۇشىن» قۇرۇلۇش شىركىتى قۇمۇل شۆبە شىركىتى، «شىنخۇەي» قۇرۇلۇش، قۇراشتۇرۇش، زىننەتلەش شىركىتى، قۇمۇل شەھەرلىك 3- قۇرۇلۇش

شىركىتى (ئەسلىدىكى پالۋانتۇر يېزىلىق قۇرۇلۇش ئەترىتى)، شەھەر ئەتراپى، ئاستانە، بولۇڭتوغراق، تاشۆيلىق يېزىلىرىنىڭ قۇرۇلۇش ئەترەتلىرى قومۇل قۇرۇلۇش بازارلىرىدا مەلۇم تەسىرگە ئىگە يېزا كوللېكتىپ قۇرۇلۇش كارخانىلىرى بولۇپ قالدى، بۇنىڭ ئىچىدە بارىكۆل 3- قۇرۇلۇش شىركىتى كۆلىمى ئەڭ چوڭ قۇرۇلۇش كارخانىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ شىركەت 1989- يىلى، گومىننىڭ تەشەببۇسى بىلەن بارىكۆل ناھىيىسىدىكى تارقاق قۇرۇلۇش شىركەتلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ تەشكىللەش ئارقىلىق قۇرۇلدى.

1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە يېزا- بازار كارخانىسى سىستېمىسىدىكى قۇرۇلۇش كارخانىلىرى 134 كە، كەسپكارلىرى 3272 گە، تاماملىغان قۇرۇلۇش كۆلىمى 19 مىڭ 700 كۋادرات مېتىرغا، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 15 مىليون 258 مىڭ 400 يۈەنگە، كىرىمى 14 مىليون 784 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە قومۇل شەھىرىدىكى سەككىز يېزا قۇرغان قۇرۇلۇش كارخانىسىنىڭ كەسپكارلىرى 743 كە، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون 33 مىڭ 400 يۈەنگە، كىرىمى 4 مىليون 732 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى. 35 ئائىلە بىرلىشىپ قۇرغان خۇسۇسىي قۇرۇلۇش كارخانىسىدىكى كەسپكارلار 800 گە، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 772 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىمى 1 مىليون 699 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى. بارىكۆل ناھىيىسىدىكى بەش يېزا قۇرغان كوللېكتىپ قۇرۇلۇش كارخانىسىنىڭ كەسپكارلىرى 1136 گە، تاماملىغان قۇرۇلۇش كۆلىمى 18 مىڭ 400 كۋادرات مېتىرغا، مەھسۇلات قىممىتى ۋە كىرىمى ئوخشاشلا 6 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىر كەنت قۇرغان قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ كەسپكارلىرى 50 كە، تاماملىغان قۇرۇلۇش كۆلىمى 1300 كۋادرات مېتىرغا، مەھسۇلات قىممىتى ۋە كىرىمى ئوخشاشلا 290 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 51 خۇسۇسىي قۇرۇلۇش كارخانىسىنىڭ كەسپكارلىرى 226 گە، مەھسۇلات قىممىتى ۋە كىرىمى 596 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى. ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدىكى تۆت يېزا قۇرغان قۇرۇلۇش كارخانىسىنىڭ كەسپكارلىرى 110 غا، كىرىمى 709 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىر كەنت قۇرغان قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ كەسپكارلىرى 10 غا، كىرىمى 80 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 29 خۇسۇسىي قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ كىرىمى 617 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى.

2. ئاساسلىق بىناكارلىق كارخانىلىرى

**1) قومۇل «شىنخۇەي» بىناكارلىق، قۇراشتۇرۇش، زىننەتلەش شىركىتى (شەھەر ئەتراپى يېزا قۇرۇلۇش ئەترىتى).** بۇ شىركەت 1987- يىلى شەھەر ئەتراپى يېزا قۇرۇلۇش ئەترىتى بىلەن جياڭسۇ «خۇەيىيىن» قۇرۇلۇش شىركىتى بىرلىشىش ئارقىلىق قۇرۇلدى.

شەھەر ئەتراپى يېزا قۇرۇلۇش ئەترىتى 1980- يىلى قۇرۇلدى، ئەترەت قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، كەسپكارلىرى 20 گە يەتمەيتتى. پەقەت بىر نەچچە تال گۈرجەك ۋە كاھىش ئەسۋابىغا تايىنىپلا ئاھالىلەرنىڭ تۇرالغۇلىرىنى رېمونت قىلاتتى ياكى كېسەك قۇرۇلمىلىق بىر قەۋەتلىك ئۆيلەرنى سالاتتى. يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 100 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا ئىدى.

ئەترەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، شەھەر ئەتراپى يېزا قۇرۇلۇش ئەترىتى «سۈپەت ئارقىلىق مەۋجۇتلۇقنى قولغا كەلتۈرۈش» تىن ئىبارەت تۈپ مەقسەتتە باشتىن- ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، سۈپەت ئۆتكىلىنى تۇتۇش بىلەن بىللە، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، كارخانىنى ئۈزلۈكسىز زورايتتى. 1991- يىلى بۇ قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ مۇقىم مۈلكى 300 مىڭ يۈەندىن ئاشتى. ئىشچى- خىزمەتچىسى 150 كە يېتىپ، 5- دەرىجىلىك سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى. تاماملىغان قۇرۇلۇش كۆلىمى 12 مىڭ 400 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 600 مىڭ يۈەندىن ئاشتى، پايدا 150 مىڭ يۈەنگە، تاپشۇرغان باج سوممىسى 48 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

**2) قومۇل شەھەرلىك 2- بىناكارلىق بىنا شىركىتى.** 1987- يىلى يېزا- بازار كارخانىسىنىڭ بىر قانچە قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ تەشكىللىنىشىدىن شەكىللەندى.

1990- يىلى شىركەتنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى تىجارەت ئىستىلىنى ئۆزگەرتىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى كۆچەيتىپ، سۈپەت ئارقىلىق ئۇتۇش يارىتىش، ئىناۋەت ئارقىلىق تەرەققىي قىلىشتىن ئىبارەت تىجارەت ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كارخانىنى تېز تەرەققىي قىلدۇردى. 1992- يىلى شىركەتنىڭ كەسپكارلىرى 331 گە، مۇقىم مۈلكى 702 مىڭ يۈەنگە، كۆچمە مەبلىغى 459 مىڭ يۈەنگە، يىللىق قۇرۇلۇش ئىقتىدارى 16 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 4- دەرىجىلىك بىناكارلىق كارخانىسى قىلىپ بېكىتىلدى.

باش شىركەت قارمىقىدا شۆبە شىركىتى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى شۆبە شىركىتى، چېگرا سودىسى شۆبە شىركىتى، مېخانىك قۇرۇلۇش شۆبە شىركىتى، زىننەتلەش شۆبە شىركىتى ۋە مېتال ماگنىي زاۋۇتى قاتارلىق شۆبە ئورۇنلار قۇرۇلدى. 1991- يىلى باش شىركەتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليون يۈەنگە يەتتى.

3) باركۆل ناھىيىلىك 3- بىناكارلىق باش شىركىتى. بۇ شىركەت 1979- يىلى تەشكىللەنگەن كويسۇ يېزا قۇرۇلۇش ئەترىتى ئاساسىدا قۇرۇلدى. بۇ شىركەت ئىككى ئالىي ئىنژېنېر ۋە بىر قانچە تېخنىكنى تەكلىپ قىلىپ، قۇرۇلۇش ئۆسكۈنىلىرىنى ۋە سايمانلىرىنى ئىجارىگە ئېلىپ، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى شىمالىي ئىستانسىسىنىڭ 5600 كۋادرات مېتىرلىق، كەڭلىكى 24 مېتىر كېلىدىغان V شەكىلدىكى قاتلاق تاختىلىق ئىسكىلات قۇرۇلۇشىنى ھۆددىگە ئالدى ھەم ئەلا قۇرۇلۇش بولۇپ باھالاندى. شۇنىڭدىن كېيىن كويسۇ يېزا بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئەترىتى ئۈرۈمچى قۇرۇلۇش بازىرىدا ئۆز ئوبرازىنى تىكلەپ، ئۇدا 13 يىل ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ 38 تۈرلۈك قۇرۇلۇشىنى ھۆددىگە ئېلىپ، قۇرۇلۇشنىڭ لاياقەتلىك نىسبىتىنى 100% كە، ئەلالىق نىسبىتىنى 25% كە يەتكۈزدى.

1989- يىلى گومىننىڭ تەشەببۇسى، ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، كويسۇ يېزىلىق قۇرۇلۇش ئەترىتىنى ئاساس قىلىپ، باركۆلدىكى بىر تۈركۈم تارقاق يېزا قۇرۇلۇش ئەترەتلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن باركۆل ناھىيىلىك 3- قۇرۇلۇش باش شىركىتى قۇرۇلدى. 1990- يىلى، باركۆل ناھىيىلىك 3- قۇرۇلۇش باش شىركىتى رەسمىي ۋۇجۇدقا كېلىپ تىجارەت باشلىدى. قارمىقىدا ئۈچ شۆبە شىركەت، ئىككى ئىش ئورنى، ئۈچ بىۋاسىتە قاراشلىق قۇرۇلۇش ئەترىتى قۇرۇلۇپ، ئىشچى- خىزمەتچىسى 1115 كە يەتتى.

1990 ~ 1993- يىللىرىچە، جەمئىي 118 تۈرلۈك قۇرۇلۇشنى تاماملاپ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 94 مىڭ 43 كۋادرات مېتىرغا، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 43 مىليون 548 مىڭ يۈەنگە، بۇنىڭ ئىچىدە، قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتى 34 مىليون 218 مىڭ يۈەنگە، ئەمگەك- مۇلازىمەت مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 100% كە، ئەلا بولۇش نىسبىتى 25% كە، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا لاياقەتلىك نىسبىتى 75% كە، ئىشقا ئاشۇرغان پايدىسى 1 مىليون 279 مىڭ 900 يۈەنگە، دۆلەتكە تاپشۇرغان بېجى 1 مىليون 361 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى.

باركۆل ناھىيىلىك 3- قۇرۇلۇش باش شىركىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، كۆپ قېتىم مۇكاپاتلاندى. 1988- يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى ئىلغار قۇرۇلۇش كارخانىسى بولۇپ باھالاندى. 1988 ~ 1990- يىللىرىچە ئۇدا ئۈچ يىل ناھىيە دەرىجىلىك ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى.

## §4. قاتناش- ترانسپورت كەسپى

1960 ~ 1970- يىللاردا ئاساسلىقى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارلا ئاپتوموبىل ترانسپورتى بىلەن شۇغۇللىناتتى. يېزىلاردا ئاپتوموبىل ناھايىتى ئاز ئىدى. 1980- يىللاردىن باشلاپ، يېزىلارنىڭ ترانسپورت كەسپى تېز تەرەققىي قىلدى. بولۇپمۇ 1980- يىللارنىڭ ئاخىرىدا، يېزىلاردا يەككە ترانسپورت ئائىلىلىرى تېز كۆپەيدى. 1990- يىلى، يېزىلاردىكى

كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىدىكى ئاپتوموبىل 56 گە، دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ئاپتوموبىلى 253 كە يەتتى.

«قىزىل بايراق»، «تۆمۈر كالا»، شاڭخەي ماركىلىق چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتورلار ۋە «ئىشچى- دېھقان» ماركىلىق كىچىك تىپتىكى تراكتورلار يېزا ئىگىلىك تېرىلغۇ ئىشلىرىنىڭ ئاساسلىق ھەرىكەتلەندۈرگۈچىسى، شۇنداقلا يېزا ترانسپورت كەسپىنىڭ ئاساسلىق قورالى بولۇپ قالدى. 1990- يىلىدىكى يېزا كوللېكتىپنىڭ چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتورى 128گە، كىچىك تىپتىكى تراكتورلىرى 37 گە، دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى شەخسىي تراكتورلىرى 1107 گە، كىچىك تىپتىكى تراكتورلىرى 3262 گە يەتتى.

1983- يىلىدىن بۇيان يېزىلاردا بىر تۈركۈم ترانسپورت كەسپىي ئائىلىلىرى بارلىققا كەلدى.

1979- يىلى ۋىلايەت بويىچە گۆڭشې- ئەترەت ترانسپورت كارخانىسى سەككىزگە، ئىشچى- خىزمەتچىسى 43 كە، كىرىمى 284 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، قۇمۇل شەھىرىدىكى ئۈچ گۆڭشې- ئەترەت ترانسپورت كارخانىسىنىڭ ئىشچى- خىزمەتچىسى 22 گە، كىرىمى 29 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى. قۇمۇل ناھىيىسىدىكى بىر گۆڭشې- ئەترەت ترانسپورت ئەترىتىنىڭ ئىشچى- خىزمەتچىسى توققۇزغا، كىرىمى 59 مىڭ يۈەنگە يەتتى. باركۆل ناھىيىسىنىڭ تۆت گۆڭشې- ئەترەت ترانسپورت ئەترىتىنىڭ ئىشچى- خىزمەتچىسى 12 گە، كىرىمى 186 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى.

1985- يىلى ۋىلايەت بويىچە يېزا- كەنت ترانسپورت كارخانىسى سەككىزگە، ئىشچى- خىزمەتچىسى 181 گە، كىرىمى 998 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى.

1986- يىلى يېزىلاردىكى يەككە ترانسپورت ئائىلىلىرى يېزا- بازار كارخانىسىنىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى، ۋىلايەت بويىچە ترانسپورت كارخانىسى جەمئىي 1365 كە، ئىشچى- خىزمەتچىسى 1684 كە، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليون 723 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىمى 6 مىليون 682 مىڭ يۈەنگە، ترانسپورت مىقدارى 207 مىڭ توننىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، قۇمۇل شەھىرىنىڭ يېزا قۇرغان تۆت ترانسپورت كارخانىسىنىڭ ئىشچى- خىزمەتچىسى 124 گە، مەھسۇلات قىممىتى 638 مىڭ 200 يۈەنگە، كىرىمى 597 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى. تۆت كەنت قۇرغان ترانسپورت كارخانىسىنىڭ ئىشچى- خىزمەتچىسى 17 گە، مەھسۇلات قىممىتى، كىرىمى ئوخشاشلا 88 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى. ئائىلىلەر بىرلىشىپ قۇرغان بىر ترانسپورت كارخانىسىنىڭ ئىشچى- خىزمەتچىسى ئىككى گە، مەھسۇلات قىممىتى، كىرىمى 7200 يۈەنگە يەتتى. يەككە ترانسپورت كارخانىسى970 كە، ئىشچى- خىزمەتچىسى 1139 غا، مەھسۇلات قىممىتى، كىرىمى 3 مىليون 911 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى. باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى بىر يېزا قۇرغان ترانسپورت كارخانىسىنىڭ ئىشچى- خىزمەتچىسى ئىككى كىشىگە، مەھسۇلات قىممىتى، كىرىمى 50 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى. يەككە ترانسپورت كارخانىسى 325 كە، ئىشچى- خىزمەتچىسى 340 قا، مەھسۇلات قىممىتى، كىرىمى 1 مىليون 816 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى. ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدىكى ئىككى كەنت قۇرغان ترانسپورت كارخانىسىنىڭ ئىشچى- خىزمەتچىسى ئىككىگە، مەھسۇلات قىممىتى، كىرىمى 11 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەككە ترانسپورت كارخانىسى 58 گە، مەھسۇلات قىممىتى، كىرىمى 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1990- يىلى ۋىلايەتلىك يېزا- بازار كارخانىسىنىڭ ترانسپورت كارخانىسى 1783 كە، ئىشچى- خىزمەتچىسى 2797 گە، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 18 مىليون 249 مىڭ 700 يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىمى 15 مىليون 512 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، قۇمۇل شەھىرىدىكى بىر يېزا باشقۇرغان ترانسپورت كارخانىسىنىڭ ئىشچى- خىزمەتچىسى تۆتكە، كىرىمى، مەھسۇلات قىممىتى 180 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىر كەنت قۇرغان ترانسپورت كارخانىسىنىڭ ئىشچى- خىزمەتچىسى بىر بولۇپ، مەھسۇلات قىممىتى، كىرىمى 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئائىلىلەر بىرلىشىپ قۇرغان بىر ترانسپورت كارخانىسىنىڭ تۆت ئىشچى- خىزمەتچىسى بولۇپ، مەھسۇلات قىممىتى 80 مىڭ يۈەنگە، كىرىمى 75 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەككە ترانسپورت كارخانىسى 1305 كە، ئىشچى- خىزمەتچىسى 2257 گە، مەھسۇلات قىممىتى 15مىليون 620 مىڭ 400 يۈەنگە، كىرىمى 12 مىليون 858 مىڭ يۈەنگە يەتتى. باركۆل ناھىيىسىدىكى يەككە ترانسپورت

كارخانىسى 342 گە، ئىشچى- خىزمەتچىسى 392 گە، مەھسۇلات قىممىتى، كىرىمى 1 مىليون 647 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى. ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدىكى يەككە ترانسپورت كارخانىسى 133 كە، ئىشچى- خىزمەتچىسى 139 غا، مەھسۇلات قىممىتى، كىرىمى 422 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## §5. سودا، يېمەك- ئىچمەك كەسپى

1978- يىلى ج ك پ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3- ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلغاندىن كېيىن، ھەر قايسى ناھىيىلەر (شەھەر) دىكى گۈڭشې- ئەترەت كارخانىلىرى ئايرىم- ئايرىم ھالدا تەمىنات- سودا شىركەتلىرىنى قۇردى. ھەر دەرىجىلىك يېزا- بازار كارخانىلىرىنىڭ تەمىنات- سودا شىركەتلىرى پايدا- زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولۇپ، مۇستەقىل تىجارەت قىلىپ، ئاساسلىقى دېھقان- چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە ھەر قايسى يېزا- بازار كارخانىلىرىنىڭ ماددىي ئەشيالىرىنى سېتىۋېلىش، سېتىش قاتارلىق سودا پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بىر قىسىم دېھقانلار ئارقا- ئارقىدىن خۇسۇسىي ماگىزىنلارنى ئاچتى، بولۇپمۇ بىر تۈركۈم دېھقانلار شەھەر- بازارلاردا ئاشخانا ئېچىپ، يېمەك- ئىچمەك كەسپى بىلەن شۇغۇللاندى.

1984- يىلى ۋىلايەت بويىچە يېزا- كەنت سودا كارخانىلىرى 11 گە، ئىشچى- خىزمەتچىسى 53 كە، ئومۇمىي كىرىمى 173 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يېمەك- ئىچمەك ساھەسىدىكى ئىككى يېزا كارخانىسى ۋە بىر كەنت كارخانىسىنىڭ ئىشچى- خىزمەتچىسى 23 كە، ئومۇمىي كىرىمى 105 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى.

1990- يىلى ۋىلايەتلىك يېزا- بازار كارخانىسىنىڭ سودا كارخانىسى 442 گە، ئىشچى- خىزمەتچىسى 684 كە، كىرىمى 5 مىليون 685 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى. يېمەك- ئىچمەك كارخانىسى 441 گە، ئىشچى- خىزمەتچىسى 658 كە، كىرىمى 2 مىليون 356 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، قومۇل شەھىرىدىكى يېزا قۇرغان ئالتە سودا كارخانىسىنىڭ ئىشچى- خىزمەتچىسى 25 كە، كىرىمى 1 مىليون 210 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى. 192 يەككە تىجارەتچىنىڭ ئىشچى- خىزمەتچىسى 295 كە، كىرىمى 2 مىليون 873 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى. بىر يېزا قۇرغان يېمەك- ئىچمەك كارخانىسىنىڭ ئىشچى- خىزمەتچىسى بەشكە، كىرىمى 50 مىڭ يۈەنگە يەتتى. كەنت قۇرغان ئىككى يېمەك- ئىچمەك كارخانىسىنىڭ ئىشچى- خىزمەتچىسى 15 كە، كىرىمى 55 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەككە تىجارەتچى 218 گە، ئىشچى- خىزمەتچىسى 325 كە، كىرىمى 682 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى. يەككە يېمەك- ئىچمەك سودىگىرى 15 كە، ئىشچى- خىزمەتچىسى 30 غا، كىرىمى 61 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى. ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدىكى يېزا قۇرغان بىر سودا كارخانىسىنىڭ ئىشچى- خىزمەتچىسى ئالتىگە، كىرىمى 260 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەككە تىجارەتچى 24 كە، ئىشچى- خىزمەتچىسى 30 غا، كىرىمى 604 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بەش يەككە تىجارەتچىنىڭ ئىشچى- خىزمەتچىسى توققۇزغا، كىرىمى 66 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## §6. مۇلازىمەت كەسپى

1980- يىللارنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا مېھمانسارايى يېزا- بازار كارخانىلىرى ئىچىدە تېخى يوق ھالەتتە ئىدى.

1980- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، خۇسۇسىي مېھمانسارايلار كۆپلەپ بارلىققا كەلدى. 1990- يىلى ۋىلايەت بويىچە مېھمانسارايى 283 كە، كەسىپكارلىرى 470 كە يەتتى.

# V باب

# ئاساسلىق مەھسۇلاتلار

## §1. ئەنئەنىۋى مەھسۇلاتلار

ۋىلايەتلىك يېزا- بازار كارخانىسىنىڭ ئەنئەنىۋى مەھسۇلاتلىرىدىن ئاساسلىقى ئاسما گىلەم، گىلەم، كۆمۈش ئېگەر ۋە كۆن- خۇرۇم بۇيۇملىرى قاتارلىقلار بار.

ئاسما گىلەم بىلەن گىلەم قۇمۇل شەھىرىدە ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ نۇسخىسىدا پارچە گۈل- نەقىشلەر ئاساس قىلىنىدۇ. 1985- يىلىدىن كېيىن، يەتتە چىشلىق 10 ئۆرچۈقلۇق قول بىلەن توقۇيدىغان بېيجىڭ نۇسخىسىدىكى گىلەم توقۇش ماشىنىسى كىرگۈزۈلدى. 1990- يىلى پارچە نۇسخا، گۈزەل- سەنئەت نەقىشلىرى ئاساس قىلىنغان مول مەزمۇنلۇق، ھەر خىل ئۇسلۇبتىكى ئاسما گىلەم ۋە گىلەملەر ئىشلەپچىقىرىلىپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى خېرىدارلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

كۆمۈش ئېگەر ئاساسلىق باركۆل ناھىيىسىنىڭ سارچۇقا رايونى ۋە ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ نوم يېزىسىدا ياسالدى.

ئاساسلىق كۆن- خۇرۇم مەھسۇلاتلىرىدىن ساقچى كىيىمى، خۇرۇم چاپان، ئوۋ كىيىمى، خۇرۇم پەلتو، خۇرۇم ئىشتان، خۇرۇم شەپكە، خۇرۇم جىلىتكە، خۇرۇم پەلەي، خۇرۇم ئورۇندۇق قېپى قاتارلىقلار بار.

## §2. ئۇستۇنلۇككە ئىگە مەھسۇلاتلار

ۋىلايەتلىك يېزا- بازار كارخانىسىنىڭ ئۇستۇنلۇككە ئىگە مەھسۇلاتلىرىدىن ئاساسلىق كۆمۈر، سۇلفىد ئىشقارى، كوكس، شور، ھاك تېشى، مىس رودىسى، مىس ئۆۋەندىسى، خىش، سېمونت، چۇچۇكبۇيا مەھسى، مېۋە- چېۋە كونسېرۋاسى، قۇمۇل قوغۇن چىپسى، سەۋزە شىرنىسى، قۇرۇق ئۈزۈم، پېچىنە- پىرەنىك، سۈنئىي ئالماس، قاچىلاش ماشىنىسى، سىلىتسىي- مانگان قېتىشمىسى، ماگنىي سىلىكات ئىسسىقلىق ساقلاش ماتېرىيالى، ناترىي سىلىكات، سۇسىزلانغان كۆكتات، ۋولفرام قۇمى قاتارلىقلار بار.

كۆمۈر ۋە كوكس ئاساسلىق باركۆلدىن چىقىدۇ. كوكسنىڭ تەركىبىدىكى كاربون مىقدارى ۋە قاتتىقلىق دەرىجىسى قاتارلىق كۆرسەتكۈچلەر دۆلەت ئۆلچىمىگە يەتتى.

شور ئاساسلىق باركۆل ناھىيىسىنىڭ كۆلياقىسى ۋە قۇمۇل شەھىرىدىكى يەتتە قۇدۇق، غەربىي تۇزكۆل، شەرقىي

تۇزكۆل قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

سۇلفىد ئىشقارى ئاساسلىق باركۆل ناھىيىسى، ئۇنىڭدىن قالسا قۇمۇل شەھىرىدىن چىقىدۇ. بۇ مەھسۇلات كۆپ قىسىم ئاپتونوم رايونلۇق ئالاقىدار تارماقلار تارقاتقان مەھسۇلات سۈپىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن بولۇپ، جياڭسۇ، جېجياڭ، سىچۈەن، شاڭخەي قاتارلىق ئۆلكە، شەھەرلەرگە سېتىلدى.

هاك تېشى ئاساسلىق قۇمۇل شەھىرىنىڭ غەربىتاغ هاك تېشى كانىدىن چىقىدۇ. تۈرلۈك سۈپەت كۆرسەتكۈچلىرى شۇلتا ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلىتىلىدىغان هاك تېشىنىڭ تەلىپىگە يەتتى.

مىس رۇدىسىنى ئاساسلىق قۇمۇل شەھىرى تاشۋېلىق مىس كېنى ۋە ۋىلايەتلىك كىرۋان كان مەھسۇلاتلىرىنى ئېچىش شىركىتى ئىشلەپچىقاردى.

مىس ئۇۋۇندىسىنى «خۇيلۇڭ» كان- مېتاللورگىيە گورۇھى شىركىتى مىس رۇدىلىرىنى ئايرىش، قېزىش زاۋۇتى ئىشلەپچىقاردى. بۇ مەھسۇلات ئاساسلىق گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ چىنچۈەن قاتارلىق جايلىرىغا سېتىلدى.

خىشنى ۋىلايەتلىك يېزا- بازار كارخانىسىنىڭ 30 نەچچە خىش زاۋۇتى ئىشلەپچىقاردى. يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 150 مىليون پارچىدىن ئاشتى. ۋىلايىتىمىزنىڭ خىشچىلىق ساھەسىدە مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. يېزا- بازار كارخانىلىرى ئىشلەپچىقارغان قىزىل خىشنىڭ قاتتىقلىق دەرىجىسى سورت نومۇرى ئادەتتە 150 ~ 200- نومۇرغىچە بولۇپ، بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپەت تەلىپىگە ماس كەلدى.

سېمونتنى ئاساسلىق قۇمۇل شەھەرلىك سېمونت زاۋۇتى (ئاستانە سېمونت زاۋۇتى دېيىمۇ ئاتىلىدۇ) ئىشلەپچىقاردى. يېزا- بازار كارخانىلىرى ئاساسلىق 325- نومۇرلۇق، 425- نومۇرلۇق ئادەتتىكى سىلىكاتلىق سېمونت ۋە داشقال سىلىكاتلىق سېمونتنى ئىشلەپچىقاردى. بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ تۈرلۈك سۈپەت كۆرسەتكۈچلىرى دۆلەت ئۆلچىمىگە يەتكەن بولۇپ، 1988- يىلدىن بۇيانقى ئالتە يىلدا لاياقەتلىك بولۇش دەرىجىسى ئۇدا 100% بولدى.

چۈجۈكبۇيا مەھسۇلاتىنى ئاساسلىق قۇمۇل شەھەرلىك تۆمۈر قېتىشمىسى زاۋۇتىنىڭ چۈجۈكبۇيا مەھسى پىششىقلاش سېخى ئىشلەپچىقاردى. بۇ مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتى مۇناسىۋەتلىك سەھىيە ۋە تىببىي دورا ئۆلچىمىگە يەتكەن بولۇپ، سېتىلىشى ناھايىتى تېز بولۇۋاتىدۇ.

مېۋە- چېۋە كونسېرۋاسىنى قۇمۇل «جېنشىن» يېمەكلىك كونسېرۋاسى زاۋۇتى ۋە «ياخشى» يېمەكلىكلەر چەكلىك شىركىتى ئىشلەپچىقاردى. ئاساسلىق تۈرلىرىدىن «يىنشېر» چىلان كونسېرۋاسى، كىشمىش ئۈزۈم، سايۋا ئۈزۈم، قۇمۇل قوغۇنى كونسېرۋالىرى بار. بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار يېمەكلىك تازىلىق ئۆلچىمىگە يەتكەن بولۇپ، يىلىغا 400 ~ 600 تونىنا ئىشلەپچىقىرىلدى، مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا سېتىلدى.

قۇمۇل قوغۇنى چىپسىنى قۇمۇل شەھەرلىك «جېنشىن» يېمەكلىك كونسېرۋاسى زاۋۇتى ئىشلەپچىقاردى. بۇ مەھسۇلات مېۋە ئېتى ۋە شېرنىسىدىن ئىشلەنگەن يېڭى تىپتىكى قويۇق ئىچىملىك بولۇپ، قۇمۇل قوغۇنىنىڭ ئەسلى تەمىنى ساقلاپ قالدى. بۇ مەھسۇلات ئىلگىرى جوڭگو يىپەك يولى تۇنجى نۆۋەتلىك قۇمۇل قوغۇنى بايرىمىنىڭ بەلگىلەنگەن مەھسۇلاتى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، كەڭ ئىستېمالچىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

نەپىس ئورالغان قۇرۇق ئۈزۈم قۇمۇل شەھەرلىك «جېنشىن» يېمەكلىك كونسېرۋاسى زاۋۇتىنىڭ كوزىر مەھسۇلاتى ھېسابلىنىدۇ.

سەۋزە شىرنىسىنى قۇمۇل «تيەنلۇڭ» مېۋە ئىچىملىكلىرى شىركىتى ئىشلەپچىقاردى. بۇ مەھسۇلاتنىڭ سۇيۇق ۋە قويۇق شىرنىلىك ئىككى خىلى بار. كاروتىن ۋە كۆپ خىل ۋىتامىنلار تەركىبى مول بولۇپ، تۇنجى نۆۋەتلىك يىپەك يولى قۇمۇل قوغۇنى بايرىمى تەرىپىدىن كۆرسىتىلگەن مەھسۇلات ۋە شەرەپلىك مەھسۇلات دەپ باھالاندى.

سۇنئىي ئالماسنى قۇمۇل سۇنئىي ئالماس زاۋۇتى ئىشلەپچىقاردى. يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 150 مىڭ كارات بولۇپ، مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا سېتىلدى.

سۈنئىي ئالماستىن ئىشلەنگەن سىلىقلاش تىغىنى شىنجاڭ قومۇل بىناكارلىق ماشىنىلىرى زاۋۇتى دۆلىتىمىزدىكى ئەڭ ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى قوللىنىپ، سۈنئىي ئالماسنى سىلىقلاش ئىستانوكىنىڭ تىغىغا ئۇلاش ئارقىلىق ئىشلەپچىقاردى. بۇ خىل مەھسۇلاتنىڭ توم ۋە ئىنچىكە ئىككى خىل ئۆلچەمدىكىسى بولۇپ، يىللىق مەھسۇلاتى 300 يۈرۈشتىن ئاشتى.

يۈك قاچىلاش ماشىنىسىنى «خۇيلۇڭ» مىنېرال ماددىلار گۇرۇھى شىركىتى قورۇلۇش ماشىنىلىرى زاۋۇتى شىئەن قاتارلىق جايلاردىن تېخنىكا كىرگۈزۈپ ۋە دېتاللىرىنى قوراشتۇرۇش ئارقىلىق ئىشلەپچىقاردى.

سىلىتسىي - مانگان قېتىشمىسىنىڭ Mn65–70Si–20، Mn60–70Si17–20، Mn60–65Si14–17، Mn65–70Si20–22 دىن ئىبارەت تۆت خىل تىپى بار. بۇ مەھسۇلاتنى قومۇل شەھەرلىك تۆمۈر قېتىشمىسى زاۋۇتى ئىشلەپچىقاردى. ئاساسلىق جيۇچۈەن ۋە بېيجىڭ قاتارلىق جايلارغا سېتىلدى.

ماگنىي سىلىكات ئىسسىقلىق ساقلاش ماتېرىيالىنى كۈيسۇ خىمىيە سانائەت زاۋۇتى يېڭى تىپتىكى ئىسسىقلىق ساقلاش ماتېرىياللىرى زاۋۇتى ئىشلەپچىقاردى.

ناترىي سىلىكاتنى قومۇل شەھەر ئەتراپى كۆكتاتلىق كەنتى خىمىيە سانائەت زاۋۇتى ئىشلەپچىقاردى. بۇ مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتى مىنىستىرلىك تارقاتقان ئۆلچەمگە ئۇيغۇن كەلدى.

سۇسىزلاندۇرۇلغان كۆكتات ئىشلەپچىقىرىشتا قومۇل شەھىرى بولۇڭتوغراق يېزا سۇسىزلاندۇرۇلغان كۆكتات پىششىقلاش زاۋۇتى بىلەن قومۇل شەھىرى باغۋەنچىلىك مەيدانى سۇسىزلاندۇرۇلغان كۆكتات پىششىقلاش زاۋۇتىنىڭ كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ بولۇپ، ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرىدىن سۇسىزلاندۇرۇلغان باش پىياز، مۇچ قاتارلىقلار بار. بۇ مەھسۇلاتلار ياۋروپا ۋە ئامېرىكا قىتئەسىدىكى دۆلەتلەرگە سېتىلدى.

ۋولفرام قومىنى قومۇل شەھەرلىك شاچۈەنزى رۇدا ئايرىش زاۋۇتى ئىشلەپچىقاردى. يىللىق ئاق ۋولفرام قۇم ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 100 توننىغا يەتتى. مەھسۇلات سۈپىتى دۆلەتلىك GB2825–81 ئاق ۋولفرام 1- دەرىجىلىك مەھسۇلات ئۆلچىمىدىن ياخشى بولۇپ، ئاساسلىق چەت ئەلگە سېتىلدى.

# سانائەت

# ئون بىرىنچى قىسىم

# سانائەت

مىنگو دەۋرىدە، قۇمۇلنىڭ سانائىتى بەك قالاق ئىدى. شىنشىڭ كۆمۈر كېنى پاي چەكلىك ھەسسىدارلىق شىركىتى، غەربىي شىمال تاشيول ئىدارىسى رېمونتچىلىق زاۋۇتى، قۇمۇل بازىرىنىڭ جەنۇبىدىكى ماشىنىلاشقان سۇ تۈگمىنى (ئۇن زاۋۇتى)، باركۆل يۈشى كۆمۈر كېنى ۋە قۇمۇل ئېلېكتر ئىستانسىسىدىن باشقا پەقەت بىر قىسىم تارقاق، يەككە ئىشلەپچىقىرىش قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشخانىلىرىلا بار بولۇپ، ئۇن، پېچىنە- پىرەنىك، تۆمۈر جابدۇق، ياغاچ جابدۇق، كىيىم- كېچەك، كۆن- خۇرۇم، قەغەز، سوپۇن قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقىراتتى. 1949- يىلى ۋىلايەت بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى پەقەت 202 مىڭ 300 يۈەن (يېڭى خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇپ، 1952- يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا) بولۇپ، 2100 ئىشچى- خىزمەتچىسى بار ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن 1950 ~ 1990- يىلىغىچە ۋىلايەتنىڭ سانائەت تەرەققىياتى ئالتە تارىخىي باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتى. 1950- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى، «پولاتنى ئۆتقا قىلىش»، ئالدى بىلەن ئېغىر سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىر تەرەپلىمە ھالدا تەكىتلىنىپ، قارىغۇلارچە قارامىلىق بىلەن ئىش كۆرۈلۈپ، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» نىڭ يامان ئاقىۋىتى كېلىپ چىقتى. 1960- يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، مەركەزنىڭ خەلق ئىگىلىكىنى تەرتىپكە سېلىشتىكى «سەككىز خەتلىك» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ ۋە ئىجرا قىلىنىپ، بىر قىسىم سانائەت كارخانىلىرى تەرتىپكە سېلىندى. يەرلىك سانائەت مۇستەھكەملەندى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، «سىنىپىي كۈرەشنى ئۆتقا قىلىش» تەكىتلىنىپ، «ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ھەممىنى ھەل قىلىدۇ» نەزەرىيىسى تەنقىد قىلىنغانلىقتىن، سانائەت ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدا بۇرۇلۇش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. ج ك پ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ۋىلايەتنىڭ سانائىتى ھەقىقىي ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولدى. «7- بەش يىللىق پىلان» نىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە(1990- يىلى) دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولغان مېتاللورگىيە، كۆمۈر، ئېلېكتر كۈچى، ماشىنىسازلىق، خىمىيە سانائىتى، كانچىلىق، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، پلاتسماسا، تىككۈچىلىك، مېتال بويۇم، توقۇمىچىلىق، يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش، خۇرۇم ئاياغ ئىشلەش قاتارلىق يەرلىك سانائەت سىستېمىسى شەكىللەندى.

1990- يىلى 165 يېزا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى سانائەت كارخانىسى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 69 ى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانا، 40 ى كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانا، 56 ى يېزا- بازار كارخانىسى. ئۆز ئالدىغا

مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان كارخانىلاردىن 105 ى بولۇپ، مۇقىم مۈلكىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 307 مىليون 593 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە يەرلىك سانائەتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 220 مىليون 124 مىڭ يۈەن بولۇپ (1980- يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا)، ۋىلايەتنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %72.9 ىنى ئىگىلىدى. سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1980- يىلدىكىدىن %269.56 ئېشىپ، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىشى %13.23 بولدى؛ يېنىك سانائەت %250.64 ئېشىپ، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىشى %13.91 بولدى؛ ئېغىر سانائەت %297.09 ئېشىپ، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىشى %12.41 بولدى. سانائەتنىڭ تاپشۇرغان پايدا بېجى (مەركەز، ئاپتونوم رايوننىڭ قومۇلدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ۋىلايەت بويىچە تاپشۇرۇلغان پايدا بېجىنىڭ %31.57 ىنى ئىگىلەپ، 88 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى 1805 خىل بولۇپ، 11 خىل مەھسۇلات ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات نامىغا، بىر خىل مەھسۇلات مىنىستىر دەرىجىلىك ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات نامىغا ئېرىشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىدىن چويۈن، سىلىتسىيلىق تۆمۈر، سېمونت، تاش ماتېرىياللىرى، مرابىلىت پاراشوكى (تازىلانغان شور)، تۇز، شور، ئېغىدرىن، فوسفورلۇق ئوغۇت، ناترىي سۇلفىد، يۇڭ توقۇلمىلار، پاختا يىپ، يېمەكلىك قاتارلىق 20 نەچچە خىلى بار بولۇپ، مەھسۇلات قىممىتى ۋىلايەت سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %80 تىن ئارتۇقراقىنى ئىگىلىدى. مرابىلىت پاراشوكى، ناترىي سۇلفىد، ۋولفرام، ناترىي سۇ سۇلفات، خورۇم، بارىي سۇلفات، سىلىتسىيلىق تۆمۈر، سۇسىزلاندۇرۇلغان كۆكتات، ئېغىدرىنلار يەرلىك سانائەتنىڭ ئېكسپورتتىن تاشقى پېرېۋوت يارىتىدىغان مەھسۇلاتلىرى بولۇپ، ياپونىيە، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلارغا سېتىلدى، يىللىق ئېكسپورتتىن يارىتىلغان تاشقى پېرېۋوت سوممىسى 20 مىليون يۈەندىن ئارتۇق بولدى.

سانائەت كارخانىلىرى ئاساسلىقى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى ئىككى ناھىيىنىڭ، بولۇپمۇ ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ سانائىتى تەرەققىي قىلمىدى.

ۋىلايىتىمىزنىڭ سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتى يۇقىرى ئەمەس. 1990- يىلى سانائەتنىڭ ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتلىرى ئاران %0.66 نى ئىگىلەپ، ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى نىسبىتى %21.58 بولدى؛ كارخانىلار مەھسۇلاتلىرىنى نازارەت قىلىپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلاشتا لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %58 بولۇپ، مەملىكەتنىڭ %76.9 كە قارىغاندا 18.9 پىرسەنت پوئىنت تۆۋەن بولدى. ۋىلايەت بويىچە 20 خىل ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى خام ئەشيا ۋە دەسلەپكى پىششىقلاپ ئىشلەش تۈرىدىكى مەھسۇلاتلار بولۇپ، يۇقىرى، يېڭى پەن- تېخنىكا تۈرىدىكى مەھسۇلاتلار، نەپىس پىششىقلاپ ئىشلەنگەن، چوڭقۇرلاپ پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار كەمچىل، قوشۇمچە قىممىتى ئاز، سەرپىياتى يۇقىرى، بازار رىقابەت كۈچى ئاجىز. ۋىلايىتىمىزنىڭ سانائەت ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز، سەۋىيىسى تۆۋەن. 1990- يىلى ۋىلايەت بويىچە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئاساسلىق ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلىرىدىن: ھەر يۈز يۈەنلىك مۇقىم مۈلۈكنىڭ ياراتقان مەھسۇلات قىممىتى، پايدا بېجى ۋە ھەر يۈز يۈەنلىك مەبلەغنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى، سېتىش كىرىمى، ياراتقان پايدا بېجى شۇنىڭدەك بارلىق خادىملارنىڭ ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش

ئۈنۈمدارلىقى قاتارلىق ئاساسلىق ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلىرى ئاپتونوم رايوندىكى 16 ۋىلايەت، ئوبلاست ئىچىدە 11- ئورۇندىن 15- ئورۇنغىچە بولغان ئارىلىقتا تىزىلدى.

سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى تۆۋەن. 1990- يىلى ياراتقان پايدىسى پەقەت ئۆسۈمنىلا قايتۇرۇشقا يەتتى. پايدا، باج تاپشۇرغاندا ئەگەر باجدىن بۇرۇن قەرزنى قايتۇرۇۋېتىش بويىچە ھېسابلىغاندا، بارلىق قەرزنى قايتۇرۇپ بولۇش ئۈچۈن ئاز دېگەندە 10 يىل ۋاقىت كېتىدۇ. 105 تۈز ئالدىغا مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان سانائەت كارخانىلىرى ئىچىدە زىيان تارتقان كارخانا 19 بولۇپ، زىيان تارتىش سوممىسى 5 مىليون 419 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

**قومۇل ۋىلايىتىنىڭ ئايرىم يىللاردىكى ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلات مىقدارى**

جەدۋەل: 11 – 1

| تۈرلەر / يىل | 1978 | 1980 | 1985 | 1990 |
|---|---|---|---|---|
| مىرابىلىت پاراشوكى (توننا) | 38791 | 43062 | 77442 | 77724 |
| مىرابىلىت پاراشوكى 97% ~ 99% (توننا) | 24963 | 27195 | 72360 | 25416 |
| مىرابىلىت پاراشوكى 90% ~ 95% (توننا) | 93828 | 15867 | 5082 | 2308 |
| سۇسىز ئانبىستىلىن (90 نىڭ ئاستىدا) (توننا) | 44337 | | 9831 | 58900 |
| يىرىك تۈز (توننا) | 22919 | 113431 | 143000 | 293000 |
| ئىچىملىك - ھاراق (توننا) | 68 | 91 | 461 | 3188 |
| سۇ بېغى (توننا) | 318 | 400 | 726 | 523 |
| ئۇن (توننا) | 20540 | 21882 | 28914 | 48152 |
| ئېغېبدىرىن (توننا) | | 2.6 | 7.2 | 29.8 |
| چويۇن (توننا) | 4336 | 7212 | 12424 | 10357 |
| مەدەن (توننا) | 22000 | 11389 | 25904 | 17587 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 4637 | 2256 | 1409 | 866 | تۆمۈر قېتىشمىسى (توننا) |
| 3966 | 1487 | 815 | 866 | كوكس (توننا) |
| 21050 | 40700 | 27500 | 23600 | كۆمۈر (توننا) |
| 23408 | 13473 | 11137 | 9269 | توك تارقىتىش مىقدارى (تۈمەن كىلوۋات سائەت) |
| 54425 | 56610 | 33025 | 25053 | سېمونت (توننا) |
| 31623 | 45745 | 6576 | 3440 | ناترىي سۇلفىد (توننا) |
| 2279 | 6338 | 2123 | 2306 | خىش (تۈمەن پارچە) |
| 7276 | 2379 | 1231 | 811 | گىلەم (كۋادرات مېتىر) |
| 7295 | 17700 | 18621 | 7301 | خورۇم ئاياغ (جۈپ) |
| 191170 | 1755 | 19226 | 26267 | لاتا ئاياق (جۈپ) |
| 56.33 | | | | يۇڭ توقۇلما (تۈمەن مېتىر) |
| 1907 | 327 | 171 | 240 | دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان خىمىيىۋى ئوغۇت (توننا) |
| 834 | | | | بىرىكمە ئوغۇت (توننا) |
| 104015 | 62049 | | | پولات ئىشىك دېرىزە (كۋادرات مېتىر) |
| 88.50 | | | | ئالتۇن (كىلوگرام) |
| 21 | 80 | 48 | 106 | ماشىنا رېمونتچىلىقى |
| 2.53 | 1.40 | 0.79 | 0.60 | ئۆي جاھازلىرى (تۈمەن دانە) |
| 87599 | 94682 | 135274 | 72878 | كىيىم كېچەك (يۈرۈش) |

## 1978 – يىلىدىن 1990 – يىلغىچە بولغان قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ بارلىق سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ۋە تەرەققىيات سۈرئىتى

جەدۋەل: 11 - 2

| | تۈرلەر / يىللار | بارلىق سانائەت كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى | ئىقتىسادىي تۈر بويىچە بۆلگەندە: دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت | ئىقتىسادىي تۈر بويىچە بۆلگەندە: كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى سانائەت | ئىقتىسادىي تۈر بويىچە بۆلگەندە: يېزا – بازارلاردىكى خۇسۇسىي سانائەت | ئىقتىسادىي تۈر بويىچە بۆلگەندە: باشقا ئىقتىسادىي تۈرلەر | يېنىك ۋە ئېغىر سانائەت بويىچە بۆلگەندە: يېنىك سانائەت | يېنىك ۋە ئېغىر سانائەت بويىچە بۆلگەندە: ئېغىر سانائەت |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| مۇتلەق سان (تۈمەن يۈەن)؛ 1970 – يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا | 1978 | 6501.17 | 6090.50 | 410.67 | | | 4286.06 | 2215.11 |
| | 1979 | 6406.87 | 5907.28 | 499.59 | | | 4059.48 | 2347.39 |
| | 1980 | 5956.25 | 5182.24 | 774.01 | | | 3529.79 | 2426.46 |
| | 1981 | 6422.57 | 5701.08 | 721.49 | | | 3908.19 | 2514.38 |
| مۇتلەق سان (تۈمەن يۈەن)؛ 1980 – يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا | 1981 | 6853.98 | 6078.42 | 755.56 | | | 4185.97 | 2668.01 |
| | 1982 | 7593.20 | 6590.25 | 1002.95 | | | 4408.80 | 3184.40 |
| | 1983 | 8815.28 | 7716.47 | 10988.81 | | | 4655.93 | 4159.35 |
| | 1984 | 10327.29 | 8663.80 | 1646.00 | 17.49 | | 5231.39 | 5096.90 |
| | 1985 | 12742.39 | 9730.34 | 2734.19 | 277.86 | | 6222.32 | 6520.07 |
| | 1986 | 15007.33 | 9967.35 | 3033.33 | 2006.65 | | 7086.64 | 7920.69 |
| | 1987 | 15001.40 | 10551.10 | 2555.40 | 1894.90 | | 7842.50 | 7158.90 |
| | 1988 | 17864.40 | 12943.40 | 2852.60 | 2068.40 | | 10543.50 | 7320.90 |
| | 1989 | 20437.20 | 14462.90 | 4213.20 | 1761.10 | | 11808.90 | 8628.30 |
| | 1990 | 22012.40 | 14934.50 | 4425.10 | 2652.80 | | 12377.10 | 9635.30 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 106.97 | 94.37 | | | 121.65 | 96.99 | 98.56 | 1979 | |
| 109.54 | 82.36 | | | 184.47 | 86.09 | 91.62 | 1980 | |
| 113.51 | 91.18 | | | 175.69 | 93.61 | 98.79 | 1981 | |
| 135.48 | 96.04 | | | 227.20 | 101.49 | 109.45 | 1982 | |
| 176.96 | 101.42 | | | 249.91 | 118.83 | 127.06 | 1983 | |
| 216.80 | 113.96 | | 100 | 372.87 | 133.42 | 148.85 | 1984 | تەرەققىيات سۈرئىتى(%) 1978-يىلى 100 بولغاندا |
| 277.40 | 135.54 | | 1588.68 | 619.37 | 149.84 | 183.65 | 1985 | |
| 336.90 | 154.37 | | 11473.13 | 687.13 | 153.49 | 216.31 | 1986 | |
| 304.58 | 170.83 | | 10834.19 | 578.87 | 162.48 | 216.23 | 1987 | |
| 311.47 | 2296.67 | | 11826.19 | 646.19 | 199.33 | 257.49 | 1988 | |
| 367.09 | 257.24 | | 10069.18 | 954.41 | 222.72 | 294.57 | 1989 | |
| 409.93 | 269.61 | | 1516.52 | 1002.41 | 229.99 | 317.28 | 1990 | |

## 1978 – يىلىدىن 1990 – يىلىغىچە قومۇل ۋىلايىتىدىكى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان بارلىق ساناەت كارخانىلىرىنىڭ ئانالىز كۆرسەتكۈچى

جەدۋەل: 11 – 3

| كارخانىلارنىڭ زىيان تارتىش كۆلىمى (%) | بارلىق خادىملارنىڭ ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى (يۈەن / بىر ئادەم) | هەر يۈز يۈەنلىك ساناەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئىگىلىگەن ئورمىلىق ئوبوروت مەبلىغى (يۈەن) | هەر يۈز يۈەنلىك مەبلەغنىڭ يارىتقان پايدا بېجى (يۈەن) | هەر يۈز يۈەنلىك سېتىش كىرىمىنىڭ يارىتقان پايدا بېجى (يۈەن) | هەر يۈز يۈەنلىك ساناەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ يارىتقان پايدا بېجى (يۈەن) | هەر يۈز يۈەنلىك مۇقىم مۈلۈكنىڭ ئەمەلى قىممىتى يارىتقان پايدا بېجى (يۈەن) | هەر يۈز يۈەنلىك مۇقىم مۈلۈكنىڭ ئەمەلى قىممىتى يارىتقان ساناەت مەھسۇلات قىممىتى (يۈەن) | تۈرلەر / يىللار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 12.77 | 8308 | 18.24 | 15.94 | 23.71 | 11.35 | 14.73 | 129.85 | 1978 |
| 12.00 | 7916 | 22.41 | 10.82 | 17.59 | 8.34 | 10.36 | 124.26 | 1979 |
| 11.11 | 7018 | 21.66 | 8.85 | 16.80 | 9.08 | 8.16 | 89.78 | 1980 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1981 | 90.25 | 6.09 | 6.75 | 12.28 | 6.68 | 26.44 | 6978 | 11.11 |
| 1982 | 90.58 | 8 | 8.83 | 12.55 | 8.94 | 23.31 | 7428 | 15.79 |
| 1983 | 99.63 | 13.20 | 13.25 | 17.13 | 15.07 | 19.55 | 8663 | 14.81 |
| 1984 | 97.85 | 13.96 | 14.27 | 18.59 | 15.57 | 21.52 | 9172 | 4.92 |
| 1985 | 94.35 | 12.57 | 13.32 | 16.61 | 12.91 | 28.56 | 10046 | 729 |
| 1986 | 97.25 | 12.50 | 12.85 | 15.58 | 12.91 | 30.77 | 10478 | 13.86 |
| 1987 | 96.96 | 10.96 | 11.30 | 13.66 | 10.94 | 32.43 | 11544 | 16.67 |
| 1988 | 85.56 | 9.31 | 10.88 | 14.36 | 9.45 | 25.75 | 14684 | 10.10 |
| 1989 | 112.10 | 10.86 | 11.57 | 14.87 | 9.83 | 35.86 | 17854 | 10.00 |
| 1990 | 88.76 | 11.23 | 12.65 | 15.00 | 10.38 | 37.02 | 17597 | 17.92 |

## 1978 – يىلىدىن 1990 – يىلىغىچە قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى دۆلەت ئىلكىدىكى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئانالىز كۆرسەتكۈچى

جەدۋەل: 11 - 4

| تۈرلەر / يىللار | ھەر يۈز يۇەنلىك مۇقىم مۈلۈكنىڭ ئەمەلىي قىممىتى يارىتقان سانائەت مەھسۇلات قىممىتى (يۇەن) | ھەر يۈز يۇەنلىك مۇقىم مۈلۈكنىڭ ئەمەلىي قىممىتى يارىتقان پايدا بېجى (يۇەن) | ھەر يۈز يۇەنلىك سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ يارىتقان پايدا بېجى (يۇەن) | ھەر يۈز يۇەنلىك سېتىش كىرىمىنىڭ يارىتقان پايدا بېجى (يۇەن) | ھەر يۈز يۇەنلىك مەبلەغنىڭ يارىتقان پايدا بېجى (يۇەن) | ھەر يۈز يۇەنلىك سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئىگىلىگەن ئوبوروت مەبلىغى (يۇەن) | بارلىق خادىملارنىڭ ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى (يۇەن / يىل ئادەم) | كارخانىلارنىڭ زىيان تارتىش كۆلىمى (%) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1978 | 126.64 | 14.22 | 11.23 | 23.72 | 15.48 | 18.35 | 9191 | 18.18 |
| 1979 | 120.22 | 9.63 | 8.01 | 17.16 | 10.13 | 22.75 | 8357 | 17.65 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1980 | 85.85 | 7.76 | 9.04 | 16.87 | 8.46 | 22.04 | 7304 | 17.14 |
| 1981 | 86.88 | 5.75 | 6.62 | 12.22 | 6.36 | 26.66 | 7398 | 17.14 |
| 1982 | 87.31 | 7.70 | 8.81 | 12.48 | 8.72 | 22.71 | 7776 | 21.05 |
| 1983 | 97.12 | 13.23 | 13.62 | 17.58 | 15.32 | 18.88 | 9049 | 13.51 |
| 1984 | 94.43 | 13.91 | 14.73 | 19.07 | 15.76 | 20.86 | 9659 | 5.13 |
| 1985 | 89.80 | 12.46 | 13.88 | 17.45 | 13.30 | 26.39 | 11605 | 4.88 |
| 1986 | 91.79 | 12.47 | 13.59 | 16.99 | 13.16 | 29.83 | 11917 | 6.98 |
| 1987 | 95.48 | 11.18 | 11.70 | 14.57 | 11.52 | 30.12 | 13246 | 19.05 |
| 1988 | 81.96 | 9.09 | 11.09 | 15.13 | 9.03 | 28.95 | 16506 | 11.36 |
| 1989 | 86.49 | 9.86 | 11.40 | 14.86 | 9.09 | 35.74 | 19755 | 11.63 |
| 1990 | 82.17 | 11.10 | 13.51 | 15.67 | 10.42 | 37.00 | 19435 | 20.83 |

## 1978 ـ يىلىدىن 1990 ـ يىلغىچە قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكتىكى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچى

جەدۋەل: 11 - 5

| تۈرلەر / يىللار | ھەر يۈز يۈەنلىك مۇقىم مۈلۈكنىڭ ئەمەلىي قىممىتى يارىتقان سانائەت مەھسۇلات قىممىتى (يۈەن) | ھەر يۈز يۈەنلىك مۇقىم مۈلۈكنىڭ ئەمەلىي قىممىتى يارىتقان پايدا بېجى (يۈەن) | ھەر يۈز يۈەنلىك سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ يارىتقان پايدا بېجى (يۈەن) | ھەر يۈز يۈەنلىك سېتىش كىرىمىنىڭ يارىتقان پايدا بېجى (يۈەن) | ھەر يۈز يۈەنلىك مەبلەغنىڭ يارىتقان پايدا بېجى (يۈەن) | ھەر يۈز يۈەنلىك سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئىگىلىگەن ئوبوروت مەبلىغى (يۈەن) | پۈتۈن خادىملارنىڭ ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى (يۈەن / يىل ئادەم) | كارخانىلارنىڭ زىيان تارتىش كۆلىمى (%) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1978 | 425.55 | 62.19 | 14.61 | 23.43 | 42.93 | 15.23 | 2286 | |
| 1979 | 422.27 | 63.77 | 15.10 | 24.21 | 44.02 | 15.35 | 3782 | |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 4254 | 15.51 | 29.03 | 15.84 | 9.87 | 36.52 | 370.03 | 1980 |
| | 3493 | 22.58 | 18.91 | 13.12 | 8.99 | 25.46 | 283.12 | 1981 |
| 5.26 | 4291 | 33.20 | 10.91 | 14.08 | 9.40 | 21.92 | 233.08 | 1982 |
| 17.65 | 4689 | 32.96 | 8.54 | 7.86 | 5.80 | 11.86 | 204.63 | 1983 |
| 4.55 | 5563 | 29.93 | 12.13 | 11.82 | 8.33 | 15.25 | 183.17 | 1984 |
| 9.09 | 50.83 | 44.39 | 9.79 | 10.94 | 9.28 | 13.85 | 149.31 | 1985 |
| 18.97 | 5943 | 36.68 | 10.83 | 8.34 | 8.21 | 14.03 | 170.97 | 1986 |
| 14.81 | 5809 | 50.13 | 7.06 | 8.13 | 8.21 | 9.03 | 110.08 | 1987 |
| 9.09 | 78.54 | | 16.83 | 9.71 | 9.25 | 12.09 | 130.71 | 1988 |
| 8.77 | 10747 | 36.68 | 19.58 | 14.97 | 12.75 | 28.87 | 226.37 | 1989 |
| 15.52 | 113.23 | 37.12 | 9.91 | 9.97 | 7.29 | 13.07 | 197.25 | 1990 |

# I باب

# ئاپپاراتلار

## §1. ۋىلايەتتىكى ئاپپاراتلار

1950- يىلى 5- ئايدا ۋالىي مەھكىمىسىدە سودا- سانائەت بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، ئاساسلىق سانائەت ئىشلىرىنى باشقۇردى. 1956- يىلى 12- ئاينىڭ 20- كۈنى ۋالىي مەھكىمىسىدە قاتناش بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1957- يىلى 9- ئايدا ۋالىي مەھكىمىسىدە سانائەت- قاتناش بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1960- يىلى 2- ئاينىڭ 13 - كۈنى سانائەت- قاتناش بۆلۈمى

ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ۋىلايەتلىك سانائەت ئىدارىسى بىلەن قاتناش ئىدارىسى ئايرىپ قۇرۇلدى. 1962- يىل 5- ئايدا ۋىلايەتلىك سانائەت ئىدارىسى ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمە سانائەت بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى، 1963- يىلى ۋالىي مەھكىمە سانائەت بۆلۈمى بىلەن قاتناش بۆلۈمى بىرلەشتۈرۈلۈپ، سانائەت- قاتناش بۆلۈمى قىلىپ قۇرۇلدى. 1967- يىل 3- ئاينىڭ 15- كۈنى قۇمۇل شۆبە ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، ئىشخانىغا قاراشلىق قاتناش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى. 1969- يىل 3- ئاينىڭ 15- كۈنى ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسىدا سانائەت- قاتناش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. 1974- يىل 11- ئايدا ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتتا سانائەت- قاتناش ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، سانائەت- قاتناش ئىشلىرىنى باشقۇردى، 1981- يىل 4- ئايدا ۋىلايەتلىك ئىقتىساد كومىتېت قۇرۇلۇپ، قارمىقىدا قاتناش بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. 1984- يىل 1- ئايدا 2- يېنىك سانائەت باشقارمىسىنىڭ خادىملىرى، كەسپىي ئىشلىرى ۋىلايەتلىك ئىقتىساد كومىتېتقا قوشۇۋېتىلىپ، 2- يېنىك سانائەت بۆلۈمى تەسىس قىلىندى (1980- يىل 12- ئايدىن 1984- يىل 1- ئايغىچە 2- يېنىك سانائەت سانائەت- قاتناش ئىدارىسىدىن ئايرىۋېتىلدى). 1985- يىل 8- ئايدا قاتناش بۆلۈمى بىلەن 2- يېنىك سانائەت بۆلۈمى ئىقتىسادىي كومىتېتتىن ئايرىپ تەسىس قىلىندى. ۋىلايەتلىك ئىقتىسادىي كومىتېت ئاساسلىقى سانائەت ئىشلىرىنى باشقۇردى.

## §2. ناھىيە، شەھەرلەردىكى ئاپپاراتلار

مىنگو دەۋرىدە يەرلىك سانائەت ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇش بۆلۈمىگە قاراشلىق بولۇپ، سانائەتنى قوشۇمچە باشقۇراتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن 1950- يىلى ھەر قايسى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىدە سودا- سانائەت بۆلۈملىرى تەسىس قىلىنىپ، سانائەت ئىشلىرىنى باشقۇردى. 1957- يىلى قول سانائەت بىرلەشمە كوپېراتىپى قۇرۇلدى. 1958- يىلى 7- ئايدا ناھىيىلەردە سانائەت- قاتناش بۆلۈمى قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، سودا- سانائەت بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1965- يىلى ناھىيىلىك پارتكومدا سانائەت- قاتناش، مالىيە- سودا سىياسىي بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ، 1966- يىلىغا كەلگەندە ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1969- يىلى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتتا سانائەت- قاتناش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، سانائەت- قاتناش ئىشلىرىنى باشقۇردى، 1973- يىلى سانائەت- قاتناش ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1984- يىلى سانائەت ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئىقتىساد كومىتېتى قۇرۇلدى ھەمدە قول سانائەتچىلەر بىرلەشمە كوپېراتىپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1984- يىل 5- ئايدا قۇمۇل ناھىيىسى قۇمۇل شەھىرىگە قوشۇۋېتىلىپ، شەھەرلىك ئىقتىساد كومىتېتى قۇرۇلدى.

# باب II

# ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تۈزۈلمە ئىسلاھاتى

## §1. قول سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش

ۋىلايىتىمىزنىڭ قول سانائەتتە كوپېراتسىيىلىشىش ھەرىكىتى 1952- يىلى باشلاندى، 1956- يىلغا كەلگەندە ۋىلايەت بويىچە قول سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. 1955- يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ستاتىستىكىلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، ۋىلايەت بويىچە قول سانائەت كەسپى 13 خىل، قول سانائەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار 445 ئائىلە، 597 ئادەم (بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى، خىزمەتچى، شاگىرت 63 )، ئايلانما مەبلىغى، مۇقىم مۈلكى 445 مىڭ 230 يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرىلار ئىككى ئائىلە ئىدى. بۇ قول سانائەتچىلەر قۇمۇل، باركۆلنىڭ يېزا- بازارلىرىغا جايلاشقان بولۇپ، تۆمۈرچىلىك، مىتالچىلىق، ياغاچ جابدۇق، يۇڭ- پاختا، رېمونتچىلىق قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللاندى.

1956- يىل 3- ئايدىن 5- ئايغىچە قول سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 11 قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق كوپېراتىپى، يەتتە قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىش گۇرۇپپىسى كېڭەيتىپ قۇرۇلدى ۋە يېڭىدىن قۇرۇلدى. قول سانائەت ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىغا (گۇرۇپپىلىرىغا) 488 ئائىلە كىرىپ، قول سانائەتچىلەر ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ 91.8% نى ئىگىلىدى. كەسىپكارلار 625 (بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى، شاگىرت 67 ) بولۇپ، قول سانائەت كەسىپكارلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 90.9% نى ئىگىلىدى. كوپېراتىپلارغا (گۇرۇپپىلارغا) ئېلىپ كىرگەن مال- مۈلۈك 401 مىڭ 300 يۈەن بولۇپ، قول سانائەت ئومۇمىي مۈلكىنىڭ 88.4% نى ئىگىلىدى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا تارقاق جايلاشقان قول سانائەتچىلەرمۇ ئۆز جايلىرىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىغا كىردى.

يەككە قول سانائەتچىلەر سىستېما بويىچە باشقۇرۇلدى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا، تەمىنات سودا، تاشقى سودا تارماقلىرى خام ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەش، مال زاكاز قىلىش ۋە مەھسۇلاتلارنى سېتىشنى ھۆددىگە ئېلىش تۈختىمى ئىمزالاش ئارقىلىق، قول سانائەتچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرگەنلىكتىن، ئىشلەپچىقىرىش ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى. 1957- يىلى ۋىلايەت بويىچە قول سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 965 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1958- يىلى «ئۆتكۈنچى دەرىجە ئاتلىنىش»، «بىرىنچىدىن تەڭشەش، ئىككىنچىدىن يۆتكەش» كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىلىپ، ۋىلايەت بويىچە ھەر خىل قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى (گۇرۇپپىلىرى)

ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ يەرلىك، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى زاۋۇت ۋە سودا، تاشقى سودا، پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتلىرىغا قوشۇۋېتىلدى. 1962- يىلى مەركەزنىڭ «تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش» تىن ئىبارەت فاڭجېنىغا ئاساسەن، قول سانائەتنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، قول سانائەتكە قارىتا يېڭىۋاشتىن تەڭشەش ئېلىپ بېرىلدى. قۇمۇل ناھىيىلىك ترانسپورت شىركىتى، تېرە- يۇڭ زاۋۇتىدىن باشقا بارلىق ئەسلىدىكى قول سانائەت ھەمكارلىق كوپىراتىپلىرىنىڭ خادىملىرى، ئۈسكۈنىلىرى، مەبلەغ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئايرىپ چىقىلىپ، قول سانائەت ھەمكارلىق كوپىراتىپلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئەسلىدىكىدەك كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىك خاراكتېرىگە ئىگە قىلىندى. باركۆل ناھىيىسى ئىككىۋچىلىك، ئۆتۈك- بەتىنكە زاۋۇتلىرىنى بۆرۈنقىدەكلا قول سانائەت ھەمكارلىق كوپىراتىپلىرىغا ئۆزگەرتتى. ئاراتۈرۈك ناھىيىسى ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ماشىنا سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش- سەپلەش زاۋۇتىنىڭ نامىنى ياغاچچىلىق، تۆمۈرچىلىك پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق كوپىراتىپىغا ئۆزگەرتىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىن كوللېكتىپ ئىگىلىكىگە ئايلاندۇردى. قۇمۇل تارانچى كان رايونىدىمۇ قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىش كوپىراتىپلىرى تەشكىل قىلىندى.

## §2. سانائەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتى

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ كارخانا ئىسلاھاتىنى ئومۇمەن ئىككى باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ. 1979 ~ 1986- يىلىغىچە مەمۇرىي ئورۇنلارنى ئىخچاملاش، ھوقۇقنى تۆۋەن قاتلاملارغا بېرىش، پايدىنى ئۆتكۈنۈپ بېرىش باسقۇچى. 1987 ~ 1990 - يىلىغىچە، ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى بىلەن ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئايرىش، كارخانىنى ھۆددىگە ئېلىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش باسقۇچى.

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ مەمۇرىي ئورۇنلارنى ئىخچاملاش، ھوقۇقنى تۆۋەن قاتلاملارغا بېرىش، كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشتا ئۆز- ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقىنى كېڭەيتىش 1979- يىلدىن تارتىپ باشلاندى. ۋىلايەت كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشتا ئۆز- ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقىنى كېڭەيتىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى قۇمۇل ئېلېكتر ئىستانسىسىدا ئېلىپ باردى. ھوقۇقنى كېڭەيتىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش ئارقىلىق، ئېلېكتر ئىستانسىسىدىكى بارلىق ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، 1980- يىلى ياراتقان پايدىسى ئالدىنقى يىلىغا قارىغاندا 33.61% ، يۇقىرىغا تاپشۇرغان پايدىسى 26.11%، قالدۇرۇق پايدىسى 26% ئاشتى. 1984- يىلى مەمۇرىي مەھكىمە ۋىلايەتلىك ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ «قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى يوليورۇق سوراش دوكلاتى» نى تەستىقلاپ تارقىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش پىلانىدىن تارتىپ مەھسۇلاتلارنى سېتىش، مەھسۇلات باھاسى، ماددىي بۇيۇملارنى تاللاپ سېتىۋېلىش، مەبلەغ ئىشلىتىش، مال- مۈلۈكلەرنى بىر تەرەپ قىلىش، ئاپپاراتلارنى تەسىس قىلىش، ئەمگەك- كادىرلار ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، مائاش- مۇكاپات، بىرلىشىپ ئىگىلىك باشقۇرۇشقىچە بولغان 10 جەھەتتىكى كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشتا ئۆز- ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقىنى ئايدىڭلاشتۇردى ۋە ئەمەلىيلەشتۈردى.

1979- يىلى ۋىلايەت دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار دۆلەت چۈشۈرگەن ئىشلەپچىقىرىش ۋە پايدا پىلانلىرىنى ئورۇنلاش شەرتى ئاستىدا، ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق مائاش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 5% ى بويىچە كارخانا فوندى ئاجرىتىپ، تۈنجى قېتىم بۇرۇنقىدەك كارخانىلاردا ياخشى ئىشلىگەن بىلەن ياخشى ئىشلىمىگەن ئوخشاش بولۇش

ۋەزىيىتىنى بۇزۇپ تاشلىدى.

1980- يىلى ۋىلايەت دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردا قالدۇرۇق پايدا پىرسەنتى ئايرىشنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويدى. ئوخشاش بولمىغان كارخانىلاردا، ئوخشاش بولمىغان پىرسەنت ئايرىش نىسبىتىنى بەلگىلەپ، كارخانىلار ئالىدىغان قالدۇرۇق پايدا پىرسەنتىنى تەكشۈرۈپ بېكىتكەن ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىيات فوندى، ئىشچى- خىزمەتچىلەر پاراۋانلىق فوندى، مۇكاپاتلاش فوندى بويىچە ئايرىم ئېلىپ، ئايرىم باشقۇرۇپ ئىشلەتتى. بۇ ئىسلاھات ئارقىلىق كارخانىلار ياراتقان پايدا قانچە كۆپ بولسا، قالدۇرۇق پايدىمۇ شۇنچە كۆپ بولىدى. كارخانىلار قالدۇرۇق پايدىسىنى كۆپ قالدۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىشچى- خىزمەتچىلەرمۇ كۆپ نەپكە ئېرىشتى.

1983- يىلى ۋىلايەت ۋىلايەتلىك ئېلېكتر ئىستانسىسى، خىمىيە سانائەت زاۋۇتى قاتارلىق بىر قىسىم كارخانىلاردا 1- قەدەمدە پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىشنى يولغا قويدى. 1985- يىلى ۋىلايەت 2- قەدەمدە پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىشنى كېڭەيتىپ يولغا قويۇپ، دۆلەت بىلەن كارخانىلارنىڭ پايدىنى تەقسىملەش مۇناسىۋىتىنى تەڭشەپ، كارخانىلارنىڭ قالدۇرۇق پايدىسى ۋە ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىنى ئاشۇردى.

1. ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش

ۋىلايەت ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىشتىكى بىر مەركىزىي ھالقا قىلدى. 1982- يىل 8- ئايدا ۋىلايەتلىك كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋىلايەتتىكى سانائەت- قاتناش كارخانىلىرىنىڭ پايتەخت پولات- تۆمۈر زاۋۇتىدىن ئۆگىنىش، ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش چوڭ يىغىنىنى ئاچتى. 11- ئايدا ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائەت زاۋۇتىدا كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش، ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى.

مەمۇرىي مەھكىمە ۋىلايەتلىك ئېلېكتر ئىستانسىسى، خىمىيە سانائەت زاۋۇتى، قۇمۇل ناھىيىلىك فوسفورلۇق ئوغۇت زاۋۇتى، ترانسپورت شىركىتى، تىككۈچىلىك زاۋۇتى، ئاياغ زاۋۇتى، باركۆل ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتى، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك ترانسپورت شىركىتى، بىڭتۇەن قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قىزىليۇلتۇز خىمىيە سانائەت زاۋۇتى قاتارلىق توققۇز كارخانىنى تاللاپ، نۇقتىدا تۇرغۇچى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، كارخانىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە ھەر تۈرلۈك ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى ئورنىتىپ، يولغا قويۇشقا ياردەم بەردى. كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق ئىش ئورنى ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئاساس قىلغان تۈرلۈك قائىدە- تۈزۈملەرنى ئومۇمىيۈزلۈك ئورنىتىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىشتىن بۇرۇنقى رىئايە قىلمايدىغان قائىدە- تۈزۈم بولماسلىق ھالىتىنى ئۆزگەرتتى.

1985- يىلى مەمۇرىي مەھكىمە ۋىلايەتلىك ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ «1985- يىللىق پىلان ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشتا ئىقتىسادىي ھۆددىگەرلىكنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش توغرىسىدىكى دوكلات» نى تەستىقلاپ تارقاتتى. ھەر قايسى كارخانىلار بىلەن سېخ، بەن- گۇرۇپپىلار ئىقتىسادىي ھۆددىگەرلىكنى يولغا قويدى. بەزى ئىش تۈرلىرىدىمۇ ئىقتىسادىي ھۆددىگەرلىك يولغا قويۇلدى. مەسئۇلىيەت ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، كارخانا ۋە ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقى قوزغىتىلدى. ۋىلايەتنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 127 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنى بىر قاتلاش نىشانى بىر يىل بۇرۇن ئەمەلگە ئاشتى.

1986- يىل 4 - ئايدا ھۆددىگە ئېلىپ، پىلان ۋەزىپىلەرنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىغان كارخانا رەھبەرلىرى مۇكاپاتلاندى. ھۆددىگە ئالغان پىلان ۋەزىپىلىرىنى ئورۇندىيالمىغان كارخانا رەھبەرلىرىگە جەرىمانە قويۇلدى.

ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائەت زاۋۇتى، سېمونت زاۋۇتى، ترانسپورت شىركىتى قاتارلىق كارخانىلار ئىقتىسادىي ھۆددىگەرلىكنى يولغا قويۇش بىلەن بىللە، لەيلىمە مائاش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ھۆددىگە ئالغان ۋەزىپىلەرنى

ئورۇندىغانلارغا تولۇق مائاش، ۋەزىپىسىنى نورمىدىن ئاشۇرۇپ ئورۇندىغانلارغا كۆپ مائاش، ھۆددىگە ئالغان ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالمىغانلارغا ئاز مائاش تارقاتتى.

دۆلەت ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ «ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يەنىمۇ تەرتىپكە سېلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى جىددىي ئۇقتۇرۇش»نى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇشتا ھەر قايسى كارخانىلار ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە يولغا قويۇشقا قارىتا بىر قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، مەسئۇلىيەت، ھوقۇق، مەنپەئەتنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، دۆلەت، كارخانا، ئىشچى-خىزمەتچىلەردىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ مەنپەئىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلدى.

2. زاۋۇت باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش

1985-يىل 4-ئايدا مەمۇرىي مەھكىمە ۋىلايەتلىك ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ «كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، زاۋۇت باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇپ، تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى يوليورۇق سوراش دوكلاتى»نى تەستىقلاپ تارقىتىپ، ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائەت زاۋۇتى، سېمونت زاۋۇتى، قۇمۇل پولات-تۆمۈر زاۋۇتى، تۇز-خىمىيە باش زاۋۇتى، ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتى، چوڭ رېمونتچىلىق زاۋۇتى، ماشىنا زاپچاسلىرى شىركىتى، قىزىليۇلتۇز خۇرۇم زاۋۇتى، تېببىي دورا شىركىتى، ئۇن زاۋۇتى، مېتال بۇيۇم شىركىتى، قۇشخانا، يېمەكلىكلەر شىركىتى قاتارلىق 26 كارخانىدا زاۋۇت باشلىقى (دىرېكتور) مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى. ۋىلايەت زاۋۇت باشلىقى (دىرېكتور) مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويغان كارخانىلاردا زاۋۇت باشلىق (دىرېكتور) لىرىغا 14 تۈرلۈك خىزمەت ھوقۇقى بەردى. زاۋۇت باشلىقى (دىرېكتور) مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويغان كارخانىلاردا زاۋۇت باشلىقى ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىش، سىياسەت بەلگىلەش، ئادەم ئىشلىتىش ھوقۇقلىرىنى بىر قەدەر ياخشى يۈرگۈزۈپ، پارتىيە، مەمۇرىيەت، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرۇپ، تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كارخانا خىزمىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلىدى.

3. كارخانىلاردا ئەمگەك-كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش

ئەمگەك كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئەمەلىيەتتە ساقلىنىۋاتقان كادىرلارنىڭ باقىۋەندىلىك تۈزۈمىنى بۇزۇپ تاشلاش، ئىشچىلارنىڭ «تۆمۈر تاۋىقى»نى چېقىپ تاشلاش، كىرەلەيدىغان، چىقالايدىغان، ئۆسەلەيدىغان، چۈشەلەيدىغان بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، «چوڭ قازان تامىقى» ۋە تەڭ تەقسىماتچىلىقنى بىكار قىلىپ، كۆپ ئىشلىگەنلەر كۆپ ھەق ئېلىشتەك سوتسىيالىستىك تەقسىمات پرىنسىپىنى گەۋدىلەندۈردى. ھوقۇقنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق مەركەزلىشىپ قېلىشىدەك ھالەتنى ئۆزگەرتىپ، مەمۇرىي ئورۇنلارنى ئىخچاملاپ، ھوقۇقنى تۆۋەن قاتلاملارغا چۈشۈرۈپ، ئىختىساسلىقلارنى «ئورۇنلار»، «تارماقلار» نىڭ ئىگىلىۋېلىشىنى بۇزۇپ تاشلاپ، مۇۋاپىق تەرتىپكە سېلىپ، قابىلىيەتلىكلەرنى ئىشقا قويۇپ، ئىختىساسلىقلارنىڭ جايلىشىشى ۋە قۇرۇلمىسى نامۇۋاپىق بولۇش ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، ھەممە ئادەم ئۆز قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇش، قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەشنى ئىشقا ئاشۇردى.

1985-يىل 3-ئاينىڭ 18-كۈنى مەمۇرىي مەھكىمە ئەمگەك-كادىرلار باشقارمىسىنىڭ «ئەمگەك، مائاش، كادىرلار ئىشلىرىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تۈزۈم ئىسلاھاتى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش پىكرى) توغرىسىدىكى دوكلات»نى تەستىقلاپ تارقىتىپ، 10 تۈرلۈك ئىسلاھات مەزمۇنىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، كادىرلار، ئىشچىلارنى بۆلەكچە سەپلەشتىكى تەستىقلاش ھوقۇق چەكلىمىسىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ، ئادەم باشقۇرۇش بىلەن ئادەم ئىشلىتىشنى بىرلەشتۈردى. ئىشچى ئىشلىتىش، كادىر ئىشلىتىش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، كادىرلارنىڭ باقىۋەندىلىك تۈزۈمىنى بىكار

قىلدى. ئىشچىلارنىڭ «تۆمۈر تاۋىقى» نى چېقىپ تاشلىدى، مائاش، مۇكاپات، تەقسىمات تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، «چوڭ قازان تامىقى» ۋە تەڭ تەقسىماتچىلىقنى بۇزۇپ تاشلىدى.

ھۆددىگە ئېلىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويغان كارخانىلاردا 1986 ~ 1990- يىلغىچە بولغان بىرىنچى نۆۋەتلىك ھۆددىگە ئېلىشتا، ۋىلايەت «ئاشكارا، باراۋەر، دېموكراتىك بولۇش، ئەلالىرىنى تاللاش» پرىنسىپىغا ئاساسەن ھۆددىگە ئېلىپ ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارنى تەكلىپ قىلدى. ھەر قايسى كارخانىلار ئوتتۇرا قاتلام كادىرلىرىنى ۋەزىپە ئۆتەشكە تەكلىپ قىلىش ھوقۇقى ياكى دېموكراتىك سايلام ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولدى. بىر قىسىم كارخانىلار ئەمگەكچىلەرنى سەرخىللاشتۇرۇپ تەشكىللەپ، كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدا كادىر بىلەن ئىشچىنىڭ چەك- چېگرىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ھەم ئۆسەلەيدىغان، ھەم چۈشەلەيدىغان بولۇشنى يولغا قويدى. مائاش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، قۇرۇلما مائاش، لەيلىمە مائاش، قىلغان ئىشىغا قاراپ بېرىلىدىغان مائاش قاتارلىق كۆپ خىل مائاشلارنى يولغا قويۇپ، مۇكاپات تەقسىمات تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلدى. كارخانىلارنىڭ مائاش ئومۇمىي سوممىسىنى ئىش ئۈنۈمى بىلەن باغلاش ياكى مائاش ئومۇمىي سوممىسىنى ھۆددىگە ئېلىپ ئىشلەشنى يولغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، قاتتىق باھالاشنى يولغا قويۇپ، ئىرىشىپ ئىشلىگەنلەرنى، ئىلغارلارنى مۇكاپاتلىدى. ھورۇن، ناچارلارغا جەرىمانە قويدى. رەھبىرىي كادىرلاردىن تارتىپ ھەربىر ئىشچى- خىزمەتچىگە قەدەر، ھەر كىمنىڭ ئۆز خىزمىتى بولۇش، ھەر كىم ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش، ئادەمگە قاراپ ئىش ئورنى بېكىتىش، ئىش ئورنىغا قاراپ مەسئۇلىيەت بېكىتىش، مەسئۇلىيەت، ھوقۇق، مەنپەئەتنى بىرلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، دەسلەپكى قەدەمدە دۆلەت، كارخانا، ئىشچى- خىزمەتچىلەردىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ مەنپەئەتىنى ھەل قىلىپ، كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىشتىن بۇرۇنقى رىئايە قىلىدىغان قائىدە- تۈزۈم بولماسلىق ھالىتىنى ئۆزگەرتتى. تايىنىدىغان چارە بولۇش، رىئايە قىلىدىغان قائىدە- تۈزۈم بولۇش، ئۆتكەنكىدەك «كۆپ ئىشلىگەنلەر ئاز ئىشلىگەنلەرگە يېتەلمەسلىك، ئاز ئىشلىگەنلەر ئىشلىمىگەنلەرگە يېتەلمەسلىك» ھادىسىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىپ، ئىشچى- خىزمەتچىلەر كارخانىنىڭ «داش قازان تامىقى» نى يېيىش مەسىلىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە تۈگەتتى.

4. ھۆددىگەرلىك تۈزۈمىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇش

ۋىلايەت ھۆددىگەرلىك تۈزۈمىنى 1987- يىل 7- ئايدىن باشلاپ يولغا قويدى. ئالدى بىلەن ۋىلايەتلىك قىزىليۇلتۇز دورا زاۋۇتى، ئۇن زاۋۇتى، باسما زاۋۇتلىرىدا نۇقتىدا سىناق قىلىندى. 1989- يىلغا قەدەر ئىگىلىك باشقۇرۇشتا ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى خام چوت ئىچىدىكى كارخانا 84 بولۇپ، بۇ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى خام چوت ئىچىدىكى 92 كارخانىنىڭ 91.3% ىنى ئىگىلىدى.

ئىسلاھات خىزمىتىنى پائال، پۇختا ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، 1987-، 1988- يىللىرى، قومۇل ۋىلايىتىنىڭ «ھۆددىگەرلىك تۈزۈمىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق چارىسى»، «كارخانىلارنىڭ ئىجارىگە بېرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق چارىسى»، «ھۆددىگە ئېلىپ (ئىجارىگە بېرىپ) ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارنى خېرىدارلىققا چاقىرىپ، تاللاپ تەكلىپ قىلىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق چارىسى» قاتارلىق ھۆججەتلەر تۈزۈپ چىقىلدى، ئىگىلىك باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتا رىئايە قىلىدىغان قائىدە- تۈزۈملەر بولغانلىقتىن ساغلام تەرەققىي قىلدى.

1) رىقابەت مېخانىزمىنى كىرگۈزۈپ، ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارنىڭ ئەلالىرىنى تاللاپ تەكلىپ قىلىش. ۋىلايەت ھۆددىگە بېرىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى يولغا قويغان 157 (سودا كارخانىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) كارخانا ئىچىدە رىقابەت مېخانىزمىنى كىرگۈزۈپ، «ئاشكارا، باراۋەر، دېموكراتىك بولۇش، ئەلالىرىنى تاللاش» پرىنسىپىغا ئاساسەن خېرىدار چاقىرىپ، تاللاپ تەكلىپ قىلغان كارخانىنى ھۆددىگە ئېلىپ، ئىگىلىك باشقۇرغۇچى 106، بۇ ھۆددىگە

بېرىلگەن كارخانىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 67.5% ىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى خام چوت ئىچىدىكى ھۆددىگە بېرىلمىگەن كارخانىلارنى ھۆددىگە ئالغۇچى 48 بولۇپ، بۇ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى خام چوت ئىچىدىكى كارخانىلارنى ھۆددىگە ئالغۇچىلارنىڭ 57.14% ىنى ئىگىلىدى. ھۆددىگە ئېلىشتا خېرىدار بولۇپ رىقابەتلىشىشكە قاتناشقان ئادەم جەمئىي 157، ئادەتتىكى كادىر، ئىشچىلاردىن خېرىدارلىققا تەكلىپ قىلىنغان ئىگىلىك باشقۇرغۇچى 19، بۇ خېرىدار چاقىرىپ ھۆددىگە ئالغۇچى 106 كىشىنىڭ 17.29% ىنى، خېرىدار بولۇپ رىقابەتلەشكەن ئومۇمىي ئادەم سانىنىڭ 12.1% ىنى ئىگىلىدى. ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار ۋە قومۇل شەھىرىنىڭ خېرىدار چاقىرىشتىكى ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، ئەسلىدىكى زاۋۇت باشلىقى (دىرېكتور) لارنىڭ خېرىدارلىققا تاللىنىش نىسبىتى 44.4% بولدى. تولۇق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، خېرىدارلىققا تاللانمىغانلىرى ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

**2) كارخانىلارنى ھۆددىگە بېرىش خىزمىتىنىڭ پۈتۈن جەريانىنى باشقۇرۇش.** ھەر دەرىجىلىك تۈزۈلمە ئىسلاھاتى تارماقلىرى باش بولۇپ، ھۆددىگە ئېلىپ، ئىگىلىك باشقۇرماقچى بولغانلارنىڭ ئەللىرىنى تاللاپ بېكىتتى. A، B ئىككى تەرەپنى ئەستايىدىل كېڭىشىپ، بىردەك پىكىرگە كېلىپ، ھۆددىگە ئېلىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش توختامنامىسىنى تۈزۈشكە ئۇيۇشتۇردى. توختامنامىنى سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ ئىسپاتلىشىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، كارخانىنى ھۆددىگە ئېلىش توختامنامىسىغا ئىمزا قويۇش مۇراسىمىنى تەشكىللەپ، A، B ئىككى تەرەپ توختامنامىگە رەسمىي ئىمزا قويغاندىن كېيىن ئاندىن كۈچكە ئىگە بولدى.

كارخانىنى ھۆددىگە ئېلىش توختامنامىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچ، سۈپەت تېخنىكا كۆرسەتكۈچى، ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلىش كۆرسەتكۈچى ۋە زاۋۇت باشلىقى (دىرېكتور) لىرىنىڭ پۈتكۈل ھۆددىگە ئېلىش مەزگىلىدىكى ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى، نىشانى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

كارخانىنى ھۆددىگە ئېلىش توختامنامىسىغا قارىتا بىر يىلدا بىر قېتىم ئالدى بىلەن ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىش، ئاندىن باھالاش ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇردى. باھالاشتا «ئومۇمىيۈزلۈك باھالاش، قەتئىي نەقلەشتۈرۈش، مۇۋاپىق يېتەكلەش، ئەھۋالغا قاراپ تەرتىپكە سېلىش» تىن ئىبارەت «يېتەكلەپ باشلاش» تېپىدىكى باھالاشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەر خىل ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەرنى ئورۇنلاش ئەھۋالىنى باھالاپلا قالماستىن، بەلكى زاۋۇت باشلىقى (دىرېكتور) لىرىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى، نىشانى قاتارلىق ھەر خىل تۈرلەر بويىچە باھالاش ئېلىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشتا سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش، قانۇن بويىچە كارخانا باشقۇرۇش ۋە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى، شۇنىڭدەك ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ھۆددىگە ئېلىپ ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارغا بولغان رايى، ئىشىنىش دەرىجىسى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇنىۋېرسال باھالاش ئېلىپ باردى. 1987 ~ 1990- يىلىغىچە بولغان كارخانىلارنى بىرىنچى نۆۋەتلىك ھۆددىگە بېرىش توختامىنى باھالاپ نەقلەشتۈرۈش 100% كە يەتتى. مۇكاپاتلاش بىلەن جەرىمانە قويۇش ئېنىق ئايرىلغان بولۇپ، كارخانىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى.

**3) «دۆلەت، كارخانا، ئىشچى-خىزمەتچىلەر» دىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ مەنپەئەتىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش.** ۋىلايەت كارخانىلارنى ھۆددىگە بېرىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى يولغا قويغاندىن كېيىن، «دۆلەت چوڭ ئۈلۈشنى ئېلىش، كارخانا ئوتتۇرا ئۈلۈشنى ئېلىش، ئىشچى-خىزمەتچىلەر كىچىك ئۈلۈشنى ئېلىش» تىن ئىبارەت تەقسىمات پرىنسىپى ئىزچىللاشتۇرۇلدى. 1989- يىلى ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق 34 ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ھۆددىگە بېرىلگەن كارخانىلارنىڭ ياراتقان پايدا بېجى 36 مىليون 94 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتكە تاپشۇرغىنى 21 مىليون 58 مىڭ يۈەن بولۇپ، ياراتقان پايدا بېجىنىڭ 59.8% ىنى ئىگىلىدى؛ كارخانىلارنىڭ مۇكاپات فوندىدىن باشقا قالدۇرۇق پايدىسى 10 مىليون 858 مىڭ يۈەن بولۇپ، ياراتقان پايدا بېجىنىڭ 30% ىنى ئىگىلىدى؛ ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە مۇكاپات تارقىتىش ۋە ئۈنۈم مائاشىنى ئۆستۈرۈشكە ئىشلەتكىنى 3 مىليون 652 مىڭ يۈەن بولۇپ،

ياراتقان پايدا باجنىڭ 10.2% ىنى ئىگىلىدى.

**4) هۆددىگە بېرىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش ئارقىلىق ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش.** 1987 ~ 1990- يىلىغىچە كارخانىلار بىرىنچى نۆۋەتلىك هۆددىگە بېرىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈردى. ۋىلايەتتىكى كارخانىلارنى بىرىنچى نۆۋەتلىك هۆددىگە بېرىش مەزگىلىدە، هۆددىگە بېرىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى يولغا قويغان سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەهسۇلات قىممىتى ئوتتۇرا هېساب بىلەن هەر يىلى 15.3% لىك سۈرئەتتە ئېشىپ، تارىختىكى ئەڭ ياخشى سەۋىيە يارىتىلدى؛ ۋىلايەتتىكى هۆددىگە بېرىلگەن كارخانىلارنىڭ توختامنامىسىدە بەلگىلەنگەن تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى 24، مەبلەغ سېلىش سوممىسى 58 مىليون 200 مىڭ يۈەن بولۇپ، كۆپ ساندىكىلىرى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ يارىتىلغان يېڭى مەهسۇلات ۋە يېڭى تۈر 27 بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى شەكىللەندۈردى.

هۆددىگە بېرىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇشتا كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق 34 هۆددىگە بېرىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى يولغا قويغان كارخانىنىڭ 1987 ~ 1990- يىلىغىچە بولغان ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا يىللىق ئوتتۇرىچە ياراتقان پايدىسى 18 مىليون 113 مىڭ يۈەن بولۇپ، هۆددىگە بېرىشتىن بۇرۇنقى 1986- يىلىدىكى 12 مىليون 172 مىڭ يۈەنگە قارىغاندا 48.81% ئېشىپ، ئوتتۇرا هېساب بىلەن هەر يىلى 11.8% ئاشتى.

كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ ئۆسۈشى ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتتى. ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق 34 هۆددىگە بېرىلگەن كارخانىنىڭ 1990- يىلىدىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 2380.36 يۈەن بولۇپ، هۆددىگە بېرىشتىن بۇرۇنقى 1986- يىلىدىكى 1753.50 يۈەنگە قارىغاندا 35.75% ئېشىپ، ئوتتۇرا هېساب بىلەن هەر يىلى 7.94% ئاشتى.

**5) كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ئىسلاهاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش.** كارخانىلارنى هۆددىگە بېرىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش بىلەن بىللە، زاۋۇت باشلىقى (دىرېكتور) مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. «كارخانا قانۇنى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، زاۋۇت باشلىقىنىڭ كارخانىدىكى يادرولۇق ئورنى تۇرغۇزۇلدى. كارخانىلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ سىياسىي جەهەتتىكى يادرولۇق رولى ۋە كاپالەتلىك قىلىش، نازارەتچىلىك قىلىش رولى كۈچەيتىلدى. پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىپ كارخانىنى ياخشى باشقۇرۇپ، ئىشچىلار ئويۇشمىسى، ئىشچى- خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى، كارخانا باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ كارخانىنى دېموكراتىك باشقۇرۇشتىكى فۇنكسىيىسى تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇپ، ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ هاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، هاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇهاكىمە قىلىشتىكى دېموكراتىك ئېڭى كۈچەيتىلدى. پارتىيە، مەمۇرىيەت، ئىشچىلار ئويۇشمىسىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى راۋانلاشتۇرۇلۇپ، ئۈچىنى كۈچەيتىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدا مەسئۇلىيەت، هوقۇق مەنپەئەت، ئۈنۈم ئۆزئارا باغلانغان ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. كارخانىلارنى هۆددىگە بېرىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئومۇمىي ئۈنۈمنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، هۆددىگە بېرىلگەن كۆرسەتكۈچلەر قاتلاملارغا بۆلۈپ، شۆبە زاۋۇت، سېخ، بۆلۈم، ئىشخانا، ئىمپا - گۇرۇپپىلارغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، مەسئۇلىيەت ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. دەرىجە بويىچە باشقۇرۇش يولغا قويۇلۇپ، هۆددىگە بېرىلگەن ئومۇمىي ۋەزىپىنى ئورۇنلاشقا كاپالەتلىك قىلىشتىكى تور سىستېمىسى تۇرغۇزۇلدى.

**6 ) كارخانىلارنى قوشۇۋېلىشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش.** ۋىلايەت هۆددىگە بېرىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش بىلەن بىللە، قوشۇۋېلىش مېخانىزمىنى كارخانا ئىسلاهاتىغا كىرگۈزۈپ، كارخانا تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، بىر قىسىم ئۇزۇندىن بۇيان زىيان تارتىپ كېلىۋاتقان ياكى پايدىسى ئاز كارخانىلارغا

ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلدى.

1987- يىلدىن بۇيان قۇمۇل شەھەرلىك مىللىي كەشتىچىلىك زاۋۇتى شەھەرلىك پەلەي زاۋۇتىنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى. قۇمۇل شەھەرلىك ئاياغ زاۋۇتى قۇمۇل شەھەرلىك تۆمۈر- ياغاچ سايمانلىرى ياساش زاۋۇتىنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى. قۇمۇل شەھەرلىك يۇڭ ئىلمە توقۇمىچىلىق فابرىكىسى شەھەرلىك كاۋچوك زاۋۇتىنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى. قۇمۇل شەھەرلىك سېمونت زاۋۇتى 2- يېنىك سانائەت ئىدارىسى ترانسپورت ئەترىتىنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى. ۋىلايەتلىك ئۇن زاۋۇتى ۋىلايەتلىك ئاشلىق- ياغ يېمەكلىكلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى.

## §3. بىناكارلىق ساھەسىدىكى ئىسلاھات

بىناكارلىق ساھەسى ۋىلايەت، شەھەردىكى ھەر قايسى ساھەلەر ئىچىدە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى بىر قەدەر بالدۇر باشلىغان ساھەلەرنىڭ بىرى. ئىگىلىك باشقۇرۇش شەكلى، ئادەم ئىشلىتىش تۈزۈمى، مائاش تەقسىماتى، ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەش، تۈرلەرگە مەبلەغ سېلىش، مەبلەغ ئىشلىتىش، بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىغا خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار بولۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئومۇميۈزلۈك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، مەسئۇلىيەت، ھوقۇق، مەنپەئەتنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان بىر يۈرۈش ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمى سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى.

1) قۇرۇلۇشلارنى خېرىدار چاقىرىپ ھۆددىگە بېرىش. بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرى بىناكارلىق بازىرىدا خېرىدار چاقىرىش، رىقابەتلەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئەلالىرى تاللىنىپ ھۆددىگە بېرىلدى. 1980- يىللارنىڭ ئوتتۇرا، كېيىنكى مەزگىللىرىدىن باشلاپ، ئاز ساندىكى قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە ئۆقتىدا سىناق قىلىنىپ، 1980- يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا تەدرىجىي كېڭەيتىلدى.

1984 ~ 1990- يىلغىچە خېرىدار چاقىرىپ، ھۆددىگە بېرىش تۆۋەندىكى ئاساسلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە يولغا قويۇلدى: ماددىي ئەشيالار ئىدارىسىنىڭ خىزمەت بىناسىنى ۋىلايەتلىك بىناكارلىق شىركىتى ھۆددىگە ئالدى؛ ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ باشقارما باشلىقلىرى ئولتۇراق بىناسىنى جياگىۇ نەنتوڭ بىناكارلىق 7- شىركىتى ھۆددىگە ئالدى؛ رادىئو- تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ ئولتۇراق بىناسىنى قىزىلبۇلتۇز 3- دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ بىناكارلىق شىركىتى ھۆددىگە ئالدى؛ مېتال بويۇم شىركىتىنىڭ تىجارەت - ئولتۇراق بىناسىنى بىگتۈمەن قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ بىناكارلىق شىركىتى ھۆددىگە ئالدى؛ تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلار ياتاق بىناسىنى قىزىلبۇلتۇز 1- دېھقانچىلىق مەيدانى بىناكارلىق شىركىتى ھۆددىگە ئالدى؛ ۋىلايەتلىك پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئاپتونوم رايونلۇق 5- بىناكارلىق شىركىتى ھۆددىگە ئالدى؛ ماددىي ئەشيالار ئىدارىسىنىڭ ئائىلىلىكلەر ئولتۇراق بىناسىنى راكېتا دېھقانچىلىق مەيدانى بىناكارلىق شىركىتى ھۆددىگە ئالدى؛ شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ خىزمەت بىناسىنى ۋىلايەتلىك بىناكارلىق شىركىتى ھۆددىگە ئالدى؛ پوچتا- تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ تىجارەت بىناسىنى ئاپتونوم رايونلۇق 5- بىناكارلىق شىركىتى ھۆددىگە ئالدى؛ توقۇلما بۇيۇملار شىركىتىنىڭ ئائىلىلىكلەر ئولتۇراق بىناسىنى قۇمۇل شەھەرلىك بىناكارلىق شىركىتى ھۆددىگە ئالدى.

2) يۈز يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتىنىڭ مائاش مىقدارىنى ھۆددىگە ئېلىپ ئىشلەش. قۇمۇلنىڭ بىناكارلىق كارخانىلىرى 1984- يىلدىن باشلاپ، يۈز يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتىنىڭ مائاش مىقدارىنى ھۆددىگە ئېلىپ ئىشلەشنى يولغا قويدى.

3) ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى. بىناكارلىق كارخانىلىرى ئىگىدارلىق ھوقۇقى

بىلەن ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئايرىپ، ھېسابات قىلىش دائىرىسىنى تارايتىپ، قۇرۇلۇش ئەترىتىنى بىرلىك قىلىپ، ئورۇنلارنىڭ قۇرۇلۇشلىرىغا قارىتا، قۇرۇلۇشلارنىڭ مۇددىتى، سۈپىتى، سەرپىياتى، چىقىمىنى ھۆددىگە ئېلىشتىن ئىبارەت ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى يولغا قويدى.

4) ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش. بىرىنچىدىن، ئەمگەك تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشقا ماسلىشىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئەمگەك توختاملىق تۈزۈمىدىكى ئىشچىلارنىڭ ياشانغاندا كۆتۈنۈش ئىجتىمائىي سۇغۇرتىسى ۋە ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش كۆتۈش سۇغۇرتىسى تەسىس قىلىندى؛ ئىككىنچىدىن، ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ پېنسىيە خىراجىتىنى ساھەلەر بويىچە بىر تۇتاش پىلانلاش تۈزۈمى ئورنىتىلدى. 1990- يىلى قۇمۇل بىناكارلىق ساھەسى ئەمگەك سۇغۇرتىسىنى بىر تۇتاش پىلانلاش پونكىتى قۇرۇلدى. ساھە بويىچە بىر تۇتاش پىلانلاشقا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردىن ئىككىسى، شەھەر- بازار كارخانىلىرىدىن بىرسى قاتناشتى، 975 ئىشچى- خىزمەتچى سۇغۇرتىلاندى. يىل ئاخىرىدا، جەمئىي 6 مىليون 355 مىڭ 600 يۈەن ئەمگەك سۇغۇرتىسىنى بىر تۇتاش پىلانلاش فوندى يىغىۋېلىندى، بەلگىلىمىگە ئاساسەن قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارغا 440 مىڭ 100 يۈەن قايتۇرۇپ بېرىلدى. ئۈچىنچىدىن، بىناكارلىق كارخانىلىرى ئۆز ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، داۋالىنىش، ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش، پىلانلىق تۇغۇت قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ ئىسلاھات سىنىقى ئېلىپ باردى.

5) ماتېرىيال تەمىناتى ئىسلاھاتى. مال پۇلغا ئەگىشىپ ماڭىدىغان ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەش تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلىپ، قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇن قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇننىڭ ئىش ۋە ماتېرىيالنى ھۆددىگە ئېلىش تەلىپىگە ئاساسەن، قۇرۇلۇشتا ئىش باشلاشتىن بۇرۇن، مەلۇم سوممىدىكى ماتېرىيال تەييارلاش پۇلىنى چىقىم قىلىپ بەردى، قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇن ماتېرىيالنى ئۆزى سېتىۋالدى، كېيىن قۇرۇلۇشنىڭ ئىلگىرىلەش سۈرئىتىگە ئاساسەن، قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇندىن قۇرۇلۇشنىڭ ئىلگىرىلەش سۈرئىتى بويىچە پۇل ئالدى.

6) قېدىرىپ تەكشۈرۈش، لايىھىلەش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش. نوقۇل ھالدا مەمۇرىي ۋاستە قوللىنىش ئىقتىسادىي ۋاستە بىلەن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشكە ئۆزگەرتىلىپ، ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يادرو قىلىنغان قائىدە- تۈزۈملەر ئورنىتىلدى.

# III باب

# كارخانىلارنىڭ مۇلۇكچىلىك قۇرۇلمىسى

## §1. خۇسۇسىي ئىگىلىك ۋە يەككە قول سانائەت

ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلارغا قارىغاندا قۇمۇلدا ئاتا- بوۋىلىرىمىز تاش قورال- جابدۇقلارنى ياساشتىن تەرەققىي قىلىپ، ئىنچىكە تېخنىكىلارنى ئىشلىتىپ، تاشقا ئايلانغان جانلىقلار ۋە تاشلارنى ئويۇپ چېقىپ، قىرىپ- يونۇپ،

قىسىپ- بېسىپ، نەپىس، ئەپچىل، نازۇك تاش قوراللارنى ياساپ چىققان. خەن سۇلالىسى دەۋرلىرىدە بارلىققا كەلگەن «ئوقيا ياسىغان» بولۇپ، قول سانائەتنىڭ بىخلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ يىللىرىدا، بارلىققا قويىمچىلىق پەيدا بولۇپ گۈللەندى. قۇمۇلنىڭ ئۆتكەن زامانىدىكى ۋاگلىرى توشقان، تۈلكە، سۈلەيسۇن، ئاق سۆسەر، قوزا، ئېيىق تېرىلىرى، تۆگە يۇڭى، كىگىز قاتارلىق قول سانائەت بۇيۇملىرىنى سوۋغات بۇيۇمى قىلىپ، چىڭ سۇلالىسى پادىشاھلىرىغا تارتۇق قىلدى. ئۆتكەن سۇلالىلەردە قۇرۇلغان پوچتا بېكەتلىرىگە سەپلەپ بېرىلگەن جۇۋا، پىيما، كىگىز، چىبلەك، چىلاپچا قاتارلىق لازىملىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز جايىدا ئىشلەپچىقىرىلغان قول سانائەت بۇيۇملىرىدىن ئىبارەت.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ قول سانائىتى ئىككى قىسىمغا بۆلۈنەتتى. بىر قىسمى، ۋاڭ ئوردىسىغا قاراشلىق قول سانائەت؛ يەنە بىر قىسمى، خەلق ئىچىدىكى خۇسۇسىي قول سانائەت ئىدى.

ۋاڭ ئوردىسىغا قاراشلىق قول سانائەت ئىككى تۈرگە ئايرىلاتتى. بىر تۈرى ۋاڭ ئوردىسى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان قول سانائەت، ئاساسلىق شەھەر ئىچىگە مەركەزلەشكەن ئىدى. تىككۈچىلىك، ياغاچ جابدۇق، تۆمۈر جابدۇق، ئالتۇن- كۈمۈش جابدۇق، كۆن- خۇرۇم پىششىقلاپ ئىشلەش، ئۆتۈك تىكىش، كىگىز بېسىش، ئويمىچىلىق، ياغ ، ئۇن تارتىش قاتارلىق كەسىپلىرى بار ئىدى. ئىشلەپچىقارغان بۇيۇملىرى ئاساسەن ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا يەتكۈزۈپ بېرىلەتتى. ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئىستېمالى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قول سانائەتچىلەر ئىككى خىل ئىدى. بىر خىلى، يىل بويى ۋاڭ ئوردىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ھۈنەرۋەنلەر بولۇپ، ۋاڭ ئوردىسى ھەق بەرمەيتتى. ياتاق- تاماق، كىيىم- كېچەكلا بېرەتتى. يەنە بىر خىلى بولسا، ھەر قايسى جايلاردىن ۋاقىتلىق ئېلىپ كېلىنگەن ھەر كەسىپنىڭ ئۇستا ھۈنەرۋەنلىرى بولۇپ، ئەمگەك قىلاتتىنكى ھەق بېرىلمەيتتى، ئوزۇق- تۈلۈكىنىمۇ ئۆزى تەييارلاپ كېلەتتى. يەنە بىر تۈرى بولسا، پايدا ئېلىشنى مەقسەت قىلغان قول سانائەت بولۇپ، ئاساسەن ئۇن تارتىش، ياغ تارتىش ۋە كۆن- خۇرۇم پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق كەسىپلەرگە مەركەزلەشكەن ئىدى. بۇ تۈردىكى قول سانائەت يەنە ئىككى خىلغا ئايرىلاتتى. بىر خىلى، دېھقانلارنىڭ ئىجارىگە ئېلىپ تىجارەت قىلىشىغا بېرىلگەن بولۇپ، ۋاڭ ئوردىسى نورمىلىق ئىجارە بېجى ئالاتتى. مەسىلەن، ۋاڭ ئوردىسىنىڭ 16 تۈگمىنىنىڭ ھەممىسى دېھقانلارغا ئىجارىگە بېرىلگەن بولۇپ، ھەر يىلى بەلگىلەنگەن ئىجارە بېجىنى يۇقىرىغا تاپشۇراتتى. يەنە بىر خىلى بولسا، ۋاڭ ئوردىسى مەبلەغ چىقىرىپ، قول سانائەتچىلەرنىڭ تىجارەت قىلىشىغا بېرىپ، يارالغان پايدىسىنى تەڭ بۆلۈشەتتى. ۋاڭ ئوردىسىنىڭ كۆن- خۇرۇمچىلىق كەسپى شۇنداق ئىدى.

قۇمۇلنىڭ قول سانائىتى ھەر خىل تۆمۈر، مىس، ئالتۇن، كۈمۈش جابدۇقلار ۋە ياغاچ جابدۇقلارنى پىششىقلاپ ئىشلەش، تىككۈچىلىك، كۆن- خۇرۇمچىلىق، بىناكارلىق قاتارلىق كەسىپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ۋاڭ ئوردىسىنىڭ تېرە ھۈنەرۋەنچىلىك ئۇستىخانىسى، زەرگەرخانا، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ياساش ھۈنەرۋەنچىلىك ئۇستىخانىسى، تاش ھۈنەرۋەنچىلىك ئۇستىخانىسى بار ئىدى. تېرە ھۈنەرۋەنچىلىك ئۇستىخانىسى ئىچكى قىسمىدا تېرە ئەيلەش، كېمىش،

تىكىش (تىككۈچىلەر ئايال يانچىلار ئىدى) تىن ئىبارەت ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈنەتتى. يانچىلار ئىچىدىكى تېخنىكىسى ئۇستۇن تېرىچى ئۇستاملار ۋاڭ ئوردىسىغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، يولۋاس، يىلپىز، تۈلكە، بۆرە، مولۇن، تىيىن، ئېيىق قاتارلىق قىممەتلىك تېرىلەرنى پىششىقلاپ چىقىپ، شاھ مەخسۇت ۋە ۋاڭ ئوردىسىدىكى ئەر- ئاياللارغا تېرە كۆرپە ۋە تېرە كىيىم- كېچەكلەرنى تىكىپ بېرەتتى. يەنە تېخى نەپىس كىيىم- كېچەكلەرنىمۇ تىكەتتى. زەرگەرخانىسى ۋاڭ ئوردىسى ئۈچۈن ۋاڭلىق كۇلاسى، ۋاڭلىق تاجىسى ۋە ئاياللارنىڭ چاچ قىسقۇچى، زىرە (يىگىنە)، ئۈزۈك، دوپپىغا تاقايدىغان ئالتۇن قاداق، بىلەيزۈك، سائەت بېغى قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرىنى ياساپ چىقاتتى. دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ياساش ھۈنەرۋەنچىلىك ئۇستىخانىسى، ۋاڭ ئوردىسىنىڭ يانچىلىرى ئىشلىتىدىغان كەتمەن، ساپان، تىرنا، يويۇرغا، تولۇق، تۆمۈر ھارۋا قاتارلىق دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ياساپ چىقاتتى. ھەر يىلى ۋاڭ ئوردىسىنىڭ دالىدا تام، قورۇ تاملىرى ۋە ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئىچى- سىرتىدىكى ئۆيلەرنى ئاقارتىش، سىپاش، سىرلاش، رەسىم سىزىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى يانچىلار ئىچىدىكى سىپاقچى، ياغاچچى، سىرچىلار ئۆز ئۈستىگە ئالاتتى. تاشچىلىق مەيدانىدا تاش ماتېرىياللارنى قېزىپ تولۇق، تۆگمەن تېشى، ھور سوقتى، تاش ئابدە، تاش پەلەمپەي، كۆۋرۈك كۆتۈرمىسى، يول بويىگە ياتقۇزۇلىدىغان سوپۇرتاش، قوۋۇق كۆتۈرمىسى، ھاۋانچا قاتارلىقلارنى ياسايتتى.

ۋاڭلار مەقبەرىسى ۋە ھېيتگاھ جامائەسىنى سېلىشتا خەلق ئىچىدىن ئورغۇلىغان بىناكارلىق ئۇستىلىرى يېتىشىپ چىققان ئىدى. مەسىلەن، ئابدۇل باقى قۇمۇل خەلقى ئىچىدىكى داڭلىق ئۇيغۇر بىناكارلىق ئۇستىسى بولۇپ، ئۇ ئۆز قولى بىلەن ھېيتگاھ جامائەسىنىڭ ئۇلتۇرۇشۇپ كەتكەن تۇۋرۇكىنى كۆتۈردى ۋە قەيس غوجام مازىرىنى لايىھەلەپ سالدى. ھاپىز ئاخۇن ئەقىللىق، تىرىشچان، زېھنى ئۆتكۈر، قولى ئەپچىل بولۇپ، كۆپ خىل ھۈنەر سەنئەتلەرنى، مەسىلەن، رەسساملىق، سىرچىلىق، نەققاشلىقنى پىششىق ئىگىلىگەن ئىدى. ئۇ ئۇزاق مۇددەت ئۇستازى ئابدۇرېھىمغا ئەگىشىپ ۋاڭ ئوردىسى، مەسچىت ۋە باشقا بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىنىڭ لىم- تۇۋرۇكلىرىگە رەسىم سىزىپ، نەقىش چىقىرىپ خەت يازغانىدى. شۇڭا كىشىلەر ئۇنى سەممىي ھالدا «سىرچى ھاپىز ئۇستا» دەپ ئاتاشقانىدى. يەنە مەڭلىك زىكرىيا، بوسۇق، يادىكار قاتارلىق تۆت ھەر خىل كىيىم- كېچەكلەرنى تىكەلەيدىغان تىككۈچىلەر؛ گالى ئاخۇن، مۇھەممەت شېرىپ، ئابدۇل ئېلىم، نىياز قاتارلىق ھەر خىل ئالتۇن- كۈمۈش زېبۇ- زىننەت بۇيۇملىرىنى ياسىيالايدىغان زەرگەرلەر بار ئىدى. قۇمۇلنىڭ سودا- سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ 2- يىلى (1911- يىلى) ۋېن شىلىن شاھ مەخسۇتقا: «قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ سودا- سانائىتىنى گۈللەندۈرۈشكە بېرىدىغان مەسلىھەتىم، كۆزدە پايتەختكە بارغاندا، خاندانلىقتا ئىلتىماس قىلىپ، ئىستىبداتلىق ياشلاردىن ئون نەچچەيلەننى تاللاپ، تيەنجىندىكى پراكتىكا زاۋۇتىغا ھەر خىل ھۈنەر- سەنئەتلەرنى ئۆگىنىشكە ئاپىرىپ، ئۇلار ئۆگىنىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، باشقىلارغا ئۆگىتىشنى ئۇزۇن مەزگىل مۇستەقىل زىممىسىگە ئالماقلىقى لازىم» دەپ دالالەت قىلدى.

مىنگو دەۋرىدە قول سانائەت خەلق ئىگىلىكىدە مەلۇم نىسبەتنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئاساسلىقلىرىدىن ياغاچ، تۆمۈر جابدۇق ياساش، كىيىم- كېچەك تىكىش، ياغ تارتىش، تېرە- يۇڭ پىششىقلاپ ئىشلەش كەسىپلىرى بار ئىدى.

مىنگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى) قۇمۇلنىڭ جەنۇبىدىكى مېخانىكىلاشقان سۇ تۈگمەن، مىنگونىڭ 36-، 37- يىللىرى (1947-، 1948- يىللىرى) 12- ئايدا ئالتىنچى رايون تاشيول ئىدارىسى رېمونتچىلىق زاۋۇتى بار ئىدى. قول سانائەتچىلەرنىڭ بىر قىسمى ناھىيە بازارلىرىغا مەركەزلەشكەن ئىدى. يەنە بىر قىسمى ئائىلە قوشۇمچە كەسىپ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش ۋاقىتلىرىدا يەر تېرىيتتى، دېھقانچىلىقنىڭ بوش ۋاقىتلىرىدا قول سانائەتتى، پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن مەشغۇل بولاتتى. مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى) باركۆل ناھىيىسىدە قول سانائەتچىلەردىن 129 ئائىلە، مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) قول سانائەت ھۈنەرۋەنچىلىك ئۇستىخانىسىدىن 58 ى بار بولۇپ، ئايلانما مەبلىغى 28 مىڭ (كۈمۈش پۇل) ئىدى.

1949- يىلى ۋىلايەت بويىچە 301 ئائىلە قول سانائەتچى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، قۇمۇل ناھىيىسىدە 236 ئائىلە، باركۆل ناھىيىسىدە 58 ئائىلە، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە يەتتە ئائىلە بار ئىدى. ئاساسلىق كەسىپلىرىدىن ئۇن تارتىش، قۇيمىچىلىق، تۆنىكىچىلىك، ياغاچچىلىق، بىناكارلىق، تىككۈچىلىك، پاختا ئېتىش، موزدۇزچىلىق، تېرە- يۇڭ پىششىقلاپ ئىشلەش، زەرگەرچىلىك قاتارلىق كەسىپلەر بار ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن خەلق ھۆكۈمىتى قول سانائەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. ئايەتكە ئۆچرىغانلارغا ياردەم بېرىش، بانكىدىن قەرز بېرىش، مال زاكاز قىلىش، باجنى كەچۈرۈم قىلىش ئارقىلىق قول سانائەتنى ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى. 1951- يىلى ۋىلايەت بويىچە قول سانائەتچىلەر ئائىلىسى 574 كە، كەسپكارلار 877 گە، مەبلىغى 264 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى. ئىگىلىك باشقۇرۇشتا ئىستىقبالى يوق قول سانائەت ئائىلىلىرىگە قارىتا كەسپىنى ئۆزگەرتىش، تىجارىتىنى توختىتىش، قوشۇۋېتىش ئېلىپ بېرىلدى.

## §2. كوللېكتىپ كارخانىلار

1952 ~ 1956- يىلىغىچە ۋىلايەتتىكى ھەر قايسى ناھىيىلەرنىڭ قول سانائەتتە كوپېراتسىيىلىشىش ھەرىكىتىگە ئەگىشىپ، قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى (گۇرۇپپىلىرى) قۇرۇش بىلەن كوللېكتىپ كارخانىلار بارلىققا كەلدى.

1952- يىلى باركۆل ناھىيىسى ياغاچ جابدۇقلار كەسپىدە 38 ئائىلە، 89 ئادەم قاتناشقان ياغاچچىلىق بىرلەشمە كوپېراتىپىنى سىناق تەرىقىسىدە قۇردى. 1953- يىلى يەنە تۆمۈرچىلىك، قۇيمىچىلىق، تىككۈچىلىك، موزدۇزچىلىق، تېرە- يۇڭ قاتارلىق كەسپلەردىن تەشكىللەنگەن 10 قول سانائەت ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى قۇردى. 1955- يىلى ياغاچ جابدۇقلارنى ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق كوپېراتىپى رەسمىي قۇرۇلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە تېرە- يۇڭ، ئۇن تارتىش، تۆمۈر جابدۇق، قۇيمىچىلىق، تىككۈچىلىكتىن ئىبارەت بەش ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

1955- يىلى قۇمۇل ناھىيىسىدە، تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق كوپىراتىپى قۇرۇلدى، 1956- يىلى ۋىلايەت بويىچە 11 قول سانائەت كوپىراتىپى، يەتتە قول سانائەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەندى.

1962- يىلى ۋىلايەت بويىچە 95 ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانا كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىغا ئۆزگەرتىلدى.

1964- يىلى ۋىلايەت بويىچە كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 229 مىڭ 800 يۈەن بولدى.

1978- يىلى ۋىلايەت بويىچە كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليون 106 مىڭ 700 يۈەن، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ئېغىر سانائەت كارخانىسى 17، مەھسۇلات قىممىتى 672 مىڭ 400 يۈەن بولۇپ، ۋىلايەت بويىچە ئېغىر سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 2.48% ىنى ئىگىلىدى. يېنىك سانائەت كارخانىلىرى 33 بولۇپ، ۋىلايەت بويىچە يېنىك سانائەت كارخانىلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 43.14% ىنى ئىگىلىدى؛ مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 434 مىڭ 300 يۈەن بولۇپ، ۋىلايەت بويىچە يېنىك سانائەت كارخانىلىرى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 7.26% ىنى ئىگىلىدى.

1980- يىلى ۋىلايەت بويىچە كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانىدىن 13 ى بار بولدى.

1979 ~ 1983- يىلىغىچە ۋىلايەت يەرلىك توقۇمىچىلىق سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى. گىلەمچىلىك زاۋۇتى، پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، پلاستماسسا بۇيۇملارنى ياساش زاۋۇتى، قەغەز ساندۇق زاۋۇتى، مىللىي كەشتە بۇيۇملار زاۋۇتى قاتارلىق يېنىك سانائەت كوللېكتىپ كارخانىلىرى ئارقا- ئارقىدىن قۇرۇلدى. 1983- يىلى 2- يېنىك سانائەت كوللېكتىپ كارخانىلىرىنىڭ ياراتقان مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 903 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1979- يىلىدىكىگە قارىغاندا 29.71% ئاشتى. ياراتقان پايدىسى 283 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1979- يىلىدىكىگە قارىغاندا 17.43% ئاشتى.

1985- يىلى ۋىلايەت بويىچە كوللېكتىپ كارخانىلىرىنىڭ ياراتقان پايدىسى 875 مىڭ يۈەن بولۇپ، شۇ يىلى ۋىلايەتتىكى بارلىق كارخانىلار ياراتقان 8 مىليون 821 مىڭ يۈەن پايدىنىڭ 9.92% ىنى ئىگىلىدى.

1990- يىلى كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىسىدىن 40 ى بار بولۇپ، مەھسۇلات قىممىتى (يېزىلار قۇرغان سانائەت كارخانىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 47 مىليون 798 مىڭ يۈەن بولدى؛ كەنتلەر قۇرغان سانائەت كارخانىلىرى 56 بولۇپ، مەھسۇلات قىممىتى 20 مىليون 170 مىڭ يۈەن بولدى. يېزا- بازارلار شىركەتچىلىكىدىكى كوللېكتىپ كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 25 مىليون 330 مىڭ يۈەن بولدى (ۋىلايەتنىڭ يېزا- بازار سانائەت كارخانىلىرى مەزكۇر تەزكىرىنىڭ ئونىنچى قىسىم IV باب §2 تىكى «سانائەت كارخانىلىرى» غا قارالسۇن).

## §3. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار

قۇمۇلنىڭ يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائىتى ياغاچ كېسىش ۋە كۆمۈر قېزىشتىن باشلاندى. 1950- يىلى ئازادلىق ئارمىيە باركۆلدە ھاك خۇمدېنى سالدى، تارانچىدا كۆمۈر كان ئاچتى. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1950- يىلى 16- شى تۆت كۆمۈر كان ئاچقان بولۇپ، يىللىق كۆمۈر مەھسۇلاتى 67.5 توننا بولغان.

1951- يىلى قۇمۇل مەمۇرىي مەھكىمە ئاقتاش ئورمان رايونىدا ياغاچ كېسىش شىركىتى قۇردى. تارانچى شىندۇڭ كۆمۈر كېنى پاي چەكلىك ھەمسىدارلىق شىركىتىنى مەمۇرىي مەھكىمە باشقۇرۇشقا ئۆتكۈزۈۋالدى. بارلىق خۇسۇسىي كۆمۈر كانلىرىغا قارىتا دۆلەت بىلەن خۇسۇسىيلار بىرلىشىپ تىجارەت قىلىش يولغا قويۇلۇپ، شىنشىڭ كۆمۈر كېنى پاي ھەمسىدارلىق شىركىتى قۇرۇلدى. 1953- يىلى ھۆكۈمەت سودا پىيىنىڭ دىرى بىلەن تۇسۇمنى قايتۇرغاندىن كېيىن، يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا بولۇپ قالدى. شۇ يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى يېزا ئىگىلىك 5- شىسى قۇمۇلدا ئېلېكتر ئىستانسىسى، ئۇن زاۋۇتى ۋە ماشىنا ئاسراش ۋە رېمونت قىلىش زاۋۇتى قۇرۇشقا كىرىشتى. قۇمۇل تارىخىدا تۇنجى ماشىنا بىلەن ئۇن تارتىش كەسپى بارلىققا كەلدى. مەلۇم كۆلەمگە ئىگە ئېلېكتر ئىستانسىسى، رېمونت زاۋۇتى ۋە ماشىنا بىلەن پىششىقلاپ ئىشلەش ئۈسكۈنىلىرى بار بولدى. باركۆل ناھىيىسىدە تۇرۇشلۇق 16- شى 46- تۈەنى دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيىسى قىلىپ تەشكىللەنگەچكە، قىسىم كۆمۈر كانىنى باركۆل ناھىيىسىنىڭ داۋاملىق ئېچىشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى، بۇنىڭ بىلەن بۇ كۆمۈر كان مۇشۇ ناھىيىدىكى تۇنجى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا بولۇپ قالدى. 1955- يىل 9- ئايدا قۇمۇل ناھىيىسىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېمەكلىكلەر زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، قۇمۇلدىكى تۇنجى يەرلىك يېنىك سانائەت كارخانىسى بولۇپ قالدى. 1956- يىلى قۇمۇل ناھىيىسىدىكى رېمونتچىلار، قول سانائەتچىلەر ئالدى بىلەن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا ئىشچى- خىزمەتچىلىرىگە ئۆزگەرتىلدى.

1958- يىلى ۋىلايەت بويىچە كىچىك سانائەت كارخانىلىرى ھەممە يەردە قۇرۇلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر، جەمئىي 194 كىچىك زاۋۇت قۇرۇلدى. مەسىلەن: ھەممىباب ماشىنا زاۋۇتى، ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائەت زاۋۇتى، قۇمۇل ئېلېكتر ئىستانسىسى، قۇمۇل ناھىيىلىك دېھقانچىلىق سايمانلىرى زاۋۇتى، ساپالچىلىق زاۋۇتى، تېرە- يۇڭ زاۋۇتى، باركۆل ناھىيىلىك دېھقانچىلىق سايمانلىرى زاۋۇتى، يېمەكلىكلەر زاۋۇتى، ئاشلىق- ياغ زاۋۇتى، تېرە- يۇڭ پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قاتارلىق كارخانىلار قۇرۇلدى.

1959- يىل 9- ئايدا ئاپتونوم رايون 150 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، قۇمۇلدا كۈنىگە 2000 خالتا ئۇن تارتىدىغان بىر ئۇن زاۋۇتى قۇرۇشقا كىرىشتى. 1960- يىل 10- ئايدا ئۇن زاۋۇتى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

1960- يىلى ھەجمى 28 كۇب مېتىردىن كىچىك بولغان كىچىك دومناپېچتىن 11 ى قۇرۇلدى. قۇمۇل پولات

زاۋۇتىنىڭ بىر دومناپېچى 1961- يىلغىچە ئارىلاپ ئىشلەپچىقىرىشنى داۋاملاشتۇرغاندىن باشقا، قالغان كۆپ ساندىكىلىرى 1960- يىلى ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىدى. قۇمۇلنىڭ ئېلېكتر- ئېنېرگىيە سانائىتى 1960- يىل 5- ئايدا بىر 2500 كىلوۋاتلىق گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىنى ئىشقا كىرىشتۈردى.ۋىلايەت 1962- يىلىدىكى تەڭشەشتە، ۋىلايەتلىك دورا زاۋۇتى، قۇمۇل ناھىيىلىك خىمىيە سانائەت زاۋۇتى، باركۆل ناھىيىلىك پولات زاۋۇتى قاتارلىق سەككىز كارخانىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ۋىلايەتلىك تراكتور رېمونتلاش زاۋۇتى، ياغاچچىلىق زاۋۇتى ۋە قۇمۇل ناھىيىلىك پولات- تۆمۈر زاۋۇتلىرى ئايرىم- ئايرىم ھالدا باشقا كارخانىلارغا قوشۇۋېتىلدى. ئۈچ كارخانا كەسپىي ئورنىغا ئۆزگەرتىلدى. ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەر باشقۇرغان ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىشچى- خىزمەتچىسى 4551 دىن 1851 گە ئازايتىلدى، ئازايتىلىش نىسبىتى 59% بولدى. يەنە بىر قىسىم ئورۇنلار يەتتە قۇدۇق تۇز كۆلىگە بېرىپ كۆلەملەشكەن ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللاندى، شۇ يىلى ئىشلەپچىقارغان تۇز 30 مىڭ توننا، ياراتقان تۇز بېجى 2 مىليون 588 مىڭ يۈەن بولدى.

1964 ~ 1965- يىلغىچە ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائەت زاۋۇتى سىناق تەرىقىسىدە ئېكسپورت ئۈچۈن مىرابىلىت پاراشوكى ئىشلەپ، مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. يەتتە قۇدۇق تۇز كۆلىنىڭ يىرىك تۇز ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 100 مىڭ توننىلىق ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتتى. ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونتلاش زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان سايلن ۋە ھارۋا ئوقىنىڭ سۈپىتى زور دەرىجىدە ئۆستى. باركۆل ناھىيىسىدە ۋىلايەت بويىچە تۇنجى كىچىك سېمونت زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، تۆۋەن دەرىجىلىك سېمونت ئىشلەپچىقاردى.

1968- يىلى قۇمۇل ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 6000 كىلوۋاتلىق گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، 2- قارارلىق قۇرۇلۇشى باشلاندى. 1970- يىلى غەربىي شىمال بويىچە تۇنجى چوڭ تىپتىكى ماشىنىلاشقان كۆمۈر كان — تارانچى ئۆستى ئوچۇق كۆمۈر كېنى قۇرۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. 1971- يىل 7- ئايدا قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ 3- نومۇرلۇق دومناپېچىدىن 1970- يىللاردىكى تۇنجى چويۇن ئېقىپ چىقتى. 1975- يىلى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ ئورۇنلىرى يەرلىككە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. بىڭتۇەن دېھقانچىلىق قۇمۇل مەيدانلىرى باشقارمىسىغا بىۋاسىتە قاراشلىق سانائەت كارخانىلىرىدىن قىزىلبۇلتۇز ئۇن زاۋۇتى، ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتى، قىزىلبۇلتۇز دورا زاۋۇتى، قىزىلبۇلتۇز تۇز زاۋۇتى، خۇرۇم زاۋۇتى قاتارلىق بەش كارخانا قۇمۇل ۋىلايىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

1975- يىلى ۋىلايەت بويىچە سانائەت، قاتناش، بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ زىيان تارتىش كۆلىمى 69%، تارتقان ساپ زىيان 750 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1974- يىلى تارتقان ساپ زىيان 3 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە قارىغاندا 75.56% ئازايدى.

1978- يىلى ۋىلايەت بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 65 مىليون 11 مىڭ 700 يۈەن بولدى. ۋىلايەت بويىچە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان كارخانا 34 بولۇپ، ياراتقان پايدىسى 7 مىليون 780 مىڭ 200 يۈەن بولۇپ، 1977- يىلىدىكىگە قارىغاندا 34.33% ئاشتى. ئالتە زىيان تارتقان كارخانىنىڭ

تارتقان زىيىنى 1 مىليون 562 مىڭ 400 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلى تارتقان زىيانغا قارىغاندا تۆت ھەسسە ئاشتى.

ج ك پ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، قۇمۇل ۋىلايىتى يەرلىك يېنىك سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى. گىلەمچىلىك زاۋۇتى، پاختا- يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قاتارلىق يېنىك سانائەت كارخانىلىرى ئارقا- ئارقىدىن قۇرۇلدى.

1981- يىلىدىكى يېنىك سانائەت مەھسۇلات قىممىتى ئالدىنقى يىلىدىكى سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 55.1% ىنى ئىگىلەپ، 56.9% ئاشتى، ئۆسۈش پوئېنتى 1.8 بولدى. ئېغىر سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1980- يىلىدىكى سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 44.9% ىنى ئىگىلىدى. 1981- يىلى 43.1% كە تۆۋەنلىدى، تۆۋەنلەش پوئېنتى 1.8 بولدى. يېنىك سانائەت مەھسۇلات قىممىتى ئېغىر سانائەت مەھسۇلات قىممىتىدىن چوڭ بولدى. لېكىن يېنىك سانائەت مەھسۇلات قىممىتى ئىچىدە كۆل تۈزى بىرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى. ۋىلايەت بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئالدىنقى يىلىدىكىگە قارىغاندا % 8.26 ئاشتى. ياراتقان پايدىسى 2 مىليون 840 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلىدىكىگە قارىغاندا 13.05% ئاشتى.

1985- يىلى يەرلىك كارخانىلار 128 بولۇپ، ياراتقان سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 127 مىليون 423 مىڭ 900 يۈەن بولدى. 1980- يىلىدىكىگە قارىغاندا 96.24% ئاشتى، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىشى 19.25% بولدى، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى تەخمىنەن بىر قاتلاندى. ۋىلايەتتىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ياراتقان پايدىسى 8 مىليون 821 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1980- يىلىدىكى 1 مىليون 242 مىڭ يۈەنگە قارىغاندا 2.66 ھەسسە ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ياراتقان پايدىسى 7 مىليون 946 مىڭ يۈەن بولۇپ، شۇ يىلى بارلىق كارخانىلار ياراتقان پايدىنىڭ 90% ىنى ئىگىلىدى. ئىككى كارخانا زىيان تارتتى.

1986 ~ 1990- يىلىغىچە سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ئۇدا ئاشتى. 1990- يىلى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى سەل ياخشىلاندى، تىجارەت كىرىمى، مەھسۇلات قىممىتى، پايدىدىن ئىبارەت ئۈچ ئامىل ماس قەدەمدە ئاشتى. مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىش سوممىسى 203 مىليون 10 مىڭ يۈەن بولۇپ، 21.9% ئاشتى، پايدا- باج ئومۇمىي سوممىسى 31 مىليون 817 مىڭ يۈەن بولۇپ، 28.6% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە باج سوممىسى 113.6% ئاشتى.

1949 – يىلدىن 1976 – يىلغىچە قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى

جەدۋەل: 11 – 6

بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| يىل | سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | ئىزاھ | يىللار | سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | ئىزاھ | يىللار | سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | ئىزاھ |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1949 | 20.23 | 1952 – يىلىدىكى تۇرگەرەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا | 1958 | 495.27 | 1957 – يىلىدىكى تۇرگەرەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا | 1968 | 1138.58 | 1957 – يىلىدىكى تۇرگەرەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1950 | 54.92 | 1952 - يىلىدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا | 1959 | 982.03 | 1957 - يىلىدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا | 1969 | 1152.61 | 1957 - يىلىدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا |
| 1951 | 65.45 | 1952 - يىلىدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا | 1960 | 1940.70 | 1957 - يىلىدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا | 1970 | 1567.81 | 1957 - يىلىدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا |
| 1952 | 124.26 | 1952 - يىلىدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا | 1961 | 617.03 | 1957 - يىلىدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا | 1971 | 1930.96 | 1957 - يىلىدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا |
| 1953 | 159.65 | 1952 - يىلىدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا | 1962 | 954.86 | 1957 - يىلىدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا | 1971 | 2059.41 | 1970 - يىلىدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا |
| 1954 | 147.95 | 1952 - يىلىدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا | 1963 | 782.73 | 1957 - يىلىدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا | 1972 | 1562.98 | 1970 - يىلىدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا |
| 1955 | 133.20 | 1952 - يىلىدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا | 1964 | 901.28 | 1957 - يىلىدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا | 1973 | 1938.20 | 1970 - يىلىدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا |
| 1956 | 191.01 | 1952 - يىلىدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا | 1965 | 1114.86 | 1957 - يىلىدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا | 1974 | 2250.91 | 1970 - يىلىدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا |
| 1957 | 228.71 | 1952 - يىلىدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا | 1966 | 1367.10 | 1957 - يىلىدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا | 1975 | 3632.24 | 1970 - يىلىدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا |
| 1957 | 251.18 | 1957 - يىلىدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا | 1967 | 1404.13 | 1957 - يىلىدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا | 1976 | 4956.13 | 1970 - يىلىدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1977 | 5917·23 | 1970- يىلدىكى تۇزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا | 1981 | 6853·98 | 1980- يىلدىكى تۇزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا | 1986 | 15007·33 | 1980- يىلدىكى تۇزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا |
| 1978 | 6501·17 | 1970- يىلدىكى تۇزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا | 1982 | 7593·20 | 1980- يىلدىكى تۇزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا | 1987 | 15001·40 | 1980- يىلدىكى تۇزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا |
| 1979 | 6406·87 | 1970- يىلدىكى تۇزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا | 1983 | 8815·28 | 1980- يىلدىكى تۇزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا | 1988 | 17864·40 | 1980- يىلدىكى تۇزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا |
| 1980 | 5956·25 | 1970- يىلدىكى تۇزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا | 1984 | 10327·29 | 1980- يىلدىكى تۇزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا | 1989 | 20437·20 | 1980- يىلدىكى تۇزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا |
| 1981 | 6422·59 | 1970- يىلدىكى تۇزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا | 1985 | 12742·39 | 1980- يىلدىكى تۇزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا | 1990 | 22012·40 | 1980- يىلدىكى تۇزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا |

## قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى خام چوت ئىچىدىكى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان سانائەت كارخانىلىرىنىڭ 1990- يىلىدىكى ئەھۋالى

جەدۋەل: 11 – 7

بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| | كارخانا نامى | كارخانىلارنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئورۇنلار | ئاساسلىق مەھسۇلاتلارنىڭ نامى | مۇقىم مۈلۈك (تۈمەن يۈەن) | | سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن، 1980- يىلدىكى تۇزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا) | ئىشچى-خىزمەتچىلەر سانى (ئادەم) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | ئەسلى قىممىتى | ساپ قىممىتى | | |
| ۋىلايەتنىڭ سانائىتى | قۇمۇل ۋىلايەتلىك پولات-تۆمۈر زاۋۇتى | ۋىلايەتلىك ئىقتىساد كومىتېتى | چويۈن، سىلىتسىيلىق تۆمۈر، مانگان-تۆمۈر قېتىشمىسى | 2532.7 | 1866.4 | 807.36 | 1380 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائەت زاۋۇتى | ۋىلايەتلىك ئىقتىساد كومىتېتى | سىرابلىست پاراشوكى | 1323.7 | 872.5 | 822.08 | 653 |
| | قۇمۇل ۋىلايەتلىك دورا زاۋۇتى | ۋىلايەتلىك ئىقتىساد كومىتېتى | ئېفېدرىن، ھەر خىل تابلېتكا دورىلار | 363.3 | 270.9 | 404.2 | 300 |
| | قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئېلېكتر ئېنېرگىيە ئىدارىسى | ۋىلايەتلىك ئىقتىساد كومىتېتى | توك | 10862.2 | 8054.2 | 1390.17 | 1555 |
| | قۇمۇل ۋىلايەتلىك سېمونت زاۋۇتى | ۋىلايەتلىك ئىقتىساد كومىتېتى | سېمونت | 1396.1 | 902.3 | 240.07 | 414 |
| | قۇمۇل ۋىلايەتلىك تاش ماتېرىياللىرى زاۋۇتى | ۋىلايەتلىك ئىقتىساد كومىتېتى | تاش دانىچىسى، مەرمەرتاش تاختاي | 390.9 | 301.6 | 120.41 | 174 |
| | قۇمۇل ۋىلايەتلىك يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى | ۋىلايەتلىك ئىقتىساد كومىتېتى | يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار | 2302.4 | 1899.9 | 1041.29 | 914 |
| | قۇمۇل ۋىلايەتلىك تۇز- خىمىيە باش زاۋۇتى | ۋىلايەتلىك ئىقتىساد كومىتېتى | كۆل تۇزى، سىرابلىست، ناترىي سۇلفىد | 8277.7 | 1658.6 | 3162.72 | 2338 |
| | قۇمۇل ۋىلايەتلىك باسما زاۋۇتى | ۋىلايەتلىك ئىقتىساد كومىتېتى | كىتاب، دەرسلىك كىتاب، كۆپىيە قەغىزى | 96.5 | 37.2 | 50.8 | 187 |
| | جەمئىي | | | 27545.5 | 15863.6 | | 7920 |
| قۇمۇل شەھەرلىك سانائەت | قۇمۇل شەھەرلىك ياساش- رېمونتلاش زاۋۇتى | قۇمۇل شەھەرلىك ئىقتىساد كومىتېتى | ماشىنا ياساش، رېمونتچىلىق | 197.2 | 119 | 200.05 | 141 |
| | قۇمۇل شەھەرلىك كۆمۈر كان | قۇمۇل شەھەرلىك ئىقتىساد كومىتېتى | كۆمۈر | 285.1 | 184.3 | 16 | 232 |
| | قۇمۇل شەھەرلىك فوسفورلۇق ئوغۇت زاۋۇتى | قۇمۇل شەھەرلىك ئىقتىساد كومىتېتى | فوسفورلۇق ئوغۇت | 506.1 | 317.6 | 197.46 | 206 |
| | قۇمۇل شەھەرلىك سۇچىلىق، سېمونت مەھسۇلاتلىرىنى ياساش زاۋۇتى | قۇمۇل شەھەرلىك سۇچىلىق ئىدارىسى | سېمونت مەھسۇلاتلىرى | 88 | 37.2 | 32.5 | 74 |
| | قۇمۇل شەھەرلىك خۇرۇم زاۋۇتى | قۇمۇل شەھەرلىك ئىقتىساد كومىتېتى | يۇڭ- تېرە مەھسۇلاتلىرى | 88.3 | 62.3 | 100.1 | 89 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | قۇمۇل شەھەرلىك ياغاچچىلىق زاۋۇتى | قۇمۇل شەھەرلىك ئىقتىساد كومىتېتى | ياغاچتىن ياسالغان ئۆي جاھازلىرى | 57.9 | 39.3 | 41.19 | 79 |
| | قۇمۇل شەھەرلىك تۇز زاۋۇتى | قۇمۇل شەھەرلىك ئىقتىساد كومىتېتى | يودلۇق تۇز | 489.6 | 413.3 | 1111.5 | 154 |
| | جەمئىي | | | 1712.2 | 1173 | | 975 |
| باركۆل ناھىيىسىنىڭ سانائىتى | باركۆل ناھىيىلىك كۆمۈر كان | باركۆل ناھىيىلىك ئىقتىساد كومىتېتى | كۆمۈر، كوكس | 285.8 | 217.3 | 244.05 | 310 |
| | باركۆل ناھىيىلىك خىمىيە سانائەت زاۋۇتى | باركۆل ناھىيىلىك ئىقتىساد كومىتېتى | ناترىي سۇلفىد | 574.7 | 468.7 | 379.44 | 370 |
| | باركۆل ناھىيىلىك ئېلېكتر ئىستانسىسى | باركۆل ناھىيىلىك ئىقتىساد كومىتېتى | توك | 624.8 | 462.3 | 80.85 | 284 |
| | باركۆل ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتى | باركۆل ناھىيىلىك ئىقتىسادىي كومىتېت | سېمونت | 318.4 | 218.6 | 41.92 | 120 |
| | باركۆل ناھىيىلىك خورۇم زاۋۇتى | باركۆل ناھىيىلىك ئىقتىساد كومىتېتى | خورۇمدىن ئىشلەنگەن بۇيۇملار | 89.9 | 41 | 115.6 | 117 |
| | باركۆل ناھىيىلىك يېنىك سانائەت، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونتلاش زاۋۇتى | باركۆل ناھىيىلىك ئىقتىساد كومىتېتى | كۆمۈر، ياغاچتىن ئىشلەنگەن بۇيۇملار | 210.6 | 137.2 | 217 | 207 |
| | جەمئىي | | | 545.1 | 800.7 | | 1408 |
| ئاراتۇرۇك ناھىيىسى سانائىتى | ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونتلاش زاۋۇتى | ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش | 29.9 | 21.2 | 6 | 15 |
| | ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك كۆمۈر كان | ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك ئىقتىساد كومىتېتى | كۆمۈر | 91 | 64.7 | 2.93 | 31 |
| | ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك ئېلېكتر ئىستانسىسى | ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك سۇ، توك ئىدارىسى | توك | 65.9 | 45.4 | 14 | 45 |
| | جەمئىي | | | 186.8 | 131.3 | | 91 |
| | جەمئىي سانائەت كارخانىسى | | | 31598.7 | 18713 | 985.5 | 10394 |

## قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1992 - يىلدىكى كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرى

جەدۋەل: 11 - 8

| كارخانا نامى | قۇرۇلغان ۋاقتى | ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئورگانلار | ئىشچى - خىزمەتچى (ئادەم) | | ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | سېتىش مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | مۇقىم مۈلۈك (تۈمەن يۈەن) | | پايدا، زىيان ئومۇمىي سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | باج پۇل (تۈمەن يۈەن) | | ئاساسلىق مەھسۇلات سىغدارى | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | يىل ئاخىرىدىكى ئادەم سانى | ئوتتۇراق ئىچىدىكى ئۆز ساھەلىك مۇتەخەسسىسلەر | 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلانغاندا | 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلانغاندا | ئەسلى قىممىتى | ساپ قىممىتى | | تاپشۇرۇشقا تېگىشلىكى | تاپشۇرغىنى | مەھسۇلات نامى | بىرلىكى | ئەمەلىي مەھسۇلات سىغدارى |
| ۋىلايەتلىك قىزىل يۇلتۇز خورۇم زاۋۇتى | 1970 | ۋىلايەتلىك ئىقتىساد كومىتېتى | 191 | 16 | 404.7 | 353.5 | 340 | 260 | 43·2 | 24 | 24 | ئاشلانغان خورۇم، خورۇم كىيىم كېچەكلەر | | 15931<br>9257 |
| ۋىلايەتلىك خورۇم زاۋۇتى | 1990 | ۋىلايەتلىك ئىقتىساد كومىتېتى | 30 | | 47·2 | 54·3 | | | | | | خورۇم كىيىم - كېچەكلەر | | 2338 |
| مېيجاڭ بىرلەشمە قۇلۇپ زاۋۇتى | 1990 | قۇمۇل پولات - تۆمۈر زاۋۇتى | 30 | | 57·7 | 71·1 | 68 | | -0·6 | | | ئاسما قۇلۇپ | تۈمەن دانە | 35 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 25·77<br>108·145 | 1176·2<br>156·3 | 1·7 | 26191 | 8·7 |
| | توننا | تۈمەن قۇر | قۇر | تۈمەن جۈپ |
| ئاق بىب، قولقاپ، مىللىي كەشتە بۇيۇملار | پلاستماسسا، توقۇلما تاغار | جۇۋا ئىشتان | كىيىم ـ كېچەك | لاتا ئاياق |
| 1·5 | 10·41 | 4 | | |
| 2·3 | 10·41 | 4 | | |
| 0·7 | 20·24 | 1·7 | | |
| 25 | | | | |
| 42 | 229 | | 42 | |
| 100·5 | 213·26 | 44 | 38·37 | 34·01 |
| 156·23 | 325·05 | 55·92 | 105·03 | 51·25 |
| 22 | 13 | 8 | 10 | 8 |
| 120 | 70 | 50 | 60 | 60 |
| قۇمۇل شەھەرلىك 2 ـ يېنىك سانائەت ئىدارىسى | قۇمۇل شەھەرلىك 2 ـ يېنىك سانائەت ئىدارىسى | قۇمۇل شەھەرلىك 2 ـ يېنىك سانائەت ئىدارىسى | قۇمۇل شەھەرلىك 2 ـ يېنىك سانائەت ئىدارىسى | قۇمۇل شەھەرلىك 2 ـ يېنىك سانائەت ئىدارىسى |
| 1979 | 1978 | 1981 | 1956 | 1957 |
| قۇمۇل شەھەرلىك كەشتىچىلىك زاۋۇتى | قۇمۇل شەھەرلىك پلاستماسسا زاۋۇتى | قۇمۇل شەھەرلىك جۇۋا بۇيۇملىرى زاۋۇتى | قۇمۇل شەھەرلىك كىيىم ـ كېچەك زاۋۇتى | قۇمۇل شەھەرلىك ئاياق زاۋۇتى |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 279423 | 46·8 | 3·1 | 3482 |
| كۆادرات مېتىر | تونىنا | تۈمەن كۆادرات مېتىر | كۆادرات مېتىر |
| پەشمەك | قويا بويۇم | پولات ئىشلەك ـ دېرىزە | گىلەم |
| 3·7 | 5·8 | 14·4 | |
| 3·9 | 5·8 | 14·4 | |
| 2·2 | 5·9 | 14 | |
| | 13 | | |
| 48 | 29 | 200 | |
| 97·5 | 77·31 | 261·6 | 73·8 |
| 116·3 | 75·5 | 238·71 | 86·7 |
| 26 | 23 | 30 | |
| 41 | 42 | 121 | |
| قومۇل شەھەرلىك 2 ـ يېنىك سانائەت ئىدارىسى | قومۇل شەھەرلىك 2 ـ يېنىك سانائەت ئىدارىسى | قومۇل شەھەرلىك 2 ـ يېنىك سانائەت ئىدارىسى | قومۇل شەھەرلىك ئەمگەك ئىدارىسى |
| 1956 | 1966 | 1978 | 1981 |
| قومۇل شەھەرلىك پەشمەك زاۋۇتى | قومۇل شەھەرلىك قۇيمىچىلىق زاۋۇتى | قومۇل شەھەرلىك پولات ئىشلەك ـ دېرىزە زاۋۇتى | قومۇل شەھەرلىك گىلەمچىلىك زاۋۇتى |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 2050 | 424 | 6474 | 291 |
| كۋادرات مېتىر | كۋادرات مېتىر گىلەم | تۇر | كۋادرات مېتىر |
| گىلەم | | كىيىم ـ كېچەك | گىلەم |
| | | | |
| | | | |
| | | -2.98 | |
| | | | |
| | | 16.2 | |
| 42 | 10.8 | 4.06 | 10.52 |
| 42 | 10.8 | 7.62 | 13.05 |
| | | | |
| | | 25 | |
| قۇمۇل شەھەرلىك شەرقىي تۈۋستەك رايونى | قۇمۇل شەھەرلىكشەرقىي تۈۋستەك رايونى | باركۆل ناھىيىلىك 2 ـ يېنىك سانائەت ئىدارىسى | باركۆل ناھىيىلىك 2 ـ يېنىك سانائەت ئىدارىسى |
| 1976 | 1980 | 1971 | 1985 |
| قۇمۇل شەھىرى شەرقىي تۈۋستەك رايونى گىلەمچىلىك زاۋۇتى | قۇمۇل شەھىرى شەرقىي تۈۋستەك رايونى گىلەمچىلىك زاۋۇتى | باركۆل ناھىيىلىك كىيىم ـ كېچەك زاۋۇتى | باركۆل ناھىيىلىك ھۈنەر ـ سەنئەت زاۋۇتى |

| | |
|---|---|
| بارىكۆل ناھىيىلىك يۇڭ توقۇمىچىلىق زاۋۇتى | ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق زاۋۇتى |
| 1984 | 1962 |
| بارىكۆل ناھىيىلىك ئىقتىساد كومىتېتى | ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك 2 - يېنىك سانائەت ئىدارىسى |
| 182 | 10 |
| 37 | |
| 162.24 | 0.3 |
| 147.99 | 0.3 |
| 369.14 | |
| | |
| | 0.65 |
| | |
| | |
| ئەدىيال | ياغاچ ئۆي جاھازىسى |
| تۈمەن مېتىر، دانە | |
| 3.2<br>1579 | |

# 1978- يىلىدىن 1990- يىلىغىچە قومۇل ۋىلايىتىدىكى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان سانائەتنىڭ ئاساسلىق ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ ستاتىستىكا جەدۋىلى

جەدۋەل 11 – 9

| ئۈلچىمى / يىللار | سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى: تۇراقلىق باھا بويىچە ھېسابلىغاندا (10 مىڭ يۈەن) | سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى: ئۆز يىلىدىكى باھا بويىچە ھېسابلىغاندا (10 مىڭ يۈەن) | سانائەت ساپ مەھسۇلات قىممىتى | يۇقىرىغا تاپشۇرغان پايدا - باج (ئون مىڭ يۈەن) | كارخانىلارنىڭ قالدۇرۇۋالغان پايدىسى (ئون مىڭ يۈەن) | يىللىق ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە سانى (ئادەم) | كارخانا سانى: جەمئىي | كارخانا سانى: بۇنىڭ ئىچىدە زىيان تارتقان كارخانا | يىل ئاخىرىدىكى مۇقىم مۈلۈكنىڭ ئەسلى قىممىتى (ئون مىڭ يۈەن): جەمئىي | يىل ئاخىرىدىكى مۇقىم مۈلۈكنىڭ ئەسلى قىممىتى: بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلىتىلىۋاتقانلىرى | ئومۇمىي سوممىسى (ئون مىڭ يۈەن): جەمئىي | ئومۇمىي سوممىسى: بۇنىڭ ئىچىدە يىل ئاخىرىدىكى مۇقىم مۈلۈكنىڭ ساپ قىممىتى | ئومۇمىي سوممىسى: بۇنىڭ ئىچىدە نورمىلىق ئايلانما مەبلەغنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە قالدۇقى | مەھسۇلاتلارنى سېتىشتىن قىلغان كىرىم (ئون مىڭ يۈەن): جەمئىي | مەھسۇلاتلارنى سېتىشتىن قىلغان كىرىم: بۇنىڭ ئىچىدە مەھسۇلاتلارنى سېتىش تەننەرخى | مەھسۇلاتلارنى سېتىشتىن قىلغان كىرىم: بۇنىڭ ئىچىدە مەھسۇلاتلارنى سېتىش خىراجىتى | پايدا باج ئومۇمىي سوممىسى (ئون مىڭ يۈەن): جەمئىي | پايدا باج ئومۇمىي سوممىسى: بۇنىڭ ئىچىدە پايدا ئومۇمىي سوممىسى | پايدا باج ئومۇمىي سوممىسى: بۇنىڭ ئىچىدە زىيان ئومۇمىي سوممىسى | پايدا باج ئومۇمىي سوممىسى: بۇنىڭ ئىچىدە باج ئومۇمىي سوممىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1978 | 5819.99 | 7971.89 | 3644.64 | | | 9595 | 47 | 6 | 6139.39 | 5003.80 | 5673.17 | 4219.17 | 1454.00 | 3815.56 | 3146.54 | | 904.57 | 797.58 | 156.24 | 263.23 |
| 1979 | 5834.74 | 7712.90 | 2808.31 | | | 9743 | 50 | 6 | 6206.97 | 5013.12 | 5944.79 | 4216.16 | 1728.63 | 3656.85 | 3020.23 | | 643.13 | 507.54 | 161.21 | 296.80 |
| 1980 | 5810.49 | 6745.90 | 3360.21 | 238.40 | | 9612 | 54 | 6 | 7514.03 | 6078.23 | 6927.15 | 5465.73 | 1461.42 | 3647.34 | 2956.76 | | 612.85 | 473.64 | 180.20 | 319.41 |
| 1981 | 5989.92 | 7105.13 | 2926.60 | 205.61 | 69.79 | 10182 | 54 | 6 | 7872.86 | 5941.13 | 7179.11 | 5300.73 | 1878.38 | 3905.38 | 3331.74 | 14.77 | 479.61 | 410.66 | 234.92 | 303.87 |
| 1982 | 6448.87 | 7651.17 | 2960.45 | 289.57 | 133.91 | 10300 | 57 | 9 | 8446.89 | 6479.47 | 7558.58 | 5774.75 | 1783.83 | 5384.94 | 4612.71 | 28.06 | 675.96 | 553.55 | 209.82 | 333.23 |
| 1983 | 7495.97 | 8952.92 | 3412.21 | 555.34 | 275.12 | 10335 | 54 | 8 | 8985.91 | 6903.42 | 7871.03 | 6210.62 | 1750.41 | 6923.60 | 5612.45 | 15.73 | 1186.30 | 875.98 | 110.98 | 420.90 |
| 1984 | 8718.70 | 10058.85 | 4523.62 | 1039.13 | 352.15 | 10967 | 61 | 3 | 10280.30 | 8016.44 | 9219.44 | 7054.90 | 2164.54 | 7719.45 | 6137.98 | 14.18 | 1435.20 | 984.00 | 53.69 | 504.89 |
| 1985 | 10451.35 | 12174.05 | 4464.59 | 557.01 | 404.96 | 12118 | 96 | 7 | 12902.95 | 10353.26 | 12564.00 | 9086.61 | 3477.39 | 9761.45 | 7965.03 | 56.91 | 1621.87 | 965.40 | 538.00 | 710.27 |
| 1986 | 10880.53 | 12806.79 | 5282.97 | 452.98 | 388.94 | 12223 | 101 | 14 | 13169.21 | 10221.66 | 12746.37 | 8806.29 | 3940.08 | 10567.35 | 8738.95 | 92.17 | 1646.18 | 917.13 | 56.22 | 785.25 |
| 1987 | 11067.50 | 14209.2 | 5866.20 | 608.80 | 345.50 | 12309 | 96 | 16 | 14654.90 | 12355.50 | 14657.30 | 10067.80 | 4607.50 | 11753.60 | 9878.60 | 128.10 | 1605.90 | 860.60 | 203.10 | 948.40 |
| 1988 | 13852.50 | 19689.30 | 9571.30 | 914.20 | 642.00 | 13409 | 99 | 10 | 23013.50 | 19264.80 | 22667.40 | 17598.20 | 5069.20 | 14917.70 | 12462.90 | 270.20 | 2142.30 | 1408.10 | 148.10 | 882.30 |
| 1989 | 15589.30 | 24845.90 | 10801.50 | 817.30 | 1138.70 | 13916 | 100 | 10 | 26473.40 | 22163.50 | 29261.40 | 20352.60 | 8908.80 | 19337.90 | 14532.40 | 309.40 | 2875.80 | 1853.60 | 132.40 | 1154.60 |
| 1990 | 16239.80 | 27300.80 | 11153.20 | 772.10 | 1074.70 | 15427 | 106 | 19 | 30759.30 | 25536.10 | 33293.80 | 23188.00 | 10105.80 | 23037.10 | 18924.40 | 687.70 | 3454.50 | 1930.30 | 541.90 | 2066.19 |

# IV باب

# سانائەت تۈرى

## §1. ئورمانچىلىق سانائىتى

1. كېسىش- يۆتكەش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ تاغلىق رايونلىرىدىكى ئورمانلار زور كۆلەمدە كېسىلمىگەن ئىدى، ئادەتتە ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئاز مىقداردىكى ياغاچ ماتېرىياللارنى ئاما تۈزلىرى كېسىپ، تۈزلىرى ئىشلىتەتتى ۋە ئاز ساندىكى ياغاچ سودىگەرلىرىگە ساتاتتى. مىنگونىڭ 19- يىلى (1930- يىلى) دىن كېيىن، قۇمۇلدىكى ۋاڭلىق تۈزۈمىنىڭ كۆپ يىل داۋاملاشقان ئىمتىيازى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قۇمۇل ناھىيىسى تەۋەسىدىكى تەڭرىتاغ ئورمانلىقى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتتى، بىراق باشقۇرىدىغان ئاپپارات بولمىغاچقا، ھەر كىم ئۆز ئالدىغا كېسىۋەردى.

1) كېسىش. مىنگونىڭ 27- يىلى (1938- يىلى) 4- ئايدا سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ «قىزىل 8- تۈەنى» قۇمۇلغا كېلىپ ئورۇنلىشىپ، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ دايىگفاڭدا گازارما ۋە ھەربىي ئەسلىھەلەرنى قۇرۇشقا باشلىدى، جەمئىي 1652 ئېغىز ئۆي سېلىشقا كېرەكلىك چەگرە، لىم، دېرىزە، پول قاتارلىق ياغاچ ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىنى سومۇشتاندىن يۆتكەشكە توغرا كەلدى. قۇمۇل ساقچى ئىدارىسى ھەمكارلىق كوپېراتىپى ياغاچچىلىق زاۋۇتى ياغاچ بىلەن تەمىنلەشكە مەسئۇل بولدى. ياغاچ كېسىشتە «چوڭلىرىنى كېسىش» ياكى «بىر چېتىدىن قىرقىش» ئۇسۇلى قوللىنىلدى.

مىنگونىڭ 30- يىلى (1941- يىلى) قۇمۇل رايونلۇق ئورمان باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئېلان قىلغان «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئورمانلارنى قوغداش ھەم كېسىش نىزامنامىسى» ۋە «ياغاچ كېسىش ھەققى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» بويىچە، ياغاچ ماتېرىياللىرىغا تامغا بېسىش، كېسىشكە رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسى بېجىرىش قاتارلىق كەسىپلەر يولغا قويۇلدى، لېكىن كېسىشتىن ھەق ئېلىش مۇھىم نۇقتا قىلىندى.

مىنگونىڭ 34 ~ 38- يىلىغىچە (1945 ~ 1949- يىلىغىچە) قۇمۇل ئورمانلىقىدىكى ئاساسلىق كېسىش پائالىيىتى باركۆلنىڭ قاراغول ئورمان رايونى ۋە قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ نامداۋان، ئاقتاش ئورمان رايونلىرىغا مەركەزلەشتى، ئورمان كۆلىمى ئاران 30 مىڭ مو كېلىدىغان ئاقتاش ئورمان رايونىدىلا يەتتە ياغاچ كېسىش زاۋۇتى قۇرۇلدى، ئۇلار ئىشلەپچىقارغان ياغاچ ماتېرىياللار ئاساسلىقى شەھەر رايونىدا ئۆي سېلىشقا ۋە جەسەت ساندۇقى ياساشقا ئىشلىتىلدى. ئەينى چاغدا ئاقتاش ۋە نامداۋان ئەتراپلىرىدا ياغاچ كېسىدىغان ياللانما ئىشچىلارنىڭ ئومۇمىي سانى 200 گە يەتتى. ئاقتاش ئورمان رايونىنىڭ قائىنىشى قولايلىق بولغانلىقتىن قالايمىقان كېسىش ئېغىر بولۇپ، ئايلانمىسى 30 سانتىمېتىردىن ئاشىدىغان دەرەخ ئاساسەن قالمىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن 1950- يىل 12- ئايدىن ئىلگىرى قۇمۇل تەڭرىتاغ ئورمانلىقىدىكى ياغاچ كېسىش، پىششىقلاش، يۆتكەش، سېتىش ئىشلىرىنى شەخسلەر قىلدى. شۇ يىلى قۇمۇل رايونلۇق ئورمان باشقۇرۇش

پونكىتى ياغاچ كېسىش زاۋۇتى قۇرۇپ، ياغاچ كېسىش ئىشچىلىقىغا 140 ئادەم قوبۇل قىلدى. 1951- يىلدىن باشلاپ ۋىلايەت شەخسىي ياغاچچىلىق زاۋۇتلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، ئورمانچىلىق تارماقلىرى بىر تۇتاش كېسىپ، بىر تۇتاش تەمىنلەشنى يولغا قويدى.

1951- يىلى كېسىش نۇقتىسىنى ئاقتاشتىن يىنگۆلياگۇغىچە قىلىپ بېكىتتى، بۇنىڭ كۆلىمى 26 مىڭ 250 مو (جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان كەڭلىكى 2.5 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى يەتتە كىلومېتىر)، بۇنىڭ ئىچىدە كېسىشكە بولىدىغان كۆلەم 4500 مو. شۇ ۋاقىتتا جەمئىي 36 مىڭ 405 تۈپ ياغاچ كېسىلىپ، ياغاچ ھەجمى 17 مىڭ 509.15 كۇب مېترغا يەتتى، كېسىلىش مىقدارى كېسىلىدىغان رايوننىڭ (دىئامېتىرى 30 سانتىمېتىردىن ئاشىدىغان) 14% نى ئىگىلىدى.

1954- يىلىغا قەدەر ۋىلايەتلىك ئورمان باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ ياغاچ كېسىش زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان ياغاچ ماتېرىياللار ئاساسلىقى يۇمېن نېفىتلىكىگە سېتىلدى. شۇ يىلى 3- ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك دېھقانچىلىق- ئورمانچىلىق نازارىتى ۋىلايەتلىك ئورمان باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ ياغاچ كېسىش زاۋۇتى ئاساسىدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قۇمۇل ياغاچ كېسىش شىركىتى قۇرۇشنى قارار قىلدى، بۇ شىركەت دېھقانچىلىق- ئورمانچىلىق نازارىتىگە بىۋاسىتە قارايدىغان بولدى. شىركەتنىڭ قارمىقىدا ياغاچ كېسىش مەيدانى تەسىس قىلىنىپ، ئاقتاش ئورمان رايونىدا كېسىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. 1952 ~ 1956- يىلغىچە قۇمۇلنىڭ تاغلىق رايونلاردىكى ئورماندىن كېسىلگەن ياغاچ 84 مىڭ كۇب مېترغا يەتتى.

1954 ~ 1957- يىلغىچە ئورمان كېسىپ پايدىلىنىش جەھەتتە، ياغاچ كېسىش شىركىتى پىلانلىق كېسىپ تەمىنلىگەندىن سىرت، باركۆل، ئاراتۇرۇكتىن ئىبارەت ئىككى ناھىيىگىمۇ، شۇ جايدىكى ھۆكۈمەت ۋە مالىيە كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ماتېرىيال ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار كېسىش بەلگىلىمىسى بويىچە ياغاچ كېسىشكە رۇخسەت قىلىندى.

1958- يىل 4- ئاينىڭ 30- كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق نازارىتى قۇمۇل ياغاچ بىلەن تەمىنلەش مەيدانى بىلەن ئاقتاش ئورمان تىجارەت ئورنىنى بىرلەشتۈرۈپ، قۇمۇل نامداۋان ئورمانچىلىق مەيدانىنى قۇردى. باركۆل قاراغول ئورمان باشقۇرۇش ئورنىنى باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىلىك ئورمانچىلىق مەيدانىغا ئۆزگەرتتى. شۇ يىلى لەنجۇ- شىنجاڭ تۆمۈريولى غەربكە ئۇزۇلۇكسىز ئۇزارتىلىپ، قۇمۇلغا يېقىنلاشتى، قۇمۇلنىڭ تاغلىق رايونلاردىكى كېسىلگەن ئورمانلار تۆمۈريولغا ئېھتىياجلىق شپال ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلدى، بۇنىڭ بىلەن قۇمۇلدىن ۋېيياغىچە بولغان 100 كىلومېتىردىن ئارتۇق تۆمۈريول لىنىيىسىگە 300 مىڭ دانە شپال ئىشلىتىلدى، بۇ ياغاچ ماتېرىياللىرى جەمئىي 60 مىڭ كۇب مېتىر كېلىدۇ.

1959- يىلى كېسىشنى تەستىقلاش ھوقۇقى تارقاقلاشتۇرۇلۇپ، ۋىلايەت، ناھىيىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، ۋىلايەت 1960- يىل 7-، 8- ئايلاردا يەنە كەينى- كەينىدىن قۇمۇل ناھىيىلىك شوپۇل ئورمانچىلىق مەيدانى، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك نېرىنكىر ئورمانچىلىق مەيدانىنى قۇردى. شۇ ۋاقىتتا ۋىلايەتتىكى ئۈچ ناھىيىگە قاراشلىق ئورمانچىلىق مەيدانلىرى جەمئىي 46 مىڭ 400 كۇب مېتىر ياغاچ ماتېرىيال ئىشلەپچىقاردى. ۋىلايەتنىڭ ئۈچ ناھىيىگە قاراشلىق يەرلىك ئورمانچىلىق مەيدانىدىكى خادىملار 1958- يىلدىكى 20 گە يېقىن كىشىدىن 568 كىشىگە يەتتى، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق نامداۋان ئورمانچىلىق مەيدانىدا 520 ئادەم بار ئىدى. 1960- يىلى، ۋىلايەت تەۋەسىدىكى ئورمان كېسىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ ئومۇمىي سانى 1088 گە يەتتى، يىلدا جەمئىي 110 مىڭ كۇب مېتىر ياغاچ ماتېرىيالى ئىشلەپچىقىرىلدى.

1958 ~ 1960- يىلغىچە ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 265 مىڭ كۇب مېتىردىن ئارتۇق ياغاچ كېسىلدى، بۇ، قۇمۇلنىڭ تاغلىق رايونلىرىدىكى ئورماننىڭ 1950 ~ 1958- يىلغىچە كېسىلگەن تاۋار ياغاچ ئومۇمىي مىقدارىنىڭ

3% نى ئىگىلىدى. 1961- يىلى تاغلىق رايونلاردىكى ئورماننىڭ كېسىلىش مىقدارى زور دەرىجىدە ئازايدى، ۋىلايەت بويىچە جەمئىي كېسىلگەن، ئىشلەپچىقىرىلغان ياغاچ ماتېرىيال 15 مىڭ 369 كۇب مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت باشقۇرغان ئۈچ ئورمانچىلىق مەيدانى ئىشلەپچىقارغان ياغاچ ماتېرىيال 6459 كۇب مېتىر، توپلانغان ياغاچ 9737 كۇب مېتىر. ئەينى ۋاقىتتىكى «خادىملارنى ئىخچاملاش، ئاپپاراتلارنى قىسقارتىش» روھىغا ئاساسەن، نامداۋان ئورمانچىلىق مەيدانىدىكى خادىملار 440 قا، ۋىلايەت باشقۇرغان ئۈچ ئورمانچىلىق مەيدانىدىكى خادىملار 92 گە قىسقارتىلدى.

1962- يىلى ۋىلايەت تاغلىق رايوندىكى ئورمانچىلىق مەيدانلىرى كېسىش خاراكتېرلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساسەن توختىتىپ، توپلاشنى ئاساس قىلدى. 1963- يىلى نامداۋان ئورمانچىلىق مەيدانىمۇ كۆچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ياغاچ توپلىدى، شۇ ۋاقىتتا كېسىلگەن ياغاچنىڭ مىقدارى ئاران 1537 كۇب مېتىر، توپلانغان ياغاچ 10 مىڭ 100 كۇب مېتىر بولدى.

1964- يىلى، ئاپتونوم رايون ۋىلايەتنىڭ ئۈچ تاغلىق رايوندىكى ئورمانچىلىق مەيدانىنى ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق ئىدارىتىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلىشىغا قايتۇرۇپ بەردى، كېيىن قۇمۇل ناھىيىلىك شوپۇل ئورمانچىلىق مەيدانى، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك نېرىنكىر ئورمانچىلىق مەيدانى كەينى- كەينىدىن نامداۋان ئورمانچىلىق مەيدانىغا قوشۇۋېتىلدى. 1965- يىلى ۋىلايەت تەۋەسىدىكى تەڭرىتاغ ئورمانلىقىنى بىردەك ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق ئىدارىتى، قۇمۇل نامداۋان ئورمانچىلىق مەيدانى ۋە باركۆل ئورمانچىلىق مەيدانى كېسىشكە مەسئۇل بولىدىغان بولدى. 1965- يىلى تاغلىق رايوندىكى ئورمانلىقتىن جەمئىي 47 مىڭ 300 كۇب مېتىر ياغاچ ماتېرىيالى ئىشلەپچىقىرىلدى.

1966- يىلى قۇمۇل نامداۋان ئورمانچىلىق مەيدانىلا قۇمۇل تاغلىق رايوندىكى ئورماننى كېسىش ۋە ياغاچ ماتېرىيال ئىشلەپچىقىرىشقا مەسئۇل بولىدىغان بولدى، باركۆل ئورمانچىلىق مەيدانى بۇ مەيدانغا قوشۇۋېتىلدى. قۇمۇل ئورمانچىلىق رايونى بىلەن باركۆل ئورمانچىلىق رايونىدا ئايرىم- ئايرىم ھالدا ئىككى كېسىش مەشغۇلات رايونى (قىزىل بايراق مەشغۇلات رايونى ۋە شەرق شاملى مەشغۇلات رايونى) تەسىس قىلىندى. ئەينى چاغدا پۈتۈن مەيداندىكى ئەمەلىي بار ئىشچى- خىزمەتچى 265، ئىشلەپچىقارغان ياغاچ ماتېرىيال جەمئىي 30 مىڭ 700 كۇب مېتىر، بۇ ئورمانچىلىق ئىدارىتى چۈشۈرگەن پىلاننىڭ 102.5% نى ئىگىلىدى.

1967- يىلدىن كېيىن قۇمۇل نامداۋان ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ يىللىق ياغاچ كېسىش مىقدارى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 30 مىڭ كۇب مېتىر ئەتراپىدا بولدى. 1972- يىلى ئىلگىرى- ئاخىر بولۇپ ئىككى ئورمان كېسىش ئەترىتى قۇرۇلدى. 1973 ~ 1975- يىلىغىچە جەمئىي كېسىلگەن ياغاچ ماتېرىيالى 63 مىڭ كۇب مېتىرغا، 1976 ~ 1979- يىلىغىچە كېسىلگەن ياغاچ ماتېرىيالى 82 مىڭ كۇب مېتىرغا يەتتى.

1979- يىلى قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانى ئىشلەپچىقارغان ياغاچ ماتېرىيال 16 مىڭ 600 كۇب مېتىر، بۇ ئورمانچىلىق ئىدارىتى چۈشۈرگەن پىلان ۋەزىپىسىنىڭ 111.3% نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە مۇشۇ مەيدان كەسكىنى 11 مىڭ 37 كۇب مېتىر، باشقىلارغا ھۆددىگە بېرىپ كەستۈرگىنى 5661 كۇب مېتىر.

1952 ~ 1980- يىلىغىچە قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانى جەمئىي كېسىپ خوراتقان ئورمان زاپىسى 1 مىليون 544 مىڭ كۇب مېتىر، بۇنىڭ 80% ~ 85% ى بال قارىغاي، قالغىنى تەڭرىتاغ شەمشادى.

1980- يىلى گوۋۇيۈەن پۈتكۈل تەڭرىتاغ ئورمان رايونىنى سۇ مەنبەسىنى ساقلاش ئورمان رايونى قىلىپ بېكىتتى. شۇ يىلى 12- ئاينىڭ 23- كۈنى قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانىنى تىجارەت خاراكتېرلىك ئورمانچىلىق مەيدانىغا ئۆزگەرتتى، ياغاچ كېسىش مىقدارىمۇ يىلدىن- يىلغا ئازايدى، كېسىش مىقدارى 1000 ~ 2000 كۇب مېتىر سۈرئەتتە تۆۋەنلىدى، پەرۋىش قىلىپ ئارىلاپ كېسىش ۋە تازىلاپ كېسىشكە تايىنىپ، ئىشلەپچىقىرىلغان ياغاچ ماتېرىياللارنىڭ نىسبىتى يىلدىن- يىلغا ئۆرلىدى، 1981- يىلى پەرۋىش قىلىپ ئارىلاپ كېسىش ۋە تازىلاپ كېسىلىپ ئىشلەپچىقىرىلغان ياغاچ ماتېرىيال كېسىش ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 43.2% نى ئىگىلىدى، 1984- يىلى 82.1% كە يەتتى.

1981- يىلى قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانى ئورمان كېسىشنى ئائىلىلەرگىچە ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى، ئەسلىدىكى ياغاچ ئىشلەپچىقىرىش ئورمانچىلىق مەيدانى بىلەن مەشغۇلات ئەترىتى ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى، خىراجەت، مائاش، سۈپەت جەھەتتە ئومۇمىيۈزلۈك كۆتۈرە بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى، مەشغۇلات ئەترىتى كېسىش، پەسكە چۈشۈرۈش، دۆۋىلەش، توپلاشتىن ئىبارەت تۆت ئۇيۇلۇق ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپى بويىچە مەشغۇلات ئېلىپ بارىدىغان بولدى. كېسىشكە تېگىشلىك ئورماننىڭ 50% ى دېھقانلارغا ھۆددىگە بېرىلدى، ھۆددىگە ئالغان ئورۇن بىر كۇب مېتىرنى سەككىز يۈەندىن كېسىدىغان بولدى.

1985- يىلى قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانى جەمئىي ئىشلەپچىقارغان ياغاچ ماتېرىيال 8027 كۇب مېتىر، پەرۋىش قىلىپ ئارىلاپ كېسىش بىلەن تازىلاپ كېسىشنىڭ كېسىش مىقدارىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى 100%. ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنىڭ 40% نىنى سىرتتىكى ھۆددىگەرلەر تاماملىدى.

1985- يىلغا قەدەر قۇمۇلنىڭ تاغلىق رايونىدىكى ئورماندىن جەمئىي كېسىلگەن تاۋار ياغاچ 825 مىڭ كۇب مېتىر، دۆلەتكە تاپشۇرغان پايدا 20 مىليون 550 مىڭ يۈەن بولدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1988- يىلغىچە قۇمۇل ئورمان رايونى تەمىنلىگەن تاۋار ياغاچنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 847 مىڭ كۇب مېتىرغا، خوراتقان ئورمان زاپىسى 1 مىليون 684 مىڭ كۇب مېتىرغا يەتتى. 1988 ~ 1990- يىلغىچە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا كېسىلگىنى 6000 كۇب مېتىردىن ئاشتى. 1990- يىلى كېسىلگىنى 6110 كۇب مېتىرغا يەتتى.

2) يۆتكەش. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى قۇمۇلنىڭ تاغلىق رايونىدىكى ياغاچنى يۆتكەشتە ئاساسلىقى تۆمۈر ھارۋىغا تايىناتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن يەنى 1950- يىلى قۇمۇل رايونى نامداۋان ئورمان رايونىدىن يىلىغا 5000 كۇب مېتىر ياغاچ يۆتكەلدى. 1954- يىلى قۇمۇل ياغاچ كېسىش شىركىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ماشىنا بىلەن يۆتكەشكە باشلىدى. 1955- يىلى قۇمۇل ياغاچ كېسىش شىركىتى جۇڭلىگەدىن ياغاچ ساقلاش مەيدانىغىچە بولغان 64 كىلومېتىرلىق مۇساپىدە توشىغان ياغاچ 3916 كۇب مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە ئات ھارۋىسى بىلەن يۆتكەش مىقدارى 76.7% نى، ئاپتوموبىل بىلەن يۆتكەش مىقدارى 23.3% نى ئىگىلىدى. شۇ يىلى ياغاچ كېسىش شىركىتىنىڭ ترانسپورت ئەسلىھەلىرىدىن ئىككى ماشىنا (بۇنىڭ ئىچىدە بىر گىس 150 تىپلىق ماشىنا، بىر ماس ماركىلىق ماشىنا بار)، ئۈچ ئات ھارۋىسى، 96 تۆمۈر ھارۋا بار ئىدى. 1956- يىلى ياغاچ كېسىش مەيدانىدىن ياغاچ ساقلاش مەيدانىغا ياغاچ توشۇيدىغان 46 ئادەم بار ئىدى. 1966- يىل 9- ئايدا قۇمۇل نامداۋان ئورمانچىلىق مەيدانىدا ئىككى ئاپتوموبىل، ئىككى تراكتور، ئىككى ھارۋىكەش بار بولدى.

1972- يىلى قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانىدا ترانسپورت ئەترىتى قۇرۇلۇپ، بارلىق ئاپتوموبىل، ئات ھارۋا، تراكتورلار ترانسپورت ئەترىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا مەركەزلەشتۈرۈلدى. 1977- يىلى قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانىدا بەش يۈك توشۇش ئاپتوموبىلى بار بولدى.

1982- يىلى ئورمانچىلىق مەيدانى تاغدىكى ياغاچ مەيدانىدىن ياغاچ ساقلاش مەيدانىغىچە توشىغان ياغاچ 5526 كۇب مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە مەيداننىڭ ئاپتوموبىللىرى بىلەن توشىغان ياغاچ 4820 كۇب مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي يۆتكەلگەن مىقدارنىڭ 87.2% نى ئىگىلىدى. ئەينى چاغدا ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ ئاپتوموبىل ترانسپورت ئەترىتىدە سەككىز ئاپتوموبىل بار ئىدى.

1984- يىلى ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ ھەر قايسى ياغاچ ساقلاش مەيدانلىرى توشىغان ياغاچ 10 مىڭ 400 كۇب مېتىر بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتوموبىل ترانسپورت ئەترىتىدىكى ئاپتوموبىللار توشىغان ياغاچ 66% نى ئىگىلىدى، مەيدانغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئاپتوموبىللار توشىغان ياغاچ 20% نى ئىگىلىدى؛ تارانچى كان ئىشلىرى ئىدارىسى ئاپتوموبىل ئەترىتى ئورمانچىلىق مەيدانى بىلەن ياغاچ يۆتكەش توختامى ئىمزالاپ، ياردەم قىلىپ يۆتكىگەن ياغاچ 14%

نى ئېگىللىدى. شۇ يىلى ئورمانچىلىق مەيدانى ئاپتوموبىل ترانسپورت ئەترىتىدە پايدا ھۆددىگەرلىكىنى يولغا قويدى، تېزىلىكتىكى توققۇز ئاپتوموبىلنىڭ ھەر بىرى يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يۆتكىگەن ياغىچى 805 كۇب مېتىردىن توغرا كەلدى.

1985- يىلى مەيداندىكى ئاپتوموبىللار يۆتكىگەن ياغاچ 8153 كۇب مېتىر بولدى. 1990- يىلغىچە ، ياغاچ يۆتكەشتە ئاساسلىقى ياغاچقا ئېھتىياجلىق ئورۇنلار تاغدىكى مەيداندىن بىۋاستە يۆتكەيتتى ياكى ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ ئاپتوموبىل ئەترىتى تاغدىكى مەيداندىن ئېھتىياجلىق ئورۇنلارغا ئەكىلىپ بېرەتتى، ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ ياغاچ ماتېرىياللارنى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى ئېھتىياجلىق ياغاچنى ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ ئاپتوموبىل ئەترىتى ئەكىلىپ بېرەتتى. شۇ چاغدا قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانى يۆتكىگەن ياغاچ جەمئىي 5416 كۇب مېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ ئاپتوموبىللىرى يۆتكىگىنى 3065 كۇب مېتىر، ئورمانچىلىق مەيدانى ساتقان ياغاچنى ۋاكالىتەن يۆتكەپ بەرگىنى 2361 كۇب مېتىر. شۇ چاغدا ئورمانچىلىق مەيدانىدا 11 ئاپتوموبىل بار ئىدى.

2. ياغاچ پىششىقلاپ ئىشلەش

1) پىششىقلاش ئىشلەش زاۋۇتى

قۇمۇلدا مىنگونىڭ 27- يىلى (1938- يىلى) 4- ئايدا، ماشىنا ھەرە ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ «قىزىل 8- تۈەنى» قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ دايىگفاگدا گازارما ياسىغاندا، توك ۋە دىزېل ماتورلۇق تەخسە ھەرە ئىشلىتىپ ياغاچ پىششىقلاپ ئىشلىدى.

1955- يىلى قۇمۇل ياغاچ كېسىش شىركىتىدە ياغاچ پىششىقلاپ ئىشلەش ئىچىدە 23 ى بولۇپ، قورۇلۇشقا 775 كۇب مېتىر ياغاچنى پىششىقلاپ بەردى.

1960- يىلى نامداۋان ئورمانچىلىق مەيدانىدا ياغاچچىلىق سېخى قورۇلدى. 1961- يىل 1- ئايدا يەنە ياغاچچىلىق سېخى بىلەن پەن قورۇتۇش سېخى بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئۇنىۋېرسال پىششىقلاپ ئىشلەش سېخى قورۇلدى. 1962- يىلى، ۋىلايەتكە قاراشلىق ئۈچ تىجارەت تىپىدىكى ئورمانچىلىق مەيدانى 196 كۇب مېتىر ياغاچ ماتېرىيالنى پىششىقلىدى.

1974- يىلى نامداۋان ئورمانچىلىق مەيدانى 714 كۇب مېتىر ياغاچنى شال قىلىپ تىلدى، ماتېرىيال چىقىش نىسبىتى 80% كە يەتتى.

1977- يىلى نامداۋان ئورمانچىلىق مەيدانى ياغاچچىلىق سېخىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىھەلىرىدىن ئىككى تاسما ھەرە ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى ۋە 23 ئىشچىسى بولۇپ، 20 كۇب مېتىر ياغاچنى پىششىقلىدى. 1979- يىلى 2556 كۇب مېتىر ياغاچنى پىششىقلىدى.

1984- يىلى ياغاچ ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇمۇل تەگرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى تۆمۈرتى ۋە باركۆل سارچوقىدا بولۇپ، ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ پىششىقلاش سېخىدىن بىر قەدەر يىراق بولغاچقا، ئورمانچىلىق مەيدانى قۇمۇل، باركۆلدىن ئىبارەت ئىككى شەھەر- بازاردىكى ياغاچ پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرى بىلەن ياغاچچىلىق توختامى ئىمزالىدى. شۇ يىلى، ئىككى جايغا ھاۋالە قىلىپ پىششىقلاپ ئىشلىگەن ياغاچ 1769 كۇب مېتىر بولدى. شۇ يىلى قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ ياغاچچىلىق سېخىدا مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگىچە ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1985- يىلى قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانى پىششىقلاپ ئىشلىگەن ياغاچ جەمئىي 2143 كۇب مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە ياغاچچىلىق سېخى پىششىقلاپ ئىشلىگەن ياغاچ 515 كۇب مېتىر بولۇپ، ئۇنىۋېرسال ماتېرىيال چىقىرىش نىسبىتى 79.45% بولدى؛ قالغان ئەن ياغاچ قۇمۇل ۋىلايەتلىك بىناكارلىق شىركىتى، شەھەرلىك ياغاچچىلىق زاۋۇتىغا شال تىلىپ پىششىقلاپ ئىشلەشكە ھاۋالە قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىۋېرسال ماتېرىيال چىقىرىش نىسبىتى 87.74% بولدى.

1987- يىلى 4- ئايدا قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ ياغاچ ھەرىلەش سېخى قۇرۇلدى ھەم ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بىر يىلدا جەمئىي پىششىقلاپ ئىشلىگەن ئەن ياغاچ 1926.5 كۇب مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە مەيداننىڭ ياغاچ ھەرىلەش سېخى پىششىقلاپ ئىشلىگىنى 1168.1 كۇب مېتىر بولۇپ، ئۇنىۋېرسال ماتېرىيال چىقىرىش نىسبىتى 72% بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، شال ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كۆپ قىسمىنى مەيداننىڭ ياغاچ ھەرىلەش سېخى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. 1989- يىلى، قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانى نامداۋان ۋە شەھەر رايونىدىن ئىبارەت ئىككى جايدا ياغاچ پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇردى ھەمدە ئىككى يۈرۈش ئۈسكۈنە تەييار قىلدى، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى (ياغاچچىلىق) يىلدا 20 مىڭ كۇب مېتىر قىلىپ پىلانلانغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە يىلدا 1700 كۇب مېتىرلا ياغاچ پىششىقلاپ ئىشلىيەلىدى، شۇنىڭ بىلەن نامداۋاندىكىسى ئىشتىن توختىتىلدى. 1990- يىلى، قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانى جەمئىي 1113 كۇب مېتىر شال ئىشلەپچىقاردى.

2) ئۆي جاھازلىرى زاۋۇتى

1951- يىلى 12- ئايدا قۇمۇل ناھىيىسىدە ياغاچ جابدۇق ياسايدىغان سودىگەردىن جەمئىي 23 ئائىلە بار ئىدى. 1956- يىلى 10 قول ھۈنەرۋەن يەككە تىجارەتچى ياغاچ جابدۇق ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپىنى تەشكىللىدى، 1958- يىلى قۇمۇل ناھىيىلىك دېھقانچىلىق سايمانلىرى زاۋۇتىنىڭ ياغاچ جابدۇق سېخىغا ئۆزگەرتىلدى، 1976- يىلى كېڭەيتىلىپ ياغاچ جابدۇق زاۋۇتى قىلىپ قۇرۇلدى، ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرىدىن پارتا- ئورۇندۇق، كارىۋات، سافا، يېزىق ئۈستىلى قاتارلىقلار بار. 1977 ~ 1983- يىللىغىچە بۇ زاۋۇت ئىشلەپچىقارغان تۈرلۈك ئۆي جاھازلىرى جەمئىي 23 مىڭغا يەتتى.

1985- يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىدە ئائىلە سايمانلىرى ياسايدىغان كارخانا جەمئىي 10 بولۇپ، كەسپكارلار 365 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانا تۆت بولۇپ، ئادىمى 242 گە يەتتى.

1986- يىلى قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانىدا ئىنچىكە ياغاچچىلىق سېخى قۇرۇلدى، سېختا 31 ئادەم بار بولۇپ، ياغاچچى ئۇستامدىن 11 نى تەكلىپ قىلدى، ياغاچ جابدۇقلارنى ياساش، سېتىشنى تۈزئارا بىرلەشتۈرۈش، توپ زاكاز قىلىش بىلەن پارچە ياساشنى تۈزئارا بىرلەشتۈرۈشتەك تىجارەت ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، تۈرلۈك ياغاچ بۇيۇملارنى ياسىدى، 1990- يىلى مەھسۇلات قىممىتى 259 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## §2. كانچىلىق

قۇمۇلنىڭ كانچىلىقى 20- ئەسىرنىڭ 50- يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرى باشلاندى. 1958- يىلى يامانسۇ تۆمۈر كانى ئېچىلدى، 1960- يىللارنىڭ دەسلەپىدە شياۋتيەنخۇ تۆمۈر كانى، خېيشەنتۇ خرومت كانى ئېچىلدى، 1970- يىللارنىڭ دەسلەپىدە خېيفىڭشەن تۆمۈر كانى ئېچىلدى. 1970 ~ 1980- يىللىغىچە داشۇ مانگان كانى، ھاك تاش كانى، ئېرتىكۆچى دولومىت كانى، تيەنخۇ (تەگرى كۆلى) سىلىتسىيلىق تاش كانى ئېچىلدى ھەمدە تاش تۇز، مىرابلىت، مىس، فوسفور، ۋولفرام كانى قاتارلىقلارنى كەينى- كەينىدىن ئاچتى.

1990- يىلى ۋىلايەتتىكى تۈرلۈك كان- كارخانىلار 171 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى كان 40 تا، يېزا- بازار كوللېكتىپ كارخانىسى 106 گە، يەككە كان قازغۇچىلار 25 كە يەتتى. كان قېزىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئومۇمىي ئادەم سانى 17 مىڭ 480 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا- بازار كوللېكتىپىدا كان قېزىۋاتقانلار 2000.

1990- يىلى ۋىلايەتنىڭ كان مەھسۇلاتى قىممىتى 70 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ۋىلايەت سانائەت قىممىتىنىڭ 32% نى ئىگىلىدى.

ئېچىلغان كان تۈرى 39 خىلغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مېتال قېزىلما بايلىقى 12 خىل، مېتاللوئىد قۇرۇلۇش ماتېرىيالى قېزىلما بايلىقى 15 خىل، باشقا قېزىلما بايلىق 12 خىل؛ قېزىش مىقدارى 4 مىليون 320 مىڭ توننا بولۇپ، شىنجاڭدا 1989- يىلى قېزىلغان 57 مىليون 420 مىڭ توننا كان رۇدىسىنىڭ 7.5% نى ئىگىلىدى، قېزىۋېلىنغان كان مەھسۇلاتلىرى قومۇلنىڭ قۇرۇلۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرغاندىن باشقا، 10 نەچچە خىل كان مەھسۇلاتى پۈتكۈل شىنجاڭ ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى قۇرۇلۇشلارغا ياردەم قىلىندى.

1. تۆمۈر كان

تۆمۈر كان تۆت جايدا ئېچىلدى: ئۇلار يامانسۇ تۆمۈر كانى، خېيفىڭشەن تۆمۈر كانى، شياۋتيەنخۇ تۆمۈر كانى ۋە باركۆل ناھىيىسىنىڭ ئاربالي خرومت كانىدىن ئىبارەت.

يامانسۇ تۆمۈر كانى 1958- يىلى قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1990- يىلىغىچە، جەمئىي 39 مىليون 874 مىڭ توننا رۇدا قازدى. تۆمۈر رۇدىسى 6 مىليون 36 مىڭ توننا، ھاك تاش 1 مىليون 382 مىڭ توننا بولۇپ، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 119 مىليون 654 مىڭ يۈەنگە يەتتى، دۆلەتكە 21 مىليون 161 مىڭ يۈەن پايدا بېجى تاپشۇردى.

خېيفىڭشەن كانى كىچىك تىپتىكى كان بولۇپ، قومۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ تۆمۈر رۇدىسى بازىسى. 1970- يىلىدىن باشلاپ كان بولۇپ قۇرۇلدى. 1971- يىلى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن تارتىپ 1988- يىلىغىچە، جەمئىي 242 مىڭ 700 توننا رۇدا ئىشلەپچىقاردى.

شياۋتيەنخۇ تۆمۈر كانى كىچىك تىپتىكى تۆمۈر كان بولۇپ، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى سانائەت 1- شىسى ماتېرىيال باش زاۋۇتىنىڭ پولات- تۆمۈر زاۋۇتى (كېيىن ئۈرۈمچى 2- پولات- تۆمۈر زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى) غا قاراشلىق تۆمۈر رۇدىسى بازىسى. 1963- يىلىدىن باشلاپ ئۈستى ئوچۇق كان بولغاچقا ئاددىيلا قېزىلدى، 1977- يىلى مۇنتىزىم قېزىلدى. 1988- يىلى دۆلەتنىڭ كۆلەمدىكى كىچىك تىپتىكى تۆمۈر كانىغا ئايلاندى، شۇ يىلى كان قۇرۇلۇشتىن توختىتىلدى. شياۋتيەنخۇ تۆمۈر كانى ئۈستى ئوچۇق كاندىن جەمئىي 20 مىڭ توننا تۆمۈر رۇدىسى قېزىۋېلىندى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ۋىلايەتتە يەنە بەزى كىچىك تىپتىكى تۆمۈر كانلار بار، يەنى ساقا دېھقانچىلىق مەيدانى تۆمۈر- سىنىك كانىنىڭ يىللىق مەھسۇلاتى 30 مىڭ توننا، ۋىلايەتلىك سېمونت زاۋۇتى سىتيەن قىزىل تۆمۈر كانىنىڭ يىللىق مەھسۇلاتى 1000 توننا، بۇلۇڭتوغراق كارخانا شىركىتى تۆمۈر كانىنىڭ يىللىق مەھسۇلاتى 300 توننا، 36131- قىسىم تۆمۈر كانى، قومۇل شەھەرلىك بەش خىل مېتال شىركىتى ماگنىت كانىنىڭ يىللىق مەھسۇلاتى 10 مىڭ توننا.

باركۆل ناھىيىسى ئاربالي خرومت كانى 1960- يىلى كىچىك دائىرىدە ئېچىلغان بولۇپ، جەمئىي 650 توننا تۆمۈر رۇدىسى قېزىلدى، كېيىن ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىتىلدى.

كان قېزىش جەھەتتە نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر شەخسلەر مەيدانغا كەلدى، يامانسۇ تۆمۈر كانى ئاپتوموبىل ئەترىتىنىڭ ئايال شوپۇرى، چېكرا رايونلارغا ياردەم بېرىشكە شائىخەيدىن كەلگەن ياش يۈۋەنجېن مېتاللورگىيە سىستېمىسىدىكى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى، ئۇ ئېغىر تىپتىكى ئاپتوموبىلنى ھەيدەپ، ناھايىتى جاپالىق شارائىتتا، ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى نورمىدىن ئاشۇرۇپ ئورۇندىغاچقا، «قاقاسلىقتىكى باھار گۈلى» دەپ تەرىپلەندى.

2. مانگان كانى

1972- يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى قىزىلىيۇلتۇز 1- مەيدانى داشۇ مانگان كان رايونىدا كىچىك تىپتىكى مانگان كانىنى يەرلىك ئۇسۇلدا ئېچىشقا باشلىدى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 3300 تونىنا مانگان رۇدىسى قېزىلدى. 1983- يىلىدىن ئىلگىرى، مانگان رۇدىسى ئاساسلىقى جىگجو تۆمۈر قېتىشمىسى زاۋۇتىنى تەمىنلەيتتى، كېيىن ئاساسلىقى قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتى ھەم 1- ئاۋغۇست پولات- تۆمۈر زاۋۇتىنى تەمىنلەيدىغان بولدى، قالغىنى شەنشى ياڭجۇەن مېتال تاۋلاش زاۋۇتىغا سېتىلاتتى. 1987- يىلى ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىتىلدى.

3. ئېرتىكۇچى ھاك تاش كانى

1971- يىلى يامانسۇ تۆمۈر كانىدا ھاك تاش سېخى قۇرۇلۇپ، 1860 تونىنا ھاك تېشى قېزىلدى. 1982- يىلى 44 مىڭ تونىنا قېزىلدى، 1990- يىلى 132 مىڭ 100 تونىنا قېزىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ۋىلايەتتە يەنە بەزى كىچىك تىپتىكى ھاك تاش كانلىرى بار ئىدى، يەنى ئاپتونوم رايونلۇق رەڭلىك مېتال ئىدارىسى تۇز مەيدانى 115- نومۇرلۇق كانىنىڭ يىللىق مەھسۇلاتى 3000 تونىنا، قۇمۇل تۆمۈريول ئىدارىسى سۇ ئېلېكتر ئۇچاستىكىسىنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقارغان ھاك تاش مەھسۇلاتى 7000 تونىنا، ۋىلايەتلىك سېمونت زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان ھاك تاش يىللىق مەھسۇلاتى 8000 تونىنا، ۋىلايەتلىك تاش ماتېرىياللىرى زاۋۇتىمۇ ئازراق ھاك تاش ئىشلەپچىقارغان ئىدى.

4. دولومىت

ۋېيا دولومىت كانى چوڭ كان ھېسابلىنىدۇ. بۇ كانىنى 1982- يىلى قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتى خېيفىڭشەن كانى ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى قىزىلىيۇلتۇز 1- مەيدانى ئورتاق ئاچقان بولۇپ، يىللىق كان مەھسۇلات مىقدارى 60 مىڭ توننىدىن ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتى خېيفىڭشەن كانى 1982 ~ 1988- يىلىغىچە جەمئىي 148 مىڭ تونىنا قازدى.

1970- يىلى قىزىلىيۇلتۇز 1- مەيدانى دولومىت كانىنى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈپ، يىلىغا 50 مىڭ تونىنا دولومىت رۇدىسى ئىشلەپچىقاردى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ۋىلايەتتە يەنە كىچىك تىپتىكى دولومىت كانلىرى بار. ۋىلايەتلىك تاش ماتېرىياللىرى زاۋۇتى يىلىغا 20 مىڭ تونىنا دولومىت رۇدىسى ئىشلەپچىقاردى.

5. سىلىتسىيلىق تاش كانى

1982- يىلى قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتى خېيفىڭشەن كانى تەگرى كۆلى سىلىتسىيلىق تاش كان رايونىدا ئۈستى ئوچۇق كان ئېچىش بىلەن شۇغۇللاندى. ئىشلەپچىقارغان رۇدا ئاساسلىقى قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ سىلىتسىيلىق تۆمۈر تاۋلىشىغا ئىشلىتىلدى، يەنە بىر قىسمى ئۈرۈمچى تۆمۈر قېتىشمىسى زاۋۇتى، يۈجىن پولات- تۆمۈر زاۋۇتى، شىخەنزە قىزىل تاغ ئېغىزى ئېلېكتر ئىستانسىسى، ئۈرۈمچى 2- پولات- تۆمۈر زاۋۇتى قاتارلىق ئورۇنلارغا سېتىلدى. 1982 ~ 1990- يىلىغىچە جەمئىي 63 مىڭ 200 تونىنا سىلىتسىيلىق رۇدا قېزىلدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ۋىلايەتتە يەنە كىچىك تىپتىكى سىلىتسىيلىق رۇدا كانلىرى بار، يەنى ۋىلايەتلىك تاش ماتېرىياللىرى زاۋۇتى يىلىغا 35 مىڭ تونىنا، ۋىلايەتلىك باسما زاۋۇتى يىلىغا 10 مىڭ تونىنا رۇدا قازغان.

6. تاش تۇز، شور

1962- يىلى ۋىلايەت، ناھىيە ۋە بىر قىسىم گۇڭشېلار يەتتە قۇدۇقتا تۇز قېزىشقا باشلىدى. 1979- يىلى، يىللىق ئىشلەپچىقىرىلغان كۆل تۇزى 170 مىڭ توننا، يېرىك تۇز 73 مىڭ توننا ۋە قايتا ئىشلەنگەن تۇز 160 مىڭ توننا. 1990- يىلى، ئىشلەپچىقىرىلغان تۇز 293 مىڭ توننا.

1970- يىللار ۋە 1980- يىللاردا، ئاراتۈرۈك ھەربىي ئات فېرمىسى، شىرىنزا گۇڭشې ۋە قىزىل تاغ دېھقانچىلىق مەيدانى باركۆل كۆلىدە تاش تۇز ۋە شور قازدى، يىللىق ئىشلەپچىقىرىلغان تۇز 50 مىڭ توننا، شور10 مىڭ توننا.

ئۇنىڭدىن سىرت، قىزىلبۇلتۇز خىمىيە سانائەت زاۋۇتى لاۋنياۋدىن تەبىئىي شۈلتا، تاش تۇز ۋە مىرابلىت قازدى، ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائەت زاۋۇتى قۇمۇل شەھەر ئەتراپى رايونى شور كانىنى ئاچتى.

7. مىس، فوسفور، ۋولفرام

1990- يىلى ۋىلايەت ئىككى مىس رۇدا كانىنى ئاچتى، يىلىغا 1200 توننا مىس رۇدىسى قازدى. 1976- يىلى ساقا دېھقانچىلىق مەيدانى 8000 توننا فوسفور رۇدىسى قازدى. 1978- يىلى ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىتىلدى. 1977- يىلى قۇمۇل ناھىيىسى غەربىتاغ ۋولفرام كانى ئېچىلدى، يىلىغا 6.5 توننا ۋولفرام رۇدىسى قازدى.

قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كانلارنىڭ1990- يىلىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

جەدۋەل:11 – 10

| ئورۇن | كان تۈرى | كان مەھسۇلات مىقدارى(تۈمەن توننا) | كان مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | ئىشچى- خىزمەتچى (ئادەم) | ئىزاھ |
|---|---|---|---|---|---|
| قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى | كۆمۈر | 186.17 | 7261.38 | 9668 | |
| ياماسۇ تۆمۈر كانى | تۆمۈر | 44.20 | 2164.00 | 1650 | |
| | ھاك تاش | 9 | 91.71 | | |
| لىتىيلىق تۇز زاۋۇتى ياماسۇ تۆمۈر كانى | ھاك تاش | 1.65 | 7.95 | 12 | |
| قۇمۇل كۆۋرۈك زاۋۇتى | مەرمەر تاش | 21.60 | 134.68 | 166 | |
| قۇمۇل ئالتۇن كانى | رۇدا | 2.09 | 468 | 185 | 2320سەر |
| رەڭلىك مېتال ئىدارىسى 704- ئەترىتى ئالتۇن كانى | رۇدا | 0.55 | 102.12 | 80 | 680.832 سەر |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ۋىلايەتلىك تۇز- خىمىيە باش زاۋۇتى | | تۇز | 19.30 | 3416.10 | 2328 | |
| | | شور | 23.19 | | | |
| تاش ماتېرىياللىرى زاۋۇتى | | تاش ماتېرىيال | 3 | 90 | 137 | |
| قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتى خېيفېڭشەن كانى | | تۆمۈر رۇدىسى | 5.20 | 130.76 | 155 | |
| سېمونت زاۋۇتى | | ھاك تاش | 0.70 | 7 | 21 | |
| باسما زاۋۇتى | | كۋارتس تېشى | 0.21 | 3.15 | 20 | |
| قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى | 1- مەيدان تيەنخۇ كانى | دولومىت | 5.70 | 81.90 | 34 | |
| | 2- مەيدان يار كانى | ھاك تاش | 0.14 | 0.70 | 14 | |
| | 2- مەيدان دۇفېڭشەن كانى | ۋوللاستونىت | 0.11 | 6.90 | 20 | |
| | ساقا تيەنخۇ كانى | مەرمەرتاش | 3.50 | 172 | 120 | |
| | ساقا قوشقۇدۇق كانى | تۆمۈر، سىنك | 1.50 | 85.70 | 36 | |
| باركۆل ناھىيىسى | قىزىلبۇلتۇز كۆمۈر كانى | كۆمۈر | 0.30 | 10.40 | 60 | |
| | قىزىل تاغ كۆمۈر كانى | كۆمۈر | 4 | 107.20 | 150 | |
| | ناھىيىلىك كۆمۈر كان | كۆمۈر | 8.10 | 224 | 330 | |
| | شور كانى | شور | 20 | 994 | 78 | |
| ئاراتۇرۇك ناھىيىسى | ناھىيىلىك كۆمۈر كان | كۆمۈر | 1.32 | 29 | | |
| | شور كانى | شور | 4.80 | 105.60 | 30 | |
| | شەھەرلىك تۇز كانى | تاش تۇز | 10 | 1120 | 160 | |
| | ئارانچى كۆمۈر كانى | كۆمۈر | 1.50 | 180 | 317 | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| قۇمۇل شەھىرى | بوغاز كۆمۈر كانى | كۆمۈر | 0.70 | 16.13 | 90 | |
| | گرافىت كانى | گرافىت | 0.90 | 160.00 | 69 | |
| | ۋولفرام كانى | ۋولفرام | 0.85 | 1190.68 | 105 | |

**قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى يېزا- بازار كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى كانلارنىڭ 1990 - يىلىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 11 – 11

| ئورۇن | كان تۈرى | رودا مەھسۇلات مىقدارى (تۈمەن توننا) | كانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | ئىشچى- خىزمەتچى (ئادەم) |
|---|---|---|---|---|
| باركۆل ناھىيىسى | كۆمۈر | 7.17 | 156.20 | 220 |
| | خرومىت | 0.03 | 15 | 10 |
| ئاراتۈرۈك ناھىيىسى | شور | 0.04 | 6.80 | 50 |
| | باشقىلار | | 10.15 | 60 |
| قۇمۇل شەھىرى | كۆمۈر، تۇز، سېلىتىرا | 47.24 | 350.15 | 985 |
| تارانچى ئىش بېجىرىش ئورنى | كۆمۈر | 1.18 | 310.10 | 94 |

**قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1990- يىلىدىكى كانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى**

جەدۋەل:11 – 12

| ئورۇن | رۇدا مەھسۇلات مىقدارى (تۈمەن توننا) | كانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) |
|---|---|---|
| جەمئىي | 432.06 | 17856.24 |
| ئاپتونوم رايوننىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق كانچىلىق كارخانىلىرى | 261.27 | 10229.86 |
| شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى كانچىلىق كارخانىلىرى | 15.25 | 464.80 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى كانچىلىق كارخانىلىرى | | 155.53 | 7161.58 |
| ۋىلايەتكە قاراشلىق كانچىلىق ـ كارخانىلىرى | | 51.39 | 3643.86 |
| قۇمۇل شەھىرى | جەمئىي | 61.19 | 1945.97 |
| | دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كان | 13.95 | 1595.81 |
| | كوللېكتىپ مۇلۈكچىلىكىدىكى كان | 47.24 | 350.15 |
| باركۆل ناھىيىسى | جەمئىي | 35.30 | 1389.10 |
| | دۆلەت مۇلۈكچىلىكىدىكى كان | 28.10 | 1218.00 |
| | كوللېكتىپ مۇلۈكچىلىكىدىكى كان | 7.20 | 171.10 |
| ئاراتۈرۈك ناھىيىسى | جەمئىي | 6.42 | 168.50 |
| | دۆلەت مۇلۈكچىلىكىدىكى كان | 6.12 | 151.55 |
| | كوللېكتىپ مۇلۈكچىلىكىدىكى كان | 0.30 | 16.95 |
| تارانچى ئىش بېجىرىش ئورنى | | 1.18 | 31.10 |

**8. ئۇقتىلىق كانلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش**

يامانسۇ تۆمۈر كانى ــــ قۇمۇل شەھەر رايونىنىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمىنىڭ 110 كىلومېتىرلىق جايىغا ئورۇنلاشقان بولۇپ، لەنجۇ- شىنجاڭ تۆمۈريولى تاغ ئېغىزى ۋوگزالىدىن 36 كىلومېتىر يىراقلىقتا، ئەتراپى ئادىمىزات ئاياغ باسمىغان چۆل- باياۋان، دېڭىز يۈزىدىن 1100 مېتىر ئەتراپىدا ئېگىز.

1958- يىل 11- ئاينىڭ 18- كۈنى يامانسۇ كانى قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتى رەھبەرلىكىدىكى سىيخ دەرىجىلىك ئورۇن بولۇپ قۇرۇلدى. 1959- يىلى تەدرىجىي يېرىم ماشىنىلىشىپ، يىللىق مەھسۇلاتى 50 مىڭ تونىلىق ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈردى.

1961- يىلى يامانسۇ كانى تەڭشەش جەريانىدا توختىتىلدى. 1963- يىل 7- ئايدا يامانسۇ كانىنى ئاپتونوم رايونلۇق 1- ئاۋغۇست پولات- تۆمۈر زاۋۇتى ئۆتكۈزۈۋالدى. 1966- يىل 6- ئايدا يامانسۇ كانى ئاساسىي قۇرۇلۇش قوماندانلىق شتابى قۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئېغىر سانائەت نازارىتىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1971- يىل 3- ئايدا يامانسۇ كانى ئاساسىي جەھەتتىن قۇرۇلدى. 1973- يىلى بىر قەدەر مۇكەممەل باشقۇرۇش سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى. 1975- يىل 9- ئايدا يامانسۇ كانى ئاپتونوم رايونلۇق مېتاللورگىيە ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە

ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1979- يىل 3- ئايدا شىنجاڭ پولات- تۆمۈر شىركىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1981- يىلى چوڭ دائىلىق ماگنىت ئايرىشنى ئىشقا ئاشۇردى. 1984- يىلغا قەدەر تۆشۈك تېشىش، قېزىش، توشۇش، پارچىلاشتىن ئىبارەت «يۇرۇشلەشكەن» ماشىنىلاشقان قېزىش مەشغۇلاتى ئومۇميۈزلۈك شەكىللەندى. 1985- يىل 10- ئايدا يامانسۇ كانى كان دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، قېزىش يىل چېكىنى 21 يىل قىلىپ بېكىتتى. 1987- يىلى يامانسۇ كانى كان باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئاپتونوم رايون بىلەن تۆت يىلغىچە ئۆزگەرمەيدىغان هۆددىگەرلىك توختامى ئىمزالىدى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر يىلىغا 650 مىڭ توننا تۆمۈر رۇدىسى، 150 مىڭ توننا هاك تاش ئىشلەپچىقىرالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە ئوتتۇرا تىپتىكى ماشىنىلاشقان تۆمۈر كانى بولۇپ شەكىللەندى هەم «7- بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدىكى ۋەزىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇندىدى. كان قۇرۇلۇپ 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر جەمئىي 39 مىليون 874 مىڭ توننا ئېچىش ۋە قېزىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىدى. ئىشلەپچىقارغان تۆمۈر رۇدىسى 6 مىليون 36 مىڭ توننا، هاك تېشى 1 مىليون 382 مىڭ توننا، ئىشقا ئاشۇرغان سانائەت ئومۇمىي مەهسۇلات قىممىتى 119 مىليون 651 مىڭ 400 يۈەن، دۆلەتكە تاپشۇرغان پايدا بېجى 21 مىليون 161 مىڭ 100 يۈەن بولدى.

يامانسۇ كانىنىڭ سانائەت زاپىسى 26 مىليون 488 مىڭ توننا، ئوتتۇرىچە دەرىجىسى Tfe53.17%. كان قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، دۆلەت سالغان جەمئىي مەبلىغى 82 مىليون 318 مىڭ يۈەن، ئىشچى- خىزمەتچى 1607، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال ئىشچى- خىزمەتچىلەر 537، ئاز سانلىق مىللەت خىزمەتچىلەر 170؛ مۇقىم مۈلكى 60 مىليون يۈەن. كان قۇرۇلغان 30 نەچچە يىلدىن بۇيان يامانسۇلۇقلار قاقاسلىقتا يىلتىز تارتىپ، جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىپ، ئەينى چاغدىكى چۆل- باياۋاننى بۈگۈنكى شىنجاڭ بويىچە هەتتا غەربىي شىمال بويىچە ئەڭ چوڭ ئۈستى ئوچۇق كانغا ئايلاندۇردى. تۆمۈر رۇدىسى، هاك تېشى، مانگان رۇدىسى، كۋارتس تېشى، شور قاتارلىق مەهسۇلاتلار رايونىمىز ئىچى- سىرتىدىكى 10 نەچچە زاۋۇتنى تەمىنلىدى. 1988- يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 1- دەرىجىلىك كارخانا قىلىپ ئۆستۈرۈلدى، دۆلەت بويىچە 2- دەرىجىلىك تۆلچەش گۇۋاهنامىسىگە ۋە ئاپتونوم رايون، مېتاللورگىيە مىنىستىرلىكى بويىچە سۈپەت باشقۇرۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، ئۆسكۈنە، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش، گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خىزمىتى ئۇدا كۆپ يىل دۆلەت، مىنىستىرلىك، ئاپتونوم رايون بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1990- يىلى دۆلەت بويىچە 2- دەرىجىلىك كارخانا قاتارىغا ئۆتتى.

## §3. كۆمۈرچىلىك

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چەنلۇڭ ئوتتۇرىلىرىدا تارانچىدا سىناق تەرىقىسىدە كۆمۈر قېزىلدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ جياچىڭ يىللىرى، باركۆلنىڭ تيەنياۋگۇدا كۆمۈر قېزىلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇش هارپىسىدا ۋىلايەتتە بىرەرمۇ مۇنتىزىملاشقان كان قۇدۇقى يوق ئىدى، زامانىۋى كۆمۈرچىلىك سانائىتىدىن تېخىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايتتى. ئۇ چاغلاردا پەقەت ئىككى كۆمۈر كارخانىسى — شىندوڭ كۆمۈر كان مەسئۇلىيىتى چەكلىك شىركىتى ۋە باركۆل يۇشى كۆمۈر كانى بار ئىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ قېزىش ئۇسۇلى قالاق، كۆلىمى كىچىك، مەهسۇلات مىقدارى ئاز ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن 1957- يىلى قۇمۇلدا كۆمۈر سانائىتى كۆلەملىشىشكە باشلىدى. 1979- يىلى ۋىلايەت بويىچە توققۇز جايدا كۆمۈر قېزىلدى، يەنى تارانچى كۆمۈر كانى، قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ شىخۇيياۋ كۆمۈر كانى، قۇمۇل ناهىيىلىك كۆمۈر كان، يىماچۈەن كۆمۈر كانى، باركۆل ناهىيىلىك كۆمۈر كان، قىزىلبۇلتۇز 1- چارۋىچىلىق

مەيدانى كۆمۈر كانى، قىزىل تاغ دېھقانچىلىق مەيدانى كۆمۈر كانى، باركۆل ناھىيىسى كۆيسۇ كۆمۈر كانى، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك كۆمۈر كان، بۇنىڭ ئىچىدە تارانچى كۆمۈر كانى ئەڭ چوڭ.

1950 ~ 1964- يىللىرىچە شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 5- شىسى قىزىلپۇلتۇز كۆمۈر كانى تارانچى كۆمۈر كانىدا ئوتتۇراھال دەرىجىلىك قۇدۇقنى قېزىپ، جەمئىي 660 مىڭ 600 توننا كۆمۈر قازدى.

1979- يىلىدىن كېيىن ۋىلايەت كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشقا ئەھمىيەت بەردى. كۆپ قېتىم تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، مەبلەغ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، مەبلەغ سېلىشنى كۆپەيتتى، ھەر قايسى ناھىيە، شەھەرلىك كۆمۈر كانلارغا قارىتا تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىپ، كۆمۈر سانائىتىنى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدۇردى. 1990- يىلىغا قەدەر، ۋىلايەت تەۋەسىدە يەرلىكتە 10 كان (بىڭتۈەنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە باركۆل ناھىيە تەۋەسىدە يەتتە كان (دۆلەت ئىگىلىكىدە بىر كان، بىڭتۈەنگە قاراشلىق ئىككى كان، بىر يېزا- بازار كۆمۈر كانى، ئۈچ يەككە تىجارەتچىلەر كانى) بار، ئاراتۈرۈك ناھىيە تەۋەسىدە بىر كان، قۇمۇل شەھىرى تەۋەسىدە ئىككى كان بار، جەمئىي ئىشچى- خىزمەتچىسى 1207، ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى 255 مىڭ توننا، بۇنىڭ ئىچىدە باركۆل ناھىيىسىنىڭ 178 مىڭ 100 توننا، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ 14 مىڭ 200 توننا، قۇمۇل شەھىرىنىڭ 25 مىڭ 100 توننا، بىڭتۈەننىڭ 37 مىڭ 500 توننا. تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى ۋىلايەت مەھسۇلات مىقدارىنىڭ 90.15% نى ئىگىلىدى، ئىشچى- خىزمەتچى سانى ۋىلايەتتىكى كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئىشچى- خىزمەتچى سانىنىڭ 66% نى ئىگىلىدى. تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى قۇمۇل شەھىرىنىڭ كۆمۈر يىللىق مەھسۇلات مىقدارى ۋىلايەت يىللىق مەھسۇلات مىقدارىنىڭ 9.85% نى ئىگىلىدى، ئىشچى- خىزمەتچىلەر 34% نى تەشكىل قىلدى. قۇمۇل ۋىلايىتى شىنجاڭ بويىچە كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئاساسلىق بازىنىڭ بىرىگە ئايلاندى، كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشمۇ قۇمۇلنىڭ تۈۋرۈك كەسپىگە ئايلاندى.

1. تارانچى كۆمۈر كانى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 54- يىلى (1715- يىلى) لا تارانچىدا ئەلا سۈپەتلىك كۆمۈر بارلىقى بايقالغان. چيەنلوڭ 26- يىلى (1761- يىلى) چيەنلوڭ خان قېزىشنى تەستىقلىدى. تۇڭجىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىن گۇاڭشۈينىڭ دەسلەپكى يىلىغىچە، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر قايسى قوشۇنلىرى جايىۇگۈەندىن چىقىپ قۇمۇلغا كېلىپ ئورۇنلاشتى، زو زوڭتاڭنىڭ گازارمىسىمۇ قۇمۇلغا كۆچۈپ كەلدى. قۇمۇلدىكى ئىش بېجىرگۈچى ۋەزىر مىڭ چۈن تارانچىدا كۆمۈر قېزىشقا قوشۇن ئەۋەتتى. گۇاڭشۈ 10- يىلى (1884- يىلى) لەشكەر، ئاۋام، سودىگەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى غەربكە كۆچكەچكە، نوپۇس زور دەرىجىدە ئازىيىپ كەتتى، تارانچى كۆمۈر كانىمۇ ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىن ئاۋام باشقۇرۇشىغا ئۆتتى. ئەينى چاغدا كۆمۈر كانغا مەسئۇل خەنزۇ سودىگەر جاۋ فامىلىلىك كىشى (چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قۇمۇلدىكى تارمىقىغا قاراشلىق) ئىشچى قوبۇل قىلىپ 10 نەچچە يىل قازدى، كېيىن جاۋ فامىلىلىك كىشى قېرىپ پالەچ بولۇپ قېلىپ، ئىچكىرىگە قايتىشنى ئويلايدۇ، بۇنىڭ بىلەن توققۇزىنچى ئەۋلاد ۋاڭ شاھمەخسۇت 3000 سەر كۈمۈشكە تارانچىدىكى كۆمۈر قۇدۇقلىرىنى سايمانلىرى بىلەن سېتىۋالدى. گۇاڭشۈ 18- يىلى (1892- يىلى) تارانچى كۆمۈر كانىنى قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسى رەسمىي قېزىپ باشقۇردى. ئوردىدىكى يانچىلار ئادەم كۈچى بىلەن قازدى. ئەينى چاغدا كۆمۈر قېزىشتا تېپىلغان كۆمۈلگەن كۆمۈرنى كولاپ ئالاتتى ياكى بولمىسا ياندىن يانقۇدۇق كولاپ، جىنچىراغ يېقىپ، ئۆرى كولىغانى ئۆزى يۇدۇپ توشۇيتتى ياكى قۇدۇق قېزىپ، قۇدۇق ئىچىدىن تۈز خالىڭ يولى ئېچىپ، كۆمۈر قاچىلانغان سېۋەتنى قۇدۇق ئاغزىغىچە كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئاندىن ياغاچتىن ياسالغان چىغرىق بىلەن يەر يۈزىگە تارتىپ چىقىراتتى. قۇدۇق ئاستىدىن سۇ ۋە گاز چىقسا ياكى قۇدۇق گۈمۈرۈلۈپ چۈشسە، ئۆلۈم ھادىسىسى كېلىپ چىقاتتى.

مىنگونىڭ 23- يىلى (1934- يىلى) تارانچى كۆمۈر كانى ھۆكۈمەتنىڭ قېزىپ باشقۇرۇشىغا قايتۇرۇۋېلىندى. مىنگونىڭ 24- يىلى (1935- يىلى) دىن كېيىن ۋالىي مەھكىمىسى ھۆكۈمەت بىلەن سودىگەرلەر بىرلىكتە باشقۇرۇش، شەخسىي پاينى كۆپەيتىش توغرىسىدا كۆرسەتمە بەردى.

مىنگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى) شىندۇڭ كۆمۈر كان ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى رەسمىي قۇرۇلۇپ، پېيى 230 دىن ئاشتى. كۆمۈر قېزىش ئىشچىلىرى 100 دەك بولۇپ، يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 2 مىليوندىن 5 مىليون جىڭ ئەتراپىدا بولدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن 1951- يىلى تارانچى كۆمۈر كانى ئارقا خالق رايونىنى ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى شىنشاڭ كۆمۈر كان ھەسسىدارلىق شىركىتى، 1958- يىلى قومۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى 2- كانى قىلىپ ئۆزگەرتىلگىچە قېزىپ باشقۇردى. 1979- يىلى قېزىشنى ئاخىرلاشتۇردى. مۇشۇ مەزگىلدە، جەمئىي 2 مىليون 664 مىڭ 400 توننا كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىلدى.

1958- يىلى قومۇل كۆمۈر كان تەييارلىق كۆرۈش ئورنى قۇرۇلۇپ، دۆلەت تارانچى كۆمۈر كانىنى بىر تۇتاش ئاچتى. 1- كان قۇدۇقى 1958- يىلى 7- ئاينىڭ 1- كۈنى قۇرۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. لايىھەدىكى يىللىق كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 300 مىڭ توننىغا يەتتى. 1959 ~ 1979- يىلىغىچە، جەمئىي 1 مىليون 678 مىڭ 500 توننا كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىلدى.

1962- يىل 2- ئاينىڭ 25- كۈنى تارانچى ئۈستى ئوچۇق كۆمۈر كانى قۇرۇلدى. لايىھەدىكى يىللىق كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 1 مىليون 500 مىڭ توننىغا يەتتى. 1966 ~ 1969- يىلىغىچە ئاز مىقداردا قېزىلدى. 1970- يىلى 10- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ رەسمىي قېزىلىشقا باشلىدى، شۇ يىلقى مەھسۇلات مىقدارى 1 مىليون 390 مىڭ توننىغا يەتتى.

1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر كان ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇقىم مۈلۈك ئەسلى قىممىتى 397 مىليون يۈەنگە، يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 1 مىليون 860 مىڭ توننىغا يەتتى. ئىشلەپچىقىرىلغان ئەلا سۈپەتلىك كۆمۈرنىڭ 90% ى قېرىنداش ئۆلكە، رايونلارغا سېتىلدى.

قومۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى — قومۇل كۆمۈر سانائىتىنىڭ باشلامچىسى بولۇپ، مەملىكەت بويىچە كۆمۈر قېزىشتا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان كۆمۈر كانلارنىڭ بىرى. 1985 ~ 1992- يىلىغىچە بولغان ئومۇمىي ھۆددىگەرلىك مەزگىلىدە، ئىدارە بويىچە جەمئىي ئىشلەپچىقىرىلغان كۆمۈر 10 مىليون 380 مىڭ توننا بولۇپ، دۆلەت چۈشۈرگەن پىلاننىڭ 106.9% ى ئورۇندالدى؛ 9 مىليون 150 مىڭ توننا كۆمۈر سىرتقا توشۇلۇپ، پىلاننىڭ 101.2% ى ئورۇندالدى؛ ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 234 مىليون 70 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سالغان مەبلەغ 83 مىليون 610 مىڭ يۈەن، ئۆزى سالغان مەبلەغ 150 مىليون 440 مىڭ يۈەن؛ ئىشقا ئاشۇرغان كۆپ خىل ئىگىلىكتىكى كوللېكتىپ ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 159 مىليون 780 مىڭ يۈەن بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 15.3% بولدى؛ 1 مىليون توننا بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى ئۆلۈش نىسبىتى 0.867% بولۇپ، غەيرىي يارىلىنىش ۋەقەلىرى 1990- يىلى 1985- يىلىدىكىدىن 23.16% تۆۋەنلىدى؛ بارلىق خادىملار ياراتقان ئۈنۈمدارلىق 1985- يىلىدىكى 1204 توننىدىن 1990- يىلى 1615 توننىغا يېتىپ، 34.13% ئاشتى؛ ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمى يىلدىن- يىلغا ئېشىپ، 1990- يىلى 4083.7 يۈەنگە يەتتى، بۇ ھۆددىگە ئېلىشتىن ئىلگىرى يەنى 1984- يىلىدىكىدىن 2583.7 يۈەن ئېشىپ، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 18.2% بولدى. 1985- يىلىدىن بۇيان، ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ كۆمۈرچىلىك مىنىستىرلىكى، ئاپتونوم رايون، كۆمۈرچىلىك سانائىتى نازارىتى، قومۇل ۋىلايىتى قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك تارماقلار تەرىپىدىن «سۈپەتتە ئۆلچەملەشكەن ئىدارە»، «بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئىلغار ئورۇن»، «كوللېكتىپ ئىگىلىكنى

راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئىلغار ئورۇن»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتىدىكى نەمۇنە ئىدارە» قاتارلىق شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشتى. 1990- يىلى دۆلەتنىڭ 2- دەرىجىلىك كارخانىسىغا ئۆستۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆمۈرچىلىك سىستېمىسى بويىچە تۇنجى بولۇپ دۆلەتنىڭ 2- دەرىجىلىك كارخانىسى بولۇپ قالدى.

## 2. بۇرچۇنچى كۆمۈر كان رايونى

بۇرچۇنچى كۆمۈر كان رايونى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان، باركۆلنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدا بولۇپ، ناھىيە بازىرىدىن 89 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بۇرچۇنچى بازىرىدا. كۆمۈر زاپىسى 490 مىليون توننا بولۇپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ كوكس قېزىش بازىسى. بۇ كان چىڭ سۇلالىسىنىڭ جياچىڭ 4- يىلى (1799- يىلى) دىن باشلاپ قېزىلدى. بۇ جاينىڭ يولى تۈز بولۇپ، ئىلگىرى كان رايونىنىڭ غەربىي قىسمىدا پۇقرالار ئىلكىدىكى خاڭدىن يەتتىسى بولۇپ، كان رايونىنىڭ شەرقىي قىسمىدا ھۆكۈمەت ئىلكىدىكى خاڭلار بار ئىدى. مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى) باركۆلدە يۇشى كوكس كان شىركىتى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈلۈپ، 70 ئىشچى قوبۇل قىلىندى. شۇ يىلى 4- ئايدا ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. يۇشى كۆمۈر كانى مىنگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى) ئىشتىن توختىتىلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن 1949- يىلىنىڭ ئاخىرى باركۆل ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمىدە، ياڭ باۋشەن، رېن شېيۈەن قاتارلىق يەتتە ئائىلىنىڭ خۇسۇسىي كۆمۈر خاڭلىرى ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈردى. 1950 - يىلى سەككىز ئائىلىگە تەرەققىي قىلدى، كەسىپكارلار 167 گە يەتتى.

1950- يىلىنىڭ بېشىدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 6- جۈن 16- شى 46- تۇەنى ھۆكۈمەت ئىلكىدىكى خاڭغا بېرىپ قۇدۇق كولاپ كوكس قازدى. 1963- يىلى قىسىم چېكىندى، كاننى يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ داۋاملىق ئىشلەپچىقىرىشىغا تاپشۇرۇپ بەردى. شۇ يىلى 5- ئايدا قىسىم قۇرغان كۆمۈر كان ئاساسىدا، دۆلەت ئىلكىدىكى كوكس زاۋۇتىنى قۇرۇپ، ئىككىنچى يىلى 2- ئايدا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈردى.

1957- يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 5- شىسى قىزىليۇلتۇز 1- چارۋىچىلىق مەيدانى ھۆكۈمەت ئىلكىدىكى خاڭدىن كۆمۈر قېزىپ، شۇ يىلى 57 توننا كۆمۈر ئىشلەپچىقاردى. 1958- يىلى قىزىليۇلتۇز كوكس زاۋۇتى (1966- يىلى قىزىليۇلتۇز كۆمۈر كانىغا ئۆزگەرتىلدى) رەسمىي قۇرۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى (مەزكۇر كان ئىلگىرى- ئاخىر بولۇپ، ئىككى قېتىم ئارالتۇرۇك ھەربىي ئات فېرمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، 1973- يىلى 7- ئايدا بىڭتۇەن قومۇل باشقۇرۇش ئىدارىسىغا قايتۇرۇپ بېرىلدى). 1960- يىلى باركۆل ناھىيىسى قىزىل تاغ دېھقانچىلىق مەيدانى شۇ جايدا كۆمۈر كان قۇرۇپ، ئىككىنچى يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈردى.

1979- يىلى باركۆل كۆيسۇ يېزىلىق كۆمۈركان قۇرۇلۇپ، ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. 1980- يىلى شىرىنزا كۆمۈر كېنى قۇرۇلدى. 1982- يىلى بۇ كان باركۆل ناھىيىلىك كۆمۈر كانىغا سېتىپ بېرىلدى. 1986- يىلى باركۆل داخې يېزىسى دۆڭتۇچۇ كەنتى، شىنخۇ كەنتى، شىرىنزا يېزىسى سەنشىلى گوەنزە كەنتىدە تۆت خۇسۇسىي كۆمۈر كان كەينى- كەينىدىن قۇرۇلدى ھەم ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

1950 ~ 1990- يىللىغىچە دۆلەتنىڭ دۆلەت ئىلكىدىكى كۆمۈر كانلارغا سالغان مەبلىغى 8 مىليون 700 مىڭ يۈەن، شەكىللەنگەن مۇقىم مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 4 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە، كۆمۈر كانىنىڭ ئىشچى- خىزمەتچىسى 977 گە يەتتى. 1990- يىلى يېزا، كەنت، خۇسۇسىي كۆمۈر كانلارنىڭ مۇقىم مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 1 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1990- يىلى بۇرچۇنچى كۆمۈر كان رايونىدا سەككىز كۆمۈر كان، 10 جۈپ ئىشلەپچىقىرىش تىك قۇدۇقى بار ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىلىك كۆمۈر كاندا ئىككى جۈپ، بىڭتۇەن كۆمۈر كانىدا ئۈچ جۈپ، يېزا، كەنت، خۇسۇسىي

كۆمۈر كاندا بەش جۈپ قۇدۇق بار. كوكسنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 270 مىڭ توننا، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىلىك كۆمۈر كاننىڭ 100 مىڭ توننا، بىگتۈمەن كۆمۈر كاننىڭ 80 مىڭ توننا، كوللېكتىپ، خۇسۇسىي كۆمۈر كاننىڭ 90 مىڭ توننا. 1990- يىلى جەمئىي ئىشلەپچىقىرىلغان كوكس 210 مىڭ توننا بولدى. 1950 – 1990 – يىلغىچە 4 مىليون 63 مىڭ توننا ئىشلەپچىقىرىلدى. مەھسۇلاتنى باركۆل ناھىيىسىدە قويمىچىلىققا ۋە ئاھالىلەر ئىشلەتكەندىن باشقا، قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتى، جيۇچۈەن پولات- تۆمۈر شىركىتىگە سېتىلدى.

### 3. ناھىيە، شەھەرلىك كۆمۈر كانلار

**باركۆل ناھىيىلىك كۆمۈر كان** باركۆل ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىدىكى بۇرچۇنچى بازىرىغا جايلاشقان. كان رايونىنىڭ كۆلىمى 34 مىليون 200 مىڭ كۋادرات مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا 1900 مېتىر، شەرقتىن غەربكە 18 مىڭ مېتىر.

1953- يىل 5- ئايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى دېھقانچىلىق مەيدانى (قىزىليۇلتۇز 1- چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ ئىلگىرىكى ئاتىلىشى) دىكى كوكس قۇدۇقىدىن ئىككى جۈپىنى ئۆتكۈزۈۋالدى ھەم خۇسۇسىي كۆمۈر خاڭلىرىنى سېتىۋېلىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كوكس زاۋۇتىنى قۇرۇپ چىقىپ، 1954- يىل 2- ئايدا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈردى. 1990- يىلى باركۆل ناھىيىلىك كۆمۈر كاندا ئىككى قۇدۇق ئەترىتى، بىر ئېلېكترلەشكەن سېخ، 234 ئىشچى- خىزمەتچىسى بار بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئايال ئىشچى- خىزمەتچىلەر 29، ۋاقىتلىق، توختاملىق ئىشچىلار 190. مۇقىم مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 2 مىليون 965 مىڭ 100 يۈەن، ئايلانما مەبلىغى 788 مىڭ 700 يۈەن. 1990- يىلى ئىشلەپچىقارغان كۆمۈر 140 مىڭ توننا، كوكس 36 مىڭ توننا، مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 960 مىڭ يۈەن. تىك قۇدۇقتىن ئىككى جۈپ، ئاربلاشما يانتۇ قۇدۇقتىن بىرسى بار. قېزىش، لىفت، توشۇش، شامال بېرىش قاتارلىق ھەر خىل ئۈسكۈنىلەر 180 دىن ئاشتى. 1990- يىلى، باشقۇرۇش ياخشى بولمىغانلىقتىن، 160 مىڭ 500 يۈەن زىيان بولدى.

1953 ~ 1990- يىلغىچە ياراتقان پايدا 3 مىليون 500 مىڭ يۈەن، يۇقىرىغا تاپشۇرغان باج سوممىسى 700 مىڭ يۈەن، كۆمۈرنىڭ يىللىق مەھسۇلات مىقدارى ئەڭ يۇقىرى بولغان يىل 1985- يىلدىكى 141 مىڭ تونىنغا يەتتى، كوكسنىڭ يىللىق مەھسۇلات مىقدارى ئەڭ يۇقىرى بولغان يىل 1960- يىلى بولۇپ، 51 مىڭ 600 تونىنغا يەتتى.

2) **قۇمۇل شەھەرلىك كۆمۈر كان** تارانچى كانى ئارقا خاڭى 1958- يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بۇ كاننىڭ لايىھەدىكى كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 30 مىڭ توننا. 1979- يىلى ئىشلەپچىقارغان كۆمۈر 33 مىڭ توننا بولۇپ، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 561 مىڭ يۈەن، مەبلەغ ئومۇمىي سوممىسى 717 مىڭ 600 يۈەن، يىل ئاخىرىدىكى مۇقىم مۈلۈك ساپ قىممىتى 563 مىڭ 100 يۈەن، بەلگىلەنگەن ئايلانما مەبلىغى 149 مىڭ 500 يۈەن.

1983- يىلى ناھىيە بىلەن شەھەر قوشۇۋېتىلگەندىن كېيىن، قۇمۇل شەھەرلىك كۆمۈر كانغا ئۆزگەرتىلدى. 1990- يىلى ئىشچى- خىزمەتچىسى 392 گە، قۇرۇلۇش تېخنىكا خادىمى 11 گە، مۇقىم مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 5 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە، ساپ قىممىتى 4 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە، ئايلانما مەبلىغىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 2 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە، ئىشلەپچىقارغان كۆمۈر 72 مىڭ تونىنغا، مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 1 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە، باج سوممىسى 293 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

3) **ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك كۆمۈر كان** يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدىكى ئاھالىلەر بەزىدە ئۆزلىرى نومدىن كۆمۈر قېزىپ قالايتتى، بىراق رەسمىي قېزىلمىغان ئىدى. 1973- يىلى ئاراتۈرۈك ناھىيىسى نوم يېزىسىدا شىتۇسى كان رايونى قۇرۇلدى. 1979- يىلى يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 1438 توننا، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 20 مىڭ يۈەن بولدى، ئىشچى- خىزمەتچى 31، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپكارلار 27. 1990- يىلى كاندىكى

ئىشچى- خىزمەتچى 21، بۇنىڭ ئىچىدە تېخنىك خادىم بىر؛ مۇقىم مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 900 مىڭ يۈەن، ساپ قىممىتى 630 مىڭ يۈەن، ئايلانما مەبلىغىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 250 مىڭ يۈەن؛ قېزىش، توشۇش ئاساسەن ماشىنىلاشقان بولۇپ، يىلىغا 13 مىڭ 200 توننا كۆمۈر قازدى.

## §4. مېتاللورگىيە

قۇمۇلدا مول مېتاللورگىيە سانائىتى بايلىقى بار، لېكىن يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ھېچقانداق پولات- تۆمۈر ئىشلەپچىقىرالمايتتى، ھەتتا تاقىغا ئىشلىتىلىدىغان تۆمۈرمۇ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن ياكى چەت ئەلدىن كىرگۈزۈلەتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن 40 يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق، 1990- يىلى ۋىلايەت بويىچە بىر پولات- تۆمۈر كارخانىسى، ئىككى تۆمۈر قېتىشمىسى ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتى قۇرۇلدى.

قۇمۇل مېتاللورگىيە سانائىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى — پولات- تۆمۈر سانائىتىدىن ئىبارەت. ۋىلايەتتە بىر 28 كۇب مېترلىق دومنا پېچ، بەش سىلىتسىيلىق تۆمۈر توك ئوچاق بولۇپ، ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 13 مىڭ 200 كىلوۋولت . ئامپېر (بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل شەھىرىدە بىر 3200 كىلوۋولت . ئامپېرلىق، تارانچىدا بىر 1800 كىلوۋولت . ئامپېرلىق، قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتىدا ئۈچ 2×3200 كىلوۋولت . ئامپېرلىق، 1×1800 كىلوۋولت . ئامپېرلىق ئوچاق بار)؛ بىر 1000 كىلوۋولت . ئامپېرلىق مانگانلىق تۆمۈر توك ئوچىقى بار. ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرىدىن چويۈن، سىلىتسىيلىق تۆمۈر، مانگانلىق تۆمۈر بار. سىلىتسىيلىق تۆمۈردىن ئەينى چاغدا 14 مىليون 320 مىڭ يۈەنلىك پېرېۋوت يارىتىلدى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ۋىلايەتتىكى پولات- تۆمۈر كارخانىلىرىدا ئىشلەۋاتقان ئىشچى- خىزمەتچى 1363 گە، مۇقىم مەبلىغىنىڭ ئەسلى قىممىتى 22 مىليون 738 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

قۇمۇل ۋىلايەتلىك پولات- تۆمۈر زاۋۇتى 1958- يىل 10- ئايدا قۇرۇلۇشقا باشلىدى، 1959- يىلى 1- نومۇرلۇق، 2- نومۇرلۇق 28 كۇب مېترلىق دومنا پېچ ۋە 1.5 توننىلىق ئۈچ ئايلانما پېچ ئىلگىرى- ئاخىر پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. 1962- يىلى قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتى ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىتىلدى. 1966- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئېغىر سانائەت نازارىتى قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلدى. لېكىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتى تاشلىنىپ قالدى. 1967- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتى چويۈن ئېرىتىش ئىشلەپچىقىرىشنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلدى، بۇنىڭ بىلەن 3- نومۇرلۇق دومناپېچنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى باشلاندى. 1971- يىل 7- ئايدا 3- نومۇرلۇق دومناپېچتىن 1970- يىللاردىكى تۇنجى تۆمۈر ئېرىتمىسى چىقىرىلىشقا باشلىدى.

30 نەچچە يىللىق قۇرۇلۇش ئارقىلىق، قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى تەدرىجىي كېڭەيدى. 1990- يىلى ئىككى 28 كۇب مېترلىق دومنا پېچ بولۇپ، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 30 مىڭ توننىغا يەتتى؛ تۆت قىزدۇرۇش پېچى بولۇپ، ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 9400 كىلوۋولت – ئامپېر، يىلدا ئىشلەپچىقىرىدىغان 75- نومۇرلۇق ئەلا سۈپەتلىك سىلىتسىيلىق تۆمۈر 5500 توننىغا يەتتى. 65- نومۇرلۇق مانگانلىق تۆمۈر 1500 توننا؛ بىر 1.5 توننىلىق توك ئوچاق بولۇپ، يىلدا ئىشلەپچىقىرىدىغان پولات ماتېرىيال 5000 توننىغا يەتتى؛ بىر پولات تۈرۈبا ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى بولۇپ، يىلدا 100 ~ 400 مىللىمېترلىق پولات تۈرۈبا ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 3000 توننىغا يەتتى؛ بىر قۇيمىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى بولۇپ، يىلدا 500 توننا پولات ماتېرىيال ئىشلەپچىقاردى؛ بىر قۇلۇپ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى بولۇپ، يىلدا 1 مىليون دانە قۇلۇپ

ئىشلەپچىقاردى. 1990- يىلى، باركۆل ناھىيىلىك كۆمۈركان بىلەن بىرلىشىپ IKH — 89 تىپلىق كوكس ئىشلەپچىقىرىش پېچىنى قۇردى، بۇنىڭ يىللىق مېتال ئېرىتىش كوكس ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 30 مىڭ توننا؛ خېيفىڭگشەن تۆمۈر كانى يىلدا 100 مىڭ توننا كۋارتس تېشى، 100 مىڭ توننا دولومىت، 20 مىڭ توننا تۆمۈر رۇدىسى ئىشلەپچىقاردى.

زاۋۇت كۆلىمى 1 مىليون 500 مىڭ كۋادرات مېتىر، مۇقىم مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 22 مىليون يۈەن، ھەر خىل تىپتىكى ئۈسكۈنىلەر 574 (يۈرۈش) بولۇپ، ئومۇمىي ئېغىرلىقى 2828 توننا. باش زاۋۇت قارمىقىدا توققۇز شۆبە زاۋۇت، بىر كان ۋە سەككىز ئىشلەپچىقىرىش تىجارەت شىركىتى تەسىس قىلىندى، يەنى يادرولۇق قاتلىمىدا چويۈن ئېرىتىش شۆبە زاۋۇتى، تۆمۈر قېتىشمىسى شۆبە زاۋۇتى، پولات تاۋلاش شۆبە شىركىتى، ئوكسىگېن چەككىلەش شۆبە زاۋۇتى، كان كەسپىي شىركىتى بار. زىچ قاتلىمىدا خېيفىڭگشەن كانى، تۇرۇبا قۇيۇش شۆبە زاۋۇتى، بىناكارلىق- قۇراشتۇرۇش شىركىتى، مەھسۇلاتلارنى سېتىش شىركىتى، ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى بار. يېرىم زىچ قاتلىمىدا قۇمۇل شەرقىي بۇلاق كوكسلاش زاۋۇتى، رادىئاتور چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، ۋەنچىڭ پروكاتلاش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، ئائىلىلەر دېھقانچىلىق مەيدانى بار. زاۋۇت بويىچە 1258 ئىشچى- خىزمەتچى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتلىقلار 71، ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى بارلار بەش؛ ئاز سانلىق مىللەت خادىملىرى 175 بولۇپ، كارخانىدىكى خادىملار ئومۇمىي سانىنىڭ 12.94% ىنى ئىگىلىدى. زاۋۇتتىكى ھەر دەرىجىلىك باشقۇرغۇچى خادىملار 141 بولۇپ، كىچىك تىپتىكى پولات- تۆمۈر بىرلەشمە كارخانىلىرىنىڭ دەسلەپكى كۆلىمىنى شەكىللەندۈردى.

قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ كۆزنەر مەھسۇلاتى بولغان چويۈننىڭ خىمىيىۋى تەركىبى تۇراقلىق، گۈڭگۈرت، فوسفورنىڭ تەركىبى تۆۋەن، قۇرۇلمىسى زىچ بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، ئېھتىياجنى قاندۇرالايدۇ. 75- نومۇرلۇق سىلىتسىيلىق تۆمۈر 1989- يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات دېگەن نامغا ئېرىشتى، 10 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نۇقتىلىق مەھسۇلاتى سۈپىتىدە ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئىچىل ئېكسپورت قىلىنىۋاتىدۇ.

**قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1988 ~ 1990- يىلىغىچە بولغان پولات- تۆمۈر ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش مىقدارى**

جەدۋەل: 11 — 13

| يىل / تۈرلەر | 1988 | 1989 | 1990 | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|
| چويۈن مەھسۇلات مىقدارى (توننا) | 8582 | 11693 | 10357 | 30372 |
| 75- نومۇرلۇق سىلىتسىيلىق تۆمۈر مەھسۇلات مىقدارى (توننا) | 2984 | 4326 | 3966 | 11276 |
| 55- نومۇرلۇق مانگانلىق تۆمۈر مەھسۇلات مىقدارى (توننا) | 1637 | 1507.74 | 578 | 3724.74 |
| سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 684.3 | 901.10 | 807.36 | 2392.76 |

1. تۆمۈر تاۋلاش

1958- يىلىدىكى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» تە، قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئىككى ناھىيە، بىر كان، تۆمۈريول، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 5- شىسى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قۇمۇل شۆبە ھەربىي رايونىدىكى 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم تۆمۈر تاۋلاش ھەل قىلغۇچ جېڭىنى قانات يايدۇردى. «كىچىك، مەھەللىۋى، ئاممىۋى ۋە كىچىك، زامانىۋى، ئاممىۋى دومناپېچلار» ۋە «ئۆششاق ئەجنەبىي دومناپېچلار» ئارقىلىق چويۇن ئېرىتتى. بۇنىڭدا ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى قالاق، سۈپەت ناچار، تەننەرخ يۇقىرى، زىيان چوڭ بولغاچقا، زور ئىسراپچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 1959- يىلى «كىچىك، مەھەللىۋى، ئاممىۋى ۋە كىچىك، زامانىۋى، ئاممىۋى دومناپېچلار» ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1960- يىلغا بارغاندا «ئۆششاق ئەجنەبىي دومناپېچلار» لارمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

1959- يىل 1- ئايدا قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ 1- نومۇرلۇق دومناپېچى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، 9- ئاينىڭ 1 - كۈنى 2- نومۇرلۇق دومناپېچ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، 1960- يىل 8- ئاينىڭ 29- كۈنى 3- نومۇرلۇق دومناپېچ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. 1961- يىلى مەركەزنىڭ خەلق ئىگىلىكىنى تەڭشەش توغرىسىدىكى «سەككىز خەتلىك» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، شۇ يىلى 9- ئاينىڭ 10- كۈنى تۆمۈر تاۋلاش توختىتىلدى. 1959- يىل 5- ئاينىڭ 4- كۈنى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن تارتىپ 1961- يىل 9- ئاينىڭ 10- كۈنى ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىتىلغانغا قەدەر جەمئىي 12 مىڭ توننا چويۇن ئىشلەپچىقاردى.

1971- يىل 7- ئاينىڭ 1- كۈنى 3- نومۇرلۇق دومناپېچنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشى تاماملىنىپ، 8- ئايدا ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، كۈندىلىك ئوتتۇرىچە مەھسۇلاتى 20 تونىنغا يەتتى.

قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتى دومناپېچىنىڭ ئاخىرقى مەھسۇلاتى چويۇن بولۇپ، ئاساسلىقى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋە قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ھەر قايسى ماشىنىسازلىق زاۋۇتى، قۇيمىچىلىق زاۋۇتلىرىنى تەمىنلىدى. 1985- يىلىدىن كېيىن، چويۇن سىچۈەن، گەنسۇ، شاڭخەي، جېجياڭ، خېنەن، جياڭسۇ قاتارلىق ئۆلكە، شەھەرلەرگە سېتىلدى. 1988- يىلىدىن كېيىن ياپونىيىگە سېتىلدى.

2. پولات تاۋلاش

1) قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتىدا پولات تاۋلاش. 1959- يىل 10- ئايدا قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتىدا پولات تاۋلاش سېخى قۇرۇلدى. 11- ئاينىڭ 8- كۈنىدىن 12- ئاينىڭ 18- كۈنىگىچە، 1-، 2-، 3- نومۇرلۇق ئايلانما پېچلار ئارقا ئارقىدىن ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. 1960- يىلى ئىشتىن توختىتىلدى، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەن 13 ئايدا جەمئىي 4758 توننا ئۆكچە پولات ئىشلەپچىقىرىلدى.

2) قۇمۇل تۆمۈريول تەييار مەھسۇلاتلار پولات- تۆمۈر زاۋۇتىدا پولات تاۋلاش. قۇمۇل تۆمۈريول تەييار مەھسۇلاتلار پولات- تۆمۈر زاۋۇتى ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن قۇرۇلغان پولات- تۆمۈر بازىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1959- يىل 3- ئاينىڭ ئاخىرى پولات- تۆمۈر قوماندانلىق شتابى قۇرۇلدى، شتاب ئۆزى لايىھەلەپ قۇرۇلۇش قىلغان ئۈچ 0.5 تونىلىق ئايلانما پېچ قۇرۇلۇشىدا 4- ئايدا ئىش باشلىنىپ، 6- ئاينىڭ 30- كۈنى 0.5 تونىلىق 1- نومۇرلۇق ئايلانما پېچ پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. 9- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بىر ئىككى تونىلىق تۆمۈر ئېرىتىش پېچى، بىر ئۈچ تونىلىق تۆمۈر ئېرىتىش پېچى ۋە ئىسسىق شاماللىق پېچ شۇنداقلا 2-، 3- نومۇرلۇق 0.5 تونىلىق ئايلانما پېچلار ئارقا- ئارقىدىن پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. 10- ئاينىڭ 20- كۈنى، ئىككىنچى ئىككى تونىلىق تۆمۈر ئېرىتىش پېچى ھەم پولات تاۋلاش سېخى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

شۇ يىلى 10- ئاينىڭ 12- كۈنى 34.6 توننا كۈنلۈك ئىشلەپچىقىرىش رېكورتىنى ياراتتى. شۇ يىلى 2001 توننا

پولات تاۋلاندى، بۇنىڭ ئەمەلىي تەننەرخى ھەر توننىسىنىڭ 1233 يۈەن (پىلاندىكى تەننەرخى ھەر توننىسىنىڭ 725 يۈەن) بولدى. 1960- يىلى ئايلانما پېچتا تاۋلانغان پولاتنىڭ ئوتتۇرىچە كۈنلۈك پايدىلىنىش كوئېففىتسېنتى 4.3 تونىنا بولۇپ، لاياقەتلىك نىسبىتى%88 بولدى. شۇ يىلى 2667 تونىنا پولات تاۋلاندى. 1961- يىل 1- ئايدا پولات تاۋلاش توختىتىلدى. بىر يېرىم يىل جەريانىدا جەمئىي 4668 تونىنا ئۇكچە پولات ئىشلەپچىقىرىلدى. 3 مىليون 250 مىڭ يۈەن زىيان بولدى.

3. تۆمۈر قېتىشمىسى ئىشلەپچىقىرىش

1968- يىل 1- ئايدا قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ تۆمۈر قېتىشمىسى شۆبە زاۋۇتىنى قۇرۇش باشلاندى. 1969- يىلى سىلىتسىيلىق تۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش باشلىنىپ، 1988- يىلغا قەدەر، جەمئىي 18 مىڭ 500 تونىنا سىلىتسىيلىق تۆمۈر ئىشلەپچىقىرىلدى. مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشتا خەلقئارا ئۆلچەم ئىجرا قىلىندى. مەھسۇلات ئاپتونوم رايونلۇق پولات- تۆمۈر شىركىتىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرغاندىن سىرت يەنە جياڭسۇ، شاڭخەي قاتارلىق 10 نەچچە ئۆلكە، شەھەرگە سېتىلدى ھەم چەت ئەل بازارلىرىغىمۇ چىقىرىلدى.

1979- يىل 1- ئايدا مانگانلىق تۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش باشلىنىپ، 1988- يىلغا قەدەر، ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە پەقەت قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتىلا ئىزچىل ھالدا مانگانلىق تۆمۈر ئىشلەپچىقاردى. بىر قانچە يىلدىن بۇيان، توك بىلەن تەمىنلەش يېتەرلىك بولمىغاچقا، 1200 كىلوۋولت – ئامپېرلىق مانگانلىق تۆمۈر پېچىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى تولۇق جارى قىلدۇرۇلمىدى. 1979 ~ 1988- يىلىغىچە، قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتى جەمئىي 10 مىڭ 600 تونىنا مانگانلىق تۆمۈر ئىشلەپچىقاردى، خەلقئارا ئۆلچەم ئىجرا قىلىندى.

4. ئالتۇن قېزىش

1987- يىلىدىن ئىلگىرى ۋىلايەتتە ئالتۇن كان يوق ئىدى. 1987 ~ 1988- يىلىغىچە، ۋىلايەتتە ئىلگىرى- ئاخىر بولۇپ قۇمۇل شەھەرلىك ئالتۇن كانى ۋە قۇمۇل بىرلەشمە ئالتۇن كانىدىن ئىبارەت ئىككى ئالتۇن كان قۇرۇلدى.

1) قۇمۇل شەھەرلىك ئالتۇن كان. بۇ كان قۇمۇل شەھەرلىك ئىقتىساد كومىتېتىغا قاراشلىق بولۇپ، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئالتۇنچىلىق كارخانىسى. ئۇ 1988- يىل 4- ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، شىنجاڭ ئالتۇن تەتقىقات ئورنى بىلەن بىرلىشىپ باشقۇردى، 1991- يىلى ئايرىلدى. 1993- يىلى قۇمۇل شەھەرلىك ۋولفرام كانىغا قوشۇۋېتىلىپ، قۇمۇلنىڭ جەنۇبىدىكى 300 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى پوزىچۈەن ئالتۇن كانىنى بىرلىشىپ ئاچتى. بۇ كان شەھەر رايونىدا ئالتۇن تاۋلاش زاۋۇتىنى قۇردى. «8- بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە (1991 ~ 1995- يىلىغىچە)، شەھەرلىك ئالتۇن كانىغا جەمئىي 19 مىليون يۈەندىن كۆپ مەبلەغ سېلىندى. 1994- يىلى 30 مىڭ تونىنا رۇدا قازدى، ئۈچ رۇدا ئايرىش زاۋۇتى قۇرۇلدى. كۈندە 175 تونىنا رۇدىنى بىر تەرەپ قىلدى، 4000 توننىلىق رۇدا تاسقاش مەيدانىدىن ئىككىنى قۇردى. 1988 ~ 1994- يىلىغىچە، جەمئىي 8206.58 سەر ئالتۇن، 8000 سەر كۈمۈش ئىشلەپچىقاردى. باجدىن كېيىنكى پايدىسى 4 مىليون 490 مىڭ يۈەن بولدى.

2) شىنجاڭ قۇمۇل ئالتۇن كانى. شىنجاڭ قۇمۇل ئالتۇن كانى جۇڭگو رەڭلىك مېتال سانائىتى باش شىركىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبە شىركىتى بىلەن قۇمۇل شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىكتە باشقۇرغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى كارخانا. 1986- يىل 12- ئايدا قۇرۇلۇش باشلاپ، 1991- يىلى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. 1992- يىل 11- ئايدا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. ھازىرقى مۇقىم مۈلكى 34 مىليون يۈەن، يىللىق مەھسۇلات ئومۇمىي قىممىتى 30 مىليون يۈەندىن ئارتۇق. ئاساسلىقى ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىپ، قوشۇمچە مىس، نىكېلنى ئايرىدى. يىلىغا 10 مىڭ سەر ئالتۇن ئىشلەپچىقاردى، ئالتۇننىڭ ساپلىقى %99.99 كە يەتتى. يىلدا ئىشلەپچىقىرىدىغان

ئالتۇن قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئالتۇن مەھسۇلات مىقدارىنىڭ 67% ىنى ئىگىلىدى. بۇ، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئالتۇن كەسپىدىكى تۇۋرۇك كارخانا، شۇنداقلا قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ سانائەت كارخانىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ كۆپ پايدا ۋە باج تاپشۇرىدىغان كارخانا ھېسابلىنىدۇ.

## §5. ئېلېكتر كۈچى

### 1. توك چىقىرىش

مىنگونىڭ 27- يىلى (1938- يىلى) لۆگۈاڭمياۋ مېھمانخانىسى ۋە ئوتتۇرا ترانسپورت بېكىتىنى سالغاندا، لۆگۈاڭمياۋدىكى دۆڭنىڭ ئۈستىگە ئۆي سېلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئېلىپ كېلىنگەن گېنېراتور، توك سىمى، سىچوتچىك قاتارلىق ئۈسكۈنىلەر بىلەن بىر «زىس — 5» تىپلىق ئاپتوموبىل ماتورى قۇراشتۇرۇلۇپ، گېنېراتور ھەرىكەتلەندۈرۈلۈپ، بىر نەچچە بېنزىن تۆڭى بىر- بىرىگە چېتىلىپ، تۆڭگە سۇ قاچىلاپ سوۋۇتۇش ئارقىلىق توك چىقىرىلدى.

**1) ئوت كۈچى ئارقىلىق توك چىقىرىش**

مىنگونىڭ 27- يىلى (1938- يىلى) 4- ئايدا ھۆكۈمەت بىلەن سودىگەرلەر بىرلىشىپ قۇمۇل ناھىيىلىك شىنشىن ئېلېكتر چىرىغى چەكلىك ھەسسىدارلىق شىركىتىنى قۇردى، ئورنى قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ لاۋچېڭ شىمالىي دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا بولۇپ، تيەن جۇڭچېڭ مۇدىر، چىن چىلياڭ تېخنىك بولدى، ئۈچ خىزمەتچىسى، تۆت ئىشچى، توك چىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن بىر بىرلەمچى دۋىگاتېل، بىر 15 ئات كۈچىگە ئىگە گېنېراتور (220 ۋولت، 10.5 كىلوۋات) سەپلەندى. مىنگونىڭ 31- يىلى (1942- يىلى) 1- ئايدا قارامايىنى يېقىلغۇ قىلغان گېنېراتور «سۈركىلىش سەۋەبى بىلەن ياخشى ئايلانمىغاچقا»، سۇ كۈچى بىلەن توك چىقىرىشقا ئۆزگەرتىلدى، ماددىي ۋە تېخنىكىلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نەتىجە چىقمىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن 1949 ~ 1957- يىلىغىچە ۋىلايەتتە ئىككى دىزېل ماتورلۇق گېنېراتور بولۇپ، توك چىقىرىش ئىقتىدارى 140 × 2 كىلوۋات ئىدى. توك پەقەت كىچىك دائىرە ئىچىدە يورۇتۇش ئۈچۈنلا ئىشلىتىلەتتى.

1958- يىلى 1- ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلدى. 1970- يىللاردىن باشلاپ، كەينى- كەينىدىن قۇمۇل ۋىلايەتلىك 2- ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 2×1.2 ئونمىڭ كىلوۋاتلىق پار تۇربىنىلىق گېنېراتور گۇرۇپپىسى، بارىكۆلنىڭ 1×03 كىلوۋاتلىق كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى، تۇز- خىمىيە باش زاۋۇتىنىڭ 2×0.15 كىلوۋاتلىق ئېلېكتر ئىستانسىسى، ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ مىڭ كىلوۋاتلىق ئېلېكتر ئىستانسىسى، تارانچىنىڭ 2×0.41 كىلوۋاتلىق پويىز ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلدى. «7- بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە (1986 ~ 1990- يىلىغىچە)، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئېلېكتر كۈچىنىڭ ئېلاستىكىلىق كوئېففىتسېنتى 1.22 بولۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ 1.33 لىك سەۋىيىسىدىن كۆپ پەرقلەنمەي، نورمال ئېشىش سۈرئىتىنى ساقلاپ كەلدى. 1990- يىلى قۇمۇل ۋىلايىتى ئېلېكتر كۈچى سىستېمىسىنىڭ مۇقىم مۈلكى 100 مىليون يۈەنگە، ئىشچى- خىزمەتچىسى 1500 گە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە، 500 كىلوۋاتتىن يۇقىرى توك چىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 74 مىڭ 460 كىلوۋاتقا يېتىپ (سۇ كۈچى بىلەن چىقىرىلغان توكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، 1980- يىلدىكى ئومۇمىي سىغىمچانلىق 31 مىڭ 800 كىلوۋاتتىن 1.4 ھەسسە ئاشتى، 10 يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 8.88% بولدى. چىقىرىلغان توك مىقدارى 133 مىليون 586 مىڭ كىلوۋات

سائەتتىن 277 مىليون 604 مىڭ كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 7.6% بولدى. قۇمۇل شەھىرىدە ھەر يىلى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان توك مىقدارى 678 كىلوۋاتقا يېتىپ، ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەتنىڭ (1985- يىللىق) كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان توك مىقدارىدىن ئايرىم ھالدا 2.48 ۋە 1.75 ھەسسە يۇقىرى بولۇپ، ئاپتونوم رايون، ھەتتا مەملىكەت بويىچە ئېلېكتر كۈچى يېتەرلىك ۋىلايەتكە ئايلاندى. ئاساسىي قۇرۇلۇش كۆلىمى ۋە بىر خىل گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىدىكى يەككە گېنېراتور سىغىمچانلىقىنىڭ توك چىقىرىش، توك بىلەن تەمىنلەش كۆمۈر سەرپىياتىنىڭ كۆرسەتكۈچى ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىرى ئىچىدە بىرىنچى، ئىككىنچى بولدى. ئەمما توك چىقىرىشنىڭ ئۆلچەملىك كۆمۈر سەرپىياتى مەملىكەت ۋە شىنجاڭنىڭ «6- بەش يىللىق پىلانى» نىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى (1985- يىللىق) سەۋىيىسىدىن ئايرىم ھالدا 1.6 ھەسسە ۋە 1.1 ھەسسە يۇقىرى بولدى.

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئېلېكتر كۈچى تورى قۇرۇلمىسى—— 1990- يىلى قۇمۇل شەھىرىنىڭ 110 مىڭ كىلوۋولتلۇق ئېلېكتر تورى، تاغنىڭ شىمالىدىكى 35 كىلوۋولت، 151 كىلومېتىرلىق باركۆل ئېلېكتر تورى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. ئاراتۇرۇكنىڭ كىچىك تىپتىكى سۇ كۈچى بىلەن توك چىقىرىش ئىقتىدارى 35 مىڭ كىلوۋولت بولۇپ، تورلىشىش مۇساپىسى 33 كىلومېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل شەھىرىنىڭ ئېلېكتر تورىنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 200 كىلومېتىردىن ئېشىپ كەتتى ھەم تۆمۈريولنىڭ 35 مىڭ كىلوۋولتلۇق مەخسۇس ئېلېكتر تورى ئارقىلىق شەرقتە قۇمۇل بىلەن چېگرىداش بولغان گەنسۇ خۇڭليۇخې پويىز ئىستانسىسىغا، غەربتە پىچان پويىز ئىستانسىسىغا توك يەتكۈزۈپ بېرىدىغان بولدى، ئېلېكتر كۈچى بىلەن قاپلىنىش كۆلىمى 22 مىڭ 697 كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىپ (تاغ ئېغىزىنىڭ شەرقى، دۆربەجىننىڭ غەربىدىكى تۆمۈريول ياقىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)، قۇمۇل شەھىرىنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 26.71% ىنى تەشكىل قىلدى. 412 كىلومېتىر يۇقىرى بېسىملىق توك يوللاش لىنىيىسى بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 110 كىلوۋولتلۇق توك يوللاش لىنىيىسى 197 كىلومېتىر، 35 كىلوۋولتلۇق توك يوللاش لىنىيىسى 215 كىلومېتىر؛ ئورتاق ئىشلىتىدىغان توققۇز ترانسفورماتور توك تەقسىملەش پونكىتى بولۇپ، باش ترانسفورماتورنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 68 مىڭ 900 كىلوۋولت ـ ئامپېرغا يەتتى.

ھازىر، قۇمۇل ۋىلايىتىدە قۇمۇل شەھىرىنى مەركەز قىلغان، شەرقتە ياماڭسۇ تۆمۈر كانىغىچە، غەربتە تارانچى كان ئىشلىرى ئىدارىسىغىچە بولغان 110 كىلوۋولت ـ ئامپېرلىق ئېلېكتر تورى شەكىللىنىپ، لەنجۇ- شىنجاڭ تۆمۈريولى ۋە دۆلەت يولى 312- لىنىيىسىنى بويلاپ «توز سىزىق شەكلىدە» جايلاشتى. تور دائىرىسىدىكى ئورتاق ئىشلىتىدىغان ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 48 مىڭ كىلوۋات، بۇنىڭ ئىچىدە، 1- ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ قۇراشتۇرۇلغان گېنېراتورى 6000×4 كىلوۋات، 2- ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ قۇراشتۇرۇلغان گېنېراتورى 12000×2 كىلوۋات، ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەيدىغان ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇراشتۇرۇلغان سىغىمچانلىقى 19 مىڭ كىلوۋات، بۇنىڭ ئىچىدە تارانچى كان رايونىنىڭ ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان ئېلېكتر ئىستانسىسى 6000×1+3000+100×1 كىلوۋات. بۇنىڭدىن باشقا يەنە 4000×2 كىلوۋاتلىق پويىز ئېلېكتر ئىستانسىسى بار. ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائەت زاۋۇتىنىڭ ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان ئېلېكتر ئىستانسىسى 1000×1 كىلوۋات. ياسىلىپ بولغان 110 كىلوۋولتلۇق لىنىيە تۆت بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 196 كىلومېتىر. قۇرۇلغان 110 كىلوۋولت ـ ئامپېرلىق ترانسفورماتور توك تەقسىملەش پونكىتىدىن ئۈچى بولۇپ، ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 41.3 مېگاۋولت ـ ئامپېر.

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ تەۋەلىكىدىكى يەتتە قۇدۇق تۇز خىمىيە باش زاۋۇتىنىڭ ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان ئېلېكتر ئىستانسىسى 1500×2 كىلوۋات، باركۆل ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ سىغىمچانلىقى 9700 كىلوۋات (300×2+700 كىلوۋات)، ئاراتۇرۇكنىڭ تۇركۆل يېزىسىدىكى ئاراتۇرۇك ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ سىغىمچانلىقى 750×1 كىلوۋات بولۇپ، ھەر قايسىسى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل سىستېما بولۇپ شەكىللىنىپ، ئۆزى چىقارغان توك بىلەن ئۆزىنى تەمىنلىدى.

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1990- يىلىدىكى ئوت كۈچى ئارقىلىق توك چىقىرىش ئومۇمىي سىغىمچانلىقى: قۇمۇل ۋىلايەتلىك 1- ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 6000×4 كىلوۋات، قۇمۇل ۋىلايەتلىك 2- ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 2×12000 كىلوۋات، تارانچى كۆمۈر كانى ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 2×4000+1×100+1×3000+1×6000 كىلوۋات، يەتتە قۇدۇق تۇز خىمىيە باش زاۋۇتى ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 2×1500 كىلوۋات، قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 1×1000 كىلوۋات، باركۆل ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 1×700+1×3000+2×1500 كىلوۋات، ئاراتۈرۈك ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 1×750 كىلوۋات.

2) سۇ كۈچى بىلەن توك ھاسىل قىلىش

مىنگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى) دىن كېيىن سوۋېت- شىنجاڭ سودا شىركىتىنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق سودا ئىشلىرىنى ۋاكالىتەن بېجىرىش ئورنى يېڭى ئورنىغا كۆچۈپ بېرىپ (ھازىرقى قۇمۇل شەھەرلىك 5- ئوتتۇرا مەكتەپ)، ئاقيەر ئۆستىڭىنىڭ سۈيىنى دۆڭگە باشلاپ چىقىپ، ئارقىراتما ھاسىل قىلىپ، ئارقىراتمىدىن چۈشكەن سۇنىڭ كۈچى بىلەن گېنېراتورنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ توك چىقىرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سودا ئىشلىرىنى ۋاكالىتەن بېجىرىش ئورنىنى توك بىلەن تەمىنلىدى.

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ سۇ كۈچى بايلىقىنىڭ نەزەرىيىۋى زاپىسى 66 مىڭ 200 كىلوۋات. 20- ئەسىرنىڭ 50- يىللىرى، سۇ ئېلېكتر قۇرۇلۇشىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايتتى. قۇمۇلنىڭ سۇ ئېلېكتر قۇرۇلۇشى 1960- يىللارنىڭ بېشىدىن باشلىنىپ، 1970- يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىن 1980- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان مەزگىلدە راۋاج تاپتى.

ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە 1961- يىلى قۇرۇلغان سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى (24×1 كىلوۋات) قۇمۇل ۋىلايىتىدە ئەڭ بالدۇر قۇرۇلغان سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى ھېسابلىنىدۇ. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ۋىلايەت بويىچە 22 كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇپ، بۇنىڭدىن 19 ى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. 1970- يىللاردا قۇرۇلغان ئېلېكتر ئىستانسىلىرىدىن ئاراتۈرۈك ئاداق ئېلېكتر ئىستانسىسى، باركۆل ناھىيىسى ئۈچكۆل ئېلېكتر ئىستانسىسى بار.

1981- يىلى، قۇمۇل ناھىيىسى بەكىنغول ئېلېكتر ئىستانسىسى، باركۆل قىزىلتاغ ئېلېكتر ئىستانسىسى، ئاراتۈرۈك ناھىيىسى بۇرۇل ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلدى؛ 1982- يىلى باركۆل ناھىيىسى غەربىي قاراغول ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلدى؛ 1985- يىلى قۇمۇل شەھىرى تۆرۈك سۇ ئامبىرى توسمىسى ئېلېكتر ئىستانسىسى، قۇمۇل ۋىلايىتى تۇزلەڭلىك ئېلېكتر ئىستانسىسى، قۇمۇل شەھىرى تەڭرىتاغ شۆيىنى (ئېدىر) ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلدى؛ 1986- يىلى ئاراتۈرۈك ناھىيىسى تۇركۆل ئېلېكتر ئىستانسىسى، قۇمۇل قورلۇق ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلدى؛ 1987- يىلى قۇمۇل شەھىرى تەڭرىتاغ (قوراي) ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلدى؛ 1988- يىلى ئاراتۈرۈك ناھىيىسى كۆمەك ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلدى؛ 1988- يىلى باركۆل ناھىيىسى غەربىتاغ سەككىزسالا ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلدى.

يۇقىرىدىكى كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ ھەممىسى سۇ باشلاش تىپىدىكى ئېلېكتر ئىستانسىسى بولۇپ، 22 ئورۇندا 41 گېنېراتور ئورنىتىلدى، سىغىمچانلىقى 6902 كىلوۋات، يىللىق توك چىقىرىش مىقدارى 4 مىليون 456 مىڭ كىلوۋات- سائەت.

ۋىلايىتىمىزنىڭ سۇ كۈچى بايلىقى پەسىل خاراكتېرلىك بولۇپ، ئۆستەڭ ۋە بۇلاق سۈيىدىن ھاسىل قىلىنغاچقا، سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ توك چىقىرىش ۋاقتى قىسقا بولۇپ، پەقەت 500 كىلوۋاتتىن كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىلا قۇرغىلى بولغاچقا، تىزگىنلەش ۋە قاپلىنىش نىسبىتى بىر قەدەر تۆۋەن.

1990- يىلى ۋىلايىتىمىزدىكى سۇ ئېلېكتر سىستېمىسىنىڭ ئىشچى- خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانى 206 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تېخنىك 58 بولۇپ، ئىشچى- خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 28% نى ئىگىلىدى. ۋىلايەتتىكى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 6902 كىلوۋات بولۇپ، توك چىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ھەممىسى

ئۇدۇل ئېقىملىق ئېلېكتر ئىستانسىسى ھېسابلىنىدۇ. قىش پەسلىدە قار، مۇز بىلەن قاپلىنىش ۋاقتى ئۇزۇن بولغاچقا، پەسىللىك توك چىقىرىدۇ، سۇ ئازىيىپ كەتكەن پەسىللەردە، توك چىقىرىش ئىقتىدارى ناھايىتى چەكلىك بولىدۇ. توك چىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىدىن ئوتتۇرىچە يىللىق پايدىلىنىش ۋاقتى 1237 سائەت بولۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ 2643 سائەت، مەملىكەتنىڭ 3853 سائەتلىك سەۋىيىسىدىن خېلىلا تۆۋەن. يىللىق توك چىقىرىش مىقدارى 4 مىليون 456 مىڭ كىلوۋات ـ سائەت. بۇ، ۋىلايىتىمىزدىكى سۇ ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

(1) ئاراتۈرۈك كۆمەك ئېلېكتر ئىستانسىسى. ئورنى ئاراتۈرۈك ناھىيە بازىرى ئاراتۈرۈك دەرياسىنىڭ جەنۇبىي ساھىلىدا، گېنېراتور سىغىمچانلىقى 125×2 كىلوۋات بولۇپ، 1980- يىلى قۇرۇلدى.

(2) ئاداق ئېلېكتر ئىستانسىسى. ئورنى ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ ئاداق يېزىسىدا، گېنېراتور سىغىمچانلىقى 12×2 كىلوۋات بولۇپ، 1975- يىلى قۇرۇلدى.

(3) قوشماق ئېلېكتر ئىستانسىسى. ئورنى قۇمۇل شەھىرى تاشۆيلىق يېزىسىغا تەخمىنەن 20 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا، 1976- يىلى قۇرۇلۇپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، كېيىن كاردىن چىقتى. 1989- يىلى قايتىدىن ئۆزگەرتىپ قۇرۇلدى، گېنېراتور سىغىمچانلىقى 75×2 كىلوۋات.

(4) ئۆچكۆل ئېلېكتر ئىستانسىسى. ئورنى باركۆل ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى سەنتاگخۇ يېزىسىدا، ئەسلىدە گېنېراتور سىغىمچانلىقى 40×1 كىلوۋات بولۇپ، كېيىن 24×1 كىلوۋاتقا ئۆزگەرتىلدى، 1977- يىلى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

(5) خوتۇنتام ئېلېكتر ئىستانسىسى. ئورنى قۇمۇل شەھىرى تاشۆيلىق رايونىدىكى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان خوتۇنتامدا، 1980- يىلى قۇرۇلدى، گېنېراتور سىغىمچانلىقى 40×2 كىلوۋات.

(6) بوغاز ئېلېكتر ئىستانسىسى. ئورنى قۇمۇل شەھىرى بوغاز يېزىسىدا، 1980- يىلى قۇرۇلدى، گېنېراتور سىغىمچانلىقى 75×1 كىلوۋات.

(7) شىرىنزا ئېلېكتر ئىستانسىسى. ئورنى باركۆل ناھىيىسىنىڭ شىرىنزا يېزىسىدا، 1980- يىلى قۇرۇلدى، گېنېراتور سىغىمچانلىقى 320×2 كىلوۋات.

(8) بەكنغول ئېلېكتر ئىستانسىسى، ئورنى قۇمۇل شەھىرى غەربىتاغ رايونى تاراتىدا، 1981- يىلى قۇرۇلدى، گېنېراتور سىغىمچانلىقى 40×2 كىلوۋات.

(9) خۇفسەن ئېلېكتر ئىستانسىسى. ئورنى باركۆل ناھىيىسى خۇگەن دېھقانچىلىق مەيدانىدا، 1981- يىلى قۇرۇلدى، گېنېراتور سىغىمچانلىقى 320×3 كىلوۋات.

(10) بۇرۇل ئېلېكتر ئىستانسىسى. ئورنى ئاراتۈرۈك ناھىيىسى توخۇلۇ يېزىسىدا، 1981- يىلى قۇراشتۇرۇلدى، گېنېراتور سىغىمچانلىقى 40×1 كىلوۋات.

(11) غەربىي قاراغول ئېلېكتر ئىستانسىسى. ئورنى باركۆل ناھىيىسى خۇايۇەن يېزىسى غەربىي قاراغولدا، قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئەڭ چوڭ كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى ھېسابلىنىدۇ، گېنېراتور سىغىمچانلىقى 400×3 كىلوۋات، 1982- يىلى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، ئۇ باركۆل ناھىيىسىدىكى مۇھىم سۇ توك مەنبەسى بولۇپ، ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان.

(12) تۆرۈك سۇ ئامبىرى ئېلېكتر ئىستانسىسى. ئورنى قۇمۇل شەھىرى سۇ ئامبىرى توسمىسىدا، سۇ ئامبىرى بىلەن يۈرۈشلەشتۈرۈلۈپ 1985- يىلى قۇرۇلدى، ناھايىتى ئاز ئىشلىتىلىدۇ، سىغىمچانلىقى 75×1 كىلوۋات.

(13) تۆزلەڭلىك ئېلېكتر ئىستانسىسى. ئورنى قۇمۇل شەھىرى تۆرۈك سۇ سىستېمىسى باشقۇرۇش ئورنىنىڭ يېڭى ئۆيلىرىنى توك بىلەن تەمىنلەش باش پونكىتى (قىزىلئۇلتۇز ئۆستىڭىنىڭ ئاياغ تەرىپى) دا، گېنېراتور

سىغىمچانلىقى 160×3 كىلوۋات، 1985- يىلى توك تارقاتتى.

(14) شۆيتى ئېلېكتر ئىستانسىسى. ئورنى قۇمۇل شەھىرى تەگرىتاغ ئېدىر يېزىسىدا، 1985- يىلى قۇرۇلدى، سىغىمچانلىقى 5×1 كىلوۋات.

(15) تۇركۆل ئېلېكتر ئىستانسىسى. ئورنى ئاراتۈرۈك ناھىيىسى تۇركۆل چارۋىچىلىق فېرمىسىدا، 1986- يىلى قۇرۇلدى، گېنېراتور سىغىمچانلىقى 75×1+160×2 كىلوۋات.

(16) قۇرلۇق ئېلېكتر ئىستانسىسى. ئورنى قۇمۇل شەھىرى غەربىتاغ قۇرلۇقتا، 1986- يىلى قۇرۇلدى، گېنېراتور سىغىمچانلىقى 75×1+125×1 كىلوۋات.

(17) تەڭرىتاغ ئېلېكتر ئىستانسىسى. ئورنى قۇمۇل شەھىرى قورايدا، 1987- يىلى قۇرۇلدى، گېنېراتور سىغىمچانلىقى100×2 كىلوۋات.

(18) كۆمەك ئېلېكتر ئىستانسىسى. ئورنى ئاراتۈرۈك ناھىيىسى توخۇلۇ يېزىسى كۆمەكتە، 1988- يىلى قۇرۇلدى، گېنېراتور سىغىمچانلىقى 320×3 كىلوۋات، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ ئاساسلىق توك مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ.

(19) سەككىزسالا ئېلېكتر ئىستانسىسى. ئورنى باركۆل ناھىيىسى سارچوقا يېزىسىنىڭ كۆنگەيسۇ رايونىدا، گېنېراتور سىغىمچانلىقى 75×2 كىلوۋات.

### قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1978 ~ 1990- يىللىغىچە يېزىلارنى ئېلېكترلەشتۈرۈش ئەھۋالى

جەدۋەل: 11 – 14

| تۈرى / يىل | يېزا ئېلېكتر ئىستانسىلىرى | | بۇنىڭ ئىچىدە سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرى | | | | يېزا ئىشلەتكەن توك (تۈمەن كىلوۋات) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئىستانسا سانى | توك چىقىرىش ئىقتىدارى (كىلوۋات) | يېزا قۇرغان | | كەنت ۋە كەنتتىن تۆۋەن دەرىجىلىكلەر قۇرغان | | |
| | | | ئىستانسا سانى | توك چىقىرىش ئىقتىدارى (كىلوۋات) | ئىستانسا سانى | توك چىقىرىش ئىقتىدارى (كىلوۋات) | |
| 1978 | 92 | 856 | 15 | 300 | | | 2482 |
| 1979 | 89 | 1367 | 6 | 237 | 3 | 47 | 2471 |
| 1980 | 90 | 1716 | 3 | 56 | 2 | 35 | 1256 |
| 1981 | 56 | 4256 | 7 | 243 | 2 | 249 | 1227 |
| 1982 | 96 | 2279 | 10 | 470 | 2 | 332 | 2290 |
| 1983 | 83 | 6793 | 5 | 93 | 2 | 652 | 2003 |
| 1984 | 23 | 1450 | 12 | 528 | 2 | 386 | 2063 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1942 | 12 | 1 | 1165 | 15 | 2588 | 20 | 1985 |
| 2500 | 681 | 5 | 380 | 7 | 1333 | 16 | 1986 |
| 2637 | 681 | 5 | 968 | 9 | 1778 | 30 | 1987 |
| 2861 | 480 | 8 | 943 | 13 | 1730 | 26 | 1988 |
| 1892 | 763 | 6 | 962 | 14 | 2032 | 25 | 1989 |
| 2978 | 1154 | 10 | 524 | 13 | 2380 | 29 | 1990 |

3) شامال، قۇياش ئېنېرگىيىسىدىن توك ھاسىل قىلىش. ۋىلايىتىمىزنىڭ شامال، قۇياش ئېنېرگىيىسى بايلىقى ئىنتايىن مول.

(1) شامال ئېنېرگىيىسىدىن توك ھاسىل قىلىش. قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ شامال ئېنېرگىيىسى بايلىقى گەنسۇ ۋە ئىچكى موڭغۇلدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. مۆلچەرلەنگەن مىقدارى 3 مىليارد 380 مىليون كىلوۋات، ئېچىشقا بولىدىغان مىقدارى 836 مىڭ كىلوۋات بولۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئېچىشقا بولىدىغان مىقدارى 2 مىليون كىلوۋاتنىڭ 41.8% ىنى ئىگىلىدى. ۋىلايەت تەۋەلىكىدىكى جايلارنىڭ يىللىق شامال كۈچىنىڭ ھەر كۋادرات مېترغا توغرا كەلگەن ئېنېرگىيە مىقدارى 100 ۋاتتىن ئاشىدۇ، تېزلىكى 3 مېتىر/سېكۇنت بولغان شامال چىقىش ۋاقتى 3000 سائەتتىن كۆپ بولىدۇ. تېزلىكى 6 مېتىر/سېكۇنتتىن يۇقىرى بولغان شامالنىڭ چىقىش ۋاقتى 1000 سائەتتىن كەم ئەمەس. ئوتتۇرىچە شامال تېزلىكى شەرقتىن غەربكە تەدرىجىي كۈچىيىپ بارىدۇ، غەربتىكى يۈز چاقىرىملىق بوران رايونىدا شامال تېزلىكى ھەر سېكۇنتتا 9.3 مېتىردىن 13.2 مېتىرغا يېتىدۇ، ئەڭ تېز سۈرئىتى ھەر سېكۇنتتا 50 مېتىرغا يېتىدۇ. ئۈچكۆل، نوم ئويمانلىقىدا يىللىق ئوتتۇرىچە شامال سۈرئىتى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ھەر سېكۇنتتا 5.9 مېتىرغا ۋە 4.7 مېتىرغا يېتىدۇ.

1985 ~ 1990- يىلىغىچە ئىككى ناھىيە، بىر شەھەردە جەمئىي 54 شامال ئېنېرگىيىلىك گېنېراتورى قۇراشتۇرۇلدى. يەككە گېنېراتورنىڭ قۇۋۋىتى 50 ~ 150 ۋاتقىچە بولۇپ، ئومۇمىي قۇۋۋىتى 3650 ۋات، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل شەھىرى كىرگۈزگەن كىچىك تىپتىكى شامال گېنېراتورى 19، قۇۋۋىتى 900 ۋات، بۇلار يەتتە قۇدۇق، ماجۇاگەن قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. باركۆل ناھىيىسىنىڭ ئۈچكۆل، قۇلۇنچەي (جىڭغىلدى) قاتارلىق جايلارغا قۇۋۋىتى 1500 ۋات بولغان 20 گېنېراتور ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 1985- يىلى شامال ئېغىزى رايونى يەتتە قۇدۇقتا 50×2 كىلوۋاتلىق گېنېراتوردىن بىرسى قۇراشتۇرۇلدى، ئۇنىڭ يىللىق توك چىقىرىش مىقدارى 144 كىلوۋات ـ سائەت. تاشۋىلىقتا 1×50 كىلوۋاتلىق بىر گېنېراتور قۇراشتۇرۇلدى، يىللىق توك چىقىرىش مىقدارى 90 كىلوۋات ـ سائەت.

(2) قۇياش ئېنېرگىيىسىدىن توك ھاسىل قىلىش. ۋىلايىتىمىزنىڭ قۇياش ئېنېرگىيىسى بايلىقى چىڭخەي- شىزاڭ ئېگىزلىكىدىن قالسىلا مەملىكەت بويىچە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. دۆلەت تەرىپىدىن 1- تۈردىكى قۇياش ئېنېرگىيىسى رايونى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. قۇياش ئېنېرگىيىسىنىڭ يىللىق رادىئاتسىيە ئومۇمىي مىقدارىنىڭ ئوتتۇرىچە قىممىتى يىلىغا 6296.08MJ/㎡، قۇمۇل شەھىرىنىڭ قۇياش ئېنېرگىيىسى ئومۇمىي رادىئاتسىيە مىقدارى يىلىغا 6338.8MJ/㎡، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ يىلىغا 5903.4MJ/㎡، باركۆل ناھىيىسىنىڭ يىلىغا 6133.6MJ/㎡.

تاغنىڭ جەنۇبىدا كۆن نۇرىنىڭ يىللىق چۈشۈش ۋاقتى، تاغنىڭ شىمالىدىكىدىن كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە يۇقىرى. قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى شىڭشىڭشيادا يىللىق كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى 3549.5 سائەت بولۇپ، دۇنيا بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ.

1989- يىلى ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتى كرىستال سىلىتسىيلىق فوتوئېففېكت باتارېيىسى ئىشلەش تېخنىكىسىنى كىرگۈزدى. 1990- يىلى چارۋىچىلىق رايونلىرىغا ۋە چەت يول ئاسراش داۋەنلىرىگە بۇنىڭدىن 200 نى سېتىپ بەردى، ئومۇمىي قۇۋۋىتى 4000 ۋات بولۇپ، خېرىدارلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

1989- يىل 11- ئايدا قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتىنىڭ قۇياش ئېنېرگىيىسى ئېلېكتر ئەسۋابلىرى زاۋۇتى تەڭرىتاغ بۇتخانىسى تاشيول ئاسراش داۋىنىغا دىزېل گېنېراتورى ئورنىدا ئىشلىتىدىغان قۇۋۋىتى 500WP لىق كرىستال سىلىتسىيلىق قۇياش ئېنېرگىيىسى ئېلېكتر پونكىتىنى لايىھىلەپ قۇرۇپ بەردى.

2. توك بىلەن تەمىنلەش

1958- يىلى قۇمۇل ئېلېكتر ئىستانسىسى توك تەمىنلەش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، ئۇنىڭ قارمىقىدا سىرتقى لىنىيە گۇرۇپپىسى، تىجارەت گۇرۇپپىسىدىن ئىبارەت ئىككى گۇرۇپپا تەشكىللىدى، ئىشچى- خىزمەتچىسى 89 غا يەتتى. قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەھەر رايونىدىكى بىر قىسىم كوچىلار، تۆمۈريول ۋە قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتىنى توك بىلەن تەمىنلەشكە مەسئۇل بولدى. 1959- يىل 10 ئايدا توك تەمىنلەش گۇرۇپپىسى توك تەمىنلەش بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. 1990- يىلى توك تەمىنلەش دائىرىسى شەھەر رايونىدىكى تۆمۈريول ياقىلىرى، ئىككى كان رايونى ۋە 15 شۆبە مەيدانغا كېڭەيتىلدى. 1985- يىل 12- ئايدا توك تەمىنلەش شىركىتى قۇرۇلدى.

1965 ~ 1990- يىلغىچە، توك ئۆزىتىش لىنىيىسى قۇرۇلۇشىدىن 110 كىلوۋولتلۇق قۇمۇل- يامانسۇ لىنىيىسى، 194.5 كىلومېتىرلىق قۇمۇل- دۆربەجىن لىنىيىسى، 35 كىلوۋولتلۇق 22.8 كىلومېتىرلىق قۇمۇل – شياۋيىگفاڭ لىنىيىسى، دۆربەجىن – تارانچى لىنىيىسى لايىھىلىنىپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

لايىھىلەنگەن ھەم ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن توك ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشلىرىدىن 35 كىلوۋولتلۇق شياۋيىگفاڭ ترانسفورماتور پونكىتى، قوشتىكەن ترانسفورماتور پونكىتى، 110 كىلوۋولتلۇق دۆربەجىن ترانسفورماتور پونكىتى، خۇڭگۇاڭ ترانسفورماتور پونكىتى، يامانسۇ ترانسفورماتور پونكىتى بار.

بۇنىڭدىن سىرت، قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتىغا 35 كىلوۋولتلۇق، 5600×1 كىلوۋولت – ئامپېرلىق ترانسفورماتور پونكىتى ۋە ئىككى كىلومېتىرلىق 35 كىلوۋولتلۇق لىنىيە لايىھىلەپ بېرىلدى.

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ توك ئۆزىتىش قۇرۇلۇشى لايىھىسى

جەدۋەل: 11 – 15

| قۇرۇلۇش تۈرى | لايىھىلەنگەن ۋاقتى (يىل) | لايىھە پۈتكەن ۋاقتى (يىل) | سىغىمچانلىقى (كىلوۋولت – كىلومېتىر) | ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن ۋاقتى | سېلىنغان مەبلەغ (تۈمەن يۈەن) | ئىزاھ |
|---|---|---|---|---|---|---|
| قۇمۇل- شياۋيىگفاڭ لىنىيىسى | 1965 | | 35/3.3 | 1967.6 | 22.6 | قوش لىنىيە |
| قۇمۇل دۆربەجىن لىنىيىسى | 1966 | | 110/61.5 | 1969.12 | 176.69 | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| دۆربەجىن- ئارانچى لىنىيىسى | 1972 | | 35/19.5 | 1969.12 | 29.4 | |
| قۇمۇل- يامانسۇ لىنىيىسى | 1975 | | 110/133 | 1979 | 441.2 | |
| قۇمۇل پولات زاۋۇتى لىنىيىسى | 1972 | | 35/2 | | 5.17 | توك ئىشلەتكۈچى |
| شياۋنىگىغالاڭ ترانسفورماتور پونكىتى | 1966 | 1966 | 1×5600+1×6300/35 | 1978.5 | | |
| دۆربەجىن ترانسفورماتور پونكىتى | 1966 | 1967 | 2×7500/110 | 1988.5 | | |
| قۇمۇل پولات زاۋۇتى ترانسفورماتور پونكىتى | 1972 | 1972 | 1×5600/35 | | 90.72 | |
| قىزىل ئۆز ترانسفورماتور پونكىتى | 1976 | 1978 | 2×8000/110 | | 100.5 | |
| يامانسۇ ترانسفورماتور پونكىتى | 1977 | 1978 | 2×6300/10 | | 123.8 | |
| باركۆل خۇگىمىن ترانسفورماتور پونكىتى | 1977 | 1978 | 2×1600/35 | | 33.28 | |
| قوشئىگىمەن ترانسفورماتور پونكىتى | 1985 | | 2×8000/35 | | 182.5 | |

1990- يىلغا كەلگەندە ۋىلايەت بويىچە يېزىلارنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىغا توك يەتكۈزۈلدى. چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ توك ئۆزىتىش- تەقسىملەش تورى قۇرۇلۇشى تېز سۈرئەت بىلەن ئېلىپ بېرىلدى. 1985- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ۋىلايەت بويىچە تارتىلغان يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى 808.39 كىلومېتىر (بۇنىڭ ئىچىدە 35 كىلوۋولتلۇق توك سىمى 102.01 كىلومېتىر، ئۈچ كىلوۋولتتىن 10 كىلوۋولتقىچە بولغان توك سىمى 706.38 كىلومېتىر)، تۆۋەن بېسىملىق توك سىمى 618.78 كىلومېتىر بولدى. توك تەمىنلەش ترانسفورماتورىدىن 35 كىلوۋولتلۇق ئالتە ترانسفورماتور پونكىتى (سانى 12، سىغىمچانلىقى 16 مىڭ 800 كىلوۋولت - ئامپېر) 1147، ئۈچ كىلوۋولتتىن 10 كىلوۋولتقىچە بولغان توك تەمىنلەش ترانسفورماتور (سىغىمچانلىقى 32 مىڭ 755 كىلوۋولت - ئامپېر) بار بولدى.

1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ۋىلايەتنىڭ يۇقىرى بېسىملىق لىنىيىسى 1110.15 كىلومېتىرغا يەتتى (قۇمۇل شەھىرىنىڭ 568.13 كىلومېتىر، باركۆل ناھىيىسىنىڭ 144.87 كىلومېتىر، ئارانتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ 47.3 كىلومېتىر، ۋىلايەت بويىچە كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ 7.5 كىلومېتىر، بىڭتۇەن قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ 342.25 كىلومېتىر)، بۇنىڭ ئىچىدە 35 كىلوۋولتلۇق لىنىيە 82.95 كىلومېتىر (قۇمۇل شەھىرىنىڭ 54.9 كىلومېتىر، باركۆل ناھىيىسىنىڭ 28.05 كىلومېتىر)، ئالتە كىلوۋولتتىن 10 كىلوۋولتقىچە بولغان لىنىيە 1027.1 كىلومېتىر (قۇمۇل شەھىرىنىڭ 513.23 كىلومېتىر، باركۆل ناھىيىسىنىڭ 116.82 كىلومېتىر، ئارانتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ 47.3 كىلومېتىر، ۋىلايەت بويىچە كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ 7.5 كىلومېتىر، بىڭتۇەن قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ 342.25 كىلومېتىر).

ۋىلايەتنىڭ تۆۋەن بېسىملىق توك لىنىيىسى 758.96 كىلومېتىر (قۇمۇل شەھىرىنىڭ 317.47 كىلومېتىر، باركۆل ناھىيىسىنىڭ 105.58 كىلومېتىر، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ 42.5 كىلومېتىر، ۋىلايەت بويىچە كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ 0.4 كىلومېتىر، بىڭتۈەن قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ 293.01 كىلومېتىر). سەككىز ئورۇندا 15 ترانسفورماتور بار، ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 20 مىڭ 300 كىلوۋولت – ئامپېر (قۇمۇل شەھىرىنىڭ 10 مىڭ 400 كىلوۋولت - ئامپېر، باركۆل ناھىيىسىنىڭ 3100 كىلوۋولت - ئامپېر، بىڭتۈەن قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ 6800 كىلوۋولت - ئامپېر) بولۇپ، ھەممىسى 35 كىلوۋولتلۇق ترانسفورماتور پونكىتىدىن ئىبارەت. 0.4 ~ 10 كىلوۋولتلۇق 1460 توك تەقسىملەش ترانسفورماتورى بار (قۇمۇل شەھىرىنىڭ 667، باركۆل ناھىيىسىنىڭ 110، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ 29، بىڭتۈەن قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ 654)، سىغىمچانلىقى 70 مىڭ 874 كىلوۋولت – ئامپېر (قۇمۇل شەھىرىنىڭ 27 مىڭ 755 كىلوۋولت – ئامپېر، باركۆل ناھىيىسىنىڭ 6700 كىلوۋولت – ئامپېر، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ 2260 كىلوۋولت – ئامپېر، بىڭتۈەن قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ 34 مىڭ 159 كىلوۋولت – ئامپېر).

ۋىلايەت بويىچە 1990- يىلىغىچە، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان بەش ترانسفورماتور پونكىتى قۇرۇلدى:

(1) قۇمۇل شەھىرى ئاستانە ترانسفورماتور پونكىتى. 35 كىلوۋولتلۇق. باش ترانسفورماتورنىڭ سىغىمچانلىقى 2/3150KVA×1+1000KVA، يەنى 4150 كىلوۋولت – ئامپېر.

(2) قۇمۇل شەھىرى بۇلۇڭتوغراق ترانسفورماتور پونكىتى. 35 كىلوۋولت، لىنىيىسى 23.15 كىلومېتىر، باش ترانسفورماتورنىڭ سىغىمچانلىقى1×2/3150KVA×1+1000KVA، يەنى 4150 كىلوۋولت – ئامپېر. 1982- يىلى ئۆزگەرتىپ قۇرۇلدى، باش ترانسفورماتورنىڭ سىغىمچانلىقى 2×2/3150KVA، يەنى 6300 كىلوۋولت – ئامپېر.

(3) قۇمۇل شەھىرى قارادۆۋە ترانسفورماتور پونكىتى. لىنىيىسى 21.3 كىلومېتىر، باش ترانسفورماتورنىڭ سىغىمچانلىقى 2×2/1000KVA، يەنى 2000 كىلوۋولت – ئامپېر.

(4) ساقا ترانسفورماتور پونكىتى. 35 كىلوۋولت، لىنىيىسى 20.4 كىلومېتىر، باش ترانسفورماتورنىڭ سىغىمچانلىقى 2/1000KVA×1+800KVA، يەنى 1800 كىلوۋولت – ئامپېر. 1981- يىلى ئۆزگەرتىپ قۇرۇلدى، باش ترانسفورماتورنىڭ سىغىمچانلىقى 2×2/2000KVA، يەنى 4000 كىلوۋولت – ئامپېر.

(5) قىزىليۇلتۇز 2- دېھقانچىلىق مەيدانى ترانسفورماتور پونكىتى. 35 كىلوۋولت، لىنىيىسى يەتتە كىلومېتىر، باش ترانسفورماتورنىڭ سىغىمچانلىقى 2×2/2000KVA، يەنى 4000 كىلوۋولت – ئامپېر.

3. توك ئىشلىتىش

1990- يىللىق ستاتىستىكىدا ۋىلايەت بويىچە ئىشلىتىلگەن توكتىن سانائەتكە ئىشلىتىلگىنى تەخمىنەن ۋىلايەتنىڭ يىللىق چىقارغان توك مىقدارىنىڭ 60.9% نى ئىگىلىدى.

يېزىلاردا ئىشلىتىلگەن توكتا، دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش، يېزا (كەنت) سانائىتى ۋە يورۇتۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ئاز مىقداردىكى توكتىن سىرت، ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىش، يەر سۇغىرىشتا ئىشلىتىلگەن توك ئاساسىي ئورۇندا تۇردى. يېزىلاردا ئىشلىتىلگەن توكنىڭ سېتىلىش مىقدارىنىڭ نىسبىتى 1962- يىلىدىكى 22.13% تىن تەدرىجىي ھالدا 1978- يىلىدىكى 56.8% كە يەتتى، 1990- يىلى 36% كە چۈشۈپ قالدى.

شەھەر ئاھالىسىنى تەمىنلىگەن توك ئومۇمىي ئىشلىتىلگەن توكنىڭ تەخمىنەن 9% نى ئىگىلىدى.

ۋىلايەت تەۋەلىكىدىكى يېزا نوپۇسى 183 مىڭ 345 (بىڭتۈەننىڭ نوپۇسى، تېرىلغۇ يېرى، ئىشلەتكەن توكى

بۇنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈلمىدى)، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 707 مىڭ 500 مو، بۇنىڭ ئىچىدە، توك كۈچى ئارقىلىق سۇغىرىلىدىغان يەر 142 مىڭ 111 مو بولۇپ، 20% نى ئىگىلىدى. ۋىلايەتنىڭ يىللىق توك چىقىرىش مىقدارى 1990- يىلى 217 مىليون 718 مىڭ كىلوۋات ــ سائەت بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە، كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرى چىقارغان توك 4 مىليون 456 مىڭ كىلوۋات ــ سائەت، كىچىك ئوت ئېلېكتر ئىستانسىلىرى چىقارغان توك 212 مىليون 116 مىڭ كىلوۋات ــ سائەت، دىزېل گېنېراتور توكى 1 مىليون 146 مىڭ كىلوۋات ــ سائەت. ئىشلىتىلگەن توكنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 43 مىليون 881 مىڭ كىلوۋات ــ سائەت، بۇنىڭ ئىچىدە توپ سېتىلغىنى 40 مىليون 266 مىڭ كىلوۋات ــ سائەت، سۇ چىقىرىش، سۇغىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگىنى 27 مىليون 310 مىڭ كىلوۋات ــ سائەت، يېزىلار پىششىقلاپ ئىشلەش ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلگىنى 639 مىڭ كىلوۋات ــ سائەت. كەنت دەرىجىلىكتىن تۆۋەن سانائەتكە ئىشلىتىلگىنى 4 مىليون 565 مىڭ كىلوۋات ــ سائەت، يېزا- كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشقا ئىشلەتكىنى 1 مىليون 730 مىڭ كىلوۋات ــ سائەت، ناھىيە بازىرى ئىشلەتكىنى 7 مىليون 154 مىڭ كىلوۋات ــ سائەت. بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى سانائەتكە ئىشلىتىلگىنى 5 مىليون 520 مىڭ كىلوۋات ــ سائەت، باشقىلار 1 مىليون 64 مىڭ كىلوۋات ــ سائەت، شەھەر ئاھالىلىرى تۇرمۇشقا ئىشلەتكىنى 570 مىڭ كىلوۋات ــ سائەت.

ۋىلايەتكە قاراشلىق ئىككى ناھىيە، بىر شەھەردە كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى بىلەن توك تەمىنلەشنى ئاساس قىلىدىغان ناھىيە بىر (ئاراتۇرۇك ناھىيىسى)، كىچىك ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى بىلەن توك تەمىنلەشنى ئاساس قىلىدىغان ناھىيە بىر (باركۆل ناھىيىسى). 1990- يىلى، ۋىلايەتتىكى 38 يېزا (بازار) نىڭ 37 سىگە توك يەتكۈزۈلۈپ، توك يەتكۈزۈش نىسبىتى 97.3% كە يەتتى؛ 244 كەنتنىڭ 180 ىگە توك يەتكۈزۈلۈپ، توك يەتكۈزۈش نىسبىتى 73.7% كە يەتتى؛ 49 مىڭ 80 ئائىلىنىڭ 38 مىڭ 120 سىگە توك يەتكۈزۈلۈپ، توك يەتكۈزۈش نىسبىتى 77.6% كە يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان توك 11.1 كىلوۋات ــ سائەت بولدى. يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان توك 13.4 كىلوۋات ــ سائەت بولدى.

4. توك تەمىنلەشنى باشقۇرۇش

يېزىلاردىكى كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىدا «ئۆزى قۇرۇش، ئۆزى باشقۇرۇش، ئۆزى ئىشلىتىش» فاڭجېنى ۋە «توك بىلەن توكنى بېقىش» پرىنسىپى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇلدى. ۋىلايەتنىڭ تۈزلەڭلىك ئېلېكتر ئىستانسىسىنى ۋىلايەتلىك تۇرۇك سۇ سىستېمىسى باشقۇرۇش ئورنى باشقۇرغاندىن سىرت، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى جايلاشقان ناھىيە (شەھەر)، يېزا، مەيدانلار ئۆزى باشقۇردى.

1980 ~ 1983- يىلىغىچە ئېلېكتر تورلىرى تەكشۈرۈلدى ۋە قايتا قۇرۇلدى. قايتا قۇرغاندىن كېيىن، يېزا ئېلېكتر تورلىرى چىقىمىنى ئازايتىش، ئېنېرگىيىنى تېجەشتە ئوبدان ئۈنۈمگە ئېرىشتى. 1986- يىلى قۇمۇل شەھىرىدە يېزىلارنىڭ توك چىقىمى نىسبىتى 1981- يىلدىن بۇرۇنقى 27% تىن تەدرىجىي ھالدا 15% كە چۈشۈپ، لىنىيە چىقىمى نىسبىتى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە يېتىپ، شەھەر بويىچە يىللىق توك سەرپىياتى 2 مىليون 400 مىڭ كىلوۋات ــ سائەت ئازايتىلدى، بۇنىڭ قىممىتى 140 مىڭ يۈەن چامىسىدا بولدى. قۇمۇل شەھىرىنىڭ يېزا ئېلېكتر تورلىرىدا دەسلەپكى كۆلەم شەكىللىنىپ، بۇرۇنقى قۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، باشقۇرۇشقا سەل قارايدىغان ۋە تېخنىكىلىق ئاساسى ناچار، باشقۇرۇش سەۋىيىسى تۆۋەن، سەرپىياتى يۇقىرى، ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇشتەك ھالەت ئۆزگەرتىلدى.

يېزا توك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشتا، قۇمۇل شەھىرى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان ھەم ئىگىلىك باشقۇرۇشتا ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە يېزا توك شىركىتى قۇردى. يېزا توك شىركىتى شەھەرنىڭ يېزا

ئېلېكتر تورى خىزمىتىگە ئومۇمىيۈزلۈك مەسئۇل بولدى، لىنىيە چىقىمىنى باشقۇرىدىغان مەخسۇس تېخنىك كادىر سەپلىدى، چىقىمنى ئازايتىش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقتى، تېخنىكىلىق كۆچلەرنى تەربىيىلىدى؛ ئېلېكتر تورلىرىنىڭ جايلىشىشىنى تەڭشەپ، لىنىيىدىكى ئەگرى- بۈگرىلىكنى ئازايتتى؛ توك ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش خىزمىتىدە، توك تەمىنلەيدىغان لىنىيىنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇرىدىغان بولدى. قۇراشتۇرۇش، توكنى ئۆلاپ بېرىش، سىچوتچىك كۆرۈپ خاتىرىلەش، سېلىشتۇرۇپ ئېنىقلاش، ھەق ئېلىشقا دائىر قائىدە- تۈزۈملەرنى تۇرغۇزۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىشلەتكىلى توك خاتىرىلەنمەي چۈشۈپ قالىدىغان، توك ئوغرىلايدىغان، قائىدىگە خىلاپ توك ئىشلىتىدىغان ئەھۋاللاردىن ساقلاندى؛ يېزىلاردا توك باشقۇرۇش بويىچە ئىقتىسادىي ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، سەپىياتنى ئازايتىپ، ئېنېرگىيىنى تېجەشنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ھۆددىگە ئالغۇچىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، مۇكاپاتلاش ۋە جەرىمانە قويۇشنى ئېنىق ئايرىپ، ۋاقتىدا نەقلەشتۈرۈپ، پۈتۈن يېزا ئېلېكتر تورىنىڭ بىخەتەر، تېجەشلىك ئايلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلدى ۋە ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈردى.

ۋىلايەت بويىچە، يېزا ئېلېكتر تورلىرىنىڭ ئىشچى- خىزمەتچىلىرى 154 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، قۇرۇلۇش تېخنىكلىرى 48، يېزا مانتيورى 52. قۇمۇل شەھىرى بۆلۈگتوغراق يېزىسى ترانسفورماتور پونكىتى ئىسلاھات قىلىشتا ۋە توكنى پىلانلىق، تېجەشلىك، بىخەتەر ئىشلىتىشتە چىڭ تۇرغاچقا، 10 يىلدا بىر قېتىممۇ ئادەم زەخىملىنىش، ئۆلۈش ھادىسىسى يۈز بەرمىدى. 150 كىلومېتىرلىق توك ئۆزگەرتىش، تەمىنلەش، يوللاش ئىشلىرىدا ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، 1988- يىلى شەرەپلىك ھالدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار يېزا ترانسفورماتور پونكىتى دېگەن نامغا ئېرىشتى.

### 5. توك باھاسى، توك ھەققى

1960- يىل 12- ئايدىن بۇرۇن، قۇمۇل ئېلېكتر تورىنىڭ ھەر بىر كىلوۋات – سائەت توكنىڭ باھاسى مۇنداق ئىدى: يورۇتۇشنىڭ 0.35 يۈەن، سانائەتنىڭ 0.30 يۈەن، يېزا ئىگىلىكىنىڭ 0.15 يۈەن؛ 1964- يىلى يورۇتۇشنىڭ 0.30 يۈەن، سانائەتنىڭ 0.24 يۈەن، يېزا ئىگىلىكىنىڭ 0.08 يۈەن بولدى. كېيىن يەنە تەڭشىلىپ، يورۇتۇشنىڭ 0.28 يۈەن، سانائەتنىڭ 0.20 يۈەن، دېھقانچىلىقتا سۇ چىقىرىش- سۇغىرىشنىڭ 0.06 يۈەن بولدى. 1967- يىلى، يورۇتۇشنىڭ 0.26 يۈەن، سانائەتنىڭ 0.18 يۈەن بولدى. 1977- يىلى، يورۇتۇشنىڭ 0.24 يۈەن، ئادەتتىكى سانائەتنىڭ 0.16 يۈەن، يېزا ئىگىلىكىنىڭ 0.06 يۈەن بولدى. 1990- يىلى، يورۇتۇش، سانائەت، دېھقانچىلىق توكلىرىنىڭ باھاسى 1960- يىلىدىكىدىن ئايرىم- ئايرىم ھالدا 21.71%، 46.6%، 60% چۈشتى.

ھەر بىر كىلوۋات – سائەت توكنىڭ باھاسى: 1971- يىلى، دېھقانچىلىقتا بىر كىلوۋاتتىن تۆۋەن بولغانلارنىڭ 0.06 يۈەن، 10 كىلوۋاتنىڭ 0.058 يۈەن، 35 كىلوۋولتلۇق توپ سېتىشتا، يېزا ئىگىلىكىنىڭ 0.04 يۈەن، سانائەتنىڭ 0.144 يۈەن، يورۇتۇشنىڭ 0.208 يۈەن بولدى. كۆپ مىقدارلىق سانائەت توكنىڭ ئېتىبار بېرىش باھاسى: 35 كىلوۋولتلۇقنىڭ ھەر بىر كىلوۋات – سائەتلىكى 0.045 يۈەن، ئالتە كىلوۋولتنىڭ 0.048 يۈەن بولدى.

### 6. ئۆقتىلىق كارخانىلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

1) قۇمۇل ئېلېكتر ئىستانسىسى. 1958- يىل 5- ئايدا قۇمۇل ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 700 كىلوۋاتلىق گېنېراتورىنى قۇراشتۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈلدى. 1958- يىل 10- ئاينىڭ 1- كۈنى قۇمۇل ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشىدا رەسمىي ئىش باشلاندى. 1960- يىل 7- ئايدا 1- نومۇرلۇق پېچنى قۇراشتۇرۇش باشلىنىپ، يىل ئاخىرىدا قۇراشتۇرۇلۇپ بولدى، بىر قېتىمدىلا سىناق قىلىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى.

1966- يىلىدىن باشلاپ قۇمۇل ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ قۇرۇلۇشى داۋاملاشتۇرۇلدى، كۆلىمى 2×6000 كىلوۋات بولدى. 1966- يىل 10- ئاينىڭ 20- كۈنى قۇمۇل ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 1- نومۇرلۇق 6000 كىلوۋاتلىق

گېنېراتورلار گورۇپپىسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. 1- نومۇرلۇق گېنېراتورلار گورۇپپىسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، شياۋيىڭفاگدىكى 700 كىلوۋاتلىق ۋە 1500 كىلوۋاتلىق گېنېراتورلار گورۇپپىسى زاپاس ھالەتتە تۇرىدىغان بولدى.

1967- يىلى 2- گېنېراتورلار گورۇپپىسىنىڭ قۇرۇلۇشى داۋاملاشتۇرۇلۇپ، بىرلا گېنېراتور، بىرلا پېچ ھەرىكەتلىنىدىغان ھالەت ئۆزگەرتىلدى. 1967- يىلى 2- نومۇرلۇق پېچ پۈتتى.

1968- يىل 7- ئايدا 2- نومۇرلۇق 6000 كىلوۋاتلىق گېنېراتورلار گورۇپپىسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن 1- قارارلىق قۇرۇلۇش يەنى 6000×2 كىلوۋاتلىق گېنېراتورلار گورۇپپىسى قۇرۇلۇشى پۈتۈنلەي تاماملاندى.

1957- يىلى، ئۈرۈمچى شۇيمۇگۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 700 كىلوۋاتلىق گېنېراتورلار گورۇپپىسى قۇمۇلغا كۆچۈرۈپ كېلىندى. 700 كىلوۋاتلىق گېنېراتورلار گورۇپپىسىنىڭ 1- قارارلىق قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، 1959- يىلى كېڭەيتىلىدىغان 500+1 كىلوۋاتلىق گېنېراتورلار گورۇپپىسى قۇرۇلۇشى 11- ئايدا باشلىنىپ، 1959- يىل 12- ئاينىڭ 3- كۈنى سىناق تەرىقىسىدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

1500 كىلوۋاتلىق گېنېراتورلار گورۇپپىسى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، قۇمۇلنىڭ ئېلېكتر كۈچى يۈكى تېز ئاشتى. يېڭى گېنېراتورلار گورۇپپىسىنى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈشتىن ئىلگىرىكى توك مەنبەسى قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق ئېلېكتر كۈچى ئىدارىسى سۇ ئىشلىرى- ئېلېكتر كۈچى مىنىستىرلىكىگە 35- پويىز ئېلېكتر ئىستانسىسىنى قۇمۇل ئېلېكتر ئىستانسىسىغا يۆتكەپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى.

1960- يىل 4- ئايدا پويىز ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇمۇلغا ئېلىپ كېلىندى، ئۇنىڭ سىغىمچانلىقى 2500 كىلوۋات بولۇپ، 5- ئاينىڭ 1- كۈنى رەسمىي توك چىقىرىشقا باشلىدى.

3- نومۇرلۇق 6000 كىلوۋاتلىق گېنېراتورلار گورۇپپىسى 1973- يىل 11- ئاينىڭ 24- كۈنى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. 4- نومۇرلۇق 6000 كىلوۋاتلىق گېنېراتورلار گورۇپپىسى 1978- يىل10- ئايدا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

2) **قۇمۇل 2- ئېلېكتر ئىستانسىسى.** 1983- يىلى، 2- ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشقا باشلىدى. تۆمۈريولنىڭ 10.93 كىلومېتىرلىق مەخسۇس لىنىيىسىنى قۇمۇل پويىز ئىستانسىسى ئۆلايدىغان بولدى. بۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ لايىھەدىكى سىغىمچانلىقى 224 مىڭ كىلوۋات بولۇپ، تۆت قارارغا بۆلۈپ قۇرۇلىدىغان بولدى. 1- قارارلىق قۇرۇلۇشى 24 مىڭ كىلوۋات، 2- قارارلىق قۇرۇلۇشى 50 مىڭ كىلوۋات، 3- قارارلىق قۇرۇلۇشى 50 مىڭ كىلوۋات، 4- قارارلىق قۇرۇلۇشى 100 مىڭ كىلوۋات. بۇنىڭغا 1984- يىلى دۆلەت پىلان كومىتېتى 68 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى.

1984- يىل 10- ئاينىڭ 20- كۈنى 1- قارارلىق 24 مىڭ كىلوۋاتلىق گېنېراتورلار گورۇپپىسى قۇرۇلۇشى باشلاندى. 1- نومۇرلۇق گېنېراتور 1986- يىل 12- ئاينىڭ 31- كۈنى قۇراشتۇرۇلۇپ، توك تارقىتىشقا باشلىدى. 2- نومۇرلۇق گېنېراتور 1987- يىل 8- ئاينىڭ 13- كۈنى قۇراشتۇرۇلۇپ توك تارقىتىشقا باشلىدى.

3) **ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان ئېلېكتر ئىستانسىلىرى**

**قۇمۇل تۆمۈريول كۆۋرۈك ماتېرىياللىرى زاۋۇتى ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى.** 1959- يىلى قۇرۇلدى، گېنېراتورلار گورۇپپىسى گېرمانىيىنىڭ شىمېنزى شىركىتى 1919- يىلى ئىشلەپچىقارغان 800 كىلوۋاتلىق گېنېراتورلار گورۇپپىسى بولۇپ، بۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى ئاساسەن كۆۋرۈك ماتېرىياللار زاۋۇتى ۋە تۆمۈريول تەۋەلىكىنى توك بىلەن تەمىنلىدى ھەم قۇمۇلنىڭ 700 كىلوۋاتلىق ئېلېكتر ئىستانسىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، زاپاس توك مەنبەسى قىلىنىپ، تەكشۈرۈپ رېمونت قىلغاندا بىر- بىرىنى تولۇقلىدى. 1963- يىلى قۇمۇل ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 6000 كىلوۋاتلىق گېنېراتورلار گورۇپپىسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، زاپاس ئېلېكتر ئىستانسىسى قىلىندى.

**باھانسۇ كانىنىڭ ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان ئېلېكتر ئىستانسىسى.** 1970- يىل 8- ئايدا قۇرۇلدى، گېنېراتور سىغىمچانلىقى 1500×2 كىلوۋات. 1972- يىل 10- ئاينىڭ 24- كۈنى 1- نومۇرلۇق گېنېراتورلار گورۇپپىسى ئىشقا

كىرىشتۈرۈلدى. 1974- يىل 7- ئاينىڭ 8- كۈنى 2- نومۇرلۇق گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. 1979- يىلى 10- ئاينىڭ 23- كۈنى قۇمۇل ئېلېكتر ئىستانسىسى 110 كىلوۋولتلۇق لىنىيە ئارقىلىق يامانسۇ كانىغا توك يەتكۈزۈپ بېرىدىغان بولدى. شۇ يىلى 11- ئايدا، يامانسۇ كانىنىڭ ئىككى گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى بارىكۆل ئېلېكتر ئىستانسىسىغا يۆتكەپ بېرىلدى.

**قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ ئۆزىنى تەمىنلەش ئىستانسىسى.** 1986 – يىلى باشلىنىپ 1987 – يىل 12 – ئايدا ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، سىغىمچانلىقى 1000 كىلوۋات.

**قۇمۇل ۋىلايەتلىك تۇز- خىمىيە باش زاۋۇتىنىڭ ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان ئېلېكتر ئىستانسىسى.** 1989- يىلى قۇرۇلۇپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. گېنېراتور سىغىمچانلىقى 500+2 كىلوۋات.

**بارىكۆل ناھىيىلىك ئېلېكتر ئىستانسىسى.** 1969- يىل 8- ئاينىڭ 18- كۈنى قۇرۇلۇش باشلىندى. 1970- يىلى 3- ئايدا، 1- قاتارلىق قۇرۇلۇش پۈتۈپ، 700 كىلوۋاتلىق گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. 2- قاتارلىق قۇرۇلۇشى 3000 كىلوۋات، 3- قاتارلىق قۇرۇلۇشى 3000 كىلوۋات بولۇپ، ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 6700 كىلوۋات.

**قۇمۇل تارانچى كان ئىشلىرى ئىدارىسى ئېلېكتر ئىستانسىسى.** 1959- يىلىنىڭ بېشىدىن باشلاپ قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈلدى. 1961- يىل 9- ئايدا، سۇ- ئېلېكتر مىنىستىرلىكى پويىز ئېلېكتر ئىدارىسىنىڭ 35- پويىز ئېلېكتر ئىستانسىسى ئىجارىگە ئېلىنىپ، كان رايونىغا يۆتكەپ كېلىنىپ، توك چىقىرىلدى. گېنېراتور سىغىمچانلىقى 2500 كىلوۋات. 1964- يىل 5- ئايدا، 35- پويىز ئېلېكتر ئىستانسىسى ئىجارىگە ئېلىش قەرەلى توشقانلىقتىن، كان رايونىدىن يۆتكەپ كېتىلدى. 1961- يىلى ئەتىيازدا، رومىنىيىدە ئىشلەنگەن 3000 كىلوۋاتلىق بىر گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى قۇراشتۇرۇلدى. 1965- يىلىنىڭ بېشىدا، توگچۇەندىن ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن 1000 كىلوۋاتلىق بىر گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى يۆتكەپ كېلىنىپ قۇراشتۇرۇلۇپ، ئاساسلىقى زاپاس توك مەنبەسى ۋە قوزغىتىش توك مەنبەسى قاتارىدا ئىشلىتىلدى. 1963- يىل 12- ئايدىن 1985- يىلغىچە، بۇ كان رايونىنىڭ ئېلېكتر ئىستانسىسى ئىزچىل تۆردە 3000 كىلوۋاتلىق يالغۇز گېنېراتورنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇردى. يۈكنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، 1970- يىل 7- ئايدا قۇمۇل ئېلېكتر ئىستانسىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، سېتىپ ئالغان توك بىلەن ئۆزلىرى چىقارغان توك ئارقىلىق يېتىشمىگەن قىسمى تولۇقلىنىدىغان بولدى. 1984- يىل 10- ئاينىڭ 1- كۈنى41- پويىز ئېلېكتر ئىستانسىسى خۇبېي جىڭمىندىن كان رايونىغا يۆتكەپ كېلىندى. 1985- يىل 8- ئاينىڭ 10- كۈنى 10- پويىز ئېلېكتر ئىستانسىسى ئىچكى موڭغۇلنىڭ يىمىڭ كان رايونىدىن يۆتكەپ كېلىندى. شۇ يىلى، بۇ ئىككى ئېلېكتر ئىستانسىسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. 41- ئېلېكتر ئىستانسىسى بىلەن 10- ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ سىغىمچانلىقى 4000×2 كىلوۋات بولۇپ، كان رايونى ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 12 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى. 1985- يىل 5- ئاينىڭ 7- كۈنى كان ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇمۇل ئېلېكتر ئىستانسىسى تورىدىن ئايرىۋېتىلدى. 1988- يىلدىن كېيىن يەنە توختىتىۋېتىلدى.

## §6. رېمونت قىلىش، ياساش

مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى)، قۇمۇلدا غەربىي شىمال تاشيول ئىدارىسىنىڭ رېمونتخانىسى قۇرۇلدى. مىنگونىڭ 36-، 37- يىللىرى (1947-، 1948- يىللىرى) 12- ئايدا، قۇمۇلدا 6- رايون تاشيول ئىدارىسىنىڭ ئاپتوموبىل رېمونت قىلىش زاۋۇتى قۇرۇلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ۋىلايەت، ناھىيىلەردە تەدرىجىي ھالدا رېمونتچىلىق كارخانىلىرى قۇرۇلدى.

1980- يىللاردا، قۇمۇلدا كىچىك تىپتىكى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلغان ماشىنا سانائىتى ۋە سانائەت، يېزا ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىشىغا خىزمەت قىلىدىغان ماشىنا رېمونتچىلىق كەسپى بارلىققا كەلدى. ماشىنىسازلىق سانائىتىدە، ئاساسلىقى دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان پىرتىسېپ، ئۇلاغ ھارۋىسى، دان ئايرىش- سورۇش ماشىنىسى، ساپان، ماي باكى قاتارلىقلار ئىشلەپچىقىرىلدى ھەم قىسمەن ماشىنا ئۈسكۈنىلىرى ياسالدى. باركۆل ناھىيىسىنىڭ يېڭى سانائەت قۇيمىچىلىق 2- زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان ئىشقار سۇلفىد ئايلانما پېچى خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرىنىڭ چوڭ تىپتىكى ئۈسكۈنىسى بولۇپ، شۇ خىل مەھسۇلاتلار ئىچىدە ئەڭ ياخشىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ زاۋۇت ئىشلەپچىقارغان خىمىيە سانائىتىدە ئىشلىتىلىدىغان پارلاندۇرۇش قازىنى يېرىلمايدۇ، دات باسمايدۇ، ئۇزۇن چىدايدۇ. بۇ كارخانا دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە، ئاپتونوم رايون بويىچە بۇ خىل خىمىيە سانائىتىدە ئىشلىتىلىدىغان پارلاندۇرۇش قازىنىنى ئىشلەپچىقىرالايدىغان بىردىنبىر كارخانا ھېسابلىنىدۇ. قۇمۇلنىڭ ماشىنا رېمونتچىلىق سانائىتى تۈرلۈك دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى، دۆلىتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىلغان تۈرلۈك ئاپتوموبىل، قىسمەن ئىمپورت قىلىنغان ئاپتوموبىل ۋە ماشىنا ئۈسكۈنىلىرىنى رېمونت قىلالايدىغان ۋە ئاسرىيالايدىغان بولدى.

1. رېمونت قىلىش

مىنگونىڭ 34 ~ 38- يىلىغىچە (1945 ~ 1949- يىلىغىچە) بولغان ئارىلىقتا، قۇمۇلنىڭ خۇاگوسەن، يۇقىرى ئاقيەر ۋە لاۋچېڭ شىمالىي كوچىلىرىدا ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ سەككىز خۇسۇسىي رېمونتخانا، ئىككى سەييارە رېمونت نۇقتىسى بولۇپ، 20 ئادەم ئىشلىدى. كۆپ ساندىكىلىرى قول بىلەنلا مەشغۇلات ئېلىپ بارغاچقا، پەقەت كەپشەرلەش، ياماش، كىچىك رېمونت، ئاسراش قاتارلىقلارنىلا قىلالىدى. مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى)، گومىنداڭنىڭ يېڭى ئاپتوموبىل 4- تۇەنى قۇمۇل يۇقىرى ئاقيەردە ئاسراش ئورنى قۇرۇپ، ئۆز قىسمىنىڭ ئاپتوموبىللىرىنى ۋە قۇمۇلدىن ئۆتكەن- كەچكەن ئاپتوموبىللارنى رېمونت قىلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن 1950- يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ئاپتوموبىل 2- تۇەنى غەربىي ئۆستەڭدە ئاپتوموبىل رېمونتخانىسى قۇرغاندا 30 دىن كۆپرەك ئادىمى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ رېمونت قىلىش ئىقتىدارى خېلى كۈچلۈك بولۇپ، ھەربىي ئاپتوموبىللارنى رېمونت قىلىپلا قالماي، سودىگەرلەرنىڭ ئاپتوموبىللىرىنىمۇ رېمونت قىلاتتى. 1953- يىلى، قۇمۇلنىڭ دايىڭفاڭدا تۇرۇشلۇق ئازادلىق ئارمىيە 16- شىسى 48- تۇەنىنىڭ تۆمۈرچىلىك زاۋۇتى ئاسراش ۋە رېمونت قىلىش ئورنىغا ئۆزگەرتىلدى. ئۇلار ئاپتوموبىل ۋە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش بىلەن شۇغۇللاندى. كېيىن، يېزا ئىگىلىك 5- شىسىنىڭ رېمونت قىلىش زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1959- يىلى، بۇ زاۋۇتتا رېمونت قىلىش، ئىستانوك سېلىسارلىقى، قۇيمىچىلىق، تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق سېخلىرى قۇرۇلدى. 350 تىن ئارتۇق ئادىمى بولۇپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش سىستېمىسىنىڭ ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلغاندىن سىرت، پۇقرالارنىڭ ئاپتوموبىللىرىنىمۇ رېمونت قىلدى ھەمدە ئاپتوموبىل، تراكتورلارنىڭ بەزى زاپچاسلىرىنى ئىشلەپچىقاردى. 1956- يىل 4- ئايدا قۇمۇل 3- ئاسراش زاۋۇتى قۇرۇلدى. ئۇنىڭ 2- دەرىجىلىك ئاسراش، كىچىك رېمونت قىلىش، سەپلەشتىن ئىبارەت ئۈچ سېخى، 217 ئىشچى- خىزمەتچىسى بولۇپ، ئەينى چاغدىكى قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئەڭ چوڭ ئاسراش، رېمونت قىلىش كارخانىسى ھېسابلىناتتى.

1960- يىللاردا قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئاساسلىق رېمونت قىلىش زاۋۇتلىرى ئاپتوموبىل، تراكتور ۋە قىسمەن يول ئاسراش ماشىنىلىرىنى ئوتتۇراھال رېمونت قىلالايدىغان بولدى. 1970- يىللارنىڭ بېشىدا، بەزى چوڭ رېمونت سايمانلىرى، ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىپ ياكى ئۆزلىرى ياساپ تولۇقلىغاچقا، ئاز ساندىكى ئاپتوموبىللارنى سىناق تەرىقىسىدە چوڭ رېمونت قىلىدىغان بولدى.

1975- يىلدىن كېيىن ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ، ئىككى تۈركۈم تېخنىك خادىملار ئىچكى ئۆلكىلەردىكى چوڭ رېمونت زاۋۇتلىرىغا تەكشۈرۈش، ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلدى، ئىشچىلار تەربىيىلەندى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ چوڭ رېمونت قىلىش جەھەتتىكى تېخنىكىلىق ساپاسى ئۆستۈرۈلدى. چوڭ رېمونت قىلىدىغان سايمانلار، ئۈسكۈنىلەر، تەكشۈرۈش ئەسۋابلىرى تولۇقلاندى، ئاپتوموبىلنى چوڭ رېمونت قىلىش ئاقما مەشغۇلات لىنىيىسى قۇرۇلدى. 8- ئايدا، ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل چوڭ رېمونت زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، شەرقىي شىنجاڭ رايونىنىڭ ئاپتوموبىلنى چوڭ رېمونت قىلالمايدىغان تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى.

1978- يىلى ج ك پ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ رېمونت قىلىش كەسپى تېز تەرەققىي قىلىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكىنى باشلامچى قىلىپ، كوللېكتىپ، شەخسىي كۆپ قاتلام بويىچە راۋاجلىنىشتەك رىقابەتلىشىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتىنىڭ ئاسراش- رېمونت قىلىش زاۋۇتى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىپ، تېخنىكا يېڭىلاپ، ئىلغار ئۈسكۈنىلەرنى كىرگۈزۈپ، ئاپتوموبىللارنى تەلەپكە ئۇيغۇن چوڭ رېمونت قىلىپ، ، خېرىدارلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى. 1984 ~ 1988- يىلىغىچە بولغان ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، بۇ زاۋۇت بەش يىلدا جەمئىي 485 ئاپتوموبىلنى چوڭ رېمونت قىلغان. لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 90% تىن يۇقىرى بولغان. 1986- يىلدىن كېيىن، تارانچى رېمونت زاۋۇتى، بارىكۆل ترانسپورت شىركىتى ئاسراش- رېمونت قىلىش ئورنى، قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتى رېمونت قىلىش ئورنى، شەھەرلىك پىكاپ رېمونت قىلىش زاۋۇتى، تۆمۈريول ئاپتوموبىل رېمونت قىلىش تارمىقى، 8- ئاۋئاتسىيە مەكتىپى ئاپتوموبىل رېمونت قىلىش لېنى ۋە قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتى، ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى، تۇز- خىمىيە باش زاۋۇتى، يامانسۇ كانىنىڭ ئاسراش- رېمونت قىلىش ئورۇنلىرىنىڭ ھەممىسى ئاپتوموبىلنى ئوتتۇراھال رېمونت قىلالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولۇپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1000 قېتىم ئاپتوموبىلنى ئاسرىدى ۋە رېمونت قىلدى. بۇنىڭغا باشقا كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ماشىنا ئەترىتى ئاسراش- رېمونتچىلىق ئورۇنلىرى ۋە كوللېكتىپ، يەككە رېمونتخانىلار قوشۇلۇپ، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى رېمونتچىلىق تورى شەكىللەندى. 1990- يىلىغىچە، ۋىلايەت باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزگەن ئۈچ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى رېمونت زاۋۇتى، ئىككى ئادەتتىكى رېمونت زاۋۇتى (ئورنى)، 25 زاۋۇت، كان، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئاسراش- رېمونتچىلىق ئورۇنلىرى (باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلمىگەنلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت، قاتناش كارخانىلىرىنىڭ 12 رېمونت قىلىش ئورنى، 31 كوللېكتىپ رېمونت قىلىش ئورنى، 71 خۇسۇسىي رېمونت قىلىش ئورنى بارلىققا كەلدى. ئومۇمىي خادىمى 1502 (بۇنىڭ ئىچىدە باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگىنى 1148 ) بولۇپ، يىللىق رېمونت تىجارەت سوممىسى 5 مىليون 149 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى.

## 2. ياساش

1) پرىتسېپ. 1950 ~ 1970- يىللاردا، ۋىلايەتنىڭ سانائەت كارخانىلىرى ئاپتوموبىل، تراكتورلارغا چاتىدىغان بىر تۈركۈم پرىتسېپ ئىشلەپچىقاردى. 1958- يىلى قۇمۇل 3- ئاسراش مەيدانى (ھازىرقى ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتى ئاسراش، رېمونتچىلىق زاۋۇتى) ئاپتوموبىلغا چاتىدىغان 12 قوش پرىتسېپ، كېيىن يەنە سەككىز تاق پرىتسېپ ئىشلەپچىقىرىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئاپتوموبىل ترانسپورتىدا «پرىتسېپلەشتۈرۈش»، «بىر گەۋدىلەشتۈرۈش» كۆرسەتكۈچىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ماسلاشتى. 1965- يىلىغىچە، ۋىلايەت بويىچە 45 ئاپتوموبىل پرىتسېپى ئىشلەپچىقىرىلدى. ئىشلەتكەندىن كېيىن، ئىنكاسى ئوبدان بولدى. لېكىن پرىتسېپ چېتىلغان ئاپتوموبىلغا بولغان زىيان ئېغىر بولدى. قۇمۇل 4- ئاپتوموبىل ئەترىتىنىڭ 1959- يىللىق ستاتىستىكىسىدىن قارىغاندا، پرىتسېپ چېتىلغان

ئاپتوموبىللارنىڭ چوڭ رېمونت قىلىنىش ئارىلىقى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 30% قىسقارغان. 1960 ~ 1970- يىللاردا، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ شەھەر ۋە يېزىلىرىدا تراكتور ترانسپورتى كۆپەيدى. بەزى رېمونتچىلىق زاۋۇتلىرى 550 تىن ئارتۇق تۆرلۈك تىپتىكى تراكتورغا چاندىغان پرىتسېپ ئىشلەپچىقاردى، بۇنىڭ ئىچىدە قوش پرىتسېپ تەخمىنەن 200 گە يەتتى.

2) پاراشوك پۈركۈش ماشىنىسى. 1969- يىلى بىگتۈەن يېزا ئىگىلىكى 5- شىسى قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش باشقارمىسى تراكتور رېمونت قىلىش زاۋۇتى ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئوق ئېقىملىق 600 تىپلىق پاراشوك پۈركۈش ماشىنىسىنى ياسىدى. ئۇ ئاساسەن چوڭ دائىرىلىك يايلاقتا چېكەتكە يوقىتىش، ئېتىز، ئورمانلىق، مېۋىلىك باغ قاتارلىقلاردا بولىدىغان كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلاردىن مۇداپىئە كۆرۈش ئىشلىرىدا ئىشلىتىلدى. 1970-، 1971- يىللىرى، بارىكۆل يايلىقىدا ئىككى قېتىم سىناق قىلىندى، ئۈنۈمى ياخشى بولدى. چېكەتكە يوقىتىش ئۈنۈمى 95% كە يەتتى. مەشغۇلات دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى 35 مېتىر، پۈركۈش ئېگىزلىكى 25 مېتىر بولۇپ، ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. 1974- يىلغا قەدەر بۇنداق پاراشوك پۈركۈش ماشىنىسىدىن جەمئىي 500 ئىشلەپچىقىرىلىپ، شىنجاڭنى تەمىنلىگەندىن سىرت، يەنە ئىچكى ئۆلكىلەرگە 100 دىن ئارتۇق سېتىپ چىقىرىلدى. بەزىلىرى ھازىرغىچە ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. 1973- يىلى، بۇ مەھسۇلات شەرەپلىك ھالدا ئاپتونوم رايوننىڭ دېھقانچىلىق تېخنىكىسى تەتقىقات تەرەققىياتى بويىچە 2- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

3) ئات ھارۋىسى تەگلىكى.

1969- يىلى بىگتۈەن يېزا ئىگىلىك 5- شىسى قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش باشقارمىسى تراكتور رېمونتچىلىق زاۋۇتى ئات ھارۋىسىنىڭ تەگلىكىنى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىپ، 1973- يىلغىچە 2500 تەگلىك ئىشلەپچىقاردى، مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون يۈەن بولدى. بۇ مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتى ئىشەنچلىك، ئىقتىدارى ياخشى بولغاچقا، نۇرغۇن دېھقان، چارۋىچىلار ئۆزلۈكىدىن زاۋۇتقا كېلىپ سېتىۋالدى، بىر قىسمى ئىچكى ئۆلكىلەرگە سېتىپ بېرىلدى.

4) كونسېرۋا قۇتىسىنىڭ ئېغىزىنى ئېتىش ماشىنىسى ۋە سۇ، ماي باكى. 1987- يىلى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل چوڭ رېمونت زاۋۇتى يېزا- بازار كارخانىلىرىغا 24 كونسېرۋا ئېغىزىنى ئېتىش ماشىنىسى ياساپ بەردى. بۇ ئۈسكۈنە يېڭى، ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات بولغاچقا، 1988- يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 3- دەرىجىلىك پەن- تېخنىكا نەتىجىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

1990- يىلى بۇ زاۋۇت يۈمەن نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى بىلەن بىرلىشىپ، تۇرپان- قۇمۇل نېفىتلىكى ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش بازىسىغا 40 دانە 40 كۇب مېتىرلىق سۇ، ماي باكى ياساپ بەردى. بۇ قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئەڭ ئاۋۋالقى «نېفىتلىككە ياردەم بېرىش ئىشلەپچىقىرىش تۈرى» نىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

5) ئاپتوموبىل، تراكتور زاپچاسلىرى

1960 ~ 1963- يىلىغىچە، ئاپتوموبىل، تراكتور زاپچاسلىرى بىلەن تەمىنلەش يېتەرسىز بولدى. ۋىلايەتلىك قاتناش ئىدارىسى ئاپتوموبىل رېمونتچىلىق زاۋۇتى ۋە بىگتۈەن يېزا ئىگىلىك 5- شىسى تراكتور رېمونتچىلىق زاۋۇتى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ، 1000 دىن ئارتۇق ئاپتوموبىل، تراكتور سىلىندىر قېپى ئىشلەپچىقاردى. 1970- يىللاردا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل چوڭ رېمونت زاۋۇتى توك ئوچاق، يېرىم ئاپتوماتىك سۇيۇقلۇق بېسىملىق ئىستانوك قاتارلىق ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋېلىپ، سىلىندىر قېپى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنى قۇرۇپ، سىلىندىر قېپىنى (كېيىن سىلىندىر قېپى شۆبە زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى) تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقاردى. 1977 ~ 1982- يىلىغىچە، جەمئىي 100 مىڭدىن ئارتۇق «ئازاد» ماركىلىق ئاپتوموبىل فوسفورلۇق چويۈن سىلىندىر قېپىنى ئىشلەپچىقاردى. 1987- يىلىدىن كېيىن

يېڭى تېخنىكا، يېڭى تېخنولوگىيىگە بىرلەشتۈرۈپ، مەھسۇلاتنى يېڭىلاپ، بورىلىق چويۇن سىلىندىر قېپى ئىشلەپچىقاردى، لوياڭ تراكتور تەتقىقات ئورنىنىڭ سىناق قىلىپ بېكىتىشى بىلەن، بۇ مەھسۇلاتنىڭ سۈركىلىشكە چىداش خۇسۇسىيىتى دۆلەت دەرىجىلىك ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. 1990- يىلىغىچە، جەمئىي 3000 دىن ئاشتۇق «ئازاد»، «شەرق شاملى»، «بېيجىڭ 212» ماركىلىق ئاپتوموبىلنىڭ ۋە 195 تىپلىق تراكتورنىڭ بورىلىق چويۇن سىلىندىرىنى ئىشلەپچىقاردى.

1970- يىلى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل چوڭ رېمونت زاۋۇتى بىلەن ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتى بىر تۈركۈم «ئازاد» ماركىلىق ئاپتوموبىلنىڭ گاز شوراش- چىقىرىش تۇرۇبىسىنى ئىشلەپچىقاردى. ئۇنىڭ ئىشلىتىش ئۈنۈمى ياخشى بولدى. 1974- يىلىغىچە بۇ مەھسۇلاتتىن 1800 ئىشلەپچىقىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتى ئىشلەپچىقارغىنى مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، كۆپ قىسمى سىرتقا سېتىپ چىقىرىلدى.

1960 ~ 1963- يىلىغىچە ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل چوڭ رېمونت زاۋۇتى بىلەن ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتى تەخمىنەن 3000 تراكتور ۋە ئاپتوموبىل پورشىنى ئىشلەپچىقاردى، بۇنىڭ ئىچىدە «شەرق قىزاردى» 54 تىپلىق تراكتور پورشېنى 500، «ئازاد» ماركىلىق ئاپتوموبىل پورشېنى 1500. 1960 ~ 1964- يىلىغىچە، ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل چوڭ رېمونت زاۋۇتى تەخمىنەن 2000 تراكتور، ئاپتوموبىل ماتورى جەينەكلىك ئاساسىي ئوق قازىنى ۋە شاتۇن ئوق قازىنى ئىشلەپچىقاردى، بۇنىڭ ئىچىدە «شەرق قىزاردى» 54 تىپلىق تراكتورنىڭ ئاساسىي ئوق قازىنى 100، شاتۇن ئوق قازىنى 100، «ئازاد» ماركىلىق ئاپتوموبىلنىڭ ئاساسىي ئوق قازىنى تەخمىنەن 300، شاتۇن ئوق قازىنى تەخمىنەن 300.

6) باشقىلار. قۇمۇل ۋىلايىتى يەنە بەزى ماشىنا ئۈسكۈنىلىرىنى ياسىدى. مەسىلەن، يېرىم ئاپتوماتىك سۇيۇقلۇق بېسىملىق ئىستانوك، 50 توننىلىق سۇيۇقلۇق پرېسى، 30 توننىلىق سۈركەلمە پرېسلاش ماشىنىسى، ياغاچ تېرەكلىك سىلىندىر سىلىقلاش ماشىنىسى، سىلىندىر كىيدۈرمىسى قۇيۇش ماشىنىسى، كېشەكسىمان رەندىلەش ئىستانوكى، سېمونتنى پارچە قاچىلاش يۆتكىلىشچان ئامبىرى، باك ياساش ماشىنىسى، جەينەك ئوقلۇق ئىستانوك، تەۋرەنمە پايات، مېتال كەسكۈچ، تەپكىلىك گىرۋەك پرېسلاش ماشىنىسى، تەۋرىتىپ قايچىلاش ماشىنىسى، تېزلىك ئۆزگەرتىش كورۆپكىسى، تۆشۈك تېشىش ماشىنىسى، چاق بۆلى يونۇپ تۆشۈك ئېچىش ماشىنىسى، تولۇقلۇق ماشىنا قاتارلىقلار، لېكىن سانى ناھايىتى ئاز.

3. نۆۋقىتلىق كارخانىلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل چوڭ رېمونت زاۋۇتى 1990- يىلى ئىگىلىگەن يەر مەيدانى 275 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش رايونىنىڭ كۆلىمى 107 مىڭ 100 كۋادرات مېتىر، تۆت بۆلۈم، ئىككى ئىشخانا، تۆت سېخ، بىر بېكەت، بىر ئەترەت، ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىنى تەسىس قىلدى. ئىشچى- خىزمەتچىسى 320 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىنژېنېر ئۈچ. ئىشچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە تېخنىكا دەرىجىسى 4.8 دەرىجە، ئىش تۈرلىرى، تېخنىكىسى ئەتراپلىق بولۇپ، دۆلىتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىلغان تۈرلۈك ئاپتوموبىللارنى چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك رېمونت قىلالايدۇ ۋە قىسمەن ئىمپورت قىلىنغان ئاپتوموبىللارنى تەكشۈرەلەيدۇ، رېمونت قىلالايدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى، يەنە قىسمەن ئاپتوموبىل زاپچاسلىرىنى، ماشىنا ئۈسكۈنىلىرىنى ياسالايدۇ، جۈملىدىن رېمونت قىلىش، ياساش، ئاساسىي قۇرۇلۇش، ماشىنا ئۈسكۈنىلىرى، سۇ- پارۋاي، ئۈسكۈنىلەرنى قۇراشتۇرۇش، ئەينەك، پولات ئۆي جاھازلىرىنى ياساش، ئاپتوموبىل زاپچاسلىرىنى سېتىش قاتارلىق كۆپ خىل ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە. 128 خىل ماشىنا ئۈسكۈنىلىرى بار. ئومۇمىي قۇۋۋىتى 700 كىلوۋات، تەكشۈرۈش ئەسۋابلىرى

540. يىللىق ئاپتوموبىل چوڭ رېمونت قىلىش ئىقتىدارى 300، پارچە- پۇرات رېمونت قىلىدىغىنى 1500 بولۇپ، ۋىلايىتىمىزدىكى ئەڭ چوڭ ئۇنىۋېرسال ئاپتوموبىل رېمونت قىلىش زاۋۇتىدۇر.

1953 ~ 1990- يىللىغىچە زاۋۇت بويىچە جەمئىي 650 ئاپتوموبىل، 90 تراكتور، 500 ھەر خىل ماتورنى چوڭ رېمونت قىلدى. پارچە- پۇرات رېمونت قىلغان ئاپتوموبىلى 5000 قېتىمغا يەتتى، 110 ئاپتوموبىل قۇراشتۇرۇلدى. 2500 ئات هارۋىسى تەگلىكى، 500 پاراشوك پۈركۈتۈش ماشىنىسى، 21 كونېرۋا قۇتىسىنىڭ ئېغىزىنى ئېتىش ماشىنىسى، ئالتە يۈرۈش ياك ياساش ماشىنىسى، 7660 يۈرۈش تراكتور زاپچاسلىرى ئىچكى- تاشقى ھىملىگۈچى يوپۇقى، 15 خىل 100 مىڭغا يېقىن ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى، 1400 كىچىك تۆت چاقلىق پرىتسىپ تەگلىكى، ئۈچ خىل 80 مىڭدەك كىچىك تۆت چاقلىق تراكتور زاپچىسى ياسىدى. مۇقىم مۈلۈككە سالغان ئومۇمىي مەبلىغى 3 مىليون 889 مىڭ يۈەن، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 35 مىليون يۈەن بولۇپ، دۆلەتكە 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن باج- پايدا تاپشۇردى.

1953 ~ 1990- يىللىغىچە بۇ زاۋۇت ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ، ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەت بويىچە «ئاپتوموبىلنى چوڭ رېمونت قىلىشتا سۈپىتى ئىشەنچلىك كارخانا»، قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە «ئۈلگەم خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە «1- تۈردىكى ئاپتوموبىل رېمونت قىلىش كارخانىسى» بولدى. قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە تەرىپىدىن يىلمۇ يىل بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

1994- يىل 6- ئاينىڭ 29- كۈنى ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل چوڭ رېمونت زاۋۇتى تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىپ، شىنجاڭ قۇمۇل جۇلۇن چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بولۇپ قۇرۇلدى.

## §7. خىمىيە سانائىتى

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ خىمىيە سانائىتى كان بايلىقى مول، هازىر تېپىلغان 70 نەچچە تۈرلۈك كان مەھسۇلاتلىرى ئىچىدە خىمىيە سانائىتى خام ئەشياسى قىلغىلى بولىدىغىنى 10 نەچچە خىلغا يېتىدۇ.

1990- يىلى، ۋىلايىتىمىزنىڭ خىمىيە سانائىتى قۇمۇلنىڭ تۈۋرۈك كەسپى بولۇپ، مەھسۇلات قىممىتى سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 37% ىنى ئىگىلەپ، مەملىكەتنىڭ 12% لىك، شىنجاڭنىڭ 5% لىك سەۋىيىسىدىن ئېشىپ كەتتى، 16 خىمىيە سانائىتى كارخانىسى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بەش دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا، 31% نى ئىگىلىدى، 11 كوللېكتىپ كارخانا بولۇپ، 69% نى ئىگىلىدى. ئىشچى- خىزمەتچىسى 3450، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپى تېخنىك 80 نەچچە بولۇپ، ئىشچى- خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 2.4% نى ئىگىلىدى.

ۋىلايىتىمىزنىڭ خىمىيە سانائىتىنىڭ ئاساسلىق ئۈسكۈنىلىرى ۋە تېخنولوگىيىسىنىڭ كۆپ قىسمى دۆلەت ئىچىدىكى ئادەتتىكى سەۋىيىدىكى ئۈسكۈنە ۋە تېخنولوگىيە. يەقەت بىر قىسمىلا دۆلەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى. يەتتە قۇدۇق تۇز- خىمىيە باش زاۋۇتىدىكى ياپونىيىدىن كىرگۈزۈلگەن يىلىغا 60 مىڭ تونىنا سۇسىز ناترىي سۇلفات ئىشلەپچىقىرىدىغان پارغا ئايلاندۇرغۇچتا ئىسسىق پېتى چىقىرىش تېخنىكىسى قوللىنىلىپ، پارنىڭ يەككە سەرپىياتى 950 كىلوگرامدىن تۆۋەن چۈشۈرۈلۈپ، خەلقئارالىق ئىلغار سەۋىيىگە يەتكۈزۈلدى. ئاراتۈرۈك خىمىيە زاۋۇتىنىڭ سۇسىز ناترىي سۇلفات ئىشلەپچىقىرىشتا قوللانغان تۆت ئۈنۈملۈك مەجبۇرىي ئايلاندۇرۇش، ۋاكۇئۇمدا شورنى ئېرىتىپ دوغلۇق سۈيۈقلۇق هاسىل قىلىش تېخنولوگىيىسى ۋە ئۈسكۈنىسى دۆلەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى. قۇمۇل شەھىرى فوسفورلۇق ئوغۇت زاۋۇتى نەملىكتە رۇدا ئۇۋۇتىش تېخنىكىسىنى قوللىنىپ، دانىچىلاشتۇرۇش، قىتورنى

يىغىش ئۈسكۈنىلىرىنى كۆپەيتىپ، بۇلغىنىشنى ئازايتىپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ، دۆلەت ئىچىدىكى بىر قەدەر ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى. ۋىلايىتىمىزدە سۇسىز ناترىي سۇلفات ۋە ئىشقار سۇلفىدتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتىنى ئىشلەپچىقىرىشتا، قىسمەن كارخانىلار يەنىلا قالاق مارتىن پېچ بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىۋاتىدۇ. ئىشچىلار ئىس- تۈتەك ئىچىدە ئىشلەيدۇ. باشقا ئۇششاق خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان تېخنولوگىيە ۋە ئۈسكۈنىلەر دۆلەت ئىچىدىكى ئادەتتىكى سەۋىيىدە ياكى قالاق سەۋىيىدە تۇرۇۋاتىدۇ.

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرى ئاساسلىقى خىمىيە سانائىتى رودىسى، ئانئورگانىك خىمىيە سانائىتى خام ئەشياسى ۋە خىمىيۋى ئوغۇتتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۈچ چوڭ تۈر، 12 خىلغا بۆلۈنىدۇ. ئۇلار: سۇسىز ناترىي سۇلفات، ئىشقار سۇلفىد، ناترىي تىئو سۇلفات، تەبىئىي سودا، تۇججۇپلەپ ئىشلەنگەن تۇز، ئادەتتىكى كالتسىي سۇپېر فوسفات، ناترىي چىرىندى كىسلاتالىق بىرىكمە ئوغۇت، ئازوت- فوسفورلۇق بىرىكمە ئوغۇت، مەخسۇس كېۋەزگە ئىشلىتىدىغان ئوغۇت، ناترىي فتورو سىلىكات، كۆيدۈرگۈچى ئىشقار، ساپ شۇلتا، شىلىت قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. قۇرۇلما جەھەتتىن تۇز- خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنى ئاساس قىلىدۇ. ئاساسلىق مەھسۇلاتلار سۇسىز ناترىي سۇلفات، ئىشقار سۇلفىد، ناترىي تىئو سۇلفات، تۇزدىن ئىبارەت، بۇنىڭ ئىچىدە سۇسىز ناترىي سۇلفاتنىڭ يىللىق مەھسۇلات مىقدارى مەملىكەتنىڭ يىللىق مەھسۇلات مىقدارىنىڭ 1% نى ئىگىلىدى. سۇسىز ناترىي سۇلفات قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ياپونىيە، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىدە بازىرى ئىتتىك، ئېكسپورت قىلىپ تاشقى پېرېۋوت يارىتىدىغان كوزىر مەھسۇلاتى ھېسابلىنىدۇ.

قۇمۇل ۋىلايەتلىك تۇز- خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە چوڭ تىپتىكى كارخانا، مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانا بولۇپ، يىللىق سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 40 مىليون يۈەندىن ئاشىدۇ. تۇز- خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان ئىشقار سۇلفىد، قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان سۇسىز ناترىي سۇلفات، قۇمۇل ۋىلايەتلىك قىزىليۇلتۇز دورا زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان ئېفېدرىنلار ئېكسپورت قىلىپ تاشقى پېرېۋوت يارىتىدىغان مەھسۇلات بولۇپ، يېڭى زېلاندىيە، ئاۋستىرالىيە، ئىران، ئىراق، ياپونىيە، ئامېرىكىلارغا سېتىپ چىقىرىلدى. ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان سۇسىز ناترىي سۇلفات 1965- يىلىلا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىگە ئېكسپورت قىلىنىپ، شىنجاڭ بويىچە بىرىنچى بولۇپ سۇسىز ناترىي سۇلفات ئېكسپورت قىلغان زاۋۇت بولدى. 1978- يىلى بۇ زاۋۇتنىڭ مەھسۇلاتى ئېكسپورت قىلغاندا تەكشۈرۈش كەچۈرۈم قىلىنىدىغان مەھسۇلات بولۇپ بېكىتىلدى. قۇمۇل شەھىرىنىڭ چىرىندى كىسلاتا زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان چىرىندى كىسلاتاسىنىڭ سۈپىتى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردىن ئورۇن ئالدى.

40 نەچچە يىللىق قۇرۇلۇش ئارقىلىق، قۇمۇل شىنجاڭنىڭ خىمىيە سانائىتى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بولۇپ قالدى.

1. يېنىك خىمىيە سانائىتى

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ خىمىيە سانائىتى 1950- يىللاردىن باشلاپ قۇرۇلغان بولۇپ، 1981- يىلغا كەلگەندە 12 يېنىك خىمىيە سانائىتى كارخانىسى بارلىققا كەلدى. ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى: مىرابىلىت پاراشوكى، ئىشقار سۇلفىد، تۇز، ناترىي تىئو سۇلفاتتىن ئىبارەت. مىرابىلىت پاراشوكى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانا ئىككى بولۇپ، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 35 مىڭ توننا، بۇنىڭ ئىچىدە يەتتە قۇدۇق تۇز- خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ 15 مىڭ توننا، ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ 20 مىڭ توننا. ئىشقار سۇلفىد ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانا ئۈچ بولۇپ، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 25 مىڭ توننا، بۇنىڭ ئىچىدە يەتتە قۇدۇق تۇز- خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ 5000

تونىنا، باركۆل ناھىيىسىنىڭ 15 مىڭ تونىنا، قۇمۇل قىزىلىئۇلتۇز خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ 5000 تونىنا. تۇز ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانا ئىككى بولۇپ، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 160 مىڭ تونىنا، بۇنىڭ ئىچىدە يەتتە قۇدۇق تۇز- خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ 150 مىڭ تونىنا، قۇمۇل شەھىرى تۇزچىلىق مەيدانىنىڭ 10 مىڭ تونىنا. ناترىي تىئو سۇلفات ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانا بىر (قۇمۇل قىزىلىئۇلتۇز خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى) بولۇپ، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 60 تونىنا.

1990- يىلى ۋىلايەت بويىچە يېنىك خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرى 36 غا يەتتى. ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان مەھسۇلاتلىرى تۇز، مىرابىلىت، ئىشقار سۇلفىد، ناترىي تىئو سۇلفات، تەبىئىي سودا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. تۇز ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانا ئىككى بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 350 مىڭ تونىنا (1981- يىلدىكىنىڭ 2.2 ھەسسىسى)، بۇنىڭ ئىچىدە يەتتە قۇدۇق تۇز- خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ 250 مىڭ تونىنا، قۇمۇل شەھىرى تۇزچىلىق مەيدانىنىڭ 100 مىڭ تونىنا. مىرابىلىت ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانا تۆت بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 140 مىڭ تونىنا (1981- يىلدىكىنىڭ تۆت ھەسسىسى)، بۇنىڭ ئىچىدە يەتتە قۇدۇق تۇز- خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ 60 مىڭ تونىنا، ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ 40 مىڭ تونىنا، باركۆل ناھىيىسى مىرابىلىت زاۋۇتىنىڭ 20 مىڭ تونىنا، ئاراتۈرۈك ناھىيىسى خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ 20 مىڭ تونىنا. ئىشقار سۇلفىد ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانا 26 بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 75 مىڭ تونىنا (1981- يىلدىكىنىڭ ئۈچ ھەسسىسى)، بۇنىڭ ئىچىدە يەتتە قۇدۇق تۇز- خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ 10 مىڭ تونىنا، باركۆلدىكى 20 ئىشقار سۇلفىد زاۋۇتىنىڭ 50 مىڭ تونىنا، قۇمۇل قىزىلىئۇلتۇز خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ 10 مىڭ تونىنا، باشقىلارنىڭ 5000 تونىنا. ناترىي تىئو سۇلفات ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانا ئىككى بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 6000 تونىنا، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل قىزىلىئۇلتۇز خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ 4000 مىڭ تونىنا، يەتتە قۇدۇق تۇز- خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ 2000 تونىنا. تەبىئىي سودا ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانا بىر (يەتتە قۇدۇق تۇز- خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى) بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 4000 تونىنا.

2. تىببىي دورا

ۋىلايىتىمىز تىببىي دورا سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇشتا مول مەنبەگە ئىگە. چاكاندا ئۆسىدىغان يەر كۆلىمى 263 مىڭ 618 مو بولۇپ، ساقلىنىۋاتقان مىقدارى 24 مىڭ 200 تونىنا. ئۇ ئېفېدرىننىڭ ئاساسلىق خام ئەشياسى ھېسابلىنىدۇ؛ چۈچۈكبۇيا كۆلىمى 170 مىڭ 143 مو بولۇپ، يىللىق سېتىۋېلىنىدىغان مىقدارى 30 مىڭ 483 توننىدىن ئاشىدۇ؛ زاراڭزا كۆلىمى 5000 مو بولۇپ، يىللىق مەھسۇلاتى 15 تونىنا بولىدۇ. يەنە بۇيا، ياڭپۇز، رەۋەن، قارلەيلىسى، قارازىرىق قاتارلىق جۇڭگو تىبابەتچىلىكى دورىسى ماتېرىياللىرى بار. بېقىلىۋاتقان بۇغا 6000 تۇياقتىن ئاشىدۇ. يىلىغا 112.6 كىلوگرام يۇمران مۈڭگۈز، 3200 كىلوگرام مۈڭگۈز چىقىدۇ. بېقىلىۋاتقان ئېشەك خېلىلا كۆپ، يەنە كېلىپ ئېشەك تېرىسى ئېشەك يېلىمىنىڭ خام ماتېرىيالى. قۇمۇلنىڭ خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرى ئىشلەپچىقارغان ناترىي سۇلفىد، ناترىي سۇلفات، ناترىي تىئو سۇلفات قاتارلىقلارمۇ تىببىي دورا سانائىتىنىڭ بىر قىسىم خام ماتېرىيالى، قوشۇمچە ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ.

ۋىلايىتىمىزنىڭ تىببىي دورا سانائىتى 1970- يىللارنىڭ بېشىدا قۇرۇلدى. 1979- يىلغىچە ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ، قۇمۇل دورا زاۋۇتى، ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ دورا ياساش بۆلۈمى، قۇمۇل شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ دورا ياساش بۆلۈمى (سېخى) قۇرۇلدى.

1980- يىللاردا ۋىلايىتىمىزنىڭ تىببىي دورا سانائىتى تېز تەرەققىي قىلدى ھەمدە دوختۇرخانىلار دورا ياساش بۆلۈملىرىنى قۇرۇپ، تۈرلۈك دورىلارنى ياساپ تۈرلىرى ئىشلەتتى. 1990- يىلغىچە ۋىلايىتىمىزدە تىببىي دورا

ئىشلەپچىقىرىدىغان بىرلا كارخانا يەنى قۇمۇل دورا زاۋۇتىلا بولدى. قۇمۇل دورا زاۋۇتى ئەسلىدە بىگتۇەن قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ قىزىلىيۇلتۇز دورا زاۋۇتى ئىدى. 1975- يىلى نامى قۇمۇل ۋىلايەتلىك قىزىلىيۇلتۇز دورا زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1993- يىلى نامى يەنە قۇمۇل دورا زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى.

قىزىلىيۇلتۇز دورا زاۋۇتى ئاۋۋالقى نوقۇل خام ماتېرىيال دورا ئېغىدىرىشتىنلا ئىشلەپچىقىرىدىغان ئاساستا تەدرىجىي تەرەققىي قىلدى. «7- بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە، بەزى دورا ياسايدىغان ئۈسكۈنىلەرنى كىرگۈزدى، 1986- يىلى ئۆزلىرى مەبلەغ توپلاپ، تابلېتكا دورىلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان سېخ قۇرۇپ، 1987- يىل 9- ئايدا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈردى. شۇ يىلى زىققە نەپەس تابلېتكىسى، ئاغرىق توختىتىش يىگى تابلېتكىسى، بىرلەشمە باكتېرىيىگە قارشى تابلېتكا قاتارلىق يەتتە خىل دورا ئىشلەپچىقاردى. 1980 ~ 1990- يىللىرىچە، ھەر يىلى بەش خىل دورىنى ياساش سۈرئىتى بىلەن تەرەققىي قىلدى. 17 خىل مەھسۇلاتى ئاپتونوم رايوندىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. قىزىلىيۇلتۇز دورا زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان ئېغىدىرىن خىلى ئۇستۇن رىقابەت كۈچىگە ئىگە بولۇپ، دېكسترو ئېغىدىرىن خەلقئارالىق بازارغا سېلىنىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئېكسپورت قىلىپ تاشقى پېرىۋوت يارىتىدىغان كوزىر مەھسۇلاتى بولۇپ قالدى. باشقا مەھسۇلاتلىرى، مەسىلەن، زىققە نەپەس تابلېتكىسى، مۇرەككەپ سۇلفانات تابلېتكىسى، بىرلەشمە باكتېرىيىگە قارشى تابلېتكا، باش قېيىشنى توختىتىش تابلېتكىسى، ئاشقازاننى تىنچلاندۇرۇش تابلېتكىسى، ئېرىترومىتسىن تابلېتكىسى، يۈرەك رىتىمىنى نورماللاشتۇرۇش تابلېتكىسى، ئاسپىرىن تابلېتكىسى قاتارلىقلار مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا سېتىپ چىقىرىلدى.

1990 - يىلى قۇمۇل دورا زاۋۇتى ھەم خىمىيىلىك خام ماتېرىيال دورىلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان، ھەم كۆپ خىل دورىلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان ئۇنىۋېرسال دورا زاۋۇتى بولۇپ قالدى. زاۋۇتنىڭ ئىشچى- خىزمەتچىسى 200 دىن ئېشىپ، تولۇق كەسپىي تېخنىكلىرى 33 كە يەتتى. ئۈچ ئىشلەپچىقىرىش سېخى، بىر بىرلەشمە تىجارەت زاۋۇتى قۇرۇلدى. مۇقىم مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 7 مىليون 689 مىڭ يۈەن (بۇ بىرلەشمە زاۋۇتنىڭ 4 مىليون 150 مىڭ يۈەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئايلانما مەبلەغنىڭ ئوتتۇرىچە قالدۇقى 7 مىليون 61 مىڭ يۈەن، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى (1990- يىلىدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە) 13 مىليون يۈەن ئەتراپىدا بولدى. بىر يىلدا ئىشلەپچىقىرىدىغان تابلېتكا دورىلىرى 33 خىل، 150 مىليون تابلېتكا، خام ماتېرىيال دورا ئېغىدىرىن 25 توننا، چۈشىن دورىسى 25 توننا بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە پايدىسى 1 مىليون 700 مىڭ يۈەندىن ئاشتى. 1 مىليون 412 مىڭ 500 يۈەن پايدا- باج تاپشۇردى.

3. خىمىيىۋى ئوغۇت

1950- يىللاردا باركۆل ناھىيىسى دېھقانچىلىق دورىسى زاۋۇتى قۇرۇپ، يەرلىك خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلەپچىقاردى.

1970- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سابىق قۇمۇل ناھىيىسى پولات زاۋۇتىنىڭ ئەسلىدىكى ئورنىدا يىللىق مەھسۇلاتى 15 مىڭ تونىلىق قۇمۇل فوسفورلۇق ئوغۇت زاۋۇتى قۇرۇلدى (كېيىن قۇمۇل شەھىرى فوسفورلۇق ئوغۇت زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى). 1976 ~ 1980- يىللىرىچە ئىشلەپچىقارغان فوسفورلۇق ئوغۇتنىڭ سۈپىتى ناچار، تەننەرخى يۇقىرى، بازىرى كاسات بولۇپ، جەمئىي 530 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق زىيان تارتتى. 1980- يىلى 1420 توننا، 1981- يىلى 2813 توننا ئىشلەپچىقاردى، سۈپىتى يىلدىن- يىلغا ياخشىلاندى. 1982- يىلى فوسفورلۇق ئوغۇتنىڭ تەركىبىدىكى ئۈنۈملۈك فوسفور 12% ~ 14% بولۇپ، دۆلەت بەلگىلىگەن 4- دەرىجىلىك مەھسۇلات ئۆلچىمىگە يەتتى؛ تەننەرخى يىلدىن- يىلغا تۆۋەنلەپ، ھەر بىر تونىسىنىڭ 131.66 يۈەندىن 118.96 يۈەنگە چۈشتى.

1990- يىلى قۇمۇل شەھەرلىك فوسفورلۇق ئوغۇت زاۋۇتىنىڭ ئىگىلىگەن ئورنى 190 مىڭ كۋادرات مېتىر، مۇقىم مۈلكى 25 مىليون يۈەن، مۇقىم ئىشچى- خىزمەتچىسى 294، كەسپىي تېخنىكلىرى 50 بولۇپ، خىمىيىۋى ئوغۇت، سانائەت گۈڭگۈرت كىسلاتاسى، تەبىئىي ساپ مىس ئوتتۇقى قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان بولدى. يىللىق

مەھسۇلات قىممىتى 30 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى ئادەتتىكى كالتسىي سۇپېر فوسفات، فوسفور ئېترىت بىرىكمە ئوغۇتى، چىرىندى كىسلاتا سىنتېزلىمىسىدىكى مەخسۇس ئوغۇتلار، كېۋەز، كوكتات، ئۈزۈم، قوغۇن- تاۋۇز، مېۋە- چېۋە، ئاشلىق ئوغۇتى ۋە يەنە %98 لىك گۈڭگۈرت كىسلاتاسى، تەبىئىي ساپ مىس ئۇنتۇقى، فتوروسىلىتسىك، ناترىي سۇلفات قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

4. كالتسىيلىق پلاتسماسا، پلاتسماسا

1) كالتسىيلىق پلاتسماسا. 1984- يىلى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى شىنجاڭنىڭ شۇ چاغدىكى پلاتسماسا سانائىتى تەرەققىيات ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ، 20 مىليون مەبلەغ سېلىپ، قۇمۇلدا يىللىق مەھسۇلاتى 10 مىڭ توننىدىن يۇقىرى پلاتسماسا پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنى قۇرۇشنى ھەم بۇ زاۋۇتنى بىڭتۈەننىڭ «7- بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدىكى نۇقتىلىق سانائەت قۇرۇلۇشى تۈرىگە كىرگۈزۈشنى قارار قىلدى. 1985- يىل 4- ئاينىڭ 15- كۈنى قىزىلىۇلتۇز كالتسىيلىق پلاتسماسا زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى. 1990- يىل 4- ئاينىڭ 10- كۈنى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. لايىھەدىكى يىللىق پلاتسماسا بۇيۇم مەھسۇلاتى 10 مىڭ 700 توننا.

قىزىلىۇلتۇز كالتسىيلىق پلاتسماسا زاۋۇتىنىڭ كابېل ماتېرىيالى، يېلاش، سىقىپ چىقىرىش (قوش بۇرمىلىق دەستە بىلەن سىقىپ چىقىرىش، تاق بۇرمىلىق دەستە بىلەن سىقىپ چىقىرىش)، پلاستماسا كىرگۈزۈش، پۈۋلەپ چىقىرىش (دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان پلاتسماسا يوپۇق، سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان پلاتسماسا يوپۇق)، بولۇت ئىشلەش قاتارلىق ئالتە ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى بار. بۇنىڭدىن سىرت، يەنە پلاتسماسانى قايتا پىششىقلاپ 2- قېتىم شەكىللەپ كىرگۈزۈش قاتارلىق بىر قەدەر تولۇق ئىشلەپچىقىرىش تۈرلىرى بار. پلاتسماسا بۇيۇملارنى ئاساس قىلغان 10 تۈر، 100 خىلدىن ئارتۇق مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرالايدۇ (بۇنىڭ ئىچىدە پلاتسماسا تاختاي، ياپىلاق ماتېرىيال، كابېل ماتېرىياللىرى، پلاتسماسا كەپشەر چوكىسى ئاپتونوم رايوندىكى بوشلۇقنى تولدۇردى). يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 8 مىليون يۈەنگە يەتتى.بۇ پلاتسماسا بۇيۇملار ئاساسەن جەنۇبىي شىنجاڭ، شىمالىي شىنجاڭ ۋە گەنسۇنىڭ خېشى كارىدورىدىكى جايلارغا سېتىلدى. دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان پلاتسماسا يوپۇق ئاپتونوم رايوننىڭ ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتى، 25 ~ 225 مىللىمېتىرغىچە بولغان پلاتسماسا تۇرۇبا ئاپتونوم رايوننىڭ ئەلا مەھسۇلاتى بولۇپ قالدى.

2) پلاتسماسا. پلاتسماسا سانائىتى قۇمۇلدا 1970- يىللارنىڭ ئاخىرىدا راۋاج تاپقان يېڭى كەسىپ. 1990- يىلى ۋىلايەت بويىچە پلاتسماسا بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان تۆت زاۋۇت، نۇقتا بار بولۇپ، مەھسۇلاتى پلاتسماسا توقۇلما خالتا، پلاتسماسا يوپۇق، پلاتسماسا بوتۇلكا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

1978- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يېنىك سانائەت نازارىتى 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، شىنجاڭ «1- ئىيۇل» توقۇمىچىلىق فابرىكىسى شاللىۋەتكەن 18 دانە تۈز توقۇش ماشىنىسىنى سېتىۋېلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بارىدىغان زاۋۇت ئۈيلىرىنى سېلىپ، قۇمۇل ناھىيىسى قول سانائەت بىرلەشمە كوپېراتىپىنىڭ پاختا پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى ئاساسىدا مەھسۇلاتلىرىنى ئۆزگەرتىپ، پلاتسماسا بۇيۇملىرى زاۋۇتىنى قۇردى. 1983- يىلى ۋىلايەت تەرەققىيات مەبلىغىدىن ھەل قىلىپ بەرگەن 250 مىڭ يۈەن ۋە ئۆزلىرى تەييارلىغان 130 مىڭ يۈەن بىلەن يېڭى زاۋۇت ئۈيلىرىنى سېلىپ، يېڭى ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋېلىپ، پلاتسماسا يوپۇق، توقۇلما خالتا ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتتى. 1985- يىلى ۋىلايەت، شەھەر يەنە 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ يەنىمۇ كېڭەيتتى. شۇنىڭ بىلەن يىلىغا 3 مىليون كۋادرات مېتىر توقۇلما خالتا، 200 توننا سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان پلاتسماسا يوپۇق، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان پلاتسماسا يوپۇق، لاپاسقا يېپىلىدىغان پلاتسماسا يوپۇق ئىشلەپچىقىرىدىغان بولدى. 1990- يىلى 1 مىليون 10 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ (بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايونلۇق يېنىك سانائەت نازارىتى ھەل قىلىپ بەرگەن تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرز پۇل

710 مىڭ يۈەن، ئۆزى تەمىنلىگىنى 300 مىڭ يۈەن)، زاۋۇت دائىرىسىنى يەنە كېڭەيتتى. ئىگىلىگەن يەر يۈزى 16 مىڭ 46 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 4640.7 كۋادرات مېتىر بولدى. مۇقىم مۈلكى 2 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىسى 70 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرى 13. ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان پلاستماسسا يوپۇق، لاپاسقا ئىشلىتىلىدىغان پلاستماسسا يوپۇق، سانائەتتە ئوراش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان پلاستماسسا، ھەر خىل خالتا، توقۇلما خالتا، سېرىكچە خالتا، ئاپتوموبىل يوپۇقى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولدى.

5. كاۋچۇك

1973-يىلىدىن بۇيان، ۋىلايىتىمىزدە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ قومۇل ۋىلايەتلىك راكىتا دېھقانچىلىق مەيدانى بالون يېگىلاش زاۋۇتى ۋە قومۇل ناھىيىسى كاۋچۇك زاۋۇتى قۇرۇلدى.

1) راكىتا دېھقانچىلىق مەيدانى بالون يېگىلاش زاۋۇتى. 1978-يىلى، ئىگىنچى قومۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى راكىتا دېھقانچىلىق مەيدانى بالون يېگىلاش زاۋۇتى قۇرۇلدى. ئۇ چاغدا 20 دىن ئاشىدۇق ئادىمى بار بولۇپ، ئاپتوموبىللارنىڭ كونا بالونىنى يېگىلىدى. 1979-يىلى 838 بالوننى يېگىلىدى، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 160 مىڭ يۈەن بولدى. 1980-يىلىدىن كېيىن، تەرتىپكە سېلىش، مەھسۇلات سۈپىتىنى ياخشىلاش ئارقىلىق خېرىدارلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى. تىجارەت كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، راۋاجلىنىپ ئونىۋېرسال ۋۇلكانلاشتۇرۇش ۋە بالون يېگىلاشتىن ئىبارەت ئىككى شۆبە زاۋۇت بولدى. ئىشچى-خىزمەتچىسى 134 كە يېتىپ، 60 ئادەم بالون يېگىلاش بىلەن شۇغۇللاندى. يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3000 ھەر خىل ئاپتوموبىللارنىڭ بالونىنى يېگىلايدىغان بولدى. 1983-يىلىدىن باشلاپ باشقا كاۋچۇك بۇيۇملارنى سىناق تەرىقىسىدە ياساپ، ھەر يىلى ئۈچ تۈردىن بەش تۈرگىچە ئىشلەپچىقاردى. بۇ زاۋۇت ئاپتونوم رايوننىڭ خىمىيە سانائىتى سىستېمىسىنىڭ قومۇلدىكى بىردىنبىر مۇقىم نۇقتىسى بولۇپ، 1984 ~ 1990-يىللىرىغىچە ھەر خىل بالونلاردىن 20 مىڭ 621 نى يېگىلاپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ترانسپورت ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپلا قالماي، جەنۇبىي شىنجاڭ، گەنسۇنىڭ دۇنخۇاڭ، جيۇچۈەن قاتارلىق جايلىرىدىمۇ تىجارەت نۇقتىلىرىنى قۇردى. ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى 600 دىن 1100 تىپلىققىچە بولغان بالون يېگىلاش، كاۋچۇك يامىقى، كۆن، ماشىنا توقۇمىچىلىق، باسمىچىلىق، ھەر خىل ئاپتوموبىل، تراكتور، سۇ يوپۇقى كېيىدىغان كالاچ، ئىشقاپ، ماي، سۇ كالىشكە قاتارلىق كاۋچۇك بۇيۇملىرى، 5 تىپلىق، 2 تىپلىق ھىسىمى چېكىمدىكى قاتارلىق بىر قانچە يۈز تۈرلۈك ئېلېكتىرلىك كاۋچۇك بۇيۇملىرىدىن ئىبارەت.

2) قومۇل ناھىيىلىك كاۋچۇك زاۋۇتى. 1979-يىلى 46 ئادەم يېگىلانغان بالون ئىشلەپچىقاردى، 3104 گاز يامىقى، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 120 مىڭ يۈەن بولدى. ئىشچى-خىزمەتچىسى 34 كە يەتتى. 1980-يىلىدىن كېيىن باشقا ئىگىلىكلەرنىڭ زاۋۇتلىرى قومۇلدا شۇ زاۋۇتلارنى قۇردى، قومۇل ناھىيىسى كاۋچۇك زاۋۇتىنىڭ رىقابەتلىشىدىغان ماداردى بولمىغاچقا، 1991-يىلى باشقىلار تەرىپىدىن قوشۇۋېلىندى.

6. ئېيتقانلىق كارخانىلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

1) قومۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قىزىلئاتۇر خىمىيە زاۋۇتى. قىزىلئاتۇر خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى ئەينىچە رايوندا 1-دەرىجىلىك كارخانا بولۇپ، ئىگىلىگەن يەر يۈزى 630 مىڭ كۋادرات مېتىر، ئىشچى-خىزمەتچىسى 1500 (تومتاشلىق ئىشچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، تۈرلۈك كەسپىي تېخنىكلىرى 400، مۇقىم مۈلكى 39 مىليون يۈەن. ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك تىكلەش، تېخنىكا ۋاستىلىرى تولۇق، ئېچىلغانلىقى مەركەزلىك سېستېمىلاشقان خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرىدىن ئىشقار سۇيۇقلۇقى، ئاق تىشو سۇيۇقلۇقى، ئىنچىكە سۇيۇقلۇقى، مېتاللۇق ماگنىي ۋە

نېفىت قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقاردى. ئونتۇبىر يىلدا ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 23 مىڭ 500 توننا، مەھسۇلاتلىرى ئاۋىستىرالىيە، ئامېرىكا، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمە گەۋدىسى، ياۋروپا، ياپونىيە ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىگە سېتىلىدۇ.

قىزىلبۇلتۇز خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى. 1958 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، دەسلەپتە ئاران 10 نەچچە ئادىمى، ئۈچ چوڭ قازىنى بار ئىدى، يەرلىك ئۇسۇل بىلەن شۇلتا ئىشلەيتتى.

1962 - يىلىدىن باشلاپ، ئىشقار سۇلفىد، ناترىي تىئو سۇلفات، تىرىناترىي سۇلفات قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقاردى. ئالدىنقى ئىككى تۈرلۈك مەھسۇلات ئىزچىل تۈردە قىزىلبۇلتۇز خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ ئاساسلىق مەھسۇلاتى بولۇپ كەلدى.

1990 - يىلى قىزىلبۇلتۇز خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ تۆت شۆبە زاۋۇتى بار بولدى. 1 - شۆبە زاۋۇتى بارىيلىق تۇز زاۋۇتى، 2 - شۆبە زاۋۇتى ئىشقار سۇلفىد زاۋۇتى، 3 - شۆبە زاۋۇتى ناترىي تىئو سۇلفات زاۋۇتى، 4 - شۆبە زاۋۇتى پىششىقلاپ ئىشلەش - ياساش زاۋۇتى بولۇپ، زاۋۇت ئۆيلىرىنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 175 مىڭ 660 كۋادرات مېتىر، ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 2300 كىلوۋات، مۇقىم مۈلكىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 10 مىليون 760 مىڭ يۈەن بولدى. ئۈسكۈنىلىرى خېلى ئىلغار بولۇپ، ئىلگىرى - كېيىن ناترىي بىكاربونات، گۈڭگۈرت كىسلاتا، كالتسىي - ماگنىي فوسفات ئوغۇتى، ناترىي سۇلفىد، تىرىناترىي سۇلفات، ناترىي تىئو سۇلفات، سۇسىز ناترىي سۇلفات، لىتىي كاربونات قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقاردى.

2) قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى. قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى 1958 - يىلى قۇرۇلدى. 1990 - يىلى 550 ئىشچى - خىزمەتچىسى، 15 مىليون 220 مىڭ يۈەن قىممەتتە مۇقىم مۈلكى بار ئوتتۇرا تىپلىق خىمىيە سانائىتى كارخانىسى بولۇپ قالدى. ئاساسلىق مەھسۇلاتى سۇسىز ناترىي سۇلفات، يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 50 مىڭ توننا.

قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ دەسلەپتە ئاران بىر نەچچە ئىشچى - خىزمەتچىسى، 40 نەچچە ئائىلە تاۋابىئاتى بار «8 - مارت» خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى بولۇپ، يەرلىك شۇلتا، يەرلىك ئۇسۇل بىلەن ساپلاشتۇرۇش ۋە شور قىرىشنى ئاساس قىلىپ، سوپۇن، تەبىئىي سودا قاتارلىق كۈندە ئىستېمال قىلىدىغان ئۇششاق خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىراتتى. ئۇلار ئۆزىنى ئۆزى تەدرىجىي تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تايىنىپ، 1960 - يىلىغا كەلگەندە ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى كۆپەيتىپ 168 گە يەتكۈزۈپ، مۇئەييەن كۆلەمگە ئىگە كىچىك تىپلىق خىمىيە سانائىتى كارخانىسى بولۇپ قالدى. لېكىن، ئۈچ يىللىق تەبىئىي ئاپەتتىن ئىبارەت ۋاقىتلىق قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىش سەۋەبى بىلەن، 1962 - يىلىنىڭ ئاخىرى زاۋۇتتا ئاران 33 ئىشچى - خىزمەتچىلا قېلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئامالسىز قالدى. 1964 - يىلىدىن كېيىن قايتا ئىش باشلاپ، خىمىيە سانائىتى ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، پەيدىنپەي راۋاجلاندۇردى ۋە كېڭەيتتى. ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 50 مىڭ توننىدىن يۇقىرى مىرابىلىت پاراشوكى ئىشلەپچىقىرىدىغان ئۈسكۈنىسى، 40 تونىنىغا يېقىن تېرمودىنامىكىلىق پېچى، 1000 كىلوۋاتلىق قالدۇق بېسىملىق ئېلېكتر پونكىتى، 40 قا يېقىن قاچىلاش، چۆشۈرۈش، توشۇش ماشىنىسى، 1.1 كىلومېتىر تۆمۈريول مەخسۇس لىنىيىسى قاتارلىقلار بار بولدى. ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش تېخنولوگىيىسىدە ئاپتوماتلىشىش، ماشىنىلىشىشنى ئاساسەن ئەمەلگە ئاشۇردى، جەمئىي 38 مىليون 430 مىڭ يۈەن مۇقىم مۈلكى بار بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي ئۈسكۈنە مۈلكى 15 مىليون 520 مىڭ يۈەن، زاۋۇت ئۆيلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 18 مىڭ 785 كۋادرات مېتىر. 1958 ~ 1990 - يىلىغىچە خەزىنىگە جەمئىي 27 مىليون 480 مىڭ يۈەن پايدا، باج تاپشۇرۇپ، ئېكسپورتتىن جەمئىي 28 مىليون ئامېرىكا دوللىرى تاشقى پېرېۋوت يارىتىپ، ئاپتونوم رايوندا 1 - دەرىجىلىك كارخانا بولۇپ قالدى.

30 نەچچە يىلدىن بۇيان بۇ كارخانا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 20 نەچچە تۈرلۈك مەھسۇلات ئىشلەپچىقاردى، بۇنىڭ

ئىچىدە مىرابىلىت پاراشوكى، ئىشقار سۇلفىد كوزىر مەھسۇلات ھېسابلىنىدۇ. 1965 ~ 1990- يىلىغىچە جەمئىي 420 مىڭ 600 توننا مىرابىلىت پاراشوكى، 20 مىڭ 600 توننا ئىشقار سۇلفىد ئىشلەپچىقاردى. سۈپىتى دۆلەت خىمىيە سانائىتى مىنىستىرلىكى بەلگىلىگەن ئۆلچەمگە تامامەن يەتتى. 1977- يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ مىرابىلىت سېخى تاشقى سودا ئېكسپورت سېخى بولىدۇ» غانلىقىنى تەستىقلىغاندىن كېيىن، مىرابىلىت پاراشوكى ياپونىيە، يېڭى زېلاندىيە، فىلىپپىن، ئاۋستىرالىيە، شياڭگاڭ قاتارلىق 10 نەچچە دۆلەت ۋە رايونغا ئېكسپورت قىلىنىپ، چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. 1990- يىلى، ياپونىيىلىك سودىگەرلەر نامىنى ئاتاپ قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ مەھسۇلاتىنى تەلەپ قىلدى. 1979- يىلدىن ئېتىبارەن، ئۈچ قېتىم ئۇدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات دېگەن نامغا ئېرىشتى. 1980-، 1990- يىللىرى، ئىككى قېتىم ئارقىمۇ ئارقا دۆلەت خىمىيە سانائىتى مىنىستىرلىكى بەرگەن ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات دېگەن نامغا ئېرىشتى. 1983- يىلى، دۆلەت تاشقى ئىقتىسادىي كومىتېتى تەرىپىدىن بېرىلگەن ئېكسپورت قىلىنىدىغان مەھسۇلات شەرەپ گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايوننىڭ ئېكسپورت قىلىدىغان تاۋارلارنى يۇرتتا تەكشۈرۈشتە تەكشۈرۈش كەچۈرۈم قىلىنغان مەھسۇلاتلارنىڭ بىرى بولدى.

## §8. قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى سانائىتى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن قۇمۇلنىڭ ئۆي- ئىمارەتلىرى كۆپىنچە كېسەك، ياغاچتىن سېلىناتتى، بىر نەچچە خۇسۇسىي خۇمداندا كۆك، قىزىل خىش ئىشلەپچىقىرىلغاندىن تاشقىرى، باشقا قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇت يوق ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى سانائىتى تەدرىجىي تەرەققىي قىلدى. 1970- يىللاردىن باشلاپ، قۇمۇلنىڭ ھەر قايسى ئاساسلىق خىش زاۋۇتلىرى يىلىغا 29 مىليون 600 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق خىش ئىشلەپچىقىرىدىغان بولدى. 1990- يىلى سېمونت ئىشلەپچىقىرىدىغان ئۈچ ئاساسلىق كارخانىنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 100 مىڭ توننىدىن ئېشىپ كەتتى. سېمونتنىڭ تۈرى بىر قەدەر تولۇق بولۇپ، سۈپىتى دۆلەت ئۆلچىمىگە يېتىپ، ۋىلايەتنىڭ ئېھتىياجى ئاساسىي جەھەتتىن قاندۇرۇلدى. «7- بەش يىللىق پىلان» نىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، قۇمۇل تاش ماتېرىياللىرى زاۋۇتى قۇرۇلدى. ئۈچ ئۇرۇن، 10 نۇقتىدا گرانت تاش، مەرمەرتاش كانى بار بولۇپ، يىلىغا 10 مىڭ كۋادرات مېتىر ماتېرىيال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، 10 خىلدىن ئارتۇق تام يۈزىنى بېزەش ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاپ ئىشلىدى. مېتاللوئىد كانى ۋە رۇدىسىنى ئايرىش، پىششىقلاش يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن 16 كارخانا بار بولۇپ، تاش ماتېرىياللىرى، كۋارتس قۇم، ئەينەك بۇيۇملار، تالاسمان ئەينەك، گىپس تاختاي، پىرىسلانغان تاختاي، سۇۋالغۇ قاتارلىق 20 نەچچە تۈرلۈك يېڭى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى ئىشلەپچىقاردى.

قۇمۇلنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى سانائىتى ئاساسلىقى سېمونت سانائىتى، سېمونت بۇيۇملار سانائىتى، تاش ماتېرىياللار سانائىتى، خىش، ھاك، قۇم، شېغىل سانائىتى، پولات دېرىزە سانائىتىنى ئاساس قىلدى. 1990- يىلى ئالتە سېمونت كارخانىسى، نەچچە ئون سېمونت بۇيۇملىرى كارخانىسى، خىش، ھاك، قۇم، شېغىل كارخانىسى، بىر تاش ماتېرىياللىرى كارخانىسى، ئىككى پولات دېرىزە كارخانىسى بار بولۇپ، ئاساسلىقى سېمونت، سېمونت بۇيۇملىرى، سېمونت شىپال، سېمونت ستولبا، سېمونت يۇندا سۇ تۇرۇبىسى، سېمونت قۇدۇق تۇرۇبىسى، قىزىل خىش، ھاك، قۇم، شېغىل، تاش دانىچىسى، كۋارتس قۇم، پولات دېرىزە، پولات ئىشىك، تام يۈزىنى بېزەيدىغان تۈرلۈك تاش ماتېرىيال قاتارلىقلارنى

ئىشلەپچىقاردى. ۋىلايەتلىك سېمونت زاۋۇتى قۇمۇلنىڭ سېمونت سانائىتىنىڭ باشلامچى كارخانىسى بولۇپ، بىر ئايلانما خۇمدانى، بىر ئۆرە خۇمدانى بار. ئاساسلىقى 325-، 425- نومۇرلۇق داشقال سېمونتى ۋە 325-، 425- نومۇرلۇق ئادەتتىكى سېمونت ئىشلەپچىقاردى، يىللىق ئىشلەپچىقىرىدىغان سېمونت 80 مىڭ توننا. 1985- يىلى 325-، 425- نومۇرلۇق سېمونت شىنجاڭ بويىچە ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات دېگەن نامغا ئېرىشتى. قۇمۇل كۆۋرۈك ماتېرىياللىرى زاۋۇتى ۋىلايىتىمىز بويىچە ئەڭ چوڭ سېمونت بۇيۇملىرى ئىشلەش زاۋۇتى بولۇپلا قالماي، بەلكى تۆمۈريول مىنىستىرلىكىنىڭ بېتون بۇيۇملىرى ئىشلەپچىقىرىدىغان نۇقتىلىق كارخانىلىرىنىڭ بىرى. ئاساسلىقى 10 تۈر، 35 خىل ئۆلچەم بويىچە سېمونت بۇيۇملىرى، كۆۋرۈك لىملىرى قاتارلىقلارنى ياسىدى. قۇمۇل شەھىرىنىڭ پولات دېرىزە زاۋۇتى قۇمۇلنىڭ پولات دېرىزە سانائىتىنىڭ تايانچ كارخانىسى، يىلىغا 80 مىڭ كۋادرات مېتىر پولات ئىشىك، دېرىزە ئىشلەپچىقاردى، مەھسۇلاتلىرىنىڭ ۋىلايىتىمىز ئىچى- سىرتىدا بازىرى ئىتتىك. قۇمۇل ۋىلايەتلىك تاش ماتېرىياللىرى زاۋۇتى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ تۇنجى زامانىۋى تاش ماتېرىياللار زاۋۇتى بولۇپ، 7 مىليون 200 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق قىممەتكە ئىگە مۇقىم مۈلكى، دۆلىتىمىز ئىچىدە خېلى زامانىۋىلاشقان ئۈچ مەرمەرتاش، گرانت تاش، نېپىز تاختاي ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى، ئىككى تاش دانچىسى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى، بىر كۋارتس قۇم ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى، بىر چوڭ ھاك پاراشوكى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى، 10 ھۈنەر- سەنئەت ئويما ماشىنىسى بار. تام يۈزىنى بېزەش تاش ماتېرىياللىرى، تاختايلىرى ئۆلارنىڭ كوزىر مەھسۇلاتى، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ كوزىر مەھسۇلاتى ھېسابلىنىدۇ. ئاساسلىقلىرى «قۇمۇل قىزىلى»، «تەڭرىتاغ كۆكى»، «تەڭرىتاغ مىيخوا گۈلى»، «تەڭرىتاغ چېچىرى»، «يۇلتۇزلۇق كۆك» قاتارلىق گرانت تاش تاختايلىرى ۋە «قارا قاشتېشى»، «قارا يىلپىز»، «تەڭرىتاغ شەپىقى»، «قىزىل چېچار»، «بۇلۇت ئەجدىھا» قاتارلىق مەرمەرتاش تاختايلىرىدىن ئىبارەت. بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ ۋىلايىتىمىز ئىچى- سىرتىدا بازىرى ئىتتىك. قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى سانائىتىدە يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەش ۋە تېخنىكا يېڭىلاش قاتارلىق خىزمەتلەردە ئۈچ تۈر ۋىلايەتتىن يۇقىرى دەرىجىلىك پەن- تېخنىكا نەتىجىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە بىر تۈر گېئولوگىيە- قېزىلما بايلىقلار مىنىستىرلىكىنىڭ پەن- تېخنىكا نەتىجىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

1. خىش

مىنگو يىللىرىدا، قۇمۇل رايونىدا خىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بەشلا ئائىلە بار، بۇلاردىن ۋاڭ گۇاڭگاۋ، ۋاڭ مىڭلياڭلارنىڭ تىجارەت باشلىغان ۋاقتى خېلى بالدۇر بولۇپ (تەخمىنەن 1937- يىلى ئەتراپىدا)، مەھسۇلات مىقدارى پۈتۈنلەي ئېھتىياجغا قاراپ بەلگىلەندى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن 1956- يىلى، خۇسۇسىي خۇمدانلار پۈتۈنلەي دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىغا ئۆزگەرتىلدى. 1957- يىلى 1 مىليون 330 مىڭ پارچە، 1966- يىلى 7 مىليون 800 مىڭ پارچە، 1976- يىلى 12 مىليون 530 مىڭ پارچە خىش ئىشلەپچىقىرىلدى.

1958- يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك بىناكارلىق شىركىتى خىش زاۋۇتى قۇرۇلدى. بۇ زاۋۇت 1990- يىلىغىچە، قۇمۇلنىڭ خىشچىلىق كەسپى بويىچە ئىزچىل تۈردە ئەڭ چوڭ زاۋۇت بولۇپ كەلدى، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 10 مىليون پارچىدىن يۇقىرى بولدى. ناھىيە، شەھەر ۋە بىڭتۇەنگە قاراشلىق خىش خۇمدانلىرىنىڭ تولىسى گۆڭشې، ئەترەت (تۈەن، مەيدان) لار ۋە بىناكارلىق كارخانىلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان بولۇپ، ئاساسلىق يەتتە كارخانا، يەنى قۇمۇل ناھىيىسى پالۋانتۇر بىرلەشمە خىش زاۋۇتى، قۇمۇل ناھىيىسى ئاستانە خىش زاۋۇتى، قۇمۇل ناھىيىسى شەھەر ئىچى خىش زاۋۇتى، قۇمۇل ناھىيىسى بۇلۇڭتوغراق خىش زاۋۇتى، باركۆل ناھىيىسى بىناكارلىق شىركىتى خىش زاۋۇتى، ئاراتۇرۇك ناھىيىسى توخۇلۇ خىش زاۋۇتى، بىڭتۇەن قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قىزىليۇلتۇز 3- دېھقانچىلىق مەيدانى خىش زاۋۇتى بار ئىدى.

ستاتىستىكىغا قارىغاندا 1979- يىلى ۋىلايەت بويىچە 20 مىليون 520 مىڭ پارچە خىش ئىشلەپچىقىرىلدى. 1980- يىلى ھەر قايسى ئاساسلىق خىش زاۋۇتلىرى جەمئىي 29 مىليون 657 مىڭ پارچە كۆك، قىزىل خىش ئىشلەپچىقاردى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل ۋىلايەتلىك بىناكارلىق شىركىتى خىش زاۋۇتىنىڭ 15 مىليون 600 مىڭ، يىگتۈمەن قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قىزىليۇلتۇز 3- دېھقانچىلىق مەيدانى خىش زاۋۇتىنىڭ 4 مىليون 500 مىڭ، قۇمۇل ناھىيىسى پالۋانتۇر خىش زاۋۇتىنىڭ 3 مىليون، باركۆل ناھىيىسى بىناكارلىق شىركىتى خىش زاۋۇتىنىڭ 2 مىليون 367 مىڭ، قۇمۇل ناھىيىسى پالۋانتۇر يېزىسىدىكى ھەر قايسى چوڭ ئەترەت خىش زاۋۇتلىرىنىڭ 2 مىليون 200 مىڭ. 1985- يىلى ھەر قايسى خىش زاۋۇتلىرى جەمئىي 63 مىليون 380 مىڭ پارچە قىزىل خىش ئىشلەپچىقاردى. قۇمۇل ۋىلايەتلىك بىناكارلىق شىركىتى خىش زاۋۇتىنىڭ 15 مىليون 570 مىڭ، قۇمۇل شەھىرىدىكى ھەر قايسى خىش زاۋۇتلىرىنىڭ 42 مىليون 300 مىڭ، باركۆل ناھىيىسىنىڭ 2 مىليون 560 مىڭ، ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ 2 مىليون 950 مىڭ. 1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 46 مىليون 200 مىڭ پارچە قىزىل خىش ئىشلەپچىقاردى.

2. سېمونت، سېمونتتىن ياسالغان بۇيۇملار

1) سېمونت. 1965- يىلىدىن بۇرۇن قۇمۇل تەۋەلىكىدە سېمونت ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانا يوق ئىدى، ئېھتىياجلىق بولغان سېمونت پۈتۈنلەي باشقا جايلاردىن سېتىۋېلىناتتى.

1965- يىلى باركۆل ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتى قۇرۇلدى. شۇ يىلى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك سېمونت زاۋۇتىنى قۇرۇش تەييارلىقى باشلىنىپ، 1973- يىل 7- ئايدا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، شۇنىڭدىن كېيىن، قۇمۇل ناھىيىسى ئاستانە سېمونت زاۋۇتى، پالۋانتۇر سېمونت زاۋۇتى، يىگتۈمەن قىزىليۇلتۇز 1- دېھقانچىلىق مەيدانى، قىزىليۇلتۇز 2- دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ سېمونت زاۋۇتلىرى ئارقا- ئارقىدىن قۇرۇلۇپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، 1980- يىلى قۇمۇلدا سېمونت ئىشلەپچىقىرىدىغان ئالتە كارخانا بولۇپ، يىلىغا 34 مىڭ 200 توننا سېمونت ئىشلەپچىقاردى.

1985- يىلى قۇمۇلدا جەمئىي 56 مىڭ 600 توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق سېمونت كارخانىسى 45 مىڭ 300 توننا، قۇمۇل شەھىرىنىڭ 3500 توننا، باركۆل ناھىيىسىنىڭ 7800 توننا.

1990- يىلى قۇمۇلنىڭ ئاساسلىق سېمونت ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلىرى ئىشلەپچىقارغان سېمونت جەمئىي 54 مىڭ 400 توننا، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ئىشلەپچىقارغىنى 39 مىڭ 400 توننا، كوللېكتىپ كارخانىلارنىڭ 15 مىڭ توننا؛ ئىشلەپچىقىرىلغان سېمونتلۇق تەييار ماتېرىياللار 12 مىڭ 800 توننا، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار 10 مىڭ 300 توننا، كوللېكتىپ كارخانىلىرى 2500 توننا ئىشلەپچىقاردى.

2) سېمونتتىن ياسالغان بۇيۇملار. 1990- يىلى قۇمۇل تەۋەلىكىدە سېمونتتىن ياسالغان بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان مۇئەييەن كۆلەمگە ئىگە كارخانىلار بولۇپ، ئۇلار ئاساسلىقى قۇمۇل تۆمۈريول كۆۋرۈك ماتېرىياللىرى زاۋۇتى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك بىناكارلىق شىركىتى سېمونت بۇيۇملار زاۋۇتى، قۇمۇل ناھىيىسى سۇ ئىنشائاتى بۇيۇملىرىنى ياساش زاۋۇتى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. باشقا كىچىك تىپتىكى بۇيۇملارنى ئالدىن ياساش زاۋۇتلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ھەر قايسى بىناكارلىق كارخانىلىرىغا تەۋە بولدى.

1990- يىلى، قۇمۇلدىكى ھەر قايسى ئاساسلىق سېمونتتىن ياسالغان بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇتلار ئىشلەپچىقارغان بېتون بۇيۇملىرى 2124 تونىنىغا، سېمونت بېسىم تۇرۇبىسى 37 مىڭ مېتىرغا، ئالدىن ياسالغان بۇيۇملار 1832 كۇب مېتىر (بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ئىشلەپچىقارغىنى 1616 كۇب مېتىر، كوللېكتىپ

كارخانىلار ئىشلەپچىقارغىنى 216 كۇب مېتىر) غا يەتتى.

**3. پولات دېرىزە، تاش قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، تاش ماتېرىياللار**

**1) پولات دېرىزە.** 1985- يىلى قۇمۇل تەۋەلىكىدە پولات دېرىزە ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇتتىن ئاساسلىقى قۇمۇل ۋىلايەتلىك تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى تەجرىبە زاۋۇتى، قۇمۇل شەھىرى پولات دېرىزە زاۋۇتى بار بولۇپ، يىلىغان 49 مىڭ 100 كۋادرات مېتىر پولات ئىشىك- دېرىزە ئىشلەپچىقاردى. شۇنىڭدىن كېيىن، قۇمۇل شەھەرلىك 4- ئوتتۇرا مەكتەپ ئېلېكتىر سانائىتى زاۋۇتى قاتارلىقلارمۇ پولات ئىشىك- دېرىزە ئىشلەپچىقاردى. 1990- يىلى يۇقىرىدىكى ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتلىرى 96 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر پولات ئىشىك- دېرىزە ئىشلەپچىقاردى، مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون 288 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

**2) تاش قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى.** قۇمۇل تەۋەلىكىدە تاش قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلاردىن ئاساسلىقى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك «706» كان، قۇمۇل شەھىرى يېڭى شەھەر رايونى قۇم- شېغىل زاۋۇتى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك خۇاگۇەن تاش ماتېرىياللىرى شىركىتى ۋە بىگتۇەنگە قاراشلىق ساقا مەمەرتاش كانى، تۆمۈريولغا قاراشلىق جىگشىيا تاش مەيدانى قاتارلىقلار بار ئىدى. ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلاردىن قارىغاندا 1980- يىلى قۇمۇلدا تاش ماتېرىيال، قۇم، شېغىل ماتېرىياللار ۋە باشقا غەيرىي مېتال ماتېرىياللار ئىشلەپچىقىرىدىغان تۆت كارخانا بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى تاش، تۇپراق قېزىش كارخانىسى، بىر خرۇستال قېزىش، پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسى، بىر ئوتقا چىدامىلىق ماتېرىياللار كارخانىسى بار. 1990- يىلى 11 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۆت تاش، تۇپراق قېزىش كارخانىسى، بىر خرۇستال قېزىش، پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسى، ئالتە باشقا كارخانىلار بولۇپ، مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 283 مىڭ يۈەنگە، كەسپكارلىرى 439 غا يەتتى.

قۇمۇل شەھىرى يېڭى شەھەر رايونى قۇم- شېغىل زاۋۇتى. 1979- يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، 1990- يىلى 23 مىڭ كۇب مېتىر قۇم- شېغىل ئىشلەپچىقاردى، مەھسۇلات قىممىتى 87 مىڭ يۈەن بولدى.

**3) تاش ماتېرىياللار.** قۇمۇل ۋىلايىتىدە تاش ماتېرىيال ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانىلاردىن ئاساسلىقى بىگتۇەن ساقا دېھقانچىلىق مەيدانى مەرمەرتاش تاختاي پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى، ئاپتونوم رايونلۇق رەڭلىك مېتال ئىدارىسى قۇرۇلۇش ماتېرىيال ئۈسكۈنىلىرى شىركىتى قۇمۇل ۋىلايىتى بىلەن بىرلىشىپ 1985- يىلى 7- ئايدا قۇرغان تاش ماتېرىياللار زاۋۇتى بار.

**(1) ساقا دېھقانچىلىق مەيدانى مەرمەرتاش كانى.** 1975- يىلى قۇرۇلۇپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. مەرمەرتاش كانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تۈرلىرى تۆت خىل بولۇپ، بىرىنچىسى، تاش دانىچىلىرى ئىشلەپچىقاردى. ئۇلار ئىشلەپچىقارغان تاش دانىچىلىرى ئۆلچىمى جەھەتتىن 25 تۈرگە، رەڭگى جەھەتتىن قارا، ئاق، سېرىق، يېشىلدىن ئىبارەت تۆت خىلغا يەتتى؛ ئىككىنچىسى، تاش پول ئىشلەپچىقاردى. ھەر خىل رەڭلىك، تەبىئىي گۈللۈك مەرمەرتاشتىن ئىشلەنگەن ئالىي دەرىجىلىك بېزەش تاختىيى ۋە تۈرلۈك غەيرىي تىپلىق بېزەش تاختىيى ئىشلەپچىقاردى؛ ئۈچىنچىسى، گرانىت تاشتىن ئىشلىنىدىغان چوڭ تىپتىكى بىنا پەلەمپىيى، تاش تۈۋرۈكى، پول قاتارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى ئىشلەپچىقاردى؛ تۆتىنچىسى، ئىنتايىن يۇقىرى ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە ھۈنەر- سەنئەت خام ماتېرىيالى — مېللىتنى ئىشلەپچىقاردى. 1985- يىلى رۇدا قېزىشتىن قىلغان ئومۇمىي كىرىمى 3 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە، يۇقىرىغا تاپشۇرغان يىللىق پايدىسى تەخمىنەن 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

**(2) قۇمۇل ۋىلايەتلىك تاش ماتېرىياللار زاۋۇتى.** 1987- يىلى قۇرۇلۇپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، يىلىغا 10 مىڭ كۋادرات مېتىر مەرمەرتاش قۇرۇلۇش تاختىيى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولدى. 1985- يىلىدىن باشلاپ، ئاقچوقا بۇلاق كانى ئېچىلدى، قېزىۋېلىنغان خام ماتېرىياللار نەنجىڭ، چاڭجۇ، خاڭجۇ، شاڭخەي مەرمەرتاش

زاۋۇتلىرىغا سېتىلدى، تايلاند، ئاۋىستىرالىيىگە ئېكسپورت قىلىندى. 1990- يىلى 1300 تونىنا ھاك، 492 كۋادرات مېتىر مەرمەرتاش تاختىيى، 670 كۋادرات مېتىر گرانت تاش تاختىيى ئىشلەپچىقىرىلدى.

(3) قۇمۇل ۋىلايەتلىك «706» كان. 1960- يىل 5- ئايدا قۇرۇلدى. 1978- يىل8- ئايدا ئاقتۇ ناھىيىسىدىن قۇمۇلغا يۆتكەپ كېلىندى. 1983- يىل 5- ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ئىدارىسى قۇمۇل ۋىلايىتىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئاساسلىقى خرۇستال قېزىش ۋە ئۇنى پىششىقلاپ ئىشلەش بىلەن شۇغۇللاندى. 1976 ~ 1987- يىلىغىچە ئورۇنلىغان مەھسۇلات قىممىتى جەمئىي 2 مىليون 799 مىڭ 700 يۈەن بولدى. 1988- يىلى «706» كان ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ۋىلايەتلىك تاش ماتېرىياللىرى زاۋۇتىغا قوشۇۋېتىلدى.

4. ئۇقتىلىق كارخانىلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

1) قۇمۇل ۋىلايەتلىك سېمونت زاۋۇتى. 1971- يىل 1- ئايدا رەسمىي قۇرۇلدى، 1973- يىل 7- ئايدا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى. 1976- يىلى 172 ئىشچى- خىزمەتچىسى بار بولۇپ، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 7000 تونىنا ئىدى، 1978- يىلى 20 مىڭ تونىنغا يەتتى. 1983- يىل 7- ئايدا كېڭەيتىلىپ، يىللىق مەھسۇلاتى 44 مىڭ تونىنغا يەتتى. مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۈرلىرىگە 1976- يىلدىكى 325- نومۇرلۇق داشقال سېمونتتىن تاشقىرى، يەنە 425- نومۇرلۇق داشقال سېمونتى، 325-، 425- نومۇرلۇق ئادەتتىكى سېمونتلار قوشۇلدى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئىشچى- خىزمەتچىسى 316 گە يېتىپ، يىلىغا 23 مىڭ 124 تونىنا 425- نومۇرلۇق سېمونت، 9076 تونىنا 325- نومۇرلۇق سېمونت ئىشلەپچىقىرىپ، قۇمۇل تەۋەسىدىكى سېمونت ئىشلەپچىقىرىدىغان ئاساسلىق كارخانا بولۇپ قالدى.

2) باركۆل ناھىيىسى سېمونت زاۋۇتى. 1965- يىلى قۇرۇلۇپ، باركۆل ناھىيىلىك سۇ- ئېلېكتر ئىدارىسىغا قارىدى. 1976- يىلى باركۆل ناھىيىسىنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى. ئاپتونوم رايون 1968- يىلى ۋە 1973- يىلى بۇ زاۋۇتتا ئىككى قېتىم سېمونت نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى. 1977- يىلى دۆلەت قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «داچىگچە كارخانا» دەپ نام بەردى. 1982- يىلى پۈتۈن ئىشلەپچىقىرىش تېخنولوگىيە تەرتىپى يۈرۈشلىشىپ، ماشىنىلىشىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. 1985- يىلى 8000 تونىنا 325- نومۇرلۇق ۋە 425- نومۇرلۇق خالتىغا قاچىلانغان داشقال سېمونتى ئىشلەپچىقاردى، مەھسۇلات قىممىتى 367 مىڭ يۈەن بولدى. 1990- يىلى ئىشچى- خىزمەتچىسى 99 غا يېتىپ، يىلدا 7225 تونىنا 425- نومۇرلۇق داشقال سېمونت، 6150 تونىنا سېمونتلۇق تەييار ماتېرىيال ئىشلەپچىقىرىپ، مەھسۇلات قىممىتىنى 1 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى. مەھسۇلاتى باركۆل ناھىيىسىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرغاندىن تاشقىرى، قاراماي، مايتاغ، ئۈرۈمچى، مورىي ۋە ئاراتۈرۈك ناھىيىسى قاتارلىق جايلارغا سېتىپ چىقىرىلدى.

3) قۇمۇل كۆۋرۈك ماتېرىياللىرى زاۋۇتى. 1958- يىل 6- ئاينىڭ 1- كۈنى تۆمۈريول مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقى بىلەن قۇمۇلدا قۇرۇلدى. 1958- يىل 8- ئايدا تۇنجى تۈركۈم تۆمۈريول بېتون كۆۋرۈكىنى ئىشلەپچىقاردى. 9- ئايدا، ئىچكى بېسىملىق سۇ تۇرۇبىسى سېخى قۇرۇلۇپ، سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى، 1960- يىل 6- ئايدا ۋە 1963- يىل 7- ئايدا شپال سېخى، ستولبا سېخى قۇرۇلۇپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى.

قۇمۇل كۆۋرۈك زاۋۇتى تۆمۈريولغا ئېھتىياجلىق بولغان تەييار مەھسۇلاتلارنى تەمىنلەيدىغان مەخسۇس بېتون زاۋۇتى. زاۋۇت قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ئاساسلىقى 16 مېتىردىن تۆۋەن ئادەتتىكى كۆۋرۈك، ئادەتتىكى پولات چىۋىقلىق بېتون شپال، ئىچكى بېسىملىق سۇ تۇرۇبىسى ئىشلەپچىقىراتتى. 1965- يىلى زاۋۇت كېڭەيتىلىپ، ئىنېرتلىق ماتېرىيال ئىسكىلاتى، ماتېرىيال يەتكۈزۈپ بېرىش يولى، سېمونتنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈسكۈنىسى، ئۇۋاق تاش مەيدانى مەخسۇس لىنىيىسى قۇرۇلدى. 1970- يىلى 801 مىڭ 600 قوش ئاتلىما شپال ئىشلەپچىقاردى. 1971- يىلى 28 مىڭ 600 تال ستولبا ئىشلەپچىقاردى، 1978- يىلى ج ك پ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن،

ئالدىن كۆچىنىشچان كۆپ تۆشۈكلۈك سېمونت تاختاي، چوڭ تېپلىق تۆگزىگە يېپىشتىلىدىغان سېمونت تاختاي، تەڭ دىئامېتىرلىق ستولبا قاتارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى ئىشلەپچىقاردى. 30 نەچچە يىل داۋامىدا، بۇ زاۋۇت جەمئىي 890.5 پولات چۆنقلىق بېتون كۆۋرۈك، 11 مىليون 937 مىڭ 500 تال تۇرلۇك شىپال (7461 كىلومېتىر تۆمۈريولغا يېتىشقا يېتىدۇ)، 348 مىڭ 600 تال تۇرلۇك ستولبا (17 مىڭ 400 كىلومېتىر توك لىنىيىسىگە يېتىدۇ)، 21 مىڭ 400 تونېل تۇرۇبىسى، سۇ تۇرۇبىسى، 314 مىڭ 900 كۇب مېتىر چوڭ تېپلىق تۆگزىگە يېپىشتىلىدىغان سېمونت تاختاي، كاۋاك سېمونت تاختاي قاتارلىق بېتون بۇيۇملىرى ئىشلەپچىقاردى، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 345 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1990- يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ زاۋۇتنىڭ ئىشچى- خىزمەتچىلىرى 1472 گە، تۇرلۇك تېخنىكلىرى 154 (بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي ئىنژېنېر ئۆت، ئىنژېنېر 27 ) كە يەتتى. بۇ زاۋۇت ئىشلەپچىقارغان مەخسۇس تۆمۈريولغا ئىشلىتىلىدىغان مەھسۇلاتلار سامە بويىچە ئېلىپ بېرىلغان باھالاشتا كۆپ قېتىم ياخشى باھاغا ئېرىشتى. چوڭ تېپلىق تۆگزىگە يېپىشتىلىدىغان سېمونت تاختاي ئاپتونوم رايون بويىچە ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات دېگەن نامغا ئېرىشتى. بۇ زاۋۇت دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونىدىكى مۇشۇنداق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرالايدىغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بىردىنبىر ئوتتۇرا تىپتىكى زامانىۋى كارخانا بولۇپ قالدى. مەھسۇلاتلىرى غەربىي شىمال رايونىنىڭ تۆمۈريول قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلغاندىن تاشقىرى، شەرقىي شىمال، شىمالىي جۇڭگو، شەرقىي جۇڭگو، غەربىي جەنۇب، ئوتتۇرا جەنۇب قاتارلىق جايلارغا سېتىپ چىقىرىلدى.

### قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1990- يىلىدىكى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى مەھسۇلات مىقدارى

جەدۋەل: 11 – 16

| مەھسۇلات نامى | ئۆلچەم بىرلىكى | مەھسۇلات مىقدارى | | |
|---|---|---|---|---|
| | | جەمئىي | دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا | كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانا |
| سېمونت | توننا | 54425 | 39425 | 15000 |
| سېمونتلىق پىششىق ماتېرىياللار | توننا | 12882 | 10382 | 2500 |
| سېمونت بويۇم | توننا | 2124 | 2124 | |
| سېمونت ياسالمىسى | كۇب مېتىر | 1832 | 1616 | 216 |
| قىزىل خىش | تۈمەن پارچە | 4620 | | |
| هاك | توننا | 1364.6 | | 1364.6 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| مەرمەرتاش تاختاي | كۋادرات مېتىر | 492 | 492 | |
| گرانىت تاش تاختاي | كۋادرات مېتىر | 67 | 67 | |
| مەرمەرتاش دانچىلىرى | توننا | 85000 | 85000 | |
| مېتال ئىشىك- دېرىزە | كۋادرات مېتىر | 104015 | | |
| گىدرو ئەينەك | توننا | 2565 7 | | |
| ئەينەك پولات | توننا- تاختا | 1.6/400 | | 1.6/400 |
| سۇرمە تاش | توننا | 30 | | |
| گرانىت تاش ماتېرىيالى | كۇب مېتىر | 650 | 650 | |
| سۇۋالغۇ | توننا | 500 | | |
| سۇ- پاراۋاي زاپچاسلىرى | توننا | 52 | | 52 |

## §9. يېمەكلىك كەسپى

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ يېمەكلىك سانائىتى 1953- يىلى باشلىنىپ، تۇنجى ئاشلىق- ماي پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى — قىزىليۇلتۇز ئۇن زاۋۇتى (ھازىرقى ۋىلايەتلىك ئۇن زاۋۇتى) قۇرۇلدى. 1990- يىلى ۋىلايەت بويىچە 44 يېمەكلىك زاۋۇتى (تايانچ يېمەكلىك زاۋۇتى) بارلىققا كەلدى. ئۇلارنىڭ مۇقىم مۈلكى 31 مىليون 693 مىڭ يۈەن بولۇپ، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 70 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 7 مىليون يۈەن پايدا- باج تاپشۇردى. بۇ يەرلىكنىڭ ئومۇمىي سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 31.9% نى، يېنىك سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 72.88% نى ئىگىلىدى. ئىشچى- خىزمەتچىسى 264 كە يەتتى. تۈرلۈك كەسپىي تېخنىكلىرى 84، بۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇلۇش تېخنىكلىرى 17. يېمەكلىكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش نوقۇل ئاشلىق پىششىقلاپ ئىشلەشتىن تەرەققىي قىلىپ، ئاشلىق، ماي، قاسساپچىلىق كەسپى، ئېتىتقۇ، پېچىنە، مېۋە- چېۋە، كۆكتات پىششىقلاش كەسپى، كونسېرۋا، ئىچىملىك، كراخمال سانائىتى قاتارلىق 11 كەسىپ، 20 تۈر بويىچە 100 خىل مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدىغان يېمەكلىك سانائىتى سىستېمىسى شەكىللىنىپ، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئاساسلىق تۈۋرۈك كەسىپلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ئاساسلىقى ھاراق چىقىرىش، پېچىنە، قەنت- گېزەك، ئىچىملىك، ئېتىتقۇ پىششىقلاش، ئاشلىق- ماي پىششىقلاش قاتارلىق كەسىپلەر بار بولۇپ، ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى پىۋا، ئاق ھاراق، ئۈسسۇلۇق، پېچىنە، سۇ- سۈزلاندۇرۇلغان

كۆكتات، كونسېرۋا، قەنت. گېزەك قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

قۇمۇل قىزىلىۋلتۇز بىرلەشمە يېمەكلىكلەر زاۋۇتى شىنجاڭدىكى تۇنجى سۇسىزلاندۇرۇلغان كۆكتات ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇت، شۇنداقلا مەملىكەت بويىچە چوڭ تىپتىكى سۇسىزلاندۇرۇلغان كۆكتات ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇتلارنىڭ بىرى. تۆت ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى بار، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 1200 توننا. ئاساسلىقى باشپىياز، تاتلىق مۇچ، سەۋزە، كۆك پۇرچاق، كاۋا قاتارلىق كۆكتاتلاردىن سۇسىزلاندۇرۇلغان مەھسۇلات ئىشلەپچىقارىدى، مەھسۇلاتى ياۋروپا، ئاسىيا، ئوكيانىيىگە ئېكسپورت قىلىندى. قۇمۇل شەھەرلىك پىۋا زاۋۇتى يىلىغا 5000 توننا پىۋا، 250 توننا ئىچىملىك ئىشلەپچىقارىدى، بۇ زاۋۇت چىگداۋنىڭ پىۋا ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر. سەنئىتىنى قوللىنىپ، يەرلىك ئەلا سۈپەتلىك ئارپا، قۇلماق، تاغ سۈيىنى ئىشلىتىپ ئىشلەپچىقارغان پىۋىنىڭ تەمى ساپ، كۆپۈكلۈك بولۇپ، شىنجاڭنىڭ پىۋا باھالاش پائالىيەتلىرىدە كۆپ قېتىم ياخشى باھاغا ئېرىشتى، شىنجاڭ ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردە بازىرى ئىتتىك بولدى.

1990- يىلى ۋىلايىتىمىزدە 39 مىڭ 100 توننا ئۇن ئىشلەپچىقىرىلدى. مەھسۇلات قىممىتى 36 مىليون 800 مىڭ يۈەن بولدى؛ يىللىق ئىشلەپچىقىرىلغان سۇ يېغى 800 توننا بولۇپ، مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 200 مىڭ يۈەن بولدى. يىللىق ئىشلەپچىقىرىلغان يودلۇق تۇز 2500 توننا، يىللىق قورۇتۇلغان ۋە پىشىقلانغان جۇگگو ۋە چەت ئەللەرگە مەشھۇر قوغۇن قېقى، ئۈزۈم قۇرۇقى 8000 توننا، مەھسۇلات قىممىتى 320 مىڭ يۈەن؛ تۆت كونسېرۋا زاۋۇتىنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقارغان تۈرلۈك كونسېرۋالىرى 1000 توننا، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 800 مىڭ يۈەن؛ يىللىق ئىشلەپچىقىرىلغان پېچىنە 1000 توننا، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 500 مىڭ يۈەن بولدى.

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ يېمەكلىكلەر سانائىتىدە، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى، ھاۋاسى، تەبىئىي بايلىقى ۋە ئۆرپ. ئادىتى ئوخشاش بولمىغاچقا، ھەر قايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار. تاغنىڭ جەنۇبىدا تۇز ئىشلەپچىقىرىش سانائىتى باشلامچى، ئاشلىق، ماي پىششىقلاش تۈۋرۈك قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، مېۋە. چېۋە، كۆكتات پىششىقلاش، ئېچىتىپ چىقىرىلغان ئىچىملىكلەر تەرەققىي قىلدۇرۇلدى؛ تاغنىڭ شىمالىدىكى بارىكۆل، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرى ئاشلىق، ماي پىششىقلاشنى ئاساس قىلىپ، گۆش، كراخمال پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 1165 تونىنلىق يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا يېگى پېتى ساقلاش ئىسكىلاتى ۋە 145 تونىنلىق تۆۋەن تېمپېراتۇرىدا توڭلىتىپ ساقلاش ئىسكىلاتى بولۇپ، ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 2615 تونىنغا يەتتى. توڭلىتىش ئۈسكۈنىلىرىدىن تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق ئىسكىلات 1950-، 1960- يىللاردىكى كونا ئۈسكۈنىلەر بولغاندىن تاشقىرى، قالغانلىرى پۈتۈنلەي 1990- يىللاردىكى دۆلەت ئىچىدىكى بىر قەدەر ئىلغار توڭلىتىش ئۈسكۈنىلىرىدۇر. يېزا ئىگىلىك تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزىنىڭ 500 تونىنلىق گاز بىلەن توڭلىتىش ئىسكىلاتى غەربىي شىمال رايونىدىكى ئەڭ چوڭ مېۋە. چېۋىنى يېگى پېتى ساقلاش ئىسكىلاتلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ۋىلايىتىمىزدە نوپۇسقا چېچىپ ھېسابلىغاندا، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 157.5 ئادەمگە بىر تونىنلىق توڭلىتىش ئىسكىلاتى ئورنى توغرا كەلدى. بۇ مەملىكەت، شىنجاڭ بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئاشلىق، ماي پىششىقلايدىغان ۋە باشقا يېمەكلىكلەر سانائىتى ئۈسكۈنىلىرى ئادەتتىكى ئۈسكۈنىلەر بولۇپ، يېڭىدىن قۇرۇلغان يىلىغا 3000 توننا تەييار چۆپ ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇت، قارادۆۋە مېۋە. چېۋە زاۋۇتىنىڭ پىششىقلاش ئۈسكۈنىلىرى ۋە قۇمۇل شەھىرى پىۋا زاۋۇتىنىڭ ئارپا ئۈندۈرمىسى تېخنولوگىيىسى ئۈسكۈنىسى دۆلەت ئىچىدىكى 1980- يىللاردىكى بىر قەدەر ئىلغار مەھسۇلاتلار ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، مەسىلەن، قەنت. گېزەك، مېۋە. چېۋە، پېچىنە، ئېتىتقۇ ئىشلەپچىقىرىش، قاساپچىلىق ئۈسكۈنىلىرى ۋە تېخنولوگىيىلىك تېخنىكىلىرى ئاساسىي جەھەتتىن دۆلەت ئىچىدىكى 1960- يىللاردىكى سەۋىيىدە بولۇپ، يېمەكلىكلەر سانائىتىنىڭ ئومۇمىي تېخنولوگىيىسى

ۋە ئۆسكۈنىسى شىنجاڭ بويىچە ئوتتۇراھال ئورۇندا تۇرىدۇ.

1990- يىلى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا تارماقلىرى باشقۇرغان يېمەكلىكلەر سانائىتىدىن قاساپچىلىق، توگلىتىپ ساقلاش، گۆش، ئۆي قۇشلىرى، تۇخۇمدىن ئىشلەنگەن يېمەكلىكلەر، قەنت- گېزەك، پېچىنە، سوغۇق ئىچىملىكلەر، ئىچىملىكلەر، كونسېرۋا، پۇرچاقتىن ئىشلەنگەن يېمەك- ئىچمەك، جياگيۇ، ئاچچىقسۇ، تېتىتقۇلار، كۆكتات پىششىقلاش، مېۋە- چېۋە پىششىقلاش قاتارلىقلار بار. يىللىق سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون 23 مىڭ يۈەن، مەھسۇلاتلىرىنى سېتىپ چىقىرىش كىرىمى 4 مىليون 66 مىڭ يۈەن، ئومۇمىي پايدىسى 474 مىڭ يۈەن، ئىشچى- خىزمەتچىسى 323. ۋىلايىتىمىزنىڭ تەمىنات- سودا سىستېمىسىنىڭ سانائەت كارخانىلىرى 14 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغىنى ئۈچ، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون 748 مىڭ يۈەن (ھازىرقى باھا بويىچە ھېسابلاندى).

1. مىللىيچە يېمەكلىكلەر

ۋىلايىتىمىزدە چارۋا مەھسۇلاتلىرىدىن ئىشلىنىدىغان خەلقچە لازىملىق يېمەكلىكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئىزچىل تۈردە بىر قەدەر قەدىمىي، ئاددىي، كۆلىمى بىر قەدەر كىچىك سەۋىيىدە توختاپ قالدى. بۇنداق يېمەكلىكلەر ئاساسلىقى يېمەكلىكلەرنىڭ چىرىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش، يېمەكلىكلەرنى ساقلاش، مۇۋاپىق تەم تۈزەش يۈزىسىدىن قوللىنىلغان تەدبىرلەر بولۇپ، كەڭ چارۋىچىلارنىڭ ئاماق شەجەرىسىنىڭ مۇقىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلاندى. ئۇلار سۈرگۆش، قورۇتۇلغان گۆش، ئىرىمچىك، قېمىز، تۆگە قېمىزى، قېتىق ۋە سېرىقمايدىن ئىبارەت.

1) سۈرگۆش، قورۇتۇلغان گۆش. يېڭى گۆش تۇزلانغاندىن كېيىن كىگىز ئۆيدە ئاسقۇغا ئېسىپ قويۇلىدۇ ۋە ئۆتەك ئىسى بىلەن بىر ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىسلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ گۆش سۈرلەنگەن بولىدۇ. سۈرگۆشنىڭ تەركىبىدىكى سۇ زور دەرىجىدە ئازايغان بولۇپ، ئۇ ئاسان چىرىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەمىمۇ سەل ئۆزگەرگەن بولىدۇ. سۈرگۆشنى يېرىم يىل ئەتراپىدا ساقلىغىلى بولىدۇ. سۈرلەش بىر خىل ساقلاش ئۇسۇلى بولۇپ، سۈرگۆش ئاسانلا قىش پەسلىدە يېيىلىدۇ.

يېڭى گۆش ئاسقىغا ئېسىپ قويۇلۇپ، شامالدا قۇرۇتۇلسا قورۇتۇلغان گۆش بولىدۇ. بۇنداق گۆشنى ئادەتتە ئۈچ ئاي ئۆپچۆرىسىدە ساقلىغىلى بولىدۇ.

2) ئىرىمچىك، سېرىق ماي

(1) ئىرىمچىك. يېڭى سۈت قاينىتىلغاندىن كېيىن مۇۋاپىق دەرىجىدە سوۋۇتۇلۇپ، ئۇنىڭغا ئاز قېتىق قويۇلىدۇ، سۈيى سوغۇلغىچە قاينىتىلىدۇ، ئاندىن ئاپتاپتا قورۇتۇلىدۇ. ئىرىمچىكتە سۈتنىڭ تەمى ساقلىنىپ قېلىنىدۇ، ئۇ چارۋىچىلارنىڭ دائىملىق ئوزۇقلۇقى ھېسابلىنىدۇ، ئۇ قۇرۇت ۋە ئەجىگى دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ.

(2) سېرىقماي. چارۋا سۈتىدىكى خام قايماق بىر نەچچە تۈرلۈك فىزىكىلىق ئۇسۇل بىلەن ئايرىپ ئېلىنغاندىن كېيىن، ئايرىپ ئېلىنغان خام قايماقتىن سېرىقماي ئىشلىنىدۇ. سېرىقمايىنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ، سوغۇققا قارشى تۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. ئۇ چارۋىچىلارنىڭ دائىملىق ئوزۇقى ھېسابلىنىدۇ.

3) قېتىق، قېمىز، تۆگە قېمىزى

(1) قېتىق. ئۇ، مۇئەييەن مىكرو ئورگانىزمنىڭ يېڭى سۈتنى ئېچىتىشىنىڭ نەتىجىسى. قېتىق چۈچۈمەل، ئېچىشلىك بولىدۇ، ئىسسىقنى قايتۇرىدۇ، ئىسسىق ئۆتۈپ قالغانغا شىپا بولىدۇ. كالا، قوي، ئۆچكە سۈتلىرى قېتىقنىڭ ئاساسلىق خام ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ.

(2) قېمىز، تۆگە قېمىزى. ئۇ مىكرو ئورگانىزمنىڭ ئات، تۆگە سۈتىدىكى كاربوگىدرات ماددىسىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق ئېچىتىلىپ ياسىلىدۇ. قېمىز، تۆگە قېمىزىنىڭ تەركىبىدە بىر قىسىم ئالكوگول بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر

ۋاقىتتا PH قىممىتىمۇ تۆۋەنلەيدۇ، ئېچىكەندە پۇرىقى ۋە تەمى ئۆتكۈر بولىدۇ. بۇ چارۋىچىلارنىڭ ياز پەسلىدە ياقتۇرۇپ ئىچىدىغان بىر خىل ئىچىملىكى.

4) سۈت يېمەكلىكلەر. 1959- يىلى، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ غەربىتاغ گۇڭشېسى سۈت پاراشوكى زاۋۇتى قۇرۇپ، تولۇق كىراخماللىق سۈت پاراشوكى، سېرىقماي قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقاردى. لېكىن بۇنىڭ كۆپ قىسمىنى يەرلىك ئۇسۇل بىلەن ئىشلەپچىقاردى. 1960- يىلى باركۆل ناھىيىسىنىڭ شىياگىياڭ چارۋىچىلىق فېرمىسى سۈت پاراشوكى زاۋۇتى قۇردى. 1979- يىلغا كەلگەندە، سۈت پاراشوكى زاۋۇتىنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 4.2 توننىغا (سۈت پاراشوكى) يەتتى. يەنە ئاز مىقداردا سۈت كونسېرۋاسى ئىشلەپچىقاردى.

2. پېچىنە، قەنت- گېزەك

ۋىلايەتلىك تەمىنات- سودا كوپېراتىپى 1952- يىلى پېچىنە، قەنت- گېزەك، ئاشلىق، ماي، پىنتوزا، جياگيۇ، چىلغان كۆكتات قاتارلىقلارنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان ئالتە كارخانا قۇردى. 1955- يىلى ۋە 1956- يىلى، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ پېچىنە، يېمەكلىكلەر ۋە جياگيۇ، ئاچچىقسۇ پىششىقلاش زاۋۇتلىرى قۇرۇلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە باركۆل ناھىيىسىنىڭ يېمەكلىكلەر پىششىقلاش زاۋۇتى، تارانچى سودا شىركىتىنىڭ يېمەكلىكلەر پىششىقلاش زاۋۇتى، ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ يېمەكلىكلەر پىششىقلاش زاۋۇتى قۇرۇلدى. 1980- يىلى، قۇمۇل ناھىيىسى تەمىنات- سودا كوپېراتىپىنىڭ موخوركا پىششىقلاش زاۋۇتىنى مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەرنى پىششىقلاش زاۋۇتىغا ئۆزگەرتتى.

1980- يىللاردا، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتلىرى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى، مەھسۇلات رىقابىتى كەسكىنلەشتى، سودا تارماقلىرى باشقۇرغان يېمەكلىكلەر پىششىقلاش كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ئازايدى. 1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن يېمەكلىكلەر 1349.15 توننىغا يەتتى.

1990- يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ۋىلايەت بويىچە بەش پېچىنە ئىشلەيدىغان تايانچ كارخانا بولۇپ، يىلىغا 1000 توننا تۈرلۈك پېچىنە ئىشلەپچىقاردى، تۈرى 50 كە، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

3. ئاشلىق، ماي

1985- يىلى، ۋىلايەت بويىچە ئاشلىق، ماي سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 13 مىليون 666 مىڭ 700 يۈەنگە، يارىتىلغان پايدا 769 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە ئاشلىق، ماي سانائىتى كارخانىسىدىن توققۇزى بارلىققا كەلدى. مۇقىم مۈلكى 3 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە، ئىشچى- خىزمەتچىسى 306 گە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە پىششىقلانغان ئاشلىق، ماي، يېمەكلىكلەر، يەم- خەشەكنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 19 مىليون 474 مىڭ 100 يۈەن بولدى. پايدا بىلەن زىياننى بالانس قىلغاندىن كېيىنكى پايدا 3 مىليون 154 مىڭ 500 يۈەن بولدى.

1) ئۇن تارتىش. 20- ئەسىرنىڭ 30- يىللىرىدىن بۇرۇن، قۇمۇلدىكى دېھقانلار، ئائىلىلەر، ھەربىيلەر ۋە ئۆتكەن- كەچكەن سودىگەرلەرگە ئېھتىياجلىق بولغان ئۇنلار پۈتۈنلەي خۇسۇسىي تۈگمەنلەردە تارتىلاتتى. 1930- يىللارنىڭ ئاخىرلىرى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىزىل 8- تۈەنى قۇمۇلغا كېلىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، قۇمۇل ناھىيىلىك ھۆكۈمەت گۇچۇڭدىن بىر ئۇستىنى تەكلىپ قىلىپ، شەھەر ئىچىنىڭ جەنۇبىدا بىر چوڭ سۇ تۈگمىنى سالدۇردى. تارىخىي خاتىرىلەردىن قارىغاندا، مىنگو يىللىرى، قۇمۇل بازىرىدا جەمئىي 47 ئۇلاغ تۈگمىنى ۋە سۇ تۈگمىنى بولغان. كونا ناھىيە بازىرىنىڭ ئارقا كوچىسىدىكى سۇڭ جەمەتىنىڭ تۈگمىنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ جياچىڭ 9- يىلى (1804- يىلى) تىجارەت باشلاپ، 1949- يىلى تىجارەتنى توختاتقانغا قەدەر جەمئىي 145 يىل داۋام قىلدى. ئىتتىپاق كوچىسىدىكى مۇ

جەمەتىنىڭ تۆگمىنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 31- يىلى (1905- يىلى) تىجارەت باشلاپ 1956- يىلى ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار بىرلىشىپ باشقۇرغانغا قەدەر جەمئىي 51 يىل داۋام قىلدى. 1956- يىلى ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، شۇ يىلى ۋىلايەتتە ئۇن تارتىشقا بولىدىغان 80 ئۇلاغ تۆگمىنى، 12 سۇ تۆگمىنى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە مالىيە تارمىقىنىڭ بىر ئۇلاغ تۆگمىنى بولغاندىن تاشقىرى، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى شەخسلەرنىڭ ئىدى. ھەر بىر سۇ تۆگمىنى بىر كېچە- كۈندە 270 كىلوگرام ئۇن تارتالايتتى، ھەر بىر ئۇلاغ تۆگمىنى بىر كۈندۈزدە 54 كىلوگرام ئۇن تارتالايتتى. ئۇنىڭ سۈپىتى ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى.

1953- يىلى يېزا ئىگىلىك 5- شى قۇمۇل دايىڭفاڭدا بىر كىچىك ئۇن زاۋۇتى — قىزىلبۇلتۇز ئۇن زاۋۇتىنى قۇردى، بۇ قۇمۇل ۋىلايىتىدە ماشىنىلاشقان ئۇن تارتىشنىڭ باشلىنىشى ھېسابلىنىدۇ.

1958- يىلى باركۆل ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئاشلىق، ماي پىششىقلاش زاۋۇتىنى قۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈردى. ئاساسلىق ئۈسكۈنىسى ئىككى توك بىلەن ئايلاندۇرۇلىدىغان پولات تۆگمەن، ئىككى 125 تىپلىق كىچىك پولات تۆگمەندىن ئىبارەت.

1959- يىل 9- ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق نازارىتى 150 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، قۇمۇلدا كۈنىگە 2000 خالتا ئۇن چىقىرىدىغان ئۇن زاۋۇتىنى قۇردى. بۇ زاۋۇت 1960- يىلى 10- ئايدا پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. يىللىق سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 291 مىڭ 220 يۈەن بولدى، 1008.66 توننا ئۇن، 9.29 توننا سۇ يېغى ئىشلەپچىقاردى.

1962- يىلى ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ كۈنىگە 2000 كىلوگرام ئۇن چىقىرىدىغان كىچىك پولات تۆگمىنى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى. ئاساسلىق ئۈسكۈنىسى بىر 125 تىپلىق پولات تۆگمەن، بىر 150 تىپلىق پولات تۆگمەن، بىر 65 تىپلىق پولات تۆگمەندىن ئىبارەت.

1968- يىلىنىڭ ئاخىرىدا، كۈنىگە 500 خالتا ئۇن چىقىرىدىغان دۆلەتچىن ئۇرۇش تەييارلىقى ئۇن زاۋۇتى قۇرۇلدى، ئاساسلىق ئۈسكۈنىسى ئىككى 625 تىپلىق پولات تۆگمەن، تۆت 65 تىپلىق پولات تۆگمەن، بىر 55 ئات كۈچىگە ئىگە دىزېل ماتور بولۇپ، ھەممىسىنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق نازارىتى بەردى، قۇمۇل ئۇن زاۋۇتى لايىھىلەشكە ۋە قۇراشتۇرۇشقا مەسئۇل بولدى.

1975- يىل 6- ئايدا قىزىلبۇلتۇز ئۇن زاۋۇتىنى ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، 7- ئاينىڭ 1- كۈنى نامىنى قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئاشلىق، ماينى ئۇنىۋېرسال پىششىقلاش زاۋۇتىغا ئۆزگەرتتى. بۇ زاۋۇت ئۇن تارتىشنى ئاساس قىلىپ، ماي چىقىرىشنى قوشۇمچە ئېلىپ باردى.

1980- يىلدىن كېيىن، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئاشلىق سانائىتى ئۈسكۈنىلىرى تېز يېڭىلاندى. قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئۇن زاۋۇتىنىڭ 2- سېخى، باركۆل ناھىيىلىك ئاشلىق، ماي پىششىقلاش زاۋۇتى پاردا ھەرىكەتلىنىدىغان ئۇن تارتىش ماشىنىسىنى ئىشلىتىدىغان بولدى. 1984- يىلى، ئاشلىق پىششىقلاشتا ئىنچىكە ئىشلەش زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇلۇپ، ئۇن تارتىش تېخنولوگىيىسىدە دەرىجىگە ئايرىلىدىغان ئۇن ئىشلەپچىقىرىدىغان قىسقا ئارىلىق ئۇن تېخنولوگىيىسى قوللىنىلىپ، ئۇنىڭ سورتى ئىلگىرىكى پەقەت بىرلا خىل ئۆلچەملىك ئۇندىن ئالاھىدە ئۇن ۋە ئۆلچەملىك ئۇنغا كۆپەيدى. 1985- يىلى 28 مىڭ 913.48 توننا ئۇن ئىشلەپچىقىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە ئىشلەنگەن ئۇن 9610.38 توننا بولدى. ئۇن تارتىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 38 مىڭ 586 توننىغا يەتتى. 1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە ئورۇنلانغان ئاشلىق پىششىقلاش سانائىتىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 36 مىڭ 46.58 توننا بولدى.

2) باغ تارتىش. مىنگو دەۋرىدە شەھەر ۋە يېزىلاردا يەرلىك جوۋازخانىلار بار ئىدى. 1957- يىل 9- ئايدا قۇمۇل ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ياغ تارتىش زاۋۇتى قۇرۇلدى. 1959- يىلى، بۇرۇنقى ئادەم كۈچى بىلەن ياغاچنا سىقىپ

چىقىرىش ئۆزگەرتىلىپ، 10 دانە 45 تىپلىق توك جوۋاز كىرگۈزۈلدى. 1971- يىلى ئىككى 95 تىپلىق توك جوۋاز بىلەن ماي چىقىرىدىغان بولدى، بۇ ھازىرغىچە داۋاملاشماقتا. 1984- يىلى بۇ زاۋۇت قۇمۇل ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ياغ زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى.

قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئۇن زاۋۇتى، باركۆل ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئاشلىق- ماي پىششىقلاش زاۋۇتى، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئاشلىق- ماي پىششىقلاش زاۋۇتى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك يەم- خەشەك شىركىتى قاتارلىقلار قوشۇمچە ماي پىششىقلاش بىلەن شۇغۇللاندى. ھەممىسى 95 تىپلىق توك جوۋاز بىلەن ماي چىقاردى، خام ماتېرىيالنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بەزىدە ئىشلىدى، بەزىدە توختاپ قالدى.

قىزىلىيۇلتۇز 2- دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئاشلىق- ياختا پىششىقلاش زاۋۇتى 1974- يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، 1990- يىلى ئىشچى- خىزمەتچىسى 85 كە يەتتى، 200 توننا مۇ يېغى ئىشلەپچىقاردى، 240 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ ماي چىقىرىش سېخىنى كېڭەيتتى. 1992- يىلى چىقارغان مېيىنىڭ مىقدارى 60 تونىنغا يەتتى.

بۇلاردىن سىرت، قۇمۇل شەھىرى راھەتباغ تەمىنات- سودا كوپېراتىپىنىڭ ئاشلىق- ماي پىششىقلاش زاۋۇتى، قۇمۇل شەھىرى بۇلۇڭتوغراق ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپىنىڭ ئاشلىق- ماي ئۇنىۋېرسال پىششىقلاش زاۋۇتى، ئاراتۇرۇك ناھىيىسى نوم ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپىنىڭ ئاشلىق- ماي پىششىقلاش زاۋۇتىنىڭمۇ مەلۇم دەرىجىدە ماي پىششىقلاش ئىقتىدارى بار. 1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 464 توننا ماي چىقىرىلدى.

3) ئاشلىق- ماي يېمەكلىكلىرىنى پىششىقلاش. 1981- يىل 6- ئايدا قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئاساسىي يېمەكلىك پىششىقلاش زاۋۇتى قۇرۇپ، تەييار چۆپ، ئۈگرە، دۇفۇ ۋە بولكا ئىشلىدى. 1982- يىل 1- ئايدا باركۆل ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى يېمەكلىكلەر زاۋۇتى قۇرۇپ، كراخمال ئىشلەپچىقاردى. 1985- يىل 1- ئايدا تارانچى كان رايونى مەركىزىي ئاشلىق دۇكىنى يېمەكلىكلەر زاۋۇتى قۇرۇپ، تۈرلۈك بولكا، قاتۇرماچ، پۇرچاقتىن ئىشلەنگەن يېمەكلىكلەرنى ئىشلەپچىقاردى. 1990- يىل ۋىلايەت بويىچە 1349.15 توننا يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىلىپ، 1 مىليون 760 مىڭ يۈەن پايدا يارىتىلدى.

4. گۆش

قۇمۇل ۋىلايىتى 1950- يىللاردىن باشلاپ كەينى- كەينىدىن سوغۇق ساقلاش ئىسكىلاتى سالدى، 1985- يىلغا كەلگەندە سوغۇق ساقلاش ئىسكىلاتى ئۆتكە، سوغۇق ساقلاش مىقدارى 1760 تونىنغا، مۇقىم مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 2 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يەتتى. قۇمۇل سوغۇق ساقلاش ئىسكىلاتى (ھازىرقى گۆش بىرلەشمە زاۋۇتى) 1958- يىل 7- ئايدا سېلىنىشقا باشلاپ، 1962- يىلى پۈتۈپ رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ئەسلى لايىھەدىكى سوغۇق ساقلاش مىقدارى 500 توننا ئىدى، 1979- يىلى قايتا سېلىنىپ 1200 تونىنغا كېڭەيتىلدى، تېز توڭلىتىش ئىقتىدارى 40 توننا بولدى، مۇقىم مۈلكى 1 مىليون 832 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى. باركۆل ناھىيىسىنىڭ سوغۇق ساقلاش ئىسكىلاتى 1964- يىلدىن باشلاپ سېلىنغان بولۇپ، ئەسلى لايىھەدىكى سوغۇق ساقلاش ئىقتىدارى 100 توننا ئىدى، 1979- يىلى 130 تونىنغا، 1982- يىلى 230 تونىنغا كېڭەيتىلدى، مۇقىم مۈلكى 506 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى. تارانچى سوغۇق ساقلاش ئىسكىلاتى 1969- يىلى رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، سوغۇق ساقلاش مىقدارى 230 توننا، تېز توڭلىتىش ئىقتىدارى 10 توننا، مۇقىم مۈلكى 418 مىڭ 600 يۈەن بولدى. ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ سوغۇق ساقلاش ئىسكىلاتى 1983- يىلى رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، ئەسلى پىلاندا 30 تونىنلىق ئىدى، كېيىن 50 تونىنلىققا كېڭەيتىلدى، مۇقىم مۈلكى 128 مىڭ 200 يۈەن بولدى.

قۇمۇل ۋىلايەتلىك گۆش بىرلەشمە زاۋۇتى سودا تارمىقى باشقۇرىدىغان، گۆشنى سوغۇق ساقلايدىغان ۋە پىششىقلايدىغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك كارخانا. 1966- يىلدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا شۇ يىلى 6200 چوشقا سويۇپ،

622 تونna چوشقا گۆشىنى توڭلىتىپ ساقلىدى، 72 مىڭ 419 تۇياق قوي سويۇپ، 1015 تونna قوي گۆشىنى توڭلىتىپ ساقلىدى، 507 كالا سويۇپ، 44 تونna كالا گۆشىنى توڭلىتىپ ساقلىدى.

1990- يىلى ۋىلايىتىمىزدە 200 مىڭ تۇياق ئات، كالا، قوي سويۇلدى، بۇنىڭ كۆپ قىسمى ئارقاق سويۇلدى. تۇرلۇك گۆشلەرنى ساقلاش ئۇسكۇنىلىرىنىڭ ئىقتىدارى 1450 تونna، مۇقىم مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 5 مىليون 200 مىڭ يۈەن، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون يۈەن بولدى.

5. يەم- خەشەك

1980- يىلى ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئاشلىق، ماي ئۇنىۋېرسال پىششىقلاش زاۋۇتى قومۇل ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسى يەم- خەشەك شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى، ئىشچى- خىزمەتچىسى 151 بولۇپ، ئادەم كۈچى ئارقىلىق ئارىلاشتۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، ئارىلاشما يەم- خەشەك ئىشلەپچىقىرىلدى. 1983- يىلى يېڭىدىن قۇرۇلغان، يىلىغا 3000 تونna بىرىكمە يەم پىششىقلايدىغان سېخ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. يەم- خەشەك بىلەن باقمىچىلىق ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن بىرلەشمە گەۋدىلەر قۇرۇلۇپ، يەم- خەشەك بىلەن باقمىچىلىقنىڭ تەڭ راۋاجلىنىشى تېزلىتىلدى. 1990- يىل 10- ئايدا يېڭى 10 مىڭ تونىلىق يەم- خەشەك ئىشلەپچىقىرىش سېخى قۇرۇلۇشى باشلاندى.

1986- يىلى باركۆل ناھىيىسىدە يەم- خەشەك شىركىتى قۇرۇلۇپ، سائىتىگە 20 تونna ئارىلاشما يەم- خەشەك ئىشلەپچىقىرىدىغان سېخ يېڭىدىن قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە توخۇ يېمى پۈتۈنلەي دۆلەت ئۆلچىمىگە مۇۋاپىق بولۇپ، قىسمەن كەسىپىي ئائىلىلەر سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەتتى، توخۇلارنىڭ تۇخۇم تۇغۇش نىسبىتى %80 ~ %90 كە، چۈجە چىقىرىش نىسبىتى %70~ %80 كە يەتتى.

1984- يىلىدىن باشلاپ يەم- خەشەكنىڭ تۈرى «ئۈچ خىلى بىرلەشتۈرۈلگەن» ئارىلاشما يەم- خەشەكتىن راۋاجلىنىپ، بىرىكمە يەم- خەشەك بىلەن ئارىلاشما يەم- خەشەك ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن قۇرۇلمىغا ئۆزگەردى. 1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 11 مىڭ 986.68 تونna يەم- خەشەك پىششىقلاپ ئىشلەندى.

6. هاراق ئىشلەپچىقىرىش

1960- يىللارنىڭ بېشىدا ۋىلايەتتە مەخسۇس هاراق ئىشلەش زاۋۇتى قۇرۇلدى. ساقا دېھقانچىلىق مەيدانى هاراق زاۋۇتى، قومۇل ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئاشلىق- ماي پىششىقلاش زاۋۇتى هاراق زاۋۇتى، قىزىليۇلتۇز 3- دېھقانچىلىق مەيدانى هاراق زاۋۇتى، قىزىلتاغ دېھقانچىلىق مەيدانى هاراق زاۋۇتى ۋە دۆربەجىن دېھقانچىلىق مەيدانى ئۇنىۋېرسال پىششىقلاش زاۋۇتى هاراق زاۋۇتىدىن ئىبارەت بەش هاراق زاۋۇتى ئاق هاراق ئىشلەپچىقاردى.

ۋىلايەتلىك ئاشلىق- ماي پىششىقلاش زاۋۇتى 1975- يىلى ئاق هاراق ئىشلەپچىقارغان ئىدى. مەھسۇلات مىقدارى ئاز، سۈپىتى ئادەتتىكىدەك بولۇپ، ئاساسىي جەھەتتىن ئىچكى قىسىمدىلا سېتىلدى. قىزىليۇلتۇز 3- دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ هاراق زاۋۇتى 1979- يىلىدىن باشلاپ ئاق هاراق ئىشلەپچىقاردى، يىللىق مەھسۇلاتى 350 تونna بولۇپ، ئۆزى ئىشلەپ ئۆزى ساتتى. قىزىلتاغ دېھقانچىلىق مەيدانى هاراق زاۋۇتى 1971- يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، 1979- يىلى ئاق هاراق مەھسۇلات مىقدارىنى 49 تونىنغا يەتكۈزدى. دۆربەجىن دېھقانچىلىق مەيدانى ئۇنىۋېرسال پىششىقلاش زاۋۇتى 1965- يىلى هاراق زاۋۇتى قۇردى. 1979- يىلى 2.91 تونna ئاق هاراق ئىشلەپچىقاردى. يۇقىرىدىكى بەش هاراق زاۋۇتى ئىزچىل تۈردە ئاق هاراق ئىشلەپچىقارغاندىن تاشقىرى يەنە قومۇل ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق مەيدانى، قىزىليۇلتۇز 2- دېھقانچىلىق مەيدانى، قومۇل ناھىيىسى شەرق شامىلى گۇڭشېسى، باركۆل ناھىيىسى شىياگىياڭ چارۋىچىلىق فېرمىسىمۇ ئاز مىقداردا ئاق هاراق ئىشلەپچىقاردى.

1982- يىلىنىڭ ئاخىرىدا، قومۇل شەھەرلىك پىۋا زاۋۇتى قۇرۇلدى (تەپسىلاتى مۇشۇ پاراگرافنىڭ 8- مەزمۇنى

«تېپىشتقۇلار، ئىچىملىكلەر» گە قاراڭ).

7. سۇسىزلاندۇرۇلغان باشپىياز

ۋىلايىتىمىزنىڭ سۇسىزلاندۇرۇلغان باش پىيىزى 1980- يىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تەرەققىي قىلغان بولۇپ، 1990- يىلىغا كەلگەندە ۋىلايىتىمىزدىكى تاشقى پېرېۋوت يارىتىدىغان مەھسۇلاتلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

باشپىياز — «كۆكتاتلار ئىچىدىكى ئەتىرگۈل» دەپ تەرىپلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى بولۇپ، تەركىبىدە ئاقسىل، كراخمال، كاروتىن، ۋىتامىن $B_1$، ۋىتامىن $B_2$، ۋىتامىن C ۋە كالتسىي، ماگنىي، تۆمۈر قاتارلىق كۆپ خىل ماددىلار بار. يالپاقداپ سۇسىزلاندۇرۇلغان باشپىياز قۇرۇقىدا يېڭى پىيازنىڭ رەڭگى، پۇرىقى، تەمى ساقلىنىپ قالىدۇ، ئۇزۇن ساقلىغىلى بولىدۇ.

قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قىزىلبۇلتۇز 2- دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ سۇسىزلاندۇرۇلغان كۆكتات زاۋۇتى سۇسىزلاندۇرۇلغان باشپىياز ئىشلەپچىقىرىدىغان ئاساسلىق زاۋۇت. ئۇلار 1984- يىلى زاۋۇت قۇرغاندىلا خەلقئارالىق بازارنى نىشانلاپ، دادىللىق بىلەن دۇنياغا يۈزلىنىش ئىستراتېگىيىسىنى تۈزۈپ چىقتى. 1990- يىلى، دۆلىتىمىز ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە ئىگە تۆت ئاپتوماتىك ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنى كىرگۈزۈپ، بىر تۈركۈم باشقۇرۇش خادىملىرى، تېخنىكا تايانچلىرى ۋە تېخنىكىغا پىششىق ئىشچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. 1992- يىلى، بۇ زاۋۇت ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۈەننىڭ سۈيەت باشقۇرۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. قىزىلبۇلتۇز 2- دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ سۇسىزلاندۇرۇلغان كۆكتات زاۋۇتى تەرەققىي قىلىپ غەربىي شىمال رايونىدىكى ئەڭ چوڭ سۇسىزلاندۇرۇلغان كۆكتات زاۋۇتىغا ئايلاندى. مەھسۇلاتى خەلقئارا بازارغا سېلىنىپ، ياپونىيە، ئامېرىكا، گېرمانىيە، ئاۋستىرالىيە، كورىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلىندى ۋە بېلگىيىنىڭ ۋېيىك شىركىتى بىلەن شېرىكلىشىش كېلىشىمى ئىمزالىنىپ، جۇڭگو- بېلگىيە شېرىكچىلىكىدىكى سۇسىزلاندۇرۇلغان كۆكتات چەكلىك شىركىتى قۇرۇلۇپ، سىرتقا يۈزلەنگەن، تاشقى پېرېۋوت يارىتىدىغان كارخانىغا ئايلاندى. 1990- يىلى، يىللىق مەھسۇلاتى 1084.21 توننا بولۇپ، مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليون 600 مىڭ يۈەندىن ئاشتى، پايدىسى 1 مىليون 30 مىڭ يۈەن، سېتىش كىرىمى 9 مىليون 240 مىڭ يۈەن بولۇپ، تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى، ياراتقان تاشقى پېرېۋوتى 2 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كەتتى.

ئارانۇرۇك ئات فىرمىسى ئىشلەپچىقارغان سۇسىزلاندۇرۇلغان باشپىياز 1988- يىلى لەنجۇ ھەربىي رايونى بويىچە ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا، جۇڭگونىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك يېمەكلىكلىرى كۆرگەزمىسى ئازادلىق ئارمىيە بۆلۈمىنىڭ ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات ئالتۇن مېدالىغا ئېرىشىپ، بۇ فىرمىنىڭ كوزىر مەھسۇلاتى بولۇپ قالدى، يىللىق مەھسۇلات مىقدارى تەخمىنەن 300 تونىغا يەتتى. بۇ مەھسۇلاتنىڭ رەڭگى ئاق، تەمى ئاچچىق، پۇرىقى ئۆتكۈر، تەكشى بولۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق تاۋار تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، تۈرلۈك فىزىكىلىق، خىمىيىلىك كۆرسەتكۈچلىرى ۋە تازىلىق كۆرسەتكۈچلىرى دۆلەت دەرىجىلىك ئۆلچەمگە يەتتى، غەربىي ياۋروپا، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلىندى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ دېڭىز ياقىسىدىكى ھەر قايسى ئۆلكىلەرگە سېتىلدى.

8. تېپىشتقۇلار، ئىچىملىكلەر

1) تېپىشتقۇلار. 1950- يىللارنىڭ بېشىدا، ۋىلايەتلىك تەمىنات- سودا كوپېراتىپىنىڭ ئاچچىقسۇ، جياڭيۇ ئىشلەيدىغان گۇرۇپپىسى بولۇپ، ئاچچىقسۇ، جياڭيۇدىن باشقا يەنە جياڭيۇ بىلەن چىلىغان كۆكتات قاتارلىق مەھسۇلاتلىرى بار ئىدى. 1957- يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كۆكتات شىركىتى (ھازىرقى قۇمۇل شەھىرى جياڭيۇ، ئاچچىقسۇ زاۋۇتى) غا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

قۇمۇل شەھىرى جىياگيۇ، ئاچچىقسۇ زاۋۇتى 1975- يىلى دۆلەت ئاجراتقان مەبلەغ، ئۆزلىرى قەرز ئالغان مەبلەغ، ئامورتىزاتسىيە خىراجىتى بولۇپ جەمئىي 363 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ جىياگيۇ، ئاچچىقسۇ سېخلىرىنى قۇردى. 1990- يىلى ئىشچى- خىزمەتچىسى 88 گە، ئايلانما مەبلىغى 744 مىڭ يۈەنگە، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 389 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 55 مىڭ 900 يۈەن پايدا قازاندى، 451 توننا جىياگيۇ، 495 توننا ئاچچىقسۇ ئىشلەپچىقاردى.

باركۆل ناھىيىسى يېمەك- ئىچمەك شىركىتى جىياگيۇ زاۋۇتى 1979- يىلى 206 توننا جىياگيۇ بىلەن چىلىغان كۆكتات ئىشلەپچىقاردى، باركۆل ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى يېمەكلىكلەر زاۋۇتى 1982- يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، 1989- يىلى 400 توننا ئاچچىقسۇ، 120 توننا جىياگيۇ ئىشلەپچىقاردى، مەھسۇلات قىممىتى 387 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 45 مىڭ يۈەن پايدا ياراتتى.

1985- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق تەمىنات- سودا كوپېراتىپى جىياگيۇ- ئاچچىقسۇ ئىشلەش زاۋۇتى قۇرۇشقا ياردەم ئۈسۈملۈك قەرز پۇل بەردى. ئاراتۇرۇك ناھىيىسى 100 مىڭ يۈەن ياردەم ئۈسۈملۈك قەرز پۇل ئېلىپ، جىياگيۇ، ئاچچىقسۇ پىششىقلاش كارخانىسى قۇرۇشقا ئىشلەتتى.

ۋىلايەت ۋە ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ ئاشلىق- ماي پىششىقلاش زاۋۇتلىرىمۇ جىياگيۇ، ئاچچىقسۇ ئىشلەپچىقاردى.

1990- يىلى ۋىلايەت بويىچە جىياگيۇ، ئاچچىقسۇ ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانا 10 غا يەتتى. ئاراتۇرۇك ناھىيىسىمۇ جىياگيۇ، ئاچچىقسۇ زاۋۇتى قۇردى، يەنە بەزى ھاراق زاۋۇتلىرى، يېمەكلىكلەر پىششىقلاش زاۋۇتلىرىمۇ جىياگيۇ، جىياگيۇ تېپىدىكى يېمەكلىكلەر، ئاچچىقسۇ ئىشلەپچىقاردى.

2) ئىچىملىكلەر. 1980- يىللارنىڭ بېشىدا، ۋىلايەتلىك پوچتا- تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ زىيالىي ياشلىرى گازلىق سۇ ئىشلەپچىقاردى، قۇمۇلدا ئۇنىڭ بازىرى ناھايىتى ئىتتىك بولدى. ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ يېمەكلىكلەر زاۋۇتلىرىمۇ ئىچىملىك ئىشلەپچىقاردى.

قۇمۇل شەھەرلىك پىۋا زاۋۇتى 1986- يىلى قۇرۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. لايىھەدىكى يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 10 مىڭ توننا پىۋا، 2000 توننا بۇغداي ئۈندۈرمىسى بولۇپ، «قۇمۇل ۋاگى»، «بەش يۇلتۇز» ماركىلىق پىۋىلارنى تىزىمغا ئالدۇردى. قۇمۇل شەھەرلىك پىۋا زاۋۇتىنىڭ ئىگىلىگەن ئورنى 93 مىڭ كۋادرات مېتىر، مۇقىم مۈلكى 20 مىليون 810 مىڭ يۈەن، ئىشچى- خىزمەتچىسى 286 گە، تۈرلۈك كەسپىي تېخنىك خادىملىرى 88 گە يەتتى. ئۇلار رومىنىيىنىڭ يۇرۇشلەشكەن قاچىلاش، ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنى كىرگۈزدى، شاڭخەيدە ئىشلەپچىقىرىلغان قاچىلاش ماشىنىسىنى سېتىۋالدى. ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى ئىلغار، تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى تولۇق بولۇپ،شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يېنىك سانائەت نازارىتىگە قاراشلىق نۇقتىلىق كارخانا، شۇنداقلا شەرقىي شىنجاڭ بويىچە كۆلىمى ئەڭ چوڭ پىۋا ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇت بولۇپ قالدى. ئۇلار دۆلەت ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن 10°، 11°، 12° لۇق «قۇمۇل ۋاگى»، «بەش يۇلتۇز» ماركىلىق ئادەتتىكى پىۋا، 10° لۇق قەنتسىزلەنگەن پىۋا ۋە 12° لۇق سۇس رەڭلىك پىۋا ئىشلەپچىقاردى. بۇ زاۋۇت ئىشلەپچىقارغان تۈرلۈك پىۋىلارنىڭ خام ماتېرىيالى پۈتۈنلەي تەڭرىتېغىنىڭ ساپ يەر ئاستى سۈيى، يەرلىك ئەلا سۈپەتلىك ئارپا ۋە چاكچياڭنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنىڭ گۈرۈچى بولۇپ، ئىلغار تېخنىكىنى قوللىنىپ ئىشلەپچىقاردى. پىۋىنىڭ رەڭگى سۇس سېرىق، تەمى ياخشى، سۈزۈك ھەم پارقىراق، ئاق، ئۇششاق كۆپۈكلۈك بولۇپ، داڭلىق، ئەلا سۈپەتلىك پىۋىلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي، شىمالىي رايونلىرىدا ۋە گەنسۇ، چىڭخەي، سىچۈەن قاتارلىق ئۆلكىلەردە بازار تاپتى، موڭغۇلىيە، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئېكسپورت قىلىندى. 1989- يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

9. ئۆقتىلىق كارخانىلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئۇن زاۋۇتى، 1960- يىلى قۇرۇلدى. 1989- يىلى زاۋۇتنىڭ ئىشچى- خىزمەتچىسى176 گە يەتتى، باش ئىشچى- خىزمەتچىلەر 70% نى ئىگىلىدى. زاۋۇت بويىچە ئىككى ئۇن تارتىش سېخى، بىر تەييارچۇپ سېخى، بىر ماي چىقىرىش سېخى بار. مۇقىم مۈلكى (ئەسلى مۈلكى) 2 مىليون 400 مىڭ يۈەن، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 28 مىڭ توننا بولۇپ، 1989- يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليون 470 مىڭ يۈەن، پايدىسى 283 مىڭ يۈەن بولدى. يۇقىرىغا 415 مىڭ يۈەن باج، پايدا تاپشۇردى، كارخانىغا 399 مىڭ يۈەن پايدا قالدى. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر ئادەمنىڭ ياراتقان پايدىسى 4605 يۈەن، ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش نىسبىتى 63 مىڭ 500 يۈەن- ئادەم بولدى. 1990- يىلى ئورۇنلىغان سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 11 مىليون 732 مىڭ 600 يۈەن بولۇپ، 1 مىليون 57 مىڭ 800 يۈەن پايدا يارىتىپ، قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئىقتىسادىي ئۈنۈمى گەۋدىلىك بولغان كارخانىغا ئايلاندى. 1988- يىلى 9- ئايدا، سودا مىنىستىرلىكى «مەملىكەت بويىچە سودا تارماقلىرىنىڭ يېخەتەرلىك خىزمىتىدە ئىلغار ئورۇن» دەپ نام بەردى. 1989- يىل 1- ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن «ئاپتونوم رايون بويىچە مەدەنىي ئورۇن» دەپ نام بېرىلدى. 1990- يىل 8- ئايدا بۇ كارخانا ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن 2- دەرىجىلىك كارخانا، دەپ بېكىتىلدى.

## §10- توقۇمىچىلىق سانائىتى

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ يۇڭ توقۇمىچىلىق زاۋۇتى، پاختا توقۇمىچىلىق زاۋۇتى بىردەك 1980- يىللاردا يېڭىدىن قۇرۇلغان تۇرلەر بولۇپ، يىرىك پىششىقلاپ ئىشلەش، يېرىم تەييار مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلدى.

1990- يىلى، ۋىلايىتىمىزدە تۆت توقۇمىچىلىق كارخانىسى بولۇپ، بۇنىڭ ئىككىسى پاختا توقۇمىچىلىق كارخانىسى، ئىككىسى يۇڭ توقۇمىچىلىق كارخانىسى. ئۇلار 42 مىڭ ئۇرچۇق پاختا يىپ، 1520 ئۇرچۇق يۇڭ يىپ ئىگىرىپ، ئاساسلىقى تۇرلۇك پاختا رەخت، پاختا يىپ، تۇرلۇك يۇڭ توقۇلمىلارنى ئىشلەپچىقاردى، مەھسۇلاتى ئاساسىي جەھەتتىن باشقا جايلارغا سېتىپ چىقىرىلدى.

1. يۇڭ توقۇمىچىلىق.

ۋىلايىتىمىزدە ئەل ئىچىدىكى يۇڭ توقۇمىچىلىقنىڭ تارىخى خېلى ئۇزۇن. لېكىن ھۈنەر- سەنئىتى ئاددىي بولۇپ، ئاساسلىقى چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئىشلىنەتتى. يۇيۇپ تازىلانمىغان يۇڭنى قولدا ئىگىرىپ يۇڭ يىپ تەييارلاپ، تۇرلۇك مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بۇيۇملار، مەسىلەن، گىلەم، تاغار، يەم- خەشەك خالتىسى ۋە ئارغامچا قاتارلىقلار توقۇلاتتى. ئەل ئارىسىدىكى مۇنداق يۇڭ توقۇمىچىلىقى تاكى ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلدى. 1960- يىللاردا، قولدا يۇڭ پوپايكا، يۇڭ ئىشتان توقۇش تېخنىكىسى چارۋىچىلىق رايونلىرىغا تارقالغاندىن كېيىن، ئۆزلىرى قولدا ئىگىرگەن يۇڭ يىپ بىلەن يۇڭ پوپايكا، يۇڭ ئىشتان قاتارلىق بۇيۇملارنى توقۇيدىغان بولدى.

قۇمۇلنىڭ يۇڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى 1980- يىللارنىڭ بېشىدا باشلىنىپ، ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ باركۆل ناھىيىسى يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ۋە ۋىلايەتلىك يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدىن ئىبارەت ئىككى يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ جەمئىي 1520 ئۇرچۇقى بولۇپ، ئاساسلىقى تۇرلۇك يۇڭ توقۇلما، يۇڭ

ئەدىيال ۋە ئاز مىقداردا يۇڭ توقۇلما كىيىم- كېچەكلەرنى ئىشلەپچىقاردى.

**باركۆل ناھىيىلىك يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى.** 1982- يىل 2- ئايدىن باشلاپ قۇرۇلۇشقا باشلىدى، مۇددەت ۋە يىللارغا بۆلۈپ، 400 ئۇرچۇق سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. 1987- يىلى پۈتۈنلەي پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. يۇڭ تىتىش، توقۇش، بوياش- تاختىلاش، رېمونت قىلىشتىن ئىبارەت تۆت ئۇچاستىكىسى، يۇڭ توقۇلما، يۇڭ ئەدىيالدىن ئىبارەت ئىككى ماشىنىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى بولۇپ، پۈتۈنلەي دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن يۇڭ توقۇمىچىلىق ماشىنىلىرىنى ئىشلەتتى. جەمئىي 57 ئاساسلىق مەخسۇس ماشىنىسى ۋە باشقا ئۈسكۈنىلىرى بولۇپ، ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 440.64 كىلوۋاتقا يەتتى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى مۇقىم مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 3 مىليون 721 مىڭ يۈەن، ساپ قىممىتى 2 مىليون 334 مىڭ يۈەن، نورمىلىق ئايلانما مەبلىغى 3 مىليون 670 مىڭ يۈەن، ئىشچى- خىزمەتچىسى 162 گە يەتتى. ئاساسلىقى يۇڭ ئەدىيال يىپى، يىرىك توقۇلما، يۇڭ توقۇلما ئىشلەپچىقاردى. لەنجۇ شەھىرىنىڭ 1- يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدىن يېڭى تېخنىكا كىرگۈزۈپ، تېخنولوگىيىسىنى ياخشىلاپ، مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتىنى مۇقىم ئۆستۈردى. بېگىدىن كۆپتۈرمە گۈللۈك سوكنا، چاقماق سوكنا قاتارلىق ئالتە تۈرلۈك مەھسۇلاتنى كۆپەيتتى. 1986 ~ 1990- يىلىغىچە، جەمئىي 251 مىڭ 100 مېتىر يۇڭ توقۇلما، 10 مىڭ پارچە يۇڭ ئەدىيال ئىشلەپچىقاردى.

**قۇمۇل ۋىلايەتلىك يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى.** 1989- يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ شىنجاڭدىكى تۆت چوڭ يىرىك يۇڭ توقۇلما فابرىكىسىنىڭ بىرى. يۇقىرى، ئوتتۇرا، تۆۋەن دەرىجىلىك يۇڭ توقۇلما مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان تولۇق ئىقتىدارلىق كارخانا ھېسابلىنىدۇ. تۈراقلىق ئۈسكۈنىلىرى ئىلغار بولۇپ، 1200 ئۇرچۇقلۇق يىرىك يۇڭ توقۇلما، كىيىم- كېچەك ئىشلەپچىقىرىدىغان يۈرۈشلەشكەن ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى ۋە كومپيۇتېردا لايىھىلەش سىستېمىسى بار. 1990- يىلى، يىرىك تىتىش، توقۇش كۆلىمى 1120 ئۇرچۇق بولۇپ، يىللىق ئىشلەپچىقارغان تۈرلۈك يىرىك يۇڭ توقۇلمىلىرى 550 مىڭ مېتىر، يۇڭ ئەدىيال 25 مىڭ پارچە بولدى. ئىشچى- خىزمەتچىسى 1200 گە، تېخنىكلىرى 46 غا، مۇقىم مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 23 مىليون 195 مىڭ يۈەنگە، ساپ قىممىتى 18 مىليون 828 مىڭ يۈەنگە يەتتى. قارمىقىدا تەييارلاش، تىتىش، ئىگىرىش، توقۇش، بوياش، تاختىلاش، رېمونت قىلىش، ئېنېرگىيىدىن ئىبارەت ئالتە سېخ، كىيىم- كېچەك شۆبە زاۋۇتى، ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى ۋە 11 فۇنكسىيىلىك بۆلۈم، ئىشخانا تەسىس قىلىندى. بۇ فابرىكا سەككىز چوڭ تۈر بويىچە 60 تۈرلۈك، 400 خىلغا يېقىن يىرىك يۇڭ توقۇلما مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقاردى. مەھسۇلاتى ئاساسەن شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي، شىنجاڭ، شەرقىي شىمال، سىچۈەن، يۈننەن، گۇاڭشى، خۇنەن، خۇبېي قاتارلىق جايلارغا سېتىلدى. مەھسۇلاتلىرى ئايرىم- ئايرىم ھالدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئەلا مەھسۇلات، كەسپىي ساھە بويىچە ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات قاتارلىقناملارغا ئېرىشتى.

2. پاختا توقۇمىچىلىقى

قۇمۇل پاختا توقۇمىچىلىق زاۋۇتى 1989- يىل 9- ئايدا قۇرۇلۇشنى باشلاپ، 1991- يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى، 10 مىڭ ئۇرچۇقى بولۇپ، يىلىغا 428 توننا پاختا يىپ ئىشلەپچىقىرالايدۇ، مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 870 مىڭ يۈەن، مۇقىم مۈلكى 45 مىليون يۈەن، ئايلانما مەبلىغى 11 مىليون يۈەن، جەمئىي ئىشچى- خىزمەتچىسى 1183 (لايىھىدە 2748 ئادەم ئىدى)، بۇنىڭ ئىچىدە مەمۇرىي خادىملار 30، تېخنىكلار 40. 1991- يىلى كىرىم- چىقىمى تەڭلەشتى.

### 3. گىلەم

گىلەم توقۇش 1976- يىلى باشلانغان بولۇپ، ئاساسلىقى ۋىلايەتلىك تاشقى سودا ئىدارىسى ئېكسپورت قىلىپ تاشقى پېرېۋوت كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئىشلەپچىقىراتتى. باركۆل ناھىيىسىنىڭ ئەسلىدىكى تېرە- يۇڭ زاۋۇتى ۋىلايەتلىك تاشقى سودا ئىدارىسىنىڭ بىر گىلەم توقۇش نۇقتىسى بولۇپ، 1976- يىلىدىن باشلاپ گىلەم توقىدى، گىلەم سودىسى پەللىگە چىققان يىلى 2000 كۋادرات مېتىر گىلەم توقۇلدى.

قۇمۇل شەھىرى غەربىي ئۆستەڭ رايونى گىلەم زاۋۇتى، 1976- يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، 1979- يىلىغا كەلگەندە، ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 505.2 كۋادرات مېتىر (شەرق نۇسخىسىدىكى ئېكسپورت قىلىنىدىغان گىلەم) غا يەتتى. ئاراتۈرۈك ناھىيىسى تۇركۆل چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ 1- شۆبە فېرمىسىمۇ 1979- يىلى گىلەم زاۋۇتى قۇرۇپ، شۇ يىلى تەخمىنەن 80 كۋادرات مېتىر چىقىدىغان 12 پارچە گىلەم توقىدى. ساقا دېھقانچىلىق مەيدانى ئۈنۈۋېرسال زاۋۇتى 1974- يىلىدىن باشلاپ قوشۇمچە گىلەم توقىدى. گىلەمنىڭ سۈپىتى ئادەتتىكىدەك، مەھسۇلات مىقدارى ئىزچىل تۆۋەن بولۇپ كەلدى، ئۆزلىرى ئىشلەپچىقىرىپ ئۆزلىرى ساتتى، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى تەخمىنەن 80 كۋادرات مېتىر بولدى.

قۇمۇل شەھەرلىك گىلەم زاۋۇتى ئاساسەن قولدا توقۇلغان گىلەم، ئىلمە گىلەم، تام گىلىمى، سېلىنچا قاتارلىق 30 خىلدىن ئارتۇق گىلەم توقىدى. يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 5600 كۋادرات مېتىر بولدى. قولدا توقۇلغان گىلىمى غەربىي ياۋروپا، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلىندى. ئىلمە گىلەم شىنجېڭ، شەرقىي شىمال، ئۈرۈمچى، قاراماي قاتارلىق جايلارغا سېتىلدى. مەھسۇلاتى ئاپتونوم رايون بويىچە «ئايال‌لار، ئۆسمۈرلەر ياقتۇرىدىغان مەھسۇلات» بولۇپ باھالاندى. يىپەك يولى كەشپىياتى ۋە يېڭى مەھسۇلاتلار كۆرگەزمىسىدە كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى.

1990- يىلى، ۋىلايەتلىك تاشقى سودا ئىدارىسىنىڭ گىلەم توقۇش نۇقتىسى يەتتىگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل شەھىرىنىڭ تۆت، باركۆل ناھىيىسىنىڭ بىر، تارانچىنىڭ بىر، قىزىلبۇلتۇر 2- دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ بىر بولۇپ، ئاساسلىقى 360، 500، 540 ئارقاق بېشلىق ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك گىلەملەرنى قولدا توقىدى. قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى گىلەملەرنىڭ توقۇلۇشى سىپتا، يۇڭىنىڭ سۈپىتى ياخشى، رەڭدار بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە 3- ئورۇننى ئىگىلىدى، تاشقى سودا ئىدارىسى ئېكسپورت قىلىپ خەلقئارا بازارلاردا ساتتى.

### 4. كىگىز مەھسۇلاتلىرى

كىگىز، پىيما قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئەنئەنىۋى قول سانائەت مەھسۇلاتى، شۇنداقلا ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىدە ۋە قازاقلارنىڭ ئۆيلىرىدە ئادەتتە ئىككى، ئۈچ قەۋەت كىگىز سېلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار ۋە قازاقلار مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە كۆپ تۈرلۈك كىگىز باسىدۇ.

ۋىلايىتىمىزدە كىگىز، پىيمىنى ئاساسلىقى خەلق ئۆزى بېسىپ، ئۆزى ئىشلىتەتتى، بۇنىڭ ئاساسلىقلىرى كىگىز ئۆيگە ئىشلىتىدىغان كىگىز، ئائىلىلەردە ئىشلىتىلىدىغان كىگىز، توقۇم قىلىدىغان كىگىز ۋە پىيمىدىن ئىبارەت. ئەل ئارىسىدا بېسىلغان كىگىزنىڭ سېلىنچا قىلىش، ئىسسىقلىق ساقلاش رولى بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭ يەنە ئۆينى بېزەش رولىمۇ بار، ئۇنىڭغا تۈرلۈك مىللىيچە نەقىشلەر بېسىلىدۇ، بەزىلىرى ناھايىتى كۆركەم بولىدۇ. بۇنداق كىگىزلەرنى ھەر قانداق چارۋىچىنىڭ ئۆيىدە ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

1949- يىلى باركۆل ناھىيىسىدە كىگىزچىلەر تۆت ئائىلە، سەككىز ئادەم بولۇپ، دەسمايىسى 1450 يۈەن، يىلىغا 1000 پارچە ئەتراپىدا كىگىز باستى. پىيمىچىلار تۆت ئائىلە، 38 ئادەم بولۇپ، دەسمايىسى 3700 يۈەن، يىلىغا 2400 جۈپ پىيما باستى. قۇمۇل ناھىيىسىدە كىگىزچىلەر بەش ئائىلە، پىيمىچىلار بەش ئائىلە بولۇپ، يىلىغا 1800جۈپ پىيما،

1840 پارچە كىگىز باستى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن قۇرۇلغان چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش زاۋۇتلىرى مەخسۇس كىگىز، پىيما باسىدىغان لىنىيەلەرنى قۇردى. 1954- يىلى مەخسۇس كىگىز زاۋۇتى قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئەڭ بالدۇرقىسى بارىكۆل قىزىلئۆلتۈز 1- چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ تېرە زاۋۇتى ئىدى. 1958- يىلى ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ، قۇمۇل ناھىيىسى تېرە- يۇڭ زاۋۇتى، بارىكۆل ناھىيىسى تېرە- يۇڭ زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، ماشىنا- ئۈسكۈنىلەرنى كۆپەيتىپ، مەھسۇلاتلىرىنىڭ سانىنى ئاشۇرۇپ، سۈپىتىنى ياخشىلىدى. 1979- يىلى، قۇمۇل ناھىيىسى تېرە- يۇڭ زاۋۇتى 13 مىڭ پارچە كىگىز باستى. بارىكۆل ناھىيىسى تېرە- يۇڭ زاۋۇتىنىڭ يىللىق مەھسۇلاتى 3257 پارچىغا يەتتى. 1974- يىلى، ساقا دېھقانچىلىق مەيدانى ئۇنىۋېرسال پىششىقلاش زاۋۇتى قۇرۇپ، گىلەم قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقارغاندىن تاشقىرى، يەنە كىگىز باستى. 1979- يىلى 200 پارچە كىگىز باستى. قىزىلئۆلتۈز 1- چارۋىچىلىق فېرمىسى تېرە زاۋۇتى جۇۋا تىكىشنى ئاساس قىلدى، 482 پارچە كىگىز باستى. قۇمۇل شەھىرى تېرە زاۋۇتى قۇرۇلغاندىن باشلاپ تاكى 1990- يىلغىچە ئۇدا كىگىز باستى، ھەر يىلى تەخمىنەن 60 توننا يۇڭ ئىشلىتىپ، 12 مىڭ پارچە كىگىز باستى. بارىكۆل ناھىيىسىنىڭ ئەسلىدىكى تېرە- يۇڭ زاۋۇتى بىلەن ئارتۇرۇك ناھىيىلىك سودا ئىدارىسىنىڭ ئەسلىدىكى يۇڭ زاۋۇتى ھەر يىلى كىگىز، پىيما قاتارلىقلارنى بېسىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان يۇڭ ئايرىم- ئايرىم ھالدا 20 توننا ئەتراپىدا بولدى، جەمئىي 5000 ~ 6000 پارچە كىگىز باستى.

يۇقىرىدىكى زاۋۇتلار مەخسۇس كىگىز باسقاندىن تاشقىرى، يېزىلار، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئەل ئىچىدە كىگىز باسىدىغان ئىشلارمۇ بىر قەدەر ئومۇملاشتى، بۇنداق كىگىزلەرنىڭ سۈپىتى ياخشى بولۇپ، ئۆزلىرى بېسىپ، ئۆزلىرى ئىشلەتتى.

1980- يىللاردىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ ئىستېمال ئادىتىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى، شۇ ۋەجىدىن، پىيما بېسىلمىدى، كىگىزمۇ يىلدىن- يىلغا ئاز بېسىلىدىغان بولدى.

### 5. ئىلمە توقۇمىچىلىق

1) يۇڭ ئىلمە توقۇمىچىلىقى. قۇمۇل شەھىرى 1981- يىلى ۋە 1986- يىلى ئايرىم- ئايرىم ھالدا ئىككى يۇڭ ئىلمە توقۇمىچىلىق فابرىكىسى يەنى قۇشىڭ پاراۋانلىق ئىلمە توقۇمىچىلىق فابرىكىسى بىلەن شەھەرلىك قوي يۇڭى پوپايكىسى فابرىكىسىنى قۇردى.

1981- يىلى زىيالىي ياشلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزلىرى مەبلەغ توپلاش، بانكىدىن قەرز پۇل ئېلىش، دۆلەت ياردەم بېرىش ئۇسۇلى بىلەن ۋىلايەتلىك يۇڭ ئىلمە توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قۇرۇلدى. ئىشچى- خىزمەتچىسى 30 دىن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى- خىزمەتچىلەر بەش كىشى. شۇ يىلى 10 مىڭ دىن ئارتۇق يۇڭ پوپايكا، يۇڭ ئىشتان، خىمىيىلىك تالا كىيىم- كېچەك ئىشلەپچىقاردى، مەھسۇلات قىممىتى 200 مىڭ يۈەن بولدى. 1988- يىلى، قۇمۇل شەھەرلىك 2- يېنىك سانائەت ئىدارىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، نامى قۇمۇل شەھىرى قوي يۇڭى پوپايكىسى فابرىكىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1990- يىلى ئىشچى- خىزمەتچىلىرى كۆپىيىپ 51 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى- خىزمەتچىلەر سەككىز، تېخنىكلىرى ئالتە. 40 پوپايكا توقۇش ماشىنىسى بولۇپ، «جۇلى» ماركىلىق قوي يۇڭى پوپايكىسى توقۇشنى ئاساس قىلىپ، يىلىغا 22 مىڭ قوي يۇڭى پوپايكىسى توقىدى، يۇرۇشلەشكەن «كاناپ ئىلمە توقۇلما پوپايكا» مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقاردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىستېمالچىلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، قولدا توقىلىدىغان قوي يۇڭى پوپايكىسىنى كۆپەيتىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

2) پاختا ئىلمە توقۇمىچىلىقى. قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئىلمە توقۇمىچىلىقى 1970- يىلى باشلاندى ۋە تەرەققىي قىلدى. شۇ يىلى قۇمۇل بازارلىق سانائەت زاۋۇتى قۇرۇلدى. 1977- يىلى ئۆزگەرتىلىپ قۇمۇل شەھىرى ئىلمە توقۇمىچىلىق فابرىكىسى دەپ ئاتىلىپ، قۇمۇل شەھىرى غەربىي ئۆستەڭ رايونىغا قارايدىغان بولدى. 1975- يىلى 100 مىڭ جۈپ ئەمگەك موھاپىزىتى پەلىيى توقىدى. 1979- يىلى 382 مىڭ 700 جۈپ ئاق پەلەي، 6000 يۈگەم ئاق بوغقۇچ، 12 مىڭ 800 جۈپ ئىزولياتسىيە پەلەي ئىشلەپچىقاردى، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 200 مىڭ 700 يۈەن بولدى. 1989- يىلى 407 مىڭ 700 جۈپ پەلەي ئىشلەپچىقاردى.

## §11. تېرە، كۆن- خۇرۇم سانائىتى

1. تېرە، كۆن- خۇرۇم كەسپىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

قۇمۇل ۋىلايىتى يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق رايونى بولۇپ، مول تېرە، يۇڭ بايلىقىغا ئىگە. قەدىمدىن تارتىپ ئەل ئارىسىدا تېرە ئاشلاش، كۆن- خۇرۇم ئىشلەش داۋاملىشىپ كەلدى. تېرە ئاشلاش ھۈنەر- سەنئىتى بىر قەدەر ئاددىي ۋە يىرىك بولۇپ، ئاساسلىقى ئۇن، چارۋا سۈتى بىلەن ئاشلاندى ۋە قولدا قىرىلدى.

مىنگونىڭ 20- يىلى (1931- يىلى) خوېزۇ تېرىچى مازۇگشەن قۇمۇلدا تېرىچىلىك دۇكىنى ئاچتى، ئۇ تېرە ئاشلاش، جۇۋا پىچىپ- تىكىش، ئەلتېرە، يولۋاس تېرىسىدە جۇۋا تىكىپ داڭق چىقاردى. مىنگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى) باركۆل ناھىيىسىدە 20 ئۇيۇشۇپ تېرىچى بولۇپ، كەسپكارلىرى 20 كىشىگە يەتتى، يىلىغا 3750 جۇۋا، شالۋۇر تىكتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن 1950- يىلى قۇمۇل ناھىيىسىدە 39 ئۆيلۈك تېرىچى بولۇپ، يىلىغا 2000 دانە قوي تېرىسى جۇۋىسى، 2400 پارچە كۆن، 3000 دانە پىچىپ قويۇلغان كۆرپە جۇۋىلىق ئىشلىدى. 1954- يىلى قىزىلبۇلتۇز چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ تېرە زاۋۇتى قۇرۇلدى. 1956- يىلى قۇمۇل ناھىيىسى بىلەن باركۆل ناھىيىسى خۇسۇسىي ھۈنەرۋەن تېرىچىلارنى تەشكىللەپ، ئايرىم- ئايرىم ھالدا تېرە- يۇڭ ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى، خۇرۇم ئاياغ ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى ۋە دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان تېرە، تاسما جابدۇقلارنى ئىشلەپچىقىرىش گۇرۇپپىسى قۇردى. 1958- يىلى، تېرە- يۇڭ كوپېراتىپلىرى (گۇرۇپپىلىرى) يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ناھىيىلىك تېرە، يۇڭ زاۋۇتلىرىغا ئۆزگەرتىلدى ھەم كېڭەيتىلدى. كېيىن يەنە ۋىلايەتلىك قىزىلبۇلتۇز خۇرۇم زاۋۇتى، خۇرۇم، تېرە بۇيۇملار زاۋۇتى، ئاراتۇرۇك ناھىيىسى خۇرۇم زاۋۇتى، باركۆل ناھىيىسى خۇرۇم زاۋۇتى قۇرۇلدى. بۇ زاۋۇتلارنىڭ ھەممىسى ئەيلەنگەن تېرىدىن تىكىلىدىغان بۇيۇملار بىلەن خۇرۇمدىن تىكىلىدىغان بۇيۇملارنى پىششىقلاپ ئىشلەشنى ئاساس قىلدى. 1950-، 1960- يىللاردا، ھەر قايسى زاۋۇتلار ئەيلەنگەن تېرىدىن تىكىلىدىغان بۇيۇملار بىلەن خۇرۇمدىن تىكىلىدىغان بۇيۇملارنى ۋە يېرىم تەييار مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشتا يەنىلا قالاق ئەل ھۈنەر- سەنئىتىنى قوللىنىپ، ھەممىنى قولدا ئىشلىدى. ئەيلەنگەن تېرىدىن تىكىلىدىغان بۇيۇملار ئاساسەن پىچىپ قويۇلغان پەشمەت، شالۋۇر، پارچە- پۇرات تېرىدىن تىكىلگەن قولقاپ، ئاياغ كىيىم ئەستەرلىكى قاتارلىقلاردىن، خۇرۇمدىن تىكىلگەن بۇيۇملار ئاساسەن ئۆتۈك، بەتىنكە، ئات ھارۋىسىنىڭ تېرە- تاسما جابدۇقلىرى، ئېگەر- جابدۇقلىرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولدى. بۇ مەزگىلدە يەنە قوي تېرىسىدىن قىرىم، كالا، ئات تېرىسىدىن كۆن- چەم ئىشلىنىپ، يىلىغا 23 مىڭ پارچە قىرىم، 1300 پارچىدىن ئارتۇق كۆن- خۇرۇم ئىشلەپچىقىرىلدى، كۆن- خۇرۇم پەقەت قۇمۇل ناھىيىسى تېرە- يۇڭ كوپېراتىپى بىلەن باركۆل ناھىيىسى خۇرۇم زاۋۇتىدىلا ئىشلەندى. ھەر يىلى ئايرىم- ئايرىم ھالدا 1000 پارچە ۋە 300 پارچە كۆن- خۇرۇم خام ماتېرىيالىنى

پىششىقلاپ ئىشلىدى.

1960- يىللارنىڭ ئاخىرىدا بەزى زاۋۇتلار تېرە ئەيلەش ھۈنەر- سەنئىتىدە بىر قەدەر ئىلغار ئەيلەش ئۇسۇلى— پلۇمبات بىلەن ئاشلاش ئۇسۇلىنى قوللاندى. قىزىلسۇلتۇز خۇرۇم زاۋۇتى باشقا جايلارنىڭ تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈپ، تېرە ئەيلەشتە پۈتۈنلەي ئالدېگىد كىسلاتاسى بىلەن ئاشلاش ئۇسۇلىنى قوللاندى ۋە بىر قەدەر يۇقىرى سەۋىيىلىك تېرە ئەيلەش ئىشلەپچىقىرىشىنى يولغا قويۇپ، كالتە يۇڭلۇق رەڭلىك تېرە ئىشلەپچىقىرىپ، تۇماق، جۇۋا، ياقىلىق قاتارلىقلارنى ئىشلىدى. 1970-، 1980- يىللارنىڭ بېشىدا، باركۆل ناھىيىسىنىڭ تېرە- يۇڭ زاۋۇتى يېرىم ماشىنىلىشىشقا قەدەم قويدى. ھەر يىلى ئەيلەنگەن تېرىدىن ئىشلىنىدىغان بۇيۇملارنىڭ خام ماتېرىيالى ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان قوي تېرىسى 10 مىڭ پارچە ئەتراپىدا بولدى. بولۇپمۇ قىزىلسۇلتۇز خۇرۇم زاۋۇتى 1976- يىلى قول مەشغۇلاتىغا پۈتۈنلەي خاتىمە بېرىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش جەھەتتىكى تايانچ كارخانىسى بولۇپ قالدى. بۇ زاۋۇتنىڭ ھەر يىلى ئەيلەنگەن تېرىدىن ئىشلىنىدىغان بۇيۇملارنىڭ خام ماتېرىيالى ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان قوي تېرىسى تەخمىنەن 90 مىڭ پارچىغا يەتتى. 1980- يىلى 93 مىڭ پارچىغا يەتتى. بۇرۇنقى تۆۋەن دەرىجىلىك ئەيلەنگەن تېرىدىن ئىشلەنگەن بۇيۇملار، جۇۋا، شالۋۇر، خۇرۇم پەشمەت، پىچىپ قويۇلغان كۆرپە جۇۋىلىق قاتارلىق 15 خىل مەھسۇلاتتىن تاشقىرى، 1977- يىلدىن باشلاپ ئېكسپورت قىلىنىدىغان تېرە كۆرپە ۋە ئۆز رەڭگىدىكى قىسقا يۇڭلۇق ئەيلەنگەن تېرە ئىشلەپچىقىرىدىغان بولدى.

1980- يىللاردا ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر قايسى تېرە- يۇڭ زاۋۇتلىرى ئەيلەنگەن تېرە بۇيۇملىرى ۋە خۇرۇم بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىشتا زامانىۋى پىششىقلاپ ئىشلەش ئۇسۇلىنى ۋە ھۈنەر- سەنئىتىنى قوللىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى، مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۈرى كۆپىيىپ، سۈپىتىدە ياخشىلىنىش بولدى. خۇرۇم بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كۆلەملەشكەن قوي، ئۆچكە تېرىسى خۇرۇمى ئىشلەپچىقىرىشقا ئۆزگەرتىلدى. 1980- يىلىغىچە، قىزىلسۇلتۇز خۇرۇم زاۋۇتىنىڭ قوي تېرىسى خام ماتېرىيالىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارى 300 مىڭ پارچىغا يەتتى. تېرە ئەيلەش تېخنولوگىيىسىدە، ناترىي خرومات بىلەن ئاشلاش، بىرلەشتۈرۈپ ئاشلاشتىن ئىبارەت ئىلغار تېخنولوگىيە قوللىنىلدى. شۇڭا ئەيلەنگەن تېرىلەر يۇيۇش، بوياش، پارقىرىتىش قاتارلىق ئىنچىكىلەپ ئىشلەشتىن ئىبارەت تېخنولوگىيىلىك بىر تەرەپ قىلىشقا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بولدى. ئىلغار ئاشلاش تېخنولوگىيىسى جانلىق قوللىنىلغانلىقتىن، بۇ زاۋۇت ئەيلەنگەن تېرىلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش جەريانىدا يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ، ئەيلەنگەن تېرىنىڭ يۈزىنى قايچىلاپ قىسقارتىش، پارقىرىتىش، بوياش قاتارلىق تېخنولوگىيىلىك بىر تەرەپ قىلىش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى، شۇنىڭ بىلەن مەھسۇلاتى تېخىمۇ ياخشىلاندى، رەڭدارلىقى ئاشتى. تېرە ئەيلەشتە يۇقىرى سەۋىيىلىك تېخنولوگىيىنىڭ قوللىنىشى بىلەن تۆۋەن، ئوتتۇرا، يۇقىرى دەرىجىلىك ئەيلەنگەن تېرە مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۈرى تېخىمۇ كۆپەيدى. 1981- يىلدىن باشلاپ قوي تېرىسىنى خام ماتېرىيال قىلغان خۇرۇم بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىشنى يولغا قويدى، 1982- يىلى تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىدىغان بولدى. قىزىلسۇلتۇز خۇرۇم زاۋۇتىنىڭ ھەر يىلى ئەيلەنگەن تېرىدىن ئىشلىنىدىغان بۇيۇملار بىلەن خۇرۇمدىن ئىشلىنىدىغان بۇيۇملارنىڭ خام ماتېرىيالى ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان قوي تېرىسى 250 مىڭ پارچىغا يەتتى. 1984- يىلى 268 مىڭ پارچىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەيلەنگەن تېرىدىن ئىشلىنىدىغان بۇيۇملار ئۈچۈن ئىشلىتىلگىنى 33% نى، خۇرۇمدىن ئىشلىنىدىغان بۇيۇملار ئۈچۈن ئىشلىتىلگىنى 67% نى ئىگىلىدى.

1982- يىلى، قۇمۇل شەھەرلىك خۇرۇم زاۋۇتى ئەيلەنگەن تېرىدىن ئىشلىنىدىغان بۇيۇملارنى ئىشلەشتە، ئىلغار ئەيلەش ئۇسۇلىنى ۋە بىر قاتار ئىنچىكىلەپ پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنولوگىيىسىنى قوللىنىپ، تۈرلۈك تۆۋەن، ئوتتۇرا، يۇقىرى دەرىجىلىك مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقاردى. 1985- يىلدىن باشلاپ خۇرۇمدىن ئىشلەنگەن بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان بولدى. 1984- يىلى 40 مىڭ پارچە قوي تېرىسىنى پىششىقلاپ ئىشلىدى، بۇنىڭ 50% ى ئەيلەنگەن تېرىدىن ئىشلىنىدىغان بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلدى، 50% ى خۇرۇمدىن ئىشلىنىدىغان

بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلدى.

باركۆل ناھىيىلىك تېرە- يۇڭ زاۋۇتى 1984- يىلىلا خېلى يۇقىرى سەۋىيىلىك ماشىنىلىشىش دەرىجىسىگە يەتتى. ئەيلەنگەن تېرىدىن ئىشلىنىدىغان بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىشتا پۈتۈنلەي ئىلغار تېخنولوگىيىنى قوللىنىپ، تەخمىنەن 30 مىڭ پارچە قوي تېرىسىنى پىششىقلاپ ئىشلىدى. 1987- يىل 7- ئايدا بۇ زاۋۇت ئىلگىرىكى باركۆل ناھىيىلىك تېرە- يۇڭ زاۋۇتى بىلەن بىرلىشىپ، باركۆل ناھىيىسى خۇرۇم زاۋۇتى دەپ ئاتىلىپ، ئۆچكە، قوي، كالا تېرىسى خۇرۇمى ۋە ئۆتۈك، بەتىنكە، كىيىم- كېچەك، كىگىز قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان ئۇنىۋېرسال زاۋۇت بولۇپ قالدى. 1990- يىللاردىكى يېڭى تېخنولوگىيە، يېڭى تېخنىكا، يېڭى ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلىتىپ، تۈرلۈك ئۆچكە، قوي، كالا تېرىسى خۇرۇمىدىن تىكىلگەن بەتىنكە، ئۆچكە تېرىسى خۇرۇمىدىن ئىشلەنگەن ھەر خىل پاسوندىكى ئەر- ئايالچە كىيىم- كېچەك، ئۆچكە، قوي تېرىسى خۇرۇمىدىن تىكىلگەن پەلەي ۋە ھەر خىل ئۆلچەمدىكى كىگىز قاتارلىق 100 خىلدىن ئارتۇق مەھسۇلات ئىشلەپچىقاردى. بەتىنكە ۋە تېرە مەھسۇلاتلىرى چەت ئەللەرگە ئېكسپورت قىلىندى. ئۆچكە، قوي تېرىسى خۇرۇمىدىن تىكىلگەن كىيىم- كېچەكلەر مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى. بۇ زاۋۇتنىڭ لايىھەدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى يىلىغا 80 مىڭ پارچە قوي، ئۆچكە تېرىسى، 10 مىڭ پارچە كالا تېرىسى پىششىقلاپ ئىشلىيەلەيدىغان سەۋىيىگە يەتتى.

ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك تاشقى سودا ئىدارىسىنىڭ ئەسلىدىكى تېرە- يۇڭ زاۋۇتى 1983- يىلى ئىشتىن توختىدى.

1990- يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى تېرە- يۇڭ سانائىتى كارخانىلىرىنىڭ ئاساسلىقلىرى ۋىلايەتلىك قىزىليۇلتۇز خۇرۇم زاۋۇتى، قۇمۇل شەھىرى خۇرۇم زاۋۇتى، قۇمۇل شەھىرى ئاستانە يېزىسى خۇرۇم زاۋۇتى، باركۆل ناھىيىسى خۇرۇم زاۋۇتى،، ئاراتۇرۇك ناھىيىسى خۇرۇم زاۋۇتى بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇقىم مۈلكى 42 مىليون 860 مىڭ يۈەن، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليون 817 مىڭ يۈەن، يىللىق ئىشلىتىدىغان تېرىسى (چوڭ تېرىگە سۇندۇرۇلدى) 40 مىڭ 200 پارچە، ئىشلەپچىقارغان ئۆتۈكى 6500 جۈپ، كىيىم- كېچىكى 18 مىڭ 900 يۈرۈشكە يەتتى. قىزىليۇلتۇز خۇرۇم زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان كالتە يۇڭلۇق خۇرۇم پەلەي خەلقئارا بازارغا سېلىندى، رىقابەت كۈچى خېلى ئۈستۈن بولدى. خۇرۇم چاپان، خۇرۇم پەشمەت، تېرىدىن ئىشلەنگەن كىيىم- كېچەك، قىسقا يۇڭلۇق ئەيلەنگەن قوي تېرىسى مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا سېتىلدى، مەملىكەت بويىچە ئالتە جايدا سېتىش نۇقتىسى تەسىس قىلىندى.

قىزىليۇلتۇز خۇرۇم زاۋۇتى شىنجاڭ بويىچە ئەمگەك سوغۇرتىسى بۇيۇملىرى، مىللىي بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان نۇقتىلىق كارخانا، بۇ كارخانا يىلىغا 300 مىڭ پارچە تۈرلۈك قوي تېرىسىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، 60 مىڭ، 70 تۈرلۈك، 200 خىل ئۆلچەملىك خۇرۇم بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ھازىرلىدى.

2. خۇرۇم مەھسۇلاتلىرى تۈرى

1990- يىلى ۋىلايىتىمىزدە بار خۇرۇم مەھسۇلاتلىرى تۈرلىرى قېلىن خۇرۇم، نېپىز خۇرۇم، خۇرۇم كىيىم- كېچەك (خۇرۇم چاپان)، گۈللۈك خۇرۇم بويۇملار (خۇرۇم گالستۇك، خۇرۇم چاپان، خۇرۇم پەشمەت، خۇرۇم پوپايكا)، ئەمگەك مۇھاپىزىتى خۇرۇم پەلىيى، ئادەتتىكى خۇرۇم پەلەي، قوي تېرىسىدىن ئىشلەنگەن تىۋىتلىق تام گىلىمى، سىلىنچا، تۈرلۈك ئۇششاق خۇرۇم بۇيۇملار (سومكا، ئويۇنچۇقلار)، ئۆچكە تېرىسىدىن ئىشلەنگەن كۆرپە، تاشلىق جۇۋا، تاشلىق شالۋۇر، پىچىپ قويۇلغان قوشقار تېرىسى جۇۋىلىق، ئەيلەنگەن تىۋىتلىق تېرە، تاشلىق تېرە پەشمەت، ئۆتۈك شالۋۇر، ئۆتۈك پەشمەت، تاشلىق تېرە پەلەي، ئۆتۈك، بەتىنكىدىن ئىبارەت.

1990- يىلى ۋىلايەت بويىچە ئىشلەپچىقىرىلغان ئاساسلىق مەھسۇلاتلار ۋە ئۇنىڭ مىقدارى تۆۋەندىكىچە: خۇرۇم كىيىم- كېچەك 16 مىڭ 600، تېرە كىيىم- كېچەك 890، تۇماق 15 مىڭ 200، خۇرۇم بەتىنكە 1984، خۇرۇم پەلەي 17 مىڭ 500 جۈپ، خۇرۇم 30 مىڭ 100 پارچە (كالا تېرىسىغا سۇندۇرۇلدى).

3. ئوقتىلىق كارخانىلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

ۋىلايەتلىك قىزىلبۇلتۇز خۇرۇم زاۋۇتى. بۇ، قۇمۇلدىكى قوي تېرىسىنى خام ئەشيا قىلغان خۇرۇم، ئەيلەنگەن تېرە بۇيۇملارنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان بىر قەدەر چوڭ كارخانا. 1969- يىلى قۇرۇلدى. 3 مىليون 700 يۈەن قىممىتىدە مۇقىم مۈلكى، 200 دىن ئارتۇق مەخسۇس ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى بار. قارمىقىدا خۇرۇم ئىشلەش، مەھسۇلات ئىشلەش، رېمونت قىلىش، بوياقچىلىقتىن ئىبارەت تۆت سېخ تەسىس قىلىندى. يىلىغا 300 مىڭ پارچە ئەيلەنگەن تېرە، خۇرۇم ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە. 1990- يىلى ئورۇنلىغان سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليون 47 مىڭ يۈەن بولدى. 108 مىڭ پارچە ئەيلەنگەن تېرە، خۇرۇم، 9257 خۇرۇم كىيىم- كېچەك ئىشلەپچىقاردى. تىجارەت كىرىمى 3 مىليون 775 مىڭ يۈەن بولۇپ، يۇقىرىغا 143 مىڭ يۈەن باج تاپشۇردى، ئومۇمىي پايدىسى 447 مىڭ يۈەن بولدى. ئۇلار ئىشلەپچىقارغان خىشىڭ ماركىلىق تۈرلۈك تېرە، خۇرۇم كىيىم- كېچەكلەر، گۈللۈك خۇرۇم بۇيۇملىرى، لەنشى تېرە، تۇماق، خۇرۇم پەلەي، قوي تېرىسىدىن ئىشلەنگەن تىۋىتلىق تام گىلىمى، سېلىنچا، تۈرلۈك ئۇششاق خۇرۇم بۇيۇملار مىنىستىرلىك ئۆلچىمى بويىچە ئىنچىكىلەپ ئىشلەنگەن بولۇپ، تۈرلۈك تېخنىكىلىق كۆرسەتكۈچلىرى پۈتۈنلەي ئۆلچەمگە يەتتى، سۈپىتى مۇقىم، ئىقتىدارى ئىشەنچلىك بولۇپ، بۇ زاۋۇت ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك مۇھەپىزىتى بۇيۇملىرىنى ئىشلەشتە نوقتا قىلىپ بېكىتىلگەن ئورۇن بولۇپ قالدى. مەھسۇلاتلىرى مەملىكىتىمىزدىكى 20 نەچچە ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلاردا سېتىلدى، قىسمەن مەھسۇلاتلىرى ياپونىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلىندى.

## §12. تىككۈچىلىك كەسپى

1. كىيىم- كېچەك

مىنگونىڭ 18- يىلى (1929- يىلى) قۇمۇلدا بەزى كىشىلەر تىككۈچىلىك دۇكىنى ئېچىشقا باشلىدى. مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى) باركۆلدە تۆت تىككۈچىلىك دۇكىنى بار بولدى. مىنگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى) ۋىلايەت بويىچە 24 تىككۈچىلىك دۇكىنى بار بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل ناھىيىسىدە 14، باركۆل ناھىيىسىدە 10 بولۇپ، كەسپكارلىرى 26. ئەينى چاغدىكى داڭلىق تىككۈچىلەردىن سۇن خەينيەن غەربچە كىيىم- كېچەك تىكىشكە ئۇستا بولۇپ، ئۇ تىككەن غەربچە كىيىم- كېچەكلەرنىڭ پاسونى چىرايلىق بولۇپ، ئۆزۈنخچە تۇسىنى يوقاتمايدىكەن. ئۇيغۇر تىككۈچى ئابدۇغاپپار ئۆمرىدە 51 شاگىرت تەربىيىلىگەن. بۇلاردىن ئىمىن قارىي، خالىق، يىدايى، مىجىت، نۇر قاتارلىقلار تۈرلۈك مىللىي كىيىم- كېچەك، سوكنا پەلتو، جوڭشەن فورمىسى، كاستۇم- بۇرۇلكا ۋە تۈرلۈك تېرە كىيىم- كېچەكلەرنى تىكىشكە ماھىر ئىدى. مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) گومىنداڭ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى بىرلەشمە مۇداپىئە لاۋازىمەت باش قوماندانلىق شتابى قۇمۇلدا كىيىم- كېچەك زاۋۇتى قۇردى. بۇ زاۋۇت ئاساسلىقى تېرە پىششىقلاپ ئىشلەش، ھەربىي كىيىم- كېچەك، ئاياغ كىيىم تىكىش، پىيما بېسىش بىلەن شۇغۇللاندى، يىللىق پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارى 7000 ~ 8000 يۈرۈش بولدى، مەھسۇلاتلىرى شەرقىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ھەربىيلەرنى تەمىنلەشكە ئىشلىتىلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن 1953- يىلى ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك تەمىنات- سودا كوپېراتىپى تىككۈچىلىك بۆلۈمى قۇردى. تىككۈچىلىك سانائىتىدە، قۇمۇل ۋىلايىتى 1956- يىلىدىن باشلاپ كوللېكتىپ تىجارىتىنى يولغا قويدى، 1979- يىلىغا كەلگەندە تىككۈچىلىك كارخانىلىرى 16 غا، ئىشلەپچىقارغان كىيىم- كېچىكى 97 مىڭغا يەتتى، بۇنىڭ

ئىچىدە، قۇمۇل شەھىرىنىڭ 51 مىڭ 800، باركۆل ناھىيىسىنىڭ 36 مىڭ 400 بولدى. 2932 شەپكە تىكىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، قۇمۇل شەھىرىنىڭ 568، باركۆل ناھىيىسىنىڭ 2364 بولدى. بۇنىڭدىن سىرت، باركۆل ناھىيىسى كۆيسۇ، سارچوقا تەمىنات- سودا كوپېراتىپلىرىمۇ ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ تىككۈچىلىك بۆلۈملىرىنى قۇردى. بولۇپمۇ سارچوقا قازاقلار ئۈچۈن تىكىلگەن مىللىي پاسوندىكى كىيىم- كېچەكلەر ناھايىتى ئالقىشقا ئېرىشتى. 1989- يىلى ۋە 1990- يىلى، قۇمۇل شەھەرلىك مىللىي كىيىم- كېچەك زاۋۇتى شىنجاڭ كىيىم- كېچەك زاۋۇتى بىلەن بىرلىشىپ ئەر- ئاياللار كۆڭلەك تىكتى.

1980- يىللاردا شەھەر ۋە يېزىلاردا نۇرغۇن تىككۈچىلىك كەسپىي ئائىلىلىرى ۋە جىياڭسۇ، جېجىياڭدىن كەلگەن يەككە تىككۈچىلەر پەيدا بولۇپ، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ يەككە كىيىم- كېچەك پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى. 1990- يىلى قۇمۇل شەھىرى ۋە باركۆل ناھىيىسىنىڭ بازار ۋە يېزىلىرىدىكى كىيىم- كېچەك تىكىدىغان كارخانىلار 250 كە يېتىپ، كەسىپكارلىرى 600 دىن ئېشىپ كەتتى، ئۇلار ئاساسلىقى ئوتتۇرا ۋە ئالىي دەرىجىلىك كىيىم- كېچەكلەرنى تىكتى.

2. ئۆتۈك، بەتىنكە

ئۆتۈك، بەتىنكە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى قول سانائىتى مەھسۇلاتى. قۇمۇلدا ئۆتۈك، بەتىنكە تىكىش ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. قۇمۇل شەھىرىنىڭ قارادۆۋە يېزىسىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان ئۇزۇن قونچلۇق چولۇق- كىچىك ئۆتۈكلەر بىرونزا دەۋرىدە دەپنە قىلىنغان بۇيۇملار ھېسابلىنىدۇ.

مىنگونىڭ 1 - يىلى (1912- يىلى) قۇمۇلدا ئۆتۈك، بەتىنكە تىكىدىغان ئۇستاملار بولغان. مىنگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى) كۆپىيىپ 12 ئائىلىگە يەتكەن، موزدۇز ھاشىم، ئاقىۋپا قولدا تىككەن كالا خۇرۇمى ئۆتۈك، بەتىنكىلەرنىڭ پاسونى چىرايلىق، چىداشلىق بولۇپ،ئۇزۇنغىچە توزىمىدىن قالمىغان. مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى) باركۆل ناھىيىسىدە يەتتە ئۈيلۈك موزدۇز بولغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت مىللىي پاسوندىكى ئۆتۈك، بەتىنكە ئىشلەپچىقىرىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. 1955- يىلى قۇمۇل ناھىيىسى خۇسۇسىي موزدۇزلارنى ھەمكارلىشىش گۇرۇپپىسى قىلىپ تەشكىللىدى. 1956- يىلى ئۆتۈك، بەتىنكە ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى قۇردى. 1958- يىلى ئاياغ كىيىم زاۋۇتىغا ئۆزگەرتتى. 1963- يىلى باركۆل ناھىيىسى تىككۈچىلىك زاۋۇتىدىكى ئۆتۈك، بەتىنكە تىكىدىغان ئىشچىلارنى يىغىپ ئاياغ كىيىم زاۋۇتى قۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ ئاياغ كىيىم زاۋۇتىغا يىلمۇ يىل مەبلەغ سېلىنىپ، كۆلىمى كېڭەيتىلىپ، ئۆتۈك، بەتىنكىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ۋە تۈرى كۆپەيتىلدى.

قۇمۇلنىڭ ئۆتۈك، بەتىنكە مەھسۇلاتلىرىدىن ئەر- ئاياللار ئۆتۈك، بەتىنكە، قىشلىق بەتىنكە، تېرە ئەستەرلىك بەتىنكە، خۇرۇم ساندال، خۇرۇم كالاچ ۋە باللار بەتىنكىسى قاتارلىقلار بولۇپ، تۈرى نەچچە ئون خىلغا يەتتى. ۋىلايەت بويىچە 1957- يىلى، 24 مىڭ 149 كىشىلىك، 1970- يىلى 2692 كىشىلىك، 1976- يىلى 4194 كىشىلىك، 1980- يىلى 18 مىڭ 621 كىشىلىك، 1986- يىلى 13 مىڭ 300 كىشىلىك، 1990- يىلى 6455 كىشىلىك تۈرلۈك خۇرۇم ئۆتۈك، بەتىنكە ئىشلەپچىقىرىلدى. ئۆتۈك، بەتىنكىنىڭ ۋىلايىتىمىز بازارلىرىدىكى سېتىلىش مىقدارى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، 1966- يىلى 15 مىڭ 928 كىشىلىك، 1985- يىلى 135 مىڭ 844 كىشىلىك ئۆتۈك، بەتىنكە سېتىلدى.

1985- يىلى قۇمۇل شەھىرى ئاياغ كىيىم زاۋۇتى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تەڭرىتاغ لاتا ئاياغ كىيىم باش زاۋۇتى بىلەن بىرلىشىپ پىلانسىماسا چەملىك لاتا ئاياغ كىيىم ئىشلەپچىقاردى، يىللىق مەھسۇلاتى 100 مىڭ كىشىلىكتىن ئاشتى.

1989- يىلى ۋە 1990- يىلى زاۋۇت ئۆيىنى كېڭەيتىپ، ئۈسكۈنىلەرنى كۆپەيتىپ، ھەممىنى پلاتسىماسا چەملىك لاتا ئاياغ كىيىمگە ئۆزگەرتتى، يىللىق مەھسۇلاتنى 200 مىڭ كىشىلىككە، مەھسۇلات قىممىتىنى 1 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى.

3. باش كىيىم

1969 ~ 1974- يىلىغىچە قۇمۇل ناھىيىلىك كىيىم- كېچەك زاۋۇتى ھەربىي سېرىق شەپكە ئىشلەپچىقىرىدىغان بولدى، ھەر يىلى 20 ~ 30 مىڭغىچە ھەربىي شەپكە تىكتى.

ۋىلايەتلىك قىزىلىيۇلتۇز خۇرۇم زاۋۇتى، قۇمۇل شەھەرلىك خۇرۇم زاۋۇتى 1988- يىلى يېڭىدىن خۇرۇم تۇماق ئىشلەپچىقىرىشنى يولغا قويۇپ، 1988- يىلى 2012، 1989- يىلى 1400، 1990- يىلى 3207 تۇماق تىكتى.

## §13. ئالاھىدە ئېھتىياجلىق مىللىي بۇيۇملار

1984- يىلى ۋىلايىتىمىزدە ئالاھىدە ئېھتىياجلىق مىللىي بۇيۇملار ئىش بېجىرىش ئورگىنى قۇرۇلۇپ، تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى توغرا ئىجرا قىلىنىپ، ئالاھىدە ئېھتىياجلىق مىللىي بۇيۇملارنى نۇقتىتا بەلگىلەپ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەمىنلەش خىزمىتى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەندى.

ئالاھىدە ئېھتىياجلىق مىللىي بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىش نۇقتىسى قىلىپ بەلگىلەنگەن كارخانىلار، قۇمۇل ۋىلايەتلىك قىزىلىيۇلتۇز خۇرۇم زاۋۇتى، قۇمۇل شەھەرلىك يېمەكلىكلەر زاۋۇتى، قۇمۇل شەھەرلىك ياشلار گىلەم زاۋۇتى، قۇمۇل شەھەرلىك كەشتىچىلىك بۇيۇملار زاۋۇتى، قۇمۇل شەھەرلىك كىيىم- كېچەك فابرىكىسى، قۇمۇل شەھەرلىك ياغاچ جابدۇقلار زاۋۇتى، قۇمۇل شەھەرلىك قويمىچىلىق زاۋۇتى، قۇمۇل شەھەرلىك خۇرۇم زاۋۇتى، قۇمۇل شەھەرلىك قوي يۇڭى پوپايكا زاۋۇتى، باركۆل ناھىيىلىك يېمەكلىكلەر زاۋۇتى، باركۆل ناھىيىلىك يېنىك سانائەت رېمونت قىلىش، ياساش زاۋۇتى، باركۆل ناھىيىلىك خۇرۇم زاۋۇتى، باركۆل ناھىيىلىك كىيىم- كېچەك زاۋۇتى ۋە قۇمۇل شەھىرى شەرقىي ئۆستەڭ رايونى گىلەم زاۋۇتى، قۇمۇل شەھىرى تەمىنات- سودا كوپىراتىپى يېمەكلىكلەر زاۋۇتى، قۇمۇل شەھىرى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتىنىڭ ئۇنئۇبرسال پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ھەر يىلى ئىشلەپچىقىرىلىدىغان مىللىي ئالاھىدە بۇيۇملارنىڭ پىلانى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئىشلەپچىقىرىشقا ئېھتىياجلىق بولغان ياغاچ، پولات، قەلەي، ياختا يىپ، كۆمۈش قاتارلىق خام ماتېرىياللارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس كۆرسەتكۈچ چۈشۈرۈلۈپ، مىللىي ئالاھىدە ئېھتىياجلىق بۇيۇملار ۋە ئۇنىڭ مىقدارى يىلدىن- يىلغا كۆپەيتىلدى. 1990- يىلى ۋىلايەت بويىچە مىللىي ئالاھىدە ئېھتىياجلىق بۇيۇملارنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون 674 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، 1985- يىلدىكىدىن 3 مىليون 274 مىڭ 800 يۈەن كۆپىيىپ، 136.4% ئاشتى. 7- بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى 18.78% تىن ئاشتى. 1988- يىلى، مىللىي ئالاھىدە ئېھتىياجلىق بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلاردىن ئېلىنىدىغان باج جەمئىي 33 مىڭ 500 يۈەن ئازايتىلدى.

1. توقۇمىچىلىق، كىيىم- كېچەك ۋە توقۇلما بۇيۇملار

قۇمۇل شەھەرلىك كەشتىچىلىك بۇيۇملار زاۋۇتى قاتارلىق كارخانىلار گىلەم، پوپايكا، كۆڭلەك قاتارلىق مىللىي

ئالاھىدە ئېھتىياجلىق بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقاردى.

مىللىي كەشتىچىلىك بۇيۇملاردىن: چاشما دوپپا، ئاق تەقىي، كانۋا كۆڭلەك، كەشتىلىك پەشمەت، ئىچكۆڭلەك، پەرتۇق، كەشتىلىك ياستۇق قېپى، يوتقان كىرلىكى، سافا كىرلىكى، كارىۋات ياپقۇچى، كارىۋات زەدىۋىلى، ئىشىك پەردىسى، دېرىزە پەردىسى، كىيىم ئاسقۇچ ياپقۇچى، مىللىي پاسوندا ئىشلەنگەن ئۇزۇن ئۈستەل ياپقۇچى، قازاق تۇس كىگىزى بار.

مىللىي كىيىم- كېچەكلەردىن: چاپان، گەلەپى شىم، ستالىن فورمىسى، لېنىن فورمىسى، ئۇزۇن كۆڭلەك، كەشتىلىك كىيىم- كېچەكلەر، كاستيۇم- بۇرۇلكا، كۆڭلەك، زامانىۋى پاسوندىكى كىيىم- كېچەكلەر ۋە باللار كىيىم- كېچەكلىرى بار.

مىللىي خۇرۇم، تېرە بۇيۇملىرىدىن: تۇماق، بەتىنكە، ئۆتۈك، تېرە پەشمەت، مەسە، چورۇق، خۇرۇم سومكا بار.

باشقا مىللىي ئالاھىدە ئېھتىياجلىق بۇيۇملاردىن: كۈمۈش ئېگەر، كىگىز ئۆي، گىلەم، يۇڭ پايپاق، پىيما، كىگىز قالپاق، سېلىنچا كىگىز بار.

2. ئۆي جابدۇقلىرى ۋە مېتال بۇيۇملار

1) مىللىي ئۆي جابدۇقلىرى. مىللىي ئۆي جابدۇقلىرىدىن: ياغاچ جابدۇقلار (چاي ئۈستىلى، بۆشۈك، شىرە، ئۇزۇن ئۈستەل، پەرداز ئۈستىلى، ساپا، نەقىشلىق كارىۋات، گۈللۈك ساندۇق، ياغاچ كىيىم ئاسقۇچ، يالغۇز كىشىلىك ئورۇندۇق، تام ئىشكاپى)، مىللىي تۆمۈر جابدۇقلار ۋە ئەينەك پولات جابدۇقلار بار.

2) مىللىي مېتال بۇيۇملار. چىلاپچا، ئۇششاق دېھقانچىلىق سايمانلىرى (كەتمەن، ئورغاق)، پىچاق، چېلەك، سۈت چېلىكى، قول يۇيىدىغان قەلەي چۆگۈن، تەخسە، داس، كاۋاپدان، مەش، قازان، تاۋاق قاتارلىقلار بار.

**قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى ئالاھىدە ئېھتىياجلىق مىللىي بۇيۇملار مەھسۇلات مىقدارى**

جەدۋەل: 11 – 17

| يىل / تۈرى | 1980 | 1986 | 1989 | 1990 |
|---|---|---|---|---|
| مۇسۇلمانچە قەنت- گېزەكلەر (توننا) | | 287 | 350 | 330 |
| مۇسۇلمانچە پېچىنە- پىرەنىكلەر (توننا) | | 246 | 195 | 190 |
| مىللىيچە توقۇلمىلار (تۈمەن مېتىر) | | | 6.9 | 2 |
| مىللىيچە ئۆتۈك، بەتىنكە (كىشىلىك) | 14520 | 13300 | 6000 | 6455 |
| مىللىيچە كىيىم- كېچەك (تۈمەن قۇر) | 13.5 | 5.2 | 1.10 | 1 |
| كەشتە، ھۈنەر- سەنئەت بۇيۇمى (تۈمەن دانە) | | 2.55 | 3.6 | 4.2 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| قولدا توقۇلغان قوي يۇڭى گىلەم (كۋادرات مېتىر) | 1259 | 3063 | 6036 | 7397 |
| يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار (تۈمەن دانە) | | 1.63 | 2.4 | 2.9 |
| خۇرۇم، تېرە كىيىم- كېچەكلەر (تۈمەن دانە) | 1.45 | 1.96 | | 1.72 |

## §14. هۈنەر- سەنئەت، گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرى

قۇمۇل قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مۇھىم بازار، شۇنداقلا كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان رايون، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆرپ- ئادەتلىرى بولۇپ، ئۇلار بىر- بىرىگە سىڭىپ، مول مەزمۇنلۇق، كۆپ خىل ھۈنەر- سەنئەت، گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئورتاق بارلىققا كەلتۈردى.

**1. خەلق ھۈنەر- سەنئىتى**

1) **دوپپا.** قۇمۇل چاشما دوپپىسىنىڭ رەختلىكى ھەر خىل مەخمەل بولۇپ، ئۈستى ۋە توقۇلۇشى تۆتكە بۆلۈنۈپ قولدا چاشما تىكىلىدۇ. گىرۋىكى تۈتۈلغاندىن كېيىن قېلىپقا سېلىنىپ قۇرۇتۇلىدۇ ۋە ئەڭ ئاخىرىدا توقۇچى تۈتۈلىدۇ. باشقا مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى سەۋەبلىك، ئوچۇق نۇسخىلىرى كۆپىنچە جۇخارگۈلى، مىخۇاگۈلى، نىلۇپەر، مودەنگۈل، چۇغلۇق شەكلىدە بولىدۇ.

ئوتتۇرا ياش ئاياللار بىلەن ياش ئاياللارنىڭ دوپپىسىنىڭ رەختلىكى قارا، توق قىزىل، قاراكۆك، قارامتۇل يېشىل، بېغىرەڭ مەخمەل بولۇپ، ئۈستى ۋە توقۇشقا چاشما تىكىلىدۇ، قارا مەخمەلدىن گىرەك تۈتۈلىدۇ.

ياشانغان ئەرلەرنىڭ دوپپىسىنىڭ رەختلىكى ھەر خىل مەخمەل بولۇپ، ئۈستىگە سۇس رەڭلىك، ئۆششاق گۈللۈك چاشما تىكىلىدۇ، قارا مەخمەلدىن گىرەك تۈتۈلىدۇ.

ئۆلۈم- يېتىم بولغاندا، چاشمىسى يوق قارا مەخمەل دوپپا كىيىلىدۇ.

2) **يەكتەك، كالتە چاپان، جىلىتكە**

(1) **يەكتەك.** ئۇزۇنلۇقى تىزدىن ئۆتىدۇ، ئېتىكى كەڭ، يېڭى تار بولىدۇ، كۆپىرەك قىزىل تاۋار، سۇس بېغىرەڭ تاۋاردىن تىكىلىدۇ. ئۇدۇل پەشلىك (ئالدى ئوچۇق)، چوڭ پەشلىك (ئوڭ تەرىپى ئوچۇق) دەپ ئايرىلىدۇ. يەڭ، ياقا، ئالدى پەش، ئېتەكلىرىگە چىلتەك تۈتۈلىدۇ، ئوتتۇرىسىغا مەشۇت يىپ بىلەن سۇمرۇغ، كېپىنەك، مودەنگۈل، جۇخارگۈل، 卐 شەكلىدە كەشتە تىكىلىدۇ.

(2) **كالتە يەكتەك.** ئۇزۇنلۇقى كاسىدىن ئاشىدۇ، قىسقا، كەڭ بولۇپ، يېڭى تار كېلىدۇ. كالتە يەكتەكمۇ قىزىل تاۋار، سۇس بېغىرەڭ تاۋاردىن تىكىلىدۇ؛ ئۇدۇل پەشلىك، چوڭ پەشلىك دەپ ئايرىلىدۇ. يەڭ، ئالدى پەش، چوڭ پەش، ئېتەكلىرىگە چىلتەك تۈتۈلىدۇ، ئالدى پەشكە تۈرلۈك كەشتە تىكىلگەنلىرىمۇ بولىدۇ.

(3) **جىلىتكە.** كالتە يەكتەككە ئوخشايدۇ، لېكىن ئېككى يېڭى بولمايدۇ، ئوڭ پېشى ئوچۇقلارنىڭمۇ كىچىك پېشى بولىدۇ، ياقا، پەش، ئېتەكلىرىگە چىلتەك تۈتۈلىدۇ، ئالدى پەشكە تۈرلۈك كەشتە تىكىلىدۇ.

3) **سىرماق، تىكىناۋات كىگىز**

(1) **سىرماق.** نەقىشى كۆپىرەك گېئومېتىرىيىلىك شەكىللەر نۇسخىسىدا (مەسىلەن، + سىزىقلىق، ئەگرى سىزىقلىق، قايتما سىزىقلىق) بولىدۇ، ياكى گۈل- گىياھ (مەسىلەن، تۆت بەرگىلىك گۈل، سەككىز بەرگىلىك گۈل، ئوت-

چۆپ، ئۇششاق گۈل) شەكىللىك بولىدۇ.

(2) تىكىناۋات كىگىز. ئاق كىگىزگە رەڭلىك گۈل بېسىلىدۇ، چوتكا بىلەن ئاساسىي رەڭ بېرىلىدۇ، بۇنىڭ نەقىشمۇ كۆپرەك گېئومېترىيىلىك شەكىللەر ئۇسلۇبىدا ۋە گۈل- گىياھ شەكلىدە بولىدۇ.

2. كەشتىچىلىك بۇيۇملار

كەشتىچىلىك بۇيۇملار 1970- يىللارنىڭ ئاخىرىدا تەرەققىي قىلغان يېڭى ھۈنەر- سەنئەت بۇيۇمى ھېسابلىنىدۇ.

كەشتىچىلىك مەھسۇلاتلىرىدىن مىللىيلارنىڭ كەشتىچىلىك بۇيۇملىرى، كەشتىلىك ئۆي زىننەت بۇيۇملىرى، ساياھەت خاتىرىسى كەشتە بۇيۇملىرى ۋە ئەمگەك مۇھاپىزىتى كەشتە بۇيۇملىرى قاتارلىق 80 نەچچە تۈر، 200 خىلدىن ئارتۇق بولۇپ، يىللىق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان مىقدارى 100 مىڭدىن ئاشىدۇ.

قۇمۇل شەھىرىنىڭ مىللىي كەشتىچىلىك زاۋۇتى قۇمۇلنىڭ كەشتىلىك بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان تايانچ كارخانىسى، ئاپتونوم رايون مىللىيلارغا ئېھتىياجلىق بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان نۇقتا دەپ بەلگىلىگەن كارخانا ھېسابلىنىدۇ. مەھسۇلاتى كىچىك كۆلەمدە ئىشلەپچىقىرىشتىن تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىشقا تەرەققىي قىلدى ھەم تۆۋەن دەرىجىلىكتىن تەدرىجىي ھالدا ئوتتۇرا، ئالىي دەرىجىلىككە ئۆتتى. كەشتە ئۇسلۇبلىرىنى لايىھىلەش، رەخت تاللاش جەھەتلەردە يېڭىلىقلار بارلىققا كەلدى. ئۇلار ئىشلىگەن مىللىي كەشتىلىك ئۇزۇن ئۆتۈك، كەشتىلىك ساقا كىرلىكى، كەشتىلىك مىللىي كىيىم- كېچەك، كۆڭلەك قاتارلىق مەھسۇلاتلار قويۇق مىللىي تۈسكە ئىگە بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا سېتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە كۆپ قېتىم ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات، يېڭى مەھسۇلات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1992- يىل 4- ئاينىڭ 20- كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئاسىيا- تىنچ ئوكيان ئىقتىسادى جەمئىيىتىنىڭ 48- نۆۋەتلىك يىغىنىدا مىللىي كەشتىچىلىك زاۋۇتى كۆرگەزمىگە قاتناشتۇرغان مىللىي كەشتە بۇيۇملىرى يۇقىرى باھاغا ئېرىشتى.

3. گىلەم

قۇمۇل گىلىمى قويۇق مىللىي تۈسكە ۋە ئالاھىدىلىككە ئىگە. توقۇلۇشى سىپتا، ئەۋرىشىم، گۈلى چىرايلىق، كۆركەم بولۇپ ئۇزاق چىدايدۇ. ئۇ شەرق ئۇسلۇبىدىكى ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات بولۇپ، ئەنگلىيە، ئامېرىكا، فرانسىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلارغا ئېكسپورت قىلىنىدۇ.

ۋىلايىتىمىزدە ئېكسپورت قىلىنىدىغان گىلەمنى توقۇش 1976- يىلى باشلانغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ئېكسپورت قىلىنىدىغان گىلەم توقۇيدىغان ئۈچ زاۋۇت (بارىكۆل ناھىيىسى تېرە- يۇڭ زاۋۇتىنىڭ گىلەم توقۇش سېخى، قۇمۇل شەھىرى غەربىي ئۆستەڭ رايونى گىلەم زاۋۇتى ۋە قۇمۇل ناھىيىسى ساقا دېھقانچىلىق مەيدانى گىلەم زاۋۇتى) بار ئىدى. 1982- يىلى بىردىنلا كۆپىيىپ 20 گە يەتتى. گىلەم توقۇيدىغان ئىشچىلار 1290 گە، گىلەم توقۇش رامى 384 كە يېتىپ، 6684.49 كۋادرات مېتىر گىلەم ئېكسپورت قىلىنىپ، 992 مىڭ 300 يۈەن ئېكسپورت قىممىتى يارىتىلدى، دۆلەت ئىچىدە سېتىلغان گىلەمنىڭ قىممىتىنى قوشقاندا 1 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، قۇمۇلنىڭ بىر مۇھىم كەسپىي قوشۇنى بولۇپ قالدى. بۇ 20 زاۋۇت، نۇقتا ئىچىدە ئۈچ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى گىلەم زاۋۇتى، 17 كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى زاۋۇت، نۇقتا بار. 1983- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق گىلەم ھۈنەر- سەنئەت بۇيۇملىرى ئىمپورت- ئېكسپورت شىركىتى ۋىلايەتلەر بويىچە مۇناسىۋەت قىلىدىغان دۆلەتنى بەلگىلەپ بېرىش چارىسىنى يولغا قويدى. قۇمۇل ۋىلايىتى مەخسۇس ياپونىيىگە ئېكسپورت قىلىدىغان بولدى. 1986- يىلى ئېكسپورت قىلىنغان گىلەمنىڭ سانى مۇقىم ئاشتى، 1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 7397.3 كۋادرات مېتىر ئېكسپورت گىلىمى توقۇلۇپ، ئېكسپورت قىممىتى 1 مىليون 701 مىڭ يۈەنگە يەتتى، دۆلەت ئىچىدە سېتىلغان گىلەمنىڭ پۇلىنى قوشقاندا، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون

يۈمن بولدى.

1980- يىلدىن بۇرۇن قۇمۇل ئېكىسپورت قىلىنىدىغان گىلەمنىڭ يىپ ئېگىرىش، يىپ بوياش، دەستىگاھتا سېلىش قاتارلىق مۇھىم ئىشلارنى ئۆزى قىلالمايتتى. 1980- يىلى ۋىلايەتلىك تاشقى سودا ئىدارىسى بەش كەسپىي كادىر، 20 تېخنىك ئىشچى ئاجرىتىپ، بىۋاسىتە قاراشلىق گىلەم زاۋۇتى قۇرۇپ، ۋىلايەتنىڭ گىلەم توقۇيدىغان يۇڭ يىپلارنى ھەر خىل رەڭدە بوياش، دەستىگاھتا سېلىش ئىشلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. 1981- يىلى گىلەم بۆلۈمى تەسىس قىلىپ، ۋىلايەتنىڭ گىلەم توقۇش، تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇپ ئېلىش، قىرقىش يۇيۇش، پارقىرىتىش، يۆتكەش، ئېكىسپورت قىلىش قاتارلىق كەسپىي ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلدى. 1979- يىلى گىلەمنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلۈپ، ھەر بىر كۋادرات مېتىر گىلەمنىڭ ئارقاق يىپى 540 بولىدىغان گىلەم سىناق تەرىقىسىدە توقۇلدى. 1981- يىلى بۇنداق گىلەم تۈركۈملەپ توقۇلىدىغان بولدى. شۇيىلى 540 ئارقاق يىپلىق گىلەمدىن 1993.93كۋادرات مېتىر گىلەم ئېكىسپورت قىلىندى. 1982- يىلى، گىلەم توقۇش ماھىرلىرى 720 ئارقاق يىپلىق ئالىي سۈپەتلىك گىلەم توقۇشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، قۇمۇلنىڭ گىلەمچىلىك كەسپى بىر قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك پىششىپ يېتىلىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. 1986- يىلىدىن كېيىن، ئېكىسپورت ئېھتىياجى سەۋەبلىك 540، 720 ئارقاق يىپلىق گىلەم توقۇلمايدىغان بولدى. قۇمۇل شەھەرلىك گىلەم زاۋۇتى توقۇغان گىلەم ئاپتونوم رايوننىڭ 11- نۆۋەتلىك ئاسىيا تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتناشتۇرىدىغان مەھسۇلاتى بولۇپ باھالاندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يېڭىدىن يەنە 10 نەچچە خىل مەھسۇلات تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. بۇلاردىن ئۈچكە يۈگىنىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئۆزگەرتىش تېخنىكىسى ئاپتونوم رايونلۇق پەن- تېخنىكا كومىتېتى تەرىپىدىن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «ئۈچقۇن تۈرى » دەپ تەستىقلاندى.

1981- يىلى 4178، 1982- يىلى 6684، 1984- يىلى 2886، 1988- يىلى 6081، 1990- يىلى 7397 كۋادرات مېتىر گىلەم توقۇلدى.

## §15. قەغەز ئىشلەش، باسمىچىلىق كەسپى

مىنگو دەۋرىدە، قۇمۇلدا تاش باسما بار ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، قەغەز زاۋۇتى، باسما زاۋۇتى قۇرۇلدى. 1985- يىلى باسمىچىلىق تەرەققىي قىلىپ لازىر نۇرلۇق بەت ياساش سەۋىيىسىگە يەتتى.

1. قەغەز ئىشلەش

1969- يىلى «راكېتا» دېھقانچىلىق مەيدانىدا قەغەز زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، 1970- يىلىدىن باشلاپ سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى. مەھسۇلاتى يالتىراق قەغەز، تازىلىق قەغىزىدىن ئىبارەت ئىككىلا خىل ئىدى، 1978- يىلى كۆپىيىپ ئويما باسما قەغىزى، رېزىنكە باسما قەغىزى، يېزىق قەغىزى، رەڭلىك قەغەز، يۆگىمە تازىلىق قەغىزى قاتارلىق يەتتە خىلغا يەتتى. ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى يىلىغا 650 توننا قەغەز ئىشلەپچىقىرىدىغان سەۋىيىگە يەتتى. 1985- يىلى بۇ زاۋۇت كېڭەيتىلدى، 1988- يىلى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 1500 تونىغا يەتتى. 1990- يىلى ئۈچ توننا تازىلىق قەغىزى، 3.5 توننا ھەر خىل يالتىراق قەغەز ئىشلەپچىقاردى. يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 2000 توننا ئەتراپىدا بولدى. بۇ زاۋۇت ئىشلەپچىقارغان تازىلىق قەغىزى 1988- يىلى شىنجاڭ بويىچە بىرىنچى، غەربىي شىمالدىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار بويىچە ئىككىنچى بولۇپ باھالاندى، 20 گراملىق ئوراش قەغىزى ئاپتونوم رايوننىڭ ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

2. باسمىچىلىق

مىنگو دەۋرىدە (1947- يىلى) قۇمۇل ناھىيىسىدە خۇسۇسىي تاش باسما تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىككى ئائىلە بار ئىدى، باسما ئىشلىرىنى قىلىدىغان 5 ~ 6 ئىشچىسى، بىر نەچچە تاش تاختىيى بولۇپ، بېسىلىدىغان نەرسىلەرنى قولدا باساتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن 1950 ~ 1953- يىلىغىچە خۇسۇسىي تاش باسما تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار كۆپىيىپ ئۈچ ئائىلىگە يەتتى. 1955- يىلى قۇمۇل ناھىيىسىدىكى خۇسۇسىي تاش باسما تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار بىرلىشىپ قۇمۇل ناھىيىسى «1- ماي» باسما گورۇپپىسىنى قۇردى. كېيىن، ئۇ يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قۇمۇل ناھىيىلىك باسما زاۋۇتىغا، ئۇنىڭدىن قۇمۇل گېزىتخانا باسما زاۋۇتىغا، ئاخىرى قۇمۇل ۋىلايەتلىك باسما زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلىپ، مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان كارخانا بولدى.

1985- يىلى ۋىلايەت بويىچە بەش باسما زاۋۇتى بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچىسى (ۋىلايەتلىك باسما زاۋۇتى، قۇمۇل شەھىرى 6- ئوتتۇرا مەكتەپ باسما زاۋۇتى، باركۆل ناھىيىسى باسما زاۋۇتى) ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى باسما زاۋۇتى، ئىككىسى (قۇمۇل شەھەرلىك باسما زاۋۇتى، قۇمۇل شەھىرى غەربىي ئۆستەڭ رايونى باسما زاۋۇتى) كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى باسما زاۋۇتى ئىدى. ئۇلارنىڭ 220 ئىشچى- خىزمەتچىسى، 1 مىليون 80 مىڭ يۈەن مۇقىم مۈلكى بولۇپ، يىللىق باسما بۇيۇملىرى مەھسۇلات مىقدارى 38 مىليون 190 مىڭ باسما تاۋاق، يىللىق سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن، يىللىق پايدا بېجى 180 مىڭ يۈەن بولدى. 1987- يىلىدىن كېيىن، باسما زاۋۇتلىرى بەشتىن 15 كە يەتتى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى، بىرلىشىپ باشقۇرغان، خۇسۇسىيلار ئاچقان باسما زاۋۇتلىرى تەڭ ئاتلىنىپ، ئىشچى- خىزمەتچىلىرى 400 دىن ئېشىپ كەتتى. بۇرۇنقى قاپارتما باسما تەرەققىي قىلىپ، رېزىنكە باسما، ئويما باسما، يىپەك ئەگلەكلىك باسما بارلىققا كەلدى، قوغۇشۇن ھەرپ بىلەن بەت ياساش لازېر نۇرى ئارقىلىق بەت ياساشقا تەرەققىي قىلدى.

قۇمۇل ۋىلايەتلىك باسما زاۋۇتى 1990- يىلى 230 ئىشچى- خىزمەتچىسى، 5 مىليون يۈەنلىك مۇقىم مۈلۈككە ئىگە، قۇمۇلنىڭ تايانچ باسمىچىلىق كارخانىسى بولۇپ قالدى، قوغۇشۇن باسما، رېزىنكە باسما، ئويما باسمىدىن ئىبارەت ئۈچ يۈرۈش ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىگە ئىگە بولدى، بېيدا فاڭجېن ماركىلىق رەڭلىك بەت ياساش سىستېمىسىنى كىرگۈزدى، مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 100 مىڭ يۈەن، تىجارەت كىرىمى 2 مىليون 640 مىڭ يۈەن، باج- پايدىسى 236 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## §16. مېتال بۇيۇملىرى كەسپى

1. چويۇن قۇيمىچىلىقى

چىڭ سۇلالىسى داۋگۇاڭ يىللىرىدا باركۆلدە قۇيمىچىلىق بارلىققا كېلىپ، ساپان چىشى، قازان قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش بۇيۇملىرى قۇيۇلۇشقا باشلىدى، بۇتخانىغا ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىر، دىئامېتىرى بىر مېتىرلىق چوڭ قوڭغۇراق، قەغەز كۆيدۈرىدىغان، كۆجە ياقىدىغان تۆمۈر كۆلدان قۇيۇپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە باركۆل باش لەشكەر مەھكىمىسىنىڭ قورال- ياراغ، ئوق- دورا ئىدارىسىدا تۆمۈر زەمبىرەك قۇيۇلۇپ، تۇرپان، جەنۇبىي شىنجاڭغا يۆتكەلدى. مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى) باركۆل ناھىيىسىدە 31 تۆمۈرچى بار ئىدى. 1949- يىلى قۇيمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 10 ئائىلە، تۆمۈرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىككى ئائىلە، مىسكەرلىك بىلەن

شۇغۇللىنىدىغان سەككىز ئائىلە بولۇپ، كەسپكارلار 58 گە يەتتى، ئۇلار ئاساسلىقى ساپان چىشى، گۈرجەك، ئورغاق، تاقا ئىشلەپچىقاردى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن تۆمۈرچىلىك، قۇيمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئائىلە سانى ۋە دەسمايە مەبلىغى كۆپەيدى. 1956- يىلى ئىشلەپچىقىرىش گۇرۇپپىسى، تۆمۈرچىلەر كوپېراتىپى قۇرۇلدى. 1958- يىلى، يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرى زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلىپ، ئاساسلىقى ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە قازان، چويۈن مەش ۋە باشقا تۆمۈرلۈك بۇيۇملىرى قۇيۇلدى.

1966- يىل 3- ئايدا قۇمۇل ناھىيىسى قول ھۈنەرۋەنلەر بىرلەشمە كوپېراتىپى «يەرلىك كىچىك دومنا پېچ» زاۋۇتى قۇرۇپ، قايتا تاۋلانغان تۆمۈرنى ئاساس قىلىپ، پېچ تاختىسى، شالاسۇن قۇيىدىغان ماتېرىيالنى ھەل قىلدى. يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 50 تونناً ئەتراپىدا بولدى. 1977- يىلى، نامى قازان قۇيۇش زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلىپ، ئاساسلىقى 35 ~ 120 سانتىمېتىرغىچە بولغان قازان قۇيىدىغان بولدى. يىلىغا 50 مىڭ قازان قۇيۇشنى پىلانلىدى، مەھسۇلاتى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا سېتىلدى. 1983- يىلى، ئۈسكۈنىلىرىنى تولۇقلاپ، مەھسۇلاتنىڭ تۈرىنى كۆپەيتىپ، سۈپىتىنى ئۆستۈردى. ئۇلار قۇيغان قازانلاردىن 1.1، 1.2، 1.3، 1.4، 1.5، 1.6، 1.7، 1.8، 2.1، 2.85، 3.3 چىلىك قازانلار، چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك ئۈچ خىل چويۈن مەش بار. ئۇلار يەنە خەلقئە كىرەكلىك شامالدۇرغۇچ، تۈز سۇ تۇرۇبىسى ۋە ئۇنىڭ زاپچاسلىرىنى ئىشلەپچىقاردى. 1987- يىلى نامى قۇمۇل شەھەرلىك قۇيمىچىلىق زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1990- يىلى مەھسۇلات قىممىتى 755 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنى 18 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى.

باركۆل ناھىيىلىك يېنىك سانائەت رېمونتچىلىق زاۋۇتى، 1990- يىلى شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتىنىڭ ياردىمى بىلەن 2- ئەۋلاد پارلاندۇرۇش قازىنىنى ئىشلەپچىقاردى، 2- ئەۋلاد پارلاندۇرۇش قازىنىنىڭ چىرىشكە بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى يۇقىرى بولۇپ، ئىشلىتىش ۋاقتى 1- ئەۋلاد پارلاندۇرۇش قازىنىغا قارىغاندا ئىككى ھەسسىدىن ئۈچ ھەسسىگىچە ئۇزۇن بولدى. بۇ زاۋۇت ئىشلەپچىقارغان تاغلىق رايون سايىنى 1976- يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا بازار تاپقاندىن تاشقىرى، يەنە گەنسۇ، شىزاڭ قاتارلىق ئۆلكە، رايونلاردىكى دېھقانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. 1985 ~ 1990- يىلىغىچە بۇ زاۋۇتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 200 مىڭ يۈەندىن 2 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى %19.4 بولدى. پايدا- بېجى 90 مىڭ يۈەندىن كۆپىيىپ 140 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى %24.8 بولدى.

2. تۈنىكە بۇيۇملار

تۈنىكە بۇيۇملاردىن ئاساسلىقى مەش، كاناي، جەينەك، چېلەك، سۈت چېلىكى، داس، چەينەك، ماي باكى، ماي قۇتىسى، بورچا، دوخوپكا، كاۋاپدان قاتارلىق مەھسۇلاتلار بار. مىنگو يىللىرىدا، قۇمۇلدا 32 تۈنىكىچىلىك دۇكىنى، 1949- يىلى 22 تۈنىكىچىلىك دۇكىنى بار ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ھۆكۈمەت ئىچكى ئۆلكىلەردىن تۈنىكە يۆتكەپ كېلىپ، تۈنىكىچىلەرنى خام ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى، تەمىنات- سودا تارماقلىرى تۈنىكىچىلەر بىلەن پىششىقلاپ ئىشلەش توختامى تۈزدى.

1956- يىلى قۇمۇل ناھىيىسىدىكى تۈنىكىچىلەر تۈنىكە بۇيۇملار ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى قۇردى. 1958- يىلى، تۈنىكىچىلەر كوپېراتىپى باشقا كوپېراتىپلار بىلەن بىرلىشىپ، ناھىيىلىك دېھقانچىلىق سايمانلىرى زاۋۇتىنى قۇردى. 1962- يىلى كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكى خاراكتېرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ھەم تۆمۈرچىلىك كوپېراتىپى بىلەن بىرلەشتى.

1975- يىلى، ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ تۆمۈر، ياغاچ پىششىقلاپ ئىشلەش كوپېراتىپى قول ھۈنەرۋەنچىلەر بىرلەشمە كوپېراتىپىغا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن تۆنكە بۇيۇملار پىششىقلاپ ئىشلەش تۈرىنى قوشۇپ، چېلەك، مەش، كاۋاپدان، كاناي ياسايدىغان بولدى.

1980- يىللاردا، قۇمۇلدا خۇسۇسىي تۆنىكىچىلەر ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى، تۆنكە بۇيۇملارنى پىششىقلاپ ئىشلەش بازىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن خۇسۇسىي تۆنىكىچىلەر ئىگىلىدى.

3. تۆمۈر دېھقانچىلىق سايمانلىرى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ 3- يىلى (1911- يىلى) ئېچىلغان جۇ جەنلىن تۆمۈرچىلىك دۇكىنى ۋە مىنگونىڭ 8- يىلى ئېچىلغان خەن باۋجېن تۆمۈرچىلىك دۇكىنى قۇمۇل ناھىيىسىدە ئەڭ بالدۇر ئېچىلغان تۆمۈرچىلىك دۇكانلىرى ھېسابلىنىدۇ. مىنگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى)، قۇمۇل ناھىيىسىدە ئالتە تۆمۈرچىلىك دۇكىنى، بارىكۆل ناھىيىسىدە ئالتە تۆمۈرچىلىك دۇكىنى بولۇپ، كەسپكارلىرى 34 كە يەتتى، ئۇلار گۈرجەك، ئورغاق، تاقا سوقتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن تەمىنات- سودا كوپېراتىپلىرى پىششىقلاپ ئىشلەشنى پائال تەشكىللەپ، دېھقانلارنى ۋاقتىدا تەمىنلەپ تۇردى. 1956- يىلى تۆمۈرچىلەر تۆمۈرچىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپىنى قۇردى. تۆمۈر دېھقانچىلىق سايمانلىرىدىن گۈرجەك، ئورغاق، تۆمۈر، ياغاچ هارۋىلارنىڭ چەمبىرى، كەتمەن، چوت، چاغلىغۇچ، ئۇتىغۇچ، تاقا، كەكە قاتارلىقلار بار. 1980- يىللاردا تۆمۈر دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى يېڭىدىن راۋاجلانغان خۇسۇسىي قول ھۈنەرۋەنلەر ئىشلەپچىقىرىدىغان بولدى، ئۇلار مەھسۇلاتلىرىنى ئۆزلىرى سېتىپ چىقاردى.

4. پولات ئىشىك - دېرىزە

پولات ئىشىك - دېرىزە 1980- يىللاردا يېڭىدىن راۋاج تاپقان مېتال بىناكارلىق ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ. 1990- يىلىغا كەلگەندە پولات ئىشىك- دېرىزە ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇتلاردىن شەھەرلىك پولات دېرىزە زاۋۇتى، شەھەرلىك 4- ئوتتۇرا مەكتەپ ئېلېكتر سانائىتى زاۋۇتى، ۋىلايەتلىك تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى پراكتىكا زاۋۇتى قاتارلىقلار بولۇپ، يىلىغا 80 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق پولات ئىشىك - دېرىزە ياسىدى.

قۇمۇل شەھىرىنىڭ پولات دېرىزە زاۋۇتى قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى نۇقتا قىلىپ بېكىتكەن كارخانا. 1990- يىلى، ئۇلار قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى يېڭىدىن بازارغا سالغان 32 –JCT25 تىپلىق كاۋاك ۋە شىر پولات ماتېرىيالدىن ياسالغان يالاڭ قەۋەت ئەينەك سېلىنىدىغان ۋە قوش قەۋەت ئەينەك سېلىنىدىغان تارتىپ ياكى ئىتتىرىپ ئېچىپ- ياپىدىغان دېرىزىنى، بېيجىڭ جىڭچېن ئاپتوماتىك چەكلىك شىركىتىدىن يۇرۇشى بىلەن ئېلېكتروستاتىك پلاستىك پۈركۈش ئۈسكۈنىسى (بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت قىلىنغان شۋېتسارىيىنىڭ جىنما ماركىلىق بىر دانە پلاستىك پۈركۈش ئۈسكۈنىسى، ئەنگلىيىنىڭ خاۋشىدۇن ماركىلىق بىر پلاستىك پۈركۈش ئۈسكۈنىسى بار) نى كىرگۈزدى. يەنە ئاۋۇئاتسىيە ئالەم قاتنىشى سانائىتى مىنىستىرلىكىنىڭ 612 تەتقىقات ئورنىدىن ئوتتۇرىسى كاۋاك ئەينەك ئىشلەپچىقىرىش تېخنولوگىيىسىنى كىرگۈزدى. بۇ زاۋۇتنىڭ ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرىدىن 25A تىپلىق كاۋاك پولات ئىشىك - دېرىزە، 32 چاتما شىر پولات دېرىزە، مىللىيلارغا ئالاھىدە ئېھتىياجلىق ئىشىك - دېرىزە، تورلۇق ئىشىك، دېرىزە، ئىسسىقلىقنى ساقلايدىغان ئىشىك، ئاليۇمىنلىق قېتىشمىدىن ئىشلەنگەن ئىشىك، تېز ئېچىلىدىغان ئىشىك، ئىتتىرىپ ياكى تارتىپ ئېچىلىدىغان ئىشىك - دېرىزە، ئاليۇمىن قېتىشمىلىق پۆكەي، مال جاھازىسى، زىننەت ماتېرىيالى، ئوغرىلىقتىن ساقلىنىش ئىشىكى قاتارلىقلار بار. بۇ مەھسۇلاتلار ۋىلايىتىمىزنى تەمىنلىگەندىن سىرت، مەھسۇلاتى يەنە گەنسۇنىڭ ئەنشى، دۇنخۇاڭ، چىڭخەينىڭ گولمۇد ۋە شىنجاڭنىڭ ئۈرۈمچى، شىخەنزە، كۈيتۇن، ساۋەن قاتارلىق جايلىرىغا سېتىلدى.

1990- يىلى، 31 مىڭ كۋادرات مېتىر پولات ئىشلەك - دېرىزە ياسىدى. ئومۇمىي سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 130 مىڭ يۈەن، تىجارەت كىرىمى 2 مىليون 616 مىڭ يۈەن، يۇقىرىغا تاپشۇرغان بېجى 144 مىڭ يۈەن، پايدىسى 140 مىڭ يۈەن بولدى.

5. قۇلۇپ، مىخ

1988- يىلى قومۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتى مەبلەغ سېلىپ مېيجاڭ بىرلەشمە قۇلۇپ زاۋۇتى قۇردى. بۇ زاۋۇت كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانا بولۇپ، 60 مىللىمېتىرلىق، 40 مىللىمېتىرلىق ۋە 30 مىللىمېتىرلىقتىن ئىبارەت «گوخۇەن» ماركىلىق ئۈچ خىل قۇلۇپ ئىشلەپچىقارادى، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 1 مىليون دانە بولۇپ، مەھسۇلاتى جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا سېتىلدى.

1987- يىلى باركۆل ناھىيىلىك يېزىنىڭ سانائەت رېمونتچىلىق زاۋۇتى مىخ ياساش سېخى قۇرۇپ، يىلىغا ئۈچ توننىدىن تۆت توننىغىچە ھەر خىل ئۆلچەمدىكى مىخ ئىشلەپچىقاردى.

## §17. باشقا سانائەتلەر

باشقا سانائەتلەردىن پاختا چىقىرىش، ئۆي جاھازلىرىنى ياساش، موخوركا ياساش، يەشىك ياساش، مەدەنىيەت بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىقلار بار. پاختا چىقىرىشتا، پاختا ئېتىش، تور پاختا، ساپ پاختا چىقىرىش قاتارلىقلار بار. ئۆي جاھازلىرى ياساشتا، ياغاچتىن ياسالغان ئۆي جاھازلىرى، تۆمۈر- ياغاچتىن ياسالغان ئۆي جاھازلىرى، يۇمشاق ئۆي جاھازلىرى بار. 1985- يىلىدىن كېيىن، موخوركا ياساش زاۋۇتلىرىنىڭ كۆپ ساندىكى مەھسۇلاتىنى ئۆزگەرتتى ياكى ئىشتىن توختاپ قالدى. ئىشلەپچىقىرىشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان ئىككى- ئۈچىلا زاۋۇت بولۇپ، ئاساسلىقى ئوراش- قاچىلاش ساندۇقى ئىشلەپچىقارادى. مەدەنىيەت بۇيۇملىرىدىن ئاساسلىقى بور، سىياھ، يېلىم، شىلىم قاتارلىقلار ئىشلەپچىقىرىلدى.

## §18. داڭلىق مەھسۇلاتلار

1. 75- نومۇرلۇق فېرروسىلىكون

يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 5000 توننا. بۇ مەھسۇلات ئاپتونوم رايون بويىچە ئالا سۈپەتلىك مەھسۇلات، دېگەن نامغا ئېرىشتى، ئاپتونوم رايونلۇق تاۋار تەكشۈرۈش ئىدارىسى تەرىپىدىن ئېكسپورت قىلىشتا تەكشۈرۈش كەچۈرۈم قىلىنغان مەھسۇلات دەپ بېكىتىلدى. بۇ مەھسۇلاتنى قومۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتى ئىشلەپچىقارادى.

2. 65- نومۇرلۇق فېررومانگانېس

ئاپتونوم رايون تاۋار تەكشۈرۈشتە تەكشۈرۈشنى كەچۈرۈم قىلغان مەھسۇلات. قومۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتى ئىشلەپچىقارادى.

3. گۈخۈەن ماركىلىق قۇلۇپلار

ئۆلكە دەرىجىلىك، مىنىستىر دەرىجىلىك ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات دېگەن نامغا ئېرىشتى. قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتى ئىشلەپچىقاردى.

4. تەڭرىتاغ قارى ماركىلىق مىرابىلىت پاراشوكى (سۇسىز ناترىي سۇلفات)

1977- يىلى دۆلەت پورت تاۋار تەكشۈرۈش تارمىقى تەرىپىدىن ئېكسپورتتا تەكشۈرۈش كەچۈرۈم قىلىنغان مەھسۇلات بولۇپ بېكىتىلدى؛ 1979-، 1980- يىلى ئۈدا ئىككى يىل ئاپتونوم رايون، خىمىيە سانائىتى مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات بولۇپ باھالاندى. 1981- يىلى خىمىيە سانائىتى مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە مىرابىلىت پاراشوكلىرى ئارا بىگىپ چىققان مەھسۇلات بولۇپ باھالاندى. 1983- يىلى دۆلەت تاشقى ئىقتىساد- سودا مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «شەرەپ گۇۋاھنامىسى» بېرىلدى. ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى ئىشلەپچىقاردى.

5. F–A بىنىم بەر ئەجدىھاسى

شىنجاڭ بويىچە يۇقىرى پەن- تېخنىكا پاتېنت مەھسۇلاتى ئالتۇن لوڭقا مۇكاپاتىغا ۋە جوڭگو «شەرق يولى» يېڭى مەھسۇلات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1994- يىلى مەملىكەت بويىچە «ئىككىدە يۇقىرى، بىردە ئەلا» دېھقانچىلىق يېڭى مەھسۇلاتى، يېڭى تېخنىكىسى ئالتۇن مۇكاپاتىغا ۋە «مەملىكەت بويىچە تۇنجى قېتىملىق مىليونلىغان يېزا ئىستېمالچىلىرى ئىشىنىدىغان مەھسۇلات» ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1995- يىلى دۆلەت تەرىپىدىن «دېھقانچىلىق تۆھپىكارى» مەھسۇلاتى، دەپ نام بېرىلدى. قۇمۇل شەھىرى چىرىندى كىسلاتا زاۋۇتى ئىشلەپچىقاردى.

6. ئىلى ۋولفراملىق قوم

ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى سودا تارمىقى نۇقتىلىق ئېكسپورت قىلىپ تاشقى پېرېۋوت يارىتىدىغان مەھسۇلاتلار قاتارىغا كىرگۈزدى. قۇمۇل شەھىرى ۋولفرام كانى ئىشلەپچىقاردى.

7. قۇمۇل ۋافى پىۋىسى

1990- يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەلا سۈپەتلىك پىۋا بولۇپ باھالاندى. 1992- يىلى مەملىكەت بويىچە «چولپان ماركىلىق پىۋا» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى. قۇمۇل شەھەرلىك پىۋا زاۋۇتى ئىشلەپچىقاردى.

8. خوسۇسىيىتى ئۆزگەرتىلگەن ئۈچكە قىلى گىلىمى

1991- يىلى مەملىكەتلىك ئۈچقۇن پىلانى نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسىدە ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. قۇمۇل شەھەرلىك گىلەم زاۋۇتى ئىشلەپچىقاردى.

9. قوغۇن يۈرتى ماركىلىق مىللىيچە كەشتە بۇيۇملىرى

تۇرى 80 خىلدىن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە كانۋا ئىشلەنگەن ئۇزۇن تۈستەل ياپقۇچ، يۇملاق تۈستەل ياپقۇچ، كىرسىلو كىرلىكى، كانۋا ئىشلەنگەن كىيىم. كېچەكلەر ئاپتونوم رايون بويىچە كۆپ قېتىم ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات ۋە يېڭى مەھسۇلات مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ، دۆلەت يېنىك سانائەت مىنىستىرلىكى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تەرىپىدىن تەقدىرلەندى. قۇمۇل شەھەرلىك گىلەم زاۋۇتى ئىشلەپچىقاردى.

10. ئىسلام تام گىلىمى

1989- يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تۈنجى نۆۋەتلىك ئاپاللار، ئۆسمۈرلەر ياقتۇرىدىغان مەھسۇلاتلار كۆرگەزمىسىدە يارامىلىق مەھسۇلات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، 1990- يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ بېيەك يولى پاتېنت تېخنىكا كۆرگەزمىسىدە كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى. قۇمۇل شەھەرلىك گىلەم زاۋۇتى ئىشلەپچىقاردى.

11. كەينى يۈزىگە كاۋچۇك يېپىشتۇرۇلغان ئىلمە گىلەم

مەملىكەت بويىچە «7- بەش يىللىق» تۇچقۇن پىلانى ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. قۇمۇل شەھەرلىك گىلەم زاۋۇتى ئىشلەپچىقاردى.

12. چىرىشكە چىدامىلىق پارلاندۇرۇش قازىنى

1990- يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. باركۆل ناھىيىلىك يېنىك سانائەت رېمونتچىلىق زاۋۇتى ئىشلەپچىقاردى.

13. ئارىلاش تالالىق چاقماق سوكنا

1990- يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. باركۆل ناھىيىلىك يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ئىشلەپچىقاردى.

# قاتناش

# ئون ئىككىنچى قىسىم

# قاتناش

## I باب

## يول

قومۇل قەدىمدىن تارتىپ شىنجاڭنىڭ مۇھىم قاتناش تۈگۈنى. غەربىي دىيارنىڭ دەرۋازىسى بولۇپ، تارىختا «جۇڭخۇانىڭ ھىمايىسى، غەربىي دىيارنىڭ بوغۇزى» دەپ نام ئالغان. دۇنياغا مەشھۇر «يىپەك يولى»نىڭ خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىمالىي يول بىلەن تاڭ سۇلالىسىدىكى ئارايول قىسمى قومۇل تەڭرىتاغ تىزمىسىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىن ئۆتكەن ئىدى. يول بويىدىكى تۇرا، ئۆتەڭلەردىن، شەرق ۋە غەرب سودىگەرلىرى، ساياھەتچى كارۋانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى، ھازىرقى دۆلەت يولى 312- لىنىيىسى ۋە ئۆلكە يولى قومۇل ـ باركۆل لىنىيىسى مانا شۇ يوللارنىڭ تەخمىنىي يۆنىلىشى بويىچە تەدرىجىي ياسالغان. «قەدىمكى يايلاق دۆلىتى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن باركۆل يايلىقىدا ھۆل- يېغىن، ئوت- چۆپ مول بولغاچقا، غەربىي دىيار بويىچە ياخشى ئات، تۆگە چىقىدىغان جاي بولۇپ، قەدىمكى قومۇلنى ياخشى قاتناش قورالى بىلەن تەمىن ئېتىپ كەلگەن. ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان، ئات، تۆگە قاتارلىق ئۇلاغ قاتنىشى قومۇل بوستانلىقىنى ئېچىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن تاشيول، تۆمۈريول، خەلق ئاۋىئاتسىيىسى قاتارلىق زامانىۋى قاتناشلار ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن ھارۋا ـ تۆگە قاتنىشىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. تاشيول قۇرۇلۇشى، يول ئاسراش ئاپپاراتلىرى ۋە قاتناش باشقۇرۇش تارماقلىرى بىر بىرلەپ تەسىس قىلىندى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. دۆلەت يولى، ئۆلكە يولى ۋە ناھىيە- يېزا يوللىرىنىڭ سۈپىتى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1980- يىللارغا كەلگەندە تاشيول قۇرۇلۇشىدا كۆپ قاتلاملىق، ھەر تەرەپلىمە تەرەققىي قىلىشتەك ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. 1990- يىلغىچە ۋىلايەت بويىچە ئۇزۇنلۇقى 3971 كىلومېتىر كېلىدىغان 209 تاشيول ياسالدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 1400 كىلومېتىردىن ئارتۇق يولغا دۆلەت تەرىپىدىن نومۇر قويۇلدى، جەمئىي 817 كىلومېتىر يول ئاسفالتلاشتۇرۇلدى؛ يىلدا ياسالغان سۈپەتلىك يول 61.8%، ئۇنۇۋېرسال قىممىتى 69% بولۇپ، ئۇدا تۆت يىل ئاپتونوم رايون بويىچە يول ئاسراش ئىلغارلىرى قاتارىدىن

ئورۇن ئالدى. «7- بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە (1986 ~ 1990- يىللىغىچە) ۋىلايەت بويىچە خەلق باشقۇرۇشىدىكى ئاپتوموبىل سانى ۋە ترانسپورت ئوبوروت مىقدارى ئايرىم- ئايرىم ھالدا يىلىغا 15% ۋە 20% لىك سۈرئەت بىلەن ئېشىپ باردى. 1990- يىلىغىچە، ۋىلايەت بويىچە بار بولغان تۈرلۈك ماتورلۇق ماشىنا 7941 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە خەلق باشقۇرۇشىدىكى ماشىنا 3748، بۇ، 1960- يىلدىكى ئومۇمىي ماشىنا سانىنىڭ 122 ھەسسىسىگە باراۋەر. ئاپتوموبىللارنىڭ يىللىق مال توشۇش مىقدارى 1 مىليون 570 مىڭ توننا بولۇپ، ئوبوروت مىقدارى 16 مىڭ توننا- كىلومېتىر بولدى؛ يولۇچى توشۇش مىقدارى 1 مىليون 700 مىڭ ئادەم (قېتىم) غا يېتىپ، ئوبوروت مىقدارى 90 مىليون 430 مىڭ ئادەم- كىلومېتىر بولدى؛ يولۇچى، مال توشۇش مىقدارى ئايرىم- ئايرىم ھالدا 1980- يىلىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. ترانسپورت بازارلىرى «قويۇۋېتىش، جانلاندۇرۇش، ياخشى باشقۇرۇش» پرىنسىپى ئاساسىدا، دۆلەت ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى ماتورلۇق ماشىنىلار تېز تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. ۋىلايەت بويىچە 96% رايوندىكى يېزا- قىشلاق، بازارلارغا ماشىنا قاتنىدى. 75% رايونغا ئاپتوبۇس قاتنىدى ھەمدە ئۆلكە، ۋىلايەت ھالقىغان مۇساپىسى 2000 كىلومېتىردىن ئاشىدىغان تۆت ئاپتوموبىل يولۇچىلار ترانسپورت لىنىيىسى ئېچىلدى.

تۆمۈريولنىڭ قۇمۇلدىن ئۆتكەن ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 367.5 كىلومېتىرغا يەتتى. ئالتە جۈپ يولۇچىلار پويىزى، 16 جۈپ يۈك پويىزى، 46 تىجارەت ۋوگزالى قۇرۇلدى. 1990- يىلى قۇمۇل ۋوگزالىنىڭ مال توشۇش مىقدارى 4 مىليون 442 مىڭ توننىغا، يولۇچى توشۇش مىقدارى 532 مىڭ ئادەم (قېتىم) غا يەتتى. تاشيول، تۆمۈريولنى ئاساس قىلغان قاتناش ترانسپورت تورى شەكىللەندى ۋە ئاسىيا- ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى بىلەن تۇتاشتۇرۇلدى.

## §1. قەدىمكى يوللار

غەربىي خەن سۇلالىسىدىكى جاڭ چيەن غەربىي دىيارغا سەپەر قىلىپ يىپەك يولىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىي يولىنى ئاچقاندىن كېيىن، قۇمۇل قەدىمكى يولى شەرق ۋە غەرب ئەللىرىنى تۇتاشتۇردى. شەرقىي خەن سۇلالىسىغا كەلگەندە، «قۇملۇق يولىنى ئېچىپ، غەربىي دىيارنى بويسۇندۇرۇش» ئۈچۈن، خەن سۇلالىسى كۆپ قېتىم ھونلار بىلەن ئىۋۇرغولنى تالىشىپ قاتتىق ئېلىشقان. خەن قوشۇنى قاشقوۋۇق قورۇلىنى ئېچىپ، خېشى كارىدورى ياكى ئېرىنا خوشۇنى ئارقىلىق قۇمۇل تەڭرىتاغ تىزمىسىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى يولغا كىرگەن. بۇ يول تارىختا ئىۋۇرغول يولى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە، يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي يولى ئادەم ئايىغى ئېسىلمىغان قاقاسلىق بولغاچقا، شەرق ۋە غەربلىك سودا كارۋانلىرى كۆپىنچە ئىۋۇرغول يولىدا ماڭغان. سۈي، تاڭ سۇلالىلىرىغا كەلگەندە، يىپەك يولى جەنۇبىي، ئوتتۇرا، شىمالىي يول بولۇپ شەكىللەندى. قۇمۇل ئوتتۇرا يول (ئەسلىدىكى شىمالىي يول) ۋە يېڭى شىمالىي يولىنىڭ مۇھىم قاتناش ئۆتكىلىگە ئايلاندى. تاڭ سۇلالىسى غەربىي دىيارنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئەنشى تۆت قاراۋۇل مەھكىمىسى (تۆرپان يارغول قەدىمىي شەھىرى) نى تەسىس قىلدى. كېيىن كۆسەنگە يۆتكىلىپ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي يولىنى ئۆز قارمىقىغا ئېلىپ باشقۇردى. ئىۋۇرغولنى بويلاپ يول بويى تۇرا، ئۆتەڭلەرنى كۆپەيتتى.

تەگرتېپقى ۋىلايەتنى شەرقتىن غەربكە كېسىپ ئۆتكەچكە، ئېيۋرغول يولىنىڭ يۆنىلىشى تەگرتېپقىنى پاسىل قىلىپ، جەنۇبىي، شىمالىي ئېدىرلىقىنى بويلاپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە غەربىي دىيار بىلەن تۇتىشاتتى. تاغنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن ئۆتىدىغان چوڭ يول ئېيۋرغول جەنۇبىي يولى، تاغنىڭ شىمالىنى ئايلىنىپ ئۆتىدىغان چوڭ يول ئېيۋرغول شىمالىي يولى دەپ ئاتالدى، ئوتتۇرىسى داۋانغا تۇتاشقان بولۇپ، يوللار ئۆز ئارا گىرەلىشىپ كەتكەن ئىدى.

### 1. يىپەك يولىنىڭ يېڭى شىمالىي يولى

شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە، خەن سۇلالىسى غەربىي دىيارغا ئەسكەر چىقىرىپ قاشقۇۋۇق قورۇلىدىن خېشى كارىدورىغا ئۆتۈپ، ئېيۋرغولغا بارىدىغان يولنى راۋانلاشتۇردى. بۇ يول هونلارغا يېقىن بولغانلىقتىن، «هونلارنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى دائىم دېگۈدەك غەربىي دىيارغا ماڭغان ئەلچى، ئەمەلدارلارغا يوشۇرۇنچە هۇجۇم قىلىپ تۇراتتى»، شۇڭا بۇ يولدا سودا كارۋانلىرى، ئەمەلدارلار ناهايىتى ئاز ئىدى.

جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە، جەنۇبىي يىپەك يولىنىڭ ئىز-دېرىكىنى تېپىش قىيىنلىشىپ، شىمالىي يولىنىڭ مۇهىم تۈگۈنىگە جايلاشقان ئىدىقۇت يولى دائىم توسۇلۇپ قالغاچقا، ئىدىقۇت خانلىقى غەربىي تۈركلەر بىلەن بىرلىشىپ «كارۋان، سودىگەرلەرنى بۇلاپ، ئەلچى، تارتۇق بەگلەرنى ئۆلتۈرۈپ، غەربىي دىيار يولىنى كونترول قىلغان». شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىچكىرىدىن غەربىي دىيارغا چىققان سودىگەر، ئەمەلدار ۋە ئەلچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئېيۋرغولنىڭ شىمالىدىن تەگرتېغىدىن ئۆتۈپ، «باركۆل، كېيىنكى قانغىل ئارقىلىق ئىلى دەرياسى، چۇ دەرياسى ئارقىلىق غەربىي دېڭىز (هازىرقى ئوتتۇرا دېڭىزنى كۆرسىتىدۇ) غا ئۆتكەن». بۇ يول كېيىنكى خەن سۇلالىسىدىن باشلاپ، سۈي، تاڭ سۇلالىرى دەۋرىدە راۋاج تاپقان يىپەك يولىنىڭ شىمالىي يېڭى يولىدۇر. بۇ يولنىڭ ئېيۋرغول تەۋەلىكىنى كېسىپ ئۆتكەن قىسمى ئېيۋرغول شىمالىي يولى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. هازىرقى قۇمۇل، باركۆل تاشيولى مانا شۇ يولنىڭ يۆنىلىشى بويىچە ياسالغان.

يېڭى شىمالىي يول ئارقىلىق باركۆلدىن «غەربكە قاراپ ماڭسا شەرقىي چىمى دۆلىتى (هازىرقى جىمسار ئەتراپىدا)، غەربىي چىمى دۆلىتى (هازىرقى فۇكاڭ ئەتراپىدا)، چانبالىق بەگلىكى (ئۈرۈمچى ئەتراپىدا) غا بارىدۇ». سۈي سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە يۇسىن مەھكىمىسىنىڭ سانغۇنى شۈي شىشيۇڭ ئەسكەر باشلاپ كېلىپ ئېيۋرغولدا تۇرىدۇ. ئۇ «شەھەر سالدۇرۇپ 1000 دەك ئەسكەر قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى قايتىپ كېتىدۇ». شىمالىي يېڭى يول كۈندىن-كۈنگە راۋانلىشىدۇ. «بۇ يولنىڭ ئوت-چۆپى مول ۋە سۈيى ئەلۋەك بولۇپ، جەنۇبىي يولدىن ياخشىراق بولغاچقا، يولۇچىلار مۇشۇ يولدا يۈرۈشنى ياخشى كۆرگەن». سۈي سۇلالىسى دەۋرىدە جاڭيېدا تۇرۇشلۇق سودا ئەمەلدارى پېيجۇ غەربىي دىياردىن ئۆتكەن-كەچكەن سودىگەرلەرنىڭ كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىنى توپلاپ، «غەربىي دىيارنىڭ خەرىتىلىك خاتىرىسى» دېگەن ئۈچ قىسىملىق كىتاب يازغان، ئۇنىڭ كىرىش سۆزىدە شىمالىي يېڭى يولنىڭ كونكرېت لىنىيىسىنى تۆۋەندىكىچە خاتىرىلىگەن: يېڭى شىمالىي يول ئېيۋرغولنىڭ باركۆلدىكى تېلى قەبىلىلىرى- تۈرك قاغانلىقى مەھكىمىسىدىن باشلىنىپ، شىمالىي دەريادىن ئۆتۈپ، فورىن دۆلىتى ئارقىلىق غەربىي دېڭىز (ئوتتۇرا يەر دېڭىزى) غا تۇتىشىدۇ. «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە، چىڭ خاندانلىقى دەۋرىدە بۇ يولنىڭ قۇمۇل ۋە باركۆلدىن ئۆتىدىغان جاي نامى ۋە مۇساپىسى تۆۋەندىكىدەك خاتىرىلەنگەن: قۇمۇلدىن شىمالغا قاراپ 20 چاقىرىم ماڭسا نىجىتۇغا، 60 چاقىرىمدا قارا چېدىر ئۆتۈڭگە، 40 چاقىرىمدا كۆشۈتەگە بارغىلى بولىدۇ، تاغقا كىرىپ بەش چاقىرىم ماڭسا خۇەنەيگۇغا، 35 چاقىرىمدا ياگجۇەنگۇ (قوي قوتىنى جىلغىسى)

غا، 15 چاقىرىمدا نامداۋانغا، 15 چاقىرىمدا قوۋۇققا، 14 چاقىرىمدا سۇمۇشتانغا، 15 چاقىرىمدا شىخولىجۇاڭغا، 35 چاقىرىمدا ماجۇەنكو (ئالابولىق) غا، 10 چاقىرىمدا شىياۋجۇاڭغا، 30 چاقىرىمدا كۆيسۇغا، 20 چاقىرىمدا سەنشەنخۇغا، 20 چاقىرىمدا شىرىنزىجۇاڭ (بالبال) غا، 20 چاقىرىمدا قاراھولىغا، 20 چاقىرىمدا داچۇەنشىجۇغا، 10 چاقىرىمدا باركۆل شەھىرىگە بارغىلى بولىدۇ، ئۇنىڭدىن غەربكە بەش چاقىرىم ماڭسا دادۇنغا، 40 چاقىرىمدا جەنشەنزىگە، 20 چاقىرىمدا گوگۈيىچۈەنگە، 20 چاقىرىمدا شورىبۇلاققا، 50 چاقىرىمدا شىيالىباچۈەن (بەيگەتۆبە) گە، 30 چاقىرىمدا گۈاشۈيجىڭغا، 30 چاقىرىمدا شىلىچۈەنگە، 30 چاقىرىمدا ئوتتۇنچىغا، 10 چاقىرىمدا ساكوجىگزىگە، 40 چاقىرىمدا چىغلىق، 30 چاقىرىمدا گېشۈنگۇكۆككىرتاغ بۇتخانىسىغا، 30 چاقىرىمدا قاراكۆز پاسىلىدىن چىقىپ، گۇچۇڭنىڭ خانلىق يولى بىلەن ئۆتىشىدۇ.

2. ئىبۇرغول جەنۇبىي يولى

خېشى كارىدورىدىن شىڭشىڭشياغا كېلىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنى بويلاپ، يەندۈن، قۇمۇل، لياۋدۈن، سەنجاپار، يەتتە قۇدۇقتىن پىچانغىچە جەمئىي 450 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ شەرقتىكى قاشقۇۋۇقتىن غەربتىكى ئىدىقۇتقا بارىدىغان، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە غەربىي يۇرتنى تۇتاشتۇرىدىغان مۇھىم يول بولۇپ، «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە بۇ يول «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئارايول، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىمالىي يول» دەپ ئاتالغان. ئىبۇرغول تەۋەسىنى كېسىپ ئۆتكەن يول ئىبۇرغول جەنۇبىي يولى دەپ ئاتالغان. ھازىرقى دۆلەت يولى 312- لىنىيىسىنىڭ شىڭشىڭشيا ـ قۇمۇل ـ پىچان بۆلىكى مانا مۇشۇ يۆنىلىش بويىچە ياسالدى. شۇ چاغدىكى ئىبۇرغول شەرقىدىكى يول لىنىيىسى ھازىرقى لەنجۇ ـ شىنجاڭ تاشيولىنىڭ شىڭشىڭشيا ـ قۇمۇل يولى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئىبۇرغولنىڭ غەربىدىكى يوللار زور دەرىجىدە ئۆزگەردى. ئۇنىڭ بىر يولى توغۇچىدىن چىقىپ، جەنۇبتىن لاپچۇق، قارادۆۋە، ساغان ۋە لوخەي، نېلېگۈن، ئاسارتو، ئەللىككۇم، چاقماقتاش، ئېشمە، شەيتان ئېغىزى، چۇخۇي (پىچان)، لۈكچۈن ئارقىلىق ئىدىقۇتقا تۇتىشاتتى. تاڭ سۇلالىسىدىكى مەشھۇر راھىب تاڭ شۈەنزاڭ غەربكە نوم ئېلىش ئۈچۈن ئىبۇرغول ئارقىلىق ئىدىقۇتقا ئۆتكەندە، مۇشۇ يول بىلەن ماڭغان.

يەنە بىرى، «لاپچۇق ناھىيىسىدىن چىقىپ، غەربتىكى يالغۇزبۇلاق، دۇگخوا، شىخۋاتوچۈەن ئارقىلىق سىچۇي دەرياسىدىن ئۆتۈپ، خاسىيەتلىك بۇلاققا بېرىپ، يەنە 390 چاقىرىم يىراقلىقتىكى لوخۇ چازىسى (يەتتە قۇدۇق) غا يېتىپ باراتتى. ئۇ يەردىن غەربىي جەنۇبقا قاراپ ماڭسا خېساۋدۇيگە بېرىپ، يەنە 100 چاقىرىمدا چىقتىم چازىسى (چىقتىمدىكى ماتجۇ شەھىرى) غا يېتىپ بېرىپ، ئىبۇرغول غەربىي يول بىلەن بىرلىشەتتى». شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى تەيپىڭ 6- يىلى (981- يىلى) ۋاڭ يەندې، بەي شۇن ئىدىقۇتقا ئەلچىلىككە كېلىدۇ. ئۇلار ئىككىنچى يىلى «ئىبۇرغول، لاپچۇق شەھىرىدىن ئۆتۈپ، غەربىي قاقاسلىققا يېتىدۇ، بۇ يەردە ئوت- چۆپ، سۇ بولمىغاچقا، ئۇلار ئوزۇق- تۈلۈك غەملىۋېلىپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن شەيتان ئېغىزىدىكى بوراندىن ساقلىنىش ئۆتىڭى (سەنجاپار ئۆتىڭى) گە بارىدۇ». قەدىمكى بۇ يوللاردا ئۇلارنىڭ جاپا- مۇشەققەتلىك ئىزلىرى قالغان. بۇ يولدا دائىم قويۇن چىقىپ تاش- شېغىللارنى ئۇچۇرۇپ تۇرغانلىقتىن، كىشىلەر بۇ يەرنى «قارا بورانلىق» دەپ ئاتاشقان. يولۇچىلارمۇ بۇ جايدىن ئۆتۈشتىن قورققاچقا، كارۋانلار كۈندىن- كۈنگە ئازايغان. كېيىن لياۋدۈندىن غەربىي شىمالغا يول ئايرىلىپ ھازىرقى ئاپقۇزبۇلاق، چاقبۇلاق، يەتتە قۇدۇق، قاراكۆزدىن مورىغا ئۆتىدىغان يول ئېچىلغان. تارىختا بۇ يول جەنۇبىي كىچىك يول دەپ ئاتالغان.

«شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى. يول تەزكىرىسى – 2» دە، چىڭ سۇلالىسىدىكى قۇمۇل جەنۇبىي يولىنىڭ قۇمۇل چېگرىسى ئىچىدىن ئۆتىدىغان يەر ناملىرى ۋە مۇساپىسى مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «قۇمۇلنىڭ شەرقىدىكى 10 چاقىرىمدا ساخۇ مەھەللىسى، 10 چاقىرىمدا ئەرشىلىپۇ، 35 چاقىرىمدا قاراموقچا، 15 چاقىرىمدا ساۋۇلاق ئۆتەڭگى، 70 چاقىرىمدا ئەلتۈمۇر ئۆتەڭگى، 70 چاقىرىمدا غازى يەندۇن ئۆتەڭگى، 40 چاقىرىمدا بوران ئېغىزى ئۆتەڭگى، 10 چاقىرىمدا تيەنشېڭدۇن، 50 چاقىرىمدا ئاچچىقبۇلاق ئۆتەڭگى، 50 چاقىرىمدا شوربۇلاق ئۆتەڭگى، 30 چاقىرىمدا قۇمبۇلاق ئۆتەڭگى، 40 چاقىرىمدا يۇلغۇنلۇق ئۆتەڭگى، 40 چاقىرىمدا شىڭشىڭشيا ئۆتەڭگى، 40 چاقىرىمدا ياۋيا جىلغىسىغا بېرىپ، گەنسۇدىكى ئەنشى ئايمىقىنىڭ خانلىق يولىغا تۇتىشىدۇ». بۇنىڭ ئىچىدىكى ساۋۇلاق، ئەلتۈمۇر، غازى يەندۇن، فېڭتوڭ، ئاچچىقبۇلاق، شورلۇق بۇلاق، قۇم بۇلاق يۇلغۇنلۇق ئۆتەڭلىرى ئەينى چاغدا قۇمۇلدىكى مەشھۇر «شەرقىي سەككىز بېكەت» دەپ ئاتالغان. «قۇمۇلنىڭ غەربىدىن 40 چاقىرىم مېڭىپ قاراموقچىغا، 30 چاقىرىم مېڭىپ سۇمقاغا ئۆتەڭگە، 25 چاقىرىم مېڭىپ ئاستانىغا، 45 چاقىرىم مېڭىپ بوگۇر ئۆتەڭگە، 10 چاقىرىم مېڭىپ جىگدىلىكە، 60 چاقىرىم مېڭىپ تارانچى ئۆتەڭگە، 15 چاقىرىم مېڭىپ ئۆردەكلىك، 35 چاقىرىم مېڭىپ شۇتابۇلاققا، 20 چاقىرىم مېڭىپ قۇمدۆڭگە، 30 چاقىرىم مېڭىپ لياۋدۇن ئۆتەڭگە، 40 چاقىرىم مېڭىپ فەنماتەنگە، 50 چاقىرىم مېڭىپ يالغۇزبۇلاققا، 30 چاقىرىم مېڭىپ چېگرىدىن چىقىپ پىچاننىڭ شەرقىي پاسىلىدىكى خانلىق يولىغا تۇتىشىدۇ». بۇنىڭ ئىچىدىكى سۇمقاغا، بوگۇر، تارانچى، لياۋدۇن، ئاپىقۇربۇلاق، چاقبۇلاق، يەتتە قۇدۇق، ئوتۇنچى ئۆتەڭگى ئەينى چاغدا قۇمۇلدىكى مەشھۇر «غەربىي سەككىز بېكەت» دەپ ئاتالغان.

3. جەنۇبىي كىچىك يول

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، ئىچكىرىدىن شىمالغا كەلگەن سودىگەرلەر ۋە ئەمەلى چۈشۈرۈۋېتىلگەن ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ كۆپىنچىسى جەنۇبىي كىچىك يول ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە ئۆتەتتى. بۇ يول قۇمۇلدىكى لياۋدۇندىن غەربىي شىمالغا ئايرىلىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىنى بويلاپ، ئاپىقۇربۇلاق، چاقبۇلاق، يەتتە قۇدۇق، سايبېشى، ئۈچبۇلاق ئارقىلىق موري دەرياسىغا باراتتى. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 280 كىلومېتىر كېلەتتى. «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە ئۇنىڭ مۇساپىسى مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «موري دەرياسىدىكى ئۆتەڭدىن 90 چاقىرىمدا ئۈچبۇلاق ئۆتەڭگە، 100 چاقىرىمدا ئۇلاگۇسۇ ئۆتەڭگە، 70 چاقىرىمدا باشسۇ ئۆتەڭگە، 60 چاقىرىمدا يەتتە قۇدۇق ئۆتەڭگە، 70 چاقىرىمدا چاقبۇلاق ئۆتەڭگە، 70 چاقىرىمدا يالغۇزبۇلاق ئۆتەڭگە، 90 چاقىرىمدا لياۋدۇن ئۆتەڭگە بارغىلى بولىدۇ». بۇ يول ئەينى چاغدا جەنۇبىي كىچىك يول دەپ ئاتالغان.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 22- يىلى (1842- يىلى) لىن زېشۈنىڭ ئەمەلى چۈشۈرۈلۈپ، ئىلىغا پالانغاندا جەنۇبىي كىچىك يولدىن ئۆتكەن. ئۇ «سەپەر خاتىرىسى» دە، «قۇمۇلدىن پىچان، تۇرپانغا بارىدىغان يولدىن يولۇچىلار تولىمۇ قورقىدىكەن، جەنۇبىي كىچىك يول دېگەن بىر يول بولۇپ ھەم گۇچۇڭغا، ھەم ئۈرۈمچىگە بارغىلى بولىدىكەن. بۇ يول خېلى يېقىن بولۇپ، شىمالىي يولدىكى تاغ- داۋانلاردىكى قېلىن قاردىن، جەنۇبىي يول ئۈستىدىكى سەنجاپارنىڭ بورىنىدىن ساقلانغىلى بولىدىكەن. يولۇچىلارنىڭ ھەممىسى بۇ يولنى لايىق كۆرىدىكەن» دەپ خاتىرىلىگەن. بۇ يول خېلى بۇرۇن شەكىللەنگەن بولۇپ، ياپونىيىلىك تارىخشۇناس ئەنبو جيەنفۇ قۇمۇلدىكى بۇ جەنۇبىي يولنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن: كىشىلەر سەپەردە كۆپىرەك

جەنۇبىي كىچىك يولىنى تاللايدىكەن. بۇ يول يالغۇزبۇلاق ئارقىلىق يەتتە قۇدۇقتىكى تاغدىن ئۆتۈپ، چوڭتاشتىكى شىمالىي يول بىلەن تۇتىشىدىكەن. بۇ يول تاڭ سۇلالىسىدىن ئىلگىرىلا ئېچىلغان ئىكەن. يەتتە قۇدۇق بولسا تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تەڭرىتاغدىن ئۆتىدىغان جاي بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى بۇ جايغا لۇخۇ چازسى قۇرغان ئىكەن.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 8- يىلى (1828- يىلى) جاھانگىر توپىلىڭىنى تىنچىتىپ، نۇسرەت بىلەن شەرققە قايتقان مەشھۇر سانغۇن چاڭ لىڭ بۇ يولدىن ئۆتكەندە، «بۇ جاينى ھېچكىم قوشۇن تۇرغۇزۇپ ئىدارە قىلمىغاچقا، ھەربىي قورال- ياراغلار بۇلىنىپ، ياۋغا ياردەم بېرىپ تۇرىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدىكەن، شۇڭا بۇ يول مەڭگۈ ئېتىۋېتىلسە» دېگەن مەزمۇندا خاتلىقتا مەلۇمات يوللىغان. شۇندىن كېيىن جەنۇبىي كىچىك يولدا ماڭىدىغانلار ئازىيىپ، گۇاڭشۇ 6- يىلى (1880- يىلى) غا كەلگەندە، ليۇجىنتاڭ بۇ يولنى قايتا ئاچقان.

مىنگونىڭ 29- يىلى (1940- يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلۇش قىسمىنى ئەۋەتىپ، ئۈرۈمچى – گۈجۈڭ – شىڭشىڭشيا تاشيولىنى ياسىغاندا، مورىدىن لياۋدۇنغىچە بولغان يول بۆلىكى جەنۇبىي كىچىك يولنىڭ يۆنىلىشى بويىچە ياسالغان.

4. باشقا تارماق يوللار

1) ئېبۇرغول – جۇيەن يولى. شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە، خېشى كارىدورى ئۇرۇش ۋە توپىلاڭ تۈپەيلىدىن دائىم توسۇلۇپ قالاتتى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن غەربىي دىيارغا ماڭغان سودىگەرلەر جاڭيې ياكى جيۇچۈەندىن شىمالدىكى قاراسۇ دەرياسىنى بويلاپ، جۇيەنخەي (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئېجىنا خوشۇنى) گە بېرىپ، ئاندىن غەربتىكى ئېبۇرغول ياكى باركۆلگە ئۆتەتتى. بۇ يول كېيىن جۇيەن يولى دەپ ئاتالدى. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭپىڭ يىللىرىدا دوگۇ جيۇچۈەندىن، گېڭجوڭ جۇيەندىن ئەسكەر باشلاپ چىقىپ، ھونلارنى باركۆلدە مەغلۇپ قىلىپ، ئېبۇرغولدا ئەسكەر قالدۇرغاندا مۇشۇ يول بىلەن ماڭغان ئىدى. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە خېشى كارىدورىنى تاڭغۇت خانلىقى بىر مەھەل ئىشغال قىلىۋېلىپ، «يول توسالغانىدى». سۇڭ خاندانلىقىنىڭ ئەلچىسى ۋاڭ يەندى ئىدىقۇتقا بارغاندىمۇ مۇشۇ يولنى بويلاپ، «ماجۇڭگەن تېغىدىن ئۆتۈپ، قوشنا تاغ- جىلغىلارغا نەزەر سالغان»، رويان قەدىمىي بازىرى ئارقىلىق ئېبۇرغولغا ئۆتكەن ئىدى.

مىڭ سۇلالىسى ۋە چىڭ سۇلالىلىرى ئارىلىقىدا، قۇمۇل ۋە تاشۋېلىق قاتارلىق جايلاردىكى بەزى سودىگەرلەر مۇشۇ يول ئارقىلىق خېشى كارىدورى، نىڭشيا ۋە ئىچكى موڭغۇل قاتارلىق جايلارغا بېرىپ سودا- سېتىق قىلاتتى. شۈەنتوڭ يىللىرىدىكى «قۇمۇل مەھكىمىسىنىڭ يەرلىك تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە: چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، مىنگونىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، بۇ يولنىڭ قۇم، داۋىنى كۆپ، يول ئۈستىدە مەھەللە، ئۆتەڭ بولمىغانلىقى ئۈچۈن، يولۇچىلارمۇ يوق ئىدى. پەقەتلا باجدىن قاچقان سودىگەرلەرلا بۇ يولدىن ئۆتەتتى. بۇ تارماق يولنىڭ قۇمۇلنىڭ شەرقىي قىسمىدىن ئۆتىدىغان جايلىرى ۋە مۇساپىسى تۆۋەندىكىچە: قۇمۇلدىن شەرققە 70 چاقىرىم ماڭسا بۇلۇڭتوغراققا، 130 چاقىرىم ماڭسا تارلاچىنغا، 120 چاقىرىم ماڭسا ئوتۇنئۆزاغا، 200 چاقىرىم ماڭسا چېگرىدىن چىقىپ جۇيەن يولى بىلەن تۇتىشىدۇ.

2) قۇمۇل- جىبىۋگۇەن يولى

(1) قۇمۇلدىن باشلاپ ساۋۇلاق، ئىپدىر، تارلاچىن، قۇمبۇلاق، سۆكەكلىك، دۆربەجىن، ئۆلاچۇەن، ئەلتۆمۈر، چاۋۇەن، بۇلۇگجىرغىچە ئومۇمىي مۇساپىسى 1100 چاقىرىم.

(2) قۇمۇلدىن باشلىنىپ ساۋۇلاق، تارلاچىن، شىمالىي ئاچچىقسۇ، جىگدەرچۇەن (ئەينەك بۇلاق)، ئاقتاش، بولۇەنچىڭ، مالىيەنجىڭزا، چوڭ بۇلاق، كىچىك لىيۇيۈەن، بەيدوگزىغىچە بېرىپ توختايدۇ، ئومۇمىي مۇساپىسى 810 چاقىرىم.

3) قۇمۇل — دۇنخۇاڭ يولى

(1) قۇمۇلدىن 200 چاقىرىم ماڭسا يەندۇنغا ئۆتۈپ، ئۇ يەردىن جەنۇبقا قايرىلىپ 150 چاقىرىم ماڭسا كۆكۈر، 80 چاقىرىم ماڭسا بورتۇچىڭ، 150 چاقىرىمدا بورچۇگجى، 120 چاقىرىمدا تۇياۋزى، 100 چاقىرىمدا دۇنخۇاڭغا بارىدۇ.

(2) قۇمۇلدىن بوغازغا چۈشۈپ، سىربۇلاق، يامانسۇ، ئىرمۇق، سۇلىيخې ئارقىلىق دۇنخۇاڭغا يېتىپ بارىدۇ. بۇ يول قۇم، بارخانلىق بولۇپ، يا ئوت- چۆپ، يا سۇ، يا مەھەللە، پونكىت بولمىغانلىقتىن ھارۋىلار قاتنىيالمايتتى. لېكىن بۇ يول يېقىن بولغاچقا، دۇنخۇاڭلىق كارۋانلار بەزىدە مېڭىپمۇ قوياتتى.

5. يايلاق يوللىرى

ئېبۇرغول ۋە تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى باركۆل يايلىقى شۇ جايدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولۇپ، غەربىي دىيار شەرقىدىكى ھەربىي يول ئۆتىدىغان جايلاشقان ناھايىتى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا ئىگە ھەربىي يول ئىدى. «غەربىي دىيار تارىخىي جۇغراپىيىسى» دە، «باركۆل ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يايلاق تەڭرىتېغى شەرقىدىكى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇن. ئۇنىڭ شەرق تەرىپىدىن ئېچكى موڭغۇل ۋە خېشى كارىدورىغا، شىمال تەرەپتىن تاشقى موڭغۇل ئېگىزلىكىگە، غەرب تەرەپتىن ئوتتۇرا ئاسىياغا، تەڭرىتېغىدىن ئۆتۈپ جەنۇبتىكى تارىم ئويمانلىقىغا بارغىلى بولىدۇ. شۇڭا بۇ سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم جاي» دەپ خاتىرىلەنگەن ئىدى. خەن ۋە تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە ئۇ يولدا يولۇچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. بولۇپمۇ يىپەك يولىنىڭ ئارا يولى بولغان خېشى كارىدورى ۋە قوجۇ يولى توسۇلۇپ قالغاندا، بۇ يول غەربىي دىيارنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى مۇھىم كارۋان يولىغا ئايلىناتتى. تاڭ سۇلالىسىدىكى ئەنشى توپىلىڭىدا «تۈبۈتلەر شىمالغا تاجاۋۇز قىلىپ، خېشى كارىدورىنى ئىشغال قىلىۋالغاندا، گۇاجۇ (ئەنشى) يولى توسۇلۇپ قالغان». شەرق ۋە غەرب سودىگەرلىرى كۆپىنچە ئېبۇرغولدىكى تەڭرىتاغ شىمالىي يولىغا ماڭاتتى.

ئاتلىق قوشۇن، ھەربىي ئوزۇق- تۈلۈك يۆتكىگەن ھارۋىلار ۋە كارۋانلارنىڭ توختىماي مېڭىشى تۈپەيلىدىن، «سۇ ۋە ئوتلاقنى بويلىغان، كارۋانلارغا قولايلىق» يايلاق شەكىللەندى. ئۇ يايلاق يولى ياكى يايلاق يىپەك يولى دەپمۇ ئاتالدى. چىڭ سۇلالىسىگە كەلگەندە، باركۆل يايلىقىدىكى يول تەدرىجىي ھالدا جەنۇبتىن شىمالغا ۋە شەرقتىن غەربكە يۆنىلىشلىك ئىككى چوڭ يولغا بۆلۈنۈپ، ئايرىم- ئايرىم ھالدا چوڭ يايلاق يولى ۋە كىچىك يايلاق يولى دەپ ئاتالدى.

1) چوڭ يايلاق يولى. باركۆل يايلىقىدىن شىمالدىكى تاشقى موڭغۇلنىڭ مۇھىم بازىرى ئۇلياستاي ۋە قوبدۇغا بارىدىغان يول تارىختا چوڭ يايلاق يولى دەپ ئاتىلاتتى. شى يىگىننىڭ «شىنجاڭ ساياھەت خاتىرىسى» دە خاتىرىلەنگەن باركۆلدىن «جاساقتۇخان قەبىلىسى ئۇلياستايغا بارىدىغان يول» دەل مۇشۇ

ئىدى. ئۇنىڭ تەخمىنەن يۆنىلىشى: باركۆلدىن شىمالدىكى سەنتاگخۇ (ئۇچكۆل) غا بېرىپ بۆلۈنۈپ، بىرسى تۆمۈرتام — ئالتاي تېغىدىن ئۆلاستايغا، يەنە بىرى سوخەيتۇدىن تاشقى موڭغۇل يايلىقىنىڭ غەربىگە جايلاشقان قوبدۇغا باراتتى. ھازىرقى باركۆل — سەنتاگخۇ (ئۇچكۆل) — تۆمۈرتام چېگرا مۇداپىئە تاشيولى ئاشۇ قەدىمىي يولنىڭ باركۆل تەۋەلىكىدىكى يۆنىلىش بويىچە ياسالغان.

جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ نىڭزۇڭ جيادىڭنىڭ 5- يىلى (1212- يىلى) چىڭگىزخان غەربكە جازا يۈرۈشى قىلىپ، ئۇنىڭ ئاتلىق قوشۇنى سەرخىل قورال- ياراغقا تايىنىپ مۇشۇ يولنى بويلاپ جەنۇبتىكى باركۆلگە كېلىپ، بەشبالىق (جىمسار) نى ئىشغال قىلغان ھەمدە شۇ جايدا ئەمرلەشكەر ئوردىسى تەسىس قىلىپ، تەڭرىتېغى جەنۇبىي يولىدىكى تۇرپان، قومۇل قاتارلىق جايلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 27- يىلى (1688- يىلى) جۇڭغارلار باشلىقى غالدان 30 مىڭ كىشىلىك كۈچلۈك قوشۇن باشلاپ شەرقتىكى قالقاغا ھۇجۇم قىلغاندا، ئۇنىڭ بىر قىسىم ئاتلىق ئەسكىرى بۇ يولدىن ئۆتكەن ئىدى. گۇاڭشۇ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا، زوزۇڭتاڭ شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن چوڭ يايلاق يولىنى ئاشلىق توشۇش، ھەربىي تەمىنات يەتكۈزۈش يوللىرىنىڭ بىرى قىلغان ئىدى. مىنگونىڭ 1 - يىلى (1911- يىلى) تاشقى موڭغۇلىيە مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكارلىغاندىن كېيىن، بۇ يول توسۇلۇپ قالدى ھەمدە ئۇنىڭدىن كېيىنكى 10 يىل ئىچىدە پۈتۈنلەي ئۈزۈۋېتىلدى.

2) كىچىك يايلاق يولى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە كىچىك يايلاق يولى قومۇل ۋىلايىتى تەۋەلىكىدە ئىككى ئاساسلىق يولغا ئايرىلدى، ئۇنىڭ بىرى ئىچكى موڭغۇل، نىڭشىيا ئارقىلىق ماجۇاڭەن تېغىدىن ئۆتۈپ، ئاراتۇرۇك دەريا ۋادىسىغا كېلىپ، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىنى بويلاپ باركۆل يايلىقىغا كېلىپ، جەنۇب ۋە شىمالغا بۆلۈنۈپ، غەربتىن مورىغا، شىمالدىن تاشقى موڭغۇلغا، جەنۇبتىن تارىم ئويمانلىقىغا ئۆتەتتى. باركۆل تەۋەسىدىكى يول ئۈستىدە تۇرا، ئۆتەڭ ۋە چارلار تەسىس قىلىنغان. مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، شىمالدىن تاشقى موڭغۇلغا ئۆتىدىغان چوڭ يايلاق يولى توسۇۋېتىلگەندىن كېيىن، باركۆل ۋە ئاراتۇرۇكنىڭ سودىگەرلىرى مۇشۇ يول ئارقىلىق ئىچكى موڭغۇل، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ سودا قىلاتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى مىنگونىڭ باشلىرىدا، بۇ يولنىڭ تەخمىنەن يۆنىلىشى مۇنداق ئىدى: باركۆلدىن شەرقتىكى چېلەك دەرياسىغا كېلىپ، 210 چاقىرىمدا تېرىنكىرگە، 70 چاقىرىمدا تۇركۆلگە، 70 چاقىرىمدا تۇغلۇققا، 80 چاقىرىمدا توخۇلۇغا، 100 چاقىرىمدا بايغا، 120 چاقىرىمدا ئۇجىتايغا كېلىپ چېگرىدىن چىقىدۇ. يەنە بىر يول ئاراتۇرۇك دەريا ۋادىسىدىن ئايرىلىپ، بايدىن جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ، تەڭرىتېغىنىڭ مۇڭگۇز داۋىنىدىن ئۆتۈپ، گەنسۇنىڭ شىمالىغا بارىدۇ ياكى قومۇلنىڭ شەرقىدىكى ئوتتۇنئۇزا، جىڭشىرچۇەن (ئەينەك بۇلاق)، مىنشۇي ئارقىلىق خېشى كارىدورىغا بارىدۇ.

سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، تاڭغۇت خانلىقى نىڭشيادا دۆلەت قۇرىدۇ، غەربىي دىيارغا ماڭغان سودىگەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى مۇشۇ يول ئارقىلىق تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىنى بويلاپ، ئىبۈيرغول ۋە باركۆلگە كېلەتتى. مىنگونىڭ 22- يىلى (1933- يىلى) باركۆللۈك سودىگەر جۇ بىڭ ئاچقان شىنجاڭ سۈيىۈەن تاشيولىنىڭ جەنۇبىدىكى قومۇل تەۋەسىدىكى قىسمى بولسا ئاشۇ تاشلىۋېتىلگەن كىچىك يايلاق يولىنىڭ يۆنىلىشى بويىچە ياسالغان ئىدى.

3) باشقا تارماق يوللار

(1) سوجى- لياۋدۇن يولى. باركۆلنىڭ سۆجى ئۆتىڭىدىن غەربىي جەنۇبتىكى يۇقىرى لېباچۇەن (بەيگە تۆبە) ئۆتىڭى، تەگرىتېغىنىڭ دىگاۋگۇ داۋىنى ئارقىلىق قۇمۇلنىڭ غەربىدىكى لياۋدۇنغا كېلىدۇ. ئۇمۇمىي مۇساپىسى 200 كىلومېتىر بولۇپ، يىپەك يولى شىمالىي يېڭى يولىنىڭ مۇھىم تارمىقى ھېسابلىنىدۇ. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ يول باركۆلنىڭ قۇمۇل، يەتتە قۇدۇق بىلەن ئالاقە قىلىدىغان پوچتا يولىنىڭ بىرى ئىدى. كارۋانلارنىڭ تەگرىتېغىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىغا بېرىپ- كېلىشىگە قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن يول ئۈستىدە تۇرا، ئۆتەڭلەر تەسىس قىلىنغان ئىدى.

(2) باركۆل ـ يەتتە قۇدۇق ـ قاراكۆز يولى. باركۆلدىن شەرققە قاراپ مېڭىپ سۆجىگە كېلىپ، ئاندىن غەربىي جەنۇبقا قايرىلىپ، يۇقىرى لېباچۇەن، تاۋلەيتى داۋىنى ئارقىلىق قۇمۇل يەتتە قۇدۇققا، ئاندىن غەربىي شىمالدىكى قاراكۆز ئارقىلىق، يىپەك يولىنىڭ شىمالىي يېڭى يولى بىلەن تۇتىشىدۇ، ئۇمۇمىي مۇساپىسى 400 چاقىرىمدىن ئاشىدۇ. ئۇ قەدىمدە باركۆلدىن پىچان ۋە مورىغا ئۆتىدىغان يەنە بىر مۇھىم پوچتا يولى ھېسابلىنىدۇ. يول ئۈستىگە تۇرا، ئۆتەڭلەر تەسىس قىلىنغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يولدا سۇ ۋە ئوت- چۆپ مول بولغاچقا، يايلاق يىپەك يولى دەپمۇ ئاتالغان. باركۆلنىڭ غەربىدىكى خاشۇن ئېغىزى تار ھەم خەتەرلىك، يوللىرى ئەگرى- توقاي بولغاچقا، قەدىمدە يولۇچىلار ئۇنىڭدىن قورقۇپ ئانچە ماڭمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسىدىن ئىلگىرى شەرق ۋە غەرب سودىگەرلىرى ۋە ھەربىي قوشۇنلار بۇ يول ئارقىلىق باركۆل يايلىقىغا كېلىپ كېتەتتى.

(3) باركۆل ـ ياقجۇەنزۇەن يولى. باركۆلدىن غەربكە قاراپ جەنەنزە، گوگۇەنچۇەن، زىنچۇەندىن ئۆتۈپ، غەربىي شىمالغا قايرىلىپ، كۆكشىندۇن، شىبەندۇن، دۇۋيۇ، خۇئېرچى، زىغاگىغا كېلىپ، يەنە غەربىي شىمالغا قايرىلىپ، تاۋخۇ، شۈتۈي ئارقىلىق ياگجۇەنزۇەنگە تۇتىشىدۇ. ئۇنىڭدىن بېيتاشەن تېغى (ھازىرقى كىچىك قاپتىك تېغى) دىن ئۆتۈپ، موگىغۇل يايلىقىغا كىرىدۇ. يول ئۈستىدە تۇرا، بۇلاق ۋە چارىلار بولۇپ، قەدىمكى زاماندا مۇھىم كارۋان يولى ھېسابلىناتتى. قۇبدۇلۇق كارۋانلار، ھەربىي قوشۇنلارمۇ مۇشۇ يول ئارقىلىق باركۆلگە كېلەتتى.

4) سەنتاڭخۇ (ئۈچكۆل) ـ نوم يولى. قۇمۇلنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى مۇھىم ئېغىز ئۈچكۆلدىن شەرقىي جەنۇبتىكى شىبەندۇن، ساقا بۇلاق، يۇسۇپ قوراسى ئارقىلىق نومغا كەلسە 350 چاقىرىم كېلىدۇ. يول ئۈستىدە تۇرا، قاراۋۇلخانىلار بار بولۇپ، شەرقتىن سۇيىيۇەنگە، شىمالدىن موگىغۇل چوڭ يايلاق يولىغا ئۇلىشىدىغان قەدىمىي كارۋان يولى ھېسابلىنىدۇ.

(5) قولۇنچەرى (يۇلغۇنلۇق) ـ سەنتاڭخۇ (ئۈچكۆل) يولى. ئۈچكۆلدىن غەربكە قاراپ ماگسا مورىغا بارىدۇ. شەرقىي شىمالغا قاراپ مېڭىپ، دۇۋيۇ، ئۈچبۇلاق، ئاقدۆڭ، تيەنشىڭچۇەن، كۆمۈركان ئارقىلىق ئۈچكۆلگە بارىدۇ. ئۇمۇمىي مۇساپىسى 350 چاقىرىم كېلىدۇ. يول ئۈستىدە تۇرا، بۇلاق ۋە ئوتلاقلار بار. ئۇ باركۆلنىڭ شىمالىدىكى قەدىمىي كارۋان يولى بولۇپ، شىمالىي تەرىپى چوڭ يايلاق يولىغا، شەرق تەرىپى سۇيىيۇەنگە، شەرقىي جەنۇب تەرىپى ئاراتۇرۇك ۋادىسى ئارقىلىق جۇيەن يولىغا ئۇلىشىدۇ. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە كارۋانلار ۋە ھەربىي قوشۇنلار كۆپ ھاللاردا بۇ يول ئارقىلىق باركۆل يايلىقىغا كېلەتتى.

## §2. تاشيول

مىنگونىڭ 30- يىللىرى قۇمۇلدا ئاددىي تاشيول بار بولۇپ، ئاپتوموبىل قاتنايتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن تاشيول باشقۇرۇش، ئاسراش ئاپپاراتلىرى قۇرۇلۇپ، 20- ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىغا كەلگەندە، قۇمۇل ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى دۆلەت يولى، ئۆلكە يولى ۋە ناھىيە، يېزا تاشيوللىرى ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ ئاسفالتلاشتۇرۇلدى. تاشيولنىڭ تېخنىكىلىق دەرىجىسمۇ يىلدىن- يىلغا ئۆستۈرۈلدى. 1990- يىلىغىچە، ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 209 تاشيول بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 3971 كىلومېتىرغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە: دۆلەت يولى بىر، ئۇزۇنلۇقى 420 كىلومېتىر؛ ئۆلكە يولى ئىككى، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 229 كىلومېتىر؛ ناھىيە يولى 26، ئۇزۇنلۇقى 1000 كىلومېتىر؛ مەخسۇس تاشيول تۆت، ئۇزۇنلۇقى 215 كىلومېتىر، يېزا يولى 57، ئۇزۇنلۇقى 947 كىلومېتىر؛ چېگرا مۇداپىئە تاشيولى يەتتە، ئۇزۇنلۇقى 508 كىلومېتىر؛ يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈمەن، مەيدانلىرى تاشيولى 65، ئۇزۇنلۇقى 260 كىلومېتىر؛ كان رايونى تاشيولى 18، ئۇزۇنلۇقى 94 كىلومېتىر؛ ئورمان رايونى تاشيولى 29، ئۇزۇنلۇقى 298 كىلومېتىر.

1990- يىلى تاشيول تارماقلىرى باشقۇرۇپ ئاسرىغان تاشيول 1859 كىلومېتىر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭگە ئېلىنغىنى 1433 كىلومېتىر. تاشيولنىڭ دەرىجىسى بويىچە ئايرىغاندا؛ 2- دەرىجىلىك تاشيول 282 كىلومېتىر بولۇپ، ئەڭگە ئېلىنغان تاشيول ئومۇمىي مۇساپىسىنىڭ 19.68% نى؛ 3- دەرىجىلىك تاشيول 429 كىلومېتىر بولۇپ، 29.94% نى؛ 4- دەرىجىلىك تاشيول 543 كىلومېتىر بولۇپ، 31.89% نى؛ دەرىجىگە توشمايدىغان تاشيول 179 كىلومېتىر بولۇپ، 12.49% نى تەشكىل قىلىدۇ. يول يۈزى بويىچە تۈرلەرگە ئايرىغاندا؛ 2- يۇقىرى دەرىجىلىك تاشيول 817 كىلومېتىر، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تاشيول 434 كىلومېتىر، تۆۋەن دەرىجىلىك تاشيول 160 كىلومېتىر، دەرىجىگە توشمايدىغان تاشيول 448 كىلومېتىر، تاشيولنى باشقۇرۇش- ئاسراش ئورۇنلىرى بويىچە ئايرىغاندا، قۇمۇل تاشيول ئۇچاستكىسى 323 كىلومېتىر، باركۆل تاشيول ئۇچاستكىسى 283 كىلومېتىر، ئاراتۈرۈك تاشيول ئۇچاستكىسى 97 كىلومېتىر، تارانچى ئىش رايونى 196 كىلومېتىر، قۇمۇل شەھەرلىك تاشيول ئاسراش ئەترىتى 606 كىلومېتىر، باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى تاشيول ئاسراش ئەترىتى 244 كىلومېتىر، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك تاشيول ئاسراش ئەترىتى 110 كىلومېتىر. 1990- يىلىغىچە ياسالغان كۆۋرۈك 99 (1417.99 مېتىر)، سۇئۆتكۈچ 1194. ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشى جەھەتتە: 1980 ~ 1990- يىلىغىچە، 451 كىلومېتىر تاشيول ئۆزگەرتىپ ياسالدى، 568.8 كىلومېتىر يول ئاسفالتلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت يولى 294 كىلومېتىر بولۇپ، 277.8 كىلومېتىرى ئاسفالتلاشتۇرۇلدى. ئۇزۇنلۇقى 894 مېتىر كېلىدىغان 46 كۆۋرۈك، 219 سۇئۆتكۈچ سېلىندى؛ ئۆلكە يولى قۇمۇل- باركۆل لىنىيىسى 57 كىلومېتىر بولۇپ، 37 كىلومېتىرى ئاسفالتلاشتۇرۇلدى. ئۇزۇنلۇقى 136 مېتىر كېلىدىغان سەككىز كىچىك كۆۋرۈك، 96 سۇئۆتكۈچ سېلىندى؛ نامداۋان - ئاراتۈرۈك تاشيولىنىڭ 97 كىلومېتىرى ئۆزگەرتىپ ياسىلىپ 64.8 كىلومېتىرى ئاسفالتلاشتۇرۇلدى، 13 سۇئۆتكۈچ سېلىندى؛ مەخسۇس لىنىيە باركۆل- سەنتاغخۇ (ئۈچكۆل) يولىدىن 11 كىلومېتىرى ياسىلىپ، 20 مېتىرلىق

بىر كۆۋرۈك، تۆت سۇ ئۆتكۈزگۈچ سېلىندى؛ شىخېزى كۆمۈركان تاشيولىنىڭ 70 كىلومېتىرى ياسىلىپ، ئۇزۇنلۇقى 90 مېتىر كېلىدىغان 8 كۆۋرۈك، 16 سۇ ئۆتكۈزگۈچ سېلىندى، ناھىيە – يېزا تاشيولى 489 كىلومېتىر، ئاسفالتلاشتۇرۇلغىنى 215 كىلومېتىر، ئۇزۇنلۇقى 155.7 مېتىر كېلىدىغان 10 كۆۋرۈك، 2239 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى 267 تاختايلىق سۇ ئۆتكۈزگۈچ ۋە 87 تۇرۇبىلىق سۇ ئۆتكۈزگۈچ سېلىندى؛ ئۇزۇنلۇقى 2188 مېتىر كېلىدىغان 53 سۇ ئۆتكۈزۈش يولى ياسالدى.

1980 ~ 1990- يىللىرىچە، دۆلەت جەمئىي 113 مىليون 527 مىڭ 700 يۈەن مەبلەغ سالدى، سەرپ قىلىنغان ئاشلىق، پاختا، رەختنىڭ قىممىتى 962 مىڭ 220 يۈەنگە يەتتى. جايلار 2 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلىدى. ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىشنى پۇلغا سۇندۇرغاندا 500 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ. «7- بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ «6- بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدىكىدىن ئالتە ھەسسە ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاسفالتلاشتۇرۇلغان ناھىيە، يېزا تاشيوللىرى بولماسلىقنىڭ خاتىمە بېرىلدى.

1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە تاشيول تورىنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسى 0.2، ئەنگە ئېلىنغان تاشيول ھەر 10 مىڭ كىشىگە 33 كىلومېتىردىن توغرا كەلدى.

قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى تاشيول تورىنىڭ جايلىشىشى

جەدۋەل: 12 – 1

بىرلىكى: كىلومېتىر

| جاي / سانى / يول | جەمئىي: يول سانى | جەمئىي: ئۇزۇنلۇقى | قۇمۇل شەھىرى: يول سانى | قۇمۇل شەھىرى: ئۇزۇنلۇقى | بارىكۆل: يول سانى | بارىكۆل: ئۇزۇنلۇقى | ئاراتۈرۈك: يول سانى | ئاراتۈرۈك: ئۇزۇنلۇقى | قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى | ئورمانچىلىق مەيدانى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| دۆلەت يولى | 1 | 420 | | | | | | | | |
| ئۆلكە يولى | 2 | 229 | | | | | | | | |
| ناھىيە يولى | 26 | 1000 | 17 | 606 | 7 | 284 | 2 | 110 | | |
| يېزا يولى | 57 | 947 | 21 | 222 | 27 | 644 | 9 | 81 | | |
| چېگرا يولى | 7 | 508 | | | 5 | 320 | 2 | 188 | | |
| مەخسۇس يول | 4 | 215 | 1 | 33 | 3 | 182 | | | | |
| بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئورۇنلىرىدىكى يول | 65 | 260 | | | | | | | 260 | |
| ئورمان رايونى ئىچىدىكى يول | 29 | 298 | | | | | | | | 298 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| كىل رايونى ئىچىدىكى يول | 18 | 94 | 11 | 17 | 4 | 7 | 3 | 10 | | |
| جەمئىي | 209 | 3971 | 50 | 1424 | 46 | 1503 | 16 | 486 | 260 | 298 |

1. دەسلەپكى مەزگىلدىكى تاشيوللار

1) قۇمۇل ـ گۇچۇڭ ـ ئۈرۈمچى تاشيولى. مىنگونىڭ 19- يىلى (1930- يىلى) 5- ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلۇش ئەسكەرلىرىنى سېلىپ، ئۈرۈمچى ـ گۇچۇڭ (چىتەي) تاشيولىنى ياساپ بولغاندىن كېيىن، ئۇزۇنلۇقى 604 كىلومېتىرلىق گۇچىڭ ـ قۇمۇل ـ شىڭشىڭشيا تاشيولىنى ياساشقا باشلىدى. بۇ تاشيول شىڭشىڭشيا ـ ئۈرۈمچى تاشيولى دەپ ئاتالدى. بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل تەۋەسىدىكى يەتتە قۇدۇقتىن شىڭشىڭشياغىچە بولغان 392 كىلومېتىر تاشيول چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى ۋە مىنگونىڭ باشلىرىدا كونا ئۆتەڭلەرنىڭ يۆنىلىشى بويىچە ياسالغان ئاددىي تاشيوللار بولۇپ، بۇ يوللار رۇسلاندى ۋە كېڭەيتىلدى. ياغاچ كۆۋرۈك ۋە سۇئۆتكۈچلەر سېلىندى. يول ئۆلىنىڭ ئومۇمىي كەڭلىكى بەش مېتىردىن يەتتە مېتىرغىچە بولۇپ، 1 مىليون سەر شىنجاڭ كۈمۈش پۇلى سەرپ قىلىندى. غول تەۋەسىدە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 700 دىن ئارتۇق خەلق ئىشچىسى، 200 دىن ئارتۇق ئات-ئۇلاغ، 100 گە يېقىن ھارۋا ئىشقا سېلىندى. ئۇلار قۇرۇلۇش ئەسكەرلىرىگە ھەمكارلىشىپ، تاش-شېغىل توشۇدى ۋە ئارقا سەپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى ھەمدە قۇمۇلدىن 50 مىڭ سەر شىنجاڭ كۈمۈش پۇلى ئىئانە قىلىندى. مىنگونىڭ 21- يىلى (1932- يىلى) 6- ئايغا كەلگەندە، بۇ قۇرۇلۇش تاماملىنىپ، قۇمۇل ـ ئۈرۈمچى ئارىلىقىدا ئاپتوموبىل ئارقىلىق يولۇچىلارنى توشۇش، يۈك توشۇش ئىشى رەسمىي باشلاندى. بۇ قۇمۇل تارىخىدا بىر قەدەر مۇنتىزىم ياسالغان تۇنجى ئاددىي تاشيول بولۇپلا قالماي، شۇ چاغدىكى شىنجاڭنى ئىچكىرى بىلەن تۇتاشتۇرىدىغان ئاساسلىق تاشيول قاتناش لىنىيىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇ چاغدا، قۇمۇلغا سىرتتىن كېلىدىغان ياردەم ئۈزۈلۈپ قالغانلىقتىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مالىيەدە قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىپ، بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇمىي خىراجىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا ئامالسىز قالدى. شۇڭا قۇمۇلدىن شىڭشىڭشياغىچە بولغان 200 كىلومېتىرلىق تاشيول پىلان بويىچە ياسالمىدى، پەقەت نۇقتىلىق جايلىرى ۋە يول بويىدىكى 20 دىن ئارتۇق كۆۋرۈك، سۇئۆتكۈچ رېمونت قىلىنىپ، قۇم-شېغىل يېيىلىپ، ئاپتوموبىللارنى ئەپلەپ-سەپلەپ ئۆتكۈزدى.

قۇمۇل ـ ئۈرۈمچى تاشيولىنىڭ قۇمۇلنىڭ غەربىي قىسمىدىكى مۇساپىسى 238 كىلومېتىر بولۇپ، شەرقىي قۇمۇل لاۋچىگدىن باشلىنىپ غەربىي شىمالى موري بىلەن چېگرىداش بولغان قاراكۆزگىچە كېلىدۇ.

2) شىنجاڭ ـ سۈيۈەن تاشيولىنىڭ قۇمۇل ـ سۈيۈەن بۆلىكى

مىنگونىڭ 18- يىلى (1929- يىلى) باركۆللۈك باي سودىگەر جۇ بىڭ سېخىيلىق بىلەن پۇل ئىئانە قىلىپ، شىنجاڭ سودا ساھەسىدىكى زاتلارنى سەپەرۋەر قىلىش ئارقىلىق 1 مىليون يۈەندەك پۇل توپلاپ، تېخنىك خادىملارنى باشلاپ، شىنجاڭ ـ سۈيۈەن يولىنى ئىككى قېتىم تەكشۈردى ھەمدە نۇقتىلىق جايلارنى ياسىدى. ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت تەكشۈرۈش، ياساش ئارقىلىق شىنجاڭ ـ سۈيۈەن تاشيولىنىڭ سۈيۈەن ـ قۇمۇل بۆلىكىنى پۈتكۈزۈپ، ئاپتوموبىل قاتنايدىغان قىلدى. مىنگونىڭ 22- يىلى (1933- يىلى) 1- ئايدا شىنجاڭ سۈيۈەن ئاپتوموبىل شىركىتى رەسمىي قۇرۇلۇپ، جۇبىڭ باش دىرېكتورلۇققا تەيىنلەندى. بۇ شىركەت ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، 58 ئاپتوموبىل سېتىۋېلىپ ۋە ئىجارىگە ئېلىپ، يول

بويىدىكى 65 ئورۇنغا ماي قاچىلاش ئورنى، رېمونتخانا ۋە مۇھىم بېكەتلەرنى تەسىس قىلدى. ئەينى چاغدا، ئۈچكى موگخۇل چۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى بېكەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى موگخۇل تۆپە ئىدى.

شۇ يىلى 3- ئايدا شىنجاڭ سوۋېيۇەن ئاپتوموبىل شىركىتى قۇمۇلدا ئىش بېجىرىش ئورنى تەسىس قىلدى. ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ مۇدىرلىقىنى ۋاڭ جىگيۈەن ئۆتىدى، كېيىن چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىدىكى جى چۈەندېيەن ئۆتىدى.

مىنگونىڭ 22- يىلى (1933- يىلى) 9- ئاينىڭ 16- كۈنى، مەزكۇر شىركەتنىڭ 2- تۈركۈم ئاپتوموبىلى قۇمۇلغا يېتىپ كەلدى. ئۇرۇش مالىمانچىلىقى تۈپەيلىدىن (ما جۇڭيىڭ قۇمۇل، تۇرپان ئەتراپىنى ئىشغال قىلىۋالغاندا) ئاپتوموبىللارنى غەربكە ماڭدۇرالمىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قۇمۇل شىنجاڭ — سوۋېيۇەن تاشيولىنىڭ ئاخىرقى بېكىتى ۋە باشلىنىش بېكىتى بولۇپ قالدى.

شىنجاڭ — سوۋېيۇەن تاشيولىنىڭ سوۋېيۇەن — قۇمۇل بۆلىكى ئۈچكى موگخۇل، نىڭشيا، گەنسۇدىن ئۆتۈپ، گەنسۇ بىلەن شىنجاڭنىڭ چېگرىسىغا جايلاشقان مىنشۇدىن قۇمۇلغا تۇتىشىدۇ، ئومۇمىي مۇساپىسى 2178 كىلومېتىر.

2. دۆلەت يولى قۇمۇل بۆلىكى

1) لەنجۇ — شىنجاڭ تاشيولى شىڭشىڭشيا — قۇمۇل — پىچان بۆلىكى. مىنگونىڭ 27- يىلى (1938- يىلى)، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىزىل 8- تۈەنى قۇمۇلغا كىردى. بۇنىڭ بىلەن بىر مەھەل تىنچلىنىپ قالغان شىنجاڭنىڭ مۇھىم بازىرى بولغان قۇمۇل قايتىدىن جانلىنىپ، سوۋېتنىڭ جۇڭگوغا ياردەم قىلىدىغان ماددىي ئەشيالارنى يۆتكەش مەركىزىگە ئايلاندى. پىچاندىن قۇمۇلغىچە بولغان يول ناچار، كۆۋرۈكلەر بۇزۇلغاچقا، يول توسۇلۇپ قېلىش ئەھۋاللىرى دائىم يۈز بېرىپ تۇرغاچقا، سوۋېت تەرەپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن بۇ يولنى ياساشنى كۆپ قېتىم تەلەپ قىلدى. شۇ يىلى يازدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆلكىلىك تاشيول قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە سوۋېتلىك مۇتەخەسسىسلەرنى پىچان — شىڭشىڭشيا يولىنى ياساشقا ئەۋەتتى ھەمدە يول ياقىسىدىكى ھەر قايسى ناھىيىلەردىكى ئارمىيە- خەلقنى يول قۇرۇلۇشىغا ئىشلەشكە، پۇل ئىئانە قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى. مىنگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى) 1- ئايدا مەركىزىي ھۆكۈمەت مەمۇرىي پالاتاسى 550 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ بەردى. شۇ يىلى 4- ئايدا شىنجاڭ تاشيول قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلۇش تېخنىكا خادىملىرىنى پىچان، قۇمۇلغا ئەۋەتىپ يول ياساشقا ياردەم بەردى. ھەمدە يەتتە قۇدۇقنى پاسىل قىلىپ، غەربىي تەرەپنى يەنى پىچاننىڭ 40 چاقىرىملىق دۆڭلۈكىدىن غەربىي تۇزكۆل ۋە خۇيجىڭزىدىن يەتتە قۇدۇققىچە بولغان يولنى ياساشقا پىچان مەسئۇل بولۇش، شەرقىي تەرەپنى يەنى يەتتە قۇدۇقتىن شىڭشىڭشياغىچە بولغان يولنى ياساشقا قۇمۇل مەسئۇل بولۇشنى بەلگىلىدى.

ئادەم كۈچى ۋە ماتېرىيالنى تېجەش، سايدىكى تاش- شېغىلدىن تولۇق پايدىلىنىش ئۈچۈن، قۇمۇل تەۋەسىدىكى يول بۆلىكى ئۆزگەرتىلىپ، پۈتۈنلەي سايدىن ئۆتىدىغان قىلىندى. قۇمۇلنىڭ غەربىدىكى تۇزكۆل، يەتتە قۇدۇق، لياۋدۇن، توغوچىدىن ئۆتۈپ ئاستانە، سومقاغا، شەھەرئىچى قاتارلىق جايلاردىكى ئېتىز- ئېرىقلاردىن ئەگىپ سومقاغا، ئاستانىنىڭ شىمالىدىكى سايدىن قوشتېكەن، جيەنجيەندۇن ئارقىلىق قۇمۇل شەھىرىگە تۇتاشتۇرۇلدى. قۇمۇلنىڭ شەرقىدىكى يول يۇقىرى ئاقيەر، قىزىل يۇلغۇن ئارقىلىق قاراموقچا، ساۋۇلاق، ئەلتۇمۇر قاتارلىق جايلاردىكى ئېتىز- ئېرىقلاردىن ئەگىپ ساقا، تۆگىچىبۇلاق، يەندۈن، ئاچچىقسۇ، شىڭشىڭشياغا ئۆتىدىغان قىلىپ ياسالدى. ئومۇمىي مۇساپىسى 370 نەچچە كىلومېتىر بولۇپ،

مىنگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى) كۆزدە پۈتۈپ ئاپتوموبىل قاتنىدى.

2) دۆلەت يولى 312- لىنىيىسى شىخەنزە-پىچان بۆلىكى. دۆلەت يولى 312- لىنىيىسى شەرقتە جياڭسۇ ليەنيۈنگاڭدىن باشلىنىپ، غەربى شىنجاڭ غۇلجىغا تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 4770 كىلومېتىر. بۇ جياڭسۇ، ئەنخۇي، خېنەن، شەنشى، گەنسۇ ۋە شىنجاڭدىن ئىبارەت يەتتە ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننى كېسىپ ئۆتىدۇ. ئۇ ئېلىمىزنىڭ ئۇۋۇتتىكى تاشيول قاتنىشىنىڭ ئەڭ ئۇزۇن يول لىنىيىسى، بۇنىڭ شىئەندىن غۇلجىغىچە بولغان بۆلىكى دۇنياغا مەشھۇر يىپەك يولى بولۇپ، تارىختا ياۋروپا-ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

بۇ يولنىڭ قۇمۇل بۆلىكى شەرقى شىڭشىڭشيادىن باشلىنىپ، غەربى پىچانغا تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 420 كىلومېتىر، ئۇ دۆلەت يولى 312- لىنىيىسىنىڭ مۇھىم قىسمى. 1950- يىلى، قۇمۇل يول ئاسراش ئۈچاستكىسى قۇرۇلۇپ، بۇ يولنى ئاددىي رېمونت قىلىش، ئاسراشقا مەخسۇس ئادەم سەپلەنگەن ئىدى. 1953- يىلى، شەرقى شىڭشىڭشيادىن، غەربى لياۋدۇنغىچە بەش يول ئاسراش رايونى تەسىس قىلىنىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ئاسرالدى ھەمدە چوڭ ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك رېمونت قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن يول كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. 1957- يىلغىچە، بۇ يولنى ئاسراش ئۈچۈن 330 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىندى. 1959- يىلى، لەنجۇ-شىنجاڭ تۆمۈريولى قۇمۇلغىچە ياسىلىپ پويىز قاتنىغاچقا، بۇ يولدا قاتناش كۆندىن-كۆنگە سۇزلاشقاچقا ئاسراش مەبلىغى ئازايتىلدى. 1961- يىلى يول ئاسراش قۇرۇلۇشىغا پەقەت 120 مىڭ يۈەنلا مەبلەغ سېلىندى (1957- يىلى سېلىنغان مەبلەغنىڭ 35% نى ئىگىلەيدۇ).

1979- يىلى شوتابۇلاقتىن چاقىبۇلاقىچە بولغان يول كونا يولنىڭ يۆنىلىشى بويىچە ئۆزگەرتىپ ياسالدى. چاقىبۇلاقتىن پىچاننىڭ 40 چاقىرىم دۆڭگىچە بولغان يول جەنۇب تەرەپكە يۆتكىۋېتىلىپ، يەتتە قۇدۇقنىڭ شەرقى ۋە غەربى تۇزكۆل، خۇيجىگزا يولى قاتارلىق جايلاردىكى تاغ- ئېدىرلىقلاردىن ئەگىتىپ ئۆتتۇلدى. بۇنىڭغا جەمئىي 2 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىندى. 1975 ~ 1979- يىلغىچە، قۇمۇلنىڭ شەرقىدىكى بۇلۇڭتوغراقتىن غەربتىكى شوتابۇلاققىچە بولغان يول ئاسفالتلاشتۇرۇلدى. 1986 ~ 1990- يىلغىچە، شىڭشىڭشيا-قۇمۇل ئارىلىقىدىكى 197.8 كىلومېتىر يول كەڭ كۆلەمدە ئۆزگەرتىپ ياسالدى. 1980 ~ 1989- يىلغىچە، شوتابۇلاقتىن تۇزچىلىق مەيدانىنىڭ ئاچا يولىغىچە بولغان 81.2 كىلومېتىر يول (304 ~ 385 كىلومېتىرغىچە) ئۆزگەرتىپ ياسالدى. 1990 ~ 1993- يىلغىچە، قۇمۇلدىن شوتابۇلاققىچە بولغان يولنىڭ (197.8 ~ 304 كىلومېتىرغىچە) ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشى پۈتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن دۆلەت يولى 312- لىنىيىسىنىڭ قۇمۇل تەۋەلىكىدىكى 420 كىلومېتىر تاشيول (قۇمۇلدىن ساقىغىچە بولغان يول بۇنىڭ سىرتىدا) بىر پۈتۈن ئۆزگەرتىلىپ، دۆلەتنىڭ 2- دەرىجىلىك تاشيول ئۆلچىمىگە يەتكۈزۈلدى ھەمدە پۈتۈنلەي ئاسفالتلاشتۇرۇلدى.

قوشۇمچە

قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ قاتناش 2- باش ئەترىتىنىڭ 6- تارماق ئەترىتى دۆلەت يولى 312- لىنىيىسى شىخەنزە-قۇمۇل بۆلىكىنى ئۆزگەرتىپ ياسىدى

1986- يىل 6- ئايدا شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوراللىق ساقچى قاتناش 2- باش ئەترىتىنىڭ 6- تارماق ئەترىتىدىكى 500 دىن ئارتۇق كوماندىر-جەڭچى شىڭشىڭشيانىڭ غەربىدىكى چۆلگە جايلىشىپ، يول لىنىيىسىنى بويلاپ جەڭگە ئاتلاندى. ئۇلار چېدىر ئۆيلەردە يېتىپ، قويۇپ، شور سۇ ئىچىپ، تومۇز ئىسسىققا، قۇم-بورانغا قارىماي، تۆت يىل جاپالىق كۈرەش قىلىپ، شىڭشىڭشيا-قۇمۇل بۆلىكىنى

ئۆزگەرتىپ ياساش ۋەزىپىسىنى ئەلا بىلىك ئورۇنلىدى. شىڭشىڭشىيا — قۇمۇل بۆلىكىدىكى ئۆرلۈۋاك قۇرۇلۇشلارنىڭ لاياقەتلىك ئۆلچىمى 100%، سۈپەتلىك بولۇش نىسبىتى 86.2% كە يەتتى، قۇرۇلۇش قىسمىدىن 658 ئادەم مۇكاپاتقا ئېرىشتى، 66 ئادەم شەرەپ بىلەن 3- دەرىجىلىك تۆھپە كۆرسەتتى، دەپ ئەنگە ئېلىندى. 81 ئادەم مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى. ئۈچ لىيەن، ئالتە پەي، 20 بەن 3- دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى ھەمدە چېن شياۋپىڭ، خې دايۇڭ، دوڭ جيەنپىڭ، ياڭ يوڭ قاتارلىق بىر تۈركۈم ئىلغار نەمۇنىچىلار مەيدانغا كەلدى.

3. ئۆلكە يولىنىڭ قۇمۇل بۆلىكى

قۇمۇل تەۋەسىدە قۇمۇل — باركۆل لىنىيىسى ۋە نامداۋان — ئاراتۇرۇك لىنىيىسىدىن ئىبارەت ئىككى ئۆلكە دەرىجىلىك يول بار، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 229 كىلومېتىر. بۇ تەڭرىتاغنىڭ شىمالى بىلەن جەنۇبىنى تۇتاشتۇرىدىغان قۇمۇلدىكى ئاساسلىق غول تاشيول لىنىيىسى. تاغنىڭ شىمالىدىكى نامداۋان بۇ يولنىڭ ئاساسلىق تۈگۈنىدۇر، شۇنداقلا قۇمۇل شەھىرى بىلەن دۆلەت يولى 312- لىنىيىسىنى تۇتاشتۇرۇپ، قۇمۇل رايونىدىكى 649 كىلومېتىرلىق ئاساسلىق تاشيولنىڭ «K» شەكىللىك رامكىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. شۇ ئارقىلىق قۇمۇل تەۋەسىدە تەرەپ- تەرەپكە كەتكەن ناھىيە، يېزىلارنىڭ يوللىرىنى تۇتاشتۇرۇپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ھەر تەرەپكە تۇتاشقان قاتناش تورىنى ھاسىل قىلىدۇ.

1) قۇمۇل — باركۆل لىنىيىسى. مىنگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى) دىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىزىل 8- تۈەن قۇرۇلۇش لىيەنى ۋە قۇمۇل، باركۆل ئىككى ناھىيىدىكى ئارمىيە- خەلق يول ئاسراش ئۆچاستكىسىغا ماسلىشىپ، قۇمۇلدىن سۇمۇشتانغىچە بولغان يولنى رەتلەپ ياساشقا باشلىدى. قۇمۇلدىن كۆشۈتە ئېغىزىغىچە بولغان يولنى قۇمۇلدىكى ئارمىيە- خەلق بىرلىكتە ياساپ، يول ئۆلىنى كېڭەيتىپ، شېغىل يېيىپ، يۈك ئاپتوموبىلى قاتنايدىغان قىلدى. كۆشۈتە ئېغىزىدىن سۇمۇشتانغىچە بولغان 30 كىلومېتىرلىق تاغ ئايلانما يولنى قۇمۇل، باركۆل ئىككى ناھىيىدىكى ئارمىيە- خەلق بىرلىكتە ياساشنى ئۈستىگە ئالدى ھەمدە ئۆلكىلىك تاشيول ئىدارىسىدىكى تېخنىك خادىملارنى يېتەكچىلىك قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. مىنگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى) يازدىن باشلاپ، بۆلەكلەرگە بۆلۈپ ئىشقا كىرىشىپ، تاشلارنى قومۇرۇپ، داۋانلارنى پەسەيتىپ، يوللارنى تۈزۈللاپ، 15 ياغاچ كۆۋرۈك ياسىدى ھەمدە تىك، خەتەرلىك جايلارنىڭ چۆرىسىگە ياغاچ ۋە تاشلاردىن توساق ياسىدى. مىنگونىڭ 29- يىلى (1940- يىلى) 6- ئايدا تۇنجى تۈركۈمدىكى ئاپتوموبىللار كۆشۈتە ئېغىزىغا كىرىپ ياغاچ توشۇدى.

بۇ لىنىيە جەنۇبتا قۇمۇل شەھىرىدىن باشلىنىپ، شىمالدا تەڭرىتاغ داۋىنىدىن ئۆتۈپ، باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىگە تۇتىشىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 132 كىلومېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە كۆشۈتە ئېغىزىدىن نامداۋانغىچە بولغان 25 كىلومېتىرلىق ئايلانما تاغ يولىنىڭ يەر شەكلى خەتەرلىك، يوللىرى ئەگرى- توقاي، ھاڭ- جىلغىلار كۆپ، داۋىنى تىك، ئايلانمىسى جىددىي بولۇپ، چوڭ ئايلانمىدىن يەتتىسى بار. ئەڭ چوڭ بويىغا يانتۇلۇقى 14%، يولۇچىلار بۇ يەرنى ئەزەلدىن قورقۇنچلۇق يول دەپ قاراپ كەلگەن. تەڭرىتاغ بوتخانىسى ئەڭ ئېگىز نۇقتا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 2800 مېتىر ئېگىز. تارىختىن بۇيان ئەسكەر تۇرغۇزىدىغان مۇھىم جاي بولۇپ كەلگەن. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «تەڭرىتاغ بىلەن ئىبۇرغولنى تۇتاشتۇرىدىغان بىردىنبىر يول» دەپ نام ئالغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن بۇ لىنىيە ئىككى قېتىم رېمونت قىلىندى، بىر قېتىم ئۆزگەرتىپ ياسالدى. 1956- يىلى، قۇمۇل يول ئاسراش ئۆچاستكىسى بۇ لىنىيىنىڭ تاغنىڭ جەنۇبىي بۆلىكى ۋە

ئېلانما يولىنى ئۇقتىلىق رېمونت قىلدى. 1959- يىلى، باركۆل يول ئاسراش ئۇچاستكىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇمۇل ـ باركۆل لىنىيىسىدىكى 132 كىلومېتىر يولنى ياساپ، يول ئۈلىنى كۆتۈردى ۋە كېڭەيتتى، كۆۋرۈك ۋە سۇئۆتكۈچلەرنى ياسىدى، شېغىل يېيىتتى، شۇنىڭ بىلەن يول ئەھۋالى ياخشىلاندى. 1961- يىلى تەگرىتاغ بۇتخانىسىدىن ياگجۇەنگۇغىچە بولغان ئالتە كىلومېتىر يول ئۆزگەرتىپ ياسالدى ۋە باركۆل، شىرىنزى، كۆيسۇ، چېبىل، سۇمۇشتان، نامداۋان، لىشىن، بوققان، كۆشۈنە ئېغىزى، شەھەر ئەتراپى يول ئاسراش بەنلىرى تەسىس قىلىندى.

1974- يىلى دۆلەتنىڭ مەبلەغ سېلىشى بىلەن 72 ~ 132 كىلومېتىر يۆلىكى يەنە بىر قېتىم ئۆزگەرتىپ ياسىلىپ، يېڭىدىن كۆۋرۈك، سۇئۆتكۈچلەر سېلىنىپ يوللار ئاسفالتلاشتۇرۇلدى. 1980- يىلغىچە 104 كىلومېتىر يول ئاسفالتلاشتۇرۇلدى.

1989- يىل 5- ئايدىن 9- ئايغىچە 37 كىلومېتىر يول كېرەكتىن چىققانلىقتىن، باش ئۇچاستكا 70 ~ 107 كىلومېتىرلىق بۆلەكنى قايتا ئۆزگەرتىپ ياساشقا 3 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. قۇرۇلۇشقا تاشيول باش ئۇچاستكىسى مەسئۇل بولدى، جەمئىي 410 مىڭ كۇب مېتىر توپا- تاش قۇرۇلۇشى ئورۇنلاندى. 35 كۆۋرۈك- سۇئۆتكۈچ ياسالدى. يېڭىدىن 51 سۇئۆتكۈچ مۇستەھكەملەندى. يول باقىسىغا 13 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا توساق ياسالدى. 120 مىڭ كۇب مېتىر يول ئەگمىسى رېمونت قىلىندى. 217 مىڭ كۋادرات مېتىر ئوت- چۆپ ماشىنا ئارقىلىق تازىلاندى. 1990- يىلى 259 مىڭ كۋادرات مېتىر ئاسفالت ياتقۇزۇش ئۈچۈن 2 مىليون 780 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ھازىرقى يول ئۈلىنىڭ كەڭلىكى 10 مېتىر، يول يۈزىنىڭ كەڭلىكى يەتتە مېتىر بولۇپ، 3- دەرىجىلىك يول ئۆلچىمىگە يەتتى.

2) نامداۋان ـ ئاراتۈرۈك لىنىيىسى. مىنگونىڭ 10- يىلى (1921- يىلى) تاشقى موڭغۇلىيە مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكارلىغاندىن كېيىن، تاشقى موڭغۇلىيىدىن تۈمۈرتام (لاۋبېياۋ) ئارقىلىق باركۆلگە كىرىدىغان چوڭ ئوتلاق كارۋان يولى ئۈزۈلۈپ قالدى. ئىچكى موڭغۇل، نىڭشىيا كارۋانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئاراتۈرۈك غول ئېقىنىنى بويلاپ غەربكە مېڭىپ، باركۆل ۋە گۈچۈڭغا بېرىپ سودا قىلغاچقا، ئەينى چاغدا كىچىك ئوتلاق يولى دەپ ئاتالدى.

مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى) ئاراتۈرۈكتە ناھىيە تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ لىنىيىدە ماڭىدىغان ئادەملەر تەدرىجىي كۆپىيىپ، ھارۋا يولى پەيدا بولدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن 1958- يىلى يازدا يول ئاسراش ئۇچاستكىسى ئاراتۈرۈكتىكى خەلق ئاممىسى بىلەن بىرلىشىپ، ئۇقتىلىق يول بۆلىكىنى ياسىغاندىن كېيىن پوچتا ماشىنىسى قاتنىدى. 1965- يىلى كۆۋرۈك- سۇئۆتكۈچلەر ئۆزگەرتىلىپ ياكى يېڭىدىن ياسىلىپ، توك كۆتۈرگەن، كەلكۈن بۇزۇۋەتكەن جايلار ئېگىزلىتىلىپ، يول ئۈلى كۆتۈرۈلۈپ ۋە كېڭەيتىلىپ، يولۇچى ۋە يۈك ئاپتوموبىللىرىنىڭ قاتناش ئىقتىدارى ئاشۇرۇلدى. 1973- يىلى، مەزكۇر ناھىيىلىك سانائەت- قاتناش ئىدارىسى تېخنىك خادىملارنى تەشكىللەپ قايتىدىن تەكشۈرۈپ لايىھىلىدى، يول بويىدىكى خەلق ئىككى يىل خالىسانە ئەمگەك قىلىپ، پۈتۈن لىنىيىنىڭ 10 مېتىر كەڭلىكتىكى يول ئۈلى قۇرۇلۇشىنى تاماملاپ، ماشىنا قاتناش ئىقتىدارىنى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئۆستۈردى. 1982- يىلى، تۆركۆل فېرمىسىنىڭ شەرقتىن غەربكە يۆنىلىشلىك 13.8 كىلومېتىر يول شىمالغا يۆتكەلدى، بۇنىڭغا دۆلەت مەبلەغ سېلىپ يەرلىك خەلق ئىشچىلىرى ئىشلىدى.

1977- يىلى بۇ لىنىيە ئاسفالتلاشتۇرۇلدى. ئالدى بىلەن ناھىيە بازىرىدىن تۆرگەيگىچە بولغان ئالتە كىلومېتىر يول ئاسفالتلاشتۇرۇلدى. يول يۈزىنىڭ كەڭلىكى 6.5 مېتىر. 1978- يىلى تۆرگەيدىن تۆركۆلنىڭ 5- ئەترىتىگىچە بولغان 20 كىلومېتىر يول ئاسفالتلاشتۇرۇلدى. 1980- يىلى تۆركۆل فېرمىسىنىڭ 1-

ئەترىتىدىن ئىرىنكىر فىرمىسىنىڭ 8- شۆبە فىرمىسىغىچە تەخمىنەن 25 كىلومېتىر يول ئاسفالتلاشتۇرۇلدى. 1987- يىلى، دۆلەت ۋە يەرلىكنىڭ مەبلەغ سېلىشى بىلەن تۇركۆل يېزىسىنىڭ 13.8 كىلومېتىر يولى ئاسفالتلاشتۇرۇلدى. 1989- يىلغىچە بۇ لىنىيىنىڭ جەمئىي 64.8 كىلومېتىر يولى ئاسفالتلاشتۇرۇلدى. بۇ لىنىيە نامداۋاندىن شەرققە سوزۇلۇپ، ئىرىنكىر، چىلىك (لىيۇتاۋخې)، تۇركۆللەردىن ئۆتۈپ ئاراتۇرۇك ناھىيە بازىرىغا تۇتىشىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 97 كىلومېتىر. ئۇ ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىتا قومۇلغا، غەربتە باركۆلگە تۇتىشىدىغان بىردىنبىر ئاساسلىق غول تاشيولى.

3) شىمالىي چىقىش لىبغىزى تاشيولى. 1990- يىلى دۆلەت يولى 312- لىنىيىسىنىڭ قومۇل شەھىرى ئىچىدىكى قىسمى شىمالغا يۆتكەلدى. تۆلكە يولى قومۇل – باركۆل لىنىيىسىگە ماسلىشىش ئۈچۈن قومۇلدىن تەگرىتاغ يولىغىچە بولغان بۆلىكى شەرققە يۆتكەلدى. بۇ يول ئەسلىدە قومۇلدىن قىزىليۇلتۇز 3- مەيدانىغا بارىدىغان 4- دەرىجىلىك مەخسۇس يول بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى ئۈچ كىلومېتىر كېلىدىغان، شېغىل يېيىتىلغان يول ئىدى. بۇ قېتىم ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغاندا يول كېڭەيتىلدى ۋە ئالتە كىلومېتىر ئۇزارتىلدى، نامى شىمالىي چىقىش ئېغىزى يولى دەپ ئۆزگەرتىلدى، 3 مىليون 461 مىڭ 700 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە قاتناش نازارىتى 2 مىليون 621 مىڭ 700 يۈەن مەبلەغ سالدى، قومۇل ۋىلايىتى ۋە قومۇل شەھىرى 840 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى.

4. مەخسۇس يوللار

1) سەنجاپار – تۇز خىمىيە باش مەيدانى تاشيولى. 1962- يىلى، قومۇل يول ئاسراش ئۆچاستىكىسى ياسىغان يولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 36 كىلومېتىر (ئۈچ كىلومېتىر لەنجۇ- شىنجاڭ تاشيولى قايتىلىنىدۇ). 1968- يىلى بىڭتۇەن سانائەت 1- تۇەنى بۆلىكى قايتىدىن ئۆزگەرتىپ ياساپ، بىر قىسىم يول ئۇلىنى كۆتۈرۈپ كېڭەيتتى. 1969- يىلى ئاپتونوم رايون 960 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، سۇڭگۈچلەرنى كۆپەيتىپ ئاسفالتلاشتۇردى. 1970- يىلى قومۇل يول ئاسراش ئۆچاستىكىسى سەنجاپاردىن لۇشەنباۋغىچە ئاسفالت يېيىتتى. 1971- يىل 5- ئايدا ھەممىسىگە ئاسفالت يېيىتىلىپ بولدى. يول ئۇلىنىڭ كەڭلىكى 10 مېتىر، ئاسفالتلاشتۇرۇلغان يول يۈزىنىڭ كەڭلىكى ئالتە مېتىر، يول دەرىجىسى 3- دەرىجىلىك بولدى.

2) باركۆل – سەنتاڭخۇ (ئۈچكۆل) تاشيول بۆلىكى باركۆل ناھىيە بازىرىدىن باشلىنىپ داخې (قاراسۇ) يېزىسى، قوشدۆڭ (شۇاڭدۇنزى)، ماۋاڭمياۋ، رادار لېيەنى، يۇقىرى كۆلدىن (شاڭخۇ) ئۆتۈپ سەنتاڭخۇ (ئۈچكۆل) يېزىسىغا تۇتىشىدۇ.

بۇ لىنىيىنىڭ 18 كىلومېتىرلىق قىسمى شىخېزلىياڭ كۆمۈركان لىنىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، قايتىلىنىش مۇساپىسى بەش كىلومېتىر بولۇپ، 23 كىلومېتىرغا كەلگەندە ئايرىلىپ كېتىدۇ. ئەمەلىي ئۇزۇنلۇقى 88 كىلومېتىر، ئۇ موڭغۇلىيىگە بارىدىغان ئېغىز لىنىيىسى.

3) شىخېزلىياڭ – كان تاشيولى. ئۇ قومۇل – باركۆل تاشيولىنىڭ 105 كىلومېتىر جايىدىن (شىخېزلىياڭ) باشلىنىپ، ناھىيىلىك كۆمۈركانغا بارىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 99 كىلومېتىر، ئۆزگەرتىپ ياسالغاندىن كېيىنكى مۇساپىسى 93 كىلومېتىر بولۇپ، سۈپەتلىك ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش مەيدانى، داخې (قاراسۇ) يېزىسىنىڭ غولئۆستەڭ ئەترىتى، تۆت خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى، ئالتە كۆمۈركاندىن ئۆتىدۇ، 23 كىلومېتىرلىق جايدا باركۆل – سەنتاڭخۇ (ئۈچكۆل) لىنىيىسى بىلەن كېسىشىدۇ.

1959- يىلى، دۆلەتنىڭ مەبلەغ سېلىشى بىلەن 80 ~ 99 كىلومېتىرغىچە بولغان بۆلىكىدە جەمئىي 19 كىلومېتىر يول ياسالدى. 1986- يىل 3- ئايدا باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن قومۇل باش

ئۆچاستكىسى بىرلىكتە 45 ~ 99 كىلومېتىرغىچە بولغان ئارىلىقنى تەكشۈرۈپ لايىھىلىدى. كېيىن تاشيول باش ئۆچاستكىسى 0 كىلومېتىردىن 45 كىلومېتىر كىچىك رايونلارنىڭ 3- دەرىجىلىك تاشيول ئۆلچىمى بويىچە تەكشۈرۈپ لايىھىلىدى، يول ئۇلى 10 مېتىر، يول يۈزىنىڭ كەڭلىكى يەتتە مېتىر. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر مېتىر ئېگىزلىتىلدى، تەكشى، ئەگرى سىزىقنىڭ ئەڭ كىچىك رادىئۇسى 400 مېتىر، داۋاننىڭ ئەڭ چوڭ بويىغا يانتۇلۇقى 4.5%، كۆۋرۈك، سۇغۇچلارنىڭ كۆتۈرۈش چانلىقى 20 ئاپتوموبىل – 100 چاتما كۆزۈپ بولدى. 1986 ~ 1988- يىللىغىچە، باش ئۆچاستكىنىڭ مەسئۇللۇقىدا قۇرۇلۇش قىلىنىپ 2 مىليون 165 مىڭ يۈەنلىك مەبلەغ سېلىش ۋەزىپىسى ئورۇنلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سالغان مەبلەغ 910 مىڭ يۈەن، 262 مىڭ يۈەنلىك ئاشلىق، پاختارەخت ئاجراتتى. شەھەر- يېزىلاردىكى 33 كارخانا خالىسانە ئەمگەككە قاتناشتى ھەمدە 993 مىڭ 100 يۈەن مەبلەغ ئاجراتتى.

**قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1954 ~ 1990- يىللىغىچە تاشيول قۇرۇلۇشىغا سالغان مەبلىغى**

جەدۋەل: 12 – 2

| تۈرلەر / يىل | يول قۇرۇلۇشىغا، ئاسراشقا سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ (تۈمەن يۈەن) | بۇنىڭ ئىچىدە (تۈمەن يۈەن) | | | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|
| | | چوڭ- ئوتتۇرا دەرىجىلىك رېمونت قىلىش، (ئۆزگەرتىپ ياساش) | كىچىك ئاسراش | مەمۇرىي باشقۇرۇش خىراجىتى | |
| 1954 | 18.56 | 5.30 | 11.23 | 2.03 | |
| 1955 | 36.09 | 3.87 | 28.75 | 3.47 | |
| 1960 | 55.62 | 28.35 | 23.54 | 3.73 | |
| 1965 | 46.58 | 5.06 | 39.06 | 2.46 | |
| 1975 | 123.57 | 93.34 | 26.38 | 3.85 | |
| 1980 | 501.00 | 342.24 | 138.11 | 20.65 | |
| 1985 | 249.60 | 40.53 | 174.65 | 34.42 | |
| 1990 | 1055.95 | 636.12 | 358.71 | 61.12 | |

ئىزاھ: يېزا- كەنت ۋە بۆز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈەن- مەيدانلىرىنىڭ يوللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. 1968 – يىلدىن 1972 – يىللىغىچە بولغان ماتېرىيال كەم.

## 1980 ~ 1990- يىلىغىچە قومۇل ۋىلايىتىدىكى دۆلەت يولى، ئۆلكە يولى ۋە مەخسۇس تاشيوللارنىڭ تېخنىكىلىق دەرىجە ئۆزگىرىشى

جەدۋەل: 12 – 3

بىرلىكى: كىلومېتىر

| تۈرى / ئۇزۇنلۇقى / يىل | ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى | تېخنىكىلىق دەرىجىسى ئۆزگىرىش ئەھۋالى | | | | دەرىجىگە ئۆتمىگىنى | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | جەمئىي | 2- دەرىجىلىك | 3- دەرىجىلىك | 4- دەرىجىلىك | | 2- ئالىي دەرىجىلىك | ئوتتۇرا دەرىجىلىك | تۆۋەن دەرىجىلىك | دەرىجىگە ئۆتمىگىنى |
| 1980 | 836 | 476 | | 431 | 45 | 360 | 324 | 65 | 364 | 83 |
| 1981 | 836 | 427 | 19 | 363 | 45 | 409 | 327 | 104 | 318 | 87 |
| 1982 | 864 | 493 | 19 | 421 | 53 | 371 | 327 | 171 | 279 | 87 |
| 1983 | 864 | 493 | 49 | 419 | 25 | 371 | 327 | 173 | 254 | 80 |
| 1984 | 864 | 493 | 49 | 419 | 25 | 371 | 327 | 173 | 254 | 80 |
| 1985 | 864 | 493 | 49 | 419 | 25 | 371 | 327 | 173 | 254 | 80 |
| 1986 | 864 | 493 | 49 | 419 | 25 | 371 | 370 | 160 | 254 | 80 |
| 1987 | 864 | 493 | 49 | 419 | 25 | 371 | 370 | 160 | 254 | 80 |
| 1988 | 858 | 573 | 110 | 483 | | 265 | 435 | 146 | 202 | 75 |
| 1989 | 858 | 593 | 130 | 463 | | 265 | 462 | 140 | 181 | 75 |
| 1990 | 858 | 745 | 282 | 463 | | 113 | 618 | 140 | 100 | |
| 1990- يىلى 1980- يىلدىكىدىن كېمەيگىنى ياكى ئاشقىنى % | | 56.5 | 100 | 7.42 | 100 - | 68.6 - | 90.74 | 115.38 | 72.53 - | 100 - |

ئىزاھ: باركۆلدىن سارچوققىچە بولغان 40 كىلومېتىرلىق يول ۋە ناھىيە، يېزا تاشيولىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

## 1970 ~ 1990-يىللىرىچە قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى غول تاشيوللارنىڭ ئاسفالتلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى

جەدۋەل: 12 – 4

بىرلىكى: كىلومېتىر

| يىللار | دۆلەت يولى 312-لىنىيىسى | | | ئۆلكە يولى قۇمۇل-باركۆل لىنىيىسى | | | ئۆلكە يولى نامداۋان-ئاراتۇرۇك لىنىيىسى | | مەخسۇس لىنىيە تۈزچىلىق مەيدانى | | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | يول قوزۇقى نومۇرى | جەمئىي | شۇ يىلى | يول قوزۇقى نومۇرى | جەمئىي | شۇ يىلى | جەمئىي | شۇ يىلى | جەمئىي | شۇ يىلى | |
| 1970 | | | | | | | | | 22 | 22 | 22 |
| 1971 | | | | | | | | | 36 | 14 | 36 |
| 1972 | | | | | | | | | 36 | | 36 |
| 1973 | | 2 | 2 | 17 ~ 0 | 17 | 17 | | | 36 | | 55 |
| 1974 | | 2 | | 28 ~ 17 | 28 | 11 | | | 36 | | 67 |
| 1975 | | 17 | 15 | 44 ~ 28 | 44 | 16 | | | 36 | | 97 |
| 1976 | | 48 | 31 | 93 ~ 72 | 85 | 21 | | | 36 | | 147 |
| 1977 | | 84 | 36 | 132 ~ 112 | 84 | 19 | | | 36 | | 224 |
| 1978 | | 118 | 34 | | 104 | 20 | 3 | 3 | 36 | | 261 |
| 1979 | 194 ~ 180 | 152 | 34 | | 94 | -10 | 24 | 21 | 33 | | 303 |
| 1980 | | 152 | | | 94 | | 49 | 25 | 33 | | 328 |
| 1981 | | 152 | | | 94 | | 49 | | 33 | | 328 |
| 1982 | | 152 | | | 94 | | 49 | | 33 | | 328 |
| 1983 | 420 ~ 390 | 182 | 30 | | 94 | | 49 | | 33 | | 328 |

| | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1984 | | 182 | 30 | | 94 | | 49 | | 33 | | 328 |
| 1985 | | 182 | 30 | | 94 | | 49 | | 33 | | 328 |
| 1986 | | 182 | 30 | | 94 | | 49 | | 33 | | 328 |
| 1987 | | 182 | 30 | | 94 | | 49 | | 33 | | 328 |
| 1988 | 384 ~ 323 | 243 | 61 | | 71 | -23 | 63 | 14 | 33 | | 432 |
| 1989 | 324 ~ 304 | 263 | 20 | | 67 | -4 | 63 | | 33 | | 426 |
| 1990 | 197.8 ~ 0 | 420 | 157 | | 104 | 37 | 63 | | 33 | | 620 |

**5. ناھىيە، يېزا تاشيوللىرى**

**1) ناھىيە، يېزا تاشيوللىرىنى ياساش.** مىنگونىڭ 40- يىللىرىدا، قۇمۇل مەمۇرىي تەپتىش مەھكىمىسىگە قاراشلىق قۇمۇل، باركۆل ۋە ئاراتۈرۈك ئۈچ ناھىيىدە لەنجۇ ـ شىنجاڭ تاشيولى، قۇمۇلدىن ناماۋانغىچە ۋە باركۆلدىن داخې (قاراسۇ) غىچە بولغان ئىككى ئارىلىقتا ئاددىي تاشيول بولۇشتىن تاشقىرى، تەگرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى كەڭ يېزا- كەنتلەر ئارىلىقىدا تەبىئىي شەكىللەنگەن ئېگىز- پەس يوللار، بەزىدە راۋان بولسا بەزىدە ئۈزۈلۈپ قالىدىغان ئۇلاغ يولى ياكى ھارۋا يولى بار ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن 1950 ~ 1960- يىللارغىچە قۇمۇل ۋىلايىتىدە شەھەر- يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، شەھەر- ناھىيىنى مەركەز قىلغان، كۆڭشې، چوڭ ئەترەت، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگە قاتنايدىغان ئاددىي تاشيوللار ياسالدى. 1965- يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىگە قارايدىغان ئۈچ ناھىيىنىڭ ئاپتوموبىل قاتنايدىغان كۆڭشېلىرى 26 گە يېتىپ، تەخمىنەن 81.2% نى ئىگىلىدى. ئاپتوموبىل قاتناش مۇساپىسى 680 كىلومېتىرغا يېتىپ، 1950- يىللاردىكى ئومۇمىي ئاپتوموبىل قاتناش مۇساپىسىنىڭ 2.8 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. 1978- يىلدىن كېيىن، «باي بولاي دېسەڭ يول ياسا»، دېگەن شوئارنىڭ تۈرتكىسىدە، ناھىيە، يېزا- كەنت تاشيول قۇرۇلۇشى تېز تەرەققىي قىلىپ، تاشيول قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش تارماقلىرىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، شەھەر، ناھىيىلەردىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر تەڭ تۇتۇپ ئورتاق ياسايدىغان گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. 1990- يىلدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى بىر شەھەر، ئىككى ناھىيە، بەش بازار، 37 يېزا، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى 15 دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق مەيدانى (بىڭتۈەننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، 183 مەمۇرىي كەنتتە 1000 كىلومېتىر ناھىيە دەرىجىلىك يول مەخسۇس ئاسرالدى، 572 كىلومېتىر يول پەسىللىك ئاسرالدى، بۇنىڭ ئىچىدە، قۇمۇل شەھىرىدە 17 يول بولۇپ، 606 كىلومېتىر يول مەخسۇس ئاسرالدى، 332 كىلومېتىر يول پەسىللىك ئاسرالدى؛ باركۆل ناھىيىسىدە بەش يول بولۇپ، 284 كىلومېتىر يول مەخسۇس ئاسرالدى، 130 كىلومېتىر يول پەسىللىك ئاسرالدى؛ ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە ئىككى يول بولۇپ، 110 كىلومېتىر يول مەخسۇس ئاسرالدى، 110 كىلومېتىر يول پەسىللىك ئاسرالدى. يېزا دەرىجىلىك تاشيولنىڭ

ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى قاتنايدىغان مۇساپىسى 947 كىلومېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل شەھىرىدە 21 يول بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 222.1 كىلومېتىر، باركۆل ناھىيىسىدە 27 يول بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 644.2 كىلومېتىر، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە توققۇز يول بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 80.7 كىلومېتىر. 1990- يىلىغىچە 160 كەنتكە، 37 يېزىغا، 5 بازارغا، 15 دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق مەيدانىدا ماشىنا قاتنىدى.

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1990- يىلدىكى ناھىيە، يېزا تاشيوللىرى

جەدۋەل: 12 – 5

| تۈرى / شەھەر، يېزا | ناھىيە دەرىجىلىك تاشيول: سانى | ناھىيە دەرىجىلىك تاشيول: ياتقۇزۇش، ئاشۇرۇش ئۇزۇنلۇقى (كىلومېتىر) | ناھىيە دەرىجىلىك تاشيول: پەسىلىك ئاشۇرۇلىدىغان ئۇزۇنلۇقى (كىلومېتىر) | يېزا دەرىجىلىك تاشيول: سانى | يېزا دەرىجىلىك تاشيول: ياتقۇزۇش، ئاشۇرۇش ئۇزۇنلۇقى (كىلومېتىر) | يېزا دەرىجىلىك تاشيول: پەسىلىك ئاشۇرۇلىدىغان ئۇزۇنلۇقى (كىلومېتىر) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| قۇمۇل شەھىرى | 17 | 606 | 332 | 21 | 222.1 | 222.1 |
| باركۆل ناھىيىسى | 5 | 284 | 130 | 27 | 644.2 | 644.2 |
| ئاراتۈرۈك ناھىيىسى | 2 | 110 | 110 | 9 | 80.7 | 80.7 |
| جەمئىي | 24 | 1000 | 572 | 57 | 947 | 947 |

2) ناھىيە، يېزا تاشيوللىرىنى ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشى. 1980 ~ 1992- يىلىغىچە، ناھىيە، يېزا تاشيولدىن 489 كىلومېتىرى ئۆزگەرتىپ ياسالدى، 235 كىلومېتىرى ئاسفالتلاشتۇرۇلدى. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 155.7 مېتىرلىق 10 كىچىك كۆۋرۈك، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2188 مېتىرلىق 267 تاختاي يېپىلغان سۇگۈچ، 87 تۇرۇبىلىق سۇگۈچ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2188 مېتىرلىق 54 سۇ ئۆتكۈزۈش يولى ياسىلىپ، 12 مىليون 140 مىڭ 800 يۈەن مەبلەغ سېلىش ۋەزىپىسى ئورۇنلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە قاتناش نازارىتى يۆلۈشلەشتۈرۈپ بەرگەن مەبلەغ 7 مىليون 337 مىڭ 500 يۈەن، ئىش تېپىپ بېرىش يولى ئارقىلىق بەرگەن مەبلىغى 3 مىليون 332 مىڭ 400 يۈەن، ئۆزى توپلىغان مەبلەغ 976 مىڭ 100 يۈەن، خالىس ئەمگەك ھەققى 495 مىڭ 200 يۈەن بولدى.

ئاساسلىق ئۆزگەرتىلگەن تاشيول قۇرۇلۇشىدىن قۇمتوغراق – تاشئۆبلىق بۆلىكى، قارادۆۋە تاشيولى، دەۋلەدۆرۈك تاشيولى، تارانچى – قويلۇق تاشيولى، غەربىتاغ يېزا تاشيولى، باركۆل – سارچوقا تاشيولى، سارچوقا – كۆنگەيسۇ تاشيولى، كۆنگەيسۇ – قاراكۆز تاشيولى، غەربىتاغ – كۆلياقا تاشيولى، ئاراتۈرۈك – نوم تاشيولى، ئاداق تاشيولى قاتارلىقلار بار.

6. يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈەن- مەيدان تاشيوللىرى

1953- يىلى ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ قىزىليۇلتۇز 2- مەيدانى ۋە قىزىل يۇلتۇز 1- دېھقانچىلىق

مەيداندىن قۇمۇلغىچە بولغان يول ياسالدى.

1960- يىللاردا بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى جەڭچىلەر يول بويلاپ دەرەخ تىكىپ، كۆۋرۈك- سۇڭگۇچلەرنى ياساپ، لىەندۈيلەردىن مەيدان شتابىغىچە بولغان تۈز ھەم كۆركەم يوللارنى ياسىدى. 1979- يىلغىچە، بىگتۈەننىڭ قۇمۇلدىكى دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق تۈەن- مەيدانلىرى ئۆزى ياساپ، ئۆزى ئاسراپ كېلىۋاتقان يول 65 كە، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 260.4 كىلومېتىرغا يەتتى. ئاساسلىق كۆۋرۈك- سۇڭگۇچتىن جەمئىي 78 نى ياسىدى، 20 كىلومېتىرلىق يول ياقىسىنى يېشىللاشتۇردى. 1980- يىللارغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، ھەر قايسى لىەندۈيلەرنىڭ يول ئاسراش، يول ياساش ئاكتىپلىقى يەنىمۇ ئاشتى، خالىسانە ئەمگەك ئارقىلىق توپا كۆتۈرگەن، كەلكۈن بۇزۇۋەتكەن جايلارنى ئوڭشىدى، يول ئۈلىنى كېڭەيتىپ، يول بويلىرىغا دەرەخ تىكىپ ئورمان بىنا قىلدى، يوللارنىڭ سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى.

بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈەن- مەيدانلىرىنىڭ 1990- يىلىدىكى يوللىرى

جەدۋەل: 12 – 6 بىرلىكى: كىلومېتىر

| يول نامى | باشلانغان، ئاخىرلاشقان جايى | ئۇزۇنلۇقى | دەرىجىسى | يول يۈزىنىڭ تۈرى |
|---|---|---|---|---|
| قىزىلبۇلتۇز 1- مەيدانى | شىڭشىڭشيا- پىچان بۆلىكى k194 + 500 — مەيدان شتابى | 5.1 | 4 | ئاسفالت |
| قىزىلبۇلتۇز 2- مەيدانى | شىڭشىڭشيا- پىچان بۆلىكى K225 + 500 — مەيدان شتابى | 10 | 3 | ئاسفالت |
| قىزىلبۇلتۇز 3- مەيدانى | شىڭشىڭشيا- پىچان بۆلىكى K202 + 600 — مەيدان شتابى | 3 | 4 | ئاسفالت |
| قىزىلبۇلتۇز 4- مەيدانى | شىڭشىڭشيا- پىچان بۆلىكى K153 + 000 — مەيدان شتابى | 4 | | ئاسفالت |
| دۆربەجىن دېھقانچىلىق مەيدانى | شىڭشىڭشيا- پىچان بۆلىكى K261 + 000 — مەيدان شتابى | 2 | 3 | ئاسفالت |
| راكېتا دېھقانچىلىق مەيدانى | قۇمۇل- بارىكۆل بۆلىكى K2 + 400 — مەيدان شتابى | 5 | 3 | ئاسفالت |
| قىزىلبۇلتۇز 2- فېرمىسى | شوپۇل يېزىسى — فېرما شتابى | 12 | دەرىجىدىن سىرت | ئاسفالت |
| نوم دېھقانچىلىق مەيدانى | نوم يېزىسى مەيدان شتابى | 2 | 4 | ئاسفالت |

7. چېگرا مۇداپىئە تاشيوللىرى

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ شىمالىي چېگرىسى ئالتاي تاغ تىزمىلىرى ئارقىلىق موڭغۇلىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ. دۆلەت چېگرىسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 586.663 كىلومېتىر، بۇ ئارىلىقنى بىر- بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن ئېگىز- پەس تاغ تىزمىلىرى، كىرەلىشىپ كەتكەن ئول- جىرالار ئوراپ تۇرىدۇ، قەدىمدىن بۇيان بۇ جاينىڭ

تاغ ئېغىزلىرى ۋە تار تاغلىق يوللار ئارقىلىق سىرت بىلەن تۇتاشقان بۇ يوللاردا، يىراق يەرلەردىن كەلگەن كارۋانلار، سودىگەرلەر ئۈزلۈكسىز قاتناپ كەلگەن، جۇغراپىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بۇ يەرنىڭ چېگرا مۇداپىئە قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ سەنتاگخۇ (ئۈچكۆل)، نوم، تۆمۈرتام، سەنچاكۇ چېگرا مۇداپىئە پونكىتى قۇردى. دازىكو، باي چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتى تەسىس قىلدى. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 508 كىلومېتىر كېلىدىغان يەتتە چېگرا مۇداپىئە تاشيولىنى ياسىدى.

(1) سەنتاڭخۇ (ئۈچكۆل) ــ تۆمۈرتام تاشيولى. بارىكۆل سەنتاگخۇ (ئۈچكۆل) دىن جۇڭگو- موڭغۇلىيە چېگرىسى تۆمۈرتامغا بارىدىغان 84.05 كىلومېتىر كېلىدىغان تاشيول قومۇل ۋىلايىتى بويىچە ئەڭ بالدۇر شەكىللەنگەن چېگرا مۇداپىئە تاشيولىدۇر، بۇ يەر شارائىتىغا قاراپ ماگدىغان، دەرىجىگە توشمايدىغان تاشيول.

(2) سەنتاڭخۇ (ئۈچكۆل) ــ نوم تاشيولى. بۇ يول 1985- يىلى ياسالدى، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 152.9 كىلومېتىر، يەر شارائىتىغا قاراپ ماگدىغان، دەرىجىگە توشمايدىغان تاشيول، يولىنىڭ كەڭلىك 4.5 مېتىر، ئۇنىڭ شەرقىدىكى 80 كىلومېتىر بۆلىكى ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ، غەربىتىكى 72.9 كىلومېتىر بۆلىكى بارىكۆل ناھىيىسىنىڭ چېگرىسى ئىچىدە.

(3) تۆمۈرتام ــ سۇخەيتۇ تاشيولى. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 43.40 كىلومېتىر، يەر شارائىتىغا قاراپ ماگدىغان، دەرىجىگە توشمايدىغان تاشيول، كەڭلىكى بەش مېتىر.

(4) سەنتاڭخۇ (ئۈچكۆل) ــ سەنچاكۇ تاشيولى. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 104.3 كىلومېتىر، يەر شارائىتىغا قاراپ ماگدىغان، دەرىجىگە توشمايدىغان تاشيول، كەڭلىكى بەش مېتىر.

(5) سۇخەيتۇ ـ سەنچاكۇ تاشيولى. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 16.2 كىلومېتىر، يەر شارائىتىغا قاراپ ماگدىغان، دەرىجىگە توشمايدىغان تاشيول، كەڭلىكى بەش مېتىر.

(6) باي ــ دالايىنبۇلاق تاشيولى. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 48.7 كىلومېتىر، يەر شارائىتىغا قاراپ ماگدىغان، دەرىجىگە توشمايدىغان تاشيول، كەڭلىكى ئالتە مېتىر.

(7) نوم ــ توگەتاش تاشيولى. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 58.9 كىلومېتىر، يەر شارائىتىغا قاراپ ماگدىغان، دەرىجىگە توشمايدىغان تاشيول، كەڭلىكى بەش مېتىر.

(8) سەنتاڭخۇ (ئۈچكۆل) ــ سۇخەيتۇ تاشيولى. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 85 كىلومېتىر.

8. كان رايونى تاشيوللىرى

1950- يىللاردىن باشلاپ قومۇل تاراتچى كۆمۈر كانى، يەتتە قۇدۇق تۇزچىلىق مەيدانى ۋە يامانسۇ تۆمۈر كانلىرى ئىلگىرى- كېيىن ئېچىلىپ ۋە قۇرۇلۇپ، كان رايونلىرىغا بارىدىغان يوللار تەدرىجىي ياسالدى. 1960- يىلىغىچە كان رايونىدا ئۇزۇنلۇقى 70 كىلومېتىردىن ئاشىدىغان بەش شېغىللىق ئاسالىق تاشيول بولۇپ، كۆپ قىسمىنى كان رايونى ئۆزى ياساپ، ئۆزى ئاسراپ كەلگەن. 1970- يىللاردىن كېيىن، ئىلگىرى- ئاخىر بولۇپ يەنە قومۇل بوغاز كۆمۈر كانى، ساقىدىكى مەرمەرتاش كانى، شىڭشىڭشيا ئەتراپىدىكى تاش ماتېرىياللىرى كانى، قوش قۇدۇقتىكى ئالتۇن كان ۋە بارىكۆل، ئاراتۈرۈك كۆمۈر كانى قاتارلىق كان مەھسۇلاتلىرى بازىلىرى ئېچىلىپ، كان رايونلىرىنىڭ تاشيول قۇرۇلۇشى ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلدى. 1989- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن ۋىلايىتىمىزدە 18 كان رايونلىرى تاشيولى ياسالدى. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 100

كىلومېتىردىن ئاشىدۇ.

9. ئورمانچىلىق رايونلىرىدىكى تاشيوللار

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى مىنگونىڭ باشلىرىدا، قۇمۇل، باركۆل قاتارلىق جايلاردا ھەربىي ۋە خەلققە ئېھتىياجلىق بولغان ياغاچ ماتېرىياللىرى تۆگە ۋە ئات هارۋىلىرى ئارقىلىق تاغ ئىچىدىن تارتىپ چىقىلغان بولغاچقا، تاغ جىلغىلىرىنى بويلاپ ئورمانچىلىق رايونلىرىغا بارىدىغان توپا- شېغىل يولى شەكىللەنگەن. مىنگونىڭ 29- يىلى (1940- يىلى) سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق 8- تۈەنىنىڭ ئاپتوموبىللىرى تۆنجى قېتىم نامداۋاندىن ئۆتۈپ تەڭرىتاغنىڭ خەنچىڭگۇ دېگەن يېرىدىن ياغاچ تارتقان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئورمانچىلىق نازارىتى قارمىقىدىكى قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانى قۇرۇلۇپ، ئورمانلىقلارنىڭ يولى ئومۇميۈزلۈك ياسىلىشقا ۋە تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. 1958- يىل 11- ئايدىن 1959- يىل 7- ئايغىچە، تەڭرىتاغ ئېگەرتاش غولىنىڭ تارماق لىنىيىسىنى ئورمانچىلىق مەيدانى ياسىغان ئىدى، ئوتتۇرا- تۆۋەن قىسىملىرىدىكى كۆۋرۈك، سۇڭگۇچلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى كەلكۈن بۇزۇۋەتتى. قايتا- قايتا رېمونت قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا ماشىنا قاتناشقا بولمىدى. 1965 ~ 1966- يىلغىچە، نامداۋاندىن خەنچىڭگۇغىچە بولغان غول لىنىيىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق نازارىتىنىڭ لايىھىلەش باشقارمىسى تەكشۈرۈپ لايىھىلىدى. قۇمۇل، باركۆل ئىككى ناھىيىنىڭ دېھقان، ئىشچىلىرى ياسىدى. ئورمانچىلىق مەيدانى ئادەم سېلىپ يىل بويى ئاسرىغانلىقتىن، قاتناش راۋان بولۇپ كەلدى.

1967- يىل 9- ئايدا باركۆلدىن كۆككىر ئورمانچىلىق رايونىغىچە بولغان غول لىنىيىسىنى ئورمانچىلىق نازارىتىنىڭ تەكشۈرۈپ لايىھىلەش باشقارمىسى لايىھىلىدى. باركۆل ناھىيىسىنىڭ دېھقانلىرى ياسىدى، باركۆلنىڭ جەنۇبىغا بارىدىغان ئۈچ تارماق يول 1955 ~ 1988- يىلغىچە ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم ياسالدى، باشقا ئورمانچىلىق رايونلىرىدىكى تارماق، ئاچا يوللارنىڭ كۆپ قىسمى كونا يوللارنى بويلاپ ياساپ راۋانلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئاپتوموبىل ئارانلا قاتنايدۇ. بۇ يوللار ئەگرى- توقاي، ئېگىز- پەس بولغاچقا پەقەت يازلىقى ياغاچ تارتقاندىلا ئىشلىتىلىدۇ، ئاسرايدىغان ئادەم يوق.

1988- يىلى، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئورمان رايونلىرىدا بار يول 29 بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 298 كىلومېتىر.

## §3. كۆۋرۈك- سۇڭگۇچلەر

1. چىڭ سۇلالىسى ۋە مىنگو يىللىرىدىكى كۆۋرۈك- سۇڭگۇچلەر

داۋگۇاڭ يىللىرى «قۇمۇل تەزكىرىسى» دە خاتىرىلەنگەن كۆۋرۈكلەر تۆۋەندىكىچە:

1) قۇمۇل شەھىرى ئەتراپىدا. شەرقىي دەرۋازىنىڭ سىرتىدىن جەنۇبقا يېرىم چاقىرىم ماڭغاندا يىنسىچاۋ كۆۋرۈكى، شەرقىي جەنۇبقا 1.5 چاقىرىم ماڭغاندا تەيپىڭ كۆۋرۈكى، شەرقىدىن ئىككى چاقىرىم يىراقلىقتا جاۋ خېچياۋ، ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ شەرققە بىر چاقىرىم ماڭغاندا چاڭچۇنچياۋ كۆۋرۈكى بار.

شىمالىي دەرۋازىنىڭ سىرتىدا مەشىق مەيدانىدىن ئۆتۈپ تۆت چاقىرىم ماڭغاندىن كېيىن چەيخۇتۇنغا

باريدىغان ئېتىزلىقتىكى يولدا فېگيۇچياۋ كۆۋرۈكى (ھازىرقى ئاقيەر كۆۋرۈكى) بار. غەربىي قوۋۇق ئىچىدە شۈيگۇەنچياۋ كۆۋرۈكى، غەربىي قوۋۇق سىرتىدىن غەربكە بىر چاقىرىم ماڭغاندا ليەنلۇچياۋ كۆۋرۈكى (يۇەنيالڭ كۆۋرۈكى) «ئاشىق- مەشۇقلار كۆۋرۈكى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شەھەر ئىچىنىڭ غەربىدە چىگتېن كۆۋرۈكى، شياڭخۇا كۆۋرۈكى بار.

2) قۇمۇل جەنۇبىي يولىدا. قۇمۇلنىڭ شەرقىدىن تارلاچىن شەھىرىنىڭ سىرتىدا خوگچۇەنچياۋ كۆۋرۈكى، غازى يەندۈن ئەتراپىغا جايلاشقان يەندۈنگۇ جىلغىسىدا بىلوچياۋ كۆۋرۈكى، قۇمۇلنىڭ غەربىدە كۇاخىلۇچۇەن (توغۇچى بۇگۇر) دە چاڭخوگچياۋ كۆۋرۈكى بار.

3) قۇمۇل شىمالىي يولىدا. قۇمۇلنىڭ شىمالىغا 90 چاقىرىم كېلىدىغان كۆشۆتە ئېغىزىدىكى تۇنجى كۆۋرۈك گۇاڭجىچياۋ كۆۋرۈكى (ھازىرقى كۆشۆتە ئېغىز كۆۋرۈكى) 2- سى گۇاگلى كۆۋرۈكى، 3- سى جوگيۈن كۆۋرۈكى، 4- سى ئېرتەنچياۋ، 5- سى يىتەنچياۋ كۆۋرۈكىدۇر. نامداۋاندىن باركۆل چېگرىسىغىچە ئېرىسىلڭ تەيچياۋ كۆۋرۈكى، جامكوچياۋ كۆۋرۈكى، سۇمۇشتان كۆۋرۈكى، كۇيسۇ كۆۋرۈكى، باركۆل شەرق- غەرب كۆۋرۈكى، سۆجى (بۇغاتارال) جەنۇبىي كۆۋرۈكى، غەربىي كۆۋرۈكى ۋە كېشۇنگۇچياۋ كۆۋرۈكى قاتارلىقلار بار.

مىنگو يىللىرىدا، لەنجۇ- شىنجاڭ لىنىيىسىنىڭ قۇمۇل بۆلىكى قۇمۇلدىن باركۆلگىچە بولغان ھارۋا يولىدا تاشتىن قوپۇرۇپ ياغاچ يېپىلغان كۆۋرۈك- سۇگكۇچتىن 30 نەچچىسى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنى ھۆكۈمەت ياسىغان، قالغانلىرىنى خەلق ئارىسىدىن ئىئانە توپلاپ ياسىغان. ئۇزاق يىللاردىن بۇيان كەلكۈن يالاپ تۇرغاچقا، 1940- يىللارغا كەلگەندە كۆۋرۈك ياغاچلىرى چىرىپ، ئۆيۈلۈپ كېتىپ قاتناش ئۈزۈلۈپ قالىدىغان ئىشلار دائىم يۈز بېرىپ تۇرغان.

مىنگونىڭ 26- يىلى (1937- يىلى) ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ قىزىل 8- تۇەنى قۇمۇلغا كېلىپ ئورۇنلىشىپ، لەنجۇ- شىنجاڭ تاشيولىدىكى خەتەرلىك كۆۋرۈكلەرنى رېمونت قىلدى ۋە مۇستەھكەملىدى ھەمدە يېڭىدىن 15 تاش- ياغاچ سۇگكۇچ ياسىدى. قۇمۇل- باركۆل لىنىيىسىدىكى كۆشۆتە ئېغىزى ۋە سۇمۇشتان قاتارلىق جايلاردىكى 10 دىن ئارتۇق كۆۋرۈك- سۇگكۇچمۇ مۇشۇ مەزگىلدە ياسالدى. بۇنىڭ ئىچىدە، مىنگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى) قىزىل 8 - تۇەندىكى قۇرۇلۇش قىسىملىرى ياسىغان نامداۋاندىكى تاشتىن قوپۇرۇپ ياغاچ يېپىلغان كۆۋرۈك ئەينى چاغدا بۇ لىنىيىدىكى ئەڭ چوڭ ياغاچ كۆۋرۈك ئىدى. بۇ كۆۋرۈك 1980- يىلى 6×2 مېتىر چوڭلۇقتىكى پولات چىۋىقلىق بېتون كۆۋرۈك قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

### 2. زامانىۋى كۆۋرۈك- سۇگكۇچلەر

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ تاشيول قۇرۇلۇشى تېز تەرەققىي قىلدى. 1950- يىللاردىن باشلاپ غول تاشيوللار ۋە ناھىيە، يېزا تاشيوللىرىدىكى ياغاچ كۆۋرۈكلەر يىلمۇ يىل ئۆزگەرتىپ ياسالدى. 1990- يىلىغىچە، غول لىنىيىدىكى تاشيول كۆۋرۈكلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى پولات چىۋىقلىق بېتون كۆۋرۈككە ئۆزگەرتىلدى. پۈتۈن ۋىلايەتتىكى غول تاشيوللاردا ئوتتۇرا- كىچىك تىپتىكى مەڭگۈلۈك كۆۋرۈكتىن 72 سى بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 711 مېتىر، سۇگكۇچلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1188 مېتىر كېلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت يولى 312- لىنىيىسىدە 21 كۆۋرۈك بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 225 مېتىر كېلىدۇ، سۇگكۇچتىن 294 ى بار. ئۆلكە يولى 312- لىنىيىسى ۋە 13- لىنىيىسىدە 18 كۆۋرۈك، (ئۇزۇنلۇقى 145 مېتىر) 300 سۇگكۇچ بار. باركۆل سەنتاڭخۇ (ئۇچكۆل) لىنىيىسىدە ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 341 مېتىر كېلىدىغان 33 كۆۋرۈك، 549 سۇگكۇچ بار، ناھىيە، يېزا يوللىرىدا ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 230

مېتىر كېلىدىغان 14 مەڭگۈلۈك كۆۋرۈك، 560 سۇڭگۈچ بار، بۇنىڭ ئىچىدە 1964- يىلى 10- ئايدا قومۇل يول ئاسراش ئۆچاستكىسى ياسىغان لەنجۇ ـ شىنجاڭ تاشيولى قىزىل يۇلغۇن پولات چىۋىقلىق بېتون تاختىلىق كۆۋرۈك — بىر تۆشۈكلۈك بەش مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى كۆۋرۈك قومۇل رايونىدىكى ئەڭ بالدۇر سېلىنغان مەڭگۈلۈك كۆۋرۈك ھېسابلىنىدۇ.

1986- يىلى 8- ئايدىن 1990- يىلى 9- ئايغىچە قوراللىق ساقچى قاتناش 6- تارماق ئەترىتى دۆلەت يولى 312- لىنىيىسىدىكى شىڭشىڭشيادىن قومۇلغىچە بولغان 197.81 كىلومېتىرلىق 2- دەرىجىلىك تاشيولنى ئۆزگەرتىپ ياساش جەريانىدا، ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ، تۆت يىلدا 30 پولات چىۋىقلىق بېتون كۆۋرۈك (ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 705.81 مېتىر)، 197 سۇڭگۈچ (ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2912.87 مېتىر) ياسىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كۆۋرۈك تۆت، ئۇزۇنلۇقى 262.58 مېتىر. كىچىك تىپتىكى كۆۋرۈك 27، ئۇزۇنلۇقى 443.23 مېتىر. تاختاي يېپىلغان ئوچۇق سۇڭگۈچ 83، ئۇزۇنلۇقى 1016.99 مېتىر. تاختاي يېپىلغان يېپىق سۇڭگۈچ 101، ئۇزۇنلۇقى 1677.14 مېتىر. يۇمىلاق تۇرۇبىلىق سۇڭگۈچ 12، ئۇزۇنلۇقى 195.59 مېتىر. تاش ئەگمە سۇڭگۈچ بىر، ئۇزۇنلۇقى 23.15 مېتىر.

شىڭشىڭشيا ـ قومۇل بۆلىكىنىڭ 80 كىلومېتىرلىق جايىدىكى تۆت تۆشۈكلۈك، ئەگمە ئارىلىقى 20 مېتىر، كەڭلىكى 10 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 96.6 مېتىر كېلىدىغان T شەكىللىك كۆۋرۈك قومۇل ۋىلايىتى تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ كۆۋرۈكتۇر.

## §4. تاشيول ئاسراش

### 1. تاشيول ئاسراش ئاپپاراتلىرى

1976- يىلى 12- ئايدا قومۇل ۋىلايەتلىك تاشيول ئاسراش باش ئۆچاستكىسى قۇرۇلدى، ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش ئىدارىسىنىڭ قارمىقىدا بولدى. باش ئۆچاستكا قارمىقىدا قومۇل، باركۆل، ئاراتۈرۈكتىن ئىبارەت ئۈچ يول ئاسراش ئۆچاستكىسى بولۇپ، ئىشچى- خىزمەتچىسى 195 ئىدى، ئۇلار 904 كىلومېتىرلىق غول يول ۋە مەخسۇس يوللارنى باشقۇرۇپ ئاسرىدى. 1979- يىلى قومۇل تاشيول باش ئۆچاستكىسىغا ئۆزگەرتىلدى، بۇ ئۆچاستكا كەسپىي ئورۇن بولۇپ، ئىچكى جەھەتتە كارخانا تۈزۈمى بويىچە باشقۇرۇلدى.

1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر باش ئۆچاستكا قارمىقىدا ئۈچ يول ئاسراش ئۆچاستكىسى، بىر يول ياساش ئۆچاستكىسى، بىر يول ئاسراش ئىش رايونى، 21 يول ئاسراش بەنى، ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى قاتارلىقلار تەسىس قىلىندى، مۇقىم ئىشچى- خىزمەتچىسى 545 كە، ئاساسلىق يول ئاسراش ماشىنا ئۈسكۈنىلىرى 86 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 63 ھەر خىل ئاپتوموبىل، يەتتە ئالاھىدە ئاپتوموبىل، ئىككى سۇ چېچىش ماشىنىسى، بىر قاراماي يېيىتىش ماشىنىسى، بىر ماشىنىلىق كران، 10 توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى، ئالتە يول تۈزلەش ماشىنىسى، بەش يېنىك ۋە ئېغىر تىپتىكى يول چىڭداش ماشىنىسى، ئىككى قاچىلاش ماشىنىسى، يەتتە چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور، تۆت ئىستانوك بولۇپ، ئومۇمىي قۇۋۋىتى 3800 ئات كۈچىدىن ئاشتى، مۇقىم مەبلىغى 7 مىليون 425 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، تاشيول باش ئۆچاستكىسى باشقۇرىدىغان يول مۇساپىسى 904 كىلومېتىرغا، ئاسرايدىغان يول مۇساپىسى

805 كىلومېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 2 دۆلەت يولى، 420 كىلومېتىر، ئىككى ئۆلكە يولى، 229 كىلومېتىر، بىر ناھىيە يولى، 40 كىلومېتىر، ئۈچ مەخسۇس يول، 215 كىلومېتىر، جەمئىي كۆكەرتىلگەن يول مۇساپىسى 58 كىلومېتىر، يامغۇرلۇق ھاۋا كىلىماتىدىمۇ ئاپتوموبىل مېڭىشقا بولىدىغان يول مۇساپىسى 898 كىلومېتىر، ھەر قايسى يول لىنىيىلىرىدە جەمئىي 1143.8 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا 78 دانە كۆۋرۈك بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 72 مەڭگۈلۈك كۆۋرۈك، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1110.8 مېتىر، ئۈچ يېرىم مەڭگۈلۈك كۆۋرۈك، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 23 مېتىر، تۆت ۋاقىتلىق كۆۋرۈك، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 26 مېتىر، جەمئىي 922 سۇگگۈچ بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تاختايلىق 561 سۇگگۈچ، 361تۇرۇبىلىق سۇگگۈچ بار.

2. ئاسراش ئۇسۇلى

1) ماشىنا ئارقىلىق ئاسراش. 1950- يىللارنىڭ باشلىرىدا، قۇمۇل چېگرىسى ئىچىدىكى لەنجۇ - شىنجاڭ تاشيولىنى ئۆششاق رېمونت قىلىش ۋە كەلكۈن بۇزۇۋەتكەن جايلىرىنى ياساشتا، ئاساسەن ئات-ئۇلاغ، هارۋا، يول قىرغۇچ، گۈرجەك، جوتۇ قاتارلىق ئاددىي قوراللارغا تايىنىلغان ئىدى.

1954- يىلى ئاپتوموبىل، ئاندىن كېيىن ئارقا-ئارقىدىن تراكتور، توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى، يول تۈزلەش ماشىنىسى، يول چىڭداش ماشىنىسى قاتارلىق زامانىۋى يول ئاسراش ماشىنىلىرى سەپلەندى، يول ئاسراش، ياساش ۋە يولنىڭ سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. 1970- يىللارنىڭ باشلىرىغىچە، ۋىلايەت بويىچە 53 يول ئاسراش ماشىنىسى بولۇپ، 1976- يىلى ماشىنا ئارقىلىق ئاسرالغان، ياسالغان يول 320 كىلومېتىرغا يەتتى.

1986- يىلدىن كېيىن يول ئاسراش ئاپپاراتلىرى رىقابەت مېخانىزمىنى كىرگۈزۈپ، ئىچكى قىسمىدا ئىقتىسادىي ھۆددىگەرلىك، يول ئاسراش ماشىنىلىرىنى نىشانلىق باشقۇرۇشنى يولغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن ئىش ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ۋىلايەت بويىچە بار بولغان ئاساسلىق يول ئاسراش ماشىنىسى 170 نەچچىگە، ئومۇمىي قۇۋۋىتى 4500 نەچچە ئات كۈچىگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل ئۆچاستىكىسىنىڭ 48، باركۆلنىڭ 39، ئاراتۈرۈكنىڭ 19، يول قۇرۇلۇشى باش ئۆچاستىكىسىنىڭ 43، ناھىيە، شەھەرلىك يول ئاسراش ئەترەتلىرىنىڭ 25.

2) يول ئاسرىغۇچىلار بەنى ئارقىلىق ئاسراش.

(1) دۆلەت يولى يول ئاسرىغۇچىلار بەنى ئارقىلىق ئاسراش. 1953- يىل 10- ئايدىن كېيىن لەنجۇ - شىنجاڭ تاشيولىنىڭ قۇمۇل بۆلىكى شەرقتە شىڭشىڭشىيا، ئاچچىقسۇ، قۇمۇل، غەربتە توغۇچى، لياۋدۇندىن ئىبارەت بەش يول ئاسراش ئىش رايونىنى قۇردى.

1960- يىلدىن كېيىن، ئىش رايونى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئورنىغا يول ئاسراش بەنى تەسىس قىلىندى. 1990- يىلغىچە تۆگىچىبۇلاق، سەنداۋچىگزى، ساقا، قۇمۇل شەھەر ئەتراپى، قوشتىكەن، داپو (چوڭ داۋان)، تارانچى، شوتابۇلاق ۋە لۇشيەنباۋ، شىڭشىڭشيادىن ئىبارەت جەمئىي 130 نەچچە ئىشچىسى بار 10 يول ئاسراش بەنى تەسىس قىلىندى. يول ئاسراش بەنلىرىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 3800 نەچچە كۋادرات مېتىر بولۇپ، 312- لىنىيىنىڭ 420 كىلومېتىر يېرىنى بۆلەكلەرگە بۆلۈپ ئاسراپ كەلدى.

(2) ئۆلكە يولى يول ئاسرىغۇچىلار بەنى ئارقىلىق ئاسراش. ئۆلكە يولى قۇمۇل - باركۆل لىنىيىسىدە، 1961- يىلدىن باشلاپ يول ئاسرىغۇچىلار بەنى قۇرۇلدى. 1990- يىلغىچە جەمئىي شەھەر ئەتراپى، كۆشۈتە ئېغىزى، نامداۋان، ھەربىي ئات فېرمىسى، چىبىل، كۆيسۇ، شىرىنزىدىن ئىبارەت يەتتە يول ئاسراش بەنى ئۆز ئىچىدە قوشۇۋېتىش ئارقىلىق بەش جايدىكىسى ساقلىنىپ قالدى. يول ئاسرىغۇچى ئىشچىلار 50

ئادەم بولۇپ، بۇ لىنىيىنىڭ 132 كىلومېتىر يېرىنى ئاسرىدى.

ئۆلكە يولى ئېغىز – ئاراتۈرۈك لىنىيىسىدە 1990- يىلى چىلىك، نېرىنكىر، تۇركۆل ۋە ئاراتۈرۈك شەھەر ئەتراپىدا تۆت يول ئاسراش بەنى تەسىس قىلىندى، ئۇلارنىڭ جەمئىي 40 ئىشچىسى بار بولۇپ، بۇ لىنىيىدىكى 97 كىلومېتىر يولنى ئاسرىدى.

(3) ناھىيە- يېزا تاشيوللىرىنى يول ئاسرىغۇچى بەنى ئارقىلىق ئاسراش. 1989- يىلى، ناھىيە- يېزا تاشيوللىرىدا شەمەرئىچى، راھەتباغ، بوغاز، قارادۆۋە، تاشۋېلىق ۋە ئاداق ئالتە جايدا يول ئاسراش بەنى تەسىس قىلىندى، مۇقىم ۋە ۋاقىتلىق يول ئاسراش ئىشچىسى جەمئىي 50 بولۇپ، ئۇلار 400 كىلومېتىردىن ئارتۇق يولنى ئاسرىدى.

3) ئامما ئۆزى ئاسراش. ۋىلايەت چېگرىسى ئىچىدىكى يېزا- كەنت تاشيوللىرى، چەت- ياقا، تاغلىق رايونلاردىكى ناھىيە، يېزا تاشيوللىرى ۋە ئورمانچىلىق، كان، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلىرى، چېگرا مۇداپىئە قاتنارلىق يوللارنى ئاساسەن يول ياقىسىدىكى يېزا ئاھالىلىرى، زاۋۇت- كان، دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق تۈمەن- مەيدانلىرىدىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەر ئۆزلىرى ئاسرىدى. 1987- يىلىدىكى يوللارنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1300 كىلومېتىردىن كۆپرەك بولۇپ، ئامما ئۆزلىرى ئاسرىغىنى 85% تىن ئاشىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئورمان رايونىدىكى 180 كىلومېتىر، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدىكى 160 كىلومېتىر، كان رايونىدىكى 60 كىلومېتىر، يېزا- كەنت يولى 570 كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈنلەي شۇ رايونغا تەۋە ئامما ئۆزلىرى ياساپ ئۆزلىرى ئاسرىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، 210 نەچچە كىلومېتىر چېگرا مۇداپىئە يولى ۋە 70 كىلومېتىردىن ئارتۇق چەت- ياقا ناھىيە- يېزا يوللىرىنى شەھەرلىك، ناھىيىلىك يول ئاسراش ئەترەتلىرى يول بويىدا ئولتۇرۇشلۇق ئەسكەرلەر ۋە ئاھالىلەرگە ماسلىشىپ بىرلىكتە ئاسرىدى.

3. تاشيوللاردىكى ئاپەت، كاشىلىلارنى تۈگىتىش

1) توك كۆتۈرگەن يوللارنى ئاسراش. ئەتىياز ۋە ياز ئارىلىقىدا، قۇمۇل ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى يوللارنىڭ كۆپ قىسمى توك كۆتۈرۈپ، قاتناشقا ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدۇ. 1950- يىللاردىن باشلاپ، قۇمۇل يول ئاسراش ئۇچاستكىسىدىكى تېخنىك خادىملار تاشيولنىڭ توك كۆتۈرۈش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدەندى. 1958 ~ 1965- يىلىغىچە بولغان تاشيول ئاسراش ماتېرىياللىرىدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، لەنجۇ – شىنجاڭ تاشيولىنىڭ شىڭشىڭشيادىن يىچانغىچە بولغان بۆلىكى ۋە قۇمۇل – بارىكۆل تاشيولىدىكى 550 كىلومېتىردىن ئارتۇق بۆلىكىدە توك كۆتۈرۈش تىزگىنلەنگەن جاي 20 بولۇپ، كۆلىمى 8800 كۋادرات مېتىرغا يەتكەن. 1977- يىلىدىن كېيىن، تاشيول باش ئۇچاستكىسى قۇرۇلدى. قۇمۇل، بارىكۆل ۋە ئاراتۈرۈك تاشيول ئۇچاستكىلىرى توك كۆتۈرگەن جايلارنى ئۆزگەرتىشنى يول ياساش خىزمىتىدىكى نۇقتىلىق تۈر قىلىپ تۇتۇپ، كۆپ ساندىكى توك كۆتۈرىدىغان يەرلەرنىڭ يول ئۇلىنى كۆتۈردى. 1980- يىللارغىچە، ۋىلايىتىمىزنىڭ غول تاشيوللىرىدا توك كۆتۈرۈش تىزگىنلەندى.

2) سۇ ئاپىتىگە ئۇچرىغان يوللارنى ئاسراش. كەلكۈن، يامغۇر سۈيى ۋە ئېتىزلاردىن قويۇۋېتىلگەن سۇلار تاشيوللارنىڭ راۋان بولۇشىغا بىۋاسىتە زىيان سالىدۇ. بولۇپمۇ تاغدىن چۈشكەن كەلكۈننىڭ تاشيولغا بولغان زىيىنى ئەڭ ئېغىر. 1963- يىلى يازدا، تاغدىن كەلكۈن كەلگەندە، لەنجۇ – شىنجاڭ تاشيولى قۇمۇل بۆلىكىدىكى 20 كىلومېتىردىن ئارتۇق يول، 10 كۆۋرۈك، سۇگۈگۈچ بۇزۇلۇپ كەتتى، بەش سۇگۈگۈچ تىقىلىپ قالدى. قۇمۇل يول ئاسراش ئۇچاستكىسى ۋە ئارمىيە- خەلقتىن بولۇپ 500 دىن ئارتۇق ئادەم ئۇدا يەتتە كېچە- كۈندۈز كۈرەش قىلىپ، يولنى ياساپ، قاتناشنى ئەسلىگە كەلتۈردى. 1977- يىلىغىچە، قۇمۇل

ۋىلايىتىدىكى غول تاشيول ۋە ناھىيە- يېزا تاشيوللىرىدا سەككىز جايدا سۇ ئۆتكۈزۈش يولى، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 520 مېتىر، يەتتە جايدا 5.6 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى كەلكۈن توسمىسى، 100 دىن ئارتۇق جايدا كەلكۈن باشلاش توغىنى ياسالغان بولۇپ، سۇ ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشتە ھەلىيەت زور رول ئوينىدى. 1980- يىللارغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئاسان سۇ ئاپىتى پەيدا بولىدىغان كۆپ قىسىم يول بۆلەكلىرىدە مەڭگۈلۈك كۆۋرۈك، سۇڭگۈچلەر ياسىلىپ، سۇ ئاپىتى ئاساسەن تىزگىنلەندى.

3) قۇم- بوران ئاپىتىگە ئۇچرىغان يوللارنى ئاسراش. لەنجۇ ـ شىنجاڭ تاشيولىنىڭ تارانچىنىڭ غەربىدىن يەتتە قۇدۇققىچە بولغان بۆلىكى داڭلىق يۈز چاقىرىملىق بوران ئېغىزىدۇر. بوران چىقسىلا، يولنى قۇم بېسىپ كېتىپ، ئاپتوموبىللارنىڭ مېڭىشى قىيىن بولغاچقا، يول ئاسراش بەتلىرى قۇم تازىلاشتىن سىرت، يول بويىغا ئوت- چۆپ تېرىپ، دەل- دەرەخ تىكىپ، بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش تېمى سالدى، 20 نەچچە يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، 1980- يىللارغا كەلگەندە، لەنجۇ ـ شىنجاڭ تاشيولىنىڭ شەرق، غەرب بۆلەكلىرىدە قۇم ئاپىتى تىزگىنلەندى.

4) قار ئاپىتىگە ئۇچرىغان يوللارنى ئاسراش. تۆلكە يولى قۇمۇل ـ باركۆل لىنىيىسىنىڭ بوققان (جۇەنزۈيزى) ھەربىي ئات فېرمىسىغىچە ۋە نامداۋان ـ ئاراتۈرۈك لىنىيىسىنىڭ نامداۋاندىن نېرىسىغىچە بولغان بۆلىكى، قۇمۇل غول تاشيولىدىكى دائىم قار ئاپىتىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇرىدىغان بۆلىكى ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ تەگرىتاغ بۇتخانىسىنىڭ يۇقىرى، تۆۋىنىدىكى 15 كىلومېتىر جايدا ئەڭ ئېغىر بولۇپ، قىش كىرگەندىن كېيىن تاشيولنى دائىم قار بېسىۋېلىپ، قاتناشنى ئۈزۈپ قويىدۇ. 1950- يىللاردا، يولنىڭ ئويمان جايلىرىدىكى بوران ئېغىزلىرىغا ياغاچ تاختايدىن توساق ئورنىتىپ، يولنى قار بېسىۋېلىشنىڭ ئالدى ئېلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ رولى ئانچە چوڭ بولمىدى. 1970- يىللاردا، بۇ جايدىكى يول ئاسرىغۇچىلار بەتنى چوڭ ئات كۆچىگە ئىگە ئۇچ تويا ئىتتىرىش ماشىنىسى ۋە قار قىرغۇچ ئارقىلىق قارنى ئىتتىرىپ تاشلاپ يول ئاچىدىغان، قارغا تىقىلىپ قالغان ئاپتوموبىللارنى سۆرەپ چىقىرىپ قويىدىغان بولدى؛ زامانىۋى ئالاقىلىشىش ئۈسكۈنىلىرى بىلەن قوراللىنىپ، قار ئاپىتى ئەھۋالىنى ۋاقتىدا دوكلات قىلىپ، قاتناش تارماقلىرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىدىغان بولدى، شۇنىڭ بىلەن قار ئاپىتىنىڭ قاتناشقا كەلتۈرىدىغان زىيىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈلدى.

4. تاشيول بويىنى كۆكەرتىش

1950- يىللاردا قۇمۇل ۋىلايىتى تاشيول كۆكەرتىشتە، ئاساسەن تاشيول ياقىسىدىكى ئامىنىڭ تال- تېرەك ۋە جىگدە كۆچىتى تىكىشىگە تاياندى. غول تاشيوللارغا قاتناش نازارىتى ھەر يىلى كۆكەرتىش ئۈچۈن تولۇقلىما خىراجەت بەردى. دەل- دەرەخلەرنىڭ تەۋەلىك ھوقۇقى ئېنىق بولمىغانلىقى، تىكىپ بولغاندىن كېيىنكى باشقۇرۇشنىڭ قالايمىقان بولۇشى، بوران ئاپىتى، سۇ مەنبەسىنىڭ يېتىشمەسلىكى سەۋەبىدىن تۇتۇش نىسبىتى تۆۋەن بولدى.

1960- يىللاردا، قۇمۇل ۋىلايىتىگە قاراشلىق ھەر قايسى ناھىيىلەر «دۆلەت بەرپا قىلغانلىرى دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدا بولۇش، ئەترەتلەر بەرپا قىلغانلىرى ئەترەت ئىگىدارچىلىقىدا بولۇش، بىرلىكتە بەرپا قىلغانلىرىنى نىسبەت بويىچە بۆلۈشۈش» تىن ئىبارەت ئورمانچىلىق سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرغانلىقتىن، تاشيول بويىدىكى ئاممىنىڭ كۆكەرتىش ئاكتىپلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، باشقۇرۇشتىكى مەسئۇلىيەتچانلىقمۇ كۈچەيدى، تاشيوللارنى كۆكەرتىش ئۈنۈمى بىر قەدەر ياخشى بولدى.

1970- يىللاردا، قۇمۇل رايونىدىكى دۆلەت يولى، تۆلكە يولىغا تەۋە كۆكەرتىش ئىشلىرى ئاپتونوم

رايونلۇق تاشيول ئىدارىسى بىر تۇتاش مەبلەغ ئاجرىتىش، يول بويلىرىدىكى ھەر قايسى ناھىيە، يېزىلار كۈچ چىقىرىپ دەرەخ تىكىش، دەرەخ ھوقۇقى ئۇمۇمنىڭ بولۇش، پايدىنى «دۆلەت ئۈچ ئۈلۈش، يېزا يەتتە ئۈلۈش» بۆيىچە تەقسىم قىلىش بويىچە بولىدى. ناھىيە- يېزا يوللىرىغا كۆچەت تىكىپ كۆكەرتىشتە «كەنتلەر تىكسە، كەنت ئىگىدارچىلىقىدا بولۇش، ئەترەتلەر تىكسە، كوللېكتىپقا تەۋە بولۇش» فاڭجېنى يولغا قويۇلدى، مەبلەغ ۋە ئەمگەك كۈچى ئاجرىتىش، باشقۇرۇشلارنىڭ ھەممىسىگە كەنت (ئەترەت) مەسئۇل بولدى، كىرىم كوللېكتىپ تەقسىماتىغا تەۋە بولدى.

1978- يىلىدىن كېيىن، قۇمۇل ۋىلايىتى تاشيول كۆكەرتىشتە دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەردىن ئىبارەت كۆپ قاناللىق تەرەققىي قىلىش تەدبىرىنى قوللىنىپ، دەرەخ ھوقۇقى تەۋەلىكىنى ئايدىڭلاشتۇردى. مەسئۇل بولۇپ باشقۇرۇش ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كىم تىكسە پايدىسى شۇنىڭ بولىدىغان بولدى، بۇ، يول بويىدىكى ئاممىنىڭ كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش ئاكتىپلىقىنى قوزغىدى. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1980 ~ 1990- يىلغىچە، قۇمۇل باش ئۆچاستكىسىغا تەۋە دۆلەت يولى، ئۆلكە يولىنى كۆكەرتىش ئۈچۈن سېلىنغان مەبلەغ 307 مىڭ 500 يۈەنگە يەتكەن. جەمئىي 200 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق كۆچەت تىكىلگەن. شەھەر، ناھىيىلەرگە قاراشلىق ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1947 كىلومېتىر كېلىدىغان ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك 79 يولنى كۆكەرتىش ئۈچۈن تەخمىنەن 400 مىڭ تۈپ (ئەسلىدە بار تەبىئىي ئورمانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) كۆچەت تىكىلگەن.

## §5. تاشيول ترانسپورتى

قەدىمكى ۋە يېقىنقى زامانلاردا تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىنىڭ ترانسپورتى ئاساسەن ئات. ئۇلاغقا تايىنىلغان، تۆگە، ئات، قېچىر، ھارۋا قاتارلىقلار ئاساسلىق قاتناش قورالى بولغان، ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئات- ئۇلاغ ترانسپورتى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەپ كەلگەن. خەن سۇلالىسىدىن چىڭ سۇلالىسىغا قەدەر مۇشۇ ئۇسۇل ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلدى. مىنگونىڭ 30- يىللىرىدىن كېيىنلا، ئايروپىلان ۋە ئاپتوموبىل قاتارلىق زامانىۋى قاتناش قوراللىرى بارلىققا كەلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى 41 يىلدا قەدىمكى ئەنئەنىۋى ترانسپورت ئۇسۇلى تۈپتىن ئۆزگىرىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى تاشيول، تۆمۈريول ۋە خەلق ئاۋىئاتسىيىسى قاتارلىق زامانىۋى ترانسپورت ئىگىلىدى، 10 يىللىق ئىسلاھات قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ قاتناش ترانسپورتىدا يەر- جاھاننى زىلزىلىگە سالغۇدەك ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. 1986 ~ 1990- يىلغىچە ۋىلايەتنىڭ يۈك- قاتناش ترانسپورتى خۇسۇسىي ئاپتوموبىل سانى ۋە ماددىي ئەشيالارنىڭ ئوبوروت مىقدارى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 15.8% ۋە 20.5 % لىك سۈرئەت بىلەن كۆپەيدى.

1990- يىلى، ۋىلايەتنىڭ پۇقرالار ئاپتوموبىلى 3784 كە يەتتى، 1 مىليون 700 مىڭ ئادەم (قېتىم) يولۇچى ۋە 1 مىليون 570 مىڭ توننا مال - يۈك توشۇش ۋەزىپىسى ئورۇنلاندى. 1990- يىلغىچە ۋىلايىتىمىزنىڭ 96% رايونى ۋە يېزا، كەنت، دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق مەيدانلىرىغا ئاپتوموبىل قاتنىدى، 75% كە نۆۋەتچى ئاپتوموبىل قاتنىدى، ئۆلكە ھالقىيدىغان 2200 كىلومېتىردىن ئارتۇق يولۇچى توشۇش لىنىيىسى ئېچىلدى، تاشيول، تۆمۈريولدىن تەركىب تاپقان قاتناش ترانسپورت تورى شەكىللەندى ھەمدە ئۇ

ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى تورىغا تۇتاشتۇرۇلۇپ، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ شەرق بىلەن بىرلىشىپ غەربنى ئېچىش، شىمالغا چىقىرىش تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى.

**قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1990- يىلىدىكى قاتناش ترانسپورت تورى ۋە ترانسپورت مىقدارى**

جەدۋەل: 12 – 7

| تۈرلەر / ترانسپورت شەكلى | ترانسپورت تورى | | ماددىي ئەشيا ترانسپورت مىقدارى | | | | يولۇچىلار ترانسپورت مىقدارى | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئومۇمىي مۇساپە (كىلومېتىر) | % | يۈك توشۇش مىقدارى (ۋەن توننا) | % | يۈك توشۇش ئوبوروت مىقدارى (ۋەن توننا كىلومېتىر) | % | يولۇچى توشۇش مىقدارى (ۋەن ئادەم/ قېتىم) | % | يولۇچى توشۇش ئوبوروت مىقدارى (ۋەن ئادەم/ كىلومېتىر) | % |
| تۆمۈريول (قۇمۇل تەۋەلىكىدە) | 367.5 | 19 | 444.20 | 79 | 480700 | 97 | 53.20 | 24 | 116700 | 93 |
| تاشيول (ئەنگە ئېلىنغىنى) | 1433 | 81 | 157 | 21 | 15999 | 3 | 170 | 76 | 9043 | 7 |
| جەمئىي | 1787 | 100 | 601 | 100 | 496699 | 100 | 223 | 100 | 125743 | 100 |

1. ئات- ئۇلاغ ترانسپورتى

1) ترانسپورت ئاپپاراتلىرى. مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، قۇمۇل ۋە بارىكۆلدىكى بەزى ھارۋىكەش، تۆگىچى ۋە سودىگەرلەر ترانسپورت جەريانىدىكى بەزى ماجىرالارنى كېلىشتۈرۈش ۋە باندىتلارنىڭ بۇلاڭ- تالاڭ قىلىشىغا ئۇيۇشۇپ تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئىستىخىيىلىك ھالدا ھارۋىكەشلەر بىرلەشمىسى، تۆگىچىلەر جەمئىيىتى دېگەندەك ئەل ئارىسىدىكى ترانسپورت تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇپ، جەمئىيەتتىكى داغلىق كىشىلەرنى باشلىقلىققا كۆرسەتكەن ئىدى. مىنگونىڭ 10- يىلى (1921- يىلى) دىن كېيىن تاشقى موڭغۇلىيىگە ئۆتىدىغان كارۋان يولى ئۈزۈلۈپ قېلىپ، تۆگە ترانسپورتى توختىدى. مىنگونىڭ 20- يىلى (1931- يىلى) دىن كېيىن، قۇمۇل ۋە بارىكۆلدە بىر نەچچە قېتىم ھەربىي مالىمانچىلىق يۈز بەرگەچكە، ئۇلاغلار ئېغىر چىقىمغا ئۇچرىدى. 1940- يىللارنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، بۇ ئۇلاغ ترانسپورت تەشكىلاتلىرىنىڭ نامىلا قالدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن قۇمۇل، بارىكۆل، ئاراتۈرۈكتە ئۇلاغ ترانسپورت ئاپپاراتلىرى قۇرۇلدى ۋە مۇكەممەللەشتى. 1959- يىلىغىچە، ۋىلايەتتە ئۈچ ناھىيە دەرىجىلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئۇلاغ ترانسپورت ئاپپاراتى، يەتتە كوللېكتىپ ئۇلاغ ترانسپورت ئورگىنى بار بولدى. ئۇزۇن- قىسقا ترانسپورتقا قاتناشتۇرۇلىدىغان 3000 تۆگە، ئەترەتلەرنىڭ ئات- ئېشەكلىرى يۈك توشۇيدىغان ئۇلاغ 1000 دىن كۆپرەك، تۆمۈر، ياغاچ، رېزىنكە چاقلىق ھارۋا 500 دىن كۆپرەك بولۇپ،

يىللىق ئوتتۇرىچە يۈك توشۇش مىقدارى 100 مىڭ تونىنىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە چېگرا ئىچىدىكى توشۇش مىقدارى 80 مىڭ تونىنا بولۇپ، ۋىلايەتتىكى يۈك توشۇش ئومۇمىي مىقدارىنىڭ تەخمىنەن 80% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى.

(1) **تۆگىچىلەر جەمئىيىتى.** مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، بارىكۆلدىكى سەككىز ئائىلىلىك چوڭ تۆگىچى سودىگەر باشلامچىلىقىدا ناھىيە بازىرى، داخې (داخې)، شىرىنزا (تاش ئادەم)، سارچوقا، سۇمۇشتان قاتارلىق جايلاردىكى تۆگىچى ئائىلىلەر ۋە تۆگىچىلەر بىلەن بىرلىشىپ بارىكۆل تۆگىچىلەر جەمئىيىتىنى قۇردى. بۇ خەلق ئارىسىدىكى تەشكىلات بولۇپ، داڭدار تۆگىچى سودىگەرلەر بىلەن تۆگىچى چوڭ ئائىلىلەر جەمئىيەتنىڭ مۇدىر ۋە مۇئاۋىن مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. كېيىن قۇمۇلنىڭ قارادۆۋە، تاشبۇلاق، دۆربەجىن قاتارلىق جايلاردىكى بەزى تۆگىچى ئائىلىلەرمۇ بۇ تەشكىلاتقا ئەزا بولدى، ئەزاسى 50 نەچچە ئائىلىلىككە يەتتى. چېدىر ئەڭ كۆپ بولغاندا 33 كە يەتتى، ھەر بىر چېدىردا 150 تىن تۆگە بولۇپ، ئومۇمىي سانى تەخمىنەن 5000 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يىل بويى كىرا قىلىۋاتقىنى 2000 دەك تۆگە بولۇپ، ئۇندىن باشقا كىرا قىلىۋاتقان ئات- ئېشەكمۇ 1000 دىن ئاشاتتى.

بۇ جەمئىيەت ئەزالارنى ئاساسەن، ئۇزۇن- قىسقا مۇساپىلىق يولۇچى ۋە كىرا توشۇشقا، ئاندىن قالسا تۆگە بېقىش ۋە سېتىشقا تەشكىللىدى، ئۇلارنىڭ تۆگە ئەترەتلىرى يىپەك يولىنىڭ شىمالىدىكى يېڭى يول ۋە يايلاقلاردىكى سودا يولىنى بويلاپ شەرقتە باۋتۇ، يىنچۈەن، غەربتە گۇچۇڭ، ئۈرۈمچى، جەنۇبتا ئاقسۇ، قەشقەرلەرگە باراتتى، شۇ جاينىڭ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى ئىچكىرىگە توشۇپ، ئىچكى جايلارنىڭ كۈندىلىك ئىشلىتىلىدىغان مىلىچ ماللىرىنى ئېلىپ كېلەتتى.

مىنگونىڭ 19- يىلى (1930- يىلى) دىن كېيىن قۇمۇل، بارىكۆل بىر قانچە قېتىملىق ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا مال، چارۋىلار ئېغىر چىقىم بولغانلىقتىن، جەمئىيەت مۇدىرى چېگرىدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. نۇرغۇن تۆگىچى ئائىلىسى خانىۋەيران بولدى، مال- بىساتىدىن ئايرىلىپ، جەمئىيەت پارچىلىنىپ، 1934- يىلى ئۆزلۈكىدىن تارقىلىپ كەتتى.

(2) **ھارۋىكەشلەر بىرلەشمىسى.** 1944- يىلى، قۇمۇلدىكى ئاساسلىق ھارۋا كىراكەشلەر بىرلىشىپ، ھارۋىكەشلەر بىرلەشمىسىنى قۇردى. بىرلەشمە ئەزالىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئات ھارۋىسى ھەيدەيدىغانلار، كالا، ئېشەك ھارۋا كىراكەشلىرىمۇ بار بولۇپ، ئاساسەن پەسىل خاراكتېرلىك، قىسقا مۇساپىلىق كىراكەشلىك بىلەن شۇغۇللىناتتى. 1946- يىلى، بىرلەشمىنىڭ ئون ئائىلىدىن ئارتۇق ئەزاسى، 15 چوڭ ھارۋىسى بولغان. بۇنىڭدىن بىرى رېزىنكە چاقلىق ھارۋا ئىدى. 1948- يىلى، ۋەزىيەت داۋالغۇپ تۇرۇۋاتقانلىقى، كىراكەشلىكنىڭ كاساتلىشىپ كېتىشى تۈپەيلىدىن تارقىلىپ كەتتى.

(3) **قۇمۇل ئات- ئۇلاغ ترانسپورت ھەمكارلىق كوپېراتىپى.** 1952- يىل 4- ئايدا قۇمۇلدىكى ئۇلاغ كۆچى ترانسپورتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان شەخسلەر ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىللىشى ۋە سەپەرۋەر قىلىشى ئارقىسىدا، قۇمۇلدىكى تۇنجى ئات- ئۇلاغ ترانسپورت ھەمكارلىق كوپېراتىپىنى قۇردى.

بۇ كوپېراتىپ كوللېكتىپ ئىگىلىكىدە بولۇپ، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى يولغا قويدى، كۆپ ئىشلىگەنلەر كۆپ ئالدى. 180 دىن ئارتۇق ئەزاسى، 300 تۆگىسى، سەككىز ئات ھارۋىسى، 100 گە يېقىن كالا، ئېشەك ھارۋىسى بولۇپ، ئوتتۇرا ۋە قىسقا مۇساپىلىق يولۇچى توشۇش ۋە مال كىراكەشلىكى بىلەن شۇغۇللاندى. 1953- يىلدىكى يىللىق يۈك توشۇش مىقدارى 12 مىڭ تونىنا بولدى، 1954- يىلى كۆپىيىپ 20 مىڭ تونىنىغا يەتتى. ئوبوروت مىقدارى 70 مىڭ تونىنا / كىلومېتىر بولدى. 1956- يىلى، ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكلەشكەندىن كېيىن، ئات- ئۇلاغ ترانسپورت ئەترىتىگە ئۆزگەرتىلدى. 1958- يىلدىن

كېيىن، يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قۇمۇل ناھىيىلىك ئات-ئۇلاغ ترانسپورت شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى.

(4) باركۆل ئات-ئۇلاغ ترانسپورت ھەمكارلىق كوپېراتىپى. 1956-يىل 3-ئايدا باركۆل ناھىيىسى خۇسۇسىي سودا-سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشنى تاماملاپ، تۆت ئائىلىلىك كىراكەش كاپىتالىست بىلەن 17 ئائىلىلىك خۇسۇسىي كىراكەشتىن تەركىب تاپقان كىراكەشلەر كوللېكتىپ خاراكتېرىدىكى ئات-ئۇلاغ ترانسپورت ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇردى، ئۇنىڭدا جەمئىي 600 تۆگە، 100 دىن ئارتۇق ئات-ئېشەك، 48 ئۇلاغ ھارۋىسى بار ئىدى.

1958-يىلى ترانسپورت ھەمكارلىق كوپېراتىپى تەرتىپكە سېلىنىپ ۋە كېڭەيتىلىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى باركۆل ناھىيە يەرلىك ئات-ئۇلاغ ترانسپورت ئەترىتىگە ئۆزگەرتىلدى. ترانسپورت كۈچى يېتىشمىگەنلىكتىن، 1964-يىل 2-ئاينىڭ 18-كۈنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

(5) ئاراتۇرۇك ئات-ئۇلاغ ترانسپورت ئەترىتى. 1957-يىل 5-ئايدا قۇرۇلدى. تۆگە كىراكەشلىكى ئاساس قىلىنغانلىقتىن، ئەينى چاغدا تۆگە ترانسپورت ئەترىتى دەپمۇ ئاتالدى. جەمئىي 70 تۆگە، ئىككى تۆگە ھارۋىسى، ئالتە كالا-ئېشەك ھارۋىسى، 13 خادىمى بولۇپ، ئاساسلىقى مۇشۇ ناھىيىنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدى.

1960-يىلىنىڭ بېشىدا دۆلەت ئىلكىدىكى ئاراتۇرۇك ناھىيە يەرلىك ئات-ئۇلاغ ترانسپورت ئەترىتىگە ئۆزگەرتىلىپ، قارمىقىدا ئۇزۇن يوللۇق ۋە قىسقا يوللۇق ترانسپورت كىچىك ئەترىتى تەسىس قىلىندى. ئات-تۆگە، ئېشەك قاتارلىق ئۇلاغدىن 150 نەچچىسى، ئات-تۆگە ھارۋىسىدىن تۆتى، كىچىك ئۇلاغ ھارۋىسىدىن يەتتىسى بولۇپ، خادىملىرى 20 گە يەتتى.

2) ترانسپورت قوراللىرى. ترانسپورت قوراللىرىدىن ئات، تۆگە، ئېشەك ھارۋا، كىچىك تىپتىكى ئۇلاغ ھارۋىسى قاتارلىقلار بار.

2. ئۆتەڭ ترانسپورتى

1) تەرەققىي قىلىشى ۋە يوقىلىشى. گۇاڭشۈ 29-يىلى (1903-يىلى) شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى فەن شياۋسۇ چاررۇسىيىنىڭ ئۆتەڭلىك يۈك توشۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۈرۈمچىدىن قۇمۇل ئارقىلىق گەنسۇ جيۇچۈەنگە بارىدىغان ئۆتەڭ ترانسپورت كەسپىنى ئاچتى. يول بويى ئۆتەڭ قۇرۇپ، ھەر بىر ئۆتەڭگە 10 ھارۋا سەپلەپ بەردى. ئۇنى ھۆكۈمەت بىر ئوتاش باشقۇرۇپ، ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىدىن قۇمۇل ياكى باركۆل ئارقىلىق لەنجۇغا بارىدىغان ئۆتەڭ ترانسپورت كەسپىنى يولغا قويدى. چىڭلۇڭ يىللىرىدا، قۇمۇلدىكى تەگرىتاغنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدا تەسىس قىلىنغان ھەربىي رابات، گازارمىلار بىردەك ئۆتەڭگە ئۆزگەرتىلدى. ھەر قايسى ئۆتەڭلەرگە ھۆكۈمەت ئۆتەڭ باشلىقى، ھېساباتچى ۋە ئات باقار (ھارۋىكەش) تەيىنلەپ، ئات، تۆگە سەپلەپ بەردى. يولۇچىلار، سودا ماللىرى ئۆتەڭلەر بويىچە توشۇلۇپ، ھەر ئۆتەڭدە ھارۋا ئالماشتۇرۇلدى. ئەينى چاغدىكى ترانسپورت ئۈنۈمى خەلق ئارىسىدىكى تارقاق ترانسپورتقا قارىغاندا كۆرۈنەرلىك ياخشى بولغان ئىدى، ئەينى چاغلاردا، ئەمەلدارلار چىرىكلىشىپ ئۆتەڭدىكىلەر ۋە ھارۋىكەشلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قاقتى-سوقتى قىلغاچقا، ئۆتەڭلەرنىڭ كۆپ قىسمى زىيان تارتقانلىقتىن، يولۇچىلار ۋە سودىگەرلەرنىڭ نارازىلىقى كۈچەيدى. ئۈچ يىلدىن كېيىن ئۆتەڭ ھارۋىلىرى ترانسپورتنى توختاتتى، ئۆتەڭلەرمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئۆتەڭ يوللىرى پەيدىنپەي يوچۇتا يولىغا ئۆزگەردى.

2) يول لىنىيىسى. ئەينى چاغدىكى لەنجۇ-شىنجاڭ ئۆتەڭ ترانسپورت لىنىيىسى ئاساسەن، ئۈرۈمچىدىن لەنجۇغىچە بولغان يول لىنىيىسىنى كۆرسىتەتتى. قۇمۇل ۋە باركۆلدىكى ئۆتەڭلەر تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچىسى، ئۈرۈمچىدىن چىقىپ تۇرپان، پىچان ئارقىلىق قۇمۇلغا كېلىدىغان لىنىيە بولۇپ، 22 ئۆتەڭ، 1560 چاقىرىم يول ئىدى. ئىككىنچىسى، ئۈرۈمچىدىن چىقىپ گۇچۇڭ، مورى، داشىتۇ (چوگتاش) ئارقىلىق جۇنۇبقا مېڭىپ، يەتتە قۇدۇققا كېلىپ، قۇمۇل، ئىڭگىشىيا ئارقىلىق جايۇگۇەنگە بارىدىغان لىنىيە، جەمئىي 31 ئۆتەڭ، 2540 چاقىرىم ئىدى. بۇ ئىككى لىنىيىنىڭ قۇمۇل چېگرىسى ئىچىدىكى مۇساپىسى 950 چاقىرىم بولۇپ، ئاساسلىق ئۆتىدىغان ئۆتەڭلىرى ئەينى چاغدا قۇمۇلغا مەشھۇر شەرقىي سەككىز ئۆتەڭ ۋە غەربىي سەككىز ئۆتەڭدىن ئىبارەت ئىدى. ئۈچىنچىسى، گۇچۇڭدىن باركۆل ئارقىلىق قۇمۇلغا كېلىدىغان لىنىيە، 19 ئۆتەڭ بولۇپ، 850 چاقىرىم ئىدى. باركۆل ۋە قۇمۇل چېگرىسى ئىچىدىن ئۆتىدىغان ئۆتەڭلەر مۇساپىسى: باركۆلنىڭ غەربىدىكى قاراكۆز ئۆتىڭىدىن 40 چاقىرىم كېلىدىغان دۆگباستاۋ ئۆتىڭى، 90 چاقىرىم كېلىدىغان ئوتۇنچى ئۆتىڭى، 60 چاقىرىم كېلىدىغان لىباچۇەن (بەيگە تۆپە) ئۆتىڭى، 90 چاقىرىم كېلىدىغان كېلىدىغان سۆجى (بوغائارال) ئۆتىڭى، 90 چاقىرىم كېلىدىغان باركۆل ئۆتىڭى، 90 چاقىرىم كېلىدىغان كۆيسۇ ئۆتىڭى، 80 چاقىرىم كېلىدىغان سۇمۇشتان ئۆتىڭى، 70 چاقىرىم كېلىدىغان كۆشۆتە ئېغىزى ئۆتىڭى، 90 چاقىرىم كېلىدىغان قۇمۇل ئۆتىڭى مۇشۇ جايدىن شەرققە مېڭىپ شەرقىي سەككىز ئۆتەڭدىن ئۆتۈپ گەنسۇ چېگرىسىغا كىرىدۇ.

3) ئۆتەڭ ترانسپورت قوراللىرى. ئۆتەڭ ترانسپورت قوراللىرىدىن مەپە (ئۆتەڭ ھارۋىسى، ئوقۇرچاق ھارۋا دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، ئۇچۇق خادىك، يوپۇق خادىك قاتارلىقلار بار.

### 3. ئاپتوموبىل ترانسپورتى

قۇمۇل شىنجاڭ بويىچە ئاپتوموبىل ترانسپورتى ئەڭ بۇرۇن باشلانغان شەھەرلەردىن بىرى. مىنگونىڭ 16- يىلى (1927- يىلى) قۇمۇلدا تۇنجى ئاپتوموبىل بار بولغان. مىنگونىڭ 22- يىلى (1933- يىلى) شىنجاڭ سۇيبيۇەن ئاپتوموبىل شىركىتى قۇمۇلدا يولۇچى، يۈك ترانسپورتىنى يولغا قويغان. مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) باركۆلدە تۇنجى خۇسۇسىي سودىگەر ئاپتوموبىلى بارلىققا كەلگەن. 1949- يىلىغىچە قۇمۇلدىكى سودىگەرلەرنىڭ توققۇز خۇسۇسىي ئاپتوموبىلى بار بولغان.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتى قۇمۇلدا يولۇچى ۋە يۈك ترانسپورت ئاپپاراتلىرى تەسىس قىلدى. 1960- يىلى، بۇ ئاپپاراتلار قۇمۇلنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈلۈپ، ۋىلايەتلىك قاتناش ئىدارىسى قۇرۇلدى، شۇنىڭدىن كېيىن ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل ئەترىتى، يولۇچى توشۇش بېكىتى، شەھەر، ناھىيىلىك ترانسپورت شىركىتى ھەمدە ۋىلايەتتىكى زاۋۇت- كانلاردا ئاپتوموبىل ئەترەتلىرى كەينى- كەينىدىن قۇرۇلۇپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ تاشيول قاتناش ترانسپورتى تورى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. 1980- يىللارغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئىسلاھات، جانلاندۇرۇش ئارقىلىق، ۋىلايىتىمىزنىڭ ترانسپورت كەسپى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى. 1990- يىلىغا قەدەر، ۋىلايەت بويىچە ماتورلۇق ماشىنىلار 7941 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، چوڭ يۈك ئاپتوموبىلى 2067، كىچىك يۈك ئاپتوموبىلى 524، چوڭ ئاپتوبۇس 160 ، كىچىك ئاپتوبۇس 803، ئالاھىدە ئاپتوموبىل 446، ئىككى چاقلىق موتسىكلىت 3071، ئۈچ چاقلىق موتسىكلىت 510، تراكتور 285، خۇسۇسىيلار چوڭ يۈك ئاپتوموبىلى 331، كىچىك يۈك ئاپتوموبىلى 26، چوڭ يولۇچى توشۇيدىغان ئاپتوبۇس 3، كىچىك ئاپتوبۇس 47، ئىككى چاقلىق موتسىكلىت 2883، ئۈچ چاقلىق موتسىكلىت 58 گە يەتتى.

1) ئاپتوموبىل ترانسپورت ئاپپاراتلىرى

(1) شىنجاڭ سۇيبيۇەن ئاپتوموبىل شىركىتىنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى. مىنگونىڭ

22- يىلى (1933- يىلى) باركۆللۈك سودىگەر جۇ بىڭ قۇرغان شىنسۇي ئاپتوموبىل شىركىتىنىڭ قۇمۇل شۆبىسى ئىش باشلاپ، قۇمۇل بىلەن سۈيىۋەن (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل) ئارىلىقىدا ئاپتوموبىل يولۇچى، يۈك توشۇش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللاندى، بۇ، قۇمۇلدا ئەڭ بۇرۇن بارلىققا كەلگەن ئاپتوموبىل ترانسپورت ئورگىنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، بۇ شىركەت ئىچكىرىگە كۆچۈپ كەتتى. ئاپتوموبىللارمۇ قاتناشتىن توختىدى، قۇمۇل شۆبىسى ئورنىمۇ ئەمەلدىن قالدى.

(2) قۇمۇل ترانسپورت بېكىتى. 1950- يىل 11- ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ترانسپورت شىركىتى قۇمۇلدا ترانسپورت بېكىتى قۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەتتە قۇدۇق، شىڭشىڭشىيادا قونالغۇ پونكىتى قۇرۇلدى. 1952- يىل 3- ئايدا يەتتە قۇدۇق قونالغۇ بېكىتى ترانسپورت بېكىتىگە ئۆزگەرتىلدى. 1953- يىل 10- ئايدا شىڭشىڭشىيا قونالغۇ بېكىتىمۇ ترانسپورت بېكىتىگە ئۆزگەرتىلدى. 1955- يىل 1- ئاينىڭ 18- كۈنى قۇمۇل ترانسپورت باش پونكىتى قۇرۇلۇپ، يەتتە قۇدۇق، شىڭشىڭشىيا، ئەنشىدىن ئىبارەت ئۈچ ترانسپورت شىركىتى ئۇنىڭغا قارىدى. 1956- يىل 5- ئايدا باركۆل ترانسپورت بېكىتى قۇرۇلۇپ، ئۇمۇ باش بېكەتنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. 1957- يىل 8- ئايدا قۇمۇل ترانسپورت باش بېكىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئۇنىڭغا تەۋە ھەر قايسى ترانسپورت بېكەتلىرى تۇرپان ترانسپورت باش شىركىتىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، 1960- يىل 4- ئايدا ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق قۇمۇل ترانسپورت ئاپپاراتلىرى يەرلىككە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەنگە قەدەر تۇرپان ترانسپورت باش شىركىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى.

(3) 4- ئاپتوموبىل ئەترىتى. 1957- يىل 8- ئايدا لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈريولى قۇمۇل بۆلىكىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتى ئورۇمچى تاشيول ترانسپورت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ «گاز 1- ئەترىتى» (بۇ ئەترەت پۈتۈنلەي گاز ماشىنىلاردىن تەركىب تاپقانلىقتىن مۇشۇنداق ئىسىم قويۇلغان) بۇيرۇق بويىچە قۇمۇلغا كەلدى. ئەينى چاغدا 200 ماشىنىسى بار ئىدى. شۇ يىلى 7- ئايدا گاز 1- ئەترەت نامى ئورۇمچى باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇمۇل 4- ئاپتوموبىل ئەترىتى (4- كالون) گە ئۆزگەرتتى.

(4) ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل ئەترىتى. 1960- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتىگە قاراشلىق قۇمۇل 4- ئاپتوموبىل ئەترىتى يەرلىكنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 6- ئايدا ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل ئەترىتى قۇرۇلۇپ، 1-، 2- ئاپتوموبىل ئەترىتىگە ئايرىلدى. 1- ئەترەتتە 67 ئاپتوموبىل، 120 ئىشچى- خىزمەتچى، 2- ئەترەتتە 50 ئاپتوموبىل، 105 ئىشچى- خىزمەتچى بار بولدى.

(5) ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتى. ئەسلىدىكى ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل ئەترىتى، رېمونت زاۋۇتى ۋە يولۇچى توشۇش بېكىتى ئاساسىدا، 1964- يىل 5- ئايدا قۇمۇل ۋىلايەتلىك ترانسپورت شىركىتى قۇرۇلدى. قارمىقىدا ئىككى ئاپتوموبىل ئەترىتى، ئاسراش رېمونت شىركىتى، يولۇچى توشۇش بېكىتى ۋە باركۆل ترانسپورت بېكىتى قاتارلىقلار تەسىس قىلىندى، جەمئىي 115 يولۇچى ۋە يۈك ئاپتوموبىلى بار بولدى.

1980- يىللارغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، بۇ كونا كارخانىلار جۇشقۇن ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولدى. زور تۈركۈمدىكى كونا ئاپتوموبىللار يېڭىلاندى. 1984 ~ 1985- يىلغىچە ياپونىيىنىڭ 10 توننىلىق «سەنلىڭ» ۋە سەككىز توننىلىق «ۋۇشىلىڭ» ماركىلىق ماشىنىسىدىن 40 نى يېڭىدىن سېتىۋېلىپ شىزاڭ، خېنەن، جېجياڭلاردىكى ترانسپورت بازىرىنى ئاچتى. 1986- يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار ترانسپورت كارخانىسى بولۇپ باھالاندى. 1990- يىلى بۇ شىركەتتە 170 ئاپتوموبىل بار بولدى. بۇنىڭ

ئىچىدە 123 يۈك ئاپتوموبىلى، 47 ئاپتوبۇس، ئۇندىن باشقا يۈك توشۇيدىغان 12 چانا كوزۇپ بار، ئومۇمىي توننازى 816.5 توننا بولدى. بۇ كارخانىنىڭ يەنە يولۇچى توشۇش بېكىتى، ئاسراش رېمونت زاۋۇتى، مال ترانسپورت ئەترىتى، 1- ئاپتوموبىل مۇلازىمەت پونكىتى، قۇياش ئېنېرگىيىسى ئېلېكتر سايمانلىرى زاۋۇتى، ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى، زاپچاس سېتىش قاتارلىق سەككىز ئىشلەپچىقىرىش تىجارەت تارمىقى بولۇپ، قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئەڭ چوڭ ترانسپورت، سانائەت، سودىنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلغان 2- دەرىجىلىك ترانسپورت كارخانىسى بولۇپ قالدى.

(6) قۇمۇل شەھەرلىك ترانسپورت شىركىتى. بۇ شىركەتنىڭ تەكتى قۇمۇل ناھىيىلىك ئات- ئۇلاغ ترانسپورت ھەمكارلىق كوپېراتىپى بولۇپ، 1958- يىل 12- ئايدا قۇمۇل ناھىيىلىك ترانسپورت شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى. ئەينى چاغدا ئات- ئۇلاغ ئاساس قىلىناتتى. چوڭ- كىچىك ئۇلاغ ھارۋىسىدىن 100، تۆگىدىن 300، ئات، كالا، ئېشەكتىن 150 بار ئىدى. بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 85 بولۇپ، يىللىق توشۇش مىقدارى 32 مىڭ توننا ئىدى.

1968- يىل 3- ئايدا ناھىيىگە قاراشلىق ماشىنىسى بار ئورۇنلاردىن 10 ئاپتوموبىلنى يۆتكەپ كېلىپ قۇمۇل ناھىيىلىك ئاپتوموبىل ئەترىتى تەشكىل قىلىندى. 1976- يىل 6- ئايدا بۇ ئەترەت ناھىيىلىك ترانسپورت شىركىتىگە قوشۇۋېتىلدى.

1990- يىلى شىركەتنىڭ 18 ئاپتوموبىلى بولۇپ، ئومۇمىي توننازى 95 توننا، يىللىق يۈك توشۇش مىقدارى 31 مىڭ 600 توننا، مال ترانسپورت ئوبوروت مىقدارى 3 مىليون 500 مىڭ 500 توننا كىلومېتىر، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 813 مىڭ 200 يۈەن بولدى.

(7) باركۆل ناھىيىلىك ترانسپورت شىركىتى. بۇ شىركەتنىڭ تەكتى 1974- يىلى قۇرۇلغان باركۆل ناھىيىلىك ترانسپورت ئەترىتى بولۇپ، ئەينى چاغدا يەنىلا ئات- ئۇلاغ ترانسپورتىنى ئاساس قىلاتتى. ئاساسلىق ترانسپورت قوراللىرىدىن 22 تۆگە ھارۋىسى، ئىككى تراكتورى بار ئىدى. 1976- يىلدىن باشلاپ ترانسپورت شىركىتى دەپ ئۆزگەرتىلدى. 1990- يىلدىن كېيىن بۇ شىركەتتە 13 ترانسپورت يۈك ئاپتوموبىلى (68 توننازلىق)، 18 ئاپتوبۇس (830 ئورۇندۇقلۇق) بار بولدى.

(8) ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك ترانسپورت شىركىتى. 1973- يىلى ناھىيىنىڭ ئات- ئۇلاغ ترانسپورت ئەترەت ئاساسىدا ترانسپورت شىركىتى قۇرۇلدى. ئەينى چاغدا 18 ئات- ئۇلاغ ھارۋىسى، 60 يۈك ئۇلىغى، بىر ئاپتوموبىلى بار بولۇپ، ئاساسلىقى قىسقا يوللۇق ترانسپورت بىلەن شۇغۇللاندى. يۈك توشۇش مىقدارى 5000 توننا ئىدى.

1990- يىلى 15 ئاپتوموبىل بار بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتوبۇس ئۈچ، يىللىق ترانسپورت مىقدارى 7900 توننا، ئوبوروت مىقدارى 1 مىليون 286 مىڭ توننا كىلومېتىر بولدى.

(9) بىڭتۇەن قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتى. ئۇنىڭ تەكتى 1958- يىلى تەشكىللەنگەن بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 5- شىسى ئاپتوموبىل لىيەنى بولۇپ، ئەينى چاغدا 20 دىن ئارتۇق ئاپتوموبىلى بار ئىدى. ئاساسلىقى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ستىبىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئەشيالىرىنى توشۇشنى ئۈستىگە ئالغان ئىدى. 1963- يىلدىن كېيىن يېزا ئىگىلىك 5- شىنىڭ رېمونت زاۋۇتى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئاپتوموبىل لىيەنىنىڭ ئەسلىدىكى تۈزۈلمىسى ساقلىنىپ قالدى. 1975- يىلى، بۇ لىيەن ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1984- يىلى نامى بىڭتۇەن قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى.

1990- يىلى 68 مىڭ 900 توننا ترانسپورت ۋەزىپىسى، 6 مىليون 798 مىڭ توننا كىلومېتىر

ئوبوروت ۋەزىپىسى ئورۇندالدى، تىجارەت ترانسپورت ئومۇمىي كىرىمى 1 مىليون 785 مىڭ يۈەن بولۇپ، 169 مىڭ 800 يۈەن پايدا يارىتىلدى.

(10) زاۋۇت، كانلارنىڭ ئاپتوموبىل ئەترەتلىرى

① ۋىلايەتلىك تۆمۈر خىمىيە بىرلەشمە زاۋۇتى ئاپتوموبىل ئەترىتى. 1990- يىلى، بۇ ئەترەتتە 70 دانە ھەر خىل ئاپتوموبىل بولۇپ، ئومۇمىي توننا ئىقتىدارى 325.5 توننا، ئىككى چوڭ ئاپتوبۇس، 70 كىشىلىك ئورۇندۇق، 100 ئىشچى- خىزمەتچىسى بار بولۇپ، يىللىق توشۇش مىقدارى 189 مىڭ توننا بولدى.

② قۇمۇل ۋىلايەتلىك پولات زاۋۇتىنىڭ ئاپتوموبىل ئەترىتى. 1990- يىلدىكى ئاپتوموبىلى 52، بۇنىڭدىن 12 سى «شەرق شامىلى»، سەككىزى «ۋۇشىلىڭ»، 30 ى «ئازاد»، ئىككىسى «شىنجاڭ» ماركىلىق بولۇپ، ئومۇمىي توننا ئىقتىدارى 240.5 توننا. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 78 ئورۇندۇقلۇق ئىككى چوڭ ئاپتوبۇسى بار، يىللىق ترانسپورت مىقدارى 36 مىڭ 200 توننا، ئوبوروت مىقدارى 9 مىليون 118 مىڭ توننا / كىلومېتىر.

③ ۋىلايەتلىك تۆمۈر خىمىيە زاۋۇتىنىڭ ئاپتوموبىل ئەترىتى. 1990- يىلدىكى ئاپتوموبىلى 34 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ياپونىيىنىڭ «ۋۇشىلىڭ» ئاپتوموبىلىدىن 20 سى، «شەرق شامىلى» ئاپتوموبىلىدىن تۆتى، «ئازاد» ماركىلىق ئاپتوموبىلىدىن بەشى، چوڭ ئاپتوبۇستىن بىرى بولۇپ، ئومۇمىي توننا ئىقتىدارى 240 توننىدىن ئاشتى، يىللىق يۈك ترانسپورت ئوبوروت مىقدارى 6 مىليون 758 مىڭ توننا كىلومېتىر.

④ يامانسۇ كان ئاپتوموبىل ئەترىتى. 1990- يىلى، بۇ ئەترەتنىڭ كاندا ئىشلىتىدىغان يۈك- يولۇچى توشۇيدىغان، سۇ چاچىدىغان، ماي توشۇيدىغان (باكلىق) ئاپتوموبىل ۋە كرانلىرى بولۇپ، جەمئىي 83 ماشىنىسى بار بولدى. يىللىق توشۇش مىقدارى 284 مىڭ توننا، ئوبوروت مىقدارى 816 مىڭ 400 توننا كىلومېتىر.

⑤ ئاراتۇرۇك ھەربىي ئات فېرمىسى ئاپتوموبىل لىيەنى. 1990- يىلدىكى ئاپتوموبىلى 40، يىللىق توشۇش مىقدارى 70 مىڭ توننا.

⑥ قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسىنىڭ ئاپتوموبىللىرى. 1990- يىلى، قۇمۇل تۆمۈريولغا تەۋە بولغان بېكەت، ئۆچاستكا، قۇرۇلۇش باشقارمىسى قاتارلىق ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىكى ئورۇنلارنىڭ ئاپتوبۇس، يۈك ئاپتوموبىللىرى 600 نەچچە بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل چېگرىسى ئىچىدىكى بېكەت، ئۆچاستكا، پونكىتلاردىكىسى 320 دىن ئاشتى.

(11) باشقىلار. 1990- يىلى 2- ئېلېكتر ئىستانسىسى، تاشيول باش ئۆچاستكىسى، گېئولوگ 704- ئەترىتى، گېئولوگ 6- چوڭ ئەترىتى، قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانى، كان ئىشلىرى ئىدارىسى (تەمىنلەش باشقارمىسى، 1- كان قۇرۇلۇش- قۇراشتۇرۇش باشقارمىسى، تۆرمۈش مۇلازىمەت شىركىتى، ئۈستى ئوچۇق كۆمۈر كان)، ۋىلايەتلىك سېمونت زاۋۇتى قاتارلىق زاۋۇت- كارخانىلاردا چوڭ يۈك ئاپتوموبىلىدىن 274 ى، چوڭ- كىچىك ئاپتوموبىلدىن 32 سى بار بولدى.

2) ئاپتوموبىل يۈك ترانسپورتى. مىنگونىڭ 34 ~ 38- يىلىغىچە (1945 ~ 1949- يىلىغىچە) قۇمۇلدىكى «يى شۈنشى»، «تيەنيىفۇ» قاتارلىق دۇكان- سارايلار توققۇز ئاپتوموبىل سېتىۋېلىپ، كۆپىنچە لەنجۇ بىلەن ئۈرۈمچى ئارىلىقىدا قاتنىدى، قۇمۇلدىكى سودا دۇكانلىرىنىڭ كۈندىلىك ملىچماللىرىنى توشۇپ بەردى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن قۇمۇل بىلەن باركۆلنىڭ مال ترانسپورتىدا يەنىلا ئات- ئۇلاغ كۈچى ئاساس قىلىندى. ترانسپورت مىقدارى قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ترانسپورت ئومۇمىي

مىقدارىنىڭ 80% ىنى ئىگىلىدى. كېيىن تەدرىجىي ئازلاپ، 1970- يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، شەھەر، بازارلاردىكى ئات- ئۇلاغ ترانسپورتى ئاساسەن توختىدى. 1957- يىل 8- ئاينىڭ 1- كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ترانسپورت ئىدارىسى 4- ئاپتوموبىل ئەترىتى قۇمۇلغا كېلىپ ئورۇنلاشتى، ئەينى چاغدا ئۇلاردا 200 گە يېقىن زىل ماشىنا بولۇپ، ئاساسلىقى تۆمۈريول قۇرۇلۇشىنى ئۈستىگە ئالدى. ئاندىن قالسا قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ سانائەت، كان قۇرۇلۇشى ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ياردەم بەردى. شۇ يىلى بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 5- شى ئاپتوموبىل لىيەندە چوڭ- كىچىك يۈك ئاپتوموبىلدىن 20 نەچچىسى بولۇپ، قۇمۇل بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش سىستېمىسىدىكى ئاساسلىق ترانسپورت كۈچى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا قۇمۇلنىڭ تاشقى سودا، سودا، مۇھىم زاۋۇت، كانلىرىدا جەمئىي 20 دىن كۆپرەك يۈك ئاپتوموبىلى بار ئىدى. 1958- يىلى، يۈك ئاپتوموبىللىرىغا كوزۇپ چېتىلىپ، توشۇش مىقدارى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇلدى.

1980- يىللارغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ترانسپورتنى ئاساس قىلغان دۆلەت، كوللېكتىپ، يەككە ترانسپورت تەڭ تەرەققىي قىلغان چوڭ ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. 1988- يىلغىچە، ۋىلايەت بويىچە چوڭ- كىچىك يۈك ئاپتوموبىلى جەمئىي 2182 گە، يىللىق ترانسپورت مىقدارى 300 مىڭ توننىغا، ئوبوروت مىقدارى 8 مىليون 705 مىڭ 800 توننا – كىلومېتىرغا يەتتى. 1990- يىلى، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ يۈك ترانسپورت مىقدارى 1 مىليون 569 مىڭ 700 توننىغا، ئوبوروت مىقدارى 159 مىليون 991 مىڭ 500 توننا – كىلومېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە قاتناش ترانسپورت تارماقلىرىنىڭ يۈك- ترانسپورت مىقدارى تەخمىنەن 30% نى ئىگىلىدى.

**قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1980 ~ 1990- يىلغىچە ئاپتوموبىلدا يۈك توشۇش مىقدارى**

جەدۋەل: 12 – 9

| يىل | جەمئىي | | قاتناش تارماقلىرى | | ئىجتىمائىي تارماقلار | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | توشۇش مىقدارى (تۈمەن توننا) | ئوبوروت مىقدارى (تۈمەن توننا- كىلومېتىر) | توشۇش مىقدارى (تۈمەن توننا- كىلومېتىر) | ئوبوروت مىقدارى (تۈمەن توننا- كىلومېتىر) | توشۇش مىقدارى (تۈمەن توننا) | ئوبوروت مىقدارى (تۈمەن توننا- كىلومېتىر) |
| 1980 | 51.1 | 2689 | 10.33 | 1040.42 | 40.77 | 1649 |
| 1981 | 54.71 | 2824 | 7.25 | 692.56 | 47.46 | 21320 |
| 1982 | 58.03 | 3245 | 9.24 | 1155.67 | 48.79 | 2088.45 |
| 1983 | 57.59 | 3301 | 14.51 | 1742.52 | 43.08 | 1558 |
| 1984 | 63.63 | 3783 | 15.12 | 2051.49 | 48.24 | 1738.61 |
| 1985 | 65.05 | 4820 | 14.44 | 2093.96 | 54.61 | 2727 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1986 | 72.85 | 4656 | 15.39 | 2485 | 57.46 | 2170 |
| 1987 | 74.87 | 5320 | 16.26 | 2237.92 | 58.61 | 3082 |
| 1988 | 82.62 | 5745 | 15.32 | 2622.6 | 67.3 | 3122 |
| 1989 | 158.31 | 9954 | 16.1 | 2509 | 142.21 | 7444.86 |
| 1990 | 156.97 | 15999 | 16.27 | 2676.4 | 140.70 | 13322.6 |

(1) **ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتىنىڭ يۈك توشۇش ئەھۋالى.** ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتى ۋىلايىتىمىز ئاپتوموبىل ترانسپورتىدىكى ئاساسلىق ئورۇن بولۇپ، 1965- يىلى 100 دىن ئارتۇق ئاپتوموبىلى بار ئىدى. يىللىق ترانسپورت مىقدارى 170 مىڭ توننا بولۇپ، ۋىلايىتىمىز ئاپتوموبىل ترانسپورت ئومۇمىي مىقدارىنىڭ تەخمىنەن 70% ىنى ئىگىلەيتتى. 1986- يىلى 117 مىڭ توننا يۈك ترانسپورت ۋەزىپىسى، 1 مىليون 503 مىڭ توننا ـ كىلومېتىر ئوبوروت ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى.

(2) **شەھەر، ناھىيىلەرنىڭ ئاپتوموبىل بىلەن يۈك توشۇش ئەھۋالى.** 1978 ~ 1988- يىلغىچە، قۇمۇل شەھىرىنىڭ ئاپتوموبىل يۈك توشۇش مىقدارى يىلىغا 23 مىڭ 800 توننا، يىللىق ئوبوروت مىقدارى 1 مىليون 185 مىڭ 600 توننا ـ كىلومېتىر بولدى. 1990- يىلىغا قەدەر، قۇمۇل شەھىرىدىكى ئاساسلىق زاۋۇت- كانلار ۋە قاتناش تارماقلىرىنىڭ يۈك توشۇش مىقدارى جەمئىي 32 مىڭ توننا، ئوبوروت مىقدارى 1 مىليون 504 مىڭ 500 توننا ـ كىلومېتىر بولدى.

1990- يىلى باركۆل ناھىيىلىك قاتناش- ترانسپورت تارماقلىرىنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ ترانسپورت ئومۇمىي مىقدارى 88 مىڭ 400 توننا بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قاتناش تارماقلىرىنىڭ يۈك توشۇش مىقدارى 56 مىڭ توننا، ناھىيە، رايون ھالقىغان توشۇش مىقدارى 32 مىڭ 400 توننا بولدى.

1990- يىلى ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك قاتناش ترانسپورت تارماقلىرىنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ ترانسپورت ئومۇمىي مىقدارى 31 مىڭ 800 توننا بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قاتناش تارماقلىرىنىڭ توشۇش مىقدارى 8000 توننا، ناھىيە، رايون ھالقىغان توشۇش مىقدارى 1300 توننا، ترانسپورت ئوبوروت مىقدارى 1 مىليون 290 مىڭ توننا ـ كىلومېتىر بولدى.

(3) **يولۇچى توشۇش ترانسپورتى.** 20- ئەسىرنىڭ 40- يىللىرىدا قۇمۇل لەنجۇ ـ شىنجاڭ تاشيولى شىنجاڭغا كىرىپ- چىقىشتىكى مۇھىم بېكەتكە ئايلىنىپ، ئاپتوموبىل بىلەن يولۇچى توشۇش جانلىنىشقا باشلىدى. شىنجاڭ ـ سۇيىيۇەن ئاپتوموبىل شىركىتى، غەربىي شىمال تاشيول ئىدارىسى ۋە شىنجاڭ 6- رايون ئىدارىسى ترانسپورت باشقارمىسى قۇمۇلدا ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ يولۇچى توشۇشنى يولغا قويدى. 1950- يىلى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ترانسپورت شىركىتى قۇمۇلدا بېكەت تەسىس قىلىپ، يولۇچى توشۇش ترانسپورتىنى يولغا قويۇپ، ئاساسلىقى ئۈرۈمچى، جيۇچۈەنگە قاتنىدى. 1956- يىلدىن كېيىن باركۆل ـ ئاراتۈرۈك نۆۋەتچى ئاپتوموبىل لىنىيىسىنى ئاچتى،

1959- يىلى 6- ئايدا قۇمۇل ۋىلايەتلىك يولۇچى توشۇش بېكىتى قۇرۇلۇپ، 1965- يىلى ۋىلايەتتىكى يولۇچى توشۇش لىنىيىسى يەتتىگە، ئومۇمىي مۇساپىسى 500 نەچچە كىلومېتىرغا، يىللىق توشۇش مىقدارى 23 مىڭ ئادەم (قېتىم) غا يەتتى.

1980- يىللاردا قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ يولۇچى توشۇش ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلدى. يولۇچى توشۇش ئىشلىرىنى دۆلەت، كوللېكتىپ، يەككىلەردىن ئىبارەت كۆپ قاتلام تەرەققىي قىلدۇرۇشتەك چوڭ ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. 1988- يىلى، ۋىلايەت بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يولۇچى توشۇش ئورۇنلىرىنىڭ ئاپتوبۇسى 62 (يولۇچى توشۇش ئىقتىدارى 2360 ئورۇندۇق) گە، يولۇچى توشۇش لىنىيىسى 34 كە يېتىپ، ئومۇمىي مۇساپىسى 3800 كىلومېتىر (قايتىلانغان لىنىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دىن ئاشتى. 1990- يىلى، ۋىلايەتتىكى چوڭ تىپلىق ئاپتوبۇس 160 قا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەككە ئىگىلىكتىكى چوڭ ئاپتوبۇس ئۈچ، كىچىك يولۇچى- يۈك ئاپتوموبىلى 47 بولۇپ، يىللىق توشۇش مىقدارى (يەككە ئىگىلىكتىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) 1 مىليون 560 ئادەم (قېتىم) غا، ئوبوروت مىقدارى 85 مىليون 80 مىڭ ئادەم – كىلومېتىرغا يەتتى. 1980 ~ 1985- يىلغىچە، ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ سەككىز يېڭى لىنىيە قوشۇلدى ھەمدە قۇمۇلدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان ۋىلايەت، شەھەر ھالقىغان يولۇچى توشۇش نۆۋەتچى ئاپتوموبىل لىنىيىسى ئېچىلدى، ئومۇمىي توشۇش مۇساپىسى 2500 كىلومېتىردىن ئاشتى.

1990- يىلى، ۋىلايەتنىڭ قاتناش ترانسپورت تارماقلىرىدىكى يولۇچى توشۇش ئورۇنلىرىدا 67 ئاپتوبۇس بولۇپ، ئىلگىرى- كېيىن قۇمۇل – ئۈرۈمچى، قۇمۇل – تۇرپان، باركۆل – مورى، قۇمۇل – دۇنخۇاڭ، قۇمۇل – جيۇچۈەندىن ئىبارەت ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2000 كىلومېتىردىن ئاشىدىغان ئۆلكە، رايون ئاتلىغان يولۇچى توشۇش لىنىيىسى ئېچىلدى.

1) شىنجاڭ – سوۋيۈەن ئاپتوموبىل شىركىتى. مىنگونىڭ 22- يىلى (1933- يىلى) قۇمۇلدىن ئىچكى موڭغۇلنىڭ كۆكخوتقا نۆۋەتچى ئاپتوموبىل قاتنىدى. بۇ، قۇمۇلدا ئەڭ بۇرۇن بارلىققا كەلگەن يولۇچى ئاپتوموبىل ترانسپورتىدۇر. ئەڭ دەسلەپتە نۆۋەتچى ئاپتوموبىل ئۈرۈمچىگە قاتنايتتى، كېيىن ئۇرۇش مالىمانچىلىقى تۈپەيلىدىن قاتناش توختاپ قالدى. قۇمۇل باش بېكەت ۋە ئاخىرقى بېكەت بولۇپ قالدى. ھەر ئايدا ئىككى نۆۋەتچى ئاپتوموبىل بىر- بىرىگە قارشى قاتنىدى، قىشلىقى توختاپ قالدى. 1934- يىل 10- ئايدىن 1935- يىل 8- ئايغىچە قۇمۇلغا كىرىپ- چىققىدىغان 389 ئادەم (قېتىم) يولۇچى توشۇدى.

2) قۇمۇل ترانسپورت بېكىتى. 1950- يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتى قۇمۇلدا ترانسپورت بېكىتى تەسىس قىلىپ، لەنجۇ – شىنجاڭ تاشيولىنىڭ قۇمۇلدىن ئۈرۈمچىگە، قۇمۇلدىن جيۇچۈەنگە قاتنايدىغان يولۇچى توشۇش لىنىيىسىنى ئاچتى. ھەر ئايدا بىر- بىرىگە قارشى ئۈچ قېتىم قاتنىدى. قۇمۇلدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان 599 كىلومېتىر يولغا بەش كۈن سەرپ قىلدى. ھەر ئاينىڭ 8-، 18-، 28- كۈنلىرى قۇمۇلدىن ئۈرۈمچىگە، 3-، 13-، 23- كۈنلىرى ئۈرۈمچىدىن قۇمۇلغا قاتنىدى. قۇمۇلدىن جيۇچۈەنگە بولغان 654 كىلومېتىر يولغا ئالتە كۈن سەرپ قىلدى. ھەر ئاينىڭ 9-، 19-، 29- كۈنلىرى قۇمۇلدىن جيۇچۈەنگە، 5-، 15-، 25- كۈنلىرى قۇمۇلغا قاتنىدى.

3) ۋىلايەتلىك يولۇچى توشۇش بېكىتى. 1959- يىلى، قۇمۇل ترانسپورت بېكىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قۇمۇل يولۇچى توشۇش بېكىتى قۇرۇلدى. ئەينى چاغدا، بۇ بېكەت ئاپتوموبىل بېكىتى دەپمۇ

ئاتالدى، بارىكۆل ترانسپورت بېكىتى، ئاراتۇرۇك يولۇچىلار ۋاكالەت بېكىتى ۋە ئامداۋان قونالغۇ بېكىتى بۇ بېكەتنىڭ قارمىقىدا بولدى. 1960- يىلى، قۇمۇل يولۇچى توشۇش بېكىتى ۋىلايەتلىك قاتناش ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1963- يىلى، ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل ئەترىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى. 1964- يىل 6- ئايدىن ھازىرغا قەدەر، ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولماقتا.

1990- يىلغا كەلگەندە، بۇ بېكەتنىڭ ئاپتوبۇسى 47 گە، ئومۇمىي ئورۇندۇقى 1880 گە، تىجارەت ترانسپورت لىنىيىسى 24 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلكە، رايون ھالقىغان لىنىيە تۆت، ئومۇمىي مۇساپىسى 3474 كىلومېتىر. 3020 كۋادرات مېتىر چوڭلۇقتىكى يېڭىدىن سېلىنغان يولۇچىلار كۈتۈش بىناسى ئىشلىتىلىشكە كىرىشتۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە كۈتۈش زالىنىڭ كۆلىمى 1000 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 1000 غا يېقىن يولۇچى سىغدۇ. شۇ يىللىق يولۇچى توشۇش مىقدارى 896 مىڭ ئادەم (قېتىم)، ئوبوروت مىقدارى 61 مىليون 690 مىڭ ئادەم – كىلومېتىر بولۇپ، 256 مىڭ 700 يۈەن پايدا يارىتىش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇردى ۋە قاتناش مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «مەملىكەتلىك تاشيولدا يولۇچى توشۇش بويىچە ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئورۇن» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

**قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1976 ~ 1990- يىلغىچە يولۇچى توشۇش مىقدارى**

جەدۋەل: 12 – 10

| تۈرلەر / يىل | ئاپتوبۇس سانى (دانە) | ئومۇمىي ئورۇندۇق سانى (دانە) | يولۇچى توشۇش مىقدارى (تۈمەن ئادەم / قېتىم) | يولۇچى توشۇش ئوبوروت مىقدارى (تۈمەن ئادەم / كىلومېتىر) | ئىزاھ |
|---|---|---|---|---|---|
| 1976 | 16 | 640 | 13.24 | 1135.32 | جەمئىيەتتىكى ئىدارىلەرنىڭ مەخسۇس ئاپتوموبىللىرى ۋە شەھەر رايونىدىكى ئاممىۋى ئاپتوموبىللارنىڭ يولۇچى توشۇش مىقدارىنى تۈز ئىچىگە ئالمايدۇ |
| 1977 | 18 | 720 | 16.53 | 1342.53 | |
| 1978 | 23 | 920 | 19.80 | 1596.70 | |
| 1979 | 25 | 1000 | 23.23 | 1523.40 | |
| 1980 | 30 | 1200 | 23.53 | 1629.53 | |
| 1981 | 32 | 1280 | 41.42 | 2023.31 | |
| 1982 | 32 | 1280 | 62.34 | 2958.43 | |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 1983 | 30 | 1200 | 73.67 | 3767.57 | |
| 1984 | 35 | 1400 | 79.25 | 4249.37 | |
| 1985 | 36 | 1440 | 118.37 | 6142.83 | |
| 1986 | 45 | 1800 | 142.53 | 7140.47 | |
| 1987 | 46 | 1840 | 1162.12 | 8120.79 | |
| 1988 | 62 | 2360 | 170.34 | 8972.31 | |
| 1990 | 160 | | 156.00 | 8508 | |

ئىزاھ: 1990- يىلىدىكى يولۇچى ئاپتوموبىللىرى خۇسۇسىي ئاپتوموبىللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. توشۇش مىقدارى دۆلەت ئىلكىدىكىلەرنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

4) باركۆل ناھىيىسىنىڭ يولۇچىلار قاتنىشى. 1949 ~ 1955- يىلىغىچە، باركۆل ناھىيىسىگە قاتنايدىغان يولۇچىلار كۆپىنچە ئات، تۆگىلەرگە تايىناتتى. 1956- يىلى باركۆل ترانسپورت بېكىتى قۇمۇل – باركۆل لىنىيىسىدە يولۇچىلار قاتنىشىنى يولغا قويدى. ھەر ھەپتىدە ئىككى قېتىم قاتناپ، قىشلىقى توختىتىپ قويۇلدى. يىللىق يولۇچى توشۇش مىقدارى 4000 ئادەم (قېتىم) دىن ئارتۇق بولدى. 1976- يىلى، باركۆل ناھىيىلىك ترانسپورت شىركىتى يولۇچى قاتنىشىنى يولغا قويۇپ، شۇ يەردىكى ناھىيە، يېزا تاشيوللىرىدا يولۇچى قاتنىشى بىلەن شۇغۇللاندى. 1989- يىلى بۇ شىركەت يولۇچىلار بېكىتى نامىنى رەسمىيلەشتۈرۈپ، يولۇچى توشۇش مىقدارىنى 826 مىڭ 600 ئادەم (قېتىم) غا، يولۇچى توشۇشتىن كىرگەن ئومۇمىي كىرىمنى 713 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈپ، يولۇچى توشۇشتا ئەڭ ياخشى نەتىجە ياراتتى. 1990- يىلى بۇ ناھىيىدە بار ئاپتوبۇس 18 گە، ئورۇندۇقى 830 غا، يولۇچى توشۇش لىنىيىسى 14 كە، ئومۇمىي مۇساپىسى 800 كىلومېتىردىن ئارتۇقراققا يەتتى. بۇ 1988- يىلى يولغا قويغان ناھىيە بازىرىدىن مورىغا بارىدىغان رايون، ناھىيە ئاتلىغان يولۇچىلار قاتنىشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ بېكەت شۇ يىلى تىجارەت ترانسپورت ئومۇمىي كىرىمىنى 843 مىڭ يۈەنگە، پاراتقان پايدىسىنى 66 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈپ، ۋىلايەتتىكى كەسىپداشلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى.

5) ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ يولۇچىلار ترانسپورتى. 1959- يىلى، قۇمۇل يولۇچىلار بېكىتى ئاراتۈرۈكتە ۋاكالەت بېكەت قۇرۇپ، ئاراتۈرۈكتىن قۇمۇلغىچە بولغان يولۇچىلار خىزمىتىنى باشقۇردى. يىللىق توشۇش مىقدارى 2000 ئادەم (قېتىم) دىن كۆپرەك بولدى. 1976- يىلى، ئاراتۈرۈك ناھىيە بازىرىدىن نومىغا بارىدىغان نۆۋەتچى ئاپتوبۇسنى يولغا قويدى. 1984- يىلدىن كېيىن يەنە ناھىيە بازىرىدىن بايغا بارىدىغان تاق مۇساپىسى 48 كىلومېتىرلىق يولۇچى توشۇش لىنىيىسىنى ئاچتى. 1990- يىلى، بۇ ناھىيىدە

ناھىيەدىن يېزىلارغا قاتنايدىغان يولۇچىلار ترانسپورت لىنىيىسى ئۈچكە، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 189 كىلومېتىرغا، چوڭ- كىچىك ئاپتوبۇس بەشكە، ئاساسلىق بېكەت- نۇقتا سەككىزگە، يىللىق يولۇچى توشۇش مىقدارى 31 مىڭ 900 ئادەمگە، ئوبوروت مىقدارى 2 مىليون 42 مىڭ 300 ئادەم ـ كىلومېتىرغا يەتتى.

6) **قۇمۇل شەھەرلىك ئاممىۋى ئاپتوبۇس شىركىتى.** بۇ شىركەت 1977- يىلى قۇرۇلدى. شۇ چاغدا 27 ئىشچى- خىزمەتچىسى، 13 ئاپتوبۇسى، شەھەر ئىچىدە يولۇچى توشۇيدىغان ئۇزۇنلۇقى 10 كىلومېتىر كېلىدىغان ئىككى لىنىيىسى بار ئىدى. يىللىق يولۇچى توشۇش مىقدارى 10 مىڭدىن ئاشاتتى. 1984- يىلىدىن كېيىن، شەھەر رايونى سىرتىدا ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 300 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان تۆت يولۇچى توشۇش لىنىيىسىنى ئاچتى.

1990- يىلى، ئومۇمىي ئاپتوموبىل سانى 19 غا، ئورۇندۇقى 618 گە، شەھەر رايونىنىڭ ئىچى- سىرتىدىكى يولۇچى توشۇش لىنىيىسى يەتتىگە، تاق مۇساپىسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 329 كىلومېتىرغا يەتتى.

**4. كوللېكتىپ، يەككە ترانسپورت**

1) **كوللېكتىپ ترانسپورت.** 1952- يىلىدىن كېيىن، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ كوللېكتىپ ترانسپورتى تەدرىجىي تەرەققىي قىلدى. كۆپىنچىسى ئات- ئۇلاغنى ئاساس قىلىپ، شەھەر- يېزىلاردا قىسقا يوللۇق ترانسپورت بىلەن شۇغۇللاندى. 1952 ~ 1957- يىللىرىغىچە، قۇمۇل، باركۆلدە ناھىيىگە قاراشلىق كوللېكتىپ خاراكتېرىدىكى ترانسپورت ھەمكارلىق كوپېراتىپى (ئەترەتلىرى) ئىلگىرى- كېيىن قۇرۇلدى. ئۇلاردا 120 ئات- ئۇلاغ ھارۋىسى، 1350 نەچچە تۆگە، ئات، كالا قاتارلىق ئات- ئۇلاغ، 340 نەچچە خادىم بار ئىدى. 1969- يىل 9- ئايدا قۇمۇل ۋىلايىتىدە تۇرۇشلۇق زاۋۇت، كان، كارخانىلار ۋە شەھەر، بازارلاردىكى ئاھالىلەر كومىتېتلىرى جەمئىيەتتىكى زىيالىي ياشلار ۋە ئائىلە تاۋابىئاتلارنى ئاساس قىلغان «7- ماي ترانسپورت ئەترىتى» قاتارلىق كوللېكتىپ ترانسپورت تەشكىلاتلىرىنى ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ قۇردى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى كالا، ئېشەك ھارۋىلىرى بىلەن شەھەر ئىچى، پويىز ئىستانسىسى، يۈك مەيدانلىرىدا يۈك توشۇش، قاچىلاش- چۈشۈرۈش بىلەن شۇغۇللاندى. 1970- يىللاردىن كېيىن، بۇ «7- ماي» ترانسپورت تەشكىلاتلىرىنىڭ بەزىلىرى تارقىلىپ كەتتى، بەزىلىرى شەھەر، ناھىيىلەردىكى ھەر قايسى سىستېمىلار ۋە ئاھالىلەر رايونىغا قاراشلىق ترانسپورت ئەترىتى بولۇپ شەكىللەندى. ئات- ئۇلاغدىن باشقا، قول تراكتورلارنى، بەزىلىرى يەنە ئاپتوموبىللارنى سېتىۋالدى. 1978- يىلى، ۋىلايەت بويىچە بىر قەدەر چوڭ ترانسپورت تەشكىلاتلىرى تەخمىنەن 30 دىن ئاشاتتى، بۇ تەشكىلاتلارنىڭ كۆپىنچىسى شەھەر- بازارلارغا ۋە شەھەر ئەتراپىغا تارقالغان بولۇپ، بۇلار ئىچىدە قۇمۇل شەھىرىنىڭ كوللېكتىپ ترانسپورت تەشكىلاتلىرى 85% نى تەشكىل قىلدى.

1980- يىلىدىن كېيىن، ترانسپورت كەسپى ئىسلاھ قىلىنىپ قويۇۋېتىلدى. ھەر قايسى شەھەر، ناھىيىلەر ۋە بىڭتۇەن، تۆمۈريول، گېئولوگىيە، كانچىلىق قاتارلىق كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ئارقا- ئارقىدىن ئەمگەك مۇلازىمەت شىركەتلىرىنى قۇرۇپ، زىيالىي ياشلار، ئائىلە تاۋابىئاتلار ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملارنى قوبۇل قىلدى ھەمدە ئۇنى تەدرىجىي كېڭەيتتى. 1985- يىلغا قەدەر، قۇمۇل شەھىرى ۋە

بىگتۆمەن، تۆمۈرىيول سىستېمىسىدا كوللېكتىپ ترانسپورت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار 40 قا، ئاپتوموبىل، تراكتور 200 نەچچىگە، خادىمى 210 غا، يىللىق ترانسپورت مىقدارى 400 مىڭ توننىغا يەتتى.

### 1990- يىلى ۋىلايىتىمىزدىكى ئاساسلىق كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ كوللېكتىپ ترانسپورت كەسپىي بىلەن شۇغۇللىنىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 12 – 11

| تۈرلەر / تەۋەلىكى | | ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق، شەھەر، رايونلارنىڭ | ناھىيىگە قاراشلىقى | تارانچى | بىگتۆمەن | تۆمۈرىيول | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| كوللېكتىپ ترانسپورت ئورۇنلىرىنىڭ سانى | | 38 | 1 | 3 | 8 | 10 | 60 |
| خادىم سانى | | 133 | 2 | 7 | 20 | 38 | 200 |
| ئاساسلىق ترانسپورت قورالى (ماشىنىلار) | ئاپتوموبىل | 38 | 1 | 6 | 7 | 18 | 70 |
| | تراكتور | 94 | 4 | 8 | 12 | 20 | 138 |
| | كورۇيلۇق ئۈچ چاقلىق موتسىكلىت | 8 | 2 | 1 | | 2 | 13 |
| يىللىق توشۇش مىقدارى (تۈمەن توننا) | | 25.5 | 0.08 | 2.30 | 4.20 | 8.6 | 40.68 |

2) يەككە ترانسپورت. مىنگونىڭ 29 ~ 38- يىلى (1940 ~ 1949- يىللىرىغىچە)، قۇمۇلنىڭ قاتناش ترانسپورتى ئات- ئۇلاغ ترانسپورتى ئىدى. پەقەت قۇمۇلدىكى «تيەن يىفۇ»، «يى شۇنشى» قاتارلىق دۇكان- سارايلارنىڭ توققۇز سودا ئاپتوموبىلى بولۇپ، لەنجۇ، ئۈرۈمچى قاتارلىق چوڭ شەھەرلەرگە قاتناپ، قۇمۇلدىكى سودىگەرلەرنىڭ ماللىرىنى توشۇپ بېرەتتى. مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) بارىكۆللۈك سودىگەر لى ۋەنچۈەن، لى ۋەنخەي ئاكا- ئۇكا ئىككىيلەن ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن بىر دادۇجى ئاپتوموبىلى سېتىۋېلىپ، سودا ترانسپورتى بىلەن شۇغۇللاندى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن يەككە سودا ئاپتوموبىللىرىنىڭ بەزىلىرى كوللېكتىپقا كىرگۈزۈلدى، بەزىلىرى دۆلەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى شىركەتكە ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، 1956- يىلى بەزىلىرى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ترانسپورت كارخانىلىرىغا كىرگۈزۈلدى. كېيىن، شەھەر- بازاردا ئاز مىقداردىكى يەككە ئات- ئۇلاغ ترانسپورت ئائىلىلىرى ساقلاپ قېلىندى.

1980- يىلدىن كېيىن، خۇسۇسىي ترانسپورت كەسپى تېز راۋاجلاندى. 1981- يىلى، شەھەر رايونىدا ئۈچ چاقلىق موتسىكلىت بىلەن كىراكەشلىك قىلىدىغانلار بارلىققا كەلدى. 1986- يىلى ۋە 1988- يىللىرى، دېھقانلار باشقۇرۇشىدىكى «ئازاد»، «شەرق شامىلى» ماركىلىق چوڭ ئاپتوبۇسلار ئارقىلىق ئارقىدىن ترانسپورت تىجارىتى قىلىشقا باشلىدى. 1990- يىلى، قۇمۇل شەھەر ئەتراپى يېزىسىدىكى بىر دېھقان

سېتىۋالغان «تيەنجىن» ماركىلىق 15 ئورۇندۇقلۇق ئاپتوبۇس قومۇل، ساقا، قاراموقچى ئارىلىقىدا قاتنىدى، 1985 ~ 1987- يىلىغىچە قومۇل شەھىرى ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلاردا 320 دىن ئارتۇق كونا- يېڭى ئاپتوموبىل، 800 دىن ئارتۇق تۆت چاقلىق كىچىك تراكتور ترانسپورت بازىرىغا كىردى. يول ۋە مال مەنبەسى تالىشىدىغان، كىرا ھەققىنى تۆۋەنلىتىدىغان قالايمىقان ۋەزىيەت بىر مەھەل پەيدا بولدى، بۇنداق ۋەزىيەت ئەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق ئوڭشالدى. 1987- يىلدىن كېيىن خۇسۇسىي ئاپتوموبىللار سەل ئازىيىپ، 1990- يىلىغا كەلگەندە، ۋىلايەت بويىچە خۇسۇسىيلار ئىلكىدىكى ترانسپورت ئاپتوموبىللىرى 530 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ يۈك ئاپتوموبىلى 331، چوڭ ئاپتوبۇس ئۈچ، كىچىك يۈك ئاپتوموبىلى 26، كىچىك ئاپتوبۇس 38، قول تراكتورى 107، باشقىلىرى 25.

4. تراكتور ترانسپورتى

1) ئومۇمىي ئەھۋال: 1955- يىلى، قومۇل بىگتۇەن بېزا ئىگىلىك 5- شىسىدىكى ھەر قايسى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدا ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىش لېيەنى ۋە تراكتورچىلار ئەترەتلىرى ئىلگىرى- كېيىن قۇرۇلدى، ئۇلاردا جەمئىي زىت، بودكىس 30، T28 تىپلىق رېزىنكە چاقلىق تراكتوردىن 20 دىن ئارتۇقى بار بولۇپ، دېھقانچىلىقنىڭ بوش ۋاقىتلىرىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى توشۇش بىلەن شۇغۇللاندى. 1963- يىلدىن كېيىن، قومۇل ۋىلايىتىدىكى ھەر قايسى ناھىيە ۋە دۆلەت ئىلكىدىكى يەرلىك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈمەن- مەيدانلىرىمۇ ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ تراكتور پونكىتى ۋە ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىش ئەترىتى قۇرۇپ، بىر قىسىم تراكتورلارنى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرىنى توشۇشقا قاتناشتۇردى. 1968- يىلى، شەھەر، بازارلاردىكى ئات- ئۇلاغ ترانسپورت ئەترەتلىرى ۋە ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ كوللېكتىپ ترانسپورت ئورۇنلىرى ئاز ساندا تۆت چاقلىق كىچىك تراكتور ۋە قول تراكتورى سېتىۋېلىپ، شەھەر- بازارلاردا قىسقا يوللۇق ترانسپورت بىلەن شۇغۇللاندى. 1970- يىلى ھەر قايسى ناھىيىلەردىكى تراكتور پونكىتلىرىنىڭ ئادەملىرى بىلەن تراكتورلىرى گۇڭشېلارغا چۈشۈرۈۋېتىلدى. بەزى گۇڭشې، مەيدانلارنىڭ چوڭ- ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتورلىرى كۆپەيدى. چاتما كوزۇپ سۆرىگەنلىكى، دىزېل ماي ياققانلىقى، تەننەرخى تۆۋەن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

1980- يىللىرى كىرگەندىن كېيىن، زور بىر تۈركۈم كوللېكتىپ ۋە يەككە تراكتور ترانسپورتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار بارلىققا كەلدى. شەھەر- يېزىلاردا بەس- بەس بىلەن كىچىك تراكتور سېتىۋېلىپ كىرا قىلدى، بەزىلىرى يىل بويى مۇشۇ كەسىپ بىلەن تىرىكچىلىك قىلدى. بەزىلىرى دېھقانچىلىقنىڭ بوش ۋاقىتلىرىدا شەھەرگە كىرىپ يۈك ۋە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى توشۇش بىلەن شۇغۇللاندى. تولۇقسىز ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1988- يىلى ۋىلايەتنىڭ يېزا- بازارلىرىدا 1000 غا يېقىن تراكتور يىل بويى ترانسپورت بىلەن شۇغۇللانغان، يىللىق ترانسپورت مىقدارى 200 مىڭ توننا بولغان. 1990- يىلدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى نازارەت قىلىش- باشقۇرۇش تارماقلىرى ۋە ترانسپورتنى باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، ۋىلايىتىمىزدە 3200 دەك تراكتور ترانسپورتقا قاتناشقان، بۇنىڭ ئىچىدە تۆت چاقلىق كىچىك تراكتور تەخمىنەن 80% نى، يېزىلاردا تەخمىنەن 85% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىگەن. پالۋانتۇر شىنخۇ ئەترىتىدە ئائىلە بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 0.87 دىن تراكتور توغرا كېلىپ، خېلى كۆپ ئائىلىلەر بېيىپ قالغان.

2) توشۇش مىقدارى. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1988- يىلى، ۋىلايەتتىكى ترانسپورتقا قاتناشقان

تراكتورلارنىڭ يىللىق توشۇش مىقدارى 600 مىڭ توننىدىن كۆپرەك بولغان، توشۇلغان يۈكنىڭ كۆپىنچىسى شېغىل- تاش، خىش- كېسەك، سېمونت، پولات ماتېرىياللىرى، ياغاچ ماتېرىياللىرى قاتارلىق ئاساسىي قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، ئاندىن قالسا ئاشلىق، كۆمۈر، خىمىيۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىلىرى قاتارلىقلار.

1990- يىلى توشۇش مىقدارى 800 مىڭ توننىدىن ئاشتى. شەھەر- بازارلاردىكى توشۇش مىقدارى ئاران 35% نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە يەككە تراكتورلارنىڭ توشۇش مىقدارى 202 مىڭ 800 توننا، ھەر ئايلىق توشۇش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان تراكتورلار 100 دىن ئارتۇق بولدى.

## §6. تاشيول قاتنىشىنى باشقۇرۇش

### 1. مەمۇرىي باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى

1) قۇمۇل ۋىلايەتلىك قاتناش باشقارمىسى. 1960- يىل 2- ئايدا ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىدە قاتناش ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، ۋىلايەتنىڭ قاتناش ترانسپورتىنى ئومۇمىيۈزلۈك باشقۇردى. 1960 ~ 1962- يىللىرىغىچە، قۇمۇل خەلق ئاۋتوئاتسىيە پونكىتىمۇ قۇمۇل ۋالىي مەھكىمىسى قاتناش ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى. 1974- يىل 11- ئايدا ۋالىي مەھكىمىسىدە سانائەت قاتناش ئىدارىسى تەسىس قىلىندى. 1981- يىل 4- ئايدا ۋىلايەتلىك ئىقتىسادىي كومىتېت قۇرۇلۇپ، قارمىقىدا قاتناش بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. 1985- يىل 8- ئايدا قاتناش بۆلۈمى ئايرىلىپ چىقىپ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك قاتناش ترانسپورت باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1986- يىل 12- ئايدا نامى قاتناش باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلدى. ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتى، ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل چوڭ رېمونت زاۋۇتى، ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى شىركىتى، ۋىلايەتلىك ترانسپورت باشقۇرۇش باش پونكىتى، قۇمۇل تاشيول باش ئۆچاستكىسى، قۇمۇل قاتناش ھەققى يىغىش- تەكشۈرۈش پونكىتى، قۇمۇل قاتناشنى نازارەت قىلىش- باشقۇرۇش بۆلۈملىرىمۇ ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

2) شەھەرلىك، ناھىيىلىك قاتناش ئىدارىلىرى. قۇمۇل شەھىرى، باركۆل ناھىيىسى، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرىدە 1986- يىل 11- ئايدا ئايرىم- ئايرىم ھالدا قاتناش ئىدارىسى قۇرۇلدى. ھەر قايسى ناھىيىلەردە قاتناش ئىدارىسى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، قاتناش مەمۇرىيىتىنى باشقۇرۇشقا سانائەت- قاتناش بۆلۈمى ياكى ئىقتىساد كومىتېتى مەسئۇل بولدى.

### 2. ترانسپورت بازارلىرىنى باشقۇرۇش

1980- يىللاردىن ئىلگىرى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ تاشيول يۈك ترانسپورتى ۋە خەلق ترانسپورتىنى مەخسۇس باشقۇرىدىغان ئاپپارات قۇرۇلمىغان ئىدى. بۇ خىزمەتنى سانائەت- قاتناش تارماقلىرى ۋە قاتناش پونكىتلىرى قوشۇمچە باشقۇراتتى. 1980- يىللاردا ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيىلەردە تاشيول ترانسپورت بازىرىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى قۇرۇلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. يولۇچى- يۈك ترانسپورتى، ئاپتوموبىل رېمونتچىلىقى ۋە تراكتور، ئۇلاغ ھارۋىسى قاتارلىق قىسقا مۇساپىلىق توشۇش، قاچىلاش، چۈشۈرۈش ئىشلىرىغا قارىتا ئومۇمىيۈزلۈك باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى ھەمدە جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارەتچىلىكى، سودا- سانائەت تارماقلىرىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن، يوللاردا يۈك ترانسپورتىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى يولغا قويۇلدى.

بۇنىڭ بىلەن ترانسپورت بازىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى تەدرىجىي ھالدا قانۇنلىشىش، تۈزۈملىشىش، قېلىپلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى.

1980- يىل 2- ئايدا قۇمۇل ۋىلايەتلىك يۈك ترانسپورتىنى باشقۇرۇش پونكىتى قۇرۇلدى. 1984- يىل 1- ئايدا نامى قۇمۇل ۋىلايەتلىك يۈك ترانسپورتىنى باشقۇرۇش باش پونكىتىغا، كېيىن يەنە تاشيول ترانسپورت بازارلىرىنى باشقۇرۇش باش پونكىتىغا ئۆزگەرتىلدى. بۇ كەسپىي ئورۇن بولۇپ 1990- يىلدىن باشلاپ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك تاشيول ترانسپورتىنى باشقۇرۇش پونكىتى دەپ ئاتالدى. 1989 ~ 1990- يىلىغىچە، ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتى ۋە دۆلەت قاتناش مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «ترانسپورت باشقۇرۇشتىكى ئىلغار ئورۇن» بولۇپ باھالاندى. 1990- يىلى، بارىكۆل ئاراتۈرۈك، تارانچى ئۈچ ئاساسىي قاتلام ترانسپورت باشقۇرۇش پونكىتى باش پونكىتنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى (قۇمۇل شەھەرلىك ترانسپورت باشقۇرۇش پونكىتى 1985- يىل 3- ئايدا ترانسپورت باش پونكىتىغا قوشۇۋېتىلگەن ئىدى).

3. يول ئاسراش ھەققىنى يىغىش ۋە چىقىم قىلىش

1987- يىل 9- ئاينىڭ 2- كۈنى ۋىلايەتتە قۇمۇل قاتناش ھەققى يىغىش- تەكشۈرۈش ئورنى قۇرۇلدى، بۇ ئورۇن ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتىگە قاراشلىق بولدى، قارمىقىدا قۇمۇل، بارىكۆل، ئاراتۈرۈك، تارانچى قاتارلىق تۆت قاتناش ھەققىنى يىغىش- تەكشۈرۈش پونكىتى تەسىس قىلىندى. كېيىن يەنە شىڭشىڭشيا قاتناش ھەققىنى يىغىش- نازارەت قىلىش پونكىتى قۇرۇلدى، «ئىككى خىل ھەق» يىغىشقا تېگىشلىك قالدۇرماي يىغىۋېلىندى. 1989- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 8 مىليون 150 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق يول ئاسراش ھەققى يىغىلدى. 1990 ~ 1991- يىلىغىچە، قۇمۇل قاتناش ھەققى يىغىش- تەكشۈرۈش ئورنى ئۇدا ئىككى يىل ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتى تەرىپىدىن شىنجاڭ بويىچە ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ھەق يىغىش- تەكشۈرۈش ئورنى بولۇپ باھالاندى. 1980 ~ 1989- يىلىغىچە، قۇمۇل ۋىلايىتى 32 مىليون 122 مىڭ 200 يۈەن يول ئاسراش ھەققى يىغدى، بۇنىڭدىن تاشيول قۇرۇلۇشى ھەم ئۇنى ئاسراش خىراجىتىگە 27 مىليون 77 مىڭ 300 يۈەن چىقىم قىلىندى. بۇ، يىغىلغان يول ئاسراش ھەققىنىڭ تەخمىنەن 84% ىنى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا چىقىم قىلىنغىنى 4 مىليون 734 مىڭ 200 يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي چىقىمنىڭ 17.5% ىنى ئىگىلىدى، چوڭ رېمونت قۇرۇلۇشى چىقىمى 6 مىليون 925 مىڭ 400 يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي چىقىمنىڭ 25.5% ىنى؛ ئوتتۇراھال رېمونت قۇرۇلۇشىغا چىقىم قىلىنغىنى 200 مىڭ 300 يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي چىقىمنىڭ 0.75% ىنى؛ كىچىك رېمونت- ئاسراشقا چىقىم قىلىنغىنى 12 مىليون 433 مىڭ 700 يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي چىقىمنىڭ 45.9% ىنى ئىگىلىدى. كەلكۈن بۇزۇۋەتكەن يوللارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە 2 مىليون 568 مىڭ 600 يۈەن، تاشيوللارنى كۆكەرتىشكە 218 مىڭ 700 يۈەن چىقىم قىلىنغان بولۇپ، ئايرىم ھالدا ئومۇمىي چىقىمنىڭ 9.5% ۋە 0.8% ىنى ئىگىلىدى.

4. يول مەمۇرىيىتىنى باشقۇرۇش

1950 ~ 1980- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە يول مەمۇرىيىتىنى قۇمۇل قاتناش پونكىتى قوشۇمچە باشقۇردى. 1989- يىل 8- ئايدا يول مەمۇرىيىتى تەكشۈرۈش بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، تاشيول باش ئۆچاستكىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. قۇمۇل شەھىرى، بارىكۆل ناھىيىسى، ئاراتۈرۈك ناھىيىسى، تارانچى قاتارلىق تاشيول باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ ھەر قايسىسىغا ئىككىدىن مەخسۇس ۋە قوشۇمچە خادىم قويۇلدى،

ھەر قايسى لىنىيە بويلىرىدىكى يول ئاسراش داۋبەنلىرى بىر تەرەپتىن خالىس باشقۇرۇش خادىمى تەكلىپ قىلدى، قۇمۇل ۋىلايىتىدە تاشيوللارنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈمى شەكىللەندى. «باشقۇرۇش-ئاسراشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش، ئومۇمىي جەھەتتىن تۈزەش، ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش، قانۇن بويىچە يول باشقۇرۇش» تەك خىزمەت پرىنسىپى بويىچە، قۇمۇل ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى دۆلەت يولى، ئۆلكە يولى، مەخسۇس لىنىيە، يېزا، كەنت يوللىرى ھەم ئۇلارنىڭ تەۋەلىكىدىكى ئەسلىھەلەرنى چارلاپ تەكشۈرۈش خىزمىتى يولغا قويۇلدى. 1989-يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى تاشيول مەمۇرىيىتىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن جەمئىي 34 نى بىر تەرەپ قىلدى، تاشيول ئەسلىھەلىرىنى زىيانغا ئۇچراتقانلاردىن 11 مىڭ 225 يۈەن تۆلەم يىغىۋالدى. 1990-يىلى تاشيوللاردىكى 109 توسالغۇنى، ئىگىلىۋېلىنغان 5894 كۋادرات مېتىر يەرنى ئېنىقلىدى، يول مەمۇرىيىتى دېلوسىدىن 30 نى بىر تەرەپ قىلىپ، تاشيول ئەسلىھەلىرىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتقانلاردىن 13 مىڭ 171 يۈەن تۆلەم پۇلى يىغىۋالدى.

5. قاتناش نازارەتچىلىكى

1) قاتناش نازارەتچىلىك ئاپپاراتلىرى. ۋىلايەتلىك بىخەتەرلىك كومىتېتى، ۋىلايەتلىك قاتناش بىخەتەرلىكى كومىتېتى، ۋىلايەتلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئىشخانىسى، ئاپتوموبىل باشقۇرۇش پونكىتى، قاتناش بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ئورنى، قاتناش ساقچى تارماق ئەترىتى ۋە قاتناش ساقچى چوڭ ئەترىتى تەسىس قىلىندى.

2) قاتناش بىخەتەرلىك خىزمىتى ۋە قانۇن-قائىدە تەشۋىقاتى. 1960 ~ 1970-يىللارغىچە قۇمۇل ئاپتوموبىللارنى باشقۇرۇش پونكىتى قارادوسكا، رادىئو قاتارلىق شەكىللەردىن پايدىلىنىپ، قاتناش بىخەتەرلىك قائىدە-تۈزۈملىرى ۋە قاتناش ھادىسىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى تەشۋىق قىلدى، شۇنداقلا زور قاتناش ۋەقەلىرى توغرىسىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش تارقاتتى، «شوپۇرلار بىخەتەرلىك جەھەتتە بىلىشكە تېگىشلىك بىلىملەر»، «شەھەر قاتنىشى بىخەتەرلىك قائىدىلىرى» قاتارلىقلارنى بېسىپ تارقاتتى. 1980-يىللارغا كەلگەندە، قاتناش نازارەت تارماقلىرىنىڭ ئاساس قىلغان ئاپتوموبىل باشقۇرۇش، يول باشقۇرۇش، ترانسپورت باشقۇرۇش ۋە قاتناش باشقۇرۇش خادىملىرى ماسلاشقان ھالدا، «بىخەتەرلىك بىرىنچى، ئالدىنى ئېلىش ئاساس، ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش» فاڭجېنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلدى. رادىئو ئىستانسىسى، گېزىت-ژۇرنال، رادىئو ئۈزبېلى، تېلېۋىزور قاتارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ، قاتناش باشقۇرۇش قانۇن-قائىدىلىرى ۋە بىخەتەرلىك تەدبىرلىرى داغدۇغىلىق تەشۋىق قىلىنىپ، قاتناش بىخەتەرلىكىنى باشقۇرۇش قانۇن-تۈزۈم ئېڭىغا سىڭىنىپ، قاتناش ھادىسىلىرى كۆپلەپ يۈز بېرىش ۋە شەھەر رايونىدىكى قاتناش تەرتىپىنىڭ قالايمىقان بولۇش ئەھۋالى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەندى.

قاتناش بىخەتەرلىك ئەسلىھەلىرى. 1990-يىلىدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ۋىلايەت، قۇمۇل شەھىرى، ئاراتۈرۈك، باركۆل ناھىيىسى، تارانچى، يامانسۇ كانى ۋە تۆمۈريول قاتارلىق جايلاردىكى تاشيول قاتنىشىنى باشقۇرۇش تارماقلىرى دۆلەت يولى، ئۆلكە يولى، كان رايون يولى ۋە شەھەر قاتناش ئېغىزلىرىدا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 330 دىن ئارتۇق مەنئى قىلىش بۇيرۇقى، ئاگاھلاندۇرۇش، يول كۆرسىتىش قاتارلىق يول بەلگىلىرى ۋە قاتناش بىخەتەرلىك بەلگىسى ئورناتتى.

بىخەتەر بولۇش، ھادىسە چىقارماسلىق پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش. 1960-يىللاردىن بۇيان ۋىلايەتلىك قاتناش ترانسپورت ساھەسى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ «بەشتە ياخشى ماشىنا»، «بىخەتەر بولۇش، ماي تېجەش»، «بىخەتەرلىك ئۈلگىسى»، «بىخەتەر، ئەلا مۇلازىمەت قىلىش»، «بىخەتەرلىك ئېيى»، «100

كۈن بىخەتەر بولۇش، ھادىسە چىقارماسلىق» قاتارلىق مۇسابىقە پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ھەر قايسى مەزگىللەردىكى قاتناش بىخەتەرلىك خىزمەتلىرىنىڭ ئىلگىرى سۈردى. 1986 ~ 1990- يىللىغىچە، قاتناش باشقۇرۇش خىزمىتىدە قانات يايدۇرۇلغان «بىخەتەرلىك ئېيى» ۋە «100 كۈن بىخەتەر بولۇش» مۇسابىقە پائالىيەتلىرىگە ئورغۇن يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلدى. ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىك تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ئاخبارات ئارقىلىق ئېلان. كۆرسەتمە بېرىپ، كادىر. خىزمەتچىلەرنى تەڭ تۇتۇپ ئورتاق باشقۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلدى. قاتناش باشقۇرۇش، ترانسپورت باشقۇرۇش، ماشىنا باشقۇرۇش، يول باشقۇرۇش خادىملىرى بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىپ، يوللاردىكى تەكشۈرۈشنى كۈچەيتتى، قاتناش ترانسپورت ئورۇنلىرى ۋە كوچا ئاھالە كومىتېتلىرى، ئوتتۇرا. باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئادەم چىقىرىپ، كوچا ئېغىزى ۋە يوللاردا پىيادىلەر ۋە ماشىنا قاتنىشىنى راۋانلاشتۇردى، ۋەقە كۆپ يۈز بېرىدىغان جايلار ۋە يەككە يولۇچى توشۇش ماشىنىلىرىغا قارىتا نۇقتىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. قاتناش ساقچىلىرى «ئىش ئورنىنى، ۋاقتىنى، خادىملارنى بېكىتىش» ۋە كېچىلىك چارلاپ تەكشۈرۈش تۈزۈملىرىنى يولغا قويۇپ، بىخەتەرلىك مۇسابىقە پائالىيەتلىرى ۋە قاتناش باشقۇرۇشتىكى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈردى.

3) قاتناش ۋاسىتىلىرىنى باشقۇرۇش. 1987- يىلى قۇمۇل قاتناش نازارەتچىلىكى ئورنىدىكى قاتناش ۋاسىتىلىرىنى باشقۇرغۇچى خادىملار بىلەن ئۆلارنىڭ كەسپىي ئىشلىرى جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى قاتناش ۋاسىتىلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى قۇرۇلدى. بۇ ئورۇننىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى — ۋىلايەتتىكى ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرىنى تەكشۈرۈش، نومۇر تاختىسى كىنىشكىسى تارقىتىش، يۆتكىلىش رەسمىيىتى ياكى نوپۇس يۆتكەش رەسمىيىتىنى بېجىرىش، ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇش، تىپىنى ئۆزگەرتىش، كىرەكتىن چىققانلىقىنى بېكىتىش بولدى. قاتناش ۋاسىتىلىرىنى تەكشۈرۈش — دەسلەپكى تەكشۈرۈش، يىللىق تەكشۈرۈش ۋە ۋاقىتلىق تەكشۈرۈش قاتارلىق ئۈچ خىلغا بۆلۈندى، تەكشۈرۈشتە لاياقەتسىز بولغانلىرى قەرەل ئىچىدە رېمونت قىلدۇرۇلدى، بولمىسا، يولدا مېڭىشقا رۇخسەت قىلىنمىدى.

1980 ~ 1990- يىللىغىچە قۇمۇل ۋىلايىتىدە 10 قېتىم يىللىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ، جەمئىي 20 مىڭدىن ئارتۇق ماشىنا تەكشۈرۈلدى، سۈپىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا لاياقەتلىك نىسبىتى ئوتتۇراھېساب بىلەن 85% تىن يۇقىرى بولدى.

6. شوپۇرلارنى باشقۇرۇش

شوپۇرلارنى باشقۇرۇش ئاساسلىقى شوپۇرلاردىن ئىمتىھان ئېلىش ۋە شوپۇرلارنى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت بولدى. 1980- يىللاردا شوپۇرلارغا قارىتا ئاساسلىقى تەكشۈرۈپ ئىمتىھان ئېلىش، بىخەتەرلىك تەربىيىسى، تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش، كىنىشكا تارقىتىش، كەسپىي ئەخلاق تەربىيىسى قاتارلىقلار ئېلىپ بېرىلدى. 1986- يىلى، ۋىلايەت بويىچە تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولغان ماتورلۇق ماشىنا شوپۇرلىرى 2718 بولۇپ، ۋىلايىتىمىزدىكى شوپۇرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 51% ىنى تەشكىل قىلدى، 4400 دانە نومۇر تاختىسى يېڭىدىن ئالماشتۇرۇلدى.

1980- يىللاردىن ئىلگىرى ماشىنا شوپۇرلىرىنى تەربىيىلەشتە كۆپىنچە «قاتناپ تۇرۇپ تەربىيىلەش، ئۇستاز شاگىرتنى يېتەكلەش» ئۇسۇلى قوللىنىلدى. 1984- يىلى شوپۇر تەربىيىلەش سىنىپى ئېچىلدى، بۇ سىنىپ كېيىن شوپۇر تەربىيىلەش مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ماشىنا شوپۇرلىرىنى

تەربىيلەش رەسمىي باشلىنىپ، 1990- يىلغىچە، 2000 دىن ئارتۇق شوپۇر تەربىيلىنىپ، شوپۇرلارنىڭ تېخنىكا ساپاسى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈلدى.

[قوشۇمچە]

**مىنگونىڭ 32 ~ 37- يىلىغىچە (1943 ~ 1948- يىلىغىچە) قۇمۇلدىكى قاتناش ئورۇنلىرى**

مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى) قۇمۇلدا غەربىي شىمال تاشيول ئىدارىسى قۇمۇل ئىش بېجىرىش باشقارمىسى، قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ قۇمۇل ئۆتەڭ ترانسپورت بېكىتى، جۇڭگو ئاۋىئاتسىيە ترانسپورت شىركىتى، جۇڭگو- سوۋېت ئاۋىئاتسىيە شىركىتى، شىنجاڭ تاشيول ئىدارىسىنىڭ قۇمۇل بېكىتى، قاتناش مىنىستىرلىكى قۇمۇل تېلېگراف ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار تەسىس قىلىندى.

مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى) مەركىزىي ئاۋىئاتسىيە شىركىتى، مەركىزىي ترانسپورت كومىتېتى قۇمۇل ئاپتوموبىل بېكىتى، قاتناش مىنىستىرلىكى تاشيول باش ئىدارىسى، 7- رايون تاشيول قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ ۋاكالەت ئورنى، ترانسپورت پونكىتى 6- رايون ئۆچاستكىسى قاتارلىق ئورۇنلار كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى.

مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) 7- رايون تاشيول ئىدارىسى قۇمۇل ئىش باشقارمىسى، 6- رايون تاشيول ئىدارىسى تاشيول ئۆچاستكىسى باشقۇرۇش بېكىتى، ترانسپورت بېكىتى قاتارلىق ئورۇنلار كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى.

مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) 7- ترانسپورت باشقارمىسى جىيۈچۈەن شۆبە باشقارمىسىنىڭ قۇمۇل ئىش باشقارمىسى، 7- ترانسپورت باشقارمىسى قۇمۇل ترانسپورت بېكىتى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى.

# II باب

# تۆمۈريول

## §1. تۆمۈريول

1. تۆمۈريول غول لىنىيىسى

1952- يىل 10- ئاينىڭ 1- كۈنى لەنجۇ – شىنجاڭ تۆمۈريولىدا ئىش باشلىنىپ، 1959- يىل 12- ئاينىڭ 30- كۈنى قۇمۇلغىچە رېلىس ياتقۇزۇلدى. 1962- يىل 12- ئاينىڭ 9- كۈنى ئۈرۈمچىگىچە رېلىس ياتقۇزۇلدى. بۇ قۇرۇلۇشقا 10 يىل ئىككى ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىندى. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1892 كىلومېتىر. 1985- يىل 5- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ تۆمۈريول ئۈرۈمچىدىن دۆلەت چېگرىسىغا قاراپ ئۇزارتىلىپ، بەش يىل جاپالىق كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، 1990- يىل 8- ئاينىڭ 9- كۈنى ئالاتاۋ ئېغىزىدا قازاقىستاننىڭ تىرۇرىبا تۆمۈريولى بىلەن ئۇلاشتۇرۇلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شەرقتە جۇڭگونىڭ لىيەنيۈنگاڭ پورتىدىن باشلىنىپ، غەربتە گوللاندىيىنىڭ روتتېردام پورتىغىچە بولغان ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 10 مىڭ 900

كىلومېتىر كېلىدىغان، جۇڭگونى تۇغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن ئاسىيا ـ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنىڭ جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدىكى ئۇزۇنلۇقى 4531 كىلومېتىر كېلىدىغان پۈتۈن لىنىيىسى تۇتاشتۇرۇلدى.

1990 - يىلى لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ قۇمۇل چېگرىسى ئىچىدىكى بۆلىكى شەرقتە خېشى ۋوگزالىدىن باشلىنىپ، غەربتە سەنجاپار ۋوگزالىغىچە بولۇپ، چېگرا ئىچىدىكى ئۇزۇنلۇقى 367.5 كىلومېتىر، 14 مەخسۇس لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 97.7 كىلومېتىرنى قوشقاندا، تۆمۈريولىنىڭ قۇمۇل بۆلىكىدىكى ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 465.2 كىلومېتىر كېلىدۇ.

2. تۆمۈريول مەخسۇس لىنىيىلىرى

قۇمۇل تۆمۈريول بويلىرىدا زاۋۇت، كان ـ كارخانىلار ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلدى. قۇمۇل تەدرىجىي ھالدا قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇش رايونى ئىچىدىكى زاۋۇت، كان ـ كارخانىلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى ۋە سودا ـ سانائەت ماددىي ئەشيالىرىنى توپلايدىغان ۋە تارقىتىدىغان مۇھىم جايغا ئايلاندى. مالنىڭ يۆتكىلىشىنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن، بىر قىسىم چوڭ زاۋۇت، كارخانىلار لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈر يولىغا تۇتاشتۇرۇلغان مەخسۇس تۆمۈريول ۋە مەخسۇس لىنىيىلەر قۇرۇلۇشىغا ئارقا ـ ئارقىدىن مەبلەغ سېلىپ، ئۆز ئورۇنلىرىنىڭ ترانسپورت ئېھتىياجىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ۋىلايەت تەۋەسى ئىچىدە يامانسۇ تۆمۈر كانى ۋە تارانچى كۆمۈر كانىغا تۇتىشىدىغان مەخسۇس ئىككى تۆمۈريول ياسالدى، بۇ ئىككى لىنىيىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 74.8 كىلومېتىر بولۇپ، ئۇنى مۇلۇك ھوقۇقىغا ئىگە ئورۇن ئۆزى رېمونت قىلىپ، ئۆزى باشقۇردى. 1989 - يىلى، بۇ ئىككى تۆمۈريول مەخسۇس لىنىيىدە 38 مىڭ 700 ۋاگون يۈك قاچىلاندى، 2 مىليون 98 مىڭ 300 توننا يۈك توشۇلدى، 793 ۋاگون، جەمئىي 32 مىڭ توننا يۈك چۈشۈرۈلدى.

1) تارانچى كۆمۈركان لىنىيىسى. تارانچى كۆمۈر كانىنىڭ مەخسۇس تۆمۈريول لىنىيىسى قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى تەرىپىدىن تارانچى ئۈستى ئوچۇق كۆمۈر كانىنى ئېچىش ئۈچۈن ياسالغان. جەنۇبتا لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈريولىدىكى دۆربەجىن ۋوگزالىدىن باشلىنىپ، شىمالدا كان رايونىغا تۇتاشقان ۋوگزالغىچە ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 13 كىلومېتىر (ئەسلى 18 كىلومېتىر بولۇپ، 1962 - يىلى كان رايونىغا تۇتاشقان ۋوگزالنى جەنۇبىي ۋوگزالغا يۆتكىگەنلىكتىن، لىنىيە بەش كىلومېتىر قىسقارتىلغان). بۇ لىنىيە قىسقارتىلىپ دۆربەجىن ـ تارانچى لىنىيىسى دەپ ئاتالدى. 1959 - يىل 4 - ئايدا ئىش باشلىنىپ 1960 - يىل 5 - ئاينىڭ 13 - كۈنىگىچە دۆربەجىن ۋوگزالىغىچە رېلىس ياتقۇزۇلۇپ، 1962 - يىلى رەسمىي ئىشلىتىلىشكە تاپشۇرۇلدى. 1989 - يىلى 27 مىڭ 481 ۋاگون، 1 مىليون 581 مىڭ توننا كۆمۈر توشۇلدى، 393 ۋاگونلۇق 11 مىڭ توننا مال چۈشۈرۈلدى.

2) يامانسۇ تۆمۈركان لىنىيىسى. يامانسۇ تۆمۈركان تۆمۈريولى شۇ كانىنى ئېچىش ئۈچۈن ياسالغان تۆمۈريول لىنىيىسى بولۇپ، ئۇ لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈريولىدىكى سەنكو ۋوگزالىدىن يامانسۇ كان رايونىغىچە بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 36 كىلومېتىر، ۋوگزال ئىچى لىنىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 7.8 كىلومېتىر.

1959 - يىل 10 - ئايدا قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم يامانسۇ كان رايونىغا قاتنايدىغان مەخسۇس تۆمۈريول لىنىيىسى ياساشنى قارار قىلدى، ئاممىدىن تەشكىللەنگەن بىرلەشمە جەڭ ئارقىلىق 1960 - يىل 1 - ئايدىن 1961 - يىل 6 - ئايغىچە يول ئۇلىغا 720 مىڭ كۇب مېتىر تاش ـ توپا يېيىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە تىندۇرۇلغىنى 520 مىڭ كۇب مېتىر بولۇپ، لايىھەدىكى ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقنىڭ 60% ~ 70% ىنى ئىگىلىدى. كېيىن «تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش» فاكچىنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ،

قۇرۇلۇش توختىتىلدى. 1966- يىل 3- ئايغا كەلگەندە قايتىدىن قۇرۇلۇش باشلاندى، بۇ لىنىيە 3- دەرىجىلىك ئۆلچەم بويىچە لايىھىلەندى، بۇ قۇرۇلۇشنى تۆمۈريول 1- قۇرۇلۇش ئىدارىسى بىلەن شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى 2- قۇرۇلۇش شىنىڭ 11- تۈەنى بىرلىشىپ ئىشلىدى. شۇ يىلى 10- ئاينىڭ 7- كۈنى قۇرۇلۇش تاماملىنىپ، قاتناش باشلاندى، بۇنىڭغا جەمئىي 9 مىليون 3300 يۈەن مەبلەغ سەرپ قىلىندى. لىنىيىنىڭ لايىھەدىكى يىللىق توشۇش مىقدارى 1 مىليون توننا بولۇپ، 1989- يىلى يۆتكەش مىقدارى 528 مىڭ 300 توننا بولدى، توشۇش مىقدارى 1985- يىلى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، 700 مىڭ تونىنغا يەتتى.

3) يەرلىك ئورۇنلارنىڭ مەخسۇس لىنىيىلىرى. قۇمۇل ۋىلايىتى تەۋەسى ئىچىدە 12 مەخسۇس ئىشلىتىدىغان تۆمۈريول لىنىيىسى بار، بۇ لىنىيىلەردە ئاساسلىقى كۆمۈر، نېفىت، ئاشلىق، مېتال تاۋلاش مەھسۇلاتلىرى، خىمىيە سانائىتى خام ئەشيالىرى، سانائەت ماتېرىياللىرى ۋە تۇرمۇش ئەشيالىرى قاتارلىقلار توشۇلىدۇ.

1990- يىلىدىكى قۇمۇل ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى مەخسۇس تۆمۈريول لىنىيىلىرى

جەدۋەل: 12 – 12

| مەخسۇس لىنىيە نامى | ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىغا ئىگە ئورۇن | ئايرىلىدىغان ۋوگزال | لىنىيە ئۇزۇنلۇقى (مېتىر) | لىنىيە دەرىجىسى | يۆتكەن ۋاقتى | ئومۇمىي سېلىنما (يۈەن) . | ئىزاھ |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| خېيىگۇشەن كان لىنىيىسى | قۇمۇل ۋىلايەتلىك پولات- تۆمۈر زاۋۇتى | ۋېيىيا | 463 . | مەخسۇس لىنىيە 3- دەرىجە | 1985- يىل 7- ئايدا | | |
| 706 كان لىنىيىسى | قۇمۇل تاش ماتېرىياللىرى زاۋۇتى | ۋېيىيا | 545 | مەخسۇس لىنىيە 3- دەرىجە | 1985- يىل | 336931 | |
| 984 ھەربىي قىسىم لىنىيىسى | 36342- قىسىم | قىزىل ئۆر | 2628 | مەخسۇس لىنىيە 3- دەرىجە | 1960- يىل 2- ئايدا | | |
| قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتى لىنىيىسى | قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتى | قۇمۇل | 1174 | مەخسۇس لىنىيە 3- دەرىجە | 1970- يىل 8- ئايدا | 138972 | |
| قۇمۇل 1- ئېلېكتر ئىستانسىسى لىنىيىسى | قۇمۇل 1- ئېلېكتر ئىستانسىسى | قۇمۇل | 4589 | مەخسۇس لىنىيە 3- دەرىجە | 1966- يىل 10- ئايدا | 704714 | |
| قۇمۇل نېفىت شىركىتى لىنىيىسى | نېفىت ئىدارىسى قۇمۇل نېفىت شىركىتى | قۇمۇل | 562 | مەخسۇس لىنىيە 3- دەرىجە | 1962- يىل | | ئەسلىدە لەنجۇ نېفىت ئىدارىسى |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | | | ئۆتكۈزۈپ بەرگەن |
| قۇمۇل سېمونت زاۋۇتى لىنىيىسى | قۇمۇل سېمونت زاۋۇتى | قۇمۇل | 616 | مال يۈتكەش لىنىيىسى | 1983- يىل 4- ئايدا | 317387 | |
| ھەربىي ئات فېرمىسى لىنىيىسى | قۇمۇل شۆبە ھەربىي رايونى | قۇمۇل | 446 | مەخسۇس لىنىيە 3- دەرىجە | 1971- يىلى | 83964 | |
| قۇمۇل 2- ئاشلىق ئىسكىلاتى لىنىيىسى | قۇمۇل ئاشلىق ئىدارىسى | قۇمۇل | 54 | مەخسۇس لىنىيە 3- دەرىجە | 1971- يىلى | | 1986- يىل 9- ئايدا، ئاراتۇرۇۋاد ھەربىي ئات فېرمىسى مەقسەت ئۆتكۈزۈپ بەرگەن |
| قۇمۇل خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى لىنىيىسى | قۇمۇل خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى | قۇمۇل | 1100 | مەخسۇس لىنىيە 3- دەرىجە | 1974- يىل 4- ئايدا | 287000 | |
| 544- قىسىم لىنىيىسى | ھاۋا ئارمىيە 8- ئاۋىئاتسىيە مەكتىپى | دۆربەجىن | 1180 | مەخسۇس لىنىيە 3- دەرىجە | 1964- يىل 3- ئايدا | 139605 | |
| قۇمۇل 2- ئېلېكتر ئىستانسىسى لىنىيىسى | قۇمۇل 2- ئېلېكتر ئىستانسىسى | قۇمۇل | 10337 | مەخسۇس لىنىيە 3- دەرىجە | 1986- يىل 4- ئايدا | 2135000 | |

[قوشۇمچە]

**قۇمۇل چېگرىسى تەۋەسىدىكى ۋوگزاللارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش**

قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسىنىڭ 1990- يىلدىكى تىجارەت ۋوگزالى 46، بۇنىڭ ئىچىدە بىر 2- دەرىجىلىك گۇرۇپپىلاش ئۆچاستكا ۋوگزالى، تۆت 3- دەرىجىلىك گۇرۇپپىلاش ئۆچاستكا ۋوگزالى، 25 تۆتىنچى دەرىجىلىك ۋوگزالى، 16 بەشىنچى دەرىجىلىك ۋوگزالى بار. بىر شۆبە ئىدارىغا قاراشلىق ئۆچاستكا دەرىجىلىك ۋوگزال، 45 ئۆچاستكىغا قاراشلىق ۋوگزال بار.

1. قۇمۇل ۋوگزالى

قۇمۇل ۋوگزالى 1959- يىل 12- ئاينىڭ 30- كۈنى قۇرۇلغان، ئورنى قۇمۇل شەھەر رايونىنىڭ شىمالىدا بولۇپ، ھازىر قۇمۇل شەھىرىنىڭ يېڭى شەھەر رايونى بولۇپ قۇرۇلدى، قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسىنىڭ ئورنىمۇ مۇشۇ جايدا.

1959- يىل 12- ئاينىڭ30- كۈنى قۇمۇلدىكى ھەر مىللەت خەلقى قوللىرىغا قوغۇن ۋە قۇرۇق

ئۆزۈملىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈريولىدا قۇمۇلغىچە رېلىس يانقۇزۇلۇپ بولغانلىقىنى قارشى ئالدى. پۈتكۈل قۇمۇل خۇشال-خۇراملىق بايرام شادلىقىغا چۆمدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 1-شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلار كېلىپ، قۇمۇل ۋوگزالىدا ماشىنا بىلەن رېلىس يانقۇزۇشنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

12-ئاينىڭ 31-كۈنى قۇمۇلدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى 30 مىڭدىن ئارتۇق خەلق ئاممىسى لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ قۇمۇلغىچە ياسىلىپ بولغانلىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن تەنتەنىلىك تەبرىكلەش يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىنغا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 1-شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق رەھبەرلەر ۋە كورلا، بايىنغولىن، سانجى، تۇرپان، پىچان، باركۆل، ئاراتۈرۈك قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن 200 دىن ئارتۇق ۋەكىل قاتناشتى. يولداش ۋاڭ ئېنماۋ قاتناش باشلاش مۇراسىمىدا لېنتا كەستى، يولداش سەيپىدىن ئەزىزى مۇھىم سۆز قىلدى.

1986-يىل 12-ئاينىڭ 27-كۈنى ۋوگزال مەيدانىنى ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشى پۈتتى، يېڭى لىنىيىدىن 11 ى كۆپەيتىلدى. ئەسلىدىكى ۋوگزال لىنىيىسىنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇزۇنلۇقى 650 مېتىردىن 850 مېتىرغا ئۇزارتىلدى، ئېلېكتر ئۇسكۇنىلىرى مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، مەيدان، ۋوگزال ۋە ۋاگونلارغا زامانىۋى ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلدى، ۋوگزالدا يېپيېڭى قىياپەت بارلىققا كېلىپ، يۈك قاچىلاش، چۈشۈرۈش ئىقتىدارى ئاشتى، ئۇ، لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈريول لىنىيىسىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولۇپ قالدى.

2. شەنكو ۋوگزالى

شەنكو ۋوگزالى 1959-يىل 12-ئاينىڭ 9-كۈنى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ جەنۇب تەرىپىدە ئىككى تاغ بولۇپ، ۋوگزال دەل مۇشۇ ئىككى تاغ ئېغىزىغا جايلاشقان بولغاچقا، شەنكو (تاغ ئېغىزى) دەپ نام بېرىلدى.

شەنكو ۋوگزالىنىڭ شىمالىدىكى تاشيول لەنجۇ ـ شىنجاڭ تاشيولى بىلەن تۇتاشقان بولۇپ، يامانسۇ كان بىلەن دۆلەت يولىنى تۇتاشتۇرىدىغان ئەڭ يېقىن يول جەنۇبىدا 36 كىلومېتىرلىق تۆمۈريول مەخسۇس لىنىيىسى بار بولۇپ، قۇمتاغ چۆللۈكىنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان. يامانسۇ تۆمۈركانىغا بىۋاستە تۇتىشىدۇ، ئىككى جۇپ قەرەلىك پويىز يامانسۇ كانى بىلەن شەنكو ۋوگزالى ئوتتۇرىسىدا قاتنايدۇ، ئاساسلىق تۆمۈر رۇدىسى، ھاك تېشى قاتارلىق خام ئەشيالارنى توشۇيدۇ.

بۇ ۋوگزال دائىم چۆل بورىنىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇرىدۇ. 1973-يىل 4-ئاينىڭ 28-كۈنى ۋوگزال ئىچىگە توختىتىپ قويۇلغان ئىككى بوش ۋاگوننى بوران ئاغدۇرۇۋېتىپ زىيانغا ئۇچراتقان ئىدى.

1989-يىل 12-ئاينىڭ 2-كۈنى شەنكو ۋوگزالىنىڭ ۋوگزال مەيدانىنى ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشى پۈتتى ھەمدە ۋوگزال لىنىيىسىنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇزۇنلۇقى ئۇزارتىلىپ، مەركەزلەشكەن ئېلېكتر ئەسلىھەلىرى كۆپەيتىلىپ، مەشغۇلات قىلىش ۋە پويىز قوبۇل قىلىش، ماڭدۇرۇش ئىقتىدارى ئاشۇرۇلدى.

3. دۆربەجىن ۋوگزالى

دۆربەجىن ۋوگزالى 1960-يىل 5-ئاينىڭ 22-كۈنى قۇرۇلدى، بۇ ۋوگزالنىڭ تارانچى كۆمۈر كانىغا بىۋاستە بارىدىغان تۆمۈريول مەخسۇس لىنىيىسى بار، بۇ لىنىيىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 13 كىلومېتىر، 1962-يىلى قۇرۇلۇپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلغان بولۇپ، كۆمۈرنى سىرتقا چىقىرىشتىكى مۇھىم يول ھېسابلىنىدۇ. 1970-

يىلى بۇ يولدا 300 مىڭ توننا كۆمۈر توشۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن توشۇلۇش مىقدارىغا قاراپ ئىشلەپچىقىرىشنى بېكىتىش يولغا قويۇلۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 1 مىليون 500 مىڭ توننىدىن 1 مىليون 600 مىڭ توننا ئەتراپىدا كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىلىپ توشۇلدى، ئىشلەپچىقىرىلغان كۆمۈر پىلان بويىچە بىر تۇتاش سېتىلدى. دۆربەجىن ۋوگزالى قۇمۇل شۆبە ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى ئەڭ چوڭ يۈك قاچىلاش ۋوگزالى ھېسابلىنىدۇ.

1988- يىل 2- ئاينىڭ 2- كۈنى دۆربەجىن ۋوگزالىنىڭ ۋوگزال مەيدانىنى ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشى ئومۇميۈزلۈك پۈتۈپ، مەشغۇلات قىلىش ۋە پويىز قوبۇل قىلىش، ماڭدۇرۇش ئىقتىدارى ئاشۇرۇلدى.

## §2. يولۇچى توشۇش ۋە يۈك ترانسپورتى

لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ قۇمۇل بۆلىكىدە پويىز قاتنىغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ترانسپورت ئىقتىدارى يىلىغا ئاران 5 مىليون توننا ئىدى. بىر نەچچە يىل تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئارقىلىق بۇ لىنىيىنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ھازىر چېگرا ئىچىدىكى تۆمۈريول لىنىيىلىرىنىڭ ھەممىسىگە ھەر مېتىرىغا 50 كىلوگراملىق يېڭى تىپتىكى رېلىس ۋە پولات چۆيقىلىق بېتون ياستۇق ياتقۇزۇلدى. 1986- يىلىدىن بۇيان، تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، ۋوگزال لىنىيىسىنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇزۇنلۇقى 650 ~ 850 مېتىرغا ئۇزارتىلدى، يول يۈرۈش سۈرئىتى سائىتىگە 90 كىلومېتىرغا يېتىپ، بۇ، يول بۆلىكىنىڭ 89.3%ىنى ئىگىلىدى. 1990- يىلى پويىز قاتناش خەرىتىسىدىكى يولۇچىلار پويىزى ئالتە جۈپكە، يۈك پويىزى 16 جۈپكە، ترانسپورت ئىقتىدارى يىلىغا 12 مىليون تونىغا يېتىپ، قاتناش باشلانغان دەسلەپكى مەزگىلدىكىدىن 140% ئاشتى.

### 1. يۈك ترانسپورتى

1959- يىل 12- ئاينىڭ 30- كۈنى لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولىدا قۇمۇلغىچە پويىز قاتنىدى. 2- كۈنى يولۇچى توشۇش ۋە يۈك توشۇش ترانسپورت كەسپى يولغا قويۇلدى. 1990- يىلىدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، قۇمۇل چېگرىسى ئىچىدە پويىز بىلەن توشۇلىدىغان ماللار ئاساسلىقى كۆمۈر، سېمونت، تۆمۈر رۇدىسى، پەسىل خاراكتېرلىك ماللاردىن قوغۇن، تاۋۇز، ئۈزۈم قاتارلىقلار بولۇپ، ئاۋات مەزگىللەردە 450 ۋاگون يۈك قاچىلاندى، پۈتۈن ۋاگونلۇق مال توشۇلۇش مىقدارى ئومۇمىي ترانسپورت مىقدارىنىڭ 99%تىن يۇقىرى بولدى، بۇنىڭدىن باشقا پارچە مال ترانسپورتى، يېڭى ۋە تىرىك مال ترانسپورتىمۇ تەسىس قىلىندى.

### 2. يولۇچى توشۇش

قۇمۇل ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى ۋوگزاللار يولۇچى، يۈك، پويىز قاتنىشىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپ بىر گەۋدىلەشكەن ئۈنۋېرسال ۋوگزال تىپىغا كىرىدۇ.

قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى 1989- يىل 3- ئاينىڭ 27- كۈنى تۇنجى قېتىم يولۇچى پاراۋوز باشقۇرۇش خىزمىتىنى زىممىسىگە ئېلىپ، ئۈرۈمچى تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى ئۈستىگە ئالغان ئۈرۈمچىدىن قاشقۇۋۇققا قاتنايدىغان 404 — 403- قېتىملىق بىۋاسىتە قاتنايدىغان بىر جۈپ يولۇچىلار پويىزىنى

ئۆتكۈزۈۋالدى، قومۇل پويىز ئۆچاستىكىسى قارىمىقىدىكى يولۇچى پويىز ئەترىتى پويىز مۇلازىمەتچىلىكىنى ئۈستىگە ئالدى.

قومۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسىنىڭ 1980~ 1990- يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى يولۇچى، يۈك ترانسپورت مىقدارى

جەدۋەل: 12 – 13

| يىل | يولۇچى ماڭدۇرۇش مىقدارى (تۈمەن ئادەم) | يۈك ماڭدۇرۇش مىقدارى (تۈمەن توننا) | بۇنىڭ ئىچىدە قومۇل ۋوگزالىدا | |
|---|---|---|---|---|
| | | | يولۇچى ماڭدۇرۇش مىقدارى (تۈمەن ئادەم) | يۈك ماڭدۇرۇش مىقدارى (تۈمەن توننا) |
| 1980 | 37.10 | 339.90 | 17.90 | 51.60 |
| 1981 | 42.10 | 329.20 | 17.90 | 45.10 |
| 1982 | 40.00 | 348.40 | 17.10 | 345.00 |
| 1983 | 48.90 | 376.70 | 19.90 | 46.30 |
| 1984 | 56.30 | 408.10 | 22.50 | 53.70 |
| 1985 | 60.20 | 429.70 | 24.00 | 54.80 |
| 1986 | 58.30 | 434.70 | 25.60 | 58.20 |
| 1987 | 60.50 | 455.30 | 27.60 | 55.10 |
| 1988 | 69.80 | 493.80 | 31.30 | 57.50 |
| 1989 | 69.80 | 493.80 | 31.30 | 57.20 |
| 1990 | 53.20 | 444.20 | 25.10 | 56.70 |
| جەمئىي | 590.10 | 4988.40 | 257.70 | 580.20 |

# III باب

# خەلق ئاۋىئاتسىيىسى

مىنگونىڭ 13- يىلى (1924- يىلى) جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ غەربىي شىمال ئاۋىئاتسىيە كومىتېتى شىئەندىن ئىلىغىچە بولغان ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسىنى ئاچتى، قۇمۇلدا تۇنجى قېتىم ئايروپىلان بېكىتى قۇرۇلۇپ ھاۋا قاتنىشى باشلاندى.

مىنگونىڭ 19- يىلى (1930- يىلى) 2- ئاينىڭ 21- كۈنى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قاتناش مىنىستىرى ۋاڭ بوچۈن گېرمانىيىدىن خەنشىيا ئاۋىئاتسىيە شىركىتى بىلەن ئەتجىگدا «ئاسىيا - ياۋروپا ئاۋىئاتسىيە پوچتا، ترانسپورت ئاۋىئاتسىيە توختامى» نى ئىمزالىدى. ئىككىنچى يىلى 1- ئاينىڭ 20- كۈنى جۇڭگو بىلەن گېرمانىيە بىرلىشىپ قۇرغان ئاسىيا - ياۋروپا ئاۋىئاتسىيە شىركىتى رەسمىي قۇرۇلدى. مىنگونىڭ 21- يىلى (1932- يىلى) شاڭخەي، شىنجاڭ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن گېرمانىيىنىڭ بېرلىن شەھىرىگىچە بارىدىغان ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ئېچىلىپ، ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم قارىمۇ- قارشى يۆنىلىشتە ئايروپىلان قاتنىدى. بۇ، قۇمۇل ئارىلىقتىكى بېكەت بولدى. بۇ قۇمۇل خەلق ئاۋىئاتسىيىسىنىڭ خەلقئارا ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسىدە تۇنجى قېتىم قاتنىشى ئىدى. مىنگونىڭ 31- يىلى (1942- يىلى) سوۋېت ئىتتىپاقى ئايروپىلانلارنىڭ چېگرىدىن ئۆتۈشىگە يول قويمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ لىنىيە ئۈزۈلۈپ قالدى.

مىنگونىڭ 27- يىلى (1938- يىلى) قۇمۇلدا جۇڭچىڭ - قۇمۇل ئاۋىئاتسىيە ئىش باشقارمىسى قۇرۇلدى. ئىككىنچى يىلى 3- ئاينىڭ 25- كۈنى «لەنشىن» ماركىلىق ئايروپىلان چۇڭچىڭدىن سىناق تەرىقىسىدە ئۇچۇپ، لەنجۇ، جيۇچۈەنلەر ئارقىلىق قۇمۇلغا مۇۋەپپەقىيەتلىك قوندى. شۇ يىلى 4- ئاينىڭ 12- كۈنى جۇڭگو - سوۋېت ئىككى دۆلەت سۆھبەت ئارقىلىق، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالمۇتا شەھىرىدىن جۇڭگونىڭ ئۈرۈمچى شەھىرى ئارقىلىق قۇمۇلغا ئۆتىدىغان ئاۋىئاتسىيە كەسىپلىرىنى ئېچىشقا قوشۇلدى. مىنگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى) 3- ئاينىڭ 14- كۈنى، قۇمۇل - ئۈرۈمچى - ئالمۇتا ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسىدە سىناق تەرىقىسىدە ئايروپىلان ئۇچۇرۇلۇپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى. شۇ يىلى 9- ئاينىڭ 9- كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى قاتناش مىنىستىرلىكى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى مەركىزىي خەلق ئاۋىئاتسىيە باشقۇرۇش ئىدارىسى «قۇمۇل - ئالمۇتا قەرەللىك ئاۋىئاتسىيە كېلىشىمنامىسى» نى رەسمىي ئىمزالاپ، «جۇڭگو - سوۋېت ئاۋىئاتسىيە شىركىتى» نى قۇردى. ئۇ قىسقارتىلىپ قۇمۇل - ئالمۇتا ئاۋىئاتسىيە شىركىتى دەپ ئاتالدى. باش شتاب ئۈرۈمچىدە قۇرۇلۇپ، ئىككى تەرەپ ئۈچتىن ۋەكىل چىقىرىپ مۇدىرىيەت قۇردى، بۇنىڭغا سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 1 مىليون 800 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، ئىككى تەرەپ تەڭ پاي قوشتى، كېلىشىم مۇددىتى 10 يىل بولدى. شۇ يىلى 12- ئاينىڭ 5- كۈنى ئايروپىلان قاتناپ، DC- 3 تىپلىق ئۈچ ترانسپورت ئايروپىلانى ھەپتىدە بىر نۆۋەت قاتنىدى، قۇمۇل بۇ ئىككى ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسىنىڭ باش بېكىتى بولۇپ قالدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، قۇمۇل - ئالمۇتا، قۇمۇل - چۇڭچىڭ ئاۋىئاتسىيە لىنىيىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا ياردەم بەرگەن ماددىي ئەشيا ۋە

خادىملىرىنى يۆتكەشتە بەلگىلىك رول ئوينىدى. مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى) 3- ئايدا مەركىزىي ئاۋىئاتسىيە شىركىتى قۇمۇل – چۆچەك لىنىيىسىنى ئۈرۈمچىگىچە ئۇزارتتى، بۇ، چۆچەك – ئۈرۈمچى لىنىيىسى دەپ ئاتالدى. شۇ يىلى 11- ئاينىڭ 1- كۈنى مەركىزىي ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ چۆچەك – ئۈرۈمچى لىنىيىسىدە ئايروپىلان قاتنىشى مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن توختاپ قالدى.

مىنگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى) 3- ئاينىڭ 21- كۈنى مەركىزىي ئاۋىئاتسىيە شىركىتى لەنجۇدىن قۇمۇلغا سىناق تەرىقىسىدە ئايروپىلان ئۇچۇرۇپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. شۇنىڭدىن كېيىن، قۇمۇل – لەنجۇ – شاڭخەي ئارىلىقىدا قەرەللىك ئايروپىلان قاتنىشى يولغا قويۇلۇپ، ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم ئۇچتى. مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى) قىشتا شىنجاڭدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلاپ، قۇمۇل – ئالمۇتا ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى بىر مەزگىل توختاپ قېلىپ، مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى) قىشتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) جۇڭگو – سوۋېت ئاۋىئاتسىيە كېلىشىمى مۇددىتى توشۇشتىن بىر يىل ئىلگىرى ئىككى تەرەپ يېڭى كېلىشىم تۈزۈپ، ئەسلىدىكى كېلىشىم ۋاقتىنى يەنە بەش يىل ئۇزارتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن جۇڭگونىڭ ئاۋىئاتسىيە ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، جۇڭگو- سوۋېت ئىككى دۆلەت سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، 1950- يىل 7- ئاينىڭ 1- كۈنى، جۇڭگو- سوۋېت ئىتتىپاقى خەلق ئاۋىئاتسىيىسى پاي چەكلىك شىركىتى قۇمۇل ئاۋىئاتسىيە بېكىتىنى قۇردى، جيۇچۈەندىن قۇمۇل، ئۈرۈمچى ئارقىلىق ئالمۇتاغىچە بولغان ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ئېچىلدى.

1950 ~ 1954- يىلىغىچە قۇمۇل خەلق ئاۋىئاتسىيە پونكىتىنىڭ باشلىقلىقىنى، تېلېگراف ئىستانسىسى باشلىقلىقىنى، مانىپلاتور، يۆنىلىش بەلگىلەش خادىمى ۋە دوختۇرلارنىڭ ھەممىسىنى سوۋېت ئىتتىپاقى خادىملىرى ئۆتەشكە ئالدى، قالغانلىرىغا جۇڭگولۇق خادىملار مەسئۇل بولدى. 1955 ~ 1956- يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باشقۇرغۇچى ۋە تېخنىكا خادىملىرى ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ جۇڭگودىن چېكىنىپ چىقىپ كەتتى. ۋوگزال خىزمەتلىرى جۇڭگولۇقلارنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى. 1956- يىلى جۇڭگو – سوۋېت ئىتتىپاقى خەلق ئاۋىئاتسىيىسى شىركىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قۇمۇل ئاۋىئاتسىيە پونكىتى جۇڭگو خەلق ئاۋىئاتسىيە باش ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتتى.

1964- يىلى قۇمۇل ئايرودرومى ئۆزگەرتىپ قۇرۇلدى، پەقەت كىچىك تىپتىكى ئايروپىلانلارلا قونالايدىغان، ئۇچالايدىغان ئۇچۇش يولى ئورنىغا ئۇزۇنلۇقى 2400 مېتىر، كەڭلىكى 50 مېتىر كېلىدىغان سېمونت ئۇچۇش يولى ياسالدى، ئۇنىڭغا بەش يانداش ئايروپىلان توختاش مەيدانى ياسالدى، بۇنىڭ بىلەن سەناجى ئايروپىلانىدىن باشقا ئايروپىلانلار قونالايدىغان، ئۇچالايدىغان بولدى.

1978- يىلى قۇمۇل ئاۋىئاتسىيە پونكىتى بۇيرۇققا بىنائەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ترانسپورتى توختىتىلىپ، قونۇشقا يول كۆرسىتىش زاپاس پونكىتىغا ئۆزگەرتىلدى. قۇمۇل خەلق ئاۋىئاتسىيىسى زاپاس ئايرودروم پونكىتى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مەخسۇس ئايروپىلان ۋە نۆۋەتچى ئايروپىلانلارغا ئەستايىدىللىق بىلەن يول كۆرسىتىپ، 1989- يىلىغىچە ئۇدا 14 يىل ئالاقە، يول كۆرسىتىش سەۋەبىدىن ئايروپىلانلارنىڭ يۆنىلىشىدىن ئادىشىپ قېلىش، چەتنەپ كېتىش، شۇنداقلا مەجبۇرىي قونۇش ھادىسىلىرىنى سادىر قىلماي، ئۇچۇش بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشتا تۆھپە يارىتىپ، ئۈرۈمچى خەلق ئاۋىئاتسىيە باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى تەرىپىدىن كۆپ قېتىم تەقدىرلەندى.

1987- يىل 9- ئاينىڭ 2- كۈنى ئۈرۈمچىدىن قۇمۇل ئارقىلىق دۇنخۇاڭغا ئۇچىدىغان ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسىدە رەسمىي قاتناش باشلاندى. شۇ كۈنى سائەت 10 دىن ئىككى مىنۇت ئۆتكەندە ئۈرۈمچىدىن

كەلگەن تۇنجى نۆۋەتلىك نۆۋەتچى ئايروپىلان قۇمۇل ئايرودرومىغا قونىدى، بۇ شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئاچقان يەنە بىر ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى بولۇپ، ھەر ھەپتىنىڭ دۈشەنبە، چارشەنبە، جۈمە كۈنلىرى قۇمۇلدىن ئۆتكەندە قۇمۇل ئايرودرومىدا 40 مىنۇت توختىدى. 1990- يىلى ھاۋا قاتنىشى توختىتىلدى.

[قوشۇمچە]

**قۇمۇل جۇڭگو ــ سوۋېت ترانسپورت كۈتۈۋېلىش جەمئىيىتى**

مىنگونىڭ 26- يىلى (1937- يىلى) ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ جەھەتتە جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىپ، قورۇقلۇق، ھاۋا ئىككى يولدىن شىنجاڭ ئارقىلىق زور تۈركۈمدىكى ھەربىي لازىمەتلىكلەر كىرگۈزدى. قۇمۇل، شىڭشىڭشىيادا گومىنداڭ مەركىزىي بايلىق كومىتېتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى سودا ۋاكالەت باشقارمىسى ئۆتكۈزۈش- ئۆتكۈزۈۋېلىش رەسمىيىتىنى بېجىردى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئاۋىئاتسىيە خادىملىرىنى، ئاپتوموبىل شوپۇرلىرىنى ۋە جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىۋاتقان بارلىق ھەربىي، تېخنىك خادىملارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچىدە «جۇڭگو- سوۋېت ترانسپورت كۈتۈۋېلىش كومىتېتى باش جەمئىيىتى» تەسىس قىلىپ، «جۇڭگو ترانسپورت باش جەمئىيىتى» دەپ ئاتىدى ھەمدە ئىلى، ئۈرۈمچى، قۇمۇل ئۈچ جايدا جۇڭگو ترانسپورت كومىتېتىنى قۇردى، ئىلىدىن شىڭشىڭشىياغىچە بولغان تاشيول ياقىسىدىكى ھەر قايسى جايلاردا كۈتۈۋېلىش ئورنى تەسىس قىلىپ، تاماق ۋە ياتاق ئورۇنلاشتۇردى.

مىنگونىڭ 26- يىلى (1937- يىلى) 11- ئايدا بۇيرۇققا بىنائەن قۇمۇلدا مەمۇرىي باش ئەمەلدار لىيۇ شىپىڭ مۇدىرلىقىدىكى، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى بەي بىگدى، قۇمۇل رايونى ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يۈ چىڭفا مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدىكى «قۇمۇل جۇڭگو- سوۋېت ترانسپورت كۈتۈۋېلىش كومىتېتى» قۇرۇلدى، ھەيئەتلىك ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغان ھەر قايسى ئورگانلار مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ، يېمەكلىك سېتىۋېلىش، ساقلاش، تاپشۇرۇۋېلىش- تارقىتىش ۋە كۈتۈۋېلىش قاتارلىق كونكرېت خىزمەتلەرنى ئۈستىگە ئالدى. سودا- سانائەتچىلەر جەمئىيىتى مەسئۇللۇقىدا «كۈتۈۋېلىش پونكىتى» قۇرۇلۇپ، كۈتۈۋېلىش ئىشلىرىنى بېجىردى. ئۈچ ئايدىن كېيىن (1938- يىلى 2- ئاي)، ئۈرۈمچىدىكى شىنجاڭ دۇبەن مەھكىمىسى كانىۋايلار باشقارمىسى بىر تۈركۈم مەخسۇس خادىم ئەۋەتىپ، كۈتۈۋېلىش پونكىتىنىڭ خىزمەتلىرىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. قۇمۇل جۇڭگو- سوۋېت ترانسپورت كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، يەنە «كۈتۈۋېلىش باشقارمىسى» ۋە يەتتە «كۈتۈۋېلىش ئورنى» تەسىس قىلىنىپ، قۇمۇل رايونىدىكى يەتتە قۇدۇقتىن شىڭشىڭشىياغىچە بولغان تاشيول ياقىسىدىكى كۈتۈۋېلىش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالدى. گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى يەنە مىنگونىڭ 29- يىلى (1940- يىلى) 8- ئايدا ۋە مىنگونىڭ 30- يىلى (1941- يىلى) ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ، ئاپتوموبىل تۆەنى ۋە ھاۋا ئارمىيە قىسمىنى ئەۋەتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا ياردەم بەرگەن ماددىي بۇيۇملىرىنى قۇمۇلدا بىۋاسىتە تاپشۇرۇۋالدى ۋە جۇڭگو ئاپتوموبىل شوپۇرلىرىنى ۋە ئاۋىئاتسىيە ئۇچقۇچىلىرىنى كۈتۈۋېلىش خىزمىتىنى قوشۇمچە بېجىردى.

مىنگونىڭ 31- يىلى (1942- يىلى) ھەر قايسى جايلاردىكى «كۈتۈۋېلىش ئورۇنلىرى» «كۈتۈۋېلىش پونكىتى» غا ئۆزگەرتىلىپ، بارلىق مەمۇرىي، كەسپىي ئىشلار ئۈرۈمچىدىكى «جۇڭگو ترانسپورت باش جەمئىيىتى» نىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى، «قۇمۇل جۇڭگو ترانسپورت كومىتېتى» ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

سوۋېت- گېرمانىيە ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى گېرمانىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇش بىلەن بولۇپ كەتكەچكە، شەرققە قاراشقا قۇربى يەتمەي، جۇڭگوغا ياردەم بېرىدىغان ماددىي ئەشيالارمۇ كۈنسېرى ئازىيىپ، ئاخىرى ئۈزۈلۈپ قالدى، «جۇڭگو ترانسپورت كومىتېتى» نىڭ خىزمەتلىرىمۇ ئۆزلۈكىدىن توختاپ قېلىپ، «جۇڭگو كۈتۈۋېلىش باش كومىتېتى» مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى) ئەتىيازدا، بىر قىسىم ئەسلىھەلىرىنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كەتتى، بىر قىسمىنى قۇمۇل ئاۋئاتسىيە پونكىتىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى، پونكىتتىكى خادىملار قايتا- قايتا قىسقارتىلىپ، يولدىن ئۆتكەن ھەربىي، مەمۇرىي خادىملار ۋە ھەربىي ئاپتوموبىل شوپۇرلىرىنىڭ ياتاق، تاماق ئىشلىرىغىلا مەسئۇل بولدى.

قۇمۇل جۇڭگو ترانسپورت كومىتېتىنىڭ تارمىقىدا يەتتە كۈتۈۋېلىش ئورنى تەسىس قىلىنىپ، كۈتۈۋېلىش خىزمىتىگە كونكرېت مەسئۇل بولدى.

1- كۈتۈۋېلىش ئورنى يولۋاسنىڭ تۇرالغۇسىدا تەسىس قىلىندى، 1939- يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، 1940- يىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ھاۋا ئارمىيە خادىملىرىنى كۈتۈۋېلىش ئورنى قىلىندى.

2- كۈتۈۋېلىش ئورنى ئاپتوموبىل ئىدارىسىدا تەسىس قىلىنىپ، دەسلەپكى مەزگىللەردە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاپتوموبىل كاللونىنى كۈتۈۋالدى، كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئاپتوموبىل ئەترىتى لۇگۇاڭمياۋ كۈتۈۋېلىش ئورنىدا كۈتۈۋېلىندى، بۇ كۈتۈۋېلىش ئورنى ئۆزگەرتىلىپ ئاپتوموبىل تۈمەنىنى كۈتۈۋېلىش ئورنى بولۇپ قالدى.

3- كۈتۈۋېلىش ئورنى كىچىك تۆتكوچىدا تەسىس قىلىندى، كۆلىمى كىچىكرەك بولغاچقا، پەقەت قونالغۇ بىلەنلا تەمىنلىدى.

4- كۈتۈۋېلىش ئورنى كونا ئايرودرومدا تەسىس قىلىنىپ، مەخسۇس سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇچقۇچىلىرىنى كۈتۈۋالدى.

5- كۈتۈۋېلىش ئورنى لۇگۇاڭمياۋدا تەسىس قىلىنىپ، مەخسۇس سوۋېت ئىتتىپاقى ئاپتوموبىل كاللونىنىڭ خادىملىرىنى كۈتۈۋالدى.

6- كۈتۈۋېلىش ئورنى شىڭشىڭشيادا تەسىس قىلىندى.

7- كۈتۈۋېلىش ئورنى يەتتە قۇدۇقتا تەسىس قىلىندى.

1942- يىلى، «قۇمۇل جۇڭگو ترانسپورت كومىتېتى كۈتۈۋېلىش باشقارمىسى» «قۇمۇل كۈتۈۋېلىش بېكىتى» گە ئۆزگەرتىلىپ، كىچىك تۆتكوچا ۋە ئاپتوموبىل ئىدارىسىدا تەسىس قىلىنغان ئىككى كۈتۈۋېلىش ئورنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. شىڭشىڭشيا، يەتتە قۇدۇق، يولۋاسنىڭ تۇرالغۇسى، لۇگۇاڭمياۋ، كونا ئايرودروم قاتارلىق بەش كۈتۈۋېلىش بېكىتى داۋاملىق ساقلىنىپ قېلىپ، ئاۋالقىدەكلا كونكرېت كۈتۈۋېلىش خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولدى.

بۇ بېكەت سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا ياردەم بەرگەن ماددىي ئەشيالارنى توشۇش مەزگىلىدە، پەقەتلا كۈتۈۋېلىش خاراكتېرىنى ئالغان بولۇپ، ياتاق- تاماق بىلەنلا تەمىنلىدى، سىرتقا قارىتا تىجارەت قىلمىدى، ئېھتىياجلىق راسخوتنى «جۇڭگو ترانسپورت باش كومىتېتى» ئاجرىتىپ بەردى. چىقىم قىلىنغاندىن كېيىن، ھېسابتىن ئەينەن كۆتۈرۈۋېتىلدى. گۆش، كۆكتات، تۇخۇم قاتارلىقلارنى يەرلىكتىن سېتىۋېلىپ، ئۇننى يەرلىكتە پىششىقلاپ ئىشلەپ ياكى ئىلى، سورى دەرياسى، گۇچۇڭ قاتارلىق جايلاردىن پىششىقلاپ يۆتكەپ كېلىنگەندىن باشقا، ئالىي دەرىجىلىك كۈتۈۋېلىش بۇيۇملىرى، مەسىلەن، تاماكا- ھاراق، كونسېرۋا، قەنت- گېزەك قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى «جۇڭگو ترانسپورت كومىتېتى» تەرىپىدىن يۆتكەپ كېلىندى.

بۇ بېكەتنىڭ ياتاق- تاماق ئەسلىھەلىرى ناھايىتى مۇكەممەل ئىدى. مىنگونىڭ 27- يىلى (1938-يىلى)

ھەر قايسى كۈتۈۋېلىش ئورۇنلىرىدا ياتاق، ئاشخانا، تاماقخانا، مۇنچا، شىپاخانا، ئىشخانا قاتارلىقلار سېلىندى، لۆم- لۆم كارىۋات، يوتقان- كۆرپە، كارىۋات كىرلىكى، گىلەم، ئۈستەل- ئورۇندۇقلار سېتىۋېلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، تازىلىق، داۋالاش، تەنتەربىيە، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش ئەسلىھەلىرىمۇ تولۇقلاندى، ئۆتكەن- كەچكەنلەر ئەتراپلىق كۈتۈۋېلىندى. سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەلىكىدىكى خادىملار غەربچە تاماق بىلەن، جۇڭگولۇق خادىملار جۇڭگوچە تاماق بىلەن بەلگىلەنگەن ئۆلچەم بويىچە كۈتۈۋېلىندى. 1937- يىل 11- ئايدىن 1940- يىل 8- ئايغىچە پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقى خادىملىرىلا كۈتۈۋېلىندى. 1940- يىل 8- ئايدىن باشلاپ، جۇڭگو قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ ترانسپورت خادىملىرىمۇ كۈتۈۋېلىندى، ھەر كۈنى كۈتۈۋېلىنغان ئادەم سانى مۇقىم بولمىدى. 1940-، 1941- يىللىرى، كۈتۈۋېلىنغانلار ئەڭ كۆپ بولۇپ، شىڭشىڭشيا ۋە يەتتە قۇدۇق كۈتۈۋېلىش ئورنىدىن باشقا، قۇمۇل ۋىلايىتىدە ياتاق- تاماق بىلەن كۈتۈۋېلىنغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دائىمىي تۇرۇشلۇق خادىملىرى ۋە ئۇچقۇچىلىرى، ئاۋىئاتسىيە مېخانىك خادىملىرى 150 ئەتراپىدا، ئاپتوموبىل ئەترىتى خادىملىرى 350 ئەتراپىدا، جۇڭگو قۇرۇقلۇق، ھاۋا ترانسپورت خادىملىرى 70 ئەتراپىدا بولدى. 1942- يىلى، ھەر قايسى جايلاردىكى كۈتۈۋېلىش ئورۇنلىرى پۈتۈنلەي كۈتۈۋېلىش بېكىتىگە ئۆزگەرتىلدى. بارلىق مەمۇرىي كەسپىي ئىشلار بىۋاسىتە ئۈرۈمچى جۇڭگو ترانسپورت باش كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى، قۇمۇل جۇڭگو ترانسپورت كومىتېتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

منگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى)، «جۇڭگو ترانسپورت باش جەمئىيىتى» نىڭ نامى «غەربىي شىمال شتابى ترانسپورت كومىتېتى» (قىسقارتىلىپ غەربىي شىمال ترانسپورت كومىتېتى دېيىلدۇ) غا ئۆزگەرتىلىپ، قۇمۇل كۈتۈۋېلىش بېكىتى «غەربىي شىمال ترانسپورت كومىتېتى» نىڭ قارمىقىغا ئۆتتى. منگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) 10- ئايدىن منگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) غىچە سوۋېت ئىتتىپاقى يۈك يۆتكەش جەريانىدا شىڭشىڭشيادا قويۇپ قويغان ۋولفرام، قوي يۇڭى قاتارلىق ماددىي ئەشيالارنى يۆتكىگەندە، بۇ بېكەت سوۋېت ئىتتىپاقى ئاپتوموبىل كالوننىلىرىنى ئالتە قېتىم «كۈتۈۋالدى»، گومىنداڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق گارنىزون باش پونكىتىنىڭ 2- باشقارمىسىمۇ بىر ئىشپىيونلار گۇرۇپپىسىنى ھەر قايسى بېكەتلەرگە يوشۇرۇنۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى خادىملىرىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىشكە ئەۋەتتى. منگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) بۇ بېكەت «شىنجاڭ گارنىزون باش شتابى مېھمانخانىسى» غا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، 2- باشقارما جۇنتۇڭ ئىشپىيونلىرىنى بېكەت باشلىقى (مۇدىر) قاتارلىق مۇھىم ۋەزىپىلەرگە تەيىنلەپ، كىچىك كۆلەمدە ھەربىي- مەمۇرىي خادىملارنىڭ ياتاق- تاماقىغا مەسئۇل قىلغاندىن باشقا، ئاساسلىقى مېھمانخانىنى نىقاب قىلىپ، ئىشپىيونلۇق بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئەۋەتتى. منگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى) 10- ئايدا قۇمۇلنىڭ ئازاد قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، بۇ بېكەتنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭ ھەربىي رايونى قوماندانلىق شتابى قۇمۇل ئىش باشقارمىسى ئۆتكۈزۈۋېلىپ باشقۇردى.

# پوچتا ـــ تېلېگراف

## ئون ئۈچىنچى قىسىم

# پوچتا ـ تېلېگراف

## I باب

## ئاپپاراتلار

### §1. قەدىمكى پوچتا ئۆتەڭلىرى

1. تۇرالار ئارقىلىق خەۋەر يەتكۈزۈش

قۇمۇلنىڭ پوچتا ئۆتەڭلىرى تۇرالار ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە، خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلار كۆپ قېتىم ئىپۇرغولنى تالىشىپ جەڭ قىلدى، قوشۇنىنىڭ يۈرۈش قىلىشىغا قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن، خەن سۇلالىسى دۇنخۇاڭدىن ئىپۇرغولغىچە بولغان يولنى ئاچتى، يەنە تۇرالارنى بويلاپ شىمالغا ئۇزارتىپ، 800 چاقىرىملىق قۇم بارخانلىرىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى بارىسكۆلگە تۇتاشتۇردى. بۇ چاغدا قۇمۇل بىلەن باركۆل غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى ئەللەرنى باغلايدىغان مۇھىم تۈگۈنگە ئايلاندى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىپۇرغول مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى، ئۇنىڭغا ئىپۇرغول ناھىيىسى (ھازىرقى قۇمۇل شەھىرى)، ناجى ناھىيىسى (ھازىرقى لاپچۇق)، رو يۈەن ناھىيىسى (ھازىرقى تاشۋىلىق) قارايدىغان بولدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭچى 1 - يىلى (885- يىلى) «شاجۇ، ئىپۇرغول يەرناملىرى تەزكىرىسى» نىڭ ساقلىنىپ قالغان قىسمىدا: «ئىپۇرغول ناھىيىسىدە شۇيىيۈەن، ماۋۋا، بۈرە بۇلاق، جىگدىلىك، بىلەنچۈەن، سۇدۇگۇ، يىدىنجۇدىن ئىبارەت يەتتە تۇرا، ناجى ناھىيىسىدە بەيجى، بۇداۋچۈەن، يۇگشەن، دۇگجىجۇ، خۇاچۈەن، يەنمۇ دېگەن سەككىز تۇرا، رۇيۈەن ناھىيىسىدە بەيۋاڭ، ئاقتېرەك تېغى، يىدىنجۇ، يالغۇز دۆۋە دېگەن تۆت تۇرا بار» دەپ خاتىرىلەنگەن.

2. تۇرالار ۋە ئۆتەڭلەر

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، تاڭ تەيزۇڭ لى شىمىن ۋە گاۋزۇڭ لىجىلار ئۆزلىرىنىڭ غەربىي ئېھتىياجى ئۈچۈن قاشقۇۋۇقتىن باشلاپ، جەنۇبىي يۆلىنىشتە ئۇدۇل پامىر ئېگىزلىكىگىچە؛ شىمالىي يۆلىنىشتە رېكو (شىڭشىڭشيا) ئارقىلىق ئىپۇرغولغا بارغاندىن كېيىن، شىمالغا بۇرۇلۇپ، تەڭرىتاغدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، باركۆل، مورى، گۇچۇڭ ئارقىلىق ئۈرۈمچىگىچە، يەنە داۋاملىق غەربكە مېڭىپ، جۇڭغار ئويمانلىقىدىن ئۆتۈپ، ئۇدۇل ئىسسىق كۆلگىچە يۈرۈش قىلىپ، يول بويى ئايماق، بازارلار تەسىس قىلىپ، يول رېمونت قىلىپ، پوچتا ئۆتەڭلىرىنى تەسىس قىلدى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆتەڭ تۈزۈمىدە مۇنداق بەلگىلەنگەن: قاتناش تۈگۈنلىرىدە ھەر 30 چاقىرىمدا بىر ئۆتەڭ تەسىس قىلىنىدۇ، بەزى چەت- ياقا يوللاردا 30 چاقىرىمدا بىر قونالغۇ ئۆتەڭ تەسىس قىلىنىدۇ. شۇڭا تاڭ سۇلالىسى ئېۋىرغول يول بويلىرىدا نۇرغۇن ئۆتەڭ ۋە قونالغۇلارنى تەسىس قىلدى. ئەينى چاغدا ئېۋىرغول بىلەن سىرتنىڭ (ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سۇلالىلىرى) ئۈچۈر ئالاقىسى بىرىسى تۇرالار، يەنە بىرى ئۆتەڭلەر ئارقىلىق يەتكۈزۈلدى. «بۇيرۇق يەتكۈزۈشتە پوچتا ئۆتىڭى بولۇش، ئۆتەڭنى قوغداشتا ئەسكەر بولۇش» تەك ئالاقىلىشىش سىستېمىسى شەكىللەندى.

قۇمۇل ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي لىنىيىلىرىدىكى قەدىمكى تۇرالارنىڭ
1990 – يىلىدىكى ئىزنالىرى

جەدۋەل: 13 – 1

| نامى | ئورنى | شەكىل ھالىتى | لىنىيە |
|---|---|---|---|
| يەندۇڭ تۇراسى | لەنجۇ- شىنجاڭ تاشيولىنىڭ بىر كىلومېتىر جەنۇبىدا ، يۇلۇڭتوغراقنىڭ 45 كىلومېتىر | كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان، قالدۇق ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىر، چىڭ سۇلالىسىدىن قالغان. | شىڭشىڭشيادىن تۇمۇلغىچە |
| ساۋۇلاق تۇراسى | ساۋۇلاق كەنتىنىڭ شەرقىي بىر كىلومېتىر | سوقمىدا قوپۇرۇلغان، قالدۇق ئېگىزلىكى 2.6 مېتىر، چىڭ قالغان. | شىڭشىڭشيادىن قۇمۇلغىچە |
| دۇگدۇگۇن تۇراسى | پاۋانتۇر يېزىسى دۇگدۇگۇن كەنتىنىڭ 50 مېتىر شەرقىدە. | كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان، قالدۇق ئېگىزلىكى 6.5 مېتىر، چىڭ قالغان. | شىڭشىڭشيادىن قۇمۇلغىچە |
| لاقسوم تۇراسى | ئاستانە يېزىسى شار كەنتىنىڭ تۆت كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىدا. | كېسەكتە قوپۇرۇلغان، قالدۇق ئېگىزلىكى سەككىز مېتىر، تاڭ دەۋرىدىن قالغان. | قۇمۇلدىن پىچانغىچە |
| چىگەنتۈز تۇراسى | تۇمۇلنىڭ تەخمىنەن 50 كىلومېتىر غەربىدە | كېسەكتە قوپۇرۇلغان، قالدۇق ئېگىزلىكى 6.5 مېتىر، چىڭ دەۋرىدىن قالغان. | قۇمۇلدىن پىچانغىچە |
| لياۋدۇن تۇراسى | شەرقتە قۇمۇلغا 120 كىلومېتىر كېلىدۇ، جەنۇبىتا لەنجۇ- شىنجاڭ تاشيولىغا يانداش. | كېسەكتە قوپۇرۇلغان، قالدۇق ئېگىزلىكى ئالتە مېتىر، چىڭ دەۋرىدىن قالغان. | قۇمۇلدىن پىچانغىچە |
| داچۇەن تۇراسى | دۆربەجىن دېھقانچىلىق مەيدانى داچۇەن كەنتىنىڭ بىر كىلومېتىر شەرقىدىن | كېسەك بىلەن يۇلغۇندا قوپۇرۇلغان، قالدۇق ئېگىزلىكى بەش مېتىر، تاڭ دەۋرىدىن قالغان. | قۇمۇلدىن پىچانغىچە |
| تۆۋەنكى يانبۇلاق تۇراسى | دۆربەجىن دېھقانچىلىق مەيدانى تۆۋەنكى يانبۇلاق كەنتىنىڭ بىر كىلومېتىر جەنۇبىدا | قالدۇق ئېگىزلىكى 0.2 مېتىر، ئاستى 7×9 مېتىر، تاڭ دەۋرىدىن قالغان. | قۇمۇلدىن پىچانغىچە |
| ماۋلىيۇچۇەن تۇراسى | قۇمۇل شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا، قارادۆۋە يېزىسىنىڭ ئۈچ كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىدا | خارابە ئىزناسىلا قالغان، كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان. | توغۇچىدىن لۇكچۇنگىچە |

| | | | |
|---|---|---|---|
| چېكرا رايونغا ياردەم بېرىش دېھقانچىلىق مەيدانى تۇراسى | قۇمۇل شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا، قارادۆۋە چېكرا رايونغا ياردەم بېرىش دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ 1.5 كىلومېتىر غەربىي شىمالىدا | كېسەكتە قوپۇرۇلغان، ئېگىزلىكى بەش مېتىر، چىلىك دەۋرىدىن قالغان. | توغۇچىدىن لۈكچۈنگىچە |
| قارىتال تۇراسى | قۇمۇل شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا، راھەتباغ يېزىسى قارىتال كەنتىدىن بىر كىلومېتىر كېلىدۇ. | يۇقىرى، ئوتتۇرا، تۆۋەن ئۈچ قەۋەت، كېسەكتە قوپۇرۇلغان، قالدۇق ئېگىزلىكى 12 مېتىر، تاڭ دەۋرىدىن قالغان. | قۇمۇلدىن دۈنخۇاڭغىچە |
| بېيەنگۈمندۈڭ تۇراسى | قۇمۇل شەھىرىنىڭ شىمالىدا، قوراي يېزىسى تۆرۈك كەنتىنىڭ 10 كىلومېتىر شىمالىدا | قالدۇق ئېگىزلىكى 12 مېتىر، كېسەك ۋە شال بىلەن قوپۇرۇلغان،چىلىك دەۋرىدىن قالغان. | قۇمۇلدىن قورايغىچە |
| ئاقبۇق تۇراسى | قۇمۇل شەھىرىنىڭ 35 كىلومېتىر شىمالىدا ، قۇمۇل- باركۆل تاشيولىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە. | كېسەك بىلەن سوقما ئارىلاش قوپۇرۇلغان، قالدۇق ئېگىزلىكى ئالتە مېتىر، چىلىك دەۋرىدىن قالغان. | قۇمۇلدىن باركۆلگىچە |
| كۆشۈتە تۇراسى | قۇمۇل شەھىرىنىڭ 40 شىمالىدا كىلومېتىر، قۇمۇل- باركۆل تاشيولىنىڭ غەربىدە. | سوقمىدا سوقۇلغان، قالدۇق ئېگىزلىكى بەش مېتىر، چىلىك دەۋرىدىن قالغان. | قۇمۇلدىن باركۆلگىچە |
| كۆيسۇتەي تۇراسى | باركۆل بازىرىنىڭ شەرقىدە، كۆيسۇ يېزىسى كۆيسۇتەي كەنتىنىڭ 200 مېتىر غەربىدە. | سوقمىدا سوقۇلغان، قالدۇق ئېگىزلىكى 5-8 مېتىر، چىلىك دەۋرىدىن قالغان. | قۇمۇلدىن باركۆلگىچە |
| دادۇگۇن تۇراسى | باركۆل بازىرىنىڭ غەربىدە، خۇايۇەن يېزىسى ئەردۇن كەنتىنىڭ 300 مېتىر شەرقىي جەنۇبىدا | سوقمىدا سوقۇلغان، قالدۇق ئېگىزلىكى 8-7 مېتىر، چىلىك دەۋرىدىن قالغان. | باركۆلدىن سۇجىغىچە |
| ئەردۇن كەنتى تۇراسى | باركۆل بازىرىنىڭ غەربىدە، خۇايۇەن يېزىسى ئەردۇن كەنتىنىڭ1.5 كىلومېتىر. شەرقىي جەنۇبىدا | سوقمىدا سوقۇلغان، قالدۇق ئېگىزلىكى توققۇز مېتىر، چىلىك دەۋرىدىن قالغان. | باركۆلدىن سۇجىغىچە |
| خۇاجۇاگزى كەنتىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تۇرا | باركۆل بازىرىنىڭ غەربىدە، خۇايۇەن يېزىسى خۇاجۇاگزى كەنتىنىڭ 1.5 كىلومېتىر. شەرقىي جەنۇبىدا | سوقمىدا سوقۇلغان، قالدۇق ئېگىزلىكى 7-6 مېتىر، چىلىك دەۋرىدىن قالغان. | باركۆلدىن سۇجىغىچە |
| خۇاجۇاگزى كەنتىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى تۇرا | باركۆل بازىرىنىڭ غەربىدە، خۇايۇەن يېزىسى خۇاجۇاگزى كەنت مەكتىپىنىڭ 100 مېتىر جەنۇبىدا | قالدۇق ئېگىزلىكى سەككىز مېتىر، ئاستىنىڭ ئۇزۇنلۇقى توققۇز مېتىر، سوقمىدا سوقۇلغان، چىلىك دەۋرىدىن قالغان. | بارىكۆلدىن سۇجىغىچە |
| قاراچەگزى تۇراسى | باركۆل بازىرىنىڭ غەربىدە، كۆلياقا يېزا قاراچەگزى كەنتىنىڭ ئىككى كىلومېتىر غەربىي شىمالىدا. | سوقمىدا سوقۇلغان، قالدۇق قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى 3.5 مېتىر، چىلىك دەۋرىدىن قالغان | باركۆلدىن سۇجىغىچە |

| | | | |
|---|---|---|---|
| قاراچەگزى كەنتىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى تۇرا | باركۆل بازىرىنىڭ غەربىدە، قاراچەگزى كەنتىنىڭ سەككىز كىلومېتىر غەربىي شىمالىدا. | قالدۇق قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى 10 مېتىر، سوقىدا سوقۇلغان، چىلىك دەۋرىدىن قالغان | باركۆلدىن سۈجىغىچە |
| كۆكبېيجۇون تۇراسى | باركۆل بازىرىنىڭ غەربىدە، كۆلياغا يېزىسى كۆكۆەچۈون جازۋېچلىق ئۆتكىسىنىڭ بىر كىلومېتىر شەرقىدە. | قالدۇق قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى 8.6 مېتىر، سوقىدا ۋە كېسەك ئارىلاش قوپۇرۇلغان، چىلىك دەۋرىدىن قالغان. | باركۆلدىن سۈجىغىچە |
| سۈجى كەنتى تۇراسى | باركۆل بازىرىنىڭ غەربىدە، سۈجى يېزا سۈجى كەنتىنىڭ بىر كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدا. | قالدۇق قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى بەش مېتىر، سوقىدا ۋە كېسەك ئارىلاش قوپۇرۇلغان، چىلىك دەۋرىدىن قالغان. | باركۆلدىن سۈجىغىچە |
| سارچوقا تۇراسى | باركۆل بازىرىنىڭ غەربىدە ، سارچوقا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ 100 مېتىر غەربىي جەنۇبىدا. | سوقىدىن سوقۇلغان، قالدۇق قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى تۆت مېتىر، چىلىك دەۋرىدىن قالغان | باركۆلدىن سۈجىغىچە |
| پىيازلىق تۇراسى | باركۆل بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا، سۈجى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئۈچ كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىدا. | سوقىدا سوقۇلغان، قالدۇق قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى 4.5 مېتىر، چىلىك دەۋرىدىن قالغان | باركۆلدىن سۈجىغىچە |
| قوش ئارال تۇراسى | باركۆل بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا، سۈجى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئۈچ كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىدا. | سوقىغا ياغاچ كىرىشتۈرۈلۈپ ياسالغان، ساقلىنىپ قالغان ئېگىزلىكى 5.6 مېتىر، چىلىك دەۋرىدىن قالغان. | سۈجىدىن يەتتەقۇدۇققىچە |
| ۋۇچاگۇل تۇراسى | باركۆل بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا، شىياۋبا يېزىسى ۋۇچاگۇ كەنتىنىڭ ئالتە كىلومېتىر شىمالىدا. | سوقىدا سوقۇلغان، ساقلىنىپ قالغان ئېگىزلىكى سەككىز مېتىر، چىلىك دەۋرىدىن قالغان | سۈجىدىن يەتتەقۇدۇققىچە |
| بەيگەتۆبە تۇراسى | باركۆل بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا، شىياۋبا كەنتىدىكى بەيگە تۆبىنىڭ بەش كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدا. | سوقىدا سوقۇلغان، ساقلىنىپ قالغان ئېگىزلىكى 7.8 مېتىر، چىلىك دەۋرىدىن قالغان. | سۈجۈدىن يەتتەقۇدۇققىچە |
| جيەنچۈەنزى تۇراسى | قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەرقىدە، تۆگە قوتنىدىن تاشئۆستەڭگىچە بولغان تاشيولنىڭ سەككىز كىلومېتىرلىق يولىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە. | ساقلىنىپ قالغان ئېگىزلىكى 5.9 مېتىر، كېسەكتىن قوپۇرۇلغان، ئوتتۇرا قىسمى ئوچۇق، چىلىك دەۋرىدىن قالغان. | تۆگە قوتنىدىن تاشئۆستەڭگىچە |
| چىگشەنزى تۇراسى | تاشئۆستەڭنىڭ غەربىي جەنۇبىغا سەككىز كىلومېتىر كېلىدىغان چىگشەنزى دېگەن جايدا. | كېسەكتىن قوپۇرۇلغان، ساقلىنىپ قالغان ئېگىزلىكى 2.5 مېتىر، چىلىك دەۋرىدىن قالغان | قۇمۇلدىن تاشئۆستەڭگىچە |
| ئەردۇن تۇراسى | تاشئۆستەڭ بەيسەن كەنتىنىڭ شەرقىي شىمالىدا، غەربتە تاشئۆستەڭگە تۆت كىلومېتىر كېلىدۇ. | تۆلى تاشتىن، ئۈستى كېسەكتىن قوپۇرۇلغان، ساقلىنىپ قالغان ئېگىزلىكى 3.5 مېتىر، چىلىك دەۋرىدىن قالغان. | قۇمۇلدىن تاشئۆستەڭگىچە |

| | | | |
|---|---|---|---|
| سەندۈن تۇراسى | قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا، شوپۇل يېزا شوپۇل كەنتىگە ئۈچ كىلومېتىر كېلىدۇ | تاش ۋە كېسەكتىن قوپۇرۇلغان، ساقلىنىپ قالغان ئېگىزلىكى تۆت مېتىر، چاك دەۋرىدىن قالغان. | قۇمۇلدىن بايخىچە |
| دۆڭدۆڭشەن تۇراسى | تاشۆيلىق يېزا توگۆلۈك كەنتىنىڭ ئىككى كىلومېتىرغەربىي جەنۇب يۆلىكىدىكى دۆڭدۆڭشەن تاغ جوققىسىدا. | قالدۇق قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى 4-5 مېتىر، سىرتى تاش بىلەن قوپۇرۇلۇپ، ئوتتۇرىسى تاش ۋە كېسەك بىلەن تىندۇرۇلغان، چاك دەۋرىدىن قالغان. | قۇمۇلدىن تاشۆيلىققىچە |
| جۇخۇ كەنت يايلىقى جەنۇبىي تۇراسى | باركۆل بازىرىنىڭ شىمالىدا، داخې يېزا جۇخۇ كەنتىنىڭ شەرقىي شىمالىدا. | قالدۇق قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى ئالتە مېتىر، سوقمىدا قوپۇرۇلغان، چاك دەۋرىدىن قالغان | باركۆلدىن ئۈچكۆلگىچە |
| جۇخۇ كەنت يايلىقى شىمالىي تۇراسى | باركۆل بازىرىنىڭ شىمالىدا، جۇخۇ كەنتىنىڭ شەرقى شىمالىدا، موري بازىرىنىڭ بەش كىلومېتىر شىمالىدا | قالدۇق قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى ئالتە مېتىر، سوقمىدىن قوپۇرۇلغان، چاك دەۋرىدىن قالغان. | باركۆلدىن ئۈچكۆلگىچە |
| قىزىلجان تۇراسى | باركۆل بازىرىنىڭ شىمالىدا، جۇخۇ كەنتىنىڭ غەربىي شىمالىدا، موري بازىرىنىڭ ئىككى كىلومېتىر شەرقىدە. | ئېغىر ھالدا ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، قالدۇق قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىر، سوقمىدىن قوپۇرۇلغان، چاك دەۋرىدىن قالغان. | باركۆلدىن ئۈچكۆلگىچە |
| شۇاگدۇنزى تۇراسى | باركۆل بازىرىنىڭ شىمالىدا، قىزىل يۇلتۇز چارۋىچىلىق فېرمىسى ماۋگىماۋ كەنتىنىڭ سەككىز كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىدا. | ئېغىر ھالدا ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، پەقەت ئۇللا ساقلىنىپ قالغان. | باركۆلدىن ئۈچكۆلگىچە |
| جۇگخۇ كەنتى تۇراسى | باركۆل بازىرىنىڭ شىمالىدا، ئۈچكۆل يېزىسى جۇگخۇ كەنتىنىڭ بىر كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدا. | تېگى يايلاق تاشتىن، ئۈستى كېسەكتىن قوپۇرۇلغان، ساقلىنىپ قالغان ئېگىزلىكى 12 مېتىر، تاڭ، چاك دەۋرىدىن قالغان. | باركۆلدىن ئۈچكۆلگىچە |
| ئارىنزىيان قۇدۇق كەنتى تۇراسى | باركۆل كۆلىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا، كۆلياقا يېزا زىلبوجاڭ كەنتىنىڭ ئۈچ كىلومېتىر جەنۇبىدا. | قالدۇق قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن ئىككى مېتىر، سوقمىدىن قوپۇرۇلغان، چاك دەۋرىدىن قالغان | باركۆلدىن سارچوقىغىچە |
| ئاگال تۇراسى | باركۆل كۆلىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا، خۇگمەن دېھقانچىلىق مەيدانى خىمبە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ ئىككى كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدا | قالدۇق قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى 4-8 مېتىر، ئىچىگە يايلاق تاش دۆۋىلىنىپ، سىرتى كېسەك بىلەن تۈز قوپۇرۇلغان، چاك دەۋرىدىن قالغان | باركۆلدىن بورچىنچىغىچە |
| سەنتاگچۇەن تۇراسى | باركۆل بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا، ئۈچكۆل يېزىسى جوگخۇ كەنتى سەنتاك غەربىي كۆلچىكىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە. | قالدۇق قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى سەككىز مېتىر، تېگى يايلاق تاش بىلەن، ئۈستى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان، تاڭ، چاك دەۋرىدىن قالغان. | ئۈچكۆلدىن ساقا بۇلاققىچە |
| سىناگچۇەن تۇراسى | باركۆل بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا، ئۈچكۆل يېزىسى جوگخۇ كەنتىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا. | قالدۇق قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى 10 مېتىر، تېگى يايلاق تاش بىلەن، ئۈستى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان، تاڭ، چاك دەۋرىدىن قالغان. | ئۈچكۆلدىن ساقا بۇلاققىچە |

| | | | |
|---|---|---|---|
| شىبەندۈن تۈراسى | ئۈچكۆل يېزىسى جۇگخو كەنتىنىڭ 31 كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىدا. | قالدۇق قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى 6.7 مېتىر، سىرتى يابىلاق تاش بىلەن قوپۇرۇلۇپ، ئىچى كېسەك بىلەن تىندۇرۇلغان، تاڭ، چىڭ دەۋرىدىن قالغان | ئۈچكۆلدىن ساقا بۇلاقىچە |
| ساقبۇلاق تۈراسى | ئۈچكۆل يېزىسى ساقبۇلاق كەنتىنىڭ بىر كىلومېتىر شەرقىدە. | تېگى يابىلاق تاش بىلەن، ئۈستى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان، قالدۇق قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى 10 مېتىر، تاڭ، چىڭ دەۋرىدىن قالغان. | ساقا بۇلاقتىن نومىغىچە |
| دۇگجواگزى تۈراسى | ئۈچكۆل يېزا دۇگجواگزى كەنتىنىڭ ئالتە كىلومېتىر جەنۇبىدا، يەنە بىر ئىسمى بەيدۈن. | قالدۇق قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى 11 مېتىر، تېگى يابىلاق تاش بىلەن، ئۈستى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان، تاڭ، چىڭ دەۋرىدىن قالغان. | ساقا بۇلاقتىن نومىغىچە |
| بەيدۈن تۈراسى | باركۆل بازىرىنىڭ غەربىي شىمالىدا، قىزىل يۇلتۇز 1- چارۋىچىلىق فېرمىسى قىزىلقۇدۇق كەنتىنىڭ 14 كىلومېتىر غەربىي شىمالىدا. | قالدۇق قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىر، كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان، تاڭ، چىڭ دەۋرىدىن قالغان. | باركۆلدىن بورجىنچىغىچە |
| شىبەيدۈن تۈراسى | باركۆل بازىرىنىڭ غەربىي شىمالىدا، چوڭ قۇلۇنچەي يېزىسىنىڭ 56 كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىدا. | تاش تاختايدىن قوپۇلغان، چىڭ دەۋرىدىن قالغان | غەربىي شىمالى موري بىلەن شەرقىي جەنۇبى كۆزگۈبېجۈمن بىلەن تۇتىشىدۇ |
| قوتۇرشونا تۈراسى | ئاراتۈرۈك بازىرىنىڭ غەربىدە، نېرىنكىر يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ 41 كىلومېتىر شىمالىدا. | قالدۇق قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى 4.9 مېتىر،يابىلاق تاش ۋە شاخ - شۇمبىدىن قوپۇرۇلغان ، تاڭ، چىڭ دەۋرىدىن قالغان | ئاراتۈرۈك تۇركۆلدىن ئۈچكۆل تاغ يولىغا تۇتىشىدۇ |
| يۇلدۇم تۈراسى | ئاراتۈرۈك بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا، ئاداق يېزا تولدۇمنىڭ ئىككى كىلومېتىر غەربىي شىمالىدا. | كېسەكتىن قوپۇرۇلغان، ئېغىر ھالدا ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، چىڭ دەۋرىدىن قالغان. | ئاراتۈرۈكتىن نومىغىچە |
| باي تۈراسى | ئاراتۈرۈك بازىرىنىڭ شەرقىدە، باي يېزىسى يۇقىرى مەھەللە كەنتىنىڭ بىر كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىدا. | قالدۇق قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى 2.7مېتىر، كېسەكتىن قوپۇرۇلغان، چىڭ دەۋرىدىن قالغان. | بايدىن موغايغىچە |

3. ھەربىي رابات، گازارما

چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى يىللىرىدىن چيەنلۇڭ 24- يىلىغىچە (1759- يىلى)، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتىشتىكى ھەربىي ئېھتىياج تۈپەيلىدىن، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ئىككى يولدا ھەربىي رابات ۋە بارگاھ تەسىس قىلىندى ھەممە قوغداش ئۈچۈن بىر قانچە راباتلار ئارىسىغا قاراۋۇلخانا تەسىس قىلىندى. ئەينى چاغدا، ھەربىي راباتلار ئىچكىرى بىلەن تۇتىشىدىغان ئىككى يول بولۇپ، شىمالىي يول بىلەن گۇچۇڭنىڭ شىمالىدىن قوبدۇ، تاشقى موڭغۇلىيە ئارقىلىق بېيجىڭغا بارغىلى؛ جەنۇبىي يول بىلەن قۇمۇل، ئەنشى ئارقىلىق، جيايۈگۈەندىن

ئۆتتۈپ، گەنسۇ غا كىرىپ خېشى كارىدورىدىن ئۆتتۈپ، بېيجىڭغا بارغىلى بولاتتى.

ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىدىكى ھەر قايسى جايلاردا «مەھكىمە» تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى بىر قىسىم ھەربىي رابات ۋە بارگاھلار ئۆتەڭگە ئۆزگەرتىلدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرىدا، قۇمۇلغا قاراشلىق 13 ھەربىي رابات ۋە 13 بارگاھ تەسىس قىلىندى. قۇمۇلدىن شىڭشىڭشياغىچە بولغان ئارىلىقتا ھەربىي رابات بىلەن بارگاھلار قوشۇۋېتىلدى. قۇمۇلدىن شىمالغا قاراپ تەڭرىتاغدىن ئۆتكەن لىنىيىدە بارگاھ تەسىس قىلىندى. باركۆلگە قاراشلىق سەككىز جايدا ھەربىي رابات، 12 بارگاھ، بەش ئۆتەڭ بار ئىدى.

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرىدىكى قۇمۇلنىڭ جەنۇبىي بولىدىكى ھەربىي راباتلار**

جەدۋەل: 13 – 2

| نامى | قوشنا راباتلار بىلەن بولغان ئارىلىقى | ئومۇمىي خادىم | لەشكەر | راباتقا تەۋە ئات |
|---|---|---|---|---|
| شىڭشىڭشيا | قۇمىزلاق بىلەن بولغان ئارىلىقى 70 چاقىرىم | 17 | بىر يۈز بېشى، بىر كاتىپ، 15 لەشكەر | 18 |
| قۇمىزلاق | ئاچچىقسۇ بىلەن بولغان ئارىلىقى 70 چاقىرىم | 12 | بىر يۈز بېشى، بىر كاتىپ، 10 لەشكەر | 13 |
| ئاچچىقسۇ | قوشاقدۆڭ بىلەن بولغان ئارىلىقى 60 چاقىرىم | 8 | بىر يۈز بېشى، بىر كاتىپ، ئالتە لەشكەر | 10 |
| قوشاقدۆڭ | غارىياندۆڭ بىلەن بولغان ئارىلىقى 70 چاقىرىم | 9 | ئۈچ لەشكەر | 4 |
| غارىياندۆڭ | ئەلتۈمۈر بىلەن بولغان ئارىلىقى 70 چاقىرىم | 12 | بىر يۈز بېشى، بىر كاتىپ، 10 لەشكەر | 13 |
| ئەلتۈمۈر | ساۋۇلاق بىلەن بولغان ئارىلىقى 70 چاقىرىم | 12 | بىر يۈز بېشى، بىر كاتىپ، 10 لەشكەر | 12 |
| ساۋۇلاق | قۇمۇل بىلەن بولغان ئارىلىقى 70 چاقىرىم | 12 | بىر يۈز بېشى، بىر كاتىپ، 10 لەشكەر | 12 |
| قۇمۇل مەھكىمە ئۆتىڭى | سۇمقاغا بىلەن بولغان ئارىلىقى 60 چاقىرىم | 17 | بىر يۈز بېشى، بىر كاتىپ، 15 لەشكەر | 18 |
| سۇمقاغا | توغۇچى بىلەن بولغان ئارىلىقى 60 چاقىرىم | 12 | بىر يۈز بېشى، بىر كاتىپ، 10 لەشكەر | 12 |
| توغۇچى | ئۈردەكلىك بىلەن بولغان ئارىلىقى 70 چاقىرىم | 12 | بىر يۈز بېشى، بىر كاتىپ، 10 لەشكەر | 12 |
| ئۈردەكلىك | لياۋدۇن بىلەن بولغان ئارىلىقى 80 چاقىرىم | 12 | بىر يۈز بېشى، بىر كاتىپ، 10 لەشكەر | 12 |
| لياۋدۇن | دىگاۋگۇ بىلەن بولغان ئارىلىقى 80 چاقىرىم | 14 | بىر يۈز بېشى، بىر كاتىپ، 12 لەشكەر | 15 |
| دىگاۋگۇ | | 12 | بىر يۈز بېشى، بىر كاتىپ، 10 لەشكەر | 12 |

## چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرىدىكى قومۇل شىمالىي يولىدىكى بارگاھلار

جەدۋەل: 13 – 3

| نامى | قوشنا بارگاھلارنىڭ ئارىلىقى | ئادەم سانى | ياغاچ ھارۋا سانى | ئات، تۆگە | تەۋەلىكى |
|---|---|---|---|---|---|
| قومۇل مەھكىمە بارگاھى | قارا تۆي بىلەن بولغان ئارىلىقى 50 چاقىرىم | بىر ئەمەلدار، بەش لەشكەر، ئۈچ ھارۋىكەش | 5 | 12 | قومۇل |
| قارا تۆي | كۆشۆتە بىلەن بولغان ئارىلىقى 40 چاقىرىم | بىر ئەمەلدار، ئۈچ لەشكەر، بىر ھارۋىكەش | 3 | 10 | قومۇل |
| كۆشۆتە | قوتانقول بىلەن بولغان ئارىلىقى 40 چاقىرىم | بىر ئەمەلدار، ئۈچ لەشكەر، بىر ھارۋىكەش | 3 | 11 | قومۇل |
| قوتانقول | سومۇشتان بىلەن بولغان ئارىلىقى 30 چاقىرىم | بىر ئەمەلدار، تۆت لەشكەر، بىر ھارۋىكەش | 2 | 8 | قومۇل |
| سومۇشتان | كۆيسۇ بىلەن بولغان ئارىلىقى 80 چاقىرىم | بىر ئەمەلدار، تۆت لەشكەر، بىر ھارۋىكەش | 2 | 6 | باركۆل |
| كۆيسۇ | باركۆل مەھكىمە بارگاھى بىلەن بولغان ئارىلىقى 90 چاقىرىم | ئۈچ لەشكەر، ئىككى ھارۋىكەش | 2 | 8 | باركۆل |
| باركۆل مەھكىمە بارگاھى | سۆجە بىلەن بولغان ئارىلىقى 90 چاقىرىم | بىر ئەمەلدار، تۆت لەشكەر، ئۈچ ھارۋىكەش | 4 | 8 | باركۆل |
| سۆجە | لىيباچۇەن بىلەن بولغان ئارىلىقى 90 چاقىرىم | بىر ئەمەلدار، ئىككى لەشكەر، ئىككى ھارۋىكەش | 3 | 8 | باركۆل |
| بەيگەتۆبە | ئوتۇنچى بىلەن بولغان ئارىلىقى 70 چاقىرىم | بىر ئەمەلدار، ئۈچ لەشكەر | 3 | 10 | باركۆل |
| ئوتۇنچى | سارقىمىس بىلەن بولغان ئارىلىقى 90 چاقىرىم | بىر ئەمەلدار، ئۈچ لەشكەر | 2 | 6 | باركۆل |
| سارقىمىس | قارا كۆز بىلەن بولغان ئارىلىقى 90 چاقىرىم | بىر ئەمەلدار، تۆت ، ئىككى ھارۋىكەش | 3 | 6 | باركۆل |
| قارا كۆز |  | بىر ئەمەلدار، تۆت لەشكەر، ئىككى ھارۋىكەش | 2 | 7 | باركۆل |

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرىدىكى باركۆلدىن موري، يەتتە قۇدۇق ۋە پىچانغىچە بولغان ھەربىي راباتلار**

جەدۋەل: 13 – 4

| نامى | مۇساپىسى | لەشكەر | ئات، تۆگە | لىنىيە |
|---|---|---|---|---|
| باركۆل مەھكىمە راباتى | سۆجە بىلەن بولغان ئارىلىقى 90 چاقىرىم | بىر يۈز بېشى، 10 لەشكەر، سەككىز ھارۋىكەش | 15 | باركۆلدىن مورىغىچە |
| سۆجە راباتى | تۆۋەن بەيگە تۆبىسىگىچە بولغان ئارىلىقى 90 چاقىرىم | بىر يۈز بېشى، ئالتە لەشكەر، ئۈچ ھارۋىكەش | 10 | باركۆلدىن مورىغىچە |
| تۆۋەن بەيگەتۆبە راباتى | ئۆتۈنچىگىچە بولغان ئارىلىقى 50 چاقىرىم | بىر قوغدىغۇچى، بەش لەشكەر، ئۈچ ھارۋىكەش | 8 | باركۆلدىن مورىغىچە |
| ئۆتۈنچى راباتى | دۆڭباستاۋغىچە بولغان ئارىلىقى 50 چاقىرىم | بىر يۈز بېشى، بەش لەشكەر، ئۈچ ھارۋىكەش | 8 | باركۆلدىن مورىغىچە |
| دۆڭباستاۋ راباتى | قارا كۆز بىلەن بولغان ئارىلىقى 30 چاقىرىم | بىر يۈز بېشى، بەش لەشكەر، ئۈچ ھارۋىكەش | 8 | باكۆلدىن مورىغىچە |
| قارا كۆز راباتى | يۇقىرى بەيگە تۆبىسىگىچە بولغان ئارىلىقى 40 چاقىرىم | بىر مىڭبېشى، بەش لەشكەر، ئۈچ ھارۋىكەش | 8 | باركۆلدىن مورىغىچە |
| يۇقىرى بەيگەتۆبە راباتى | تۆلەيگىچە بولغان ئارىلىقى 70 چاقىرىم | بىر يۈز بېشى، بەش لەشكەر، ئۈچ ھارۋىكەش | 8 | باركۆلدىن يەتتەقۇدۇققىچە |
| تۆلەي راباتى | ئاپقۇر بۇلاققىچە بولغان ئارىلىقى 80 چاقىرىم | بىر يۈز بېشى، تۆت لەشكەر، ئىككى ھەمراھ، 10 تەمىنلىگۈچى | ئۈچ تۆگە، سەككىز ئات | باركۆلدىن يەتتەقۇدۇققىچە |
| ئاپقۇربۇلاق راباتى | شورباستاۋغىچە بولغان ئارىلىقى 40 چاقىرىم | بىر تاشقى ئەمەلدار، يەتتە لەشكەر، ئۈچ ھارۋىكەش | ئىككى تۆگە، 10 ئات | باركۆلدىن يەتتەقۇدۇققىچە |
| چاقبۇلاق راباتى | شوتا بۇلاققىچە بولغان ئارىلىقى 40 چاقىرىم | بىر تاشقى ئەمەلدار، يەتتە لەشكەر، ئۈچ ھارۋىكەش | ئىككى تۆگە، 10 ئات | باركۆلدىن يەتتەقۇدۇققىچە |
| شوتا بۇلاق راباتى | سۆيجىڭزىغىچە بولغان ئارىلىقى 130 چاقىرىم | بىر ھاسىلات بېگى، يەتتە لەشكەر، ئۈچ ھارۋىكەش | ئۈچ تۆگە، 10 ئات | باركۆلدىن يەتتەقۇدۇققىچە |
| خۆيجىڭزى راباتى | | بىر يۈز بېشى، بەش لەشكەر، ئۈچ ھارۋىكەش | ئىككى تۆگە، سەككىز ئات | باركۆلدىن پىچانغىچە |

4. پوچتا ئۆتەڭلىرى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 10- يىلى (1884- يىلى)، شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇلغاندىن كېيىن، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب- شىمالىدىكى بارگاھلار بىردەك پوچتا ئۆتەڭگە ئۆزگەرتىلدى. گۇاڭشۈ 28- يىلى (1902- يىلى) غىچە، قۇمۇل مەھكىمىسىگە قاراشلىق پوچتا ئۆتەڭلىرى 14 كە، باركۆل مەھكىمىسىگە قاراشلىق پوچتا ئۆتەڭلىرى 12 گە يەتتى. پوچتا ئۆتەڭلىرىنىڭ جايلىشىشى ۋە مۇساپىسى ھەربىي رابات ۋە بارگاھلار بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولدى. ئەينى چاغدا، ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلىپ قۇمۇل ۋە باركۆلدىن ئۆتىدىغان ئۈچ پوچتا ئۆتەڭ لىنىيىسى بار ئىدى.

1) ئۈرۈمچى ــ تۇرپان ــ قۇمۇل لىنىيىسى   ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىدىن باشلىنىپ، تۇرپان، پىچاننى كېسىپ ئۆتۈپ، قۇمۇلغا تۇتىشىدۇ. لىنىيە ئارىلىقىدا 21 ئۆتەڭ بولۇپ، مۇساپىسى 1710 چاقىرىم.

2) گۇچۇڭ ــ جىايۈگۈەن لىنىيىسى   بۇ لىنىيە گۇچۇڭنىڭ جەنۇبىدىن باشلىنىپ، يەتتە قۇدۇق، قۇمۇل، ئەنشى، قاشقوۋۇق قاتارلىق جايلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، جىايۈگۈەنگە تۇتىشىدۇ. ئارىلىقىدا 32 ئۆتەڭ بولۇپ، مۇساپىسى 2440 چاقىرىم.

3) ئۈرۈمچى ــ باركۆل ــ قۇمۇل لىنىيىسى   ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىدىن باشلىنىپ، فۇكاڭ، جىمسارى، گۇچۇڭ، باركۆل قاتارلىق جايلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، قۇمۇلغا تۇتىشىدۇ. ئارىلىقتا جەمئىي 22 ئۆتەڭ بولۇپ، مۇساپىسى 1730 چاقىرىم.

گۇاڭشۈ 29- يىلى (1903- يىلى)، شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى فەن شياۋسۇ روسىيىنىڭ پوچتا ھارۋىسى ئارقىلىق خەت- ئالاقە يوللاش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىپ كېلىپ، ئۆلكە مەركىزى (ئۈرۈمچى) دىن باشلانغان، قۇمۇل ئارقىلىق گەنسۇنىڭ جيۇچۈەن ۋىلايىتىگە تۇتىشىدىغان پوچتا ھارۋىسى ئۆتەڭ لىنىيىسىنى ئاچتى، ئات، ھارۋىنى ھۆكۈمەت تەمىنلىدى. ھەر بىر چوڭ ئۆتەڭگە 10 ئات ھارۋىسى سەپلەندى. جايلارنىڭ ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بۇ ئىشقا مەسئۇل بولدى، ھارۋا ھەققى ئۆتەڭگە قاراپ بېكىتىلدى. يىراق- يېقىن ئارىلىقنىڭ باھاسى ئوخشاش بولدى. بۇ خىل ئالاقىلىشىش شەكلى ئۈچ يىلغا يەتمەيلا ھەر خىل قىيىنچىلىقلار تۈپەيلىدىن ئەمەلدىن قالدى.

**چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇمۇلدىكى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي، شىمالىي يوللىرىدىكى پوچتا ئۆتەڭلىرىنىڭ خادىمى، ئېتى ۋە يىللىق خىراجەت ئەھۋالى**

جەدۋەل: 13 – 5

| | باركۆل – ئۈرۈمچى يول تەۋەلىكى | ھارۋىكەش ۋە ئات سانى | | | خىراجەت قىلىنغان كۈمۈش مىقدارى | | ئومۇمىي خىراجەت (سەر) (12 ئايلىق خىراجەتكە ئالدىنقى يىللىق خىراجەتنى قوشۇپ ھېسابلانغاندا) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | پوچتىكەش | ھارۋىكەش | ئات | ئايلىق خىراجەت (سەر) | يىللىق خىراجەت (سەر) | |
| قۇمۇل مەھكىمىسىگە قاراشلىق ئۆتەڭلەر | قۇمۇل مەھكىمىسىنىڭ پوچتا ئۆتىڭى | 1 | 10 | 20 | 85·8 | 98·5 | 1128·10 |
| | سومقاغا ئۆتىڭى | 1 | 6 | 12 | 54·6 | 59·1 | 714·30 |
| | توغوچى ئۆتىڭى | 1 | 6 | 12 | 54·6 | 59·1 | 714·30 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | نارانجى ئۆتەڭگى | 1 | 6 | 12 | 54·6 | 59·1 | 714·30 |
| | لياۋدۇن ئۆتەڭگى | 1 | 7 | 14 | 62·4 | 88·95 | 817·75 |
| | ئابغۇر بۇلاق ئۆتەڭگى | 1 | 7 | 14 | 62·4 | 68·95 | 817·75 |
| | دىگساۋگو ئۆتەڭگى | 1 | 3 | 6 | 31·2 | 29·55 | 403·95 |
| | ساۋۇلاق ئۆتەڭگى | 1 | 8 | 16 | 70·5 | 78·8 | 921·20 |
| | ئەلتۇمۇر ئۆتەڭگى | 1 | 8 | 16 | 70·2 | 78·8 | 921·20 |
| | غارىباندۆڭ ئۆتەڭگى | 1 | 9 | 18 | 78 | 88·65 | 1024·65 |
| | ئاچچىقسۇ ئۆتەڭگى | 1 | 9 | 18 | 78 | 88·65 | 1024·65 |
| | قۇمبۇلاق ئۆتەڭگى | 1 | 8 | 16 | 70·2 | 78·8 | 291·20 |
| | كۆشۆتە ئۆتەڭگى | 1 | 7 | 14 | 62·4 | 88·95 | 817·75 |
| | شىڭشىڭشيا ئۆتەڭگى | 1 | 8 | 16 | 70·2 | 78·8 | 921·2 |
| باركۆل مەھكىمىسىگە قاراشلىق ئۆتەڭلەر | باركۆل ئۆتەڭگى | 1 | 8 | 16 | 70·2 | 78·85 | 921·2 |
| | كۆيسۇ ئۆتەڭگى | 1 | 7 | 14 | 62·4 | 68·95 | 817·75 |
| | سۆجە ئۆتەڭگى | 1 | 7 | 14 | 62·4 | 68·95 | 817·75 |
| | يۇقىرى بەيگەتۆپە ئۆتەڭگى | 1 | 5 | 10 | 62·4 | 49·25 | 610·85 |
| | تۆۋەن بەيگەتۆپە ئۆتەڭگى | 1 | 7 | 14 | 62·4 | 68·95 | 817·75 |
| | ئوتۇنچى ئۆتەڭگى | 1 | 7 | 14 | 62·4 | 68·95 | 817·75 |
| | دۆگباساۋ ئۆتەڭگى | 1 | 7 | 14 | 62·4 | 68·95 | 817·75 |

مىنگونىڭ 2- يىلى (1913- يىلى) ئۆتەڭلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، پوچتا بېكەتلىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، قۇمۇلغا

قاراشلىق پوچتا ئۆتەڭلىرى پوچتا پونكىتىغا ئۆزگەرتىلدى. ئەينى چاغدا 14 ئورۇندا پوچتا پونكىتى بولۇپ، 48 ئېغىز پوچتا ئۆيى، 14 پوچتىكەش، 102 ھارۋىكەش، 204 ئات بولۇپ، يىللىق خىراجىتى 11 مىڭ 862.3 سەر كۆمۈش ئىدى.

## §2. پوچتا ئىدارىسى

چىڭ سۇلالىسى ۋە مىنگو دەۋرىدە، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ پوچتا بىلەن تېلېگراف ئورگىنى ئايرىم تەسىس قىلىنغان بولۇپ، تەۋەلىكى ئايرىم ئىدى.

قۇمۇلنىڭ پوچتا ئىشلىرى 80 يىلغا يېقىن تەرەققىيات مۇساپىسىدە ئۈچ باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتى.

### 1. چىڭ سۇلالىسىنىڭ پوچتا ئىشلىرى (1909 - 1911- يىللىغىچە)

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 22- يىلى (1896- يىلى) 2- ئاينىڭ 7- كۈنى، چىڭ ئوردىسى پوچتا ئىشلىرىنى يولغا قويۇشنى تەستىقلىدى. شىنجاڭدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ دەسلەپكى يىللىرى (1909- يىلى) پوچتا ئىشلىرى يولغا قويۇلدى، ئۈرۈمچىدە پوچتا باش ئىدارىسى تەسىس قىلىندى. شۇ يىلى، قۇمۇل پوچتا ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، ئۈرۈمچى پوچتا باش ئىدارىسىغا قارىدى. پوچتا ئىدارىسىدا بىر ئىدارە باشلىقى، بىر پوچتىكەش ۋە بىر قارا خىزمەتچى قويۇلدى. شۈەنتۇڭ 3- يىلى (1911- يىلى) شىنخەي ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ پوچتا ئىشلىرىمۇ چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ توختىدى.

### 2. جۇڭخۇا مىنگو پوچتا ئىشلىرى (1912 - 1949- يىللىغىچە)

جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتى قاتناش مىنىستىرلىكى تەسىس قىلىپ، مەملىكەتنىڭ پوچتا ئىشلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇردى. مىنگونىڭ 3- يىلى (1914- يىلى) 1- ئاينىڭ 1- كۈنى، تۈزۈلمە ئىسلاھ قىلىنىپ، ئۈرۈمچىدە پوچتا ئىدارىسى تەسىس قىلىندى. ئۇنىڭغا شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى 1-، 2-، 3- دەرىجىلىك پوچتا ئىدارىلىرى قاراشلىق بولدى. قۇمۇل 2- دەرىجىلىك پوچتا ئىدارىسىغا ئايرىلدى. مىنگونىڭ 26- يىلى (1937- يىلى) ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئومۇميۈزلۈك پارتلىغاندىن كېيىن، ئىچكىرى جايلار ۋە دېڭىز بويلىرى ياپونىيە ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىندى، قۇمۇل ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىكى ئارقا سەپ ۋە مۇھىم خەلقئارالىق يولغا ئايلاندى. قۇمۇل پوچتا ئىدارىسى ئەسلىدىكى ئاپپاراتلىرى بويىچە، پوچتا ئىشلىرىنى بېجىرىش ئاساسىدا، يەنە خەلقئارالىق پوچتا يوللانمىلىرىنى ئالماشتۇرۇش مۇلازىمىتىنى ئۈستىگە ئالدى. مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى) 10- ئاينىڭ 1- كۈنى، قۇمۇل پوچتا پۇل ئامانەت ئىدارىسى قۇرۇلدى، پوچتا ئىدارىسىنىڭ ئىشىكىگە پوچتا ئىدارىسى بىلەن پوچتا پۇل ئامانەت ئىدارىسى دېگەن ئىككى ۋىۋىسكا ئېسىلدى، ئەمەلىيەتتە ئىككىسى بىرلىكتە ئىش بېجىردى.

1949- يىل 9- ئاينىڭ 25-، 26- كۈنلىرى، شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولدى. جۇڭخۇا مىنگو پوچتا ئىشلىرى شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئاخىرلاشتى.

3. خەلق پوچتا ئىشلىرى (1949-يىل 9-ئاينىڭ 25-كۈنىدىن كېيىن)

قۇمۇل ئازاد بولغاندىن كېيىن، قۇمۇل ناھىيىلىك ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتى قۇمۇل پوچتا ئىدارىسى بىلەن پوچتا پۇل ئامانەت ئىدارىسىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. 1950-يىلى، پوچتا پۇل ئامانەت ئىدارىسى پوچتا ئىدارىسىغا قوشۇۋېتىلدى. 1952-يىل 11-ئاينىڭ 1-كۈنى پوچتا-تېلېگراف بىرلەشتۈرۈلۈپ قۇمۇل ۋىلايەتلىك پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسى قۇرۇلدى، پوچتا-تېلېگراف ئىشلىرى بىر تۇتاش باشقۇرۇلۇپ، كەسپىي تىجارەت تەرەققىيات يولىغا قەدەم قويدى.

## §3. تېلېگراف ئىدارىسى

1. تېلېگرامما ئىدارىسى (تېلېگراف ئىدارىسى)

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 19-يىلى (1893-يىلى)، چىڭ ھۆكۈمىتى مەبلەغ ئاجرىتىپ، جيۇچۈەندىن قۇمۇل ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە تېلېگرامما لىنىيىسى ئورناتتى. گۇاڭشۈ 21-يىلى (1895-يىلى) 3-ئايدا، قۇمۇل تېلېگرامما ئىدارىسى تەسىس قىلىندى. شۈەنتۇڭ تۇنجى يىلى (1909-يىلى)، يەتتە قۇدۇقتا تېلېگرامما شۆبە ئىدارىسى قۇرۇلدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭ تېلېگراف ئىشلىرى باش ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. قۇمۇل تېلېگرامما ئىدارىسىدا بىر ئىدارە باشلىقى، بىردىن تېلېگراممىچى، تېلېفونىست، گېزىت توشۇغۇچى سەپلەندى.

مىنگونىڭ 1-يىلى (1912-يىلى)، ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ-چىڭخەي تېلېگراف ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلدى. قاتناش مىنىستىرلىكى مەملىكەتتىكى تېلېگرامما ئىدارىلىرىنى دەرىجىگە ئايرىدى، قۇمۇل 3-دەرىجىلىك تېلېگرامما ئىدارىسى قىلىپ بېكىتىلدى.

مىنگونىڭ 7-يىلى (1918-يىلى)، شىڭشىڭشيادا تېلېگراممخانا تەسىس قىلىندى. مىنگونىڭ 15-يىلى (1926-يىلى)، يەتتە قۇدۇق تېلېگرامما شۆبە ئىدارىسى تېلېگراممخانىغا ئۆزگەرتىلدى، بۇ ئىككى ئورۇندىكى تېلېگراممخانىلار قۇمۇل تېلېگرامما ئىدارىسىغا قارىدى.

مىنگونىڭ 21-يىلى (1932-يىلى)، قۇمۇل تېلېگرامما ئىدارىسىدا سىمسىز تېلېگرامما ئىستانسىسى قۇرۇلدى. ئۇنى يەرلىك ھەربىي، مەمۇرىي دائىرىلەر كونترول قىلىپ ئىشلەتتى. مىنگونىڭ 27-يىلى (1938-يىلى)، شىنجاڭ قاتناش باشقارمىسىنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق 6-ئىستانسىسى قۇمۇل تېلېگرامما ئىدارىسىغا قوشۇۋېتىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن قۇمۇلدىكى 3-دەرىجىلىك تېلېگرامما ئىدارىسى 2-دەرىجىلىك تېلېگرامما ئىدارىسىغا ئۆستۈرۈلدى. مىنگونىڭ 34-يىلى (1945-يىلى)، قۇمۇل تېلېگرامما ئىدارىسى تېلېگراف ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

2. شىنجاڭ قاتناش باشقارمىسىنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق 6-ئىستانسىسى

مىنگونىڭ 23-يىلى (1934-يىلى)، يېڭىدىن قۇمۇل رايونىنىڭ مەمۇرىي باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن ليۇ يىڭلىن قۇمۇلغا كېلىشتە، بىر سىمسىز تېلېگرامما ئاپپاراتىنى ئالغاچ كەلدى. ئۇ شىنجاڭ قاتناش باشقارمىسىنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىدا بولدى، 6-ئىستانسا دەپ ئاتالدى. مىنگونىڭ 25-يىلى (1936-يىلى) 7-ئايدا، «تېلېگرامما ئىشلىرى بىرلىككە كەلتۈرۈلدى»، جايلاردىكى تېلېگرامما ئىدارىلىرى ۋە قاتناش باشقارمىسى قارمىقىدىكى سىمسىز تېلېگرامما

ئىستانسىلىرى كەينى- كەينىدىن بىرلەشتۈرۈلدى. مىنگونىڭ 27- يىلى (1938- يىلى)، 6- ئىستانسا قۇمۇل تېلېگرامما ئىدارىسىغا قوشۇۋېتىلدى، نامدا قوشۇلغاندەك بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە 6- ئىستانسا يەنىلا ھەربىي، مەمۇرىي خاراكتېردە بولۇپ، ئايرىم سىستېما بولۇپ قېلىۋەردى.

## §4. پوچتا- تېلېگراف ئىدارىسى

### 1. ۋىلايەتلىك پوچتا- تېلېگراف ئاپپاراتلىرى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1952- يىل 11- ئاينىڭ 1- كۈنى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك پوچتا- تېلېگراف ئىدارىسى (2- دەرىجىلىك ئىدارە) قۇرۇلۇپ، ئۆز تەۋەلىكىدىكى پوچتا- تېلېگراف ئالاقىلىشىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى. باركۆل، ئاراتۈرۈك ئىككى ناھىيىنىڭ پوچتا- تېلېگراف ئىدارىسى بىۋاسىتە ئۆلكىلىك پوچتا- تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. قۇمۇل ۋىلايەتلىك پوچتا- تېلېگراف ئىدارىسى ئۆلارغا قارىتا پەقەت كەسپىي جەھەتتىكى تەكشۈرۈش رولىنى ئۆتىدى. 1955- يىل 10- ئاينىڭ 1- كۈنى، پوچتا- تېلېگراف مىنىستىرلىكىنىڭ «تەشكىلاتلارنى تەرتىپكە سېلىپ، كەسپىي باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش» توغرىسىدىكى يوليورۇقىنىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك پوچتا- تېلېگراف ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ قۇمۇل ناھىيىلىك پوچتا- تېلېگراف ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، پوچتا- تېلېگراف ئىشلىرىنى باشقۇردى. 1957- يىل 11- ئاينىڭ 8- كۈنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پوچتا- تېلېگراف ئىدارىسى قۇمۇلدا نازارەتچىلىك ئىش باشقارمىسى تەسىس قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پوچتا- تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ئورگىنى سۈپىتىدە ئۈچ ناھىيىنىڭ پوچتا- تېلېگراف ئالاقىلىشىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. 1959- يىل 1- ئاينىڭ 1- كۈنى، پوچتا- تېلېگراف تۈزۈلمىسى تۆۋەنگە يۆزلەندۈرۈلدى، ۋىلايەتلىك نازارەتچىلىك باشقارمىسى بىلەن قۇمۇل ناھىيىلىك پوچتا- تېلېگراف ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك پوچتا- تېلېگراف ئىدارىسى قۇرۇلدى.

1966- يىلى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك پوچتا- تېلېگراف ئاپپاراتلىرى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. نورمال پوچتا- تېلېگراف ئالاقىلىشىش خىزمىتىنى قوغداش ئۈچۈن، 1967- يىل 3- ئاينىڭ 20- كۈنى، قۇمۇل شۆبە ھەربىي رايونى بۇيرۇقىغا بىنائەن ۋىلايەتلىك پوچتا- تېلېگراف ئىدارىسىنى ھەربىي ئىدارە قىلدى. 1968- يىل 11- ئاينىڭ 15- كۈنى، پوچتا- تېلېگراف تۈزۈلمىسى داۋاملىق تۆۋەنگە يۆزلەندۈرۈلۈپ، قۇمۇل ئۇزۇن يوللۇق تېلېگراف سىم يول ئاسراش پونكىتى ۋىلايەتلىك پوچتا- تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1969- يىل 4- ئاينىڭ 9- كۈنى، ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى.شۇ يىلى 12- ئاينىڭ 22- كۈنى، پوچتا بىلەن تېلېگراف ئايرىپ تەسىس قىلىندى، تېلېگراف تارمىقى بىلەن ئۇزۇن يوللۇق تېلېگراف سىم يول ئاسراش پونكىتى قوشۇۋېتىلىپ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك تېلېگراف ئىدارىسى قۇرۇلدى ھەم شۆبە ھەربىي رايوننىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى؛ پوچتا تارمىقىدىن قۇمۇل ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. 1973- يىل 6- ئاينىڭ 16- كۈنى، پوچتا، تېلېگراف ئىككى ئىدارە بىرلەشتۈرۈلۈپ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك پوچتا- تېلېگراف ئىدارىسى قۇرۇلدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قۇمۇل ئۇزۇن يوللۇق تېلېگراف سىم يول ئاسراش پونكىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ھەم بىۋاسىتە ئۈرۈمچى ئۇزۇن يوللۇق تېلېگراف سىم يول ئاسراش باش پونكىتىنىڭ تەۋەلىكىدە بولدى. 1981- يىل 1- ئاينىڭ 1- كۈنى، تارانچى كان رايونى پوچتا - تېلېگراف تارماق ئىدارىسىنىڭ دەرىجىسى ناھىيە دەرىجىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىغا ئۆستۈرۈلدى. 1983- يىل 7- ئاينىڭ 29- كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پوچتا -

تېلېگراف ئىدارىسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق پوچتا- تېلېگراف ئىدارىلىرىنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسىنى كېڭەيتىشنى قارار قىلىپ، ئۈچ دەرىجىلىك باشقۇرۇشنى يولغا قويدى. قۇمۇل ۋىلايەتلىك پوچتا- تېلېگراف ئىدارىسى مەمۇرىي جەھەتتە بىرىنچى دەرىجىلىك باشقۇرۇش ئاپپاراتى بولۇپ، ئۇنىڭغا قاراشلىق ئىككى ناھىيە، بىر كان (ناھىيە دەرىجىلىك) نىڭ پوچتا- تېلېگراف ئىدارىلىرىغا قارىتا ئومۇمىيۈزلۈك باشقۇرۇشنى يولغا قويدى.

### 2. ناھىيە دەرىجىلىك پوچتا- تېلېگراف ئاپپاراتلىرى

مىنگونىڭ تۇنجى يىلى (1912- يىلى)، باركۆل ناھىيىسى ۋە شىڭشىڭشيادا پوچتا ئىشلىرىنى ۋاكالىتەن بېجىرىش ئورنى تەسىس قىلىندى. مىنگونىڭ 26- يىلى (1937- يىلى)، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئومۇمىيۈزلۈك پارتلىغاندىن كېيىن، قۇمۇلدا بېجىرىلىدىغان پوچتا ئىشلىرى كۈنسايىن كۆپەيدى، پوچتا ئىشلىرىنى ۋاكالىتەن بېجىرىش ئورنى ئەينى چاغدىكى ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىدى. مىنگونىڭ 29- يىلى (1940- يىلى) ۋە مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى)، باركۆل، شىڭشىڭشيادىكى پوچتا ئىشلىرىنى ۋاكالىتەن بېجىرىش ئورۇنلىرىنىڭ دەرىجىسى 3- دەرىجىلىك پوچتا ئىدارىسى قىلىپ ئۆستۈرۈلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن 1950- يىل 11- ئايدا، شىنجاڭ پوچتا ئىدارىسى پوچتا ئىدارىلىرى ۋە ئورۇنلىرىنىڭ دەرىجىسىنى باشقىدىن بېكىتتى، باركۆل ناھىيىسى يەنىلا 3- دەرىجىلىك پوچتا ئىدارىسى بولدى؛ شىڭشىڭشيا بازارلىق پوچتا ئىدارىسى پوچتا ئورنىغا ئۆزگەرتىلدى، ئۇ قۇمۇل پوچتا ئىدارىسىنىڭ بىر پوچتا نۇقتىسى سۈپىتىدە، شۇ جاينىڭ پوچتا ئىشلىرىنى بېجىردى. 1954- يىلى، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك پوچتا- تېلېگراف ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1959- يىل 12- ئايدا، لەنجۇ — شىنجاڭ تۆمۈريولى قۇمۇلغا تۇتاشتۇرۇلدى، ئۇزۇن يوللۇق تاشيول ترانسپورتىنىڭ ئورنىنى تەدرىجىي تۆمۈريول ئىگىلىدى، شىڭشىڭشيا بازىرىدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلار ۋە ئاپپاراتلار كەينى- كەينىدىن يۆتكەپ كېتىلدى. 1961- يىلى ، شىڭشىڭشيا پوچتا ئورنى بىكار قىلىندى. 1981- يىل 1- ئايدا، تارانچى پوچتا- تېلېگراف تارماق ئىدارىسى ناھىيە دەرىجىلىك پوچتا- تېلېگراف ئىدارىسىغا ئۆستۈرۈلدى ۋە قۇمۇل ۋىلايەتلىك پوچتا- تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

### 3. پوچتا- تېلېگراف تارماق ئىدارە، ئورۇنلىرى

مىنگونىڭ 1- يىلى (1912- يىلى)، شىڭشىڭشيا، تاشۋېلىق، يەتتە قۇدۇقلاردا پوچتا ئىشلىرىنى ۋاكالىتەن بېجىرىش ئورنى تەسىس قىلىندى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، قۇمۇلنىڭ پوچتا تىجارىتى كۈنسايىن ئۈلغايدى، شىڭشىڭشيا شىنجاڭنىڭ دەرۋازىسىغا جايلاشقاچقا، ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ كېلىدىغان پوچتا يوللانمىلىرى بۇ يەردە تەكشۈرۈلۈپ تاپشۇرۇۋېلىندى ۋە ئۆتكۈزۈۋېلىندى. شۇڭا مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى)، ئەسلىدىكى پوچتا ئىشلىرىنى ۋاكالىتەن بېجىرىش ئورنى 3- دەرىجىلىك پوچتا ئىدارىسىغا ئۆستۈرۈلدى. مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) 6- ئايدا، يەتتە قۇدۇق پوچتا ئىشلىرىنى ۋاكالىتەن بېجىرىش ئورنى پوچتا نۇقتىسىغا ئۆستۈرۈلدى؛ شۇ يىلى، توغۇچى، چۆەنشۈيدى (ھازىرقى پالۋانتۇر) ۋە ئۆگچىبۇلاقتا پوچتا ئىشلىرىنى ۋاكالىتەن بېجىرىش ئورنى قۇرۇلۇپ، قۇمۇل پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. 1949- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، قۇمۇل پوچتا ئىدارىسىغا جەمئىي 3- دەرىجىلىك ئىككى پوچتا ئىدارىسى، تۆت ئورۇندىكى پوچتا ئىشلىرىنى ۋاكالىتەن بېجىرىش ئورنى قارىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پوچتا- تېلېگراف ئىشلىرى ئىنتايىن تېز تەرەققىي قىلدى. 1958- يىلىغىچە، قۇمۇل ۋىلايىتىدە ھەممە گۇڭشېلارغا پوچتا يولى، ھەممە ئەترەتلەرگە تېلېفون تۇتاشتۇرۇش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. ئەسلىدىكى پوچتا ئىشلىرىنى ۋاكالىتەن بېجىرىش ئورۇنلىرى ئۆز ئالدىغا ئىش بېجىرىشكە ئۆزگەرتىلدى، ئەسلىدە پوچتا

ئىشلىرىنى ۋاكالىتەن بېجىرىش ئورنى بولىغان گۇڭشېلار، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۇەن ـ مەيدانلىرى ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا پوچتا ـ تېلېگراف ئورنى قۇرۇلدى. 1966 ـ يىلغىچە، ۋىلايەت بويىچە يېزىلاردىكى پوچتا ـ تېلېگراف تارماق ئاپپاراتى 39 غا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، قۇمۇل پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىغا قاراشلىقى 24، باركۆل ناھىيىلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىغا قاراشلىقى 11، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىغا قاراشلىقى تۆت بولۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ پوچتا ـ تېلېگراف ئالاقىلىشىش تورى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. 1986 ـ يىلى، قۇمۇل پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىغا بىۋاستە قاراشلىق پوچتا ـ تېلېگراف ئورۇنلىرىنىڭ كۆپ قىسمى پوچتا ـ تېلېگراف تارماق ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1990 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە، ۋىلايەت بويىچە 43 پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى (ئورنى) بارلىققا كەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلاردىكىسى 35؛ قۇمۇل پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىغا قاراشلىق 25 پوچتا ـ تېلېگراف تارماق ئىدارە، پوچتا ـ تېلېگراف ئورنى، يەتتە ۋاكالىتەن بېجىرىش ئورنى، باركۆل ناھىيىلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىغا قاراشلىق سەككىز پوچتا ـ تېلېگراف ئورنى، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك ئىدارىسىغا قاراشلىق ئۈچ پوچتا ـ تېلېگراف ئورنى بار بولدى؛ ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 622.

# II باب

# پوچتا

## §1. پوچتا كەسپى

قۇمۇل مەھكىمىسى شۆبە پوچتا ئىدارىسى شۈەنتۇڭنىڭ 1 ـ يىلى (1909 ـ يىلى) قۇرۇلۇپ، خەت ـ ئالاقە كەسپىنى يولغا قويدى. مىنگونىڭ 5 ـ يىلى (1916 ـ يىلى)، قۇمۇل پوچتا ئىدارىسى پوسۇلكا كەسپىنى بېجىرىشكە باشلىدى، ئەينى چاغدا پەقەت ئۆلكە تەۋەسىدە ئۆز ئارا ئەۋەتىش بىلەنلا چەكلەندى. مىنگونىڭ 8 ـ يىلى (1919 ـ يىلى)، ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ پوسۇلكىلىرى قوبۇل قىلىنىشقا باشلىدى. مىنگونىڭ 6 ـ يىلى (1917 ـ يىلى)، پۇل يەربۇوت كەسپىنى يولغا قويدى. مىنگونىڭ 21 ـ يىلى (1932 ـ يىلى)، قۇمۇلدا ئاۋىئاتسىيە پوچتا كەسپى بارلىققا كەلدى. مىنگونىڭ 32 ـ يىلى (1943 ـ يىلى) 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، پوچتا پۇل ئامانەتتى كەسپى يولغا قويۇلدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 ـ يىلى، پوچتا بىلەن تارقىتىش بىرلەشتۈرۈلدى، گېزىت ـ ژۇرناللارغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش ۋە تۇشۇش، يەتكۈزۈش ئىشلىرى پوچتا ئىدارىسىغا ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن، قۇمۇل پوچتا ئىدارىسى گېزىت ـ ژۇرنال تارقىتىش كەسپىنى بېجىرىشكە باشلىدى. شۇ يىلى، يەنە ۋاكالىتەن مال سېتىۋېلىش، نەشر بۇيۇملىرىنى ۋاكالىتەن سېتىش قاتارلىق ۋاكالەتچىلىك كەسپلىرىنى يولغا قويدى. 1957 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، قۇمۇل مەخپىي ئىشلار قاتناش ئىدارىسى قۇمۇل ناھىيىلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىغا قوشۇۋېتىلگەنلىكتىن، مەخپىي خەۋەرلىشىش كەسپىنى بېجىرىشكە باشلىدى. 1960 ـ يىلدىن باشلاپ، ئالاھىدە زاكاز خەت ـ چەكلەرنى يوللاشقا باشلىدى. ئىككىنچى يىلى، زاكاز خەت ـ چەك كونۋېرتىغا پۇل سېلىش كەسپىنى بېجىرىشنى توختاتتى.

1978- يىلدىكى ج ك پ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ماركا توپلاش، پۇل ئامانەت، پوچتا ئۇچۇر تالونى قاتارلىق كەسىپلەر ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئالاھىدە تېز يەتكۈزۈش، تېز يوللانما ۋە ۋاكالىتەن ئېلان تارقىتىش كەسپى يولغا قويۇلدى، يەنە مۇلازىمەت تور نۇقتىلىرى كۆپەيتىلدى، پوچتا يوللانمىلىرىنى توشۇش ئۈسكۈنىلىرى يېڭىلاندى، مۇلازىمەت سۈپىتى ئۆستۈرۈلدى، مۇلازىمەت ئۇنۇمىگە ئەھمىيەت بېرىلدى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ۋىلايەت بويىچە پوچتا مۇلازىمەت تور نۇقتىسىدىن 39 ئىدارە - پونكىت (قۇمۇل شەھىرىدىكى 28)، ئىككى گېزىت- ژۇرنال دۇكىنى، بىر گېزىت - ژۇرنال پارچە سېتىش بوتكىسى، توققۇز پوچتا ماركىسىنى ۋاكالىتەن سېتىش ئورنى (ھەممىسى قۇمۇل شەھىرىدە)، 15 پوچتا پۇل ئامانەت نۇقتىسى (قۇمۇل شەھىرىدىكىسى توققۇز)، بىر ماركا توپلاش نۇقتىسى (قۇمۇل شەھىرىدە)، 181 خەت ساندۇقى (قۇمۇل شەھىرىدىكىسى 137) بار بولدى.

1. خەت- ئالاقە

قۇمۇلدا پوچتا بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرى، ھۆكۈمەت خەت- ئالاقىلىرى ئاساسلىقى ئۆتەڭلەر ئارقىلىق يەتكۈزۈلدى، ئەمما ئۆتەڭلەرنى ھۆكۈمەت باشقۇرغاچقا، پۇقرالارنىڭ خەت- ئالاقىلىرىنى قوبۇل قىلمىدى. ئاۋامنىڭ خەت- ئالاقىلىرى سودىگەرلەر، ياكى تونۇش- بىلىشلەر، يولۇچىلار ئارقىلىق يەتكۈزۈلدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ 1 - يىلى (1909- يىلى)، قۇمۇلدا شۆبە پوچتا ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، خەت- ئالاقىلارنى قوبۇل قىلىپ- يەتكۈزۈش كەسپىنى بېجىرىشكە باشلىدى، بۇلار ئادەتتىكى خەت، زاكاز خەت (تاق زاكاز، جۈپ زاكاز)، باسما بۇيۇملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. مىنگو دەۋرىدە، پوچتىنىڭ تەدرىجىي كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، پوچتا كەسپى بەلگىلىك كۆپەيدى. مىنگونىڭ 5- يىلى (1916- يىلى)، قۇمۇل پوچتا ئىدارىسى ئاخبارات قەغىزى، ئاتكرىتكا، پوچتا كارتىسى، سودا توختامى، مال ئۈلگىسى، تېز زاكاز، سودا تەشۋىق ۋارىقى قاتارلىق كەسپلەرنى يولغا قويدى. مىنگونىڭ 21- يىلى (1932- يىلى)، قۇمۇلدا ئاۋىئاتسىيە خەت- ئالاقە كەسپى يولغا قويۇلدى. مىنگونىڭ 22- يىلى (1933- يىلى)، كىتاب، گېزىت- ژۇرنال ۋاكالىتەن سېتىۋېلىش كەسپى يولغا قويۇلدى. مىنگونىڭ 23- يىلى (1934- يىلى)، باج ماركىسىنى ۋاكالىتەن سېتىش كەسپى يولغا قويۇلدى. مىنگونىڭ 24- يىلى (1935- يىلى)، ئادەتتىكى ۋە تېز پوچتا يوللانما كەسپى يولغا قويۇلدى. مىنگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى)، خەلقئارالىق خەت- ئالاقە كەسپى يولغا قويۇلدى. مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) 5- ئايدا، ئالاھىدە زاكاز كەسپى يولغا قويۇلدى. شۇ يىلى 12- ئايدا، ئاۋىئاتسىيە ئالاھىدە زاكاز خەت- ئالاقە كەسپى يولغا قويۇلدى. ئازادلىقنىڭ ھارپىسى (1949- يىلى) غىچە، قۇمۇل پوچتا ئىدارىسى، خەت- چەك، ئاتكرىتكا (تاق ئاتكرىتكا، جۈپ ئاتكرىتكا)، كىتاب، سودا توختامى، باسما بۇيۇمى، ئەمالار ئوقۇشلۇقى، سودا تەشۋىق ۋارىقى، مال ئۈلگىسى، زاكازلىق خەت- ئالاقە، تېز يوللانما زاكاز، ئادەتتىكى ۋە تېز خەت- چەك، مال پۇلىنى ۋاكالىتەن ئېلىش، كاپالەتلىك خەت- ئالاقە، ھۆججىتى ساقلىنىدىغان خەت- ئالاقە، پوچتا ئۇچۇر تالونى، ئىدارىدە قويۇپ كېيىن ئېلىۋېلىش، قايتۇرۇش ياكى ئۆزگەرتىپ يوللاش، قايتۇرۇش ياكى ئادرېسنى ئۆزگەرتىش، خەلقئارالىق خەت- ئالاقە قاتارلىق كەسپلەرنى يولغا قويدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950- يىلى قاتناشنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە مەملىكەت بويىچە پوچتا ھەققى ئۆلچىمىنىڭ بىر تۇتاش ئىجرا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، خەت- ئالاقىلەر كۆپىيىشكە باشلىدى. 4- ئايدا، كاپالەتلىك خەت- ئالاقە كەسپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 6- ئايدا، كاپالەتلىك زاكاز خەت توختىتىلدى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ، كونۋېرتقا پۇل سېلىپ ئەۋەتىدىغان كاپالەتلىك خەت- ئالاقە كەسپى يولغا قويۇلدى، ھەر بىر كونۋېرتقا ئەڭ كۆپ بولغاندا 16 يۈەن سېلىپ يوللاشقا يول قويۇلدى. بۇ كەسىپ 1961- يىل 8- ئاينىڭ 15- كۈنى توختىتىلدى. 1950- يىل 7- ئايدا، ئاخبارات ماقالىلىرىنىڭ پوچتا ھەققىنى ئومۇملاشتۇرۇپ نەقلەشتۈرۈش كەسپىنى يولغا قويدى، ماقالا ئەۋەتكۈچى ماركا چاپلىمىسمۇ، گېزىتخانا، ژۇرنال تەھرىراتى تەرىپىدىن پېرېۋوت باسما بۇيۇمى ھېسابىدا نەقلەشتۈرۈلدى. 1951- يىل 1- ئاينىڭ 24- كۈنى، خەلق ئاۋىئاتسىيە زاكاز مەسئۇلىيىتىنىلا ئۈستىگە ئېلىش، كاپالەت مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە

ئالماسلىقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئاۋئانسىيە لىنىيىلىرى ئارقىلىق يەتكۈزۈلىدىغان كاپالەتلىك ئاۋئانسىيە خەت. چەكلىرى ئاۋئانسىيە زاكاز خەت. چەكلىرى يوللىنىدىغان خالتىغا سېلىنىپ ئەۋەتىلىدىغان بولدى. شۇ يىلى يەنە «تونۇش ئىسپاتى» كەسپى يولغا قويۇلدى، ئالاقىدار ئابونېتلار «تونۇش ئىسپاتى» غا ئاساسەن پوچتا ئىدارىسىغا بېرىپ، پېرېۋوت قىلىنغان پۇل، پوسۇلكا قاتارلىقلارنى ئالىدىغان بولدى، بۇ كەسپ 1953- يىل 2- ئايدا توختىتىلدى. پوچتا يوللانمىلىرىنى توشۇش سۈرئىتىنىڭ تېزلىشىشى بىلەن، تېز يەتكۈزۈلىدىغان خەت. ئالاقىلەر ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرالماي قالدى، شۇ سەۋەبلىك، 1953- يىل 1- ئاينىڭ 1- كۈنى توختىتىلدى. 1953- يىل 3- ئاينىڭ 25- كۈنى، سودا تەشۋىق ۋارىقى كەسپى توختىتىلدى، 5- ئاينىڭ 1- كۈنى، ماللارنى ۋاكالىتەن بېجىرىش كەسپى توختىتىلدى. 6- ئاينىڭ 1- كۈنى، مەسلىھەت سوراش كەسپى توختىتىلدى. 1958- يىل 1- ئاينىڭ 1- كۈنى، دۆلەت ئىچىدە كاپالەتلىك باسما كەسپى يولغا قويۇلدى. 1960- يىل 10- ئاينىڭ 1- كۈنى، شەخسلەرنىڭ ئاشلىق- ماي بېلىتى، رەخت بېلىتى، نوپۇس يۆتكەش ئىسپاتى، ئاشلىق رەسمىيىتىنى يۆتكەش ئىسپاتى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلىي مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارنى ئەۋەتىشكە قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن، ئالاھىدە تۈردىكى زاكازلىق خەت. ئالاقە كەسپى يولغا قويۇلدى.

1969- يىل 4- ئايدا، پوچتا يوللانمىلىرىنى قايتۇرۇش، ئادرېسىنى ئۆزگەرتىش كەسپى بىكار قىلىندى، «ئىدارىدە ساقلاپ كېيىن ئېلىۋېلىش، مال پۇلىنى ۋاكالىتەن ئېلىش، مال نۇسخىسىنى ئەۋەتىش» كەسپلىرى توختىتىلدى ھەمدە پوچتا ئۇچۇر تالونى قاتارلىق قوشۇمچە كەسپلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

1980- يىل 7- ئاينى 1- كۈنى، ۋاكالىتەن ئېلان تارقىتىش كەسپى يېڭىدىن يولغا قويۇلدى. 1981- يىل 5- ئاينىڭ 1- كۈنى، مال پۇلىنى ۋاكالىتەن ئېلىش كەسپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ھەر بىر پارچە يوللانما ئۈچۈن ئېلىنىدىغان مال پۇلى سوممىسى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 5000 يۈەن بولدى. 1981- يىل 7- ئاينىڭ 1- كۈنى، دۆلەت ئىچى پوچتا ئۇچۇر تالونى كەسپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1987- يىل 8- ئاينىڭ 1- كۈنى، دۆلەت ئىچى ئالاھىدە تېز يەتكۈزۈش كەسپى يولغا قويۇلدى. شۇ يىلى 11- ئاينىڭ 10- كۈنى، پوچتا تېز يوللانما كەسپى يولغا قويۇلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، قومۇل پوچتا ئىدارىسىنىڭ خەت. ئالاقە كەسپى مىقدارىدا ئىككى قېتىم تۆۋەنلەش ئۆرلەش، پەسىيىش ئەھۋالى كۆرۈلدى. 1958 - 1960- يىلىغىچە زور ھەجىمدە ئۆرلىدى، خەت. ئالاقە كەسپ مىقدارى 1957- يىلى 460 مىڭ 309 پارچە بولغان بولسا، 1960- يىلى شىددەت بىلەن ئۆرلەپ 2 مىليون 589 مىڭ 80 پارچىغا يەتتى؛ 1961- يىلى دۆلەت خەلق ئىگىلىكىگە قارىتا «تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنىنى يولغا قويدى، خەت. ئالاقە كەسپ مىقدارى 1 مىليون 788 مىڭ 806 پارچىغا چۈشۈپ قالدى، 1964- يىلغا كەلگەندە ئەسلىگە كېلىپ نورماللاشتى ھەم مۇقىم ئۆرلىدى؛ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، 1967 - 1968 - يىللىرى خەت. ئالاقە كەسپ مىقدارى ئۇدا تۆۋەنلىدى، 1968- يىلى 885 مىڭ 200 پارچە بولدى؛ 1969- يىلدىن باشلاپ، ئاز-راق ئۆرلىدى، كېيىنكى بىر نەچچە يىلدا مۇقىملاشتى. 1975- يىلى 1 مىليون 241 مىڭ 773 پارچە بولدى. 1978- يىلدىكى ج ك پ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، قومۇل ئىدارىسى مۇلازىمەت سۈپىتىنى ياخشىلاش ۋە ئۆستۈرۈش ئارقىلىق، ئىدارە- پونكىتلارنى ۋە خەت ساندۇقلىرىنى كۆپەيتىپ، سەييارە مۇلازىمەت قىلىش، ئىشىك ئالدىغا بېرىپ خەت. ئالاقە قوبۇل قىلىش، يېزىلاردىكى پوچتا خادىملىرى ۋاكالىتەن ماركا سېتىش، ئادەتتىكى خەتلەرنى قوبۇل قىلىش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق 1980- يىلدىن باشلاپ، خەت. ئالاقە كەسپ مىقدارى مۇقىم ئېشىپ، 1990- يىلى، قومۇل پوچتا ئىدارىسىنىڭ خەت. ئالاقە كەسپ مىقدارى 2 مىليون 325 مىڭ 839 پارچىغا يەتتى (بۇنىڭ ئىچىدە، پوچتا تېز يوللانمىسى 151 مىڭ 61 پارچە)، 1980- يىلدىكى 1 مىليون 430 مىڭ 220 پارچىدىن 84.6% ئاشتى.

## 2. پوسۇلكا

مىنگونىڭ 5- يىلى (1916- يىلى)، قۇمۇل پوچتا ئىدارىسى پوسۇلكا كەسپىنى يولغا قويدى، شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ، تاشيول لىنىيىسى ئۇزۇن، قاتنىشى قۇلايسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە قاراقچىلارنىڭ پات- پات پاراكەندىچىلىكى تۈپەيلىدىن، پوسۇلكىلار پەقەت ئۆلكە ئىچىدە يەتكۈزۈلۈش بىلانلا چەكلەندى. مىنگونىڭ 8- يىلى (1919- يىلى)، ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان پوسۇلكا كەسپىنى بېجىرىشكە باشلىدى. بىراق ھەر بىر پوسۇلكىنىڭ ئېغىرلىقى بىر كىلوگرام بىلەنلا چەكلەندى (يەنى كىچىك پوسۇلكىلارنى قوبۇل قىلدى)، ھەققىمۇ ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭكىدىن ئىككى ھەسسە يۇقىرى بولدى. مىنگونىڭ 15- يىلى (1926- يىلى)، قۇمۇلدا پوسۇلكىلاردىن ۋاكالەتەن مىللاج پېجى يىغىش كەسپى يولغا قويۇلدى، مىنگونىڭ 21- يىلى (1932- يىلى)، ئاۋئاتىسيە پوسۇلكا كەسپى يولغا قويۇلدى. كېيىنرەك جۇڭگو- سوۋېت ئاۋئاتىسيە شىركىتى قۇرۇلدى، قۇمۇل- ئالمۇتا خەلقئارالىق نۆۋەتچى ئايروپىلانى قاتنىغاندىن كېيىن، قۇمۇلدا خەلقئارالىق پوسۇلكا كەسپى بېجىرىلىشكە باشلىدى. مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) 12- ئايدا، قۇمۇلدا كاپالەتلىك پوسۇلكا كەسپى يولغا قويۇلدى، ئومۇمەن بارلىق قىممەتلىك بۇيۇم، ھۆججەتلەر كاپالەتلىك پوسۇلكىلارغا قاچىلىنىپ يەتكۈزۈلىدىغان بولدى. ئەگەر يوقاپ كەتسە، پوچتا ئىدارىسى كاپالەتلىك باھاسى بويىچە تۆلەم بەردى. ئەينى چاغدىكى شارائىت چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، يەتكۈزۈلىدىغان ئورۇن ۋاقىتىنچە ئاۋئاتىسيە ئىدارىسى بىلەنلا چەكلەندى. شۇ يىلى 6- ئايدا، قۇمۇلدا يەنە پوسۇلكىلارنىڭ رەنىلىك پېرېۋوت كەسپى يولغا قويۇلدى.

جۇڭخۇا مىنگو دەۋرىدە، قۇمۇلدا كىتاب پوسۇلكىسى، كاپالەتلىك پوسۇلكا قاتارلىق كەسپلەر بېجىرىلدى. ئاتلىشى كۆپ خىل بولسىمۇ، مەزمۇنى ئاساسەن ئوخشاش بولدى. پوسۇلكىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئادەتتىكى پوسۇلكىلار بولدى. مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى) 6- ئايدا، غەربىي شىمال تاشيول ئىدارىسىنىڭ نۆۋەتچى ئاپتوموبىلى قۇمۇلغا قاتنىغاندىن كېيىن، قۇمۇلدا باشقا ئۆلكىلەرنىڭ چوڭ پوسۇلكىلىرى ئاز مىقداردا قوبۇل قىلىنىپ يوللىنىدىغان بولدى. ئەمما ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان بېرىش- كېلىش مەلۇم چەكلىمىگە ئۇچرىدى. مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) 6- ئاينىڭ ئاخىرى، لەنجۇ ــ قۇمۇل ــ تۇرپان ــ ئۈرۈمچى لىنىيىسىنىڭ ئۆزى باشقۇرغان ئاپتوموبىل پوچتا يولى ئېچىلدى، بۇنىڭ بىلەن قۇمۇل پوچتىسىنىڭ تۈرلۈك كەسپلىرىدە خېلى چوڭ ياخشىلىنىش بارلىققا كەلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇمۇل ئىدارىسى قوبۇل قىلغان پوسۇلكىلاردا شەخسلەرنىڭ پوسۇلكىلىرىنى يوللاشنى ئاساس قىلىش فاڭجېنى ئىجرا قىلىندى، خەلقنىڭ تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە ئىدارىلارنىڭ پارچە- پۇرات بۇيۇملىرى قوبۇل قىلىندى. 1959- يىل 9- ئايدا، پوچتا- تېلېگراف مىنىستىرلىكىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، تېز يەتكۈزۈلىدىغان كىچىك پوسۇلكا كەسپى يولغا قويۇلدى، شۇنىڭ بىلەن كىچىك پوسۇلكىلىق پوچتا يوللاش كەسپى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. تېز يەتكۈزۈلىدىغان كىچىك پوسۇلكىلارغا قويۇلىدىغان تەلەپ بىلەن بىر تەرەپ قىلىش رەسمىيىتى خەت- ئالاقىلەر بىلەن ئوخشاش بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، پوچتا پوسۇلكىلىرى ئىنچىل ھالدا پوسۇلكا ۋە تېز يەتكۈزۈلىدىغان كىچىك پوسۇلكا دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلدى، شۇنداقلا ھەممىسى ھاۋا قاتنىشى، كاپالەتلىك يوللاش، مال پۇلى ۋاكالەتەن ئېلىنىدىغان يوللاش قاتارىدا يوللىنىشقا ياكى ئۈچۈر تالونى ۋە ئىدارىدا ساقلاپ ئېلىۋېلىش كەسپىنى قوللىنىشقا بولىدىغان بولدى. 1952- يىل 4- ئاينىڭ 29- كۈنى، قىممەتلىك بۇيۇملار ئاۋئاتىسيە پوسۇلكىسى كەسپى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1954- يىل 5- ئايدىن باشلاپ، خۇسۇسىي سودا- سانائەتچىلەرنىڭ مال پۇلىنى ۋاكالەتەن ئېلىش كەسپى توختىتىلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، يەنە مال پۇلىنى ۋاكالەتەن ئېلىش، پوچتا ئۈچۈر تالونى ۋە ئىدارىدا ساقلاپ كېيىن ئېلىۋېلىش كەسپلىرى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1978- يىلدىن كېيىن، جەمئىيەت ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئەگىشىپ، بۇ كەسپلەر ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

1979- يىل 7- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ، «A، B تۈردىكى كاپالەتلىك پوسۇلكىلار» يولغا قويۇلدى، ئابونېنتلارنىڭ قول سائىتى، يانچۇق سائەت، ئالتۇن، كۈمۈش، ئالتۇن- كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرى، مەرۋايىت، قاشتېشى

بۇيۇملىرى قاتارلىقلار مەيلى شەخسنىڭ ياكى ئىدارە- ئورۇنلارنىڭ بولسۇن، ئېيتىلغان قىممىتىنىڭ قانچىلىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى «A تۈردىكى كاپالەتلىك پوسۇلكىلار» قاتارىدا قوبۇل قىلىنىپ يوللاندى. شەخسلەر يوللاشقا تاپشۇرغان قىممىتى 30 يۈەندىن ئاشىدىغان كاپالەتلىك پوسۇلكا ياكى كاپالەتلىك تېز يوللانمىلىق كىچىك پوسۇلكىلار «B تۈردىكى كاپالەتلىك پوسۇلكا» قاتارىدا يوللاندى. ئىدارە- ئورۇنلار يوللاشقا تاپشۇرغان ھەر بىر دانە كاپالەتلىك پوسۇلكىنىڭ ئەڭ يۇقىرى كاپالەتلىك سوممىسى 5000 يۈەن بولدى. 1987- يىلى، تاۋار پوسۇلكا كەسپى يولغا قويۇلدى، بېجىرىش رەسمىيىتى ئادەتتىكى پوسۇلكىلار بىلەن ئوخشاش بولۇپ، توشۇش ئىقتىدارى يېتىشمىگەندە، چەكلىك مىقداردا قوبۇل قىلىندى ياكى قوبۇل قىلىنمىدى.

1952- يىلى، 865 پوسۇلكا قوبۇل قىلىنىپ يوللاندى. 1957- يىلى، پوسۇلكا 7458 گە يەتتى. 1958- يىلدىكى، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» مەزگىلىدە، پوسۇلكا تېز كۆپەيدى، يوللىنىلغان پوسۇلكىلارنىڭ كۆپ قىسمى يېمەكلىك بولدى. 1960- يىلى، پوسۇلكا 31 مىڭ 347 گە يەتتى. 1976- يىلغا كەلگەندە، پوسۇلكا مىقدارى 33 مىڭ 259 غا يەتتى پوسۇلكىلارنىڭ كۆپ قىسمى يېمەكلىك، كىيىم- كېچەك ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرى بولدى. 1979- يىلى، پوسۇلكا مىقدارى ئاران 29 مىڭ 805 بولدى. 1990- يىلى، قۇمۇل پوچتا ئىدارىسىنىڭ پوسۇلكا مىقدارى 48 مىڭ 649 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تاۋار پوسۇلكىسى 2438، پوسۇلكا مىقدارى 1952- يىلدىكىدىن 50 ھەسسە ئاشتى.

3. پېرېۋوت، پۇل ئامانەت، سۇغۇرتا

مىنگونىڭ 6- يىلى (1917- يىلى)، قۇمۇلدا پېرېۋوت كەسپى يولغا قويۇلدى. مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى)، گومىنداڭ شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ جاي - جايلىرىدىكى پوچتا ئىدارىلىرى پۇل ئامانەت كەسپىنى يولغا قويدى. شۇ يىلى 10- ئاينىڭ 1- كۈنى، قۇمۇل پوچتا ئىدارىسى بۇ كەسپنى يولغا قويۇشقا باشلىدى، بىر يۇرۇش ئادەم، ئىككى ۋۇۋۇسكا ئېيسپ ئىش بېجىردى.

1) پوچتا پېرېۋوتى قۇمۇلنىڭ پېرېۋوت كەسپى مىنگونىڭ 6- يىلى (1917- يىلى) يولغا قويۇلدى، شىنجاڭنىڭ پۇلى ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭكىگە ئوخشىمىغاچقا، دەسلەپ يولغا قويۇلغاندا زىيان تارتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۆز ئۆلكىسىنىڭ پېرېۋوت چېكىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى چوڭ شەھەرلەرنىڭ پوچتا ئىدارىلىرىغا نەقلەشتۈرۈشكە يوللىدى، ئىچكىرىدىكى ئۆلكىلەرنىڭ قۇمۇلغا يوللىغان پۇل چېكىنى قوبۇل قىلمىدى. مىنگونىڭ 10- يىلى (1921- يىلى)، ئىچكىرىدىكى ئۆلكىلەر يوللىغان ئاز سوممىلىق پېرېۋوت كەسپىنى قوبۇل قىلىشنى باشلىدى، ئابونېنتلار پېرېۋوت قىلىنىدىغان پۇلنى تاپشۇرغاندىن كېيىن، پوچتا ئىدارىسى بىر پارچە پېرېۋوت چېكىنى پۇل پېرېۋوت قىلىنغۇچىغا بېرەتتى، پۇل ئەۋەتكۈچى پېرېۋوت چېكىنى زاكاز خەتكە سېلىپ پۇل تاپشۇرۇۋالغۇچىغا ئەۋەتەتتى، پۇل تاپشۇرۇۋالغۇچى زاكاز خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، پېرېۋوت چېكىنى ئېلىپ بەلگىلەنگەن پوچتا ئىدارىسىغا ئەۋەتىلگەن پۇلنى ئالغىلى باراتتى، پوچتا ئىدارىسى چەكنى كۆرسىلا نەقلەشتۈرۈپ بېرەتتى، بۇ خىل ئۇسۇل «چەك پېرېۋوتى» دەپ ئاتىلاتتى. مىنگونىڭ 21- يىلى (1932- يىلى)، قۇمۇلدا ئاۋۇنانسىيە پېرېۋوت كەسپى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. مىنگونىڭ 23- يىلى (1934- يىلى) 1- ئايدا، قۇمۇلدا تېلېگراممىلىق پېرېۋوت كەسپى يولغا قويۇلدى، ھەر بىر پارچە چەكنىڭ سوممىسى 200 يۈەن ئىچىدە چەكلەندى، كېيىن 1000 يۈەنگە ئۆزگەرتىلدى. مىنگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى)، ئادەتتىكى پېرېۋوت ۋە تېلېگراممىلىق پېرېۋوتنىڭ سومما چەكلىمىسى ئۆستۈرۈلدى. مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى) 11- ئاينىڭ 21- كۈنى، شىنجاڭ پوچتا ئىدارىسى قۇمۇل پوچتا ئىدارىسىنى ئالاھىدە تېلېگراممىلىق پۇل پېرېۋوت ئىدارىسى قاتارىغا كىرگۈزدى، زور مىقداردا پۇل سېلىپ مەخپىي نومۇر ئىشلەتكەندە، ئەڭ يۇقىرى چېكى 1 مىليون يۈەن بولدى. مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) 2- ئاينىڭ 7- كۈنى، قۇمۇل ئىدارىسى بۇيرۇققا بىنائەن، مۇقىم سوممىلىق پۇل

پەرەۋوت كەسپىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، پەرەۋوت تۈرى ۋاقتىنچە 200 مىڭ، 500 مىڭ، 1 مىليون، 3 مىليون بولۇپ، تۆت خىل بولدى، ھەممىسىگە «جوڭخۇا پوچتىسى» دېگەن خەت بېسىلدى، ئالاھىدە ئىشلەنگەن «شۇيۈەن قەغىزى» ئىشلىتىلدى. مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) 5- ئاينىڭ 1- كۈنى، قۇمۇل ئىدارىسى تېلېگراما ئارقىلىق بىۋاستە پەرەۋوت كەسپىنى يولغا قويدى ھەمدە باركۆل، شىڭشىڭشيا ئىدارىلىرىنىڭ پەرەۋوت چەكلىرىنى ئالماشتۇرۇپ بەردى. شۇ يىلى 10- ئاينىڭ 1- كۈنى، بۇيرۇققا بىنائەن رايون ئىچى، سىرتى دەپ ئايرىماي بىردەك قەغەز دوللار (گومىنداڭ پۇلى) نىڭ يۈزىدىكى سوممىسى بويىچە قەغەزپۇل پەرەۋوتى ۋە نورمىلىق پەرەۋوت چېكى پەرەۋوتى يولغا قويۇلدى. 10- ئاينىڭ 23- كۈنى، شىنجاڭ پوچتا ئىدارىسى: «رايونىمىزدا پەقەت ئۈرۈمچى بىلەن قۇمۇل ئىككى ئىدارىلا كۆپ سوممىلىق پۇل پەرەۋوتى كەسپىنى بېجىرىدۇ» دەپ ئۇقتۇرۇش تارقاتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پەرەۋوت كەسپىدە كۆپ قېتىم ئۆزگىرىش بولدى.

1949- يىل 12- ئايدا، پوچتا- تېلېگراف مىنىستىرلىكى ئاز سوممىلىق پۇل پەرەۋوتىنى پوچتا ئىدارىسى بېجىرىشنى، ئومۇمنىڭ پەرەۋوتىنى بانكا بېجىرىشنى قارار قىلدى. 1951- يىل 3- ئايدا، پوچتا ئىدارىسى بانكىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن پەرەۋوت كەسپىنى ۋاكالىتەن بېجىرىشنى يولغا قويدى. 1953- يىل 2- ئايدىن باشلاپ، بانكا بىلەن پوچتا ئىدارىسى پەرەۋوت كەسپىنى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بېجىرىشكە باشلىدى. بانكا سودا- سانائەت پەرەۋوتىنى، پوچتا ئىدارىسى شەخسلەر پەرەۋوتىنى ئۈستىگە ئالدى، ئەۋەتكۈچى بىلەن قوبۇل قىلغۇچى ئىككى تەرەپتىن بىر تەرەپ خۇسۇسىي سودا- سانائەتچى، يەنە بىر تەرەپ شەخس بولسا، ئابونېنتلارنىڭ ئۆز ئىختىيارى بويىچە پوچتا ئىدارىسىدا ياكى بانكىدا بېجىرىشكە رۇخسەت قىلىندى. 1962- يىل 4- ئايدا، ئورگان، كارخانا، كوللېكتىپ تەشكىلاتلارنىڭ پەرەۋوتىدا قوبۇل قىلغۇچى بىلەن ئەۋەتكۈچى مەيلى ئىدارە ياكى شەخس بولسۇن، ئومۇمەن شۇ يەردىكى بانكا بەلگىلىگەن چەك ئىچىدىكىلىرى (قۇمۇلدا ئەينى چاغدا 30 يۈەن) بىردەك پوچتا ئىدارىسىنىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇرۇلدى، بىر تۇتاش نەق پۇل ئېلىندى. 1977- يىلى 4- ئايدا، يەنە بارلىق دۆلەت ئورگانلىرى، كوللېكتىپ ئورۇنلارنىڭ پۇل پەرەۋوتىدا پۇل تاپشۇرۇۋالغۇچى مەيلى ئىدارە ياكى شەخس بولسۇن بىردەك بانكا بېجىرىدۇ؛ ئىدارە شەخسكە پۇل پەرەۋوت قىلغاندا، مەسىلەن، مائاش، پېنسىيە پۇلى قاتارلىقلارنى ئەۋەتىشتە ئىدارە ئۆزى بەلگىلەيدۇ، شەخسىي پەرەۋوتنى بىردەك پوچتا ئىدارىسى بېجىرىدۇ دەپ بەلگىلەندى. 1980- يىل 9- ئايدا، پوچتا ئىدارىسى «مال پۇلىنى ۋاكالىتەن ئېلىش»، «ۋاكالىتەن سېتىۋېلىش» كەسپىنى يولغا قويغاچقا، ئىدارىلەر ئارىسىدىكى پەرەۋوت بارلىققا كەلدى؛ شەخسلەر كۆپ سوممىلىق پەرەۋوتنى بانكىدا بېجىرسىمۇ بولىدىغان بولدى.

1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، قۇمۇل پوچتا ئىدارىسىغا قاراشلىق سەككىز پوچتا ئورنى ئىچىدە (بۇنىڭ ئىچىدە، ئىككىسى پويىز ئىستانسىسى ۋاكالىتەن بېجىرىش ئورنى بولۇپ، مەخسۇس پوچتا يوللانمىلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ) ئالتە ۋاكالىتەن بېجىرىش ئورنى پەرەۋوت كەسپىنى بېجىردى (ئادەتتىكى پەرەۋوت).

1950- يىلى، قۇمۇل پوچتا ئىدارىسى يوللىغان پەرەۋوت چېكى 3688 پارچە ئىدى، 1988- يىلى 189 مىڭ 411 پارچىغا، پەرەۋوت كىرىمى 208 مىڭ 751 يۈەنگە يەتتى.

2) پۇل ئامانەت كەسپى مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى) 10- ئاينىڭ 1- كۈنى، قۇمۇلدا پوچتا پۇل ئامانەت كەسپى يولغا قويۇلدى. ئەينى چاغدا پەقەت ھۆججەتلىك ئامانەتتىن ئىبارەت بىرلا تۈر يولغا قويۇلدى. قۇمۇل پوچتا ئىدارىسى ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئاز سوممىلىق پۇل ئامانىتىنى كۆپلەپ قوبۇل قىلدى. بىر يۈەنگە توشسىلا ھېساب ئاچتى. بىر يۈەنگە توشمىسا ئاۋۋال پوچتا ماركىسى سېتىۋېلىپ پۇل ئامانەت كارتىسىغا چاپلاپ قويسا بولدى، بۇنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى زور بولدى. 12- ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، يىغىلغان قەرەللىسىز ئامانەت سوممىسى 123 مىڭ 24

يۈەنگە يەتتى، ئەسلىدىكى بەلگىلەنگەن نورمىسى 35 مىڭ 50 يۈەن ئىدى.

يېزا- بازارلارنىڭ ئاممىۋى پاراۋانلىق ئامانىتىنىڭ كۆپ قىسمى ئاز سوممىلىق ئامانەت بولۇپ، كۆپ مىقداردىكى زاپاس پوچتا ماركىسىغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى) 10- ئاينىڭ 1- كۈنى، قۇمۇل ئىدارىسى قەرەللىك ئامانەت كەسپىنى يولغا قويدى. شۇ يىلى 9- ئاينىڭ 11- كۈنى، باركۆل ئىدارىسى مۆججەتلىك ئامانەت كەسپىنى يولغا قويدى. شۇ يىلى 12- ئاينىڭ 2- كۈنى، قۇمۇل پوچتا ئىدارىسى پۇل چېكى ئامانىتى كەسپىنى يولغا قويدى. 1949- يىلى قۇمۇل ئازاد بولغاندا، قۇمۇل پوچتا ئىدارىسى مىنگونىڭ 20- يىلى (1931- يىلى) ھۆكۈمەت ئېلان قىلغان «پوچتا پۇل ئامانەت قانۇنى» ئىچىدىكى بارلىق كەسپىي تۈرلەرنى يولغا قويدى، بۇ مۆججەتلىك ئامانەت، قەرەللىك ئامانەت، پۇل چېكى ئامانىتىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇمۇل پوچتا ئىدارىسى پۇل ئامانەت كەسپىنى داۋاملىق يولغا قويدى، لېكىن شەخسلەر بىلەنلا چەكلەندى. 1953- يىل 9- ئايدا، پوچتا پۇل ئامانەت كەسپى توختىتىلدى.

1986- يىل 8- ئاينىڭ 1- كۈنى، قۇمۇل پوچتا- تېلېگراف ئىدارىسى پوچتا پۇل ئامانەت كەسپىنى يولغا قويدى. پوچتا پۇل ئامانەت كەسپى شەخسلەرنىڭ خەلق پۇل ئامانىتىنى (ئۆز ئارا ياردەم ئامانىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئاساس قىلدى، پۇل چېكى قوبۇل قىلىنمىدى. «پۇل ئامانىتىدە ئىختىيار بولۇش، پۇل ئېلىشتا ئەركىن بولۇش، ئامانەتنىڭ ئۆسۈمى بولۇش، ئامانەت قويغۇچىلارنىڭ مەخپىيىتىنى ساقلاش» پرىنسىپى يولغا قويۇلدى. يولغا قويغان دەسلەپكى مەزگىلدە پەقەت قەرەلسىز (قەرەلسىز چەك)، قەرەللىك (پارچە قويۇپ توپ ئېلىش) تىن ئىبارەت ئىككى خىل ئامانەت تۈرى بېجىرىلدى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، قۇمۇل پوچتا ئىدارىسى پوچتا ئامانەت نۇقتىسىدىن توققۇزنى قۇردى، ئامانەت قويغۇچىلار 104 مىڭ 23 كە، ئامانەت سوممىسى 5 مىليون 626 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يولغا قويغان كەسپ تۈرلىرىدىن قەرەلسىز (قەرەلسىز چەك، قەرەلسىز تالون، قەرەللىك ھەم قەرەلسىز ئامانەت، پىرىۋوتنى ئامانەت قويۇش)، قەرەللىك (پارچە قويۇپ توپ ئېلىش، توپ قويۇپ توپ ئېلىش)، مۇكاپاتلىق ئامانەت (مۇكاپاتلىق سېتىش، مۇكاپاتلىق ئامانەت) قاتارلىقلار بار.

3) سۇغۇرتا مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى) نىڭ ئاخىرى، قۇمۇل، باركۆل پوچتا ئىدارىلىرى سىرتقا قارىتا ئاددىي ئۆمۈر سۇغۇرتا كەسپىنى يولغا قويدى. شۇ يىلى 12- ئاينىڭ 23- كۈنى، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى سېلىشتۇرما نىسبىتىنىڭ تەقسىمات جەدۋىلىدە: قۇمۇل پوچتا ئىدارىسىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى توختام سانى 300 پارچىغا، باركۆل پوچتا ئىدارىسىنىڭ توختام سانى 100 پارچىغا يەتتى. 2- يىلى (1947- يىلى) 9- ئايدىن باشلاپ، دائىرىسى كىچىكلىتىلىپ، سىرتقا قارىتا سۇغۇرتا تۇپلاش خىزمىتى توختىتىلدى.

1988- يىل 2- ئايدا، قۇمۇل پوچتا ئامانەت نۇقتىلىرى سۇغۇرتا كەسپىنى ۋاكالىتەن بېجىرىش كەسپىنى يولغا قويدى.

4. گېزىت- ژۇرنال تارقىتىش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، قۇمۇلدا گېزىت- ژۇرنال تارقىتىش تىجارىتىنى نەشرىيات تارماقلىرى ئۆزى بېجىردى، گېزىتنى گېزىت تارقاتقۇچىلار يەتكۈزۈپ بەردى. شىنجاڭ شېڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، بىر قىسىم كوممۇنىستلار شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت قىلدى، پوچتا تارماقلىرى ۋاكالىتەن كىتاب سېتىۋېلىش كەسپىنى يولغا قويدى، ئىلغار كىتابلار، گېزىت- ژۇرناللار پوچتا ئىدارىسى ئارقىلىق توركۆملەپ يەتكۈزۈلۈپ، شىنجاڭنىڭ جاي - جايلىرىغا تارقىتىلىپ، ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1949- يىلى 12- ئايدا، «پوچتا بىلەن تارقىتىش بىرلەشتۈرۈلۈپ»، گېزىتكە مۇشتەرى بولۇش، تونۇشۇش، يەتكۈزۈش پوچتا ئىدارىسىنىڭ بىجىرىشىگە تاپشۇرۇلدى. 1950- يىلى 7- ئايدا، قۇمۇل پوچتا ئىدارىسى گېزىت تارقىتىش كەسپىنى بىجىرىشكە باشلىدى (ئەينى چاغدا ئاساسلىقى پارچە سېتىلدى، قەرەللىك مۇشتەرى قوبۇل قىلىش 1952- يىلىنىڭ ئاخىرىدا باشلاندى). ئۇ چاغدا، پوچتا ئىدارىسى «شىنجاڭ گېزىتى» ۋە «ئالغا گېزىتى» دىن ئىبارەت ئىككى خىللا گېزىتنى تارقاتتى. 1952- يىلى، قۇمۇلدا ژۇرنال تارقىتىش كەسپى يولغا قويۇلدى، پوچتا ئىدارىسى گېزىت- ژۇرنال تارقىتىشنى ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن، قۇمۇل ئىدارىسى مەخسۇس تارقىتىش خادىملىرىنى ۋاقتىدا كۆپەيتتى ھەمدە ئۆز جايىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەت تارقىتىش خادىملىرىنى سەپلىدى. 1953- يىلىنىڭ ئاخىرى، قۇمۇل ناھىيىلىك پوچتا- تېلېگراف ئىدارىسىغا تۆت مەخسۇس تارقىتىش خادىمى سەپلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئىككىسى ئۇيغۇر. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، قۇمۇل پوچتا ئىدارىسىغا 13 مەخسۇس تارقىتىش خادىمى سەپلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە پويىز ئىستانسىسى تارماق ئىدارىدىكى بىر.

1953- يىلى 12- ئايدا، قۇمۇل ئىدارىسى باشقا ئۆلكىلەرنىڭ 643 نۇسخا (سان) گېزىتىنى، 2987 نۇسخا ژۇرنىلىنى تارقاتتى. 1957- يىلىنىڭ ئاخىرى، گېزىت- ژۇرناللارنىڭ تارقىلىشى 10 مىڭ 930 نۇسخىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە گېزىت 3433 نۇسخا، ژۇرنال 7497 نۇسخا. شۇ يىلى، قۇمۇل پوچتا ئىدارىسى 56 نەپەر ئۆرگان گېزىت- ژۇرنىلى تارقاتقۇچى، بىر گېزىت- ژۇرنال تارقىتىش گۇرۇپپىسى، بىر گۇرۇپپا خادىمى، ئىككى نەپەر گېزىت- ژۇرنال كەسپىي خادىمى، ئۈچ پارچە ساتقۇچىنى سەپلىدى. 1958- يىلىدىكى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» مەزگىلىدە، «ھەممە كۆكشىپلاردا ئاپپارات بولۇش، ھەممە ئەترەتكە پوچتا يولى تۇتىشىش» ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، گېزىت- ژۇرنال تارقىتىش تېز سۈرئەتتە ئاشتى، يىل ئاخىرىدا گېزىت- ژۇرناللارنىڭ ھەر سانىنىڭ تارقىلىش سانى 25 مىڭ 557 پارچىغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، گېزىت 7779 نۇسخا، ژۇرنال 17 مىڭ 778 نۇسخا بولدى. 1959 - 1961- يىلىغىچە بولغان ئۈچ يىللىق ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق مەزگىلىدە، گېزىت- ژۇرنال تارقىتىش كەسىپ مىقدارى تۆۋەنلىدى. 1963- يىلىدىن باشلاپ ئۆرلىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، گېزىت- ژۇرناللارنىڭ تۈرى ۋە تارقىلىش سانى زور مىقداردا ئازىيىپ كەتتى. 1968- يىلى، گېزىتلەرنىڭ ھەر سانىنىڭ تارقىلىش سانى 8500 نۇسخىغا، ژۇرناللارنىڭ 2900 نۇسخىغا چۈشۈپ قالدى. 1978- يىلىدىن كېيىن، گېزىت- ژۇرناللارنىڭ تارقىلىش تۈرى ۋە سانى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى. 1978- يىلى، قەغەز قىس بولغاچقا، بىر قىسىم گېزىت- ژۇرناللار چەكلىك ساندا تارقىتىلدى، قۇمۇل پوچتا ئىدارىسىنىڭ گېزىت- ژۇرنال تارقىتىشى يەنىلا ئۆرلەش ھالىتىنى ساقلاپ كەلدى، گېزىت- ژۇرناللارنىڭ ھەر سانىنىڭ تارقىلىش سانى 61 مىڭ 696 نۇسخىغا يەتتى. 1982-يىلى، گېزىت- ژۇرنال تارقىتىشنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، جەمئىيەتتە گېزىت- ژۇرنال تارقىتىش پونكىتىدىن 562 سى يېڭىۋاشتىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى (تارانچى، پويىز ئىستانسىسى ۋە تارماق ئاپپاراتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، جەمئىيەتتىكى تارقاتقۇچى 570 كە يەتتى. يىل ئاخىرىدا ، گېزىت- ژۇرناللارنىڭ ھەر سانىنىڭ تارقىلىش سانى 128 مىڭ 292 نۇسخىغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، گېزىتنىڭ ھەر سانىنىڭ تارقىتىلىش سانى 34 مىڭ 169 نۇسخىغا، ژۇرناللارنىڭ 94 مىڭ 123 نۇسخىغا يەتتى. 1990- يىلى، قۇمۇل پوچتا ئىدارىسى تارقاتقان گېزىت 521 خىل بولۇپ، مەملىكەت بويىچە تارقىتىلغان گېزىت تۈرىنىڭ 90% تىن ئارتۇقىنى ئىگىلىدى؛ تارقىتىلغان ژۇرنال 2360 خىل بولۇپ، مەملىكەت بويىچە تارقىتىلغان ژۇرنال تۈرىنىڭ 60% تىن ئارتۇقىنى ئىگىلىدى.

**5. ماركا تونۇلاش**

قەدىمدە پوچتا ئۆتەڭلىرىنى ھۆكۈمەت باشقۇرۇپ ھۆكۈمەت ئىشلەتتى، يېقىنقى دەۋرگە كەلگەندە، ھۆكۈمەت-

پۇقرانىڭ ھەممىسى پوچتا ماركىسى سېتىۋېلىپ چاپلايدىغان بولدى، جۇڭخۇا مىنگو دەۋرىدە، شىنجاڭ ئۆلكىسى ساتقان پوچتا ماركىلىرىنىڭ ھەممىسىدە «شىنجاڭ ئۆلكىسىدىلا ئىشلىتىلىدۇ» دېگەن خەت بېسىلغلىق بولۇپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئۆتمەيدى، گۈللۈك ماركىلارمۇ ئوخشاش بولىدى، بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇ چاغدا شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ پۇل تۈزۈمى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئوخشىمايتتى.

قۇمۇل ۋىلايىتىدە ماركا توپلاش پائالىيىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. ماركا توپلاش ھەۋەسكارلىرى ساقلىغان ماركىلاردىن قارىغاندا، مىنگونىڭ 25- يىلى (1936- يىلى)، قۇمۇل پوچتا ئىدارىسى تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىلدىكى، ئېگىزلىكى 50 مىللىمېتىر، كەڭلىكى 32 مىللىمېتىر بىر خاتىرە پوچتا ماركا تامغىسىنى ئويدۇرغان. ئۇنىڭغا «جياڭ جېيشىنىڭ 50 ياشقا كىرگەنلىكىنى تەبرىكلەيمىز، 25، 10، 31 قۇمۇل» دېگەن خەتلەر ئويۇلغان. سول جۇڭشەن، لياۋ جۇڭكەيىنىڭ باش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بەش يۈزلۈك، ئۈچ يۈزلۈك، بىر يۈزلۈك ماركىلار بولۇپ، ئۈچ پارچىسى بىر يۈرۈش بولغان. بۇ ماتېرىيال قۇمۇلدا شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ بەزىلەر ماركا توپلاش پائالىيىتىنى تەشەببۇس قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. جۇڭخۇا مىنگو پوچتىچىلىقىدا، قۇمۇل پوچتا ئىدارىسى ئادەتتىكى ماركا، خاتىرە ماركا، ئاۋئاتسىيە ماركىسى، قەرز ماركىسى قاتارلىق تۆت خىل ماركا ساتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1955- يىل 1- ئاينىڭ 9- كۈنى، جۇڭگو ماركا توپلاش شىركىتى بېيجىڭدا قۇرۇلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي قۇمۇل پوچتا ئىدارىسى خاتىرە ماركىسىنى ۋاكالىتەن سېتىش نۇقتىسى قىلىپ بېكىتىلدى. ئەينى ۋاقىتتا، خاتىرە ماركا ۋە ئالاھىدە ماركا، ئادەتتىكى ماركا تەك سېتىلغاچقا، قۇمۇل پوچتا ئىدارىسى گەرچە خاتىرە تامغىسى ئويدۇرۇپ، خاتىرە ماركا، ئالاھىدە ماركىلارنى ساتقان بولسىمۇ، لېكىن ھېچقانداق ئادەم ياكى ئورۇن ماركا توپلاش كەسپىنى بېجىرمىگەنىدى. ماركا توپلاشنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىنى ئاممىۋى ئىستىخىيىلىك ئېلىپ باردى. 1982- يىلى، قۇمۇل شەھىرىدە ماركا توپلاش كەسپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، پوچتا ئىدارىسىنىڭ تىجارەت ئورنىدا مەخسۇس ماركا توپلاش پوكىيى تەسىس قىلىنىپ، خاتىرە ماركا، ئالاھىدە ماركا ۋە ماركا توپلاش بۇيۇملىرىنى ساتتى ھەمدە يېڭى ماركىلارنى ئالدىن زاكاز قىلىش كەسپى يولغا قويۇلۇپ، ماركا توپلاش ھەۋەسكارلىرىنى ياخشى تاشقى مۇھىت بىلەن تەمىنلىدى. 1983- يىل 8- ئاينىڭ 20- كۈنى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ماركا توپلاش جەمئىيىتى قۇرۇلدى ھەم تۇنجى تۈركۈمدە 34 ئەزا قوبۇل قىلدى، يەنە «قۇمۇل ماركا توپلاش ئىشلىرى» ژۇرنىلىنى نەشر قىلدى، قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك ماركا كۆرگەزمىسىنى ئۇيۇشتۇردى. كۆرگەزمىگە 34 ئەزا قاتناشتى، پوچتا ماركىسى، پوچتا بۇيۇملىرى بولۇپ جەمئىي 83 دانە رامكا، 55 مەخسۇس تېما بويىچە 3223 پارچە ماركا كۆرگەزمە قىلىندى. كېيىن يەنە قۇمۇل پوچتا ئىدارىسىغا قاراشلىق 8- ئاۋئاتسىيە مەكتىپىنىڭ پوچتا- تېلېگراف ئورنى، يامانسۇ كان پوچتا- تېلېگراف ئورنى، باركۆل ناھىيىلىك پوچتا- تېلېگراف ئىدارىسى، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك پوچتا- تېلېگراف ئىدارىلىرى كەينى- كەينىدىن ماركا توپلاش كەسپىنى يولغا قويدى. 1984- يىل 10- ئاينىڭ 1- كۈنى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك پوچتا- تېلېگراف ئىدارىسى ۋە ۋىلايەتلىك ماركا توپلاش جەمئىيىتى 2- نۆۋەتلىك ماركا توپلاش كۆرگەزمىسى ۋە شەخسلەر ساقلىغان ئەتىۋارلىق ماركىلار مەخسۇس كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزدى. 1985- يىل 9- ئاينىڭ 28- كۈنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق 2- نۆۋەتلىك ماركا توپلاش كۆرگەزمىسى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەندە، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ماركا توپلاش جەمئىيىتى ئىككى ئەزا قاتناشتۇردى، ئۈچ رامكىدا 36 پارچە ماركا، ئۈچ مەخسۇس تېما بويىچە كۆرگەزمىگە قويدى. بۇنىڭ ئىچىدە، بىر ئادەم بۇ قېتىمقى كۆرگەزمىدە 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1988- يىل 8- ئاينىڭ 17- كۈنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك ياش- ئۆسمۈرلەرنىڭ تەنتەربىيىگە ئائىت ماركا توپلاش كۆرگەزمىسى غۇلجا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەندە، 41 ماركا توپلىغۇچىنىڭ

41 ماركا توپلىمى كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، قۇمۇل تۆمۈريول ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى ۋۇ بىگنىڭ «پوچتا ماركىسىدىكى ماھارەت مۇسابىقىسى ھەرىكىتى» دېگەن مەخسۇس تېمىسى بۇ نۆۋەتلىك ماركا كۆرگەزمىسىنىڭ B گۇرۇپپىسى بويىچە كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى. 1983 - 1988- يىللىنىڭ ئاخىرىغىچە، قۇمۇل شەھىرىنىڭ ماركا توپلاش تىجارىتى مىقدارى 71 مىڭ 651 يۈەنگە، ماركا توپلاش كىرىمى 68 مىڭ 429 يۈەنگە يەتتى؛ قۇمۇل رايونى بويىچە تىجارەت مىقدارى 89 مىڭ 39 يۈەنگە، ماركا توپلاش كىرىمى 87 مىڭ 288 يۈەنگە يەتتى.

**قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1978 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە بولغان پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى**

جەدۋەل: 13 – 6

| تۈرى / يىللار | پوچتا، تېلېگراف تىجارەت ئومۇمىي مىقدارى (تۈمەن يۈەن) | خەت، چەك (تۈمەن پارچە) | مۇھىم ھۆججەت (پارچە) | پوسۇلكا (دانە) | پېرېۋوت چېكى (تۈمەن پارچە) | تېلېگرامما (تۈمەن پارچە) | ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون (تۈمەن) | مۇشتەرى قوبۇل قىلىنغان ۋە سېتىلغان گېزىت (تۈمەن نۇسخا) | مۇشتەرى قوبۇل قىلىنغان ۋە سېتىلغان ژۇرنال (تۈمەن نۇسخا) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1978 | 108.14 | 147.11 | 4657 | 39331 | 15.78 | 20.38 | 10.43 | 872.06 | 50.60 |
| 1979 | 114.96 | 164.96 | 6280 | 37051 | 16.24 | 19.40 | 11.42 | 921.77 | 66.71 |
| 1980 | 116.13 | 178.36 | 6414 | 38359 | 16.60 | 17.67 | 10.94 | 871.15 | 106.85 |
| 1981 | 116.72 | 185.06 | 6866 | 39908 | 18.09 | 19.23 | 9.31 | 793.89 | 127.97 |
| 1982 | 122.09 | 178.00 | 6723 | 38802 | 16.38 | 20.20 | 11.38 | 800.47 | 119.20 |
| 1983 | 132.76 | 184.33 | 6330 | 40406 | 17.71 | 21.50 | 12.46 | 869.93 | 133.98 |
| 1984 | 151.92 | 203.60 | 6002 | 39053 | 18.77 | 21.08 | 13.61 | 938.38 | 161.91 |
| 1985 | 172.63 | 224.73 | 5936 | 43103 | 20.17 | 22.80 | 15.98 | 1021.75 | 197.20 |
| 1986 | 193.35 | 250.51 | 6524 | 47367 | 22.40 | 19.07 | 16.68 | 984.91 | 173.97 |
| 1987 | 216.34 | 270.04 | 5949 | 48188 | 22.39 | 21.99 | 17.76 | 1108.20 | 188.45 |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1988 | 146.39 | 309.63 | 4874 | 51936 | 22.22 | 24.92 | 19.61 | 1036.17 | 171.85 |
| 1989 | 293.79 | 250.01 | 5264 | 51850 | 22.47 | 26.81 | 21.47 | 794.42 | 110.18 |
| 1990 | 535.63 | 232.58 | 5952 | 48649 | 22.16 | 25.66 | 23.73 | 868.34 | 99.87 |

ئىزاھ: ① پوچتا - تېلېگراف كەسپىي مىقدارىنىڭ 1990 - يىلىدىكىسى 1990 - يىلىدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە، 1989 - يىلى ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكىسى 1980 - يىلىدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى.

② 1990 - يىلىدىكى پوچتا - تېلېگراف كەسپىي مىقدارى 1980 - يىلىدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 3 مىليون 296 مىڭ 330 يۈەن.

## §2. پوچتا يولى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ ئۈچىنچى يىلى (1909- يىلى)، شىنجاڭ ئۆلكىسىدە پوچتىخانا قۇرۇلۇشقا تەييارلىق كۆرۈۋاتقان مەزگىللەردە قۇمۇلدا پوچتا يولى بار ئىدى، ئۇ كونا ئۆتەڭ يولىنى بويلاپ ياسالدى. قۇمۇل شىنجاڭدىن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئۆتۈشتىكى بوغۇز بولغاچقا، قاتنىشى قولايلىق، پوچتا يوللىرىمۇ ئۆلكە ئىچىدىكى باشقا ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا قارىغاندا راۋان ئىدى. شۈەنتۇڭ ئۈچىنچى يىلى (1909- يىلى)، قۇمۇل مەھكىمىسىدە پوچتا شۆبە ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇمۇلدىن ناھىيىلەرگە بارىدىغان پوچتا يوللىرىمۇ تەدرىجىي راۋانلاشتى، قۇمۇلنى مەركەز قىلغان پوچتا يولى تورى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى. پوچتا يوللانمىلىرىنى توشۇش ئۇسۇلىدىمۇ تەرەققىياتلار بولدى. مىنگونىڭ 20- يىلى (1931- يىلى) دىن ئىلگىرى، پوچتا يولىنىڭ ھەممىسىدە ئات قاتنايتتى، مۇھىم يوللانمىلارنى ئادەم ياللاپ توشۇلغاندىن سىرت، قالغانلىرى ئات- ئۇلاغلار ئارقىلىق توشۇلاتتى. مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934- يىلى) 9- ئايدا، سۈيىۈەن - شىنجاڭ ئاپتوموبىل شىركىتىنىڭ ئۈنجى يۈك ئاپتوموبىلى قۇملغا كەلگەندىن كېيىن قۇمۇلدا ئاپتوموبىل بىلەن پوچتا يوللانمىسى توشۇش باشلاندى. مىنگونىڭ 20 - يىلى (1931 - يىلى) شاڭخەي - شىنجاڭ لىنىيىسىدە قۇمۇلغا ئۇچۇش سىنىقى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغاندىن كېيىن، قۇمۇل - ئالمۇتا لىنىيىسىدە ھاۋا قاتنىشى باشلاندى، كېيىن يەنە ئىچكىرىدىكى بىر قانچە شەھەرگە بارىدىغان ھاۋا قاتنىشىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، قۇمۇل ئەينى چاغدىكى بىر مۇھىم ئاۋئاتسىيە ترانسپورتى ئارا بېكىتىگە ئايلاندى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1952- يىلى، قۇمۇلدا ئۈنجى تۇركۈمدىكى يېزا- كەنت پوچتا يوللىرى بارلىققا كەلدى. 1956- يىلى، ناھىيىلەرگە قاتنايدىغان ئات پوچتىسى ماشىنا پوچتىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1960- يىل 1- ئاينىڭ 1- كۈنى، لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولى قۇمۇلغا تۇتاشتۇرۇلۇپ، قاتناش باشلاندى، بۇنىڭغا ئەگىشىپ تۆمۈريول بويىدىكى ئىدارە، ئورۇنلارنىڭ پوچتا يوللانمىلىرى پويىزدا توشۇلۇشقا ئۆزگەرتىلىپ، يەتكۈزۈلۈش سۈرئىتىمۇ تېزلەشتى. 1990- يىلغىچە، قۇمۇل ۋىلايىتىدە 18 پوچتا يولى بولۇپ، مۇساپىسى 1356 كىلومېتىرغا يەتتى، بۇ 1949- يىلىدىكى ئۈچ پوچتا يولىنىڭ 386 كىلومېتىرلىق لىنىيىسىدىن پوچتا يولى بەش ھەسسە، پوچتا يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2.5 ھەسسە كۆپەيدى؛ يېزىلاردىكى يەتكۈزۈش لىنىيىسى 57 گە، مۇساپىسى 911 كىلو مېتىرغا يەتتى. قۇمۇل پوچتا ئىدارىسىنىڭ

شەھەر- بازارلاردىكى يەتكۈزۈش بۆلەكلىرى 1949- يىلىدىكى بىردىن 12 گە كۆپەيدى؛ شەھەر ئىچى پوچتا يولى يوقلۇقتىن ئىككىگە كۆپەيدى؛ تۆمۈريول پوچتا يولىمۇ يولۇقتىن بارلىققا كەلدى، ۋىلايەت بويىچە سەككىز ئورۇندا پويىزدىن قوبۇل قىلىش- يوللاش ئۆتكىنى قۇرۇلدى. 1980- يىلىدىن باشلاپ، قۇمۇل شەھىرىدىن ناھىيىلەرگە ھەم تاشۇيلىق، تەگرىتاغ، غەربىتاغلارغا بارىدىغان پوچتا يوللىرى تەدرىجىي ھاۋالە قىلىپ يەتكۈزۈشكە ئۆزگەرتىلدى.

**1. ئاتلىق پوچتا يولى**

**1) چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاتلىق پوچتا يوللىرى** شۇەنتۇڭ تۇنجى يىلى (1909- يىلى) 1- ئايدا، قۇمۇلنىڭ پوچتا يوللىرى ئەسلىدىكى ئۆتەڭ يولى ئىدى. پوچتا يولى ئېچىلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە شىنجاڭدىكى تۆت پوچتا يولىنىڭ ئىككىسى قۇمۇلدىن ئۆتەتتى.

**(1) ئۈرۈمچى ـ گۇچۇڭ ـ قۇمۇل ـ ئەنشى ـ جيايۈگۈەن لىنىيىسى** جەمئىي 38 مەنزىل، مۇساپىسى 1515 كىلومېتىر، بېسىپ بولۇش ۋاقتى 314 سائەت.

**(2) ئۈرۈمچى ـ تۇرپان ـ يەتتەقۇدۇق ـ قۇمۇل لىنىيىسى** جەمئىي 22 مەنزىل، مۇساپىسى 785 كىلومېتىر، بېسىپ بولۇش ۋاقتى 163 سائەت.

ئەينى چاغدا قۇمۇل مەھكىمىسى شەرقتە ئەنشىدىن، غەربتە يەتتەقۇدۇققىچە بولغان پوچتا يوللىرىنى باشقۇراتتى. ئۇ چاغدا قۇمۇلدىن ئەنشىگىچە بولغان پوچتا يولى 12 مەنزىل، مۇساپىسى 470 كىلومېتىر بولۇپ، 100 سائەتتە بېسىپ بولۇناتتى؛ يەتتەقۇدۇقتىن قۇمۇلغىچە بولغان پوچتا يولى يەتتە مەنزىل، مۇساپىسى 240 كىلومېتىر بولۇپ، 48 سائەتتە بارغىلى بولاتتى. كېيىن قۇمۇلنىڭ شەرقىي لىنىيىسىدىكى پوچتا يولى شىڭشىڭشياغىچە ئۆزارتىلىپ، لەنجۇدىن جيۇچۇەنگىچە بولغان پوچتا يولى بىلەن تۇتاشتۇرۇلدى.

**2) مىنگو مەزگىلىدىكى ئات پوچتا يولى** مىنگونىڭ 2- يىلى (1913- يىلى)، قۇمۇلدىن باركۆلگە بارىدىغان پوچتا يولى ئېچىلدى. مىنگونىڭ 25- يىلى (1936- يىلى) 10- ئاينىڭ 16- كۈنى، تاشۇيلىقتا پوچتا ئىشلىرىنى ۋاكالىتەن بېجىرىش ئورنى قۇرۇلدى. شۇ يىلى 11- ئاينىڭ 11- كۈنى، ئاراتۈرۈكتە پوچتا ئىشلىرىنى ۋاكالىتەن بېجىرىش ئورنى قۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قۇمۇلدىن تاشۇيلىققىچە، قۇمۇلدىن ئاراتۈرۈككىچە بولغان پوچتا يولى ئېچىلدى. مىنگونىڭ 29- يىلى (1940- يىلى) غىچە، قۇمۇل ئىدارىسى جەمئىي بەش پوچتا يولىنى باشقۇردى.

**(1) قۇمۇل ـ شىڭشىڭشيا پوچتا يولى** جەمئىي ئالتە بېكەت، مۇساپىسى 265 كىلومېتىر، 13 پوچتىكەش، بىر نازارەتچى ئىشلىدى. 14 تۇياق زاپاس ئات (ئېشەك) ى بولۇپ، كۈن ئارىلاپ، كېچە- كۈندۈز قاتنىدى. بېسىپ بولۇش ۋاقتى 38 سائەت. ھەر بىر تۇياق ئات (ئېشەك) كە 25 ~ 30 كىلوگرام يۈك ئارتىلدى.

مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى) 7- ئاينىڭ 1- كۈنى، قۇمۇلدىن شىڭشىڭشياغىچە بولغان ئات پوچتىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، بارلىق يوللانمىلار ئەسكەر، ھۆكۈمەت، سودىگەرلەرنىڭ ماشىنىلىرىغا ھاۋالە قىلىندى.

**(2) قۇمۇل ـ يەتتەقۇدۇق پوچتا يولى** جەمئىي ئالتە بېكەت، مۇساپىسى 250 كىلومېتىر بولۇپ، 13 پوچتىكەش، بىر نازارەتچى ئىشلىدى، 14 زاپاس ئات (ئېشەك) بار. كۈن ئارىلاپ، كېچە- كۈندۈز قاتنىدى، يېتىپ بېرىش ۋاقتى 33 سائەت. بۇ يول تۇرپان ـ قۇمۇل پوچتا يولى بىلەن تۇتاشتۇرۇلدى. ھەر بىر ئاتقا 25 ~ 30 كىلوگرام يۈك ئارتىلدى. مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى) 6- ئاينىڭ 21- كۈنى، بۇ ئاتلىق پوچتا يولى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، بارلىق يوللانمىلار ئاپتوموبىل ئارقىلىق توشۇلدى.

**(3) قۇمۇل ــ باركۆل پوچتا يولى** جەمئىي تۆت بېكەت، 160 كىلومېتىر، تۆت پوچتىكەش، بىر نازارەتچى ئىشلىدى. تۆت زاپاس ئات (ئېشەك) ى بولۇپ، ئۈچ كۈندە بىر قاتنىدى، ھەر بىر ئاتقا 15 ~ 20 كىلوگرام يۈك ئارتىلدى، بېسىپ بولۇش ۋاقتى 13 سائەت. 1958- يىلى ئاپتوموبىل پوچتىسى يولغا قويۇلدى، كۆن ئارىلاپ قاتنىدى، ئاتلىق پوچتا شۇنىڭ بىلەن ئەمەلدىن قالدى.

**(4) قۇمۇل ــ ئاراتۇرۇك پوچتا يولى** دەسلەپ ئېچىلغان مەزگىللەردە، بۇ پوچتا يولى شەرقىي لىنىيىدە قاتنىدى، يەنى تاشۇبلىقتىن موغاي ئارقىلىق ئاراتۇرۇككە قاتنىدى، جەمئىي بەش بېكەت، 225 كىلومېتىر، بەش پوچتىكەش ئىشلىدى، بەش تۇياق زاپاس ئات (ئېشەك) بولۇپ، يەتتە كۈندە بىر قاتنىدى. مىنگونىڭ 29- يىلى (1940- يىلى)دىن كېيىن، شىمالىي لىنىيىدە مېڭىشقا ئۆزگەرتىلدى. بۇ يول سۇمۇشتاندىن قۇمۇلغا تۇتىشىپ، باركۆلدىن ئاراتۇرۇككە قاتنىدى. ئىككى بېكەت، 100 كىلومېتىر، ئىككى پوچتىكەش ئىشلىدى، ئىككى زاپاس ئات (ئېشەك) ى بولۇپ، ئۈچ كۈندە بىر قاتنىدى، ھەر بىر ئاتقا 10 كىلوگرام يۈك ئارتىلدى، بېسىپ بولۇش ۋاقتى 17 سائەت. 1958- يىلى ئاپتوموبىل پوچتا يولىغا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، ئاتلىق پوچتا يولى ئەمەلدىن قالدى.

**(5) قۇمۇل ــ تاشۇبلىق پوچتا يولى** جەمئىي ئۈچ بېكەت، 130 كىلومېتىر، ئۈچ پوچتىكەش ئىشلىدى، ئۈچ زاپاس ئات (ئېشەك) بولۇپ، تۆت كۈندە بىر قاتنىدى، ھەر ئاتقا 10 كىلوگرام يۈك ئارتىلدى، بېسىپ بولۇش ۋاقتى 17 سائەت. 1941- يىلدىن كېيىن، يەتتە كۈندە بىر قاتنايدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، يوللانمىلارنىڭ ئېغىرلىقى 40 ~ 80 كىلوگرامغا ئاشۇرۇلدى، بېسىپ بولۇش ۋاقتى 21 سائەت. 1958- يىلى، ئاپتوموبىل پوچتىسىغا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، ئاتلىق پوچتا يولى ئەمەلدىن قالدى.

**3) يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئاتلىق پوچتا يولى** مىنگو دەۋرىدىكى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، قۇمۇل ــ باركۆل، قۇمۇل ــ ئاراتۇرۇك، قۇمۇل ــ تاشۇبلىق پوچتا يوللىرى بار ئىدى، 1958- يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئاپتوموبىل پوچتا يولىغا ئۆزگەرتىلدى.

**2. ئاپتوموبىل پوچتا يولى**

**1) مىنگو مەزگىلىدىكى ئاپتوموبىل پوچتا يولى** قۇمۇلنىڭ ئاپتوموبىل پوچتىسى سۈيىۋەن - شىنجاڭ ئاپتوموبىل شىركىتىنىڭ ئۆتۈۋچى ئاپتوموبىللىرى قۇمۇلغا قاتنىغاندا باشلاندى. مىنگونىڭ 22- يىلى (1933- يىلى) 1- ئايدا، خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى سۈيىۋەن- شىنجاڭ ئاپتوموبىل شىركىتى قۇرۇلدى. ئۇنىڭ 58 ئاپتوموبىلى بولۇپ، گۈيسۇي (باۋتۇ) دىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان پوچتا يولىنى ئاچتى. ئومۇمىي مۇساپىسى 2990 كىلومېتىر بولۇپ، بۆلەكلەر بويىچە قاتنىدى. 1- بۆلەك گۈيسۇيدىن ئەرلىخېزىغىچە، 2- بۆلەك ئەرلىخېزىدىن قۇمۇلغىچە، 3- بۆلەك قۇمۇلدىن ئۈرۈمچىگىچە بولۇپ، پۈتۈن مۇساپىگە 12 كۈن ۋاقىت كېتەتتى. شۇنداقلا گۈيسۇي، قۇمۇل، ئۈرۈمچىنىڭ يول بويلىرىدىكى بېكەتلەر ئاپتوموبىللارنى رېمونتلاش ۋە خادىملارنىڭ ياتاق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى. مىنگونىڭ 23- يىلى (1934- يىلى) 8- ئاينىڭ 30- كۈنى، بەش يۈك ئاپتوموبىلى تۇنجى قېتىم قاتنىدى. گۈيسۇيدىن يولغا چىقىپ، 9- ئايدا قۇمۇل ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە باردى. بۇ ئاپتوموبىللاردا بېيجىڭ، تيەنجىن ۋە ھەر قايسى ئۆلكىلەرنىڭ 2443.85 كىلوگرام پوچتا يوللانمىسى، گېزىت- ژۇرناللىرى يۈتكەلدى. كېيىن ئۇرۇش مالىمانچىلىقى تۈپەيلىدىن، ئاپتوموبىل قاتنىشى توختىدى. مىنگونىڭ 24- يىلى (1935- يىلى) 6- ئايدىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى تەدرىجىي مۇقىملاشتى، ئاپتوموبىل قاتنىشى ئەسلىگە كەلدى، بىراق قۇمۇلدا توختاپ ئۆتۈشكىلا رۇخسەت قىلىندى. ئەسلىگە كەلگەندىن

كېيىن، سۈيىۈمن ـ شىنجاڭ شىركىتىنىڭ ئاپتوموبىللىرى قۇمۇلغا 20 نەچچە قېتىم قاتنىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، پوچتا يوللانمىسى 19 قېتىم يوللاندى، ئېغىرلىقى 3030 كىلوگرام. ئۇزۇن ئۆتمەي جيۇچۇەن ـ قۇمۇل بۆلىكىدە ئاپتوموبىل قاتنىشى يەنە توختىدى. ئۈرۈمچى ـ قۇمۇل ھەمدە قۇمۇل ـ شىڭشىڭشىيا ئارىلىقىدىكى پوچتا يوللانمىلىرى ئات پوچتىسى بىلەن توشۇلدى.

مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى) دىن كېيىن، جايلارنىڭ پوچتا يوللانمىلىرى ئارمىيە، ھۆكۈمەت، سودا ئاپتوموبىللىرىغا ھاۋالە قىلىندى. قۇمۇل پوچتا ئىدارىسىدا يوللانمىلارغا مەخسۇس خادىم مەسئۇل بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۈرۈمچى بىلەن قۇمۇل ئارىلىقىدىكى يوللانمىلارنىڭ يەتكۈزۈلۈش سۈرئىتى تېزلەشتى، پوچتا كىرىمى كۆپەيدى. مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى) 6- ئايدا، غەربىي شىمال تاشيول ئىدارىسى قۇمۇلدىن ئۈرۈمچىگە قاتنايدىغان نۆۋەتچى ئاپتوموبىلنى يولغا قويدى، ھەر يەتتە كۈندە بىر قېتىم قاتنىدى. مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى) 6- ئاينىڭ 21- كۈنىدىن باشلاپ، يولۇچىلار ئاپتوموبىللىرى پوچتا يوللانمىلىرىنى توشۇيدىغان بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قۇمۇلدىن لەنجۇنىڭ شەرقىگە يەتكۈزۈلىدىغان يوللانمىلار جيۇچۇەن پوچتا ئىدارىسىغا تاپشۇرۇلدى. قۇمۇلدىن شىڭشىڭشياغا قاتنايدىغان ئات پوچتىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئاپتوموبىل پوچتىسى يولغا قويۇلدى.

شۇ يىلى 5- ئايدا، پوچتا باش ئىدارىسى شىنجاڭغا 10 پوچتا ئاپتوموبىلى ئاجراتتى، بۇنىڭ بىلەن قۇمۇلدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان ئاپتوموبىل پوچتا يولى ئېچىلدى. 25- كۈنى، قۇمۇلدىن ئۈرۈمچىگە بولغان پوچتا ئاپتوموبىلى رەسمىي قاتنىدى ھەمدە جيۇچۇەن ـ لەنجۇ ئاپتوموبىل پوچتا يولى بىلەن تۇتاشتۇرۇلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ لەنجۇ، قۇمۇل، ئۈرۈمچى ئارىلىقىدا پوچتا قاتنىشى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى، پۈتۈن لىنىيىنى گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي پوچتا ئىدارىسى باشقۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۈرۈمچى، قۇمۇل ئىككى جايدا بىردىن پوچتا ئاپتوموبىلى پونكىتى قۇرۇلدى، ئۇ قۇمۇلدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان قاتناش ئىشلىرىنى باشقۇردى (قۇمۇلدىكى پونكىتتا بىر ئاپتوموبىل رېمونتچىسى، بىر شوپۇر، بىر زاپاس ئاپتوموبىل سەپلەندى). جيۇچۇەندىن قۇمۇلغىچە بولغان بۆلەكنىڭ مۇساپىسى 639 كىلومېتىر بولۇپ، ئۈچ «داۋچى» ماركىلىق ئاپتوموبىل قاتنىدى. ھەر ھەپتىدە بىر نۆۋەت قاتنىدى، ھەر بىر نۆۋەتكە تۆت كۈندىن ۋاقىت كەتتى. ئاپتوموبىل قۇمۇلغا كەلگەندىن كېيىن ئۈچ كۈن ئارام ئېلىپ، يەنە جيۇچۇەنگە قايتتى. قۇمۇلدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان مۇساپىسى تەخمىنەن 700 كىلومېتىر بولۇپ، ئىككى ئاپتوموبىل ھەر ھەپتىدە بىر نۆۋەت قاتنىدى، ھەر بىر نۆۋەتكە ئۈچ كۈن ۋاقىت كەتتى. مىنگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى) 9- ئاينىڭ 11- كۈنىدىن باشلاپ، يۇقىرىقى پوچتا يوللىرىنىڭ قەرەلى ئۆزگىرىپ، 10 كۈندە بىر قاتنايدىغان بولدى، يەنى، قۇمۇلدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان مۇساپىدە ھەر ئاينىڭ 1-، 11-، 21- كۈنلىرى يولغا چىقىپ، بەش كۈن ۋاقىت كەتتى؛ قۇمۇلدىن جيۇچۇەنگىچە بولغان مۇساپىدە ھەر ئاينىڭ 5-، 15-، 25- كۈنلىرى يولغا چىقتى؛ جيۇچۇەندىن قۇمۇلغىچە بولغان مۇساپىدە ھەر ئاينىڭ 3-، 13-، 23 - كۈنلىرى يولغا چىقتى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇلدىن شىڭشىڭشياغىچە ئىككى كۈن كەتتى.

2) يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئاپتوموبىل پوچتا يولى 1958- يىلى، لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈريولى قۇرۇلۇشىدا رېلىس ياتقۇزۇلدى، ئۈرۈمچىدىن قۇمۇلغىچە بولغان پوچتا ئاپتوموبىل لىنىيىسى تۆمۈريول شىنجاڭغا كىرگەن يەرگىچە ئۆزارتىلدى ھەم ئېچكىرىدىن شىنجاڭنىڭ جاي - جايلىرىغا يوللىنىدىغان پوچتا يوللانمىلىرىنى ۋاقتىدا تاپشۇرۇۋېلىپ تارقاتتى. تۆمۈريول لىنىيىسىنىڭ ئۇزىراپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، ئاپتوموبىل پوچتا يولمۇ ئازىيىشقا باشلىدى. شۇ يىلى 9- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك پوچتا ئاپتوموبىل پونكىتى قۇرۇلدى. ئۇ شۇ چاغدىكى باركۆل، ئاراتۇرۇك، تاشۆيلىققا بارىدىغان پوچتا يوللانمىلىرىنى يەتكۈزۈش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالدى. 1960- يىل 1- ئاينىڭ 1- كۈنى، پويىز قۇمۇلغا

يېتىپ كەلدى. ئۈرۈمچى ئۆتمەي غەربكە قاراپ ئۆزىراپ، يەتتە قۇدۇق (سەنجاپار بېكىتى) نىڭ غەربىدىكى پىچان ناھىيىسى تەۋەسىگە كىردى. ئۈرۈمچى ـ قۇمۇل ئاپتوموبىل پوچتا يولىنىڭ قۇمۇل تەۋەسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1980- يىل 4- ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ، قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى پوچتا يوللىرى تەدرىجىي ھاۋالە قىلىنغان ئاپتوموبىل پوچتا يولىغا ئۆزگەرتىلدى. 1983- يىل 1- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك پوچتا ئاپتوموبىل پونكىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

(1) **قۇمۇل ـ باركۆل ئاپتوموبىل پوچتا يولى** 1958- يىلى 9- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل پوچتا پونكىتى قۇرۇلۇپ، قۇمۇل ـ باركۆل ئاپتوموبىل پوچتا يولى ئېچىلدى، مۇساپىسى 143 كىلومېتىر، زاپاس ئىككى ئاپتوموبىل بولۇپ، كۈن ئارىلاپ قاتنىدى، ئۈچ كۈندە بىر بېرىپ كەلدى. قوۋۇق ئېغىزى، سۇمۇشتان، شىرىنزا قاتارلىق جايلاردا يوللانمىلارنى ئالماشتۇردى. 1980- يىل 7- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ، ئاپتوموبىل پوچتا يولى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ھاۋالە قىلىندىغان ئاپتوموبىل پوچتا يولىغا ئۆزگەرتىلدى، پوچتا يوللانمىلىرىنى قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتىنىڭ نۆۋەتچى ئاپتوموبىللىرى توشۇشقا باشلىدى. ھەپتىدە يەتتە نۆۋەت قاتنىدى.

(2) **قۇمۇل ـ ئاراتۇرۇك ئاپتوموبىل پوچتا يولى** بۇ يول ئېچىلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، قۇمۇل، باركۆل، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى سەۋەبلىك ئاراتۇرۇكنىڭ پوچتا يوللانمىلىرى قۇمۇلدىن باركۆلگە بارىدىغان ئاپتوموبىل پوچتا يولى ئارقىلىق يەتكۈزۈلدى، يەنى بىرىنچى كۈنى قۇمۇلدىن يولغا چىقىپ، قوۋۇق ئېغىزىدىن ئۆتۈپ، باركۆلگە، ئىككىنچى كۈنى باركۆلدىن ئاراتۇرۇككە باردى، ئۈچىنچى كۈنى ئاراتۇرۇكتىن قوۋۇق ئېغىزى ئارقىلىق قۇمۇلغا قايتتى. بۇ پوچتا يولى قۇمۇل ـ باركۆل ـ ئاراتۇرۇك ئاپتوموبىل پوچتا يولى دەپمۇ ئاتالدى، ئومۇمىي مۇساپىسى 265 كىلومېتىر، كۈن ئارىلاپ ئۈچ كۈندە بىر بېرىپ كەلدى. نېرىنكىر، تۇركۆل قاتارلىق جايلاردا پوچتا يوللانمىلارنى ئالماشتۇردى. 1980- يىلى 4- ئاينىڭ 1- كۈنى، ئەسلىدىكى قۇمۇل ـ باركۆل ئاپتوموبىل پوچتا يولى قۇمۇل ـ ئاراتۇرۇك پوچتا يولىغا ھاۋالە قىلىنىپ (قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل شىركىتىنىڭ نۆۋەتچى ئاپتوموبىللىرىغا ھاۋالە قىلىندى)، ھەپتىدە ئالتە نۆۋەت قاتنىدى.

(3) **قۇمۇل ـ تاشۋېلىق ئاپتوموبىل پوچتا يولى** 1958- يىل 9- ئايدا ئېچىلدى، مۇساپىسى 130 كىلومېتىر، يول ئۈستىدە ساقا، بۇلۇڭتوغراق، تۈگىچىبۇلاق (1980- يىلى بۇ پوچتا پونكىتى بىكار قىلىنغان) قاتارلىق جايلاردا پوچتا يوللانمىلارنى ئالماشتۇردى. 1960- يىلى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك يولۇچى توشۇش نۆۋەتچى ئاپتوموبىلى تاشۋېلىققا قاتنىغاندىن كېيىن، بۇ پوچتا يولى ھاۋالە قىلىندىغان يولغا ئۆزگەرتىلىپ، ھەپتىدە ئۈچ قېتىم قاتنىدى. 1975- يىلى 11- ئايدا، ئاپتوموبىل پوچتا يولى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. نۆۋەت سانى ھاۋالە قىلىنغان ھەپتىدە ئۈچ نۆۋەتتىن ھەپتىدە ئالتە نۆۋەتكە كۆپەيتىلدى. يەنى، ئۆزى باشقۇرغان ئاپتوموبىللار ھەر ھەپتىنىڭ 2-، 4-، 6- كۈنلىرى يولغا چىقتى، ھاۋالە قىلىنغان ئاپتوموبىللار ھەر ھەپتىنىڭ 1-، 3-، 5- كۈنلىرى يولغا چىقتى. 1980- يىل 4- ئاينىڭ 1- كۈنى، پوچتا ئاپتوموبىللىرى توختىتىلىپ، ھاۋالە قىلىنغان يوللانما ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ھەپتىدە ئۈچ نۆۋەت قاتنىدى.

(4) **قۇمۇل ـ قىزىل يۇلتۇز 2- مەيدانى ئاپتوموبىل پوچتا يولى** بۇ يول ئېچىلىشتىن ئىلگىرى، قىزىل يۇلتۇز 2- مەيدانىنىڭ يوللانمىلىرى پويىز بىلەن قوشنىكەن بېكىتىگە يەتكۈزۈلدى (قىزىل يۇلتۇز 2- مەيدانى پوچتا ئورنى پويىز بېكىتىگە بېرىپ پوچتا يوللانمىلىرىنى ئېلىۋالاتتى). 1982- يىل 2- ئاينىڭ ئاخىرى، قوشنىكەن يوللانما ئالماشتۇرۇش نۇقتىسى بىكار قىلىندى. يوللانمىلار ئىدارىنىڭ مۇھىم خەۋەرلىشىش بۆلۈمىنىڭ مەخسۇس مۇھىم ھۆججەتلىرىنى توشۇيدىغان ئاپتوموبىللىرىدا توشۇلدى، ھەپتىدە بەش نۆۋەت قاتنىدى، مۇساپىسى 44 كىلومېتىر.

(5) **قۇمۇل ـ قىزىل يۇلتۇز 1- مەيدانى (چىچەك ئاۋات) ئاپتوموبىل پوچتا يولى** بۇ يول ئېچىلىشتىن ئىلگىرى

پويىز بىلەن يەتكۈزۈلدى، 1982- يىل 2- ئايدا، قىزىلنۇر يوللانما ئالماشتۇرۇش نۇقتىسى بىكار قىلىنغاندىن كېيىن، مۇھىم خەۋەرلىشىش بۆلۈمىنىڭ مەخسۇس مۇھىم ھۆججەتلەرنى توشۇيدىغان ئاپتوموبىللىرىدا توشۇلدى، مۇھىم يوللانما بىلەن ئادەتتىكى يوللانمىلار تەڭ توشۇلدى (شوپۇر قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى)، يول ئۈستىدە يەنە ياشلار يولى تارماق ئىدارىسى، پالۋانتۇر (قىزىل يۇلغۇن) پوچتا- تېلېگراف پونكىتلىرىنىڭ يوللانمىلىرىنى ئالغاچ باردى، ھەپتىدە بەش نۆۋەت قاتنىدى، مۇساپىسى 37 كىلومېتىر.

(6) تارانچى – دۆربەجىن ئاپتوموبىل پوچتا يولى بۇ يول ئېچىلىشتىن ئىلگىرى، تارانچى تارماق ئىدارىسىنىڭ يوللانمىلىرى كان ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ كۆمۈر ئاپتوموبىللىرى ئارقىلىق توشۇلدى. پويىز قاتنىغاندىن كېيىن، يوللانمىلار پويىز ئارقىلىق دۆربەجىن ئىستانسىسىغا يەتكۈزۈلۈپ، ئاندىن يولۇچىلار نۆۋەتچى ئاپتوموبىللىرى ئارقىلىق تارانچى تارماق ئىدارىسىغا يەتكۈزۈلدى. كېيىن يولۇچىلار ئاپتوموبىللىرىنىڭ نۆۋەتچىلىكى بىنورمال بولغانلىقتىن، تارانچى ئىدارىسى موتسىكلىت ئارقىلىق ئېلىپ كېتىدىغان بولدى. 1975- يىلى، بۇ يولدا ئاپتوموبىل پوچتا يولى ئېچىلىپ، تارانچى ئىدارىسىنىڭ يوللانمىلىرى ماگدۇرۇلىدىغان بولدى، ھەپتىدە ئالتە نۆۋەت قاتنىدى، مۇساپىسى 22 كىلومېتىر.

3. ئاۋىئاتسىيە پوچتا يولى.

قۇمۇل شىنجاڭ بويىچە ئاۋىئاتسىيە پونكىتىنى ئەڭ بالدۇر قۇرغان، ئاۋىئاتسىيە قاتنىشىنى ئەڭ بالدۇر يولغا قويغان جايلارنىڭ بىرى. مىنگونىڭ 19- يىلى (1930- يىلى) 2- ئاينىڭ 21- كۈنى، مىنگو ھۆكۈمىتى بىلەن گېرمانىيە بىرلىشىپ ياۋروپا- ئاسىيا ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنى قۇردى ھەم بۇ شىركەتنىڭ ۋەكىلى بىلەن پوچتا توختامى ئىمزالىدى. كېيىنكى يىلى 1- ئاينىڭ 20- كۈنى، شاڭخەي – شىنجاڭ لىنىيىسىدە سىناق تەرىقىسىدە ئايروپىلان قاتناش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. مىنگونىڭ 21- يىلى (1932- يىلى) 5- ئاينىڭ 18- كۈنى، ئاۋىئاتسىيە قاتنىشى باشلاندى، ھەر ھەپتىدە بىر نۆۋەت، شاڭخەي، نەنجىڭ، لوياڭ، شىئەن، لەنجۇ، قۇمۇل، ئۈرۈمچىلەردىن ئۆتۈپ چۆچەككىچە قاتنىدى، پوچتا يوللانمىلىرىنىمۇ بىللە توشۇدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ماجۇڭيىڭ 2- قېتىم قۇمۇلغا كىرگەندە، لەنجۇنىڭ غەربىدىكى ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسىدە ئايروپىلان قاتنىشى توختاپ قالدى. كېيىن ياۋروپا - ئاسىيا شىركىتى مەركىزىي ئاۋىئاتسىيە شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى.

مىنگونىڭ 27- يىلى (1938- يىلى) 3- ئاينىڭ 21- كۈنى، قاتناش مىنىستىرلىكى پوچتا باش ئىدارىسى بىلەن مەركىزىي ئاۋىئاتسىيە شىركىتى پوچتا توختامى ئىمزالاپ، چۇڭچىڭ – قۇمۇل ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسىنى ئاچتى. 2 – يىلى 3 – ئاينىڭ 25 – كۈنى «لەنجۇ – شىنجاڭ نومۇرلۇق» ئايروپىلان چۇڭچىڭدىن لەنجۇ، جيۇچۇەن ئارقىلىق قۇمۇلغا سىناق تەرىقىسىدە ئۇچۇپ مۇۋەپپەقىيەتلىك يېتىپ كەلدى، ھەپتىدە بىر نۆۋەت قاتنىدى. مىنگونىڭ 28 – يىلى (1939 – يىلى) 12 – ئاينىڭ 6 – كۈنى، جۇڭگو – سوۋېت ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ قۇمۇل (ئۈرۈمچى ئارقىلىق )– ئالمۇتا لىنىيىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوناتاشتۇرۇلدى، قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ پوچتا باش ئىدارىسى جۇڭگو- سوۋېت ئاۋىئاتسىيە شىركىتى بىلەن ئاۋىئاتسىيە ترانسپورت توختامى ئىمزالىدى. خەلقئارا پوچتا ئەھدىنامىسىدىكى ئاۋىئاتسىيە ئارقىلىق يەتكۈزۈش بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، پوچتا يوللانمىلىرىنى توشۇش كەسپىنى بېجىردى. ئۇ قۇمۇل، ئۈرۈمچى، غۇلجا خەلقئارالىق ئاۋىئاتسىيە پوچتا يوللانمىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ئىدارىسى قىلىپ بېكىتىلدى. مىنگونىڭ 29- يىلى (1940- يىلى) 5- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ، قۇمۇل – ئالمۇتا لىنىيىسىدە قاتناش باشلىنىپ پوچتا يوللانمىلىرىنى توشۇدى، قۇمۇل ئىدارىسى ئاۋىئاتسىيە پونكىتىغا ھەر ھەپتىدە بىر نۆۋەت مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ، پوچتا خالتىلىرى،

يېتىپ كەلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي غەربكە قاراپ ئۆزىراپ، يەتتە قۇدۇق (سەنجاپار بېكىتى) نىڭ غەربىدىكى پىچان ناھىيىسى تەۋەسىگە كىردى. ئۈرۈمچى — قۇمۇل ئاپتوموبىل پوچتا يولىنىڭ قۇمۇل تەۋەسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1980- يىل 4- ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى پوچتا يوللىرى تەدرىجىي ھاۋالە قىلىنغان ئاپتوموبىل پوچتا يولىغا ئۆزگەرتىلدى. 1983- يىل 1- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك پوچتا ئاپتوموبىل پونكىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

**(1) قۇمۇل — باركۆل ئاپتوموبىل پوچتا يولى** 1958- يىلى 9- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل پوچتا پونكىتى قۇرۇلۇپ، قۇمۇل — باركۆل ئاپتوموبىل پوچتا يولى ئېچىلدى، مۇساپىسى 143 كىلومېتىر، زاپاس ئىككى ئاپتوموبىل بولۇپ، كۈن ئارىلاپ قاتنىدى، ئۈچ كۈندە بىر بېرىپ كەلدى. قوۋۇق ئېغىزى، سۇمۇشتان، شىرىنزا قاتارلىق جايلاردا يوللانمىلارنى ئالماشتۇردى. 1980- يىل 7- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ، ئاپتوموبىل پوچتا يولى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ھاۋالە قىلىنىدىغان ئاپتوموبىل پوچتا يولىغا ئۆزگەرتىلدى، پوچتا يوللانمىلىرىنى قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتىنىڭ نۆۋەتچى ئاپتوموبىللىرى توشۇشقا باشلىدى. ھەپتىدە يەتتە نۆۋەت قاتنىدى.

**(2) قۇمۇل — ئاراتۇرۇك ئاپتوموبىل پوچتا يولى** بۇ يول ئېچىلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، قۇمۇل، باركۆل، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى سەۋەبلىك ئاراتۇرۇكنىڭ پوچتا يوللانمىلىرى قۇمۇلدىن باركۆلگە بارىدىغان ئاپتوموبىل پوچتا يولى ئارقىلىق يەتكۈزۈلدى، يەنى بىرىنچى كۈنى قۇمۇلدىن يولغا چىقىپ، قوۋۇق ئېغىزىدىن ئۆتۈپ، باركۆلگە، ئىككىنچى كۈنى باركۆلدىن ئاراتۇرۇككە باردى، ئۈچىنچى كۈنى ئاراتۇرۇكتىن قوۋۇق ئېغىزى ئارقىلىق قۇمۇلغا قايتتى. بۇ پوچتا يولى قۇمۇل — باركۆل — ئاراتۇرۇك ئاپتوموبىل پوچتا يولى دەپمۇ ئاتالدى، ئومۇمىي مۇساپىسى 265 كىلومېتىر، كۈن ئارىلاپ ئۈچ كۈندە بىر بېرىپ كەلدى. نېرىنكىر، تۇركۆل قاتارلىق جايلاردا پوچتا يوللانمىلارنى ئالماشتۇردى. 1980- يىلى 4- ئاينىڭ 1- كۈنى، ئەسلىدىكى قۇمۇل — باركۆل ئاپتوموبىل پوچتا يولى قۇمۇل — ئاراتۇرۇك پوچتا يولىغا ھاۋالە قىلىنىپ (قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل شىركىتىنىڭ نۆۋەتچى ئاپتوموبىللىرىغا ھاۋالە قىلىندى)، ھەپتىدە ئالتە نۆۋەت قاتنىدى.

**(3) قۇمۇل — تاشۆيلۈق ئاپتوموبىل پوچتا يولى** 1958- يىل 9- ئايدا ئېچىلدى، مۇساپىسى 130 كىلومېتىر، يول ئۈستىدە ساقا، بۇلۇڭتوغراق، تۆكچىبۇلاق (1980- يىلى بۇ پوچتا پونكىتى بىكار قىلىنغان) قاتارلىق جايلاردا پوچتا يوللانمىلارنى ئالماشتۇردى. 1960- يىلى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك يولۇچى توشۇش نۆۋەتچى ئاپتوموبىلى تاشۆيلۈققا قاتنىغاندىن كېيىن، بۇ پوچتا يولى ھاۋالە قىلىنىدىغان يولغا ئۆزگەرتىلىپ، ھەپتىدە ئۈچ قېتىم قاتنىدى. 1975- يىلى 11- ئايدا، ئاپتوموبىل پوچتا يولى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. نۆۋەت سانى ھاۋالە قىلىنغان ھەپتىدە ئۈچ نۆۋەتتىن ھەپتىدە ئالتە نۆۋەتكە كۆپەيتىلدى. يەنى، ئۆزى باشقۇرغان ئاپتوموبىللار ھەر ھەپتىنىڭ 2-، 4-، 6- كۈنلىرى يولغا چىقتى، ھاۋالە قىلىنغان ئاپتوموبىللار ھەر ھەپتىنىڭ 1-، 3-، 5- كۈنلىرى يولغا چىقتى. 1980- يىل 4- ئاينىڭ 1- كۈنى، پوچتا ئاپتوموبىللىرى توختىتىلىپ، ھاۋالە قىلىنغان يوللانما ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ھەپتىدە ئۈچ نۆۋەت قاتنىدى.

**(4) قۇمۇل — قىزىل يۇلتۇز 2- مەيدانى ئاپتوموبىل پوچتا يولى** بۇ يول ئېچىلىشتىن ئىلگىرى، قىزىل يۇلتۇز 2- مەيدانىنىڭ يوللانمىلىرى پويىز بىلەن قوشتىكەن بېكىتىگە يەتكۈزۈلدى (قىزىل يۇلتۇز 2- مەيدانى پوچتا ئورنى پويىز بېكىتىگە بېرىپ پوچتا يوللانمىلىرىنى ئېلىۋالاتتى). 1982- يىل 2- ئاينىڭ ئاخىرى، قوشتىكەن يوللانما ئالماشتۇرۇش نۇقتىسى بىكار قىلىندى. يوللانمىلار ئىدارىنىڭ مۇھىم خەۋەرلىشىش بۆلۈمىنىڭ مەخسۇس مۇھىم ھۆججەتلىرىنى توشۇيدىغان ئاپتوموبىللىرىدا توشۇلدى، ھەپتىدە بەش نۆۋەت قاتنىدى، مۇساپىسى 44 كىلومېتىر.

**(5) قۇمۇل - قىزىل يۇلتۇز 1- مەيدانى (چېچەك ئاۋات) ئاپتوموبىل پوچتا يولى** بۇ يول ئېچىلىشتىن ئىلگىرى

پويىز بىلەن يەتكۈزۈلدى. 1982-يىل 2-ئايدا، قىزىلنۇر يوللانما ئالماشتۇرۇش نۇقتىسى بىكار قىلىنغاندىن كېيىن، مۇھىم خەۋەرلىشىش بۆلۈمىنىڭ مەخسۇس مۇھىم ھۆججەتلەرنى توشۇيدىغان ئاپتوموبىللىرىدا توشۇلدى، مۇھىم يوللانما بىلەن ئادەتتىكى يوللانمىلار تەڭ توشۇلدى (شوپۇر قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى)، يول ئۈستىدە يەنە ياشلار يولى تارماق ئىدارىسى، پالۋانتۇر (قىزىل يۇلغۇن) پوچتا-تېلېگراف پونكىتلىرىنىڭ يوللانمىلىرىنى ئالغاچ باردى، ھەپتىدە بەش نۆۋەت قاتنىدى، مۇساپىسى 37 كىلومېتىر.

(6) تارانچى ــ دۆربەجىن ئاپتوموبىل پوچتا يولى بۇ يول ئېچىلىشتىن ئىلگىرى، تارانچى تارماق ئىدارىسىنىڭ يوللانمىلىرى كان ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ كۆمۈر ئاپتوموبىللىرى ئارقىلىق توشۇلدى. پويىز قاتنىغاندىن كېيىن، يوللانمىلار پويىز ئارقىلىق دۆربەجىن ئىستانسىسىغا يەتكۈزۈلۈپ، ئاندىن يولۇچىلار نۆۋەتچى ئاپتوموبىللىرى ئارقىلىق تارانچى تارماق ئىدارىسىغا يەتكۈزۈلدى. كېيىن يولۇچىلار ئاپتوموبىللىرىنىڭ نۆۋەتچىلىكى بىنورمال بولغانلىقتىن، تارانچى ئىدارىسى موتسىكلىت ئارقىلىق ئېلىپ كېتىدىغان بولدى. 1975-يىلى، بۇ يولدا ئاپتوموبىل پوچتا يولى ئېچىلىپ، تارانچى ئىدارىسىنىڭ يوللانمىلىرى ماگدۇرۇلىدىغان بولدى، ھەپتىدە ئالتە نۆۋەت قاتنىدى، مۇساپىسى 22 كىلومېتىر.

3. ئاۋىئاتسىيە پوچتا يولى.

قۇمۇل شىنجاڭ بويىچە ئاۋىئاتسىيە پونكىتىنى ئەڭ بالدۇر قۇرغان، ئاۋىئاتسىيە قاتنىشىنى ئەڭ بالدۇر يولغا قويغان جايلارنىڭ بىرى. مىنگونىڭ 19-يىلى (1930-يىلى) 2-ئاينىڭ 21-كۈنى، مىنگو ھۆكۈمىتى بىلەن گېرمانىيە بىرلىشىپ ياۋروپا-ئاسىيا ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنى قۇردى ھەم بۇ شىركەتنىڭ ۋەكىلى بىلەن پوچتا توختامى ئىمزالىدى. كېيىنكى يىلى 1-ئاينىڭ 20-كۈنى، شاڭخەي ــ شىنجاڭ لىنىيىسىدە سىناق تەرىقىسىدە ئايروپىلان قاتناش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. مىنگونىڭ 21-يىلى (1932-يىلى) 5-ئاينىڭ 18-كۈنى، ئاۋىئاتسىيە قاتنىشى باشلاندى، ھەر ھەپتىدە بىر نۆۋەت، شاڭخەي، نەنجىڭ، لوياڭ، شىئەن، لەنجۇ، قۇمۇل، ئۈرۈمچىلەردىن ئۆتۈپ چۆچەككىچە قاتنىدى، پوچتا يوللانمىلىرىنىمۇ بىللە توشۇدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ماجۇڭيىڭ 2-قېتىم قۇمۇلغا كىرگەندە، لەنجۇنىڭ غەربىدىكى ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسىدە ئايروپىلان قاتنىشى توختاپ قالدى. كېيىن ياۋروپا-ئاسىيا شىركىتى مەركىزىي ئاۋىئاتسىيە شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى.

مىنگونىڭ 27-يىلى (1938-يىلى) 3-ئاينىڭ 21-كۈنى، قاتناش مىنىستىرلىكى پوچتا باش ئىدارىسى بىلەن مەركىزىي ئاۋىئاتسىيە شىركىتى پوچتا توختامى ئىمزالاپ، چۇڭچىڭ ــ قۇمۇل ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسىنى ئاچتى. 2 ــ يىلى 3 ــ ئاينىڭ 25 ــ كۈنى «لەنجۇ ــ شىنجاڭ نومۇرلۇق» ئايروپىلان چۇڭچىڭدىن لەنجۇ، جيۇچۈەن ئارقىلىق قۇمۇلغا سىناق تەرىقىسىدە ئۇچۇپ مۇۋەپپەقىيەتلىك يېتىپ كەلدى، ھەپتىدە بىر نۆۋەت قاتنىدى. مىنگونىڭ 28 ــ يىلى (1939 ــ يىلى) 12 ــ ئاينىڭ 6 ــ كۈنى، جۇڭگو ــ سوۋېت ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ قۇمۇل (ئۈرۈمچى ئارقىلىق ) ــ ئالمۇتا لىنىيىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇتاشتۇرۇلدى، قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ پوچتا باش ئىدارىسى جۇڭگو-سوۋېت ئاۋىئاتسىيە شىركىتى بىلەن ئاۋىئاتسىيە ترانسپورت توختامى ئىمزالىدى. خەلقئارا پوچتا ئەھدىنامىسىدىكى ئاۋىئاتسىيە ئارقىلىق يەتكۈزۈش بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، پوچتا يوللانمىلىرىنى توشۇش كەسپىنى بېجىردى. ئۇ قۇمۇل، ئۈرۈمچى، غۇلجا خەلقئارالىق ئاۋىئاتسىيە پوچتا يوللانمىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ئىدارىسى قىلىپ بېكىتىلدى. مىنگونىڭ 29-يىلى (1940-يىلى) 5-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ، قۇمۇل ــ ئالمۇتا لىنىيىسىدە، قاتناش باشلىنىپ پوچتا يوللانمىلىرىنى توشۇدى، قۇمۇل ئىدارىسى ئاۋىئاتسىيە پونكىتىغا ھەر ھەپتىدە بىر نۆۋەت مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ، پوچتا خالتىلىرى،

يوللانمىلارنى بىۋاسىتە ئالماشتۇرۇش رەسمىيەتلىرىنى بېجىردى، بۇنىڭ بىلەن يوللانمىلارنىڭ يوللىنىش ۋاقتى قىسقارتىلدى.

مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى) 3- ئايدا، مەركىزىي ئاۋىئاتسىيە شىركىتى چۇڭچىڭ – قۇمۇل لىنىيىسى ئۈرۈمچىگىچە ئۇزارتىلىپ، چۇڭچىڭ – ئۈرۈمچى لىنىيىسى دەپ ئاتالدى. ئاۋىئاتسىيە لىنىيىلىرىنىڭ بىرلەشمە ترانسپورتىدا مەلۇم ئۆزگىرىش بولدى. جۇڭگو – سوۋېت ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ قۇمۇل – ئالمۇتا لىنىيىسى يول بويىدىكى ئىدارىلار ئۆز ئارا ئەۋەتكەن دۆلەت ئىچىدىكى ئاۋىئاتسىيە يوللانمىلىرىنى جۇڭگو – سوۋېت ئاۋىئاتسىيە شىركىتى مەخسۇس توشۇيدىغان بولدى. ئۈرۈمچى بىلەن قۇمۇلنىڭ شەرقىدىكى جايلار ئۆز ئارا ئەۋەتكەن دۆلەت ئىچىدىكى ئاۋىئاتسىيە يوللانمىلىرىنى چوڭ خالتا قىلىپ پېچەتلەپ، مەركىزىي ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ توشۇشىغا تاپشۇردى، قۇمۇلنىڭ شەرقىدىكى جايلار ئۈرۈمچىنىڭ غەربىدىكى جايلارغا ئەۋەتكەن دۆلەت ئىچىدىكى ئاۋىئاتسىيە ئارقىلىق توشۇلىدىغان يوللانمىلارنى چوڭ خالتا قىلىپ پېچەتلەپ، مەركىزىي ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ئارقىلىق ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىغا توشۇدى، ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسى ئاندىن جۇڭگو – سوۋېت ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ بىرلەشمە توشۇشىغا تاپشۇردى.

مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى) 11- ئاينىڭ 1- كۈنى، مەركىزىي ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ چۇڭچىڭ – ئۈرۈمچى لىنىيىسىدە مەلۇم سەۋەبتىن قاتناش ۋاقىتلىق توختىدى، ھاۋا ئارمىيە باش پونكىتىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن بۇ لىنىيىدىكى يوللانمىلار ھاۋا ئارمىيە باش پونكىتىنىڭ ھەربىي ئىشلاردا ئىشلىتىدىغان قاتناش ئايروپىلانىدا توشۇلدى.

مىنگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى) 3- ئايدا، غەربىي شىمال لىنىيىسىدە جۇڭگو ئاۋىئاتسىيە شىركىتى قاتنايدىغان بولدى. شۇ يىلى 3- ئاينىڭ 21- كۈنى، بۇ شىركەتنىڭ ئايروپىلانى لەنجۇدىن قۇمۇلغا سىناق تەرىقىسىدە ئۇچۇپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، قايتقان ئايروپىلاندا پوچتا يوللانمىسى توشۇش باشلاندى. كېيىن، قۇمۇل – لەنجۇ – شاڭخەي ئارىلىقىدا قەرەللىك ئايروپىلان قاتنىشى يولغا قويۇلۇپ، ھەپتىدە بىر قېتىم قاتنايدىغان بولدى. كېيىن، نۆۋەتنى نورماللاشتۇرماسلىقى. بۇ لىنىيە قىسقارتىلىپ قۇمۇل – لەنجۇ – شاڭخەي لىنىيىسى دەپ ئاتالدى.

مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) 12- ئايدىكى قۇمۇل ئاۋىئاتسىيە پوچتا يولىنىڭ ئەھۋالى

جەدۋەل: 13 – 7

| پوچتا يولىنىڭ نامى | قاتناش نۆۋىتى | تاق مۇساپە كۈن سانى | مۇساپىسى (كىلومېتىر) | ھەر قېتىملىق توشۇش ئېغىرلىقى | يوللانمىلار | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|---|
| جۇڭگو- سوۋېت ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ئۈرۈمچى – قۇمۇل لىنىيىسى | ھەپتىدە بىر قېتىم | بىر كۈن | 514 | چەك قويۇلمايدۇ | ھەر خىل يوللانمىلار | |
| جۇڭگو- سوۋېت ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ئۈرۈمچى – ئالمۇتا لىنىيىسى | ھەپتىدە بىر قېتىم | بىر كۈن | 910 | چەك قويۇلمايدۇ | ھەر خىل يوللانمىلار | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| مەركىزىي ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ئۈرۈمچى – شاڭخەي لىنىيىسى | ھەپتىنىڭ بىرى، ئۈچى ئۈرۈمچىگە ئۇچۇپ، ئالتىسى قايتىدۇ | ئىككى كۈن | 2850 | قايتىشتا چەك قويۇلىدۇ | ھەر خىل يوللانمىلار | قىشتا بېرىپ كېلىشكە تۆت كۈن كېتىدۇ |
| ئۈرۈمچى – قۇمۇل – جيايۈگۈەن – لەنجۇ – شەنشى لىنىيىسى | ھەپتىنىڭ بىرى، ئۈچى، ئۈرۈمچىگە ئۇچۇپ، ئالتىسى قايتىدۇ | ئىككى كۈن | 2245 | 200 كىلوگرام | ھەر خىل يوللانمىلار | |
| جۇڭگو ئاۋىئاتسىيە شىركىتى قۇمۇل – لەنجۇ - شاڭخەي لىنىيىسى | نورمالسىز | | 3120 | | | قاتناش ۋاقىتلىق توختىغان |

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇمۇل ئاۋىئاتسىيە يولىدا بىرلا لىنىيە بار ئىدى، يەنى، جۇڭگو- سوۋېت ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ قۇمۇل – ئۈرۈمچى – ئالمۇتا لىنىيىسى بولۇپ، ھەپتىدە بىر نۆۋەت قاتنىدى. 1950- يىلى، جۇڭگو- سوۋېت خەلق ئاۋىئاتسىيە پاي شىركىتى قۇمۇل ئاۋىئاتسىيە پونكىتى قۇرۇلدى، ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى جيۇچۈەن – قۇمۇل – ئۈرۈمچى ئارقىلىق ئالمۇتاغا قاتناشقا ئۆزگەرتىلدى، ھەپتىدە ئىككى نۆۋەت قاتنىدى، 1954- يىلى، ھەپتىدە بەش نۆۋەت قاتنايدىغان بولدى. 1956- يىلى، جۇڭگو – سوۋېت ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قۇمۇل ئاۋىئاتسىيە پونكىتى جۇڭگو خەلق ئاۋىئاتسىيە باش ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، لىنىيىسى ئۈرۈمچىدىن قۇمۇلغا ئۆزگەرتىلدى. 1978- يىلى، قۇمۇل ئاۋىئاتسىيە پونكىتى بۇيرۇق بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسمۇ بۇنىڭ بىلەن تەڭ ئەمەلدىن قالدى.

4. تۆمۈريول پوچتا يولى

لەنجۇ – شىنجاڭ تۆمۈريولى 1959- يىل 12- ئاينىڭ 31- كۈنى چۈشتىن بۇرۇن قۇمۇلغا تۇتاشتۇرۇلۇپ، پويىز قاتنىدى. كېيىنكى يىلى 1- ئاينىڭ 1- كۈنى، قۇمۇل پوچتا- تېلېگراف ئىدارىسى پويىز بىلەن پوچتا يوللانمىسىنى توشۇشقا باشلىدى. پويىز قېتىم سانىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، قۇمۇل ئىدارىسى تۆمۈريول غول لىنىيىسىدىن پايدىلىنىپ پوچتا يولى ترانسپورت تورىنى شەكىللەندۈردى. شەرقتە خۇڭلىيۇخېدىن تارتىپ غەربتە سەنجاپارغىچە بولغان تۆمۈريول لىنىيىسىنى بويلاپ جەمئىي 10 ئورۇندا پوچتا يوللانمىلىرىنى ئالماشتۇرۇش نۇقتىسى تەسىس قىلىندى، يەنى، قۇمۇل، قىزىلتۇر، شەنكۇ، ۋېييا، تيەنخۇ (يۇقىرىقىلار قۇمۇل ئىدارىسىنىڭ شەرق تەرىپىدە)، قوشتىكەن، چۆنئىشى، سۇمقاغا، دۇريەجىن، سەنجاپار (يۇقىرىقىلار قۇمۇل ئىدارىسىنىڭ غەرب تەرىپىدە). بۇنىڭدىن باشقا قۇمۇل ئىدارىسى يەنە ئاراتۇرۇك، باركۆل ناھىيىسىنىڭ ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق تارماق ئىدارە، پونكىتلارنىڭ يوللانمىلىرىنى تاپشۇرۇۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى.

1990- يىل 12- ئايغىچە، قۇمۇل ۋىلايىتىدە جەمئىي سەككىز ئورۇندا پويىزدىن يوللانما ئالماشتۇرۇش نۇقتىسى بار بولۇپ، پۈتۈن يىللىق يوللانما توشۇش مىقدارى 199 مىڭ 666 خالتا بولدى.

5. شەھەر ئىچى پوچتا يولى

شەھەر رايونى ئىچى پوچتا يوللىرى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى بىلەن شەھەر ئىچىدىكى پوچتا- تېلېگراف تارماق ئاپپاراتلىرىنى باغلاپ تۇرىدىغان پوچتا يولىنى كۆرسىتىدۇ.

1959- يىل 12- ئاينىڭ 30- كۈنى، لەنجۇ- شىنجاڭ تۆمۈريولىدا قۇمۇلغا پويىز قاتنىدى، قۇمۇل ئىدارىسى

تۆمۈريول ئارقىلىق پوچتا يوللانمىلىرىنى توشۇشنى باشلىدى. يوللانمىلارنى قوبۇل قىلىپ ماگدۇرۇشقا قولاي بولسۇن ئۈچۈن، قۇمۇل پوچتا ئىدارىسىدىن پويىز ئىستانسىسىغىچە بولغان مەخسۇس پوچتا يولى ئېچىلدى، تاق مۇساپىسى بەش كىلومېتىر بولۇپ، بىر ئاپتوموبىل سەپلەندى، كۈنىگە ئىككى نۆۋەت يوللانما ئالماشتۇردى. كۆپ يىللاردىن بۇيان، پويىز قېتىم سانىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، كۈندىلىك پوچتا يوللانمىلىرىنى ئالماشتۇرۇش قېتىم سانىمۇ مۇناسىپ كۆپەيدى. 1990- يىلى، كۈنىگە سەككىز قېتىم يوللانما ئالماشتۇرۇلدى، كۈنلۈك مۇساپىسى 40 كىلومېتىرغا يەتتى، ئىككى ئاپتوموبىل سەپلىنىپ، نۆۋەت بىلەن يوللانما توشۇدى.

1955- يىلى، يېزا ئىگىلىك 5- شىسى شتابى ئەتراپىدا بىر پوچتا- تېلېگراف ئورنى قۇرۇلدى، شەھەر رايونىدىن بۇ پوچتا- تېلېگراف ئورنىغىچە بىر پوچتا يولى ئېچىلدى، مۇساپىسى تۆت كىلومېتىر، پوچتاليونلار ۋېلسىپىت ئارقىلىق ھەر كۈنى بىر نۆۋەت يوللانما ئالماشتۇردى. كېيىن، يېزا ئىگىلىك 5- شىسى شتابى كۆچۈپ كەتكەنلىكتىن، پوچتا كەسپى ئەدرىجىي سۇسلاشتى. 1959- يىل 5- ئايدا، قۇمۇل پويىز ئىستانسىسى يېنىدا بىر پوچتا- تېلېگراف تارماق ئىدارىسى قۇرۇلدى، بىر شەھەر رايونى پوچتا يولى تەسىس قىلىندى، مۇساپىسى 4.8 كىلومېتىر. پوچتالىيونلار دەسلەپتە يوللانمىلارنى ۋېلسىپىت بىلەن ھەر كۈنى بىر قېتىم ئالماشتۇردى. پويىز قۇمۇلغا قاتنىغاندىن كېيىن، پويىزدىكى يوللانمىلارنى ئالماشتۇرىدىغان ئاپتوموبىل ھەر كۈنى يولدىن ئۆتكىچە يوللانمىلارنى ئىككى قېتىم ئالغاچ ماڭىدىغان بولدى.

1960- يىلى، قۇمۇلدىن تاشۋىلىققىچە بارىدىغان ھاۋالىلىق ئاپتوموبىل پوچتا يولى ئېچىلدى، ھەپتىدە ئۈچ نۆۋەت قاتنىدى. بۇنىڭ بىلەن ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسىدىن ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتىگىچە بولغان ئىككى كىلومېتىرلىق مەخسۇس لىنىيىلىك پوچتا يولى ئېچىلدى، بۇنىڭدا مۇھىم يوللانمىلارنى ئاپىرىدىغان مەخسۇس خادىم (قوشۇمچە ئادەتتىكى يوللانمىلارنىمۇ ئاپاردى) سەپلەندى. ۋېلسىپىت بىلەن كۈنىگە ئىككى نۆۋەت يوللانما يوللىدى. 1975- يىلى، بۇ پوچتىخانىنىڭ ئاپتوموبىلى ھەپتىدە ئۈچ نۆۋەت قاتنىدى. 1980- يىل 4- ئاينىڭ 1- كۈنى ۋە 7- ئاينىڭ 1- كۈنى، قۇمۇلدىن ئاراتۈرۈككىچە ۋە قۇمۇلدىن باركۆلگىچە قاتنايدىغان ھاۋالىلىق ئىككى ئاپتوموبىل پوچتا يولى ئېچىلدى، ھەپتىدە ئالتە نۆۋەت قاتنىدى، كۈنىگە ئىككى نۆۋەت يوللانما ئالماشتۇردى.

مىنگو دەۋرىدە، قۇمۇل پوچتا ئىدارىسىدا پەقەت بىرلا پوچتىكەش بولۇپ،، ئىدارىدىكى پارچە- پۇرات ئىشلاردىن باشقا، شەھەر رايونى ئىچىدە پىيادە يۈرۈپ يوللانمىلارنى يەتكۈزدى. قاچان كەلسە شۇ ۋاقىتتا ئايرىپ ئاپىراتتى، كۆپىنچىسى ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ ئالاقىلىرى ئىدى. مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى)، قۇمۇلغا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياسالغان بىر ۋېلسىپىت كىرگۈزۈلۈپ، شەھەر رايونى ئىچىدە يوللانما يەتكۈزۈشكە ئىشلىتىلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1952- يىلدىن ئىلگىرى، قۇمۇل پوچتا ئىدارىسىدا پەقەت بىرلا شەھەر رايونى يوللانما يەتكۈزۈش بۆلىكى بولۇپ، بىر ئادەم ۋېلسىپىتلىك يەتكۈزدى. 1952- يىلى، پوچتا بىلەن تېلېگراف بىرلەشتۈرۈلۈپ، گېزىت- ژۇرنال تارقىتىش كەسپىمۇ پوچتا- تېلېگراف تارماقلىرىنىڭ بېجىرىشىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. تۈزۈلمە ئۆزگەرگەنلىكتىن، يەتكۈزۈش خىزمىتىنىڭ مىقدارى شىددەت بىلەن ئاشتى. شۇ يىلى كۈزدە، قۇمۇل ئىدارىسىنىڭ يەتكۈزۈش بۆلىكىدىن يەنە بىرى كۆپەيتىلدى، بۆلەكلەرگە ۋېلسىپىت بىلەن ھەر كۈنى بىر نۆۋەت يەتكۈزۈلدى. 1955- يىلى، شەھەر رايونى ئىچىدىكى يەتكۈزۈش بۆلىكى ئۈچكە كۆپەيدى، ئۈچ پوچتالىيون سەپلەندى، ھەر كۈنى ئىككى، ئۈچ نۆۋەت ۋېلسىپىت بىلەن يەتكۈزۈلىدىغان بولدى.

1990- يىلى، قۇمۇل شەھەر رايونى ئىچىدە 17 يوللانما يەتكۈزۈش بۆلىكى تەسىس قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە، قۇمۇل ئىدارىسى تەۋەسىدە 11 بۆلەك (ئۈچ يېزا- كەنتنىڭ مۇتىۋەككىللىق يەتكۈزۈش بۆلىكى، يەنى قۇمۇل – بوغاز، قۇمۇل – پالۋانتۇر يېزىسى، قۇمۇل – لەڭگەر كەنتى)، ئومۇمىي مۇساپىسى 376 كىلومېتىر بولۇپ، ھەر كۈنى بىر نۆۋەت قاتنىدى؛ پويىز ئىستانسىسى پوچتا- تېلېگراف تارماق ئىدارىسى تەۋەسىدە ئالتە بۆلەك (بۇنىڭ ئىچىدە، مۇتىۋەككىللىق يەتكۈزۈش بۆلىكىدىن بىرسى بار، يەنى، پويىز ئىستانسىسى پوچتا تارماق ئىدارىسىدىن 2- ئېلېكتر ئىستانسىسى، راكېتا

دېھقانچىلىق مەيدانىغىچە) ئومۇمىي مۇساپىسى 203 كىلومېتىر، ھەر كۈنى بىر نۆۋەت قاتنىدى، ياشلار يولىدا بىر پوچتا- تېلېگراف تارماق ئىدارىسى بار بولۇپ، ئومۇمىي مۇساپىسى 208 كىلومېتىر، كۈنىگە بىر نۆۋەت قاتنىدى. قۇمۇل ئىدارىسىغا قاراشلىق باركۆل ناھىيىلىك پوچتا- تېلېگراف ئىدارىسى تەۋەسىدە ئۈچ شەھەر رايونى يەتكۈزۈش بۆلىكى بولۇپ، ئومۇمىي مۇساپىسى 71.5 كىلومېتىر، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك پوچتا- تېلېگراف ئىدارىسى تەۋەسىدە بىر شەھەر رايونى يەتكۈزۈش بۆلىكى بولۇپ، ئومۇمىي مۇساپىسى تۆت كىلومېتىر، كۈنىگە بىر نۆۋەت ۋېلسىپىت بىلەن يەتكۈزۈلدى.

6. يېزىلاردىكى پوچتا يوللىرى

يېزىلاردىكى پوچتا يوللىرى ناھىيىلىك پوچتا ئىدارىسى بىلەن ناھىيە ئىچىدىكى يېزا- كەنت پوچتا- تېلېگراف تارماق ئاپپاراتلىرىنى ئۆز ئارا تۇتاشتۇرىدىغان، شۇنداقلا ناھىيە تەۋەسىدىكى يېزا- كەنت پوچتا- تېلېگراف تارماق ئاپپاراتلىرىنى ئۆز ئارا تۇتاشتۇرىدىغان پوچتا يولىنى كۆرسىتىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، قۇمۇل ۋىلايىتىدە يېزا پوچتا يوللى يوق ئىدى. مىنگو دەۋرىدە، 1940- يىللاردا شەھەر ئەتراپىدىكى چوگراق يېزا- كەنتلەردە بەش خەت ساندۇقى ئورنىتىلىپ، ئادەتتىكى خەت- چەكلەر قوبۇل قىلىندى، مۇقىم قەرەللى يوق ئىدى، بېجىرگۈچى شەھەرگە كىرگىچە ئالغاچ كىرەتتى، قەرەللى يوق بولغاچقا، يەتكۈزۈلۈشى ئاستا ئىدى، كەڭ يېزا- كەنتلەردىكى يۇقرالار يول، پوسۇلكا ئەۋەتىشتە شەھەرگە كىرىپ ئۆزى بېجىرەتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1952- يىلى، يەرلىك مەمۇرىي رايونلارنىڭ ئايرىلىشىغا ئاساسەن، قۇمۇل پوچتا ئىدارىسى يېزىلاردا بىر تۈركۈم پوچتا ئورگانلىرىنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىپ، بىر نەچچە يېزا پوچتا يولىنى ئاچتى. 1953- يىلى، قۇمۇل ناھىيىسى يېزىلاردا ئالتە پوچتا يولى تەسىس قىلدى، قۇمۇل ـ شەھەرئىچى يولىنىڭ مۇساپىسى 35 كىلومېتىر، بىر يېزا پوچتالىيون سەپلەندى، ئۈچ كۈندە بىر نۆۋەت قاتنىدى. قۇمۇل ـ تاشۆيلىق رايونى پوچتا يولى، مۇساپىسى 130 كىلومېتىر بولۇپ، بىر پوچتالىيون سەپلەنگەن بولۇپ، يەتتە كۈندە بىر نۆۋەت قاتنىدى. قۇمۇل ـ شەرقىي، غەربىي ئىككى دېھقانچىلىق مەيدانى (شەرقتە 1- مەيدان، غەربتە 2- مەيدان) پوچتا يولىنىڭ مۇساپىسى 30 كىلومېتىر بولۇپ، بىر پوچتالىيون سەپلەندى. ئۈچ كۈندە بىر نۆۋەت قاتنىدى. قۇمۇل ـ ئايرودروم (ئاساسلىقى ئاۋئاتسىيە يوللانمىلىرىنى ئالماشتۇرىدۇ) پوچتا يولىنىڭ مۇساپىسى 13 كىلومېتىر بولۇپ، كۈندە بىر نۆۋەت قاتنىدى، ئىدارىلەرنىڭ ئادەمى ۋېلسىپىتلىك قاتنىدى. (1957- يىلى مەخپىي ھۆججەتلەر قاتناش ئىدارىسى پوچتا- تېلېگراف ئىدارىسىغا قوشۇۋېتىلگەندىن كېيىن، ئاۋئاتسىيە يوللانمىلىرىنى ئالماشتۇرۇش خىزمىتىگە ئىدارىدىكى مەخپىيەتلىك بۆلۈمچىسى خادىملىرى قوشۇمچە بېجىرىشكە مەسئۇل بولدى. پويىز قۇمۇلغا قاتناشتىن ئىلگىرى مەخپىي ھۆججەتلەر پۈتۈنلەي ھاۋا قاتنىشى ئارقىلىق توشۇلاتتى)؛ قۇمۇل ـ توغۇچى رايونى پوچتا يولىنىڭ مۇساپىسى 65 كىلومېتىر بولۇپ، بىر پوچتا خادىمى سەپلىنىپ، ئۈچ كۈندە بىر نۆۋەت قاتنىدى؛ قۇمۇل ـ تەگرىتاغ ۋە غەربىتاغ پوچتا يولىنىڭ مۇساپىسى 80 كىلومېتىر بولۇپ، بىر پوچتا خادىمى سەپلىنىپ، ئالتە كۈندە بىر نۆۋەت قاتنىدى. ئەينى چاغدا، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ رايونلىرىدىكى يېزا پوچتا يوللىرىنىڭ ئومۇمىي مۇساپىسى 303 كىلومېتىر بولۇپ، بەش پوچتالىيون، ئۈچ ئېشەك، بىر قېچىر، بىر ئات سەپلەندى. ناھىيە بويىچە %85.7 رايوندا، %14.1 يېزىدا، %20.8 مەمۇرىي كەنتتە پوچتا يوللى ئېچىلدى.

1954- يىلى، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ يېزا پوچتا يوللىرىنىڭ مۇساپىسى 64.5 كىلومېتىرغا يەتتى، يېزا پوچتا يوللىرى ناھىيىدىكى 17 يېزا، 76 كەنتنى كېسىپ ئۆتكەن بولۇپ، %85 يېزىغا پوچتا يولى تۇتاشتۇرۇلدى. شۇ يىلى مەمۇرىي رايونغا قاراشلىق باركۆل ناھىيىسىدە ئىككى يېزا پوچتا يولى ئېچىلىپ، مۇساپىسى 178 كىلومېتىر بولدى. ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە ئىككى پوچتا يولى ئېچىلدى، مۇساپىسى 120 كىلومېتىر.

1978- يىلغىچە، قۇمۇل يېزا پوچتا يوللىرىنىڭ مۇساپىسى 1722 كىلومېتىرغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئاپتوموبىل

پوچتا يولى 340 كىلومېتىر (ئىدارە ئاپتوموبىل پوچتا يولى 219 كىلو مېتىر، ھاۋالىلىق ئاپتوموبىل پوچتا يولى 121 كىلو مېتىر)، تۆمۈريول پوچتا يولى 35 كىلومېتىر، موتسىكلىت پوچتا يولى 854 كىلومېتىر، ۋېلسىپىت پوچتا يولى 35 كىلومېتىر، ئات- ئۇلاغ پوچتا يولى 458 كىلومېتىر. ئاراتۇرۇك يېزا پوچتا يوللىرى 351 كىلومېتىرغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئاپتوموبىل پوچتا يولى 72 كىلومېتىر، ۋېلسىپىت پوچتا يولى 279 كىلومېتىر. باركۆل يېزا پوچتا يوللىرى 1130 كىلومېتىرغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئاپتوموبىل پوچتا يولى 307 كىلومېتىر، موتسىكلىت پوچتا يولى 415 كىلومېتىر، ۋېلسىپىت پوچتا يولى 85 كىلومېتىر، ئات- ئۇلاغ پوچتا يولى 323 كىلومېتىر.

1980- يىل 4- ئايدىن باشلاپ، قۇمۇل پوچتا ئىدارىسى بىر قىسىم يېزا پوچتا يوللىرىغا ۋە يېزىلارنىڭ خەت- ئالاقە يەتكۈزۈش لىنىيىلىرىگە قارىتا ھاۋالىلىق يەتكۈزۈش ۋە شەخسلەرگە ھۆددىگە بېرىش تەدبىرىنى قوللاندى. 1988- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، قۇمۇل پوچتا ئىدارىسىنىڭ يېزا پوچتا يوللىرى 425 كە، مۇساپىسى 1002 كىلومېتىرغا يەتتى؛ يېزا يەتكۈزۈش يولى قۇمۇل پوچتا ئىدارىسىنىڭ 1138 كىلومېتىرغا، ۋىلايەت بويىچە 1537 كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا يوللىرىنىڭ 654 كىلومېتىرلىق بۆلىكىدە ھاۋالىلىق بېجىرىش يولغا قويۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، قۇمۇل پوچتا ئىدارىسىغا قاراشلىقى 287 كىلومېتىر، باركۆل پوچتا ئىدارىسىغا قاراشلىقى 234 كىلومېتىر، ئاراتۇرۇك پوچتا ئىدارىسىغا قاراشلىقى 133 كىلومېتىر بولدى. 19 يېزا يەتكۈزۈش يولىدىكى 428 كىلومېتىر دائىرە شەخسلەرگە ھۆددىگە بېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، قۇمۇل پوچتا ئىدارىسىغا قاراشلىقى 18 يول، 397 كىلومېتىر، ئاراتۇرۇك پوچتا ئىدارىسىغا قاراشلىقى بىر يول، 31 كىلومېتىر.

قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى 38 يېزا- بازار (قۇمۇل شەھىرىدە 23) نىڭ 20 سىدە پوچتا ئىدارىسى، ئورنى تەسىس قىلىندى (بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل شەھىرىدە 10 ى بار)، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى يېزا- بازارلار ئۆزى قۇردى. 37 يېزا، بازارغا (بۇنىڭ ئىچىدە، قۇمۇل شەھىرىدە 22 سى بار) پوچتا قاتنىدى، بۇ يېزا، بازارلار ئومۇمىي سانىنىڭ 97.37% نى، بۇنىڭ ئىچىدە ھاۋالىلىق يەتكۈزۈلىدىغىنى بىر بولۇپ (قۇمۇل شەھىرى) 2.7% نى ئىگىلىدى.157 مەمۇرىي كەنتنىڭ (بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل شەھىرىدە 95 مەمۇرىي كەنت بار) 149 ىغا پوچتا قاتنىدى (بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل شەھىرىدە 89 ى بار)، پوچتا قاتناش دائىرىسى 94.90% بولدى. ھاۋالە قىلىنىدىغىنى سەككىز (بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل شەھىرىدىكىسى ئالتە)؛ 394 كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى (بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل شەھىرىدە 288 ى بار) نىڭ 372 سىگە پوچتا قاتنىدى (بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل شەھىرىدە 274 ى بار)، پوچتا قاتناش دائىرىسى 94.41% كە يەتتى. ھاۋالىلىقى 22 (بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل شەھىرىدە 14 ى بار).

ۋىلايەتتىكى دۆلەت ئىلكىدىكى 17 دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانى (بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇلدا توققۇزى بار) نىڭ 12 سىدە پوچتا ئىدارىسى، ئورنى قۇرۇلدى (بۇنىڭ ئىچىدە، قۇمۇل شەھىرىدە ئالتىسى بار)، 10 ى (قۇمۇل شەھىرىدە 4 ى) ئۆزى قۇرغان ئىدارە، ئورۇنلار بولۇپ، ھەممىسىگە پوچتا قاتنىدى. دۆلەت ئىلكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدىكى 181 ئىشلەپچىقىرىش لېيەندۈيىنىڭ (بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل شەھىرىدىكىسى 132)، 156 سىگە پوچتا قاتنىدى (بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل شەھىرىدە 107 سى بار)، پوچتا قاتناش دائىرىسى 86.18% كە يەتتى؛ ھاۋالىلىقى 25 (بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل شەھىرىدىكىسى 25).

ۋىلايەت، ناھىيە، شەھەرلەر ئىچىدە قۇمۇل شەھىرىدىكىلەر 2- كۈنىلا «شىنجاڭ گېزىتى» نى كۆرەلىدى، باركۆل، ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدىكىلەر 3- كۈنى كۆرەلىدى.

1974- يىلى، موتسىكلىت بىلەن يەتكۈزۈش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، موتسىكلىت پوچتا يوللىرى زور دەرىجىدە كۆپەيدى. 1978- يىلىغىچە، ۋىلايەت بويىچە، موتسىكلىت پوچتا يوللىرىنىڭ مۇساپىسى 1269 كىلومېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ 854 كىلومېتىر. 1990- يىلىغا قەدەر، قۇمۇل ۋىلايىتىدە يېزا موتسىكلىت پوچتا يولىنىڭ مۇساپىسى 477 كىلومېتىرغا قىسقىراپ، ۋېلسىپىت پوچتا يوللىرى كۆپەيدى.

## قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1988- يىلىدىكى يېزا پوچتا يوللىرىنىڭ ئالاقە سەۋىيىسى

جەدۋەل: 13 – 8

| تۈرى | | | قۇمۇل شەھرى | باركۆل ناھىيىسى | ئاراتۇرۇك ناھىيىسى | يىغىندىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| يېزا (بازار) | | | 23 | 9 | 6 | 38 |
| مەمۇرىي كەنت | | | 95 | 37 | 25 | 157 |
| كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى | | | 288 | 106 | | 394 |
| تەسىس قىلىنغان ئىدارە، ئورۇن | | يىغىندىسى | 10 | 7 | 3 | 20 |
| | | ئۆزى باشقۇرغان ئىدارە، ئورۇنلار | 10 | 7 | 3 | 20 |
| گېزىت- ژۇرناللارنىڭ يەتكۈزۈلۈش ئەھۋالى | ھەر كۈنى بىر قېتىم ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ | يېزا (بازار) | 5 | 6 | 1 | 12 |
| | | مەمۇرىي كەنت | 11 | 17 | | 28 |
| | | كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى | 33 | 49 | | 82 |
| | ئىككى كۈندە بىر قېتىم | يېزا (بازار) | 7 | | 4 | 11 |
| | | مەمۇرىي كەنت | 50 | 8 | 25 | 83 |
| | | كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى | 176 | 39 | | 215 |
| | ئۈچ كۈندە بىر قېتىم | يېزا (بازار) | 5 | 1 | 1 | 7 |
| | | مەمۇرىي كەنت | 15 | 5 | | 20 |
| | | كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى | 41 | 10 | | 51 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئۆت كۈندە بىر قېتىم | يېزا (بازار) | 5 | 2 | | 7 |
| | | مەمۇرىي كەنت | 18 | 5 | | 23 |
| | | كەنت ئائىلىلەر گۇرۇپپىسى | 24 | | | 24 |
| يەتكۈزۈش ئۇسۇلى | ئۆز قارمىقىدىكى پوچتىلىيونلار يەتكۈزگىنى | يېزا (بازار) | 12 | 9 | 6 | 27 |
| | | مەمۇرىي كەنت | 61 | 35 | 25 | 121 |
| | | كەنت ئائىلىلەر گۇرۇپپىسى | 178 | 98 | | 276 |
| | تۈرلۈك ھاۋالىلىق يەتكۈزۈلگىنى | يېزا (بازار) | 10 | | | 10 |
| | | مەمۇرىي كەنت | 28 | | | 28 |
| | | كەنت ئائىلىلەر گۇرۇپپىسى | 96 | | | 96 |
| | ۋاستىلىك يەتكۈزۈلگىنى | يېزا (بازار) | 1 | | | 1 |
| | | مەمۇرىي كەنت | 6 | 2 | | 8 |
| | | كەنت ئائىلىلەر گۇرۇپپىسى | 14 | 8 | | 22 |
| ئۆلكە گېزىتلىرىگە مۇشتەرى بولغانلار | | يېزا (بازار) | 23 | 6 | 6 | 38 |
| | | مەمۇرىي كەنت | 76 | 13 | 25 | 114 |
| «شىنجاڭ گېزىتى» نى كۆرەلىگەن ۋاقىت | | شۇ كۈنى | | | | |
| | | 2- كۈنى | 1 | | | 1 |
| | | 3- كۈنى ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق | | 1 | 1 | 2 |

# III باب

# تېلېگراف

قۇمۇلنىڭ تېلېگراف ئالاقىسى پوچتا ئالاقىسىدىن بالدۇر باشلاندى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 19- يىلى (1893- يىلى)، ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا تېلېگراما مەخسۇس لىنىيىسى تەسىس قىلىندى. ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون، شەھەر رايونى تېلېفونى 1956- يىللى بارلىققا كەلدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، قۇمۇلنىڭ يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا پوچتا خەت ئالاقىسى بولمايلا قالماي، تېلېفون ئالاقىسمۇ يوق ئىدى. شەھەر رايونى ئىچىدىمۇ بىر نەچچە ئائىلىنىڭلا تېلېفونى بولۇپ، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون بىلەن شەھەر رايونى تېلېفونى بىر ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن تېلېگراف ئىشلىرى تەرەققىي قىلدى. 1978- يىلدىن كېيىن، قۇمۇل تېلېگرافىدا ھەر تەرەپكە تۇتاشقان ئالاقە تورى شەكىللەندى.

## §1. سىم يولى

### 1. سىم يولى تارتىش

قۇمۇلنىڭ ئالاقە قۇرۇلۇشى شىنجاڭنىڭ ئالاقىلىشىش قۇرۇلۇشى بىلەن ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 19- يىلى (1893- يىلى) 1- ئايدا، كېچىكبېگى نازارەتچى ئامبال شىڭ شۈەنخۇەي پەخرى مەھكىمە بېگىنى تاللاپ غەربىي يۇرتنىڭ سىم يولى لىنىيىسىنى ئۆلچەشكە ئەۋەتتى. ئۇ جيا يۈگۈەندىن قۇمۇل، تۇرپان ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە تۇتىشىدىغان 1500 كىلومېتىرلىق بىپايان چۆل باياۋاندا سىملىق تېلېگراف ئالاقە لىنىيىسى تارتتى، ئەتىيازدىن قىشقىچە 300 كۈن ئىشلەپ قۇرۇلۇشنى تاماملىدى. بۇ تاق لىنىيىلىك تېلېگراف سىم يولى شىنجاڭ، قۇمۇلدا ئالاقە سىم يولىنىڭ بەرپا قىلىنغانلىقىنى نامايەن قىلدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 21 - يىلى (1895- يىلى)، قۇمۇلدا تېلېگراف ئىدارىسى قۇرۇلدى، ئۇ بۇ لىنىيىدىكى گاۋيۇۋجۇاڭدىن ياۋجەن بۆلىكىگىچە بولغان 477.5 كىلومېتىرلىق لىنىيىنى باشقۇردى (گاۋيۇجۇاڭ – شىڭشىڭشيانىڭ 15 كىلومېتىر شەرقىدە بولۇپ، قۇمۇلغىچە بولغان سىم يولى مۇساپىسى 307.5 كىلومېتىر كېلىدۇ؛ ياۋجەن – لياۋدۇن بىلەن ئاپىقۇربۇلاق ئارىلىقىدا بولۇپ، قۇمۇلغىچە بولغان سىم يولى مۇساپىسى 170 كىلومېتىر كېلىدۇ). بۇ قۇمۇلدىكى تۇنجى تېلېگراف ئالاقە لىنىيىسى، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ ئىچكىرى بىلەن بولغان غول ئالاقە لىنىيىسىنىڭ بىر قىسمى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ 3- يىلى (1911- يىلى)، قۇمۇلدىن باركۆلگىچە تارماق سىم يولى تارتىلدى. مىنگونىڭ 11- يىلى (1922- يىلى)، سىمسىز تېلېگراف لىنىيىسى ئېچىلغاندىن كېيىن، سىم يولى ئۇزۇن يىل رېمونت

قىلىنمىغاچقا، بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، قۇمۇل- باركۆل تارماق تېلېگراف سىم يولىنى ئىشلىتىشكە مۇمكىن بولماي قالدى.

قۇمۇل بىلەن باركۆلنىڭ ئالاقە مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىش، چېگرىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، مىنگونىڭ 25- يىلى (1936- يىلى)، شىنجاڭ قاتناش باشقارمىسى ئۈرۈمچىدىكى 1- دەرىجىلىك تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جياۋچېڭخۇيىنى قۇرۇلۇش باشلىقى قىلىپ ئەۋەتتى. قۇمۇل – باركۆل تېلېفون سىم يولىنى قايتىدىن تارتتى. ئۇنىڭ مۇساپىسى 134 كىلومېتىر بولۇپ، تاق سىم ئۈچۈن تۆت مىللىمېتىرلىق تۆمۈر سىم ئىشلىتىلدى. قۇرۇلۇش مىنگونىڭ 26- يىلى (1937- يىلى) تاماملىنىپ ئىشلىتىلدى.

مىنگونىڭ 31- يىلى (1942- يىلى) 1- ئايدا، يەتتە قۇدۇقتىن شىڭشىڭشياغىچە بولغان سىم يولى رېمونتلاندى.

مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى) 4- ئايدا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى كونترول قىلىش، ئالاقە جەريانىدىكى مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ۋە ئالاقىدىكى سۈپەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، مەخسۇس مەبلەغ ئاجرىتىپ گەنسۇ – شىنجاڭ سىم يولىنى رېمونتلىدى. مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى) 4- ئايدا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى يەنە مەخسۇس مەبلەغ ئاجرىتىپ گەنسۇ – شىنجاڭ سىم يولىنى رېمونتلىدى.

مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى)، لەنجۇ – ئۈرۈمچى ئارىلىقىدا قوش مىس سىملىق سىم تارتىلىشقا باشلىدى. قۇمۇل بۆلىكىدىكى سىم يولى قۇرۇلۇشىنى مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى) 10- ئاينىڭ 1- كۈنى شىنجاڭ تېلېگراف باشقۇرۇش ئىدارىسى ئىشلىدى. شىڭشىڭشيادىن قۇمۇلغىچە بولغان 200 كىلومېتىر ئارىلىققا 2.6 مىللىمېتىرلىق مىس بىلەن ئۇرالغان بىر جۈپ پولات سىم تارتىلدى. شۇ يىلى 11- ئاينىڭ 13- كۈنى، قۇمۇلدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان 300 كىلومېتىرلىق لىنىيىگە مىس بىلەن ئۇرالغان بىر جۈپ پولات سىم تارتىلدى. قۇمۇل تەۋەلىكىدە ئىچكىرىدىن باشلىنىپ قۇمۇل ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە تۇتاشقان مىس بىلەن ئۇرالغان بىر جۈپ پولات سىم يولى، تۆمۈردىن ياسالغان نازارەت قىلىش تاق سىم يولى بولۇپ، ئومۇمىي مۇساپىسى 415 ستولبا كىلومېتىرغا يەتتى. قۇمۇلدىن باركۆلگىچە لىنىيىدە تۆت مىللىمېتىرلىق تۆمۈر سىم تارتىلدى، مۇساپىسى 134 ستولبا كىلومېتىر. بۇ سىم يوللىرى ئۇدا يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغىچە داۋاملىق ئىشلىتىلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەنى 1950- يىلى پوچتا- تېلېگراف مىنىستىرلىكىنىڭ غەربىي شىمال قۇرۇلۇش ئىدارىسى 6- باش ئەترىتى ئەسلىدىكى لەنجۇ – ئۈرۈمچى سىم يولىنى ئومۇمىيۈزلۈك رېمونتلىدى. 1500 كىلومېتىرلىق لەنجۇ – ئۈرۈمچى – غۇلجا ئۆزۈن يوللۇق ئۈچۇق سىمغا دولقۇن يۈكلەش توك يولىنىڭ شىنجاڭ بۆلىكىنى قۇردى. بۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچى، قۇمۇل شەھىرى ۋە پايتەخت بېيجىڭغىچە بولغان سىملىق ئالاقە لىنىيىسى، خەلقئارالىق ئۆزۈن يوللۇق لىنىيە ئېچىلدى.

1954- يىلى، قۇمۇل ۋىلايىتىدە قوۋۇق ئېغىزىدىن ئاراتۈرۈككىچە بولغان 96.4 كىلومېتىرلىق لىنىيىگە تاق ئىلمەكلىك تۆمۈر سىم يولى تارتىلىپ، قۇمۇل ۋىلايىتى ۋە ھەر قايسى ناھىيىلەر ئارىلىقىدا تېلېفون ئالاقىسى ئورنىتىلدى.

1956- يىلى، لەنجۇ – ئۈرۈمچى غول لىنىيىسىگە بىر جۈپ ئۈچ مىللىمېتىرلىق جۈپ مىس سىم قوشۇپ تارتىلدى، مۇساپىسى 415 كىلومېتىر.

1958- يىلى، قۇمۇل – باركۆل تېلېفون ئالاقىسىنىڭ ئاۋاز سۈپىتى ۋە ئاۋاز مىقدارىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، قۇمۇلدىن باركۆلگىچە بولغان ستولبىلارغا تۆت مىللىمېتىرلىق تۆمۈر سىم قوشۇپ تارتىلدى. ئەسلىدىكى تۆمۈر تاق سىم جۈپ سىمغا ئۆزگەرتىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قوۋۇق ئېغىزىدىن ئاراتۈرۈككە بىۋاسىتە تۇتاشقان مەۋھۇم سىم يولى تارتىلدى. بۇنىڭ بىلەن قۇمۇل – باركۆل، قۇمۇل – ئاراتۈرۈكلەرگە بىۋاسىتە تېلېفون سىمى تارتىلىپ، 66 جۈپ كىلومېتىر ئۆزۈنلۇقتا سىم يولى قوشۇلدى.

لەنجۇ ـ ئۈرۈمچى غول لىنىيىسىنىڭ ئالاقە ئىقتىدارى ۋە سۈپىتىنى ياخشىلاش ھەم تۈستۈرۈش ئۈچۈن، 1959- يىلى قۇمۇلنىڭ غەربىدىكى قۇمۇل ـ خۇيجىگزا بۆلىكىدە 1964- يىلى ئورنىتىلغان 2.6 مىللىمېتىرلىق مىس بىلەن ئورالغان پولات سىمنىڭ ئورنىغا ئۈچ مىللىمېتىرلىق جۈپ مىس سىم ئالماشتۇرۇلدى.

قۇمۇل ـ تارانچى ئارىلىقىدا 1959- يىلى تۆت مىللىمېتىرلىق بىر جۈپ تۆمۈر سىم ئورنىتىلدى، ستولبا مۇساپىسى 84.38 كىلومېتىر. شۇنىڭدىن باشلاپ قۇمۇل ـ تارانچى ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ۋە تېلېگراف توك يولى ئېچىلدى.

1960- يىلى، لەنجۇ ـ ئۈرۈمچى ستولبا لىنىيىسىگە ئۈچ مىللىمېتىرلىق بىر جۈپ مىس سىم قوشۇپ تارتىلدى، ئۇ مەخسۇس ھەربىي ئىشلار ئالاقىسىگە مۇلازىمەت قىلدى. 415 جۈپ كىلومېتىر سىم كۆپەيتىلدى.

1961- يىلى، قۇمۇل ـ ئاراتۇرۇك سىم يولى رېمونت قىلىندى، ئەسلىدىكى ستولبا لىنىيىسى ئاساسىدا، قوۋۇق ئېغىزىدىن ئاراتۇرۇككىچە بولغان بۆلەككە تۆمۈر سىم قوشۇپ تارتىلدى. ئەسلىدىكى تاق سىم جۈپ سىمغا ئۆزگەرتىلدى، 48.25 جۈپ كىلومېتىر سىم يولى قوشۇپ تارتىلدى. شۇنىڭ بىلەن قۇمۇل ـ ئاراتۇرۇك ئارىلىقىدىكى ئالاقە سۈپىتى ئۆستى.

1966- يىلى، قۇمۇلدىن يامانسۇ كان رايونىغىچە بولغان ئالاقە سىم يولى تارتىلىپ، تۆت مىللىمېتىرلىق بىر جۈپ تۆمۈر سىم ئورنىتىلدى، شۇنىڭ بىلەن يامانسۇ كان رايونىنىڭ ئالاقە ئېھتىياجى ھەل بولدى. 1972- يىل 12- ئايدا، بۇ سىم يولى ئۆزگەرتىلىپ، 30 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ستولبىلىق سىم يولى قوشۇپ تارتىلىپ، ئومۇمىي مۇساپىسى 158.5 جۈپ كىلومېتىر بولدى.

1972- يىلى، لەنجۇ ـ ئۈرۈمچى غول لىنىيىسىنىڭ قۇمۇل شەرقىي بۆلىكىدىكى2.6 مىللىمېتىرلىق مىس ئورالغان پولات سىم ئۈچ مىللىمېتىرلىق جۈپ مىس سىمغا ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلى، قۇمۇل ـ شىڭشىڭشيادىكى ئەسلىدىكى تۆمۈر تاق چارلاش ئۆيى سىمى جۈپ تۆمۈر سىمغا ئالماشتۇرۇلدى، 98.5 جۈپ كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى سىم يولى قوشۇپ تارتىلدى.

1975- يىلى، قۇمۇلدىن ئاراتۇرۇككىچە بولغان لىنىيىنىڭ ئالاقىلىشىش ئىقتىدارىنى تۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئەسلىدىكى ستولبىلار ئاساسىدا قوۋۇق ئېغىزىدىن ئاراتۇرۇككىچە بولغان لىنىيىگە تۆت مىللىمېتىرلىق ئاليۇمىن ئورالغان پولات سىمدىن بىر جۈپ قوشۇپ تارتىلدى ۋە 96.5 جۈپ كىلومېتىر ئۇزارتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاپتونوم رايوننىڭ پوچتا، تېلېگراف تەرەققىيات پىلانى ۋە چېگرىدىكى ئورۇش تەييارلىقى ئالاقىسىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئەسلىدىكى ستولبا يولىغا تۆت سىملىق بىر ياغاچ بالداق ئورنىتىلدى ۋە ئۇنىڭغا تۆت مىللىمېتىرلىق ئاليۇمىن ئورالغان بىر جۈپ پولات سىم، تۆت مىللىمېتىرلىق بىر جۈپ تۆمۈر سىم تارتىلدى. ئاراتۇرۇكتىن نېرىنكىرغىچە بولغان بۆلەككە تۆت سىملىق ياغاچ بالداق ئاستىغا بىر جۈپ ئىلمەك ئورۇنلاشتۇرۇلدى ۋە تۆت مىللىمېتىرلىق بىر جۈپ يېزا تېلېفون تۆمۈر سىمى تارتىلدى.

1988- يىلىغىچە، قۇمۇل ۋىلايىتىدە ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون سىمى 906 كىلومېتىرغا، ئومۇمىي سىم يولى 3430.18 جۈپ كىلومېتىرغا يېتىپ، قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئۈچ ناھىيە (شەھەر)، ئىككى كان رايونىدا مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرى بىلەن ئالاقىلىشالايدىغان ئۇزۇن يوللۇق ئالاقە تورى شەكىللەندى.

2. سىم يولىنى ئاسراش

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 21- يىلى (1895- يىلى)، شىنجاڭدىن ئىچكىرىگىچە بولغان سىملىق تېلېگراف سىم يولى تارتىلغاندىن كېيىن، بۇ لىنىيىنى بويلىغان سىم يولىنى ئاسراش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى.

سىم يولىنى ئاسراشنىڭ دەسلىپىدە، ھەر بىر مەنزىلگە (سىم يولىنى بويلاپ ھەر 30 ~ 50 كىلومېتىر بىر مەنزىل

قىلىندى) بىردىن سىم ئىشچىسى مەسئۇل قىلىندى. ئەگەر سىم يولىدا توسالغۇ كۆرۈلسە، سىم ئىشچىسى ئۇلانغىچە تەكشۈردى. كۆپ بولغاندا 10 كۈن، ئاز بولغاندا 3 ~ 5 كۈنگىچە رېمونت قىلىنىپ بولاتتى. قالاق ھالەتتىكى سىم يولى ئاسراش شەكلى نورمال ئالاقىگە دائىم تەسىر يەتكۈزۈپ تۇراتتى. سىم ئىشچىلىرى دالىدا قونۇپ ۋە دالىدا ھېرىلىنىپ، قىش-ياز خىزمىتى تولىمۇ جاپالىق ئىدى.

مىنگونىڭ 35-يىلى (1946-يىلى)، لەنجۇ — ئۈرۈمچى لىنىيىسىگە مىس ئورالغان پولات قوش سىم تارتىلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا ئىككى سىم يولى ئۆچاستكىسى تەسىس قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە، قۇمۇل 2-سىم يولى ئۆچاستكىسى بولۇپ، شەرقتە شىڭشىڭشياغىچە، غەربتە پىچاننىڭ لەمجىن، ھاڭ خۇمدىنىغىچە بولغان 440 كىلومېتىرلىق سىم يولىنى ۋە قۇمۇلدىن باركۆلگىچە بولغان 135 كىلومېتىر تۆمۈر سىم تاق لىنىيىسىنى ئاسراشقا مەسئۇل بولدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، قۇمۇل پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسىدا جەمئىي 28 ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون سىمىنى ئاسراش ۋە باشقۇرۇش خادىمى بولۇپ، پەقەت 5 ~ 6 تۇياق ئېتى بار ئىدى. سىم چارلاشتا پىيادە مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. ئاسراش خادىملىرى ئاسراش ئۆيلىرىدە تۇرۇپ، سىم يوللىرىنى ھەر كۈنى چارلاپ تەكشۈرەتتى.

ئۇزۇن يوللۇق سىم يولىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئاسراش كۈچى، تەشكىلىي ئاپپاراتى ۋە قاتناش قوراللىرى تەدرىجىي ياخشىلاندى. 1952-يىلى، قۇمۇل سىم يولى ئۆچاستكىسىنىڭ تۆت ئېتى، ئىككى ۋېلسىپىتى ۋە سىم يولىنى بويلاپ شىڭشىڭشيا، ئاچچىقسۇ، ئەلتۆمۈر، ساۋۇلاق، ئاستانە، لياۋدۇن، ئاپىقۇربولاق، يەتتە قۇدۇق ۋە توغۇچى قاتارلىق توققۇز جايدا چارلاش ئۆيى بار ئىدى. ئاچچىقسۇ چارلاش ئۆيى قۇمۇلنىڭ 135 كىلومېتىر شەرقىدە بولۇپ، ئىنس-جىن ئاياغ باسمايدىغان گىياھسىز چۆل ئىدى. بۇ جايدا يىل بويى بوران-چاپقۇن ئۈزۈلمەيتتى، سۇيى قىسلىقىغا قارىماي، ئاچچىق ھەم قىرتاق ئىدى. چارلاش خادىملىرى يېمەكنى ئۆزى ئەكىلىپ، تاماقنى ئۆزى ئېتىپ يەيدى. سىم يولىنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، سىم ئاسراش خادىملىرى جاپا-مۇشەققەت، ھېرىپ-چارچاش ئالدىدىمۇ زادىلا زارلانمىدى. سىم يولى ئاسراش خادىمى ۋۇ چاۋجى تۇنجى ئەۋلاد «ئاچچىقسۇ ئىچكەن» لەردىن بولۇپ، كېيىن پونكىت باشلىقى تاڭ زىلىيەن ۋە ئەمگەك نەمۇنىچىسى ماجۇەنفۇلارمۇ بۇ جايدا تۇردى. ماجۇەنفۇ ئاچچىقسۇ چارلاش بۆلىكىدە تاكى پېنسىيىگە چىققىچە 10 نەچچە يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزدى.

1966-يىل 3-ئايدا، بېيجىڭدا ئېچىلغان 16-قېتىملىق مەملىكەتلىك پوچتا-تېلېگراف خىزمىتى يىغىنى ۋە مەملىكەتلىك پوچتا-تېلېگراف سىياسىي خىزمەت يىغىنىدا، قۇمۇل ئۇزۇن يوللۇق تېلېگراف سىم يولى ئۆچاستكىسى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى ھەمدە يىغىندا «چۆل-جەزىرىدە سىم يولىنى ئاسراش» تىكى ئىلغار ئىش-ئىزلىرىنى تونۇشتۇردى.

1974-يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسى ۋە پوچتا-تېلېگراف مىنىستىرلىكى كۆڭۈل بۆلۈپ ئاچچىقسۇ، شىڭشىڭشيا قاتارلىق سىم يولى ئۆچاستكىلىرىغا تۇرمۇش ماشىنىسى سەپلەپ بەردى ھەمدە ھەر ئايدا پىلان بويىچە ئۆچاستكىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە سۇ، كۆكتات قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى يەتكۈزۈپ بەردى.

1982-يىلى، قۇمۇل سىم يولى ئۆچاستكىسى سىم يولىنى ئاسراشتا مەركەزلەشتۈرۈپ ئاسراش شەكلىنى قوللاندى. تارانچى، شىڭشىڭشيا قاتارلىق جايلاردا بىردىن سىم ئاسراش خادىمى تۇرغۇزغاندىن سىرت، باشقا خادىملار پۈتۈنلەي قۇمۇل سىم يولى ئۆچاستكىسىغا مەركەزلەشتۈرۈلدى. ئۇلار ئادەتتە مەشغۇلات پىلانى بويىچە سىم يولىنى ئاسرىدى ۋە رېمونتلىدى. سىم يولىدا توسالغۇ كۆرۈلسە، يۈكلىمە دولقۇن ئىشخانىسى ئۆلچەپ چىققان نۇقتىغا خادىملارنى ئاپتوموبىللىق ئەۋەتىپ رېمونتلىدى.

قاتناش قورالى، ئىلغار ئۆلچەش ۋاسىتىلىرى، مۇۋاپىق ئاسراش مەشغۇلات پىلانى، قاتتىق ئاسراش قائىدىلىرى بولغانلىقتىن، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفوننىڭ سۈپىتى زور دەرىجىدە ئۆستى، توسالغۇلارنىڭ داۋاملىشىش ۋاقتى قىسقىراپ، ۋىلايەت سىم يوللىرىنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

## §2. تېلېگرامما يولى

1. سىملىق تېلېگرامما يولى

قۇمۇلنىڭ سىملىق تېلېگرامما ئالاقىسى چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 21- يىلى (1895- يىلى) باشلاندى. تېلېگرامما يولى شەرقتە گەنسۇنىڭ جيۇچۇەنگىچە، غەربتە ئۈرۈمچىگىچە تۇتاشقان ئارقىمۇ ئارقا ئۇلانغان تېلېگرامما يولى بولۇپ، ئاددىي مەشغۇلاتلىق مورىز ئاپپاراتى ئىشلىتىلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندا، يەنى 1950- يىلى قۇمۇلدا تېلېگرامما يولىدىن پەقەت ئالتىسىلا بار ئىدى. 1990- يىلى، تېلېگرامما يولى 33 كە يەتتى ھەممە ئۈرۈمچى ئاپتوماتىك تېلېگرامما تورىغا كىردى. قۇمۇل پوچتا- تېلېگراف ئىدارىسى قۇمۇل ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى ناھىيە، كان رايونلىرىنىڭ تېلېگرامما مەركىزىگە ئايلاندى.

قۇمۇل ئىدارىسى بىلەن تۇتاشقان تېلېگرامما يوللىرى:

1) قۇمۇل — ئۈرۈمچى چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 21- يىلى (1895- يىلى)، قۇمۇل — ئۈرۈمچى، قۇمۇل — جيۇچۇەن قولدا ئايلاندۇرىدىغان تېلېگرامما يولى ئېچىلىپ، قولدا ئايلاندۇرىدىغان مورىز تېلېگرامما ئاپپاراتى ئىشلىتىلدى. تېلېگرامما ئەسۋابلىرى 40 يىلدىن ئارتۇق ئىشلىتىلدى. مىنگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى)، قۇمۇل، ئۈرۈمچى پوچتا - تېلېگراف ئىدارىلىرى ئاددىي مەشغۇلاتلىق ۋىس ئاپپاراتىنى ئورناتتى.

مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى)، لەنجۇ — ئۈرۈمچى تېلېگرامما يولىدىكى قۇمۇلدا ۋىس ئاپپاراتى ئورنىتىلىپ، لەنجۇدىن ئۈرۈمچىگىچە قەرەللىك تېلېگرامما يولى بىۋاسىتە تۇتاشتۇرۇلدى. بۇ يولنىڭ پۈتۈن مۇساپىسى ئۈرۈمچى — قۇمۇل — جيۇچۇەن — لەنجۇدىن ئىبارەت. قۇمۇل پوچتا- تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ بۇ يولدىكى ئاساسىي ۋەزىپىسى ۋىس ئاپپاراتىنى ئاسراپ، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئۈرۈمچى — لەنجۇ تېلېگرامما يولىنى ئېچىپ بېرىش بولدى.

1961- يىلى، تېلېگرامما ئالاقە تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، نەچچە 10 يىل ئىشلىتىلگەن مورىس ۋە ۋىس ئاپپاراتلىرى شاللىۋېتىلدى. قۇمۇلدا 68D تىپلىق مېخانىكىلىق توك ئارقىلىق يەتكۈزۈش ئاپپاراتىدىن ئىككىسى سەپلىنىپ، قۇمۇلدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان توك بىلەن يەتكۈزۈش تېلېگرامما يولى تۈنجى قېتىم ئېچىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قۇمۇلدىن مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا يوللىنىدىغان تېلېگراممىلار بىردەك ئۈرۈمچىدە ئالماشتۇرۇلۇپ، يوللىنىدىغان بولدى. قۇمۇلدىن جيۇچۇەنگىچە بولغان تېلېگرامما يولى ئىشتىن توختىدى.

1988- يىلى، قۇمۇلدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان تېلېگرامما يولى ئۈرۈمچى ئاپتوماتىك تېلېگرامما ئالماشتۇرۇش تورىغا كىردى ۋە يۆلىمە دولقۇنلۇق تېلېگرامما توك يولىدىن ئىككىسى تەسىس قىلىندى.

2) قۇمۇل — باركۆل مىنگونىڭ 30- يىلى (1941- يىلى)، تېلېفون ئارقىلىق يەتكۈزۈلىدىغان تېلېگرامما توك يولى ئېچىلدى ۋە كېيىن مورىز ئاپپاراتى ئارقىلىق تېلېگرامما يوللاشقا ئۆزگەرتىلدى. 1956- يىلى مورىز ئاپپاراتى شاللىۋېتىلىپ، يەنە تېلېفون ئارقىلىق تېلېگرامما يوللاشقا ئۆزگەرتىلدى. 1978- يىلى، باركۆلدە 55 تىپلىق تېلېتايپ سەپلەندى، قۇمۇلدىن باركۆلگىچە بولغان لىنىيىدە تۇنجى قېتىم تېلېتايپ توك يولى ئېچىلدى. 1988- يىلى يۆلىمە

دولقۇنلۇق تېلېگراما توك يولىدىن بىرى كۆپەيتىلدى.

3) **قۇمۇل — ئاراتۈرۈك** 1954- يىلى، قوۋۇق ئېغىزىدىن ئاراتۈرۈككىچە بولغان تاق لىنىيىلىك تۆمۈر سىم تارتىلغاندىن كېيىن، تېلېفون ئارقىلىق تېلېگراما يوللاش يولى ئېچىلدى. كېيىن گەرچە قۇمۇلدىن ئاراتۈرۈككىچە بولغان ئالاقە سىم يولى يېڭىلانغان بولسىمۇ، لېكىن كەسىپ ۋە تېخنىكا چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن تېلېفون ئارقىلىق تېلېگراما يوللانمىۋەردى.

4) **قۇمۇل — يەتتەقۇدۇق** چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ تۇنجى يىلى (1909- يىلى)، يەتتە قۇدۇقتا تېلېگراما شۆبە ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، لەنجۇ — ئۈرۈمچى سىم يولىدا تېلېفون ئارقىلىق تېلېگراما يوللاش يولى ئېچىلدى ۋە تېلېگراما كەسپى يولغا قويۇلدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىر نەچچە قېتىم ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلدى. 1961- يىلى، قۇمۇلدىن يەتتە قۇدۇق تۈز مەيدانىغا ۋە قۇمۇلدىن يەتتە قۇدۇق مېتېئورولوگىيە پونكىتىغىچە تېلېفون ئارقىلىق تېلېگراما يوللاش يولى ئېچىلدى.

5) **قۇمۇل — تارانچى** 1959- يىلى، تېلېفون ئارقىلىق تېلېگراما يوللاش يولى ئېچىلدى. 1976- يىل 1- ئايدا، تېلېفون ئارقىلىق تېلېگراما يوللاش يولى تېلېتايىپ توك يولىغا ئۆزگەرتىلدى. 1988- يىلى يۇكلىمە دولقۇنلۇق تېلېگراما يولىدىن بىرسى كۆپەيتىلدى.

6) **قۇمۇل — پويىز ئىستانسىسى شۆبە ئىدارىسى** 1961- يىلى، تېلېفون ئارقىلىق تېلېگراما يوللاش يولى ئېچىلدى. 1978- يىلى، تېلېتايىپ توك يولىغا ئۆزگەرتىلدى.

7) **ئاراتۈرۈك — قۇمۇل** 1954- يىلى، تېلېفون ئارقىلىق تېلېگراما يوللاش يولى ئېچىلدى. 1978- يىلىدىن كېيىن، يېزا تېلېگراف ئالاقىسىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ يېزا تېلېفون يولى ئارقىلىق تېلېگراما يەتكۈزۈلدى. مەخسۇس تېلېگراما يولى تەسىس قىلىنمىدى.

8) **باركۆل — قۇمۇل** يۇقىرىدىكى ئاراتۈرۈك — قۇمۇل تېلېگراما يولى بىلەن ئوخشاش.

9) **باركۆل — سۇمۇشتان** 1966- يىلى تېلېفون ئارقىلىق تېلېگراما يەتكۈزۈش يولىدىن بىرى ئېچىلدى. 1978- يىلىدىن كېيىن، باركۆل ناھىيىسىدىن يېزىلارغىچە بولغان تېلېگراف يوللىرى تېلېفون ئارقىلىق تېلېگراما يوللاشتىن پايدىلاندى.

10) باشقىلار 1961- يىلى، يەنە قۇمۇلدىن قۇمۇل مېتېئورولوگىيە پونكىتىغىچە، شىڭشىڭشيادىن قۇمۇل مېتېئورولوگىيە پونكىتىغىچە، قوۋۇق ئېغىزىدىن باركۆلگىچە، قوۋۇق ئېغىزىدىن ئاراتۈرۈككىچە، قۇمۇلدىن دايىڭفاڭغىچە، قۇمۇل پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسىدىن قۇمۇل پولات-تۆمۈر زاۋۇتىغىچە، قۇمۇل پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسىدىن قۇمۇل مېھمانخانىسىغىچە بولغان ئورۇنلاردا تېلېفون ئارقىلىق تېلېگراما يوللاش يوللىرى ئېچىلدى. 1966- يىلىغا كەلگەندە، مەشغۇلاتتىن توختىدى.

يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، يېزىلاردا تېلېفون ئارقىلىق تېلېگراما يوللاندى. 1971- يىلى، قۇمۇلدىن يامانسۇغىچە، قۇمۇلدىن ساقا دېھقانچىلىق مەيدانىغىچە، 1972- يىلى، قۇمۇلدىن ئاستانە كۆكشىبەسىغىچە، 1973- يىلى، قۇمۇلدىن تاشبۇلاق كۆكشىبەسىغىچە، قۇمۇلدىن بۇلۇڭتوغراق كۆكشىبەسىغىچە، 1974- يىلى، قۇمۇلدىن دۆربەجىن دېھقانچىلىق مەيدانى، بوغاز كۆكشىبەسىغىچە بولغان تېلېفون ئارقىلىق تېلېگراما يوللاش يوللىرى ئېچىلدى. 1990- يىلىغىچە تېلېگراما يوللاش يولى 33 كە يەتتى.

### 2. سىمسىز تېلېگراما يولى

1) **قۇمۇل تېلېگراف ئىدارىسى** مىنگونىڭ 18- يىلى (1929- يىلى)، قاتناش مىنىستىرلىكى ئۈرۈمچى، گۈچۈڭ، قۇمۇل، باركۆل قاتارلىق جايلارغا تېلېگراما ئاپپاراتى ئاجرىتىپ بەردى.

مىنگونىڭ 21- يىلى (1932- يىلى) 4- ئاينىڭ 22- كۈنى، قۇمۇلدا سىمسىز تېلېگراف ئىستانسىسى قۇرۇلۇپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت، دۇبەن مەھكىمىسى ۋە قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قىسىملار، ئورگانلار ئارا ئالاقىلاردا مەخسۇس ئىشلىتىلدى. ئادەتتە سودىگەرلەر ۋە ئاۋامنىڭ ئىشلىتىشىگە يول قويۇلمىدى.

مىنگونىڭ 31- يىلى (1942- يىلى) 10- ئاينىڭ 7- كۈنى،تېلېگراف باش ئىدارىسى ئىنژېنېر گۇەن چوگېيىنى قۇمۇلغا 600 ۋاتلىق تېلېگىراما قوبۇللاش ئۈسكۈنىسى ئورنىتىشقا ئەۋەتتى. مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى) نىڭ ئالدى. كەينىدە قۇمۇل تېلېگىراما ئىدارىسىنىڭ سىمسىز تېلېگراف ئىستانسىسى ئاساسلىق شىڭشىڭشىيا، باركۆل، ئۈرۈمچى، مورى، جيۇچۇەن، لەنجۇ، جاگيې قاتارلىق جايلارغا تۇتاشتۇرۇلدى.

مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى)، لەنجۇ ــ ئۈرۈمچى لىنىيىسىدە تاق لىنىيىلىك يۆتكىلمە دولقۇن توك يولى ئۆلانغاندىن كېيىن، سىمسىز تېلېگىراما يولى بىخەتەر ۋە ئىشەنچلىك، ئاۋازى ئېنىق بولدى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرى قۇمۇل ــ ئۈرۈمچى سىمسىز تېلېگراما يولى زاپاس يولغا ئۆزگەرتىلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەنى 1958- يىلى، قۇمۇل ــ ئۈرۈمچى ئارىلىقىدا يېڭىۋاشتىن سىمسىز تېلېگىراما يولى ئېچىلىپ، ھەر ھەپتىدە ئۈچ قېتىم بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئالاقىلىشىشقا بولىدىغان بولدى.

1966- يىل 5- ئايدا، قۇمۇلدىن باركۆلگىچە، قۇمۇلدىن ئاراتۈرۈككىچە بىر سىمسىز تېلېگىراما يولى ئېچىلىپ، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئالاقىلىشىشقا بولىدىغان بولدى.

1990- يىلى، قۇمۇلدا سىمسىز تېلېگىراما يولىدىن ئۈچى ئېچىلدى. ئۇلار: قۇمۇل ــ ئۈرۈمچى، قۇمۇل ــ باركۆل، قۇمۇل ــ ئاراتۈرۈك تېلېگىراما يولىدىن ئىبارەت.

باركۆل ئىدارىسى باركۆلدە مىنگونىڭ 21- يىلى (1932- يىلى) تېلېگىراما ئىدارىسى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن باركۆلدىن قۇمۇل، شىڭشىڭشىيا ۋە ئۈرۈمچىگىچە بولغان سىمسىز تېلېگىراما يولى ئېچىلدى. مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى)، سىمسىز تېلېگىراما يوللىرى ئىشلىتىشتىن توختىتىلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەنى 1958- يىلى، باركۆلدە 16 ۋاتلىق ۋە 25 ۋاتلىق تېلېگىراما. تېلېفون ئاپپاراتى ئورنىتىلدى. 1966- يىلى، باركۆلدىن قۇمۇلغىچە بولغان سىمسىز تېلېگىراما يولى ئېچىلدى.

1966- يىل 5- ئايدا، ئاراتۈرۈكتە سىمسىز تېلېگراف ئىستانسىسىدىن ئىككىسى قۇرۇلۇپ، ئاراتۈرۈكتىن قۇمۇلغىچە بولغان بىر سىمسىز تېلېگىراما يولى تاكى ھازىرغىچە ئىشلىتىلدى.

3. ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون يولى

مىنگونىڭ 23- يىلى (1934- يىلى)، ئۈرۈمچىدە ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون يولى ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، 10 توچكىلىق بىر دانە ماگنىتلىق كوممۇتاتور ئورنىتىلدى. ئۈرۈمچىدىن قۇمۇل، غۇلجا، گۇچۇڭ ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلارغا ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئۇلاندى.

قۇمۇل ئىدارىسى مىنگونىڭ 22- يىلى (1933- يىلى)، ماجۇڭيىڭ 2- قېتىم قۇمۇلغا كەلگەندە ماگنىتلىق تېلېفون ئالغاچ كېلىپ، قۇمۇلدىن گەنسۇنىڭ ئەنشىگىچە بولغان تېلېفون لىنىيىسىنى تۇتاشتۇردى. بۇ پەقەت ئارمىيە ئېچىدىلا ئىشلىتىلدى. ئەينى چاغدا سىم يولى سەۋەبىدىن تېلېفون. تېلېگىراممىنى بىرلا ۋاقىتتا ئىشلىتىشكە بولمىدى، سۆزلىشىۋاتقاندا تېلېگىراما يوللىغىلى، تېلېگىراما يوللاۋاتقاندا سۆزلەشكىلى بولمىدى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ قىزىل 8- تۇەنى قۇمۇلدا تۇردى. جۇڭگو ــ سوۋېت ترانسپورت كومىتېتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن تېلېفون ئاپپاراتى بار ئىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ قۇمۇلدا ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون كەسپى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى ۋە جۇڭگو ترانسپورت كومىتېتى ئۇچۇن مۇلازىمەت قىلدى. بۇ تېلېفوندىمۇ ئىلگىرىكىدەكلا تېلېفون ۋە تېلېگىراممىنى بىرلا ۋاقىتتا يوللىغىلى بولمىدى.

مىنگونىڭ 23- يىلى (1934- يىلى) دىن كېيىن، قۇمۇلدا ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن 10 توچكىلىق ئىككى دانە ماگنىتلىق كوممۇتاتور ئورنىتىلدى. ئەمەلىي توچكىسى 20 ئىدى، ئارىدىن تۇتاشتۇرۇلغان سىم بىر جۈپ بولۇپ، قۇمۇلدىن پىچان، تۇرپان قاتارلىق جايلارغا ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون توك يولى تۇتاشتۇرۇلدى.

مىنگونىڭ 31- يىلى (1942- يىلى)، قۇمۇلدا 600 ۋاتلىق سىمسىز تېلېگراف- تېلېفون ئاپپاراتى ئورنىتىلدى.
مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى)، قۇمۇلدىن لەنجۇ، قۇمۇلدىن ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارغىچە سىمسىز ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون يولى ئۇلاندى. بۇ يول مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) ئىشلىتىشتىن توختىدى.

مىنگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى)، جايلاردىكى تېلېگراما ئىدارىلىرىنىڭ نامى تېلېگراف ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى ۋە ئامىۋى ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ھەم تېلېگراما كەسپى يولغا قويۇلدى.

مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) 6- ئايدا، لەنجۇدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان يۆكلىمە دولقۇنلۇق توك يولى قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلدى. شۇ يىلى 8- ئاينىڭ 10- كۈنى، لەنجۇ، جيۇچۇەن، قۇمۇل، ئۈرۈمچى يۆكلىمە دولقۇنلۇق تېلېفون يولى ئېچىلدى، بۇ ئۈرۈمچىدىن قۇمۇلغىچە بولغان تۇنجى يۆكلىمە دولقۇنلۇق توك يولى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قۇمۇلدا ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئىستانسىسى قۇرۇلۇپ، ئەنگلىيە ئۆلچەم شىركىتى ياسىغان $SOB_1$ تىپلىق ئاپپارات ئورنىتىلدى. ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئىستانسىسى شەرقتە گەنسۇنىڭ جيۇچۇەنگىچە، غەربتە ئۈرۈمچىگىچە ئۇلاندى. شىڭشىڭشيا، يۇمېن يەتتە قۇدۇق، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا ئارىدىن تۇتاشتۇرۇلغان سىم يولى ئىدارىلىرى قۇرۇلدى.

مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى)، قۇمۇلدىن باركۆلگىچە بولغان ئالاقە سىم يولى رېمونت قىلىنىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، قۇمۇلدىن قوۋۇق ئېغىزىغا ۋە باركۆلگىچە بولغان ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون يولى ئۇلاندى. شۇ چاغدا قۇمۇل تېلېگراف ئىدارىسى ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون يولىدىن قۇمۇلدىن جيۇچۇەنگىچە، قۇمۇلدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان ئىككى يۆكلىمە دولقۇنلۇق يول، قۇمۇلدىن يەتتە قۇدۇق، پىچان، شىڭشىڭشيا، ئەنشىگىچە بولغان تۆت سىم يول، قۇمۇلدىن قوۋۇق ئېغىزى ۋە باركۆلگىچە بولغان بىر مەۋھۇم سىم توك يولى بار ئىدى. يۇقىرىدىكى يوللار يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانغىچە ئىشلىتىلدى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇمۇل ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئالاقە ئىشلىرى مۇستەھكەملىنىش جەريانىدا ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى، سىم يوللىرى، ئۈسكۈنىلەر ئۈزلۈكسىز يېڭىلاندى. 1951- يىلى، لەنجۇدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان لىنىيىگە ئۈچ يۆكلىمە دولقۇنلۇق سىم يولى ئۇلاندى. قۇمۇلدا SAS، B، A دىن ئىبارەت ئاخىرقى ئۇچىتىكى ئىككى تېلېفون ئاپپاراتى ئورنىتىلدى.

1958- يىلى، قۇمۇلدىن باركۆلگىچە بولغان غول يولغا تاق تۆمۈر سىم ئورنىتىلغاندىن كېيىن، قۇمۇلدىن باركۆلگىچە، قۇمۇلدىن ئاراتۈرۈككىچە بولغان ئارىلىققا بىۋاستە ئۇلىنىدىغان ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون لىنىيىسى ئېچىلدى.

1959- يىلى، قۇمۇلدىن تارانچىغىچە بولغان ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون يولى ئېچىلدى.

1966- يىلى، قۇمۇلدىن يامانسۇغىچە بولغان ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون يولى ئېچىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قۇمۇلدىن باركۆلگىچە بولغان تاق لىنىيىلىك يۆكلىمە دولقۇنلۇق توك يول ئېچىلدى.

1968- يىلى، قۇمۇلدا ZM312–II تىپلىق 12 لىنىيىلىك يۆكلىمە دولقۇن ئاپپاراتى ئورنىتىلدى. قۇمۇلدىن ئۈرۈمچىگىچە بەش ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون يولى ئېچىلدى.

1973- يىل 8- ئايدا، قۇمۇلدا ZM312–4B تىپلىق 12 لىنىيىلىك يۆكلىمە دولقۇن ئاپپاراتى ئورنىتىلدى. قۇمۇلدىن گەنسۇ ئەنشىگىچە ئىككى ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون يولى ئېچىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بىر شىڭشىڭشيادىن ئەنشىگىچە بولغان سىملىق تېلېفون يولى ئېچىلدى.

1987- يىلى، قۇمۇلدىن ئۈرۈمچىگىچە يۇقىرى چاستوتىلىق 12 يوللۇق يۆكلىمە دولقۇن ئۈسكۈنىسى ئورنىتىلىپ،

يېگىدىن يەتتە يۆنۈلۈش تېلېفون سىم يولى كۆپەيتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، قۇمۇلدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان يېرىم ئاپتوماتىك ئىككى توك يولى، بىر ئاپتوماتىكسىز توك يولى بار. 1988- يىلغا كەلگەندە، قۇمۇلدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان ئومۇمىي تېلېفون يولى 13 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالتىسى يېرىم ئاپتوماتىك توك يولى.

1990- يىلىنىڭ ئاخىرى، قۇمۇل ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون يولى 83 كە يەتتى. ئۇلار: قۇمۇلدىن جيۇچۈەنگىچە بىر، قۇمۇلدىن ئەنشىگىچە ئىككى، قۇمۇلدىن پىچانغىچە بىر، قۇمۇلدىن شىڭشىڭشياغىچە بىر، قۇمۇلدىن يەتتە قۇدۇققىچە ئىككى، قۇمۇلدىن يامانسۇغىچە بىر، قۇمۇلدىن قوۋۇق ئېغىزىغىچە بىر، قۇمۇلدىن شىخەنزىگىچە بىر، قۇمۇلدىن تارانچىغىچە ئۈچ، قۇمۇلدىن تۇرپانغىچە بىر، قۇمۇلدىن سانجىغىچە بىر، قۇمۇلدىن كۆيتۇگىچە بىر، قۇمۇلدىن كورلىغىچە بىر، قۇمۇلدىن غۇلجىغىچە بىر، شىڭشىڭشيادىن ئەنشىگىچە بىر، تارانچىدىن پىچانغىچە بىر، يەتتە قۇدۇقتىن پىچانغىچە بىر، قوۋۇق ئېغىزىدىن باركۆلگىچە بىر، تارانچىدىن ئۈرۈمچىگىچە بىر، قوۋۇق ئېغىزىدىن ھەربىي ئات فېرمىسىغىچە بىر.

يىغىنچاقلىغاندا، ئۈرۈمچىدىن ئۇدۇل تۇتىشىدىغان تېلېفون يولى 13 بولۇپ (بۇنىڭ ئىچىدە يېرىم ئاپتوماتىك يول ئالتە)، تەۋەلىكىدىكى ناھىيىلەرگە تۇتىشىدىغان تېلېفون يولى 14 كە، ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى باشقا ۋىلايەت، شەھەرلەرگە تۇتىشىدىغان تېلېفون يولى ئالتىگە، ئۆلكە ئارىسىدىكى تېلېفون يولى تۆتكە يەتتى؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە، 227 توك يولىنىڭ ئاۋاز كۆچەيتىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى.

2) باركۆل تېلېگراف ئىدارىسى مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى)، قۇمۇلدىن باركۆلگىچە يېگىدىن تاق تۆمۈر سىملىق لىنىيە تارتىلغاندىن كېيىن، قۇمۇل – باركۆل تېلېفون يولى ئېچىلدى. بەش توچكىلىق بىر كوممۇتاتور بولۇپ سىرتقا قارىتا تىجارەت قىلمايتتى.

1988- يىلى، باركۆلدىن قۇمۇلغىچە توققۇز ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون يولى ئېچىلدى.

3) ئاراتۇرۇك تېلېگراف ئىدارىسى 1954- يىلى، ئاراتۇرۇكتە 10 توچكىلىق كوممۇتاتور ئورنىتىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئاراتۇرۇكتىن قۇمۇلغىچە بولغان ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون يولى (قوۋۇق ئېغىزى ئارقىلىق) تۇنجى ئېچىلدى. 1958- يىلى، ئاراتۇرۇكتىن قۇمۇلغىچە بىر ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون يولى ئېچىلدى. 1987- يىلى، ئاراتۇرۇكتىن قۇمۇلغىچە بەش ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون يولى كۆپەيتىلدى.

1988- يىلى، ئاراتۇرۇكتىن باركۆلگىچە بىر يۆكلىمە دولقۇنلۇق تېلېفون يولى ئېچىلىپ، ئاراتۇرۇكتىن قوۋۇق ئېغىزىغىچە بولغان يول توختىتىلدى.

4. شەھەر رايونى تېلېفون تورى

1988- يىلى، قۇمۇل ۋىلايىتى يېزا تېلېفون تورىدا 39 ئارىدىن تۇتاشتۇرۇلغان توك يولى، ناھىيىلەردىن يېزىلارغا بىۋاسىتە بارىدىغان 24 ئارىدىن تۇتاشتۇرۇلغان توك يولى بار بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە، يەتتە يۆكلىمە دولقۇنلۇق تېلېفون يولى، ئۇنىڭدىن باشقا ئۈچ يۇقىرى چاستوتىلىق سىمسىز توك يولى بار.

قۇمۇلدا 26 ئارىدىن تۇتاشتۇرۇلغان يول، 13 شەھەردىن بىۋاسىتە يېزا، بازارلارغا بارىدىغان توك يولى، ئۈچ يۆكلىمە دولقۇنلۇق تېلېفون يولى، ئۈچ ئالاھىدە چاستوتىلىق سىمسىز توك يولى بار.

باركۆلدە توققۇز ئارىدىن تۇتاشتۇرۇلغان توك يول، سەككىز ناھىيىدىن بىۋاسىتە يېزا، بازارلارغا تۇتاشتۇرۇلغان توك يولى، ئىككى يۆكلىمە دولقۇنلۇق تېلېفون يولى بار.

ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدە تۆت ئارىدىن تۇتاشتۇرۇلغان توك يول، ئۈچ ناھىيىدىن بىۋاسىتە يېزا، بازارلارغا تۇتاشقان توك يولى، ئىككى يۆكلىمە دولقۇنلۇق تېلېفون يولى بار.

1) قۇمۇل تېلېگراف ئىدارىسى مىنگونىڭ 23- يىلى (1934- يىلى)، قۇمۇل تېلېگرامما ئىدارىسى 10 كىچىك

ماگنىتلىق كوممۇتاتورنى ئورناتتى. ئەينى چاغدا پەقەت ئارمىيە، ھۆكۈمەتلا ئىشلىتىدىغان بىر قانچە تېلېفون ئاپپاراتى ئورنىتىلدى. مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى)، يەنە 20 توچكىلىق ماگنىتلىق كوممۇتاتور ئورنىتىلىپ، شەھەر تېلېفونى بىلەن ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون بىرلىكتە ئىشلىتىلدى. ئەمەلىيەتتە، ئارمىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ ئايرىم تېلېفون ئاپپاراتلىرى ئۇزۇن يوللۇق كوممۇتاتوردىن ئۇلىنىۋېلىنغان بولغاچقا، ئۇزۇن يوللۇق مەخسۇس لىنىيە ئابونېنتى دەپ ئاتالدى، ئۇلارنىڭ ناھىيىلىك ھۆكۈمەت، ساقچى ئىدارىسى، تاشيول ئۆتچاستىكىسى قاتارلىق بىر قانچە ئابونېنتى بار ئىدى. قۇمۇل ۋىلايىتىدىن باشقا ناھىيىلەردە شەھەر رايونى تېلېفونى يوق ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەنى 1953- يىلى قۇمۇلدا شەھەر رايونى تېلېفونى تەسىس قىلىنىپ، 50 توچكىلىق ماگنىتلىق كوممۇتاتوردىن بىرسى ئورنىتىلدى ۋە ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون بىلەن شەھەر رايونى تېلېفونى ئايرىۋېتىلدى. شەھەر رايونى ئابونېنتى 37 توچكىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، كەسپىي ئارىدىن تۇتاشتۇرۇلغان توك يولى ئالتە جۈپ، ئۇزۇن يوللۇق ئارىدىن تۇتاشتۇرۇلغان توك يولىدىن بەش جۈپى بار ئىدى. ئەينى چاغدا پوچتا- تېلېگراف ئابونېنتى 10 توچكىنى ئىگىلىدى.

1954- يىلى، قۇمۇل شەھەر رايونىدا يېڭىدىن 150 توچكىلىق كوممۇتاتور ئورنىتىلدى، 71 ئابونېنت تېلېفون ئورناتتى. ئاراتۇرۇك، باركۆل ناھىيىلىرىدىمۇ شەھەر رايونى تېلېفونى بار بولدى. ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون بىلەن شەھەر رايونى تېلېفون باش ئاپپاراتى قوشۇۋېتىلدى. باركۆل ناھىيىسىدە 15 ئابونېنت، ئاراتۇرۇكتە تۆت ئابونېنت بار بولدى.

1958- يىلى، قۇمۇل ناھىيىسىدىكى يېزا ۋە چارۋىچىلىق فېرمىلىرىغا تېلېفون ئۇلاندى، شەھەر رايونى تېلېفونى بىلەن يېزا تېلېفونى باش ئاپپاراتى قوشۇۋېتىلدى. باركۆل، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىرىنىڭ ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون، شەھەر رايونى تېلېفونى ۋە يېزا تېلېفونلىرىنىڭ باش ئاپپاراتلىرى قوشۇۋېتىلدى.

1964- يىلى، شەھەر رايونى تېلېفون كوممۇتاتورى 950 توچكىغا يەتتى، ئەمەلىيەتتە 424 توچكىسى ئىشلىتىلدى. 409 يۈرۈش تېلېفون ئاپپاراتى ئورنىتىلدى. ئابونېنتلارنىڭ كوممۇتاتور سىغىمچانلىقى 250 توچكىلىق بولۇپ، 174 تېلېفون ئورنىتىلدى.

1974- يىلى، قۇمۇلدا تۇنجى قېتىم HJ605 تىپلىق 200 توچكىلىق ۋېرتىكال- گورىزونتال كونترول قىلىنىدىغان ئاپتوماتىك كوممۇتاتور ئورنىتىلدى. شۇ يىلى 6- ئاينىڭ 8- كۈنى سائەت نۆلدىن باشلاپ ئىشلىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن قۇمۇل شەھەر رايونى تېلېفونلىرى ئاپتوماتلاشتۇرۇلدى.

1979- يىلى، شەھەر رايونى تېلېفونلىرى كوممۇتاتور سىغىمچانلىقى 1000 توچكىغا، 1983- يىلى 1120 توچكىغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، قۇمۇل شەھىرىدىكى ئاپتوماتىك كوممۇتاتور 1000 توچكىغا، يەتتە قۇدۇق تارماق ئىدارىسىدىكى ماگنىتلىق كوممۇتاتور 30 توچكىغا، قوۋۇق ئېغىزى پوچتا- تېلېگراف پونكىتىدىكى ماگنىتلىق كوممۇتاتور 30 توچكىغا، يامانسۇ پوچتا- تېلېگراف پونكىتىدىكى ماگنىتلىق كوممۇتاتور 60 توچكىغا يەتتى؛ كوممۇتاتورنىڭ ئەمەلىي ئىشلىتىلىشى 877 توچكىغا، تېلېفون ئاپپاراتى 850 كە يەتتى.

1988- يىلغا كەلگەندە، كوممۇتاتور ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 2210 توچكىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ۋېرتىكال- گورىزونتال كونترول قىلىنىدىغان ئاپتوماتىك كوممۇتاتور 2090 توچكا (قۇمۇلدا 2000 توچكا، تارانچىدا 90 توچكا)، ماگنىتلىق كوممۇتاتور 120 توچكا (يەتتە قۇدۇق تارماق ئىدارىسىدا 30 توچكا، قوۋۇق ئېغىزى پوچتا- تېلېگراف پونكىتىدا 30 توچكا، يامانسۇ پوچتا- تېلېگراف پونكىتىدا 60 توچكا)؛ كوممۇتاتورنىڭ ئەمەلىي ئىشلىتىلگىنى 1570 توچكىغا، ئابونېنتلارنىڭ كىچىك تىپتىكى كوممۇتاتورى 4890 توچكىغا، تېلېفون ئاپپاراتى 3337 گە يەتتى.

2) باركۆل تېلېگراف ئىدارىسى  باركۆل ناھىيىسىدە 1953- يىلىدىن باشلاپ شەھەر رايونى تېلېفونى ئورنىتىلىشقا باشلىدى، ئەينى چاغدا 10 توچكا ئورنىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، كەسپىي ئارىدىن تۇتاشتۇرىدىغان لىنىيە ئۈچ، ئۇزۇن يوللۇق ئارىدىن تۇتاشتۇرىدىغان لىنىيە بىر جۈپنى ئىگىلىدى. 1979- يىلى، تۇنجى قېتىم ئاپتوماتىك

تېلېفون ئىشلىتىلدى. 1980- يىلغا كەلگەندە، ئەمەلىي ئىشلىتىلگىنى 249 توچكىغا، تېلېفون ئاپپاراتى 240 قا، ستولبا مۇساپىسى 14 كىلومېتىرغا، كابېل ئۇزۇنلۇقى 6.5 كىلومېتىرغا يەتتى.

3) ئاراتۇرۇك تېلېگراف ئىدارىسى 1954- يىلى، ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدە شەھەر رايونى تېلېفونى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. سىغىمچانلىقى 20 توچكا بولۇپ، دەسلەپتە يەتتە ئابونېنتى بار ئىدى. 1985- يىلى،شەھەر رايونى تېلېفون ئالماشتۇرۇش ئاپپاراتى يېڭىلاندى. بىر 200 توچكىلىق ۋېرتىكال- گورىزونتال كونتروللىنىدىغان ئاپپارات ئورنىتىلدى، 108 توچكا ئىشلىتىلدى. بۇنىڭ بىلەن شەھەر رايونى تېلېفونى ئاپتوماتلاشتى. 1988- يىلى، شەھەر رايونى تېلېفون ئالماشتۇرۇش ئاپپاراتىنىڭ سىغىمچانلىقى 250 توچكىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋېرتىكال- گورىزونتال كونتروللىنىدىغان ئاپتوماتىك تېلېفون ئالماشتۇرۇش ئاپپاراتى 200 توچكا، ئەمەلىي ئىشلىتىلگىنى 180 توچكا، تېلېفون 198 گە، ئابونېنتلارنىڭ كىچىك كوممۇتاتورى 50 توچكىغا، ستولبا مۇساپىسى 7.8 كىلومېتىرغا، كابېل ئۇزۇنلۇقى ئىككى كىلومېتىرغا يەتتى.

5. يېزا تېلېفون تورى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ پوچتا- تېلېگراف ئالاقىسى يوق ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن بىر قىسىم چوڭراق يېزا ۋە رايونلار تۇرۇشلۇق جايلاردا پوچتا- تېلېگراف پونكىتى تەسىس قىلىندى، بىراق يەنىلا تېلېفون ئۇلانمىدى. 1956- يىلى، ئالدى بىلەن قۇمۇلدىن ئاستانە يېزىسىغىچە بولغان ستولبا مۇساپىسى 38.5 كىلومېتىر ئارىلىقىغا تۆت مىللىمېتىرلىق جۈپ تۆمۈر سىم تارتىلىپ، بىر تېلېفون يەككە ئاپپاراتى ئورنىتىلدى؛ قۇمۇلدىن تەگرىتاغ رايونىغىچە بولغان ستولبا مۇساپىسى 55.86 كىلومېتىر ئارىلىقىغا تۆت مىللىمېتىرلىق جۈپ تۆمۈر سىم تارتىلىپ، بىر تېلېفون يەككە ئاپپاراتى ئورنىتىلدى.

1958- يىلى، قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئۈچ ناھىيە يېزا تېلېگراف لىنىيە قۇرۇلۇشىنى پائال راۋاجلاندۇردى. 1961- يىلى، قۇمۇلدىن پالۋانتۇرغىچە بولغان 9.648 كىلومېتىر ئارىلىقىغا 19.29 كىلومېتىرلىق جۈپ سىم يېڭىدىن تارتىلدى ۋە رېمونت قىلىندى، پالۋانتۇر يېزىسىدا 20 توچكىلىق بىر ماگنىتلىق كوممۇتاتور ئورنىتىلدى.

1) قۇمۇل تېلېگراف ئىدارىسى 1958- يىلى، ۋىلايەت بويىچە يېزا تېلېفون ستولبا مۇساپىسى 312.62 كىلومېتىر، سىمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 278.14 كىلومېتىر بولۇپ، 170 توچكىلىق ماگنىتلىق كوممۇتاتوردىن 11 ى ئورنىتىلدى؛ گۇڭشېدىن تۆۋەن ئورۇنلاردىكى ستولبا مۇساپىسى 313.17 كىلومېتىرغا، سىم يولى 188.62 كىلومېتىرغا يېتىپ، 94 دانە تېلېفون ئاپپاراتى ئورنىتىلدى.

1980- يىلى، يېڭىلاش ۋە ئۆزگەرتىش ئارقىلىق قۇمۇلنىڭ يېزا تېلېفون لىنىيىسىنىڭ ستولبا مۇساپىسى 314.3 كىلومېتىرغا، بوشلۇققا تارتىلغان سىم يولى 417.4 كىلومېتىرغا، بوشلۇقتىكى سۇلياۋ كابېل ئۇزۇنلۇقى 197.5 كىلومېتىرغا يەتتى، يېزا تېلېفونىنى ئالماشتۇرۇش نۇقتىسى 12 گە يەتتى، 13 دانە 390 توچكىلىق كوممۇتاتور ئورنىتىلدى. ئەمەلىيەتتە 207 توچكا ئىشلىتىلدى، تېلېفون يەككە ئاپپاراتى 160 قا يەتتى.

1986- يىلدىن باشلاپ، قۇمۇل يېزا تېلېفونىدا ئالاھىدە يۇقىرى چاستوتىلىق سىمسىز ئالاقىلىشىش ئۈسكۈنىسى ئىشلىتىلدى. 1986- يىل 12- ئاينىڭ 26- كۈنى، قۇمۇلدىن تاشۋېلىققىچە ئۈچ ئالاھىدە يۇقىرى چاستوتىلىق سىمسىز يول ئۇلاندى. 1987- يىل 6- ئاينىڭ 10- كۈنى، قۇمۇلدىن يامانسۇ كان رايونىغا ئۈچ سىمسىز توك يولى ئۇلاندى؛ شۇ يىلى 10- ئاينىڭ 20- كۈنى قۇمۇلدىن غەربىتاغ يېزىسىغىچە بىر سىمسىز توك يولى ئۇلاندى.

1988- يىلى، قۇمۇل يېزا تېلېفون لىنىيىسىنىڭ ستولبا مۇساپىسى 425 كىلومېتىرغا، جۈپ سىملىق بوشلۇققا تارتىلغان سىم 597 كىلومېتىرغا، بوشلۇققا تارتىلغان كابېل ئۇزۇنلۇقى 93.95 كىلومېتىرغا يەتتى. كوممۇتاتور سىغىمچانلىقى 440 توچكا بولۇپ، ئەمەلىيەتتە 256 توچكا ئىشلىتىلدى. بىر ھالقىسىمان يۆكلىمە دولقۇنلۇق باش

ئاپپاراتى، ئالتە تارماق ئاپپارات، ئالتە يۈرۈش ئالاھىدە يۇقىرى چاستوتىلىق سىمسىز خەۋەر قوبۇللاش- تارقىتىش ئاپپاراتى، 220 تېلېفون ئاپپاراتى بار، 171 ى پوچتا ئىدارىسى كوممۇتاتورىغا ئۇلانغان، ئابونىتلارنىڭ كىچىك تىپتىكى كوممۇتاتورىنىڭ سىغىمچانلىقى 170 توچكىغا يېتىپ، 55 ى ئەمەلىي ئىشلىتىلىدى.

2) باركۆل ئىدارىسى 1954- يىلى، يېزا تېلېفون ئالاقە تورى قۇرۇلدى. دەسلەپتە ستولبا مۇساپىسى 15.8 كىلومېتىر بولۇپ، پەقەت داخې يېزىلىق ھۆكۈمەتتىلا بىر دانە تېلېفون يەككە ئاپپاراتى بار ئىدى.

1958- يىلى، باركۆلدىن كۆيسۇغىچە ستولبا مۇساپىسى 33.88 كىلومېتىر ئارىلىقتا تۆت مىللىمېتىرلىق 39.23 كىلومېتىر جۈپ تۆمۈر سىم تارتىلدى؛ باركۆلدىن قىزىلتاغ دېھقانچىلىق مەيدانىغىچە 28 كىلومېتىر ئارىلىقتا تۆت مىللىمېتىرلىق جۈپ تۆمۈر سىم، باركۆلدىن شىرىنزا يېزىسىغىچە بولغان 14.19 كىلومېتىرلىق ئارىلىقتا 2.6 مىللىمېتىرلىق جۈپ تۆمۈر سىم تارتىلدى.

1959- يىلى، داخې گۆڭشېسىدىن سەنتاڭخۇ (ئۈچكۆل) گۆڭشېسىغىچە، باركۆل ناھىيە بازىرىدىن خۇايۈەن گۆڭشېسىغىچە قوش تۆمۈر سىم تارتىلدى، شۇنىڭ بىلەن ناھىيىدىكى كۆپ قىسىم گۆڭشېلارغا تېلېفون ئۇلاندى.

1988- يىلى، يېزا تېلېفون ستولبا مۇساپىسى 52.98 كىلومېتىرغا، جۈپ سىم ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 607.63 كىلومېتىرغا يەتتى، توققۇز كوممۇتاتور ئورنىتىلدى، جەمئىي 300 توچكىغا يېتىپ، ئەمەلىي ئىشلىتىلگىنى 143 توچكىغا، تېلېفون ئاپپاراتى 126 غا يەتتى. ناھىيىدىن يېزالارغىچە بولغان ئارىدىن ئۆتاشتۇرىدىغان سىم يولى توققۇزغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئىككى يۆكلىمە دولقۇنلۇق توك يولى بار.

3) ئاراتۈرۈك تېلېگراف ئىدارىسى 1958- يىلى، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدىن نوم گۆڭشېسىغىچە ستولبا مۇساپىسى 70.175 كىلومېتىرلىق ئارىلىقتا تۆت مىللىمېتىرلىق تاق تۆمۈر سىم تارتىلدى، بۇ لىنىيىنىڭ 94- نومۇرلۇق تارمىقى باي گۆڭشېغىچە ئۇزارتىلدى، ستولبا مۇساپىسى 38.8 كىلومېتىرغا يەتتى. 1977- يىلى، ئۇزۇن يوللۇق ستولبىغا ئاراتۈرۈكتىن تۆركۆلگىچە ۋە نېرىنكىر فېرمىسىغىچە 35 كىلومېتىر جۈپ سىم ۋە 32.7 كىلومېتىرلىق يېزا تېلېفون جۈپ سىمى تارتىلدى. 1988- يىلى، ناھىيىنىڭ يېزا تېلېفون ئارىدىن ئۆتاشتۇرۇش سىم يولىنىڭ ستولبا مۇساپىسى 70.18 كىلومېتىرغا، جۈپ سىم ئۇزۇنلۇقى 137.88 كىلومېتىرغا، كوممۇتاتور ئۈچكە، ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 80 توچكىغا، ئەمەلىي ئىشلىتىلگىنى 61 توچكىغا، تېلېفون ئاپپاراتى 50 كە يەتتى.

## §3. تېلېگراف ئۈسكۈنىلىرى

قۇمۇلنىڭ ئالاقىلىش ئۈسكۈنىلىرى ئاساسلىقى ئالاقە سىم يولى ئۈسكۈنىلىرى، سىملىق تېلېگرامما مېخانىك ئۈسكۈنىلىرى، سىمسىز تېلېگرامما ئىستانسىسى ئۈسكۈنىلىرى، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون مېخانىك ئۈسكۈنىلىرى، شەھەر رايونى تېلېفون ئۈسكۈنىلىرى، يېزا تېلېفون ئۈسكۈنىلىرى ۋە ئالاقە توك مەنبەسى ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پوچتا- تېلېگراف تارماقلىرىنىڭ «تېز، توغرا، بىخەتەر، قولايلىق» بولۇش قائىدىسى ۋە «خەلقنىڭ پوچتا- تېلېگرافى خەلق ئۈچۈن» دېگەن روھنىڭ يېتەكچىلىكىدە، سىملىق تېلېگرامما ئۈسكۈنىلىرى ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى مورىز ئاپپاراتىدىن تېلېتايىپ، يۆكلىمە دولقۇنلۇق تېلېگرامما ئاپپاراتى، خەنزۇچە خەتلىك كود تەرجىمە ئاپپاراتى، فوتوتېلېگرامما قاتارلىقلارغا تەرەققىي قىلدى. ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئۈسكۈنىلىرى ۋە يۆكلىمە دولقۇن ئاپپاراتلىرى ئىلگىرىكى تاق يوللۇقتىن ئۈچ يوللۇق، 12 يوللۇق ۋە دېجورنىسىز ئاپپاراتقا تەرەققىي قىلدى ھەمدە ئېلېكترون لامپىلىقتىن كرىستال لامپىلىق ۋە توپلام توك يولىغا تەرەققىي قىلدى. شەھەر رايونى تېلېفونى، يېزا

تېلېفون ئۈسكۈنىلىرى قول بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان كوممۇتاتوردىن ئاپتوماتىك كوممۇتاتورغا تەرەققىي قىلدى، ئالاقە لىنىيىسىنىڭ ستولبا مۇساپىسى 1988- يىلى 690 كىلومېتىرغا يەتتى. ئالاقە توك مەنبەسى ئۈسكۈنىلىرى باتارىيە ۋە ماي ئارقىلىق ھەرىكەتلىنىدىغان گېنېراتوردىن قۇياش ئېنېرگىيىلىك توك مەنبەسىگە تەرەققىي قىلدى.

## §4. تېلېگراف كەسپى

### 1. تېلېگرامما

قۇمۇلنىڭ تېلېگرامما كەسپى چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 21- يىلى (1895- يىلى) ئېچىلىپ، ھۆكۈمەت تەرەپلا ئىشلەتتى. مىنگونىڭ 25- يىلى (1936- يىلى) دىن كېيىن، تەدرىجىي كېڭىيىپ سودىگەرلەر ۋە ئاۋام ئىشلىتىدىغان بولدى. مىنگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى) دىن كېيىنلا، سودىگەرلەر ۋە ئاۋامغا ئېچىۋېتىلدى. تېلېگرامما كەسپى دەسلەپتە ھۆكۈمەت تېلېگراممىسى، سودا تېلېگراممىسى، ئاخبارات تېلېگراممىسى ۋە ئادەتتىكى تېلېگراممىدىن ئىبارەت تۈرلەرگە ئايرىلدى.

مىنگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى)، قۇمۇل تېلېگرامما ئىدارىسى يەنە ئالاھىدە تېز تېلېگرامما، ئالاقە تېلېگراممىسى، دۆلەت ئىچى كېچىلىك تېلېگراممىسى ۋە دۆلەت ئىچى ساياھەت تېلېگراممىسى قاتارلىق كەسپلەرنى ئاچتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1952- يىلى يولغا قويۇلغان تېلېگرامما تۈرلىرىدىن ھەربىي- مەمۇرىي تېلېگرامما، كارخانا، ئادەتتىكى تېلېگرامما، خەت- چەك تېلېگراممىسى، ئاخبارات تېلېگراممىسى، پوچتا ئارقىلىق يوللىنىدىغان تېلېگراممىلار يولغا قويۇلدى. ئالاھىدە كەسپلەردىن سىلىشتۇرۇش، تۈقتۇرۇش يەتكۈزۈش، قايتۇرۇلغان تېلېگرامما ھەققىنى ئالدىن تۆلەش، تۈرلەرگە ئايرىپ يەتكۈزۈش، مەخسۇس يەتكۈزۈش، تېلېفون ئارقىلىق يەتكۈزۈش قاتارلىقلار يولغا قويۇلدى.

1978- يىل 3- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ، ھاۋا مۇداپىئە، مېتېورولوگىيە تېلېگراممىسى، ئالاھىدە تېلېگرامما، سۇرايى تېلېگراممىسى، ئارمىيە- ھۆكۈمەت تېلېگراممىسى، جامائەت پاراۋانلىقى تېلېگراممىسى، ئاخبارات تېلېگراممىسى، جامائەت ئىشلىرى تېلېگراممىسى، ئادەتتىكى تېلېگرامما ۋە پۇل يېرىۋېتى تېلېگراممىسى قاتارلىق تېلېگراممىلار يولغا قويۇلدى.

1985- يىل 4- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ، دۆلەت ئىچى تېلېگراممىسى دۆلەت ئىچى ئاممىۋى تېلېگراممىسىغا ئۆزگەرتىلدى. دۆلەت ئىچى ئاممىۋى تېلېگرامما كەسپىنىڭ تۈرلىرى ئوخشاش بولمىغان مۇلازىمەت ئوبيېكتى ۋە كەسپىي خاراكتېرىگە ئاساسەن 11 تۈردىن سەككىز تۈرگە ئۆزگەردى. ئۇلار: ھاۋارايى، سۇرايى، جامائەت پاراۋانلىقى، كارخانا، ئاخبارات تېلېگراممىلىرى، ئادەتتىكى تېلېگرامما، پۇل يېرىۋوت تېلېگراممىسى ۋە مۇراسىم تېلېگراممىسى قاتارلىق تېلېگرامما كەسپلىرىدىن ئىبارەت.

1956- يىل 12- ئايدا، قۇمۇلدا ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تېلېگرامما كەسپى يولغا قويۇلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، قىسمەن رايونلاردىكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تېلېگرامما كەسپى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. 1984- يىلى، ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تېلېگرامما كەسپى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

1987- يىل 7- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ، شىنجاڭ ئاممىۋى فوتوتېلېگرامما كەسپى يولغا قويۇلدى.

1950- يىلى 8182 پارچە تېلېگراما يوللانغانىدى، 1990- يىلىغا كەلگەندە، 256 مىڭ 600 پارچىغا يېتىپ، كەسىپ مىقدارى 30 ھەسسە ئاشتى.

## 2. سىمسىز ئالاقە

مىنگونىڭ 26- يىلى (1937- يىلى) يازدا، قۇمۇل تېلېگراما ئىدارىسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇپ ئالدى، ئۇقتۇرۇشتا: «يېقىن مەزگىلدە مۇھىم ئالاقە بار، تېلېگراما يولىنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىڭلار، ئومۇمەن چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى، ج خ ئىدارىسىنىڭ تېلېگراممىلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا تاپشۇرۇۋېلىشقا، تارقىتىشقا ۋە يوللاشقا كاپالەتلىك قىلىڭلار» دېيىلگەنىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي تېلېگراما ئىستانسىغا تاپشۇرۇلغان «مۇھلەت ئىچىدە يەتكۈزۈلسۇن» دېگەن مەزمۇندىكى ئۇچۇق ۋە مەخپىي تېلېگراممىلار كۆپىيىپ كەتتى، ئىستانسا خادىملىرى بەلگىلەنگەن مۇھلەت ئىچىدە تېلېگراممىلارنى ئۆز ۋاقتىدا قوبۇل قىلدى ۋە يەتكۈزدى. جۇڭگو ئىشچى- دېھقان قىزىل ئارمىيىسىنىڭ غەربىي يۈرۈش ئارمىيىسى شىنجاڭغا كىرگەندىن باشلاپ، قۇمۇل ۋە يول بويىدىكى تېلېگراما ئىدارىلىرى ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە يوللىنىدىغان تېلېگراممىلار ئۈزۈلمىدى، قۇمۇل تېلېگراما ئىدارىسى ئالاقە باغلاشنىڭ ئاساسلىق ئورنى بولۇپ قالدى. ئەشۇ كۈنلەردە شىنجاڭدا، قۇمۇل تېلېگراف ئىدارىسى قاتارلىق ئىستانسىلاردىكى تېلېگراما خادىملىرى غەربىي يۈرۈش ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرگەنلىك ئەھۋالىنى ۋە ھەر تۈرلۈك بۇيرۇقلارنى ھەر ۋاقىت دوكلات قىلىش، يەتكۈزۈش بىلەن ئالدىراش بولدى. غەربىي يۈرۈش ئارمىيىسىنىڭ ئۈرۈمچىگە ئوڭۇشلۇق يېتىپ بېرىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، قىزىل ئارمىيىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى پايدىلىق شارائىت بىلەن تەمىن ئەتتى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇش تەييارلىقى ماددىي ئەشيالىرى شىنجاڭنىڭ قورغاس، چۆچەك قاتارلىق جايلىرىدىن كىرگۈزۈلۈپ، ئۈرۈمچى ـ ئىلى، ئۈرۈمچى ـ چۆچەك ترانسپورت لىنىيىسى ئارقىلىق ئۈرۈمچىدىن قۇمۇلغا توشۇلدى. قۇمۇلدىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئالدىنقى سېپىگە ئەۋەتىلدى. ئاپتوموبىل ترانسپورتىنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئالاقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، قۇمۇلدا جۇڭگو ترانسپورت جەمئىيىتىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى تەسىس قىلىندى. بارلىق تېلېگراممىلارنى قۇمۇل تېلېگراما ئىدارىسى يەتكۈزدى، تېلېگراممىلاردا مەخپىي شىفىر ئىشلىتىلدى.

مىنگونىڭ 18- يىلى (1939- يىلى) 3- ئايدا، جۇڭگو ترانسپورت جەمئىيىتىگە ترانسپورت ئاخباراتلىرىنى يەتكۈزۈش جەريانىدا تېلېگراما تىجارىتىدە قىلىنغان كىرىم 8 مىليون 15 مىڭ 290 سەرگە يېتىپ (ئۆلكە پۇلى)، ئەينى چاغدىكى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ تېلېگراما تىجارىتىدىن قىلغان ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 17.01% نى ئىگىلىدى.

## 3. ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون

قۇمۇل تېلېگراف ئىدارىسى شىنجاڭ بويىچە ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون كەسپىنى ئەڭ بۇرۇن بېجىرگەن ئورۇنلارنىڭ بىرى. مىنگونىڭ 22- يىلى (1933- يىلى)، قۇمۇلدىن ئۈرۈمچىگە تېلېفون سىم يولى ئۇلىنىپ، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون كەسپىنى بېجىردى. مىنگونىڭ 30- يىلى (1941- يىلى) دىن كېيىن، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون كەسپىنىڭ تۈرلىرى بارغانسېرى كۆپەيدى ۋە مۇكەممەللەشتى. مىنگونىڭ 30- يىلى (1941- يىلى)، قۇمۇلدا تەسىس قىلىنغان ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون كەسپى نومۇر چاقىرىش، ئادەم چاقىرىش، جىددىي نومۇر چاقىرىش، جىددىي ئادەم چاقىرىش ۋە ئىزدەپ چاقىرىشتىن ئىبارەت بەش تۈرگە ئايرىلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون كەسپى ئادەتتىكى، جىددى، ئىزدەپ چاقىرىش

ۋە ئالدىن مەلۇمات تېلېفونلىرىغا ئايرىلدى.

1953- يىلى، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون كەسپى ھاۋا مۇداپىئە، ئارمىيە- ھۆكۈمەت، كارخانا، ئادەتتىكى ۋە ھۆكۈمەت ئىشى تېلېفونىدىن ئىبارەت بەش تۈرگە ئايرىلدى. 1958- يىلى، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون كەسپى 10 خىلغا يەتكۈزۈلدى، ئۇلار، ھاۋا مۇداپىئە ئاخباراتى تېلېفونى، ئالاھىدە تېلېفون، ئارمىيە- ھۆكۈمەت مەخسۇس تېلېفونى، ئاۋئاتسىيە دىسپېتچېر تېلېفونى، ئېلېكتر كۈچى دىسپېتچېر تېلېفونى، كەلكۈندىن مەلۇمات بېرىش تېلېفونى، ئارمىيە — ھۆكۈمەت تېلېفونى، ئاخبارات تېلېفون، ئادەتتىكى تېلېفون، ھۆكۈمەت ئىشلىرى تېلېفۇنلىرىدىن ئىبارەت.

1963- يىلى، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون كەسپىنىڭ تۈرى سەككىز خىلغا ئۆزگەرتىلدى، ئالاھىدە كەسپلەر تۆت تۈرگە تەگشەلدى. ئۇلار: ئالدىن مەلۇمات بېرىش، كېلىشىپ قويۇش، يىغىن، تېلېفون ئىجارىسى قاتارلىقلار. 1972- يىلى، ئالدىن مەلۇمات بېرىش تېلېفونى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

1986- يىل 5- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ، قۇمۇلدىن ئۈرۈمچىگىچە بىگىدىن ئاپتوماتسىز تېلېفون يولى ئورنىتىلىپ، ئالاھىدە كەسپلەر تەسىس قىلىندى.

4. شەھەر رايونى تېلېفونى

مىنگو دەۋرىدە، قۇمۇلدا پەقەت بىر نەچچە ئۇزۇن يوللۇق مەخسۇس تېلېفون نومۇر سوراش ئابونېنتى بار ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەنى 1953- يىلى ئابونېنتلار ئادەتتىكى تېلېفون، ئاردىن ئۆلىنىدىغان تېلېفون ۋە ۋاقىتلىق تېلېفونلارنى ئورناتتى. 1965- يىلى، كەسىپ تۈرلىرىدىن ئادەتتىكى تېلېفون، سىمداش تېلېفون، ئاردىن ئۆلىنىدىغان لىنىيە، مەخسۇس لىنىيىلىك تېلېفون، ۋاقىتلىق تېلېفون قاتارلىقلارنى يولغا قويدى. 1974- يىلى، ئاپتوماتىك تېلېفون كوممۇتاتورى ئورنىتىلغاندىن كېيىن تىجارەت رايونى ۋە كەسىپ تۈرلىرىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. 1978- يىلى، شەھەر رايونى تېلېفون كەسپلىرىدىن ئادەتتىكى تېلېفون، سىمداش تېلېفون، ئابونېنتلار كوممۇتاتورى، ئاردىن ئۆلىنىدىغان تېلېفون، مەخسۇس لىنىيىلىك تېلېفون، ۋاقىتلىق تېلېفون، ستولىنى ئىجارە ئېلىپ سىم تارتىش قاتارلىقلار بار بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەنە ئابونېنتلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن تېلېفون ئورنىتىش، سۆكۈش، يۆتكەش، ئىسمىنى ئۆزگەرتىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىردى. ئابونېنتلارنىڭ ئالاقىلىشىش ۋە جىددىي تېلېفون ئىشلىتىش ئالاھىدە ئېھتىياجىغا قۇلايلىق يارىتىش ئۈچۈن نومۇر سوراش ئىستانسىسى (تېلېفون نومۇرى 04)، توسالغۇ مەلۇم قىلىش ئىستانسىسى (تېلېفون نومۇرى 02)، ئوت ئۆچۈرۈش تېلېفونى (تېلېفون نومۇرى 09) تەسىس قىلىندى.

1985- يىلى، شەھەر رايونى تېلېفون كەسپىدە ئادەتتىكى تېلېفون، ئابونېنتلار كوممۇتاتورى، ئاردىن ئۆلىنىدىغان تېلېفون، مەخسۇس لىنىيىلىك تېلېفون، سىمداش تېلېفون، ۋاقىتلىق تېلېفون، ستولىنى ئىجارە ئېلىپ سىم تارتىش، ئاھالىلەرنىڭ تېلېفون سىمىنى ۋاكالىتەن ئاسراش، تېلېفون ئورنىتىش، سۆكۈش ۋە يۆتكەش، ئىسمىنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق تۈرلەرنى يولغا قويدى؛ ئالاھىدە تېلېفونلاردىن نومۇر نومۇر سوراش ئىستانسىسى (تېلېفون نومۇرى 114)، توسالغۇ مەلۇم قىلىش (تېلېفون نومۇرى 112)، ئوت ئۆچۈرۈش (تېلېفون نومۇرى 119)، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىقنى مەلۇم قىلىش (تېلېفون نومۇرى 110) قاتارلىقلار بار. شۇ يىلى قۇمۇل شەھەر رايونىدىكى تېلېفونلارنىڭ دەرىجىسى 3- دەرىجىدىن 2- دەرىجىگە ئۆستۈرۈلدى، شەھەر رايونى تېلېفون ئابونېنتلىرى يىلسېرى كۆپەيدى. 1988- يىلغا كەلگەندە، ئابونېنتلار 2031 گە يەتتى.

5. يېزا تېلېفونى

يېزا تېلېفون ئالاقىسى تور رايونى كەڭ، ئاردىن تۇتاشتۇرۇش لىنىيىسى ۋە ئالماشتۇرۇش نۇقتىسى كۆپ، ئابونېنتلىرى تارقاق بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدا يېزا تېلېفونى، يىغىن تېلېفونى، ستولىنى ئارىيەت

ئېلىپ سىم تارتىش، تېلېفون ئورنىتىش، سۆكۈش، يۆتكەش قاتارلىق كەسىپلەر، ھەم، تېلېگرامما ۋە ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون كەسىپلىرى بېجىرىلىدۇ.

كۆپ قېتىم ئۆزگەرتىش ئارقىلىق يېزا تېلېفون ئالاقىسىدا 1963- يىلى «يېزا تېلېفون تىجارىتىنى باشقۇرۇش چارىسى» يولغا قويۇلدى ھەمدە يېزا تېلېفون مۇلازىمەت دائىرىسى ۋە كەسىپ تۈرلىرى بەلگىلەندى.

1965- يىلى، يېزا تېلېفونى ئوخشاش بولمىغان مۇلازىمەت ئوبيېكتى ۋە كەسىپ خاراكتېرىغا ئاساسەن ھاۋا مۇداپىئە ئەھۋالى تېلېفونى، ئالاھىدە تېلېفون، ئاپتونوم رايون باشلىقلىرىنىڭ جىددىي تېلېفونى، ئاپتونوم رايون باشلىقلىرىنىڭ ئادەتتىكى تېلېفونى، باشلىقلار تېلېفونى، ئارمىيە- ھۆكۈمەتنىڭ جىددىي تېلېفونى، جىددىي ئاخبارات تېلېفونى، جىددىي ئادەتتىكى تېلېفون، ئارمىيە- ھۆكۈمەت تېلېفونى، ئاخبارات تېلېفونى، ئادەتتىكى تېلېفونلارغا ئايرىلدى؛ سۆزلىشىش تۈرىگە ئاساسەن نومۇر چاقىرىش تېلېفونى، ئادەم چاقىرىش تېلېفونى، ئىزدەپ چاقىرىش تېلېفونى قاتارلىقلارغا ئايرىلدى.

1985- يىلى، يېزا تېلېفون كەسىپىنىڭ تۈرلىرى ھاۋا مۇداپىئە ئاخباراتى تېلېفونى، ئالاھىدە تېلېفون، باشلىقلار تېلېفونى، ئارمىيە - ھۆكۈمەت تېلېفونى ۋە ئادەتتىكى تېلېفون قاتارلىق بەش تۈرگە ئايرىلدى.

# IV باب

# پوچتا- تېلېگراف ئالاقە سۈپىتى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش

## §1. پوچتا- تېلېگراف ئالاقە سۈپىتى

1952- يىل 11- ئايدا، پوچتا- تېلېگراف مىنىستىرلىكى «تېز، توغرا، بىخەتەر، قولايلىق بولۇش» مۇلازىمەت فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە كېيىن كەينى- كەينىدىن 15 تۈرلۈك پوچتا- تېلېگراف كەسىپىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئېلان قىلىپ، ۋاقىت چەكلىمىسى، قېتىم سانى، تىجارەت ۋاقتى، ئىشلەپچىقىرىشنى نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈش، پوچتا يوللانمىلىرىنىڭ ئۆلچەملىرىنى كونكرېت بەلگىلەپ، تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاساسلىنىدىغان، رىئايە قىلىدىغان بەلگىلىمىلەرنى تۈزدى. بىرلىككە كەلگەن سۈپەت كۆرسەتكۈچىنى بەلگىلەپ، دەسلەپكى ماتېرىياللارنى تىزىملاپ ستاتىستىكىلاش ۋە دائىملىق سۈپەت نازارەتچىلىك- تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى تۇرغۇزدى.

1962- يىلدىن بۇيان، ئاساسىي ماھارەت مەشىقىنى دائىم قانات يايدۇرۇپ، ئىشچى- خىزمەتچىلەرنى خەلق پوچتا- تېلېگرافى نىشانىدا چىڭ تۇرۇشقا يېتەكلەپ، سانائەتتە داچىڭدىن ئۆگىنىش ھەرىكىتىنى كەڭ قانات يايدۇردى. ئالاقە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، مۇلازىمەتنى ياخشىلاش مەركەز قىلىنغان ئەمگەك مۇسابىقىلىرىنى ئىزچىل قانات يايدۇردى. قومۇل شىڭشىڭشيا ئاپپارات پونكىتىدىكى ئاپپاراتنىڭ ئاسراش سۈپىتى ۋە ئاسراش- تەكشۈرۈشىنىڭ دەسلەپكى خاتىرە نۇسخىسى مەملىكەت بويىچە ئۈلگە بولدى؛ ئېلېكتر ئىشخانىسىدىكى لى چىڭشىن قومۇل ئىدارىسىغا ۋاكالىتەن پوچتا- تېلېگراف مىنىستىرلىكى گۇاڭشىنىڭ گۇيلىن شەھىرىدە ئاچقان ئۈسكۈنىلەرنى ئاسراش يىغىنىدا ئاپپاراتلارنى ئاسراش خىزمەت تەجرىبىسىنى تونۇشتۇردى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، بەلگىلىمە بولمىسىمۇ رىئايە قىلماسلىق، بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىشمۇ سۈرۈشتۈرمەسلىك، ئالاقە سۈپىتىنى تەكشۈرمەسلىك، خاتالىقلارنى خاتىرىلىمەسلىكتەك قالايمىقان ۋەزىيەت شەكىللەندى. 1976- يىلى، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، پوچتا- تېلېگراف ئالاقىسى تەدرىجىي ئۆز ئىزىغا چۈشتى. 1984- يىلى، ئومۇمىيۈزلۈك سۈپەت باشقۇرۇش يولغا قويۇلۇپ، قۇمۇل ۋە ناھىيىلەرنىڭ پوچتا- تېلېگراف ئىدارىلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك سۈپەت باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى (TQC گۇرۇپپىسى) قۇرۇلدى، ئىسمىنا، گۇرۇپپا، تارماق ئىدارىلەردە ئالاقىلىشىش TQC گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، سۈپەت باشقۇرۇش سىستېمىسى تۈزۈلۈپ، PDCA نىڭ (P پىلان، D يولغا قويۇش، C تەكشۈرۈش، A بىر تەرەپ قىلىش) ئايلىنىشى يولغا قويۇلۇپ، ئالاقىلىشىش سۈپىتى تەتقىق قىلىنىپ، ياخشىلاش تەدبىرلىرى قوللىنىلغاچقا، ئالاقىلىشىش سۈپىتى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. قۇمۇل ئىدارىسى پىچەتلەپ يوللاش بۆلۈمىنىڭ TQC گۇرۇپپىسى سۈپەت باشقۇرۇش جەھەتتە خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، نەتىجىسى گەۋدىلىك بولۇپ، بىر قاتار تەجرىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەچكە، قۇمۇل ئىدارىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پوچتا- تېلېگراف باشقۇرۇش ئىدارىسى تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر سۈپەت باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى بولۇپ باھالاندى؛ پىچەتلەپ يوللاش بۆلۈمىنىڭ ئىسمىنا باشلىقى جاڭ شاگلۇڭ پىچەتلەپ يوللاش بۆلۈمىنىڭ TQC گۇرۇپپىسىغا ۋاكالىتەن پوچتا- تېلېگراف مىنىستىرلىكىنىڭ خاڭجۇدا ئېچىلغان يىغىنغا قاتناشتى ۋە تەجرىبە تونۇشتۇردى.

### قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1988- يىللىقى تېلېگراف ئالاقىسىنىڭ سۈپىتى

جەدۋەل: 13 – 9

| | قۇمۇل شەھىرى | باركۆل ناھىيىسى | ئاراتۈرۈك ناھىيىسى |
|---|---|---|---|
| تېلېگرامما يەتكۈزۈشتە قەرەلى ئۆتۈپ كېتىش نىسبىتى (%) | 0.09 | 0.037 | 0.114 |
| تېلېگراممىدا مۇلازىمەتتىكى خاتالىق نىسبىتى (%) | 0.0046 | 0.0072 | 0.004 |
| ئۇزۇن يوللۇق تېلېفوننىڭ قەرەلى ئۆتۈپ كېتىش نىسبىتى (%) | 6.46 | 1.79 | 2.22 |
| ئۇزۇن يوللۇق تېلېفوننىڭ ئۈنۈملۈك ئۇلىنىش نىسبىتى (%) | 91.74 | 95.3 | 97.31 |
| شەھەر تېلېفونىنىڭ ئۇلىنىش نىسبىتى (%) | 64.92 | 30.33 | 92.78 |
| شەھەر تېلېفونى ئورنىتىش ۋە يۆتكەشنىڭ ۋاقتىدا ئېلىپ بېرىلىش نىسبىتى (%) | 95.28 | 100 | 100 |
| ئۇزۇن يوللۇق تېلېفونلىق توك يولىنىڭ لاياقەتلىك نىسبىتى (%) | 100 | | |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئۈزۈل يوللۇق يۈكلىمە دولقۇنلۇق يولنىڭ لاياقەتلىك نىسبىتى (%) | 95.47 | | |
| يېزا تېلېفونىنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇلىنىش نىسبىتى (%) | 91.71 | 96.5 | 96.68 |
| يېزا تېلېفون ئابونىتلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە توسالغۇغا ئۇچراش ۋاقتى (سائەت) | 147 | 58 | |
| يېزا تېلېفونىنىڭ ئارىدىن ئۈلىنىدىغان سىم يولىنىڭ توسالغۇغا ئۇچراش ۋاقتى (سائەت) | 16 | 0 | |

## §2. پوچتا- تېلېگراف ئالاقىسىنىڭ مۇلازىمەت سەۋىيىتى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پوچتا- تېلېگراف ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلدى، پوچتا- تېلېگراف ئالاقىسىنىڭ مۇلازىمەت تۈر نۇقتىلىرى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى، ئالاقە ئۈسكۈنىلىرى ئۇدا يېڭىلاندى، كەسپلەر مۇكەممەللەشتى، ئالاقىلىشىش سەۋىيىتى يىلمۇ يىل ئۆستى.

1950- يىللاردا، پوچتا- تېلېگراف ئىشچى- خىزمەتچىلىرىدىن مۇلازىمەت پوزىتسىيىسى تەشەببۇسكار، قىزغىن، سەۋرچان، ئەتراپلىق بولۇش تەلەپ قىلىندى. 1982- يىلى، پوچتا- تېلېگراف مۇلازىمەت خىزمىتى ئۆلچەملىشىپ، تىجارەت ئورنىدا تىجارەت ۋاقىت تاختىسى، كەسپىي تەشۋىقات تاختىسى، كەسپىي تالونلارنى تولدۇرۇش ئۈلگىسى، تۈرلۈك پوچتا- تېلېگراف كەسپى ھەققى جەدۋىلى، كەسپ بېجىرىشنىڭ بەلگە تاختىسى، كەچلىك مۇلازىمەت بەلگىسى، پوچتا- تېلېگرافنىڭ سائەت، يېزا ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىشىغا مۇلازىمەت قىلىش ئەھدىنامىسى قاتارلىق تاختىلار ئورنىتىلدى.

**قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ 1988- يىلىدىكى تېلېفون ئالاقە سەۋىيىتى**

جەدۋەل: 13 – 10

| تۈرى | | قۇمۇل شەھىرى | باركۆل ناھىيىسى | ئاراتۇرۇك ناھىيىسى | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|
| يېزا (بازار، كەنتلەر) دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى | يېزا (بازار) | 23 | 9 | 6 | 38 |
| | مەمۇرىي كەنت | 95 | 37 | 25 | 157 |
| | دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى | | | | |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| تېلېفون ئۇلانغىنى | يېزا (بازار) | 22 | 9 | 6 | 37 |
| | مەمۇرىي كەنت | 19 | 8 | | 27 |
| | دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى | | | | |
| يۇنىلىك ئىچىدە شەھەر تېلېفون تورىغا كىرمىگىنى | يېزا (بازار) | 19 | 7 | 5 | 31 |
| | مەمۇرىي كەنت | 88 | 25 | 25 | 138 |
| | دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى | | | | |
| يېزا تېلېفون كوممۇتاتورى ئورنىتىلغىنى | يېزا (بازار) | 8 | 6 | 3 | 17 |
| | مەمۇرىي كەنت | | | | |
| | دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى | | | | |
| يۆتكىلمە دولقۇنلۇق توك يولى تېرمىنالى ئورناتقانلار | يېزا (بازار) | 2 | 3 | 2 | 7 |
| | مەمۇرىي كەنت | | | | |
| | دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى | | | | |
| ناھىيە (شەھەر) لەرگە بىۋاسىتە سىم يولى ئۇلاشقىنى | يېزا (بازار) | 8 | 8 | 3 | 19 |
| | مەمۇرىي كەنت | | | | |
| | دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى | | | | |
| يېزا ئارىدىن ئۇلىنىدىغان تېلېفون يولى بارلىرى | ئۇمۇمىي سانى | 26 | 9 | 4 | 39 |
| | بىۋاسىتە ئۇلىنىدىغىنى | 13 | 8 | 3 | 24 |
| | يۆتكىلمە دولقۇن | 3 | 2 | 2 | 7 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| يېزا تېلېفونى كوممۇتاتور ئۆتكىلى | ئومۇمىي سانى | 11 | 9 | 4 | 24 |
| | پوچتا- تېلېگراف ئىدارىسى | 11 | 9 | 4 | 24 |
| | يېزا (بازار) | | | | |
| | باشقىلار | | | | |

**قومۇل ۋىلايىتىنىڭ 1978 — 1990 - يىلىغىچە بولغان پوچتا- تېلېگراف ئالاقىلىشىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 13 — 11

| تۈرلەر / يىللار | پوچتا- تېلېگراف ئىدارە، پونكىتلار | | پوچتا يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى (كىلومېتىر) | | تېلېگرامما يولىنىڭ ئومۇمىي سانى | ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون يولى ئومۇمىي سانى | يېزا پوچتا- تېلېگراف ئالاقىسى | | يىل ئاخىرىدىكى تېلېفون | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: يېزا | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: يېزا | | | تېلېفون ئورنىتىلغان يېزا (بازار) | تېلېفون ئورنىتىلغان كەنت | شەھەر رايونى تېلېفونى | يېزا تېلېفونى |
| 1978 | 46 | 41 | 3691 | 3203 | 28 | 32 | 22 | 213 | 731 | 311 |
| 1979 | 47 | 41 | 3736 | 3248 | 27 | 30 | 22 | 212 | 871 | 331 |
| 1980 | 50 | 45 | 3265 | 3019 | 23 | 31 | 22 | 212 | 916 | 343 |
| 1981 | 43 | 38 | 3136 | 2814 | 28 | 36 | 22 | 195 | 981 | 341 |
| 1982 | 47 | 42 | 3413 | 3091 | 27 | 37 | 22 | 97 | 1067 | 341 |
| 1983 | 47 | 42 | 3471 | 3149 | 29 | 36 | 22 | 127 | 1139 | 362 |
| 1984 | 46 | 35 | 1349 | 1025 | 27 | 35 | 37 | 141 | 1229 | 364 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 361 | 1397 | 78 | 38 | 46 | 27 | 1025 | 1349 | 33 | 45 | 1985 |
| 351 | 1612 | 67 | 37 | 59 | 29 | 1002 | 1326 | 28 | 44 | 1986 |
| 359 | 1787 | 54 | 39 | 65 | 29 | 1052 | 1376 | 28 | 43 | 1987 |
| 355 | 2031 | 27 | 37 | 67 | 30 | 1002 | 1326 | 28 | 43 | 1988 |
| 371 | 2290 | 54 | 40 | 75 | 33 | 933 | 1352 | 28 | 43 | 1989 |
| 370 | 2526 | 36 | 36 | 83 | 33 | 911 | 1356 | 35 | 43 | 1990 |

## §3. ئىگىلىك باشقۇرۇش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، كونىچە پوچتا-تېلېگراف ئىگىلىك باشقۇرۇش شەكلى تەرتىپكە سېلىنىپ ۋە تەڭشىلىپ، پوچتا-تېلېگراف كەسپى ناھايىتى تېز ۋە ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلدى ۋە دەسلەپكى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى.

1954-يىلى، قۇمۇل پوچتا-تېلېگرافى ئەسلىدىكى ئاساستا تەشكىلىي ئاپپاراتلارنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كەسپىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، تۈرلۈك قائىدە-تۈزۈملەرنى تۈزدى، يىل ئاخىرىدا پوچتا كىرىمى 48 مىڭ 900 يۈەنگە، تېلېگراف كىرىمى 68 مىڭ 500 يۈەنگە يەتكۈزدى، قوۋۇق ئېغىزىدىن ئاراتۇرۇككىچە سىم تارتىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى. 1957-يىلى، قۇمۇل ئىدارىسىنىڭ كەسپىي كىرىمى 232 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1949-يىلىدىكى 800 يۈەندىن 28 ھەسسە ئاشتى.

1958-يىلىدىن كېيىن، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ پوچتا-تېلېگراف ئالاقىسىنىڭ تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز بولدى. ئۈچ يىللىق ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق مەزگىلىدە مەلۇم تەسىرگە ئۇچرىدى. 1962-يىلى بىر يىللىق تىجارەت سوممىسى 772 مىڭ يۈەنگە، كىرىمى 485 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1963 – 1965-يىلغىچە، مەركەزنىڭ «تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش» فاجىئەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، قۇمۇلنىڭ پوچتا-تېلېگراف قۇرۇلۇشى بىر قەدەر تېز تەرەققىي قىلدى. 1964-يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسى قۇمۇلدا شتاتقا قاراپ خادىم بەلگىلەشنى تۇقتىدا سىناق قىلىپ، خادىملار ۋە ئاپپاراتلارنى ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى ۋە مۇلازىمەت سەۋىيىسىنى، ماتېرىيال سەرپىياتىنى بەلگىلەپ، ئىشلەپچىقارغۇچىلارنى نورمىلىق باشقۇرۇشنى يولغا قويدى. ئالاقە سۈپىتى ۋە باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى يەنىمۇ ئۆستۈردى. 1966-يىلىنىڭ

ئاخىرىدا، پەقەت قۇمۇل ئىدارىسىنىڭ كەسپىي ئومۇمىي كىرىمىلا 418 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، پوچتا-تېلېگراف ئالاقە ئىشلىرى زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. 1978-يىلدىكى ج ك پ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنلا قۇمۇل پوچتا-تېلېگراف ئالاقە ئىشلىرى ئەسلىگە كەلدى ۋە جانلاندى. كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدا تەرتىپكە سېلىش، ئىسلاھات ۋە بىر قاتار باشقۇرۇش تۈزۈملىرى ئورنىتىلىپ ۋە يولغا قويۇلۇپ، كارخانىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى، ئالاقە سۈپىتى، مۇلازىمەت سەۋىيىسى ۋە ئالاقە ئىقتىدارى ماس قەدەمدە ئۆستۈرۈلدى. 1985-يىلى، ۋىلايەت بويىچە پوچتا-تېلېگراف تىجارەت ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليون 726 مىڭ يۈەنگە، كەسپىي ئومۇمىي كىرىمى 2 مىليون 75 مىڭ يۈەنگە، كەسپىي چىقىم 1 مىليون 973 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، كىرىم-چىقىم پەرقى 102 مىڭ يۈەن بولدى.

1990-يىلى، ۋىلايەت بويىچە پوچتا-تېلېگراف تىجارەت ئومۇمىي سوممىسى 3 مىليون 296 مىڭ 100 يۈەنگە، كەسپىي ئومۇمىي كىرىمى 5 مىليون 21 مىڭ يۈەنگە، كەسپىي چىقىم 4 مىليون 218 مىڭ 600 يۈەنگە، پايدا 522 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى.

# سودا، ئاشلىق، ماي

### ئون تۆتىنچى قىسىم

# سودا، ئاشلىق، ماي

## I باب

## سودا ئاپپاراتلىرى، ئىشچى- خىزمەتچىلەر قوشۇنى

### §1. مەمۇرىي ئاپپاراتلار

1. ۋىلايەتكىق ئاپپاراتلار

مىنگونىڭ 23 – 38 - يىلىغىچە (1934 – 1949 - يىلىغىچە) ، قۇمۇل ۋىلايىتىدە مەمۇرىي باش ئەمەلدار مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىپ، سودا- سېتىق ئىشلىرىنى مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مالىيە بۆلۈمى ئاساسلىق باشقۇردى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950- يىل 5- ئايدا ۋالىي مەھكىمىسىدە سانائەت، سودا بولۇمى قۇرۇلدى؛ 1957- يىل 5- ئايدا سودا بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلىپ، ئەسلىدىكى سانائەت، سودا بۆلۈمى باشقۇرۇشىدىكى سانائەت، سودا كېيىن ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ پىلان ستاتىستىكا بۆلۈمىگە قوشۇۋېتىلدى، 1955- يىل 6-ئايدا، ۋىلايەتلىك سودا ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

1969- يىل 3- ئايدا، ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغاندىن كېيىن، سودا خىزمىتىگە ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسىنىڭ قارمىقىدىكى مالىيە، سودا گۇرۇپپىسى مەسئۇل بولدى. 1970- يىل 3- ئايدا، سودا ئىدارىسىدا ئىنقىلاب رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، 1974- يىل 11- ئايدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، سودا ئىدارىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1984- يىل 1- ئايدا، سودا ئىدارىسى سودا باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

2. ناھىيىلىك، شەھەرلىك ئاپپاراتلار

1) قۇمۇل شەھىرى 1950- يىلى قۇمۇل ناھىيىسىدە سانائەت، سودا بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1958- يىل 7- ئايدا، ناھىيىلىك سودا ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، سانائەت، سودا بۆلۈمى سودا ئىدارىسىغا قوشۇۋېتىلدى. 1962- يىلى سودا ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، 1979- يىل 6- ئايدا ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1984- يىلى، قۇمۇل ناھىيىلىك سودا

ئىدارىسى قۇمۇل شەھەرلىك سودا ئىدارىسىغا قوشۇۋېتىلدى.

2) باركۆل ناھىيىسى 1950- يىلى سانائەت، سودا بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، 1958- يىلى سانائەت، سودا بۆلۈمى سودا ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1969- يىلى، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسىنىڭ مالىيە، سودا گۇرۇپپىسى سودا- سېتىق خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. 1973- يىلى، مالىيە، سودا گۇرۇپپىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، سودا ئىدارىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

3) ئاراتۇرۇك ناھىيىسى 1950- يىلى سانائەت، سودا بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، 1958- يىلى سودا ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1969- يىلى، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسىنىڭ مالىيە، سودا گۇرۇپپىسى سودا- سېتىق خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. 1973- يىلى، مالىيە، سودا گۇرۇپپىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، سودا ئىدارىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

## §2. تىجارەت مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرى

1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە ئىجتىمائىي پارچە سېتىش سودىسى، يېمەك- ئىچمەك، مۇلازىمەت كەسىپلىرىنى ئىگىلىك تۈرىگە ئايرىغاندا 4962 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىجتىمائىي پارچە سېتىش سودىسى ئاپپاراتى 2893، ئىجتىمائىي مۇلازىمەت ئاپپاراتى 894، يېمەك- ئىچمەك ئاپپاراتى 1175.

**قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1985 – 1990 – يىللىقچە بولغان ئىجتىمائىي تاۋارلارنى پارچە سېتىش سودىسى، يېمەك- ئىچمەك مۇلازىمەت كەسپىي ئاپپاراتلىرى**

جەدۋەل: 14 – 1

| تۈرلەر \ يىللار | | 1985 | 1986 | 1987 | 1988 | 1989 | 1990 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| يىغىندىسى | | 4151 | 4047 | 3811 | 4477 | 4640 | 4962 |
| پارچە سېتىش سودىسى | يىغىندىسى | 2599 | 2639 | 2323 | 2845 | 2827 | 2893 |
| پارچە سېتىش سودىسى | ئومۇمىي مۇلۈكچىلىك | 228 | 270 | 191 | 189 | 229 | 206 |
| پارچە سېتىش سودىسى | كوللېكتىپ مۇلۈكچىلىك | 442 | 412 | 383 | 243 | 380 | 322 |
| پارچە سېتىش سودىسى | يەككە | 1929 | 1957 | 1749 | 2269 | 2218 | 2365 |

| | | 1985 | 1986 | 1987 | 1988 | 1989 | 1990 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| يېمەك-ئىچمەك كەسپى | كىچىك يىغىندىسى | 934 | 796 | 863 | 1162 | 966 | 1175 |
| | ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك | 29 | 15 | 16 | 16 | 15 | 21 |
| | كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىك | 33 | 33 | 19 | 16 | 14 | 10 |
| | يەككە | 872 | 748 | 828 | 1130 | 937 | 1141 |
| مۇلازىمەت كەسپى | كىچىك يىغىندىسى | 618 | 612 | 625 | 470 | 847 | 894 |
| | ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك | 60 | 26 | 26 | 34 | 30 | 30 |
| | كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىك | 72 | 32 | 44 | 42 | 23 | 23 |
| | يەككە | 486 | 554 | 555 | 394 | 794 | 841 |

## §3. ئىشچى- خىزمەتچىلەر قوشۇنى

1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنى ساتىدىغان سودا، يېمەك- ئىچمەك، مۇلازىمەت كەسپلىرىنى ئىقتىسادىي تۈر بويىچە ئايرىغاندا، ئىشچى- خىزمەتچىسى 9716 يەتتى.

**قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1985 – 1990 - يىلىغىچە بولغان ئىجتىمائىي تاۋارلارنى پارچە سېتىش سودىسى، ئىچىملىك مۇلازىمىتىدىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەر**

جەدۋەل: 14 – 2 بىرلىكى: ئادەم

| تۈرلەر \ يىللار | | 1985 | 1986 | 1987 | 1988 | 1989 | 1990 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| يىغىندىسى | | 8960 | 8728 | 8351 | 9177 | 9341 | 9716 |
| پارچە سېتىلىدىغان سودا | كىچىك يىغىندىسى | 5733 | 6146 | 5680 | 6432 | 6596 | 6558 |
| | ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك | 1727 | 2017 | 1816 | 1974 | 2377 | 2213 |
| | كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىك | 1776 | 1745 | 1722 | 1702 | 1603 | 1579 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | يەككە | 2230 | 2384 | 2142 | 2756 | 2616 | 2766 |
| يېمەك-ئىچمەك كەسپى | يىغىندىسى | 1634 | 1460 | 1612 | 1891 | 1578 | 1897 |
| | ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك | 162 | 94 | 117 | 114 | 97 | 121 |
| | كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىك | 310 | 291 | 256 | 140 | 146 | 153 |
| | يەككە | 1162 | 1075 | 1239 | 1637 | 1335 | 1623 |
| مۇلازىمەت كەسپى | يىغىندىسى | 1593 | 1122 | 1059 | 854 | 1167 | 1261 |
| | ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك | 311 | 144 | 150 | 187 | 144 | 201 |
| | كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىك | 568 | 159 | 155 | 180 | 93 | 89 |
| | يەككە | 714 | 819 | 754 | 487 | 930 | 971 |

# II باب

# سودا ئېگىلىك قۇرۇلمىسى

خەن سۇلالىسىدىن بۇيان، قۇمۇل، باركۆلنىڭ سودا ئىشلىرى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە سۇي، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى يىپەك يولى يېڭى شىمالىي يولىنىڭ ئېچىلىشىغا ئەگىشىپ كۆنسېرى گۈللەندى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، باركۆل — شىنجاڭدىكى ئۈچ چوڭ شەھەرنىڭ بىرى ئىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى قۇمۇلمۇ تەرەققىي قىلىپ، ئىچكىرىگە كىرگۈزۈلىدىغان ماللارنى يىغىش ۋە تارقىتىش ئورنى بولۇش سۈپىتى بىلەن شىنجاڭ بويىچە مۇھىم سودا مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ يىللىرىدا، ھەر يىلى بېيجىڭ، تيەنجىن، شەنشى، گەنسۇدىن قۇمۇل ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ جاي ـ جايلىرىغا توشۇلىدىغان ملىچ مال، رەخت ۋە قەغەزلەرنىڭ قىممىتى 1 مىليون سەر كۆمۈشتىن ئاشتى. تۇرپان ۋە پىچانلاردىن قۇمۇل ئارقىلىق گەنسۇ، باۋتۇلارغا توشۇلىدىغان پاختا، قۇرۇق ئۈزۈملەرنىڭ قىممىتى 500

مىڭ سەردىن ئاشتى، بۇنىڭدىن باشقا روسىيىنىڭ سودا ئورۇنلىرى دۇنخۇاڭ ۋە باركۆللەردىن سېتىۋالغان يۇڭ- تېرىلەرمۇ قۇمۇلغا يىغىلاتتى ۋە تارقىتىلاتتى، بۇ خىل نەرسىلەرنىڭ يىللىق قىممىتى 190 مىڭ سەر كۈمۈشتىن ئاشاتتى.

## 1§. خۇسۇسىي سودا

چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 36- يىلى (1697- يىلى)، قۇمۇلنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانى ئەبەيدۇللا تارخان بەگ چىڭ سۇلالىسىغا بەيئەت قىلغاندىن كېيىن، 2- يىلى چىڭ سۇلالىسى «قۇمۇل بازىرى گەنسۇغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش كېرەك، دېگەن بۇيرۇققا قەتئىي ئەمەل قىلىش لازىم» دېگەن پەرماننى چۈشۈردى. قۇمۇل ۋىلايىتى بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ سودا ئالاقىسى كۈچىيىپ، قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلاردىن گەنسۇغا بېرىپ سودا قىلىدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 55- يىلى (1716- يىلى) 2- ئايدا، سودا بېرىش- كېلىشى 140 قېتىمدىن ئاشتى. 17- ئەسىردىن شىنجاڭ بىرلىككە كەلگىچە قۇمۇل سودا مەركىزىگە ئايلاندى. قۇمۇل شەھىرىدە سودا قىلىدىغانلار 163 ئائىلە، جەنۇبىي شىنجاڭدىن قۇمۇلغا كېلىپ سودا قىلىدىغان ئۇيغۇر سودىگەر 20 ئائىلىدىن ئاشتى. ھەر يىلى قۇمۇلدىن توشۇلىدىغان قوي يۇڭى 80 – 90 مىڭ جىڭغا يەتتى، نۇرغۇن ئۇيغۇر سودىگەرلەر قۇمۇلدىن چىقىدىغان قاشتېشىنى يۆتكەپ ساتتى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 33- يىلى (1907- يىلى) ئەتراپىدا، قۇمۇلنىڭ سودا ئىشلىرى بىر قەدەر تەرەققىي قىلدى، سودا ئىشلىرىنىڭ چوڭ ھوقۇقى ئۇيغۇر سودىگەرلەرنىڭ قولىدا بولدى.

مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى، قۇمۇلدا ئۇيغۇر، خۇيزۇ سودىگەر 100 دىن ئاشاتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ سودا كەسپى ئىككى خىلغا بۆلۈنەتتى. بىرى، قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىدا تىجارەت قىلىدىغانلار، يەنە بىرى، خەلق ئارىسىدا خۇسۇسىي تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۇششاق يايمىچىلار ئىدى. ۋاڭ ئوردىسىدىكى ئالىي ئەمەلدارلارمۇ سودا بىلەن شۇغۇللىناتتى ھەمدە خۇسۇسىيلارنىڭ سودا دەللاللىرى بار ئىدى. شاھمەخسۇت ۋاڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، ۋاڭ ئوردىسى سودا- سېتىق ئۈچۈن 6 مىليون 500 مىڭ سەر كۈمۈش پۇل مەبلەغ سالدى (شۇ زاماندا ئالتە سەر كۈمۈش پۇل بىر سەر تەڭگىگە تەڭ ئىدى). ۋاڭ ئوردىسى يەنە مەخسۇس ئۇزۇن مۇساپىلىك مال توشۇيدىغان سودىگەرلەرنى تەيىنلەپ، بەزى سودىگەرلەرنى چەت ئەل سودىگەرلىرى بىلەن سودا قىلدۇردى. شاھمەخسۇت يەنە ھەسەن ھاجى قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ سودا قىلدى. ۋاڭ ئوردىسىدىكى باشقۇرغۇچىلار توغۇچىدا سودا قىلىپ، بىر تاختا قارا رەختكە بىر كۆرە بۇغداي، بىر تاختا شەمبىجى رەختكە بىر كۆرە بىر شىڭ بۇغداي، بىر تاختا ئەتلەسكە سەككىز كۆرە بۇغداي تېگىشتى. ئۇيغۇر سودىگەرلەرمۇ قۇمۇلدا دۇكان ئاچتى ياكى يايما يېيىپ سودا قىلدى. ئۇيغۇرلار سودىگەرلەردىن مال ئېلىپ ساتتى.

مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى، قۇمۇلدا خەنزۇ سودىگەر 100 دىن ئاشتى، ئۇلار ئۆزلىرى تۆگە بېقىپ مال يۆتكىدى، گەنسۇنىڭ غەربىدە باش ياكى شۆبە دۇكان ئاچتى. روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، قۇمۇلدىكى سودىگەرلەر ئىچكى ئۆلكىلەردە مال ساتتى ھەمدە سىچۇەن قاتارلىق جايلاردىن تاۋار- دورىدۇنغا ئوخشاش رەخت ۋە ملىچ ماللارنى ئېلىپ چىقىپ، شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدا ساتتى. باركۆلنىڭ ناھىيە بازىرىدا 90 دىن ئارتۇق چوڭ- كىچىك دۇكان بار ئىدى. ئەينى چاغدا باركۆل بازىرى ئىچىدە سودا دۇكانلىرى كۆپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش بىر قەدەر مەركەزلەشكەن داخې يېزىسىدىمۇ سودا بىر قەدەر تەرەققىي قىلغاندى. چارۋىچىلىق رايونلىرىدا نۇرغۇن خەنزۇ سودىگەرلەر رەخت، تاۋار- دورىدۇن، ھاراق، ئۇن، چاي ۋە كۈندىلىك بۇيۇملارنى چارۋىچىلىق نۇقتىلىرىغا ئاپىرىپ، چارۋىچىلارنىڭ چارۋا مەھسۇلاتلىرىغا تېگىشەتتى.

مىنگونىڭ 20- يىلى (1931- يىلى)، ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ئۈستىگە ئۈستىلەپ يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن، قۇمۇلنىڭ سودا ئىشلىرى ئېغىر تەسىرگە ئۇچرىدى. باركۆلدىكى تۆگە ۋە ئات بىلەن سودا قىلىدىغان سودىگەرلەرنىڭ تۆگە ۋە ئاتلىرى ئەمەلدار، باندىتلار تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلگەچكە، زور بىر تۈركۈم دۇكانلار تاقىلىپ قالدى.

مىنگونىڭ 22- يىلى (1933- يىلى) دىن كېيىن، شېڭ شىسەي شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندە، شىنجاڭ، شەنشى يوللىرى توسۇۋېتىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ياردىمىدە، ئىقتىساد، سودا تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زور بىر تۈركۈم ماللىرى قۇمۇل ۋە باركۆل بازارلىرىغا كىرىپ، دۇكانلاردا چەت ئەلنىڭ ھەر خىل كۈندىلىك ماللىرى سېتىلىپ، سودا ئىشلىرى تەدرىجىي راۋاجلاندى. مىنگونىڭ 26- يىلى (1937- يىلى)، سوۋېت – شىنجاڭ سودا شىركىتىنىڭ قۇمۇل ئىش باشقارمىسى قۇرۇلدى. قۇمۇل بازارلىرىنى ئاساسەن سوۋېتنىڭ ماللىرى مونوپول قىلىۋالدى.

مىنگونىڭ 31- يىلى (1942- يىلى) دىن كېيىن، شىنجاڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئىشىكنى ئېچىۋەتتى، بۇنىڭ بىلەن قۇمۇل ماللارنى توپ، پارچە ساتىدىغان جايغا ئايلىنىپ، سودا قىلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. قۇمۇل، باركۆلدىكى سودىگەرلەرمۇ ناھايىتى تېز كۆپەيدى. مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى)، قۇمۇل بازىرىدا 273 ماگىزىن بار ئىدى. مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى) 3- ئايدا، باركۆل سودا- سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن تەكشۈرۈلۈشىچە، باركۆلدە ئۈچ سەبىيارە ماگىزىن، 34 تۇراقلىق ماگىزىن، يەتتە خاراز، ئۈچ ناچچىقسۇ ئىشلەش ئورنى، 42 تۈگمەن، 19 يايما ئورنى، 15 ئاشخانا، گۆش دۇكىنى، ھورنان پىشۇرۇپ ساتىدىغان دۇكان قاتارلىق دۇكانلار بار ئىكەن. مىنگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى)، قۇمۇل شەھرىدە 312 سودىگەر بار ئىدى. مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى)، ۋىلايەت بويىچە شەھەر- يېزىلاردىكى چوڭ- كىچىك ماگىزىن 300 دىن ئاشتى، مۇتلەق كۆپ قىسمى شەھەر- بازارلارغا مەركەزلەشتى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل بازىرىدا 291، دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق رايونلىرىدا سودا نۇقتىلىرى يوق دېيەرلىك ئىدى، پەقەت ئاز ساندىكى توكىلاگچىلارلا نەرسىنى نەرسىگە ئالماشتۇرۇپ سودا قىلاتتى. مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى)، قۇمۇل بازىرىدا 320 ماگىزىن ئېچىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مەبلىغى 50 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق يېڭى پۇلى بار كىشى 179 غا يەتتى. مىنگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى) 9- ئايدا، قۇمۇل ناھىيىسىدە دۇكان، ساتىراشخانا، مۇنچا، رەسىمخانا، تاۋار- دۇردۇن رەخت، ملىچ ماللار دۇكىنى ۋە يەرلىك مەھسۇلاتلار دۇكىنى 270 تىن ئاشتى.

1949- يىل 9- ئاينىڭ 25-، 26- كۈنلىرى، شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتتى. 9- ئاينىڭ 28- كۈنى ئەكسىيەتچىل مەيداندا چىڭ تۇرغان گومىنداڭنىڭ بەزى قالدۇق ئەسكەرلىرى، قۇمۇل ناھىيە بازىرىدا بۇلاڭچىلىق قىلىپ «28- سېنتەبىر» ئېغىر بۇلاڭچىلىق ۋەقەسىنى تۇغدۇرۇپ، قۇمۇلنىڭ سودا ئىشلىرىنى زور زىيانغا ئۇچراتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت خۇسۇسىي سودىنىڭ تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن قوللىغانلىقتىن، خارابلاشقان سودا ئىشلىرى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1955- يىلى، ۋىلايەت بويىچە خۇسۇسىي سودا سەككىز ساھە بولۇپ، ماگىزىن 344 كە، كەسپكارى 405 كە، مەبلىغى 835 مىڭ 500 يۈەنگە، يىللىق تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 68 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى. بىر تۇتاش تەقسىملەپ ئورۇنلاشتۇرۇش روھىغا ئاساسەن، كەسپلەر ساھەلەر بويىچە باشقۇرۇلۇپ، دۆلەت ئىلكىدىكى كەسپىي شىركەتلەر ئىش تەقسىماتى بويىچە ھۆددىگە بېرىلىپ، خۇسۇسىي سودىنى ئۆزگەرتىشكە مەسئۇل قىلىندى.

1956- يىلى ئەتىيازدا، ۋىلايەت تەشۋىق قىلىش، سەپەرۋەر قىلىشنى، سىياسەت سۆزلەشنى قانات يايدۇرغاچقا، خۇسۇسىي سودىگەرلەر بەس- بەستە ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى سودىغا قاتنىشىشنى تەلەپ قىلدى. 6- ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، ۋىلايەت بويىچە ئۆزگەرتىلگەن سودا- سانائەتچى 343 كە يەتتى، بۇ سودا كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 99.4% نى ئىگىلىدى؛ مەبلىغى 1 مىليون 173 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى. ئەسلىدىكى سودا- سانائەتچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەتتىكى ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت بىلەن

خۇسۇسىيلار شىرىكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ خۇسۇسىي تەرەپ دىرېكتور، مۇئاۋىن دىرېكتورلىرىدىن 43 كىشى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

خۇسۇسىي سودا- سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشتە، كەسىپلەرگە، چوڭ- كىچىكلىكىگە، تۈرگە ئايرىماستىن، مەبلەغ چىقارغان كىشىلەرگە يىللىق ئۆسۈمى بىردەك بەش لى بويىچە ھېسابلاپ بېرىلدى ھەمدە ئۆزگەرتىش داۋامىدا قوشقان مەبلەغ ۋە ھېسابات سىرتىدىكى مەبلەغنىڭ ھەممىسى شۇ كىشىگە قايتۇرۇلدى، يەنى 45.5 ئېغىز ئۆي، 12.5 سەر ئالتۇن، 676 سەر كۈمۈش، 1357 يۈەن كۈمۈش تەڭگە، 3761 يۈەن زايوم قايتۇرۇلدى.

1956- يىلى، ۋىلايەت بويىچە يېزىلاردىكى خۇسۇسىي ھەم ئۆششاق تىجارەتچى 247 گە، ئادىمى 314 كە يەتتى، شۇ يىلى 5- ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر جەمئىي ئۆزگەرتىلگىنى 237 ئائىلە، 293 كىشىگە يەتتى. بۇ، يېزىلاردىكى خۇسۇسىي سودىگەرلەرنىڭ 96% نى ئىگىلىدى، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، ۋىلايەت بويىچە يەككە تىجارەتچىلەر ئاز ساندىلا قالدى.

1966- يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ۋىلايەتتە خۇسۇسىي سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار قالمىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، يەككە تىجارەتچىلەر پەيدىنپەي مەيدانغا كەلدى. گوۋۇيۈەن 1981- يىلى «شەھەر- بازارلاردىكى غەيرىي يېزا ئىگىلىكىدە بولغان يەككە ئىگىلىك توغرىسىدىكى بىر قانچە بەلگىلىمە» نى تارقاتتى، بۇنىڭ بىلەن يەككە سودا- سانائەتچىلەر ناھايىتى تېز كۆپەيدى. يىل ئاخىرىغا بارغاندا، يەككە سودا ماگىزىنى 588 گە، ئادىمى 842 گە، مەبلىغى 926 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلاردىكى يەككە سودا ماگىزىنى 55 كە، ئادىمى 78 گە يەتتى. 1985- يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ۋىلايەت بويىچە شەھەر- يېزىلاردىكى يەككە سودا ماگىزىنى 4155 كە، كەسپكارى 5698 گە، مەبلىغى 13 مىليون 12 مىڭ يۈەنگە، تىجارەت سوممىسى 11 مىليون 98 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ۋىلايەتتىكى ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسىنىڭ 5.29% نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلاردىكى يەككە سودا ماگىزىنى 1772 گە، ئادىمى 2546 گە يەتتى، بۇ، 1981- يىلىنىڭ 32.22 ھەسسىسىگە تەڭ كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەت ئادىمى ئاچقان يەككە سودا ماگىزىنى 1165 كە، ئادىمى 1503 كە يەتتى، بۇ، شۇ يىللىق شەھەر- يېزىلاردىكى يەككە سودا ماگىزىنىنىڭ 29.13% نى، كەسپكارنىڭ 26.37% نى ئىگىلىدى. سودا ماگىزىنلىرىدا ئۇيغۇر 61.8% نى، خۇيزۇ 29.7% نى، باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر 8.5% نى ئىگىلىدى. چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى يەككە سودا ماگىزىنلىرىمۇ تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى.

1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە يەككە سودا ماگىزىنى 6259 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر- بازارلاردىكىسى 4118، يېزىلاردىكىسى 2141، كەسپكارى 8228 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر- بازارلاردىكىسى 5288، يېزىلاردىكىسى 2960، مەبلىغى 19 مىليون 238 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى. يەككە ئىگىلىك دۆلەت ئىلكىدىكى سودىنىڭ زۆرۈر تولۇقلىمىسىغا ئايلاندى.

## §2. كوللېكتىپ سودا

1956- يىلى، ۋىلايەت بويىچە كوللېكتىپ سودىدىن تەشكىللەنگەن (يېمەك- ئىچمەك كەسپىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئىككى ھەمكارلىق ماگىزىنى، ھەمكارلىق تىجارىتىدىكى 11 كىچىك گۇرۇپپا بولۇپ، 179 ئادىمى بار ئىدى. 1959- يىلى، ھەمكارلىق ماگىزىنلىرىدىن تەشكىللەنگەن ھەمكارلىق باش ماگىزىنلىرىنىڭ ھەممىسىدە بىر تۇتاش

ھېسابات قىلىش يولىغا قويۇلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا، ھەمكارلىق ماگىزىنلىرىغا قارىتا، يىغىۋېلىش سىياسىتى يولغا قويۇلۇپ، دۆلەت ئىلكىدىكى سودىدا ئۆز ئالدىغا سودا قىلىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. 1978- يىلدىكى پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، كوللېكتىپ سودىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولدى. 1990- يىلى، سودا تارماقلىرى باشقۇرۇشىدىكى كوللېكتىپ سودا ئورنى 34 كە، تىجارەت كىرىمى 3 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە، ئىشچى- خىزمەتچىسى 166 غا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل شەھىرىدىكى كوللېكتىپ سودا ئورنى 10، باركۆلدىكىسى بەش، ئاراتۈرۈكتىكىسى بەش، ۋىلايەتتىكىسى 14.

## §3. تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى

### 1. ۋىلايەتلىك تەمىنات- سودا كوپېراتىپى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1951- يىل 2- ئايدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھەمكارلىق ئىدارىسى قۇمۇلدا ۋىلايەتلىك تەمىنات- سودا كوپېراتىپى قۇرۇشقا خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتتى. 3- ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، كوپېراتىپقا كىرىشكە تىزىملاتقان ئەزا 638 گە، قوشقان پاي 1050 كە يەتتى. 4- ئاينىڭ 1- كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھەمكارلىق ئىدارىسى قۇمۇل ۋىلايەتلىك تەمىنات- سودا كوپېراتىپى قۇرۇلدى. 5- ئاينىڭ باشلىرىدا، تەمىنات- سودا كوپېراتىپىنىڭ ماگىزىنلىرى سودىسىنى باشلىۋەتتى.

1953- يىلى 5- ئايدا، ۋىلايەتلىك تەمىنات- سودا كوپېراتىپىنىڭ نامى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھەمكارلىق ئىدارىسى قۇمۇل تەمىنات- سودا ئىش باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلدى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ ئىش باشقارمىسى دەپ ئېلىندى) ھەمدە پارچە سېتىش كەسپى قۇمۇل ناھىيىسى چىنگۇەن رايونلۇق ئىستېمالچىلار كوپېراتىپىنىڭ تىجارەت قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، توپ تارقىتىش كەسپى ساقلاپ قېلىندى.

1955- يىل 11- ئايدا، ئىش باشقارمىسى توپ تارقىتىش كەسپىنى، شۇنىڭدەك مەبلەغ، خادىم قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى كوپېراتىپنىڭ توپ تارقىتىش پونكىتىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

1956- يىل 7- ئايدا، ۋىلايەتلىك ھەمكارلىق ئىش باشقارمىسى ئاپتونوم رايونلۇق تەمىنات- سودا كوپېراتىپىنىڭ تەۋەلىكىدە بولۇپ، قۇمۇلدا ئىش بېجىرىش ئورگىنى تەسىس قىلدى، 13 خىزمەتچى قويۇلدى.

1958- يىل 6- ئايدا، قۇمۇل ھەمكارلىق ئىش باشقارمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. قۇمۇل ھەمكارلىق توپ تارقىتىش ]پونكىتى ھەم قۇمۇل، باركۆل ناھىيىلىرىنىڭ تەمىنات- سودا كوپېراتىپىنىڭ مەبلەغ، خادىملىرىنىڭ ھەممىسى دۆلەت ئىلكىدىكى سودىغا قوشۇۋېتىلدى. ئاساسىي قاتلام تەمىنات- سودا كوپېراتىپلىرى ئۆزى تۇرۇشلۇق جايلاردىكى يېزىلىق ھۆكۈمەتلەرنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

1962- يىل 7- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ، ھەر دەرىجىلىك تەمىنات- سودا كوپېراتىپلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ۋىلايەتلىك كوپېراتىپ باشقارمىسى بىلەن دۆلەت ئىلكىدىكى سودا ئايرىم ئىش بېجىرىدىغان بولدى.

1966- يىل 1- ئاينىڭ 1- كۈنى، ۋىلايەتلىك ھەمكارلىق ئىش باشقارمىسىنىڭ كارخانا شتاتى دۆلەت مەمۇرىي شتاتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1976- يىل 1- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك تەمىنات- سودا كوپېراتىپىغا ئۆزگەرتىلدى.

1984- يىل 11- ئايدا، ۋىلايەتلىك تەمىنات- سودا كوپېراتىپى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەمىنات- سودا كوپېراتىپى قۇمۇل ۋىلايەتلىك ھەمكارلىق ئىش باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلىپ، ناھىيە دەرىجىلىك

كارخانا قىلىپ بېكىتىلدى.

1988- يىلى، ھەمكارلىق ئىش باشقارمىسى، شىنجاڭ بىۋاسىتە قاراشلىق تۆت شىركەتنى ئاساس قىلغان ئورۇنلار ۋىلايەتلىك ئىقتىساد كومىتېتى، مالىيە، ئەمگەك، كادىرلار باشقارمىسى بىلەن ئۈچ يىللىق ھۆددىگە ئېلىش تىجارەت توختىمى ئىمزالىدى. ھەمكارلىق ئىش باشقارمىسىنىڭ نامى ۋىلايەتلىك تەمىنات- سودا كوپېراتىپىغا ئۆزگەرتىلىپ، تاۋار تىجارىتى، كارخانا باشقۇرۇش، كادىرلارنى ۋەزىپىگە قويۇش - ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش، مائاش تەقسىماتى قاتارلىقلاردا ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى.

2. ناھىيە (شەھەر) لىك تەمىنات- سودا كوپېراتىپلىرى

1951- يىلى، ۋىلايەتلىك تەمىنات- سودا كوپېراتىپى تەمىنات- سودا كۆچمە سودا گۇرۇپپىسىنى باركۆل، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىرىدە خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشقا ئەۋەتتى ھەمدە شەھەر- يېزا خەلقىنى مەبلەغ چىقىرىپ پاي قوشۇشقا زور كۈچ بىلەن سەپەرۋەر قىلىپ، تەمىنات- سودا كوپېراتىپى قۇرۇش تەييارلىقىنى ئىشلىدى.

1953- يىل 7- ۋە 9- ئايلاردا، باركۆل، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىرىدە كۆچمە سودا گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەتلىرى ئاساسىدا تەمىنات- سودا كوپېراتىپلىرى قۇرۇلدى.

1955- يىل 5- ئاينىڭ 1- كۈنى، قۇمۇل ناھىيىلىك چىڭگۇەن رايونلۇق ئىستېمالچىلار كوپېراتىپى ئاساسىدا قۇمۇل ناھىيىلىك تەمىنات- سودا كوپېراتىپى قۇرۇلدى.

1958- يىل 6- ئايدا، قۇمۇل، باركۆل ناھىيىلىرىدىكى تەمىنات- سودا كوپېراتىپلىرى ئۆزى تۇرۇشلۇق ناھىيىلىك سودا ئىدارىلىرىغا قوشۇۋېتىلدى. ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك تەمىنات- سودا كوپېراتىپىنىڭ نامى ناھىيىلىك سودا ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

1962- يىل، ناھىيەلەرنىڭ تەمىنات- سودا كوپېراتىپلىرى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

1977- يىل 4- ئايدا، قۇمۇل شەھىرى، قۇمۇل ناھىيىسىدە تەمىنات- سودا كوپېراتىپلىرى قۇرۇلدى. قۇمۇل ناھىيىلىك تەمىنات- سودا كوپېراتىپىنىڭ شەھەردە پارچە سېتىش كەسپى ھەم شەھەر ئەتراپى يېزا ئاساسىي قاتلام تەمىنات- سودا كوپېراتىپى قۇمۇل شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، قۇمۇل شەھەرلىك تەمىنات- سودا كوپېراتىپى قۇرۇلدى.

1984- يىل 1- ئايدا، قۇمۇل ناھىيىسى شەھەرگە قوشۇۋېتىلىپ، شەھەرلىك، ناھىيىلىك تەمىنات- سودا كوپېراتىپلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ ، قۇمۇل شەھەرلىك تەمىنات- سودا بىرلەشمە كوپېراتىپى قۇرۇلدى.

3. تەمىنات- سودا تۈزۈلمە ئىسلاھاتى

1983- يىلدىن كېيىن، ۋىلايەتلىك تەمىنات- سودا كوپېراتىپى سىستېمىسىدا ئۈچنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش (تەشكىلىي جەھەتتە ئاممىۋىلىق، باشقۇرۇشتا دېموكراتىك، كەسپىي تىجارەتتە جانلىقلىق) ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان تەمىنات- سودا كوپېراتىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. بۇ ئىشنىڭ يادروسى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشنى خەلق باشقۇرۇشقا، دۆلەت ئىگىلىكىنى كوللېكتىپ ئىگىلىكىگە ئۆزگەرتىش بولۇپ، تاۋار ئىگىلىكى تەرەققىياتىغا ماس كېلىدىغان تىجارەت باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. 1984- يىلىغا كەلگەندە، ئىككى ناھىيە، بىر شەھەردىكى 20 ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپىدا تۈزۈلمە ئىسلاھاتى خىزمىتى ئاساسەن تاماملاندى. شۇ يىلى، ئىقتىسادىي رايونلار كوپېراتىپى قۇرۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، باركۆل ناھىيىسىنىڭ ئۈچكۆل ۋە قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەھەر ئىچى، يەتتە قۇدۇقتىن ئىبارەت ئۈچ ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، تەمىنات- سودا شۆبە دۇكىنىغا ئۆزگەرتىلدى.

تۈزۈلمە ئىسلاھاتى داۋامىدا، تەمىنات- سودا كوپېراتىپى مەبلەغ چىقىرىپ ئىككى كارخانىنى قۇردى (يىغىلغان مەبلىغى 1 مىليون 704 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانلارنىڭ مەبلىغى 290 مىڭ يۈەن)، دېھقانلار ئاچقان، دېھقان سودىگەرلەر توغرا لىنىيىلىك بىرلەشمە سودا دۇكىنىدىن 11 ى (بىرلىشىپ قوشقان مەبلىغى 147 مىڭ يۈەن)، بازار ئۇچۇر تور نۇقتىسىدىن 11 ى قۇرۇلدى. تىجارەت شەكلى جەھەتتە، باركۆل ناھىيىلىك تەمىنات- سودا كوپېراتىپى سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى بىرلىشىپ سېتىۋېلىپ ئايرىم سېتىشنى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە مەھسۇلاتلارنى ئايرىم سېتىۋېلىپ، بىرلىشىپ سېتىشنى يولغا قويدى ھەمدە ھەر خىل كەسپىي ئائىلىلەرگە ياردەم بېرىش مەبلىغى تارقىتىپ بەردى.

1987- يىلدىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك كوپېراتىپلاردا تۈزۈلمە ئىسلاھاتى يەنىمۇ چوڭقۇرلىشىپ، ھەر خىل تىجارەت مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرى مۇكەممەللەشتى ھەمدە مۇدىر، دىرېكتور (زاۋۇت باشلىقى) ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى. 1988- يىلى، ۋىلايەتلىك ھەمكارلىق ئىش بېجىرىش باشقارمىسى ئىقتىسادىي گەۋدىگە ئۆزگەرتىلدى. ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق تۆت شىركەت ئاساس قىلىنىپ، ئاشكارا خېرىدار چاقىرىپ ھۆددىگە بېرىلدى ھەمدە بىرىنچى بولۇپ، مەمۇرىي مەھكىمە بىلەن ئۈچ يىللىق 1- قارارلىق تىجارەت ھۆددىگەرلىكى توختامى ئىمزالاندى. 1988 – 1990 - يىللىرىچە، يىللىق ھۆددىگەرلىك پايدىسى 646 مىڭ يۈەنگە، تاپشۇرۇلغان تاپاۋەت بېجى 304 مىڭ يۈەنگە يەتتى (1988- يىلدىن ئىلگىرىكى ئۈچ يىللىق ئوتتۇرىچە سان تۈپ سان قىلىندى). تۈپ ساندىن ئاشقىنىنى كارخانا ئۆزى تەقسىم قىلدى، 70% ى كارخانىنىڭ تەرەققىيات فوندى، 30% ى ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ مۇكاپات پۇلى قىلىندى. ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشىدا مائاش ئومۇمىي سوممىسى بىلەن تاپشۇرىدىغان پايدا بېجىنى چېتىش، مائاش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ يۇقىرى- تۆۋەن ئۆرلەش نىسبىتى 1:0.5 بولۇش يولغا قويۇلدى. كەسپىي شىركەتلەرنىڭ دىرېكتورلىرى كارخانىدىكى كادىرلار ئىچىدىن ئاشكارا رىقابەت ئارقىلىق مەيدانغا كەلتۈرۈلدى.

قۇمۇل شەھىرى، باركۆل ناھىيىلىرىدىكى كوپېراتىپلارمۇ 1988- يىلى شۇ جايدىكى ھۆكۈمەتلەر بىلەن ئۈچ يىللىق ھۆددىگەرلىك توختامى ئىمزالىدى. مالىيە، ئەمگەك - مائاش تارماقلىرىنىڭ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق، ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيىلەردىكى تەمىنات- سودا كوپېراتىپىنى ھۆددىگە ئالغۇچىلار ئۈچ يىللىق ھۆددىگەرلىك ۋەزىپىسىنى تاماملىدى، ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى بىر دەرىجە ئۆستۈرۈلدى. كارخانىلارغا ئادەم ئىشلىتىش، تىجارەت قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ھوقۇق بېرىلىپ، ھاياتىي كۈچى ئاشۇرۇلدى. 1989- يىلىغىچە، 27 تەمىنات- سودا كارخانىسى ھۆددىگە بېرىلىپ، 34 كارخانىنىڭ 79.4% ىنى ئىگىلىدى. ھۆددىگە بېرىلگەندىن كېيىن، تەمىنات- سودا كارخانىلىرى ئۆزىنىڭ ئالاھىدە رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇردى.

1990- يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ۋىلايەت بويىچە تەمىنات- سودا كوپېراتىپى سىستېمىسىدا ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان ئورۇن 33 كە، سودا، يېمەك- ئىچمەك مۇلازىمىتى، پىششىقلاپ ئىشلەش تور نۇقتىسى 251 گە (بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرىسى 36 غا يەتتى)، كوپېراتىپقا قاتناشقان دېھقان ئائىلىسى 24 مىڭ 100 گە يەتتى، بۇ، دېھقان، چارۋىچى ئومۇمىي ئائىلىسىنىڭ 76.5% ىنى ئىگىلىدى؛ ھەر مىللەت ئىشچى- خىزمەتچىسى 1876 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى- خىزمەتچى 457. 1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە تەمىنات- سودا سىستېمىسى 59 مىليون 490 مىڭ يۈەنلىك مال سېتىۋالدى، بۇ 1985- يىلدىكى 22 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە سېلىشتۇرغاندا 159.6% ئاشتى؛ شۇ يىللىق ھۆددىگەرلىك توختامىدىكى 57 مىليون 600 مىڭ يۈەننىڭ 103.28% ى ئورۇندالدى؛ پايدا- باج 2 مىليون 322 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، 1985- يىلدىكى 2 مىليون 139 مىڭ يۈەنگە سېلىشتۇرغاندا 183 مىڭ يۈەن كېمەيدى؛ ئۆزىدە بار بولغان مەبلەغ جۇغلانمىسى 26 مىليون 608 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1985- يىلدىكى 13 مىليون 769 مىڭ يۈەندىكىدىن 93.2% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، كوپېراتىپ ئەزالىرىنىڭ پاي

سوممىسى 436 مىڭ يۈەن بولۇپ (ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرىلىرىنىڭ 16 مىڭ يۈەن)، بۇ ئاساسىي، قاتلام كوپېراتىپلىرىنىڭ ئۆزىدە بار بولغان 8 مىليون 270 مىڭ يۈەن مەبلىغىنىڭ 5% ىنى ئىگىلىدى؛ مۇقىم مۈلكى 17 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1985- يىلىدىكى 7 مىليون 700 مىڭ يۈەندىن 124% ئاشتى. يېڭىدىن قۇرۇلغان سودا، يېمەك- ئىچمەك مۇلازىمىتى، پىششىقلاپ ئىشلەش، ئىسكىلات قاتارلىقلار 25 كە، قۇرۇلۇش كۆلىمى 31 مىڭ 82 كۋادرات مېتىرغا، سېلىنغان مەبلىغى 8 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ۋىلايەت بويىچە تەمىنات- سودا كوپېراتىپى سىستېمىسىدا جەمئىي بار بولغان ھەر خىل سودا تور نۇقتىسى، ئىسكىلات (لاپاس)، ئىشخانا ھەم تۇرمۇش پاراۋانلىق مۇئەسسەسىلىرىنىڭ ئىگىلىگەن كۆلىمى 14 مىڭ 600 كۋادرات مېتىرغا، ھەر خىل ترانسپورت ئاپتوموبىلى 50 كە يەتتى (ئومۇمىي توننا ژى 171.5 توننا)، بەش يىلدا يۇقىرىغا تاپشۇرغان ھەر خىل پايدا- باج 13 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

[قوشۇمچە] دۆلەت مەمۇرلىرىنىڭ ئىستېمال كوپېراتىپى

مىنگو دەۋرىدە، شېڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقاندا، مال باھاسى تۇراقسىز، ئاشلىق جىددىي، قوشۇمچە يېمەكلىك، كۈندىلىك ئىشلىتىدىغان تۈرلۈك ماللار كەمچىل ئىدى. دۆلەت خادىملىرى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، مىنگونىڭ 27- يىلى (1938- يىلى) كۈزدە، قومۇلنىڭ مەمۇرىي باش ئەمەلدارى ليۇ شىپىڭ (كومپارتىيە ئەزاسى)، ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يۇ چېڭفالار قومۇلدا دۆلەت مەمۇرلىرى ئارىسىدا ئىستېمال كوپېراتىپىنى تەشكىللىدى. ھۆكۈمەت مەبلەغ چىقاردى ھەم دۆلەت خادىملىرى، ئوقۇتقۇچىلار، شۇنىڭدەك ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى پاي قوشقۇزدى. ھەر بىر پاي شىنجاڭ ئۆلكە پۇلىغا سېلىشتۇرغاندا 10 يۈەنگە تەڭ بولۇپ، ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئۈچتىن بەشكىچە پاي قوشۇشىغا رۇخسەت قىلىندى. مىنگونىڭ 27- يىلى (1938- يىلى) كوپېراتىپقا قاتناشقان 400 دىن ئاشتى، 1000 دىن ئارتۇق پاي قوشۇلدى.

ئىستېمالچىلار كوپېراتىپىنىڭ تەشكىلىي شەكلى كېڭەش ھەيئىتى ۋە نازارەتچىلىك ھەيئىتىدىن تەركىب تاپتى. كەسپىي دىرېكتور قويۇلدى. ئىستېمالچىلار كوپېراتىپى بىر جايدا ماگىزىن ئاچتى، كوپېراتىپ بويىچە 13 خىزمەتچى، 20 دىن ئارتۇق دېھقان ۋە ئىشچى بار ئىدى. ئۇلار ئاشلىق، ماي، قەنت- گېزەك، رەخت، تۈرلۈك ماللار، يەرلىك مەھسۇلات قاتارلىقلارنى ساتتى. ئاستانە، قوشتىكەنلەردە بىردىن دېھقانچىلىق مەيدانى، ئىككى كارىزى بولۇپ، ئاساسەن ئىستېمالچىلار كوپېراتىپىغا ئاشلىق ئىشلەپچىقىراتتى. ترانسپورت تۈرلىرىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگۈزۈلگەن بىر ئاپتوموبىلى، 200 تۆگىسى بار ئىدى. قەنت- گېزەك، ماي، ئاشلىق، رەختلەر نورمىلىق سېتىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، باھاسى ئادەتتە بازاردىكىدىن 30% - 50% كىچە تۆۋەن بولدى.

مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى) نىڭ ئاخىرى، ئىستېمالچىلار كوپېراتىپى تارقىتىۋېتىلدى. كوپېراتىپنىڭ مال- مۈلكى پاي چەكنى قايتۇرۇش ۋە پايدىنى تەقسىملەش شەكلى بويىچە كوپېراتىپ ئەزالىرىغا قايتۇرۇلدى.

## §4. دۆلەت سودىسى

مىنگونىڭ 4- يىلى (1915- يىلى)، باركۆلدە بىر مەزگىل ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى كۆن- خۇرۇم، يۇڭ شىركىتى قۇرۇلدى. مىنگونىڭ 27- يىلى (1938- يىلى)، شىنجاڭ ئۆلكىلىك قۇرۇلۇش نازارىتى باركۆلدە يەرلىك مەھسۇلات شىركىتى قۇرۇپ، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىپ، سوۋېتتىن ئىمپورت قىلغان ھەر خىل رەخت،

قازان- قومۇچ، چاي، قەنت- گېزەك، مەدەنىيەت بۇيۇمى قاتارلىقلارنى مىڭكونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) تىجارىتى توختىغىچە سودا قىلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950- يىل 6- ئايدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك سودا نازارىتى قۇمۇلدا ماددىي ئەشيا يۆتكەش پونكىتى تەسىس قىلدى؛ شۇ يىلى 10- ئايدا، ماددىي ئەشيا يۆتكەش پونكىتى ئاساسىدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك سودا شىركىتى قۇمۇل شۆبىسى قۇرۇلدى، ئىشچى- خىزمەتچىسى 48 گە يەتتى، قارمىقىدا ئۈن بۆلۈمى، يۇڭ- تېرە، يەرلىك مەھسۇلاتلار بۆلۈمى، كۆمۈر زاۋۇتى ۋە قۇمۇلنىڭ تەگرىتاغ، تاشۆبلىق، توغۇچى، يەتتە قۇدۇق، باركۆل، ئاراتۈرۈك قاتارلىق جايلاردا ئالتە كۆچمە مال سېتىش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىپ، ئاشلىق، پاختا رەخت، يېمەكلىك تۇز، نېفىت، كۆمۈر قاتارلىق ئاساسلىق تاۋارلارنى ساتتى ۋە چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالدى. شۇ مەزگىللەردە پەقەت بىر رىزىنكە چاقلىق ئات هارۋىسى، ئىككى ئېتى بار ئىدى. شۇ يىلى 12- ئايدا، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلارنى تەمىنلەش بازىرىنى ئېچىش ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشقا ياردەملىشىش ئۈچۈن، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرى قىزىل بۇلتۇز ماگىزىنىنى ئاچتى (كوپىراتىپ)، 1953- يىلىدىن كېيىن، كەينى- كەينىدىن رەخت شىركىتى، هاراق- تاماكا مەخسۇس سېتىش شىركىتى قاتارلىقلار قۇرۇلدى. 1960- يىلىغا كەلگەندە، دۆلەت سودىسى ئاپپاراتى، تور نۇقتىسى 238 گە ، ئادىمى 3977 گە يەتتى. 1977- يىلى سودا ئاپپاراتى، تور نۇقتىسى 104 كە، ئادىمى 1200 گە چۈشۈپ قالدى. 1979- يىلى سودا ئاپپاراتى، تور نۇقتىسى 116 گە، ئادىمى 1985 كە، 1985- يىلى سودا ئاپپاراتى، تور نۇقتىسى 159 غا، ئادىمى 2322 گە، 1990- يىلى سودا تور نۇقتىسى 169 غا، ئادىمى 2509 غا يەتتى.

1955- يىلى، ۋىلايەت بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 11 مىليون 136 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سودىسى 37.76% نى ئىگىلەپ، 1953- يىلىدىكىدىن 12.45% ئاشتى. 1956 - يىلى، ۋىلايەت بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 13 مىليون 373 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سودىسى 41.34% نى ئىگىلىدى.

1958- يىلى، ۋىلايەت بويىچە تەمىنات- سودا كوپېراتىپى بىلەن دۆلەت سودىسى بىرلەشتۈرۈلدى. ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرى، ھەمكارلىق دۇكانلىرىدا «تاقاش، توختىتىش، قوشۇۋېتىش، ئۆتكۈزۈپ بېرىش» يولغا قويۇلۇپ، كىچىك دۇكانلار، ئۇششاق سودا قىلىدىغانلار بىراقلا دۆلەت سودىسى كەسپىگە كىرگۈزۈلدى. 1957- يىلى، دۆلەت سودىسى تىجارەت سوممىسى ئىجتىمائىي تاۋارلار پارچە سېتىلىش سوممىسىنىڭ 45.03% ىنى ئىگىلىدى. 1958- يىلىغا كەلگەندە 83.53% نى ئىگىلەپ، دۆلەت سودىسى بىراقلا مەركەزلىشىپ، سانائەت، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋە شەھەر، يېزا خەلقىنىڭ تۇرمۇشىغا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. 1963 — 1965 - يىلىغىچە تەڭشەش ئارقىلىق، سودا ئىگىلىكى ۋە تاۋار سېتىۋېلىش، سېتىپ چىقىرىش ئاساسىي جەھەتتىن 1956- يىلىدىكى سەۋىيە بىلەن تەڭلەشتى.

1966 — 1976 - يىلىغىچە بولغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ۋىلايەتنىڭ تاۋار ئوبوروت سوممىسىنىڭ ئېشىشى ئاستا بولدى. 1975- يىلى سېتىۋېلىنغان تاۋارلارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 60 مىليون 540 يۈەنگە، سېتىلغان ئومۇمىي قىممىتى 72 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1966- يىلىدىكىدىن سېتىۋېلىنغىنى 105.14%، سېتىلغىنى 163.3% ئاشتى، ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1966- يىلىدىكىدىن 76.5% ئاشتى.

1980- يىلىدىن كېيىن، سودا تۈزۈلمىسى تەڭشەلدى ۋە ئىسلاھ قىلىندى، تاۋارلارنىڭ ئوبوروت يوللىرى راۋانلىشىپ، قۇمۇل بازىرىدا تاۋارلارنىڭ سېتىۋېلىنىش، سېتىش ئەھۋالى تېزدىن ياخشىلاندى. 1980- يىلىنى 1976- يىلىغا سېلىشتۇرغاندا، تاۋارلارنىڭ سېتىۋېلىنىش ئومۇمىي قىممىتى 1976- يىلىدىكىدىن 3.52 ھەسسە، سېتىلىش

قىممىتى 2.23 ھەسسە، ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش قىممىتى 1.6 ھەسسە ئاشتى. 1985- يىلى 1980- يىلىغا سېلىشتۇرغاندا، سېتىۋېلىنغان تاۋارلارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى %87.03، سېتىلىش ئومۇمىي قىممىتى %87.9، ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى %98.55 ئاشتى. 1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 408 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1985- يىلدىكىدىن بىر قاتلىنىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %14.8 ئاشتى؛ تاۋارلارنى سېتىۋېلىش ئومۇمىي قىممىتى 144 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1984- يىلدىن باشلاپ، شەھەر- بازارلاردىكى دۆلەت ئىلكىدىكى سودا كارخانىلىرىنىڭ تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىندى، ۋە كارخانىلار تەرتىپكە سېلىندى، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئايرىشتا، مەمۇرىي ئورۇنلار ئىخچاملىنىپ، ھوقۇق تۆۋەنگە چۈشۈرۈلۈپ، مەمۇرىي باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. كىچىك تىپتىكى كارخانىلارغا قارىتا تىجارەتنى قويۇۋېتىپ، باشقۇرۇشنى ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1985- يىلىنىڭ بېشىدا، ۋىلايەتلىك، ناھىيە (شەھەر) لىك سودا باشقارمىسى (ئىدارە) لىرى مەمۇرىي شىئاتقا كىرگۈزۈلۈپ، كارخانىلارغا ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقى، مالىيە باشقۇرۇش ھوقۇقى، قىسمەن باھا باشقۇرۇش ھوقۇقى، قىسمەن ئەمگەك - مائاش ۋە كادىر باشقۇرۇش ھوقۇقى بېرىلىپ، كارخانىلارنىڭ پىلان، باشقۇرۇش ھوقۇقى كېڭەيتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنىڭ تىجارەت قىلىشنى قويۇۋېتىشنىڭ ئۈچ خىل چارىسى بويىچە، تەدرىجىي ئۆتۈنۈپ بېرىش، ئۆزگەرتىش، ئىجارىگە بېرىش يولغا قويۇلدى. 1985- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 119 دۆلەت ئىلكىدىكى سودا تور نۇقتىسىدىن 65 ى ئىسلاھ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى بىر، دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدا بولغان كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكىسى 19، بىۋاسىتە كوللېكتىپ ئىگىلىكىگە ئۆتكىنى 38، ئىجارىگە بېرىلگىنى يەتتە.

ۋىلايەت دۆلەت ئىلكىدىكى سودا كارخانىلىرىنى تەرتىپكە سالدى ۋە ئىسلاھ قىلدى، 1985- يىلى تاۋارلارنىڭ سېتىۋېلىنىش ئومۇمىي قىممىتى 191 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە، سېتىلىش ئومۇمىي قىممىتى 229 مىليون 540 مىڭ يۈەن، دۆلەتكە تاپشۇرۇلغان پايدا- باج 5 مىليون 129 مىڭ يۈەنگە، پايدا 8 مىليون 904 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 119 سودا تور نۇقتىسى بولۇپ، ئىشچى- خىزمەتچىسى 2322 گە يەتتى.

1987 – 1990 - يىللىرىچە، ھۆددىگە بېرىپ باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى. ۋىلايەت بويىچە سودا كارخانىسىدىن 21 ى 1- قېتىملىق ھۆددىگە بېرىپ باشقۇرۇشنى يولغا قويغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق يەتتە كارخانا تەكشۈرۈلدى. 1988- يىلى سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 199 مىليون 218 مىڭ يۈەنگە يېتىپ 1987 – يىلدىكىدىن %31.53، پايدا 8 مىليون 10 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، %73.91، مالىيىگە تاپشۇرۇلغىنى 3 مىليون 89 مىڭ 100 يۈەنگە يېتىپ %25.65 ئاشتى.

**[قوشۇمچە] مىنگو دەۋرىدىكى سوۋېت ـ شىنجاڭ سودا شىركىتى قۇمۇل سودا ئىشلىرىنى ۋاكالىتەن باشقۇرۇش باشقارمىسى**

سوۋېت ـ شىنجاڭ سودا شىركىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مىنگونىڭ 26- يىلى (1937- يىلى) 10- ئايدا، قۇمۇلدا مەزكۇر شىركەتنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق سودا ئىشلىرىنى ۋاكالىتەن باشقۇرۇش باشقارمىسى قۇرۇلدى. ئاساسلىق خىزمەتچىلىرىنى ئۇرۇمچى شىركىتى تەيىنلىدى، ئادەتتىكى ئىشچىلارنى قۇمۇل ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئىشلەتتى، مۇھاپىزەتچىلىرىنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئورۇنلاشتۇردى.

بۇ ۋاكالىتەن ئىش بېجىرىش باشقارمىسى ئۈرۈمچىنىڭ سوۋېت ـ شىنجاڭ سودا شىركىتىنىڭ قۇمۇلغا ئەۋەتكەن ئورگىنى بولۇپ، مىنگونىڭ 30- يىلى (1941- يىلى)، بۇ شىركەت سودا ئېھتىياجىدىن قۇمۇلنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى سىرتىدىكى بوش ئورۇندا يوڭ يۇيۇش زاۋۇتى قۇردى. يوڭ زاۋۇتىنىڭ تۆگە باققۇچىسى، بال يۇتكەش، يوڭ يۇيۇش، پېرىيومچى ئىشچىلىرىنى ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ۋاكالىتەن ياللاپ ئىشلەتتى. ترانسپورت ئىشلىرى

ئالدىراش، تولۇقسىز ئىقتىدارى يېتىشمىگەن ئەھۋالدا، ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ۋاكالىتەن ئاپتوموبىل يالاپ ئۆرۈمچىگە توشۇيتتى. يوللاردىمۇ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ساقچى تەيىنلەپ قوغداپ ماڭاتتى. ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى سابىق ۋالىي مەھكىمىسىدە كاتىپلىق قىلىۋاتقان ۋاڭ مىڭشياگنى مەسئۇل قىلىپ، مەخسۇس سودا ـ ئىقتىساد ئاخباراتى يىغىشقا تونۇشتۇردى.

مەزكۇر ئورۇن قۇمۇلدىكى سودىگەرلەر بىلەن سودا ئىشلىرى مۇناسىۋىتىدە بولغاندا، ئالدى بىلەن سودا ئىشلىرى توختامنامىسى ئىمزالاپ، ئاندىن ۋاكالىتەن ئىش بېجىرىش باشقارمىسى سوۋېت ـ شىنجاڭ سودا شىركىتىدىن مال ئالاتتى. مال قۇمۇلغا كەلگەندە، مەزكۇر باشقارمىنىڭ دىرېكتورى ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىغا مال ئىگىسىنىڭ ئېلىۋېلىشىنى ئۇقتۇراتتى. سودىگەرلەر سېتىشتىن ئىلگىرى چوقۇم قۇمۇل ناھىيىلىك سودا- سانائەتچىلەر جەمئىيىتى تەكشە باھا كومىتېتىغا باھالاتقاندىن كېيىن ساتاتتى. ناھىيىلەردىكى سودىگەرلەر توختامغا ئاساسەن تاپشۇرغان يۈك، تېرىلەر يۆيۈلۈپ پېرىيوم قىلىنغاندىن كېيىن ئاپتوموبىل، تۆگە، ئايروپىلان بىلەن ئۆرۈمچىدىكى شىركەتكە توشۇلاتتى.

مىنگونىڭ 31- يىلى (1942- يىلى)، گومىنداڭ شىنجاڭغا كىردى، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆرۈمچىدىكى سوۋېت ـ شىنجاڭ سودا شىركىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ۋاكالىتەن ئىش بېجىرىش باشقارمىسىلا قالدى.

مىنگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى)، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلدى. شۇ يىلى جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان مال ئالماشتۇرۇش توختامىدا: جۇڭگو تەرەپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئاز ساندا قوي يۇڭى، ۋولفرام كېپىكى، قوغۇشۇن ۋە قەلەي قاتارلىقلارنى تاپشۇرۇشى لازىم، دەپ يېزىلدى. بۇ ماللار پۈتۈنلەي توشۇلۇپ بولمىغانلىقتىن، شىڭشىڭشيادا ۋاقىتلىق ۋاكالىتەن ئىش بېجىرىش پونكىتى تەسىس قىلىنىپ، ئالماشتۇرۇلىدىغان ماللار مەخسۇس قوبۇل قىلىندى. ۋاكالىتەن ئىش بېجىرىش پونكىتىغا بىر ۋاكالىتەن بېجىرگۈچى (بېدولوف)، ئىككى ئىشچى (ئوسمانجان، ئايسىخان) قويۇلدى. قوغداش خىزمىتىنى شىڭشىڭشيا ساقچى ئىدارىسى ئۈستىگە ئالدى. بەزى بۇيۇملارنى سېتىۋېلىشنىمۇ مەزكۇر ئىدارە ۋاكالىتەن بېجىردى.

مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) ئەتىيازدا، ئىككى تەرەپنىڭ ئالماشتۇرۇشقا تېگىشلىك ماللىرىنىڭ ھەممىسى توشۇپ بولۇندى. مەزكۇر باشقارما ۋە شىڭشىڭشيادىكى ۋاكالىتەن ئىش بېجىرىش ئورنى بۇيرۇققا بىنائەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئۆيلىرى قۇمۇل ۋالىي مەھكىمىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، مال- مۈلكى ساقچى ئىدارىسى تەرىپىدىن ئەرزان باھادا سېتىۋېتىلدى، سوۋېت تەۋەلىكىدىكى خادىملار ئۆز دۆلىتىگە قايتتى.

# III باب

# ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى تىجارىتى

مىنگو دەۋرىدە، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىچكى ئۆلكىلەردىن ياكى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كېلەتتى. مىنگونىڭ 26- يىلى (1937- يىلى) 4- ئايدا، سوۋېت ـ شىنجاڭ سودا شىركىتى قۇمۇل سودا ئىشلىرىنى بېجىرىش باشقارمىسى قۇرۇلۇپ، زور تۈركۈمدىكى سوۋېت ماللىرى بازارغا كىردى. قۇمۇل ۋىلايىتى ئوت ئۇرۇش ماشىنىسى، سېيالكا كىرگۈزۈپ، ئۆلكە كۆرسەتتى.

## §1. ئاپپاراتلار

1950- يىلى 6- ئايدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك سودا نازارىتى قومۇلدا ماددىي تەمىنات ئالماشتۇرۇش پونكىتى تەسىس قىلدى. 10- ئايدا، ماددىي تەمىنات ئالماشتۇرۇش پونكىتى ئاساسىدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك سودا شىركىتىنىڭ قومۇل ۋىلايەتلىك شۆبىسى تەسىس قىلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تراكتور، كومبايىنلىرىنى قومۇلغا كىرگۈزدى. 1959- يىلىدىن ئىلگىرى، قومۇلدا ماددىي تەمىنات ئالماشتۇرۇش پونكىتى يوق ئىدى. لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈر يولى قومۇلغا كەلگەندىن كېيىن، ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ماددىي تەمىناتلىرى قومۇلغا كىردى. 1961- يىلى 4- ئايدىن ئىلگىرى، ۋىلايەتكە ئېھتىياجلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى سودا تارماقلىرى بىر قىسمىنى تەشكىللەپ تەمىنلىگەندىن سىرت، ئاساسەن ۋىلايەتلىك پىلان كومىتېتى ماددىي تەمىناتلارنى باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى بىر تۇتاش باشقۇرۇپ تەقسىملىدى. 1961- يىلى 4- ئايدا، ۋىلايەتلىك ماددىي تەمىنات تەمىنلەش ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1962- يىلى 11- ئايدا، ۋىلايەتلىك ماددىي تەمىنات باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، ئىشچى- خىزمەتچىسى 12 گە يېتىپ، ۋىلايەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى باشقۇرۇش، تەڭشەش ۋە تەمىنلەش خىزمەتلىرىگە بىر تۇتاش مەسئۇل بولدى. 1975- يىلى 9- ئايدا، ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى شىركىتى، 1978- يىلى 3- ئايدا، مېتال ماتېرىياللىرى يىغىۋېلىش شىركىتى قۇرۇلدى. 1979- يىلى 4- ئايدا، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى مۇلازىمەت شىركىتى؛ 10- ئايدا ماشىنىسازلىق ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى، يېنىك سانائەت ـ خىمىيە سانائىتى ـ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ۋە مېتال ماتېرىياللىرى قاتارلىق ئۈچ كەسپىي شىركەت قۇرۇلۇپ، پايدا- زىيانغا ئۆزى ئىگە بولىدىغان، مۇستەقىل تىجارەت قىلىدىغان ماددىي تەمىنات كارخانىسى قىلىندى. 1984- يىلى 10- ئايدا، ۋىلايەتلىك ماددىي تەمىنات ئىدارىسى ۋىلايەتلىك ماددىي تەمىنات شىركىتىگە ئۆزگەرتىلىپ، ماددىي تەمىناتلارنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ۋە ماددىي تەمىنات كارخانىسىدىن ئىبارەت ئىككى خىل فۇنكسىيىنى يۈرگۈزدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى تىجارىتىدە يىلمۇ يىل زىيان كۆرۈلدى. 1977- يىلىدىن باشلاپ زىيان پايدىغا يۈزلەندى. 1990- يىلى، پايدا 1 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت كارخانىلىرى ياراتقان پايدا 791 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە ۋىلايەت دەرىجىلىك بەش ماددىي تەمىنات كارخانىسى، ئۈچ شەھەرلىك، ناھىيىلىك ماددىي تەمىنات شىركىتى، 10 تەمىنلەش تور نۇقتىسى بولۇپ، ئىشچى- خىزمەتچىسى 242گە يەتتى.

## §2. سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى تىجارىتى

**1. پولات ماتېرىيال**

1950- يىللاردا، مېتال ماتېرىياللارنى ئاساسلىقى ۋىلايەتلىك پىلان كومىتېتى ۋە سودا تارماقلىرى تەمىنلەيتتى. 1960- يىللارنىڭ باشلىرىدا، ۋىلايەتلىك ماددىي تەمىنات ئىدارىسى ئاپتونوم رايونلۇق مېتال شىركىتىگە تەمىنلەش پىلانىنى يوللىغاندىن كېيىن، بۇ شىركەت تەقسىملەپ تەمىنلىدى. 1979- يىلى، ۋىلايەتلىك مېتال ماتېرىياللىرى

شىركىتى قۇرۇلدى.

1979 – 1985 - يىللىرىغىچە، 30 خىل پولات ماتېرىيال خېرىدارلارغا كەڭتاشا سېتىلدى. 1980- يىلى، 3931 توننا پولات ماتېرىيال، 3.4 توننا رەڭلىك مېتال، 350 توننا چويۇن سېتىلدى. 1986- يىلى، 13 مىڭ 124 توننا پولات ماتېرىيال، 1042 توننا چويۇن، 20.3 توننا رەڭلىك مېتال سېتىلدى. 1990- يىلى، 7754 توننا پولات ماتېرىيال، 19.3 توننا رەڭلىك مېتال سېتىلدى.

2. يېنىك سانائەت، خىمىيە سانائىتى بىناكارلىق ماتېرىيالى

1961- يىل 4- ئايدىن كېيىن، يېنىك سانائەت، خىمىيە سانائىتى بىناكارلىق ماتېرىياللىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ بىر تۇتاش باشقۇرۇپ تەمىنلەش يولغا قويۇلدى. 1979- يىل 10- ئايدا، ۋىلايەتلىك يېنىك سانائەت – خىمىيە سانائىتى، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى شىركىتى قۇرۇلۇپ، تۈزۈلمە جەھەتتە پىلانلىق تەمىنلەش بىلەن بازاردا سېتىش شەكلىنى قوللىنىپ، كۆپ يوللۇق، ئاز ھالقىلىق يېنىك سانائەت، خىمىيە سانائىتى، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ئوبوروت بازىرى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى.

1950 – 1960 - يىللارغىچە، يەرلىكتە ئىشلەپچىقىرىلغان يېنىك سانائەت، خىمىيە سانائىتى، بىناكارلىق ماتېرىياللىرىدىن تازىلانغان شور، ئىشقار، مىرابلىت پاراشوكى ھەم سېمونت، قىزىل خىش قاتارلىقلار بار. 1970-، 1980- يىللاردا، يەرلىك مەھسۇلاتتىن ئىشقارلىق سۇلفىد، بېتون قويۇلما، سۇۋالغۇ، ھەر خىل تاش ماتېرىيال، پارۋاي، پولات ئىشىك- دېرىزە قاتارلىقلار بارلىققا كەلدى. سىرتتىن سۇلفات كىلاتاسى، كۆيدۈرۈلگۈچى ئىشقار، ساپ شۇلتا بالون، سېمونت، تاختا ئەينەك ۋە ياغاچ ماتېرىيال كىرگۈزۈلدى. 1979- يىلى، سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 4 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە، 1985- يىلى 7 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە، 1990- يىلى 8 مىليون 856 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1987- يىل 1- ئايدىن باشلاپ ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى. 1987- يىل 1- ئايدىن 1990- يىل 12- ئايغىچە، سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 29 مىليون 811 مىڭ يۈەنگە، يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىم 7 مىليون 453 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ھۆددىگە بېرىلىشتىن ئىلگىرىكى 1986- يىلدىكىدىن 28.17% ئاشتى.

3. ماشىنا - ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى

مىنگو دەۋرىدە، ئاز مىقداردىكى ئېھتىياجلىق ماشىنا - ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى ئاساسلىقى ئىمپورت قىلىندى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىن ئېلىپ كېلىندى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1961- يىلدىن ئىلگىرى، ئېھتىياجلىق بولغان ماشىنا - ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى ۋىلايەتلىك پىلان كومىتېتىنىڭ ماددىي ئەشيا گۇرۇپپىسى ۋە سودا تارماقلىرى تەشكىللەپ تەمىنلىدى. 1961- يىل 4- ئايدا، ماددىي ئەشيا ئىدارىسى تەشكىللەپ تەمىنلەيدىغان بولدى. 1979- يىل 10- ئايدا، ۋىلايەتلىك ماشىنا - ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى شىركىتى قۇرۇلۇپ، ۋىلايەتنى ئاساسلىق ماشىنا - ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى بىلەن تەمىنلىدى.

1962- يىلى، بىر تۇتاش تەقسىملىنىدىغان ماشىنا - ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرى 97 خىلغا يەتتى. 1979- يىلدىن كېيىن، بازارنىڭ تەڭشەش دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، بىر تۇتاش تەقسىملىنىدىغان ماشىنا - ئېلېكتر مەھسۇلاتى 11 خىلغا ئازايدى.

1963- يىلى، سېتىلغان ماشىنا- ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرىنىڭ قىممىتى 178 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1981- يىلدىن باشلاپ پايدىغا قاراپ يۈزلەندى.

1983- يىلى، ئاساسلىق مەھسۇلاتلاردىن 24 ئاپتوموبىل، 44 توننا كەپشەر چوكىسى، ئۈچ پارقازان، سەككىز تراكتور، يەتتە پرىتسېپ سېتىلىپ، ئومۇمىي سېتىلىش سوممىسى 2 مىليون 319 مىڭ 200 يۈەننىڭ 44% نى

ئېگىلىدى.

1985- يىلى سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 5 مىليون 817 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى.

1985- يىلى، ماشىنا - ئېلېكتر شىركىتىدە ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇش يولغا قويۇلۇپ، ئىشچى- خىزمەتچىسى ئۆز ھۆددىگەرلىك گۇرۇپپىسىغا بۆلۈنۈپ، ۋەزىپىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى شۇ كىشىنىڭ مۇكاپاتى بىلەن چېتىلدى. 1986- يىلى 4 مىليون 789 مىڭ يۈەنلىك ماشىنا - ئېلېكتر ئۈسكۈنىسى سېتىلدى، 65 ئاپتوموبىل، 37 يۈك ئاپتوموبىلى، 23 تونىلىق 12 سانائەت پارقازانى، 211 ئېلېكتر ماتور (981 كىلوۋات)، 33 مىڭ 900 شارك يۇرۇش سېتىلدى، سېتىلىش كىرىمى 5 مىليون 178 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1990- يىلى 5 مىليون 850 مىڭ يۈەنلىك ماشىنا - ئېلېكتر ئۈسكۈنىسى، 93 ئاپتوموبىل (بۇنىڭ ئىچىدە يۈك ئاپتوموبىلى 22 )، 30 تونىلىق ئۈچ سانائەت پارقازىنى، 162 ئېلېكتر ماتور (748 كىلوۋات)، 33 مىڭ يۇرۇش شارك سېتىلدى، سېتىش كىرىمى 6 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1956 – 1990 - يىلىغىچە، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مېتال بۇيۇملار شىركىتىنىڭ ئىشچى- خىزمەتچىلەر قوشۇنى ئۈزلۈكسىز زورايدى، ئىقتىسادىي ئۈنۈممۇ ئاشتى. 1985- يىلى، 30 مىليون 160 مىڭ يۈەنلىك مال سېتىۋېلىنىپ، سېتىلىش ئومۇمىي قىممىتى 31 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە، ئايلانما مەبلىغى 770 مىڭ يۈەنگە، دۆلەتكە تاپشۇرغان پايدا- باج 990 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، سودا مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «مەملىكەتلىك ئىلغار كارخانا» دېگەن نامغا ئېرىشتى. 1990- يىلى 45 مىليون يۈەنلىك مال سېتىۋېلىنىپ، سېتىلىش ئومۇمىي قىممىتى 47 مىليون يۈەنگە، ئايلانما مەبلىغى 880 مىڭ يۈەنگە، دۆلەتكە تاپشۇرغان پايدا- باج 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

4. ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى

1950-، 1960- يىللاردا، ۋىلايىتىمىزنىڭ رېمونتچىلىق كەسپىدىكى قاتناش ئاپتوموبىللىرىنىڭ زاپچاسلىرىنى ئاساسلىقى ۋىلايەتلىك ماددىي ئەشيا ئىدارىسى تەمىنلىدى. بىر قىسىملىرى ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك، ناھىيىلىك ترانسپورت شىركىتى ۋە رېمونت زاۋۇتلىرىدىن كەلتۈرۈلدى. 1960- يىلىنىڭ باشلىرىدا، ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى بىلەن تەمىنلەش جىددىي بولغان مەزگىلدە، ئۆزلىرى ياسىغاندىن باشقا، كۆپىنچىسى ئىچكى ئۆلكىلەردىن سېتىۋېلىندى.

ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى شىركىتى 1975- يىل 9- ئايدا قۇرۇلدى. 1988- يىلى ئىشچى- خىزمەتچىسى 41 گە يېتىپ، ئاساسلىقى ۋىلايەتتىكى ئاپتوموبىللارنىڭ پارچە زاپچاسلىرىنى سېتىۋېلىش، سېتىش كەسپىنى ئۈستىگە ئالدى. 1980- يىلى ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليون 110 مىڭ يۈەنلىك مال كىرگۈزۈلۈپ، سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1990- يىلى ھەر خىل ئاپتوموبىللار پارچە زاپچاسلىرىدىن 5000 خىلدىن ئارتۇقى سېتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە بالون، «212» تىپلىق ئاپتوموبىللارنىڭ ماتورى، موتسىكلىتلارنىڭ سېتىلىشى ئەڭ تېز بولدى. پەقەت ئاپتوموبىلنىڭ بالونىدىنلا يىللىق سېتىلىش سوممىسى 700 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق بولۇپ، يىللىق سېتىلىش ۋەزىپىسىنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە بەزى تۈرى، مىقدارى ئاز بولغان زاپچاسلارنى سېتىۋېلىپ، ئىمپورت قىلىنغان ئاپتوموبىللارنى زاپچاس بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

1985 – 1990 - يىلىغىچە، ۋىلايەت بويىچە ترانسپورت، رېمونتچىلىق قاتارلىق دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانا ئورۇنلار 38 جايدا ئاپتوموبىل زاپچاسلىرىنى سېتىش دۇكىنى، ماگىزىنلىرىنى ئېچىپ (تۆمۈريول ۋە تارانچىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئومۇمىي مۈلكىنى تەخمىنەن 10 مىليون يۈەنگە يەتكۈزدى. تىجارەت تۈرى 200 خىلدىن ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ھەر خىل تىپتىكى ماتور پارچە زاپچاسلىرى تەخمىنەن 70% تىن ئاشتى. كوللېكتىپ، يەككە تىجارەت تور نۇقتىسى 40 نەچچىگە، ئومۇمىي مۈلكى ئاز كەم 1 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، كەسپكارى 90 نەچچىگە يەتتى. تىجارەت مەھسۇلاتلىرىدىن دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن، ئىمپورت قىلىنغان ئاپتوموبىل پارچە زاپچاسلىرى ئاساس، تراكتور، موتسىكلىت پارچە زاپچاسلىرى قوشۇمچە سېتىلدى. بۇ تىجارەت تور نۇقتىلىرىنىڭ كۆپىنچىلىرى شەھەرگە مەركەزلەشتى

(بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل شەھىرىنىڭ تەخمىنەن 75% نى ئىگىلەيدۇ)، ئاز ساندىكىلىرى يېزا- بازار ۋە قاتناش يوللىرىنىڭ مۇھىم ئېغىزلىرىغا جايلاشتى.

**قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ بىر قىسىم يىللاردىكى ئاساسلىق ماددىي ئەشيا تەمىنلەش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 14 – 3

| يىللار | پولات ماتېرىيال (توننا) | سېمونت (توننا) | تاختا ئەينەك (ساندۇق) | ماشىنا ـ ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى (تۈمەن يۈەن) | يۈك ئاپتوموبىلى (دانە) | كۆيدۈرگۈچى ئىشقار (توننا) | ساپ سۇلتا (توننا) | باللون (يۈرۈش) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1963 | 625 | 1794 | 1240 | 40 | | | | 390 |
| 1965 | 617 | 2456 | 1074 | 58 | | | | 410 |
| 1970 | 456 | 4098 | 876 | 88 | 2 | 10 | 50 | 754 |
| 1975 | 1376 | 6254 | 1127 | 144 | 4 | 20 | 80 | 1897 |
| 1980 | 5249 | 6719 | 1834 | 385 | 78 | 46.5 | 68 | 1726 |
| 1985 | 14349 | 38069 | 46840 | 862 | 230 | 35 | 892 | 1893 |
| 1989 | 9283 | 3921 | 16859 | 966.7 | 59 | 211 | 252 | 2041 |
| 1990 | 7754 | 598 | 51474 | | 77 | | 486 | 1088 |

## §3. دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى تىجارىتى

ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك تەمىنات- سودا كوپېراتىپلىرى كىچىك دېھقانچىلىق سايمانلىرى تىجارىتىدىن يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرى، خىمىيۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىسى، دورا چېچىش ماشىنىلىرى، تراكتور، ئىچىدىن يانىدىغان دۋىگاتېل زاپچاسلىرى، تېرىلغۇ ئۇلاغلىرىنى تەگشەشنى، سورتلۇق ئۇرۇقلۇق بىلەن تەمىنلەشنى يىلمۇ يىل كۆپەيتتى. 1980- يىلىدىن كېيىن، دېھقانچىلىق ماددىي ئەشيالىرى بىلەن تەمىنلەش مىقدارى ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ، سېتىش سوممىسى ئاشتى.

1950 – 1990 - يىلىغىچە بولغان 41 يىلدا، دېھقانچىلىق ماددىي ئەشيا تىجارەت تۈزۈلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى

تۆپەيلىدىن، تەمىنات- سودا كوپىراتىپى سىستېمىسى 1955- يىلى ئۇرۇقچىلىق كەسپىنى ئۇرۇقچىلىق تارماقلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. 1964- يىلى، چوڭ، ئوتتۇرا تىپلىق دېھقانچىلىق ماشىنا سايمانلىرى، تراكتور، ئىچىدىن يانىدىغان دۋىگاتېل زاپچاسلىرى، سۇغىرىش سۇ چىقىرىۋېتىش مۇئەسسەسىلىرى قاتارلىقلارنى مەبلەغ ۋە خادىملار بىلەن بىرلىكتە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى تارماقلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. كېيىن يەنە چارۋا ماللارنى قوغدايدىغان سايمانلاردىن ئوۋ مىلتىقى ھەم ئوق- دورا قاتارلىقلارنى ج خ تارماقلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئوتتۇرا، كىچىك دېھقانچىلىق سايمانلىرى، ئات، ھارۋا جابدۇقلىرى، باغۋەنچىلىك سايمانلىرى، خىمىيۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىلىرى، دورا چېچىش سايمانلىرى، تېرىلغۇ ئۆلاغلىرى قاتارلىق ھەر خىل دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى يەنىلا تەمىنات- سودا كوپىراتىپلىرى باشقۇردى.

1978- يىلدىن ئىلگىرى، دېھقانچىلىق ماددىي ئەشيالىرىدا مال مەنبەلىرىنى تەشكىللەش، توپ سېتىش، ساقلاش ئىشلىرىغا ئاپتونوم رايونلۇق تەمىنات- سودا كوپىراتىپى قوشۇل ئۇنىۋېرسال پونكىتى مەسئۇل بولدى. دېھقانچىلىق ماددىي ئەشيالىرىغا بولغان ئېھتىياج ئۈزلۈكسىز ئاشقانلىقتىن، تەمىنلەش مىقدارى يىلمۇ يىل ئۆستى. 1978- يىل 7- ئايدا، ئۇنىۋېرسال پونكىت ئاساسىدا، ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى شىركىتى قۇرۇلۇپ (دېھقانچىلىق ماددىي ئەشيالىرىنى سېتىۋېلىش - تەمىنلەش پونكىتى)، ۋىلايەتنىڭ دېھقانچىلىق ماددىي ئەشيالىرىنى سېتىۋېلىش، سېتىش، تەڭشەش، ساقلاش قاتارلىق كەسپلىرىگە مەسئۇل بولدى.

1987- يىلدىن باشلاپ، خىمىيۋى ئوغۇتقا قارىتا ئاشلىق بىلەن خىمىيۋى ئوغۇتنى باغلاش چارىسى يولغا قويۇلدى. 1989- يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى دېھقانچىلىق دورىلىرى، خىمىيۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇقلارنى تەمىنات- سودا كوپىراتىپى تىجارەت قىلىشنى، باشقا ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ تىجارەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقىنى قارار قىلدى.

1. ئوتتۇرا- كىچىك تىپلىق دېھقانچىلىق سايمانلىرى

ئوتتۇرا- كىچىك تىپلىق دېھقانچىلىق سايمانلىرى تۆمۈر، ياغاچ، قومۇش، تېرە قاتارلىقلاردىن ياسىلىدۇ. 1962- يىلدىن كېيىن، ئاساسىي قاتلام تەمىنات- سودا كوپىراتىپلىرىنىڭ مەركىزىي ماگىزىنلىرىدا دېھقانچىلىق سايمانلىرى مەخسۇس پۇكەيي تەسىس قىلىنغان بولۇپ، 100 خىلدىن ئارتۇق سايمان سېتىلدى. 1952 – 1957 - يىللىغىچە، ۋىلايەت بويىچە ھەر خىل كىچىك تىپلىق دېھقانچىلىق سايماندىن 49 مىڭ 274 ى تەمىنلىنىپ، ئومۇمىي قىممىتى 390 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1962 – 1965 - يىللىغىچە، ھەر خىل كىچىك تىپلىق دېھقانچىلىق سايمىنىدىن 96 مىڭ 430 ى تەمىنلەندى. 1977- يىلدىن كېيىن، كىچىك تىپلىق دېھقانچىلىق سايمانلىرى بىلەن تەمىنلەش ھەسسىلەپ ئاشتى، ئۆز جايىدا پىششىقلاپ ئىشلەنگەنلىرى ئېھتىياجنى قاندۇرالمىغانلىقتىن، ھەر يىلى سىرتتىن 20 مىڭدىن 30 مىڭغىچە سېتىۋېلىندى.

2. يېڭى تىپلىق دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى كېڭەيتىپ تەمىنلەش

1953- يىلدىن باشلاپ، مەمۇرىي مەھكىمە ۋە ناھىيەلەرنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى يېڭى تىپلىق دېھقانچىلىق سايمىنىدىن قوش كالتەكلىك ئىككى چىشلىق ساپان، قوش كالتەكلىك بىر چىشلىق ساپانلارنى كېڭەيتىپ قوللىنىشقا ئەھمىيەت بەردى. 1955- يىلدىن باشلاپ ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىلدى. ئالدى بىلەن قوشۇل ناھىيىسىنىڭ

پالۋانتۇر، ئاستانە، تاشۋىلىق قاتارلىق رايون، يېزىلىرىدا كەڭ تەشۋىق قىلىنىپ، ئۈنۈملۈك ئۈلگە كۆرسىتىلدى. 1957- يىلىغا كەلگەندە، ۋىلايەت بويىچە تۈزلەڭلىكتىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ كۆپ قىسمى يېڭى تىپلىق دېھقانچىلىق سايمانلىرى بىلەن يەر ئاغدۇرىدىغان بولدى (تاغلىق رايونلار دېھقانچىلىقتا يەنىلا كونا تىپلىق دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىشلەتتى). شۇنىڭدىن كېيىن، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا 17.78 سانتىمېتىرلىق ساپان، 10 قۇرلۇق سېيالكا، ئاتقا سۆرىتىلىدىغان كومبايىن، دان ئايرىش ماشىنىسى، سۇ چىغىرىقى، لوكوموبىل قاتارلىقلار كېڭەيتىلدى. 1953- يىلى، ھەر خىل يېڭى تىپلىق 300 دېھقانچىلىق سايمىنى بىلەن تەمىنلەندى. 1954 – 1956 – يىلىغىچە 1961، 1957 – يىلى 703 يېڭى تىپلىق دېھقانچىلىق سايمىنى بىلەن تەمىنلەندى. 1962- يىلىدىن كېيىن، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى كېڭەيتىلىپ، ئاتقا سۆرىتىلىدىغان يېڭى تىپلىق دېھقانچىلىق سايمىنى يىلمۇ يىل ئازايدى.

### 3. دېھقانچىلىق دورىسى ۋە دېھقانچىلىق دورا سايمانلىرى تىجارىتى

1) دېھقانچىلىق دورىسى 1953- يىلىدىن ئىلگىرى، تەمىنات- سودا كوپېراتىپلىرى بىلەن دېھقانچىلىق تېخنىكا تارماقلىرى زىچ ئالاقە باغلاپ، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى قوغداش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ۋىلايەتلىك ئۇنىۋېرسال سېتىۋېلىش- تەمىنلەش پونكىتى مال كىرگۈزۈشكە، ناھىيىلەردىكى كوپېراتىپلار ۋە ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلىرى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنى تەمىنلەشكە مەسئۇل بولدى. تەمىنلەيدىغان تۈرلەر ئەسلىدىكى 3 - 4 خىلدىن 10 نەچچە خىلغا كۆپەيدى. ئىشلىتىش مىقدارى بىر قەدەر كۆپ بولغانلاردىن 6% تىن تۆۋەن بولغان «666» پاراشوكى بولۇپ، ئاساسلىقى باركۆل، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرىدە ئايروپىلان ياكى ئادەم كۈچى ئارقىلىق چېكەتكە يوقىتىشقا ئىشلىتىلدى؛ سېرىيان بۇغداي، كۆممىقوناق، ئاق قوناق قاتارلىقلارنىڭ ئۇرۇقىغا ئارىلاشتۇرۇلۇپ، باكتېرىيىلەرنى ئۆلتۈرۈش، قاراكۈيە كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىشقا ئىشلىتىلدى، يىلىغا 20 توننا دورا بىلەن تەمىنلەندى؛ 14% لىك نەمدەلگەن «666» پاراشوكى قويلاردىكى قوتۇر كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىشقا ئىشلىتىلىپ، قويلار ۋانىلاندى. دېھقانچىلىق رايونلىرىدا بۇ دورا ئارقىلىق يەر دېزىنفېكسىيە قىلىنىپ، يەر يولۋىسى يوقىتىلدى. 1965- يىلىدىن كېيىن، يۇقىرى ئۈنۈملۈك دېھقانچىلىق دورىلىرىدىن 40% لىك روگور، 80% لىك DDV ئېمۇلسىيىسى قاتارلىق سۇيۇق دورىلار يېڭىدىن كۆپەيدى، بۇلار ئاساسەن زىرائەت پىتلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىشقا ئىشلىتىلدى؛ يەنە 1065 ۋە 1059 قاتارلىق يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئىمپورت قىلىنغان دېھقانچىلىق دورىلىرىمۇ بار ئىدى. 1962 – 1965 - يىلىغىچە، ۋىلايەت بويىچە 408 توننا ھەر خىل دېھقانچىلىق دورىسى بىلەن تەمىنلەندى. 1970- يىللاردا، قۇمۇلدا يەنە ئوت – چۆپ يوقىتىش دورىسى كېڭەيتىلىپ ئىشلىتىلدى، بۇ دورىلاردىن باربان، سۇلۇق، دروپانىل قاتارلىقلار بار. 1980- يىلىدىن كېيىن، ئوت – چۆپ يوقىتىش دورىسى ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلدى.

1978- يىلىدىن كېيىن، يېڭى تىپلىق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك دېھقانچىلىق دورىسىدىن سىنىك فوسفور قاتارلىق 20 دىن ئارتۇق يېڭى دورا سېتىۋېلىندى. 1983- يىلى 1- ئايدا، گوۋۇيۈەن 666، DDV قاتارلىق قالدۇق تەسىرى يۇقىرى دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىپ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، زەھىرى تۆۋەن بولغان دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئىشلىتىشنى قارار قىلدى. يۇقىرى ئۈنۈملۈك بىر توننا دېھقانچىلىق دورىسى 10 توننا 666 غا توغرا كېلەتتى. شۇڭا، دېھقانچىلىق دورىلىرى بىلەن تەمىنلەش مىقدارى ئازايتىلدى. 1985- يىلى پەقەت 37 توننا، 1990- يىلى 11 توننا تەمىنلەندى.

**2) دېھقانچىلىق دورا سايمانلىرى** 1950- يىللاردا، دېھقانچىلىق دورا سايمانلىرىدىن پەقەت بىر تۈشۈكلۈك پۈركۈش ماشىنىسى، قول بىلەن پۈركۈش ماشىنىسى، كىچىك تىپلىق پۈركۈش ئەسۋابى قاتارلىق ئۈچ خىللا سېتىلدى. 1962- يىلدىن كېيىن، ۋىلايەتلىك ئۇنىۋېرسال پونكىت شاڭخەيدىن يۈدمە پۈركۈش ماشىنىسى سېتىۋالدى، بۇ ماشىنىنى ئىشلىتىش ئاددىي بولۇپ، بىرلا ئادەم ئىشلەتكىلى بولىدۇ. بۇ ماشىنىنىڭ ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى بولغانلىقتىن، دېھقانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

1977- يىلى، 556 ھەر خىل دورا سايمانى بىلەن تەمىنلەندى.

1978- يىلدىكى پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يېزىلاردا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، يەرلەر ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىلگەندىن كېيىن، ھەممە ئائىلىلەر دورا سايمانلىرى سېتىۋېلىشقا توغرا كەلگەچكە، تەمىنلەش مىقدارى ھەسسىلەپ ئاشتى.

ھەر خىل دېھقانچىلىق دورا سايمىنىدىن 1985- يىلى 1290 ى، 1990- يىلى 3055 ى سېتىلدى.

### 4. كۆنجۈرە ۋە خىمىيىۋى ئوغۇت سېتىۋېلىش - سېتىش

**1) كۆنجۈرە بىلەن تەمىنلەش** 1955- يىلى، ۋىلايەتلىك ھەمكارلىق ئىش باشقارمىسى توپ سېتىش پونكىتى كۆنجۈرە سېتىۋېلىپ، دېھقانلارنى تەمىنلىدى. 1957- يىلىغىچە جەمئىي 133.1 توننا كۆنجۈرە بىلەن تەمىنلىنىپ، ئاساسەن قوغۇن ئېتىزلىرىغا ئوغۇت قىلىپ ئىشلىتىلدى. 1958- يىلى، دۆلەت كۆنجۈرىنى چارۋا ماللارنىڭ يەم- خەشىكى قىلغاندىن كېيىن، ئۇ ئوغۇت سۈپىتىدە تەمىنلەنمەيدىغان بولدى.

**2) خىمىيىۋى ئوغۇت بىلەن تەمىنلەش** يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى يېزىلاردا خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلىتىشنى تەشەببۇس قىلدى. بىر قانچە يىللىق تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش، ئۈلگە كۆرسىتىش، كېڭەيتىش ئارقىلىق، يېزىلاردا خىمىيىۋى ئوغۇتقا بولغان ئېھتىياج ھەسسىلەپ ئاشتى، بۇنىڭ بىلەن خىمىيىۋى ئوغۇت بىلەن تەمىنلەش يىلمۇ يىل جىددىي بولدى.

ۋىلايەت بويىچە تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ تۇپراق تەركىبىنىڭ كۆپ قىسمىدا ئورگانىك ماددا تولۇق بولماسلىق، فوسفور كەمچىل، ئازوت ئاز، كالىي ئارتۇق بولۇپ كەلدى. بۇنىڭغا قارىتا ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتى سورت قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، فوسفورلۇق ئوغۇت ۋە ئازوت- فوسفور بىرىكمە ئوغۇتىنى كىرگۈزۈپ، تەمىنلەشنى ئاشۇردى.

1978- يىلدىن كېيىن، خىمىيىۋى ئوغۇت بىلەن تەمىنلەش ئوبيېكتى ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىن تەدرىجىي دېھقان ئائىلىلىرىگە، تەمىنلەشتە ئەسلىدىكى ئىككى دەرىجىلىك تىجارەت (ئاپتونوم رايون، ناھىيە) تىن ئۈچ دەرىجىلىك تىجارەت (ئاپتونوم رايون، ناھىيە، ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلار) كە ئۆزگەرتىلدى. ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلار، مەركىزىي ماگىزىنلار تىجارەت قىلغاندىن سىرت، تەمىنات- سودا شۆبە دۇكانلىرىمۇ خىمىيىۋى ئوغۇت سېتىپ، دېھقانلارغا قولايلىق ياراتتى. ئەقىلگە مۇۋاپىق تەقسىملەشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، قۇمۇل شەھىرىنىڭ يالۋانتۇر، بولۇڭتوغراق، ئاستانە ۋە باركۆل ناھىيىسىنىڭ شىرىنزا، داخې قاتارلىق جايلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلىرى خىمىيىۋى ئوغۇت بىلەن

تەمىنلەش كارتىسى ئارقىلىق تەمىنلىدى. ناھىيىلەردىكى تىجارەت ئورۇنلىرىمۇ «پىلاننى كەنتلەرگە، كۆرسەتكۈچنى ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش، تىزىملىكنى ئاشكارا ئېلان قىلىش، ئاممىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىش» تەك تەمىنلەش چارىسىدە چىڭ تۇرۇپ، خىمىيىۋى ئوغۇت تەمىنلەش داۋامىدىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزەتتى. 1980 – 1990 - يىلغىچە، خىمىيىۋى ئوغۇت پارچە سېتىش نۇقتىسى 1978- يىلدىكىدىن 85 ى كۆپىيىپ، خىمىيىۋى ئوغۇت تىجارىتى قىلىدىغانلار 100 دىن ئاشتى. 1990- يىلى 32 مىڭ 109 تونىنا تۇلچەملىك خىمىيىۋى ئوغۇت بىلەن تەمىنلەندى.

5. سۇلياۋ يوپۇق سېتىش

قۇمۇلدا ئەڭ بۇرۇن دېھقانچىلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسى سۇلياۋ يوپۇق يېپىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىپ، كېۋەز، قوغۇن- تاۋۇزلارغا ئىشلەتتى. 1980- يىلدىن كېيىن، يەرلىكتىكى يېزىلارمۇ ئىشلىتىشكە باشلىدى. قۇمۇل شەھىرى ئەتراپى يېزىسىدىكى كۆكتاتچى دېھقانلار سۇلياۋ يوپۇق ئارقىلىق كۆكتات ئىشلەپچىقىرىش لاپىسى قۇردى. كېيىن، قۇمۇل شەھىرىنىڭ بۈلۈڭتوغراق، بوغاز يېزىلىرىمۇ سۇلياۋ يوپۇقنى قوغۇن- تاۋۇزلارغا ئىشلىتىپ ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق ماددىي ئەشيالار شىركىتى 1981- يىلدىن باشلاپ دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۈزۈك سۇلياۋ يوپۇقنى ساتتى (يەرگە ۋە لاپاسقا ئىشلىتىلىدىغىنى دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ)، شۇ يىلى 17.6 تونىنا، 1990- يىلى 60.6 تونىنا سۇلياۋ يوپۇق بىلەن تەمىنلەندى.

6. ئىش ئۇلىغى تىجارىتى

ئىش ئۇلىغى دېگىنىمىز كالا، ئات، ئېشەك، تۆگە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاساسەن تاغنىڭ شىمالىدىكى باركۆل ناھىيىسى ۋە ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدىن ئىبارەت ئىككى چارۋىچىلىق رايونىغا تارقالغان.

ۋىلايەت ئىچىدە سېتىلىش مىقدارى بىر قەدەر ئاز بولۇپ، كۆپىنچىسى ۋىلايەت سىرتىدىكى ئۆلكە، شەھەرلەرگە سېتىلدى. 1962 – 1985 - يىلغىچە، تەمنات- سودا كوپېراتىپى ئارقىلىق ئىچكىرىدىكى قېرىنداش ئۆلكە، رايونلارغا 20 مىڭدىن ئارتۇق ئات- ئۇلاغ يۆتكەلدى.

7. دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش

1964- يىل 8- ئايدا، ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش شىركىتى قۇرۇلدى. ناھىيىلەردىمۇ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش شىركەتلىرى قۇرۇلدى. 1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىشچى- خىزمەتچى 87 گە يېتىپ، تىجارەت سوممىسى 7 مىليون 782 مىڭ 200 يۈەندىن ئاشتى. شىركەت قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، ئاساسەن يېرىم ئاپتوماتلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرى سېتىلدى. 1966- يىلى، تراكتور، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنىسى بىلەن ئاپتوماتىك ماشىنىلارنى سېتىش باشلاندى. 1964 – 1990- يىلغىچە، 1400چوڭ، ئوتتۇرا تىپلىق تراكتور، 2100 كىچىك تىپلىق تراكتور، 270 سېيالكا، 2400 تراكتورغا سۆرىتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمىنى، 1700 ئۈن تارتىش ماشىنىسى، 250 دان ئايرىش ماشىنىسى، 99 مىڭ قول ھارۋىسى ۋە ئۇلاغ ھارۋىسى 39 مىڭ تاغلىق يەر سايمىنى، 4000 سۇ پومپىسى، 2700 ماتورلۇق ماشىنا بىلەن تەمىنلەندى.

## §4. يېقىلغۇ بىلەن تەمىنلەش

### 1. نېفىت بىلەن تەمىنلەش

ۋىلايەتنى يېقىلغۇ بىلەن تەمىنلەشكە ۋىلايەتلىك نېفىت شىركىتى مەسئۇل بولدى. ۋىلايەتلىك نېفىت شىركىتىنىڭ تەكتى — جۇڭگو نېفىت شىركىتى شىنجاڭ ئۆلكىلىك قۇمۇل تارماق شىركىتى ئىدى. 1954- يىلى قۇمۇل نېفىت شىركىتى قۇرۇلۇپ، ئاز مىقداردا بېنزىن، دىزېلىن، كېروسىن قاتارلىقلارنى سېتىشقا باشلىدى.

1958- يىلى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك سودا ئىدارىسىنىڭ نېفىت تىجارەت بۆلۈمى قۇرۇلدى؛ شۇ يىلى 9- ئايدا، نېفىت تىجارەت بۆلۈمى قۇمۇل نېفىت بىلەن تەمىنلەش پونكىتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1960- يىل 11- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك سودا ئىدارىسى يېقىلغۇ تىجارەت بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. 1962- يىل 8- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك سودا ئىدارىسىنىڭ يېقىلغۇ تىجارەت بۆلۈمىنىڭ نامى جۇڭگو نېفىت شىركىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇمۇل شۆبىسىگە ئۆزگەرتىلدى. 1979- يىل 10- ئاينىڭ 8- كۈنى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك نېفىت شىركىتى قۇرۇلدى.

1984- يىلدىن باشلاپ، نېفىت بىلەن تەمىنلەش مىقدارى يىلمۇ يىل ئاشتى. 1985- يىلى، قۇمۇل نېفىت سودا سېتىمىسى تەقسىملەپ تەمىنلىگەن تەييار نېفىت 60 مىڭ 31 توننىغا، سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 42 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە، يارىتقان پايدىسى 1 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە، دۆلەتكە تاپشۇرغان پايدا- باج 1 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە، ئوبوروت مەبلىغى 970 مىڭ يۈەنگە، مۇقىم مۈلكى 2 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1990- يىلى، سېتىش ئومۇمىي سوممىسى 45 مىليون 402 مىڭ يۈەن بولدى.

1978- يىلى، قۇمۇل نېفىت سېتىمىسى «ئىشكىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، بىرنى بېكىتىش، مۇھىم نۇقتىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئادەتتىكىلىرىگە ئېتىبار بېرىش» پرىنسىپىغا ئاساسەن، دېھقانچىلىق (چارۋىچىلىق)، سانائەت، قاتناش ترانسپورت، ئاساسىي قۇرۇلۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ تەمىنلىدى. نېفىتنىڭ سېتىلىش مىقدارى 1982 - يىلى 35 مىڭ 300 توننىغا 1983 – يىلى 29 مىڭ 900 توننىغا يەتتى. 1990- يىلى 49 مىڭ 200 توننا سېتىلدى.

كېروسىن بىلەن تەمىنلەشتە «ئالدى بىلەن يېزىلارنى، ئاندىن شەھەر- بازارلارنى»، «ئالدى بىلەن يورۇتۇشنى، ئاندىن باشقا ئىشلارنى» تەمىنلەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلغانلىقتىن، تەمىنلەش ئۇدا مۇقىم بولۇپ كەلدى. قۇمۇل نېفىت سېتىمىسى شەھەر- يېزا ئاھالىلىرىنى 1982 - يىلى 233 توننا 1983 – يىلى 234 توننا كېروسىن بىلەن تەمىنلىدى. 1985- يىلى، ۋىلايەتتىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى شەھەر- بازار ۋە يېزىلار (چارۋىچىلىق رايونلىرى) دا توك بىلەن يورۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى بار بولدى، بۇنىڭ بىلەن كېروسىننىڭ سېتىلىش مىقدارى ئازىيىشقا قاراپ يۈزلەندى. 1990- يىلى 161 توننا كېروسىن سېتىلدى.

### 2. كۆمۈر بىلەن تەمىنلەش

سودا بازىرىدىكى كۆمۈر بىلەن ئاساسەن شەھەر، يېزا خەلقىنىڭ تۇرمۇشى ۋە قىسمەن كىچىك تىپتىكى سانائەت كارخانىلىرى ھەم قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى تەمىنلەندى.

سودا تارماقلىرى يەنە ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق بىر قىسىم سانائەت ئورۇنلىرىنى كۆمۈر بىلەن تەمىنلىدى. كۆمۈر بىلەن تەمىنلەشنى 1981- يىلدىن ئىلگىرى نېفىت شىركىتى باشقۇراتتى. 1981- يىلدىن باشلاپ كۆمۈر شىركىتى نېفىت شىركىتىدىن ئايرىلىپ چىقتى.

1984- يىل 10- ئايدىن ئىلگىرى، قۇمۇل بازىرىدىكى كۆمۈر بىلەن تەمىنلەش قويۇۋېتىلدى. 1984- يىل 10- ئايدا، شەھەر- بازارلاردىكى ئائىلىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا ئىشلىتىلىدىغان كۆمۈرنى كىشىگە (بېلەت) گە قاراپ ئائىلىلەرنى نورمىلىق تەمىنلەش، ئورگان، كوللېكتىپ، قىسىم، مەكتەپلەردە ئىشلىتىلىدىغان كۆمۈرنى ئىشلىتىش كۆلىمىنى ھېسابلاپ نورمىلىق تەمىنلەش يولغا قويۇلدى. قۇمۇلدا كۆمۈرنىڭ سېتىلىش مىقدارى بىر قەدەر تېز ئۆرلىدى. 1985- يىلى، قۇمۇلنىڭ كۆمۈرچىلىك سىستېمىسى 160 مىڭ 200 توننا كۆمۈر ساتتى. 1990- يىلى، 174 مىڭ 700 توننا ساتتى.

1987- يىلدىن ئىلگىرى، بازاردىكى كۆمۈر بىلەن دۆلەت ئۆزۈن مەزگىل تۆۋەن باھادا تەمىنلەش سىياسىتىنى يولغا قويدى. كۆمۈرنىڭ باھاسىمۇ 1950- يىللاردا بېكىتىلگەن باھا بويىچە مېڭىۋەردى. كۆمۈرنىڭ كاندىن چىقىش باھاسى ۋە تۆمۈريول، تاشيولدا توشۇلۇش ھەققى ئۆسكەن بولسىمۇ، لېكىن بازاردىكى كۆمۈرنىڭ سېتىلىش باھاسى ئۆزگەرمەي، ھەر تونىسىدىن 10 يۈەن ئەتراپىدا زىيان كۆرۈلۈپ، دۆلەت مالىيىسىدىن قوشۇمچە ياردەم بېرىلدى. 1988 – 1990 - يىلغىچە، كۆمۈر باھاسى ئۆستى، دۆلەت مالىيىسىدىن قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىلمەيدىغان بولدى.

# IV باب

# تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى سېتىش - سېتىۋېلىش

## §1. گۆش، تۇخۇم، ئۆي قۇشلىرى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، غەربىي شىمال سودا شىركىتى قۇمۇل شۆبىسى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 16- شىسىنىڭ ئارقا سەپ بۆلۈمى ھەربىيلەر كوپېراتىپى ۋە خۇسۇسىي سودىگەرلەر يېمەكلىك سودىسى قىلدى. 1956- يىل 7- ئاينىڭ 1- كۈنى، جۇڭگو يېمەكلىك شىركىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇمۇل تارماق شىركىتى قۇرۇلدى.

1959- يىل 7- ئاينىڭ 20- كۈنى، ۋىلايەتلىك سودا ئىدارىسىنىڭ قارمىقىدا تۇرلۇك ماللار توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرى، ئاۋامغا كېرەكلىك ماتېرىياللار، قوشۇمچە يېمەكلىك، يەرلىك مەھسۇلات- كېرەكسىز بۇيۇملاردىن ئىبارەت تۆت تىجارەت بۆلۈمى تەسىس قىلىندى.

1959- يىل 12- ئاينىڭ 31- كۈنى، لەنجۇ – شىنجاڭ تۆمۈريولى پۈتۈپ قۇمۇلغا پويىز قاتنىدى؛ 10- ئايدا ۋىلايەتلىك سودا ئىدارىسىنىڭ يېمەكلىكلەر تىجارەت بۆلۈمى قۇرۇلدى.

1962- يىل 8- ئايدا، ۋىلايەتلىك سودا ئىدارىسى ھەم ئۇنىڭغا قاراشلىق تىجارەت بۆلۈملىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، تۈرلۈك ماللار، يېمەكلىك، مېتال بۇيۇم، ماشىنىسازلىق، نېفىت، دورا، يېمەك- ئىچمەك مۇلازىمىتىدىن ئىبارەت ئالتە كەسپىي شىركەت قۇرۇلدى.

1985- يىلى، ۋىلايەتلىك يېمەكلىكلەر شىركىتى 735 مىڭ يۈەن ئايلانما مەبلەغكە ئىگە بولدى، مۇقىم مۈلكى 5 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە، يىللىق سېتىۋېلىش ئومۇمىي قىممىتى 5 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە، سېتىش ئومۇمىي

قىممىتى 6 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يەتتى، يېمەكلىك سېتىپمىسى — ئۇزۇن مەزگىل سىياسەت خاراكتېرلىك زىيان تارتقان ئورۇن بولغاچقا، دۆلەت گۆش يېمەكلىك تىجارىتىدە نورما بەلگىلەپ زىياننى ھۆددىگە بېرىش، زىيان ئازايتىلسا ئۆزىگە قالدۇرۇش، زىيان ئېشىپ كەتسە ياردەم پۇلى بەرمەسلىكنى بەلگىلىدى. 1985- يىلى، يېمەكلىك سېتىپمىسىنى تەڭشەش ئارقىلىق، تىجارەت دائىرىسى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىمۇ ئاشتى. دۆلەت مالىيىسىدىن ياردەم پۇلى بېرىلگەندىن كېيىن، شۇيىلى 690 مىڭ يۈەن پايدا يارىتىلدى. 1990- يىلى، ئومۇمىي قىممىتى 7 مىليون 897 مىڭ يۈەنلىك مال سېتىۋېلىنىپ، سېتىش ئومۇمىي قىممىتى 10 مىليون 926 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1. چوشقا تىجارىتى ۋە چوشقا گۆشى بىلەن تەمىنلەش

1956- يىلى، چوشقىنى ئىختىيارىي سېتىۋېلىش، چوشقا گۆشى بىلەن ئىختىيارىي تەمىنلەش يولغا قويۇلدى. 1961- يىلى، بىر تۇتاش سېتىۋېلىش، ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش سىياسىتى يولغا قويۇلدى. 1963- يىل 6- ئايدا، چوشقا، ئۆي قۇشلىرى، تۇخۇم سېتىۋېلىش ۋە تىجارەت قىلىش، جۈملىدىن پىلان ئىچى ۋە پىلان سىرتىدىكى قىسمىنى دۆلەت ئىلكىدىكى سودا ئورۇنلىرى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان بولدى. 1961 – 1963 - يىلغىچە، چوشقا سېتىۋېلىشتا چوشقا ساتقانلارنى مۇكاپاتلاش سىياسىتى يولغا قويۇلدى.

1975- يىلدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايون بوردالغان چوشقىلارنى بىر تۇتاش سېتىۋالدى. كوللېكتىپ بېقىپ بوردىغان ۋە ھۆكۈمەت بېقىپ بوردىغان چوشقىلارنىڭ 80% ىنى ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋالدى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى، گۆشخانىلار، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى دۆلەت ئىلكىدىكى سودا تارماقلىرى بىلەن چوشقا بېقىش توختامى ئىمزالىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە دۆلەت ئىلكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ يەر ئىشلىتىش ئەھۋالى ۋە باققان چوشقىسىنىڭ ئاز- كۆپلۈكىگە ئاساسەن، بىر قىسىم يەم- خەشەك يېرى ئاجرىتىپ، بوز يەر ئېچىش، تېرىلغۇ يەرلەرنى ئىگىلىۋالماسلىق، مەھسۇلات مىقدارىنى ھېسابلىماسلىق، سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىگە كىرگۈزمەسلىك بەلگىلەندى.

1985- يىلى، چوشقىنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش چارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، بۇيرۇق خاراكتېرلىك سېتىۋېلىش پىلانى ۋە كېلىشىپ سېتىۋېلىش، كېلىشىپ سېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلدى. 1976 – 1985- يىلغىچە، يېمەكلىك شىركىتى سېتىۋالغان (كىرگۈزگەن) يېڭى ۋە توڭلىتىلغان چوشقا گۆشى 14 مىڭ 500 توننا بولۇپ، يېڭى ۋە توڭلىتىلغان چوشقا گۆشىدىن 11 مىڭ 900 توننا سېتىلدى. 1990- يىلى 545.6 توننا چوشقا گۆشى سېتىلدى.

2. كالا، قوي بورداش ۋە كالا، قوي گۆشى بىلەن تەمىنلەش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، قويلارنى دۆلەت ئىلكىدىكى سودا، تەمىنات- سودا كوپېراتىپى ۋە خۇسۇسىي سودىگەرلەر ئورتاق تىجارەت قىلدى. 1961- يىلى، كالا، قوينى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش يولغا قويۇلدى.

1961 – 1963 - يىلغىچە، شىنجاڭ سودا نازارىتىنىڭ «دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشتا سانائەت بۇيۇملىرى بىلەن مۇكاپاتلاشقا ئائىت بىر قانچە كونكرېت مەسىلە توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» گە ئاساسەن، بوردىلىۋاتقان كالا، قويلارنى سېتىۋېلىشتا تەييار كىيىم- كېچەك، توقۇلما بۇيۇملار ۋە چاي بىلەن مۇكاپاتلاپ سېتىۋېلىش يولغا قويۇلدى.

1983- يىلدىن ئىلگىرى، ۋىلايەت كالا، قويلارنى پىلانلىق سېتىۋېلىش چارىسىدا چىڭ تۇرۇپ كەلدى. 1983- يىلى، گوۋۇيۈەن دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى كالا، قويلارنى كېلىشىپ سېتىۋېلىنىدىغان تاۋارغا ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى. 1984- يىلى، گوۋۇيۈەن چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى بوردىلىۋاتقان كالا، قويلارنى ئەركىن سېتىشقا يول قويدى. 1985- يىلغا كەلگەندە كالا، قويلارنى ئاساسەن كېلىشىپ سېتىۋېلىش، كېلىشىپ سېتىش يولغا قويۇلۇپ، تىجارىتى

قويۇۋېتىلدى. 1963 – 1985 - يىلغىچە بولغان 23 يىلدا، سودا تارماقلىرى سانقان يېڭى ۋە توڭلىتىلغان قوي گۆشى 29 مىڭ 600 توننىغا يەتتى. 1990- يىلى، قوي گۆشىدىن 474.8 توننا، كالا گۆشىدىن 169.2 توننا سېتىلدى.

### 3. ئۆي قۇشلىرى، يېڭى تۇخۇم سېتىۋېلىش ۋە تەمىنلەش

قۇمۇلدا ئۆي قۇشلىرى ۋە تۇخۇمنى ئاساسەن شەخسلەر ئىشلەپچىقىرىپ ئەركىن سودا قىلىدۇ. 1975- يىل 5- ئايدا، ئۆي قۇشلىرى، تۇخۇمغا قارىتا بىر تۇتاش سېتىۋېلىش ۋە «تۇخۇم يىغىپ قەنت- كېزەك سېتىپ بېرىش» چارىسى يولغا قويۇلدى. 1972 – 1985 - يىلغىچە، بولغان 14 يىل داۋامىدا، سودا تارماقلىرى ئۆز جايىدىن 68 مىڭ 700 دانە ئۆي قۇشى سېتىۋېلىپ، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت سىرتىدىن 116 مىڭ 500 دانە ئۆي قۇشى (توڭلىتىلغان توخۇ گۆشى) كىرگۈزۈپ، ئۆز جايىدا 196 مىڭ 900 دانىنى سېتىپ، 1451 دانىسىنى سىرتقا ساتتى؛ ئۆز جايىدىن يېڭى تۇخۇمدىن 289 مىڭ 700 كىلوگرام سېتىۋالدى، ۋىلايەت سىرتىدىن 825 مىڭ 900 كىلوگرام كىرگۈزدى، سېتىۋالغان (كىرگۈزگەن) تۇخۇم جەمئىي 1 مىليون 115 مىڭ 600 كىلوگرامغا يېتىپ، ئۆز جايىدا 1 مىليون 83 مىڭ 600 كىلوگرام سېتىپ (%97.13 نى ئىگىلىدى)، سىرتقا 10 مىڭ 800 كىلوگرام چىقاردى (%0.97 نى ئىگىلىدى)، باشقا يېمەكلىكلەر 21 مىڭ 100 كىلوگرام (%1.89 نى ئىگىلىدى) بولدى.

1990- يىلى، ئۆز جايىدا ئۆي قۇشلىرىدىن 22 مىڭ 300 ى سېتىۋېلىنىپ، 42 مىڭ 400 ى سېتىلدى؛ ئۆز جايىدىن 75 مىڭ 500 كىلوگرام تۇخۇم سېتىۋېلىنىپ، 586 مىڭ 400 كىلوگرام سېتىلدى.

## §2. كۆكتات

قۇمۇل كۆكتات شىركىتى 1956- يىل 10 ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، قۇمۇل ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى سودا- سانائەت بۆلۈمىگە قارايتتى. 1958- يىلى ۋىلايەتكە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ۋىلايەتلىك يېمەكلىك شىركىتى كۆكتات دۇكىنىغا ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلى 10- ئايدا، قۇمۇل ناھىيىلىك سودا ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ناھىيىلىك كۆكتات، مېۋە- چېۋە تىجارەت بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. 1960- يىل 10- ئايدا، يەنە ۋىلايەتكە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ۋىلايەتلىك سودا ئىدارىسى يېمەكلىك تىجارەت بۆلۈمى كۆكتات، مېۋە- چېۋە پونكىتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1962- يىلى، ۋىلايەتلىك يېمەك- ئىچمەك مۇلازىمەت شىركىتى كۆكتات پونكىتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1963- يىلى، كۆكتات پونكىتى ۋىلايەتلىك يېمەكلىك شىركىتىگە قوشۇۋېتىلىپ، ۋىلايەتلىك يېمەكلىك شىركىتى كۆكتات پونكىتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1975- يىل 6- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك كۆكتات شىركىتى قۇرۇلدى. 1977- يىلى، قۇمۇل شەھرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، قۇمۇل شەھەرلىك كۆكتات شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى.

1990- يىلى، قۇمۇل شەھەرلىك كۆكتات شىركىتىنىڭ 159 ئىشچى- خىزمەتچىسى، 245 مىڭ يۈەن ئايلانما مەبلىغى، 887 مىڭ 600 يۈەنلىك مۇقىم مۈلكى بار بولدى.

كۆكتاتنى ئىزچىل تۈردە سودا تارماقلىرى مۇستەقىل تىجارەت قىلىپ، «بىر تۇتاش تىجارەت قىلىش، بىر تۇتاش تەقسىملەش، بىر تۇتاش يۆتكەش، بىر تۇتاش تەمىنلەش» نى يولغا قويدى. 1976 – 1979- يىلغىچە، سودا سىستېمىسىدىن سېتىلغان كۆكتات 48 مىڭ 372 توننا بولۇپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 12 مىڭ 93 توننا سېتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قىشلىق يېسىۋىلەك 5493 توننا، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1730 توننا سېتىلدى؛ ياڭيۇ 19 مىڭ 870 توننا، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4968 توننا سېتىلدى. 1980- يىلىدىن باشلاپ، كۆكتات تىجارىتى

تەدرىجىي قويۇۋېتىلدى. 1985- يىلى، دۆلەت ئىلكىدىكى سودا تارماقلىرىنىڭ ساتقان كۆكتاتى 1871 تونىنا بولۇپ، 1977- يىلىدىكى يىللىق ئەڭ يۇقىرى سېتىلغان يېڭى كۆكتات 16 مىڭ 390 توننىنىڭ 11.4% ىنىلا ئىگىلىدى، 1985- يىلى، سودا سىستېمىسى ئارقىلىق سېتىلغان قىشلىق كۆكتات 51 تونىنا ئازىيىپ، 1977- يىلىدىكى قىشلىق يېسىۋىلەكنىڭ سېتىلىش مىقدارىنىڭ 3.11% ىنىلا ئىگىلىدى. 1980- يىلى، كۆكتات تىجارىتى قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن، 1985- يىلىغا بارغاندا، دۆلەت ئىلكىدىكى سودا تارماقلىرى ھەر يىلى قىشتا گۇاڭدۇڭ، سىچۈەن، شەنشى، گەنسۇ قاتارلىق جايلاردىن زور مىقداردا يېڭى كۆكتات كىرگۈزۈپ، بازاردىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. 1980 – 1985 - يىلىغىچە بولغان ئالتە يىلدا ھەر خىل كۆكتاتتىن 2224 تونىنا، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 371 تونىنا كىرگۈزدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون سىرتىدىن 1929 تونىنا كىرگۈزۈلدى، بۇ، 85.73% نى ئىگىلىدى. 1985- يىلى، قۇمۇلنىڭ كۆكتات بىلەن تەمىنلەش خىزمىتىدە ئومۇميۈزلۈك قويۇۋېتىش، جانلاندۇرۇشتەك تەمىنلەش چارىسى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، كۆكتاتچى دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقى قوزغىتىلدى. قۇمۇل شەھىرى شەھەر ئەتراپى يېزىسىدا ئەمەلىي تېرىلغان كۆكتات 2488 موغا، ئەتىيازلىق، يازلىق كۆكتات 10 مىڭ 10 توننىغا يېتىپ، 1984- يىلىدىكىدىن 10% ئاشتى. قۇمۇل ئاستانە يېزىسىنىڭ ئەمەلىي تېرىغان قىشلىق يېسىۋىلىكى 2100 مودىن ئارتۇق بولۇپ، يىلىغا 12 مىڭ توننىدىن ئارتۇق يېسىۋىلەك ئىشلەپچىقاردى.

ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ۋىلايەتنىڭ كۆكتات بىلەن تەمىنلەيدىغان مۇھىم نۇقتىسى بولغان قۇمۇل شەھىرى، 1978 – 1990 - يىللىرىغىچە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ۋىلايەت تەمىنلىنىدىغان كۆكتاتنىڭ 80% ىنى ئىگىلىگەن. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئوتتۇرا، كىچىك شەھەرلەرنىڭ كۆكتات تىجارىتىدە «ئاز پايدا كۆرۈش، زىيان تارتماسلىق» نى يولغا قويۇش پرىنسىپىنى يولغا قويدى. قۇمۇل شەھىرىنىڭ سودىغا مەسئۇل تارماقلىرى ۋە تىجارەت تارماقلىرى كۆكتات ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، بازارنى تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىپ، سېتىۋېلىش باھاسىنى ئۆستۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن پارچە سېتىلىش باھاسىنى ئاساسەن ئۆزگەرتمىدى. 1984- يىلى، قۇمۇل شەھىرى كۆكتات تىجارىتىدە 126 مىڭ يۈەن زىيان تارتتى، 1985- يىلى 74 مىڭ 200 يۈەن زىيان تارتتى. كۆكتات تىجارىتى قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن، كۆكتات باھاسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. دۆلەت ئىلكىدىكى كۆكتات شىركەتلىرىنىڭ 1984- يىلىدىكى ئوتتۇرىچە باھاسىنىڭ ھەر كىلوگرامى 0.1592 يۈەن، 1985- يىلى 0.1631 يۈەن بولۇپ، 2.4% ئۆرلىدى. 1986 – 1990 - يىللىرىغىچە، ۋىلايەتنىڭ ئەركىن بازاردىكى سودا باھاسى كۆكتات سۇس پەسىلدە دۆلەت ئىلكىدىكىدىن بىر ھەسسە ھەتتا بىر قانچە ھەسسە ئۆرە بولدى. ئاۋات پەسىلدە دۆلەت ئىلكىدىكىدىن بىر ئاز يۇقىرى بولدى ياكى تەڭپۇڭلاشتى، بەزىدە دۆلەت ئىلكىدىكى باھادىن تۆۋەن بولدى.

1990- يىلى، سودا تارماقلىرى 1 مىليون 424 مىڭ 500 كىلوگرام يېسىۋىلەك كىرگۈزۈپ، 1 مىليون 359 مىڭ 500 كىلوگرام؛ 61 مىڭ 600 كىلوگرام ياڭيۇ كىرگۈزۈپ، 37 مىڭ 800 كىلوگرام؛ 48 مىڭ كىلوگرام ماش ئۆگرە كىرگۈزۈپ، 103 مىڭ 600 كىلوگرام؛ 17 مىڭ كىلوگرام ئۇن كىرگۈزۈپ، 53 مىڭ 500 كىلوگرام؛ 342 مىڭ كىلوگرام جياڭيۇ كىرگۈزۈپ، 347 مىڭ 700 كىلوگرام؛ 343 مىڭ 800 كىلوگرام ئاچچىقسۇ كىرگۈزۈپ، 337 مىڭ 600 كىلوگرام ساتتى.

## §3. شېكەر، تاماكا، ھاراق

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، تاماكا، ھاراق بىلەن تەمىنلەش تىجارىتىنى غەربىي شىمال سودا

شىركىتى قۇمۇل شۆبىسى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 16- شىسى ئارقا سەپ بۆلۈمى ھەربىيلەر كوپىراتىپى ۋە خۇسۇسىي سودىگەرلەر قىلدى. 1953- يىل 7- ئايدا، جۇڭگو مەخسۇس سېتىش كەسپىي شىركىتى شىنجاڭ قۇمۇل تارماق شىركىتى قۇرۇلدى، كېيىن بىر قانچە قېتىم ئۆزگەردى. 1962- يىل 8- ئايدا، تاماكا، ھاراق مەخسۇس سېتىش كەسپى قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېمەكلىكلەر شىركىتى قوشۇمچە يېمەكلىكلەر بۆلۈمىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

1975- يىل 6-ئايدا، ۋىلايەتلىك يېمەكلىكلەر شىركىتى شېكەر، تاماكا، ھاراق، يېمەك- ئىچمەك مۇلازىمىتى، كۆكتات قاتارلىق تۆت شىركەتكە بۆلۈندى.

1950 – 1990 - يىلىغىچە بولغان 41 يىل داۋامىدا، تاماكا، ھاراق تىجارەت ئاپپاراتلىرى كۆپ قېتىم تەڭشەلدى، تىجارەت كەسىپلىرىمۇ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى. 1985- يىلى، تاۋار سېتىۋېلىش ئومۇمىي قىممىتى 15 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە، تاۋار سېتىش ئومۇمىي قىممىتى 16 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە، ئايلانما مەبلىغى 781 مىڭ يۈەنگە، پاراتقان پايدىسى 497 مىڭ يۈەنگە، دۆلەتكە تاپشۇرغان پايدا- باج 452 مىڭ 800 يۈەنگە، ئىشچى- خىزمەتچى 70 كە يەتتى.

1990- يىلى، كىرگۈزۈلگەن تاۋار ئومۇمىي قىممىتى 30 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە، سېتىلىش ئومۇمىي قىممىتى 40 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە، ياراتقان پايدىسى 1 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە، يۇقىرىغا تاپشۇرغان ھەر خىل باج 663 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى.

**1. تاماكا، ھاراقنى مەخسۇس سېتىش**

1) تاماكا تىجارىتى 1979- يىلى، ئۇرالما تاماكىدىن 3366 ساندۇق سېتىلىپ، 1976- يىلدىكىدىن 986 ساندۇق، 41.4% ئاشتى؛ 1985- يىلى 1- دەرىجىلىك تاماكىدىن 671 ساندۇق سېتىلىپ، 1976- يىلدىكىدىن 14.6 ھەسسە ئاشتى؛ 4- دەرىجىلىك تاماكىدىن 20 ساندۇق سېتىلىپ، 1976- يىلىنىڭ 1/10 نى ئىگىلىدى. ئىمپورت قىلىنغان تاماكىدىن توققۇز ساندۇق سېتىلدى. 1990- يىلى، ئۇرالما تاماكىدىن 1 مىليون 26 مىڭ 300 بولاق سېتىلدى.

2) ھاراق تۈرلىرى تىجارىتى ھاراق تۈرىدىكىلەرنى مەخسۇس سېتىش شىركىتى 1953- يىل 7- ئايدا قۇرۇلۇپ، ھاراقنى مۇستەقىل تىجارەت قىلدى.

1985- يىلى، ھاراق تۈرىدىكىلەرنى مەخسۇس سېتىش ئورگىنى تىجارەت قىلغان ۋە ساتقان ھاراق تۈرىدىكى تاۋارلار 1739 توننىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سېتىلغان ئاق ھاراق 821 توننا (سېتىلغان داڭلىق ھاراق 2 توننا)، پىۋا 165 توننا، ئۈزۈم ھارىقى 569 توننا. داڭلىق ھاراق ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىش جەھەتتە ئىزچىل تۆردە تەمىنلەش ئېھتىياجنى قاندۇرالماي كەلدى. 1990- يىلى، 1 مىليون 339 مىڭ 600 كىلوگرام ھاراق سېتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاق ھاراق 538 مىڭ 800 كىلوگرام، پىۋا 719 مىڭ 500 كىلوگرام.

**2. شېكەر، كەمپۈت تىجارىتى**

ۋىلايەتتە شېكەر ئىشلەپچىقىرىدىغان سانائەت كارخانىسى يوق بولۇپ، كېرەكلىك شېكەرلەر ئاپتونوم رايون ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىن توشۇلدى. سودا تارماقلىرى تەڭشەپ بېرىلگەن پىلانغا ئاساسەن، مال مەنبەسى تولۇق بولغاندا شەھەر، يېزا ئاھالىلىرىنى مۇقىم باھادا قويۇۋېتىپ تەمىنلىدى؛ مال مەنبەسى جىددىي مەزگىلدە، بېلەت، كىنىشكا ئارقىلىق نورمىلىق تەمىنلىدى. 1961 – 1963 - يىلىغىچە، دېھقانچىلىق (چارۋىچىلىق) مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشتا شېكەرنى مۇكاپات قىلىپ سېتىش چارىسى يولغا قويۇلدى. شىنجاڭ بويىچە بىر كىلوگرام تۇخۇم سېتىۋالسا 200 گرام شېكەر، 750 كىلوگرام ئاشلىق سېتىۋېلىپ ئۈچ كىلوگرام شېكەر، 750 كىلوگرام قارا ئاشلىق سېتىۋالسا ئىككى كىلوگرام شېكەر، 50 كىلوگرام ياغلىق دان سېتىۋالسا 0.5 كىلوگرام شېكەرنى مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىش بەلگىلەندى.

1980- يىللاردا، شېكەر بىلەن تەمىنلەش قويۇۋېتىلدى. 1985- يىلى سودا سىستېمىسى جەمئىي 1812 توننا، 1990- يىلى 1071.9 توننا شېكەر ساتتى.

## §4. شەھەردىكى يېمەك- ئىچمەك مۇلازىمىتى

1957- يىل 3- ئاينىڭ 1- كۈنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى يېمەك- ئىچمەك مۇلازىمەت شىركىتى قۇمۇل تارماق شىركىتى قۇرۇلدى. 1959- يىلى، يېمەك- ئىچمەك مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ نامى يېمەك- ئىچمەك مۇلازىمىتى تىجارەت بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. 1962- يىلى، يېمەك- ئىچمەك مۇلازىمىتى تىجارەت بۆلۈمى بىلەن كۆكتات تىجارەت بۆلۈمى قوشۇۋېتىلدى. شۇ يىلى 8- ئاينىڭ 18- كۈنى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېمەك- ئىچمەك مۇلازىمىتى كۆكتات شىركىتى قۇرۇلدى. 1977- يىل 4- ئايدا، ۋىلايەتلىك يېمەك- ئىچمەك شىركىتى قۇمۇل شەھەرلىك سودا ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، قۇمۇل شەھەرلىك يېمەك- ئىچمەك مۇلازىمەت شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى.

يېمەك- ئىچمەك مۇلازىمىتىدە تىجارەت كەسپى بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، ئاساسلىقى يېمەك- ئىچمەك، مېھمانساراي، ساتىراشخانا، رەسىمخانا، مۇنچا، بوياقچىلىق قاتارلىق كەسىپلەر بار ئىدى. 1959- يىلى، تىجارەت تور نۇقتىسى 19 غا كۆپىيىپ، شۇ يىلى ۋىلايەت بويىچە يېمەك- ئىچمەك، مۇلازىمەت تىجارەت كىرىمى 1 مىليون 640 مىڭ 800 يۈەنگە (بۇنىڭ ئىچىدە يېمەك- ئىچمەك كىرىمى 1 مىليون 249 مىڭ 300 يۈەنگە، مۇلازىمەت كەسپى كىرىمى 391 مىڭ 500 يۈەنگە)، يارىتىلغان پايدا ئومۇمىي سوممىسى 285 مىڭ 500 يۈەنگە، تاپشۇرۇلغان باج ئومۇمىي سوممىسى 99 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى 5- ئايدا، قۇمۇل مېھمانخانىسىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى. لەنجۇ — شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ غەربكە قاراپ سىلجىشىغا ئەگىشىپ، قۇمۇلنىڭ ئاقما نوپۇسى زور دەرىجىدە ئازايدى، بۇنىڭ بىلەن يېمەك- ئىچمەك مۇلازىمەت تىجارىتىنىڭ كىرىمى يىلمۇ يىل ئازايدى. 1966- يىلى، ۋىلايەتنىڭ يېمەك- ئىچمەك مۇلازىمەت كىرىمى 776 مىڭ 600 يۈەنگە چۈشۈپ قېلىپ، 1960- يىلدىكى تىجارەت كىرىمىنىڭ 1/3 ىگە تەڭ بولدى؛ يارىتىلغان پايدىسى 70 مىڭ 900 يۈەن بولۇپ، 1960- يىلدىكى پايدىنىڭ 1/6 ىگە تەڭ بولدى.

1980- يىلدىن باشلاپ، ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى تەدرىجىي يولغا قويۇلۇپ، دۆلەت ئىلكىدە بولغان كىچىك تىپتىكى يېمەك- ئىچمەك مۇلازىمىتىگە قارىتا دۆلەت ئىلكىدە بولۇش كوللېكتىپ تىجارەت قىلىش، شۇنىڭدەك كوللېكتىپ تىجارەت قىلىشقا ۋە تىجارەتچىلەرنىڭ ئۆزىگە ئىجارىگە بېرىش شەكىللىرى قوللىنىلدى. 1975- يىلى، قۇمۇل شەھەر رايونىدا دۆلەت ۋە كوللېكتىپ ئىلكىدە سەككىز ئاشخانا، ئىككى مېھمانساراي، ئۈچ رەسىمخانا بار ئىدى. 1981- يىلى، دۆلەت ئىلكىدىكىدىن باشقا، يېمەك- ئىچمەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كوللېكتىپ ۋە يەككە تىجارەت ئورنى 145 كە، مېھمانساراي ئۈچكە، رەسىمخانا 14 كە يەتتى.

1982- يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ۋىلايەتتە دۆلەت ئىلكىدىكى يېمەك- ئىچمەك مۇلازىمەت تور نۇقتىسىدىن 33 ى بار ئىدى. 1985- يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ۋىلايەت بويىچە ئۆزگەرتىلگەن، باشقا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدىغان قىلىنغان، ئىجارىگە بېرىلگەن دۆلەت ئىلكىدىكى كىچىك تىپتىكى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان يېمەك- ئىچمەك كارخانىسىدىن 25 ى بولۇپ، ئىشچى- خىزمەتچىسى 132 نەپەرگە، يىللىق تىجارەت كىرىمى 486 مىڭ يۈەنگە، يىللىق پايداسوممىسى 40 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، زىيان تارتىش ۋەزىيىتى ئوڭشالدى.

1990- يىلىنىڭ ئاخىرىدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك سودا سىستېمىسى باشقۇرۇشىدا 31 يېمەك- ئىچمەك مۇلازىمەت تور نۇقتىسى بولۇپ (بۇنىڭ ئىچىدە يېمەك- ئىچمەك كەسپىدىن 14 ى، مۇلازىمەت كەسپىدىن 14 ى، باشقىلاردىن

ئۈچى)، ئىشچى- خىزمەتچىسى 274 كە، تىجارەت كىرىمى 3 مىليون 58 مىڭ يۈەنگە، پايدا 78 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## §5. كۈندىلىك سانائەت بۇيۇملىرى

1. تۆرلۈك ماللار

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ كۈندىلىك سانائەت بۇيۇملىرىنى دۆلەت ئىلكىدىكى قۇمۇل سودا شىركىتى، ھەربىيلەر كوپېراتىپى ۋە خۇسۇسىي سودىگەرلەر تىجارەت قىلدى. 1955- يىل 5- ئايدا، جۇڭگو تۆرلۈك ماللار شىركىتى شىنجاڭ ئۆلكىلىك قۇمۇل تۆرلۈك ماللار تۈپ سېتىش ماگىزىنى قۇرۇلۇپ، كۈندىلىك بۇيۇملار - تۆرلۈك ماللار، ئىلمە توقۇلما بۇيۇملىرى قاتارلىقلارنى ساتتى.

1963- يىل 11- ئايدا، قۇمۇل تۆرلۈك ماللار شىركىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قۇمۇل سودا شىركىتى قۇرۇلدى.

1977- يىل 10- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك تۆرلۈك ماللار شىركىتى قۇرۇلدى. 1990- يىلى، ئىشچى- خىزمەتچىسى 605 كە، تاۋارلارنىڭ سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 9 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

2. ئىلمە توقۇلما بۇيۇملىرى

1954- يىل 4- ئايدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك پاختا رەخت شىركىتى قۇمۇل شۆبىسى قۇرۇلدى.

1962- يىل 8- ئايدا، جۇڭگو تۆرلۈك ماللار شىركىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇمۇل شۆبە شىركىتى قۇرۇلۇپ، ئىلمە توقۇلما بۇيۇمى ۋە گەزلىمە بۇيۇملىرى سېتىش كەسپىنى يولغا قويدى.

1978- يىل 10- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك سودا شىركىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك گەزلىمە بۇيۇملىرى شىركىتى ۋە قۇمۇل ۋىلايەتلىك تۆرلۈك ماللار شىركىتى قۇرۇلدى.

1986- يىلىنىڭ ئاخىرىدا، گەزلىمە بۇيۇملارنىڭ سېتىلىش سوممىسى 19 مىليون 360 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئايلانما مەبلىغى 1 مىليون 23 مىڭ يۈەنگە، مۇقىم مۈلكى 882 مىڭ يۈەنگە، يارالتقان پايدىسى 579 مىڭ يۈەنگە، دۆلەتكە تاپشۇرغان پايدا- باج 369 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1990- يىلى، ئىشچى- خىزمەتچىسى 109 غا، سېتىلىش سوممىسى 2 مىليون 266 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ۋىلايەتلىك گەزلىمە بۇيۇملىرى شىركىتى (پاختا رەخت شىركىتى) قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، 1956- يىلى 1 مىليون 700 مىڭ مېتىر، 1985- يىلى 2مىليون 280 مىڭ مېتىر، 1990- يىلى 45 مىڭ 100 مېتىر پاختا رەخت ساتتى.

1985- يىلى، 120 مىڭ 600 مېتىر يۇڭ توقۇلما، 697 مىڭ 400 مېتىر تاۋار- دۇردۇن، 22 مىليون 620 مىڭ دانە پاختا - يۇڭ كۆينەك، ئىشتان، 228 مىڭ 400 قۇر ھەر خىل كىيىم- كېچەك، 38 مىڭ 600 كىلوگرام يۇڭ يىپ، 15 مىڭ 600 دانە يۇڭ ئەدىيال سېتىلدى. 1990- يىلى 109 مىڭ 900 مېتىر پاختا خىمىيىۋى تالا ئارىلاش رەخت، 27 مىڭ 200 مېتىر خىمىيىۋى تالا رەخت، 35 مىڭ 500 مېتىر يۇڭ توقۇلما، 137 مىڭ 600 مېتىر تاۋار- دۇردۇن، 91 مىڭ 300 لۆڭگە، 35 مىڭ 400 پاختا، يۇڭ كۆينەك، ئىشتان، 38 مىڭ 880 قۇر ھەر خىل كىيىم- كېچەك، 7125 كىلوگرام يۇڭ يىپ سېتىلدى.

3. يەرلىك سانائەت بۇيۇملىرى

يەرلىك سانائەت بۇيۇملىرىدىن ئاساسلىقى ماشىنىدا ئىشلەنگەن نېپىز قەغەز (جۇملىدىن ئورلۇق قەغەز، خاتىرە قەغىزى، ئوراش قەغىزى)، مومىيا، بور، خۇرۇم ئاياغ، لاتا ئاياغ، شەپكە ھەم پاختىلىق كىيىم قاتارلىقلار.

1) ماشىنىدا ئىشلەنگەن نېپىز قەغەز 1985- يىلى 245 توننا، 1990- يىلى 400 توننىدىن ئارتۇق قەغەز سېتىۋېلىندى.

2) لاتا ۋە سۈلياۋ ئاياغ 1976- يىلى دۆلەت ئىلكىدىكى سودا تارماقلىرى 21 مىڭ جۈپ لاتا ۋە سۈلياۋ ئاياغ ساتتى. بۇ تىجارەت ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 16.58% ىنى ئىگىلىدى. 1979- يىلى، ئاياغ زاۋۇتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 30 مىڭ جۈپ بولۇپ، سودا تارماقلىرى پەقەت 15 مىڭ 500 جۈپىنىلا سېتىۋالغاچقا، ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنىڭ 1/2 ىنىلا ئىگىلىدى.

3) ھەر خىل خۇرۇم ئاياغلار 1980- يىلى 5580 جۈپ ھەر خىل ئاياغ سېتىۋېلىنىپ، شۇ يىللىق سودا تارماقلىرىنىڭ خۇرۇم ئاياغ سېتىش ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 5.4% ىنى ئىگىلىدى.

4) ئىلمە توقۇلما، پاختا رەخت بۇيۇملىرى 1980- يىلى، ۋىلايەتتىكى گەزلىمە بۇيۇملار تىجارىتى قىلىدىغان تارماقلار ئۆزلىرى ئىشلىگەن پاختىلىق كىيىم- كېچەك قاتارلىق يەرلىك مەھسۇلات بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىش، سېتىشقا تەشكىللىدى. شۇ يىلى 200 مىڭ جۈپ يىپ پەلەي سېتىۋالدى، بۇنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 80 مىڭ يۈەندىن ئاشتى. 1983- يىلى، مەھسۇلاتلارنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئومۇمىي قىممىتى 269 مىڭ يۈەنگە، 25 خىلغا يەتتى، بۇلار ئاساسلىقى 1696 پاختىلىق كىيىم، 11 مىڭ قۇر ھەر خىل ئوقۇغۇچىلار فورمىسى، 107 داستىخان، 7430 رەخت سومكا، 45 مىڭ ماسكا، 14 مىڭ ياستۇق، 122 مىڭ جۈپ يىپ پەلەيدىن ئىبارەت.

## §6. كۈندىلىك مىلىچ ماللار

1. يەرلىك مەھسۇلاتلار

1) يەرلىك مەھسۇلاتلار تىجارىتى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەرلىك مەھسۇلات، مېۋە- چېۋىلەرنى تەمىنات- سودا كوپېراتىپى تىجارەت قىلدى. تىجارەت تۈرلىرى ئاساسەن بامبۇك، ھەسەل، قومۇش، بورا، ئوت- چۆپتە توقۇلغان خالتا، يىپ خالتا، تاغار، ماتا، شۆلتا، كۆك تاماكا، موخوركا، سۆيۈرگە، جابدۇق سېپى، ئوت، ئوتۇن، تال چىۋىقتا توقۇلغان بۇيۇم تۈرلىرىدىن بولۇپ تەخمىنەن 200 خىلدىن ئاشىدۇ. 1964- يىلغا كەلگەندە، ۋىلايەت بويىچە ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلىرىدا يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن كۈندىلىك مىلىچ ماللارنى توپ، پارچە سېتىش پۈكىيى تەسىس قىلىندى. قۇمۇل ناھىيىلىك تەمىنات- سودا كوپېراتىپى شەھەر- بازارلاردا يەرلىك مەھسۇلات كۈندىلىك مىلىچ ماللارنى پارچە سېتىش مەخسۇس ماگىزىنىدىن بەشنى، بىر مېۋە- چېۋە، تېتىتقۇ بۇيۇملىرى مەخسۇس ماگىزىنىدىن بىرنى، ئۈچ تۈرلۈك ئۇششاق يەرلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلار ساتىدىغان دېھقانلار مۇلازىمەت دۇكىنى ئاشتى. باركۆل ناھىيىلىك تەمىنات- سودا كوپېراتىپى ئىككى يەرلىك مەھسۇلات - كۈندىلىك مىلىچ ماللارنى پارچە سېتىش ماگىزىنى ئاچتى؛ ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە بىر ئۇنىۋېرسال ماگىزىن ئېچىلدى، قۇمۇل، باركۆل ناھىيىسىنىڭ يەرلىك مىلىچ ماللار ھەمكارلىق دۇكانلىرىمۇ يەرلىك مەھسۇلات - كۈندىلىك مىلىچ ماللار ماگىزىنى ئاچتى.

ۋىلايەتنىڭ يەرلىك مەھسۇلات مال مەنبەسى بىر قەدەر ئاز بولۇپ، مۇتلەق زور قىسمى ئىچكى ئۆلكە، رايونلاردىن

كىرگۈزۈلدى. 1962- يىلىدىن باشلاپ، قۇمۇل ئۇنىۋېرسال سېتىۋېلىش- تەمىنلەش پونكىتى ھەر يىلى كەسپىي خادىملارنى مەملىكەتلىك يەرلىك مەھسۇلات، مېۋە- چېۋە، كۈندىلىك ملىچ ماللاردىن ئىبارەت ئۈچ خىل ماددىي بۇيۇم ئالماشتۇرۇش يىغىنلىرىغا قاتناشتۇردى. ئادەتتە ئۆز رايونىغا كىرەكلىك 50% مالنى كىرگۈزۈپ، 50% نى ئەركىن سېتىۋېلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق مال مەنبەسىنى ھەل قىلدى.

**2) يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا مەدەت بېرىش** تەمىنات- سودا كوپېراتىپلىرى ئىشلەپچىقىرىشقا مەدەت بېرىشنى تۇتۇپ ئۆز جايىنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلار مال مەنبەلىرىنى ئېچىشنى تەشكىللىدى.

**(1) موخۇركا زاۋۇتى قۇرۇش** 1966- يىلى، قۇمۇل ناھىيىلىك تەمىنات- سودا كوپېراتىپى ئاستانە گۈڭشېسى (ھازىرقى ئاستانە يېزىسى) دا كىچىك تىپتىكى موخۇركا زاۋۇتى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆردى. 1976- يىلى، تاماكا زاۋۇتى ئاستانىدىن قۇمۇل دايىگۇفاڭغا كۆچۈرۈلۈپ قايتا قۇرۇلدى ھەمدە شەنشى، گەنسۇلاردىن تاماكا غولى كىرگۈزۈلۈپ ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى كېڭەيتىلدى. يىلىغا 30 توننىدىن 40 تونىغىچە ئىشلەپچىقىرىلىپ، ئۈچ ناھىيىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرى تەمىنلەندى.

1978- يىلىدىن كېيىن، تاماكا زاۋۇتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى كۈندىن كۈنگە ئازايدى. 1980- يىلى، قۇمۇل ناھىيىلىك تەمىنات- سودا كوپېراتىپى يېمەكلىك زاۋۇتىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

**(2) ئائىلىۋى قوشۇمچە كەسىپكە مەدەت بېرىش** 1962- يىلى قۇمۇل ناھىيىلىك تەمىنات- سودا كوپېراتىپىدا دېھقانلار مۇلازىمەت بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، يېزىلاردىكى تۆمۈرچى، تېرىچى، ياغاچچىلارنىڭ ئات، ھارۋا جابدۇقى، كىچىك تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمىنى، ئۇششاق يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا يېتەكچىلىك قىلدى ۋە تەشكىللىدى. مۇلازىمەت بۆلۈمى خادىملارنىڭ نۇسخا ئېلىپ ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىكى ئەزالارنى يەرلىك شور، تۆز قېزىشقا، جابدۇق سېپى، تال چۆۋىق توقۇلما بۇيۇملىرى ئىشلەپچىقىرىشقا، ئوتۇن، قومۇش ئورۇشقا تەشكىللىدى.

1965- يىلى، دېھقانلار مۇلازىمەت بۆلۈمى ئومۇمىي قىممىتى 230 مىڭ يۈەنلىك مال سېتىۋالدى.

**(3) ھەسەل ھەرىسى بېقىشقا مەدەت بېرىش** 1961- يىل 6- ئايدا، قۇمۇل ناھىيىلىك سودا ئىدارىسى يەرلىك مەھسۇلات، كېرەكسىز بۇيۇملار تىجارەت بۆلۈمى جېجياڭ ئۆلكىسى پىڭياڭ ناھىيىسىدىن 322 ساندۇق ھەسەل ھەرىسى كىرگۈزدى. 1975- يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق تەمىنات- سودا كوپېراتىپى يەرلىك مەھسۇلاتلار، كۈندىلىك ملىچماللار، كېرەكسىز بۇيۇملار شىركىتى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ يەرلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلار ئىشلەپچىقىرىشىغا 30 مىڭ يۈەنلىك ئۆسۈمسىز قەرز بېرىپ، ئاساسەن ھەسەل ھەرىسى بېقىشقا ياردەم قىلدى، شۇ يىلى تۇرپان ناھىيىسى بەش يۇلتۇز گۈڭشېسى پاختىچىلىق خىزمەت پونكىتىدىن 305 ساندۇق ھەسەل ھەرىسى كىرگۈزۈلدى. 1977- يىلى، ۋىلايەت بويىچە ھەرە باقىدىغان ئورۇن ئۆچتىن 25 كە، ھەرە باققۇچى بەشتىن 30 غا ، ھەسەل ھەرىسى 1050 ساندۇققا يەتتى. 1990- يىلى 246 توننا ھەسەل سېتىۋېلىندى.

1975- يىلىدىن بۇيان، ئېچكى ئۆلكىلەردىكى ھەرە توپلىرى زور تۈركۈمدە قۇمۇلغا كەلتۈرۈلۈپ، كۆپ قىسمى ئاراتۇرۇك ئات فېرمىسى ۋە باركۆل ناھىيىسىنىڭ كۆيسۇ، شىرىنزا قاتارلىق جايلارغا توپلاندى. سېتىشقا قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن، ئۇنىۋېرسال پونكىت ھەر يىلى 6- ئاينىڭ باشلىرىدا ئاراتۇرۇك ئات فېرمىسىدا ھەسەل سېتىۋېلىش نۇقتىسى تەسىس قىلىپ سېتىۋېلىشقا مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ، شۇ جاينىڭ ھەسەل ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنى ئاشۇردى.

**2. قۇرۇتۇلغان كۆكتات، تېتىتقۇ بۇيۇملىرى تىجارىتى**

**1) قۇرۇتۇلغان كۆكتات** ئاساسەن چېچەكسەي، قارامور، يەر قالپىقى قىچا بېشىنى چىلاپ تەييارلانغان سەي

قاتارلىقلار بار ئىدى. 1979- يىلى، ھەر يىلى قارامورىدىن 150 ~ 250 كىلوگرام يۆتكەپ كېلىنىپ، بايراملاردا بازار تەمىنلەنگەندىن سىرت، ئاساسلىقى مېھمانخانا ھەم ئەمگەك كاپالىتى قاتارلىق ئالاھىدە ئېھتىياجلىق ئورۇنلار تەمىنلەندى.

2) ئېتىتقۇ بۇيۇملىرى تەمىنات- سودا كوپېراتىپى تىجارەت قىلىدىغان ئاساسلىق تۈرلەردىن شاكال بەدىيان، كاۋاۋىچىن، زەنجىۋىل، قارىمۇچ، زىرە، ئۇنتۇق مۇچ، ئېتىتقۇ (ۋېيجىڭ) قاتارلىق 20 خىلدىن ئاشاتتى. 1978- يىلىدىن كېيىن، ئېتىتقۇ بۇيۇملىرى بازار ئېھتىياجىنى ئاساسىي جەھەتتىن قاندۇردى.

### 3. مېۋە- چېۋە

1) ھۆل مېۋە- چېۋە ۋىلايەتتىن چىقىدىغان ھۆل مېۋە- چېۋىلەردىن ئۈرۈك، شاپتۇل، ئالما (يەرلىك ئالما)، ئۈزۈم قاتارلىقلار بار. 1960- يىللارغا كەلگەندە، بازارنىڭ يېڭى ئالمىغا بولغان ئېھتىياجى ئېشىپ، يەرلىك مېۋە- چېۋە بىلەن تەمىنلەش ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىدى. ۋىلايەتلىك يەرلىك مەھسۇلاتلار كېرەكسىز بۇيۇملار تىجارەت بۆلۈمى شەندۇڭ، لياۋنىڭلاردىن ئالما، خېمىدىن نەشپۈت، سىچۈەندىن ئاپېلسىن يۆتكەپ بازارنى تەمىنلىدى. 1964- يىلى، قىشلىق مېۋە- چېۋە تەمىنلەشنى كېڭەيتىش ئۈچۈن تەخمىنەن 400 كۋادرات مېتىرلىق ئورىدىن بىرنى ئويۇپ، ھەر خىل ھۆل مېۋىدىن 150 توننا ساقلاپ، ئوبوروت مىقدارىنى 400 توننىدىن 500 تونىغا يەتكۈزدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە يەنىلا ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن ھۆل مېۋە- چېۋە يۆتكەپ كېلىنىپ بازار تەمىنلەندى. 1979 – 1990 - يىللىغىچە، دۆلەت ئىلكىدىكى، كوللېكتىپ، يەككە ئورۇنلار ئورتاق تىجارەت قىلغاچقا، ھۆل مېۋە - چېۋىلەرنىڭ مال مەنبەسى تولۇق بولدى.

2) قۇرۇق مېۋە قۇمۇل بازىرىدىكى قۇرۇق مېۋە تۈرلىرىدىن ئاساسەن قۇرۇق ئۈزۈم، ئۆرۈك قېقى، چىلان، ياڭاق، گازىر، قوغۇن قېقى، خۇاسىڭ (يەر ياڭىقى)، قارا گازىر، شاپتۇل قېقى، ھالۋابىدىت قاتارلىق 20 خىل بار. يەرلىكتە ئاز مىقداردا ئۆرۈك قېقى، ياڭاق، قوغۇن قېقى ئىشلەپچىقىرىلغاندىن باشقا، كۆپ قىسمى ئاپتونوم رايوننىڭ باشقا ۋىلايەت، ئوبلاستلىرىدىن ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىن يۆتكەپ كېلىندى. 1988- يىلىدىن كېيىن، يەرلىكتە كىشمىش ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىش زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇلغانلىقتىن، يەرلىكتە ئىشلەپچىقىرىلغان قۇرۇق ئۈزۈمنىڭ مىقدارى ئاشتى. 1990- يىلى 222 توننا سېتىۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 88 تونننىسى سىرتقا يۆتكەلدى.

1984- يىلى، سودا مىنىستىرلىكى 2- تۈردىكى قۇرۇق مېۋىنى 3- تۈرگە تەڭشەپ، كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش، كېلىشىم باھادا سېتىشنى يولغا قويۇپ، دۆلەت ئىلكىدىكى، كوللېكتىپ، يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ قۇرۇق مېۋە تىجارىتى قويۇۋېتىلدى. تۈرلىرى كۆپ، مال مەنبەسى تولۇق بولدى.

### 4. كۈندىلىك ئىشلىتىش ماللار

مىنگو دەۋرىدە، قۇمۇلدا پەقەت ئاز ساندىلا تارقاق قول ھۈنەرى ئارقىلىق تۆمۈر، قەلەيدە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن بۇيۇملار، قۇيۇپ چىقىرىلغان مەش چەمبىرىكى، شالاسۇن، ياغاچتا ياسالغان ئاشلە سايمانلىرى، قولدا ئىشلەنگەن كىگىز قاتارلىقلار بار ئىدى. كۆپ ساندىكى كۈندىلىك ئىشلىتىش ماللارنى شەخسىي سودىگەرلەر ئىچكى ئۆلكىلەردىن يۆتكەپ كېلەتتى. قۇمۇل بازىرىدا يەرلىك ئىشلىتىش ماللار تىجارىتى قىلىدىغان 73 دۇكان بار ئىدى.

1951- يىلى، تەمىنات- سودا كوپېراتىپى تىجارەت قىلىدىغان كۈندىلىك ئىشلىتىش ماللاردىن ئاساسەن قازان - قۇمۇچ، تەلەڭگە، مەش، كاناي، كىرسىن چىراغ، لامپۇچكا قاتارلىقلار بار ئىدى.

1962- يىلى، ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەردە، يەرلىك مەھسۇلاتلار، كېرەكسىز بۇيۇملار تىجارەت بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، شۇ يىلى

2669 قازان، 1768 ئىگراق، 6800 قەلەي چىلەك، 81 مىڭ كۆندىلىك ھەر خىل فار فور بۇيۇملار بىلەن تەمىنلىدى (بۇنىڭ ئىچىدە تاماق قاچىسى 80 مىڭ ).

1964- يىلى، قۇمۇل ئۈنۈمپرسال پونكىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىچكى ئۆلكىلەردىن مال مەنبەسى تەشكىللەپ، بازارغا چىقىرىش مىقدارىنى ئاشۇردى، چويۈن قازان بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 1962- يىلدىكىدىن 300% تىن، ئىگراق 126%، قەلەي چىلەك 70% ئاشۇرۇلدى.

1980- يىللاردا، كۆندىلىك مىلىچ ماللارنىڭ تىجارەت يوللىرى كېڭەيدى، 1986- يىلغا كەلگەندە، كۆندىلىك مىلىچ ماللارنىڭ 41 خىلى قويۇۋېتىلدى، ھەر دەرىجىلىك تەمىنات- سودا كوپېراتىپىدىكى كەسپىي خادىملار يەرلىك مەھسۇلاتلارنى پائال تەشكىللەپ ھەمدە ئىچكى ئۆلكىلەردىن ئەركىن سېتىپ كىرگۈزۈپ، تۈرلەرنى كۆپەيتتى.

1990- يىلى، كۆندىلىك مىلىچ ماللارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 3 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، شۇ يىللىق تەمىنات- سودا كوپېراتىپى سېتىمىسى تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى سېتىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ % 6.2 نى ئىگىلىدى.

## §7. ئاز سانلىق مىللەتلەرگە كېرەكلىك تاۋارلار

**1. «ئۈچ تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش» سىياسىتى**

دۆلەت ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا «ئۈچ تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش» سىياسىتىنى يولغا قويدى، يەنى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى سودىسىدا باھاسى، كارخانىلارنىڭ مەبلىغى، پايدىسىنى ئايرىشتا ئېتىبار بېرىش سىياسىتى يۈرگۈزۈلدى. 1963- يىلدىن باشلاپ، باركۆل ناھىيىسى « ئۈچ تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش» سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولىدىغان ناھىيىلەردىن بولۇپ قالدى، 1979- يىلى، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىمۇ بۇ سىياسەتتىن بەھرىمەن بولدى.

1) باھا ياردەم پۇلى  ئاساسەن توشۇش ھەققى ياردەم پۇلىدىن ئىبارەت. توشۇش ھەققى ياردەم پۇلى بېرىش يولغا قويۇلغان باركۆل، ئاراتۈرۈك قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرى بولۇپ، شەھەر بىلەن يېزىدا ئىستېمال قىلىنىدىغان سانائەت بۇيۇملىرى ئوخشاش باھادا سېتىلدى، ترانسپورت ھەققى ياردەم پۇلىنىڭ مۇساپىسى: ① ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 20 كىلومېتىر ئەتراپىدا بولسا ناھىيە بازىرى بىلەن ئوخشاش باھا يۈرگۈزۈش؛ ② 21 كىلومېتىردىن يىراق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا يېڭى باھا بەلگىلەش. بىر دائىرە ئىچىدە ئوخشاش بىر باھا يۈرگۈزۈش، يەنى ناھىيە بازىرىدىكى پارچە سېتىش باھاسىغا بۆلەكلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مۇساپىدىكى ترانسپورت ھەققىنى قوشۇپ، بۆلەكلەرنىڭ پارچە سېتىش باھاسىنى بەلگىلەشتىن ئىبارەت. 1976 – 1985 - يىلغىچە بولغان 10 يىل داۋامىدا، باركۆلدىكى ھەر مىللەت خەلقى 949 مىڭ 800 يۈەن باھا پەرقى ياردەم پۇلىغا ئېرىشتى.

2) ئىگىدارلىق مەبلىغى جەھەتتىن ئېتىبار بېرىش  دۆلەت يەنە ئاز سانلىق مىللەت سودا كارخانىلىرىغا قارىتا ئىگىدارلىق مەبلىغى جەھەتتىن ئېتىبار بەردى. 1963- يىلى مۇنداق بەلگىلەندى: قاتناش قۇلايسىز، تاۋارلارنىڭ بولىدىكى ۋاقتى ئۇزۇن، يەتكۈزۈپ بېرىشتە چىقىم كۆپ بولىدىغان چەت، يىراق رايون ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى مىللىي سودا كارخانىلىرىغا سودا تارماقلىرى بىر قەدەر كۆپ ئىگىدارلىق مەبلىغىنى چۈشۈرۈپ بېرىش، پارچە سېتىش كارخانىلىرىنىڭ ئىگىدارلىق مەبلىغى 80% بولۇش (ئادەتتىكى رايونلارنىڭ 60%)، بۇنىڭ ئىچىدىكى 20% نى بانكا

قەرز ئارقىلىق ھەل قىلىش؛ توپ ساتىدىغان كارخانىلارنىڭ ئىگىدارلىق مەبلىغى 50% بولۇش (ئادەتتىكى رايونلارنىڭ 7% ئەتراپىدا)، بۇنىڭ ئىچىدىكى 50% نى بانكا قەرز ئارقىلىق ھەل قىلىش يولغا قويۇلدى. بۇنداق دېگەنلىك قەرز ئۆسۈمى نىسبەتەن تۆۋەن بولۇپ، كارخانىنىڭ چىقىمى ئاز بولغاچقا، پايدىسى كۆپىيىپلا قالماي، بەلكى تۈز ئالدىغا نۇرغۇن كارخانىغا تەۋە بولغان ئىگىدارلىق مەبلەغنى ئىشلىتەلەيدۇ دېگەنلىكتۇر. 1976 – 1985 - يىلىغىچە بولغان 10 يىل داۋامىدا، باركۆل ناھىيىسىنىڭ سودا سىستېمىسىغا دۆلەت ئاجرىتىپ بەرگەن ئايلانما مەبلەغ دۆلەت بەلگىلىگەن نىسبەتتىنمۇ ئېشىپ كەتتى. 1984- يىلى، باركۆل ناھىيىسى سودا سىستېمىسىنىڭ ئىگىدارلىق ئوبوروت مەبلىغى ئەڭ تۆۋەن بولغاندىمۇ 1 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئاجرىتىپ بەرگەن ئايلانما مەبلەغ 1 مىليون 157 مىڭ 900 يۈەن بولۇپ، 94.1% نى ئىگىلىدى. 1979- يىلى ئاپتونوم رايون ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنى «ئۈچ تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش» سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولىدىغان ناھىيە قىلغاندىن كېيىن، 1985- يىلى ئىگىدارلىق ئايلانما مەبلىغى 153 مىڭ 500 يۈەنگە كۆپەيدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى دۆلەت ئاجرىتىپ بەرگەن ئايلانما مەبلەغ.

3) پايدا قالدۇق جەھەتتىن ئېتىبار بېرىش 1952- يىلى، دۆلەت مىللىي سودا شىركەتلىرىنىڭ پايدا تاپشۇرماسلىقىنى بەلگىلىدى. 1963- يىلى يەنە مىللىي سودا كارخانىلىرىنىڭ پايدا قالدۇق نىسبىتى 20% (ئادەتتىكى رايونلارنىڭ 3% ئەتراپىدا) بولۇپ، ئاددىي تىجارەت ئۆيى سېلىش، ئىسكىلات ۋە ترانسپورت قوراللىرى سېتىۋېلىش، شۇنداقلا زۆرۈر بولغان ئىشچى- خىزمەتچىلەر پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ئىشلىتىش بەلگىلەندى. 1980- يىل 1- ئايدىن باشلاپ، مىللىي سودا كارخانىلىرىنىڭ پايدا قالدۇق نىسبىتى 20% تىن 50% كە ئۆستۈرۈلدى (ئادەتتىكى رايونلارنىڭ 19.3%). 1976 – 1985 - يىلىغىچە، باركۆل ناھىيىسى سودا سىستېمىسىنىڭ تاۋار سېتىش ئومۇمىي سوممىسى 133 مىليون 341 مىڭ يۈەنگە، ياراتقان پايدىسى 4 مىليون 784 مىڭ يۈەنگە، پايدا قالدۇقى 1 مىليون 869 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

2. مىللىي بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىش

قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئېھتىياجلىق بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىش، جۈملىدىن كىيىم- كېچەك، دوپپا، گىلەم قاتارلىقلارنى ئىشلەش تارىخى بىر قەدەر ئۇزۇن بولۇپ، مۇئەييەن ئالاھىدىلىككە ئىگە. 1978- يىلدىكى، پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ۋىلايەتتە يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قۇرۇلۇپ، ئاساسلىقى يۇڭ پوپايكا، يۇڭ ئىشتان، پۇتتۇن كۆينەك قاتارلىقلارنى ئىشلىدى. يەنە قۇمۇل شەھىرىدە كەشتىچىلىك زاۋۇتى، گىلەم زاۋۇتى، يىپەكچىلىك زاۋۇتى، ئۆتۈك - ئاياغ زاۋۇتى، خۇرۇم زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، ئاساسلىقى قازاق مىللىتىنىڭ تام گىلىمى، كارۋات كىرلىكى، يىغما دېرىزە پەردىسى، گىلەم، مۇسۇلمانچە تورت، مېۋە- چېۋە كونسېرۋاسى قاتارلىقلارنى ئىشلىدى. باركۆل ناھىيىسىدىكى ئاياغ، يۇڭ، تېرە، يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتلىرى، ئاساسلىقى ئۆتۈك، ئاياغ، گىلەم، كىگىز، سۈت چىلىكى قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقاردى. قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە كېرەكلىك تاۋارلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تۈرى ئاز، سانى چەكلىك بولغاچقا، دۆلەت ئۆلكىدىكى سودا تارماقلىرى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىغا كېرەكلىك تاۋارلارغا بولغان ئېھتىياجنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئىشلەپچىقىرىلغان جايلاردىن مال كىرگۈزۈپ، تەمىنات- سودا كوپېراتىپى ئارقىلىق يېزا ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىنى تەمىنلىدى.

1990- يىلى، ۋىلايەتنىڭ سودا سىستېمىسىدىكى مىللىي سودا كارخانىلىرىنىڭ ئىشچى- خىزمەتچىسى 256 گە، مۇقىم مۈلكى 5 مىليون 282 مىڭ يۈەنگە، تاۋار سېتىش ئومۇمىي سوممىسى 16 مىليون 338 مىڭ يۈەنگە، ياراتقان پايدىسى 559 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

**قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ 1983 – 1990 - يىللىقچە پارچە سېتىلىش سوممىسى**

جەدۋەل: 14 – 4

| | تۈرى / يىللار | ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى | يېمەكلىك | كىيىم كېچەك | كۈندىلىك مىلىجال | مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش بۇيۇملىرى | كىتاب، گېزىت-ژۇرنال | دورا ۋە داۋالاش بۇيۇملىرى | يېقىلغۇ |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| مۇتلەق سان (تۈمەن يۈەن) | 1983 | 13220 | 6244 | 3422 | 1983 | 710 | 155 | 257 | 449 |
| | 1984 | 15777 | 6972 | 3633 | 3314 | 736 | 170 | 307 | 645 |
| | 1985 | 19545 | 8898 | 3801 | 4467 | 884 | 215 | 449 | 831 |
| | 1986 | 21688 | 9824 | 4173 | 4642 | 686 | 377 | 794 | 1192 |
| | 1987 | 23717 | 10823 | 4507 | 4420 | 1061 | 305 | 732 | 1968 |
| | 1988 | 31486 | 14141 | 6509 | 6448 | 1192 | 363 | 1043 | 1790 |
| | 1989 | 33647 | 14123 | 6613 | 8151 | 1327 | 453 | 1051 | 1929 |
| | 1990 | 36934 | 15973 | 6743 | 8058 | 1644 | 485 | 1573 | 2458 |
| تۈزۈلۈشى (%) | 1983 | 100 | 47.2 | 25.9 | 15.0 | 5.4 | 1.2 | 1.9 | 3.4 |
| | 1984 | 100 | 44.2 | 23.0 | 21.0 | 4.7 | 1.1 | 1.9 | 4.1 |
| | 1985 | 100 | 45.5 | 19.4 | 22.9 | 4.5 | 1.1 | 2.3 | 4.3 |
| | 1986 | 100 | 45.3 | 19.2 | 21.4 | 3.2 | 1.7 | 3.7 | 5.5 |
| | 1987 | 100 | 45.6 | 19.0 | 18.6 | 4.5 | 1.3 | 3.1 | 7.9 |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1988 | 100 | 44.9 | 20.7 | 20.5 | 3.8 | 1.1 | 3.3 | 5.7 |
| | 1989 | 100 | 42.0 | 19.7 | 24.2 | 3.9 | 1.4 | 3.1 | 5.7 |
| | 1990 | 100 | 43.2 | 18.3 | 21.8 | 4.5 | 1.3 | 4.3 | 6.6 |

[قوشۇمچە] سودا سارايلىرى

1) **قۇمۇل ۋىلايەتلىك تۇرلۇك ماللار شىركىتى** قۇمۇل تۇرلۇك مال سېتىۋېلىش- تەمىنلەش پونكىتى قۇمۇل ۋىلايەتلىك تۇرلۇك ماللار شىركىتى دېمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ شىركەت قۇمۇل شەھەر رايونىنىڭ ئەڭ ئاۋات سودا مەركىزىگە جايلاشقان. 1954- يىلى قۇرۇلغان بۇ دۆلەت ئىلكىدىكى كونا سودا كارخانىسى ــــ قۇمۇل سودا شىركىتى بولۇپ، 42 ئىشچى- خىزمەتچىسى بار. تىجارەت دائىرىسى كۈندىلىك تۇرلۇك ماللار ۋە مەدەنىيەت بۇيۇملىرىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈردىكى تاۋارنى ئۆز ئىچىگە. كېيىنچە خادىملار بىر قانچە قېتىم تارقىتىلدى، ئاپپارات نامىمۇ ئۆزگەردى. 1977 - يىل 10- ئايدا، نامى قۇمۇل ۋىلايەتلىك تۇرلۇك ماللار شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قۇمۇل تۇرلۇك ماللار 2- دەرىجىلىك توپ سېتىش پونكىتى دېگەن ۋىۋىسكا ئېسىلدى. 40 يىلدىن ئارتۇق تەرەققىيات ئارقىلىق، كارخانا كۆلىمى يىلدىن يىلغا كېڭەيدى. 1993- يىلى تىجارەت كۆلىمى 5570 كۋادرات مېتىرلىق ئۈنۈپرسال تىجارەت بىناسى ــــ تۇرلۇك ماللار سودا سارىيى پۈتتى. بۇ قۇمۇل بازىرىدىكى ئەڭ چوڭ كۈندىلىك سانائەت بۇيۇملىرىنى توپ- پارچە ساتىدىغان دۆلەت ئىلكىدىكى سودا كارخانىسى بولۇپ قالدى. 1995- يىلى، ئىشچى- خىزمەتچىسى 355 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خىزمەتتىكى ئىشچى- خىزمەتچى 293 (بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى- خىزمەتچى40). كارخانىنىڭ بىر قەدەر مۇكەممەل سودا، ئىسكىلات، ترانسپورت مۇئەسسەسى، سەككىز كەسپىي تارمىقى ۋە يەتتە فۇنكسىيىلىك تارمىقى بار. ئايلىنىش مېخانىزمى: توپ ۋە پارچە سېتىش بىر گەۋدىلەشكەن تىجارەت ئۇسۇلى بولۇپ، بىر دەرىجىلىك قانۇنىي ئىگىسى، ئىككى دەرىجىلىك ھېسابلاش، ئۈچ دەرىجىلىك باشقۇرۇش تۈزۈمىدىن ئىبارەت. 1994- يىلى 44 مىليون 100 مىڭ يۈەنلىك مال سېتىپ، 1 مىليون 85 مىڭ يۈەن پايدا ياراتتى. 1994- يىلى، شىركەت ۋىلايەت دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن بولۇپ باھالاندى. 1995- يىلى، جۇڭگو تۇرلۇك ماللار سودا جەمئىيىتى ئەزالىققا قوبۇل قىلدى. 1989- يىلدىن باشلاپ، ئۇدا يەتتە يىل «توختامدا لەۋزىدە تۇرغان» ئورۇن، ئۈنۈپرسال تۈزەشتىكى ئىلغار ئورۇن دېگەن نامغا ئېرىشتى. 1994- يىلى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن باھا ئۆلچىمى سىياسىتى ۋە قائىدىسىنى ئىجرا قىلىشتىكى ئۈلگىلىك ئورۇن دېگەن نامغا ئېرىشتى.

2) **قۇمۇل ۋىلايەتلىك مېتال بۇيۇم ــ قاتناش ــ خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرى شىركىتى سودا سارىيى** قۇمۇل ۋىلايەتلىك مېتال بۇيۇم ــ قاتناش - خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرى شىركىتى سودا سارىيى 1988- يىلى تىجارەت باشلىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى قۇمۇل ۋىلايەتلىك مېتال ــ بۇيۇم ــ قاتناش - ئېلېكتر شىركىتى كۆرگەزمە بۆلۈمى دەپ ئاتالغانىدى. بۇ قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئەڭ چوڭ مەخسۇس بۇيۇم ــ مېتال ــ قاتناش - خىمىيە سانائىتى تاۋارلىرىنى ساتىدىغان دۆلەت ئىلكىدىكى پارچە سېتىش سودا سارىيى بولۇپ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مېتال ــ بۇيۇم ــ قاتناش سانائىتى خىمىيە باش شىركىتىگە قارايدۇ. قۇمۇل شەھەر مەركىزىنىڭ ئاۋات بۆلىكى بولغان تەڭرىتاغ شەرقىي يولى، دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش شىمالىي يولى، دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش جەنۇبىي يولى ۋە ئاقيەر يولىنىڭ كېسىشمە جايىغا جايلاشقان، سودا سارايىنىڭ تىجارەت كۆلىمى 3000 كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، ئاساسلىقى مېتال بۇيۇم، ئادەتتىكى ماشىنا ــ ئۈسكۈنىلەر، ئوت ئۆچۈرۈش ئەسۋابلىرى، ئېلېكتر سايمانلىرى، قاتناش، ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرى، قاتناش ترانسپورت

قوراللىرى ھەم زاپچاسلىرى، ماشىنا، ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى، سۇ، پار ماتېرىياللىرى، خىمىيە، سانائەت خام ئەشيالىرى ھەم مەھسۇلاتلىرى، بېزەك ماتېرىياللىرى، ئالاقە سايمانلىرى قاتارلىق 5000 خىلدىن ئارتۇق تاۋار تىجارىتى قىلىدۇ. بۇ ساراي يىللىق تىجارەت سوممىسىنى 14 مىليون يۈەندىن ئاشۇردى. 1995- يىلى، سودا سارايىنىڭ ئىشچى- خىزمەتچىسى 50 كە، ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتلىقلار 16 گە، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىك سەككىزگە يەتتى. سودا سارىيى كۆپ يىللاردىن بۇيان جەمئىيەتتىكى ئاساسلىق روجەك بولۇش سۈپىتى بىلەن «خېرىدارلار ھەممىدىن ئەلا، سۈپەت بىرىنچى» بولۇشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ، ئۇدا بىر قانچە يىل قۇمۇل شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن « باھا تۈلچىمىدە ئىشەنچلىك ئورۇن» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

## 8§. دورا

ۋىلايەتنىڭ دورا سېتىۋېلىش- سېتىش تارىخى ئۇزۇن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا خۇسۇسىيلار باشقۇرۇشىدىكى جۇڭيى دورا دۇكىنىدىن يەتتە- سەككىزى بار ئىدى. ئەڭ بالدۇر قۇرۇلغىنى قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ «تيەنچېڭدې» جۇڭيى دورا دۇكىنى بولۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 10- يىلى (1884- يىلى) ئېچىلغان، ئاساسلىقى جۇڭيى دورا ماتېرىياللىرى ۋە تەييار جۇڭيى دورىلىرى تىجارىتى قىلىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ 2- يىلى (1910- يىلى) باركۆلدە يىتەيفېڭ، خېڭلىيۈڭ، چىڭلۇڭشى قاتارلىق ئۈچ – تۆت جۇڭيى دورا دۇكىنى بار ئىدى.

مىنگو يىللىرىدا، قۇمۇل ناھىيىسىدە دېشەنتاڭ، لۇڭچۈنتاڭ، يۈڭجۇتاڭ، شىڭشۇندې، فۇيۈەنتاڭ؛ باركۆل ناھىيىسىدە رۇڭدېتاڭ، جىشەنتاڭ، ئۇشىتاڭ قاتارلىق جۇڭيى دورا دۇكانلىرى بار ئىدى.

مىنگونىڭ 25- يىلى (1936- يىلى)، ئۆلكىلىك قۇمۇل رايونى دوختۇرخانىسى (ئۆلكىلىك 9- دوختۇرخانا) قۇرۇلۇپ، غەربچە دورىلارنى ساتتى. مىنگونىڭ 29 – 38 - يىلىغىچە (1940 – 1949 - يىلىغىچە)، ۋىلايەت بويىچە خۇسۇسىيلار ئاچقان غەربچە دورا دۇكىنىدىن پەقەت قۇمۇل ناھىيىسىدىلا 11 ى بار ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1956- يىل 1- ئايدا، جۇڭگو دورا شىركىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قۇمۇل تارماق شىركىتى قۇرۇلۇپ، 23 ئىشچى- خىزمەتچى سەپلەندى. 1957- يىل 4- ئايدا، جۇڭگو دورا شىركىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قۇمۇل سېتىۋېلىش- تەمىنلەش پونكىتى قۇرۇلدى. 40 ئىشچى- خىزمەتچى سەپلەندى. قۇمۇل دورا سېتىۋېلىش- تەمىنلەش پونكىتى ۋە دورا تارماق شىركىتى ئىككى ۋىۋىسكا ئېسىپ بىر يۈرۈش ئادەم ئىش بېجىردى. 1959- يىل 4- ئايدا، قۇمۇل دورا سېتىۋېلىش- تەمىنلەش پونكىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، دورا تارماق شىركىتىنىڭ نامى جۇڭگو دورا شىركىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قۇمۇل شۆبىسىگە ئۆزگەرتىلدى. 1959- يىل 9- ئايدا، باركۆل ناھىيىلىك دورا شىركىتى قۇرۇلۇپ، بۆلەكلەر بويىچە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلدى.

1990- يىلى، ۋىلايەتلىك دورا ۋە دورا ماتېرىياللىرى شىركىتىنىڭ ئىشچى- خىزمەتچىسى 117 گە، باركۆل ناھىيىلىك دورا شىركىتىنىڭ 28 گە يەتتى.

ۋىلايەتتىكى ناھىيىدىن تۆۋەن ئورۇنلاردىكى دورا بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىش، سېتىش تىجارىتىنى تەمىنات- سودا كوپېراتىپى ۋە دوختۇرخانىلار قىلىدى. 1971- يىلى، رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ «داۋالاش، سەھىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى يېزىلارغا قارىتىش» توغرىسىدىكى يوليورۇقى ئىزچىللاشتۇرۇلدى. 1977- يىلىغىچە، ۋىلايەت بويىچە 99% ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇپ، قوشۇمچە دورا بۇيۇملىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللاندى. 1979- يىلىدىن كېيىن، ۋىلايەت بويىچە كۆپ ساندىكى چوڭ ئەترەتلەرنىڭ داۋالاش خىزمىتى يېزا،

كەنت دوختۇرلىرى ياكى كوللېكتىپ ھۆددىگە ئالدى ھەم دورا بۇيۇملىرى تىجارىتى قىلدى. 1990- يىلىغا كەلگەندە، ۋىلايەت بويىچە دۆلەت ئىلكىدىكى دورا دۇكانلىرى ئۈچكە، ئىشچى- خىزمەتچىسى 37 گە يەتتى.

1. دورا بۇيۇملىرى مال مەنبەسى

ۋىلايەت تەۋەسىدە دورا ئۆسۈملۈك بايلىقى مول، تۈرى كۆپ. 1980- يىللاردىكى جۇڭگىي دورا بايلىقىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە، ۋىلايەت بويىچە ئورغۇن جايلاردا سوغىگۈل، قانتېپەر، پەربۇن، قار لەيلىسى، چاكاندا، چۈچۈكبۇيا قاتارلىق ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكتىن 150 خىلدىن ئارتۇقى بارلىقى ئېنىقلاندى. ھايۋانات دورا ماتېرىياللىرىدىن يۇمران بۇغا مۈڭگۈزى، بۇغا مۈڭگۈزى ۋە ئېشەك تېرىسى؛ مىنېراللاردىن ناترىي سۇلفىد، ناترىي سۇلفات قاتارلىقلار بار. چىڭ سۇلالىسى ۋە مىنگو دەۋرىدە، جۇڭگىي دورا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ ئاز بىر قىسمى قۇمۇلدىن چىققاندىن باشقا، كۆپ قىسمى ئىچكى ئۆلكىلەر ۋە شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىن كىرگۈزۈلەتتى. تەييار جۇڭگىي دورىلىرىنىڭ ھەممىسى دېڭىزدەك سىرتقى جايلاردىن سېتىۋېلىناتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1980- يىلدىن ئىلگىرى، ۋىلايەت بىر يىلدا 150 تونىنا چۈچۈكبۇيىدىن، 15 تونىنا زاراڭزا چېچىكى، ئۈچ تونىنا بۇغا مۈڭگۈزى سېتىۋالاتتى. 1980- يىلدىن كېيىن، سېتىۋېلىش مىقدارى زور ھەجىمدە ئازىيىپ كەتتى، 1987- يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، چۈچۈكبۇيىدىن 53 مىڭ 500 كىلوگرام، زاراڭزا چېچىكىدىن 1710 كىلوگرام، بۇغا مۈڭگۈزىدىن 420 كىلوگرام سېتىۋېلىندى.

2. دورا تىجارىتى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، قۇمۇل دائىرىسىدە دوختۇر كەمچىل بولغاچقا، دورىلارنىڭ باھاسى ئادەتتىن تاشقىرى قىممەت ئىدى، ئادەتتىكى ئامرات دېھقان- چارۋىچىلار كېسەل بولسا، كۆپىنچىسى ئۆسۈملۈك دورىلار ئارقىلىق ئۆزىنى داۋالايتتى ياكى ئەرۋاھ، بۇت ۋە خۇدادىن ئامانلىق تىلىگەچكە، دورىلارنىڭ سېتىلىشى ئانچە ياخشى بولمايتتى. مىنگونىڭ 25- يىلى (1936- يىلى)، غەرب تېبابىتى دورىلىرى كىرگۈزۈلدى، بۇنىڭ بىلەن، دورا تۈرلىرىمۇ تەدرىجىي كۆپىيىپ، تىجارەت تۈرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىكى 10 خىلدىن 200 ~ 300 خىلغا كۆپەيتتى. بۇنىڭدىن باشقا بىر قىسىم ئۇششاق توكۇلاچى سودىگەرلەر ئەپكەشلىرىنى كۆتۈرۈپ، كەنت ئارىلاپ يۈرۈپ دورا ساتاتتى. كۆپ ساندىكى دورىلار سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگۈزۈلەتتى، ئۆلكىلىك خەلق ئىشلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى تارقىتىپ بېرەتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، دۆلەت، كوللېكتىپ ئىلكىدىكى ئورۇنلاردا ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىش يولغا قويۇلدى. 1960- يىلى، يېزىلاردا ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش باشلىنىپ، دورىلارنىڭ سېتىلىش مىقدارى ئۈزلۈكسىز ئاشتى. لېكىن «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىللىرىدە، بەزى دورىلار قىس بولغاچقا، تەمىنلەش ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىدى. 1984- يىلدىن كېيىن، دورا مەنبەسى تولۇق بولۇپ، كۆپ ساندىكى دورىلارنىڭ تىجارىتى قويۇۋېتىلدى، ساغلاملىق دورىسى ۋە ئىچىملىك تۈرىدىكى دورىلارنىڭ سېتىلىشى كۈندىن - كۈنگە تېز بولدى. 1985- يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ۋىلايەتنىڭ داۋالاش ۋە دورىگەرلىك سودا سىستېمىسى غەربچە دورا، جۇڭگىي دورىسى، داۋالاش ئەسۋابلىرى، خىمىيىۋى رېئاكتىپ ۋە ئەينەك ئەسۋاب بولۇپ، جەمئىي بەش چوڭ تۈر، 5820 خىل دورا ۋە سايمانىنى توپ، پارچە ساتتى، بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگىي دورا ماتېرىياللىرىنىڭ سېتىلىش سوممىسى 1 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1966- يىلدىكىدىن 3.5 ھەسسە تەييار جۇڭگىي دورىلىرىنىڭ سېتىلىش سوممىسى 1 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1966- يىلدىكىدىن 8.8 ھەسسە ؛ داۋالاش ئەسۋابلىرىنىڭ سېتىلىش سوممىسى 830 مىڭ

يۇەنگە يېتىپ، 1966- يىلدىكىدىن 2.77 ھەسسە ئاشتى.

1985- يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، شۇ يىللىق تاۋارلانغان سېتىلىش ئومۇمى سوممىسى 8 مىليون 212 مىڭ يۇەنگە يېتىپ، 1966- يىلدىكىدىن 3.39 ھەسسە ئاشقان، 728 مىڭ يۇەن پايدا يارىتىلغان، دۆلەتكە 463 مىڭ يۇەن پايدا- باج تاپشۇرۇلغان. 1987 – 1990 - يىلىغىچە، 39 مىليون 170 مىڭ يۇەنلىك دورا سېتىۋېلىنىپ، 46 مىليون 820 مىڭ يۇەنلىك سېتىلىپ، 3 مىليون 36 مىڭ يۇەنلىك پايدا يارىتىلدى، دۆلەتكە 2 مىليون 935 مىڭ يۇەن پايدا- باج تاپشۇرۇلدى.

1987 – 1990 - يىلىغىچە، سېتىۋېلىنىدىغان يەرلىك دورا مەھسۇلاتلىرى ئىلگىرىكى 20 خىلدىن 40 خىلغا كۆپىيىپ، 1 مىليون 360 مىڭ يۇەنلىك سېتىۋېلىنىپ، 4 مىليون 280 مىڭ يۇەنلىك سېتىلدى.

1988- يىلى، ۋىلايەتلىك تىببىي دورا شىركىتىنىڭ ئىسكىلاتى ئاپتونوم رايونلۇق دورا باشقۇرۇش ئىدارىسى تەرىپىدىن «ئۈلگىلىك ياخشى ئىسكىلات» بولۇپ باھالاندى.

# V باب

# دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى ۋەكىرەكسىز كونا ماددىي ئەشيالارنى سېتىۋېلىش

## §1. دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش

1. پاختا، چىگە

1) پاختا 1966- يىلدىن ئىلگىرى، ۋىلايەتتە 500 مو ئەتراپىدا كېۋەز تېرىلدى. 1978- يىلدىن كېيىن، بىگتۇەننىڭ تۇەن- مەيدانلىرىدا چوڭ كۆلەمدە تېرىلدى، قۇمۇل ناھىيە (شەھەر) نىڭ ئاستانە، بوغاز، بۇلۇڭتوغراق، پالۋانتۇر، راھەتباغ قاتارلىق يېزىلىرىدىمۇ تېرىلىشقا باشلىدى، كۆلىمى تەدرىجىي كېڭەيدى. 1983- يىلىغا كەلگەندە، ۋىلايەت پاختا بىلەن ئۆزىنى قامدايدىغان بولدى. 1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 47 مىڭ 600 دەن پاختا (بىگتۇەننىڭكىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) سېتىۋېلىندى.

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ يىلدىن يىلغا كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، سېتىۋېلىش، يۆتكەش، ساقلاش مىقدارى ئاشتى. 1987- يىلى، ۋىلايەتلىك پاختا- چىگە شىركىتى نۇقتىلىق پاختا ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىدا تۆت سېتىۋېلىش نۇقتىسى قۇردى.

2) چىگە 1950- يىللاردا، ۋىلايەت چىگە ھەم ئۆنىگىدىن ياسالغان بۇيۇملارنى (چىگىدە ئىشلىگەن ئارغامچا) تىجارەت قىلىشتا، بازار ئېھتىياجىدىكى چىگە ھەم چىگىدە ئىشلەنگەن ئارغامچىنى سىرتتىن كىرگۈزدى.

1979- يىلدىن كېيىن، ۋىلايەت بويىچە ھەر يىلى 500 – 600 كىلوگرامغىچە چىگە سېتىۋېلىندى.

2. قوغۇن- تاۋۇز

تەمىنات- سودا كوپېراتىپى 1953- يىلىدىن باشلاپ قوغۇن سېتىۋېلىش- سېتىش كەسپىنى باشلىدى، 1982- يىلى، ۋىلايەتلىك يەرلىك مەھسۇلاتلار مېۋە- چېۋە شىركىتى قۇمۇل ناھىيىلىك تەمىنات- سودا كوپېراتىپى بىلەن ئورتاق تىجارەت قىلىشقا باشلىدى. ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلار ئاساسلىقى ناھىيىلىك كوپېراتىپقا ۋە مېۋە- چېۋە شىركىتى ھەم باشقا ئورۇنلارغا ۋاكالىتەن سېتىۋالاتتى. ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپمۇ بىر قىسمىنى سىرتقا ساتاتتى. باركۆل، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك تەمىنات- سودا كوپېراتىپلىرى ھەم ئۆزگە قاراشلىق ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلار 1950- يىللاردىن تا ھازىرغىچە قوغۇن- تاۋۇز، مېۋە- چېۋە تىجارىتى قىلىپ كەلدى. ئاساسلىقى ناھىيە دائىرىسىدە پارچە ساتتى. سىرتقا يۆتكەش ۋەزىپىسى يوق.

ئاساسلىق قوغۇن ئىشلەپچىقىرىدىغان ئورۇنلار تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى قۇمۇل شەھىرىنىڭ (ئەسلىدىكى قۇمۇل ناھىيىسى) بوغاز، بۆلۈڭتوغراق، راھەتباغ، قارادۆۋە قاتارلىق يېزىلىرى، بىڭتۈەن قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ قىزىل يۇلتۇز 1-، 2-، 3-، 4- مەيدانلىرى ۋە راكېتا دېھقانچىلىق مەيدانىدىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن باشقا تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى باركۆل ناھىيىسىنىڭ ئۈچكۆل (سەنتاگخۇ) يېزىسى، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ نوم يېزىلىرىمۇ ئاز مىقداردا قوغۇن ئىشلەپچىقاردى.

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى قوغۇن- تاۋۇز سېتىۋېلىش، سىرتقا يۆتكەش ئەھۋالى

جەدۋەل: 14 – 5 بىرلىكى: توننا

| يىلار | قوغۇن | تاۋۇز | يىلار | قوغۇن | تاۋۇز |
|---|---|---|---|---|---|
| 1953 | 50 | | 1975 | 1701 | 763 |
| 1955 | 204 | | 1979 | 593 | 1113 |
| 1957 | 525 | | 1980 | 295 | 683 |
| 1962 | 177 | | 1985 | 2500 | 5160 |
| 1965 | 562 | | 1987 | 967 | 2528 |
| 1966 | 1068 | | 1990 | 1212 | 3492 |
| 1972 | 1215 | 65 | | | |

قۇمۇلنىڭ قوغۇنىنى پىششىقلاپ ئىشلەش تارىخى ئۇزۇن. قۇمۇل شەھىرىنىڭ لاپچۇق، قارادۆۋە يېزىلىرىدىن سۈپەتلىك قوغۇن قېقى چىقىدۇ، 1950- يىللاردا، قوغۇن قېقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى بىر قەدەر كۆپ بولدى.

تەمىنات- سودا كوپېراتىپلىرى كۆپلەپ سېتىۋېلىپ سىرتقا ساتتى. 1980- يىللاردىن كېيىن، قوغۇن بىلەن تەمىنلەش ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىغانلىقتىن، قوغۇن قېقى قۇرۇتۇشمۇ ئازايدى.

قوغۇننى پىششىقلاپ ئىشلەش — يېقىنقى يىللاردا بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسىنىڭ تۇەن- مەيدانلىرى ۋە يېزا- بازار كارخانىلىرىدىن باشلاندى. پىششىقلاپ ئىشلەنگەن تۈرلەردىن قوغۇن كونسېرۋاسى، قوغۇن قېقى، قوغۇن مۇرابباسى، قوغۇن شىرنىسى قاتارلىقلار بولۇپ، كۆپىنچىسى ئىچكى ئۆلكىلەردە سېتىلدى.

3. يەر قالپىقى، چاچكۆك

1) يەر قالپىقى  قومۇلنىڭ ياۋا يەر قالپىقى پۇراقلىقلىقى، گۆشىنىڭ قېلىنلىقى بىلەن داڭلىق بولۇپ، «شەرقىي شىنجاڭ يەر قالپىقى» دەپ تەرىپلىنىدۇ. 1960- يىللاردا، ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلار دېھقان، چارۋىچىلارنى چارۋا بېقىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ يەر قالپىقى تېرىپ، تەمىنات- سودا كوپېراتىپىغا قۇرۇق يەر قالپىقى تاپشۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلدى. 1975- يىلدىن باشلاپ، ۋىلايەتلىك سېتىۋېلىش- تەمىنلەش پونكىتى ھەر يىلى 7- ئايدىن 10- ئايغىچە كەسپىي خادىملارنى ئەۋەتىپ سومۇشتان ئەتراپلىرىدا ۋاقىتلىق سېتىۋېلىش پونكىتى قۇرۇپ، دېھقان، چارۋىچىلار يىغىپ قۇرۇتقان قۇرۇق يەر قالپىقىنى سېتىۋالدى.

2) چاچكۆك  چاچكۆك ئاساسلىق تاشۋېلىق رايونىنىڭ قوشقودۇق يېزىسى (يەنى ماجۇاڭشەن)، شوپۇل يېزىسى ۋە تەگرىتاغ رايونى، غەربىتاغ يېزىسى قاتارلىق جايلاردا ئۆسىدۇ. ۋىلايەت بويىچە ھەر يىلى بىر توننا ئەتراپىدا چىقىدۇ.

## §2. چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە باركۆل نامىيىسى چارۋا مەھسۇلاتلىرى سودا مەركىزى ئىدى. مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، سودىگەرلەر تۆگە بىلەن يېڭى شىمالىي يىپەك يولى ئارقىلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى باۋتۇ، سۈيۈەنلەرگە ئېلىپ بېرىپ سېتىپ، سانائەت بۇيۇملىرىغا ئالمىشىپ كېلەتتى. مىنگونىڭ 24 – 34 - يىلىغىچە (1935 – 1945 - يىلىغىچە)، سوۋېت ـ شىنجاڭ سودا شىركىتى سېتىۋېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئېكسپورت قىلاتتى، مىنگونىڭ 34 – 38 - يىلىغىچە (1945 – 1949 - يىلىغىچە)، سودىگەرلەر سېتىۋالغاندىن كېيىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئېلىپ بېرىپ ساتاتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، تەمىنات- سودا كوپېراتىپلىرى تاشقى سودا تارمىقىغا ماسلىشىپ چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشتا ۋاكالەت پۇلى تارقىتىپ، كېرەكلىك ماددىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلىدى. چارۋا مەھسۇلاتلىرى تىجارىتىنىڭ كۆپ قىسمىنى تاشقى سودا تارماقلىرى قىلدى. دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى ئەزالارنىڭ قوللىرىدىكى پارچە- پۇرات چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى ئاساسىي قاتلام تەمىنات- سودا كوپېراتىپلىرى ۋاكالىتەن سېتىۋالدى. 1984- يىلى، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش ھەم ئىچكى قىسىمدا سېتىش كەسپىنىڭ ھەممىسى تەمىنات- سودا كوپېراتىپلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

يەرلىك چارۋا مەھسۇلاتلىرى ئاساسلىق تىۋىت، تېرە، ياۋايى ھايۋان تېرىسى، ئۈچەي قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى.

1988 – 1990 - يىلىغىچە، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش يوللىرى قالايمىقانلىشىپ، ھەر قايسى تەرەپلەر باھانى ئۆستۈرۈپ رىقابەت بىلەن سېتىۋېلىپ، باھانىڭ ئۆرلىتىۋەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئۈچ خىل يۇڭ» مەھسۇلاتىنىڭ بازىرى كاسات بولدى. ۋىلايەتلىك يۇڭ توقۇلما زاۋۇتى قوي يۇڭىنى پىلان بويىچە پائال سېتىۋالغان بولسىمۇ يېسىلىپ قالدى. 1989- يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئىسكىلاتتا 700 توننىدىن ئارتۇق قوي يۇڭى يېسىلىپ قېلىپ، پەقەت بانكىغىلا تۆلىگەن ئۆسۈمى 1 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. 1990- يىلى، ۋىلايەت، ناھىيە، شەھەردىكى چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتى قاتارلىق تۆت ئورۇن 2 مىليون 508 مىڭ يۈەن زىيان تارتتى.

## §3. يەرلىك شۆلتا، شور سېتىۋېلىش

1952- يىلى، ۋىلايەتنىڭ تەمىنات- سودا سىستېمىسى دېھقانلار قازغان يەرلىك شۆلتىدىن تەخمىنەن 40 توننا سېتىۋېلىپ، ئاساسەن خەلقنىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن تەمىنلىدى.

1960- يىلى، لەنجۇ – شىنجاڭ تۆمۈريولى قۇمۇلغا كەلگەندە شور، شۆلتا سېتىۋېلىش، يۆتكەش ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، قۇمۇل ناھىيىلىك سودا ئىدارىسى يەرلىك مەھسۇلاتلار، كېرەكسىز بۇيۇملار تىجارەت بۆلۈمى ئادەم تەشكىللەپ، 111 مىڭ 350 توننا يەرلىك شۆلتا، 153 مىڭ توننا شور سېتىۋېلىپ، 15 مىڭ 687 توننا سېتىپ چىقاردى.

1970- يىللاردا، ۋىلايەت شور، شۆلتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى 10 مىڭدىن 12 مىڭ توننىغىچە مۇقىملاشتۇرۇپ، مەھسۇلات قىممىتىنى 1 مىليون يۈەنگە يەتكۈزدى. ئىلگىرى نوقۇل ھالدا شور ساتىدىغان گۇڭشې، ئەترەتلەر، جۈملىدىن باركۆل ناھىيىسىنىڭ شىرىنزا، خۇاجۇاڭزى، داخې (قاراسۇ) قاتارلىق گۇڭشې، ئەترەتلەرنىڭ ھەممىسىدە كىچىك تىپتىكى خىمىيە سانائىتى زاۋۇتلىرى قۇرۇلۇپ، مىرابىلىت پاراشوكى ۋە ئىشقارلىق سۇلفىد پىششىقلاپ ئىشلىنىپ، يېزا- بازار كارخانىلىرىنىڭ كېيىنكى زور تەرەققىياتى ئۈچۈن ئاساس سېلىندى.

## §4. كېرەكسىز كونا ماددىي بۇيۇملارنى يىغىش

1953- يىلى، ۋىلايەتلىك تەمىنات- سودا كوپېراتىپى كېرەكسىز كونا ئارىلاشما مىس، كېرەكسىز پولات- تۆمۈر ۋە باشقا رەڭلىك مېتال، كونا بالون، كېرەكسىز رېزىنكە، رەخت پۇرۇچلىرى، چىگىدە ياسالغان كېرەكسىز ئارغامچىلارنى سېتىۋالدى. 1950 – 1964 - يىللىرىغىچە، ۋىلايەتلىك يەرلىك مەھسۇلاتلار - كېرەكسىز بۇيۇملار تىجارەت بۆلۈمى كېرەكسىز كونا ماددىي ئەشيالار تىجارىتىگە مەسئۇل بولۇپ، تىجارەت دائىرىسىنى 11 چوڭ تۈر، 86 خىلغا يەتكۈزدى. 1964-

يىلىدىن كېيىن، ئۇنىۋېرسال پونكىت مەسئۇل بولىدىغان بولدى. 1978- يىلى، كېرەكسىز كونا بۇيۇملارنى يىغىشقا ۋىلايەتلىك يەرلىك مەھسۇلاتلار - مېۋە- چېۋە شىركىتى كەسپىي بۆلۈمچىسى مەسئۇل بولدى. 1979- يىل 4- ئايدا، ماددىي ئەشيالار ئىدارىسىدە مېتال يىغىۋېلىش شىركىتى قۇرۇلۇپ، ۋىلايەتتىكى زاۋۇت، كان، كارخانا، ئورگانلارنىڭ كېرەكسىز ماشىنا، ماشىنا ئېلېكتر سايمانلىرى قاتارلىقلارنى يىغدى. 1983- يىلى، ۋىلايەتلىك مېتال يىغىۋېلىش شىركىتى نوقۇل كېرەكسىز پولات- تۆمۈر يىغىۋېلىشتىن رەڭلىك مېتال، قىممەت باھالىق مېتال قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىشقا تەرەققىي قىلدى. ئىشچى- خىزمەتچىسى ئالتىدىن 21 گە كۆپەيدى. 1985- يىلىدىن كېيىن، دۆلەت تارماقلارنىڭ كېرەكسىز كونا ماددىي ئەشيالارنى سېتىۋېلىش كەسپىنى خۇسۇسىيلارنىڭ تىجارەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلدى. 1988- يىلى، ۋىلايەت بويىچە ھەر خىل كېرەكسىز كونا بۇيۇملارنى يىغىۋېلىش نۇقتىسىدىن 197 سى قۇرۇلدى (بۇنىڭ ئىچىدە، مۇقىم سېتىۋېلىش نۇقتىسى 123، سەييارە سېتىۋېلىش ئورنى 74)- 70 ئورۇن بۇ خىل تىجارەت بىلەن شۇغۇللاندى.

1955- يىلى 22 تونىنا، 1956- يىلى 100 تونىنا كېرەكسىز پولات- تۆمۈر سېتىۋېلىندى، كېيىنكى بىر قانچە يىلدا سېتىۋېلىنغان كېرەكسىز پولات- تۆمۈر ئۇدا بىر قانچە يۈز تونىنا ئەتراپىدا بولۇپ كەلدى. 1979- يىلى 1244 تونىنا، 1990- يىلى 2123 تونىنا كېرەكسىز پولات سېتىۋېلىندى. 1955 — 1990 - يىلىغىچە، ۋىلايەت بويىچە تەمىنات- سودا كوپېراتىپلىرى جەمئىي 21 مىڭ 325 تونىنا كېرەكسىز پولات- تۆمۈر سېتىۋېلىپ، «ئالدى بىلەن پايدىلىنىش، كېيىن ئوچاققا قايتۇرۇش» پرىنسىپىغا ئاساسەن، ھەر يىلى يەرلىكنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا كېرەكلىك كىچىك تىپلىق دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ياساپ، رېمونت قىلىش ئۈچۈن 4100 تونىنا كېرەكسىز پولات- تۆمۈر ئىشلەتتى. سېتىۋېلىنغان رەڭلىك مېتاللاردىن ئاساسلىقى ئارىلاشما مىس، كېرەكسىز ئاليۇمىن، قوغۇشۇن، قەلەي، سىنك قاتارلىقلار بولۇپ، 1978- يىلىدىن ئىلگىرى 10 توننىدىن ئارتۇق سېتىۋېلىندى. 1978- يىلى، 30 تونىنا ئارىلاشما مىس، ئىككى تونىنا كېرەكسىز ئاليۇمىن، 12 تونىنا كېرەكسىز قوغۇشۇن، قەلەي سېتىۋېلىندى. 1980- يىلى، 22 تونىنا ئارىلاشما مىس، 19 تونىنا ئاليۇمىن، 17 تونىنا كېرەكسىز قوغۇشۇن، قەلەي سېتىۋېلىندى. 1990- يىلى، 57 تونىنا ئارىلاشما مىس، 30 تونىنا كېرەكسىز ئاليۇمىن، 18 تونىنا قوغۇشۇن، قەلەي سېتىۋېلىندى.

1962- يىلى، تەمىنات- سودا كوپېراتىپلىرى ئۈستىخان سېتىۋېلىشقا باشلىدى. شۇ يىلى 219 تونىنا ئۈستىخان، 3.5 تونىنا كالا، قوي مۈڭگۈزى سېتىۋالدى. 1990- يىلىغىچە بولغان 29 يىل داۋامىدا، ۋىلايەت بويىچە تەخمىنەن 8865 تونىنا ئۈستىخان سېتىۋېلىندى.

1962- يىلى، تەمىنات- سودا كوپېراتىپلىرى قەغەز ئىشلەپچىقىرىدىغان خام ئەشيالارنى سېتىۋېلىشقا باشلىدى. جۇملىدىن كونا لاتا ئاياغ، چېگىدە ئىشلەنگەن كېرەكسىز بۇيۇملار، كېرەكسىز قەغەز، كېرەكسىز قەغەز ساندۇق، كېرەكسىز پاختا قاتارلىقلاردىن بولۇپ، جەمئىي 90 تونىنا سېتىۋالدى. 1966 - يىلى 71 تونىنا، 1978- يىلى 240 تونىنا، 1985- يىلى 228 تونىنا، 1990- يىلى 11 تونىنا سېتىۋالدى.

1962- يىلى 11.4 تونىنا، 1972- يىلى 30 تونىنا، 1982- يىلى 118 تونىنا، 1990- يىلى 18 تونىنا كېرەكسىز رېزىنكە سېتىۋالدى.

1965- يىلى، ۋىلايەتلىك ئۇنىۋېرسال پونكىت كېرەكسىز سۇلياۋ سېتىۋېلىشقا باشلىدى. 1966- يىلى ئۈچ تونىنا، 1978- يىلى 20 نەچچە تونىنا، 1985- يىلى 49 تونىنا، 1990- يىلى 345 تونىنا سېتىۋالدى.

1983- يىلىدىن بۇيان، ۋىلايەتلىك كېرەكسىز مېتاللارنى يىغىۋېلىش شىركىتى كېرەكتىن چىققان ماشىنا ئېلېكتر سايمانلىرىنى سېتىۋېلىشقا كىرىشىپ، 292.5 تونىنا كېرەكسىز پولات- تۆمۈر، 1.5 تونىنا ئالىيۇمىن، ئىككى تونىنا مىس يىغىۋالدى. 1985- يىلى، 1074 تونىنا كېرەكسىز پولات- تۆمۈر، 89 تونىنا پولات ماتېرىيال، 167 تونىنا كېرەكسىز ماشىنا ـ ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرى، 15 كېرەكسىز ماشىنا، 18.2 تونىنا كېرەكسىز رەڭلىك مېتال يىغىۋالدى. 1983 – 1990 - يىللىغىچە، 6987.3 تونىنا كېرەكسىز پولات- تۆمۈر يىغىۋېلىنىپ، يۇقىرىغا 7320 تونىنا پولات- تۆمۈر تاپشۇرۇلدى؛ 302 تونىنا كېرەكسىز رەڭلىك مېتال يىغىۋېلىنىپ، سېتىلغان ئومۇمىي سوممىسى 7 مىليون 615 مىڭ يۈەن بولۇپ، 899 مىڭ يۈەن پايدا ئېلىندى.

**قۇمۇل ۋىلايەتلىك تەمىنات- سودا كوپېراتىپى سېتىۋېلىش قىسمەن يىللاردىكى كېرەكسىز كونا ماددىي ئەشيا تىجارەت ئەھۋالى**

جەدۋەل: 14 – 6

| تۈرى / سانى / يىللار | سېتىۋېلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | سېتىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | كېرەكسىز پولات- تۆمۈر (تونا) | كېرەكسىز كونا ئارىلاشما مىس (تونا) | كېرەكسىز ئالىيۇمىن (تونا) | كېرەكسىز ئالىيۇمىن- قەلەي (تونا) | كېرەكسىز رېزىنكە (تونا) | قەغەز خام ماتېرىيالى (تونا) | كالا، قوي مۈڭگۈزى (تونا) | ئۈستىخان (تونا) | كېرەكسىز سۇلياۋ (تونا) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1955 | | | 22 | 4 | | | | | | | |
| 1962 | 14.8 | | 196 | 7.4 | 6 | 0.4 | 11.4 | 90 | 3.6 | 219 | |
| 1966 | 9.9 | 22.7 | 726 | 12 | 2 | 5 | 51 | 71 | 27 | 487 | 3 |
| 1978 | 31.2 | 42.6 | 847 | 30 | 12 | 12 | 147 | 240 | 8 | 533 | 20 |
| 1980 | 14.6 | 32 | 575 | 38 | 18 | 19 | 6.2 | 31 | 4 | 345 | 8 |
| 1986 | 93.6 | 102.4 | 194.8 | 60 | 32 | 22 | 26 | 228 | 5 | 299 | 47 |
| 1988 | 97.3 | 130.1 | 1854 | 38 | 24 | 15 | 27 | 240 | 6 | 373 | 44 |
| 1990 | 161 | 174.8 | 2123 | | 57 | 30 | 18 | 11 | 356 | 10 | 345 |

# VI باب

# ئاشلىق، ماي سېتىۋېلىش ۋە سېتىش

## §1. ئاپپاراتلار

1. مەمۇرىي ئاپپاراتلار

1) ۋىلايەتلىك ئاپپارات 1951- يىل 7- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسى قۇرۇلدى. بۆلۈم، ئىشخانا تەسىس قىلىنماي، كەسپىي ئىش تەقسىماتلا يولغا قويۇلدى. 1953- يىل 2- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسى قۇمۇل ۋالىي مەھكىمىسى ئاشلىق بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. 1956- يىل 10- ئايدا، قۇمۇل ۋالىي مەھكىمە ئاشلىق بۆلۈمى يەنە قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى 1984- يىل 1- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسى قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە ئاشلىق باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلىپ، ئىشخانا، پىلان- مالىيە بۆلۈمى، ئاساسىي قۇرۇلۇش بۆلۈمى، سانائەت بۆلۈمى، تەمىنلەش- يۆتكەش بۆلۈمى، دېھقانچىلىقنى باشقۇرۇش بۆلۈملىرى تەسىس قىلىندى. 1985- يىل 5- ئايدا، ئىشخانا، پىلان - مالىيە بۆلۈمى، ئاساسىي قۇرۇلۇش - سانائەت بۆلۈمى، سېتىش ۋە سېتىۋېلىش بۆلۈمى تەسىس قىلىندى.

2) ناھىيىلىك شەھەرلىك ئاپپاراتلار 1953- يىل 6- ئايدا، قۇمۇل، باركۆل، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرىدە ئاشلىق بۆلۈملىرى قۇرۇلدى. 1956- يىل 10- ئايدا، قۇمۇل، باركۆل، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك ئاشلىق بۆلۈملىرى ئاشلىق ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1984- يىل 5- ئايدا، قۇمۇل ناھىيىسى بىلەن شەھەر بىرلەشتۈرۈلۈپ، قۇمۇل ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى قۇمۇل شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىغا قوشۇۋېتىلدى.

2. سودا كارخانا ئاپپاراتلىرى

1950- يىل 10- ئايدا، شىنجاڭ ئۆلكىسى قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاشلىق شىركىتى قۇرۇلدى. 1960- يىل 11- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئاشلىق ئىسكىلاتى قۇرۇلدى. 1963- يىل 11- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ تارانچى كان رايونى مەركىزىي ئاشلىق دۇكىنى قۇرۇلدى. 1968- يىلى، قۇمۇل ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ دۇربەجىن ئاشلىق پونكىتى قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1980- يىلى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسى ماي شىركىتى قۇرۇلدى. شۇ يىلى 12- ئايدا، ئاشلىق، ماينى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش- سېتىش شىركىتى قۇرۇلدى. 1984- يىل 5- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسى تارانچى كان رايونى ئاشلىق شۆبە ئىدارىسى قۇمۇل ۋىلايەتلىك تارانچى كان رايونى مەركىزىي ئاشلىق دۇكىنىغا ئۆزگەرتىلدى. قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسى ماي شىركىتى قۇمۇل ۋىلايەتلىك ماي شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى. قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئاشلىق ماينى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش- سېتىش شىركىتى قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاشلىق ماينى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش- سېتىش شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى. قۇمۇل ۋىلايەتلىك

ئاشلىق ئىدارىسىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئاشلىق ئىسكىلاتى قۇمۇل ۋىلايەتلىك 1- ئاشلىق ئىسكىلاتىغا ئۆزگەرتىلدى، شۇنداقلا قۇمۇل ۋىلايەتلىك 2- ئاشلىق ئىسكىلاتى قۇرۇلدى.

3. سانائەت كارخانا ئاپپاراتلىرى

1958- يىلى، باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئۇن - ياغ زاۋۇتى قۇرۇلدى. 1959- يىلى، قۇمۇل ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ياغ زاۋۇتى قۇرۇلدى، 1960- يىل 10- ئايدا، قۇمۇل ئۇن زاۋۇتى قۇرۇلدى. 1968- يىلى دۆربەجىن ئۇن زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسى بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلدى. 1970- يىل 1- ئايدا، قۇمۇل ئۇن زاۋۇتى قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى ۋە زاۋۇت نامى قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئۇن زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1975- يىل 7- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئۇن - ياغ ئۇنىۋېرسال زاۋۇتى قۇرۇلدى. 1976- يىلى، قۇمۇل ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئۇنىۋېرسال پىششىقلاش زاۋۇتى قۇرۇلدى. 1979- يىلى، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئۇن - ياغ زاۋۇتى قۇرۇلدى. 1980- يىل 2- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئاپتوموبىل ئەترىتى قۇرۇلدى. 1981- يىل 6- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئاساسىي يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇرۇلدى. 1982- يىلى، باركۆل ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ يېمەكلىك زاۋۇتى قۇرۇلدى. 1982- يىل 6- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئۇن - ياغ ئۇنىۋېرسال پىششىقلاپ قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ يەم- خەشەك شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى. 1984- يىلى، باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ يەم- خەشەك شىركىتى قۇرۇلدى. 1984- يىل 5- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ يەم- خەشەك شىركىتى قۇمۇل ۋىلايەتلىك يەم- خەشەك شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى. قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئاساسىي يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاشلىق، ياغ يېمەكلىك ئۇنىۋېرسال زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى. قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئۇن زاۋۇتى قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئۇن زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1985- يىل 3- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ دۆربەجىن ئۇن زاۋۇتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

1949 – 1990 - يىلىغىچە، ۋىلايەت بويىچە 638 مىليون 130 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق، 7 مىليون 576 مىڭ 900 كىلوگرام ياغلىقدان سېتىۋېلىندى. 839 مىليون 560 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق سېتىلدى. 928 مىليون 840 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق سىرتتىن كىرگۈزۈلدى، 518 مىليون 190 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق سىرتقا چىقىرىلدى.

## §2. يېزىلاردا ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋە سېتىش

1. ئاشلىق سېتىۋېلىش

1) غەللە- پاراق 1951- يىلى، قۇمۇل ۋىلايىتى ناھىيىلىك، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرىدىن ئادەم تەشكىللەپ، ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ يەرلەرنى تەكشۈرۈپ، يەر موسانى، مەھسۇلاتنى ئېنىقلاپ، باج نىسبىتىنى بېكىتىپ، غەللە- پاراق جەدۋىلىنى تولدۇرۇپ دۆلەتكە غەللە- پاراق تاپشۇردى. ئاشلىق تارماقلىرى ۋاكالىتەن تاپشۇرۇپ ئالدى. 1985- يىلى، ئاشلىقنى توختاملىشىپ سېتىۋېلىشنى يولغا قويدى. ئادەتتىكى رايونلاردىن غەللە- پاراق ئېلىنماي ۋە ئاشلىق سېتىۋېلىنماي، «3:7» تەتۈر نىسبەت باھا پەرقى بويىچە ئاشلىق ئورنىغا پۇل ئېلىندى.

2) بىر تۇتاش سېتىۋېلىش 1957- يىل 9- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايىتىدە بىر تۇتاش سېتىۋېلىپ، بىر تۇتاش سېتىپ

بېرىش سىياسىتى يولغا قويۇلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قومۇل ۋىلايىتىگە 13 مىليون 750 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى چۈشۈردى. شۇ يىلى بىر تۇتاش سېتىۋېلىنغان ئاشلىق 10 مىليون 315 مىڭ كىلوگرامغا يېتىپ، پىلان 74% ئورۇندالدى.

1958- يىلى، قومۇل ۋىلايىتى 15 مىليون 240 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق سېتىۋېلىپ، 15 مىليون كىلوگرام سېتىۋېلىش پىلانى 101.6% ئورۇندالدى، 1953- يىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا 61% ئاشتى. 1963- يىلى، سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى 9 مىليون 400 مىڭ كىلوگرام ئورۇندىلىپ، 1962- يىلدىكىدىن 64% ئاشتى. 1971- يىلى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قومۇل ۋىلايىتىگە «بىر بېكىتىپ بەش يىل ئۆزگەرتمەسلىك» تۈپ سانى بويىچە 14 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى چۈشۈرۈپ بەرگەندى، بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي 10 مىليون 850 مىڭ كىلوگرام.

«بىر بېكىتىپ بەش يىل ئۆزگەرتمەسلىك» سىياسىتى دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغىدى. بىراق 1974- يىلى ئېغىر ئاپەت يۈز بېرىش تۈپەيلىدىن ئاشلىق سېتىۋېلىش تۈپ سانىنىڭ ئاران 40% ى ئورۇندالغاندىن سىرت، باشقا يىللاردا ئاشلىق سېتىۋېلىش يىلىغا 10.75% ئېشىپ باردى. بەش يىل ئىچىدە 1976- يىلى ۋە 1977- يىللىرى ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىۋېلىش ئەڭ ياخشى بولدى. 1976- يىلى، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 76 مىليون 325 مىڭ كىلوگرامغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 5.1% ئاشتى. سېتىۋېلىنغان ئاشلىق 21 مىليون 985 مىڭ كىلوگرامغا يېتىپ، پىلان 102.2% ئورۇندىلىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 10.9% ئاشتى. 1977- يىلى، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1976- يىلدىكىدىن 7.2% ئېشىپ، سېتىۋېلىنغان ئاشلىق 29.8% كۆپەيدى. 1979- يىلى، ۋىلايەت بويىچە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنىڭ تۈپ سانى ئورۇندىلىپلا قالماي، يەلكى 14 مىليون 827 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق كۆپ سېتىۋېلىندى. 1979- يىل 6- ئايدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى جايلاردىن سېتىۋېلىنىدىغان ئاشلىق تۈپ سانىنى ئازايتىشنى بەلگىلىدى. قومۇل ۋىلايىتىنىڭ ئەسلىدىكى ئاشلىق سېتىۋېلىش تۈپ سانى 14 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام ئىدى. بۇ سان 3 مىليون 250 مىڭ كىلوگرام ئازايتىلىپ، 11 مىليون 250 مىڭ كىلوگرامغا چۈشۈرۈلۈپ، 22.4% ئازايتىلدى.

3) ئارتۇق سېتىۋېلىش 1960- يىلدىن ئېتىبارەن، مەركىزىي كومىتېت ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىنغان رايونلاردىكى ئاشلىلەرگە قارىتا مەھسۇلاتنى ئاشۇرغانلاردىن ئارتۇق سېتىۋېلىش، ئەمما ئارتۇق سېتىۋېلىنغان قىسمى مەھسۇلاتنىڭ ئاشقان قىسمىنىڭ 40% تىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكىنى، ئارتۇق سېتىۋېلىنغان ئاشلىققا مەلۇم ساندا مۇكاپات بېرىشنى يولغا قويدى. 1963- يىلى، قومۇل ۋىلايىتى مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش، ئارتۇق سېتىۋېلىش، ئارتۇق سېتىپ بەرگەنلەرنى مۇكاپاتلاش سىياسىتىنى يولغا قويدى. سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى ئورۇندالغاندىن كېيىن 5 مىليون 105 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق ئارتۇق سېتىۋېلىندى.

1965- يىل 10- ئايدا، قومۇل ۋالىي مەھكىمىسى ئارتۇق سېتىۋېلىنغان ئاشلىققا مۇكاپات بېرىش ۋە باھا قوشۇپ بېرىشنى، ھېسابات بىرلىكى بويىچە كىشى بېشىغا شۇ يىلى تەمىنلىگەن ئاۋار ئاشلىق 50 كىلوگرامدىن ئېشىپ كەتكەن بولسا، بىر تۇتاش سېتىۋېلىنغان باھاغا 12% باھا قوشۇش، باھا قوشۇپ بېرىش 25% بولۇشنى بەلگىلىدى.

1978- يىلى، ئارتۇق سېتىۋېلىنغان ئاشلىققا قوشۇپ بېرىلىدىغان باھا سالمىقى بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىدىغان ئاشلىق باھاسىنى 20% ئۆستۈرۈش ئاساسىدا 50% كە ئۆستۈرۈش بەلگىلەندى. 1979- يىلى، قومۇل ۋىلايىتىدە بۇغداي، گۈرۈچ، پۇرچاق تېپىدىكىلەرگە قوشۇپ بېرىلىدىغان باھا 60% كە ئۆستۈرۈلدى، كۆممىقوناق قاتارلىق باشقا ئاشلىقلارغا 40% قوشۇپ بېرىلدى.

4) توختام بويىچە سېتىۋېلىش قومۇل ۋىلايىتى 1985- يىل 4- ئاينىڭ 20- كۈنىدىن باشلاپ ئاشلىقنى بىر

تۈنۈپ، ئاشلىقنى ئاساس قىلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، توختام بويىچە سېتىۋېلىشنى يولغا قويدى. توختام بويىچە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى 36 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي 35 مىليون 350 مىڭ كىلوگرام، قارا ئاشلىق 1 مىليون 150 مىڭ كىلوگرام. ۋىلايەت بويىچە توختاملاشقان ئائىلە 19 مىڭ 444 بولۇپ، ئۇلار ئۈستىگە ئالغان ئاشلىق ۋەزىپىسى 12 مىليون 345 مىڭ كىلوگرام.

1985- يىلى توختام بويىچە سېتىۋېلىش يولغا قويۇلغان ئىككىنچى يىلى، بىگتۇۋەن قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ قىزىل يۇلتۇز 2- دېھقانچىلىق مەيدانى %12.5، راكېتا دېھقانچىلىق مەيدانى %1.4 ئاشۇرۇپ ئورۇندىغاندىن باشقا، ناھىيە، شەھەر ۋە باشقا تۈەن- مەيدانلار ۋەزىپىنى %50 ئەتراپىدا ئورۇندىدى.

1990- يىلى 5- ئايدا، ۋىلايەت بويىچە ئاشلىقنى توختام بويىچە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى ۋە «ئۆچنى چېتىش» ۋەزىپىسى يولغا قويۇلۇپ، ئىككى ناھىيە، بىر شەھەردىكى 21 يېزا، 129 كەنت، 383 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى، 23 مىڭ 928 ئائىلە ۋە بىگتۇۋەن قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدىكى يەتتە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانىغىچە تولۇق ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، 26 مىليون كىلوگرام ئاشلىقنى توختام بويىچە سېتىۋېلىشقا ئىمزا قويۇلدى (بۇنىڭ ئىچىدە 19 مىليون 500 مىڭ كىلوگرامى يەرلىكنىڭ، 6 مىليون 500 مىڭ كىلوگرامى بىگتۇۋەن قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ)، بۇنىڭ ئىچىدە سېتىۋېلىنىدىغان بۇغداي 25 مىليون 350 مىڭ كىلوگرام، كۆممىقوناق 650 مىڭ كىلوگرام.

1990- يىلى 12- ئايدا، ۋىلايەت بويىچە توختام بويىچە سېتىۋېلىنغان ئاشلىق 24 مىليون 540 مىڭ كىلوگرام بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي 24 مىليون 120 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، 25 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام سېتىۋېلىش پىلانىنىڭ %94.6 ى ئورۇندالدى. سېتىۋېلىنغان كۆممىقوناق 420 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، 500 مىڭ كىلوگرام كۆممىقوناق سېتىۋېلىش پىلانىنىڭ %84 ى ئورۇندالدى. ۋىلايەت بويىچە زاپاس ئاشلىق 14 مىليون 195 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى.

5) باشقا شەكىلدە سېتىۋېلىش

ئاشلىق ئۆتۈنۈش 1981 – 1983 - يىلىغىچە، ۋىلايەت بويىچە ھەر يىلى ئۆتۈنۈپ ئۆچۈن ئىشلىتىلگەن ئاشلىق 1 مىليون كىلوگرام بولۇپ، ئۈچ يىلدا 3 مىليون كىلوگرام ئاشلىق ئىشلىتىلدى.

تېگىشىش 1981 – 1983 - يىلىغىچە جەمئىي 28 مىليون 117 مىڭ 300 كىلوگرام ئاشلىق تېگىشىلدى.

بېلەتكە تېگىشىلگەن ئاشلىق 1981 – 1983 - يىلىغىچە، ۋىلايەت بويىچە بېلەتكە تېگىشىپ كىرگۈزۈلگەن ئاشلىق 506 مىڭ 800 كىلوگرام بولدى.

ئارىيەت ئاشلىقنى قايتۇرۇش بۇ يەردە ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ دۆلەت ئارىيەتكە سېتىپ بەرگەن ئاشلىقنى قايتۇرۇش كۆزدە تۇتۇلدى. 1981 – 1982 - يىللىرى، ۋىلايەت بويىچە قايتۇرۇلغان ئارىيەت ئاشلىقى 796 مىڭ 500 كىلوگرام بولدى.

پارچە- پۇرات سېتىۋېلىش بۇ پىلان سىرتىدا سېتىۋېلىنغان پارچە – پۇرات ئاشلىقنى كۆرسىتىدۇ.

2. سېتىش

1962 – 1970 - يىلىغىچە، ۋىلايەت بويىچە سېتىلغان ئاشلىق 7 مىليون 744 مىڭ 800 كىلوگرامغا، بىر يىلدا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاشلىق 155 كىلوگرامغا يەتتى. 1975 – 1985 - يىلىغىچە سېتىلغان ئاشلىق 28 مىليون 367 مىڭ 600 كىلوگرام بولۇپ، يىللىغا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاشلىق 175.7 كىلوگرامغا يەتتى. 1990- يىلى، مۇقىم باھادا تەمىنلەنگەن ئاشلىق 35 مىليون 140 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، 50 مىليون كىلوگرام سېتىش يىللىق

پىلانىنىڭ 70.3% ى ئورۇندالدى، سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن ئاشلىق 24 مىليون كىلوگرامغا يەتتى.

**1) نورمىلىق سېتىپ بېرىش**

(1) يېزىلاردا نورمىلىق ئاشلىق سېتىپ بېرىش 1958 – 1959 - يىللىرى، قومۇل ۋىلايىتىنىڭ يېزىلاردىكى يېمەكلىك ئاشلىق ئۆلچىمى مۇنداق بېكىتىلدى: ئاشلىقى ئېشىنىدىغان ئائىلىلەرنىڭ 180 كىلوگرامدىن يۇقىرى، ئاشلىقى ئۆزىگە يېتىدىغان ئائىلىلەرنىڭ 160 – 180 كىلوگرامغىچە، ئاشلىقى يېتىشمەيدىغان ئائىلىلەرنىڭ 160 كىلوگرامدىن تۆۋەن بولۇش. مۇشۇ ئۆلچەمگە ئاساسەن ئاشلىقى يېتىشمەيدىغان ئائىلىلەرگە نورمىلىق سېتىپ بېرىپ، پەسىل ۋە ئايلارغا بۆلۈپ تەمىنلەش كاپالەتكە ئىگە قىلىندى.

1960 - يىلى، قومۇل ۋىلايىتىدە ئاشلىق مەھسۇلاتى زور ھەجىمدە كېمىيىپ كەتتى. يېزىلارنىڭ يېمەكلىك ئاشلىق ئۆلچىمى كېمەيتىلدى. ئاشلىقى ئېشىنىدىغان ئائىلىلەرنىڭ 160 كىلوگرامدىن يۇقىرى بولۇش، ئاشلىقى ئۆزىگە يېتىدىغان ئائىلىلەرنىڭ 140 – 160 كىلوگرامغىچە بولۇش، ئاشلىقى يېتىشمەيدىغان ئائىلىلەرنىڭ 140 كىلوگرامدىن تۆۋەن بولۇش بېكىتىلدى. 1977 - يىلى، ئاشلىقى يېتىشمەيدىغان ئەترەتلەرنىڭ يىللىق يېمەكلىك ئاشلىقى ئوتتۇرىچە 150 كىلوگرامدىن ئېشىپ كەتمەسلىك بېكىتىلدى. ۋىلايەت يېزىلاردىكى ئاشلىقى يېتىشمەيدىغان ئائىلىلەرنىڭ يېمەكلىك ئاشلىقى 150 كىلوگرامغا يەتمەيدىغانلىرىغا نورمىلىق ئاشلىق سېتىپ بەردى. سېتىپ بېرىش كۆرسەتكۈچى يىلدا بىر قېتىم بېكىتىلدى.

1978 - يىلدىن كېيىن، يېزىلاردا ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئۈزلۈكسىز يولغا قويۇلدى. يېزىلاردىكى ئاشلىق تېرىمايدىغان كەسپىي ئائىلىلەر ئاشلىق ئىشلەتمەكچى بولسا، ھۆددە ئالغان ئاشلىق ئېتىزى، يەم - خەشەك ئېتىزىدىن ھەل قىلىدى. كۆكتاتچى دېھقانلارنىڭ يېمەكلىك ئاشلىق ۋە يەم - خەشەك ئۆلچىمى ئادەتتە شۇ جايدىكى ئاشلىقى ئېشىنىدىغان ئائىلىلەرنىڭ ئاشلىق ئىشلىتىش ئۆلچىمىدىن يۇقىرى بولىدى. 1982 – 1985 - يىلىغىچە، كۆكتات بىلەن ئاشلىقنى بىر - بىرىگە چېتىش يولغا قويۇلۇپ، ئاساسىي يېمەكلىك ئاشلىق 150 كىلوگرام قىلىپ بېكىتىلدى. كۆكتات سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغانلارغا مۇكاپات سۈپىتىدە 60 – 75 كىلوگرامغىچە ئاشلىق سېتىپ بېرىلدى. ۋەزىپىسى ئورۇندالمىغانلارنىڭ ئاساسىي يېمەكلىك ئاشلىقى مۇناسىپ ئازايتىلدى.

(2) چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئاشلىق سېتىپ بېرىش 1962 - يىلى، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاشلىقى يېتىشمەيدىغان ئائىلىلەرگە يېمەكلىك ئاشلىقنى نورمىلىق سېتىپ بېرىش يولغا قويۇلدى. ئۇلارنىڭ ئۆلچىمى ئادەتتە دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى ئاشلىقى ئېشىنىدىغان ئائىلىلەرنىڭ يېمەكلىك ئاشلىقى ئۆلچىمىدىن سەل تۆۋەن بولۇپ، نورمال يىللاردا ئوتتۇرىچە نورما 150 – 160 كىلوگرامغىچە، ئاپەت يىللىرىدا 100 – 125 كىلوگرامغىچە تەمىنلەش يولغا قويۇلدى.

1980 - يىلى، چارۋىچىلارنى يېمەكلىك ئاشلىقى بىلەن تەمىنلەشتە ئاشلىق بىلەن چارۋىنى بىر - بىرىگە چېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلدى. ئاساسىي يېمەكلىك ئاشلىقى 160 كىلوگرامدىن 180 كىلوگرامغا ئۆستۈرۈلۈپ، چارۋا سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغانلارنى نورمىلىق ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىندى، ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالمىغانلارنىڭ نورمىسى كېمەيتىلدى.

**2) مۇكاپات سۈپىتىدە ئاشلىق سېتىپ بېرىش**

دۆلەت كوللېكتىپ ۋە ئەزالار ئۆزى سېتىپ بەرگەن بىر نەچچە خىل دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىغا قارىتا، مەلۇم ساندا مۇكاپات ئاشلىقى سېتىپ بېرىشنى بەلگىلىدى. 1963 - يىلدىن باشلاپ، قومۇل ۋىلايىتى ئاشلىق، ماينى ئارتۇق سېتىپ بەرگۈچىلەرگە مۇكاپات ئاشلىقى سېتىپ بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويدى. 1965 - يىلى، مۇكاپات

سۈپىتىدە سېتىپ بېرىش سىياسىتى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ئارتۇق سېتىۋېلىنغان ئاشلىقنىڭ بېرىمىغا ماددىي بۇيۇم، يېرىمىغا باھا قوشۇپ مۇكاپاتلىدى. دۆلەتنى تەمىنلىگەن غەللە- پاراق ۋە تاۋار ئاشلىقى سېتىپ بېرىش نورمىسىدىن 50 كىلوگرام ئاشۇرغانلارغا تاۋار ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسىغا 12% باھا قوشۇپ بېرىش يولى بىلەن مۇكاپاتلىدى.

## §3. شەھەر- بازارلاردا ئاشلىق سېتىش

### 1. ئەركىن سېتىۋېلىش - سېتىش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ۋىلايەتتىكى شەھەر- بازارلارنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقى بىلەن ئوخشاش بولدى. شەھەر- بازار ئاھالىلىرى ئاشلىقنى يەنىلا بازاردىن ئەركىن سېتىۋالدى.

قۇمۇل بازار ئاھالىسىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسىنى تېخىمۇ ياخشى ھەل قىلىش ئۈچۈن، 1952- يىل 6- ئاينىڭ 15- كۈنى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسى قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ كونا شەھەر (لاۋچېڭ) رايونىدا ئاشلىق بازىرى قۇردى. بۇ يەردە 6- ئايدىن 11- ئايغىچە 645 مىڭ كىلوگرام ھەر خىل ئاشلىق سودىسى قىلىندى.

1954- يىلى، ئاشلىق تارماقلىرى ئاشلىق، ماي بىلەن بىر تۇتاش تەمىنلەشنى يولغا قويۇپ، شەھەر رايونىدا ئالتە تەمىنلەش نۇقتىسى قۇردى.

### 2. نورمىلىق تەمىنلەش

1) ئاھالىلەرنىڭ يېمەكلىك ئاشلىقى 1955- يىل 8- ئايدا، شەھەر- بازارلارنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشتە، ئالاھىدە ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك قىلغۇچىلارغا 26.5 كىلوگرام، ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك قىلغۇچىلارغا 22 كىلوگرام، يېنىك جىسمانىي ئەمگەك قىلغۇچىلارغا 16.5 كىلوگرام، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا 16 كىلوگرام، ئادەتتىكى بازار ئاھالىسىنىڭ 14.5 كىلوگرام قىلىپ بېكىتىلدى.

1960- يىلى، قۇمۇل شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە يېمەكلىك ئاشلىقى 16.25 كىلوگرامدىن 15.25 كىلوگرامغا تەڭشىلىپ، بىر كىلوگرام ئازايتىلدى. باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە يېمەكلىك ئاشلىقى 15.5 كىلوگرامدىن 14 كىلوگرامغا، ئاراتۇرۇك ناھىيىسى ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە يېمەكلىك ئاشلىقى 15.5 كىلوگرامدىن 12 كىلوگرامغا تەڭشەلدى.

1961- يىلى، قۇمۇل شەھەر ئاھالىسىنىڭ يېمەكلىك ئاشلىقى 15.25 كىلوگرامدىن 14.4 كىلوگرامغا چۈشۈرۈلدى. 1964- يىل 7- ئاينىڭ 28- كۈنى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسى جىددىي ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، نورمىسى 14.5 كىلوگرامدىن ئارتۇق ئىشچى- خىزمەتچىلەر ھەر ئايدا ئىقتىساد قىلىۋاتقان 0.5 كىلوگرام ئاشلىقنى 8- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن ئېتىبارەن ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى، 11 ياشتىن يۇقىرى ئادەتتىكى ئاھالىنىڭ نورمىسىنى 1961- يىلدىكى 14 كىلوگرامدىن 13.5 كىلوگرامغا چۈشۈرۈشنى بەلگىلىدى.

1974- يىل 11- ئايدىن باشلاپ، نورمىسى 14.5 كىلوگرامدىن 17 كىلوگرامغىچە بولغانلار ھەر ئايدا 0.5

كىلوگرام، نورمىسى 17.5 كىلوگرامدىن يۇقىرىلار ھەر ئايدا بىر كىلوگرام ئاشلىق تېجەش يولغا قويۇلدى.

3. قوشۇمچە ئاشلىق كادىرلار، ئىشچىلار (خەلق ئىشچىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ھەر خىل كوللېكتىپ ئەمگەك ۋە يىغىنلارغا قاتناشسا، كوماندىروپكىغا چىقسا ھەم ئىش ۋاقتىدىن سىرت ئىسمېنا قوشۇپ ئىشلىسە، ئۇلارغا يېمەكلىك ئاشلىقى قوشۇپ بېرىلدى.

[قوشۇمچە] قۇمۇل شەھەرلىك «8- مارت» ئاشلىق دۇكىنى

بازارلارنى ئاشلىق، ماي بىلەن تەمىنلەشتە قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاشلىق سىستېمىسى بويىچە قۇمۇل شەھەرلىك «8- مارت» ئاشلىق دۇكىنى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. ئاشلىق دۇكىنىنىڭ دىرېكتورى جاڭ يەن 1989- يىلى مەملىكەتلىك ئاشلىق سىستېمىسى شەھەر- بازار ئاشلىق دۇكىنى ساھەسىدىكى «ئىلغار دىرېكتور» بولۇپ باھالاندى. ئۇ دۇكاندىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئۇسۇل- چارە ئىزدەپ، قىينىچىلىقتىن قورقماي، كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللاندى. ئاساسىي تىجارەت بىلەن قوشۇمچە تىجارەتنى، خام مەھسۇلات سېتىپ چىقىرىش بىلەن پىششىق مەھسۇلات سېتىپ چىقىرىشنى بىرلەشتۈرۈپ سودا قىلدى. 1987- يىلى، بۇ دۇكان شىركەت چۈشۈرگەن ۋەزىپىنى 86% ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى. 1988- يىلى ۋەزىپىنى 29%، 1989- يىلى 32.9% ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى. پىشۇرۇپ سېتىلىدىغان يىلغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 22% ئاشتى، 1989- يىلغا كەلگەندە يىللىق كىرىم 33 مىڭ يۈەنگە يەتتى. پىشۇرۇلغان يېمەكلىكلەرنىڭ پايدىسى 1986- يىلى 11 مىڭ يۈەنگە، 1989- يىلى 28 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شىركەت چۈشۈرگەن پايدا كۆرسەتكۈچىنى 121.5% كە يەتكۈزۈپ، ئاشلىق دۇكانلىرى ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇردى. 1989- يىلى، سېتىش مىقدارى 93 مىڭ كىلوگرامغا، سېتىش سوممىسى 250 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، شىركەت چۈشۈرگەن كۆرسەتكۈچ 132.9% ئورۇندالدى.

## §4. ماي سېتىۋېلىش ۋە سېتىش

1. سېتىۋېلىش

1) بىر تۇتاش سېتىۋېلىش 1954- يىل 3- ئايدا، قۇمۇل ۋالىي مەھكىمىسى يېزىلاردىكى ئىستېمال مېيى ۋە ياغلىق داننى پىلانلىق سېتىۋېلىش (قىسقارتىپ بىر تۇتاش سېتىۋېلىش دەپ ئاتالدى) نى قارار قىلدى. شۇ يىلى، 7 مىليون 217 مىڭ كىلوگرام ياغلىق دان سېتىۋېلىنىپ، پىلان 279.84% ئورۇندالدى. سېتىۋېلىنغان ماي 65 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، پىلان 108.33% ئورۇندالدى.

1958- يىل 7- ئايدىن 12- ئايغىچە سېتىۋېلىنغان ياغلىق دان 455 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، 1 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام يىللىق ۋەزىپىنىڭ 30.3% نى ئىگىلىدى. 1960 – 1962 - يىلىغىچە، ياغلىق دان مەھسۇلاتى زور دەرىجىدە ئازىيىپ كەتتى. 1960- يىلى 94 مىڭ 400 كىلوگرام، 1962- يىلى 88 مىڭ 700 كىلوگرام ياغلىق دان سېتىۋېلىندى.

1973- يىلى، ياغلىق دان سېتىۋېلىشتا «بەش يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك» سىياسىتى يولغا قويۇلدى. ئارتۇق سېتىۋېلىنغان ياغلىق دانغا باھا قوشۇپ بېرىلدى. 1983- يىلى، ياغلىق داننى «بەش يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك»

سىياسىتىدە يەنە يېڭى ئىلگىرىلەش بولۇپ، ماي سېتىۋېلىش تۈپ سانى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، نىسبەت باھاسى بويىچە سېتىۋېلىش سىياسىتى بولۇغا قويۇلدى. كونكرېت نىسبىتى تۈزۈكە قاراپ بېكىتىلدى. چېگىت سېتىۋېلىشتا %60 نى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە، %40 نى ئارتۇق باھا بويىچە سېتىۋالغاندىن سىرت، باشقا ياغلىق دانلارنىڭ %40 نى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە، %60 ى ئارتۇق سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە سېتىۋېلىندى. 1984- يىلى، ۋىلايەت بويىچە سېتىۋېلىنغان ياغلىق دان 1 مىليون 840 مىڭ كىلوگىرامغا يېتىپ، تارىختا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. 1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە سېتىۋېلىنغان مۇقىم باھادىكى ماي 360 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، پىلاندىكى 300 مىڭ كىلوگىرامنىڭ %120 ى ئورۇندالدى. ئالدىنقى يىلدىكى ئوخشاش مەزگىل بىلەن سېلىشتۇرغاندا 180 مىڭ كىلوگرام ئاشتى.

2) مۇكاپاتلىق سېتىۋېلىش 1960- يىل 9- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايىتى ياغلىق داننى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىغان خەلق كومۇنىسى ۋە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى مۇكاپاتلىدى.

(1) سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى %5 ئىچىدە ئاشۇرۇپ ئورۇندىغان بولسا، ئاشۇرغان قىسمىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى (شۇ جايدىكى ھۆكۈمەت شۇ خىل سورتنى سېتىۋېلىشتىكى ئەمەلىي سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش) نىڭ %5 ى بويىچە مۇكاپاتلاندى. 1960- يىلىنىڭ بېشىدا، ياغلىق دان سېتىپ بەرگۈچىلەرنى ماددىي بۇيۇملار بىلەن مۇكاپاتلىدى.

(2) ئاشۇرۇپ سېتىپ بەرگەن قىسمى %5 تىن %10 كىچە بولغان بولسا، ئاشۇرۇپ سېتىپ بەرگەن قىسمىنىڭ ئومۇمىي قىممىتىنىڭ %8 ى بويىچە مۇكاپاتلاندى.

(3) %10 تىن يۇقىرى ئاشۇرۇپ سېتىپ بەرگەن بولسا، ئاشۇرۇپ سېتىپ بەرگەن قىسمىنىڭ ئومۇمىي قىممىتىنىڭ %10 ى بويىچە مۇكاپاتلاندى.

1964- يىلى، 50 كىلوگرام ياغلىق دان سېتىپ بەرسە، بەش مېتىر ياختا رەخت بىلەن مۇكاپاتلىدى. 1965- يىلى ئۈچ مېتىرغا ئۆزگەرتىلدى.

3) توختام بويىچە سېتىۋېلىش 1985- يىلى، دۆلەت ئاشلىق، ماينى بىر تۇتاش سېتىۋېلىپ، بىر تۇتاش سېتىشنى توختام بويىچە سېتىشقا ئۆزگەرتتى. ئاشلىق تارماقلىرى دېھقانلار بىلەن توختام ئىمزالىدى. يېمەكلىك ماي ( ياغلىق دان ) نورمىلىق سېتىۋېلىندى.

2. سېتىش

1) بىر تۇتاش سېتىش قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئىستېمال مېيى تارىختىن بۇيان ئۆزىنى قامدىيالمىغاچقا، باشقا جايلاردىن يۆتكەپ كېلىنەتتى. 1953- يىلى، دۆلەت شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئىستېمال مېيى ۋە سودا- سانائەت كەسپىگە لازىملىق ماينى پىلانلىق تەمىنلەش (بىر تۇتاش سېتىش دەپ ئاتىلىدۇ) نى يولغا قويدى. 1954- يىل 3- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايىتى قۇمۇل ناھىيىسىدە ئىستېمال سۇ مېيى بىلەن پىلانلىق تەمىنلەشنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى. 1954- يىل 3- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ، ئائىلىنى بىرلىك قىلىپ ماي بىلەن تەمىنلەش كىنىشكىسى تارقىتىپ بېرىلدى.

1954 – 1985 - يىلغىچە، يېمەكلىك ماينى سېتىش- سېتىۋېلىشتا مۇۋاپىق تەمىنلەش، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىستېمالغا يېتەكچىلىك قىلىش، ماي مەنبەسىگە ئاساسەن تەڭ ئېتىبار بېرىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇش، ھەر تەرەپنىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش پرىنسىپى بويىچە ئىش كۆرۈلدى.

(1) ئاھالىلەر ئاساسلىق نورمىلىق مېيى 1954- يىلى، قۇمۇل ۋىلايىتىدە ھەر بىر ئادەمنىڭ ھەر ئايدا ئىستېمال قىلىدىغان نورمىسى مۇنداق بېكىتىلدى: ئورگان كادىرلىرى 0.43 كىلوگرام، شەھەر ئاھالىسى 0.25 كىلوگرام. 1957- يىلى ھەر بىر كىشىنىڭ ئايلىق نورمىسى 0.5 كىلوگرام بولدى. 1960- يىلدىن باشلاپ خەلق ئىگىلىكىدە قىيىنچىلىق

كۆرۈلۈپ، ياغلىق دان مەھسۇلاتى كېمىيىپ كەتتى. يېمەكلىك مېيىنىڭ نورما ئۆلچىمى تۆۋەنلىتىلدى. 1967- يىل 3- ئايدا، ئىستېمال نورما ئۆلچىمى ئىش تۈرىگە قارىمايلا كىشى بېشىغا ھەر ئايدا 0.25 كىلوگرام بولدى. 1990- يىلغىچە مۇشۇ ئۆلچەم بويىچە ئىجرا قىلىندى.

(2) يېمەكلىك كەسپىگە ئىشلىتىلىدىغان ماي يېمەكلىك كەسپىگە ئىشلىتىلىدىغان ماي قۇمۇل ۋىلايىتىدە «ئاشلىقتا ئەگىشىپ ماڭىدىغان ماي» ئۇسۇلى بويىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. نىسبەت بويىچە قانچىلىك ئاشلىق سېتىپ بەرسە، شۇنچىلىك ماي بىلەن تەمىنلەندى

(3) ئالاھىدە ئەھۋالدا تەمىنلىنىدىغان ماي ئالاھىدە ئەھۋالدا تەمىنلىنىدىغان ماي ھېيت- بايراملاردا تارقىتىدىغان، كېسەللەرگە ياردەم بېرىدىغان، يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار ھەم يۇقىرى دەرىجىلىك زىيالىيلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ماينى ھەمدە يىغىنلار، مېھمانلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ماينى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2. ئۈتتۈرا باھالىق ماينى سېتىش

ئۈتتۈرا باھالىق ماي دېگىنىمىزدە باھاسى كېلىشىم باھادىن تۆۋەن، نىسبەت بويىچە سېتىۋېلىش باھاسىدىن يۇقىرى بولغان ماينى كۆرسىتىدۇ.

1981- يىل 8- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ، شەھەر خەلقى كىنىشكىگە قاراپ كىشى بېشىغا بىر كىلوگرامدىن ئۈتتۈرا باھالىق ماي بىلەن تەمىنلەندى.

1982- يىلى، ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئۈتتۈرا باھالىق ماي سېتىشقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر توغرىسىدا مۇنداق بەلگىلىمە چىقاردى: ① ئۈتتۈرا باھالىق ماي — ئاپئاپپەرەس مېيى، قىچا مېيى بىلەن چەكلىنىدۇ. ② پىلان سىرتىدىكى سودا- سانائەت كەسپلىرى، كوللېكتىپ ئاشخانىلار ئۈتتۈرا باھالىق ماي ئىشلەتسە بولىدۇ. ③ چارۋىچىلار، كۆكتاتچى دېھقانلار كىنىشكىگە قاراپ ئۈتتۈرا باھالىق ماي بىلەن تەمىنلىنىدۇ.

1984- يىلى، ئۈتتۈرا باھالىق ماي سېتىش خىزمىتى ھەققىي چەك تۈتۈلۈپ، سېتىش دائىرىسى كېڭەيتىلىپ، زىغىر مېيىدىن باشقا مايلارنىڭ ھەممىسى قويۇۋېتىلدى.

1985- يىل 12- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايىتى ئۈتتۈرا باھالىق ماي سېتىشقا دائىر سىياسەت، تەدبىرلەرنى تۆۋەندىكىدەك تەڭشىدى:① يېزىلارغا ئۈتتۈرا باھالىق ماي سېتىپ بەرمەي، كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىپ، كېلىشىم باھادا سېتىپ بېرىش. ② شەھەر- بازارلاردا سېتىلىۋاتقان ئۈتتۈرا باھالىق ماينى قەدەممۇ قەدەم كېلىشىم باھا ئىزىغا سېلىش. ③ قۇمۇل ۋىلايىتىدە قىچا مېيى مەنبەسى قىس بولغاچقا، يۆتكەپ كېلىنگەن قىچا مېيى ئاۋۋال مۇقىم باھادا تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش. ④ شەھەر- بازارلاردا سېتىلىۋاتقان ئۈتتۈرا باھالىق مايغا قارىتا تۇراقسىز باھانى يولغا قويۇش. ⑤ شەھەر ئاھالىلىرىنى ئۈتتۈرا باھالىق ماي بىلەن تەمىنلەشتە، كىنىشكىگە تىزىملاپ قويۇپ سېتىپ بېرىش، مىقدارىغا چەك قويماسلىق.

## §5. ئاشلىق، ماينى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش، سېتىش

1. ئومۇمىي ئەھۋال

1978- يىلى، قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرى ئاشلىق، ماينى كېلىشىم باھادا سېتىش، سېتىۋېلىش پائالىيىتىنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇپ، ۋىلايەت بويىچە 1 مىليون 400 مىڭ كىلوگرام ئاشلىقنى كېلىشىم

باھادا سېتىۋېلىپ، 960 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق، 55 مىڭ كىلوگرام سۇمايىنى كېلىشىم باھادا سېتىپ بەردى، 1 مىليون 175 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق، 380 مىڭ كىلوگرام سۇمايىنى كېلىشىم باھادا يۆتكەپ كىرگۈزدى. 55 مىڭ كىلوگرام سۇماي كېلىشىم باھادا يۆتكەپ چىقىرىلدى.

1980- يىل 2- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسى ماي شىركىتى قۇرۇلدى. 1980- يىل 12- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئاشلىق، ماينى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش، سېتىش شىركىتى قۇرۇلدى. ماي شىركىتى كېلىشىم باھادىكى ماي كەسپى تىجارىتىنى قوشۇمچە ئىشلىدى. ئاشلىق، ماينى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش- سېتىش شىركىتى ئاساسلىق ئاشلىق، ماي كېلىشىم باھا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللاندى. شۇ يىلى ئىككى شىركەتنىڭ كېلىشىم باھا تىجارەت مىقدارى 5 مىليون 160 مىڭ كىلوگرامغا، سېتىپ چىقىرىش سوممىسى 1 مىليون 766 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدا 170 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە ئاشلىق، ماينىڭ كېلىشىم باھادىكى ئومۇمىي تىجارەت مىقدارى 29 مىليون 50 مىڭ كىلوگرامغا، سېتىپ چىقىرىش سوممىسى 7 مىليون 485 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدا 725 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1981- يىلى، ۋىلايەت بويىچە ئاشلىق، ماي كېلىشىم باھا تىجارەت تور نۇقتىسى 1979- يىلىدىكى ئىككىدىن 28 گە يەتتى؛ سېتىپ چىقىرىش سوممىسى 1980- يىلىدىكى 7 مىليون 485 مىڭ يۈەندىن 9 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %25 ئاشتى. ساپ پايدا 1980- يىلىدىكى 725 مىڭ يۈەندىن 1 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %42 ئاشتى. 1985- يىلى، ۋىلايەت بويىچە كېلىشىم باھا تىجارەت مىقدارى 26 مىليون 420 مىڭ كىلوگرامغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %102، سېتىلىش سوممىسى 4 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %9.1، ساپ پايدا 390 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %20.3 ئاشتى.

### 2. كېلىشىم باھا تىجارىتى

1) كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش 1979 – 1985 - يىلىغىچە، ۋىلايەت بويىچە كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىنغان ئاشلىق 22 مىليون 118 مىڭ 900 كىلوگرامغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي 7 مىليون 552 مىڭ 800 كىلوگرام، كۆرۈچ 1 مىليون 34 مىڭ 200 كىلوگرام، سويا پۇرچاق 25 مىڭ 300 كىلوگرام، قارا ئاشلىق 13 مىليون 452 مىڭ 400 كىلوگرام بولدى. كېلىشىم باھادا سېتىۋالغان ياغلىق دان 765 مىڭ كىلوگرام. 1986 – 1990 - يىلىغىچە، ۋىلايەت بويىچە كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىنغان ئاشلىق 55 مىليون 751 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي 17 مىليون 913 مىڭ كىلوگرام، كۆرۈچ 1 مىليون 123 مىڭ كىلوگرام، سويا پۇرچاق 1 مىليون 240 مىڭ كىلوگرام، قارا ئاشلىق 30 مىليون 741 مىڭ كىلوگرام، كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىنغان ياغلىق دان 907 مىڭ كىلوگرام.

2) كېلىشىم باھادا سېتىش 1979 – 1985 - يىلىغىچە، ۋىلايەت بويىچە سېتىپ چىقىرىلغان ئاشلىق 23 مىليون 333 مىڭ 100 كىلوگرام، ئاشلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتى 3 مىليون 959 مىڭ 600 كىلوگرام، ياغلىق دان 650 مىڭ 700 كىلوگرام، تەييار ماي 523 مىڭ 600 كىلوگرام، كېلىشىم باھادا سېتىش تۈرى 18 خىلغا يەتتى. 1986 – 1990 - يىلىغىچە، ۋىلايەت بويىچە سېتىپ چىقىرىلغان ئاشلىق 60 مىليون 288 مىڭ كىلوگرامغا، ياغلىق دان 5 مىليون 886 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى.

3) يۆتكەش كېلىشىم باھادىكى ئاشلىق، ماينى يۆتكەش دېگىنىمىز — ۋىلايەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشىم باھادا سېتىش، سېتىۋېلىشنىڭ بىر خىل شەكلىنى كۆرسىتىدۇ.

1979 – 1985 - يىلىغىچە، 34 مىليون 880 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق يۆتكەلدى (يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4 مىليون 982 مىڭ 500 كىلوگرام)، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون سىرتىدىن يۆتكەلگىنى 25 مىليون 810 مىڭ كىلوگرام (يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3 مىليون 687 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق، 1 مىليون 125 مىڭ كىلوگرام سۇماي

يۆتكەلدى).

1979 – 1985 - يىللىرى، كىرگۈزۈلگەن ئاشلىق 21 مىليون 245 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3 مىليون 35 مىڭ كىلوگرامدىن توغرا كەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون سىرتىدىن (باشقا ئۆلكىلەردىن) كىرگۈزۈلگىنى 18 مىليون 415 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2 مىليون 630 مىڭ كىلوگرامدىن توغرا كەلدى. كىرگۈزۈلگەن سۇماي 1 مىليون 70 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 152 مىڭ 500 كىلوگرامدىن توغرا كەلدى.

1979 – 1985 - يىللىرى، سىرتقا يۆتكەلگەن ئاشلىق 13 مىليون 635 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىللىق چىقىرىلىش مىقدارى 1 مىليون 947 مىڭ 500 كىلوگرامدىن توغرا كەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايونىمىزدىن سىرتقى ئۆلكىلەرگە چىقىرىلغىنى 7 مىليون 395 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1 مىليون 56 مىڭ كىلوگرامدىن توغرا كەلدى. 55 مىڭ كىلوگرام سۇماي سىرتقا يۆتكەلدى.

1986 – 1990 - يىللىرى، كىرگۈزۈلگەن ئاشلىق 23 مىليون 18 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 8 مىليون 618 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق ئاپتونوم رايون سىرتىدىن كىرگۈزۈلدى. كىرگۈزۈلگەن سۇماي 4 مىليون 734 مىڭ كىلوگرام بولدى. سىرتقا چىقىرىلغان ئاشلىق 11 مىليون 381 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، 8 مىليون 623 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق ئاپتونوم رايون سىرتىغا يۆتكەلدى. سىرتقا يۆتكەلگەن سۇماي 84 مىڭ كىلوگرام.

4) **مۇقىم باھا بىلەن كېلىشىم باھاسىنىڭ ئۆزگىرىشى** 1980 - يىلى 1 - ئايدا، كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىنغان يازلىق ئاشلىق ۋە كۆرۈچنىڭ بىر قىسمى مۇقىم باھادا سېتىشقا ئۆزگەرتىلدى.

1980 – 1985 - يىللىرى، قومۇل ۋىلايىتى بويىچە مۇقىم باھادىن كېلىشىم باھاغا ئۆزگەرتىلگەن ئاشلىق 8 مىليون 22 مىڭ 400 كىلوگرام، سۇماي 10 مىڭ 200 كىلوگرام بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە مۇقىم باھادىن كېلىشىم باھاغا ئۆزگەرتىلگەن ئاشلىق 6 مىليون 957 مىڭ 200 كىلوگرام، سۇماي 40 مىڭ 200 كىلوگرام. كېلىشىم باھادىن مۇقىم باھاغا ئۆزگەرتىلگەن ئاشلىق 1 مىليون 65 مىڭ 200 كىلوگرام.

1986 – 1990 - يىللىرى، ۋىلايەت بويىچە مۇقىم باھادىن كېلىشىم باھاغا ئۆزگەرتىلگەن ئاشلىق 72 مىڭ 500 كىلوگرام، كېلىشىم باھادىن مۇقىم باھاغا ئۆزگەرتىلگەن ئاشلىق 72 مىڭ 500 كىلوگرام بولدى.

## §6. ئاشلىق ۋە مايني ساقلاش، توشۇش

**1. يۆتكەش ۋە توشۇش**

1) **كىرگۈزۈش** 1953 – 1985 - يىللىرى، 911 مىليون 345 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق يۆتكەپ كېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىلەردىن 577 مىليون 860 مىڭ كىلوگرام، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋىلايەتلەردىن 182 مىليون 975 مىڭ كىلوگرام، ئاپتونوم رايون سىرتىدىن 150 مىليون 510 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق يۆتكەلدى.

1966 – 1985 - يىللىرى، 7 مىليون 495 مىڭ كىلوگرام سۇماي يۆتكەپ كېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋىلايەتلەردىن 5 مىليون 965 مىڭ كىلوگرام، ئاپتونوم رايون سىرتىدىن 1 مىليون 530 مىڭ كىلوگرام يۆتكەپ كېلىندى.

1986 – 1990 - يىللىرى، 156 مىليون 50 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق، 4 مىليون 640 مىڭ كىلوگرام سۇماي يۆتكەپ كېلىندى.

2) يۆتكەپ چىقىرىش 1953 – 1985 - يىلىغىچە، يۆتكەپ چىقىرىلغان ئاشلىق 560 مىليون 890 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەتتىكى ناھىيىلەر ئارا 522 مىليون 245 مىڭ كىلوگرام، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋىلايەتلەرگە 37 مىليون 995 مىڭ كىلوگرام، ئاپتونوم رايونىمىز سىرتىغا 650 مىڭ كىلوگرام چىقىرىلدى.

1966 – 1985 - يىلىغىچە، 385 مىڭ كىلوگرام سۇماي چىقىرىلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى ۋىلايەتلەرگە 260 مىڭ كىلوگرام، ئاپتونوم رايونىمىز سىرتىغا 125 مىڭ كىلوگرام چىقىرىلدى.

2. ئىسكىلاتنى ساقلاش، تەكشۈرۈش

مىنگو دەۋرىدە قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئاشلىق سىستېمىسىدا 3 مىليون 950 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق سىغدۇرغان كېپەك، ياغاچ قۇرۇلمىلىق 12 ئاشلىق ئىسكىلاتى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل ناھىيىسى لاۋچېڭ (كونا شەھەر) دا چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ يىللىرىدا سېلىنغان 1 مىليون 200 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق سىغدۇرغان ئۈچ ئىسكىلات، باركۆل ناھىيە بازىرىدا 2 مىليون كىلوگرام ئاشلىق سىغدۇرغان سەككىز ئىسكىلات، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە 750 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق سىغدۇرغان بىر ئىسكىلات بار ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، قۇمۇل ۋىلايىتى چىڭ سۇلالىسى، مىنگو يىللىرىدىن قالغان 12 كونا ئىسكىلاتنى رېمونت قىلىپ داۋاملىق ئىشلەتتى.

1952- يىلى، قۇمۇل ناھىيىسى لاۋچېڭ (كونا شەھەر) دا 800 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق سىغدۇرغان سوۋېت پاسونىدا بىر ئىسكىلات سېلىپ، ئاشلىق ئىسكىلاتىنى 13 كە يەتكۈزدى، ئومۇمىي ئاشلىق سىغىمچانلىقى 4 مىليون 750 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى.

1- بەش يىللىق پىلان ( 1953 - 1957- يىلىغىچە )، 2- بەش يىللىق پىلان ( 1958 – 1962 - يىلىغىچە ) مەزگىلىدە قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئاشلىق ئىسكىلاتى ئاساسلىقى ناھىيە بازىرىغا ۋە نۇقتىلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان رايون، گۇڭشېلارغا مەركەزلەشتى. يەرلىك ئۇسۇل بىلەن چەت ئەلنىڭ ئۇسۇلى بىرلەشتۈرۈلدى، يەرلىك ئۇسۇل ئاساس قىلىنغان ئىسكىلات سېلىش پرىنسىپى بويىچە سىغىمچانلىقى 23 مىليون كىلوگرام كېلىدىغان 10 ئىسكىلات نۇقتىسى، 19 ئىسكىلات يېڭىدىن سېلىندى. ۋىلايەت بويىچە ئىسكىلات نۇقتىسى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى ئۈچتىن 13 كە، ئىسكىلات 12 دىن 39 غا، ئاشلىق سىغىمچانلىقى 3 مىليون 950 مىڭ كىلوگرامدىن 26 مىليون 950 كىلوگرامغا يەتتى.

3- بەش يىللىق پىلان (1966 - 1970- يىلىغىچە) ۋە 4- بەش يىللىق پىلان (1971 - 1975- يىلىغىچە) مەزگىلىدە قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئاشلىق سىستېمىسىدا تۆت ئاشلىق ئىسكىلات نۇقتىسى، 33 ھەر خىل ئاشلىق ئىسكىلاتى سېلىنىپ، ئاشلىق ساقلاش سىغىمچانلىقى 18 مىليون 400 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە: تۆي شەكلىدىكى 12 ئىسكىلات بولۇپ، ئاشلىق سىغىمچانلىقى 10 مىليون 200 مىڭ كىلوگرام، سوۋېت پاسونىدىكى ئىككى ئىسكىلات بولۇپ، ئاشلىق سىغىمچانلىقى 1 مىليون 400 مىڭ كىلوگرام، ئىككى گەمە ئىسكىلات بولۇپ، سىغىمچانلىقى 2 مىليون 100 مىڭ كىلوگرام، كېيەكتىن سېلىنغان 10 دۈگىلەك ئىسكىلات بولۇپ، سىغىمچانلىقى 500 مىڭ كىلوگرام، يەتتە ئاددىي ئىسكىلات بولۇپ، سىغىمچانلىقى 4 مىليون 200 مىڭ كىلوگرام. ۋىلايەت بويىچە ئىسكىلات نۇقتىسى 17 دىن 72 گە كۆپىيىپ، ئىسكىلات سىغىمچانلىقى 59 مىليون 450 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى.

1985- يىلىغا كەلگەندە، ئىسكىلات نۇقتىسى 21 گە يېتىپ، 1949- يىلىدىكىنىڭ يەتتە ھەسسىگە توغرا كەلدى. ئىسكىلات 12 دىن 121 گە يېتىپ، ئوققۇز ھەسسە كۆپەيدى. سىغىمچانلىقى 3 مىليون 950 مىڭ كىلوگرامدىن 115 مىليون 400 مىڭ كىلوگرامغا يېتىپ، 28.2 ھەسسە كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە سىغىمچانلىقى 7

مىليون 700 مىڭ كىلوگرام كېلىدىغان 23 ئاشلىق ئىسكىلاتى بىكار قىلىندى، سىغىمچانلىقى 2 مىليون 450 مىڭ كىلوگرام كېلىدىغان تۆت ئىسكىلات باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىلدى. بىر ئىسكىلات بىگتۈەن قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، ئۇنىڭ سىغىمچانلىقى 11 مىليون كىلوگرام. ئەمەلىي 93 ئىسكىلات بولۇپ، ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 104 مىليون 250 مىڭ كىلوگرام، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى ئۆي شەكىللىك ئىسكىلات 42 بولۇپ، سىغىمچانلىقى 62 مىليون 200 مىڭ كىلوگرامغا؛ سوۋېت پاسونىدىكى توققۇز ئىسكىلات بولۇپ، سىغىمچانلىقى 20 مىليون (ئىسكىلاتنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق كۆپەيتىلگەن 1 مىليون 500 مىڭ كىلوگراملىق ئىسكىلاتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) كىلوگرامغا؛ گەمە ئىسكىلات يەتتە بولۇپ، سىغىمچانلىقى 10 مىليون 50 مىڭ كىلوگرامغا؛ دۈگىلەك ئىسكىلات سەككىز بولۇپ، سىغىمچانلىقى 1 مىليون 600 مىڭ كىلوگرامغا؛ ئاددىي ئىسكىلات 16 بولۇپ، سىغىمچانلىقى 9 مىليون 600 مىڭ كىلوگرامغا؛ كېسەكتىن سېلىنغان دۈگىلەك ئىسكىلات 10 بولۇپ، سىغىمچانلىقى 500 مىڭ كىلوگرامغا؛ گۈمبەز ئىسكىلات بىر بولۇپ، سىغىمچانلىقى 300 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى.

1990- يىلىغا كەلگەندە، ۋىلايەت بويىچە ئىسكىلات نۇقتىسى 23 كە، سىغىمچانلىقى 93 مىليون 250 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى.

### 3. ساقلاش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، قۇمۇل ۋىلايىتىدە ئاشلىق، ماي كەمچىل، ئاشلىق، مايىنى زاپاس ساقلاش شارائىتى يوق ئىدى.

1964- يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 50 مىليون كىلوگراملىق چوڭ ئۆتكەلدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، سېتىۋېلىنغان ئاشلىق 14 مىليون 585 مىڭ كىلوگرامغا يېتىپ، 1963- يىلدىكىدىن 55.1% ئاشتى. دۆلەتنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، گوڭشې ئەزالىرىنىڭ يېمەكلىك ئاشلىقى، ئورۇقى، بوغۇزىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش ئالدىنقى شەرت قىلىنىپ، 5 مىليون كىلوگرام دۆلەت زاپاس ئاشلىقى ساقلاندى.

1965- يىلى، يېزىلاردا 494 مىڭ 700 كىلوگرام كوللېكتىپ زاپاس ئاشلىقى ساقلاندى. 1979- يىلى، دۆلەت زاپاس ئاشلىقى 10 مىليون كىلوگرامغا كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە 8 مىليون كىلوگرام بۇغداي، 2 مىليون كىلوگرام گۈرۈچ، دۆلەت زاپاس مېيى 250 مىڭ كىلوگرام. كېيىنكى يىللاردا زاپاس ساقلىنىدىغان ئاشلىق، ماي كۆپەيدى.

1981- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 15 ئىسكىلات بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئالتە ئىسكىلات «تۆتتىن خالىي» بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 40% نى ئىگىلىدى. بىر ئۇن ـ ياغ زاۋۇتى، بىر دۇكان «تۆتتىن خالىي» بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇردى. «تۆتتىن خالىي» بولغان ئىسكىلاتلارنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 44 مىليون 245 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، ئومۇمىي ئاشلىق سىغىمچانلىقىنىڭ 51% نى تەشكىل قىلدى. ئاراتۆرۈك ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى «تۆتتىن خالىي» بولۇشنى تولۇق ئىشقا ئاشۇردى.

1982- يىلى، ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئىسكىلاتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ۋە سودا مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «تۆتتىن خالىي» ئىسكىلات بولۇپ باھالاندى. ۋىلايەت بويىچە «تۆتتىن خالىي» بولغان ئىسكىلاتلارنىڭ سىغىمچانلىقى 53 مىليون 720 مىڭ كىلوگرامغا يېتىپ، ئاشلىق ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 92 مىليون 150 مىڭ كىلوگرامنىڭ 58.3% نى ئىگىلەپ، 1981- يىلدىكىدىن 7.3% ئاشتى.

1983- يىلى، قۇمۇل ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى، باركۆل ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى «تۆتتىن خالىي» بولۇش ئۆلچىمىگە يېتىپ، «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئىسكىلاتى ناھىيىسى بولۇپ قالدى. ۋىلايەت بويىچە 19 ئىسكىلات،

پونكىتتىن «تۆتتىن خالىي» بولغىنى 12 بولۇپ، %63.1 نى تەشكىل قىلدى. «تۆتتىن خالىي» ئىسكىلاتلارنىڭ سىغىمچانلىقى 89 مىليون 455 مىڭ كىلوگرامغا يېتىپ، ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 92 مىليون 650 مىڭ كىلوگرامنىڭ %96.6 نى ئىگىلەپ، 1982- يىلدىكىدىن %38.3 ئاشتى.

1984- يىل 3- ئايدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسى قومۇل ۋىلايىتىنىڭ ئاشلىق سىستېمىسىدىكى ئاشلىق ئىسكىلاتلىرىنى «تۆتتىن خالىي» ئىسكىلات قىلىپ بېكىتتى.

## §7. ئاشلىق، ماي باھاسى

### 1. مىنگو دەۋرىدىكى ئاشلىق، ماي باھاسى

مىنگو دەۋرىدە، قومۇل ۋىلايىتىنىڭ ئاشلىق ۋە ماي باھاسى ھەر قايسى يىللاردىكى ھوسۇلنىڭ ئېشىشى ۋە كېمىيىشى، پەسىللەرنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگىرىپ كەلدى. قەھەتچىلىك ۋە قالايمىقانچىلىق يىللىرىدا ئاشلىق، ماينىڭ باھاسى 3 - 5 ھەسسە، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك ئۆرلەپ كەتتى. مىنگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى)، ھەر دادەن ئاق ئاشلىقنىڭ بلھاسى 40 مىڭ يۈەندىن 140 مىڭ يۈەنگە، ھەر جىڭ ئۇننىڭ باھاسى 90 يۈەندىن 250 يۈەنگە يەتتى. مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى)، ھەر كىلوگرام بۇغداينىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە سېتىلىش باھاسى شىنجاڭ پۇلى بويىچە ھېسابلىغاندا 98.7 يۈەن، ئاق قوناقنىڭ 58.9 يۈەن بولدى؛ مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى)، بۇغداينىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ باھاسى 982 يۈەنگە، ئاق قوناقنىڭ 589 يۈەنگە ئۆرلىدى؛ مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى)، بۇغداينىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ باھاسى 199 مىڭ 500 يۈەنگە، ئاق قوناقنىڭ 118 مىڭ 890 يۈەنگە يەتتى. مىنگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى) 2- ئايغا كەلگەندە، بۇغداينىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ باھاسى 2 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە، 4 - ئايدا 3 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) بىلەن سېلىشتۇرغاندا 3869 ھەسسە ئۆرلىدى، 1- ئايدا ئاق قوناقنىڭ باھاسى 1 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە، 4- ئايدا 2 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

### 2. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئاشلىق، ماي باھاسى

1950- يىل 3- ئايدا، قومۇلنىڭ ئاشلىق بازارلىرىدا ئەركىن سېتىۋېلىش ۋە سېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلدى. شۇ يىلى شەھەر- يېزىلاردا ئاشلىق ئىنتايىن قىس بولۇپ، ئاشلىق باھاسى ئۆرلەپ كەتتى. بازارلاردا ھەر 100 كىلوگرام ئۇننىڭ باھاسى ئۈلكە كۆمۈش تەڭگىسى بويىچە 680 يۈەن (يېڭى خەلق پۇلى بويىچە 26.40 يۈەن) بولدى. 12- ئايدا، ھەر كىلوگرام ئۇننىڭ باھاسى 1046 يۈەنگە (يېڭى خەلق پۇلى بويىچە 41.84 يۈەن) ئۆرلىدى، بۇنى 1950- يىلىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا %70 ئۆرلىدى.

1951- يىل 1- ئاينىڭ 19- كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك سودا باش شىركىتى دۈنخۇاڭدىن 870 مىڭ كىلوگرام بۇغداي يۆتكەپ بازارغا سالدى. ھەر 100 كىلوگرام ئاشلىقنىڭ ئۆلكە پۇلى ھېسابىدىكى تاختاي باھاسى 920 يۈەن (يېڭى خەلق پۇلى ھېسابىدا 36.80 يۈەن) بولدى. 1- ئاينىڭ 29- كۈنى 1200 يۈەن (يېڭى خەلق پۇلى ھېسابىدا 48 يۈەن) گە، 3- ئايدا 1500 يۈەن (يېڭى خەلق پۇلى ھېسابىدا 60 يۈەن) گە ئۆرلەپ كەتتى. 4- ئاينىڭ 1- كۈنى، دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق ئىسكىلاتلىرى قۇرۇقدىلىپ، تەمىنلەيدىغان ئاشلىق قالمىدى. بازارلاردا 100 كىلوگرام ئاشلىقنىڭ باھاسى ئۆلكە پۇلى بويىچە 1400 يۈەن (يېڭى خەلق پۇلى ھېسابىدا 56 يۈەن) دىن 3600 يۈەن (يېڭى خەلق پۇلى ھېسابىدا 144

يۈەن) گە ئۆرلەپ كەتتى. 4- ئاينىڭ 8- كۈنى، دۈنخۇاڭدىن يەنە 900 كىلوگرام بۇغداي سېتىۋېلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئاشلىقنىڭ بازار باھاسى 3600 يۈەن ئۆلكە پۇلىدىن 2400 يۈەن (يېڭى خەلق پۇلى ھېسابىدا 96 يۈەن) گە چۈشتى. 5- ئايدا، يۈتكىگەن ئاشلىق يېتىشمەسلىك، تىزگىنلەش يېتەرلىك بولماسلىق تۈپەيلىدىن، ئاشلىق باھاسى ئۆرلەپ كەتتى. بازاردىكى 100 كىلوگرام بۇغداينىڭ باھاسى 4900 يۈەن ئۆلكە پۇلى (يېڭى خەلق پۇلى ھېسابىدا 196 يۈەن) دىن 12 مىڭ 600 يۈەن (يېڭى خەلق پۇلى ھېسابىدا 504 يۈەن) گە ئۆرلەپ كەتتى. 1950- يىل 12- ئايغا كەلگەندە 11 ھەسسە ئۆرلەپ، ئاشلىق باھاسىنىڭ ئۆرلىشى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك سودا باش شىركىتى بازارنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش جىددىيلىكىنى پەسەيتىش ئۈچۈن، دۈنخۇاڭدىن يەنە 900 مىڭ كىلوگرام بۇغداي يۆتكەپ كەلدى. بىر كۈن ئىچىدە قۇمۇلدا ھەر 100 كىلوگرام ئۇننىڭ باھاسى 6300 يۈەن ئۆلكە پۇلى (يېڭى خەلق پۇلى ھېسابىدا 250 يۈەن) دىن 4900 يۈەن (يېڭى خەلق پۇلى ھېسابىدا 196 يۈەن) گە چۈشتى. 10- ئاينىڭ باشلىرىدا، ئۆلكە پۇلىنىڭ ئوبوروت قىلىنىشى چەكلەنگەندىن كېيىن، ھەر 100 كىلوگرام بۇغداي باھاسى تەخمىنەن 45 يۈەن خەلق پۇلى ھېسابىدا مۇقىملاشتى.

1953- يىلى، ئاشلىق باھاسى 17.3% تۆۋەنلىدى، ھەر 100 كىلوگرام بۇغداي 46 يۈەندىن 38 يۈەنگە چۈشتى.

3. بىر تۇتاش سېتىۋېلىش، بىر تۇتاش سېتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىنكى ئاشلىق، ماي باھاسى

1) بىر تۇتاش سېتىۋېلىش، بىر تۇتاش سېتىش 1953- يىل 12- ئايدا، دۆلەت ئاشلىق، ماينى پىلانلىق سېتىۋېلىش، پىلانلىق تەمىنلەش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئاشلىق، ماي ئەركىن بازىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. 1957- يىل 9- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايىتىدە ئاشلىق، مايىنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش، بىر تۇتاش سېتىش يولغا قويۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، قۇمۇل ۋىلايىتىدە ئاشلىق، ماي سېتىۋېلىش باھاسى تۆت قېتىم چوڭ تەڭشەلدى.

(1) 1961- يىلى، قۇمۇل ۋىلايىتىدە ئاشلىق، ماي سېتىۋېلىش باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 18.84%، ياغلىق دان سېتىۋېلىش باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 26.8% ئۆستى. ئاساسىي ئاشلىق تۈرلىرىنىڭ ھەر 100 كىلوگرامىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى مۇنداق بولدى: بۇغداي 23.34 يۈەندىن 25.34 يۈەنگە تەڭشىلىپ، 8.57% ئۆستى. كۆممىقوناق 16.54 يۈەندىن 18.26 يۈەنگە تەڭشىلىپ، 9.42% ئۆستى. قىزىل قوناق 15.70 يۈەندىن 17.34 يۈەنگە تەڭشىلىپ، 10.40% ئۆستى.

ھەر 100 كىلوگرام ياغلىق داننىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى مۇنداق بولدى: قىچا 20.30 يۈەندىن 24.43 يۈەنگە تەڭشىلىپ، 20.20% ؛ زىغىر 21.13 يۈەندىن 24.43 يۈەنگە تەڭشىلىپ، 11.07%؛ كۈنجۈت 29.67 يۈەندىن 43.33 يۈەنگە تەڭشىلىپ، 46.04% ئۆستى.

7 - ئايدا، قۇمۇل ناھىيىسىدىكى يېزىلاردا بۇغداينى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 9.36% ئۆستى.

1964- يىل 12- ئايدا، قۇمۇل ۋالىي مەھكىمىسى ناھىيە دەرىجىلىك بازارلارنىڭ ئاشلىق، ماي باھاسىنى بىر تۇتاش تەڭشىدى. ۋىلايەتتىكى ئۈچ ناھىيە دەرىجىلىك بازار، ئىككى سانائەت كان رايونى ۋە 14 يېزىنى باھا ھېسابلاش نۇقتىسى قىلىپ، 19 تۈر بويىچە ھېسابلاپ، شۇ ۋاقىتتا يولغا قويۇلغان بىر تۇتاش سېتىش باھاسى ھەر 100 كىلوگرام ئاشلىقنىڭ ئوتتۇرىچە باھاسى 23.74 يۈەننى 24.88 يۈەنگە تەڭشەپ، 4.8% ئۆستۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە ھەر 100 كىلوگرام بۇغداينىڭ بىر تۇتاش سېتىش باھاسى 23.57 يۈەندىن 24.33 يۈەنگە تەڭشىلىپ، 3.22% ئۆستۈرۈلدى. ھەر 100 كىلوگرام يەرلىك ئۇننىڭ بىر تۇتاش سېتىش باھاسى 36.98 يۈەندىن 37.23 يۈەنگە تەڭشىلىپ، 0.6% ئۆستۈرۈلدى.

(2) 1966- يىلى، ئاشلىقنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسى 4% ئۆستۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي

7.4%، كۆممىقوناق 1.86%، قىزىل قوناق 1.85% ئۆستۈرۈلدى. ئاشلىقنىڭ سېتىلىش باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3.18% ئۆستۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي 7.32%، كۆممىقوناق 0.29%، قىزىل قوناق 0.76% ئۆستى. ياغلىق داننىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 0.52%، ماينىڭ سېتىلىش باھاسى 3.36% تۆۋەنلىدى. 1966- يىلى، تەگشەش ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، 1979- يىلغىچە، ئاشلىقنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى بىلەن سېتىش باھاسى ئوخشاش بولدى.

(3) 1979- يىلى ئاشلىقنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 21.03% ئۆستى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي ئاشلىق تۈرلىرى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 17.31%، ياغلىق دان 28.26% ئۆستى. ئاساسىي ياغلىق دان ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 23.68%، سۇماي 25.88% ئۆستى. ئاساسىي ئاشلىقلارنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسى ھەر 100 كىلوگرامنىڭ مۇنداق بولدى: بۇغداي 27.20 يۈەندىن 32.80 يۈەنگە تەگشىلىپ، 20.59%، كۆممىقوناق 18.60 يۈەندىن 22.60 يۈەنگە تەگشىلىپ، 21.5%، قىزىل قوناق 17.67 يۈەندىن 20.80 يۈەنگە تەگشىلىپ، 17.71%، سويا پۇرچاق 40.67 يۈەندىن 46 يۈەنگە تەگشىلىپ، 13.1% ئۆستى.

ياغلىق داننىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسى: ھەر 100 كىلوگرام قىچا 56 يۈەندىن 70 يۈەنگە تەگشىلىپ، 25%، زىغىر 56 يۈەندىن 72 يۈەنگە تەگشىلىپ، 28.57%، كۈنجۈت 100 يۈەندىن 120 يۈەنگە تەگشىلىپ، 20% ئۆستى.

ماينىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسى: ھەر 100 كىلوگرام قىچا مېيى 85 يۈەندىن 106 يۈەنگە تەگشىلىپ، 24.7%، زىغىر مېيى 85 يۈەندىن 108 يۈەنگە تەگشىلىپ، 27.05% ئۆستى.

ئاشلىقنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسى ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن، 1983- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بىر تۇتاش سېتىش باھاسىدا ئۆزگىرىش بولمىدى.

سۇ مېيىنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسى ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن، سېتىش باھاسى ئۆزگەرمىدى. ياغلىق داننىڭ سېتىش باھاسى بىلەن بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسى تەڭلەشتى.

(4) 1984- يىل 8- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايىتى سۈپەتلىك ئۇن، ماينىڭ سېتىش باھاسىنى ئۆستۈردى.

A. ئۆلچەملىك ئۇننىڭ باھاسىدا ئۆزگىرىش بولمىدى. 1- دەرىجىلىك ئۇن (ئەسلىدىكى سۈپەتلىك ئۇن) نىڭ سېتىلىش باھاسى ئۆلچەملىك ئۇننىڭ باھاسىنى ئاساس قىلىپ، 100:130 سۈپەت نىسبەت پەرقى بويىچە باھا قويۇلۇپ، ھەر 100 كىلوگرامى 50 يۈەندىن 58 يۈەنگە تەگشىلىپ، 12% ئۆستى. 2- دەرىجىلىك ھەر 100 كىلوگرام ئۇننىڭ سېتىلىش باھاسى 1- دەرىجىلىك ئۇننىڭ باھاسىدىن 3 ~ 5 يۈەن تۆۋەن بولدى.

B. 2- دەرىجىلىك قىچا يېغىنىڭ سېتىلىش باھاسى ئۆزگەرمىدى. 1- دەرىجىلىك قىچا يېغىنىڭ سېتىلىش باھاسى ھەر 100 كىلوگرام 2- دەرىجىلىك قىچا مېيىدىن 24 يۈەن يۇقىرى بولدى.

2) توختام بويىچە سېتىۋېلىش 1985- يىلى، دۆلەت ئاشلىق، مايىنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش، بىر تۇتاش سېتىشنى توختام بويىچە سېتىۋېلىشقا ئۆزگەرتتى. توختام بويىچە سېتىۋېلىنىدىغان ئاشلىق تۈرلىرىدىن بۇغداي، كۆممىقوناق، ئاق قوناق، كۆككۆلەكلىك ئارپا، كۆك پۇرچاق، ماش، باقىلە قاتارلىق بەتتە تۈر ئاساس قىلىندى. ئاساسلىق قارا ئاشلىقتا «3:7» نىسبەت بويىچە باھا قويۇلدى. يەنى ئۈچ ئۈلۈشى ئەسلىدىكى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە، يەتتە ئۈلۈشى ئارتۇق سېتىۋېلىنىدىغان باھا بويىچە ھېسابلاندى. بۇغدايغا 60%، قارا ئاشلىقتا 50% باھا قوشۇلدى.

ياغلىق داندىن قىچا، ئاپتاپپەرەس، زىغىر، كەندىر، زاراڭزا قاتارلىقلار بولۇپ، «4:6» نىسبەت بويىچە باھا قويۇلدى، يەنى تۆت ئۈلۈشى ئەسلىدىكى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە، ئالتە ئۈلۈشى ئەسلىدىكى ئارتۇق سېتىۋېلىنىدىغان باھا بويىچە بېكىتىلىپ، 50% باھا قوشۇلدى.

## قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى ئاشلىق، ماي باھاسى

بىرلىكى: يۈەن/ 100kg

جەدۋەل 14 – 7

| يىل | تۈرى | بۇغداي قوبۇل باھاسى | بۇغداي ئىچكى يۆتكەش باھاسى | بۇغداي پارچە سېتىش باھاسى | جىگەر گۈرۈچى قوبۇل باھاسى | جىگەر گۈرۈچى ئىچكى يۆتكەش باھاسى | جىگەر گۈرۈچى پارچە سېتىش باھاسى | گۈرۈچ قوبۇل باھاسى | گۈرۈچ ئىچكى يۆتكەش باھاسى | گۈرۈچ پارچە سېتىش باھاسى | كۆممىقوناق قوبۇل باھاسى | كۆممىقوناق ئىچكى يۆتكەش باھاسى | كۆممىقوناق پارچە سېتىش باھاسى | قىزىل قوناق قوبۇل باھاسى | قىزىل قوناق ئىچكى يۆتكەش باھاسى | قىزىل قوناق پارچە سېتىش باھاسى | ئاق قوناق قوبۇل باھاسى | ئاق قوناق ئىچكى يۆتكەش باھاسى | ئاق قوناق پارچە سېتىش باھاسى | سېرىق پۇرچاق قوبۇل باھاسى | سېرىق پۇرچاق ئىچكى يۆتكەش باھاسى | سېرىق پۇرچاق پارچە سېتىش باھاسى | تېرىق قوبۇل باھاسى | تېرىق ئىچكى يۆتكەش باھاسى | تېرىق پارچە سېتىش باھاسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1952 | بىر تۈرلۈك سېتىۋېلىش | 46.00 | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | |
| | بىر تۈرلۈك سېتىپ بېرىش | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | |
| 1958 | بىر تۈرلۈك سېتىۋېلىش | 26.00 | 22.00 | 22.00 | 34.00 | | | 61.00 | | | 18.00 | 15.20 | 15.20 | 16.20 | 16.20 | | | | | 32.00 | 32.00 | 32.00 | | | |
| | بىر تۈرلۈك سېتىپ بېرىش | 29.00 | 24.00 | 24.00 | 38.00 | | | 70.00 | 76.00 | 76.00 | 20.20 | 16.80 | 16.80 | 18.20 | 18.20 | | | | | 35.80 | 35.80 | 35.80 | | | |
| 1963 | بىر تۈرلۈك سېتىۋېلىش | 28.00 | 24.00 | 24.00 | 34.00 | | | 62.00 | | | 19.40 | 16.00 | 16.00 | 18.60 | 15.60 | 15.60 | 19.20 | 15.80 | 19.20 | 15.80 | 15.80 | 32.00 | 32.00 | 32.00 | 19.60 |
| | بىر تۈرلۈك سېتىپ بېرىش | 29.00 | 24.00 | 24.00 | 35.80 | | | 70.00 | 76.00 | 76.00 | 20.74 | 20.70 | 19.00 | 18.20 | 18.20 | 18.20 | 20.20 | 18.60 | 18.60 | 35.80 | 35.80 | 35.80 | 18.20 | 18.20 | 15.60 |
| 1966 | بىر تۈرلۈك سېتىۋېلىش | 28.00 | 26.80 | 26.80 | 32.00 | | | 60.00 | | | 19.40 | 18.20 | 18.20 | 18.60 | 17.20 | 17.20 | 19.00 | 17.60 | 17.60 | 32.00 | 32.00 | 32.00 | 16.20 | 16.20 | 16.00 |
| | بىر تۈرلۈك سېتىپ بېرىش | 29.00 | 26.80 | 26.80 | 35.80 | | | 56.00 | 76.00 | 76.00 | 20.80 | 20.80 | 20.80 | 18.60 | 18.20 | 18.20 | 20.20 | 18.60 | 35.80 | 35.80 | 35.80 | 35.80 | 19.60 | 18.20 | 16.80 |
| 1970 | بىر تۈرلۈك سېتىۋېلىش | 28.00 | 26.80 | 26.80 | 32.00 | | | 60.00 | | | 19.40 | 18.20 | 18.20 | 18.60 | 17.20 | 17.20 | 19.00 | 17.60 | 17.60 | 32.00 | 32.00 | 32.00 | 16.20 | 16.00 | 16.00 |
| | بىر تۈرلۈك سېتىپ بېرىش | 29.00 | 26.80 | 26.80 | 35.80 | | | 56.00 | 76.00 | 76.00 | 20.80 | 20.80 | 19.00 | 18.60 | 18.20 | 18.20 | 20.22 | 18.60 | 18.60 | 35.80 | 35.80 | 35.80 | 19.60 | 18.20 | 16.80 |
| 1976 | بىر تۈرلۈك سېتىۋېلىش | 28.00 | 26.80 | 26.80 | 32.00 | | | 60 | | | 19.40 | 18.20 | 18.20 | 18.60 | 17.20 | 17.20 | 19.00 | 17.60 | 17.60 | 32.00 | 32.00 | 16.20 | 16.20 | 16.00 | 16.00 |
| | بىر تۈرلۈك سېتىپ بېرىش | 29.00 | 26.80 | 26.80 | 35.80 | | | 56.00 | 56.00 | | 20.80 | 20.80 | 19.00 | 18.60 | 18.20 | 18.20 | 20.20 | 18.60 | 18.60 | 35.80 | 35.80 | 19.60 | 19.60 | 18.20 | 16.80 |
| 1980 | بىر تۈرلۈك سېتىۋېلىش | 32.80 | 32.80 | 32.80 | 32.00 | | | 60.00 | | | 22.60 | 22.60 | 22.60 | 20.80 | 20.80 | 20.80 | 21.60 | 21.60 | 21.60 | 46.00 | 46.00 | 46.00 | | | |
| | بىر تۈرلۈك سېتىپ بېرىش | 29.00 | 26.80 | 26.80 | 26.380 | | | 56.00 | 56.00 | | 20.80 | 20.80 | 19.00 | 18.20 | 18.20 | 18.20 | 20.20 | 18.60 | 18.60 | 35.80 | 35.80 | 35.80 | 19.60 | 18.20 | 16.80 |
| 1985 | بىر تۈرلۈك سېتىۋېلىش | 32.80 | 32.80 | 32.80 | 32.00 | | | 60.00 | | | 22.60 | 22.60 | 22.60 | | | | | | | | | | 22.00 | 22.00 | 22.00 |
| | بىر تۈرلۈك سېتىپ بېرىش | 29.00 | 26.80 | 26.80 | 35.80 | | | 56.00 | 56.00 | 56.00 | 20.80 | 20.80 | 19.00 | 18.60 | 18.20 | 18.20 | 20.20 | 18.60 | 18.60 | | | | 19.60 | 18.20 | 16.80 |

# VII باب

# تاشقى سودا

## §1. ئاپپاراتلار

**1. ۋىلايەتلىك تاشقى سودا شىركىتى**

مىنگونىڭ 4- يىلى (1915- يىلى) 4- ئاينىڭ 1- كۈنى، باركۆل ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى چېن رۇيىڭ ياڭ زېڭشىڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن باركۆل ناھىيىلىك تېرە - يۇڭ شىركىتىنى قۇردى؛ بۇ شىركەت تېرە سېتىۋېلىپ روسىيىگە سېتىپ بەردى، 20 مىڭ سەر كۈمۈش چىقىرىپ ئەمەلدار، سودىگەرلەرگە كارخانا قۇرۇپ بەردى.

مىنگونىڭ 26- يىلى (1937- يىلى) 10- ئايدا، سوۋېت- شىنجاڭ سودا شىركىتىنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق سودا ئىش باشقارمىسى قۇرۇلدى، مەزكۇر باشقارما قۇمۇلدا سوۋېتماللىرىنى تىزىگە تېگىشىپ، يۇڭ يۇيۇپ قۇرۇتۇپ سوۋېتكە توشىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، قۇمۇل ۋالىي مەھكىمىسىدە مەخسۇس تاشقى سودا ئاپپاراتى يوق ئىدى. 1953- يىلى، ۋىلايەتتە چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى پونكىتى تەسىس قىلىندى. 1957- يىل 7- ئايدا، سېتىۋېلىش پونكىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتى قۇرۇلدى. 1958- يىل 3- ئايدا، چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، سودا ئىدارىسى تاشقى سودا تىجارەت بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1959- يىل 7- ئايدا، تىجارەت بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ۋىلايەتلىك تاشقى سودا ئىدارىسى تەسىس قىلىندى. 1963- يىل 12- ئايدا، تاشقى سودا ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، تاشقى سودا شىركىتى قۇرۇلدى. 1975- يىلى، شىركەتنىڭ نامى تاشقى سودا ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1984- يىل 10- ئايدا، تاشقى سودا ئىدارىسىنىڭ نامى يەنە تاشقى سودا شىركىتىگە ئۆزگەرتىلىپ، ناھىيە دەرىجىلىك ئىقتىسادىي گەۋدە بولدى. 1954- يىلى تاشقى سودىدا شىركىتىدىكى ئىشچى- خىزمەتچى ئالتە ئىدى، 1990- يىلىغا كەلگەندە 82 گە يەتتى (ناھىيىلىك، شەھەرلىك چاي، چارۋا شىركىتى بۆلۈنۈپ چىقماستا 500 دىن ئارتۇق ئادىمى بار ئىدى).

**2. ناھىيىلىك، شەھەرلىك تاشقى سودا ئاپپاراتلىرى**

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ناھىيىلەردە مەخسۇس تاشقى سودا ئاپپاراتى يوق ئىدى.

1954- يىلى، باركۆل ناھىيىسىدە ناھىيىلىك تېرە پونكىتى قۇرۇلدى، ئۇ ئاساسلىق رايونلاردىكى چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى، تېرە - يۇڭنى بىۋاسىتە نۇقتا قۇرۇپ سېتىۋالدى. تارقاق رايونلاردىكى چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى ئاساسىي قاتلام تەمىنات- سودا كوپېراتىپلىرى ۋاكالىتەن يىغدى. 1958- يىلى، ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدە تاشقى سودا بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىندى. بۇ ئۈرۈن ناھىيىلىك سودا ئىدارىسىنىڭ تەۋەلىكىدە ئىدى، ئىككىنچى يىلى تاشقى سودا كۆن- خۇرۇم پىششىقلاش زاۋۇتى قۇردى. 1959- يىل 9- ئايدا، باركۆل ناھىيىسى تېرە سېتىۋېلىش پونكىتى ئاساسىدا ناھىيىلىك

تاشقى سودا ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1960- يىل 1- ئايدا، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك تاشقى سودا ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1964- يىلى، باركۆل ناھىيىلىك تاشقى سودا ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، تاشقى سودا شىركىتى قۇرۇلدى. كۆن- خۇرۇم زاۋۇتى ئۇنىڭ قارمىقىدا بولدى. 1978- يىلى، تاشقى سودا ئىدارىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى؛ 1984- يىل 10- ئايدا، سودا تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا ئەگىشىپ، سابىق تاشقى سودا ئىدارىسى باشقۇرۇۋاتقان چارۋا مەھسۇلاتلىرى كەسپى ناھىيىلىك تەمىنات- سودا كوپېراتىپىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1984- يىلى، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك تاشقى سودا ئىدارىسى بىلەن تەمىنات- سودا كوپېراتىپى قوشۇۋېتىلدى.

## §2. ئېكسپورت ماللىرىنى سېتىۋېلىش

تاشقى سودا شىركىتى ۋىلايەتنىڭ ئىمپورت- ئېكسپورت كەسپىنى باشقۇردى. 1950 – 1990 - يىلغىچە بولغان 41 يىل داۋامىدا، تاشقى سودا ماللىرىنىڭ سانى، تۈرى كۆپىيىپلا قالماستىن، قۇرۇلمىسىدىمۇ ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش بولدى. ۋىلايەت بويىچە سېتىۋېلىنغان ئېكسپورت ماللىرى ئومۇمىي قىممىتى 1965- يىلى 2 مىليون 349 مىڭ يۈەنگە، 1979- يىلى 8 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە، 1984- يىلى 18 مىليون 711 مىڭ يۈەنگە، 1990- يىلى 33 مىليون 668 مىڭ يۈەنگە (ئەمەلىي باھا) يەتتى.

1971- يىلدىن باشلاپ، قوغۇن سېتىۋېلىندى.

1979- يىلى سېتىۋېلىنغان خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرى ئومۇمىي قىممىتى 2 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، تاشقى سودىنىڭ سېتىۋېلىش قىممىتىنىڭ 32.59% نى ئىگىلەپ، ۋىلايەتتىكى تاشقى سودىنىڭ ئاساسەن چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى يىغىۋېلىش ئەندىزىسى ئۆزگەرتىلدى.

## §3. ئېكسپورت ماللىرىنى يۆتكەش

ئېكسپورت ماللىرىنى يۆتكەشتە، 1953- يىلى 250 مىڭ يۈەن، 1957- يىلى 500 مىڭ يۈەن، 1966- يىلى 800 مىڭ يۈەن، 1974- يىلى 960 مىڭ يۈەن، 1984- يىلى 13 مىليون 979 مىڭ 500 يۈەن، 1986- يىلى 16 مىليون 646 مىڭ 800 يۈەن، 1990- يىلى 34 مىليون 870 مىڭ يۈەن (ئەمەلىي باھا) ئورۇندالدى.

ئېكسپورت ماللىرىنىڭ تۈرىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن، ۋىلايەت خىمىيە سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى باشلامچى، يەرلىك مەھسۇلات، يېمەكلىك، گىلەمنى ئاساس قىلغان مەخسۇس ئېكسپورت قىلىپ تاشقى پېرەۋوت يارىتىدىغان زاۋۇت (مەيدان)، سېخ، بازىلارنى قۇردى. 1975- يىلدىن بۇيان، تاشقى سودا تارماقلىرى كۆڭۈل بۆلۈپ، ئەترەتلەرنىڭ ئېكسپورت تاۋار بازىسى قۇرۇشىغا مەدەت بەردى. شۇ يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، غەربىتاغ گۇڭشېسى ئۆز جايىدىكى ۋولفرام كانىنى ئېچىش، ئېكسپورت قىلىشنى قارار قىلدى. تاشقى سودا تارمىقى غەربىتاغ گۇڭشېسىدىكى كان قازغۇچىلارنى جياڭشىغا رۇدا تاللاش، كان قېزىش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى ھەم ئىش باشلاش خىراجىتى ئاجرىتىپ بەردى. 1976- يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. يىلىغا 10 تونىنا ئەتراپىدا ۋولفرام ئىشلەپچىقاردى (غەربىتاغ ۋولفرام كانىنىڭ نامى 1980- يىلى قويلۇق چارۋىچىلىق فېرمىسى ۋولفرام كانىغا ئۆزگەرتىلدى). 1978- يىلى، تەگرىتاغ گۇڭشېسى تەبىئىي

بايلىقتىن پايدىلىنىپ، نامداۋاننىڭ زىندانىدا بىر بوغا مەيدانى قۇردى. قارادۆۋە كۆكشىيسى چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى قولاق ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنى تاشقى سودا تارمىقىنىڭ ياردىمىدە قۇرۇلدى. ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىپ، تاۋارلارنىڭ رىقابەت ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، تاشقى سودا سېتىمىسى ۋە ئېكسپورت تاۋارلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى ئارقا- ئارقىدىن تۈرلۈك قائىدە- تۈزۈم ۋە ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى تۇرغۇزۇپ، ھەر خىل شەكىلدىكى ئىقتىسادىي ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە ئىقتىسادىي توختاملارنى يولغا قويدى.

قۇمۇلنىڭ تاشقى سودا ئېكسپورت تاۋارلىرى ئەڭ دەسلەپكى نوقۇل ھالدىكى چارۋا مەھسۇلاتلىرىدىن يەرلىك مەھسۇلاتلار، يېمەكلىك تۈرى، مېتال كان مەھسۇلاتلىرى تۈرى، گىلەم، ھۈنەر- سەنئەت بۇيۇملىرى تۈرى، چارۋا مەھسۇلاتلىرى تۈرى، ماشىنىسازلىق، خىمىيە سانائەت تۈرى، دورا، ساقلىق ساقلاش تۈرى بولۇپ جەمئىي 60 خىلدىن ئارتۇق تاۋارغا كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك مەھسۇلات تاۋار تۈرى 32 خىلغا يەتتى. قوي ئۈچەيىنىڭ سۈپىتى ياخشى بولغاچقا، ئەنئەنىۋى ئېكسپورت تاۋىرى بولۇپ قالدى؛ ئۈچكە تېرىسىدە ئىشلەنگەن كۆرپە تاشقى سودا مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن ئىشەنچلىك مەھسۇلات دەپ قارىلىپ، ياۋروپا بازارلىرىدا سېتىلدى؛ پىششىقلاپ ئىشلەنگەن «قېنى كەتمىگەن بوغا يۇمران مۈگگۈزى» ى پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسى ئىلغار بولغاچقا، ئەسلىدىكى تەركىبى ساقلاپ قېلىندى. بۇ مەھسۇلات 1982- يىلى بېيجىڭدا كۆرگەزمە قىلىنغاندا، تاشقى سودا مىنىستىرلىكىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائەت زاۋۇتىدا ئىشلەپچىقىرىلغان مىرابىلىت پاراشوكىنىڭ 10 تۈرلۈك ئىقتىسادىي تېخنىكا كۆرسەتكۈچى مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىگە يېتىپ ياكى ئېشىپ، تاشقى سودا مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات شەرەپ گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشىپ، ئېكسپورتتا تەكشۈرۈش كەچۈرۈم قىلىنغان مەھسۇلات دەپ قارىلىپ، يېڭى زېلاندىيە، ئاۋستىرالىيە، ئىران، ئىراق، ياپونىيە قاتارلىق 10 نەچچە دۆلەتكە سېتىلىپ، مىرابىلىت پاراشوكى مەملىكەت بويىچە ئېكسپورت مىقدارى ئەڭ كۆپ زاۋۇت بولۇپ قالدى. قىزىل يۇلتۇز دورا زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان يۇشۇەن ئېفېدرىن دورىسى، قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان سىلىتسىيلىق تۆمۈر، يېزا- بازار كارخانىلىرى ئىشلەپچىقارغان ۋولفرام قۇمى، ئىشقارلىق سۇلفىد قاتارلىقلار خەلقئارا بازارلاردا بازىرى ئىتتىك مال بولۇپ قالدى. سۇسىزلاندۇرۇلغان تاتلىق مۇچ ۋە پىيازلار يىغىۋېلىنىپ، خەلقئارا بازارغا كىرگۈزۈلدى. قۇمۇل ۋىلايىتىدە ئىككى خىل تاۋارنىڭ يىللىق ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليون يۇەندىن ئاشتى، ئالتە خىلنىڭ 500 مىڭ يۇەندىن ئاشتى.

تاشقى سودا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى دۆلەتنىڭ تاشقى پېرەۋوتىنى ئاشۇردى. 1981 – 1984 - يىلىغىچە، تاشقى سودا ۋىلايەت ئۈچۈن 4 مىليون 70 مىڭ دوللارلىق تاشقى پېرەۋوت يارىتىپ بەردى. 1975 – 1981 - يىلىغىچە، خىمىيە سانائەت مەھسۇلاتىنى ئېكسپورت قىلىدىغان زاۋۇت بىردىن تۆتكە تەرەققىي قىلدى. 1984- يىلى، ئېكسپورت قىلىنغان مىرابىلىت پاراشوكى 27 مىڭ 184 تونىغا يېتىپ، 1975- يىلىدىكى 3330 توننىدىن يەتتە ھەسسە ئاشتى؛ 1984- يىلى ئىشلەپچىقىرىلغان گىلەم 1976- يىلىدىكىدىن 39 ھەسسە ئېشىپ، ئۆلچەملىك نىسبىتى ئىنجاڭ بويىچە ئەڭ يۇقىرى رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. 1987- يىلى، تاشقى سودا ئېكسپورت تاۋىرى يەتتە چوڭ تۈر، 30 خىلدىن ئېشىپ، 4 مىليون دوللاردىن ئارتۇق تاشقى پېرەۋوت يارىتىلدى. 1990- يىلى، سودا تاشقى پېرەۋوت كىرىمى 1 مىليون 40 مىڭ دوللارغا يەتتى. ۋىلايەت يەنە پايدا ئۆلۈش تاشقى پېرەۋوتىدىن پايدىلىنىپ، 1981 – 1985 - يىلىغىچە، 26 قېتىم سۈپەتلىك داۋالاش ئەسۋابى، سىنئالغۇ ۋە تېلېۋىزور قاتارلىق ئۈسكۈنە ۋە ئەسۋابلارنى ئىمپورت قىلدى. 1976 – 1981 - يىلىغىچە، قىسمەن ئالمىشىدىغان سودا كەسپىنى قىلىپ، تىجارەت ئومۇمىي سوممىسىنى 9 مىليون 610 مىڭ 300 يۇەنگە يەتكۈزدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1270.2 توننا سۇماي، 2223.5 توننا بۇغداي، 577 توننا گۈرۈچ كىرگۈزۈپ، قارا بۇغداي، تېرىق، كۆك پۇرچاق قاتارلىق يەتتە خىل دېھقانچىلىق مەھسۇلاتىدىن 2987.6 تونننى سىرتقا چىقىرىپ، ئامىمىنىڭ جىددىي ئېھتىياجىنى قامدىدى.

1991- يىل 5- ئايدا، گوۋۋيۈەن ۋىلايەتكە قاراشلىق باركۆل ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدىكى جۇڭگو ــ موڭغۇلىيە چېگرىسى نۇمۇرتام چېگرا ئېغىزىنى موڭغۇلىيە دۆلىتىگە ئېچىۋېتىشنى تەستىقلىدى، 11- ئايدا جۇڭگو ــ موڭغۇلىيە ئىككى دۆلەت نۇمۇرتام ــ بۇرغۇرستاي چېگرا ئېغىزىنى ئېچىۋېتىش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلدى. سودا باشلانغاندىن كېيىن، 100 يىلغا يېقىن ئۈزۈلۈپ قالغان سودا، ساياھەت قەدىمىي يولى قايتا جانلاندى. 1991- يىل 11- ئاينىڭ ئاخىرى، 1- تۈركۈمدىكى ئىمپورت سوممىسى 1 مىليون 400 مىڭ يۈەنلىك مال ئالماشتۇرۇش سودىسى ئوڭۇشلۇق بولۇپ، شۇ يىلى تەييارلىق كۆرۈلۈپ، شۇ يىلى پۈتتۈشۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. نۇمۇرتام چېگرا ئېغىزىنىڭ چېگرا سودا كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى. 1991- يىل 11- ئايدىن 1995- يىلغىچە، جەمئىي 17 قېتىم چېگرا ئېچىلىپ، مال ئۆتكۈزۈلۈپ، ئىمپورت- ئېكسپورت تاۋار ئومۇمىي مىقدارى 30 مىڭ توننىغا، ئومۇمىي قىممىتى 180 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈلدى.

چېگرا ئېغىزىنىڭ ئېچىلىشى ــــ چېگرا رايونلارنىڭ ئۆز جايىنىڭ ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشكە چوڭ پۇرسەت ئېلىپ كەلدى. باركۆل ناھىيىسى چېگرا ئېغىزىنى ئاچقاندىن كېيىنكى ئۈچ يىل داۋامىدا، چېگرا ئېغىزىدىن ئىمپورت- ئېكسپورت قىلىنغان مال مىقدارى باركۆل ناھىيىسىنىڭ ئىمپورت- ئېكسپورت قىلىنغان مال ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 40% نى ئىگىلىدى؛ چېگرا ئېغىزىغا جايلاشقان سەنتاڭخۇ (ئۈچكۆل) يېزىسىنىڭ 1980- يىللارنىڭ ئاخىرىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 200 يۈەنگە يەتمەيتتى، 1994- يىلى كىشى بېشى ئوتتۇرىچە كىرىمى 1019 يۈەنگە يەتتى؛ باركۆل ناھىيىلىك چېگرا سودا شىركىتى 1993- يىلى ۋە 1994- يىلى ئىككى يىلدا جەمئىي 890 مىڭ يۈەن چېگرا بېجى تاپشۇردى؛ ۋىلايەتلىك چېگرا سودا شىركىتى 1993- يىلى ۋە 1994- يىلى ئىككى يىلدا ئىمپورت- ئېكسپورت قىلىنغان تاۋارلار ئومۇمىي سوممىسىنى 25 مىليون يۈەندىن ئاشۇرۇپ، يۇقىرىغا 600 مىڭ يۈەن باج تاپشۇرۇپ، 2 مىليون 480 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى.

**قۇمۇل ۋىلايەتلىك سودا سىستېمىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى ئاساسىي ئەھۋالى**

جەدۋەل: 14 – 8

| يىللار / سانى / تۈرى | 1978 | | | | 1985 | | | | | 1990 | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | يىغىندىسى | 1955- يىلدىكىدىن ئاشقىنى (ھەسسە) | 1965- يىلدىكىدىن ئاشقىنى (ھەسسە) | 1975- يىلدىكىدىن ئاشقىنى (ھەسسە) | يىغىندىسى | 1955- يىلدىكىدىن ئاشقىنى (ھەسسە) | 1965- يىلدىكىدىن ئاشقىنى (ھەسسە) | 1975- يىلدىكىدىن ئاشقىنى (ھەسسە) | 1978- يىلدىكىدىن ئاشقىنى (ھەسسە) | يىغىندىسى | 1950- يىلدىكىدىن ئاشقىنى (ھەسسە) | 1978- يىلدىكىدىن ئاشقىنى (ھەسسە) | 1985- يىلدىكىدىن ئاشقىنى (ھەسسە) |
| سودا تور نۇقتىسى | 103 | 11.44 | | | 119 | | | | 1.5 | 169 | 18.77 | 1.64 | 1.42 |
| ئىشچى، خىزمەتچى | 1471 | | | | 2322 | | | | | 2509 | 52.27 | 1.7 | 1.08 |

| | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئومۇمىي سېتىۋېلىنىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 7134 | 16.05 | 2.46 | 1.53 | 13817 | 31.09 | 4.76 | 2.96 | 1.93 | 21405 | | 3.0 | 1.54 |
| سېتىلىش ئومۇمىي قىممىتى (تۈمەن يۈەن) — جەمئىي | 7900 | 17.04 | 2.33 | 1.52 | 15249 | 32.89 | 4.51 | 2.95 | 1.93 | 24219 | | 3.06 | 1.58 |
| سېتىلىش ئومۇمىي قىممىتى (تۈمەن يۈەن) — يۈزلىنىش ئىچىدە — ئاپتونوم رايون ئىچىدىكىسى (تۈمەن يۈەن) | 228 | | | | | | | | | 5.46 | 1490 | 6.53 | 1.19 |
| سېتىلىش ئومۇمىي قىممىتى (تۈمەن يۈەن) — يۈزلىنىش ئىچىدە — ئاپتونوم رايون سىرتىدىكىسى (تۈمەن يۈەن) | 246 | | | | 499 | 950 | | 3.86 | 1.9 | | | | |
| سېتىلغان تاۋارلارنىڭ تۈرى | 10469 | | | | 15384 | | | | 1.46 | 14920 | | 1.42 | |

**قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى سودا تارماقلىرىنىڭ 1966 - 1990 - يىلىغىچە بولغان تاۋار ئوبوروتى ۋە ئىجتىمائىي تاۋارنى پارچە سېتىش سوممىسى**

جەدۋەل: 14 – 9

بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| يىللار | ئومۇمىي سېتىۋېلىنىش قىممىتى | | | ئومۇمىي سېتىۋېلىنىش قىممىتى | | | ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى | يىل ئاخىرىدا ئىسكىلاتتا قالغىنى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | يىغىندىسى | دۆلەت ئىچىدە ساپ سېتىۋېلىنغىنى | ئاپتونوم رايون سىرتىدىن كىرگۈزۈلگىنى | يىغىندىسى | دۆلەت ئىچىدە ساپ سېتىلغىنى | ئاپتونوم رايون سىرتىغا سېتىلغىنى | | |
| 1966 | 2960 | 1494 | 1466 | 4408 | 4364 | 44 | 3444 | 2934 |
| 1967 | 3010 | 1384 | 1626 | 3981 | 3968 | 13 | 3260 | 2682 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1863 | 3817 | | 4817 | 4817 | | 1119 | 1119 | 1968 |
| 1332 | 3540 | 226 | 4179 | 4405 | 1159 | 1293 | 2452 | 1969 |
| 3281 | 3985 | 85 | 3767 | 3852 | 1728 | 1889 | 3617 | 1970 |
| 3016 | 4149 | 119 | 5739 | 5858 | 1561 | 2549 | 4110 | 1971 |
| 3122 | 4083 | 305 | 5437 | 5742 | 2012 | 1003 | 3015 | 1972 |
| 3338 | 4453 | 368 | 5281 | 5649 | 2474 | 1181 | 3655 | 1973 |
| 3696 | 4639.3 | 151 | 5262 | 5413 | 2800 | 1020 | 3820 | 1974 |
| 4395 | 6079.3 | 74 | 7134 | 7208 | 3913 | 2141 | 6054 | 1975 |
| 2674 | 6595.4 | 375 | 6230 | 6605 | 2573 | 1224 | 3797 | 1976 |
| 4452 | 7515.7 | 585 | 9761 | 10346 | 3314 | 3209 | 6523 | 1977 |
| 4854 | 8020.8 | 904 | 11263 | 12167 | 3994 | 3473 | 7467 | 1978 |
| 5205 | 9329 | 307 | 12408 | 12715 | 5034 | 4152 | 9186 | 1979 |
| 5976 | 10555 | 294 | 13179 | 13473 | 5099 | 5290 | 10389 | 1980 |
| 6131 | 11413 | 320 | 13036 | 13356 | 4739 | 5613 | 10352 | 1981 |
| 6663 | 12974 | 589 | 14278 | 14867 | 5481 | 6422 | 11903 | 1982 |
| 7325 | 14137 | 993 | 16524 | 17517 | 5019 | 8110 | 13129 | 1983 |
| 8369 | 17226 | 954 | 19223 | 20177 | 5608 | 9782 | 15390 | 1984 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 9602 | 20957 | 1064 | 22954 | 24018 | 6830 | 12309 | 19139 | 1985 |
| 4366 | 23370 | 11768 | 15908 | 27676 | 5354 | 4678 | 10032 | 1986 |
| 4999 | 25426 | 12519 | 17370 | 29889 | 4594 | 6134 | 10728 | 1987 |
| 6024 | 33293 | 15697 | 23832 | 39529 | 6705 | 8807 | 15512 | 1988 |
| 6331 | 36466 | 17805 | 24674 | 42479 | 6331 | 7966 | 14297 | 1989 |
| 8014 | 40803 | 18049 | 24219 | 42268 | 5372 | 9068 | 14440 | 1990 |

ئىزاھ: سودا تارماقلىرى ۋىلايەتلىك سودا ئىدارىسى، ئاشلىق ئىدارىسى، تاشقى سودا ئىدارىسى، تەمىنات- سودا كوپېراتىپى، شىنخۇا كىتابخانىسى، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى شىركىتى، ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى شىركىتى، ۋىلايەت دائىرىسىدىكى تۆمۈريول، بىگتۇەن سىستېمىسىنىڭ سودا تارماقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

# مالیه باج

# ئون بەشىنچى قىسىم

# مالىيە، باج

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 20- يىلى (1755- يىلى)، ياركەنتتە يەر بېجى ئېلىش باشلاندى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 11- يىلى (1885- يىلى) شىنجاڭدا باج ئىدارىسى تەسىس قىلىنىپ، توققۇز ماددىلىق باج ماددىسى تۈزۈلدى. گۇاڭشۈ 34- يىلى (1908- يىلى)، تۇز بېجى ئېلىش باشلاندى. مىنگو دەۋرىدە، يەرلىك مالىيە بېجىنىڭ ھەممىسى يۇقىرىغا تاپشۇرۇلاتتى، چىقىمنى ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ئايمۇئاي تۈرلەر بويىچە تەكشۈرۈپ ئاجرىتاتتى. قۇمۇلدا يىلمۇيىل ئۇرۇش مالىمانچىلىقى تۈپەيلىدىن تۈرلۈك كەسىپلەر تەسىرگە ئۇچراپ، ئىقتىساد ۋەيران بولدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ھەر خىل كەسىپلەر جانلىنىپ، مالىيە كىرىمى يىلدىن يىلغا ئاشتى. تۈرلۈك ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، مالىيە چىقىمى مالىيە كىرىمىدىن تەدرىجىي ئېشىپ كەتتى. 1950 – 1990 - يىللىرىچە، ۋىلايەتنىڭ مالىيە ئومۇمىي كىرىمى 829 مىليون 921 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي چىقىمى 1 مىليارد 202 مىليون 478 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، كىرىم- چىقىم بالانس قىلىنغاندىن كېيىن، دۆلەت يەنە 372 مىليون 557 مىڭ يۈەن ياردەم پۇلى بەردى. بۇنىڭدىكى سەۋەب: بىرىنچىدىن، بىر قىسىم كارخانىلار زىيان تارتتى. ئىككىنچىدىن، سودا- سانائەت باج كىرىمى ئىچىدىكى تۇز بېجى كىرىمى كېمىيىپ كەتتى. ئۈچىنچىدىن، ئۈچ ناھىيە، بىر شەھەردىكى ئىككى ناھىيە نامرات ناھىيە بولۇپ، ئۇزۇن مۇددەت دۆلەتنىڭ مالىيە ياردەم پۇلىغا تايالدى.

## باب I

## مالىيە

### §1. ئاپپاراتلار

**1. ۋىلايەتلىك مالىيە ئاپپاراتلىرى**

مىنگونىڭ 27- يىلى (1938- يىلى)، قۇمۇلدا مالىيە ئىدارىسى تەسىس قىلىندى، 10 نەشتات بېرىلدى. مىنگونىڭ 30- يىلى (1941- يىلى)، قۇمۇل يەرلىك مالىيە ئىدارىسى بىلەن باج ئىدارىسى قوشۇۋېتىلىپ، مالىيە

ئىدارىسى قۇرۇلدى، مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى)، قۇمۇل يەرلىك مالىيە ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، باج باشقارمىسى قۇرۇلدى. مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى)، قۇمۇل يەرلىك باج باشقارمىسى قۇمۇل باج ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلى، مالىيە مىنىستىرلىكى شىنجاڭ تاموژنىسىنىڭ قۇمۇل تارماق تاموژنىسىنى تەسىس قىلدى، مىنگونىڭ38- يىلى (1949- يىلى)، قۇمۇل باج ئىدارىسى ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىگە قارايدىغان بولدى. قۇمۇل مەمۇرىي مەھكىمىسىدە مالىيە باشقارمىسى تەسىس قىلىندى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950- يىل 5- ئايدا، ئەسلىدىكى مالىيە باشقارمىسى قۇمۇل ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ مالىيە بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. 1958- يىلى، قۇمۇل ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ مالىيە بۆلۈمى باج ئىدارىسى بىلەن قوشۇۋېتىلىپ، قۇمۇل ۋالىي مەھكىمىسى مالىيە ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلىپ، ئىشخانا، خام چوت - بۇغالتىرلىق بۆلۈمى، ئاساسىي قۇرۇلۇش - مالىيە بۆلۈمى، باج مەمۇرىيىتى بۆلۈمى ۋە سوغۇرتا بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. 1960- يىل 11- ئايدا، ۋالىي مەھكىمىسى مالىيە ئىدارىسىدا يەنە كارخانا مالىيە بۆلۈمى، كۆكتىپ مالىيە بۆلۈمى تەسىس قىلىندى، سوغۇرتا بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1962- يىل 6- ئايدا، مالىيە- باج ئاپپاراتلىرى ئايرىۋېتىلىپ، ۋالىي مەھكىمە مالىيە بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1964- يىل 1- ئايدا، باج بۆلۈمى يەنە مالىيە بۆلۈمىگە قوشۇۋېتىلىپ، ۋالىي مەھكىمىسى مالىيە- باج بۆلۈمى دەپ ئاتالدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، 1967- يىل 1- ئايدا، مالىيە- باج بۆلۈمىنىڭ خىزمىتى توختاپ قالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلۇپ، مالىيە- باج كەسىپلىرىگە ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ مالىيە- سودا گۇرۇپپىسى مەسئۇل بولدى. 1974- يىل 11- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مالىيە ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، بۆلۈم، ئىشخانىلار تەسىس قىلىنمىدى. 1980- يىل 11- ئايدا، ۋىلايەتلىك مالىيە ئىدارىسى بىلەن ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسى بىرلەشتۈرۈلۈپ، ۋىلايەتلىك مالىيە- باج باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1984- يىل 10- ئايدا، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، مالىيە- باج ئاپپاراتلىرى قايتىدىن ئايرىم تەسىس قىلىنىپ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مالىيە باشقارمىسى قۇرۇلدى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، مالىيە باشقارمىسىدا سەككىز بۆلۈم، ئىشخانا تەسىس قىلىندى.

2. شەھەرلىك، ناھىيىلىك مالىيە ئاپپاراتلىرى

مىنگونىڭ 17- يىلى (1928- يىلى)، باركۆل ۋە قۇمۇلدىن ئىبارەت ئىككى ناھىيىدە مالىيە ئىدارىسى قۇرۇلدى. مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى)، باركۆل ۋە قۇمۇل ناھىيىلىرىدىكى مالىيە ئىدارىلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ناھىيىلىك باج شۆبە باشقارمىلىرىغا ئۆزگەرتىلدى. مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى)، ناھىيىلەردىكى شۆبە باج باشقارمىلىرى باركۆل باج ئىدارىسى ۋە قۇمۇل باج ئىدارىسى دەپ ئۆزگەرتىلىپ، بىۋاسىتە ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىگە قارايدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ناھىيىلىك مالىيە بۆلۈملىرىمۇ قۇرۇلدى. مىنگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى)، باركۆل، قۇمۇل باج ئىدارىلىرى باركۆل ناھىيىلىك باج ئىدارىسى ۋە قۇمۇل ناھىيىلىك باج ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلىپ، ئۆزى قاراشلىق ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. شۇ يىلى، ناھىيىلىك مالىيە بۆلۈملىرى بىلەن باج ئىدارىلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ، مالىيە بۆلۈمى دەپ ئۆزگەرتىلدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950- يىل 5- ئايدا، قۇمۇل، باركۆل ۋە ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك مالىيە بۆلۈملىرى تەسىس قىلىندى. 1958- يىل 11- ئايدا، ناھىيىلىك مالىيە- باج ئاپپاراتلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ، مالىيە ئىدارىسى تەسىس قىلىندى. 1962- يىلى، مالىيە بىلەن باج ئايرىۋېتىلىپ، ناھىيىلەردە مالىيە بۆلۈملىرى تەسىس قىلىندى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ناھىيىلەردىكى مالىيە ئاپپاراتلىرى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتلار قۇرۇلغاندىن كېيىن، مالىيە- باج خىزمىتىگە سودا- مالىيە گۇرۇپپىلىرى مەسئۇل

بولدى.

1973- يىل 10- ئايدا، ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىلىرى ئەسلىگە كەلدى.

1977- يىلى، قۇمۇل شەھەرلىك مالىيە ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1984- يىلى، قۇمۇل ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسى قۇمۇل شەھەرلىك مالىيە ئىدارىسىغا قوشۇۋېتىلدى.

## §2. مالىيە كىرىمى

### 1. تۈرلۈك باج

1) دېھقانچىلىق بېجى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەر بېجى دېھقانچىلىق بېجى دەپ ئۆزگەرتىلدى ھەم غەللە- پاراق دەپ ئاتالدى.

1950- يىلى، ۋىلايەتنىڭ سېتىۋالدىغان ۋە ئارىيەت ئالىدىغان ئاشلىق ۋەزىپىسى 5000 دادەن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە 4790 دادەن بۇغداي ئورۇندالدى. بۇنى كىلوگىرامغا سۇندۇرساق 1 مىليون 639 مىڭ 250 كىلوگىرام بولىدۇ. 1951- يىلى، ۋىلايەتنىڭ غەللە- پاراق ئاشلىق ۋەزىپىسى 1 مىليون 951 مىڭ 200 كىلوگىرام بولۇپ، ئەمەلىيەتتە 1 مىليون 461 مىڭ 650 كىلوگرام ئورۇندالدى.

1956- يىلى، ۋىلايەتنىڭ پىلاندىكى ئومۇمىي باج مىقدارى 20 مىليون 597 مىڭ 835.5 كىلوگرام بولۇپ، ئەمەلىيەتتە يىغىلغان دېھقانچىلىق بېجى 2 مىليون 83 مىڭ 340.5 كىلوگرام بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 35.95 كىلوگرامدىن توغرا كەلدى.

1961- يىلى، سىلىق مۇۋاپىق بولسۇن، دېگەن روھ ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، دېھقانچىلىق بېجى تەڭشەلدى. 1961 – 1962- يىلىغىچە بولغان قىيىنچىلىق مەزگىلىدە دېھقانچىلىقتىن كەم ھوسۇل ئېلىندى. 1961- يىلى 1960- يىلىدىكىدىن 42.56% ئازايدى. 1962- يىلى، باركۆل ناھىيىسىنىڭ دېھقانچىلىق بېجى پۈتۈنلەي كەچۈرۈم قىلىندى. 1963- يىلى، بىر قىسىم دېھقانچىلىق بېجى كېمىيىپ، ئەمەلىيەتتە 705 مىڭ كىلوگرام غەللە- پاراق يىغىلدى.

1965- يىلى، ئاپتونوم رايون قۇمۇل ۋىلايىتىگە دېھقانچىلىق بېجى ئۈچۈن 2 مىليون 325 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق ئېلىشنى ۋەزىپە قىلغاندى، ئەمەلىيەتتە 2 مىليون 494 مىڭ 850 كىلوگرام ئاشلىق ئېلىنىپ، ۋەزىپە 107% ئورۇندالدى.

1970- يىلىدىن باشلاپ، پىچان ناھىيىسى قۇمۇل ۋىلايىتىگە قارايدىغان بولدى. شۇڭا ۋىلايەتنىڭ دېھقانچىلىق بېجى ئۈچۈن 2 مىليون 715 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق ئېلىندى.

1976- يىلى، ئاپتونوم رايون قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 5- بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى دېھقانچىلىق بېجى ئاشلىق ۋەزىپىسىنى 210 مىڭ كىلوگرام ئازايتىپ بەردى. ئومۇمىي ۋەزىپە 2 مىليون 170 مىڭ كىلوگرام بولدى، 4 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكىدىن 9.6% ئازايدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چېگرا ناھىيىلەرنىڭ دېھقانچىلىق بېجى ۋەزىپىسىمۇ تەڭشەلدى. «بىر بېكىتىپ بەش يىلغىچە ئۆزگەرمەيدىغان» ۋەزىپە سانى بويىچە تەقسىم قىلىش تاكى 1983- يىلىغىچە داۋاملاشتى.

1984- يىلى، ۋىلايەت بويىچە ۋىلايەتنىڭ ئاق ئاشلىق ۋەزىپىسى 2 مىليون 105 مىڭ كىلوگرام، سوممىسى 574 مىڭ يۈەن بولدى.

1988- يىلى، دېھقانچىلىق بېجىنى ئېلىش چارىسىدا ئۆزگىرىش بولۇپ، ئۈچ خىلغا ئايرىپ باج ئېلىش يولغا

قويۇلدى. جەمئىي 2 مىليون 660 مىڭ كىلوگرام ئاق ئاشلىق غەللە- پاراق ئېلىندى.

يېڭى چارە يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، شۇ يىلى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى ئىستېمالىدىن 238 مىڭ يۈەن نورمال باج ئېلىنىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 108 مىڭ يۈەن ئاشتى. يەرلىكتىكى ناھىيە، شەھەرلەردىن يېڭى چارە بويىچە 553 مىڭ يۈەن نورمال باج ئېلىنىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 187 مىڭ يۈەن باج ئاز ئېلىندى.

2) چارۋىچىلىق بېجى چىڭ سۇلالىسىنىڭ جياچىڭ 10- يىلى (1805- يىلى)، ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى باركۆل ناھىيىسىنىڭ چارۋىچىلىق بېجى ئۈچۈن ھەر يىلى تەخمىنەن 1385 سەر تەڭگە يىغىشنى بەلگىلىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950- يىلى، ۋىلايەت بويىچە يىغىلغان چارۋىچىلىق باج سوممىسى 45 مىڭ يۈەن (يېڭى خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇلدى، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش)، 1951- يىلى، ۋىلايەت بويىچە يىغىلغان چارۋىچىلىق بېجىنى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا جەمئىي 143 مىڭ يۈەن بولدى. 1953- يىلى ۋىلايەت بويىچە چارۋىچىلىق ئۈچۈن ئېلىنغان قوي 3806 تۇياق، ئورۇندالغان سومما 97 مىڭ يۈەن بولدى.

1956- يىلى، ۋىلايەت بويىچە چارۋىچىلىق بېجى ئۈچۈن ئېلىنغان قوي 12 مىڭ 447 تۇياق بولۇپ، ۋەزىپىنىڭ 104.6% نى ئىگىلىدى، بۇنى پۇلغا سۇندۇرغاندا 232 مىڭ يۈەن بولدى.

1960- يىلى، ۋىلايەت بويىچە چارۋىچىلىق بېجى ئۈچۈن ئەمەلىي ئېلىنغان قوي 16 مىڭ 286 تۇياق بولۇپ، ۋەزىپىنىڭ 68.29% ى ئورۇندالدى.

1979- يىلى، ۋىلايەت بويىچە بۇرۇنقى چارۋىلارنىڭ سانى بويىچە ئېلىنىدىغان مۈلۈك بېجى دائامەت بېجىغا ئۆزگەرتىلىپ، ئەمەلىي ئېلىنغان باج سوممىسى 272 مىڭ يۈەن بولدى.

1980- يىلى، ۋىلايەت بويىچە ئەمەلىي ئېلىنغان باج سوممىسى 161 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1979- يىلدىكىدىن 40.8% ئازايدى.

1988 – 1990 - يىلىغىچە، ئەمەلىي ئېلىنغان باج سوممىسى 1985- يىلدىكىدىن كۆپ بولۇپ، يىلمۇ يىل ئاشتى. 1988- يىلى 1985- يىلدىكىدىن 89.47%، 1989- يىلى 1988- يىلدىكىدىن 17.71%، 1990- يىلى 1989- يىلدىكىدىن 40.7% ئاشتى.

3) تۇز بېجى قۇمۇل تەۋەسىدە يەتتە قۇدۇق، ئەلتۇمۇردىن كۆل تۇزى ۋە شور تۇز چىقىدۇ.

گۇاڭشۇ 34- يىلى (1908- يىلى)، يەتتە قۇدۇقتىن چىقىدىغان كۆل تۇزىغا قارىتا ھۆكۈمەت نازارەتچىلىكىدە سودىگەرلەر باشقۇرۇش يولغا قويۇلۇپ، سودىگەرلەرگە ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن باھا بويىچە ھۆددىگە بېرىلدى، باج ئورنىغا تۇز باھاسى دەسسىتىلدى، باھا قوشۇپ شىمالىي شىنجاڭدىكى جايلارغا ئاپىرىپ سېتىلدى، بۇنىڭدىن يىلىغا تەخمىنەن 2000 سەردىن ئارتۇق تەڭگە باج يىغىلدى. ئەلتۇمۇردىن چىقىدىغان شور تۇز يىلىغا 10 دادەندىن (بىر دادەن 200 كىلوگرام) كۆپرەك سېتىلدى، ھەر دادەن تۇزدىن ئىككى سەر بەش مىسقال باج ئېلىندى. مىنگونىڭ 29- يىلى (1940- يىلى)، يەتتە قۇدۇقتىن چىقىدىغان كۆل تۇزىنىڭ بازىرى كاساتلىشىشقا باشلىدى. داۋاملىق ھۆكۈمەت نازارەتچىلىكىدە سودىگەرلەر باشقۇرۇش يولغا قويۇلۇپ، سېتىلىش باھاسى بويىچە باج ئېلىندى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ تۇزچىلىقتا يەنىلا مەخسۇس سېتىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1961- يىلى، قۇمۇل ناھىيىسىگە قاراشلىق رايونلاردىن تۇز بېجى ئېلىش باشلىنىپ، شۇ يىلىلا 100 مىڭ يۈەنلىك تۇز بېجى ئېلىندى.

1962- يىلى، باج تارماقلىرى تۇز ئىشلەپچىقارغۇچى ئورۇنلار بىلەن پائال ھەمكارلىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش ھالقىلىرىنى ياخشىلاپ، سۈپەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بىلەن بىرگە، سىرتقا سېتىلىدىغان تۇزغا قارىتا ئىشلەپچىقىرىش، يۆتكەش ۋە سېتىشقا دائىر باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى تۇرغۇزغانلىقتىن، تۇز بېجى سوممىسى 16 ھەسسە ئاشۇرۇپ ئورۇندىلىپ، تۇز بېجى كىرىمى سودا- سانائەتتىن كىرگەن تۈرلۈك باج ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 41.98% نى ئىگىلىدى.

1969- يىلى، ۋىلايەت بويىچە تۇز بېجى كىرىمى 1968- يىلىدىكىگە قارىغاندا 3 مىليون 960 مىڭ يۈەن ئېشىپ، ۋىلايەتنىڭ سودا- سانائەتتىن كىرگەن تۈرلۈك باج ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 79.43% نى ئىگىلىدى.

1970- يىلى، تۇز بېجى كىرىمى 1969- يىلىدىكىگە قارىغاندا 4 مىليون 609 مىڭ يۈەن ئېشىپ، سودا- سانائەتتىن كىرگەن تۈرلۈك باج ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 75.49% نى ئىگىلىدى.

1974- يىلى، سودا- سانائەتتىن قىلىنغان تۈرلۈك باج كىرىمى 16 مىليون 189 مىڭ يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تۇز بېجى كىرىمى ئالدىنقى يىلىغا قارىغاندا 3 مىليون 327 مىڭ يۈەن ئاشتى.

1975- يىلى، تۇز بېجى كىرىمى ئالدىنقى يىلىغا قارىغاندا 3 مىليون 927 مىڭ يۈەن ئاشتى.

1976- يىلى، تاڭشەننىڭ يەر تەۋرىگەندىن كېيىنكى ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى ئۈچۈن، قومۇل ۋىلايىتى 70 مىڭ توننا تۇزنى يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كۆپەيتىپ يۆتكىدى؛ شۇ يىلى، تۇز بېجى كىرىمى 22 مىليون 892 مىڭ يۈەن بولۇپ، ۋىلايەتنىڭ سودا- سانائەتتىن قىلىنغان تۈرلۈك باج ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 74.48% نى ئىگىلىدى.

1977- يىلى، ۋىلايەت بويىچە ئەمەلىي يىغىلغان تۈرلۈك سودا- سانائەت بېجى 28 مىليون 804 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلىغا قارىغاندا 1 مىليون 932 مىڭ يۈەن ئازايدى. بۇنىڭدا ئاساسلىقى تۇزنىڭ سېتىلىش مىقدارى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكتىن، ۋىلايەتنىڭ مالىيە كىرىمىگە ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتتى.

1979- يىلى، تۈرلۈك سودا- سانائەت بېجى ئالدىنقى يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 19.5% تۆۋەنلىدى. بىر يىلدا جەمئىي 115 مىڭ توننا تۇز سىرتقا چىقىرىلىپ، ئالدىنقى يىلىغا قارىغاندا 72 مىڭ توننا كېمىيىپ، تۇز بېجى كىرىمىگە تەسىر يەتتى.

1980- يىلى، تۇز بېجى كىرىمى 7 مىليون 815 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، ئالدىنقى يىلىغا قارىغاندا 2 مىليون 612 مىڭ يۈەن كېمەيدى.

1985- يىلى، تۇز بېجى كىرىمى 13 مىليون 70 مىڭ يۈەن ئورۇندالغانلىقتىن، بۇ 1986- يىلى يېڭىدىن يولغا قويۇلغان مالىيىدە، ھۆددىگەرلىك تۈزۈلمىسىنىڭ تۈپ سانى قىلىندى.

1987- يىلى، سىرتقا چىقىرىلغان تۇز 193 مىڭ توننا بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 44.03% ئاشتى. ئەمەلىي يىغىۋېلىنغان تۇز بېجى 12 مىليون 910 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 10.35% ئازايدى. بۇنىڭ ئازىيىشىدىكى سەۋەب: ئاھالىلەرگە كېرەكلىك ھەر توننا تۇزدىن ئېلىنىدىغان باج سوممىسى ئەسلىدىكى 120 يۈەندىن 87 يۈەنگە تەڭشەلگەنلىكتىن، باج 37 يۈەن كېمەيدى.

1988- يىلى، سىرتقا چىقىرىلغان تۇز 236 مىڭ توننا بولۇپ، ئالدىنقى يىلىغا قارىغاندا 22.28%، 1986- يىلىغا قارىغاندا 76.12% ئاشتى. بىراق تۇز بېجىدىن كىرگەن ئەمەلىي كىرىم 1987- يىلدىكىدىن 17.12%، 1986- يىلدىكىدىن 25.69% ئازايدى. ئاھالىلەرگە كېرەكلىك تۇز بېجى كېمەيتىلگەنلىك ئامىلىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، سانائەتكە ئىشلىتىلىدىغان تۇزنىڭ نىسبىتى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 76.19% ئېشىپ، 1986- يىلنىڭ 10 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى.

1989- يىلى، تۇز بېجى كىرىمى 10 مىليون 527 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 1.62% ئازايدى.

1990- يىلى، تۇز بېجى كىرىمى زور دەرىجىدە ئازايدى، شۇ يىلدىكى تۇز بېجى كىرىمى 5 مىليون 610 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 46.71% كېمەيدى. تۇزنىڭ سىرتقا چىقىرىلىش مىقدارىمۇ ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئازىيىپ، ھەر توننا ئاش تۇزىدىن ئېلىنىدىغان باج سوممىسى 87 يۈەندىن 70 يۈەنگە چۈشتى.

4) سودا- سانائەت بېجى  مىنگونىڭ 9- يىلى (1920- يىلى) 4- ئاينىڭ 11- كۈنىدىن باشلاپ، قومۇل بىر تۇتاش باج ئىدارىسىنىڭ يۇقىرىغا تاپشۇرىدىغان يىللىق باج كىرىمى تاۋار ھۆكۈمەت پۇلى ھېسابىدا 33 مىڭ سەر تەڭگە

دەپ بېكىتىلدى، بۇنى 1.44 نىسبەت بويىچە يۈەنگە سۇندۇرغاندا جەمئىي 47 مىڭ 520 يۈەن بولۇپ، ھەر ئايدا 3960 يۈەن تاپشۇرۇشقا توغرا كەلگەن (باج ھۆددىگە بېرىلگەندە قانچىلىك دەپ بېكىتىلگەن بولسا، يۇقىرىغا شۇنچىلىك تاپشۇرىدىغان بولدى). مىنگونىڭ 10- يىلى (1921- يىلى) 1- ئايدا، ئەمەلىي تاپشۇرغىنى 3963.68 يۈەن (تالون تەننەرخى خىراجىتى 3.68 يۈەننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل باج ئىدارىسىنىڭ كىرىمى 3054.15 يۈەن، باركۆل باج ئىدارىسىنىڭ كىرىمى 676.17 يۈەن، توخۇلۇ باج ئىدارىسىنىڭ كىرىمى 229.68 يۈەن بولدى.

مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) 10- ئايغا قەدەر، قۇمۇلدا مەركەز ۋە يەرلىكتىن ئىبارەت ھەر دەرىجىلىك باجدىن 8 مىليارد 628 مىليون 200 مىڭ يۈەن تۆلكە پۇلى يىغىلدى. باركۆل ناھىيىلىك باج ئىدارىسى ھەر دەرىجىلىك باجدىن 891 مىليون 870 مىڭ يۈەن تۆلكە پۇلى يىغقان بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 10 ھەسسىدىن ئارتۇق ئېشىپ كەتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ۋىلايەت بويىچە خۇسۇسىيلار باشقۇرۇشىدىكى دۇكان 1015 بولۇپ، تىجارەتچىلەر 1162 گە يەتتى.

1950- يىلى، ۋىلايەت بويىچە تۆرلۈك سودا- سانائەت بېجىدىن 160 مىڭ يۈەن (خەلق پۇلى) يىغىلغان بولۇپ، شۇ يىلدىكى مالىيە كىرىمىنىڭ %42.9 نى ئىگىلىدى.

1953- يىلى، قۇمۇلدا تاۋار ئوبوروت بېجى ئېلىنىشقا باشلاپ، باج كىرىمى 158 مىڭ يۈەن ئاشتى. شۇ يىلى يىغىلغان سودا- سانائەت بېجى1 مىليون 140 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 642 مىڭ يۈەن ئاشتى.

1957- يىلى، ۋىلايەت بويىچە يىللىق سودا- سانائەت بېجى 2 مىليون 214 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، 1950- يىلدىكى 160 مىڭ يۈەننىڭ 13.8 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى.

1976- يىلى، ۋىلايەت بويىچە يىللىق سودا- سانائەت بېجى 30 مىليون 736 مىڭ يۈەن يىغىلغان بولۇپ، ئالدىنقى يىلغا قارىغاندا 8 مىليون 464 مىڭ يۈەن ئاشتى، ئېشىش نىسبىتى %38 بولدى.

1979- يىلى، ۋىلايەت بويىچە يىغىلغان يىللىق سودا- سانائەت بېجى 22 مىليون 208 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %19.5 ئازايدى.

1981- يىلى، ۋىلايەت بويىچە يىغىلغان يىللىق سودا- سانائەت بېجى 22 مىليون 16 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلغا قارىغاندا 2 مىليون 90 مىڭ يۈەن ئاشتى، ئېشىش نىسبىتى %10.5 بولدى.

1985 – يىلى سودا – سانائەت بېجى 45 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، شۇ يىللىق مالىيە كىرىمىنىڭ %101.9 نى ئىگىلەپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 14 مىليون 940 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ، %49 ئاشتى.

1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە يىغىلغان يىللىق سودا- سانائەت بېجى 54 مىليون 990 مىڭ يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە سودا- سانائەت بېجى 48 مىليون 244 مىڭ يۈەن ئورۇندالدى (ئالدىنقى يىلغا قارىغاندا %17.8 ئاشتى). مەھسۇلات بېجى %25.9، قوشۇلما قىممەت بېجى %14.9، تىجارەت بېجى %9، قۇرۇلۇش بېجى %92.1 ئاشتى.

1985 – 1990 - يىلغىچە، ۋىلايەتنىڭ سودا- سانائەت بېجى ئاساسەن يىلمۇ يىل ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1985- يىلى ۋە 1989- يىلىنىڭ ئېشىش دەرىجىسى بىر قەدەر زور بولدى. 1985- يىلى 1984- يىلدىكىدىن %49، 1989- يىلى 1988- يىلدىكىدىن %14.22 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەككە سودا- سانائەتچىلەر تاپشۇرغان باجنىڭ ئېشىش دەرىجىسى ئەڭ زور بولۇپ، ئالدىنقى يىلىنىڭ 4.8 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى.

2. كارخانا كىرىمى

1956- يىلى، قۇمۇلدا بىناكارلىق- قۇرۇلۇش، دېھقانچىلىق ۋە ئورمانچىلىق كارخانىلىرىنىڭ كىرىمى 35 مىڭ يۈەن بولۇپ، شۇ يىللىق مالىيە كىرىمىنىڭ %11 نى ئىگىلىدى.

1957- يىلدىن باشلاپ، ۋىلايەتتە مەدەنىيەت- مائارىپ، سەھىيە كارخانىلىرى بارلىققا كېلىپ، ئومۇمىي كىرىمى 167 مىڭ يۈەن بولۇپ، شۇ يىللىق مالىيە كىرىمىنىڭ 5.9% ىنى ئىگىلىدى.

1959- يىلى، ۋىلايەتتە كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىن قىلىنغان كىرىم 1 مىليون 426 مىڭ يۈەن بولدى، بۇ كۆمۈرچىلىك، بىناكارلىق- قۇرۇلۇش، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، چارۋىچىلىق ۋە باشقا كارخانىلار، شۇنىڭدەك پوچتا- تېلېگراف كارخانىلىرىنىڭ كىرىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1958 – 1960 - يىللىرى، كارخانىلارنىڭ كىرىمىدە زور ھەجىمدىكى ساختا ئېشىش ئەھۋالى كۆرۈلدى.

1961 – 1962 - يىللىرى، قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى كارخانىلاردا ئۇدا ئىككى يىل زىيان تارتىش ئەھۋالى كۆرۈلدى. 1961- يىلى، ئۈچ كارخانا زىيان تارتتى، زىيان سوممىسى 1 مىليون 498 مىڭ يۈەن بولدى. يىللىق پايدا- زىياننى بالانس قىلغاندىن كېيىن، ساپ زىيان 384 مىڭ يۈەن بولدى. 1962- يىلى، سەككىز كارخانا زىيان تارتتى، زىيان سوممىسى 1 مىليون 79 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىللىق پايدا- زىياننى بالانس قىلغاندىن كېيىن، زىيان 887 مىڭ يۈەن بولدى. 1962- يىلى، كارخانىلارغا قارىتا تەڭشەش ئېلىپ بېرىلدى، ئاپپاراتلار ئىخچاملىنىپ، خادىملار تۆۋەنگە چۈشۈرۈلدى.

1963- يىلدىن باشلاپ، داۋاملىق تەڭشەش ئېلىپ بېرىلىپ، قىيىنچىلىق ۋەزىيىتى ئوڭشالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ۋىلايەتتىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ كىرىمى يىلدىن يىلغا ئاشتى. كىرىم 1963- يىلدىكى 162 مىڭ يۈەندىن كۆپىيىپ، 1965- يىلى 1 مىليون 341 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، شۇ يىللىق مالىيە كىرىمىنىڭ 8.9% ىنى ئىگىلىدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، قۇمۇل زىيانغا ئەڭ كۆپ ئۇچرىغان ۋىلايەتلەرنىڭ بىرى. ۋىلايەت بويىچە كارخانا كىرىمىدە 10 يىلنىڭ توققۇز يىلىدا قىزىل رەقەم كۆرۈلۈپ، جەمئىي قىزىل رەقەم 31 مىليون 325 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1976- يىل 10- ئايدا، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، كارخانىلاردا كىرىم قايتىدىن ئېشىشقا باشلىدى. يىللىق كىرىم 3 مىليون 134 مىڭ يۈەن بولۇپ، شۇ يىللىق مالىيە كىرىمىنىڭ 9.9% ىنى ئىگىلەپ، كىرىمنىڭ ئېشىش نىسبىتى 53.7% كە يەتتى.

1977- يىلى، ۋىلايەتتىكى دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلاردىن 99 (بۇنىڭ ئىچىدە پايدا ئالىدىغان كارخانا 54، زىيان تارتىدىغان كارخانا 44) ى بولۇپ، يىللىق كىرىمى 4 مىليون 148 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، شۇ يىللىق مالىيە كىرىمىنىڭ 12.1% ىنى ئىگىلەپ، 1976- يىلدىكىدىن 1 مىليون 14 مىڭ يۈەن ئاشتى، ئېشىش نىسبىتى 32.3% بولدى.

1979- يىلدىن باشلاپ، كارخانا كىرىمى ئازىيىشقا باشلىدى، بۇنىڭ سەۋەبى، ئاساسلىقى سودا كارخانىلىرىنىڭ كىرىمى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 1 مىليون 168 مىڭ يۈەن، يېنىك سانائەتنىڭ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 1 مىليون 367 مىڭ يۈەن ئازايدى. مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، كۆمۈر، خىمىيە سانائىتى، قاتناش، تەمىنات- سودا كارخانىلىرىنىڭ كىرىمىمۇ ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئازايدى.

ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكىلەر ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىپ، كىرىمنى ئاشۇرۇپ، چىقىمنى تېجەش، زىياننى تۈگىتىپ، پايدىنى ئاشۇرۇش خىزمىتىنى چىڭ تۇتتى. 1982 – 1984 - يىللىرى، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىم راۋاجلاندى، كارخانىلارنىڭ كىرىمى ئېشىشقا يۈزلەندى.

1983- يىلى، ۋىلايەتتە «كارخانا فوندى، پايدىدىن پىرسەنت ئايرىپ بېرىش، پايدا- زىياننى ھۆددىگە بېرىش، پايدىنى باجغا ئايلاندۇرۇش» نۇقتىدا سىناق قىلىنىپ، پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىشنىڭ تۇنجى قەدىمى بېسىلدى. ۋىلايەت

بويىچە توققۇز ساھەدىكى پايدا ئالغان كارخانىدا پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىش يولغا قويۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ ۋە ئوتتۇرا كارخانا 22، كىچىك كارخانا 52. كارخانىلارنىڭ يۇقىرىغا تاپشۇرىدىغان باج پايدىسى ۋە ئۆزىگە قالدۇرۇلىدىغان پايدا نىسبىتى بېكىتىلىپ، دۆلەت كۆپ قىسمىنى ئېلىش، كارخانا ئوتتۇراھال قىسمىنى ئېلىش، شەخسلەر ئاز قىسمىنى ئېلىش پرىنسىپى گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، دۆلەت، كوللېكتىپ، شەخسلەردىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ مەنپەئەتى توغرا بىر تەرەپ قىلىنىپ، بۇ قانۇنىي شەكىل بىلەن مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، كىرىمگە كاپالەتلىك قىلىندى.

1985- يىلى، پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىشنىڭ 2- قەدىمى بېسىلدى. كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك ئېشىپ، مەھسۇلات قىممىتى، سېتىپ چىقىرىش، باج- پايدا ماس قەدەمدە كۆپىيىپ، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 127 مىليون 423 مىڭ 900 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 10.91% ئاشتى؛ ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 8773 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 11.87% ئاشتى، مەھسۇلاتنى سېتىپ چىقىرىش كىرىمى 62 مىليون 707 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 15.92% ئاشتى؛ ئاساسلىقى چويۈن، كرېمنىيلىق پولات، مانگانلىق پولاتنىڭ باھاسى ئۆستى، سېتىپ چىقىرىش باج سوممىسى 6 مىليون 340 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 35.33% ئاشتى.

1987- يىلى، سانائەت كارخانىلىرى خام ماتېرىيال ۋە يېقىلغۇ ماتېرىيالىنىڭ باھاسى، مۇقىم مۈلۈكنىڭ ئامورتىزاتسىيە نورمىسى، بانكا قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈمى ئۆسكەن پايدىسىز ئامىللارنىڭ تەسىرىدە، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى 1986- يىلدىكىدىن 3.8% ئاشۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆددىگەرلىك يولغا قويۇلغان يەتتە كارخانا 16.63% ئاشۇردى، ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 6%، سېتىپ چىقىرىش كىرىمى 15.3%، مەھسۇلاتنى سېتىپ چىقىرىش باج سوممىسى 6.1% ئاشتى، تەننەرخ ئۆرلەپ كەتكەنلىكتىن، ئېرىشكەن پايدىسى كېمەيدى.

1989- يىلى، ۋىلايەتتىكى خام چوت ئىچىدىكى دۆلەت ئىلكىدىكى 24 سانائەت كارخانىسى ( بۇنىڭ ئىچىدە 20 كارخانا پايدا ئالدى، تۆت كارخانا زىيان تارتتى) دىن 19 ى ئىگىلىك باشقۇرۇش ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويدى. سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە) 1988- يىلدىكىدىن 17.63% (ھۆددىگەرلىك يولغا قويۇلغان كارخانىلارنىڭ ئاران 4.2%) ئاشتى. مەھسۇلاتلىرىنى سېتىپ چىقىرىش كىرىمى 24.96%، پايدا 36.81%، مالىيىگە تاپشۇرغان ساپ كىرىم 2.38%، كارخانىلارغا قالدۇرۇلغان پايدا 140%، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن قالدۇرۇلغان پايدا 160% ئاشتى.

1990- يىلى، سانائەت كارخانىسىدىن 17 سى پايدا ئالدى (ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئۈچى ئازايدى)، يەتتىسى زىيان تارتتى (ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئۈچى كۆپەيدى). ھۆددىگەرلىك يولغا قويۇلغان يەتتە كارخانا يۇقىرىغا تاپشۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالمىدى. سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1989- يىلدىكىدىن 2.5%، پايدا ئالدىنقى يىلدىكىدىن 23.94% ئازايدى. زىيان سوممىسى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 2 مىليون 876 مىڭ يۈەن كۆپەيدى. شۇ يىلى، خام ماتېرىيال ۋە يېقىلغۇ ماتېرىياللىرى باھاسىنىڭ ئۆسۈشى، مۇقىم مۈلۈك ئامورتىزاتسىيە نورمىسىنىڭ ئۆسۈشى، ماشىنا خاراكتېرىدىكى چىقىملارنىڭ كۆپىيىشى قاتارلىق ئامىللار مەھسۇلات تەننەرخىنىڭ زور ھەجىمدە ئېشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، شۇنىڭ بىلەن تەننەرخ 11 مىليون 508 مىڭ يۈەن ئېشىپ كەتتى؛ ئاساسلىق مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىش باھاسى چۈشۈپ كېتىپ (ھەر بىر توننا كرېمنىيلىق پولاتنىڭ باھاسى 600 – 1000 يۈەنگىچە، ئېغىدرېننىڭ ھەر بىر توننىسىنىڭ باھاسى 100 مىڭ يۈەن چۈشۈپ كەتتى)، 3 مىليون 490 مىڭ يۈەن پايدىغا تەسىر يەتكۈزدى، بۇنىڭدىن باشقا، بىر قىسىم مەھسۇلاتلاردىن باج ئېلىنغاچقا، زىيان تارتىش كۆلىمى كېڭىيىپ، زىيان سوممىسى كۆپىيىپ، پايدا ئازىيىپ كەتتى.

3. باشقا كىرىم

ۋىلايەت بويىچە 1952- يىلىدىن باشلاپ باشقا كىرىمى بولدى، شۇ يىلقى كىرىم 38 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ۋىلايەتنىڭ 1952 – 1990 - يىلىغىچە بولغان 39 يىللىق ئومۇمىي باشقا كىرىمى 17 مىليون 310 مىڭ يۈەن بولۇپ، ۋىلايەتنىڭ 39 يىللىق ئومۇمىي مالىيە كىرىمىنىڭ 2.09%نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ تۆۋەن بولغىنى 1968- يىلى 25 مىڭ يۈەن، ئەڭ يۇقىرى بولغىنى 1989- يىلى بولۇپ، ئەمەلىي كىرىم 2 مىليون 505 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1986 – 1990 - يىلىغىچە بولغان بەش يىللىق باشقا كىرىم 39 يىللىق ئومۇمىي كىرىمنىڭ 48.9%نى ئىگىلىدى. باشقا كىرىمنىڭ بىردىنلا كۆپىيىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب: «تۆت چوڭ» جەرىمانە، مۇسادىرە (سودا- سانائەت، سىياسىي- قانۇن، باھا، باشقىلار) كىرىمى زور ھەجىمدە كۆپەيدى. 1988- يىلى، باشقا كىرىم 1 مىليون 515 مىڭ يۈەن بولۇپ، «تۆت چوڭ» جەرىمانە، مۇسادىرە كىرىمى 1 مىليون 219 مىڭ يۈەن بولدى. 1989- يىلى باشقا كىرىم 2 مىليون 505 مىڭ يۈەن بولۇپ، پەقەت جەرىمانە، مۇسادىرە كىرىمى 1 مىليون 972 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

**قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1950 – 1990 - يىلىغىچە بولغان تۈرلۈك مالىيە كىرىم ئەھۋالى**

جەدۋەل: 15 – 1 — بىرلىكى: 10 تۈمەن يۈەن

| تۈرى / يىللار | ئومۇمىي كىرىم | سودا، سانائەت بېجى | دېھقانچىلىق بېجى | چارۋىچىلىق بېجى | تېرىلغۇ يەر ئىگىلەش بېجى | دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق ئالاھىدە مەھسۇلاتلار بېجى | يەر خېتى بېجى | كارخانا كەسپىي تۈرلىرى كىرىمى | خام چۈشى تەڭشەش فوندى | مەخسۇس پۇل كىرىم بېجى | زايوم | باشقا كىرىملەر |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1950 | 37.3 | 16.0 | 16.8 | 4.5 | | | | | | | | |
| 1955 | 249.3 | 140.8 | 54.3 | 30.7 | | | 1.0 | 0.2 | | | | 22.3 |
| 1960 | 1470.9 | 661.8 | 98.9 | 35.3 | | | | 528.2 | | | | 146.7 |
| 1965 | 1500.2 | 1238.3 | 63.8 | 23.7 | | | | 134.1 | | | | 40.3 |
| 1970 | 1957.0 | 1911.4 | 158.5 | 25.7 | | | | −155.9 | | | | 17.3 |
| 1975 | 1768.5 | 2227.2 | 82.1 | 25.1 | | | | −582.6 | | | | 16.7 |
| 1980 | 2527.3 | 1992.6 | 65.0 | 16.1 | | | | 422.5 | | | | 31.1 |

| | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1985 | 4457.3 | 4543.0 | 63.5 | 15.2 | | | | 205.4 | | | | 41.0 |
| 1986 | 4934.1 | 4216.8 | 61.5 | 0.2 | | | 0.3 | 456.3 | | 71.4 | | 127.6 |
| 1987 | 5144.1 | 4436.0 | 69.9 | | | | 1.5 | 476.3 | | 45.9 | | 114.5 |
| 1988 | 5481.3 | 4636.1 | 79.2 | 28.8 | 4.7 | 6.2 | 0.6 | 547.0 | | 27.2 | | 151.5 |
| 1989 | 6271.3 | 5304.5 | 67.9 | 33.9 | 20.4 | 21.3 | 1.1 | 425.5 | 85.2 | 61 | | 250.5 |
| 1990 | 6736.6 | 5499.0 | 89.2 | 47.7 | 7.7 | 21.8 | 1.8 | 642.6 | 126.3 | 97.9 | | 202.4 |

ئىزاھ: 1950 – 1954 - يىللىغىچە بولغان كىرىم يېڭى خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇلدى.

## §3. مالىيە چىقىمى

### 1. مىنگو دەۋرىدىكى مالىيە چىقىمى

مىنگو دەۋرىدە، ھۆكۈمەتنىڭ يەرلىك مالىيە كىرىمى (پەقەت يەر بېجى، چارۋىچىلىق بېجى، سودا- سانائەت بېجى بىلەنلا چەكلىنەتتى) يۇقىرىغا تاپشۇرۇلاتتى. يەرلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرى خىراجىتى، مەكتەپلەردىكى خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى ۋە ئومۇمىي خىراجەتنى ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ئاجرىتاتتى. چىقىم خام چوت قىلىنىپ، يۇقىرىغا يوللاپ تەستىقلىتىلغاندىن كېيىن بېرىلەتتى. خىراجەت ھەر ئايدا بىر قېتىم چىقىم قىلىنغاچقا، ئايمۇ ئاي ئىلتىماس قىلىناتتى. ئەگەر ئىلتىماس قىلىشتا سەللا كېچىكىش ۋە سەۋەنلىك كۆرۈلسە، مائاش ۋاقتىدا تارقىتىلمايتتى.

مىنگونىڭ 25- يىلى (1936- يىلى) دىن كېيىن، خىراجەت ۋاقتىدا ئاجرىتىلمىغانلىقتىن، ئاساسىي قاتلامدىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ تۇرمۇشى كاپالەتكە ئىگە بولالمىدى.

### 2. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى مالىيە چىقىمى

1) چىقىم ئەھۋالى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 – 1990 - يىللىغىچە، ۋىلايەتنىڭ ئومۇمىي مالىيە چىقىمى جەمئىي 1 مىليارد 202 مىليون 478 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش تۈرىدىكى چىقىم 523 مىليون 462 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي چىقىمنىڭ 43.53% نى، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە تۈرىدىكى چىقىم 334 مىليون 45 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي چىقىمنىڭ 27.78% نى، مەمۇرىي خىراجەت تۈرىدىكى چىقىم 202 مىليون 349 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي چىقىمنىڭ 16.83% نى، باشقا تۈردىكى چىقىملار 49 مىليون 16 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي چىقىمنىڭ 4.1% نى ئىگىلىدى.

7- بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە (1986 – 1990 - يىللىغىچە)، يېگىدىن باھا ياردەم پۇلى، تەرەققىي قىلمىغان جايلارغا بېرىلىدىغان ياردەم چىقىمى ۋە مەخسۇس پۇل چىقىمىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل چىقىم تۈرى قوشۇلۇپ، جەمئىي 93 مىليون 606 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى. بۇ ئومۇمىي چىقىمنىڭ 7.78% نى ئىگىلىدى. 1950 – 1975 - يىللىغىچە، ئالدىنقى 26 يىللىق چىقىم جەمئىي 223 مىليون 653 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1950 – 1990 - يىللىغىچە

بولغان 41 يىللىق ئومۇمىي چىقىمنىڭ 18.6% ىنى، 1976 – 1985 - يىلىغىچە بولغان 10 يىللىق چىقىم جەمئىي 429 مىليون 149 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1950 – 1990 - يىلىغىچە بولغان 41 يىللىق ئومۇمىي چىقىمنىڭ 35.69% ىنى، 1986 – 1990 - يىلىغىچە بولغان بەش يىللىق چىقىم 549 مىليون 676 مىڭ يۈەن بولۇپ، 41 يىللىق ئومۇمىي چىقىمنىڭ 45.71% نى ئىگىلىدى.

بىر قانچە ۋەكىل خاراكتېرلىك ئىگە يىللاردىن قارىغاندا، 1985 - يىلى چىقىم 66 مىليون 120 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1953 - يىلدىكىدىن 29.28 ھەسسە، 1966 - يىلدىكىدىن 8.51 ھەسسە، 1978 - يىلدىكىدىن 45.49% ئاشتى. 1990 - يىللىق چىقىم 1985 - يىلدىكىدىن 98.12% ئاشتى.

2) چىقىم تۈرلىرى چىقىم تۈرلىرىدىن قارىغاندا، 1953 - يىلى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش خىراجىتى تۈرىدىكى چىقىم يوق ئىدى، مەمۇرىي خىراجەت تۈرىدىكى چىقىم ئومۇمىي چىقىمنىڭ 68.73% ىنى، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە تۈرىدىكى چىقىم ئومۇمىي چىقىمنىڭ 31.27% ىنى ئىگىلەيتتى. 1958 - يىلىغا كەلگەندە، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش خىراجىتى تۈرىدىكى چىقىم كۆپىيىپ، 61.28% كە يەتتى، 1978 - يىلى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش خىراجىتى چىقىمى ئازىيىپ 25.03% كە چۈشۈپ قالدى. 1978 - يىلى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش خىراجىتى چىقىمى ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ، ئومۇمىي چىقىمنىڭ 72.51% ىنى، مەمۇرىي خىراجەت چىقىمى ئازىيىپ 9.82% نى ئىگىلەيدىغان بولدى. 1985 - يىلى، ئومۇمىي چىقىمنىڭ قۇرۇلمىسىدا يېڭى ئۆزگىرىش بولدى. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش خىراجىتى چىقىمى 37.41% نى، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە چىقىمى كۆپىيىپ 36.73% نى، مەمۇرىي خىراجەت چىقىمى كۆپىيىپ 18.9% نى ئىگىلىدى. 1990 - يىلىغا كەلگەندە، تۈرلۈك چىقىملارنىڭ ئومۇمىي چىقىمدا ئىگىلىگەن نىسبىتىدە يېڭى ئۆزگىرىش بولدى. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش خىراجىتى تۈرىدىكى چىقىم 32.67% نى، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە چىقىمى 31.13% نى، مەمۇرىي خىراجەت چىقىمى 18.6% نى، باھا ياردەم چىقىمى 12.42% نى، تەرەققىي قىلمىغان جايلارغا بېرىلىدىغان ياردەم چىقىمى 2.72% نى، مەخسۇس پۇل چىقىمى بىلەن باشقا چىقىملار 2.46% نى ئىگىلىدى.

3) ئۆلۈشلۈك چىقىم تۈرلىرى 1953 - يىلى، ۋىلايەتنىڭ چىقىم تۈرلىرى پەقەت مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە خىراجىتى بىلەن مەمۇرىي باشقۇرۇش خىراجىتىدىن ئىبارەت ئىككىلا خىل ئىدى. نامرات، تارقاق چارۋىچىلارنى قوتقۇزۇش، ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۇلارنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بېرىش، يۇرت - ماكانىنى قۇرۇش ئۈچۈن، مالىيىدىن 113 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بېرىلدى، بۇنىڭ بىلەن قازاق چارۋىچىلاردىن 389 ئائىلە 1637 كىشى، موڭغۇل چارۋىچىلاردىن 22 ئائىلە 103 كىشى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

1955 - يىلدىن كېيىن، ۋىلايەت باشتىن - ئاخىر ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى چىقىملارنى ئاۋۋال ئورۇنلاشتۇردى، بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش مەبلىغىنى ئاۋۋال ئورۇنلاشتۇردى. كىچىك تىپتىكى ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ياردەم پۇلى، نامرات گۇڭشې، چوڭ ئەترەتلەرگە ياردەم بېرىش مەبلىغى، يېزىلارغا بېرىلىدىغان ئاپەتتىن قوتقۇزۇش پۇلى قاتارلىقلارنى ۋاقتىدا تەق قىلىپ بېرىشكە ۋە ئۇنىڭ ۋاقتىدا قولغا تېگىشىگە كاپالەتلىك قىلدى. 1960 - يىللارغا كەلگەندە، ئاۋۋال ئېلىۋېلىپ كېيىن مەلۇم قىلىش ئۇسۇلى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىلدى.

1961 -، 1962 - يىللىرى، دۆلىتىمىزدە ۋاقىتلىق قىيىنچىلىق يۈز بەرگەندە، خەلق ئىگىلىكى پىلانى تەڭشىلىپ، خام چوت چىقىمى زور ھەجىمدە ئازايدى. 1963 - يىلدىن باشلاپ ئەھۋال ياخشىلىنىشقا باشلاپ، 1966 - يىلىغا كەلگەندە ئەسلىگە كېلىپ نورماللاشتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ئىشلەپچىقىرىش توختاپ، بازار كاساتلىشىپ، خەزىنەتلەر پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقتىن، خام چوت چىقىمىمۇ مۇناسىپ ھالدا تۆۋەنلىدى.

1969 - يىلى، مالىيە چىقىمى بىردىنلا كۆپىيىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 68.12% ئاشتى. مائاش خىراجىتى چىقىمى كۆپەيدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا ئەلەم كۆرۈشى بولۇپ، ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ سىنىپ، ياتاق، پارتا - ئورۇندۇقلىرى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغاچقا، ئوقۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن رېمونت خىراجىتى خەجلەندى. ئەلەم كۆرۈشى جەريانىدا ھەر دەرىجىلىك دوختۇرخانىلارنىڭ ئىسكىلاتىدا ساقلىنىۋاتقان دورىلىرى ھەقسىز ئىشلىتىلگەندى. شۇ سەۋەبتىن مالىيىدىن پۇل ئاجرىتىلىپ، نۇرغۇن دورا تولۇقلاندى. بۇنىڭدىن سىرت،

ھۆكۈمەت يەنە ئەلەم كۆرۈشى جەريانىدا يارىدار بولغان، خىزمىتى يوق كىشىلەرنىڭ داۋالىنىش خىراجىتىنى ئاتچوت قىلدى. ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتلارنى، «7- ماي» كادىرلار مەكتىپىنى، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى قۇرۇشقا، ئېتىز- ئېرىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىغا خىراجەت ۋە مەبلەغ ئاجراتتى.

«بەش كىچىك» سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇشقا يار- يۆلەك بولۇش ئۈچۈن، 1974- يىلى، ۋىلايەت، ناھىيىلەر باشقۇرغان «بەش كىچىك» سانائەت كارخانىلىرىدا تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئۈچۈن 820 مىڭ يۈەن، 1975- يىلى 670 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئورۇنلاشتۇردى.

1975- يىلدىن كېيىن، ۋىلايەتتىكى مالىيە، باج تارماقلىرى «يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس، سانائەتنى يېتەكچى قىلىش» فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەبلەغ ئورۇنلاشتۇرۇشتا يېزا ئىگىلىكىگە ئېتىبار بەردى. يەرلىك مالىيەدىن يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئاجرىتىلغان مەبلەغ يىلدىن يىلغا كۆپەيدى. ماددىي ئەشيا، سودا تارماقلىرىنىڭ قاچىلاش، چۈشۈرۈش، ترانسپورت ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، يەرلىك زاپاس مالىيەدىن 210 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ ئاجرىتىپ، بىر سەككىز تونىلىق كران، بىر سەككىز تونىلىق پرىتسېپ، بىر چوڭ ئاپتوموبىل، بىر ئىسسىق ساقلايدىغان ئاپتوموبىل سېتىۋېلىندى.

1978- يىلى، يەرلىك زاپاس مالىيەدىن «بەش كىچىك» سانائەتكە قوشۇمچە ياردەم بېرىش مەبلىغى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىش، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ زاپاس مالىيەدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان مەبلەغنىڭ 21% نى ئىگىلىدى.

1979- يىلى، يەرلىك ئۆزى تەييارلىغان مەبلەغ ئالدى بىلەن يېزا ئىگىلىكىگە ۋە يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىدىغان سانائەتكە، ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆيىگە، ئوتتۇرا- باشلانغۇچ مەكتەپ ئۆيلىرى، داۋالاش ئورگانلىرى، سودا- مۇلازىمەت تور نۇقتىلىرى قاتارلىق مەدەنىيەت، پاراۋانلىق مۇئەسسەسەلىرىگە قۇرۇلۇشىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇنىڭدىن قالسا، ھازىر بار كارخانىلارنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىش ئۈچۈن جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان تېخنىكا ئۆزگەرتىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ پايدىلىنىش قۇرۇلۇشىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 1979- يىلدىن باشلاپ، كارخانىلارنىڭ مالىيەدىن چۈشۈرۈپ بەرگەن يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش فوندى بىلەن كارخانىلارغا قالدۇرۇلغان يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش فوندىنى قۇرۇلۇش بانكىسى بىر تۇتاش نازارەت قىلىدىغان بولدى. كارخانىلار ۋىلايەتلىك قۇرۇلۇش بانكىسىدا «يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىش، تېخنىكا ئۆزگەرتىش» ھېسابى ئاچتى.

1980 – 1981 - يىللىرى، ئاپتونوم رايون ۋىلايەتكە 4 مىليون 486 مىڭ يۈەن ئىقتىسادى تەرەققىي قىلمىغان جايلارغا بېرىلىدىغان تەرەققىيات مەبلىغى ۋە چېگرا كەسپىي خىراجىتى چۈشۈرۈپ بەردى.

1982- يىلى، يەرلىك ئىقتىسادنى جانلاندۇرۇپ، مالىيە كىرىم مەنبەسىنى يېتىلدۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىپ، تېخنىكا ئۆزگەرتىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر) لەر يەرلىك مالىيەدىن 1 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ، «قېزىش، ئىسلاھ قىلىش، ئۆزگەرتىش» كە ئورۇنلاشتۇردى. يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش مەبلىغىنى ھەقلىق ئىشلىتىش چارىسى پائال يولغا قويۇلۇپ، مەبلەغنى ئىشلىتىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە قاتتىق ئەمەل قىلىنىپ، ئاۋۋال پۇل ئاز خەجلىنىدىغان، تېز ئۈنۈم بېرىدىغان، ئۈنۈمى زور تۈرلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئىقتىسادىي توختام ئىمزالاشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، پۇل ئىشلىتىدىغان ئورۇنلارنىڭ ئىقتىسادىي مەسئۇلىيىتى كۈچەيتىلدى. ھەقلىق ئۆبوروت قىلىپ ئىشلىتىش يولغا قويۇلغانلىرى: ئاپەتتىن ساقلىنىش، چارۋىلارنى قوغداش ئۆبوروت مەبلىغى، دۆلەت ئىلكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنىڭ سانائەت، قوشۇمچە كەسىپ ئۆبوروت مەبلىغى، كۆكتات، ئەترەت، كارخانىلارغا بېرىلىدىغان ياردەم ئۆبوروت مەبلىغى، دېھقانچىلىق «ئۈچ مەيدان» قۇرۇلۇشى ئۆبوروت مەبلىغىدىن ئىبارەت بولدى. مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ خىراجىتىنى باشقۇرۇشتا، خام چوتنى ھۆددىگە بېرىش، ئېشىنچىسىنى ئۆزىگە قالدۇرۇش، چىقىمنى ئاشۇرۇۋەتسە تولۇقلاپ بەرمەسلىك چارىسى داۋاملىق يولغا قويۇلدى.

1984- يىلىغىچە، يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش مەبلىغىنى ھەقلىق ئىشلىتىش چارىسى داۋاملىق يولغا

قويۇلدى. كىچىك تىپتىكى ئېتىز- ئېرىق، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىدا ئاۋۋال قەرز ئېلىپ تۇرۇش، كېيىن تولۇقلاپ بېرىش چارىسى يولغا قويۇلدى ھەم يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش مەبلىغىنى ھەقلىق ئىشلىتىش دائىرىسى تەدرىجىي كېڭەيتىلدى. 1981 – 1990 - يىللىرىغىچە، تارقىتىلغان ھەقلىق سېلىنما جەمئىي 2 مىليون 101 مىڭ يۈەن بولدى.

1984- يىلدىن كېيىن، دۆلەت ماتارىپ ئىشلىرى خىراجىتىنى يىلدىن يىلغا كۆپەيتتى. 6- بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە (1981 – 1985 - يىللىرىغىچە)، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى 26.8% كۆپەيتىلگەن بولسىمۇ، يەنىلا تەرەققىيات ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىدى. بەزى مەكتەپلەرنىڭ زۆرۈر بولغان ئومۇمىي خىراجىتىگە كاپالەتلىك قىلماقمۇ تەس بولۇپ قالدى. ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ كۆپەيگەن مائاشىنى نەقلەشتۈرۈپ بېرىشكە ئامال بولمىدى. ماتارىپ تەرەققىياتىنى قوللاش ئۈچۈن، ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر) زاپاس مالىيەدىن 543 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ تەڭشەلگەن مائاشىنى ۋە ئومۇمنىڭ ئىسسىنىش خىراجىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلدى.

1985- يىلى، ۋىلايەت كارخانىلارنىڭ خام چوتتا ئورۇنلاشتۇرۇلغان يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىش، تېخنىكا يېڭىلاش، تېخنىكا ئۆزگەرتىش مەبلىغىدىن تاشقىرى، يەنە بانكىدىن قەرز پۇل ئېلىپ بېرىش، ئۆسۈمىنى يەرلىك مالىيە تۆلەش چارىسىنى قوللىنىپ، ۋىلايەتلىك سېمونت زاۋۇتى بىلەن قومۇل شەھەرلىك يېمەكلىك زاۋۇتىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە ياردەم بەردى.

1985- يىلى، يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش مەبلىغىنى باشقۇرۇش ۋە ئوبوروت سوممىسىنى تارقىتىش چارىسى قىسمەن ئۆزگەرتىلىپ، بۇرۇنقى مەسئۇل تارماقلار تەكشۈرۈپ تارقىتىش، ھەر دەرىجىلىك مالىيە تارماقلىرى مەسئۇل تارماقلار بىلەن بىرلىكتە مەسلىھەتلىشىپ بېكىتىش، مەبلەغنى مالىيە تارماقلىرى بىۋاسىتە تارقىتىپ، بىۋاسىتە يىغىۋېلىش، بۇرۇنقىدەك مەبلەغنى تارقىتىشنىلا بىلىپ، يىغىۋالماسلىقتەك خاھىش تۈزىتىلدى.

تۈرلۈك مەمۇرىي، كەسپىي خىراجەتلەرنى باشقۇرۇشتا، خام چوتنى ھۆددىگە بېرىش، ئېشىنچىسىنى ئۆزىگە قالدۇرۇش چارىسى داۋاملاشتۇرۇلۇپ، ھۆددىگە بېرىش بىلەن باشقۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش، خام چوتقا ئاساسەن مەبلەغ چۈشۈرۈپ بېرىش، ئۆلچەم بويىچە چىقىم قىلىش قەتئىي داۋاملاشتۇرۇلۇپ، نورمال ئېھتىياجغا كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، پىلانلىق پۇل چۈشۈرۈپ بېرىش كۈچەيتىلىپ، پۇل چۈشۈرۈپ بېرىشتىن ئاۋۋال ئوبدان تىزگىنلەش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

1985- يىلدىن كېيىن، دۆلەتنىڭ مالىيە سىياسىتى ۋە مالىيە تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنغانلىقتىن، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلاردا تىجارەتنى ھۆددىگە بېرىش، ئاشقان كىرىمنى ئۆزىگە قايتۇرۇش، ئادەتتىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىدە ھەقلىق ئىشلىتىش يولغا قويۇلۇپ، ئىلگىرىكى مالىيەدىن پۇل ئاجرىتىپ بېرىش، قەرز پۇل بېرىشكە ئۆزگەرتىلدى. شۇڭا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش تۈرىدىكى چىقىملارنىڭ ئومۇمىي چىقىم ئىچىدىكى نىسبىتى يىلمۇ يىل ئازايدى. ھالبۇكى، مەمۇرىي خىراجەت چىقىمى سەل ئۆرلىدى.

1986- يىلدىن باشلاپ، «باج تۈرىنى ئايرىش، كىرىم- چىقىمنى بېكىتىش، دەرىجىمۇ دەرىجە ھۆددىگە بېرىش» تەك مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلۇپ، ۋىلايەت بويىچە يەنىلا «ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، كەسپىي ئىشلارنى راۋاجلاندۇرۇش، مالىيە كىرىم- چىقىمىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى مەركەز قىلىش» پرىنسىپىغا داۋاملىق ئەمەل قىلىنغانلىقتىن، شۇ يىللىق كىرىم- چىقىم ئاساسەن تەڭپۇڭلاشتى. 1987- يىلى، ئاساسلىقى مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىساد قىلىش، كىرىمنى ئاشۇرۇپ چىقىمنى تېجەش (ئىككىنى تېجەش، ئىككىنى ئاشۇرۇش) خىزمىتى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇلغاچقا، ئەمەلىي چىقىم خام چوتتىن 4.7% ئازايدى، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 2.2% تۆۋەنلىدى. 1988- يىلى، ۋىلايەتنىڭ مالىيە چىقىمى تۇنجى قېتىم 100 مىليون يۈەندىن ئېشىپ، شۇ يىلى 2 مىليون 690 مىڭ يۈەنلىك قىزىل رەقەم كۆرۈلدى. بۇ قومۇل ۋىلايىتىنىڭ مالىيە تارىخىدىكى تۇنجى قىزىل رەقەم ھېسابلىنىدۇ. 1989- يىلى، مالىيە چىقىمى ئۇدا ئاشتى، ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئېشىش نىسبىتى 14.5% بولۇپ، 6 مىليون 279 مىڭ يۈەنلىك قىزىل رەقەم كۆرۈلدى. 1990- يىلى، مالىيە ئومۇمىي چىقىمى 130 مىليون 998

مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئوخشاش ئۆلچەم بويىچە ھېسابلىغاندا، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 6.75% ئېشىپ، 7 مىليون 708 مىڭ يۈەنلىك قىزىل رەقەم كۆرۈلدى.

1981 – 1990 - يىللىرىچە بولغان مەزگىلدە، چىقىمنىڭ ئېشىشى تېز بولدى. مالىيىنى ھۆددىگە بېرىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايون يېڭى كۆپەيگەن چىقىملارغا نىسبەتەن پەقەت سىياسەتلا بېرىپ، پۇل بەرمىگەنلىكتىن، چىقىم كىرىمنى ئاشۇرۇش ئارقىلىقلا ھەل قىلىندى. تۈرلۈك ئىشلار تەرەققىي قىلدى، خادىملار كۆپەيگەن ئەھۋال ئاستىدا، خادىملارنىڭ خىراجىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئومۇمىي خىراجەتنى كېمەيتىشكە توغرا كەلدى. مەسىلەن، 1988- يىلى پەقەت مەمۇرىي، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، شۇنىڭدەك باشقا ئىشلار خىراجەت چىقىمىدا، خادىملار خىراجەت قىسمىنىڭ چىقىمى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 7 مىليون 972 مىڭ يۈەن ئاشتى، ئېشىش نىسبىتى 26.7% بولدى. ئەمما، شۇ يىللىق مالىيە ئومۇمىي كىرىمى پەقەت 6.6% ئېشىپ، 3 مىليون 372 مىڭ يۈەندىن ئاشقان بولۇپ، يېگىدىن ئاشقان چىقىمنىڭ يېرىمىغىمۇ توغرا كەلمىدى.

مالىيە چىقىمىدا قىزىل رەقەم كۆرۈلۈشنىڭ ئاساسىي سەۋەبى: كىرىمنىڭ ئېشىشى ئاستا بولدى، بولۇپمۇ تۇز بېجى كىرىمى سىياسەت سەۋەبلىك يىلمۇ يىل ئازىيىپ، ئاخىرىدا تامامەن كىرىم ئۈزۈلۈپ قېلىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى. مالىيىدە ھۆددىگە بېرىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىنكى بىر قانچە يىلدا، كېمىيىپ كەتكەن تۇز بېجى كىرىمى جۇغلانمىسى 30 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. بۇ، قىزىل رەقەم كۆرۈلگەنلىكنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىنىڭ بىرى؛ بىر قانچە يىللاردىن بۇيان ھېسابتا ئېشىپ قويۇلغان قىزىل رەقەم ھەل بولمىغان بولۇپ، ھەر يىلى يىل بېشىدىكى خام چوتنىڭ ئۈزىدىلا يوچۇق قالدۇردى؛ خادىملار خىراجىتىنىڭ ئېشىشى مالىيە كىرىمىنىڭ ئېشىشىدىن ئېشىپ كەتتى؛ ھۆددىگە ئالغان ۋاقىتتا بېكىتىلگەن نورملىق ياردەم بەك تۆۋەن بولۇپ قالدى.

**قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1950 – 1990- يىللىرىچە بولغان مالىيە چىقىمى تۈرلىرى**

جەدۋەل: 15 – 2

بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| تۈرى / يىللار | جەمئىي چىقىم | ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش خىراجىتى تۈرى | مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن-تېخنىكا، سەھىيە خىراجىتى تۈرى | مەمۇرىي باشقۇرۇش خىراجىتى تۈرى | يۆلەش ياردەم چىقىمى | تەرەققىي قىلمىغان جايلارغا بېرىلىدىغان ياردەم چىقىمى | مەخسۇس پۇل چىقىمى | باشقا چىقىملار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1950 | 41.2 | 0.9 | 11.7 | 28.6 | | | | |
| 1955 | 213.6 | 16.0 | 51.9 | 145.7 | | | | |
| 1960 | 1432.9 | 828.6 | 234.5 | 265.2 | | | | 104.6 |
| 1965 | 639.8 | 254.5 | 193.2 | 169.3 | | | | 22.8 |
| 1970 | 1324.4 | 844.0 | 248.3 | 248.3 | | | | 13.7 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1975 | 2055.7 | 1166.3 | 540.1 | 317.5 | | | | 31.8 |
| 1980 | 3910.0 | 2094.3 | 1035.7 | 550.2 | | | | 229.8 |
| 1985 | 6612.2 | 2473.6 | 2428.5 | 1250.2 | | | | 459.9 |
| 1986 | 9577.0 | 3441.6 | 2778.5 | 1452.3 | 1364.8 | | 71.4 | 468.4 |
| 1987 | 9361.8 | 3049.3 | 2505.2 | 1396.2 | 1680.0 | | 45.9 | 685.2 |
| 1988 | 10687.4 | 3741.5 | 2988.9 | 1633.3 | 1728.2 | 291.1 | 22.4 | 282.0 |
| 1989 | 12241.6 | 4171.6 | 3525.9 | 1981.6 | 1734.1 | 290.5 | 65.1 | 472.8 |
| 1990 | 13099.9 | 4279.2 | 4078.5 | 2436.6 | 1626.7 | 356.1 | 84.3 | 238.4 |

ئىزاھ: 1. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش تۈرى: دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇ ئىنشائاتلىرى، چارۋىچىلىق ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 2. مەدەنىيەت- مائارىپ، پەن- تېخنىكا، سەھىيە خىراجىتى: نەپىقە ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق قۇتقۇزۇش خىراجىتى ۋە باشقا كەسپىي خىراجەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 3. مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈرى: ج خ ئورۇنلىرى، تەپتىش ۋە سوت مەھكىمىلىرىنىڭ خىراجىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

### قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1978 – 1990 - يىلىغىچە بولغان يەرلىك مالىيە كىرىم- چىقىم ئەھۋالى

جەدۋەل: 15 – 3

| يىلار / تۈرى | ئومۇمىي كىرىم (تۈمەن يۈەن) | ئومۇمىي چىقىم (تۈمەن يۈەن) | كىرىم - چىقىم پەرقى (تۈمەن يۈەن) | كۆرسەتكۈچ (1978- يىلىنىڭ 100) | |
|---|---|---|---|---|---|
| | | | | ئومۇمىي كىرىم | ئومۇمىي چىقىم |
| 1978 | 3579.1 | 4544.7 | −965.6 | 100.00 | 100.00 |
| 1979 | 2857.2 | 4041.3 | −1184.1 | 78.63 | 88.92 |
| 1980 | 2527.3 | 3910.0 | −1382.7 | 69.55 | 86.03 |
| 1981 | 2560.4 | 3431.3 | −870.9 | 70.46 | 75.50 |
| 1982 | 3079.5 | 3917.1 | −837.6 | 84.75 | 86.19 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 1983 | 3289.9 | 4973.4 | −1683.6 | 93.70 | 108.43 |
| 1984 | 3706.7 | 6148.8 | −2442.1 | 102.01 | 135.30 |
| 1985 | 4457.3 | 6612.2 | −2154.9 | 122.66 | 145.49 |
| 1986 | 4934.1 | 9577.0 | −4642.9 | 135.73 | 210.88 |
| 1987 | 5144.1 | 9361.8 | −4217.7 | 141.56 | 205.99 |
| 1988 | 5481.3 | 10687.4 | −5206.1 | 150.84 | 235.16 |
| 1989 | 6271.3 | 12241.6 | −5970.3 | 172.58 | 269.36 |
| 1990 | 6736.6 | 13099.8 | −6363.2 | 185.39 | 288.24 |

## §4. مالىيە نازارەتچىلىكى ۋە باشقۇرۇش

### 1. مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، قۇمۇل پەقەت چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ھېساباتنى يوللايتتى، كىرىمنىڭ ھەممىسىنى يۇقىرىغا تاپشۇراتتى. چىقىمنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەكشۈرۈپ تەستىقلايتتى. مىنگونىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە، كىرىم ـ چىقىمنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەكشۈرۈپ بېكىتەتتى. مىنگونىڭ 31- يىلى (1942- يىلى) دىن كېيىن ناھىيىلىك مالىيە ئىشلىرىدا بىر تۇتاش كىرىم قىلىش، بىر تۇتاش كىرىم. چىقىمنى ھېسابلاش يولغا قويۇلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، 1951- يىلى كىرىم ـ چىقىمنى بىر تۇتاش ھېسابلاش يولغا قويۇلۇپ، ۋالىي مەھكىمىسىگە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلار ۋە ناھىيىلەر ۋالىي مەھكىمىسىگە ھېسابات مەلۇم قىلدى. 1953- يىلى، يېزا دەرىجىلىك مالىيە دۆلەت مالىيە تۈزۈلمىسىگە كىرگۈزۈلۈپ، ۋالىي مەھكىمىسى 1- دەرىجىلىك بوغالتىرلىق ئورنى، ۋالىي مەھكىمىسىگە بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلار ۋە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەر 2- دەرىجىلىك بوغالتىرلىق ئورنى بولدى.

1959- يىلى، ۋالىي مەھكىمىسىدە 1- دەرىجىلىك مالىيە تەسىس قىلىنىپ، ئومۇمىي خىل چوتنى باشقۇردى، ئۇنىڭ قارمىقىدا ناھىيىلەر يەنىلا 2- دەرىجىلىك مالىيە ئورنى بولدى. ئۆلكە ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا «ئومۇمىي سوممىنى تەقسىم قىلىپ، يىلدا بىر بېكىتتى». خام چوت كىرىمدىن ئاشقان قىسمىنى تەقسىم قىلىش نىسبىتى مۇنداق بولدى: مالىيە نازارىتىگە 25% نى تاپشۇرۇش، قۇمۇل، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرىگە 50% نى قالدۇرۇش، باركۆل ناھىيىسىگە 55% نى قالدۇرۇش، قالغان قىسمىنى ۋالىي مەھكىمىسى مالىيىسىگە تاپشۇرۇش.

1965- يىلىدىن باشلاپ، مالىيە تۈزۈلمىسى «ئومۇمىي سوممىنى تەقسىم قىلىش، يىلدا بىر بېكىتىش» تىن ئىبارەت بولدى. مالىيە خام چوتىدىكى ئاشۇرۇپ ئورۇندىغان كىرىمنى تەقسىم قىلىش نىسبىتى تۆۋەندىكىدەك بولدى: يەرلىك مالىيە خام چوتىدىكى ئاشۇرۇپ ئورۇندىغان كىرىمنىڭ مالىيە نازارىتىگە تاپشۇرۇلىدىغان قىسمىنى چىقىشتۇرۇۋەتكەندىن كېيىنكى ساپ قالدۇق قىسمىنىڭ قۇمۇل، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىرىگە 60% نى ئۆزىگە قالدۇرۇپ، ۋالىي مەھكىمىسىگە 40% نى تاپشۇرۇش، باركۆل ناھىيىسىگە 80% نى قالدۇرۇپ، 20% نى ۋالىي مەھكىمىسىگە تاپشۇرۇش.

1984- يىلى، كىرىم- چىقىمنى بېكىتىپ، «ئومۇمىي سومما تەقسىماتى ۋە كارخانا كىرىمىنى كىچىك ھۆددىگە ئېلىش» تەك مالىيە تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلۇپ، سودا- سانائەت كارخانىلىرىنى ھۆددىگە ئېلىپ ئاشۇرغان كىرىمنىڭ ھەممىسى يەرلىككە قالدۇرۇلدى، باشقا تۈرلۈك كىرىملەردە ئاشۇرغان ئومۇمىي كىرىم سوممىسىنىڭ 30% ى ئاپتونوم رايونغا تاپشۇرۇلۇپ، ۋىلايەت 70% نى ئۆزىگە قالدۇردى.

ۋىلايەت، ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ ئاشۇرۇپ ئورۇندىغان كىرىمىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا يەنىلا ئەسلى بېكىتىلگەن تەقسىمات نىسبىتى ئىجرا قىلىنىپ، قۇمۇل شەھىرى بىلەن ۋىلايەت تەڭ تەقسىم قىلدى. باركۆل ناھىيىسى ھەممىنى ئۆزىگە قالدۇردى، ئاراتۇرۇك ناھىيىسى ئۈچ يەتتە ئۈلۈش بويىچە تەقسىم قىلدى.

1986- يىلىدىن باشلاپ، ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ ھەممىسى «باج تۈرىنى ئايرىش، كىرىمنى بېكىتىش، دەرىجە بويىچە ھۆددىگە ئېلىش» تەك مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى يولغا قويدى. مالىيە نازارىتىنىڭ بېكىتىشى ئارقىلىق، قۇمۇل ۋىلايىتى مالىيە كىرىمىنىڭ تۈپ سانى 44 مىليون 71 مىڭ يۈەن، مالىيە چىقىمى تۈپ سانى 44 مىليون 801 مىڭ يۈەن، نورمىلىق ياردەم قىلىدىغان سوممىسى 3 مىليون 730 مىڭ يۈەن بولۇپ، بۇ تۆت يىلغىچە ئۆزگەرمىدى. تۆت يىل ئىچىدە نورمىلىق ياردەم قىلىدىغان سوممىنى يىلمۇ يىل ئاشۇردى، ئاشۇرۇش نىسبىتى 6% بولدى.

ۋىلايەت، ناھىيە، شەھەرلەر كۆپ كىرىم قىلسا، كۆپ چىقىم قىلدى، ئاز كىرىم قىلسا، ئاز چىقىم قىلدى، كىرىم- چىقىمنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشقا تىرىشتى.

### 2. خام چوت باشقۇرۇش

1) خام چوت ئىچىدىكى مەبلەغنى باشقۇرۇش  يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، غەربىي شىمال مەمۇرىي رايونى «غەربىي شىمال مەمۇرىي رايونى مالىيە كىرىم- چىقىمنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش چارىسى» نى ئېلان قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ كىرىم- چىقىم دائىرىسىنى ئايرىپ بەردى، بارلىق نەق پۇل كىرىمى ھەر دەرىجىلىك خەزىنىلەرگە تاپشۇرۇپ بېرىلىپ، مەركەز ۋە ھەر دەرىجىلىك مالىيە ئورۇنلىرىنىڭ ئاجرىتىپ بېرىشىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ھەر قانداق ئورگان ۋە شەخسنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ ئىشلىتىشكە ھوقۇقى يوق ئىكەنلىكى بەلگىلەندى.

مالىيە چىقىمى ھەر دەرىجىلىك خام چوت ئىچىگە كىرگۈزۈلدى، ھەر دەرىجىلىك مالىيە تارماقلىرىدىن يىللىق ۋە پەسىللىك، ئايلىق چىقىم خام چوتىنى تۈزۈش تەلەپ قىلىنىپ، بىر دەرىجە يۇقىرى مالىيە تارماقلىرى تەكشۈرۈپ تەستىقلىغاندىن كېيىن پۇل ئاجرىتىدىغان بولدى. خام چوت دوكلاتى بولمىسا، خام چوتنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىماسلىق، پۇل چۈشۈرۈپ بەرمەسلىك يولغا قويۇلدى.

1951- يىلى، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى «خام چوت، نەق چوت ۋاقىتلىق نىزامى» نى ئېلان قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىدىن ئومۇمىي خام چوت، ئومۇمىي نەق چوت تۈزۈشنى بەلگىلىدى،

بۇنىڭ بىلەن قۇمۇل ۋالىي مەھكىمىدىكى ئورۇنلار خام چوت، نەق چوتنى يولغا قويدى. ۋالىي مەھكىمىسىگە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلار ۋە ناھىيىلەر ھېسابات مەلۇم قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى.

1952- يىلى، ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ھەر خىل كەسپىي خىراجەتنى 1- ئايدىن باشلاپ، ۋالىي مەھكىمىلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى قارار قىلدى. ۋالىي مەھكىمە مالىيە بۆلۈمى ئۆلكىلىك ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار تەقسىم قىلىپ چۈشۈرۈپ بەرگەن خام چوت كۆرسەتكۈچى بويىچە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئايلىق، پەسىللىك خام چوتىنى تۈزۈپ مەلۇم قىلىشنى تەلەپ قىلدى، مالىيە بۆلۈمى خام چوت بويىچە پۇل چۈشۈرۈپ بەردى. ھەر ئايلىق چىقىم خام چوتى ۋە نەق چوتى ۋالىي مەھكىمىسى مالىيە بۆلۈمىگە مەلۇم قىلىنىپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلىتىلغاندىن كېيىن مالىيە نازارىتىگە يوللاندى.

1953- يىلى، مالىيە نازارىتى ۋالىي مەھكىمىسى 1- دەرىجىلىك بوغالتىرلىق ئورنى، ۋالىي مەھكىمىسىگە بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلار ۋە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەر 2- دەرىجىلىك بوغالتىرلىق ئورنى بولىدىغانلىقىنى، باشقا تۆۋەن ئورۇنلاردا ئايپارات تەسىس قىلىنمايدىغانلىقىنى، 2- دەرىجىلىك بوغالتىرلىق ئورنى كونكرېت باشقۇرىدىغانلىقىنى، يېزا دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ خىراجىتى دۆلەتنىڭ خام چوتىغا كىرگۈزۈلىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى.

1955- يىلى، كەسپىي خىراجەتنى باشقۇرۇش ھوقۇقى تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ بېرىلدى.

1956- يىلى، ۋالىي مەھكىمىسى ئاپتونوم رايوننىڭ ئومۇمىي خام چوتىنى ۋاكالىتەن يولغا قويدى ھەمدە ناھىيە دەرىجىلىك مالىيىنىڭ ئوخشاش ۋاقىتتا ئومۇمىي خام چوتنى يولغا قويۇشىنى قارار قىلدى.

1957- يىل 5- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ، ۋالىي مەھكىمىسى ئومۇمىي خام چوتنى ۋاكالىتەن يولغا قويۇشنى توختاتتى. ۋىلايەت دەرىجىلىك ئورگانلار، كەسپىي، كارخانا ئورۇنلارنىڭ مالىيە كىرىم- چىقىمىنى توغرا ئىجرا قىلىشنى ياخشى باشقۇرۇشتىن باشقا، قارمىقىدىكى ناھىيە، ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ ئومۇمىي خام چوتىنى تۈزۈش ۋە ئىجرا قىلىشنى ئومۇمىيۈزلۈك نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش ۋە يېتەكچىلىك قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالدى.

1958- يىلى، ۋىلايەت دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ خام چوتىدىكى خىراجەتنى چۈشۈرۈپ بېرىش نورمىلىق پۇل ئاجرىتىپ بېرىشكە ئۆزگەرتىلدى. يەنى ئورۇنلارنىڭ خام چوتى بويىچە پەسىل، ئايدا خىراجەت قىلىش چەكلىك سومما ئىلتىماسىنى مالىيە ئىدارىسىغا يوللاپ، مالىيە ئىدارىسى كۆرۈپ چىقىشنى ۋە خەلق بانكىسىغا بەلگىلەنگەن خىراجەت چەكلىك سوممىسى ئىچىدە ھەر ۋاقىتتا بېجىرىپ بېرىشنى ئۇقتۇرۇش قىلدى.

1986- يىلى، مالىيە ھۆددىگەرلىكى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ۋىلايەت ناھىيە، شەھەرلەرگە تۆۋەندىكىدەك ھۆددىگەرلىك كۆرسەتكۈچى بەلگىلەپ بەردى: قۇمۇل شەھىرىنىڭ كىرىم تۈپ سانى 33 مىليون 570 مىڭ يۈەن، چىقىم تۈپ سانى 14 مىليون 823 مىڭ يۈەن، يۇقىرىغا تاپشۇرىدىغان نورمىسى 18 مىليون 747 مىڭ يۈەن؛ باركۆل ناھىيىسىنىڭ كىرىم تۈپ سانى 3 مىليون 757 مىڭ يۈەن، چىقىم تۈپ سانى 8 مىليون 771 مىڭ يۈەن؛ نورمىلىق تولۇقلىمىسى 5 مىليون 14 مىڭ يۈەن؛ ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ كىرىم تۈپ سانى مىنۇس 128 مىڭ يۈەن، چىقىم تۈپ سانى 4 مىليون 554 مىڭ يۈەن، نورمىلىق تولۇقلىمىسى 4 مىليون 682 مىڭ يۈەن.

نورمىلىق تولۇقلىمىنىڭ ئېشىش نىسبىتى تۆۋەندىكىچە: ئاشۇرغان كىرىمنى تەقسىم قىلىش، قۇمۇل شەھىرى 50% بويىچە، باركۆل ناھىيىسى 7% بويىچە، ئاراتۈرۈك ناھىيىسى 6% بويىچە ۋىلايەتكە تاپشۇردى.

1988- يىلدىن باشلاپ، مەركەز مالىيىسىنىڭ تەڭشەش - تىزگىنلەش ئىقتىدارىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مەركەز يەرلىكتىن قەرز پۇل ئالدى، نورمال خىراجەتتىن سىرت، ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى ۋە مەخسۇس مەبلەغدىن

ئالغان قەرزى 10% بولدى، ئاپتونوم رايونغا قاراتقان نورملىق تولۇقلىما ئېنىشىنى بىكار قىلدى. مالىيە نازارىتى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ مالىيە ھۆددىگەرلىك تۈپ سانىنى مۇناسىپ تەڭشىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايوننىڭ ۋىلايەتكە يىلدا 6% ئاشۇرىدىغان نورملىق تولۇقلىمىسىنى بىكار قىلدى.

2) خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغنى باشقۇرۇش 1950 – 1951 - يىللىرى ۋىلايەتنىڭ بارلىق خىراجەت چىقىمىنى دۆلەت مالىيە خام چوتىغا كىرگۈزۈش ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقتىن، تۈرلۈك قوشۇمچە ھەق ئېلىش (يەرلىك ئۆزى جۇغلىغان خىراجەت) قا تايىنىپ قامداپ كەلدى. «شەھەرگە تايىنىپ شەھەر قۇرۇش»، «يەرلىككە تايىنىپ يەرلىكنى گۈللەندۈرۈش» فاڭجېنى بويىچە، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ پاراۋانلىق ئىشلىرى تەدرىجىي تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. قوشۇمچە خىراجەتنى ئۈستىگە ئالغۇچىلار شەھەر مەمۇرىيىتى پاراۋانلىقىدىن بەھرىمەن بولغۇچىلار بولدى.

1952- يىلىدىكى يەرلىك مالىيىنىڭ كىرىم قىلىش دائىرىسى: تۈرلۈك باج قوشۇمچە كىرىمى، باشقا تۈرلۈك كىرىملەر، يۇقىرىنىڭ تولۇقلىمىسىدىن بولغان كىرىم ھەم ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى كارخانىلار كىرىمىدىن ئىبارەت؛ تۈرلۈك چىقىم دائىرىسى: يېزا- بازارلارنىڭ مەمۇرىي خىراجەت چىقىمى، مائارىپ چىقىمى، مەدەنىيەت ئىشلىرى چىقىمى، سەھىيە ئىشلىرى چىقىمى، ئىجتىمائىي ئىشلار چىقىمى، خەلق ئەسكەرلىرى ئىشلىرى چىقىمى ھەم باشقا چىقىملاردىن ئىبارەت.

1954- يىلى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىنكى يەرلىك ئۆزى جۇغلىغان خىراجەتنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسىگە ئاساسەن، قۇمۇلنىڭ يەرلىك ئۆزى جۇغلاش تۈرلىرى: سودا- سانائەت تىجارەت بېجى، سودا- سانائەت تاپاۋەت بېجى، شەھەر ئۆي- زېمىن بېجى، چارۋا مال سودىسى بېجى، قان بېجى، دېھقانچىلىق بېجى، چارۋىچىلىق بېجىدىن ئىبارەت يەتتە خىل بولدى. سودا- سانائەت تىجارەت بېجى، سودا- سانائەت تاپاۋەت بېجى، شەھەر ئۆي- زېمىن بېجىنىڭ ھەممىسى ئۆلچەملىك باجنىڭ 10% ى بويىچە، چارۋا مال سودىسى بېجى، قان بېجى 5% ى بويىچە، دېھقانچىلىق بېجى، چارۋىچىلىق بېجى ئەمەلىي يىغىلغان باج سوممىسىنىڭ 5% ى بويىچە يىغىلدى.

يەرلىك ئۆزى جۇغلىغان خىراجەتنىڭ چىقىم دائىرىسى: كىچىك تىپتىكى كۆۋرۈك ياساش، يول رېمونت قىلىش ۋە كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش؛ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى قۇرۇش، رېمونت قىلىش، مۇئەسسەسە ۋە ساۋات چىقىرىش سىنىپلىرى، ئامما ئۈچۈن ئېچىلغان كەچلىك كۇرس قاتارلىقلارغا زۆرۈر بولغان تولۇقلىما، كوچا چىرىغى، يول بەلگىسى ئورنىتىش؛ شەھەرلەرنىڭ ئامىۋى تازىلىق مۇئەسسەسىلىرى، قۇدۇق رېمونت قىلىش؛ يېزىلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى، كوچا ئىش باشقارمىلىرىنىڭ ئىشخانىلىرىنى رېمونت قىلىش ۋە باشقا يەرلىك خاراكتېرىدىكى قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ چىقىمىدىن ئىبارەت.

1957- يىلى، يەرلىك ئۆزى جۇغلىغان خىراجەتنى باشقۇرۇش چارىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ، ئۆزى جۇغلاش تۈرى ئىچىدە قان بېجى قوشۇمچە ھەق ئېلىش توختىتىلىپ، سۇ ھەققى قوشۇلدى. سودا- سانائەت تىجارەت بېجى، سودا- سانائەت تاپاۋەت بېجى، شەھەر ئۆي- زېمىن بېجى 10% بويىچە، چارۋا مال سودىسى بېجى 5% بويىچە، دېھقانچىلىق بېجى، چارۋىچىلىق بېجى 12% بويىچە ئېلىندى، سۇ ھەققى چارىسى سۇ ئىشلىرى تارماقلىرىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە بولدى.

1961- يىلى، ۋىلايەت دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قوشۇمچە بېجىنى 10% بويىچە ئېلىشقا ئۆزگەرتتى.

1965- يىلى، ۋىلايەت دۆلەت ئىلكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنىڭ يەرلىك ئالىدىغان قوشۇمچە چارۋىچىلىق بېجىنى يۇقىرىغا تاپشۇرۇش ۋە قالدۇرۇش نىسبىتى: مەيدانغا 40% نى، يۇقىرى مالىيىگە 60% نى تاپشۇرۇشنى، ھۆكۈمەت بىلەن خوسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فىرمىلىرىدىن يەرلىك ئالىدىغان قوشۇمچە

ھەقنى يەنىلا 10% بويىچە ئېلىشنى بەلگىلىدى.

يەرلىك دۆلەت ئىلكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ئاممىۋى مۇئەسسەسەلىرىنى رېمونت قىلىش ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەر خىراجىتى قاتارلىق چىقىم ئېھتىياجىغا ئېتىبار بېرىش ئۈچۈن، ۋىلايەت شۇ يىلىنىڭ دېھقانچىلىق بېجىدىن يەرلىك قوشۇمچە ئالىدىغان ھەقنىڭ 50% ىنى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى ئۆزىگە قالدۇرۇش، 50% ىنى يۇقىرى مالىيىگە تاپشۇرۇشنى قارار قىلدى.

1986 – 1987 - يىللىرى چارۋىچىلىق بېجى ئېلىش توختىتىلدى. 1988- يىلدىن باشلاپ، چارۋىچىلىق بېجى ئېلىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، چارۋىچىلىق باج كىرىمىنى ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ ئوت- چۆپ يېتىشتۈرۈش فوندى قىلىش بەلگىلىنىپ، ئۇنى ئوتلاق قۇرۇلۇشى ۋە ئوت- چۆپ تېرىش تولۇقلىمىسى قىلىشقا ئىشلەتتى. ناھىيە، شەھەرلەر ھەر يىلى چارۋىچىلىق بېجىنىڭ خەزىنىگە كىرگەن ئومۇمىي سوممىسىدىن 20% نى ئاجرىتىپ يەرلىكنىڭ قوشۇمچە خىراجىتى قىلىپ، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى يېزا - كەنت جامائەت پاراۋانلىقى ئىشلىرىغا ئىشلەتتى.

3) **بانكىلاردىكى ئامانەتنى توڭلىتىش** 1960 – 1961 - يىللىرى، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» كەلتۈرۈپ چىقارغان مالىيە قىيىنچىلىقىنى يېڭىش ئۈچۈن، مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلار ۋە كارخانا ئورۇنلارنىڭ مەخسۇس ئامانىتى توڭلىتىلدى. ئېنىقلانغاندىن كېيىن 1960- يىلى قالدۇق ئامانەتتىن 2 مىليون 700 مىڭ يۈەن توڭلىتىشقا تېگىشلىك بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يۇقىرى مالىيىگە تاپشۇرۇلىدىغىنى 826 مىڭ يۈەن. 1961- يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، توڭلىتىلغان ئامانەت قالدۇقى 846 مىڭ يۈەن بولدى. 1962- يىل 6- ئايدا، ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى خام چوت ھېساباتىنى ئۆزگەندىن كېيىنكى قالدۇق ئامانەت ( كۆكشېنىڭ مەبلەغ سېلىشنى قوللاش ۋە تەگشەپ يۆتكەشكە قايتۇرۇپ تۆلەش قالدۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) ۋە يەرلىك مالىيىنىڭ بارلىق خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغنىڭ قالدۇقى پۈتۈنلەي توڭلىتىلدى. پۇل تارقىتىشنى كونترول قىلىش ئۈچۈن، 1960 – 1961- يىللىرى توڭلىتىپ قويۇلغان ئامانەت شۇ پېتى تۇردى. 1968- يىل 2- ئايدا، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» سەۋەبلىك مالىيە قىيىنچىلىقى كېلىپ چىققانلىقتىن، 1967- يىل يىل ئاخىرىدىكى سان بويىچە مەمۇرىي، كەسپىي، كارخانا ئورۇنلارنىڭ ئامانىتى توڭلىتىلدى. 1976- يىل 10- ئايدىن كېيىن، مەمۇرىي، كەسپىي، كارخانا ئورۇنلارنىڭ ئامانىتىدە كارخانىنىڭ ئايلانما مەبلىغى قاتارلىق يەتتە مەخسۇس تۈر ۋە 11-، 12- ئايلىق خادىملار خىراجىتىدىن باشقا خىراجەت بىردەك توڭلىتىلدى، توڭلىتىلغان ئامانەتنىڭ بەلگىلىمە بويىچە ئەسلىگە كەلتۈرگەن خىراجەتتىن باشقىسى يۇقىرى مالىيىگە تاپشۇرۇلدى.

4) **ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ سېتىۋېلىش كۈچىنى كونترول قىلىش** 1960- يىلى، كۆرسەتكۈچ تەكشۈرۈپ بېكىتىلىپ، كىنىشكىغا قاراپ تەمىنلەپ، نورمىلىق كونترول قىلىندى. شۇ يىلى ۋىلايەتنىڭ مەمۇرىي خىراجىتى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 20%، ناھىيىلەرنىڭ 15% تېجەپ قېلىندى. 1961- يىلى، بارلىق ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدە بولمىغان سېتىۋېلىش خىراجىتىنى ئاجرىتىپ بېرىش بىردەك توختىتىلىپ، مەمۇرىي خىراجەت چىقىمى 1960- يىلدىكى ئاساستا يەنە 10% تېجەپ قېلىندى. 1962- يىلدىن باشلاپ، ئۈچ يىل ئىچىدە كىرىملىرى، گىلەم قاتارلىق 22 خىل ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدە بولمىغان ئۇسكۇنىلەردىن ئىبارەت ئالىي دەرىجىلىك تاۋارلارنى سېتىۋېلىشقا يول قويۇلمىدى. 1978- يىلى، ۋىلايەتتە سېتىۋېلىشنى تىزگىنلەش ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، پىلانلىق باشقۇرۇش، نورمىلىق كونترول قىلىش، كىنىشكا بويىچە سېتىۋېلىش، نۇقتىلار بويىچە تەمىنلەش، مەخسۇس تالون ئىشلىتىش، مەخسۇس تۈرلەرنى تەستىقلاش يولغا قويۇلدى. 1979- يىل 11- ئايدىن 1980- يىل 6- ئايغىچە، دۆلەت

بەلگىلىگەن مەخسۇس تاۋارلاردىن بىر قىسىم پەۋقۇلئاددە ئەھۋالدىكىلەردىن باشقىلىرى تەستىقلاش، مال بىلەن تەمىنلەش بىردەك توختىتىلدى. شۇ يىلى ۋىلايەتنىڭ ئىجتىمائىي گۇرۇھلار سېتىۋېلىش كۈچى كۆرسەتكۈچىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى: يىللىق كۆرسەتكۈچى 5 مىليون 300 مىڭ يۈەن، ئىجرا قىلىنغىنى 3 مىليون 710 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە كىنىشكا بويىچە سېتىۋالغان قىسمى 2 مىليون 44 مىڭ يۈەن، ئىجرا قىلىنغىنى 1 مىليون 650 مىڭ يۈەن بولدى؛ بىر تۇتاش تۇتۇپ قالغان كۆرسەتكۈچ قىسمى 3 مىليون 256 مىڭ يۈەن، ئىجرا قىلىنغىنى 2 مىليون 60 مىڭ يۈەن بولدى. 1980- يىلى، مەخسۇس كونترول قىلىنغان تاۋار 28 خىلدىن 32 خىلغا كۆپەيدى. 1982- يىلى، تەستىقلاش هوقۇقى مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، «مەخسۇس كونترول قىلىنغان تاۋارلارنى تەستىقلاش تالونى» غا قاراپ مال بىلەن تەمىنلەشتە چەك تۇرۇلدى. 1984- يىلى، مەخسۇس كونترول قىلىنغان تاۋار 14 خىلغا ئازايدى. 1985- يىلى، 17 خىلغا كۆپەيدى ھەمدە تەستىقلاش هوقۇقى مۇۋاپىق ھالدا مەركەزلەشتۈرۈلدى. 1988- يىل 10- ئايدا 19 خىلغا، 1989- يىلى 32 خىلغا كۆپەيدى. ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ سېتىۋېلىش كۈچىنى ئومۇمىي كونترول قىلىش كۆرسەتكۈچى 15 مىليون يۈەن بولۇپ، ئەمەلىي ئورۇندالغىنى 21 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، پىلاندىن 42.33% ئاشتى.

3. مالىيە نازارەتچىلىكى

1953- يىلى، ۋالىي مەھكىمىسى بىر مالىيە مەمۇرىي مۇپەتتىشى قويدى. ناھىيىلەر ۋە ۋىلايەتتىكى ئۇقتىلىق ئورۇنلار مالىيە مەمۇرىي مۇپەتتىش مەلۇماتچىسى قويۇپ، خام چوت، نەق چوت ھېساباتى، مالىيە كىرىم- چىقىمى پىلانىنى تۈزۈش ۋە ئىجرا قىلىش؛ باج پۇلى، پايدا، ئامورتىزاتسىيىنى توغرا ھېسابلاش ۋە ۋاقتىدا خەزىنىگە كىرگۈزۈش؛ خەلق بانكىسىنىڭ دۆلەتنىڭ كاسسىرلىق چارىسىنى ئىجرا قىلىش ۋە قانات بانكىسىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشلارغا پۇل ئاجرىتىش چارىسىنى توغرا ئىجرا قىلىش؛ كارخانا، كوپىراتىپ قاتارلىق تارماقلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەمۇرىي مۇپەتتىشلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ مالىيە ئىنتىزامىغا خىلاپ ئەھۋاللار بىلەن كۈرەش قىلىشتا چەك تۇرۇش- تۇرالماسلىقى؛ كارخانىلار بوغالتىرلىق خىزمىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلغان- قىلمىغانلىقى ۋە ھەر خىل مەلۇمات جەدۋەللىرىنى ۋاقتىدا يوللىغان- يوللىمىغانلىقى؛ بارلىق مالىيە خادىملىرىنىڭ تۈزۈمگە بويسۇنغان- سۇنمىغانلىقى، ئۆز كەسپىگە سادىق بولغان- بولمىغانلىقىنى مۇپەتتىش قىلدى، تەكشۈرۈش ماتېرىيالىغا ئاساسەن، ئورۇنلارغا بوغالتىرلىق خىزمىتىنى ياخشىلاش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى، يۇقىرى دەرىجىلىك مالىيە مۇپەتتىشلىك ئاپپاراتلىرى تۆۋەن دەرىجىلىك مالىيە مۇپەتتىشلىك ئاپپاراتلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇردى.

1953- يىلى، جەمئىي 10 ئورۇن تەكشۈرۈلۈپ، خىيانەت قىلىنغان 2250.4 يۈەن ھۆكۈمەت پۇلى ئېنىقلاندى. (يېڭى خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇلدى، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش) خىيانەت قىلىنغان پۇلدىن 1952.54 يۈەن قايتۇرۇپ كېلىنىپ، 14 كىشى بىر تەرەپ قىلىندى. 1955- يىلى جەمئىي 17 ئورۇن تەكشۈرۈلۈپ، مالىيە ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلغان 20 ئادەم تەكشۈرۈلۈپ، ئايرىم بىر تەرەپ قىلىندى.

1958- يىلى، ئورۇنلارنىڭ يىل ئاخىرىدا زەربىدارلىق بىلەن پۇل خەجلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ۋالىي مەھكىمىسى مۇپەتتىشلىك باشقارمىسى تەشكىللىگەن خىزمەت گۇرۇپپىسىغا ھەمكارلىشىپ، 39 ئورۇن ئۇقتىلىق تەكشۈرۈلدى، 27 زەربىدارلىق بىلەن پۇل خەجلەش ۋەقەسى ئېنىقلاندى، زەربىدارلىق بىلەن خەجلەنگەن پۇل 5514 يۈەن بولۇپ، يىغىۋېلىنىپ خام چوتقا تاپشۇرۇلغىنى 1088 يۈەن.

1977- يىلىدىن كېيىن، ھەر يىلى مالىيە كەلگ كۆلەملىك تەكشۈرۈلدى، ئورۇنلار ئۆز ئۆزىنى تەكشۈرۈش ئاساسىدا ئۆز ئارا تەكشۈرۈشكە تەشكىللەندى. ئۇقتىلىق ئورۇنلار ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى. 1982- يىلى مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈمىنى چىگىتىش ئۈچۈن، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 26 ماددىلىق مالىيە تۈزۈمى تۈزۈپ چىقىلىپ، 1983- يىل 1 - ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ ئىجرا قىلىندى.

1977- يىلىدىن باشلاپ، ھەر يىلى مالىيە، باج بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلدى، 1990- يىلغىچە، 21 مىليون 240 مىڭ يۈەن تۈزۈمگە خىلاپ پۇل تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى.

# II باب

# باج ئىشلىرى

## §1. ئاپپاراتلار

1. ۋىلايەتلىك ئاپپارات

مىنگونىڭ 25- يىلى (1936- يىلى)، قۇمۇل رايونىدا باج ئىدارىسى قۇرۇلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1949- يىل 10- ئايدىن 1950- يىل 5- ئايغىچە، ئەسلىدىكى باج ئىدارىسى دېگەن نام داۋاملىق قوللىنىلدى. 1950- يىل 6- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسى قۇرۇلدى، قارمىقىدا كاتىپيات ئىشخانىسى، بوغالتىرلىق بۆلۈمچىسى، ستاتىستىكا بۆلۈمچىسى، بىۋاسىتە باج بۆلۈمچىسى، يەرلىك باج بۆلۈمچىسى، شىڭشىڭشيا باج پونكىتى، توغۇچى باج پونكىتى، تاغدىكى چارۋىچىلىق رايونلاردا يەنە ئۈچ سەييارە باج گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى.

1958- يىلى، مالىيە، باج ئاپپاراتلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ، قۇمۇل ۋالىي مەھكىمىسى مالىيە ئىدارىسى قىلىندى، قارمىقىدا باج بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ، باج كەسپىنى بېجىرمەي، پەقەت باج سىياسەتلىرىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈشكىلا مەسئۇل بولدى. سابىق ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسى بېجىرىۋاتقان باج كەسپى قۇمۇل ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ بېجىرىشىگە چۈشۈرۈپ بېرىلدى.

1960- يىلىدىن باشلاپ، ئەسلى قۇمۇل ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسى يىغىپ باشقۇرۇۋاتقان شەھەر تەۋەسىدىكى دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار، ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىلار، كوللېكتىپ كارخانىلار ھەمدە يەككە تىجارەتچىلەردىن باج يىغىش كەسپىنى، باج يىغىش، باشقۇرۇش خادىملىرىنى ۋىلايەتلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ باج بۆلۈمىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. پويىز ئىستانسىسى باج پونكىتىنى ۋىلايەتلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. قۇمۇل ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسى يېزىلاردىكى باج يىغىش، باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئۇقتىلىق كۆچەيتتى.

1962- يىل 6- ئايدىن باشلاپ، ۋىلايەتتىكى مالىيە، باج ئاپپاراتلىرى ئايرىۋېتىلدى. ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسى

ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، قارىمىقىدا ئىشخانا، باج ئىشلىرى بۆلۈمى، پويىز ئىستانسىسى باج پونكىتى، تارانچى باج پونكىتى تەسىس قىلىنىپ، يەنىلا شەھەر تەۋەسىدىكى باج كەسپىنى بېجىردى.

1963- يىلىنىڭ ئاخىرى، ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قۇمۇل ناھىيىلىك باج ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، شەھەر- يېزىلارنىڭ باج يىغىش، باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلىدى. سابىق ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسىنىڭ باج يىغىش سىياسەتلىرىنى نازارەت قىلىش، ھەيدەكچىلىك قىلىش ۋە تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى كەسىپلەر ۋالىي مەھكىمىسى مالىيە- باج بۆلۈمىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. تارانچى باج پونكىتى يەنىلا ۋالىي مەھكىمىسى مالىيە- باج بۆلۈمىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ۋالىي مەھكىمىسى مالىيە- باج بۆلۈمىنىڭ كەسپىي خىزمەتلىرى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

1974- يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ۋىلايەتلىك مالىيە ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، ئىدارە قارىمىقىدا بۆلۈملەر تەسىس قىلىنىپ، كەسىپ خاراكتېرى بويىچە بۆلەكلەرگە بۆلۈپ باشقۇرۇلدى؛ تارانچى باج پونكىتى يەنىلا ۋىلايەتلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى. 1980- يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ۋىلايەتلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ نامى ۋىلايەتلىك مالىيە- باج باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

1984- يىل 10- ئايدا، ۋىلايەتلىك باج ئىشلىرى باشقارمىسى قۇرۇلدى. 1985- يىل 3- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ، باج ئىشلىرى باشقارمىسى ۋېرتىكال باشقۇرۇشنى يولغا قويدى.

### 2. ناھىيىلىك، شەھەرلىك ئاپپاراتلار

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، باركۆل ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەر بېجى، چارۋىچىلىق بېجى قاتارلىقلارنى ناھىيە يىغدى؛ قۇمۇلدىكى ئۇيغۇر خەلقى قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ باشقۇرۇشىغا قارىغانلىقتىن، ھۆكۈمەتكە باج تاپشۇرمايتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چېيەنلۇڭ يىللىرىدا، قۇمۇل مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، پەقەت تاشۇيلىق، سايىيشى كۆلىدىكى ئۆزلەشتۈرۈلگەن يەرلەردىن ئاز مىقداردا ئاشلىق يىغىلاتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ29- يىلى (1849- يىلى) دىن باشلاپ، قۇمۇل مەھكىمىسى شەرقىي يېڭى مەھەللىدىكى كۆچمەنلەردىن يەر بېجى ئېلىشنى باشلىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 11- يىلى (1885- يىلى)، باركۆل مەھكىمىسىنىڭ قارىمىقىدا قۇمۇل شۆبە باج ئىدارىسى قۇرۇلدى ھەمدە باج تەكشۈرۈش چارىسى تەسىس قىلىندى.

مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، يەر بېجى، چارۋا بېجى، كۆرە بېجى، مال بېجى قاتارلىقلارنى يەنىلا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىۋاسىتە يىغىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تاپشۇردى. قۇمۇل ناھىيىلىك ھۆكۈمەت كونا تۈزۈمنى ساقلاپ قالدى. مىنگونىڭ 24- يىلى (1935- يىلى)، قۇمۇل ۋاڭلىقىغا قارىتا «ئەمەل ۋارىسلىقىنى بىكار قىلىپ، ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئەمەلدار قويۇش تۈزۈمى» يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، قۇمۇل ناھىيىسىدىكى دېھقان، چارۋىچىلار ھۆكۈمەتكە ئاشلىق ۋە باج تاپشۇرىدىغان بولدى. باركۆل ناھىيىسى خەزىنە باج ئىدارىسىنى بىكار قىلىپ، نامىنى باج ئىدارىسىغا ئۆزگەرتتى. يەر خېتى بېجى، يەر بېجى، چارۋا بېجى، كۆرە بېجى قاتارلىقلارنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت يىغىپ ئۆلكىگە تاپشۇردى. مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى) 7- ئايدا، شىنجاڭدا باج ئاپپاراتلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، باج يىغىش يېرىم يىل توختاپ قالدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950- يىل 6- ئايدا، ناھىيىلەردە باج ئىدارىسى قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ۋىلايەتلىك مالىيە، باج ئاپپاراتلىرىنىڭ ئايرىلىشى ۋە بىرلىشىشىگە ئەگىشىپ، ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ مالىيە، باج ئاپپاراتلىرىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. 1985- يىل 3- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ، ناھىيىلىك، شەھەرلىك باج ئىشلىرى بۆلۈمى (ئىدارىسى) ۋېرتىكال باشقۇرۇشنى يولغا قويدى.

# §2. باج تۈرلىرى

**1. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى باج تۈرلىرى**

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 20- يىلى (1755- يىلى)، تېرىلماي قالغان يەرلەر ھەر بىر ئائىلىگە 30 مودىن ئىجارىگە بېرىلىپ، ئۇرۇق، كالا، سايمان قاتارلىقلارنى ھۆكۈمەت تارقىتىپ بەردى، كۈزدە ھوسۇل ئېلىنغاندىن كېيىن، ئۇرۇق چىقىرىۋېتىلىپ، ھوسۇلنىڭ تۆت ئۈلۈشى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇلىدىغان بولدى، تۆت يىل تېرىلغاندىن كېيىن، بەلگىلەنگەن باج نورمىسى ئۆستۈرۈلۈپ، باج تۈرىگە كىرگۈزۈلدى. بۇ قۇمۇلدا يەر بېجى ئېلىشنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالدى.

باركۆلدە چارۋا مال بېجى ئېلىش يەر بېجىدىن بۇرۇن باشلاندى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 26- يىلى (1846- يىلى)، قۇمۇل مەھكىمىسى ھەر خىل باج- سېلىق نىزامىنى تۈزۈپ، ئىچكىرىگە بارىدىغان ۋە ئىچكىرىدىن چىققان ئۆتكۈنچى سودىگەرلەردىن باج ئېلىپ، ئۇنى قۇمۇل مەھكىمىسىنىڭ جىنايەتچىلەرنى توشۇيدىغان ھارۋا كىراسىنىڭ تولۇقلىمىسى قىلدى، يۇقىرىغا تاپشۇرمىدى، ھېسابقا كىرگۈزمىدى.

گۇاڭشۈنىڭ 7- يىلى (1881- يىلى)، «جۇڭگو- روسىيە ئىلى شەرتنامىسى» دا: قۇمۇل روسىيە بىلەن سودا قىلىدىغان پورت قىلىپ بېكىتىلدى. روسىيە سودىگەرلىرى باج تاپشۇرمايدىغان بولغاچقا، باج كىرىمى يوق ئىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 8- يىلى (1882- يىلى)، قۇمۇل، گۇچۇڭ باج ئىدارىسى قۇرۇلدى ھەم توققۇز ماددىلىق قۇمۇل، گۇچۇڭ باج نىزامى تۈزۈپ چىقىلدى. قۇمۇل باج ئىدارىسى شەنشى، گەنسۇ، سۇجۇ (ھازىرقى جيۇچۈەن)، جيايۇگۇەن ئارقىلىق شىنجاڭ قۇمۇلغا كىرگەن ماللاردىن باج ئالدى. باركۆل چەت- ياقا، مال ئاز، ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇمۇلغا يېقىن قوشنا بولغاچقا، قۇمۇل شۆبە ئۆتكىلى قىلىنىپ، باج تەكشۈرۈش چارىسى تەسىس قىلدى. قۇمۇل ئامبىلى باشقۇرغۇچى ۋە تەكشۈرگۈچى سەييارە سىپاھلارنى ئەۋەتىپ، جيايۇگۇەن، باۋتۇ، گۈيسۇيدىن شىنجاڭغا كىرگەن ماللاردىن باج ئېلىشقا مەسئۇل قىلدى. باج نىسبىتى 3% بولدى. ئېلىنغان باجنى باركۆل- ئۈرۈمچى دوتيېي تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ۋىسال خەزىنىسىگە كىرگۈزۈلدى. يەرلىك ماللاردىن باج ئېلىش ئۈچۈن، يەرلىك ئەمەلدارلار شۇ يەردىكى ھاللىق سودىگەرلەرنى بېدىك قىلىپ تۇرغۇزدى ھەمدە سودىنى مۇشۇ بېدىكلەر ئارقىلىق قىلدى، ئېلىنغان مال بېجى بېدىكلەرگە ھاۋالە قىلىندى، بېدىكلەر باجنى يىغىپ يەرلىك ئەمەلدارلارغا تاپشۇرسا، يەرلىك ئەمەلدارلار ئاندىن ئۇنى يۇقىرىغا تاپشۇردى، بېدىكلەر باج پۇلىدىن 2% نى خىراجەت ھېسابىدا ئېلىپ قالدى. باركۆلنىڭ باج ئۈچۈن ئېلىنىدىغان كۆلىمى ئاز، ئىدارە چارىسىنىڭ چىقىمى كۆپ، يەنە كېلىپ روسىيە سودىگەرلىرى شەرتنامە بويىچە مال بېجى تاپشۇرمايدىغان بولغاچقا، گۇاڭشۈ 19- يىلى (1893- يىلى) غا كەلگەندە، تۈرلۈك ماللاردىن ئېلىنىدىغان باج توختىتىلىپ، باج چارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. گۇاڭشۈ 28- يىلى (1902- يىلى)، باج چارىسى، سودا ماللىرىدىن باج ئېلىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئاساسەن يايلاق ئارقىلىق چېگرىدىن كىرگەن ماللاردىن باج ئېلىندى.

گۇاڭشۈ 34- يىلى (1908- يىلى)، 20 ماددىلىق بىر تۇتاش باج نىزامى تۈزۈپ چىقىلدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ يىللىرىدا، چارۋا بېجى — ھايۋان بېجى، قوي بېجى، ئوت- چۆپ بېجى دەپ ئاتالدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوتلاق ئىجارە ھەققى ئېلىنىپ، ئادەتتە ئات، كالا، قويلارنىڭ تۇياق سانى بويىچە باج ئېلىندى. باجنىڭ نامى كۆپ، نىسبىتى تۇراقسىز بولدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۇەنتۇڭ 3- يىلى (1911- يىلى)، يەرلەرنى يەنە بىر قېتىم ئۆلچەپ، 1-، 2-، 3- دىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىگە بۆلۈپ، دەرىجە بويىچە باج ئېلىندى. 1- دەرىجىلىك يەرنىڭ ھەر موسىدىن يەتتە شىڭ، 2- دەرىجىلىك يەردىن تۆت شىڭ، 3- دەرىجىلىك يەردىن ئۈچ شىڭ ئاشلىق باج ئېلىنىپ، ھەر بىر مو ئۆستىگە يەنە ئۈچ ئۈچۈم چاشقان ۋە تۆشقاچنىڭ خورىتىشى قوشۇپ ئېلىندى.

## 2. مىنگو دەۋرىدىكى باج تۈرلىرى

مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، ياڭ زېڭشىن شىنجاڭدا باج ئېلىشنى رەتكە سېلىپ، دۆلەت باج تۈرى ۋە يەرلىك باج تۈرىگە ئايرىدى. باج يىغىش چارىسى قانارلىقلارنى تۈزۈپ چىقىپ، يەر بېجىنى دۆلەت بېجىغا كىرگۈزۈپ، ئۇنى كۆپەيتىشكە كۆپەيتمىدى. 1- دەرىجىلىك يەرنىڭ مو بېشىغا يەتتە شىڭ ئاشلىق ئېلىشنى بەلگىلەپ، 2- دەرىجىلىك، 3- دەرىجىلىك يەردىن ئېلىنىدىغان باجنى مۇناسىپ كېمەيتتى.

مىنگونىڭ 2- يىلى (1913- يىلى) 11- ئايدا، باج دۆلەت بېجى ۋە يەرلىك باجدىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە ئايرىلدى. دۆلەت بېجى: ئۇزۇق- تۈلۈكتىن ئېلىنىدىغان نورمال باج، ھۆكۈمەت ئىجارىسى تاپاۋەت بېجى، ئۇمۇمىي سەرپىياتتىن ئېلىنىدىغان باج، باغۋەنچىلىكتىن ئېلىنىدىغان باج، زەرگەرچىلىك بېجى، قومۇشچىلىق بېجى، توگمەن- جۇۋاز بېجى، سۇ ئۇقۇرى (سۇ سوقىسى) دىن ئېلىنىدىغان باج، ئۈزۈم بېجى، كېۋەز يەر بېجى، بېدىلىك بېجى، كۆمۈر بېجى، پىلە قۇرتى بېجى، ئۆي ئىجارىسى بېجى، تۇز بېجى، بىر تۇتاش باج، يەر خېتى بېجى، ھاراق بېجى، ھۆكۈمەت پۇلىنىڭ ئۆسۈمىدىن ئېلىنىدىغان باجدىن ئىبارەت. يەرلىك باج: ئىككى بەش ئارىلاش شەخسىي سەرپىياتىدىن ئېلىنىدىغان باج، قىر بېجى، ئوت- چۆپ بېجى، چارۋا مال بېجى، تارازا بېجى، ماي بېجى، ئىككى بەش ئارىلاش سودا بېجى، چاي بېجىدىن ئىبارەت.

مىنگونىڭ 3- يىلى (1914- يىلى) 8- ئايدا، شىنجاڭدا ماركا بېجى تەسىس قىلىندى.

مىنگونىڭ 16- يىلى (1927- يىلى)، دۆلەت بېجى، يەرلىك باج تۈرلىرى قايتا ئايرىلدى. سودا- سانائەت بېجىغا تەۋە بولغىنى تاموژنا بېجى، بىر تۇتاش باج، ماركا بېجى، ھاراق- تاماكا بېجى قاتارلىقلار بولدى.

مىنگونىڭ 27- يىلى (1938- يىلى)، ھۆكۈمەت پەرمان چۈشۈرۈپ، پەۋقۇلئاددە مەزگىلدە ھەربىي ئېھتىياج زور بولغاچقا، تۈرلۈك بىر تۇتاش باج ۋە ھاراق- تاماكا بېجى قاتارلىق باجلارنى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قوشۇپ ئېلىش، ماركا (تامغا) بېجىنىڭ باج نىسبىتىنى ھەسسىلەپ ئېلىش ھەمدە باج ئېلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، باج تاپشۇرمىغانلارنى قاتتىق جازالاشنى جاكارلىدى.

مىنگونىڭ 31- يىلى (1942- يىلى)، شىنجاڭ ئۆلكىسى مىراس بېجى ئېلىش نىزامىنى ئېلان قىلدى ھەمدە مىراس بېجى ئېلىشنى باشلىدى.

مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى)، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بورا بېجى ئېلىشنى ئېلان قىلدى.

مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى)، شىنجاڭدا ئامىۋى پاراۋانلىق بېجى ئېلىش ئېلان قىلىندى ھەمدە باج ئېلىنىشقا باشلىدى.

## 3. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى باج تۈرلىرى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، قوللىدا تەسىس قىلىنىپ ئېلىنغان باج تۈرلىرى: تاۋار ئوبوروتى بېجى، مال بېجى، سودا- سانائەت تىجارەت بېجى، ماركا بېجى، قان بېجى، چارۋا مال سودىسى بېجى ۋە ئامانەت پۇل ئۆسۈمىنىڭ تاپاۋەت بېجىدىن ئىبارەت يەتتە خىل بولدى.

1958- يىلى، ۋىلايەت كونكرېت تەسىس قىلىپ ئالغان باج: سودا- سانائەت بىر تۇتاش بېجى، سودا- سانائەت تاپاۋەت بېجى، ئۆسۈم تاپاۋىتى بېجى، چارۋا مال سودىسى بېجى، قان بېجى، كېمە، ماشىنا، ھارۋىلارنى ئىشلىتىش گۇۋاھنامىسى بېجى، مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش بېجىدىن ئىبارەت يەتتە خىل بولدى.

1959- يىلى، قۇمۇل ناھىيە بازىرىدا شەھەر تۈي- جاي، مۈلۈك بېجى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

1961- يىلى، قۇمۇل ناھىيىسى تەۋەسىدە تۇز بېجى ئېلىش باشلاندى.

1973- يىلى، باج تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنغاندىن كېيىن، قۇمۇل ۋىلايىتى تەسىس قىلىپ ئالغان باج تۈرلىرى: سودا- سانائەت بېجى، سودا- سانائەت تاپاۋەت بېجى، قان بېجى، چارۋا مال سودىسى بېجى، بازار سودا بېجى، شەھەر تۈي- جاي، مۈلۈك بېجى، ماشىنا، پاراخوت ئىشلىتىش نومۇر تاختىسى بېجى، تۇز بېجىدىن ئىبارەت سەككىز خىل بولدى.

1981- يىلى، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلاردىن تاپاۋەت بېجى ئېلىندى.

1983- يىل 2- ئايدا، دۆلەت ئېنېرگىيە، قاتناش، نۇقتىلىق قۇرۇلۇش فوندى بېجى ئېلىش باشلاندى. 6- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ، بىناكارلىق- قۇرۇلۇشقا مەبلەغ سېلىش بېجى ئېلىش باشلاندى.

1984- يىل 10- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ، سودا- سانائەت بېجى مەھسۇلات بېجى، قوشۇلما قىممەت بېجى، تىجارەت بېجى ۋە تۇز بېجىغا ئايرىلدى. بايلىق بېجى (كۆمۈر) ئېلىش باشلاندى. ئۆي- جاي، مۈلۈك بېجى، يەردىن پايدىلىنىش بېجى، ماشىنا، پاراخوت ئىشلىتىش نومۇر تاختىسى بېجى ۋە شەھەرنى ئاسراش قۇرۇلۇش بېجى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، باج ئېلىش باشلاندى. دۆلەت ئىلكىدىكى چوڭ تىپتىكى كارخانىلاردىن تەڭشەش بېجى ئېلىندى.

1985- يىلى، قۇمۇلدا يېڭىدىن تەسىس قىلىنىپ ئېلىنغان باج تۈرلىرى: شەھەرنى ئاسراش قۇرۇلۇش بېجى، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلارنىڭ مۇكاپات سوممىسى بېجى، قۇرۇلۇش بېجى، تەڭشەش بېجىدىن ئىبارەت.

1986- يىل 7- ئايدا، مائارىپ خىراجىتى قوشۇمچىسى ئېلىش باشلاندى. 12- ئايدا، قۇمۇل شەھىرى شەھەر تۈي- جاي، مۈلۈك بېجى، ماشىنا، پاراخوت ئىشلىتىش نومۇر تاختىسى بېجى ئېلىشنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

1988- يىلى، شەھەر- بازارلاردا يەردىن پايدىلىنىش بېجى ئېلىش باشلاندى، چارۋىچىلىق بېجى ئېلىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

1990- يىلى، دۆلەت خام چوت تەڭشەش فوندى ئېلىندى.

## §3. باج تۈزۈمى

### 1. دېھقانچىلىق باج تۈزۈمى

چىڭ سۇلالىسى قۇمۇلدا يەر بېجى ئېلىشنى تەسىس قىلغان چاغدا، پىششىق يەرنىڭ مو سانى بويىچە ھېسابلاپ، ھەر بىر مودىن تۆت شىڭ بىر ئۈچۈم سەككىز قوشۇق ئالتە چىمدىم نورمال ئاشلىق، يېڭى كۆرە ھېسابىدا ئۈچ شىڭ ئاشلىق ئېلىپ، ھەر بىر مو يەردىن جەمئىي يەتتە شىڭ بىر ئۈچۈم سەككىز قوشۇق ئالتە چىمدىم ئاشلىق باج ئېلىندى، بۇنىڭدىن باشقا، بەش پۇڭ سەككىز خاۋ ئۈچ سى ئوت- چۆپ ئېلىندى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 5- يىلى (1879- يىلى)، يەر بېجىنىڭ يېڭى نىزامى ئېلان قىلىندى. جايلار يەرلەرنى قايتا ئۆلچەپ، تېرىلغۇ يەرلەرنى 1-، 2-، 3- دىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىگە بۆلۈپ، 1- دەرىجىلىك يەرنىڭ ھەر بىر موسىدىن بىر مو يەرنىڭ بېجىنى، 2- دەرىجىلىك يەرنىڭ ھەر 1.5 موسىدىن بىر مو يەرنىڭ بېجىنى، 3- دەرىجىلىك

يەرنىڭ ھەر ئىككى موسىدىن بىر مو يەرنىڭ بېجىنى ئېلىپ، ھەر بىر مو يەردىن يەتتە شىڭ نورمال ئاشلىق باج ئېلىپ، 1.5 شىڭ خوراش ئاشلىقنى قوشۇپ ئالدى. مول ھوسۇل ئېلىنغان يىللىرى 30% بۇغداي، 70% ئارپا، ھوسۇل ئېلىنمىغان يىللىرى 20% بۇغداي، 80% ئارپا ئالدى.

گۇاڭشۇ 13- يىلى (1887- يىلى)، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى ئۆلچىگەندىن كېيىن، ئەمۇالغا قاراپ يەر بېجى ئېلىشنى يولغا قويۇپ، 1- دەرىجىلىك يەرلەرنىڭ ھەر موسىدىن يەتتە شىڭ، 2- دەرىجىلىك يەرلەرنىڭ ھەر موسىدىن تۆت شىڭ، 3- دەرىجىلىك يەرلەرنىڭ ھەر موسىدىن ئۈچ شىڭ ئاشلىق باج ئالدى.

گۇاڭشۇ 28- يىلى (1902- يىلى)، قېيىقالغان قەرزلەرنى يىغىۋېلىش ئۈچۈن، يەر بېجىغا ئېلىنىدىغان ھەر بىر دادەن ئاشلىققا 1.5 مىسقال تەڭگە ئېلىندى. ئىككىنچى يىلى يەنە ئاشلىق ئېلىشقا ئۆزگەرتىلىپ، يەر بېجىغا ئېلىنىدىغان بىر دادەن ئاشلىققا خوراش نىسبىتى قوشۇلۇپ 1.55 دادەن ئاشلىق ئېلىندى. بىر دادەن ئاشلىقنى پۇلغا سۇندۇرۇپ، خوراش ھەققى قوشۇلۇپ 2.3 تەڭگە ئېلىندى.

گۇاڭشۇ 31- يىلى (1905- يىلى)، خوراش نىسبىتى ئېنىق بەلگىلەندى، كېيىنكى يىلدىن باشلاپ يەر بېجى ئۈچۈن مەيلى ئاشلىق ئېلىنسۇن ياكى «پۇل» ئېلىنسۇن، ھەممىسىدە بىر دادەن ئاشلىققا 1.5 مىسقال تەڭگە ئېلىشتىن باشقا، ئىككى كۈرە بەش شىڭ ئاشلىق قوشۇپ ئېلىندى.

مىنگونىڭ تۇنجى يىلى، دۆلەت بېجى ۋە يەرلىك باج تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلار پەقەت قۇمۇل ۋاڭىغىلا باج- سېلىق تۆلىدى، ھۆكۈمەتكە غەللە- پاراق تاپشۇرمىدى.

مىنگونىڭ 4- يىلى (1915- يىلى) دىن باشلاپ، خوراش ئاشلىقى ئېلىنماي، پەقەت خوراش ئاشلىقى ئۈچۈن پۇل ئېلىنىپ، ھەر بىر دادەن ئاشلىققا بىر مىسقال بەش پۇڭ تەڭگە ئېلىندى.

مىنگونىڭ 19- يىلى (1930- يىلى)، ئاخىرقى قۇمۇل ۋاڭى شاھمەخسۇت كېسەل بىلەن ئۆلگەندىن كېيىن، «ئەمەل ۋارىسلىقى بىكار قىلىنىپ، ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئەمەلدار قويۇش» يولغا قويۇلدى. قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى يەرلەر ئۆلچەنگەندىن كېيىن، زور بىر قىسمىنى ئۇيغۇر دېھقانلار تېرىدى، يەر بېجىمۇ شۇ يىلدىن باشلاپ ئېلىندى. نومدىكى ئاز بىر قىسىم پىشقان يەرنى، بوز يەرنى گەنسۇدىن چىققان كۆچمەنلەر تېرىدى، يەر بېجى ئېلىش ئىككى يىل كېچىكتۈرۈلدى. دېھقانلار قوزغىلىڭى سەۋەبىدىن، يەر بېجى ئېلىش يولغا قويۇلمىدى.

مىنگونىڭ 24- يىلى (1935- يىلى)، بۇرۇنقى يەر بېجى ئارخىپى يوقىلىپ كەتكەچكە، ھۆكۈمەت يەر بېجىنى ئېنىقلاش ھەيئىتى قۇرۇپ، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىنى قايتىدىن ئۆلچەپ چىقتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دەرىجىسىنى ۋە باج نورمىسىنى بېكىتىپ، 1- دەرىجىلىك يەرنىڭ ھەر موسىغا بەش شىڭدىن بۇغداي،2- دەرىجىلىك يەرنىڭ ھەر موسىغا تۆت شىڭدىن بۇغداي،3- دەرىجىلىك يەرنىڭ ھەر موسىغا ئۈچ شىڭدىن بۇغداي باج ئېلىش بەلگىلىنىپ شۇ يىلدىن باشلاپ ئېلىندى.

مىنگونىڭ 27- يىلى (1938- يىلى) 6- ئايدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى بىر قانچە يىلدىن بۇيان پۇقرالار تاپشۇرۇپ كەلگەن ئارازا بېجىنى بىردەك كەچۈرۈم قىلدى.

مىنگونىڭ 29- يىلى (1940- يىلى)، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇمۇلنىڭ يەر بېجى ئۆرۈمچى، ئالتاي قاتارلىق رايونلاردىكى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ، 1- دەرىجىلىك يەرلەرنىڭ ھەر موسىغا كونا كۈرىدە بىر كۈرە بىر شىڭ بەش ئۈچۈم بۇغداي، 2- دەرىجىلىك يەرلەرنىڭ ھەر موسىغا كونا كۈرىدە سەككىز شىڭ بۇغداي، 3- دەرىجىلىك يەرلەرنىڭ ھەر موسىغا كونا كۈرىدە ئالتە شىڭ بۇغداي غەللە- پاراق ئېلىنىدۇ، دەپ بەلگىلىدى.

مىنگونىڭ 30- يىلى (1941- يىلى)، قۇمۇل ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەكشۈرۈپ رەتكە سېلىش ھەيئىتى يەرلەرنى باشقىدىن ئېنىقلاپ ئۆلچىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، باج نورمىسىنى ئۆستۈرۈپ، ھەر بىر دەرىجىدىكى يەرلەرنىڭ

ھەر موسىغا بىر شىڭدىن ئاشلىق قوشۇپ باج ئالدى.

مىنگونىڭ 31- يىلى (1942- يىلى)، باج تۈزۈمى تەرتىپكە سېلىنىپ، باج نورمىسى ئۆستۈرۈلدى. قۇمۇل ناھىيىسىدە 1- دەرىجىلىك يەرلەرنىڭ ھەر موسىغا 1.15 كۈرە ئاشلىق، 2- دەرىجىلىك يەرلەرنىڭ ھەر موسىغا 0.8 كۈرە ئاشلىق، 3- دەرىجىلىك يەرلەرنىڭ ھەر موسىغا 0.6 كۈرە ئاشلىق باج ئېلىش بەلگىلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەر بېجى ئېلىشتا ھەممىنى كۈرىگە ئۆزگەرتىپ، ھەر بىر كۈرە ئاشلىقنىڭ ئېغىرلىقى 44 جىڭ بولۇش بەلگىلەندى.

مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى)، قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ناھىيىلەر 1- دەرىجىلىك يەرلەرنىڭ ھەر موسىغا بەش شىڭ، 2- دەرىجىلىك يەرلەرنىڭ ھەر موسىغا تۆت شىڭ، 3- دەرىجىلىك يەرلەرنىڭ ھەر موسىغا ئۈچ شىڭ ئاشلىق باج ئالدى.

مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى)، يەر بېجىغا بۇغداي ئېلىنىپ، يەرلەرنى 1-، 2-، 3- دەرىجىدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىگە ئايرىپ، 1- دەرىجىلىك يەرلەرنىڭ ھەر موسىغا يېگى كۈرە بويىچە بەش شىڭ (ھەر بىر كۈرە 40 - 45 جىڭغىچە)، 2- دەرىجىلىك يەرلەرنىڭ ھەر موسىغا تۆت شىڭ، 3- دەرىجىلىك يەرلەرنىڭ ھەر موسىغا ئۈچ شىڭ ئاشلىق باج ئېلىندى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەر بېجى دېھقانچىلىق بېجىغا ئۆزگەرتىلدى. 1950- يىلى، ئائىلىلەر بىرلىك قىلىنىپ، ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى بويىچە دېھقانچىلىق بېجى ئېلىنىپ، باشلىنىش نۇقتىسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىركىشىدىن 100 كىلوگرام ئاشلىق باج ئېلىشتىن ئىبارەت بولدى. قۇربان بولغان ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن ۋە خىزمەت ئۈستىدە يارىلانغان كىشىلەر، مىسپىلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىلدى ياكى باج ئېلىش كەچۈرۈم قىلىندى.

1951- يىلى، يېزا نوپۇسى بويىچە ھەر بىركىشىدىن ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن دېھقانچىلىق كىرىمىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى بويىچە باج ئېلىندى. 42 دەرىجىگە ئايرىلىپ، دەسلەپكى باج ئېلىش نۇقتىسى 100.5 كىلوگرام بۇغداي بولدى.

1953- يىل 8- ئايدا، «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ دېھقانچىلىق بېجى ۋاقىتلىق نىزامنى يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپى» ئىجرا قىلىنىپ، باج ئېلىشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ئادەتتىكى يىللاردىكى مەھسۇلات مىقدارى بويىچە ھېسابلىنىپ، ئاشۇرما باج تۈزۈمى بويىچە دېھقانچىلىق بېجى ئېلىندى، مەھسۇلات ئاشسىمۇ باج كۆپەيتىلمىدى، ئوتتۇرىچە دېھقانچىلىق كىرىمى 125 كىلوگرامغا يەتمىگەنلەردىن باج ئېلىنمىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئورگان، مەكتەپ قاتارلىقلارنىڭ دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن دېھقانچىلىق ئومۇمىي كىرىمىنىڭ %8 ى بويىچە، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىن %13 ى بويىچە باج ئېلىندى. ۋىلايەت بويىچە ھەر بىر كىشىگە دېھقانچىلىق بېجى 25.5 كىلوگرامدىن، ھەر بىر مو تېرىلغۇ يېرىگە 6.885 كىلوگرامدىن توغرا كەلدى.

1956- يىلى، ئاشۇرما باج ئېلىش تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، نىسبەت بويىچە باج ئېلىش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى ئاساسەن ئوخشاش بولغان ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىدا، بىر تۇتاش باج نىسبىتى يولغا قويۇلدى.

1957- يىلى، دېھقانچىلىق بېجىدا مەھسۇلاتنى باھالاپ باج ئېلىشتەك نىسبەتلىك باج تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكى مەھسۇلات مىقدارى تەكشۈرۈپ بېكىتىلىپ، نىسبەت بويىچە باج ئېلىندى.

1958- يىلى، ئادەتتىكى يىللاردىكى مەھسۇلات مىقدارىغا قاراپ باج ئېلىش ئۇسۇلى ئەمەلىي ئېلىنغان مەھسۇلات مىقدارى بويىچە نىسبەتلەپ باج ئېلىش ئۇسۇلىغا ئۆزگەرتىلدى.

1959- يىلى، يەنىلا ئادەتتىكى يىللاردىكى مەھسۇلات مىقدارى بويىچە باج ئېلىندى.

1972- يىلى، دەسلەپ ئېلىنىدىغان باج كەچۈرۈم قىلىنىپ، ئالدىنقى يىللىق كوللېكتىپ تەقسىم قىلىنىدىغان ئاشلىق تۈپ سان قىلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى بىرلىك قىلىنىپ، ھەر بىر كىشىنىڭ 170 كىلوگرام ئاشلىق كىرىمى باج ئېلىش نۇقتىسى قىلىنىپ، ئۇنىڭغا يەتمىگەنلەردىن باج ئېلىنمىدى ھەمدە ئادەتتىكى يىللاردىكى مەھسۇلات مىقدارى باشقىدىن تەكشۈرۈپ چىقىلىپ، بەش يىلغىچە ئۆزگەرتىلمىدى.

1984- يىلى، دېھقانچىلىق بېجىنىڭ دەسلەپكى باج ئېلىش نۇقتىسىغا دائىر چارىنى ئىجرا قىلىش توختىتىلىپ، بۇرۇنقى بەش يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك ۋەزىپە سانى بويىچە تەقسىم قىلىندى.

1988- يىلى، دېھقانچىلىق بېجى ئۈچ تۈرگە ئايرىلىپ (ئاشلىق زىرائەتلىرى، كېۋەز، كۆكتات) ئېلىندى.

## 2. چارۋىچىلىق باج تۈزۈمى

يۈەن سۇلالىسىنىڭ تەيزۇڭ (ئۆكتايخان) تۇنجى يىلى (1229- يىلى)، يولىغ چۇساي غەربىي يۇرتتا جان سانىغا قاراپ باج ئېلىش ئۇسۇلىنى يولغا قويدى. 500 ئېتى بار چارۋىچى يىلدا بىر ئات، 100 كالىسى بار چارۋىچى يىلدا بىر ئىنەك، 100 تۇياق قويى بار چارۋىچى يىلدا بىر قوي باج تاپشۇرۇش بەلگىلەندى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە، چارۋىچىلار ھەر 100 ئات ۋە كالىدىن بىر ئات ۋە كالا، ھەر 1000 تۇياق قويدىن بىر قوي باج تاپشۇردى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ جياچىڭ 10- يىلى (1805- يىلى)، ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى باج ئورنىغا چارۋا ئېلىشنى تەڭگە ئېلىشقا ئۆزگەرتتى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ يىللىرى، چارۋىچىلىق بېجى چارۋا مال بېجى، قوي بېجى، ئوتلاق بېجى دەپ ئاتالدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوتلاق ئىجارە ھەققى ئېلىندى. ئادەتتە، ئات، كالا، قوينىڭ (تۇياق) سانىغا قاراپ باج ئېلىندى.

مىنگونىڭ 4- يىلى (1915- يىلى) 7- ئايدا، شىنجاڭدا تۆگە، ئات، كالا بېجى ئېلىش ئېلان قىلىنىپ، چارۋىچىلىق بېجى ئېلىشقا دائىر بەش ماددىلىق چارە بېكىتىلدى. يەنى ھەر يىلى بىر ئاتتىن بىر مىسقال بەش پۇڭ، بىر كالىدىن بىر مىسقال ئىككى پۇڭ، بىر تۆگىدىن ئىككى مىسقال، بىر قويدىن ئىككى پۇڭ تەڭگە باج ئېلىندى. مەيلى چارۋىچىلار چارۋىلىرىنى قايسى ناھىيىدىكى ئوتلاققا كۆچۈرۈپ ئاپارسۇن، تەكشۈرگەندە باج تالونى بولمىغانلاردىن باج پۇلى قايتىدىن ئېلىندى.

مىنگونىڭ 27- يىلى (1938- يىلى)، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مالىيە نازارىتى چارۋىچىلىق بېجى ئېلىشقا دائىر توققۇز ماددىلىق تولۇقلىما نىزامنى تۈزۈپ چىقىپ، قومۇلدا بارلىق چارۋا سانىنىڭ 3%ى بويىچە باج ئېلىشنى، جايلارنىڭ 7- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن بالدۇر باج ئېلىشنى ئورۇنداپ بولۇشىنى، بالدۇر ئورۇندىغان شاگىۋۇلارغا باج كىرىمىنىڭ 2% نى، باج ئىدارىسىدىكى خىزمەتچىلەرگە 1% نى قالدۇرۇشنى، ۋاقتىدا ئورۇندىيالمىغان شاگىۋۇلارغا باج كىرىمىنىڭ 1% نى، باج ئىدارىسىدىكى خىزمەتچىلەرگە 0.5% نى قالدۇرۇشنى بەلگىلىدى. شۇ يىلى 4- ئاينىڭ ئاخىرى، مالىيە نازارىتى يەنە باج ئىدارىلىرىنى شۇ يىللىق چارۋىچىلىق بېجىنى يىغىشتا مەيلى نەرسە كېرەك ئالسۇن ياكى پۇلغا سۇندۇرۇپ ئالسۇن، بىردەك 5- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ باج يىغىش كېرەك، دەپ قايتىدىن بەلگىلىدى.

مىنگونىڭ 29- يىلى (1940- يىلى)، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت چارۋىچىلارنى ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، چارۋىچىلىق بېجى ئېلىشقا دائىر ئىككى ماددىلىق تولۇقلىما نىزامنى تۈزۈپ چىقتى. مىنگونىڭ 27 ~ 28- يىللىرى ( 1938 – 1939 – يىللىرى )، چارۋىچىلار قەھرىتان سوغۇق، بوران- چاپقۇنلاردىن مۇداپىئە كۆرەلەيدىغان ئېغىل- قوتان سالغان بولسا، چارۋا ماللارنى قىشتىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بارلىق چارۋا مال، ئات، كالىلارنىڭ

ھەر بىرىگە 650 كىلوگرامدىن ئارتۇق ئوت- چۆپ، بوغۇز تەييارلىدى، ھەر بىر قويغا 80 كىلوگرامدىن ئارتۇق ئوت- چۆپ، بوغۇز تەييارلىغان بولسا، چارۋىچىلىق بېجىنىڭ 2/3 قىسمى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. مىنگونىڭ 27- يىلى (1938- يىلى) دىن بۇرۇن قوتان سالغانلاردىن ئېلىشقا تېگىشلىك چارۋىچىلىق بېجى كەچۈرۈم قىلىنمايدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

مىنگونىڭ 30- يىلى (1941- يىلى)، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مالىيە نازارىتى 37 ماددىلىق چارۋىچىلىق بېجى نىزامىنى ئېلان قىلىپ، چارۋا مال سانىنى يوشۇرغانلار تەكشۈرۈپ ئېنىقلانسا، بىر ھەسسىدىن ئۈچ ھەسسىگىچە جەرىمانە قويۇشنى، باج تاپشۇرۇشنى بەش كۈن ياكى 10 كۈن كېچىكتۈرسە، 1% - 2% كىچە جەرىمانە قويۇشنى ئېنىق بەلگىلىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1951- يىلى، چارۋا بېجىدا چوڭ، ئوتتۇراھال چارۋا بويىچە بىر تۇتاش ئاشۇرما باج نىسبىتى يولغا قويۇلدى. چوڭ چارۋىلارنىڭ باج نىسبىتى 1% - 5% بولۇپ، بەش دەرىجە ئاشۇرۇلدى؛ كىچىك چارۋىلارنىڭ 1% ~ 8% بولۇپ، سەككىز دەرىجە بويىچە ئاشۇرۇلدى.

1952- يىلى، بىر تۇتاش ئاشۇرۇپ ھېسابلاش يولغا قويۇلۇپ، چارۋا ئومۇمىي سانىدىن شۇ يىلى تۇغۇلغان چارۋىلار چىقىرىۋېتىلىپ، بىردەك قوي ئۆلچەم قىلىنىپ، ئايرىم سۇندۇرۇپ ھېسابلاندى، باج نىسبىتى 1% - 10% بولۇپ، 10 دەرىجە بويىچە ئاشۇرۇلدى.

1953- يىلى، باج نىسبىتى 1% - 8% كە ئۆزگەرتىلىپ، سەككىز دەرىجە بويىچە ئاشۇرۇلدى. قېچىر، ئېشەكتىن باج ئېلىنمىدى.

1979- يىلى، ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنىڭ چارۋىچىلىق باج نىسبىتى بىردەك 1.5% كە ئۆزگەرتىلدى.

1980- يىلى، چارۋىچىلىق باج تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنىپ، بۇرۇنقى چارۋا ماللارنىڭ تۇياق بېشىغا مۇلۇك بېجى ئېلىش پايدا بېجى ئېلىشقا ئۆزگەرتىلىپ، باج ئېلىش باشلىنىش ئۇقتىسى چارىسى يولغا قويۇلۇپ، باشلىنىش ئۇقتىسىغا يەتمىگەنلەردىن باج ئېلىش كەچۈرۈم قىلىنىپ، بەش يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك بېكىتىلدى.

1985- يىلى، چارۋىچىلىق بېجى يەنە نورمىلىق باج نىسبىتى بويىچە باج ئېلىشقا ئۆزگەرتىلىپ، چوڭ چارۋىنىڭ ھەر بىرىدىن 1.1 يۇەن، رامبۇل قويىنىڭ ھەر بىرىدىن 0.48 يۇەن، باشقا قويىنىڭ ھەر بىرىدىن 0.32 يۇەن، ئۆچكىنىڭ ھەر بىرىدىن 0.16 يۇەن باج ئېلىندى. باج سوممىسىنى كەچۈرۈم قىلىش يولغا قويۇلدى.

1986- يىلى، چارۋىچىلىق بېجى ئېلىش توختىتىلدى.

1988- يىلى، چارۋىچىلىق بېجى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

### 3. سودا- سانائەت باج تۈزۈمى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 8- يىلى (1882- يىلى)، ئىچكىرىدىن كىرىدىغان ۋە ئىچكىرىگە چىقىرىلىدىغان ماللاردىن 3% بويىچە باج ئېلىندى. يەرلىك مەھسۇلات ۋە ماللاردىن ئېلىنىدىغان باجنى بېدىكلەر يۇقىرىغا تاپشۇردى. تەننەرخى 10 سەرگە يەتمىسە، باج كەچۈرۈم قىلىندى.

گۇاڭشۈ 28- يىلى (1902- يىلى)، جۇڭگولۇق سودىگەرلەرنىڭ ماللىرىدىن ئېلىنىدىغان باج نىسبىتى مال قىممىتىنىڭ 3% ى بويىچە بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ھەر 100 جىڭ چايدىن ئىككى سەر تەڭگە، چەكانە چايدىن 80 سەر تەڭگە باج ئېلىندى.

گۇاڭشۈ 34- يىلى (1908- يىلى)، ھەربىي- مەمۇرىي ۋالىي ليەن كۈي تۈرلۈك ماللاردىن بىر تۇتاش باج ئېلىشنى يولغا قويۇپ، بىر تۇتاش باج ئېلىشقا دائىر 20 ماددىلىق باج نىزامىنى تۈزۈپ چىقتى، بۇ نىزامنامىدە: ئىمپورت قىلىنغان

تۇرلۇك ماللاردىن ئېلىنىپ كەلگەن ھامان باش ئىدارە باجنى بىر قېتىمدىلا ئېلىش، كېيىن نەگە ئاپىرىپ سېتىشىدىن قەتئىينەزەر بىردەك قايتا باج ئالماسلىق بەلگىلەندى.

مىنگونىڭ 7- يىلى (1918- يىلى)، تۈرلۈك باجلار تەرتىپكە سېلىنىپ، باجنى ھاۋالە قىلىپ ئېلىش ھۆددىگە بېرىشكە ئۆزگەرتىلىپ، ھۆددىگەرلىك باج تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

مىنگونىڭ 30- يىلى (1941- يىلى)، تۈزنى مەخسۇس سېتىش، ئاش تۈزىنى تارقاق سېتىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ئائىلىلەر بويىچە نوپۇسىنىڭ ئاز- كۆپلۈكىگە ئاساسەن ئېھتىياجلىق تۈز مىقدارى بەلگىلىنىپ، ھەر يىلى نىزامنامە بويىچە تۈز بېجى ئېلىندى. 1- دەرىجىلىك ئائىلىلەر (جان سانى ئىككىدىن ئۈچكىچە) يىلىغا ئىككى كۈرە تۈز (80 جىڭ)، 2- دەرىجىلىك ئائىلىلەر (جان سانى تۆتتىن ئالتىگىچە) تۆت كۈرە تۈز، 3- دەرىجىلىك ئائىلىلەر (جان سانى يەتتىدىن توققۇزغىچە) سەككىز كۈرە تۈز بىلەن تەمىنلەندى.

مىنگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى) 2- ئايدا، ماللاردىن ئېلىنىدىغان باج ئۇرنىغا نەرسە- كېرەك ئېلىندى، نەرسە- كېرەك ئالغىلى بولمىغانلاردىن پۇل ئېلىندى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1973- يىلى، سودا- سانائەت بېجى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى. ئۇنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى «باج تۈرلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، باج ئېلىش ئۇسۇلىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، سودا- سانائەت باج تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش» تىن ئىبارەت بولدى. باج تۈزۈمى ئىسلاھاتىدىن كېيىن، قۇمۇل ۋىلايىتىدە سەككىز خىل باج تۈرى تەسىس قىلىندى. 1981- يىلى، باج تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ مەركىزى دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلاردىن تاپاۋەت بېجى ئېلىش بولدى (قىسقارتىلىپ پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىش دەپ ئاتالدى). 1983- يىلى، ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە تېخنىكا يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە مەبلەغ سېلىش داۋامىدا قۇرۇلۇش بېجى ئېلىش باشلاندى. 1984- يىل 10- ئايدا، ئىسلاھاتنىڭ مەركىزىي مەزمۇنى: دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار تاپشۇرىدىغان مالىيە كىرىمىنى 11 خىل باج تۈرى بويىچە دۆلەتكە باج تاپشۇرۇش، باجدىن كېيىنكى پايدا پرىنسىپ جەھەتتە كارخانا ئۆزى ئورۇنلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە قالدۇرۇش بولدى. 1990- يىل 1- ئايدىن باشلاپ، قۇمۇلدىن سىرتقا يۆتكەلگەن ئاش تۈزىدىن ئېلىنىدىغان باج سوممىسى يەنە كېمەيتىلىپ، ھەر بىر توننىسىغا 70 يۈەن باج ئېلىندى.

## §4. باجنى كېمەيتىش ۋە كەچۈرۈم قىلىش

### 1. يېزا ئىگىلىك بېجىنى كېمەيتىش ۋە كەچۈرۈم قىلىش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى تەڭشەپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى يۆلەش ئۈچۈن، يېزا ئىگىلىك بېجىنى كېمەيتىش ۋە كەچۈرۈم قىلىشقا دائىر بىر قانچە چارە بەلگىلىنىپ، 1952 – 1990 - يىلىغىچە، جەمئىي 16 مىليون 229 مىڭ 73 كىلوگرام (ئاشلىق) يېزا ئىگىلىك بېجى كېمەيتىلدى ۋە كەچۈرۈم قىلىندى.

1) ئاپەت ئەھۋالىغا قاراپ كېمەيتىش ۋە كەچۈرۈم قىلىش قۇرغاقچىلىق، كەلكۈن، بوران، كېسەللىك - ھاشارات ئاپىتى، مۆلدۈر ئاپەتلىرى تۈپەيلىدىن ئېغىر دەرىجىدە مەھسۇلات كېمىيىپ كېتىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلسە، ئەھۋالىغا قاراپ يېزا ئىگىلىك بېجى كېمەيتىلدى ۋە كەچۈرۈم قىلىندى.قۇمۇل ۋىلايىتىدە 1952 – 1990 - يىلىغىچە ئاپەت ئەھۋالى بىر قەدەر ئېغىر بولدى (ھەر يىلى كېمەيتىلگەن ۋە كەچۈرۈم قىلىنغان يېزا ئىگىلىك باج سوممىسى 15 – 4 - جەدۋەلدىن

كۆرۈڭ).

2) چېگرا رايونلاردا باجنى كېمەيتىش 1964- يىلدىن باشلاپ، باركۆل ناھىيىسى بىلەن ئارانتۇرۇك ناھىيىسىدىكى خەلق كۆكشىلىرى چېگرا رايون دەپ ئايرىلىپ، ئېلىشقا تېگىشلىك باجنىڭ 5% ى كېمەيتىلىپ، جەمئىي 2 مىليون 673 مىڭ 167 كىلوگرام ئاشلىق كەم ئېلىندى.

3) باشلىنىش نۇقتىسى بويىچە كېمەيتىش 1979 – 1983 - يىلغىچە، يېزا ئىگىلىك بېجى ئېلىشتا باشلىنىش نۇقتىسىدىن باج ئېلىش چارىسى يولغا قويۇلۇپ، بەش يىلدا كېمەيتىشتىن بەھرىمەن بولغان ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى 427 ئەترەت- قېتىمغا، كېمەيتىلگەن باج 1 مىليون 159 مىڭ 430.5 كىلوگرامغا يەتتى.

4) باشقا ئىجتىمائىي باجلارنى كېمەيتىش ئاساسىي قۇرۇلۇش قاتارلىقلاردىن كېمەيتىلگەن باج سوممىسى 1 مىليون 474 مىڭ 911.5 كىلوگرام (ئاشلىق) غا يەتتى.

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1952 – 1990 - يىلغىچە يېزا ئىگىلىك بېجىنى كېمەيتىش ۋە كەچۈرۈم قىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 15 – 4

| يىللار | كېمەيتىلگەن ۋە كەچۈرۈم قىلىنغان ئاشلىق (كىلوگرام) | يىللار | كېمەيتىلگەن ۋە كەچۈرۈم قىلىنغان ئاشلىق (كىلوگرام) |
|---|---|---|---|
| 1952 | 874.5 | 1971 | 1540505 |
| 1953 | 37813.5 | 1972 | 1401976.5 |
| 1954 | 30732 | 1973 | 1184159 |
| 1955 | 56446.5 | 1974 | 2022425.5 |
| 1956 | 32239.5 | 1975 | 650393.5 |
| 1957 | 167337.5 | 1976 | 127007.5 |
| 1959 | 101875.5 | 1977 | 74000 |
| 1961 | 187537.5 | 1978 | 68714 |
| 1962 | 402581.5 | 1979 | 1934216.5 |
| 1963 | 104218.5 | 1984 | 304132.5 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 1964 | 67224 | 1985 | 189361 |
| 1965 | 309693.5 | 1987 | 130223 |
| 1967 | 644548.5 | 1988 | 363122 |
| 1968 | 474107 | 1989 | 1112791 |
| 1969 | 969054.5 | 1990 | 1018073 |
| 1970 | 1233622 | جەمئىي | 16022973 |

5) چارۋىچىلىق بېجىنى كېمەيتىش ۋە كەچۈرۈم قىلىش 1950- يىلى، چارۋىچىلىق بېجىنى كېمەيتىش ۋە كەچۈرۈم قىلىشتا، تېرىلغۇ ئۆلغى بەشتىن ئاز بولغانلاردىن باج كەچۈرۈم قىلىندى، چارۋىچىلىق بېجى تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان چارۋا مالنىڭ سانى باشلىنىش نۇقتىسىغا يەتمىسە، باج ئېلىش كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

1952- يىلى، چارۋىچىلىق بېجى ئېلىش چارىسىدە، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ مو سانىغا قاراپ باج كەچۈرۈم قىلىش، ھەر 50 مو يەرنى تېرىغۇچىدىن بىر چارۋىنىڭ بېجىنى كەچۈرۈم قىلىش، 50 مودىن ئارتۇق، 100 موغا يەتمىگەن يەرنى تېرىغانلاردىن ئىككى چارۋىنىڭ بېجىنى كەچۈرۈم قىلىش، باشقىلار مۇشۇ ئاساستا ھېسابلىنىدىغانلىقى بەلگىلەندى.

1954- يىلى، باجنى كەچۈرۈم قىلىش چارىسىغا ئاز- تولا تۈزىگەرتىش كىرگۈزۈلدى. دۆلەت ئىلكىدىكى نەسىللىك چارۋا مەيدانلىرىدىكى چارۋىلار ۋە دۆلەت ئىلكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىلىرى، قىسمىلاردىكى نەسىللىك چارۋىلاردىن باج ئېلىشنى كەچۈرۈم قىلىش؛ شۇ يىلى ئېلىنغان تۆلەر ۋە ئىككى چىشلىق كالا، ئۈچ چىشلىق ئات ۋە تۆگىدىن باج ئېلىشنى كەچۈرۈم قىلىش؛ يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئائىلىلەرنىڭ يېرى 10 مودىن ئارتۇق، 30 موغا يەتمەيدىغان بولسا بىر چارۋىنىڭ بېجىنى، 30 مودىن ئارتۇق، 50 موغا يەتمەيدىغان بولسا ئىككى چارۋىنىڭ بېجىنى كەچۈرۈم قىلىش؛ 50 مودىن ئارتۇق بولسا موشۇ ئاساستا ھېسابلاش؛ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپلىرى ياكى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپلىرى بېقىۋاتقان چارۋىلار كوپېراتىپ ئىگىدارچىلىقىدا بولسا، 50 تىن تۆۋەن بولغانلاردىن باج ئېلىشنى كەچۈرۈم قىلىش، 50 ئېچىدە بولغانلاردىن نوپۇس سانىغا قاراپ باج سوممىسى كەچۈرۈم قىلىنماي، 1% لىك مۇقىم باج نىسبىتى بويىچە باج ئېلىش بەلگىلەندى.

1958- يىلى، ئىلگىرىكى بەلگىلىمىدىن باشقا، تۆۋەندىكى بىر نەچچە تۈرلۈك چارۋىدىن چارۋىچىلىق بېجى ئېلىنمايدىغان بولدى. يەنى، دۆلەت ئېچى ۋە سىرتىدىن كىرگۈزۈلگەن ئەلا سۈپەتلىك نەسىللىك چارۋىلار ۋە ئەلا سۈپەتلىك يەرلىك نەسىللىك چارۋىلار؛ دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي ئات فېرمىسىدىكى ئاتلار؛ دۆلەت ئىلكىدىكى سودا كەسپىي ئورۇنلىرى سېتىۋېلىپ ۋاقىتىنچە مەركەزلەشتۈرۈپ بېقىۋاتقان غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش چارۋىلىرى؛ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپلىرى ۋە يەككە دېھقانلارنىڭ تېرىلغۇ ئۇلاغلىرى؛ دۆلەت ئىلكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىلىرى، قىسمىلارنىڭ دېھقان، چارۋىچىلىق فېرمىلىرى ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپلىرى ۋە يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئائىلىلەر ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىۋاتقان تېرىلغۇ ئۇلاغلىرىدىن ھەر

10 مودىن ئارتۇق، 30 موغا يەتمەيدىغان يەرنى تېرىغۇچىلاردىن بىر چارۋىنىڭ بېجى، 30 مودىن ئارتۇق 50 موغا يەتمەيدىغان يەرنى تېرىغۇچىلاردىن ئىككى چارۋىنىڭ بېجى كەچۈرۈم قىلىنىدىغانلىقى، 50 مودىن ئارتۇق بولغانلارنى مۇشۇ ئاساستا ھېسابلاش بەلگىلەندى.

1960- يىلى، ئورگان، قىسىم، كوللېكتىپ، مەكتەپ، زاۋۇت، كان، كارخانا قاتارلىق ئورۇنلار قوشۇمچە يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن باققان چارۋا مال سانىنىڭ قانچە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، چارۋىچىلىق بېجى بىردەك كەچۈرۈم قىلىندى.

1963- يىلى، ئات، كالىلارغا قارىتا ئەلا سۈپەتلىك نەسىللىك ئەركەك چارۋىدىن باجنى كەچۈرۈم قىلىش نىسبىتى 1962- يىلىدىكى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا يېتىلگەن چىشى چارۋا %5 بولۇشتىن %7 كە ئۆزگەرتىشنى، يېتىلگەن چىشى قوينىڭ يەنىلا %3 بويىچە بولۇشىنى، چارۋىچىلار چارۋا بېقىش جەريانىدا مىنىپ كېلىۋاتقان مەيدان، كوپېراتىپ ۋە ئەترەتلەرنىڭ بارلىق ئات، كالىلىرىدىن باج ئېلىشنى كەچۈرۈم قىلىش، ئۇششاق چارۋىلارنىڭ ھەر قورۇسى 500 دىن ئاز بولسا بىر چارۋىنىڭ بېجىنى كەچۈرۈم قىلىش، 500 دىن ئارتۇق بولسا 1 — 2 كىچە چارۋىنىڭ بېجىنى كەچۈرۈم قىلىش، چوڭ چارۋىنىڭ ھەر بىر توپى 200 دىن كەم بولسا 1 — 2 كىچە چارۋىنىڭ بېجىنى كەچۈرۈم قىلىش، 200 دىن ئارتۇق، 500 گە يەتمىسە 2 — 3 كىچە چارۋىنىڭ بېجىنى كەچۈرۈم قىلىش بەلگىلەندى.

ئاپەتكە ئۇچرىغانلاردىن باجنى كېمەيتىش نىسبىتى تۆۋەندىكىدەك مۇۋاپىق تەڭشەلدى: چارۋا سانى تەبىئىي ئاپەت سەۋەبىدىن ئالدىنقى يىلدىكىدىن %10 ئارتۇق، %20 كە يەتمىگەن دەرىجىدە كېمەيگەن بولسا، تاپشۇرىدىغان باج نورمىسىنىڭ %10 ى بويىچە باجنى كېمەيتىش، %20 تىن ئارتۇق، %30 كە يەتمىگەن دەرىجىدە كېمەيگەن بولسا %20 باجنى كېمەيتىش، %30 تىن ئارتۇق، %40 كە يەتمىگەن دەرىجىدە كېمەيگەن بولسا باجنى %40 كېمەيتىش، %40 تىن ئارتۇق، %50 كە يەتمىگەن دەرىجىدە كېمەيگەن بولسا %60 باجنى كېمەيتىش، %50 تىن ئارتۇق كېمەيگەن بولسا پۈتۈن باجنى كەچۈرۈم قىلىش بەلگىلەندى.

1964- يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، بىرىنچى سەپ بولغان چېگرا ناھىيىلەردىكى خەلق گۇڭشىلىرىدىن ئېلىشقا تېگىشلىك باج نورمىسىدىن %7 نى ئېتىبار بېرىپ كېمەيتىش ۋە كەچۈرۈم قىلىشنى بەلگىلىدى. قۇمۇل ۋىلايىتى چېگرادىكى ناھىيىلەرنىڭ خەلق گۇڭشىلىرىدىن 324 تۇياق قوينىڭ بېجىنى كەچۈرۈم قىلدى. بۇ، شۇ يىللىق ئەمەلىي ئېلىنغان باج سوممىسىنىڭ %2.73 نى ئىگىلىدى.

1979- يىلى، باج تاپشۇرغۇچى ئورۇنلار بوران، قار، يۇقۇملۇق كېسەل قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەرگە ئۇچرىسا، شۇ يىلى 6- ئاينىڭ 30- كۈنى ئاپەت سەۋەبىدىن ئۆلگەن چارۋا مالنىڭ سانى ئالدىنقى يىلنىڭ ئاخىرىدا قوتاندا ساقلانغان چارۋا مال نىسبىتى بويىچە كەچۈرۈم قىلىش باج سوممىسىنى بېكىتىشنى، يەنى ئۆلگەن چارۋا %10 - %15 كىچە بولسا، ئېلىشقا تېگىشلىك باجنىڭ %30 نى كەچۈرۈم قىلىش؛ ئۆلگەن چارۋا %15 - %25 كىچە بولسا، ئېلىشقا تېگىشلىك باجنىڭ %40 نى كەچۈرۈم قىلىش؛ ئۆلگەن چارۋا %25 - %35 كىچە بولسا، ئېلىشقا تېگىشلىك باجنىڭ %60 نى كەچۈرۈم قىلىش؛ ئۆلگەن چارۋا %35 تىن ئارتۇق بولسا، پۈتۈن باجنى كەچۈرۈم قىلىشنى بەلگىلىدى.

چېگرادىكى ناھىيىلەرنىڭ باج تاپشۇرغۇچى ئورۇنلىرىغا قارىتا %10 چارۋىچىلىق بېجىنى كەچۈرۈم قىلىش ئۇنى يىلدا بىر قېتىم تەكشۈرۈپ بېكىتىش بولغا قويۇلدى. 1981 — 1984 - يىلغىچە، ۋىلايەت بويىچە چېگرا رايونلاردا كەچۈرۈم قىلىنغان باج سوممىسى 79 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپەت سەۋەبىدىن كەچۈرۈم قىلىنغىنى 26 مىڭ يۈەن، چېگرا رايونلاردىن كەچۈرۈم قىلىنغىنى 21 مىڭ يۈەن، باشلىنىش نۇقتىسىدىن كەچۈرۈم قىلىنغىنى 32 مىڭ يۈەن.

1979- يىلى، ئاپەت سەۋەبىدىن باجنى كەچۈرۈم قىلىش بەلگىلىمىسىدە ئازراق ئۆزگىرىش بولدى. باج تاپشۇرغۇچىنىڭ چارۋا مېلى قار، بوران، يۇقۇملۇق كېسەللىك قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەرگە ئۇچرىسا، شۇ يىلى 6- ئايدا

تۆلگەن چارۋا سانى ئالدىنقى يىلىنىڭ ئاخىرىدا قوتاندا ساقلانغان چارۋا مالىنىڭ ئومۇمىي نىسبىتى بويىچە باجنى كەچۈرۈم قىلىش بەلگىلەندى، يەنى تۆلگەن چارۋا 10% تىن ئارتۇق بولۇپ 15% كە يەتمىسە، ئېلىشقا تېگىشلىك باجنىڭ 30% ىنى كەچۈرۈم قىلىش، تۆلگەن چارۋا 15% تىن يۇقىرى، 25% كە يەتمىسە، ئېلىشقا تېگىشلىك باجنىڭ 50% ىنى كەچۈرۈم قىلىش، تۆلگەن چارۋا 25% تىن ئاشسا پۈتۈن باجنى كەچۈرۈم قىلىش بەلگىلەندى.

1988 – 1990 - يىللىغىچە، ۋىلايەت بويىچە كېمەيتىلگەن، كەچۈرۈم قىلىنغان ئومۇمىي باج سوممىسى 268 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپەت سەۋەبىدىن كېمەيتىلگەن كەچۈرۈم قىلىنغان باج 25 مىڭ يۈەنگە، ئىجتىمائىي جەھەتتىن كېمەيتىلگەن كەچۈرۈم قىلىنغان باج سوممىسى 92 مىڭ يۈەنگە، چېگرا رايونلاردىن كېمەيتىلگەن كەچۈرۈم قىلىنغان باج سوممىسى 151 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## §5. باج يىغىش، باج باشقۇرۇش خىزمىتى

1950 – 1957 - يىللىغىچە، باج يىغىش سىياسىتى ۋە باشقۇرۇش جەھەتتە، مەركەزلەشتۈرۈپ بىر تۇتاش باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلۇپ، باج يىغىش قانۇنىنى تۈرغۇزۇش هوقۇقى مەركەزدە بولدى. يەرلىك باج تارماقلىرى نىزام بويىچە باج ئالدى، قانۇن بويىچە ئىش بېجىردى، نىسبەت بويىچە باج يىغدى.

1957 - يىلى، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار ۋە تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىدا باجنى بېكىتىش يولغا قويۇلۇپ، «باج ئېلىش بىلەن باج تاپشۇرۇش» مۇناسىۋىتى ياخشىلاندى. باج كادىرلىرى كەسپلەر بويىچە خىزمەتلەرنى تەقسىم قىلىپ هۆددىگە ئېلىپ، نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈپ، هەر ئايلىق باجنى شۇ ئايدا پاكىز ئېلىپ بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باج ئوغرىلاش، باجدىن قېچىش ۋە باجغا قەرزدار بولۇش ئەھۋالىنى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگەتتى. يېزىلاردا باج ئېلىشنى بۆلەكلەرگە ئايرىپ هۆددىگە ئېلىپ، ۋاكالىتەن تىزىملاش، ۋاكالىتەن باشقۇرۇش تۈزۈمى ئورنىتىلىپ، ۋاكالىتەن يىغىش، ۋاكالىتەن تاپشۇرۇش چارىسى ئۇقتىلىق سىناق قىلىپ يولغا قويۇلدى.

1958 - يىلى، بىر قىسىم باشقۇرۇش هوقۇقى تۆۋەنگە چۈشۈرۈلۈپ، باج ئاپپاراتلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ۋە بىرلەشتۈرۈلۈپ، باج كادىرلىرى قىسقارتىلغانلىقتىن، باج يىغىش، باشقۇرۇش خىزمىتى بىر مەزگىل بوشىشىپ قالدى.

1962 - يىلى، باج يىغىش، باشقۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، باج يىغىش، باشقۇرۇش تۈزۈملىرى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرى كۈچەيتىلدى، باج تالونىنى باشقۇرۇش رەسمىيەتلىرى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى.

1963 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، قۇمۇل ناھىيىلىك باج ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، قۇمۇل ناھىيىسىدىكى شەھەر، يېزىلارنىڭ سودا - سانائەت بېجىنى يىغىش ناھىيىلىك باج ئىدارىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسى كونكرېت باج يىغىش خىزمىتىنى بېجىرمەيدىغان بولۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ۋىلايەتنىڭ سىياسىي جەھەتتە رەھبەرلىك قىلىش، تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىش خىزمىتىنى ئىشلىدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، باج يىغىش، باشقۇرۇش خىزمىتى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قېلىپ، باجنى يىغىدىغان ئادەم بولماسلىق، ئادەم بولسىمۇ باج يىغماسلىقتەك ئەھۋال كۆرۈلدى.

باج يىغىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، 1973 - يىلدىن كېيىن، قۇمۇل ۋىلايىتى ۋە قۇمۇل ناھىيىسىدە باج ئاپپاراتلىرى تەسىس قىلىنىپ، مالىيە، باج ئىككى كەسپنى تەڭ ئېلىپ باردى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، دۆلەت باج يىغىشنى قانۇن - تۈزۈم ئارقىلىق باشقۇرۇشنى،

باج يىغىش ئىنتىزامىنى كۈچەيتىپ، بىر قاتار باج يىغىش قانۇن- نىزاملىرىنى ئارقا- ئارقىدىن ئېلان قىلدى.

1980- يىللاردا، قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى باج تارماقلىرى باج قانۇنى، باج تۈزۈمىنى داۋاملىق تەشۋىق قىلىپ، باج يىغىش، باشقۇرۇش تۈزۈمىنى تۈزۈپ مۇكەممەللەشتۈردى. قۇمۇل شەھەرلىك، ناھىيىلىك باج ئىدارىلىرى باج يىغىش، باشقۇرۇش تۈزۈملىرىگە تۈزىتىش كىرگۈزدى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى.

ئاساسىي قاتلام باج يىغىش، باشقۇرۇش ئىدارىلىرى (پونكىتلار) كارخانىلارنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ تىزىملاپ، ئىقتىسادىي نوپۇس كارتىسى تەسىس قىلىپ، باجنى بېكىتتى.

يەككە تىجارەتچىلەردىن باج ئېلىشتا، ئىلگىرىكى قەرەللىك، نورمىلىق ۋە تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ باج يىغىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇلدىن سىرت، يەنە مەلۇم قىلغىنىنى تەكشۈرۈپ باج يىغىش ۋە ھېسابات، تۈزۈم تۇرغۇزۇپ، ھېسابات بويىچە باج يىغىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل تۈزۈم كۆپەيتىلدى.

1985- يىلغا كەلگەندە، قۇمۇل شەھەرلىك باج ئىدارىسى 10 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق باج تاپشۇرىدىغان ئۇقتىلىق كارخانىلار ئۇدا ئالتە يىل باج قەرزى قالدۇرماسلىق، ئۇقتىلىق كارخانىلار ئۇدا بەش يىل باجنى كېچىكتۈرمەسلىك، باج تاپشۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىش نىسبىتى 100% كە يېتىش، باج سوممىسىنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىپ خەزىنىگە كىرگۈزۈش 98.4% كە يېتىش، باج سوممىسىنى ۋاقتىدا خەزىنىگە كىرگۈزۈش 99% كە يېتىش، ئايلىق، پەسىللىك، يىللىق باجلارنى ۋاقتىدا يىغىشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇردى.

1986- يىلى، باج يىغىش، باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ۋىلايەت ئاساسىي قاتلام بۆلۈمچە باشلىقلىرى قاتناشقان باج يىغىش، باشقۇرۇشنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ۋىلايەت مىقياسىدا تەكشۈرۈش، كۆزەك قىلىش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ئېلىپ باردى. قۇمۇل شەھەرلىك باج ئىدارىسى 100 ئادەمنى تەشكىللەپ، يەتتە كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، شەھەر تەۋەسىدىكى 2153 دۆلەت، كوللېكتىپ ئىلكىدىكى كارخانىلارنى ۋە يەككە سودا- سانائەت كارخانىلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ تىزىمغا ئالدى.

ھەر خىل باجنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىشنى كونترول قىلىش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ۋىلايەت، ناھىيە، شەھەردە باج كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىشنى تەستىقلاش كومىتېتى تەسىس قىلىندى، كېمەيتكەن، كەچۈرۈم قىلغان باجنى نىشانلىق باشقۇرۇش بەلگىلىمىلىرى تۈزۈپ چىقىلدى. كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىشنى ئېنىقلاپ تەرتىپكە سېلىپ ۋە قاتتىق كونترول قىلىپ، باج يىغىش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئىش ئورنى مەسئۇلىيىتى، سۈپەت ئۆلچىمىنى بېكىتتى ھەمدە ئۇنى مۇكاپات سوممىسىغا باغلىدى.

1987- يىلى، باج يىغىش، باشقۇرۇش بىلەن تەكشۈرۈشنى ئايرىۋېتىشتەك باج يىغىش، باشقۇرۇش ئەندىزىسى يولغا قويۇلۇپ، باج تارماقلىرىنى ئاساس قىلغان، جامائەت خەۋپسىزلىكى، سودا- سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش قاتارلىق تارماقلار ھەمكارلاشقان كەسپىي خادىملار تەشكىللىنىپ، 25 گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، يەككە تىجارەتچىلەردىن ئېلىنىدىغان باج تەكشۈرۈپ تەرتىپكە سېلىندى.

1990- يىلى، قۇمۇل ۋىلايىتى باج يىغىش، باشقۇرۇش بىلەن تەكشۈرۈش ئايرىۋېتىلگەن، ئۆز ئارا تىزگىنلەپ ۋە نازارەت قىلىدىغان مېخانىزمنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويدى. 7- ئايدا، ۋىلايەت باج يىغىش، باشقۇرۇشنى ئىسلاھ قىلىشتىكى سىناق چارىسىنى تۈزۈپ چىقتى. ناھىيىلىك، شەھەرلىك باج ئىدارىلىرىمۇ باج يىغىش، باشقۇرۇش بۆلۈمچىلىرى ۋە تەكشۈرۈش بۆلۈمچىلىرىنى تەسىس قىلدى.

# پۇل مۇئامىلە

# ئون ئالتىنچى قىسىم

# پۇل مۇئامىلە

## I باب

## ئاپپاراتلار

### §1. گۆرۈخانا

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە، باركۆل ناھىيىسىدە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى گۆرۈخانا تەسىس قىلىندى، خىراجىتىنى ھۆكۈمەت چىقىم قىلدى، يىللىق تىجارەت ئەھۋالىنى نوپۇس پىرقىسىگە دوكلات قىلىپ تۇردى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ جياچىڭ 11- يىلى (1806- يىلى)، ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى گۆرۈخانىلارنىڭ دىرى ۋە ئۆسۈم پايدىسى جەمئىي 31 مىڭ 985.1 سەر تەڭگىگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دىرى 16 مىڭ 47.6 سەر تەڭگە، كېيىم- كېچەكلەرنى گۆرۈگە ئېلىشقا 30 مىڭ 619.6 سەر تەڭگە تارقىتىلدى، ئامانەت قويۇلغان تەڭگە 1665.2 سەرگە يەتتى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ شيەنفېڭ يىللىرىدا، باركۆل ناھىيىسىدە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى گۆرۈخانىلار ئىش توختىتىۋېتىلگەندىن، شەخسىي گۆرۈخانىلار بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، باركۆل ناھىيىسىدە گۆرۈخانىدىن ئۈچى قۇرۇلدى، يەنى خەنچېڭنىڭ شەرقىي كوچىسىدىكى زۇ فامىلىلىك باي ئاچقان «خېڭفېڭ» گۆرۈخانىسى؛ شىمالىي كوچىدىكى ۋاڭ فامىلىلىك باي ئاچقان «دىڭشېڭ» گۆرۈخانىسى، بۇ گۆرۈخانىنىڭ مەبلىغى كۆپ بولغانلىقتىن نام چىقاردى؛ غەربىي كوچىدىكى جاڭ زۇڭباۋ يىلەن يى شېڭجۇن پاي قوشۇپ ئاچقان «سەنتەي» گۆرۈخانىسى. بۇ ئۈچ گۆرۈخانا كىيىم- كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرىنى گۆرۈگە ئېلىشنى ئاساس قىلىپ، نەرسىلەرنى باھاسىنىڭ 50%، 60% ى بويىچە گۆرۈگە ئالاتتى، ئۆسۈمى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. نەرسىلەرنى گۆرۈگە قويۇپ قەرز پۇل ئالغاندىن كېيىن، قەرز پۇلنى بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە قايتۇرالمىسا، گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىلەر گۆرۈخانىغا مەنسۇپ بولۇپ سېتىۋېتىلەتتى.

مىنگو دەۋرىدە، يۇقىرىلار ئاچقان گۆرۈخانىلارنىڭ يۇقىرى ئۆسۈم ئېلىش ئەھۋالىنى توسۇش ئۈچۈن، ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، كومپارتىيە ئەزاسى يولداش ماۋ زېمىن مىنگونىڭ 27- يىلى (1938- يىلى) ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغان سودا بانكىدا (قۇمۇل شۆبىسى) گۆرۈچىلىك كەسپىنى تەسىس قىلىشنى قارار

قىلىپ، تۆۋەن ئۆسۈملۈك، ئۇزۇن مۇددەتلىك، گۆرۈگە قويۇش مۇددىتى توشقاندىن كېيىن يەنە ئۇزارتىشقا بول قويۇش قاتارلىق ئامىغا قۇلايلىق سىياسەتلەرنى يولغا قويدى، بۇ خىل گۆرۈچىلىك سىرتقا نىسبەتەن «جامائەت پاراۋانلىقى گۆرۈخانىسى» دەپ ئاتالدى.

## §2. ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى پۇل ئىدارىسى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 51- يىلى (1786- يىلى)، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا كۈمۈش خەزىنىسى تەسىس قىلغاندا، باركۆل ناھىيىسىدىمۇ كۈمۈش خەزىنىسى تەسىس قىلىنىپ، 16 مىڭ 635 سەر كۈمۈش ساقلاندى، ئاساسلىقى ھەربىي ئىشلار ئۈچۈن ئىشلىتىلدى. گۇاڭشۈ 34- يىلى (1908- يىلى)، باركۆل ناھىيىسىدىكى كۈمۈش خەزىنە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى شۆبە پۇل ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى، قۇمۇل ناھىيىسىدىمۇ ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى شۆبە پۇل ئىدارىسى تەسىس قىلىندى، بۇ ھۆكۈمەت قۇرغان پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتى بولۇپ، پۇل تارقىتاتتى، پىرىۋوت نەقلەشتۈرۈش، ئامانەت قويۇش، قەرز بېرىش كەسىپلىرىنى بېجىردى.

شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن، ناھىيىلەردىكى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى شۆبە پۇل ئىدارىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئىش توختاتتى. مىنگونىڭ 2- يىلى (1913- يىلى)، ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى پۇل ئىدارىسى ۋە شۆبە ئىدارىلەرنى تەرتىپكە سېلىپ، تىجارەت دائىرىسىنى پۇل ئالماشتۇرۇش بىلەنلا چەكلەپ، قەرز بېرىشنى توختاتتى. قۇمۇل ناھىيىلىك شۆبە پۇل ئىدارىسىنىڭ دەسمايىسى 32 مىڭ 108 سەر تەڭگىگە، قوبۇل قىلىغان ئامانەت پۇلى 42 مىڭ 333 سەر تەڭگىگە، تارقاتقان قەغەز پۇلى 2108 سەر تەڭگىگە يەتتى. مىنگونىڭ 18- يىلى (1929- يىلى)، جىن شۇرېن تەختكە چىققاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى پۇل ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

## §3. شىنجاڭ جۇڭگو - روسىيە داۋشېڭ شۆبە بانكىسىنىڭ باركۆل ۋاكالەتخانىسى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 26- يىلى (1900- يىلى)، قەشقەردە جۇڭگو - روسىيە داۋشېڭ شۆبە بانكىسى قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، باركۆل ناھىيىسىدە ۋاكالەتخانا تەسىس قىلىندى. مىنگونىڭ 15- يىلى (1926- يىلى) بانكا ياخشى باشقۇرۇلمىغانلىقتىن، 9- ئاينىڭ 24- كۈنى ئىشتىن توختىتىلىپ تەرتىپكە سېلىندى. مىنگونىڭ 17- يىلى (1928- يىلى) 3- ئايدا تىجارەتنى توختاتتى.

## §4. شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنىڭ قۇمۇل شۆبىسى

مىنگونىڭ 18- يىلى (1929- يىلى)، شىنجاڭ ئۆلكىلىك پۇل ئىدارىسى ئىش توختاتتى، ئىككىنچى يىلى 7- ئاينىڭ 1- كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا قۇرۇلدى. مىنگونىڭ 20- يىلى (1931- يىلى)، قۇمۇلدا دېھقانلار قوزغىلىڭى

پارتلىغاندا، ماجۇڭيىڭ گەنسۇنىڭ خېشى كارىدورىدىن قۇمۇلغا كەلدى، ئۆلكىلىك بانكا تىجارىتىنى توختاتتى. مىنگونىڭ 22- يىلى (1933- يىلى)، شېڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئۆلكىلىك بانكىنىڭ تارماق ئاپپاراتلىرىدىن قۇمۇل، ئىلى قاتارلىق ئۈچ ئورۇنلا قالدى. بانكا ئۆلكىلىك خەزىنىگە ۋاكالىتەن ئىش بېجىردى، جايلارنىڭ ھەربىي ئىشلار ۋە ھۆكۈمەت خىراجىتىنى بانكىلار ئۆلكىلىك خەزىنىگە ۋاكالىتەن ئاجرىتىپ بەردى. بانكىنىڭ ئامانەت، قەرز بېرىش، پېرېۋوت قىلىش كەسپلىرىنىڭ دائىرىسى چەكلىك بولدى.

مىنگونىڭ 27- يىلى (1938- يىلى) 2- ئايدا، ماۋ زېمىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى (10- ئاينىڭ 5- كۈنى مۇۋەققەت نازىر بولدى) بولغاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك بانكا ھۆكۈمەت بىلەن سودىگەر شېرىكلەشكەن سودا بانكىسىغا ئۆزگەرتىلدى. مىنگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى) 1- ئاينىڭ 1- كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك سودا بانكىسى قۇرۇلدى، قارىمىقىدا 15 شۆبە بانكا تەسىس قىلىندى، قۇمۇل شۆبە بانكىسمۇ تەڭ قۇرۇلدى، بانكىغا يۈيۈۋلىن مەسئۇل بولدى. مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى) 1- ئاينىڭ 28- كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك سودا بانكىسىنىڭ قۇمۇل شۆبىسىگە سۇ زېمىن دىرېكتور بولدى، قارىمىقىدا بوغالتىرلىق كەسپى ۋە كاسسىرلىق گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى، قۇمۇل شۆبە بانكىسىنىڭ 18 شتاتى بار ئىدى. مىنگونىڭ 33-، 34- يىللىرى (1944-، 1945- يىللىرى)، قۇمۇل شۆبە بانكىسىنىڭ 18 شتاتى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە 15 خادىمى بار ئىدى. مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى) 4- ئاينىڭ 24- كۈنى، لى جۈيۈن قۇمۇل شۆبە بانكىسىنىڭ دىرېكتورى بولدى. مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى)، جاڭ جىيابىن قۇمۇل شۆبە بانكىسىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى بولدى. مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى)، كې پېيرۇ مۇئاۋىن دىرېكتور بولدى. مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) 6- ئايدا، قۇمۇل شۆبە بانكىسى خوجىلىق گۇرۇپپىسىنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بانكىدا بوغالتىرلىق، كەسىپ، كاسسىرلىق ۋە خوجىلىقتىن ئىبارەت تۆت گۇرۇپپا بار بولدى. مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى)، جاڭ گۇاڭشەن دىرېكتور بولدى، ئىشچى-خىزمەتچىسى 34 كە يەتتى.

مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) 12- ئاينىڭ 1- كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك سودا بانكىسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىغا ئۆزگەرتىلدى، شۇنىڭ بىلەن قۇمۇل شۆبە بانكىسمۇ شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىسىنىڭ قۇمۇل شۆبىسىگە ئۆزگەرتىلدى. مىنگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى) 1- ئاينىڭ 1- كۈنىگىچە، قۇمۇل شۆبە بانكىسىنىڭ شتاتى 30 غا يەتتى.

قۇمۇل شۆبە بانكىسى مىنگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى) 4- ئاينىڭ 11- كۈنىدىن باشلاپ، جۇڭگو سايلەمەت كوپېراتىپى شىنجاڭ ئۆلكىلىك تارماق كوپېراتىپىنىڭ قۇمۇل شۆبىسىگە ۋاكالىتەن ئىش بېجىردى.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك سودا بانكىسىنىڭ باركۆل ئىش باشقارمىسى مىنگونىڭ 31- يىلى (1942- يىلى) 11- ئاينىڭ 1- كۈنى قۇرۇلدى، ئىش باشقارمىسىغا يىن فۇجىۇ مۇدىر بولدى، تۆت شتاتى بار بولدى. مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى)، جاڭ شاۋتاڭ ئىش باشقارمىسىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. مىنگونىڭ 36 – يىلى (1947 – يىلى) يۈ يۈلىن ئىش باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى بولدى، مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) 3- ئايغا قەدەر، باركۆل ئىش باشقارمىسىنىڭ شتاتى 15 كە يەتتى.

## §5. مەركىزىي بانكىنىڭ قۇمۇل شۆبىسى

مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى)، شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇپ، جياڭ

جىيشىنىڭ قويىنغا ئۆزىنى ئاتتى. شۇنىڭ بىلەن مەركىزىي بانكىنىڭ فابى پۇلى (1935- يىلىدىن كېيىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تارقىتىلغان قەغەز پۇل) قۇمۇلغا كىرىپ، شىنجاڭ ئۆلكە پۇلى بىلەن تەڭ ئوبوروت بولدى. شۇنىڭدىن كېيىنلا، غەربىي شىمال ھەربىي- مەمۇرىي ئەمەلدارى جۇ شياۋلياڭ جياڭ جىيشىغا شىنجاڭدا مەركىزىي بانكا تەسىس قىلىشنى تەستىقلاپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى) 5- ئاينىڭ 25- كۈنى، مەركىزىي باش بانكا چېڭ جياپىڭ قاتارلىق ئىككى كىشىنى قۇمۇل شۆبە بانكىسىنى قۇرۇشقا ئەۋەتتى ھەمدە چۈگچەگدا تەييارلىق كۆرۈش ئورنى قۇرۇپ، قۇمۇل شۆبە بانكىسىنى قۇرۇش ئىشلىرىغا كونكرېت مەسئۇل بولدى. قۇمۇل شۆبە بانكىسى مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى) 10- ئاينىڭ 20- كۈنى قۇرۇلدى، چېڭ جياپىڭ دىرېكتور بولدى. قۇمۇل شۆبە بانكىسى 3- دەرىجىلىك شۆبە بانكا بولغاچقا، ئىچكى جەھەتتىكى تەشكىلىي بەلگىلىمە بويىچە، دىرېكتورلا تەسىس قىلىنىپ، مۇئاۋىن دىرېكتور تەسىس قىلىنمىدى. مەركىزىي بانكىنىڭ قۇمۇل شۆبىسىگە چېڭ جياپىڭ (1943 - يىل 10- ئاينىڭ 20- كۈنىدىن1945- يىل 12- ئاينىڭ 1- كۈنىگىچە)، گو چىڭدې (1945- يىل 12- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن 1948- يىل 10- ئايغىچە)، چېڭ جىخەن (1948- يىل 10- ئايدىن 1950- يىل 1- ئاينىڭ 4- كۈنىگىچە) دىرېكتور بولدى. دىرېكتور باشقۇرۇشىدا كاتىبات ئىشلىرى، بوغالتىرلىق، تىجارەت، دۆلەت خەزىنىسى، كاسىرلىقتىن ئىبارەت بەش سىستېما ۋە بىر تېلېگراف ماشىنىسى تەسىس قىلىندى، تېلېگراف ماشىنىسى ئارقىلىق ئاساسلىقى پۇل پېرېۋوت ئىشلىرىنى بېجىردى.

1949- يىل 9- ئاينىڭ 25-، 26- كۈنلىرى، سابىق گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھەربىي - مەمۇرىي دائىرىلىرى تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولدى. 9- ئاينىڭ 28- كۈنى، قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قىسىملىرى مەركىزىي بانكىنىڭ قۇمۇل شۆبىسى خەزىنىسىدىكى ئالتۇن- كۈمۈشلەرنى بۇلاپ كەتتى. 10- ئاينىڭ 13- كۈنى، ئازادلىق ئارمىيە قۇمۇلغا كىرگەندىن كېيىن، جەمئىيەت تەرتىپى ئەسلىگە كەلدى. 1950- يىل 1- ئاينىڭ 4- كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق بانكىسى كۆڭ شەنشۈننى قۇمۇل شۆبە بانكىسىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا ئەۋەتتى.

## §6. قۇمۇل پوچتا ئامانەت، پېرېۋوت شۆبە ئىدارىسى

قۇمۇل پوچتا ئامانەت، پېرېۋوت شۆبە ئىدارىسى مىنگونىڭ 19- يىلى (1930- يىلى) قۇرۇلدى. جۇجيەنشۈن مەسئۇل بولدى. ئامانەت قويۇلغان، پېرېۋوت قىلىنغان يىغى پۇل بەش مىليارد يۈەنگە يەتتى. قۇمۇلنىڭ پېرېۋوت ئىشلىرىغا ئىشلەتكەندىن باشقا، قالدۇق سوممىنى ئۈرۈمچىگە توشۇدى. مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى)، پېرېۋوت قىلىنغان پۇل مىقدارى ناھايىتى كۆپ بولدى. پۇلنى سودا بانكىسىغا ئامانەت قويسا ئۆسۈم ئېلىنمىدى، پوچتا ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە پۇل ئەۋەتىسىمۇ ھەق ئېلىنمىدى، شۇڭا تىجارەت سوممىسى شۇ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىلا 4 مىليارد يۈەنگە يەتتى، 2000 يۈەندىن ئارتۇق زىيان كۆرۈلدى. مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) نىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا، تىجارەت ئومۇمىي سوممىسى 6 مىليارد يۈەنگە يەتتى، ئارتقان زىيان 200 مىليون يۈەن بولدى. مىنگونىڭ 37- يىلى ( 1948- يىلى) نىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدا، تىجارەت ئومۇمىي سوممىسى 260 مىڭ جىنيۈەنجۈەنگە يەتتى (گومىنداڭ

ھۆكۈمىتى «فابى» بىتچىت بولغان ئەھۋال ئاستىدا تارقاتقان بىر خىل قەغەز پۇل)، مۇددەت توشقاندىن كېيىنكى پايدا 160 مىڭ جىنيۈەنجۈەنگە يەتكەن بولۇپ، مەملىكەت بويىچە پېرېۋوت قىلىندى.

## §7. جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك شۆبىسى

1950- يىل 10- ئاينىڭ 1- كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنىڭ قۇمۇل شۆبىسى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ قۇمۇل تارماق بانكىسىغا ئۆزگەرتىلدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنىڭ باركۆل ئىش باشقارمىسى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ باركۆل ناھىيىلىك تارماق بانكىسىغا ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلى، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك تارماق بانكىسى قۇرۇلدى. 1955- يىلى، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ قۇمۇل تارماق بانكىسى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسىغا ئۆزگەرتىلدى، مەركىزىي تارماق بانكا بىر دەرىجىلىك باشلامچى بانكا بولدى.

1958- يىل 2- ئاينىڭ 15- كۈنى، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈريول ئىش باشقارمىسى قۇرۇلدى. بۇ ئىش باشقارمىسى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسى يېتەكچىلىك قىلدى. شۇ يىلى 6- ئاينىڭ 20- كۈنى، بۇ ئىش باشقارمىسى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈريول 3- ئىش باشقارمىسى ئۆزگەرتىلدى. 1961- يىلى، بۇ ئىش باشقارمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، بارلىق تىجارەت ئىشلىرى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

1959- يىل 7- ئاينىڭ 1- كۈنى، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ قۇمۇل ناھىيىلىك تارماق بانكىسى قۇرۇلۇپ، تىجارەت باشلىدى. جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسى سىرتقا تىجارەت قىلىشنى توختىتىپ، قارىمىقىدىكى ناھىيىلىك تارماق بانكىلارغا رەھبەرلىك قىلدى.

1960- يىلى، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ تارانچى ئىش باشقارمىسى قۇرۇلدى. 1964- يىل 1- ئاينىڭ 1- كۈنى، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسى ۋە جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ قۇمۇل ناھىيىلىك تارماق بانكىسىنى تەسىس قىلدى. 1965- يىل 10- ئاينىڭ 31- كۈنى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسى، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسىغا قوشۇۋېتىلدى. قۇمۇل ناھىيىلىك خەلق بانكىسى بىلەن قۇمۇل ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسى 11- ئاينىڭ 4- كۈنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، بارلىق تىجارەت ئىشلىرى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسىغا ئۆتكۈزۈلدى.

1970- يىل 4- ئاينىڭ 1- كۈنى، پىچان ناھىيىلىك خەلق بانكىسى قۇمۇل ۋىلايەتلىك خەلق بانكىسى مەركىزىي تارماق بانكىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈلدى. 1975- يىلى، تۇرپان ۋىلايىتى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، پىچان ناھىيىلىك بانكا جۇڭگو خەلق بانكىسى تۇرپان ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈلدى.

1977- يىلى 1- ئاينىڭ 6- كۈنى، گوۋۇيۈەن قۇمۇل شەھىرىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلۈشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلدى. شۇ يىلى 7- ئايدا، قۇمۇل شەھەرلىك خەلق بانكىسى قۇرۇلدى، قۇمۇل ناھىيىلىك خەلق بانكىسمۇ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. قۇمۇل ناھىيىلىك، قۇمۇل شەھەرلىك خەلق بانكىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇمۇل ۋىلايەتلىك خەلق بانكىسىنىڭ بارلىق تىجارەت ئىشلىرى ناھىيىلىك، شەھەرلىك خەلق بانكىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1979- يىل 12- ئاينىڭ 5- كۈنى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى خەلق بانكىسىدىن يەنە ئايرىم تەسىس قىلىندى.

1983- يىل 9- ئايدا، قۇمۇل ناھىيىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1984- يىل 6- ئايدا، قۇمۇل ناھىيىلىك خەلق

بانكىسىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئاپپارات، خادىم ۋە تىجارەت ئىشلىرى قۇمۇل شەھەرلىك خەلق بانكىسىغا قوشۇۋېتىلدى.

1985- يىل 1- ئاينىڭ 1- كۈنى، سودا- سانائەت بانكىسى ئايرىم تەسىس قىلىندى. جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك شۆبىسىگە ئۆزگەرتىلدى. قۇمۇل شەھەرلىك، باركۆل ناھىيىلىك، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك، تارانچى خەلق بانكىلىرى شۇ جايدىكى سودا- سانائەت بانكىلىرى بىلەن بىر يۈرۈش خادىم، ئىككى خىل ۋەزىپىدە ئىش تۈزۈمىنى قوللاندى. خەلق بانكىسىنىڭ تىجارەت ئىشلىرىنى سودا- سانائەت بانكىسى ۋاكالىتەن بېجىردى.

1987- يىلى، قۇمۇل شەھەرلىك خەلق بانكىسى ۋە باركۆل ناھىيىلىك خەلق بانكىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

1988- يىل 6- ئاينىڭ 23- كۈنى، دۆلەت تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇمۇل شۆبە ئىدارىسى تەسىس قىلىندى، ئۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش شۆبە ئىدارىسىغا قارىدى، بۇ ئىدارە 2- دەرىجىلىك شۆبە ئىدارە بولۇپ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك خەلق بانكىسى بىلەن بىرلىشىپ ئىش بېجىردى. 1990- يىل 10- ئاينىڭ 1- كۈنى، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ تارانچى تارماق بانكىسى قايتا قۇرۇلدى.

1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، قۇمۇل ۋىلايەتلىك خەلق بانكىسىنىڭ قارمىقىدا قۇمۇل شەھەرلىك، باركۆل ناھىيىلىك، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك، تارانچى تارماق بانكىلىرى بولۇپ، ئىچكى جەھەتتە ئىشخانا، سىياسىي بۆلۈم، بوغالتىرلىق، دۆلەت خەزىنىسى، ئىقتىسادىي تەتقىقات بۆلۈملىرى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىشخانىسى، پۇل مۇئامىلە مەمۇرىي باشقۇرۇش بۆلۈمى، تاشقى پېرېۋوت كەسپىي ئىشخانىسى، قوغداش، پۇل تارقىتىش، پىلان بۆلۈملىرى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىش ئىشخانىسى قاتارلىق 12 تارماق تەسىس قىلىندى. ۋىلايەتلىك خەلق بانكىسىدا 183 ئىشچى- خىزمەتچى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى- خىزمەتچى 33.

## §8. جۇڭگو سودا- سانائەت بانكىسىنىڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسى

1985- يىل 1- ئاينىڭ 1- كۈنى، خەلق بانكىسىدىن ئايرىلىپ، جۇڭگو سودا- سانائەت بانكىسىنىڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسى تەسىس قىلىندى.

جۇڭگو سودا- سانائەت بانكىسىنىڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ باركۆل ناھىيىلىك، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك تارماق بانكىلىرى، تارانچى ئىش باشقارمىسى ۋە قۇمۇل شەھەرلىك تارماق بانكىسى، جۇڭگو سودا- سانائەت بانكىسى قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈلدى. بۇ تارماق بانكىلاردا، ئىش باشقارمىسىدا خەلق بانكىسىنىڭ ۋەزىپىسىنى ساقلاپ قېلىندى. ئىچكى جەھەتتە خەلق بانكىسىنىڭ كەسپىي بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، تارقاتقۇچى خەزىنىنى باشقۇردى، دۆلەت خەزىنىسى ۋە خەلق بانكىسىغا ۋاكالىتەن ئىش بېجىردى.

جۇڭگو سودا- سانائەت بانكىسىنىڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، 28 تىجارەت نۇقتىسى، 364 ئىشچى- خىزمەتچىسى بار ئىدى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، جۇڭگو سودا- سانائەت بانكىسى قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسىنىڭ قارمىقىدا قۇمۇل شەھەرلىك، باركۆل ناھىيىلىك، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك تارماق بانكىلىرى، تارانچى ئىش باشقارمىسى؛ تارماق بانكىلاردا ئىچكى جەھەتتە ئىشخانا، پىلان بۆلۈمى،

كېرىدىت بۆلۈمى، پۇل ئامانەت بۆلۈمى، بوغالتىرلىق، كاسسىرلىق بۆلۈمى، سىياسىي بۆلۈم، ئىشچىلار تۈزۈشمىسى ئىشخانىسى، مەمۇرىي تەپتىش، ئىقتىسادىي تەپتىش، قوغداش بۆلۈملىرى تەسىس قىلىندى، تارماق بانكىنىڭ 49 تىجارەت ئورگىنى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 28 ى پۇل ئامانەت قوبۇل قىلىش ئورنى، 21 ى ئىش بېجىرىش شۆبە پونكىتى، مەركىزىي تارماق بانكىدا 493 ئىشچى- خىزمەتچى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئىشچى- خىزمەتچى 124.

## §9. جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسى

جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسى 1956- يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، 1990- يىلغىچە ئۈچ قېتىم قايتا قۇرۇلۇپ، ئىككى قېتىم ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

1956- يىل 9- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايىتىدە يېزا ئىگىلىك بانكىسى ئايپاراتى تەسىس قىلىنىپلا قالماي، تىجارەت ئىشلىرىنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسى ۋاكالىتەن بېجىردى. سىرتقا قارىتا جۇڭگو خەلق بانكىسى قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسىنىڭ ۋىۋىسكىسى بىلەن جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسىنىڭ ۋىۋىسكىسى ئېسىلدى. شۇ يىلى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ قۇمۇل ناھىيىلىك تارماق بانكىسى بىلەن باركۆل ناھىيىلىك تارماق بانكىسى قۇرۇلدى.

1957- يىل 8- ئايدا، يېزا ئىگىلىك بانكىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، تىجارەت ئىشلىرى ۋە خادىملىرى خەلق بانكىسىغا قوشۇۋېتىلدى.

1964- يىل 1- ئاينىڭ 1- كۈنى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. شۇ يىلى قۇمۇل، باركۆل، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك تارماق بانكىلارمۇ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

1965- يىل 10- ئايدا، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسى ۋە قارمىقىدىكى ناھىيىلىك تارماق بانكىلار يەنە بىر قېتىم ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، تىجارەت ئىشلىرى ۋە خادىملىرى شۇ جايدىكى خەلق بانكىسىغا قوشۇۋېتىلدى.

1979- يىل 12- ئاينىڭ 5- كۈنى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسىدىن 3- قېتىم ئايرىپ تەسىس قىلىندى.

1980- يىل 1- ئاينىڭ 25- كۈنى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ قۇمۇل ناھىيىلىك تارماق بانكىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. شۇ يىلى 4- ئاينىڭ 12- كۈنى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ باركۆل ناھىيىلىك تارماق بانكىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. شۇ يىلى 7- ئاينىڭ 1- كۈنى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك تارماق بانكىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. خەلق گۇڭشېلىرى، دۆلەت ئىلكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدا تەسىس قىلىنغان تىجارەت ئورۇنلىرى، ئىناۋەتلىك قەرز ئامانەت كوپېراتىپلىرىنىڭ ھەممىسى يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈلدى. شۇ ۋاقىتقا قەدەر، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسىنىڭ قارمىقىدا ئۈچ تارماق بانكا، 29 تىجارەت ئورنى، 189 ئىشچى- خىزمەتچى بار ئىدى.

1984- يىل 7- ئايدا، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسىنىڭ تىجارەت بۆلۈمى يېزا ئىگىلىك بانكىسى قۇمۇل ناھىيىلىك تارماق بانكىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك

بانكىسىنىڭ قۇمۇل شەھەرلىك تارماق بانكىسى قىلىپ قۇرۇلدى.

1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، قۇمۇل شەھەرلىك، باركۆل ناھىيىلىك، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك تارماق بانكىلىرى جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسىغا قارىدى. جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسىدا ئىچكى جەھەتتە ئىشخانا، كادىرلار، قوغداش بۆلۈمى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىشخانىسى، پىلان، ئۇچۇر بۆلۈمى، بوغالتىرلىق، كاسىرلىق، كېرەدىت بۆلۈملىرى، دۆلەت كارخانىلىرى پۇل ئامانەت قويۇش، ئامانەت- قەرز كوپېراتىپى بۆلۈملىرى، سىياسىي ئىشخانا، ئىقتىسادىي تەپتىش بۆلۈمى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى؛ جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسىنىڭ قارمىقىدا سىرتقا قارىتىلغان 47 تىجارەت ئاپپاراتى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئامانەت پونكىتى ئىككى، تىجارەت ئورنى 45، ئىشچى- خىزمەتچىسى 411، بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئىشچى- خىزمەتچى 108.

## §10. جۇڭگو قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسى

1957- يىل 4- ئاينىڭ 25- كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىنىڭ قۇمۇل خىزمەت گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. 1958- يىلى، قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىنىڭ قۇمۇل ئىش باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

1960- يىل 3- ئاينىڭ 24- كۈنى، قۇرۇلۇش بانكىسى قۇمۇل ئىش باشقارمىسى جۇڭگو قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1961- يىل 3- پەسىلدە، جۇڭگو قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسى قۇمۇل ۋىلايەتلىك مالىيە ئىدارىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلدى. 1962- يىل 10- ئاينىڭ 11- كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىنىڭ تارانچى تارماق بانكىسى قۇرۇلدى. 1963- يىل 5- ئاينىڭ 11- كۈنى، قۇرۇلۇش بانكىسى تارانچى تارماق بانكىسىنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق خىزمەت گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. 1964- يىل 1- ئاينىڭ 1- كۈنى، قۇرۇلۇش بانكىسى تارانچى تارماق بانكىسىنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ قۇمۇل ئىش باشقارمىسى قۇرۇلدى، ئىش باشقارمىسى 10 خادىم ئىشلىدى.

1971- يىل 1- ئاينىڭ 1- كۈنى، قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ قۇمۇل ئىش باشقارمىسى، تارانچى ئىش باشقارمىسى شۇ جايدىكى خەلق بانكىسى بىلەن بىرلىشىپ ئىش بېجىردى. 1973- يىل 1- ئاينىڭ 1- كۈنى، قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسى ۋە تارانچى ئىش باشقارمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

1980- يىل 3- ئايدا، قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ باركۆل ناھىيىلىك تارماق بانكىسى قۇرۇلدى. شۇ يىلى 4- ئاينىڭ 26- كۈنى، جۇڭگو قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر، بانكىدا 36 ئىشچى — خىزمەتچى ئىشلىدى.

1987- يىل 4- ئاينىڭ 6- كۈنى، قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ قۇمۇل پويىز ئىستانسىسى ئىش باشقارمىسى قۇرۇلدى.

1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، باركۆل ناھىيىلىك تارماق بانكىسى، تارانچى ئىش باشقارمىسى، قۇمۇل پويىز ئىستانسىسى ئىش باشقارمىسى جۇڭگو قۇرۇلۇش بانكىسى قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسىغا قارىدى؛ ئىچكى جەھەتتە ئۇنىۋېرسال، پىلان، مالىيە، ئىشخانا، قوغداش، كادىر تەربىيىلەش، مەبلەغ سېلىش، قۇرۇلۇش ئىقتىسادى، پۇل ئامانەت، تىجارەت، ئۆي- زېمىن كېرەدىت بۆلۈم- ئىشخانىلىرى تەسىس قىلىندى؛ سىرتقا قارىتىلغان 19 تىجارەت

ئاپپاراتى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تۆت تىجارەت بۆلۈمى، يەتتە ئامانەت پونكىتى، ئالتە ئىش باشقارمىسى شۆبە پونكىتى، ئىككى پۇل ئامانىتىنى ۋاكالىتەن بېجىرىش ئورنى بار، 195 ئىشچى- خىزمەتچىسى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئىشچى- خىزمەتچى 28 .

## §11. جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق شىركىتى

1951- يىلى، جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبە شىركىتى قۇمۇل خەلق بانكىسىدا ئالاھىدە، تەكلىپلىك ۋاكالىتەن باشقۇرۇش ئورنى تەسىس قىلدى. 10- ئايدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى ئۈچ كادىرنى قۇمۇلغا ئەۋەتتى. 11- ئايدا، قۇمۇل ناھىيىسىدىكى توغۇچىدا چارۋىلارنى سۇغۇرتىلاش كەسپىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويدى.

1952- يىل 6- ئاينىڭ 30- كۈنى، سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ رەھبەرلىك مۇناسىۋىتىدە ئۆزگىرىش بولدى، ھەر دەرىجىلىك خەلق بانكىلىرى رەھبەرلىك قىلىشتىن، ھەر دەرىجىلىك مالىيە ئىدارىلىرى رەھبەرلىك قىلىشقا ئۆزگەرتىلدى، يەرلىك ھۆكۈمەتلەردە سۇغۇرتا كومىتېتى قۇرۇلدى.

1953- يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، بېزىلارنىڭ چارۋا سۇغۇرتىسى رەسمىيىتىنى قايتۇرۇش خىزمىتى باشلىنىپ، 10- ئايدا ئاخىرلاشتى، خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى يەتتە خىزمەتچى ئۆز ئورنىدىلا كەسىپ ئالماشتۇردى. شەھەر سۇغۇرتا كەسپىنى قۇمۇل خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ ئالاھىدە تەكلىپلىك ۋاكالىتەن باشقۇرۇش ئورنى داۋاملاشتۇرۇپ بېجىردى.

1957- يىلى، قۇمۇل خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ ئالاھىدە تەكلىپلىك ۋاكالىتەن باشقۇرۇش ئورنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، سۇغۇرتا شىركىتى قۇمۇل خىزمەت گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى ھەمدە قۇمۇل مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مالىيە بۆلۈمىگە يۆتكەلدى.

1958- يىلى، ۋىلايەتلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ قارمىقىدا سۇغۇرتا بۆلۈمى تەسىس قىلىندى (سىرتقا قارىتا جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ شىنجاڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىش باشقارمىسى دەپ ئاتالدى). 12- ئايدا، ئىش بېجىرىشنى توختىتىپ، سۇغۇرتا مۇددىتى توشمىغانلارنىڭ سۇغۇرتا پۇلىنى قايتۇرۇش رەسمىيىتىنى تەرتىپلىك بېجىردى. 1959- يىل 2- ئايغا قەدەر، سۇغۇرتا پۇلىنى قايتۇرۇش خىزمىتى ئاساسەن ئاخىرلىشىپ، خىزمەتچىلەر ئۆز ئورنىدىلا كەسىپ ئالماشتۇردى.

1981- يىل 11- ئاينىڭ 12- كۈنى، جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق شىركىتى قۇرۇلدى.

1984- يىل 11- ئايدا، سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ باركۆل ناھىيىلىك، تارانچى ئىش باشقارمىلىرى قۇرۇلۇپ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ ۋاكالەت ئاپپاراتى قىلىندى. 1985- يىلى، باركۆل ناھىيىلىك، تارانچى ئىش باشقارمىلىرىنىڭ دەرىجىسى ناھىيە دەرىجىلىك تارماق سۇغۇرتا شىركىتىگە ئۆستۈرۈلدى. 1986- يىل 7- ئايدا، قۇمۇل شەھىرى پويىز ئىستانسىسى تىجارەت ئورنى قۇرۇلدى. 1987- يىل 2- ئايدا، يەتتە قۇدۇق بازىرى؛ 11- ئايدا، يامانسۇ بازىرى؛ 1989- يىل 3- ئاينىڭ 17- كۈنى، ئاراتۈرۈك ناھىيە بازىرى تىجارەت ئورنى تەسىس قىلىندى.

1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، باركۆل ناھىيىسى، تارانچىدىن ئىبارەت ئىككى تارماق شىركەت، قۇمۇل شەھىرى

پويىز ئىستانسىسى، ئاراتۇرۇك ناھىيىسى، يەتتە قۇدۇق بازىرى، يامانسۇ بازىرى قاتارلىق تۆت تىجارەت ئورنى ۋە 22 سۇغۇرتا ۋاكالەت ئورنى قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق سۇغۇرتا شىركىتىگە قارايدۇ. ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق سۇغۇرتا شىركىتى ئىچكى جەھەتتە مال- مۈلۈك سۇغۇرتىسى، ئېغىز ئىگىلىك سۇغۇرتىسى، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى، پىلان - مالىيە بۆلۈملىرى، مەمۇرىيەت ئىشخانىسى تەسىس قىلدى، شىركەتتە 56 ئىشچى - خىزمەتچى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئىشچى - خىزمەتچى 10.

## §12. ئامانەت — قەرز كوپېراتىپى

**1. يېزا ئامانەت- قەرز كوپېراتىپى**

1953- يىلى، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسى قۇمۇل ناھىيىسى پالۋانتۇر، ئاستانە يېزىلىرىدا، سىناق تەرىقىسىدە يېزا ئامانەت- قەرز كوپېراتىپى قۇردى. 1955- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، قۇمۇل ۋىلايىتى ھەر بىر يېزىدا ئامانەت- قەرز كوپېراتىپى بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

1958- يىلى، ۋىلايەت بويىچە كوممۇنىلىشىش ئەمەلگە ئاشتى. ئامانەت- قەرز كوپېراتىپىنىڭ قەرز بېرىش ئوبيېكتى تەدرىجىي كوللېكتىپقا ئۆزگىرىپ، كېيىنچە دائىرىسى دۆلەت بانكىلىرى بىلەن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇنىڭغا قارىتا، يېزا پۇل مۇئامىلە خىزمىتى تۈزۈلمىسى توغرىسىدا تەڭشەش ئېلىپ بېرىلدى. 1960- يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، قۇمۇل ۋىلايىتى ئامانەت- قەرز كوپېراتىپىنى خەلق كوممۇنىسى مالىيە- سودا بۆلۈمىگە ئۆزگەرتتى (بەزىلىرى ئامانەت- قەرز بۆلۈمى دەپمۇ ئاتالدى)، ئۇ ھەم خەلق كوممۇنىسىنىڭ تەركىبىي قىسمى، ھەم خەلق بانكىسىنىڭ ئاساسىي قاتلام تىجارەت ئاپپاراتى بولدى. كېيىنچە جەھەتتە كوممۇنا رەھبەرلىك قىلغاندىن سىرت، دۆلەتلىك بانكا بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلدى. 1961- يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدا، ئامانەت- قەرز كوپېراتىپلىرى كوممۇنىدىن ئايرىۋېتىلىپ، خەلق بانكىسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

1970- يىلى، يېزا ئامانەت- قەرز كوپېراتىپلىرىنى بانكىنىڭ ئاساسىي قاتلام ئاپپاراتى قىلىپ ئۆزگەرتتى، ئامانەت- قەرز كوپېراتىپلىرى بانكىنىڭ ئاساسىي قاتلام تىجارەت ئورۇنلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئىش بېجىردى، بەزى بانكىنىڭ ئاساسىي قاتلام كېيىنچە ئىشلىرى ئامانەت- قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ بېجىرىشىگە ھاۋالە قىلىندى. ئامانەت- قەرز كوپېراتىپىدىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ تەمىناتى، مائاشى، بانكا خىزمەتچىلىرىنىڭ مائاشى پاراۋانلىقى بىلەن ئوخشاش بولدى.

1979- يىل 12- ئاينىڭ 5- كۈنى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، يېزا ئامانەت- قەرز كوپېراتىپلىرىمۇ يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈلدى. 1980- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ۋىلايەت بويىچە 23 يېزا ئامانەت- قەرز كوپېراتىپى، بەش ئامانەت- قەرز شۆبە كوپېراتىپى، 12 ئامانەت- قەرز پونكىتى، 128 ئىشچى - خىزمەتچى بار بولدى.

1988- يىلى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسى قۇمۇل شەھىرى ۋە باركۆل ناھىيىسىدە يېزا ئامانەت- قەرز بىرلەشمە كوپېراتىپى تەسىس قىلدى.

1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، قۇمۇل ۋىلايىتىدە ئىككى يېزا ئامانەت- قەرز بىرلەشمە كوپېراتىپى، 24 ئامانەت- قەرز كوپېراتىپى، 16 ئامانەت- قەرز شۆبە كوپېراتىپى، تۆت ئامانەت- قەرز پونكىتى، 175 ئىشچى- خىزمەتچى بار بولدى،

بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئىشچى- خىزمەتچى 69.

2. شەھەر ئامانەت- قەرز كوپېراتىپلىرى

1987- يىلى 12- ئايدا، قۇمۇل شەھىرىدە شەھەر ئامانەت- قەرز كوپېراتىپى قۇرۇلدى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ۋىلايەت بويىچە شەھەر ئامانەت- قەرز كوپېراتىپىدىن مۇشۇ بىرسىلا بار بولدى.

1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، قۇمۇل شەھەرلىك شەھەر ئامانەت- قەرز كوپېراتىپىدىكى ئىشچى- خىزمەتچى يەتتىگە، ئومۇمىي پۇل ئامانەت قالدۇق سوممىسى 900 مىڭ يۈەنگە، قەرز پۇل قالدۇقى 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

قۇمۇل ۋىلايىتى 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى بويىچە پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى

جەدۋەل: 16 – 1

| ئاپپارات نامى | جەمئىي | ناھىيە (باشقارما) دەرىجىلىك | تارماق بانكا دەرىجىلىك | ئىش بېجىرىش شۆبە پونكىتى | ئامانەت پونكىتى |
|---|---|---|---|---|---|
| خەلق بانكىسى | 4 | 1 | 3 | | |
| سودا- سانائەت بانكىسى | 54 | 1 | 4 | 21 | 28 |
| يېزا ئىگىلىك بانكىسى | 51 | 1 | 3 | 45 | 2 |
| قۇرۇلۇش بانكىسى | 16 | 1 | 2 | 6 | 7 |
| خەلق سۇغۇرتا شىركىتى | 7 | 1 | 2 | 4 | |
| جەمئىي | 132 | 5 | 14 | 76 | 37 |

قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى

جەدۋەل: 16 – 2

| ئاپپارات نامى | جەمئىي | بىرلەشمە كوپېراتىپ | ئامانەت- قەرز كوپېراتىپى | ئامانەت- قەرز شۆبە كوپېراتىپى | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|
| يېزا ئامانەت- قەرز كوپېراتىپى | 46 | 2 | 24 | 16 | ئامانەت- قەرز پونكىتى 4 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| شەھەر ئامانەت- قەرز كوپېراتىپى | 1 | | 1 | | |
| جەمئىي | 47 | 2 | 25 | 16 | 4 |

# باب II

# پۇل ئوبوروتى

قۇمۇل تارىختىن بۇيان قەدىمىي يىپەك يولىنىڭ قاتناش تۈگۈنى، شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئارىسىدىكى ئۆتەڭ بولۇپ كەلدى. ئىقتىساد - سودا ئالاقىسىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، قۇمۇلدا پۇلنىڭ ئوبوروت قىلىنىشى ۋە ئىشلىتىلىشى بىر قەدەر بالدۇر بولدى.

## §1. مېتال پۇل

بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، ئەسكەر تۇرغۇزۇش، سودا بېرىش- كېلىش ئىشلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھەر قايسى سۇلالىلەر دەۋرىدىكى پۇللار قۇمۇلغا ئېقىپ كىردى. خەن، تاڭ، شىمالىي سۇڭ، جىن، مىڭ ۋە چىڭ سۇلالىلىرىدىكى ھەر خىل پۇللارنى قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ناھىيە، شەھەرلەردە تاپقىلى بولىدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى تارىخىي ماتېرىياللاردا: قۇمۇل دىيارىدا «جۇڭگو يارماق پۇلى» ئىشلىتىلىدىكەن، «جۇڭگو يارماق پۇلى غەربتىكى قۇمۇلغىچە ئېقىپ بارغان . . . »، دەپ خاتىرىلەنگەن. قۇمۇلدا ئوبوروت قىلىنغان پۇل تۈزۈمى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى پۇل تۈزۈمى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، قۇمۇلنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى باشقا جايلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ مىس پۇلى ئوبوروت قىلىنغان.

### 1. خەن سۇلالىسىدىكى قەدىمىي پۇللار

قۇمۇلدا بايقالغان خەن سۇلالىسىدىكى قەدىمىي پۇل بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە چىققان چېگرا مۇھاپىزەت ئەسكەرلىرى ۋە قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ئەمەلدار، ئەسكەرلەر ئىشلىتىپ قېپقالغان پۇللاردۇر.

### قۇمۇل ۋىلايىتىدىن تېپىلغان خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مېتال پۇللار

جەدۋەل: 16 – 3

| نامى | شەكلى | دىئامېتىرى (سانتىمېتىر) | قېلىنلىقى (سانتىمېتىر) | تۆشۈكى (سانتىمېتىر) | پۇل يۈزىدىكى خەت | تەتۈر تەرىپى | ئومۇمىي كۆرۈنۈشى | پۇلنىڭ قويۇلغان ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| بىرىم سەرلىك پۇل | يۇمىلاق چاسا تۆشۈكلۈك | 2.3 | 0.1 | 0.8 | جۇئەنشۇ خەت شەكلى | سىلىق | تاشقى، ئىچكى قىرى يوق | غەربىي خەن سۇلالىسى |
| خوچۇمەن پۇلى | يۇمىلاق چاسا تۆشۈكلۈك | 2.3 | 0.13 | 0.7 | جۇئەنشۇ خەت شەكلى | خېتى يوق | ئىچكى، تاشقى قىرى بار | ۋاڭ ماڭنىڭ 4-قېتىملىق پۇل تۈزۈمى ئىسلاھاتى مەزگىلىدە قويۇلغان |
| بەش جولۇق پۇل | يۇمىلاق چاسا تۆشۈكلۈك | 2.55 | 0.18 | 1 | جۇئەنشۇ خەت شەكلى | سىدام | ئىچكى، تاشقى قىرى بار | شەرقىي خەن سۇلالىسى |

2. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قويما پۇللار

قۇمۇلدا تېپىلغان تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قويما پۇللار بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ياكى ئەسكەر تۇرغۇزۇش خارابىلىرىدىن تېپىلغاندىن سىرت، يىپەك يولى شىمالىي يېڭى يولىدىمۇ كۆپلەپ تېپىلدى.

### قۇمۇل ۋىلايىتىدىن تېپىلغان تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قويما پۇللار

جەدۋەل: 16 – 4

| نامى | شەكلى | دىئامېتىرى (سانتىمېتىر) | قېلىنلىقى (سانتىمېتىر) | تۆشۈكى (سانتىمېتىر) | پۇل يۈزىدىكى خەت | تەتۈر تەرىپى | پۇلنىڭ قويۇلغان ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| كەييۈەننىڭ تۇڭباۋ بەلگىسىدىكى داچەن پۇل | يۇمىلاق چاسا تۆشۈكلۈك | 2.4 | 0.1 | 0.7 | لىشۇخەت شەكلى | سىدام | تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى |
| | يۇمىلاق چاسا تۆشۈكلۈك | 2.5 | 0.1 | 0.65 | لىشۇ خەت شەكلى | ئاي شەكلى چۈشۈرۈلگەن | تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرى |

3. شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قويما پۇللار

قۇمۇلدىن تېپىلغان قويما پۇللار ئىچىدە شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قويما پۇللار ئەڭ كۆپ بولۇپ، ئوخشاشمىغان دەۋردىكى قويما پۇللار 20 خىلغا يېتىدۇ، بۇ پۇللارنىڭ ھەممىسى يۇمىلاق، چاسا تۆشۈكلۈك، تەتۈرى سىدام، چۆرىسى ئىنتايىن ئېنىق. «خۇاگرۇڭنىڭ تۇڭباۋ يىللىرىدىكى داچەن پۇل» ۋە «شېڭزۇڭ يامبۇسى» پۇللارنىڭ

يىلنامى بولمىغاندىن سىرت، باشقا پۇللارنىڭ ھەممىسىدە يىلنامى بار.

## قۇمۇل ۋىلايىتىدىن تېپىلغان سۇڭ دەۋرىدىكى قۇيما پۇللار

جەدۋەل: 16 – 5

| پۇل نامى | دىئامېتىرى (سانتىمېتىر) | قېلىنلىقى (سانتىمېتىر) | تۆشۈكى (سانتىمېتىر) | پۇل يۈزىدىكى خەتلەر | خەتلەرنىڭ ئىزلىنىشى | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|---|
| چۇنخۇا يامبۇسى | 2.5 | 0.1 | 0.6 | سۇڭ تەيزۇڭ دەۋرىدىكى ئىز بېرىلىش خەت شەكلى | ئايلانما شەكىلدە ئىزلىنغان | |
| شيەنپىڭ يامبۇسى | 2.5 | 0.1 | 0.6 | كەيشۇ خەت شەكلى | ئايلانما شەكىلدە ئىزلىنغان | |
| شياڭفۇ يامبۇسى | 2.6 | 0.05 | 0.7 | كەيشۇ خەت شەكلى | ئايلانما شەكىلدە ئىزلىنغان | |
| تيەنشى تۇڭباۋ | 2.6 | 0.1 | 0.7 | كەيشۇ خەت شەكلى | ئايلانما شەكىلدە ئىزلىنغان | |
| تيەنشىڭ يامبۇسى | 2.5 | 0.12 | 0.7 | جۇەنشۇ خەت شەكلى | ئايلانما شەكىلدە ئىزلىنغان | |
| مىڭدۇ يامبۇسى | 2.5 | 0.1 | 0.7 | جۇەنشۇ خەت شەكلى | ئايلانما شەكىلدە ئىزلىنغان | |
| جىڭيۇ يامبۇسى | 2.6 | 0.1 | 0.6 | كەيشۇ خەت شەكلى | ئايلانما شەكىلدە ئىزلىنغان | |
| خۇاڭسۇ تۇڭباۋ | 2.45 | 0.1 | 0.65 | لىشۇ خەت شەكلى | قارىمۇ قارشى ئىزلىنغان | يىلنامى يوق پۇل |
| جىخې يامبۇسى | 2.45 | 0.1 | 0.6 | لىشۇ خەت شەكلى | ئايلانما شەكىلدە ئىزلىنغان | |
| جيايۇ تۇڭباۋ | 2.55 | 0.1 | 0.7 | كەيشۇ خەت شەكلى | قارىمۇ قارشى ئىزلىنغان | |
| جىپىڭ يامبۇسى | 2.4 | 0.1 | 0.6 | | ئايلانما شەكىلدە ئىزلىنغان | شىڭشۇ، جۇەنشۇ شەكلىدىكى خىل خەت شەكلى |
| جىڭدې يامبۇسى | 2.5 | 0.1 | 0.6 | كەيشۇ خەت شەكلى | ئايلانما شەكىلدە ئىزلىنغان | |
| شىنىڭ يامبۇسى | 2.5 | 0.15 ~ 0.1 | 0.7 | كەيشۇ، جۇەنشۇ شەكلىدىكى خىل خەت شەكلى | قارىمۇ قارشى ئىزلىنغان | جۇەنشۇنىڭ شەكلىدىكى خىل شەكلى |
| يۈەنفېڭ تۇڭباۋ | 2.4 | 0.13 | 0.7 | ئىز بېرىلىش خەت شەكلى | ئايلانما شەكىلدە ئىزلىنغان | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| يۇنيۇ تۇڭباۋ | 2.4 | 0.13 | 0.7 | جۇەنشۇ خەت شەكلى | ئايلانما شەكىلدە تىزىلغان | |
| شىياۋشىڭ يامبۇسى | 2.4 | 0.15 | 0.6 | شىڭشۇ خەت شەكلى | ئايلانما شەكىلدە تىزىلغان | |
| شىڭگۇاڭ يامبۇسى | 2.4 | 0.15 | 0.6 | جۇەنشۇ خەت شەكلى | ئايلانما شەكىلدە تىزىلغان | يىلنامىسى يوق پۇل |
| جۇڭشىڭ تۇڭباۋسى | 3.4 | 0.25 | 0.9 | | ئايلانما شەكىلدە تىزىلغان | |
| داگۇەن تۇڭباۋسى | 4.1 | 0.3 | 1.15 | | قارىمۇ قارشى تىزىلغان | |
| جىڭخې تۇڭباۋسى | 2.5 | 0.1 | 0.6 | جۇەنشۇ خەت شەكلى | قارىمۇ قارشى تىزىلغان | |

4. جىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قويما پۇللار

جېڭلوڭ يامبۇسى يۇمىلاق چاسا تۆشۈكلۈك بولۇپ، دىئامېتىرى 2.5 سانتىمېتىر، تۆشۈكى 0.6 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 0.1 سانتىمېتىر كېلىدۇ، ئوتتۇرىسى ۋە چۆرىسىدە قىرى بار، پۇل يۈزىدە كەيشۇ شەكلىدىكى خەت چۈشۈرۈلگەن، خەتلەر ئايلانما شەكىلدە تىزىلغان، ئەتۋار تەرىپى سىدام بولۇپ، جىن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە قۇيۇلغان.

5. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قويما پۇللار

مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قويما پۇللار ناھايىتى ئاز بايقالغان بولۇپ، نۇسخىسى بىر- بىرىگە ئوخشاشمايدۇ، ھەممىسى يۇمىلاق چاسا تۆشۈكلۈك بولۇپ، ئوتتۇرىسى ۋە چۆرىسىدە قىرى بار.

قومۇل ۋىلايىتىدىن تېپىلغان مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قويما پۇللار

جەدۋەل: 16 – 6

| نامى | دىئامېتىرى (سانتىمېتىر) | قېلىنلىقى (سانتىمېتىر) | تۆشۈكى (سانتىمېتىر) | پۇل يۈزىدىكى خەتلەر | خەتلەرنىڭ تىزىلىشى | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|---|
| شۈەندې تۇڭباۋ | 2.4 | 0.08 | 0.55 | كەيشۇ خەت شەكلى | قارىمۇ قارشى تىزىلغان | ئەتۋار تەرىپى سىدام |
| ۋەنلى تۇڭباۋ | 2.4 | 0.08 | 0.5 | لىشۇ خەت شەكلى | قارىمۇ قارشى تىزىلغان | ئەتۋار تەرىپى سىدام |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئۈچىنچى تۈركۈمى | 1 | 2.7 | 0.05 | 0.6 | لىشۇ خەت شەكلى | قارىسۇ قارىشى تىزىلغان | تەتۈر تەرىپىدە «ھۆكۈمەت» دېگەن خەت بار |
| | 2 | 2.55 | 0.01 | 0.6 | لىشۇ خەت شەكلى | | تەتۈر تەرىپىدە خەت يوق |
| | 3 | 2.2 | 0.08 | 0.5 | كەيشۇ خەت شەكلى | | تەتۈر تەرىپى سىدام |

## 6. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇيما پۇللار

چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى قۇمۇلنىڭ پۇل تۈزۈمى قوش بىرلىك تۈزۈمى بولۇپ، كۈمۈش ۋە مىس پۇللار تەڭ ئىشلىتىلدى. سودا، باج يىغىش، ھۆكۈمەتتىن پۇل ئاجرىتىش، ھەربىي قىسىملارنىڭ خىراجىتىنى تارقىتىشتا كۈمۈش سەر ھېسابلاش بىرلىكى قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مالغا مال ئالماشتۇرۇش شەكلىمۇ قوللىنىلدى. بازار ئوبوروتىدا داچەن پۇل بىلەن كۈمۈشنى ئىشلىتىش ئاساس قىلىنىپ، كۈمۈشنىڭ سىرتقا ئېقىپ كېتىشى تىزگىنلەندى. سودىنىڭ جانلىنىشىغا ئەگىشىپ، داچەن پۇللار كۆپلەپ قۇمۇلغا ئېقىپ كىردى.

### قۇمۇل ۋىلايىتىدىن تېپىلغان چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇيما پۇللار

جەدۋەل: 16 – 7

| تۈركۈمى | | دىئامېتىرى (سانتىمېتىر) | قېلىنلىقى (سانتىمېتىر) | تۆشۈكى (سانتىمېتىر) | پۇل قۇيۇش ئىدارىلىرى |
|---|---|---|---|---|---|
| دەسلەپكى تۈركۈمى | 1 | 2.7 | 0·1 | 0·6 | مانجۇچە، «نويۇس» پىرقىسى، مانجۇچە، خەنزۇچە «تىلگ» پىرقىسى |
| | 2 | 2.5 | 0·1 | 0·6 | مانجۇچە، خەنزۇچە «نويۇس» پىرقىسى |
| | 3 | 2.3 ~ 2.2 | 0·05 | 0·5 | بىر لى پۇل، «دۇڭ»، «لىن» دىن ئىبارەت ئىككى پىرقە بار |
| | 4 | 1.6 | 0·05 | 0·5 | مانجۇچە |
| كېيىنكى تۈركۈمى | 1 | 2.7 ~ 2.6 | 0·1 | 0·6 ~ 0·5 | مانجۇچە، تەمىرات پىرقىسى، مانجۇچە، خەنزۇچە، خې، تۇڭ، يۈەن، جې، لىن، شەن قاتارلىق پىرقىلەر |
| | 2 | 2.4 | 0.1 | 0.5 | مانجۇچە، خەنزۇچە گۇاڭ، چاڭ، نىڭ ئۈچ پىرقە |
| | 3 | 1.9 | 0.08 | 0.6 | مانجۇچە، «نويۇس» پىرقىسى، مانجۇچە، خەنزۇچە، خې، لىن ئىككى پىرقە |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| | 4 | 1.7 | 0.05 | 0.5 | مانجۇچە، خەنزۇچە جىجياڭ پىرقىسى |
| يۇڭجېڭ تۇڭباۋسى | 1 | 2.8 ~ 2.7 | 0.15 | 0.6 | مانجۇچە، خەنزۇچە، يۈننەن، «نوپۇس» پىرقىسى |
| | 2 | 2.6 ~ 2.5 | 0.1 | 0.6 ~ 0.5 | مانجۇچە، تەمىرات پىرقىسى ۋە گۈيجۇ پىرقىسى |
| | 3 | 2.0 | 0.03 | 0.6 | مانجۇچە، تەمىرات پىرقىسى |
| چيەنلۇڭ تۇڭباۋسى | 1 | 2.6 ~ 2.5 | 0.1 | 0.6 ~ 0.5 | مانجۇچە، يۈننەن، تەمىرات پىرقىسى، جياڭسۇ پىرقىسى |
| | 2 | 2.4 | 0.1 | 0.6 | مانجۇچە، خۇبېي، جىجياڭ، شەنشى پىرقىلىرى |
| | 3 | 2.2 | 0.15 | 0.6 | مانجۇچە، شەنشى، جىلى، تەمىرات، گۇاڭبۇ پىرقىلىرى |
| | 4 | 2 | 0.05 | 0.6 | مانجۇچە، ئىدارىلەرنىڭ نامى ئېنىق ئەمەس |
| جىياچىڭ تۇڭباۋسى | 1 | 2.5 ~ 2.4 | 0.1 | 0.6 | مانجۇچە، ئىلى، ئاقسۇ، «نوپۇس»، شەنشى، سەنشى پىرقىلىرى |
| | 2 | 2.2 | 0.2 | 0.6 | مانجۇچە، شەنشى پىرقىسى |
| | 3 | 2.0 | 0.05 | 0.6 | مانجۇچە، يۈننەن پىرقىسى |
| | 4 | 1.7 | 0.05 | 0.5 | مانجۇچە، يۈننەن پىرقىسى |
| داۋگۇاڭ تۇڭباۋسى | 1 | 2.4 ~ 2.3 | 0.18 ~ 0.1 | 0.6 | مانجۇچە، ئىلى، تەمىرات، شەنشى پىرقىلىرى |
| | 2 | 2.2 ~ 2.1 | 0.1 | 0.6 | مانجۇچە، «نوپۇس»، يۈننەن، شەنشى پىرقىلىرى |
| | 3 | 1.9 | 0.06 | 0.6 | مانجۇچە، يۈننەن، گۇاڭشى، جىجياڭ پىرقىلىرى |
| | 4 | 1.6 | 0.05 | 0.6 | مانجۇچە، پۇل قۇيغان پىرقىنىڭ نامى ئېنىق ئەمەس |
| شيەنفېڭ تۇڭباۋسى | 1 | 2.2 | 0.18 | 0.6 | مانجۇچە، شەنشى پىرقىسى |
| | 2 | 2.0 | 0.1 | 0.6 | مانجۇچە، تەمىرات پىرقىسى |
| شيەنفېڭ جوڭباۋسى | | 5.2 | 0.4 ~ 0.2 | 1.0 | مانجۇچە، گەنسۇ، يەكەن، ئىلى پىرقىلىرى |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| شىيەنفېڭ تۇڭباۋسى | 1 | 4.8 | 0.3 | 0.8 | مانجۇچە- خەنزۇچە، گەنسۇ پىرقىسى |
| | 2 | 3.5 | 0.2 | 0.6 | مانجۇچە- خەنزۇچە، گەنسۇ پىرقىسى |
| | 3 | 2.6 | 0.18 | 0.6 | مانجۇچە- خەنزۇچە، گەنسۇ پىرقىسى |
| تۇڭجى تۇڭباۋسى | | 2.5 | 0.1 | 0.6 | مانجۇچە- خەنزۇچە، تەمىرات پىرقىسى |
| گۇاڭشۇ تۇڭباۋسى | | 2.6 | 0.1 | 0.6 | مانجۇچە- خەنزۇچە، تەمىرات پىرقىسى، يۈننەن پىرقىسى |
| گۇاڭشۇ يامبۇسى | | | | | پۇل قۇيغان پىرقە ئېنىق ئەمەس |

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، قومۇلنىڭ پۇل مۇئامىلە بازىرىدا ئاساسلىقى كۈمۈش يامبۇ، كۈمۈش نوكچا، تەڭگە، مىس پۇل، تۇڭپۇر، يارماق قاتارلىق مېتال پۇللار ئوبوروت قىلىندى. كۈمۈش تەڭگە بەش مىسقال، تۆت مىسقال، ئۈچ مىسقال، ئىككى مىسقال، بىر مىسقالدىن ئىبارەت بەش خىلغا ئايرىلاتتى. قومۇلدىكى خەنزۇلار پۇلنى ئادەتتە «تۇڭپۇر» دەپ ئاتايتتى، ئۇ تۈچتىن قۇيۇلغان بولۇپ، يۇمىلاق، تۆشۈكسىز بولاتتى، بەش پۇل، 10 پۇل، 20 پۇل دېگەندەك بىر نەچچە خىلغا ئايرىلاتتى.

شىنجاڭدا قۇيۇلغان تۈچ پۇل ئۇيغۇر تىلىدا «داچەن» داپ ئاتىلاتتى، يۇمىلاق، ئوتتۇرىسىدا تۆت چاسا تۆشۈكى بار بولۇپ، ئوڭ يۈزىدە «چيەنلۇڭ تۇڭباۋسى»، «شيەنفېڭ تۇڭباۋسى»، «تۇڭجى تۇڭباۋسى»، «گۇاڭشۇ تۇڭباۋسى» دېگەن خەتلەر بېسىلغان، تەتۈر يۈزىگە «داڭشى»، «كۇشى» ياكى «شىنشى» دېگەن خەتلەر بېسىلغان. سېرىق مىس پۇل يارماق دەپ ئاتىلاتتى، شەكلى يۇمىلاق، ئوتتۇرىسىدا تۆت چاسا تۆشۈكى بولۇپ، سېرىق مىستىن قۇيۇلاتتى.

ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ نوم يېزىسىدىن تېپىلغان «گۇاڭشۇ تەڭگە پۇلى» نىڭ شەكلى يۇمىلاق، ئوتتۇرىدا تۆت چاسا تۆشۈكى يوق بولۇپ، دىئامېتىرى 3.1 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 0.2 سانتىمېتىر كېلىدۇ، ئوتتۇرىسىدا «گۇاڭشۇ تەڭگىسى»، سول تەرىپىدە «بەش مىسقال»، ئوڭ تەرىپىدە «ئۈرۈمچى» دېگەن خەنزۇچە خەتلەر كەيشۇ خەت شەكلى بويىچە تىك بېسىلغان، تەتۈر تەرىپىدە قوش يوپۇرماقلىق گۈل بېسىلغان بولۇپ، ئوتتۇرىدا ئۇيغۇرچە «ئۈرۈمچىدە ئىشلەنگەن»، بەش مىسقال، يىل، ئاي، كۈن دېگەن خەتلەر بېسىلغان بولۇپ، گۈل شەكلى ئەرەب ئۇسلۇبىدا چۈشۈرۈلگەن.

شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇلغاندىن كېيىن، باركۆلدە ئاساسلىقى تەڭگە، يارماق پۇللار ئىشلەندى. تەڭگە ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئىشلەنگەن كۈمۈش پۇل ۋە تيەنگاڭ پۇل دەپ ئىككى خىل، يارماق ئىچكىرىدە ئىشلەنگەن يارماق، شىنجاڭدا ئىشلەنگەن تۇڭپۇر، يارماق دەپ ئۈچ خىل، باركۆل ناھىيىسىدە ئاساسلىقى شىنجاڭدا ئىشلەنگەن «گۇاڭشۇ تۇڭباۋسى» قاتارلىق يارماق پۇللارنى ئاساسلىق ئىشلىتەتتى.

### 7. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى قەغەز پۇللار

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پۇل مەملىكەت بويىچە خەلق پۇلى قىلىپ بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، باشقا پۇللار ئوبوروت قىلىشتىن توختىتىلدى. خەلق پۇلىنىڭ تۈرىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن، دۆلەتىمىز 1957- يىل 12- ئاينىڭ 1-

كۈنى 1955- يىلى بېسىلغان پۇل شەكلى بويىچە سومىسى بىر پۇڭلۇق، ئىككى پۇڭلۇق، بەش پۇڭلۇق ئاليۇمىن- ماگنىي قېتىشما مېتال پۇللارنى تارقاتتى. بۇ خىل پۇللار 1957- يىلىنىڭ ئاخىرى قۇمۇلدا تۇنجى تۇركۇمدە تارقىتىلدى، 1958- يىل 2- ئاينىڭ 1- كۈنى باركۆل، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىرىدە تارقىتىلدى. ۋىلايەت بويىچە 12 مىڭ 654.68 يۈەن پۇل تارقىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە بىر پۇڭلۇق پۇلدىن 1890.68 يۈەن، ئىككى پۇڭلۇق پۇلدىن 3377 يۈەن، بەش پۇڭلۇق پۇلدىن 7387 يۈەن تارقىتىلدى. دۆلەتىمىز 1980- يىل 4- ئاينىڭ 15- كۈنى، 1980- يىللىق سومىسى بىر مولۇق، ئىككى مولۇق، بەش مولۇق ۋە بىر يۈەنلىكتىن ئىبارەت تۆت خىل مىس- سىنك، مىس- نىكېل قېتىشما پۇل تارقاتتى. بىر يۈەنلىك مېتال پۇلنىڭ ئوڭ يۈزىگە دۆلەت گېربى، دۆلەت نامى، يىل نامى بېسىلدى، تەتۈر تەرىپىگە سەددىچىن سېپىلىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلدى. بازاردىكى ئوبوروت قىلىنىۋاتقان ئوخشاش سومىلىق قەغەز پۇللار بىلەن تەڭ ئوبوروت قىلىندى. 1984- يىل 12- ئاينىڭ 3- كۈنى، قۇمۇلغا بىر يۈەنلىك پۇلدىن 6000 يۈەن، بەش مولۇق پۇلدىن 2500 يۈەن، ئىككى مولۇق پۇلدىن 1000 يۈەن، بىر مولۇق پۇلدىن 500 يۈەن، جەمئىي 10 مىڭ يۈەن پۇل كىرگۈزۈلدى.

بايرام، تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ۋە خەلقئارا پائالىيەت كۈنلىرىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، 1957- يىل 12- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ، بىر پۇڭلۇق، ئىككى پۇڭلۇق، بەش پۇڭلۇق مېتال پۇل تارقىتىلدى، 1979- يىلىدىن باشلاپ ئوبوروت قىلىنىدىغان خاتىرە مېتال پۇل تارقىتىلدى.

## §2. لاتا پۇل

لاتا پۇل، ئاق لاتىغا ياغاچ ياكى ئىستىراتىپ بەت ئارقىلىق رەڭ بېسىپ ياسالغان پۇل بولۇپ، كۆپىنچە مايلىق لاتىدىن ئىشلىنىدۇ، پۇقرالار بۇ خىل پۇلنى مايلىق لاتا تىيزا دەپ ئاتايتتى.

مىنگونىڭ 12 – 21 - يىلىغىچە (1923 – 1932 - يىلىغىچە)، ئۈرۈمچى پۇل ئىدارىسى لاتا پۇل تارقاتتى، بۇ خىل پۇلنىڭ قىممىتى 40 تۇڭپۇرغا تەڭ بولۇپ، ئوڭ يۈزىگىلا خەت بېسىلغان، تۆت بۇرجىكىگە «قىرىق تۇڭپۇر» دېگەن كەيشۇ خەت شەكلىدىكى خەنزۇچە خەتلەر بېسىلغان، ئۈستى تەرىپىگە ئىككى بايراق، ئاستى تەرىپىگە دېڭىز دولقۇنى، ئوڭ، سول ئىككى تەرىپىگە بۇغداي باشقىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. رەخت پۇلنىڭ ئوتتۇرىسىدا خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە «ئۈرۈمچى پۇل ئىدارىسى»، «بۇ پۇل 40 تۇڭپۇرغا تەڭ قىلىنىدۇ» دېگەن خەتلەر بېسىلغان. باركۆل ۋە قۇمۇللاردا بۇ خىل لاتا پۇل «مايلىق لاتا تىيزا» دەپ ئاتالغان. بۇ خىل لاتا پۇلنىڭ قىممىتى 40 تۇڭپۇرغا، بىر مىسقال تەڭگىگە تەڭ ئىدى.

## §3. قەغەز پۇل

### 1. تارىختا قۇمۇل بازىرىدا ئىشلىتىلگەن قەغەز پۇللار

1) لوفېياۋ پۇلى قۇمۇل، باركۆلدە بۇ خىل قەغەز پۇل «لاۋ لوگپياۋ»، «دا لوگپياۋ» دېيىلەتتى. بۇ پۇلنىڭ ئوڭ يۈزىگە ئىككى ئەجدىھانىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەچكە شۇنداق ئاتالغان، قىممىتى 400 تۇڭپۇرغا تەڭ بولۇپ، بىر سەر

تەڭگىگە سوندۇرۇلۇپ، ئاساسىي پۇل ئورنىدا ئىشلىتىلدى. تىك بېسىلغان ھۆكۈمەت پۇلىنىڭ سۈپىتى ياخشى، بېسىلىشى سىپتا، كۆرۈنۈشى كۆركەم بولۇپ، ئوڭ يۈزىگە ئىككى ئەجدىھانىڭ ئويناقشىپ تۇرغان رەسىمى چۈشۈرۈلگەن، ئاستى تەرىپىگە كۆك رەڭدە دېڭىز سۈيىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، ئوتتۇرىسىغا ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە خەتلەر بېسىلغان، ئۈستى تەرىپىگە خەنزۇچە «شىنجاڭ ھۆكۈمەت باش پۇل ئىدارىسى» دېگەن خەتلەر توغرىسىغا بېسىلغان، ئوتتۇرىسىغا خەنزۇچە «بۇ پۇل 400 توڭپۇرغا تەڭ قىلىنىدۇ» دېگەن خەتلەر تىك بېسىلغان، ئوڭ تەرىپىگە خەنزۇچە «گۇاڭشۈنىڭ شۈشىن ×× يىلى ×× ئاينىڭ ×× كۈنى (1908)» دېگەن خەتلەر تىك بېسىلغان، ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچىسى بېسىلغان. پۇلنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە «شىنجاڭ قەغەز پۇلى» دېگەن خەنزۇچە خەتلەر بېسىلغان، پۇلنىڭ تەتۈر يۈزىگە ھۆكۈمەت ئۇقتۇرۇشى بېسىلغان. لاۋ لوڭپياۋنىڭ بىر سەرى 400 توڭپۇرغا سوندۇرۇلۇپ ھېسابلاندى، بىر مىسقال تەڭگە 40 توڭپۇرغا ئالماشتۇرۇلدى.

دالوڭپياۋ يېڭى پۇل ياكى ئۆلكە پۇلى دەپمۇ ئاتىلاتتى. بۇ خىل پۇل تىك بېسىلغان ھۆكۈمەت تېزىسى بولۇپ، بەيداۋلىن قەغىزى تاش باسمىسىدا بېسىلغان، بېسىلىشى يىرىك بولۇپ، ئوڭ يۈزىنىڭ ئەتراپىغا ئىككى ئەجدىھانىڭ ئويناقشىپ تۇرغان رەسىمى چۈشۈرۈلگەن، ئۈستى تەرىپىگە «شىنجاڭ»، «مالىيە مەھكىمىسى تەرىپىدىن چىقىرىلغان ھۆكۈمەت پۇلى» دېگەن ئىككى قۇر خەنزۇچە خەتلەر توغرىسىغا بېسىلغان، ئوتتۇرىسىغا «بۇ پۇل 400 توڭپۇرغا تەڭ» دېگەن خەنزۇچە خەتلەر تىك بېسىلغان، ئوڭ بۇرجىكىگە ئۇيغۇرچىسى بېسىلغان. پۇلنىڭ تەتۈر يۈزىگە مالىيە مەھكىمىسىنىڭ خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ئۇقتۇرۇشى ۋە تامغىسى بېسىلغان. بۇ خىل پۇل مىنگونىڭ 2- يىلى (1913- يىلى) ئۆرۈمچىدە بېسىلغان، قىممىتى 400 توڭپۇرغا ياكى بىر سەر تەڭگىگە تەڭ.

2) كۈچۈك پۇل  بۇ خىل پۇلنىڭ قىممىتى 100 توڭپۇرغا تەڭ بولۇپ، 2.5 مىسقال تەڭگىگە (قوشۇمچە پۇل) تەڭ. داۋلىن قەغىزى تاش باسمىسىدا بېسىلغان. بۇ خىل پۇل قىزىل، كۆك ۋە قارا ئۈچ خىل رەڭدە بېسىلغان بولۇپ، يىرىك ھەم تۇتۇق كۆرۈنەتتى. بۇ خىل پۇلنىڭ ئوڭ، سول ئىككى تەرىپىگە يېشىل رەڭدە ئىتقا ئوخشايدىغان شىر رەسىمى چۈشۈرۈلگەنلىكتىن، پۇقرالار كۈچۈك پۇل دەپ ئاتىغان. بۇ خىل پۇلنىڭ ئوڭ يۈزىگە «شىنجاڭ»، «مالىيە مەھكىمىسى تەرىپىدىن چىقىرىلغان ھۆكۈمەت پۇلى»، «بۇ پۇل 100 توڭپۇرغا تەڭ» دېگەن خەتلەر ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە بېسىلغان، تەتۈر يۈزىگە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئۇقتۇرۇش بېسىلغان بولۇپ، ئۇنى شىنجاڭ مالىيە مەھكىمىسى مىنگونىڭ 3- يىلى (1914- يىلى) تارقاتقان.

3) ئۆلكە پۇلى  چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 15- يىلى (1889- يىلى)، باركۆلدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تارقاتقان ئۆلكە پۇلى خەجلەندى، بۇ خىل پۇلنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئالتە سوڭ، كەڭلىكى ئۈچ سوڭ بولۇپ، پۇل يۈزىگە «ھەر بىر سەر تەڭگىسى 400 توڭپۇرغا تەڭ» دېگەن قارا خەتلەر بېسىلغان. قۇمۇل بازىرىدا تاش باسمىدىكى ئۈچ سەرلىك، بەش سەرلىك، ھەتتا 10 سەرلىك ئۆلكە پۇلى خەجلەندى، بۇ خىل پۇل بەيياڭ قەغىزى تاش باسمىدىكى تىك بېسىلغان ھۆكۈمەت تېزىسى بولۇپ، مىنگونىڭ 22- يىلى (1933- يىلى) شىنجاڭ مالىيە نازارىتىنىڭ پۇل بېسىش ئىدارىسىدا بېسىلغان. شىنجاڭ مالىيە نازارىتى تارقاتقان. پۇل تۈزۈمى مۇقىم بولمىغانلىقتىن، باركۆلدە 500 سەرلىك قەغەز پۇلمۇ بار ئىدى.

مىنگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى)، ماۋزېمىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلغاندىن كېيىن، مىنگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى) بېسىلغان ئۆلكە پۇلى — سوممىسى ئون يۈەن، بەش يۈەن، بىر يۈەنلىك ئاساسىي پۇل ۋە 50 پۇڭ، 20 پۇڭ، 10 پۇڭ، بەش پۇڭ، ئۈچ پۇڭ، بىر پۇڭلۇق قوشۇمچە پۇل

تارقاتتى. بىر يۈەن يېڭى پۇل 2000 سەر كونا پۇلغا تەڭ بولدى. 7- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ بىر يۈەن 4000 سەرگە تەڭ قىلىندى.

4) فابى پۇلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇنلۇق پۇلى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭغا بولغان تەسىرىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، قۇمۇلغا فابى پۇلىمۇ كۆپلەپ كىرىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قۇمۇلدا فابى پۇلى ئالماشتۇرۇش پونكىتى تەسىس قىلىنىپ، بىر يۈەن يېڭى پۇلغا بەش يۈەن فابى پۇلى ئالماشتۇرۇش نىسبىتى بويىچە ئالماشتۇرۇلدى.

5) گۈەنجىن پۇلى مەركىزىي بانكا قۇمۇل شۆبىسى قۇرۇلۇپ، گۈەنجىن پۇلى تارقاتتى. مىنگونىڭ 31- يىلى (1942- يىلى) 4- ئايدا، بىر يۈەن گۈەنجىن پۇلى 20 يۈەن فابى پۇلغا تەڭ قىلىنىپ، گۈەنجىن پۇلى بىلەن فابى پۇلى تەڭ ئوبوروت بولدى.

6) جىنيۈەنجۈەن پۇلى مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) 8- ئاينىڭ 19- كۈنى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى پۇل تۈزۈمىنى قايتا ئىسلاھ قىلىپ، جىنيۈەنجۈەن پۇلى تارقاتتى، بىر جىنيۈەنجۈەن پۇلى 3 مىليون فابى پۇلغا تەڭ قىلىندى.

7) كۈمۈش پۇل مىنگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى)، شىنجاڭدا مال باھاسى ئۆرلەپ، پۇل ئېغىر دەرىجىدە پاخاللىشىپ كەتتى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت پۇل مۇئامىلىدە نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش ئۈچۈن، مىنگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى) 5- ئاينىڭ 20- كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىغا تەڭگە ۋە كۈمۈش پۇل تارقىتىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى، تەڭگە ئۆلكىنىڭ ئۆزىدە قويۇلدى، بىر يۈەنلىك تەڭگىدە يەتتە مىسقال ئىككى پۇڭ كۈمۈش بولۇپ، قىممىتى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە قويۇلغان تەڭگە پۇللار بىلەن تەڭ؛ قىممىتى تەڭگە بىلەن تەڭ بولغان كۈمۈش پۇلنىڭ سوممىسى ئاساسلىقى: بىر يۈەنلىك تەڭگە (ئاساسىي پۇل)، بىر پۇڭ، بەش پۇڭ، 10 پۇڭ، 20 پۇڭ، 50 پۇڭ (قوشۇمچە پۇل) دىن ئىبارەت. 7- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن ئېتىبارەن 600 مىليارد يۈەن ئۆلكە پۇلىنى بىر يۈەنلىك تەڭگىگە سۇندۇرۇپ يىغىۋېلىندى. كۈمۈش پۇل تارقىتىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا قىممىتى تېزدىن چۈشۈپ كەتتى. شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، كۈمۈش پۇل قۇمۇلدا داۋاملىق ئوبوروت قىلىندى. 1950- يىلى بىر يۈەنلىك، بەش يۈەنلىك، 10 يۈەنلىك قەغەز پۇللار تارقىتىلدى.

2. خەلق پۇلى

1951- يىل 10- ئاينىڭ 1- كۈنى، قۇمۇلدا ئۇيغۇر يېزىقى بېسىلغان خەلق پۇلى تارقىتىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا تارقاتقان كۈمۈش پۇلنى 350 يۈەن كونا خەلق پۇلغا سۇندۇرۇپ، بەلگىلىك مۇددەت ئىچىدە يىغىۋېلىش باشلاندى.

1955- يىل 3- ئاينىڭ 1- كۈنى، قۇمۇلدا يېڭى خەلق پۇلى تارقىتىلدى، بىر يۈەن يېڭى خەلق پۇلىنىڭ قىممىتى 10 مىڭ يۈەن كونا خەلق پۇلى بىلەن تەڭ قىلىندى. پۇل ئالماشتۇرۇش مەزگىلىدە يېڭى، كونا خەلق پۇللىرى تەڭ ئوبوروت قىلىندى، قۇمۇلدا يىغىۋېلىنغان كونا خەلق پۇلى 8 مىليارد 101 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يەتتى (يېڭى خەلق پۇلغا سۇندۇرۇلسا 810 مىڭ 135 يۈەن بولىدۇ). شۇ يىلى 5- ئاينىڭ 10- كۈنىگە قەدەر، كونا خەلق پۇلى ئوبوروت قىلىنىشتىن توختىتىلدى، 6- ئاينىڭ 1- كۈنى پۇل ئالماشتۇرۇش توختىتىلدى.

# III باب

# كرېدىت

## §1. سانائەت كرېدىتى

مىنگونىڭ 30- يىلى (1941- يىلى)، شىنجاڭ ئۆلكىلىك سودا بانكىسىنىڭ قۇمۇل شۆبىسى قول سانائىتى ئۈچۈن 2 مىليون 560 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقاتتى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۈرۈمچى- قۇمۇل ۋە قۇمۇل- باركۆل تاشيولىنى ياساش ئۈچۈن مەخسۇس مەبلەغ ئاجراتتى، بۇ مەبلەغنى بانكا ۋاكالىتەن بېجىردى. مىنگونىڭ 26- يىلى (1937- يىلى) 8- ئايدا، ماۋزېمىن قۇمۇل بازىرىنىڭ شەرقىدە تاشيول ۋە كۆۋرۈك ياساش ئۈچۈن 2 مىليون 622 مىڭ سەر تەڭگە تەستىقلىدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەنى 1950- يىلى ئاساسلىقى خۇسۇسىي ۋە يەككە قول ھۈنەرۋەنچىلىكى ئۈچۈن ئاز مىقداردا قەرز پۇل تارقىتىلدى.

1952- يىلى 1- پەسىلدە، جەمئىي 140 مىليون يۈەن (كونا خەلق پۇلى) سانائەت، سودا قەرز پۇلى تارقىتىلدى، 8- ئاينىڭ ئاخىرىغىچە قەرز قالدۇقى 414 مىليون 400 مىڭ يۈەن (كونا خەلق پۇلى) گە يېتىپ، 1- پەسىلدىكىدىن 195.56% ئېشىپ، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا مەدەت بېرىلدى.

1953- يىلى، دۆلەت ئىلكىدىكى سانائەت ۋە كوللېكتىپ سانائەت كارخانىلىرىغا داۋاملىق مەدەت بېرىلىپ، خۇسۇسىي سانائەت كارخانىلىرىنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئىلگىرى سۈرۈلدى. شۇ يىلى، قۇمۇلدىكى خۇسۇسىي كارخانىلارغا بېرىلگەن قەرز پۇل 150 مىليون يۈەن (كونا خەلق پۇلى) گە يەتتى. 1953- يىلىدىن باشلاپ، بانكىلار كارخانىلارغا بىۋاسىتە قەرز پۇل بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئەسلىدىكى «خەزىنە تۈزۈمى» دىكى قەرز پۇل بېرىشنى «مالىيە كىرىم- چىقىم پەرقىنى بوغۇش» قا ئۆزگەرتتى. 1955- يىلى، خەلق بانكىسى راسچوت قەرز پۇلى تارقىتىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. بۇ كارخانىلارنىڭ ماددىي ئەشيا سېتىۋېلىشى ئۈچۈن تارقاتقان مەخسۇس قەرز پۇلى بولۇپ، ئۆسۈم نىسبىتى ئادەتتىكى قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتىدىن 50% تۆۋەن ئىدى. 1957- يىلى، ۋىلايەت بويىچە تارقىتىلغان سانائەت قەرز پۇلى 100 مىڭ يۈەن (يېڭى خەلق پۇلى، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش) گە يەتتى.

1958- يىلى، بانكىلاردا «ئامانەت ۋە قەرز پۇل ۋەزىپىسىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش، پىلان بويىچە ھۆددىگە بېرىش، پەرقلىق سوممىنى باشقۇرۇش، بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش» كرېدىت پىلانى باشقۇرۇش چارىسى يولغا قويۇلدى. شۇ يىلى، ۋىلايەت بويىچە بانكىنىڭ تارقاتقان سانائەت قەرز پۇلى 1 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1959- يىلى، «پۈتۈن سومملىق كرېدىت» باشقۇرۇش ئۇسۇلى يولغا قويۇلۇپ، مالىيىدىن كارخانىلارغا ئاجرىتىلىدىغان تۇراقسىز مەبلەغنىڭ ھەممىسى بانكا قەرز پۇلىغا ئۆزگەرتىلدى. پولات تاۋلاش جەريانىدا بانكا پولات- تۆمۈر كارخانىلىرىنى تۇراقسىز مەبلەغ بىلەن تەمىن ئېتىشتە ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە قارىماي، قارىغۇلارچە قەرز پۇل بەردى، ھەتتا پولات- تۆمۈر كارخانىلىرىنىڭ دومنا پېچ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغىمۇ قەرز پۇل بەردى، مالىيىدىن ئاجرىتىلغان «تۆت تۈرلۈك

خىراجەت» (تېخنىكىلىق تەشكىللەش تەدبىر خىراجىتى، يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى، پارچە-پۇرات مۇقىم مۈلۈك سېتىۋېلىش خىراجىتى، ئەمگەك مۇھاپىزەت خىراجىتى) نى ئاۋۋال بانكا قەرز پۇل ئورنىدا بېرىپ تۇرۇش، كارخانا پايدا ياراتقاندىن كېيىن قايتۇرۇشقا ئۆزگەرتىپ، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنى بانكا قەرز پۇل بېرىپ قوللايدىغان قىلىپ، نامۇۋاپىق قەرز پۇل تارقىتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىۋەتتى. ئەمەلىيەتتە راسچوت قەرز پۇلىنىڭ كېمەيتىلىپ ھېسابلىنىش نىسبىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، بانكىنىڭ تارقاتقان قەرز پۇلى كارخانىلارنىڭ ئۇمۇمىي پايدىسى بولۇپ قالدى. شۇ يىلى، ۋىلايەت بويىچە بانكىنىڭ تارقاتقان سانائەت قەرز پۇلى 11 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1960- يىلى، ۋىلايەتلىك بانكا 17 مىليون 220 مىڭ يۈەن سانائەت قەرز پۇلى تارقاتتى. 1961- يىلى تارقاتقان سانائەت قەرز پۇلى 10 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 37.3% كېمەيدى.

1962- يىلى، بانكىلار «شۇ يىللىق كرېدىت مەبلىغىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش، قەرز پۇلنى يىغىۋېلىش» تىن ئىبارەت پۇل مۇئامىلە خىزمەت فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، كرېدىت ئارقىلىق باشقۇرۇش ۋە كرېدىت مەبلىغى بىلەن تەمىنلەش نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتتى. سانائەت كرېدىتى جەھەتتە، تەڭشەش ۋە بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئايرىم مۇئامىلە قىلىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلدى، شۇ يىلى ۋىلايەت بويىچە ئىشلەپچىقىرىلغان دېھقانچىلىق سايمىنى 40 مىڭغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 20% ئاشتى. ۋىلايەت بويىچە ئىشتىن توختىغان يەتتە كارخانىنىڭ قەرزى 4 مىليون 513 مىڭ يۈەنگە يەتكەن بولۇپ، يىل ئاخىرىغىچە 539 مىڭ يۈەن قەرز پۇل قايتۇرۇۋېلىندى. 1962- يىلى، سانائەت ئۈچۈن تارقىتىلغان قەرز پۇل 7 مىليون 474 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 1 مىليون 620 مىڭ يۈەن (ئاجرىتىپ يۆتكەلگەن 20% لىك نورمىلىق مەبلەغ بۇنىڭ سىرتىدا) ئاز بولدى.

1963- يىلى، تەڭشەش مەركەز قىلىنغان «تەڭشەش، ئىسلاھ قىلىش، تەرتىپكە سېلىش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى يېزا ئىگىلىكنى ئاساس قىلىش ئىزىغا سېلىنىپ، ۋىلايەتلىك ئۆتنۇبىرسال ماشىنىسازلىق زاۋۇتىغا 30 مىڭ يۈەن قەرز پۇل بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كارخانىلارنىڭ زىيانىنى تۈگىتىپ، پايدا يارىتىشىغا پائال ھەمكارلىشىلىپ، قۇمۇل كۆۋرۈك ماتېرىياللىرى زاۋۇتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيىتىنى ھەل قىلىۋېلىشىغا ياردەم بېرىلدى. نەتىجىدە بۇ كارخانا پىلاندىكى 249 مىڭ يۈەن زىيان تارتىشنى 100 مىڭ يۈەن پايدا ئېلىشقا ئۆزگەرتتى.

ئىشتىن توختىتىلغان كارخانىلارغا بېرىلگەن قەرز پۇلنى قايتۇرۇۋېلىشتا ئالاقىنى كۈچەيتىش، چارە-تەدبىر كۆرسىتىش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، 1963- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئىشتىن توختىتىلغان كارخانىلاردىن قەرز پۇلنى قايتۇرۇۋېلىشتا قۇمۇل پولات-تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ 2 مىليون 310 مىڭ يۈەنى قايتۇرۇۋېلىنىپ، يەنە 1 مىليون 650 مىڭ يۈەنى قالغاندىن سىرت، يەرلىكتىكى باشقا كارخانىلارنىڭ قەرز پۇلىنىڭ ھەممىسى قايتۇرۇۋېلىندى.

1963- يىلى، ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 5 مىليون 358 مىڭ يۈەن سانائەت قەرز پۇلى تارقىتىلدى.

1964- يىلى، كرېدىت خادىملىرىنى زاۋۇتلارغا ئەۋەتىش ئۇسۇلى قوللىنىلغانلىقتىن، ۋىلايەت بويىچە سانائەت ئۈچۈن تارقىتىلغان قەرز پۇل ئالدىنقى يىلدىكىدىن 2 مىليون 177 مىڭ يۈەن ئاز بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە قايتۇرۇۋېلىنغان ماددىي ئەشيا قەرز پۇلى 700 مىڭ يۈەنگە، ئىشتىن توختىتىلغان قۇمۇل پولات-تۆمۈر زاۋۇتىدىن 1 مىليون 180 مىڭ يۈەن قەرز پۇل قايتۇرۇۋېلىندى.

1965- يىلى، سانائەت تارماقلىرى تېخنىكا يېڭىلاش، مەھسۇلات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، مەھسۇلات تۈرلىرىنى كۆپەيتىش، سانائەت ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنى ئاشۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، سانائەت كرېدىت مەبلىغى جەھەتتە قوللاپ، مۇۋاپىق قەرز پۇل بېرىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش تەدبىرىنى قوللاندى. ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل

ئەترىتى شۇ يىلىلا كونا قەرزلەرنىڭ 60% ىنى قايتۇرۇپ بولدى. شۇ يىلى، ۋىلايەت بويىچە سانائەت قەرز پۇل قالدۇقى 2 مىليون 131 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1968- يىلى، بانكىلار كرېدىت خىزمىتى جەھەتتە يېڭى ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى زور كۈچ بىلەن قوللاش بىلەن بىرگە، سانائەت، سودا كرېدىت خىزمىتىنى پائال ئوبدان ئىشلەپ، ۋىلايەت بويىچە سانائەت قەرز پۇل قالدۇقىنى 6 مىليون 144 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى. 1972- يىلى، سانائەت قەرز پۇل قالدۇقى 7 مىليون 435 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلىنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 2 مىليون 758 مىڭ يۈەن ئاشتى، بۇ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنىڭ تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكىنىڭ ئاقىۋىتى. قۇمۇل كۆۋرۈك ماتېرىياللىرى زاۋۇتى تۆمۈريول مىنىستىرلىكىنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق 1020 خىزمەتچىسى بار زاۋۇت بولۇپ، بانكىدىن تورمىلىق قەرز پۇلدىن 3 مىليون 264 مىڭ يۈەننى ئاشۇرۇپ ئالدى، بۇ ۋىلايەتنىڭ سانائەت قەرز پۇلى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 43.9% ىنى ئىگىلىدى. 1976- يىل 10- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ سانائەت قەرز پۇل قالدۇقى 7 مىليون 613 مىڭ يۈەنگە، 1977- يىلى، سانائەت قەرز پۇل قالدۇقى 8 مىليون 523 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بانكىلار ئىلگىرىكى پەقەت تۇراقسىز قەرز پۇل مەبلىغى تارقىتىشتەك كونا رامكىنى بۇزۇپ تاشلاپ، خەلق ئىگىلىكىدە «تەڭشەش، ئىسلاھ قىلىش، تەرتىپكە سېلىش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، «يەرقلەندۈرۈپ مۇئامىلە قىلىش، ياخشىلىرىنى يۆلەش» قەرز پۇل بېرىش پرىنسىپىنى يولغا قويدى. 1978- يىلى، قۇمۇلدىكى بانكىلارنىڭ ۋىلايەتلىك دۆلەت ئىلكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىغا بەرگەن قەرز پۇل قالدۇقى 11 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 2 مىليون 960 مىڭ يۈەن ئاشتى. 1979- يىلى، سانائەت قەرز پۇل قالدۇقى 15 مىليون 824 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1981- يىلى، گوۋۇيۈەننىڭ تۇراقسىز مەبلەغنى خەلق بانكىسى بىر تۇتاش باشقۇرۇش، يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتى كارخانىلىرىنىڭ بازىرى بار مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئېغىر سانائەت كارخانىلىرىنىڭ مۇلازىمەت يۆنىلىشى ۋە مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى نۇقتىلىق قوللاش قارارىغا ئاساسەن، شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ۋىلايەت بويىچە سانائەت قەرز پۇل قالدۇقى 13 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈلدى.

1982- يىلى، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، مەبلەغنىڭ ئايلىنىشى تېزلەتىلگەنلىكتىن، قەرز پۇل ئېلىش تەدرىجىي ئازايدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر، سانائەت قەرز پۇل قالدۇقى 10 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 3 مىليون 200 مىڭ يۈەن ئاز بولدى.

1982- يىلى، بانكىلار ئوتتۇرا ۋە قىسقا مۇددەتلىك ئۈسكۈنە قەرز پۇلى بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتىنى قوللىدى. قۇمۇل ۋىلايەتلىك تۇز ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى 10 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق تۇز كاندۇكى ئاچتى، بۇنىڭغا قۇمۇل شەھەرلىك تارماق بانكىسى 180 مىڭ يۈەن قەرز پۇل بەردى، تۇز كاندۇكلىرى قۇرۇلۇشى شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا پۈتۈپ، 2100 توننا سۇپەتلىك تۇز ئىشلەپچىقىرىلدى. بانكا قۇمۇل ۋىلايەتلىك تۇز ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسىنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنى يېڭىلىشىغا 120 مىڭ يۈەن قەرز پۇل بەردى. سانائەت ئايلانما مەبلىغى قەرز پۇلى بېرىش جەھەتتە، قۇمۇل ناھىيىلىك تارماق بانكىسى ۋىلايەتلىك قىزىل يۇلتۇز دورا زاۋۇتى، ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتى، ناھىيىلىك فوسفورلۇق ئوغۇت زاۋۇتىغا جەمئىي 930 مىڭ يۈەن قەرز پۇل بەردى. ۋىلايەتتىكى بانكىلار ئىشلەپچىقىرىشنى مەبلەغ جەھەتتىن زور كۈچ بىلەن قوللىغانلىقتىن قەرز پۇل قالدۇقى كۆپىيىپ، شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 2 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1981- يىلدىكىدىن 2.54 ھەسسە ئاشتى.

1983- يىلى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش مەركەز قىلىنىپ، كرېدىت خىزمىتى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەندى، تارقىتىلغان سانائەت قەرز پۇلى 31 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 3 مىليون 470 مىڭ يۈەن ئاشتى. بانكىلار سانائەت ئايلانما مەبلىغى قەرز پۇلى بېرىشتە، سېتىشقا قاراپ مەھسۇلات بېكىتىش، سېتىشقا ئاساسەن قەرز پۇل بېرىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بەردى. ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى

زاۋۇتنىڭ قارىتا، مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش پىلانى ۋە تەننەرخ ماتېرىياللىرىنى كارخانا ئۆزى تەمىنلەش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، كارخانا مەھسۇلاتىنىڭ سېتىلىش يولى بولۇش ۋە پايدا بولۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، 430 مىڭ يۈەن قەرز پۇل بېرىلىپ، ئات هارۋىسى تەگلىكى، پۇركۇگۇچ، پارۋاي ئىشلەپچىقىرىشقا مەدەت بېرىلدى، نەتىجىدە بۇ كارخانا 20 مىڭ يۈەندىن كۆپ پايدا يارىتىپ، ئۇدا زىيان تارتىش تارىخىغا خاتىمە بەردى.

1984- يىل 11- ئاينىڭ ئاخىرىدا، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ سانائەت، قاتناش ئىشلەپچىقىرىش ئايلانما مەبلىغى قەرز پۇل قالدۇقى 18 مىليون 834 مىڭ يۈەن بولۇپ، يىل بېشىدىكىدىن بىر ھەسسىگە يېقىن (يىل بېشىدا 9 مىليون 538 مىڭ يۈەن) ئاشتى، ۋىلايەت بويىچە سانائەت كرېدىت مەبلىغىنىڭ يىللىق ئىشلىتىلىش نىسبىتى 2.53 قېتىم بولۇپ، يىل بېشىدا پىلانلانغان 1.8 قېتىمدىن 0.73 قېتىم تېز بولدى.

1985- يىلى، سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئايلانما مەبلىغى قەرز پۇلى 29 مىليون 398 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 15 مىليون 956 مىڭ يۈەن ئېشىپ، سانائەت قەرز پۇل قالدۇقى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 11 مىليون 568 مىڭ يۈەن ئاشتى. ئاساسلىقى تاشقى پېرېۋوت يارىتىدىغان داڭلىق ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتلار ۋە بازارلىق، بازارغا جىددىي ئېھتىياجلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا مەدەت بېرىلدى. مەسىلەن، قۇمۇل شەھەرلىك تارماق بانكىسى قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىغا 300 مىڭ يۈەن قەرز پۇل بەردى. 1986- يىلى، قۇمۇل ۋىلايىتى سانائەت كرېدىت خىزمىتىدە قۇمۇلنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش، مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش ۋە مۇلازىمەتنى ئىرىشىپ ياخشىلاشنى زېچ چۆرىدەپ، كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەبلەغ يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىشىغا، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەملىشىپ، چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنى قوللىدى. دۆلەت ئىلكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قەرز پۇل قالدۇقى 56 مىليون 942 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 44.53% ئاشتى.

سانائەت قەرز پۇلى بېرىش جەھەتتە قىس مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارغا نۇقتىلىق مەدەت بېرىلدى. مەسىلەن، قۇمۇل ۋىلايەتلىك قىزىل يۇلتۇز دورا زاۋۇتى ئېفېدرىن ئىشلەپچىقىرىپ ئېكسپورت تاشقى پېرېۋوت يارىتىدىغان كارخانا، قۇمۇل شەھەرلىك تارماق بانكا بۇ كارخانىغا 980 مىڭ يۈەن قەرز پۇل بېرىپ، 750 توننا خام ئەشيا سېتىۋېلىشنى پائال قوللىدى، يىل ئاخىرىغىچە بۇ كارخانا 10 توننا ئېفېدرىن ئېكسپورت قىلىپ تاشقى پېرېۋوت يارىتىدىغان ئېفېدرىن ئىشلەپچىقىرىپ، مەھسۇلات قىممىتىنى 966 مىڭ يۈەنگە، پايدىنى 588 مىڭ يۈەنگە، تاشقى پېرېۋوتنى 368 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى.

1988- يىلى، قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى سانائەت، قاتناش كارخانىلىرىنىڭ ئايلانما مەبلەغ قەرز پۇل قالدۇقى 64 مىليون 85 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 4 مىليون 867 مىڭ يۈەن ئاشتى.

1989- يىلى، بانكىلار «ئومۇمىي مىقدارنى تىزگىنلەش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، مۇھىم نۇقتىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئادەتتىكىلەرنى قىسقارتىش، ۋاقتىدا تەڭشەش، ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش» پۇل، كرېدىت سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، پەرقلەندۈرۈپ مۇئامىلە قىلىش، ياخشىلىرىنى يۆلەش، ناچارلىرىنى چەكلەش كرېدىت فاكچىنىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش، مالىيە باشقۇرۇش، ئىقتىسادىي ئۈنۈم، كارخانا قەرزى قاتارلىق 10 تۈرلۈك ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچنى تاللاپ، مىقدارىنى بېكىتىش بىلەن خاراكتېرىنى بېكىتىش ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن تۈرگە ئايرىپ تەرتىپ تۇرغۇزۇش ئۆلچىمىنى قوللىنىپ، بىرىنچى تۈردىكى 16 كارخانىنى، ئىككىنچى تۈردىكى 28 كارخانىنى، ئۈچىنچى تۈردىكى 10 كارخانىنى، تۆتىنچى تۈردىكى ئۈچ كارخانىنى ئايرىپ چىقتى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كوللېكتىپ مۇلۇك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، تەرتىپكە تۇرغۇزۇش ۋە مۈلۈك تەكشۈرۈش ئاساسىدا، دۆلەتنىڭ كەسىپ سىياسىتىگە ئاساسەن، كرېدىت خىزمىتىدە ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، قەرز پۇل بېرىش يۆنىلىشىنى بېكىتتى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئايلانما مەبلەغ قەرز پۇلى ئالدىنقى

يىلىنىڭ بېشىدىكىدىن 20 مىليون 141 مىڭ يۈەن ئاشتى. ئاساسلىقى كۆمۈرچىلىككە 6 مىليون 420 مىڭ يۈەن، مېتاللۇرگىيىگە 3 مىليون 30 مىڭ يۈەن، توقۇمىچىلىققا 5 مىليون 710 مىڭ يۈەن، يېنىك سانائەتكە 2 مىليون 540 مىڭ يۈەن ئىشلىتىلدى.

1990- يىلى، ۋىلايەت كرېدىت خىزمىتىدە «ئومۇمىي مىقدارنى تىزگىنلەش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، مۇھىم نۇقتىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئادەتتىكىلەرنى قىسقارتىش، ۋاقتىدا تەڭشەش، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش» كرېدىت فاڭجېنى ۋە «بىرنى تىزگىنلەش، ئىككىنى تەڭشەش، ئۈچنى جانلاندۇرۇش» خىزمەت ۋەزىپىسىنى داۋاملىق ئىجرا قىلىپ، سانائەت، سودا، ماددىي ئەشيا كارخانىلىرىغا ئۈچ جەھەتتىن مەبلەغ كىرگۈزۈپ، قوش لىنىيىلىك قوزغىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش يوللىرىنى تېرىشىپ راۋانلاشتۇرۇپ، ۋىلايەتتىكى سانائەت، سودا كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈردى. 1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 216 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %5.84 ئېشىپ، ئاپتونوم رايون چۈشۈرگەن پىلان %102.1 ئورۇندالدى.

1990- يىلىنىڭ ئاخىرى، سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئايلانما مەبلەغ قەرز پۇلى 94 مىليون 563 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %30.77 ئاشتى. سانائەت كارخانىلىرىغا يىگىدىن كۆپەيتىپ تارقىتىلىدىغان قەرز پۇل سىستېمىلار بويىچە تۆۋەندىكىدەك تەقسىم قىلىندى: مېتاللۇرگىيە سىستېمىسىغا 2 مىليون 790 مىڭ يۈەن قەرز پۇل كۆپەيتىلىپ، ئومۇمىي كۆپەيتىلگەن قەرز پۇلنىڭ %12.7 ىنى ئىگىلىدى؛ يېنىك سانائەت سىستېمىسىغا 5 مىليون 371 مىڭ يۈەن قەرز پۇل كۆپەيتىلىپ، %24.1 نى؛ توقۇمىچىلىق سىستېمىسىغا 2 مىليون 497 مىڭ يۈەن قەرز پۇل كۆپەيتىلىپ، %12.2؛ قاتناش سىستېمىسىغا 2 مىليون 350 مىڭ يۈەن كۆپەيتىلىپ، %10.56 نى ؛ كۆمۈرچىلىك سىستېمىسىغا 4 مىليون 617 مىڭ يۈەن كۆپەيتىلىپ، %20.7 نى ئىگىلىدى. تەۋەلىك مۇناسىۋىتى بويىچە تۆۋەندىكىدەك تەقسىم قىلىندى: مەركەز، ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق كارخانىلارغا 6 مىليون 957 مىڭ يۈەن كۆپەيتىلىپ، ئومۇمىي كۆپەيتىلگەن قەرز پۇلنىڭ %31.3 ىنى، ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە قاراشلىق سانائەت كارخانىلىرىغا 15 مىليون 294 مىڭ يۈەن كۆپەيتىلىپ، %68.7 نى ئىگىلىدى؛ كارخانىلارنىڭ تۈرى بويىچە تۆۋەندىكىدەك تەقسىم قىلىندى: بىرىنچى، ئىككىنچى تۈردىكى كارخانىلارغا 19 مىليون 380 مىڭ يۈەن كۆپەيتىلىپ، ئومۇمىي كۆپەيتىلگەن قەرز پۇلنىڭ %87.1 ىنى؛ ئۈچىنچى، تۆتىنچى تۈردىكى كارخانىلارغا 2 مىليون 871 مىڭ يۈەن كۆپەيتىلىپ، %12.9 نى ئىگىلىدى.

1990- يىلى، ۋىلايەتتىكى بانكىلار يۇقىرى دەرىجىلىك بانكىنىڭ «يىگىدىن كۆپەيتىلگەن قەرز پۇلنى قاتتىق كونترول قىلىش، مەبلەغنى مەركەزلەشتۈرۈپ، نۇقتىلىق كارخانىلارغا كاپالەتلىك قىلىش» فاڭجېنىغا ئاساسەن، كۆمۈرچىلىك، يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق، خىمىيە سانائىتى، مېتاللۇرگىيە، قاتناش قاتارلىق كەسىپلەرنى مەبلەغ جەھەتتىن نۇقتىلىق قوللىدى. مەسىلەن، قۇمۇل كۆۋرۈك ماتېرىياللىرى زاۋۇتى، قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى، يامانسۇ كانى، قۇمۇل ئېلېكتر ئېنېرگىيە ئىدارىسى، ۋىلايەتلىك تۇز زاۋۇتى، ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى، قۇمۇل قىزىل يۇلتۇز دورا زاۋۇتى، قۇمۇل يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قاتارلىق كارخانىلارغا 14 مىليون 850 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقاتتى. بۇ، 1990- يىلى كۆپەيتىپ تارقىتىلغان سانائەت قەرز پۇلىنىڭ %63 ىنى ئىگىلىدى. يۇقىرىدا ئېيتىلغان كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىشتا جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان خام ماتېرىياللارنى ۋاقتىدا سېتىۋېلىشنى قوللاپ، نورمال ئىشلەپچىقىرىشقا كاپالەتلىك قىلدى.

1990- يىلى، ۋىلايەتتىكى بانكىلار نۇقتىلىق كارخانىلار ۋە چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنى قوللاش بىلەن بىرگە، «كرېدىت خىزمىتىدىكى مۇقىملىق ۋەزىيىتىنى نەزەردە تۇتۇش، مۇقىملىق ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش» يېتەكچى ئىدىيىسى بويىچە، ياردەم بېرىشنى مەركەز، كارخانىلارنى جانلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ، بازار كاساتلىشىش سەۋەبىدىن مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىشى قىيىن بولۇپ، زىيان تارتىۋاتقان ۋە ئىشتىن توختىغان، يېرىم

ئىشتىن توختىغان كارخانىلارغا ئىشلەپچىقىرىش قەرز پۇلى تارقىتىپ، بۇ كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە، زىيانىنى ئازايتىشىغا ياردەم بەردى، ۋىلايەتتىكى بانكىلار باركۆل ناھىيىلىك يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى، كۆمۈر كانى ۋە قۇمۇل شەھەرلىك فوسفورلۇق ئوغۇت زاۋۇتىغا 21 مىليون 150 مىڭ يۈەن قەرز پۇل بەردى، نەتىجىدە بۇ كارۋانىلار 7763.6 توننا سۇلفات ئىشقارى، 75 مىڭ توننا كۆمۈر، 58 مىڭ مېتىر يۇڭ توقۇلما، 11 مىڭ 920 توننا فوسفورلۇق ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىپ، ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشتى.

## §2.سودا كرېدىتى

شىنجاڭ ئۆلكىلىك سودا بانكىسىنىڭ قۇمۇل شۆبىسى مىنگونىڭ 29- يىلى (1940- يىلى) تارقاتقان سودا قەرز پۇلى 22 مىليون 185 مىڭ يۈەنگە، مىنگونىڭ 30- يىلى (1941- يىلى) 32 مىليون 795 مىڭ يۈەنگە، مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى) 2 مىليون يۈەنگە يەتتى. مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) يەتتە قۇدۇق مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىغا 10 مىليون يۈەن سودا قەرز پۇلى بەردى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950- يىلى، ۋىلايەتلىك خەلق بانكىسى چەكلىك ساندا ۋاقىتلىق قەرز پۇل تارقاتتى.

1951- يىلى، «شەھەر- يېزىلار ئارا ماددىي ئەشيا ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش» فاڭجېنى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، قۇمۇل ۋىلايىتى 32 مىليون 600 مىڭ سودا قەرز پۇلى (كونا خەلق پۇلى، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش) تارقاتتى، بۇنىڭ ئىچىدە باركۆل ناھىيىلىك تارماق بانكا 700 مىليون يۈەن، قۇمۇل شەھەرلىك تارماق بانكا 2 مىليارد 560 مىليون يۈەن تارقاتتى.

1953- يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك خەلق بانكىسى سودا كرېدىت خىزمىتى جەھەتتە تەمىنات- سودا ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىغا 18 مىڭ يۈەن (يېڭى خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇلدى، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش) قەرز پۇل تارقاتتى، يىللىق ئوبوروت قېتىم سانى 1.9 قېتىمغا يېتىپ، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ياساشقا ئىشلىتىلگىنى 21% نى تەشكىل قىلدى، قالغان قىسمىنى كوپېراتىپ خادىملىرىنىڭ تۇرمۇش جىددىي بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىش ئوبوروت مەبلىغى قىلىپ ئىشلەتتى.

1956- يىلى، ھەر دەرىجىلىك خەلق بانكىلىرى كرېدىت خىزمىتىنىڭ مەركىزىنى تۈزۈملەرنى يولغا قويۇش بىلەن خەزىنىنى ئېنىقلاش خىزمىتىدىن بازارغا قارىتىپ، كرېدىت مەبلىغى جەھەتتە جانلىق سىياسەت قوللىنىپ، بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ۋىلايەت بويىچە تارقىتىلغان يىللىق سودا قەرز پۇلىنى 9 مىليون 232 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى.

1957- يىلى، سودا كرېدىت خىزمىتىدە دۆلەت ئىلكىدىكى بىلەن ھەمكارلىق سودا كارخانىلىرىنىڭ تاۋار ئوبوروتىنى كۆچەيتىشنى قوللاپ، تاۋار زاپىسىنى ئاشۇرۇپ، بازار تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلدى ھەمدە مۇشۇ ئالدىنقى شەرت ئاستىدا، كارخانىلارنىڭ مەبلەغنى مۇۋاپىق، تېجەپ ئىشلىتىشىنى نازارەت قىلدى. ۋىلايەت بويىچە سودا كارخانىلىرىغا تارقىتىلغان يىللىق قەرز پۇل 18 مىليون 36 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، پىلان 103.1% ئورۇندالدى. بۇنىڭ ئىچىدە، سودا سىستېمىسى 6 مىليون 226 مىڭ يۈەننى، مۇلازىمەت سىستېمىسى 2 مىليون 399 مىڭ يۈەننى، ھەمكارلىق سىستېمىسى 4 مىليون 589 مىڭ يۈەننى، دۆلەت ئىلكىدىكى باشقا سودا ئورۇنلىرى 2 مىليون 294 مىڭ يۈەننى، ئاشلىق سىستېمىسى 2 مىليون 578 مىڭ يۈەننى تەشكىل قىلدى. 1958- يىلى، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى

كارخانىلارغا قارىتا «ئامانەت ۋە قەرز پۇل ئىچوتىنى بىرلەشتۈرۈش»، قەرز پۇل بېرىش تۈرلىرىنى قوشۇۋېتىش، قەرز پۇل رەسمىيىتىنى ئاددىيلاشتۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ۋىلايەت بويىچە سودا كارخانىلىرىغا تارقىتىلغان قەرز پۇل 22 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1959- يىل 1- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ، دۆلەت مالىيىسىدىن كارخانىلار ۋە تارماقلارغا ئاجرىتىلغان ئايلانما مەبلەغنىڭ ھەممىسى ئېنىقلانغاندىن كېيىن خەلق بانكىسىنىڭ كرېدىت مەبلىغىگە ئۆزگەرتىلدى.

1960- يىلى، نامۇۋاپىق ئىگىلىۋېلىنغان مەبلەغنى قايتۇرۇۋېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. شۇ سەۋەبلىك، ۋىلايەت بويىچە تارقىتىلغان سودا قەرز پۇل قالدۇقى زور دەرىجىدە ئازىيىپ، يىل ئاخىرىغىچە 45 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە چۈشۈپ قېلىپ، تۆۋەنلەش نىسبىتى 51.12% بولدى. 1962- يىلى، بازىرى كاسات تاۋارلارغا قارىتا مەيلى پىلان ئىچىدىكى بولسۇن ياكى پىلان سىرتىدىكى بولسۇن، بىردەك قەرز پۇل بېرىلمىدى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ۋىلايەت بويىچە تارقىتىلغان سودا قەرز پۇل ئومۇمىي سوممىسى 39 مىليون 750 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1961- يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن (قايتۇرۇلىدىغان كرېدىت فوندى بىلەن تەكشۈرۈپ ئاجرىتىلىدىغان ئۆزىدىكى مەبلەغ بۇنىڭ سىرتىدا) 1 مىليون 450 مىڭ يۈەن ئازايدى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى بىلەن ھەمكارلىق سودا كارخانىلىرىنىڭ 1 مىليون 180 مىڭ يۈەن، ئۇرۇقچىلىق پونكىتلىرىنىڭ 135 مىڭ يۈەن، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە سىستېمىسىنىڭ 1 مىليون 20 مىڭ يۈەن ئازايتىلدى، ئاشلىق سىستېمىسىنىڭ 15 مىڭ يۈەن، تاشقى سودا سىستېمىسىنىڭ 870 مىڭ يۈەن كۆپەيتىلدى.

1963- يىلى، مەركەزنىڭ چەت، يىراق رايونلارنىڭ مىللىي سودا كارخانىلىرىغا قارىتا يولغا قويغان «ئۈچ تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش» سىياسىتىگە ئاساسەن، يەرلىكتىكى باشقا سودا كارخانىلىرى (شىنخۇا كىتابخانىسى، ئۇرۇقچىلىق شىركىتى، كىنو شىركىتى قاتارلىقلار) نى ئايلانما مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش ئۇسۇلى ئۆزگەرتىلىپ، مال- مۈلكنى ئېنىقلاپ ۋە تەكشۈرۈپ، «پۈتۈن سوممىلىق كرېدىت» نى توختىتىپ، ئامانەت پۇل بىلەن قەرز پۇلنى بىرلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش ئۇسۇلى يولغا قويۇلدى. كرېدىت نازارەتچىلىكى كۈچەيتىلگەنلىكتىن، سودا كارخانىلىرىغا تارقىتىلغان قەرز پۇلنىڭ ئومۇمىي مىقدارى زور دەرىجىدە ئازايدى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ۋىلايەت بويىچە سودا كارخانىلىرىغا تارقىتىلغان قەرز پۇل ئومۇمىي سوممىسى 22 مىليون 908 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 42.3% ئازايدى. 1966- يىلى، سودا تارماقلىرىدىكى مۇستەقىل ھېسابات قىلمايدىغان ئورۇنلارنىڭ ئاساسىي قاتلام يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشقا ئېھتىياجلىق مەبلىغى جەھەتتە، ئۆز جايىدىلا سېتىۋېلىش، ئۆز جايىدىلا قەرز پۇل بېرىش، ئۆز جايىدىلا سېتىش، ئۆز جايىدىلا قەرز قايتۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرى، ۋىلايەت بويىچە سودا كارخانىلىرىنىڭ قەرز پۇل قالدۇقى 19 مىليون 293 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 4% ئاشتى.

1966 – 1976 - يىلىغىچە بولغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشى قالايمىقان، مالىيە ئىنتىزامى ۋە كرېدىت باشقۇرۇشى بوشاڭ بولغانلىقتىن، 1976- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ۋىلايەت بويىچە سودا كارخانىلىرىنىڭ قەرز پۇل قالدۇقى 23 مىليون 619 مىڭ يۈەن بولدى.

1979- يىلى، «پەرقلەندۈرۈپ مۇئامىلە قىلىش، ياخشىلىرىنى تاللاپ يۆلەش» پرىنسىپى بويىچە، بىگىدىن قەرز پۇل تارقىتىشنى توختىتىش، كونا قەرز پۇلنى قايتۇرۇۋېلىش، ئالدىنقى تۈردىكى كارخانىلارنى سەرخىللاشتۇرۇش، ئىككىنچى تۈردىكى كارخانىلارنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئۈچىنچى تۈردىكى كارخانىلارنى قىسقارتىش، تۆتىنچى تۈردىكى كارخانىلارنى ئىشتىن توختىتىش سىياسىتى قوللىنىلغانلىقتىن، شۇ يىللىق خەزىنە زاپىسى قۇرۇلمىسى تەدرىجىي ياخشىلىنىپ، مەبلەغنى ئىگىلىۋېلىش ئەھۋاللىرى كۆرۈنەرلىك ئازايدى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ۋىلايەت بويىچە سودا كارخانىلىرىنىڭ قەرز پۇل قالدۇقى 33 مىليون 98 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1981- يىلى، سودا كارخانىلىرىنى قوللاش بىلەن

بىرگە، سودا تور نۇقتىلىرى قۇرۇلۇشى، سودا بازىرى قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارنى زور كۈچ بىلەن قوللىغانلىقتىن، يىل ئاخىرىدا ۋىلايەتتىكى سودا كارخانىلىرىنىڭ قەرز پۇل قالدۇقى 19 مىليون 190 مىڭ يۈەن بولدى. 1983- يىل 7- ئاينىڭ 1- كۈنى، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئايلانما مەبلىغى خەلق بانكىسىنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، ئىلگىرى مالىيىدىن كارخانىلارغا ئاجرىتىلغان ئايلانما مەبلەغ يەنىلا كارخانىلارنىڭ ئۆزىنىڭ مەبلىغى قىلىندى، لېكىن خەلق بانكىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. قەرز پۇل تارقىتىشتا «تۇراقسىز پايدا نىسبىتى» ئۆسۈلى قوللىنىلىپ، يۇقىرى، تۆۋەن تۇراقسىزلىق نىسبىتىنى 20% تىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك بەلگىلىمىسى بېكىتىلىپ، مەبلەغ ئوبوروتى كۆرسەتكۈچىنى نورمىدىن ئاشۇرۇپ ئورۇندىغانلارغا قارىتا قەرز پۇلنىڭ پايدا نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش، ئورۇندىيالمىغانلارغا قارىتا قەرز پۇلنىڭ پايدا نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش چارىسى قوللىنىلدى. يىل ئاخىرىغىچە، ۋىلايەت بويىچە سودا كارخانىلىرىنىڭ قەرز پۇل قالدۇقى 24 مىليون 976 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1985- يىلى، قومۇل ۋىلايەتلىك سودا- سانائەت بانكىسى «كرېدىت دائىرىسىنى، پۇل تارقىتىشنى قاتتىق تىزگىنلەش» ۋە «ماكرولۇق تىزگىنلەش، مىكرولۇق جانلاندۇرۇش» روھىغا ئاساسەن، «پەرقلەندۈرۈپ مۇئامىلە قىلىش، ياخشىلىرىنى يۆلەش» ۋە «سېتىشقا قاراپ قەرز پۇل بېرىشنى بېكىتىش» پرىنسىپىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، سودا كارخانىلىرىنىڭ سېتىۋېلىش، سېتىش ئىشلىرىنى كېڭەيتىشنى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ياخشىلىشىنى قوللاپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈردى. يىل ئاخىرىغىچە، ۋىلايەت بويىچە دۆلەت ئىلكىدىكى سودا كارخانىلىرىنىڭ سېتىۋېلىش ئومۇمىي قىممىتى 138 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 31.6% ئاشتى؛ ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 152 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 27.6% ئاشتى.

1990- يىلى، ۋىلايەتتىكى بانكىلار قەرز پۇل تارقىتىشتا ئاساسلىقى چوڭ، ئوتتۇرا نۇقتىلىق سودا كارخانىلىرىنىڭ بېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشىنى قوللاپ، سودا كارخانىلىرىغا تارقاتقان يىللىق قەرزنى ئېنىقلاش جەريانىدا ئېنىقلانغان قەرز پۇل 4 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يەتتى، باشقىلارغا ئېسى قالدۇرغان 4 مىليون 350 مىڭ يۈەن (قوبۇل قىلىنغان ھاۋالە كىرىم سوممىسىنىڭ 64.4% ىنى ئىگىلەيدۇ)، باشقىلاردىن ئېسى قالغان 998 مىڭ يۈەن (تارقىتىلغان ھاۋالە كىرىم سوممىسىنىڭ 52% ىنى ئىگىلەيدۇ) نى ئېنىقلاپ، مەبلەغ تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى پەسەيتتى.

## §3. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كرېدىتى

مىنگو دەۋرىدە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچۈن يىللىق قەرز پۇل بېرىلەتتى، ئادەتتە ئەتىيازدا قەرز پۇل تارقىتىپ، كۈزدە قايتۇرۇۋېلىناتتى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك سودا بانكىسىنىڭ قومۇل شۆبىسى ۋە باركۆل ئىش باشقارمىسى قەرز پۇلنى ھاكىم باشچىلىقىدىكى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ كومىتېتى ۋە قەھەتچىلىككە تەييارلىق كۆرۈش كوپېراتىپىغا تاپشۇرسا، ئاندىن دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ قولىغا تېگەتتى. بۇ ئارىلىقتا خىيانەت قىلىش تۈپەيلىدىن نۇرغۇن پۇل دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ قولىغا تەگمەيتتى. مىنگونىڭ 30- يىلى (1941- يىلى)، باركۆل ناھىيىسىگە تارقىتىلغان قەرز پۇللا بىۋاسىتە دېھقانلارنىڭ قولىغا تەگدى. شۇ يىلى تارقىتىلغان ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئومۇمىي قەرز پۇلى 13 مىڭ يۈەن (شىنجاڭ پۇلى) بولۇپ، ئاران 20 دادەن بۇغدايغا توغرا كەلدى. مىنگونىڭ 31- يىلى (1942- يىلى)، تارقىتىلغان

ئەتىيازلىق تېرىلغۇ قەرز پۇلى 48 مىڭ 500 يۈەنگە، چارۋىچىلىق قەرز پۇلى 13 مىڭ 990 يۈەنگە يەتتى. مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى)، سۇچىلىققا تۈنجى قېتىم 60 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلىپ، سۈجە ئۆستىڭىنى چېپىشقا ئىشلىتىلدى. مىنگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى)، سۇچىلىققا 1 مىليون 950 مىڭ يۈەن جىنيۈەنجۈەن قەرز پۇلى ئاجراتتى.

قۇمۇلغا ئۇزۇن، ئوتتۇرا مۇددەتلىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلى تارقىتىشنى قۇرۇلۇش نازارىتى سودا بانكىسىنىڭ قۇمۇل شۆبىسىگە هاۋالە قىلىپ، هۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە بېجىردى. مىنگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى) ئەتىيازدا، ماۋ زېمىن ئاراتۈرۈك مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ دېھقانلارغا بۇغداي ئۇرۇقى، 200 تاغار يالغاچ ئارپا ئارىيەت بېرىشنى تەستىقلىدى. مىنگونىڭ 29- يىلى (1940- يىلى)، دېھقانچىلىققا 2 مىليون يۈەن قەرز پۇل بېرىلدى. مىنگونىڭ 30- يىلى (1941- يىلى)، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ نوم يېزىسىنى ئېچىشنى تەستىقلىنىپ، ئائىلە كۆچۈرۈشكە 15 مىڭ يۈەن خىراجەت ئاجرىتىلدى. ئۇيغۇر دېھقانلار كارىز چېپىش، بوز يەر ئېچىشتا ئۇرۇق ۋە مەبلەغ كەمچىل بولغاندا، بانكا 10 مىليون يۈەن قەرز پۇل بەردى. مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى)، سودا بانكىسىنىڭ قۇمۇل شۆبىسى 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن ئەتىيازلىق تېرىلغۇ قەرز پۇلى تارقاتتى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل ناھىيىسىگە 640 مىڭ يۈەن، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىگە 130 مىڭ يۈەن، باركۆل ناھىيىسىگە 430 مىڭ يۈەن قەرز پۇل بەردى. مىنگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى)، ئۆلكىلىك ئەتىيازلىق تېرىلغۇ كومىتېتى قۇمۇلغا 4 مىليون سەر قەرز پۇل تەقسىم قىلدى.

مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى) 7- ئاينىڭ 5- كۈنى، باركۆل ناھىيىلىك يېزا- بازار بىرلەشمە ئىشلەپچىقىرىش شىركىتى قىشلىق يېقىلغۇ مەسىلىسىنى هەل قىلىش ئۈچۈن، 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن (يېڭى پۇل) قەرز پۇل، 3 مىليون 200 مىڭ يۈەن ئەتىيازلىق تېرىلغۇ قەرز پۇلى، 7 مىليون 600 مىڭ يۈەن دېھقانچىلىق قەرز پۇلى تارقاتتى. شۇ يىلى، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ توغۇچى، لاپچۇق، قارادۆۋە يېزىلىرىدا كەلكۈن ئاپىتى يۈز بېرىپ، 127 ئېغىز ئۆي ۋەيران بولدى، بۇنىڭغا جەمئىي 867 مىڭ 500 يۈەن مەبلەغ ئېھتىياجلىق بولۇپ، ئۆلكىلىك بانكا پۇل ئارىيەت بېرىشكە قوشۇلدى.

مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى)، ئۆلكىلىك سودا بانكىسى قۇمۇل شۆبىسىگە 698 مىليون 280 مىڭ يۈەن، باركۆل ئىش باشقارمىسى 226 مىليون 80 مىڭ يۈەن (ئۆلكە پۇلى، شۇ ۋاقىتتا هەر بىر جىنيۈەنجۈەن 600 مىڭ يۈەن ئۆلكە پۇلىغا تەڭ) قەرز پۇل تارقىتىش ۋەزىپىسى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. قۇمۇل ناھىيىسىگە 185 مىليون يۈەن، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىگە 53 مىليون يۈەن، باركۆل ناھىيىسىگە 106 مىليون يۈەن ئەتىيازلىق تېرىلغۇ قەرز پۇلى تارقاتتى.

مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى)، قۇمۇل ۋىلايىتىگە كارىز رېمونتلاش ۋە قېزىشقا 350 مىليون يۈەن قەرز پۇل بېرىلدى. مىنگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى) تىنچ ئازادلىقى يېرىم يىلدا، قۇمۇل ناھىيىسىگە 150 مىليون يۈەن، باركۆل ناھىيىسىگە 150 مىليون يۈەن، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىگە 140 مىليون يۈەن دېھقانچىلىق قەرز پۇلى بېرىلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بانكىلار قەرز پۇل بېرىشتە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشنى مۇھىم ئىقتىسادىي خىزمەت سۈپىتىدە تۇتۇپ قولىدى. 1950- يىلى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قەرز پۇلى تارقىتىشتا ماددىي نەرسىلەر ئاساس قىلىنىپ، ئاساسلىقى ئۇرۇق، يەم- خەشەك، دېھقانچىلىق سايمانلىرى قاتارلىقلار تارقىتىلدى.

1951- يىلى، قۇمۇل ۋىلايىتى 591 مىليون يۈەن (كونا خەلق پۇلى، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش، 1955- يىلغىچە) دېھقانچىلىق قەرز پۇلى تارقاتتى. بۇ، چوڭ، كىچىك تىپتىكى سۇچىلىق قۇرۇلۇشى قەرز پۇلى، ئۇرۇق سېتىۋېلىش قەرز پۇلى ۋە تېرىلغۇ ئۆلاغلىرىنى سېتىۋېلىش قەرز پۇلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ قەرز پۇل 872 ئائىلىنىڭ ئۇرۇق ۋە

دېھقانچىلىق سايمانلىرى كەمچىل بولۇش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى. 1953- يىلى، دېھقانچىلىق قەرز پۇلى تارقىتىش خىزمىتىدە «يېزىلارغا چوڭقۇر چۆكۈش، دېھقانلارغا ياردەم بېرىپ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش» پرىنسىپىغا ئاساسەن، 650 ھەمكارلىشىش گۇرۇپپىسىغا 510 مىليون يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى. ئۇ گۇرۇپپىغا قاتناشقان 2708 ئائىلە ۋە 21 يەككە ئائىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالدۇ.

1954- يىلى، ۋىلايەت بويىچە تارقىتىلغان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئومۇمىي قەرز پۇلى 2 مىليارد 258 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە چارۋىچىلىق قەرز پۇلى 475 مىليون يۈەن بولۇپ، ئاساسلىقى يازلىق يېغىم ئاشلىقى ۋە چارۋا سېتىۋېلىش قەرز پۇلى تارقىتىلىپ، كوپېراتىپلارغا 250 مىليون يۈەن دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە ئۇرۇق- تۆلۈك قەرز پۇلى تارقىتىلدى.

1956- يىلى، دېھقانچىلىق قەرز پۇلىنىڭ ئەڭ يۇقىرى قالدۇقى 1 مىليون 128 مىڭ 400 يۈەن (يېڭى خەلق پۇلى، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش) گە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 407.52% ئاشتى. 1961- يىلى «يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا بارلىق چارە- ئاماللار بىلەن مەدەت بېرىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى ئاساس قىلىنىپ، جەمئىي 474 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامانەت- قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ رولى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇلۇپ، سەككىز چوڭ ئەترەتتە ئامانەت- قەرز كوپېراتىپى شۆبىسى قۇرۇلۇپ، ھەر بىر چوڭ ئەترەتتە بىردىن ئامانەت- قەرز كوپېراتىپى شۆبىسى بولۇش ئاساسەن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. چوڭ ئەترەتلەردىكى ئامانەت- قەرز كوپېراتىپى شۆبىلىرى چوڭ ئەترەت ۋە دېھقانلارغا مەبلەغ جەھەتتە ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلدى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئامانەت- قەرز كوپېراتىپى دېھقانلارغا بەرگەن قەرز پۇل قالدۇقى 276 مىڭ يۈەنگە، كوللېكتىپ قەرز پۇل قالدۇقى 349 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1962- يىلى، دېھقانچىلىق قەرز پۇلى خىزمىتىدە «قەرز ئالغان ئىكەن چوقۇم قايتۇرۇش، ئۆز مۆھلىتىدە قايتۇرۇش، ئوبوروتقا ئىشلىتىش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، دېھقانچىلىق قەرز پۇلى تارقىتىش بىلەن ماددىي نەرسىلەرنى تارقىتىشنى بىرلەشتۈرۈشتە «ماددىي ئەشيالارنىڭ تەق بولۇشىغا، ھەقىقىي ئىشلىتىشكە ۋە ئاممىنىڭ ياقتۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش» ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، 276 مىڭ يۈەن ئادەتتىكى دېھقانچىلىق قەرز پۇلى تارقىتىلىپ، يېزىلارنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قەرز پۇل قالدۇقى 1 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈلدى. 1963- يىلى، «ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشنى ئاساس، دۆلەتنىڭ ياردىمىنى قوشۇمچە قىلىش» پرىنسىپى بويىچە، مۇھىم نۇقتا تۇتۇلۇپ، ئادەتتىكىلەرگە ئېتىبار بېرىلىپ، پەرقلىق مۇئامىلە قىلىنىپ، تۈرلۈك دېھقانچىلىق قەرز پۇلى مەبلىغى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۆسۈمسىز قەرز پۇلدىن 160 مىڭ يۈەن، قىسقا مۇددەتلىك ئۆسۈمسىز قەرز پۇلدىن 362 مىڭ يۈەن، ئاپەت يۈز بەرگەن رايونلارغا ئۇرۇق- تۆلۈك قەرز پۇلىدىن 9000 يۈەن تارقىتىلدى.

1966- يىلى، دېھقانچىلىق قەرز پۇل مەبلىغى ئاشلىق، پاختا چىقىدىغان جايلار ۋە چەت، يىراق تاغلىق رايونلارغا نۇقتىلىق ئىشلىتىلدى. ۋىلايەت بويىچە ئىشلىتىشكە بولىدىغان يىللىق دېھقانچىلىق قەرز پۇلى مەبلىغى بىلەن ئاشلىق، ماينى ئالدىن سېتىۋېلىش زاكالەت پۇلى جەمئىي 962 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1967- يىلى، دېھقانچىلىق قەرز پۇلى مەبلىغى 1 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە، ئامانەت- قەرز كوپېراتىپىنىڭ مەبلىغى 443 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كۈڭشې- ئەترەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى قىلىپ ئىشلىتىلگىنى 137 مىڭ يۈەن، كۈڭشې ئەزالىرىنىڭ تۇرمۇشىغا ئىشلىتىلگىنى 306 مىڭ يۈەن، ئاشلىق، ماينى ئالدىن سېتىۋېلىش زاكالەت پۇلى قىلىپ ئىشلىتىلگىنى 296 مىڭ يۈەن. 1975- يىلى، كۈڭشې- ئەترەتلەرنىڭ «يېزا ئىگىلىكتە داجەيدىن ئۆگىنىش» ئاممىۋى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشىغا پائال ياردەم بېرىلىپ، دېھقانچىلىق قەرز پۇلى تارقىتىش خىزمىتى پائال ياخشى ئىشلىنىپ، ۋىلايەت بويىچە

(يېچاڭ ناھىيىسى بۇنىڭ سىرتىدا) 1 مىليون 320 مىڭ يۈەن دېھقانچىلىق قەرز پۇلى تارقىتىلدى.

1977- يىلى، يېزا كرېدىت تورۇلىسى ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىپ، يېزىلاردا كرېدىتنى ھۆددىگە بېرىش چارىسى يولغا قويۇلدى.

1978- يىلدىكى، ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، جانلاندۇرۇش فاڭجېنىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، خەلق ئىگىلىكى تېز راۋاجلىنىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنىڭ مەبلەغ ئېھتىياجى زور دەرىجىدە ئاشتى. 1980- يىلى، قومۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسى تارقاتقان تۈرلۈك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قەرز پۇلى 8 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە، 1990- يىلى 166 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1980 – 1986 - يىلغىچە، ۋىلايەت بويىچە يىلغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن تارقىتىلغان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قەرز پۇلى 150 مىليون يۈەنگە، 1987- يىلدىن كېيىن، قەرز پۇلنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە تارقىتىلىش سوممىسى 100 مىليون يۈەنگە يەتتى.

## §4. يېزا- بازار كارخانىلار قەرز پۇلى

1985- يىلغا كەلگەندە، قومۇل ۋىلايىتىنىڭ يېزا- بازار كارخانىلىرى تېز تەرەققىي قىلدى. تارقىتىلغان يېزا- بازار كارخانىلىرى قەرز پۇلى 3 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 2 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1986- يىلنىڭ ئاخىرىغىچە، قومۇل ۋىلايىتىدىكى يېزا- بازار كارخانىسى 3112 (بۇنىڭ ئىچىدە يېزا باشقۇرۇشىدىكى كارخانا 233، بىرلەشمە كارخانا 2879) گە، كەسپكارى 11 مىڭ 965 كە يېتىپ، يېزا- بازار ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ 17% ىنى تەشكىل قىلدى. ئومۇمىي كىرىمى 45 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ۋىلايەتنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 40% ىنى، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 16.5% ىنى ئىگىلىدى.

1988- يىلى، «ئىشلەپچىقىرىشقا كاپالەتلىك قىلىش، قۇرۇلۇشلارنى قىسقارتىش، ئېلىپ بېرىلىۋاتقان قۇرۇلۇشلارنى داۋاملاشتۇرۇش، يېڭى قۇرۇلۇشلارنى قىسقارتىش، مەبلەغ ئاجرىتىشقا كاپالەتلىك قىلىش، ئاساسىي قۇرۇلۇشنى قىسقارتىش» تىن ئىبارەت قەرز پۇل بېرىش پرىنسىپى يولغا قويۇلۇپ، پەرقلىق مۇئامىلە قىلىنىپ، ياخشىلىرىنى يۆلەش روھى بويىچە، يېزا- بازار كارخانىلىرىغا پائال مەدەت بېرىلىپ، جەمئىي 3 مىليون 10 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى.

1990- يىلنىڭ ئاخىرىغىچە، يېزا- بازار كارخانىلىرىنىڭ قەرز پۇل قالدۇقى 10 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، بەزى تۈرلەرنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى، مەسىلەن، 1985- يىلى، قىزىل يۇلتۇز 2- دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ كۆكتات سۇسىزلاندۇرۇش زاۋۇتىغا 1 مىليون يۈەن ئايلانما مەبلەغ قەرز پۇلى، 150 مىڭ يۈەن ئۈسكۈنە قەرز پۇلى تارقىتىلىپ، شۇ يىلىلا ئۈنۈم ھاسىل قىلىنىپ، 120 مىڭ يۈەن پايدا، 34 مىڭ دوللار تاشقى پېرېۋوت يارىتىلدى؛ 1986- يىلى يەنە 650 مىڭ يۈەن ئۈسكۈنە قەرز پۇلى تارقىتىلىپ، ئۈسكۈنىلەر يېڭىلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش كېڭەيتىلىپ، 330 مىڭ يۈەن پايدا، 74 مىڭ دوللار تاشقى پېرېۋوت يارىتىلدى. 1987- يىلى، بىڭتۈەن قومۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى قىزىل يۇلتۇز 1- مەيدانى ۋە قىزىل يۇلتۇز 2- مەيدانىنىڭ كۆكتات سۇسىزلاندۇرۇش زاۋۇتىنىڭ كېڭەيتىش ۋە تېخنىكا يېڭىلاش قۇرۇلۇشىغا 700 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى. شۇ يىلى، قىزىل يۇلتۇز 1- مەيدانى كۆكتات سۇسىزلاندۇرۇش

زاۋۇتىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 5420 تونnىغا يېتىپ، 432 مىڭ يۈەن پايدا، 111 مىڭ 200 دوللار تاشقى پېرېۋوت يارىتىلدى.

## §5. چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى نامراتلارنى يۆلەش ياردەم ئۆسۈملۈك قەرز پۇلى

ئاراتۇرۇك ناھىيىسى گوۋۇيۈەنىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن مەملىكەتلىك چارۋىچىلىق نامرات ناھىيىسى قىلىپ بېكىتىلدى. 1988 – 1990 - يىلىغىچە، ئاراتۇرۇك ناھىيىسىگە نامراتلارنى يۆلەش مەخسۇس تۈرىدىكى ياردەم ئۆسۈملۈك قەرز پۇلىدىن 4 مىليون 540 مىڭ يۈەن تەقسىم قىلىنىپ، نامراتلارنى يۆلەش تۈرى بويىچە توققۇز تۈر ئۇقتىلىق يۆلەندى. يەنى تېرىقچىلىققا 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن، ئىنەك فېرمىسىغا 80 مىڭ يۈەن، بورداقچىلىققا 80 مىڭ يۈەن، «يوپۇرماق گۆھىرى» ئۇغۇتىنى كېڭەيتىشكە 30 مىڭ يۈەن، ناھىيىلىك كۆن- خۇرۇم زاۋۇتىغا 1 مىليون 20 مىڭ يۈەن، ناھىيىلىك شور كانىغا 1 مىليون 120 مىڭ يۈەن، نوم يېزىسى يەم- خەشەك زاۋۇتىغا 250 مىڭ يۈەن، قاشا ئوتلاققا 260 مىڭ يۈەن، چارۋىلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاشقا 200 مىڭ يۈەن يۆلەش مەبلىغى ئاجرىتىلدى. ئۈچ يىلدا ناھىيىدىكى 252 نامرات ئائىلە 9193 تۇياق چارۋا بىلەن يۆلىنىپ، سۈتلۈك قارا ئالا ئىنەكتىن 18 تۇياق، بورداقلىنىدىغان قويدىن 400 تۇياق كىرگۈزۈلدى؛ ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك شور كانى يۆلىنىپ، يىللىق خام شور ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 100 مىڭ توننىغا يەتكۈزۈلدى؛ ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك كۆن- خۇرۇم زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، يىللىق كۆن- خۇرۇم پىششىقلاپ ئىشلەش مىقدارى 80 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتكۈزۈلدى؛ نوم يېزىسى يەم- خەشەك زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، يەم- خەشەك ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنى 1500 توننىغا يەتكۈزدى. 50 تۇياق نەسىللىك قوي كىرگۈزدى؛ 51 نامرات ئائىلىنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى؛ نامرات ئائىلە 1985- يىلىدىكى 744 تىن 1990- يىلى 67 گە ئازىيىپ، 677 ئائىلىنىڭ قورساق توق، كىيىم پۈتۈن بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى؛ يەم- خەشەك زاۋۇتى ۋە ئىنەك فېرمىسى ھەممە قەرزنى قايتۇرۇپ بولدى.

## §6. ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلى

قۇمۇل قۇرۇلۇش بانكىسى ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلى تارقىتىشتا پىلان، خام چوت، سۈرئەت، تەرتىپ بويىچە نازارەت قىلىپ مەبلەغ ئاجرىتىش پرىنسىپىدا باشتىن- ئاخىر چىڭ تۇردى. تارماقلار ۋە كارخانىلارنىڭ ئۆزى غەملەيدىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى ھەر دەرىجىلىك پىلان تارماقلىرى چۈشۈرگەن ئۆزى غەملەشنى تىزگىنلەش كۆرسەتكۈچى ۋە مەبلەغ مەنبەسى بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىھتىياجى ۋە مەبلەغ مەنبەسىنىڭ يولۇق ياكى يولسىزلىقى ئەمەلىيلىكى بېكىتىلدى. 1970- يىللاردا، قۇرۇلۇش بانكىسىغا ئالدىن ئامانەت قويۇپ، ئالدىن ئىشلىتىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1980- يىللاردا، قۇرۇلۇش بانكىسىغا ئامانەت قويۇپ ئۆزى غەملىگەن مەبلەغ

ئىسچوتىغا كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، يەنە يېرىم يىل ئامانەتتە تۇرغۇزۇپ ئاندىن تارماقلار ۋە كارخانىلارنىڭ ئۆزى غەملىگەن مەبلەغ ئىسچوتىغا كىرگۈزۈپ ئىشلىتىش قاتتىق تەلەپ قىلىندى.

## قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە 1957 — 1990 - يىللىغىچە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ

جەدۋەل: 16 — 8 بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| يىللار | سېلىنغان مەبلەغ | | مەبلەغ مەنبەسى بويىچە ئايرىغاندا | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | ۋىلايەتنىڭ | مەركەزنىڭ | ئاپتونوم رايوننىڭ | ۋىلايەت، ناھىيەلەرنىڭ | كارخانا، تارماقلار ئۆزى غەملىگىنى |
| 1957 | 2674 | 98 | | | | |
| 1958 | 849 | | | | | |
| 1959 | 2606 | 224 | | | | 767 |
| 1960 | 5283 | | | | | 767 |
| 1961 | 1461 | 250 | 252 | 1046 | 105 | 58 |
| 1962 | مەبلەغ سېلىنمىغان | | | | | |
| 1963 | 212 | | | | | |
| 1964 | 225 | 100 | 157 | 29 | 39 | |
| 1965 | 580 | | | | | |
| 1966 | 1403 | 353 | 364 | 988 | 51 | |
| 1967 | 803 | 142 | 456 | 320 | 27 | |
| 1968 | 859 | 69 | 652 | 141 | 66 | |
| 1969 | 940 | 78 | 501 | 241 | 198 | |
| 1970 | 1184 | 69 | 524 | 336 | 324 | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | 645 | 190 | 153 | 84 | 988 | 1971 |
| | 391 | 441 | 45 | 159 | 880 | 1972 |
| | 420 | 380 | 21 | 172 | 821 | 1973 |
| | 291 | 590 | 76 | 174 | 957 | 1974 |
| | 263 | 313 | 60 | 200 | 636 | 1975 |
| | 651 | 577 | 66 | 364 | 1294 | 1976 |
| | 555 | 1081 | 143 | 451 | 1779 | 1977 |
| | 703 | 1187 | 501 | 501 | 2391 | 1978 |
| | 599 | 911 | 720 | 449 | 2230 | 1979 |
| | 623 | 889 | 663 | 418 | 2175 | 1980 |
| 498 | 395 | 529 | 725 | 404 | 2147 | 1981 |
| 1348 | 547 | 536 | 707 | 480 | 3138 | 1982 |
| | 534 | 606 | 680 | 584 | 1820 | 1983 |
| 2499 | 555 | 667 | 542 | 635 | 4263 | 1984 |
| 2832 | | 7 | 793 | 793 | 3632 | 1985 |
| 4452 | 846 | 358 | 1044 | 796 | 3878 | 1986 |
| 4452 | 846 | 358 | 1044 | 786 | 6700 | 1987 |
| 2088 | 627 | 164 | 999 | 786 | 6700 | 1988 |
| 4452 | 846 | 358 | 1044 | 786 | 6700 | 1987 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1988 | 9313 | 755 | 900 | 301 | 943 | 7169 |
| 1989 | 7838 | 921 | 1058 | 207 | 1096 | 5477 |
| 1990 | 6923 | 1094 | 1184 | 822 | 741 | 4176 |

## §7. مۇقىم مۈلۈك قەرز پۇلى

1985- يىلى، ۋىلايەتلىك سودا- سانائەت بانكىسى بانكا ۋە ئورۇنلارنىڭ خىزمىتىنىڭ مۇھىملىق ۋە جىددىيلىك دەرىجىسىنى پەرقلەندۈرۈپ، پىلان قەرز پۇلى تۈرىنى ئەستايىدىل، ئىنچىكە تاللاپ، تەكشۈرۈپ، رەتكە تۇرغۇزدى. يىل ئاخىرىغىچە 3 مىليون 294 مىڭ يۈەن تېخنىكا ئۆزگەرتىش قەرز پۇلى تارقىتىپ، قەرز پۇل كۆرسەتكۈچىدىن پايدىلىنىش نىسبىتىنى 100% كە يەتكۈزدى. بۇنىڭ ئىچىدە تارقىتىلغان مەخسۇس قەرز پۇل 1 مىليون 294 مىڭ يۈەن، بانكىلارغا بۆلۈپ بېرىلگەن قەرز پۇل 2 مىليون يۈەن. يىل ئاخىرىدا قەرز پۇل قالدۇقى 7 مىليون 752 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 754 مىڭ يۈەن ئاشتى. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچ خىل تۈرى ئۈچۈن تارقىتىلغان قەرز پۇل 7 مىليون 239 مىڭ يۈەنگە يەتتى. باركۆل ناھىيىلىك تارماق بانكا ئىچىش تېپىدىكى تۆۋەن تۆسۈملۈك قەرز پۇلدىن 1 مىليون يۈەن تارقاتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسىغا 500 مىڭ يۈەن، خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىغا 500 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقاتتى؛ يىل ئاخىرىغىچە ئەمەلىي تارقىتىلغان قەرز پۇل 1 مىليون يۈەن بولدى. ۋىلايەتنىڭ كوللېكتىپ سانائەت ئۈسكۈنە قەرز پۇلىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئەمەلىي قالدۇقى 1 مىليون 290 مىڭ يۈەن بولدى.

1986- يىلى، خىزمەتنىڭ مۇھىملىق ۋە جىددىيلىك دەرىجىسى ئايرىلىپ، «ئاۋۋال داۋاملاشتۇرۇش، ئاندىن يېڭى قۇرۇلۇش قىلىش» قەرز پۇل پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلدى. قەرز پۇل تۈرى ئەستايىدىل، ئىنچىكە تەكشۈرۈلۈپ، تاللىنىپ ۋە رەتكە تۇرغۇزۇلۇپ، داۋاملىق قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلىدىغان تۈرلەر ۋە مەبلەغ ئاز كېتىدىغان، ئۈنۈمى ياخشى، مەبلەغكە جىددىي ئېھتىياجلىق 16 تۈرگە ئالدىنئالا قەرز پۇل ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يىل ئاخىرىغىچە تارقىتىلغان تېخنىكا ئۆزگەرتىش قەرز پۇلى 18 مىليون 276 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، قەرز پۇل كۆرسەتكۈچىدىن پايدىلىنىش نىسبىتى 100% بولدى. يىل ئاخىرىغىچە ۋىلايەتنىڭ تېخنىكا قەرز پۇل قالدۇقى 23 مىليون 69 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1987- يىلى، ۋىلايەت تارقاتقان تېخنىكا ئۆزگەرتىش قەرز پۇلى 17 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، قەرز پۇل ئاساسلىقى ۋىلايەتلىك تۆزچىلىق سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ ئايتاپقا سېلىش مەيدانى، ۋىلايەتلىك يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ ماشىنىلارنى سېتىۋېلىش، ئىشقا كىرىشتۈرۈش تۈرى، ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋېلىش تۈرى قاتارلىق ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرلىرىنىڭ مەبلەغ ئېھتىياجىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلدى. 1988- يىلى، تېخنىكا ئۆزگەرتىش كرېدىت خىزمىتىدە ۋىلايەتتىكى بانكا ۋە ئورۇنلار «قۇرۇلمىنى تەڭشەپ، مۇھىم نۇقتىغا كاپالەتلىك قىلىش، مەبلەغ سېلىشنى ئەلالاشتۇرۇش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇردى. يىل ئاخىرىغىچە تېخنىكا ئۆزگەرتىش

ئامانەت قەرز پۇلى قالدۇقىنى 52 مىليون 75 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى. يېڭىدىن كۆپەيگەن قەرز پۇل ئاساسلىقى قۇمۇل ۋىلايەتلىك قىزىل يۇلتۇز دورا زاۋۇتىنىڭ يىلىغا 50 تونىنا سۇپەتلىك ئېفېدرىن ئىشلەپچىقىرىش سېخ تۇرغۇزۇشقا ئىشلىتىلدى. ۋىلايەت بويىچە 1980 – 1990 - يىلىغىچە بولغان 11 يىلدا جەمئىي تارقىتىلغان تېخنىكا ئۆزگەرتىش قەرز پۇلى 77 مىليون 665 مىڭ 500 يۈەن بولۇپ، بۇنىڭدىن قايتۇرۇپ كېلىنگەن تېخنىكا ئۆزگەرتىش قەرز پۇلى 14 مىليون 925 مىڭ 500 يۈەن، قايتۇرۇپ كېلىنمەي قېپقالغان تېخنىكا ئۆزگەرتىش قەرز پۇلى 1990- يىلىغىچە 62 مىليون 740 مىڭ يۈەن بولدى. 69 كارخانىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىگە ياردەم بېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 43 تۈر نۆۋەتتە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، ئۈنۈم كۆرۈلدى. بۇ كارخانىلارنىڭ يېڭىدىن كۆپەيگەن مەھسۇلات قىممىتى 113 مىليون 788 مىڭ يۈەنگە، يېڭىدىن كۆپەيگەن باج پايدىسى 51 مىليون 212 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## §8. مەخسۇس تۈر قەرز پۇلى

قۇمۇل ۋىلايەتلىك خەلق بانكىسى 1983- يىلدىن باشلاپ كونا رايونلار، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى، چەت، نامرات رايونلارنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قەرز پۇلى، بەرلىك ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش قەرز پۇلى، ئالتۇن مەخسۇس قەرز پۇلى كەسىپلىرىنى بېجىرىشكە باشلىدى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، جەمئىي 42 مەخسۇس تۈر قەرز پۇلى بېجىرىلىپ، 67 مىليون 715 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى، نۆۋەتتە يەتتە تۈر ئۈچۈن تارقىتىلغان قەرز پۇل قايتۇرۇپ كېلىندى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، قەرز پۇل قايتۇرۇلمىغان تۈر 35 بولۇپ، قەرز پۇل قالدۇقى 60 مىليون 247 مىڭ يۈەن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە چەت، نامرات رايونلارنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قەرز پۇل تۈرى 14 بولۇپ، قەرز پۇل سوممىسى 24 مىليون 590 مىڭ يۈەن بولدى؛ بەرلىكنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش قەرز پۇل تۈرى 27 بولۇپ، قەرز پۇل ئومۇمىي سوممىسى 33 مىليون 405 مىڭ يۈەن بولدى؛ ئالتۇن مەخسۇس تۈر قەرز پۇلى بىر بولۇپ، قەرز پۇل قالدۇقى 9 مىليون 720 مىڭ يۈەن بولدى.

### 1. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قەرز پۇلى

1983- يىلى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك خەلق بانكىسى «ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قەرز پۇلى» ئۈچۈن 1 مىليون يۈەن ئاجرىتىپ، باركۆل ناھىيىلىك خىمىيە سانائەت زاۋۇتىنىڭ زاۋۇت ئورنىنى كۆچۈرۈش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىش تۈرىگە 610 مىڭ يۈەن قەرز پۇل بەردى؛ باركۆل ناھىيىلىك يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ دەسلەپكى قۇرۇلۇشىغا 390 مىڭ يۈەن قەرز پۇل بەردى.

1985- يىلى، بۇ تۈردىكى قەرز پۇلنىڭ نامى «كونا، ئاز سانلىق مىللەت، چەت، نامرات رايونلارنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قەرز پۇلى» غا ئۆزگەرتىلدى. ۋىلايەتتىكى خەلق بانكىلىرى 7 مىليون 390 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقاتتى. 1990- يىلى تارقاتقان قەرز پۇل 1 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

2. يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش قەرز پۇلى

1985- يىلى، بۇ تۈردىكى قەرز پۇلدىن 2 مىليون 500 مىڭ يۈەن تارقىتىلىپ، توققۇز تۈردە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلدى. 1980- يىلى، تۆت تۈر ئۈچۈن 2 مىليون 775 مىڭ يۈەن قەرز پۇلى تارقىتىلدى. 1987- يىلى، ئالتە تۈر ئۈچۈن 2 مىليون 190 مىڭ يۈەن قەرز پۇلى تارقىتىلدى. 1988- يىلى، 13 تۈر ئۈچۈن 11 مىليون 460 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى. 1988- يىلى تۆت ئورۇنغا 5 مىليون 530 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى. 1990- يىلى بەش ئورۇنغا 8 مىليون 450 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى.

3. ئالتۇن- كۈمۈش مەخسۇس تۈر قەرز پۇلى

1987- يىلى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك خەلق بانكىسى كان ئېچىشنىڭ ئىلگىرىلەش سۈرئىتىگە ئاساسەن، ۋاقتىدا 3 مىليون يۈەنلىك ئالتۇن مەخسۇس تۈر قەرز پۇلى بىلەن تەمىنلىدى. 1987 – 1990 - يىلىغىچە، جەمئىي 9 مىليون 720 مىڭ يۈەن ئالتۇن مەخسۇس تۈر قەرز پۇلى تارقىتىپ، قۇمۇل ئالتۇن كانىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈش خىزمەتلىرىگە ياردەم بەردى، بۇنىڭ بىلەن ۋىلايەتنىڭ ئالتۇن مەھسۇلات مىقدارى زور دەرىجىدە ئاشتى. 1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 30 مىليون 364 مىڭ سەر ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىلىپ، شىنجاڭ بويىچە 3- ئورۇنغا ئۆتتى.

# باب IV

# پۇقرالار پۇل ئامانىتى

مىنگو دەۋرىدە، شىنجاڭ سودا بانكىسىنىڭ قۇمۇل شۆبە بانكىسى پۇقرالار پۇل ئامانىتى كەسپىنى بېجىرمەيتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەنى 1951- يىل 4- ئايدا، ئىقتىسادىي ياردەم ئۇسۇلى قوللىنىلغان دەسمايە ۋە قىممەتكە كېپىللىك قىلىنغان پۇل ئامانىتى كەسپلىرى تېزلىكتە قانات يايدى. يىل ئاخىرىغىچە ئامانەت قويۇلغان پۇل 590 مىڭ يۈەنگە (يېڭى خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇلدى، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش) يەتتى. 1952- يىلى «ئۈچكە قارشى»، «بەشكە قارشى» ھەرىكەت ئېلىپ بېرىلغاچقا، پۇل ئامانىتى تۆۋەنلەپ، يىل ئاخىرىغىچە بانكىغا قويۇلغان ئامانەت پۇل قالدۇقى 230 مىڭ يۈەن بولدى.

1953 – 1957 - يىلىغىچە، ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرى كېڭىيىپ، بازاردا ئوبوروت قىلىنىدىغان پۇل كۆپەيدى. ۋىلايەتلىك خەلق بانكىسى «پۇل ئامانەت قويۇشتا ئىختىيارىي بولۇش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، پۇل ئامانەت قويغۇچى خېرىدارلارنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلىغاچقا، پۇل ئامانەت سوممىسى مۇقىم بولدى. 1957- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، قەرەللىك پۇل ئامانەت قويغانلار 10 مىڭ 986 گە، قەرەلسىز پۇل ئامانەت قويغانلار 1412 گە يەتتى. 1958 – 1960 - يىلىغىچە، ئامانەت قويۇلغان پۇل زور دەرىجىدە ئاشتى. 1960- يىلى، يېزا ئاھالىلىرى ئارىسىدا پۇل ئامانەت قويۇش زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلغانلىقتىن، ئۈچ يىل ئىچىدە بانكا ۋە ئامانەت- قەرز كوپېراتىپلىرىغا ئامانەت قويۇلغان پۇل كۆپىيىپ، 5 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1960 – 1962 - يىللىرىچە بولغان ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق مەزگىلىدە، بانكىلاردىكى ئامانەت قويۇلغان پۇل سوممىسى تۆۋەنلەپ كەتتى. 1963- يىلى، ۋىلايەتنىڭ پۇل ئامانەت قويۇش كەسپى تەگپۇڭ ۋەزىيەتنى ساقلىدى. 1964- يىلى ۋە 1965- يىللىرى بارا- بارا ئاشتى.

1966- يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ئىنتايىن سولچىل ئىدىيىنىڭ تەسىرىدە باشقىلارنىڭ ئامانەت قويغان پۇلىنى خالىغانچە توڭلىتىۋېتىش ھەرىكەتلىرى ئەۋج ئېلىپ كەتكەچكە، ئامانەت قويۇلغان پۇل ئازلاپ كەتتى. 1968- يىلى ئازراق كۆپەيدى، بىراق كۆپىيىش دەرىجىسى نىسبەتەن ئاز بولدى. ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ تۇرلۇك پۇل ئامانەت قويۇش كەسپىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 1968- يىلى 31.7% تىن 1971- يىلدىكى 19.9% كە تۆۋەنلىدى.

1979 – 1990 - يىللىرىچە، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلىپ، پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا يۆتكەلدى. يېزىلاردا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئىجرا قىلىنىپ، بانكىلارنىڭ پۇل سېلىنمىسى كۆپەيدى، جەمئىيەتتىكى تۇرۇپ قالغان ۋە تارقاق مەبلەغ كۆپىيىپ، پۇل ئامانەت مەنبەسى بارلىققا كەلدى. 1980- يىل 7- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن ئېتىبارەن ئۈچ يىل ۋە بەش يىللىق پارچە ئامانەت قويۇپ، پارچە قويۇپ توپ ئېلىشتىن ئىبارەت قەرەللىك پۇل ئامانەت تۈرى قوشۇمچە يولغا قويۇلدى. شۇ يىلى 5- ئاينىڭ 28- كۈنى، دۆلەت «جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ پۇل ئامانەت قويۇش نىزامنامىسى» نى ئېلان قىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە بانكا تولۇقلىما بەلگىلىمە چىقىرىپ، پۇل ئامانەت خىزمىتىدە ئاساسلىنىدىغان بەلگىلىمە بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىپ، پۇل ئامانەت قويغۇچىلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدىدى. 1984- يىل 4- ئايدا، ئامانەت پۇل ئۆسۈمى يەنە بىر قېتىم تەڭشىلىپ، تۆۋەن دەرىجىدىن يۇقىرى دەرىجىگە ئۆستۈرۈلۈپ، ئاھالىلەرنىڭ پۇل ئامانەت قويۇش قىزغىنلىقى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. 1986- يىلى، سودا- سانائەت بانكىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى قەرەللىك ۋە قەرەلسىز پۇل ئامانەت قويۇش كەسپىنى، يېزىلاردىكى تىجارەت ئورۇنلىرى پۇل ئامانەت كەسپىنى بېجىرىشنى باشلاپ، ياردەمچى پۇل ئامانەت خادىمى تەكلىپ قىلدى. سودا- سانائەت بانكىسى «خېرىدارلار بىرىنچى، مۇلازىمەت بىرىنچى، ئىناۋەت بىرىنچى، ئەدەپلىك مۇلازىمەت قىلىش، ئەڭ ياخشى پۇل ئامانەت قويۇش ئورنى قۇرۇش» پائالىيەتلىرىنى تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويدى. شۇ يىلى 8- ئاينىڭ 1- كۈنى، خەلق بانكىسىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، قۇمۇلدىكى تۇنجى پوچتا پۇل ئامانەت كەسپى ئىش باشلىدى. 1987- يىلى، قۇمۇل قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ پۇل ئامانەت قويۇش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشى تەستىقلاندى.

1988- يىلى، قۇمۇلدا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنى بەس- بەستە ئېلىۋېلىپ، تاۋارلارنى تالىشىپ سېتىۋېلىش ھادىسىسى كۆرۈلدى. بانكا ئامانەت پۇلى تۆۋەنلەپ، مال باھاسى ئۆسۈپ كەتتى. پۇل ئامانەت قويغۇچىلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن، 1988- يىل 9- ئايدىن ئېتىبارەن ئۈچ يىلدىن يۇقىرى قەرەللىك پۇل ئامانەت كەسپى يولغا قويۇلۇپ، ئامانەت قويغان پۇل مىقدارىغا كاپالەتلىك قىلىنىپ، ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. يىل ئاخىرىغا بارغاندا شەھەر- يېزىلارنىڭ پۇل ئامانەت سوممىسى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 19.7% ئاشتى.

1990- يىلى، مۇكاپاتلىق پۇل ئامانىتى، چەك تارتىش پۇل ئامانىتى كەسپى يولغا قويۇلدى. مۇكاپاتلىق پۇل ئامانەت كەسپى قۇمۇلدا دەۋر سۈرۈپ، بىرىم يىل ئېلىپ بېرىلىپ، تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىن توختىتىلىپ، نورمال پۇل مۇئامىلە تەرتىپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى تەڭشىلىپ، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى ئۆستى. شەھەر، يېزىلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ كىرىمى ئېشىپ، پۇل ئامانەت قويۇش

ئاھالىلەرنىڭ بىردىنبىر مەبلەغ سېلىش يولى بولۇپ قالدى. يىل ئاخىرىغىچە، شەھەر، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت قويغان پۇلى 453 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

### 1950 – 1990 - يىللىرىغىچە قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ شەھەر، يېزىلىرىدىكى ئامانەت پۇل قالدۇقى

جەدۋەل: 16 – 9

| يىللار | شەھەر، يېزىلاردىكى ئومۇمىي پۇل ئامانەت قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | شەھەر، يېزىلاردىكى ئامانەت پۇل قالدۇقى | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| | | جەمئىي (تۈمەن يۈەن) | ئالدىنقى يىلنىڭ ئاخىرىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا ئاشقان ۋە كېمەيگىنى | | ئامانەت پۇل ئومۇمىي سوممىسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى % |
| | | | سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | % | |
| 1951 | 164 | 59 | | | 35.9 |
| 1952 | 319 | 23 | −36 | −61.0 | 7.2 |
| 1953 | 451 | 187 | +164 | 7.13 | 41.4 |
| 1954 | 456 | 221 | +34 | +18 | 48.4 |
| 1955 | 535 | 253 | +32 | +14 | 47.2 |
| 1956 | 1120 | 348 | +95 | +37.5 | 31.8 |
| 1957 | 612 | 290 | −58 | −16.6 | 47.2 |
| 1958 | 2527 | 490 | +200 | +68.9 | 31.8 |
| 1959 | 2276 | 598 | +108 | +22.0 | 47.3 |
| 1960 | 3647 | 795 | +197 | +32.9 | 19.3 |
| 1961 | 2987 | 671 | −124 | −15.5 | 21.5 |
| 1962 | 2450 | 520 | −151 | −22.5 | 21.7 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 22.4 | +4.8 | +25 | 545 | 2482 | 1963 |
| 21.6 | +28.4 | +155 | 700 | 2388 | 1964 |
| 21.9 | +31.2 | +219 | 919 | 2905 | 1965 |
| 29.0 | −6.3 | −58 | 861 | 2227 | 1966 |
| 31.6 | −6.1 | −53 | 808 | 2390 | 1967 |
| 38.6 | +4.7 | +38 | 846 | 2667 | 1968 |
| 33.8 | 16.5 | +140 | 968 | 4847 | 1969 |
| 31.7 | +44.6 | +440 | 1426 | 6867 | 1970 |
| 20.3 | +7.5 | +107 | 1533 | 7695 | 1971 |
| 19.9 | +9.8 | +151 | 1684 | 6783 | 1972 |
| 24.8 | +17.1 | +289 | 1973 | 7999 | 1973 |
| 24.6 | +6.1 | +121 | 2094 | 8447 | 1974 |
| 24.7 | −1.0 | −22 | 2072 | 8936 | 1975 |
| 23.1 | −2.8 | −59 | 2013 | 9508 | 1976 |
| 21.1 | +18.9 | +382 | 2395 | 11685 | 1977 |
| 20.4 | +11.1 | +266 | 2661 | 9963 | 1978 |
| 26.7 | +20.6 | +550 | 3211 | 11289 | 1979 |
| 34.6 | +32.7 | +1050 | 4261 | 12293 | 1980 |
| 37.6 | +23.8 | +1017 | 5278 | 14003 | 1981 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 1982 | 18535 | 6514 | +1236 | +23.4 | 35.1 |
| 1983 | 19954 | 8327 | +1813 | +27.8 | 46.2 |
| 1985 | 26274 | 13172 | +2217 | +16.8 | 50.1 |
| 1986 | 32365 | 17366 | +4194 | +31.8 | 53.6 |
| 1987 | 41582 | 22743 | +5377 | +30.9 | 54.6 |
| 1988 | 46760 | 27232 | +4489 | +19.7 | 58.2 |
| 1989 | 56086 | 34738 | +7506 | +27.5 | 61.9 |
| 1990 | 72276 | 45344 | +10606 | +30.5 | 62.7 |

# V باب

# زايوم

## §1. مىنگو دەۋرىدىكى زايوم

مىنگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى)، ماۋزېمىن شىنجاڭنىڭ مالىيە خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلغاندا، قۇرۇلۇش مەبلىغى يېتىشمەسلىك قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ھەر مىللەت خەلقىنى قۇرۇلۇشقا قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلدى. مىنگونىڭ 29- يىلى (1940- يىلى) 12- ئاينىڭ 1- كۈنى، ئۇ ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلىپ، «مىنگونىڭ 30- يىلىدىكى شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش زايومى نىزامى» نى تۈزدى، مىنگونىڭ 30- يىلى (1941- يىلى) 4- ئايدا، ئۆلكە بويىچە قۇرۇلۇش زايومى تارقىتىلدى. قۇمۇلدا خىزمەت قىلغان كومپارتىيە ئەزالىرى زايوم سېتىش پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، زايوم سېتىپ شىنجاڭدا قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلدى، ھەر مىللەت ئاممىسى بۇنىڭغا قىزغىن ئاۋاز قوشتى، قۇمۇلدا 1 مىليارد 90 مىليون يۈەن قۇرۇلۇش زايومى تارقىتىلىپ، سودا

بانكىسىغا ئايرىپ بېرىلدى،

## §2. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى زايوم

### 1. دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش زايومىنى ۋاكالىتەن تارقىتىش

1954- يىلى، دۆلەت قەرزىنى تارقىتىش شەكلى ئارقىلىق قۇرۇلۇش مەبلىغى ھازىرلاندى. جۇڭگو خەلق بانكىسى قۇمۇل تارماق بانكىسى 1954- يىللىق ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش زايومى تارقىتىش توغرىلىق ئورۇنلاشتۇرۇش قىلدى ھەمدە يىللىق ۋەزىپىنى % 287.65 ئورۇندىدى.

1955- يىلى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش زايومى تارقىتىلدى، قۇمۇل ۋىلايىتى تۆت ئايدا سېتىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى.

1957- يىلى، قۇمۇلدا سېتىلىپ خەزىنىگە كىرگۈزۈلگەن زايوم 58 مىڭ 824 يۈەن بولۇپ، ۋەزىپىنىڭ 98.07%نى ئىگىلىدى.

### 2. دۆلەت زايومىنى ۋاكالىتەن تارقىتىش

1981 – 1990 - يىلغىچە، قۇمۇل ۋىلايىتى دۆلەت خەزىنە چېكى، دۆلەت قۇرۇلۇش زايومى، تەڭ قىممەتلىك زايوم، ئالاھىدە زايوم قاتارلىقلارنى تارقاتتى، ئەمەلىي سېتىۋېلىنغىنى 43 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ۋەزىپە 138.21% ئورۇندىدى. 1981 – 1986 - يىلغىچە، ۋىلايەت بويىچە تارقىتىلغان دۆلەت خەزىنە چېكى 6 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1989- يىلى، جەمئىيەت ۋە شەخسلەرگە يۈزلىنىپ، دۆلەت خەزىنە چېكى، تەڭ قىممەتلىك زايوم، ئالاھىدە زايوم، ئاساسىي قۇرۇلۇش زايومى تارقىتىلدى. جۇڭگو سودا- سانائەت بانكىسى يەنە پۇل مۇئامىلە زايومى تارقاتتى. يىل ئاخىرىغىچە، ئاساسىي قۇرۇلۇش زايومى سېتىش ۋەزىپىسى ئاران 182 مىڭ يۈەن ئورۇندىدى.

دۆلەت خەزىنە چېكىنىڭ ئابرويىنى ساقلاش، خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش، قاراڭغۇ بازار سودىسىغا زەربە بېرىش ئۈچۈن، 1988- يىل 6- ئاينىڭ 27- كۈنى، ۋاسىتىچىلىك مەبلەغ سېلىش شىركىتى قۇرۇلۇپ، تۇنجى بولۇپ دۆلەت قەرزىنى ئۆتنۈپ بېرىش كەسپى يولغا قويۇلدى. 1989- يىل 1- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ، ئۈچ ئاي ئىچىدە دۆلەت قەرزى سودا سوممىسى 943 مىڭ يۈەنگە، سېتىپ چىقىرىلغىنى 103 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئۆتنۈپ بېرىش خىزمىتى نورمال ئېلىپ بېرىلىپ، ھەر كۈنى ۋۇۋۇسكا ئېسىپ تىجارەت قىلىپ، زايوم ئوبوروتىنى جانلاندۇردى.

# VI باب

# تاشقى پېرېۋوت

## §1. سودا تاشقى پېرېۋوتى

ۋىلايەتنىڭ سودىدىن قىلغان تاشقى پېرېۋوت كىرىمى ۋىلايەتنىڭ تاشقى پېرېۋوت كىرىمىنىڭ 90% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەپ كەلدى. 1979 – 1984 - يىلىغىچە، ۋىلايەتنىڭ پېرېۋوت قىلغاندىن كېيىن ئېشىپ قالغان تاشقى پېرېۋوت كىرىمى جەمئىي 2 مىليون 259 مىڭ دوللارغا يەتتى.

1985- يىلى، ئەمەلىي ئىشلىتىلىدىغان تاشقى پېرېۋوت سوممىسى 3 مىليون 419 مىڭ دوللارغا يېتىپ، شۇ يىلى ئەمەلىيەتتە 2 مىليون 68 مىڭ دوللار ئىشلىتىلدى. 1985- يىلىنىڭ ئاخىرى، ۋىلايەتنىڭ تاشقى پېرېۋوت قالدۇقى 1 مىليون 351 مىڭ دوللارغا يەتتى. 1986- يىلى، ۋىلايەتنىڭ تاشقى پېرېۋوت چىقىمى ئالدىنقى يىلدىكىدىن زور ھەجىمدە تۆۋەنلىدى، يىللىق پېرېۋوت چىقىمى 319 مىڭ 500 دوللار بولۇپ، پەقەت ئالدىنقى يىلدىكىنىڭ 15.5% نى ئىگىلىدى. ۋىلايەتنىڭ 1986 – 1987 - يىللىرىدىكى سودا تاشقى پېرېۋوت قالدۇقى ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليون 192 مىڭ دوللار بولدى. 1987- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ۋىلايەت بويىچە قالدۇق تاشقى پېرېۋوت ھېساباتى ئاچقانلار 12 گە يەتتى، قالدۇق تاشقى پېرېۋوت ھېساباتىدا قېپقالغان قالدۇق 1 مىليون 500 مىڭ دوللارغا يەتتى. ۋىلايەتتىكى 13 ئورۇننىڭ قالدۇق تاشقى پېرېۋوتى 1 مىليون 578 مىڭ 600 دوللار، يەرلىكنىڭ تاشقى پېرېۋوتى 188 مىڭ 500 دوللار بولدى. 1989- يىلى، ۋىلايەتنىڭ تۈرلۈك تاشقى پېرېۋوت كىرىمى 782 مىڭ 167 دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سودا تاشقى پېرېۋوت قالدۇقى 754 مىڭ 377 دوللار بولۇپ، 96.4% نى ئىگىلىدى. يىللىق تاشقى پېرېۋوت چىقىمى 431 مىڭ 741 دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت پېرېۋوتى 265 مىڭ 494 دوللار بولدى. ئىمپورت پېرېۋوتىدا كەمچىل بولغان سانائەت ماتېرىياللىرى ئۈچۈن يوللانغان پېرېۋوت 118 مىڭ 531 دوللارغا يېتىپ، 44.6% نى ئىگىلىدى. مېتال بۇيۇم، كان مەھسۇلاتلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن تاشقى پېرېۋوت 93 مىڭ 627 دوللارغا يېتىپ، 35.1% نى ئىگىلىدى. سېتىۋېلىنغان تاشقى پېرېۋوتنىڭ چىقىمى 34 مىڭ 500 دوللارغا يېتىپ، 13% نى ئىگىلىدى. ئەلا سورتلارنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن تاشقى پېرېۋوت 9100 دوللار بولۇپ، 3.5% نى ئىگىلىدى. داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن پېرېۋوت 1680 دوللار بولۇپ، 0.6% نى ئىگىلىدى. يىل ئاخىرىدا ۋىلايەتنىڭ تاشقى پېرېۋوت قالدۇقى 877 مىڭ 214 دوللارغا يەتتى.

1990- يىلى، ۋىلايەتنىڭ تۈرلۈك تاشقى پېرېۋوت كىرىمى 1 مىليون 52 مىڭ دوللارغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 34% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە سودا تاشقى پېرېۋوت كىرىمى 1 مىليون 40 مىڭ دوللارغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 37% ئاشتى؛ تۈرلۈك تاشقى پېرېۋوت چىقىمى 988 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت پېرېۋوتى

280 مىڭ دوللار.

## §2. غەيرىي سودا تاشقى پېرېۋوتى

ۋىلايەتنىڭ غەيرىي سودا تاشقى پېرېۋوتى ئاساسلىقى مۇھاجىرلار پېرېۋوتى ۋە ساياھەتچىلىك تاشقى پېرېۋوتىنى ھەمدە ئاز بىر قىسىم ئالتۇن تاشقى پېرېۋوت قالدۇقى كىرىمىنى كۆرسىتىدۇ.

### 1. مۇھاجىرلار پېرېۋوتى

ۋىلايەت بويىچە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتى 800 ئائىلە ئەتراپىدا بولۇپ، نوپۇسى 50 مىڭغا يېقىن. باركۆل ناھىيە سارچوقا يېزىسى قازاق مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان رايون. قۇمۇل تەۋەلىكىدىكى چەت ئەللەردە ئولتۇراقلاشقان مۇھاجىرلار ئاساسلىقى تۈركىيە، سىنگاپور، ئامېرىكا ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى بىر قىسىم دۆلەتلەرگە تارقالغان بولۇپ، يەنە بەزىلىرى شياڭگاڭ ۋە تەيۋەندە ئولتۇراقلاشقان. ئۇلار ھەر يىلى ئائىلىسىگە مەلۇم مىقداردا پۇل ئەۋەتىپ تۇرىدۇ. 1981- يىلى، ۋىلايەت بويىچە چەت ئەللىك مۇھاجىرلار ۋە شياڭگاڭ، تەيۋەندىكى قېرىنداشلارنىڭ ئائىلىسىگە ئەۋەتكەن پۇلى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 32 مىڭ يۈەن بولدى. 1982- يىلى، تۆۋەنلەپ 26 مىڭ 600 يۈەنگە چۈشتى؛ 1983- يىلى 38 مىڭ 200 يۈەنگە ئۆرلىدى، 1984- يىلى 25 مىڭ 100 يۈەن، 1985- يىلى 38 مىڭ 800 يۈەن، 1986- يىلى 49 مىڭ يۈەن بولدى. 1987- يىلى ۋىلايەتتىكى مۇھاجىرلارنىڭ پېرېۋوت كىرىمى ئۇدا ئېشىپ، قۇمۇل شەھىرىنىڭ 44 مىڭ 900 يۈەنگە، باركۆل ناھىيىسىنىڭ 3300 يۈەنگە يېتىپ، ئاراتۇرۇك ۋە تارانچى كان رايونىنىڭ مۇھاجىرلار پېرېۋوت كىرىمىنى قوشقاندا جەمئىي 50 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. 1987- يىلىنىڭ ئاخىرى قۇمۇلغا قايتىپ تۇغقان يوقلايدىغان ۋە ساياھەت قىلىدىغان مۇھاجىرلار كۆپەيدى. قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ مۇھاجىرلار پېرېۋوت كىرىمىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، مۇھاجىرلار پېرېۋوت ماددىي ئەشيا تەمىنلەش كىنىشكىسىنىڭ تارقىتىلىش مىقدارى مۇناسىپ كېڭەيدى. 1981- يىلى ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 8012 پارچە مۇھاجىرلار پېرېۋوت چېكى تارقىتىلدى. 1983- يىلى 9553 پارچە، 1985- يىلى 9750 پارچە، 1986- يىلى 12 مىڭ 251 پارچە، 1987- يىلى 12 مىڭ 500 پارچە مۇھاجىرلار پېرېۋوت چېكى تارقىتىلدى.

### 2. ساياھەت تاشقى پېرېۋوتى

1987- يىل 12- ئايدا، قۇمۇل شەھىرى سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىلگەن شەھەر بولۇپ تەستىقلىنىپ، قۇمۇلغا سىرتتىن كېلىدىغان ساياھەتچى مېھمانلار كۆپەيدى. شۇ يىلى ۋىلايەتنىڭ ساياھەت تاشقى پېرېۋوت كىرىمى 17 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1988- يىلى قۇمۇل ساياھەت كوپىراتىپى كۈتۈۋالغان سىرتتىن كەلگەن ساياھەتچى 400 ئادەم (قېتىم) غا يەتتى، ئۇنىڭدىن باشقا بىر قىسىم تارقاق ساياھەتچىلەر قۇمۇلغا ساياھەتكە كەلدى. ساياھەتچىلەر ئالدىنقى يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 30% تىن كۆپرەك ئېشىپ، شۇ يىللىق ساياھەت تاشقى پېرېۋوت كىرىمىنى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 30 مىڭ يۈەندىن ئاشتى.

1990- يىلى، دۆلەتنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى مۇقىم، مىللەتلەر ئىتتىپاق بولۇپ، چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنىڭ قۇمۇلدا ساياھەت قىلىشىغا ياخشى تاشقى مۇھىت يارىتىلىپ، ساياھەتچىلىكنىڭ تاشقى پېرېۋوت كىرىمى ئاشتى. يىل ئاخىرىدا ۋىلايەتنىڭ ساياھەتچىلىك تاشقى پېرېۋوت قالدۇق كىرىمى 12 مىڭ 364 دوللارغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلىغا

قارىغاندا بىر قاتلاندى.

# VII باب

# خەلق سۇغۇرتىسى

## §1. مال- مۈلۈك سۇغۇرتىسى

1951- يىل 10- ئايدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك سۇغۇرتا شىركىتى قۇمۇلدىكى ئالاھىدە ۋاكالەت ئورنىغا ياردەملىشىپ، خەلق بانكىسىنىڭ يېزا پۇل مۇئامىلە خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ئاقيەر، توغۇچى (يېزا، كەنتلەر) رايونىدا يېزىلاردىكى مال- چارۋا سۇغۇرتىسىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش توغرىلىق تەشۋىقات ئېلىپ باردى. 12- ئاينىڭ ئاخىرى سۇغۇرتىغا مۆددىگە ئېلىنغان تۇرلۇك چوڭ چارۋا 538 گە يېتىپ، 38 مىليون 358 مىڭ 980 يۈەن (كونا خەلق پۇلى) سۇغۇرتا ھەققى يىغىلدى. شەھەردىكى ئورگان، تەشكىلاتلار، كەسپىي ئورۇنلاردا مەجبۇرىي مال- مۈلۈك سۇغۇرتىسى كەسپى يولغا قويۇلۇپ، 11 ئورۇن سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇلۇپ، 1 مىليون 66 مىڭ 900 يۈەن (كونا خەلق پۇلى) يىغىلدى؛ ترانسپورت سۇغۇرتا ھەققى ئۈچۈن 704 مىڭ يۈەن (كونا خەلق پۇلى) يىغىلدى. سىناق تەرىقىسىدە مال- چارۋا سۇغۇرتىسى بېجىرگەن مەزگىلدە، ئىككى قېتىملىق تۆلەم دېلوسى يۈز بېرىپ، ۋاقتىدا نەقلەشتۈرۈلۈپ، جەمئىي 844 مىڭ يۈەن (كونا خەلق پۇلى) سۇغۇرتا تۆلىمى تۆلەپ بېرىلدى.

1952- يىلى، سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇلغان سەككىز چارۋا ئۆلۈپ، 6 مىليون 868 مىڭ يۈەن (كونا خەلق پۇلى) سۇغۇرتا پۇلى تۆلەم بېرىلدى.

1955- يىلى، تۈرلۈك سۇغۇرتا كىرىمى 18 مىڭ 972 يۈەن (يېڭى خەلق پۇلى، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش) گە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 72.47% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ماددىي ئەشيا قەرەللىك سۇغۇرتىسى 7392 يۈەن، ماددىي ئەشيا ئايلانما سۇغۇرتىسى 2457 يۈەن، مۇقىم مۈلۈك سۇغۇرتىسى 2481 يۈەن، ئاپتوموبىل سۇغۇرتىسى 3378 يۈەن، مال ترانسپورت سۇغۇرتىسى 2760 يۈەن، باشقا سۇغۇرتىلار 504 يۈەن بولدى.

1957- يىلى، لەنجۇ- شىنجاڭ تۆمۈريولى تېزلىكتە غەربكە ئۇزارتىلغانلىقتىن، كەسپىي كىرىمنىڭ ئېشىشىمۇ تېز بولۇپ، يىللىق سۇغۇرتا كىرىمى 72 مىڭ 154 يۈەنگە يەتتى. 1958- يىلى، جەمئىي 169 مىڭ يۈەن سۇغۇرتا پۇلى يىغىلدى.

1981- يىل 8- ئايدا، قۇمۇلدا سۇغۇرتا كەسپى بېجىرىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، دەسلەپكى مەزگىلدە پەقەت كارخانا مال- مۈلۈك سۇغۇرتىسى، ئاپتوموبىل سۇغۇرتىسى، شەخسلەر ئۆي- مۈلۈك سۇغۇرتىسى (قوشۇمچە ئوغرىلىق سۇغۇرتىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ۋېلسىپىت ئوغرىلىنىش سۇغۇرتىسى قاتارلىق كەسىپلەر بېجىرىلدى. يىل ئاخىرىغىچە سۇغۇرتا بېجىرگەن دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانا ئالتىگە، سۇغۇرتا سوممىسى 5 مىليون 872 مىڭ يۈەنگە، يىغىلغان سۇغۇرتا ھەققى 16 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ 27 ئاپتوموبىلنىڭ سۇغۇرتىغا قاتنىشىش سوممىسى 870 مىڭ يۈەنگە

يېتىپ، 9000 يۈەن سۇغۇرتا پۇلى يىغىۋېلىندى، ئائىلە مال- مۈلۈك سۇغۇرتىسىدىن 13 ى، ۋېلسىپىت سۇغۇرتىسىدىن تۆتى بېجىرىلدى،

1982- يىلى، يىغىلغان تۈرلۈك سۇغۇرتا ھەققى 54 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا سوممىسى جەمئىي 12 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇلغان ماتورلۇق ئاپتوموبىل 86 گە، سۇغۇرتىغا قاتناشقان دۆلەت ۋە كوللېكتىپ ئىلكىدىكى كارخانا 39 غا، سۇغۇرتىغا قاتناشقان شەخس 33 ئائىلىگە (ئائىلە مال- مۈلۈك سۇغۇرتىسى)، يىغىلغان سۇغۇرتا ھەققى 119 مىڭ يۈەنگە يەتتى،

1983- يىلى، ئەمەلىي يىغىلغان سۇغۇرتا ھەققى 193 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇلغان تۈرلۈك كارخانا مال- مۈلۈك سۇغۇرتىسى 49 غا (يىغىلغان سۇغۇرتا كىرىمى 52 مىڭ يۈەنگە)، سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇلغان ماتورلۇق قاتناش ۋاستىسى 765 كە (ئاپتوموبىل 267، چوڭ- كىچىك تراكتور 271، چوڭ- كىچىك موتسىكلىت 227)، ئائىلە مال- مۈلۈك سۇغۇرتىسىنى بېجىرگەن ئائىلە 114 كە، ئائىلە مال- مۈلۈك ئىككى تەرەپلىك سۇغۇرتىسى بېجىرگەن ئائىلە 35 كە، سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇلغان ۋېلسىپىت بەشكە يەتتى؛

1984- يىلى، مال- مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققىدىن كىرگەن كىرىم 312 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال- مۈلۈك سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان كارخانا 91 گە يېتىپ، 72 مىڭ 500 يۈەن سۇغۇرتا ھەققى يىغىلدى؛ سۇغۇرتىغا قاتناشقان ماتورلۇق قاتناش ۋاستىسى 1558 گە يېتىپ، 328 مىڭ يۈەن سۇغۇرتا ھەققى يىغىلدى؛ مال- مۈلۈك سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئائىلە 335 كە، مال- مۈلۈك ترانسپورت سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان كەسىپ 27 گە يەتتى.

1985- يىلى، مال- مۈلۈك سۇغۇرتا كىرىمى 954 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كارخانىلارنىڭ مال- مۈلۈك سۇغۇرتىسى كىرىمى 142 مىڭ يۈەن (سۇغۇرتىغا قاتناشقان كارخانا 200)، ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى سۇغۇرتىسى كىرىمى 799 مىڭ يۈەن، ئائىلە مال- مۈلۈك سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئائىلە 1129، 46 ۋېلسىپىت ئوغرىلىنىش سۇغۇرتىسىغا، 62 تۇياق چوشقا چوشقا بېقىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتۇرۇلدى. سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇلغان ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى ئالدىنقى يىلدىكى 26.36% تىن 76.79% كە يەتتى،

1986- يىلى، مال- مۈلۈك سۇغۇرتىسى كىرىمى 1 مىليون 239 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كارخانا مال- مۈلۈك سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانا 350 كە، سۇغۇرتا ھەققىدىن قىلىنغان كىرىم 193 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى سۇغۇرتىسىدىن كىرگەن كىرىم 920 مىڭ يۈەنگە، ئائىلە مال- مۈلۈك سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئائىلە 3753 كە يەتتى. شەھەردە مال ترانسپورت سۇغۇرتىسى يولغا قويۇلغاندىن سىرت يەنە تاشيول مال ترانسپورت توشۇش خادىمىنىڭ مەسئۇلىيەت سۇغۇرتىسى يولغا قويۇلدى.

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا توخۇ، كالا، چوشقا باقمىچىلىقى سۇغۇرتىسى، قوي تۇياق سانى سۇغۇرتىسى، خاماندىكى يازلىق ئاشلىقنىڭ ئوت ئاپىتى سۇغۇرتىسى، دېھقانلار ئائىلە مال- مۈلۈك سۇغۇرتىسى قاتارلىقلار يولغا قويۇلدى. قۇمۇل شەھىرىنىڭ ئاستانە يېزىسىدىكى بىر كەنتتىكى دېھقانلار كوللېكتىپ ئائىلە مال- مۈلۈك سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى. مال- چارۋا سۇغۇرتىسى ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ تۆركۆل، نېرىنكىر قاتارلىق ئىككى فېرمىسىدا سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى، سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇلغان قوي 61 مىڭ 46 تۇياققا يېتىپ، سۇغۇرتا سوممىسى 2 مىليون 400 مىڭ يۈەن، سۇغۇرتا ھەققى 97 مىڭ 600 يۈەن بولدى.

1988- يىلى، مال- مۈلۈك سۇغۇرتىسى كىرىمى 1 مىليون 715 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كارخانا مال- مۈلۈك سۇغۇرتا كىرىمى 316 مىڭ يۈەن، ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى ۋە 3- شەخسنىڭ مەسئۇلىيەت سۇغۇرتا كىرىمى ھەققى 1 مىليون 123 مىڭ يۈەن، مال- مۈلۈك ترانسپورت سۇغۇرتا كىرىمى 188 مىڭ يۈەن، يېزا ئىگىلىك سۇغۇرتا

كىرىمى 115 مىڭ يۈەن بولدى. سۇغۇرتا شىركىتى باركۆل ۋە قۇمۇل شەھەرلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتى بىلەن چوشقىلارنى بىرلەشمە سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇش كېلىشىمنامىسى تۈزۈپ، پايدىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش (يىغىلغان ھەق ئۈچتە يەتتە ئۆلۈش بويىچە بۆلۈنىدۇ)، خېيىمخەتەرنى تولۇق ئۈستىگە ئېلىش ئۇسۇلىنى يولغا قويدى. 1988- يىلى 10- ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇلغان چوشقا 3000 تۇياققا يەتتى. 1990- يىلى مال- مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 2 مىليون 945 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتىغا قاتناشقان ئائىلە 194 كە، سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇلغان مال- مۈلۈك ئومۇمىي سوممىسى 264 مىليون 662 مىڭ يۈەن بولۇپ، كىرىم قىلىنغان سۇغۇرتا ھەققى 426 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى ۋە 3- شەخسنىڭ مەسئۇلىيەت سۇغۇرتىسى، سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇلغان تۈرلۈك ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى 6088 گە، سۇغۇرتا سوممىسى 113 مىليون 306 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليون 879 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ مال- مۈلۈك ترانسپورت سۇغۇرتىسىدا 5556 كەسىپ بېجىرىلىپ، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 560 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كەسىپلىرىدىن سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇلغان بۇغداي كۆلىمى 240 موغا، كالا 32 گە، چوشقا 405 كە يېتىپ، سۇغۇرتا كىرىمى 520 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ ئائىلە مال- مۈلۈك سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئائىلە 9093 كە (بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى خىل سۇغۇرتىغا قاتناشقانلار 8965 ئائىلە)، سۇغۇرتا كىرىمى 13 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

**قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1981 ~ 1990- يىللىغىچە بولغان مال- مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى**

جەدۋەل: 16 — 10

بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| سۇغۇرتا تۈرى / يىللار | جەمئىي | كارخانا مال- مۈلۈك سۇغۇرتىسى | ئائىلە سۇغۇرتىسى | مال- مۈلۈك ترانسپورت سۇغۇرتىسى | ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرىدا 3- شەخسنىڭ مەسئۇلىيەت سۇغۇرتىسى | يېزا ئىگىلىك سۇغۇرتىسى | باشقا سۇغۇرتىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1981 | 2.5 | 1.6 | | | 0.9 | | |
| 1982 | 5.4 | 5.4 | | | | | |
| 1983 | 19.3 | 5.2 | | | 14.1 | | |
| 1984 | 31.2 | 7.3 | 0.1 | | 23.8 | | |
| 1985 | 95.4 | 14.2 | 0.4 | 0.9 | 79.9 | | |
| 1986 | 123.9 | 19.3 | 1.1 | 1 | 92 | 10.5 | |
| 1987 | 175.1 | 31.6 | 0.2 | 18.8 | 112.3 | 11.5 | 0.7 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1988 | 217.5 | 29.6 | 0.4 | 26.6 | 149 | 10.7 | 1.2 |
| 1990 | 294.5 | 42.6 | 1.3 | 56 | 187.9 | 5.2 | 1.5 |
| جەمئىي | 1091.2 | 183.1 | 3.9 | 107 | 755.5 | 37.9 | 3.8 |

## §2. جىسمانىي سۇغۇرتا

### 1. ئاددىي جىسمانىي سۇغۇرتا

1984- يىل 9- ئايدا، ئاددىي جىسمانىي سۇغۇرتا كەسپى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر 957 كىشى سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇلۇپ، 1616 پارچە سۇغۇرتا بېجىرىلىپ، 3823 يۈەن سۇغۇرتا ھەققى يىغىلدى.

1985- يىلى، كەڭ كۆلەمدە ۋاكالىتەن بېجىرىش تور ئۇقتىسى تەسىس قىلىنىپ، ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 37 ۋاكالىتەن بېجىرىش ئۇقتىسى قۇرۇلدى، تۈزۈم بويىچە سىستېمىسىدا يەنە مەخسۇس ۋاكالىتەن ئىش بېجىرىش خادىمى سەپلەندى، بۇنىڭ بىلەن بېجىرىلگەن سۇغۇرتا كەسپى يىل بېشىدىكى 2071 پارچىدىن يىل ئاخىرىغا بارغاندا 12 مىڭ 162 پارچىگە يېتىپ، 4.87 ھەسسە ئاشتى، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 55 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1986- يىلى، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 501 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 24 مىڭ 461 كىشى سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇلدى، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 8.1 ھەسسە ئاشتى.

1987- يىلى، ئاددىي جىسمانىي سۇغۇرتىغا قاتناشقانلار 34 مىڭ 985 كە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليون 344 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1986- يىلدىكىدىن 1.68 ھەسسە ئاشتى. 1988- يىلى، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليون 914 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1987- يىلدىكىدىن %42.41 ئاشتى.

1989- يىلى، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %1.9 ئاشتى.

1990- يىللىق سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 2 مىليون 234 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1989- يىلدىكىدىن %14.56 ئاشتى.

1984 – 1990 - يىلىغىچە سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى جەمئىي 8 مىليون 2000 يۈەنگە يېتىپ، قۇمۇل ۋىلايىتى ئومۇمىي سۇغۇرتا كىرىمىنىڭ %39.84 نى ئىگىلىدى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، 56 مىڭ 293 ئادەم سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇلۇپ، 185 مىڭ 797 پارچە سۇغۇرتا كەسپى بېجىرىلدى.

1990- يىلى، 198 ئورۇن ئۈستىدىن ئېنىقلاش ئېلىپ بېرىلىپ، 32 مىڭ 562 يۈەن ھەق قايتۇرۇلدى.

### 2. ياشانغاندا كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى

كوللېكتىپ ئىلكىدىكى كارخانىلار ئىشچى- خىزمەتچىلىرى ئارىسىدا ياشانغاندا كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى يولغا قويۇش — كوللېكتىپ ئىلكىدىكى كارخانىلار ئىشچى- خىزمەتچىلىرىنىڭ كېيىنكى غەم- ئەندىشىسىنى تۈگىتىشكە

پايدىلىق.

1988- يىل 8- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ، شەھەرلىك 2- يېنىك سانائەت ئىدارىسى سىستېمىسى «كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرىنىڭ ياشانغاندا كۈتۈنۈش پۇلى بىر تۇتاش سۇغۇرتىغا تاپشۇرۇلىدۇ» دېگەن تۈزۈمنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويدى. 2- يېنىك سانائەت ئىدارىسى سىستېمىسىدىكى 10 كارخانىدىكى 576 ئىشچى- خىزمەتچى (بۇنىڭ ئىچىدە 140 ئىشچى- خىزمەتچى پېنسىيىدە) سۇغۇرتىغا قاتناشتى. بەش ئاي ۋاقىت ئىچىدە، 59 مىڭ يۈەن سۇغۇرتا پۇلى يىغىلدى. تارانچى كان رايونى ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتىدىكى 11 كىشىنى، يامانسۇ كان 78 توختاملىق ئىشچىنى، باركۆل ناھىيىلىك تارماق شىركەت 22 ئىشچى- خىزمەتچىنى، تارانچى تارماق شىركەت 11 كىشىنى، ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق شىركەت 30 كىشىنى سۇغۇرتىغا قاتناشتۇردى.

1988- يىلى، ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 66 مىڭ يۈەنگە، 1989- يىلى 243 مىڭ يۈەنگە، 1990- يىلى 224 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئۈچ يىل ئىچىدە يىغىلغان سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 533 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرى پەقەت 702 كىشى سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى توختاملىق ئىشچى 78، كارخانا ئىشچى- خىزمەتچىسى 64، بىر تۇتاش پىلانلانغان كارخانىلاردىكى ئىشچى- خىزمەتچى 526، يەككە تىجارەتچى 34.

3. تاسادىپىي زەخمىلىنىش سۇغۇرتىسى

1984- يىلى، سۇغۇرتا شىركىتى بىلەن ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتى كېڭىشىش ئارقىلىق، قومۇل تەۋەسىدە يولۇچىلار تاسادىپىي زەخمىلىنىش سۇغۇرتىسىنى يولغا قويۇش كېلىشىمى تۈزدى. بېلەت ئېلىپ ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇسقا ئولتۇرغان يولۇچىلار جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ يولۇچىلار تاسادىپىي زەخمىلىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىدىغان بولدى. شۇ يىلى 6- ئايدىن باشلاپ، يولغا قويۇلغاندىن تارتىپ يەتتە ئاي ئىچىدە سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇلغان يولۇچى 246 مىڭ ئادەم (قېتىم) غا، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 12 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1985- يىلى، يېڭىدىن كوللېكتىپ جەمئىيەت تاسادىپىي زەخمىلىنىش سۇغۇرتىسى ۋە شوپۇرلارنىڭ تاسادىپىي زەخمىلىنىش سۇغۇرتىسى يولغا قويۇلۇپ، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 42 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى شوپۇرلىرىدىن شۇ يىلى 88 كىشى تاسادىپىي زەخمىلىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتۇرۇلۇپ، يىغىلغان سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 2640 يۈەنگە يەتتى.

1986- يىلى، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىخەتەرلىك سۇغۇرتىسى يولغا قويۇلۇپ، 17 مىڭ 239 ئوقۇغۇچى سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇلدى. سۇغۇرتا سوممىسى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 1000 يۈەن، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 1500 يۈەن بولدى. سۇغۇرتا ھەققى ئۈچۈن باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىر يۈەن، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 1.5 يۈەن پۇل تاپشۇردى.

1987- يىلى، يېڭىدىن ياتاقلىق يولۇچىلارنىڭ تاسادىپىي زەخمىلىنىش سۇغۇرتىسى يولغا قويۇلۇپ، پۈتۈن يىلدا 107 مىڭ يۈەن سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى يىغىلدى.

1988- يىلى، ياتاقلىق يولۇچىلارنىڭ تاسادىپىي زەخمىلىنىش سۇغۇرتىسى توختىتىلىپ، باشقا تاسادىپىي زەخمىلىنىش سۇغۇرتىلىرى داۋاملىق بېجىرىلدى، پۈتۈن يىلدا يىغىلغان سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى جەمئىي 117 مىڭ يۈەن بولدى.

1989- يىلى، جىسمانىي جەھەتتە تاسادىپىي زەخىملىنىش سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 111 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1990- يىلى، جىسمانىي جەھەتتە تاسادىپىي زەخىملىنىش سۇغۇرتىسى ھەققى ئومۇمىي كىرىمى 181 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە، يىغىلغان سۇغۇرتا ھەققى 145 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شەھەردە 59 مىڭ 778 كىشى، يېزىلاردا 1251 كىشى كوللېكتىپ جىسمانىي جەھەتتە تاسادىپىي زەخىملىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى. شەھەردە 13 مىڭ 357 كىشى، يېزىلاردا 5471 كىشى ئوتتۇرا- باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىخەتەرلىك سۇغۇرتىسىغا قاتناشتۇرۇلدى. پۈتۈن يىلدا 524 قېتىم سۇغۇرتا تۆلىمى بېجىرىلىپ، 73 مىڭ يۈەن تۆلەم بېرىلدى. 1984 – 1990 - يىلىغىچە جىسمانىي جەھەتتە تاسادىپىي زەخىملىنىش سۇغۇرتىسىنىڭ ئومۇمىي سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 636 مىڭ يۈەن بولدى.

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1985 – 1990 - يىلىغىچە بولغان جىسمانىي سۇغۇرتا كىرىمى

جەدۋەل: 16 – 11 بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| سۇغۇرتا تۈرى / يىللار | جەمئىي | ئادەمي جىسمانىي سۇغۇرتا | ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى | جىسمانىي جەھەتتە تاسادىپىي زەخىملىنىش سۇغۇرتىسى |
|---|---|---|---|---|
| 1985 | 9.7 | 5.5 | | 4.2 |
| 1986 | 60.3 | 50.1 | | 10.2 |
| 1987 | 145.2 | 1134.4 | 0.1 | 10.7 |
| 1988 | 209.7 | 191.4 | 6.6 | 11.7 |
| 1989 | 230.4 | 195 | 24.3 | 11.1 |
| 1990 | 260.3 | 223.4 | 22.4 | 14.5 |
| جەمئىي | 917.2 | 800.2 | 53.4 | 63.6 |

## §3. ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش ۋە تۆلەم

### 1. ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش

1983- يىلىدىن 1990- يىلى 8- ئايغىچە، ۋىلايەت بويىچە ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن ئاجرىتىلغان مەبلەغ 210 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش ئۈسكۈنىلىرى، قاتناش بىخەتەرلىك بەلگىلىرى ئورنىتىلدى.

1986- يىلى 5- ئاينىڭ 19- كۈنى، قۇمۇل بىر قېتىم پەۋقۇلئاددە زور بوران ئاپىتىگە ئۇچرىدى، سۇغۇرتا شىركىتىدىكىلەر پائال ئادەم كۈچى تەشكىللەپ، خەتەردىن ساقلاپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا ئاتلاندى. شىركەت 10 مىڭ يۈەن ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش خىراجىتى ئاجرىتىپ، يەرلىكنىڭ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئىشلىرىغا ياردەم بەردى.

1987- يىلى، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئەتىياز سوغۇقى يۈز بېرىپ، نېرىنكىر، تۈركۈل قاتارلىق ئىككى فېرمىدىكى سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇلغان چارۋىلار ئاپەتكە ئۇچرىدى. سۇغۇرتا شىركىتى 10 مىڭ يۈەن خىراجەت ئاجرىتىپ، يەم- خەشەك سېتىۋېلىپ، ئىككى فېرمىغا ئاپىرىپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا ياردەم بەردى.

2. تۆلەم

1981 – 1990 - يىللىرىغىچە، ۋىلايەت بويىچە بىر تەرەپ قىلىنغان تۈرلۈك سۇغۇرتا تۆلەم دېلوسى 8214 پارچە (بۇنىڭ ئىچىدە 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرىسى 50 پارچىدىن ئارتۇق) بولۇپ، زور كۆپىچىلىكىنى ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى تەشكىل قىلدى، جەمئىي 6 مىليون 612 مىڭ يۈەن تۆلەم بېرىلىپ، 10 يىللىق سۇغۇرتا ھەققى كىرىمىنىڭ 32.9% نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق سۇغۇرتىسى 116.6% نى، ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى سۇغۇرتىسى 57.74% نى،كارخانا مال- مۈلۈك سۇغۇرتىسى 40.4% نى، مال- مۈلۈك ترانسپورت سۇغۇرتىسى 11.3% نى تەشكىل قىلدى.

قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە 1981 – 1990 - يىللىرىغىچە ھەر خىل سۇغۇرتا تۆلىمى بېرىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 16 – 12

| تۈرى / يىللار | جەمئىي | | مال- مۈلۈك سۇغۇرتىسى تۈرى (تۈمەن يۈەن) | | | | | | جىسمانىي سۇغۇرتا (تۈمەن يۈەن) | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | قېتىم | سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | كارخانا مال- مۈلۈك سۇغۇرتىسى | ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى ۋە 3- شەخس سۇغۇرتىسى | يول ترانسپورت سۇغۇرتىسى | دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق سۇغۇرتىسى | ئائىلە مال- مۈلۈك سۇغۇرتىسى | باشقىلار | تاسادىپىي زەخىملىنىش سۇغۇرتىسى | ئاددىي سۇغۇرتا ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى |
| 1981 | 1 | 0.4 | | 0.4 | | | | | | |
| 1982 | 2 | 0.2 | | 0.2 | | | | | | |
| 1983 | 32 | 2.9 | 0.1 | 2.8 | | | | | | |
| 1984 | 113 | 14.9 | 2.9 | 10.5 | | | | 1.5 | | |
| 1985 | 350 | 28 | 0.1 | 27.8 | 0.1 | | | | | |
| 1986 | 570 | 70.4 | 3.6 | 65.8 | 0.1 | 0.3 | 0.1 | | | 1 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 6.6 | 3.9 | 0.3 | 0.4 | 16.3 | 0.4 | 60.1 | 3.6 | 91.6 | 1354 | 1987 |
| 9.6 | 7.1 | 0.7 | 0.9 | 15.4 | 2.8 | 74.9 | 8.2 | 119.6 | 1574 | 1988 |
| 13.5 | 9.3 | 1.3 | 2.9 | 14.7 | 2.6 | 77.8 | 29.6 | 151.7 | 1945 | 1989 |
| 17.1 | 9.8 | 1.4 | 3.6 | 1.3 | 6.1 | 116.4 | 25.8 | 181.7 | 2273 | 1990 |
| 47.8 | 30.1 | 5.2 | 7.9 | 48 | 12.1 | 436.2 | 73.9 | 6612 | 8214 | جەمئىي |

# شەھەر، يېزا قۇرۇلۇشى

### ئون يەتتىنچى قىسىم

# شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى

## I باب

## ئاپپاراتلار ۋە قوشۇن

### §1. مەمۇرىي ئاپپاراتلار

**1. ۋىلايەتلىك شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى، مۇھىت ئاسراش ئاپپاراتلىرى**

1950- يىل 5- ئايدا، ۋالىي مەھكىمىسى قۇرۇلۇش بۆلۈمى قۇرۇلدى.

1953- يىلى، مالىيە- ئىقتىساد كومىتېتى قۇرۇلدى. 1957- يىل 4- ئايدا، مالىيە- ئىقتىساد كومىتېتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ۋىلايەتلىك پىلان كومىتېتى قۇرۇلدى ھەمدە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. 1963- يىل 1- ئايدا، پىلان كومىتېتىنىڭ نامى ۋىلايەتلىك مالىيە- ئىقتىساد، پىلان كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى.

1966- يىلى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، مالىيە- ئىقتىساد، پىلان كومىتېتى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. 1967- يىل 3- ئايدا، شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى خىزمىتى شۆبە ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

1969- يىل 3- ئايدىن 1974- يىل 11- ئايغىچە، ئاساسىي قۇرۇلۇش خىزمىتىگە قومۇل ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسى مەسئۇل بولدى.

1974- يىل 11- ئايدىن 1984- يىل 1- ئايغىچە، ۋىلايەتلىك پىلان كومىتېتى شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى ھەمدە كومىتېت قارمىقىدا ئاساسىي قۇرۇلۇش بۆلۈمى تەسىس قىلىندى.

1976- يىلى، قومۇل ۋىلايەتلىك مۇھىت ئاسراش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىنىپ، بەش مەمۇرىي شتات بېرىلدى، ئىش بېجىرىش ئورنى ۋىلايەتلىك پىلان كومىتېتى ئاساسىي قۇرۇلۇش بۆلۈمىدە بولدى. 1981- يىل 4- ئايدا، ۋىلايەتلىك مۇھىت ئاسراش ئىشخانىسىدا ئۈچ مەمۇرىي شتات بار بولدى.

1984- يىل 1- ئايدا، ۋىلايەتلىك شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى، مۇھىت ئاسراش باشقارمىسى قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، قومۇل ۋىلايىتىنىڭ قۇرۇلۇش كارخانىلىرى، لايىھىلەش، مۇھىت ئاسراش، قۇرۇلۇش سۈپىتىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش ۋە ئەمگەك سۇغۇرتىسىنى بىر تۇتاش غەملەش خىزمىتى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. 1990- يىلىغا

كەلگەندە، ۋىلايەتلىك شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى، مۇھىت ئاسراش باشقارمىسىنىڭ ئىشچى- خىزمەتچىسى 11 گە يەتتى، ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچى ئىككى.

**2. شەھەرلىك، ناھىيىلىك شەھەر قۇرۇلۇشى - مۇھىت ئاسراش ئاپپاراتلىرى**

1) **قۇمۇل شەھىرى** 1950- يىل 3- ئايدا، قۇمۇل ناھىيىسىدە قۇرۇلۇش بۆلۈمى قۇرۇلدى، 1956- يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ناھىيىلىك پىلان كومىتېتىغا قوشۇۋېتىلدى. 1977- يىلى، قۇمۇل شەھىرى قۇرۇلۇپ، شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسى تەسىس قىلىندى، شتاتى يەتتىگە، 1979- يىلى 13 كە، 1981- يىلى 17 گە يەتتى.

1984- يىلى، شەھەر بىلەن ناھىيە قوشۇۋېتىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ نامى قۇمۇل شەھەرلىك شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى، مۇھىت ئاسراش ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1990- يىلى، ئىدارە ئورگىنىدىكى ئىشچى- خىزمەتچى 42 گە يەتتى، ئورگاندا مەمۇرىي بۆلۈمچە، مۇھىت ئاسراش بۆلۈمچىسى، قۇرۇلۇش بۆلۈمچىسى، بىناكارلىقنى باشقۇرۇش بۆلۈمچىسى، سۈپەت نازارەتچىلىك پونكىتى، ئارخىپخانا ۋە پىلانلاش ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى.

1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، شەھەرلىك شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسى قارىمىقىدىكى ئورۇن 10 (يەتتە كەسپىي ئورۇن، ئۈچ كارخانا) غا، ئىدارە بويىچە (قارىمىقىدىكى ئورۇنلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغاندا) ئىشچى- خىزمەتچى 1126 گە يەتتى.

شەھەرلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسى قارىمىقىدا باغۋەنچىلىك ئورنى، مۇھىت تازىلىقى ئورنى، خەلق باغچىسى، شەھەر باشقۇرۇش ئەترىتى، سۇ بىلەن تەمىنلەش - يۇندا چىقىرىۋېتىش شىركىتى، شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشىنى ئاسراش - باشقۇرۇش ئورنى، پىلانلاش - لايىھەلەش ئىشخانىسى قاتارلىق كەسپىي ئورۇنلار بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، ئۈچ ئورۇن كارخانا بويىچە باشقۇرۇلدى.

2) **باركۆل ناھىيىسى** يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشىغا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇش بۆلۈمى مەسئۇل بولدى. 1956- يىلدىن باشلاپ، ناھىيىلىك پىلان كومىتېتىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. 1984- يىلى، ناھىيىلىك شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى، مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى قۇرۇلدى، قارىمىقىدا بەش كەسپىي ئورۇن تەسىس قىلىندى (ناھىيىلىك قۇرۇلۇش شىركىتى، شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشى ئەترىتى، ناھىيىلىك قۇرۇلۇش لايىھەلەش ئىشخانىسى، تورۇبا سۈيى شىركىتى، مۇھىت ئاسراش ئەترىتى).

3) **ئاراتۈرۈك ناھىيىسى** 1969- يىلدىن بۇرۇن، شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشىغا قۇرۇلۇش بۆلۈمى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بۆلۈمى مەسئۇل بولدى. 1969 – 1984 - يىلغىچە، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسى، ستاتىستىكا ئىدارىسى، پىلان كومىتېتى مەسئۇل بولدى. 1985- يىلى شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى قۇرۇلدى.

## §2. كەسپىي ئاپپاراتلار

**1. قۇمۇل ۋىلايەتلىك قۇرۇلۇش لايىھەلەش ئىشخانىسى**

سابىق قۇمۇل ۋىلايەتلىك قۇرۇلۇش شىركىتى تېخنىكا بۆلۈمى لايىھەلەش گۇرۇپپىسى ئاساسىدا تەرەققىي قىلىپ قۇرۇلدى. ۋىلايەتلىك قۇرۇلۇش شىركىتى تېخنىكا بۆلۈمى 1958- يىلى قۇرۇلدى، 1964- يىلى ۋىلايەتلىك پىلان كومىتېتى لايىھەلەش گۇرۇپپىسىغا ئۆزگەرتىلدى، 1972- يىل 3- ئايدا، ۋىلايەتلىك قۇرۇلۇش شىركىتى لاھىيىلەش

ئىشخانىسىغا، 1979- يىلى 7 - ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك قۇرۇلۇش لايىھىلەش ئىشخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى، 11- ئايدا، لايىھىلەش ئىشخانىسى ۋىلايەتلىك قۇرۇلۇش شىركىتىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، ۋىلايەتلىك پىلان كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتتى. لايىھىلەش ئىشخانىسى رايون دەرىجىلىك بولۇپ، تېخنىكا سالاھىيەت دەرىجىسى C دەرىجىلىك.

1986- يىل 6- ئايدا، ۋىلايەتلىك قۇرۇلۇش لايىھىلەش ئىشخانىسى ۋىلايەتلىك شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى، مۇھىت ئاسراش باشقارمىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتتى. 1990- يىلى، ئىشچى- خىزمەتچىسى 30 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئالىي ئىنژېنېر ئىككى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋان بارلار ئىككى، ياردەمچى ئىنژېنېر سەككىز، تېخنىك ئالتە.

2. قۇمۇل ۋىلايەتلىك قۇرۇلۇش سۈپىتىنى نازارەت قىلىش پونكىتى

1987- يىل 2- ئايدا قۇرۇلدى، ئۈچ شتات بېرىلدى. بىر سۈپەت نازارەتچىلىكى مەخسۇس خادىمى، ئۈچ قوشۇمچە ۋەزىپىدىكى خادىم سەپلەندى.

3. قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىمگەك سۈغۇرتىسىنى بىر تۇتاش ئىشلەش پونكىتى

1990- يىل 3- ئاينىڭ 17- كۈنى قۇرۇلدى، ۋىلايەتلىك شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى، مۇھىت ئاسراش باشقارمىسىغا قاراشلىق بۆلۈم دەرىجىلىك ئورۇن بولۇپ، ئىككى شتاتى بار.

4. قۇمۇل ۋىلايەتلىك مۇھىت ئاسراش بويىچە نازارەت قىلىش- ئۆلچەش پونكىتى

1981- يىل 4- ئايدا قۇرۇلدى. ۋىلايەتلىك مۇھىت ئاسراش ئىشخانىسىغا قاراشلىق بولۇپ، بەش شتاتى بار. 1986- يىلى شتاتى 18 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بەش مەمۇرىي شتات، 13 كەسپىي شتات بار. 1990- يىلغا كەلگەندە، شتاتى 21 گە يەتتى.

## §3. ئىشچى- خىزمەتچىلەر قوشۇنى

1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى سىستېمىسىدا 22 ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى ئورۇن بولۇپ، يىل ئاخىرىغىچە ئىشچى - خىزمەتچى 1696 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، مۇقىم ئىشچى – خىزمەتچى 1484، توختاملىق ئىشچى – خىزمەتچى 124، باشقا ئىشچى – خىزمەتچى 88.

1. ساناۋەت (تۇرۇبا سۈيى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەمىنلەش كەسپى)

ئۇلار ئۈچ ئورۇن بولۇپ، 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىشچى - خىزمەتچىسى 127 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، مۇقىم ئىشچى – خىزمەتچى 116، توختاملىق ئىشچى – خىزمەتچى توققۇز، باشقا ئىشچى – خىزمەتچى ئىككى.

2. قۇرۇلۇش كەسپى

ئۇلار بەش ئورۇن بولۇپ، 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 974 ئىشچى- خىزمەتچىسى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە مۇقىم ئىشچى – خىزمەتچى 807، توختاملىق ئىشچى – خىزمەتچى 105، باشقا ئىشچى – خىزمەتچى 62.

3. ئۆي- زېمىن باشقۇرۇش

ئۇلار جەمئىي 10 ئورۇن، 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 528 ئىشچى- خىزمەتچىسى بار بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇقىم ئىشچى ــ خىزمەتچى 495، توختاملىق ئىشچى ــ خىزمەتچى توققۇز، باشقا ئىشچى - خىزمەتچى 24.

4. پەن تەتقىقات ۋە ئۇنىۋېرسال تېخنىكا مۇلازىمىتى

1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاتتە ئىشچى- خىزمەتچىسى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، مۇقىم ئىشچى ــ خىزمەتچى بەش، توختاملىق ئىشچى - خىزمەتچى بىر.

5. دۆلەت ئورگانلىرى

ئۇلار ئۈچ ئورۇن بولۇپ (ۋىلايەتلىك شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى، مۇھىت ئاسراش باشقارمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)، 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 61 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار بولدى، ھەممىسى مۇقىم ئىشچى - خىزمەتچى.

# II باب

# ۋىلايەتلىك شەھەر، بازار ئۆي قۇرۇلۇشى ۋە باشقۇرۇش

## 1§. تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى

1. تەرەققىيات ئەھۋالى

1949- يىلىدىن بۇرۇن، قومۇل ۋىلايىتىنىڭ شەھەر، بازارلىرىدا ئۆي قۇرۇلۇشى كۆلىمى 214 مىڭ 186 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، بۇنىڭ ئىچىدە، ئۆي باشقۇرغۇچى تارماقلارنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىدىكى ئومۇمنىڭ تۇرالغۇ ئۆيى 111 كۋادرات مېتىرغا، ئورۇنلار باشقۇرۇشىدىكى تۇرالغۇ ئۆي 137 مىڭ 359 كۋادرات مېتىرغا، كوللېكتىپ ئورۇنلار باشقۇرۇشىدىكى تۇرالغۇ ئۆي 4907 كۋادرات مېتىرغا، خۇسۇسىلار ئىگىدارچىلىقىدىكى تۇرالغۇ ئۆي 58 مىڭ 686 كۋادرات مېتىرغا، دىنىي ئورۇنلار ئىگىدارچىلىقىدىكى ئۆي 124 كۋادرات مېتىرغا، ھەربىيلەر ئىگىدارچىلىقىدىكى ئۆي 12 مىڭ 999 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

1950- يىللاردا، 181 مىڭ 432 كۋادرات مېتىر ئۆي سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئۆي باشقۇرغۇچى تارماقلارنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىدىكى ئۆي 428 كۋادرات مېتىرغا، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى ئورۇنلار باشقۇرۇشىدىكى ئۆي 167 مىڭ 619 كۋادرات مېتىرغا، كوللېكتىپ ئورۇنلار باشقۇرۇشىدىكى ئۆي 5128 كۋادرات مېتىرغا، خۇسۇسىلار ئىگىدارچىلىقىدىكى ئۆي 5759 كۋادرات مېتىرغا، ھەربىيلەر ئىگىدارچىلىقىدىكى ئۆي 2498 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

1960- يىللاردا، 474 مىڭ 641 كۋادرات مېتىر ئۆي سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئۆي باشقۇرغۇچى تارماقلارنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىدىكى ئۆي 364 كۋادرات مېتىرغا، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى ئورۇنلار باشقۇرۇشىدىكى ئۆي 360

مىڭ 758 كۋادرات مېتىرغا، كوللېكتىپ ئورۇنلار باشقۇرۇشىدىكى ئۆي 5014 كۋادرات مېتىرغا، خۇسۇسلار ئىگىدارچىلىقىدىكى ئۆي 101 مىڭ 104 كۋادرات مېتىرغا، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ ئۆيى 678 كۋادرات مېتىرغا، ھەربىيلەر ئىگىدارچىلىقىدىكى ئۆي 6723 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

1970- يىللاردا، 561 مىڭ 898 كۋادرات مېتىر ئۆي سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى ئورۇنلار باشقۇرۇشىدىكى ئۆي 440 مىڭ 462 كۋادرات مېتىرغا، كوللېكتىپ ئورۇنلار باشقۇرۇشىدىكى ئۆي 17 مىڭ 616 كۋادرات مېتىرغا، خۇسۇسىي ئۆي 75 مىڭ 125 كۋادرات مېتىرغا، بىڭتۇەننىڭ ئۆيى 5962 كۋادرات مېتىرغا، ھەربىيلەر باشقۇرۇشىدىكى ئۆي 22 مىڭ 732 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

1980- يىللاردا، 2 مىليون 135 مىڭ 836 كۋادرات مېتىر ئۆي سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئۆي باشقۇرغۇچى تارماقلار بىۋاستە باشقۇرۇشىدىكى ئۆي 12 مىڭ 789 كۋادرات مېتىرغا، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى ئورۇنلار باشقۇرۇشىدىكى ئۆي 1 مىليون 776 مىڭ 376 كۋادرات مېتىرغا، كوللېكتىپ ئورۇنلار باشقۇرۇشىدىكى ئۆي 66 مىڭ 649 كۋادرات مېتىرغا، خۇسۇسىي ئۆي 198 مىڭ 334 كۋادرات مېتىرغا، بىڭتۇەننىڭ ئۆيى 4398 كۋادرات مېتىرغا، دىنىي ئورۇنلار ئىگىدارچىلىقىدىكى ئۆي 2248 كۋادرات مېتىرغا، ھەربىيلەر ئىگىدارچىلىقىدىكى ئۆي 75 مىڭ 42 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

1990- يىللاردا، 292 مىڭ 587 كۋادرات مېتىر ئۆي سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆي باشقۇرغۇچى تارماقلار بىۋاستە باشقۇرۇشىدىكى ھۆكۈمەت ئۆيى 728 كۋادرات مېتىرغا، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى ئورۇنلار باشقۇرۇشىدىكى ئۆي 254 مىڭ 925 كۋادرات مېتىرغا، كوللېكتىپ ئورۇنلار باشقۇرۇشىدىكى ئۆي 20 مىڭ 279 كۋادرات مېتىرغا، خۇسۇسىي ئۆي 15 مىڭ 381 كۋادرات مېتىرغا، ھەربىيلەر ئىگىدارچىلىقىدىكى ئۆي 1274 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

1949 – 1990 - يىلغىچە جەمئىي 3 مىليون 860 مىڭ 580 كۋادرات مېتىر ئۆي سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئۆي باشقۇرغۇچى تارماقلار بىۋاستە باشقۇرۇشىدىكى ھۆكۈمەت ئۆيى 14 مىڭ 421 كۋادرات مېتىرغا، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى ئورۇنلار باشقۇرۇشىدىكى ئۆي 3 مىليون 137 مىڭ 499 كۋادرات مېتىرغا، كوللېكتىپ ئورۇنلار باشقۇرۇشىدىكى ئۆي 119 مىڭ 593 كۋادرات مېتىرغا، خۇسۇسىي ئۆي 454 مىڭ 389 كۋادرات مېتىرغا، بىڭتۇەننىڭ ئۆيى 16 مىڭ 746 كۋادرات مېتىرغا، دىنىي ئورۇنلار ئىگىدارچىلىقىدىكى ئۆي 2372 كۋادرات مېتىرغا، ھەربىيلەر ئىگىدارچىلىقىدىكى ئۆي 115 مىڭ 560 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

**2. 1990- يىلىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئەھۋالى**

1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شەھەر، بازارلاردىكى ئۆي كۆلىمى 38 مىليون 600 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

**1) مۈلۈك ھوقۇقى بويىچە ئايرىغاندا**

ئۆي باشقۇرغۇچى تارماقلار بىۋاستە باشقۇرۇشىدىكى ھۆكۈمەت ئۆيى 14 مىڭ 421 كۋادرات مېتىرغا، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى ئورۇنلار باشقۇرۇشىدىكى ئۆي 3 مىليون 137 مىڭ 499 كۋادرات مېتىرغا، كوللېكتىپ ئورۇنلار باشقۇرۇشىدىكى ئۆي 119 مىڭ 593 كۋادرات مېتىرغا، خۇسۇسىي ئۆي 454 مىڭ 389 كۋادرات مېتىرغا، بىڭتۇەننىڭ ئۆيى 16 مىڭ 746 كۋادرات مېتىرغا، دىنىي ئورۇنلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى ئۆي 2372 كۋادرات مېتىرغا، ھەربىيلەر ئىگىدارچىلىقىدىكى ئۆي 115 مىڭ 560 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

2) قۇرۇلمىسى بويىچە ئايرىغاندا

پولات قۇرۇلمىلىق ئۆي 9554 كۋادرات مېتىرغا، پولات چوڭىقلىق بېتون قۇرۇلمىلىق ئۆي 244 مىڭ 167 كۋادرات مېتىرغا، خىش- بېتون قۇرۇلمىلىق ئۆي 1 مىليون 655 مىڭ 710 كۋادرات مېتىرغا، ياغاچ- خىش قۇرۇلمىلىق ئۆي 197 مىڭ 505 كۋادرات مېتىرغا، ياغاچ - كېسەك قۇرۇلمىلىق ئۆي 1 مىليون 733 مىڭ 644 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

3) قەۋەت سانى بويىچە ئايرىغاندا

بىر قەۋەتلىك ئۆي 2 مىليون 28 مىڭ 738 كۋادرات مېتىرغا، ئىككى، ئۈچ قەۋەتلىك ئۆي 1 مىليون 366 مىڭ 818 كۋادرات مېتىرغا، تۆتتىن ئالتە قەۋەتكىچە بولغان ئۆي 451 مىڭ 596 كۋادرات مېتىرغا، يەتتىدىن ئون قەۋەتكىچە بولغان ئۆي 13 مىڭ 344 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

4) ئۆيلەرنىڭ ئىشلىتىلىشىگە قاراپ ئايرىغاندا

ئولتۇراق ئۆيلەر 1 مىليون 680 مىڭ 850 كۋادرات مېتىرغا، سانائەت، قاتناش، ئىسكىلات ئۆيى 679 مىڭ 594 كۋادرات مېتىرغا، سودا مۇلازىمەت ئۆيى 247 مىڭ 654 كۋادرات مېتىرغا، مائارىپ، پەن تەتقىقات ئۆيى 208 مىڭ 162 كۋادرات مېتىرغا، مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش ئۆيى 49 مىڭ 754 كۋادرات مېتىرغا، ئىشخانا 414 مىڭ 463 كۋادرات مېتىرغا، باشقا ئۆيلەر 580 مىڭ 103 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

5) ئولتۇراقلىشىش سەۋىيىسى

ۋىلايەت بويىچە شەھەر، بازارلاردا ئولتۇراقلاشقانلار 31 مىڭ 683 ئائىلىلىك، 119 مىڭ 994 كىشى بولۇپ، ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇش كۆلىمى 1 مىليون 965 مىڭ 789 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، كىشى بېشىغا 22.2 كۋادرات مېتىردىن؛ ئىشلىتىلىش كۆلىمى 1 مىليون 271 مىڭ 190 كۋادرات مېتىر بولۇپ، كىشى بېشىغا 14.4 كۋادرات مېتىردىن؛ تۇرالغۇ كۆلىمى 1 مىليون 27 مىڭ 903 كۋادرات مېتىر بولۇپ، كىشى بېشىغا 10 كۋادرات مېتىردىن توغرا كەلدى.

6) ئۆيلەرنىڭ سۈپىتى بويىچە ئايرىغاندا

پۇختا ئۆي 1 مىليون 831 مىڭ 394 كۋادرات مېتىرغا، نىسبەتەن پۇختا ئۆي 1 مىليون 237 مىڭ 292 كۋادرات مېتىرغا، ئازراق بۇزۇلغان ئۆي 459 مىڭ 12 كۋادرات مېتىرغا، ئېغىر بۇزۇلغان ئۆي 230 مىڭ 424 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، خەتەرلىك ئۆي 102 مىڭ 458 كۋادرات مېتىر.

7) ئۆيلەرنىڭ ھازىرقى قىممىتى ۋە يەر ئىشلىتىش ئەھۋالى

ۋىلايەت بويىچە شەھەر، بازارلاردىكى ئۆيلەرنىڭ ھازىرقى قىممىتى 125 مىليون 407 مىڭ 995 يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆي باشقۇرغۇچى تارماقلار بىۋاسىتە باشقۇرۇشىدىكى ھۆكۈمەت ئۆيلىرىنىڭ 1 مىليون 449 مىڭ 566 يۈەنگە، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى ئورۇنلار باشقۇرۇشىدىكى ئۆيلەرنىڭ 466 مىليون 889 مىڭ 488 يۈەنگە، كوللېكتىپ ئورۇنلار باشقۇرۇشىدىكى ئۆيلەرنىڭ 20 مىليون 362 مىڭ 850 يۈەنگە، ، خۇسۇسىي ئۆيلەرنىڭ 39 مىليون 661 مىڭ 604 يۈەنگە، دىنىي ئورۇنلار ئىگىدارچىلىقىدىكى ئۆيلەرنىڭ 382 مىڭ 69 يۈەنگە، ھەربىيلەر ئىگىدارچىلىقىدىكى ئۆيلەرنىڭ 16 مىليون 862 مىڭ 958 يۈەنگە يەتتى.

ئىشلىتىلگەن يەر كۆلىمى 46 مىليون 546 مىڭ 656 كۋادرات مېتىر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆي باشقۇرغۇچى تارماقلار بىۋاسىتە باشقۇرۇشىدىكى ھۆكۈمەت ئۆيلىرىگە 28 مىڭ 377 كۋادرات مېتىر، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى

ئۇرۇنلار باشقۇرۇشىدىكى ئۆيلەرگە 42 مىليون 825 مىڭ 638 كۋادرات مېتىر، كوللېكتىپ ئورۇنلار باشقۇرۇشىدىكى ئۆيلەرگە 404 مىڭ 544 كۋادرات مېتىر، خۇسۇسىلارنىڭ ئۆيلىرىگە 1 مىليون 461 مىڭ 205 كۋادرات مېتىر، بىگتۈمەن ئۆيلىرىگە 93 مىڭ 900 كۋادرات مېتىر، دىنىي ئورۇنلار ئىگىدارچىلىقىدىكى ئۆيلەرگە 8046 كۋادرات مېتىر، ھەربىيلەر ئىگىدارچىلىقىدىكى ئۆيلەرگە 1 مىليون 724 مىڭ 846 كۋادرات مېتىر يەر ئىشلىتىلدى.

## §2. ئۆي- زېمىن باشقۇرۇش

1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە ئۆي - زېمىن باشقۇرۇش ئاممۋى خاراكتېرلىك كەسپىي ئورۇندىن 10 ى بولۇپ، يىل ئاخىرىدا ئىشچى - خىزمەتچىسى 528 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇقىم ئىشچى - خىزمەتچى 495، توختاملىق ئىشچى – خىزمەتچى توققۇز، باشقا ئىشچى - خىزمەتچى 24.

1984- يىلىدىن بۇرۇن، ۋىلايەت، ناھىيە، شەھەردە ئۆي- زېمىن باشقۇرۇش مەخسۇس ئاپپاراتى تەسىس قىلىنمىغانىدى، بۇ خىزمەتكە ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك، شەھەرلىك پىلان كومىتېتلىرى قوشۇمچە مەسئۇل بولاتتى. 1984- يىل 1- ئايدا، ۋىلايەتتە شەھەر يېزا قۇرۇلۇشى، مۇھىت ئاسراش باشقارمىسى قۇرۇلۇپ، ئۆي- زېمىن باشقۇرۇش كەسپىنى قوشۇمچە باشقۇرۇپ كەلدى. باركۆل ناھىيىسىدىمۇ ئوخشاش بولدى. ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدە 1986- يىلى ئۆي- زېمىن باشقۇرۇش ئورنى قۇرۇلۇپ، ئالتە شتات بېرىلدى، ئۇ ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىشخانىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

قۇمۇل شەھىرىدە ئۆي- زېمىن باشقۇرۇش ئاپپاراتى نىسبەتەن مۇكەممەللەشكەن بولۇپ، 1985- يىلى ئۆي- زېمىن باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلدى، 1990- يىلىغىچە شتاتى 30 غا يەتتى. قارمىقىدا كەسپىي ئورۇندىن ئۆي- زېمىن تەرەققىيات شىركىتى بار. شەھەرلىك ئۆي- زېمىن باشقۇرۇش ئىدارىسى ئۆي- زېمىن ساھەسى ۋە كەسپىنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىپ، 1985 – 1987 - يىلىغىچە ھۆكۈمەت، خۇسۇسىلارنىڭ ئۆي - زېمىن مۈلكىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ، 1988 – 1990 - يىلىغىچە ئۆي خېتى تارقىتىش خىزمىتىنى ئىشلىدى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، 7892 ھۆكۈمەت ئۆيى ئىگىدارچىلىق ئۆي خېتى، 2600 خۇسۇسىي ئۆي ئىگىدارچىلىق ئۆي خېتىنى بېجىرىپ بەردى، ئۆي خېتى تارقىتىپ بېرىلگەن ئومۇمىي كۆلەم 3 مىليون 900 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى. قۇمۇل شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 1990- يىل 10- ئاينىڭ 24- كۈنى تەستىقلىشى بىلەن «قۇمۇل شەھىرىنىڭ ئۆي- زېمىن سودا بازىرىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» ۋە «قۇمۇل شەھىرىنىڭ خۇسۇسىي ئۆيلەر ۋە ھۆكۈمەت تۇرالغۇ ئۆيلىرىنى ئىجارىگە بېرىش باشقۇرۇش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» ئېلان قىلىندى.

## §3. قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلار قۇرۇلۇشى

### 1. دايىڭفاڭ قۇرۇلۇشى

دايىڭفاڭ قۇمۇل شەھىرىنىڭ ئىككى كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدا، يەر كۆلىمى تەخمىنەن بىر كۋادرات كىلومېتىر، ئۇ شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى تۇرۇشلۇق جاي.

دايىڭفاڭ مىنگونىڭ 27- يىلى (1938- يىلى) 6- ئايدا سېلىنغان. مىنگونىڭ 27- يىلى (1938- يىلى) 1- ئايدا، شېڭ شىسەي: «قۇمۇل، گەنسۇ ـ شىنجاڭ تاشيولى ۋە ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسىنىڭ بوغۇزى، شۇنداقلا مەربىي ئايروپىلان ئاۋىئاتسىيە بازىسى» دېگەننى باھانە قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئەسكەر تۇرغۇزۇشنى ئۆتۈندى، سوۋېت ھۆكۈمىتى ماقۇل كۆرۈپ، ئاتلىق ئەسكەرلەر 1- تۈەنى ۋە ھاۋا ئارمىيە 1- تارماق ئەترىتىنى قۇمۇلغا ئەۋەتتى، ئۇ ئاتلىق ئەسكەرلەر 8- تۈەنى دەپ ئاتالدى.

شۇ يىلى ئەتىيازدا، 8- تۈەن قۇمۇلغا كېلىپ، چۆەنشۈيدىدە گازارما سالدى. دەسلەپ بەش يۈلتۈزلۈق شەكىلدە لايىھىلەنگەن بولۇپ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 20 نەچچە مىڭ كۋادرات مېتىر كېلەتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، دايىڭفاڭ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 16- شىسىنىڭ شتابى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 5 - شىسىنىڭ شتابى، بىڭتۈەن قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى رەھبەرلىك ئورگىنى تۇرۇشلۇق ئورۇن قىلىنىپ، بىر قىسىم قۇرۇلۇشلار قىلىندى. 1975- يىلىغىچە، دايىڭفاڭنىڭ تۆت ئەتراپىدا ئورمان بىنا قىلىنغاندىن سىرت، ئىچىدىكى ئۆيلەر يەنىلا كېسەك ئۆيلەر ئىدى، كۆپىنچىسى ئازادلىقتىن ئىلگىرى سېلىنغان بولۇپ، بىرەرمۇ بىنا يوق ئىدى. 1978- يىلىدىن باشلاپ، دايىڭفاڭدا چوڭ كۆلەمدىكى ئۆزگەرتىش ۋە قۇرۇلۇش باشلاندى. پەقەت 1990- يىلىدىلا، كۆلىمى 11 مىڭ 541 كۋادرات مېتىر قۇرۇلۇش سېلىندى، دايىڭفاڭنىڭ جامائەت مۇئەسسەسىلىرى تەدرىجىي تولۇقلىنىپ، سۇ بىلەن تەمىنلەش، يولدا چىقىرىۋېتىش مۇئەسسەسىلىرى يۈرۈشلەشتۈرۈلدى.

دايىڭفاڭ قۇمۇل شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى مۇستەقىل رايون بولغىنى بىلەن، ئۇ شەھەر رايونىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ شەھەر بىلەن يۇغۇرۇلۇپ بىر گەۋدىلىشىپ، قۇمۇل شەھىرىنى تەشكىل قىلغۇچى ئۈچ مۇھىم رايون (شەھەر رايونى، تۆمۈريول رايونى، بىڭتۈەن قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى) نىڭ بىرىگە ئايلاندى.

2. تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى رايونى قۇرۇلۇشى

قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسىنىڭ قۇرۇلۇش رايونى قۇمۇل پويىز ئىستانسىسى ئەتراپىدا. پىلانغا ئاساسەن، 37 كۋارتال ۋە 32 كۋارتاللىقدىن ئىبارەت ئىككى ئۆلتۈراق رايونى بېگىدىن سېلىندى. 1984 – 1990 - يىلىغىچە، 3488 ئائىلىلىك تۇرالغۇ ئۆي بىناسى، قۇمۇل تۆمۈريول رايونى 1- نومۇرلۇق تاشيولى ۋە تۆمۈريولنىڭ شىمالىغا تۇتىشىدىغان شەھەر ئايلانما تاشيولى ياسالدى.

1984 – 1990 - يىلىغىچە، ئۇل قۇرۇلۇشلار ۋە چوڭ رېمونت قىلىش ئۈچۈن 100 مىليون 70 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ 1983 – 1990 - يىلىغىچە، ئۇل قۇرۇلۇشلارغا 105 مىليون 980 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 3782 ئائىلىلىك تۇرالغۇ ئۆي بىناسى سېلىندى.

1982 – 1990 - يىلىغىچە بولغان توققۇز يىل جەريانىدا، تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى جەمئىي 4284 ئائىلىلىك تۇرالغۇ ئۆي بىناسى سالدى، قۇرۇلۇش كۆلىمى 240 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى، شۇنداقلا ئالغا شەرقىي يولىنى كېڭەيتتى ۋە شەھەر ئايلانما يولى (مەدەنىيەت سارىيىدىن ماتېرىيال زاۋۇتىغىچە)، ئۆلتۈراق رايونى يوللىرىنى بېگىدىن ياسىدى.

3. نېفىت شەھىرى

قۇمۇل نېفىت شەھىرى قۇمۇل شەھىرىنىڭ تەخمىنەن بەش كىلومېتىر غەربىي شىمالىدا، يەر كۆلىمى 9660 مو.

1992 - يىل 8 - ئايدا، نېفىت بازىسىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى، جۇڭگو نېفىت. تەبىئىي گاز باش شىركىتىنىڭ تەلىپى بويىچە، قۇمۇل نېفىت بازىسى ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، پەن تەتقىقات بىر گەۋدىلەشكەن، ھاياتىي كۈچكە

تولغان يېگىچە، ئېچۇۋېتىلگەن نېفىت شەھىرى قىلىپ قۇرۇپ چىقىلىدىغان بولدى. ئىككى يىلدىن كۆپرەك قۇرۇلۇش قىلىش ئارقىلىق « شېنجېننى بېسىپ چۈشىدىغان » سۈرئەتتە، قۇمۇلنىڭ غەربىي شىمالىدا زامانىۋى يېڭى شەھەر بارلىققا كېلىپ، 200 نەچچە كورپۇس ئىشچى- خىزمەتچىلەر تۇرالغۇ بىناسى، 5189 ئائىلىلىك نېفىت شەھىرى يېڭى ئاھالىلىرىنى كۈتتۇۋالدى. بۈگۈنكى كۈندە، نېفىت بازىسىنىڭ ئىچىدە رەتمۇ رەت قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تۇرالغۇ ۋە خىزمەت بىنالىرى كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرىدۇ، تا ھازىرغا قەدەر جەمئىي 600 مىڭ كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى قۇرۇلۇش باشلانغان بولۇپ، 2 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بازىنىڭ پۈتتۈشىگە ئەگىشىپ، راۋاجلىنىۋاتقان سانائەت كارخانىلىرى دەسلەپكى قەدەمدە كۆلەم ھاسىل قىلدى. قوماندانلىق شتابى خىزمەت بىناسى، پەن تەتقىقات مەركىزى، نېفىت مەخسۇس ئۈسكۈنىلىرى مۇلازىملىق مەركىزى، مائارىپ مەركىزى، ئالاقە مەركىزى، كۆتۈۋېلىش مېھمانسارىيى، سەھىيە، يۇقۇمدىن ساقلىنىش مەركىزى قاتارلىق يەككە قۇرۇلۇش تۈرلىرى پۈتتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، تۈزگىچە ئۇسلۇب ۋە شەكىلدە سېلىنغان بۇ بىنالار نېفىت شەھىرىگە ھۆسن قوشماقتا. كۆكەرتىش ئۈچۈن 610 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، 120 مىڭ كۋادرات مېتىر چىملىق بەرپا قىلىندى، پاسىل ئورمان بەلۋېغى، ئېھاتە ئورمان بەلۋېغى، ئىقتىسادىي ئورمان بەلۋېغى، شۇنداقلا باغچىنى كۆكەرتىش، يول بويلىرىغا كۆچەت تىكىش، ئولتۇراق رايوننى كۆكەرتىش ئىشلىرى پۈتتى، سۇ، توك، پار، تېلېۋىزىيە، ئالاقە، ئىسسىق سۇ، گاز، يۇندا چىقىرىۋېتىش، كېرەكسىز گاز چىقىرىۋېتىش، ئەخلەتنى بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق 10 سىستېما ئاساسىي جەھەتتىن يۈرۈشلەشتى، مائارىپ، داۋالىنىش، ئىش بېجىرىش، پەن تەتقىقات، ماشىنا رېمونتى، كۈتۈۋېلىش، ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش، كۆڭۈل ئېچىش، تەربىيىلەش، مۇلازىمەت قاتارلىق 10 تۈرلۈك فۇنكسىيە ئاساسىي جەھەتتىن مۇكەممەللەشتى، زامانىۋى يېڭى شەھەر تەدرىجىي بارلىققا كەلدى. بىپايان چۆللۈكتە ئېگىز ئىمارەتلەر قەد كۆتۈرۈپ، نېفىت مەخسۇس ئۈسكۈنىلىرى مۇلازىمەت مەركىزى، سايمان زاۋۇتى، سوۋۇتقۇ زاۋۇتى، كاۋاك خىش زاۋۇتى، ياغاچ ماتېرىيال زاۋۇتى، تاش ماتېرىيال زاۋۇتى، زاپچاس قۇراشتۇرۇش زاۋۇتى، ئەينەك زاۋۇتى، ئۆي جاھازلىرى زاۋۇتى قاتارلىقلار قۇرۇلۇپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ئىلگىرىكى قاقاسلىق بوستانلىققا ئايلىنىپ، ئىنسان ئاياغ باسمىغان زېمىن ھاياتلىققا ۋە شادلىققا چۆمدى.

# III باب

# قۇمۇل شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشى

## §1. كوچا قۇرۇلۇشى

قۇمۇل شەھىرى 1977- يىلى قۇرۇلغاب، شەھەر رايونىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 756 مېتىر، مىنگو دەۋرىدە قۇمۇلنىڭ كونا شەھەر، يېڭىشەھەر رايونى ئارانلا 2 – 3 كۋادرات كىلومېتىر كېلەتتى، كوچىلىرى تار ھەم ئېگىز- پەس بولۇپ، ئاساسلىق ئۈچ كوچىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2000 مېتىرغا يەتمەيتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، كوچا قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، 1955- يىلى جۇڭشەن يولى كېڭەيتىلدى، 1962- يىلى يول يۈزى

ئاسفالتلاشتۇرۇلدى. 70 - يىللارنىڭ ئاخىرى 80 - يىللارنىڭ باشلىرىدا، چوڭ كۆلەمدە رېمونت قىلىندى ۋە ئاسفالتلاشتۇرۇلدى. 1977- يىلى، شەھەر رايونىدىكى يول 20 كىلومېتىرغا يەتتى. 1984- يىلى، شەھەر بىلەن ناھىيە قوشۇۋېتىلگەن چاغدا، شەھەر رايونىدىكى ئاسفالت يول 33 كىلومېتىرغا، 310 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 1985 — 1990 - يىلىغىچە، شەھەر رايونىدىكى 20 نەچچە كىلومېتىرلىق يول ئۆزگەرتىپ ياسالدى ۋە يېڭىدىن ياسالدى.

1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شەھەر رايونىدا ئاسفالت يولدىن 27 سى بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 43 كىلومېتىرغا، كۆلىمى 450 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى، كىشى بېشىغا 4.5 كۋادرات مېتىردىن توغرا كەلدى. غول يولدىن 14 ى بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 28.4 كىلومېتىرغا؛ ئىككىلەمچى غول يولدىن 13 ى بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 14.6 كىلومېتىرغا؛ قاتتىقلاشتۇرۇلغان خالتا كوچا 15 بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 6.8 كىلومېتىرغا يەتتى.

**1. شەھەر رايونىدىكى ئاساسلىق كوچىلار**

**جۇڭشەن يولى** مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى) دىن باشلاپ جۇڭشەن يولى دەپ ئاتالدى. ئۇ ئەينى چاغدىكى ئاساسلىق كوچا بولۇپ، 1955- يىلى كېڭەيتىلىپ ئاسفالتلاشتۇرۇلدى، قومۇل شەھەر رايونىدىكى تۇنجى ئاسفالت يول ھېسابلىنىدۇ. ئۇ شەرقتە كونا شەھەر (لاۋچېڭ) نىڭ غەربىي قوۋۇقىدىن باشلىنىپ، تۆتكوچا، كىچىك تۆتكوچىدىن ئۆتۈپ شىمالدا، خەلق مەيدانى جەنۇبىي يولىغىچە بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1480 مېتىر. تۆتكوچىنىڭ جەنۇبى جۇڭشەن جەنۇبىي يولى، شىمالى جۇڭشەن شىمالىي يولى دەپ ئاتىلىدۇ، جۇڭشەن جەنۇبىي يولىنىڭ كەڭلىكى توققۇز مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 540 مېتىر. جۇڭشەن شىمالىي يولى 1958- يىلى كېڭەيتىلىپ، 1963- يىلى يول يۈزى ئاسفالتلاشتۇرۇلدى، يولنىڭ كەڭلىكى 19 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 940 مېتىر قىلىپ ياسالدى، 1980- يىلى كېڭەيتىلىپ، پىيادىلەر يولى ياسالغاندىن كېيىن، ئومۇمىي كەڭلىكى 32 مېتىرغا يەتتى.

**دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش يولى** جەنۇبتا شەرقىي ئازادلىق يولىدىن باشلىنىپ، شىمالدا تۆمۈريولغىچە بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2700 مېتىر، كەڭلىكى 40 مېتىر. شەھەرلىك تىياتىرخانىنىڭ جەنۇبى جەنۇبىي دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش يولى بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 1100 مېتىر، كەڭلىكى 40 مېتىر؛ شەھەرلىك تىياتىرخانىنىڭ شىمالى شىمالىي دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش يولى بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 1600 مېتىر، كەڭلىكى 40 مېتىر.

جەنۇبىي دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش يولى 1958- يىلى ياسالدى، دەسلەپتە يولنىڭ كەڭلىكى توققۇز مېتىر ئىدى. 1971- يىلدىن باشلاپ ئاسفالتلاشتۇرۇلدى. 1985- يىلى كېڭەيتىپ ياسالدى، يولنىڭ كەڭلىكى 40 مېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى يولىنىڭ كەڭلىكى 20 مېتىر، ماتورسىز قاتناش ۋاسىتىلىرى يولى ئىككى (ھەر بىرىنىڭ كەڭلىكى تۆت مېتىر)، پىيادىلار يولى ئىككى (ھەر بىرىنىڭ كەڭلىكى تۆت مېتىر)، تۆت يېشىل بەلۋاغ (ھەر بىرىنىڭ كەڭلىكى بىر مېتىر) بار.

شىمالىي دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش يولى 1971- يىلى ۋە 1982- يىلى ئىككى قېتىمغا بۆلۈنۈپ ياسالدى. 1971- يىلى جەنۇبىي بۆلىكىدىكى 500 مېتىرلىق يول، 1982- يىلى شىمالىي بۆلىكىدىكى 1000 مېتىرلىق يول ياسىلىپ، دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش جەنۇبىي يولىغا تۇتاشتۇرۇلدى. دەسلەپتە يولنىڭ كەڭلىكى توققۇز مېتىر بولۇپ، جەنۇبتىن شىمالغا كېڭەيدى. شىمالىي دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش يولى 312- دۆلەت يولىدىن شەھەرگە كىرىدىغان يول بولغاچقا، 1990- يىلى كېڭەيتىپ ياسالدى. يولنىڭ كەڭلىكى 40 مېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى يولى 19 مېتىر، ماتورسىز قاتناش ۋاسىتىلىرى يولى ئىككى (ھەر بىرىنىڭ كەڭلىكى 4.5 مېتىر)، پىيادىلەر يولى ئىككى (ھەر بىرىنىڭ

كەڭلىكى تۆت مېتىر)، تۆت يېشىل بەلۋاغ (ھەر بىرىنىڭ كەڭلىكى بىر مېتىر) بار.

شىمالىي تەڭرىتاغ يولى ئۈچ ئاچا يولدىن پويىز ئىستانسىسىغىچە بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2200 مېتىر، 1959- يىلى ياسالدى، 1986- يىلى ئۆزگەرتىپ ياسالغاندىن كېيىن، ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى يولىنىڭ كەڭلىكى 12 مېتىر، ماتورسىز قاتناش ۋاستىلىرى يولىنىڭ كەڭلىكى تۆت مېتىر، پىيادىلەر يولىنىڭ كەڭلىكى تۆت مېتىر، يېشىل بەلۋاغنىڭ كەڭلىكى تۆت مېتىرغا يەتتى.

شەرقىي تەڭرىتاغ يولى ئەسلى نامى ئۇزۇن سەپەر يولى. ئۇ خەلق مەيدانى جەنۇبىي يولىدىن ئۈچ ئاچا يولىغىچە بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1800 مېتىر، كەڭلىكى 14 مېتىر، 1959- يىلى ياسالدى.

غەربىي ئالغا يولى پويىز ئىستانسىسىدىن غەربىي سىتېرېئولۇق كۆۋرۈككىچە بولۇپ، 1965- يىلى ياسالدى، 1989- يىلى قايتىدىن كېڭەيتىپ ياسالدى. بۇ يولنىڭ 1.63 كىلومېتىرلىق بۆلىكىنىڭ كەڭلىكى 40 مېتىر، 0.77 كىلومېتىرلىق بۆلىكىنىڭ كەڭلىكى 17 مېتىر. پۈتۈن لىنىيە بويىچە ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى يولىنىڭ كەڭلىكى 12 مېتىر، 1.63 كىلومېتىرلىق بۆلىكىدىكى ماتورسىز قاتناش ۋاستىلىرى يولىنىڭ كەڭلىكى 4.5 مېتىر، پىيادىلەر يولىنىڭ كەڭلىكى 3.5 مېتىر.

جەنۇبىي تەڭرىتاغ يولى ئۈچ ئاچا يولدىن شەھەر ئىچى يېزىلىق ھۆكۈمەتكىچە، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2.3 كىلومېتىر. ئەسلىدە شېغىللىق يول بولۇپ، يولنىڭ كەڭلىكى 4 ـ 6 مېتىرغىچە بىردەك ئەمەس ئىدى، 1986- يىلى، كېڭەيتىلىپ ئاسفالتلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، يولنىڭ كەڭلىكى يەتتە مېتىرغا يەتتى.

ۋەتەننى سۆيۈش يولى مەدەنىيەت يولىدىن خەلق مەيدانى شىمالىي يولىغىچە بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 930 مېتىر، كەڭلىكى توققۇز مېتىر. 1973- يىلى ياسالدى، يول يۈزى ئاسفالتلاشتۇرۇلدى. 1987- يىلى كېڭەيتىلگەن بولۇپ، يولنىڭ كەڭلىكى 24 مېتىر، ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى يولىنىڭ كەڭلىكى 12 مېتىر، يېشىل بەلۋاغ ئىككى مېتىر، پىيادىلەر يولى ئۈچ مېتىر.

بىغخي يولى غەربىي ئۆستەڭنىڭ غەربىگە جايلاشقان. ئۇزۇنلۇقى 1.887 كىلومېتىر، كەڭلىكى بەش مېتىر، ئاسفالت يول، 1988- يىلى ياسالدى.

ئازادلىق يولى جۇڭخۇا يولىدىن خۇاگوسەنگىچە. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 550 مېتىر، كەڭلىكى سەككىز مېتىر، بۇرۇن دېشىڭ كوچىسى دەپ ئاتىلاتتى. مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى) جۇڭجېن كوچىسىغا ئۆزگەرتىلدى، 1950- يىلى جۇڭشەن يولى دەپ ئاتالدى. 1959- يىلى كېڭەيتىپ ياسالدى، 1963- يىلى ئاسفالتلاشتۇرۇلدى.

ئەركىنلىك يولى كونا شەھەردە بولۇپ، بۇرۇن زوڭتاڭ يولى دەپ ئاتىلاتتى، 1950- يىلى ئەركىنلىك يولىغا ئۆزگەرتىلدى. ئۇ جۇمھۇرىيەت يولىدىن جەنۇبىي ئازادلىق يولىغىچە بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 50 مېتىر، كەڭلىكى توققۇز مېتىر، يول يۈزى ئاسفالتلاشتۇرۇلدى.

جۇمھۇرىيەت يولى بۇرۇن دىڭيۈەن يولى دەپ ئاتىلاتتى، 1950- يىلى جۇمھۇرىيەت يولىغا ئۆزگەرتىلدى. كونا شەھەر جەنۇبىي قوۋۇقىدىن شىمالىي قوۋۇقىغىچە بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 460 مېتىر، كەڭلىكى توققۇز مېتىر. 1985- يىلى، شىمالىي بۆلىكى ئاسفالتلاشتۇرۇلدى، جەنۇبىي بۆلىكى توپا يول ئىدى. 1987- يىلى پۈتۈنلەي ئاسفالتلاشتۇرۇلدى.

مەيدان جەنۇبىي يولى دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش يولىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن شەرقىي تەڭرىتاغ يولىغىچە بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 950 مېتىر، كەڭلىكى 20 مېتىر، ئاسفالت يول بولۇپ، 1969- يىلى ياسالدى.

مەيدان شىمالىي يولى دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش يولىدىن ۋەتەننى سۆيۈش يولىغىچە بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 500

مېتىر، كەڭلىكى توققۇز مېتىر، ئاسفالت يول بولۇپ، 1972- يىلى ياسالدى.

**غالىبىيەت يولى** شياۋيىڭفاڭدىن مەيدان شىمالىي يولىغىچە بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 700 مېتىر، كەڭلىكى توققۇز مېتىر، ئاسفالت يول بولۇپ، 1988- يىلى ياسالدى.

**قىزىل بايراق يولى** ئاقيەر يولى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ياشلار يولىدىن دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش يولىنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 500 مېتىر، كەڭلىكى توققۇز مېتىر، ئاسفالت يول بولۇپ، 1976- يىلى ياسالدى.

**مەدەنىيەت يولى** جەنۇبىي دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش يولىدىن جۇڭخۇا يولىغىچە بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 580 مېتىر، كەڭلىكى سەككىز مېتىر، ئاسفالت يول بولۇپ، 1963- يىلى ياسالدى.

**جۇڭخۇا يولى** مەدەنىيەت يولىدىن مەيدان شىمالىي يولىغىچە بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 930 مېتىر، كەڭلىكى توققۇز مېتىر، ئاسفالت يول بولۇپ، 1962- يىلى ياسالدى.

**نۇرلۇق يولى** مەيدان شىمالىي يولىدىن ۋوگزال ئالدىدىكى كوچىغىچە بولۇپ، يول يۈزى ئاسفالتلاشتۇرۇلدى، 1960- يىلى ياسالدى.

## 2. شەھەر رايونىدىكى ئاساسلىق كوچىلار

**بەخت كوچىسى** غەربىي ئازادلىق يولىدىن جەنۇبىي جۇڭشەن يولىغىچە بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 500 مېتىر، كەڭلىكى يەتتە مېتىر، جۇەنشىنشاڭ دەپمۇ ئاتىلاتتى. 1986- يىلى ئاسفالتلاشتۇرۇلدى.

**دېموكراتىك كوچىسى** مەدەنىيەت يولىدىن غەربىي ئازادلىق يولىغىچە بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 400 مېتىر، كەڭلىكى بەش مېتىر، 1986- يىلى ئاسفالتلاشتۇرۇلدى.

**خېنەن كوچىسى** جەنۇبىي جۇڭشەن يولىدىن تىنچلىق كوچىسىغىچە بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 355 مېتىر، كەڭلىكى 4.5 مېتىر، مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى) خېنەن ئۆلكىسىدىن ئاپەتكە ئۇچرىغان بىر قىسىم ئامما مۇشۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشتى، شۇ ۋەجىدىن خېنەن كوچىسى دەپ ئاتالدى. 1986- يىلى ئاسفالتلاشتۇرۇلدى.

**تىنچلىق كوچىسى** شەرقىي ئازادلىق يولىدىن خېنەن كوچىسىغىچە بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 300 مېتىر، كەڭلىكى تۆت مېتىر، بۇرۇن خۇيگۇەن كوچىسى دەپمۇ ئاتىلاتتى. مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى) تىنچلىق كوچىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1986- يىلى ئاسفالتلاشتۇرۇلدى.

**ئىتتىپاق كوچىسى** جۇڭخۇا يولىدىن غەربىي ئۆستەڭگىچە بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 600 مېتىر، كەڭلىكى 7.5 مېتىر، 1987- يىلى ئاسفالتلاشتۇرۇلدى.

**بىرلىككە كەلتۈرۈش كوچىسى** غەربىي ئازادلىق يولىدىن ئىتتىپاق كوچىسىغىچە بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 325 مېتىر، كەڭلىكى تۆت مېتىر. بۇرۇن «خېنىم بۇتخانىسى» كوچىسى دەپمۇ ئاتىلاتتى. مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى) جىچې كوچىسىغا، 1950- يىلى بىرلىككە كەلتۈرۈش كوچىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1986- يىلى ئاسفالتلاشتۇرۇلدى.

**يېڭى بازار كوچىسى** جۇڭخۇا يولىدىن 3- باشلانغۇچقىچە بولغان توپا يول بولۇپ، كوچا ئىچىدە جەنۇب – شىمال يۆنىلىشىدىكى ئۈچ خالتا كوچا بار.

**شىنجىڭ كوچىسى** كونا شەھەردە بولۇپ، شەرقىي قوۋۇقتىن ئەركىنلىك يولىغىچە، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 250 مېتىر، كەڭلىكى بەش مېتىر، توپا يول.

**شەنخۇ كوچىسى** جۇمھۇرىيەت يولىدىن جەنۇبىي جۇڭشەن يولىغىچە بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 300 مېتىر،

كەڭلىكى بەش مېتىر، تۇپا يول. 1967- يىلدىن كېيىن جەنۇبىي جۇڭشەن يولىغا تۇتاشتۇرۇلدى.

**شىچېڭخاۋ كوچىسى** جەنۇبىي جۇڭشەن يولىدىن ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونىغىچە بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 300 مېتىر، كەڭلىكى بەش مېتىر، تۇپا يول.

**بېيگۇەن كوچىسى** جۇڭخۇا يولىدىن ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونىغىچە بولۇپ، «T» خەت شەكلىدە، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 463 مېتىر، كەڭلىكى يەتتە مېتىر. 1987- يىلى ئاسفالتلاشتۇرۇلدى.

## §2. كۆۋرۈك، كوچا چىراغلىرى

### 1. كۆۋرۈك

قۇمۇل شەھەر رايونى شەرقىي، غەربىي ئۈستەڭنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغاچقا، يول ياساش ئۈچۈن كۆۋرۈك سېلىشقا توغرا كېلەتتى. شۇ ۋەجىدىن قۇمۇلنىڭ كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ يىللىرىدا يېزىلغان «قۇمۇل تەزكىرىسى» دە، ئەينى چاغلاردا قۇمۇل شەھەر رايونى ۋە ئەتراپىدا: شەرقىي قوۋۇقتىن جەنۇبقا يېرىم چاقىرىم كېلىدىغان جايدا «سېغىنىش» كۆۋرۈكى، شەرقىي جەنۇبقا 1.5 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا «تىنچلىق» كۆۋرۈكى، شەرققە ئىككى چاقىرىم كېلىدىغان جايدا جاۋخې كۆۋرۈكى، جاۋخې كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ شەرققە بىر چاقىرىم كېلىدىغان جايدا چاڭچۈن كۆۋرۈكى، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش يولىدا مول ھوسۇل كۆۋرۈكى (ئاقيەر كۆۋرۈكى)، غەربىي قوۋۇقتا سۇقوۋۇق كۆۋرۈكى، غەربىي قوۋۇقتىن غەربكە بىر چاقىرىم كېلىدىغان جايدا ئالاقە كۆۋرۈكى (يەنە بىر نامى ئاشىق- مەشۇقلار كۆۋرۈكى)، شەھەر ئىچىنىڭ غەربىدە چىنشىن كۆۋرۈكى، شاڭخۇا كۆۋرۈكى قاتارلىق كۆۋرۈكلەرنىڭ بارلىقى خاتىرىلەنگەن.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شەھەر كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، نۇرغۇن كۆۋرۈك سېلىندى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، قۇمۇل شەھەر رايونىدا جەمئىي 15 كۆۋرۈك سېلىندى، ئۇلار ئاساسلىقى: نۇرلۇق يولى كۆۋرۈكى، ئۇزۇن سەپەر يولى كۆۋرۈكى، ئاقيەر يولى كۆۋرۈكى، غەربىي ئوتتۇشمە كۆۋرۈك قاتارلىقلار.

**نۇرلۇق يولى كۆۋرۈكى** قۇمۇل شەھەرلىك خەلق باغچىسىنىڭ شىمالىي دەرۋازىسى ئالدىدىكى نۇرلۇق يولغا جايلاشقان. 1986- يىلى نۇرلۇق يولىنى ياسىغان چاغدا سېلىندى. ئۇ سېمونت تاختا بىلەن ياسالغان تاق تۆشۈكلۈك، ئۇزۇنلۇقى 24 مېتىر، كەڭلىكى ئالتە مېتىر، ئېگىزلىكى يەتتە مېتىر.

**ئۇزۇن سەپەر يولى كۆۋرۈكى** خەلق باغچىسىنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسىدىكى ئۇزۇن سەپەر يولىغا جايلاشقان، شەرقىي تەڭرىتاغ يولى كۆۋرۈكى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. 1959- يىلى ئۇزۇن سەپەر يولىنى ياسىغاندا، غەربىي ئۈستەڭنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىپ سېلىنغان. ئۇ سېمونت تاختا بىلەن ياسالغان تاق تۆشۈكلۈك بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى سەككىز مېتىر، كەڭلىكى تۆت مېتىر، ئېگىزلىكى تۆت مېتىر.

**ئاقيەر يولى كۆۋرۈكى** ئاقيەر يولىغا جايلاشقان. 1976- يىلى ئاقيەر يولىنى ياسىغاندا، شەرقىي ئۈستەڭنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىپ سېلىنغان. ئۇ سېمونت تاختا بىلەن ياسالغان تاق تۆشۈكلۈك بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى سەككىز مېتىر، كەڭلىكى تۆت مېتىر، ئېگىزلىكى تۆت مېتىر.

**غەربىي ئوتتۇشمە كۆۋرۈك** ئوتتۇشمە جەنۇبىي يولىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. 1990- يىلى ئوتتۇشمە جەنۇبىي يولى ۋە شىمالىي يولىنى ياسىغاندا تۆمۈريولنى كېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىپ سېلىندى.

2. كوچا چىراغلىرى

1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شەھەر رايونىدىكى ئاساسلىق يوللار، كوچىلارغا ھەر خىل چىراغلار ئورنىتىلغان بولۇپ، 510 چىراغ بار. بۇنىڭ ئىچىدە چوغلانما چىراغ 310، سىماپ چىراغ 200.

## §3. كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش

تارىختا قۇمۇل كەلكۈن ئاپىتىگە تولا ئۇچرىغان رايون. قۇمۇل شەھىرىنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش ئوبيېكتى تۆرۈك سۇ ئامبىرىنىڭ تاشقىنى ۋە تۆزلەڭلىكنىڭ شىمالىدىكى رايونلاردا يۈز بېرىدىغان دەھشەتلىك يامغۇر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىشتە 30 يىلدا بىر قېتىم يۈز بېرىش ئېھتىمالى مۆلچەرلىنىپ، ئېقىن مىقدارى ھەر سېكۇنتتا 20 كۇب مېتىر بولۇش ئۆلچەم قىلىندى. كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش توسمىسىنى مۇستەھكەملەش، ئېرىقلارنى كېڭەيتىش ئاساسلىق مۇداپىئەلىنىش تەدبىرى ھېسابلىنىدۇ.

1. مۇداپىئەلىنىش توسمىسى

قۇمۇل شەھىرىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، 1958- يىلى ياسالغان، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى سەككىز كىلومېتىر، ئېگىزلىكى ئىككى مېتىر، كەڭلىكى تۆت مېتىر، توپا شېغىلدىن ياسالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ داۋاملىق قېلىنلىتىلدى، ئېگىزلىتىلدى ۋە ئۇزارتىلدى، بەزى خەتەرلىك بۆلەكلىرى تاشتىن قوپۇرۇلدى.

2. مۇداپىئەلىنىش ئېرىقى

شەرقىي، غەربىي ئۆستەڭدىكى تەبىئىي ئېرىقلاردىن پايدىلىنىپ چېپىلدى. 1988- يىلى، لاي - لاتقىلار تىقىلىپ قالغان جايلار راۋانلاشتۇرۇلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ھەر يىلى تازىلىنىپ، ئېرىقنىڭ سۇ ئۆتكۈزۈشچانلىقى ئاشۇرۇلدى.

**قۇمۇل شەھىرىنىڭ 1977 – 1990 - يىلىغىچە بولغان شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 17 – 1

| يىللار | يول ئۇزۇنلۇقى (كىلومېتىر) | | يول كۆلىمى (كۋادرات مېتىر) | | كۆۋرۈك | | يول چىراغلىرى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | ئالىي، ئىككىنچى ئالىي دەرىجىلىك يول | جەمئىي | ئالىي، ئىككىنچى ئالىي دەرىجىلىك يول | جەمئىي | مۇستەھكەملىرى | |
| 1977 | 8 | 3 | 16 | 4.1 | 14 | 8 | |
| 1978 | 20 | 5.1 | 16 | 4.1 | 14 | 8 | |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1979 | 21 | 6 | 16.4 | 4.5 | 16 | 8 | 270 |
| 1980 | 21 | 21 | 16.4 | 16.1 | 12 | 10 | 285 |
| 1981 | 21 | 21 | 16 | 16 | 12 | 10 | 285 |
| 1982 | 24 | 24 | 23 | 23 | 12 | 10 | 288 |
| 1983 | 32 | 32 | 30 | 30 | 12 | 10 | 288 |
| 1984 | 33 | 33 | 31 | 31 | 12 | 10 | 305 |
| 1985 | 33 | 33 | 33 | 33 | 12 | 10 | 327 |
| 1986 | 34 | 34 | 34 | 34 | 12 | 10 | 368 |
| 1987 | 36 | 36 | 35 | 35 | 15 | 15 | 374 |
| 1988 | 40 | 40 | 39 | 39 | 15 | 15 | 379 |
| 1989 | 41 | 41 | 42 | 42 | 15 | 15 | 430 |
| 1990 | 43 | 43 | 45 | 45 | 21 | 15 | 510 |

## §4. سۇ بىلەن تەمىنلەش، يۇندا چىقىرىۋېتىش پار، گاز بىلەن تەمىنلەش

1977- يىلىدىن بۇرۇن، قومۇل شەھرىدە سىستېمىلاشقان سۇ بىلەن تەمىنلەش، يۇندا چىقىرىۋېتىش مۇئەسسەسىلىرى يوق ئىدى، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ۋە تۇرمۇش سۈيى قۇدۇق سۈيىدىن كېلەتتى، شەرقىي ۋە غەربىي ئۆستەڭنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى ئاھالىلەر بۇلاق سۈيى ئىچەتتى. يۇندا پارغا ئايلاندۇرۇۋېتىش ۋە سىڭدۈرۈۋېتىش يولى بىلەن بىر تەرەپ قىلىناتتى. چوڭ- كىچىك تاھارەت ھاجەتخانىلاردا يىغىلىپ قالسا، دېھقانلار ئوغۇت قىلىدىغانغا يۆتكەپ كېتەتتى.

### 1. سۇ بىلەن تەمىنلەش

1977- يىلى قومۇل شەھرى قۇرۇلغاندىن كېيىن، «ئىككى سۇ بىر يول» قۇرۇلۇشىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن تۇتۇش

قىلىندى، 1980 – 1984 - يىلىغىچە، قۇمۇل شەھىرىنىڭ 1- باسقۇچلۇق سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشى، 1988 – 1989- يىللىرى 2 - باسقۇچلۇق سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشى تاماملاندى.

1- باسقۇچلۇق قۇرۇلۇشقا 2 مىليون 311 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون سالغىنى 1 مىليون 816 مىڭ يۈەن، قالغان قىسمى غەملەش ئارقىلىق ھەل قىلىندى. 1- باسقۇچلۇق سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشىدا: كۈنىگە 5000 تونىنا سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارىغا ئىگە سۇ زاۋۇتى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىپ يۈرۈشلەشكەن ئىككى ماشىنا قۇدۇق، 11 كىلومېتىر تورۇبا يولى، ئىككى سۇ ساقلاش كۆلچىكى پۈتتۈرۈلدى.

2- باسقۇچلۇق قۇرۇلۇشقا 1 مىليون 80 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئاپتونوم رايون سالغىنى750 مىڭ يۈەن، ۋىلايەت سالغىنى 200 مىڭ يۈەن، شەھەر سالغىنى 130 مىڭ يۈەن. پۈتكەن ئاساسلىق تۈرلەر: 6.57 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ تورۇبىسى ياتقۇزۇلدى، ئىككى چوڭقۇر ماشىنا قۇدۇق قېزىلدى، قۇدۇق ئۆيى سېلىندى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىپ يۈرۈشلەشكەن مۇئەسسەسەلەر سەپلەندى.

قۇمۇل شەھىرىنىڭ 1-، 2- باسقۇچلۇق سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشلىرى پۈتكەندىن كېيىن، كۈندىلىك تورۇبا سۈيى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 11 مىڭ توننىغا يېتىپ، 1800 ئائىلىلىك، 54 مىڭ كىشى تورۇبا سۈيى ئىچەلەيدىغان بولدى. شەھەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەش نىسبىتى 50% كە يەتتى.

2. يۇندا چىقىرىۋېتىش

قۇمۇل شەھىرىنىڭ 1- باسقۇچلۇق يۇندا سۇ چىقىرىۋېتىش قۇرۇلۇشىغا 1980- يىلدىن باشلاپ تەييارلىق كۆرۈلگەن بولۇپ، 1984- يىل 4- ئايدا قۇرۇلۇش باشلاندى، شۇ يىلى 9- ئايدا تاماملاندى.

1- باسقۇچلۇق يۇندا چىقىرىۋېتىش قۇرۇلۇشى ئاساسلىقى كونا شەھەر رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، شىمالدا تۆمۈريولغىچە، جەنۇبتا شەھەر ئىچى يارباغ كۆۋرۈككىچە، شەرقتە شەرقىي ئۆستەڭ، غەربتە غەربىي ئۆستەڭگىچە بولۇپ، كۆلىمى 365.14 گېكتار. بۇ جايلارغا قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ۋە قۇمۇل شەھىرى قاتارلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، ئاممىۋى تەشكىلاتلار، سودا تور نۇقتىلىرى، مەدەنىيەت تۇرمۇش ۋە ئولتۇراق رايونلار مەركەزلەشكەن. نوپۇسنىڭ زىچلىقى يۇقىرى، شەھەر رايونىدا نۇقتىلىق قۇرۇلۇش قىلىنىدىغان جايلار ھېسابلىنىدۇ.

1- باسقۇچلۇق قۇرۇلۇشقا مىليون 195 مىڭ 300 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون سالغىنى 2 مىليون 300 مىڭ يۈەن، ۋىلايەت سالغىنى 250 مىڭ يۈەن، شەھەر ئۆزى غەملىگىنى 250 مىڭ يۈەن، جۇغلانغىنى 378 مىڭ يۈەن بولۇپ، 12.76 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يۇندا تورۇبىسى ياتقۇزۇلدى، كۈنىگە 4000 تونىنا يۇندا چىقىرىۋېتىش ئىقتىدارىغا ئىگە، 2.88 گېكتار ئاددىي ئوكسىدلاش كۆلچىكى ياسالدى، كۈنىگە 3000 تونىنا يۇندا بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە.

1- باسقۇچلۇق يۇندا چىقىرىۋېتىش ئىقتىدارىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى 1988- يىلى باشلانغان بولۇپ، 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شەھەر رايونىدىكى يۇندا تورۇبىسى 15 كىلومېتىرغا، ئوكسىدلاش كۆلچىكى 3.05 گېكتارغا، كۈندىلىك يۇندا بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى 4700 كۇب مېتىرغا يەتتى.

سۇ بىلەن تەمىنلەش - يۇندا چىقىرىۋېتىش شىركىتى قايتا - قايتا سىناق قىلىش ئارقىلىق، ئەينەك تالالىق بېتونلۇق يۇندا چىقىرىۋېتىش تورۇبىسىنى ياساپ چىقتى، ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ئىدارىسى ۋە ۋىلايەتلىك ئۆلچەم پونكىتىنىڭ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق دۆلەت ئۆلچىمىگە يەتكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى ھەمدە

ۋىلايەتنىڭ پەن- تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

3. پار بىلەن تەمىنلەش

1990 - يىلىغىچە، قۇمۇل شەھىرىدە پار بىلەن مەركەزلىك تەمىنلەش سىستېمىسى يوق، ئورۇنلار ئۆزلىرى پار بىلەن تەمىنلەيتتى. شەھەر رايونىدا پار بىلەن تەمىنلەش 1962- يىلى باشلانغان بولۇپ، پارقازان ئارقىلىق تەمىنلىنەتتى، پار بىلەن تەمىنلەش رايونى ئاز ساندىكى ئورۇنلار بىلەنلا چەكلىنىپ، ئىسسىنىش دائىرىسى چەكلىك ئىدى. 1978- يىلدىن كېيىن، شەھەر قۇرۇلۇشىنىڭ تېزلىشىشىگە ۋە شەھەر كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئورۇنلاردا پار بىلەن ئىسسىنىش ئومۇملاشتى، 1990- يىلغا كەلگەندە، شەھەر رايونىدا پارقازان 110 غا ، ئىسسىنىش كۆلىمى 370 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

4. گاز بىلەن تەمىنلەش

1990- يىلىدىن بۇرۇن، قۇمۇل شەھىرىدە ۋىلايەت، شەھەرگە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ گاز بىلەن تەمىنلەش مۇئەسسەسەلىرى ۋە ئاپپاراتلىرى يوق ئىدى، پەقەت تۆمۈريول رايونىدا بىر كىچىك تىپتىكى گاز بىلەن تەمىنلەش پونكىتى (سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز) بار بولۇپ، گاز ئۈرۈمچىدىن يۆتكەپ كېلىنەتتى، ئۇ تۆمۈريول رايونىدىكى 4% ئائىلىنى تەمىنلەيتتى.

## §5. كۆكەرتىش، باغۋەنچىلىك

1. شەھەر رايونىنى كۆكەرتىش

مىنگونىڭ 23- يىلى (1934- يىلى) دىن كېيىن، ھەر يىلى كۆچەت تىكىش بايرىمىدا ھۆكۈمەت كۆچەت تىكىشكە سەپەرۋەرلىك قىلدى. شۇنداقلا ساھەلەردىكى سودىگەرلەرنىڭ ياردىمىدە پەقەت بىر قانچە يىل ۋاقىت ئىچىدىلا، قۇمۇل شەھەر ئەتراپىغا يېگىدىن تىكىلگەن تاللار بۈك - باراقسان بولۇپ كەتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇمۇل شەھىرىنىڭ ئورمان بىنا قىلىش خىزمىتى يىلدىن يىلغا ياخشىلىنىشقا باشلىدى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شەھەر رايونىنىڭ قۇرۇلۇش قىلىنغان كۆلىمى 23.2 كۋادرات كىلومېتىرغا، يېشىللىق ئومۇمىي كۆلىمى 553.45 گېكتارغا، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 32% كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاممىۋى يېشىللىق 419.58 گېكتار بولۇپ، كىشى بېشىغا 1.95 كۋادرات مېتىردىن توغرا كەلدى. قۇمۇل شەھەر رايونىدىكى ئاساسلىق غول يوللارنىڭ ئىككى ياقىسىدا دەل- دەرەخلەر يېشىل بەلۋاغ ھاسىل قىلدى، ئورۇنلار ۋە ئائىلىلەرنىڭ ھويلا- ئاراملىرىدا گۈل- گىياھ، مېۋە دەرەخلىرى قەۋەتلا ئاينىدى، شەرقىي، غەربىي ئۆستەڭدىن ئىبارەت ئاممىۋى يېشىللىق بۈك - باراقسانلاشقان بولۇپ، قۇمۇل شەھىرىنىڭ «بەلۋاغ»، «نۇقتىلار»، «بۆلەكلەر» ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن يېشىللىق ئالاھىدىلىكى شەكىللەندى.

1958- يىلدىن بۇرۇن، قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەھەر رايونى پىلانلانمىغان بولۇپ، شەھەر رايونى كۆلىمى كىچىك، كوچىلىرى ئاساسىي جەھەتتىن كۆكەرتىلمىگەنىدى. 1958- يىلى قۇمۇل بازىرى پىلانلىنىپ، كوچىلار مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، كۆكەرتىلىشكە باشلىدى. 1962- يىلغا كەلگەندە، كوچىلاردىكى كۆچەتلەر ياخشى پەرۋىش قىلىنمىغانلىقتىن، نۇرغۇن

كۆچەت تىكىلگەن بولسىمۇ، ئاز بىر قىسمىلا ئۆتتى. 1964- يىلى ئەتىيازدا، قۇمۇلنىڭ شەھەر، بازارلىرىدا كەڭ كۆلەمدىكى كۆكەرتىش ھەرىكىتى باشلاندى. 1965- يىلى قىشتىن 1966- يىلى ئەتىيازغىچە، 30 مىڭ كۇب مېترغا يېقىن قۇم كۆمۈۋېتىلىپ، ئۆتكۈچىدىكى قۇم دۆۋىسى يۆتكەپ تاشلىنىپ، بۇ جاينى كۆكەرتىش ۋەزىپىسى تاماملاندى. 1982- يىلغا كەلگەندە، شەھەر رايونىدىكى ئاساسلىق كوچىلار بۆك - باراقسانلىققا ئايلىنىپ، يولدىكى كۆچەتلەر جەمئىي 90 مىڭ تۈپكە يەتتى.

1983- يىلى، «شۇ جاينىڭ ئەمەلىيىتىگە قاراپ ئىش كۆرۈش، كۆچەت تىكىش بىلەن سۇغىرىشنى، تېز ئۆستۈرۈش بىلەن ئاستا ئۆستۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈش، ئاستا ئۆستۈرۈشنى ئاساس قىلىش؛ يىل بويى يېشىل تۇرىدىغان بىلەن غازاڭ تاشلايدىغان دەرەخلەرنى بىرلەشتۈرۈش، يىل بويى يېشىل تۇرىدىغانىنى ئاساس قىلىش؛ گۈل- گىياھلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئۆستۈرۈش، ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولۇش» پرىنسىپى بويىچە، ئالدى بىلەن شەھەر ئىچىگە، ئاندىن شەھەرنىڭ سىرتىغا ئۆتۈش قىلىش روھىغا ئاساسەن، شەھەر رايونىدىكى ئاساسلىق كوچىلارنىڭ دەرەخلىرىنى ئالماشتۇرۇش باشلاندى.

1985- يىلى، قۇمۇلنىڭ شەھەر كوچىلىرىنى كۆكەرتىشتە كۆكەرتىش بىلەن گۈزەللەشتۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈش، گۈزەللەشتۈرۈشكە ئېتىبار بېرىش، دەل- دەرەخ، گۈل- گىياھنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلى داۋاملىق قوللىنىلىپ، يول بويىدىكى دەرەخلەر تەدرىجىي ئۆزگەرتىلدى. 1986- يىلىدىن باشلاپ، يىلدا بىر يول ياساش، بىر يولنى كۆكەرتىشتە چىڭ تۇرۇلدى. 1990- يىلى، شەھەر بويىچە يول ياقىسىدىكى دەرەخ 85 مىڭ تۈپكە يېتىپ، شەھەر رايونىنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 32% كە يەتتى.

تارىختىن بۇيان قۇمۇللۇقلار ھويلا- ئاراملىرىنى كۆكەرتىشتەك ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرگەن، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۆستۈرۈشكە، ھويلا- ئاراملىرىنى كۆكەرتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى، ئۇلار ھويلا- ئاراملىرىدا ئۈزۈم، نەشپۈت، ئۆرۈك، ئالما قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۆستۈرۈشكە ئادەتلەندى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، كوچىلارنى كۆكەرتىش بىلەن بىرۋاقىتتا، شەھەر، بازارلاردا تۇرۇشلۇق ئورگانلار، ئورۇنلارنىڭ مۇھىتىنى كۆكەرتىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى.

1990- يىلى، قۇمۇل شەھىرىنىڭ كۆكەرتىش خىزمىتىدە ئورۇنلار ھويلا- ئاراملىرىنى كۆكەرتىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، شەھەرلىك ھۆكۈمەت شەھەر رايونىدىكى 34 ئورۇن بىلەن يىل ئىچىدە باغچىلاشقان ئورۇن بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش بويىچە كۆكەرتىش مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالاشتى.

**2. باغۋەنچىلىك**

1) **خەلق باغچىسى** قۇمۇل شەھەرلىك خەلق باغچىسىنىڭ يەر مەيدانى 120 مىڭ كۋادرات مېتىر (ئۇزۇنلۇقى 800 مېتىر، كەڭلىكى 150 مېتىر) بولۇپ، 1986- يىلىنىڭ بېشىدا ئىش باشلىنىپ، 10- ئاينىڭ 1- كۈنى پۈتتى.

باغچا جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى تەبىئىي ئۇسلۇبىدا ياسالغان بولۇپ، ئۈچ چوڭ مەنزىرە رايونىغا بۆلۈنىدۇ: تېنىچ ئارامگاھ رايونى، مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش رايونى ۋە بالىلار ئويۇنچۇق رايونىدىن ئىبارەت.

2) **خەلق مەيدانى سەيلىگاھى** خەلق مەيدانى سەيلىگاھى شەھەرنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بولۇپ، يەر مەيدانى 93 مو. 1988- يىلى ياسالدى، 450 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

سەيلىگاھتا گۈللۈك، ئايۋان، سۈنئىي تاغ، فونتان، ماگىزىن ۋە كۆلخانا قاتارلىق مۇئەسسەسەلەر بار. ئۇنىڭدا قەدىمكى بىلەن ھازىرقى بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە يەرلىك پۇراق نامايان قىلىنغان.

سەيلىگاھ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. خەلق مەيدانىنىڭ شەرقىي قىسمى ئاساسلىق باغ بولۇپ، راۋاق، ئايۋان، گۈللۈك، سۈنئىي تاغ، فونتان، كارىدور قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقان، باغچىدىكى گۈللۈك، تاشلىق يول، چىملىق، كۆلچەكلەر قورشالمىغان بولۇپ، ئوچۇق تەبىئىي ھالەتتە. باغچىدا يەنە قويۇق ئۆسكەن تال دەرەخلىرى ئاساسلىق بولۇپ، چوكا دەرىخى، تېرەك، ئۈجمە، كامفارا دەرىخى، كۆلى ئارچىسى قاتارلىقلار كىرىشتۈرۈپ ئۆستۈرۈلدى. سەيلىگاھنىڭ شەرقىي جەنۇبى پۇتۇنلەي چاتقاللىقتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇ يەردە بىر بۆلەك، بۇ يەردە بىر بۆلەك، تەرتىپسىز گېئومېترىيىلىك شەكىلنى ھاسىل قىلدى.

سەيلىگاھنىڭ غەربىي ئىككى يىللىق ئوت- چۆپ، گۈل- گىياھلار ۋە ياماشما ئۆسۈملۈكلەر بىلەن قاپلاندى. باغچىغا 20 نەچچە خىل دەل- دەرەختىن 4000 نەچچە تۈپ تىكىلدى ۋە ئاساسلىقى ئەتىرگۈل ئۆستۈرۈلدى.

3) كوچا مەركىزىدىكى گۈللۈك　جەنۇبىي دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش يولى، شىمالىي دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش يولى، مەيدان جەنۇبىي يولى ۋە ئاقىيەر يولى كېسىشكەن جايدا بولۇپ، كۆلىمى تەخمىنەن 1000 كۋادرات مېتىر، 1988- يىلى ياسالدى. گۈللۈككە ئېگىز مۇنارلىق چىراغ ئورنىتىلدى، ئەتراپىغا 10 نەچچە خىل گۈلدەستە قويۇلۇپ، ھەر خىل شەكىل چىقىرىلدى.

4) مەرمەر تاشتىن ئويۇلغان قوغۇنچى قىز ھەيكىلى　شەرقىي تەڭرىتاغ يولى، مەيدان جەنۇبىي يولى ۋە شىمالىي جۇڭشەن يولى تۇتاشقان جايدا بولۇپ، ئۇلىنىڭ كۆلىمى 64 كۋادرات مېتىر، 1984- يىلى ياسالدى. ئېگىزلىكى تەخمىنەن سەككىز مېتىر، تېگى فونتانلىق كۆلچەك قىلىندى، تۆت ئەتراپى قورشالدى، ئوتتۇرىسىغا بىر ئۇيغۇر قىزنىڭ قولىغا قوغۇن كۆتۈرۈپ يىراقلارغا نەزەر سېلىۋاتقان ھەيكىلى ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۇ قۇمۇلدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مېھماندوست خەلق ئىكەنلىكىنىڭ سىمۋولىدۇر.

## §6. ئاممىۋى قۇرۇلۇشلار

قۇمۇل شەھىرىنىڭ ئاممىۋى قۇرۇلۇشلىرى ئاساسلىقى جەنۇبىي دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش يولى، ۋەتەننى سۆيۈش يولى، شىمالىي جۇڭشەن يولى ۋە مەيدان جەنۇبىي، شىمالىي يوللىرىغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، مەمۇرىيەت، مائارىپ، سەھىيە، سودا، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، ئىقتىساد ۋە جامائەت ئىشلىرىدىن ئىبارەت يەتتە چوڭ سىستېمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئاممىۋى قۇرۇلۇشلارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 600 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى، ئاساسلىقى 10 چوڭ ئاممىۋى قۇرۇلۇش بار.

1. مەمۇرىي مەھكىمە خىزمەت بىناسى

جەنۇبىي دۆلەتنى گۈللەندۇرۇش يولىغا جايلاشقان. 1981- يىلى قۇرۇلۇش باشلىنىپ، 1984- يىلى پۈتتى، قۇرۇلۇش كۆلىمى 6400 كۋادرات مېتىر، 1 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بەش قەۋەتلىك بولۇپ، ئېگىزلىكى 16 مېتىر، خىش- بېتون قۇرۇلمىلىق، تۈگرىسى سۇ ئۆتكۈزمەس ۋە ئىسسىقلىق ساقلاش ماتېرىيالى بىلەن يېپىلدى، تېمىغا سۇۋاق بېرىلگەن بولۇپ، سۇس سېرىق رەڭدە ئاقارتىلدى، بىنانىڭ ئارقا تەرىپىگە كۆن توساش تاختىسى ئورنىتىلدى. بىنانىڭ ئارقا زالىغا ۋە لەتمىنىڭ تۈۋرۈكلىرىگە موزايكا چاپلاندى، كارىدور ۋە پەلەمپەيگە بىلەنىە تاش يېپىشتۇرۇلدى.

2. شەھەرلىك ھۆكۈمەت خىزمەت بىناسى

شىمالىي دۆلەتنى سۆيۈش يولى بىلەن ئۆزۈن سەپەر يولى (تەڭرىتاغ يولى) ئۇچراشقان جايغا جايلاشقان. 1978- يىلى ئىش باشلىنىپ، 1981- يىلى پۈتتى، قۇرۇلۇش كۆلىمى 4496 كۋادرات مېتىر، 956 مىڭ 600 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، تۆت قەۋەتلىك بىنا بولۇپ، ئېگىزلىكى 14 مېتىر، جەنۇب شىمال تۈز يۆنىلىشتە سېلىندى، خىش- بېتون قۇرۇلمىلىق، تۈگرىسى سۇ ئۆتكۈزمەس ۋە ئىسسىقلىق ساقلاش ماتېرىيالى بىلەن يېپىلدى، تېمى يۇيۇلما تاشتىن سۇۋالدى، ئالدى زالىغا بىلەنىە تاش يېپىشتۇرۇلدى، ئالدى زال ۋە لەتمىنىڭ تۈۋرۈكلىرى يۇيۇلما تاشتىن سۇۋالدى، كارىدور، پەلەمپەيگە بىلەنىە تاش يېپىشتۇرۇلدى.

3. شەھەرلىك پارتكوم خىزمەت بىناسى

شىمالىي ۋەتەننى سۆيۈش يولىغا جايلاشقان، شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسى بىلەن بىر يەردە. 1987- يىلى قۇرۇلۇش باشلىنىپ، 1988- يىلى پۈتتى، قۇرۇلۇش كۆلىمى 3833 كۋادرات مېتىر، جەنۇب شىمال تۈز يۆنىلىشتە سېلىندى، بەش قەۋەتلىك بىنا بولۇپ، ئېگىزلىكى 21 مېتىر، خىش- بېتون قۇرۇلمىلىق، ئىسلامىيات ئۇسلۇبىدا لايىھەلەندى، مىللىي ئالاھىدىلىككە ۋە ئۆزگىچىلىككە ئىگە. تۈگرىسى سۇ ئۆتكۈزمەس ۋە ئىسسىقلىق ساقلاش ماتېرىيالى بىلەن يېپىلدى، تېمىغا فارفور خىشلار چاپلاندى، ئالدى زالغا ۋە لەتمىنىڭ تۈۋرۈكلىرىگە فارفور خىش چاپلاندى، كارىدور ۋە پەلەمپەيگە بىلەنىە تاش يېپىشتۇرۇلدى، ئالدى زالغا رەڭدار گۈللۈك بىلەنىە تاش يېپىشتۇرۇلدى.

4. تۇرلۇك ماللار 1- سودا سارىيى

مەيدان جەنۇبىي يولى بىلەن شىمالىي جۇڭشەن يولى كېسىشكەن جايغا جايلاشقان. 1977- يىلى ئىش باشلىنىپ، 1980- يىلى پۈتتى، قۇرۇلۇش كۆلىمى 4176 كۋادرات مېتىر، 1 مىليون 140 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بىنانىڭ گەۋدىسى يەر شەكلىگە بېقىپ ياپىسمان شەكىلدە سېلىندى، رامىلىق قۇرۇلمىدىكى ئۈچ قەۋەتلىك بىنا بولۇپ، ئېگىزلىكى 11.45 مېتىر، پۈتۈنلەي بىلەنىە تاش يېپىشتۇرۇلدى، تۈگرىسى سۇ ئۆتكۈزمەس ۋە ئىسسىقلىق ساقلاش ماتېرىيالى بىلەن يېپىلدى.

5. تۇرلۇك ماللار 2- سودا سارىيى

غەربىي ئالغا يولىغا جايلاشقان بولۇپ، پويىز ئىستانسىسى مەيدانىنىڭ غەربىي قىسمىدا. 1989- يىلى پۈتتى،

قۇرۇلۇش كۆلىمى 6317 كۋادرات مېتىر، تۆت قەۋەتلىك، ئېگىزلىكى 22 مېتىر، راملىق قۇرۇلمىلىق بولۇپ، بىنانىڭ گەۋدىسى يەر شەكلىگە ئاساسەن بۇرجەك چىقىرىلىپ سېلىنغان، پۈتۈنلەي بىلەنمە تاش يېپىشتۇرۇلغان، تۆگزىسى سۇ ئۆتكۈزمەس ۋە ئىسسىقلىق ساقلاش ماتېرىيالى بىلەن يېپىلغان، سىرتقى تېمىغا فارفور خىش چاپلانغان.

6. قۇمۇل ۋىلايەتلىك مېھمانخانا

جەنۇبىي دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش يولىنىڭ شەرقىگە يەنى شەرقىي ئۆستەڭنىڭ بويىغا جايلاشقان، ئەتراپى بۈك باراقسان دەل- دەرەخلىق بىلەن قاپلانغان بولۇپ، ھاۋاسى ساپ، مەنزىرىسى كىشىنى مەھلىيا قىلىدۇ، ئۇ قۇمۇلنىڭ ساياھەت مېھمانخانىسى ھېسابلىنىدۇ. مېھمانخانا ئىچىدە ئىككى بىنا سېلىنغان، 1- نومۇرلۇق بىنا 1959- يىلى ئىككى قەۋەتلىك، ئارىلاش قۇرۇلمىلىق ئادەتتىكى ياتاق بىناسى؛ 2- نومۇرلۇق بىنا 1983 – 1985 - يىللىرىغىچە پۈتتى، تۆت قەۋەتلىك، ئېگىزلىكى 21 مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 3387 كۋادرات مېتىر، خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق، 1 مىليون 110 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، ئىشىك ئالدىدىكى بەزى تۆۋرۈكلەرگە فارفور خىش چاپلانغان، كارىدور، پەلەمپەي، ئالىي دەرىجىلىك ئۆيلەرگە بىلەنمە تاش يېپىشتۇرۇلغان (قىزىل گىلەم سېلىنغان)، مىللىيچە، خەنزۇچە ئاشخانىسى ۋە ماشىنا ئىسكىلاتى قاتارلىق يانداشما مۇئەسسەسەلىرى بار بولۇپ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1100 كۋادرات مېتىر.

7. ئىشچىلار مەدەنىيەت سارىيى

شەرقىي تەڭرىتاغ يولى بىلەن مەيدان جەنۇبىي يولى كېسىشكەن جايغا يەنى تەنتەربىيە مەيدانىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. 1982- يىلى ئىش باشلىنىپ، 1985- يىلى پۈتتى، ئىككى قەۋەتلىك، ئېگىزلىكى 17 مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 2687 كۋادرات مېتىر، 830 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، راملىق قۇرۇلمىلىق بولۇپ، تۆگزىسى سۇ ئۆتكۈزمەس ۋە ئىسسىقلىق ساقلاش ماتېرىيالى بىلەن يېپىلغان، تېمى يۇيۇلما تاش بىلەن سۇۋالغان، ئىچى كىنوخانا، تېشى تىجارەت سورۇنى، 2- قەۋىتى ئويۇنچۇقخانىدىن ئىبارەت.

8. پوچتا- تېلېگراف بىناسى

شىمالىي جۇڭشەن يولىغا جايلاشقان، 1989- يىلى سېلىنغان، بەش قەۋەتلىك، ئېگىزلىكى 22 مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 3890 كۋادرات مېتىر، 1 مىليون 160 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، راملىق قۇرۇلمىلىق بولۇپ، بىنانىڭ يۈزىگە فارفور خىش چاپلانغان، كارىدور، تىجارەت زالى ۋە ئارىلىقلارغا بىلەنمە تاش يېپىشتۇرۇلغان.

9. ئېلېكتر ئېنېرگىيە ئىدارىسى بىناسى

شىمالىي ۋەتەننى سۆيۈش يولىغا جايلاشقان، 1987- يىلى پۈتتى، قۇرۇلۇش كۆلىمى 4578.92 كۋادرات مېتىر، 1 مىليون 410 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، بىنانىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ئالتە قەۋەتلىك، ئۈستىگە بەش قەۋەتلىك مىكرو دولقۇنلۇق مۇنار سېلىنغان. ئۇنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ پۈتۈن شەھەرنىڭ مەنزىرىسىنى تاماشا قىلغىلى بولىدۇ.

10. قۇمۇل تەنتەربىيە مەيدانى

قۇمۇل شەھىرىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇ قۇمۇل شەھىرىنىڭ بىردىنبىر كوللېكتىپ پائالىيەت سورۇنى،

ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 32 مىڭ كۋادرات مېتىر، 1964- يىلى سېلىندى. كېيىن يىلدىن يىلغا تولۇقلاپ سېلىنغان بولۇپ، ئىچىدە تەنتەربىيە مەيدانى، تەنتەربىيە سارىيى ۋە چىراغلىق توپ مەيدانى بار.

## §7. مۇھىت تازىلىقى

1966- يىلدىن بۇرۇن، قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەھەر رايونى تازىلىقى «ھەر كىم ئۆزىنىڭكىگە مەسئۇل بولۇش» ھالىتىدە ئىدى. 1966- يىلدىن كېيىن، قۇمۇل بازارلىق ھۆكۈمەت ئائىلە ئاياللىرىنى ياللاپ كوچا ۋە ئولتۇراق رايونلارنى تازىلىتىپ كەلدى.

1977 – 1980 - يىللىغىچە، شەھەر رايونىنىڭ تازىلىقىغا شەھەرلىك باغۋەنچىلىك باشقارمىسى مەسئۇل بولدى. 1981- يىل 5- ئايدا، مۇھىت تازىلىقىنى باشقۇرۇش ئەترىتى قۇرۇلدى، 36 ئىشچى- خىزمەتچىسى بولۇپ، شەھەر رايونىدىكى ئاساسلىق يوللارنى تازىلاشقا مەسئۇل بولدى. 1983- يىلى، مۇھىت تازىلىقىنى باشقۇرۇش ئەترىتى مۇھىت تازىلىقىنى باشقۇرۇش ئورنىغا ئۆزگەرتىلدى، 56 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار، شەھەر رايونىدىكى ئاساسلىق كوچىلارنى تازىلاشقا مەسئۇل بولدى. 1977 – 1984 - يىللىغىچە، شەھەر كوچىلىرى، پىيادىلەر يوللىرىنى شەھەرلىك مۇھىت تازىلىقىنى باشقۇرۇش ئورنىنىڭ تازىلىق ئىشچىلىرى تازىلايتتى، خالتا كوچىلار، ئاھالىلەر رايونلىرىنى ئاھالىلەر كومىتېتلىرى تازىلاشقا تەشكىللەيتتى، ئورۇنلار ئۆزلىرىنىڭ تازىلىقىغا مەسئۇل ئىدى. 1987- يىلى، مۇھىت تازىلىقىنى باشقۇرۇش ئورنى مۇھىت تازىلىقى باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلىپ، قارمىقىدا شەرقىي ئۆستەڭ رايونى مۇھىت تازىلىقى ئورنى، غەربىي ئۆستەڭ رايونى مۇھىت تازىلىقى ئورنى، يېڭىشەھەر رايونى مۇھىت تازىلىقى ئورنى تەسىس قىلىندى. 1985 – 1990 - يىللىغىچە، شەھەر كوچىلىرىنىڭ تازىلىقىغا مۇھىت تازىلىقى باشقارمىسى مەسئۇل بولدى، پىيادىلەر يولى، خالتا كوچىلارنىڭ تازىلىقىغا رايونلاردىكى مۇھىت تازىلىقى ئورنى مەسئۇل بولدى، ئورۇنلارنىڭ ئىشىك ئالدى تازىلىقىغا «ئۈچنى ھۆددىگە بېرىش» ۋە ھەقلىق مۇلازىمەت قىلىش ( ھەر كۋادرات مېتىر يەرنىڭ ئايلىق ھەققى 0.1 يۈەن بولۇش ) يولغا قويۇلدى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، مۇھىت تازىلىقى باشقارمىسىنىڭ ئىشچى- خىزمەتچىسى 104 كە يەتتى.

1981- يىلدىن ئىلگىرى، قۇمۇل شەھەر رايونىنىڭ يۇندىسى پارغا ئايلاندۇرۇۋېتىش، ئەخلەت، چوڭ- كىچىك تاھارەتنى دېھقانلار ئوغۇت قىلىش يولى ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىناتتى.

1981- يىلى، شەھەرلىك مۇھىت تازىلىقىنى باشقۇرۇش ئەترىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەخلەت ماشىنىسى سېتىۋېلىنىپ ھارۋىنىڭ ئورنىنى باستى؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شەھەر رايونىدىكى ئورۇنلار ئەخلىتىنى ئۆزى توشۇشقا ھەرىكەتلەندۈرۈلدى.

1986 – 1990 - يىللىغىچە، شەھەر ئاھالىسىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، كۈندىلىك ئەخلەت 150 توننا ئەتراپىدا بولۇپ، مۇھىت تازىلىقى باشقارمىسى كۈنىگە 50 توننا ئەخلەتنى تازىلاشقا، تۆمۈريول ئىستانسىسى 60 توننا ئەخلەتنى تازىلاشقا، قېپقالغان 40 توننا ئەخلەتنى ئورۇنلار تازىلاشقا مەسئۇل بولدى. شەھەرلىك مۇھىت تازىلىقى باشقارمىسىنىڭ شەھەر رايونىدا 110 ئەخلەت نۇقتىسى بولۇپ، ھەر بىر ئەخلەت نۇقتىسىدا 2 ~ 5 كىچە ئەخلەت تۆكۈش قويۇلدى. شەھەرنىڭ سىرتىدا ئەخلەتنى بىر تەرەپ قىلىش مەيدانى ۋە سانائەت داشقال- ئەخلەتلىرى مەيدانى بار.

شەھەر رايونىدا گەندە توشۇش ماشىنىسى يوق. شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ تەخمىنەن 40%ى بىنا ئۆيلەردە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، چوڭ- كىچىك تەرەت يۇندا تۇرۇبىسى ئارقىلىق يۇندىنى بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتىغا يەتكۈزۈپ بېرىلىدۇ، قالغان 60% ئائىلە ئۆزلىرى سېلىۋالغان ھاجەتخانىلارنى ئىشلىتىپ كەلگەچكە، مۇھىت تازىلىقى باشقارمىسى شەھەر ئەتراپىدىكى دېھقانلار بىلەن يۆتكەپ كېتىپ ئوغۇت قىلىش توغرىسىدا ھۆددىگەرلىك توختامى ئىمزالاشتى.

# IV باب

# ناھىيە بازىرى قۇرۇلۇشى

## 1§. باركۆل ناھىيە بازىرى

باركۆل ناھىيە بازىرىنىڭ ئورنى دېڭىز يۈزىدىن 1650 مېتىر ئېگىز بولۇپ، 1949- يىلى ناھىيە بازىرى كۆلىمى 1.5 كۋادرات كىلومېتىر ئىدى، 1990- يىلىغا كەلگەندە 14.4 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى.

1. ئۆي قۇرۇلۇشى

1) تەرەققىيات ئەھۋالى 1949- يىلىدىن بۇرۇن، ناھىيە بازىرىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 29 مىڭ 589 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 1950- يىلى 1687 كۋادرات مېتىر، 1960- يىلى 100 مىڭ 653 كۋادرات مېتىر، 1970- يىلى 18 مىڭ 231 كۋادرات مېتىر، 1980- يىلى 252 مىڭ 728 كۋادرات مېتىر ئۆي يېڭىدىن سېلىندى. 1990- يىلىغا كەلگەندە، ئۆيلەرنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 402 مىڭ 888 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

1983- يىل 4- ئايدىن 1985- يىل 12- ئايغىچە ئېلىپ بېرىلغان ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، ناھىيە بازىرىدا جەمئىي 2015 كورپۇس ئۆي بولۇپ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 354 مىڭ 726 كۋادرات مېتىرغا، يەر كۆلىمى 2 مىليون 597 مىڭ 701 كۋادرات مېتىرغا يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە، ئولتۇراق ئۆي 190 مىڭ 210 كۋادرات مېتىر، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 340 مىڭ 518 كۋادرات مېتىر. ئۆيلەرنىڭ ھازىرقى قىممىتى 20 مىليون 1800 يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، ئومۇمىي خەلق ئىگىدارچىلىقىدىكى ئۆيلىرىنىڭ قىممىتى 14 مىليون 259 مىڭ 700 يۈەن، قۇرۇلۇش كۆلىمى 241 مىڭ 247 كۋادرات مېتىر؛ كوللېكتىپ ئۆيلەرنىڭ قىممىتى 19 مىڭ 900 يۈەن، قۇرۇلۇش كۆلىمى 4698 كۋادرات مېتىر؛ خۇسۇسىي ئۆيلەرنىڭ قىممىتى 5 مىليون 173 مىڭ يۈەن، قۇرۇلۇش كۆلىمى 92 مىڭ 35 كۋادرات مېتىر؛ باشقا ئۆيلەرنىڭ قىممىتى 506 مىڭ يۈەن، قۇرۇلۇش كۆلىمى 42 مىڭ 681 كۋادرات مېتىر. ناھىيە بازىرىدىكى ئۆيلەر كىشى بېشىغا 10.5 كۋادرات مېتىردىن توغرا كەلدى.

بازار ئاھالىلىرىنىڭ تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ 53% نى ئىگىلىدى، خۇسۇسىي ئۆيلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 98 مىڭ 175 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمىنىڭ 51% نى ئىگىلىدى.

1966 – 1990 - يىلىغىچە، ناھىيە بازىرى بويىچە ئاممىۋى قۇرۇلۇشلار ئۈچۈن 48 مىڭ 162 كۋادرات مېتىر ئۆي

سېلىندى.

2) ئاساسلىق بىنالىرى

**مېھمانخانا بىناسى** 1984- يىلى سېلىندى، شەرقىي كوچا مەيدانىنىڭ جەنۇبىي كوچىسىغا جايلاشقان، تۆت قەۋەتلىك بولۇپ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 2045.2 كۋادرات مېتىر.

**كىنوخانا** شەرقىي كوچا مەركىزىگە جايلاشقان، 1978- يىلى قۇرۇلۇش باشلىنىپ، 1983- يىلى پۈتتى، قۇرۇلۇش كۆلىمى 2439.7 كۋادرات مېتىر.

**سودا- سانائەت بانكىسى تىجارەت بىناسى** 1990- يىلى سېلىندى، تۆتكوچىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، ئۈچ قەۋەتلىك، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1102 كۋادرات مېتىر.

**خەلق بانكىسى تىجارەت بىناسى** 1990- يىلى سېلىندى، خەنچېڭ شەرقىي يولىغا جايلاشقان، ئۈچ قەۋەتلىك بولۇپ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1507.6 كۋادرات مېتىر.

**دوختۇرخانا ئامبۇلاتورىيە بىناسى** 1990- يىلى سېلىندى، ئۈچ قەۋەتلىك، خەنچېڭ غەربىي يولى ساغلاملىق كوچىسىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1507.6 كۋادرات مېتىر.

**1- ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتۇش بىناسى** 1985- يىلى سېلىندى، تۆت قەۋەتلىك، خەنچېڭنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى يۈەي كوچىسىغا جايلاشقان، قۇرۇلۇش كۆلىمى 2808.7 كۋادرات مېتىر.

**پارتىيە مەكتىپى بىناسى** 1984- يىلى سېلىندى، ئۈچ قەۋەتلىك، قۇرۇلۇش كۆلىمى 982.9 كۋادرات مېتىر.

**يولۇچى توشۇش بىناسى** 1990- يىلى سېلىندى، ئارمىيە- خەلق ئىتتىپاقلىقى يولىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان، تۆت قەۋەتلىك، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1642 كۋادرات مېتىر.

**باشقىلار** يەنى پوچتا - تېلېگراف بىناسى، مالىيە بىناسى، سۇغۇرتا شىركىتى بىناسى، تەمىنات- سودا بىناسى، تۆرلۈك ماللار سودا بىناسى، ج خ ئىدارىسى بىناسى، سوت بىناسى، تەپتىش بىناسى، يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى بىناسى، پەن- تېخنىكا كومىتېتى بىناسى، يېمەكلىك شىركىتى خىزمەت بىناسى، دوختۇرخانا ئائىلىلىكلەر بىناسى، ھاراق- تاماكا شىركىتى خىزمەت بىناسى، ترانسپورت شىركىتى خىزمەت بىناسى، باركۆل سودا سارىيى، يىخې سودا سارىيى، چېگرا شەھەر مىللىي سودا سارىيى قاتارلىقلار بار.

باركۆل بويىچە ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن سېلىنغان تۇنجى بىنا — ئېلېكتر ئىستانسىسى 1- باسقۇچلۇق قۇرۇلۇشى بولۇپ، 1968- يىلى سېلىندى؛ تۇنجى خىزمەت بىناسى — باركۆلدە تۇرۇشلۇق ئارمىيە 1- تۇەننىڭ خىزمەت بىناسى بولۇپ، 1977- يىلى سېلىندى؛ تۇنجى سودا تىجارەت بىناسى — سودا ئىدارىسى بىناسى بولۇپ، 1983- يىلى سېلىندى؛ تۇنجى ئائىلىلىكلەر بىناسى — سودا - سانائەت بانكىسى ئائىلىلىكلەر بىناسى بولۇپ، 1984- يىلى سېلىندى.

2. كوچا قۇرۇلۇشى

مىنگو دەۋرىدە، باركۆل ناھىيە بازىرىنىڭ كوچىلىرى تار ئىدى. مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى) كوچا بويلىرى رەتكە سېلىنغان بولسىمۇ، ئاپتوموبىل ئارانلا قاتنايتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەسكى تاملار ۋە تۆپىلەر چېقىۋېتىلىپ، كوچا بارا- بارا كېڭەيتىلدى. 1974- يىلى، باركۆل ئاپتونوم ناھىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىدا، كوچىنىڭ جەنۇبىدا ياغاچ تۈستەڭ ياسالدى ھەمدە تۆت يول ئاسفالتلاشتۇرۇلۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2480 مېتىرغا، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 19 مىڭ 840 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 1984- يىلى، ئارمىيە- خەلق ئىتتىپاقلىقى يولى شېغىللىق يولدىن ئاسفالت يولغا ئۆزگەرتىلدى، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1350 مېتىرغا يەتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ناھىيە بازىرىدىكى ئاساسلىق يوللار پۈتۈنلەي ئاسفالتلاشتۇرۇلدى.

## 1990- يىلدىكى باركۆل ناھىيە بازىرىدىكى يول، كوچىلار

جەدۋەل: 17 – 2

| نام قويۇلغان ۋاقىت | كوچا نامى | ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى (مېتىر) | كەڭلىكى (مېتىر) | 1990- يىلدىكى ئەھۋالى |
|---|---|---|---|---|
| چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭجېڭ 9 – يىلى (1731- يىلى) | شەرقىي خەنجېك كوچىسى | 1000 | 8 | ئاسفالت |
| چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭجېڭ 9 – يىلى (1731- يىلى) | غەربىي خەنجېك كوچىسى | 530 | 8 | ئاسفالت |
| چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭجېڭ 9 – يىلى (1731- يىلى) | جەنۇبىي خەنجېك كوچىسى | 520 | 8 | ئاسفالت |
| چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭجېڭ 9 – يىلى (1731- يىلى) | شىمالىي خەنجېك كوچىسى | 430 | 8 | ئاسفالت |
| 1984- يىلى | ئارمىيە- خەلق ئىتتىپاقلىقى يولى | 1350 | 8 | ئاسفالت |
| 1984- يىلى | ئىتتىپاق (جەنۇب- شىمال) يولى | 610 | 9 | شېغىل |
| 1984- يىلى | جەنۇبىي خەنجېك يولى | 900 | 10 | شېغىل |
| 1984- يىلى | شىمالىي خەنجېك يولى | 800 | 10 | شېغىل |
| 1984- يىلى | كۆل ساھىلى (شەرقىي- غەربىي) يولى | 900 | 6 | توپا يول |
| 1984- يىلى | يېڭىشەھەر يولى | 450 | 8 | ئاسفالت |
| 1984- يىلى | ئازادلىق يولى | 1350 | 6.5 | توپا يول |
| 1950- يىلى | مەركىزىي كوچا (ئەسلى نامى جىنفەن كوچىسى) | 410 | 7 | شېغىل |
| 1984- يىلى | مەدەنىيەت كوچىسى | 310 | 6.3 | شېغىل |
| 1984- يىلى | ساغلاملىق كوچىسى | 140 | 10 | شېغىل |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 1950- يىلى | ئەنجى كوچىسى (داجا كوچىسى) | 140 | 6.3 | شېغىل |
| 1984- يىلى | سەنجا كوچىسى (جىشاڭ كوچىسى) | 137 | 5.5 | شېغىل |
| 1984- يىلى | غەربىي شىمال كوچىسى (چىڭخۇاگىباۋ كوچىسى) | 400 | 6 | شېغىل |
| مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى) | ۋاگجيا كوچىسى | 100 | 4 | شېغىل |
| چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ يىللىرى | ليۇجيا كوچىسى | 200 | 5 | شېغىل |
| چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ يىللىرى | لاۋجۇنمياۋ كوچىسى | 380 | 6 | شېغىل |
| چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ يىللىرى | يۇنشۇ كوچىسى | 100 | 5 | شېغىل |
| 1984- يىلى | ئەنشۈنجيڭ كالتا كوچىسى | 100 | 4.5 | شېغىل |
| 1960- يىلى | مەيدان (جەنۇب- شىمال) كوچىسى | 670 | 5 | توپا يول |
| 1960- يىلى | لوچۈن كوچىسى | 100 | 5.5 | توپا يول |
| چىڭ سۇلالىسى | جەنۇبىي كوچا 1- خالتا كوچا | 225 | 5 | توپا يول |
| چىڭ سۇلالىسى | جەنۇبىي كوچا 2- خالتا كوچا | 415 | 5 | توپا يول |
| چىڭ سۇلالىسى | جەنۇبىي كوچا 3- خالتا كوچا | 240 | 5 | توپا يول |
| چىڭ سۇلالىسى | جەنۇبىي كوچا 4- خالتا كوچا | 120 | 5 | توپا يول |
| چىڭ سۇلالىسى | جەنۇبىي كوچا 5- خالتا كوچا | 115 | 5 | توپا يول |
| چىڭ سۇلالىسى | جەنۇبىي كوچا 6- خالتا كوچا | 120 | 5 | توپا يول |
| چىڭ سۇلالىسى | جەنۇبىي كوچا 7- خالتا كوچا | 160 | 5.5 | توپا يول |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| چىڭ سۇلالىسى | جەنۇبىي كوچا 8- خالتا كوچا | 320 | 5 | توپا يول |
| چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۈگىشى يىللىرى | سەنگۇەنمياۋ خالتا كوچىسى | 100 | 5 | توپا يول |
| 1984- يىلى | يۇسەي خالتا كوچىسى | 220 | 4.5 | توپا يول |
| 1984- يىلى | دۇڭجى خالتا كوچىسى | 360 | 5 | توپا يول |
| 1982- يىلى | دۇڭجېڭخاۋ خالتا كوچىسى | 500 | 5 | توپا يول |
| 1984- يىلى | ئىنتىپاق خالتا كوچىسى | 187 | 5 | توپا يول |
| 1984- يىلى | مۇز تېيىلىش مەيدانى خالتا كوچىسى | 350 | 6 | توپا يول |
| 1973- يىلى | مەنجېك 1- خالتا كوچىسى | 240 | 5 | توپا يول |
| 1973- يىلى | مەنجېك 2- خالتا كوچىسى | 240 | 5 | توپا يول |
| 1973- يىلى | مەنجېك 3- خالتا كوچىسى | 240 | 5 | توپا يول |
| 1973- يىلى | مەنجېك 4- خالتا كوچىسى | 180 | 5 | توپا يول |
| 1973- يىلى | مەنجېك 5- خالتا كوچىسى | 240 | 5 | توپا يول |
| 1973- يىلى | مەنجېك 6- خالتا كوچىسى | 240 | 5 | توپا يول |
| 1973- يىلى | مەنجېك 7- خالتا كوچىسى | 80 | 5 | توپا يول |
| 1973- يىلى | مەنجېك 8- خالتا كوچىسى | 240 | 5 | توپا يول |
| 1973- يىلى | مەنجېك 9- خالتا كوچىسى | 110 | 5 | توپا يول |
| 1973- يىلى | مەنجېك 10- خالتا كوچىسى | 120 | 5 | توپا يول |
| 1973- يىلى | مەنجېك 11- خالتا كوچىسى | 240 | 5 | توپا يول |

3. سۇ بىلەن تەمىنلەش، يۇندا چىقىرىۋېتىش، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش ئېرىقى ۋە توسمىسى

1) سۇ بىلەن تەمىنلەش

1985- يىلى، ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالىلەر ۋە ئورگان، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ئاساسلىقى قۇدۇق سۈيىدىن پايدىلىنىپ كەلگەن بولۇپ، ناھىيە بازىرىدا 60 يەرلىك قۇدۇق، سۇ تارتىش قوراللىرىدىن ئاساسلىقى بۇلا، چىغىرىق قاتارلىقلار بار ئىدى. 1961- يىلى ناھىيە بازىرىنى كۆكەرتىش ئۈچۈن، ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، 1985- يىلىغا كەلگەندە ناھىيە بازىرى بويىچە جەمئىي 47 ماشىنىلاشقان قۇدۇق، تۆت سۇ مۇنارى ياسالدى.

1984- يىلى، تۇرۇبا سۈيى شىركىتى قۇرۇلۇپ، تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەش مۇئەسسەسلىرى ئورنىتىلدى، پۈتۈن قۇرۇلۇشقا جەمئىي 1 مىليون 687 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

1985- يىلى، ئىككى سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇدۇقى قېزىلدى، ئۇلارنىڭ چوڭقۇرلۇقى 80 مېتىر ۋە 120 مېتىر، سۈنىڭ چوڭقۇرلۇقى 40 مېتىر ۋە 80 مېتىر.

1989- يىلى، ناھىيە بازىرىنىڭ تۇرۇبا سۈيى غول تۇرۇبا يولىنى ياتقۇزۇش قۇرۇلۇشى پۈتۈنلەي تاماملىنىپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 7804 مېتىرغا يەتتى. 1990- يىلى، سۇ تۇرۇبىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 16.6 كىلومېتىرغا، سۇ زاۋۇتىنىڭ كۈنلۈك سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 2300 توننىغا، يىللىق سۇ بىلەن تەمىنلەش ئومۇمىي مىقدارى 800 نەچچە مىڭ توننىغا يەتتى.

2) يۇندا چىقىرىۋېتىش

باركۆل ناھىيە بازىرىنىڭ ھازىرقى يۇندا چىقىرىۋېتىش سىستېمىسى يامغۇر سۈيى بىلەن يۇندا قوشۇلۇپ ئېقىشتىن ئىبارەت بولۇپ، يۇندا چىقىرىۋېتىش ئېرىقى ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ، بىرى ئوچۇق ئېرىق، يەنە بىرى ئۈستى يېپىلغان ئوچۇق ئېرىق بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2980 مېتىرغا يېتىدۇ. بىنالاردىن چىققان يۇندا ئاساسلىقى يۇندا ئورنىكى ياساش ئارقىلىق ۋاقىتلىق ھەل قىلىندى.

3) كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش ئېرىقى ۋە توسمىسى

باركۆل ناھىيە بازىرىنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش ئوبيېكتى ئاساسلىقى جەنۇبىي تىك غول، مۇزغول، ماليۇجا غولى ۋە غەربىي قاراغولنىڭ كەلكۈندىن ئىبارەت. 1985- يىلى، ئۈچ كىلومېتىرلىق جەنۇبىي مەنچىڭ مۇداپىئە ئېرىقى ياسالدى، ئېرىق توغرىسىغا ئۈچ مېتىر كەڭلىكتە بولۇپ، ئېقىن مىقدارى سېكۇنتىغا ئالتە كۇب مېتىرغا يەتتى؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ناھىيىلىك نېفىت شىركىتىنىڭ غەربىدىن ئاچا يولغىچە بولغان ئېقىن مىقدارى سېكۇنتىغا ئالتە كۇب مېتىر كېلىدىغان 1000 مېتىرلىق مۇداپىئەلىنىش ئېرىقى كېڭەيتىلدى ۋە رېمونت قىلىندى. جەنۇبىي، شىمالىي خەنچېڭ كوچىلىرىدا مۇداپىئەلىنىش ئېرىقىدىن يەنە بىرى بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى بىر كىلومېتىر، ئۆتىدىغان سۇ مىقدارى سېكۇنتىغا بىر كۇب مېتىرغا يېتىدۇ، خەنچېڭدا شەرق - غەرب يۆنىلىشىدىكى 1.2 كىلومېتىرلىق يۇندا چىقىرىۋېتىش ئېرىقىدىن يەنە بىرسى ياسالدى.

4. باشقىلار

1990- يىلى، ناھىيە بازىرى بويىچە ئورنىتىلغان تېلېفون 328 گە يېتىپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتوماتىك تېلېفون 304 كە، تېلېفون سىم يولى 17 كىلومېتىرغا، كابېلنىڭ ئۇزۇنلۇقى 7.1 كىلومېتىرغا يەتتى. ناھىيە بازىرىدا دەرەخ ئىنتايىن ئاز بولۇپ، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى ئاران 0.007%. ئۈچ مۇھىت تازىلىقى ئىشچىسى، ئۈچ مەخسۇس ئەخلەت توشۇش ئاپتوموبىلى، 22 ئاممىۋى ھاجەتخانا بولۇپ، يىلىغا 11 مىڭ توننا ئەخلەت- ئوغۇت توشۇلدى. ناھىيە بازىرىدا يولۇچى توشۇش بېكىتى، يۈك توشۇش پونكىتى ۋە سىغىمچانلىقى 9700 كىلوۋات، توك بېسىمى 35 كىلوۋولت ۋە 10 كىلوۋولتلۇق بىر ئېلېكتر ئىستانسىسى بار.

## §2. ئاراتۇرۇك ناھىيە بازىرى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، ناھىيە بازىرىدا پەقەت نەچچە ئون ئېغىزلا كېسەك ئۆي بار ئىدى، بۇگۈنكى كۈندە يېڭى تىپتىكى كىچىك تاغلىق شەھەر دەسلەپكى قەدەمدە بارلىققا كېلىپ، نۇرغۇن ئىمارەتلەر قەد كۆتۈردى، ناھىيە بازىرىدا ھازىر 1000 دىن ئارتۇق كىشىنى سىغدۇرالايدىغان كىنوخانا، 3400 كۋادرات مېتىر تۆت قەۋەتلىك ھۆكۈمەت بىناسى، 3822.26 كۋادرات مېتىر ناھىيىلىك دوختۇرخانا بىناسى، شۇنىڭدەك تەمىنات- سودا تىجارەت بىناسى، مەدەنىيەت سارىيى بىناسى، پوچتا- تېلېگراف بىناسى، بانكا تىجارەت بىناسى، ئاشلىق تىجارەت بىناسى، سەھىيە- يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى بىناسى، ئاراتۇرۇك بازارلىق ھۆكۈمەت بىناسى قاتارلىق ئىمارەتلار بار. 1990- يىلى، ناھىيە بازىرىنىڭ يەر مەيدانى 4.2 كۋادرات كىلومېتىرغا، ئۆي- ئىمارەتلەرنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 181 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى. ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ ئورنىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1728.6 مېتىر.

ناھىيە بازىرىدا كوچا، يوللار 10 غا، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 3.81 كىلومېتىرغا يېتىدۇ، كەڭلىكى تۆت مېتىردىن 20 مېتىرغىچە بولۇپ، يەر شەكلىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن غول يول شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان بىرلا كوچا بولۇپ، يول چىراغلىرىدىن 43 ى ئورنىتىلدى.

**1990- يىلى ئاراتۇرۇك ناھىيە بازىرىدىكى كوچا، يوللار**

جەدۋەل: 17 – 3

| كوچا نامى | باشلىنىش نۇقتىسى | ئاخىرقى نۇقتىسى | ئۇزۇنلۇقى (مېتىر) | كەڭلىكى (مېتىر) | يول ئەھۋالى |
|---|---|---|---|---|---|
| گۈللىنىش يولى | تاش تۇۋرۇق | قوراللىق ساقچى چوڭ ئەترىتى | 1500 | 20 | ئاسفالت |
| گەنشى يولى | ئۆرگەي كەنتى | تاش تۇۋرۇق | 450 | 10 | ئاسفالت |
| ئىككىنچى ھىمايە قىلىش يولى | گۈللىنىش يولىنىڭ جەنۇبى | دەريا ياقىسى يولى | 200 | 10 | ئاسفالت |
| قۇرۇلۇش يولى | ئىككىنچى ھىمايە قىلىش يولى | يۈيىك كوچىسى | 370 | 10 | ئاسفالت |
| دەريا ياقىسى يولى | تەنتەربىيە مەيدانى | ناھىيىلىك 2- ئوتتۇرا | 370 | 10 | توپا يول |
| يېڭى ئىستىل كوچىسى | جەنۇبىي گۈللىنىش يولى | دەريا ياقىسى يولى | 230 | 8 | توپا يول |
| ئالغا كوچىسى | جەنۇبىي گۈللىنىش يولى | دەريا ياقىسى يولى | 150 | 4 | توپا يول |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ئىلمىيەت كوچىسى | گۈللىنىش يولىنىڭ شىمالى | ئىتتىپاق يېڭى كەنتى | 250 | 10 | توپا يول |
| لىسىك كوچىسى | گۈللىنىش يولىنىڭ شىمالى | كۆمۈركان ئائىلىلىكلەر قورۇسى | 160 | 4 | توپا يول |
| تىنچلىق يولى | گۈللىنىش يولىنىڭ شىمالى | قىيالىق | 130 | 4 | توپا يول |
| ۋەتەنپەرۋەرلىك كوچىسى | | | 40 | 6 | توپا يول |
| بېيىش كوچىسى | | | 100 | 6 | توپا يول |
| مەدەنىيەت كوچىسى | | | 130 | 6 | توپا يول |
| دېموكراتىيە كوچىسى | | | 150 | 4 | توپا يول |
| يۈيىك كوچىسى | | | 150 | 6 | توپا يول |
| باتلىق كوچىسى | | | 150 | 4 | توپا يول |

بازار ئاھالىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى بازارنىڭ شىمالىدىكى تاغ باغرىغا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، قۇدۇق سۈيى ئىستېمال قىلىپ كەلدى. قۇدۇقلارنىڭ چوڭقۇرلۇقى 20 مېتىردىن 30 مېتىرغىچە بولۇپ، ئاردا ئەڭ چوڭقۇرى 36 مېتىرغا يېتىدۇ، سۇ قاتلىمىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئۈچ مېتىردىن تۆت مېتىرغىچە. بەزى چاغلاردا قۇدۇق قۇرۇپ قالسا، نەچچە 100 مېتىر يىراقلىقتىن سۇ ئەكىلىشكە توغرا كېلىدۇ. 1986- يىلى، بازارنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئاراتۇرۇك دەرياسى بويىدا سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىپ، چوڭقۇر قۇدۇق قېزىلىپ، سۇ پومپىخانىسى سېلىندى (سۇ چىقىرىش مىقدارى سائىتىگە 87 كۇب مېتىر) بولۇپ، بىر ئورنى يۇقىرى سۇ كۆلچىكى (سۇ ساقلاش مىقدارى 300 كۇب مېتىر) بار، سۇ بىلەن تەمىنلەش كۆلىمى 70.14 گېكتار، 26 كىلومېتىرلىق ئاساسىي تۇرۇبا يولى تاماملىنىپ، 1988- يىلىدىن باشلاپ سۇ بىلەن تەمىنلەندى. 1990- يىلى، ئاراتۇرۇك ناھىيە بازىرىدا بىر سۇ زاۋۇتى بولۇپ، كۈندىلىك سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 1000 توننا، سۇ بىلەن تەمىنلەش تۇرۇبىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 6.7 كىلومېتىر، يىللىق سۇ بىلەن تەمىنلەش ئومۇمىي مىقدارى 46 مىڭ توننا (جۈملىدىن ئىشلەپچىقىرىشقا كېرەكلىك سۇ 10 مىڭ توننا، تۇرمۇشقا كېرەكلىك سۇ 36 مىڭ توننا). بازار بويىچە سۇغا ئېھتىياجلىق ئاھالە 3500 بولۇپ، كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 28 لىتىر سۇ ئىشلىتىدۇ.

1990- يىلى، ئاراتۇرۇك ناھىيە بازىرىدا يۇندا چىقىرىۋېتىش مۇئەسسەسەلىرى يوق بولۇپ، يۇندا ئېقىتىۋېتىلىدۇ. بۇ ھال مۇھىت تازىلىقىغا بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ كېلىپ، يەر ئاستى سۈيىنى بۇلغايدۇ.

ناھىيە بازىرىدا 50 كىلوۋاتلىق بىر سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى بولۇپ، يىللىق توك چىقىرىش ئىقتىدارى 150 مىڭ كىلوۋات سائەت. ناھىيە بويىچە تېلېفون ئابونتى 195 كە يېتىپ، تېلېفون سىمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 7.8 كىلومېتىر، كابېلنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى كىلومېتىر. تۆت پار بىلەن تەمىنلەش ئورنى بولۇپ، تەمىنلىنىدىغان كۆلەم 27 مىڭ 823 كۋادرات مېتىر. بازار بويىچە باغۋارانلاشتۇرۇلغان كۆلەم 60 مو، ئىھاتە ئورمان كۆلىمى 1.2 گېكتار، دەل- دەرەخ 3600 تۈپ، كۆچەتخانا 21.6 مو. يەتتە تازىلىق ئىشچىسى، بازار رايونىدا بەش ئاممىۋى ھاجەتخانا بار.

# V باب

# يېزا، كەنت قۇرۇلۇشى

## §1. يېزا- بازار قۇرۇلۇشى

### 1. قۇمۇل شەھىرى

مىنگو دەۋرىدە، يېزىلاردا ئاممىۋى قۇرۇلۇشلار يوق بولۇپ، دېھقانلار تارقاق ۋە ئاددىي- ساددا ئۆيلەردە ئولتۇراتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، كەنت، بازار قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، 1950- يىللاردا چوڭ ئۆزگىرىش ھاسىل بولمىدى. 1964- يىلىدىن باشلاپ يەرنى پىلانلاش ۋە «بەش ياخشى» (ياخشى سالا ئېتىز، ياخشى ئېرىق - ئۆستەڭ، ياخشى يول، ياخشى ئورمان بەلۋېغى، ياخشى ئاھالىلەر نۇقتىسى) قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلدى. 1990- يىلى، قۇمۇل شەھىرىنىڭ يېزىلىرىدا جەمئىي 3 مىليون كۋادرات مېتىردىن ئۇشۇق ئۆي سېلىندى. شەھەر رايونىنىڭ قاتناش تورى شەكىللەندى، شەھەر تەۋەلىكىدە ئايرودروم، 367 كىلومېتىرلىق لەنجۇ- شىنجاڭ تۆمۈريولى، 401 كىلومېتىرلىق دۆلەت تاشيولى، 67 كىلومېتىرلىق ئۆلكە تاشيولى بار، 17 ناھىيە دەرىجىلىك تاشيول بولۇپ، 606 كىلومېتىر كېلىدۇ، 21 يېزا دەرىجىلىك تاشيول بولۇپ، 222.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. سۇچىلىق قۇرۇلۇشىدا تەگرىتاغدىن بىۋاسىتە باشلاپ كېلىنگەن تۆت غول ئۆستەڭ (64 كىلومېتىرلىق)، 10 ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى سۇ ئامبىرى (ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 30 مىليون كۇب مېتىر)، 800 ماشىنىلاشقان قۇدۇق، 223 كارىز، ئالتە كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى (ئومۇمىي گېنېراتورلار سىغىمچانلىقى 400 نەچچە كىلوۋات) بار. 831 ئېتىز- ئېرىق ئىھاتە ئورمان بەلۋېغى بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 531 كىلومېتىر، 5300 نەچچە مو كېلىدۇ. سىستېمىلاشقان توك بىلەن تەمىنلەش تورى بار.

شەھەر ئىچى، راھەتباغ، بوغاز، بۇلۇڭتوغراق، پالۋانتۇر، ئاستانە، قارادۆۋە ۋە تاشئۆيلىق يېزىلىق ھۆكۈمەتلەر تۇرۇشلۇق جايلاردا بازار شەكىللىنىپ، بەلگىلىك قۇرۇلۇش كۆلىمى ۋە تۇرمۇش ئۈل مۇئەسسەسەلىرىگە ئىگە بولدى.

### 2. باركۆل ناھىيىسى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، يېزىلاردا ئادەتتە بىر ئېغىز ئۆي12 دىن 14 كۋادرات مېتىرغىچە

سېلىناتتى، ئىشلەتكىلى بولىدىغان كۆلەم كىچىك ئىدى، كېسەكتىن قوپۇرۇلۇپ، ياغاچ كانەكچىلىك پەنجىرە قويۇلغان بولۇپ، قەغەز چاپلاپ سوغۇقتىن ساقلىنىلاتتى، بىراق بۇ ئۆيلەرگە كۈن تەگمەيتتى. بۇ ئۆيلەرنىڭ ئەڭ ماختانغىدەك يېرى شوكى لىم- چەنزە ياغاچلىرى ئېسىل ئىدى. 1963- يىلىدىن باشلاپ، باركۆل ناھىيىسى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «يېزىلاردا بەشتە ياخشى قۇرۇلۇش» نى يەنى (ياخشى سالا ئېتىز، ياخشى ئېرىق - ئۆستەڭ، ياخشى يول، ياخشى ئورمان بەلۋېغى، ياخشى ئاھالىلەر نۇقتىسى) قۇرۇلۇشنى قانات يايدۇرۇش چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، يېزا- قىشلاقلاردا پىلان بويىچە قۇرۇلۇش ئېلىپ باردى. 1963- يىلى ئالدى بىلەن داخې كۆڭشېسىدا «بەش ياخشى» قۇرۇلۇش سىناق قىلىندى، ئارقىدىنلا خۇڭسەن دېھقانچىلىق مەيدانى، كۆيسۇ كۆڭشېسىدا بۇ قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلدى. 1966- يىلىغا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە نۇرغۇن يېڭى ئاھالىلەر نۇقتىسى، يېڭى يول، يېڭى ئۆستەڭ، يېڭى ئورمان بەلۋېغى ۋە يېڭى سالا ئېتىز بارلىققا كەلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە «بەشتە ياخشى» قۇرۇلۇشى بىر مەھەل توختاپ قالدى.

1978- يىلىدىن ئىلگىرى، يېزىلاردا ئۆيلەر ئاساسەن كوللېكتىپ سېلىناتتى، ھەر بىر ئائىلىنىڭ بىر ئىككى ئېغىزلا ئۆيى بولۇپ، ئۆي ئىنتايىن قىس ھەم سۈپىتىمۇ ياخشى ئەمەس ئىدى. ج ك پ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يېزا- قىشلاقلاردا كىشىلەر ئۆزلىرى ئۆي سالىدىغان بولدى. يېڭىدىن سېلىنغان ياكى رېمونت قىلىنغان ئۆيلەر يورۇق ۋە سوغۇقتىن ساقلىنىشچانلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدىغان بولدى، ئىشىك- دېرىزىلىرى چوڭ بولۇپ، ئۆيگە كۈن نۇرى تولۇق چۈشەلەيدىغان قىلىندى، ھەر بىر ئېغىز ئۆينىڭ چوڭلۇقى 24 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. ئومۇمەن ئۆيلەرنىڭ ئۇلى تاشتىن بولۇپ، تېمى كېسەكتىن قوپۇرۇلدى، ئىشىك- دېرىزىلىرىگە ئەينەك ئورنىتىلدى. ئۆيلەرنىڭ تېگىگە خىش يېيىلدى، تاملىرى ھاكتا ئاقارتىلدى. 80 - يىللارنىڭ ئاخىرى 90 - يىللارنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ئادەتتىكى دېھقانلارنىڭ تۆت ئېغىزدىن ئۆيى، ئۈچتىن قوتىنى (ياتاق، مېھمانخانا، ئاشخانا، ئىسكىلات ئۆيلىرى، قوي، ئېشەك، چوشقا قوتانلىرى)، كۆپىنچىسىنىڭ ئايرىم ھويلىسى بار بولۇپ، ئالدى ھويلىسىغا دەرەخ تىكىلدى ۋە كۆكتات تېرىلدى، ئارقا ھويلىسىغا لاپاسلىق قوتان سېلىندى.

1990- يىلى، يېزىلارنىڭ ئۆي كۆلىمى 1 مىليون 371 مىڭ 400 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاممىۋى قۇرۇلۇشلار 70 مىڭ 300 كۋادرات مېتىر، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشلىرى 32 مىڭ 200 كۋادرات مېتىر؛ يېزا، كەنت يوللىرى 784 كىلومېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، يول يۈزى نىسبەتەن ئۆلچەملىك ياسالغان، شېغىل يول 55 كىلومېتىر؛ توك يەتكۈزۈلگەن بازار ئالتىگە، كەنت - مەھەللە 118 گە، تۇرۇبا سۈيى يەتكۈزۈلگەن كەنت- مەھەللە سەككىزگە يەتتى.

1985 – 1990 - يىلىغىچە باركۆل ناھىيىسىنىڭ كەنت، بازار قۇرۇلۇشى ئەھۋالى

جەدۋەل: 17 – 4

| يىللار / تۈرلەر | 1985 | 1986 | 1987 | 1988 | 1989 | 1990 |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ناھىيە بويىچە رايون، يېزا، مەيدانلار | 11 | 11 | 11 | 11 | 11 | 11 |
| كەنت كومىتېتلىرى | 38 | 39 | 47 | 40 | 40 | 40 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| يىل ئاخىرىدىكى ئۆي كۆلىمى (تۈمەن كۋادرات مېتىر) | جەمئىي | | 109.67 | 117.80 | 120.10 | 121.92 | 124.46 | 137.14 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە | ئاممۋى قۇرۇلۇشلار | 6.69 | 48.3 | 52.6 | 57.6 | 62.4 | 70.3 |
| | | ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشلىرى | 36.7 | 32.2 | 32.2 | 32.2 | 32.2 | 32.2 |
| يېزا، كەنت يوللىرى (كىلومېتىر) | جەمئىي | | 705 | 750 | 784 | 784 | 784 | 784 |
| | كېڭەيتىلگەن يوللار | | 35 | 55 | 55 | 55 | 55 | 55 |
| توك يەتكۈزۈلگەن بازارلار | | | 10 | 6 | 6 | 6 | 6 | 6 |
| توك يەتكۈزۈلگەن كەنتلەر | | | 90 | 111 | 118 | 118 | 118 | 118 |
| ئوروبا سۇيى يەتكۈزۈلگەن كەنتلەر | | | | 7 | 7 | 8 | 8 | 8 |

سارچوقا رايونى ۋە داخې، كۆيسۇ، شىرىنزا، خۋايۇەن، ئۈچكۆل يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايلاردا بازار شەكىللەندى ھەمدە بەلگىلىك قۇرۇلۇش كۆلىمى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۇل مۇئەسسەسەلىرى بار بولدى.

### 3. ئاراتۇرۇك ناھىيىسى

1990- يىلى، كەنت، بازارلار ئىشلەتكەن يەر كۆلىمى 7800 موغا، ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 218 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاممۋى قۇرۇلۇشلار 44 مىڭ 300 كۋادرات مېتىر، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشلىرى 25 مىڭ 400 كۋادرات مېتىر؛ يېزا، كەنت يولى 228 كىلومېتىرغا، كېڭەيتىلگەن يول 10 كىلومېتىرغا يەتتى؛ ئالتە يېزا، 38 كەنتكە توك يەتكۈزۈلدى.

1985 — 1990 - يىلىغىچە ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ كەنت، بازار قۇرۇلۇشى ئەھۋالى

جەدۋەل: 17 – 5

| يىللار / تۈرلەر | 1985 | 1986 | 1987 | 1988 | 1989 | 1990 |
|---|---|---|---|---|---|---|
| يېزا- بازار | 6 | 6 | 6 | 6 | 6 | 6 |
| كەنت | 38 | 38 | 38 | 38 | 38 | 38 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| يېزا- بازار ئائىلىسى (تۈمەن ئائىلە) | | | 2.6 | 2.8 | 2.8 | 2.8 | 2.9 | 2.9 |
| نوپۇس (تۈمەن كىشى) | | | 10.3 | 12.7 | 12.8 | 12.8 | 13.1 | 13.2 |
| ئىشلىتىلگەن يەر كۆلىمى (تۈمەن مو) | | | 8.8 | 6.6 | 6.7 | 6.8 | 6.8 | 7.8 |
| ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى (تۈمەن كۋادرات مېتىر) | جەمئىي | | 230 | 196 | 198 | 198 | 202.2 | 218 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە | ئاممىۋى قۇرۇلۇشلار | 25 | 42.7 | 42.7 | 42.7 | 43.8 | 44.3 |
| | | ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشلىرى | 6 | 21 | 21 | 21 | 24.4 | 25.4 |
| يېزا، كەنت يولى (كىلومېتىر) | جەمئىي | | | 228 | 228 | 228 | 228 | 228 |
| | بېزەلگەن يول | | | 10 | 10 | 10 | 10 | 10 |
| توك يەتكۈزۈلگەن بازار | | | 6 | 6 | 6 | 6 | 6 | 6 |
| توك يەتكۈزۈلگەن كەنت | | | 22 | 38 | 38 | 38 | 38 | 38 |

تۇركۆل، توخۇلۇ، نوم، باي ۋە ئاراتۈرۈك بازىرى قاتارلىق يېزا- بازارلىق ھۆكۈمەتلەر تۇرۇشلۇق جايلاردا بازار شەكىللەندى ھەمدە بەلگىلىك قۇرۇلۇش كۆلىمى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۇل مۇئەسسەسەلىرى بار بولدى.

## §2. «بەشتە ياخشى» يېڭى يېزا قۇرۇلۇشى

1963- يىلى، ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى «يېڭىتىن يۆتكىلىشتە بولۇش، كۆكلىشى ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇش، ئومۇمىيۈزلۈك پىلانلاش، تەدرىجىي ئەمەلگە ئاشۇرۇش» يېزا پىلانى قۇرۇلۇش فاڭجېنىنى «ياخشى سالا ئېتىز، ياخشى ئېرىق - ئۆستەڭ، ياخشى يول، ياخشى ئورمان بەلۋېغى، ياخشى ئاھالىلەر ئولتۇراق قۇرۇش» تىن ئىبارەت «بەشتە ياخشى» قۇرۇلۇش ئۆلچىمىنى، شۇنداقلا تۇپراقنى ياخشىلاپ، سۇنى تىزگىنلەش مەركەز قىلىنغان تاغ، سۇ، ئورمان، ئېتىز، يولنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1964- يىلى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋىلايەت بويىچە يېزىلاردا «بەشتە ياخشى» قۇرۇلۇشىنى قانات يايدۇردى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يېزىلارنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشى يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويدى.

1963- يىلى، بۇ قۇرۇلۇش قۇمۇل ناھىيىسى پالۋانتۇر كۆكشىدا سىناق قىلىنىپ، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە مەھسۇلاتلار، بېلىقچىلىقنى ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تاغ، سۇ، ئېتىز، ئورمان، يولنى

ئۆلشۈپ سال تۈزەش تەلەپ قىلىنىپ، «بەشتە ياخشى» قۇرۇلۇشىنىڭ ئۆلچىمى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

1963 – 1966 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە، ۋالىي مەھكىمىسىگە قاراشلىق 22 كوڭشېنىڭ 14 ى پىلانلىنىپ، كۆلىمى 826 مىڭ موغا يەتتى. قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلغان سالا ئېتىز 1578 گە، كۆلىمى 304 مىڭ 331 موغا يېتىپ، ئەينى چاغدىكى تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 7.3% ىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە، يۇرۇشلەشكەن سالا ئېتىز 226 گە، كۆلىمى 44 مىڭ 448 موغا يېتىپ، ئەينى چاغدىكى تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 7.3% ىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى؛ 220 غول، تارماق ئېرىق (ئۇزۇنلۇقى 271.6 كىلومېتىر)، ئوق ئېرىقتىن 1890 ى (ئۇزۇنلۇقى 657.9 كىلومېتىر)، سېمونت بېسىلغان ئېرىقتىن 61.9 كىلومېتىر، تاش ئېرىقتىن 56.4 كىلومېتىر، سۇ قويۇپ بېرىش ئېرىقىدىن 61 ى (ئۇزۇنلۇقى 59.5 كىلومېتىر)، ھەر دەرىجىلىك يوللاردىن 280 ى (ئۇزۇنلۇقى 494 كىلومېتىر) ياسالدى؛ 4 مىليون 315 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى (ئۇزۇنلۇقى 471.7 كىلومېتىر، كۆلىمى 3534 مو)؛ 2509 مو يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى؛ 53 ئائىلىلەر نۇقتىسى بەرپا قىلىندى، 940 ئورۇندا ئۆي سېلىندى؛ 161 كۆۋرۈك، 1743 توما، 1089 شارقىراتما ياسالدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، يېزىلاردا ئېلىپ بېرىلغان «بەشتە ياخشى» قۇرۇلۇشى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى.

ج ك پ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يېزىلارنىڭ «بەشتە ياخشى» قۇرۇلۇشىدا يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى، دېھقانلار خالىس ئەمگەك قىلدى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر ئەمگەك كۈچى بىر يىلدا 30 كۈن خالىس ئەمگەك قىلدى، ئائىلىلەرنىڭ سەل ئازراق بولدى. ھەممە ئىش پىلان بويىچە ئېلىپ بېرىلدى، چوڭ سۇغىرىش رايونلىرى يۈرۈشلەشتۈرۈلدى (ئاپتونوم رايوننىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ھەر 10 مىڭ مو يەرنىڭ يۈرۈشلەشتۈرۈش ھەققى 50 مىڭ يۈەن بولدى). 1985- يىلى، ۋىلايەت بويىچە ئورمان بەرپا قىلىنغان كۆلەم 47 مىڭ 900 موغا، تىكىلگەن كۆچەت 9 مىليون 310 مىڭ تۈپكە يەتتى؛ سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈلگەن تۆت دەرىجىلىك ئېرىق - ئۆستەڭ (غول، تارماق، ئوق، سۇغىرىش ئېرىقلىرى) 6193 كىلومېتىرغا، يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن سۇغىرىش رايونى 570 مىڭ موغا يەتتى؛ يېڭىدىن سېلىنغان ئولتۇراق ئۆي 35 مىڭ 275 ئائىلىلىككە، كۆلىمى 1 مىليون 490 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، يېڭىدىن ياسالغان يول 1630 كىلومېتىرغا، رېمونت قىلىنغان يول 300 كىلومېتىرغا، تۈزلەنگەن يەر 500 مىڭ موغا، سالا ئېتىز 2966 گە، كۆۋرۈك 1327 گە، سۇڭگۈچ 354 كە، توما 2902 گە، شارقىراتما 1095 كە يەتتى.

1985- يىلى، قۇمۇل ۋىلايىتى «بىرىنچى يىلى تەييارلىق كۆرۈش، ئىككىنچى يىلى ئومۇملاشتۇرۇش، ئۈچىنچى يىلى دەسلەپكى ئۈنۈمنى كۆرۈش، بەشىنچى يىلى سالا ئېتىزنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش، يوللارنى شېغىللاشتۇرۇش، ئېرىقلارنى سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈش، ئائىلىلەر نۇقتىلىرىنى بۆلەك- باراقسانلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇش» نى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇنىڭ بىلەن «بەشتە ياخشى» قۇرۇلۇشى يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى.

1990- يىلىغا كەلگەندە، ۋىلايەت بويىچە «بەشتە ياخشى» ئۆلچىمىگە يەتكەن دېھقانچىلىق ئېتىزى 103 مىڭ موغا، ئاساسەن يەتكەنلىرى 70% كە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە سالا ئېتىز 2966 گە، جەمئىي 267 مىڭ موغا؛ ئورمان بەلۋېغى 1056 گە، كۆلىمى 17 مىڭ موغا؛ كۆچەت 17 مىليون 60 مىڭ تۈپكە؛ ھەر دەرىجىلىك يول 1410 غا، ئۇزۇنلۇقى 1234.1 كىلومېتىرغا؛ ھەر دەرىجىلىك ئېرىق 6039.7 كىلومېتىرغا (بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل شەھىرىنىڭ 1783.9 كىلومېتىرغا، باركۆل ناھىيىسىنىڭ 3867 كىلومېتىرغا، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ 338.72 كىلومېتىرغا، باشقىلار 50 كىلومېتىرغا)، سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈلگەن ئېرىق 1385.232 كىلومېتىرغا (بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل شەھىرىنىڭ 758.47 كىلومېتىرغا، باركۆل ناھىيىسىنىڭ 441.46 كىلومېتىرغا، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ 135.3 كىلومېتىرغا، باشقىلار 50 كىلومېتىرغا)؛ غول ئېرىقلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1054.4 كىلومېتىرغا (قۇمۇل شەھىرىنىڭ 316.31 كىلومېتىرغا، باركۆل ناھىيىسىنىڭ 570.65 كىلومېتىرغا، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ 117.5 كىلومېتىرغا، باشقىلار 50 كىلومېتىرغا)،

سۇ سىڭگەسلەشتۈرۈلگىنى 587.65 كىلومېتىرغا (قۇمۇل شەھىرىنىڭ 192.31 كىلومېتىرغا، باركۆل ناھىيىسىنىڭ 257.84 كىلومېتىرغا، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ 87.5 كىلومېتىرغا، باشقىلار 50 كىلومېتىرغا)؛ تارماق ئېرىقلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1112.7 كىلومېتىرغا (قۇمۇل شەھىرىنىڭ 370.07 كىلومېتىرغا، باركۆل ناھىيىسىنىڭ 702.25 كىلومېتىرغا، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ 40.4 كىلومېتىرغا)، بۇنىڭ ئىچىدە، سۇ سىڭگەسلەشتۈرۈلگىنى 472.24 كىلومېتىرغا (قۇمۇل شەھىرىنىڭ 274.47 كىلومېتىرغا، باركۆل ناھىيىسىنىڭ 180.57 كىلومېتىرغا، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ 17.4 كىلومېتىرغا)؛ ئوق ئېرىق 645.4 كىلومېتىرغا، بۇنىڭ ئىچىدە سۇ سىڭگەسلەشتۈرۈلگىنى 156.7 كىلومېتىرغا، سۇغىرىش ئېرىقى 3227.1 كىلومېتىرغا (قۇمۇل شەھىرىنىڭ 544.18 كىلومېتىرغا، باركۆل ناھىيىسىنىڭ 2594.1 كىلومېتىرغا، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ 88.82 كىلومېتىرغا)، بۇنىڭ ئىچىدە، سۇ سىڭگەسلەشتۈرۈلگىنى 168.84 كىلومېتىرغا، ھەر دەرىجىلىك ئېرىق - ئۆستەڭلەردىكى ئىنشائات 4395 كە (قۇمۇل شەھىرىنىڭ 2005 كە، باركۆل ناھىيىسىنىڭ 2140 قا، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ 250 كە)، ئېرىقلاردىن پايدىلىنىش كوئېففىتسېنتى ۋىلايەت بويىچە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 0.4 كە يەتتى. ماشىنىلاشقان قۇدۇقتىن 1525 ى، ئارتېزىيان قۇدۇقتىن قۇمۇل شەھىرىدە 19 ى، باركۆلدە 11 ى بار بولۇپ، تەبىئىي ئاپەتلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ئاشتى.

1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە يېزىلاردا 35 مىڭ ئائىلىلىك ئۆي يېڭىدىن سېلىندى، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1 مىليون 480 مىڭ كۋادرات مېتىر.

# VI باب

# بىناكارلىق

## §1. بىناكارلىق قوشۇنى

### 1. تەرەققىيات ئەھۋالى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن، قۇمۇلدا بىر قىسىم ياغاچچى، تامچىلار ئۆتكەن بولۇپ، مەھكىمىنىڭ ياكى خوشۇسلارنىڭ قۇرۇلۇشلىرىنى ئەل ئارىسىدىكى مۇشۇ ھۈنەرۋەن كىشىلەر پۇلغا ئىشلەيتتى، بۇ كىشىلەر ئىش بولسا بىر يەرگە يىغىلاتتى، ئىش تامام بولغان ھامان تەرەپ- تەرەپلەرگە تاراپ كېتەتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1951- يىلى ئەتىيازدا، قۇمۇلدىكى يەككە تامچى، ياغاچچىلار تەشكىللىنىپ، بىناكارلىق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى قۇرۇپ، كوللېكتىپ نامىدا قۇرۇلۇشلارنى ھۆددىگە ئېلىشقا باشلىدى. 1956- يىلى، قۇمۇل ناھىيىلىك بىناكارلىق شىركىتى ئەسلىدىكى قۇمۇل بىناكارلىق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئاساسىدا قۇرۇلدى. 1957- يىلى، نامى قۇمۇل كەسپىي بىناكارلىق شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى. 1958- يىلى، باركۆل ناھىيىلىك ياغاچ ماتېرىيال زاۋۇتى ئەسلىدىكى ياغاچ ماتېرىيال بىرلەشمە تىجارەت كوپېراتىپى ئاساسىدا قۇرۇلۇپ، تامچى ئىشچىلارنى قوبۇل قىلىپ، قۇرۇلۇشلارنى ھۆددىگە ئالدى. 1959- يىلى، قۇمۇل ناھىيىلىك بىناكارلىق شىركىتى قۇرۇشنىڭ تەييارلىقى باشلاندى. 1960- يىل 7- ئايدا، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش چوڭ ئەترىتى قۇرۇلدى. 1960- يىلىنىڭ ئاخىرىدا،

قۇمۇل ۋىلايىتىدە دۆلەت ئىلكىدىكى بىناكارلىق كارخانىسى تۆتكە، ئىشچى- خىزمەتچىسى 2300 نەچچىگە، شۇ يىلى پۈتكۈزگەن قۇرۇلۇش كۆلىمى تەخمىنەن 40 مىڭ كۋادرات مېترغا يەتتى.

1961- يىلى، خەلق ئىگىلىكىدە «تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنى يولغا قويۇلۇپ، ئاساسىي قۇرۇلۇش كۆلىمى كىچىكلىتىلگەچكە، بىناكارلىق كارخانىلىرىدا ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ سانى ئازىيىپ كەتتى. 1962- يىلى، قۇمۇل ۋالىي مەھكىمىسى قۇرۇلۇش- بىناكارلىق شىركىتىنىڭ ئىشچى- خىزمەتچىلىرى كېمىيىپ 367 گە چۈشۈپ قالدى؛ قۇمۇل ناھىيىلىك قۇرۇلۇش- بىناكارلىق شىركىتىنىڭ خادىملىرى تارقاقلاشتۇرۇلۇپ، شوتابۇلاق دېھقانچىلىق مەيدانىدا بوزيەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا ئەۋەتىلدى؛ ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش چوڭ ئەترىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1963- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ۋىلايەتتىكى قۇرۇلۇش- بىناكارلىق كارخانىلىرىدىكى ئىشچى- خىزمەتچى 1960- يىلىدىكى 2300 نەچچە كىشىدىن كېمىيىپ 200 نەچچە كىشىگە چۈشۈپ قالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، دۆلەت ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ تەدرىجىي ئەسلىگە كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، بىر قىسىم كىچىك تىپتىكى قۇرۇلۇش - بىناكارلىق ئەترەتلىرى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، ئادەتتىكى بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىنى ۋە رېمونت ئىشلىرىنى ھۆددىگە ئېلىشقا باشلىدى، ئىشچى - خىزمەتچى يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى.

1980- يىل 5- ئايدا، باركۆل ناھىيىلىك ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى ياشلار قۇرۇلۇش ئەترىتى قۇرۇلدى، كېيىن باركۆل ناھىيىلىك 2- قۇرۇلۇش شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى. 1981 – 1990 - يىلغىچە، ۋىلايەتتە ھەر خىل مۈلۈكچىلىكتىكى قۇرۇلۇش- بىناكارلىق ئەترەتلىرى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتەك ۋەزىيەت دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىپ، كەسىپ تۈرلىرى بىر قەدەر تولۇقلىنىپ، ساناەت ۋە ئەل قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان بولدى. كەنتلەرنىڭ قۇرۇلۇش ئەترەتلىرى يېڭى قىياپەت بىلەن شەھەر، بازارلارغا كىرىپ قۇرۇلۇش ھۆددىگە ئېلىشقا باشلىدى. ۋىلايەتتە تۇرۇشلۇق شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى سىستېمىسى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى سىستېمىسى ۋە قۇمۇل كانچىلىق ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلارمۇ قۇرۇلۇش- بىناكارلىق كارخانىلىرىنى قۇردى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ۋىلايەتتىكى بىناكارلىق كارخانىسى 59 غا، كەسپكار 9000 نەچچىگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، دۆلەت ئىلكىدىكى بىناكارلىق كارخانىسى 25، ئىشچى – خىزمەتچىسى 3963؛ كوللېكتىپ بىناكارلىق كارخانىلىرى 34، ئىشچى – خىزمەتچىسى 5100؛ خۇسۇسىي بىناكارلىق كارخانىسى بىر، ئىشچى - خىزمەتچىسى يەتتە.

### 2. ئاساسلىق بىناكارلىق كارخانىلىرى

#### 1) ۋىلايەتلىك بىناكارلىق كارخانىسى

**قۇمۇل ۋىلايەتلىك بىنكارلىق شىركىتى** 1956- يىل 6- ئايدا، قۇمۇل بىناكارلىق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئاساسىدا قۇمۇل بىناكارلىق شىركىتى قۇرۇلدى. 200 ئىشچى - خىزمەتچىسى، 37 مىڭ يۈەن مۇقىم مۈلكى، 110 مىڭ يۈەن ئايلانما مۈلكى بار بولۇپ، قۇمۇل ناھىيىلىك سودا- ساناەت ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. 1958- يىل 7- ئايدا، قۇمۇل ۋالىي مەھكىمىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، قۇمۇل ۋالىي مەھكىمىسى بىنكارلىق شىركىتى دەپ ئاتالدى. 1963- يىل 7- ئايدا، نامى قۇمۇل ۋالىي مەھكىمىسى بىنكارلىق ماتېرىياللىرى زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1964- يىلى، قۇمۇل ۋالىي مەھكىمىسى بىناكارلىق شىركىتى دېگەن نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1970- يىل 12- ئايدا، نامى قۇمۇل ۋىلايەتلىك بىنكارلىق شىركىتىگە ئۆزگەرتىلىپ، سالاھىيىتى 3- دەرىجىلىك بىنكارلىق كارخانىسى قىلىپ بېكىتىلدى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرى، ئىشچى- خىزمەتچىسى 589 غا يەتتى، ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى ئالغانلار 72 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، ئالىي ئىنژېنېر ئۈچ، ئىنژېنېر تۆت، ياردەمچى ئىنژېنېر ۋە تېخنىك 35 ؛ مۇقىم مۈلكى 6 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە، ئايلانما مەبلىغى 3 مىليون 857 مىڭ يۈەنگە، ماشىنا، ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 2339 كىلوۋاتقا

بەتتى. شىركەت قارىمىقىدا تۆت قۇرۇلۇش ئەترىتى، ئالتە ئىشلەپچىقىرىش ئورنى (ئالدىن تەييارلاش زاۋۇتى، ئۇنىۋېرسال پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى، خىش زاۋۇتى، شېغىل زاۋۇتى، ئاپتوموبىل - سايمان ئەترىتى قاتارلىقلار) بار. 1990- يىلى قۇرۇلۇش قىلىش كۆلىمى 36 مىڭ 857 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن كۆلىمى 17 مىڭ 511 كۋادرات مېتىرغا، مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون 221 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى.

2) شەھەر، ناھىيىلەرگە قاراشلىق بىناكارلىق كارخانىلىرى

**(1) قۇمۇل ناھىيىلىك بىناكارلىق شىركىتى** 1977- يىل 7- ئايدا، ناھىيىلىك سۇچىلىق قۇرۇلۇش ئەترىتى ئاساسىدا ناھىيىلىك بىناكارلىق- قۇرۇلۇش ئەترىتى قۇرۇلدى. 1981- يىل 12- ئايدا، قۇمۇل ناھىيىلىك بىناكارلىق شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى. 1984- يىل 5- ئايدا، قۇمۇل شەھەرلىك 1- بىنكارلىق شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى. 1986- يىل 11- ئايدا، قۇمۇل شەھەرلىك 2- بىنكارلىق شىركىتى ۋە تۇرالغۇ ئۆي بىنكارلىق شىركىتى بىلەن قوشۇۋېتىلىپ، نامى قۇمۇل شەھەرلىك بىنكارلىق - قۇراشتۇرۇش شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى.

**(2) قۇمۇل شەھەرلىك بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش شىركىتى** 1986- يىل 11- ئايدا، قۇمۇل شەھەرلىك 1-، 2- بىنكارلىق شىركىتى بىلەن تۇرالغۇ ئۆي بىنكارلىق شىركىتى قوشۇۋېتىلىپ قۇرۇلغان بولۇپ، سالاھىيەت دەرىجىسى 4- دەرىجە قىلىپ بېكىتىلدى. 1989- يىلى، دەرىجىسى ئۆستۈرۈلۈپ 3- دەرىجىگە كۆتۈرۈلدى. شىركەت قارىمىقىدا ئۈچ قۇرۇلۇش ئورنى ۋە ئۇنىۋېرسال پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى، ئاپتوموبىل كالونى، شېغىل مەيدانى قاتارلىق بەش ئىشلەپچىقىرىش ئورنى بار. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، مۇقىم ئىشچى- خىزمەتچىسى 608 گە، ھەر خىل كەسىپي تېخنىكا ئۇنۋانى بارلار 52 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئىنژېنېر ئالتە، ياردەمچى ئىنژېنېر ۋە تېخنىك 19، مۇقىم مۈلكى 2 مىليون 212 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1986 – 1990 - يىلىغىچە، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 23 مىڭ 538 كۋادرات مېتىرلىق قۇرۇلۇشنى تاماملىدى. 1990- يىللىق قۇرۇلۇش كۆلىمى 47 مىڭ 259 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن كۆلەم 27 مىڭ 985 كۋادرات مېتىرغا، مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

**(3) باركۆل ناھىيىلىك بىناكارلىق شىركىتى** 1956- يىلى، ناھىيە بازىرىدىكى يەككە تامچى، ياغاچچىلار ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى ئاساسىدا باركۆل ناھىيىلىك ياغاچ سايمان بىرلەشمە كوپېراتىپى قۇرۇلدى. 1958- يىلى، ياغاچ سايمان بىرلەشمە كوپېراتىپى تەرەققىي قىلىپ، دۆلەت ئىلكىدىكى ياغاچ سايمان زاۋۇتى بولۇپ قۇرۇلدى ھەمدە تامچىلارنى قوبۇل قىلىپ قۇرۇلۇشلارنى ھۆددىگە ئالدى. 1972- يىلى، باركۆل ناھىيىلىك بىناكارلىق شىركىتى دەپ ئاتالدى. 1978- يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق بىنكارلىق ئىدارىسى تەكشۈرۈش ئارقىلىق 4- دەرىجىلىك بىنكارلىق كارخانىسى قىلىپ بېكىتتى. 1981 – 1990 - يىلىغىچە، يىللىق قۇرۇلۇش كۆلىمى 9680.7 كۋادرات مېتىرغا، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 881 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىشچى- خىزمەتچىسى 145 گە، ھەر خىل كەسىپي تېخنىكا ئۇنۋانى بارلار 24 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىنژېنېر ئىككى، ياردەمچى ئىنژېنېر ۋە تېخنىك 22؛ مۇقىم مۈلكى 1 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە، ماشىنا، ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 913 كىلوۋاتقا يەتتى؛ شىركەت قارىمىقىدا قۇرۇلۇش ئەترىتى ۋە خىش زاۋۇتى، پېرلىيىت تاش زاۋۇتى، سېمونت قۇيۇلما زاۋۇتى قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى تەسىس قىلىندى، يىللىق قۇرۇلۇش كۆلىمى 36 مىليون 850 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن كۆلەم 4560 كۋادرات مېتىرغا، مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

**(4) ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك بىناكارلىق شىركىتى** 1984- يىل 10- ئايدا قۇرۇلدى، 142 ئىشچى- خىزمەتچىسى بار.

3) بىڭتۈەن، تۆمۈريول، كان رايونىنىڭ بىنكارلىق كارخانىلىرى

(1) بىڭتۈەن قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى بىنكارلىق شىركىتى 1990- يىلى، شىركەت قارمىقىدا تۆت بىرلەشمە قۇرۇلۇش ئەترىتى، بىر بىۋاسىتە قاراشلىق ئەترەت ۋە قۇيۇلما زاۋۇتى، ياغاچ سايمان زاۋۇتى،بىنكارلىق ماتېرىياللىرى تىجارەت ئورنى قاتارلىقلار بار بولۇپ، 679 ئىشچى- خىزمەتچىسى بار، ئىقتىسادىي تېخنىكا ئۇنۋانى ئالغانلار 45 ، بۇنىڭ ئىچىدە، ئىنژېنېر تۆت، ياردەمچى ئىنژېنېر 11، تېخنىك 21. 1981 – 1990 - يىللىرىغىچە يىلىغا 29 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى قۇرۇلۇشنى تاماملىدى.

(2) بىڭتۈەن قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى قىزىلىيۇلتۇز 1- مەيدانى بىنكارلىق شىركىتى سالاھىيەت دەرىجىسى 4- دەرىجە بولۇپ، 1984 – 1990 - يىللىرىغىچە، يىلىغا ئورۇندىغان قۇرۇلۇش كۆلىمى 6410.7 كۋادرات مېتىر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، 1990- يىلى ئورۇندىغىنى 6271 كۋادرات مېتىر.

(3) بىڭتۈەن قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى راكېتا دېھقانچىلىق مەيدانى بىنكارلىق شىركىتى سالاھىيەت دەرىجىسى 4- دەرىجە. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 350 ئىشچى- خىزمەتچىسى بولۇپ، ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى بارلار 49 ، بۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇلۇش تېخنىكا خادىمى 23؛ روېختكە ئېلىنغان مەبلىغى 1 مىليون 888 مىڭ يۈەن، ئايلانما مەبلىغى 510 مىڭ يۈەن. 1990- يىللىق قۇرۇلۇش كۆلىمى 12 مىڭ 954 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن كۆلەم 8573 كۋادرات مېتىرغا، مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 433 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

(4) ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسى شىنجاڭ تۆمۈريول 3- بىنكارلىق شىركىتى 4 - دەرىجىلىك بىنكارلىق كارخانىسى بولۇپ، 1983 – 1990 - يىللىرىغىچە يىللىق قۇرۇلۇش كۆلىمى 32 مىڭ 683 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 1418 ئىشچى- خىزمەتچىسى بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە، توختاملىق ئىشچى 370، ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 68 (بىر ئالىي ئىنژېنېر، ئۈچ ئىنژېنېر، 34 ياردەمچى ئىنژېنېر ۋە تېخنىك بار )، ماشىنا، ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 4753 كىلوۋاتقا يەتتى؛ شىركەت قارمىقىدا 12 قۇرۇلۇش ئەترىتى، ئىككى سېمونت قۇيۇلما زاۋۇتى بار. 1990- يىلى قۇرۇلۇش كۆلىمى 41 مىڭ 716 كۋادرات مېتىرغا، مەھسۇلات قىممىتى 20 مىليون 246 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

(5) قۇمۇل كانچىلىق ئىدارىسى بىنكارلىق - قۇراشتۇرۇش باشقارمىسى ئاپتونوم رايوننىڭ 2- دەرىجىلىك كان قۇرۇلۇشى كارخانىسى بولۇپ، 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىشچى- خىزمەتچىسى 515 كە يەتتى، ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى بارلار 62 ، بۇنىڭ ئىچىدە، ئالىي ئىنژېنېر ئۈچ، ئىنژېنېر تۆت، ياردەمچى ئىنژېنېر توققۇز. مۇقىم مۈلكى 3 مىليون 458 مىڭ يۈەنگە، ئايلانما مەبلەغ 3 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە، ماشىنا، ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 1674 كىلوۋاتقا يەتتى؛ قۇرۇلۇش باشقارمىسى قارمىقىدا سەككىز قۇرۇلۇش ئەترىتى، بىر قۇراشتۇرۇش ئەترىتى، بىر ماشىنىلاشقان قۇرۇلۇش ئەترىتى ۋە بىر بىنكارلىق ماتېرىياللىرى زاۋۇتى بولۇپ، يىللىق خىزمەت مىقدارى 6 مىليون 188 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

(6) قۇمۇل كانچىلىق ئىدارىسى 2- بىنكارلىق شىركىتى سالاھىيەت دەرىجىسى ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلىدىغان 3- دەرىجىلىك بىنكارلىق كارخانىسى بولۇپ، 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 828 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە، توختاملىق ئىشچى 724؛ 102 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي ئىنژېنېر بىر، ئىنژېنېر بىر، ياردەمچى ئىنژېنېر ۋە تېخنىك 18؛ شىركەت قارمىقىدا ئالتە قۇرۇلۇش ئەترىتى ۋە سېمونت قۇيۇلما زاۋۇتى، ماشىنا رېمونت قىلىش زاۋۇتى، پولات دېرىزە زاۋۇتى قاتارلىق يەتتە ئىشلەپچىقىرىش ئورنى بار. 1979 – 1990 -

يىلىغىچە بولغان يىللىق قۇرۇلۇش كۆلىمى 21 مىڭ 198.8 كۋادرات مېتىرغا، يىللىق خىزمەت مىقدارى 6 مىليون 173 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، 1990- يىلى قۇرۇلۇش كۆلىمى 16 مىڭ 273 كۋادرات مېتىرغا، خىزمەت مىقدارى 12 مىليون 397 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

(7) قۇمۇل كانچىلىق ئىدارىسى 3- بىناكارلىق شىركىتى سالاھىيەت دەرىجىسى 4- دەرىجىلىك كوللېكتىپ بىناكارلىق كارخانىسى بولۇپ، 1989 – 1990 - يىلىغىچە بولغان قۇرۇلۇش كۆلىمى 30 مىڭ 498 كۋادرات مېتىرغا، خىزمەت مىقدارى 16 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، 1990- يىلى قۇرۇلۇش كۆلىمى 14 مىڭ 634 كۋادرات مېتىرغا، خىزمەت مىقدارى 6 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، 548 ئىشچى- خىزمەتچىسى بار بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە توختاملىق ئىشچى 503، ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى بارلار 43، بۇنىڭ ئىچىدە، ئالىي ئىنژېنېر ئۈچ، ئىنژېنېر بىر، ياردەمچى ئىنژېنېر ۋە تېخنىك 21؛ مۇقىم مۈلكى 1 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە، ئايلانما مەبلىغى 1 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە، ماشىنا، ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 2037 كىلوۋاتقا يەتتى؛ شىركەت قارمىقىدا ئالتە قۇرۇلۇش ئەترىتى، بىر بىناكارلىق ماتېرىياللىرى زاۋۇتى، بىر ئىجارىگە بېرىش پونكىتى ۋە بىر بېزەكچىلىك قۇرۇلۇشى بۆلۈمى بار.

### قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ 1990 – يىلىدىكى ئەھۋالى

جەدۋەل: 17 – 6

| كارخانا دەرىجىسى | | جەمئىي | مۈلۈكچىلىك شەكلى ۋە تەۋەلىك مۇناسىۋىتى بويىچە ئايرىغاندا: دۆلەت ئىلكىدىكى — جەمئىي | دۆلەت ئىلكىدىكى — قۇرۇلۇش مەنسۇرلىكى سىستېمىسى | دۆلەت ئىلكىدىكى — كەسپىي مەنسۇرلۇق، نازارەت ئىدارە | دۆلەت ئىلكىدىكى — يېڭىۋان سىستېمىسى | كوللېكتىپ ئىلكىدىكى — جەمئىي | كوللېكتىپ ئىلكىدىكى — قۇرۇلۇش مەنسۇرلىكى سىستېمىسى | كوللېكتىپ ئىلكىدىكى — كەسپىي مەنسۇرلۇق، نازارەت ئىدارە | كوللېكتىپ ئىلكىدىكى — يېڭىۋان سىستېمىسى | تىجارەت دائىرىسى بويىچە ئايرىغاندا: بىناكارلىق قۇرۇلۇشى | تۈشكۈنە قۇراشتۇرۇش | تاشيول قۇرۇلۇشى | تۆمۈرلۇق، ئېلېكتر ئېنېرگىيە | ماشىنا قۇرۇلۇشى | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | كارخانا سانى | 58 | 24 | 11 | 7 | 6 | 34 | 18 | 16 | | 44 | 2 | 1 | 2 | | 9 |
| | ئادەم سانى | 9062 | 3963 | 1657 | 1080 | 1226 | 5099 | 1606 | 3493 | | 7937 | 66 | 10 | 71 | | 978 |
| 2- دەرىجىلىك كارخانا | كارخانا سانى | 1 | 1 | | 1 | | | | | | | | | | | 1 |
| | ئادەم سانى | 589 | 589 | | 589 | | | | | | | | | | | 589 |

| | | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 3- دەرىجىلىك كارخانا | كارخانا سانى | 4 | 2 | 2 | - | - | 2 | 1 | 1 | | 4 | - | | | | |
| | ئادەم سانى | 2612 | 1208 | 1208 | | | 1404 | 596 | 808 | | 2612 | - | | | | |
| 4- دەرىجىلىك كارخانا | كارخانا سانى | 11 | 7 | 1 | 3 | 3 | 4 | 1 | 3 | | 9 | | | | | 2 |
| | ئادەم سانى | 3406 | 1471 | 145 | 327 | 999 | 1935 | 31 | 1904 | | 3247 | | | | | 159 |
| دەرىجىسىز كارخانا | كارخانا سانى | 42 | 14 | 8 | 3 | 3 | 28 | 16 | 12 | | 31 | 2 | 1 | 2 | | 6 |
| | ئادەم سانى | 2455 | 695 | 304 | 164 | 227 | 1760 | 979 | 781 | | 2078 | 66 | 10 | 71 | | 230 |

## قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە 1990 - يىلدىكى بىناكارلىق كارخانىلىرى

جەدۋەل:17 – 7

| كارخانا خاراكتېرى | كارخانا نامى | كارخانا تۇرۇشلۇق جاي | باشقۇرغۇچى ئورگان | سالاھىيەت دەرىجىسى | مۇقىم ئىشچى | تىجارەت دائىرىسى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | | ئاساسىي تىجارەت | قوشۇمچە تىجارەت |
| دۆلەت ئىگىلىكىدىكى | قۇمۇل كانچىلىق ئىدارىسى كۆمۈرچىلىك قۇرۇلۇش باشقارمىسى | قۇمۇل تارانچى | قۇمۇل كانچىلىق ئىدارىسى | 2- دەرىجە | 589 | كان قۇدۇقى قۇرۇلۇشى | كان قۇدۇقى يۈرۈشلەشكەن ئۈسكۈنىلىرىنى قۇراشتۇرۇش |
| | قۇمۇل ۋىلايەتلىك بىناكارلىق شىركىتى | قۇمۇل شەھىرى | ۋىلايەتلىك قۇرۇلۇش باشقارمىسى | ۋاقىتلىق 3- دەرىجە | 638 | بىناكارلىق | سېمونت قۇيۇلما |
| | قۇمۇل شەھەرلىك بىناكارلىق – قۇراشتۇرۇش شىركىتى | قۇمۇل شەھىرى | شەھەرلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسى | ۋاقىتلىق 3- دەرىجە | 570 | بىناكارلىق | |
| | بىڭتۇەن قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى قىزىلىيۇلتۇز 1- مەيدانى بىناكارلىق شىركىتى | قۇمۇل شەھىرى | قىزىليۇلتۇز 1- مەيدانى | 4- دەرىجە | 241 | بىناكارلىق | |
| | بىڭتۇەن قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى راكېتا دېھقانچىلىق مەيدانى بىناكارلىق شىركىتى | قۇمۇل شەھىرى | راكېتا دېھقانچىلىق مەيدانى | 4- دەرىجە | 320 | بىناكارلىق | |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | يىڭتۇمەن قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى بىناكارلىق شىركىتى | قۇمۇل شەھىرى | يىڭتۇمەن قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى | 4- دەرىجە | 465 | بىناكارلىق | |
| | باركۆل ناھىيىلىك بىنكارلىق شىركىتى | باركۆل | ناھىيىلىك شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسى | 4- دەرىجە | 145 | بىناكارلىق | |
| | قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى سۇ- توك ئۈچاستكىسى سۇ- توك قۇراشتۇرۇش – قۇرۇلۇش ئەترىتى | قۇمۇل شەھىرى | تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى | 4- دەرىجە | 113 | توك يەتكۈزۈش، بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى | تۆمۈريول بويلىرىنى سۇ بىلەن تەمىنلەش |
| | قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى يولۇچى- يۈك مۇلازىمەت تىجارەت شىركىتى بىنكارلىك شىركىتى | قۇمۇل شەھىرى | تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى تىجارەت شىركىتى | ۋاقىتلىق 4- دەرىجە | 168 | بىناكارلىق | |
| | قۇمۇل ۋىلايەتلىك توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتى قۇرۇلۇش ئەترىتى | قۇمۇل شەھىرى | قۇمۇل ئېلېكتىر- ئېنېرگىيە ئىدارىسى | 4- دەرىجە | 46 | توك يەتكۈزۈش، بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى | |
| | باركۆل ناھىيىلىك 3- بىناكارلىق باش شىركىتى | باركۆل | ناھىيىلىك يېزا- بازار كارخانىلىرى ئىدارىسى | ۋاقىتلىق 3- دەرىجە | 596 | بىناكارلىق | |
| كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى | قۇمۇل شەھەرلىك 2- بىنكارلىق باش شىركىتى | قۇمۇل شەھىرى | شەھەرلىك يېزا- بازار كارخانىلىرى ئىدارىسى | 4- دەرىجە | 31 | بىناكارلىق | |
| | قۇمۇل كانچىلىق ئىدارىسى 2- بىناكارلىق شىركىتى | قۇمۇل تارانچى | قۇمۇل كانچىلىق ئىدارىسى | تۈز ئالدىدا تىجارەت 3- دەرىجە | 826 | بىناكارلىق | سېمونت قۇيۇلما |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | قۇمۇل كانچىلىق ئىدارىسى 3- بىناكارلىق شىركىتى | قۇمۇل ئارانچى | قۇمۇل كانچىلىق ئىدارىسى | 4- دەرىجە | 546 | بىناكارلىق | |
| | ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى 3- بىناكارلىق، قۇرۇلۇش شىركىتى | قۇمۇل شەھىرى | قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى | 4- دەرىجە | 1132 | بىناكارلىق | |
| | تۆمۈريول مىنىستىرلىكى قۇمۇل كۆۋرۈك زاۋۇتى ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى | قۇمۇل شەھىرى | كۆۋرۈك زاۋۇتى | ۋاقىتلىق 4- دەرىجە | 546 | بىناكارلىق | |
| | قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتى قۇراشتۇرۇش ئەترىتى | قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتى ئىچىدە | قۇمۇل شەھىرى | | 55 | قۇراشتۇرۇش | |
| | قۇمۇل ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتى ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەترىتى | | ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتى | | 46 | بىناكارلىق | |
| | ئارانۇرۇك ھەربىي ئات فېرمىسى بىناكارلىق- قۇرۇلۇش ئەترىتى | | ئارانۇرۇك ھەربىي ئات فېرمىسى | | 30 | رېمونت قىلىش | |
| دۆلەت ئىگىدارلىقى | يىگىتۇن راكېتا دېھقانچىلىق مەيدانى سۇ- توك پونكىتى قۇرۇلۇش ئەترىتى | راكېتا دېھقانچىلىق مەيدانىدا | راكېتا دېھقانچىلىق مەيدانى | | 57 | توك يولى | |
| | ئاپتونوم رايونلۇق رەڭلىك مېتال ئىدارىسى 704- گېئولوگىيە چوڭ ئەترەت ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەترىتى | قۇمۇل شەھىرىدە | 704- گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتى | | 30 | بىناكارلىق | |
| | قۇمۇل شەھەرلىك شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشى، يول ئاسراش باشقارمىسى | قۇمۇل شەھىرىدە | شەھەرلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسى | | 67 | شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشى | |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | قۇمۇل شەھەرلىك تۇپ- زېمىن تەرەققىيات شىركىتى تۇرۇبا قۇراشتۇرۇش ئەترىتى | قۇمۇل شەھىرىدە | شەھەرلىك تۇپ- زېمىن ئىدارىسى | | 17 | سۇ، يار ئورنىتىش | |
| | قۇمۇل شەھەرلىك سۇچىلىق مەھسۇلاتلىرى زاۋۇتى سۇچىلىق قۇرۇلۇش ئەترىتى | قۇمۇل شەھىرىدە | شەھەرلىك سۇ- توك ئىدارىسى | | 50 | سۇچىلىق قۇرۇلۇشى | |
| | قۇمۇل شەھەرلىك يېزا ئېلېكتر شىركىتى قۇرۇلۇش ئەترىتى | قۇمۇل شەھىرىدە | شەھەرلىك سۇ- توك ئىدارىسى | | 45 | توك يەتكۈزۈش | |
| | بىڭتۈەن قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى قىزىلتاغ دېھقانچىلىق مەيدانى بىناكارلىق ئەترىتى | باركۆل ناھىيىسىدە | قىزىلتاغ دېھقانچىلىق مەيدانى | | 80 | بىناكارلىق | |
| | بىڭتۈەن قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى قىزىلبۇلتۇر 1- چارۋىچىلىق فېرمىسى بىنكارلىق ئەترىتى | باركۆل ناھىيىسىدە | 1- چارۋىچىلىق فېرمىسى | | 90 | بىناكارلىق | |
| | ئارانۇرۇك ناھىيىسى تۇركۆل چارۋىچىلىق فېرمىسى قۇرۇلۇش ئەترىتى | ئارانۇرۇك ناھىيىسىدە | تۇركۆل چارۋىچىلىق فېرمىسى | | 80 | بىناكارلىق | |
| | ئارانۇرۇك ناھىيىلىك تۇرۇبا سۇيى شىركىتى تۇرۇبا قۇراشتۇرۇش ئەترىتى | ئارانۇرۇك ناھىيىسىدە | ناھىيىلىك تۇرۇبا سۇيى شىركىتى | | 11 | قۇراشتۇرۇش | |
| | قۇمۇل كانچىلىق ئىدارىسى تېلېگراف باشقارمىسى تېلېگراف قۇراشتۇرۇش- رېمونت قىلىش ئەترىتى | ئارانچىدا | كانچىلىق ئىدارىسى تېلېگراف باشقارمىسى | | 37 | تېلېگراف قۇرۇلۇشى | |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| كوللېكتىپ ئىگىلىكى | قۇمۇل ۋىلايەتلىك بىنكارلىق شىركىتى زىيالىي ياشلار قۇرۇلۇش ئەترىتى | قۇمۇل شەھىرىدە | قۇمۇل ۋىلايەتلىك بىنكارلىق شىركىتى | | 137 | بىناكارلىق | |
| | قۇمۇل 1- ئېلېكتر ئىستانسىسى ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى بىنكارلىق ئەترىتى | قۇمۇل شەھىرىدە | 1- ئېلېكتر ئىستانسىسى | | 19 | ئۆيلەرنى رېمونت قىلىش | |
| | قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتى دېھقانچىلىق مەيدانى بىنكارلىق ئەترىتى | قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتى دېھقانچىلىق مەيدانىدا | قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتى | | 29 | ئۆيلەرنى رېمونت قىلىش | |
| | قۇمۇل ۋىلايەتلىك قاتناش باشقارمىسى ياشلار مۇلازىمەت ئەترىتى | قۇمۇل شەھىرىدە | ۋىلايەتلىك قاتناش باشقارمىسى | | 12 | ئۆيلەرنى رېمونت قىلىش | |
| | قۇمۇل تاشيول ئاسراش باش ئۆچاستكىسى ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى قۇرۇلۇش ئەترىتى | قۇمۇل شەھىرىدە | تاشيول ئاسراش باش ئۆچاستكىسى | | 10 | تاشيول رېمونت قىلىش | |
| | قۇمۇل توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتى ياشلار مۇلازىمەت كوپىراتىپى | قۇمۇل شەھىرىدە | توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتى | | 7 | ئېلېكتر سايمانلىرىنى قۇراشتۇرۇش | |
| | قۇمۇل شەھەرلىك شەرقىي ئۆستەڭ رايونى بىنكارلىق ئەترىتى | قۇمۇل شەھىرىدە | شەرقىي ئۆستەڭ رايونى | | 60 | ئۆيلەرنى رېمونت قىلىش | |
| | قۇمۇل شەھەرلىك غەربىي ئۆستەڭ رايونى بىنكارلىق ئەترىتى | قۇمۇل شەھىرىدە | غەربىي ئۆستەڭ رايونى | | 105 | بىناكارلىق | |
| | قۇمۇل شەھەرلىك يېڭىشەھەر رايونى بىنكارلىق ئەترىتى | قۇمۇل شەھىرىدە | يېڭىشەھەر رايونى | | 55 | ئۆيلەرنى رېمونت قىلىش | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| قۇمۇل شەھەرلىك ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى بىناكارلىق ئەترىتى | قۇمۇل شەھىرىدە | شەھەرلىك ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى | | 25 | ئۆيلەرنى رېمونت قىلىش | |
| باركۆل ناھىيىلىك 2- قۇرۇلۇش شىركىتى | باركۆل ناھىيە بازىرى | ناھىيىلىك ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى | | 64 | بىناكارلىق | |
| باركۆل ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى زىيالىي ياشلار بىنكارلىق ئەترىتى | باركۆل ناھىيە بازىرى | ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى | | 23 | ئۆيلەرنى رېمونت قىلىش | |
| باركۆل ناھىيىلىك كۆمۈر كان زىيالىي ياشلار بىنكارلىق ئەترىتى | باركۆل ناھىيىسى | ناھىيىلىك كۆمۈر كان | | 20 | ئۆيلەرنى رېمونت قىلىش | |
| ئارائورۇك ناھىيىلىك بىناكارلىق شىركىتى | ئارائورۇك ناھىيە بازىرى | ناھىيىلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسى | | 164 | بىناكارلىق | |
| تارانچى ئىش باشقارمىسى بىرلەشمە ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەترىتى | قۇمۇل تارانچى | ئىش باشقارمىسى | | 124 | بىناكارلىق | |
| قۇمۇل كانچىلىق ئىدارىسى ترانسپورت باشقارمىسى ئەمگەك مۇلازىمەت پونكىتى | قۇمۇل تارانچى | كانچىلىق ئىدارىسى ترانسپورت باشقارمىسى | | 10 | ئۆيلەرنى رېمونت قىلىش | |
| قۇمۇل كانچىلىق ئىدارىسى ماتېرىيال باشقارمىسى ئەمگەك مۇلازىمەت پونكىتى | قۇمۇل تارانچى | كانچىلىق ئىدارىسى ماتېرىيال باشقارمىسى | | 8 | ئۆيلەرنى رېمونت قىلىش | |
| قۇمۇل كانچىلىق ئىدارىسى ئىشچى- خىزمەتچىلەر تۇرالغۇ باشقارمىسى بىناكارلىق- رېمونت ئەترىتى | قۇمۇل تارانچى | كانچىلىق ئىدارىسى تۇرالغۇ باشقارمىسى | | 90 | ئۆيلەرنى رېمونت قىلىش | |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | قۇمۇل كانچىلىق ئىدارىسى تۇرمۇش باشقارمىسى رېمونت ئەترىتى | قۇمۇل تارانچى | كانچىلىق ئىدارىسى تۇرمۇش باشقارمىسى | | 32 | تۈپلەرنى رېمونت قىلىش | |
| | قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى سۇ. توك ئۆچاستىكىسى ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى سۇ. توك قۇراشتۇرۇش - قۇرۇلۇش ئەترىتى | قۇمۇل شەھىرى | تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى سۇ. توك ئۆچاستىكىسى | | 21 | سۇ. توك قۇرۇلۇشى | |
| | قۇمۇل شەھەرلىك شەھەر ئەتراپى يېزىسى بىناكارلىق ئەترىتى | شەھەر ئەتراپى يېزىسى | شەھەر ئەترابى يېزىسى | | 57 | بىناكارلىق | |
| | قۇمۇل شەھەرلىك شەھەر ئىچى يېزىسى بىناكارلىق ئەترىتى | شەھەر ئىچى يېزىسى | شەھەر ئىچى يېزىسى | | 25 | تۈپلەرنى رېمونت قىلىش | |
| | قۇمۇل شەھىرى بۇلۇڭتوغراق يېزىلىق بىناكارلىق ئەترىتى | بۇلۇڭتوغراق يېزىسى | بۇلۇڭتوغراق يېزىسى | | 35 | تۈپلەرنى رېمونت قىلىش | |
| | باركۆل ناھىيىسى داخې يېزىلىق غولىبرىق بىناكارلىق ئەترىتى | داخې يېزىسى | داخې يېزىسى | | 30 | تۈپلەرنى رېمونت قىلىش | |
| | باركۆل ناھىيىسى داخې يېزىسى بېگى مەمەتئاللە كەنت بىناكارلىق ئەترىتى | داخې يېزىسى | داخې يېزىسى | | 20 | تۈپلەرنى رېمونت قىلىش | |
| | ئاراتۈرۈك ناھىيىسى نېرىنكىر چارۋىچىلىق فېرمىسى ئەمگەك مۇلازىمەت رېمونت ئەترىتى | نېرىنكىر يېزىسى | نېرىنكىر يېزىسى | | 45 | تۈپلەرنى رېمونت قىلىش | |
| | ئاراتۈرۈك ناھىيىسى توخۇلۇ يېزىلىق بىناكارلىق ئەترىتى | توخۇلۇ يېزىسى | توخۇلۇ يېزىسى | | 26 | تۈپلەرنى رېمونت قىلىش | |
| [illegible] | قۇمۇل شەھەرلىك پالۋانتۇر يېزىسى جىگدە بۇلاق كەنتى رېمونت ئەترىتى | قۇمۇل شەھىرى | پالۋانتۇر يېزىسى | | 7 | | |

# §2. بىنكارلىق لايىھىلەش

**1. تەرەققىيات ئەھۋالى**

قۇمۇلنىڭ بىنكارلىق چارلاش - لايىھىلەش ئىشلىرى — قۇمۇلدا بىناكارلىق كەسپىنىڭ روناق تېپىشىغا ئەگىشىپ تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۇ يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىش، بىناكارلىق كارخانىلىرىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئۆز ئالدىغا بىر سىستېما بولۇپ شەكىللىنىشتىن ئىبارەت جەريانىنى باشتىن كەچۈردى.

1958- يىلى، قۇمۇل ۋالىي مەھكىمىسى بىنكارلىق شىركىتى تېخنىكا بۆلۈمىدە لايىھىلەش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى. 1979- يىل 7- ئايدا، ئۇنىڭ نامى قۇمۇل ۋىلايەتلىك بىنكارلىق لايىھىلەش ئىشخانىسىغا ئۆزگەرتىلىپ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك پىلان كومىتېتىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. 1984- يىلى، ۋىلايەتلىك شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى، مۇھىت ئاسراش باشقارمىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى. 1979- يىلى، باركۆل ناھىيىلىك بىنكارلىق لايىھىلەش ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، باركۆل ناھىيىلىك پىلان كومىتېتىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. 1984- يىلى، ناھىيىلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ تەۋەلىكىدە بولدى. 1987- يىلى، قۇمۇل شەھىرىدە بىناكارلىق لايىھىلەش ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، شەھەرلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسىغا تەۋە بولدى.

قۇمۇلدىكى بىنكارلىق لايىھىلەش تارماقلىرى ئاساسلىقى سانائەت ۋە ئاھالە قۇرۇلۇشلىرىنى لايىھىلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، ئاساسەن ئۇنىۋېرسال تەشكىلىي شەكىل قوللىنىلدى. لايىھىلەش ئىشخانىلىرىنىڭ كۆلىمى بىردەك ئەمەس، ۋىلايەتلىك لايىھىلەش ئىشخانىسىنىڭ كۆلىمى چوڭراق، شەھەر، ناھىيىلەرنىڭ كۆلىمى كىچىكرەك.

**2. لايىھىلەش ئاپپاراتلىرى**

1) **قۇمۇل ۋىلايەتلىك بىنكارلىق لايىھىلەش ئىشخانىسى** لايىھىلەش ئىشخانىسى قۇمۇل ۋىلايەتلىك بىنكارلىق شىركىتى تېخنىكا بۆلۈمى لايىھىلەش گۇرۇپپىسى ئاساسىدا قۇرۇلغان بولۇپ، ئەينى چاغدا ئالتە ئادەم بار ئىدى. كېيىن تەۋەلىك مۇناسىۋىتى نەچچە رەت ئۆزگىرىپ، 1979- يىلغا كەلگەندە ھازىرقى نامى بىلەن ئاتالدى.

1990- يىلى، لايىھىلەش ئىشخانىسىنىڭ 36 ئادىمى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، ئىككى ئالىي ئىنژېنېر، ئىككى ئىنژېنېر، سەككىز ياردەمچى ئىنژېنېر، ئالتە تېخنىك بار. 1980 – 1990 - يىلغىچە، جەمئىي 290 قۇرۇلۇش تۈرىنى لايىھىلەپ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 313 مىڭ 316·45 كۋادرات مېترغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، قۇمۇل شەھەرلىك سودا- سانائەت بانكىسى بىناسى ۋە شەھەرلىك تۆرلۈك ماللار 1- سودا سارىيى تىجارەت بىناسى 1985- يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر لايىھىلەش رىغبەتلەندۈرۈش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ شەھەرلىك خەلق بانكىسى بىناسى كۆركەم سېلىنغان بولۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى، بۇ لايىھىنى تۇرپان شەھەرلىك خەلق بانكىسى، سانجى شەھەرلىك خەلق بانكىسى ئىشلەتتى؛ ۋىلايەتلىك رادىئو ئىستانسىسىنىڭ A، B، C ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش رايونلىرىنى پىلانلاش قۇرۇلۇشى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى رادىئو سىستېمىسى بويىچە ياخشى لايىھەلەنگەن قۇرۇلۇش بولۇپ باھالاندى.

2) **قۇمۇل شەھەرلىك بىناكارلىق لايىھىلەش ئىشخانىسى** 1987- يىلى قۇرۇلدى، ئۈچ ئادىمى بار. 1990- يىلى ئادىمى ئالتىگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، بىر ئىنژېنېر، ئىككى ياردەمچى ئىنژېنېر، ئىككى تېخنىك بار. 1979 – 1990 - يىلغىچە، ئاساسلىق لايىھىلىگەن تۈرلىرى: باركۆل ناھىيىلىك يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى بىناسى، جىمكۆل سودا سارىيى، باركۆل سودا سارىيى، چېگرا شەھەر سودا سارىيى، ناھىيىلىك تاشيول ئاسراش ئۇچاستكىسى ئۇنىۋېرسال

بىناسى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى خىزمەت بىناسى، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىناسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

## §3. قۇرۇلۇش قىلىش

### 1. قۇرۇلۇش قىلىش تېخنىكىسى

قۇمۇلنىڭ شەھەر، بازار قۇرۇلۇشى 50 – 60 - يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە ئاساسلىقى ياغاچ- تاش قۇرۇلمىلىق ۋە ياغاچ- خىش قۇرۇلمىلىق ئىدى. 70 - يىللارنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، بېتون - خىش قۇرۇلمىلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى. 80 - يىللاردا، پولات چۆنقىلىق بېتون قۇرۇلمىسى ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىپ، قۇرۇلۇش قىلىش تېخنىكىسى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى ۋە يېڭىلاندى.

50 – 60 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، قۇمۇلدا قۇرۇلۇشلار ئاساسلىقى ئادەم كۈچىگە تايىنىپ ئېلىپ بېرىلاتتى. 70- يىللاردىن بۇيان، يېرىم ماشىنىلاشقان ۋە ماشىنىلاشقان، سانائەت ۋە ئالاھىدە قۇرۇلۇش تېخنىكىسى ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلدى، ئۇل سېلىش ۋە ئۇل قۇرۇلۇشى جەھەتتە قۇيما تۈۋرۈك، ئايلانما تۈۋرۈك، تېرەن ئارىلاشتۇرۇش ئۇسۇلى، ئۇل چىڭداش ئۇسۇلى، يەر ئاستى ئۇتاشماتام ۋە «ئەكسىچە ئۇسۇل» قاتارلىق يېڭى تېخنىكىلار قوللىنىلدى ۋە ئومۇملاشتۇرۇلدى؛ پولات چۆنقىلىق قۇيما بېتون قۇرۇلۇشلىرىدا چوڭ قېلىپ، سىيرىلما قېلىپ، شوتىسىمان قېلىپ، سۇپا قېلىپ، بىرلەشمە پولات قېلىپ ئىشلىتىلگەن ۋە پولات چۆنقىنى گاز بېسىمى ئارقىلىق كەپشەرلەش، پولات چۆنقىنى باسما كەپشەرلەش، بېتوننى ناسوس ئارقىلىق يەتكۈزۈش، بېتوننى پۈركۈپ يەتكۈزۈش ئۇسۇلى ۋە بېتون مەھسۇلاتلىرى ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ترانسپورتتا ماشىنىلىشىش ۋە ئاپتوماتلىشىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى؛ دېتاللارنى ئالدىن تەييارلاش جەھەتتە، سىقىپ ھاسىل قىلىش، قىزىق پەننى ئارىلاشتۇرۇش، قىزىق قېلىپ قاتارلىق ئاسراش تېخنىكىلىرى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈلدى؛ ئېلاستىك بېتون مەھسۇلاتى ئىشلەش جەھەتتە، يېپىشماس تېخنىكىسى ۋە بىر پۈتۈن ئېلاستىك ئۇسۇل قوللىنىلغان بولۇپ، قۇمۇلنىڭ ئېلاستىك بېتون مەھسۇلاتى ئىشلەش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى دېتال ئىشلەپچىقىرىش باسقۇچىدىن ئېلاستىك قۇرۇلما ئىشلەپچىقىرىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى؛ بۇنىڭدىن باشقا، تام قۇرۇلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش، بېزەش ماتېرىياللىرى، تېخنىكا قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ نۇرغۇن يېڭى تېخنىكىلار ئىشلىتىپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، قۇرۇلۇشلارنىڭ سۈپىتى ئۆستۈرۈلدى.

### 2. قۇرۇلۇش قىلىش ماشىنا- ئۈسكۈنىلىرى

قۇرۇلۇش ماشىنىلىرىدىن ئاساسلىقى: توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى، توپا قېزىش ماشىنىسى، قاچىلاش- چۈشۈرۈش ماشىنىسى، ئاغدۇرۇش ماشىنىسى، زەنجىر تاپانلىق كران، ئاپتوموبىل كران، چاقلىق كران، مۇنار كران، چىغىرىق ماشىنا، پاقىسىمان خاڭداش ماشىنىسى، بېتون لاي ماشىنىسى ۋە تەۋرەتكۈچ، يول يۈزى ماشىنىلىرى قاتارلىقلار بار. قۇرۇلۇش ئۈسكۈنىلىرىدىن ئاساسلىقى: قېلىپ، بالداق، تاختىپەر، ماشىنا سايمانلىرى، سېمونت لاي هارۋىسى، شەيتان قاتارلىقلار بار.

50 -، 60 - يىللاردا، قۇرۇلۇش كارخانىلىرىنىڭ ماشىنا- ئۈسكۈنىلىرى قالاق بولۇپ، ئىشچىلارنىڭ ئەمگەك سىجىللىقى ئېغىر ئىدى. قۇرۇلۇش ماشىنىلىرى ۋە سايمانلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىشىغا، ماشىنىلىشىش دەرىجىسىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئەمگەك سىجىللىقى يېنىكلەپ، قۇرۇلۇش سۈرئىتى تېزلەپ، قۇرۇلۇش سۈپىتىمۇ كۆرۈنەرلىك

تۈستى.

3. سۈپەت تەكشۈرۈش ۋە نازارەتچىلىك

قۇرۇلۇش سۈپىتىنى تەكشۈرۈش ۋە باھالاش خېلى ئۇزۇن مەزگىللەرگىچە قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇننى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئىجتىمائىي نازارەتچىلىك كەمچىل بولۇپ كەلدى. 1987- يىلى، ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيىلەردە قۇرۇلۇش سۈپىتىنى تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىش پونكىتلىرى ئارقا- ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، دۆلەتنىڭ تېخنىكا ئۆلچىمى ۋە تەكشۈرۈپ باھالاش ئۆلچىمىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، قۇرۇلۇش سۈپىتىنى تەكشۈردى ۋە نازارەت قىلدى.

قۇمۇل ۋىلايەتلىك سۈپەت نازارەتچىلىكى پونكىتى 1987- يىل 2- ئايدا قۇرۇلدى. 1990- يىلى، 70 قۇرۇلۇشقا نازارەتچىلىك قىلدى، كۆلىمى 133 مىڭ 800 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن قۇرۇلۇش 42 بولۇپ، 79 مىڭ 100 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

قۇمۇل شەھەرلىك سۈپەت نازارەتچىلىكى پونكىتى 1987- يىلى قۇرۇلدى. 1987 – 1990 - يىلغىچە، يىلغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 40 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق قۇرۇلۇشقا نازارەتچىلىك قىلدى، پۈتكەن قۇرۇلۇش 20 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

## §4. بىنكارلىق باشقۇرۇش

50 – يىللاردىن 60 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، قۇمۇلدا بىنكارلىق كەسپىنى باشقۇرىدىغان ئاپپارات ۋە قائىدە- نىزام مۇكەممەل بولمىغاچقا، قائىدىگە خىلاپ يەر ئىگىلىۋالىدىغان ئەھۋاللار ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت ئىدى. 80- يىللاردىن باشلاپ، بىنكارلىقنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. 1985- يىلى، قۇمۇل ۋىلايىتىدە بىنكارلىق بازارلىرىنى تەرتىپكە سېلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، شەھەر، ناھىيىلەردىمۇ مۇناسىپ ئاپپاراتلار قۇرۇلۇپ، بىنكارلىق ئىشلىرىغا بولغان ماكرولۇق باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، سىرتنىڭ قۇمۇلدا قۇرۇلۇشلارنى ھۆددىگە ئالماقچى بولسا، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا مەسئۇل تارماقلارنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىدىن ئۆتۈشى كېرەكلىكى بەلگىلەندى. ئومۇمەن شەھەر قۇرۇلۇشلىرى قۇرۇلۇش قىلىنىشتىن بۇرۇن، شەھەر قۇرۇلۇشى تارماقلىرىغا ئىلتىماس قىلىنىپ، تەستىقلانغاندىن كېيىن قۇرۇلۇش قىلىشقا رۇخسەت قىلىندى.

ئىگىلىك باشقۇرۇش شەكلى جەھەتتە، قۇمۇلنىڭ دۆلەت ئىگىلىكى ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى قۇرۇلۇش كارخانىلىرىدا ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، ھۆددىگە ئالغۇچى ئورۇن ئىش ۋە ماتېرىيالنى تەڭ ھۆددىگە ئېلىپ، ئىش ۋاقتى ۋە سۈپىتىگە پۈتۈنلەي مەسئۇل بولىدى. ئىشچى ئىشلىتىش جەھەتتە، ئومۇمىيۈزلۈك مۇقىم ئىشچى ۋە توختاملىق ئىشچى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن تۈزۈم يولغا قويۇلدى. مائاش تۈزۈمى جەھەتتە، شەرتكە توشمايدىغان ئىش ئورنىدىن باشقىلىرىدا ئىش تۈرى، ئىش تەرتىپى بويىچە ئىشقا قاراپ مائاش بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تۈرلۈك باشقۇرۇش تۈزۈملىرى تەدرىجىي ئورنىتىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى.

1978- يىل، ج ك پ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئومۇمىيۈزلۈك سىناق قىلىش ۋە ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق، قۇرۇلۇش كارخانىلىرى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى. ئاساسلىق ئىسلاھاتلار: ① ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلى ئىسلاھ قىلىنىپ، قۇرۇلۇش ئەترىتى ئىشنى، ئىش ۋاقتىنى، سۈپىتىنى، سەرپىياتنى، چىقىمىنى ھۆددىگە ئېلىش تۈزۈمى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى؛② باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ۋە تەشكىلىي

قۇرۇلمىسى ئىسلاھ قىلىنىپ، تارماق ۋە مۈلۈكچىلىك چەك- چېگرىسى بۇزۇپ تاشلىنىپ، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىش، مۇستەقىل ھېسابات قىلىش، پايدا- زىيانغا ئۆزى ئىگە بولۇش يولغا قويۇلدى؛ ③ ئىشچى ئىشلىتىش تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنىپ، دۆلەت ئىلىكىدىكى بىنكارلىق كارخانىلىرىدا تايانچ كۈچلەر ساقلاپ قېلىنىپ، خەلق ئىشچىلىرى كۆپلەپ ئىشلىتىلدى؛ ④ مائاش تەقسىمات ئۇسۇلى ئىسلاھ قىلىنىپ، كىشى بېشى ھېسابىغا مائاش ئومۇمىي سوممىسىنى بېكىتىش تۈزۈمى مەھسۇلات قىممىتىدىكى مائاش تەركىبى بويىچە تەقسىملەش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلدى؛ ⑤ ماتېرىيال تەمىنلەش تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلىپ، ماتېرىيال بىنكارلىق تارماقلىرىغا ئاجرىتىپ بېرىلىپ، ئىش ۋە ماتېرىيالنى ھۆددىگە ئېلىش يولغا قويۇلدى؛ ⑥ تەقسىمات تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنىپ، مۇكاپات (مائاش) قا چەك قويماسلىق ۋە كاپالەتلەندۈرمەسلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلدى؛ ⑦ قۇرۇلۇش سۈپىتىنى نازارەت قىلىش ئۇسۇلى ئىسلاھ قىلىنىپ، كارخانا ئۆز- ئۆزىنى نازارەت قىلىش بىلەن ئىجتىمائىي نازارەت ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلۈپ، پۈتكەن قۇرۇلۇشلار نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتمە، ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلمىدى؛ ⑧ بانكىنىڭ نازارەتچىلىك رولى جارى قىلدۇرۇلۇپ، تۇر تەستىقلانغان ھامان سېلىنمىنى بىرلا قېتىمدا بانكىغا چۈشۈرۈپ بېرىش يولغا قويۇلدى؛ ⑨ تەكشۈرۈش - لايىھىلەش تارماقلىرى كەسپىي ئورۇن بولۇپ، كارخانا بويىچە باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى.

# VII باب

# مۇھىت ئاسراش

## §1. يەر تۈزۈلۈشىنىڭ ئۆزگىرىشى

1. قۇمۇلنىڭ قەدىمكى مۇھىتى

1) قۇمۇل شەھەر رايونىغا 160 كىلومېتىر كېلىدىغان قېيىۋ ۋوگزالىدىن بىر كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جايدا 1993- يىلى ئۆزۈنلۇقى تەخمىنەن 10 مېتىردىن ئارتۇق، ئېگىزلىكى تۆت مېتىردىن ئاشىدىغان تاشقا ئايلانغان مۇكەممەل ساقلانغان غايەت زور بىر كەركىدان ۋە كەركىدان بىلەن بىللە تاشقا ئايلانغان ئىككى دانە يوغان دېڭىز تاشپاقىسى بايقالدى، بۇگۈنگىچە قەدەر تەخمىنەن 30 مىليون يىل بولغان. چوڭ كەركىدان قۇرۇقلۇقتىكى نەسلى قۇرۇغان سۈت ئەمگۈچى ھايۋانات قاتارىدىكى ئەڭ چوڭ ھايۋان، شۇنداقلا بىر خىل ئوتخور ھايۋان. بۇ تۇرپان- قۇمۇل ئويمانلىقىنىڭ 30 مىليون يىل ئىلگىرىكى مۇھىتىنىڭ ھازىرقىغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغانلىقىنى، بۇ جاينىڭ ئەسلىدە بىر ئوت- چۆپى ئەلۋەك، غايەت زور ئوتخور سۈت ئەمگۈچى ھايۋانات ۋە ئۆمۈلىگۈچى ھايۋانات خېلىلا ئاۋۇغان ئىسسىق بەلۋاغ ئورمانلىقى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

2) قۇمۇل ۋىلايىتى قەدىمكى ھايات ئېراسىدىن ئىلگىرى بىر بىپايان دېڭىز- ئوكيان بولۇپ، كېيىن يەر پوستىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى بىلەن قۇرۇقلۇققا ئايلانغان. ۋىلايەتنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى سارنۇرغۇندىكى تاش قاتلاملىرى ئارىسىدىن

بايقالغان تاشقا ئايلانغان دېڭىز قۇلۇلىسى قاپلىرى، جەنۇبىي قىسمىدىكى يامانسۇ كان قاتلىمى ئارىسىدا بايقالغان ئىسسىق بەلۋاغ دېڭىز جانلىقلىرىدىن تاشقا ئايلانغان مارجانلار بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلىدى.

3) قۇمۇل رايونىدىكى زور ھەجىمدىكى كۆمۈرلۈكلەر ئاسامەن يۇرا دەۋرىنىڭ مەھسۇلى، كۆمۈرلۈك ئەتراپىدىكى گىياتاشلارنىڭ تومۇرىنىڭ دىئامېتىرى ئادەتتە بىر مېتىردىن ئاشىدۇ، قەدىمكى ھاياتلىق ئېراسىنىڭ ئاخىرقى بۇ قالدۇقلىرى ئىلگىرى قۇمۇل دىيارىدا ناھايىتى زور ھەجىمدىكى ئورمانلىق بارلىقىنى ئىسپاتلىدى. مەسىلەن، دۇنيادىكى ئون چوڭ كۆمۈرلۈكنىڭ بىرى بولغان تۇرپان- قۇمۇل ئويمانلىقىدىكى ساردا 570 مىليارد 800 مىليون توننا كۆمۈر زاپىسى بولۇپ، بۇ جاينىڭ ئىلگىرى بىپايان ئورمانلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

20- ئەسىرنىڭ 60- يىللىرى لەنجۇ- شىنجاڭ تۆمۈريولى ياسىلىۋاتقاندا، غەربىي قىسمىدىكى خۇگېيىڭ ۋوگزالى ئەتراپىدا تاشقا ئايلانغان مامونت (پىلنىڭ ئەجدادى) بايقالدى. بۇ ئادەتتە مۇز دەۋرىدە ياشىغان ھايۋان بولۇپ، بۇ قۇمۇلنىڭ تۆتىنچى ئېرادا تېخى قۇرغاق دەۋرگە كىرمىگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

قارادۆۋە قەبرىستانلىقىدىن بايقالغان بۇنىڭدىن 3200 يىل ئىلگىرىكى ئارپا، تېرىق توقىچى، شۆشگۈرۈچ قاتارلىقلاردىن، قارادۆۋىنىڭ بۇرۇنقى مەدەنىيەت دەۋرى (ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى) نىڭ مۇھىتى بۈگۈنكىدەك قۇرغاق ھەم ئىسسىق بولماستىن، بەلكى سوغۇق سالقىن كىلىماتلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

بارىسكۆلنىڭ كۆلىمى يېڭى ھايات ئېراسىنىڭ كېيىنكى دەۋرىدە 800 كۋادرات كىلومېتىر ئىدى. ئۇنىڭ شەرقىي قىرغىقى ھازىرقى باركۆل شەھىرىزا يېزىسىنىڭ گاۋجيا كەنتىدە بولۇپ، ھازىرغا قەدەر غەربكە قاراپ 30 كىلومېتىردىن ئارتۇق سۈرۈلۈپ كەتتى. 1944- يىلىدىكى كۆلىمى 140 كۋادرات كىلومېتىر.

ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى، ئاراتۇرۇك دەرياسىنىڭ سۈيى يۇسۇپ قورىسىنىڭ شەرقىغىچە ئېقىپ بارغانلىقى، نوم كۆلىنىڭ بىر يۈتكەلمە كۆل ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى.

تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى دەريا، تارام سۇلىرى تاغ ئېتەكلىرىدىكى سايلىقلارغا ئېقىپ كىرىپ 15 كىلومېتىردىن كېيىن، ساي- قۇملۇقلارغا سىڭىپ كېتەتتى.

2. ھازىرقى مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشى

1) **ئېكولوگىيىنىڭ بوزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان قۇرغاقچىلىق** قۇمۇلنىڭ شەرقىدىكى تەڭرىتاغنىڭ كۆشۈتە ئېغىزى ئەتراپىدا ئىلگىرى يىللىق يېغىن مىقدارى 470 – 530 مىللىمېتىر بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل- يېغىن مىقدارى 500 مىللىمېتىر ئىدى. بىر مو ئورمانلىق يىلىغا 330 كۇب مېتىرلىق ئاتموسفېرالىق ھۆل- يېغىننى قوبۇل قىلالايتتى، شۇنداقلا قۇمۇلنىڭ يەر ئۈستى سۈيى بىلەن يەر ئاستى سۈيىنىڭ تولۇقلىما مەنبەسى ئىدى. شەرقىي تەڭرىتاغ ھەر يىلى قۇمۇلنى تەخمىنەن 250 مىليون كۇب مېتىر سۇ بىلەن تەمىنلەپ تۇراتتى. 1950- يىللاردىن بۇيان، قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانى خەنچىگۇدىكى زىچلىقى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان ئورمانلىقنى ھەددىدىن زىيادە كېسىپ، ئۇنىڭ قاپلىنىش نىسبىتىنى 0.3% كە چۈشۈرۈپ قويغاچقا، يەر ئۈستى ئېقىن سۈيى 60% ئازىيىپ كەتتى؛ بوستانلىقتا ئورمان ھەددىدىن زىيادە كېسىلىپ كېتىپ، يەر ئۈستى ئېقىم سۈيى 50% ئازىيىپ كەتتى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە شەرقىي تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب - شىمال ئىككى ئېتىكىدىكى ئېگىز تاغ ئوتلاق بەلۋېغىدا ياز پەسلىدە مال- چارۋىلار ھەددىدىن ئارتۇق بېقىلغاچقا، بۇ بەلۋاغنىڭ ئوت- چۆپى نابۇت بولۇپ، ئېگىز تاغ ئوتلىقىنىڭ يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئازىيىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئېگىز تاغ ئوتلىقىنىڭ تۇپراق قاتلىمى نېپىزلاپ

كەتكەچكە، نەملىكنى ساقلىشى تۆۋەنلەپ، بۇلاقلار ئۇمۇميۈزلۈك قۇرۇپ كەتتى. تاغلىق رايوندىكى ئاھالە ۋە مال - چارۋىلارنىڭ ئىچىملىك سۇ مەسىلىسى قىيىنلاشتى. چىملىقلار قۇرۇپ، يېرىلىپ غوللاردىكى ئېقىن سۇ مىقدارى 30% - 40% ئازىيىپ كەتتى، بۇ خىل ئەھۋال مۇزلۇقنىڭ ئېرىشىنى تېزلىتىپ، مۇز توساقلىرىنى تېز سۈرئەتتە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىش تەھدىتىنى ئېلىپ كەلدى، يەر يۈزىدە توساق يوقاپ شەرقىي تەڭرىتاغنىڭ يانباغرىدا سىبىرىيە نەم ھاۋا ئېقىمىنى توسايدىغان جىسىم كەمچىل بولغاچقا، نەم ھاۋا تاغ ئۈستىنىڭ تاقىر يۈزىدىن توختىماي ئۆتۈپ، تاغ باغرىدىكى ھۆل- يېغىن مىقدارىنىڭ ئازىيىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. مانا بۇ تاغلىق رايونلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىشتىن كېيىنكى ئىنسانلار كەلتۈرۈپ چىقارغان قۇرغاقچىلىق ھېسابلىنىدۇ.

2) قار سىزىقىنىڭ يۇقىرىغا ئۆرلىشى ۋە مۇزلۇقنىڭ چېكىنىشى 20- ئەسىرنىڭ 50- يىللىرىنىڭ باشلىرىدىكى تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، شەرقىي تەڭرىتاغنىڭ قار سىزىقى دېڭىز يۈزىدىن 3500 مېتىر ئېگىز جايدا بولۇپ، قارلىق تاغنىڭ چوققىسىدىكى مۇزلۇقلار ئىنتايىن ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. 1970- يىللارغا كەلگەندە، قۇرغاقچىلىق بارغانسېرى ئېغىرلاشتى، بولۇپمۇ 1978- يىلىدىكى قۇرغاقچىلىق ۋە 1979- يىل 4- ئاينىڭ 10- كۈنى، 1986- يىل 5- ئاينىڭ 19- كۈنىدىكى ئىككى قېتىملىق تارىختا ئاز كۆرۈلىدىغان بوران ئاپىتى يۈز بەرگەندىن كېيىن، قار سىزىقى زور دەرىجىدە يۇقىرى ئۆرلەپ، مۇزلۇق دېڭىز يۈزىدىن 4000 مېتىر ئېگىزلىككىچە چېكىندى. لەنجۇ توڭ تۇپراق- مۇزلۇق تەتقىقات ئورنىنىڭ تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، 1960 – 1973 - يىلىغىچە بولغان 14 يىلدا، قارلىق تاغدىكى باغداش مۇزلۇقىنىڭ قار سىزىقى يىلدىن يىلغا يۇقىرى ئۆرلىگەن.

3) قۇمتاغنىڭ شىمالغا سۈرۈلۈشى شىمال قىسمىدىكى ھىلال ئاي شەكىللىك قۇم بارخانلىرى ئېھرام شەكىللىك قۇم بارخانلىرىغا ئۆزگەرگەندىن كېيىن داۋاملىق شىمالغا سۈرۈلۈپ، بوغازدىن كۆمۈركان تاشيول لىنىيىسىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى ئۇرۇقغول دەريا ئېقىنىغا ئاز قالغان جايغا كېلىپ قالدى. 1990- يىلى، بوغاز سۇ ئامبىرى بىر مەھەل قۇرۇپ كېتىپ، دېھقانلارنىڭ كېۋەزلىكلىرى سۇغىرىلماي قۇرۇپ كەتتى. خۋاسېڭ (يەر ياڭقى) لىرى پىشماي تۇرۇپلا يىغىۋېلىنىپ بازارغا سېلىندى. قارادۆۋە يېزىسىنىڭ ئالتە كىلومېتىر جەنۇبىدا بىر چوڭ تۆپىلىك (ئېللىپس شەكىللىك، ئېگىزلىكى ئالتە مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 130 مېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 180 مېتىر) بار بولۇپ، 1957- يىلى بۇ تۆپىلىكنىڭ تۆت ئەتراپى كۆل ۋە ئېتىزلىق ئىدى. 1990- يىللارغا كەلگەندە، تۆپىلىك ئەتراپىدىكى كۆل ۋە ئېتىزلىقلار شامالنىڭ يالىشى بىلەن سايلىققا ئايلىنىپ، ئاجايىپ قىيابەتنى شەكىللەندۈردى. قۇمۇلنىڭ جەنۇبىدىكى يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئازلاپ كېتىشى، چاكاندىلىقلار قالايمىقان چېپىلىپ، چۆلدىكى يىپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك.

4) نابۇت قىلىنغان ئورمان ۋە ئوتلاق كۆلىمى

1958- يىلىدىن بۇيان «ئاشلىقنى تۇتقا قىلىش» فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، كەڭ كۆلەمدە بوز يەر ئېچىلىپ، يايلاق ۋە ئورمانلىقلار ۋەيران قىلىندى. مەسىلەن، قۇمۇل ئاقتاشتىكى 20 مىڭ مو سۇپەتلىك ئوتلاق تېرىلغۇ يەرگە ئايلاندۇرۇۋېتىلىپ، بىر تالمۇ ئاشلىق ئالالمايلا قالماستىن، بەلكى تا ھازىرغىچە ئەسلىگە كېلەلمىدى. باركۆل ناھىيىسىدە بۇ خىل ئەھۋاللار تېخىمۇ ئېغىر بولدى. تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، يەتتە قۇدۇقتىن غەربتاغنىڭ چۆل ئورمانلىقى، تاشۋىلىقنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى ئوتتۇزا، بۇلۇڭتوغراقنىڭ شەرقىدىكى ئەلتۈمۈرگىچە، بوغاز بىلەن ئەللىك ئارىلىقىدىكى، باي بىلەن ئۇلاناي ئارىلىقىدىكى، نوم بىلەن ئۈچكۆل، تەيىۋەن ئارىلىقىدىكى جەمئىي 14 مىڭ 300 مو سۆكسۆكلۈك، يۇلغۇنلۇق، توغراقلىق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، شالاڭ ئورمانلىق كۆلىمى 6011 موغا

يەتتى. 1950 – 1990 - يىللىغىچە، ئورمانلىقلار ھەر يىلى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، قۇملۇقلىشىش ۋە قۇرغاقلىشىش داۋاملىشىپ كەلدى.

5) يەر ئاستى سۈيى ھەددىدىن زىيادە قېزىلغانلىقتىن، يەر ئاستى سۇ ئورنى يىلدىن يىلغا تۆۋەنلەپ كەتتى

بۆلۈگتوغراقتىكى يەر ئاستى سۈيىنى كۆزىتىش قۇدۇقىدىن مەلۇم بولۇشىچە، 1988 – 1989- يىللىرى، يەر ئاستى سۇ ئورنى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 0.35 مېتىر تۆۋەنلىگەن، سۇ ئورنىنىڭ تۆۋەنلىشى ئەڭ يۇقىرى بولغان يىلى 0.46 مېتىرغا يەتكەن. 1989- يىلىدىكى تەكشۈرۈشتە، سۇنىڭ تۆۋەنلىشى ئەڭ يۇقىرى بولغان قۇدۇقنىڭ سۇ ئورنى 1.02 مېتىر تۆۋەنلىگەن؛ پالۋانتۇردا يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 0.36 مېتىر تۆۋەنلىگەن، 1989- يىلى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، 1.49 مېتىر تۆۋەنلىگەن؛ ئاستانە يېزىسىدا يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 0.35 مېتىر تۆۋەنلىگەن. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قۇدۇق توققۇز يىلدا 5.63 مېتىر تۆۋەنلىگەن بولۇپ، يىلىغا 0.63 مېتىردىن توغرا كەلگەن. قۇمۇل شەھەر رايونىدا يەر ئاستى سۇ ئورنى 12 يىلدا 66 سانتىمېتىر تۆۋەنلىگەن بولۇپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئالتە سانتىمېتىرغا يېقىن تۆۋەنلىگەن. 1989- يىلى 1988- يىلىغا سېلىشتۇرغاندا 0.14 مېتىر تۆۋەنلىگەن بولۇپ، تارىختىن بۇيانقى ئوتتۇرىچە قىممەتنىڭ 2.5 ھەسسىسىگە توغرا كەلگەن.

1989- يىلى، قۇمۇل ئويمانلىقىنىڭ يەر ئاستى سۇ ئورنىنىڭ تۆۋەنلەش سۈرئىتى تېزلىشىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 35 سانتىمېتىردىن تۆۋەنلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، قۇمۇل شەھىرى بۆلۈگتوغراق يېزىسىنىڭ يەر ئاستى سۇ ئورنى 1.02 مېتىر، بىگتۈمن راكېتا دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ 1.49 مېتىر تۆۋەنلەپ، تارىختىن بۇيانقى ئوتتۇرىچە تۆۋەنلەش قىممىتىنىڭ 4 - 5 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. 1990- يىل 1- ئايدىكى 19 كۆزىتىش قۇدۇقىدىن تەكشۈرۈلگەن ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، 1- ئايدىكى يەر ئاستى سۇ ئورنىنىڭ تۆۋەنلىشى تارىختىكى ئوخشاش مەزگىلدىكى قىممەتتىن 1.18 مېتىر، ئالدىنقى يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 0.57 مېتىر تۆۋەنلەپ، ئالدىنقى سەككىز يىلدا تۆۋەنلىگەن سانىنىڭ يېرىمىغا توغرا كەلگەن. شۇ يىلى 7- ئايدا، يەر ئاستى سۇ ئورنى 1988- يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 1.1 مېتىر تۆۋەنلىدى. ئايرىم قۇدۇقلار 3.85 مېتىر ۋە 4.27 مېتىر تۆۋەنلىدى. يەر ئاستى سۈيى كۆپلەپ تارتىلغانلىقتىن، نۇرغۇن كونا كارىزلار قۇرۇپ كەتتى.

6) كۆللەرنىڭ ئۆزگىرىشى

(1) سولۇنۇر — يوقىلىپ كەتكەن كۆل   سولۇنۇر قۇمۇل شەھىرى تەۋەسىدىكى تارىختىكى ئەڭ چوڭ كۆل بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنى توغرىسىدا «يېڭى تاگنامە جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دە ناجى (لاپچۇق) شەھىرىنىڭ 60 چاقىرىم جەنۇبىدا قۇرۇق تۇزكۆلى بار، دەپ خاتىرىلەنگەن. تاڭ سۇلالىسىدىن كېيىن سولۇنۇر دەپ ئاتالغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بوغاز ساركۆل دەپ ئاتالغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن شورلۇقكۆل دەپمۇ ئاتالدى. بۈگۈنكى كۈندە شاركۆلى دەپ ئاتىلىۋاتىدۇ.

سولۇنۇرنىڭ ئورنى قۇمۇل ئويمانلىقى بويىچە ئەڭ پەس جايدا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 53 مېتىر ئېگىز. سولۇنۇر بىلەن قۇرۇقغول قۇمۇل ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئەڭ پەس بەلۋاغقا ئورۇنلاشقان بولۇپ، قۇمۇل ئويمانلىقى جىلغىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

سولۇنۇرنىڭ نامى چىڭ سۇلالىسى خەرىتىسىدە بار. 1944- يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى سىزغان خەرىتىدىمۇ نامى يەنىلا ساقلىنىپ قالغان ، ئەينى چاغدىكى كۆلمى يىرىم كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، شورلۇقكۆل دەپ بەلگە قويۇلغان. بۇ جاينىڭ ئورنى پەس، كۈندىلىك تېمپېراتۇرا پەرقى تولىمۇ چوڭ، ئۇنىڭدىن باشقا غەربىي شىمال قۇم بورىنى يىل بويى

توختىماي ئۇرۇپ تۇرغاچقا، بۇ جايىنى ئاجايىپ بىر چۆل مەنزىرىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويغان. ئەسلى كۆل ئالىقاچان قۇرۇپ كېتىپ، قۇملىشىش دائىرىسى تەدرىجىي كېڭىيىپ كەتكەنلىكتىن، ھەتتا قۇمۇشمۇ ناھايىتى شالاڭ ئۆسكەن، پەقەت ئەسلى كۆلنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى كىچىك بىر پارچە سازلىقتىلا ئاندا- ساندا قۇمۇش قاتارلىق قۇرغاقچىلىققا، شورغا چىدام‌لىق ئۆسۈملۈكلەرلا ئۆسىدۇ.

1948 – 1949 - يىللىرى قۇرغاقچىلىقنىڭ سۈيى ئۈزۈلۈپ قالدى، قارلۇق غولىنىڭ سۈيىمۇ پەقەت پەسىل خاراكتېرلىك ئاقىدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقتىن، سولۇنۇر كۆلى يوقىلىپ كەتتى.

2) نوم كۆلى — يوقىلىۋاتقان كۆل نوم كۆلى نوم - ئۈچكۆل ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ئەسلىدىكى كۆل ئورنى بۈگۈنكى ئاراتۇرۇك ناھىيىسى بىلەن باركۆل ناھىيىسى چېگرىلىنىدىغان جايدىكى يۈسۈپ قورۇسىنىڭ شەرقىگە، كىچىك نوم كۆلىنىڭ شىمالىدىكى كەگرى كەتكەن تاشلىق ئويمانلىققا جايلاشقان بولۇپ، ئۇ ئاراتۇرۇك دەرياسىنىڭ ئاخىرقى قويۇلىدىغان جايى ئىدى. نوم كۆلى يۈسۈپ قورۇسىنىڭ غەربىدىن تەدرىجىي شەرققە قاراپ سۈرۈلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە، چوڭ تۇزلۇقتا توختىغان ۋاقتى ئۇزۇنراق بولۇپ، قېلىنلىقى ئىككى مېترغا يېقىن، كۆلىمى نەچچە كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان بىر قەۋەت تۇز پوستىنى شەكىللەندۈرگەن. ھازىر بۇ جاي ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى ئاھالىنىڭ ئىچىملىك تۇز قازىدىغان جايىغا ئايلىنىپ قالدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، نوم كۆلى يەنە شەرققە قاراپ 13 كىلومېتىر جايدىكى كىچىك تۇزكۆل (ھازىرقى يېڭى كۆل كۆمۈر كېنى) گىچە سۈرۈلگەن، كۆلىمى ناھايىتى زور دەرىجىدە تارىيىپ كەتكەن. نوم كۆلىنىڭ كۆچمە كۆل بولۇپ قېلىشى، ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ ئاراتۇرۇك دەرياسى ۋادىسىنى ئاچقانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، نوم كۆلىنىڭ كۆل رايون دائىرىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 13.5 كىلومېتىر، كەڭلىكى بەش كىلومېتىر بولۇپ، 60 – 70 كۋادرات كىلومېتىر كېلەتتى. ھازىر كۆل رايونىدىكى سۇ يۈزىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 400 مېتىر، كەڭلىكى 250 مېتىر، ئادەتتە چوڭقۇرلۇقى ئىككى مېتىر، شەكلى ئېللىپىس شەكىللىك. بۇ كۆل رايونىدىن يۇقىرىغا بەش كىلومېتىر كېلىدىغان قۇمۇشلۇق، يۇلغۇنلۇق بەلۋاغدا يەنە يىل بويى سۇ يىغىلىپ تۇرىدىغان يۇملاق شەكىللىك بىر كۆل بولۇپ، يەرلىكلەر تۆرۈك كۆل دەپ ئاتىشىدۇ. تۆرۈك كۆل بىلەن نوم كۆلىنىڭ ئارىلىقىدىكى سۇ ئېقىنىدىمۇ قويۇق ئۆسكەن قۇمۇش، يۇلغۇنلۇقلار بولۇپ، سۇ ئېقىنىنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن 10 مېتىر كېلىدۇ، بىر قىسىم ئويمان جايلارغا سۇ يىغىلىپ قالغان بولۇپ، بۇ دەل كۆلنىڭ قۇرۇۋاتقانلىقىنىڭ، تارىيىپ يوقىلىۋاتقانلىقىنىڭ ۋە پەسىل خاراكتېرلىك ساقلىنىۋاتقانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. كۆل رايونىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا قېلىنلىقى تەخمىنەن ئىككى مېتىر كېلىدىغان بىر قەۋەت كرىستاللاشقان سىگىرتاش (گەج) بار. ھازىرقى كۆل رايونىنىڭ ئاستى قىسمىدا يەنە بىر قەۋەت قېلىنلىقى تەخمىنەن ئالتە سانتىمېتىر كېلىدىغان كرىستاللاشقان شور بولۇپ، كۆل رايونىنىڭ يېرىمىنى ئوراپ تۇرىدۇ. نوم كۆلى ھازىرمۇ تارىيىۋاتماقتا. سۇ يۈزىگە يېقىن جايدىكى قۇم، تۇپراق ئۈستىدە شورلۇق تۇز ساھىلى بولۇپ، سۇ يۈزى بەزىدە كۆتۈرۈلۈپ، بەزىدە يوقاپ تۇرغانلىقتىن، ئادەتتە ياز پەسلىدە ئاندىن ئۇنىڭ ئىزناسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. كۆلنىڭ ئايىغىدىن ئۈستىگە تەخمىنەن 30 مېتىر كېلىدىغان ئەسلىدىكى كۆل قىرغىقىدا كۆپلىگەن سۇ يالىغاندىن كېيىن يەنە شامالدا يېمىرىلىپ كەتكەن قات- قات يالانما شارچىلارنى ئۇچرىتقىلى بولىدۇ، كۆپىنچە جايلىرىدا ئىلگىرى سۇ ئۆتكەن ئىزنالار بار. ئاراتۇرۇك دەرياسىنىڭ سۈيى نوم يېزىسىدىكى يېڭى مەھەللە كەنتىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى قۇمۇشلۇققا قويۇلىدۇ. ئېشىپ قالغان سۇ يەنە داۋاملىق ئېقىپ، غەربىي شىمالدىكى قۇملۇققا سىڭىپ كېتىدۇ. مانا بۇ نوم كۆلىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىزناسىدۇر. 70- يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، نوم

يېزىسى ئەتراپىدىكى يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى، ئادەتتە بىر مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، يەرنى ئازراق كولىسىلا سۇ چىقاتتى. 1986- يىلى، قۇدۇق سۈيىنىڭ سۇ ئورنى ئالتە مېتىر تۆۋەنلەپ كەتتى. 1988- يىلى يەنە سەككىز مېتىر تۆۋەنلىدى، نوم يېزىسىنىڭ يەر ئاستى سۇ ئورنىنىڭ تېز تۆۋەنلىشى تۈپەيلىدىن نوم كۆلى رايونىدىن غەربىي شىمال تەرەپكە ئاقىدىغان يەر ئۈستى ئېقىنى تەدرىجىي قۇرۇپ، يەر ئۈستى ئېقىنىنى شەكىللەندۈرەلمىدى. ئىلگىرى ئاراتۈرۈك دەرياسىنىڭ سۈيى ئاداقتىن چىقىپ نوم چۆللۈكىنىڭ ھەممە يېرىگە شاقىلداپ ئېقىپ، تەخمىنەن 100 مىڭ مودىن ئارتۇق توغراقلىقنى سۇغىراتتى. ئىلگىرى توغراقلىقنىڭ ئىچكى قىسمى بۈك- باراقسانلىق ۋە يېشىللىققا پۈركەلگەن بولۇپ، ئورمانلىقتا جەرەن، قۇلان، ياۋا تۆگە، تاغ ئۆچكىسى، بۆرە، تۈلكە، توشقان قاتارلىقلارنى دائىم ئۇچراتقىلى بولاتتى. ۋەھالەنكى بۇگۈنكى ئورمانلىق تولىمۇ شالاڭلىشىپ، ھەممىلا يېرى قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن دەرەخلەر بىلەن تولۇپ كەتتى، ئورمان رايونىنىڭ ئەتراپىدىكى يايلاقمۇ قۇملىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. غەربىي قىسمىدىكى 20 مىڭ مودىن ئارتۇق سۆگسۆگنى دېھقانلار يېقىلغۇ قىلىپ قالدى. نوم يېزىسى تىككەن يول ياقىسىدىكى ئورمان شامالنىڭ ئۇرۇشى بىلەن پۈتۈنلەي بىر تەرەپكە قىيسىيىپ كەتتى، قۇم- بورانلىق كۈنلەرنىڭ سانى يىلمۇ يىل كۆپەيدى. ئاراتۈرۈك دەرياسىنىڭ سۈيىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئازىيىشى تۈپەيلىدىن، نوم رايونىدىكى چوڭ كۆلەمدىكى توغراقلىق يوقىلىپ كەتتى، يەر ئاستى سۇ ئورنى داۋاملىق تۆۋەنلىمەكتە. ئەگەر بۇنداق ۋەزىيەت يەنە داۋاملىشىۋەرسە، نوم كۆلى تېز سۈرئەتتە يەر يۈزىدىن يوقىلىپ كېتىدۇ.

3) باركۆل كۆلى — كۆلپەتلىك تەقدىرگە دۇچ كەلگەن باركۆلى. باركۆل 3- ئەسىردە شەكىللەنگەن تاغ ئارىسىدىكى ئۆزلۈكىدىن ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ئويمانلىقتىن ھاسىل بولغان كۆل بولۇپ، بۈگۈنگە قەدەر تەخمىنەن 3 مىليون يىل بولغان. يېقىنقى ھايات ئېراسى دەۋرىدىكى كۆلىمى 800 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، 1944- يىلى تارىيىپ 140 كۋادرات كىلومېتىرغا چۈشۈپ قالدى. كۆل يۈزىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1585 مېتىر، 1984- يىلى كۆلىمى تارىيىپ 112.15 كۋادرات كىلومېتىرغا، كۆل يۈزىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1581 مېتىرغا، كۆل سۈيىنىڭ ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى 2.5 مېتىرغا، ئەڭ چوڭقۇر يېرى سەككىز مېتىرغا چۈشۈپ قالدى. كۆلنىڭ شەرقىي قىرغىقى بۈگۈنكى شىرىنزا يېزىسىنىڭ گاۋجياخۇ كەنتىگىچە بولۇپ، ھازىرقى كۆل سۈيى غەربكە 30 كىلومېتىردىن ئارتۇق سۈرۈلۈپ كەتتى. بۇ كۆلنىڭ شەرقىي قىسمىدا قۇم- شېغىللىق بىر قىر بولۇپ، 1957- يىلىلا شىمالىي كۆل بىلەن تۇتىشاتتى. 1958- يىلىدىن كېيىن، سۇ يۈزىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى سەۋەبىدىن بۇ قىر سۇ ئۈستىگە چىقىپ قېلىپ، شىمالىي كۆل بىلەن جەنۇبىي كۆلنى بىر- بىرىدىن ئايرىۋەتتى. قوۋۇق ئېغىزىنىڭ شەرقىدىكى ئاقتاشتىن باشلانغان چىلىك دەرياسى ئەسلىدە شەرقتىن غەربكە ئېقىپ باركۆل كۆلىگە قۇيۇلاتتى. 60 - يىللاردىن باشلاپ باركۆل ناھىيىسى سۇ ئامبىرى ياساپ، سۇ ئېقىنىنى قاتمۇ قات ئۈزۈۋەتكەنلىكتىن، ھازىر چىلىك دەرياسىنىڭ سۈيى پەقەت كۆيسۇ يېزىسى تەۋەسىگىچىلا بارالايدىغان بولۇپ قالدى. داخېدىكى ئەسلىدىكى بىر نەچچە دەريانىڭ سۈيى ئىنتىپاق سۇ ئامبىرى ۋە 2- ئۆستەڭ سۇ ئامبىرى تەرىپىدىن ئۈزۈۋېتىلگەنلىكتىن، ھازىر پەقەت شىرىنزىدىكى شۈيموخې دەرياسى ۋە باش ئۆستەڭنىڭ بىر نەچچە ئېرىقىنىڭ سۈيىلا بۇ كۆلگە قۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى. ۋەھالەنكى كۆلنىڭ ئەتراپىدا غەربتە ساردالا، شەرقتە شىرىنزا، شىمالدا داخې، جەنۇبتا خۇايۇەنزى قاتارلىق يېزىلارنىڭ ھەممىسى قۇدۇق كولاپ دېھقانچىلىق قىلغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يايلاقلار قالايمىقان ئېچىلغانلىقى، يايلاقلاردا ھەددىدىن زىيادە چارۋا بېقىلغانلىقى، شۇنداقلا كۆل رايونىدا شور قېزىلغانلىقى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە قوۋۇق ئېغىزى بەلۋېغىدىكى ئورمان كۆپلەپ كېسىۋېتىلگەنلىكى، تاغ رايونىغا كېلىدىغان سۇ ئازلاپ كەتكەنلىكى ۋە مۇزلۇقلار توساقسىز قېلىپ، چېكىنگەنلىكى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن

باركۆل كۆلىگە قويۇلىدىغان سۇ بارغانسېرى ئازلاپ كەتتى. 1944 – 1984 - يىلغىچە بولغان 41 يىل ئىچىدە، سۇ ئورنى تۆت مېتىر تۆۋەنلەپ، ھەر 10 يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر مېتىردىن تۆۋەنلىدى. كۆل يۈزى 40 يىلدا 28 كۋادرات كىلومېتىر تارايدى.

4) تۇركۆل ـــ قۇرغاقلىشىشنىڭ تەھدىتىدە تۇرۇۋاتقان كۆل تۇركۆل ئاراتۇرۇك ناھىيە تۇركۆل يېزىسىنىڭ ئىككى كىلومېتىر شىمالىدا، 1943- يىلى كۆلمى 35 كۋادرات كىلومېتىر ئىدى. 1977- يىلى كۆلمى تارىيىپ 28.8 كۋادرات كىلومېتىرغا، 1990- يىلى تەخمىنەن 25 كۋادرات كىلومېتىرغا تارايدى. كۆل يۈزىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1896 مېتىر. بۇ كۆل ئاقماس كۆل بولۇپ، ئاساسلىقى قارلىق تاغنىڭ شىمالىي يانباغرى ۋە موچىن ئۇلار تېغىنىڭ جەنۇبىي يانباغرىدىن ئېقىپ چۈشكەن پەسىل خاراكتېرلىك سۇلار ۋە بۇلاق سۈيىنىڭ توپلىنىشىدىن ھاسىل بولغان، كۆل سۈيىنىڭ تۇز تەركىبى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، تۇز ۋە شور ئىشلەپچىقىرىش مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. ئاراتۇرۇك ناھىيىسى بۇ كۆلدىن تۇز ۋە شور قېزىشقا باشلىدى، كۆلنىڭ دائىرىسى يەنىلا تەدرىجىي تارايماقتا.

## §2. مۇھىت سۈپىتى ۋە بۇلغىنىش

### 1. ئاتموسفېرانىڭ بۇلغىنىشى

1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە سانائەت كارخانىلىرىنىڭ يىللىق يېقىلغۇ كۆمۈر سەرپىياتى 363 مىڭ تونна، ئاھالىلەرنىڭ يېقىلغۇ كۆمۈر سەرپىياتى 80 مىڭ توننا بولدى. ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا زەھەرلىك، زىيانلىق ماددىلارنى قويۇپ بېرىپ، مۇھىتنى بۇلغايدىغان مەھسۇلاتلاردىن كۆمۈر يىلىغا 27 مىڭ توننا، شور يىلىغا 244 مىڭ توننا، ھاكتاش يىلىغا 51 مىڭ توننا، گەج يىلىغا 2500 توننا، فتورىت (فلۇئورىت) يىلىغا 600 توننا، سۇلفىدلىق شور يىلىغا 46 توننا، ئېفىر كالىي خروم يىلىغا توققۇز توننا ئىشلەپچىقىرىلدى. ۋىلايەت بويىچە يەنە 79 سانائەت پارقازىنى، 25 خۇمدان بار.

1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 6 مىليارد 908 مىليون 545 مىڭ 560 كۇب مېتىر كېرەكسىز گاز قويۇۋېتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، يېقىلغۇنىڭ كۆيۈشىدىن قويۇپ بېرىلگەن كېرەكسىز گاز 3 مىليارد 430 مىليون 615 مىڭ 700 كۇب مېتىر، ئىشلەپچىقىرىش تېخنولوگىيىسىدە قويۇپ بېرىلگەن كېرەكسىز گاز 3 مىليارد 477 مىليون 929 مىڭ 800 كۇب مېتىر بولۇپ، ھەر 10 مىڭ يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتىگە 296 مىڭ 400 كۇب مېتىر كېرەكسىز گاز قويۇپ بېرىلدى. قۇمۇل شەھەر رايونىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ كېرەكسىز گاز چىقىرىش مىقدارى يىلىغا 6 مىليارد 625 مىليون 46 مىڭ 560 كۇب مېتىر بولۇپ، ۋىلايەت بويىچە كېرەكسىز گاز ئومۇمىي مىقدارىنىڭ %95.9 نى ئىگىلىدى. ھەر 10 مىڭ يۈەنلىق مەھسۇلات قىممىتىگە 305 مىڭ 100 كۇب مېتىردىن توغرا كەلدى. باركۆل ناھىيىسىنىڭ سانائەت كېرەكسىز گازنى قويۇپ بېرىش مىقدارى 283 مىليون 499 مىڭ كۇب مېتىر بولۇپ، ۋىلايەت بويىچە قويۇپ بېرىلگەن كېرەكسىز گاز ئومۇمىي مىقدارىنىڭ %4.1 نى ئىگىلىدى، ھەر 10 مىڭ يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتىگە 177 مىڭ 800 كۇب مېتىردىن توغرا كەلدى. ۋىلايەتنىڭ كېرەكسىز گازلىرى ئاساسلىقى قارا مېتال تاۋلاش ۋە بېسىش - سوزۇش سانائىتىدىن كېلىدۇ. كېرەكسىز گازنىڭ يىللىق قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 3 مىليارد 145 مىليون 981 مىڭ كۇب مېتىر بولۇپ، ۋىلايەت بويىچە قويۇپ بېرىلىدىغان كېرەكسىز گاز مىقدارىنىڭ %45.5 نى ئىگىلىدى.

سانائەت بۇلغىنىدىلىرى يىلىغا 18 مىڭ 46.62 توننا قويۇپ بېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، گۈڭگۈرت IV ئوكسىدى 3844.33 توننا، ئازوتلۇق ئوكسىد 3040.92 توننا، كاربون چالا ئوكسىدى 1134.619 توننا، ئىس- تۈتەك 4050.651 توننا، توزان 5857.58 توننا، ھىدروگېن سۇلفىد 16.60 توننا. ئىس- تۈتەك بىلەن سانائەت چاڭ- توزانلىرىنى قوشقاندا جەمئىي 9908.231 توننا بولۇپ، بۇلغىما ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 54.9% ىنى ئىگىلىدى، ئاساسلىق بۇلغىما ھېسابلىنىدۇ؛ ئۇنىڭدىن قالسا گۈڭگۈرت IV ئوكسىدى ۋە ئازوت ئوكسىدىمۇ بار.

قۇمۇل شەھىرى بويىچە 1982 – 1990 - يىللىرىچە بولغان ئاتموسفېرا بۇلغىمىلىرىنىڭ ئۆلچەپ تەكشۈرۈلۈش نەتىجىسى

جەدۋەل: 17 – 8

| يىللار | گۈڭگۈرت چالا ئوكسىدى (مىللىگرام/ كۇب مېتىر) | | | ئازوت ئوكسىدى (مىللىگرام/ كۇب مېتىر) | | | دانىچە ماددا (مىللىگرام/ كۇب مېتىر) | | | قونغان توزان (مىللىگرام/ كۇب مېتىر) | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | بېكىتىلگەن قويۇقلۇق دائىرىسى | كۈنلۈك ئوتتۇرىچە قويۇقلۇق دائىرىسى | كۈنلۈك ئوتتۇرىچە قىممىتى | بېكىتىلگەن قويۇقلۇق دائىرىسى | كۈنلۈك ئوتتۇرىچە قويۇقلۇق دائىرىسى | كۈنلۈك ئوتتۇرىچە قىممىتى | بېكىتىلگەن قويۇقلۇق دائىرىسى | كۈنلۈك ئوتتۇرىچە قويۇقلۇق دائىرىسى | كۈنلۈك ئوتتۇرىچە قىممىتى | قونغان توزان دائىرىسى | يىل، ئايلىق ئوتتۇرا ھېساب بىلەن |
| 1982 | Y~0.130 | Y~0.060 | 0.015 | Y~0.100 | Y~0. 040 | 0.014 | Y~87.670 | Y~34.920 | 2.060 | 13.13~267.36 | 92.73 |
| 1983 | Y~0.080 | 0.001~0.042 | 0.011 | Y~0.060 | 0.003~0.026 | 0.012 | Y~8.750 | 0.070~2.560 | 0.565 | 13.13~285.10 | 106.74 |
| 1984 | Y~0.119 | Y~0.064 | 0.014 | Y~0.070 | Y~0.080 | 0.009 | Y~16.867 | 0.030~4.511 | 0.400 | 13.32~334.20 | 186.90 |
| 1985 | Y~0.121 | Y~0.087 | 0.029 | Y~0.050 | Y~0.031 | 0.007 | Y~8.414 | 0.130~26548 | 0.632 | 5.95~331.00 | 116.64 |
| 1986 | Y~0.162 | Y~0.046 | 0.013 | Y~0.082 | Y~0.022 | 0.008 | Y~4.386 | 0.091~1.814 | 0.713 | 6.63~202.81 | 82.85 |
| 1987 | Y~0.150 | Y~0.062 | 0.015 | Y~0.150 | 0.002~0.072 | 0.022 | Y~9.85 | 0.01~3.88 | 0.52 | 9.96~43.73 | 20.49 |
| 1989 | Y~0.242 | Y~0.075 | 0.014 | Y~0.120 | Y~0.043 | 0.020 | Y~5.44 | Y~5.44 | 0.40 | 3.40~29.60 | 14.71 |
| 1990 | Y~0.12 | 30Y~0. | 0.011 | Y~0.220 | Y~0.080 | 0.021 | Y~6.71 | Y~6.71 | 0.62 | 3.35~34.04 | 11·93 |

ئىزاھ:y ــ تەكشۈرۈشتە بايقالمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

قۇمۇل شەھىرىنىڭ 1983 – 1990 - يىللىغىچە بولغان ئاتموسفېرا ئەھۋالى: ئاتموسفېرادىكى گۈڭگۈرت IV ئوكسىدىنىڭ قويۇقلۇق دائىرىسى 0.24 ~ 0.000 مىللىگرام/ كۇب مېتىر بولۇپ، بىر قېتىملىق ئەڭ يۇقىرى قويۇقلۇقى بىلەن ئەڭ يۇقىرى كۈنلۈك ئوتتۇرىچە قىممىتىنىڭ ھەممىسىلا دۆلەت بەلگىلىگەن ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتمىدى، تارىختىن بۇيان قويۇقلۇق دەرىجىدە زور ئۆزگىرىش بولمىدى. ئاتموسفېرادىكى ئازوت ئوكسىدىنىڭ قويۇقلۇق دائىرىسى 0.24 ~ 0.000 مىللىگرام/ كۇب مېتىر بولدى؛ لەيلىمە دانىچە ماددىلارنىڭ ئومۇمىي قويۇقلۇقى ھەر يىلى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتتى. ئاتموسفېرادىكى چاڭ- توزاننىڭ ئايلىق تەبىئىي چۈشۈش مىقدارى 334.2 - 3.35 كۋادرات كىلومېتىر توننا بولۇپ، تەبىئىي چۈشۈش مىقدارى 1984- يىلدىن بۇيان كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تۆۋەنلىدى.

بۇلغىمىلارنىڭ قۇرۇلمىسىدا گۈڭگۈرت IV ئوكسىدى، ئازوت ئوكسىدىنىڭ ئىگىلىگەن سالمىقى ناھايىتى كىچىك بولۇپ، يىللاردىن بۇيانقى تەكشۈرۈلۈش نەتىجىسى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتمىدى. لەيلىمە دانىچىلەر ۋە توزانلارنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى زور بولۇپ، ئاتموسفېرانى بۇلغايدىغان ئاساسلىق ماددىلاردۇر. قۇمۇل شەھىرىنىڭ ئاتموسفېراسىنىڭ بۇلغىنىشى چاڭ- توزاننى ئاساس قىلغان تىپلىق چاڭلىق، ئىس- تۈتەكلىك بۇلغىنىش تۈرىگە كىرىدۇ.

**قۇمۇل شەھىرى بويىچە 1982 – 1990 - يىللىغىچە بولغان ئاتموسفېرا مۇھىت سۈپىتىنى باھالاش نەتىجىسى**

جەدۋەل: 17 - 9 بىرلىكى: مىللىگرام/ لىتىر

| يىللار | گۈڭگۈرت IV ئوكسىدى | ئازوت ئوكسىدى | دانىچە ماددا | چاڭ- توزان | تەڭ ئۆلچەملىك بۇلغىنىش يۈكى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1982 | 0.10 | 0.14 | 6.87 | 2.65 | 9.76 |
| 1983 | 0.07 | 0.12 | 1.88 | 3.05 | 5.12 |
| 1984 | 0.09 | 0.09 | 1.33 | 5.34 | 6.85 |
| 1985 | 0.19 | 0.07 | 2.11 | 3.33 | 5.70 |
| 1986 | 0.09 | 0.08 | 2.33 | 2.37 | 4.92 |
| 1987 | 0.09 | 0.21 | 1.77 | 3.60 | 5.63 |
| 1988 | 0.10 | 0.22 | 1.73 | 0.58 | 2.63 |
| 1989 | 0.09 | 0.20 | 1.33 | 0.42 | 2.04 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 1990 | 0.07 | 0.21 | 2.07 | 0.34 | 2.69 |
| ئومۇمىي | 0.89 | 1.34 | 21.38 | 21.68 | |
| قۇرۇلمىسى % | 2.0 | 3.0 | 47.0 | 48.0 | 100.0 |

2. سۇنىڭ بۇلغىنىشى

ۋىلايەتتە سۇنىڭ بۇلغىنىشى ئاساسلىقى سانائەت يۇندىسىدىن، چىرىندى داشقاللاردىن ۋە تۇرمۇش يۇندىسىدىن كېلىدۇ.

ۋىلايەتتە بۇلغىما قويۇپ بېرىدىغان چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى كارخانىدىن 129 ى، بىر قەدەر چوڭراق دوختۇرخانىدىن سەككىزى بار بولۇپ، يىلىغا 578.37 توننا يۇندا قويۇپ بېرىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، 1985- يىلى ۋىلايەت بويىچە قويۇپ بېرىلگەن سانائەت يۇندىسى 3 مىليون 769 مىڭ 200 توننا بولۇپ، ھەر 10 مىڭ يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتىگە 161.7 توننىدىن توغرا كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، تېخنولوگىيىلىك ئىشلەپچىقىرىشتا قويۇپ بېرىلگىنى 3 مىليون 727 مىڭ 440 توننا بولۇپ، سانائەت يۇندىسىنىڭ 98.9% ىنى ئىگىلىدى. سانائەت يۇندىسى ياكى ئانا سۇيۇقلۇقى يىلىغا 41 مىڭ 760 توننا قويۇپ بېرىلىپ، ۋىلايەت بويىچە سانائەت يۇندىسىنىڭ 1.1% ىنى ئىگىلىدى. قۇمۇل شەھىرى بويىچە يىلىغا قويۇپ بېرىلىدىغان سانائەت يۇندىسى 3 مىليون 566 مىڭ 100 توننا بولۇپ، ۋىلايەت بويىچە سانائەت يۇندىسىنىڭ 94.6% ىنى ئىگىلىدى؛ باركۆل ناھىيىسىنىڭ يىللىغا قويۇپ بېرىدىغان سانائەت يۇندىسى 203 مىڭ 40 كۇب مېتىر بولۇپ، ۋىلايەت بويىچە سانائەت يۇندىسىنىڭ 5.4% ىنى ئىگىلىدى.

1985- يىلى، ۋىلايەت بويىچە سانائەت يۇندىسى بىلەن تەڭ قويۇپ بېرىلگەن تۈرلۈك بۇلغىما 2846.74 توننا، بۇنىڭ ئىچىدە خىمىيىلىك ئوكسىگېننى خوراتقۇچى ماددا 1247.31 تونىنا، لەيلىمە ماددا 2535.71 تونىنا بولۇپ، ۋىلايەت بويىچە 89.1% ىنى ئىگىلىدى؛ باركۆل ناھىيىسىنىڭ يىلىغا 311.02 تونىنا بولۇپ، 10.9% نى ئىگىلىدى. كارخانا- كەسىپلەر ئىچىدە بۇلغىما قويۇپ بېرىشى كۆپرەك بولغىنى خىمىيە سانائىتى بولۇپ، يىلىغا 1001.3 تونىنا بۇلغىما قويۇپ بەردى. بۇنىڭ ئىچىدە، لەيلىمە ماددا 468.7 تونىنا، COD ماددىسى 375.16 تونىنا، سۇلفىدلاشقان ماددا 156.28 تونىنا، باشقا بۇلغىما 1.14 تونىنا.

1985 – 1986- يىللىرى، ۋىلايەت بويىچە سانائەت كارخانىلىرىنىڭ يۇندىسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، 13 چىقىرىش ئېغىزىدىكى يۇندىنىڭ PH قىممىتى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتتى، ئېشىپ كېتىش نىسبىتى 46.4% بولدى. 16 چىقىرىش ئېغىزىدىكى يۇندىنىڭ COD قىممىتى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتتى، ئۆلچەمدىن ئېشىش نىسبىتى 76.2% بولدى؛ ئىككى چىقىرىش ئېغىزىدىن چىققان يۇندا تەركىبىدىكى پارلىنىشچان فېنول ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۆلچەمدىن ئېشىش نىسبىتى 14.3% بولدى؛ بىر چىقىرىش ئېغىزىدىن چىقىرىلغان يۇندا تەركىبىدىكى ئالتە ۋالېنتلىق خروم ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۆلچەمدىن ئېشىش نىسبىتى 12.5% بولدى؛ ئۈچ چىقىرىش ئېغىزىدا نېفىت تۈرىدىكىلەرنىڭ قىممىتى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۆلچەمدىن ئېشىپ كېتىش نىسبىتى 15.8% بولدى؛ 10 چىقىرىش ئېغىزىدىن چىقىرىلغان لەيلىمە ماددا تۈرىدىكى ماددىلار ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۆلچەمدىن ئېشىش نىسبىتى 33.7% بولدى؛ بەش ئېغىزدا سۇلفىدلىق ماددىلار بىلەن بەش

كۈنلۈك بىئوخىمىيىلىك ئوكسىگېنغا مۇھتاجلىق مىقدارى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتتى، سۇلفىدلىق ماددىنىڭ %83.3، بەش كۈنلۈك بىئوخىمىيىلىك ئوكسىگېنىنىڭ %55.5 ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتتى.

سانائەت يۇندىسىنىڭ كۆپ قىسمى ھېچقانداق بىر تەرەپ قىلىنماستىن، بىۋاستە چىقىرىش سىستېمىسىغا قويۇپ بېرىلىدۇ. قۇمۇل شەھىرى تەۋەسىدە ئاساسلىقى شەرقىي ئۆستەڭ، غەربىي ئۆستەڭ، يەتتە قۇدۇقتىكى تۇزلۇق كۆل ساھىلى، تارانچى 1023 لىنىيىسىدىكى چېپىلغان كۆللەرگە قويۇپ بېرىلدى. باركۆل ناھىيىسى تەۋەسىدە، شىمالىي ئوتلاق كۆل ساھىلى ۋە كۆلياقىسىغا قويۇپ بېرىلدى. غەربىي ئۆستەڭ ياقىسىنى بويلاپ ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى، تۆمۈريول پاراۋوز ئۈچاستىكىسى، تۆمۈريول ئاپتوموبىل ئۈچاستىكىسى، تۆمۈريول كۆۋرۈك ماتېرىياللىرى زاۋۇتى، ۋىلايەتلىك قۇشخانا، قىزىليۇلتۇز دوختۇرخانىسى، ۋىلايەتلىك دوختۇرخانا، 1- ئېلېكتر ئىستانسىسى قاتارلىق 10 نەچچە ئورۇن ئورۇنلاشقان بولۇپ، يىلىغا تەخمىنەن 1 مىليون 382 مىڭ تونىنا يۇندىنى چىقىرىپ، بىۋاستە دەرياغا قويۇپ بېرىدۇ، بۇ ئاساسلىق قۇمۇل شەھەر رايونىنى بۇلغايدۇ. قۇمۇل شەھىرىدە يىلىغا قويۇپ بېرىلگەن يۇندا ۋىلايەت بويىچە %94.6 نى ئىگىلىدى. سۇلفىدلىق ماددىلار بىلەن خىمىيىلىك ئوكسىگېننى خوراتقۇچى بۇلغىما ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

قۇمۇل شەھىرىدىكى غەربىي ئۆستەڭگە 10 نەچچە زاۋۇت ۋە يول ياقىسىدىكى ئاھالىلەر چىقارغان 1 مىليون 383 مىڭ 800 تونىنا يۇندا قويۇپ بېرىلىدۇ، بۇ ئۆستەڭ ئومۇمىي سۇ مىقدارىنىڭ %11 نى ئىگىلەيدۇ. بۇ زىيانلىق سۇلار راھەتباغ ۋە بوغاز سۇ ئامبارلىرى ئارقىلىق ئېتىزلىقلارغا كىرىپ، يەر ئاستى سۈيىنى بۇلغايدۇ. خىمىيىلىك ئانالىزغا ئاساسلانغاندا، بۇلغانغان يەر قاتلىمىدىكى سۇلفات كىسلاتا تۇزلىرىنىڭ مىقدارى بۇلغانمىغان يەردىن 10 ھەسسە يۇقىرى بولۇپ، تۇپراقنىڭ قېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن.

1978- يىل 9- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ كېرەكسىز سېلىترا كۆلچىكى يېرىلىپ كېتىپ، 2100 كۇب مېتىر سېلىترا شەھەر ئەتراپى يېزىلىرىنىڭ كۆكتاتلىرىنى بۇلغىدى، 18 مىڭ 291 تۈپ كۆچەتنى قۇرۇتۇۋەتتى، 17.23 مو كۆچەتخانا، كۆكتاتلىق ۋە ئۈزۈمزارلىقلار نابۇت خاراكتېرلىك زىيانغا ئۇچراپ، ۋاستىلىك ۋە بىۋاستە زىيان 72 مىڭ 181.1 يۈەنگە يەتتى. 97 دېھقان ئائىلىسى ئاپەتكە ئۇچرىدى.

قۇمۇل شەھەرلىك فوسفورلۇق ئوغۇت زاۋۇتىنىڭ چاڭ- توزانلىرى شەھەر ئەتراپى يېزىسى سەكرەپ ئىلگىرىلەش كەنتىنىڭ 8.8 مو يېرىدىكى كۆكتاتلىقىنى بۇلغىۋەتكەنلىكتىن، كۆكتاتلار ياخشى ئۆسەلمىدى، يوپۇرماق ۋە شىرلىرىغا ئال چۈشۈپ چىرىپ كەتتى، تۇپراق قېتىپ كېتىپ، زىرائەتلەر ياخشى ئۆسەلمەي، 5218 يۈەن بىۋاستە زىيان بولدى.

مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى شەھەر ئەتراپى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، بىر قىسىم يېزا- بازار كارخانىلىرىنىڭ جايلىشىشى مۇۋاپىق بولمىغانلىقتىن، دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىغا بولغان زىيىنى بىر قەدەر زور بولدى. قۇمۇل شەھىرىنىڭ ئاستانە يېزىسى مۇھىم ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بولۇپ، 1979- يىلى، يەنى سۇلفىد شور زاۋۇتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، تۆۋەنكى ئېقىندىكى 45 مو يەردىن 15 مىڭ كىلوگرام بۇغداي ئالاتتى. زاۋۇت قۇرۇلغاندىن كېيىن، كۈنىگە 4 - 5 تونىنا سۇلفىد شورى ئىشلەپچىقىرىلدى، ھەر يىلى كۆپ مىقداردىكى بىر تەرەپ قىلىنمىغان سۇلفىد شورىنىڭ ئانا سۇيۇقلۇقى تۆۋەنكى سىڭدۈرۈش كۆلچىكىگە قويۇپ بېرىلىپ، بۇلغىما تەگكەنلىكى جايدا بىر تالمۇ گىياھ ئۆسمىدى. بۇنىڭدىن باشقا، چىقىرىۋېتىلگەن نۇرغۇن كېرەكسىز داشقاللار ئېتىزلارنىڭ ئەتراپىغا توپلاپ قويۇلدى، خام شور قورشاۋ تېمى بولمىغان زاۋۇت ھويلىسىغا دۆۋىلەپ قويۇلغانلىقتىن، بوراندا خام ماتېرىيال ۋە كېرەكسىز داشقاللار ئېتىزلىقلارغا ئۇچۇپ چۈشتى. سىڭدۈرۈش كۆلچىكى بىلەن قۇدۇقنىڭ ئارىلىقى 10 مېتىرغا، ئېتىزلىقلار بىلەن بولغان ئارىلىقى 15 مېتىرغا يەتمىگەچكە، قۇدۇقتىن سۇ تارتىلىپ، بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىنلا قارا

سۇ چىقتى. تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى 120 مو بۇغدايلىقنىڭ ئومۇمىي ھوسۇلى 25 مىڭ كىلوگرامدىن ئاشمىدى. قوناق شېخى ۋە ئوت- چۆپلەرنى ھەتتا ئېشەكلەرمۇ يېمىدى. خىمىيىلىك ئانالىز قىلىش ئارقىلىق، سۇلفىد شورى زاۋۇتىدىكى كىرەكسىز سۇنىڭ PH قىممىتى 13.7 بولۇپ، سانائەت يۆندىسىنىڭ يول قويغان قويۇقلۇق دائىرىسىدىن ئېشىپ كەتتى. سۇلفىدلار ۋە COD لارمۇ ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتتى.

### 3. قاتتىق چىقىرىندىلار

ۋىلايەتنىڭ سانائىتىدە قاتتىق چىقىرىندىلاردىن ئاساسلىقى كۆمۈر بەز تېشى، داشقال، كۆمۈر كۆلى، خىمىيە سانائىتىدىكى چىقىرىندىلار، سانائەت ئەخلىتى ۋە پېچ داشقىلى قاتارلىقلار بار. يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 899 مىڭ 900 توننا بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە كۆمۈر بەز تېشى 307 مىڭ 900 توننا، داشقال 191 مىڭ توننا، خىمىيە سانائىتىدىكى كىرەكسىز چىقىرىندا 134 مىڭ توننا، مېتال تاۋلاشتىن چىقىرىۋېتىلگەن داشقال 127 مىڭ 100 توننا، كۆمۈر كۆلى 79 مىڭ 700 توننا؛ بۇنىڭدىن باشقا، بىر قىسىم سانائەت ئەخلەتلىرى ۋە شەھەر ئەخلەتلىرى بار.

1) **مېتال تاۋلاشتىن چىقىرىۋېتىلگەن كىرەكسىز داشقاللار** ئاساسلىقى قۇمۇل ۋىلايەتلىك پولات- تۆمۈر زاۋۇتى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 25 مىڭ 400 توننا چىقىرىندا چىقىرىدۇ، ئۇنىڭ كۆپ قىسمى سېمونت ئىشلەپچىقىرىشقا خام ئەشيا قىلىنىدۇ.

2) **كۆمۈر كۆلى ۋە داشقال** يىلىغا 54 مىڭ 100 توننا چىقىرىلىدۇ، چىقىرىشى بىر قەدەر كۆپ بولغان كارخانىلاردىن ۋىلايەتلىك 1- ئېلېكتر ئىستانسىسى، ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى، پولات- تۆمۈر زاۋۇتى، قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى ئېلېكتر ئىستانسىسى، باركۆل ئېلېكتر ئىستانسىسى قاتارلىقلار. داشقاللارنىڭ كۆپ قىسمى بىناكارلىق ماتېرىيالى قىلىنىدۇ ياكى يولغا يېيىتىلىدۇ. كۆمۈر كۆلى ئوغۇت ۋە تۇپراقنى ياخشىلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

3) **كۆمۈر بەز تېشى** قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى يىلىغا 61 مىڭ 600 توننا كۆمۈر بەز تېشى ئىشلەپچىقىرىدۇ. 1970- يىللاردىن باشلاپ، قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى كۆمۈر بەز تېشىدىن خىش ئىشلەپچىقىرىشنى يولغا قويدى. ھازىر 3 كۆمۈر بەز تېشى خىش زاۋۇتىدىن ئۈچى قۇرۇلدى، يىلىغا 40 مىليون دانە كۆمۈر بەز تېشى خىشى ئىشلەپچىقىرىدۇ، 80 مىڭ توننا كۆمۈر بەز تېشى ئىشلىتىلىدۇ. بىر قانچە يىللاردىن بۇيان توپلىنىپ كەتكەن كۆمۈر بەز تېشىنىڭ ھەممىسىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىلدى.

4) **خىمىيە سانائىتى داشقاللىرى** بۇ، ۋىلايەتتە چىقىرىلىدىغان ئاساسلىق قاتتىق بۇلغانمىلار بولۇپ، ئاساسلىقى ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى، تۇز خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى، خىمىيە سانائىتى 2- زاۋۇتى، قىزىليۇلتۇز خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى قاتارلىق زاۋۇتلار چىقىرىدۇ. يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 25 مىڭ توننا داشقال چىقىرىدۇ. كۆپ يىللاردىن بۇيان، نەچچە 10 مىڭ تونىلاپ دۆۋىلىنىۋەرگەچكە، تۇپراق ۋە سۇ مەنبەسىنى داۋاملىق بۇلغىدى.

5) **سانائەت ئەخلىتى** يىللىق ئوتتۇرىچە چىقىرىلىش مىقدارى 13 مىڭ 900 توننا، ئاساسلىق تۆمۈريول كۆۋرۈك ماتېرىياللىرى زاۋۇتى بىلەن قىزىليۇلتۇز دورا زاۋۇتىدىن چىقىرىلىدۇ. كۆۋرۈك ماتېرىياللىرى زاۋۇتىنىڭ بېتون ئەخلىتى كۆمۈۋېتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؛ قىزىليۇلتۇز دورا زاۋۇتىدىن چىقىرىلغان چاكاندا داشقىلىنى دېھقانلار تۇرمۇشتا يېقىلغۇ ئورنىدا ئىشلىتىدۇ.

6) **شەھەرنىڭ تۇرمۇش ئەخلىتى** ئاساسلىق تەركىبى داشقال، كۈل، گەندە- تېزەك، مېۋە- چېۋە شۆپىكى، كۆكتات يوپۇرمىقى، ئەينەك سۇنۇقى، كىرەكسىز رېزىنكە، نەرسە- كېرەك پارچىسى، ئوتۇن ئۆۋۈقى، كىرەكسىز بوتۇلكا، ئۇستىخان، غازاڭ قاتارلىقلار بولۇپ، يېقىلغۇ قىلىشقا بولىدىغان ئورگانىك ماددىلار 15% نى، يېقىلغۇ قىلىشقا بولمايدىغان ئانئورگانىك ماددىلار 85% نى ئىگىلەيدۇ. يىلىغا 61 مىڭ 600 توننا شەھەر ئەخلىتى، 79 مىڭ 600 توننا گەندە تازىلىنىدۇ. 1989- يىلى، شەھەرلىك ئەخلەت مەيدانى قۇرۇلدى. 1990- يىلى شەھەر ئەخلىتىنى يۆتكەش بېكىتى

قۇرۇلۇپ، شەھەرنىڭ تۇرمۇش ئەخلىتى مەركەزلەشتۈرۈلۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، كەندىلەر ئوغۇت قىلىندى، قالغان ئەخلەتلەر كۆمۈپ بىر تەرەپ قىلىندى.

4. مۇھىت سۈپىتى

1) ئاتموسفېرا مۇھىتىنىڭ سۈپىتى (ھاۋا سۈپىتى) 1995- يىلى، مۇھىتنى نازارەت قىلىپ ئۆلچەش تېخنىكا قائىدىسى ۋە تېخنىكىلىق تەلەپلەرگە ئاساسەن، ھەر پەسىلدە بىر قېتىم نازارەت قىلىپ ئۆلچەندى، تەكشۈرۈپ ئۆلچەش تۈرلىرى گۈڭگۈرت (IV) ئوكسىدى، ئازوتلۇق ئوكسىدلار، مۇئەللەقتىكى لەيلىمە دانىچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

قۇمۇل شەھىرى ئاتموسفېراسىنىڭ سۈپەت ئۆلچىمى (GB3059,82 II دەرىجىلىك)

جەدۋەل: 17 – 10 بىرلىكى: مىللىگرام/ كۇب مېتىر

| بۇلغىما | ئاللانغان ۋاقتى | قويۇقلۇق چەكلىمىسى | ئۆلچەپ چىقىلغان قىممىتى |
|---|---|---|---|
| گۈڭگۈرت IV ئوكسىدى ($SO_2$) | كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن | 0.15 | 0.0165 ئۆلچەمگە يەتتى |
| | ھەر قانداق بىر قېتىمدا | 0.50 | 0.376 ئۆلچەمگە يەتتى |
| ئازوت ئوكسىدى ($NO_X$) | كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن | 0.10 | 0.022 ئۆلچەمگە يەتتى |
| | ھەر قانداق بىر قېتىمدا | 0.15 | 0.728 ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن |
| مۇئەللەق دانىچە ماددىلار (TSP) | كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن | 0.30 | 0.322 ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن |
| | ھەر قانداق بىر قېتىمدا | 1.00 | 5.38 ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن |

قۇمۇل شەھىرى ئاتموسفېراسىنىڭ سۈپىتىنى ئۆلچەش نەتىجىسى (يىلدىكى كۈنلۈك ئوتتۇرىچە قىممەت)

جەدۋەل: 17 – 11 بىرلىكى: مىللىگرام/ كۇب مېتىر

| بۇلغىما | قىش | ئەتىياز | ياز | كۈز | ئوتتۇرىچە قىممەت |
|---|---|---|---|---|---|
| گۈڭگۈرت IV ئوكسىدى | 0.023 | 0.013 | 0.009 | 0.021 | 0.0165 |
| ئازوت ئوكسىدى | 0.042 | 0.013 | 0.007 | 0.028 | 0.022 |
| مۇئەللەق دانىچە ماددىلار | 0.347 | 0.291 | 0.211 | 0.441 | 0.322 |

**قۇمۇل شەھىرى ئاتموسفېرا مۇھىتىنىڭ سۈپىتىنى باھالاش جەدۋىلى**

جەدۋەل: 17 – 12 بىرلىكى: مىللىگرام/ كۇب مېتىر

| دەرىجىسى | 1- دەرىجىلىك پاكىز | 2- دەرىجىلىك يېنىككىنە بۇلغىنىش | 3- دەرىجىلىك يېنىك بۇلغىنىش | 4- دەرىجىلىك ئوتتۇراھال بۇلغىنىش | 5- دەرىجىلىك ئېغىر بۇلغىنىش |
|---|---|---|---|---|---|
| بۇلغىنىش كۆرسەتكۈچى | <1.00 | 1.01 ~ 3.00 | 3.01 ~ 5.00 | 5.01 ~ 7.00 | >7.01 |

قۇمۇل شەھرى ئاتموسفېراسىنىڭ بۇلغىنىش كۆرسەتكۈچىسى P=1.41 بولۇپ، ئىككىنچى دەرىجىلىك يېنىك بۇلغىنىشقا كىرىدۇ.

بۇلغىما كارخانا ۋە ئائىلىلەر قويۇپ بەرگەن ئىس - تۈتەك ۋە چاڭ - توزاندىن كېلىدۇ.

بۇلغىنىش دەرىجىسى قىش بىلەن كۈزدە يۇقىرى، ئەتىياز ۋە يازدا تۆۋەن، سەھەر ۋە كەچتە يۇقىرى، چۈش ۋە چۈشتىن كېيىن تۆۋەن بولىدۇ.

2) يەر ئاستى سۇ (ئىچىملىك سۇ) مۇھىتىنىڭ سۈپىتى

يەر ئاستى سۈيى ئەلۋەك مەزگىلدە بىر قېتىم، تارتىلىش مەزگىلدە بىر قېتىم جەمئىي ئىككى قېتىم تەكشۈرۈپ ئۆلچەندى. جەمئىي 17 تۈرلۈك بۇلغىنىش كۆرسەتكۈچى بويىچە سەككىز قۇدۇق تەكشۈرۈلدى. ئۆلچەپ تەكشۈرۈلگەن سەككىز قۇدۇق ئىچىدە، ۋىلايەتلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىچىملىك سۇ قۇدۇقىدىكى سۇنىڭ ئومۇمىي قاتتىقلىق دەرىجىسى (H) 43.29D°، ئومۇمىي ئېرىشچان قاتتىق جىسىم 1213.1 (مىللىگرام/ لىتىر) بولۇپ، ئۆلچەمدىن ئېشىپ كېتىش نىسبىتى 100% بولدى، باشقا كۆرسەتكۈچلەر ئۆلچەمدىن ئاشمىدى. قالغان ۋودوپىروۋود زاۋۇتى، كۆۋرۈك ماتېرىياللىرى زاۋۇتى، ۋىلايەتلىك دوختۇرخانا، مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى، 1- ئېلېكتر ئىستانسىسى، مەمۇرىي مەھكىمە ۋە پاكىزلىقنى سېلىشتۇرۇش نۇقتىسىدىكى يەتتە قۇدۇقنىڭ سۈيى بۇلغىنىش ئۆلچىمىدىن ئېشىپ كەتمىدى.

**قۇمۇل شەھىرىنىڭ تۇرمۇش ئىچىملىك سۈيىنىڭ تازىلىق ئۆلچىمى**

جەدۋەل: 17 – 13

| GB5749 - 85 | | ئەمەلىي ئۆلچەنگەن قىممىتى | GB5749 - 85 | | ئەمەلىي ئۆلچەنگەن قىممىتى |
|---|---|---|---|---|---|
| PH | 6.5 ~ 8.5 | 7.93 | فىتور (مىللىگرام/ لىتىر) | 1.0 | 0.261 |
| قاتتىقلىق دەرىجىسى | 25 | 16.74 | ئومۇمىي ئېرىشچان قاتتىق جىسىم (مىللىگرام/ لىتىر) | 1000 | 498.0 |
| نىترات كىسلاتاسى (مىللىگرام/ لىتىر) | 20 | 3.166 | ئېرىشچان ئوكسىگېن (مىللىگرام/ لىتىر) | 5 | |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| پارلىنىشچان فېنول (مىللىگرام/ لىتىر) | 0.002 | تەكشۈرۈشتە بايقالمىدى | پېرمانگانات تۇزلىرى | 6 | 0.96 |
| ئالتە ۋالېنتلىق خروم (مىللىگرام/ لىتىر) | 0.05 | بايقالمىدى | خىمىيىلىك ئوكسىگېن خورىتىش مىقدارى (مىللىگرام/ لىتىر) | 15 | بايقالمىدى |
| ئارسېن (مىللىگرام/ لىتىر) | 0.05 | بايقالمىدى | بەش كۈنلۈك بىئولوگىيىلىك ئوكسىگېن ئېھتىياجى (مىللىگرام/ لىتىر) | 4 | بايقالمىدى |
| سىيانىد (مىللىگرام/ لىتىر) | 0.05 | بايقالمىدى | ئاممونىيلىق ئازوت (مىللىگرام/ لىتىر) | 1.0 | بايقالمىدى |
| قوغۇشۇن (مىللىگرام/ لىتىر) | 0.05 | بايقالمىدى | نىتروس كىسلاتا تۇزلىرى (مىللىگرام/ لىتىر) | 0.1 | بايقالمىدى |
| كادمىي (مىللىگرام/ لىتىر) | 0.01 | بايقالمىدى | لەيلىمە ماددا (مىللىگرام/ لىتىر) | 150 | بايقالمىدى |
| مىس (مىللىگرام/ لىتىر) | 1.0 | بايقالمىدى | | | |

### قۇمۇل شەھىرىنىڭ يەر ئاستى سۈيى مۇھىتىنىڭ سۈپىتىنى باھالاش

جەدۋەل: 17 — 14 بىرلىكى: مىللىگرام/ لىتىر

| دەرىجىسى | 1 – دەرىجىلىك بۇلغانغان | 2- دەرىجىلىك يېنىك بۇلغانغان | 3- دەرىجىلىك ئوتتۇراھال بۇلغانغان | 4- دەرىجىلىك ئېغىر بۇلغانغان | 5- دەرىجىلىك ناھايىتى ئېغىر بۇلغانغان |
|---|---|---|---|---|---|
| بۇلغىنىش كۆرسەتكۈچى | <0.5 | 0.5~ 1.0 | 1.01 ~ 1.50 | 1.51 ~ 2.00 | >2.01 |

قۇمۇل شەھىرىنىڭ يەر ئاستى سۈيىنىڭ بۇلغىنىش كۆرسەتكۈچى P=0.54 بولۇپ، يېنىك بۇلغىنىشقا كىرىدۇ.

شەھەر رايونىنىڭ يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئاساسلىق بۇلغىنىش كۆرسەتكۈچى ئومۇمىي قاتتىقلىق دەرىجىسى بىلەن ئومۇمىي تۇز مىقدارى بولۇپ، يەر ئاستى سۇ يۆنىلىشى بويىچە يۇقىرى ئېقىندىن تۆۋەن ئېقىنغا ئېقىپ كەلگەن سۇ شەھەر رايونىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئومۇمىي قاتتىقلىق دەرىجىسى بىلەن ئومۇمىي تۇز مىقدارى بارغانسېرى يۇقىرى ئۆرلەيدۇ. كۆۋرۈك مانېرسىياللىرى زاۋۇتىدىكى ئۆلچەش نۇقتىسىدا كۆرۈنەرلىك ئۆرلەيدۇ. بۇ جايدا ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ بىر قانچە يىللاردىن بۇيانقى يىغىلىپ كېلىۋاتقان داشقال دۆۋىسى ۋە چۆكمىلەرنى تىندۇرۇش ئازگىلى بار. شەھەرنىڭ تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىشنى تەسىرگە ئۇچرىتىدىغىنى ئاساسلىقى يۇندا، كىرەكسىز چىقىرىندا قاتارلىقلار

بولۇپ، يەر ئاستى سۈيى شەھەر رايونىغا ئېقىپ كىرگەندىن كېيىن، سۈنىڭ سۈپىتى تەدرىجىي ناچارلىشىدۇ. ۋىلايەتلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بۇلغىنىش كۆرسەتكۈچى 1.24 بولۇپ، ئۈچىنچى دەرىجىلىك ئوتتۇراھال بۇلغىنىشقا كىردى.

3) شاۋقۇن

1982- يىلىدىن باشلاپ، قۇمۇل شەھىرى شاۋقۇننى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش نۇقتىسىدىن 100 نى تەسىس قىلدى. شەھەر رايونىدىكى ئاساسلىق قاتناش غول لىنىيىسىدە نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش نۇقتىسىدىن ئىككىسى تەسىس قىلىنىپ، شەھەر رايونى ئىچىدىكى قاتناش، خىزمەت رايونى ۋە مۇھىت رايونى شاۋقۇنلىرىنى نازارەتلىك تەكشۈردى. تەكشۈرۈپ ئۆلچەش نۇقتىسى تورسىمان ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئومۇمىي نۇقتا سانى تەخمىنەن 150 دانە قېتىم بولدى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە سودا مەركىزى رايونى بىلەن قاتناش غول لىنىيىسىدىكى يولنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى شاۋقۇن ئۆلچەمدىن ئېغىر دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەنلىكى ئېنىقلاندى. ئاپتوموبىل قاتنىشى ۋە سودا مەركىزى رايونىنىڭ مۇھىتىنى باشقۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىلىشى، شاۋقۇن تىزگىنلىنىشى كېرەك ئىدى، نەتىجىدە تۆۋەندىكىدەك بولۇپ چىقتى.

**قۇمۇل شەھىرىنىڭ 1982- يىلىدىكى رايون مۇھىتىنىڭ شاۋقۇن ئۆلچىمى (GB3096 - 93)**

جەدۋەل: 17 – 15　　　　　　بىرلىكى: دېتسىبېل (A)

| تەكشۈرۈلگەن رايون | كۆندىلىك ئۆلچەم | ئەمەلىي ئۆلچىنىش قىممىتى | نەتىجىسى |
|---|---|---|---|
| ئالاھىدە ئولتۇراق رايون | 45 | 46.5 | ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتتى |
| ئائىلىلەر، مەدەنىيەت - مائارىپ رايونى | 50 | 47.7 | ئۆلچەمگە يەتتى |
| بىرىنچى ئارىلاشما رايون | 55 | 49.8 | ئۆلچەمگە يەتتى |
| ئىككىنچى ئارىلاشما رايون | 60 | 51.8 | ئۆلچەمگە يەتتى |
| سودا مەركىزى رايونى | 60 | 73.9 | ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتتى |
| قاتناش غول لىنىيىسىدىكى يول ياقىلىرى | 70 | 76.9 | ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتتى |

شەھەر بويىچە ئېكۋىۋالېنتلىق شاۋقۇن دەرىجىسى 1982- يىلى 50.8 دېتسىبېل بولۇپ، شەھەر- بازارلارنىڭ مۇھىت شاۋقۇنى ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولغانىدى. 1990- يىلى 65.2 دېتسىبېلغا ئۆرلەپ، شاۋقۇن يىلىغا 1.6 دېتسىبېل ئاشتى. خىزمەت رايونلىرىدىكى شاۋقۇن 1982- يىلى دۆلەتنىڭ شاۋقۇن ئۆلچىمىدىن تۆۋەن ئىدى، 1990- يىلىغا كەلگەندە ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتتى. شاۋقۇننىڭ بۇلغىنىشى IV دەرىجىگە يەتتى.

**قىسمەن يىللاردىكى قومۇل شەھەر رايونىنىڭ مۇھىت شاۋقۇنى ئەھۋالى**

جەدۋەل: 17 – 16 بىرلىكى: دېتسىبېل (A)

| يىل | ئاھالىلەر مەدەنىي ماتېرىيال رايونى | | | | 1- ئۇردىكى ئارىلاشما رايون | | | | 2- ئۇردىكى ئارىلاشما رايون | | | | سانائەت مەركەزلەشكەن رايون | | | | قاتناش غول لىنىيىسى رايونى | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | $L_{10}$ | $L_{50}$ | $L_{90}$ | Leg | $L_{10}$ | $L_{50}$ | $L_{90}$ | Leg | $L_{10}$ | $L_{50}$ | $L_{90}$ | Leg | $L_{10}$ | $L_{50}$ | $L_{90}$ | Leg | $L_{10}$ | $L_{50}$ | $L_{90}$ | Leg |
| 1982 | 48.1 | 42.3 | 39.1 | 45.1 | 58.0 | 42.5 | 42.5 | 62.7 | 60.4 | 50.0 | 44.9 | 55.9 | 54.8 | 48.1 | 42.7 | 50.3 | 61.1 | 49.6 | 45.2 | 58.5 |
| 1986 | 52.5 | 48.4 | 48.5 | 51.5 | 47.5 | 46.0 | 45.0 | 46.1 | 55.4 | 52.3 | 49.5 | 53.1 | 49.8 | 43.0 | 42.4 | 49.9 | 51.6 | 49.1 | 45.2 | 49.1 |
| 1990 | 63.1 | 60.3 | 57.8 | 64.7 | 78.0 | 68.5 | 63.5 | 73.9 | 65.8 | 59.8 | 56.9 | 63.4 | 73.0 | 58.5 | 55.2 | 77.4 | 74.8 | 68.3 | 62.6 | 71.4 |

ئىزاھ: L ھالەت مىقدارى، Leg ئېكۋىۋالېنتلىق شاۋقۇن دەرىجىسىنى كۆرسىتىدۇ.

**5. تەبىئىي مۇھىتنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى**

**1) ئوتلاقلارنىڭ چېكىنىشى**

قومۇل ۋىلايىتىنىڭ پەسىللىك ئوتلاقلىرىنىڭ مال سىغىمچانلىقى تەكشى ئەمەس، بولۇپمۇ ئەتىيازلىق، كۈزلۈك ئوتلاقلارغا بولغان بېسىم تولىمۇ ئېغىر، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوتلاقلارنىڭ قالايمىقان ئىچىلىشى ئوتلاقلارنىڭ پەسىل ئارىلىقىدىكى تەڭپۇڭسىزلىقنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇپ، زور كۆلەمدىكى ئوتلاقنىڭ قاقاسلىققا ئايلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 1960- يىللاردىن باشلاپ، بولۇپمۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، «دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىش، چارۋىچىلىقنى چەتكە قېقىش، ئاشلىق ئارقىلىق چارۋىچىلىقنى بېسىش» ۋە «چارۋىچىلار قوتقۇزۇش ئاشلىقى يېمەيدۇ» قاتارلىق شوئارلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى سەۋەبلىك 700 مىڭ موغا يېقىن ئوتلاق قارىغۇلارچە ئېچىلدى. سۈپەتلىك كۈزلۈك چارۋىچىلىق مەيدانلىرى ۋە چاپىلىقلار بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى.

دورا ماتېرىياللىرى، ئوتسۇملۇك، چىملىقلارنىڭ قالايمىقان كولىنىشى، ئوتلاقلارنىڭ قۇملىشىشىنى ۋە قۇم- بوران ئاپەتلىرىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. قومۇل شەھىرىنىڭ بوغاز، پالۋانتۇر، بۇلۇڭتوغراق، ئاستانە يېزىلىرىنىڭ تۈزلەڭلىكلىرىدىكى چىملىقلاردا ئىلگىرى چۈچۈكبۇيا ناھايىتى كۆپ ئىدى، ھازىر ئازگال- ئورەكلەرگە تولۇپ كەتتى. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ۋىلايەتلىك قىزىلپۇلتۇز دورا زاۋۇتى 1971- يىلى 300 توننا، 1979- يىلى 400 توننا، 1980- يىلى 2000 توننا، 1981- يىلى 1100 توننا چاكاندا سېتىۋالغان. قومۇل ناھىيىسىدە 1980- يىلى 104 توننا، 1981- يىلى 183 توننا چۈچۈكبۇيا كولاندى. چاكاندا، چۈچۈكبۇيىلارنىڭ قېزىلىشى چەكلىمىگە ئۇچرىمىغانلىقتىن، زور كۆلەمدىكى چۆللۈك ئوتسۇملۇك ئۆسۈملۈكلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. ئوتلاقلار چېكىنىپ ۋە قۇملىشىپ، چۈچۈكبۇيا، چاكاندا بايلىقلىرىمۇ نابۇت بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالدى. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ۋىلايەت بويىچە 40% تىن ئارتۇق ئوتلاق ئوخشىمىغان دەرىجىدە چېكىنىپ، يېگىدىن كۆپەيتىلگەن كۆلىمى چېكىنىپ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان كۆلەمدىن تۆۋەن بولغان.

چېكەتكە، چاشقان ئاپەتلىرى دائىم يۈز بېرىپ تۇرغانلىقتىن، ئوت - چۆپنىڭ زىيانغا ئۇچرىشى ئېغىر بولدى. باركۆل

ناھىيىسى ئۆيتاغنىڭ غەربىي شىمال قىسمى ۋە كۆكقىر تېغى ئەتراپلىرىدا بەزى يىللاردا قۇملۇق چاشقىنى بىلەن ئوتلاق سوكال چاشقىنىنىڭ زىچلىقىدا، ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ باي، موغاي ۋە قۇمۇل شەھىرىنىڭ شوپۇل يېزىسىدا بەزى يىللىرى قۇملۇق چاشقان توپىنىڭ زىچلىقى ئېشىپ كېتىپ، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى.

2) چۆللۈك ئورمانلىقى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن، چۆللۈكلەر ئېچىلىپ، سۇ ئېقىنلىرى توسۇلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئورمان قالايمىقان كېسىلگەنلىكى ئۈچۈن، چۆللۈك ئورمانلىقى زور دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، دائىرىسى شىددەت بىلەن تارىيىپ كەتتى.

1954- يىلىدىن ئېتىبارەن، قۇمۇل شەھىرى تاشئۆيلۈك ئەتراپىدىكى دېھقانلار ماجۇاڭشەن تېغىغا كىرىپ تالان- تاراج خاراكتېرلىك ئوتۇن كەسكەچكە، زور كۆلەمدىكى چاتقاللىقلار گىياھ ئۈسمەيدىغان تاقىر جايغا ئايلىنىپ كەتتى. يېقىنقى 25 يىلدىن بۇيان ماجۇاڭشەندىكى 200 مىڭ مو سۆكسۆك ئورمانلىقى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، ( يىلىغا 8000 مودىن) كېسىلگەن ئورمانلىق رايونى ئىچكىرىگە قاراپ 50 كىلومېتىر چېكىنىپ كەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، يەتتە قۇدۇق ئەتراپىدىكى يۇلغۇنلۇق، سۆكسۆكلۈك، توغراقلىق، چاكاندىلىقلار، يامانسۇنىڭ شەرقىي جىلغىسىدىكى سۆكسۆكلۈك، بوغازنىڭ چۆل ئورمانلىقىدىكى ئورمان كۆپ مىقداردا كېسىلگەچكە، ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. يۇقىرىدا ئېيتىلغان بىر قانچە جايدىكى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان چۆل ئورمانلىقىنى جەملىگەندە 400 مىڭ مودىن ئاشىدۇ.

ئاراتۇرۇكتە بىر ئائىلىلىك دېھقاننىڭ يېقىلغۇ قىلىشى ئۈچۈن ئاز دېگەندىمۇ يىلىغا ئىككى تونىنا چاتقال كېتىدىكەن، ناھىيە بويىچە يىلىغا 4800 تونىنا سەرپ بولىدىكەن. شۇ بويىچە كېسىلىپ، ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ نوم، باي بەلۋېغىدىكى سۆكسۆك، توغراقلىق، يۇلغۇنلۇقلار يېقىنقى 30 يىل ئىچىدە 150 مىڭ مودىن ئارتۇقراق (يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5000 مودىن كېسىلدى) كېسىلدى. ئورمان ئىچكىرىگە قاراپ 30 كىلومېتىردىن ئارتۇق چېكىنىپ كەتتى.

باركۆل ناھىيىسىدە يېقىنقى 30 يىلدا بازار ئاھالىسى ۋە دېھقانلار، ئۈچكۆل، غەربىتاغ ۋە كۆمۈر كان ئەتراپىدىكى 380 مىڭ مو يەردىكى سۆكسۆك ۋە باشقا چاتقاللىنى كېسىپ ئوتۇن قىلىۋەتتى، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 18 مىڭ مودىن توغرا كەلدى.

## §3. مۇھىت باشقۇرۇش

1992- يىلى، ۋىلايەتلىك مۇھىت نازارەتچىلىك- باشقۇرۇش پونكىتى قۇرۇلدى.

1. ئاتموسفېرا قاتلىمىنىڭ بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش

1) ۋىلايەتلىك سېمونت زاۋۇتىنىڭ سانائەت توزانلىرىنى تىزگىنلەش 1980- يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ئىدارىسى 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ۋىلايەتلىك سېمونت زاۋۇتىنىڭ سانائەت توزىنىدىن بۇلغىنىشنى مەخسۇس تۈزىدى، چاڭ- توزان قويۇپ بېرىش قويۇقلۇقى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىدى.

2) قۇمۇل شەھەرلىك فوسفورلۇق ئوغۇت زاۋۇتىنىڭ فتورلۇق گازنى يىغىۋېلىشى 1986- يىلى 221 مىڭ 300

يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، زاۋۇتتىن قويۇپ بېرىلگەن فتورلۇق گاز تەركىبىدىكى فتورلۇق ناترىي سىلىكاتنى يىغىۋالدى. فتورنىڭ يىغىۋېلىنىش نىسبىتى 95% تىن ئېشىپ، قويۇپ بېرىلگەن گاز تەركىبىدىكى فتورنىڭ قويۇقلۇقى 0.18 مىللىگرام/ كۇب مېتىر غا چۈشۈرۈلدى.

3) قۇمۇل تۆمۈريول سېمونت زاۋۇتىنىڭ چاڭ- توزاننىڭ بۇلغىنىشىنى تۈزىتىش  1981- يىلى 200 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنىپ، يۇقىرى بېسىملىق ئېلېكترستاتىك چاڭ تازىلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق چاڭ- توزاننىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسى دۆلەتنىڭ ئۆلچىمىگە يەتكۈزۈلدى. 1986- يىلى، يېڭىدىن كومپيۇتېر ئارقىلىق تىزگىنلەش، كومپيۇتېر ئارقىلىق سېمونت دانچىلىرىنى كونترول قىلىش تېخنىكىسى قوللىنىلىپ، چاڭ- توزاندىن بۇلغىنىش مەسىلىسى تىرىشىپ تۈپتىن ھەل قىلىندى.

4) ۋىلايەتلىك 1- ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ئىس- تۈتەكنى بوقتىتىش  ۋىلايەتلىك 1- ئېلېكتر ئىستانسىسىدا 6 كىلوۋاتلىق تۆت گېنېراتور گورۇپپىسى بولۇپ، يىلىغا 70 مىڭ توننا كۆمۈر سەرپ قىلىنىدۇ. 2-، 3-، 4- گېنېراتورلار گورۇپپىسىدا قۇرۇق چاقپەلەكلىك چاڭ تازىلىغۇچ ئورنىتىلغان بولۇپ، يىل بويى نورمىدىن ئارتۇق ئايلانغانلىقتىن، 40 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تۇرخۇندا قاپقارا ئىس كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. 1986- يىلى، چاڭ- توزان تازىلاش سىستېمىسىنى ئۆزگەرتىشكە جەمئىي 1 مىليون 82 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ 1988- يىلىغا كەلگەندە چاڭ ۋە كۈل تازىلاش سىستېمىسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، چاڭ- توزان تازىلاش ئۈنۈمى 40% - 60% دىن 93.5% كە كۆتۈرۈلۈپ، تازىلانغان چاڭنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسى دۆلەتنىڭ ئۆلچىمىگە يەتكۈزۈلدى.

5) شەھەر ئاتموسفېراسىنىڭ بۇلغىنىشىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش  1984- يىلىدىن باشلاپ، ۋىلايەتلىك شەھەر- بازار قۇرۇلۇشى، مۇھىت ئاسراش باشقارمىسى قۇمۇل شەھەر رايونى تەۋەسىدىكى پارقازانلارنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش ۋە مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىقلىق يەتكۈزۈش خىزمىتىنى نۇقتىلىق تۇتتى. 1984- يىلىدىن باشلاپ، يېڭىدىن كۆپەيتىلگەنلىكى پارقازانلارغا چاڭ- توزان سۈمۈرۈش ئۈسكۈنىسى ئورنىتىلدى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، قارىداش دەرىجىسى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن ئالتە پارقازاننىڭ چاڭ- توزان سۈمۈرۈش ئۈسكۈنىسى ئۆزگەرتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئومۇمىي دائىرىسى 40 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق ئالتە بۆلەك تۇتاشتۇرۇلۇپ، ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش سىستېمىسى قۇرۇلدى. ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش كۆلىمى 327 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 10 مىڭ - 40 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش رايونىدىن 13 ى قۇرۇلۇپ، 299 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق دائىرە ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەندى؛ مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش كۆلىمى جەمئىي 626 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، قۇمۇلنىڭ شەھەر رايونى تەۋەسىدىكى پار قازانلاردىن قارا ئىس چىقىپ تۇرىدىغان ھالەتكە ئاساسەن خاتىمە بېرىلدى، ئاتموسفېرا مۇھىتىنىڭ سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى.

2. سۇنىڭ بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش

1987- يىلى، قۇمۇل شەھىرىدە كۈنىگە 300 توننا يۇندىنى بىر تەرەپ قىلالايدىغان ئوكسىدلاش كۆلچىكى ياسىلىپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، كۆلچەكنىڭ بۇلغىما چىقىرىش تۇرۇبىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 30 كىلومېتىر بولۇپ، 1- قاراردىكى قۇرۇلۇش كۈنىگە شەھەردىن چىقىرىلغان 100 توننىدىن ئارتۇق يۇندىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ۋىلايەتلىك قىزىلىيۇلتۇز دورا زاۋۇتى، قىزىلىيۇلتۇز كۆن- خۇرۇم زاۋۇتى، ۋىلايەتلىك يۇڭ توقۇمىچىلىق

فابرىكىسى، شەھەرلىك پىۋا زاۋۇتى قاتارلىق كارخانىلار كۈنىگە 2000 توننا يۇندا قويۇپ بەردى، تىندۇرۇش، سۈزگۈچتىن ئۆتكۈزۈشتىن كېيىن، يەر ئاستى تۇرۇبا تورىغا قويۇپ بېرىلىپ، شەرقىي، غەربىي ئۆستەڭنىڭ شەھەر يۇندىسىنى چىقىرىدىغان سۇ يولىغا ئايلىنىپ قېلىشىنىڭ ۋە ئۇچرىغانلا يەردە يۇندا سىڭدۈرۈش ئورنى ياساشتەك ۋەزىيەت ئۆزگەرتىلىپ، يۇندىنىڭ شەرقىي، غەربىي ئۆستەڭ ۋە يەر ئاستى سۈيىنى بۇلغىشى يېنىكلىتىلدى.

1985- يىلى، ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى 308 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ رامكىلىق سۈزگۈچ سېتىۋېلىپ، كۈنىگە 50 توننا لاي سۈيىنى بىر تەرەپ قىلدى، شورنى قايتا يىغىۋېلىپ يۇندا چىقىرىش مىقدارىنى ئازايتتى.

1986- يىلى، قىزىلبۇلتۇز خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى ۋاكۇئۇملۇق شۈمۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق سۇلفاتلىق شور ئانا سۇيۇقلۇقىنى يىغىۋېلىپ، يۇندا چىقىرىش مىقدارىنى ئازايتتى.

1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ۋىلايەتلىك دوختۇرخانا، قىزىلبۇلتۇز دوختۇرخانىسى، كان ئىشلىرى ئىدارىسى دوختۇرخانىسى،تۆمۈر يول دوختۇرخانىسى 377- قىسىم دوختۇرخانىسى قاتارلىق بەش دوختۇرخانا 1000 دىن ئارتۇق كېسەل كارىۋىتىدىن چىقىرىلغان يۇندىنى بىر تەرەپ قىلىشنى تاماملىدى، كۈنىگە 1000 توننىدىن ئارتۇق يۇندىنى بىر تەرەپ قىلدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق، مىكروب ئۆلچىمى دۆلەتنىڭ ئۆلچىمىگە يەتتى.

1985- يىلىدىن ئىلگىرى، ۋىلايەتتە يېزا ئىگىلىك مۇھىتىنى تەكشۈرۈش ئاپپاراتى تەسىس قىلىنمىغاچقا، سۇ ئىشلىرى تارماقلىرى سۇ بايلىقىنى قوغداش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، سۇنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈپ تۇردى. 1986- يىلى، ۋىلايەتتە يېزا ئىگىلىك مۇھىتىنى نازارەت قىلىش- تەكشۈرۈش پونكىتى قۇرۇلدى، ئاددىيلا بىر تەرەپ قىلىنغان بىر قىسىم يۇندىدىن پايدىلىنىش يولىغا قويۇلدى. قۇمۇل شەھىرى راھەتباغ يېزىسىدىكى دېھقانلار شەھەردىن چىقىرىلغان يۇندا بىلەن ئورمان سۇغاردى.

3. بۇلغىنىشى ئېغىر بولغان كارخانىلارنى كۆچۈرۈش

قۇمۇل شەھىرى يېڭىشەھەر رايونلۇق خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى شەھەر رايونى ئىچىدىكى ئاھالىلەر زىچ ئولتۇراقلاشقان رايونغا جايلاشقان بولۇپ، زاۋۇتتىن چىققان قاپقارا ئىس ئاتموسفېرانى ئېغىر دەرىجىدە بۇلغايتتى. 1989- يىلى، ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە، قۇمۇل شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى بۇ زاۋۇتنى كۆچۈرۈشكە شۇنداقلا شور ۋە پېرلىت قالدۇقلىرىنى تازىلاش، بۇلغانغان ئۈستۈنكى توپا قاتلىمىنى قىرىۋېتىش، خۇمدانلارنى چېقىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى.

باركۆل ناھىيىلىك گۈڭگۈرتلۈك شور زاۋۇتى ناھىيە بازىرىنىڭ مەركىزىدە بولۇپ، زاۋۇتتىن چىققان ئىس- تۈتەكلەر خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزگەنىدى. چىقىرىلغان يۇندا ۋە چىقىرىندىلار زاۋۇت رايونىدا ھەر تەرەپكە ئېقىپ، تولىنىپ، يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇلغاپ، يېقىن ئەتراپتىكى قۇدۇقلاردىن سۇ ئىچكىلى بولمايدىغان ھالەت شەكىللەنگەنىدى. 1982- يىلى، باركۆل ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بۇ زاۋۇتنى چەكلىك مۇددەت ئىچىدە باركۆل كۆلىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى سايلىققا كۆچۈرۈشنى قارار قىلدى.

4. قۇرۇلۇش تۇر مۇھىتىنى باشقۇرۇش

1981- يىلىدىن ئېتىبارەن، يېڭىدىن قۇرۇلغان، كېڭەيتىپ قۇرۇلغان چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە

بۇلغاش ۋە مۇھىتقا تەسىر كۆرسىتىش ئېھتىماللىقى بولىدىكەن، مۇھىتقا بولغان تەسىرىنى باھالاش دوكلاتىنى سۇنۇش تەلەپ قىلىندى ھەمدە مۇھىت ئاسراش ئارماقلىرى تەكشۈرۈپ ماقۇللىغاندىن كېيىن ئاندىن زاۋۇت ئورنى بېكىتىپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ ئۈنۈملۈك تەدبىرلىرىنى قوللىنىش شەرت قىلىندى، بولمىسا پىلانغا كىرگۈزۈلمىدى.

1985- يىلىدىن باشلاپ، قۇمۇل ۋىلايىتى قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ مۇھىتقا بولغان تەسىرىنى باھالاش تۈزۈمىنى يولغا قويدى، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تۈرلەرنى باھالاشقا ئاپتونوم رايونلۇق باھالاش گۇۋاھنامىسىغا ئىگە ئورۇنلار، ئاپتونوم رايونلۇق مۇھىتتىن مەسلىھەت بېرىش مەركىزى، ئاپتونوم رايونلۇق مۇھىت ئاسراش تەتقىقات ئورنى، ئاپتونوم رايونلۇق خىمىيە سانائىتى لايىھىلەش ئىدارىسى مۇھىتنى باھالاش ئىشخانىسى قاتارلىق ئورۇنلار رىياسەتچىلىك قىلدى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مۇھىت پەن- تېخنىكا مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمەت ئورنى ھەمكارلاشتى، ئاپتونوم رايونلۇق مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى. 1990- يىلىغا قەدەر، ۋىلايەتتە يېڭىدىن ئىش باشلىغان چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى لەر ۋە مۇھىتنى بۇلغىشى بىر قەدەر ئېغىر بولغان ۋىلايەتلىك يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، ۋىلايەتلىك 2- ئېلېكتر ئانىسى، قۇمۇل شەھەرلىك پىۋا زاۋۇتى، قاتناش باشقارمىسى مەرگىمۇش زاۋۇتى، كان ئىشلىرى ئىدارىسى بېيجۇەن ۇ قۇدۇقى، ۋىلايەتلىك ئالتۇن رۇدا تاللاش زاۋۇتى، قىزىليۇلتۇز سۇلياۋ زاۋۇتى، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك تازىلانغان شور زاۋۇتى، قۇمۇل شەھەرلىك فوسفورلۇق ئوغۇت زاۋۇتىنىڭ سۇلفات كىسلاتا شۆبە زاۋۇتى، قۇمۇل شەھەرلىك قەغەز يەشىك زاۋۇتى قاتارلىق زاۋۇتلارنىڭ مۇھىتقا كەلتۈرىدىغان تەسىرىنى باھالاشنى ئىجرا قىلىشى 100% كە يەتتى؛ كىچىك تىپتىكى سانائەت تۈرلىرى، مەسىلەن، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسى قورۇق ئۈزۈم ئىشلەش زاۋۇتى، قۇمۇل شەھەرلىك ئالتۇن كان رۇدا تاللاش زاۋۇتى، گېئولوگىيە 704- ئەترەت ئالتۇن تاۋلاش زاۋۇتى، تارانچى نېفىت خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى، تارانچى ئوتقا چىداملىق ماتېرىياللار زاۋۇتى، دۆربەجىن سۇلفاتلىق شور زاۋۇتى، قىزىليۇلتۇز 2- مەيدانى خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى قاتارلىق زاۋۇتلارنىڭ مۇھىتقا كەلتۈرىدىغان تەسىرىنى باھالاشنى ئىجرا قىلىش نىسبىتى 82% بولدى. مۇھىتقا كەلتۈرىدىغان تەسىرىنى باھالاش تۈزۈمى قاتتىق يولغا قويۇلۇپ، سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئورنىنى تاللاش، بۇلغىنىشنى تۈزەش تەدبىرلىرى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆتكەل چىڭ تۇتۇلغانلىقتىن، يېڭى بۇلغىنىش مەنبەسى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەندى. مەسىلەن، قۇمۇل شەھەرلىك فوسفورلۇق ئوغۇت زاۋۇتىنىڭ سۇلفات كىسلاتاسى شۆبە زاۋۇتىنى قۇرغان چاغدا ئىقتىسادىي چىقىمنى كۆزدە تۇتۇپ، زاۋۇت ئورنىنى فوسفورلۇق ئوغۇت زاۋۇتىنىڭ ئىچىگە بېكىتمەكچى بولغانىدى. مۇتەخەسسىسلەر ھازىرقى زاۋۇت ئورنىنىڭ شەھەر سۇ مەنبەسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا جايلاشقانلىقىنى، شامال يۆنىلىشىنىڭ بېشىدا ئىكەنلىكىنى، سۇلفات كىسلاتاسىنىڭ گازى ئاتموسفېرا مۇھىتىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇلغايدۇ، دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن، ئاخىرىدا زاۋۇت ئورنى غەرب تەرەپ سانائەت رايونىدىكى غەربىي چۆللۈككە مۇقىملاشتۇرۇلدى.

5. بۇلغىمىنى ئۆلچەمدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلەردىن بۇلغىما ھەققى ئېلىش

ۋىلايەتنىڭ بۇلغىما ھەققى يىغىش خىزمىتى 1985- يىلى باشلاندى. ھەق ئېلىش دائىرىسى ئاساسلىقى قۇمۇل شەھەر رايونىدىكى مەركەز، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتكە قاراشلىق 50 نەچچە كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارغا مەركەزلەشتى. 1990- يىلى تەدرىجىي قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى (تارانچى كان رايونى) غىچە كېڭەيتىلدى. قۇمۇل شەھەرلىك شەھەر- يېزا قۇرۇلۇشى مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى 1990- يىلىدىن باشلاپ، شەھەرگە قاراشلىق كارخانا ۋە يېزا- بازار كارخانىلىرىدىن بۇلغىما ھەققى يىغىشقا باشلىدى.

1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 2 مىليون 65 مىڭ 198.05 يۈەن بۇلغىما ھەققى يىغىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، كىرەكسىز گاز ھەققى 1 مىليون 457 مىڭ 596.83 يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي ھەق سوممىسىنىڭ 70.6% ىنى، يۇندا ھەققى 346 مىڭ 983.68 يۈەن بولۇپ 16.8% نى ، داشقال ھەققى 260 مىڭ 617.54 يۈەن بولۇپ، 12.6% نى ئىگىلىدى. بۇلغىما ھەققى تاپشۇرىدىغان چوڭ زاۋۇتلاردىن ئاساسلىقى ۋىلايەتلىك 1- ئېلېكتىر ئىستانسىسى، ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى، تۆمۈريول كۆۋرۈك ماتېرىياللىرى زاۋۇتى، بىڭتۇەن قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى قىزىلىيۇلتۇز خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى، راكېتا دېھقانچىلىق مەيدانى قاتارلىقلار بار.

6. بۇلغىما مەنبەسىنى چەكلىك مۇددەتتە تۈزەش

1984- يىل 6- ئايدا، قۇمۇل شەھەرلىك ھۆكۈمەت ۋە ۋىلايەتلىك شەھەر- يېزا قۇرۇلۇشى، مۇھىت ئاسراش باشقارمىسى، سۇ مەنبەسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا جايلاشقان ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى، قىزىلىيۇلتۇز دورا زاۋۇتى، ۋىلايەتلىك كۆن- خۇرۇم زاۋۇتى، قىزىلىيۇلتۇز دوختۇرخانىسى قاتارلىق تۆت ئورۇنغا ئۇقتۇرۇش قىلىپ، كىرەكسىز سۇ ۋە داشقاللارنى بەلگىلەنگەن چەكلىك مۇددەتتە بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

شۇ يىلى 7- ئايدا، ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى توساق ياساپ، يۇندا، چىقىرىندىلارنىڭ غەربىي ئۆستەڭ بىۋاسىتە قۇيۇلۇش ھالىتىنى ئۆزگەرتتى؛ قىزىلىيۇلتۇز دورا زاۋۇتى سانائەت يۇندىسىنى توساپ يىغىشنى كۈچەيتتى؛ قىزىلىيۇلتۇز دوختۇرخانىسى گىپوخلورلۇق كىسلاتا ئارقىلىق، دوختۇرخانىدىن چىقىرىلغان يۇندىنى زەھەرسىزلەندۈرۈشنى لايىھىلىدى.1987- يىلى، قۇمۇل شەھەرلىك يۇندا بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتىنىڭ 1- قارارلىق قۇرۇلۇشى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، ۋىلايەتلىك كۆن- خۇرۇم زاۋۇتى، قىزىلىيۇلتۇز دورا زاۋۇتى، قىزىلىيۇلتۇز دوختۇرخانىسىنىڭ يۇندىلىرى شەھەرنىڭ يەر ئاستى يۇندا تورۇبىسىغا ئاققۇزۇلدى.

7- بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، ۋىلايەت بويىچە «ئۈچ كىرەكسىز» نى تۈزەش تۈرىنىڭ 57 سى ئورۇندىلىپ، 1 مىليون 600 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مۇھىت ئاسراشقا ياردەم بېرىش مەبلىغى سېلىندى، بۇ بۇلغىنىشنى تۈزەش خىراجىتىنىڭ 42.2% نى ئىگىلىدى.

## §4. ياۋايى ھايۋانات بايلىقىنى قوغداش

1. ياۋايى ھايۋانات بايلىقىنى قوغداشنىڭ تۈرلىرى

ۋىلايەتنىڭ ئورمان بايلىقى قۇرۇلمىسىدا تاغ ئورمانلىقى بىلەن چاتقال چۆل تەبىئىي ئورمانلىقى بىر قەدەر چوڭ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ئورمانلىقلارنىڭ دەرەخ تۈرلىرى نوقۇل، قاتلىمى بىر قەدەر ئاز، ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇمۇلنىڭ قاتتىق قۇرغاق شارائىتى، ئورمانلىق، چاتقاللىقلاردىكى ھايۋاناتنىڭ تۈرى ۋە سانىنىڭ بىر قەدەر ئاز بولۇشىنى، يەنى ياۋايى ھايۋانات بايلىقى تۈرىنىڭ ئاز بولۇشىنى بەلگىلىگەن. گۆشخورلار ۋە تۇياقلىقلار تۈرىدىكى ھايۋاناتتىن پەقەت 10 خىلى، كۆپ ئۇچرايدىغان قۇش تۈرلىرىدىن 161 خىلى بار. بۇنداق بولۇشىنى شەرقىي تەڭرىتاغ بۆلىكىدىكى قۇمۇل ئورمان رايونىنىڭ تەگرىتاغدىكى باشقا ئورمان رايونلىرىغا قارىغاندا تولىمۇ قۇرغاق بولغانلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان. قۇمۇل

چۆللۈكلەردە ئۆسۈملۈك شالاڭ، ھايۋانات تۈرلىرى ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن، ھايۋاناتنىڭ رايون سىستېمىسى كۆپىنچە ئۆتكۈنچى خاراكتېرلىك ۋە ئارىلاشما تەركىبلىك بولۇپ كەلدى.

ۋىلايەتتىكى گۆشخور ۋە تۇياقلىق ھايۋانلاردىن ئاساسلىقى دۆلەت تەرىپىدىن 1- دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن ياۋا تۆگە، موڭغۇلىيە قۇلانى؛ دۆلەتلىك 2- دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن تاغ ئۆچكىسى، ئارقار (غۇلجا)، تەگرىتاغ بۇغىسى، يىلپىز، سىلەيسۇن، مولۇن؛ دۆلەتلىك 3- دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن ئاق بوغۇز بۆكەن (جەرەن)، ئاق ئاغمىخان (قارا سۇيۇرگۈچ دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، قىزىل تۈلكە؛ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بۆرە، ياۋا توشقان، ئاغمىخان، سۇغۇر قاتارلىقلار بار. 1960- يىللارنىڭ باشلىرىدا، ياۋا چوشقا قۇمۇل ئورمان رايونلىرىدا بار ئىدى، ھازىر ئاساسەن نەسلى قۇرىدى.

غاجىلىغۇچى ھايۋانلاردىن تەگرىتاغنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى تېرموفىللىق (ئىللىقلىق) نى خالايدىغانلاردىن پەقەت كىچىك ئورمانلىقلاردا ياشايدىغان تۈلۈمچاشقاندىن ئىبارەت بىرلا خىلى، قۇرغاقچىلىققا چىداملىقلىرىدىن سەككىز خىلى بار.

ۋىلايەت پەسىل قۇشلىرىنىڭ كۆچىدىغان، ئۆتىدىغان ۋە دەم ئېلىش ئۈچۈن توختايدىغان مۇھىم جايى. ھەر يىلى زور مىقداردىكى پەسىل قۇشلىرى كۆچۈپ كېلىدۇ، بەزىلىرى ۋاقىتلىق توختايدۇ، بەزىلىرى بۇ يەردە كۆپىيىپ، چۈجىلىرىنى باقىدۇ. 1982- يىلى، ئورمانچىلىق نازارىتى قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ھاشاراتخور قۇشلار ئۈستىدە مەخسۇس تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، جەمئىي 212 خىل قۇش ئەۋرىشكىسىنى يىغدى. باھالاش ئارقىلىق بەش ئەترەتكە، 14 ئائىلىگە، 47 تۈرگە ئايرىلىدىغانلىقىنى بېكىتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، پايدىلىق قۇش 35 خىل بولۇپ، قوڭۇر شاخسانغۇچ، چوڭ تۇمشۇق شاخسانغۇچ، سېرىقۇشقاچلار شىنجاڭ بويىچە تۇنجى قېتىم خاتىرىلەندى.

1984- يىلى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ياۋايى ھايۋانلار بايلىقىنى قوغداش ئىشخانىسى شىنجاڭ 1- ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنىستىتۇتىنىڭ بىئولوگىيە سىنىپىدىكى ئوقۇتقۇچى- ئوقۇغۇچىلارغا ماسلىشىپ، ۋىلايەتتىكى قۇشلارنى تەكشۈردى، قۇشلارنىڭ ماكانلىشىش ۋە تارقىلىش ئەھۋالىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئېنىقلاپ چىقتى. ۋىلايەتتىكى قۇش تۈرلىرى شىنجاڭدىكى قۇش تۈرىنىڭ تەخمىنەن 1/3 نى ئىگىلەيدىكەن. قۇمۇل بوغاز سۇ ئامبىرى قۇشلارنىڭ ئاساسلىق پاناھلىنىدىغان، كۆپىيىپ قىشتىن ئۆتىدىغان ماكانى ۋە پەسىل قۇشلىرىنىڭ كۆچىدىغان يولىدىكى ئاساسلىق دەم ئالىدىغان جايى ئىكەن.

(ياۋايى ھايۋانلار بايلىقى «تەبىئىي مۇھىت» قىسمىنىڭ «بىئولوگىيە بايلىقى» بابىدا تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلدى)

قۇمۇل ۋىلايىتىدە قوغدىلىدىغان ئېتىۋارلىق قۇشلاردىن ئالا قۇيرۇق بۈركۈت (دۆلەتلىك 3- دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان)، ئۇلار (دۆلەتلىك 3- دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان)، ئادەتتىكى بۈركۈت (ئاپتونوم رايون بېكىتكەن قوغدىلىدىغان قۇش)، ئاق يەلكىلىك بۈركۈت (دۆلەتلىك 1- دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان قۇش)، سېرىق بۈركۈت (شۇڭقار) (دۆلەتلىك 3- دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان قۇش) قاتارلىقلار بار.

ئاپتونوم رايون بېكىتكەن قوغدىلىدىغان قۇشلاردىن يەنە كاككۇك، ئۆي قارلىغىچى، تۆمۈر تۇمشۇق، شەپەرەڭ قاتارلىقلار بار.

### 2. ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش تەدبىرلىرى

مىنگونىڭ 30- يىلى (1941- يىلى) 3- ئايدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئوۋ ئوۋلاش

ۋاقىتلىق نىزامنامىسى» نى تارقىتىپ، ئوۋ ئوۋلاشنىڭ چەكلىنىدىغان مەزگىلىنى ۋە ئوۋلاش مەنئى قىلىنىدىغان ھايۋانلار تۈرىنى بەلگىلىدى.

مىنگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى) 5- ئاينىڭ 30- كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يەنە «ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاشنى قاتتىق چەكلەش چارىسى ۋە ياۋا ھايۋانلارنى ئوۋلاشنى چەكلەش مۇددىتى» نى بەلگىلىدى. بۇ بەلگىلىمىلەرنىڭ ئەينى چاغدا قۇمۇلغا ھېچقانداق رولى بولمىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، 1953- يىل 10- ئايدا، قۇمۇلنىڭ تاغلىق رايونلىرىدا بۆرە ئاپىتى ئېغىر بولغاچقا، قۇمۇلدىن ئاپەت كەتتى، پەقەت قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ تەڭرىتاغ رايونىدىلا 10 ئاي ئىچىدە 2000 دىن ئارتۇق چوڭ- كىچىك چارۋا بۆرىنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىدى. 1959- يىلى، مەمۇرىي مەھكىمە ئۈچ قېتىم بۆرە يوقىتىش ھەرىكىتىنى تەشكىللەپ، 278 چوڭ - كىچىك بۆرىنى، 14 قاپلان (يىلپىز) نى ئۆلتۈردى.

1950- يىللاردا، قۇمۇل ۋىلايىتىدە ياۋايى ھايۋانلار خېلىلا كۆپ ئىدى. 1954- يىلى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ يايلاق تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ تاشبۇلاق رايونىدىكى سۈزۈك سۇ غەربىي شىمال تاغ رايونىدا ئوتلاقنى تەكشۈرۈۋېتىپ، زور كۆلەمدىكى قۇلان توپىنى بايقىدى، ھەر بىر توپتا 100 — 300 گىچە قۇلان بار. باركۆل سايلىقىنىڭ ھەممىلا يېرىدە توپ- توپ بولۇپ يۈرگەن جەرەنلەرنى كۆرگىلى بولاتتى. لېكىن ئوۋچىلىقنى باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ ئىسمى بار، جىسمى يوق بولغانلىقتىن، ياۋايى ھايۋانلار كەم ئۇچرايدىغان شۇنىڭ بولاتتى، خالىغانچە ئوۋلاپ ئۆلتۈرۈش ھادىسىسى ئىنتايىن ئېغىر ئىدى. 1961- يىل 10- ئايدىن 11- ئايغىچە، بېيجىڭ تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ قارىغا ئېتىش كوماندىسى باركۆل ناھىيىسىنىڭ ئويتاغ ۋە ئۇچكۆل ئەتراپىدا نەچچە مىڭ كىيىكنى ئېتىۋەتتى.

1962- يىل 9- ئاينىڭ 14- كۈنى، گوۋۇيۈەن «ياۋايى ھايۋانلار بايلىقىنى پائال قوغداش ۋە ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش توغرىسىدىكى يوليورۇق» نى تارقىتىپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق كومىتېتلىرىدىن ياۋايى ھايۋانلارنى ھەقىقىي قوغداشنى تەلەپ قىلدى. ياۋا تۆگە، ياۋا ئات قاتارلىقلارنى ئوۋلاشنى قاتتىق چەكلەپ، جەرەن، ئارقار (غۇلجا)، يىلپىز، ئېگىز تاغ توشقىنى، قۇلان، بۇغا قاتارلىقلارنى ئوۋلاشنى مەنئى قىلىشنى ياكى ئوۋ مىقدارىنى قاتتىق كونترول قىلىشنى بەلگىلىدى ھەمدە بۇ خىزمەتنى ئورمانچىلىق تارماقلىرى بىر تۇتاش باشقۇرۇشنى بەلگىلىدى.

1975- يىل 7- ئاينىڭ 9- كۈنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت «ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئېلان» نى تارقىتىپ، ياۋا تۆگە قاتارلىقلارنى 1- دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان؛ قۇلان، يىلپىزنى 2- دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان؛ بۇغا، ئارقار، ئۇلار، سولەيسۇن قاتارلىقلارنى 3- دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان قىلىپ بېكىتتى. لېكىن كونكرېت قوغداش قائىدە- تۈزۈم ۋە چارىلەر يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن، ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش رايونلىرىدا يەنىلا خالىغانچە تۇتۇپ ئوۋلاش ۋەزىيىتى داۋاملىشىۋەردى.

1981- يىل 5- ئاينىڭ 14- كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» (سىناق) سى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنلا، ۋىلايەتتە ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. باركۆل ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۆز تەۋەلىكىدىكى ياۋايى ھايۋانلار مەنبەسىنىڭ بىر قەدەر كۆپ بولۇشىدەك ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، 1982- يىل 3- ئاينىڭ 17- كۈنى، ياۋايى ھايۋانلار بايلىقىنى قوغداش كومىتېتى قۇردى. مەخسۇس ئاپپارات تەسىس قىلىنمىغان ناھىيىلەردىمۇ، ناھىيىلىك ئورمانچىلىق تارماقلىرى مەسئۇل بولۇپ باشقۇردى، دۆلەت تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان، ئوۋلاش قاتتىق چەكلەنگەن 1-، 2- دەرىجىلىك ياۋايى ھايۋانلارنى ئالاھىدە ئېھتىياج تۈپەيلى ئوۋلاپ تۇتۇش توغرا كەلگەندە، 1- دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلارنى چوقۇم

ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكىگە مەلۇم قىلىپ تەستىقلىتىلىدى؛ 2- دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلارنى ئوۋلاپ تۇتۇشتا ئورمانچىلىق نازارىتىگە يوللاپ تەستىقلىتىلىپ، ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكىگە ئەنگە ئالدۇرۇلىدى؛ 3- دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلارنى ئوۋلاپ تۇتۇشتا، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق ئورمانچىلىق تارماقلىرىغا تەستىقلىتىلىپ، ئورمانچىلىق نازارىتىگە ئەنگە ئالدۇرۇلدى.

ئەتىۋارلىق ھايۋانلارنى ئوۋلاشقا ۋە ئوۋلاپ تۇتۇشقا مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا جەرىمانە قويۇلدى. زور زىيان پەيدا قىلغانلارنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلدى.

1982- يىلى، قۇمۇل شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى دۆلەتلىك 1- دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان موگغۇلىيە قۇلىنىنى ئۆز ئالدىغا ئوۋلاش ۋەقەسىدىن ئىككىنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلدى.

1983- يىل 7- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە «ئاپتونوم رايوننىڭ گوۋۇيۈەننىڭ ‹ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلارنى قالايمىقان ئوۋلاش، تۇتۇش ۋە ھايىنىغا سېتىش، ئەتكەس قىلىشنى قەتئىي چەكلەش توغرىسىدىكى جىددىي ئۇقتۇرۇشى› نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى قوشۇمچە ئۇقتۇرۇش» نى تارقىتىپ، 1985- يىلىدىن بۇيان يۈز بەرگەن دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. 1988- يىل 12- ئاينىڭ 19- كۈنى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە «قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئوۋ ئوۋلاشنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» نى تارقىتىپ، 1989- يىل 1 – ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، ئوۋ ئوۋلاش گۇۋاھنامىسى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇشنى قارار قىلدى.

1989- يىل 1- ئاينىڭ 18- كۈنى، قۇمۇل شەھىرىدە ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى ئوۋچىلار جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ، ئوۋچىلار نىزامنامىسىنى ماقۇللاپ، تۇنجى تۈركۈمدىكى ئوۋ ئوۋلاش ئىجازەتنامىسىنى تارقاتتى. باركۆل ناھىيىسىدىمۇ 1989- يىل 2- ئايدىن باشلاپ، ئوۋ ئوۋلاش گۇۋاھنامىسى تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

1990- يىلى، ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ ھەممىسىدە ياۋايى ھايۋانلار بايلىقىنى قوغداش كومىتېتلىرى قۇرۇلۇپ، دائىملىق ئىش بېجىرىش ئاپپاراتى ۋىلايەتلىك، ناھىيە (شەھەر) لىك ئورمانچىلىق تارماقلىرىدا تەسىس قىلىندى. ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش ۋە ئوۋ ئوۋلاشنى ئورمانچىلىق ئاپپاراتلىرى نىزامنامىدىكى بەلگىلىمە بويىچە مەسئۇل بولۇپ تەشكىللىدى ۋە باشقۇردى. دۆلەت تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان ھايۋانلارنى قالايمىقان تۇتۇش، ئوۋلاش قىلمىشلىرى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىندى. 1990- يىلىغا كەلگەندە، ئوچۇق- ئاشكارا قالايمىقان ئوۋلاش- تۇتۇش قىلمىشلىرى گەرچە ئۈنۈملۈك توسۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئوغرىلىقچە ئوۋلاش قىلمىشلىرى يەنىلا ئاز مىقداردا يۈز بېرىپ تۇردى.

بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1997 ـ يىل 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1997 ـ يىل 10 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.
本书根据新疆人民出版社 1997 年 10 月第一版 1997 年 10 月第一次印刷版本翻译出版。

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى جايلار تەزكىرىسى

# قۇمۇل ۋىلايىتى تەزكىرىسى (1)

قۇمۇل ۋىلايەتلىك تەزكىرە كومىتېتى تۈزدى

---

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى ۋە تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق كوچىسى 348 ـ نومۇر)
شىنجاڭ گېئولوگىيە ـ قېزىلما بايلىقلار رەڭلىك باسما زاۋۇتىدا تىزىلدى ۋە بېسىلدى
فورماتى: 787×1092 مىللىمېتىر 1/16
باسما تاۋىقى: 77.5
2005 ـ يىل 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2005 ـ يىل 10 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 500

---

ISBN 7—228—09782—3
دۆلەت ئىچىدىكى باھاسى: 360.00 يۈەن
چەت ئەلگە سېتىلىش باھاسى: 50 دوللار